# قەشقەر يىلنامىسى

# 1987

قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە ئىشخانىسى

# مۇندەرىجە

## ئالاھىدە ماقالىلەر


ئاپتونوم رايون قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ...... 1

ۋەن لى، ليۇلەنتاۋ قاتارلىق يولداشلار قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ...... 5

جياڭ خۇا، ياڭ جىڭرېن يولداشلار قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ...... 6

يولداش گۇمۇ قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ...... 7

جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى قىسمىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئىش باشلاندى ...... 8

لەنجۇ ھەربىي رايونى قەشقەردە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى ...... 9

مۇئاۋىن قوماندان ليۇ خەيچىڭنىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 10

يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 13

سىياسىي كومىسسار پېي جيۇجۇنىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 16

يولداش جانابىلنىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 22

يولداش گوگاڭنىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 28

سەھىيە مىنىستىرلىكى قەشقەردە مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا سەل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى ...... 32

سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى يولداش سۇي يۈلىنىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 34

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 37

مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە چاقىرىلدى ...... 38

يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 39

يولداش فىڭ داجېننىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 42

يولداش ئىمىنوپ ھامىتنىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 46

يولداش گوگاڭنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدىكى سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 47

يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ سۆزى (قىسقارتىلمىسى) ...... 49

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنى قايتا ياساش قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىندى ...... 50

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى

ۋىلايەت ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنى چاقىرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى ........ 51

تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 1987 - يىلى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى
— يولداش گوگاڭنىڭ ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتى ........ 53

يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئاخىرلاشقان چاغدىكى سۆزى ........ 97

ج ك پ قەشقەر ۋىلكومىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش توغرىسىدىكى 10 ماددىلىق بەلگىلىمىسى ........ 104

# ئومۇمىي ئەھۋال

قەشقەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ........ 105
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالى ........ 105
ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالى ........ 118
قەشقەر شەھىرى ........ 118
مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىرى پۈرەكلەپ ئېچىلدى ........ 122
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ........ 126
يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى ........ 130
قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى ........ 132
كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا ........ 137
يېڭىسار ناھىيىسى ........ 141
سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ........ 144
يوپۇرغا ناھىيىسى ........ 146
سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سۇغۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ........ 149
پەيزاۋات ناھىيىسى ........ 152
يەكەن ناھىيىسى ........ 156
كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىمكانقەدەر تېزلىكتە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش ........ 161
پوسكام ناھىيىسى ........ 164
پوسكام ناھىيىسىدە پارتىيە ئىستىلى كۆرۈنەرلىك ھالدا رۇسلاندى ........ 166
قاغىلىق ناھىيىسى ........ 170
قاغىلىق ناھىيىسى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇردى ........ 176

مەكىت ناھىيىسى …… 177
مەكىت ناھىيىسىدە خەلقنىڭ تۇرمۇشى باياشاتلىق تىپى قاتارىغا قەدەم قويدى …… 180
مارالبېشى ناھىيىسى …… 183
مارالبېشىنىڭ پاختىسى ۋە كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشى …… 187
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى …… 190

# سىياسىي

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى

ج ك پ قەشقەر ۋىلكوم …… 193
قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە …… 193
ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى …… 193
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى …… 193
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى …… 193
ج ك پ قەشقەر ۋىلكوم خىزمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسملىكى …… 194
قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە خىزمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسملىكى …… 195
قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسملىكى …… 198
قەشقەر ۋىلايىتىدىكى خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسملىكى …… 198
ناھىيە (شەھەر) لەردىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسملىكى …… 199

## پارتىيە قۇرۇلۇشى

پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى چىڭ تۇتايلى …… شۇ شياۋچىڭ 203
پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، زور كۈچ بىلەن تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كادىر تەربىيىلەيلى …… ۋاڭ ۋېنچى 208
پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى …… 211
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالى توغرىسىدا بايان …… 212

«3-پەللەمپەي» قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى …… 217
كادىرلارنىڭ مۇنتىزىملاشقان تەربىيىسى …… 217
پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى …… 219
ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەدىنى تەڭشەلدى ۋە تولۇقلاندى …… 219
ئارام ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى …… 220
قەشقەر ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپىدىكى كادىرلارنىڭ مۇنتىزىملاشقان تەربىيىسى …… 221
يولداش جېڭ بەيكې قەشقەرگە كەلدى …… 222
سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ جوڭ ياشلىقلار مەسلىسى بويىچە تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرنى تەكشۈردى …… 223
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىر تۈركۈم ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلىدى …… 223
ج ك پ قەشقەر ۋىلكوم 1-ئىيۇلدا بىر تۈركۈم ئىلغار پارتىيە پاچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلىدى …… 223
يوپۇرغا ناھىيىسى يېزا-بازارنى نىشانلىق باشقۇردى …… 225
مائارىپ سىستېمىسىدا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى …… 226

## ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى

ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن بايان …… 231
قەشقەر ۋىلايىتىدە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسىيلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى …… 235
تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى …… 236
يولداش گوگاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسىيلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتى (قىسقارتىلمىسى) …… 236
قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسىيلەرنىڭ ئىسىملىكى …… 250
ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى …… 252
پوسكام ناھىيىسى پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى …… 257
مائارىپ تارماقلىرىدىكى پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى …… 260

## ئەمگەك ـ كادىرلار

تەربىيەلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ........ 261

## بىرلىكسەپ

بىرلىكسەپ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ........ 263
مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرگە خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلدى ........ 264
خۇاڭ شۇنشىڭ ئەپەندى تەكشۈرۈشتە بولۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى ........ 265
فىلىپ تىيۈن قاتارلىقلار مەھەممەت ئىمىن خەلپىتىمنى يوقلىدى ........ 265
ئاپتونوم رايونلۇق ۋە يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ۋەتەنپەرۋەر ياشكەسپىي دىنىي خادىملارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئاچتى ........ 266

## مەنىۋى مەدەنىيەت

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرايلى ........ چېن دېمىن 267
پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى ........ 270
مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇلۇشى ........ 271
ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشتىكى بەش يىللىق پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى ........ 274
كادىرلارنىڭ مۇنتىزىملاشقان نەزەرىيىۋى تەربىيىسى ........ 275
ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ........ 276
ۋىلايەت مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى ........ 279
ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەتلىك ئورۇن ۋە مەدەنىيەتلىك ئائىلىنىڭ شەرتلىرىنى بەلگىلەپ چىقتى ........ 280
تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى ........ 281
ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى بېيجىڭ پويىز ئەترىتى دوكلات بېرىش ئۆمىكى دوكلات بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى ........ 282
قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپىرى غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى خاتىرىلەندى ........ 282
ۋىلايەت تۇنجى قېتىم تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرىنى ئىچكىرىدىكە ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى ........ 283
قەشقەر شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت يولىدىكى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەت قۇرۇش پائالىيىتى ........ 284

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

1986 ـ يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىن بايان ........ 285
5 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى ........ 287

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «ئۈچ يىل ئىچىدە قەشقەرنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى ...... 289
ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە (شەھەر)، ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسنىڭ ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى ...... 290
پوسكام ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوكلات بېرىش ئۆمىكى ۋىلايىتىمىزنىڭ جاي - جايلىرىغا بېرىپ دوكلات بەردى ...... 291
ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «3 - ماي» خەتەردىن قۇتقۇزۇش ۋەقەسىدىكى ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى ...... 292
قەشقەر ۋىلايەتلىك 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ...... 293
ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق 16 ئورۇنغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن دەپ نام بەردى ...... 294
پوسكام ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قۇرۇشتىكى بىر قانچە ئۇسۇلى ...... 294

## ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىن بايان ...... 298
يەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى ...... 303
ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ...... 304
سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى ...... 306
كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىدىن بايان ...... 308
ياش - ئۆسمۈرلەر «سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى ...... 311
مۇنەۋۋەر ياشلار بەس - كۆرۈپىتى مۇسابىقىسى ...... 312
يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوننىڭ ياش - ئۆسمۈرلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى ...... 314
يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوننىڭ ياش - ئۆسمۈرلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا بېرىپ دوكلات بەردى ...... 315
يېزا ياشلىرىنىڭ «ئۈچتە بېيىش» مۇسابىقىسى ...... 316
مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك يېڭى كىشىلەردىن بولۇش، يېڭى تىپتىكى قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەش ...... 318
پىئونېرلار خىزمىتى ...... 320
جۇڭگو - پاكىستان ياش - ئۆسمۈرلىرى بىرلىشىپ يىراققا سەپەر قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى ...... 321
ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ خالىسانە كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشى ...... 322

ياشلار ئائىلىسى قۇرۇش ...... 322

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاياللار، بالىلار خىزمىتى توغرىسىدا بايان ...... 323

ئاساسىي قاتلام ئاياللار تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ...... 324

قەشقەر ۋىلايىتىدە يېزا ئاياللار خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىلدى ...... 325

قەشقەر ئاياللىرىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ...... 326

بەشتە ياخشى ئائىلە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى ...... 328

ئاياللار، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتى قوغدالدى ...... 329

نىكاھ، ئائىلە تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىلدى ...... 331

ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار بولۇش — ئائىلىنىڭ بۇزۇلىدىغان مۇھىم ئامىلى ...... 332

جۇڭگو بالىلار تەرەققىياتى مەركىزى جەنۇبىي شىنجاڭ يەسلى، باغچا تايانچلىرى كۇرسى ئېچىشقا ماددىي ياردەم بەردى ...... 333

يولداش ماھىنۇر قاسىمنىڭ قەشقەر شەھەرلىك 7 — ۋە 4 — باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا يازغان خېتى ...... 333

بالىلار تەربىيىسى ئەھۋالىدىن بايان ...... 335

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى باغچا، يەسلى تەشكىلاتلىرى ياسىغان ئويۇنچۇق، ئوقۇتۇش سايمانلىرى كۆرگەزمە قىلىندى ...... 335

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بالىلار يەسلىسى، باغچىلىرى (سىنىپلىرى) نىڭ ئاساسىي ئەھۋالى جەدۋىلى ...... 336

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 1986 — يىللىق «8 — مارت» قىزىل بايراقدارلىرىنىڭ ئىسىملىكى ...... 337


## سىياسىي قانۇن


«ئىككىگە زەربە بېرىش» نىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ يەنىمۇ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرەيلى ...... تىلىۋالدى توختى 339

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىشكە قاراپ يۈكسەلدى ...... 345

قەشقەر ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ھال سوراش ئۆمىكى باھار بايرىمى ھارپىسىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش (ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش) ئورۇنلىرىدىن ھال سورىدى ...... 346

ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش جېڭى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى ...... 347

ئۆزگەرتىلىدىغان، تەربىيىلىنىدىغان خادىملار ۋە قاماقتىكى جىنايەتچىلەرگە سىياسىي ھۇجۇمنى قانات يايدۇرۇش …… 348

ج خ تارماقلىرى تاشقى ئىشلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى …… 350

ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىدا ئورمانچىلىق ج خ بۆلۈمى قۇرۇلدى …… 350

ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە ئىلگىرىلەش بولدى …… 351

قانۇن - ئىنتىزام، تەپتىش خىزمىتى …… 352

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان، تەربىيىلىنىۋاتقانلار ئىچىدىكى قايتا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلدى …… 353

ئەرز - شىكايەتلەرنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى …… 354

ئادۋوكاتلىق خىزمىتى …… 355

جامائەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى …… 357

خەلق مۇرەسسە خىزمىتى …… 358

قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى خىزمىتى …… 359

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى …… 359

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش …… 361

بۇلاقسۇ سوت كوللېگىيىسى ھەق تەلەپ دېلولىرىنى پائال مۇرەسسەلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلدى …… 364

يوپۇرغا ناھىيىسىدە ھەق تەلەپ داۋالىرىنى مۇرەسسە قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى …… 368

قۇراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر شۆبە ئەترىتىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە تارىخى …… 369

ھەربىي مەشق چىڭ تۇتۇلۇپ، ۋەزىپىنى ئۆتەش ئىلگىرى سۈرۈلدى …… 370

يېڭى دەۋردە قۇراللىق ساقچى قىسىملارغا قارىتىلغان سىياسىي تەربىيە …… 371

قۇراللىق ساقچى قىسىم مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئېلىپ باردى …… 372

ئورگان ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش …… 373

چېگرا مۇداپىئەسىدىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى …… 374

112 تال گراناتىنىڭ ئوغرىلىنىش دېلوسىنىڭ پەم بىلەن پاش قىلىنىشى …… 375

مال - مۈلۈكنى دەپ ۋىجدانىنى يوقىتىش، قانۇن تورىدىن قۇتۇلالماي جازاغا ئۇچراش …… 376

جاپالىق جەڭ قىلىنغان 58 كۈن ۋە تۈن …… 377

يېڭى تۇپا ئاستىدىكى نەرسىنىڭ تېپىلىشى ..................................... 379
مۇختەر مامۇتنىڭ ھاراق ئىچىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشى ..................................... 381

## خەلق ئىشلار

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق نامراتلارغا يار - يۆلەكتە بولۇش خىز- مىتى توغرىسىدا بايان ..................................... 382
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا «بەش كاپالەت» ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ..................................... 388
شان - شەرەپنى ساقلاپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش ..................................... 390
خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكا، يىللىق مەلۇمات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى ..................................... 391
يېڭىسار ناھىيىسىدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلىش خىزمىتى ..................................... 393
ۋىلايەتتە خەلق ئىشلىرى خىزمىتى تەكشۈرۈپ باھالاندى ..................................... 395

## ئەرزىيەت

ئەرزىيەت خىزمىتى ..................................... 396

## ئىقتىسات

يول ئېچىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايە- تىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى ..................... ئابدۇغوپۇر سىدىق 398
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، پىلان خىزمىتىنى ئەستايىدىل، ئوبدان ئىشلەيلى ..................................... ياڭ جەنشى 403
ئىسلاھاتنى چىڭ تۇتۇپ، نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاپ، ئىقتىسادىي خىزمەتتە يەنە بىر يېڭى باسقۇچقا چىقىش ..................................... 408
تىرىشىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى ..................................... 413
نېفىت سانائىتى ئالغا باسماقتا ..................................... 416

# يېزا ئىگىلىك

## دېھقانچىلىق

دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، روشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈلدى ..................................... 423
ئىسلاھات داۋامىدا تۇرۇۋاتقان يېزا كوپېراتىپ ئىقتىسادىي بويىچە ئىگە-

...لىك باشقۇرۇش خىزمىتى ........ 425

1986 ـ يىللىق يېزا ئىقتىسادىي تەقسىماتى ........ 427

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدىكى يەرلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئېغىزلار بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان بولدى ........ 429

تېخنىكا كېڭەيتىش ئاساس قىلىنغان تەرەققىيات تەتقىقاتى خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى ........ 430

1986 ـ يىللىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرقىنى ھېسابلاش نەتىجىسى ........ 431

ئۈرۈمچىلىق بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى ........ 431

باغۋەنچىلىك تاۋار بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى ........ 436

يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى تەرەققىي قىلماقتا ........ 437

ئوغۇتنى ئەلا بولغان رەتسىپ بويىچە تەڭشەپ بېرىش ........ 440

يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى كېڭەيتىش ........ 441

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەنگەن يېزا ئىگىلىك ئىلىم ـ پەن تەربىيىسى خىزمىتى ........ 443

ئوچاق ئۆزگەرتىش ـ قۇۋۋەت تېجەش خىزمىتى ........ 445

يەر بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ........ 446

ھەرە بېقىشتا ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش بىر گەۋدە قىلىنىپ باشقۇرۇلدى ........ 448

مەشھۇر ھاشاراتشۇناس جۇ ياۋ قەشقەرگە كەلدى ........ 459

خەلق ئەزەلدىن تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلالايدۇ ........ 449

مەكىت ناھىيىسى پاختا مەھسۇلاتىنى 30% ئاشۇردى ........ 451

يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ 1986 ـ يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى ........ 451

يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى ........ 454

## ئورمانچىلىق

بەش ناھىيە، بىر شەھەر ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇپ بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى ........ 456

قەشقەر ۋىلايىتىدە كوللېكتىپنىڭ دەل ـ دەرەخلىرىنى ئائىلىلەرگە سېتىپ بېرىش ۋە باھالاپ ھۆددىگە بېرىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى ........ 458

«ئورمان، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش نىزامى»نى يولغا قويۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ........ 461

20 يىل جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى غەلىبىلىك ھالدا ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى غەلىبىلىك ئورۇنلاندى ........ 461

# چارۋىچىلىق


466 ...... چارۋىچىلىق خىزمىتى

470 ...... چارۋا، ئۇۋېي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز ئالغا باسماقتا

472 ...... ئالا ئىنەكنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى

474 ...... قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىيلوس ياساش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى

475 ...... ئوتلاق بايلىقى تەكشۈرۈلدى

476 ...... 1986 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىققا سالغان مەبلىغى

480 ...... مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى


# سۇ ئىشلىرى


481 قەشقەرنىڭ سۇ مەنبەسىنى پائال ئېچىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرەيلى ...... خالىق كوجۇك

490 ...... سۇ ئىشلىرى خىزمىتى

493 ...... «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇش خىزمىتى

494 ...... سۇغۇرۇشنى باشقۇرۇش ۋە سۇ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش خىزمىتى

496 ...... سۇ مەھسۇلاتلىرى خىزمىتى

497 ...... ئېقىن پىلانى ۋە تاغ رايونلىرى تۇۋىتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمىتى

499 ...... سۇ ئىنشائاتلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلاندى


# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى


500 ...... 1986 ـ يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتى

502 ...... ئائىلىلەردە سېلوس تەييارلاش يولغا قويۇلۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى

503 ...... يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، «ئىككى چىلگە زىرائەتنى پەرلەشتۈرۈش» نىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى

504 ...... يېزا ـ بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى

506 ...... يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش كارخانىلىرى ئۇنىۋېرسال تىجارەت تېپىشقا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا

507 ...... يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى

507 ...... يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلىشى

ئىسلاھات داۋامىدا راۋاجلىنىۋاتقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەمىنات خىزمىتى ...... 509

## يېزا - بازار كارخانىلىرى

يېزا - بازار كارخانىلىرى مۇقىم ھالدا تەرەققىي قىلماقتا ...... 511
قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق يەرمەنكىسى ...... 514
قاغىلىق ناھىيىسىدىكى كۆپ خىل تىپتىكى توخۇ فېرمىسى كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇردى ...... 515

# سانائەت - قاتناش

سانائەت توغرىسىدا بايان ...... 516
سانائەتنى ئىككىنچى قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش توغرىسىدا بايان ...... 518
كۆمۈر سانائىتى ...... 526
ئېلېكتىر ئېنېرگىيە سانائىتى ...... 527
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتى ...... 528
يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ...... 529
ئاشلىق، ياغ سانائىتى ...... 532
بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى ...... 533
ناھىيە، يېزا تاشيوللىرى ...... 434
ئاپتوموبىل ترانسپورت كەسپى ...... 535
تېخنىكا تەرەققىياتى ...... 536
جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى ياسىلىشقا باشلىدى ...... 538
پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىندى ...... 538
قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوياقچىلىق زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا ئۇل بېسىلدى ...... 539
قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوياقچىلىق زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ...... 539
قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسى پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى ...... 541
قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇدا ئۈچ يىل كۆللۈك رەخت ئېكسپورت قىلدى ...... 541
ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى ...... 543
ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەت راۋاجلاندۇرۇلدى ...... 543

شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا بايان ........................ 543
ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى ........................ 546
قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى ........................ 547
قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق خىزمىتى ئەھۋالى ........................ 548
شەھەرلىك مايلىق خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى ........................ 549
ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ........................ 550


## پوچتا - تېلېگراف


ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسىنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى ........................ 552
يەكەن ناھىيىسى ئۆزى مەبلەغ توپلاپ ئاپتوماتىك تېلېفون ئورناتتى ........................ 554
پوچتا پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى ........................ 555
خەلقئارا پوچتا - تېلېگراف كەسپى تېز يۈكسەلدى ........................ 556
پوچتا ماركىسى توپلاش ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى ........................ 556
گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تارقىلىش مىقدارى داۋاملىق كۆپەيدى ........................ 557
كۇئېنلۇندا پوچتىكەشلىك قىلغان 28 يىل ........................ 558


## شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش


1986 - يىلدىكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەھۋالى ........................ 560
شەھەر - يېزا قۇرۇلۇش ئەھۋالى ........................ 562
ناھىيە بازارلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى ........................ 564
بىناكارلىقنىڭ تەرەققىياتى ........................ 565
شەھەر - بازارلاردىكى ئۆي-مۈلۈكلەر ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى ........................ 566
يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش پىلانى تۈزۈلدى ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى مۇستەھكەملەندى ........................ 570
مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ........................ 572
مۇھىت بۇلغىنىشىنى نازارەت قىلىش — ئۆلچەش ........................ 575


## مالىيە، باج، مۇپەتتىش


مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىندى ........................ 576
كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى ........................ 578
مەبلەغ جۇغلىنىپ، كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ۋە ئۇنى ئۆزگەر-

تىشكە مەدەت بېرىلدى ...... 581
مۇنەۋۋەر بوغالتىرلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى ...... 582
باج خىزمىتىدىن بايان ...... 585
مۇپەتتىشلىك خىزمىتى ...... 592

## پۇل مۇئامىلە، خەۋپسىزلەندۈرۈش

پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتى ھەققىدە بايان ...... 593
پۇل ئوبوروتى ...... 597
تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇلدى ...... 600
ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت بانكىسى قەشقەرنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى ...... 602
تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، يەرلىك سانائەتكە مەدەت بېرىلدى ...... 604
رايون بويىچە ئىناۋەتلىك قەرز سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كەسىپى ئەۋزەللىك جارى قىلدۇرۇلدى ...... 607
شەھەر - بازارلاردا پۇل ئامانىتى زور مىقداردا كۆپەيدى ...... 609
قۇرۇلۇش بانكىسى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى ...... 611
خەۋپسىزلەندۈرۈش خىزمىتى ...... 612
يېزىلاردىكى ئامرات ئائىلىلەرنىڭ مال - مۈلۈكى خەۋپسىزلەندۈرۈلدى ...... 613

## سودا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپ

سودا سىستېمىسى توغرا لىنىيىلىك ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يول ئېچىپ تىجارەت قىلدى ...... 614
خونجىراپ ئېغىزىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى قەشقەرنىڭ بازىرىغا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى ...... 617
كىچىك تىپتىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ قويۇۋېتىپ تىجارەت قىلىش ئەھۋالى ...... 619
تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتى ...... 622
پاختىنىڭ بازىرى چىقتى ...... 624
قۇرۇق، يۆل يەل - يېمىشلەر تىجارەت ئەھۋالى ...... 625
ئاشلىق خىزمىتى ھەققىدە ...... 626

## مال باھا، ماددىي ئەشيا

مال باھا خىزمىتى ھەققىدە بايان ...... 631
قەشقەر شەھىرىدىكى ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ باھاسىدىكى ئۆزگىرىش ...... 633

641 ............ مال باھاسى تەكشۈرۈلدى
642 ............ ماددىي ئەشيا خىزمىتى ئىسلاھات جەريانىدا ئالغا باستى

## تاموژنا

647 ............ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ-قەشقەر تاموژنىسى
652 ............ خونجىراپ تاموژنىسىنىڭ كەسپى
653 ............ تورغات تاموژنىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

## سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

654 ............ سودا - سانائەت مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلدى
655 ............ كارخانىلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش
656 ............ ئىقتىسادىي توختامنى باشقۇرۇش
656 ............ سودا ماركىسى ۋە سودا ئېلانىنى باشقۇرۇش
657 ............ ھەر خىل تىپتىكى شىركەتلەرنى ئېنىقلاش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى
658 ............ شەھەر - يېزىلاردىكى بازارلار
658 ............ يەككە ئىگىلىككە مەدەت بېرىلدى
659 ............ ھايانكەشلىككە زەربە بېرىلدى

# مائارىپ، پەن - تېخنىكا

## مائارىپ

ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى-
660 ............ نى كۆزدىن كۆچۈردى
662 ............ مائارىپ ھەققىدە بايان
663 ............ قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى
664 ............ مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى
بىر تۈركۈم خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى دۆلەت شىتاتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىققا
666 ............ رەسمىيلەشتۈرۈلدى
666 ............ مائارىپنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى
667 ............ بالىلارنىڭ زېھنى ۋە تەن ساغلاملىقى تەكشۈرۈلدى
668 ............ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى
قەشقەر 2 - ئوتتۇرا مەكتىپى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى
669 ............ تەبرىكلىدى

چوڭلار مائارىپى ........................ 671

ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىنىدى ........ 673

قەشقەر گاس - گاچىلار مەكتىپى ........................ 673

قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى ........................ 674

قەشقەر مائارىپ شۆيۈەنى ........................ 675

شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى ........................ 677

جۇڭگو خەلق داشۆسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئاخباراتچىلىق ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ........................ 678

مائارىپ پەن - تەتقىقاتى ........................ 680

ئېلېكترلەشتۈرۈلگەن مائارىپ ........................ 682

ئېغىر دەرىجىدە يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئوپال يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى ........................ 683

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى ........................ 683


## پەن - تېخنىكا


پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................ 685

قەشقەردە «ئۇچقۇن پىلانى» دىن دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى ........................ 686

پەن - تېخنىكا ئاخباراتىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى ........................ 687

پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى ۋە قوللىنىلدى ........................ 689

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قەشقەر ۋىلايىتىدىن قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكى ........................ 689

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكى ........................ 690

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئەتلىكىگە قەشقەر ۋىلايىتىدىن سايلانغان ئەزالارنىڭ ئىسىملىكى ........................ 690

ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ پائالىيەتلىرى ........................ 690

قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ تىزىملىكى ........................ 691

ئونجى قېتىملىق پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى ........................ 696

يېزىلاردىكى پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ........................ 698

قىسمەن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا پائالىيىتى ........................ 701

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھاۋا كىلىماتى ........................ 702

ۋىلايەت بويىچە ھاۋا رايى سىستېمىسىدا نىشانلىق باشقۇرۇش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى ........................ 704

ھاۋا رايى مۇلازىمىتى ........ 705
گېئولوگىيە خىزمىتىدە قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ........ 705
ھايۋانات – ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرىنى كارانتىن قىلىش ئەھۋالى ........ 706
ئۆلچەملەشتۈرۈش – ئۆلچەم باشقۇرۇش خىزمىتى ........ 708
يەكەن دەريا ۋە قەشقەر دەريا ئېقىنىدىكى يېزا ئىگىلىك بايلىقلىرى ئومۇم– لاشتۇرۇپ تەكشۈرۈلدى ........ 709
پەيزاۋات قوغۇنىدىكى ئاق تور كېسەللىكىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇ يوقىتىلدى ........ 711
مېۋە – چېۋە كونسېرۋاسى ئىشلەش كۇرسى ئېچىلدى ........ 712

# ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق

## ئەدەبىيات - سەنئەت

ئەدەبىيات – سەنئەت خىزمىتى ........ 714
ئەدەبىيات ........ 716
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ........ 717
گۈزەل سەنئەت ۋە خەتتاتلىق ........ 718
فوتو سۈرەت ........ 720
ئۇسسۇل ........ 722
مۇزىكا ........ 723
كىنو – فىلىم ........ 724
تىياتىر ........ 725
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى ........ 725

## قەدىمكى مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى

خانئۈي قەدىمكى شەھەر خارابىسى ........ 727
ئەسكىھىسار قەدىمكى شەھەر خارابىسى ........ 729
تاڭ دەۋرىدىكى يۇتۇ ئايمىقى قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورنى توققۇز ساراي ........ 730
ھېيتگاھ جامەسى ........ 733
توققۇز ھوجرا ........ 737
چوڭ تىم ........ 738

## ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق


يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن «قەشقەر گېزىتى» ..................... 739

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ..................... 743

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۆت جايدا سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى قوبۇل قىلىش
ئىستانسىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى ..................... 744

قەشقەر خەلق رادىيو ئىستانسىسى خەنزۇچە ئاڭلىتىشنى باشلىدى ..................... 744

يەكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى ..................... 744

قەشقەر تېلېۋىزىيە ستانسىسى يەرلىك پروگراممىسا ئىشلىدى ..................... 745

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شىنجاڭ بويىچە مۇكاپاتلانغان رادىيو تېلېۋىزىيە
پروگراممىلىرى ..................... 747

قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئالتە نەپەر دىكتورنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ «بۇلبۇل لوكىتە-
سى» مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى ..................... 747

ۋىلايەت بويىچە 6 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر رادىيو پروگراممىلىرى سېلىشتۇرۇپ
باھالاندى ..................... 748

ۋىلايەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك دىكتورلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش
ئېلىپ بېرىلدى ..................... 749

شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ كىتاب تارقىتىش خىزمىتى ..................... 750


## سەھىيە، تەنتەربىيە

### سەھىيە


سەھىيە خىزمىتى توغرىسىدا بايان ..................... 751

ساقلىقنى ساقلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ..................... 756

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سەھىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ..................... 757

دوختۇرخانا خىزمىتىدىن مەلۇمات جەدۋىلى ..................... 758

يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ..................... 762

سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ..................... 764

پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىتىش ..................... 766

دۆلەت چېگرىسىدا كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ..................... 767

رادىئاكتىپلىقتىن ساقلىنىش ..................... 767

داۋالاش ئىشلىرى ...... 767
ئانا – بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ...... 770
تىببىي ماتېرىيال ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر ...... 771
دورىلارنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ...... 772
قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ...... 773
قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى دوختۇرخانىنى ئېچىۋېتىپ باشقۇردى ...... 774
قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى يېڭى تېخنىكا تۈرلىرىنى يولغا قويدى ...... 775
تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى ئىقتىسادىي كۆتۈرە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يول-
غا قويدى ...... 776
1 – خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تەرەققىياتى ...... 778
1 – دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش پەن تەتقىقاتى ...... 780
ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، مەخسۇس كېسەللىك ئەۋ-
زەللىكى جارى قىلدۇرۇلدى ...... 782
ئۇيغۇر تىبابىتى كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسى ...... 783
پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى ...... 775

## تەنتەربىيە

تەنتەربىيە خىزمىتىدىن قىسقىچە بايان ...... 786
تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ...... 788
ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەشقى ...... 794
ئاممىۋى تەنتەربىيە ...... 795
تاغقا چىقىش ۋە تەنتەربىيە ساياھەتچىلىكى ...... 797
خې جىنلياڭ قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ...... 802
مەكىت ناھىيىسىگە مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى تەن-
تەربىيىدە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بېرىلدى ...... 804
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مارالبېشى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىگە
ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى ...... 805
مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ
راۋاجلانماقتا ...... 806
1986 – يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابە-

قىلاردىكى ئەھۋالى ...... 808
قەشقەر ۋىلايىتىدە 1986 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ...... 818

# ھەربىي ئىشلار

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ...... قەشقەر شۆبە ھەربىي رايون سىياسىي كومىسسارى ليۇ باۋجى ...... 820
قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى ...... 826
ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى ...... 827
پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ...... 827
شتاتنى ئىخچاملاش خىزمىتى ...... 830
ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش ...... 831
لەنجۇ ھەربىي رايونى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايون پارتكومىغا پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار پارتكوم دەپ نام بەردى ...... 833
قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى دۆن شىكاڭ مەملىكەتلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ۋە تەجرىبىسىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى ...... 836
ھەربىي تەلىم - تەربىيە ...... 837
سىياسىي تەربىيە خىزمىتى ...... 838
كادىرلارنىڭ نەزەرىيە تەربىيىسى ...... 840
كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت تەربىيىسى ...... 840
بىخەتەرلىك ۋەقەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ...... 841
قوشۇمچە كەسىپنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تۇرمۇشنى ياخشىلاش ...... 841
خەلق ئەسكەرلىرى ئەسلىھەلىرىنىڭ ئامبار باشقۇرۇشى تۈزۈملەشتۈرۈلدى ...... 842
ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى ...... 843
چېگرا مۇداپىئە سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، مەدەنىيەتلىك ۋەزىپە ئۆتەشتە چىڭ تۇرۇش ...... 844
خەلقنىڭ تەبىئىي ئاپەتنى يېڭىشىگە ياردەم بەردى ...... 845

ئارمىيىنىڭ تاشقى ئىشلار پائالىيىتى ...... 845

جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىدىكى بىرلەشمە تەكشۈرۈش خىزمىتى ...... 846

كۆڭ پېيياۋنىڭ خىيانەتچىلىك ئەنزىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى ...... 847


# بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش


**يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئەھۋالى** ...... 847

ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى ...... 858

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا بايان ...... 861

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى دىۋىزىيە قۇرۇش پائالىيىتى ...... 865

پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتى ...... 868

كادىرلار خىزمىتى ...... 870

خەلق ئەسكىرى خىزمىتى ...... 871

ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدىيە ۋە سىياسىي خىزمەت تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى ...... 872

مىللىي مائارىپ ...... 873

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۆۋرۈكى» پۈتۈپ قاتناش باشلاندى ...... 874

تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئوقۇش ...... 874

دوستلۇق دوختۇرخانىسى ...... 875

قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ...... 877

جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەش ...... 878

41 - پولكتىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى «ئىككىدە ئۆزىنى بېقىش»نى يولغا قويدى ...... 879

هويلا - ئارام ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ...... 882

چاۋ لىنفېڭنىڭ ئائىلە ئورمانچىلىق مەيدانى ...... 883

مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئورمان ئەمىيا قىلىش خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى ...... 884

«قەشقەر كۆزگۈسى» 5 - نومۇر كىرگۈزۈلۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى ...... 886

# تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار خىزمىتى


887 ............ تاشقى ئىشلار خىزمىتى

890 ............ ساياھەت ئىشلىرى

891 ............ مۇھاجىرلار خىزمىتى

892 ............ خونجىراپ ئېغىزىنىڭ ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

خونجىراپ ئېغىزىنىڭ 3 ـ دۆلەتكە ئېچىۋېتىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر توغرىسىدىكى بايان ............ 892


# جەمئىيەت


894 ............ مىللىي خىزمەت توغرىسىدا بايان

895 ............ دىنىي خىزمەت توغرىسىدا بايان

896 ............ ۋىلايەتلىك دىنىي خىزمەت يىغىنى

897 ............ دىنىي زاتلارنىڭ ئەمگەك قىلىپ باي بولۇشى

يۇقىرى قاتلام مىللىي، دىنىي زاتلارنىڭ تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئۆمىكى پوس- كام ناھىيىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ............ 897

897 ............ 601 كىشى ھەج قىلدى

898 ............ ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى

898 ............ قوتازغا مىنىپ ئوغلاق تارتىشىش


# شەخسىيلەرنى تونۇشتۇرۇش


899 ............ [«1- ماي ئەمگەكچىلەر مېدالى» غا ئېرىشكەنلەر]

899 ............ ۋاڭ يۈجېن

900 ............ سەيدۇللا

[مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە « خەلق ئوقۇتقۇچىسى » مېدالىغا ئېرىشكۈچىلەر] ........................ 902

يۈ شۈجېن ........................ 902

ئېلى باقى ........................ 903

[ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ سېپىدىكى ئىلغار شەخسىلەر] ........................ 903

لى ماۋدىڭ ........................ 903

مەھەممەت مەترەھىم ........................ 905

[ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى ئابدۇرىشىت ئىمىن] ........................ 906

[دىنىي زاتلار] ........................ 907

ھارۇنخان ھاجى ھاشىم ........................ 907

ئابدۇرىشىت ئەلەم ئاخۇن ........................ 908

مۇھەممەت مەۋلىۋى ھاجى ئىمىن ........................ 909

[ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە قەشقەردە خىزمەت قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرى] ........................ 910

چېن چىڭيۈەن ........................ 910

خۇ جيەن ........................ 911

چېڭ جيۈكې ........................ 913

لو نەيىڭالىڭ ........................ 914

ۋاڭ مو ........................ 915

جاۋ خەيفىڭ ........................ 917

زېڭ يۈلىياڭ ........................ 917

قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا ئۆتكەنلەر - نىڭ ئىسىملىكى ........................ 918

قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا ئۆتكەنلەرنىڭ ئىسىملىكى ........................ 918

قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
5 - يىغىنىدا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكى ........................ 918
قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ
دائىمىي ھەيئەتلىكى ۋە ئەزالىقىنى ئۆتىگەنلەرنىڭ ئىسىملىكى ........................ 919

## چوڭ ئىشلار

1986 - يىلدىكى چوڭ ئىشلار ........................ 919

## مۇندەرىجە قوشۇمچىلىرى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىلدىكى ئاساسلىق ستاتىستىكا سانلىرى ........................ 961
ناھىيە ( شەھەر ) گە قاراشلىق يېزا - بازارلارنىڭ ئەھۋالى جەدۋىلى ........................ 1045
ئاخىرقى سۆز ........................ 1068
« قەشقەر يىلنامىسى » تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى ........................ 1072
« قەشقەر يىلنامىسى» نىڭ تەرجىمە خادىملىرى ........................ 1072

# ئالاھىدە ماقالىلەر

## ئاپتونوم رايون قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى قەشقەردە قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

يىغىنغا مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئارمىيە ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، بادەي، تاڭ گۇاڭسەي، خۇاڭباۋجاڭ، خەلچەم ئىسلام، بەي چېڭمىڭ، ۋاڭ جېنۇۋېن، لى جيايۇ، ۋاڭ خېتىڭ، قېيۇم باي، جىن يۇنخۇي، يۈسۈپ مۇھەممەدى، چېن شى، قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇلارنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەر مەسئۇللىرى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايونىدىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم - كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلاردىكى مەسئۇل يولداشلار قاتناشتى. يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋاقتىدا ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل يولداشلار مۇھىم سۆز قىلدى.

دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ليۇجيالىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى، سۇ ئېلېكتر مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن باش ئىنژېنېرى جۇخۇيچېڭنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى جاڭ جۇ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۈنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى پروفېسسور، مۇتەخەسسىسلەر يىغىنغا قاتناشتى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى.

يىغىن جەريانىدا ۋەكىللەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى، مارالبېشى، پەيزاۋات، خوتەندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە ۋە ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ كاتتا يىلاق يېزىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ

تىپىك تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى. يىغىن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىنىڭ سىياسەت، تەدبىر ۋە ئۇسۇللىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىپ چىقتى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشنىڭ نىشانى، سىياسەتلىرى ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى، نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە بولغان ئىشەنچ ۋە ئىرادىنى كۈچەيتتى.

يىغىن مۇنداق قارىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا، ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە باشقا كەسىپلەردە بىر قەدەر زور تەرەققىياتلار بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدە زور ئۆسۈش بولدى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ‐ قۇرۇلتىيى 3 ‐ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا تەرەققىيات ئىنتايىن تېز بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، كەڭ شەھەر-يېزىلاردا كۆللەپ-ياشناشتەك يېڭى مەنزىرە كەۋدىلەندى. لېكىن تارىخ، جۇغراپىيە ۋە تەبىئىي شارائىت قاتارلىق تەرەپلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يەنىلا ئاستا، 20% ئەتراپىدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ مەسىلىسى ئۇزۇل-كېسىل ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق. شۇڭا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش قەدىمى چوقۇم تېزلىتىلىشى كېرەك.

يىغىندا تولۇق مۇزاكىرە قىلىش ئاساسىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش نىشانى بېكىتىپ چىقىلىپ، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ۋاقىت ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى، شۇڭا چوقۇم تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىشى زۆرۈر:

1. يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق تەڭشەپ «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، پاختىچىلىق، قوغۇن-تاۋۇز، مېۋىچىلىك، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنى پائال تۈردە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. پاختىچىلىق — ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئەۋزەللىكى، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى. «7‐بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە بازار ئېھتىياجىغا قاراپ تېرىلغۇ كۆلىمى مۇۋاپىق كېڭەيتىلىشى، سورتى ياخشىلىنىشى، بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئاشۇرۇلۇشى، سېتىش يوللىرى كېڭەيتىلىپ، كىرىم كۆپەيتىلىشى لازىم. قوغۇن-تاۋۇز، باغۋەنچىلىك — ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ زور ئەۋزەللىكى،

ئۆلىي زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ھەم يېڭى باغلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم كونا باغلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، مەھسۇلاتنى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. «7 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئاساسلىقى كونا باغلارغا تايىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇش، يېڭى باغلارنى مۇۋاپىق پىلانلاشقا دىققەت قىلىش، نىشانلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قەدەممۇ-قەدەم تاۋار بازىسى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

چارۋىچىلىقنى يەنىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا تاغلىق رايونلار بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئاساس قىلىش يولىدا مېڭىش، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ مول بولغان ئوت - چۆپ، يەم - بوغۇز مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىش، كالا، قويلارنى بورداشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەممە ئۆيدە قوي - كالا ۋە ئۆي قۇشلىرى بېقىشنى قەدەممۇ - قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئوت - چۆپ تېرىش، تۇرمىسان بېدىنا قىلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش، بېدىنى كەڭ تۈردە تېرىش، قوش قەۋەت ئوتلاقلارنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم؛ تارقاق كىچىك تىپتىكى يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىنى قۇرۇپ، ئاشلىقنى ئۆز جايىدا ئايلاندۇرۇش لازىم؛ چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ۋە چارۋىلارنىڭ كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، تۇغۇت يېشىدىكى چارۋىلارنىڭ نىسبىتى ۋە چارۋىنىڭ ئومۇمىي تۇياق سانىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

2. كىرىمنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا ئۈچ ۋىلايەت ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق زىددىيەت — بىرىنچىدىن، سۇ؛ ئىككىنچىدىن، توك؛ ئۈچىنچىدىن، يول. بۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتا ئاساسلىقى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشىغا تايىنىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونمۇ نۇقتىلىق يار - يۆلەكتە بولىدۇ.

3. تىنىچ ۋە ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش. ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنى تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلىش ئۈچۈن چوقۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ تىنىچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز تۈردە مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تىنىچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۈچەيتىلىشى، مۇقەررەر ھالدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق ۋاقىتتا، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا چوقۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم.

4. پەن – تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكلەر مائارىپ خىزمىتىنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل قاتلاملار بويىچە مەدەنىيەت تولۇقلاش، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن – مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇشنى ئىگىلىۋېلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. ھازىرقى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، «ئىككى چىلىگە سورتىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش»، يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش، يېشىل ئوغۇت بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش، چارۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلۇقلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ «تۆت ئالىش، بىردە تەمىنلەش» تىن ئىبارەت ئۇرۇقچىلىق خىزمىتى فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.

5. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش. رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش – تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭ ئاساسىي كاپالىتى، شۇڭلاقلا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى چوقۇم كۈچەيتىش لازىم. پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى جان-دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. ھەر مىللەت خەلقىنى تېز سۈرئەتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلىش – ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۈستىدىكى زور مەجبۇرىيەت، بارلىق خىزمەتلىرىمىزنى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاساسىي ئەمەلىيلىشىش نۇقتىسى. ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرى تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى سىستېمىلىق تۈردە ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، مۇناسىۋەتلىك كەسپىي بىلىملەر ۋە ئىلمىي رەھبەرلىك قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتىنى ئىجادىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىشى لازىم.

(«قەشقەر گېزىتى» دىن).

# ۋەنلى، ليۇ لەنتاۋ قاتارلىق يولداشلار قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى

1986- يىلى 8- ئاينىڭ 12- كۈنىدىن 13- كۈنىگىچە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋەنلى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ليۇ لەنتاۋ، مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى رۇڭ گاۋتاڭ، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى خېي بولى قاتارلىق يولداشلار مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى.

يولداش ۋەنلى 8- ئاينىڭ 12- كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

يولداش ۋەنلى مۇنداق كۆرسەتتى: مەركەز قەشقەر ۋىلايىتىگە ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ھازىر مەركەزنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى بۇ يەرنىڭ ئىتتىپاق بولۇش مەسىلىسى، يەنى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇندىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ يەردە ئانچە ياخشى بولمىغان بەزى ۋەقەلەر يۈز بەردى، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىلەرنى ھەم تېز، ھەم ياخشى ھەل قىلدى، بۇ، مەركەزنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىشى كېرەك. ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت بۇنداق ۋەزىيەت بولمايدىكەن ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بولۇپ، بۇمۇ ۋىلايىتىڭلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ ئالدىنقى شەرت ھازىر بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ كېلىشىمۇ ئاسانغا توختىمىدى. كۆپچىلىك بۇ ۋەزىيەتنى قوغدىشى ھەمدە ئۇنى ياخشى يۆنىلىشكە قاراپ راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. بىرىنچىدىن، ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەت بولغاندا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرغىلى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ، بۇ ھەم ئىقتىسادىي مەسىلە، شۇنداقلا سىياسىي مەسىلە. ئىقتىساد تەرەققىي قىلمىسا، خەلق بېيىمايدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىمۇ بولمايدۇ.

يولداش ۋەنلى يەنە ماۋۇلارنى ئالاھىدە تەكىتلىدى: ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ

# جياڭخۇا، ياڭ جىڭرېن يولداشلار قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى

1986 - يىلى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى جياڭ خۇا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ جىڭرېنلار قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى.

جياڭ خۇا، ياڭ جىڭرېن يولداشلار قەشقەردىكى مەزگىلىدە، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە ماۋۇلارنى كۆرسەتتى: قەشقەر كۆپ مىللەتلىك ۋىلايەت، شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى جەزمەن كۈچەيتىلىشى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆز ئارا باراۋەرلىك ئىتتىپاقلىق، دوستانىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى لازىم. ئىتتىپاقلىق ياخشىلانسىلا ئاندىن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. كۆپچىلىك تىنچ، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇشى، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەر مەملىكەت ئاھا... ئىش كۆرۈش، شۇيەرنىڭ شارائىتى (جۈملىدىن، تېخنىكا شارائىتى، ئىگىلىك باشقۇرۇش شارائىتى، ئۈسكۈنە شارائىتى، خادىملار شارائىتى) گە ئاساسەن، قايسى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرسا ئۈنۈمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ئەستايىدىل ئويلىشىش لازىم. ئىككىنچىدىن، تاشقى شارائىت، مەسىلەن: قايسى مەھسۇلاتنىڭ دۆلەت ئىچى، خەلقئارادا بازىرى بارلىقى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ترانسپورت شارائىتىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم. ھازىر ئۈچىنچى دەرىجىلىك تاشيول قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بەك پايدىسىز، بولۇپمۇ پاكىستانغا قاتنايدىغان بۇ تاشيولنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى تېز ئېلىپ بېرىش لازىم، كەلگۈسىدە قەشقەرنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى ئېكسپورت قىلىشتا مۇشۇ تاشيولغا تايىنىلىدۇ.

يولداش ۋەنلى ئاخىرىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھازىر ھەممە ئىشلار تەقەللەندى، ئەمدىلىكتە پەقەت شەرق شامىلى چىقىرىشلا قالدى، بۇ شەرق شامىلى ئىختىساسلىقلاردىن ئىبارەت. ئىختىساسلىق خادىملارنى كۆپرەك قوبۇل قىلىش كېرەك، ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلىشتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بولۇش كېرەك، يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، يەنە مائارىپ خىزمىتىنى ئوبدان تۇتۇش، بالىلار مائارىپىدىن باشلاپ تۇتۇش، تاكى ئالىي مەكتەپكىچە تۇتۇش لازىم. سىفەن مائارىپىنى تۈرلۈك چارىلار بىلەن كۈچەيتىش لازىم. كېلەركى ئەسىردە بىزنىڭ دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتەلىشىمىز-ئۆتەلمەسلىكىمىز بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆسۈپ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىگە باغلىق.

(«قەشقەر گېزىتى» دىن).

# يولداش گۇمۇ قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى

1986 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى گۇمۇ قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن گۇمۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھىم يوليورۇق بەردى.

گۇمۇ ماۋۇلارنى كۆرسەتتى: قەشقەر ۋىلايىتى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرىسىغا جايلاشقان. ئۆزىگە خاس نۇرغۇن بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە. مەسىلەن: ئۇزۇن تالالىق پاختا، قوغۇن، تاۋۇز، يەل-يېمىش، چۈچۈكبۇيا، پىلىچىلىك، يىپەكچىلىك قاتارلىقلار. قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش، تاشقى ئىقتىسادىي سودىنى قانات يايدۇرۇشتا، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئۆزىگە خاس بولغان بايلىق ئۈستۈنلۈكلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشى لازىم. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، قەشقەرگە كېلىۋاتقان چەت ئەللىك سودىگەرلەر تەدرىجىي كۆپەيمەكتە. چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى بۇ يەرگە كېلىپ، مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قەشقەرنىڭ ئۆزىگە خاس بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. بۇ مەلۇم بايلىق بۇ يەردە بولۇپ، باشقا جايلاردىن تاپقىلى بولمىسا، باشقا جايلاردا بولغاندىمۇ، سۈپىتى بۇ يەردىكىدەك ياخشى بولمىسا، ئۇنداقتا چەت ئەللىك سودىگەرلەر بۇ جەھەتتە مەبلەغ سېلىپ، قۇرۇلۇش قىلىدۇ-دە، بۇ يەرگە كەلمەي مۇمكىن ئەمەس، دېگەنلىك. ئاندىن قالسا، چەت ئەللىكلەرگە بۇ يەردە مەبلەغ سېلىپ، زاۋۇت قۇرۇش باشقا جايلارغا قارىغاندا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم، بۇ، بىزدىن ئەمگەك خىراجىتى، باشقۇرۇش مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلارغا مەلۇم ئېتىبار بېرىش شارائىتى يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قەشقەرنىڭ سەيلە - ساياھەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە توختال-

---

-ــنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ئۇلار يەنە ماۋۇلارنى كۆرسەتتى: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئانچە يۇقىرى ئەمەسكەن، مائارىپ خىزمىتىگە چوقۇم ئېتىبار بېرىش، بولۇپمۇ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش لازىم، بۇ بىر ئۇزاق مۇددەتلىك مەسىلە. مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىرىنچىدىن، ئىدىيەۋى تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئىككىنچىدىن، ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش— تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى.

(«قەشقەر گېزىتى» دىن).

# جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى قىسمىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن لىنىيە بويىچە ئىش باشلاندى

سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، يىپەك يولىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى جۇڭگو-پاكىستان تاشيولىنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى قىسمىنى، يەنى قەشقەردىن خۇنجىراپقىچە بولغان قىسمىدىكى تاشيولنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى قارار قىلدى.

جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى دۆلىتىمىزنى پاكىستان ۋە شۇنىڭدەك غەربىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان بىردىنبىر يول، قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. بۇرۇن يولنىڭ تارلىقى، داۋاملىق كەلكۈننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرۇش سەۋەبىلىك پۈتۈن لىنىيىدە خەتەرلىك ئەھۋاللار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

10 نەچچە يىل بۇرۇن دۆلىتىمىز خەلقى ئىنتىرناتسىئونالىزملىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ پاكىستان ئىچىدىكى قىسمىنى ياساپ بەرگەن. لېكىن، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى قىسمى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېخىچە ئۆزگەرتىپ ياسالمىغانىدى. سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، 1986 - يىلى جۇڭگو-پاكىستان تاشيولىنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى قىسمىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئۆزگەرتىپ ياسىلىدىغان يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 420 كىلومېتىر، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 100 مىليون يۈەن، ئۆزگەرتىپ ياساشنىڭ تەلىپى يولنىڭ سۈپىتىنى دۆلەت بەلگىلىگەن 3-دەرىجىلىك يول يۈزى ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش. بۇ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغۇچى ئورۇن ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى 1-، 3 - قۇرۇلۇش ئەترىتى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ قاتناش 4 - تارماق ئەترىتى. نۆۋەتتە ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پۈتۈن لىنىيە بويىچە باشلىنىپ كەتتى.

(«قەشقەر گېزىتى» دىن).

---

خاندا كۆمۇ مۇنداق ھېسابلىدى: قەشقەردە بىر مۇنچە ئاسارە - ئەتىقىلەر بار، بۇ پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىش لازىم. بىر قىسىم سەيلە - ساياھەت نۇقتىلىرىنى قۇرۇش ئۈچۈن، قاتناش ۋاسىتىلىرى، تاماق، ياتاق، ئويۇن - تاماشا، ئېھتىياجلىق مال قاتارلىقلارنى ياخشى ھەل قىلىپ، بۇلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىر سال كۈتۈۋېلىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

(«قەشقەر گېزىتى» دىن).

# لەنجۇ ھەربىي رايونى قەشقەردە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى

1986 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 11 - كۈنىگىچە لەنجۇ ھەربىي رايونى قەشقەردە ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ليۇ خەيچىڭ، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى پېي جيۇجۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى سۇڭ خەنليالڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى جانابىل، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى تاڭ گۇاڭسەي، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى تەشۋىقات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شۇرېن، باش سىياسىي بۆلۈم ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىدىن باشقارما باشلىقى سوي پېڭلىن، سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى گاۋ خۇەنچاڭ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى گوگاڭ، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق، لەنجۇ ھەربىي رايونى قارمىقىدىكى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ دىۋىزىيەدىن يۇقىرى قىسىملىرىنىڭ ۋەكىللىرى، شەنشى ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، گەنسۇ ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، نىڭشىيا ھەربىي رايونى، چىڭخەي ئۆلكىلىك ھەربىي رايون، 84810 - قىسىم، 84870 - قىسىم، شىئەن سىياسىي ئىنىستىتۇتى، شىئەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىنىستىتۇتى، شۇنىڭدەك لەنجۇغا ۋا ئارمىيىسى قاتارلىق قىسىملارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر شەھەرلىك ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي، غۇلجا قاتارلىق تۆت شەھەرنىڭ ۋەكىللىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى باشلىنىش مۇراسىمىدا يولداش ليۇ خەيچىڭ ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، سۇڭ خەنليالڭ، گوگاڭ يولداشلار ئىلگىرى - كېيىن سۆز قىلدى. 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى يېپىلىش مۇراسىمىدا لەنجۇ ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۆزلىرىگە قاراشلىق قىسىملار ئىچىدىكى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخس، ئىلغار ئاممىۋى خىزمەت كادىرلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى ئومۇمىي بۇيرۇق ئوقۇپ ئۆتتۇلدى ھەمدە ئۇلارغا لەۋھە، تەقدىرنامە تارقىتىپ بېرىلدى. ئارقىدىنلا لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى پېي جيۇجۇ،

# مۇئاۋىن قوماندان لىيۇ خەيچىڭنىڭ سۆزى

## (قىسقارتىلمىسى)

لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى بۈگۈن قەشقەر شەھىرىدە ئېچىلدى!

مەن ئالدى بىلەن لەنجۇ ھەربىي رايونى پارتكومىغا ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىغا ۋاكالىتەن باش سىياسىي بۆلۈم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، قەشقەر ۋىلايىتى، قەشقەر شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى ۋە يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىدىن بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن رەھبىرىي يولداشلارنى، بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ۋە سىلەردىن سەممىيى ئەھۋال سورايدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

قەشقەر ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى ھەرمىللەت خەلقى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان،

---

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى جانابىل، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى تەشۋىقات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شۇرېن، باش سىياسىي بۆلۈم ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىنىڭ ۋەكىلى سۈي پېڭلىن قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چوڭ يىغىندا سۆز قىلدى.

ئالتە كۈن داۋاملاشقان بۇ يىغىندا غەربىي شىمال رايونىدىكى لەنجۇ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق ھەر قايسى قىسىملارنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنىڭ تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، يىغىن قاتناشچىلىرى قەشقەر شەھىرىدىكى مەدەنىيەت يولى، ھېيتگاھ سوداسارىيى قاتارلىق ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش نۇقتىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ھەر قايسى قىسىملار سىنئالغۇغا ئالغان ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىگە ئائىت تېلېۋىزور فىلىملىرىنى كۆردى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ۋە قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. يىغىندا لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ھەمدە بۇندىن كېيىنكى ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتى ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن ئۆز تەۋەسىدىكى قىسىملاردىن ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

(«قەشقەر گېزىتى» دىن).

ئۇزاق تارىختا ئىگە بىر قەدىمىي شەھەر، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر بولغان يىپەك يولىدىكى بىر گۆھەر. قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى خەلقىمىز پەرزەنت قوشۇنىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. ئۇزۇن مۇددەتلىك چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش كۈرىشى جەريانىدا، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە قەشقەرنى مەدەنىيەتلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پائالىيىتى جەريانىدا، سىلەر قىسىملارنى زور كۈچ بىلەن قوللىدىڭلار ۋە ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلدىڭلار. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، شەھەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، قەشقەرنىڭ ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى ھەمدە مول مېۋە بەردى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا بۇرۇنقىدەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ بىزنى تەسىرلەندۈرگىنى شۇكى، بۇ قېتىمقى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قەشقەر شەھىرى يەتتە قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، پۈتۈن شەھەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ زىچ ماسلىشىپ، تەشۋىق قىلىش، تەشكىللەش، قاتناش ئىشلىرى، قوغداش، داۋالاش ۋە تۇرمۇشتا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈملەرگە ئىگە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، چوڭ يىغىننىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. بىز بۇنىڭ ئۈچۈن سەمىمىي مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

رايونىمىزنىڭ ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان يۈكسەك دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە باۋدىڭ رايونىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق قانات يايدۇرۇلغان بەش يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ پارتىيىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى كۈرەش نىشانى ۋە ئارمىيىمىزنىڭ ئارمىيە قۇرۇش مەقسىتىگە تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئۇ ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشىنى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈردى. ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەمدە قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇنلىنىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پائالىيەت غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە دەپ ئېيتالايمىز. ئۇنىڭ ئىنتايىن زور رولى ۋە چوڭقۇر تەسىرى ھازىر قولغا كەلتۈرۈلگەن مېۋىسىدىنلا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ ئاساسلىق ۋە-

زېمىنى، ھەربىي رايونىمىزدىكى قىسىملارنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، ئىلغار تىپلارنى تۇرغۇزۇش ۋە تەقدىرلەش، باش سىياسىي بۆلۈم ۋە ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئاڭلاش، رايونىمىزنىڭ ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. شەكسىزكى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى فاڭجېنىغا بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈشتە، ھەر مىللەت ئارمىيە-خەلقنىڭ بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا، يېڭى دەۋردىكى كۆپ مىللەتلىك چېگرا رايونلارنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە قىسىملارنىڭ ئاممىۋى خىزمىتىدىكى يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، ھەل قىلىشتا، ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتقىنى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن كۈچەيتىش — دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، بۇ جەھەتتىكى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش سوتسىيالىزمنىڭ گۈللىنىشى ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا، غەلىبە قازىنىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. ھەربىي رايونىمىزنىڭ قىسىملىرى يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاز بولمىغان مەسىلىلەر ساقلانماقتا، بىر مۇنچە تەرەپلەر سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە قىسىملارنىڭ ئۈچلىنىش قۇرۇلۇشىغا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىگە ماس كەلمەيدۇ؛ پۈتۈن ئارمىيىدىكى ھەر قايسى قېرىنداش قىسىملار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرق ناھايىتى زور. چوقۇم يەرلىكتىكى ھەر قايسى ئۆلكە، ۋىلايەتلەرنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا ھەر قايسى ئۆلكە، رايون ۋە ھەر قايسى قېرىنداش قىسىملارنىڭ ياخشى ئىدىيىسى، ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆز رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەمەلىي يوسۇندا ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز، «ئۈچنى ئاساس قىلىش»

# يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ سۆزى

## (قىسقارتىلمىسى)

بۈگۈن، لەنجۇ ھەربىي رايونى قەشقەردە ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى، بۇ غەربىي شىمال رايونىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىدىكى بىر چوڭ تەجرىبىسى، شۇنداقلا رايونىمىزنىڭ ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى ئۈچۈن بىر قېتىملىق تۈرتكە. ئاۋۋال، مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن تۈمەن ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ، يىغىن چاقىرىش ئۈچۈن كەلگەن لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن يولداشلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەردىن سەمىمىي ھال سورايمەن! ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا ئەلا نەتىجىلەر ياراتقان ئورۇنلار ۋە يولداشلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

شىنجاڭ ئازاد بولغان 36 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، چېگرا رايونىنى قوغداش، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغ كۈرىشى جەريانىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەر ياراتتى، شىنجاڭنىڭ 30 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھېچ بىرسىنى خەلق ئارمىيىسىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنلىرى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. بۇنى ھەر مىللەت خەلقى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە شىنجاڭدىكى 13 مىليون ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن لەنجۇ ھەربىي رايونى پارتكومغا، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومغا چىن دىلىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن! شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

1982 - يىلدىن بۇيان رايونىمىزدا، قې-

---

ۋە «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش» پرىنسىپىغا ئاساسەن ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك رەۋىشتە قانات يايدۇرۇشىمىز، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىشىمىز، چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش، ۋەتەن چېگرىسىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن، يېڭى ۋە تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىمىز لازىم.

رمىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ئوخشاش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئارمىيە — خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئارمىيە — خەلق بىرلىكتە قۇرۇش نۇقتىلىرى 1700 گە يەتتى. ئارمىيە — خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى جەريانىدا، بىز كوممۇنىزمنى يادرو قىلغان ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتتۇق، «غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولۇش» تىن ئىبارەت تۆت بولۇش تەربىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق، پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق، يەرلىك بىلەن قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى تارىختىن قېپقالغان بەزى مەسىلىلەرمۇ مۇۋاپىق ھەل قىلىندى.

بىز ئارمىيە — خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردۇق. يەرلىكتىكى ۋە قىسىملاردىكى ھەر مىللەت كادىر — ئاممىسى، كوماندىر — جەڭچىلەرگە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى بارلىق خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى دەپ بىلىش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، قىسىملارنىڭ ئىنقىلابىلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى دەپ بىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى؛ «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» ۋە «خەلق ئارمىيىسى ھەر مىللەت خەلقىدىن ئايرىلالمايدۇ، ھەر مىللەت خەلقى خەلق ئارمىيىسىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن دۇنيا قاراش مۇستەھكەم تىكلەندى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز ئارا باب — باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇش، ئۆز ئارا ئىناق ئۆتۈش، ئۆز ئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا قوللاش، ئۆز ئارا ئەپۇ قىلىش ۋە ئۆز ئارا تىل — يېزىق ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەممە كىشىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى بولۇش، ھەممە كىشى مىللىي سىياسەتنى بىلىدىغان بولۇش، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە ياخشى ئىش قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي كەيپىيات تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئارقىلىق ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز تۈردە كۈچەيتىلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، ئۇرغۇنلىغان تەسىرلىك ئىش — ئىزلار مەيدانغا كەلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوسكام ناھىيىسىگە بۇ يىل 5 — ئايدا ۋىلايەت تەرىپىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ۋە بىز ھەممىمىز نام بېرىش

يېڭىدىن قاتناشتۇق. يوسكام ناھىيىسى مىللەتلەر ئىتتىپاق قىلىقىدا نەمۇنىچى بولۇپلا قالماستىن، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاق قىلىقىدىمۇ نەمۇنىچى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلار، ھەر قايسى ئورۇنلاردىن يوسكام ناھىيىسىدىن ئۆگىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاق قىلىقى ۋە ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاق قىلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

بەش يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىز ئىجاد قىلغان ۋە يەكۈنلەپ چىققان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ياخشى شەكلى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئارمىيە-خەلق مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشقا ئىرادە تىكلىدى. يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئورۇنلار ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بىز ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى مەركەز، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەشنى، يېڭى ئەھۋاللارنى داۋاملىق تەھلىل قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ياخشى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، ھەر يىلى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، تەكشۈرگەندە، خۇلاسىلىغاندا، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش خىزمىتىنى بىر مەزمۇن قىلىپ تۇتۇپ، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي، تېخىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز.

ھەر مىللەت كوممۇنىستلىرى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ يادرو كۈچى، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى جەريانىدا، كوممۇنىستلار ھەر مىللەت خەلقىگە باشلامچىلىق قىلىپ ئىنقىلابىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشى، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى؛ تىرىشىپ خىزمەت قىلىشى، ياخشى ئۆگىنىپ، يۇقىرىغا ئىنتىلىش ۋە ئەمەلىي ئىشنى كۆپرەك قىلىشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى؛ ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشقا يېتەكلەشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى؛ قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، ناتوغرا ئىستىللار ۋە قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلار بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى لازىم. كوممۇنىستلار ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسىي

# سىياسىي كومىسسار پېيى جيۇجۇنىڭ سۆزى

## (قىسقارتىلمىسى)

لەنجۇ ھەربىي رايونى چاقىرغان ئارمىيە – خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى بۇگۈن ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ھازىر مەن قانداق قىلغاندا غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتەرگىلى بولىدىغانلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمەن:

1. ئارمىيە – خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم!

---

ساپاسىنى، پەن – مەدەنىيەت بىلىمى سەۋىيىسىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى، ھەقىقىي تۈردە ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى – ۋەتەننى قوغداش، خەلقنى قوغداش، تۆتلەشتۈرۈشنى قوغداشتىكى پولات سېپىل، شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە، يۈكسەك ئىدىيىۋى ئاڭغا، ياخشى ئەخلاق – پەزىلەتكە ۋە قاتتىق تەشكىلىي ئىنتىزامغا ئىگە بىر قوشۇن. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى كەڭ كوماندىر – جەڭچىلەردىن، چېگرا رايوننى قوغداش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش كۈرىشى جەريانىدا، ئارمىيە – خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى جەريانىدا، شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارىي قىلدۇرۇپ، يېڭى ۋە زور تۆھپىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئارمىيە – خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى ئارمىيە – خەلق بىرلىكتە قۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارمىيە – خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگۈسى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە باشقا ئىشلاردا يېڭى قەدەملەر بېسىلغۇسى!

شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭدىن ئىبارەت بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا خۇيزۇ، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق 40 نەچچە ئازسانلىق مىللەت ئولتۇراقلاشقان، تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ھەم راۋاجلاندۇرۇش، چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش، گۈللەندۇرۇش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى.

غەربىي شىمال «قوش ھىمايە قىلىش پائالىيىتى» نىڭ بۆشۈكى، غەربىي شىمالدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ھەربىي قىسىملار قان بىلەن گۆشتەك يېقىن، بېلىق بىلەن سۇدەك زىچ ئىتتىپاق بولۇشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە. غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئارمىيە — خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى چوقۇم ئالدىنقى ۋەزىپە قىلىشى كېرەك. خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئىشلەش ئارقىلىق، «خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئازسانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» ۋە «ئارمىيە ھەر مىللەت خەلقىدىن ئايرىلالمايدۇ، ھەر مىللەت خەلقى ئارمىيىدىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تىكلىشىمىز لازىم. ئارمىيە — خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشى، كادىر — جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇلۇشى، ئارمىيە — خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق يەنە ھەر مىللەت خەلقىگە «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسىنى قەدەممۇ-قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەممە كىشى مىللىي سىياسەتنى بىلىدىغان، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلەيدىغان، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان بولۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى ئادەتتىكە ئايلاندۇرۇش لازىم.

غەربىي شىمال رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ دىنىي مەسىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتى بار. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا قىلچىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلە. غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئېتىقاد ۋە ئادەتلەر، مىللەتلەرنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇڭلاشقا ئۇلار مۇئەييەن مىللىي ھېسسىياتقا ئىگە. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پەقەت بىز چىن كۆڭۈل — سەممىي نىيىتىمىز بىلەن، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ دىنىي

ئىقتىساد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلماقلا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئارىسىدا، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك گۈزەل ئەخلاق بار، بەزىلىرى ھازىرمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بۇ ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى رەتلەپ، تولۇقلاپ، يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جارى قىلدۇرۇپ، نۇرلاندۇرۇشىغا ياردەملىشىشى لازىم. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىچىگە يەنە ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشى ۋە تەن سالامەتلىكىگە پايدىسىز نەرسىلەرمۇ ئارىلىشىپ قالغان، بۇلارنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك. لېكىن، بۇ خىل ئۆزگەرتىش ـ ئىسلاھ قىلىشنى چوقۇم ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىنغان ئاساستا ئېلىپ بېرىش، ئىشنىڭ يۈنىلىشىگە قاراپ يېتەكلەش، رىغبەتلەندۈرۈش تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق لازىم. بۇيرۇقۋازلىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

2. ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، كونا ئازاد رايونلار، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرى، چەت ـ ياقا رايونلار، نامرات رايونلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، باي بولۇشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

تارىخىي، جۇغراپىيىۋى شارائىت ۋە «سول» لۇق خاتالىقىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى نىسپىي جەھەتتىن بىر قەدەر ئارقىدا قالغان. مەملىكەت بويىچە 200 دىن ئارتۇق نامرات ناھىيىدىن شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭدىن ئىبارەت بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندا 106 ناھىيە بار، بىر قىسىم ئاممىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى تېخىچە تامامەن ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق. چېگرا رايونلار پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، ساۋاتسىزلار، چالا ساۋاتلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قالاق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن. ماركسىزمچىلار سوتسىيالىزم شارائىتىدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ماددىي شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي كۈچ ياردىمى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، ئۇنىڭ توغرا تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر ـ بىرىنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش لازىم. غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى قالاق بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن غەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇ-

تولۇپ، باي بولۇشقا ياردەم بېرىشنى چوڭقۇر مۇھىم مەزمۇن قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. «ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئورتاق تىرىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش» — چوڭ غەربىي — شىمالدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم رايونلارنىڭ ئالاھىدە مۇھىت شارائىتى ئاستىدىكى ئارمىيە — خەلق بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى. بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، «ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئورتاق تىرىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش، چوڭ غەربىي شىمالدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بەختىيار قىلىش»نى پۈتۈن رايونىمىزدىكى كوماندىر — جەڭچىلەرنىڭ ھەرىكەت شۇئارى ۋە تىرىشىش نىشانى قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش لازىم. كونا ئازاد رايونلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار، چەت — ياقا رايونلاردا تۇرۇشلۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى قىسىم قەيەردە تۇرۇشلۇق بولسا شۇ يەرنى مەدەنىيەتلىك، باياشات قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلۇغۋار غايە، جاسارەتلىك ئىرادە تىكلەپ، بىر ئائىلىگە ياردەم بەرسە بىر ئائىلىدە ئۆزگىرىش بولۇش، بىر كەنتنى تۇتسا شۇ كەنتنى باي قىلىش، ئاندىن ئەتراپىنى نۇرلاندۇرۇپ، تېخىمۇ نۇرغۇنلىغان ئاممىنى يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، نۆۋەتتە پايدىسى تەگكەندەك، ئەۋلادلارغا مەنپەئىتى يەتكەندەك، ئومۇمۇم ئۈچۈن تۆھپە بولغاندەك بىر نەچچە تۈرلۈك ئىش قىلىش لازىم. غەربىي رايونىمىزدىكى قىسىملار غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى جايلارغا ئورۇنلاشقان، ھەر قايسى قىسىملار مۇشۇ ئىشنى ياخشى قىلسىلا پۈتۈن غەربىي شىمال رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى بىر ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

3. ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، چوڭقۇر ئىسلاھات ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، شەھەر، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىش لازىم.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى تەۋرەنمەس فاڭجېنى. قىسىملارنىڭ ئارمىيە — خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىسلاھاتلارنى دەۋر قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىشىمىز، ئىسلاھاتنى تەشۋىق قىلىشىمىز، ھەر تەرەپلەردىكى ئىسلاھات ئۈچۈن، تىرىشىپ كەڭ-تاشا، ماس كەلگۈدەك ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم.

بىرىنچىدىن، نۆۋەتتە يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىككىنچى قەدەمدىكى ئىسلاھاتقا ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى تۇتۇپ، نامراتلىقنى باي بولۇشقا ئۆزگەرتىشنى؛ ئىدىيىۋى تەربىيىنى تۇتۇپ، كونىنى يېڭىغا ئۆزگەرتىشنى؛ مەدەنىيەتنى تۇتۇپ، نادانلىقنى بىلىملىككە ئۆزگەرتىشنى؛ مۇھىت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، پاسكىنىچىلىقنى گۈزەللىككە ئۆزگەرتىشنى؛ سوتسىيالىستىك ئەخلاقنى تىكلەپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ناچار ئۆرپ — ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەلىپى قىلىش لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئارمىيە — خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تە-

لىپىگە ئۇيغۇنلىشىشى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ۋە ئىنتىزام قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. يېقىندا مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار ماۋۇلارنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى: ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق ۋە ئىنتىزامنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىش، كوممۇنىزمنى يادرو قىلغان ئىدىيىۋى تەربىيەنى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش، تىرىشىپ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىش لازىم. ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىدىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەر بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئاساس قىلىپ، ئىدىيە جەھەتتىكى توسالغۇلارنى يېڭىپ كىشىلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى، پىسخىكا جەھەتتىكى ھازىرلىقلارنى ياخشى قىلىۋېلىشىغا، ئاممىنىڭ ئىدىيە جەھەتتە بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەملىشىپ، ئىسلاھات ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ھەر تەرەپلەردىكى خىزمەتلەر ئارقىلىق سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا چۈشىنىدىغان، ئۆز ئارا ئىشىنىدىغان، يەكدىل، ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتىدىغان بىر خىل يېڭىچە مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش، ئورتاق غايە ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، دېموكراتىيىمۇ، مەركەزلەشتۈرۈشمۇ بولغان، ئەركىنلىكمۇ، ئىنتىزاممۇ بولغان، ئىرادە بىرلىكىمۇ، شەخسىيلەرنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكىمۇ بولغان بىر خىل جانلىق، تىپىك سىياسىي ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئىسلاھات ئۈچۈن كەڭ - تاشا مۇھىت يارىتىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش لازىم.

4. ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم «ئۈچنى ئاساس قىلىش» پىرىنسىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي يوسۇندا كۈچەيتىش لازىم.

1) يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش، باش سىياسىي بۆلۈم رەھبەرلىرىنىڭ ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ھەمدە ئىزچىل تەكىتلەپ كېلىۋاتقان پىرىنسىپلار، مەزمۇنلار ۋە ئۇسۇللارنى ئۆگىنىش، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتىگە بولغان تونۇشنى

چوڭقۇرلاشتۇرۇش بولسا، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە سىتراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش بولغاندىن كېيىنكى، ئارمىيىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئارمىيىمىزنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى، تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى، تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىكى كونكرېت ھەرىكەت، يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ توپ يولى، ئۇ ھەم پارتىيە خىزمىتى ھەم سىياسىي خىزمەت، بۇ خىزمەتكە سىتراتېگىيىلىك ئورنى جەھەتتىن قارىشىمىز ۋە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، سىياسىي ئورۇنلار مۇشۇنداق يۈكسەكلىكتە، كۆپچىلىكنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى لازىم.

2) «ئۈچنى ئاساس قىلىش» پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش لازىم. بۇ يەرلىكنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىش، ئىدىيىۋى — سىياسىي خىزمەتنى ئاساس قىلىش، ئاممىنى ئۆزى قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشنى ئاساس قىلىش، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، قىسىم بىلەن يەرلىكنىڭ رەھبەرلىكى، قىسىم بىلەن يەرلىكتىكى ئامما، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت بىلەن ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت قارىمۇ - قارشى زىددىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىپ ئېيتىلغان، بۇنىڭدا زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى ۋە قوشۇمچە تەرىپى ئېنىق كۆرسىتىلىپ مەۋقە مەسىلىسى ھەل قىلىنغان، شۇنداقلا قىسىملار ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە قانداق يېتەكچى ئىدىيە بىلەن قاتنىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. بۇ — بىز باشتىن - ئاخىر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ، بۇ يەردە يەرلىكنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش مەسىلىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈر. بىزنىڭ ئارمىيىمىز، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى قوراللىق كۈچ. يەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا يەرلىكتىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ئارمىيىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى بىر ئاساسلىق سىياسىي پرىنسىپى، يەرلىكتىكى پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇچىلىرى، تەشكىللىگۈچىلىرى، ئۇلار ئەھۋالنى ئەڭ پىششىق بىلىدۇ، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشتىن خالىي. ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئەلۋەتتە يەرلىكتىكى پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى، يەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

3) بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىرلىكتە تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيىدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن بىز بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىرلىكتە تەربىيىلەش يولىدا چوقۇم قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشىمىز، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە يارىتىلغان ياخشى شەرت - شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز، تېخىمۇ كۆپلىگەن بىرلىكتە تەربىيىلەش چارىلىرىنى ئىجاد قىلىشىمىز، تېخىمۇ كۆپ، سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئارمىيىدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ چىقىشىمىز لازىم.

# يولداش جانابىلنىڭ سۆزى

## (قىسقارتىلمىسى)

لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قەشقەر شەھىرىدە چاقىرغان ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش چوڭ يىغىنى ئىنتايىن مۇھىم، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قەدىمى تېزلىتىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنىڭ بىزگە قويۇۋاتقان تەلىپىدىن قارىغاندىمۇ، جايلاردىكى ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردىن قارىغاندىمۇ بۇ قېتىمقى يىغىننى چاقىرىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. يىغىننىڭ چاقىرىلغانلىقى لەنجۇ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى ۋە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بىر نەچچە كۈنلۈك يىغىن ئارقىلىق كۆپچىلىك تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈردى، نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى، جەڭگىۋارلىق ئاشۇرۇلدى، ئىشەنچ قەتئىيلەشتى. بۇ پۈتۈن غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش خىزمىتىنىڭ يىغىندىن كېيىنكى تەرەققىياتىدا چوقۇم ئىنتايىن زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

پارتىيە 11 ـ قۇرۇلتىيى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلدى، ھەر قايسى سەپلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، چۈنكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى شەرەپلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىسىگە ئىگە قەھرىمان قوشۇن، ئۇلار شىنجاڭنى ئازاد قىلىش، ۋەتەن چېگرىسىنى قوغداش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى يارىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. مۇشۇ پۇرسەتتە بىز خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىكى بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمىز!

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارمىيە ـ خەلق

بىرلىكتە موتىسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش خىزمىتى 1982 - يىلى باۋدىلىڭ ۋىلايىتىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشتىن كېيىن، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار قىلىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنى سۆيۈش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلغان. بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىدە ئىنتايىن زور تەرەققىياتلار بولدى، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنىڭ كۆلىمىدىن قارىغاندا، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە قۇرۇش نۇقتىلىرى 1700 دىن كۆپرەككە يەتتى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنى بىرلىكتە قۇرۇش، مەدەنىيەتلىك كوچىلارنى، مەدەنىيەتلىك سەيلە - ساياھەت رايونلىرىنى، مەدەنىيەتلىك ئائىلە ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش قاتارلىقلارنى بىرلىكتە قۇرۇپ چىقىشقا تەرەققىي قىلدى، بۇ يىل يەنە «تۆت شەھەر» (ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، تۇرپان)، «بىر لىنىيە» (شىنجاڭ-شىزاڭ تاشيولى لىنىيىسى) نى بىرلىكتە قۇرۇشقا تەرەققىي قىلدى، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنىڭ ئۈلگە بولۇشى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا، ساقچىلار بىلەن خەلق بىرلىكتە قۇرۇش، زاۋۇتلار بىلەن كوچىلار بىرلىكتە قۇرۇش، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكتىكى ئورۇنلار بىرلىكتە قۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيەتلىرى بارلىققا كەلدى؛ بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، «پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق» نى تۈزەشتەك ئادەتتىكى جامائەت پاراۋانلىقى پائالىيىتىدىن «ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش»، «ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن خەلققە ياردەملىشىش» ۋە ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە غايە، ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، بىرلىكتە «تۆتكە ئىگە» بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەشكە تەرەققىي قىلدى؛ ئاممىنىڭ سۇ ئىچىشى، كېسەل كۆرسىتىشى، توك ئىشلىتىشى قىيىن بولۇش قاتارلىقلارنى ھەل قىلىشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھاتنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش، ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ باي بولۇش ۋە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاراپ راۋاجلاندى، شۇنداقلا بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپە دەپ قاراپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى، ئارمىيە بىلەن خەلق ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەتلەر ۋە ماجىرالار ئاكتىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى، دىنىي زاتلار بىلەن ئىتتىپاق قىلىش خىزمىتىگە ئېتىبار بېرىلىپ ياخشى ئىشلەندى، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى رولى جارى قىلدۇرۇلدى. بىرلىكتە قۇرۇشنىڭ ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، خىزمەتلەر يىلدىن - يىلغا پۇختا ئىشلەندى. 1700 دىن

ئارتۇق بىرلىكتە قۇرۇش نۇقتىلىرى ئىچىدە «تۆت يوق» (فېئودال خوراپىي پائالىيەتلەر يوق، شەھۋانە سىنئالغۇ فىلىملىرىنى، سىردىق، شەھۋانە ژۇرناللارنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈش يوق، قىمار ئويناش يوق، جىنايى ئىشلار جىنايىتى يوق) بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش نۇقتىسى 724 كە، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەرىپىدىن مەدەنىيەتلىك ئورۇن دەپ باھالانغىنى 189 غا يەتتى. بەش يىلدىن بۇيان، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىقىنى سەرپ قىلىپ، مېھنەت تەردىنى سىڭدۈرۈپ، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمەلىيەت يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەتلىك قوغدىغۇچىسى، «تۆتلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ قۇرغۇچىسى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ باشلامچىسى ۋە تارقاتقۇچىسى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ يەرلىك ۋە قىسىملارغا ئومۇميۈزلۈك تەلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قېتىمقى يىغىن يەنە بۇ مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ھالدا مۇزاكىرە قىلدى. بۇ يەردە مەن يولداشلارغا نۇقتىلىق ھالدا بىر نەچچە پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن:

بىرىنچىسى، يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى لازىم. يۇقىرى دەرىجىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش — يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پارتىيىمىزنىڭ قەتئىي ئۆزگەرمەس ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋەزىپىلىرىنى ئاساسىي قاتلاملارغا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ بىر خىل ياخشى شەكلى، دۆلەتكە، خەلققە، ئارمىيىگە پايدىلىق زور ياخشى ئىش، شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسى، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، شىنجاڭدا ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىر قاتار يوليورۇقلىرىنى يەنىمۇ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دۆلەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تىنچ ئامان تۇرۇشى، مىللەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت ستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدىن ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ۋە چوڭقۇر تەسىرىنى تونۇشىمىز،

تۆرلۈك مۇجمەل تولۇشلارنى تۈگىتىپ، يەرلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيە – خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇشىمىز، ئۇزۇن مۇددەت، چوڭقۇر، قەتئىي راۋاجلاندۇرۇشىمىز ھەمدە ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

ئىككىنچىسى، ئارمىيە – خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى يېتەكچى ئىدىيىنى يەنىمۇ توغرىلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇتۇش – شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى، ئۇنى ھەرۋاقىت بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ – ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش – ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. لېكىن، بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ – ئادەتلىرى ئۈستىدە كونكرېتنى تەھلىل يۈرگۈزۈش لازىم. چۈنكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆزىدە ئۇ شاكىلىنى شاللىۋېتىپ مېغىزىنى تاللاش، ناچار ئۆرپ – ئادەتلەرنى شاللىۋېتىش مەسىلىسى مەۋجۇت. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان «تۆتلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىغا پايدىلىق بولغان ئۆرپ – ئادەتلەر ھۆرمەت قىلىنىشى، قوغدىلىشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشى لازىم؛ قالاق، نادانلارچە كونا قائىدە ۋە نامۇۋاپىق ئادەتلەر ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ توغرا يېتەكلىنىشى، قەدەممۇ – قەدەم ئىسلاھ قىلىنىشى، كوممۇنىستلار، دۆلەت كادىرلىرى، كومسومۇللار بۇنىڭدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن باشلامچى بولۇشى لازىم؛ ئىنسان تېنىنى زەئىپلەشتۈرىدىغان، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇلغايدىغان، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزىدىغان پائالىيەتلەرگە دەرھال قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى توسۇش، قانۇنغا خىلاپلىق كۆرۈلسە قانۇنىي تەرتىپلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ – ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەكىتلىدۇق دەپ، قالاق نەرسىلەرنىمۇ مەدھىيىلەشكە، چىرىك نەرسىلەر، ھەتتا قانۇنغا خىلاپ پائالىيەتلەرگە مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ – ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش باھانىسى بىلەن مادارا قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بۇ يەردە يەنە دىنغا ئېتىقاد مەسىلىسىنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتەي. شىنجاڭدا دىنغا ئېتىقاد مەسىلىسى مىللىي مەسىلە بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ئۇ سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك ئۆتكۈر مەسىلە. بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش – قىلالماسلىق – جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، خەلقئارادا دىپلوماتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەشتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز سول خاتا خاھىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۆزمەيلىگە قويۇۋېتىشتەك خاتا خاھىشنىڭمۇ ئالدىنى ئېلىشىمىز ۋە ئۇنى يېڭىشىمىز، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىنى پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرى ئىختىيارىي تاللىۋالىدىغان شەخسىي ئىشىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىكى چە-

قىش نۇقتىمىز ۋە ئاساسىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش نۇقتىمىز دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بارلىق ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بۇ ئورتاق نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن «دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۇسالغۇ بولمايلا قالماستىن، بەلكى پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، خۇراپىيلىققا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش لازىم.» دىننىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا، مەكتەپ تەربىيىسىگە ئارىلىشىشقا ۋە جەمئىيەتنىڭ جامائەت مائارىپى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، ھەرقانداق بىر كىشىنى، بولۇپمۇ 18 ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈر-باللارنى دىنغا كىرىشكە زورلاشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. راھىپلىققا قول بەرگەندە، بۇددىخانىلارغا بېرىپ نوملارنى ئوقۇغاندا، بۇرۇنلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان فېئوداللىق دىنىي ئىمتىياز ۋە دىنىي زۇلۇم ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. دىندىن پايدىلىنىپ پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ.» بىز پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتىدىكى بەزى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز، ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتىدە يەنە دېموكراتىيە، قانۇن ۋە ئىنتىزام تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش لازىم. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئاساسلىقى تەربىيىگە تايىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قانۇنغىمۇ تايىنىش لازىم. ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇن كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە تەربىيىلەپ، قانۇن بولىدىكەن، ئەمەل قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقا، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھاتنى دەۋر قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. مەدەنىيەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىش پائالىيەت مەزمۇنلىرى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشلاردىن تارتىپ تاكى سېلىشتۇرۇپ باھالاشقىچە ھەممىسىدە تۆتلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مەركەزگە بويسۇنۇش لازىم. ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا يەنە سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇغۇلۇش ئىمكانىيىتى بولغان پاسسىپ ئامىللارنى يېڭىشكە دىققەت قىلىش، سوتسىيالىزمنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش لازىم.

ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت

سىياسىتىنى ۋە پەن - مەدەنىيەت يارىتىشتا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق سىياسىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى نەزەردە تۇتۇش لازىم.

ئۈچىنچىسى، ئارمىيە خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا «ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش، ‹ئەمەلىي› دېگەن سۆز ئۈستىدە كۈچ سەرپ قىلىش» لازىم. ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان، قىسقا مۇددەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇشى، بىر مەزگىل ئىچىدە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاممىنىڭ بىر-ئىككى تەلىپىنى ئورۇنلاپ ۋۇجۇدقا چىقىرىش، ئارمىيە-خەلق ئىككى تەرەپ ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى بولغان ئەمەلىي ئىشلاردا بىر قەدەمدە بىر ئىز قالدۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەپ، پەدازلاپلا ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن، شەكىلۋازلىق قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

تۆتىنچىسى، يەرلىكتىكى يولداشلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن سەمىمىي سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىنىشى، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى ئارقىلىق قىسىملارنىڭ ياخشى ئەنئەنە، ياخشى ئىستىل، ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەتتىكى ياخشى تەجرىبىلىرىنى ۋە قاتتىق تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقىنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم.

بەشىنچىسى، ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم. بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتى جەريانىدا قىسىملار يەرلىككە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بەردى، كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بەردى، بۇندىن كېيىن، يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم رولى ۋە ئورنىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش لازىم. تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز، ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىمىز، خەلق ئارمىيىسىنى ھىمايە قىلىش، ئارمىيە خەلقنى سۆيۈشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيىمىز بىلەن ئارمىيىمىزنىڭ ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئارمىيە بىلەن خەلق بېلىق بىلەن سۇدەك ئىناق بولۇشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

# يولداش گوگاڭنىڭ سۆزى

## (قىسقارتىلمىسى)

لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قەشقەردە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى چاقىرغانلىقى ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلىنغان غەمخورلۇق، ئىلھام ۋە يېتەكچىلىك. مەن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن چوڭ يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! بۇ يىغىنغا قاتناشقان باشلىقلار ۋە يولداشلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن! ھەمدە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان لەنجۇ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ باشلىقلىرىغا، شۇنداقلا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان قىسىملاردىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەرگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

يۈكسەك دەرىجىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پارتىيىمىز كوممۇنىزم قۇرۇش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇلۇغ ئەمەلىيەت، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى تۈپ ۋەزىپىسى. قەشقەر ۋىلايىتى ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ غەربىدىكى بىر مەمۇرىي رايون، سوۋېت ئىتتىپاقى، پاكىستان، ئافغانىستانلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 160 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىر، 2 مىليون 500 مىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئولتۇراقلاشقان، بۇلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 94.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەتلىك رايون، دىن، تارىخ قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەشقەرنىڭ غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دېڭىز قولتۇقىدىكى دۆلەتلەر بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋىتى بار، شۇڭلاشقا قەشقەرنى تەرەققىي تاپقان، گۈللەپ - ياشنىغان، مەدەنىيەتلىك ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئارزۇسى بولۇپلا قالماستىن، دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشتە، پارتىيىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ۋىلايىتىمىزدىكى كەڭ ئامما قەشقەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش، تۆتلەشتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان پەيتتە، قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن يەرلىكنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ بىزنى ھەر جەھەتتىن ئىنتايىن قوللىدى ۋە ياردەملەشتى، بولۇپمۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى.

قەشقەر شەھىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىدىكى نوقتىلىق بازار،

سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن شەھەر، ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، قەشقەر شەھىرىنى مەدەنىيەتلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ خىزمەتلىرىگە تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇھىم تەسىر قوزغايدۇ. يېقىنقى يىللاردا يەرلىكنى ئاساس قىلىش ئالدىنقى شەرت قىلىنىپ، ھەربىي قىسىملار بىلەن يەرلىك قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. ئالدى بىلەن «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قەشقەرنى تەدرىجىي ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاق قىلاشقان، ئىقتىسادىي گۈللەنگەن، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان، تېخنىكا جەھەتتە ئىلگىرىلىگەن، مەنىۋى جەھەتتە مەدەنىيلەشكەن، مۇھىتى گۈزەل، ئاممىغا قولايلىق، يەرلىك ئۇسلۇبقا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەتلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، زامانىۋىلاشقان شەھەرگە قاراپ چوڭ قەدەم تاشلاش» تىن ئىبارەت قۇرۇلۇش فاڭجېنى بېكىتىپ چىقىلدى. قەشقەر شەھىرى ۋە قىسىملار ئىشنى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشتىن باشلاپ، ئىدىيىۋى تەربىيەنى مەركەز قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، پاكىزىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىقنى تۈزەشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر، شەھەر ئاھالىلىرىنى ئاساسىي كۈچ قىلىپ، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش قەدەممۇ - قەدەم ئارمىيە بىلەن خەلق، ساقچىلار بىلەن خەلق بىرلىكتە قۇرۇشقا تەرەققىي قىلدى؛ شەھەردە پاكىزىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىقنى تۈزەش دەسلەپكى قەدەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا؛ مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش، مەدەنىيەتلىك كوچا، مەدەنىيەتلىك شەھەر بەرپا قىلىشقا تەرەققىي قىلدى؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە تۇتۇشقا تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش جەريانىدا ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش، ئاممىغا تايىنىش، خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق قۇرۇش، خەلقنىڭ شەھىرىنى خەلق باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، قەشقەر شەھىرىدە بىر نەچچە يىللىق تىرىشىش نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىز مىللىي سىياسەت توغرىسىدىكى تەربىيە خىزمىتىنى چىڭ تۇتتۇق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشى بولماقتا، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت كۆز قارىشى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئارا قوللاش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، ئۆز ئارا ئەپۇ قىلىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي كەيپىيات بارغانسېرى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ۋىلايىتىمىز تارىخ-

دا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەڭ ياخشى بولغان دەۋرلەرنىڭ بىرى يارىتىلدى ھەمدە ئۇ يېڭى تارىخىي شارائىت ئاستىدا سىناقتىن ئۆتتى.

كوممۇنىستىك ئىدىيە يادرو قىلىنغان بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش تەربىيىسى ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىجتىمائىي كەيپىيات، جەمئىيەت ئامانلىقى بارغانسېرى ياخشىلاندى، كەلگۈسىگە تولۇپ- تاشقان ئىشەنچ باغلىغان، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلىدىغان، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تۆتلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەيدىغان يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. «ئالتىنچى بەش يىللىق» مەزگىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى تارىختىكى ئەڭ تېز مەزگىل بولدى. بولۇپمۇ، يېقىنقى ئىككى يىلدا ئۇزۇندىن بۇيانقى بېكىنمە ھالەت بۇزۇپ تاشلاندى، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، جانلاندۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۈچ شەھەر بىلەن ھەمشىرە شەھەرلىك مۇناسىۋەت، 21 ناھىيە، شەھەر، رايون بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. ھەمكارلىق تۈرى 53 بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك، سودا كەسىپلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭى ئىزغا چۈشۈپ، يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات مەزگىلىگە قەدەم قويدى.

شەھەر مەنزىرىسى، شەھەر قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. يېقىنقى ئىككى يىلدا، ھەربىي قىسىملارنىڭ قوللىشى ۋە قاتنىشىشى بىلەن قەشقەر شەھىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك قايتا قۇرۇش باشلاندى. بۇ يىل ئالدىنقى يېرىم يىلدىلا شەھەر مەنزىرىسىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇشلاردىن 22 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر چېقىۋېتىلدى، 20 مىڭ مېتىردىن ئارتۇق تام چۆرۈلدى، 100 دىن ئارتۇق كونا دەرۋازا چېقىلىپ، قايتا ياسالدى، 89 مىڭ كۋادرات مېتىر يول تۈزلەندى، 30 مىڭ كۇب مېتىردىن ئارتۇق توپا توشۇلۇپ ئورەكلەر تىندۇرۇلدى، 45 مىڭ مېتىر ئېرىق - ئۆستەڭ يۆتكەپ رېمونت قىلىندى، 130 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق يەرگە سېمونت خىش ياتقۇزۇلدى، بۇرۇنقى ئاپتوموبىل، ۋېلسىپىت، پىيادىلار بىرگە ماڭىدىغان بىرلا يول ئۈچ يول قىلىپ ئايرىم ئۆزگەرتىلدى ھەمدە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە ئىككى كوچا قۇرۇلۇشقا باشلاندى، ئاممىغا ئوڭئايلىق يارىتىلىپ، قاتناش شارائىتى ياخشىلىنىپ، شەھەر مەنزىرىسى ۋە شەھەر قىياپىتى دەسلەپكى قەدەمدە يېڭى تۈسكە ئىگە قىلىندى.

شەھەرنىڭ باشقۇرۇش ۋە قۇرۇلۇشىدا ئىشنى پاسسىپچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىقنى تۈزەشتىن باشلاپ، قانۇن ئارقىلىق شەھەرنى تۈزەش، ئامما ئارقىلىق شەھەرنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ.

بىر يۈرۈش مۇكەممەل شەھەر باشقۇرۇش قائىدە - نىزاملىرى تۈزۈپ چىقىلدى، ئاساسلىق كوچىلاردا ئىشىك ئالدىنى ئۈچ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى، مۇلازىمەت، قاتناش ۋە ئامانلىق ساقلاشنى باشقۇرۇش چېك تۇتۇلۇپ، پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق ھالىتىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولدى.

يېقىنقى يىللاردا قەشقەر شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ھازىرقى سەۋىيە يەنىلا ناھايىتى تۆۋەن، تېخىچە تەمتىم ھېچكىمش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز قىسىملارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان 11 قىسىم، ئورۇنلار 9 مىڭ 800 دىن ئارتۇق ئادەم چىقىرىپ، بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى، بۇ ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلىتىلدى. بۇ يەردە قىسىملارغا يەنە بىر قېتىم چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بىر نەچچە يىللىق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتى ئىسپاتلىدىكى، مەركەزنىڭ قىسىملارنى يەرلىكنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە، ئۇ بىر غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ئۇ كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش رولىنى ئويناپ، كىشىلەرنىڭ تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى، بۇ پائالىيەت ئارقىلىق قىسىملارنىڭ سىياسىي خىزمەت تەجرىبىلىرى تارقىتىلدى، ئارمىيىمىزنىڭ ئاممىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش، پۈتۈن ۋۇجۇدى، پۈتۈن نىيىتى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسى جارى قىلدۇرۇلدى؛ كادىرلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ يەرلىكتە خىزمەت ئىشلەش قابىلىيىتى چېنىقتۇرۇلدى، ئىقتىدارى ئاشۇرۇلدى. ئارمىيىدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان ئىختىساسلىقلار تەربىيىلەندى، ئارمىيە- خەلق ئىككى تەرەپنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ھەيدەكچىلىك رولىغا ئىگە ئاكتىپ تەسىر بارلىققا كەلدى؛ ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا لىن بياۋ قاتارلىقلارنىڭ ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ۋە «پولات ئىستىھكامىمىزنى نابۇت قىلىش» تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتلەر تۈگىتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئارمىيە- خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتىنى قەتئىي بوشاشماستىن داۋاملاشتۇرۇشىمىز، قەشقەر شەھىرىنىڭ ۋە پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى تېزراق ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

# سەھىيە مىنىستىرلىكى قەشقەردە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى

دۆلەت سەھىيە مىنىستىرلىكى 1986 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە قەشقەردە مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۈي يۆلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى خې جېيىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ ھاممەت، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى رەقىپ ئابباس، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى گوگاڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق، مۇئاۋىن ۋالىيسى ئېيسا شاكىر شۇنىڭدەك 29 ئۆلكە (شەھەر) ئاپتونومرايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىنىڭ، ئازادلىق ئارمىيە باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش سېپىدىكى مۇتەخەسسىسلىرى، پروفېسسورلار، تېخنىك خادىملار ۋە ۋەكىللەر بولۇپ 170 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىن جەريانىدا شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، چىڭخەي قاتارلىق 11 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەكىللىرى چوڭ يىغىندا سىل كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇردى، 40 نەچچە نەپەر ۋەكىل يازما سۆز بايان قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار يەكەن ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسى، قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە بەشكېرەم يېزىلىق دوختۇرخانىسىنىڭ سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش خىزمىتىنى تەكشۈردى. ۋەكىللەر ۋىلايىتىمىزنىڭ سىل كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ: رەھبەرلىك كۆڭۈل بۆلگەن، ئورگان ۋە تۈزۈملەر مۇكەممەل، تەدبىرى كۈچلۈك، ئالدىنى ئېلىش- داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان، دېيىشتى. يىغىندا يەنە بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمىتىگە دائىر سىنئالغۇ فىلىملىرى قويۇپ بېرىلدى. مەملىكەتلىك سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش كۆرگەزمىسى كۆرسىتىلدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا يىغىن ماۋۇلارنى كۆرسەتتى: ئىسلاھات روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، 10 يىلدىن 20 يىلغىچە قەتئىي تەۋرەنمەي تۇتۇپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا سىل كېسەللىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلىشىمىز ۋە يوقىتىشىمىز لازىم. بۇ كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر قايسى جايلار ئالدى بىلەن ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى، ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش پىلانىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئورگانلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەشكىلنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ۋاقىت ئىچىدە بارلىق كەسپىي خادىملارنى پىلانلىق تۈردە بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەپ چىقىشى، ھەر دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلار بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

يىغىن يەنە ماۋۇلارنى كۆرسەتتى: بۇردىن كېيىنكى سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- داۋالاش خىزمىتى جەريانىدا، جايلار سەھىيە تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىپ، سىل كېسەللىكى بىلەن ئورتاق جەڭ قىلىش لازىم. ئېنىقلانغان مىكروب ئېلىپ يۈرگۈچى كېسەللەرنى «ئېنىقلانغاننى چوقۇم داۋالاش، داۋالىغاندا چوقۇم ئۈزۈل - كېسىل بولۇش» پرىنسىپى بويىچە داۋالاش، بىرسى سېزىلسە بىرنى تىزىملاش، شۇ بىرنى ياخشى داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. پۇل ئاز كېتىدىغان، داۋالاش مۇددىتى قىسقا بولغان، ئۈنۈمى ياخشى بولىدىغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدەپ تېپىپ، سىل كېسەللىكىنى جۇڭگوچە، مىللىچە ئۇسۇللار بىلەن داۋالاشنىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش لازىم.

# سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى يولداش سۈي يۆلىنىڭ سۆزى

(قىسقارتىلمىسى)

بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش – داۋالاش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىمىز سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن ۋەزىيەت ئاستىدا چاقىرىلدى، سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش – داۋالاش يالغۇز داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلە. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش – داۋالاش خىزمىتى نەتىجىلىك بولدى، ناھىيىلىك سەھىيە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتلىرىدىكى ئالدىنى ئېلىش بۆلۈم (گۇرۇپپا) لىرى 864 تىن كۆپىيىپ بىر مىڭ 700 دىن كۆپرەككە يەتتى. تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى خادىملاردىن 100 مىڭدىن كۆپ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەپ چىقىلدى. 1984- يىلدىن 1985- يىلىغىچە مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يۇقۇملۇق ئۆپكە سىل كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ھەر يىلى 5% ئەتراپىدىكى سۈرئەت بويىچە ئازايماقتا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى خادىملار بۇنىڭ ئۈچۈن جاپالىق ئەمگىكىنى سىڭدۈردى.

لېكىن بۇ قېتىمقى ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا سىل كېسەللىكى يەنىلا ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىنىڭ سالامەتلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ئاساسلىق كېسەللىكلەرنىڭ بىرى بولماقتا. بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا سىل كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى تېخىمۇ ئېغىر بولماقتا. تۆۋەندە مەن خىزمەتتىكى ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا بىر نەچچە تۈرلۈك پىكىرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن:

1. نامراتلىقنى تۈگىتىش باي بولۇش بىلەن سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاشنى چوقۇم بىرلەشتۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك سەھىيە تارماقلىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات قىلىپ تۇرۇش، سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش خىزمىتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈش، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر تۇتاش تەكشۈرۈش، نامراتلارغا يار-يۆلەكتە بولۇشنى تۈپتىن ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي تەدبىرلىرىدىن بىرى قىلىش، ھەم نامراتلارغا

يار-يۆلەك بولۇش، ھەم كېسەللىكنى داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

2. ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ساقلىقنى ساقلاش سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، ساقلىقنى ساقلاش قىياپىتىدە ياخشىلىنىش بولۇش ۋە خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇشنى مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىكى مۇھىم تەرەپ دەپ قاراش لازىم. سىل كېسەللىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىر ئىجتىمائىي مەسىلە، كەلگەن يەرگە تۈكۈرۈشمۇ بىر ئىجتىمائىي مەسىلە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنىڭ كۈچىسەپەرۋەر قىلىنىپ بىرلىكتە ھەل قىلىنىشى لازىم. پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇش، ھەر قايسى تەرەپلەر ھەمكارلىشىشنى ماسلىشىشنى كۈچەيتىلىشى، مۇددەت بەلگىلەپ ئۈنۈم يارىتىلىشى لازىم. سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش راسخوتى جەھەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى بەلگىلەش، نامراتلىق دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، بەزىلىرىدىن ھەق ئېلىش، بەزىلىرىدىن يېرىمىنى ئېلىش، بەزىلىرىنىڭكىنى كەچۈرۈم قىلىش لازىم. داۋالاش ھەققى جەھەتتە پۈتۈنلەي مەركەزگە تايىنىۋېلىشقا بولمايدۇ، يەرلىكمۇ بىر ئاز چىقىرىشى لازىم، شەخسىيلەرمۇ، كوللېكتىپمۇ، دۆلەتمۇ، جۈملىدىن مەركەز ۋە يەرلىكمۇ ھەممە تەرەپ ئازراقتىن ئۈستىگە ئالسا ئاندىن ئوڭايراق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

3. سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا قەتئىي تەۋرەنمەي خىل قوشۇننى تەربىيىلەپ چىقىش ھەمدە ئۇلارنى زۆرۈر بولغان خىزمەت شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىش لازىم. ھەر قايسى جايلار ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىشى، يېزا-كەنت دوختۇرلىرىغىچە تەربىيىلىشى لازىم. تەشۋىقات قىلالايدىغان، دىئاگنوز قويالايدىغان، داۋالىيالايدىغان، مۇداپىئە قىلالايدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم نۇقتا كەسپىي تايانچلارنى تەربىيىلەش. سىل كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئوبلاست (ئايماق)، ناھىيە (خوشۇن) لار چوقۇم شارائىت ھازىرلاپ سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىقىشى لازىم. ناھىيىلىك سەھىيە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتلىرىدا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمى (گۇرۇپپىسى) قۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتلىرى سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشى، سىياسەتلەرنى بەلگىلىشى، سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۈتۈن ئالدىنى ئېلىش داۋالاش ۋەزىپىسى ۋە ھەر بىر خىزمەت ھالقىلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قاتلاممۇ-قاتلام باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش، كېسەللەرنى ھۆددە ئالىدىغان ئادەم بولۇش، ئېنىقلانغىنىنى چوقۇم داۋالاش، داۋالىغاندىمۇ ئۈزۈل-كېسىل بولۇش، داۋالاپ ساقايتقانلارنى مۇكاپاتلاش، ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغانلارنى توختام بويىچە جازالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

4. سوتسىيالىستىك ھەمكارلىق روھىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا بىر تە-

رەپتىن سەھىيە تارماقلىرى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ ماسلىشىشى، يەنە بىر تەرەپتىن سەھىيە تارماقلىرىنىڭ ئىچىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئانا - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، ھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار، سىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كەسپىي ئورگانلىرى، پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرى ھەمدە بىئولوگىيىلىك ياساش ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىككى باشنى ياخشى تۇتۇشقا دىققەت قىلىش لازىم، بىر باش يەتتە ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا سىل كېسىلى ۋاكسىنىسى ئەملەش، بولۇپمۇ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا سىل كېسىلى ۋاكسىنىسى ئەملەشنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇش، بىرەرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىق ھەمدە بەلگىلىمە بويىچە قايتا ئەملەش لازىم. يەنە بىر بېشى باكتېرىيە ئېلىپ يۈرگۈچى كېسەل كىشىلەرنى ئۈزۈل - كېسىل داۋالاش، پۈتۈن جەريانىنى سۈپەتلىك، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. سىل كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ بىر قەدەر قېلىپلاشقان، داۋالاش سۈرىكىنىڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا ھەممىسىنى دوختۇرخانىغا يېتىپ داۋالاش مۇمكىن ئەمەس. ئائىلە كېسەل كارتوتېكىسى تەسىس قىلىپ كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۆيىدە داۋالانسا ياخشىراق. پەن - تەتقىقات تارماقلىرى ئاساسىي قاتلاملارغا يۈزلىنىشى، ئەمەلىي قوللىنىش ئۈچۈن، جىددىي زۆرۈرىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، يېڭىچە دىئاگنوز تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىشى، ئاددىي، ئىشلەتچەلىك، تېز دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزلىنىش لازىم، داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى، قوشۇمچە تەسىرى ئاز، باھاسى ئەرزان يېڭى تىپتىكى سىل كېسەللىكى دورىلىرىنى ئاكتىپ تەتقىق قىلىپ، ياساپ چىقىش لازىم. جۇڭگوچە داۋالاش، جۇڭگوچە دورا بىلەن جۇڭگوچە - غەربچە بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ يېڭىچە داۋالاش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش لازىم. چەتئەللەردە قىسقا مۇددەت ئىچىدە داۋالاش لايىھەسى قوللىنىلماقتا، ئۇنى ئەينەك قىلىشقا ياكى كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ۋاقتىدا يەكۈنلەش ۋە كېڭەيتىش لازىم. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بەش - ئون يىل جاپالىق كۈرەش قىلىدىغانلا بولساق مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا سىل كېسەللىكىنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلغىلى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ چوڭ زېمىندا نامراتلىق، قالاقلىقنىڭ ئىزناسىنى بىر قەدەر تېز تۈگەتكىلى بولىدۇ. بۇنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتتىكى بىر چوڭ ئىش دېيىشكە بولىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، چوقۇم غەلىبە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزى

## (قىسقارتىلمىسى)

سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ قەشقەردە چاقىرغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سىل كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش يىغىنى بۈگۈن باشلاندى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن يولداشلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى ۋە سىلەردىن سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىدىكى ئەڭ چەت بىر جاي بولۇپ، يېرى ناھايىتى كەڭ، كۆلىمى مەملىكىتىمىز ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ جايدا 13 قېرىنداش مىللەت ئىناق ياشىماقتا. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى. داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش شارائىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى. لېكىن ئىقتىسادىي مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق بولۇشتەك تارىخىي سەۋەب تۈپەيلىدىن، داۋالاش - سەھىيە خىزمىتىمىزدە تېخى خېلى كۆپ ئاجىزلىقلار بار. بۇ ئاساسەن قابىلىيەتلىك خادىملار كەمچىل بولۇش، داۋالاش تېخنىكا سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇش، داۋالاش ئەسۋابلىرى قالاق بولۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدا سىل يۈز بېرىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى. بۇ ئەھۋال 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، شىنجاڭنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا پايدىسىز.

بۇلتۇر، سەھىيە مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئۈرۈمچىدە چاقىرغان مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمەت سۆھبەت يىغىنىنىڭ سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە كۆپ ياردىمى ۋە تۈرتكىسى بولدى. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سەھىيە مەمۇرىيىتى تارماقلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئايرىم-ئايرىم مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، بۇ رايونلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش جەھەتتىكى كۆيخۇالىرىنى تۈزۈپ چىقتى، ئاكتىپ چارە قوللىنىپ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش راسخوتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ئۇسكۇنىلەرنى تولۇقلىدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى چىڭ تۇتۇشقا بەل باغلىدى. ھازىر، ئاپتونوم را-

# مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە چاقىرىلدى

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى جەمئىيىتى، شىنجاڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى بىرلىشىپ، 1986-يىلى 8-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى چاقىردى.

مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ قېتىمقى يىغىنغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فىلىڭ داجىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەرجىمە قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئىمىنوپھامىت، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەخەممەت ئىمىن يۇسۇپ، قەشقەر ۋىلكومنىڭ شۇجىسى گوگالىڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق،

---

يون بويىچە سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى پىلان بويىچە پائال قانات يايماقتا.

بۇ قېتىم مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمەت يىغىنىنىڭ قەشقەردە چاقىرىلىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىملىق تۈرتكە بولغۇسى. بۈگۈن يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ئىچىدە، بەزگەك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش سېپىدە ئىشلەۋاتقان مۇتەخەسسىس-پروفېسسورلار، سىلنىڭ ئالدىنى ئېلىش سېپىدە جاپالىق ئىشلەۋاتقان تېخنىكلار بار. سىلەرنىڭ مول نەزەرىيىۋى بىلىم ۋە ئەمەلىي تەجرىبەڭلار بار. مەن بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شىنجاڭلىق يولداشلار بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى قەدىرلەپ، قېرىنداش ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىنى ياخشىلاشتىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلا بولساق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا داۋالاش خىزمىتى چوقۇم كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

# يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزى

## (قىسقارتىلمىسى)

مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، يولداشلار:

ئازكەم ئۈچ يىل پائال تەييارلىق كۆرۈش نەتىجىسىدە، مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ، مۇئەللىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئانا يۇرتى قەدىمىي شەھەر قەشقەردە ئېچىلدى.

مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ جەۋرى - جاپادىن باش تارتماي مۇھاكىمە يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەر قايسى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەردىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت مۇتەخەسسىس - ئالىملارغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئۇيغۇر مىللىتى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇلار جۇڭخۇا ۋەتەن زېمىنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى يارىتىشتا ئۇلۇغ تۆھپە قوشقان. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى جەۋھەرلەرنىڭ بىرى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىپتىخارى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىخارى.

---

مۇئاۋىن ۋالىيسى ئىبىسا شاكىر قاتارلىق رەھبەرىي يولداشلار ۋە مەملىكەت بويىچە ئاتاقلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەردىن شىڭبىنسى، ۋاڭ پىڭفەن، ليۇكويلى قاتارلىقلار ۋە ئىچكىرى ئۆلكە، ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەر، تەتقىقات ئورگانلىرىدىن، قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ جەمئىي 143 نەپەر ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 13 نەپەر ئازسانلىق مىللەت ۋەكىلى، 13 نەپەر ئايال ۋەكىل، 27 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار، 50 نەچچە نەپەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار، 100 دىن ئارتۇق ھەۋەسكارلار بار.

يىغىندا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەر، ھەر قايسى جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتىنى بايان قىلدى. ئۇلار بىردەك: «قۇتادغۇبىلىك» 11 - ئەسىردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ يېزىپ چىققان بۈيۈك ئەسەر، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك گۆھەر دەپ قارىدى. «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىشنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش جەھەتتە چوڭ رولى بار.

پارتىيىمىز ئەزەلدىن تارتىپ مىللىي مەدەنىي مىراسلارنى قەدىرلەيدۇ. ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە كۆڭۈل بۆلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كېلىپ مىڭ يىلغا يېقىن تارىخنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى بۈگۈنكى كۈندە مۇئەللىپىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىنىڭ پايتەختى بولغان بېيجىڭدە رەسمىي نەشىردىن چىقالىدى. ھازىر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مىراسلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلدى.

ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلىگەن شىنجاڭ خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا كۆپلىگەن دۇنياۋى ئىشلار بىلەن باغلانغان. «يىپەك يولى» تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن كېسىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە، شىنجاڭ دۇنيانىڭ شەرقىي بىلەن غەربىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى قاتناش لىنىيىسىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىتئەنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ تۇرغان.

شۇڭلاشقا، شىنجاڭ توغرىسىدىكى تەتقىقات، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە مۇئەييەن دۇنياۋى ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. بۇ، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭغا ئائىت ھەر قايسى تەتقىقات مەزمۇنلىرىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەھمىيىتى دەل ئەنە شۇ يەردىكى، ئۇ، بىزنىڭ 11-ئەسىردىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا، بىزنى قىممەتلىك ھۆججەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى قاراخانىلار سۇلالىسى يۈزلەنگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەتكە ئائىت بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە يۈرگۈزگەن چوڭقۇر تەپەككۇرلىرىدىن، ئۇنىڭ ئەل ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن باش قاتۇرغان يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەر روھىنى ھەم ئۇنىڭ بىلىم، مەرىپەت ۋە پەن — تېخنىكىنى قەدىرلەيدىغان ئېسىل خىسلىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىمىز ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ۋەتەن زېمىنىنى ئورتاق بەرپا قىلغان ھەم جۇڭخۇا تارىخىي ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تۇپ پاكىتنى ئۆزىگە خاس بىر جەھەتتىن دەلىللىگەن.

شۇڭلاشقا، «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش غايەت زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئېنىق، سىياسىي ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقى-

قاتتىق قانات يايدۇرۇش—پۈتۈن مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېلىمىز تارىخىي ھەم مەدەنىيىتىگە قوشقان غايەت زور تۆھپىسىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدىكى خوجايىنلىق تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. شۇ ئارقىلىق چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز، شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز چوقۇم توغرا پرىنسىپ ۋە توغرا ئۇسۇلغا ئەمەل قىلىشى ھەم توغرا يەكۈنگە ئېرىشىشى لازىم.

ۋەكىللەر، يولداشلار!

بىز ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى—ئەھمىيىتى چوڭقۇر يىغىن. ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى يىغىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كۈندىن-كۈنگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى جەريانىدىكى بىر يېڭى باشلىنىش بولۇپ قالغۇسى. مەن بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرغان، ئىلمىي ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرغان، پارتىيىنىڭ پارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغان يىغىن بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەم يىغىنغا قاتناشقان ھەر مىللەت ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دادىل ئىزدىنىش روھى بويىچە ساغلام، ئوچۇق ھەم ئىناق كەيپىياتتا ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي كۆز قاراشلىرىنى ئالماشتۇرۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. يىغىنىمىز جۇشقۇن، جانلىق، ئىتتىپاقلاشقان دېموكراتىيە ۋە ئىلمىي پۇراق ئۇرغۇپ تۇرغان يىغىن بولۇپ قالسۇن.

«قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى كىشىلەرگە ئىلھام بېغىشلايدىغان بىر باشلىنىش. ئۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئېلىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك»نى ئاساسىي تېما قىلغان كۈچلۈك بىر تەتقىقات قوشۇنى كۈندىن-كۈنگە شەكىللەنمەكتە. بۇ تەتقىقات قوشۇنىدا ئىلىم-بىلىمى مۇكەممەل مۇتەخەسسىسلەر بار. شۇنداقلا، بېجىرىم، كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئالىملارمۇ بار. بۇلاردىن باشقا يەنە، ئىلىمگە قاتتىق ئىنتىلىۋاتقان ياش ئىلمىي خادىملارمۇ بار. مۇشۇنداق بىر تەتقىقات قوشۇنىغا ئىگە بولغىنىمىز ئۈچۈن، بىز شۇنداق ئىشەنچ تىكلىيەلەيمىزكى، يېقىن كەلگۈسىدە «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىز ئېلىمىز ئىلىم ساھەسىدە كەڭ تەسىر قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارادىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ئابرويىغا مۇناسىپ تەسىر قوزغايدۇ ھەم ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ.

ئاخىرىدا، شۇ ئارزۇيۇمنى ئىزھار قىلىمەنكى، ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ دۇنياغا ئىبرەتلىك گۈللىرى زامانىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات گۈلزارلىرىدا تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلىپ، گۈللەپ ياشنىسۇن!

يىغىنىمىزنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى تىلەيمەن!

ۋەكىللەرنىڭ سالامەتلىكىنى تىلەيمەن!

# يولداش فىڭ داجىننىڭ سۆزى

## (قىسقارتىلمىسى)

مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن ئاياغلاشماقچى. يىغىن مەزگىلىدە، ھەر مىللەت ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلىرى دادىل ئىزدىنىش روھى بويىچە ئەستايىدىل، ساغلام ۋە ئەركىن ھالدا «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئەسەرنى تەتقىق قىلىش داۋامىدىكى تەسىراتى ۋە چۈشەنچىلىرىنى ئالماشتۇردى، ئۇنىڭدىكى كەڭ مەزمۇن ۋە چوڭقۇر ئىدىيە ئۈستىدە ئەتراپلىق ھالدا كۆپ قاتلامدا مۇھاكىمە، بايان ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى. يىغىن باشتىن ئاخىر ئىلمىي دېموكراتىيىچە كەيپىيات، سەمىمىي ئىتتىپاقلىق كەيپىياتى بىلەن تولۇپ، پارتىيىنىڭ ھەممە گۈللەر بەس-بەستە ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس - بەستە سايراش فاڭجېنى كەۋدىلەندۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتۇق.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى جەھەتتە نۆۋەتتىكى سەۋىيىنى ئەكس ئەتتۈردى. يىغىندا ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرى تاپشۇرغان 100گە يېقىن ئىلمىي ماقالە، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى مول مەزمۇن ۋە چوڭقۇر ئىدىيەلەرنى كەڭ تۈردە بايان قىلدى، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى ئۈستىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى نامايان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يىغىن دۇنياغا شۇنى تونۇتتىكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋەتىنىدە، ئۇنىڭ ئەسىرى تېخىمۇ كەڭ ئېتىبارغا ۋە قەدىرلەشكە ئېرىشتى. ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ قېتىمقى يىغىن مەملىكىتىمىزدە كەسپىي تەتقىقات خادىملىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقات قوشۇنى شەكىللىنىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلىپلا قالماستىن، «قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىشقا ئىرادە باغلىغان ئاز سانلىق مىللەت تەتقىقات قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنىمۇ نامايەن قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە، بۇ قوشۇندىكى پېشقەدەم ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر بىلىم ۋە تەتقىقاتتا تۇتقان ئەستايىدىل پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى. ئوتتۇرا ياشلىق ئالىملار تىرىشچانلىق ۋە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىشتەك روھىنى ئىپادىلىدى، ياش يولداشلار جانلىق ئىدىيىسى ۋە ئۆز ھاياتىنى ئىلىم - پەنگە تەقدىم قىلىشتەك قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى، ماندا بۇ شۇ تىسىمان قوشۇننىڭ مەيدانغا كېلىشى، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا ئۈمىد ۋە ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كېلىپ، كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان مەنزىرىنى نامايەن قىلدى.

قىسقىسى، بۇ قېتىمقى يىغىن، مەملىكىتىمىزنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدىكى يېڭى باشلىنىش بولۇپ قالغۇسى. ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تەشۋىقاتى ۋە سەپەرۋەر قىلىشى، شۇنداقلا خەنزۇ يېزىقىدىكى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەشرى-

دىن چىقىش ئارقىسىدا، «قۇتادغۇبىلىك» ئەتىقادىدا تېخىمۇ كۆپ ئەتىقاد ئىپادىلىرى مەيدانغا كېلىپ تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگۈسى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور نامايەندە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان ئاجايىپ زور تۆھپە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك گۆھەر. 13 مىڭدىن ئارتۇق مىسرادىن تەركىب تاپقان، يۈكسەك بەدىئىيلىككە ۋە پەلسەپىۋىلىككە ئىگە، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن باشقا مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈرگەن بۇ بۈيۈك ئەسەر كۆپ جەھەتتىكى ئاجايىپ مۆجىزە قىممەتلەرنىڭ نامايەندىسىدۇر، كۆپ تەرەپلىملىك تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە، جۇڭگونىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى بۈيۈك شائىر، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرى قاراخانىلار خانىدانلىقىنىڭ گۈللىنىشتىن ھالاكەتكە قاراپ ماڭغان بۇرۇلۇش دەۋرىدە يېزىلغان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئالدىدا، قاراخانىلار خانىدانلىقىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ چىققان ھەمدە شۇ ئارقىلىق ھالاكەتكە يۈز تۇتقان خانىدانلىقنى قۇتقازماقچى بولغان.

ئۇنىڭ لايىھىسى بىلىم، ئەخلاق، قانۇن، دۆلەت باشقۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل. ئۇ، كىشىلەرنىڭ توغما ئەقلىي بىلىمى ئارقىلىق قوزغىتىلىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئەخلاق بىلەن تىزگىنلىنىدۇ، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتى قانۇن بىلەن تىنىچ تۇرىدۇ. بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ چەكلىمىسىگە يالغۇز پۇقرالارلا ئۇچراپ قالمايدۇ. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، ھۆكۈمرانلارنى شۇ ئارقىلىق چەكلەش كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ كۆز قاراش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي ئادىللىق، ئىجتىمائىي باراۋەرلىك، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئارزۇيىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان ۋە خىزمەت قىلغان قاراخانىلار دەۋرى ئۇيغۇرلار 9 ... ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرغان ئاساسلىق ھاكىمىيەت دەۋرى بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى رايونلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دېڭىز ئەتراپىدىكى رايونلارغا ئۇزۇن يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇ ئۇيغۇر تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ قالماستىن پۈتكۈل جۇڭگو تارىخىدىمۇ مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى سۇڭ سۇلالىسى، لياۋ سۇلالىسى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە زىچ ئالاقىسى بار ئىدى. قاراخانىلار خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى دەل شەرق ۋە غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان قۇرۇقلۇق يولى «يىپەك يولى» نىڭ تۈگۈنىدە بولغاچ، ئۇ شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇشتىكى مەركىزىي رايون بولۇپ قالغان، مانا بۇلار، «قۇتادغۇبىلىك»نى جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلىش، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تۈپ كېلىش مەنبەسى قىلىش، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئاكتىپ ئامىللارنى قوبۇل قىلىشتەك ئىچمۇ بتىش خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

«قوتادغۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن مۇددەت كۆمۈلۈپ قالغان ۋە ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن. ئۆتكەن ئەسىرگە كەلگەندە، بەزى مول بىلىملىك چەتئەل ئالىملىرىنىڭ تىرىشچانلىقىدا دۇنياغا تونۇلدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەملىكىتىمىزدىمۇ بۇ ئەسەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىنماي كەلگەنىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنى سىياسىي جەھەتتە ناھەقچىلىقنى تۈزەتكەندىن كېيىنلا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ پۈتۈن ئالەمگە نۇرىنى چاچتى. 1983 - يىلى بۇ ئەسەر ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭدا نەشىردىن چىقىپ تارقىتىلدى. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش، شۇنداقلا ئىلمىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى بىر چوڭ ئىش. ئۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ «قوتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس سالدى ۋە شەرت - شارائىت يارىتىپ بەردى.

بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزدا «قوتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق ۋە خۇشاللىنارلىق قەدەملەرنى باستۇق. شۇنداقتىمۇ، بۇ پەقەت بىر باشلىنىش. خەلقئارا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ «قوتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە قويغان تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرساق بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزنىڭ چوڭقۇر بولمىغانلىقىنى، بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ «قوتادغۇبىلىك» مەيدانغا كەلگەن جاي بولۇش سالاھىيىتى بىلەن تولىمۇ ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تەشكىللەپ، پىلانلىق، تەشكىللىك ۋە سىستېمىلىق ھالدا «قوتادغۇبىلىك» نىڭ مول مەزمۇنى ئۈستىدە كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز ھەمدە بۇ ئاساستا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇلۇغ ئەنئەنىلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىلىرىنى ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. بۇ ئەدەبىيات، نەزەرىيە ساھەسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. مەن بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن ھەر مىللەت تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ چوقۇم ئۈزلۈكسىز ھالدا ئورتاق تىرىشىپ، ئۇزۇنغا قالمىغان ۋاقىت ئىچىدە مەملىكىتىمىز «قوتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا دۇنيا بويىچە ئالدىدا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا ئىشىنىمەن.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلىرى كىشىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇپ، پەزىلىتىنى چېنىقتۇرۇپ كەلدى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كەڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئويناپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە بىز «قوتادغۇبىلىك» ئۈستىدە تەتقىق ئېلىپ بېرىشىمىزدىن مەقسەت، ئۇنىڭدىكى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشكە، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بارلىق ئاكتىپ ئىدىيە ۋە روھلارغا دۆلەت، مىللەت، جەمئىيەت، خەلققە پايدىلىق بارلىق ئاكتىپ ئىدىيە ۋە روھلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاق قىلىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى ئاتلى-

نىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىتىشتىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمىز ۋە ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىمىزدىن دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پرىنسىپقا داۋاملىق ئەمەل قىلىپ، تارىخىي مەسىلىنى تەتقىق قىلىشتا ئۈزۈپ قويماي تارىختىن ھالقىپ كەتمەي، قەدىمكىلەرگە زامانىۋى كۆز قاراشنى تاڭماي، ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلغان ھالدا، ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا، ئادىل تۈردە زورمۇ - زور قوشۇپ قويمىغان ھالدا باھا بېرىشنى، مېغىزنى ئېلىپ شاكىلىنى تاشلىۋېتىشنى تەتقىقاتىمىزنى ھەقىقىي ئىلمىي ئاساسقا تۇرغۇزۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىلمىي دېموكراتىيىنى داۋاملىق جارىي قىلدۇرۇشىمىز، پارتىيىنىڭ ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىم بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى ۋە پۈتكۈل ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى ياخشى قىلىشىمىزنىڭ مۇھىم سىياسىي كاپالىتى. ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىدىكى دادىل ئىزدىنىش ۋە ئەركىن مۇنازىرە قىلىشنى قوللىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشىمىز، ئىلمىي تەتقىقات ئەركىنلىكى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكى، مۇنازىرە ئەركىنلىكى ۋە تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد ئەركىنلىكىنى ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇپ، ئەنئەنىۋى تەتقىقات خىزمىتىنى راسا جانلاندۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تىنچ، ئىتتىپاق مۇھىت ۋە دېموكراتىك ئىناق كەيپىياتنى يارىتقىلى، نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنى ئەدەبىيات تەتقىقاتى دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كېتىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا زور بۆسۈش بەرپا قىلىش-قىلالماسلىق— ئېلىمىزدىكى كۆپ خىل پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە باغلىق. بۇ بىزدىن ھەر قايسى ئالاقىدار ساھەدىكى خادىملارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك تەتقىقات پىلانى تۈزۈپ چىقىپلا قالماستىن، بەلكى ماكرو جەھەتتىكى دائىرە ۋە مىكرو جەھەتتىكى تېمىلارنى تۈزۈپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق تەتقىقات خىزمىتىنىڭ نىشانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

يولداشلار، قەشقەر ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخقا ئىگە داڭلىق شەھەر بولۇپ، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئالمىشىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى شەرەپلىك تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارىي قىلدۇرۇپ، بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخنى ۋە پارلاق مەدەنىيەتنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنى ئۈچ يىل ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش لازىم. ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇشنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن ۋە يولداشلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى تىلەيمەن!

# يولداش ئىمىنوپ ھامىتنىڭ سۆزى

## (قىسقارتىلمىسى)

ۋەكىللەر، يولداشلار:

مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن باشلاندى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ يىل ئۆتكۈزۈلگەن 7-قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى بىر چوڭ ئىش، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى چوڭ ئىش. پروفېسسور شىڭ بىسى، يولداش ۋاڭ يىڭگەن، پروفېسسور لىيۇ كۇيلى باشچىلىقىدىكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۈكسەك ئابرويغا ئىگە ئالىم - مۇتەخەسسىلەر يىراق - يىراقلاردىن كېلىپ، بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزغا قاتناشقانلىقى — بىز ئۆتكۈزۈۋاتقان مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئىلىم - پەن ساھەسىدە قىزغىن ئىنكاس ۋە ئېتىبار قوزغىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەيمەن!

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى. ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى يارقىن نەمۇنىلەردىن بىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور مۆجىزە.

لېكىن، ئۇزۇن تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، زامانىمىزنىڭ پەردىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نى ئۇزۇن ئەسىر كىشىلەردىن ئايرىپ قويدى. ئازادلىقتىن كېيىنمۇ سول لۇشيەننىڭ كاساپىتى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپقا يوق گۇناھلار ئارتىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز سىياسىي جەھەتتە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشىدى، شۇنىڭ بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كېلىپ 500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن پايتەختىمىز بېيجىڭدا نەشىردىن چىقتى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەشىردىن چىقىشى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى بىر چوڭ ئىش، شۇنداقلا ئېلىمىز ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى بىر چوڭ ئىش. چۈنكى بۇ ئەسەر 11 - ئەسىردىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىشىمىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شۇسەۋەبلىك، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مول چوڭقۇر مەزمۇنى ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرە ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ قارىغان مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان جىددىي ۋە مۇشكۈل ۋەزىپە، بىز «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا روشەن بىر

# يولداش گوگاڭنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدىكى سۆزى

## (قىسقارتىلمىسى)

مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن غەلىبىلىك يېپىلىش ئالدىدا تۇرۇۋېتىدۇ. بۇ سەلتەنەتلىك يىغىن تامام بولۇش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتتا، مەن ج ك پ قەشقەر ۋىلكومى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە نامىدىن بۇ مۇھاكىمە يىغىنىغا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن بىرلەشمە جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللىي ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىنىڭ رەھبەرلىرى، مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە مېھمانلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن، بۇ يىغىننىڭ قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىسىنى، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە داۋامىدا «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئۈچۈن قوشقان ئاكتىپ تۆھپىلىرىنى تەبرىكلەيمەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ غايەت زور ئۇلۇغ ئەسەر 11- ئەسىردىكى قەشقەردە مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى مول پەلسەپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، قانۇن - تۈزۈم، ئەخلاق، ئىستىتىكا، پەلسەپە قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بىزنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەر رايونى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تونۇشىمىزدىكى مۇھىم ھۆججەت. ھەرقايسىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەتقىقاتى، ئېلىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئىلگىرى

يېتەكچى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەكىتلەيمىز. ئۇ بولسىمۇ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىنىشى لازىم، شۇنداقلا تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ، توغرا ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش، شۇ ئارقىلىق ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەشكە، ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىمىز جۇڭخۇانى بەرپا قىلىش داۋامىدىكى رولى ۋە تۆھپىسىنى تونۇتۇش، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدىكى خوجايىنلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش، تېخىمۇ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغىتىش تەتقىقاتىمىزنى ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنى قايتا ياساش قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىندى

ئېلىمىزنىڭ 11 - ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىغا مىڭ يىلدىن ئاشقان بولۇپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تولۇق قېزىش، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1986 - يىلى بىر مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنى قايتا ياساشنى قارار قىلدى.

1986 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مىڭغا يېقىن كادىر ۋە ئىشچى-دېھقان ئاممىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ئورنىغا بېرىپ، مازارنى قايتا ياساش قۇرۇلۇشىغا ئۇل بېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فىڭ داجېن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، «قۇتادغۇبىلىك» نى تەرجىمە قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمىنوپ ھامىت ۋە قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ رەھبەرلىرى ئۇل بېسىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. قەشقەر ۋىلكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇردىيلىق، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ مەنىۋى مىراسنى تېخىمۇ كۆپ ئادەم چۈشىنىپ، مۇئەللىپنىڭ ئابرويى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىمۇ تېزلىتىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قەشقەردە ئېچىلىشى مېنى تېخىمۇ خۇشال قىلماقتا.

مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت پائالىيىتى ئۈستىدە بىلىدىغانلىرى مەندىن كۆپ، مېنىڭ ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇشۇم ھاجەتسىز. لېكىن شۇنى تەكىتلەپ قويغۇم كېلىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇندا تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى قەشقەردە بولغان ۋە قەشقەردە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەر خەلقى ئۇنى قەشقەر تۇپرىقىغا قويغان. قەدىمىي قەشقەر بىز ئۈچۈن بىر ئۇلۇغ كىلاسسىك شائىرنى يارىتىپ بەردى. مەن بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر، ۋە ئالىملارنىڭ مۇئەللىپنىڭ ھاياتى، ئىجادىيەت پائالىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە بىزگە كۆپلەپ دەرس بېرىپ، بىزنى بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئىگە قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرى

## ۋىلايەت ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، ھەرمىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى

1987 – يىلى 1 – ئاينىڭ 19 – كۈنىدىن 24 – كۈنىگىچە، ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىردى. ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرى، ناھىيە ( شەھەر ) لىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، يېزا ( بازار ) لارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، باشقارما، ئىدارە ۋە ناھىيە ( شەھەر ) دىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 487 نەپەر ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىن مەزگىلىدە، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، يىپەك زاۋۇتى، كۇئېنلۇن يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، قەشقەر شەھەرلىك تېرە-كۆن زاۋۇتى، ماي - خىمىيە زاۋۇتىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە ۋىلايەتلىك 2-قېتىملىق يەرلىك سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىنى كۆردى؛ ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش شۆي شياۋچىڭنىڭ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون چاقىرغان يېزا خىزمەت

---

مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى، مۇراسىمدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر لېنتا كېسىپ، ئۇل تاشقا توپا يۆلىدى. يولداش تۆمۈر داۋامەت يىغىندا سۆز قىلدى، ئۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋاپات بولۇپ 1000 يىلدىن كېيىنكى كۈندە، ۋەتىنىمىزدە ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلاندى، دېدى. تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(«قەشقەر گېزىتى» دىن)

يىغىنلىرىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش دوكلاتىنى ئاڭلىدى؛ ۋىلكومنىڭ شۇجىسى يولداش گوگاڭنىڭ ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمىسىگە ۋاكالىتەن بەرگەن «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىنتىزاملىقنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 1987- يىلى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بەرپا قىلىشتا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار مۇزاكىرە ئارقىلىق بىردەك: يولداش گوگاڭنىڭ دوكلاتى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەش روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە ئالغا ئىنتىلىشكە ئۈندەيدۇ دەپ قارىدى. كۆپچىلىك بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، يىغىن بەلگىلىگەن ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1- ئاينىڭ 24- كۈنىدىكى يېپىلىش مۇراسىمىدا، 1986- يىلى ئىقتىسادىي خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغان پوسكام، مەكىت، پەيزاۋات، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق بەش ناھىيە (شەھەر) ۋە 23 ئىلغار يېزا (بازار)، شۇنداقلا ئون ئىلغار كارخانىنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شۈيشياۋچىڭ تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارنى ئوقۇپ چىقتى. ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبىرى ئىلغار ئورۇنلارغا بايراق ۋە مۇكاپات سوممىسى تارقاتتى. ئارقىدىنلا، ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى كۆز قاراشنى يېڭىلاش، يېڭىلىق يارىتىش، دادىل ئېچىۋېتىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى بولدى. رەھبەرلىكنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى، نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جىددىي، مۇھىم ۋەزىپە. تارىختىن مىراس قالغان فېئودالىزم ۋە ئۇششاق يېزا ئىگىلىكىدىن شەكىللەنگەن كونا ئۇقۇم-نەزەر، كونا ئادەتلەرنى قەتئىي بۇزۇپ تاشلىغىنىمىزدىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى ئۇقۇم-نەزەرنى تىكلىيەلەيمىز، سىرتقا قارىتا يەنىمۇ ئېچىۋېتەلەيمىز، يېزا ۋە شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرالايمىز، ئىقتىسادىي خىزمەتنى جانلاندۇرالايمىز. يىغىن، ئىككى يىلدىن بۇيان ۋىلايىتىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەرەققىيات ئاساسىدا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى يولىنى ئىزدىنىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى يېڭى پەللىگە چىقىرىش، «7- بەش يىللىق پىلان» ئۈچۈن زاپاس كۈچ توپلاش، «8- بەش يىللىق پىلان» ئۈچۈن ئاساس سېلىش، سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى مۇددەتتىن بۇرۇن 1990- يىلى ئىككى قاتلاشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىغا يەتكۈزۈش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

(«قەشقەر گېزىتى» دىن).

# تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 1987- يىلى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى

**— يولداش گوگاڭنىڭ ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتى**
**(1987- يىلى 22- يانۋار)**

يولداشلار:

1987- يىللىق باھار بايرىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى يېڭى سەپەرگە قەدەم تاشلىغان پەيتتە، بىز ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپتىمىز. بۇ قېتىمقى يىغىنىنى 1986- يىللىق خىزمەتلەر ئەسلەپ ئۆتۈلىدۇ، بىر يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر كۆرەك قىلىنىدۇ، تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىدۇ، ئىلغارلار تەقدىرلىنىدۇ، 1987- يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ بىزنىڭ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر مەن ۋىلكومغا ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بېرىمەن.

## بىرىنچى، ۋىلايىتىمىزنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى ۋەزىيىتى

نۆۋەتتە ۋىلايىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولماقتا، شەھەر - يېزىلاردا ئىتتىپاق بولۇش، گۈللەپ ياشناشتىن ئىبارەت خۇشاللىنارلىق مەنزىرە بارلىققا كەلمەكتە. ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇشى مۆلچەرىمىزدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۆتكەن يىل ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىگەن بىر يىل؛ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى مۇقىم، تۇدا تەرەققىي قىلىپ، ھەر قايسى سەپلەردە خۇشخەۋەرلەر تۇشمۇ - تۇشتىن كېلىپ تۇرغان، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىر مىليارد 263 مىليون يۈەنگە يېتىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە 1980- يىلدىكىدىن بىر قاتلاش مۇددەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن 10% ئاشۇرۇلغان بىر يىل؛ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان ھەمدە يېڭى سەۋىيىگە قەدەم قويۇلغان بىر يىل؛ ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشقان، جەمئىيەت تېخىمۇ تىنچ بولغان، خەلق تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلانغان، نامراتلىقتىن قۇتۇ-

لۇپ، بېيىش خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولغان بىر يىل؛ پارتىيە ئىستىلى ۋە جەمئىيەت كەيپىياتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلگەن بىر يىل، قىسقىسى، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر يىل بولدى. بۇلار تۆۋەندىكى تەرەپلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى:

1. ئۆتكەن بىر يىل ۋىلايىتىمىزدە چوڭقۇر تارىخىي تەسىر قوزغايدىغان بىر قاتار ئىشلار بولغان بىر يىل بولدى. گوۋۇيۈەن 1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، خونجىراپ ئېغىزىنى باشقا دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىشنى قارار قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ غەمخورلۇقىدا، جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى قىسمىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلىنىپ، «يىپەك يولى» نى يېڭىباشتىن ئېچىشىمىز، تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز ئۈچۈن كەڭ ئىستىقبال قايتىدىن ئېچىلدى. 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان پوسكام نېفىتلىكىدىكى ئۈچ قۇرۇلۇشتا ئىش باشلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىگە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىنىدى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئاپتوم رايون قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى كېڭىشىپ بېكىتتى، تەرەققىيات پىلانىنى تۈ-

زۈپ چىقتى. ئارقىدىنلا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەنگە يوللاپ ۋىلايىتىمىزدىكى يېڭىسار، كونىشەھەر ۋە تاشقورغان ناھىيىلىرىنى مەملىكەت بويىچە يار - يۆلەكتە بولىدىغان نۇقتىلىق ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشنى تەستىقلاتتى. تاشقى ئىقتىسادىي سودا مىنىستىرلىكى قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇدىن ئىبارەت ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئۆزى مۇستەقىل تىجارەت قىلالايدىغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا شىركىتى قۇرۇشنى رەسمىي تەستىقلىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ۋىلايىتىمىزدىكى پوسكام ناھىيىسىگە تۇنجى بولۇپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە دەپ نام بېرىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلار بىزگە ئۈچ يىل ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ئۈچ يىل ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش چاقىرىقىنى چىقاردى. بۇلتۇر 9 - ئايدا لەنجۇ ھەربىي رايونى ۋە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون قەشقەردە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى. يىل ئاخىرىدا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، قەشقەر شەھىرى مەملىكەت بويىچە تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە مەشھۇر شەھەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1986 - يىلى بولغان ياخشى ئىشلار ھەقىقەتەن كۆپ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇقى. بۇ، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە غايەت زور ئىلھام بولدى. قەشقەر ئىلگىرىكىنىڭ كۆللىنىپ-

شىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. ئۇ يەنە ئىلگىرىلىگەن ھالدا قەشقەرنى ئېچىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، ئىتتىپاقلاشقان، ئاۋات، باي، مەدەنىيەتلىك قەشقەر قۇرۇشتا چوڭقۇر تارىخىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

2. ئۆتكەن يىل ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىدىيىدە داۋاملىق بۆسۈش ياسىغان ھەمدە يېڭى قەدەم تاشلىغان بىر يىل بولدى. بىر يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە كەڭ كادىرلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتە بۆسۈش ياسىشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىدىيىسى تېخىمۇ بىرلىككە كەلدى، قەدىمى تېخىمۇ بىردەك بولدى. نۇرغۇنلىغان رەھبىرىي كادىرلار نوقۇل ھالدا يېزا ئىگىلىكىنىلا تۇتۇشتىن ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودىنى تەڭ تۇتۇشقا قاراپ ئاكتىپ بۆسۈش ياسىدى. نۇرغۇنلىغان رەھبىرىي كادىرلار بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك كونا كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلىكتە تۇتۇشتىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىكىنىڭ يېڭى ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى تىكلىدى. ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى. نۇرغۇنلىغان رەھبىرىي كادىرلار مەھسۇلات ئىگىلىكىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت كونا يولدىن بۆسۈپ چىقىپ، تاۋار ئىگىلىكىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت يېڭى يولغا كىرىپ، بازار، ئۇچۇر، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، تاۋار ئىگىلىكى كۆز قارىشىنى تىكلەشكە باشلىدى. نۇرغۇنلىغان جايلاردا بېكىنمە بولۇش تىپىدىن ئېچىۋېتىش تىپىغا ئۆزگىرىش ياسىلىپ، توغرا لىنىيىلىك ئالاقە پائال راۋاجلاندۇرۇلۇپ، مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈشنى خالىمايدىغان ئەھۋاللار مەلۇم دەرىجىدە تۈگىتىلىشكە باشلىدى، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يوللىرى تېخىمۇ كېڭەيتىلدى، ئۇسۇل ـ چارىلار تېخىمۇ كۆپەيدى. قىسقىسى، بىر يىلدىن بۇيان، رەھبىرىي خىزمەت ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا لايىقلىشالمايدىغان ھالەتلەر ياخشىلاندى، بۇلار بىر يىلدىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ئۆزگىرىشلەردۇر. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس بولسىمۇ، لېكىن بۇلار قولغا كېلىشى ئاسان بولمىغان ئىلگىرىلەشتۇر.

3. ئۆتكەن يىل ۋىلايىتىمىز سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە بىرلەشتە زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرگەن بىر يىل بولدى. ھازىرغىچە، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەر باۋجى، دېياڭ، گۇاڭيۈەن، شۈيجۇ، شاشى، دەندۇڭ قاتارلىق 15 ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە بىلەن دوست ئورۇن بولدى. 25 ئۆلكە، شەھەر ۋە 140 تىن ئارتۇق ناھىيە، شەھەر بىلەن ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ھەمكارلىق تۈرلىرى 200 دىن ئارتۇق، تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن تېخنىكا خادىملار 900 دىن ئارتۇق، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ ئالتە مىليون 40 مىڭ يۈەن، قەرز پۇل 14 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولغان. رۇڭ يىرېن باش مۇدىرلىقىدىكى جۇڭگو خەلقئارا ئىناۋەتلىك مەبلەغ شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت

قىلىدىغان «قەشقەر ئىقتىسادى، تېخنىكا بىرلەشمە تەرەققىيات شىركىتى» پائال تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق بۇ يىل 1- يانۋاردا تىجارەت باشلىدى؛ شىنجىڭدىكى جۇڭگو ھاۋا قاتناش شىركىتى، ماددىي ئەشيالار شىركىتى، تيەنجىندىكى يېڭى تېخنىكا تەرەققىياتى شىركىتى بىلەن ئېلىپ بارغان ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى بىرلىشىپ پىششىقلاپ ئىشلەش توغرىسىدىكى سۆھبىتىمىزدىمۇ ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى. بىر يىلدىن بۇيان، خەلقئارالىق ئالاقە جەھەتتە، بىز پاكىستان ئاغايخان فوندجەمئىيىتى بىلەن قەشقەردە ساياھەتچىلەر مېھمانخانىسى سېلىش توغرىسىدىكى كېلىشىمنى ئىمزالىدۇق. يەنە شياڭگاڭ داۋېي مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى، كانادا سودىگىرى، ئامېرىكا «يېشىل ياقۇت» ئىچىملىكلەر شىركىتى، ياپونىيە غەربىي دىيار شەھەرلىرىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى، ياپونىيە پاختىچىلىق جەمئىيىتى، ئەنگلىيە كان مەھسۇلاتلىرى تەكشۈرۈش ئۆمىكى قاتارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە دوستلار بىلەن سەيلى - ساياھەت ئىشلىرى، كان مەھسۇلاتلىرى، پاختا توقۇمىچىلىق، مېۋە - چىۋىگە ئىش قوشۇش قاتارلىقلار بويىچە سۆھبەتلەشتۇق. بەزىلىرىدە مۇددىئانامە ياكى كېلىشىم تۈزدۇق. خونجىراپ ئېغىزى باشقا دۆلەتلەرگىمۇ ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، قەشقەرگە كېلىپ ساياھەت، سودىگەرچىلىك قىلىدىغان چەت ئەللىكلەر كۆنسېرى كۆپەيدى. بىر يىلدىن بۇيان 45 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 13 مىڭ نەپەر چەت ئەللىك ساياھەتچى، دىپلوماتىيە خىزمەتچىلىرى، سودا خىزمەتچىلىرىنى، 6000 دىن ئارتۇق شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە باشقا كىشىلەرنى قوبۇل قىلدۇق. خونجىراپ ئېغىزىدىن كىرىپ-چىققانلارنىڭ سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 108 ھەسسە كۆپ بولدى. بىز ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان تاقىۋېلىنغان دەرۋازا ئاخىرى ئېچىۋېتىلىپ، قەشقەر ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھايات ۋە كۈچ ئېلىپ كەلدى. بىز تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، يېپىۋېلىنغان، ئارقىدا قالغان كونا قەشقەر چوقۇم ئېچىۋېتىلگەن، گۈللەنگەن يېڭى قەشقەرگە ئورۇن بوشۇتىدۇ.

4. ئۆتكەن يىل ۋىلايىتىمىز يېزا ئىگىلىكىدە، ھەر خىل ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىپ، ئۇدا 7 - يىل مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرگەن بىر يىل بولدى. ئۆتكەن يىل يېزا ئىگىلىكى كۆپ ئاپەتكە ئۇچرىدى، بوران، مۆلدۈر، قۇرغاقچىلىق، تۆۋەن ھارارەت ئاپەتلىرىنىڭ ئېغىرلىقى يېقىنقى يىللاردا ئاز كۆرۈلگەن. لېكىن ۋىلايەت بويىچە ھەممە خەلق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىدە، كۆپ خىل قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، ئاپەت يۈز بەرگەن يىلدىمۇ ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىندى. ئاشلىقنىڭ كۆلىمى 210 مىڭ مو ئازايتىلغان ئەھۋالدا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى بىر مىليارد 945 مىليون جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 160 مىليون جىڭ، يەنى 9.1% ئېشىپ، يەنە تارىختا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. كېۋەزنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغان كۆلىمىنىڭ 40.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن ئەھۋالدا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى يەنىلا بىر مىليون 278 مىڭ دەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.1% ئاشتى، پاختىنىڭ سۈپەت دەرىجىسى بولسا زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ياغلىق دانىنىڭ كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26 مىڭ 400 مو ئازايغان بولسىمۇ، ئومۇمىي مەھ-

سۇلاتى 52 مىليون 445 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.7% ئاشتى. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى تۆت مىليون 238 مىڭ 900 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 207 مىڭ، يەنى 5.1% كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە 50 مىڭ توننا سېلوس تەييارلاندى، بۇ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىر زور بۆسۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 186 مىڭ مو ئورمان ئەھيا قىلىنىپ، پىلان 124% ئورۇنلاندى. يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، يېڭىشەھەر ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرغانلىقى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 99 مىڭ مو باغ يېڭىدىن ئەھيا قىلىندى. تاۋار قوغۇن 300 مىڭ توننا بولۇپ، بۇنىڭدىن 10 مىڭ توننا پەيزاۋات قوغۇنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ سېتىلدى. بۇ - پاختىدىن قالسىلا ۋىلايىتىمىزدىن ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى تاشقى بازارلارغا كىرگۈزۈلگەن يەنە بىر زور تاۋار بولۇپ قالدى. سۇ قۇرۇلۇشى جەھەتتە 3559 ئۆلچەملىك كىلومېتىر كېلىدىغان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ پۈتتۈرۈلدى، 2032 جايدا بىتون قۇرۇلما يېڭىدىن ياسالدى، 130 مىڭ مولۇق ئۆلچەملىك سۇغۇرۇش رايونى قۇرۇلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 925 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكى 870 مىليون يۈەندىن 6.4% كۆپەيگەن. يېزىلاردا ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىم 303 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50 نەچچە يۈەن كۆپىيىپ، 21.7% يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ۋىلايەت بويىچە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلاندى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىدا يېڭى بىر پەللىگە قەدەم قويۇلدى.

5. ئۆتكەن يىل ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت، قاتناش، مالىيە، سودا خىزمەتلىرىدە ناھايىتى زور تەرەققىيات بولغان بىر يىل بولدى. چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈرتكىلىكىدە، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇقىم ئېشىشتەك ۋەزىيەت ساقلاپ قېلىندى. سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 338 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.3% كۆپەيدى. ئاساسلىق مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ تۇراقلىق ئېشىش نىسبىتى 88.9% بولدى. بۇنىڭدىن سېمونتنىڭ زاۋۇتتىن چىقىرىلىش لاياقەتلىك نىسبىتى ۋە پاختا يىپنىڭ بىرىنچى دەرىجە بىرىنچى خىل بولۇش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى. قاتناش - ترانسپورت ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلاندى. يۈك توشۇش مىقدارى 161 مىڭ 400 توننا بولۇپ، يىللىق پىلان 120% ئورۇنلاندى. ۋىلايەت بويىچە 15 قاتناش كارخانىسى بىر مىليون يۈەن پايدا ئېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.13 ھەسسە كۆپەيتتى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 75 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.9% كۆپەيدى. ئۆتكەن يىلى كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە يېڭىدىن قۇرۇش ئۈچۈن ئىش باشلانغان قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، پىۋە زاۋۇتى، يېڭىسار سېمونت زاۋۇتى، پوسكام سېمونت زاۋۇتى، يېڭىسار كامپا ئېلېكتر ئىستانسىسى، قاغىلىق زوڭلاڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى، قەشقەر - كانسۇ توك سىمى تارتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق سانائەت قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پوسكام سېمونت زاۋۇتى بىلەن يېڭىسار كامپا ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى شۇ يىلى پۈتتى. كونا

كارخانىلارنى ئۆزگەرتىشتە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلار بولدى. ۋىلايەت بويىچە كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشتىكى 26 تۈردىن 16 تۈرى پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ، ۋىلايىتىمىز سانائىتىنىڭ ئۇزۇنغىچە ئاساسەن توختاپ قېلىش ھالىتى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50% كۆپەيدى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن ۋىلايەت شەھەر — يېزىلىرىدىكى بازارلاردا سېتىۋېلىش بىلەن سېتىش تەڭ گۈللەندى. مال باھاسى ئاساسەن تۇراقلىق بولدى. سودىدا سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 694 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10% كۆپەيدى. يىل ئاخىرىغىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 201 مىليون 420 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.7% كۆپەيدى؛ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 55 مىليون جىڭ بولدى. تاشقى سودىدا ئورۇنلانغان ئېكسپورت سوممىسى 82 مىليون 429 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك كۆپەيدى، مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 49 مىليون 564 مىڭ يۈەن بولۇپ، 40 مىليون 220 مىڭ يۈەنلىك يىللىق ۋەزىپە 123% ئورۇنلاندى. سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغان ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندە، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9% كۆپىيىپ، كىرىمنى سەككىز مىليون يۈەن كۆپەيتىش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. مالىيە چىقىمى 315 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، 313 مىليون 20 مىڭ يۈەنلىك يىللىق خامچوت 100.79% ئورۇنلاندى. شەھەر — يېزىلاردىكى ئامانەت پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق سوممىسى 400 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 37.7% كۆپەيدى.

6. ئۆتكەن يىل ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ، پەن — تېخنىكا، سەھىيە، مەدەنىيەت، رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئاخبارات، نەشرىيات، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىشلىرىدا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر يىل بولدى. مائارىپ خىزمىتىدە مەركەزنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى. مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش، باشلانغۇچ دەرىجىلىك مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، چوڭلار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پەن — تېخنىكا خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەندى، ھەر دەرىجىلىك پەن — تېخنىكا خىزمەت تارماقلىرى ۋە كەڭ پەن — تېخنىكا خادىملىرى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن چارە — تەدبىر كۆرسەتتى، يېزىلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت ئۆتىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى، يېڭى خىزمەت كۆرسەتتى. ئۆتكەن يىلى 49 تۈرلۈك پەن — تېخنىكا نەتىجىسى ۋىلايەتنىڭ تۇنجى قېتىملىق پەن — تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. سەككىز تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ پەن — تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. سەھىيە سىستېمىسى تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت ئۆتەشتە چىڭ تۇردى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، دورا باشقۇرۇش، ئىختىساسلىق تېببىي خادىملارنى

يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەدەنىيەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق تارماقلار ۋە ئورۇنلار ئىقتىسادنى قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزلى دەۋر قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش ئۈچۈن ئۇچۇر تارقاتتى، سوتسىيالىستىك يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراش ۋە يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلارنى، يېڭى كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. ۋىلايىتىمىزنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت سېپىدە جانلىق — جۇشقۇن، گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

7. ئۆتكەن يىل ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەن بىر يىل بولدى. بولتۇر 5 - ئايدا، پوسكامغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ناھىيە دەپ نام بېرىلگەنلىكى ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ بۇرۇنقى «ئىناق، ئىتتىپاق بولۇش»نى نىشان قىلىشتىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ۋىلايەت قۇرۇش»نى نىشان قىلىش يېڭى باسقۇچىغا راۋاجلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بىز ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ «ئۈچ يىلدا قەشقەرنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش» تەلىپىگە ئاساسەن، ۋىلايەت بويىچە پوسكام ناھىيىسىنى ئۈلگە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ناھىيە (شەھەر)، نەمۇنىچى ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق. بىر يىلدىن بۇيان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ناھىيە، نەمۇنىچى ئورۇن بەرپا قىلىش خىزمىتى قىسمەنلىكتىن ۋىلايەت بويىچە كېڭەيتىلىپ، ۋەزىپىلەر ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئادەتتىكى چاقىرىقتىن كونكرېتلىشىش، دائىملىشىش، تۈزۈملىشىش، سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، بارلىق خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇندىن 491 ى، ئىلغار شەخسىيدىن 2909 ى باھالاپ چىقىلدى. ۋىلايەت بويىچە 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى 16 نەمۇنىچى ئورۇنغا نام بېرىلدى، 80 نەچچە ئىلغار شەخسى ۋە 100 نەچچە ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى. ھازىر ۋىلايىتىمىزدە مىللەتلەر ئارا باراۋەر، ئىناق، دوستانە، ھەمكارلىشىپ ئۆتۈشتەك يېڭى تىپتىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلماقتا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى تۇتۇش ئاڭلىقلىقى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشى بولماقتا. ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئارمىيە بىلەن خەلق زىچ ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىدىيىۋى تەربىيىنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى نۇقتا قىلىپ، مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىشنى ئاساس قىلىپ، بىرلىك-

تە قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇ-
رۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئارمىيە
بىلەن خەلقنىڭ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت-
نىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىنى، مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇشنى
ئىلگىرى سۈردى، شەھەر قىياپىتى زور دە-
رىجىدە ئۆزگەرتىلدى.

8. ئۆتكەن يىل ۋىلايىتىمىزنىڭ پار-
تىيە ئىستىلى ۋە جەمئىيەت كەيپىياتى ئۈز-
لۈكسىز ياخشىلانغان بىر يىل بول-
دى. بۇلتۇر 3-ئايدا ۋىلايىتىمىز يېزا دە-
رىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە
سېلىش خىزمىتىنى قانائەتلىنەرلىك ھالدا
ئورۇنلىدى، بىز ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن
ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئورۇننىڭ پارتى-
يىنى تەرتىپكە سېلىش مېۋىلىرىنى مۇستەھ-
كەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرۋاقىت-
تا، پائال تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، كەنت
دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پارتىيىنى تەرتىپ-
كە سېلىش خىزمىتىنى 11-ئاينىڭ ئوتتۇر-
لىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇۋەتتۇق.
پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتى-
يە تەشكىلاتلىرى پارتىيىۋىلىك، پارتىيە
ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى
توغرىسىدىكى تەربىيىنى قانات
يايدۇردى، پارتىيە ئىستىلىنى تەرتىپكە
سېلىش خىزمىتىنى چوڭ تەكشۈرۈشنى قا-
نات يايدۇردى، بىناكارلىق، مالىيە ـ سو-
دا، ترانسپورت، مائارىپ، سەھىيە، ئەد-
لىيە قاتارلىق ساھە ۋە تارماقلاردا ساقلى-
نىۋاتقان ناتوغرا ئىستىللارنى نۇقتىلىق
ھالدا تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلدى. ۋىلا-
يەت 7-ئايدا پارتىيە ئىستىلىنى توغرى-
لاش بويىچە «قوش ئىلغارلار» نى تەقدىر-
لەش يىغىنى چاقىرىپ، 68 ئىلغار كوللېك-
تىپ، 14 نەپەر ئىلغار شەخسنى تەقدىرلى-
دى ھەمدە ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جى-
نايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشى-
نى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، 100 دىن كۆپ-
رەك ئەنزىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدى.
بۇ خىزمەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى پار-
تىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىدىيىۋى
قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك
ئىلگىرى سۈردى. ۋىلايەت بويىچە قانۇن
ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى
ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇلدى، يېزا دە-
رىجىلىكتىن يۇقىرى 1425 كادىر نۆۋەت بى-
لەن تەربىيىلەندى، 27 مىڭدىن كۆپرەك
تەشۋىقاتچى خادىم تەربىيىلەندى، بىر مىل-
يونغا يېقىن كىشى ئوخشاش بولمىغان دەرى-
جىدە قانۇن – تۈزۈم تەربىيىسىگە ئىگە قى-
لىندى. بىز يەنە كۆپ خىل شەكىللەرنى قول-
لىنىپ، كەڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئىچىدە
«تۆت بولۇش» تەربىيىسىنى كەڭ تۈردە قا-
نات يايدۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە دا-
ۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىلدى. ئىلگىرى-
كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم جەڭ ئېلىپ بې-
رىلىپ، يامان ئادەملەرگە ۋەھىمە سېلىندى،
خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى
ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، جەمئىيەت كەي-
پىياتىنىڭ ياخشىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ،
تىنچ – ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزى-
يەت مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ، ئىق-
تىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ غەلىبىلىك ئېلىپ
بېرىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت
يارىتىلدى.

1986 - يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ رەھبەر-
لىك ئىستىلى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانغان بىر
يىل، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش، مەسى-
لىنى بىرىنچى سەپتە ھەل قىلىش كەيپى-
ياتى راسا ئەۋج ئالغان بىر يىل بولدى.
ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىرى

ئايرىم - ئايرىم ھالدا لەق مەيدانىدا ئون نەچچە قېتىم ئىش بېجىردى، سۇ باشقارمىسىدىكى بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار لەق مەيدانىدا 60 نەچچە قېتىم ئىش بېجىردى، ئىقتىساد كومىتېتى، پىلان كومىتېتىمۇ بىر قەدەر كۆۋدىلىك ئىشلىدى، لەق مەيدانىدا ئىش بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، بيۇروكراتلىق مەلۇم دەرىجىدە تۈگىتىلدى. بۇ — بىر ياخشى باشلىنىش، يېڭى بىر يىلدا ئۇنى يەنىمۇ جارىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

قىسقىسى، بىر يىلدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىمىز ئىسلاھات داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلىدى. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا راۋاجلاندى. ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى جانلىنىش ئەڭ ئەۋج ئالغان يېڭى مەزگىل يارىتىلدى. قولغا كەلگەن نەتىجىلەر — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ توغرا بولغانلىقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىك قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاق قىلىشىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىز يىغىنغا كەلگەن يولداشلارغا ھەمدە سىلەر ئارقىلىق ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھمەت ئېيتىمىز!

بىز نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىزمىتىمىزدە ساقلانغان، سەل قاراشقا بولمايدىغان بەزى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەك:

1 . ئىقتىسادىي خىزمەتنى تەشكىللەش، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا، بىرىنى ئىشلەپ يەنە بىرىنى تاشلاپ قويىدىغان ھادىسىلەر ساقلاندى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىگە، دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بازار ئىگىلىكىگە قارىتا تەجرىبىمىز كەمچىل بولدى. بېكىنمە تىپتىكى كونا تۈزۈلمىدىن ئوچۇق تىپتىكى يېڭى تۈزۈلمىگە ئۆتۈش، يېڭى بىلەن كونىنى ئالماشتۇرۇش جەريانىدىكى زىددىيەتلەرنى تونۇشىمىز ۋە مۇناسىپ تەدبىرىمىز كەمچىل بولدى. بىزدە يەنە زور كۆلەملىك تاۋار ئىگىلىكىنى تەشكىللەش توغرىسىدىكى تونۇش ۋە تەجرىبە كەمچىل بولغاچقا، يېزا تاۋار ئىگىلىكىنى تېخىمۇ ياخشى تەشكىللەش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى ئىزدىنىشىمىز زۆرۈر بوپقالدى. ئوبوروت، پۇل مۇئامىلىسىنى قانداق قىلىپ ياخشى تۇتۇش ۋە ئۇنى «ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش» نىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ لايىقلاشتۇرۇش جەھەتتە چارىلىرىمىز كەمچىل بولغانلىقتىن، پۇل مۇئامىلىسى ۋە ئوبوروت خىزمىتى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدىكى ئىككى چوڭ ئاجىز ھالقا بوپقېلىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر دەرىجىدە كاشىلا بولۇۋاتىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمەتنى تەشكىللەشتە رەھبەرلىكنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئوبيېكتىپ ئېھتىياجنىڭ بەكمۇ لايىقلىشالمايۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى رەھبەرلىك خىزمىتىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان چوڭ بىر مەسىلە.

2. بەزى رەھبىرىي يولداشلار ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى كۆپ تەتقىق قىلمىدى، ماكرولۇق تەدبىرى كۈچلۈك بولمىدى، قانداق قىلىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى ئېنىق بولمىدى، يېزا ئىگىلىكىدە زاپاس كۈچ يېتىلدۈرۈش، سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش جەھەتلەرگە دېگەندەك ئەھمىيەت بەرمىدى، يەنىلا كونا ئادەت، كونا قائىدىلەرگە يېپىشىۋېلىش ھالىتىدە تۇردى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تاپالمىدى. باي بولۇش يولىنى ئاچالمىدى. ۋىلايىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم نامرات رايونلار ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمى ئاستا بولماقتا. رەھبەرلىك تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى پىششىق ئىگەللىمىگەنلىكى، ئاممىغا ئۈنۈملۈك چارە تېپىپ بېرەلمىگەنلىكى بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب. دېمەك، ئاچقۇچ يەنىلا رەھبەرلىكتە.

3. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا ئاز بولمىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت. بەزى كارخانىلاردا ھاياتىي كۈچ كەمچىل، ئۇلاردا تەڭ تەقسىماتچىلىق، داشقازان تامىقى مەسىلىسى يەنىلا تۈزۈل ــ كېسىل ھەل بولغىنى يوق. بەزى كارخانىلارنىڭ سۈرئىتى بىلەن ئۈنۈمى تەڭ قەدەمدە بولالمايۋاتىدۇ. مەھسۇلات ئاشسىمۇ كىرىم كۆپەيمەسلىك ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت. كارخانىلارنى باشقۇرۇش مۇكەممەل ئەمەس، بەزى كارخانىلار يەنىلا مەھسۇلات سېتىشقا سەل قاراۋاتىدۇ، بازار ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. بۇ ــ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدىكى چوڭ بىر ئىللەت.

4. رەھبىرىي ئورگانلاردا قىلىنىدىغان ئىشتىن ئادەم كۆپ، ئىستىلى لاپاس، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس، بەزى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ كەسىپ يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا ئەمەس، بيۇروكراتلىق ئىستىلى ئېغىر. بىر يىلدىن بۇيان، گەرچە پارتىيە ئىستىلىدا بەزى ياخشىلىنىشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ناتوغرا ئىستىللار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي نەپسىگە چوغ تارتىش، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىش، مۇناسىۋەت تورى شەكىللەندۈرۈشتەك قىلمىشلار پارتىيىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. نۇرغۇن رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ناتوغرا ئىستىللارغا ۋە قانۇن ــ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىدىغان ئەھۋاللارغا قارىتا بايرىقى روشەن بولمىدى، پوزىتسىيىسى قەتئىي بولمىدى، باشقىلارغا ئىتتىرىشكە مۇمكىن بولسىلا، باشقىلارغا ئىتتىرىۋەتتى، ئۆزىنى قاچۇرۇشقا مۇمكىن بولسىلا، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى ياكى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. بۇ ــ پارتىيىۋىلىك كەمچىل بولغانلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. بەزى رەھبىرىي ئورگانلاردا ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسى كەمچىل بولدى، ئۇلار ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قوللىيالمىدى.

5. ئىدىيىۋى ــ سىياسىي خىزمەت ئاجىز بولۇپ قالدى، بەزى يولداشلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىدىيىۋى ــ سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئورنىغا بولغان تونۇشى كەمچىل بولدى، شۇڭا ئۇلار ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە ئېغىر ھالدا سەل قارىدى، «تۆت بولۇش» تەربىيىسىنى چىڭ

تۇتىمىدى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىدى، ھەتتا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزدى.

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرگە تولۇق دىققەتىمىزنى قوزغاپ، يېڭى بىر يىلدا ئۇنى ئەستايىدىل تۈگىتىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

## ئىككىنچى، بىر قانچە تەسىراتىمىز

يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، بىز مول ماددىي نەتىجە ۋە مەنىۋى نەتىجە يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇن پايدىلىق تەجرىبىلەرنىمۇ توپلىدۇق. ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىدىن ئىبارەت:

(1) كۆز قاراشنى يېڭىلاش، يېڭى يېتەكچى ئىدىيىنى شەكىللەندۈرۈش — ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ ئاچقۇچى.

ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئارقىلىق، بىز بىر جاينىڭ تەرەققىياتىنىڭ تېز ياكى ئاستا بولۇشىدا ئاچقۇچ رەھبەرلىك جەھەتتىكى ماكرولۇق تەدبىردە ئىكەنلىكىنى، رەھبەرلىك جەھەتتىكى توغرا تەدبىرنىڭ يەنە رەھبەرلىك قىلغۇچىنىڭ كۆز قارىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. كۆز قاراش — تارىخ ۋە جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن كۆز قاراش دائىم دېگۈدەك تارىخنىڭ ۋە ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرەلمەيدۇ، شۇڭلاشقا كونا كۆز قاراشلار يېڭى شەيئىلەر تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇپمۇ قالىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىمىز ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان، قاتناش قۇلايسىز، يېكىنمە تىپتىكى بىر رايون. يەنە كېلىپ ئۇزاقتىن بۇيان بىز شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى، ئۆز — ئۆزىنى تەمىنلەش ئىگىلىكى، بىر يولغا قويۇپ كەلگەن تەمىنلەش تۈزۈمىدىكى پىلان تۈزۈلمىسى ۋە بىر مەزگىل ساقلانغان «سول» يېتەكچى ئىدىيە تاۋار ئىگىلىكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئىنكار قىلدى. بىزنىڭ بەزى ئىدىيىۋى كۆز قاراشلىرىمىز دەل مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئارقىسىدا شەكىللەنگەن. پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىز يېڭى بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. مانا مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ ئۆزگىرىش دەۋرىدە، بىز شۇغۇللىنىۋاتقان تارىخىي ۋەزىپە، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى، نەزەرىيە پرىنسىپى، ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەسلىدىكى كونا كۆز قاراشلىرىمىز بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. كونا ئىدىيە، كونا كۆز قاراشلارنىڭ يېڭى دەۋرگە، يېڭى ۋەزىپىگە لايىقلىشالماسلىق ئەھۋالى نۆۋەتتە ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا دۇچ كەلگەن بىر گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. كونا ئىدىيە، كونا كۆز قاراشلار بىزنىڭ پۇت — قوللىرىمىزنى چۈشەپ قويماقتا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا توسالغۇ بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆز قاراشنى يېڭىلاشنى ياخشى تۇتۇش، نۆۋەتتىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ۋەزىپە. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىز بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا

ئەھمىيەت بەردۇق، 1984 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا، ئۆگىنىشكە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاشقا ئۇيۇشتۇردۇق. 1984 - يىلى 12- ئايدا چاقىرىلغان ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا، رەھبەرلىكنىڭ ئىدىيىدە بۇرۇلۇش ياسىشىنى بايرىقىمىز روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويدۇق ھەمدە ئالتە جەھەتتىن بۇرۇلۇش ياسىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىز يەنە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش، سىرتقى جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ۋەزىيەت بىلەن تەربىيىلىنىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، كۆز قارىشىنى يېڭىلاشنى داۋاملىق تۇتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ۋىلايىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىدە نوقۇل ھالدا يېزا ئىگىلىكىنى تۇتۇشتىن يېزا ئىگىلىكى سانائەت، سودىنى بىرلىكتە تۇتۇشقا، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئىگىلىكىنى تۇتۇشتىن تاۋار ئىگىلىكىنى تۇتۇشقا باشلىدۇق، بۇ، بىر يېڭى يولغا كىرىشكە باشلىدى. يېقىنقى ئىككى يىل مابەينىدە، ۋىلايىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. سانائەتتە 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئاساسىي جەھەتتىن بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى، بىر قىسىم يېڭى تۈرلەر ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كونا كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش تەدرىجى قانات يايدۇرۇلدى، يېڭى مەھسۇلاتلار ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىشلەپچىقىرىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى كېڭەيدى. يېزا ئىگىلىك، يېزا - بازار كارخانىلىرىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرغانلىقىمىزنىڭ، يۆنىلىشنى بۇراپ كۆز قاراشنى يېڭىلىغانلىقىمىزنىڭ مول نەتىجىسى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى يۆنىلىشنى بۇراش، كۆز قاراشنى يېڭىلاش بولمىغان بولسا، ئىقتىسادىي خىزمەتتە ھازىرقىدەك مۇنداق يېڭى ھالەت بارلىققا كېلەلمەيتتى. ۋىلايىتىمىزنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ ئەھۋالى بىزگە شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردىكى، يۆنىلىشنى بۇراش، كۆز قاراشنى يېڭىلاشنى ياخشى تۇتقانلىكى جايلاردا، ئىقتىسادىي خىزمەت ۋەزىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى تېز، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى، ئەكسىنچە، كۆز قاراشنى يېڭىلاشنى تۇتۇش ناچار بولغان جايلاردا خىزمەت ۋەزىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاستا بولدى. كۆز قاراشنى يېڭىلاشنى ياخشى تۇتۇش، ئىقتىسادىي خىزمەتتە يۆنىلىشنى بۇراشنى يولغا قويۇش — يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى قىممەتلىك تەجرىبىمىز.

(2) «ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، توغرا لېنىيىلىك ئىقتىسادىي تېخنىكا جەھەتتىكى بىرلىشىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇش — ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.

ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش — دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي تەدبىرلىرى، ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك فاڭجېنى، ھازىرقى دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي، تېخنىكىسى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بېكىنمىچىلىك قىلغان، ھازىرقى ھالەتكە شۈكرى

قىلغان بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، ئىلغار رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، تېخنىكا جەھەتتىكى پەرقىمىز چوڭىيىپ كېتىدۇ. قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامانىدىكى، جۇڭگو ۋە چەتئەلدىكى تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بەردىكى، ھەرقانداق بىر مىللەت ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغاندىلا، ئۈزلۈكسىز تۈردە راۋاجلىنالايدۇ، ئالغا باسالايدۇ؛ بېكىنمىچىلىك قىلىدىغان، بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان مىللەت ئۈمىدسىز مىللەت بولۇپ قالىدۇ، مۇقەررەر ھالدا دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالىدۇ.

بىز ئىسلاھاتتا، ئاساسلىقى، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىنى ئىجرا قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا لايىقلىشالمايدىغان بارلىق ئۈستقۇرۇلمىلارنى ئىسلاھ قىلىمىز، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەقسىمات تۈزۈمىنى ئورنىتىمىز، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تۈگىتىمىز، مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ ھوقۇقنى بېرىۋېتىپ، زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش، كارخانىلارنىڭ ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئىشقا سېلىپ، كارخانىلارغا ھاياتىي كۈچ قوشىمىز.

بىز ئېچىۋېتىشتە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنى چەتئەلگە قارىتا ئېچىۋېتىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېچىۋېتىشنى، ۋىلايەتلەرئارا ئېچىۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككى يىلدىن بۇيان بىز پارتىيەنىڭ ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، غەربىي يولنى بالدۇراق ئېچىشنى مەنبەر چارە - ئۇسۇللار بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، ۋىلايەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي، تېخنىكا بىرلىشىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. ئېچىۋېتىش ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنى ئىلگىرى سۈردى، بىلىمى ۋە قابىلىيىتىنى ئاشۇردى. ئېچىۋېتىش نۇرغۇن ئورۇن ۋە كارخانىلارنى بۇرۇنقىدەك ئۇچۇر راۋان بولماسلىق، تېخنىكا يېتىشمەسلىك، رىقابەت كەمچىل، باشقۇرۇش قالاق بولۇش ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئېچىۋېتىش بىزگە ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت باھار شامىلىنى ئېلىپ كەلدى، يېڭى ئىدىيە ئېلىپ كەلدى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ قوشتى. ئېچىۋېتىش جەھەتتە، قەشقەر شەھىرى بىر قەدەر ياخشى ئىشلىدى، ئۇلار بۇلتۇر يەنە تۆت شەھەر بىلەن ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. 27 تۈردە كېلىشىم ۋە مۇددىئانامە ئىمزالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىزى ئەمەلىيلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، 11 خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى، ئىككى خىل مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتەردى. پوسكام سېمونت زاۋۇتى ئىچكىرى بىلەن بىرلىشىپ، جەمئىي سەككىز مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغانىدى. يىلىغا 20 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت شۇ يىلى قۇرۇلۇش باشلاپ، شۇ يىلى پۈتتى. قۇرۇلۇش ۋاقتىنىڭ قىسقا بولۇشى جەھەتتە بىزگە بىر مىسال بولدى. پوسكام ناھىيىسىنىڭ كۆيباغ يېزىسى يېزا - بازار كارخا-

بىرلىشىش ۋە ئىختىساسلىقلارلى، تېخنىكىنى كىرگۈزۈش ھەقىقەتەن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ يېقىن يولى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، كىم ئىشىكنى سىرتقا تېز ئېچىۋەتسە، يوغان ئېچىۋەتسە، كەڭ ئالاقىلاشسا، ئىختىساسلىقلارنى، تېخنىكىنى كۆپ كىرگۈزسە، شۇنىڭ تەرەققىياتى تېز بولىدۇ؛ كىم سىرتقا ئىشىكنى ئاستا ئاچسا، دادىل ئاچالمىسا، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ قۇرۇلۇش قىلىمەن دېسە، شۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ.

(3) ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يول ئېچىش - يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز جايىمىزنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىزدىنىش — ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سوبيېكتىپ شەرتى.

بىز مۇھىم بىر تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرىۋاتىمىز. بىز ئىلگىرىدىن تارتىپ كۆنۈپ قالغان ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى، ئۆزىنى تەمىنلەش ئىگىلىكىدىن زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، تاۋار ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇشىمىز كېرەك. بىر قانچە يىلدىن بۇيان بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى: پارتىيىنىڭ توغرا لۇشيەنى ئاستىدا، بىرەر جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تېز-ئاستا بولۇشى، نەتىجىسىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىدىكى ئاچقۇچ — رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، يول ئېچىش - يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز رايونىنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىزدىنىش - ئىزدەنمەسلىكىگە باغلىق. تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى: بىرەر جايدا، يە-

ئىلمىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا «كىرگۈزۈش»نى باشلامچى قىلىپ، دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ، ئىختىدارلىقلارنى تەكلىپ قىلدى، ئىچكىرىدىن 40 نەپەردىن ئارتۇق ھەرخىل ئىختىساسلىق تېخنىكا خادىملارنى، 210 نەپەردىن ئارتۇق ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنى كىرگۈزدى. بۇ يېزا ئۇلارنىڭ تېخنىكا، باشقۇرۇش جەھەتلەردە ئۆگىتىشىگە، ياردەم بېرىشىگە، يېتەكلىشىگە تايىنىپ، قۇرۇلۇش ئەترىتىدىن تۆتنى، شىشىلىچىلىق كارخانىسى، سېمونت بويۇملىرى كارخانىسى، تۇرۇبا، قوراشتۇرۇش ئەترىتى، ئاپتوموبىل كالونى، پولات دېرىزە كارخانىسى، توخۇ فېرمىسى، سېيىر فېرمىسى، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى، تاماقخانا قاتارلىق كارخانىلارنى قۇردى. بۇلتۇر مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى بىر مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بىر مىليون قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ، ۋىلايىتىمىز بويىچە مەھسۇلات ئومۇمىي كىرىمى، پايدىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر يېزا بولۇپ قالدى. قەشقەر، قاغىلىق، يەكەن، مارالبېشى، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەرمۇ بۇلتۇر سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى قىسىمدا بىرلىشىش ئارقىلىق، قەغەز يېشىك زاۋۇتى، مەرمەرتاش كارخانىسى، قۇم خىش زاۋۇتى، ئالما توقۇلما ماللار زاۋۇتى، خىمىيىۋى سانائەت زاۋۇتى، كونسېرۋا زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلارنى قۇرۇپ ھەممىسى شۇ يىلى مەبلەغ توپلاش، شۇ يىلى زاۋۇت قۇرۇش، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش، شۇ يىلى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا لېنىيىلىك بىرلىشىشنىڭ مول مېۋىسى. ئۇ بىزگە مۇنداق ئىلھام بەردى: توغرا لېنىيىلىك

قەت ئۇ يەرنىڭ رەھبەرلىك بەلگىسى يول ئېچىشقا جۈرئەت قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تونۇۋېلىشقا ماھىر بولۇپ، بۆسۈش ئېغىزىنى دەل تاللاپ ئالالىسا، غايەت زور ماددىي بايلىق يارىتالايدۇ. پەيزاۋات ناھىيىسى بۇرۇن قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە، ھەتتا شىنجاڭ بويىچە مەشھۇر نامرات ناھىيە بولۇپ، مەيلى سىرتتىكىلەر بولسۇن ياكى ئۆز ناھىيىسىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىلار بولسۇن، پەيزاۋاتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە نىسبەتەن كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسى كەم ئىدى. ئەمما يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ناھىيىلىك پارتكومدىكى بىر بەن ئادەمدە يول ئېچىش يېڭىلىق يارىتىش روھى بولغاچقا، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، بۆسۈش ئېغىزىنى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تاللىۋېلىپ، پەيزاۋات قوغۇنىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىككى يىلدا چوڭ ئىككى قەدەم تاشلىدى. ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان كىرىم 1984 - يىلدىكى 128 يۈەندىن 1986 - يىلى 314 يۈەنگە يېتىپ، ۋىلايەت بويىچە ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمدا 11 - ئورۇندا تۇرىدىغان ناھىيىدىن ئوتتۇرا سەۋىيىدە تۇرىدىغان ناھىيىگە ئايلىنىپ، نامراتلىق قىياپىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتتى. يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسى ۋىلايىتىمىز بويىچە ئەڭ نامرات يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ناھايىتى قىيىنغا چۈشكەنىدى. ئەمما ئۆتكەن يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك پارتكوم چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، قۇرغاقچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى تونۇۋېلىپ، پۈتۈن يېزا خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىككى مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىدىغان بىر كىچىك سۇ ئامبىرى ۋە 26 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سىڭمەسىلەشتۈرۈش ئۆستىڭىنى پۈتتۈرۈپ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ھەل بولمىغان قۇرغاقچىلىق مەسىلىسىنى بىراقلا ھەل قىلدى. بۇ يېزىنىڭ بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە باي يېزىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ.

ۋىلايىتىمىزنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدىكى تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇشىدىكى ئاساسىي بىر سەۋەب: ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە ئاساسىي جەھەتتىن چىڭ تۇرۇپ، يول ئېچىش - يېڭىلىق يارىتىش روھىنى مەلۇم دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يېڭى يولىنى ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشتىن ئىبارەت بولدى. دەسلەپتە، بىز ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا، يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ باشنى تونۇۋېلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتتۇق. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، پاختىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تۇتۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ پاختا مەھسۇلاتىنى يىلمۇ - يىل زور ھەجىمدە ئاشۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتۇق. لېكىن بىز بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئۈجمىچىلىك - پىلىچىلىك، ئىككى چىلىگە سورتىنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق تەڭشەشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن شارا-

ئىت ياراتتۇق. يېزا ئىگىلىكىدە مەلۇم تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئەھۋالدا، بىز پۈتكۈل ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى يۆنىلىشنى بۇراش مەسىلىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەرلىك سانائەت، يېزا بازار كارخانىلىرى ۋە شۇنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتۇق. سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، ئىچكى بىرلىشىش بىلەن سىرتقا كېڭىيىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئىچكى بىرلىشىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى: بۇ تەدبىرلەر ئاساسىي جەھەتتىن بىر قەدەر توغرا بولغاچقا، ۋىلايىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي خىزمىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى ۋەزىيەت پەيدا بولۇپ، يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويالىدۇق. يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان، بىزدە يېڭى بىر يېتەكچى ئىدىيە تەدرىجىي يوسۇندا شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۇ بولسىمۇ: يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە خىمىيۋى سانائەتنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، توقۇمىچىلىق كەسپىنى مەركەزلەشتۈرۈش تىپىدىن تارقاقلاشتۇرۇش تىپىغا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى — ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىز ھازىر شۇنداق ئېيتالايمىزكى: قەشقەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، قەشقەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولى تەدرىجىي ھالدا شەكىللەنمەكتە. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى — كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، باتۇرانە ئىزدىنىش، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، تەدبىرنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، ئىلمىيلەشتۈرۈش، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ نەتىجىسى.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا، پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق لۇشيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن، كادىرلارنىڭ يول ئېچىش — يېڭىلىق يارىتىش روھى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۇلار روھىي كىشەندىن قۇتۇلدۇرۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ بىر قاتار فاڭجېن - قارارلىرى ئۇلارنىڭ پۈتۈن پارتىيىنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى يېڭى يولنى ئىزدىنىشكە بىۋاستە ئىلھام بەردى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئۆز جاينىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى كونكرېت يولنى ئىزدىنىشكە ئىلھام بەردى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يول ئېچىش — ئاچماسلىق، يېڭىلىق يارىتىش — ياراتماسلىقنىڭ ئاچقۇچى — رەھبەرلىكنىڭ ساپاسى ۋە ئېڭىغا باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يول ئېچىش ئىدىيىسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېتىشتۈرۈش — ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم شەرتى. ۋىلايىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى ھالەتكە شۈكرى قىلىش، كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسى — يەنىلا بىزنىڭ ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى ئەڭ چوڭ پۈتلىكاشاڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،

كادىرلارنىڭ يول ئېچىش - يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتىشتۈرۈشنى، كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسىنى تۈگىتىشنى تەشەببۇس قىلىشىنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە ۋە قەشقەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ھەقىقىي يوسۇندا ئوبدان تۇتۇش كېرەك.

(4) پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش — ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم شەرتى.

پەن - تېخنىكا—ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېمەكتۇر. ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش كېرەك. ماركسىزمنىڭ بۇ ئاساسىي پرىنسىپى بارغانسېرى نۇرغۇن كادىرلار ۋە ئامما تەرىپىدىن تونۇۋېلىنماقتا ۋە قوبۇل قىلىنماقتا ھەمدە ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى تەرىپىدىن ئىسپاتلانماقتا. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پەن - تېخنىكا تارماقلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. يېزا ئىگىلىكىنىلا مىسالغا ئالىدىغان بولساق: ۋىلايىتىمىزدە «تاكشەن- 6898» بۇغدىيى زور كۆلەمدە كېڭەيتىلگەندىن كېيىن بىرلىك مەھسۇلاتى 178 جىڭدىن 321 جىڭغا كۆتۈرۈلدى، كۆممە قوناق شالغۇت سورتى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، ئېگىز قونىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 247 جىڭدىن 399 جىڭغا كۆتۈرۈلدى؛ ئازوت، فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، ئوغۇتنى ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئىشلىتىش تەكىتلەنگەندىن كېيىن، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ پايدىلىنىش نىسبىتى 10% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە 60.3% كېۋەزلىكلەردە پالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، بىرلىك مەھسۇلات 50 جىڭدىن 106 جىڭغا كۆتۈرۈلدى؛ ۋىلايەت بويىچە ئۆتكەن يىلى بىر قېتىمدا يەكۈنلەشتۈرۈلگەن كېۋەز سورتى كۆلىمى 90 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى. بىر مىليون مولۇق ئەلا سۈپەتلىك كېۋەز تېخنىكا ئۆتكۈلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۆتكەن يىلقى پاختىنىڭ سۈپىتى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر دەن پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئالدىنقى يىلدىكى 155 يۈەندىن 178 يۈەنگە كۆتۈرۈلدى، پەقەت مۇشۇ بىر تۈردىلا، ۋىلايىتىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمى 25 مىليون 200 مىڭ يۈەن كۆپەيدى؛ ئۆتكەن يىلى چىمىلگە بۇغداي ۋە شالغۇت كۆممە قوناق چىمىلگە سورتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش كۆلىمى 1985 - يىلدىكى 60 مىڭ مودىن 382 مىڭ 800 موغا كېڭەيتىلدى. ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1559 جىڭغا (45 مىڭ 600 مونىڭ مەھسۇلاتى بىر توننىغا يەتكۈزۈلدى)، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 592 مىليون جىڭغا يەتكۈزۈلدى. دېمەك، 16% كۆلەم ئارقىلىق 30% ئومۇمىي مەھسۇلات قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنداق تېرىقچىلىق تۈزۈمى ۋە تېخنىكىسىنىڭ كېڭەيتىلىشى تۈپەيلىدىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇقىم تۈردە مەھسۇلات ئاشۇرۇلدى. تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە يول ئېچىلدى.

سانائەت - قاتناش ساھەسىدە، بىز ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى دەۋر قىلغان ھالدا، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى مەھسۇلات يارىتىش، ئىلغار پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئىش-

لىتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ قالاق بولغان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش جەھەتلەردە ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. قەشقەر شەھەرلىك ماي خىمىيىۋى سانائەت زاۋۇتىنىڭ قاتتىق ياغ كىسلاتا سېخى يېڭى ھۈنەر-سەنئەت، يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، شۇ يىلى قۇرۇلۇش قىلىپ، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يېرىم يىل ئىچىدە يىلىغا 1500 توننا قاتتىق ياغ كىسلاتاسى ئىشلەپچىقىرالايدىغان سېخنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتى دۆلەتنىڭ 2-دەرىجىلىك ۋە 3-دەرىجىلىك سۈپەت ئۆلچىمىگە يېتىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ماي خىمىيىۋى سانائەت مەھسۇلاتلىرى جەھەتتىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ بىر تۈرنىڭ قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن، ھەر يىلى 6 مىليون يۈەن قىممەت يارىتىلىدىغان بولىدۇ. مەكىت ناھىيىلىك ئۇن-ياغ زاۋۇتى بېيجىڭدىن 70-يىللاردىكى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە مۇنار شەكىللىك بىر يۈرۈش ياغ چىقىرىش يېڭى ھۈنەر-سەنئىتىنى كىرگۈزۈپ، ياغنىڭ سۈپىتىنى 2-دەرىجىدىن 1-دەرىجىگە كۆتەردى. 7-ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، 11-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 3 مىليون يۈەن قىممەت يارىتىپ، 350 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋىلايىتىمىزدە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئۈلگە ياراتتى.

بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى چوڭقۇر تونۇتتىكى: ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىرىنچىدىن سىياسەتكە تايىنىش، ئىككىنچىدىن ئىلىم-پەنگە تايىنىش زۆرۈر. بۇ — يېڭى دەۋردىكى ھەقىقەت. ئىلگىرى بىز پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنىدۇق. بۇندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا بىز يەنىلا پەن-تېخنىكىغا تايىنىشىمىز كېرەك. بىز ئىقتىسادىي كەسپىي تارماقلىرىمىزنى يېڭى پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇشنى بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى قىلىشىمىز، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئىقتىسادىي كەسپىي تارماقلىرىمىزنى پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىز لازىم. ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا چوقۇم پەن-تېخنىكىغا تايىنىش، پەن-تېخنىكا چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك يولنى ئىزدىنىپ، پەن-تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى بىر تېخنىكا سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

(5) ئىچكى بىرلىشىش بىلەن سىرتقا كېڭەيتىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئىچكى بىرلىشىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، كونا كارخانىلارنى ئۆزگەرتىشنى ياخشى يولغا قويۇش — ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.

«سانائەت بولمىسا بېيىغىلى بولمايدۇ.» بۇ — نۇرغۇن جايلارنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى تەجرىبە. ۋىلايىتىمىزنىڭ نامرات بولۇشىدىكى مۇھىم بىر بەلگۈ — سانائەت ئاساسىمىزنىڭ ئاجىز بولغانلىقى، مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىدىن ئىبارەت. سانائەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش — ۋىلايىتىمىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي خىزمىتىدىكى ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپە. نۆ-

ۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋال دۆلەت خەزىنىسى باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇۋاتقان، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تىزگىنلەۋاتقان، مەبلەغ بىر قەدەر جىددىي بولۇۋاتقان، ئۆزىمىزنىڭ مالىيە كۈچىمىز كەمچىل بولۇۋاتقان، ئۆز - ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىمىز تۆۋەن بولۇۋاتقان ئەھۋالدىن ئىبارەت. مۇنداق ئەھۋالدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى قانداق تېزلىتىشنى ئەستايىدىل ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇلتۇر يانۋاردىكى ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا، بىز ساناتەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىچكى بىرلىشىش بىلەن سىرتقا كېڭىيىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئىچكى بىرلىشىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق. بىر يىلدىن بۇيان، كۆپ سانلىق جايلار كونا كارخانىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتتى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە، تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشكە جەمئىي33 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان17 مىليون510 مىڭ يۈەن مەبلەغدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇرۇۋېتىلدى. بىر يىلدىن بۇيانقى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇھىم نۇقتىغا گەۋدىلىك، مۇددىتى قىسقا، ئۈنۈمى تېز ۋە يۇقىرى بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. ۋىلايەت ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قەشقەر يۇڭ يىپ زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىشنى تۇتتى. 7 ئايلىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىش ئارقىلىق، 6 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىنىپ يۇڭ يىپ زاۋۇتى 11 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى زاۋۇتقا ئايلاندۇرۇلدى. تەخمىنەن بىر يۈەن مەبلەغدىن 1.50 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر كونا زاۋۇت ئۆزگەرتىلمەي يېڭى زاۋۇت قۇرۇلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا تەخمىنەن ھازىرقى مەبلەغنىڭ 2.5 ھەسسىسى، ھازىرقى ۋاقىتنىڭ 3 ھەسسىسى كېتەتتى. قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىش قۇرۇلۇشى بىزنى ئىچكى بىرلىشىش يولىنىڭ نەمۇنىسى بىلەن تەمىن ئەتتى. كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈردى ۋە كىشىلەرگە ئىلھام بەردى. بىز ئىچكى بىرلىشىش يولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ۋىلايىتىمىزدە ھازىر ساناتەت كارخانىسىدىن 389 ى بار. ئومۇمەن ھەممىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كونا، تېخنىكا سەۋىيىسى ناچار، ئۈنۈمى تۆۋەن. شۇنداقتىمۇ، ئىنتايىن مۇھىم ئۇلغا ئىگە، قېزىشقا بولىدىغان غايەت زور يوشۇرۇن كۈچلەر بار. تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتقاندا، مەبلەغ ئاز كېتىپ، ئۈنۈمى تېز ۋە يۇقىرى بولۇپ مۆلچەرلەپ يېتىلمىگەن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەكىللەندۈرگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ چوڭ دائىرىدە يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىنى كېڭەيتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ساناتەت ئىشلەپچىقىرىشىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتەرگىلى بولىدۇ. تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ۋە ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش ۋىلايىتىمىز ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىشنىڭ يېقىن يولى. كونا كارخانىلارنى ئۆزگەرتىشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر چاغدا، يېڭى كارخانىلارنى قۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بىز ھەر يىلى بىر تۈركۈم تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمىتىنى ئىشلەشنى، بىر تۈركۈم تۈرلەردە قۇرۇلۇش باشلاشنى، بىر تۈركۈم تۈرلەرنى پۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. مۇنداق قىلغاندا، ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۇزۇن، مۇقىم راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. يېڭى تۈرلەردە، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىلەر تەڭ ئاتلىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، «قىسقا، تەكشى، تېز» تۈرلەرنى ۋە دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا پايدىلىق تۈرلەرنى ئاۋۋال راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇلتۇر ۋىلايەت بويىچە 51 تۈرگە يېڭىدىن تۇتۇش قىلىندى. ئۇنىڭغا جەمئىي 27 مىليون 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ زاۋۇتلارنىڭ 90 پىرسەنتى ناھىيىلەردە بولۇپ، مەبلەغ ئاز كەتتى، مۇددىتى قىسقا، ئۈنۈمى تېز بولدى. ھازىرغىچە 19 زاۋۇت پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى ئىقتىدارى يەنىمۇ ئاشۇرۇلدى.

بىر يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىچكى بىرلىشىش بىلەن سىرتقا كېڭىيىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئىچكى بىرلىشىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى توغرا فاڭجېن، ۋىلايىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان فاڭجېن، يېڭى بىر يىلدا، بىز ئۇنىڭدا ئەستايىدىل چىڭ تۇرۇشىمىز، بولۇپمۇ، كونا كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە چوقۇم يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ۋىلايىتىمىز ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك.

(6) ئىككى مەدەنىيەتنى بىرگە تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.

سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ماس ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىدا، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەت ۋە قەتئىي، توغرا سىياسىي يۆلىنىش بولۇشى كېرەك. بۇ شەرتلەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش ئارقىلىقلا شەكىللىنەلەيدۇ. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا، بىز ئالدى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدۇق. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى: قەشقەرىمىزدە ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق بولمىغان بولسا، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق بولمىغان بولسا، ھازىرقىدەك بۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بولمىغان بولاتتى. ئالدىنقى يىللاردا ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا بەزى مەسىلىلەر يۈز بەرگەچكە ۋەزىيەت دېگەندەك تىنچ بولالمىغانىدى. شۇ چاغدا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ناھايىتى زور زېھنى بىلەن بۇ مەسىلىلەرگە بەنت بولغاچقا، خىزمەتتە ئىنتايىن پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

1982 - يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. ۋىلايەت مىقياسىدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە «ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش»، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى؛ «تۆت بولۇش» تەربىيىسى، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيىسى، قانۇن - ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى، كەسىپ ئەخلاقى تەربىيىسى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى. تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەت ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە تەرەققىي قىلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە مەدەنىيەت ساپاسى ئۈزلۈكسىز تۈردە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۆتكەن بىر قانچە يىل ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەڭ ياخشى بولغان تارىخىي مەزگىللەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تېز تەرەققىي قىلغان مەزگىللەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كاشىلا بولىدىغان «سول» ۋە ئوڭ ئىدىيىنىڭ بىخلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ باشتىن - ئاخىر توغرا يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدۇق.

بېسىپ ئۆتكەن يولىمىزنى ئەسلەيدىغان بولساق، شۇنداق بىر مۇھىم يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى: سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، تىنچ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش — بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم كاپالىتى. تىنچ، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، ۋىلايىتىمىزدىكى ئىككى مىليون 370 مىڭ خەلقنىڭ مەسئۇلىيىتى. قەشقەرنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ۋىلايىتىمىز خەلقىنى بىردەك كۈرەش قىلىشقا ئورتاق غايە ئارقىلىق سەپەرۋەر قىلىش لازىم. كۈچلۈك ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئارقىلىق تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىش لازىم. ھەر خىل تەربىيە شەكىللىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش، دەۋرگە يېتىشىۋېلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، فېئوداللىزمنىڭ قالدۇق زەھەرلىرى ۋە ئەسىرلىرىدىنى تازىلاپ، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشكە ماس

كېلىدىغان يېڭى قاراشلارنى تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. ماددىي رىغبەتلەندۈرۈشكىلا تايىنىپ قوزغىتىلغان ئاكتىپلىق ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ. ئۇ ھەم ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر. ئەگەر كىشىلەرنى دىققەت - ئېتىبارىنى ماددىي مەنپەئەتنى قوغلىشىش بىلەنلا چەكلەپ قويىدىغان بولساق، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ۋە ئامما غايە ۋە ئېتىقادىدىن مەھرۇم بوپقالىدۇ. مەنىۋى تۈۋرۈكتىن ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى ئىچكى كۈچتىن مەھرۇم بوپقالىدۇ.

## ئۈچىنچى، 1987 - يىللىق ۋەزىپىلەر

1987 - يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇر راۋاجلىنىدىغان بىر يىل، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن زاپاس كۈچ تەييارلايدىغان، ئاساس سالىدىغان بىر يىل، «7 - بەش يىللىق پىلان» دىكى كۆزلەش نىشانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق بىر يىل بولىدۇ. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك، پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىتىشىمىز لازىم. يېزا ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، يەرلىك ساناۋەت بىلەن يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئىككى قانات قىلىپ، سۇ، توك، يول قۇرۇلۇشىنى شەرت قىلىپ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، يايلاق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، توغرا يۆنىلىشلىك بىرلەشمىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنى نىشانلاپ، تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە يۈرۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

1) خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا مۇقىم، ماس ھالدا راۋاجلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مۇئەييەن ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاش كېرەك. 1987 - يىلى ساناۋەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى بىر مىليارد 370 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 100 مىليون يۈەن، يەنى 8.5% كۆپەيتىمىز؛ ساناۋەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 380 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 40 مىليون يۈەن، يەنى 11.8 % كۆپەيتىمىز؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 990 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 6.5% كۆپەيتىمىز؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنى 230 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 50 مىليون يۈەن، يەنى 27.8% كۆپەيتىمىز؛ مالىيە كىرىمىنى 57 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 8 مىليون يۈەن يەنى 16.1% كۆپەيتىمىز.

2) يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى كۈچەيتىپ، ئۇدا سەككىزىنچى مول ھوسۇل يىلىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ① ئاشلىقنىڭ مۇقىم ھالدا ئېشىشىنى ساقلاپ ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 2 مىليارد جىڭغا

يەتكۈزۈپ 3% ئاشۇرۇش لازىم. «ئىككى
چەلگە سورتىنى يۈرۈشلەشتۈرىدىغان» 700
مىڭ مو يەرنى نۇقتىلىق تۇتۇش كېرەك.
كۆلەمدە ھەر، پوسكام قاتارلىق جايلار
شالنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ
گۈرۈچ بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىشىنى
قەدەممۇ - قەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن تىرىشىپ قوشۇش لازىم. ② پاختا
ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ كۆلىمى-
نى 1 مىليون 500 مىڭ موغا، ئومۇمىي
مەھسۇلاتىنى بىر مىليون 800 مىڭ دەنگە
يەتكۈزۈپ 40% ئاشۇرۇش كېرەك. سورتلۇق
ئۇرۇقنى ۋە يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىشنى
داۋاملىق كېڭەيتىپ، مىليون موتەلا سۇ يەتلىك
كېۋەز تېرىش تېخنىكا ئۆتكۈلىگە ھۇجۇم
قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ. بازارنىڭ تەلىپى-
گە ئاساسەن، پاختىنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ
يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ياغلىقدان
ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 55 مىليون جىڭغا
يەتكۈزۈپ، 5.8% ئاشۇرۇش كېرەك. ③ چار-
ۋىچىلىقنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا
قويۇپ، يىل ئاخىرىدىكى سانىنى تۆت مىليون
250 مىڭغا يەتكۈزۈش لازىم. سانىنى كۆپەي-
تىش بىلەن سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە
تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، تاۋار
نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىشلەپ-
چىقىرىشنىڭ مەقسىتى قىلىپ، دېھقانچىلىق
رايونلىرىدا چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى
مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 200 مىڭ تونىنا
سېلوس تەييارلاشنى ئورۇنلاش كېرەك. ④ ئور-
مان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى
تېزلىتىش، 150 مىڭ مو ئورمان ئەھيا قىلىش،
بۇ يىل، كېلەر يىلى بولۇپ ئىككى يىل
ئىچىدە ۋىلايەت بويىچە (تاشقورغاندىن
باشقا) ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن
تورلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم.

ماتېرىياللىق ئورمان، يېقىلغۇ ئورمىنى، ئىق-
تىسادىي ئورمانلارنىڭ ھەممىسىگە تەڭ ئېتى-
بار بىلەن قاراش فاڭجېنىنى قوللىنىش، جە-
ھاننى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش،
قاقاسلىقلارنى دائىرىگە ئېلىپ ئورمان يې-
تىشتۈرۈش، ئورمان ئاسراش خىزمىتىنى دا-
ۋاملىق ياخشى تۇتۇش لازىم. ⑤ باغۋەنچى-
لىكتە يېڭىدىن 100 مىڭ مو باغ ئەھيا قى-
لىش، بازا قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، كونا
باغلارنى باشقۇرۇش ۋە يېڭىلاشقا ئەھمىيەت
بېرىش، تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشنى يولغا قو-
يۇپ، سان ۋە سۈپەتنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆ-
تۈرۈش لازىم. بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن،
تاۋار قوغۇن ئىشلەپچىقىرىشنى پائال تەش-
كىللەش، رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ
«كۆزنى مەھسۇلات»قا ئايلاندۇرۇش كې-
رەك. ⑥ پىلە - ئۈجمىچىلىكتە بۇ يىل
20 مىليون تۈپ ئۈجمە كۆچىتى ئۆستۈرۈش، پىلە
غوزىسى مەھسۇلاتىنى 400 تونىغا يەتكۈ-
زۈش، ئۈجمىنى تىكىپ قويۇپلا پەرۋىش قىل-
مايدىغان، پىلە باقمايدىغان ئەھۋاللارنى
نۇقتىلىق ھەل قىلىش كېرەك. ⑦ يېزا -
بازار كارخانىلىرىنى دادىل راۋاجلاندۇ-
رۇش، «پائال يۆلەش، مۇۋاپىق پىلانلاش،
توغرا يېتەكلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش»
دېگەن پىرىنسىپ بويىچە يېزا-بازار، كەنت،
بىرلەشمە ئائىلىلەر، يەككىلەردىن ئىبارەت
بەش قاتلامنىڭ تەڭ ئاتلىنىش فاڭجېنىدا
چىڭ تۇرۇپ، راۋاجلىنىش قەدىمىنى تېزلە-
تىش كېرەك. نۇقتىلىق كارخانىلارنى ياخشى
تۇتۇپ، ئۇلارنى ھۈنەرۋەنچىلىك شەكلىدىكى
ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىدىن زاۋۇتلاشقان
ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ قەدەم باستۇرۇش
لازىم. ⑧ دېھقان، چارۋىچىلار تۇرمۇشىنىڭ
يەنىمۇ ياخشىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك
قىلىپ، ھەر نوپۇسنىڭ قوشۇلىدىغان كىرىمى-

نى 50 يىلدىن ئاشۇرۇش لازىم. نامراتـ
لارغا يار ـ يۆلەكتە بولۇش خىزمىتىنى ياخـ
شى ئىشلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، باي بو-
لۇش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. نامراتـ
لىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە ھۆددىگەرلىك
مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، نامراتـ
لىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەبلىغىنىڭ ئۈنۈمىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەر يىلى 3~2 قېتىمدىن
ئوبوروت قىلىش، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇ-
تۇلغان ئائىلىلەر سانىنى نامرات ئائىلىلەر
ئومۇمىي سانىنىڭ 40 پىرسەنتىگە يەتكۈزۈش
كېرەك. ⑨ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئو-
مۇمىيۈزلۈك ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش
ئۈچۈن، سۇ قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرماستىن
ياخشى ئېلىپ بېرىش، سۇ تېجەش تىپىدىكى
قۇرۇلۇشلارنى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى قىلىش
لازىم. بۇ يىل كاچۇڭ توغىنى، مارالبېشى
شەھەر ئۆستەڭ توغىنى، سوغۇچاق سۇ ئامـ
بىرى دامبىسى، بۇقەنە قۇرۇلۇشى، پەيزاۋات
ئېچىملىك سۇ قۇرۇلۇشى، ماچاڭ سۇ مەنبەسى
قۇرۇلۇشلىرىنىڭ داۋامى، قەشقەر 2 ـ بال-
داق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، يېڭىئاۋات
كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى، موغال سۇ توگۇنى قاتار-
لىق يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان نۇقتىلىق قۇرۇ-
لۇشلارنى ئىشلەپ بولۇش لازىم. 2000 كىلو
مېتىر ئۆلچەملىك سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇ-
شىنى پۈتتۈرۈش لازىم. دەريا ئېقىنلىرىنى
پىلانلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مەۋ-
قەنى چوڭ قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش،
چوڭ قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۆستىگە
قويۇپ، سۇ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سۇغۇ-
رۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سۇ تې-
جەيدىغان يېزا ئىگىلىكى ۋە سۇ تېجەيدىغان جەم-
ئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. سۇ مەھسۇ-
لاتلىرى ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، سۇ
مەھسۇلاتلىرىنى 1000 تونىغا يەتكۈزۈش
لازىم. ⑩ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇ-
رۇشنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ،
دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات مۇ-
لازىمەت ساھەسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش،
ئائىلىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا باپ
كېلىدىغان ئوتتۇرا، كىچىك تىپلىق دېھقان-
چىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى پائال
ئومۇملاشتۇرۇش لازىم.

3) سانائەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى
تېزلىتىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تىرىشىپ
يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. دېھقانچىلىق،
چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قى-
لىدىغان يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سا-
نائىتى، يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە
ماي خىمىيە سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن
راۋاجلاندۇرۇش لازىم. قەشقەر يىپەكچىلىك
زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، يېڭىدىن يە-
كەن، كونىشەھەرلەردە ئىككى يىپ ئىگىرىش
زاۋۇتى قۇرۇش ھەمدە پائال مەبلەغ توپ-
لاش ئارقىلىق قەشقەر، يېڭىشەھەرلەردە
يىپ ئىگىرىش زاۋۇتى قۇرۇشنى قولغا كەل-
تۈرۈش، مارالبېشى چىگە زاۋۇتىنى قۇرۇش-
نىڭ دەسلەپكى خىزمەتلىرىنى ياخشى
ئىشلەش، يېڭىدىن شوخلا كونسېرۋا زاۋۇتى
قۇرۇش، قەشقەر ئىخچاملاشتۇرۇلغان يەم -
خەشەك زاۋۇتى، پوسكام كۆيدۈرگۈچ ئىشقار
زاۋۇتى ۋە پىۋە زاۋۇتى قۇرۇلۇشىنىڭ داۋا-
مىنى پۈتتۈرۈش كېرەك. خاس مەزمۇنىنى
كېڭەيتىشنى ئاساس قىلىش فاكتېرىدا چىڭ
تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش
سۈرئىتىنى تېزلىتىش لازىم. بۇ يىل 65 تۈر-
لۈك تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى ئىش-
لەش پىلانلاندى. تاشيول، قاتناش ئىشلى-
رىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىم. بۇ يىل
ھەر ناھىيە بىردىن يولغا ئاسفالت ياتقۇ-
زۇپ چىقىش ياكى ھېچ بولمىغاندا بىردىن

يولىنىڭ ئۆلىنى ياساپ چىقىشى كېرەك. ترانسپورت ئىشلىرىدا ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تىجارەت ئەھۋالىنىڭ يەنىمۇ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى قەدەمنى تېزلىتىپ كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ بازىرى راۋان مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ، پايدا ـ باج نىسبىتى روشەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى؛ مەھسۇلاتلار سۈپىتىنىڭ مۇقىم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش نىسبىتى 80 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇۋېتىلىشى؛ كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت ۋاقتى ئونكۈن قىسقارتىلىشى؛ قۇۋۋەت مەنبە ماتېرىياللىرى سەرپىياتىنىڭ مۇقىم تۆۋەنلەش نىسبىتى 70 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇۋېتىلىشى؛ خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى تۆت پىرسەنتتىن ئاشۇرۇۋېتىلىشى لازىم. 2 ـ يېنىك سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى تېزلىتىپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

4) مالىيە ـ سودا خىزمىتىدە تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە «قان پەيدا قىلىش» ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى دەۋر قىلغان ھالدا ئىسلاھ قىلىشنى تېزلىتىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىم. مالىيە، باج خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، مالىيە كىرىم يوللىرىنى كېڭەيتىپ، كىرىمنى كۆپەيتىپ چىقىمنى تېجەپ، كىرىمنى 8 مىليون يۈەن كۆپەيتىشكە كاپالەتلىك قىلىپ، 10 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، تاشقى سودا ئېكسپورتىنى پائال كېڭەيتىپ، سەيلى ـ ساياھەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى كۆپەيتىش لازىم. پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىسلاھ قىلىپ، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش لازىم. سودا، تەمىنات ـ سودا، ئاشلىق تارماقلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پائال تۈردە خىزمەت ئۆتىشى لازىم. پىلان، مال باھاسى، سودا ـ سانائەت، مۇپەتتىشلىك قاتارلىق كەسپىي تارماقلار ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى كونترول قىلىش، تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆز خىزمەتلىرىنى چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىش لازىم.

5) مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق خىزمەتلەر ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت ئۆتەش جەھەتتە يېڭى تۆھپە قوشۇش لازىم. مائارىپ خىزمىتىدە مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى دەۋر قىلىپ، مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. مائارىپ خىزمىتىدىكى تۈرلۈك نۇقسانلارنى قەتئىي تۈزىتىپ، تۈرلۈك ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىدە «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە يېنىك سانائەت، توقۇ-

مىچىلىق، يېمەكلىكلەر، ماي خىمىيە سانائىتى قاتارلىق قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتا ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» فاكىتىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بىر تۈركۈم «قىسقا، تېكشى، تېز» تۈرلەرنى ياخشى تۇتۇپ، كۈچىنى تەشكىللەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ «ئۇچقۇن پىلانى» نىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. مىليون مو يەردە ئەلا سۇپەتلىك كېۋەز ئۆستۈرۈش، 700 مىڭ مو يەردە ئىككى چىلگە سورتىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ تېرىش ۋە شال ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇزلارغا ئىمىش قوشۇش، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قاتارلىق تۈرلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سىنىقىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، مەدەنىيەت، سەھىيە، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش، تەنتەربىيە، نەشرىيات، تېلېۋىزىيە، رادىئو قاتارلىق ئىشلاردا ئاپتونوم رايوننىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنىڭ ئالاقىدار تەلەپلىرى بويىچە يېڭى نەتىجە يارىتىش كېرەك.

يۇقىرىقى كۆرسىتىلگەن نىشانىمىزنى ۋە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم:

(1) كۆز قاراشنى يەنىمۇ يېڭىلاش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ياساش جەھەتتە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، تەرەققىيات تەكشى ئەمەس، ئىدىيە ساھەسىدىكى مەسىلىلەرنى بىر كۈندىلا ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. قەشقەر ئۇزۇندىن بېرى بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەن نامرات، ئارقىدا قالغان رايون، ئىقتىسادىي ئاساسى ئىنتايىن ئاجىز، فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ قالدۇق تەسىرى ۋە تار ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش كۆز قارىشىنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر. سانائەتكە سەل قاراش، سودا ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئۆز-ئۆزىنى بېكىندۈرۈۋېلىش، كونىلىقنى ساقلاش، مازىرىقى ھالەتكە شۈكرى قىلىش ۋە تەڭ تەقسىماتچىلىق قىلىش ئىدىيىسى كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە. بىزنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىمىزدە كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۆتۈپ كەتكەن قائىدە - نىزام، قېلىپ قالغان قېلىپ ۋە كونا يول بىلەن ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ قېلىنغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋىلايىتىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا ۋە سىرتقا قارىتا داۋاملىق ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشقا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان توسالغۇدۇر. كۆز قاراشنى يەنىمۇ يېڭىلاپ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلاشتۇرۇش يەنىلا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى.

كۆز قاراشنى يېڭىلاشتىكى مەركىزىي مەسىلە تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش كۆز قارىشىنى تىكلەشتىن ئىبارەت. نوقۇل ھالدا يېزا ئىگىلىكىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت كىچىك دائىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، يېزا ئىگىلىكىنىمۇ، سانائەت ۋە سودىنىمۇ تۇتۇپ، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش، تويۇنۇش، كىچىكىنىشكىلا قانائەتلىنىدىغان ئۇششاق ئىشلەپ-

چىقارغۇچىلارنىڭ كۆز قارىشىنى تۈگىتىپ، بۇنىڭغا لايىقلاشمىدىغان ئىختىساس ئىگىلە-لىرى كۆز قارىشىنى، ئۇچۇر كۆز قارىشىنى، قىممەت كۆز قارىشىنى، بازار كۆز قارىشىنى، ئۈنۈم كۆز قارىشىنى، رىقابەت كۆز قارىشىنى تىرىشىپ تۇرغۇزۇپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشكىللىيە-لەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلالايدى-غان ماھارەتنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

كۆز قاراشنى يېڭىلاشتا، ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىزغا قارىتا ئېيتقاندا ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، يول ئې-چىپ ئالغا ئىلگىرىلەش كۆز قارىشىنى ئالاھىدە كۈچەيتىش لازىم. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا لايىقلىشالماي-دىغان بارلىق كونا تۈزۈم، كونا قېلىپ، كونا ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئىسلاھ قىلىش-قا جۈرئەتلىك بولۇشىمىز لازىم. كونىلىقنى ساقلاپ بىر ئىزدا تۇرىدىغان، ھازىرقى ھالەتكە شۈكرى قىلىدىغان، ئۈمىدسىزلىك قىلىدىغان، قىيىنچىلىقتىن قورقىدىغان، ئالغا ئىنتىلمەيدىغان ئىدىيىنى تۈگىتىشى-مىز لازىم. قەشقەرنى ئېچىۋېتىش، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈشتەك شە-رەپ تۇيغۇسىنى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇپ، بىر ئىزدا توختاپ قالماي، غەيرەتلىك بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئىتتىپاق بولغان، باي، مەدەنى-يەتلىك يېڭى قەشقەرنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

كۆز قاراشنى يېڭىلاشتا، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىدىيىسىنى مۇستەھ-كەم تىكلەپ، ئىشىكنى چوڭ ئېچىۋېتىپ، پۇل، بايلىقلارنى كىرگۈزۈش، تېخنىكا، ئىختىسا-سلىق خادىملار، ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش، تاۋارلارنىڭ ئەركىن كىرىش-چىقىشىغا يول قويۇش لازىم. زىيان تارتىشتىن قورقماي-دىغان ئىدىيە بولۇشى، چەتئەللىكلەر، باشقا ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىكىلەرنىڭ قەشقەر-گە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىشى، زاۋۇت قۇ-رۇشىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىمىزنى تولۇقلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئۆز ئارا رىقابەتلىشىش، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتە ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلال-مايدۇ.

كۆز قاراشنى يېڭىلاشتا، ئۈستىقۇرۇلما تارماقلىرىمىزدىن «بىر تۇتاش باشقۇرۇۋې-لىش»نى «قويۇۋېتىش»كە ئۆزگەرتىش، «قىسىش»نى مۇلازىمەت قىلىشقا ئۆزگەرتىش، مەمۇرىي ۋاستىنى ئىقتىسادىي ۋاستىغا ئۆز-گەرتىش، بيۇروكراتلىق ئىستىلىنى، ئەمەل-دار سودىگەرلىك ئىستىلىنى تۈگىتىپ «رەھ-بەرلىك قىلىشنىڭ ئۆزى خىزمەت ئۆتەش»، «ئورگان ئاساسىي قاتلاملار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»، «مەن سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن»، «سىز مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىسىز» دېيدى-غان ئىدىيىنى مەھكەم تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئادەت كۈچىنى ۋە ئەنئەنىۋى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىش ئىنتايىن مۇشكۈل ۋەزىپە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىشنى ئۆزىدىن باشلىشى، ھەر خىل شەكىلنى قوللىنىپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى تەربىيىلەپ، قەتئىي غەيرەت بى-لەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىشى كېرەك.

(2) پارتىيىنىڭ ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋې-تىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش.

ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش-دۆلى-تىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-رۇش قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ فاڭجېن، شۇنداقلا،

قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇ-
تۇلۇپ باي بولۇشتىكى ئۈمىد، ئاساسى، بىز
بۇ فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇ-
شىمىز لازىم.

يېزىلاردىكى ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇر-
لاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاساسلىقى تۆ-
ۋەندىكى ئىسلاھاتلارنى ياخشى تۇتۇش كېرەك:

بىرىنچىسى، يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇل-
مىسىنىڭ تەڭشىلىشى — يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھ-
قانچىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەم-
مەللەشتۈردى، تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇردى. يې-
زىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش تارىخى
تەدرىجى ئىلگىرىلەش جەريانى بولۇپ، ئۇ ئىش-
لەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇ-
قىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز
ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭ بىر قېتىمدىلا مۇ-
كەممەللىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ۋىلا-
يىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى كەسىپ قۇرۇلمى-
سىنىڭ تەڭشىلىشى جەھەتتىكى ئومۇمىي ئەھ-
ۋال مۇنداق: ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلا-
تىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە
ئەگىشىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ ئۈزلۈكسىز
يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش
شەرتى ئاستىدا، ئاشلىقنىڭ تېرىلىش كۆلى-
مىنى پەيدىنپەي ئازايتىپ، ئىقتىسادىي زى-
رائەتلەر ۋە ئوت-چۆپنىڭ تېرىلىش كۆلى-
مىنى كېڭەيتىش؛ سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلى-
نىشىغا ئەگىشىپ، تېرىلغۇ ۋە ئورمانچىلىق
يەر كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش. جايلار
مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ كە-
سىپ قۇرۇلمىلىرىنى يەنىمۇ تەڭشەپ چىقىشى
كېرەك.

ئىككىنچىسى، تەمىنات-سودا كوپېراتىپ
تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى مەركەز قىلىپ
ئوبوروتنى جانلاندۇرۇش كېرەك. يېزا تا-
ۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگە-
شىپ، يېزا ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇش — ئىنتا-
يىن جىددىي بىر ۋەزىپە. يېزا ئوبوروتى-
دا دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىيلەر تەڭ ئا-
لىمىشتىن ئىبارەت فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ،
كۆپ يوللۇق، كۆپ قاتلاملىق ئوبوروت تۈ-
زۈلمىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. يەككە تىجا-
رەتچىلەرنى دادىل كۆپەيتىش، تەمىنات-
سودا كوپېراتىپلىرىنى پائال ياخشى باش-
قۇرۇپ، تەمىنات-سودا تورلىرىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش لازىم؛ كەنت دەرىجىلىك تەمى-
نات-سودا دۇكانلىرىنى باشقۇرۇش قىيىن
بولۇش، مەبلەغدىن بولىدىغان زىيان ئېغىر
بولۇشتەك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى
رەھبەرلىكى بولغان هالدا يەككە تىجارەتكە
ئايلاندۇرۇۋېتىشكە بولىدۇ. كېتەرلىك مەبلەغ-
لىرىنى ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپىدىن قەرز
بەرسە، تەمىنات-سودا كوپېراتىپى ھەق-
لىق تەمىنلەپ ئۆز قەرەلىدە قايتۇرسىمۇ
بولىدۇ. تەمىنات-سودا كوپېراتىپى ئۇلارنى
ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام نۇقتىلىرى دەپ
قاراۋەرسە بولىدۇ. تەمىنات-سودا توختىمى
تۈزۈپ، بارلىق ئاساسىي قاتلام نوقتىلى-
رىنى توختام شەكلى ئارقىلىق باغلاپ،
مۇكەممەل بولغان تەمىنات-سودا كوپېراتىپ
تورلىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. يېزىدىن
يۇقىرى دەرىجىلىك تەمىنات-سودا كوپېرا-
تىپلىرى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە تولۇق
ئارىلىشىپ، يېزىلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرى-
شىغا يار-يۆلەك بولۇپ، كەسپىي ئائىلىلەر
ياكى ئاساسىي قاتلاملار بىلەن تەمىنات-سو-
دا توختىمى تۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش،
تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەپ، مەھ-
سۇلاتلارنى سېتىۋېلىش ياكى سېتىپ بېرىش
لازىم. يېزىلاردىكى يەككە تاۋار ئىشلەپچى-
قارغۇچىلارنى توختام شەكلى ئارقىلىق تۇ-
تاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئىش قوشۇش،

تۇشۇش، سېتىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، تەمىنات-سودا كوپىراتىپىنى يېزا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، يار-يۆلەكچىسى ۋە تۇتاشتۇرغۇچىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىسى، يېزىلاردا تۈرلۈك مۇلازىمەت سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىش تەقسىماتى بارغانسېرى ئىنچىكىلەشمەكتە. يېزىلارنىڭ تەبلەغ، تېخنىكا، ماددىي ئەشيا، ئىختىساسلىق خادىم، ئۇچۇر، بازار قاتارلىقلارغا بولغان تەلىپى بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ھازىر يېزىلارنىڭ مۇلازىمەت خىزمىتى ھەم ئاجىز، تەجرىبىسى ھەم يېتەرسىز بولۇپ، تېخىچە مۇكەممەل مۇلازىمەت سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنمىدى. شۇڭلاشقا، ھەر دەرىجىلىك يېزا خىزمىتى تارماقلىرى باشچى بولۇپ يېزىلارنىڭ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، ئىش قوشۇش سانائىتى قاتارلىق كەسىپلەردىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىن ئېھتىياجلىق بولىدىغان مۇلازىمەت تۈرلىرى (پەن-تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى دەۋر قىلغان ھالدا تەكشۈرۈپ — تەتقىق قىلىپ، بىر يۈرۈش مۇلازىمەت چارىلىرىنى بەلگىلەپ، مۇكەممەل بولغان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. ئۇندىن باشقا، بۇ يىل ناھىيەلەر شارائىتى بار جايلاردا بىر-ئىككىدىن ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇپ چىقىپ تەجرىبە يارىتىش لازىم.

شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ھالقىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. زاۋۇت باشلىقلىرى (دىرېكتورلار) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە ئىشانلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، پايدىنى كارخانا باشقۇرغۇچى ئۈستىگە ۋە كارخانىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاش، ھوقۇقنى بېرىۋېتىشنى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، كارخانىلارنى مەمۇرىي جەھەتتە ئارىلىشىۋېلىش ھەددىدىن كۆپ بولۇپ كېتىش، پۇت-قولىنى بوشىتالماسلىقتەك ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، نىسپىي مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە تىجارەتچىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. ئومۇمەلاشتۇرغۇچى تارماقلار ۋە كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار تېخىمۇ تەشەببۇسكار، تېخىمۇ تەرەققىيپەرۋەر پوزىتسىيەدە كارخانىلارنى جانلاندۇرۇپ، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى دەۋر قىلىپ، يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، كارخانىلارغا ھەر جەھەتتىن ئىرىشىپ خىزمەت قىلىش لازىم. قالايمىقان ۋەزىپە چېچىشنى چەكلەپ، كارخانىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش كېرەك. سودا سىستېمىسى يىللىق تىجارەت سوممىسى 80 مىڭ يۈەنگە يەتمەيدىغان كىچىك ماگىزىنلار ۋە سودا-سېتىق نۇقتىلىرىنى كوللېكتىپ ياكى يەككە تىجارەتكە ئۆزگەرتىۋېتىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىمۇ بازارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا پائال قاتنىشىشى، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ كارى بولمايدىغان ھادىسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك.

پۇل مۇئامىلىسى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك. ۋىلايىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەبلەغ يېتىشمەسلىكى—

ئېگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى ئەڭ چوڭ چەكلىمىگۈچى ئامىل. يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ۋىلايىتىمىزدە مەبلەغنىڭ يوشۇرۇن كۈچىمۇ ناھايىتى چوڭ. ئۆتكەن يىلى دېبىت بىلەن كىرىدىت بالانىس قىلىنغاندىن كېيىن، يۈز مىليون يۈەن پۇل يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى، بىر يىلدا پۇل ئامانەتتىكى ئاشقان قىسمى يۈز مىليون يۈەنگە يەتتى. ھەر يىلى بانكا، مالىيىدىكى ئامانەت، قەرز، كىرىم، چىقىم جەھەتلەردە ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى سەۋەبىدىن خېلى ساندىكى مەبلەغ بىكار تۇرۇپ قالدى. ئىدىيىدە ئازاد بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايۋاتىمىز، شۇڭلاشقا، بۇ يىل پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، چوڭراق بۆسۈش بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، مەبلەغ بازىرىنى ئېچىپ، مەبلەغنىڭ توغرا لېقىملىق مۇئامىلىسىنى يولغا قويۇش؛ ئىككىنچىدىن، قىسقا مۇددەتلىك چەك بازىرىنى قۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، كوللېكتىپ خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. دەسلەپكى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزچە، تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا 11 ناھىيە، شەھەردە ئىناۋەتلىك قەرز كوپىراتىپلىرىنى پىلانلىق تۈردە قەدەممۇقەدەم قۇرۇپ چىقىش؛ تۆتىنچىدىن، قەشقەر شەھىرى شەھەردە چەك ئالماشتۇرۇش مەركىزى قۇرۇش؛ بەشىنچىدىن، مالىيە ياكى كارخانىلارنىڭ ئىناۋەتلىك مەبلەغ شىركىتىنى قۇرۇش، ۋىلايەت ئاۋۋال مالىيە باشقارمىسىدا ئىناۋەتلىك مەبلەغ شىركىتى قۇرۇش؛ ئالتىنچىدىن، كارخانىلار پاي چېكى تارقىتىش، قىسقىسى، پۇل مۇئامىلىسىنى جانلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش لازىم.

ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا مەبلىغىدىمۇ زور يوشۇرۇن كۈچ بار. ۋىلايەت بويىچە پۇلغا سۇندۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن چارۋا پۇلىدىن يەنە 38 مىليون 360 مىڭ يۈەن، شەخسىينىڭ كوللېكتىپتىن قەرزى 68 مىليون يۈەن، پۇلغا سۇندۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن ئورمان پۇلىدىن 37 مىليون 520 مىڭ يۈەن بار بولۇپ، جەمئىي 143 مىليون 880 مىڭ يۈەن پۇل بار. بۇ پۇللار ھازىر ئاساسەن ئۆلۈك پۇل بولۇپ، رولى جارى قىلدۇرۇلمايۋاتىدۇ. بۇ مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، سىستېمىلارنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى ھەقلىق مەبلەغ قىلىپ سانائەتكە ياكى يېزىلارنىڭ ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلىرىغا ئىشلىتىش كېرەك. بۇ پۇل ئۇزاقتىچە بانكىدا ئامانەت قويۇلۇپ تۇرۇۋەرسە، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلمايلا قالماستىن، بەلكى مۇۋاپىق ئىشلىتىلمەي پەيدىنپەي ئازىيىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، بۇ پۇلنى ھەقلىق مەبلەغ قىلىپ يېزا ئىگىلىكىگە سېلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن سىرت، يېزا-بازار كارخانىلىرى ياكى يەرلىك سانائەتكە سېلىشقا تېگىشلىك. بۇ پۇلنى پاي سەرمايىسى قىلىشقا بولىدۇ ياكى ئۆسۈمىنى پۇل ئامانەت ئۆسۈم نىسبىتىدىن يۇقىرى قىلىشقا بولىدۇ. ئومۇمەنىڭ قىلىۋېتىش شارائىتىنى چىقارماسلىق، قەرز ئالسا ياندۇرۇش كېرەك. مەبلەغ ئىگىلىرىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈش ھەمدە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش لازىم، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارىچە ئىشلىتىشىگە بولمايدۇ. ئىقتىساد باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى مەمۇرىي ۋاسىتە

ئارقىلىق بىۋاسىتە باشقۇرۇش چارىسىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۈجمىچىلىك، پىلىچىلىك جەھەتتە بىر يىپەكچىلىك زاۋۇتىنى باش قىلغان ھالدا ئۈجمىچىلىك، پىلىچىلىكنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدۇق. ئۈجمە ئۆستۈرۈش، پىلە بېقىشتىن تارتىپ يىپەك رەخ توقۇش، سېتىشقىچە بولغان پۈتۈن جەريان بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇپ، بۆلەكلەر بويىچە ھېسابات قىلىنىپ، پايدا-زىياننىڭ ئۆزى ئىگە بولىدىغان، بىر-بىرىگە تەڭ نەپ يەتكۈزىدىغان بولدى. بۇ خىل ئىسلاھات ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىتېتى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىدىكى رەھبەرلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە، ماختىشىغا ئېرىشتى. بۇ توغرا بولغان تەرەپ، بۇيىل ئۈجمىچىلىك-پىلىچىلىكنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن سىرت، بىز بۇ چارىنى ماي خىمىيە سانائىتى كەسپىدە يولغا قويماقچىمىز. بۇنىڭدا، شەھەرلىك ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى باش بولۇپ، ناھىيەلەرنىڭ ماي زاۋۇتلىرى ئاياغ بولۇپ، پۈتۈن گەۋدىلىك كەسىپ شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئىقتىساد كومىتېتى مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ ئەمەلىي يولغا قويۇش لايىھەسىنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ناھىيەلەر بۇنى پائال قوللىشى لازىم. ئىككىنچى، يۈرۈشلەشتۈرۈلۈش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقسا، بىز بۇنى قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋىگە ئىش قوشۇش، پاختا، چۈچۈكبۇيا، چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا ئىش قوشۇش كەسىپلىرىگىچە كېڭەيتىمىز.

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى دوست ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيەلەر بىلەن بولغان كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى بويىچە بىرلەشمە تىجارەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. 1986-يىلىدىكى ئاساستا بىرلىشىش تۈرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرى، مەبلەغ، تېخنىكا جەھەتتە زور بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بىز ھەم ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، شەھەر، رايونلار بىلەن بولغان بىرلىشىشنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز ھەم ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت ئىچىدىكىلەر بىلەن بولغان توغرا لېنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، شەھەر بىلەن يېزىلار، ۋىلايەت بىلەن ناھىيەلەر، كەسىپلەر بىلەن كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى توساقنى، دۆلەت بىلەن كوللېكتىپ، شەخسىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنى تېخنىكا، مەبلەغ، ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتە ھەمكارلىشىشقا ئارىلاشما ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز لازىم. «داڭلىق، ئەلا، يېڭى» مەھسۇلاتلارنى باش قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە بىرلىشىشنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە ئۈرۈمچى شەھىرى بىر قەدەر جانلىق ئىشلىگەن. ئۇلار «ئاسىيا» ماركىلىق گازلىق سۇ سودا ماركىسىنى (ھەر بوتۇلكا گازلىق سۇ ئۈچۈن گۇاڭجۇ «ئاسىيا» گازلىق سۇ باش زاۋۇتىغا بىر فۇڭدىن تاپشۇرىدىغان بولۇپ)، شاڭخەي «سۇمرۇغ» ۋېلىسىپىت زاۋۇتىنىڭ سودا ماركىسىنى (بىر ۋېلىسىپىت ئۈچۈن بەش يۈەندىن بېرىدىغان بولۇپ) ۋە شېنياڭ «شىۋاڭشى» يۇقىرى بېسىملىق قازان سودا ماركىسىنى (بىر قازان ئۈچۈن ئون فۇڭدىن بېرىپ) سېتىۋالغان، ئۇلار تېخنىكا خادىم ئەۋەتىپ تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلغان، مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى كاسات بولمىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك

بولغان، بۇ تەجرىبىلەر بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ئەينەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئەھمىيەت بېرىشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقى نۆۋەتتە ئىقتىسادىي بىرلىشىش جەھەتتىكى ئاساسىي مەسىلە بولۇپ قالماقتا، بېكىتىلىپ بولغان مۇددەتنامىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرمەسەك، قارشى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىغا زىيان يېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇ يىل تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا ناھىيەلەرنىڭ ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى ياكى ئىچكىرىدىكى بىر- ئىككى ناھىيە، شەھەر، رايون بىلەن دوست ئورۇن بولۇپ، مۇشۇ يىل ئىچىدە سىرتقى جايلار بىلەن ھېچ بولمىغاندا 10 دىن ئارتۇق يېڭى تۈر ئۈستىدە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىنى يىل ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىشىمىز كېرەك.

(3) بەش چوڭ تاۋار مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك.

ئۆتكەن يىلقى ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا بىز قەشقەرنى پاختىچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىقنىڭ ئۈچ چوڭ بازىسىغا ئايلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق. بىر يىللىق ئەمەلىيەت بۇ ئويىمىزنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ئىزدىنىش ئارقىلىق، بىز قەشقەرنى پاختىچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، چۈچۈكبۇيىچىلىقتىن ئىبارەت بەش چوڭ بازىغا ئايلاندۇرۇشنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويىمىز.

تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئوخشىمايدىغان بازىلارنى قۇرۇشىمىز لازىم، بۇ ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى بىر مۇھىم يېتەكچى ئىدىيە. شۇنداقلا، ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن تاۋار خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ ئېگىلىشىدىكى قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بىر بۇرۇلۇش. تۈرلۈك بازىلارنى قۇرغاندىلا، ئاندىن تو-جۇپلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويغىلى بولىدۇ، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقارغىلى، مەھسۇلاتلارنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتەرگىلى بولىدۇ؛ ئاندىن، ئوخشىمايدىغان جايلاردىكى تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە بۇراشقا تېخىمۇ پايدىلىق قىلغىلى بولىدۇ. بازا قۇرۇش ئەسلىدىلا ئېچىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بىر جايىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، باي بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر بازا قۇرۇشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى مۇھىم ۋەزىپە دەپ قاراپ، ھەقىقىي يوسۇندا ياخشى تۇتۇشى لازىم.

ۋىلايىتىمىز كېۋەز تېرىشتا ئۆزگىچە ئالاھىدە شارائىتقا ئىگە، ۋىلايىتىمىز دېھقانلىرىنىڭمۇ كېۋەز تېرىشتا ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ۋە تەجرىبىلىرى بار. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىزنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكىمىز ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، باي بولۇش ۋە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا غايەت زور رول ئوينىدى. لېكىن، بىز ھازىرقى نەتىجىلىرىمىز بىلەن قانائەتلىنىپ قالساق بولمايدۇ. داۋاملىق ھالدا پاختىنى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئىقتىسادىي زىرائىتى دەپ قاراپ راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بىز دەسلەپكى قە-

دېمەك، 1990 - يىلىغا بارغاندا ۋىلايىتىمىزنىڭ كېۋەز كۆلىمىنى تىرىشىپ ئىككى مىليون موغا يەتكۈزۈشنى، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ئۈچ مىليون دەنگە يەتكۈزۈشنى، ئومۇمىي كىرىمىنى 600 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزۈشنى، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى 400 مىليون يۈەن ئەتراپىغا (توقۇمىچىلىق ۋە ھاي خىمىيە سانائىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يەتكۈزۈشنى، ئۇنى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسال تاۋارىغا ئايلاندۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندۇرۇشنى مۆلچەرلەۋاتىمىز.

باغۋەنچىلىك ۋىلايىتىمىزدىكى يەنە بىر غايەت زور ئۈستۈنلۈك، بىز قەشقەرنى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ باغۋەنچىلىك بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. ئىككى يىلدىن بۇيان، بىز 200 مىڭ مو يەرگە يېڭىدىن باغ ئەھيا قىلدۇق. 1990 - يىلىغا بارغاندا باغنىڭ كۆلىمىنى 800 مىڭ موغا يەتكۈزۈش، قۇرۇق مېۋىنى قوشقاندا بىر مىليون موغا يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ: ھازىر قارىغاندا بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تامامەن مۇمكىن، ھازىرقى ئاساسلىق مەسىلە باغۋەنچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش فاكچېيىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. مۇندىن كېيىن باغۋەنچىلىك قۇرۇلۇشىدا ئاساسەن ئۇتاش باغلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، بازارغا ئېھتىياجلىق ئەلا سورتنى تاللاپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھازىر بار 370 مىڭ مو يەردىكى باغنى ئۆزگەرتىش لازىم. بولۇپمۇ بۇرۇنقى يېرىك باشقۇرۇشنى تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، شۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. بىر قىسىم جايلاردا بەزىلىرىنىڭ مو كىرىمى مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەن؛ بەزىلىرىنىڭ مو كىرىمى ئون نەچچە يۈەنگە يەتكەن، بۇ يەردىكى پەرق بىرىنىڭ تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغانلىقىدا، بىرىنىڭ بولسا يېرىك باشقۇرۇشنى يولغا قويغانلىقىدا. ئەگەر يېرىك باشقۇرۇش ئەھۋالى داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، باغۋەنچىلىك ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ، تەرەققىيات ئىستىقبالى خىرەلىشىپ قالىدۇ، شۇڭلاشقا، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، مو كىرىمىنى 500 يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىمىز. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇغدايىنى تۇتقاندىكىدەك، باغۋەنچىلىكنىمۇ قاتتىلامۇ - قاتتىق قوماندانلىق قىلىپ، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى قالاق ھالەتنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش لازىم.

چارۋىچىلىق ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن سانائەتكە قەدەر زور تەسىرگە ئىگە. لېكىن، نۆۋەتتە چارۋىچىلىق يەنىلا ۋىلايىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى بىر «قىسقا پۇت» بولۇپ تۇرماقتا. بۇ خىل ھالەتنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش لازىم. چارۋىچىلىق ۋىلايىتىمىزدە شىمالىي شىنجاڭدىكىدىن ئۈستۈن ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىز دېھقانچىلىق رايونىدىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمىز، ئۇ يەردە ئاپەت ئاز، نىسبەتەن مۇقىم، بىز مۇشۇ ئۈستۈنلۈكنى جارىي قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىم چارۋىچىلىق بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. 1990 - يىل-

غا بارغاندا، قوتاندىكى چارۋىنىڭ سانىنى بەش مىليوندىن ئاشۇرۇۋېتىش، قوتاندىن چىقىرىش نىسبىتىنى 30 پىرسەنتكە يەتكۈزۈش؛ قويىنىڭ ئېغىرلىقىنى 15 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. نۆۋەتتە، بىرىنچىسى، سېلوسنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش لازىم، بۇ يىل 200 مىڭ توننىغا، 1990-يىلى 500 مىڭ توننىغا يەتكۈزۈش كېرەك. ئىككىنچىسى، بىر دىكمە يەم - خەشەكنى پىششىقلاپ ئىشلەش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ، 1990-يىلغا بارغاندا بىر دىكمە يەم - خەشەكلەشتۈرۈشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئۈچىنچىسى، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، تۇغۇش يېشىدىكى چارۋىلار نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كۆپىيىش، ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. 1990-يىلغا بارغاندا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 68 پىرسەنتكە ۋە 70 پىرسەنتكە يەتكۈزۈش كېرەك. تۆتىنچىسى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسىي تەڭ ئاتلىنىپ، ئائىلە چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە تاۋار گۆش ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بەشىنچىسى، بەسلەمنى ياخشىلاش ۋە نەسلىنى كېڭەيتىشنى ياخشى يولغا قويۇپ، چارۋا - مال دوختۇرلۇقىنى، ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تېز پۇرسەت ئىچىدە چارۋىچىلىقنىڭ باشقا ئىشلاردىن ئارقىدا قالغانلىقىدەك ھالەتنى ئۆزگەرتىش لازىم.

ئۈجمە - پىلىچىلىك ۋىلايىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى. يىپەك خەلقئارا سودا ۋە ئىچكى جەھەتتىكى سېتىپ چىقىرىشتا كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە، بىز قەشقەر ۋىلايىتىنى «يىپەك يولى» دىكى يېڭى چوڭ تىپتىكى ئۈجمىچىلىك - پىلىچىلىك بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. 1990-يىلغا بارغاندا چوقۇم ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئۈجمە سانىنى 30 تۈپكە يەتكۈزۈش، ۋىلايەت بويىچە بېقىلىدىغان پىلىنى 100 مىڭ قۇتىغا يەتكۈزۈش، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنى 1500 توننىغا يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە، ئۈجمە ئۆستۈرۈشنى داۋاملىق تۇتۇش بىلەن بىر چاغدا، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، پىلە بېقىشنى كېڭەيتىشىمىز، ھازىرقىدەك ئۈجمىنى تىكىپ قويۇپلا كارى بولماسلىق، پىلە باقماسلىقتەك زىيانلىق ئۇسۇلنى ۋە پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم.

چۈچۈكبۇيا — ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى ياۋا ئۆسۈملۈك. ۋىلايىتىمىز، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چۈچۈكبۇيا چىقىدىغان بىر مۇھىم جاي. بىز چۈچۈكبۇيا تەبىئىي بايلىق مەنبە ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇپ، قەشقەرنى ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەتكە قەدەر مۇھىم چۈچۈكبۇيا بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. بىز دەسلەپكى قەدەمدە، 1990-يىلغا بارغاندا سۈنئىي ئۇسۇلدا چۈچۈكبۇيا ئۆستۈرۈش، چۈچۈكبۇيىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۆلىمىنى ئىككى مىليون موغا يەتكۈزۈپ، تىرىشىپ «8 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، چۈچۈكبۇيا مەھسۇلاتىنى 10 مىڭ توننىدىن ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈشنى مۆلچەرلىمەكتىمىز.

بازا قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردا بەش چوڭ بازا قۇرۇلۇشى ئىشخانىسى ياكى يېزا تەرەققىيات ئىشخانىسى قۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئالاقىدار كەسپىي ئورۇنلاردىن ئادەم ئاجرىتىپ، دائىملىق بەنزە تەشكىللەپ، ئۇنى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىدىكى بازا قۇرۇلۇش ھوقۇقلۇق ئورگىنى قىلىش،

بازا قۇرۇلۇشىغا دائىر ھەممە ئىشلارغا مەسئۇل قىلىش، ھەر قايسى سىستېمىلارنىڭ خىزمەت مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش لازىم. ۋىلايەت، ناھىيىلىك مالىيە تارماقلىرى مالىيە كۈچى جەھەتتە مۇۋاپىق قوللىشى لازىم.

(4) قەشقەرنى ئېچىشنىڭ يېڭى يولىنى پائال تۈردە ئىزدەش لازىم.

«6 ـ بەشيىللىق پىلان» مەزگىلىدە، بىز پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ۋە پەنگە تايىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا نىسبەتەن يۇقىرى تەرەققىيات سۈرئىتىنى ساقلاپ، ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنى 1980 ـ يىلىدىكى ئاساستا بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. بۇندىن كېيىن پارتىيىنىڭ سىياسىتىنىڭ ۋە بىز قوللانغان تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنىڭ رولى يەنە داۋاملىق جارىي قىلدۇرۇلىدۇ، لېكىن بەزىلىرىدە ئۆزىدە بار بولغان يوشۇرۇن كۈچ بىر قەدەر تولۇق جارىي قىلدۇرۇلدى. ھازىر ۋىلايىتىمىزدە پۈتۈن پارتىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر جىددىي ۋەزىپە ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قانداق قىلىپ كۈچ قوشۇش، «7 ـ بەشيىللىق پىلان» مەزگىلىدىمۇ قانداق قىلىپ «6 ـ بەشيىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات سۈرئىتىنى ساقلاش ھەمدە «8 ـ بەشيىللىق پىلان» ئۈچۈن شارائىت يارىتىش، ياخشى ئۇل سېلىشتىن ئىبارەت. بىز يەنە 6 ـ 7 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1980 ـ يىلقى ئاساستا يەنە ئىككى قاتلاپ، ئىككى قاتلاش كۆرەش نىشانىنى مۇددەتتىن 7 ـ 8 يىل بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، يەنى مۇندىن كېيىنكى 6 ـ 7 يىل ئىچىدە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى بىر مىليارد 100 مىليون يۈەن ئاشۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىمىز. بۇ كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز ئەستايىدىللىق بىلەن يېڭى يول ئىزدىشىمىز، توغرا ماكرولۇق تەدبىر قوللىنىشىمىز زۆرۈر.

يېزا ئىگىلىكى يەنىلا ۋىلايىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ھېسابلىنىدۇ. ۋىلايەت ئاشلىقنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، پاختىچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، پىلىچىلىك، چۆچۈكبۇيىدىن ئىبارەت بەش چوڭ بازا قۇرۇپ چىقىشنى بەلگىلىدى. بۇ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي كاپالىتى. بەش چوڭ بازىنىڭ قۇرۇلۇشى يەنە تۆۋەندىكىدەك ئىككى شەرتكە باغلىق: بىرىنچىسى، بىر مىليون مولۇق «ئىككى چىلىگە سورتىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇ مەھسۇلاتىنى 1,500 جىڭغا يەتكۈزۈش، مۇشۇنداق بولغاندا ئاشلىقنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، ھەم ئاشلىق كۆلىمىنى بىر قەدەر زور دەرىجىدە قىسقارتقىلى، بازا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كېتىدىغان يەر جەھەتتىكى زىددىيەتنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەيدىغان قىلىش ۋە سۇغۇرۇش نورمىسىنى تۆۋەنلىتىش لازىم. سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن بولۇشى بىلەن كېلىپ چىققان يېتەرلىك سۇغۇرالماسلىق ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ زور ئامىل بولماقتا. ئەگەر سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى 10% يۇقىرى كۆتەرگەندە، سۇغۇرۇش نورمىسىنى 10% تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھازىر بار تېرىلغۇ كۆلىمىنى

سۇغۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولۇپلا قالـ
ماستىن، بەلكى يەنە تېرىلغۇ كۆلىمىنى كې
ڭەيتكىلىمۇ بولىدۇ. ماۋۇ بەش چوڭ بازا
قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارا
ئىت ياراتقانلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز بىر
مىليون مولۇق يۇقىرى مەھسۇلاتلىق «ئىككى
چىلگە» زىرائەتنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە ئې
رىق - ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەيدىغان قى
لىش، سۇغۇرۇش باشقۇرۇشنى سىتراتېگىيىلىك
تەدبىر سۈپىتىدە تۇتۇشىمىز لازىم. «7 - بەش
يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، يېزا دەرىجە
لىكتىن يۇقىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سى
ڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە يۈ
رۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي جە
ھەتتىن ئورۇنلاپ، كەنت دەرىجىلىكتىن يۇقى
رى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ يېرىمىنىمۇ سۇ
سىڭمەيدىغان قىلىپ ياساپ چىقىشىمىز
ھەمدە ئاساسىي ئېتىزلارنىڭ كۆپ قىسمىنى
ئۆلچەملەشكەن سۇغۇرۇش رايونى قىلىپ قۇ
رۇپ چىقىشىمىز كېرەك. يۇقىرىقى ئىككى
ئالدىنقى شەرت ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، يېزا
ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنى ئالتە يىلدا
بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇل
سالغىلى بولىدۇ.

سانائەت — ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچىسى. بىز «7 - بەش
يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، كۈچنى مەركەز
لەشتۈرۈپ توقۇمىچىلىق، ماي خىمىيە سانا
ئىتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كەسىپنى را
ۋاجلاندۇرۇپ، بىر قەدەر چوڭراق ئىشلەپ
چىقىرىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرۈشنى
قارار قىلدۇق، بۇ سانائەت ئومۇمىي مەھ
سۇلات قىممىتىنى بىر قاتلاشنى ئىشقا ئاشۇ
رۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. بىز مۇندىن كېيىن
ھەر يىلى 20 - 30 مىڭ ئۆرچۈقلۇق تەرەق
قىيات سۈرئىتى بىلەن توقۇمىچىلىق سانا
ئىتىنى يۈكسەلدۈرۈشنى مۆلچەرلەۋاتىمىز،
«7 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، پاختا
توقۇمىچىلىقىنى 100 - 150 مىڭ ئۆرچۈقلۇق
ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىگە كۆتۈرمەكچىمىز.
10 يىل ئەتراپىدا ۋاقىت سەرپ قىلىپ،
پاختا توقۇمىچىلىقىنى 300 مىڭ ئۆرچۈقلۇق
قىلىپ راۋاجلاندۇرماقچىمىز، يۇڭ توقۇمى
چىلىق كۆلىمىنى 3000 ئۆرچۈققا يەتكۈزمەك
چىمىز، يىپەك رەخت توقۇش ماشىنىسىنى
400 گە يەتكۈزىمىز، ئۇندىن باشقا كەندىر
توقۇمىچىلىق زاۋۇتى قۇرۇپ، ئارىلاش تو
قۇمىچىلىق سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەھ
سۇلات قىممىتىنى 300 مىليون يۈەنگە يەت
كۈزۈپ، قەشقەرنى يېنىك سانائەت، توقۇ
مىچىلىق سانائىتى رايونى قىلىپ قۇرۇپ
چىقماقچىمىز. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن، بىز نۆۋەتتىكى توقۇمىچىلىق سانا
ئىتىنى مەركەزلىشىش تىپىدىن كېڭەيتىلگەن
تارقاق تىپقا ئۆزگەرتىشنى،
ۋىلايەتتىن ناھىيىلەرگە قەدەر كېڭەي
تىشنى، شارائىت بولسا يېزىلارغا قەدەر كې
ڭەيتىشنى قارار قىلدۇق. «قار پومزىكى يۇ
مۇلىتىش» چارىسىنى قوللىنىپ ئالدى بىلەن
كىچىك زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، ئۆزىمىزنى ئۆ
زىمىز راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. 10 يىل ئىچ
ىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ناھىيە
(شەھەر) دە (تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا)
پاختا توقۇمىچىلىق كۆلىمىنى 30 مىڭ ئۆر
چۈققا راۋاجلاندۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ
مەھسۇلاتلىق، كىچىك گەۋدە، چوڭ كەسىپكە
ئىگە يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائى
تى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. ئىك
كىنچى، چىگىت يېغى خام ئەشيا قىلىنغان ماي
خىمىيە سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاج
لاندۇرۇپ، «7 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلى
دە قەشقەر شەھىرىنىڭ ماي خىمىيە سانائى

تى زاۋۇتىنى يىلىغا 10 مىڭ تونىنا مەھسۇ-
لات بېرىدىغان ئەڭ تايانچلىق كارخانا قى-
لىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش لازىم. تاشقورغان نا-
ھىيىسىدىن باشقا 10 ناھىيە (شەھەر) دە
بىردىن قاتتىق ماي زاۋۇتى ياكى قاتتىق
ماي كىسلاتاسى زاۋۇتى قۇرۇپ، شەھەرلىك
خىمىيە سانائەت زاۋۇتىنى گەۋدە قىلغان ماي
خىمىيە سانائىتىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، تەڭ
پايدا ئېلىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، دەس-
لەپكى قەدەمدە ماي خىمىيە سانائەت سىس-
تېمىسىنى قۇرۇش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆ-
مە قوناقنى پائال تۈردە ئىنچىكە پىششىقلاپ
ئىشلەپ، ئاشلىقنى باشقا مەھسۇلاتلارغا ئۆز-
گەرتىش جەھەتتە تەدبىر قوللىنىپ، جەنۇب-
تىكى ئۈچ ناھىيىدە نۇقتىلىق تاللاپ بىردانە كىس-
لاتا زاۋۇتى ۋە ئېرىتمە سۈيۇقلۇق زاۋۇتى
قۇرماقچىمىز. «7 - بەشيىللىق پىلان» مەز-
گىلىدە، مېۋىگە ئىشلىتىش جەھەتتە
ئاساسلىقى تېخنىكا ئۆتكۈلىگە ھۇجۇم قىلىش
ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. تېخنىكا جەھەتتە ئۆتكەل-
دىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن بازارنىڭ ئېھ-
تىياجىغا ئاساسەن پائال تۈردە زاۋۇت قۇرۇش
لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئاساس سې-
لىش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ «7 - بەش-
يىللىق پىلان» ئىچىدە قىزىل
دەرياسى 2 - بالداق ئېلېكتر ئىس-
تانسىسىنى قۇرۇشنى، تىرىشىپ كاچۇڭ 1 -
بالداق ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىش باشلىشى-
نى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

يېقىن ئىستىقبالدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ سا-
نائەت تەرەققىياتىدا، يېنىك سانائەت،
توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە ماي خىمىيە سا-
نائىتىنى تايانچ قىلىپ، يۈرۈشلەش-
تۈرۈش ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرلىك سا-
نائەتنى يېتەكلەپ، دەسلەپكى قەدەمدە
ئۆزىمىزنىڭ سانائەت تۈزۈمىنى پەيدىنپەي
شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم.

يېقىنقىلار ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي تەسەۋ-
ۋۇر، ناھىيە، يېزىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەھ-
ۋالىغا ئاساسەن، پائال تۈردە يېڭى يول
ئىزدىنىشى، بۆسۈش ئېغىزلىرىنى دەل جايىدا
تاللاپ چىقىش لازىم. يولداش سۇڭ خەنليا ڭ
نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا خىزمىتى يە-
غىنىدا سۆزلىگەن سۆزىگە ئاساسەن، ئۆزلە-
رىنىڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان باشلامچى سانا-
ئەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، بىر كەنت
بىر مەھسۇلات ئىشلەپچىقارسا، بىر يېزا بىر
مەھسۇلات ياكى بىر نەچچە خىل مەھسۇلات
ئىشلەپچىقارسا، بىر ناھىيە بىر مەھسۇلات
ياكى بىر نەچچە خىل مەھسۇلات ئىشلەپچى-
قىرىپ تايانچ باشلامچى سانائەتنى شەكىل-
لەندۈرۈشكە بولىدۇ. «7 - بەش-
يىللىق پىلان» نىڭ ئاخىرلىرىدا،
ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزلىرىنىڭ رىقا-
بەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە «داڭدار»
مەھسۇلاتلىرى بولۇشىنى، كۆپ سانلىق يېزى-
لاردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بازار ئېھتىياجىغا باپ
كېلىدىغان «داڭدار» مەھسۇلاتلىرى بولۇش-
نى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ناھىيى-
لەر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، نەزەرىيە جە-
ھەتتە دەلىللەشنى ئىزدىنىشنى يولغا قويۇپ
كەلگۈسىدىكى ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ
يوشۇرۇن ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئېچىش ساھە-
لىرىنى تاللاپ، تېز پۇرسەت ئىچىدە، ئۆز-
لىرىنىڭ ماكرولۇق تەدبىرلىرىنى شەكىللەن-
دۈرۈپ، پائال تۈردە شارائىت ھازىرلاپ،
ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، بالدۇراق ئەمەل-
گە ئاشۇرۇش لازىم.

(5) سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم.
ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش — پار-

تىيىمىز بەلگىلىگەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك فاڭجېن. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارار» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مەركەزنىڭ قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن نىشانىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز چوقۇم قەشقەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز، سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى، مەملىكىتىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشىنىڭ سىياسىي ئاساسى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا غەلىبە قازىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن شۇنى چوڭقۇر چۈشەندىكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ جۇڭگونىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەخت - سائادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشتىن - ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇش ئىرادىسىنى ساقلاپ كەلدى. لېكىن يېقىنقى بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئاز ساندىكى كىشىلەردە تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تۇرۇپ، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلىش پىكىر ئېقىمى پەيدا بولدى، ئۇلار سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىنكار قىلىپ، كاپىتالىزم تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇلار ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى يېتەكچى ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل پىكىر ئېقىمىنىڭ خاراكتېرى ئېغىر. بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش — پارتىيىمىزنىڭ تەقدىرى، سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى، ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىشنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ كۈرەشتە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، كومپارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلقى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مەركەز بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىردەكلىكنى ساقلاپ، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشىغا مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا بولغان ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مىزانى قىلىشى لازىم.

1-ئاينىڭ 16-كۈنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا

يولداش خۇياۋباڭنىڭ باش شۇجىلىق ۋەزى-
پىسىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى قوبۇل قى-
لىش ۋە يولداش جاۋزىياڭنى مۇۋەققەت باش
شۇجىلىققا تەيىنلەش توغرىسىدا قارار چى-
قىرىلدى. بىز مەركىزىي كومىتېت سىياسىي
بيۇروسى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ بۇ قارارىنى
قەتئىي ھىمايە قىلىمىز ۋە ئىزچىللاشتۇرىمىز.
مەركەز بىلەن سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك
دەرىجىدە بىردەكلىكنى قەتئىي ساقلايمىز.
مېنىڭ بۇ يەردە تەكىتلەيدىغىنىم، 3 - ئو-
مۇمىي يىغىندىن بۇيانقى پارتىيىمىز بەلگى-
لىگەن بىر يۈرۈش لۇشيەن، فاڭجېن، سىيا-
سەتلەرنى كوللېكتىپ قارار قىلغان، بىز قىس-
مەن رەھبەرلىكنىڭ ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن،
پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى-
دىن تەۋرەنمەك بولمايدۇ. بىز يەنە داۋام-
لىق ھالدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت
بۇ مەركەزدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ
بېرىشىمىز، پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغى-
نىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت-
لىرىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىمىز، تۆت ئا-
ساسىي پرىنسىپتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ،
بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قەتئىي قار-
شى تۇرۇشىمىز، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش فاڭ-
جېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ۋەتىنىمىز-
نىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش قە-
دىمىنى تېزلىتىشىمىز لازىم. ھەر مىللەت خەل-
قىگە غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك،
ئىنتىزاملىق بولۇش تەربىيىسىنى ۋە ۋەتە-
نى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئەمگەكنى سۆ-
يۈش، ئىلىم - پەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزم-
نى سۆيۈشتەك ئەخلاق تەربىيىسىنى چوڭقۇر،
ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، ۋەتەننى قىز-
غىن سۆيىدىغان، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيىدى-
غان، قەشقەرنى قىزغىن سۆيىدىغان، جان-دى-
لى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىز-
مەت قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ئەخلاق-پە-
زىلەتنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. ھەر مىللەت
خەلقىگە، بولۇپمۇ ياش ئۆسمۈرلەرگە
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى ئور-
تاق ياراتقانلىقى ھەققىدە تارىخىي تەربى-
يە ئېلىپ بېرىش، ھەر مىللەت خەلقى ئىناق
ئۆتۈپ ئورتاق تەرەققىي قىلغانلىق تارى-
خى ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىش، جاپا-
لىق ئىشلەپ ئىگىلىك ياراتقانلىق ھەققىدە
تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك رو-
ھى ۋە كوللېكتىۋىزملىق روھنى يېتىشتۈرۈپ،
كاپىتالىزم، فېئودالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيى-
سىنىڭ تەسىرىنى ئاڭلىق ھالدا تۈگىتىپ
ئۇلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش
قىلىش، تۆتنى زامانىۋى-
لاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قو-
شۇش روھىغا ئىلھام بېرىپ، سوتسىيالىستىك
يېڭى ئادەم، يېڭى ئىش، يېڭى خىسلەتلەرنى
زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەپ ۋە تەشۋىق قىلىپ،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەشقەرنى ئېچىش، قەش-
قەرنى گۈللەندۈرۈش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇ-
تۇش كېرەك.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئاساس قىلىن-
غان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈ-
چەيتىش — مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ
مۇھىم مەزمۇنى، بىز مۇندىن بۇرۇن ئېچىل-
غان ۋىلايەتلىك 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقى بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش
يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاش-
تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قى-
لىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى
ۋىلايەت قۇرۇپ چىقىشنى نىشان قىلىپ، ئۈچ
يىلدا ۋىلايىتىمىزنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلى-
قىدىكى نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چى-
قىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. ناھىيە

(شەھەر)لەر، يېزا - بازارلار، كان - كارخانىلار، تارماقلار، ئورۇنلار ئۆز ئىشلىك پىلانى بويىچە بىر- بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلىشى كېرەك. بۇ يىل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قۇرۇپ چىقىش پىلانلانغان تاشقورغان، يوپۇرغا، مەكىت ناھىيىسى ئالدىنقى يېرىم يىلدا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ. بۇ يىل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇپ چىقىش پىلانلانغان يېزا-بازار، كارخانا ۋە ئورۇنلارمۇ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنمايدىغان ئورۇنلارمۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تونۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تونۇش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بارلىق خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈشى، ئۆز ئاققىچە بوشاشتۇرۇپ قويماي چىڭ تۇتۇشى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، تونۇشنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى بارغانسېرى ياخشى ئىشلەپ تېخىمۇ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى لازىم.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا، خىزمىتىگە، ئەمگىكىگە سىڭدۈرۈش كېرەك. قەشقەر شەھىرى ۋە ناھىيە بازارلىرىدا «ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش»، مەدەنىيەتلىك شەھەر (بازار) بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق، ساقچى بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم. يېزىلاردىمۇ مەدەنىيەتلىك يېزا - بازار بەرپا قىلىش، مەدەنىيەتلىك ئائىلە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت ئەخلاق ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا يېڭى مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش، گۈزەل مۇھىت بەرپا قىلىش، شەھەر - يېزا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاممىۋى تەرتىپنى ياخشىلاش، كونا قائىدە، كونا ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، يېڭى كەيپىيات تىكلەش لازىم.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ھەر خىل ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە ۋە ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايەتچىلەرگە داۋاملىق قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش، ئىپپەت-نومۇسىنى سېتىش، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، شەھۋانىي سىنئالغۇ، كىتاب - ژۇرناللارنى تارقىتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى قاتتىق مەنئىي قىلىش ۋە قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى داۋاملىق مۇقىم ھالدا ياخشى يولغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش كېرەك. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئۆگىنىشكە بولغان رەھبەرلىكنى ئەستايىدىل كۈچەيتىپ، پىلان بويىچە ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىش، قانۇن ساۋاتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئومۇملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ

قانۇن- تۈزۈم نۇقتىئىنەزەرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

(6) پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاپ، ئىستىلنى ياخشىلاش لازىم.

نۆۋەتتە، بىز يەنە ئىگىلىك يارىتىش، يەنە يول ئېچىشتىن ئىبارەت مۇھىم تارىخىي مەزگىلدە تۇرماقتىمىز. مەركەز بىز ئۈچۈن توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ بەردى. خىزمەت ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشىدىكى ئاچقۇچ رەھبەرلەرگە باغلىق بولۇپ قالدى.

پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم شەرتى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلەيدۇ. پارتىيە ئىشلىرىغا سەممىمىي سادىق. لېكىن، يەنە مۇھىم ئاجىزلىق تەرەپلىرىمۇ بار. ئاساسلىقى، ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان، بېكىنمە رايوندا، ئاساسلىقى ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىلىم دائىرىمىز تار، سىرت بىلەن ئالاقە باغلاش تەجرىبىمىز كەمچىل بولۇپ، كونسېرۋاتىپ ئىدىيىسىنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچراپ كەلمەكتىمىز، بىزدە ئالغا ئىنتىلىش، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش روھى كۈچلۈك ئەمەس. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا بەكمۇ ماسلىشالمايۋاتىمىز. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بىز قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

بىرىنچىدىن، سىياسىي ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مەسىلىلەرنى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق كۆزىتىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇشى، جان- دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، يول ئېچىش روھىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كادىرلارغا قارىتا ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مۇنتىزىم نەزەرىيىلىرى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشى، ئۇلار پەلسەپە، ئىلمىي سوتسىيالىزم، سىياسىي ئىقتىساد، پارتىيە تارىخى، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىشى لازىم. پارتىيىنىڭ فاڭجېن- سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئاڭلىق تۇردە ئوبدان ئۆگىنىشى، ئۆزىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە سىياسەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم.

ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت، كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. رەھبەرلىكنىڭ مەدەنىيەت، كەسپىي ساپاسى ھەمدە بۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان ئىلىم- پەنگە ھۆرمەت قىلىش، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش ئىستىلى — رەھبەرلىكنىڭ ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ھەقىقىي بىلىم ۋە ئىقتىدار بولمايدىكەن، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرغىلى بولمايدۇ.» ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش روھىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز تۇردە يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىشى، ئۆزىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلىشى ۋە

تەكشۈرۈش لازىم. بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بولۇپمۇ زامانىۋى كەسىپ بىلىملىرىنى ئۆگىنىش لازىم. بىز، رەھبەر بولىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم مەلۇم كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋە ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپنى پىششىق بىلىشى، كەسىپ ئەھلى ئەمەسلەردىن بولماسلىقى لازىم. زامانىۋىلىشىشقا رەھبەرلىك قىلغۇچى بىر رەھبەر بولغان كىشى ئۆز كەسىپىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ كەڭرەك بىلىم دائىرىسىگە ئىگە بولۇشى لازىم. چۈنكى، كەڭ بىلىم دائىرىسىگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ھەر خىل يېڭى ئۇچۇرلارنى سەزگۈرلۈك بىلەن قوبۇل قىلىپ، يېڭى ساھەلەرنى ئېچىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتالىغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ شۇجى، ھاكىملىرىمىز ھەمدە باشقا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئاز - تولا تەبىئىي پەن ئاساسىي بىلىملىرى، ھازىرقى زامان پەننىي بىلىملىرى، يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش، سانائەت ئىگىلىك باشقۇرۇش، كارخانا ئىگىلىك باشقۇرۇش، قانۇن ئىلمىي ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى، ئۆگىنىشچە ئەمەلىيەتتە مۇسابىقە قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ تەرەپكە تايىنىشىمىز كېرەك: بىرىنچىدىن، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، جۈملىدىن تەربىيىلەش ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىدىيە جەھەتتىن قوراللاندۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىلغار رايونلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىش لازىم. بىز ناھىيە ۋە يېزىلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىش ئۈچۈن ھەر يىلى باشقا جايلارغا بىر قېتىم بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىشنى تەلەپ قىلىمىز. ناھىيە دەرىجىلىكلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارسا، يېزا دەرىجىلىكلەر ئاساسلىقى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى جايلارغا بارسا بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىش، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئۆز جايىدا تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلىشى ھەمدە ئۆگەنگەن نەرسىلەرگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز جايىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ماكرولۇق تەسەۋۋۇرى ئۈستىدە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

ھازىرقى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىش لازىم. يېقىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى ھازىرقى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقان كادىرلارنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بۇ، كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى مۇھىم بىر ھالقا، ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. بۇ يىل ئالدىنقى يېرىم يىلدا ۋىلايەت ناھىيىدىن بىرنى ياكى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق تارماقلاردىن بىرنى تاللاپ سىناق قىلماقچى. ناھىيىلەردىمۇ بىر يېزا ياكى ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق تارماقلاردىن بىرنى تاللاپ سىناق قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پەيدىنپەي كېڭەيتىپ، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر)، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ۋە ئاساسلىق كەسپىي تارماقلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم سىناپ چىقىش ۋە تەكشەشنى بۇ يىل ئىچىدە، ئەڭ كېچىككەندە كېلەر يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە تۈگىتىشنى تە-

رىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم. تەڭشەش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەلگىلىرىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، خىزمەت ئېھتىياجىغا لايىقلىشالايدىغان رەھبەرلىك گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم.

پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلىنى ھەقىقىي تۈردە توغرىلاش لازىم. پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىلىك كادىرلارغا ئېتىقاد، ئىدىيە، مەقسەت، ئىنتىزام قاتارلىق ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان قىلىش لازىم. پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئالدى بىلەن پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش جەھەتتە ئۈلگىلىك رول ئوينىشى بىيۇروكراتلىق ئىستىلىگە خاتىمە بېرىشنى پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشنىڭ بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزى قىلىشى، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشى، ئاممىنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىشى، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىشى لازىم. ناتوغرا ئىستىللارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى، نوچىلارغا تېگىشكە جۈرئەتلىك بولۇشى، شەخسىي يۈز-خاتىرە قىلماسلىقى، پرىنسىپتا قەتئىي چىڭ تۇرۇشى لازىم. رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە ئىستىلى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ياخشى تۇتۇشى، ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشىنى باشلامچىلىق بىلەن قوبۇل قىلىشى، پەۋقۇلئاددە پارتىيە ئەزاسى بولۇۋالماسلىقى، ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى يېتەكلەپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش داۋامىدا، بىر قولىمىزدا تەربىيىنى تۇتۇشىمىز، بىر قولىمىزدا پارتىيە ئىنتىزامى، قانۇن - تۈزۈمىنى، چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇشىمىز، جازالاشقا تېگىشلىك بولغانلەرنى قەتئىي جازالىشىمىز لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يەنە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى بالدۇراق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ، رەھبەرلىك ئىستىلىنى ياخشىلاش لازىم. نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولماقتا، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمەلىيەتكە دائىم چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشنى ئىنچىكە ئېلىپ بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان جاينىڭ ئوخشىمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. رەھبەرلىك ئورگانلىرىدىكى بىيۇروكراتلىق ئىستىلىنى ئەستايىدىل تۈگىتىپ، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش، ئەمەلىي ئىشنى كۆپ قىلىش لازىم. بۇ يىل نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش كەيپىياتىنى زور دەرىجىدە ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرى ۋە ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى كەسپىي تارماقلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىشى، مەسىلىلەرنى شۇ

جايىنىڭ ئۆزىدە ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىپ بېرىشى لازىم ھەمدە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىلمىي يوسۇندىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنى، خىزمەت ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىشنى، رەھبەرلىك سەنئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. رەھبەرلىك قىلىشنىڭ ئۆزى خىزمەت قىلىش دېگەن كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇپ، ئاساسىي قاتلاملار ئۈچۈن ھەقىقىي تۈردە خىزمەت قىلىشى لازىم.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى دەۋر قىلىپ، ئۆز خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشى، كەڭ ئاممىنى پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشى، ئۆزىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ۋە پۈتكۈل پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدىن خۇلاسە قىلىشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش لازىم. كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ۋە ئېغىر دەرىجىدە قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش لازىم. پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيىنى كۈچەيتىپ، تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقىنى ۋە ئىدىيىۋى ساپانى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

مەركىزىي پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بۇ يىل بىرىنچى پەسىلدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پۈتكۈل پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدىن خۇلاسە قىلىشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. بۇ قېتىمقى ئۈچ يىل داۋام قىلغان پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش — پارتىيىمىز تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش بولدى. يېڭى تارىخىي مەزگىلدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ياخشىلاش ۋە ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ زور ئەھمىيىتى بولدى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسىنى باشتىن - ئاخىر تولۇق ئورۇنلاپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ نەتىجە، تەجرىبە ۋە مەسىلىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش پارتىيىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تۈرلۈك قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىشتە، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مۇھىم يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە.

يولداشلار، 1987 - يىللىق ۋەزىپىلىرىمىز ئىنتايىن ئېغىر، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە يېتەكلەپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مول ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن، پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىغا سوۋغا تەقدىم قىلايلى!

# يولداش ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئاخىرلاشقان چاغدىكى سۆزى

(1987 - يىل 24 - يانۋار)

يولداشلار:

ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە چاقىرغان ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى 19 - يانۋار باشلىنىپ، ئالتە كۈن داۋام قىلىپ، بۈگۈن ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىدىكى رەھبەرىي يولداشلار، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، يېزا - بازارلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ھەمدە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق بۆلۈم، كومىتېت، باشقارما، ئىدارە، ئىشخانىلار ۋە ناھىيە (شەھەر) لەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار بولۇپ، جەمئىي 487 كىشى قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتكومنىڭ 8 - سانلىق ئومۇمىي ئەزالار كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھى، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى، مەركەزنىڭ (1987) 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھى يېتەكچى قىلىندى، يولداش شۈي شياۋچېڭنىڭ مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدىكى يەتكۈزمىسى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، يولداش گوگاڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن، «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، 1987 - يىلى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن ماۋزۇدا دوكلات بەردى. يولداش تىلىۋالدى توختى ۋە يولداش ئىسمايىل تىلىۋالدىلار ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى نۆۋەت ئالماشتۇرۇپ سايلاش خىزمىتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار يولداش گوگاڭنىڭ دوكلاتىنى زىچ دەۋر قىلغان ھالدا ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن، كۆپچىلىكنىڭ تونۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ۋەزىپىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ 1987 - يىلى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلاشقان، مەدەنىيەتلىك، باي قەشقەر قۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن كۆز قاراشنى بىرلە-

لاش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، دادىل ئېچىۋېتىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى سەپەرۋەرلىك يىغىنى بولدى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بىردەك مۇنداق ھېسابلىدى: رەھبەرلىكنىڭ كۆز قارىشىنى يېڭىلاش — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى، نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جىددىي، ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپە، تارىختىن قېپقالغان فېئودالىزم ۋە ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى كونا نۇقتىنەزەرى، كونا ئادەت كۆچلىرىنى قەتئىي تۈزەتكەندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا لايىقلىشالايدىغان يېڭى نۇقتىنەزەرلەرنى تىكلىگىلى، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ يولغا قويغىلى، يېزا - شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزنى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر كونا نۇقتىنەزەرلەرنى تۈزەتمىسەك، كونا پەدىگە ئېسىلىۋېلىپ، ئالغا باسماي تۇرۇۋالساق، مۇقەررەر تۈردە دەۋرنىڭ ئارقىدا قالىمىز.

بۇ قېتىمقى يىغىن 1987 - يىللىق ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئورتاق كېڭىشىش، «7 - بەش يىللىق پىلان» دىكى تەرەققىيات پىلانىنى بەلگىلەش يىغىنى بولدى. يىغىندا باشتىن ئاخىر ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئىگىلىكىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرگەن ئاساستا، قانداق قىلىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىپ چىقىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىگىلىكىدە مەلۇم تەرەققىيات سۈرئىتىنى ساقلاپ، يەنە يېڭى بىر پەللىگە چىقىپ، «7 - بەش يىللىق» پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېيىنكى كۈچنى ئاشۇرۇپ، «8 - بەش يىللىق» پىلان ئۈچۈن ئاساس سېلىش، 1990 - يىلىغا بارغاندا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاشنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېما ۋە كۆرەش نىشانلىرىنى دەۋر قىلىپ، قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىنغا قاتناشقان 500 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئەقىل - پاراستى مەركەزلەشتۈرۈلدى. كۆپچىلىك بىردەك: يولداش گوگاڭنىڭ دوكلاتىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىلگىرىلەش روھى گەۋدىلەندۈرۈلدى، كۆرەش نىشانىسى، فاكچېن ۋە ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى ئېنىق بولدى، تەدبىر ۋە چارىلەردە ئاچقۇچ ۋە ئەجەللىك جايلار تۇتۇۋېلىندى، ئۇنى ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدۇ، ئۇ، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، كىشىلەرنى تىرىشىشقا جەلپ قىلىدۇ، دەپ قارىدى. كۆپچىلىك بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن كۈچۈنۈپ ئىشلەپ، يىغىن بەلگىلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشقا بەل باغلىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى بولدى. يىغىن باشلانغاندا، ۋەكىللەر قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، يىپەك زاۋۇتى، تېرە - كۆن زاۋۇتى، ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، كۆتېلۈن يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنى ھەم ۋىلايەتلىك 2 - قېتىملىق يەرلىك سانائەت ۋە يېزا - كارخانىلىرى مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ئارقى-

دىنلا، ناھىيە (شەھەر) لەر 1986 ـ يىللىق خىزمەتلىرىدىن دوكلات قىلدى، ئەھۋاللار ۋە تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى. باھالاش ئارقىلىق، 1986 ـ يىللىق ئىقتىسادىي خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن پوسكام، مەكىت، پەيزاۋات، قەشقەر يەكەندىن ئىبارەت بەش ناھىيە (شەھەر)، 23 ئىلغار يېزا (بازار) ۋە 10 ئىلغار كارخانا تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى كۆپچىلىككە چوڭقۇر تەربىيە ۋە ئىلھام بولدى. نۇرغۇن يولداشلارنى تەپەككۇر قىلىش يولىنى ئېچىش، ئۆزىدىكى پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. كۆپچىلىك ئىلغارلارنى ئۈلگە قىلىپ، تېز قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ، يېڭى بىر يىلدا تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى.

ئومۇمەن قىلغاندا، بۇ قېتىمقى يىغىن يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى، ئالدىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىلدى. ئۇ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا چوقۇم غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ ۋە چوڭقۇر تەسىر قوزغايدۇ.

بۇ يىللىق خىزمەتلەر توغرىسىدا، يولداش گوگاڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن بەرگەن «دوكلات»دا تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇردى، يولداشلارنىڭ ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىشىنى سورايمەن. تۆۋەندە، كۆز ئالدىمىزدىكى خىزمەتلەر توغرىسىدا بىر نەچچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

بىرىنچى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇشىمىز لازىم.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ۋە سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ يولداش خۇياۋباڭنىڭ باش شۇجىلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە يولداش جاۋزىياڭنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت باش شۇجىلىقىغا تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدىكى قارارىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىردەك بىلدۈرۈشتى. كۆپچىلىك شۇنداق ھېسابلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاكتىپ، سالماق چارىنى قوللىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرىنى تەڭشىگەنلىكى — پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ پىشىپ يېتىشكەنلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى، بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە ئىكەنلىكىنى، پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تولۇق كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ۋە ئىشەنچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كۆپچىلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇپ، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى داۋاملىق ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ئىقتىسا-

دى قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، قەشقەرنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچىنى تۆھپە قىلىدىغانلىقىنى بىردەك بىلدۈرۈشتى.

بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئۆزىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇپلا قالماي، بەلكى كەڭ ئاممىغا، بولۇپمۇ دېھقان، چارۋىچىلارغا تەشۋىق-تەربىيىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرىنىڭ تەڭشىلىشى سەۋەبىدىن قىسمەن دېھقانلارنىڭ يېزىلاردا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسەتلەرنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ پەيدا بولىدىغان ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى — كۆز ئالدىمىزدىكى مەركىزىي ۋەزىپە، ئۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك، سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالىغا، ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ۋە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. ھازىر ھەقىقەتەن ئاز ساندىكى كىشىلەر بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلىپ، كاپىتالىزم تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، سوتسىيالىزمنى ئىنكار قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ يولغا قويۇۋاتقان سىياسىتىنى كاپىتالىزمنىڭ ئەگرى يولغا باشلاشقا ئۇرۇنماقتا. فاڭلىجى، ۋاڭ رۇۋاڭلار ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. بىز چوقۇم شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇۋېلىشىمىز لازىمكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى، ئۇ، دۆلەتنىڭ تۈپ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلگەن يېتەكچى ئىدىيە، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يەكۈنى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش — پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق قىلىشىپ ئىلگىرىلەشتىكى ئورتاق سىياسىي ئاساسى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. بىز 6- ئومۇمىي يىغىننىڭ قارارىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بۇ قارارنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشىمىز، كادىرلار ۋە ئاھالىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تېپىك، جانلىق، ھەرىكەتچان، كۆپخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى چەكلەش تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم، بۇنىڭ بىلەن، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا بايرىقى روشەن ھالدا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مەيدانى قەتئىي ھالدا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، بۇ قېتىمقى، يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 1987- يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

يولداشلار قايتقاندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل، ئومۇميۈزلۈك يەتكۈزۈشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى، يىغىن-

نىڭ تەلىپى بويىچە پۈختا، ئىزچىل ئەمە-
لىيلەشتۈرۈشى لازىم. يەتكۈزۈش شەكلىنى
جايلار، تارماقلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھ-
ۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىسە بولىدۇ، ئاھ-
الىغا بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسلىق روھى-
نى ۋاقتىدا، كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىشى كې-
رەك. ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىر-
لەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەش-
تۈرۈشنىڭ كونكرېت پىلانى ۋە تەدبىرلىرى-
نى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىشى لازىم. ئې-
گىلىك تەرەققىياتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى-
نى، يولىنى، ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش يۆنە-
لىشىنى ۋە بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزىنى ئايدىڭ-
لاشتۇرۇپ، ۋەزىپىنى قاتلاممۇ-قاتلام ئەمە-
لىيلەشتۈرۈشى لازىم. ۋىلايەتكە بىۋاستە قا-
راشلىق ئورۇنلار قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى
گۈللەندۈرۈشكە، يېرىك يېزا ئىگىلىكىنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇشقا خىزمەت قىلىش ئىدىيى-
سىنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇشى لازىم. چاغاندىن
كېيىن، ۋىلايەت پىلان يىغىنى چاقىرىپ،
1987-يىللىق خىزمەتلەرنى كونكرېت ئورۇن-
لاشتۇرماقچى. ناھىيە (شەھەر) لەر بۇ قې-
تىمقى يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى
پائال تۈردە ئىشلەپ، يۇقىرى پەللىگە چىد-
قىشنى دەۋر قىلىپ، زاپاس كۈچىنى ئاشۇ-
رۇپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، يېرىك
يېزا ئىگىلىكىنى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنى را-
ۋاجلاندۇرۇشنىڭ پىلان ۋە تەدبىرلىرىنى
ياخشى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. ئورۇنلار پى-
لان تۈزگەندە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دەشكە دىققەت قىلىشى، ئىمكانىيەت قالدۇ-
رۇشى، مۇبالىغە قىلىۋېتىشتىن ساقلىنىشى
لازىم. ئومۇمەن قىلغاندا، بۇ قېتىمقى يى-
غىننى ۋىلايىتىمىز ئىگىلىكىنى ھەقىقىي تۇر-
دە يەنە بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنىڭ باش-
لىنىش نۇقتىسى قىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، ئەتىياز پەسلىلىك دېھقانچى-
لىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە
تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

ئەتىيازنىڭ راسا ئالدىراش پەيتى يې-
تىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇنى كۆرۈ-
شىمىز كېرەككى، بىزنىڭ دېھقانچىلىق ئاسا-
سىمىز بىر قەدەر ئاجىز، تەبىئىي ئاپەتكە
تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىز بىر قەدەر
تۆۋەن، ئۆتكەن ئۆستەڭ بۇلتۇرقى كۈزگى
بۇغداي تېرىلغۇ ۋاقتى كېچىكىپ قالغانلى-
قى، فوسفورلۇق ئوغۇت ئاز بولغانلىقى ئۈ-
چۈن، 8-مول ھوسۇل يىلىنى قولغا كەلتۈرۈ-
شىمىزگە پايدىسىز ئامىللارنى ئېلىپ كەل-
دى. شۇڭا بۇ مەسىلىگە يۈكسەك دەرىجىدە
ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ھەرگىزمۇ بىپەرۋا-
لىق قىلماسلىقىمىز كېرەك. ھازىردىن باش-
لاپ پائال تەدبىر قوللىنىپ، مەۋقەنى ئا-
پەتكە تاقابىل تۇرۇپ، مول ھوسۇلنى قولغا
كەلتۈرۈشكە قويۇش، بولۇپمۇ ئاپەتكە تا-
قابىل تۇرۇپ، مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈ-
رۈشنىڭ ئىدىيە ۋە ماددىي جەھەتتىكى تەي-
يارلىق خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەش كې-
رەك. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئوبدان رې-
مونت قىلىش، سۇغۇرۇشنى باشقۇرۇشنى كۈ-
چەيتىش، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈش لازىم. بۇغداي ئېتىزى پەر-
ۋىشىنى ۋە ئوغۇت توپلاش، ئوغۇت توشۇش
قاتارلىق تېرىلغۇ تەييارلىقى خىزمەتلىرىنى
ياخشى تۇتۇش كېرەك. چارۋىنى قىشتىن بې-
خەتەر چىقىرىش، تۆل ئېلىش ۋە تۆللەرنى
بېقىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش،
يەم - خەشەك ۋە يەم - بوغۇزنى يېتەرلىك
تەييارلاش، ئاپەتتىن بولىدىغان زىياندىن
ساقلىنىش كېرەك.

گەرچە ۋىلايىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇ-
تۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتىدە ناھايىتى زور

نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋىلايىتىمىزدە نامرات ئائىلىلەر يەنىلا بار، جايلار بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىشى، يېزا – كەنت كادىرلىرى، پارتىيە-ئىتتىپاق ئەزالىرى نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىشى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىمكان قەدەر تېزلىكتە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشى كېرەك. ھازىر دەل سېرىقتال مەزگىلى، جايلار نامرات ئائىلىلەر، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ھەربىيلەر ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەسىلە يۈز بەرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نامراتلارغا يار – يۆلەكتە بولۇش، ئوبوروت مەبلىغىنى ياخشى ئىشلىتىش كېرەك . ۋىلايەت بۇ مەسىلىنى بىر قانچە قېتىم يىغىن ئېچىپ مۇھاكىمە قىلدى. جايلارنىڭ ئەستايىدىل ھالدا ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ تەلىپى بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئوبوروت مەبلىغىنى ئوبدان ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ يىللىق كۆچەت تىكىپ، ئورمان ئەھيا قىلىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش، ۋىلايەتنىڭ بەش ناھىيە، تۆت ناھىيە، ئۈچ ناھىيە پىلانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشان بويىچە ئېتىز – ئېرىق ئىھاتە ئورمانلىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېتىز – ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. بۇ يىللىق كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش خىزمىتىنى ھەم داغدۇغىلىق ئىشلەش ھەم پۇختا ئىشلەش، ئەمەلىي ئۈنۈمىنى تەكىتلەش، تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بۇ يىللىق كۆچەت تىكىپ، ئورمان ئەھيا قىلىش خىزمىتىدە زور تەرەققىيات، يېڭى بۆسۈش بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

تارقىلۇچان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى ياخشى تۇتۇش لازىم. ئەتىياز پەسلى تارقىلۇچان كېسەللىكلەر كۆپ يۈز بېرىدىغان پەسىل، جايلاردىكى سەھىيە، ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، جىگەر ياللۇغى قاتارلىق تارقىلۇچان كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، سانائەت – قاتناش ، مالىيە – سودا ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، 1–پەسىلدە دەسلەپكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا، ۋىلايىتىمىزدە ئەتىياز پەسلىدە توك جىددىي بولغاچقا، زاۋۇتلىرىمىز تولۇق ئىشلىيەلمەي، سانائەت – قاتناش ئىشلەپچىقىرىشىغا ناھايىتى زور تەسىر يەتكەنىدى. بۇ يىل توك ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، كارخانىلار مۇشۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى پائال تۈردە ياخشى ئۇيۇشتۇرۇپ، «چاغانى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش، چاغاندىن كېيىنلا ئىشقا كىرىشىپ كېتىش» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 1–پەسىلدە پۈتۈن يىللىق پىلانىنىڭ 24 پىرسەنتىنى ئورۇنلاشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، دەسلەپكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

جايلار ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى «بەش ماددا» لىق تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، قۇۋۋەت مەنبەسىنى تېجەش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتلەردە داۋاملىق كۈچ سەرپ قىلىپ، كارخانىلارنىڭ باج - پايدىسىنى تارىختىكى ئوخشاش مەزگىلدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدىن ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

چاغان يېقىنلاپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ چاغاننى خۇشال ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، جايلار قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەشنى ئەستايىدىل ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم، ئوتياش، گۆش ۋە باشقا قوشۇمچە يېمەكلىكلەردە ئەڭ يۇقىرى چەكلىمە باھانى يولغا قويۇشى، پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلىق بولۇشىنى ساقلىشى كېرەك. مال باھاسى مەسىلىسىنى تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇپ، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، مال باھاسىنى قالايمىقان ئۆستۈرۈشنى، كەلسە-كەلمەس ھەق ئېلىشنى قەتئىي مەنئىي قىلىش كېرەك. ئالاقىدار جەھەتتىكى كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مال باھاسىنى ئاممىۋى خاراكتېرلىك چوڭ تەكشۈرۈپ، مال باھا سىياسىتىگە، ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، كەلسە-كەلمەس ھەق ئالغان، مال باھاسىنى قالايمىقان ئۆستۈرگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

بەشىنچى، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنى نۆۋەت ئالماشتۇرۇپ سايلاش خىزمىتىنى ھەقىقىي ھالدا ياخشى تۇتۇش لازىم.

ھازىر، ۋىلايىتىمىزدە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنى نۆۋەت ئالماشتۇرۇپ سايلاش خىزمىتى ئىشلەنمەكتە. بۇ، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى، سايلام خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، سايلام خىزمىتى داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلىلەرنى ئوبدان مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشى لازىم. سايلام قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، سايلىغۇچىلارنى دېموكراتىك ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش كېرەك. يېزىلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، قاتتىق ھالدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ تۆت تۈرلۈك تەلىپى بويىچە، كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاش كېرەك.

يولداشلار:

بىز 1987 ـ يىللىق كۈرەش نىشانىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق، بۇ نىشانغا يېتەلەمدۇق ـ يوق، ئاچقۇچ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكتە. يېڭى بىر يىلدا بىز يېڭى قىياپەت بىلەن ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كې-

# ج ك پ قەشقەر ۋىلكومىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش توغرىسىدىكى ئون ماددىلىق بەلگىلىمىسى

(1986 – يىلى 4 – ئاينىڭ 3 – كۈنى)

1. سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇش، بۇيرۇققا قاتتىق ئەمەل قىلىش، لىبېرالىزمنى تۈگىتىش، ئاڭلىق ھالدا ئىتتىپاقلىقنى قوغداش؛

2. مېھمان قىلسا قوبۇل قىلماسلىق، ھەر قانداق سوۋغىنى قوبۇل قىلماسلىق؛

3. پەرزەنتلىرىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈش، مەكتەپكە، كۇرسقا ئەۋەتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق؛

4. توي – تۆكۈن، ئۆلۈم – يېتىمدا باشلامچىلىق بىلەن ئۆرپ – ئادەتنى ئۆزگەرتىش، زىياپەت بەرمەسلىك، سوۋغا ئالماسلىق؛

5. دۆلەتنىڭ پۇلىدا مېھمان چاقىرماسلىق ۋە ساياھەت قىلماسلىق؛

6. مالىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىش، باھانە تېپىپ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماسلىق؛ ئۇنداق قىلمايدىكەن، كىم تەستىقلىغان بولسا شۇ ئىگە بولۇش ۋە پۇلنى شۇ تۆلەش؛

7. ئاساسىي قاتلامغا خىزمەتكە بارغاندا تېجەشلىكنى يولغا قويۇش، ئالاھىدە بولۇۋالماسلىق، چوڭ يەپ – چوڭ ئىچمەسلىك، بىر نەرسە بېرىشنى تەلەپ قىلماسلىق؛

8. ھال – ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى قەرەللىك قوبۇل قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئەرزىيىتىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش؛

9. دائىم ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ – تەتقىق قىلىش، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش، مەسىلىنى نەق مەيداندا ھەل قىلىش، بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىش؛

10. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تۈزۈمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش.

---

رەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپ ئىشلەپ، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىشى، تەكشۈرۈش – تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكىلەرنى غەم – قايغۇدىن خالاس قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، پارتىيە 13 – قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشى لازىم.

ئاخىرىدا، كۆپچىلىكنىڭ چاغىنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىگە تىلەكداشمەن!

# ئومۇمىي ئەھۋال

## قەشقەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

### قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالى

**[جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى]** قەشقەر ۋىلايىتى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 73°20′ تىن 79°57′ قىچە، شىمالىي پاراللېل 35°20′ تىن 40°18′ غىچە بولغان ئارىلىقتا. شەرقىي شىمال تەرىپى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە، غەربىي شىمال تەرىپى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا تۇتىشىدۇ، غەربىي تەرىپى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن، غەربىي جەنۇب تەرىپى ئافغانىستان، پاكىستان بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى ھىندىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى تەخمىنەن 162 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر.

**[تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانى]**

قەشقەر ۋىلايىتى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلۇق، پۇلى، يەكەن، زىخىپ (قاغىلىق)، شىيې (يەكەننىڭ جەنۇبىي) قاتارلىق دۆلەتلەر ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇلۇق تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغان. بەش سۇلالە ھۆكۈم سۈرۈپ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ يەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قارا خانلار خاندانلىقى ۋە غەربىي لياۋ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ يەر چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بەخشەندە زېمىنى بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭنىڭ 25-يىلى (مىلادى 1760- يىلى) قەشقەردە مەسلىھەتچى ئامبال تەسىس قىلىنغان، پادىشاھ گۇاڭشۈينىڭ 8- يىلى (مىلادى 1882- يىلى) قەشقەر ۋىلايىتى تەسىس قىلىنغان. مىنگو يىللىرىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3- (قەشقەر)، 10-(يەكەن) مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 32-يىلى (1943-يىلى) مەمۇرىي رايون مەمۇرىي مۇپەتتىش ۋالىي مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە يەكەن ۋىلايىتى قۇرۇلغان. 1955- يىلى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاتۇش، ئۇلۇغچاتتىن ئىبارەت ئىككى ناھىيە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئايرىپ بېرىلگەن، قالغان ناھىيە (شەھەر) لەر جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى ئاستىدا بولغان. 1956- يىلى جە-

نۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ۋە يەكەن ۋالىيى مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلغان، سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر)لەر ۋە سابىق يەكەن ۋالىي مەھكىمىسىگە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ ھەممىسى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بولغان. 1979- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە ئۆزگەرتىلگەن.

**[مەمۇرىي رايونلىرى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە قەشقەر شەھىرى، قەشقەر يېڭىشەھەر، قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىسار، يوپۇرغا، پەيزاۋات، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشى ناھىيىسى ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ئىبارەت 12 ناھىيە (شەھەر) بار. ۋىلايەت بويىچە 25 بازار، تۆت كوچا باشقارمىسى، 141 يېزا (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي يېزا ئۈچ)، 101 ئاھالە كومىتېتى، 2321 كەنت كومىتېتى، 784 ئاھالە گۇرۇپپىسى، 11 مىڭ 515 مەھەللە بار. ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدانلىرىدىن 60ى بار.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 3- شىتىنىڭ قوماندانلىق شىتابى قەشقەر شەھىرىگە جايلاشقان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: گوگاڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابدۇغوپۇر سىدىق، شۈي شياۋچېڭ، چېن دېمىن، تىلىۋالدى توختى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى: ئابدۇغوپۇر سىدىق؛ مۇئاۋىن ۋالىيلىرى: ياڭجيەنشى، ئېيسا شاكىر، ئىسمايىل تىلىۋالدى، لى دېخۇاڭ، زىننەت ئۆمەر.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئىمىن توختى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: روزى قاسىم.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئابدۇرېھىم قادىر (9- ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان).

**[مىللەتلەر ۋە نوپۇسى]** قەشقەر ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ھازىر 32 مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ. 1986- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 407 مىڭ 491 (يېزا ئىگىلىك 3- شىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). مىللەتلەر بويىچە ئايرىغاندا، ئۇيغۇرلار 2 مىليون 236 مىڭ 101 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 92.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ خەنزۇلار 135 مىڭ 357 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 5.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تاجىكلار 24 مىڭ 935، خۇيزۇلار 3379، قىرغىزلار 4417، ئۆزبېكلەر 2549، قازاقلار 145، مانجۇلار 143، شىبەلەر 38، موڭغۇللار 63، تاتارلار 22، روسلار 22، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى جەمئىي 320. ئۇيغۇر ۋە خەنزۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 1.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئىككى مىليون 407 مىڭ 500 نوپۇس ئىچىدە، شەھەر - بازار نوپۇسى

373 مىڭ 900 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 15.53 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ يېزا نوپۇسى ئىككى مىليون 33 مىڭ 600 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 84.47 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت بويىچە نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 26.53%، ئۆلۈش نىسبىتى 10.2%، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 16.33%. خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 9.37%، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 17.6%.

**(تەبىئىي شارائىتى)** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، جەنۇبىدا قارا قۇرۇم تېغى، غەربىدە پامىر ئېگىزلىكى بار، شىمالىي قىسمى تەڭرى تاغقا تۇتىشىدۇ. شەرقىي قىسمى تارىم ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ. پۈتكۈل يەر شەكلى غەربىي جەنۇبىي تەرەپتىن شەرقىي شىمال تەرەپكە قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ، ئازراق ئېگىز - پەسلىكمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. غەربىي جەنۇبىي قىسمى ئېگىزلىك تاغ رايونى بولۇپ، تۆۋەنگە قاراپ ماڭغاندا دۆڭلۈكلەر، تارىم ئويمانلىقىنىڭ گىرۋەكلىرىگە ئورالغان تېنىما تۈزلەڭلىك جايلار بار. تۈزلەڭلىك جايلارغا تارقاق كىچىك بوستانلىقلار جايلاشقان. قەشقەر شەھىرى رايونىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1289 مېتىر كېلىدۇ، ئېگىزلىك تاغ رايونلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغاچقا، جايلار كىلىماتى جەھەتتىن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. تۈزلەڭلىك رايونلارنىڭ كىلىماتى ئىسسىق - مۆتىدىل چوڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق - چۆللۈك كىلىماتى. بىر يىلدىكى تۆت پەسىلنىڭ پەرقى ئېنىق، ياز پەسلىدە قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، لېكىن تومۇز ئىسسىق مەزگىلى قىسقا؛ قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق بولمايدۇ، لېكىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق مەزگىلى ئۇزاق بولىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە بوران كۆپ چىقىدۇ، قۇم ئۇچۇپ تۇرىدىغان، توپا ياغىدىغان كۈنلەرمۇ كۆپ. كېچە - كۈندۈزدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى زور، ھۆل - يېغىن مىقدارى بىر قەدەر ئاز، پارغا ئايلىنىش مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىلدىكى كىلىمات ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: ئەتىياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا نىسبەتەن تۆۋەن بولدى، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نورمال بولدى؛ تاغلىق رايونلاردا قار كۆپرەك ياغدى، تۈزلەڭلىك رايونلاردا ھۆل - يېغىن ئازراق بولۇپ، ئەتىيازدا ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى؛ غەيرىي نورمال كىلىمات كۆپرەك كۆرۈلدى، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى كۆپ ساندىكى جايلاردا ئازراق بولدى، كۈن نۇرىنىڭ كۈز پەسلىدىكى چۈشۈش ۋاقتى كۆپرەك بولدى. تۈزلەڭلىك رايونلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.3~12.3℃ بولدى. مارالبېشى ناھىيىسىدە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 38.8℃، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -37.2℃ بولدى. جايلارنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 15~50mm بولۇپ، تاشقورغاندا ھۆل - يېغىن كۆپرەك بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا جايلاردا يىللاردىكىدىن 20~70% ئاز بولدى. يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2487.1mm، نىسپىي نەملىك 51% بولدى. كۈننىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2600~3100 سائەت بولۇپ، يىللاردىكى ئوتتۇرىچە قىممىتى سەل ئازراق بولدى؛ بۇ-

نىڭ ئىچىدە كۆنىنىڭ 10-، 9-ئايدىكى چۈشۈش نىسبىتى 15 پىرسەنتتىن ئارتۇق بولدى.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دەريالار يەكەن دەرياسى ئېقىنى ۋە قەشقەر دەرياسى ئېقىنىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى چوڭ دەريا ئېقىنىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 146 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. چوڭ-كىچىك دەريادىن جەمئىي ئونى بار، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭراقلىرى يەكەن دەرياسى، تىزناپ دەرياسى، قىزىل دەرياسى، گەز دەرياسى ۋە كۇسەن دەرياسىدىن ئىبارەت بەشى بار. ئېقىنلارغا سۇ كېلىش ئالاھىدىلىكى مۇنداق: دەريا سۈيى ئاساسەن تاغدىكى مۇزنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، ياز پەسلىدە كەلكۈن كېلىدۇ، قىش پەسلىدە سۇ تارتىلىدۇ. كەلكۈن كېلىدىغان مەزگىل بىلەن سۇ تارتىلىدىغان مەزگىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىر قەدەر چوڭ. كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ ئورنىنىڭ ئۆرلىشى ۋە پەسىيىشى تېز، كېچە-كۈندۈزدىكى ئۆزگىرىشى روشەن بولىدۇ. 1986-يىل 10-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە دەريا سۈيىنىڭ يىللىق ئېقىش مىقدارى توققۇز مىليارد 320 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.34% ئاز بولدى. يەر ئاستى سۈيى زاپىسى تۆت مىليارد 855 مىليون كۇب مېتىر. سۇ ئېنېرگىيە بايلىقى مول، سۇ ئېلېكتىرنىڭ زاپاس ساقلىنىپ تۇرۇش مىقدارى يەتتە مىليون 940 مىڭ كىلوۋات. ئاسان ئاچقىلى بولىدىغان سۇ ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ ئېلېكتىر سىغىمچانلىقى 1 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات، ۋىلايەت بويىچە 110 سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بولۇپ، ئېلېكتىر سىغىمچانلىقى 51 مىڭ 195 كىلوۋات.

قەشقەرنىڭ زېمىنى كەڭ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5 مىليون 932 مىڭ 900 مو، ئۇنىڭدىن باشقا ئېچىشقا بولىدىغان 12 مىليون 63 مىڭ 600 مو يەر بار. ۋىلايەت بويىچە 31 مىليون 757 مىڭ مو ئوتلاق بولۇپ (يېزا ئىگىلىك 3-شىرسى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە ھەربىي قىسىم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئوتلاق كۆلىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلا سۈپەتلىك ئوتلاق 13 مىليون 129 مىڭ مو، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوتلاق 13 مىليون 736 مىڭ مو، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوتلاق 3 مىليون 617 مىڭ مو، ناچار ئوتلاق 1 مىليون 275 مىڭ مو. مەۋسۇملار بويىچە ئايرىغاندا، يازلىق ئوتلاق 16.67%، يازلىق-كۈزلۈك ئوتلاق 7.97%، ئەتىيازلىق-كۈزلۈك ئوتلاق 2.61%، قىشلىق-ئەتىيازلىق ئوتلاق 4.11%، قىشلىق ئوتلاق 2.8%، قىشلىق-ئەتىيازلىق-كۈزلۈك ئوتلاق 15.80%، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 50.04% نى ئىگىلەيدۇ.

قەشقەردە ھازىر بار تەبىئىي ئورمان 2 مىليون 20 مىڭ مو، سۈنئىي ئورمان 1 مىليون 900 مىڭ مو، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1.89%، ئورمان زاپىسى 2 مىليون 490 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ. ماتېرىيال قىلىشقا بولىدىغان دەرەخ خىللىرىدىن تېرەك، ئاكاتسىيە، ئۈجمە، قارىياغاچ، چۈلۈك، سۆگەت، قارىغاي، ئارچا، شەمشاد، چىنار قاتارلىقلار بار. مېۋىلىك دەرەخلەردىن شاپتۇل، ئۆرۈك، ئامۇت، ئالما، ياڭاق، ئۈزۈم، جىگدە، جىغان قاتارلىقلار بار. ۋىلايەت بويىچە دەرەخلەرنىڭ سورتى 28 ئائىلە، 46 ئۇرۇقداش، 93 خىل بولۇپ، بىر قەدەر ئەتىۋارلىق ۋە كەم ئۇچرايدىغانلىرى بادام، پىستە، ئەنجۈر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، ئار-

يا، كۆممە قوناق، ئاققوناق، سېرىق پۇرچاق، ماش، تېرىق، يالىڭاچ ئارپا قاتارلىقلار بار. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، تاماكا، زىغىر، كۈنجۈت، خۇاسىڭ، ئاپتاپپەرەس، قولماق، زىرە قاتارلىقلار بار. پەيزاۋات قوغۇنى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارغا مەشھۇر بولۇپ، تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى يۇقىرى، تاتلىقلىق دەرىجىسى 11 ـ 19 دەرىجە كېلىدۇ. دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قارلەيلىسى، چاكاندا، قان تېپەر، چۈچۈكبۇيا، بۆرە ساسىقى، ئالقات، زاراڭزا، بىيە قاتارلىقلار بار.

مارالبېشى ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە چۈچۈكبۇيا ئىشلەپچىقىرىدىغان نۇقتىلىق ناھىيە. ئۆي ھايۋاناتلىرىدىن ئات، كالا، قوي، ئېشەك، خېچىر، تۆگە، چوشقا، توشقان قاتارلىقلار بار. ئۆي قۇشلىرىدىن توخۇ، ئۆدەك، غاز، كەپتەر قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە توخۇنىڭ سانى ئەڭ كۆپ. ياۋايى ھايۋانلاردىن جەرەن، ئارقار، ياۋا توڭگۇز، تۈلكە، ئىت ئېيىقى، يىلپىز، كىرپە، سۇغۇر، قۇندۇز، تىيىن، ئىپارچاشقىنى قاتارلىقلار بار. ياۋايى قۇشلاردىن قوشماق ئۆدەك، ئاق قوتان، قىرغاۋۇل، ياۋا ئۆدەك، سوپىتوغاي، سېرىق شىمشىق، قارچۇغا قاتارلىقلار بار. ئەتىۋالىق قۇشلاردىن بولغان ئۇلار دېڭىز يۈزىدىن 4000 ~ 5000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قارلىق تاغدا ياشايدۇ، ئۇنىڭ گۆشى مېزىلىك، ئوزۇقلۇق ماددىسى يۇقىرى بولۇپ، داڭدار، قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەرنىڭ كان بايلىقلىرىنىڭ تۈرى بىر قەدەر كۆپ، زاپىسى مول. ئاساسلىق مېتاللاردىن ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، سىنىك، نىكېل چىقىدۇ؛ ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللاردىن ۋانادىي، تىتان، بېرىللىي قاتارلىقلار چىقىدۇ. مېتاللويىدلاردىن گۈڭگۈرت، فوسفور، تاش تۇز، چىرىمتال، گەج، تاشپاختا، خرۇستال، كۆك قاشتېشى، ھىقىق، بېرلىيانت، قارا ئۆيۈلتاش، بېرىل قاتارلىقلار چىقىدۇ. بولۇپمۇ كۆمۈر، نېفىت، ھاك تاش ۋە ئاق قاشتېشىسىمان مەرمەر تاش قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى خېلى كۆپ.

[ **ئىقتىسادىي** ] 1986- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر يىل بولدى. يىللىق ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 850 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.9% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 240 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.8% كۆپىيىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1980- يىلدىكىدىن بىر قاتلاش پىلانىنى مۇددەتتىن ئىلگىرى يىل بۇرۇن 10% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 34.4% كۆپەيدى. مىللىي دارامەت 1 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14.4% كۆپەيدى.

[ **يېزا ئىگىلىكى** ] 1986- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا مەھسۇلات ئېشىپ مول ھوسۇل ئېلىنغان 7- يىل بولدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليارد 945 مىليون 743 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.1% ئاشتى؛ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 12 مىليون 780 مىڭ دەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.10% ئاشتى، پاختىنىڭ سۈپەت دەرىجىسى زور

ھەجىمدە ئۆستى؛ ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 52 مىليون 445 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.7% ئاشتى؛ چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى تۆت مىليون 238 مىڭ 900 غا يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.1% كۆپەيدى. يىللىق گۆش مەھسۇلاتى 41 مىليون 435 مىڭ 600 جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30% كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە 50 مىڭ توننا سېلوس تەييارلاندى. ۋىلايەت بويىچە تۇتۇلغان بېلىق 724.3 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 76% كۆپەيدى. مېۋە-چېۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتى 223 مىليون 379 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 32.8% ئاشتى. پۈتۈن يىلدا 213 مىڭ مو يەرگە ئورمان ئەھيا قىلىندى، 42 مىڭ مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 40 مىليون 4 مىڭ تۈپ جىرىم پارچە-پۇرات تىكىلدى. يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى ۋە قەشقەر شەھىرىدە ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1986-يىلى يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 391 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا سانائىتى، بىناكارلىق، ترانسپورت سودا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 224 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 903 مىليون 747 مىڭ 800 يۈەننىڭ 24.83 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50% كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئات كۈچى 505 مىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.4% ئازايدى؛ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.4% كۆپەيدى.

[سانائىتى] ئىسلاھات داۋامىدا سانائەت ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى بەلگىلىك دەرىجىدە ئاشتى. 1986 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 338 مىليون 164 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.3% كۆپىيىپ، «6 - بەشيىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى ئوتتۇرىچە كۆپىيىش سۈرئىتىدىن يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 135 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.8% كۆپەيدى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 202 مىليون 785 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 33.4% كۆپەيدى. يېنىك سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 287 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23% كۆپەيدى؛ ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون 750 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11% كۆپەيدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولغان پاختا يىپ، سېمونت قاتارلىقلاردىمۇ بۇ يىل مەھسۇلات ئېشىپ، ئالدىنقى يىلدىكى مەھسۇلات كېمىيىش ھالىتىگە خاتىمە بېرىلدى. بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىشلەش، خىمىيىۋى سىر - بوياق ماتېرىيالى، يەم - خەشەك سانائىتى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ بىر قەدەر تېز بولدى، بىراق خام كۆمۈرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئازىيىپ كەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن خام كۆمۈر 258 مىڭ 500 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.26% ئازايدى؛ پاختا

يىپ 5073.3 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17.25% كۆپەيدى؛ پاختا رەخت 32 مىليون 985 مىڭ مېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13.08% كۆپەيدى؛ بوياق رەخت 18 مىليون 720 مىڭ مېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.28% كۆپەيدى، ئىلما توقۇلما ماللارنى يىپقا سۇندۇرغاندا 161.17 توننا بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 28.93% كۆپەيدى؛ سېمونت 72 مىڭ 200 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 32.97% كۆپەيدى؛ توك چىقىرىش مىقدارى 138 مىليون 195 مىڭ 700 كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.56% كۆپەيدى؛ تۆمۈردىن ئىشلەنگەن كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى 397 مىڭ 300 دانە بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.5 ھەسسە كۆپەيدى، زاۋۇت قەغىزى 437 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.6 ھەسسە كۆپەيدى؛ زاۋۇت سەمىسى 19 توننا بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 80.2% كۆپەيدى؛ سوپۇن 766.12 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.57% كۆپەيدى؛ ئاق ھاراق 320.9 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 31.92% ئازايدى؛ ئۈسسۇزلۇق ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ھاراق 676.43 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5 ھەسسە كۆپەيدى؛ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىنىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 8143.4 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8% كۆپەيدى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىنىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 13 مىڭ 811 يۈەن 90 پۇڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40% كۆپەيدى. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭكىدىن 69.6% يۇقىرى بولدى.

**[مالىيە ـ سودا]** 1986 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە مالىيە كىرىمى 50 مىليون 603 مىڭ يۈەن، مالىيە چىقىمى 329 مىليون 694 مىڭ يۈەن بولدى. يىل ئاخىرىغىچە بانكىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 887 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 202 مىليون 630 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

بازارلار ۋە سېتىۋېلىش بىلەن سېتىش تەڭ ئاۋاتلاشتى. ۋىلايەت بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 677 مىليون 838 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.5% كۆپەيدى، بۇنىڭدىن مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىيەتتە 2.1% كۆپەيدى. تۈرلۈك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىشى كۆپەيدى. بازاردىكى مال باھاسى داۋاملىق ئۆرلىمەكتە. ۋىلايەت بويىچە مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچ سانى 6.8% ئۆرلىدى.

سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يەنىمۇ ئاۋۇجلاندى، 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىن كوللېكتىپنىڭ تىجارەت قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن ياكى شەخسىيلەرنىڭ تىجارەت قىلىشىغا ئىجارە بېرىلگەن سودا كارخانىلىرى 42.7 پىرسەنتنى ئىگىلىدى، يەككە تىجارەتچىلەر 15 مىڭ 400 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10% كۆپەيدى.

خونجىراپ ئېغىزى باشقا دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى. 1986 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئورۇنلانغان تاشقى سودا

ئېكسپورت تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش قىممىتى 81 مىليون 485 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.3% كۆپەيدى، ئورۇنلانغان تاشقى سودا بويىچە يۆتكەپ بېرىلگەن تاۋار قىممىتى 4 مىليون 533 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.8% كۆپەيدى. جۇڭگو - پاكىستان چېگرا سودىسى بويىچە ئىمپورت قىلىنغان تاۋار قىممىتى 1 مىليون 189 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18% ئازايدى؛ ئېكسپورت قىلىنغان تاۋار قىممىتى 1 مىليون 70 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 36% كۆپەيدى.

**[ سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش ]**

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى. 1987 - يىلى 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە، ۋىلايەت ۋە ناھىيە، شەھەرلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا باۋجى، دېيالى، گۇاڭيۈەن، شۈيجو، شاشى، دەندۇڭ قاتارلىق 20 شەھەر، ناھىيە ۋە رايون بىلەن دوستانە ئورۇن ئالاقىسى باغلىدى، 25 ئۆلكە، شەھەردىكى 140 تىن ئارتۇق ناھىيە، شەھەر بىلەن ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، 70 تۈر بويىچە ھەمكارلاشتى. ئىقتىسادىي تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ رەسمىي تەستىقلىشى ئارقىلىق، قەشقەر، خوتەن ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تەركىب تاپقان شىنجاڭ يىپەك يولى يەرلىك ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى قۇرۇلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يىل بويى سىرتتىن كىرگۈزگەن مەبلىغى 6 مىليون 42 مىڭ يۈەن، قەرز ئالغان پۇلى 14 مىليون 264 مىڭ 500 يۈەن، تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن تېخنىكا خادىمى 219 نەپەر، ئۆزگەرتكەن ئۈسكۈنىسى 53، كۆپەيتكەن مەھسۇلات تۈرى 190، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 662 مىڭ 500 يۈەن، باجپايدىسى 4 مىليون 775 مىڭ يۈەن بولدى. قەشقەر شەھىرى ۋە پوسكام، قاغىلىق، يەكەن، مارالبېشى، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەر سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش ئارقىلىق قەغەز يېشىك زاۋۇتى، مەرمەر تاش زاۋۇتى، قۇم خىش زاۋۇتى، ئېلىما توقۇلما ماللار زاۋۇتى، خىمىيىۋى سانائەت زاۋۇتى، كونسېرۋا زاۋۇتى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، شۇ يىلى مەبلەغ توپلاپ، شۇ يىلى زاۋۇت قۇرۇپ، شۇ يىلى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. قەشقەر ئىقتىسادىي تېخنىكا بىرلەشمە تەرەققىيات شىركىتى 1987 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تىجارەت باشلىدى. بۇ شىركەت رۇڭ يىرىدىن مۇدىرىيەت باشلىقلىقىدىكى جۇڭگو خەلقئارا ئىشنا ۋە تىلىك مەبلەغ سېلىش شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت باشلىدى. قەشقەرنىڭ شېنجېن جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتى، ماددىي ئەشيا شىركىتى، تيەنجىن يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات شىركىتى بىلەن ئېكسپورت بويۇملىرىنى بىرلىشىپ پىششىقلاپ ئىشلەش توغرىسىدىكى سۆھبىتىدىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى. پاكىستاندىكى ئاغايىخان فوندى جەمئىيىتى بىلەن قەشقەردە ساياھەتچىلەر مېھمانخانىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىم رەسمىي ئىمزالاندى. ئۇندىن باشقا يەنە شياڭگاڭ داۋى مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى، كانادا، ئامېرىكا، ياپونىيە، فرانسىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە دوستلار بىلەن ساھايەت ئىشلىرىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش، كان مەھسۇلاتلىرى، پاختا توقۇمىچىلىق،

مېۋە - چېۋىگە ئىش قوشۇش قاتارلىق ساھەلەر بويىچە سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، بەزىلىرىدە پىكىرنامە ياكى كېلىشىم ئىمزالاندى. ھەمكارلىشىش ئارقىلىق، جەمئىي 6 مىليون 644 مىڭ يۈەن قىممىتىدە مال سېتىۋېلىندى، 22 مىليون 815 مىڭ يۈەن قىممىتىدە مال يۆتكەپ بېرىلدى، يۆتكەپ بېرىلگەن مال يۆتكەپ كىرىلگەن مالنىڭ 3.4 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى.

## [ قاتناش، پوچتا - تېلېگراف ]

قەشقەر تاشيول ترانسپورتىنى ئاساس قىلىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى غوللۇق تاشيولدىن 26 سى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2730 كىلو مېتىر كېلىدۇ. جۇڭگو-پاكىستان خەلقئارا تاشيولىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى قىسمىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنى رەسمىي باشلىدى. 1986- يىلى ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل ئاپتوموبىللار 9367گە يەتتى. ترانسپورت تارماقلىرى يىللىق يۈك توشۇش ۋە پاسساژىر توشۇش پىلانىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 26% ۋە 9.5% ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. يىل بويىچە ئورۇنلانغان يۈك توشۇش مىقدارى 345 مىڭ توننىغا، پاسساژىر توشۇش مىقدارى 2 مىليون 150 مىڭ ئادەم-قېتىمغا يەتتى. يىل بويى ئورۇنلانغان يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 190 مىليون توننا كىلو مېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.2% كۆپەيدى. پاسساژىر توشۇش ئوبوروت مىقدارى 390 مىليون ئادەم كىلومېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 36% كۆپەيدى. قەشقەر خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى- قەشقەر نۆۋەتچى ئايروپىلانى ھەر ھەپتىدە تۆت قېتىم قاتنايدۇ.

1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرى داۋاملىق راۋاجلاندى، پوچتا - تېلېگراف كەسپى ئومۇمىي مىقدارى 4 مىليون 607 مىڭ 900 يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27.8% كۆپەيدى، پوچتا - تېلېگراف كەسپى كىرىمى 6 مىليون 167 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.5% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە پوچتا كەسپى كىرىمى 11.7% كۆپەيدى، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 18.9% كۆپەيدى، تېلېگرامما كەسپى كىرىمى 7.2% كۆپەيدى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپى كىرىمى 12.3% كۆپەيدى، شەھەر ئىچىدىكى تېلېفون كەسپى كىرىمى 16.3% كۆپەيدى، يېزىلاردىكى تېلېفون كەسپى كىرىمى 3.5% ئازايدى. ۋىلايەت بويىچە تارقىتىلغان تۈرلۈك گېزىتلەر 521 خىلغا، تۈرلۈك ژۇرناللار 2482 خىلغا يېتىپ، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 38 مىليون 551 مىڭ 923 نۇسخىغا يەتتى. چەتئەللەر بىلەن ئالماشتۇرۇلغان ئومۇمىي پوسۇلكا سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 352%، خەت-ئالاقە سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 377%، پوسۇلكا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 219% كۆپەيدى.

## [مۇقىم مۈلۈك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ]

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، قۇرۇلۇشى كېيىنرەك باشلانغان، 1986 - يىلى مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ يەنىلا تېز سۈرئەت بىلەن كۆپەيدى. دۆلەت 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان پوسكام نېفىتلىكىدىكى ئۈچ قۇرۇلۇشقا رەسمىي ئىش باشلىدى. ۋىلايەت بويىچە مۇقىم مۈلۈك ئۈچۈن 177 مىليون 310 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 114 مىليون 840 مىڭ يۈەن، كوللېكـ

تىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلار ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 12 مىليون 950 مىڭ يۈەن، يەككە تىجارەتچىلەر ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 45 مىليون 520 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلار ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 75 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.9% كۆپەيدى. 1986 - يىلى قۇرۇلۇۋاتقان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى 300 دىن ئاشتى. مەبلەغ قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئالغاندا، سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.5 ھەسسە كۆپەيدى، پەن - تەتقىقاتقا سېلىنغان مەبلەغ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 52.3% كۆپەيدى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.7% كۆپەيدى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30% كۆپەيدى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى، ھاۋارايى ئىشلىرى ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29.2% ئازايدى، قاتناش - ترانسپورت ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29.5% ئازايدى، سانائەت ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.9% ئازايدى.

ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا مۇقىم مۇلۇك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 80 پىرسەنتىنى، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش مەبلىغى 20 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئىچىدە، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش مەبلىغى 70 پىرسەنتىنى، ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش مەبلىغى 30 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئىشلىتىش تۈرى بويىچە ئايرىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 42 پىرسەنتىنى، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 58 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1986 - يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن مۇقىم مۇلۇك قىممىتى 43 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولدى، پۈتكەن ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 245 مىڭ كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي 43 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ ئومۇمىي ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 17.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**[پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت]** پەن - تېخنىكا خىزمىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەندۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن - تەتقىقات ئورنى بەش؛ ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەر خىل كەسپىي ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت ۋە تەتقىقات جەمئىيىتى 31؛ جەمئىيەت ئەزالىرى 4634؛ ناھىيە دەرىجىلىك ھەر خىل كەسپىي ئىلمىي جەمئىيەت ۋە جەمئىيەت 96، جەمئىيەت ئەزالىرى 4842؛ يېزا - بازار پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى 138، جەمئىيەت ئەزاسى 12 مىڭ 130؛ كەنت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى 1371، گۇرۇپپا ئەزاسى 9260 تىن ئارتۇق. پەن - تېخنىكا قوشۇنى ئىچىدە، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى بارلار 5400، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى بارلار 20 مىڭ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، كەسپىي تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 11 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەن خادىملىرى 19 مىڭ 300، 48 تۈردىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا، سەككىز تۈردىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپا-

تىمغا ئېرىشتى. ۋىلايەت بويىچە ئۈچ كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 15 كىشى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 260 كىشى شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋىلايەت بويىچە ئۈچ ئالىي مەكتەپ، يەتتە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم، بىر ئەما، گاس - گاچىلار مەكتىپى بار. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 406، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 175 كە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئۈچى كۆپەيدى؛ ئوقۇتۇش سىنىپى 1928 گە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 146 سى كۆپەيدى؛ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى 33 مىڭ 600 گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.5% كۆپەيدى؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى 21 مىڭ 300 گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.56% كۆپەيدى. باشلانغۇچ مەكتەپ 1136 گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 38% كۆپەيدى؛ ئوقۇتۇش سىنىپى 11 مىڭ 400 گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.3% كۆپەيدى، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى 59 مىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.1% كۆپەيدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى 37 مىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.7% كۆپەيدى، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى كەسپىي سىنىپ 58، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 2608، كەسپىي ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 2989، شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 94، چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە ئوقۇۋاتقانلار 2094، شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 726. چوڭلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مائارىپى بويىچە ئوقۇۋاتقانلار 4232، شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 542، چوڭلار تولۇقسىز مائارىپى ۋە ساۋات چىقىرىش بويىچە ئوقۇۋاتقانلار 124 مىڭ، شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋە ساۋات چىقارغانلار 63 مىڭ، مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى تەربىيە كۆرۈۋاتقان بالىلار 10 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىلى مەكتەپكە كىرگەنلەر 3700.

ۋىلايەت بويىچە 14 كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى، بىر ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى، 12 مەدەنىيەت يۇرتى، سەككىز كۇتۇپخانا، 330 كىنو قويۇش ئورنى بار، كىنونىڭ يىللىق قويۇلۇش قېتىم سانى 63 مىڭ مەيدان، كىنو كۆرگۈچىلەر 32 مىليون 460 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى — «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىدۇ. 1986 يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتاب 58 خىل، 308 مىڭ 700 پارچىغا يەتتى. «يىپەك يولى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال — «يىپەك يولى» دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقئارا كىتاب باش سودا شىركىتى تەرىپىدىن چەتئەللەرگە تارقىتىلدى، ئۇ 1986 - يىلى مەملىكەت بويىچە چەتئەللەرگە تارقىتىلغان بىردىن - بىر ۋىلايەت دەرىجىلىك ئەدەبىي ژۇرنال. يىل بويى ۋىلايەت بويىچە سەككىز قېتىم ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئېچىلدى. 1986 - يىلى 8 - ئايدا مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى. ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا، قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو تارقىتىش ئىستانسىسىدىن ئۈچى، رادىئو دولقۇنىنى چاستوتا تەڭشەپ تارقىتىش ئىستانسىسىدىن بەشى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئىككىسى، سىگنالغا ئېلىپ تار-

قىتىدىغان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن بەشى، كۆچمە يىتىپ تارقىتىدىغان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن بەشى بار، ھەممە ناھىيە شەھەرلەردە سىملىق رادىئو ئۆزىكىلىرى بار، يېزا-كەنتلەردە رادىئو كۆچمە يەتكۈزۈش ئۆزىكىلىرىدىن 2505 ى بار. سىملىق رادىئو ئۇلانغان كەنتلەر ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ 58 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاھالە بويىچە ھېسابلىغاندا، رادىئونىڭ ئاھالىلەرنى قاپلاش نىسبىتى 81.4 پىرسەنتكە، تېلېۋىزىيىنىڭ ئاھالىلەرنى قاپلاش نىسبىتى 73.6 پىرسەنتكە يەتتى.

**[تەنتەربىيە، سەھىيە]**. ۋىلايەت بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مەكىت ناھىيىسىگە مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىدە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بېرىلدى. مارالبېشى، يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەنتەربىيە پائالىيىتىدە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى. مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدا قەشقەر كوماندىسى ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن مۇسابىقىغا قاتنىشىپ ئىككى ئالتۇن مېدالغا، ئۈچ كۈمۈش مېدالغا، بىر مىس مېدالغا ئېرىشتى، بىر تۈر بويىچە مەملىكەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدا قەشقەر كوماندىسى 28 ئالتۇن مېدالغا، 32 كۈمۈش مېدالغا، 32 مىس مېدالغا ئېرىشتى. تۆت كىشى بىر تۈر بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى يېڭىلىدى.

1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە (يېزا ئى-گىلىك 3 .. شىمىي سانائەت ئورۇنلىرى ۋە باشقا تارماقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) داۋالاش ئاپپاراتلىرى 406 گە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئىككىسى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 186، كادىرلار سانائوريىيىسى بىر، ئامبولاتورىيە 192، سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى 13، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى سەككىز، دوختۇرخانىلاردىكى كېسەل كارىۋىتى 7779 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.3% ئازايدى. لېكىن ئائىلە كېسەل كارىۋىتى 609 غا يەتتى. سەھىيە كەسپى تېخنىكا خادىمى 6799 غا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.67% كۆپەيدى، يەككە دوختۇرلۇق قىلغۇچىلار 146 غا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 45.4% كۆپەيدى. سەھىيە كەسپى تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە دوختۇر 2141 بولۇپ سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى سانىنىڭ 31.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. سېستىرا 1947 بولۇپ، 28.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك 32 دوختۇرخانىنىڭ ئاغرىقلارنى داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتى 70.5%، ئاغرىقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 1.5%. 9 - ئايدا سەھىيە مىنىستىرلىكى قەشقەر شەھىرىدە مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

**[خەلق تۇرمۇشى]** 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئادەم سانى 10 مىڭدىن ئېشىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37.8% كۆپەيدى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار ئىچىدە توختام ئىشچى 13.9 پىر-

سەنئىتىنى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 137 مىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.5% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ مۇلۇك ئىگىلىكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر 31 مىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2000 كىشى كۆپەيدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1611.17 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17% كۆپەيدى، بۇنىڭدىن مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي كۆپەيگەن ئىش ھەققى 9.1 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. شەھەر-بازارلاردىكى ئاھالىلەرنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ ھەر بىر نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجەت كىرىمى 612 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6% كۆپەيگەن، بۇنىڭدىن مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئالدىنقى يىل بىلەن ئىزلىشىدۇ. شەھەر-بازارلاردىكى ھەر بىر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجەت چىقىمى 526 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.8% كۆپەيگەن، يېزىلاردا تۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى ھەر بىر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 303 يۈەن بولۇپ (مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە) ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.67% كۆپەيگەن.

1986-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاھالىلەرنىڭ بانكىدىكى پۇل ئامانەت قالدۇق سوممىسى 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37% كۆپەيدى.

ۋىلايەت بويىچە تۆت پاراۋانلىق ئورنى بولۇپ، ئۇنىڭدا 365 نەپەر قېرى، مېيىپ ۋە يېتىم بالىلار بېقىلماقتا؛ ئۇندىن باشقا يەنە ئالتە پاراۋانلىق زاۋۇتى (شىركىتى) بولۇپ، 85 نەپەر مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 83 قېرىلار ساناتورىيىسىدە، ئىگە-چاقىسىز قېرىلاردىن 1277 كىشى بېقىلماقتا.

## [مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى]

1986-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، گوۋۇيۈەن قەشقەر شەھىرىنى مەملىكەت بويىچە تارىخىي مەدەنىيەت بويىچە مەشھۇر شەھەر دەپ تەستىقلىدى. ھېيتگاھ جامەسى، ئاپپاق خوجا مازىرى (ئىپارخان مازىرى دەپمۇ ئاتالغان)، ئەسكىھىسار قەدىمكى قەلئەسىنىڭ ئورنىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق داڭلىق ئاسارە-ئەتىقىلەر قەشقەر شەھىرىگە جايلاشقان. كونىشەھەر ناھىيىسىدە مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى، خانئۆي قەدىمكى قەلئەسى قاتارلىقلار بار. يەكەن ناھىيىسىدە بايدۆۋە دۆڭ بار. قاغىلىق ناھىيىسىدە شېھىتيار قەدىمكى قەلئەسىنىڭ ئورنى بار. مارالبېشى ناھىيىسىدە توققۇز ساراي قەدىمكى قەلئەسىنىڭ ئورنى قاتارلىقلار بار.

(تۇجىشۇ)

ئىلاۋە: (1) ئومۇمىي ئەھۋالدىكى ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، مىللىي دارامەت، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا مەھسۇلات قىممىتى ۋە پوچتا-تېلېگراف كەسپى ئومۇمىي مىقدارى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى 1980-يىلدىكى ئۆزگەرمىگەن باھا بويىچە ھېسابلاندى.

(2) ئومۇمىي ئەھۋالدىكى ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، مىللىي دارامەت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رايونلار بويىچە ھېسابلاندى.

# ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئەھۋالى

## قەشقەر شەھىرى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** قەشقەر شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي - شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە جايلاشقان؛ ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولىنى بويلاپ شەرقىي شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، ئۈرۈمچى شەھىرىگە 1473 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ ئۇنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالىي قۇمال تاغ ئارقىلىق قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھىرى بىلەن قوشنا تۇرىدۇ، جەنۇبىي قىزىل دەرياسى ئارقىلىق قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ؛ شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ كەڭ جايى 13 كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي مېرىدىئان 75°56′ ~ 76°04′ قا توغرا كېلىدۇ؛ جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن جايى 19 كىلومېتىر بولۇپ، شىمالىي پاراللېل 39°25′ ~ 39°35′ قا توغرا كېلىدۇ؛ ئومۇمىي يەر مەيدانى 963مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان قەشقەر دەرياسى دېلتىسىنىڭ ئوتتۇرا يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك قۇرۇلمىسى قەشقەر دەرياسى سۇ سىستېمىسى شەكىللەندۈرگەن تاشقىنىدىن پەيدا بولغان تىنما تۈزلەڭلىككە تەۋە بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ قەدىمكى بوستانلىقلارنىڭ بىرى. پۈتكۈل يەر شەكلىدىن ئالغاندا، شىمالىي ئېگىز، جەنۇبىي پەس، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئەڭ ئېگىز جايىنىڭ 1502 مېتىر، ئەڭ پەس جايىنىڭ 1264 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قىزىل دەرياسىنىڭ قەشقەر شەھىرى چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىش مىقدارى 2 مىليارد 59 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ سۈيى لاي ئارىلاش كېلىدۇ؛ تۈمەن دەرياسى بۇلاق سۈيىنى ئاساس قىلىدىغان دەريا بولۇپ، غەربتىن شەرققە ئېقىپ شەھەر رايونىنىڭ شىمالىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ شەھەر چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىش مىقدارى 126 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ.

**كىلىماتى:** 1986 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8℃؛ ئەڭ سوغۇق بولغان 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا −4℃؛ ئەڭ ئىسسىق بولغان 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26.1℃؛ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا −13.5℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 36.2℃. يىللىق قىراۋسىز مەزگىلى 216 كۈن، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2608.1 سائەت. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 50.1mm، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2286.8mm، غەربىي - شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ، شامالنىڭ ئوتتۇرىچە تېزلىكى 1.6 سېكۇنت مېتىر، بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدىكى ئەڭ زور تېزلىكى 18 سېكۇنت مېتىر. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ كۈن قۇم ئارىلاش بوران چىقىدۇ. 217 كۈن چاڭ-توزانلىق ھاۋا بولىدۇ.

**مىللەتلەر ۋە نوپۇسى:** قەشقەر شەھىرى رايونىدىكى ئاھالىلەر ئۇيغۇرلارنى ئاساس

قىلىندۇ، 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 202 مىڭ، شەھەر رايونىدىكى نوپۇسى 151 مىڭ 200، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 66.2 پىرسەنتىنى، خەنزۇلار 32.8 پىرسەنتىنى، باشقا مىللەتلەر بىر پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**مەمۇرىي رايونلىرى:** شەھەر تەۋەسىدە چاسا، ياۋاغ، ئۆستەڭبويى، قۇمدەرۋازىدىن ئىبارەت تۆت كوچا ئىش باشقارمىسى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 38 ئاھالە كومىتېتى تەسىس قىلىنغان؛ شەھەر ئەتراپى رايونىدا نەزەرباغ، شامالباغ، دۆلەتباغدىن ئىبارەت ئۈچ يېزا بار، تەۋەسىدە 37 كەنت كومىتېتى تەسىس قىلىنغان. شەھەر تەۋەسىدە يەنە ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانى بار.

**ئىقتىسادىي:** 1986 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ يىللىق ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 374 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولدى، مىللىي دارامەت 137 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.3% كۆپەيدى. قەشقەر شەھىرىگە بىۋاستە قاراشلىق سانائەت كارخانىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 632 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكى ئاساستا بىر قاتلاش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

**سانائىتى:** شەھەر بويىچە يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى، بوياقچىلىق، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، خىمىيە سانائىتى، تېرە ـ كۆن يېمەكلىك، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق 19 خىل كەسىپ بويىچە ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى 90 كارخانا بار. 1980 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمىگەن باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 109 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ (شەھەردە تۇرۇشلۇق ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ۋە ۋىلايەتتىن يۇقىرى دەرىجىلىك كارخانىلار، شۇنىڭدەك شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.3% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 83 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولۇپ، 5.34% كۆپەيدى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 25 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولۇپ، 9.8% كۆپەيدى؛ شەھەر بازارلىرىدىكى كوپېراتسىيە ئىگىلىكى ۋە يەككە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولۇپ، 71.3% كۆپەيدى؛ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي خادىملار ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى (1980 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمىگەن باھا بويىچە ھېسابلاندى) ھەر بىر ئادەمگە 734 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9% كۆپەيدى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي خادىملار ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ھەر بىر ئادەمگە 6501 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 31% كۆپەيدى.

قەشقەر شەھىرى باشقا ۋىلايەت، شەھەرلەر بىلەن 27 كېلىشىم ۋە مۇددەتنامە خاراكتېرلىك كېلىشىم ئىمزالاپ، 11 تۈر بويىچە يېڭى مەھسۇلات ياراتتى؛ دەندۇڭ، شاشى شەھەرلىرى بىلەن «ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل» شەھەر بولدى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى 10 نەچچە شەھەر بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى، شەھەر ئىچىدىكى 25 كارخانىنى تېخنىكا جەھەتتىن

ئۆزگەرتىپ چىقتى. 1986-يىل ئىچىدە، تەكلىپكە بىنائەن قەشقەرگە كەلگەن تۈرلۈك پەن-تېخنىكا خادىملىرى 206 ئادەم قېتىمغا يەتتى. قەشقەرگە كېلىپ تىجارەت قىلغانلار، تېخنىكا ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگەنلەر 1500 ئادەم-قېتىمدىن ئاشتى. باشقا جايلارغا ئەۋەتىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن تۈرلۈك تېخنىكا خادىملار 250 ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. شەھەر بويىچە مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 54 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 31% كۆپەيدى؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن مۇقىم مۈلۈك 30 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 39.71% كۆپەيدى. سېلىنغان مەبلەغنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ماي خىمىيە سانائەت زاۋۇتى، تېرە-كۆن زاۋۇتى ۋە كىيىم-كېچەك فابرىكىسىغا قارىتىلدى.

**يېزا ئىگىلىكى:** 1986-يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئۇدا 8-يىل مول ھوسۇل ئېلىندى. 1980-يىلدىكى ئۆزگەرمىگەن باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.2% كۆپىيىپ، 1980-يىلدىكىنىڭ 1.3 ھەسسىسىگە باراۋەر بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 2.7% كۆپەيدى؛ ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، 228.9% كۆپەيدى؛ قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون يۈەن بولۇپ، 63% كۆپەيدى؛ بېلىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، 54.8% كۆپەيدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 27 مىليون 894 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.45% ئاشتى؛ پاختا، ياغلىق دان، مېۋە-چېۋە، گۆش، ئۆي قۇشلىرى - تۇخۇم، كالا سۈتى مەھسۇلاتىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاشتى. يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 35 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە يېتىپ (ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى) ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.92% كۆپەيدى. كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق لاياقەتلىك دەپ قارالدى، شەھەر بويىچە ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

**سودا:** ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 220 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.4% كۆپەيدى. شەھەر-يېزىلاردىكى بازاردا پۈتۈشكەن سودا مىقدارى 65 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 48% كۆپەيدى، دېھقانلارنىڭ غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىلىرىگە ساتقان پارچە سودا سوممىسى 49 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 124% كۆپەيدى.

**مالىيە:** يىللىق مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 22 مىليون 764 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلان 104.4% ئورۇنلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا-سانائەت بېجى 23 مىليون 135 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلان 104% ئورۇنلاندى، كارخانا كىرىمى 921 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلان 104.4% ئورۇنلاندى. مالىيە چىقىمى 31 مىليون 293 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلاننىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. دۆلەت خەزىنە چېكى سېتىش سوممىسى 1 مىليون 486 مىڭ يۈەنگە يې-

ئېشىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2% كۆپەيگەن، ۋەزىپە مۇددەتتىن 60 كۈن ئىلگىرى ئورۇنلاندى. خەزىنىلەشتۈرۈلگەن پۇل 63 مىليون 426 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.4% كۆپەيدى.

**شەھەر قۇرۇلۇشى**: 1986 - يىلى شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئەسلىدىكى شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىشكە قارىتىلدى. 10 كوچىغا ئىچىملىك سۇ ۋە پاسكىنا سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىش قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلۈپ، 6300 مېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتىكى پاسكىنا سۇ تۇرۇبىسى ۋە 7300 مېتىردىن كۆپرەك ئىچىملىك سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، تۆت كوچا بويىچە جەمئىي 25 مىڭ 868 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كونا تام، 23 مىڭ 654 كۋادرات مېتىر كونا ئۆي ۋە قائىدىگە خىلاپ قۇرۇلۇشلار، 124 كونا دەرۋازا چېقىپ يېڭىلاندى. خەلق يولى ۋە ئازاد يولىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق غول يولنىڭ ۋېلىسىپىت يولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش ۋە پىيادىلار يولىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى. شەھەر بويىچە 13 مىڭ 860 مېتىر ۋېلىسىپىت يولى كېڭەيتىپ ياسىلىپ، 62 مىڭ 372 كۋادرات مېتىر ئالتە بۇرجەكلىك سېمونت خىش ياتقۇزۇلدى، پىيادىلار يولى، ۋېلىسىپىت يولى ۋە ئاپتوموبىل يولى ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن، شەھەر رايونى ئىچىدىكى قاتناش ھادىسىلىرى زور ھەجىمدە ئازايدى. كوچا مەركىزىدىكى گۈللۈكتىن ئىككىسى، كۆلىمى 2600 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىدىن ئىككىسى ياسالدى، يىل ئاخىرىدىكى سېمونت خىش ياتقۇزۇلغان يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 57 كىلومېتىرغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 46% ئاشتى؛ يېڭىدىن سېمونت خىش ياتقۇزۇلغان يولنىڭ كۆلىمى 73 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40% ئاشتى؛ ئىچىملىك سۇ تۇرۇبىسى 37 كىلومېتىرغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21% ئاشتى. يىللىق تەمىنلەنگەن ئومۇمىي سۇ مىقدارى 2 مىليون 300 مىڭ توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23% ئاشتى؛ پاسكىنا سۇ تۇرۇبا يولى 21 كىلومېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50% ئاشتى؛ كوچا ئاپتوبۇسى 33 كە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10% كۆپەيدى، شەھەر رايونى ئىچىدە باغ - ئورمان بىلەن كۆكەرتىلگەن يەر مەيدانى 275 گېكتار بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 35 گېكتار يەنى 14.6% ئاشتى. شەھەر بويىچە كۆكەرتىلىش بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 25% كە يەتتى، سودا بازىرىدىن يەتتىسى يېڭىدىن ياسالدى ۋە كېڭەيتىپ ياسالدى، سۇ يۇللۇق ھاجەتخانىدىن ئالتىسى يېڭىدىن ياسالدى، پاسكىنا سۇ چىقىرىش مىقدارى 3000 كۇب مېتىر كېلىدىغان پاسكىنا سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتى.

**مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە**: شەھەر بويىچە كىنوخانا، كىنو - تىياتىرخانىدىن 10 ى، سەنئەت ئۆمىكىدىن ئۈچى، ئاممىۋى كۇتۇپخانىدىن ئىككىسى بار، كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب 130 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ، ئۇندىن باشقا يەنە تېلېۋىزىيە ئىستانسىدىن بىرسى (تېلېۋىزىيە سىگنالىنى ھەمراھدىن يەر يۈزىدە قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىسى بار). رادىئو ئىستانسىدىن بىرسى بار، رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم ئاڭلىتىش بېرىدۇ. قەشقەر شەھىرىدە ئالىي مەكتەپتىن ئۈچى بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى ئالدىنقى يىل-

دىكىدىن 23.9% كۆپىيىپ 3080 گە يەتتى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومدىن سەككىزى بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12% كۆپىيىپ، 2989 غا يەتتى؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 23 ى بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 15 مىڭ 500؛ ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپىدىن بىرسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى سانى 795؛ باشلانغۇچ مەكتەپتىن 55 ى بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 22 مىڭ 700، چوڭلار ئالىي مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقانلار سانى 1180 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.7% كۆپەيدى؛ چوڭلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقانلار سانى 322. 1986 - يىلى شەھەر بويىچە ساۋات چىقىرىش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە يەتتى؛ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.7 پىرسەنتكە يەتتى؛ باشلانغۇچ مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 98.5 پىرسەنتكە يەتتى.

شەھەر بويىچە سەھىيە ئاپپاراتى 83، ئۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 10، كېسەل كارىۋىتى 972، سەھىيە خادىملىرى 1965، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر 517. شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق سەھىيە سىستېمىسى 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى دوختۇرخانىسى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، قەشقەر دوستلۇق دوختۇرخانىسى قۇردى، دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش مۇئەسسەسەلىرى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللەشتى؛ قەشقەر شەھىرىدە تۈرلۈك يەرلىك كېسەللىكلەر ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئۈنۈملۈك ھالدا تىزگىنلەندى. 1986 - يىلى مەملىكەت ۋە ۋىلايەت بويىچە يېمەكلىكلەر تازىلىقىدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى جەھەتتە ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ باھالاندى.

**خەلق تۇرمۇشى:** 1986 - يىلى يېزا نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 349 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 36.3% كۆپەيدى، پۈتتۈرۈلگەن تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 79 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 64.6% كۆپەيدى. ھازىر بار تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 970 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 6.42 كۋادرات مېتىر بولدى؛ شەھەر بازارلاردىكى بانكىدا قويۇلغان ئامانەت پۇل سوممىسى 32 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 83.6% كۆپەيدى.

(خې ۋېن).

## مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلدى

1986 - يىلى قەشقەر شەھىرى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار بولۇشنى تۈزىتىشنى بۆسۈش ئېغىزى، «ئۈچ ئوبدان، بىردىن ئۆگىنىش»نى ئاساسىي مەزمۇن، مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىشنى ئاساسىي شەكىل قىلغان ھالدا، مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش خىزمىتىنى يېڭى - يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرگۈزدى.

1. رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەردى، تەشكىللىي جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتى، تەدبىر كۈچلۈك بولدى.

قەشقەر شەھىرىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتى داۋامىدا، كونكرېت ئىش يې-

لان تۈزۈپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللاندى. 1986-يىلى 2-ئايدا، شەھەرلىك پارتكوم مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، «ئۈچ يىل تىرىشىپ، قەشقەر شەھىرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت تەرتىپى، شەھەر قىياپىتى، مۇلازىمەت سۈپىتى، تازىلىق ۋە كۆكەرتىش قاتارلىق بەش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش»تىن ئىبارەت تىرىشىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەمدە يىغىندا قەشقەر شەھىرى بويىچە تۆتىنچى تۈركۈمدىكى 75 مەدەنىيەتلىك ئورۇنغا نام بېرىلدى. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىدە ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشخانىسى، شۆبە ھەربىي رايون يېزا ئىگىلىك 3-شىسىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چاڭ جىنۋۇ، شەھەر باشلىقى ئابلەت مەھەممەتجان قوماندانلىق شتابىغا شەخسەن ئۆزلىرى قوماندانلىق قىلدى، شەھەر رايونى 38 ئوچاستكا، گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ، 180 نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، ھەر قايسى ئوچاستكا - گۇرۇپپىلارغا ئەۋەتىلىپ، ئوچاستكا بويىچە ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئامما مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتىگە كەڭ سەپەرۋەر قىلىنىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق ۋە مەكتەپلەرنىڭ مەدەنىيەتلىك قەشقەر قۇرۇش پائالىيىتىدە يېڭى بىر باشلىنىش بولدى.

2. قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتىدە زەربىدارلىق رولىنى جارى قىلدۇردى.

قەشقەردە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتىدە كۈچلۈك رەھبەر ۋە كادىرلارنى ئەۋەتىپ پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئۈچۈن ئەقىل ۋە تەدبىر كۆرسىتىپ، ئارمىيە خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. شەھەر بويىچە ئارمىيە خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان كوچا يەتتىگە، ئورۇن 46 گە يەتتى، ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى نۇقتىدىن لىنىيىگىچە، لىنىيىدىن ئوچاستكىغىچە كېڭەيدى، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى پارچە-پۇرات، تارقاقلىقتىن، ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق بولۇشقا قەدەم قويۇپ، ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. شەھەرلىك مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش قوماندانلىق شتابى ۋە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 8-ئايدا قەشقەر شەھىرىدىكى 13 ئورۇنغا 2-تۈركۈمدە مەدەنىيەتلىك ئورۇن دەپ نام بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش بويىچە ئۈچ ئەلا كوچا ۋە 22 ئىلغار ئورۇن باھالاپ چىقىلدى. 9-ئايدا لەنجۇ ھەربىي رايونى قەشقەر شەھىرىدە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى. قەشقەر شەھىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە

مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتى يىغىنىدا تونۇشتۇرۇلىدىغان تىپىك تەجرىبىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، تەقدىرلەندى.

3. ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى.

بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت شەھەردىكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىستىلىنى ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىپ، كادىرلار ئارىسىدا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، «رەھبەرلىك مۇلازىمەت دېمەكتۇر» دېگەن ئىدىيىنى تىكلەپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتەردى. ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىپ، «مەن ھەممە ئۈچۈن، ھەممە مەن ئۈچۈن» نۇقتىئىنەزەرى تىكلەندى. شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسى ياش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «كەسىپ ئىستىلى، كەسىپ ئىنتىزامى، كەسىپ تارىخى» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، كەسپىي ئۆگىنىش ۋە تېخنىكا رىقابىتىنى دائىم قانات يايدۇردى. ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىگە پىششىق كەسپىي تېخنىكا بىلەن قىزغىن خىزمەت قىلىپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شەھەرلىك سودا ئىدارىسى «ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت ئۆلچىمى نىزامى»ۋە ئۇنى يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بويىچە تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە مۇكاپاتلاش ـ جازالاش تۈزۈمىنى ئورناتتى، بۇنىڭ بىلەن شەھەر رايونىدىكى سودا دۇكانلىرى ۋە ماگىزىنلارنىڭ ئەۋرىشكە مال دېرىزىسىنى بېزەش، تاۋارلارنى تىزىش، مۇلازىمەت سۈپىتى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى.

4. شەھەر باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، گۈزەل مۇھىت يارىتىلدى.

ئاممىنى قوزغاپ، مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش قوماندانلىق شتابى «قەشقەر شەھىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك ئاھالىسى ئەھدىنامىسى»تۈزۈپ چىقتى، قەشقەر شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ھەر قايسى ئورۇنلارمۇ مۇناسىپ ھالدا ئورۇن ۋە شەخسىيلەرنىڭ بولۇپ، جەمئىي 48 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش ۋە مەدەنىيەتلىك شەھەر ئاھالىسى بولۇش ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقتى. ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ «ئىشىك ئالدىنى ئۈچ جەھەتتىن ھۆددىگە بېرىش» تۈزۈمى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، شەھەر رايونىدىكى ئاساسلىق كوچىلارغا ئورۇنلاشقان 190 نەچچە ئورۇندا «ئىشىك ئالدىنى ئۈچ جەھەتتىن ھۆددىگە بېرىش» يولغا قويۇلغاندىن تاشقىرى، ھەر قايسى مەھەللە ـ كوچا ۋە ئىدارە قوروللىرىدىمۇ «ئىشىك ئالدىنى ئۈچ جەھەتتىن ھۆددىگە بېرىش» يولغا قويۇلدى. ئامما كەڭ تۈردە قوزغىتىلىپ، شەنبىلىك تازىلىق تۈزۈمى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى، زىيانداش ھاشارات ۋە كېسەللىكلەرنى يوقىتىش مەركەز قىلىنغان تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، شەھەر بويىچە 44 مىڭ 700 توننىدىن كۆپرەك ئەخلەت، 300 دىن ئارتۇق تازىلىقى ناچار بۇلۇڭ ـ پۇچقاق تازىلاندى، 114 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتىكى يول تۈزلەندى، 186 مىڭ مېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى،

240 مىلك تەشتەكتىن ئارتۇق گۈل ئۆستۈرۈلۈپ، گۈزەل مۇھىت يارىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەك «ئەخلەت بوران چىقسا يوقىلىدىغان، پاسكىنا سۇلار پارغا ئايلىنىپ تۈگەيدىغان، يامغۇر ياغسا ھەممە كوچا پاتقاق بولۇپ كېتىدىغان، ھاۋا ئېچىلسا پۈتۈن شەھەرنى چاڭ-توزان قاپلايدىغان» ھادىسە ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىلدى.

5. ياخشى تەرتىپ ئورنىتىلىپ، تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشتىن ئىبارەت ياخشى ۋەزىيەت يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى.

بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن خەلق ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى كەڭ ئېلىپ بېرىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ قانۇن-تۈزۈم نۇقتىئىنەزىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستى. شەھەر، يېزا (بۆلۈم) دەرىجىلىك 400 دىن ئارتۇق رەھبىرىي كادىر قانۇن بەلگىلىمىلەرنى ئۆگىنىش بويىچە سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە قاتنىشىپ، ئىمتىھاندىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتتى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق 127 ئورۇن لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتتى.

جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلۇپ، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە داۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىلدى. دېموكراتىك باھالاش ئارقىلىق، شەھەر بويىچە 55 مىڭدىن كۆپرەك ئائىلىگە قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتا شەرەپلىك ئائىلە دەپ نام بېرىلدى، بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئالدىنقى يېرىم يىل ئىچىدە ئامانلىق ساقلاش بويىچە كۆرۈلگەن دېلولار ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 11% تۆۋەنلىدى، دېلو پاش قىلىش نىسبىتى 80.1 پىرسەنتكە يەتتى. قاتناشنى باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، شەھەر بويىچە قاتناش يوللىرى توسۇلۇپ قېلىش، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە قاتناش ھادىسىلىرى ئاز بولۇش، مەدەنىيەتلىك ۋەزىپە ئۆتەشتە، قاتناش تەرتىپىدە، يول باشقۇرۇشتا ياخشى بولۇش، قاتناشنىڭ بىخەتەر، راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىدىن 309 ى قۇرۇلدى. مۇرەسسە خادىملىرى 507 گە يەتتى، ئۇلار 5127 پارچە ماجرانى مۇرەسسە قىلدى، ئامما ئارىسىدىكى ماجرالار مۇرەسسە ئارقىلىق پەسەيتىلىپ، زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىلدى، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىتتىپاقلىق كۈچەيتىلدى، ئىجتىمائىي كەيپىيات كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلاندى.

6. لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىش، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى.

ۋىلايەت ۋە شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ۋە ياشلارنى قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ لېكسىيە-دوكلاتلىرىنى ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، غايە، ئىنتىزام، مۇھىم نۇقتا قىلىنغان «تۆت بولۇش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بولۇمى، شەھەرلىك رادىئو ئۇزىلى ۋە شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ «غايە مۇنبىرى» مەخسۇس پروگراممىسىنى بىرلىشىپ يولغا قويغاندىن تارتىپ، جەمئىي 170 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە تاپشۇرۇۋالدى، بۇ ماقالىلاردا كوممۇنىستىك غايە توغرىسىدا كەڭ تاشا سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇ-

لارنىڭ گۈزەل قەلبى نامايەن قىلىنىپ، ياشلار ئىچىدە بىر قەدەر كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كەڭ ئىشچى — خىزمەتچىلەر «تۆت بولۇش» تەربىيىسى داۋامىدا، ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەسىراتلىرىنى ۋە ھاسىل قىلغان ئۈنۈمىنى ئوتتۇرىغا قويدى، پەرقلەرنى تېپىپ چىقتى، ھەممە يەلەن قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىشنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىپادىلىمەكچى بولدى. ئۇلار ئارقا — ئارقىدىن كوچىلارغا چىقىپ «سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» دېگەن مەزمۇندا ئاممىغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 3 — ئاينىڭ 16 — كۈنىدىلا توققۇز مىڭدىن ئارتۇق ياش — ئۆسمۈر ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن خالىسانە ھالدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ۋېلىسىپىت، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئېلېكتىر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىپ بەردى، 23 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق يەرنى تازىلاپ بەردى، 5800 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز داۋالىدى، ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەم — قېتىمنى قانۇن، سەھىيە ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئەتتى.

7. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلىپ تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

5 — قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى داۋامىدا، شەھەردىكى ھەر قايسى ئورۇنلار ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى ماركسىزم — لېنىنىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە، پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرى ۋە «3 — ماي» سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاممىنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇش قەھرىمانلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى؛ «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ۋە «بەش ئۆز ئارا» ئىدىيىسى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىچىدە يىلتىز تارتتى، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا بىر — بىرىنىڭ تىل — يېزىقىنى ئۆگىنىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش شەرەپلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش نومۇس دەيدىغان قاراش توسۇپ بولمايدىغان ئىجتىمائىي ئىسسىي خىسلەتكە ئايلاندى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق شەھەر بويىچە 81 ئورۇنغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇن دەپ نام بېرىلدى، ئائىلە كومىتېتى، سىنىپ، بەن — گۇرۇپپا، بۆلۈم ئىشخانىلاردىن بولۇپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپتىن 502 سى، ئىلغار شەخسلەردىن 20 مىڭ 500 ى باھالاپ چىقىلدى.

(ۋاڭ يۆپىڭ).

## قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى قەشقەر دەرياسىنىڭ تىنما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرى ئۈرۈمچى شەھىرىگە 1484 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىگە توققۇز كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°47′21″ تىن 76°47′50″ قىچە، شىمالىي پاراللېل 38°50′19″ تىن 39°27′57″ قىچە بولغان ئارىلىقتا. غەرب تەرىپى كونىشەھەر ۋە ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى يېڭىسار ناھىيىسى بىلەن،

شەرقىي جەنۇبىي يەكەن ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي تەرىپى يوپۇرغا ۋە پەيزاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمال تەرىپى قىزىل دەرياسى ئارقىلىق قەشقەر شەھىرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن يېرى 106 كىلومېتىر، جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 69 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 2193.2 كۋادىرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شەكلى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسلەپ بارىدۇ. يەر شەكلى تۈز، ئۆرلەش-پەسىيىشى چوڭ ئەمەس. يانتۇلۇق دەرىجىسى 680 دىن بىر.

**كىلىماتى:** يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 65 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2605mm، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2822 سائەت. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -24.4℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.1℃ قا يېتىدۇ. 1986-يىلى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.8℃ بولدى. يىللاردىكى ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىلى 215 كۈن. ئەتىياز بىلەن ياز پەسلىدە دائىم غەربىي شىمال شامىلى چىقىپ تۇرىدۇ، شامالنىڭ ئەڭ تېز سۈرئىتى 27 سېكۇنت مېتىرغا يېتىدۇ. يىللىق قۇم-بورانلىق كۈنلىرى ئوتتۇرىچە 13 كۈن بولۇپ، ئاساسەن 3-ئايدىن 7-ئايغىچە بولغان مەزگىلگە مەركەزلىشىدۇ.

**مىللەتلەر ۋە نوپۇسى:** 1986-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 218 مىڭ 843 نوپۇس بولۇپ (41-تۇەن ۋە كومبىنلۇن يېمەكلىكلەر زاۋۇتىدىكى نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدۇ) ئالدىنقى يىلدىكىدىن 289 نوپۇس كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 193 مىڭ ئىككى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 88 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 25 مىڭ 841 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار 204 مىڭ 735 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 93.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، خەنزۇلار 13 مىڭ 548 بولۇپ (ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1141 نوپۇس ئازايدى)، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 6.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 560 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

**مەمۇرىي رايونلىرى:** ناھىيە بويىچە يېڭىشەھەر، ياپچان، خانئېرىق بازارلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ بازار، بارىن، ياندۇما، يامانيار، باغچى، تازغۇن، يېڭىئېرىق، قۇمۇشئېرىق، تاغارچى، ئەرمۇدۇن، ئارال، يېڭىئاۋات، ھاراپ يېزىلىرىدىن ئىبارەت 12 يېزا، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، پىلىچىلىك مەيدانى، سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى، نەسىللىك چوشقا فېرمىسى، سۇ مەھسۇلاتلىرى مەيدانىدىن ئىبارەت ئالتە مەيدان، 227 كەنت كومىتېتى، تۆت ئاھالە كومىتېتى بار.

## ئاساسلىق بايلىقلىرى:

**يەر بايلىقى:** ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر مەيدانى 3 مىليون 289 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە قۇملۇق كۆلىمى 823 مىڭ مو بولۇپ، 25.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ دېھقانچىلىققا باپ كېلىدىغان يەر 847 مىڭ مو بولۇپ، 25.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ چارۋىچىلىققا باپ كېلىدىغان يەر 1 مىليون 185 مىڭ مو بولۇپ، 36 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر بار تېرىلغۇ يەر 580 مىڭ 800 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 17.66 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.1 مو تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ.

**سۇ بايلىقى:** ناھىيە بويىچە يىللىق ئېقىن مىقدارى 540 مىليون كۇب مېتىر. توققۇز سۇ ئامبىرى بار، سىغىمچانلىقى 51 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيى زاپىسى 313 مىليون كۇب مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئېچىشقا بولىدىغىنى تەخمىنەن 200 مىليون كۇب مېتىر.

**سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى:** ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ يۈزى 55 مىڭ 700 مو، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ مەھسۇلاتى بېقىشقا باپ كېلىدىغان سۇ يۈزى 18 مىڭ 100 مو. يىلىغا 4 مىليون بېلىقجان يېتىشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە كۆپەيتىش ئورنى بار.

**ئورمان بايلىقى:** ھازىر بار ئورمان كۆلىمى 350 مىڭ مو، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 8.7%.

**ئوتلاق بايلىقى:** ئومۇملۇق ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 185 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 36 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، تەبىئىي ئوتلاق 1 مىليون 141 مىڭ مو بولۇپ، 96.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. سۈنئىي ئوتلاق 44 مىڭ 300 مو بولۇپ، 3.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئوتلاقلارنىڭ تۇپراق سۈپىتىنىڭ تولىسى شورلاشقان، چىملىق ۋە چىملىق شور تۇپراق بولۇپ، تۇپراقىنىڭ سۈپىتى ناچار، ئوت-چۆپنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ئاز، ئوت-چۆپ سۈپىتى ناچار، پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن. يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئوت-چۆپ 698 مىليون جىڭ، چارۋىنىڭ سىغىمچانلىقى 222 مىڭ تۇياق.

**زىرائەت بايلىقى:** ئاشلىق زىرائەتلىرى بۇغداي، كۆممە قوناقنى ئاساس قىلىدۇ؛ ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى كېۋەز، ياغلىقدان، قوغۇن-تاۋۇز، باغۋەنچىلىك، كۆكتات، پىلە-ئۈجمىچىلىك قاتارلىق 30 خىلدىن ئاشىدۇ.

**ئىقتىسادى:** 1986-يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.8% كۆپەيدى.

**يېزا ئىگىلىكى:** يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشتا ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنغان 7-يىل بولدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 70 مىليون 940 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6% كۆپەيگەن، مەملىكەت بويىچە كۆپىيىش سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتتى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 148 مىليون 730 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.6% ئاشتى. پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 11 مىليون 200 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14.4% ئاشتى. مايلىقدان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9 مىليون 410 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.6% ئاشتى. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 372 مىڭ 400 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2% كۆپەيدى. ئەھيا قىلىنغان ئورمان 22 مىڭ مو بولۇپ، پىلاندىن 157% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. مۇداپىئە ئورمان بەلبېغىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 3170 كىلومېتىرغا يېتىپ، ئېتىزلىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

**سانائىتى:** سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.7% كۆپەيدى، سانائەت خامئەشياسى، قۇۋۋەت مەنبەسى قاتارلىقلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلىشىگە، ئىش ھەققى چىقىمىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، مەھسۇلاتنىڭ تەننەرقى ئېشىپ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئومۇمىي

خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى مۇستەقىل سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئورۇنلانغان پايدىسى ۋە بېجى 1 مىليون 271 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19.9% ئازىيىپ كەتتى. ھەر 100 يۈەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ياراتقان پايدىسى 9.90 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14.06% ئازايدى، سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئومۇمىي تەننەرقى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.16% ئۆسۈپ كەتتى.

**سودا:** تاۋارلارنىڭ يىللىق سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي مىقدارى 39 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.9% كۆپەيدى. تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سېتىلىش مىقدارى 45 مىليون 281 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.79% كۆپەيدى.

**مالىيە، پۇل – مۇئامىلە:** 1986 – يىلدىكى مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3% كۆپەيدى؛ ئومۇمىي چىقىم 19 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 38% كۆپەيدى. بانكىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇللار 24 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 34% كۆپەيدى. تۈرلۈك قەرز پۇللار 11 مىليون 290 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 48% كۆپەيدى.

**قاتناش، پوچتا – تېلېگراف:** 1986 – يىلى يۈك توشۇش مىقدارى 2162 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29% ئازايدى. يولۇچى توشۇش مىقدارى 208 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 110% كۆپەيدى. ئورۇنلانغان پايدا 70 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.2% ئازايدى. پوچتا – تېلېگراف كەسپىي مىقدارى 306 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.07% كۆپەيدى. گېزىتنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 3 مىليون 337 مىڭ نۇسخىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن يەتتە ھەسسە كۆپەيدى. گېزىت – ژۇرناللارنىڭ ئوبوروت سوممىسى 2 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.49% كۆپەيدى.

**مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە:** ناھىيە بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىككىسى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى (ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم) دىن بىرسى، ئىشچى – خىزمەتچىلەر مەكتىپىدىن بىرسى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن 12 سى، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن 100 ى، ئوقۇتۇش نۇقتىسىدىن 132 سى بار. ئوقۇغۇچى سانى جەمئىي 36 مىڭ 224 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6% كۆپەيدى. كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 1551 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6% كۆپەيدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.4% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.4% كۆپەيدى. ئالىي مەكتەپلەرگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا ۋە ئىشچىلار تېخنىك مەكتەپلىرىگە ئىمتىھان بېرىپ قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 204 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29% كۆپەيدى. يىلبويى 369 مەيدان – قېتىم كىنو قويۇلۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3% كۆپەيدى؛ كەسپىي داۋالاش تېخنىك خادىملىرى 307 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10% كۆپەيدى، كېسەل كارىۋىتى 421 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19% ئازايدى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.8 پىرسەنتكە چۈشۈپ، شەرەپلىك ھالدا مەملىكەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

قەنتەربىيە: 1986 ـ يىلى شەرەپلىك هالدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «بالىلار بىخ پۇتبول مۇسابىقىسى»دا بىرىنچىلىككە؛ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەر B گۇرۇپپىسى پۇتبول مۇسابىقىسىدا ئىككىنچىلىككە؛ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدا ئىككىنچىلىككە ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونى بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

خەلق تۇرمۇشى: 1986 ـ يىلى يېزىلاردا ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 266 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 52 يۈەن يەنى 24% كۆپەيدى. شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 602 يۈەنگە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 63 يۈەن، يەنى 11.6% كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە يېزا نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 200 يۈەندىن تۆۋەن بولغان يېزا ـ بازاردىن ئىككىسى بار. دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان شەھەر ـ يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇش پۇلى 103 مىڭ يۈەن.

(جېڭ ۋېنجۈن، جاڭ خۇاچىن).

## يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى

يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈپ، ئۆتكۈزۈۋېلىشى بىلەن ناھىيە بويىچە ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىق تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، يىللىق كۆچەت تىكىش مىقدارى 1 مىليون تۈپتىن كۆپرەككە يەتكەن، 1958 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئورمان ئەھيا قىلىشتا ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالانغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، كۆچەت يېتىشمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستىلىشىپ كەتتى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئاندىن مۇقىم راۋاجلىنىش يولىغا سېلىنىپ ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى ياپسا ئورمانلىق ئەھيا قىلىشتىن ئېتىز ـ ئېرىق مۇداپىئە ئورمانلىق ئەھيا قىلىشقا يۆتكەلدى. 1978 ـ يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسى «ئۈچ شىمالىي» مۇداپىئە ئورمانلىق قۇرۇلۇشى بويىچە ئۇقتىلىق ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قەدىمى تېزلىتىلىپ، يىللىق ئورمان ئەھيا قىلىش مىقدارى 6 مىليون تۈپتىن كۆپرەككە يەتتى. 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ۋىلايەتتە ئېچىلغان ئورمانچىلىق ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدىن كېيىن، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئىمكانقەدەر تېزلىكتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشكە ئائىت بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارار»نى چىقىرىپ، پۈتۈن ناھىيە خەلقىنىڭ كۆچەت تىكىپ، ئورمان ئەھيا قىلىش ئاكتىپچانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوزغاپ ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ

ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇردى.

يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش جەھەتتە قوللانغان تەدبىرلىرى مۇنداق بولدى:

1. يىرىك پىلان تۈزۈپ، مۇددەتكە بۆلۈپ يولغا قويۇش. ناھىيە ئۆز تەۋەسىدىكى يېزا- بازارلارنىڭ ئورمانچىلىق جەھەتتىكى ئاساسى ۋە تەبىئىي شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئوخشاش بولمىغان ئورمان تۈرى قۇرۇلمىسى ۋە ئورمان ئەھيا قىلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئورمانچىلىق ئاساسى بىر قەدەر ياخشى بولغان ئۈچ يېزا، بىر بازار ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى 1- تۈركۈمدە يەنى 1985-يىلى ئورۇنلايدىغان، قالغان 11 يېزا-بازار 1986- يىلى ئورۇنلايدىغان قىلىپ بېكىتىلدى.

2. ئورمانچىلىق سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ قويۇۋېتىش. 1981- يىلىدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە ئورمانچىلىق سىياسىتى ئىككى قېتىم تەڭشەلدى ۋە كەڭ قويۇۋېتىلدى. مەسىلەن: «ئورماننى كىم قويسا، مەڭگۈ شۇنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇش، كوللېكتىپ نىسبەت بويىچە بۆلۈشۈۋالماسلىق ۋە ئۆزىگە قالدۇرۇۋالماسلىق؛ ئورمان ھوقۇقىنى ۋارىسلىق قىلىشقا ۋە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىش؛ كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش ئۈچۈن لازىملىق يەر، سۇ، خىمىيەۋى ئوغۇت، قەرز پۇل قاتارلىق مەسىلىلەردە ئالدىن ئويلىشىپ كۆرۈش ۋە ھەل قىلىپ بېرىش» قاتارلىق سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى.

3. ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش. ھەر قايسى يېزا-بازارلار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن، دەرەخ خىللىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، تېرەك قويۇشقا باپ كەلسە تېرەك قويدى، سۆگەت قويۇشقا باپ كەلسە سۆگەت قويدى، بىر پەسىل كۆچەت تىكىشنى ئىككى پەسىل كۆچەت تىكىشكە ئۆزگەرتىپ، ھەم ئەتىياز پەسلىنى چىڭ تۇتتى ھەم كۈز پەسلىدىن تولۇق پايدىلاندى. كۆچەت ۋە ئورماننىڭ تۇتۇش نىسبىتى ۋە ساقلىنىش نىسبىتىنى ئىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شەكىلۋازلىق قىلىش، مەمۇرىي بۇيرۇق ئىشلىتىش ۋە دوگماتىزملىق قىلىش ھادىسىلىرىنى قەتئىي تۈگەتتى.

4. قاتلاممۇ-قاتلام مەسئۇل بولۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش. رەھبەرلىك، كادىرلار ۋە تېخنىك خادىملار ھەر قايسى ئۆز بۆرچىنى ئادا قىلدى، ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىردىن يېزا - بازارنى تۇتتى، يېزا (بازار) رەھبەرلىرى بىردىن ئوچاستكىنى تۇتتى، باشقا كادىرلار بىردىن كەنتنى تۇتتى، ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تېخنىك خادىملار تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى. يېزا- بازارلاردىن ۋەزىپىنى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە سان ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا ئورۇنلىغانلارغا مۇكاپات بېرىلدى (مۇكاپات پۇلى 500 يۈەن) ۋە خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى، ئۇنداق قىلالمىغانلارغا جەرىمانە (300 يۈەن) قويۇلغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىكى تەڭ دەرىجىلىك پارتكوم ۋەخەلق قۇرۇلتىيىدا ئۆزىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈشكە بۇيرۇلدى. ئەگەر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمىغان بولسا، مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىپ، تەشكىلىي جەھەتتىن چارە كۆرۈلدى، بەزىلىرى ھەتتا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

5. باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئورمان كېسىشنى قاتتىق كونترول قىلىش. كوللېكتىپنىڭ ئەسلىدىكى ھەر خىل دەل-دەرەخلىرى ئەسلىدىكى توختام بويىچە، قاتتىق باشقۇرۇلدى، ماتېرىيال ئورمانلىقىنى كېسىشتە، بىر تۇتاش پىلانلاپ، باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىش، كېسىشتىن بۇرۇن ئىلتىماس قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، ئورمان كېسىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن ئاندىن كېسىش، ئۇنداق قىلمىغانلارغا ئورمان قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلار قاتارىدا چارە كۆرۈش بەلگىلەندى.

سىياسەت جەھەتتە كەڭ قويۇۋېتىلگەنلىكى، تەدبىرلەر كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەر يىللىق كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش پىلانى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنلاندى. 1985-يىللىق ئورمان ئەھيا قىلىش پىلانى 15 مىڭ مو، ئەمەلىي ئورۇنلانغىنى 32 مىڭ مودىن كۆپرەك بولدى؛ 1986-يىللىق ئورمان ئەھيا قىلىش پىلانى 14 مىڭ مو، ئەمەلىي ئورۇنلانغىنى 22 مىڭ مودىن كۆپرەك بولدى. ئورمانلىقنىڭ ساقلىنىش نىسبىتى 91.4 پىرسەنتكە يەتتى. ھازىر ناھىيە بويىچە ساقلىنىپ قالغان ئورمان 350 مىڭ مو، دەرەخ 90 مىليون تۈپ بولۇپ، ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 450 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ. ئېتىز-ئېرىق ئورمان بەلباغلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3170 كىلومېتىر، ناھىيە بويىچە 4200 دىن ئارتۇق سالا ئېتىزنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئاساسىي جەھەتتىن بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئورمان بەلبېغى ئەھيا قىلىندى. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 8.7% بولدى. ناھىيە بويىچە 227 كەنت ئىچىدە، ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئۆلچىمىگە يەتكىنى 203 بولۇپ، ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ 89.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

(جىڭ ۋېنجۈن، جاڭ خۇاچېن).

## قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75° 18′ تىن 76° 56′ قىچە، شىمالىي پاراللېل 38° 55′ تىن 39° 40′ قىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرق تەرىپى پەيزاۋات، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىگە، غەرب تەرىپى ئۇلۇغچات ناھىيىسىگە، جەنۇب تەرىپى يېڭىشەھەر، ئاقتۇ ناھىيىلىرىگە، شىمال تەرىپى ئاتۇش شەھىرىگە تۇتىشىدۇ، ئوتتۇرىسىدا قەشقەر شەھىرى بار. ناھىيە بازىرى قەشقەر شەھىرىگە 15 كىلومېتىر، ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىگە 1490 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ ناھىيىنىڭ جەنۇبىي، غەربىي ۋە شىمالىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرىپىنى تاغ ئوراپ تۇرىدۇ، شەرق تەرىپى قىزىل دەرياسى، گەز دەرياسىنىڭ يەلپۈگۈچسىمان تىنىقمىسى ۋە قىزىل دەرياسىنىڭ تىنىقما تۈزلەڭلىكىدۇر. شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن جايى 113 كىلومېتىر. جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ جايى 91 كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر مەيدانى 4146 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىنىڭ شىمالىدا قاراتاغ، ئاق تاغ، قۇمال تاغ، بوز تاغ، قاراگۈڭلۈك تېغى بار؛ غەربىدە قۇم تاغ، ھەزرىتى مول-

لام تېغى ، ئادەم تاش تاغ ، قىزلاق تاغ بار . بۇ تاغلار تىيانشان تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تارماق تىزمىلىرى بولغان كەلپىن تېغى سىستېمىسى ۋە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئالەي چوققىسى ، سارىققول چوققىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلگەن ئوتتۇرا تاغ رايونلىرى بولۇپ ، ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى (قارا تاغ) دېڭىز يۈزىدىن 3244 مېتىر كېلىدۇ .

**كىلىماتى :** كونىشەھەر ناھىيىسى ئىسسىق مۆتىدىل ، چۆللۈك كىلىمات رايونىغا جايلاشقان . يىللاردىن بۇيانقى كۈن نۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2870.6 سائەت . كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئومۇمىي رادىئاتسىيە مىقدارى 148 كىلو كالورىيە كۋادرات سانتىمېتىر . يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلاردا 11.2℃ ، تاغلىق رايونلاردا 9 ℃ ، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 39.6 ℃ (1973 يىلى) ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا –25.2℃ (1959 – يىلى) بولدى . يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل – يېغىن مىقدارى 72.2 mm ، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2537.8 mm . يىللىق ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىل 211 كۈن ، ئەڭ ئاز بولغان 1976 – يىلى 177 كۈن ، ئەڭ كۆپ بولغان 1969 – يىلى 235 كۈن بولدى . يىللىق ئوتتۇرىچە مۇز تۇتۇش مەزگىلى 12 – ئاينىڭ 15 – كۈنىدىن كېيىنكى يىلنىڭ 2 – ئاينىڭ 20 – كۈنىگىچە بولىدۇ . تۇپراقنىڭ توڭلاش قېلىنلىقى ئەڭ چوڭقۇر بولغاندا 60 ~ 90 cm كېلىدۇ . يىلبويى شەرقىي – جەنۇب شامىلى كۆپ چىقىدۇ ، 4 – ئايدىن 6 – ئايغىچە بولغان مەزگىلدە بوران كۆپرەك چىقىدۇ . شامالنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سۈرئىتى 2 ~ 3.5 مېتىر سېكۇنت . ھۆل دۈر ، بوران ، قۇرۇق ئىسسىق شامال ۋە ئۈششۈك قاتارلىق ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋا بولۇپ تۇرىدۇ .

**مىللەتلەر ۋە نوپۇسى :** 1986 – يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 295 مىڭ 394 ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 151 مىڭ 821 ، ئايال 143 مىڭ 573 ؛ شەھەر – بازار نوپۇسى 6.8 پىرسەنتنى ، يېزا نوپۇسى 93.2 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ . ناھىيىدە ئۇيغۇر ، قىرغىز ، موڭغۇل ، قازاق ، ئۆزبېك ، تاجىك ، تۇجيا ، خەنزۇ ، خۇيزۇ ، جۇاڭزۇ ، زاڭزۇ ۋە سالا مىللەتلىرىدىن ئىبارەت ئون ئىككى مىللەت بار . بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 292 مىڭ 607 بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 99.06 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ ، خەنزۇلار 2069 بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ ، قىرغىزلار 537 بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.18 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ ، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى جەمئىي 170 بولۇپ ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.06 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ .

**مەمۇرىي رايونلىرى :** ناھىيە بويىچە 17 يېزا ، بىر بازار بار . ئۇلار: ئوپال ، تاشمىلىق ، تېرىم ، بۇلاقسۇ ، سايباغ ، زەمىن ، ئوغۇساق ، پاختەكلە ، سەمەن ، خانىدى ، لەڭگەر ، مۇش ، قوغان ، بەشكېرەم ، ئاۋات ، يېڭىئوستەڭ ، ئاققاش يېزىسى ۋە توققۇزاق بازىرىدىن ئىبارەت . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ، چارۋىچىلىق مەيدانى ، ئورمانچىلىق مەيدانى ، بېلىقچىلىق مەيدانى ، ھەسەلچىلىك مەيدانى ، باغۋەنچىلىك مەيدانى ، كۆچەتخانا قاتارلىقلار بار ؛ ناھىيە بويىچە 221 كەنت كومىتېتى ، 1586 مەھەللە گۇرۇپپىسى بار .

## ئاساسلىق بايلىقلىرى:

**سۇ بايلىقى:** ناھىيىنىڭ سۇ سىستېمىسى ئاساسلىق قىزىل دەرياسى (ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 105 كىلومېتىر)، كەز دەرياسى (ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 74 كىلومېتىر) دىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن قالسا، يەنە چاقماق دەرياسى، تۈمەن دەرياسى بار. نورمال يىللاردىكى ئومۇمىي مىقدارى (50 پىرسەنتلىك كاپالەتلىك نىسبىتى بويىچە ھېسابلىغاندا) 859 مىليون 300 مىڭ كۇبمېتىر بولۇپ، 233 مىليون 300 مىڭ كۇب مېتىرلىك بۇلاق سۈيىنى قوشقاندا، جەمئىي 1 مىليارد 93 مىليون كۇبمېتىر كېلىدۇ. ئېقىن مىقدارىنىڭ ئوتتۇرىچە ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىشى 4013كۇبمېتىر، ئۇنىڭ سىرتىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان 86 قۇدۇق بار. سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ زاپىسى 112 مىڭ 590 كىلوۋات.

**يەر بايلىقى:** كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقىنى توققۇز تۇپراق تۈرى، 23 قوشۇمچە تۈر، 29 تۇپراق ئائىلىسى، 28 تۇپراق خىلى، 45 ئۆزگىرىشچان خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە لايلاتما تۇپراق تېرىشقا بولىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 78 پىرسەنتىنى، دەم تۇپراق 20 پىرسەنتىنى، شاللىق تۇپراق ئىككى پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددا مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.8%، تولۇق ئازوت0.056%. تېز پايدىلىنىلىدىغان ئازوت 33 PPM، تېز پايدىلىنىلىدىغان فوسفور ئىككى PPM، تېز پايدىلىنىلىدىغان كالىي PPM 352.

**ئوتلاق بايلىقى:** تەبىئىي يايلاقتىن 128 ى بولۇپ، كۆلىمى 853 مىڭ موكېلىدۇ، بۇ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 13.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ چۆللۈكتىكى شالاڭ يېپىنچىلار 1 مىليون 800 مىڭ موغا يېقىن بولۇپ، چارۋا بېقىشقا بولىدۇ.

**ئورمان بايلىقى:** تۈزلەڭلىك سۈنئىي ئورمانلىقى، چۆللۈك تەبىئىي ئورمانلىقى، دەريا جىلغىسىدىكى قايتىدىن كۆكلىگەن ئورمانلىق بولۇپ، جەمئىي 365 مىڭ 379 مو ئورمانلىق بار. بۇ ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 5.87 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

**كان بايلىقى:** دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ تېپىلغان كان بايلىقلىرىدىن نېفىت، ئالتۇن، تاش تۇز، گەج، ئاھاكتېشى قاتارلىقلار بار.

ناھىيە تەۋەسىدە مېۋە - چېۋە كۆپ چىقىدۇ، مېۋە - چېۋىنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 32 مىليون 687 مىڭ جىڭ بولۇپ، مەشھۇر بەشكېرەم يېزىسى تارىختا مېۋە ماكانى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن ئەنجۈر، ئانار ۋە كەم ئۇچرايدىغان مېۋە پىستە چىقىدۇ. كونىشەھەر ناھىيىسىدە جىغان بايلىقى مول. 1986 - يىلى دۆلەت ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ھەر خىل تۈردىكى سورتىدىن 21 سى تېپىلدى، ئۇ سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، تۈرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ئىقتىسادىي:** 1986 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى111 مىليون 898 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.7% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 812 مىڭ يۈەن بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات

قىممىتىنىڭ 90.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.86% كۆپەيدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 85 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 9.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 61.38% كۆپەيدى.

**يېزا ئىگىلىكى:** ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 101 مىڭ 150 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8% ئاشتى؛ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4470 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.2% ئاشتى؛ چارۋىنىڭ يىل ئاخىردىكى سانى 414 مىڭ 239 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.7% كۆپەيدى؛ ئورماننىڭ ساقلىنىش كۆلىمى 468 مىڭ مو بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.08% كۆپەيدى؛ پىلەچىلىك، ھەسەلچىلىك، كالىچىلىق، توخا ئۆردەك بېقىش، توقۇش كەسپى، تېرىش كەسپى ۋە دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىن ئىش قوشۇش سانائىتى قاتارلىق قوشۇمچە كەسپلەر بويىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 66 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 14.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بېلىقچىلىق كەسپىدە، بېلىق بېقىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى 8887 مو بولۇپ، بېلىق بېقىلىۋاتقىنى 3222 مو، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ بېلىق بېقىۋاتقان سۇ يۈزى 250 مو. ناھىيە بويىچە ھەر خىل بېلىق مەھسۇلاتى 22.6 توننا.

**سانائىتى:** 1986 - يىلدىكى سانائەت كارخانىلىرى 15، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 299 مىڭ يۈەن بولۇپ، (يېزا-بازار كارخانىلىرى، يەككە كارخانىلار ۋە يېڭىدىن قۇرۇلغان زاۋۇتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 25% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا توققۇز، ئىشچى-خىزمەتچىسى 349، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 434 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.9% ئازايدى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى، يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 864 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 38% كۆپەيدى. يېزا - بازارلاردىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار 248، ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 584 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27.1% كۆپەيدى. يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانا 6517 بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمى 13 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**سودا:** 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە سودىدىكى ئومۇمىي سېتىۋېلىش مىقدارى 25 مىليون 541 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.8% كۆپەيدى، ساپ سېتىش مىقدارى 27 مىليون 728 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.6% كۆپەيدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي مىقدارى 39 مىليون 299 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.2% كۆپەيدى؛ بازارلاردىكى پۈتۈشۈلگەن سودا مىقدارى 32 مىليون 53 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37.99% كۆپەيدى.

**مالىيە:** 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە مالىيە كىرىمى ۋە يۇقىرىدىن تولۇقلاپ بەرگەن كىرىم جەمئىي 26 مىليون 325 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.63% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك كىرىم 2 مىليون 496 مىڭ يۈەن بولۇپ (دېھقانچىلىق بېجىدىن كەچۈرۈم قىلىنغان 828 مىڭ يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.67% ئازايدى. مالىيە چىقىمى 25

مىليون 624 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.52% كۆپەيدى؛ شەھەر - يېزىلاردىكى بانكىدا ئامانەت قويۇلغان پۇل سوممىسى 18 مىليون 19 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 33.6% كۆپەيدى.

**پوچتا - تېلېگراف**: 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئاپتوموبىل 274، موتوسىكلىت 78، ھەر خىل تراكتور 1339 غا يەتتى. تاشيولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7194 كىلومېتىرغا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسفالىت يول 38 كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك پوچتا - تېلېگراف ئاپپاراتى 15 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 98 گە يەتتى، يېزىلارنىڭ كۆپ سانىدىكىلىرىدە پوچتا - تېلېگراف پونكىتى، ھەممە كەنتلەردە پوچتا يولى بار، پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 991 كىلومېتىر.

**مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە**: 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە مەكتىپىدىن بىرسى بار، ئۇنىڭدا ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىلىك كادىر يېتىشتۈرۈش سىنىپىدىن بىرسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 44، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 10، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىن بىرسى بار، ئۇنىڭدا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدىن ئۈچى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 128، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 26، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل؛ چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپىدىن بىرسى بار، ئۇنىڭدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سىنىپىدىن ئىككىسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 80، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى تۆت، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىسى تۆت، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن 22 سى بار، ئۇنىڭدا 217 سىنىپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 8469، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 848؛ باشلانغۇچ مەكتەپتىن 180 ى بار، ئۇنىڭدا 1402 سىنىپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 41 مىڭ 629، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 2167. ئۇلاردىن باشقا يېزىلاردىكى چوڭلار باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە 523 سىنىپ بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 19 مىڭ 28، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 517. ناھىيە بويىچە ئىككى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق لاياقەتلىك باھالاندى ھەمدە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.8 پىرسەنتكە، مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 98.4 پىرسەنتكە؛ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 97 پىرسەنتكە يەتتى. ناھىيە بويىچە مەركىزىي بالىلار يەسلىسىدىن بىرسى بار، ئۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىدىن بىرسى، تەربىيىلىگۈچىدىن ئۈچى بار، يەسلىگە قوبۇل قىلىنغان بالا 45؛ يېزىلاردا بالىلار يەسلىسىدىن 82 سى بولۇپ، تەربىيىلىگۈچى 98، يەسلىگە قوبۇل قىلىنغان بالا 3183 بولۇپ، يەسلىگە قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بالىلار سانىنىڭ 7.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تەييارلىق سىنىپىدىن 98 ى بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان بالا 2743؛ دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەۋسۇمىدا قۇرۇلىدىغان ۋاقىتلىق يەسلى 350، قوبۇل قىلىنغان بالا 8195.

ناھىيە بويىچە داۋالاش ئاپپاراتىدىن 26 سى، تېببىي خادىملاردىن 366 سى، كېسەل كارىۋىتىدىن 632 سى، ئىدارە دوختۇرلۇق پونكىتى (ئۆي) دىن ئالتىسى، تېببىي خادىملاردىن توققۇزى؛ يېزا ساقلىقنى ساقلاش پونكىتىدىن 197 سى، سەھىيە خادىمىدىن 251 سى بار.

ناھىيىدە يەن-تېخنىكا خادىملىرى 2459، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر 10، ئاگرونوم تۆت، مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى ئۈچ، مەسئۇل مال دوختۇر بىر، ياردەمچى تەتقىقاتچى ئىككى، مەسئۇل ۋىراچ بىر، مەسئۇل دوختۇر بىر. 1986- يىلى ئىككى تۈر بويىچە يەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە كەسپىي ئىلمىي جەمئىيەت تۆت، جەمئىيەت ئەزاسى 230، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى 15، جەمئىيەت ئەزاسى 1731، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى 205، گۇرۇپپا ئەزاسى 3890.

ناھىيە بويىچە يېزا-بازارلارنىڭ ھەممىسىدە تەنتەربىيە پائالىيەت سورۇنى، كۇتۇپخانا، كىنوخانا (كىنو ئەترىتى)، مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيى، تېلېۋىزور ئۆيى، رادىئو كۈچەيتىش ئۆزىلى قاتارلىق مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت ئورۇنلىرى بار.

**خەلق تۇرمۇشى:** 1986- يىلى يېزىلاردا ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 226 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 31.18% كۆپەيدى؛ ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 748 جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.25% ئاشتى؛ ھەر نوپۇسنىڭ بانكىدىكى ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇلى 61 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30.73% كۆپەيدى.

**ئاسارە-ئەتىقە:** قەدىمكى يادىكارلىقلىرى، ناھىيە تەۋەسىدە مەشھۇر ئۇيغۇر تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى، خانۇي قەدىمكى قەلئەسى مورا بۇددا مۇنارىسى، ئۇپۇلات كەنتى قەدىمكى قەلئەسىنىڭ كونا ئورنى ۋە مىڭيولى تاش ئابىدىسى بار.

(چيۇ جىيو، ۋاڭ چېڭفۇ، يەن يۇنلۇڭ)

## كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا

كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئازادلىقتىن بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى نامرات بولۇپ، ئاھالىنىڭ 90 پىرسەنتى دېگۈدەك ساۋاتسىز ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ كۆپ سانلىقى مەكتەپكە كىردى، بولۇپمۇ 1983- يىلى 11- ئايدا چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، مائارىپ ئىشلىرىغا ئومۇميۈزلۈك ئەھمىيەت بەردى. ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق زور ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، 1986- يىلى 10- ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشىدە، ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.8 پىرسەنتكە، مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 98.4 پىرسەنتكە، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 97 پىرسەنتكە يېتىپ، ئىككى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى ھەمدە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە قوللانغان ئاساسلىق ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەممە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ مائارىپنى تۇتۇش.

مائارىپ خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى تۇتۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1983- يىلى 12- ئايدا ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان مائارىپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىككى مائارىپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى، مائارىپ خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشتىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، شۇجى، ھاكىم قوماندانلىق قىلىدىغان، پۈتۈن پارتىيە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئومۇمىي خەلق سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ مائارىپ خىزمىتىنى ياخشى تۇتىدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى شىن ۋېيۋېن دائىم مەكتەپلەرگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى، سىنىپقا كىرىپ دەرس ئاڭلاپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇغوپۇر تۆمەر ۋە باشقا ھاكىملارمۇ دائىم مەكتەپلەرگە بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ خېيدىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 15 يېزا، 61 مەكتەپكە، مۇئاۋىن ھاكىم ئابدۇكېرىم سەلەي ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 9 يېزا، 80 نەچچە مەكتەپكە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. مەسىلەن: ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ، 2- باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسى جىددىي ئىدى، ناھىيىدىن دەرھال 60 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، تۇرالغۇ ئۆي سالدۇرۇپ بەردى. يېقىنقى يىللاردا يېزىدىكى بىر قىسىم مەكتەپلەرنىڭ ئۆيلىرى يېتىشمەيتتى، يېزىلىق پارتكوم جامائەت پاراۋانلىق فوندىدىن 180 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ مەكتەپلەر ئۈچۈن 1040 كۋادرات مېتىر پىششىق خىشلىق، 5943 كۋادرات مېتىر خام خىشلىق ئۆي سېلىپ بەردى.

يېزا (بازار)لار ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرگەن ھالدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى چىڭ تۇتتى؛ ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتىنى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتىنى مۇستەھكەملىدى ۋە يۇقىرى كۆتەردى، يېقىنقى يىللاردا يېزىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەدبىر تۈزۈپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدىن شۇ كەنتتىكى مەكتەپ بىلەن زىچ ئالاقىلىشىشنى، كەنتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ داۋامى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ھۆددىگە ئېلىش، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يېزىدىكى ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 92.2 پىرسەنتكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ داۋامى 98.7 پىرسەنتكە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى 99 پىرسەنتكە، 12 ياشتىن 15 ياشقىچە بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى 98.6 پىرسەنتكە يەتتى.

2. سىياسەتنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى جەھەتلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئاشۇرۇش.

كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈ-

رۇشكە ئەھمىيەت بېرىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ھەل قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئىشقا سالدى. سىياسىي جەھەتتە ئوقۇتقۇچىلارغا كۆڭۈل بولدى، يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىن 230 پارتىيە ئەزاسى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، بۇ ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، 20 پارتىيە ياچېيكىسى، 150 پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 217 ئوقۇتقۇچىنىڭ ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىسى قايتا تەكشۈرۈلۈپ پىڭفەن قىلىندى.

تۇرمۇش جەھەتتىن ئوقۇتقۇچىلارغا ئېتىبار بېرىلدى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، 146 ئوقۇتقۇچى، 410 ئوقۇتقۇچىلار ئائىلە تەۋەسىنىڭ يېزا نوپۇسى شەھەر بازار نوپۇسىغا ئۆزگەرتىپ بېرىلدى. ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن 22 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ پەرزەنتى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشتىكى رەھبەرلىك يولداشلار ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەت ئىشلىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياشانغان، كېسەل ئوقۇتقۇچىلارنى دائىم يوقلاپ تۇردى، ھەر قېتىملىق قۇربان ھېيت، باھار بايرىمى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا كادىرلارنى تەشكىللەپ مەكتەپلەرگە بېرىپ ھالسو-راش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى، مۇش، لەڭگەر، بۇلاقسۇ قاتارلىق يېزىلاردىكى 69 ئوقۇتقۇچىغا 75 مو تۇرالغۇ ئۆي يېرى ئاجرىتىپ بېرىلدى، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار 80 نەچچە ئوقۇتقۇچىغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى، ئوقۇتقۇچىلار زېممىسىگە ئالغان ئېغىر ئىجتىمائىي ئەمگەكلەرنى ئازايتىش ياكى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ناھىيىدىن ئوقۇتقۇچىلارغا مەسئۇلىيەت ئېتىزى ھۆددىگە بەرمەسلىك، مەجبۇرىي ئەمگەك كۈنىنى كېچىردىم قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى.

تەشكىلىي جەھەتتىن ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە، ناھىيە بويىچە كەسپىي جەھەتتىن بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان 25 ئوقۇتقۇچى رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈلدى، خىزمەتتىكى نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 62 خەلق ئوقۇتقۇچىسى دۆلەت ئوقۇتقۇچىلىقىغا رەسمىيلەشتۈرۈلدى، 21 ئوقۇتقۇچى ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك بولۇپ ئۆتۈپ، بىلىم ئاشۇرۇش شۆيۈەنگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى، 93 ئوقۇتقۇچى ناھىيە باشقۇرغان بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىگە خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 124 ئوقۇتقۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ «بەش خىل داشۆ» دە ئوقۇشىغا

ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلدى.

3. كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ، باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ناھىيە بويىچە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۆبە مەكتەپ ۋە ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى، ئاساسلىقى تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تەنتەربىيىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل دەرس تەسىس قىلىنىپ، دەرس ئۆتۈش ۋاقتى مەركەزلەشتۈرۈلدى، قىشلىق - يازلىق تەتىل ۋاقتى تەڭشەلدى، دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا كۆپرەك ئوقۇش، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا ئېتىز بېشىدا ئوقۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش زىچ بىرلەشتۈرۈلدى، باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى يەنە مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كىنو، خىرونىكا فىلىملىرىنى قويۇش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارنى مەدەنىيەت، غايە، ئىستىقبال ۋە ئىنتىزامنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشقا يېتەكلەپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي قىياپىتىدە يېپ - يېڭى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى.

4. پائال مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ باشقۇرۇپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەرقايسى مەكتەپلەردە خەتەرلىك ئىمارەتلەر 12 مىڭ 700 كۇۋادرات مېتىر، كېمىيىدىغان پارتا 1820، نۇرغۇن سىنىپلارنىڭ دېرىزىلىرىنىڭ ئەينىكى يوق، مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە سايمانلىرى كەمچىل بولۇپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزگەنىدى. ناھىيە مالىيىدىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش، يېزا - كەنتلەر مەبلەغ توپلاش، دېھقانلارنى ماددىي نەرسىلەر ۋە ئەمگەك كۈچى چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلىش، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشقا سەپەرۋەر قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق جەمئىي ئىككى مىليون 755 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، 9300 كۇۋادرات مېتىردىن كۆپرەك خام خىش قۇرۇلمىلىق ئۆينى رېمونت قىلدى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسىدى، 4000 كۇۋادرات مېتىر پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق ئۆينى يېڭىدىن ياسىدى، بۇنىڭ بىلەن خەتەرلىك ئۆيلەر ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى. 1985 - يىلى ئوپال يېزىسىدا كۈچلۈك يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇلغا 1000 كۇۋادرات مېتىر ئۆي سېلىنىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن يەر تەۋرەش ئاپەت رايونىنىڭ مائارىپ خىزمىتىدىكى نورمال ھالەت ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

(كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت، مائارىپ ئىدارىسى، كونىشەھەر ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى).

# يېڭىسار ناھىيىسى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** يېڭىسار ناھىيىسى كۆڭگۈر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 75°45′ تىن 77°00′ قىچە، شىمالىي پاراللېل 38°30′ تىن 39°03′ قىچە بولغان ئارىلىقتا: دېھقانچىلىق رايونلىرى دېڭىز يۈزىدىن 2256~1246 مېتىر، تاغلىق رايونلىرى دېڭىز يۈزىدىن 2256 ~ 1643 مېتىر كېلىدۇ، شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن جايى 125 كىلومېتىر، جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ جايى 70 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 3900 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تەخمىنەن بەش مىليون 850 مىڭ مو كېلىدۇ. ناھىيىنىڭ پۈتكۈل يەر شەكلى غەربىي جەنۇبىي ئېگىز، شەرقىي شىمالىي پەس، غەرب، جەنۇب، شىمال تەرەپلىرى ئاقتۇ ناھىيىسى بىلەن، شەرقىي شىمال تەرىپى قەشقەر يېڭىشەھەر، يوپۇرغا ناھىيىلىرى بىلەن، شەرقىي قىسمى يەكەن ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبىي قىسمى كۆئېنلۈن تېغىغا تۇتىشىدۇ.

**كىلىماتى:** 1986 ـ يىلى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 37.2℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ـ12.8℃، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 49.8mm، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2153mm، كۈن نۇر چۈشۈش ۋاقتى 2750.9 سائەت، قىراۋسىز مەزگىل 218 كۈن بولدى. بوران، قۇرغاق ئىسسىق شامال، ئۈششۈك، مۆلدۈر قاتارلىق ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋا كۆرۈلۈپ تۇردى.

**مىللەتلەر ۋە نوپۇسى:** ناھىيە بويىچە 1986 ـ يىلىدىكى ئائىلە سانى 38 مىڭ 619، نوپۇسى 164 مىڭ 250 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ كەنت نوپۇسى 143 مىڭ 702، غەيرىي يېزا ـ ئىگىلىك نوپۇسى 20 مىڭ 548 بولدى. ناھىيە بويىچە توققۇز مىللەت بار. ئۇيغۇرلار 161 مىڭ 128 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 98.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، خەنزۇلار 2482 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 1.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. خۇيزۇ، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، قازاق، ژاڭزۇ، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى جەمئىي ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى مىڭدە توققۇز بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى مىڭدە 15 بولدى.

ناھىيە بويىچە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ئائىلىسى 446، نوپۇسى 1198، چەت ئەللەردە تۇرۇۋاتقان مۇھاجىرلار ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرى 508 ئائىلە، 1182 نوپۇس بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، فىلىپپىن، تايلاند، ھىندونېزىيە، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق 14 دۆلەتتە ئولتۇرۇشلۇق.

**مەمۇرىي رايونلىرى:** ناھىيە تەۋەسىدە بىر بازار يەنى يېڭىسار بازىرى، 12 يېزا، يەنى شەھەر ئەتراپى، ماڭشىن، سۆگەت، قىزىل، ئوچار، ئەگىس، لومپا، چولپان، توپلۇق، يېڭىيەر، ساغان، سېپىتلە يېزىسى، بەش مەيدان، يەنى سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، بادام ئورمان مەيدانى، كۆچەتخانا، نەسىللىك چارۋا مەيدانى، بېلىقچىلىق مەيدانى بار.

**ئاساسلىق بايلىقلىرى:**

**يەر بايلىقى:** ناھىيە بويىچە تېرىشقا بولىدىغان يەر 630 مىڭ مو، تېرىلغۇ يەر 358 مىڭ 300 مو، ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر 2.21 مو. ئورمان يېرى 93 مىڭ مو، ئوتلاق 46 مىڭ 900 مو، ئاچقىلى بولىدىغان بوز يەر 680 مىڭ مو. تۇپراق قاتلىمى قېلىن، قۇمساز تۇپراق ۋە قۇملۇق تۇپراق 99.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يېقىندىن شورلىشىۋاتقان تۇپراق كۆلىمى 216 مىڭ مو بولۇپ، تېرىشقا بولىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 34.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراقنىڭ تەركىبىدىكى تۇز مىقدارى 0.4 پىرسەنتتىن 0.5 پىرسەنتكىچە ئارىلىقتا، ئەڭ يۇقىرىسىنىڭ 1.25% كېلىدۇ.

**سۇ بايلىقى:** ئاساسلىق دەريالاردىن كۆسەن دەرياسى، ئېگىز يەر دەرياسى بار. كۆسەن دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 294 مىليون كۇب مېتىر، ئېگىز يەر دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 70 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ئىككى دەريادىن ئەمەلىيەتتە كىرگەن سۇ 364 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي كىرگەن سۇنىڭ 77.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇلاق سۈيى تولۇق، ئېقىن مىقدارى مۇقىم، يىللىق ئېقىن مىقدارى 106 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىنىڭ 22.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بەش سۇ ئامبىرى بار، سۇ سىغىمچانلىقى 27 مىليون كۇب مېتىر. ئېچىشقا بولىدىغان سۇ كۈچى بايلىقى جەمئىي 21 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، يىللىق توك تارقىتىش ئومۇمىي مىقدارى 110 مىليون كىلوۋات سائەت. ھازىر ياسىلىۋاتقان كامپا 2 ـ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 2×800KW كېلىدۇ.

**جانلىقلار بايلىقى:** ئۆسۈملۈكلەردىن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ قاتارلىقلار بار. ھايۋاناتلاردىن ئۆي چارۋىلىرى، ئۆي قۇشلىرى، ياۋايى ھايۋاناتلار بار.

**كان بايلىقى:** كۆمۈر، خىرۇستال، گۈڭگۈرت، تاش تۇز، ئالىيۇمىن، گەج، مىرابىلىت قاتارلىقلار بار.

**ئىقتىسادى:** 1986 ـ يىل ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 62 مىليون 590 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، (سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 80 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 48 مىليون 510 مىڭ 600 يۈەن)، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.48% كۆپەيدى.

**يېزا ئىگىلىكى:** 1986 ـ يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 121 مىليون جىڭ، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 مىليون 100 مىڭ جىڭ، ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 مىليون 500 مىڭ جىڭ بولدى. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 246 مىڭ، قوتاندىن چىقىش نىسبىتى 1.97%، يىللىق گۆش مەھسۇلاتى 805 توننا، قوي يۇڭى 84 توننا، تېرە 100 مىڭ 760. يېقىندىن ئەھيا قىلىنغان ئورمان 13 مىڭ 535 مو، تىكىلگەن دەرەخ 24 مىليون 750 مىڭ تۈپ، يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەت 3548 مو بولدى. ياپا بويىچە تىكىش ۋە ھويلا ـ ئارامىلارغا تىكىش چارىسى قوللىنىلىپ، جەمئىي 11 مىڭ 26.6 مو ئۈزۈملۈك باغ ئەھيا قىلىندى. ناھىيە بويىچە سەككىز يېزىدا ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئات كۈچى 31 مىڭ 934 كېلىدۇ. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى تە-

رەقىمى قىلىپ 1032 گە، ئىشلەۋاتقان ئادەم 6067 گە، ئومۇمىي كىرىمى 11 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**سانائىتى:** 1986 ـ يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 14 مىليون 72 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 81.78% كۆپەيدى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى (يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ): خام كۆمۈر 35 مىڭ 721 توننا، سېمونت 10 مىڭ 200 توننا، توك بېرىش مىقدارى 3 مىليون 100 مىڭ كىلوۋات سائەت، گىلەم 295 كۋادرات مېتىر، پىچاق 5867، ئىش قوشۇلغان شىرشىم كۆلە 50 توننا، ناھىيە بويىچە ئاپتوموبىل قاتنىغان تاشيول 529.5 كىلومېتىر، ئورۇنلانغان يۈك توشۇش مىقدارى 2 مىليون 213 مىڭ 300 توننا كىلومېتىر، يولۇچى توشۇش مىقدارى 1 مىليون 46 مىڭ 600 ئادەم كىلومېتىر، يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 806 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي ئورۇنلانغىنى 2 مىليون 416 مىڭ يۈەن.

**سودا:** 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سودىدىكى سېتىۋېلىش ئومۇمىي مىقدارى 8 مىليون 387 مىڭ يۈەن، سېتىش مىقدارى 8 مىليون 943 مىڭ يۈەن، بازار سودا مىقدارى 7 مىليون 916 مىڭ يۈەن بولدى.

**مالىيە:** 1986 ـ يىلى مالىيە كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2% كۆپىيىپ، 2 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن كىرىم كۆرسەتكۈچى 154% ئورۇنلاندى؛ مالىيە چىقىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 49.8% كۆپىيىپ، 17 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن چىقىم كۆرسەتكۈچى 100.76% ئورۇنلاندى. ئورۇنلانغان سودا ـ سانائەت بېجى 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بېجى 410 مىڭ يۈەن، باشقا باجلار 490 مىڭ يۈەن بولدى. دۆلەت غەزىنە چېكى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 240 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، ۋەزىپىدىن 20 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىندى.

1986 ـ يىلى قاتناش ـ ترانسپورت يۈك توشۇش مىقدارى 8921 توننا، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 213 مىڭ 300 توننا كىلومېتىر، يولۇچى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 1 مىليون 46 مىڭ 600 ئادەم كىلومېتىر بولدى.

1986 ـ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 806 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي ئورۇنلانغىنى 2 مىليون 416 مىڭ يۈەن بولدى، پۈتتۈرۈلگەن ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى 4200 كۋادرات مېتىر بولدى. 9.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئالتە كوچا يېڭىدىن ياسالدى ۋە كېڭەيتىپ ياسالدى. 5.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى.

**پەن تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە:** 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە بار پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى 648، تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 87، ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 76 سى بولۇپ، ئوقۇۋاتقانلار 26 مىڭ 914، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99%، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 1685. ناھىيە بويىچە مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتى 15؛ كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 26، كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى بىر، سەييار ئۆمىكى بىر، ناھىيە، يېزا دوختۇرخانىلىرى 22، كېسەل كارىۋىتى 453، تېببىي خادىم 277.

**خەلق تۇرمۇشى:** ناھىيە بويىچە ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 220 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30% كۆپەيدى، ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 854 جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.2% كۆپەيدى. 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە نامرات ئائىلە 19 مىڭ 831، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلە 2771 بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلە سانى نامرات ئائىلە ئومۇمىي سانىنىڭ 13.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 154 ئائىلە، 462 نوپۇس يېڭى ئۆيگە كۆچتى. شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ يىل ئاخىرىدىكى بانكىدىكى ئامانەت پۇل سوممىسى 10 مىليون 481 مىڭ يۈەن. يېزىلاردا شەخسىيلەرنىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇل سوممىسى 5 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولدى.

(ما باۋلىن).

## سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش

يېڭىسار ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كەڭ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، مەدەنىيەتلىك كەنت (بازار) ۋە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئىناق، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدا غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇشتىن ئىبارەت «تۆت بولۇش» تەربىيىسى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، كەڭ كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارار»ىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەملىكەتلىك پەن ـ تېخنىكا يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، ئازادلىق ئارمىيە قەھرىمان نەمۇنىچىلار دوكلاد ئۆمىكى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بېيجىڭ پويىز ئەترىتى دوكلاد ئۆمىكى ۋە چۈي شياۋنىڭ نۇتقى قاتارلىق تېلېۋىزىيە سىنئالغۇ نومۇرلىرىنى ئەستايىدىل كۆرۈشكە ئۇيۇشتۇردى، نۇرغۇنلىغان يولداشلار قەھرىمانلارنىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرىدىن تەسىرلەندى، ئىنقىلابىي ئىرادىسى تېخىمۇ قەتئىيلەشتى، تۈرلۈك خىزمەتلەر كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: «يېقىن كىشىلىرىمىز خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۇرۇش ئوتى بىلەن قاپلانغان جاپالىق شارائىتتا، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش يولىدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان بېرىپ، بىز ئۈچۈن تىنىچ مۇھىت يارىتىپ بەردى، بىز چوقۇم قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىشنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە ئىپادىلەپ، ئۆز خىزمىتىمىزنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيمىز.» نۇرغۇن ئورۇنلار «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ھالدا، قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پىرىنسىپلىرىنى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چە-

قىپ، ئىدىيەۋى قۇرۇلۇشنى باشلامچى ئورۇنغا قويۇپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كۆچىنىپ ئىرىشىپ ئىشلەپ، پائال تۇردا يۇقىرى ئۆرلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى. ناھىيىلىك پاختا - كەندىر شىركىتى مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ھەممە جايدا ئاممىنى كۆزلەپ، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاپ، جان دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. پاختا سېتىۋېلىشنىڭ مول پەسلىدە ئۇلار كادىرلارنى ئاجرىتىپ پاختا سېتىۋېلىشقا تەشكىللىدى، سېتىۋېلىش نۇقتىلىرىنى، گىرۋە پوزىلىق پاختا چىقىرىش ماشىنىلىرىنى كۆپەيتتى، پاختا سېتىۋېلىش مەيدانىنى كېڭەيتتى، پاختىكارنى ئەرزان باھالىق تاماق ۋە ھەقسىز چاي بىلەن تەمىنلىدى؛ پاختا سېتىۋېلىش سۈرئىتىنى زور كۈچ بىلەن تېزلىتىپ، بۇرۇنقىدەك پاختىكارلارنىڭ پاختا سېتىشى تەس بولۇشتەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئېكسپورت قىلىنىدىغان پاختىدىن جەمئىي 5000 دەندىن كۆپرەك يۆتكەپ 1986 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا يىللىق پىلاندا ۋەزىپىسىنى 176% ئورۇنلىدى. يېڭىسار تاشيول ئوچاستكىسىنىڭ قىزدىل داۋىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتقانلىقتىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭى، روھىي قىياپىتى ۋە كەسپىي ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئۆسۈش بولدى. ئۇلار ئاسراۋاتقان تاشيولنىڭ ئەلا سۈپەتلىك نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى. ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قارارلىق ھالدا سىناپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردى. ئۇلار ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇپ، ماينى يېزىلارغىچە ئاپىرىپ بەردى، ماي ئىسكىلاتىغا دېجۇرنىلىق قىلىشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلىدى، خېرىدارلار خالىغان ۋاقىتتا ماي سېتىۋالالايدىغان بولدى، بۇ ماي ئىسكىلاتى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا «بەشتە ياخشى ماي ئىسكىلاتى» بولۇپ باھالاندى.

مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتى داۋامىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئاچقۇچ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك پارتكوم ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى باشتىن ئاخىر بوشاشتۇرۇپ قويماي قانات يايدۇردى. 1984 - يىلدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش بويىچە ئىككى قېتىم چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، 42 ئىلغار كوللېكتىپ، 173 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى، 11 ئورۇنغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن دەپ نام بېرىلدى.

مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، يېڭىسار ناھىيىسى يەنە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەردى. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىسى ئارىسىدا «ئاساسىي قانۇن»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» قاتارلىق توپ قانۇنلارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن

تۈزۈم نۇقتىئىنەزەرى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ياخشىلىنىشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھازىر ناھىيە بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيىگە يېتىپ، 36 مىڭ 800 ئائىلە قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش بويىچە شەرەپلىك ئائىلە بولۇپ باھالاندى. 3370 ئائىلە «بەشتە ياخشى ئائىلە» بولۇپ باھالاندى.

مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، شەھەر - كوچا قۇرۇلۇشىدا كۆرۈلەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ناھىيە بويىچە 5.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كوچىغا ماي ياتقۇزۇلدى، 9.1 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يول يېڭىدىن ياسالدى ۋە كېڭەيتىپ ياسالدى. ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش ئارقىلىق، كوچىلىرى كەڭ، مۇھىتى گۈزەل، پاكىزە بولغان يېڭىسار ناھىيە بازىرى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

(بېي پىڭ).

## يوپۇرغا ناھىيىسى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** يوپۇرغا ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، گەز دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان. شىمال تەرىپى پەيزاۋات ناھىيىسىگە، غەربىي تەرىپى يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە، جەنۇب تەرىپى يەكەن ناھىيىسىگە، شەرقىي جەنۇب تەرىپى مەكىت ناھىيىسىگە، شەرقىي شىمال تەرىپى مارالبېشى ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°30′ تىن 77°25′ قىچە، شىمالىي پاراللېل 38°49′ تىن 39°8′ قىچە بولغان ئارىلىقتا. يەر شەكلى جەھەتتىن قەشقەر تۈزلەڭلىكىنىڭ يوپۇرغا قۇرۇق دېلتىسىنىڭ تىنما يەلپۈگۈچسىمان گىرۋىكىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، گەز دەرياسىنىڭ تىنمىشىدىن ھاسىل بولغان، يەر تۈزۈلۈشى تۈز، دېڭىز يۈزىدىن 1125~1180 مېتىر كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە جەنۇبىي، شىمالىي يۆنىلىشلىرىنىڭ يەر شەكلىنىڭ كۆتۈرۈلۈش پەسىيىشى بىر قەدەر چوڭ، قىيپاشلىقى بىر قەدەر كىچىك؛ شەرقىي، غەربىي يۆنىلىشلىرىنىڭ يانتۇلۇقى بىر قەدەر چوڭ (1‰~4‰).

ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن جايى 93 كىلومېتىر، جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ جايى 47 كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر مەيدانى 3000.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

**كىلىماتى:** يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى ئىسسىق مۆتىدىل بەلباغ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك كىلىماتقا تەۋە. تۆت پەسىل ئېنىق، كىلىماتى قۇرغاق. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7℃، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -6.8℃، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 52.8mm، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2584mm، قىراۋسىز بەزگىلى 214 كۈن، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 2791 سائەت، بوران ۋاقتى 19 كۈن.

**مىللەتلەر ۋە نوپۇسى:** 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسى 99 مىڭ 445 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار نوپۇسى 11 مىڭ 629 بولۇپ، 11.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، يېزا نوپۇسى 87 مىڭ 816 بو-

لۇپ، 88.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 95.8 پىرسەنتىنى، خەنزۇلار 2.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 33.4‰، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 22‰.

**مەمۇرىي رايونلىرى:** 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە تەۋەسىدە بىر بازار، سەككىز يېزا بولۇپ، ئۇلار: يوپۇرغا بازىرى، يوپۇرغا، يەكشەنبە بازار، ئەشمە، سىيەك، تېرىم، بايئاۋات، ئاچچىق، ئاخۇنلۇقۇم يېزىلىرىدىن ئىبارەت. ناھىيە تەۋەسىدە شۇپەتلىك ئورۇقچىلىق مەيدانى، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى، ناھىيىلىك چارۋا مەيدانى، ئورمانچىلىق مەيدانى، سۈت فېرمىسىدىن ئىبارەت بەش دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى بار. يېزا ـ بازار تەۋەسىدە 98 كەنت كومىتېتى، 561 مەھەللە گۇرۇپپىسى بار.

**ئاساسلىق بايلىقلىرى:**

**يەر بايلىقى:** ئومۇمىي يەر مەيدانى تەخمىنەن 4 مىليون 500 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ 265 مىڭ 800 مو، ئورمان يېرى 118 مىڭ 900 مو، باغ 19 مىڭ مو، ئوتلاق 3 مىليون 240 مىڭ مو، تېرىلغۇ يەرنىڭ 90.8 پىرسەنتى شور تۇپراق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شورلۇق دەرىجىسى ئېغىر بولغىنى 21.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراق تەركىبىدە فوسفور، ئازوت ماددىسى كەمچىل، كالىي ماددىسى ئارتۇق.

**سۇ بايلىقى:** ئاساسلىق سۇ مەنبەسى كەز دەرياسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يوپۇرغا دەرياسىدىن كېلىدىغان سۇ بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 436 مىليون كۇبمېتىر بولۇپ كەلدى. 1986 ـ يىلىدىكى ئېقىن مىقدارى 330 مىليون كۇبمېتىر بولۇپ، ئەتىيازدا كەلگەن سۇ يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارىنىڭ 15.75 پىرسەنتىنى، يازدا كەلگەن سۇ 46.1 پىرسەنتىنى، كۈزدە كەلگەن سۇ 22 پىرسەنتىنى، قىشتا كەلگەن سۇ 16.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سۇ سىستېمىسىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 32~35% بولدى. 1986 ـ يىلى ئۈچ قارارغا يۆلەنگەن ھالدا يەكەن دەرياسىدىن سۇ باشلاش بويىچە كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈپ، يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىغا باشلاپ كەلدى. ناھىيە بويىچە تۆت سۇ ئامبىرى بولۇپ، سۇ سىغىمچانلىقى 18 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ.

**جانلىقلار بايلىقى:** ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، ئارپا، كۆممە قوناق، ئاق قوناق، تېرىق، ماش، سېرىق پۇرچاق قاتارلىقلار بار، ياغلىق دان زىرائەتلىرىدىن ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، كۈنجۈت، ئابدىمىلىك قاتارلىقلار بار. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، زىرە، تاماكا قاتارلىقلار بار. دەرەخ خىللىرىدىن توغراق، قاپاق تېرەك، سۆۋادان تېرەك، جىگدە، سۆگەت، قارىياغاچ، قېيىن دەرىخى قاتارلىقلار بار. مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، ئەنجۈر، ئانار، ئۈجمە قاتارلىقلار بار. دورا ماتېرىياللىرىدىن چۈچۈك بۇيا، زاراڭزا، ئالقات، بۆرە سامسىقى قاتارلىق 150 نەچچە خىل ئۆسۈملۈك بار. ئۆي ھايۋانلىرىدىن يۈك ئېتى، دون ئېتى، شىنجاڭ قوڭغۇر كالىسى، گۇەنجوڭ ئېشىكى، چىپار بۇغا، قارا كۆل قويى، تاشقورغان چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى قاتارلىقلار بار. ئۆي قۇشلىرىدىن توخۇ، ئۆردەك، غاز بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، قاۋان، جەرەن قاتارلىقلار بار.

**ئىقتىسادىي:** 1986 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمىگەن باھا بويىچە ھېسابلاندى) 54 مىليون 926 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.8% كۆپەيدى.

**سانائەت:** سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.4% ئازايدى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى: توك بېرىش مىقدارى 1 مىليون 576 مىڭ كىلوۋات سائەت بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە سۇ ئېلېكتىرى 350 مىڭ كىلوۋات سائەت)، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 67.7% ئاشتى؛ ئۇن 9957 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.9% ئازايدى؛ تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 99 مىڭ 931 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20.5% ئازايدى؛ چىقىرىلغان ساپ پاختا 2816.6 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.2% ئازايدى؛ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 96 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان سانائەت كارخانىسى يەتتە، قۇرۇلۇۋاتقان كارخانا ئۈچ.

**يېزا ئىگىلىكى:** يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 864 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6% كۆپەيدى. ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 168 مىڭ مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 69 مىليون 386 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.8% ئاشتى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 63 مىڭ مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 77 مىڭ دەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.9% ئازايدى؛ ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 4 مىليون 130 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.9% ئاشتى، چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 165 مىڭ 500 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.9% كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش مىقدارى 575 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 25% ئازايدى. ئىشلىتىش مىقدارى 591 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 34% ئازايدى. ناھىيە بويىچە چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ھەر خىل تراكتور 161 (ھەر خىل تىپتىكى تراكتورلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، 7566 ئات كۈچىگە تەڭ. قول تراكتورى 265. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 9 مىليون 636 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27.4% كۆپەيدى، بۇ يېزا ئومۇمىي ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي پايدا 1 مىليون 855 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29.1% كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە يېزا-بازار كارخانىلىرى جەمئىي 139 (يېزا باشقۇرغىنى 85، كەنت باشقۇرغىنى 54)، كارخانىدا ئىشلەيدىغانلار 2193 بولۇپ، يېزا - كەنتلەردىكى ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ ئالتە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

**سودا:** سېتىۋېلىنغان تاۋار ئومۇمىي مىقدارى 15 مىليون 666 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي مىقدارى 30 مىليون 823 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 16.7% كۆپەيدى.

**مالىيە، پۇل مۇئامىلە:** ئورۇنلانغان مالىيە كىرىمى 799 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 48.3% ئازايدى، مالىيە چىقىمى 11 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 41.9% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، مائارىپ چىقىمى 4 مىليون 586 مىڭ

يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 31.9% كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە كارخانا مال-مۈلكى، شوپورلارنىڭ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىشى ۋە توقۇمىچىلىق قاتارلىق يەتتە تۈر بويىچە خەۋپسىزلەندۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، خەۋپسىزلەندۈرۈش مىقدارى بەش مىليون 635 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 41 مىڭ يۈەن تۆلەپ بېرىلدى. شەھەر- بازارلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى بانكا ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 3 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 69.6% كۆپەيدى.

**قاتناش، پوچتا-تېلېگراف:** 1986 - يىلى يوپۇرغا - مەكىت، يوپۇرغا - پەيزاۋات تاشيولىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى 68.7 كىلومېتىر قىسمىنى ئېگىزلىتىش ۋە شېغىل ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ، ناھىيىنىڭ ئاساسىي غول ياشيولى دەرىجىگە توشمايدىغان يول ھالىتىدىن دۆلەتنىڭ 4 - دەرىجىلىك تاشيول ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلدى. ئورۇنلانغان يۈك توشۇش مىقدارى 4145 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.8% ئازايدى، يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون 360 مىڭ توننا كىلومېتىر بولۇپ، 10% ئازايدى. پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش كىرىمى 133 مىڭ يۈەن، ئۆزى باشقۇرغان پوچتا يولى 101 كىلومېتىر، خەت - پوسۇلكا يەتكۈزۈلىدىغان پوچتا يولى 856 كىلومېتىر بولىدى.

**شەھەر قۇرۇلۇشى:** 1986 - يىلى 760 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 38 مېتىر ئېگىزلىكتىكى 50 كۇب مېتىر سىغىمچانلىققا ئىگە سۇ مونارىسىدىن بىرسى، 1000 كۋادرات مېتىرلىق زىيالىيلار تۇرالغۇ ئۆيى، 22 مىڭ 770 كۋادرات مېتىرلىق بىر تەنتەربىيە مەيدانى قاتارلىقلار ياسالدى

**مەدەنىيەت - مائارىپ:** ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپتىن 10 ى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 3268 گە، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 86 سى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 12 مىڭ 727 گە، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىن بىرسى بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 87 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 945 بولۇپ، بۇنىڭدىن ئوقۇش تارىخى ئۆلچەمگە يەتكەنلەر 300. چوڭلار مائارىپى جەھەتتە، 1986 - يىلى 777 ئادەم ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتتى، 4160 ئادەم 94 پەن - تېخنىكا سىنىپى بولۇپ تەشكىللىنىپ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەندى، 11 سىنىپتىكى 370 ئادەم مەركىزىي يېزا - ئىگىلىك رادىئو مەكتىپىدە ئوقۇدى. ناھىيە بويىچە پەن - تېخنىكا خادىملىرى 120، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر يەتتە، ياردەمچى ئىنژېنېر 47.

**خەلق تۇرمۇشى:** يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى بانكا ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 4 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 31.4% كۆپەيدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1503 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.3% كۆپەيدى، يېزا نوپۇسىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 433.7 يۈەن بولدى.

(شى فوۋاڭ).

## سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سۇغۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش

يوپۇرغا ناھىيىسى گەز دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈستەڭ سۇيىنىڭ ئېقىش مۇساپىسى ئۇزۇن، سۇنىڭ سىڭىپ كېتىش، پارغا ئايلىنىش

مىقدارى كۆپ، پايدىلىنىش كوئېففىتسىيېنتى تۆۋەن بولغانلىقتىن، بۇ ناھىيىدە سۇنىڭ قىس بولۇشى ۋە قۇرغاقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ دېھقانچىلىقتىكى سۇغۇرۇش ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزۈپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سۇغۇرۇشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى؛ نۆۋەت بىلەن سۇغۇرۇش، تېپىز سۇغۇرۇش، سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىش، ئىشلىتىلگەن سۇ مىقدارىغا قاراپ ھەق ئېلىش قاتارلىق سۇغۇرۇشنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. ھەمدە سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، سۇغۇرۇش رايونلىرىنىڭ قىيا پەتتى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىلدى. تۇپراقنىڭ زەي-شورلىشىپ كېتىشى جەھەتتىمۇ ياخشى ئايلىنىش مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى.

1986 - يىلى گەز دەرياسى ۋە يەكەن دەرياسىدىن بۇ ناھىيىگە كەلگەن سۇ مىقدارى جەمئىي 367 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ يىللاردىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە سۇ مىقدارىدىن 22%، 1985 - يىلدىكى سۇ مىقدارىدىن 5% كەملەپ، يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان سۇ مىقدارى ئەڭ ئاز بولغان بىر يىل بولدى. سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىش، سۇ قاچىلاش، سۇ باشلاش قۇرۇلمىلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن پايدىلىنىش كوئېففىتسىيېنتى 0.34 كە يەتكۈزۈلدى. سۇ مىقدارى زور ھەجىمدە ئازىيىپ كەتكەن، قۇرغاقچىلىق ئىنتايىن ئېغىر بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئومۇمىي سۇغۇرۇش كۆلىمى 580 مىڭ موغا (بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 300 مىڭ مو)، ئومۇمىي سۇغۇرۇش مۇقىم سانى 1 مىليون 960 مىڭ مو قېتىمغا، بۇغداينىڭ ئۈنۈش مەزگىلىدىكى سۇغۇرۇش قېتىم سانى 2.36 قېتىمغا يەتكۈزۈلدى (1985 - يىلى 1.52 قېتىم بولغانىدى). ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسى، كۈزلۈك بۇغداي تېرىلغۇسى ۋە بۇغداي كانداشلاش ۋەزىپىسى سۇ پەتىلىك ئورۇنلىنىپ، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يېزا - ئىگىلىكىدە ئۇدا توققۇز يىل مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىندى.

1986 - يىلى يوپۇرغا ناھىيىسىدە سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. يەكەن دەرياسىدىن سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى، بۇ قۇرۇلۇش سوغۇچاق سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ باشلاش ئۆستىڭىنى چېپىش، كونا قانال ئۆستىڭىنى كېڭەيتىپ ياساش ۋە تۆۋەنكى قىسمىنى سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىنىڭ يەكەن دەرياسىدىن سۇ باشلاش ئۆستىڭىنى چېپىش ھەمدە سىڭمەسلەشتۈرۈش، يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشقا 4 - ئايدا ئىش باشلىنىپ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈرۈلدى. ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 47 كىلومېتىر، توپا قۇرۇلۇشى 1 مىليون 190 مىڭ كۇب مېتىر، بېتون قۇرۇلۇشى 653 كۇب مېتىر، كەتكەن ئەمگەك 580 مىڭ ئىش كۈنى، يالتىراق 27 تونىنا، سەرپ قىلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 1 مىليون 520 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتتىن سېلىنغان مەبلەغ 150 مىڭ يۈەن، ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن قوشۇپ بېرىلگەن ياردەم پۇلى 452 مىڭ يۈەن) يەكەن دەرياسىدىن سۇ باشلاش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈشى بىلەن، يەكەن دەريا غەربىي ئۆستىڭى يوپۇرغا ناھىيىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، كەلكۈن

باشلاش ۋە 5-، 6- ئايدىكى سوغۇچاق سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيى ئاز قالغان چاغدىكى سۇ ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىنىپ، سۇ باشلاش مىقدارى كۆپەيتىلدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ پۈتتۈشى ئارقىلىق تۆۋەندىكىچە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى:

(1) باياۋات، ئاخۇنلۇقۇمدىن ئىبارەت ئىككى يېزىنىڭ كۆزگى بۇغداي تېرىشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى ھەمدە تېرىلغۇ كۆلىمى 3000 مو كېڭەيتىلدى.

(2) ئىلگىرى ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىدا بىر قىسىم كۆزگى بۇغداي ۋە باغ - ئورمانلارغا قىشتا سۇ ئاچالمايتتى، ھازىر ھەممىگە سۇ ئاچالايدىغان بولدى.

(3) ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىنىڭ ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدىكى ئادەم ۋە چارۋىنىڭ ئىچىملىك سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى.

(4) ئاخۇنلۇقۇم يېزىسىنىڭ بۇرۇن كەز دەرياسىدىن ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ سۇ باشلاپ كېلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشى ۋە زەي - شور ئاپىتى تۈگىتىلدى ھەمدە كەز دەرياسىدىن ئېلىنىدىغان بۇ بىر قىسىم سۇ پۈتۈنلەي يۇقىرى ئېقىندىكى يېزىلارغا تەڭشەپ بېرىلىپ، يۇقىرى ئېقىننىڭ قۇرغاقچىلىق ئەھۋالى پەسەيتىلدى.

2. ئۈچ كۆۋرۈكتىن ئوي كۆۋرۈككىچە لاتقا تازىلاش قۇرۇلۇشى ئىشلەندى، بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىر، توپا قۇرۇلۇشى 180 مىڭ كۇب مېتىر. كەتكەن ئەمگەك 86 مىڭ ئىش كۈنى بولۇپ، 9- ئايدا پۈتتۈرۈلدى. بۇلاق كۆزلىرىنى ئېتىۋالغان لاي - لاتقىلارنىڭ تازىلىنىشى، بۇلاق سۈيىنىڭ چىقىش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە كېڭىيىشى بىلەن كونا دەريادىكى بۇلاق سۈيى بىلەن يۇقىرى ئېقىندىن ئېشىپ قالىدىغان سۇ مىقدارى كۆپىيىپ، ناھىيىنىڭ سۇدىكى جىددىيلىك ھالىتى پەسەيتىلدى.

3. كونا دەريا يولى ئۆزگەرتىلىپ، تېرەم غول ئۆستىڭىدىكى كامادىن شامال ئېغىزى تومسىقىچە بولغان يەتتە كىلومېتىر ئارىلىقنى سېمېنتلاشتۇرۇش (ئېقىم مىقدارى 15 كۇب مېتىر سېكۇنت) قۇرۇلۇشى ئىشلەندى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ توپا قۇرۇلۇش مىقدارى 340 مىڭ كۇب مېتىر، ئىشلىتىلگەن يالتىراق 24 توننا، كەتكەن ئەمگەك 200 مىڭ ئىش كۈنى بولۇپ، 11- ئايدا ئىش باشلىنىپ، يىل ئاخىرىغىچە 85% ئورۇنلاندى.

4. تېرەم يېزىسىنىڭ 5- كەنتىدىكى تارماق ئۆستەڭنىڭ 10 كىلومېتىر قىسمىنى سېمېنتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە يوپۇرغىدىن پەيزاۋاتقىچە بولغان بەش تاشيول كۆۋرۈكى، يوپۇرغا بازىرىدىكى بىر توما، ئۇندىن باشقا بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇلۇشى، سۇغۇرۇش رايونىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرى ۋە توپا قۇرۇلۇشى ئىشلەندى. 1986- يىلى ناھىيە بويىچە سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدا ئورۇنلانغان توپا قۇرۇلۇشى 1 مىليون 760 مىڭ كۇب مېتىر، بېتون قۇرۇلۇشى852 كۇب مېتىر، كەتكەن ئەمگەك 1 مىليون 360 مىڭ ئىش كۈنى، ياسالغان كىچىك توما 18، كۆۋرۈك - سۇڭگۈچ 45، كۆچۈرمە 12 بولدى. سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ سۇغۇرۇش باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاشتا، سۇ مىقدارىنى كۆپەيتىپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىش، زەي - شورنى تىزگىنلەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

(سۇن چۈنلىن).

# پەيزاۋات ناھىيىسى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** پەيزاۋات ناھىيىسى قەشقەر تىنىمىسا تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°20′ تىن 78°00′ غىچە، شىمالىي پاراللېل 39°16′ تىن 40°00′ غىچە بولغان ئارىلىقتا. شەرق تەرىپى مارالبېشى ناھىيىسىگە، غەرب تەرىپى يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە، جەنۇب تەرىپى يوپۇرغا ناھىيىسىگە، شىمال تەرىپى تەڭرى تاغ، قا، جەنۇب تەرىپى كەلپىن تېغىنىڭ ئالدىنقى تاغ بەلباغلىرىدا، غەربىي شىمال تەرىپى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاتۇش شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن جايى 140 كىلومېتىر، جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ كەڭ جايى 80 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 6715.4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ (يەنى 10 مىليون 72 مىڭ 400 مو بولۇپ، يېزا ئىگىلىك 3 ـ شىمى پەيزاۋات باش مەيدان تەۋەسىدىكى 590 مىڭ 600 مو ۋە ئەدلىيە نازارىتىگە قاراشلىق قالغۇچ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى تەۋەسىدىكى 68 مىڭ 800 مو يەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ناھىيە بازىرى قەشقەر شەھىرىگە 75 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن 1190 مېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر شەكلى مۇنداق: غەربىي قىسمى تەڭرى تاغ بىلەن كۇئېنلۇن تېغىنىڭ تۇتاشقان نۇقتىسى بولۇپ، شىمال تەرىپى تەڭرى تاغقا تۇتىشىدۇ. جەنۇب تەرىپى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ يېڭىسار تەرىپىدىكى يانتۇلۇققا تۇتىشىدۇ. شىمال، غەربىي، جەنۇب تەرەپلىرى تاغ بىلەن ئورالغان، شەرق تەرىپى پەيدىنپەي كېڭىيىپ، بىر ئاز قىيسايغان يېرىم يېپىق ھالەتتىكى ئويمانلىق. ئومۇمىي يۆلىنىشى: غەربىي ئېگىز، شەرقىي پەس، شىمالىي ئېگىز، جەنۇبىي پەس، يانتۇلۇقى 1/1000 دىن 1/3000 غىچە.

**كىلىماتى:** كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 41.2℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -22.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 54mm، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2923.3 سائەت، يىللىق ئوتتۇرىچە كېچە-كۈندۈز تېمپېراتۇرا پەرقى 14.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىل 233 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2251.1mm بولۇپ، ھۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ 42 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. 1986-يىلى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.6℃، 1-ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -15℃، 7-ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 37℃. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 43mm، قىراۋسىز مەزگىل 212 كۈن، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2889.9 سائەت بولدى. 5-ئاينىڭ 18-كۈنى سەككىز بال بوران چىققان، 11-ئاينىڭ 22-كۈنى 15.8mm قار يېغىپ، قار يېغىش ۋاقتى يىللاردىكىدىن بالدۇر بولدى.

**مىللەتلەر ۋە نوپۇسى:** ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسى 227 مىڭ 690، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 210 مىڭ 888 (قالغۇچ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 1195 نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 92.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 16 مىڭ 802 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ

7.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇيغۇرلار 225 مىڭ 126 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 98.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 19.33‰، خەنزۇلار 2312 بولۇپ، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 14.16‰؛ قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، ئۆزبېك، مانجۇ، جۇاڭزۇ، مياۋزۇ، سالا قاتارلىق باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى جەمئىي 252.

**مەمۇرىي رايونلىرى:** ناھىيىگە قاراشلىق 11 يېزا، ئىككى بازار بار. ئۇلار يېڭى مەھەللە، ئېرىم، چامباز، غولتوغراق، قىزىلبويى، مىشا، شاپتۇل، قوشئاۋات، قىزىلسۇ، كۆللۈك، ئۆدەكلىك يېزىسى ۋە بارىن، شېكەركۆل بازىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ناھىيىگە قاراشلىق ئورمانچىلىق مەيدانى، سۇپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، بېلىقچىلىق مەيدانى قاتارلىقلار بار. ناھىيە بويىچە 275 كەنت كومىتېتى، 1453 مەھەللە گۇرۇپپىسى بار.

**ئاساسلىق بايلىقلىرى:**

**يەر بايلىقى:** ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق رايونىدىكى تېرىشقا بولىدىغان ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 52 مىڭ 100 مو (پەيزاۋات باش مەيدان ۋە قالغۇچ دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە شورلۇق دەرىجىسى ئېغىر بولغانلىرى 661 مىڭ 500 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 62.83 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شورلۇق دەرىجىسى ئوتتۇراھال بولغانلىرى 224 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 20.95 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، شورلۇق دەرىجىسى يېنىك بولغانلىرى 150 مىڭ 100 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 14.28 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 602 مىڭ 300 مو (قالغۇچ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 13 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). 1986 ـ يىلى ئالتە سۇ ئامبىرى يۇلغۇن، توغراق يېتىشتۈرۈش بازىسىغا ئۆزگەرتىۋېتىلدى. شورلۇق توپراق شارائىتىغا ماس كېلىدىغان، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بېرىدىغان چارە قوغۇن تېرىشتىن ئىبارەت (پەيزاۋاتنىڭ توپرىقى تەركىبىدىكى تېز ئۈنۈملۈك كالىينىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارى 210ppm كېلىدۇ، شۇڭا قوغۇنى ناھايىتى تاتلىق بولىدۇ).

**سۇ بايلىقى:** بۇ ناھىيە سۇغۇرۇشتا قەشقەر دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى قىزىل دەرياسى ۋە پەيزاۋات دەرياسىنى ئاساس قىلىدۇ. قىزىل دەرياسىنىڭ 27 يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ مىقدارى 846 مىليون 500 مىڭ كۇبمېتىر، 1986 ـ يىلىدىكى سۇ مىقدارى 666 مىليون 500 مىڭ كۇبمېتىر بولدى. ئېقىن مىقدارىنىڭ ھەر قايسى پەسىللەردىكى ئۆزگىرىشى چوڭ، پەيزاۋات ناھىيىسىگە كىرىدىغان سۇ مىقدارىنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە نىسبىتى ئەتىياز پەسلىدە 21%، ياز پەسلىدە 53%، كۈز پەسلىدە 22%، قىش پەسلىدە 4% بولۇپ كەلدى، ھېمىشە ئەتىياز پەسلىدە قۇرغاقچىلىق، ياز پەسلىدە كەلكۈن يۈز بېرىدۇ. 1985 ـ يىلىدىن بۇرۇن ياسالغان باش غول ئۆستەڭ ئالتە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 219 كىلومېتىر، غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ 31؛ ئۇزۇنلۇقى 376 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1986 ـ يىلى ئۇزۇنلۇقى 224 كىلومېتىرلىق يالتىراق ياتقۇزۇلغان سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن ئۆستەڭ ياساپ چىقىلدى. ناھىيە بويىچە كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئۈچى بولۇپ، ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمچانلىقى 910 كىلوۋات كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تارشا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ گېنېراتور سىغىمچانلىقى 725 كىلوۋات كېلىدۇ؛ 1986 ـ يىلى

چوڭ كۆۋرۈك ۋە شاقىراتمىدىن ئىبارەت ئىككى باش توما قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى. تارشا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توك بېرىش مىقدارى 5 مىليون 70 مىڭ كىلوۋات سائەت، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 90 مىڭ يۈەن بولدى.

**ئورمان بايلىقى:** ناھىيە بويىچە ئورماننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 628 مىڭ 600 مو. بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي ئورمانلىق ۋە تۆت ئەتراپىغا قويۇلغان ئورمان 212 مىڭ 600 مو، تەبىئىي تارقاق ئورمان 41 مىڭ 600 مو، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 6.24%، ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ زاپاس ساقلىنىش مىقدارى 71 مىڭ 600 كۇب مېتىر. دەرەخ خىللىرى بايلىقى 25 ئائىلە، 37 ئۇرۇقداش، 67 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك دەرەخلەردىن شاپتۇل، ئۆرۈك، ئامۇت، ئۈزۈم، نەشپۈت، ئالما، ئەنجۈر، بېھى، ئانار، ئۈجمە، قارا ئۆرۈك، گىلاس، جىگدە، چىلان، ياڭاق، بادام، كاۋۇچىن قاتارلىقلار بار.

**ئوتلاق بايلىقى:** ناھىيە بويىچە 3 مىليون 610 مىڭ مو ئوتلاق بار. بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق 1 مىليون 450 مىڭ مو بولۇپ، ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، سۈنئىي ئوتلاق 215 مىڭ 400 مو، قوش قەۋەت ئوتلاق 156 مىڭ 600 مو، قالغانلىرى پۈتۈنلەي تەبىئىي ئوتلاق. 1986-يىلى ئۆزگەرتىلگەن تەبىئىي ئوتلاق 43 مىڭ 600 مو، تەبىئىي ئوتلاقلار قومۇش، يانتاقنى ئاساس قىلىدۇ.

**دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى بايلىقى:** بۇغداي، كېۋەز قوغۇننى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تاۋۇز، ئاپتاپپەرەس، زاراڭزا، زىرە، تاماكا بار. پەيزاۋات ناھىيىسىدە قوغۇننىڭ 35 خىل سورتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلا سۈپەتلىك سورتىنى سەككىزى بولۇپ، «قوغۇن ماكانى» دېگەن نامى بار. 1980-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قوغۇن-تاۋۇز بايلىقىنى قايتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى شىنجاڭدىكى ئالتە ۋىلايەت، ئوبلاستىكى قوغۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان 86 نۇقتىلىق ئورۇننى باھالاش ئارقىلىق، ئەلا سۈپەتلىك سورتتىن 12 نى تاللاپ چىققاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بەشى پەيزاۋات ناھىيىسىدە. ساقلاشقا، توشۇشقا چىداملىق بولغان قارا كۆسەي قوغۇن سورتى پەيزاۋات قوغۇنىنى ئىچىدە چاغدا سورت بولۇپ، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان يىراق جايلارغا يۆتكەپ سېتىلماقتا. پەيزاۋات قوغۇنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى 22 ئۆلكە، 54 شەھەرگە يۆتكەپ سېتىلغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر قىسمى شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە دەندۈك ئارقىلىق چاۋشيەن، ياپونىيە، سىنگاپور، مالايشىيا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئاپىرىپ سېتىلماقتا.

**ھايۋاناتلار بايلىقى:** ھايۋاناتلاردىن ئاساسلىقى توخۇ، كالا، قوي، ئات، ئېشەك، خېچىر قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە پەيزاۋاتنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، ئوت-چۆپىنى يەپ بېقىلغان قوي گۆشى مېزىلىك، سېمىز، يېيىشلىك.

**ئىقتىسادى:** 1986-يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 124 مىليون 587 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، (مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئامىلى چىقىرىپ تاشلاندى، تۆۋەندىكى سان سىفىرلارمۇ ئەنە شۇنداق)، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 24.6% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 112 مىليون 152 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.6% كۆپەيدى، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى

173 مىليون 731 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 31.5% ئاشتى؛ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 60 مىڭ 700 دەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.3% ئاشتى؛ ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7 مىليون 6 مىڭ 900 جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 16.1% ئاشتى؛ چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 411 مىڭ 850 (بۇنىڭ ئىچىدە قوي 263 مىڭ 900) بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14.4% كۆپەيدى؛ قوغۇن كۆلىمى 80 مىڭ مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 194 مىڭ 500 جىڭ بولدى؛ سۇ مەھسۇلاتلىرى بېقىلىدىغان ئەمەلىي سۇ يۈزى 1036 مو، بېلىق مەھسۇلاتى 14 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 180% ئاشتى.

**سانائەتتە:** سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليون 434 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 33.8% كۆپەيدى. ئاساسلىقى توك چىقىرىش، ئاشلىق ۋە ياغ تارتىش، قوغۇنغا ئىش قوشۇش، قوغۇن قاچىلاش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش، پاختا چىقىرىش، مەتبەئەچىلىك، ئۆي - جاھازلىرى، كىيىم-كېچەك، تېرە - كۆن مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان 25 ئورۇن بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىسى 546.

**مالىيە:** مالىيە كىرىمى 1 مىليون 707 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26.3% ئازايدى (ئازىيىپ كېتىشتىكى سەۋەب: 1986- يىلى ئاشلىق ئۈچۈن قوشۇپ بېرىلىدىغان ياردەم پۇلغا ناھىيە ئۆزى مەسئۇل بولغانلىقى، كېمەيتىلىدىغان، كېچىكتۈرۈلىدىغان دېھقانچىلىق بېجىنىڭ يەنە كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن بولدى)، مالىيە چىقىمى 18 مىليون 714 مىڭ يۈەن بولدى.

**سودا:** 1986- يىلى سودا، تەمىنات-سودا بويىچە سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي مىقدارى 27 مىليون 298 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 48.2% كۆپەيدى، سېتىش ئومۇمىي مىقدارى 30 مىليون 392 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 39.9% كۆپەيدى. ساپ پايدا ئومۇمىي مىقدارى 690 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10% كۆپەيدى. يەككە سودا-سانائەتچىلەر 2422 ئائىلىگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 609 ئائىلە كۆپەيدى، بۇنىڭدا ئىشلەيدىغانلار 3738گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1046 كىشى كۆپەيدى، مەبلەغ ئومۇمىي مىقدارى 3 مىليون 64 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 79% كۆپەيدى. 1986- يىلى بىر قىسىم يېزا-بازار كارخانىلىرى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، يېزا-بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغانلار 11 مىڭ 647 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1138 كىشى ئازايدى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 19 مىليون 474 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50.6% كۆپەيدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي مىقدارى 40 مىليون 171 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11% كۆپەيدى.

**قاتناش، پوچتا - تېلېگراف:** ناھىيە بويىچە ئۈچ تاشيول بار: پەيزاۋات - قەشقەر تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 75 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ 66 كىلومېتىر قىسمى ئاسفالىت يول؛ پەيزاۋاتتىن ئۈرۈمچى - قەشقەر غول لىنىيە تاشيولىغا تۇتۇشىدىغان تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر؛ پەيزاۋات - يوپۇرغا تاشيولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر. ناھىيە بازىرى كوچىسىدىكى ئاسفالىت يول بەش كىلومېتىر. ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئاپتوموبىلدىن 205ى، ھەر خىل تراكتوردىن 548ى بار. ناھىيە بازىرىدا پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بار. ناھىيە بازىرى يېنىدىكى با-

رىن بازىرى ۋە تېرىم يېزىسىدىن باشقا يېزا - بازارلارنىڭ ھەممىسىدە پوچتا - تېلېگراف پونكىتلىرى بار. پەيزاۋات باش مەيدان، قالىغۇچ دېھقانچىلىق مەيدانىدا ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن ئەۋەتىلگەن پوچتا - تېلېگراف پونكىتى بار. ناھىيە بويىچە پوچتا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 188 كىلومېتىر، پوچتا يەتكۈزۈپ بېرىش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1351 كىلومېتىر.

**مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە:** ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپتىن 13ى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 466، ئوقۇغۇچىلىرى 4890. باشلانغۇچ مەكتەپتىن 109ى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1521، ئوقۇغۇچىلىرى 29 مىڭ 477. ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.5%. ناھىيە باشقۇرغان بالىلار باغچىسىدىن بىرسى بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان بالا 120، كوللېكتىپ ۋە خەلق باشقۇرغان بالىلار يەسلىسىدىن 19ى بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان بالا 706. ناھىيە بازىرىدا مەدەنىيەت يۇرتىدىن بىرسى، سەنئەت ئۆمىكىدىن بىرسى، يازلىق كىنوخانىدىن بىرسى بار. يېزىلاردا كىنو قويۇش ئەترىتىدىن 21 سى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ۋە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كىنو قويۇش ئائىلىسىدىن 20 سى بار، ئۇلار ھەر قايسى يېزا - بازارلاردا تارقاق كۆچمە كىنو قويىدۇ. ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ كۆچەيتىپ بېرىش ئىستانسىسى قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ كۈندىلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆچەيتىپ تارقىتىدۇ. تېرىم يېزىسىدىن باشقا، قالغان يېزا - بازارلارنىڭ ھەممىسىدە سىملىق رادىئو ئۇزېلى بار. ناھىيە بويىچە ناھىيە - يېزا دەرىجىلىك داۋالاش ئورۇنلىرىدىن 16 سى بولۇپ، تېببىي خادىملىرى 385، كېسەل كارىۋىتى 339. 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە، پەيزاۋات ئەرلەر، ئاياللار ۋالېيبول كوماندىسى كوللېكتىپ چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. ئۈچ كىشىلىك شەخسىيلەر يېنىك ئاتلېتىكىسى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 4 - دۆلەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا پەيزاۋات ناھىيىسى 68 كىلوگراملىق دەرىجە بويىچە خەلقئارا چېلىشىشتا بىر ئالتۇن مېدالىغا، ئەرلەر ئېگىزگە سەكرەش بويىچە بىر مىس مېدالغا ئېرىشتى.

**خەلق تۇرمۇشى:** 1986 - يىلى يېزىلاردا ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 321.63 يۈەن (مال باھاسىنىڭ ئۆرلىگەن قىسمى چىقىرىۋېتىلدى) بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 57% كۆپەيدى. يېزىلاردا ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات قىممىتى 537.40 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.9% كۆپەيدى. شەھەر - يېزىلاردىكى بانكىدا ئامانەت قويۇلغان پۇل مىقدارى 14 مىليون 599 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 41.4% كۆپەيدى، ھەر نوپۇسنىڭ بانكىدىكى ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇلى 68 يۈەن. شەھەر - يېزىلاردا ئالىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن 865 تېلېۋىزور، 238 كىر ئالغۇ، 11 ئېلېكتىرلىك توڭلاتقۇ، 61 موتسىكلىت، 23 مىڭ 233 ۋېلىسىپىت بار.

(ياڭ يەنۇۋ).

## يەكەن ناھىيىسى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** يەكەن ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئېرىدىئان 76°57′ تىن 77°46′30″ قىچە، شى-

مالىي پاراللېل 15′ °37 تىن 30′ °39 قىچە بولغان ئارىلىقتا، ئومۇمىي يەر مەيدانى 8195.6 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شەكلى غەربىي-جەنۇبتىن شەرقىي-شىمالغا پەسلەيدۇ، تاغلىق رايوندىن تۈزلەڭلىككە ئۆتۈپ تەرتىپ بويىچە قاتلاق دولقۇنسىمان ھالەتتە شەكىللەندۈردۇ، پۈتۈن تەۋەسى جۇغراپىيىلىك سەككىز بۆلۈنمىگە ئايرىلىدۇ. يەنى تاغ ئېتىكىدىكى جىلغىلىق رايونلار، تاغ ئالدىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تەننىما گىرۋەك رايونلىرى، يەكەن دەرياسىنىڭ تىنىما تۈزلەڭلىك رايونلىرى، شەرقىي، غەربىي يەلپۈگۈچ گىرۋەكلىرىدىكى تاشقىن بەلباغ رايونلىرى، دەريا ۋادىسى، دەريا ئارىلىقلىرىدىكى ئويمانلىق رايونلار، قۇملۇق — سايلىق رايونلار، تىزناپ دەرياسىنىڭ غوللۇق دېلتىسىدىن ئىبارەت. پۈتۈن تەۋەسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 1231.2 مېتىر كېلىدۇ، غەربىي-جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونلا تاغ دۆڭلۈكلىرىنى بويلاپ تەرتىپ بويىچە ئۆرلەيدۇ، ئەڭ ئېگىز يېرى 4554 مېتىرغا يېتىدۇ. تاغلىق جايلار پۈتۈن تەۋەنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 39 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

**كىلىماتى:** 1986 — يىلى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.6℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 37.4℃ (7 — ئاينىڭ 4 — كۈنى كۆرۈلدى)، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا −14.4℃ (1 — ئاينىڭ 27 — كۈنى كۆرۈلدى). يىللىق ئوتتۇرىچە نەملىك دەرىجىسى 4.2 مىللىبار، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2945 سائەت، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2657mm، نىسپىي نەملىك دەرىجىسى 52%، شامالنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سۈرئىتى 1.6 سېكۇنت مېتىر، شامالنىڭ ئەڭ تېز سۈرئىتى 22 سېكۇنت مېتىر، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 26.6mm بولۇپ، پارغا ئايلىنىش مىقدارىنىڭ بىر پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، قىراۋسىز مەزگىلى 184 كۈن بولدى.

**مىللەتلەر ۋە نوپۇسى:** ناھىيە بويىچە 1986 — يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇس 460 مىڭ 485، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 448 مىڭ 330، خەنزۇلار 12 مىڭ 155، شەھەر بازار نوپۇسى 63 مىڭ 709، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 396 مىڭ 776، ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى: خەنزۇلارنىڭ 12.7‰، مىللەتلەرنىڭ 14.2% بولدى.

**مەمۇرىي رايونلىرى:** ناھىيە تەۋەسىدە يەتتە رايون، 22 يېزا، يەتتە بازار بار. يەتتە رايون: تومتۆستەڭ، ئىشقول، ئودانلىق، قوشراپ، ئېلىشقۇ، ئاۋات، بەشكەنت رايونلىرىدىن ئىبارەت. 22 يېزا: گۈلباغ، مىشا، ئارال، چارەك، تومتۆستەڭ، يېڭىتۆستەڭ، ئىشقول، پەكىچى، تاغارچى، ئودانلىق، ئارسلانباغ، كاچۇڭ، قوشراپ، دامىسى، قوشئېرىق، دۆڭباغ، ئالمەت، ئازادباغ، باغئاۋات، قاراسۇ، ياقائېرىق يېزىلىرى ۋە زەرەپشات تاجىك مىللىي يېزىسىدىن ئىبارەت. يەتتە بازار: يەكەن، چارەك، ئېلىشقۇ، خاڭدى، ئاۋات، بەشكەنت، ئېگەرچى بازارلىرىدىن ئىبارەت.

**ئاساسلىق بايلىقلىرى:**

يەكەن ناھىيىسىدە تېرىشقا بولىدىغان يەر 1 مىليون 850 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 1 مىليون 360 مىڭ مو بولۇپ، ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3~5 مودىن توغرا كېلىدۇ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئوتلاق ئۈچ مىليون 10 مىڭ مو، بۇنىڭغا 1 مىليون 210 مىڭ تۇياق ئۆلچەملىك چارۋا سىغىدۇ؛ ھەر خىل ئورمان 320 مىڭ مو، زېمىنىنىڭ ئورمان بىلەن قاپ-

لىنىش نىسبىتى 3.3%، ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 15.5% بولۇپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ھەر يىلى يەكەن دەرياسى ۋە تىزناپ دەرياسىدىن ئالىدىغان سۇ مىقدارى ئىككى مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىر، ناھىيە بويىچە 21 سۇ ئامبىرى بولۇپ، 200 مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىدۇ، ناھىيە بويىچە ئون چوڭ غول ئۆستەڭ، 87 كىلومېتىر سىڭگەسلەشتۈرۈلگەن ئۆستەڭ بار. ناھىيە بويىچە 70 مىڭ مو ھەر خىل باغ، 3 مىليون 500 مىڭ تۈپ ئۈجمە بولۇپ، يىلىغا 7000 قۇتىدىن ئارتۇق پىلە باققىلى بولىدۇ، يەكەن ناھىيىسى پىلە غوزىسى مەھسۇلاتى جەھەتتە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ناھىيە بويىچە ھەر خىل دورا ماتېرىياللىرى 160 خىلدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى چۈچۈكبۇيا بولۇپ، كۆلىمى 120 مىڭ مو كېلىدۇ، بۇنىڭدىن قېزىش قىممىتى بولغىنى 60 مىڭ مو. يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئېنېرگىيىسى 78 مىڭ 909 ئات كۈچىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تراكتور 51 مىڭ 721 ئات كۈچىگە، چوڭ تىپتىكى تراكتور 842 ئات كۈچىگە، كىچىك تىپتىكى تراكتور 940 ئات كۈچىگە يەتتى. پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى 64 مىڭ مو، بېلىقجان قويۇپ بېرىش مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40.6% كۆپەيدى.

**ئىقتىسادىي:** 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 228 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14% كۆپەيدى.

**سانائىتى:** سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 220 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21% كۆپەيگەن، پىلان 133.8% ئورۇنلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 940 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.5% كۆپەيدى، ئېغىر سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 270 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 16.4% كۆپەيدى. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.8% كۆپەيدى، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 35.4% كۆپەيدى. يىللىق توك بېرىش مىقدارى 14 مىليون 730 مىڭ كىلوۋات سائەت، خام كۆمۈر مەھسۇلاتى 97 مىڭ 800 توننا، سېمونت مەھسۇلاتى 1400 توننا، ئايرىلغان پاختا 11 مىڭ 370 توننا، ئارتىلغان ئۇن 22 مىڭ 571 توننا، ئارتىلغان ياغ 3507.82 توننا، سوپۇن 144.22 توننا، پېچىنە - پىرەنىك 178.39 توننا، ئارىلاشما يەم - خەشەك 1439 توننا بولدى. ناھىيە بويىچە ئالتە ئۆلكە، 10 نەچچە ناھىيە شەھەر بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپ، بىرلەشمە باشقۇرىدىغان ھەمكارلىق تۈرى 15، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 330 مىڭ يۈەن، كىرگۈزۈلگەن ئىختىساس ئىگىلىرى 125، يېڭىدىن كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون يۈەن، يېڭىدىن كۆپەيگەن باج - پايدا 856 مىڭ يۈەن بولدى.

**يېزا ئىگىلىكى:** يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 172 مىليون 670 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14% كۆپەيدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 452 مىليون جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.9% ئاشتى؛ پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 270 مىڭ 600 دەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن

17.5% ئاشتى؛ ياغلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليون 190 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.2% ئاشتى. چارۋىچىلىق يىل ئاخىردىكى سانى 714 مىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.8% كۆپەيدى. تىكىلگەن كۆچەت 13 مىليون تۈپ، قويۇلغان ئورمان 43 مىڭ 500 مو، ناھىيە بويىچە ئەمەلىي بار دەرەخ 111 مىليون 400مىڭ تۈپ، ئۆرە دەرەخلەرنىڭ زاپاس ياغاچ مىقدارى 1مىليون490 مىڭ كۇب مېتىر بولدى. 1148 مو كونا باغ ئۆزگەرتىلدى، 20 مىڭ مو باغ يېڭىدىن ئەھيا قىلىندى. 237 مىڭ تۈپ مېۋىلىك كۆچەت ئۇلاندى. بېلىقچان قويۇپ بېقىش مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40% كۆپەيدى، بېلىق تۇتۇش مىقدارى ئىككى ھەسسە كۆپەيدى. پىلە غوزىسى مەھسۇلاتى 1100 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20% كۆپەيدى. ھەر دەرىجىلىك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدىن 122سى پۈتتۈرۈلدى. 217 ئۆلچەم كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭىپ كېتىشتىن ساقلايدىغان يالتىراق ياتقۇزۇلدى، سۇ ئامبارلىرىنىڭ سۇ قاچىلاش ئىقتىدارى 8 مىليون كۇب مېتىر ئاشۇرۇلدى، ئۆستەڭ سۈيىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 37% ئۆستۈرۈلدى، 579 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەر دەرىجىلىك ئۆستەڭلەر ياسالدى، 105 مىڭ مو سالا ئېتىز تۈزلەندى، يېڭىدىن 84 زەيكەش چېپىلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات مىقدارى 4 مىليون 787 مىڭ 295 ئۆلچەملىك مو قېتىم ئورۇنلىنىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 36% ئاشتى. توڭلىتىلغان سېپىرما ئارقىلىق نەسىللەندۈرۈلۈپ، نەسلى ياخشىلانغان يەرلىك كالا 3000 گە، سىلوس يېمەكلىك 10 مىڭ توننىغا يەتتى (ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇكاپاتلىنىشىغا ئېرىشتى). بوداقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان كەسپىي ئائىلە 11مىڭغا يەتتى، ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان گۆش 5.5 كىلوگرامدىن 7.7 كىلوگرامغا يەتتى. يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلىلەر 2243كە يەتتى، ناھىيە بويىچە ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 878 جىڭ بولدى، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى بويىچە ھېسابلىغاندا 1100 جىڭدىن ئاشتى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا، يەكەن ناھىيىسى 1986 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار ناھىيىلەر قاتارىدا ئۆتتى.

**يېزا ـ بازار كارخانىلىرى**: يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 31 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 2 مىليون 650 مىڭ يۈەن، كەنت باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى 956مىڭ يۈەن بولدى. 2 ـ يېڭىلىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 617 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 77.6% كۆپەيدى.

**سودا**: ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي مىقدارى 91 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.3% كۆپەيدى؛ دۆلەت ئىچىدىكى سېتىۋېلىش ئومۇمىي مىقدارى 78مىليون 306 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.3% كۆپەيدى، دۆلەت ئىچىدىكى سېتىش مىقدارى 65 مىليون 476 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.3% ئازايدى. تەمىنات-سودا سىستېمىسىنىڭ سېتىۋېلىش مىقدارى 86 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12%كۆپەيدى. سېتىش مىقدارى 98 مىليون 140 مىڭ يۈەن

بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 57% كۆپەيدى. ئاشلىقتىن ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش 59 مىليون 540 مىڭ جىڭ، ياغدىن 1 مىليون 777 مىڭ 800 جىڭ ئورۇنلاندى. كېۋەزدىن ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 306 مىڭ دەن بولۇپ، 270 مىڭ 600 دەن ئورۇنلاندى.

**مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى:** مالىيە كىرىمى بويىچە 7 مىليون 135 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.8% كۆپەيدى بۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل سودا-سانائەت باج كىرىمى 4 مىليون 347 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق باج كىرىمى ئىككى مىليون 263 مىڭ يۈەن بولدى. 894 مىڭ يۈەن دۆلەت غەزىنە چېكى سېتىلدى. شەھەر-يېزىلاردىكى بانكىدىكى ئامانەت پۇل مىقدارى 34 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9 مىليون 70 مىڭ يۈەن ئاشتى.

**قاتناش، پوچتا - تېلېگراف:** 1986-يىلى مارالبېشى-يەكەن تاشيولىنى ئۇلچەش ۋە ناھىيە بازىرىدىن كۆمۈركانغىچە بولغان تاشيولنى رېمونت قىلىش ۋە كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى. 287 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېزا يولى ياسالدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە يېزا-كەنت يوللىرى جەمئىي 5469 غا، ئۇزۇنلۇقى 5662 كىلومېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 616 كىلومېتىر قىسمىغا شېغىل ياتقۇزۇلدى. ھەممە كەنتلەرگە ئاپتوموبىل قاتناش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. «1 - ماي» بايرىمى ھارپىسىدا، ئاپتوماتىك تېلېفون ئورنىتىش ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىپ، بۇرۇنقىدەك «تېلېفون بېرىش بىسەپ» بولۇشتەك ھالەت ئۆزگەرتىلدى.

**مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، پەن - تېخنىكا:** ناھىيە بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 77 مىڭ 950 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3827 سى كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلاردىكى ئوقۇغۇچى سانى 9948، يېزىلاردىكى ئوقۇغۇچى سانى 68 مىڭ ئىككى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 2736، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 10 مىڭ 980، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 64 مىڭ 234، مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇۋاتقان باللار 9886، شۇ يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن ئوقۇغۇچى 83، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغىنى 131، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغىنى 2126، چوڭلار مائارىپى بويىچە ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغىنى 74 بولدى. يېزىلاردىكى «ئىككى مائارىپ» خىزمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق لاياقەتلىك بولدى. ناھىيە بويىچە سەھىيە، داۋالاش ئاپپاراتلىرى 58، كېسەل كارىۋىتى 1140، سەھىيە خادىملىرى 1097، پېشقەدەم كادىرلار بالنىتسىسى يېڭىدىن تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭدا 30 كېسەل كارىۋىتى بار. نۇقتىلىق پەن - تەتقىقات تۈرلىرى 35 كە، تېخنىكا كىرگۈزۈش توختامى توققۇزغا، ئىمزالانغان تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توختامى 24 كە، ئومۇملاشتۇرۇلغان يېڭى تېخنىكا 22 تۈرگە يەتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونى ۋە ۋىلايەت تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان ھەر خىل تۈرلەر 71 گە يەتتى. ئورمانچىلىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى قاتارلىقلار بويىچە گوۋۇيۈەننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

**ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى:** 1986 - يىلى مۇقىم مۈلۈككە

سېلىنغان مەبلەغ 8 مىليون 535 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ 7 مىليون 190 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ 1 مىليون 330 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 2 مىليون 310 مىڭ يۈەن، غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مەبلەغ 6 مىليون 210 مىڭ يۈەن بولدى. پۈتتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 28 مىڭ 696 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي 4954 كۋادرات مېتىر، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن، يېڭىدىن ياسالغان شەھەر ئايلانما تاشيولى 10 كىلومېتىر، ئورنىتىلغان شەھەر ئىچى يول چىراقلىرى 286، ئورنىتىلغان ئىچىملىك سۇ تۇرۇبىسى 6.7 كىلومېتىر بولدى.

**خەلق تۇرمۇشى:** ھەر نوپۇسنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 371.65 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37.6% كۆپەيدى. نامراتلارغا يار-يۆلەكتە بولۇش قاتارلىق تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق 7315 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ئىشچىلىققا، كادىرلىققا قوبۇل قىلىنغانلار 406، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 575، يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلار 46.

(ياڭ يۈساڭ).

## كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىمكانقەدەر تېزلىكتە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش

يەكەن ناھىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ئىككى چىلگە» زىرائەتنى جۇغلاپ تېرىش ئارقىلىق، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى پەيدىنپەي قىسقارتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇردى. 1986-يىلى ناھىيە بويىچە 280 مىڭ مو كېۋەز تېرىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 217 مىڭ دەنگە، تاۋار نىسبىتى 87.6 پىرسەنتكە يېتىپ، مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 46 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئىقتىسادىي كىرىمى دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ 40.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، سېتىپ بېرىلگەن تاۋار پاختىنىڭ دەرىجىسى ۋە سۈپىتى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى. ھازىر پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش يەكەن ناھىيىسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، باي بولۇشتىكى مۇھىم يول بولۇپ قالدى.

يەكەن ناھىيىسىنىڭ كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاساسلىق تەجرىبىلىرى مۇنداق:

1. رەھبەرلىك ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىلدى. 1985-يىلى يەكەن ناھىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەلاسۈپەتلىك پاختا ئېكسپورت قىلىش بازىسى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋە ھاكىم ئۆزلىرى قوماندانلىق قىلىپ، ئالاقىدار كەسپىي تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملار قاتناشتۇرۇلغان ناھىيىلىك كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش سېتىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. يېزا (بازار)، كەنتلەردىمۇ ئا-

سىپ ھالدا كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش قوماندان-
لىق تەشكىلىي قۇرۇلدى ياكى كېۋەز ئىشلەپ-
چىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىشقا مەخسۇس ئا-
دەم بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر دەرىجە-
لىك رەھبەرلىكنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېنىق، ئىش-
لەپچىقىرىش تەدبىرلىرى مۇۋاپىق، تۈرلۈك
مۇلازىمەت ئىشلىرى ئەتراپلىق، مەسىلىلەر-
نىڭ ھەل قىلىنىشى ۋاقتىدا بولۇش ئاساسىي
جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كېۋەز ئىشلەپ-
چىقىرىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كا-
پالەتلىك قىلىندى.

2. ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى
قاتلاممۇ - قاتلام يولغا قويۇلدى. ناھىيە
بويىچە ناھىيە، يېزا (بازار)، كەنت ۋە ئا-
ئىلىدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك ھۆد-
دىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قو-
يۇلدى. ناھىيىلىك كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش
رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى پۈتۈن ناھىيىنىڭ كې-
ۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى ۋە
سېتىشنى ھۆددىگە ئالدى. رەھبەرلىك گۇ-
رۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ئىشلەپچىقىرىش را-
يونلىرى بويىچە ھۆددىگە ئالدى. يېزا (با-
زار)، كەنتلەردىكى ئالاقىدار رەھبىرىي كا-
دىرلار يېزا (بازار)، كەنتلەرنىڭ كېۋەز ئىش-
لەپچىقىرىشنى ھۆددىگە ئالدى ھەمدە بىۋاس-
تە دېھقانلار بىلەن كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش
توختامى تۈزدى. تېرىلغۇ تەييارلىقى،
يالتىراق يېپىش، ئۇرۇق سېلىش، ئېتىز -
ئېرىق پەرۋىشىدىن تارتىپ ھوسۇلنى يىغ-
ۋالغۇچى بولغان ھەر قايسى ھالقىلارغىچە كون-
كرېت كۆرسەتكۈچ بېكىتىلىپ، مەسئۇلىيەت
ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ھەر بىر
باسقۇچتا تەكشۈرۈش ۋە سېلىشتۇرۇپ - با-
ھالاش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئەھۋال ئۆز ۋاقتىدا
ئالماشتۇرۇلۇپ، ساقلانغان مەسىلىلەر ھەل
قىلىندى، مۇكاپات بىلەن جازا ئېنىق بو-
لۇپ، يىل ئاخىرىدا ئەمەللەشتۈرۈلدى.

3. ئەلا سۈپەتلىك سورتلار كېڭەيتىلىپ،
ئىلمىي ئۇسۇلدا كېۋەز تېرىش يولغا قويۇل-
دى. كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش-
تىكى ئاچقۇچ ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھ-
سۇلاتلىق سورتلارنى كېڭەيتىشتە، يەكەن نا-
ھىيىسى كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشتا، بىر تەرەپ-
تىن يالتىراق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنى-
كىسىنى كېڭەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن سۈپى-
تى ناچار، نۇقسانى بار سورتلارنى كېرەك-
سىز قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا ماس
كېلىدىغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 1 - نو-
مۇرلۇق كېۋەز ۋە چوڭ غوزىلىق كېۋەزنى كې-
ڭەيتىپ، سۈپەتلىك سورتلارنى تېرىشنى ئە-
مەلگە ئاشۇردى. ناھىيە بويىچە سېتىپ بې-
رىلگەن تاۋار كېۋەزنىڭ ئوتتۇرىچە تالا ئۇ-
زۇنلۇقى 28.44mm غا، بۇنىڭ ئىچىدە
29mm دىن يۇقىرى بولغان پەۋقۇلئاددە ئە-
لا سۈپەتلىك كېۋەز 177 مىڭ 245 دەنگە يې-
تىپ، كېۋەز سېتىۋالغۇچى ئورۇنلار ۋە ئىش-
لەپچىقارغۇچى زاۋۇتلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا
مۇيەسسەر بولدى.

4. مۇھىم نۇقتا تۇتۇلۇپ، ئومۇمىي دا-
ئىرىدە كاپالەتلىك قىلىندى. كېۋەز ئىش-
لەپچىقىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، ناھىيە،
يېزا (بازار)، كەنت ۋە ئائىلىدىن ئىبارەت
تۆت دەرىجىنىڭ ھەممىسى كېۋەز تېرىلغۇ ئو-
مۇمىي كۆلىمىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەي-
دىغان كۆزىتىش ۋە قوماندانلىق قىلىش تەج-
رىبە ئېتىزى تۇتتى. بۇ ئېتىزلارنىڭ مو بېشى
مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 130 جىڭ-
دىن يۇقىرى بولۇپ ھەم كۆزىتىش، قومان-
دانلىق قىلىش، تەجرىبە قىلىش رولىنى جا-
رى قىلدۇردى ھەم ئەلا سۈپەتلىك يۇقىرى
مەھسۇلاتلىق بولۇشتىن ئىبارەت تىرىشىش نە-

شالىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىدى.

5. مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىكى تېخنىكا تەدبىرلەر ياخشى تۇتۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، ناھىيە بويىچە كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇشتىكى تېخنىكا تەدبىرلىرى ۋە تەجرىبىلەر يەكۈنلەپ چىقىلدى. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: تېرىشنىڭ ئالدىدىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى بالدۇر ئىشلەش، ئوغۇت يېتەرلىك بولۇش، ئۇرۇقلۇق ياخشى بولۇش؛ يالتىراقنى ماشىنا بىلەن يېيىش، تۇپسىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئۇرۇق سېلىپ، مايسىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ مايسىنى مۇۋاپىق قالدۇرۇش، بەك كۆپ ياكى بەك ئاز قىلىۋەتمەسلىك؛ ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشىنى توختاتماي ئېلىپ بېرىش، تۈۋىنى بوشىتىپ بېرىپ، ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش؛ زىيانداش ھاشارات - قۇرۇتلارنى ۋاقتىدا يوقىتىش، ئۈزۈل - كېسىل چىكانكىلاش، سۇنى ۋاقتىدا قويۇش، بەك بالدۇر ياكى بەك كېچىكىپ قويماسلىق؛ قىراۋ چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېچىلغان پاختىنى ۋاقتىدا يىغىۋېلىپ، پاختا سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ كېۋەزنى دەرىجىگە ئايرىپ سېتىۋېلىش، دەرىجىگە ئايرىماي قارا قويۇق سېتىلىشتىن ساقلىنىش.

6. كېۋەز سېتىۋېلىش ۋە ئىش قوشۇش ئۆتكىلى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇلدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مۇنداق ئىككى ئىش تۇتۇلدى: بىرسى، دېھقانلاردا كېۋەزنى دەرىجىسى بويىچە يىغىۋېلىش، دەرىجىسى بويىچە ساقلاش، بىر قانچە قېتىمغا ئايرىپ سېتىپ بېرىشنىڭ پايدىسى تەشۋىق قىلىنىدى، ناھىيىلىك كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى، «كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشتىكى بەش ئايرىم بولۇش، ئۈچنى ئىزدەش» دېگەن كىتابچىدىن 100 مىڭ نۇسخا بېسىپ، دېھقانچىلىق قىلىدىغان ھەر بىر ئائىلىگە بىر نۇسخىدىن تارقىتىپ بەردى. بەش ئايرىم بولۇش: ئايرىم يىغىش، ئايرىم قۇرۇتۇش، ئايرىم ساقلاش، ئايرىم توشۇش، ئايرىم سېتىش؛ ئۈچنى ئىزدەش: يەرگە چۈشۈپ كەتكەن پاختىنى ئىزدەش، ئېچىلمىغان غوزىنىڭ ئىچىدىكى پاختىنى ئىزدەش، پاكىز تېيىلمىگەن پاختىنى ئىزدەش. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەنە «پاختا يىغىۋېلىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا ئېلان» چىقىرىپ، كەنت، ھويلا - ئاراملارغا كەڭ كۆلەمدە چاپلىدى. گېزىت، تېلېۋىزىيە، رادىئولاردا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ ھەممە ئائىلىلەرگىچە بىلدۈردى. ناھىيىلىك پاختا - كەندىر شىركىتى پاختىكارلار ئۈچۈن بىر تۇتاش 20 نەچچە مىڭدىن ئارتۇق پاختا يىغىش خالتىسى، 398 مىڭ 840 پاختا توشۇش خالتىسى تىكتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ پاختا يىغىش ۋە توشۇش جەريانىدىكى پاختا سۈپىتىنىڭ ساپ بولۇشىغا دەخلى يېتىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. يەنە بىرسى، كېۋەز سېتىۋېلىش كۈچىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، كېۋەز سېتىۋېلىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئۈچاستكا ۋە نۇقتىلار بويىچە قاچاندا ئەكەلسە، شۇ چاغدا سېتىۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كېۋەز سېتىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلدى. كېۋەز سېتىۋېلىش جەريانىدا يەنە دەرىجىسىنى، باھاسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، پاختىكارلارنىڭ مەنپەئەتى قوغداپ قېلىنىدى.

(شۈي ۋەنشىڭ).

# پوسكام ناھىيىسى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** پوسكام ناھىيىسى كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىگە، يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°52′ تىن 77°29′ قىچە، شىمالىي پاراللېل 37°57′ تىن 38°19′ قىچە بولغان ئارىلىقتا. ئومۇمىي يەر مەيدانى 923.68 كۋادىرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بازىرى ئۈرۈمچى شەھىرىگە 1706 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شەكلى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا پەسلەپ بارىدۇ، يېرى بىر قەدەر تۈز.

**كىلىماتى:** پوسكام ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغدىكى ئىنتايىن قۇرغاق تىپتىكى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك كىلىماتقا تەۋە. 1986-يىلدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.3°C، 1-ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -3.8°C، 7-ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.9°C، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -12.6°C، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 36.6°C بولدى. ھۆل-يېغىن مىقدارى 25.6 mm، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2070.3 mm بولدى. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2614.3 سائەت، قىراۋسىز مەزگىل 194 كۈن بولدى.

**مىللەتلەر ۋە نوپۇسى:** 1986-يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 123 مىڭ 132 نوپۇس بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كۋادىرات كىلومېتىرغا 133 ئادەم توغرا كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە 11 مىللەت بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 102 مىڭ 989 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 83.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ خەنزۇلار 16 مىڭ 846 بولۇپ، 13.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تاجىكلار 2885 بولۇپ، 2.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر 0.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يېزا نوپۇسى 93 مىڭ 147. شەھەر-بازار نوپۇسى 29 مىڭ 985.

**مەمۇرىي رايونلىرى:** پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىدە بىر رايون، 10 يېزا، تۆت دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانى، ئىككى بازار بار. ئۇلار: پوسكام، ژىما، گۈلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ، توغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆل يېزىلىرى ۋە بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پوسكام دېھقانچىلىق مەيدانى، سۇپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، ئورمانچىلىق مەيدانى، پوسكام كۆيباغ بازىرىدىن ئىبارەت. جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت بازىسى ۋە نېفىت-خىمىيە سانائىتى بويىچە ئۈچ زاۋۇت بۇ ناھىيە تەۋەسىدىكى كۆيباغ بازىرىغا جايلاشقان.

**ئاساسلىق بايلىقلىرى:**

ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 386 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 402 مىڭ مو. ئاساسلىقى يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدۇ. پوسكام ناھىيىسىدە 60-يىللاردىن باشلاپ ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ 13 سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. ئومۇمىي گېنېراتور سىغىمچانلىقى 5600 كىلوۋات كېلىدۇ. ناھىيە بويىچە مۇداپىئە ئورمانلىقى، يېقىلغۇ ئورمانلىقى، ماتېرىيال ئورمانلىقى ۋە تەبىئىي ئورمانلىق، قايتىدىن كۆكلەتكەن ئورمانلىق بولۇپ، جەمئىي 148 مىڭ مو ئورمانلىق بار، زېمىننىڭ دەل-دەرەخ بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 10.7% بولۇپ، ئاپتونوم

رايون تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى دەپ قارىدى. ئاساسلىق مېۋىلىرىدىن شاپتۇل، ئۈزۈم، ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك، ياڭاق، بادام، ئانار، چىلان قاتارلىقلار بار. يېڭىدىن ئەمىيا قىلىنغان باغ 10 مىڭ مو، ئومۇمىي باغ كۆلىمى 48 مىڭ 700 مو.

**ئىقتىسادىي:** 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 429 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ (1980 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمىگەن باھا بويىچە ھېسابلاندى) ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21% كۆپەيدى.

**يېزا ئىگىلىكى:** يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 522 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14.7% كۆپەيدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 163 مىليون جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.8% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي ئومۇمىي مەھسۇلاتى 90 مىليون 990 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.5% ئاشتى، يېزىلاردا ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 1750 جىڭ بولدى؛ كېۋەز ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 901 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.3 % ئاشتى؛ چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 192 مىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.3% كۆپەيدى؛ سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش كۆلىمى 8200 مو بولۇپ، 38 توننا بېلىق تۇتۇلدى. ناھىيە بويىچە ھەر خىل تۈردىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى 2265، ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغانلار 12 مىڭ 372. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلار ئۆزلىرى باشقۇرغان كارخانا 2049، ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغانلار 8063. ئومۇمىي كىرىمى 26 مىليون 45 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40.6% كۆپەيدى. پايدىسى 5 مىليون 285 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 2 مىليون 927 مىڭ يۈەن بولدى.

**سانائىتى:** ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 51 مىليون 906 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 52.4% كۆپەيدى. ئاساسلىق سانائەت كارخانىلىرى كۆمۈر، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، پاختا چىقىرىش، ئاشلىق، ياغ ۋە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش ۋە قۇراشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1986 ـ يىلى كۆمۈر مەھسۇلاتى 42 مىڭ 400 توننا، توك بېرىش مىقدارى 15 مىليون 740 مىڭ كىلوۋات سائەت، تارتىلغان ئۇن 9703 توننا، يېمەكلىك قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈك يېغى 666 توننا، پىششىق خىش 56 مىليون 100 مىڭ دانە بولدى. ئۇندىن باشقا يەنە 200 تېپلىك ياغ زاۋۇتى، يىلىغا 800 مىڭ خالتا توقۇيالايدىغان سۇلياۋ خالتا توقۇش زاۋۇتى ۋە يىلىغا 20 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرالايدىغان سېمونت زاۋۇتى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى.

**سودا، مالىيە:** ئىجتىمائىي تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي مىقدارى 25 مىليون 190 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي مىقدارى 4 مىليون 336 مىڭ يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 1736، بۇنىڭدا ئىشلەيدىغانلار 2903، بازاردىكى پۈتۈشۈلگەن سودا مىقدارى 10 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولدى. ئىجتىمائىي خەۋپسىزلەندۈرۈش ئىشلىرى تېزلىكتە تەرەققىي قىلدى. خەۋپسىزلەندۈرۈش تۈرلىرى كېڭىيىپ 14 كە يەتتى. مال ـ مۈلۈكنى

خەۋپسىزلەندۈرۈش ئومۇمىي مىقدارى 150 مىليون يۈەنگە يەتتى. مالىيە كىرىمى 3 مىليون 229 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20.6% كۆپەيدى. ئومۇمىي چىقىم 16 مىليون 709 مىڭ يۈەن بولدى. شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇق سوممىسى 16 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولدى.

**پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە:** ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر 59 غا، ئوقۇغۇچىلىرى 20 مىڭ 378 گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى 1219 غا يەتتى. ناھىيە بويىچە ھەر خىل پەن-تېخنىكا خادىملىرىدىن 282 كىشىگە ئۇنۋان بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 12، ياردەمچى ئىنژېنېر ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 83؛ ناھىيە بويىچە 13 يېزا (مەيدان) دا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى، 123 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب سانى 24 مىڭ 328 گە يەتتى. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى 165 مەيداندا ئويۇن قويدى؛ ناھىيە بويىچە كېسەل كارىۋىتى 372، ئائىلە كېسەل كارىۋىتى 1615، تېببىي خادىملار 315.

**خەلق تۇرمۇشى:** 1986-يىلى يېزىلاردا ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 483.6 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە 2128 تېلېۋىزور، 9200 رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، 18 مىڭ ۋېلىسىپىت، 6836 كىيىم تىكىش ماشىنىسى، 109 موتوتسىكلىت، دېھقانلار شەخسىي ئىشلىتىۋاتقان 28 ئاپتوموبىل، 524 تراكتور بار. (ۋاڭ فېڭشى).

## پوسكام ناھىيىسىدە پارتىيە ئىستىلى كۆرۈنەرلىك ھالدا رۇسلاندى

پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىدا بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىشنى پارتىيىلىك، پارتىيە ئىستىلى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىن باشلاپ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ «پارتىيە ئىستىلىدا تۈپتىن ياخشىلىنىش بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يىرىك پىلانى»نى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق. 1986-يىلى پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بەش قېتىملىق سېلىشتۇرۇپ باھالاش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 264 پارتىيە ياچېيكىسى ئىچىدە 229 ى پارتىيە ئىستىلى توغرىلانغان ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ياچېيكا سانىنىڭ 87 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، پىلاندىكى تەلەپ ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1986-يىلى 7-ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن پارتىيە ئىستىلى توغرىلانغان ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

بىز پارتىيە ئىستىلى بويىچە ياخشىلىنىشنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇردۇق؟

1. پارتكوم ئەھمىيەت بېرىش.

پارتىيە 12-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەش يىل ئىچىدە پارتىيە ئىستىلىدا تۈپتىن ياخشىلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم «پوسكام ناھىيىسىدە پارتىيە ئىستىلىدا تۈپتىن ياخشىلىنىش بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يىرىك پىلانى» نى ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقىپ،

پەش لەپەر ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتناشقان پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسىنى قۇردى. ئاساسىي قاتلام پارتكوم ۋە پارتىيە گۇرۇپپىلىرىدىمۇ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ھەر قايسى ياچېيكىلاردا پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش خىزمىتىنى تۇتۇشقا مەخسۇس ئادەم بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە مىقياسىدا پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش دولقۇنى تېزلىكتە قوزغىلىپ كەتتى. بىر يىللىق خىزمەت ئارقىلىق، پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇش، «يىرىك پىلان»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ناھىيىلىك پارتكوم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشقا دائىر بىر قاتار بەلگىلىمە ۋە تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇش بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۈزۈپ چىقتى. 1986 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى 10 قېتىم يىغىن چاقىرىپ، پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسىنى مەخسۇس مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلدى. ئاساسىي قاتلام پارتكوم، پارتىيە گۇرۇپپىلىرى ۋە پارتىيە ياچېيكىلىرىمۇ پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسىنى قەرەللىك ھالدا مۇھاكىمە قىلىپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن ناھىيە مىقياسىدا ھەممە قاتلامدا پارتىيە ئىستىلىنى تۇتىدىغان ئادەم بولۇش، ھەممە ئادەم پارتىيە ئىستىلىغا كۆڭۈل بۆلۈشتەك ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى.

2. پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇشنى رەھبەرلىكتىن باشلاش.

پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى رەھبەرلىكتە. شۇڭا ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئىتى ئالدى بىلەن ئايدا بىر قېتىم ئۆگىنىش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشقا دائىر ھۆججەتلەرنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگەندى، قارارلىق تۈردە، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى. ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش تەجرىبىلىرىنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇردى. تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتكومنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىكى پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى دائىم ئاڭلاپ، ئەھۋالنى تەھلىل قىلدى ھەمدە ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش يۈجىياپېڭ تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدا كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۇل قەرز ئېلىش، پۇل كەم چىقىش ئەھۋالىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى سېزىپ، دەرھال ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا تەكشۈرۈپ كۆرۈش ھەققىدە يوليورۇق بەردى ھەمدە كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قەرز ئالغان پۇللىرىنى ۋە كەم چىققان پۇللىرىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا ئۇختۇرۇش تارقاتتى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1985 - يىلغىچە، ناھىيە بويىچە 925 نەپەر كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئومۇمنىڭ پۇلىدىن ئالغان قەرزى جەمئىي 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، تەربىيە بېرىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ قەرز پۇللارنىڭ 90 پىرسەنتى يىغىۋېلىندى. ھاكىم يولداش سېلىم ھاشۇرمۇ پارتىيە ئىست-

ئىلىنى توغرىلاش خىزمىتىگە ناھايىتى كۆڭۈل بولدى. 1986 - يىلى ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى گۈلباغ يېزىسىدىكى يەتتە نەپەر كادىرنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىن كوللېكتىپقا كالا سېتىۋېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، خۇسۇسىي پايدا قوغلىشىپ دۆلەتتىن نەپ ئېلىۋېلىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغاندا، ئۇ شەخسەن ئۆزى ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۇلاردىن تولۇقلاپ ئېلىشقا تېگىشلىك 7250 يۈەننى يىغىپ تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بەردى.

3. پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشنى ئۆزىدىن باشلاش.

ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ئۆزلىرى باشلامچى بولغان ھالدا پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم ئالدى بىلەن بەش چوڭ رەھبەرلىك بەنزىدىكى مەسئۇل يولداشلارنى مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش ئاڭلىقلىقىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. 1986 - يىلىنىڭ بېشىدا، ناھىيە بويىچە 42 كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئۆي سېلىشتا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆلچەمدىن 38 مو يەرنى ئارتۇق ئىگىلىۋالغانلىقى ئېنىقلاندى. ھاكىم يولداش سېلىم ماخسۇر ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلاردىكى يولداشلارنى ئاجرىتىپ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بىز يەنە كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي ئۆي سېلىش شەرتى ۋە ئۆلچىمى توغرىسىدا مەخسۇس مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ھەم شەخسىي ئۆي سېلىشتىكى قىڭغىر شامالنى توسۇپ قالدۇق، ھەم كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نورمال ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدۇق. بىزنىڭ بۇ ئۇسۇلىمىزغا كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى

ناھىيىمىزدە يەنە ئىدىيىۋى ئىستىلىنى توغرىلاپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى تۇتۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، پۈتۈن ناھىيىنىڭ خىزمىتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1986 - يىلى 9 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ئىككى كۈنلۈك دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى ئاڭلىق تۈردە قانات يايدۇرۇپ، بەش چوڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى تېخىمۇ پۇختا تۈردە ياخشىلىدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ بېشىدا، بەش چوڭ رەھبەرلىك بەنزە 13 نەپەر پارتىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتناشقان 32 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلدى، نەتىجىدە ئىش بېجىردى، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەر ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىندى.

4. پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشنى تەربىيىلەشتىن باشلاش.

پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشتىكى ئەڭ تۈپ خىزمەت، كۆپ خىل شەكىلدىكى مول مەزمۇنلۇق تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت. بىر قانچە يىلدىن بۇيان ناھىيىمىزدە جەمئىي 114 قارار پارتىيە ئەزالىرى ئۆگىنىش كۇرسى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەن-

گەن پارتىيە ئەزاسى 15 مىڭ 480 ئادەم قېتىمغا يەتتى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى «مىزان» ۋە پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشقا ئائىت ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل، سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ كۆپچىلىكنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلدى. پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسىدىكى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، بىز «تۆت بولۇش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، غايە ۋە ئىنتىزام مەخسۇس مەزمۇن قىلىنغان 36 پارچە ماتېرىيال تۈزۈپ چىقىپ، 37 ئورۇندىكى پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ كۆپچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتۇق. بىز يەنە پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى، «تۆت بولۇش» تەربىيىسى ۋە قانۇن تۈزۈم تەربىيىسىنى ئۆز ئارا زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردۇق. سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئىلغار تىپلارنى تەقدىرلەش بويىچە چوڭ داغدۇغا پەيدا قىلىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردۇق. بىز يەنە بەزى تىپىك سەلبىي دەرسلىكلەرنى تاللاپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. مەسىلەن: ئىككىنچى يېزىسىدىكى تراكتور پونكىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى قۇربان كەنجى باشقىلار بىلەن شېرىكلىشىپ 16 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇلغا خىيانەت قىلىپ، قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلگەنىدى. بىز بۇ دېلونى ھەر قايسى ئورۇنلارغىچە تارقىتىپ، كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردۇق ھەمدە رادىئودا ئاڭلاتتۇق. مانا مۇشۇنداق ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىگە ئىگە قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىپ، بۇ خىل قىلمىشلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچى ئاشتى.

5. ناتوغرا ئىستىللارنى بىخ ھالىتىدىن باشلاپ تۈزىتىش.

ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشتە مەسىلىنى بىخ ھالىتىدىلا ھەل قىلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. 1986-يىلى باھار بايرىمىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە ناھىيىمىزدە كىچىك ئىشلاردىن پەيدا بولغان جېدەل قىلىپ ئۇرۇشۇش ھادىسىلىرى ئارقىمۇ-ئارقىدىن يۈز بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى. ئىشنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ناھىيىدىن جېدەلگە قاتناشقان ئالتە نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى ۋە بىر نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا خىزمەتتىن قوغلاپ قالدۇرۇپ ئىشلىتىش، چوڭ گۇنا بېرىش، رەسمىيلەشتۈرۈش مۇددىتىنى كېچىكتۈرۈش ۋە نەسىھەت بىلەن ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈش چارىلىرىنى كۆرۈپ، بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى ناھىيە بويىچە 3000 ئادەم قاتناشقان ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش بويىچە سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنىدا ئېلان قىلدى ھەمدە بۇندىن كېيىن جېدەل قىلىپ ئۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئېلان قىلدى. يىغىندىن كېيىن ھەر قايسى ئورۇنلاردا كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش بويىچە بىر قېتىملىق چوڭقۇر تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ناھىيىلىك ئاپتوموبىل

رېمونت قىلىش – قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىنىڭ بىر نەپەر ياش ئىشچىسى باشقا بىرسى بىلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ناھىيىدىن چىقىرىلغان بەلگىلىمىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، ئۇزاتقان قولىنى يادۇرۇۋېلىپ: «ئۇرۇشساق جازالىنىمىز، ئۇرۇشمايلى قويايلى!» – دېدى. تەربىيە ئارقىلىق، ناھىيىمىزنىڭ جەمئىيەت كەيپىياتىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى.

6. پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشنى ئۆزىمىزدىن باشلاپ تۇتۇش.

پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشتا ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇشقا بولىدىغان بىر يۈرۈش قائىدە – تۈزۈملەر بولۇشى كېرەك. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ «پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش بويىچە تەكشۈرۈش ۋە سېلىشتۇرۇپ، باھالاشنىڭ توققۇز ماددىلىق ئۆلچىمى»، «مەركىزىي كومىتېت ئىشخانىسىنىڭ (1985) 57– نومۇرلۇق ھۆججىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ناتوغرا ئىستىللارنى ئۈزۈل – كېسىل تۈزۈتۈش توغرىسىدىكى سەككىز ماددىلىق بەلگىلىمە»، «مىزان» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى «يەتتە ماددىلىق بەلگىلىمە»، «جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنىڭ ئاساسلىق بەلگىلىرى»، شۇنىڭدەك دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمى، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقتى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشتىن ئىبارەت مەركىزىي خىزمەتنى چۆرىدىگەن ھالدا، بەزى قائىدە – تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئورناتتى، «شەھەردە چىڭ تۇتۇش، يېزىلاردا تۇتالماسلىق» بىر تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىپ، يەنە بىر تەرەپكە سەل قاراش ھادىسىلىرىنى تۈگىتىپ، ناھىيىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش خىزمىتىنى تۈزۈملىشىش، دائىملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، پارتىيە ئىستىلىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ناھىيىمىزنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇش قەدىمى تېزلەشتى. 1986– يىلى، ناھىيىمىز قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۈنجى بولۇپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە»، دېگەن نامغا ئېرىشىپ، ۋىلايەت تەرىپىدىن «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش بويىچە ئىلغار ناھىيە» دەپ باھالاندى ھەمدە ئۇدا ئىككى يىل ۋىلايەت تەرىپىدىن «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئىلغار ناھىيە» دەپ باھالاندى. ھازىر ناھىيىمىز تېخىمۇ تىنچ، ئىتتىپاق بولدى، خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلاندى، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

(پوسكام ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى).

## قاغىلىق ناھىيىسى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** قاغىلىق ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 35°28′ تىن 38°34′ قىچە، شەرقىي

مېرىدىئان 76°08′ دىن 78°30′ غىچە بولغان ئارىلىقتا. ئۈرۈمچى شەھىرىگە 1260 كىلومېتىر، قەشقەر شەھىرىگە 264 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمال تەرىپى مەكىت ناھىيىسىگە، شەرق تەرىپى گۇما ناھىيىسىگە، غەربىي شىمال تەرىپى پوسكام، يەكەن ناھىيىلىرىگە تۇتىشىدۇ، غەربىي جەنۇب تەرىپى يەكەن ناھىيىسى ۋە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇب تەرىپى دۆلەت چېگراسى سىزىقىغىچە سوزۇلىدۇ. جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن جايى 326 كىلومېتىر، شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئەڭ كەڭ جايى 120 كىلومېتىر كېلىدۇ، يېڭى ئاي شەكلىنى سەل - پەل ھاسىل قىلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 28 مىڭ 266.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

بۇ ناھىيىنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ بولۇپ، تاغلىق جاي، تاغ ئارىسىدىكى ئورمانلىق، تۈزلەڭلىك ۋە قۇملۇق قاتارلىق كۆپ خىل يەر قىياپىتىگە ئىگە، تاغلىق جايلار 76 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. يەر شەكلى جەھەتتە جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغىچە تۆت خىل يەر قىياپىتى بۆلىمىگە بۆلۈنىدۇ: جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېگىز تاغلىق رايونلار دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ، ئەڭ ئېگىز جاي (تىراككەنلى چوققىسى) دېڭىز يۈزىدىن 7464 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە تاغلار ھەيۋەتلىك ھەم تىك، يەر شەكلىنىڭ بۆلۈنۈشى پارە - پارە، جىلغىلار بىر قەدەر چوڭقۇر بولۇپ، قەدىمكى موزلۇقلارنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ۋە توڭلارنىڭ يېمىرىلىش تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، بۇرجەك چوققىلار ۋە بېلىق دۈمبىسىمان، ھەرەچىشىسىمان تاغ دۈمبىلىرى كۆپ شەكىللەنگەن. بۇ جايلار شىخشۇ يېزىسىنىڭ ھەممە قىسمىنى ۋە چىمپان يېزىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئوتتۇرا تاغلىق رايونلار كۆكيار يېزىسى ۋە پوسكا چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ھەممە قىسمىنى، چىمپان يېزىسى ۋە ئۆششارباش يېزىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كۆپىنچە تىك قىيا تىزمىلىرىدىن تەشكىل تاپقان. دېڭىز يۈزىدىن 3500~2000 مېتىر كېلىدۇ. تاغ شەكلىنىڭ ئۆرلىشى، پەسىيىشى بىر قەدەر چوڭ، ئادەتتە ناھايىتى قېلىن توپا قاتلىمى بار. تىزناپ دەرياسى بىلەن چىمپان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ۋە ئاقچىغ دەرياسى تەرەپلەردە پارچە - پۇرات ۋە ياپيا ھالدا شەمشاد ئاساس قىلىنغان. كۆئېنلۇن ئارچىسىمۇ ئارىلاشقان 300 مىڭ مولۇق تەبىئىي ئورمان بار. شىمالىي قىسمىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىنىما رايونلار: ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى 15 يېزا - بازارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەرلەر تىنىما تۈزلەڭلىك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2000~1200 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي شىمال قىسمىدىكى قۇملۇق رايونلار: بوستانلىقلار گىرۋىكىدىكى قارا باسما، چاچقۇم، قارا قۇدۇق، ئاقتاش قاتارلىق يېڭى بوز يەر رايونلىرىنى ۋە ئۇنى ئوراپ تۇرغان كەڭ قۇملۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر شەكلى پەس، تۈز، قۇم دۆڭلىرى ئۆرلەپ، پەسىيىپ تۇرىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىرچە كېلىدۇ.

**كىلىماتى:** مۆتىدىل بەلباغ، چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرلىك كىلىماتقا تەۋە. تىك پەرقى چوڭ بولۇپ، شىمالىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئوتتۇرا تاغلىق، جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېگىز تاغلىق، مازار دالانىڭ جەنۇبىدىن ئىبارەت تۆت كىلىمات رايونىغا بۆلۈنىدۇ. شىمالىي قىس-

ىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ كىلىمات ئالاھىدىلىكى مۇنداق: قۇرغاق، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، تېمپېراتۇرىسى نورمال، كۈن نۇرى ۋە ئىسسىقلىق مىقدارى تولۇق. 1986- يىلدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.4°C، 7- ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.3°C، 1- ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 3.8°C-، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 12.4°C-، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 36.4°C، 0°C ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4435.1°C، 10°C ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4010.3°C، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى 267 كۈن بولدى. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 14.8mm بولۇپ، يىللاردىكى ئوتتۇرىچە ساندىن 72% ئازايدى. 5- ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قېتىم يەتتە بال بوران چىقتى.

**مەھەللىلەر ۋە نوپۇسى:** ناھىيە بويىچە 67 مىڭ 703 ئائىلە، 279 مىڭ 331 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار نوپۇسىدىكىلەر 10 مىڭ 811 ئائىلە، 56 مىڭ 222 نوپۇس. ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە، ئۇيغۇرلار 258 مىڭ 265، خەنزۇلار 17 مىڭ 456، تاجىكلار 1508، قىرغىزلار 749، ئۆزبېكلەر 742. خۇيزۇلار 557، قازاقلار يەتتە، مانجۇلار ئىككى، باشقا مىللەتتىن بولغانلار 40. نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 17.27‰، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلارنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 7.3‰ بولدى.

**مەمۇرىي رايونلىرى:** ناھىيە تەۋەسىدە 17 يېزا بار. ئۇلار: لۇق، بەشئېرىق، تېتىر، تۆگمىچى: چاسامەسچىت، چاڭگىلەسكى ، جايتېرەك، بارىن، غوجىئېرىق، شاخاپ، يىلقىچى، سايباغ، يېتىملىقۇم، زوڭلاڭ، كۆكيار، شىخشۇ، چىمپان يېزىلىرىدىن ئىبارەت. ئۈچ بازار بار، ئۇلار: قاغىلىق، چارباغ، ئۈششار باش بازىرىدىن ئىبارەت. ناھىيە تەۋەسىدە 300 كەنت كومىتېتى، 1246 كەنت ئائىلە گۇرۇپپىسى، 17 ئائىلە كومىتېت، 79 ئائىلە گۇرۇپپىسى بار.

**ئاساسلىق بايلىقلىرى:**

**يەر بايلىقى:** ئومۇمىي يەر مەيدانى 28 مىڭ 266.3 كۋادرات كىلومېتىر، موغا سۇندۇرغاندا 42 مىليون 399 مىڭ 500 مو. بۇنىڭ ئىچىدە بوستانلىق 1 مىليون 554 مىڭ 500 مو بولۇپ، 3.72 پىرسەنتىنى؛ تاغلىق جاي 32 مىليون 411 مىڭ 200 مو بولۇپ، 76.39 پىرسەنتىنى؛ قۇملۇق 8 مىليون 433 مىڭ 800 مو بولۇپ، 19.89 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

**سۇ بايلىقى:** 1986- يىلى دەريالارنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 603 مىليون كۇب مېتىر بولدى.

«1- ئىيول ئۆستەڭگى» ئارقىلىق يەكەن دەرياسىدىن 220 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلاپ كېلىندى. ئالتە سۇ ئامبىرىدا 140 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلاندى. يەر ئاستى سۈيى زاپىسى 200 مىليون كۇب مېتىر، ئېلىشقا بولىدىغىنى 100 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ

**كان بايلىقى:** كان بايلىقلىرىدىن چېنىقتۇرۇلغانلىرى: نېفىت، كۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇن، قاشتېشى، قاراتاش، خرۇستال، مەرمەر تاش، ئىسلاندىيە شپاتى، بېرىللى، كالتسىي، كەربىنىي تاش، تالىك، يېغىررەڭ سىلىيودا، چىردىمتال تاشپاختا، گەج، تاش تۇز قاتارلىق 20 خىلدىن ئاشىدۇ.

**ئىقتىسادى:** 1986- يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 187 مىليون 329 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19.1% كۆپەيدى.

**يېزا ئىگىلىكى:** 1986- يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 102 مىل-

بيون 805 مىڭ يۈەن، سانائەت، يېزا ئىگە-
لىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگى-
لىگەن نىسبىتى 74.73% بولۇپ، ئالدىنقى
يىلدىكىدىن 10.25% كۆپەيدى. دېھقانچىلىق
ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 84 مىليون 323
مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات
قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 82.02 پىر-
سەنت بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.57% كۆ-
پەيدى. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 280 مىل-
يون جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن
13.2% ئاشتى كېۋەز ئومۇمىي مەھسۇلاتى
147 مىڭ 800 دەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدى-
كىدىن 5.6% ئازايدى. ياغلىقدان ئومۇمىي
مەھسۇلاتى 5 مىليون 12 مىڭ 800 جىڭ
بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.5% ئاشتى.
1986-يىلى يېڭىدىن 2900 مو باغ ئەھيا
قىلىندى، 200 مىڭ تۈپ ئانار
كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى. يىل
ئاخىرىدا ئەمەلىي بار باغ 27 مىڭ موغا يەت-
تى. مېۋە بەرگەن كۆلەم 23 مىڭ مو بولۇپ،
ئومۇمىي مەھسۇلاتى 9074 تونىغا يەتتى.
يېڭىدىن ئەھيا قىلىنغان ئۈجمىزارلىقتىكى
ئۈجمە كۆچىتى 1 مىليون تۈپكە، ئولانغىنى
100 مىڭ تۈپكە، بېقىلغان پىلە 2050 قۇتىغا
يەتتى، پىلە غوزىسى مەھسۇلاتى 19 تونىغا
يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26.6% ئاشتى.
ئورمانچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى
5 مىليون 36 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي
مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىس-
بىتى 4.9% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن
11.69% ئازايدى. 1986-يىلى 16 مىڭ مو
ئورمان ئەھيا قىلىندى. سۈنئىي ئۇسۇلدا
ئەھيا قىلىنغان ئورمان جەمئىي 137 مىڭ مو-
غا، دەل - دەرەخ 57 مىليون 470 مىڭ تۈپ-
كە يېتىپ، ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن
225 تۈپتىن توغرا كەلدى. ناھىيە بويىچە
بوستانلىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 17.8 پىر-
سەنتكە، ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تور-
لاشتۇرۇش بەلبېغى ۋە سۇغۇرۇش ئېرىقلىرىدىكى
ئورمانلارنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 62 پىرسەنت-
كە يېتىپ، ۋىلايەتنىڭ تەكشۈرۈۋېلىشى ئارقى-
لىق، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش مۇددەت-
تىن بىر يىل بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.
چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى
11 مىليون 884 مىڭ يۈەنگە، يېزا ئىگىلىك
ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگىلى-
گەن نىسبىتى 11.56 پىرسەنتكە يېتىپ، ئال-
دىنقى يىلدىكىدىن 27.19% كۆپەيدى،
چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 656 مىليون 500
بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2% كۆپەيدى،
چارۋىنىڭ قوتاندىن چىقىش نىسبىتى 142
مىڭ بولدى. چارۋا پادىلىرى ئىچىدە تۇغۇش
يېشىدىكى چارۋىلارنىڭ سانى 300 مىڭ
غا يەتتى. قوشۇمچە كەسىپنىڭ ئومۇمىي مەھ-
سۇلات قىممىتى 1 مىليون 539 مىڭ يۈەن بولۇپ،
ئالدىنقى يىلدىكىدىن 58.99% كۆپەيدى. بې-
لىقچىلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 19
مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن
42.5% ئازايدى، بېلىق تۇتۇش مىقدارى
22.4 توننىغا يەتتى، يېزا-بازار كارخانىلىرى-
نىڭ ئومۇمىي كىرىمى 19 مىليون 279 مىڭ يۈەن،
يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى ئىچىدە ئىگە-
لىگەن نىسبىتى 19% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدى-
كىدىن 60.6% كۆپەيدى. ئورۇنلانغان باج
پايدا مىقدارى 3 مىليون 165 مىڭ يۈەن
بولدى. يېڭىدىن 695 كارخانا قۇرۇلۇپ يۇڭ
پوپايكا، مەرمەر تاش، مىخ، شام، خۇرۇم چا-
پان، كۆن-خۇرۇم قاتارلىق 18 خىل بۇيۇم كۆپەي-
تىلدى. يىل ئاخىرىدىكى ناھىيە بويىچە
جەمئىي كارخانا سانى 1960 قا، ئۇنىڭدا
ئىشلەيدىغانلار 8552 گە يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە
مۇقىم مۈلۈكى 200 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان

تايانچ كارخانىلار 79 بولۇپ، مەھسۇلاتى ئىچكى ئۆلكىلەردە ۋە شىنجاڭنىڭ ئالىي ۋىلايەتىدە سېتىلىدى.

1986-يىلى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 631گە، ئات كۈچى 29مىڭ 700گە يەتتى. كىچىك تىپتىكى تراكتور 314كە، ئات كۈچى 4300گە يەتتى، دېھقانچىلىق ماتورى ۋە ئېلېكتر ماتورى 755كە، ئات كۈچى 13مىڭ 600گە يەتتى. سۇ تارتىش ۋە سۇغۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى 69غا، ئات كۈچى 1900غا يەتتى. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 103كە، تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى 796 گە يەتتى. تراكتور بىلەن ھەيدەلگەن كۆلەم 271مىڭ موغا، تراكتور بىلەن تېرىلغان كۆلەم 207 مىڭ موغا يەتتى.

1986- يىلى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 982 مىڭ 500 يۈەن، سەرپ قىلىنغان ئەمگەك 497مىڭ 300 ئىش كۈنى بولدى. ئوق ئېرىق، دېھقانچىلىق ئېرىقلىرى دەرىجىلىك ئۆلچەملەشكەن سۇ ئايرىش توغىنىدىن 61 سى، غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ دەرىجىلىك چوڭ تىپتىكى توغىنىدىن ئىككىسى، سۇغۇرۇش ئېرىقلىرىدىكى سېمونت تاختا يېلىق توغىنىدىن 224 ى، قاتناش كۆۋرۈكىدىن 72سى يېڭىدىن ياسالدى، ئۆلچەملەشكەن سۇغۇرۇش رايونى 20 مىڭ موغا يەتتى.

**سانائەت:** 1986-يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 34 مىليون 763 مىڭ يۈەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 25.27% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26.87% كۆپەيدى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلاردىن كۆمۈر 1380 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 65.5% ئازايدى؛ توك تارقىتىش مىقدارى 5 مىليون 340 مىڭ كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 43.6% ئازايدى؛ سېمونت 1200 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 60.5% ئازايدى؛ ئۆسۈملۈك يېغى 1589 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.1% كۆپەيدى؛ ئۇن 12 مىڭ 422 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.74% ئازايدى. پىنتوزا، ماش ئۇنى 81 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 52.6% كۆپەيدى. سانائەتتىن ئالغان پايدىسى 947 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.5% كۆپەيدى.

**سودا:** ناھىيە بويىچە 15 يېزا (بازار) تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، 337 پارچە سېتىش دۇكىنى، 1274 يەككە تىجارەت دۇكىنى بار. ناھىيە بازىرىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىدىن 11 سى بار. يېزىلاردا يېزا بازىرىدىن ئالتىسى بار. 1986-يىلى سودا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليون 933 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 13.3 پىرسەنتكە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.3% كۆپەيدى. سودىدىكى سېتىۋېلىش ئومۇمىي مىقدارى 59 مىليون 565 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.5% ئازايدى، سېتىش ئومۇمىي مىقدارى 74 مىليون 333 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.4% ئازايدى. سودىنىڭ پايدىسى 3 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 49.9% كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازارلىرى داۋاملىق ئاۋاتلاشتى، بازارغا سېلىنغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى 487 خىلغا، بازاردىكى پۈتۈشۈلگەن سودا مىقدارى 18 مىليون 699 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**بىناكارلىق:** 1986 ـ يىلى بىناكارلىق كەسپى بويىچە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 356 مىڭ يۈەنگە، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 6 پىرسەنتكە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.1% كۆپەيدى.

**قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف:** 1986 ـ يىلى ترانسپورت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 475 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 3.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يېزىلاردا 818 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاددىي تاشيول بولۇپ، بۇنىڭدىن 21 كىلومېتىر قىسمىغا 1986 ـ يىلى ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. تاشيوللار 18 يېزا ـ بازارنى ۋە 293 كەنتنى تۇتاشتۇرىدۇ، ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئورۇنلىغان يۈك توشۇش مىقدارى 2850.7 توننا، يولۇچىلارنى توشۇش مىقدارى 2464 ئادەم بولدى. 13 يېزا ـ بازاردا پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتى بار، پوچتا يولى يېزا ـ بازار، كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تېلېگرامما، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۆلكە، شەھەرلىرىگىچە ئۇلىنىدۇ. ناھىيە ئىچىدىكى تېلېفون يېزا ـ بازارلارغا ۋە كەنتلەرگە ئۇلىنىدۇ.

**مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە:** 1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 22 گە، باشلانغۇچ مەكتەپ 118 گە، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 41 مىڭ 382 گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 22 مىڭ 45 گە يەتتى، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 96% بولدى. ناھىيە بويىچە ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن ئىككىسى، يېزا ـ بازار دوختۇرخانىسىدىن 20 سى، 318 كېسەل كارىۋىتى، 332 تېببىي خادىم بار. قېرىلار ساناتورىيىسىدىن سەككىزى بولۇپ، بېقىلىۋاتقانلار 139 غا يەتتى. ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئېگىز بوشلۇقتا سىمدا مېڭىش، توپ خىللىرى، يېنىك ئاتلېتىكا، شاھمات قاتارلىق 14 تۈر بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، بىر كۇتۇپخانا، بىر سەنئەت ئۆمىكى بار. يېزا ـ بازارلاردا 19 مەدەنىيەت ئۆيى، ئۈچ كىنوخانا، 39 كىنو قويۇش ئەترىتى بار. كۇتۇپخانىدا 37 مىڭ پارچە كىتاب بار. 1986 ـ يىلى كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغانلار 7000 ئادەم قېتىمغا، ئارىيەت ئېلىنغان كىتاب 130 مىڭ پارچىغا يەتتى. سەنئەت ئۆمىكى 206 مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى، تاماشىبىنلار 187 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. كىنوخانا (ئەترەت) لەردە 9553 مەيدان كىنو قويۇلدى، تاماشىبىنلار 6 مىليون 400 ئادەم قېتىمغا يەتتى. شىنخۇا كىتابخانىسىدا 642 مىڭ پارچە كىتاب سېتىلدى.

**خەلق تۇرمۇشى:** 1986 ـ يىلى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 366 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 45.6% كۆپەيدى، 1243 قىيىنچىلىقى بار ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1392.60 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.3% كۆپەيدى؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1136.50 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 55.6% كۆپەيدى؛ بانكىدا ئامانەت قويۇلغان پۇل 35 مىليون 754 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇلى 128 يۈەنگە يەتتى.

(سۈن شۇبىن).

# قاغىلىق ناھىيىسى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇردى

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، كىلىماتى مۆتىدىل، دەل - دەرەخلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى، ئۆسۈشى تېز، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئېتىز، ئېرىقلارنى كۆكەرتىپ باغ ۋارانلاشتۇرۇش جەھەتتە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. 1981 - يىلى يېزىلاردا ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بويىچە «ئۈچنى بەلگىلەش (ئورمان ھوقۇقىنى بەلگىلەش، ئۆزى ئەھيا قىلىدىغان ئورمان يېرىنى بەلگىلەش، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بەلگىلەش) يولغا قويۇلۇپ، ئورمان ھوقۇقى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، دېھقانلارنىڭ قالدۇرۇق ئورمان يېرى كۆرسىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن تۆت ئەتراپقا ئورمان قويۇش، كەڭ كۆلەمدە مۇداپىئە ئورمانلىقى ئەھيا قىلىش بويىچە يېڭى ۋەزىيەت تېزلىكتە يارىتىلدى. 1984 - يىلى دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر تەڭ ئاتلىنىش ھەمدە شەخسلەرنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت ئورمان ئەھيا قىلىش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئورمان ئەھيا قىلىشقا باپ كېلىدىغان ۋە كۆچەت تىكىش شارائىتى بولغان دەريا ساھىلى، جاڭگال ۋە سايلىقلار دېھقانلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئايرىپ بېرىلدى ھەمدە قەرز پۇل، كۆچەت، تېخنىكا جەھەتلەردىن كەسپىي ئائىلىلەرگە مەدەت بېرىلىپ، ئېچىش خاراكتېرلىك ئورمان ئەھيا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلدى، ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى ئىشلەپچىقىرىشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىدى، ھەرىكىتىدە پىلان بولدى، تىرىشىش نىشانى بولدى، كەيپىياتى يۇقىرى، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. مەسىلەن: بەشئېرىق يېزىسىدىكى ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى بارات ئېيسا 1985 - يىلى ئەتىيازدا ئون مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكتى. 1986 - يىلى سىياسەت يەنىمۇ كەڭ قويۇۋېتىلىپ، كىچىك ئورمانلار باھاغا سۇندۇرۇلۇپ دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلدى، ماتېرىيال ئورمانلىرى نىسبەت بويىچە دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىلدى، ناھىيە بويىچە 15 مىليون 360 مىڭ تۈپ دەرەخ (بۇ ئومۇمىي دەرەخ سانىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ) باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىپ، يەر كىمگە تەئەللۇق بولسا، دەرەخمۇ شۇنىڭغا تەئەللۇق بولدى، ئائىلىلەر ئۆز ئالدىغا كۆچەت تىكىپ، كىم قويسا شۇ ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئورمان قانۇنى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دەل - دەرەخلەرنى كەلسە - كەلمەس كېسىش قىڭغىر شامىلى توسۇپ قېلىنىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە ئىشقا سېلىندى. شۇ يىللىق ئورمان ئەھيا قىلىش كۆلىمى 16 مىڭ موغا، ئورمان سانى 6 مىليون 210 مىڭ تۈپكە يەتتى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە سۈنئىي ئورمان 136 مىڭ 700 موغا، بوستانلىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 17.8 پىرسەنتكە يەتتى. ئېتىز - ئېرىق مۇداپىئە ئورمانلىق كۆلىمى 76 مىڭ 600 موغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە

تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 11.69 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، يېقىلغۇ ئورمانلىقى 17 مىڭ 900 موغا، ئىقتىسادىي ئورمانلىق 38 مىڭ 700 موغا، جەمئىي ئورمان 57 مىليون 470 مىڭ تۈپكە يېتىپ، بىر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 225 تۈپتىن توغرا كەلدى، ئورمانلىقنىڭ ساقلىنىش نىسبىتى 95% بولدى. ناھىيە بويىچە 4052 پارچە سالا ئېتىز ئىچىدە 3824 پارچە سالا ئېتىز ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلۇپ، سالا ئېتىز ئومۇمىي سانىنىڭ 96 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سالا ئېتىز ئىچىدىكى سۇغۇرۇش ئېرىقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4651 كىلومېتىر بولۇپ، 88 پىرسەنتكە يەنى 4115 كىلومېتىر قىسمىغا ئورمان قويۇلۇپ بولدى. ناھىيە بويىچە 308 كەنتتىن 287 كەنتتە ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ 93 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1986 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ۋىلايەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

(گو شاۋ چىڭ).

## مەكىت ناھىيىسى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** مەكىت ناھىيىسى كۆتېنلۈن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي ـ جەنۇب گىرۋىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°22′ دىن 79°12′ غىچە، شىمالىي پاراللېل 38°23′ دىن 39°36′ غىچە بولغان ئارىلىقتا. ئومۇمىي يەر مەيدانى 9996.3 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، ناھىيە بازىرى ئۈرۈمچى شەھىرىگە 1671 كىلومېتىر كېلىدۇ. مەكىت ناھىيىسى يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ يەلپۈگۈچسىمان تىنما بوستانلىقىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، يەر شەكلى تەكشى، غەربىي ـ جەنۇبتىن شەرقىي ـ شىمالغا پەسلەپ بارىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 1195～1155 مېتىر كېلىدۇ، يانتۇلۇقىنىڭ پەسىيىشى بىر قەدەر تۈز. قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىگە يېقىن جايلاردا، يەر شەكلىنىڭ ئۆرلىشى ـ پەسىيىشى تەكشى ئەمەس، بىنام يەر، قۇم دۆڭلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن، قومۇشلۇق جاڭگاللار، زەي سۇ يىغىلىپ قالغان ئۆرەكلەر ناھايىتى كۆپ، يەر شەكلى بىر قەدەر مۇرەككەپ. سۇ سىستېمىسى ئاساسلىقى تىزناپ دەرياسى سۇ سىستېمىسى ۋە يەكەن دەرياسى سۇ سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 800 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ.

**كىلىماتى:** مەكىت ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى تىپىك چۆل قۇرغاقلىق خاراكتېرلىك قۇرغاق كىلىماتقا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.8℃، 1 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا −6.1℃، 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.4℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 42.1℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا −22.4℃. يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 6.9～8.7mm، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2349mm. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2806.3 سائەت، قىراۋسىز مەزگىلى 217 كۈن.

**ئاھالىلەر ۋە نوپۇسى:** 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 148 مىڭ 260 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا

ئىگىلىك نوپۇسى 120 مىڭ 370، شەھەر-بازار نوپۇسى 27 مىڭ 890، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 3‰ بولدى. ناھىيە تەۋەسىدە 13 مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 126 مىڭ 727 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 84.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. خەنزۇلار 21 مىڭ 964 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 14.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، باشقا مىللەتلەر 0.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

**مەمۇرىي رايونلىرى:** مەكىت ناھىيىسى تەۋەسىدە سەككىز يېزا، بىر بازار بار. ئۇلار: بازار جەمى، يېڭىئاۋات، يانتاق، تۇمەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇمقسار، ھاڭگىتلىق يېزىلىرى ۋە مەكىت بازىرىدىن ئىبارەت. تۆت دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەيدانى بار، ئۇلار: 1-ماي ئورمانچىلىق مەيدانى، توغراق ئورمانچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت.

**ئىقتىسادىي:** 1986-يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 395 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.47% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 741 مىڭ 100 يۈەن بولدى.

مەكىت ناھىيىسى دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، ئاشلىق ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىنىدۇ، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېۋەز تېرىش بازىلىرىدىن بىرى. 1986-يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 133 مىليون 720 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.8% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي مەھسۇلاتى 69 مىليون 70 مىڭ جىڭ، كۆممە قوناق مەھسۇلاتى 64 مىليون 650 مىڭ جىڭ بولدى. كېۋەز ئومۇمىي مەھسۇلاتى 180 مىڭ دەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30.4% ئاشتى. ياغلىقدان مەھسۇلاتى 825 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر ئاز ئاشتى. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 285 مىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6% كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە 20 مىڭ 15 مو ئورمان تەھىيا قىلىندى، 2956 مو كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرغان ناھىيە دەپ باھالاندى.

1986-يىلى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 16 مىليون 176 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8 مىليون 460 مىڭ يۈەن، يەنى 110% كۆپەيدى. ئومۇمىي پايدىسى 4 مىليون 693 مىڭ يۈەن بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 105% كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىدىن 241 سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 1986-يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 54، يېزا-بازار كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغانلار 1774 كىشى، ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات قىممىتى 6370 يۈەن، پايدا 1360 يۈەن، ناھىيە بويىچە ھەر خىل كەسىپ ئائىلە جەمئىي 1803، كىرىمى 9 مىليون 971 مىڭ يۈەن بولۇپ، يېزا-بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 21.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1986-يىلى ناھىيە بويىچە 4840 مو كۆلەمدىكى بېلىق كۆلى، بېلىق كۆلچىكى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسىيلەر جەمئىي 2 مىليون 400 مىڭ بېلىقچان سالدى، 130 توننىدىن ئارتۇق بېلىق تۇتتى.

1986 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 24 مىليون 654 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26.24% كۆپەيدى. ئۇن - ياغ زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، پاختا زاۋۇتى، يېمەكلىكلەر پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، كۆمۈركان، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى، باسما زاۋۇتى، كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، قۇم خىش زاۋۇتى، تالالىق تاختاي زاۋۇتى، مىخ زاۋۇتى قاتارلىق سانائەت كارخانىلىرى بار. ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى: كۆمۈر 9498.2 توننا، توك 856 مىڭ كىلوۋات سائەت، ياغ 812 توننا، ئۇن 5517 توننا بولدى.

1986 - يىلى سودىدىكى سېتىۋېلىش مىقدارى 49 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11 مىليون 423 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. سېتىش ئومۇمىي مىقدارى 54 مىليون 192 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8 مىليون 394 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ئورۇنلانغان پايدا 1 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 118 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش مىقدارى 41 مىليون 545 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5% كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە سودا تور - نۇقتىلىرى 247 گە، يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئائىلە 734 كە يەتتى.

1986 - يىلى مالىيە كىرىمى 2 مىليون 613 مىڭ يۈەن، سودا - سانائەت باج كىرىمى 2 مىليون 336 مىڭ يۈەن، سودا - سانائەت بانكىسى تارقاتقان قەرز پۇل 8 مىليون 233 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك بانكىسى تارقاتقان قەرز پۇل 5 مىليون يۈەن بولدى. شەھەر - يېزىلاردىكى بانكىدا قويۇلغان ئامانەت پۇل سوممىسى 17 مىليون 806 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە: يېزىلاردىكى ئامانەت پۇل سوممىسى 9 مىليون 666 مىڭ يۈەن بولدى. يېزىلاردا ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 508.67 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 92.64 يۈەن كۆپەيدى. 1980 - يىلدىكى 127 يۈەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىككى قاتلاندى. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كىيىنىش - تويۇنۇش ئىچىدىن باي بولۇش ئىچىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى.

**قاتناش، پوچتا - تېلېگراف:** ناھىيە بويىچە ناھىيە بازىرى مەركەز قىلىنغان تاشيول تورلىرى شەكىللەندى، تاشيوللارنىڭ ئاپتوموبىل قاتناش مۇساپىسى 780 كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيىدىن يېزىلارغا ۋە يېزا بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا ئاپتوموبىل قاتنىدى. يىلبويى ئورۇنلانغان يۈك توشۇش مىقدارى 2400 توننا، يولۇچى ۋە يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 2 مىليون توننا كىلومېتىر بولدى. ناھىيە بويىچە پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 782 كىلومېتىر كېلىدۇ، پوچتا يولى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە تۇتاشتۇرۇلدى، 94% كەنتكە تېلېفون ئۇلاندى.

**پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە:** 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىزغا، ئوقۇغۇچىلىرى 4545 كە، باشلانغۇچ مەكتەپ 64 كە، ئوقۇغۇچىلىرى 18 مىڭ 451 گە، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.6 پىرسەنتكە، داۋام نىسبىتى 96.9 پىرسەنتكە، ئومۇملىشىش نىسبىتى

98 پىرسەنتكە، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى 97.6 پىرسەنتكە، چوڭلارنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 94.2 پىرسەنتكە يەتتى. سىرتتا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار 77 گە، ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 157 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 42. ناھىيە بويىچە بالىلار باغچىسىدىن بىرسى بولۇپ، تەربىيىلىنىۋاتقان بالا 46. ناھىيە بويىچە يەنە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، سەككىز مەدەنىيەت پونكىتى، 131 مەدەنىيەت ئۆيى، 37 بالىلار قىرائەتخانىسى، بىر بالىلار كۆڭۈل ئېچىش مەركىزى، 2000 ئادەم سىغىدىغان كىنوخانىدىن توققۇزى، 1000 ئادەم سىغىدىغان كىنوخانىدىن 20 سى، يېزا كىنو قويۇش ئۆمىكىدىن 220 سى بار، يىلبويى قويۇلغان كىنو 5773 مەيدان بولۇپ، تاماشىبىنلار 450 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. ناھىيە بويىچە يېزا ـ كەنتلەرگە تارتىلغان مەخسۇس رادىئو سىمى 161 كىلومېتىر، ئائىلىلەرگە بېكىتىلگەن كاناي 5660، ھەممە يېزىلاردا رادىئو كۈچەيتىش ئۆزەكلىرى بولۇپ، ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلاردا سىملىق رادىئو تورلىرى شەكىللەندى. ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قانالدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى تارقىتالايدۇ، تېلېۋىزىيە ئاھالىلارنى قاپلاش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە يەتتى. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى 1986 ـ يىلى 50 دىن ئارتۇق نومۇر تەييارلاپ، يېزا ـ كەنتلەردە 120 نەچچە مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى، تاماشىبىنلار 100 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

ناھىيە بويىچە 100 كەنت، 71 مىڭ 890 نوپۇس ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشتى. ناھىيە بويىچە يېزا دەرىجىلىك دوختۇرخانا 12، تېببىي خادىملىرى 426، يىلبويى ئامبولاتورىيىدە داۋالانغان ئاغرىقلار 109 مىڭ 177 ئادەم قېتىمغا يەتتى، كېسەل كارىۋىتى 535، يىلبويى قوبۇل قىلىنغان ئاغرىق 8631 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتى 78 پىرسەنتكە، جىددىي قۇتقۇزۇلغان ئاغرىقلار 342 ئادەم قېتىمغا، سەييارە داۋالانغان ئاغرىقلار 15 مىڭ 988 ئادەم قېتىمغا، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇش نىسبىتى 80 پىرسەنتكە يەتتى.

ناھىيە بويىچە ھەر خىل پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى 1450، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر 23، ياردەمچى ئىنژېنېر 33، 1986 ـ يىلى ئورۇنلانغان پەن تەتقىقات تۈرى 12، يېزىلغان پەن ـ تېخنىكا ئىلمىي ئەسىرى يەتتە پارچە بولۇپ، ئۈچ تۈردە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشىلدى.

(ۋاڭ جۈن).

## مەكىت ناھىيىسىدە خەلقنىڭ تۇرمۇشى باياشاتلىق تىپى قاتارىغا قەدەم قويدى

1986 ـ يىلى مەكىت ناھىيىسى مەركىزىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، باي قىلىش» خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇ-

رۇپ، يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر قايسى جەھەتتىكى ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئاشلىق، پاختا، ياغلىقدان، چارۋا مەھسۇلاتى بويىچە ئۇدا يەتتە يىل مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ مول ھوسۇل ئالدى. ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 508.67 يۈەن بولۇپ، 1985 – يىلدىكىدىن 92.64 يۈەن كۆپەيدى، 1980 – يىلدىكى 127 يۈەنگە قارىغاندا ئىككى قاتلاپ، ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى جەھەتتە ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا تىزىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر تۈركۈم باي ئائىلىلەر ۋە ھاللىق ئائىلىلەر مەيدانغا كەلدى. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كىيىنىش – تويۇنۇش تىپىدىن باياشاتلىق تىپى قاتارىغا قەدەم قويدى. ناھىيە بويىچە ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1000 يۈەندىن يۇقىرى بولغان دېھقان ئائىلىلىرى 2521 بولۇپ، دېھقان ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 10.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئومۇمىي كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان دېھقان ئائىلىلىرى 487 بولۇپ، دېھقان ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 2.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. خەلق تۇرمۇشىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى بانكىدا قويۇلغان ئامانەت پۇل مىقدارى يىلمۇ – يىل كۆپەيدى، 1986 – يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە بانكىدا قويۇلغان ئامانەت پۇل مىقدارى 9 مىليون 666 مىڭ يۈەن بولۇپ، يېزىلاردىكى ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 103 يۈەندىن توغرا كەلدى. دېھقانلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى تېزلىكتە ئاشتى.

پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى، غازكۆل يېزىسى تېرىقچىلىقتا قەرز پۇلغا، قورساق تويغۇزۇشتا دۆلەتتىن قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىققا تايىناتتى، 1986 – يىلى ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 735 يۈەنگە يەتتى. ۋېلسىپىت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، رادىئو قوبۇللىغۇچ قاتارلىق «كونا ئۈچ بويۇم» ئومۇملىشىپ بولدى، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، موتوتسىكلىت قاتارلىق ئالىي تاۋارلار دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىردى. يېزا بويىچە دېھقانلارنىڭ شەخسىي تېلېۋىزورى 43 كە، موتوتسىكلىت 15 كە، تراكتورى 91 گە، ئاپتوموبىلى ئۈچكە يەتتى.

مەكىت ناھىيىسى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشىدى. بىرىنچىدىن، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئەلاسۈپەتلىك كېۋەز بازىسى، چارۋىچىلىق بازىسى، سۇ مەھسۇلاتلىرى بازىسى ۋە مېۋە – چېۋە، باغۋەنچىلىك بازىسى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. ئىككىنچىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت خىزمىتىنى چوڭقۇرلىغان ھالدا، يېزا – بازار كارخانىلىرى ۋە يەرلىك سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ كىرىمىنى كۆپەيتتى. 1986 – يىلدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1980 – يىلدىكى ئۆزگەرمىگەن باھا بويىچە ھېسابلاندى) 100 مىليون 395 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، ئال-

دىنقى يىلدىكىدىن 17 مىليون 575 مىڭ 600 يۈەن يەنى 21.3% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا - ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 741 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.2% كۆپەيدى. يېزىدىكى تەقسىماتتىن كىرگەن ساپ كىرىم 47 مىليون 892 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى 38 مىليون 775 مىڭ يۈەنگە قارىغاندا 23.5% كۆپەيدى.

ناھىيە بويىچە يېزا ئىقتىسادىنى زور ھەجىمدە راۋاجلاندۇرۇش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش جەھەتتە قوللىنىلغان تەدبىرلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. مەركەزنىڭ «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق، كۆپخىل ئىگىلىكنى پائال قانات يايدۇرۇش» فاڭجېنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ مۇقىم ئېشىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. 1986 - يىلى ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 133 مىليون 720 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 مىليون 720 مىڭ جىڭ، يەنى 3.7% ئاشتى. يېزىلاردا ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 1420 جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50 جىڭ ئاشتى.

2. كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش بۆسۈش ئېغىزى قىلىنىپ، ئۆز جايىنىڭ ئۈستۈنلۈكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، يېزا ئىقتىسادى گۈللەندۈرۈلدى. كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە «تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش، بىرلىك مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىنى كېۋەز سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قارىتىش، سېتىش مىقدارىنى كېڭەيتىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش» فاڭجېنى قوللىنىلدى. 1986 - يىلى پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 180 مىڭ دەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 42 مىڭ دەن، يەنى 30.4% ئاشتى. بىرلىك مەھسۇلاتى 131 جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15 جىڭ ئاشتى. ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىنغان پاختا 161 مىڭ دەنگە يەتتى، تالا ئۇزۇنلۇقى 29mm كېلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك پاختا سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي پاختا مىقدارىنىڭ 89.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 327% ئاشتى. دېھقانلارنىڭ كېۋەزدىنلا كۆپەيگەن كىرىمى 9 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

3. يېزا - بازار كارخانىلىرى ۋە باشقا ساھەلەر زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى. مەركەزنىڭ «پائال مەدەت بېرىش، مۇۋاپىق پىلانلاش، توغرا يېتەكلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» فاڭجېنى بويىچە، بايلىق مەنبەلىرى پائال ئېچىلىپ، تېخنىكا كىرگۈزۈلۈپ، توغرا لېنىيىلىك بىرلىشىش راۋاجلاندۇرۇلۇپ، تالا تاختاي زاۋۇتى قاتارلىق 54 زاۋۇت قۇرۇلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تايانچ، ئائىلىلەر بىرلىشىپ باشقۇرغان كارخانىلارنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى 16 مىليون 176 مىڭ يۈەنگە، ئورۇنلاندىغان پايدا 4 مىليون 693 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، ھەر ئىككىسى تۈر بويىچە ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىردىن كۆپرەك قاتلاندى.

چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشمۇ بىر قەدەر ياخشى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ناھىيە بويىچە چارۋىنىڭ يىل ئاخىردىكى سانى 1985 - يىلدىكىدىن 15 مىڭ تۇياق كۆپەيدى، چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي 38 مىڭ تۇياققا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 45% كۆپەيدى.

دېھقانلارنىڭ نەق پۇل كىرىمىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، دېھقان-

لارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئۆگىتەلمەي كەلگەن كوللېكتىپتىن ئالغان قەرز پۇللىرىنىمۇ يېنىۋېلىندى. 1986-يىلى 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ھۆددە توختام پۇلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئۈچۈن كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۆلەپ قويۇلغان پۇلدىن جەمئىي 7 مىليون 83 مىڭ 800 يۈەن يىغىۋېلىنغان، بۇ ئومۇمىي قەرز پۇلنىڭ 73.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

يېزا ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى نامراتلارغا يار-يۆلەكتە بولۇش خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەش بولۇشنى ئىلگىرى سۈردى. 1986-يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيە بويىچە 1821 نامرات ئائىلە بار ئىدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇلاردىن 425 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ نامرات ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 26 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 104 ئائىلە يېڭى ئۆي سېلىۋالدى.

نامراتلىق دەستىدىن ئايرىلىپ ياشاپ كەلگەن 14 جۈپ ئەر-خوتۇن ھازىر بىر يەرگە جەم بولۇپ ياشىماقتا.

(جۇ دېپىي).

## مارالبېشى ناھىيىسى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** مارالبېشى ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 77°22′ دىن 79°56′ غىچە، شىمالىي پاراللېل 38°47′ دىن 40°17′ غىچە بولغان ئارىلىقتا، ئومۇمىي يەر مەيدانى 21 مىڭ 741.3 كۇۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بازىرى بولغان مارالبېشى بازىرى ئۈرۈمچى-قەشقەر تاشيولى بىلەن مارالبېشى-يەكەن تاشيولىنىڭ كېسىشكەن يېرى بولغان ئاچال بېكىتىنىڭ جەنۇبىدىن 21 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان، ئۈرۈمچى شەھىرىگە 1255 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر تۈزۈلۈش جەھەتتە غەربىي شىمالىي ئېگىز، شەرقىي جەنۇبىي پەس، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئوتتۇرا قىسمى، غەربىي جەنۇبىي قىسمى ۋە شەرقىي شىمالىي قىسمىنىڭ تولىسى بوستانلىق، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، پۈتۈنلەي قۇملۇق ئومۇمىي يەر مەيدانى ئىچىدە بوستانلىق 38.8 پىرسەنتىنى، تاغلىق جاي 10.7 پىرسەنتىنى، قۇملۇق 50.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيىنىڭ بوستانلىقلىرى يەكەن دەرياسى بىلەن قەشقەر دەرياسى بويىدىكى تىنىما تۈزلەڭلىكلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 11 مىليون 950 مىڭ مو تېرىلىدۇ.

**كىلىماتى:** مارالبېشى ناھىيىسى مۆتىدىل بەلباغ چۆل قۇرغاقلىق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىمات رايونىغا تەۋە. تۆت پەسىل ئېنىق، ياز ئۇزۇن، قىش قىسقا، ياز پەسلى 114 كۈن، قۇرغاق بولۇپ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ. قۇم ئارىلاش بوران كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.7℃. 1-ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -7.4℃، 7-ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -24.2℃. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 42.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 45.1mm، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2083.5mm، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 3100~2900 سائەت، قىراۋسىز مەزگىلى 230~220 كۈن. يىلبويى غەر-

بىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ، باش باھار، باش ياز ۋە باش قىشتا بوران كۆپ چىقىدۇ. ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەت قۇم ئارىلاش بوران، مۆلدۈر، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق، يازدىكى كەلكۈندىن ئىبارەت.

**مىللەتلەر ۋە نوپۇسى:** 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 276 مىڭ 28 (يېزا ئىگىلىك 3 - شىسىغا قاراشلىق تۇەن - مەيدانلاردىكى 90 مىڭ 620 نوپۇسنى ۋە قاراقىلچىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇسى 182 مىڭ 308. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 96.45 پىرسەنتنى، خەنزۇلار 3.43 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قازاق، مانجۇ، جۇاڭزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ نوپۇسى ناھايىتى ئاز. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 150 مىڭ 581، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 31 مىڭ 727. ناھىيە بازىرى بولغان مارالبېشى بازىرىنىڭ نوپۇسى 20 مىڭ 382.

**مەمۇرىي رايونلىرى:** مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدە تۆت بازار (مارالبېشى، سېرىقبۇيا، ئاۋات، ئاچال)، سەككىز يېزا (چارباغ، دۆلەتباغ، ئانار كۆل، شامال، ئاقساقمارال، ئالاغىر، چوڭقۇرچاق، يېڭى ئۆستەڭ)، بەش دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى (سۇپەيتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، شامال چارۋىچىلىق مەيدانى، شاقۇ ئورمانچىلىق مەيدانى، شامال ئورمانچىلىق مەيدانى)، 222 مەمۇرىي كەنت، 835 تەبىئىي كەنت بار. ناھىيە تەۋەسىدە يەنە يېزا ئىگىلىك 3 - شىسىغا قاراشلىق سەككىز تۇەن - مەيدان ۋە سۇ باشقارمىسى، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىگە قاراشلىق قاراقىلچىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بار.

**ئاساسلىق بايلىقلىرى:**

ناھىيە تەۋەسىدە 4 مىليون 600 مىڭ مو بىنام يەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر ياخشىراقى 2 مىليون مو كېلىدۇ. 1 مىليون 100 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار (بۇنىڭدىن ناھىيىگە قاراشلىقى 600 مىڭ مو)، بۇنىڭ ئىچىدە سالا ئېتىز كۆلىمى 82% كېلىدۇ. تەخمىنەن 1 مىليون مو ئوتلاق بار. ھەر يىلى يەكەن دەرياسىدىن باشلاپ كېلىدىغان سۇ مىقدارى 820 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە ئۈچ سۇ ئامبىرى بولۇپ، ھەر يىلى 86 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر سۇ قاچىلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىگە قاراشلىق شور كۆل سۇ ئامبىرىغا يىلىغا 500 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلىنىدۇ. ناھىيە بويىچە سۇ يۈزى كۆلىمى 42 مىڭ مو. يەر ئاستى سۈيى زاپىسى 200 مىليون كۇب مېتىر، ماشىنا كۈچى بىلەن سۇ چىقىرىلىدىغان قۇدۇقتىن 1100 ى بولۇپ، يىللىق سۇ تارتىش مىقدارى 4 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. مارالبېشى ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە توغراق ئورمانلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى نۇقتىلىق ناھىيە بولۇپ، 780 مىڭ مو توغراق ئورمانلىق بار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 100 مىڭ مو يۇلغۇن ئورمانلىقى بار. بوستانلىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 4%. ئورمانلىقلىرىدا زور مىقداردا ياۋا موگو ئۆسىدۇ. يىللىق يىغىۋېلىش مىقدارى تەخمىنەن 10 توننا بولۇپ، يىغىۋېلىش نىسبىتى 10 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. ناھىيە بويىچە شاپتۇل، ئۆرۈك، نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋە كۆلىمى 21 مىڭ 192 مو كېلىدۇ. مېۋىلەرنىڭ تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، قوغۇن تەركىبىدىكى قەنت ماددىسىنىڭ مىقدارى 16% ئەتراپىدا. كەڭ ئوتلاقلىرىدا ۋە توغراق ئورمانلىرىدا تەخمىنەن 1 مىليون موچە

كېلىدىغان چۈچۈكبۇيا ۋە 600 مىڭ موچە كېلىدىغان ياۋا كەندىر ئۆسىدۇ. مارالبېشى ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە چۈچۈكبۇيا ئىشلەپچىقىرىشتا ئۇقتىدارلىق ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1985 - يىلى مارالبېشى ناھىيىلىك چۈچۈكبۇيا شىركىتى شىنجاڭ تېببىي دورا باش شىركىتى ۋە شىنجاڭ تېببىي دورا، ساقلىقنى ساقلاش بويۇملىرىنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش شىركىتى بىلەن بىرلىكتە، ئامېرىكا يېڭى جېرسېي شىتاتىدىكى مىكانجۇس، پۇپۇس شىركىتى، شياڭگاڭ لىخۇا سودا باش شىركىتى بىلەن «شىرىك مەبلەغ سېلىپ، چۈچۈكبۇيا يېتىشتۈرۈش بويىچە ئالدىنقى قاتارلىق تەجرىبە پونكىتى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم»نى بىرلىشىپ ئىمزالاپ، جۇڭگو - ئامېرىكا بىرلىشىپ خەلق پۇلى ھېسابىدا 350 مىڭ يۈەن ھەقسىز مەبلەغ سېلىپ، مارالبېشىدا چۈچۈكبۇيا يېتىشتۈرۈش تەجرىبە پونكىتى قۇردى. مارالبېشى ناھىيىسىدە كان بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، مىس، تىتان، قوغۇشۇن، فوسفور، ھەقىق، قارا ئۈيۈل تاش، ئالماس، چاسا ئۈيۈل تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن جەرەن، بۇغا، تۈلكە قاتارلىقلار بار.

**ئىقتىسادىي:** مارالبېشى ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى تۈۋرۈك قىلىپ كەلگەن. 1986 - يىلى سانائەت يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 127 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.64% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 93 مىليون 965 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.76% كۆپەيدى. ھەربىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.8 مو يەر، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 تۇياق چارۋا توغرا كەلدي.

ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 165 مىليون 500 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.43% ئاشتى. پاختا 175 مىڭ 400 دەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.45% ئازايدى. ياغلىق دان 4 مىليون 397 مىڭ 200 جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.62% ئاشتى. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 573 مىڭ 500 تۇياق بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.2% كۆپەيدى. تۇتۇلغان بېلىق 95 توننا، بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.48% ئاشتى. بەرپا قىلىنغان ئورمان 15 مىڭ 372 مو بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.7% ئاشتى. بىر يېزا، 37 كەنت ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئۆلچىمىگە يەتتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 42 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 112.1% كۆپەيدى، ئورۇنلانغان پايدىسى 3 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولدى. مۇھاپىزەت قىلىنغان چۈچۈكبۇيا كۆلىمى 270 مىڭ مو، سۈنئىي ئۇسۇلدا تېرىلغان چۈچۈكبۇيا 2300 مو بولدى. بەش تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بازا قۇرۇلۇشىدا، (ئەلا سۈپەتلىك پاختا بازىسى، توغراق ئورمان بازىسى، چارۋىچىلىق بازىسى، چۈچۈكبۇيا بازىسى، مېۋە - چېۋە بازىسى) كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

1986 - يىلى ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى مەركەز قىلىنغان «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 83 كىلومېتر كېلىدىغان بەش چوڭ غول ئۆستەڭ يېڭىدىن ياسالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيە بويىچە ئەمگەك چىقارغانلىرى ئاچال تەرەققىيات ئۆستىڭى، سوغۇچاق سۇ ئامبىرى سىرتىدىكى كەلكۈن باشلاش ئۆستىڭى ۋە قاپاقتال ئۆستىڭىدىن ئىبارەت. 37 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆستەڭگە پالتىراق ياتقۇزۇلۇپ سىڭمەس-

لەشتۈرۈلدى. ئۈچ سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسى مۇستەھكەملىنىپ، سۇ سىغىمچانلىقى 15 مىليون كۇب مېتىر كۆپەيتىلدى.

**سانائىتى:** سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 33 مىليون 210 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19.41% كۆپەيدى. سانائەت كارخانىلىرىدىن 35 ى بولۇپ، ئاساسلىقى پاختا زاۋۇتى، ئۇن - ياغ زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى، تۇز زاۋۇتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ناھىيە بويىچە پاختا مەھسۇلات قىممىتى ۋە كېۋەزگە ئىش قوشۇش سانائىتى مەھسۇلات قىممىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 45.78 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

**سودا:** دۆلەت سودىسىدىكى سېتىۋېلىش ئومۇمىي مىقدارى 38 مىليون 351 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 45 مىليون 646 مىڭ يۈەن. تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى سېتىش مىقدارى 53 مىليون 170 مىڭ يۈەن، يەككە تىجارەتچىلەر 3231 ئائىلە، يىللىق تىجارەت مىقدارى 17 مىليون 171 مىڭ يۈەن.

**مالىيە:** ناھىيە بويىچە مالىيە ئومۇمىي كىرىمى ئۈچ مىليون 624 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.48% كۆپەيدى. مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 22 مىليون 336 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 76.88% كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە شەھەر يېزىلاردىكى بانكا ئامانەت پۇلى قالدۇق سوممىسى 10 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.15% ئازايدى.

**قاتناش:** مارالبېشى - يەكەن تاشيولىنىڭ مارالبېشى تەۋەسىدىكى 110 كىلومېتىر قىسمىغا 100 مىڭ كۇب مېتىر شېغىل ياتقۇزۇلدى. ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى بەش كوچىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، كوچىلار كېڭەيتىلىپ، پىيادىلار يولى ياسالدى. ناھىيە بويىچە ھەرخىل ئاپتوموبىل 390 غا، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تىراكتورلار 390 غا يەتتى. قەشقەر، ئاقسۇ، يوپۇرغا، مەكىت، يەكەن ۋە تۇمشۇقتىكى تۇەن - مەيدانلارغا بىۋاستە بارىدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇس قاتنىدى. 1986 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ، مارالبېشىدىن ئۈرۈمچىگە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بىۋاستە بارىدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇس قاتنىدى.

**مەدەنىيەت، سەھىيە پەن - تېخنىكا مائارىپى:** ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 13 كە، ئوقۇغۇچىلىرى 5068 گە، باشلانغۇچ مەكتەپ 106 گە، ئوقۇغۇچىلىرى 27 مىڭغا، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.6 پىرسەنتكە يەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەردىن 183 كىشى ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىندى. چوڭلار مائارىپى بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 94% بولدى. ناھىيە بويىچە ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئىككىگە (بۇنىڭ ئىچىدە بىرسى مىللىي تىبابەت شىپاخانىسى) يېزا - بازار دوختۇرخانىلىرى 11 گە، سەھىيە، تېخنىكا خادىملىرى 371 گە، كېسەل كارىۋىتى 475 كە يەتتى. 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە 13 تۈردە ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشىلدى، 15 تۈردە ۋىلايەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشىلدى، مۇكاپاتلانغانلار 31 كىشىگە يەتتى.

**تەنتەربىيە:** مارالبېشى ناھىيىسىدە ئاممىۋى تەنتەربىيە ھەرىكىتىدىكى ئەنئەنىۋى

تۈرلەر ئاساسلىقى ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى ۋە چېلىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1986 ـ يىلى مارالبېشى كوماندىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىپ خەلقئاراچە چېلىشىشتا ئۈسمۈرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئومۇمىي نەتىجىسى بويىچە ئىككىنچىلىككە، ياشلار گۇرۇپپىسىنىڭ نەتىجىسى بويىچە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. ئاياللار رۇداۋ كوماندىسى كوللېكتىپ ئومۇمىي نەتىجىسى بويىچە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى، ئىككى مۇسابىقە رايونىدا مەنىۋى مەدەنىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئوغلاق تارتىش كوماندىسىدىكى 12 نەپەر تەنھەرىكەتچى ئاپتونوم رايونىغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئومۇمىي نەتىجە بويىچە ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى. 1986 ـ يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى كۆرۈش سۇپىسىغا 3000 ئادەم سىغىدىغان چىراغلىق توپ مەيدانى ياسىدى. ناھىيە مىقياسىدا 26 تۈر بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، مۇسابىقىغا قاتناشقانلار 11 مىڭ 711 ئادەم قېتىمغا يەتتى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمىگە يېتىش نىسبىتى 83.91% بولدى. 1986 ـ يىلى مارالبېشى ناھىيىسى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ تەنتەربىيە ئاپپاراتلىرىغا 12 نەپەر تەنھەرىكەتچى يەتكۈزۈپ بەردى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايونى بويىچە تەنتەربىيە پائالىيىتىدە ئىلغار ناھىيە بولۇپ تەستىقلاندى.

**خەلق تۇرمۇشى:** ناھىيە بويىچە دېھقانلارنىڭ ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 464.63 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9% كۆپەيدى.

**قەدىمكى ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى:** ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 60 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا «توققۇز ساراي» قەدىمكى قەلئەسىنىڭ ئورنى بار. بۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە، يەنى مىلادى IV ئەسىردىن VII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، جەمئىي 700 يىل ئۆپچۆرىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قەدىمكى قەلئەنىڭ ئورنى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ قەدىمكى قەلئەنىڭ ئورنىنىڭ شىمالىدىن 32 كىلومېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا، يەنە «يېڭى تاگنامە، جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا «كۆرۈشكۈچىلەر سارىيى» دەپ خاتىرىلەنگەن چوڭ تام، زەي تام، قوش تام، يۇمىلاق تام قاتارلىق ئوت كۆزىتىش سۇپىسىنىڭ ئورنى بار. ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ جۈن 4 ـ شى 12 ـ تۈەن ئۈچۈن ئورنىتىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسى بار. ناھىيە بازىرى ئىچىدە خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى، ئىنقىلابىي قۇربان قادىر ھېزىمنىڭ قەبرىسى بار.

(لىيا گۇزۇن).

## مارالبېشىنىڭ پاختىسى ۋە كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشى

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ كېۋەز ئۆستۈرۈش تارىخى ئۇزۇن، دېھقانلارنىڭ كېۋەز ئۆستۈرۈش تەجرىبىسىمۇ بىر قەدەر مول، كېۋەزنىڭ مەھسۇلاتى يۇقىرى، رەڭگى ئاپ-

ئاق، تالاس ئۇزۇن، تارتىمش كۈچى يۇقىرى بولۇپ، 50- يىللاردا مارالبېشىنىڭ پاختا ئەۋرىشكىسى مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلغان. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، مارالبېشى ناھىيىسىدە پاختىنىڭ تاۋار نىسبىتى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 90~70 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئاساسلىقى شاڭخەي، تيەنجىن، شەنشى، سىچۈەن، لياۋنىڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرگە يۆتكەلدى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى، ياپونىيە، رۇمىنىيە، تايلاند، تۇنىس، مەدىجەنۇبىي چاۋشيەن قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا ئېكسپورت قىلىندى.

ئازادلىقتىن بۇيان، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچ تارىخىي باسقۇچنى باشتىن كۆچۈردى: 1966 - يىلدىن بۇرۇنقى 17 يىل ئىچىدە كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش مۇقىم ھالدا ئۆرلەپ ماڭدى. كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 30 مىڭ 800 مودىن پەيدىنپەي كېڭىيىپ، 120 مىڭ موغا يەتتى. 11 مىڭ 700 دەندىن 70 مىڭ 200 دەنگە، بىرلىك مەھسۇلاتى 38 جىڭدىن 59 جىڭغا كۆتۈرۈلدى. 1967 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، پاختا تېرىلغۇ كۆلىمى ئازىيىپ 84 مىڭ 500 موغا ئومۇمىي» مەھسۇلاتى 18 مىڭ 700 دەنگە، بىرلىك مەھسۇلاتى ئاران 21 جىڭغا چۈشۈپ قالدى. 1979 - يىلدىن بۇيان، كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش بۇ ناھىيىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۈستۈنلۈكى قاتارىغا قويۇلۇپ، كېۋەز مەھسۇلاتى زور ھەجىمدە ئېشىشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1985 - يىلى دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى مارالبېشى ناھىيىسىنى بىرىنچى تۈركۈمدىكى 22 ئەلا سۈپەتلىك پاختا بازىسىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتتى.

1986 - يىلى ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيە خەلقى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش - قا ئاتلاندى ھەمدە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كېۋەز پەرۋىشىنى ياخشى تۇتۇپ، پاختىدىن مەھسۇلات كېمىلەش ھەجىمىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە ئازايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پاختىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتەردى. ناھىيە بويىچە كېۋەزنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 175 مىڭ 400 دەن، سېتىۋېلىنغان كېۋەزنىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسى 2.11 دەرىجە، ئوتتۇرىچە تالا ئۇزۇنلۇقى 28.5mm، ئوتتۇرىچە پاختا نىسبىتى 0.38%، ئوتتۇرىچە بىرلىك باھاسى 178.33 يۈەن بولدى. تالا ئۇزۇنلۇقى 29mm دىن يۇقىرى بولغان پاختا 109 مىڭ 500 دەن بولۇپ، 79.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بىرىنچى دەرىجىلىك پاختا 71 مىڭ 700 دەن بولۇپ، 52 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. پاختىنىڭ سۈپىتى ئۆسكەنلىكتىن، ھەر بىر دەن پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىش باھاسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.73 يۈەن ئۆستى.

مارالبېشى ناھىيىسى پاختا ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىشقا ئەھمىيەت بەردى. دېھقانلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا يېڭى تېخنىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلالايدىغان بولدى. يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە، پاختا ئۆستۈرۈشنىڭ ئادەتتىكى تېخنىكىسىنى داۋاملىق ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا، نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى تۇتتى:

1. يالتىراق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. 1982 - يىلى

بەش ئۇقتىدىكى 27 مو كېۋەز ئېتىزى تەجرىبە قىلىندى، 1983 - يىلى تەجرىبە ئېتىزى 5276 موغا كېڭەيتىلدى. تەجرىبە نەتىجىسىدە، كېۋەزنى يالتىراق يېپىپ ئۆستۈرگەندە، ئۇنىڭ ئۆسۈش جەريانىنىڭ تېز بولىدىغانلىقى، ئۇنۇملۈك غوزا تۇتۇش مەزگىلى ئۇزارتىلىپ، كېۋەز مەھسۇلاتىنى زور ھەجىمدە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن، 1984 - يىلىدىن باشلاپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە يالتىراق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلىپ، شۇ يىلى 55 مىڭ 200 مو تېرىلىپ مەھسۇلاتى زور ھەجىمدە ئاشتى. ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 123 جىڭغا يېتىپ، 1983 - يىلىدىكى 78.18 جىڭدىن 57.3% ئاشتى. 1985 - يىلى يالتىراق يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى 110 مىڭ موغا كېڭەيتىلىپ، كېۋەز ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 77.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1986 - يىلى يالتىراق ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، يالتىراق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى 104 مىڭ موغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كېۋەز ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 69.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 140 جىڭغا يېتىپ، ئادەتتىكى كېۋەز ئېتىزلىرىنىڭ مەھسۇلاتىدىن 115% يۇقىرى بولدى.

2. ئەلا سورتلار كېڭەيتىلدى. مارالبېشى ناھىيىسىدە 1955 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «3173» كېۋەز سورتى كېڭەيتىلگەنىدى، 1985 - يىلى «108F» كېۋەز سورتى كېڭەيتىلدى، 1963 -، 1965 - يىللىرى يەنە ئاز مىقداردا ئۇزۇن تالالىق كېۋەز تېرىلدى، 1980 - يىللىرى چوڭ غوزىلىق كېۋەز سورتى كىرگۈزۈلدى، 1985 - يىلىدىن باشلاپ، ناھىيە بويىچە پۈتۈنلەي چوڭ غوزىلىق كېۋەز تېرىلدى، پاختا سورتىنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1963 - يىلى سېرىقبۇيا يېزىسىدا سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق چىقىرىدىغان پاختا زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ئۇرۇقلۇق كېۋەزنىلا قوبۇل قىلىپ، ئادەتتىكى كېۋەز بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. 1974 - يىلى ناھىيىلىك سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى يېتىشتۈرۈشكە مەسئۇل قىلىندى. 1984 - يىلى يەنە ئاقساقمارال يېزىسىدا پاختا سورتىنى ساپلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈش رايونى قۇرۇلۇپ، پاختا سورتىنى ساپلاشتۇرۇش ۋە ياشارتىشقا مەسئۇل قىلىندى.

3. خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى مۇۋاپىق ئىشلىتىلدى. مارالبېشى ناھىيىسىدە 1958 - يىلىدىن باشلاپ، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، شۇ يىلى جەمئىي 371 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 26 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلگەن ھەمدە بۇنىڭ تەخمىنەن يېرىمى كېۋەز ئېتىزلىرىغا ئىشلىتىلگەنىدى 28 يىلدىن بۇيان، خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ باردى، 1986 - يىلىغا كەلگەندە 5260 تونىغا يەتتى، بۇ خىمىيىۋى ئوغۇتلار ئاساسلىقى ئورېيا، ئاممونىي نىترات، ئۈچ خىل ماتېرىيالدىن تەركىب تاپقان فوسفورلۇق ئوغۇت، ئاممونىي فوسفات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئورېيا 52 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كېۋەزگە ئۇرۇق سېلىنىشتىن بۇرۇن ئوسسىغا ئادەتتە ھەر موسىغا 2000 جىڭدىن 6000 جىڭغىچە قىغ بېرىلدى، خىمىيىۋى ئوغۇت ئاساسلىقى پۈتۈن

لەي قوشۇمچە ئوغۇت سۈپىتىدە بېرىلمەيتتى، يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە، ئورۇقلۇققا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىپ، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. مارالبېشى ناھىيىسىدە كېۋەزدە بولىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارەتلار ئاساسلىقى كۆك پىت، تىرىپىس، يەر يولۋىسى، قارا قوڭغۇز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىشلىتىلگەن دېھقانچىلىق دورىلىرى ئاساسلىقى لوگو، ئۇزاق ئۈنۈملۈك شۇلتا، دېبېيچولۇڭ، DDV قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، ئېغىر بولغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارات ئاپىتى يۈز بەرمىدى.

(لياڭ زۇن).

# تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى

**جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى:** تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىدا، قارا قورۇم تېغى ۋە ھىندۇقۇش تېغىنىڭ شىمالىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 35°37′ تىن 38°40′ قىچە، شەرقىي مېرىدىئان 73°20′ تىن 77°01′ قىچە بولغان ئارىلىقتا، غەربىي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن، جەنۇبىي پاكىستان ۋە ئافغانىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 52 مىڭ 358.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بازىرى قەشقەر شەھىرىگە 294 كىلومېتىر كېلىدۇ، يەر شەكلى جەھەتتە غەربىي جەنۇبىي ئېگىز شەرقىي شىمالىي پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4000 مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ، ناھىيە بازىرى، دېڭىز يۈزىدىن 3200 مېتىر كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە تىك، ئېگىز تاغ، چوققىلار بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، جىلغىلار كىرىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئېدىر-دۆڭلۈكلەر ئېگىزلەپ، پەسلەپ بارىدۇ، كۇئېنلۇن تېغى، قارا قورۇم تېغى، ھىندۇقۇش تېغى ۋە تەڭرى تاغىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ تاغ تىزمىسى بۇ يەردە توپلىشىپ «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» نى شەكىللەندۈرگەن. قارا قورۇم تېغىدىكى چوگىر چوققىسى دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 8611 مېتىر كېلىدۇ. شىمال تەرەپتە «مۇز تاغ ئاتىسى» دەپ ئاتالغان مۇز تاغ بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 7546 مېتىر كېلىدۇ، يىلبويى مۇز-قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، مۇز-قارنىڭ قېلىنلىقى 70 ~ 50 مېتىر كېلىدۇ، مۇز-قار بىلەن قاپلانغان كۆلەم تەخمىنەن 200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

**كېلىمات ئالاھىدىلىكى:** تاشقورغان مۆتىدىل بەلباغدىكى قۇرغاق كىلىمات رايونىغا تەۋە، تېمپېراتۇرا تۆۋەن، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، ھاۋا شالاڭ، ئاتموسفېرا بېسىمى تۆۋەن، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، رادىئاتسىيە مىقدارى كۈچلۈك، ئەتىياز پەسلى بىلەن كۈز پەسلى قىسقا، 1986-يىلى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 0.9℃، بىر يىلنىڭ تۆت ئېيى ئىچىدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 0℃ تىن تۆۋەن بولدى، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 29.3℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -37.2℃ بولدى. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى 28℃ بولدى. قىراۋسىز مەزگىل 85 كۈن، تۇپراقنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە توڭلاش ۋاقتى 190 كۈن، توڭنىڭ قېلىنلىقى 177 سانتىمېتىر بولدى، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 72.1mm بولدى. ھۆل-يې-

قىن كۆپىنچە دېڭىز يۈزىدىن 4900 ~ 3900 مېتىر كېلىدىغان ئېگىزلىككە مەركەزلەشتى. يىللىق غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىققىنى، شامال كۈچى 8 ~ 7 بال ئەڭ زور شامال كۈچى 12 بال بولدى.

**مىللەتلەر ۋە نوپۇسى:** ناھىيە بويىچە 13 مىللەت، 22 مىڭ 671 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 18 مىڭ 642 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 82.23 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇيغۇرلار 1935 بولۇپ، 8.34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ قىرغىزلار 1364 بولۇپ 6.02 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ، شىبە، خۇيزۇ، جۇاڭزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، دۇڭشياڭ، ئۆزبېك، بەيزۇ، زاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 730 بولۇپ، 3.21 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

**مەمۇرىي رايونلىرى:** تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە بىر بازار، يەنى تاشقورغان بازىرى، ئىككى مەيدان، يەنى مازار نەسىللىك قوي خوجىلىقى، بۇزۇرداش ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى، 11 يېزا، يەنى تاغارما، تىزناپ، تاشقورغان، دەپتەر، ۋاچا، بەلدىر، مەرياڭ، قوغشىلىق، داتۇڭ، بۇرۇمسال يېزىلىرى ۋە كۆكيار قىرغىز مىللىي يېزىسى بار.

**ئاساسلىق بايلىقلىرى:**

سۇ مەنبەسى زەرەپشان دەرياسى، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 3 مىليارد 415 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. تاشقورغان دەرياسى جەنۇبتىن شىمالغا ئېقىپ، پۈتۈن ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، يىللىق ئېقىن مىقدارى بىر مىليارد 582 مىليون كۇب مېتىر، ناھىيە تەۋەسىدە ئارشاڭ بايلىقى مول، چوڭراقلىرىدىن يامبۇلاق ئارشىڭىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 72℃ قا، ئېقىش مىقدارى 3.7 لىتىر سېكۇنتقا يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تاغارما ئارشىڭى، مەرياڭ ئارشىڭى، دەپتەر ئارشىڭى قاتارلىقلار بار. ناھىيە بويىچە تېرىشقا بولىدىغان يەر كۆلىمى 288 مىڭ 900 مو، ئوتلاق 6 مىليون 91 مىڭ مو كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۇدىكى ئوتلاق 133 مىڭ مو بولۇپ، 3585 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئوتلاق يوللىرى ياسالدى. مېۋىلىك دەرەخ بايلىقلىرىدىن ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، ئالما، ياڭاق قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا - دەرمەكلەردىن پامىر قارلەيلىسى، ئەڭلىك ئوت، چاكاندا، تۆگە قۇيرۇق، يەر مەدىكى، قان تېپەر، داڭگوي، ياۋا زىرە قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋاناتلاردىن داڭلىق پامىر ئارقىرى (چوڭ باشلىق قوي)، ئېيىق، تۈلكە، ياۋا ئۆچكە، سۇغۇر، يىلپىز، بۆركۈت، ئۇلار قاتارلىقلار بار. ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى 16 مىڭ 600 مو، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئورمان 8700 مو، سۈنئىي ئورمان 7900 مو. كان بايلىقلىرىدىن تۆمۈر، ئالماس، ياقۇت، قاشتېشى، گۈڭگۈرت، خروستال، كىرىمنىي، ئالتۇن، تاش پاختا، چىرىمتال، كۆمۈر، مىس، نىكىل، ئاليۇمىن، ئاھاك تېشى قاتارلىقلار بار.

**ئىقتىسادى:** 1986 - يىلى ساناتەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 655 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، (ھازىرقى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان باھا بويىچە ھېسابلاندى)، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 57.5% كۆپەيدى. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 117 مىڭ 700 تۇياق بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13 مىڭ 200 تۇياق ئازايدى، چارۋىچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 236 مىڭ 600 يۈەن بولدى. ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر 58 مىڭ 900 مو بولۇپ، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 مىليون 556 مىڭ 800 جىڭ، دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 961 مىڭ 600

يۈەن بولدى. سانائەت ئاساسى ئاجىز، بار-يوقى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش-ياساش زاۋۇتى، كىيىم تىكىش كارخانىسى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بەزى كىچىك تىپتىكى قول سانائەت كارخانىلىرىلا بولۇپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 177 مىڭ 900 يۈەن، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 259 مىڭ 600 يۈەن، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش مىقدارى 52 مىڭ 704 يۈەن، تاشقى سودىدىكى سېتىلىش مىقدارى 180 مىڭ يۈەن بولدى. مالىيە ئومۇمىي كىرىمىدە 94 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم كۆرۈلدى.

**قاتناش، پوچتا-تېلېگراف:** ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاددىي تاشيول 873.6 كىلومېتىر كېلىدۇ. 13 يېزا (مەيدان) دىن توققۇز يېزا (مەيدان) غا ئاپتوموبىل قاتنايدۇ. قەشقەر-تاشقورغان تاشيولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 294 كىلومېتىر بولۇپ، ھازىر تاشيولنى ئۆزگەرتىپ ياساش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئىشلەنمەكتە. جۇڭگو-پاكىستان دوستلۇق تاشيولىدا ئاپتوموبىل قاتنىدى. ناھىيە بويىچە پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى (يېزا پوچتا يولىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 600 كىلومېتىر كېلىدۇ. 371 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېزا تېلېفون سىم لىنىيىسى، 1.5 ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىم لىنىيىسى، بىر تېلېگرامما لىنىيىسى بار. جۇڭگو-پاكىستان خەلقئارا پوچتا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر بولۇپ، 1985-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى پوچتا ئالاقە ئالماشتۇرۇش كەسپى يولغا قويۇلدى. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە:** ناھىيە بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككىگە، ئوقۇغۇچىلىرى 611 گە، باشلانغۇچ مەكتەپ 13 كە، ئوقۇغۇچىلىرى 3674 كە؛ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىرگە يەتتى. ناھىيە بويىچە جەمئىي ئوقۇتقۇچى 230، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90% بولدى. ناھىيە بويىچە ھەر خىل پەن-تېخنىكا خادىملىرى 460 كە، يېزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانا (دوختۇرخانا ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى) 15 كە، تېببىي خادىملىرى 118 گە يەتتى. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن پەن-تېخنىكا خادىملىرى 460 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە بىر مەدەنىيەت يۇرتى، 4 مەدەنىيەت پونكىتى، بىر كىنوخانا، 12 كىنو قويۇش ئەترىتى، بىر سەنئەت ئۆمىكى، بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بىر رادىئو ئۇزېلى، توققۇز سىملىق رادىئو نۇقتىسى بولۇپ، سىم يوللىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 162 كىلومېتىر كېلىدۇ.

**خەلق تۇرمۇشى:** 1986-يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 131 يۈەنگە يەتتى. ناھىيە بويىچە بانكىدىكى ئامانەت پۇل سوممىسى 3 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

**مەدەنىي يادىكارلىق، قەدىمكى ئاسارە-ئەتىقىلىرى:** تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان قەدىمكى قەلئە ۋە قىز قورغىنىنىڭ ئورنى، يارتا گۇمبەز ۋە ۋەخىچىلىك لەڭگەر، پەرھاد ئۆستىڭى، شام بابا مازىرى، مىللىي قەھرىمان قۇلچاقىنىڭ مازىرى قاتارلىقلار بار. ئارخېئولوگىيىلىك ئېسپاتلىنىشىچە، قەدىمكى قەلئە قەدىمكى «قىر پاند بەگلىكى» نىڭ پايتەختى بولۇپ، ياسالغىنىغا 1300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان.

(راخما نقۇل).

# سىياسى

## پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى

### ج ك پ قەشقەر ۋىلكوم

**شۇجى:** گوگاڭ

**مۇئاۋىن شۇجى:** ئابدۇغوپۇر سىدىق، شۆي شياۋچېڭ، چېن دېمىڭ، تىلىۋالدى توختى.

**ھەيئەتلەر:** گوگاڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق، شۆي شياۋچېڭ، چېن دېمىڭ، تىلىۋالدى توختى، ئىمىن توختى، ۋاڭ چۈنجاۋ، روزى ھوشۇر، ۋاڭ ۋېنچى، گوشىمەن، ئىسمائىل ئېزىز (تاجىك)، ئابدۇرېھىم قادىر، شىن ۋېيۋېن.

**كۆزەتكۈچى:** لۈي لىيەنكۆي

**باش كاتىپ:** شىن ۋېيۋېن

**مۇئاۋىن باش كاتىپ:** جېڭ جيۇ

### قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە

**ۋالىي:** ئابدۇغوپۇر سىدىق

**مۇئاۋىن ۋالىي:** ياڭ جيەنشى، ئېيسا شاكىر، ئىسمائىل تىلىۋالدى، لى دېخۇڭ، زىننەت ئۆمەر.

**نازارەتچىلەر:** ليۇشىلىن، تالىپ داۋۇت.

### ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى

**شۇجى:** ئىمىن توختى.

**مۇئاۋىن شۇجىلار:** پەن تيەنچېڭ، نيۇ گورەن.

**ھەيئەتلەر:** ئىمىن توختى، نيۇ گورەن، پېڭ جېنجى، ئابدۇرېھىم قۇربان، روزى كېرىم.

**ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەكشۈرگۈچى:** لى جۈخې، ياسىن قارى ھاجى.

**قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سود مەھكىمىسى:**

**مەھكىمە باشلىقى:** روزى قاسىم

**مۇئاۋىن باشلىقلىرى:** جياڭ شۈرېن، يەھيا ئوبۇلقاسىم، شيا يۈۋېن.

**پارتگۇرۇپپا شۇجىسى:** جياڭ شۈرېن.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى:**

**شۆبە مەھكىمە باشلىقى:** ئابدۇرېھىم قادىر.

**مۇئاۋىن باشلىقلىرى:** ۋاڭ يۇ، ئەبەيدۇللا تۇردى، داۋۇت مامۇت، سۇڭ ۋېنزى.

**پارتگۇرۇپپا شۇجىسى:** ۋاڭ يۇ.

**تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى:** گوشىنكى

## ج ك پ قەشقەر ۋىلكوم خىزمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

**ئىشخانا:**

**مۇدىرى:** شىن ۋېيۋېن (قوشۇمچە).

**مۇئاۋىن مۇدىرلار:** رەھمەتۇللا نىياز، ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا، خې لۇڭشياڭ.

**ۋىلكوم ئورگىنى پارتىيە باشيا چېيكىسىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن شۇجىسى:** كاڭ چېڭگۇڭ.

**تەشكىلات بۆلۈمى:**

**مۇئاۋىن باشلىقلىرى:** ئابدۇرېھىم قۇربان، ۋۇ فىڭ.

**تەشكىلاتچىلىرى:** چېن مىڭگۈي، ئابدۇللا تۆمۈر.

**پېشقەدەم كادىرلار خىزمەت ئىدارىسى**

**باشلىقى:** جاڭ شۆشۈن.

**تەشۋىقات بۆلۈمى**

**مۇئاۋىن باشلىقى:** ماھمۇت ھوشۇر، چۈەندېيى.

**كادىرلارغا نەزەرىيە تەربىيە بېرىش لېكتورلار ئۆمىكى باشلىقى:**

**بىرلىكسەپ بۆلۈمى:**

**مۇئاۋىن باشلىقلىرى:** ۋاڭ يۈڭچىياڭ، ئۆمەرجان مۇھەممەت.

**يېزا خىزمەت بۆلۈمى:**

**باشلىقى:** جۇشياۋزۇ.

**مۇئاۋىن باشلىقلىرى:** ئۆمەر ئابدۇللا، لۈي فېيتيەن.

**مەسلىھەتچى:** جياڭ ۋېنفاڭ.

**سىياسىي قانۇن كومىتېتى:**

**شۇجى:** تىلىۋالدى توختى (قوشۇمچە).

**مۇئاۋىن شۇجى:** ليۇ گىنچېڭ.

**سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى مۇدىرى:** ۋۇجۈن.

**مۇئاۋىن مۇدىرى:** سۇلايمان ھابىل.

**ۋىلكوم پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش ئىشخانىسى:**

**مۇئاۋىن مۇدىرى:** لياڭ چاڭسۇڭ.

**ۋىلكوم ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئىشخانىسى:**

**مۇئاۋىن مۇدىرى:** شەن يۈڭلەي.

**ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپى:**

**مۇدىرى:** ۋاڭ ۋېنچى (قوشۇمچە).

**مۇئاۋىن مۇدىرى:** شى لەيزۇڭ، ئېزىز سادىق، ئوسمان ھوشۇر، رېن دېچېڭ.

**قەشقەر گېزىتى ئىدارىسى:**

**باشلىقى:** ئەن ۋېيگاڭ.

**مۇئاۋىنلىرى:** نىياز جالالىدىن، ماچېڭجۈ.

**باش مۇھەررىر:** ئەن ۋېيگاڭ (قوشۇمچە).

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** نىياز جالالىدىن (قوشۇمچە)، دەي دېيپېي، ئابلىز تۆمەر.

**ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى شۇجىسى:** ليۇ خېچېڭ.

**مۇئاۋىن شۇجىلىرى:** ئۆمەر تۆلۈغ، ئاخۇنەك (تاجىك).

**ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى:**

**شۇجى:** ۋاڭ ۋېيشەن.


**ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ:**

**مۇدىرى:** بارات يۈسۈپ.

**مۇئاۋىن مۇدىرى:** ۋاڭ دېخەي، مۇھەممەت ئوسمان.

**ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرى ئالاقىلىشىش باشقارمىسى**

**مۇئاۋىن باشلىقلىرى:** ئوبۇلقاسىم، جاڭ يۈنسەي.



گو گاڭ



ئابدۇغوپۇر سىدىق



شۇ شياۋچياڭ



چېن دېمىن



ئەلۋالدى توختى



ئىمىن توختى



ۋاڭ جۈنجاۋ



روزى ھوشۇر



ۋاڭ ۋېنجى



گو شىنسەن



ئىسمايىل ئەھمەد




ئابدۇرەھىم قادىر



شىن زېھۇن



لۇ لىيەنكۈي



ياڭ جەنشى



ئېيسا شاكىر




ئىسمايىل ئەلمۇۋادى



لى خېخۇلا



زەنفەت ئۆمەر



لىۋ شىلىن



ئالىم داۋۇت

## قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە خىزمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

**ئىشخانا:**

**مۇدىرى:** ئىمىنجان نىياز.

**مۇئاۋىنلىرى:** زوجېڭخۇا، ياڭ شىيېچۇ.

**مەمۇرىي مەھكىمە ئورگىنى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى:** شى كېچىياڭ.

**ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتى:**

**مۇدىرى:** ئەمەتجان ئالىم (ئۆزبېك).

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:** گاۋ فىڭيۇ، چېڭ جيافۇ.

**پارتگۇرۇپپا شۇجىسى:** گاۋ فىڭيۇ.

**پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى:** گۇڭ جىنشاۋ.

**مال باھا باشقارمىسى:**

**مۇئاۋىن باشلىقلىرى:** خې شاۋۋۇ، جۇشۇجىن.

**ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت:**

**مۇدىرى:** جاڭ جىشيەن.

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:** ئابدۇكېرىم ئوبزارى، تۇداجى داۋۇت، خۇاڭ تەنرۇڭ.

**پارتگۇرۇپپا شۇجىسى:** گوشىڭسەن.

**مۇئاۋىن شۇجىسى:** جاڭ جىشيەن.

**باش ئىنژېنېر:** گۇەن شىخىڭ.

**تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى:** جاۋباۋشەن.

**ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى:**

**مۇدىرى:** نامەتجان بەكرى.

**مۇئاۋىن مۇدىرى:** لى ۋېنسىن.

**پارتگۇرۇپپا مۇئاۋىن شۇجىسى:** ليۇچاڭلىن.

**تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى:**

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:** ئابدۇللاجان داۋۇت، بارات قادىر، ۋاڭ جيەنگۇاڭ.

**پارتگۇرۇپپا مۇئاۋىن شۇجىسى:** ۋاڭ جيەنگۇاڭ.

**كوتۇۋېلىش باشقارمىسى:**

**باشلىقى:** مىجىت باقى.

**خەلق ئىشلار باشقارمىسى:**

**باشلىقى:** ئىبراھىم مۇھەممەت.

**مۇئاۋىنلىرى:** تۇردى باقى، لىۇگوبىڭ.

**پارتگۇرۇپپا شۇجىسى:** ۋاڭ شىنجۇ.

**پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى:** لى جۇڭجې.

**جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى:**

**باشلىقى:** ليۇ ياۋخۇا.

**مۇئاۋىنلىرى:** مامۇتجان مۇھەممەت، ليۇسىخەي، ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم.

**پارتگۇرۇپپا شۇجىسى:** ليۇگىنچېڭ (قوشۇمچە).

**مۇئاۋىن شۇجىسى:** ليۇياۋخۇا، ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم.

**ھەيئەتلىرى:** سۇڭجەنيۈەن.

**سىياسىي باشقارما مۇدىرى:** جاڭ ئەي.

**مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك رازۋېدچىكلار:** ئەن سىشياڭ، جياڭ جيەن، جۇڭ مۇشىن، ياسىن ۋاسىل، ئاۋۇت داۋۇت.

**ئەدلىيە باشقارمىسى:**

**باشلىقى:** ھاجى قۇربان.

**مۇئاۋىن باشلىقى:** ۋۇجىيۈن، جاۋدىڭشىن، ھوشۇر توختى.

**پارتگۇرۇپپا شۇجىسى:** ھاجى قۇربان.

**مۇئاۋىن شۇجى:** ۋۇجىيۈن.

**دۆلەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى:**

**باشلىقى:** تۇرسۇن تۇردى.

**پارتگۇرۇپپا شۇجىسى:** لەي جيەنشۈن.

**ئەمگەك كادىرلار باشقارمىسى (شتات**

كوممېتېتى بىلەن بىللە)؛
باشلىقى: روزى كېرەم.
مۇئاۋىنلىرى: ۋاڭ شىنرۇڭ، ليۇ خە يىخۇڭ،
ئىمام مامۇت.
پارتگورۇپپا شۇجىسى: ۋاڭ شىنرۇڭ.
پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپ-
پىسىنىڭ باشلىقى: جاڭ شاۋشيەن.
مىللىي ئىشلار باشقارمىسى:
باشلىقى: ئابدۇرېشىت كېرەم.
مۇئاۋىنلىرى: خې جېنسۇڭ، مەھەممەت
سايىم.
دىنىي ئىشلار باشقارمىسى:
باشلىقى: قاسىم ئەيسا.
مۇئاۋىنى: ۋاڭ جيائەي.
ستاتىستىكا باشقارمىسى:
باشلىقى: ئابلىمىت ئوسمان.
مۇئاۋىنى: ليۇ چىمىڭ.
مۇپەتتىش باشقارمىسى:
مۇئاۋىن باشلىقلىرى: چېن جيادىڭ،
ئىيزىز مەھەممەت، لياڭ گىڭچۈەن.
پارتگورۇپپا مۇئاۋىن شۇجىسى: چېن
جيادىڭ.
مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك مۇپەت-
تىشلەر: ۋاڭ جې، ليۇچىلىن.
مالىيە باشقارمىسى:
باشلىقى: سۈي مىڭرېن.
مۇئاۋىنلىرى: ئەھمەت ئېيزىز، گاۋ دىڭەن.
پارتگورۇپپا شۇجىسى: سۈي مىڭرېن.
پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى-
نىڭ باشلىقى: شى شاگۇەن.
مالىيە ئىنتىزامىنى تەكشۈرگۈچى: داڭ
خۇگېي.
باج باشقارمىسى:
مۇئاۋىن باشلىقلىرى: ئابدۇغوپۇر قۇر-
بان، مەھەممەت تېلى ئاباق، لياڭچى.

سودا باشقارمىسى:
مۇئاۋىن باشلىقلىرى: جاڭ جاۋچۈن،
ھەسامىدىن مامۇت، خۇا فىڭباۋ.
پارتكوم شۇجىسى: شى چېڭلىڭ.
پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپى-
سىنىڭ شۇجىسى: جاڭ لىيۇ.
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى: گۇ شې.
ئاشلىق باشقارمىسى:
باشلىقى: شۈجۈڭ.
مۇئاۋىنلىرى: تۇداجى، تۆمۈر مۇھەممەت.
پارتگورۇپپا شۇجىسى: گوز يېشىلىق
دېھقانچىلىق باشقارمىسى:
باشلىقى: خې خۇگېيلىڭ.
مۇئاۋىنلىرى: ۋاڭ خۇگچى، غوپۇر ھاپىز،
پارتگورۇپپا مۇئاۋىن شۇجىسى: ئەن جىڭگو.
پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى-
نىڭ باشلىقى: يۈەن دېجېن.
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى: ئابلەھەت
قۇربان.
ئورمانچىلىق باشقارمىسى:
باشلىقى: ۋاڭ جىياروي.
مۇئاۋىنلىرى: قۇربان تۇردى، خۇاڭ لى.
پارتگورۇپپا شۇجىسى: كەنجى ئىبراھىم.
پارتگورۇپپا ئەزاسى: چېن شيەنچېن.
چارۋىچىلىق باشقارمىسى:
باشلىقى: مەھەممەت قادىر
مۇئاۋىنى: فېي شىنمىن
پارتگورۇپپا شۇجىسى: گوجىيېسۇڭ.
سۇ باشقارمىسى:
باشلىقى: شۈي شىنمىن
مۇئاۋىنلىرى: چېن جىڭشىن، تۇرسۇن
كېرەم.
پارتكوم شۇجىسى: ئابدۇقەييۇم
مۇھەممەت.
پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى: شۈي شىنمىن.

پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سەمەت ئىبراھىم.

مۇئاۋىن مۇدىر ئىنژېنېر: شى جيا شىن، جاۋ لىجۈك.

شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى (خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى بىلەن بىللە):

باشلىقى: يۈجاۋشى.

مۇئاۋىنلىرى: ئىسمايىلجان تۇراپ، شۇ چاڭفۇ.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: يۈجاۋشى (قوشۇمچە).

پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى: ۋاڭخۇازىلىڭ.

مائارىپ باشقارمىسى:

باشلىقى: مەھەممەت ئىمىن ھەلىمىدىن.

مۇئاۋىنلىرى: ئابدۇقادىر نەسىردىن، شىن جىڭگۇاڭ.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: شىن ئەنۋۇ.

مۇئاۋىن شۇجىسى: مەھەممەت ئىمىن ھەلىمىدىن.

پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى: جاڭ يۈەنمىڭ.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى: ئابدۇكېرىم باھاۋۇدۇن.

مەدەنىيەت باشقارمىسى:

مۇئاۋىن باشلىقلىرى: ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەت، چۇيۈەنلياڭ.

سەھىيە باشقارمىسى:

باشلىقى: ئابدۇرەھمان ئابدۇرەھىم.

مۇئاۋىنى: سۇڭ خېيجېن.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: ئابدۇرەھمان ئابدۇرەھىم.

ۋىلايەتلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش كومىتېتى:

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سايىم موللا، مەلىك جاۋرۇڭ (ئايال).

تەنتەربىيە كومىتېتى:

مۇدىرى: ئېيسا شاكىر (قوشۇمچە).

مۇئاۋىنلىرى: مۇھەممەتسىدىق ئابدۇللا، ئېزىز قادىر، جاڭ يۈمىڭ.

پارتىيە گۇرۇپپا شۇجىسى: ئېيسا شاكىر (قوشۇمچە).

مۇئاۋىن شۇجى: گاۋ نىڭبىڭ.

سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسى:

مۇئاۋىن باشلىقلىرى: تۆمۈر قاسىم، جاۋ تيەنشيالىڭ.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: پەن تىيچىلىڭ.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى: يەھياجان بابايوف.

ئىككىنچى يېنىك سانائەت باشقارمىسى:

مۇئاۋىن باشلىقلىرى: ئابدۇقادىر كېرىم، گاۋ شىنجى، ھېيىت مۇھەممەت.

پارتگۇرۇپپا مۇئاۋىن شۇجىسى: ئابدۇقادىر كېرىم.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى: ئىبراھىم ئىسمايىل

يېزا - بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى:

مۇئاۋىن شۇجىسى: لى چىڭيۈك، مېيى خۇاكۈي، ئابلىمىت تۇسمان.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: شېن جاۋرۇڭ.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى:

مۇئاۋىن باشلىقلىرى: تۇرسۇن مۇسىيۇن، ۋۇ جۇنرۇي.

پارتگۇرۇپپا شۇجىسى: ۋاڭ جۇ.

ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشخانىسى:

مۇئاۋىن مۇدىر: لى بىڭ.

## قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك ئىسملىكى

قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش كومىتېتى تەھرىر ئىشخانىسى:
مۇئاۋىن مۇدىر: لياڭ چاڭسۇڭ
ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقارمىسى:
مۇئاۋىن باشلىقلىرى: رەن ۋۇچۈەن، قۇربان ئىبراھىم.
ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت باشقارمىسى:
باشلىقى: ۋاڭ خۇافۇ.
ۋىلايەتلىك يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى:
مۇئاۋىن مۇدىرى: لۇي پېيتيەن.
ۋىلايەتلىك رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىشلىرى ئىدارىسى:
باشلىقى: مەھەممەت ئىمىن.
مۇئاۋىنلىرى: سىدىق ئابىدخان، تاڭ خەيلۇڭ.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: زەن ۋەنچۈن.
پارتگورۇپپا شۇجىسى: ياۋشى.
ۋىلايەتلىك قاتناش ئىدارىسى:
باشلىقى: جياڭ فۇگو.
مۇئاۋىن باشلىقى: قاسىم مۇھەممەت.
پارتكوم شۇجىسى: قاسىم مۇھەممەت.
ۋىلايەتلىك يەر تەۋرەش خىزمىتى ئىشخانىسى:
مۇدىرى: جاڭ يۈجيەن.
ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيالار شىركىتى:
دىرېكتورى: لۇچىڭفاڭ.
مۇئاۋىن دىرېكتورلار: شېن كېلى، ئابدۇرەھىم كېرىم.
پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى: لۇچىڭفاڭ.
ئەبەيدۇللا سېيىت.
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى: مۇسا سەمەت.
ۋىلايەتلىك مىقدارلارنى ھېسابلاشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسى:
باشلىقى: فېي مىڭلۇ.
ۋىلايەتلىك تاشقى سودا شىركىتى:
دىرېكتور: سېيىت تۇردى.
مۇئاۋىنلىرى: لياڭ شۇشىن، يالقۇن ئىسلام.
پارتكوم شۇجىسى: لياڭ چىڭدىيەن.
مۇئاۋىن شۇجىسى: ۋاڭ دېفۇ.
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى: ماجۇشۇ.
ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىش بېجىرىش ئورنى:
مۇدىرى: لى گۇاڭچەن.
مۇئاۋىنلىرى: لياڭ ساڭۇ، قۇربان ياسىن.
پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى: لى گۇاڭچەن، شاۋۇدۇن تىلىۋالدى.
پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئۆمەر توختى.
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى: مەھەممەت تۇرسۇن، لى گۇاڭشى.

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسملىكى

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قەشقەر ئىش بېجىرىش ئورنى:
مۇدىرى: ئوبۇلھەسەن.
مۇئاۋىنلىرى: جۇز بېجۇڭ، ھەنىپە موللاق.
كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلكوم:
شۇجىسى: سۇلتان ئوسمان.
مۇئاۋىن شۇجىسى: جاڭ لىمىڭ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى:
مۇدىر: گۈلخان كەنجى.
مۇئاۋىنى: گوشيۇجۇ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى:
رەئىسى: تىلمۇالدى ھاشىت.
مۇئاۋىنى: جاڭ زەن، ليۇيى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى:
رەئىسى: ئېزىز خۇدابەردى.
مۇئاۋىنلىرى: جۇگۇاڭخۇا، چى مىلىڭ.

## ناھىيە (شەھەر) لەردىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكى.

**قەشقەر شەھىرى:**

جكپ قەشقەر شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جاڭ جېنۇۋ.

مۇئاۋىنلىرى: مىياۋشۇاڭ، لىۇۋيېۋ، تۇردى ئابدۇكېرىم، ۋاڭ ۋېن.

شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئابدۇقادىر چوڭ.

مۇئاۋىنلىرى: ياڭ جېنگو، ئابدۇكېرىم قاسىم ھاجى، ئىلىيۇپ ئىسلام، سەمەت مەخسۇم، ياڭ چىسەي، رەھمىتىللا.

شەھەر باشلىقى: ئابلەت مۇھەممەت.

مۇئاۋىنلىرى: مەمەتئىمىن ياسىن، ۋاڭ لىشىڭ (ما دىجۇ)، كاڭ يۈەنپىڭ، ئىمىنجان بارات.

مەسلىھەتچىلەر: ۋاڭ يىڭلىن، ئابدۇكېرىم ھۆسۈيۈن.

شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى: تەۋەككۇل ھۆسۈيۈن.

مۇئاۋىنلىرى: سۇرۇۋئېچۇن، جاڭجيەنۋېن، توختى موللا، سالىن دامۇللام.

دائىمىي ھەيئەتلىرى: كەنجى مەھەممەت.

شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ئايشەم ياسىن.

شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: قاسىم موللاق.

شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: ئېزىز ئېيسا.

**قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى:**

جكپ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى: ياڭشۇۋۋېن.

مۇئاۋىنلىرى: ۋۇ فۇجېن، ئىمىن ھاشىم.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ئەمەت ئىبراھىم.

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: گومىڭجې، تاشخان پالتۇ، ئەمەت روزى، تۇردى ئاۋۇت، زۇنۇن مامۇت، لىجېلۇن، تۇرسۇن ئەمەت.

ھاكىم: ياسىن ياقۇپ.

مۇئاۋىنلىرى: ئېلى مەمەت، ۋاڭ ۋېيمىن، غوجى مۇسا، خۇتېڭتەي.

مەسلىھەتچىلەر: تۇردى مامۇت، لى زېلىن.

ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى: جۇيىپۇ.

مۇئاۋىنلىرى: ئابدۇرېشىت مۇھەممەت، مۇھەممەت ئىمىن ئېلى، ئابدۇراخمان توختى ھاجى، سىيىت پالتۇ.

ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: سىيىتنىسا زايىت.

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: سابىر سايىم.

ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: تۇبۇل تاش.

**قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى:**

**ج ك پ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** ۋاڭ ئەيشەن.

**مۇئاۋىنلىرى:** ۋاڭ خېدىڭ، روزى ئابدۇللا.

**ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى:** ئابدۇغوپۇر ئۆمەر.

**مۇئاۋىنلىرى:** لى شيەن، قاسىم ئابدۇللا، ئەمەت قاسىم، ئەمەت روزى.

**ھاكىم:** مامۇت ئىسمايىل.

**مۇئاۋىنلىرى:** لىيۇ پۇياۋ، ئابدۇكېرىم سەلەي، لىيۇ دىيەنچېن، ئەركىن ئىمىن، پېڭ پېيشيەن.

**ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى:** ئىسلام كېرىم.

**مۇئاۋىنلىرى:** يۇنۇس ئىمىن، مەشرەپ ساۋۇت، جياڭ يۇگجۇڭ، مۇھەممەت ھاجى.

**ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** مۇھەممەت ئابدۇللا.

**ناھىيىلىك خەلق سود مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** توختى مامۇت.

**ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** رازىق سوپۇرگە.

**يېڭىسار ناھىيىسى:**

**ج ك پ يېڭىسار ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** زېڭ يۈي.

**مۇئاۋىنلىرى:** ۋاڭ يۈفۇ، مۇھەممەت جۇرۇپ.

**ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى:** ھېيت سابىت.

**مۇئاۋىنلىرى:** ئۇرايىم ئېلى، ھەسەن سوپۇرگە، گاۋ لۇزى.

**ھاكىم:** ئەمەت ياقۇپ.

**مۇئاۋىنلىرى:** لى پېيپۇن، كامىل ئابدۇللا، لىياڭ شىيۇڭ.

**ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى:** ئابدۇغوپۇر زاكىر.

**مۇئاۋىنلىرى:** جاڭ خۇڭمۇ، مۇھەممەت ئىمىن قارىھاجى، ئابدۇغوپۇر ھەسەن.

**ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** روزى سابىر.

**ناھىيىلىك خەلق سود مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** يۈسۈپ قادىر.

**ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** مۇسا ھوشۇر.

**يەكەن ناھىيىسى:**

**ج ك پ يەكەن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** چېن جېنچياۋ.

**مۇئاۋىنلىرى:** سۈي ۋېنشياڭ، سۇڭ گۇاڭجۇڭ، توختى يۈسۈپ ئابابەكرى.

**ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى:** ئابدۇقادىر ھاشىم.

**مۇئاۋىنلىرى:** سۇڭ سىيۇ، يۈسۈپ روزى، مۇھەممەت ساۋۇت، سىدىق تۇردى، رېڭ چۈەن.

**ھاكىم:** مەھمۇت مۇھەممەت.

**مۇئاۋىنلىرى:** غوپۇر ھاشىم، سىدىق قۇربەك، جياڭ لەيلىن، سادىق جۇمە، خۇي شىمىن.

**مەسلىھەتچى:** يەن جېنگو.

**ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى:** ئىسلام نىياز، مۇھەممەت ئىمىن رەھىم، جۇجىيەنچېن، قادىر شېرىپ، مۇھەممەت قاسىم، خېر نىچۈن.

**ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** ئايىمخان كېرىم.

**ناھىيىلىك خەلق سود مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** سەمەت ئەخەت.

**ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** تۇراپ تۇردى.

**پوسكام ناھىيىسى:**

**ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** يۈجىيا پېڭ.

**مۇئاۋىنلىرى:** لىيۇكېي، قادىر ھەسەن، جۇ مىڭفالى.

**ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى:** توختى مۇھەممەت تۇردى.

**مۇئاۋىنلىرى:** ئابلىز نىياز، جاڭ خۇڭيۇ، جياڭ مىڭ.

**ھاكىم:** سەلىم مەنسۇر.

**مۇئاۋىنلىرى:** مۇھەممەت ئېزىز، تىيەن ۋېيگو، رازىق مەنسۇر، جاڭ جىياچىي، ئابلەت ناسىر.

**ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى:** لى خۇيجۇ.

**مۇئاۋىنلىرى:** قۇربان نىياز تۇردى، لىي ماۋمىڭ، ئابلىز خان.

**ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** لوجۈن.

**ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:**

**ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** مۇھەممەت توختىنىياز.

**قاغىلىق ناھىيىسى**

**جكپ قاغىلىق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** يۈڭ ئەنچاڭ.

**مۇئاۋىنلىرى:** شۈگېنچاڭ، مۇھەممەت ئىمىن ئوسمان.

**ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى:** مۇسا يوپ.

**مۇئاۋىنلىرى:** لى جىيايىن، توختى ھاپىز، ئايتۇرا روزى، ئىسرايىل ئىسكەندەر.

**ھاكىم:** مۇھەممەت ئەخلەت.

**مۇئاۋىنلىرى:** ۋاڭ خېشيالى، ئابدۇرېشىت توختى، جيا شىلۇ، ئابلەت مامۇت.

**مەسلىھەتچى:** فەن جېجياڭ.

**ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى:** مەتنىياز تۇردى.

**مۇئاۋىنلىرى:** سادىق ساۋۇت، نۇر قاسىم، ئەمەت ھاجى، ئابلىمىت مامۇت، ئابدۇراخمان قۇددۇس، ئەمەت توختى.

**ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** ئاينۇرا ماپىز.

**ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** تۇردى سىدىق.

**ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** ساۋۇت سىدىق.

**مەكىت ناھىيىسى:**

**جكپ مەكىت ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** لى گوئاڭيۇ.

**مۇئاۋىنلىرى:** خۇچېشىن، ئىمىن ئۆمەر

**ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى:** ئابدۇكېرىم روزى.

**مۇئاۋىنلىرى:** ھوشۇر قادىر، ھەسەن ئىبراھىم، ئۆمەر ئېلى.

**ھاكىم:** ئوسمان قاسىم.

**مۇئاۋىنلىرى:** پۇجېخۇي، تۇرغۇن موللاق، زىلەسەيلىن، ئابلىز روزى.

**ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى:** ئاۋۇت روزى.

**مۇئاۋىنلىرى:** مۇھەممەت نىياز، نەزەر خەلپە.

**ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** ئابدۇۋەلى ئاۋۇت.

**ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** ئابدۇسەمەت بارات.

**ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** ئەمەت مەخسۇت.

**يوپۇرغا ناھىيىسى:**

**جكپ يوپۇرغا ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** ھامىتجان ئۆكتەم.

**مۇئاۋىنلىرى:** گۇلى دېيشەن، خېچاڭشۈن

**ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي**

**كومىتېتىنىڭ مۇدىرى:** سوپى روزى.

**مۇئاۋىنلىرى:** ھوشۇر يولۇس، ئەمىن زىمىن، سىدىق خۇدابەردى، ئابدۇرېشىت مەشۇق.

**ھاكىم:** ھۆسۈيۈن تاھىر.

**مۇئاۋىنلىرى:** جاڭ فىڭ، ھوشۇر ۋەلى، ئابدۇرشىت ناسىر، فەن شياۋجۇڭ.

**ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ رەئىسى:** مۇھەممەت ناھەت.

**مۇئاۋىنلىرى:** ھۆسۈيۈن بەختى، زىمىن بارات، ئابلەت سايىت، ئابباس قازى.

**ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** ئەمەت خۇدابەردى.

**ناھىيىلىك خەلق سود مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** ئابدۇرسۇل تۇرەك.

**ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** تۇردى ھاجى ھوشۇر.

**پەيزاۋات ناھىيىسى:**

**ج ك پ پەيزاۋات ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** ليۇيۇڭچاڭ.

**مۇئاۋىنلىرى:** ۋاڭ كۈيشىڭ، ئابلىز ناسىر.

**ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى:** سايىت رەززاق.

**مۇئاۋىنلىرى:** ئابلەت ھەسەن، زۇنۇن ھوشۇر، نورۇز بوۋاق، ئەخەت مۇھەممەت.

**ھاكىم:** مامۇت ئىسمايىل.

**مۇئاۋىنلىرى:** ھەسەن ئابدۇرېھىم، ياسىن ساۋۇت، جاڭ دېلياڭ، ۋېيى جېنشىيەن.

**ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى:** لى باۋجېن.

**مۇئاۋىنلىرى:** سابىر روپ، داۋۇت ساۋۇت، ۋېن بىڭچۈەن.

**ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** جاڭ شۇخې.

**ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** يۈسۈپ مۇسا.

**ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** مۇھەممەت روزى.

**مارالبېشى ناھىيىسى:**

**ج ك پ مارالبېشى ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** ليۇيۈەنشىن.

**مۇئاۋىنلىرى:** ئىبراھىم باقى، ياۋ يىجىيەن.

**ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى:** خۇدابەردى روزى.

**مۇئاۋىنلىرى:** چېن شىڭدۇڭ، سىدىق ئەيسا، نۇرخان مۇھەممەت، يۈەن داگاۋ، جۇ مەھىيت.

**ھاكىم:** تۇرەك نۇرەك.

**مۇئاۋىنلىرى:** ئابدۇكېرىم يۈسۈپ، لۇچى، ئابدۇۋەلى ھەسەن، لى شۈن، لىن يۇڭگې.

**ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى:** سادىق ھوشۇر.

**مۇئاۋىنلىرى:** ئابدۇرەھىم قۇدرەت، سەمەت سادىر.

**ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** تۇرسۇن ساۋۇت.

**ناھىيىلىك خەلق سود مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** قاسىم ھاشىم.

**ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** ساۋۇت قاسىم.

**تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى:**

**ج ك پ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:**
ئىسمايىل ئېزىز (تاجىك).

**مۇئاۋىنلىرى:** ما يىنشىڭ، لى جۇباۋ.

**ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى:** سەيدۇللا بەنىيەم (تاجىك).

**مۇئاۋىنلىرى:** لى جېنيا، توختى بوز (تاجىك)، دۇردانە (تاجىك، ئايال)، ئابدۇقادىر موللاق (قىرغىز).







↑ ئاپتونوم رايونلۇق «5·4·3»
تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى، «ئۈچ ئەلا
بىر ئۆگىنىش» نى تەكشۈرۈش
ئۆمىكىنىڭ باشلىقى دوۋەن ۋېنشاڭ،
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەيئەت ئەزا-
سى ۋاڭ ۋېيجىن ۋە قەشقەر شەھ-
ەرلىك ... مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ
... ئەگىرشىپ مېھمانخانى-
نىڭ ئازادىلىقىنى تەكشۈرمەكتە.

ياڭ ... فوتوسى

↗ ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچ
ئەلا بىر ئۆگىنىش» نى تەكشۈ-
رۈش ئۆمىكى ھېيتگاھ سودا سارى-
يىغا كېلىپ مەدەنىيەتلىك ئورۇن
قۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە.

ياڭ ... فوتوسى



↑ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ
مۇئاۋىن سېكرېتارى جانابىل (سولدىن 2-
كىشى) ھېيتگاھ سودا سارىيىدا ئاممى-
ۋى ... نىڭ ... ئورتاق مەدەنىيەت
... ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

... فوتوسى

— ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچ ئەلا بىر
ئۆگىنىش» نى تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەش-
قەر شەھىرىنى ... كېلىپ ئوقۇتقۇچى،
ئوقۇغۇچىلاردىن «ئۈچ ئەلا بىر ئۆگە-
نىش» نى ... مەزمۇنلار-
نى سوراپ كۆرمەكتە.

ياڭ ... فوتوسى



قەشقەر شەھىرى شەھەر رايونىدىكى مەللىلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئۈلگىلار ئورۇنلارغا نام بېرىش يىغىلىشى ئاچتى ، ۋىلايەتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋېنچې ئۈلگىلار ئورۇنلارغا گۇۋاھنامە تارقاتماقتا .

ياڭ يىۋۇ فوتوسى



يوپۇرغا ناھىيەلىك ئاشلىق ئىدارىسى خىزمەت يۈزلىنىشىنى ياخشىلاپ ئاشلىقنى ئۆيگە ئەكىلىپ بەردى. ←




قەشقەر شەھەرلىك مالدوختۇرخانا ھەربىي سەپتىمۇ يەرلىكتىمۇ ئىشلىگەنلەردىن كىشلەر- نى قىزغىنلىق بىلەن تەربىيلىمەكتە .

ليۇ شياڭچۈن فوتوسى




ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قەشقەر ئىش باشقارمىسى 1986- يىلى ئۈرۈمچى سايباغ رايونى بويىچە « مەدەنىيەتلىك ئورۇن » بولۇپ باھالاندى. سۈرەتتە سايباغ رايون رەھبەرلىكى (سولدىن 2-كىشى) قەشقەر ئىش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرىغا مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەن ۋەسىقىنى تەقدىم قىلماقتا.

شې يېك فوتوسى



جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرگە كەلدى. سۈرەتتە ئىن جيامېي ۋە ... گو ۋەتەنپەرۋەر ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.

گو لەنيىڭ فوتوسى



ۋىلايەتلىك رەھبەرلىرى 8-مارت بايرىمىدا ئاياللارغا مۇكاپات بەرمەكتە.

گو لەنيىڭ فوتوسى

ئايلىنىش يايلاقى ... تەرەققىيات ... 200 ... جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ ... جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ ... ( ئوڭدىن 2 - كىشى ) ... قوبۇل قىلماقتا . ←

گو لەنيىڭ فوتوسى



ۋىلايەت رەھبەرلىرى ... قوبۇل قىلىپ ... بالىلارنىڭ ... كۆزدىن كەچۈردى .

↓ گو لەنيىڭ فوتوسى







↖ جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىن جيامېي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قەشقەردىكى قەدىمى يادىكارلىقلارنى كۆردى .

گو لەنيىڭ فوتوسى

شىنجاڭنىڭ ئاياللار ۋەكىللىرى ئۈچىنچى قېتىم قەشقەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش جەريانىدا قەشقەر بالىلار باغچىسىدىكى بالىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ←

شى يېڭ فوتوسى





ب د ت نوپۇس فوندىچە مەنىيسىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر باشقارمىسىنىڭ ئەمەلدارى جۇڭخۇەنىيەن لياگزى ۋە لىن گۇيىجاڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاياللار - بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىنى تەكشۈردى.

ب د ت نوپۇس فوندى جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى باشقارمىسىنىڭ ئەمەلدارى جۇڭخۇەنىيەن لياگزى ۋە لىن گۇيىجاڭلار ئەمەلدارلىرى تەكشۈردى.



ۋىلايەتلىك [illegible] بالىلار [illegible]
[illegible] بالىلار.



ئاران تۆت ياشقا كىرگەن ماھىرە ئابدۇرۇسۇل ۋىلايەت بويىچە بالىلارنىڭ ئېلېكترونلۇق مۇزىكا مۇسابىقىسىدا بىرىنچى بولۇپ مۇكاپاتلاندى.



بەختلىك بالىلىق چاغلار.




بۇ بەتتىكى رەسىملەرنى گۇلەلىيىنىڭ تارتقان.

كىچىك داخشىچى




دەشقەردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوندىن بارغان باللار ئەنجەك مەيدانىدىكى يېڭى
كەسەندىكى جۇڭنەنخەي ۋە ئەلىمەك ئىش ... ئۇرنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.



دەشقەردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوندىن بارغان
باللار جۇڭنەنخەينى ئېكسكۇرسىيە قىلدى .




جۇڭگو - پاكىستان ئوسمۇرلىرى سەيلە قىلىش ئەترىتى
تاشقورغانغا كەلگەندە ۋىلايەت ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ۋە
ھەر مىللەت ئوسمۇرلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.



دەشقەردىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوندىن
بارغان باللار ئەنجەگدىكى يۇ خۇاتەي خاتىرە سارىيىنى
ئېكسكۇرسىيە قىلدى.



جۇڭگو - پاكىستان ئوسمۇرلىرى بىرلىكتە دوستلۇق ناخشىسىنى ئوقۇماقتا .



قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر تارمىقى قەشقەر كوچىلىرىدا كۆزەت قىلماقتا .

بۇ يۈگېيلىك فوتوسى





قوراللىق ساقچىلار چېگرادا كۆزەت قىلماقتا

چېن چيەنمىڭلىك فوتوسى.



قائىدەتلىك قوراللىق ساقچىلار

بۇ يۈگېيلىك فوتوسى

قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر تارمىقىدىكى كا-
دىر - ساقچىلار ھەيتگاھ مەيدانىدا تازىلىق
قىلماقتا .

بۇ يۈگېيلىك فوتوسى

ھ-قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن ۋالىيسى ياڭ جەنشى قوراللىق ساقچى
قىسىم قەشقەر قارمىقىدىكى سىياسىي كومىسسا-
رى ۋۇ كوچياڭنىڭ ھەمراھلىقىدا قارماق
ئەترەتنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇ-
لاتلىرىنى كۆردى.

چېن يۈشياڭ فوتوسى





[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible] 23-[illegible]
[illegible]

[illegible]



چەكرادىۋداپىدە قوراللىق ساقچىلىرى جارچىلارغا قانۇندىن
تەربىيە بەرمەكتە.

چېن جېەنيەن فوتوسى




قەشقەر شەھىرى ئوغرىلارغا قارشى تۇرۇش سەپەرۋەرلىك يىغىنى
چاقىردى.

شاۋ خەيشۈن فوتوسى




— قەشقەر شوبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش بۆلۈمى ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ چوڭ، مۇھىملىرىغا قاتتىق زەربە بېرىشتە دەق- جىددىي كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئۇلار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.



— قەشقەر شوبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەپتىش بۆلۈمى ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەت دېلولىرىنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىۋاتقان



قەشقەر شوبە تەپتىش مەھكىمىسى سوت مەھكىمىسىگە يارداملىشىپ جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش بويىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى.



قەشقەر شوبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەرز بۆلۈمى ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى قىزغىن كۈتىۋالماقتا.

بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى جالالىدىن تارتقان

# پارتىيە قۇرۇلۇشى

## پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمىتىنى چىڭ تۇتايلى

ج ك پ قەشقەر ۋىلكومىنىڭ شۇجىسى: شۈي شياۋچېڭ

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەمەل قىلىپ، ۋىلايىتىمىزدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قەدەر تۆت تۈركۈم بويىچە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1984-يىلى 12-ئايدا باشلىنىپ، 1987-يىلى 3-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاياغلاشتى. جەمئىي ئىككى يىل ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىندى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىستىلنى تەرتىپكە سېلىش، ئىنتىزامنى كۈچەيتىش، تەشكىلنى پاكلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى، پارتىيە رەھبەرلىكى كۈچەيدى ۋە ياخشىلاندى، پارتىيە تەشكىلىنىڭ ھاياتى كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقى كۈچەيدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى، ۋىلايىتىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق ۋەزىيىتى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

لېكىن سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىمىز مەركەزنىڭ تەلىپىدىن ھېلىھەم يىراقلىقتا تۇرۇۋاتىدۇ، ئاساسلىقى تەرەققىيات تەكشى ئەمەس، ئاز ساندىكى ئورۇنلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدىن كېيىنمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولمىدى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئەمەس، بەزىلىرى ھەتتا رەسمىيەتچىلىك قىلدى، بەزىلىرى غايە، ئىنتىزام تەربىيىسىنى دېگەندەك چوڭقۇر ئېلىپ بارمىدى. ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرىدا ئىنتىزامغا خىلاپ ھادىسىلەر ھېلىھەم كۆرۈلمەكتە، ئايرىم

---

**ھاكىم:** ئەبۇزەر خېلىل. (تاجىك)

**مۇئاۋىنلىرى:** ياڭ شۇلۇن، ئابلىمىت ھاجى، مۇنى تابىلدى (تاجىك).

**ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى:** ئاخۇنباي بۇنى (تاجىك).

**مۇئاۋىنلىرى:** باياك (تاجىك)، خانسەدىردىن (تاجىك)، شاخۇدا بەردى (تاجىك).

**ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى:** بەكرى مەللىباي (تاجىك).

**ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** سەيگىل قەدەم (تاجىك).

**ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى:** خۇشدىل (تاجىك).

(يۇقىرىدىكىلەر 1986-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئەھۋال).

رەھبىرىي كادىرلاردىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى تېخى پاش بولمىدى، بەزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىمىز قاتتىق بولمىدى. ئايرىم ئورۇنلاردىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ بوشاڭ، چېچىلاڭغۇ بولۇش مەسىلىسى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى بوششىپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈزۈل-كېسىل ھەل بولمىدى. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشى كېرەككى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ۋەزىپە. ھازىر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي مەزگىلدە تۇرۇۋاتىمىز، بۇ بىزدىن پارتىيىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشقا ھەمدە ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان مۇستەھكەم يادرو قىلىپ قۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بىر قېتىملىق پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن پارتىيىمىزدىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا قەيت قالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشى، مەركەزلىك ھالدا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى دائىمىي تۈردە كۈچەيتىشكە قاراپ كۆچۈشنى ئەستايىدىل ياخشى يولغا قويۇشى لازىم. پارتىيە قۇرۇلۇشىدا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش لۇشيەنىنى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى چىڭ تۇرۇشنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشى، بولۇپمۇ ئۆز جايى، ئۆز ئورنىدا پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى مۇددەت بەلگىلەپ ھەل قىلىشى لازىم.

1987 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يولداش بوييبونىڭ مەملىكەتلىك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى يىغىنىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن «پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي خۇلاسىسى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا» دېگەن سەرلەۋھىدە قىلغان دوكلاتى ئىنتايىن مۇھىم ھۆججەت. مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئۈستىدە چىقىرىلغان ئومۇمىي خۇلاسە بولۇپ، بۇنىڭدا نەتىجىلەرمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ كۆرسىتىپ بېرىلگەن ھەمدە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى مۇندىن كېيىن قانداق كۈچەيتىش توغرىسىدا بەش ماددىلىق ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئىنتايىن ئەتراپلىق بولغان يېتەكچى خاراكتېرلىك پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى چوقۇم پارتىيە ئەزالىرىنى تەشكىللەپ ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، ئۇنىڭ روھىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى ئاجىز ھالقىلارغا يەنىمۇ سېلىشتۇرۇپ، ئۆز ئورنىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشى ۋە تولۇقلىشى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ئالغا يۈكسەلدۈرۈش لازىم.

تۆۋەندە پارتىيىنىڭ ئىدېيىۋى، سىياسىي خىزمىتىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيىنى قانداق قىلىپ ياخشى تۇتۇش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا نۇقتىلىق توختىلىمەن:

1. يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلىدىغان تەربىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بويسۇنۇشى ۋە خىزمەت قىلىشى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى، ئەخلاقى ساپاسىنى ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كۆڭۈل بولۇشى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك نۇقتىئىنەزەرىنى كۈچەيتىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. مۇشۇنداق يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، ۋەلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھازىر ۋە مۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە نۇقتىلىق ھالدا مۇنۇلارنى ياخشى تۇتۇش لازىم: بىرىنچى، غايە توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»ىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدىغان، ئېھتىياجىغا قاراپ ھەق ئالىدىغان كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت. مەيلى بۇرۇن ياكى ھازىر ۋە كەلگۈسىدە بولمىسۇن بۇ ئالىي غايە بىز كوممۇنىستلار ۋە ئىلغارلارنىڭ كۈچىنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىۋى تۈۋرۈكى بولىدۇ». بىر پارتىيە ئەزاسىدا كوممۇنىزم ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغان ئۇلۇغۋار غايىنىڭ بولۇش- بولماسلىقى—بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ لاياقەتلىك . لاياقەتسىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان تۈپكى بەلگە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە ئەزالىرىغا ھارماي - تالماي غايە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئىنچىكە مەسىلە ۋە ئاچقۇچ. ئىككىنچى، پارتىيە ئەزالىرىغا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ پارتىيىمىزنىڭ ئەچچە ئون يىللىق جۇڭگو ئىنقىلابىغا ۋە قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى، بىزنىڭ دۆلەت قۇرۇشىمىزدىكى ئۇلىمىز، دۆلەتنى باشقۇرۇشتىكى ئۇلىمىز، دۆلەتنى بېيىتىشتىكى ئۇلىمىز. ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاق قىلىشىپ، سوتسىيالىزمنى ئورتاق قۇرۇشىمىزدىكى سىياسىي ئۇل، خۇشپۇراق گۈل بىلەن زەھەرلىك چۆپنى ئايرىۋېلىشىمىزدىكى ھەق - ناھەقنى ئايرىش ئۆلچىمى ۋە بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ مىزانى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر، سىستېمىلىق ئېلىپ بارغاندىلا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا باشتىن- ئاخىر بىردەك چىڭ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بايرىقى روشەن ھالدا بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارالايدۇ. ئۈچىنچى، پارتىيە ئەزالىرىغا تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنىڭ يېڭىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش—ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇقەررەر باسقۇچ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ئاساسلىق نىشان. لېكىن بىزنىڭ بەزى پارتىيە ئەزالىرىمىز، ئىدىيە جەھەتتە ۋەزىيەتكە يېتىشەلمەي بارالمىغاچقا، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ماسلاشمايدىغان ئىدىيىنىڭ تەسىرى، جامائەت پىكرى كۈچى، ئەخلاق ئاھاللىرى ۋە قىممەت

كۆز قارىشى يەنىلا مەۋجۇت، شۇڭلاشقا پار-
تىيە ئەزالىرىغا نۇقتىئىنەزەرىنى يېڭىلاش
توغرىسىدا تەربىيە بېرىش، پۈتۈن جەمئى-
يەتنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى يېڭىلىشىنى ئىلگە-
رى سۈرۈش — سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدە-
نىيەت قۇرۇلۇشى دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىم ۋە-
زىپە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. پارتىيە ئەزالى-
رىغا تەربىيە بېرىپ ئۇلاردا تاۋار ئىگىلى-
كىگە ماس كېلىدىغان بازار كۆز قارىشى، ئۈ-
نۈم كۆز قارىشى، ئۇچۇر كۆز قارىشى، رىقا-
بەت كۆز قارىشى، ئىختىساسلىق خادىملار كۆز
قارىشىنى يەيدىنپەي تۇرغۇزۇش لازىم. ئىسلا-
هات قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇشنى پارتىيىۋى-
لىكتە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم ئورنىغا باير-
قى روشەن هالدا قويۇش، پارتىيە ئەزالىرى-
نى تىرىشىپ ئىسلاھاتنىڭ يول ئاچقۇچىلىرىدىن
بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. تۆتىنچى،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلە-
كىنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئې-
لىپ بېرىش لازىم. بۇ، ۋىلايىتىمىزنىڭ تۆت-
لەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، بارلىق
خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم شەر-
تى. بۇنىڭغا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشقا بول-
مايدۇ. بەشىنچى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق
رايونلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرىغا پارتى-
يىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش توغرىسىدىكى سە-
ياسىتى ۋە خۇداسىزلىق توغرىسىدا تەربىيە
ئېلىپ بېرىش، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە
تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كىشىلىك قارىشىنى
تۇرغۇزۇش لازىم. ئالتىنچى، تەربىيەلەش
يوللىرىنى كۆپ ئېچىپ پارتىيە ئەزالىرىغا
تىرىشىپ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆ-
گىنىپ تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىيا-
جىغا لايىقلىشىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش
ۋە ياردەم بېرىش لازىم.

2. پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەر-
بىيىنى ياخشى تۇتۇشنىڭ ئاساسلىق تەدبىر-
لىرى:

(1) ئۈنۈمگە دىققەت قىلىش كېرەك.
پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەشتىكى تۈپ
مەقسەت — پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دۇنيانى بى-
لىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى كۈ-
چەيتىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى
ئەخلاقى ئېڭى ۋە پەن - مەدەنىيەت ساپا-
سىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇرۇن
بەزىدە كۆپلىگەن ئورۇنلار پارتىيە ئەزالى-
رىغا تەربىيە ئېلىپ بارغاندا بېشى ئاغرى-
سا بېشىنى داۋالاش، پۇتى ئاغرىسا پۇتىنى
داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نۆۋەتتىكى ئۈ-
نۈمگىلا ئەھمىيەت بېرىپ مەسىلىنى تۈپتىن
ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلمىدى. شۇڭا پارتى-
يە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيە چوقۇم ئۇ-
زاق مۇددەتنى نەزەردە تۇتۇشى، پارتىيە ئە-
زالىرىنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۈزلۈك-
سىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم. بۇنىڭدىن باش-
قا، تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ياخ-
شىلاش، تاۋار ئىگىلىكى راۋاجلىنىۋاتقان بۈ-
گۈنكى كۈندە، ئىدىيىدە جانلىنىش بولۇش،
قىزىقىش كەڭ دائىرىلىك
بولۇش، نەزەر دائىرە كەڭ بولۇش،
ۋاقىت ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىش — پار-
تىيە ئەزالىرىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى
بولۇپ قالدى. ئەگەر بىز يەنىلا بۇرۇنقى ئاۋ-
ۋال سەپەرۋەر قىلىش، ئاندىن دەرس ئۆتۈش،
كېيىندىن مۇزاكىرىگە سېلىش، ئاخىرىدا
دوكلات قىلىش، خۇلاسە چىقىرىپ تۈگىتىش-
تىن ئىبارەت بىر خىللىشىپ قالغان قىزىقار-
لىقى يوق كونا تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان
بولساق، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىدا
نەتىجىسىزلىك پەيدا قىلىپ تەربىيىنىڭ
ئۈنۈمىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىمىز. شۇڭلاشقا
بىز ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىمكانقەدەر پارتىيە

ئەزالىرى قىزغىنلىق بىلەن يېڭى ئۇسۇل، شەكىل ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز، ئىزدىنىشىمىز لازىم. مەسىلەن: تەربىيىلەش ۋاقتىنى ئەمگەككە قاراپ پەرقلىق ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ، زاۋۇت، كان، كارخانىلار ئىسمىنا ئالدىن ۋە ئىسمىنادىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرسا؛ يېزىلاردا كەچتە ياكى دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا ئورۇنلاشتۇرسا؛ ئىدارە، ئورگان، مەكتەپلەر نىسپىي ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ، بىر تاياقتا ھەيدىگەن بىلەن بولمايدۇ. تەربىيىلەش ئۇسۇلى جانلىق، كۆپ خىل بولسا بولىدۇ. ئالايلى، قەھرىمانلارنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرسا، ئۆتۈق سۆزلەش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرسا، زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىنى ئېلىپ بارسا (ئاساسىي نەزەرىيە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىگە ئائىت بىلىملەردىن)، ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلە تەۋەلىرى، مېيىپلارغا بىر نەچچە ئىش قىلىپ بەرسە، ئامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ. رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە، رەھبەرلىك — خىزمەت قىلماق دېمەكلىك بولىدۇ، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەيلى دېگەندەك ئوخشاش پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ. قىسقىسى، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيىدە مەيلى قايسى شەكىلنى قوللانمايلى، تەربىيە كۆپ خىل بولغان ئۈنۈملۈك پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈلۈشى، ئىدىيىۋىلىكى، بىلىم خاراكتېرى، قىزىقارلىقى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈشى، قىزىقىشنى قوزغاش، جەلپ قىلىش ئۈنۈمدارلىقىنى كۈچەيتىش، مەسىلىلەر قايىل قىلارلىق بولۇش، داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشلىك بولۇش، ھاياجانغا سالىدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى كۈچەيتىش لازىم.

(2) ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يولغا قويغىلى بولىدىغان تەربىيە پىلانى تۈزۈشى، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان تۈزۈپ قىسقا- قىسقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يىلمۇ-يىل ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تەربىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى، سىستېمىلىقلىقىنى، سىجىللىقىنى ساقلاش لازىم. ۋىلكوم تەشكىلات بۆلۈمى ۋىلايىتىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى كادىرلارنى تەربىيىلەش «6 - بەش يىللىق گۇيخۇا»نى تۈزۈپ چىقتى. جايلارمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشى لازىم.

(3) ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. پارتىيە مەكتىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سىنىپىنى ياخشى باشقۇرغاندىن باشقا، يەنە يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، مۇۋاپىق پەيتتە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قىسقا كۇرسىنى ئېچىش، يېزىلاردا، يېزىنى بىرلىك قىلغان ھالدا دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بىر مەركەزلىك تەربىيىلىسە بولىدۇ. زاۋۇت، كان، كارخانىلار ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرچاغدا، شارائىتى بارلىرى مۇددەتكە بۆلۈپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللانسا بولىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆزى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ياخشى بولغانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى داغدۇغىلىق ھالدا تەشۋىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇش لازىم.

(4) يېتەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، ھەر يىلى بىر-ئىككى قېتىم دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈش لازىم، قەرەللىك تۈردە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش بىلەن قەرەلسىز

# پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ زور كۈچ بىلەن تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كادىر تەربىيىلەيلى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى: ۋاڭ ۋېنچى

تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، پارتىيە مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، لاياقەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تىرىشىپ تەربىيەلەش — نۆۋەتتە كادىرلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم، جىددىي ۋەزىپىگە ئايلىنىپ قالدى.

1984 — يىلىدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى مەركەز چاقىرغان ئىككى قېتىملىق پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقىدا مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاپ ۋە كۈچەيتىپ، مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى ھەمدە مائارىپ، مەمۇرىيەت باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1984 — يىلىدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى، قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ھەمدە كونىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتەپلىرى تەربىيەلەش كۇرسى، مەدەنىيەت ئۆگىنىش كۇرسى، تىل كۇرسى قاتارلىق كۇرس سىنىپلىرىدىن 12 نى ئاچتى. ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 500 ئوقۇغۇچى تەربىيەلەندى، بۇنىڭدىن 317 كىشى ئازسانلىق مىللەت كۇرسانتلىرى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى تۆت يىلدىن بۇيانچە جەمئىي 370 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭدىن 190 كىشى ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ 51 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. 1986 —، 1987 — يىللىرى ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم پارتىيە مەكتەپلىرىدە 281 ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىغا قايتتى. بەزىلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلدى ھازىر ۋىلايىتىمىزدىكى

---

تېپى كەلگەندە تەكشۈرۈش، ئارىلاپ تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. تەكشۈرۈشتە ئاساسىي نەزەرىيىلەرنى ئىگىلەش ئەھۋالىنى يېزىقچە ياكى ئېغىزچە ئىمتىھان ئېلىپ كۆرۈپ باقسا، ئاندىن كېيىن يەنە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرسە بولىدۇ.

(5) پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى قاتلاملار بويىچە تەربىيەلەش، ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتەپلىرىگە ياكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش، يېزا دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنى تەربىيەلەشكە مەسئۇل قىلىش، زاۋۇت، كان، كارخانا ۋە يېزا (بازار) لىق پارتكوملار ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيەلەشكە مەسئۇل بولۇش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سىنىپلىرىنى ياخشى باشقۇرغاندىن باشقا، تۈزلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ پائال شارائىت ھازىرلاپ، كادىرلارنى خىزمەت ئورنىدا تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرماقتا.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملار ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلىنىشلار بارلىققا كەلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى 1986 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، 3500 كىۋادرات مېترلىق تۆت قەۋەتلىك بىنانى پۈتتۈردى. مەكتەپ يەنە كۇتۇپخانا، ماتېرىيال بۆلۈمى، قىرائەتخانا تەسىس قىلدى، 40 تۈمەن ئارتۇق كىتاب ساقلىدى. كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى، يېڭىسار ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ غەمخورلۇقىدا خىراجەت يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش، دەبلەغ توپلاپ مەكتەپ باشقۇرۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ پارتىيە مەكتىپىنىڭ قىياپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيە مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئەھمىيەت بېرىپ كۈچەيتتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. ھازىر 42 ئوقۇتقۇچى بولۇپ بۇنىڭ 24 ى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى، داشۆنىڭ تولۇق كەسپىنى پۈتتۈرگەنلەر 24 كىشى. ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تولۇقلاندى. ئىككى يىللىق مۇنتىزىملاشتۇرۇش تەربىيىسىنىڭ چېنىقتۇرۇشى ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە مەكتەپ ماتارىپ قوشۇنىنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسى مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بەزى بىر ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرى توپلاندى، ۋىلايىتىمىزنىڭ كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىندى.

لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە مەكتەپ ماتارىپىنىڭ مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەكتەپلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز، پارتىيىنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم.

1. پارتىيە مەكتەپلىرى ماتارىپىنىڭ تۈزلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى ـ پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرىي كادىرلىرىنى، نەزەرىيە تايانچلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى. پارتىيە مەكتەپ ما-

ئاردىپى ھەللىمۇ ماتېرىيالدا بىرەر قەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك چوڭلار ھەم ئاردىپى كادىرگور ئىلمىسىگە كىردى. بۇنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، پارتىيىنىڭ لۇشيەنى، فاڭجېنى، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل، كەمتۈكسىز ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلغىلى بولۇش-بولماسلىق، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى جارى قىلدۇرغىلى بولۇش-بولماسلىق، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرغىلى بولۇش-بولماسلىق مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، پارتىيە مەكتەپلىرىمىز ئارقىلىق تەربىيىلەنگەن رەھبەرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي ساپاسىغا باغلىق. شۇڭلاشقا بىز پارتىيە مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا يەنىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىز، پارتىيە مەكتەپلىرىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇشىمىز لازىم.

2. پارتىيە مەكتەپلىرى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىشىمىز لازىم. بىز ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ 2-3 يىل ئىچىدە، ۋىلايىتىمىزدىكى پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يەنىمۇ تولۇقلىشىمىز، ئىدىيىۋى سەۋىيىسى، كەسپىي سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلىگەن، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرالايدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم.

3. ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىدا پارتىيە مەكتەپلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى پائال ئىزدىنىشىمىز لازىم. ئىسلاھات روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇش يېتەكچى ئىدىيىمىزنى رۇسلاش بىلەن بىرچاغدا، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇزاق مۇددەتلىك تەربىيىلەش بىلەن قىسقا مۇددەتلىك يېتىشتۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كادىرلارنى خىزمەت ئورنىدا تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشىمىز، ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلىملىرىمىزنى ئەمەلىي خىزمەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

4. پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى خىراجەت يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىز لازىم. پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ مۇنتىزىملاشقان مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى خىراجەت يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئاز پۇل خەجلەپ، كۆپ ئىش قىلىش، پۇلنى ئەڭ ئېھتىياجلىق يەرگە ئىشلىتىشكە تىرىشىش لازىم.

ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى يولداشلار كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشى، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشى، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىش روھىنى جارى قىلدۇرۇشى، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە مەكتەپلىرىنى «تۆتلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىغا لايىقلاشالايدىغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى تىپتىكى مۇنتىزىملاشقان پارتىيە مەكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

## [پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى]

1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پارتىيە تەشكىلىي قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيىنىڭ فاكىتى، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىنتىلى، پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى. «ئۈچ يېقىن، بىر دەرس» تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولى بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 30 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان، چارۋىچى پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىلىنىپ، دېھقان، چارۋىچى پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۇرۇپ، ۋىلايەت بويىچە 90 پىرسەنتتىن يۇقىرى پارتىيە ئەزالىرىغا خۇداسىزلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش تىكلەندى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، ئاكتىپ، پىلانلىق ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش» دېگەن تۈپكى فاكىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قېرىپ كېتىش، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەنرەك بولۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، سانائەت، قاتناش، مالىيە-سودا قاتارلىق تارماقلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1-سېپىدە پارتىيە ئەزالىرى ئاز بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن 1986-يىلى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرى، زىيالىيلىرى ئارىسىدىن، سانائەت، قاتناش، مالىيە-سودا تارماقلىرىدىن، «ئىككى ئاتالە بىر گەۋدە» ئىچىدىن ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىدىكى مۇنەۋۋەرلەردىن پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەمدە پارتىيىنىڭ كۈچى ئاجىزراق بولغان بەزىبىر ئورۇنلاردا پارتىيە تەشكىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇلدى. جايلار پارتىيە نىزامنامىسىدا بەلگىلەنگەن شەرتلەر بويىچە بىرسىنىڭ شەرتى تولسا بىرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 5003 كىشى پارتىيىگە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت پارتىيە ئەزالىرى 83.7 پىرسەنتىنى، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 36.1 پىرسەنتىنى، ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىملار 28.3 پىرسەنتىنى، 45 ياشتىن تۆۋەن ئوتتۇرا ياش، ياش پارتىيە ئەزالىرى 92 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى باھالاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىغا ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قەدەر «قوش باھالاش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە 262 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى تەقدىرلەندى، 1347 مۇنەۋۋەر پار-

تىيە ئەزاسى تەقدىرلەندى. ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىشلىرى گېزىت، رادىئولار ئارقىلىق زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىندى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئامما يېتەكلەندى، تۈرلۈك خىزمەتلەر ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ناھىيە (شەھەر) لەردە پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاساسىدا، پارتىيىنىڭ ئىچكى دېموكراتىيىسى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى سايلاندى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملارنىڭ دائىمىي ھەيئىتى 86 كىشى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت 56 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. ئالىي تېخنىكوم مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 45 كىشى بولۇپ، 52 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ؛ ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملارنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى جەمئىي 38 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 30 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. ئالىي تېخنىكوم مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 60 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. پارتىيە قۇرۇلتىيى ئارقىلىق سايلانغان رەھبەرلىك بەنزىلىرى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «تۆتلەشتۈرۈش» تەلىپىگە ئۇيغۇن بولدى. ياش، مەدەنىيەت، ئەقلىي ئىقتىدار، كەسپىي قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ بىر قەدەر مۇۋاپىق بولدى.

(كۆك فۇشى) .

## [قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالى توغرىسىدا بايان]

مەركىزىي كومىتېت پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن قەشقەر ۋىلايىتىدە كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش 1986 - يىلى 11 - ئايدا باشلىنىپ، 1987 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاياغلاشتى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا قاتناشقان كەنت دەرىجىلىك پارتىيە ياچېيكىسى 2306، پارتىيە ئەزاسى 42 مىڭ 510، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا قاتناشقان پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 97.84 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا قاتنىشالماي قالغان پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 2.16 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1. كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىشتا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر:

(1) پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسى روشەن ئۆستى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تونۇش سەۋىيىسى ۋە ئىدىيىۋى ئېڭى روشەن دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كۆز قارىشى كۈچەيدى. ۋىلايەت بويىچە 15 مىڭ 54 پارتىيە ئەزاسى 25 مىڭ 440 نامرات ئائىلە بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش تۈزۈمىنى ئورناتتى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، 868 مىڭ 91 جىڭ ئاشلىق، 121 مىڭ 594 يۈەن نەق پۇل، 1 مىليون 975 مىڭ 368 جىڭ ئوتان، 14 توننا كۆمۈر ياردەم بەردى. 40 مىڭ 860 مو يەرنى ھەيدەپ بەردى. 463 تۇياق چارۋا ياردەم بەردى. 10 مىڭ 622 جىڭ گۆش، ياغ ياردەم بەردى، 234 مىڭ 602 جىڭ ئوتياش ياردەم قىلدى. 1744 ئېغىز ئۆي سېلىپ بەردى. توققۇز مىڭ 937 قۇر كىيىم-كېچەك ياردەم قىلدى. 565 مىڭ 667 جىڭ ئاشلىقنى ھەق ئالماي تارتىپ بەردى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ

ياردىمى ئارقىسىدا 19 مىڭ 236 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

(2) پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى كۈچەيدى، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاشتى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىلگىرى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا تەقتىمدارى يوق 212 ياچېيكىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلدى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياچېيكىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىدىن سايلاندى، رەھبەرلىك كۈچى كۈچەيدى. كەنت رەھبەرلىك بەنزىسىدە ساقلىنىۋاتقان يېشى چوڭىيىپ كېتىش، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان پارتىيە ئەزالىرىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا تەشكىلىي چارە كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 52 ئادەم پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىلدى، ئۈچ ئادەم پارتىيە ئىچىدە تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە قالدۇرۇلدى، 15 ئادەمگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، 15 ئادەمگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. 16 كىشىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، 394 كىشى كېچىكتۈرۈپ تىزىملاندى، 970 كىشى تىزىملانمىدى، پارتىيە تەشكىلىي ئاساسەن پاكلاشتى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا 5241 كىشى پارتىيىگە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 52.1 پىرسەنتنى، 30 ياشتىن تۆۋەنلەر 34.7 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ياش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. بۇندىن باشقا تۈرلۈك تۈزۈملەر ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. مەسىلەن: پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمى، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى، كادىرلارنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئائىلىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش تۈزۈمى قاتارلىقلار.

(3) ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەسىلىلەر جىددىي ۋە ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىندى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىلگىرى ۋىلايەت بويىچە 2492 نەپەر مالىيە، بوغالتىر خادىملارنى ئاجرىتىپ مالىيىنى كەنتمۇ-كەنت ئېنىقلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن كەنت دەرىجىلىك مالىيە ئىقتىسادى ئاساسەن ئېنىق بولدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل ئىقتىسادىي مەسىلىسى بار پارتىيە ئەزالىرى 28 مىڭ 408 نەپەر، ئۇلارنىڭ 3 مىليون 616 مىڭ 965 يۈەنلىك قىممەتتىكى مەسىلىسى ئېنىقلانغان. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا، ئىسپاتلىنىپ تۈزىتىلگەن كىشى 23 مىڭ 45 نەپەر، تۆلىگىنى، قايتۇرغىنى 2 مىليون 805 مىڭ 589 يۈەن بولۇپ، ئېنىقلانغان ئومۇمىي پۇلنىڭ 77.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، قالغانلىرىنى ئائىلىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلەش، قايتۇرۇش پىلانى تۈزۈلدى، ھەقىقەتەن قايتۇرالمايدىغانلىرىدىن ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى، كېيىنگە قالدۇرۇلدى. كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ زەمىن يېزىسىدىكى دېھقانلار: «ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىلا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان، ھەل قىلماق تەسكە چۈشكەن ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمىز، كومپارتىيە ھەقىقەتەن دېگىنىنى قىلىدىكەن...» دېيىشتى.

(4) پارتىيە ئەزالىرىغا «ئىسلاھات، ئې-

چىقىرىتىش، جانلاندۇرۇش» توغرىسىدىكى سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، يېزىلاردىكى ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق كەسپىي قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، ئاشلىق كۆلىمى مۇقىملاشتۇرۇلدى، ھوسۇل بىرلىك مەھسۇلاتقا قارىتىلدى. ئاشلىق مەھسۇلاتىنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەر كۆلىمى كېڭەيتىلدى. ئىككىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى، دېھقانچىلىقنى پائال راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق چىڭ تۇتۇلدى. سانائەت، سودا، توشۇش، قۇرۇلۇش، مۇلازىمەت بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ كەنت باشقۇرۇش، ئائىلىلەر بىرلىشىپ باشقۇرۇش، ئائىلىلەر ئۆزى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان ئۈچ چاق تەڭ ئايلاندۇرۇلدى. 1986 - يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاشلىق كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 210 مىڭ مو كېمەيگەن ئەھۋالدا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى يەنىلا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.1% ئېشىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. مايلىق دانىنىڭ كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 64 مىڭ مو كېمەيگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.7% ئاشتى، ئەھيا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 186 مىڭ مو بولۇپ، پىلان 124% ئورۇنلاندى. تاۋار قوغۇن 300 مىڭ توننىغا يەتتى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر كىشىگە 303 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.7% ئۆستى.

(5) دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش يە-نىمۇ تۇرغۇزۇلدى. دىنىي خۇراپىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشتىن ئاڭلىق ۋاز كەچتى. تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا ۋىلايەت بويىچە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىلگىرى يېزىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 32 پىرسەنتى دىنىي خۇراپىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان، ئايرىم يېزا - كەنتلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغان. مەكىتنىڭ بازار جامە يېزىسىنىڭ چامىماكۆل كەنتىدىكى 39 پارتىيە ئەزاسىنىڭ ياچېيكا شۇجىسىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى دىنغا ئېتىقاد قىلغان. پارتىيىنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، 12 مىڭ 789 پارتىيە ئەزاسى دىنىي خۇراپىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىشنى ئۆزلۈكىدىن تاشلىدى. بۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلغان پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 82.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دىنىي ۋەزىپە ئۆتىگەن ياكى دىنىي ئېتىقادتىن ۋاز كەچمىگەن پارتىيە ئەزالىرىغا قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ تۈزەتمىگەن 54 پارتىيە ئەزاسى تىزىملانمىدى.

(6) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى. ۋىلايىتىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.

2. ۋىلايىتىمىزدە كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىشتا قوللىنىلغان ئاساسىي ئۇسۇل ۋە تەسىراتلىرىمىز:

(1) كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىلگىرىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش باشلىنىشتىن ئىلگىرى جايلار ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تەكشۈرۈپ

تەتقىق قىلدى، تەكىتنى ئىگىلىدى، ماھىيىتىنى كەلتمۇ - كەنت ئىگىلىدى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش بويىچە نۇقتىدا سىناق ئېلىپ باردى، تايانچىلارنى تەربىيىلىدى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا رەھبەرلىك قىلىشقا ئىقتىدارى يەتىدىغان 212 ياچېيكىنىڭ بەلزىسى تەگشەلدى. مۇشۇ قاتارلىق تەييارلىق خىزمەتلەردىن كېيىن، پارتىيىنى ئوڭۇشلۇق تەرتىپكە سېلىشقا ئوبدان تەشكىلىي ئاساس سېلىندى.

(2) ئالتە مۇھىم نۇقتا مەھكەم ئىگىلىنىپ، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىندى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ رەسمىيەتچىلىك بولۇپ قالماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى باشتىن-ئاخىر مەركەزنىڭ يېزىلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشتا كۆرسىتىلگەن مۇھىم قىلىپ تۆت مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىم، دېگەن تەلەپ بويىچە ئىشلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىندى. نۇقتا ئېنىق بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان ئىجابىي تەربىيىنى باشتىن - ئاخىر كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتقانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ئوبدان بولدى.

(3) ئاممىغا چىڭ تايانىدۇق. بۇ ھەم پارتىيە ئىچىدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا پايدىلىق بولدى ھەم كەڭ ئاممىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى نازارەت قىلىش سىياسىي قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇشقا پايدىلىق بولدى، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ زىچلاشتى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا، ھەر قايسى ياچېيكىلار ھەر خىل سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئاچتى، كەنتتە تۇرۇشلۇق ئالاقىلاشقۇچىلار ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى كەڭ كۆلەمدە ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن تەرتىپكە سېلىش، تۈزىتىش ياخشى ئىشلەندى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(4) ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشتا بىز مۇنداق ئىشلىدۇق: بىرىنچىدىن، قەتئىي بولدۇق، يەنى كوللېكتىپنىڭ پۇل-مۈلكىنى چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىش، تۆلىتىشكە، قايتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغانلىرىنى تۆلىتىش، قايتۇرۇۋېلىش، بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئاڭلىماسقا سالماسلىق، بەك كەڭ قورساق بولۇپ كەتمەسلىك. ئىككىنچىدىن، ئېھتىياتچان بولۇش، ئېنىقلاش تەپسىلىي بولۇش، پاكىت راست بولۇش، كېڭەيتىۋېتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش، كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىش، خاراكتېرىنى ئېنىق ئايرىش، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، پرىنسىپ جەھەتتە بىز ئېغىر خاتالىقى بارلارغا چارە كۆردۇق، ئادەتتىكىچە ئىقتىسادىي خاتالىقى بار يولداشلارغا تەربىيە بەردۇق ۋە ئۇلارنى قۇتۇلدۇردۇق.

(5) ھەيدەكچىلىك قىلىش تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتۇق. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ۋاقتىدا تەشكىللىدۇق. مەسىلىلەرنى

ۋاقتىدا سەزدۇق ۋە تۈزەتتۇق. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدۇق، كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش مەزگىلىدە ۋىلكوم ئۈچ قېتىم يىغىن ئېچىپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۆگىنىش باسقۇچى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ۋىلكوم يەنە 30 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا 10 ناھىيىنىڭ 20 نەچچە يېزا، 40 نەچچە كەنتكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش مەزگىلىدە، ۋىلكوم پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى يەنە ئىككى گۇرۇپپا ئۇيۇشتۇرۇپ، 10 ناھىيىنىڭ 44 كەنتىگە بېرىپ تەكشۈردى، بولۇپمۇ ۋىلكومنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا مەسئۇل شۇجىسى يولداش شۇ شياۋچېڭ بىر قىسىم ناھىيىنىڭ يېزا، كەنتلىرىگە كۆپ قېتىم بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ناھىيە، يېزىلاردىكى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدىمۇ كۈچ تەشكىللەپ تەكشۈرۈپ ئۆزئارا تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇردى، لاياقەتسىز بولغانلىرىنى قايتىدىن ئىشلىدى.

ئىلغار ئىشلار ۋە تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا تارقىتىش ئۈچۈن ۋىلكوم پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش «قىسقا خەۋەر»نى سەككىز سان چىقاردى.

3. مەۋجۇت بولغان ئاساسىي مەسىلىلەر:

(1) كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى. ئايرىم يېزا - بازارلارنىڭ كەنت دەرىجىلىك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى يېتەرلىك بولمىدى، رەھبەرلىك قىلىش كۈچلۈك بولمىدى، ۋاقتىنى كەينىگە ئۇزۇن سوزۇۋەتتى، ئۈنۈمى ناچار بولدى.

(2) ئايرىم ناھىيىلەردىكى بەزى يېزىلاردا ئىقتىسادنى ئېنىقلاش قەدىمى كېيىن تاشلاندى، كۈچى ئاجىز بولدى، خىزمەتنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئاستا بولدى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. بەزىلىرى ئىقتىسادنى ئېنىقلاشتا دېگەندەك ئىنچىكە بولالمىدى، ئۆلۈك ھېسابنى قىلىشقىلا دىققەت قىلىپ، جانلىق ھېساباتنى قىلىشقا دىققەت قىلالمىدى. بەزىلىرى تۆلەتكۈزۈش، قايتۇرۇۋېلىشنى چىڭ تۇتالمىدى، تۆلەتكۈزۈش، قايتۇرتۇشقا تېگىشلىك بولغانلىرىنى تۆلەتكۈزمىدى، قايتۇرتقۇزمىدى. يىغىۋېلىشقا تېگىشلىكلىرىنى يىغىۋالمىدى.

(3) ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىش قاتتىق بولمىدى. بەزى يېزا-كەنتلەردە تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشتا بەك كەڭ بولۇپ كەتتى، پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ قاتتىقلىقى ئەمەلدە كۆرسىتىلمىدى.

(4) پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش مەسىلىسىدە بەزى پارتىيە ئەزالىرى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ۋاقتىنچە دىنىي پائالىيەتنى تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىدىيە جەھەتتە مەسىلە ئۈزۈل - كې-

ـدىل ھەل بولمىدى، سەل بوشاشتۇرۇپ قويۇلسا يەنە باش كۆتۈرۈشى مۇمكىن.

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى بۇندىن كېيىنكى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مېۋىسىنى مۇستەھكەملەشتە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

(جاڭ دىڭگۇاڭ).

**[«3 - پەللەمپەي» قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى]** «3- پەللەمپەي» قوشۇنىنى ياخشى قۇرۇش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۈچۈن ياش ھەم ئىلىم - پەن كەسپىي بىلىمى بار رەھبىرىي كادىرلارنى پىلانلىق ھالدا تەربىيىلەش، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش بولسا مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان، ئېلىمىزنىڭ تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان زور ستراتېگىيىلىك پىلان. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «3 - پەللەمپەي» قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك زاپاس كادىرلارنى تاللىدى ۋە تەربىيىلىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى 1125 بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت 822، 73 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكلەر 249، يېزا (بۆلۈم) دەرىجىلىكلەر 860، 40 ياشتىن تۆۋەنلەر 1085، 80 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ «تۆتلەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشى ۋە كونا كادىر بىلەن يېڭى كادىرلارنى پەيدىنپەي ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملار تەييارلاندى.

زاپاس كادىرلارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇپ يېتىلىشىش ئىستىبىتىنى ئۆستۈرۈش، يېتىلىش ۋاقتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئايرىپ تەربىيىلەش ۋە ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈرۈپ چېنىقتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 129 زاپاس كادىر ئاساسىي قاتلاملارغا ۋەزىپە بىلەن چۈشۈرۈلدى. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا نەزەر دائىرىسىنى، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئەمەلىيەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولدى. ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەشتە زاپاس كادىردىن 15 كىشى ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈلدى. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت ۋە كەسپىي بىلىم قۇرۇلمىسى ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋىلايىتىمىزگە كەلگەن 29 تاللانغان ئوقۇغۇچى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارغا دەلىللىكى بولغان ھالدا تەربىيە بېرىش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

(كۇڭ فۇشى).

**[كادىرلارنىڭ مۇنتىزىملاشقان تەربىيىسى]** 1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى.

(1) رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى، ئاپپاراتلار مۇكەممەللەشتى. كادىرلارنى مۇنتىزىم تەربىيىلەش ئۈچۈن، ۋىلكوم ۋىلايەتلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىپ تولۇقلىدى، كونكرېت تەلەپ ئوتتۇرىغا قويدى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋە ھەر مىللەت ئىشچى - خىز-

مەتچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشىدى، كۈچەيتتى. «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1985 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە كادىرلارنى تەربىيىلەش كۆيىخواسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى.

(2) پائال شارائىت يارىتىپ، كادىرلارنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سىنىپىنى ئاچتى. ناھىيە (شەھەر) لەر «1985 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە كادىرلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مائارىپ كۆيىخواسى» نى تۈزدى. 1986 ـ يىلى ۋىلايەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى ۋە باشقا ئالىي مەكتەپلەرگە بىر يىللىق ياكى بىر يىلدىن ئارتۇق ئوقۇشقا 41 ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى، بۇنىڭدىن 17 كىشى ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ، 41 پىرسەنتنى ئىگىلىدى، ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپى ئۇدا ئىككى يىل ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان ئاساستا يەنە 96 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن ئاز سانلىق مىللەت 50 بولۇپ، 52 پىرسەنتنى ئىگىلىدى؛ يېڭىسار ۋە يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتەپلىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سىنىپىغا جەمئىي 90 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە باشقا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قىسقا كۇرسلىرىغا 58 ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 45 بولۇپ، 77 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپى 1984 ـ يىلى ئاچقان كادىرلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سىنىپى 1986 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈردى، 61 ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك ئۆتۈپ، ئاپتونوم رايون تارقاتقان ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىگە ئىگە بولدى؛ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ۋىلكوم تەشكىلات بۆلۈمى 11 كىشىنى سىفەن شۆيۈەن ئاچقان ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەۋەتىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى ئالتە نەپەر بولۇپ، 54.5 پىرسەنتنى ئىگىلىدى.

(3) ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. جايلار ئادەم، ماددا، مالىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. 1986 ـ يىلى پارتىيە مەكتەپلىرىگە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئوقۇغۇچىدىن 38 كىشى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىدىن يەتتە كىشى يۆتكەپ بېرىلدى. مائارىپ ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئومۇميۈزلۈك كۆپەيتىپ بېرىلدى. ۋىلايەت مالىيىسى مەمۇرىي خىراجەت جىددىي ئەھۋال ئاستىدا ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپىگە 1 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىپ، ئوقۇتۇش، خىزمەت بىناسىنى سالدۇردى، ۋىلكوم تەشكىلات بۆلۈمىمۇ پارتىيە ئەزالىق بەدەل پۇلىدىن ناھىيە (شەھەر) لىك پارتىيە مەكتەپلىرىگە بىر قىسىم پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، كىتاب، ماتېرىيال ئالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇقلاندى، ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلاندى، ئوقۇتقۇچىلار تولۇقلاندى. ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاندى.

(4) ناھىيە (شەھەر) لەر چوڭلار ئالىي

مائارىپقا ئىمتىھان بەرگۈچىلەرگە كۆزۆلتا تەمىيە قىلىش سىنىپلىرىنى ئاچتى، ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى. بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. يېڭىسار، يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتەپلىرى ئىمتىھان بېرىدىغانلارنى يىغىپ، ئىشتىن ئايرىپ ئىككى ئاي تەربىيىلىگەچكە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 54.2 پىرسەنتكە يەتتى.

(5) مۇناسىۋەتلەر تەڭشەلدى، ئۆگىنىش يولى كەڭ ئېچىلدى. جايلار ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە پىلان ئېچىپ، ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەندىن باشقا، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ناھىيىدىن تۆۋەنكى مەكتەپلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ كەسپىي بويىچە تەربىيىلەشنى يولغا قويدى. 1986-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم پارتىيە مەكتەپلىرىگە 14 ئوقۇغۇچىنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇپ تەربىيىلەپ بەردى. يەكەن ناھىيىسى ۋە يوپۇرغا ناھىيىسى ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆز ناھىيىسى ئۈچۈن بىر قىسىم ئوقۇغۇچى تەربىيىلىدى.

(زوجيە نۇرۇڭ).

**[پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى]** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كۆچەيتتى. ئالدى بىلەن ۋىلايەت ناھىيە دەرىجىلىك زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى ۋە ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنى تەڭشىدى، تولۇقلىدى. خىزمەت خادىملىرىنى تولۇقلىدى، سىياسەت چېكىنى ئايدىڭلاشتۇردى، ئاۋۋال ئاسىنىنى، كېيىن قىيىنىنى ھەل قىلىش پرىنسىپى بويىچە قايتا تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. 1986-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قايتا تەكشۈرۈپ يۇقىرىغا يوللانغان ماتېرىيال 208 گە يەتتى. تۈگىگىنى 178 بولۇپ، 85 پىرسەنتنى ئىگىلىدى.

ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قايتا تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر چاغدا ھازىرقى سىياسەت-بەلگىلىمىلەر بويىچە زىيالىيلارنىڭ پارتىيىگە كىرىش، ئۆستۈرۈش، ئىشلىتىش، ئۆي، ئەر-ئايال يىراق يەردە ئىشلەش، شەھەر-بازارلارغا نوپۇسقا ئېلىنىش، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەردە، كەڭ زىيالىيلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى يەنىمۇ ئىشقا سېلىندى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق بولدى.

(كۆڭ فۇشى).

**[ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەڭشەلدى ۋە تولۇقلاندى]** مەركەزنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ «تۈزلىنىشى» نى قەدەممۇ-قەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى تەلەپ بويىچە ۋىلكوم ناھىيە (شەھەر) ۋە ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ 36 خىزمەت تارمىقى ھەمدە 16 كەسىپىي ئورۇندىكى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى بىر قېتىم بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتى. ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق، نۇقتىلىق ھالدا كونكرېت تەڭشەش، تولۇقلاش، كۆچەيتىش لايىھىسى تۈزۈلدى. تەڭشەش داۋا-

مىدا ئەخلاقىي، قابىلىيىتى جەھەتتىكە تەلەپ ئېتىبار بېرىش، ياخشىلارنى ئىشقا قويۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلارنى بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىندى. ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشتىن ئىبارەت خىزمەت ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇلدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىگە كەڭ قۇلاق سېلىندى. بىرسى پىشىپ يېتىلسە بىرنى ئۆستۈرۈش، ئىشلىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، زور بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلار ۋە ئارتۇقچىلىقى بار پەن-تېخنىكا كادىرلىرى دادىل ئۆستۈرۈلدى. 50 ياش ئەتراپىدىكى خىزمەت ئىقتىدارى بار، ھەقىقىي ئىقتىدارى، بىلىمى بار، زېھنى كۈچى تولۇق كادىرلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ يەككە ساپاسىغا ۋە توپ قۇرۇلمىسىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ سەپلەندى.

تەكشەش، تولۇقلاش ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلاردىن 210 كىشى تەكشەلدى ۋە ئۆستۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆستۈرۈلگەن، ئىشقا قويۇلغانلار (مۇئاۋىنلىقتىن ئۆستۈرۈلگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 94 نەپەر، تەكشەلگىنى 116 نەپەر، نۆۋەتتە ۋىلايەت بويىچە ناھىيە (باشقارما)، مۇئاۋىن ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك كادىردىن جەمئىي 725 كىشى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 240 نەپەر بولۇپ (ئازسانلىق مىللەت 111 نەپەر)، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 33.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 277 نەپەر بولۇپ (ئازسانلىق مىللەت 145 نەپەر)، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 38.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 45 ياشتىن تۆۋەنلەر 206 نەپەر بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 28.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(كۆڭ فۇشى).

**[ئارام ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى]** 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئارام ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان كادىرلار 118، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدىغانلار بىر، ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك رەھبەر ئۈچ، مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدىغانلار 20، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىك پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى ئىدارىسى مەركەزلىك پېشقەدەم كادىرلارنىڭ «ئاساسلىق سىياسىي تەمىناتى ئۆزگەرمەيدۇ، تۇرمۇش تەمىناتى سەل يۇقىرىراق بولىدۇ» دېگەن سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلدى، ۋىلايەت بويىچە سەككىز ناھىيىدە پېشقەدەم كادىرلارنىڭ پائالىيەت ئۆيى قۇرۇلدى، پېشقەدەم كادىرلار ئۆگىنىشكە داۋاملىق ئويۇشتۇرۇلدى، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ھۆججەتلىرى ۋە گېزىت-ژۇرناللارنى داۋاملىق ئوقۇپ تۇردى. مەزمۇنى باي، كۆپ خىل مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇرۇلدى. پېشقەدەم كادىرلارنىڭ كېسەل كۆرۈش، ئاپتوموبىل ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىلىرى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى 186 پېشقەدەم كادىرنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى، بايرام كۈنلىرى ئۆيلىرىدىن ھال سورالدى، پېشقەدەم كادىرلارنى ئالاھىدە ئېھتىياجلىق ماللار بىلەن تەمىنلەش كېنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. ۋىلايەت بويىچە 54 نەپەر پېشقەدەم كادىر ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئىچكىرىگە

بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە داۋالاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا باشقا جايلاردىن كەلگەن 103 نەپەر ئارام ئېلىشقا چىققان، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى پەسىللەر بويىچە، پىلانلىق ھالدا پېشقەدەم كادىرلارنى سەيلىگە، بېلىق تۇتۇشقا، شاھمات ئويناشقا ۋە شېشخال ئويناشقا ئۇيۇشتۇردى، ۋىلكوم پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى ئىدارىسى ئۈچ قېتىم بېلىق تۇتۇشقا تەشكىللىدى، بۇنىڭغا 448 ئادەم قاتناشتى. قاغىلىق، پوسكام، يەكەن ۋە مەكىت ناھىيىسىدىكى 40 نەچچە پېشقەدەم كادىر يەكەن ناھىيىسىدە شاھمات، شېشخال دوستلۇق مۇسابىقىسى ئېلىپ باردى. پەيزاۋات، مارالبېشى، تاشقورغان، كونىشەھەر ناھىيىلىرى ئارام ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا ئۆيلۈك يەر ھەل قىلىپ بەردى ۋە پائالىيەت ئۆيى قۇرۇپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن پېشقەدەم كادىرلار ياخشى بولغان بىر تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ياخشى پائالىيەت سورۇنىغا ئىگە بولۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكتە.

(كۆك فۇشى)

**[قەشقەر ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپىدىكى كادىرلارنىڭ مۇنتىزىملاشقان تەربىيىسى]** ج ك پ قەشقەر ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپى 1984-يىلدىن بۇيان كادىرلارنى مۇنتىزىم تەربىيىلەشنى باشلىدى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 300 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىدىن ئالتىنى ئاچتى. 1986-يىلى 7-ئايدا 1984-يىلى قوبۇل قىلىنغان پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدىكى 81 نەپەر ئوقۇغۇچى تۇنجى قېتىم ئوقۇش پۈتتۈردى. ھازىر مەكتەپتە 219 ئوقۇغۇچى ئوقۇماقتا.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپى كادىرلارنى مۇنتىزىم تەربىيىلەش جەھەتتە پارتىيىۋىلىك ھەققىدە تەربىيە بېرىشنى مەركەز قىلغان ئوقۇتۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇشنى ئاساسىي دەرس ئورنىغا قويدى، مەكتەپنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ «ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى»نى ۋە باشقا تۈرلۈك تۈزۈملەرنى تۈزدى. غايە، ئىنتىزام تەربىيىسىنى قاتتىق تۇتتى. «ئىتتىپاق بولۇش، قەتئىي بولۇش، جىددىي بولۇش، ئېتىك بولۇش، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، تىرىشىپ ئۆگىنىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىش»نى مەكتەپ ئىستىلى قىلىپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە «ئوقۇتۇشتا قاتتىق بولۇش، تەلەپنى قاتتىق قويۇش، ئىمتىھاندا قاتتىق بولۇش، ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇش» تىن ئىبارەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى ۋە باشقۇرۇش تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ كونكرېت تەشكىللىشى، رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا نەزەرىيىۋى تەربىيە سۆز مۇسابىقىسى، 12-نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى» توغرىسىدىكى بىلىم بويىچە سوئال-جاۋاب مۇسابىقىسى، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى، سەنئەت مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلدى، ئوقۇتۇش

خىزمىتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەكتەپ تۈزۈمى جانلاندى، ياخشى ئۈنۈم بەردى.

1. پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇنتىزىملاشقان مائارىپ خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن 1986 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپى ھازىرقى تۈزۈلمە، ئاپپارات، قوشۇن ۋە ئىستىلىنى ئىسلاھ قىلىپ «بىرنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىككىنى تەڭشەش، ئۈچنى بېكىتىش» تىن ئىبارەت يېقىنقى مەزگىللىك ئىسلاھات فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «بىرنى ئىسلاھ قىلىش» دېگەنلىك — ئالدىراشلار بىلەن ئالدىراش ئەمەسلەر تەڭشەلمەسلىك، ئىسىملاردا سۆرەلمىلىك قىلىش، ئىش قىلغاندا ئۈنۈمى بىلەن ھېسابلاشماسلىق ھادىسىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش؛ «ئىككىنى تەڭشەش» دېگەنلىك — ئاپپاراتلارنى، خادىملارنى مۇۋاپىق تەڭشەش، بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى ئوقۇتۇش تارماقلىرى ۋە ئوقۇتۇشقا خىزمەت قىلىدىغان تارماقلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىلمىي ئىشلار ئىشخانىسى قۇرۇش، ئوقۇتۇش خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش؛

2. ئارقا سەپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش، ئەسلىدىكى خوجۇلۇق بۆلۈم ئاستىدا مالىيە بۆلۈمچىسى، ئارقا سەپ بۆلۈمچىسى (سۇ، توك، ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش)، تاماق باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى، دوختۇرخانا قۇرۇش؛

3. قابىل ئىخچام مۇدىر ئىشخانىسى قۇرۇش، مەكتەپ كومىتېتىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىشقا، مەكتەپ كومىتېتىنىڭ تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولۇش ھەمدە ئىجراسىغا نازارەت قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇتۇش بىلەن خوجۇلۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ تۇرۇش؛

4. پارتىيە، ئىتتىپاق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنى مەخسۇس سەپلەپ بېكىتىش. «ئۈچنى بېكىتىش» دېگەنلىك — ئىش ئورنىنى، ۋەزىپىنى، تۈزۈمنى بېكىتىش، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويۇش دېگەن روھقا ئاساسەن يولغا قويۇشقا مەقسەتلىك بولىدىغان، تەكشۈرۈشكە قولايلىق بولغان خىزمەت ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى.

بۇ ئىسلاھاتلارنىڭ بەزىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئاشتى ھەمدە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئىجرا قىلىنىش داۋامىدا تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن ئىسلاھات دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم بەردى. 1986 - يىلى ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش، مەكتەپ مۇھىتىنى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ھازىر ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپى داۋاملىق تىرىشىپ پارتىيە مەكتىپىنى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئېھدىسىدىن چىقالايدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان ياخشى مەكتەپ ئىستىلىغا ئىگە يېڭى تىپتىكى مۇنتىزىم پارتىيە مەكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىدى.

(شى لەيزۈڭ).

**[يولداش جېڭ بەيكې قەشقەرگە كەلدى]** مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، جۇڭگو ساقلىقنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەسلىھەتچىسى جېڭ بەيكې مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىنى لى يۈسۈن قاتارلىق تۆت كىشى ئاپتونوم رايون-

لىۋق پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى پېڭجۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا 1986 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە قەشقەردە تۇرۇپ قېرىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش ھەمدە پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىگە ئائىت ئىشلارنى تەكشۈردى. ۋەلايەتلىك كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلارنى كۆردى، ئارام ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ سۆھبەتلەشتى.

(شۈي زۇڭفاڭ).

**[سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ چوڭ ياشلىقلار مەسىلىسى بويىچە تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرنى تەكشۈردى]** — سىچۈەن ئۆلكىلىك چوڭ ياشلىقلار كومىتېتىنىڭ مەسىلىھەتچىسى، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى جاڭ لىمىڭ باشچىلىقىدىكى سىچۈەن ئۆلكىلىك چوڭ ياشلىقلار مەسىلىسى بويىچە سەككىز كىشىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق پېشقەدەم كادىرلار خىزمەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى پېڭجۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا 1986 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە قەشقەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر ناھىيىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ 100 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن قېرىلارنى يوقلىدى ھەمدە ھېيتگاھ جامەسى قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى كۆردى.

(شۈي زۇڭفاڭ).

**[ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىر تۈركۈم ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلىدى]** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1986 - يىلى 1 - ئىيۇلدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ بىر تۈركۈم ئىلغار پارتىيە تەشكىلاتى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلىدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىن تەقدىرلەنگەن ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى: يېڭىشەھەر ناھىيە يادۇما يېزا لەنگەر كەنت پارتىيە ياچېيكىسى؛ قاغىلىق تاشيول ئاسراش باش ئۇچاستكىسىنىڭ مازار شۆبىسى پارتىيە ياچېيكىسى. مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى: مارالبېشى ناھىيە ئاۋات بازىرىنىڭ 10 - كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى سەمەت ئېيسا، يېڭىسار ناھىيە ئوچار يېزا ئۆستەڭبويى كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ئەمەت مەمەت.

يولداش ئەمەت مەمەت 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى بېيجىڭدە چاقىرغان مەملىكەتلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىشلىرىنى تونۇشتۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىپ مەركەزدىكى رەھبەرلەردىن دېڭ شياۋپىڭ، جاۋ زىياڭلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

(شۈي زۇڭفاڭ).

**[ج ك پ قەشقەر ۋىلكوم 1 - ئىيۇلدا بىر تۈركۈم ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلىدى]** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەۋاتقان چاغدا، ج ك پ قەشقەر ۋىلكوم 53 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە 89 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ تەقدىرلىدى.

**تەقدىرلەنگەن ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى:**

**قەشقەر شەھىرىدىن:** سۇت فېرما پارتىيە ياچېيكىسى، سودا - سانائەت بانكا پارتىيە ياچېيكىسى.

**كونىشەھەر ناھىيىسىدىن:** خەلق تەپتىش

مەھكىمە پارتىيە ياچېيكىسى، بۇلاقسۇ يېزا لەڭگەر كەنت پارتىيە ياچېيكىسى.

**يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن:** ياندۇرما يېزا لەڭگەر كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، سېمونت زاۋۇتى پارتىيە ياچېيكىسى.

**يېڭىسار ناھىيىسىدىن:** ئوچار يېزا ئۆستەڭبويى 21 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، يېڭىيەر يېزا 1 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، ساغان يېزا 11 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

**يەكەن ناھىيىسىدىن:** ئارال يېزا تۇغمەنبېشى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، دورا شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى.

**پوسكام ناھىيىسىدىن:** پوسكام يېزا يۇقىرى قالغىئېرىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، خەلق دوختۇرخانا پارتىيە ياچېيكىسى، پوچتا-تېلېگراف ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسى.

**قاغىلىق ناھىيىسىدىن:** جايتېرەك يېزا قومۇشدۆڭ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتى پارتىيە ياچېيكىسى.

**يوپۇرغا ناھىيىسىدىن:** سىيەك يېزا 4 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، سودا - سانائەت بانكا پارتىيە ياچېيكىسى.

**پەيزاۋات ناھىيىسىدىن:** تېرەم يېزا تەگلىك كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، سودا - سانائەت بانكا پارتىيە ياچېيكىسى.

**مارالبېشى ناھىيىسىدىن:** يېڭىئۆستەڭ يېزا 13 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

**تاشقورغان ناھىيىسىدىن:** مازار چارۋىچىلىق مەيدان ئورگان پارتىيە ياچېيكىسى، 1- ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى.

**مەكىت ناھىيىسىدىن:** خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسى، غاز كۆل يېزا پاختىلىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسى.

**ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 26 پارتىيە ياچېيكىسى تەقدىرلەندى:** يەكەن دەريا باشقارمىسى كاچۇڭ توسمىسىنى باشقۇرۇش پونكىتى، يەكەن دەريا باشقارمىسى ئورگىنى، قاغىلىق يول ئاسراش باش ئوچاستىكىسىنىڭ مازار شۆبىسى، ۋىلايەتلىك قاتناش-ترانسپورت شىركىتىنىڭ 1- ئەترىتى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئېزىش سېخى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى سېمونت قۇيمىچىلىق سېخى، ۋىلايەتلىك پاختا- كەندىر شىركىتى، ۋىلايەتلىك چاي-چارۋا مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ تىۋىت، يۇڭ زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى، ۋىلايەتلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى، ۋىلايەتلىك قەنت، تاماكا، ھاراق شىركىتى، ۋىلايەتلىك مېتال بۇيۇملار شىركىتى، ۋىلايەتلىك قاتناش-ترانسپورت شىركىتىنىڭ 4 - ئەترىتى، ۋىلايەتلىك قاتناش-ترانسپورت 2- شىركىتىنىڭ رېمونت زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكا دوختۇرخانىسى، ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ توقۇش سېخى، قەشقەر تاموژنا، ۋىلايەتلىك ھاۋارايى ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك سۇ باشقارمىسى ئورگىنى، قىزىل دەريا باشقارمىسىنىڭ قاپقا پونكىتى، قىزىل دەريا باشقارمىسى ئورگىنى، ۋىلايەتلىك يول ئاسراش باش ئوچاستىكىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئەترىتى، قەشقەر مائارىپ شۆيۈەنى ئىلمىي باشقارمىسى، قەشقەر مائارىپ شۆيۈەنىنىڭ مەركەزدىن كەلگەن لېكتورلار ئۆمىكى، قەشقەر تىببىي مەكتەپ مەمۇرىيىتى پارتىيە ياچېيكىسى، ۋىلايەتلىك خەلق 1 - دوختۇرخانىسى ئاياللار بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە ياچېيكىلىرى.

**تەقدىرلەنگەن مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى:**

**قەشقەر شەھىرىدىن:** كوچېنيۈەن، مەرەمنىسا توختى، زوردىن نۇر، جىن چاڭيىلىڭ.

**كونىشەھەر ناھىيىسىدىن:** توختى جۈمە، ۋاڭ خېشىن، ئابدۇكېرىم ھاجى.

**يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن:** ۋېي جىڭچىڭ، ناسىر مەنسۇر، ھېزىم سىدىق.

**يېڭىسار ناھىيىسىدىن:** ئەمەت مەھەممەت، كۈۋشەن، سېپىنە مەمتىمىن.

**يەكەن ناھىيىسىدىن:** جاڭ گويۇ، ليۇ-رىڭخۇ، ۋاڭ كىلىياڭ، قەمبەرنىسا ئىمىن.

**پوسكام ناھىيىسىدىن:** تيەن ۋېيگو، تۇرسۇن ئېلى، تۇرسۇن زىرىپ.

**قاغىلىق ناھىيىسىدىن:** قادىر قۇربان، ئېلى تۇردى، چەي شىفىڭ، جاڭ جىنخۇا.

**يوپۇرغا ناھىيىسىدىن:** دۇۋشىگۇي، مەمەت ئىبراھىم، روزى سەلەي.

**پەيزاۋات ناھىيىسىدىن:** داۋۇت ئاۋۇت، سىدىق ئىمىن.

**مارالبېشى ناھىيىسىدىن:** خەن جىڭفا، سەمەت ئېيسا، ئىمىن ئابدۇرەھىم.

**تاشقورغان ناھىيىسىدىن:** تاڭ شيۇيىڭ، تۇرسۇن، بەختەيلى مىرزاپشا، دادىخامارام ئېلى.

**مەكىت ناھىيىسىدىن:** كۇڭفاماۋ، رەھمان نىياز، يۇنۇس توختى.

**ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىن:**

تۇراخۇن سۇلتان، ئەمەتجان ئابلىمىت، چى يىڭلەن، جۇشاگىن، رەھمان سايىت، قۇربان ئايۇپ، ۋاھىتجان غوپۇر، ئىمىن ھاجى، ليۇجىنتاۋ، لياۋشۇيىڭ، زۇنۇن مەھەممەت، ۋاڭجۈن، جېڭ يۇدې، ئېزىز قاسىم، خې فاگۇياۋ، لېي مىڭچىڭ، ئابلىز، ھامىت قادىر، يۈەنجىنشىڭ، ياڭ يىڭخۇڭ، چەي جىچېڭ، سۇلايمان ئوبۇلقاسىم، شۇفىڭخۇا، گەنچيۇ، ياڭدې، تاۋچۈنخۇ، تۇرسۇن ئەبەي، جۇشىجۈك، جياجيەنگو، چېن دېخۇۋ، تۇرسۇن، شۇي شىنمىن، لى شۇشەن، رەھىمەت ئېيسا، ياسىن ئابدۇكېرىم، جاۋجىڭشياڭ، مەمەت تۇرسۇن، ليۇۋېندې، جاڭ ۋەنجىن، ۋاڭ يۇخىڭ، ئىنايەت نامەت، بۇخەلىچەمخان، تۇرسۇنئاي، شېي خىڭخۇي، نىجات شىرىپ، ليۇماۋسەي، ۋېن سۇڭچى، ئايىمنىسا، مۇخۇيجېن.

(شۇي زۇڭفاڭ).

**[يوپۇرغا ناھىيىسى يېزا-بازارنى نىشانلىق باشقۇردى]** يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بەزى يېزا كادىرلىرىدىكى ئۆزى خىزمەت ئورنىدا بولسىمۇ كۆڭلى خىزمەتتە بولماسلىق ئەھۋالىغا قارىتا، ئىشچانلارنى مۇكاپاتلاش، ھورۇنلارنى جازالاش پرىنسىپىغا ئاساسەن يېزا-بازارنىڭ خىزمەتلىرىنى نىشانلىق باشقۇردى. مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت ئېنىقلىنىپ بېكىتىلدى، توختام تۈزۈلدى. يىل ئاخىرىدا نەقلەشتۈرۈلدى. كونكرېت ئۇسۇلى: 1985 - يىللىق ئاشلىق، ماي، پاختا، چارۋىچىلىق كىرىمى، يېزا-بازار كارخانىسى كىرىمى، سۈپەتلىك پاختىنىڭ ئومۇمىي پاختا مەھسۇلاتىدىكى نىسبىتى قاتارلىق ئالتە تۈر بويىچە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر ئادەمگە 50 جىڭدىن ئاشلىق، 50 يۈەن پۇل، بەش جىڭ ياغلىق دان ئاشۇرۇشنى، چارۋىنىڭ سانىنى 170 مىڭ تۇياققا يەتكۈزۈشنى، تۇغۇت يېشىدىكى چارۋىنى 50 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇشنى، يېزا-بازار كارخانىسىنىڭ كىرىمىنى 50% ئاشۇرۇشنى، «29 - 1» پاختا سورتىنىڭ پاختا مەھسۇلاتى ئىچىدىكى نىسبىتىنى 60 پىرسەنتكە يەتكۈزۈش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يۇقىرىدىكى ھەر بىر يەككە تۈرنى ئەمەلگە ئاشۇرسا 200 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاش، بىر يەككە تۈر ئورۇنلانمىسا 100 يۈەن جەرىمانە ئېلىنىش بەلگىلەندى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

سەككىز يېزا-بازارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن توختام تۈزۈلدى، بىر يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ناھىيىنىڭ ئاشلىقى 6 مىليون 12 مىڭ 366 جىڭ ئاشتى، ھەر بىر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 34 جىڭدىن ئاشلىق ئاشتى. ھەر بىر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت جىڭدىن ياغلىق دان ئاشتى، چارۋا 12 مىڭ 300 تۇياق ئېشىپ، 8% كۆپەيدى. تۇغۇت يېشىدىكى چارۋىنىڭ نىسبىتى 50 پىرسەنتكە يەتتى. چارۋىچىلىق ئومۇمىي كىرىمى 112 مىڭ 410 يۈەن ئاشتى، ھەر بىر ئادەمگە توغرا كېلىدىغان كىرىم 40.87 يۈەن ئاشتى. «1-29» سورتلۇق پاختا 13 مىڭ 389 دەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 15.2% ئاشتى، ئىمزالانغان توختام يىل ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ئەمەلىيلەشتى. ناھىيە بويىچە تارقىتىلغان مۇكاپات 4800 يۈەن، قويۇلغان جەرىمانە 3000 يۈەن، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر مۇكاپات-جازا بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەچكە كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچىيىپلا قالماي، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى.

(خەنشياۋجۇك).

**[مائارىپ سىستېمىسىدا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ سىستېمىسىدا زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. يىل بويىچە بېجىرىلگەن تارىختىن قېپقالغان ئەنزە 194 بولۇپ، تەكرار تەكشۈرۈش، ئىسپاتلاش ئارقىلىق پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. باشقۇرۇش دائىرىسى بويىچە 120 ئەنزە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاپ بېرىلدى. 25 ئەنزە ۋىلايەتلىك سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى. 39 ئەنزە ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تەۋە تىلدى. 10 ئەنزە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. يىل بويى 300 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋېلىندى. ئەرزىيەت ئەنزىسىدىن 210 پارچە بىر تەرەپ قىلىندى، ئەرزىيەت خادىملىرىنىڭ پىكىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىندى، سىياسەت بويىچە چۈشەنچە بېرىلدى، ئىنكاس قىلىنغان مۇھىم مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئادەم تەشكىللەپ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

(ئابلىمىت ئابدۇكېرىم).

**[ئىنتىزام تەكشۈرۈش توغرىسىدا بايان]** قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئاساسەن شەكىللەندى، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدى. ۋىلايەت بويىچە مەخسۇس ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرىدىن 282 كىشى سەپلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە (شەھەر) لىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىغا سەپلەنگەن كادىر 109 نەپەر، بۇ سەپلەشكە تېگىشلىك كادىرلارنىڭ 70.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يېزا دەرىجىلىكلەرگە سەپلەنگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرى 125 كىشى بولۇپ، سەپلەشكە تېگىشلىك كادىرلارنىڭ 71 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (گۇرۇپپىسى) 59 بولۇپ، 48 كادىر سەپلەندى. پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 10 ناھىيە (شەھەر) ۋە 31 بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان-

لاردىكى پارتكوم (پارتگورۇپپا) دا پارتىيىنىڭ ئىستىلىنى رۇسلاش رەھبەرلىك گورۇپپىسى قۇرۇلدى.

1986- يىلى ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

1. پارتىيىنىڭ ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىنى قاتتىق تۇتتى. 1- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ناھىيە (شەھەر) لىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، مەركەزدىكى ئورگانلارنىڭ 8000 كىشىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇردى، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇردى. 4- ئاينىڭ باشلىرىدا ۋىلكوم ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىپ مەركەزدىكى ئورگانلارنىڭ 8000 كىشىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 3- نۆۋەتلىك كومىتېتى 7- قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئىزچىللاشتۇردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىردى. 5-، 6- ئاي مەزگىلىدە، ۋىلكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ جايلار ۋە سىستېمىلار بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ، ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. 7- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 19- كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتا ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى. پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتا ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسىيلەر تەقدىرلەندى. 12- ئاينىڭ 19- كۈنىدىن 25- كۈنىگىچە ۋىلكومنىڭ ھەيئىتى، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى يولداش ئىمىن توختىنىڭ باش مەسئۇللىقىدا، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە ۋىلكوم پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش رەھبەرلىك گورۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ باشچىلىقىدا، «بىرىنچى ئاڭلاش، ئىككىنچى سۆزلىشىش، ئۈچىنچى، مۇزاكىرە قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۆت ناھىيە ۋە تۆت بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردا پارتىيە ئىستىلىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. ئارىلاپ تەكشۈرگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىگە بولغان تونۇشى بىر قەدەر ئېنىق بولغان، ھەرىكىتى بىر قەدەر قەتئىي بولغان، تەدبىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان. ئۈنۈمىمۇ بىر قەدەر ياخشى بولغان. بولۇپمۇ پوسكام، يوپۇرغا، ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، قەشقەر تامۇژنا، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق ئورۇنلار پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاش شەرتىنى ئاساسەن ھازىرلىغان.

2. پارتىيىۋىلىك پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتتى. بىر يىلدىن بۇيان، ناھىيە (شەھەر) لەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىنى 12 قارار ئاچتى، بۇنىڭغا 1498 كىشى قاتناشتى، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق 58 پارتكوم (پارتگورۇپپا) جەمئىي 48 قارار

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى. ئۆگىنىشكە 2117 كىشى قاتناشتى. ۋىلكومنىڭ (1986) 60 ـ نومۇرلۇق ھۆججى-تىنىڭ روھىغا ئاساسەن كۆپلىگەن ناھىيە (شە-ھەر) لىك پارتكوملار رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە قۇردى. ۋىلايەتكە بە-ۋاستە قاراشلىق 58 پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) ئىچىدىن 21 پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) رەھ-بىرىي كادىرلارنىڭ مەركىزىي ئۆگىنىش گۇ-رۇپپىسىنى قۇردى. ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردى. ئومۇمەن ھەپتىدە بىر قېتىم ياكى ئىككى ھەپتى-دە بىر قېتىمدىن پارتىيە گۇرۇپپا يىغىنى ئاچتى، ھەپتىدە ياكى ئايدا بىر قېتىم يا-چېيكا يىغىنى ئاچتى، ھەر پەسىلدە بىر قې-تىمدىن پارتىيە ئەزالىرى چوڭ يىغىنى ئاچ-تى. پارتكوم مەسئۇلى پارتىيە دەرسى ئۆ-تۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. كونا-شەھەر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يول-داش ۋاڭ ئەيشەن، يېڭىسار ناھىيىلىك ئىن-تىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى رو-زى سابىر ئالدىراشلىقتىن ۋاقىت چىقىرىپ پارتىيە ئەزالىرىغا ئۆزى پارتىيە دەرسى ئۆتتى. جايلار پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىس-تىلى، پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسىدىكى تەر-بىيە داۋامىدا شەكلىنى كۆپخىللاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ئىنتىزامى بويى-چە نوتۇق سۆزلەش ئۆمىكى قەشقەرگە كەل-گەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەك-شۈرۈش كومىتېتى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراش-لىق ئورۇنلاردا، قەشقەر شەھىرى، پوسكام، قاغىلىق، يەكەن (كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى) قاتارلىق جايلاردا ۋە نېفىت بازىسىدا ئەمەخ-سۇس نوتۇق سۆزلەش ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ پار-تىيە ئەزالىرىنى بىر قېتىم پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسىدىكى جانلىق تەربىيىگە ئىگە قىلدى. ئاز بولمىغان ناھى-يە (شەھەر) لەر نوتۇق سۆزلەش يىغىنى ئې-چىش، دەرس ئۆتۈش، بىرۇشورا بېسىپ تار-قىتىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، پار-تىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى، جايلار پارتىيىۋىلىك توغرىسىدىكى تەربى-يىنى باشقا خىزمەتلەر بىلەن ئورگانىك ھال-دا بىرلەشتۈردى. قەشقەر، كونىشەھەر، يې-ڭىشەھەر، يەكەن قاتارلىق ناھىيە (شەھەر)-لەر پارتىيىۋىلىك توغرىسىدىكى تەربىيە بىلەن غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇش تەربىيىسىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ئۆزئارا بىرلەش-تۈردى. پوسكام، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، مە-كىت قاتارلىق ناھىيىلەر پارتىيىۋىلىك توغ-رىسىدىكى تەربىيىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈردى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى پار-تىيىۋىلىك توغرىسىدىكى تەربىيە بىلەن قا-نۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى مىللىي سىياسەت توغرىسىدىكى تەربىيىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈردى. يېڭىسار ناھىيىسى ئىنتىزام-غا خىلاپ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش بىلەن پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسى-دىكى تەربىيىنى بىرلەشتۈردى. پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ تەربىيىلەرنىڭ شەكلى كۆپخىل بو-لۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش، پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشنى تۈزۈملەشتۈرۈش ئۈچۈن قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكى-سى پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامىنى

كۆچەيتىش تۈزۈمى بىلەن ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈردى، قەرەللىك تۈردە ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى تەكشۈرۈپ تۇردى. ھەممە مۇكاپات بىلەن جازانى بىرلەشتۈردى. ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق شىركىتى، ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى، ۋىلايەتلىك چاي، چارۋا مەھسۇلاتلار شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈزىتىش تۈزۈملىرىنى ياكى قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. تاشيول قۇرۇلۇش 1-ئەترىتى پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى «قاراۋۇلخانا»سى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ بېقىپ، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى ۋە ئۈچۈر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتتى.

3. ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدىن بۇيان ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئورگانلارنى تەشكىللەپ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئالاقىدار تۈزۈملەرنى تۈزدى، تۈزەتتى، مۇكەممەللەشتۈردى. ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىدا ساقلانغان پوچتىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەش، خەت ... ئالاقىدىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىش مەسىلىلىرىگە قارىتا، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى چوڭقۇر مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەر خىل قائىدە تۈزۈملەرنى بېكىتتى. ئالايلى، ئامىنىڭ نارازىلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن نومۇر ئېچىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، پوچتا ماشىنىسىغا باشقا نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشنى چەكلەش ئۈچۈن جازالاش تۈزۈمىنى، ئومۇمنىڭ ماشىنىسىنى شەخسىي ئىش ئۈچۈن ئىشلەتكەنلەردىن ھەق ئېلىش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى بېكىتتى ھەممە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «يەتتىنى تەكشۈرۈش، يەتتىگە قاراش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، يەنى: كەسپىي يېتەكچى ئىدىيىنى تەكشۈرۈش، ئورگان خىزمىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا، ئاساسىي قاتلامغا ئاممىغا يۈزلەنگەن-يۈزلەنمىگەنلىكىگە قاراش، خىزمەت ئىستىلىنى تەكشۈرۈش، كىرمەك تەس، تەلەتى سوغۇق، گېپى سېسىق ئىش بېجىرتكۈزمەك قىيىن بولۇشتەك يامان ئىستىلنىڭ بار-يوقلۇقىغا قاراش؛ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش، ئۆز ئارا تارتىشماق ئوينايدىغان، يۇقىرىغا ئىتتىرىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىپ قۇتۇلىدىغان، تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ بېجىرمەيدىغان مەسىلىلەرنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراش؛ ئىنتىزامنى تەكشۈرۈش، چۈشكەن بۇيرۇقنىڭ ئىجرا قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقىغا، ناتوغرا كەسىپ ئىستىلىنىڭ بار-يوق ئىكەنلىكىگە قاراش؛ تىجارەت ئىستىلىنى تەكشۈرۈش، ئورگانلاردا كارخانا ئۈنۈمى تارماق ئۈنۈمىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ئۆز- ئارا ئايرىپ تاشلىنىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بار- يوقلۇقىغا قاراش؛ ئىسلاھات پوزىتسىيىسىنى تەكشۈرۈش، ئورگان خىزمىتىنىڭ ئىسلاھاتقا بويسۇنغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلغان-قىلمىغانلىقىغا قاراش؛ ئىدىيىۋى ئىستىلنى تەكشۈرۈش، ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولغان بولمىغانلىقىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان-قوغدىمىغانلىقىغا، ناتوغرا ئىستىللارغا تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالىغان- قىلالمىغانلىقىغا

قاراش، «يەتتىنى تەكشۈرۈش، يەتتىگە قاراش» پائالىيىتى ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلامنى تۈزۈتۈش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. قەشقەر تامۇژنا ناچار خاھىشلاردىن ساقلىنىش ۋە تۈزىتىش ئۈچۈن «تامۇژنا خادىملىرى قائىدىسى» قاتارلىق ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، تامۇژنا خادىملىرىدا «ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلەيدىغان ئوبراز، ئۆزىگە ئۆزى ئىشىنىدىغان شىجائەت، ئۆزىنى ئۆزى شەرەپلىك ھېس قىلىدىغان مىجەز، ئۆزىنى ئۆزى كۈچەيتىدىغان ئىستەك، ئاكتىپلىق ھەرىكەت ئىددىيەسىنى تۇرغۇزدى. ۋىلايەتلىك، ناھىيە شەھەرلىك ج خ ئورگانلىرى، قاتناش ترانسپورت شىركىتى ئورگىنى ياچېيكىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئىنتىزام تەربىيەسى ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

4. ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش «سىستېمىسى» تۆتنى بېكىتىش بىرنى ھۆددىگە ئېلىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ئەنزە بېجىرىپ، ئەنزە بېجىرىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى، ئەنزە بېجىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتەردى. 1986-يىلى تۇرغۇزۇلغان ئەنزە 153 بولۇپ، 118 ئەنزىدىن خۇلاسە چىقىرىلدى، بۇ 77 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن چوڭ مۇھىم ئەنزىلەر (يىپ ئۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 39 بولۇپ، 26 ئەنزىدىن خۇلاسە چىقىرىلدى. بۇ 67 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. جازالانغان پارتىيە ئەزالىرى 64 نەپەر (ۋىلايەت دەرىجىلىك بىر نەپەر، بۆلۈم دەرىجىلىك 13 نەپەر)، بۇنىڭدىن پارتىيىدىن چىقىرىلغانلار 19 نەپەر، پارتىيىدىن قالدۇرۇپ سىناپ كۆرۈش جازاسى بېرىلگىنى 11 نەپەر، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغانلار ئالتە نەپەر، پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنلەر 12 نەپەر، پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنلەر 16 نەپەر.

5. ناتوغرا كەسىپ ئىستىلىنى تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. 1986-يىلى 5-ئايدا ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭ ئوچاستكىسى بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت يىغىنى چاقىرىلغاندىن بۇيان، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋىلايەت بويىچە ناتوغرا كەسىپ ئىستىلىنى تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. بىناكارلىق كەسپىدە ساقلانغان كېنىشكىسىز لايىھەلەش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش، ھۆددىگە ئېلىپ، باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، پارا بېرىش، پارا ئېلىش، ماتېرىيالنى قىستۇۋېلىش؛ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا ساقلانغان قەرز بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەش، ئومۇمنىڭ پۇلىنى خىيانەت قىلىش، يۇتۇۋېلىش، قاتناش ترانسپورت سىستېمىسىدا ساقلانغان مال تېپىپ بەرگۈچىلەرنى مېھمان قىلىش، سوۋغا بېرىش، ئەدلىيە ئورگانلىرىدا ساقلانغان سۆزلى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىش، ئۆزى ئالدىغا قانۇن-قائىدە چىقىرىش، سودا تارماقلىرىدا ساقلانغان تاۋارغا تاۋارنى سەپلەپ سېتىش، ناچارلىرىنى ياخشىسى دەپ سېتىش، مائارىپ تارماقلىرىدا ساقلانغان يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقىش

# ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى

**[ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن بايان]** قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كەسپىي كادىرلىرىدىن 282سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە (شەھەر)لىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىدا سەپلەنگىنى 109 بولۇپ، سەپلىنىشكە تېگىشلىك كادىرلارنىڭ 70.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يېزا دەرىجىلىك ئورۇنلاردا سەپلەنگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرلىرى 125 بولۇپ، سەپلەشكە تېگىشلىك كادىرنىڭ 71 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (گۇرۇپپىدىن 9ى بولۇپ، 48 كادىر سەپلەندى. پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئون ناھىيە (شەھەر) ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتكوم (پارتىيە گۇرۇپپىلىرى)دا پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى.

1986 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىزمەتنى ئىشلىدى:

1. پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ناھىيە (شەھەر)لىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، مەركەزدىكى ئورگانلارنىڭ 8000 كىشىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ۋىلكوم ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىرىپ، مەركەزدىكى ئورگانلارنىڭ 8000 كىشىلىك كادىرلار يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك 7 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى تىرىشىپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشقا چاقىردى. 5 ـ، 6 ـ ئايلاردا، ۋىلكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، بىلەن ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى رايون ۋە سىستېمىلار بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە، ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەق-

ئىمتىھاندا ساختىپەزلىك قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇزاكىرە قىلىپ، گەۋدىلىك بولغان چوڭ مۇھىم ئەنزىلەرنى چىڭ تۇتۇپ جىددىي بىر تەرەپ قىلدى، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ قائىدە تۈزۈملەرنى تۈزۈشنى بەلگىلىدى، ناتوغرا كەسىپ ئىستىلىنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئالدىنى ئالدى ۋە تۈزەتتى.

(نيۇگورەن).

دىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش جەھەتتىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى. پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسىيلەر تەقدىرلەندى. 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە، ۋىلكومنىڭ ئەزاسى، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى يولداش ئىمىن تۇختىنىڭ مەسئۇللىقىدا ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن ۋىلكوم پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ يېتەكلىشىدە، «ئاڭلاش، سۆزلۈشۈش، مۇھاكىمە قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۆت ناھىيە ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئىدارىدىن10 ئورۇندا پارتىيە ئىستىلى بويىچە نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىگە بولغان تونۇشى بىر قەدەر ئايدىڭ، ھەرىكىتى بىر قەدەر تېز، تەدبىرى بىر قەدەر كۈچلۈك، ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولغان. بولۇپمۇ پوسكام ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسى، ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، قەشقەر تامۇژناسى، قەشقەر پاختا-توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنىڭ شەرتلىرى ئاساسى جەھەتتىن ھازىرلانغان.

2. پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى كۈچەيتىلدى. بىر يىلدىن بۇيان، ناھىيە شەھەرلەر جەمئىي 12 قارار پارتىيە ئەزالىرى كۇرسى ئاچتى. 1498 كىشى كۇرسقا قاتناشتى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق 58 پارتكوم ( پارتىيە گۇرۇپپا) لار 48 قارار پارتىيە ئەزالىرى كۇرسى ئاچتى. 2117كىشى كۇرسقا قاتناشتى. ۋىلكومنىڭ (1986) 60-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن كۆپ ساندىكى ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوملار رەھبىرى كادىرلار نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە قۇردى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق 58 پارتكوم (پارتىيە گۇرۇپپا) نىڭ 21ى كادىرلار نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى قۇردى. ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئۈچ يىغىن بىر دەرس» تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئادەتتە ھەپتىدە ياكى يېرىم ئايدا بىر قېتىم پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى، ئايدا ياكى بىر يېرىم ئايدا بىر قېتىم ياچېيكا يىغىنى، پەسىلدە بىر قېتىم پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى. پارتكومنىڭ مەسئۇللىرى پارتىيە دەرسىگە ئەھمىيەت بەردى. كونىشەھەر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئەيەن، يېڭىسار ناھىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى روزى سابىرلار خىزمىتى ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ پارتىيە ئەزالىرىغا ئۆزى دەرس ئۆتتى. جايلارنىڭ پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى شەكلى خىلمۇ-خىل بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش لېكتورلار ئۆمىكى قەشقەرگە كەلگەندە، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئىدارە، قەشقەر شەھىرى، پوسكام، قاغىلىق، يەكەن (كونىشەھەر ناھىيىسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيىسى ۋەكىل ئەۋەتتى) قاتارلىق جايلاردا ۋە نېفىت بازىسىدا نۇتۇق سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى جەھەتتە بىر قېتىملىق جانلىق تەر-

بىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. لۇرغۇن ئاممىيە، شەھەرلەردە لوتۇق سۆزلەش يىغىنى ئېچىش، دەرس ئۆتۈش، كىتابچە بېسىپ تارقىتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى بېرىلدى. جايلار پارتىيىۋىلىك تەربىيىسى بىلەن باشقا خىزمەتلەرنى جانلىق ھالدا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر، يېكەن ناھىيىلىرى پارتىيىۋىلىك تەربىيىسى بىلەن ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. پوسكام، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەر پارتىيىۋىلىك تەربىيىسىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقى تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردىكى پارتكوملار پارتىيىۋىلىك تەربىيىسىنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى، مىللىي سىياسەت تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. يېڭىسار ناھىيىسى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش بىلەن پارتىيىۋىلىك تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. كۆپ خىل شەكىلدىكى بۇنداق پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش، پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشنى تۈزۈملەشتۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش ۋە پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى تۈزۈمنى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى قەرەللىك ھالدا تەكشۈردى ۋە ئۇلارنى مۇكاپات-جازاغا چاتتى. ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق شىركىتى، ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى، ۋىلايەتلىك چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، داتوغرا ئىستىلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈزىتىش بويىچە قائىدە، تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى، 1 - تاشيول قۇرۇلۇش ئەترىتى پارتىيە ئىستىلىنى، پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە «قاراۋۇل پونكىتى» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پارتىيە ئىستىلى پارتىيە ئىنتىزامى خىزمىتىگە بولغان نازارەت ۋە ئۆچۈر بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى.

3. ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىشقا ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى، تۈزەتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى پوچتىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتكە چوغ تارتىش، خەۋەرلىشىش خىزمىتىدىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتەك مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە نىسبەتەن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى چوڭقۇر مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى. مەسىلەن: ئاممىنىڭ نازارىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت نومۇرى تاقاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، پوچتا ماشىنىلىرىغا يۈك سېلىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن جازالاش تۈزۈمى، ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسىنى شەخسىي ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىشلە ھەق

ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ھەممە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «يەتتىنى تەكشۈرۈش، يەتتىگە قاراش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. يەنى: بىرىنچىدىن، كەسپىي يېتەكچى ئىدىيىسىنى تەكشۈرۈش، ئورگاننىڭ خىزمىتى ئىشلەپچىقىرىشقا، ئاساسىي قاتلامغا، ئاممىغا يۈزلەنگەن-يۈزلەنمىگەنلىكىگە قاراش؛ ئىككىنچىدىن، خىزمەت ئىستىلىنى تەكشۈرۈش، ئىشىكتىن كىرمەك قىيىن، كۆرۈشمەك قىيىن، ئەھۋال ئىگىلىمەك قىيىن، ئىش بېجىرمەك قىيىن بولۇشتەك ياماڭ ئىستىلى بار - يوقلۇقىغا قاراش؛ ئۈچىنچىدىن، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش، كادىرلارنىڭ ئىشنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىش، يۇقىرى تۆۋەنگە ئىتتىرىش، تۆۋەن يۇقىرىغا ئىتتىرىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلماسلىق ئەھۋالى بار-يوقلۇقىغا قاراش؛ تۆتىنچىدىن، ئىنتىزامنى تەكشۈرۈش، ئىدارىسىنىڭ چۈشۈرگەن بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىدىغان - قىلمايدىغانلىقىغا، كەسپىي ناتوغرا ئىستىلىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراش؛ بەشىنچىدىن، تىجارەت ئىستىلىنى تەكشۈرۈش، ئورگانلاردا كارخانا ئۈنۈمى، تارماق ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ ئۆزئارا ئاجرىتىۋېتىلىش مەسىلىسى بار-يوقلۇقىغا قاراش، ئالتىنچىدىن، ئىسلاھاتقا بولغان پوزىتسىيىسىنى تەكشۈرۈش، ئىدارىنىڭ ئىسلاھاتنى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان-قىلمىغانلىقىغا، ئىسلاھاتقا بويسۇنغان- بويسۇنمىغانلىقىغا قاراش؛ يەتتىنچىدىن، ئىدىيىۋى ئىستىلىنى تەكشۈرۈش، ئىدىيە جەھەتتە مەركىزىي كومىتېت بىلەن بىردەك بولغان-بولمىغانلىقىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان- قوغدىمىغانلىقىغا، ناتوغرا ئىستىلغا قاتتىق تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان-قىلمىغانلىقىغا قاراش. «يەتتىنى تەكشۈرۈش، يەتتىگە قاراش» پائالىيىتى ئارقىلىق، ئاساسىي قاتلامنى تۈزۈش، ئەمەلىي ئىشلەش، ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىشتەك يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى. قەشقەر تاموژنىسى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن «تاموژنا مىزانى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، تاموژنا خادىملىرىدىن «ئۆزىنى قەدىرلەشتەك ئوبراز، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىشتەك تۇيغۇ، شەرەپلىك قىياپەت، قەيسەرلىك بىلەن ئىزدىنىش، ئاكتىپلىق ھەرىكەت» تىن ئىبارەت قاتتىق تەلەپنى قويدى. ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، بىرىنچى ترانسپورت شىركىتى ئورگان پارتىيە ياچېيكىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ، كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئىنتىزام تەربىيىسى ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

4. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى كۈچەيدى. ۋىلايەت بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش سىستېمىسىدا «تۆتنى بېكىتىش، بىرنى ھۆددىگە بېرىش» تىن ئىبارەت دېلو بىر تەرەپ قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، دېلو بىر تەرەپ قىلىش سۈرئىتى تېزلىتىلدى، دېلو بىر تەرەپ قىلىش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1986-يىلى جەمئىي 153 دېلو تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭدىن 118 ى بىر تەرەپ قىلىندى، بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 77% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ دېلو، مۇھىم دېلو (يىپ ئۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 39 بولۇپ، 26 سى يەنى 87% بىر تەرەپ قىلىندى. 64 نەپەر پارتىيە ئەزاسى جازاغا تارتىلدى (ۋىلايەت دەرىجىلىك بىر نەپەر، بۆلۈم دەرىجىلىكى 13 نەپەر) بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىدىن قوغلانغىنى 19 نەپەر پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىنالغىنى

11 لەپەر، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلانغىنى ئالتە، پارتىيە ئىچىدە ئېغىر دەرىجىدە ئاگاھلاندۇرۇلغىنى 12 لەپەر، پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇلغىنى 16 لەپەر.

5. كەسپىي ناتوغرا ئىستىلنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. 1986-يىلى 5-ئايدا چاقىرىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن كېيىن ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پۈتۈن ۋىلايەتتىكى كەسپىي ناتوغرا ئىستىلنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، بىناكارلىق كەسپىدە كېنىشكىسىز لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش، ھۆددىگە بېرىش، ئۆتنىش، پارا بېرىش، پارا ئېلىش، بولۇ-كۆتۈر ئىش قىلىش، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى قەرز بېرىشتىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتكە چوغ تارتىش، دۆلەت پۇلىنى خىيانەت قىلىش، يېۋېلىش، قاتناش ترانسپورت سىستېمىسىدىكى يۈك ئىزدەش ئۈچۈن مېھمان چاقىرىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش، ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى ئۆزىنىڭ كۈچىنى قانۇننىڭ ئورنىدا ئىشلىتىش، ئۆز مەيلىچە قانۇن تۈزۈم چىقىرىش، سودا تارماقلىرىدىكى ناۋارغا تاۋار قوشۇپ سېتىش، ناچار مالنى ياخشى مال قاتارىدا سېتىش، مائارىپ تارماقلىرىدىكى مەكتەپ كۆچۈش ئىمتىھانلىرىدا كۆچۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئۈنۈملۈك تەدبىر ئېلىپ بېرىپ، كەۋدىلىك چوڭ دېلولارنى چىڭ تۇتۇپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، ئورۇنلار قائىدە-تۈزۈم تۈزۈپ چىقىش، ھەرقايسى كەسپىي ناتوغرا ئىستىلنى تەرەپ-تەرەپتىن توسۇش ۋە تۈزىتىشنى بەلگىلىدى.

(نيۇ گورەن).

**[قەشقەر ۋىلايىتىدە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى]**

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى 1986-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە ئېچىلدى. 7-ئاينىڭ 17-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ۋىلايەتلىك كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش شۆيشياۋچېڭ ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ۋىلايەتلىك كومىتېتنىڭ شۇجىسى يولداش گو گاڭ ۋىلايەتلىك كومىتېتقا ۋاكالىتەن «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تەجرىبىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى، يىغىندا پوسكام، كونا شەھەر، يوپۇرغا ناھىيىلىرى ۋە ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق 11 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا پارتىيىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇش، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇرۇش، تۈرلۈك ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش، پارتىيە ئىستىلىنى قوغداش ۋە رۇسلاش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى، ئالماشتۇردى. ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىغا چاقىرىلغان تەشەببۇسنامە ماقۇللاندى. 7-ئاينىڭ 19-كۈنى چۈشتىن كېيىن چوڭ يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن گو گاڭ، شۆيشياۋچېڭ، چېن دېمىڭ، ئىلمۇۋالدى توختى، ئىمىن توختى، ۋاڭ ۋېنچى، گوشىنسەن، ياڭجيېنشى، ئىسمايىل ئىلمۇۋالدى، ئېيسا شاكىر، زىننەت ئۆمەرلەر چوڭ يىغىنغا قاتناشتى. ھەمدە ئىلغار كوللېكتىپ

# تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى

**يولداش گوگاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتى**
**(قىسقارتىلمىسى)**

**(1986 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17- كۈنى)**

ۋەكىللەر، يولداشلار:

قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ خۇشاللىق ئىش. ئالدى بىلەن مەن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومغا ۋاكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش جەريانىدا گەۋدىلىك نەتىجە ياراتقان ھەر قايسى ۋەكىللەر ۋە يىغىنغا قاتناشقان يولداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. مەن يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ۋىلايىتىمىزنىڭ بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش ئەھۋالى، شۇنىڭدەك بۇندىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا يىغىنغا تۆۋەندىكىچە دوكلات بېرىمەن:

(1) بىر قانچە يىلدىن بۇيان پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش ئەھۋالى ھەققىدە ئەسلىمە.

پارتىيىمىزنىڭ 12-قۇرۇلتىيى بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت كۈرەش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بىر قانچە يىلدىن

---

ۋە شەخسىيلەرگە لەۋھە، تەقدىرنامە ۋە تەقدىرلەنگەنلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. ناھىيە (شەھەر)لىك، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتكومنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم ۋە بىڭتۈەن 3- دىۋىزىيىنىڭ رەھبەرلىرى تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتناشتى. ۋىلكومنىڭ ھەيئىتى، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يولداش ئىمىن توختى يىغىندا يېپىش نۇتقى سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا 68 ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپ پارتكوم، پارتگورۇپپا 15، ئىلغار كوللېكتىپ بولغان يېزىلىق پارتكوم باش ياچېيكا، ياچېيكا 53 (ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە باش ياچېيكىسى، ياچېيكا 11)، ئىلغار شەخس 147 كىشى (ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەكىلى 24).

(نيۇگورەن).

بۇيان ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ «ئوچۇق خېتى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆي سېلىش، ئۆي تەقسىم قىلىشتىكى ناتوغرا ئىستىللار تۈزىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ شەخسىي ئۆي سالغانلار جەمئىي 1712 كىشى، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن يېرى 1700 مودىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 1641 مو، غەيرى تېرىلغۇ يەر 64 مو، دەخلى-تەرۇز قىلىپ ئىگىلىۋالغان دۆلەت، كوللېكتىپنىڭ مال-مۈلكى، ئەمگەك كۈچى، قاتناش-ترانسپورت كۈچلىرىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ، قايتۇرۇپ ئېلىنغان پۇل 466 مىڭ يۈەن، قانۇنسىز ئىگىلىۋالغان يەردىن قايتۇرۇپ ئېلىنغىنى 421 مو، 33 كىشىنىڭ ئۆيى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، ئومۇمغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. كۆلەم جەمئىي 3579 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ شەخسىي ئۆي سالغانلارغا تېگىشلىك دەرىجىدە پارتىيە ئىنتىزامى ۋە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى. شۇ ئارقىلىق بۇ خىل قىڭغىر شامال ئاساسىي جەھەتتىن توسۇۋېلىندى.

2. مەركەزنىڭ «جىددىي ئۇقتۇرۇشى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. 1982-يىلى مەركىزىي كومىتېت ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا «جىددىي ئۇقتۇرۇش»نى چىقارغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئىشخانىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك، تەپتىش، سوت مەھكىمىسى، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، مۇپەتتىش، باج ئىشلىرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ ھازىرغىچە جەمئىي 555 پارچە ئىقتىسادىي ئەنزىدىنى (ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزە 61 پارچە) تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇ پارتىيە ئىستىلى ۋە جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى.

3. ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. 1982-يىلدىن بۇيان، 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزغان ئەنزە 738 پارچە، تەربىيە ئارقىلىق قۇتقۇزۇۋېلىنغان، جازالانغان پارتىيە ئەزالىرى 400 دىن ئارتۇق.

4. مەركەزنىڭ (1984) 27 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر قانچە يېڭى ناتوغرا ئىستىللار تەكشۈرۈپ تۈزىتىلدى.

بىرىنچىسى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ سودىگەرچىلىك قىلغان، كارخانا قۇرغان ناتوغرا ئىستىلى. 14 نەپەر كادىر مەركەزنىڭ «بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، چەكلەنگەن ئىشنى قىلماسلىق» دېگەن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ۋەزىپىسىدىن (شىركەتلەردىكى) ئىستىپا بەردى. پايدا بۆلۈشۈش ئۈچۈن پاي قوشقانلار قوشقان پايلىرىنى قايتۇرۇۋالدى ياكى دۆلەت بانكىسى-

نىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆسۈم ئالىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

ئىككىنچىسى، كەلسە - كەلمەس كىيىم تارقىتىشتىن ئىبارەت ناتوغرا ئىستىل تۈزىتىلدى. كەلسە - كەلمەس تارقىتىپ قايتۇرۇۋېلىنغان كىيىم پۇلى 223 مىڭ يۈەن.

ئۈچىنچىسى، باھانى كەلسە - كەلمەس ئۆستۈرۈۋېلىش قىڭغىر شامىلى تۈزىتىلدى. 74 مىڭ يۈەن قانۇنسىز پايدا يىغىۋېلىندى.

تۆتىنچىسى، كەلسە-كەلمەس مۇكاپات ۋە ماددىي نەرسىلەرنى تارقىتىشنا توغرا ئىستىل تۈزىتىلدى. قايتۇرۇپ ئېلىنغان پۇل 9674 يۈەن، تولۇقلاپ تاپشۇرۇلغان مۇكاپات بېجى 73 مىڭ 300 يۈەن، كەلسە - كەلمەس ماددىي نەرسىلەرنى تارقاتقان 12 ئورۇن تەكشۈرۈلۈپ، قايتۇرۇپ ئېلىنغان پۇل 6879 يۈەن، ھەرخىل قوشۇمچە ياردەملەرنى كەلسە-كەلمەس تارقاتقان 35 ئورۇن تەكشۈرۈلۈپ، قايتۇرۇپ ئېلىنغان پۇل 5219 يۈەن. 36 ئورۇن ئۆز ئالدىغا ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈۋالغان. ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن ئادەم سانى 853 نەپەر بولۇپ، بۇلار تۈزىتىلدى.

بەشىنچىسى، ئومۇمنىڭ پۇلىغا مېھمان چاقىرىش، سوغا تەقدىم قىلىش، قىڭغىر شامىلى توسالدى. كۆپ يەپ كوپ ئىگىلىۋالغان پۇلدىن 3683 يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى.

ئالتىنچىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ زىممىسىگە ئارتىۋالغان قەرز پۇل مەسىلىسى ئېنىقلاندى. قەرز ئېلىۋالغان پۇلدىن 227 مىڭ يۈەن قايتۇرۇپ ئېلىندى.

5. مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان (1984) 33 - نومۇرلۇق ھۆججەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان (1985) 19 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) دە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرلىرىدىن 97 كىشى سەپلەندى. 160 يېزا-بازاردا مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرىدىن 125 كىشى سەپلەندى. ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى 24 بولۇپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرىدىن 19 كىشى سەپلەندى. پارتىيە گۇرۇپپىسى 32 بولۇپ قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى كادىردىن 16 كىشى سەپلەندى.

6. پارتىيە ئىستىلىنى چوڭ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، «قوش ئىلغارلار»نى تەقدىرلەش يىغىنلىرى ئېچىلدى. 1984- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1985 - يىلىنىڭ بېشىغىچە ۋىلايىتىمىزدىن پوسكام، مارالبېشى، قاغىلىق، يوپۇرغا قاتارلىق 9 ناھىيە (شەھەر) پارتىيە ئىستىلىنى چوڭ تەكشۈرۈش ئاساسىدا، پارتىيە ئىستىلى ياخشى بولغان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، پارتىيە ئىستىلى ياخشى بولغان ئىلغار كوللېكتىپتىن 261 نى، ئىلغار شەخسىيدىن 1557 كىشىنى تەقدىرلىدى.

1985 - يىلى 8 - ئايدا ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پارتىيە ئىستىلى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ »پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىشتىكى يېڭى تەجرىبىلەرنى قانات يايدۇردى. 10 - ئايدا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، يەنە بىر قېتىم پارتىيە ئىستىلىنى چوڭ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. 12- ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كېلىپ، ۋىلايىتىمىزدىن يوپۇرغا،

كولىشەھەر، 1- ترانسپورت شىركىتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى ئەھۋالىنى تەكشۈردى. بۇ يىل ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورۇنلار 6 چوڭ ئىش بويىچە، 5- ئاينىڭ 28- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ باشلىرىغىچە پارتىيە ئىستىلىنى چوڭ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. 12 ناھىيە (شەھەر) 6- ئاينىڭ 18- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ 22- كۈنىگىچە ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ دائىرىلەر بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى چوڭ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. ۋىلايىتىمىزنىڭ «قوش ئىلغارلار»نى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىنى ئېچىشقا شارائىت ھازىرلاپ، پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

7. پىلان، تەدبىر ۋە مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى تۇتۇلدى. ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) 1983- يىلىدىن باشلاپ، 1985- يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پىلان- تەدبىرلىرىنى شۇنىڭدەك پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ چىقتى. پىلاننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1984- يىلى 8- ئاينىڭ ئاخىرىدا يوپۇرغا ناھىيىسىدە ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش- سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ پىلاننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋاللىرى مەخسۇس تەكشۈرۈلۈپ يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ تەجرىبىسى قانات يايدۇرۇلدى. 1985- يىلى، يەنە ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلىپ، پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرى سۈرۈلدى.

8. پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ باشلىنىش باسقۇچىدا بىز پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ پائال تۈردە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى، نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتۇق. سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش باسقۇچىدا بىز كۈچ تەشكىللەپ، ئامما پاش قىلغان ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدۇق. ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان «ئۈچ قوبۇل قىلىش»، «ئۈچ ئۆزگەرتىش» تىكى مەسىلىلەرنىڭ تەكتىنى ئىگىلەپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدۇق. سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش باسقۇچىدا ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇق. تەرتىپكە سېلىش ئۆزگەرتىش باسقۇچىدا «ئۆزگەرتىش»تە چىڭ تۇرۇپ، ناتوغرا ئىستىللارنى ئەستايىدىل تۈزەتتۇق. ھەمدە «ئۈچ قوبۇل قىلىش»، «ئۈچ ئۆزگەرتىش» تىكى مەسىلىلەرنى ئۆزگەرتىش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتۇق. پارتىيە ئەزالىرىنى تىزىملاش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش باسقۇچىدا، تىزىملاش ئۆتكۈلى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆتكۈلى ياخشى تۇتۇلۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ غەلىبىلىك قانات يېيىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

9. پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى تەشۋىقات قاتارلىق تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ بەزىلەر ئۆگىنىش كۇرسى، دوۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى تەربىيىلىدى. تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈردى. ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تىپىك مىساللاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ باردى. ئىزچىل تۈردە «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەشنى داۋاملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشتىكى تۈپ تەدبىر. بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تەجرىبە ۋە تەسىرات بار:

بىرىنچى نۇقتا: ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشنىڭ مۇھىملىقىغا ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈش، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىنى ياخشىلاشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى. ئېنىقكى، پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلىماقچى بولساق، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ھەممىدىن ئاۋۋال تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. تونۇش ئۆسكەندىلا ئاندىن ئاڭلىق، تەشەببۇسكار، ئاكتىپ تۈردە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئەگەر، مۇشۇنداق قىلمايدىغان بولساق، بىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىمىز باشتىن-ئاخىر پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ-دە، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى نۇقتا: پۈتۈن پارتىيە پارتىيە ئىستىلىنى تۇتىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى. پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش پۈتۈن پارتىيىنىڭ زور ۋەزىپىسى بولغانلىقتىن چوقۇم پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن پارتىيە پارتىيە ئىستىلىنى تۇتىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. پارتكوملار ئەھمىيەت بېرىشى، پارتكومنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى لازىم. پارتكومنىڭ 1-باشلىقلىرى ئۆزى ھەرىكەتكە كېلىپ، پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇش، پۈتۈن پارتىيە پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشنىڭ ئاچقۇچلۇق بىر ھالقىسى.

ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) بۇ يىل ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ 4-ئايدا ئاچقان كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش جەريانىدا 10 ناھىيە (شەھەر) نىڭ بىرىنچى باشلىقلىرى ئۆزى بىۋاستە يىغىندا سەپەرۋەر قىلدى، ئۆزى بىۋاستە پارتىيە ئىستىلىنى تۇتتى، چوڭ مۇھىم دېلولارنى تۇتتى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتا يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

ئۈچىنچى نۇقتا: پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇش، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشنىڭ تۈپ تەدبىرى. ئەمەلىيەت جەريانىدا شۇنداق تەسىراتقا ئىگە بولدۇقكى تەربىيىلەش

بىلەن تەربىيىلىمەسلىك ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ ئوخشىماسلىقلار بار. تەربىيىلەشنى ئورمالاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلسا ئەھۋالمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامىنى تونۇشقا، بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى، ئىككىنچىدىن نىشانلىق ئوق ئېتىلىشى، ئۈچىنچىدىن، جانلىق كۆپ خىل بولۇشى لازىم. بىز تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇپ پارتىيىۋىلىك كوز قارىشىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىدىغانلا بولساق، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈپ جەھەتتىن تۈگىتىپ پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

تۆتىنچى نۇقتا: ئەندىزىلەرنى تۇتۇشتا ئالدى بىلەن چوڭ مۇھىم ئەندىزىلەرنى تۇتۇش، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشتىكى بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزى. چۈنكى، چوڭ ئەندىزە، مۇھىم ئەندىزىلەرنىڭ زىيىنى چوڭ بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىنمىسا تەسىرىمۇ چوڭ بولىدۇ، تەربىيىلەش ئۈنۈمىمۇ چوڭ بولىدۇ. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان كۈچ تەشكىللەپ، چوڭ، مۇھىم ئەندىزىلەرنى تۇتۇپ، پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بولغان ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىز كۈچەيدى.

بەشىنچى نۇقتا: پىلان، تەدبىر مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى بېكىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان بىز پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش ئۈچۈن، تۈرلۈك قائىدىلەرنى، مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، بەزى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ يۈز بېرىشىنى تۈزۈم جەھەتتىن توستۇق.

ئالتىنچى نۇقتا: ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ كەسپىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى پارتكومغا ھەمكارلىشىپ كەسپىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا ئاندىن تۈرلۈك ناتوغرا ئىستىللارنى ئۆز ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك تۈردە تۈزىتىپ، پارتىيە ئىستىلىنىڭ ئۆزلۈكسىز تۈردە ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

(2) نۆۋەتتە ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلى ھالىتىگە بولغان ئاساسىي مۆلچەر.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان ۋىلايىتىمىز پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىشتە ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئۈنۈمىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىمۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئوبيېكتىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا توغرا مۆلچەرلىشىمىز لازىم. بۇ يىل 4 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم (كېڭەيتىلگەن) يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 3 - نۆۋەتلىك 7 - سانلىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇرغاندىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ پۈتۈن پارتىيە پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىش ۋەزىيىتى چوڭقۇر راۋاجلىنىپ، كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان يېڭى چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم كەۋدىلىك قىلىپ ئۈچ ئىشنى تۇتتى. بىرىنچىسى: پارتىيە ئىستىلىنى قانداق رۇسلاشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم 1986 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى (بۇ يىل ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاشنى

ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى) يەنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ (1986) 19 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى تارقاتتى. بۇ ھۆججەتتە، ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ پارتىيە ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ھۆججەتنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ئىستىلىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، چىرىك ھادىسىلەرنى تۈزۈل - كېسەل ئاشكارىلاش، چوڭ مۇھىم ئەنزىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىش، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ئورگىنىنىڭ ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشنىڭ ئۈلگىسى بولۇشى، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «بىرىنچىدىن قەتئىي بولۇش، ئىككىنچىدىن ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش» دېگەن فاڭجېنى بويىچە قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمەلىي ئىشنى كۆپ ئىشلەش روھى بويىچە ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تىرىشىپ تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. ئىككىنچىسى، كۈچ تەشكىللەپ چوڭ مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. بۇ يىل ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۆز ۋاقتىدا كۈچ تەشكىللەپ، قەشقەر شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسى، يېڭى مېھمانخانا قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈردى. ئۈچىنچىسى پارتىيە ئىستىلىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردۇق. ھەممە پارتىيە ئىستىلىنى چوڭ تەكشۈرۈش ئاساسىدا ۋىلايەت بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىنى ئاچتۇق. ۋىلايەت بويىچە پۈتۈن پارتىيە پارتىيە ئىستىلىنى تۇتىدىغان يېڭى ۋەزىيەت ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. پۈتۈن پارتىيە پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇش ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشى بولماقتا. بىرىنچىسى، مەركەزدىكى ئورگانلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە ئۈلگە بولغانلىق ئىلھامى ۋە تەسىرى ئاستىدا ۋىلايىتىمىزدىكى ناھىيە (شەھەر) لەر ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي يولداشلار پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزدى ھەمدە پارتكومنىڭ بىرىنچى باشلىقلىرى ئۆزى تۇتۇپ، ئۆزى سەپەرۋەر قىلىپ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىدى. ئىككىنچىسى، ئەمەلىي ئىش كۆپ ئىشلەندى، چوڭ مۇھىم ئەنزىلەر ئەستايىدىل تۇتۇلدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ۋىلايەت بويىچە تۇتقان چوڭ مۇھىم ئەنزە يىپ ئۇچى 25 پارچە بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەنزە ئېچىلغىنى 16 پارچە، ئەنزە ئاخىرلاشقىنى سەككىز پارچە، چوڭ مۇھىم ئەنزىلەرنى تۇتۇش ئارقىلىق ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىلدى. ئۈچىنچىسى، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشنىڭ پىلان، تەدبىر ۋە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يوپۇرغا ناھىيىسى پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش پىلانىنى بالدۇر تۈزگەن، تېز ئەمەلىيلەشتۈرگەن. ناھىيە بويىچە 127 پارتىيە ياچېيكىسىدىن 1984 - يىلى شەرت بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا 61 ياچېيكا پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. 1985 - يىلى 83 ياچېيكا پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان، قېپقالغان 33 ياچېيكا تىرىشىپ بۇ يىل ئىچىدە پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، 1987 - يىلى ناھىيىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قىلىپ

قۇرۇپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان. ئۈچىنچىسى، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى كۈچەيتىلدى. «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى نورماللاشتۇرۇش، داۋاملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، تاشقورغان ناھىيىسى پارتىيىلىك كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەر بىر پارتىيىلىك كادىردىن پۇل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشتە چىرىكلىشىشنى چەكلەش، ھوقۇق ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئادەمگەرچىلىك ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشتە پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىش، ئادەم ئىشلىتىش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشتە ياخشىلارنى ئىشقا قويۇش، ھېيت بايرام ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشتە تېرىشچان، ئىقتىساتچان بولۇشتىن ئىبارەت بەش ئۆتكەلدىن ياخشى ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. بەشىنچى، پارتىيىۋىلىك كۆز قاراش كۈچەيدى، تەشكىلىي ئىنتىزام كۈچەيدى. پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈتۈشتە ياخشى بولغان بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر بارلىققا كەلدى. ئالتىنچىسى، پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈتۈش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تۈزۈتۈشنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئارا بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈردۇق، پوسكام ناھىيىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە بولدى، بۇ ناھىيە پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈتۈشتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىلەن بىرگە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ تېز ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يەتتىنچىسى، ئىستىل ياخشىلىنىپ، ئاپەتتىن غەلىبە قىلىنىپ مول ھوسۇل ئېلىندى. 1985 - يىلى 3 - ئايدا ۋىلايىتىمىزنىڭ كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى ئوپال يېزىسىدا قاتتىق يەر تەۋرىدى. ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى بۇنىڭدىن تېز خەۋەر تېپىپ، ئارقا - ئارقىدىن نەق مەيدانغا يېتىپ باردى. كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى يېتەكلەپ، بىر قانچە ئون كۈن جاپالىق جەڭ قىلىپ يەر تەۋرەشكە قارشى تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، يۇرتىنى قايتىدىن قۇرۇپ، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە قارشى تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ زەپەر مارشىنى يېزىپ چىقتى. بۇ يىل 5 - ئايدا ۋىلايىتىمىز يەنە بوران، قۇرغاقچىلىق، قاتتىق يامغۇر، مۆلدۈر ئاپىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ۋىلايەت بويىچە كېۋەز، بۇغداي، چارۋىلار ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى، ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى 1 - سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپەت كەلتۈرگەن زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە ئازايتتى. بۇ يىل ۋىلايەت بويىچە يازلىق ئاشلىقتا مول ھوسۇل ئېلىنغان 8 - يىل بولۇپ، بۇغداي ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئۆتكەن يىلغا نىسبەتەن 60 مىليون جىڭدىن كۆپرەك يەنى 9.3% ئېشىشى مۇمكىن. ھازىر كۈزلۈك ئاشلىقنىڭ ئۆسۈشى ياخشى، بولۇپمۇ كېۋەز مايسىلىرى تولۇقلانغاچقا مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد بار. لېكىن، بىز يەنە شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش ئەھۋالى تېخى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاش تەلىپىدىن قارىغاندا تېخى ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بار. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە كۆرۈلىدۇ.

1 . خىزمەتتە ئېغىر ھالدا بيۇروكرات-

لىق قىلىش ھېلىمۇ مەۋجۇت. بىرىنچىدىن، ئىنتايىن ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار ئەمەلدار بولۇشنىلا بىلىپ ئىش قىلمايدۇ، ئەسلى خىزمەت ئىشلەشنى خالىمايدۇ، تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن خىزمەتكە كاللا ئىشلەتمەي، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئارقىغا سۈرەپ ھەل قىلمايدۇ. تۆۋەن يوليورۇق سورىغان مەسىلىلەرگە قارىتا ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ، باشقىلارغا ئىتتىرىشكە بولسىلا ئىتتىرىۋېتىدۇ، خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. ئىككىنچىدىن، «ياۋۇل ئىستىلى» ماۋجۇت، ئىشىكتىن كىرىش قىيىن، يۈز كۆرۈشمەك قىيىن، ئىش بېجىرمەك قىيىن، بەزىلىرى ئىش قىلغاندا پىرىنسىپنى قايرىپ قويۇپ مۇناسىۋەتنى تەكىتلەيدۇ، بەزىلىرى ئىش قىلغاندا سۆرەلمىلىك قىلىدۇ. ئىش ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن، بەزى تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كەمچىل، ئىشتىن ئادەم كۆپ، بەزىلىرى ئالدىراش، بەزى تارماقلار مەجلىس ئېچىپلا قويىدۇ. ھەل قىلغان ئەمەلىي مەسىلىلىرى ناھايىتى ئاز، ھۆججەتلەرنى قالايمىقان تارقىتىپ، «ھۆججەت دۆۋىسى، مەجلىس دېڭىزى» ئاپىتىنى پەيدا قىلغان. ئۈچىنچىدىن، خىزمەتكە چوڭقۇر چۆكمەيدۇ، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش كەمچىل، تۈزۈمنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ۋاقتىدا ھەل قىلمايدۇ، ئومۇمەن قىلغاندا ۋىلايىتىمىزدە بيۇروكراتلىق بىر قەدەر ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا.

2. سىياسىي جەھەتتە لىبېراللىزملىق قىلىش يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر ھالدا ساقلاندى، بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى: بىرىنچىدىن، دېموكراتىيە، مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرمايدۇ، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىپ ھاكىم مۇتلەقلىق قىلىدۇ. بەزىلىرى مەركەز ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ قارار، يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلمايدۇ، ھەتتا ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلمايدۇ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ھەممە يەردە قالايمىقان سۆزلەپ يۈرۈيدۇ، كوچا خەۋەرلىرىنى ئاڭلاشقا، تارقىتىشقا ئامراق، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۈچىنچىدىن، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرمايدۇ، پارتىيىگە زىيانلىق بولغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى تەنقىد قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىپ، پاش قىلماي ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى خاتالىقنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئادەمگە قاراپ ئىش قىلىدۇ، ياخشى ئىشقا ماقۇل دېمەيدۇ، يامان ئىشقا ياق دېمەيدۇ. تۆتىنچىدىن، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن باشتىن-ئاخىر بىردەكلىكنى ساقلىمايدۇ، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرمايدۇ.

3. ئىدىيە جەھەتتە شەخسىيەتچىلىك، تار مەھكىمىچىلىك قىلىش بىر قەدەر ئېغىر دەرىجىدە ساقلاندى. بۇنىڭ ئىپادىلىرى مۇنداق: بەزى كىشىلەر ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنى ۋە ئۆزىنىڭ تار مەنپەئەتى ئۈچۈن پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئەتىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ. ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان چوڭ ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، ئاغىنە بۇرادەرلىرىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئۆزى خالىغانچە ئورۇنلاشتۇردى، مۇناسىۋەت باغلاپ، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ-

لىق قىلىپ، بالىلىرىنى ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ۋاكالىتەن تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا ئەۋەتتى، بەزىلەر قولىدا نېمە بولسا شۇ ئارقىلىق ئۆز لەيىگە چوغ تارتىپ كەسپىي ناتوغرا ئىستىل بىلەن شۇغۇللاندى.

4. تەشكىل جەھەتتە تارقاق، ئىنتىزام بوش بولدى، پرىنسىپتا ۋە نورمال تەشكىلىي تۇرمۇشتا چىڭ تۇرۇلمىدى.

5. ئومۇمنىڭ پۇلى بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىندى، بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئومۇمنىڭ پۇلى ھېسابىغا مېھمانچاقىرىپسوۋغا تەقدىم قىلدى. بەزى ئورۇنلار «چوپقەتچى»لەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى، قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلارنى مېھمانچاقىرىپسوۋغا تەقدىم قىلمىسا قىلغىلى بولمىدى. قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان بەزى ئىشلار مېھمانچاقىرىپسوۋغا تەقدىم قىلىنغاندىن كېيىن قىلغىلى بولىدىغان بولدى.

يۇقىرىدىكى بۇ مەسىلىلەر گەرچە ئاز ساندىكى تارماقلار، ئاز ساندىكى ئورۇنلار ۋە ئايرىم پارتىيە ئەزالىرىدا كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پارتىيىنىڭ ئىناۋىتىگە، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزدى.

(3) غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى.

پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئىمكانقەدەر تېزلىكتە ئاشۇرۇش 12-قۇرۇلتاي پۈتۈن پارتىيىگە قويغان مۇشەققەتلىك ۋەزىپە. ئاپتونوم رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 7-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى بۇ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ئىستىلىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، بۇ يىل پارتىيە ئىستىلىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى تېزلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

قانداق بولغاندا پارتىيە ئىستىلى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان بولىدۇ. بۇنى يولداش سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 7-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز تۈرلۈك تەلەپ بويىچە ئۆلچەش لازىم. بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېت بىلەن تامامەن بىردەك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئومۇمەن مەركەز ئىشلەشنى تەلەپ قىلغان ۋە تەشەببۇس قىلغان ئىشلارنى قەتئىي ئىشلەش، تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش، ئومۇمەن مەركەز ئۈچۈن چەكلىگەن ئىشلارنى قەتئىي چەكلەش ۋە تۈزىتىش كېرەك. ئىككىنچى، رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئاڭلىق ھالدا پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىغا رىئايە قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن ناتوغرا ئىستىللارنى توسۇپ، تۈزىتىپ ئۈلگىلىك رول ئوينايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاشنىڭ تۈزۈم ۋە تەدبىرلىرىنى تۇرغۇزۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ھەمدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇشى كېرەك. تۆتىنچى، ھەر دەرىجە-

لىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە، چىڭ تۇرمىدىغان، پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرمىدىغان، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان بولۇشى كېرەك. بەشىنچى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان (1985) 57 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن نۆۋەتتە ئورگان ئىستىلىدا ساقلىنىۋاتقان ئالتە تۈرلۈك ئېغىر مەسىلە ئاساسەن ئىنقىلاپ چىقىلغان ھەمدە تۈزىتىلگەن بولۇشى، مەركەزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش، ئىستىلنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى يەتتە تۈرلۈك كونكرېت بەلگىلىمىسى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ئىجرا قىلىنغان بولۇشى كېرەك. ئالتىنچى، تەكشۈرۈلگەن چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان ھەمدە توغرا بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇشى كېرەك. يەتتىنچى، كەسپىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى يەنىمۇ رۇسلانغان، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىگەن، تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى كۈچەيتىلگەن، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك. سەككىزىنچى، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش ئارقىلىق جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىسلاھات ۋە ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك.

پارتىيە ئىستىلىدا كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى تۇتۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى: ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىپ جاسارىتىمىزنى ئۇرغۇتۇپ پارتىيە ئىستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلىشىمىز لازىم. شۇنى كۆرۈشىمىز لازىمكى، بىز پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈتۈشتە ئىنتايىن پايدىلىق شەرت - شارائىتقا ۋە مەلۇم خىزمەت ئاساسىغا ئىگە. بىرىنچى، مەركەزنىڭ ئىرادىسى ۋە ئۈلگىلىك رولى بىز ئۈچۈن ئۆگىنىش ئۈلگىسى ۋە ئالغا بېسىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى. ئىككىنچى، كۈچلەرنى تەشكىللەپ بىر تۈركۈم چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈتۈشتىكى بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزى ئېچىلدى. ئۈچىنچى، ۋىلايىتىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ناھىيىلىرىدە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ كۈچ كۆپەيدى. ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىدىمۇ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىنى ئاخىرغىچە تۇتۇشقا بەل باغلىدى. تۆتىنچى، ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، بولۇپمۇ چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بەشىنچى، ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتا توغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش، چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. ئالتىنچى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى كادىرلار ۋە ئامما پارتىيە ئىستىلىنىڭ تېزلىكتە تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈتۈشتىكى پايدىلىق ئامىل ۋە شارائىت، شۇڭلاشقا بىزدە، پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈتۈش خىزمىتىنى قەتئىي بوشاشماستىن تۇتۇشىمىز، ئاخىرغىچە تۇتۇپ نەتىجە چىقىرىش، ئىشەنچ ۋە ئىرادە بولۇشى لازىم.

ئىككىنچى: پارتىيە ئىستىلىنى تۈزۈتۈشتىكى

مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دەرىجىمۇ-دەرىجە تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، قاتلاممۇ - قاتلام مەسئۇل بولۇپ، قاتلاممۇ - قاتلام تۇتۇپ، نەتىجە ھاسىل قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى: ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەشكىلات، تەشۋىقات قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى توغرىسىدىكى تەربىيىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئىنتىزامنى ھەقىقىي تۈردە تەرتىپكە سېلىش لازىم. ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش ئاساسىدا ئۆزى تەكشۈرۈشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، بىرىنچىدىن، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا پاش قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ ئەستايىدىل تەكشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقىنى، ئەنزىنىڭ ئاخىرلاشقان-ئاخىرلاشمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش، ئىككىنچىدىن، بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىپ يەنە بىر تەرەپتىن سادىر قىلىدىغان، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈۋاتسا، بىر تەرەپتىن خىلاپلىق قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش، ئۈچىنچىدىن، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا ئورنىتىلغان تۈزۈملەرنىڭ ئەمەلىيلەشكەن-ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش، تۆتىنچىدىن، ئۆز ئورۇنلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى كادىرلارنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىنتىزام ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلغان-قىلمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش لازىم. تەكشۈرۈش جەريانىدا پارتىيە ئەزالىرى ئاممىنى ناتوغرا ئىشلار ۋە خىزمەتتىكى چىرىكلىكلەرنى پاش قىلىشقا يەنىمۇ ھەرىكەتلەندۈرۈش لازىم. ئۆزى تەكشۈرۈش ئاساسىدا نۇقتىلىق قىلىپ مۇنداق تۆت تەرەپنى ياخشى تۇتۇش لازىم: بىرىنچى، ئەستايىدىللىق بىلەن بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىش لازىم. تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئۇسۇلى تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش، تەنقىد - ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قورالىنى تەدبىقلاش ئارقىلىق ئۆز ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئاڭلىق تەكشۈرۈش ۋە ئۆز ئارا تەربىيىلەش، ئۆز ئارا تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىككىنچى، قىڭغىر شامالنى توسۇش، پارتىيە ئىستىلىنى روسلاش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم، ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى، دېموكراتىك تۇرمۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىنى نورماللاشتۇرۇشىمىز، داۋاملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ھەر يىلى ئازدېگەندە ئىككى قېتىم دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇپ پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم. تۆتىنچى، ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا پاش قىلىنغان ئىنتىزامغا خىلاپ ئەنزىلەرنى بىر بىرلەپ تەكشۈرۈپ تېگى - تەكتىگە يېتىش لازىم. تۆتىنچى، چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ناتوغرا ئىستىلنى توسۇپ، پارتىيە ئىستىلىنى روسلاشتا كونكرېت ئەنزىلەرنى تۇتۇشتىن باشلاش كېرەك. قىلمىشى ئېغىر، تەسىرى يامان بولغان ئەنزىلەرنى پارتىيە

ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىشتا رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاممىغا تايىنىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نۇقسانلارغا تېگىشلىك جۇرئەت قىلىپ، يۈز خاتىرە قىلماستىن، بارلىق توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى قەتئىي تۈردە ئۈزۈلدۈرمەي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، سىياسىي-قانۇن تارماقلىرى پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ئۆز ئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ، بىر بىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئەنزە بېجىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

شۇنى كۆرۈشىمىز لازىمكى، ئېغىر ھالدا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئەنزە ۋە ئىقتىسادىي جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا توسالغۇ ناھايىتى چوڭ، تۈرلۈك قارشىلىقلارغا ئۇچرىشىمىز تۇرغان گەپ، بەزى جىنايەتچى ئۇنسۇرلار ھۇجۇم ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداپ، تۈرلۈك ھىيلە ۋە رەزىل ۋاستىلارنى ئىشقا سېلىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداقلارغا قارىتا چوقۇم تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز لازىم. خاتالىق ئۆتكۈزگەن بەزى كىشىلەر خاتالىقىنى بىلىشى، خاتالىقىنى تۈزىتىشى، خاتالىققا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۆز ئىشىغا ئۆزى توپا سېپىپ قويىدۇ.

بەشىنچى، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم.

1. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، داۋاملىق تۇتۇش لازىم، ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىنى بىر-بىرىنى تولۇقلىغان ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىتىش لازىم.

2. رەھبەرلىكتىن باشلاپ تۇتۇش، ئىشنى رەھبىرىي كادىرلاردىن باشلاشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. رەھبىرىي كادىرلار ئالدى بىلەن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللارنى تەكشۈرۈش ۋە قەتئىي تۈزىتىش ئاساسىدا كادىرلارغا ئۈلگە كۆرسىتىش لازىم.

3. پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ نۇقسانلارغا تېگىشلىك جۇرئەت قىلىش لازىم. ناتوغرا ئىستىلنىڭ ھامان مۇرەككەپ مۇناسىۋەت تورلىرى بار، بەزى چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنىڭ مۇھاپىزەت قاتلىمى بەكمۇ قېلىن، توسالغۇ بەكمۇ چوڭ، قوچۇۋېتىشمۇ كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرغىچە تەكشۈرۈپ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز، جازالاشقا تېگىشلىكلەرنى جازالاش، قوغلاپ چىقىرىشقا تېگىشلىكلەرنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىش، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، يۈز خاتىرە قىلماسلىق، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قەتئىي تەۋرەنمەسلىكنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

4. سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ناھايىتى مۇرەككەپ، سىياسەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بىر خىزمەت. شۇڭا ھەم قەتئىي تەۋرەنمەسلىك

تىن ئىش كۆرۈش ھەم سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش جەريانىدا تەجرىبىنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن خىزمەتتە يۈز بەرگەن سەۋەنلىك بىلەن ئىسلاھاتتىكى يوچۇقتىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ چەك - چېگرىسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش، پاكىتنى ئاساس قىلىش، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش لازىم. ھەر بىر ئەنزىلەرگە قارىتا پاكىتلار ئېنىق، گۇۋاھ ئىسپاتى تولۇق، خاراكتېرىنىڭ بېكىتىلىشى توغرا، بىر تەرەپ قىلىنىشى مۇۋاپىق، رەسمىيىتى تولۇق بولۇشى لازىم. بىر تەرەپ قىلىنغان ھەر بىر ئەنزىنىڭ تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. ئۇلاردىن باشقا ھەر قانداق چوڭ، مۇھىم ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، گۇناھسىز ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ھەرگىز چاتماسلىق لازىم. بۇ ئىنتايىن مۇھىم سىياسەت چەك-چېگرىسى.

5. ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مەيلى چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا بولسۇن، ياكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشتە بولسۇن، بىرىنچىدىن، چىڭ تۇتۇش، ئىككىنچىدىن، ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. يۈزە ئىش قىلماسلىق، شەكىلۋازلىق قىلماسلىق، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، ئەمەلىي ئىشنى كۆپ قىلىپ، پۇختىلىق بىلەن بىر قانچە ئىش قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

6. «ئالدىنقىلاردىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش» فاڭجېنىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرگە قارىتا ئىلمىي پوزىتسىيە ئاساسىدا، تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىش لازىم. خىزمەت ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە قارىتا تەنقىد ۋە تەربىيە بېرىشنى ئاساس قىلىش، ئىسلاھات داۋامىدىكى مەسىلىلەردىن بىر تەرەپ قىلىشتا ئىشەنچە ئانچە چوڭ ئەمەسلەرگە قارىتا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش كۆرمەستىن ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ يوليورۇق سوراش لازىم.

7. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش داۋامىدىكى كەسپىي رولىنى كۈچەيتىش ۋە جارىي قىلدۇرۇش لازىم. ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنى تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىش بەلگىلىمىدىكى تەلەپكە ئاساسەن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنى قۇرۇش ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كەسپىي كادىرلارنى سەپلەش لازىم. ئىجرا قىلىدىغان ئورۇنلار ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە ئىمكانقەدەر تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىدىكى كادىرلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، كۆپ يۆتكىمەسلىك لازىم. ناھىيە دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىرىنى يۆتكەشتە چوقۇم ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئۇلارنى خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرالىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

## قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى

**1. ئىلغار كوللېكتىپلار:**

ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى.

ج ك پ كونىشەھەر ناھىيىلىك كومىتېتى.

ج ك پ يوپۇرغا ناھىيىلىك كومىتېتى.

ج ك پ قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى كومىتېتى.

ج ك پ قەشقەر سىفەنشۆيۈەن كومىتېتى.

ج ك پ تاشيول قۇرۇلۇش 1- ئەترىتى كومىتېتى.

ج ك پ قەشقەر تاشيول ئاسراش باشقۇرۇش ئۇچاستكىسى كومىتېتى.

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كۆمۈر كان كومىتېتى.

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى كومىتېتى.

قەشقەر تامۇژنا پارتگۇرۇپپىسى.

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك شۆبىسى پارتگۇرۇپپىسى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارە پارتگۇرۇپپىسى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مۇپەتتىشلىك باشقارمىسى پارتگۇرۇپپىسى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى پارتگۇرۇپپىسى.

ج ك پ يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق سىستېمىسى كومىتېتى.

يەكەن ناھىيىلىك دورا شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى.

ج ك پ يەكەن تاغارچى يېزىلىق كومىتېتى.

يەكەن ئارال يېزا تۆگمەنبېشى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى.

يەكەن ناھىيە 1- ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى.

يەكەن ئارسلانباغ يېزا ئازنىبازار كەنت پارتىيە ياچېيكىسى.

يەكەن ناھىيە ماشبۇلاق سۇ ئامبىرى پارتىيە ياچېيكىسى.

يوپۇرغا ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكا پارتىيە ياچېيكىسى.

ج ك پ يوپۇرغا ناھىيە يوپۇرغا يېزىلىق كومىتېتى.

كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى پارتىيە باش ياچېيكىسى.

كونىشەھەر ناھىيىلىك تاشيول ئاسراش ئۇچاستكىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

ج ك پ كونىشەھەر ناھىيە سايباغ يېزىلىق كومىتېتى.

ج ك پ كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزىلىق كومىتېتى.

قەشقەر شەھەرلىك سودا - سانائەت بانكا پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر شەھەر دۆلەتباغ يېزا ئەسلىكۆل كەنت پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭبويى كوچا باشقارمىسى يۇمىلاق شەھەر ئاھالىلەر كومىتېتى پارتىيە ياچېيكىسى.

مەكىت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىسى پاختىلىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى.

ج ك پ يېڭىسار ناھىيە ماڭشىن يېزىلىق كومىتېتى.

ج ك پ يېڭىسار ناھىيە ئوچار يېزىلىق كومىتېتى.

يېڭىسار تاشيول ئوچاستكىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

ج ك پ مارالبېشى ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق كومىتېتى.

ج ك پ مارالبېشى ناھىيە ئاشلىق ئىدارىسى كومىتېتى.

ج ك پ پوسكام ناھىيە ئىككىسۇ يېزىلىق كومىتېتى.

پوسكام ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

ج ك پ قاغىلىق ناھىيىلىك چاسا مەسچىت يېزىسى 13 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى.

قاغىلىق ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى.

قاغىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش زاۋۇتى پارتىيە ياچېيكىسى.

قاغىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ياندۇرما يېزىسى 11 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى.

يېڭىشەھەر ناھىيە باغچى يېزىسى 3 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى.

يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا 16- كەنت پارتىيە ياچېيكىسى.

يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان مەدەنىيەتلىك سېتىۋېلىش پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسى.

يېڭىشەھەر ناھىيە ماي - خىمىيە زاۋۇتى پارتىيە ياچېيكىسى.

ج ك پ تاشقورغان ناھىيىلىك ئەسلىلىك قوي فېرمىسى كومىتېتى.

ج ك پ پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزىلىق كومىتېتى.

ج ك پ پەيزىۋات ناھىيىسى تېرەم يېزىلىق كومىتېتى.

پەيزاۋات ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

پەيزاۋات ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك دورا شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مېتاللار شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك چاي - چارۋا شىركىتى يۇڭ - تىۋىت زاۋۇتى پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر 1 - ئاۋغۇست ئۈن زاۋۇتى پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە سۇ ئىشلار باشقارمىسى ئورگان پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش باشقارمىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى 1- ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك كىنو شىركىتى پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر تېببىي مەكتەپ دوختۇرخانا مەمۇرىيىتى پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر ۋىلكوم سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى يېزا خىزمەت بۆلۈمى (بىر ياچېيكا) پارتىيە ياچېيكىسى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسى پارتىيە ياچېيكىسى.

**2. ئىلغار شەخسلەر:**

**يەكەن ناھىيىسى:** لىيۇرېنفۇ، ۋاڭ كېلىيالىڭ، جاڭ گوبىۇ، ياڭ چۇنفۇ، قەمبەرنىسا ئەمىن، قادىر تۆمۈر، تۇخان تۇردى، قۇدرەت ئېزىز، ھۇسۇيۇن ھەسەن، ئاۋانىسا ئابدۇۋەلى، تۆمەر ئىبراھىم، نۇرمان ئىبراھىم، رىزىق سادىق.

**يوپۇرغا ناھىيىسى:** ئەمەت خۇدابەردى، رېھىم نامان، مەمەت تۇرايىم، جاڭ شۇۋېن.

**كونىشەھەر ناھىيىسى:** ۋاڭ خېدىڭ، جاڭ چاڭشېڭ، ماگۈيلەن، دۇۋېنۇي، ھەسەن ھاۋۇت، ئابلا ئەمەت، يولۋاس ئوسمان، مۇسا تۆمەر، خېلىل ھاپىز، توختى سەمەت، ئوبۇلتۇر، ئىسلام ئابدۇللا.

**قەشقەر شەھىرى:** يۈەن جېندۇڭ، تۇرسۇن توقسۇن، جىن جاڭيىن، روزى ساۋۇت، ئوبۇل ئابدۇۋايىت، مەمەت سۇلايمان، خەيرىسگۈل قاسىم.

**مەكىت ناھىيىسى:** رەخمانىنىياز، بارات ھاۋۇت، يۇنۇس توختى، كۆڭ فاماۋ، مەمەتئىمىن ساۋۇر.

**يېڭىسار ناھىيىسى:** روزى سابىر، ئوبۇل سەمەر، ئەمەت مەمەت، ئابدىقادىر ئىمىن، توختى ھىمىت، پاڭ جۇڭمىڭ، گۇۋېيشىيەن، مۇسا ھوشۇر.

**مارالبېشى ناھىيىسى:** ئېلى ھاتەك، داۋۇت ياقۇپ، لۇ دېكۇي، ھەسەن نۇر، ئابلا تۇرەك، ۋۇداخۇ، سەمەت ھەسەن.

**پوسكام ناھىيىسى:** يۈجىياپېڭ، قادىر سايىم، جاۋ ئېنشەن، تۇرسۇن شېرىپ، سەمەت رەخمەت، ئىمىن مۇسا.

**قاغىلىق ناھىيىسى** يۇڭ ئەنچاڭ، كۆي شېفەن، زىۋېرنىسا ھوشۇر، مەمەت قۇربان، روزى توختى، ئوسمان نىياز، قادىر قۇربان، ئېلى تۇردى، مەمەت ئەمەت،

**يېڭىشەھەر ناھىيىسى:** مەمەتئىمىن ئېلى، چېن جۇاڭۋېي، ياۋ جيەنخۇا، چۇ شىرۇڭ، ناسىر ماگسۇر، تىلىۋالدى ئىمىن، يۇسۇپ مەمەت، ئىسمايىل ئالماس، ئەمەت مەمەت، ئېزىز سىدىق.

**تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى:** تۇرسۇن، دادىخا ئولام ئېلى، ئەختى ئېلى، مىر جاپشا، تاڭ شيۇۋېيلىڭ.

**پەيزىۋات ناھىيىسى:** ئابلەت ھەسەن، مۇ ئېنشېڭ، چېن جىخۇا، خۇچىۋېن، يۇماۋدې، خەيرى ئېزىز، ئابلىز ئەمەت، ئابدىرىشىت يۇسۇپ، تۇرسۇن ئېزىز.

**قەشقەر ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار:** ۋاڭ جۈن، يۈەن جىنشېڭ، لۇ شۆجيەن، ئابدۇقادىر، ياڭ يىخۇڭ، جۇشىڭخۇي، ياۋۋېنجۈن، مەمەت زۇنۇن، فېن رۇچېن، شىيې يۈكې، زۇنۇن مەمەت، جاڭ ۋەنجېن، ياسىن رەخمان، جۇيۇگۇي، پېي مىڭلۇ، جياجيەنگو، ھوشۇر ئېلى، جاڭ لىۋ، مياۋشۇاڭ، تاۋجىنفۇ، ليۇجېنرۇڭ، ليۇجىنخۇا، رازىق، يۇشۇجىڭ، چيۇگېنفا، گۇەن گېنفا، سۇڭ ئەيشەن، خې فاگياۋ، ھۆسۇيۇن تۇرايىم، سابىر تۇرايىم، ياقۇپ ھاجى، لۇلىبىڭ، ۋۇجىيۇن، جۇبىڭ، ئوسمانجان، چېن شيەنگۇڭ، چېن شياگلۇن، ۋايىتجان، ئوسمان تۇردى، بەيۋېي، دىڭ شى، ليۇ ماۋلىڭ، ۋاڭ گوچياڭ، نۇرمەمەت، لياڭ شيۇبىڭ، ئابدىرېھىم مەمەت، مەمەت سىدىق، ئېلى ئەمەت، ئىمام، شۇيۇگچۈەن، گوچېنبىڭ، ليۇخېچىڭ، رەن ۋۇچۈەن.

(نىيۇگورەن).

## [ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى]

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، تاجىكتىن ئىبارەت تۆت مىللەتتىن تەركىب تاپقان كارخا-

دا بولۇپ، 556 ئىچى-خىزمەتچىسى بار. ئىدارە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ قارمىقىدا سەككىز ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى، 23 پارتىيە گۇرۇپپىسى، 181 پارتىيە ئەزاسى بار. 1986-يىلى ئۇلار مەركىزىي كومىتېت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ۋىلكوم ۋە ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇپ، ئىدارە ئىستىلىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىدارە بويىچە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۆبىسى ئومۇمىيۈزلۈك تۇتۇش، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ شۆبىلىرى نۇقتىلىق تۇتۇش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرى مەخسۇس تۇتۇش، مەمۇرىي رەھبەرلەر ئېغىز بويىچە تۇتۇش، قاتلاممۇ-قاتلام مەسئۇل بولۇش، دەرىجىمۇ-دەرىجە تۇتۇش، دەرىجىمۇ-دەرىجە مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى شەكىللەندۈردى. 1986-يىلى 2-ئايدا، ئۇلارغا ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك پارتكوم تەرىپىدىن تۇنجى تۈركۈمدە پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاشتا ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلدى. ئۇلارنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇشتىكى تەجرىبىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) تەربىيە بېرىشنى تۇتۇپ، يېتەكچى ئىدىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش.

1986-يىلى ئۇلار پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى بارلىق خىزمەتنىڭ ئالدىغا قويدى. مەيلى «قوش مەدەنىيەت» قۇرۇش پائالىيىتىدە بولسۇن ياكى «ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش، ئىدارە ئىستىلىنى ياخشىلاش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىدە بولسۇن، پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ياخشى بولغان پارتىيە ئىستىلى ئارقىلىق باشقا خىزمەتلەرنى يېتەكلىدى ۋە ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار ئىنتىزام تەكشۈرۈش قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئىدارىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرى ئورۇنلاشتۇردى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان ئىنتىزام تەكشۈرگۈچى قويدى. ئۇلار پارتىيە گۇرۇپپىسى، پارتىيە ياچېيكىسىغا يېقىندىن ماسلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى تۇتتى. ئۇلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، پارتىيە گۇرۇپپا يىغىنى، ياچېيكا شۆبىلىرى يىغىنى، پارتىيە گۇرۇپپىسى كېڭەيتىلگەن يىغىنى، ۋە پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، ئىشنى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى تۇتۇشتىن، مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىشتىن باشلاپ، كارخانىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى كونكرېت ۋەزىپىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ، پارتىيىۋىلىك تەربىيىسى، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ باردى، قاتلاممۇ-قاتلام سەپەرۋەرلىك قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى يوليورۇق ۋە ھۆججەتلىرىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆگەندى، ھەمدە ۋىلايەت بويىچە پوچتا-تېلېگراف سىستېمىسىنىڭ تېلېفون يىغىنىنى ئېچىپ، ۋىلايەت بويىچە ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىلىرىنى پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ-پوسكام ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن نۇقتا ئارقى-

لىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەش، نۇقتا بىلەن ئومۇمىي دائىرىنى تۇتۇشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، دەرىجىمۇ-دەرىجە تۇتۇش، دەرىجىمۇ-دەرىجە يېتەكلەش، ھەممە كىشى پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى.

(2) پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇشتا ھەل قىلغۇچ مەسىلىنى تۇتۇش كېرەك. كەسپىي ناتوغرا ئىستىلنى تۇتۇش — پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم ھالقا.

بىرىنچى، پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇشتا، ئالدى بىلەن كەسپىي ناتوغرا ئىستىلىنى تۇتۇش كېرەك. ۋىلايەتلىك پوچتا — تېلېگراف ئىدارىسى ئىدارە ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش، پوچتىدىن پايدىلىنىپ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە زەربە بېرىش بويىچە ئۈچىنى ئېنىقلاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. مادۇڭيۈەن، شۇلىجى، ئەركىنلەرنىڭ خالتا ئوغۇرلاش، كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىش گۇرۇھى ئەنزىسى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. 1986-يىلى 3-ئايدا، پوچتا-تېلېگراف سىستېمىسى بويىچە خەت-چەك، تېلېگراممىلارنى بېسىپ قويۇش ۋە كېچىكتۈرۈش، گېزىت-ژۇرنال پۇلىنى خىيانەت قىلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىش ئەنزىسىدىن جەمئىي 51 ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، 28 كىشىدىن جەرىمانە ئېلىندى. بەش كىشىگە ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، بىر كىشىگە جىنايى جازا بېرىلدى. شۇ ئارقىلىق خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق تەتۈر شامىلىنى تىزگىنلىدى. بەزى پوچتا ماشىنىسىنىڭ شوپۇرلىرى ۋە پوچتا ماشىنىلىرىغا نازارەت قىلغۇچىلار سودىگەرلەرگە يۈك توشۇپ بېرىپ پايدا ئېلىش، پوچتا ماشىنىسىغا ئادەم چىقىرىپ قوشۇمچە كىرىم تېپىشتەك ئەھۋاللاردىن بىرسى سېزىلسە بىرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، بۇ جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىل تىزگىنلەندى. ناتوغرا ئىستىلنى توغرىلاشتا ئىنتىزامنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك. ئۇلار بىر پارتىيىلىك كادىرنىڭ پوچتا خالتىسىدا سافا بولغىنىنى ئوردىغا ئىلىقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ جەرىمانە قويغاندىن سىرت، ئىدارە بويىچە كۆرگەزمە قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بۇ ئىش ئارقىلىق ساۋاق بەرگەن.

ئىككىنچى، يامۇل ئىستىلىنى تۈگىتىپ، مۇلازىمەتنى ياخشىلاش. ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلار ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن خىزمەت ئۈستىدە مەدەنىيەتلىك مۇلازىمەت تىلى ئىشلىتىش، تېلېفونچى خىزمەت نومۇرىنى ئېيتىپ بېرىش، تىجارەتچى خىزمەت نومۇرىنى تاقىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە تىجارەت ۋاقتىنى ئۇزارتتى، پوچتا پۇل ئامانىتىنى يولغا قويۇپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، پوچتا ئىدارىسى ئىدارىدىكى كادىرلارنى تەشكىللەپ ھەرقايسى ئىدارىلارغا 500 دىن ئارتۇق خەت-چەكنى خالىسانە ئاپىرىپ بېرىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۈچىنچى، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاشتا، ئىشنى ئۆزىدىن باشلاش، باشقىلارنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلاش، رەھبەر ئۈلگە بولۇش كېرەك. ئىدارە باشلىقى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ، كۆپ ئىگىلىۋالغان بىر يۈرۈش يېڭى ئۆينى ۋە بىر ئۈچ كىشىلىك سافانى قايتۇرۇپ بەردى، پوچتا ئىشلىرى بۆلۈمى 1985-يىلى يىل ئاخىرىدا مۇكاپات سوممىسى تارقاتقاندا، ئۆز بۆلۈمىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىمۇ

بىر كىشىلىك مۇكاپات پۇلى بەرگەنىدى. بۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىمۇ ئۆزى ئۇشۇق ئالغان بۇ مۇكاپات پۇلىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قايتۇرۇپ بەردى. پارتىيە گۇرۇپپىسى شۇجىسىنىڭ ئايالى كېسەل بولۇپ قېلىپ كىچىك ماشىنىدا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغان بولۇپ بەلگىلىمە بويىچە كىرا تۆلىدى.

(3) يەتتىنى تەكشۈرۈش، يەتتىگە قاراش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىدارە ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش.

يەتتىنى تەكشۈرۈش، يەتتىگە قاراش دېگەن: بىرىنچى، كەسپى يېتەكچى ئىدىيىسىنى تەكشۈرۈش، ئىدارە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا، ئىشلەپچىقىرىشقا، ئاممىغا يۈزلەنگەن- يۈزلەنمىگەنلىكىگە قاراش؛ ئىككىنچى، خىزمەت ئىستىلىنى تەكشۈرۈش، ئىشىكتىن كىرمەك قىيىن، كۆرۈشمەك قىيىن، ئەھۋال ئېيتماق قىيىن، ئىش بېجىرمەك قىيىن بولۇشتەك يامان ئىستىلى بار - يوقلۇقىغا قاراش؛ ئۈچىنچى، ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىنى تەكشۈرۈش، كادىرلارنىڭ ئىشىنى بىر-بىرىگە ئىتتىرىش، يۇقىرى تۆۋەنگە ئىتتىرىش، تۆۋەن يۇقىرىغا ئىتتىرىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلماسلىق ئەھۋالى بار-يوقلۇقىغا قاراش؛ تۆتىنچى، ئىنتىزامنى تەكشۈرۈش، ئىدارىنىڭ چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدىغان- قىلمايدىغانلىقىغا، كەسپى ناتوغرا ئىستىلىنىڭ بار-يوقلۇقىغا قاراش؛ بەشىنچى، تىجارەت ئىستىلىنى تەكشۈرۈش، ئىدارىدا كارخانا ئۈنۈمى، تارماق ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆز ئارا ئاجرىتىۋېتىلىش مەسىلىسى بار- يوقلۇقىغا قاراش؛ ئالتىنچى، ئىسلاھاتقا بولغان پوزىتسىيىنى تەكشۈرۈش، ئىدارىنىڭ ئىسلاھات ئۈچۈن خىزمەت قىلغان-قىلمىغانلىقىغا، ئىسلاھاتقا بويسۇنغان - سۇنمىغانلىقىغا قاراش؛ يەتتىنچى، ئىدىيىۋى ئىستىلىنى تەكشۈرۈش، ئىدىيە جەھەتتە مەركىزىي كومىتېت بىلەن بىردەك بولغان- بولمىغانلىقىغا، مەسىلىلەر ئىستىپا قىلىشنى قوغدىغان- قوغدىمىغانلىقىغا، ناتوغرا ئىستىلغا ئاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان-قىلمىغانلىقىغا قاراش.

يەتتىنى تەكشۈرۈش، يەتتىگە قاراشنى، ئالدى بىلەن بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىدارىسىدا يولغا قويىدى. ئۇلار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، «رەھبەرلىك مۇلازىمەت دېمەكتۇر» دېگەن شۇئار ۋە «يەتتىنى تەكشۈرۈش، يەتتىگە قاراش» نىڭ تەلىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا، پەرقنى تېپىپ چىقتى، زىيان ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ باردى، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈردى، تەدبىر تۈزۈپ چىقتى، ئارقىدىن ئاساسىي قاتلام تارماقلار ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە ياردەم بەردى. ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى كۆپلەپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇردى. خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقتەك بىيۇروكراتلىقنى قاتتىق تەنقىد قىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلدى؛ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈردى. «يەتتىنى تەكشۈرۈش، يەتتىگە قاراش» ئارقىلىق، ئىدارىدا ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمىتىنى تۇتۇش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشتەك يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى جىيابەن ھەققى، كەچلىك ئىشلەش ھەققى تارقىتىشتا كادىرلار تارمىقى بىلەن مالىيە تارمىقى بىر-بىرىگە ئىتتىرىپ، ئۇزۇنغىچە ھەل بولمىغانىدى. «يەتتىنى تەكشۈرۈش، يەتتىگە قا-

راش» ئارقىلىق، ئۇلار ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تېزلا تەكشۈرۈپ تارقىتىش ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقتى. تەمىنلەش تارماقلىرى خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ماتېرىيالنى ئايمۇ-ئاي تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەكېلىپ بېرىدىغان بولدى، سىياسىي باشقارما پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بەش ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تۆت ناھىيە پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ۋاقتىدا تولۇقلىدى ۋە تەڭشىدى. ئۇلار بۇرۇنقى سىياسىي بىلەن كەسىپ بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلىشتەك ھادىسىلەرنى تۈزىتىپ، ئاساسىي قاتلامدا ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت بويىچە مۇناسىۋەت باغلاش ئورنىدىن بەشنى قۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى بەن-گۇرۇپپىلارغا بېرىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئىدارە كادىرلىرى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ بەندە ئەمگەككە قاتناشتى، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ پىكىر ئالدى. ئىدارە رەھبىرىي نوقتىلارغا تېگىشلىك جۈرئەت قىلدى، پوچتا ئىشلىرىنى قاتتىق باشقۇردى، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىق، خەۋەرلىشىش سۈپىتى جەھەتتە ۋەقە يۈز بېرىش مەسىلىلىرىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى. بىر نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا، ئالتە نەپەر بۆلۈم باشلىقىغا ئىقتىسادىي جازا بەردى ۋە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەنقىد قىلدى.

(4) تەدبىر بەلگىلەپ، پارتىيە ئىستىلىنى تۇتۇش، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتلام-مۇ-قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

ناتوترا ئىستىلنى تۈزىتىشتە، ئىشنى پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىن باشلاش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاساسەن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەدبىرنى قوللاندى:

بىرىنچىدىن، «تۆت بېكىتىش، بىر ھۆددىگە بېرىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتتى. «تۆت بېكىتىش» — پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنىنى بېكىتىش، تەكشۈرۈش مۇددىتىنى بېكىتىش، تەكشۈرۈش ئۆلچىمىنى بېكىتىش، تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى بېكىتىش؛ «بىر ھۆددىگە بېرىش» ئىدارە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئىدارە پارتىيە گۇرۇپپا ئەزالىرىنى ۋە پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىرىنى ھۆددىگە ئېلىش، سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرى پارتىيىلىك بۆلۈم باشلىقلىرىنى ھۆددىگە ئېلىش، شۆبە ئىدارە باشلىقلىرى ئۆزى مەسئۇل تارماقلاردىكى پارتىيىلىك كادىرلارنى ھۆددىگە ئېلىش، ياچېيكا شۇجىسى پارتىيە ئەزالىرىنى ھۆددىگە ئېلىش.

ئىككىنچىدىن، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىللە تۇتۇپ، ئالتە تۈرلۈك مەزمۇن، 45 ماددا بويىچە تەكشۈرۈشنى «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ، پوچتا-تېلېگراف سىستېمىسىنى «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى بويىچە ئۆگىنىشتە مەزمۇنغا، تۇتقۇشتا نىشانغا ئىگە قىلدى.

ئۈچىنچىدىن، مۇكاپاتلاش-جازالاشتا ئېنىق بولدى. 1986-يىلى ئۇلار نىشانلىق باشقۇرۇشنى «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى بىلەن بىر گەۋدە قىلىپ يولغا قويۇپ، ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاساسىي قاتلام كادىر، ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى نىشانىنى

ئىشقا ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇكاپاتلاش-جازالاشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

ياخشى بولغان پارتىيە ئىستىلى ياخشى بولغان ئىدارە ئىستىلىنى ئېلىپ كەلدى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ھازىر پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىدا غايىلىكلەر، تۆھپە قوغلىشىدىغانلار كۆپەيدى، خىزمەتتە شەرت قويمايدىغان، ھەق بىلەن ھېسابلاشمايدىغانلار كۆپەيدى. كارخانا ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرۈش، پوچتا-تېلېگراف ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىش-كەڭ ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ كۈچلۈك ئېڭى ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتى بولۇپ قالدى. پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشى پوچتا-تېلېگراف ئىشلىرى ئۈچۈن ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئىناۋەت روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

(بى جىڭخۇي).

## [پوسكام ناھىيىسى پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى]

1986-يىلى 11-ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، پوسكام ناھىيىسى ئۈچ يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشتىكى شەرتلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلىدى دەپ قاراپ، پوسكام ناھىيىسىنى 1886-يىللىق ۋىلايەتلىك پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار ناھىيە دەپ باھالىدى.

1. كۈچلۈك بولغان پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش رەھبەرلىك بەنزىسى قاتلام-قاتلام قۇرۇلدى. پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىدىن 1229 نى ئاقلىدى. پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش ئۈچۈن 1984-يىلى پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى كۆيخۇاسىنى تۈزۈپ چىقتى. 1986-يىلى، پارتكوم پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى» تەسىس قىلدى. ناھكومنىڭ شۇجىسى يۇجياپېڭ مۇدىر بولدى. بۇ گۇرۇپپا ۋە كومىتېت پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى قەرەللىك ھالدا مۇزاكىرە قىلدى. 1986-يىلى 5-ئايدا ناھكوم بەش چوڭ بەنزە رەھبەرلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، «بەش يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ پوسكام ناھىيىسىنى ‹ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە› قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. «ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە» قۇرۇشنىڭ كونكرېت تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتىنى دائىملىشىش، تۈزۈملىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىش يولىغا كىرگۈزدى.

2. رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ناتوغرا ئىستىلغا تاقابىل تۇردى ۋە ئۇنى تۈزەتتى. پوسكام ناھىيىلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى پارتىيە ئىنتىزامىنى ئاڭلىقلىق بىلەن قوغدىدى. ئۆز ئىدارىسىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى يوشۇرمىدى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يۇمشاق قوللۇق قىلمىدى، تۇتۇش، باشقۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلدى. ناھىيە

بازىرى ئىچىدە بىر مەھەل كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرى مەمۇرىي ئورگانلارغا ئاقىدىغان مەسىلە يۈز بەرگەن بولۇپ، ناھكوم بۇنى سەزگەندىن كېيىن دەرھال «بىنورمال مۇناسىۋەت بىلەن مەمۇرىي ئورگانلارغا يۆتكىلىپ كېلىۋالغانلارنى بىردەك قايتۇرۇش كېرەك» دەپ قارار چىقاردى. ناھىيىنىڭ ھاكىمى سېلىم ماخسۇر بىر نەپەر سۇ باشقۇرۇش كادىرىنىڭ خەنزۇ كەنتىگە سۇ بېرىش ۋاقتىنى قەستەن كېچىكتۈرۈپ، نۇرغۇن يەرنىڭ كۆزگى بۇغدىيىنى سۇغۇرالمىغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى قاتتىق تەنقىدلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا دەرھال خەنزۇ كەنتىگە سۇ بېرىشنى بۇيرىدى. دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى تۇختىمەمەت تۇردى پوسكام يېڭى نېفىت شەھىرى (نېفىت بازىسى) گە بېرىپ، شۇ جايدىكى خەنزۇ ئاممىغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تونۇشتۇردى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، نېفىت بازىسىدىن ئۆتۈدىغان ئېرىق-ئۆستەڭنىڭ سۈيى بۇلغىنىپ كېتىش سەۋەبىدىن تۆۋەن ئېقىندىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ پىكرى چىققانلىق مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى.

3. بىيۇروكراتىزمنى تۈگىتىپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، شەخسىي مەنپەئەتكە چوغ تارتىش قاتارلىق ناتوغرا ئىستىلنى ئەستايىدىل ھەل قىلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان پوسكام ناھىيىلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئىستىلىنى تېزدىن ياخشىلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكىچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى: بىرىنچىدىن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ شەخسىي ئۆي سېلىشتەك ناتوغرا ئىستىلنى ئەستايىدىل تۈزەتتى. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ سالغان ئۆيلەرنى ئېنىقلىدى. بەزىلەر ئۆي سېلىشتا ئاممىنى ھەقسىز ئىشلەتكەن، كوللېكتىپنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە قاتناش قوراللىرىنى ھەقسىز ئىشلەتكەن ياكى ھەققىنى ئاز بېرىش قاتارلىق ئىنتىزامغا خىلاپلىق ئىشلارنى قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۈچۈن تۆلەشكە تېگىشلىك پۇل 76 مىڭ 690 يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئىگىلىگەن يەردىن 191 موسى قايتۇرۇۋېلىندى، 1986-يىلى ھاكىم سېلىم ماخسۇرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، يەنە ناھىيە بويىچە ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆي سالغانلارنىڭ 38 مو يەرنى ئۆلچەمدىن ئارتۇق ئىگىلىۋالغانلىق مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلدى. ئىككىنچىدىن، ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1986-يىلنىڭ باشلىرىدا ناھكوم ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، قائىدە-تۈزۈملەرگە خىلاپلىق قىلغان، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقان قىلغان 11 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىنى بىر تەرەپ قىلدى. ئۈچىنچىدىن، مالىيە ئىنتىزامى بويىچە چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار ناھىيە بويىچە جەمئىي 3 مىليون 15 مىڭ يۈەن ئىنتىزامغا خىلاپ پۇلنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. 293 مىڭ يۈەن تۆلىتىپ مالىيىگە تاپشۇردى. 8000 يۈەن باجنى تولۇقلاپ تاپشۇرغۇزدى. تۆتىنچىدىن، كەسپىي ناتوغرا ئىستىلنى تۈزەتتى. 1986-يىلى كەسپىي ناتوغرا ئىستىلنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا جەمئىي 23.291.60 يۈەن قايتۇرۇۋالدى، 1150.50 يۈەن زالق مال قايتۇرۇۋالدى، قىلمىشى ئېغىر بولغان توققۇز ئادەمگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بەردى. بەشىنچىدىن، كەنت دەرىجىلىك پارتىيىنى

تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا پائال ياردەم بەردى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق جەمئىي 401.232 يۈەن قىممىتىدىكى ھەر خىل ئىقتىسادىي مەسىلە ئېنىقلاندى. 1986 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە 383 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. بۇ قايتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك پۇلنىڭ 95.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئالتىنچىدىن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان دېلولارنى پائال تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 1986 - يىلى، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى جەمئىي 20 دېلو تۇرغۇزغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن 18 نى بىر تەرەپ قىلدى. دېلونىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 90 پىرسەنتكە يەتتى. ئاممىنىڭ ئەرزىيىتىدىن 41 نى ھەل قىلدى. دېلو بىر تەرەپ قىلىش ئۈنۈمى 100 پىرسەنتكە، بىرىنچى قېتىملىق ئەرزىيەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئۈنۈمى 97 پىرسەنتكە يەتتى، قايتا ئەرز ۋە دەرىجە ئاتلاپ قىلىنغان ئەرزنىڭ نىسبىتى 0.8% چۈشتى. ئۇلار ئىنتىزام تەكشۈرۈش بويىچە ئەرزىيەتنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۈچ ئۆلچەمگە يەتتى. يەتتىنچىدىن، ھەر خىل شەكىلدىكى تەربىيە بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1986 - يىلى ئالاقىدار تارماقلار ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ پارتىيە ئەزالىرىنى ئالتە قەرەل ئۆۋەت بىلەن تەربىيىلەپ چىقتى. جەمئىي 4800 دىن كۆپرەك (ئادەم-قېتىم) پارتىيە ئەزاسىنى تەربىيىلىدى. غايە ۋە ئىنتىزام تەربىيىسىگە ئائىت مەخسۇس تېمىدىكى ماتېرىيالدىن ئالتىنى تۈزۈپ چىقتى. 37 ئورۇندىكى پارتىيە ئەزالىرى، ئىشتىياق ئەزالىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئۈچتە ئەلا بولۇش بىردىن ئۆگىنىش»، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى»، «قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى»، «ئاتېئىزم تەربىيىسى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.

4. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتى روشەن ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار ئىستىھكاملىق رولى بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى. 1986 - يىلى 2 - ئايدا، ناھىيە بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، ئىلغار ئورۇندىن 62 نى تەقدىرلىدى. بۇ، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ئومۇمىي سانىنىڭ 72.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ بۇنىڭ ئىچىدە «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ئورۇن ئىككى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ئورۇن 23، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتا ئىلغار ئىككى ئورۇن 34. 1986- يىلى 12- ئايدا ناھىيە بويىچە پارتىيە ئىستىلى ئۈستىدە چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتا ئىلغار كوللېكتىپ» تىن 229 نى باھالاپ چىقتى. بۇ، ناھىيە بويىچە پارتىيە ياچېيكا ئومۇمىي سانىنىڭ 87 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ئەزاسى ئومۇمىي سانىنىڭ 13 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. بۇ نىسبەت 0.5 پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى. ناھىيىلىك تەمنات-سودا كوپېراتىپى پارتىيە ئىستىلى، ئىتتىپاقلىق جەھەتتە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھەل قىلىپ، 1985 - يىلى بىر يولىلا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇن» نىڭ قاتارىغا ئۆتتى. گۈلباغ يېزا يۇقىرى ئارىشو كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، 1984 - يىلىدىن بۇيان پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى قاتتىق تۇتۇپ، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش، مىل-

لەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش بويىچە «ئۈچتە ئەلا كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى. ئايكۆل يېزا پارتكومىنىڭ پارتىيە ئىستىلى، خەلق ئىستىلى ياخشى بولغاچ، پوسكام ناھىيە تەرىپىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى يېزا، دەپ باھالاندى ۋە ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى. ناھىيىلىك سۇئېلېكتر ئىستانسى پارتىيە ياچېيكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زىيان تارتىۋاتقان ئورۇندىن بەراقلا پايدا ئالىدىغان ئورۇنغا ئايلاندى. 1984 - يىلى ئۇلار ۋىلايەت، ناھىيىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1985 - يىلى پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

5. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى. 1986 - يىلى 5 - ئايدا، پوسكام ناھىيىسىگە قەشقەر ۋىلكوم، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى تەرىپىدىن ۋىلايەت بويىچە تۇنجى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى.

6. خىزمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا روشەن ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. 1986 - يىلى پوسكام ناھىيىسى پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش قاتارلىق جەھەتلەردە، ۋىلايەت تەرىپىدىن ئىلغار ناھىيە دەپ باھالاندى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 74 مىليون 429 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 21.1% ئاشتى. توغرا كېلىدىغان ئاشلىق ناھىيە بويىچە كىشى (بېشىغا شەھەر ئاھالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1564 جىڭغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 637 جىڭ ئاشتى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 483.63 يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 80.8 يۈەن ئاشتى. ھازىر، ناھىيە بويىچە جەمئىيەت ئامان، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىۋاتقان، خەلق تۇرمۇشى يەنىمۇ ياخشىلىنىۋاتقان بولۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى قانات قېقىپ ئۇچماقتا.

(نىيۇگورەن).

## [مائارىپ تارماقلىرىدىكى پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى]

مائارىپ باشقارمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى تۇتۇپ، كەسپىي ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىپ، روشەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1986 - يىلى مائارىپ باشقارمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كۆپ قېتىم پارتكوم (باش ياچېيكا)، ياچېيكىلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش خىزمىتى ئۈستىدە كونكرېت، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن بۇ خىزمەتنى مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى. مائارىپ سىستېمىسىدىكى پارتكوم، باش ياچېيكا ۋە ياچېيكىلار پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشتىكى پىلان ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاشتىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شۇجى ئومۇميۈزلۈك تۇتۇش،

# ئەمگەك - كادىرلار

[ تەربىيىلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش] 1986-يىلى ھەر دەرىجىلىك ئەمگەك-كادىرلار بۆلۈملىرى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركەتلىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەربىيىلەش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئۈچنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلدى، تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى، دەرىجىمۇ - دەرىجە پىلان تۈزدى، ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇردى. كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكى ۋە يەككە ئىگىلىك يوللىرى بويىچە تۈرلۈك چارىلارنى قوللىنىپ ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى. 1986-

ھەيئەت ئەزالىرى ئېغىزلار بويىچە تۇتۇش، گۇرۇپپا پارتىيە ئەزالىرىنى تۇتۇشتەك ۋەزىپىنى شەكىللەندۈردى. شۇ ئارقىلىق رەھبەرلىك ئىستىلىنى تېخىمۇ ياخشىلىدى، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتەردى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇردى، پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

مائارىپ باشقارمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، مائارىپ كەسپىدىكى ناتوغرا ئىستىلنى ئەستايىدىل تۈزىتىش بويىچە مەخسۇس تېمىدا مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. ئۇلار قالايمىقان سېلىق سېلىش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى كەلسە - كەلمەس تارقىتىۋېرىش، شۇنداقلا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانلىرىدا كۆچۈرۈش قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللارنى نۇقتىلىق قىلىپ تۇتتى. مەكتەپ ئالمىشىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش داۋامىدا يۈز بەرگەن كەۋدىلىك ئۈچ ۋەقەنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە گۇرۇپپىلىرى پارتىيىۋىلىك تەربىيىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن پارتىيە دەرسى ئۆتتى. مائارىپ شۆبىۋەن پارتكومى ئىككى قارار ئىشتىن سىرتقى پارتىيە مەكتەپ كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا قاتناشقانلار 154 ئادەم-قېتىمغا يەتتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» ۋە ھەر تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى قانۇن - ئىنتىزامغا ئائىتلىق رىئايە قىلىدىغان قىلدى.

1986- يىلى مائارىپ سىستېمىسى پارتىيە ئىستىلى بويىچە ئىككى قېتىم چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 12 پارتكوم ( باش ياچېيكا)، ياچېيكىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئىستىلى تۈپتىن ياخشىلىنىش تەلىپىنى ئورۇندىغىنى تۆت بولۇپ، 33.3 پىرسەنتنى، روشەن ياخشىلانغىنى ئالتە بولۇپ، 50 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

(جاڭ يۈەنمىڭ ).

يىلى قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. يەكەن، كونىشەھەر، قەشقەر، مەكىت، قاغىلىق قاتارلىق بەش ناھىيە (شەھەر) ۋىلايەت بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

1. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. 1986- يىلى ۋىلايەت ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى ۋە يەككە ئىگىلىك يوللىرى ئارقىلىق ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئادەمدىن جەمئىي 10 مىڭ 38 نى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يىللىق پىلانىنىڭ 122.13 پىرسەنتىنى ئورۇنلىدى. ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار 1985- يىلىدىكى 4530 دىن 3874 كە چۈشتى، شەھەر- بازارلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ نىسبىتى نىسپىي ھالدا تۆۋەنلىدى.

2. تەربىيىلەش پىلانى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. 1986- يىلى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن، «ئالدى بىلەن تەربىيىلەش، ئاندىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» پرىنسىپىغا ئاساسلىنىپ، تەربىيىلەش خىزمىتىگە بولغان تونۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىدا، كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ، يەككە تۈر، كۆپ خىل تۈردىكى كەسپىي تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە جانلىق تەربىيە ئېلىپ باردى. بىر يىل ئىچىدە ئىش كۈتۈپ تۇرغانلاردىن جەمئىي 3880 نى تەربىيىلەپ، يىللىق پىلانىنىڭ 103 پىرسەنتىنى ئورۇنلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئادەمنى تاللاپ ئىشلىتىشى ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ كەسىپنى تاللاپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، شۇنداقلا ئۆزى ئىش تېپىپ قىلىشى ئۈچۈن مەلۇم شەرت ھازىرلاندى.

3. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1986- يىلى ۋىلايەت بويىچە شەھەر- بازارلاردىكى 239 كوللېكتىپ كارخانىسىدىن 227 سى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پايدا ئالدى. بۇ، كارخانا ئومۇمىي سانىنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ كارخانىلار بىر يىلدا 3 مىليون 85 مىڭ يۈەن پايدا ئورۇنلىدى. يۇقىرىغا 540 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى. باج نىسبىتى 1985- يىلدىكىدىن 1 مىليون 328 مىڭ يۈەن ئاشتى. 1986- يىلى ۋىلايىتىمىزدە بەزى ياخشى باشقۇرۇلغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك شەھەر - بازار كوللېكتىپ كارخانىلىرى مەيدانغا كەلدى. ۋىلايەت بويىچە باج- پايدىسى 200 مىڭ يۈەندىن كۆپ كارخانىدىن بىرسى، 100 مىڭ يۈەن ئەتراپىدىكى كارخانىدىن سەككىزى بار. پوسكام ناھىيە شەھەر- بازار ياشلار كوللېكتىپ كارخانىسى نېفىتلىك شىنىشېن سودا سارىيى 1982- يىلى 40 مىڭ يۈەن يىغىپ، چاڭپىڭ ياساپ، تەزە ئېچىپ تىجارەتنى باشلىغاندىن بۇيانقى بەش يىلدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلاردىن 100 ئادەم-قېتىم ئورۇنلاشتۇردى. تىجارەت سوممىسى 8 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 733 مىڭ يۈەن باج پايدا ئورۇنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1986- يىلى ئورۇنلىغان تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 730 مىڭ يۈەن، باج پايدىسى 187 مىڭ يۈەن، بەزى كارخانىلارنىڭ پايدىسى ئاز، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولسىمۇ، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك. مەسىلەن: قاغىلىق ناھىيە كۆمۈر شىركىتى (شەھەر - بازار ياشلىرىنىڭ كوللېكتىپ كارخانىسى) دە يەتتە نەپەر ياش بولۇپ، 1986- يىلى 1687 توننا كۆمۈر ساتقان. تىجارەت. سوممىسى 113 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19 مىڭ 700 يۈەن پايدا ئالدى. گەرچە ئۇلارنىڭ پايدىسى ئاز بولسىمۇ، ئامـ

# بىرلىكسەپ

[بىرلىكسەپ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى] مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ زىچ ماسلىشىشى ئاستىدا، 1986-يىلى جەمئىي 36 ئادەمنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە، خاتا ھالدا ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى قىلىپ قويۇلغانلار 12؛ ھەقىقەتكە قايتقان سابىق گومىنداڭ ئەزالىرى 21؛ تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئائىلە تاۋاباتى ئۈچ؛ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن پېنسىيىگە چىقىرىلغىنى 12؛ پەرزەنتى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 14؛ خىزمىتى ئەسلىگە كەلگىنى بەش.

قەدەمنى تېزلىتىپ، پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىدىن بۇرۇن سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاپ بولۇش ئۈچۈن، ۋىلكوم 1986-يىلى 6-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن 3-كۈنىگىچە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت، جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى، مالىيە باشقارمىسى، خەلق ئىشلار باشقارمىسى ۋە ناھىيە، (شەھەر) لىك بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. يىغىن «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى، بولۇپمۇ سۆرۈلۈپ قالغان ئەنزىلەرگە نىسبەتەن، ھەقىقىي تۈردە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، قايتا تەكشۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى يەنىمۇ تەكىتلىدى. مەسىلەن: سابىق گومىنداڭ ئاتلىق قىسىم توققۇزىنچى لۈيىنىڭ مۇئاۋىن لۈيجاڭى گۇەن جىيۇەن، 1949-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا قاتنىشىپ، 1951-يىلى ئىنقىلابقا قارشى جىنايەت بىلەن ئېتىلغانىدى. 1985-يىلى ئۈرۈمچى شەھەر بېيمېن رايونى ھەربىي سوتى قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەسلـ

مىنىڭ كۆمۈرگە بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى قامداپ، بازارنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ، كەڭ ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

1986-يىلى ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركەتلىرى ئەسلىدىكى ئۆزى تۇرغان بىۋاسىتە قاراشلىق 43 كارخانىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، يەنە 11 كارخانا قۇردى. يىل ئاخىرىدا كارخانا 54 كە يەتتى. بۇ كارخانىلار بىر يىلدا 11 مىليون 166 مىڭ يۈەن باج پايدا ئورۇنلىدى. يەكەن ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىدىكى 80 نەچچە ئىشچى - خىزمەتچى، مايلىقدان تولىمۇ ئاز بولغان ئەھۋال ئاستىدا، مايلىقدان ئىزدەپ تېپىپ، 236 مىڭ 700 يۈەن ساپ پايدا ئالدى.

(شۇ جىلق).

دىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ھەقىقەتكە قايتقانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشقا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزى گۇەن شىغېيىڭگە مەخسۇس ئەمگەك كۆرسەتكۈچى ئىلتىماس قىلىنىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەقىقەتكە قايتقان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېر سۇڭ شېلىيەننىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ قىزى سۇڭ يۈلۇن بىلەن ئۇنىڭ ئېرى سۇڭ شېلىيەننىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كۆپ قېتىم ئوقۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتىدىن قالغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇلارغا مەخسۇس ئەمگەك كۆرسەتكۈچى ئىلتىماس قىلىنىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سۇڭ شېلىيەن كۆپ قېتىم ئامېرىكىدىن خەت ئەۋەتىپ، پارتىيىگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى ھەمدە ئاخىرقى ئۆمرىدە ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(جېن ئېرتۇ).

## [مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرگە خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلدى]

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش خىزمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى 1-، 2- شۆبە ئۆمىكى 1986- يىل 8- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن 9- ئاينىڭ 2- كۈنىگىچە ۋە 9- ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 9- ئاينىڭ 9- كۈنىگىچە قەشقەردە خىزمەت تەكشۈردى. ئۆمەكنىڭ ئەزالىرى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ياڭجىيەنشىننىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى، كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان جايدىكى خەلقنىڭ يۇرت-ماكانىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئەھۋالى ۋە يېزا چارۋىچىلىق مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈردى، شۇنداقلا دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى.

سىياسىي كېڭەش خىزمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ 96 ئەزاسىنىڭ كۆپى 60-70 ياشلاردىكى پېشقەدەم يولداشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شياڭگاڭ-ئاۋمېن ۋەكىلى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر بار. ئۇلار ياشىنىپ قالغانلىقى، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي يولنى يىراق كۆرمەي، جاپا-مۇشەققەتتىن باش تارتماي، تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئېكىسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى. ئۇلار قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ھەرقايسى جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ماختىدى. ئۇلار قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش توغرىسىدا تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى بەردى.

① قەشقەرنىڭ مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ۋە ئەنئەنىۋى سانائەت بويۇملىرى شىنجاڭ بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدىغان. بۇ مەھسۇلاتلارغا ئىنچىكىلەپ ئىش قوشۇپ، چوڭقۇر ئىش قوشۇپ، ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت تېپىش كېرەك.

② قەشقەرنىڭ ئىگىلىكى ۋە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قەشقەر-پاكىستان تاشيولىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى ئىمكانقەدەر تېزدىن ياخشى ئىشلەش كېرەك.

③ قەشقەر-پاكىستان، ئافغانىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان بىلەن چېگرىد-

داش. ئەرەب، ئوتتۇرا شەرقتىن ئىبارەت نېفىت چىقىدىغان مەملىكەت ياكى رايونلار بىلەن تارىخىي، مەدەنىيەت، دىن جەھەتلەردە زىچ ئالاقىسى بار. پاكىستان، ئافغانىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىپلا قالماستىن، كۆپ مىقداردىكى «نېفىت دوللىرى»غا ئىگە. ئوتتۇرا شەرق نېفىت مەملىكەتلىرىگىمۇ تاۋار چىقىرىشقا بولىدۇ.

④ قەشقەر بىر چوڭ سەيلىگاھ بولۇپ، نۇرغۇن داڭلىق سەيلىگاھلار بار ئىكەن، ئۇلارنى ئوبدان رېمونت قىلىپ، تاشقى ساياھەتچىلەرگە قارىتا ئېچىۋېتىش، ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

⑤ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش لازىم. ھازىر تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا دۇچ كېلىپ تۇرۇۋاتىمىز. بىز كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلىشىمىز، ماركسىزم-لېنىنىزملىق نەزەرىيىنى ئۆگىنىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىكى قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

⑥ مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز رايونىڭلار ئېھتىياجلىق بولغان ھەر خىل كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلىشىڭلار كېرەك.

⑦ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ۋە سالامەتلىك سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. ئىچكىرىدىكى بەزى رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش كېرەك.

(جاۋ يىجى).

**[خۇاڭ شۇنشىڭ ئەپەندى تەكشۈرۈشتە بولۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى]** جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى خۇاڭ شۇنشىڭ ئەپەندى 9-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 23-كۈنىگىچە قەشقەردىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلار بازىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى، قەشقەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كۆزدىن كۆچۈردى.

خۇاڭ شۇنشىڭ ئەپەندى ئەسلىدە تەيۋەن «قانۇن تۇرغۇزۇش ھەيئىتى»، سابىق تەيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە چارۋىچىلىق جەھەتتە بىر قەدەر چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە.

(جاۋ يىجى).

**[فىڭ تىيۇن قاتارلىقلار مەھەممەت ئىمىن خەلپىتىمنى يوقلىدى]** 9-ئاينىڭ 8-كۈنى كەچ، قەشقەردە تەكشۈرۈشتە بولۇۋاتقان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تەكشۈرۈش ئۆمىكى 2-شۆبە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى فىڭ تىيۇن، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىيۇ جۇنجى قاتارلىقلار، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى لى دېخۇاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتايىن يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە بېرىپ مەملىكەتلىك سى-

ياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى مەھەممەت ئىمىن خەلپىتىمنى يوقلىدى. ئۆمەك بىلەن بىللە كەلگەن دوختۇر ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى ھەمدە دورا ۋە سوۋغا تەقدىم قىلدى. ئۇ تولىمۇ ھاياجانلىنىپ، سالامەتلىكى ياخشىلانغان ھامان ئىجتىمائىي خىزمەت ئىشلەپ مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەھەممەت ئىمىن خەلپىتىم 92 ياش بولۇپ، قەشقەر مائارىپ ساھەسىنىڭ پېشىۋاسى، ئۇ قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

(جاۋ يىجې).

**[ئاپتونوم رايونلۇق ۋە يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ۋەتەنپەرۋەر ياش كەسپىي دىنىي خادىملارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئاچتى]** دىنىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش ۋەتەنپەرۋەر ياش كەسپىي دىنىي خادىملارنى پىلانلىق ھالدا تەربىيىلەش، دىنىي پائالىيەتنى نورمال يولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 1986 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپتە 4 - قارارلىق ۋەتەنپەرۋەر ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئاچتى. جەمئىي 70 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن كەلگەنلەر 40 نەپەر، قەشقەر ۋىلايىتىدىن كەلگەنلەر 30 نەپەر) ئۆگىنىشكە قاتناشتى، ئۆگىنىش ۋاقتى بەش ئاي.

كۇرس داۋامىدا، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى ئىمام سەلەيدامولla ھاجى، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سوتسىيالىزم ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي مۇئاۋىن باشلىقى، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى ھارۇنخان ھاجى، قاغىلىق ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قاغىلىق ناھىيە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلىكىم مەخسۇم ھاجى قاتارلىق دىنىي ئەرباپلار كۇرسانتلارغا دەرس بەردى. ئۆگىنىش مەزمۇنى ئاساسەن «قۇرئان كەرىم»، قانۇن ساۋاتلىرى، پەن بىلىملىرى، سىياسىي ۋەزىيەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. كۇرسانتلار دىنىي بىلىمنى ئىگىلىدى، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە پەنگە ھۆرمەت قىلىش تەربىيىسىگە ئېرىشتى.

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1986 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 1987 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئاچتى، جەمئىي 60 نەپەر كۇرسانت قاتناشتى، ئۆگىنىش تۆت ئاي داۋام قىلدى.

دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىش ئارقىلىق، ۋەتەنپەرۋەر ياش دىنىي تايانچلار قوشۇنى تېخىمۇ كۈچەيدى. لاياقەتلىك كۇرسانتلارنىڭ ھەممىسى جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمامى، خاتىپى قاتارلىق دىنىي ۋەزىپىلەرگە قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيىتى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.

## مەنىۋى مەدەنىيەت

# تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرايلى

ج ك پ قەشقەر ۋىلكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى: چىن دېمىن

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى توغرا داۋاملاشتۇرۇش-داۋاملاشتۇرماسلىقتا، ئىشلىرىمىزغا قانداق بىر ئەۋلادنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىغا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك. ۋىلايىتىمىزدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئاكتىپلىق بىلەن بۇ كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇشى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى دادىل تەشۋىق قىلىشى ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشى كېرەك.

1979 – يىلى 3 – ئايدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىنىڭ نەزەرىيە خىزمەت يىغىنىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ۋە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كەۋدىلىك ھالدا تەكىتلىگەنىدى. بۇ سۆزنى ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئەستايىدىل يەتكۈزگەن، ئۆگەنگەن ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلغان. بىر نەچچە يىلدىن بېرى، بىز ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ، يېزا ئىدىيىۋى – سىياسىي خىزمەت يىغىنى، ئىشچى – خىزمەتچىلەر ئىدىيىۋى – سىياسىي خىزمەت يىغىنى، ئىككى قېتىم مەكتەپلەر ئىدىيىۋى – سىياسىي خىزمەت يىغىنى ۋە ۋىلايەتلىك ئىدىيىۋى – سىياسىي خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، يېڭى دەۋردە ھەرقايسى سەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى – سىياسىي خىزمىتىنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدەندۇق، ئىدىيىۋى – سىياسىي خىزمەتكە سەل قارايدىغان خاھىشنى تۈزەتتۇق، بەزى مۇجىمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇردۇق، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردۇق، سىياسىي، ئىدىيىۋى جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي

كومىتېتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇشقا تىرىشتۇق. ئىككىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى داۋامىدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى تەربىيىنى باشتىن ـ ئاخىر مۇھىم مەزمۇن سۈپىتىدە تۇتتۇق. 1982 ـ يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى قانات يايدۇرغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدە ياكى ۋىلايەت چاقىرغان ئۈچ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا بولسۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى داۋامىدا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ماركسىزملىق مىللەت كۆز قارىشىنى تىكلەش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئاساسىي خىزمەت سۈپىتىدە تۇتتۇق. ئۈچىنچىدىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىدىيىۋى سەپتە مەنىۋى بۇلغىنىشقا يول قويماسلىق» توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1983 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ۋىلكوم ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىرىپ، مەنىۋى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەنىۋى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇشنى ئىدىيىۋى سەپتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇش، ياخشى تۇتۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى بارلىق سۆز ـ ھەرىكەتلەرگە قارشى بايرىقى روشەن ھالدا كۈرەش قىلىشنى تەكىتلىدۇق. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەت ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلدى. ناھىيە (شەھەر)لەر مۇناسىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى قۇردى. گېزىت، ژورنال، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتۇق، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقتۇق. ئېغىر خاتالىقى بار ئايرىم ماقالىلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلدۇق. سېرىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى، سىنئالغۇ لېنتىلىرى ۋە شەھۋانىي بويۇملارنى تازىلىدۇق. ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە يۈز بەرگەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ بىخلىرىغا نىسبەتەن يېتەكلەش، تەربىيىلەش ئېلىپ باردۇق.

بۇ يىل مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى چۈشكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ ئومۇمىي ئاخباراتى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار ئاممىنى مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردۇق، ھەرخىل سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ فاڭ لىجى، ۋاڭ رۇۋاڭ، ليۇ بىنيەننىڭ خاتا كۆز قاراشلىرىنى ئەستايىدىل تەنقىد قىلدۇق، بايرىقىمىز روشەن ھالدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلدۇق. كادىرلار ئاممىسىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش جەھەتتىكى ئېتىقادىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ تۆتتە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردۇق.

تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش — بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ قايتا — قايتا تەكىتلەپ كەلگەن مۇھىم ئىدىيە. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ زۆرۈرلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىكىگە نىسبەتەن تولۇق ئىدىيىۋى تەييارلىقتا بولۇشىمىز، بۇ كۈرەشنىڭ پۈتكۈل ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلىدىغانلىقىنى تونۇش كېرەك. ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلار ئاممىسى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىشى، ئىنتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغدىشى، تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

1. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى ۋە ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، بۇ كۈرەشنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، دائىرىسى، مۇھىم نۇقتىسى، سىياسىتى ۋە ئۇسۇلىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش، شۇ ئارقىلىق كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرىنى بۇ كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرغۇزۇش، بۇ كۈرەشنىڭ داۋاملىق، ساغلام ھالدا راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەشنىڭ دائىرىسى، مۇھىم نۇقتىسى ۋە سىياسەتچەك - چېگرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. مەركەزنىڭ يوليورۇقى بويىچە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى چوقۇم پارتىيە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى، ئاساسەن سىياسىي - ئىدىيىۋى ساھەدە ئېلىپ بېرىلىشى، تۈپكى سىياسىي پرىنسىپ ۋە سىياسىي يۆنىلىش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھالدا ھەل قىلىش، يەنى كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلماسلىققا ئۇرۇنىدىغان، سوتسىيالىزم يولىنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا پىكىر ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا نىسبەتەن، باشتىن - ئاخىر ئىجابىي تەربىيە بېرىشنى ئاساس قىلىش، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئىچى ۋە جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان باشقا پاسسىپ، چىرىك ھادىسىلەرگە نىسبەتەن قانداق مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش پرىنسىپىنى تۇتۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە چاتماسلىق كېرەك.

3. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش كېرەك. ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمە-

تىن، بىر ئۈممەت ـ بىر مەقسەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىشتەك ئەلا ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇش، ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ياردەم ئاساسىدىكى يولداشلارچە مۇناسىۋەت ئورنىتىش، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش كۆز قارىشىنى كۈچەيتىشنى غايە، ئەخلاق، ئىنتىزام تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بېرىش يىغىنى، كىتاب ئوقۇش تەسىراتى سۆزلەش يىغىنى، قەھرىمانلار ۋە نەمۇنىچىلەرنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنىنى ئېچىش، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش، ئەقلىي مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش، ئىجتىمائىي سۆزلىشىش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسى، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيىسى، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت ئاپپاراتىنى تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىش، سىياسىي خىزمەت، تەشۋىقات تارماقلىرىنى كۈچەيتىش، سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي سۈپىتى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

4. تەشۋىقات، ئاخبارات سېپىنىڭ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئېغىزى بولۇشتەك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىگە ئاساسلان-غان ھالدا سۆز قىلىش، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. ئاخباراتنىڭ يۆنىلىشى ـ ئاساسلىق سۆز ـ پىكىرلەر، ئاساسلىق خەۋەرلەر پارتىيىگە، خەلققە ۋەكىللىك قىلىش لازىم. ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمەتچىلىرى ئاڭلىق ھالدا بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ ئېلىشى، ئىدىيە ۋە تەشكىلىي جەھەتتە تەشۋىقات، ئاخباراتنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

5. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم. بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۆرەش بىر مۇشكۇل ۋەزىپە بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىدۇ. بۇ كۆرەش ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ باش ـ ئاخىرىغا سىڭگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ بۇ كۆرەشكە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇش ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى ئېلىپ بېرىش، پارتىيە ئىستىلىنى داۋاملىق توغرىلاش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرى مەركەزنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، كۆرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ ئېلىشى، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمىنى تەنقىد قىلىشى، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈش كۆرىشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

**[پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ئۆگىنىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى]** پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

نىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇ-
رۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قا-
رارى» 1986-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا ئې-
لان قىلىنغاندىن كېيىن، ۋىلكوم قارارنى ئۆ-
گىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ۋاقتى-
دا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.
12-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە،
ۋىلكوم ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى
بولۇپ 340 تىن كۆپرەك ئادەم قاتناشقان
ۋىلكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىپ، قا-
رارنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئە-
مەلىيلەشتۈرۈش ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇزا-
كىرە ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. يىغىن «قا-
رار»نى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسى-
دىكى يەتتە تەدبىرنى تۈزۈپ چىقتى. يىغىن ھەر
دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن، بۇن-
دىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سوتسىيالىس-
تىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامى-
دا، 12-نۆۋەتلىك 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ
روھىنى يېتەكچى قىلىشنى، مەدەنىيەتلىك،
ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك، قابىلى-
يەتلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەش، جۇڭخۇا مىل-
لىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقى سۈپىتى ۋە پەن-
مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش،
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى-
نى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىسادىي تۈزۈلمە
ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى
سۈرۈشنى نىشان قىلىپ، مەدەنىيەتلىك ئو-
رۇن ۋە مەھەللىلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى
ئورۇن قۇرۇشنى ئاساسلىق شەكىل قىلىپ، ئىك-
كى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە تۇتۇش-
تا چىڭ تۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تۆتنى زا-
مانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت
يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشنى
تەلەپ قىلدى.

ۋىلكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن،
ھەر قايسى ئورۇنلار «قارار»نى ئۆگىنىش ۋە
ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر چوڭ ئىش سۈپىتىدە
تۇتۇشى، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ئۆگىنىش-
كە ئۇيۇشتۇرۇشى لازىم. ئىدارە-جەمئىيەت-
تىكى كادىرلار ھەپتىدە بىر يېرىم كۈن ئۆ-
گىنىش قىلىش، ئىشچى، دېھقان، ئوقۇغۇچى،
كوچا-باشقارمىلىرىدىكى ئاھالىلەر، ئاسا-
سەن لېكسىيە، فۇداۋ ئاڭلاش ئارقىلىق «قا-
رار»نىڭ ئاساسىي روھىنى چۈشىنىش ۋە ئىگى-
لەش كېرەك. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىز-
مىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئورۇنلار «قارار»-
نى ئۆگىنىشنى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش
ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشى كېرەك.
ھەر دەرىجىلىك مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپ-
پىلىرى ئالدىن ئۆگىنىپ، ياخشى باشلامچى بو-
لۇشى كېرەك. «قارار»نى ئۆگىنىشكە ماسلى-
شىش ئۈچۈن، ۋىلكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بى-
لەن ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپى بىرلىشىپ نا-
ھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە نە-
زەرىيە تايانچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىنى
ئاچتى. ۋىلكوم لېكتورلار ئۆمىكى «قارار» توغ-
رىسىدا فۇداۋ لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى. گېزىت،
رادىئو، تېلېۋىزورلار مەخسۇس سەھىپە ئاچ-
تى ۋە مەخسۇس دوكلات بەردى. بەزى ئورۇن-
لار لېكسىيە سۆزلەش، دوكلات بېرىش، مۇكا-
پاتلىق سىناق ئېلىش، سوئال-جاۋاب مۇ-
سابىقىسى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قول-
لىنىپ، ئۆگىنىشنى خىلمۇ-خىل پائالىيەت-
لەرگە سىڭدۈرۈپ، ياخشى بولغان ئۆگىنىش
نەتىجىسىگە ئېرىشتى.

(چۈەن دېيى)

## [مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇلۇشى]

1986-يىلى، ۋىلكوم ۋىلايەت بويىچە داۋام-
لىق ھالدا مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پا-
ئالىيىتىنى كەڭ تۈردە چوڭقۇر ئېلىپ باردى.
ۋىلايەت بويىچە تەكشۈرۈپ-ئۆتكۈزۈۋېلىش

ئارقىلىق رەسمىي نام بېرىلگەن مەدەنىيەتلىك ئورۇن 767 گە يەتتى.

1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشتىكى بىر روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ پائالىيەت يېڭى ئىشلارغا قاراپ راۋاجلاندى. ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1986 - يىل 8 - ئايدا «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشتىكى بەش يىللىق پىلانى»نى تۈزۈپ چىقىپ، بەش يىل ئىچىدە ۋىلايىتىمىزنى مەدەنىيەتلىك ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنىڭ قەدەم-باسقۇچ ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋىلايىتىمىزنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتى تېخىمۇ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. جايلار ۋە ئورۇنلار ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا ئاساسەن، ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، ئورۇنلىرىنىڭ كونكرېت پىلانى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. قەشقەر شەھىرى مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتى داۋامىدا، ۋىلايىتىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى. ئۇلار مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش قوماندانلىق شتابى قۇردى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىۋاسىتە تۇتتى، ئالاقىدار تارماقلار ئۆز ئارا ماسلىشىپ، بىرلىكتە تۇتتى ۋە ئورتاق باشقۇردى. ئۇلار مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇشنىڭ يېتەكچى قائىدىسىنى بەلگىلىدى. ھەر مىللەت شەھەر خەلقىنى «مەدەنىيەتلىك شەھەر خەلقى بولۇش، مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش، مەدەنىيەتلىك شەھەر بەرپا قىلىش»قا چاقىردى. شۇ ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش خىزمىتىدە زور تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈردى.

مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش داۋامىدا، جايلار ۋە ئورۇنلار كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقى ۋە پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلدى. ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش جەھەتتە، ھەر قايسى ئورۇنلار كۆپخىل شەكىل ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما ئارىسىدا مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسى، «بەشنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيىسى، ۋەزىيەت، سىياسەت تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قانۇنغا بويسۇنۇش تەربىيىسى، پارتىيە ئىستىلىنى روسلاش تەربىيىسى قاتارلىق تەربىيىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، تىرىشىپ بىر ئەۋلاد سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلىدى ۋە يېتىشتۈردى. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، سەنئەت، رادىئو، تېلېۋىزىيە، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىدا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. جايلار مەدەنىيەت يۇرتى، مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى كۈچەيتتى. ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر)نىڭ ھەممىسىدە مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 160 يېزا (بازار) دا جەمئىي 140 مەدەنىيەت پونكىتى بولۇپ، 87 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت بويىچە 2310 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىدا جەمئىي 2230 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت ئۆيى بار (بەزىلىرىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەدەنىيەت ئۆيى بار). نۇرغۇن جايلار ۋە ئورۇنلار «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» قۇردى. جايلار ۋە ئورۇنلار بارلىق مەدەنىيەت بازىلىرى ۋە قوراللىرىدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپخىل شەكىل قوللىنىپ، ئاممىۋى مەدەنىي

نىيەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بىر يىل ئىچىدە 300 قېتىمدىن كۆپرەك ئويۇن قويدى. تاماشىبىن 160 مىڭ ئادەم-قېتىمدىن كۆپرەككە يەتتى. پوسكام ناھىيىسى ۋە ۋىلايەتلىك 2-تىراد-سپورت شىركىتى ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئەترىتى ياكى ئىشتىن سىرتقى ئوركېستىر قۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشتى.

مەدەنىيەتلىك تۇرۇش قۇرۇش داۋامىدا جايلار ۋە ئورۇنلار «پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق»نى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش، «ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردە ئۆگىنىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە داۋاملىق چىڭ تۇتتى. ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى ياخشى ئېلىپ بېرىش جەھەتتە ھەر قايسى كەسىپلەر كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، كەسپىي ناتوغرا ئىستىلنى ئەستايىدىل تۈگەتتى ۋە تۈزەتتى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىستىلنى پائال تۈزەپ ياخشىلاپ، تىرىشىپ ئاساسىي قاتلام ۋە ئاممىغا غەمگۈزار بولدى. ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش تۈزۈمى ئورنىتىپ، پات-پات ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرى ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلدى. مۇلازىمەت كەسپىي ئورۇنلىرىدىكى ئەڭ بۇرۇن كۆزگە چېلىقىدىغان ئورۇنلار، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى، بۇلتۇر 5-ئايدا خونجىراپ ئېغىزى 3-دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، قەشقەر تاموژناسى جەمئىي 2300 دىن ئارتۇق جوڭگو ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار مېھمانلارنى ئەدەپلىك ھالدا كۈتۈۋېلىپ، مۇلازىمەتتە مەدەنىيەتلىك بولۇپ، كەڭ ساياھەتچىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئامېرىكىلىق ئىككى مۇخبىر بۇ يەردىن قايتقاندىن كېيىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئامېرىكىدا چىقىدىغان «خىرىستىيان ئىلىم-پەن ھىكمەت گېزىتى» ۋە شياڭگاڭدا چىقىدىغان «يىراق شەرق ئىقتىسادىي ئوبزور گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمىتىگە يۈكسەك باھا بەردى. گۈزەل مۇھىت يارىتىش جەھەتتە، جايلار ۋە ئورۇنلار كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلدى، گۈل-گىيا تېرىدى، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋە تەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ باردى، مۇھىتنى ئۈزلۈكسىز تۈزەپ كۆكەرتتى، پاكىزىلەشتۈردى، گۈزەللەشتۈردى. 12 ناھىيە (شەھەر)، شەھەر-بازار كوچىلىرىنىڭ يول قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، شەھەر قىياپىتىنى روشەن ھالدا ياخشىلىدى، قەشقەر شەھىرى شەھەرنىڭ ئومۇمىي پىلانىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 1-دەرىجىلىك يولنى 40 مېتىر كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى ئورۇنلىدى ھەمدە قىسمەن 2-يولنى ئۆزگەرتتى. شەھەر رايونىنىڭ ئاساسلىق يوللىرىدا ۋېلىسىپىت يولى بىلەن پىيادىلار يولى ئېچىلىپ، ئادەم بىلەن ماشىنا، ۋېلىسىپىت ئايرىم-ئايرىم مېڭىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاساسلىق كوچىلارغا مەنزىرە دەرەخلىرى قويۇلدى، شەھەر رايونىنىڭ ئىككى كوچىسىدا گۈللۈك ياسالدى، ئەلا تەرتىپ بەرپا قىلىش جەھەتتە، جايلار ۋە ئورۇنلار قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ۋە جەمئىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىغا قانۇن-تۈزۈمگە ئاڭلىق رىئايە

قىلىش، ئومۇمال جەمئىيەت تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى ۋە تۇرمۇش تەرتىپىنى قوغداش توغرىسىدا تەربىيە بەردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. نۇرغۇن ئورۇنلار دېجۇرنىلىك تۈزۈمى ئورنىتىپ، بىخەتەرلىك قوغداش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى.

1986 - يىلى، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىدە گەۋدىلىك تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىم جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى كېيىنكى سەپ ئىشخانىسى، «36220» قىسىم، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 12 - دوختۇرخانىسى قاتارلىق قىسىملار ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، قەشقەرنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا زور تۆھپە قوشتى. قەشقەر شەھىرى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتىدە تونۇشى يۇقىرى، ئىرادىسى چوڭ، ھەرىكىتى تېز، تەدبىرى ئەمەلىي، ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. 1986 - يىلى 9 - ئايدا، لەنجۇ ھەربىي رايونى قەشقەر شەھىرىدە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەت قۇرۇش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەت قۇرۇش، خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش كۆرۈپپىسى يىغىندا تەجرىبە تونۇشتۇرۇپ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

(چۈەن دېيى).

**[ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشتىكى بەش يىللىق پىلانى» نى تۈزۈپ چىقتى]** ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1986 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشتىكى بەش يىللىق پىلانى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، بەش يىل ئىچىدە ۋىلايىتىمىزنى مەدەنىيەتلىك ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

پىلاندا ۋىلايىتىمىزنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشتىكى نىشانى ۋە قەدەم-باسقۇچى بەلگىلەندى. 1990 - يىلدىن بۇرۇن قەشقەر ۋىلايىتىنى مەدەنىيەتلىك ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، 80 پىرسەنتتىن كۆپرەك ناھىيە (شەھەر) ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار مەدەنىيەتلىك ئورۇنغا ئايلىنىشنى تەلەپ قىلىندى. بۇ، 1986- يىلىدىن باشلاپ تۆت تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، بىرىنچى تۈركۈمدىكىسى پوسكام ناھىيىسى بولۇپ، ئۇلاردىن 1987-يىلى يىل ئاخىرىدىن ئىلگىرى مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئىككىنچى تۈركۈمدە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش تەلەپ قىلىنغان ئورۇنلار يەكەن ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردىن 1988 - يىلى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش تەلەپ قىلىندى. ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەردىن 1989- يىلى يىل ئاخىرىدىن ئىلگىرى مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش تەلەپ قىلىندى، ئۇلار قەشقەر شەھىرى (شەھەر رايونىدىكى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنى قەشقەر شەھىرى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ)، يوپۇرغا ناھىيىسى، قاغىلىق ناھىيىسىدىن ئىبارەت. تۆتىنچى تۈركۈمدىكىلەردىن 1990 - يىلى

يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار يېڭىشەھەر ناھىيىسى، كونىشەھەر ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىن ئىبارەت.

بەش يىللىق پىلاننىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «پىلان»دا يەتتە تۈرلۈك تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان: ① چوڭقۇر سەپەرۋەر قىلىش، تونۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى قىلىشقا بولغان ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىش. ② ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى، بولۇپمۇ ياش ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسى، قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى، ۋەزىيەت - سىياسەت تەربىيىسى قاتارلىق تەربىيىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بىر ئەۋلاد سوتسىيالىستىك يېڭى ئەۋلادنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش. ③ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى داۋاملىق چوڭقۇر، كەڭرى قانات يايدۇرۇش، ۋىلايىتىمىزنىڭ تىنىچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش. ④ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. ⑤ «پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق»نى داۋاملىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش، ئۈچتە ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش. ⑥ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە مول - ھوسۇل ئېلىش. ⑦ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، خىزمەت ئىستىلى ۋە ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش، ئاساسلىق رەھبەرلەر ئۆزى تۇتۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تىپ يارىتىشتىن ئومۇمىي دائىرىگە كېڭەيتىش لازىم.

(چۈەن دېيى).

**[كادىرلارنىڭ مۇنتىزىملاشقان نەزەرىيىۋى تەربىيىسى]** مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ «1986 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ماركسىزملىق نەزەرىيىنى سىستېمىلىق ئۆگەنمىگەن بارلىق كادىرلارغا بىر قېتىم مۇنتىزىملاشقان نەزەرىيىۋى تەربىيە بېرىش» توغرىسىدىكى قارارىنىڭ روھىغا ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ۋىلكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 1985 - يىلى يىل ئاخىرىدا كادىرلارنىڭ مۇنتىزىملاشقان نەزەرىيىۋى تەربىيىسى ئۈستىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، جايلار، ئورۇنلاردىن 1986 - يىلى «ماركسىزملىق پەلسەپە تېزىسى» (خەن شۇيىڭنىڭ باش تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن) نى ئۆگىنىش، 1987 - يىلى «ماركسىزملىق مىللىي نەزەرىيە ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى» (ئاپتونوم رايونىمىز نەشر قىلغان) نى ئۆگىنىش، 1988 - يىلى «سىياسىي ئىقتىساد» (جىياڭ شۈمونىڭ باش تۈزگۈچىلىكىدە تۈزۈلگەن) نى ئۆگىنىش 1989 - يىلى «ئىلمىي سوتسىيالىزم» (گاۋ يۈەننىڭ باش تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن) نى ئۆگىنىش، 1990 - يىلى «جۇڭگودا سوتسىيالىزم

قۇرۇشتىكى ئاساسىي مەسىلىلەر» (مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن) نى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى. ھازىر كۆپ ساندىكى ئورۇنلار بۇ تەربىيىگە بىر قەدەر ئەھمىيەت بەرمەكتە، ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات (سىياسىي خىزمەت) تارماقلىرى ئۆز ئورنىدىكى كادىرلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ چىقىپ، تۈرلەرگە بۆلۈپ، ئەترەتلەرگە ئايرىدى، شۇنداقلا بەلگىلەنگەن ئۆگىنىش قائىدىسى بويىچە كونكرېت ئۆگىنىش پىلانى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى.

1986 ـ يىلى ماركسىزملىق پەلسەپىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئۆگىنىشتە، جايلار ۋە ئورۇنلار ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك خىزمەتنى ئىشلىدى: (1) چوڭقۇر سەپەرۋەر قىلىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، كادىرلارنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى. (2) ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگەندى، ۋەلىكوم، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى، ھەر دەرىجىلىك مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى ۋە كۆپ ساندىكى رەھبىرىي كادىرلار ئاساسەن ئادەتتىكى كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆگەندى. (3) ئۆگىنىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەپتىدە تۆت سائەتتىن ئارتۇق ئۆگىنىش قىلدى. ئۆگىنىش ئۇسۇلىدا، ئاساسەن ئۆزى ئۆگىنىش بىلەن فۇداۋ قىلىشنى بىرلەشتۈردى، قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاپتونوم رايون سىنئالغۇغا ئالغان پەلسەپە ئۆگىنىش تېلېۋىزىيە لېكسىيىسىنى تارقاتتى. ھەر قايسى ئورۇنلار ئۇنى ئەستايىدىل كۆرۈشكە تەشكىللىدى. ۋەلىكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە لېكتورلار ئۆمىكى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆگىنىش داۋامىدا ئوتتۇرىغا قويغان يېشەلمىگەن مەسىلىلەرگە ئاساسەن، پەلسەپە ئۆگىنىشتىن سوئال ـ جاۋاب تۈزۈپ بېسىپ تارقاتتى. يوپۇرغا ناھىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار پەلسەپە ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى ۋە فۇداۋ دوكلاتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆگىنىش داۋامىدىكى قىيىن بولغان مەسىلىلەرنى يېشىپ چۈشەندۈردى. ئۆزى ئۆگىنىش داۋامىدا، كۆپ ساندىكى يولداشلار جاپالىق، ئەستايىدىل ئۆگەندى، پەلسەپىنىڭ ئاساسىي ئۇقۇملىرىنى، نەزەرىيىنى ئاساسىي جەھەتتىن چۈشەندى ۋە ئىگىلىدى. (4) نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلدى. ئۆگىنىش داۋامىدا، ئورۇنلار كۆپچىلىكنى ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئاساسىي ئۇقۇملىرى، نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئىگەللەش ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتى ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتەردى.

(چۇەن دېيى).

**[ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش]** 1986 ـ يىل، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيدى ۋە ياخشىلاندى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنى ۋە رولىغا بولغان تونۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى تۇتۇشتىكى

ئائىلىقلىقى تۈزۈلۈكسىز كۈچەيدى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى پارتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسى، باش ئىشانىغا بويسۇندۇرۇش ۋە خىزمەت قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇشنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت يېتەكچى قائىدىدە چىڭ تۇردى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسى، ۋەزىيەت-سىياسەت تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش تەربىيىسى، ئۆرپ-ئادەتنى ئۆزگەرتىش تەربىيىسى قاتارلىق تەربىيىنى كەڭرى ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتەردى، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كۈچلۈك ھالدا كاپالەتلىك قىلدى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈردى.

مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش جەھەتتە، ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1986-يىلى 3-ئايدا ۋىلايەت بويىچە مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. ۋىلكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋىلايىتىمىزدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتى ئۈستىدە نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي خىزمەت قوشۇنى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ستاتىستىكا قىلىپ كۆرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، جانلىق ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ باردى. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، مائارىپ ئىنستىتۇتى داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، سۆزلەش، لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ۋەزىيەت تەربىيىسى، غايە تەربىيىسى ۋە ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۈرۈمچى ۋە ئىچكىرىدىكى ئاز سانلىق ئوقۇغۇچىلار ۋەقە چىقارغان مەزگىلدە، بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپى ئىزچىل ھالدا بىر قەدەر مۇقىم بولۇپ، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

كارخانىلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش جەھەتتە، ھەر قايسى ئورۇنلار بۇرۇنقى ئىقتىسادىي خىزمەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە سەل قاراشتەك خاھىشنى تۈگىتىشكە ئەھمىيەت بەردى. ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىسىنى كۈچەيتتى، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق يەتتە ئورۇندا 1350 دىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى سوئال قەغىزى ئارقىلىق بىر قېتىم تەكشۈردى، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقىپ، كارخانىلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى ياخشىلاشنىڭ تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قەشقەر ياختا-توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، قاتناش ئىدارىسى 1-قاتناش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇپ، نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى كۈچەيتتى. ۋىلايەتلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت

تەتقىقات جەمئىيىتى 12 ناھىيە (شەھەر) ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق بىر قىسىم ئورۇنلارنى بىر تۈركۈم ئىلمىي ماقالە يېزىشقا ئۇيۇشتۇردى. بۇ ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ بەزىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يېزىلاردا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش جەھەتتە، جايلار يېزىلارنىڭ ئىگىلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈردى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ 1986 - يىل 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلدى. مەدەنىيەتلىك يېزا (بازار)، كەنت مەدەنىيەتلىك ئائىلە قۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى كەڭرى قانات يايدۇرۇپ، يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە يەنە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. يەكەن ناھىيىسى دېھقانلار، چارۋىچىلارغا كۆز قارىشىنى يېڭىلاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى تاۋاز ئىگىلىكى كۆز قارىشى ۋە يىرىك يېزا ئىگىلىك كۆز قارىشى تىكلەشكە يېتەكلىدى. يېڭىسار ناھىيىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا، تەشۋىقات - تەربىيىنى كۈچلۈك قانات يايدۇردى. قەشقەر شەھىرى دېھقانلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، تۆت پارچە ئېقىم مەسىلىسى ۋە سىياسەت مەسىلىسى لىكسىيىسى تۈزۈپ چىقىپ، كەڭ دېھقانلارغا ۋەزىيەت توغرىسىدا تەربىيە بەردى. پوسكام ناھىيىسى بىلەن تاشقورغان ناھىيىسى يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت ئېلىپ بېرىپ، يېزىلاردىكى ئىسلاھات ۋە سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈردى.

جايلار مەدەنىيەت بازارلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇرژۇئازىيە چىرىك ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىگە تاقابىل تۇردى. ۋىلايەت 1986 - يىلى 7 - ئايدا ئىجتىمائىي مەدەنىيەت باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇپ، ۋىلايەت بويىچە، سىنئالغۇ قويۇش ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى ۋە ئۇنى بىر تۇتاش باشقۇردى. ناھىيە (شەھەر) لەرمۇ مۇناسىپ ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلدى. مارالبېشى، كونىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەر سىنئالغۇ قويۇش قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى تەرتىپكە سالدى، شەھۋانە سىنئالغۇلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ مەنئىي قىلدى.

ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش داۋامىدا، جايلار ۋە ئورۇنلار بارلىق ئۈنۈملۈك شەكىل، ئۇسۇللارنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى شەكىل، يېڭى ئۇسۇللارنى ئىزدىنىشكە ئەھمىيەت بەردى. شۇ ئارقىلىق ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ قايىل قىلىش كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرىنى كۈچەيتتى. لېكسىيە سۆزلەش، دوكلات بېرىش ئېچىۋېتىلگەن يىللاردىن بۇيان مەيدانغا كەلگەن، شۇنداقلا ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ياخشى شەكىل. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئالاقىدار تارماقلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى، بېيجىڭ پويىز ئەترىتى دوكلات ئۆمىكى، لەنجۇ ھەربىي رايونى، «چېگرا رايوننى قوغداش، ياشلىق باھارنى تەقدىم قىلىش» دوكلات ئۆمىكى، پوسكام ناھىيىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دوكلات ئۆمىكى، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوندىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ لىكسىيە ئۆمىكى قاتارلىقلارنى دوكلات بېرىش

ۋە لىكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش كىتاب ئوقۇش تەسىراتى بويىچە لىكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە لىكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى، مۇكاپاتلىق ئەقىل مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرمۇ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى.

(چۇەن دېيى).

## [ۋىلايەت مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى]

پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1986 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى. ۋىلكومنىڭ ئەزاسى يولداش ۋاڭ ۋېنچى يىغىن باشلىنىشتا سۆز قىلدى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى يولداش ئېيساشاكىر يىغىندا «مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى تەربىيەلەش» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش چېن دېمىن يىغىن ئاخىرىدا خۇلاسە سۆزى سۆزلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبىرىي، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشلىقى ياكى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ۋەكىللىرى، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلار ۋە مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 160 تىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتتى؛ مەكتەپلەر پارتىيە، ئىتتىپاق، پىئونېر، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقايسىسى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ئۆز ئارا ماسلىشىش، ئورتاق باشقۇرۇش ۋە تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش يۆنىلىشى يەنىمۇ توغرىلاندى، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ھەم دەرس بېرىش ھەم ئادەم تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئىدىيىنى تۇرغۇزدى. مەكتەپلەر سىياسىي دەرسكە ئومۇميۈزلۈك ئەھمىيەت بەردى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە قاراپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، مەكتەپلەرنىڭ روھىي ھالىتىدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. يىغىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتى يەنىلا بىر ئاجىز ھالقا، ئىدىيىۋى تەربىيىگە سەل قاراش، سىنىپ ئاتلاشنىلا قوغلىشىش، مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي خىزمەت ئاپپاراتى مۇكەممەل بولماسلىق، خىزمەت ئۇسۇلى كونىچە بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر بەزى مەكتەپلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ① ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت يەنىمۇ ئىلگىرى-

لىگەن ھالدا تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى لازىم. مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئادەم سەپلەش لازىم. مەكتەپلەردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇش، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەردە پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇش، شۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ② مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى يېتەكچى ئىدىيىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا توغرىلاش، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، بىر تەرەپلىمىلىك سىنىپ ئۆستۈرۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە سەل قاراشتەك خاھىشنى تۈگىتىپ، مەكتەپنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان لاياقەتلىك كىشىلەرنى يېتىشتۈرىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ③ مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى ئەخلاق دەرسى ۋە سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنىڭ ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، قانۇن - ئىنتىزام، ئاتېزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك. ④ مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى -سىياسىي خىزمەتنىڭ ئۇسۇلىنى ئەستايىدىل ياخشىلاش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش بولمىغان ياش، ئوخشاش بولمىغان يىللىق، ئوخشاش بولمىغان كەسىپ قاتارلىق ئالاھىدىلىكىگە قارىتا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئىدىيىۋى تەربىيىنى تۈرلۈك دەرس ۋە كۆپ خىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈش، ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىنى ئىزچىل يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

(چۈمەن دېيى).

## [ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەتلىك ئورۇن ۋە مەدەنىيەتلىك ئائىلىنىڭ شەرتلىرىنى بەلگىلەپ چىقتى]

1986 - يىلى 8 - ئايدا ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەتلىك ئورۇن ۋە مەدەنىيەتلىك ئائىلىنىڭ شەرتلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ۋىلايىتىمىزدە كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەدەنىيەتلىك ئورۇن ۋە مەدەنىيەتلىك ئائىلە قۇرۇش پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

مەدەنىيەتلىك ئورۇننىڭ شەرتى تۆۋەندىكىچە: ① رەھبەرلىك بەنزىسى ئىسلاھات قىلىشقا بەل باغلىغان، ئىجادكارلىق بىلەن ئالغا باسىدىغان، پارتىيە ئىستىلى روس، ئىتتىپاقى ياخشى بولۇشى كېرەك؛ ② ئىدىيىۋى- سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتكەن ۋە ياخشىلىغان بولۇشى، ئىجتىمائىي كەيپىياتى ياخشى بولغان بولۇشى؛ ③ مىللەتلەر نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشتە ياخشى بولغان بولۇشى؛ ④ پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىقنى ئومۇملاشتۇرۇپ تىزگىنلەش، «ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش»تە ياخشى بولۇش؛ ⑤ ئىلىم-پەن تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بەرگەن، ئاممىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشى ياخشى بولغان بولۇش؛ ⑥ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئائىلە (شەھەر)گە قاراشلىق ئورۇنلاردا مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىنغان بولۇشتىن ئىبارەت.

مەدەنىيەتلىك ئائىلىنىڭ شەرتى تۆۋەندىكىچە: ① خىزمەت، ئۆگىنىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدە ياخشى بولۇش؛ ② قانۇن-تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىش، سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا ياخشى بولۇش؛ ③ مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش، تازىلىقتا ياخشى بولۇش؛ ④ ئائىلىسى ئىناق بولۇش، قوشنىلىرى بىلەن ئۆز ئارا ياردەمدە ياخشى بولغان بولۇش؛ ⑤ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش، پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشتە ياخشى بولۇشتىن ئىبارەت.

(چۈەن دېيى) .

## [تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى]

قەشقەرنىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلىشىگە، بولۇپمۇ خونجىراپ ئېغىزىنىڭ 3-دۆلەتكە قارىتا ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ قەشقەرگە ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت ۋە سودا قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان چەت ئەللىك مېھمانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك تاشقى تەشۋىقات رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ۋىلكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ۋە خونجىراپ ئېغىزىنى باشقۇرۇش كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ئاكتىپ ھالدا تاشقى تەشۋىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1. تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. ۋىلكوم ئەھۋالدىكى ئۆزگىرىشكە ئاساسەن، ۋىلايەتلىك تاشقى تەشۋىقات رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى ۋاقتىدا تەڭشىدى ۋە تولۇقلىدى. ئالاقىدار تارماقلاردا مەخسۇس تاشقى تەشۋىقات ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى ياكى مەخسۇس ئادەم بېكىتىلدى. تاشقى ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تاشقى ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا بولغان تەربىيە ۋە تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ تاشقى سىياسىتى، تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىدىكى پرىنسىپلار ۋە ۋەزىپىلەر، شۇنداقلا چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتىكى قائىدە-يوسۇنلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي سۈپىتى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى يۇقىرى كۆتەردى.

2. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە ئورۇنلار، بارلىق تەشۋىقات بازىلىرىدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خىلمۇ-خىل شەكىل ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. خونجىراپ ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئاغزاكى تەشۋىقاتنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنىڭ باش-ئاخىرىغا سىڭدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رادىئو، ئۈنئالغۇلاردىن پايدىلىنىپ تەشۋىق قىلدى. ئېغىز مېھمان كۈتۈشى ۋە قەشقەر سەمەن مېھمانخانىسى قاتارلىق كۈتۈۋېلىش ئورۇنلىرى چەت ئەللىك مېھمانلارنى «بېيجىڭ ھەپتىلىكى»، «بۈگۈنكى جۇڭگو»، «خەلق رەسىملىك گېزىتى» قاتارلىق كۆپ خىل يېزىقتىكى كىتاب-ژۇرناللار بىلەن تەمىنلىدى. قەشقەر مېھمانخانىسى چەت ئەللىك مېھمانلار ئۈچۈن يېپىق تېلېۋىزىيە قۇراشتۇرۇپ بەردى.

3. بىر تۈركۈم تاشقى تەشۋىقات ماتېرىياللىرى يېزىپ باستۇرۇلدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار «جۇڭگو گېزىتى» قاتارلىق تاشقى تەشۋىقات گېزىت-ژۇرناللىرىغا قەشقەرنىڭ ساياھەت ئىشلىرى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەرنى ئەۋەتتى. ۋىلكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق نەشرىياتى ئۈچۈن «قەش-

قەرنى ساياھەت قىلغۇچىلارغا يول باشلىغۇچى» دېگەن كىتابنى يېزىشقا تەشكىللەپ بەردى، مەمۇرىي مەھكىمە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىككى يۈرۈش قەشقەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان خۆەندىلىك فىلىمى ۋە ئاتكىرىتكا تۈزۈپ نەشىر قىلدۇردى. قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھۆججەتلىك فىلىم «بۈگۈنكى قەشقەر»نى ئىشلەپ چىقتى، بۇ فىلىمگە چەت ئەل تىلىدا ئاۋاز بېرىلىپ، چەت ئەللىك مېھمانلارغا قويۇپ بېرىلمەكچى.

(چۈەن دېيى).

**[ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى بېيجىڭ پويىز ئەترىتى دوكلات بېرىش ئۆمىكى دوكلات بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى]** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئىقتىسادىي خىزمەت بۆلۈمى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بېيجىڭ پويىز ئەترىتى دوكلات ئۆمىكى 1986 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە قەشقەردە ئون مەيدان دوكلات بەردى، ئاڭلىغۇچىلار 4000 دىن كۆپرەككە يەتتى.

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بېيجىڭ پويىز ئەترىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلگىرىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار تىپ. كۆپ يىللاردىن بۇيان بۇ ئەترەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۇلۇغۋار غايە بىلەن ئۆز خىزمىتىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، مەملىكەت بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇلازىمەت سەۋىيىسى ياراتتى. 1983 - يىلىدىن بۇيان تۆمۈر يول مىنىستىرلىكىنىڭ بېيجىڭگە كىرىدىغان تېز پويىزلار بويىچە ئېلىپ بېرىلغان باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا ئۇدا ئۈچ قېتىم 1 - بولۇپ، «ئۇدا ئۈچ قېتىم چېمپىيون» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېيجىڭ پويىز ئەترىتىدىن ئۆگىنىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

بېيجىڭ پويىز ئەترىتىدىكى يولداشلارنىڭ دوكلاتى كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە، قايىل قىلىش كۈچىگە ۋە تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. نۇرغۇن ئورۇنلار سۆھبەت، مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. كەڭ كادىرلار ۋە ئامما، ئۇلارنىڭ تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا خىزمەت قىلىش، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك ئىدىيىسىدىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ساپ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، ئىستىلىدا توغرا بولۇش، چىرىك ئىدىيىنىڭ چىرىتىشىگە ئاڭلىق تاقابىل تۇرۇشتەك يۈكسەك پەزىلىتىدىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز چېنىقتۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى يارىتىشتەك كۈرەش قىلىش روھىدىن ئۆگىنىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(چۈەن دېيى)

**[قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرى غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى خاتىرىلەندى]** 1986 - يىلى 10 - ئاي، جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئۇزۇن سەپىرى غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ 50 - يىلى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خىلمۇ - خىل شەكىلدىكى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلكوم قىزىل ئار -

ممىيە ۋەكىللىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بولۇپ 500 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان خاتىرە يىغىنىنى ئاچتى. قاغىلىق ناھىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپىرىگە لەببەيە قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش دوكلات يىغىنلىرى ئاچتى. بەزى ئورۇنلار خاتىرىلەش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ باردى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدى. ئۇلار قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىنقىلابىي نەزەرىيە ۋە ئىنقىلاب ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز ساداقىتى، مۇستەھكەم ئېتىقادىدىن، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، ئۈمىدۋار بولۇش، توختىماي ئالغا بېسىشتەك باتۇرانە جاسارىتىدىن، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىش، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىش، زىچ ئىتتىپاق قىلىشتەك يۈكسەك پەزىلىتىدىن، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك يۈكسەك ئىدىيىسىدىن ئۆگىنىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يېڭى دەۋردە قىزىل ئارمىيىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇشقا بەل باغلىدى.

(چۈەن دېيى).

**[ۋىلايەت تۈنجى قېتىم تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرىنى ئىچكىرىگە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى]** ئىچكىرىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىدىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش، ئىچكىرىدىكى تەشۋىقات تارماقلىرى بىلەن بولغان توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەت ۋىلكومنىڭ ئەزاسى يولداش ۋاڭ ۋېنچېننىڭ باشچىلىقىدىكى 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەشۋىقات سىستېمىسىنىڭ ئىچكىرىگە ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىگە بېرىش ئۆمىكى، 1986-يىلى 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 12-ئاينىڭ باشلىرىغىچە، ئىچكىرىگە ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە باردى.

ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ سەنمىڭ شەھىرى، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ يىلياڭ ناھىيىسى، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭخەن ناھىيىسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، نۇقتىلىق قىلىپ 12-نۆۋەتلىك 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت، مەدەنىيەتلىك شەھەر ۋە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇلۇشى، تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە ئەھۋال ئىگىلىدى. ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش ئاخىرلاشقاندا، بارلىق ئۆمەك ئەزالىرى ئەستايىدىل سۆھبەت ئېلىپ باردى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق ھېسسىياتقا كەلدى: ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق، نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى، ئىچكىرىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى جەھەتتىكى نۇرغۇنلىغان ياخشى تەجرىبىلىرى، ياخشى ئۇسۇللىرى، ياخشى تەدبىرلىرىنى ئۆگىنىۋالدۇق. بۇ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى.

(چۈەن دېيى).

## [قەشقەر شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت يولىدىكى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەت قۇرۇش پائالىيىتى]

1986 - يىلى مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتى داۋامىدا، «36129» قىسىم ۋە مەدەنىيەت يولىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلار ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك كوچا قۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. مەدەنىيەت يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 كىلومېتىر بولۇپ، 17 ئىدارە، توققۇز مىللەت، 2500 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى بار. مائارىپ شۆبىسى، رادىئو-تېلېۋىزىيە داشۆسى، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق مائارىپ ئورۇنلىرى مۇشۇ كوچىدا. مەدەنىيەت يولى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ياسالغان كوچا بولۇپ، پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، تارلىقنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيىتىدە، «36129» قىسىمنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن يول بويىدىكى 17 ئورۇندىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ بىرلىكتە ئىناقلىق كۆرسىتىپ، مەدەنىيەت يولىدا بەش چوڭ ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈردى:

1. بۇ كوچىنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلىدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە، 5768 كۇۋادرات كىلومېتىر پىيادە يول ياسىدى، 3000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كونا تامنى چېقىپ تاشلىدى، يېڭىدىن پىشىق خىش تام، تۆمۈر رېشاتكا ياسىدى ۋە 5985 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پاسكىنا سۇ تۇرۇبىسى بېسكىتتى. بىر قانچە قېتىم زەربىدارلىق بىلەن تازىلىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، كۆپ يىل تۇرۇپ قالغان ئەخلەتلەرنى تازىلىۋەتتى ھەمدە يولنىڭ بويى ۋە ئوتتۇرىسىغا دەرەخ سېلىپ، گۈل تېرىپ، كوچىنىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈردى.

2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگەندى، ئۆز ئارا غەمخورلۇق قىلىشتى. ھەرخىل شەكىلدىكى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى. بۆلۈم دەرىجىلىك ئورۇندىن 17 سى ئىلغار كوللېكتىپ، 52 كىشى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

3. ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ زىچلاشتى. ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلەشمە پائالىيىتى كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىلدى. مائارىپ شۆبىسى، 1 - قۇرۇلۇش ئەترىتى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە بولدى. قىسىم يەرلىككە 4700 ئادەم - قېتىم ئەمگەك كۈچى، 830 قېتىم ماشىنا ياردەم بەردى. 987 ئادەم-قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمىدا ھەر قايسى ئورۇنلار قىسىمدىن ھال سوراش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

4. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار بىرلىكتە مەدەنىيەت قۇرۇش پائالىيىتى مەزگىلىدە، مائارىپ خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، 197 ئادەمنىڭ ساۋادى چىقتى. بالىلارنىڭ يەسلىگە، بالىلار باغچىسىغا كىرىش ئۇنۇمى 88 پىرسەنتكە يەتتى، ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

## 1986- يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىن بايان

1986- يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيدى. ئۈچ يىل ئىزچىللىق كۆرسىتىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قۇرۇش ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتى بولۇپ قالدى.

1. ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تونۇشتىكى ئاڭلىقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى، ئىپادىسى تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇردى: ① مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى «تۈپ ئاساسىي خىزمەت»، «ئومۇمىي ۋەزىيەت»، «كاپالەت» تىن ئىبارەت يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تونۇدى؛ ② مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى باشتىن-ئاخىر پۈتكۈل خىزمەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويدى، تۇرالغۇلۇق خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈلدى؛ ③ رەھبىرىي كادىرلار ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ باشلامچىسى بولدى؛ ④ خىزمەتتە پۇختا، ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدىغان، باشقىلار ئىزدەپ كېلىۋەرسىمۇ زېرىكمەيدىغان بولدى.

2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ يۈكسەك بولغان يېڭى نىشانغا قاراپ ئالغا باستى. 1986 - يىلى 5- ئايدىكى پوسكام ناھىيىسىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە دەپ نام بېرىش يىغىنىدا، ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى قەشقەر ۋىلايىتىنى ئۈچ يىل ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ياخشىلاشتىكى بۇ سەممىي ئۈمىد بىز ئۈچۈن بىر يېڭى كۈرەش نىشانىنى تىكلەپ بەردى. ۋىلكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، 1986- يىلى 7- ئايدا «قەشقەرنى

5. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. بىرلىككە مەدەنىيەت قۇرۇش پائالىيىتىنىڭ تۈرتكىلىكىدە، شەھەرلىك باسما زاۋۇتى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى، كىرىمىنى بىر ھەسسە ئاشۇردى، كارخانىنى جانلاندۇردى.

بىرلىككە مەدەنىيەت قۇرۇش پائالىيىتى ئارقىلىق مەدەنىيەت يولىنىڭ بويىدىكى ئورۇنلارنىڭ پارتىيە ئىستىلى، ئىدارە-جەمئىيەت ئىستىلىدا زور ياخشىلىنىشلار بارلىققا كېلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا چىقتى. لەنجۇ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قەشقەر شەھىرىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

(مەھمۇت سالىجان).

ئۈچ يىل ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، پىلان ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقى خىزمىتى مانا بۇ يېڭى نىشاننى چۆرىدىگەن ھالدا ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىپ، بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچقا كىردى.

3. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتى ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى تەدرىجىي ھالدا دائىملىشىش، تۈزۈملىشىش، سىستېمىلىشىشقا قاراپ راۋاجلاندى. 1986-يىلى، ناھىيە (شەھەر)لەر ۋە ئورۇنلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ گۇيخۇالىرىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ، تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ تۈردە، چوڭقۇر ۋە پۇختا ھالدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. ۋىلايەت بويىچە زور بىر تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن مەيدانغا كەلدى. ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1986-يىلى 12-ئايدا يەنە قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق 16 ئورۇنغا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇن» دېگەن نام بەردى. ئەمەلىيەت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، سىستېمىلاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ پائالىيەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، قاتلاممۇ-قاتلام مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇشقا، ئورۇنلارنىڭ كوللېكتىپ شەرەپچانلىقىغا، ئاممىۋى خاراكتېرلىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق.

4. ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى تەربىيىسىدە چىڭ تۇرۇش — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشتىكى ئەڭ مۇھىم ئاساسىي خىزمەت. ناھىيە (شەھەر)لەر ۋە ئورۇنلار كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى نۇقتىلىق ھالدا ئالتە ئاساسىي كۆز قاراشنى ئىگىلەش ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا يېتەكلىدى: ① پارتىيىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىردەك؛ ② ئۈچ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئورتاق سىياسىي ئاساسى؛ ③ ۋەتەن كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش؛ ④ ھەر قايسى مىللەت بىردەك باپباراۋەر؛ ⑤ بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش؛ ⑥ تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇش. ئۆگىنىش ئارقىلىق، كەڭ كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەدرىجىي ھالدا ماركسىزملىق مىللەت كۆز قارىشىنى تىكلىدى. مىللىي مەسىلىلەرگە قاراش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزىرىدىن پايدىلىنالايدىغان بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

5. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا، قەشقەر ۋىلايىتى ئالدى بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، بولۇپمۇ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. بىر مىسالدىن، 1986-يىلى 5-ئايدا ئاپتونوم رايون قەشقەردە چاقىرغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوب-

لاشتىنىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى، قەشقەر نامرات رايونلارنى يۆلەش خىزمىتىگە زور تۈرتكە بولدى. ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈش خىزمىتىگە ئېغىر ئەھمىيەت بېرىلدى. ئۈچىنچىدىن، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىش پائالىيىتى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، مىللەتلەر ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. تۆتىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەت قىلىندى. مانا بۇلار، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

(چۇەن دېيى).

## [5-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى]

**[5-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى]** قەشقەر ۋىلايىتى 1986-يىلى 5-ئايدا ئېلىپ بارغان 5-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن تېخىمۇ كەڭرى، چوڭقۇر ۋە پۇختا بولدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇردى ۋە تەشكىللىدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدىن ئىلگىرى، ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ناھىيە (شەھەر) لەر ۋە ھەر قايسى ئورۇنلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا، جايلار ۋە ئورۇنلار ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللىدى. ئۆگىنىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، ۋىلكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 15 پارچە قوللانما ماتېرىيالى يېزىپ چىقىپ «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلدى. يوپۇرغا ناھىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار مىللەت نەزەرىيىسى بويىچە مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇردى. ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى ئۆز سىستېمىسىدىكى توققۇز ئورۇننى ئوچاستكىلارغا بۆلۈپ مىللەتلەر نەزەرىيىسى بويىچە مۇھاكىمىگە ئۇيۇشتۇردى، 10 كىشى ئوقۇتقۇچىلىق سۆزلىدى. بۇنىڭ بىلەن يىغىنغا قاتناشقان 300 دىن ئارتۇق كىشى ئىلھام ۋە تەربىيە ئالدى. مەمۇرىي مەھكىمە مىللىي ئىشلار باشقارمىسى بىلەن «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىشىپ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى بويىچە ئەقىل مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بەس-بەستە مۇسابىقىغا قاتنىشىپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. مۇسابىقىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن سەككىزى، 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن 20 سى، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن 40 ى، ئىلھام مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەردىن 100 ى باھالاپ چىقىلدى. ئۆگىنىش داۋامىدا، ھەر قايسى ئورۇنلار سەلبىي تەربىيە بىلەن خاتا كۆز قاراشنى تەنقىد قىلىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇردى. ۋىلايەتلىك ئورگانلار پارتكومى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار سۆھبەت يىغىنى، لېكسىيە سۆزلەش يىغىنى قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «12-نويابىر» ۋەقەسىدە ئىنتايىن ئازساندىكىلەر ئوتتۇرىغا قويغان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى بىر-بىرلەپ رەت قىلدى. ئۆگىنىش ۋە رەت قىلىش ئارقىلىق، كۆپچىلىك ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ توپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى ھەق-ناھەقنى ئايرىۋالدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتەردى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا، ھەر قايسى ئورۇنلار مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ چىقتى. تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشقا بولىدىغانلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى، ۋاقتىنچە ھەل قىلىنىشقا بولمايدىغانلىرىنى ئاممىغا چۈشەندۈردى ھەمدە پائال شەرت-شارائىت يارىتىپ ئىمكانقەدەر تېزدىن ھەل قىلدى. يەكەن ناھىيىسى يەتتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ناھىيە بويىچە مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىپ، ياخشىلىرىنى تەقدىرلىدى، ناچارلىرىنى تەنقىدلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلماسلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ تۈزەتتى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا، جايلار ۋە ئورۇنلار ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، تىپ ئورنىتىش، ئومۇمىي دائىرىدە تۈرتكە بولۇشقا ئەھمىيەت بەردى. ۋىلايەت بويىچە گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزور ۋە باشقا شەكىللەر ئارقىلىق، پوسكام ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قۇرۇش جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىندى، پەيزاۋات ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن «3 ـ ماي» سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان ئاممىنى قۇتقۇزۇش ۋەقەسىدە مەيدانغا كەلگەن ئىلغار ئىش ـ ئىزلار تەشۋىق قىلىندى. بۇلار ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. نۇرغۇن ئورۇنلار بىر تۈركۈم ئورۇن ۋە شەخسىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن ۋە ئىلغار شەخس دەپ نام بەردى ۋە ئۇلارنى تەقدىرلىدى. شۇ ئارقىلىق، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىش، تىرىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار شەخس بولۇشتەك قىزغىن دولقۇن كۆتۈرۈلدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا مىللەتلەر ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش تەبىئىي ھالدا ئادەتكە ئايلاندى. جايلار ۋە ئورۇنلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئۆگىنىش تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇشنىڭ بىر شەرتى قىلدى. ئىلغارلارنى باھالاش، كادىرلارنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشتىكى بىر مۇھىم ئاساس قىلدى. بەزى دوختۇرخانىلار، دوختۇر ۋە سېستىرالاردىن ئوخشاش بولمىغان تىل- يېزىقتا كېسەل كۆرۈش ۋە ئىش ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئىش تاپشۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. سودا سىستېمىسى پېرىكازچىكلاردىن ئوخشىمىغان مىللەتنىڭ سۆزىنى قوللىنىپ خېرىدارلارنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا كۈتۈۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى 70 نەچچە ئادەم قاتناشقان ئۇيغۇر، خەنزۇلارنىڭ ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئۇيغۇر، خەنزۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش سۆزلىرى بويىچە ئۆز ئارا سۆزلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، 20 نەپەر مۇكاپات ئالغۇچىنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى. ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدا

جايلار ۋە ئورۇنلار سېھىيەت يىغىنىسى، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى، داغشا مۇسابىقىسى، دوست تۇتۇش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەت قۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، تەربىيىنى خىلمۇ-خىل پائالىيەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

(چۈەن دېيى).

**[ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «ئۈچ يىل ئىچىدە قەشقەرنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا قارار چىقاردى»]** ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1986-يىلى 7-ئاينىڭ 29-كۈنى «ئۈچ يىل ئىچىدە قەشقەرنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ ۋىلايەت بويىچە ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى پائال ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۈچ يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قەشقەرنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا چاقىردى.

«قارار»دا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قۇرۇشنىڭ قەدەم-باسقۇچى بەلگىلەندى. 1989-يىلى 5-ئايدىن بۇرۇن، قەشقەر ۋىلايىتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى نامىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، 80 پىرسەنتتىن كۆپ نامىيە (شەھەر) ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن بولۇش تەلەپ قىلىندى. كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش مۇنداق بولدى: 1986-يىلى 5-ئايدىن باشلاپ، ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى نامىيە قۇرۇش كېرەك. بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەردىن 1987-يىلى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇش تەلەپ قىلىندى. ئۇلار: تاشقورغان ناھىيىسى ۋە 20% ئەتراپىدىكى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەردىن 1988-يىلى 5-ئايدىن ئىلگىرى نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇپ چىقىش تەلەپ قىلىندى. ئۇلار: يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، مەكىت، يوپۇرغا ناھىيىلىرى ۋە 30% ئەتراپىدىكى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەردىن 1988-يىلى يىل ئاخىرىدىن ئىلگىرى نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇپ چىقىش تەلەپ قىلىندى. ئۇلار: قەشقەر شەھىرى، يەكەن، يېڭىسار، قاغىلىق، مارالبېشى، پەيزاۋات ناھىيىلىرى ۋە 30% ئەتراپىدىكى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچ يىل ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، «قارار»دا ئاساسەن تۆۋەندىكىچە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ① رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، دەرىجە بويىچە پىلان تۈزۈش؛ ② مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش؛ ③ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل تۇتۇپ، ماركسىزملىق مىللەت كۆز قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە بولغان ئاگاھلىقىنى كۈچەيتىش؛ ④ پارتىيىنىڭ مىل-

لىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ ⑤ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىللە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە تۇتۇش كېرەك؛ ⑥ تەكشۈرۈش، ئۈگىتكۈزۈپ بىلىش ۋە تەقدىرلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش. بۇندىن كېيىن ھەر قايسى ئورۇنلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى ئۈستىدە يىلدا ئىككى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ناھىيە (شەھەر)لەر يىلدا بىر قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىش كېرەك. ۋىلايەت ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە ئەستايىدىل باھالاپ تاللاپ چىقاندىن كېيىن، ئاندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇندىن ئۈگىتكۈزۈپ بىلىش ۋە نام بېرىش كېرەك.

(چۆچەن دېيى).

**[ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە (شەھەر)، ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسىنىڭ ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى]** 1986 - يىلى 7 - ئايدا ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئايرىم - ئايرىم ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە (شەھەر)، مىللەتلەر ئىتتىپاقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخسىنىڭ ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس بولۇش پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئۆلچىمى تۆۋەندىكىچە:

① ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ئادىل ھەل قىلالايدىغان بولۇش، ھەقىقىي تۈردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇش؛ ② مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلغان، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالغان، كەڭ كادىرلار ۋە ئامما تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى بولغان بولۇش؛ ③ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشكەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلىگەن ۋە ئۆستۈرگەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشقا دىققەت قىلغان، مىللەتلەر ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىش كەيپىياتى قويۇق بولغان بولۇش؛ ④ مىللىي ئىتتىپاقلىقتەك يېڭى خەسلەت ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسىنى تىكلىگەن، ھەممە كىشى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى چۈشەنگەن، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى تالىشىپ قىلىدىغان بولۇش؛ ⑤ ناھىيە (شەھەر)گە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇ-

لىچى ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىلغان بولۇش؛ ⑥ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇش.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇننىڭ ئۆلچەملىرى تۆۋەندىكىچە: ① رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلى رۇس، ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولۇش ھەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ھەتتا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ئادىل بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولۇش؛ ② پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىل ئەمەلىيلەشكەن بولۇش؛ ③ «بىر-بىرىدىن ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، «بەشتە ئۆز ئارا» كەيپىياتقا ئايلانغان بولۇش؛ ④ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللىگەن ھەمدە ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسىغا ئايلاندۇرغان بولۇش؛ ⑤ مىللەتلەر ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىش تۈزۈملەشكەن ھەمدە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلغان بولۇش؛ ⑥ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەزەرىيىسى دائىملاشقان، تۈزۈملەشكەن، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تەكشۈرۈلۈشى، خۇلاسە چىقىرىلىشى بولغان بولۇش.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخسىنىڭ ئۆلچەملىرى تۆۋەندىكىچە: ① ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ماركسىزملىق مىللەت كۆز قارىشى ۋە «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى پۇختا تۇرغۇزغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان بولۇش؛ ② پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدنامىسىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە كۆرسەتكەن بولۇش؛ ③ پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلاردا ئادىللىقنى ياقلاپ ئەستايىدىل كېلىشتۈرىدىغان بولۇش، مىللىي مۇناسىۋەتكە بۇزغۇنچىلىق سالغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى تەنقىدلەش ۋە ئۇلارغا قارشى كۆرەش قىلىشتا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇش؛ ④ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى ئالدىنقىلىقىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «بەشتە ئۆز ئارا» نى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرغان بولۇش؛ ⑤ باشقا مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، مىللەتلەر ئارا ھېسسىياتىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتكەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇش.

(چۈەن دېيى).

**[پوسكام ناھىيىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوكلات بېرىش ئۆمىكى ۋىلايىتىمىزنىڭ جاي-جايلىرىغا بېرىپ دوكلات بەردى]** قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە—پوسكام ناھىيىسىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمى 1986-يىلى 6-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە پوسكام ناھىيىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوكلات بېرىش ئۆمىكىنى ۋىلايىتىمىزدىكى جايلارغا بېرىپ 20 نەچچە مەيدان دوكلاتقا ئويۇشتۇردى. دوكلات ئاڭلىغۇچىلار 8000 دىن كۆپرەككە يەتتى.

پوسكام ناھىيىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوكلات بېرىش ئۆمىكى 10 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاللە قېتىم ئۆز ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماستىن يەركەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئۆستەڭگە شىددەتلىك ئېقىنغا سەكرەپ چۈشۈپ، خەنزۇ قېرىنداشلىرى ۋە ئاچا - سىڭىللىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىپ ئاپتونوم رايون بويىچە «چېگرا رايوندىكى مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلارغا كۆڭۈل تاقاش» پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كۆيباغ يېزىسىدىن دېھقان يولداش مەھەممەت توختى بار؛ ئاز سانلىق مىللەت چارۋىچىلىق كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەشتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا سېپى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش گويۇۋۇسەي بار؛ كۆپ قېتىملىق ئېغىر قاتناش ۋەقەسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، مىللىي توقۇنۇش كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقىدىن ساقلانغان قاتناش ساقچىسى يولداش سەيدى ئەھمەت ھوشۇر بار؛ مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «قارا قۇرۇمدىكى پولات قاراۋۇل» دەپ نام بەرگەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پوسكامدا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمنىڭ سابىق سىياسىي يېتەكچىسى يولداش يۈيۈمىن بار؛ ئۈچ نەپەر خەنزۇ ئوقۇغۇچىنىڭ يېتىپ قوپۇشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ كادىرى يولداش توختى ئەھمەت بار؛ دوستلۇقنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئالغا باسقان، جاپالىق ئۆگەنگەن پوسكام ناھىيىلىك نېفىت شىركىتىنىڭ بازىسىدىكى ئوقۇغۇچى چېن ۋېي بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەتنى بايان قىلدى. پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى مەدھىيىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىسى ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلدى. ئۇلارنىڭ دوكلاتى، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. كۆپچىلىك، پوسكام ناھىيىسىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەتنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەممىلا يەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈلىنى پۈركىلىتىپ ئېچىلدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(چۈەن دېيى).

## [ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «3-ماي» خەتەردىن قۇتقۇزۇش ۋەقەسىدىكى ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى]

1986-يىلى 5-ئاينىڭ 3-كۈنى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شا يېزىسىدىن 20 نەپەر ئۇيغۇر ئامما بىر قول تراكتورىغا ئولتۇرۇپ ناھىيە بازىرىغا كېتىۋاتاتتى. تراكتور قىزىل دەريا شاقىرما سۇ ئايرىش زاكۇسىدىكى ئايلانما دۆڭدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، تراكتورچىنىڭ سەۋەنلىكىدىن، ئۆستەڭدە 15 نەپەر ئامما بار تراكتور تۆت مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇرلۇقتىكى قاينامغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ خەتەرلىك ئۆستەڭدە، يول بويىدا ئىش قىلىۋاتقان ۋىلايەتلىك يول ئاسراش ئورنى ئوتتۇرا رېمونت ئەترىتىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ۋە شۇ جايلاردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئامما ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى خەۋپكە

قارىماي، باتۇرلۇق بىلەن خەۋپ ئىچىدە قالغان 12 نەپەر ئاممىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەدھىيە ناخشىسىنى يېزىپ چىقتى.

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1986-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى «3-ماي» سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ھاياتىي خەۋپ ئاستىدا قالغان ئاممىنى قۇتقۇزۇش ۋەقەسىدىكى ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى ۋە 6-ئاينىڭ 25-كۈنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان 12 نەپەر ئىلغار شەخسىي — ۋىلايەتلىك يول ئاسراش ئورنى ئوتتۇرا رېمونت ئەترىتىنىڭ ئىشچى — خىزمەتچىلىرى جىكەيىۋەن، سۇن شيەنمىن، جۇگۇاڭجيالۇ، لۇڭ شيەنپىڭ، ۋېيگۇاڭجۈن، جۇ چۈەنلۇ ۋە پەيزاۋات ناھىيە مىشا يېزىسى ۋە شاپتۇل يېزىسىنىڭ دېھقانلىرى ھوشۇر ئابدۇكېرىم، ئوبۇل ياسىن، ئابلىز ئابلىكىم، خالىق ياقۇپ، غېنى ھىنايەت، قادىر روزىلارغا تۆھپە يېزىپ تەقدىرلىدى. ھەمدە ئۇلارغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە مۇكاپات سوممىسى تارقاتتى. ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى جى يۈەنكەي قاتارلىق 12 نەپەر يولداشتىن ئۆگىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشتەك ياخشى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چاقىردى.

(چۈەن دېيى).

**[قەشقەر ۋىلايەتلىك 3-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى]** 1986-يىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە، ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر ۋىلايەتلىك 3-قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا جەمئىي 226 ھەر مىللەتتىن بولغان ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە 88ى ئىلغار كوللېكتىپنىڭ ۋەكىلى، 130ى ئىلغار شەخس، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل سەككىز، يىغىندا ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى، ۋىلكومنىڭ شۇجىسى گوكالۇ ۋىلكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن دوكلات بەردى. ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تىلىۋالدى توختى يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ھەر مىللەت ۋەكىللىرى خۇشال ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى ياخشى ۋەزىيەت ئۈستىدە بىخارامان سۆزلەشتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى، بۇندىن كېيىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ياخشىلاشتىكى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا، ۋەكىللەرنىڭ ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چىقارغان «تەشەببۇسنامىسى» ماقۇللاندى.

يولداش گوكالۇ بەرگەن «پارتىيە 12-نۆۋەتلىك 6-ئومۇمىي يىغىن روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ يىل ئىچىدە ۋىلايىتىمىزنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ۋە تەجرىبىسى سىستېمىلىق يەكۈنلىنىپ، يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ قىزغىن قول-

لىشىغا ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ۋەكىللەر، تۆۋەندىكىچە ئىپادە بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ چاقىرىقىغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇپ، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، ئۈچ يىل ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى بەس - بەستە بىلدۈرۈشتى.

(چۆەن دېيى).

**[ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق 16 ئورۇنغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن دەپ نام بەردى]** 1986- يىلى 5- ئايدا پوسكام ناھىيىسىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە دەپ نام بېرىلگەندىن كېيىن، ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇننىڭ شەرتىگە ئاساسەن قاتتىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق، 1986- يىلى 12- ئاينىڭ 22- كۈنى قارار چىقىرىپ، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى، سودا باشقارمىسى، يېمەكلىكلەر شىركىتى، شېكەر، تاماكا، ھاراق شىركىتى، سودا-ترانسپورت شىركىتى، تەمىنات-سودا كوپېراتىپ، پاختا - كەندىر شىركىتى، چاي-چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، يۇڭ - تىۋىت زاۋۇتى، دېھقانچىلىق باشقارمىسى، شەھەر يېزا قۇرۇلۇشى مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر تارماق بانكىسى، تاموژنا، كىنو - فىلىم شىركىتى، دورا شىركىتى قاتارلىق 16 ئورۇنغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن دەپ نام بەردى.

قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق 16 ئورۇننىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى: ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلى توغرا، ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باشلامچىسى بولدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى دائىملاشتى، تۈزۈملەشتى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىمۇ، تەكشۈرۈلۈشىمۇ، خۇلاسىلىنىشىمۇ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللەندى. كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئۇنى ئىگىلىدى ۋە ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلدى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى قەرەرلىك ھالدا تەكشۈرۈپ، ۋاقتىدا ھەل قىلدى. «بىر-بىرىدىن ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. «بەشتە ئۆز ئارا» كەيپىياتقا ئايلاندى.

(چۆەن دېيى).

**[پوسكام ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قۇرۇلۇشتىكى بىر قانچە ئۇسۇلى]**

1986-يىلى 5-ئاينىڭ 3-كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، سوڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، تاڭ گۇاڭسەي، جىن يۈنخۇي، خەلچەم ئىسلام قاتارلىق 20 نەچچە كىشى ئاتايىن پوسكامغا كېلىپ، قەشقەر ۋىلكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە چاقىرغان، پوسكام ناھىيىسىگە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە دەپ نام

بېرىش يېڭىدىن قانات ئاشتى. بۇ پوسكام ناھىيە- سىنىڭ تارىخىدا ئەڭ زور ئەڭ داغدۇغى- لىق بىر يېڭىلىق بولدى.

پوسكام ناھىيىسى قانداق قىلىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قۇردى؟

1. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇش» پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇردى.

پوسكام ناھكومى ئازادلىقتىن بۇيانقى ئەمەلىيەت داۋامىدا كۆپ مىللەت توپ- لىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلاشقان - ئىتتىپاقلاشمىغانلىقى، ئىش- لىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پوسكام ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە رەھ- بەرلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش- كە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى.

1982- يىلى 8- ئايدا، ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ھامىدىن نىياز خىز- مەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن پوسكامغا كەلگەندە، پوسكامدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تىرىشىپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇ- نىچى ناھىيە قۇرۇش» توغرىسىدا چاقىرىق چىق- قارغانىدى، ناھكوم دەرھال «ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىل- لاشتۇرۇپ، تىرىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە بولۇش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، پۈتۈن ناھىيىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھكوم «ئۈچ يىللىق پىلان»، «بەش ئۆلچەم»، «ئۈچ تەدبىر» ۋە «25 كونك- رېت تەلەپ»نى تۈزۈپ چىقىپ ئۇنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش، ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلدى، بولۇپمۇ «مىللەتلەر ئىتتىپاق- لىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇننىڭ ئۆلچىمى» دە، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرگەۋدە قىلىپ، ئۇنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەي- تىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاق- لىقى خىزمىتى بىلەن ئىقتىسادىي خىزمەتنى ماس- لاشتۇردى. بۇ ئىككىسى بىر- بىرىنى ئىلگىرى سۈردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى ھەر بىر ئاساسىي قاتلاملارغا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

2. «ئۈچنى تونۇش» (تەربىيىنى، تۈزۈمنى، تىپنى تونۇش) خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھ- مىيەت بېرىلدى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ شەھەر- يېزىدىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى «ئۈچنى تونۇش» خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. ئالدى بىلەن ئىشنى تەربىيە بېرىشتىن باش- لاپ، ماركسىزم، لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى- ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، كوچىلاردا تەشۋىق قىلىش، رادىئودا ئاڭلىتىش، ئەدەبىيات- سەنئەت نومۇرى كۆرسىتىش، قارا تاختا گېزىتى چىقىرىش، تام گېزىتى چىقىرىش، رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، كادىرلار ۋە ئاممىنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، ناھى- يە بويىچە شەھەر- يېزىلاردىن بولۇپ ئۆگىنىشكە قاتناشقانلارنىڭ سانى ئۈچ مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. ئۆگىنىش قېتىم سانى 14 مىڭ 900 قېتىمغا يەتتى، 5000 سانىدىن ئارتۇق تام گېزىتى، قارا تاختا گېزىتى چىقىرىلدى، 1984- يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 2972 نەپەر

ئىشچى-خىزمەتچى مىللەتلەر ئىتتىپاقى تەر-
بىيىسى ئېيى بويىچە ئېلىنغان يېپىق ئىمتىھان-
غا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە نومۇرى 80 دىن
يۇقىرىلار ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلارنىڭ 77.2
پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1984-يىلى پوسكام ناھىيە بازىرى ئىچىدە
بىر مەھەل مىللەتلەر ئىتتىپاق قىلىشقا پايدىسىز
پىتنە-پاسات پەيدا بولدى. مۇناسىۋەتلىك
تارماقلار ئادەم ئاجرىتىپ تەكشۈرگەندىن
كېيىن، دەرھال كىنوخانا قاتارلىق جامائەت
سورۇنلىرىدا رادىئو ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ،
ئەمەلىي ئەھۋالنى جامائەتكە ئېيتىپ،
ئىجتىمائىي پىكىرنى توغرا يېتەكلەپ، ئاممىغا
تەربىيە بېرىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا
مىللەتلەر ئىتتىپاق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدىيىنى
كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭدۈردى. تەربىيە
ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، ھەرقايسى ئورۇنلار
كەڭ پارتىيىلىك كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەت-
چىلەرنى ماركسىزم لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرى-
يىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى،
دىنىي سىياسىتىنى ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل
ئۇيۇشتۇردى. مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر
تۆۋەن بولغان دېھقانلار ۋە مەكتەپ ئوقۇغۇچى-
لىرىغا نىسبەتەن ۋەزىيەت ۋە ياخشى ئادەم،
ياخشى ئىشلارنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم-
لىقىغا نىسبەتەن توغرا تونۇشتا بولۇشقا
يېتەكلىدى، پوسكامدا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر-
جەڭچىلەر، نېفىت بازىسىدىكى ئىشچى-خىزمەت-
چىلەر، ئىچكىرىدىن قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن
پوسكامغا كەلگەنلەرگە نىسبەتەن، ئالدى بىلەن
ئۇلارغا شۇ جايدىكى مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتى،
دىنىي ئېتىقادىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى شۇ
جاينىڭ ئۆرپ-ئادىتى بىلەن تونۇش قىلدى.
تەربىيىنى تېگىشلىك ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش
ئۈچۈن، ئىدارە-جەمئىيەت، كان-كارخانا، مەك-
تەپ قاتارلىق ئورۇنلار مىللىي نەزەرىيە،
مىللىي سىياسەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى
ئومۇمىي ساۋاتتىن ئىمتىھان ئالدى. ئىمتىھان-
دىن ئۆتەلمىگەنلەر قايتا ئۆگەندى. ئۇندىن
باشقا، ناھىيە بويىچە كۆپ خىل شەكىلدىكى
بىرلەشمە پائالىيەت ئېلىپ بېرىلدى. ئۈچ
يىلدىن بۇيان ناھىيە بويىچە جەمئىي 78 جۈپ
مەكتەپ، 533 جۈپ سىنىپ، گۇرۇپپا، سېخ، 988
ئائىلە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوست
بولدى. بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىگە
قاتناشقان ئادەم 180 مىڭغا يەتتى. مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى بويىچە قىلىنغان ياخشى ئىش 17
مىڭغا يەتتى. بۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
دوستلۇقى ۋە مۇھەببىتى كۈچەيدى.

3. تۈزۈم تۇتۇلدى.

ھەرقايسى ئورۇنلار ئەمەلىيەتتىن چىقىش
قىلىپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى»
قاتارلىق بىر قاتار ئۈنۈملۈك تۈزۈملەرنى تۈزۈپ
چىقىپ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ،
تەكشۈرۈشمۇ، خۇلاسىمۇ، تەقدىرلەش-
مۇ بولۇشنى، ھەر بىر ھالقىنى بىر-بىرىگە
چېتىش، بېشىمۇ-ئايىغىمۇ بولۇشنى ئىشقا
ئاشۇردى. ناھىيە پىلان بويىچە يىلدا ئىككى
قېتىم ناھىيە بويىچە چوڭ تەكشۈرۈش، سېلىش-
تۇرۇپ باھالاشقا تەشكىللىدى. يىلدا بىر قېتىم
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش
يىغىنى ئاچتى. بۇلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

4. تىپ تۇتۇلدى، تىپلارنى
ئۈزلۈكسىز سېزىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش-
ئىزلىرى ۋە تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ كېڭەيتتى.
ئۈچ يىلدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە 90
ئورۇندىن 85 گە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن
دەپ نام بەردى. يېزىلاردىكى 334 كەنت ۋە
كەنت دەرىجىلىك ئورۇندىن 323 گە تەكشۈرۈپ

ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى. 751 نەپەر ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس دەپ باھالاندى. ھەر قايسى يېزىلارنىڭ يەداللىرى ۋە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلار، نەق مەيدان يىغىنى، تەقدىرلەش يىغىنى قاتارلىق شەكىل ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام ۋە ئامما ئارىسىدىن كەلگەن تەجرىبىلەرنى تەشۋىق قىلدى ۋە كېڭەيتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە سېلىشتۇرۇش، ئۆگىنىش، بەسلىشىش، ياردەم بېرىش، ئېشىپ كېتىشتەك ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقى بويىچە ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. شۇنداقتىمۇ، مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشمەسلىك، زىددىيەت، سۈركىلىش ھەتتا ماجىرالار پات-پات يۈز بېرىپ تۇردى. ناھىكوم بۇنىڭغا بىرىنچىدىن ئەھمىيەت بېرىش، ئۆزىنى قاچۇرماسلىق، ئىككىنچىدىن سوغۇققان بولۇش، ئادىل ھەل قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. مىللەتلەر ئارا زىددىيەت ياكى مەسىلە كۆرۈلسە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا خىزمەت ئىشلىدى. خەنزۇ رەھبىرىي يولداشلارمۇ ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەنزۇ ئاممىسىغا خىزمەت ئىشلىدى. ھەر قايسى ئۆز مىللىتىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىغا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، ئاكتىپ بولغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئامىللارنى

تۈگەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقان بازىرى يوپ-كام ناھىيىسىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇيغۇن خەنزۇ ئىشچى كەلدى. ئۇلار ئۇستەڭدە يۇيۇنۇپ كىر يۇيۇپ، سۇ مەنبەسىنى بۇلغىغانلىقتىن، تۆۋەن ئېقىندا سۇ ئىچىدىغان بىر قانچە 10 كەنتتىكى ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ پىكرى چىقتى. ناھىكوم دەرھال سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى ۋە خەلق ئىشلار بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇلارغا خىزمەت ئىشلىدى. ئۇلار يېڭىدىن كەلگەن خەنزۇ يولداشلارغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى چۈشەندۈردى، ھەمدە دېھقان تارماقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇستەڭنىڭ ئىككى ياقىسىغا سىم تور تارتتى، ئۇستەڭ تازىلىقىنى قوغداشنىڭ يەتتە تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنىڭ تازىلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

5. ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىپ، قەلبنى تۇتاشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكىنى قۇردى.

ئۆز ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئارا دوستلۇقى ۋە مۇھەببىتىنى كۈچەيتىشنىڭ كۆۋرۈكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم بىر تەدبىرى، ناھىكوم بۇ توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، خەنزۇ مەكتەپلەرگە ئۇيغۇر تىلى دەرسى كىرگۈزدى، ئۇيغۇر مەكتەپكە خەنزۇ تىلى دەرسى كىرگۈزدى. بۇ ئارقىلىق ئۆز ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىشنى بالىلاردىن باشلاپ تۇتتى. ئۇقتۇرۇشتا، يەنە ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئۆز ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىش ئەھۋالىدىن قەرەللىك ھالدا ئىمتىھان ئېلىپ تۇرۇلىدۇ (45 ياشتىن يۇقىرىلاردىن ئىمتىھان ئېلىنمايدۇ)، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەند-

# ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى

**[ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىن بايان]** 1986- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىجادكارلىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى. ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى، ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى 1986-يىلى 3-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى شۇجىلار ئىش بېجىرىش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، شەھەر ئىگىلىك ئىسلاھاتىغا قاتناشتى. ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تەرتىپكە سالدى. «ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇردى. شۇ ئارقىلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

1986-يىلى، يىل بېشىدا ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى چىقارغان «پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئىتتىپاقلىشىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ‹7-بەش يىللىق پىلان›نى غەلىبىلىك ئورۇنلاش، شىنجاڭنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش يىلى» دېگەن چاقىرىق نامىسىنى تەس-

لەر قايتا ئۆگىنىدۇ، ئاندىن يەنە قايتا ئىمتىھان ئېلىنىدۇ، ئىمتىھان نەتىجىسى ئارخىپقا ئېلىنىدۇ دەپ بەلگىلەندى. ھەر قايسى ئورۇنلارمۇ ئۆز ئارا تىل يېزىق ئۆگىنىش پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاكتىپ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆز ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ھازىر ناھكومىنىڭ يەتتە ھەيئىتى ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە تىلدا پىكىر ئالماشتۇرالايدۇ. ئۇيغۇر رەھبەرلەر خەنزۇچە ھۆججەتلەرنى كۆرەلەيدۇ، خەنزۇ رەھبەرلەر تۆۋەنگە خىزمەت تەكشۈرگىلى بارغاندىمۇ ئادەتتە تەرجىمان ئېلىپ بارمايدۇ. 1986-يىلى پوسكام ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىش خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى، ھەمدە ئاپتونوم رايون چاقىرغان تەقدىرلەش يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتتى. ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى. ئۇلار ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىشنىمۇ، خىزمەتنىمۇ ئاقساتمىدى، ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىش ئادەتكە ئايلاندى. 1986-يىلى 5-ئاينىڭ 3-كۈنى ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئۆز ئارا تىل ئۆگىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، يۇقىرى باھا بەردى.

(دۇڭ خۇن).

تاپشۇردى، يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك ئىشچى-خىزمەتچى بولۇش، ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي قوشۇنى بولۇش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش» تىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى. ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى مەھسۇلات سۈپىتى، مەھسۇلات مىقدارى، بىخەتەرلىك، سۈپەت ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى چۆرىدىگەن ھالدا، تۈرلۈك شەكىلدىكى مۇسابىقە ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە زاۋۇت دائىرىسىدىكى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى (خىزمەتچى) دىن 6181ى، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە بەنگۇرۇپپىدىن 501ى بارلىققا كەلگەن، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئىقتىسادىي كومىتېتى تەشكىللىگەن سانائەت-قاتناش، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە مالىيە - سودا سېپى بويىچە «مۇنەۋۋەر ياشلار بەن-گۇرۇپپىلىرىنىڭ» مۇسابىقىسىدا، مۇنەۋۋەر ياشلار بەن-گۇرۇپپىلىرىدىن 10ى، مۇنەۋۋەر بەن-گۇرۇپپا باشلىقىدىن بىرسى ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

بىر يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى، دېموكراتىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، قوللىشى ۋە ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ناھىيە، شەھەرلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۇزۇن مۇددەت توختاپ قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، كادىرلارنى ئىنقىلاۋىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىملەشتۈرۈش، كەسپىيلەشتۈرۈشنىڭ تەلىپى بويىچە ناھىيە (شەھەر) لىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقتى، بۇندىن كېيىنكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىدىكى ۋەزىپىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ قانات يايدۇرۇلۇپ، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشتا ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ باردى، شەھەر ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىغا قاتنىشىشتا، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. نۇرغۇن ئاساسىي قاتلام ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتايلىرى، بۇرۇن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى كۆپرەك مۇزاكىرە قىلاتتى، ھازىر نۇقتىلىق ھالدا كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تىجارىتى ۋە كارخانا باشقۇرۇشتىكى مۇھىم مەسىلىلەرگە قاراپ چىقىدىغان بولۇپ، كادىرلارغا بولغان دېموكراتىك نازارەت ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى بىرقەدەر ياخشى جارى قىلدۇردى.

ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە «7 - بەش يىللىق» پىلاننى چۆرىدىگەن ھالدا، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى « 7 - بەشيىللىق » پىلاندىكى ئۇلۇغۋار ئۈمىد بىلەن رىغبەتلەندۈردى ۋە ئىلھاملاندۇردى، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگە-

نىش بىلەن مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنت—
ىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسىنى
بىرلەشتۈردى؛ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قەھ—
رىمانلىرى، نەمۇنىچىلىرىدىن ئۆگىنىش ۋە
ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى بېيجىڭ پو—
يىز ئەترىتىدىن ئۆگىنىش بىلەن مەدەنى—
يەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك
بولۇش تەربىيىسىنى بىرلەشتۈردى؛ قانۇن—
نى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ۋە مىللەت—
لەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، ۋەزىيەت، سى—
ياسەت تەربىيىسىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈر—
دى؛ غايە تەربىيىسى، ئىنتىزام تەربىيىسى
ئارقىلىق يۇقىرىقى تۆرلۈك پائالىيەتلەرنى
بىر — بىرىگە باغلاپ، ئۆز ئارا ماسلاشتۇ—
رۇپ، بىر — بىرىنى ئىلگىرى سۈردى.
قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىش—
چى-خىزمەتچىلەر چېگرا رايوننى قوغداش
ئۈچۈن ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلىش بو—
يىچە قەھرىمانلار دوكلات يىغىنى» نىڭ ئە—
مەلىي ئەھۋالى ئېلىنغان سىنئالغۇ لېنتىسى—
نى كۆرگەندىن كېيىن، ئاڭلىق ھالدا ئۆ—
زىگە «جەڭچىلەر ئالدىنقى سەپتە قان ئاق—
قۇزۇۋاتقان يەردە بىز قانداق قىلىمىز؟»
دېگەن سوئالنى قويۇپ ئۆزىنى رىغبەتلەن—
دۈردى. ئۇلار «قەھرىمانلاردىن ئۆگى—
نىش، ھەرىكەتكە كېلىش، غايە سۆزلەش»
دېگەن تېمىدىكى شېئىر دېكلاماتسىيىسى ۋە
«پارلاق ياشلىق باھار» دېگەن تېمىدىكى
لېكسىيە سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.
ئىشچى — خىزمەتچىلەر ئازادلىق ئارمىيە
قەھرىمانلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، توقۇمىچى—
لىقنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى ئېغىر بولۇش،
ۋەزىپە ئېغىر بولۇشتەك ئەمەلىيىتىگە بىر—
لەشتۈرۈپ، «مەن ئۆزەم جاپا چېكىپ،
1 مىلىيارد ئادەمنى گۈزەللەشتۈرە—
مەن» دېگەن ئۇلۇغۋار شۇئارنى
ئوتتۇرىغا قويدى. ۋىلايەتلىك
سودا، تەمىنات — سودا، تاشقى سودا سىس—
تېمىسىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، 2- تراك—
سپورت شىركىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قا—
تارلىق ئورۇنلارمۇ بەس — بەستە ئوخشاش
بولمىغان كۆلەمدىكى لېكسىيە مۇسابىقىسى
ئۆتكۈزۈپ، ياش ئىشچى — خىزمەتچىلەرنى
ھايات ۋە غايە ئۈستىدىكى ھەقىقەتنى مۇ—
ھاكىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. بۇ لېكسىيە
مۇسابىقىلىرىنىڭ مەزمۇنى تەسىرلىك،
ئىدىيىگە بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەمە—
لىيەتتە ئىشچى — خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي
دۇنياسى، ئىدىيىۋى پەزىلىتى ئۈستىدە ئې—
لىپ بېرىلغان چوڭ مۇسابىقە، كىشىلىك ھا—
ياتنىڭ قىممىتى ئۈستىدىكى چوڭ مۇنازىرە
بولۇپ، جانلىق، كونكرېت كەسپىي ئەخلاق
تەربىيىسى بولدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە
قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى كۈ—
چەيتىش، ئىشچى — خىزمەتچىلەرنىڭ
كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر
قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك ئىش—
چىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشچىلىقىدا، ۋىلايەت—
لىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەش—
مىسى، مائارىپ باشقارمىسى، مەدەنىيەت
باشقارمىسى، قەشقەر گېزىتى ئىدارىسى،
رادىئو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئەدەبىيات—
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئەدلىيە باش—
قارمىسى، قەشقەر شىنخۇا كىتابخانىسى قا—
تارلىق 10 تارماق بىرلىشىپ، «جۇڭخۇانى
گۈللەندۈرۈش» ئىشچى — خىزمەتچىلەر كى—
تاب ئوقۇش پائالىيىتى بويىچە ئەقىل مۇسا—
بىقىسى ئۆتكۈزدى. ئىمتىھان سوئالى پار—
تىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، شىنجاڭنىڭ تا—

رىشىي مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى، قانۇن بىلىملىرىنى ئاساس قىلىپ چىقىرىلدى. مۇسابىقىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن 10 ى، ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن 29 ى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەردىن 52 سى باھالاپ چىقىلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە، ۋىلايەت بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ياش ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئاڭلىق ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەش، قانۇن بىلىملىرىنى كۆپەيتىش، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە ياخشى ئۈنۈم بەردى.

پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ روشەن ھالدا ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىدە، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە، ياشلارغا ۋە ئاياللارغا «ھەم ئىسلاھاتنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولايلى، ھەم ناتوغرا ئىستىلغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولايلى» دېگەن تەشەببۇسنامە چىقاردى. ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بەس-بەستە كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قانۇنغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. قەشقەر ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن 40 نەچچىسى ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش قارارى تاختا گېزىتى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى. ۋىلايىتىمىزنىڭ بەشىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى داۋامىدا، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە سۆھبەت يىغىنى، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش ئۆتكۈزۈپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋاقتىدا تەشۋىق قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. قەشقەر ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 1986-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، قەشقەردە خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان جۇڭخۇا باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى شېي فاڭچۈن بىلەن بىللە، ماشىنا بىلەن 20 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، ۋىلايەتلىك يول ئاسراش ئورنى ئوتتۇرا رېمونت ئەترىتىنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ، «3-ماي» خەتەردىن قۇتقۇزۇش ۋەقەسىدە، ئۆز ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئۇيغۇر ئاممىنى قەھرىمانلارچە قۇتقازغان جى كەيۈەن قاتارلىق خەنزۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن سەمىمىي ھال سورىدى.

1986-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى، «1-ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە كۈنى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى كەڭ تۈردە تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھۆسنخەت، گۈزەل-سەنئەت ۋە فوتوسۈرەت كۆرگەزمىسى ئاچتى، 113 پارچە ھۆسنخەت، 84 پارچە رەسىم، 105 پارچە فوتوسۈرەت كۆرگەزمە قىلىندى. بۇ بەدىئىي ئەسەرلەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچ-

لىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇشىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. 20 پارچىدەك ھۆسنخەت، بەدىئىي رەسىم ۋە فوتوسۈرەت «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىندى.

«ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» قۇرۇش ئارقىلىق، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى سىياسىي، مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش، نورمال كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە مەمۇرىي رەھبەرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن «ئىشچىلار ئائىلىسى» قۇردى. 1986 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 509 ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» لاياقەتلىك كېنىشكىسى ئالدى. بۇ ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 80.35 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 39 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «ئىلغار ئىشچىلار ئائىلىسى» لاياقەتلىك كېنىشكىسى ئالدى. ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بەش ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ «ئىشچىلار ئائىلىسى» قۇرۇش ھەمكارلىق يىغىنى چاقىرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بەش ۋىلايەت، ئوبلاستلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدىن 100 دىن ئارتۇق كادىر قاتناشتى. يىغىندا ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار «ئىشچىلار ئائىلىسى» قۇرۇشتىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، «ئىشچىلار ئائىلىسى» قۇرۇش يېڭى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر قەشقەر ئېلېكتىر - سانائەت شىركىتى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق قەشقەر ۋىلايىتىدە تۈنجى تۈركۈمدە قۇرۇلغان يەتتە «ئىشچىلار ئائىلىسى»نى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، جايلارنىڭ «ئىشچىلار ئائىلىسى» قۇرۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشقۇسى.

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، تاشقورغاندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدىن باشقا ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ مائارىپچىلار ئۇيۇشمىسى ئەسلىگە كەلدى ۋە قۇرۇلدى، شۇ جايدىكى پارتكوم ۋە ناھىيە (شەھەر) لىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ناھىيە (شەھەر) لىك مائارىپچىلار ئۇيۇشمىسى پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈردى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقات ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. ۋىلايەتلىك مائارىپچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە مائارىپ باشقارمىسى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان مائارىپ سېپىدە ئەلا نەتىجە ياراتقان ئوقۇتقۇچى، سىنىپ مۇدىرى، پىئونېرلار يېتەكچىسى، مائارىپ مەمۇرىيىتى خادىملىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاپ چىقتى. ۋىلايەت 295 نەپەرنى تەقدىرلىگەن ۋە مۇكاپاتلىغاندىن باشقا، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ تەستىقى بىلەن ئېلى بارات، يۇشۆچىن ئىككەيلەن مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى دې-

گەن ئامما ئېرىشتى؛ جۇڭخۇجېڭ، رىز ئۇاڭگۇل ئىككەيلەن مەملىكەتلىك ئالاھىدە ئىلغار مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى؛ ماجىنسا ئوسمان، مەھەممەت مەتىرىيىم ئىككەيلەن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپچى دېگەن نامغا ئېرىشتى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

(جاڭ لىجۇڭ).

**[يەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە 12 ناھىيە (شەھەر) لىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بولۇپ، ئۇلارغا قاراشلىق ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن 663ى بار. بۇ ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 85.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە (شەھەر)گە قاراشلىق ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 57 مىڭ 653 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 68.25 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغىتىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر تۇرلۇك مۇھىم ۋەزىپىسى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى، مۇستەھكەملەندى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1978 - يىلدىن بۇرۇن، ناھىيە (شەھەر) گە قاراشلىق ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن ئاران 285ى بار ئىدى، 1986 - يىلى، يىل ئاخىرىدا 663كە يېتىپ، 2.3 ھەسسە ئاشتى. ناھىيە (شەھەر) لىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە تۆت بولۇش تەربىيىسى بەردى. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇشىنى كۈچەيتتى، كارخانىلار ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە «ئىشچىلار ئائىلىسى» قۇرۇش پائالىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ھەمدە مەلۇم تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى. شۇنداقتىمۇ، كۆپ ساندىكى ناھىيىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىدا بەزى مەسىلىلەر بار. ئۇلار ئاساسەن تۆۋەندىكىچە: ① بەزى رەھبەرلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە بولغان تونۇشى كەمچىل، ئەھمىيەت بېرىشى يېتەرسىز. ② قىسمەن ناھىيىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى مۇكەممەل ئەمەس، بەزى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرلىرىنىڭ ساپاسى ناچار، «تۆتلەشتۈرۈش» تەلىپىگە ئۇيغۇن ئەمەس: ③ ناھىيە ۋە ناھىيىگە قاراشلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى مۇكەممەل ئەمەس، ئاكتىپلارنىڭ رولى تېخى ياخشى جارى قىلدۇرۇلمىدى، «جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نىزامنامىسى»دا ناھىيە (شەھەر) لىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلتىيى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. سول لۇشىيەنىڭ كاساپىتىدىن، ناھىيە (شەھەر) لىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيى ئۇزۇن مۇددەت توختاپ قالدى. بەزى ناھىيىلەردە قۇرۇلتاينىڭ مۇددىتى 13 يىلغىچە كېچىكىپ ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتتى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ نورمال دېموكراتىك تۇرمۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيە

(شەھەر) لىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، ۋىلكومىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن 1986-يىلى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. ئۇلار ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامنامىسىغا ئاساسەن، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كومىتېتى ۋە راسخوت تەكشۈرۈش كومىتېتىنى دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقتى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى دوكلاتى ۋە مالىيە خىزمىتى دوكلاتىغا قاراپ چىقتى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، بۇندىن كېيىنكى خىزمەت يۆنىلىشى ۋە ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىلىنى مۇكەممەللەشتۈردى، خىزمەت مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇردى، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇردى، تارماقلار ئارا مۇناسىۋەتنى زىچلاشتۇردى ھەمدە كېيىنكى يېتەكچى ئىدىيىنى توغرىلىدى، شۇ ئارقىلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى جەڭگىۋار رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ياراتتى.

(دۆلەتچا ۋېيلىڭ).

## [ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى]

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتى كەڭ دائىرىدە مۇقىم راۋاجلانماقتا. ۋىلايەت بويىچە 319 كارخانا، 219 كەسپىي ئورۇندا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ياكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يىغىنى بەرپا قىلىندى. ۋە مۇكەممەللەشتى. بۇ قۇرۇلۇشقا تېگىشلىك ئومۇمىي سانىنىڭ 96.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئىشچى خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتى. ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىش خىزمىتىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم كۆرۈلدى.

1986-يىلى 9-ئايدا، مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەن ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ زاۋۇت باشلىقى، پارتكوم، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت «ئۈچ خىزمەت نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، زاۋۇت باشلىقى مەمۇرىي قوماندانلىق قىلىش، پارتكوم كاپالەتلىك قىلىش، نازارەت قىلىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر دېموكراتىك باشقۇرۇشتىن ئىبارەت تۈزۈلمە قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. يىل بېشىدا، ئورغۇن كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى ئاچتى. ئۇلار ئۆز ھوقۇقىنى تولۇق ئىشلەتتى. ئۆز ئورنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتىنى باشقۇرۇش ۋە مەمۇرىي رەھبەر ئۈستىدە نازارەت قىلىشقا ھەقىقەتەن ئورغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى. ئاپتونوم رايونلۇق 1-تاشيول قۇرۇلۇش ئەترىتى 1986-يىلى ئاچقان قۇرۇلتايدا ئاساسەن ئورگاندىكى غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خادىملىرىنى قىسقارتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى ۋەكىللەرنىڭ ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى ئارقىلىق ئورگاندىكى 165 نەپەر كىشىنى 96گە قىسقارتىپ، ئورگاننىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتەردى. بەزى ئورۇنلار ھازىر زاۋۇت دەرىجىلىك دېموكراتىك باشقۇرۇشتىن سېخ، بەن - گۇرۇپپىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك دېموكراتىك باشقۇرۇشقا ئۆتتى ھەمدە ئۇ تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملاشتۇرۇش، تورلاشتۇرۇشقا قاراپ راۋاجلانماقتا.

قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بەن- گۈرۈپپا، سېخ (بۆلۈم، ئىشخانا)، شۆبە زاۋۇتتىن زاۋۇتقىچە قاتلاممۇ-قاتلام دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورناتتى. نۇرغۇن كارخانىلار كادىرلارنى دېموكراتىك باھالاش، زاۋۇت، سېخ رەھبەرلىرىنى سايلاش جەھەتتە بىر مۇنچە ياخشى تەجرىبىلەر ياخشى ئۇسۇللارنى ياراتتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى 1983-يىلى زاۋۇت باشلىقى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كادىرلارنى يېرىم يىلدا بىر قېتىم باھالاپ چىقتى. ئۇلار باھالاش پائالىيىتىدە كادىرلار بىلەن ئاممىدا «تۆت بولۇش ئارقىلىق تۆت بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» (يەنى كادىرلار ئاممىغا سادىق بولۇش، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشتا كەمتەر بولۇش، كەمچىلىكنى تۈزىتىشتە ئىرادىلىك بولۇش؛ ئامما كادىرلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇش، باھالاشتا قىزغىن بولۇش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىشتە ئىشەنچلىك بولۇش) تىن ئىبارەت تەجرىبىنى يەكۈنلەپ چىقتى. زاۋۇت پارتكومى، مەمۇرىيىتى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ باھالاش پائالىيىتىنى قوللىدى، نوچىلارغا تېگىشكە جۈرئەت قىلدى. ئۇلار ئاممىنىڭ باھاسىغا ئاساسەن كەسكىن ھالدا خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان ئىككى نەپەر سېخ رەھبىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. قەشقەر شەھەرلىك سودا-سانائەت بانكىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى، بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى قەرەللىك باھالاشتا چىڭ تۇردى. ئۇلار پارتىيە ئىنتىزامىنى ئۆلچەم قىلىپ، پاكىتنى ئاساس قىلىپ، كادىرلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، ئىدىيىسىنى، خىزمىتىنى، ئىقتىدارىنى، ئىستىلىنى، پەزىلىتىنى يەنى بەشنى باھالاشنى مەزمۇن قىلىپ، ئايرىم ھالدا پىكىر ئېلىش بىلەن يۈز تۇرانە تۇرۇپ پىكىر بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئاغزاكى پىكىر بېرىش بىلەن يېزىقچە پىكىر بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ، باھالاش ئېلىپ بېرىپ، باھالاش پائالىيىتىدە ئۈنۈم قازاندى. ئۇلار باھالاش داۋامىدا «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش»، يەنى: ① دېموكراتىك باھالاش بىلەن تەشكىل تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش؛ ② دېموكراتىك باھالاش بىلەن تەشكىل ۋەزىپىگە قويۇش ۋە ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىشنى بىرلەشتۈرۈش؛ ③ دېموكراتىك باھالاش بىلەن كادىرلارنى مۇكاپاتلاش، جازالاشنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. مۇئاۋىن باشلىق ئەيسا ھوشۇر كادىرلار خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، ئىشچى قوبۇل قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىشتا ئۈچ قېتىم باشقىلارنىڭ سوۋغىسىنى رەت قىلىپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. بىر شۆبە بانكىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولۇپ، پارتىيە تەشكىلاتى ئاممىنىڭ باھاسىغا ئاساسەن، ئۇنى شۇجايىدىلا ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى، بۇ ئاممىنىڭ ئارىسىدا قاتتىق تەسىر قوزغىدى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئىنزامىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى، زاۋۇت باشلىقىنىڭ مەمۇرىي قوماندانلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. مەكىت ناھىيىلىك كۆمۈركان ئاران 57 ئىشچىسى بار كىچىك كارخانا بولۇپ، كان قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 10 يىلدا 215 مىڭ يۈەن زىيان تارتقان. 1982 - يىلى كېيىنكى يېرىم يىلدا، ناھكوم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ كان رەھبەرلىك بەنزى-

سىنى تەڭشىدى. ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بۇ كانغا ياردەملىشىپ ئىشچى-خىزمەتچىلەر يىغىنى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ بەردى، تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورناتتى. 1983-يىلى يىل ئاخىرىدا كۆمۈرنىڭ مەھسۇلاتى 122 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1982-يىلدىكىدىن 64 % ئاشتى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 178 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، 1982-يىلدىكىدىن 58 % ئاشتى. بىر توننا كۆمۈرنىڭ تەننەرخى 1982-يىلدىكىدىن 26 % تۆۋەنلىدى. ئۇلار 57 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئېلىپ، زىيان تارتىدىغان كارخانا دېگەن 10 يىللىق قالپاقنى بىر يوللا چۆرۈۋېتىپ تاشلىدى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى، ناھىيە بويىچە داڭقى چىققان «كونا نامرات» ئورۇن ئىدى. دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىنىڭ كارخانا ئىشلىرىغا قاتنىشىشى ۋە مۇلاھىزە قىلىش رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىلغار كوللېكتىپقا ئايلاندى. 1985-يىلى 201 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پايدا ئالغان بولۇپ، 1984-يىلدىكىدىن 67 % ئاشتى. 1986-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 160 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر، كارخانىنىڭ ئۆزگىرىشى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

(گاۋچىيۈ).

**[سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى]** 1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 10-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 3-قېتىملىق ئىجرائىيە ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىنى تونۇپ ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ، «7-بەش يىللىق» پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشتى.

ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يىل بېشىدا چاقىرغان ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى چىقارغان «ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئىتتىپاق قىلىشىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ يېڭىلىق يارىتىپ، «7-بەش يىللىق» پىلاننى غەلىبىلىك ئورۇنلاش، «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى» دېگەن چاقىرىقنامىسى يەتكۈزۈلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى، «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ۋەزىپىنى تونۇش، ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇش، مەۋقەنى ئۆز خىزمىتىگە قويۇش، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش، كارخانىنى جانلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خوجايىنلىق پوزىتسىيىسى بىلەن، «7-بەش يىللىق» پىلان ۋە ئىسلاھات ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىدىغانلىقى، كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە كارخانا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىرى زىچ ماسلىشىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىش-

قا تەشكىللىدى. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق
فابرىكىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 4 - قېتىم-
لىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا، فاب-
رىكا بويىچە مەھسۇلات سۈپىتى، ئۈسكۈنە، ئۇ-
لۇم، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى، تەش-
ۋىقات ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «بەشتە ياخ-
شى» بولۇش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپ، پۈ-
تۈن فابرىكىنىڭ تۈزۈلۈك ئىشلەپچىقىرىش
باشقۇرۇشىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ،
ئىقتىساد بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر
قەدەر ياخشى ھەل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى
كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈردى. ئىشچى-خىز-
مەتچىلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قە-
رەللىك ھالدا فابرىكا بويىچە مەش-
غۇلات مۇسابىقىسى، سىلىسارلار مەشغۇلات مۇ-
سابىقىسى، ياش ئىشچىلارنىڭ يەككە تۈر بو-
يىچە مەشغۇلات مۇسابىقىسى قاتارلىق تېخ-
نىكىۋى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى.
ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاجىز ھالقىغا ئا-
ساسەن، بۆسۈش ئېغىزىنى تاللاپ «توقۇش،
ئىستانوك ئىشچىلىرىنىڭ مەشغۇلات مۇسابى-
قىسى»، «كوللېكتىپ بويىچە ژىگىتىن يىپ ئې-
لىش مۇسابىقىسى»، «مەھسۇلات سۈپىتى ئىنىق-
دارى بويىچە ئۆلچەمگە يېتىش مۇسابىقىسى»،
«يۈز توپ رەختنى چالا قويماي تەكشۈرۈش
مۇسابىقىسى» قاتارلىق خىلمۇ - خىل كىچىك
تىپتىكى مۇسابىقىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، فاب-
رىكا بويىچە 1986 - يىلى مەھسۇلات قىممىتى،
مەھسۇلات مىقدارى قاتارلىق جەھەتلەردە،
1985 - يىلدىكىدىن بىر قەدەر زور دەرىجى-
دە ئاشۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا جەھەتلەردە
ئۆتكۈزگەن مۇسابىقىلەر، مەسىلەن: قاتناش
كارخانىلىرى ئۆتكۈزگەن «بىخەتەرلىك، ئە-
لا سۈپەت، يۇقىرى مەھسۇلات، تۆۋەن سەرپى-
يات» بويىچە ئەمگەك مۇسابىقىسى، بىنا كار-
لىق ئورۇنلىرى قانات يايدۇرغان «ئومۇم -
يۈزلۈك ئەلا سۈپەت يارىتىش» مۇسابىقىسى
قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىش، ئىقتىسادىي
ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق جە-
ھەتلەردە ياخشى رول ئوينىدى.

ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن
ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتى ۋىلكوم،
مەمۇرىي مەھكىمىگە «ئەقلىگە مۇۋاپىق تەك-
لىپ بېرىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش پائالىيىتى-
نى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا
دوكلات»نى يازدى. بۇ دوكلاتنى ۋىلكوم، مە-
مۇرىي مەھكىمە تەستىقلاپ جايلارنىڭ ئىجرا
قىلىشىغا چۈشۈردى. بۇ دوكلاتتا، ۋىلايەت
بويىچە ئىقتىسادىي سەپلەردە «كىچىك بىر
تەكلىپ، ۋەتەنپەرۋەر يۈرەكنى نامايەن قىلار،
كۆپچىلىك باش قاتۇرسا، كارخانىدىن ئالتۇن
چىقار» دېگەن تېمىدا ئەقلىگە مۇۋاپىق تەك-
لىپ بېرىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش پائالىيىتىنى
قانات يايدۇردى. ھەر مىللەت ئىشچى - خىز-
مەتچىلىرى كارخانىنىڭ روناق تېپىشى ياكى
تاپماسلىقىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغان بو-
لۇپ، ئەقلىگە مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىش ۋە
تېخنىكا يېڭىلاش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناش-
تى. سىتاتىستىكىغا قارىغاندا 1986 - يىلى ۋى-
لايەت بويىچە ھەر مىللەت ئىشچى خىزمەت-
چىلىرى جەمئىي 4256 تۈرلۈك ئەقلىگە مۇۋا-
پىق تەكلىپ ۋە تېخنىكا يېڭىلاشقا ئائىت پى-
كىر بەردى. ئۇنىڭدىن قوللىنىلغىنى 2398 بو-
لۇپ، 13 مىليون 490 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي
ئۈنۈم بەردى. مەسىلەن: يەكەن ناھىيىسىدىن
جاڭ ئەيگونىڭ سىرتىنىڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى
قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىش توغرىسىدىكى
تەكلىپى، كارخانا ئۈچۈن 270 مىڭ يۈەن
ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ بەرگەن قەشقەر
شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى لابوراتورىيە-

نىڭ ئارىلاشما ماتېرىياللىرىنىڭ ئورنىغا كۆل ئىشلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپى، بىر يىلدا كارخانا ئۈچۈن 40 مىڭ يۈەن تېجەپ بەردى. بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە ھەرقايسى سەپلەردە جەمئىي ژاۋۇت دەرىجىلىك ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى خىزمەتچىدىن 6181ى ئىلغار كوللېكتىپتىن 501ى مەيدانغا كەلدى، ئۇلار ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرگە ۋىلايىتىمىزنىڭ «7 - بەشيىللىق» پىلانىنىڭ تۇنجى يىلىدىكى تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

(جاڭ لىجۇڭ).

**[كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىدىن بايان]** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى «غايە تىكلەپ، كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىش؛ تۆھپە قوشۇپ، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلىش» پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى قەشقەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش داۋامىدا مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك يېڭى كىشىلەردىن بولۇشقا يېتەكلىدى.

بىر يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتىن ئىبارەت تەربىيىنى ئاساس قىلىپ، غايە، قانۇن، ئىنتىزام تەربىيىسىنى نۇقتا قىلىپ، ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئارىسىدا مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇردى، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى بىر تەرەپتىن لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، يېڭى خىسلەت تىكلەش، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش، مەدەنىيەتلىك تىجارەت قىلىش، مىللەتلەر ئارا دوستلۇق ئورنىتىش، زىيارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئارقىلىق ياشلارنى ھەر مىللەت ئىشچى، دېھقان ئاممىسى بىلەن ئۇچرىشىش، دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى بىلەن تونۇشۇش، پائال ئىجتىمائىي مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئازادلىق ئارمىيە قەھرىمانلىرى چۈشياۋ ۋە ئىچكىرىدىكى ئىلغار ياشلارنىڭ نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز جايى ئۆز ئورنىدىكى ياشلارنىڭ ئىلغارلىرىنى بايقاش ۋە تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقى تەربىيىسىنى مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسىنىڭ باش - ئاخىرىغا سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى، بېيجىڭ پويىز ئەترىتىدىن ئۆگىنىش، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى نام بەرگەن نەمۇنىچى ئىتتىپاق ئەزالىرىدىن، جىنايەتچىنى تۇتۇش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە ئۆز ھاياتىنى ئاتا قىلغان مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ياش دېھقان ئابدۇۋېلى ئىمىن ۋە سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاممىنى باتۇرلارچە قۇتقازغان ۋىلايەتلىك يول ئاسراش ئورنى ئوتتۇرا رېمونت ئەترىتىنىڭ ياش ئىشچى - خىزمەتچىلىرى جى كەيۈەن قاتارلىقلارنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ياشلار ياخشى كۆرىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ «ۋەتەن مېنىڭ

قەلىمىدە»، «ئېھ پارتىيە! سۆيۈملۈك ئانا»، «شىنجاڭنىڭ يۈز يىللىق تارىخى»، «ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە»، «پارلاق غايە» قاتارلىق تېمىلاردا دوكلات بېرىشنى، لېكسىيە، ئولتۇرۇش ئۆتكۈزۈپ ۋە گېزىت چىقىرىپ كۆرگەزمە ئېچىپ ھەر مىللەت ياشلىرىنى جانلىق، ئوبرازلىق تەربىيە ئارقىلىق پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا، ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى، ھېسسىياتىنى كۈچەيتتى. ياش ئەۋلادلارنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر مىللەت ياشلىرىنى ئىتتىپاق تەشكىلىي پائالىيىتى داۋامىدا، ئۆز ئارا تىل يېزىق ئۆگىنىپ، بىللە دوستلۇق كۆچىتى تىكىپ، بىرلىكتە مۇنەۋۋەر بەن-گۇرۇپپا يارىتىپ، بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك كوللېكتىپ قۇرۇپ، ئورتاق ئېلىپ بارغان كوللېكتىپ پائالىيىتى داۋامىدا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى، مۇھەببەتنى كۈچەيتتى. ھەر مىللەت ياشلىرىنى كوممۇنىستىك غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، بىر نىيەتتە قەشقەرنى گۈللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسى پائالىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە شەھەر-يېزىلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ۋىلايەتنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش داۋامىدا ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 93 مىڭدىن كۆپرەك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا ياشلىرى، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار تەشكىللىگەن يېزا ياشلىرىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ بېيىش، پەنگە تايىنىپ بېيىش، ئورتاق بېيىش قاتارلىق ئەمگەك مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتى. يېزا ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى مۇسابىقە داۋامىدا ياش دېھقانلارنى تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ بېيىش ئاساسىدا، پەنگە تايىنىپ باي بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ھالقىنى قولدىن بەرمەي، ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلىدى. يېزىلاردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئادەم، مالىيە، ماددىي جەھەتتە نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىپلا قالماستىن، ئىشنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، يېزىلاردا ئەمەلىي ئىشلەيدىغان تېخنىكا تەربىيىلەش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن 60 مىڭ ياش قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىنىپ، ساپاسى ياخشىلاندى. «ئۆگىنىپ بېيىش» مۇسابىقىسى ئارقىلىق، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 11 نەپەر نەمۇنىچى، 150 نەپەر ھەر خىل كەسىپلەر بويىچە ياش ماھىرنى تەقدىرلىدى، بۇ پائالىيەت يېزىلاردىكى ياشلارنىڭ قارشى ئېلىشى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

شەھەر بازاردىكى كارخانىلارنىڭ ئىتتىپاق تەشكىلاتى، ئىگىلىك تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك ياش ئىشچىلارنى يېتىشتۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا، كۆپ خىل شەكىلدىكى يېڭى ئۇزۇن سەپەرنىڭ زەربىدارلىرىدىن بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ۋىلايەتلىك ئىشچىلار

ئۇيۇشمىسى، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ، سانائەت، قاتناش، ئاساسىي قۇرۇلۇشى، مالىيە - سودا سېپىدىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئارىسىدا «مۇنەۋۋەر ياش بەن - گۇرۇپپا مۇسابىقىسى»نى قانات يايدۇردى. ۋىلايەت بويىچە 265 ياش بەن - گۇرۇپپىدىكى 2850 نەپەر ياش ئىشچى مۇسابىقىغا بەس - بەستە قاتناشتى، ئۇلار خوجايىنلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز كارخانىسىدىكى «جىددىي، ئېغىر، قىيىن، يېڭى» ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى تاللاپ، مەھسۇلات سۈپىتى، مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى چۆرىدىگەن ھالدا، بەن - گۇرۇپپىلار ئارا مۇسابىقە ئېلىپ باردى. ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى كۆيدۈرۈش سېخى 1-، 2-، 3-، ئاھاك تاش كۆيدۈرۈش ياشلار گۇرۇپپىلىرى مۇسابىقىدە تېجەشنى يولغا قويۇپ، قۇۋۋەت سەرپىياتىنى كېمەيتىپ، بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بىر توننا ئاھاك پىششۇرۇشقا 316.6 كىلوگرام كۆمۈر كېتەتتى، مۇسابىقە جەريانىدا 246.4 كىلوگرامغا چۈشتى؛ بىر توننا ئاھاكنى پىششۇرۇشقا كېتىدىغان ئۆلچەملىك كۆمۈر بۇلتۇرقى 204.36 كىلوگرامدىن 190.9 كىلوگرامغا چۈشتى، بەش ئايدا جەمئىي 1000 توننا كۆمۈر تېجەپ قېلىندى. ئۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 50 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈنمۇ بىر سال توك سەرپىياتىمۇ كېمەيدى، مەھسۇلات سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1986 - يىلى يىل ئاخىرىدا، ئىككى كۆيدۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ياشلار بەن - گۇرۇپپىسى بولۇپ باھالاندى.

بىر يىلدىن بويان، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ۋە ۋىلايەت، شەھەرلىك سودا سېستىمىسى بىرلىشىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى سودا تۇرمۇش مۇلازىمەتكە سېپى بويىچە «مەدەنىيەتلىك تىجارەت قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش»، «ئەڭ ياخشى ياش تىجارەتچىنى باھالاش»، «باھارنى كۈتۈۋېلىش لوڭقىسى بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت مۇسابىقىسى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سانائەت - سودا سېستىمىسى ئىتتىپاق تەشكىلاتى قانات يايدۇرغان «بەش كىچىك ئەقىل لوڭقىسى (كىچىك ئىقتىسار، كىچىك لاھىيە، كىچىك ئىسلاھات، كىچىك تەكلىپ، كىچىك ئىجادىيەت)» پائالىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. «بەش كىچىك ئەقىل لوڭقىسى» مۇسابىقىسى داۋامىدا قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتتىن 11ى ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقىدار تارماقلارغا يوللاندى.

بىر يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا پارتىيىنىڭ ياردەمچىسى ۋە ياشلار زەربىدارى بولۇشتەك رولىنى ئوينىدى. ۋىلايەت بويىچە 16 مىڭ 160 نەپەر ياش كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرىپ، بۇلتۇرقى ئىتتىپاققا كىرگەن ياشلارنىڭ سانىدىن 4487سى ئوشۇق بولدى؛ 2139 نەپەر مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. بۇ بۇلتۇرقىدىن 972 نەپەر ئارتۇق. بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە يېڭى ئۈزۈن سەپەر زەربىدار ئەترىتىدىن ئىككىسى، مۇنەۋۋەر ياشلار بەن - گۇرۇپپىسىدىن ئونى، ئىلغار ئىتتىپاق ئەزاسىدىن ئونى، مىللەت-

لەر ئىتتىپاقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپتىن توققۇزى، يېڭى تۈزۈن سەپەرزەر بىداردىن 16 سى، مۇنەۋۋەر ياشلار بەن-گورۇپپا باش-لىقلىرىدىن بىرى، مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى-دىن بەشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقى بويىچە ئىل-غار شەخستىن 5 ى، مۇنەۋۋەر تەربىيىچىدىن ئالتىسى، ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىدىن 11 ى مەيدانغا كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتى-پاق كوممىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ نام بېرىشى ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ۋىلا-يەتلىك ئىتتىپاق كوممىتېتى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كوم-تېتى، پىئونېرلار خىزمىتى كوممىتېتى ۋە ئاپ-تونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاپ-تونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي كوممىتېتى تەرى-پىدىن شىنجاڭ بويىچە «مۇنەۋۋەر ياشلار بەن-گورۇپپىسى مۇسابىقىسى» دا ئۇتۇپ چىققۇچى، شىنجاڭ بويىچە پىئونېرلار خىزمىتىدە ئىل-غار ئورۇن دەپ باھالاندى. مەكتەپ ناھىيە-لىك ئىتتىپاق كوممىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كوممىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭ بو-يىچە «ياشلار ئائىلىسى» قۇرۇشتا ئىلغار ئىتت-تىپاق كوممىتېت، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىتتى-پاق كوممىتېتى مەملىكەتلىك پىئونېرلار خىز-مەت كوممىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك پى-ئونېرلار خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن دەپ باھالاندى.

(جاڭ لىمىڭ).

**[ياش - ئۆسمۈرلەر «سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» پائالىيىتى ئېلىپ باردى]** مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش، ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرى-نىڭ كوممۇنىستىك ئەخلاقىي پەزىلىتىنى يې-تىشتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئىتتىپاق كوممىتېتىنىڭ تەشكىللىشىدە، 1986-يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قەشقەر شەھى-رىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق، ئەترەت تەشكىلاتلىرى تەشكىللىگەن 9000 دىن ئار-تۇق ياش ئۆسمۈر «سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلى-مىز» ئىتتىپاق ئەترەت پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

شۇ كۈن ئەتىگەن، قەشقەر شەھەر را-يونىنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدىكى ياش ئۆسمۈرلەر ئىتتىپاق بايراقلىرىنى كۆتۈرۈ-شۈپ، ئىتتىپاق گىرىبىنى ئاقاپ كوچىلارغا چى-قىپ، جەنۇبىي ئازات كوچىدىكى تېببىي مەك-تەپ دوختۇرخانىسىدىن شىمالىي ئازات كو-چىسىدىكى غالىبىيەت كىنوخانىسىغىچە، شەر-قىي خەلق يولىدىكى دۆڭباغ سودا سارىيى-دىن غەربىي خەلق يولىدىكى 41- تۆمۈر يې-مانىخانىسىغىچە، ھەممىلا يەردە «سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» دېگەن لوزۇنكا ئېسىلغان، مۇ-لازىمەت تەنزىلىرى ئېچىلغان. مۇلازىمەت تۈر-لىرى ۋېلسىپىت رېمونت قىلىش، سەتىراچلىق، ياماق ياماش، كىيىم پىچىش، توك سايمانلى-رىنى رېمونت قىلىش، داۋالاش، سوئاللارغا جاۋاپ بېرىش، ھال سوراش، چاي بىلەن تە-مىنلەش قاتارلىق 20 نەچچە خىل تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 4000 دىن ئارتۇق پىئونېر شەھەر رايونىنىڭ ئا-ساسلىق كوچىلىرىدا «پىئونېرلار مەدەنىيەت نازارەت قاراۋۇلى» قۇرۇپ، قاتناش ساقچىلىرىغا ماسلىشىپ قاتناش تەرتى-پىنى قوغدىدى. ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوخ-تۇرخانىسى پارتكوممىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ شىلۇڭ بۆلۈم ئىشخانىلاردىكى ياشلارنى باشلاپ، خالىسانە داۋالاش ئەترىتى تەش-كىللەپ، شەھەرنىڭ مەركىزىي ھېيتگاھ مەي-دانىنىڭ سول تەرىپىنى نۇقتا قىلىپ، بىر كۈن ئىچىدە 1000 ئادەم قېتىم كېسەلنى دا-ۋالىدى. كونىشەھەر ناھىيىسى خاڭدى يېزىسى-

دىن كەلگەن بىر دېھقان: «بۇگۈن بازارغا
كېلىپ، ئومۇر ئالمايلا كېسىلىمنى كۆرسەت-
تىم، بۇ بەكمۇ قولايلىق ئىش بولىدى» دې-
دى. قەشقەر تامۇژنا ئىتتىپاق ياچېيكىسىدا
پەقەت بىر قانچە ئىتتىپاق ئەزاسى بولۇپ،
ئۇلار دۆڭباغ كۆلى بويىدىكى كۆچەت تىكىدىغان
جايغا بىر كۈن قۇم توشۇپ بەردى.
ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرى قۇم -
بوران ۋە ئەتىيازنىڭ سوغۇقىغا قارىماي،
خەلق ئاممىسى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش
قىلىپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماخ-
تىشىغا سازاۋەر بولدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك
شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە
بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ
رەھبەرلىرىدىن جېن دېمىن، تىلىمۇۋالدى
توختى، دۇەن شىكاڭ، لىيۇ باگېجي، ۋاڭ ۋېنى-
چى، ئېيسا شاكىر، ۋاڭ خۇيمىن، جاڭ جىنۇۋ
قاتارلىق يولداشلار نەخ مەيدانغا بېرىپ
ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئىلھام بەردى.
تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ
كۈنى ياش - ئۆسمۈرلەر ئاممىسىنىڭ 5800
ئادەم - قېتىم كېسىلىنى ھەقسىز داۋالىغان،
11 مىڭدىن ئارتۇق ۋېلسىپىتىنى رېمونت قى-
لىپ بەرگەن ۋە ساقلاپ بەرگەن. 23000 كۇ-
ۋادرات مېتىر يەرنى تازىلىغان، ھەر خىل
ئاپتوموبىلدىن 50 نەچچىنى يۇيۇپ ئېيتقان.
590 ئادەمنىڭ چېچىنى ئەپ قويغان، پېشقە-
دەم، ئاجىز، كېسەل، مېيىپلەردىن 180 نەچچە
ئادەم (ئائىلە) دىن ھال سورىغان، قانۇن،
سەھىيە قاتارلىق ھەر خىل سوئال سورىغۇ-
چىلارنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى
2000 نەچچە ئادەم قېتىمغا يەتكەن.
(ساۋخۇي).

**[مۇنەۋۋەر ياشلار پەن - گۇرۇپ-
پىسى مۇسابىقىسى]** ۋىلايەتلىك ئىتتى-
پاق كومىتېتى 1986 - يىلى 5 - ئايدىن باش-
لاپ، سانائەت - قاتناش ئاساسىي قۇرۇلۇش،
مالىيە - سودا سېپىدىكى ئىتتىپاق ئەزالى-
رى ۋە ياشلارنىڭ ئارىسىدا «مۇنەۋۋەر ياش-
لار پەن - گۇرۇپپا مۇسابىقىسى» نى كەڭ تۈر-
دە قانات يايدۇردى. ۋىلايەت بويىچە يەتتە
ناھىيە (شەھەر)، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراش-
لىق يەتتە ئورۇندىن 256 ياشلار پەن - گۇ-
رۇپپىسى، 2850 دىن ئارتۇق ياش ئىشچى -
خىزمەتچى ئاكتىپ ھالدا مۇسابىقىگە قاتنىش-
تى، مۇسابىقىگە قاتناشقان پەن - گۇرۇپپا
بۇلتۇرقىدىن 3.5 ھەسسە كۆپەيدى: مۇسابى-
قە داۋامىدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ سانائەت-قات-
ناش، ئاساسىي قۇرۇلۇشى، مالىيە - سودا
سېپىدىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى، ئىشچىلار
تەشكىلاتى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، «تۆھپە قوشۇش،
ئادەم تەربىيىلەش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ،
مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غا-
يىلىك بولۇش تەربىيىسى پائالىيىتىگە بىر-
لەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ياش ئىشچىلىرىنى
پائال سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرىنچى
دەرىجىلىك نەتىجە يارىتىش، مەدەنىيەتلىك،
ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولغان
سوتسىيالىستىك ياشلاردىن بولۇشقا تەشكىل-
لىدى. ئۇلار ئۆز كەسپىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە
بىرلەشتۈرۈپ «جىددىي، ئېغىر، قىيىن، يې-
ڭى» بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى
تاللاپ، مەھسۇلات سۈپىتى، مەھسۇلات قىممى-
تى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە مۇلازىمەت سۈپى-
تىنى چۆرىدىگەن ھالدا «تۆھپە قوشۇپ، ئى-
گىلىك تىكلەش»، «ئىرادە تىكلەپ، نىشانغا
يېتىش»، «نىشاندىن ئاشۇرۇش، سەرپىياتنى
كېمەيتىش، يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش» قا-
تارلىق تۈرلۈك مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى
ئېلىپ بېرىپ، زەربىدارلىق رولىنى جارى
قىلدۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۈنۈ -

مى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى، كارخانىلارنىڭ ئىلمىي باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى، ھەر مىللەت ياش ئىشچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - مەدەنىيەت، تېخنىكا ساپاسىنى يۇقىرى كۆتەردى، بەش ئايلىق مۇسابىقىدە، مۇسابىقىگە قاتناشقان بەن-گۇرۇپپىلار جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، جاپالىق جەڭ قىلىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي، تېخنىكىۋى كۆرسەتكۈچلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۆز كەسپىنىڭ، ئۆز ئورنىنىڭ تارىخىي يىللىرىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئەڭ ياخشى سەۋىيە ياراتتى، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر بەن - گۇرۇپپا ۋە شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولغان قەشقەر شەھەرلىك ماي-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ماي قاتۇرۇش ياشلار بەن - گۇرۇپپىسى مۇسابىقە داۋامىدا، يۇقىرى ھارارەتكە قارشى كۈرەش قىلىپ، يۇقىرى مەھسۇلات قوغلىشىپ، جەمئىي 4739 توننا قاتۇرۇلغان ماي ئىشلەپ، 929 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ئورۇنلىدى. بۇ بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.4 ھەسسە ئارتۇق. ئۇلار 148 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، بۇ بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.8 ھەسسە ئاشتى. تۈرلۈك ئىقتىسادىي - تېخنىكىۋى كۆرسەتكۈچلەر تارىختىكى ئوخشاش مەزگىلدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىنى ياراتتى. مەھسۇلاتى غەربىي-شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا سېتىلدى. ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى مۇسابىقە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، خەت - چەك توشۇش ياشلار گۇرۇپپىسىدىكى خەت - چەك توشۇغۇچى ياشلار باشقىلارغا 100 دىن ئارتۇق ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، 74 پارچە تەقدىرلەش خېتى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىرى 50 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئادەتتىكى خەت، 7000 پارچىدىن ئارتۇق زاكاس خەت، 500 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق گېزىت - ژۇرنال توشۇغان بولۇپ، بىر قېتىممۇ كېچىكتۈرۈش ۋە سەۋەنلىك سادىر قىلمىغان بولۇپ، ھەر ساھەنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىنچىكە ئەگىرىش سېخى 2 - بەن 5 - گۇرۇپپىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى نىڭ گۈيچىن مۇسابىقىدا، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ، گۇرۇپپىدىكى بارلىق ياش ئىشچىلارنى بىردەك ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرىنى ياخشى ئورۇنلىدى. ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر بەن - گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ باھالاندى، ئۇنىڭ گۇرۇپپىسىمۇ ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر بەن - گۇرۇپپا بولۇپ باھالاندى.

«مۇنەۋۋەر ياشلار بەن - گۇرۇپپا مۇسابىقىسى» داۋامىدا، ۋىلايەت بويىچە ياشلار بەن - گۇرۇپپىسىدىن 10 ى، ياشلار بەن - گۇرۇپپا باشلىقىدىن بىرسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىقتىسادىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر ياشلار بەن-گۇرۇپپىسى»، «مۇنەۋۋەر ياشلار بەن - گۇرۇپپا باشلىقى» بولۇپ باھالاندى. ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىقتىسادىي كومىتېتى، 12 ياشلار بەن - گۇرۇپپىسىغا ۋىلايەت بويىچە «مۇنەۋۋەر ياشلار بەن - گۇرۇپپىسى»، پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق ئۈچ ئورۇنغا «مۇنەۋۋەر تەشكىل» دېگەن نام بەردى. ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىمۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىقتىسادىي كومىتېتى تەرىپ-

دىن ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ياشلار بەن-گورۇپپىسى مۇسابىقىسىدە «ئەلا كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى.

(ساۋخۇي).

## [يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوننىڭ ياش - ئۆسمۈرلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى]

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن: قەشقەر ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسى ۋە قىزىل سۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوندىن 40 نەچچە نەپەر ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇ، ياش-ئۆسمۈرلەردىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوننىڭ ياش-ئۆسمۈرلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش يۈسۈپ مۇھەممەدىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 1986-يىلى 5-ئاينىڭ 28-كۈنى «1-ئىيۇن» بالىلار بايرىمىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن پايتەخت بېيجىڭگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، تيەنجىن، نەنجىڭ، ۋۇشى، سۇجۇ، شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلەردە ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە بولدى.

6-ئاينىڭ 1-كۈنى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن يولداش خۇچىلى، تيەن جىيۈنلەر ۋە مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، جۇڭنەنخەيدە ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلدى. يولداش خۇچىلى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى ساۋاقداش دىلبەر بىلەن قادىرجاننىڭ خاتىرىسىگە «ياشىسۇن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى» دەپ سۆز قالدۇردى. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بېيجىڭدە جۇڭگو ياش-ئۆسمۈرلەر قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارىنىڭ قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. خەلق سارىيىدا «1- ئىيۇن» بالىلار بايرىمىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئىچكىرىدە ئېكسكۇرسىيىدە بولغان مەزگىلدە، ئىچكىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە جايلاردىكى خەلق ئۇلارنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى ۋە كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مەكتەپ، زاۋۇت، دېڭىز پورتى، ياش-ئۆسمۈرلەر پائالىيەت ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى؛ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە خاتىرە سارايلىرىنى كۆردى؛ سەيلىگاھلارنى ساياھەت قىلدى، ئىچكىرىدىكى ياش-ئۆسمۈرلەر بىلەن 20 نەچچە مەيدان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئولتۇرۇشى قىلدى. شۇ ئارقىلىق، ھەر مىللەتتىن بولغان كىچىك دوستلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاپەت رايونىدىكى خەلققە بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقىنى بىۋاستە ھېس قىلدى، ئىتتىپاقلاشقان، ئىلگىرىلىگەن سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈشتەك مۇھەببەت ئۇرغىدى. 6 - ئاينىڭ 30- كۈنى، ياش - ئۆسمۈرلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە ئىچكىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئېلىپ ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

(جاڭ لىمىن).

## [يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوننىڭ ياش-ئۆسمۈرلەر ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا بېرىپ دوكلات بەردى]

ج ك پ قەشقەر ۋىلكوم تەشكىللىگەن يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوننىڭ ياش-ئۆسمۈرلەر ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، 1986-يىلى 7-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 9-كۈنىگىچە، ۋىلايەت بويىچە 11 ناھىيە، شەھەردە سەييارە دوكلات بەردى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ياش-ئۆسمۈرلەر ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ سەييارە دوكلاتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق دوكلاتقا ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شۆي شياۋچىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، ۋىلكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق مۇھىم سۆز قىلدى. ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى ناھىيە، شەھەرگە بارغاندا، ناھىيە، شەھەرلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئۇلارنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلدى ھەمدە سەييارە دوكلات بېرىش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ۋىلايەت بويىچە 11 ناھىيە، شەھەردە 27 مەيدان دوكلات بەردى. ھەر مىللەت كادىرلىرى، خەلق ئاممىسى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە يېزىلارنىڭ ئىتتىپاق كادىرلىرىدىن بولۇپ 24 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلاتىنى بىۋاسىتە ئاڭلىدى.

بۇ قېتىمقى سەييارە دوكلات ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى دىلنۇر، ئەنۋەر، ئازادگۈل، گۈلنۇستان، ئارزىگۈل ۋە چىن جىڭ قاتارلىق 7 نەپەر ساۋاقداش «سەمىمىي غەمخورلۇق، بەختلىك ئەسلەش»، «ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ كوممۇنىزمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولايلى»، «ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئىللىق قوينىدا»، «گۈزەل تاغ-دەريا، ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش» ۋە «خەنزۇ چوڭ ئاپام تۇغۇلغان كۈنۈمنى خاتىرىلىدى» دېگەن تېمىلاردا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايون خەلقىگە ۋە ياش-ئۆسمۈرلىرىگە بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە سالىمىنى يەتكۈزدى. ئىچكىرىدىكى ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتىنى دوكلات قىلدى.

ئۇلارنىڭ دوكلاتى ۋىلايەت بويىچە شەھەر، يېزىلاردا ناھايىتى زور ئەكس تەسىر قوزغىدى. نۇرغۇن ئامما ۋە ياش-ئۆسمۈرلەر، ئېكىسكۇرسىيە ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان غەمخورلۇقىنى يەردە قويمايدىغانلىقىنى، ۋەتىنىنى، خەلقىنى قىزغىن سۆيۈشتەك گۈزەل قاراشنى پۇختا تىكلەيدىغانلىقىنى، مەملىكەت بويىچە 56 مىللەتنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسىنى تىكلەيدىغانلىقىنى، يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاستتىن كەلگەن بىر قانچە يۈز ئازسانلىق مىللەت پىئونېرلار يېتەكچىسىگە دوكلات بەرگەندە، ساۋاقداش دىلنۇر

يولداش خۇچىلىنىڭ ئۆزىنى، ئۆز قولى بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغان ئەھۋالنى ئەسلىگىنىدە ۋە ساۋاقداش گۈلۈستانىنىڭ تيەنجىندىكى خەنزۇ چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆزىنىڭ 11 ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندە، يىتەكچىلەر ھاياجانلانغانلىقتىن ئىسسىق ياش تۆكتى. دوكلاتتىن كېيىن، يىتەكچىلەر قەشقەر رادىيو ئۇزېلىدىن ئېكسكۇرسىيە ئۈمەك ئەزالىرىنىڭ دوكلاتىنى ئۈنئالغۇغا ئالغان نۇسخىسىنى كۆچۈرۈپ بېرىشنى بەس-بەستە تەلەپ قىلدى. رادىيو ئۇزېلى ۋە ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى دوكلاتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئېلىنغان 150 ئۈن ئالغۇ لېنتىسىنى ئۇلگۇرتۇپ كۆچۈرۈپ چىقىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىكى 32 ناھىيە، شەھەردىكى ھەر مىللەت ئامما ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئېكسكۇرسىيە ئۈمىكىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

سەييارە دوكلات بېرىش مەزگىلىدە، ئېكسكۇرسىيە ئۈمىكىدىكى ياش دوستلار قەشقەر خەلق دوختۇرخانىسى، قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، يەرتەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش داۋامىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ياش-ئۆسمۈرلەرنى قۇتقازغان ۋە داۋالىغان، داۋالىغۇچى خادىملارنى يوقلىدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ياش-ئۆسمۈرلەر ۋە ئېكسكۇرسىيە ئۈمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئۇلارغا يازغان رەخمەت خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى، ئۇلارغا «يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇپ، قەلبىمىزنى ئىللىتتىڭ-لار» دېگەن بېغىشلىما يېزىلغان لەۋھە تەقدىم قىلدى.

(شاۋخۇي).

**[يېزا ياشلىرىنىڭ «ئۈچتە بېيىش» مۇسابىقىسى]** نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش، «تۆت تىلەك» شەرتىگە توشقان يېڭى تىپتىكى دېھقانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن، 1985-يىلى 5-ئايدىن 11-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى، ئورمانچىلىق باشقارمىسى، چارۋىچىلىق باشقارمىسى ۋە ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن بىرلىشىپ، يېزىلاردا تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، باي بولۇشنى مەقسەت قىلغان، يېزا ياشلىرىنىڭ «ئىككى ئائىلە بىر گەۋدە» دىن ئىبارەت تەشكىلىي شەكلىنى قوللىنىپ، «تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ بېيىش، پەنگە تايىنىپ بېيىش، ئورتاق بېيىش» بويىچە مۇسابىقە ئېلىپ باردى. بۇ پائالىيەت، ئىتتىپاق خىزمىتى، يېزا ئىقتىسادىي خىزمىتى، ئىدىيەۋى-سىياسىي خىزمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كەسپىي خىزمىتىنى ئورگانىك ھالدا بىرگەۋدە قىلىپ، يېزىلاردىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۈرتتى. ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، سانائەت قوشۇمچە كەسپى، يېمەكلىك كەسپى، ترانسپورت كەسپى، قول سانائەت قاتارلىق يەتتە كەسىپ بويىچە 933 مىڭدىن كۆپرەك يېزا ئىتتىپاق ئەزالىرى ئاكتىپ ھالدا مۇسابىقىگە قاتناشتى. يېزىلاردىكى كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار تىرىشچانلىق بىلەن بېيىش ئاساس، پەنگە تايىنىپ بېيىش ھالقا، ئورتاق بېيىش

يۈزلىنىش دېگەن فاڭجېنىغا ئاساسەن مۇسابىقە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزئارا ياردەم قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، تەر ئاققۇزۇش ۋە ئەقىل ئىشلىتىش بەدىلىگە يۇرتىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

مۇسابىقە مەزگىلىدە ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۆزئارا بىرلىشىپ، كەسپىي كادىر ئاجرىتىپ، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا ھەمكارلىشىپ، «يېزىلاردىكى ئەمەلىي ئىشلەيدىغان تېخنىكىلار بويىچە لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى» ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يېڭىسار، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيىلەردىكى 26 يېزا، ئىككى دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق يېزا ياشلىرىغا 18 مەيدان لېكسىيە سۆزلەپ بەردى. ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنى، سۇ ئىشلار باشقارمىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېزا ياشلىرىنى ئەمەلىي ئىشلەيدىغان تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلىدى. يەكەن ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى 1986 - يىلى 4 - ئايدا 35 نەپەر ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق كەسپلەردىكى يولداشلارنى تەشكىللەپ بەش گۇرۇپپىغا بۆلۈپ بەش يېزىغا ئېۋەتىپ ھەر خىل ئەمەلىي ئىشلەيدىغان تېخنىكا بويىچە 190 قارار كۇرس ئاچتى. كۇرسقا قاتناشقان ياشلار 9441 ئادەم قېتىمغا يەتتى. كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى يىل بېشىدا يېزا ياشلىرىنىڭ باي بولۇشى بويىچە سەييارە لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللەپ ناھىيە بويىچە 60 پىرسەنتتىن ئارتۇق ياش دېھقانلارغا باي بولۇشتىكى تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇردى. ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە، شەھەرنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1986 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار جەمئىي 707 قارار يېزىلاردا ئەمەلىي ئىشلەيدىغان تېخنىكا كۇرسى ئاچقان. كۇرسقا قاتناشقان ياشلار 63 مىڭدىن كۆپرەككە يەتكەن. ئەمەلىي تېخنىكا كۇرسى ئارقىلىق، ياش دېھقانلار بېيىش چارىسىنى ئىگىلەپ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىن ئىلمىي بولغان ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە قاراپ ماڭدى. قاغىلىق ناھىيە چاسامەسچىت يېزا 9- كەنتتىكى دېھقان مەھەممەت ياسىننىڭ ئائىلىسىدە 16 ئادەم بولۇپ، بەشى ئىتتىپاق ئەزاسى. ئۇلار 1986 - يىلى بىر تراكتور سېتىۋالغان بولۇپ، دېھقانچىلىق ئالدىراش ۋاقىتتا تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، دېھقانچىلىق ئارىسالچاغدا ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىلبويى كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئىشلەپ، بىر يىل ئىچىدە ترانسپورتتىن 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. ئوتياش تېرىپ سېتىپ 2500 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى نامرات ئائىلىدىن ھازىرقى تۈمەن يۈەنلىك ئائىلىگە ئايلاندى. قاغىلىق ناھىيە تۆگىچى يېزا ئىككىنچى كەنتنىڭ ياش دېھقىنى ھامۇت، ياشلامچىلىق بىلەن تېخنىكا ئۆگىنىپ، ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق تاللاپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ، 1986 - يىلى بۇغداينىڭ مو مەھسۇلاتىنى 1196 جىڭغا، قوناقنىڭ مو مەھسۇلاتىنى 1250 جىڭغا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا چارۋىچىلىق ۋە

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆگىنىپ، كۆپخىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، كالا، قوي باقتى. تراكتورنى ھۆددىگە ئالدى، ئۇنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 9250 يۈەنگە يەتتى. «ئۇچقان باي بولۇش» مۇسابىقىسىدا، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى كوممۇنىستىك روھنى جارى قىلدۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەملىشىپ، ئورتاق بېيىدى. بەزى ناھىيىلەردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى نامراتلارغا ياردەم بېرىش ئىقتىسادىي گەۋدىسى ۋە نامراتلارنى يۆلەش قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۈچتىن بەشكىچە ئىتتىپاق ئەزاسى بىر نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئالدى، ھەمدە ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلىشنى توغرىسىدا پىلان تۈزۈپ چىقتى. يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، كونىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، «ئۇچقان باي بولۇش» پائالىيىتىدە 6256 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياش 5510 نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئالغان، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى نامرات ئائىلىلەرگە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتىن ياردەم بېرىپ قالماستىن، نامراتلىقتىن تۈپتىن قۇتۇلدۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇلارنى تېرىقچىلىق، بېقىش كەسپى، باغۋەنچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردىكى باي بولۇش تېخنىكىلىرى ۋە ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەردى.

(ساۋخۇي، سۇلتان داۋۇت).

**[مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك يېڭى كىشىلەردىن بولۇش، يېڭى تىپتىكى قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەش]** 1986 - يىلى، قەشقەردىكى 11 ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكومنىڭ ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى «ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ئىسلاھات قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئاساسىي قاتلامنى ياخشى تۇتۇش، ئاساسنى ياخشى سېلىش» نى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چۆرىدىگەن ھالدا قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىلىم ئېلىش ۋە قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش داۋامىدا مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسى ۋە تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، قەشقەرنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

قەشقەردىكى 11 ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكومدا 10 ئىتتىپاق كومىتېتى، 11 ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى، 215 ئىتتىپاق ياچېيكىسى، 5179 ئىتتىپاق ئەزاسى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىتتىپاق ئەزاسى 3549، كەسپىي ئىتتىپاق كادىرى 26، ئۇنىڭ 20 سى ئاز سانلىق مىللەت) 575 نەپەر مەكتەپ ئىتتىپاق كادىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى كادىرى بار.

1986 - يىلى 3 - ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ۋىلكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى بىلەن بىرلىشىپ «مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت يىغىنى» ئاچتى. يىغىندا قىسمەن مەكتەپلەرنىڭ ئىتتىپاق كومىتېت شۇجىلىرى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ

ئىدېيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇردى، يىغىندىن كېيىن، ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئۆز مەكتەپلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىدېيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتتى، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، غايىلىك بولۇش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى مەكتەپلەرنىڭ ئىدېيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ ئىدېيىۋى-سىياسىي خىزمەت يىغىنىنى ئىلمىيلەشتۈرۈش، سىستېمىلاشتۇرۇشقا قاراپ راۋاجلاندۇردى. 1986-يىلى 4-ئايدا، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئوقۇغۇچى، يىگىتلەر بۆلۈمى «ئەسلىمە ۋە كەلگۈسىگە نەزەر» دېگەن باش تېمىدا ۋەزىيەت-سىياسەت تەربىيىسى پائالىيىتى ئېلىپ باردى. 4-ئاينىڭ 4-كۈنى «5-ئاپرېل ھەرىكىتىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش دوكلات يىغىنى» ئۆتكۈزدى. 1000 دىن ئارتۇق ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياش ئوقۇغۇچى بىر قېتىم ۋەزىيەت-سىياسەت تەربىيىسى ئالدى. ئۇلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق ئورۇنباسارلاردىن بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى، مەكتەپلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولۇش تەربىيىسى پائالىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دوستلۇق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئىدېيىنى تۇتاشتۇردى، مۇھەببەتنى كۈچەيتتى، ئۇلار ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى تەربىيە بىلەن تارىخىي بىلىم قاتارلىق تەربىيىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى «شىنجاڭنىڭ 100 يىللىق تارىخى توغرىسىدا دوكلات يىغىنى» ئېچىپ ئىتتىپاق ئەزالىرى ياش ئوقۇغۇچىلارغا شىنجاڭ تارىخىدىن بىر قېتىم تەربىيە بەردى. مەكتەپلەر ئىتتىپاق ئەزالىرىغا پارتىيە دەرسى بەردى. قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىتتىپاق كومىتېتى ئىشتىن سىرتقى پارتىيە مەكتىپى ئاچتى. 100 دىن ئارتۇق ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياش ئوقۇغۇچى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1986-يىلى ھەر قايسى مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى 56 قېتىم دەرسكە ئويۇشتۇردى. پارتىيىگە كىرىشكە ئىلتىماس قىلغان ئىتتىپاق ئەزاسى 450 كە يەتتى. 151 ئوقۇغۇچى ئىتتىپاق ئەزاسى پارتىيىگە كىردى.

ئىتتىپاق ئەزالىرى ياشلارغا بولغان قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. مەكتەپلەر ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە «2-دەرسخانا» پائالىيىتى داۋامىدا بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتى قىزىقىشچىلار گۇرۇپپىسى قۇردى. ھازىر قىزىقىشچىلار گۇرۇپپىسىدىن 48 سى بولۇپ 1814 ئەزاسى بار. توققۇز ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنىڭ 512 ئەزاسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىكى «ئۈمىد تەشكىلاتى»، «مارت تەشكىلاتى»؛ قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندىكى «مەھمۇت قەشقەرى ئىجادىيەت تەشكىلاتى» قەش-

قەرماتار سىپ ئىنىستىتۇتىدىكى «باغۋەن تەش-
كىلاتى» قاتارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيىت-
تى بىر قەدەر جانلىق، مەزمۇنى مول، ساغ-
لام ۋە پايدىلىق بولدى.

دېمەك 1986 - يىلى مەكتەپلەر ئىدىيى-
ۋى-سىياسىي خىزمەتتە مەلۇم نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى تىپتىكى قابىلىيەت-
لىك كىشىلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن تۆھپە
قوشتى.

(پەرھات سېيىت).

**[پىئونېرلار خىزمىتى]** 1986 - يىلى
قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتى-
پاق تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ
پىئونېرلار خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش
ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ،
پىئونېرلار خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھ-
بەرلىكنى كۈچەيتىپ، پائالىيەت مەزمۇنىنى
بېيىتىپ، تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، پىئو-
نېرلار خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆسمۈر-
لەرنىڭ ئومۇمىي سانى 268 مىڭ 855 نەپەر بو-
لۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە پىئونېرلار 212 مىڭ 865 نە-
پەر، ئۇ پىئونېر يېشىدىكى ئۆسمۈرلەر سا-
نىنىڭ 79 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھەر دە-
رىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى پىئونېرلار
تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈنسايىن زورىيىۋاتقان
ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، پىئونېرلارنىڭ تەش-
كىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، 1986 - يىل-
نىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە پى-
ئونېرلار تەربىيىچىلىرى 6636 كىشىگە يەت-
تى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك باش
تەربىيىچىلەر 12 كىشى، مەخسۇس تەربىيە-
چى 102 كىشى، مەكتەپ سىرتىدىكى تەربى-
يىچى 716 كىشى. بىر قىسىم ناھىيىلەردە
يېزا دەرىجىلىك تەربىيىچىلەر سەپلەندى.

تەربىيىچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈ-
چۈن ۋىلايەت بويىچە تۆت نەپەر تەربىيىچى
شاڭخەينىڭ ياش باشقۇرغۇچىلار شۆبىۋەدىنىڭ
پىئونېرلار تەربىيىچىلىرى ئۆگىنىش كۇرسى-
غا ئاللاپ ئەۋەتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق
پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇ-
قى بىلەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى
ئاچقان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئاز
سانلىق مىللەت تەربىيىچىلىرىنى تەربىيى-
لەش كۇرسىغا 86 كىشى قاتناشتۇرۇلدى، ھەر
قايسى ناھىيە، يېزىلار مۇئەللىمكە تىلىك تەر-
بىيىچىلەر بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ ئو-
قۇشنى تاماملاش يۈزىسىدىن دەرس تەكرار-
لاش سوئاللىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز جايى،
ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ،
قاتلامۇ-قاتلام تەربىيىلىدى، بۇنىڭ بىلەن
تەربىيىچىلەر قوشۇنىنىڭ سۈپىتى ئۆسۈپ،
مەملىكەتلىك تەربىيىچىلەرنى سىناش خىز-
مىتىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئاساس
يارىتىلدى.

1986 - يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى
ھەر دەرىجىلىك پىئونېرلار تەشكىلاتلىرى
«ئۈچكە يۈزلىنىش»، «ئۈچ ئىجادىيەت» نى
قىبلىنامە قىلىپ، «تۆت بولۇش» بويىچە يې-
ڭى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قى-
لىپ، كوممۇنىزملىق تەربىيىنى ئاساسىي مەز-
مۇن قىلىپ، بىر قاتار پائالىيەتلەرنى قا-
نات يايدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى:
«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوستلىشىش»،
«پىئونېرلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئائىلىسى»،
«قىزىل گالستۇكلۇقلار نىشان لوگىقىسى»،
«ماھىر-چىۋەر كىچىك ئەترەت»، «پىئونېر-
لار ئەترىتىنىڭ ياخشى ئەترەت باشلىقى»،
«پىئونېرلار ھەرىكەتتە» قاتارلىق پىئونېر-
لار ئەترىتىنىڭ ئۇقتۇملۇق پائالىيەتلىرى-
دىن ئىبارەت. بۇ پائالىيەتلەر ھەر مىللەت

ياش ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئورتاق ئىشانىسىنى كۆزلەپ، ئىرىشىپ ئۆگىنىشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى يېتىلدۈردى. قەشقەر شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ قانات يايدۇرغان كوممۇنىزملىق تەربىيە ھەم مىللىي ئىتتىپاقلىق تەربىيىسىنى مەزمۇن قىلغان، «قىممەتلىك ئەترەت بايرىقى» دېگەن ئاساسىي تېمىدىكى پائالىيەت يېڭى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، مەملىكەتلىك «تەربىيىچىلەر» ژورنىلىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەملىكەتلىك پىئونېرلار خىزمىتىنىڭ كۆچمىيىشى بىلەن «جۇڭگو ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى بىرلىشىپ باشقۇرغان «مەملىكەت بويىچە پىئونېرلار ئەترىتىدىكى ياخشى ئەترەت باشلىقى» مۇسابىقە پائالىيىتىدە، كونىشەھەر ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن يولداش توختى تۇرسۇن «تەربىيىلەش سەنئىتى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قەشقەر شەھەرلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ قانات يايدۇرغان «2000 - يىلىدىكى قەشقەر» پائالىيىتى ئۆسمۈر بالىلارنىڭ ئىجادچانلىق روھى ھەم كەلگۈسىگە بولغان تەسەۋۋۇرىنى گەۋدىلەندۈردى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا پىئونېرلار قانات يايدۇرغان «مۇزجۇۋاۋا»، «تۇلاق تۇلاش»، «ئازنى يىغىپ كۆپ قىلىش» قاتارلىق ئەترەت كۈنى پائالىيەتلىرى پىئونېرلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنىڭ شەھەرلەردىن يېزىلارغا قاراپ راۋاجلىنىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسەتتى. 1986 - يىلىدىكى «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمىدا ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى خەلق باغچىسىدا شەھەر رايونىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ پىئونېرلىرىنىڭ «ئۆسمۈرلەر يېڭىلىق يارىتىش ئۆيى» پائالىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى، قاغىلىق ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى پىئونېرلار خىزمىتىدە گەۋدىلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكتىن ئاپتونوم رايونلۇق پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى ۋە مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پىئونېرلار خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

(پەرھات سېيىت).

**[جۇڭگو - پاكىستان ياش - ئۆسمۈرلىرى بىرلىشىپ يىراققا سەپەر قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى]** پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ئېكسپېدىتسىيە فوندىجەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نادىرخان ئەپەندىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى بىلەن پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ساياھەت فوندىجەمئىيىتى 1986- يىلى 6- ئاينىڭ 9- كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە «جۇڭگو-پاكىستان، ئۈرۈمچى - ئىسلام ئاباد ئۆسمۈرلىرىنىڭ بىرلىشىپ يىراققا سەپەر قىلىش ئەترىتى» پائالىيىتىنى بىرلىشىپ قانات يايدۇردى. يىراققا سەپەر قىلىش ئەترىتى 25 كىشىدىن تەركىب تاپتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى جۇڭگو تەرەپ ئەزالىرى ئارىسىدا قەشقەرلىك ئىككى نەپەر ئۆسمۈر بالا بار، ئۇلار قەدىمكى شەھەر قەشقەردىن پاكىستان پايتەختى ئىسلام ئابادقىچە بولغان قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ پاكىستاننىڭ گىلگىت، ئىسلام ئاباد، پېشاۋۇر، لاھور، راۋالپىندىنى ۋە جۇڭگونىڭ قەشقەر، ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلدى. يىراققا سەپەر قىلىش ئەترىتى قەشقەردە بولغان مەزگىلدە تاشقورغان ناھىيىسى ھەم قەشقەر شەھىرىنىڭ ئالاقىدار رەھ-

بەرلىرى ھەم نەچچە مىڭلىغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

يىراققا سەپەر قىلىش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى قەشقەر ئۈيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپى، شەھەرلىك 7 ـ، 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ۋە ۋىلايەتلىك مىللىي باللار باغچىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى، قەشقەردىكى مەشھۇر ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى سەيلى قىلدى. ھەمدە قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئۆسمۈر باللىرى بىلەن بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى، ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى، قەشقەر ياشلار بىرلەشمىسى يەنە زىياپەت بېرىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

(پەرھات سىيىت).

**[ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ خالىسانە كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشى]** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى 1986 ـ يىلى كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىپ، ۋەتەننى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، 290 مىڭدىن ئارتۇق ياش ئۆسمۈرنى تەشكىللەپ ھەم سەپەرۋەر قىلىپ، خالىسانە كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش پائالىيىتىگە ئاتلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن 13 مىليون تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىلدى، 9300 مودىن ئارتۇق ياشلار ئورمىنى ئەھيا قىلىندى. يېڭىسار ناھىيە ئوچار يېزىسى 4 ـ كەنتتىكى ياش ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسىدىكى ئابدۇرېشىتقا 1985 ـ يىلىدىن بۇيان ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى، چېگرا رايون مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشكۈچى قاتارلىق شەرەپلىك ناملار بېرىلدى. يېقىندا ئۇ يەنە «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمانلىرىنى ئەھيا قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنىدا شەرەپلىك ھالدا قاتنىشىپ، «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمانلىرىنى ئەھيا قىلىش بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى. يەكەن ناھىيىسىدە 95 مىڭ 5 يۈزدىن ئارتۇق ياش ـ ئۆسمۈر ئەتىيازلىق ئورمان ئەھيا قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئورمىنىدىن جەمئىي 585 مو، ئىقتىسادىي ئورماندىن 4951 مو بەرپا قىلدى، 7 مىليون 550 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى. 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىدارىلار ئىتتىپاق كومىتېتى جەمئىي 1500 نەپەردىن ئارتۇق ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياشنى سەپەرۋەر قىلىپ، قەشقەر شەرقىي كۆل باغچىسىدا ئۇدا ئىككى كۈن «شەرقىي كۆل ياشلار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى» بويىچە خالىسانە ئەمگەككە قاتنىشىپ، يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت ـ قەشقەرنى گۈزەللەشتۈرۈشكە تۆھپە قوشتى.

(سۇلتان داۋۇت).

**[ياشلار ئائىلىسى قۇرۇش]** 1986 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ياشلار ئائىلىسى قۇرۇشنى ئىتتىپاقنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى قىلىپ تۇتۇپ، يېزا ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈردى. ياشلار ئائىلىسىنى پارتىيىنىڭ باي بولۇش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىدىغان، مەدەنىي تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدىغان مەركەز قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

يېزىلاردىكى ياشلار ئائىلىسىنىڭ دەرى-

جىمىنى ئاشۇرۇش مۇسابىقىسىدا ياشلار ئائىلىسىنى قۇرۇشتىكى بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ بارلىققا كەلدى، مەكىت ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «ئىلغار ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى» دېگەن نام بېرىلدى، يەكەن ناھىيە ئىگەرچى يېزا 23 - كەنتتىكى ياشلار ئائىلىسىگە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ياشلار ئائىلىسى» دېگەن نام بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى يەنى يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبە بازار يېزىسى تالبويى كەنتتىكى 9 ياشلار ئائىلىسىگە «لاياقەتلىك ياشلار ئائىلىسى» دەپ نام بەردى. بۇ ئارقىلىق ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىدىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(مۇتەللىپ توختى).

## [قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاياللار، باللار خىزمىتى توغرىسىدا بايان]

قەشقەر ۋىلايىتىدە 1986 - يىللىق ئاياللار، باللار خىزمىتىدە بىر قەدەر زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئۇ پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشتى.

بىرىنچى، «8-مارت قىزىل بايراقدارلىرى» ۋە «بەشتە ياخشى ئائىلەر»نى باھالاش-سايلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. «8-مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 88 مىڭ نەپەر «8-مارت قىزىل بايراقدارى» ۋە 3690 «بەشتە ياخشى ئائىلە» باھالاپ-سايلاپ چىقىلدى. ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئايال زاۋۇت باشلىقلىرى، ئايال مۇھاجىر قېرىنداشلار ۋەكىللىرى، ئايال زىيالىيلار، ئايال دېھقان ئەربابلاردىن 150 كىشى قاتناشقان تۆت سۆھبەت يىغىنىنى ئايرىم - ئايرىم چاقىرىپ، ھەر ساھە ئاياللىرىنى تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بېغىشلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. قەشقەر شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنى قوللىغان 32 نەپەر رەھبىرى كادىرنى تەقدىرلىدى. يەكەن ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى كۈنى تەشكىللىنىپ خالىسانە 1 مىليون 981 مىڭ 987 تۈپ كۆچەت تىكتى.

ئىككىنچى، كەڭ ئاياللار ئىلىم - پەن مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئاكتىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. مارالبېشى، پوسكام، يوپۇرغا ناھىيىلىرى ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرى ھەم كىتاب، گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىلىرىدىن 1002 نى قۇردى، ساۋات چىقارغان ئاياللار 17 مىڭ 760 كە يەتتى، ئاياللار، مۇشتىرى بولغان تۈرلۈك پەن - تېخنىكا كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىقلار 50 خىلدىن، سانى 150 مىڭدىن ئاشتى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى ئاياللارنى چارۋا - مال، پىلە بېقىشقا، دوپپا تىكىشكە، گىلەم توقۇشقا يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش قاتارلىق تېخنىكا ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. قاتناشقان ئادەم سانى جەمئىي 1000 دىن ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە يەنە 100 دىن ئارتۇق ئايال بېيجىڭ، سەيچۈەن، جياڭسۇ ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا توقۇش، پىچىش قاتارلىق تېخنىكىنى ئۆگىنىشكە باردى. كەڭ ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىلدى.

ئۈچىنچى، كەڭ ئاياللار تاۋار ئىگىلىكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشقا سەپەرۋەر قىلىنىدى. ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى مەملىكەت-

لىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ باۋدىگدا ئاچ-
قان يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل-
لاشتۇرۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئاياللارنىڭ تا-
ۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قاتنىشىشى
بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە يۇقىرى دولقۇن
قوزغىدى. قەشقەر شەھىرىدە ئىگىلىك باش-
قۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە 500 دىن ئارتۇق
ئايال، شەھەر رايونىنىڭ تاۋار بازارلىرىدا
پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. مارالبېشى نا-
ھىيىسىدە بىر تۈركۈم ئايال ماھىرلار بار-
لىققا كەلدى. 7585 نەپەر ئايال 64 خىل
كەسپىي ساھەدە ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلەن
شۇغۇللانماقتا.

تۆتىنچى، ئۆسمۈر - بالىلار خىزمىتىگە
يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. ۋىلايەت بويى-
چە يەسلى، بالىلار باغچىلىرى ئۈزلۈكسىز
مۇستەھكەملەندى، راۋاجلاندى ھەم يۈكسەل-
دى. يېزىلارنىڭ 30 پىرسەنتىدە مەركىزىي
بالىلار باغچىسى قۇرۇلدى. يەسلى، باغچا
تەربىيىسى خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن
ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئىككى قا-
رار يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش
كۇرسى ئاچتى، بىر ئائىلە باشلىقلىرى مەك-
تىپى قۇردى. ئائىلە باشلىقلىرى مەكتىپىدە،
بالىلارنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەش
ئۈچۈن مەسلىھەت بەردى. خىزمەت قىلىش
پائالىيىتى ئۈچ قېتىم ئېلىپ بېرىلدى، با-
لىلارنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەشكە
ئائىت 15 قېتىم لېكسىيە سۆزلەندى. ئالا-
قىدار تارماقلارنىڭ قوللىشى ھەم
ماسلىشىشى ئارقىسىدا ۋىلايەتلىك
ئاياللار بىرلەشمىسى ۋىلايەت بويىچە تۇنجى
قېتىملىق ئۆزلىرى ياسىغان بالىلار ئويۇن-
چۇقلىرى، ئوقۇتۇش سايمانلىرى كۆرگەزمىسىنى
ئاچتى. بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە
ياردەم بېرىش ئۈچۈن «1-ئىيۇن» بالىلار
بايرىمىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە، ۋىلايەت
بويىچە جەمئىي 5 مىڭ يۈەنلىكتىن ئارتۇق
ئويۇنچۇق سېتىۋېلىنىپ ھەر قايسى يەسلى،
باغچا تەشكىلاتلىرىغا تەقدىم قىلىندى، سەھىيە
تارماقلىرى 2 مىڭ نەپەر بالىنىڭ تەن-سالا-
مەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈردى. ھەر قايسى ناھى-
يە (شەھەر) لەر ھەم ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراش-
لىق ئورۇنلار «1-ئىيۇن» دا بالىلارغا 8200 يۈەن
پۇل تەقدىم قىلدى، ۋىلايەت 100 مىڭ يۈەن
ئاجرىتىپ، ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىككى چوڭ تىپ-
تىكى ئويۇنچۇق ئايروپىلان سېتىۋالدى.

(شۈي فىڭيى).

## [ئاساسىي قاتلام ئاياللار تەش-كىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش]

قەشقەر ۋىلايىتى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا
زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم-
لارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قاتلام ئاياللار
تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىنى ئەستا-
يىدىل كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام ئاياللار تەش-
كىلاتلىرىنىڭ ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلاش،
ئاياللارنى ئىشلەپچىقىرىش ھەم ئىجتىمائىي
پائالىيەتلەرگە تەشكىللەش، ئاياللار، بالىلار-
نىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش
قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولىنى جارى
قىلدۇردى.

بىرىنچى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش-
قا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدە
يېزا (بازار)، كەنت دەرىجىلىك ئاياللار تەش-
كىلاتلىرى ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم تەرتىپكە
سېلىندى، تەشكىلىي قۇرۇلۇش يەنىمۇ ئىلگىرى-
لەپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، رەھبەرلىك
بەنزىسى تەرتىپكە سېلىندى ھەم تولۇقلاندى.
ئاياللار خىزمىتى تۈزۈملىرى مۇكەممەل-
لەشتۈرۈلدى.

ئىككىنچى، يېڭى دەۋردە ئاياللار خىز-

مىتىنى ياخشى ئىشلەش تەجرىبىلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قاتلام ئاياللار خىزمىتى يېڭى تۈسكە كىردى. مارالبېشى، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرى يېزا-بازار كارخانىلىرىدا ئاياللارنىڭ باي بولۇش جەمئىيىتى، كەسپىي ئائىلىدىكى ئاياللارنىڭ دوستلىشىش جەمئىيىتى قاتارلىق تۈرلۈك يېڭى تىپتىكى ئاياللار تەشكىلاتلىرىنى پەيدىنپەي قۇرۇپ چىقتى، بۇ كۆندىلەڭ تەشكىلاتلار ھەم ئايال تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆز ئارا ئىستىتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى قويۇقلاشتۇردى ھەم ئاياللار بىرلەشمىلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاممىۋىلىشىشىنى كۈچەيتتى، ئۇ ئاياللار تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشتىكى بىر يېڭى تەرەققىيات بولدى.

ئۈچىنچى، ئايال كادىرلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلارغا قاتنىشىش نىسبىتى زورىيىپ، ئاياللارنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىدىكى رولى جارى قىلدۇرۇلدى. يەكەن ناھىيىسى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئومۇمەن يېزا(بازار)لىق ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى پارتكوم ھەيئەت ئەزاسىلىق شەرتىنى ھازىرلىغانلىكى بولسا ئۇلارنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارغا قاتناشتۇردى. كونىشەھەر، پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيىلەر ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارغا قاتناشمىغان ئاياللار بىرلەشمىلىرى مۇدىرلىرىنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ ئالاقىدار يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتناشتۇردى، پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى ئوقۇشقا بەردى، ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ پارتىيىسىز مۇدىرلىرىنى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە قاتناشتۇرۇپ، ئاياللار خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

تۆتىنچى، ئاساسىي قاتلام ئاياللار كادىرلىرىنىڭ تەمىنات مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئۇزۇندىن ناھىيىلەردە كەنت ئاياللار ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ كادىرلىرىغا ھەق بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئۇ ئادەتتە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك كادىرلارغا بېرىلگەن ھەقتىن تۆۋەن بولمىدى. كونىشەھەر ناھىيىسى ئالاقىدار سىياسەت، بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن پېنسىيىگە چىققان، دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى.

بەشىنچى، ئايال كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرلىرىنىڭ ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. 1986-يىلى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر تۈرلۈك تىپتىكى ئۆگىنىش كۇرسلىرىدىن 32 قارارنى، ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ئېچىپ، كەڭ ئاياللار كادىرلىرىنىڭ پەن-مەدەنىيەت، سىياسەت كەسپىي سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي ئۆستۈردى.

(گوشيۇجۇ).

**[قەشقەر ۋىلايىتىدە يېزا ئاياللار خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىلدى]** يېزا ئاياللىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئاياللارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى «يېرىم دۇنيا»لىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 1986-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە مەكىت ناھىيىسىدە يېزا ئاياللىرى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا ناھىيە (شەھەر) لىك ئاياللار بىرلەشمىلىرە-

نىڭ مۇدىرلىرى ھەم بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلىرى، يېزىلارنىڭ ئاياللار بىرلەشمىلىرى مۇدىرلىرى بولۇپ، جەمئىي 50 كىشى قاتناشتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، باش كاتىپى يولداش شىن ۋېيۇن ۋىلايەتلىك پارتكوم مەمۇرىي مەھكىمە نامىدىن سۆز قىلدى. يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر مەركەز ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدىكى قارارلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، مەملىكەتلىك ك-نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى 4-سانلىق ئىجرائىيە ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاياللار خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ھەم مۇزاكىرە قىلىندى. مەكىت ناھىيىسى قىزىلئاۋات يېزىدا ئەمگەك ئارقىلىق بېيىغان كەسپىي ئائىلىلەردىكى ھاشىمخان، ئايىنۇرخان ھەم يۇنەيلىگىنىڭ ئۆيلىرى ئېكىسكۇرسىيە قىلىندى. ھەممە ئۇلار باي بولۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئۆسمۈر-بالىلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى ۋە يانتاق يېزىسىنىڭ مەركىزىي بالىلار باغچىسى ئېكىسكۇرسىيە قىلىندى، بالىلارنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەشكە مەسلىھەت بېرىش پونكىتى، ئۆسمۈرلەر پائالىيەت پونكىتى قىرائەتخانىسى ۋە كەنت باشقۇرغان ئىككى بالىلار باغچىسى ئېكىسكۇرسىيە قىلىندى.

يىغىندا يېڭى دەۋردىكى يېزا ئاياللار خىزمىتى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىندى، ھەم مۇھاكىمە قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ كادىرلىرى يېڭى بىر يىل ئىچىدە كەڭ ئاياللارنىڭ يېزا ئىسلاھاتىدىكى «يېرىم دۇنيا»لىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پۈختا ھالدا تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە بەل باغلىدى.

(گو شېۋجۈ).

**[قەشقەر ئاياللىرىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش]** 80-يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن قەشقەر ئاياللىرىدا قانداق كۆز قاراش ھەم ئالاھىدىلىكلەر بارلىققا كەلدى؟ بىز بىر قىسىم ئىدارە، ئورۇنلارغا بېرىپ، مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ مۇنداق قاراشقا كەلدۇق: ئىسلاھاتقا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئاياللار ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتەك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىگەن.

بىرىنچى، ئاياللارنىڭ ئۆزىنى تاللىشى ھەم ئۆزىنى تونۇشى:

ئىسلاھات ئاياللارغا مۇسابىقە ئېلان قىلدى، نۇرغۇن ئائىلە ئاياللىرى جەمئىيەتكە ئاتلىنىپ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇردى. شەھەر، يېزىلاردا قابىلىيەتلىك زور بىر تۈركۈم ئاياللار ئىسلاھات دولقۇنىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، يېزىلاردىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىدا جانلىق قوشۇنغا ئايلاندى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا 2877 نەپەر ئايال ئەمگەك كۈچى بار، قېرى، ئاجىز، كېسەلمەن، ھېمىلارچىلاردىن باشقا 96% ئايال ئائىلە ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندى. بازار بويىچە 1986-يىلى ئاياللارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان باي ئائىلىلەر 147 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغىنى 39 ئائىلە، سودا بىلەن شۇغۇللانغىنى 27 ئائىلە، سانائەت، قاتناش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغىنى 18 ئا-

ئىلە، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 15 ئائىلە، قول سانائەت، پىششىقلاپ ئىشلەش، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغىنى 48 ئائىلە بولۇپ، ئاياللار دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، سودا - سانائەت، مۇلازىمەت، قول سانائەت قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىغا پائال ئاتلاندى، سېرىقبۇيا بازىرى ئۇزۇن تالالىق پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاياللار كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغانلىقى ئۈچۈن يىلمۇ - يىل مول ھوسۇل ئېلىندى. بۇ بازاردا يەنە مول چۈچۈكبۇيا بايلىق مەنبەسى بار، 20- كەنتتە جۇڭگو - ئامېرىكا شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان چۈچۈكبۇينى سۈنئىي ئۆستۈرۈش تەجرىبە پونكىتى تەسىس قىلىنغان. تېرىپ سىناق قىلىنىۋاتقان 350 مىڭ مو چۈچۈكبۇيا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاياللارنىڭ يۈرەك قېنى سىڭدۈرۈلگەن. كەڭ ئاياللار ئىجتىمائىي ئەمگەككە قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆزى تاللاشنى باشلىۋەتتى. يېزا ئاياللىرىدىن 400 كىشى ھەم شەھەر - بازار ئاياللىرىدىن 200 كىشىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىرى ئىقتىسادتا مۇستەقىل بولۇپ، ئەمگەكتە تايىنىپ باي بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىرىنىڭ 91.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى بىلدۇق. ئۇلار، ئاياللار ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزى مۇستەقىل بولۇش، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىنى كۈچەيتىش روھىنى تىكلىگەندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، دەپ بىردەك ھېسابلىدى.

ئىككىنچى، ئاياللاردىكى كەسىپ ھەم ئائىلىگە بولغان قاراشنىڭ ئۆزگىرىشى:

كەسىپ ۋە ئائىلىگە بولغان مۇئامىلە مەسىلىسىدە بىز 600 نەپەر ئايالنى تەكشۈردۇق، بىر ئانا ياكى بىر ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن ئائىلە ئەمگىكىم ئېغىرلاشتى دەپ قارايدىغانلار 96 پىرسەنتنى ئىگىلىدى، بۇلار ئىچىدە 87 نەپەر ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىي بىردەك مۇنداق دېيىشتى: ئايال يولداشلار ھەم كەسىپنى ياخشى ئىشلەش ھەم ئائىلە ئەمگىكىنى زىممىسىگە ئېلىشى لازىم، بۇ ھەقىقەتەن بەكمۇ جاپالىق، ۋاقىت ھەم زېھنى قۇۋۋىتىمىزنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. ئائىلە ئەمگىكىنىڭ پەيدىنپەي ئىجتىمائىيلىشىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىمىز. بۈگۈنكى كۈندىكى ئاياللاردا پائال يۇقىرىغا ئۆرلەش تەلىپى بار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆرەش نىشانىغا ئىگە. بىز زاۋۇت، كان، كارخانىلاردىكى 200 نەپەر ئايالنى تاللاپ تەكشۈردۇق، ئۇلارنىڭ 149 نەپىرى ئەر يولداشلارنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىمايدىكەن. ئۇلار غايىلىك، ئىرادىلىك بولۇپ، ئۈمىد، ئارزۇ - ھەۋەسلىرى بار ئىكەن، بۇلار ئىچىدە كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىدىغانلار 96 نەپەر، مەدەنىيەت، تېخنىكا ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغانلار 46 نەپەر، ئەدەبىيات - سەنئەتكە قىزىقىدىغانلار 38 نەپەر، تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك، توقۇش ئىشلىرىغا قىزىقىدىغانلار 20 نەپەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپلا قالماي گۈزەل تۇرمۇشنىمۇ قىزغىن سۆيىدىكەن.

ئائىلە مۇناسىۋىتىدە، ئاياللار ئەرلەر بىلەن كىشىلىك ئاپتىرىدىتى جەھەتتە باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن بەلكى كەسىپتىمۇ ئەرلىرى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە. مەسىلەن: مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدىكى ئاياللارنى ئاساس قىلغان 50 كەسپىي ئائىلە -

ىنىڭ 46 سى ئۆي ۋە مال - مۈلۈكنى ئاساسەن باشقۇرغۇچىلار بولۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا «ئايال جەڭلى» دەپ ئاتالغان، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئىناق ھەم مۇقىم، پەقەت تۆت ئائىلىدىلا ئەرلەرنىڭ دېگىنى ھېساب، بەزى چاغلاردا قاتتىق تاياق يەيدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئايال ئازابقا چىدىماي 1986- يىلى 4- ئايدا نىكاھتىن ئاجرىشىپ، ئەرلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان.

بىز تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر قىسىم ئايالالارنىڭ ناچار نەرسىلەرگىمۇ ئىنتىلىدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ چىرىك بۇرژۇئا تۇرمۇش ئۇسۇلىنى دوراپ، قارىغۇلارچە «مودا» قوغلىشىدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ماددىي مەنپەئەتنى زىيادە قوغلىشىدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا يۇقىرى ئىستېمالغا ئىنتىلىدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ مەسىلىسىگە ئانچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بىلەن چىقىشالمايدىغان نەرسىلەرنى قوغلىشىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. بىز بۇندىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلىشىمىز لازىم.

(گوشيۇ جۈ).

## [بەشتە ياخشى ئائىلە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى]

1986 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. ۋىلايەت بويىچە «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەر كۆپىيىپ 20 مىڭغا يەتتى. كۆپلىگەن «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئائىلىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئائىلە ئىستىلىنى ياخشىلاش، خەلق ئىستىلى ھەم جەمئىيەت كەيپىياتىنى ياخشىلاش، ئىناق ئىتتىپاق بولۇش ھەم ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا قېرىلارنى ھۆرمەتلەش، بالىلارنى ئاسراش، ئائىلىلەرنىڭ ئىناق، قوشنىلارنىڭ ئىتتىپاق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئەر - ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشى، كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەكىتلەندى. قەشقەر شەھىرى «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ، كوچا - مەھەللىلەر، زاۋۇت - كانلارغا زىچ ماسلىشىپ، زاۋۇت باشقۇرۇش بىلەن ئائىلە باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ياخشى ئائىلە ئىستىلىنى تىكلەشكە، مەدەنىيەتلىك، ساغلام، ئىلمىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئورنىتىشقا يېتەكلىدى، ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، بىر - بىرىگە ئىلھام بېرىدىغان، تولۇق ئىشقا چىقىپ، ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلايدىغان يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستى. يېڭىشەھەر ناھىيىسى «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەرنى باھالاش جەريانىدا، ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاق بىلەن فېئودالىزمنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنىڭ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىپ «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتى بىلەن سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى ئەخلاق بەرپا قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتىنى ياخشى قانات

يايدۇرغان پەيزاۋات، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەر يەنە تۈرلۈك ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئاچتى، «ئائىلە ئىلىم-پەن بىلىملىرى مۇسابىقىسى»، «ئائىلە ھۆسنخەت مۇسابىقىسى»، «ئائىلىلەردە بالىلارنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەش مۇھاكىمە يىغىنى» قاتارلىق «ئائىلە» نى مەركەز قىلغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. مەزمۇنى مول بولغان، ئامما ياخشى كۆرىدىغان شەكىللەر ئاممىنى مەدەنىيەتلىك، ساغلام، ئىلمىي تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىنتىلىشكە يېتەكلىدى. يېزىلاردا «بەشتە ياخشى» ئائىلە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن ئائىلىنى ئوبدان باشقۇرۇپ باي بولۇش بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئاۋات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، ماددىي، مەنىۋى، مەدەنىيەت تەڭ قەدەمدە راۋاجلانغان «قوش مەدەنىيەتلىك ئائىلىلەر»دىن 1287 سى بارلىققا كەلدى. بۇ ئائىلىلەر باي بولغاندىن كېيىن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم قىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسىيلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

(گوشيۇجۇ).

## [ئاياللار، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتى قوغدالدى]

ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئەرزىيەت ھەم قانۇن مەسلىھەتى ئېغىزىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاياللار، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى پائال قوغداپ، ھەر مىللەت ئاياللىرى ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ياخشى ئىش قىلىپ، كەڭ ئاياللار ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. بىر يىلدىن بۇيان جەمئىي ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر ھەم خەت-چەكلەردىن 786 ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋالدى ۋە بىر تەرەپ قىلدى. دۇرغۇنلىغان خەتلەردە بەزى ئاياللارنىڭ جىسمانىي زەربىگە، تىل-ھاقارەتكە ئۇچراۋاتقانلىقى، زىيانكەشلىككە، خورلۇققا ئۇچراش ھادىسىلىرىنىڭ بىر قەدەر ئېغىر بولۇۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ خورلىنىپ تالاق قىلىنىۋېتىشىنىڭ بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇۋاتقانلىقى ئىنكاس قىلىندى. نىكاھتىن ئاجرىشقۇچىلار يىلمۇ-يىل كۆپەيدى، بۇرۇنقى بەش يىلدا ۋىلايەت بويىچە نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى 47 پىرسەنتكە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يوپۇرغا ناھىيىسىدە 58 پىرسەنتتىن ئاشتى. ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردە خىزمەت ئىشلىدى: (1) شەھەرلىك سوت مەھكىمىسىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ئائىت 100 دېلونى تاللاپ چىقىپ ئانالىز قىلدى؛ (2) نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان 50 ئائىلىنى تەكشۈرۈپ، ئاجرىشىش سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلدى؛ (3) شەھەر-يېزىدىكى 600 ئائىلىلىك ئاياللارنىڭ قاراش جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنى، ئەر-ئاياللار مۇھەببىتى، نىكاھتا ماسلىشالماسلىق ئەھۋاللىرىنى جەدۋەل بېسىپ تارقىتىش، كۆچ تەشكىللەش ئارقىلىق تەكشۈردى؛ (4) «نىكاھ، ئائىلە تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەت تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دېگەن تېمىدا تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يېزىپ چىقىپ، كەڭ تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى؛ (5) ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، 100 ئائىلىلىك ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان ئائىلىلەر ئىچىدە، ئەرز-شىكايەت قىلغۇچى ئاياللار 60 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن، سەۋەبسىز ھالدا كۆپ قېتىم، تەكرار تالاق قىلىۋېتىلگەنلەر 20 پىرسەنتنى، ئەرلەر زورلۇق كۆچى ئىشلىتىپ، تاياق يېگەن ئاياللار 46 پىرسەنتنى ئىگىلىگەن. ئائىلىلەرنىڭ بۇ خىل بەختسىزلىكىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى، ئاساسەن «ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار» دەيدىغان چىرىك قاراش ۋە بىر قىسىم ياشلارنىڭ نادانلىقىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تاش سايىت بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى سىيىتنىسانىڭ تۇرمۇش قۇرغىنىغا 30 يىل بولغان. ئۇلارنىڭ بەش بالىسى بار، ئېرى ھەمىشە خوتۇنىنى ئۇرۇپ، تىللاپ خارلىغان، قىزىتىلغان قىسقۇچنى خوتۇنىنىڭ بىلىكىگە ياققان، خوتۇنىنىڭ يوتىسى ھەم جىنسىي ئەزاسىغا پىچاق تىققان، چاچلىرىنى يۇلغان، تېخىمۇ قەبىھ بولغىنى شۇكى، خوتۇنىنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۇنى باشقا بىر ئەر كىشى بىلەن بىر ئۆيدە بولۇشقا زورلىغان، ئايال بۇ ئىشقا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئەرز قىلغان، ئەھۋال ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئاياللار بىرلەشمىسى ئۇنىڭ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز-شىكايەت قىلىشىغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ قالدى. مەلۇم قىسمەندىكى بىر كادىر ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىدە ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن خوتۇنىنى تاشلىۋەتمەكچى بولىدۇ، ئۆز ئاققىچە بالىسىنى بېقىش راسخوتى بەرمەيدۇ. ئايال تەرەپ ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئەرز قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاياللار بىرلەشمىسى دەرھال ئەر تەرەپنىڭ ئىدارىسىغا خەت ئەۋەتىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. بىر يىلدىن بۇيان ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ساۋاتسىز ھەم قانۇن بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز ئاياللار ئۈچۈن 18 نۇسخا شىكايەتنامە، ئەرز خېتى يېزىپ بەردى، بەزى چاغلاردا ھەتتا سوتقا چىقىپ قانۇن بويىچە ئاياللارغا ۋاكالەتلىك قىلدى، ھەمىشە جامائەت خەۋپسىزلىك، تەپتىش، سوت قاتارلىق ئورۇنلارغا ھەمكارلىشىپ، ئاياللار، بالىلارنى خورلاش، ھاقارەتلەش، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. نىكاھ، مال-مۈلۈك، ۋارىسلىق، ياشانغانلارنى بېقىش، بېقىشقا ھاۋالە قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ئائىلە ماجرالىرىنى تەكشۈرۈپ ھەل قىلىپ، زىيانلانغۇچى ئاياللار ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلىدى.

ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق، مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق «ئاساسىي قانۇن»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «نىكاھ قانۇنى» ۋە «ئاياللار، بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە»نى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ھەرمىللەت ئاياللىرىنىڭ قانۇن قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، يامان ئادەم، يامان ئىشلارغا قارشى كۆرەش قىلىشىغا ياردەم بەردى ھەمدە ئاياللارنى ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىگە كۆيۈنۈش، ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، ئۆزىنى كۈچەيتىشكە چاقىرىپ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈردى.

(گو شيۇجۇ).

**[نىكاھ، ئائىلە تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىلدى]** نىكاھ — كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىش. ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى. ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمىغان نىكاھ، ئائىلە تۈزۈمى بولىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىلگىرىكى نىكاھقا چاتكىردۇ بىلىش، ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار بولۇش، ئاياللارنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش شۇنداقلا چاكىنا، فېئوداللىق نىكاھلىنىش ئەھۋاللىرى ئازادلىقتىن كېيىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ فېئوداللىق زەھەرلىرى تېخى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇلغىنى يوق.

ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ئائىت 100 دېلونى تاللاپ تەكشۈردى، نەتىجىدە مەسىلىنىڭ ئاساسەن، نىكاھ جەھەتتە ئىپادىلىنىۋاتقانلىقى ئىسپاتلاندى. نىكاھ ئاساسىنىڭ مۇقىم بولماسلىقى، ئىككى تەرەپنىڭ باشقىلار ئارقىلىق تونۇشقانلىقى، چۈشىنىشكەن ۋاقىتنىڭ قىسقا بولۇشى، ئالدىراپ-تېنەپ توي قىلىپ، تويدىن كېيىن ھېسسىيات جەھەتتە كېلىشەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىشكەن، مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نىكاھتىن ئايرىلىپ كەتكەنلەر 68 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ھازىر نىكاھتىن ئاجرىشىش ئومۇميۈزلۈك ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، يوپۇرغا ناھىيەسىدە نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى 58 پىرسەنتكە يېتىدىكەن. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، شىكايەت قىلىپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ 60—70 پىرسەنتى ئاياللار، بۇنىڭ سەۋەبلىرى: بىرىنچىسى، نىكاھقا چاتكىردۇ بىلىش، ئىككىنچىسى، ئالدىراپ - تېنەپ توي قىلىش، ئۈچىنچىسى، ئۈچىنچى كىشى ئارىلىشىۋېلىش. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە قوش نىكاھلىنىش، نىكاھ يېشى تولماي تۇرۇپ نىكاھلىنىش، يېقىن تۇرۇق - تۇغقانلار نىكاھلىنىش قاتارلىق قانۇنسىز نىكاھلارمۇ بارلىققا كەلدى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، مارالبېشى ناھىيەسىدە 1986 - يىلى نىكاھلانغۇچىلار 3850 جۈپ بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە نىكاھ يېشىغا تولماي تۇرۇپ نىكاھلانغانلار 92 جۈپ، يېشى ئەڭ كىچىكلىرى 14 ياش؛ يېقىن تۇرۇق - تۇغقان تۇرۇپ نىكاھلانغۇچىلار 31 جۈپ. «ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار» بولۇش ۋىلايەت بويىچە يەنىلا بىر قەدەر ئېغىر. قەشقەر شەھىرىدىكى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان 50 ئائىلىدە ئاياللارنى ئۆز مەيلىچە ئۇرۇش، تىللاش، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، ئۇلارنى خورلاش ئەھۋاللىرىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقى بايقالدى. مەسىلەن: ياۋاغ باشقارمىسىدىكى خەيرىنىگۈل سىرتقا مېھماندارچىلىققا بېرىپ كېچىكىپ كەلگەندە، ئېرى ھېيت مۇسا ئۇنىڭ تىزىغا ئۇرۇپ ناكار قىلغان، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ياتقان بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمىغان، تەكشۈرۈش ئارقىلىق يارىلانغان جايىنىڭ يارىسىنىڭ ئېغىرلىشىپ راكقا ئايلانغانلىقى، ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقى ئېنىقلاندى.

ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ھۈجەيرىسى، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى بېقىشى، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى ھەقلىق ئىش. لېكىن رېئال

تۇرمۇشتا ئۇنداق ئەمەس. ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەكشۈرگەن 240 نەپەر ياشنىڭ 218 نەپىرى ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا بىر قەدەر سەل قارايدىكەن. بەزى پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىسىغا قول سوزۇپ پۇل تاما قىلىدىكەنۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى ئويلىمايدىكەن؛ بەزىلىرى ھەتتا ئاتا - ئانىسىنى «يۈك» دەپ قاراپ تاشلىۋېتىكەن ياكى خورلىغان. 1986 - يىلى ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ياشانغانلارنى خورلاش دېلوسىدىن 37 نى قوبۇل قىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەيلەننىڭ ئوغلى ھەمىشە 83 ياشلىق ئانىسىنى ئۇرۇپ تىللايدىكەن. بۇنداق مەسىلىلەر جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى نىكاھ، ئائىلە مەسىلىسىنى توغرا، ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئالاقىدار تارماقلارغا زىچ ماسلىشىپ، نۆۋەتتە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، نىكاھ قانۇنىنى ئومۇميۈزلۈك تەشۋىق قىلىشى ھەم ئىزچىللاشتۇرۇشى، نىكاھ، ئائىلە مەسىلىسىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

(گوشيۇجۇ).

**[ئەرلەر ئېزىدۇ، ئاياللار خار بولۇش — ئائىلىنىڭ بۇزۇلىدىغان مۇھىم ئامىلى]** ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ قانۇندىن مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىسى 1986 - يىل 6 - ئايدا قەشقەر شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدە نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ئائىت 100 دېلونى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئەرلەر ئېزىدۇ، ئاياللار خار بولۇشنىڭ ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ئائىت بۇ 100 دېلونىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسىي سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە: بىرىنچىسى، ئەر تەرەپتە خاتالىق بار، زىددىيەت پەيدا قىلغان، بۇ ئەر - خوتۇنلۇق مۇھەببەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى پەيدا قىلغان؛ ئىككىنچىسى، ئەر تەرەپ باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، خوتۇنىنى تاشلىۋېتىش مەقسىتىدە، ئامالىنىڭ بارىچە ئايال تەرەپنى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىيىنىغان ھەم قىستىغان؛ ئۈچىنچىسى، ئەر تەرەپ زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ خوتۇنىنى ئۇرغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرەلمەي نىكاھتىن ئاجراشقان. بۇ ئەرلەر ئېزىدۇ، ئاياللار خار بولۇشتەك چىرىك قاراشنىڭ نىكاھ مەسىلىسىدىكى ئىنكاسىدۇر. قەشقەر شەھىرىدىكى قاراشلىق تۆت كوچا باشقارمىسىدىكى ئاھالىلەردىن ئاياللارنى ئۇرۇپ - تىللايدىغان، كەمسىتىدىغان، ناپۇت قىلىدىغان ھادىسىلەر بىر قەدەر ئېغىر. ئازات ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدىكى يەككەسودىگەر مەھەممەت ياسىن ھەمىشە شائخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆزىگە باشقا لايىق تاپقانلىقتىن كۆپ قېتىم باھانە تېپىپ خوتۇنىنىڭ ئەجەللىك يەرلىرىگە قاتتىق ئۇرۇپ، 21 يېرىنى يارىلاندۇرغان، بۇنىڭ بىلەن خوتۇنى يېرىم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئوسمان مۇسانىڭ توي قىلغىنىغا 17 يىل بولغان بولۇپ تۆت بالىسى بار ئىدى، ئۇ يەنە بىر قىز بىلەن توي قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم پىچاق كۆتۈرۈپ ھويلىدا

خوتۇنىنى قوغلاپ، زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان. جانقورغان ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى تۇي قىلغىنىغا 35 يىل بولغان بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ بەش بالىسى بار بولسىمۇ، ئەر تەرەپ ھەجگە بېرىپ كەلگىچە خوتۇنىنىڭ خۇداغا سادىق بولمىدى دېگەن باھانىسىنى تېپىپ، يېقىنقى 2-3 يىل ئىچىدە ئۈچ قېتىم تالاق قىلغان، قانۇن بويىچە ئاجرىشىشقا ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن خوتۇنىغا بېرىلگەن ئۆيىنى ئۇ زورلۇق كۈچى ۋاستىسىنى قوللىنىپ مەجبۇرىي ئىگىلىۋالغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جەمئىيەتتە بىر قىسىم ئەرلەر خوتۇنلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىدىكى «مال - مۈلۈك» قىلىۋېلىپ، خوتۇنىنى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ «ھوقۇقى» دەپ ھېسابلىماقتا. بۇ خىل ئەرلەرنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق ئىدىيىسى جەمئىيەتنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرىشى لازىم.

ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ جەمئىيەت ھۈجەيرىسىنى ساغلام ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بىر غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، «ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار» دېگەن كونا قاراشنى تەلتۆكۈس تۈگىتىپ، ئەر-ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشتەك سوتسىيالىستىك يېڭى خىسلەتنى تېخىمۇ ياخشى تىكلىشىمىز لازىم.

(گوشيۇجۈ).

**[جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزى جەنۇبىي شىنجاڭ يەسلى، باغچا تايانچىلىرى كۇرسى ئېچىشقا ماددىي ياردەم بەردى]** ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باغچا، يەسلى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزى 24 مىڭ يۈەن پۇل ياردەم قىلدى. 1986-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇر يەسلى، باغچىلىرى تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش يۈزىسىدىن ئۈچ ئايلىق كۇرس ئاچتى. ئۆگىنىشكە قاتناشقان كۇرسانتلارنىڭ ئەڭ چوڭى 35 ياش، ئەڭ كىچىكى 17 ياش بولۇپ، ئوتتۇرىچە يېشى 26 ياش، ئۇلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە.

تەربىيىلەش مەزگىلىدە جۇڭگو بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋۇبىيچۈ، مەسلىھەتچىسى لىن جامىي، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ يۈجې، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بالىلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گوييۈيۈەن قاتارلىق رەھبەرىي يولداشلار ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئوقۇتقۇچىلار، كۇرسانتلار ۋەكىللىرى بىلەن سەمىمىي سۆزلەشتى.

(شۇفېڭيى).

**[يولداش ماھنۇر قاسىمنىڭ قەشقەر شەھەرلىك 7 - ۋە 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا يازغان خېتى]** قەشقەردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن — قەشقەر شەھەرلىك 7-، 4-باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىسى بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوستلىشىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغانلىقىغا بەش يىل تولۇش ھارپىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى،

ئاپتونوم رايونلۇق ئاپىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى يولداش ماھىنۇر قاسىمغا بىرلىشىپ خەت يازدى، خەتتە بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ بەش يىل مابەينىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوستلىشىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى دوكلات قىلىنىدى. يولداش ماھىنۇر قاسىم خۇشاللىق بىلەن ئۇلارغا جاۋاب خەت يازدى. جاۋاب خەتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

قەشقەر شەھەرلىك 7 - مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە 4 - خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى كىچىك دوستلار، سۆيۈملۈك بالىلار:

ياخشىمۇسىزلەر! خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، سىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش يولىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغانلىقىڭلار، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە شۇنچە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغانلىقىڭلاردىن، يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوستلىشىش پائالىيىتى ئېلىپ بارغانلىقىڭلارنىڭ بەش يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى ئاچماقچى بولغانلىقىڭلاردىن خەۋەر تاپتىم. مەن ھەقىقەتەن خۇشال بولدۇم، سىلەرنى ۋە سىلەرنىڭ ئۇستازلىرىڭلارنى چىن قەلبىمدىن قىزغىن تەبرىكلەيمەن، چوڭ يىغىنىڭلارنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن!

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىزنىڭ شىنجاڭدا 1 - دەرىجىلىك مۇھىم بولغان چوڭ ئىش، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشىغا ۋە «تۆت لەشتۈرۈش» قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ ئىشلارغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، ئۇ خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. سىلەر تىككەن «دوستلۇق دەرىخى» گە ئوخشاش، بۈك - باراقسان ئۆسكەن چوڭ دەرەخنىڭ يىلتىزى بولسىلا ئۇنى كەلكۈن سۈيى ئېقىتىپ كېتەلمەيدۇ. ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭنى ئېچىش ئۈچۈنمۇ بىر يىلتىز كېرەك، بۇ يىلتىز مۇستەھكەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت. بۇ يىلتىز قانچە چوڭقۇرلاشسا، ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى شۇنچە كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

سۆيۈملۈك بالىلار، سىلەر بىر چوڭ ياخشى ئىش قىلدىڭلار، سىلەرنىڭ موماڭلار، بوۋاڭلار، داداڭلار، ئاناڭلار ۋە تاغاڭلار، ھەدەڭلەر شۇنداقلا سىلەر بىلەن تەڭ دىيەتتىكى دوستلىرىڭلار، ساۋاقداشلىرىڭلار سىلەرنى قوللايدۇ ھەم ماختايدۇ! سىلەرنىڭ «دوستلۇق دەرىخى» تىكىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، «دوستلۇق دەرىخى» نى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىپ ھەم ئاسراپ، تېخىمۇ شانلىق «دوستلۇق گۈللىرى» نى ئېچىلدۇرۇشىڭلارنى، دوستلۇق گۈلىنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز ئىشىنىمىزكى، پورەكلەپ ئېچىلغان دوستلۇق دەرىخى چوقۇم مول شېرىن «دوستلۇق مېۋىلىرى» نى بېرىدۇ.

بايرىمىڭلارنىڭ يېتىپ كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار فوندى جەمئىيىتى سىلەرنىڭ ئىككى مەكتىپىڭلارغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 500 يۈەندىن سوۋغات ئەۋەتىش ئارقىلىق سىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭلارغا ئىلھام بېرىدۇ ھەم قوللايدۇ. سوۋغات ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭغا سىڭگەن مېھرى - مۇھەببەت چوڭقۇر، ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. سىلەرنىڭ ياخشى ئۆگىنىپ، ھەر كۈنى يۇقىرى ئۆرلەپ، چوڭ بولغاندا ۋەتەنگە ياراملىق خادىملارغا ئايلىنىشىڭلارغا تىلەكداشمەن.

موماڭلار: ماھىنۇر

(شۇفىنگىيې).

**[باللار تەربىيىسى ئەھۋالىدىن بايان]** 1986 - يىلى باللار تەربىيىسى راۋاجلاندى، ۋىلايەت بويىچە باللارنىڭ يەسلىگە كىرىش نىسبىتى 32.5 پىرسەنتكە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.8% ئاشتى.

باللار تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ۋىلايەتتە باللار تەربىيىسى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىلىپ، ۋىلايەت بويىچە باللار تەربىيىلەش خىزمىتى يەكۈنلەندى. باللار تەربىيىسى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مارالبېشى، پەيزاۋات قاتارلىق بەش ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى تەقدىرلەندى ھەم مۇكاپاتلاندى. بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە يېڭىدىن باللار باغچىسىدىن 100 نەچچىسى كۆپەيدى. باغچا، يەسلى خادىملىرىدىن 100 نەچچە نەپەر كۆپەيدى. كەڭ يېزىلاردىكى باغچا، يەسلى خادىملىرى باللار تەربىيىسى ئىشلىرىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلمەكتە، ۋىلايەت بويىچە 50 دىن ئارتۇق يېزا يەككە باللار ئوقۇتقۇچىسى ئۆز خىراجىتى بىلەن ئائىلە باللار باغچىسى قۇرۇپ، يېزا باللىرىنىڭ ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشتى.

باللار تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەت يەنە ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك ھەم ئاپتونوم رايوندىكى ئۆزى ياسىغان ئويۇنچۇق، ئوقۇتۇش سايمانلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشقا تاللاپ ئەۋەتتى، سەككىز نەپەر يېزا باغچا، يەسلى خادىمىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى ئاچقان مەللىي باغچا، يەسلى خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا تاللاپ ئەۋەتتى. ئۇلار ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

(شۈ فىڭيى).

**[قەشقەر ۋىلايىتىدىكى باغچا، يەسلى تەشكىلاتلىرى ياسىغان ئويۇنچۇق، ئوقۇتۇش سايمانلىرى كۆرگەزمە قىلىندى]** قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، مائارىپ باشقارمىسى، پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى 1986 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە بىرلىشىپ، باغچا، يەسلىلەرنىڭ ئۆزلىرى ياسىغان ئويۇنچۇق، ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەزمە قىلدى. كۆرگەزمىگە ۋىلايەت بويىچە كەڭ باغچا، يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كونا، كېرەكسىز ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، كۆڭۈل قويۇپ ياساپ چىققان 600 دىن ئارتۇق باللار ئويۇنچۇقى ھەم ئوقۇتۇش سايمىنى قويۇلدى، ئۇ مۇتىدىن كېيىن يەسلى، باغچا تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ياراتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن يەسلى، باغچا باشقۇرۇش روھىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن تەكرار غۇلغۇلا، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئويۇنچۇق، ئوقۇتۇش سايمانلىرى ياسىشتىكى جەمئىي 15 ئىلغار كوللېكتىپ باھالاپ چىقىلدى، 30 بويۇم شەخسىلەرنىڭ ياسىشى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 25 بويۇم 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 35 بويۇم 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ھەمدە 1 - دەرىجىلىك قىلىپ مۇكاپاتلانغانلاردىن 20 نى تاللاپ، ئاپتونوم رايونىدىكى ئۆزلىرى ياسىغان ئويۇنچۇق، ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ-باھالاش كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، باھالاش

# قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بالىلار يەسلىسى باغچىلىرى (سىنىپلىرى) نىڭ ئاساسىي ئەھۋالى جەدۋىلى

1986 - يىللىق ستاتىستىكا

| | | | |
|---|---|---|---|
| 4085 | جەمئىي | | يەسلى، باغچا تەشكىلاتى سانى |
| 16 | ئېمىتىش ئۆيى | | |
| 181 | بالىلار يەسلىسى | | |
| 1153 | بالىلار باغچىسى | | |
| 2342 | ئارىلاش باغچا، يەسلىلەر | | |
| 393 | يەسلى سىنىپى | | |
| 130464 | جەمئىي | | يەسلىگە كىرگەن بالىلارنىڭ سانى |
| 121331 | بۇنىڭ ئىچىدە مىللىيلار | | |
| 52126 | جەمئىي | ئۈچ ياشقا كىرمىگەنلىرى | |
| 48477 | بۇنىڭ ئىچىدىكى مىللىيلار | | |
| 73338 | جەمئىي | تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلار | |
| 72854 | بۇنىڭ ئىچىدىكى مىللىيلار | | |
| 441583 | جەمئىي | | ئوقۇش يېشىدىن ئىلگىرىكى بالىلارنىڭ سانى |
| 410672 | بۇنىڭ ئىچىدىكى مىللىيلار | | |
| 261639 | جەمئىي | ئۈچ ياشقا كىرمىگەنلىرى | |
| 243324 | بۇنىڭ ئىچىدىكى مىللىيلار | | |
| 179944 | جەمئىي | تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلار | |
| 167347 | بۇنىڭ ئىچىدىكى مىللىيلار | | |
| 29.5% | بارلىق يەسلىگە كىرگۈچىلەر نىسبىتى | | يەسلىگە كىرىش پىرسەنتى |
| 27.4% | بۇنىڭ ئىچىدىكى مىللىيلار | | |
| 19.9% | يەسلىگە كىرىش نىسبىتى | ئۈچ ياشقا كىرمىگەن بالىلار | |
| 17% | بۇنىڭ ئىچىدىكى مىللىيلار | | |
| 43.5% | يەسلىگە كىرىش نىسبىتى | تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان بالىلار | |
| 41.5% | بۇنىڭ ئىچىدىكى مىللىيلار | | |

ئارقىسىدا، قەشقەر 4-باللار يەسلىسى ياسىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى خەلق ئويۇنچۇقى «يىپ توپ» ئاپتونوم رايوننىڭ 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك باللار يەسلىسى ياسىغان ئويۇنچۇق «تۆگە» ئاپتونوم رايوننىڭ 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. قەشقەر 3-ترانسپورت شىركىتى باللار باغچىسى، قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى باللار باغچىسى، قەشقەر 2-باللار باغچىسى، قەشقەر 4-باللار باغچىسىنىڭ تۆت بويۇمى ئاپتونوم رايوننىڭ 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇندىن باشقا، قەشقەر 4-باللار باغچىسىنىڭ «يىپ توپى» مەملىكەتلىك ئۆزى ياسىغان ئويۇنچۇق، ئوقۇتۇش سايمانلىرى كۆرگەزمىسىدە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ۋىلايىتىمىزدىن بەي ۋېي قاتارلىق 24 يولداش ئۆزى ياسىغان ئويۇنچۇق، ئوقۇتۇش سايمانلىرىدا شەخسىلەر بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئالتە باللار باغچىسى كوللېكتىپ ياساش بويىچە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

(شۇ فىڭيى).

**[قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 1986-يىللىق «8-مارت» قىزىل بايراقدارلىرىنىڭ ئىسىملىكى]** ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىش، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئۆزىنى ئاكتىپ بېغىشلاشتەك نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنى تەقدىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تۆۋەندىكى 62 نەپەر يولداشقا «8-مارت» قىزىل بايراقدارى دېگەن نامنى بېرىشنى قارار قىلدى.

| | |
|---|---|
| جاۋ يىخىڭ | قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇ باشقارمىسى |
| نەجىمە روزى | قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى |
| ياڭ جىڭ | قەشقەر خەلق بانكىسى |
| بىيەن فىنخۇڭ | قەشقەر يىپەكچىلىك فابرىكىسى |
| پەن لىخى | ۋىلايەتلىك 2-ترانسپورت شىركىتى |
| مېھرىگۇل | ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى |
| رۇقىيەم | ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر شىپاخانىسى |
| جاڭ شۇلەن | ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى |
| رەيھان قادىر | ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى |
| يۈ شۆجېن | قەشقەر 10-باشلانغۇچ مەكتەپ |
| مۇكەررەم | قەشقەر سىفەن شۆيۈەن |
| جاڭ يۇخۇا | ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى |
| فاڭ يىجۈ | قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم |
| نىگى | ۋىلايەتلىك ئەدلىيە باشقارمىسى |
| رىزىۋان | ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى |
| ئايىنىسا ئۆمەر | قەشقەر سىفەن مەكتىپى |
| بۈۋەجەر | قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى |
| ليۇ شىنيۇ | قەشقەر پاختا-كەندىر شىركىتى |
| پاتىگۈل ھامىت | قەشقەر يۇڭ-تېۋىت زاۋۇتى |

| | |
|---|---|
| تاۋشۈشۈەن | ۋىلايەتلىك خەلق بانكىسى |
| لى جەنيۈن | قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى |
| ئايشەم قەييۇم | ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى |
| تۇرسۇنگۈل ھەسەن | قەشقەر تىببىي مەكتەپ |
| مەرەمنىسا توختى | قەشقەر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| نۇخان مەممەت | قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزا 9 - كەنت |
| لى تيەنۋېي | قەشقەر شەھەرلىك باسما زاۋۇتى |
| ھورنىسا ئەمەت | قەشقەر شەھىرى ياۋاغ ئىش باشقارمىسى |
| تۇخان موللاق | مەكىت ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى |
| گۈلنىسا نۇرمەك | مەكىت ناھىيە ياتتاق يېزىسى |
| ھاشىمخان مەترېھىم | مەكىت ناھىيە 6- يېزىسى |
| ۋاڭ شيۇجۈ | يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى |
| ئايىمخان | يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان يېزىسى |
| بۇ ئاشىمخان | يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىرىق يېزىسى |
| خەيرىنىگۈل | كونىشەھەر ناھىيە قوغان يېزىسى |
| باۋمىن | كونىشەھەر ناھىيىلىك بانكا |
| ئۇمىد بارات | كونىشەھەر ناھىيە پاختەكلى يېزىسى |
| بەختى | تاشقورغان ناھىيە دەپتەر يېزىسى |
| بىگىممەت | تاشقورغان ناھىيە تىزناپ يېزىسى |
| تۇرنىساخان | يېڭىسار ناھىيە بازار يېزا 8 - كەنت |
| ھېيتىگۈل ھامىت | يېڭىسار ناھىيە ماڭشىن يېزا 10 - كەنت |
| گۈەن يۈيىڭ | يېڭىسار ناھىيىلىك سودا شىركىتى |
| ئايىمخان كېرىم | يەكەن ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى |
| جەن شۇشەن | يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى |
| نۇرگۈل باھاۋۇدۇن | يەكەن ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت |
| تىللا ئىسلام | يەكەن ناھىيە ئىگەرچى يېزا |
| زۇلەيخان سايىم | پوسكام ناھىيە گۈلباغ يېزا |
| تۇرسۇنخان مەممەت | پوسكام ناھىيە ژىما يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى |
| سېيتنىسا ھوشۇر | پوسكام ناھىيىلىك 3- باشلانغۇچ مەكتەپ |
| ليۇخۇيشا | قاغىلىق ناھىيىلىك بانكا |
| تۇخان يۇنۇس | قاغىلىق ناھىيە يېتىملىقۇم يېزا 16-كەنت |
| ئايتىللا سېيىت | قاغىلىق ناھىيە بارىن يېزىسى |
| ئىمىنىسا | يوپۇرغا ناھىيە يوپۇرغا يېزىسى 5 - كەنت |
| ئايىمنىساخان | يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزا 6 - كەنت |
| قەمبەرنىسا ھوشۇر | يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە يېزا 6 - كەنت |
| ۋاڭ شاۋۋېي | مارالبېشى ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ |

# سىياسىي قانۇن

## «ئىككىگە زەربە بېرىش» نىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ يەنىمۇ ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرەيلى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تىلىۋالدى توختى

ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايىي ھەرىكىتىگە قەتئىي زەربە بېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ مۇقىم ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش — سىياسىي ساھەدىكى جىددىي كۈرەش. ئۇ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاش، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىش ۋە خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدا چىڭ تۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈچ يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر، زىيان سالغان جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشى، بىر تۇتاش تەشكىللىشى، بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشى ۋە كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا قانۇن بويىچە ئېغىر، تېز زەربە بېرىش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، مەخسۇس كۈرەشنى كىرىشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشنى قوللىنىپ، ئۆزلۈكسىز يىغىۋېلىش

| | | | |
|---|---|---|---|
| نىسرەتخان | مارالبېشى ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزا | خەيرىنساخان تۆمەر | پەيزاۋات ناھىيە مەشا يېزىسى |
| ئىللاخان | مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا 14-كەنت | ھاجىنسا ئوسمان | پەيزاۋات ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ |
| نۇرئەلاخان | مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا 5 - ئاھالىلەر كومىتېتى | مائېنشىڭ | پەيزاۋات ناھىيىلىك پارتكوم |

(شۇفىگىيى) .

ۋە قولغا ئېلىش بىلەن كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى يولغا قويۇپ، زەربە بېرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر زىيان سالغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە ۋە ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە باشتىن - ئاخىرغىچە قاراتتى. ئومۇمىي دائىرىدە لەيلەپ قالغان جەمئىيەت داشقاللىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. چوڭقۇر يوشۇرۇنۇۋالغان بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر شايكىلىرىنى قېزىپ چىقتى. 1986 - يىلى، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە مەركەزلىك ھالدا زەربە بېرىشتە يەنە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ۋىلايەت بويىچە تەستىقلىنىش ئارقىلىق قولغا ئېلىنغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى يىغىۋېلىنغان ۋە قولغا ئېلىنغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 33.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . بىۋاستە ئېيىبلانغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى يىغىۋېلىنغان ۋە قولغا ئېلىنغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 4.16 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە تەستىقلانغانلار يىغىۋېلىنغان ۋە قولغا ئېلىنغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 0.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، يىغىۋېلىنىپ تەكشۈرۈلگەن خادىملار يىغىۋېلىنغان ۋە قولغا ئېلىنغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 61.59 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يىغىۋېلىنغان ۋە قولغا ئېلىنغان ئومۇمىي ئادەم سانى ئىچىدە نۇقتىلىق زەربە بېرىشكە ياتىدىغان جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى 48 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى . بۇنىڭ بىلەن ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلۇپ، لۈكچەكلىك، قاتىللىق، باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق قاتارلىق ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق جازا بېرىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى

ۋە مال-مۈلۈكلىرىنىڭ ئامانلىقى كاپالەتلەندۈرۈلدى. كىشىلەرنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى. جەمئىيەت ئامانلىقىدىكى ئۈچ يىلدىن بۇرۇنقى نورمالسىز ھالەت كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلدى.

ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تولۇق تايىنىپ قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلغانلىقتىن پۈتكۈل خىزمەتلەر ئوڭۇشلۇق ۋە ساغلام ئېلىپ بېرىلىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنىڭ مۇساپىسىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئۈچ ھالقىنى تۇتتۇق:

— مەخسۇس ئورگانلار بىلەن ئاممىۋى لۇشيەننى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردۇق. ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، بىز ئەنزە ئېچىپ رازۋېتكا قىلىش، ئەنزە پاش قىلىش، قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش، ئەيىبلەشتىن تارتىپ سوتلاشقىچە، پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىدىكى ھەر بىر تارماقنىڭ كەسپىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى بويىچە قانۇن قوراللىرىنى ئىشلىتىشنى، دۈشمەنگە دەل جايىدا زەربە بېرىپ، جىنايەتچىلەرنى جازالاپ خەلقنى قوغداشنى

باشتىن - ئاخىرغىچە تەكشىلەپ كەلدۇق، شۇنىڭ بىلەن تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ئاھايىتى ياخشى ۋەزىيەت راۋاجلاندى.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ ئۆزى، يېڭى تارىخىي مەزگىلدىكى مەخسۇس ئورگانلار بىلەن ئاممىۋى لۇشيەنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنىڭ كونكرېت تەدبىقلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇزاققىچە تىنچلاندۇرۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئازايتىشنىڭ كۈچلۈك تەدبىرى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ۋىلايىتىمىزنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش داۋامىدا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىش بىلەن بىللە ھەر قايسى سەپ تارماقلارغا ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كۈچلىرىگە تولۇق تايانغۇق ۋە بۇ كۈچلەرنى ئىشقا سالدۇق. شۇنىڭ بىلەن جايلار ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يېزا قائىدىسى ۋە خەلق ئەھدىنامىسى تۈزەش، ئامانلىق مەسئۇلىيەت بويىچە ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ياردەم بېرىش ۋە تەربىيىلەش تەشكىللىرىنى قۇرۇش، قانۇن ساۋادىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. يۇقىرىدىقى خىزمەتلەرنى ئىشلەش جەريانىدا، ئاممىغا تايىنىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىدى، ئازغان ياش ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋالدى. كەڭ كادىرلار ۋە ئامما قانۇننى ئۆگىنىپ، قانۇننى بىلىپ، قانۇننى چۈشىنىپ، قانۇن ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر تەرەپتىكى ئاكتىپ ئامىللار تېخىمۇ ئوبدان قوزغىتىلىپ، جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئازايتىلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش داۋامىدا پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سىياسىي قانۇن، مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيەۋى، مەدەنىيەت ۋە تەربىيە بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۈزەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش بولسا، ھەر خىل جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش، ئازغانلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى، شۇنداقلا ھەر ساھە كۈچلىرىگە تايىنىپ، جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى.

ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قانۇن بويىچە ئېغىر، تېز، قاتتىق زەربە بېرىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردۇق. 1983 - يىلى 8 - ئايدىن بۇيان، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا بىز قانۇن بويىچە «ئېغىر، تېز» زەربە بېرىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرغانلىقىمىزدىن ھەر خىل جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلدى، ئەمەلىيەت بۇ فاڭجېننىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، بىز شۇنى ھېس قىلدۇقكى، قانۇن بويىچە ئېغىر، تېز زەربە بېرىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا پۇختا، توغرا، قاتتىق بولۇش، توغرا بولۇش-

نى ئاچقۇچ قىلىش كېرەك. پۇختا بولۇش دېگەنلىك — «قاتتىق زەربە بېرىش» داۋامىدا، كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرۈش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش، سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ، كۆپ خىل بىر تەرەپ قىلىش ۋاستىلىرىنى توغرا قوللىنىش، سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتا ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ، پۇختا ۋە مۇۋاپىق ئىشلەشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم، دېگەنلىك. توغرا بولۇش دېگەنلىك — زەربە بېرىش نۇقتىسى ۋە زەربە بېرىش ئوبيېكتى توغرا بولۇش لازىم، دېگەنلىك. قاتتىق زەربە بېرىش جەريانىدا بەلگىلەنگەن زەربە بېرىش ئوبيېكتلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشتا، پاكىتلىرى ئېنىق، دەلىل - ئىسپاتلىرى تولۇق بولغان بولۇش، پاكىتلىرى توغرا بولۇش، خاراكتېرىنى بېكىتىش، توغرا بولۇش، بىر تەرەپ قىلىش توغرا بولۇشى لازىم، دېگەنلىك. قاتتىق بولۇش دېگەنلىك - ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىشتە زەربە بېرىشنىڭ جىددىيلىكى ۋە قەتئىيلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇش، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەن بولۇش لازىم، دېگەنلىك. توغرا بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىلا، ئاندىن پۇختا بولۇش بىلەن قاتتىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، توغرا بولۇش ئاچقۇچ، توغرا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كۈچ سەرپ قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، تاشقى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق بىلەن بىر ۋاقىتتا يېتەكچى ئىدىيە، رەھبەرلىكنىڭ زېھنى كۈچى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كۈچلەرنى تەشكىللەش جەھەتلەردە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشى داۋامىدا ھەم قوماندانلىق قىلىپ ھەم ئۆزلىرى بىۋاسىتە سەپكە ئاتلىنىپ، ئەنزە بېجىرىشكە قاتنىشىپ، خىميانەتچىلىك، ئوغرىلۇق، ئەتكەسچىلىك، ئەتكەس ماللارنى سېتىش، ھايانكەشلىك، ئالدامچىلىق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1986 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە قوبۇل قىلىنغان ئىقتىسادىي ئەنزە 117 پارچە، ئېچىلغان ئەنزە 70 پارچە بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.5% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ ئەنزە ۋە مۇھىم ئەنزە 17 پارچە بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13% كۆپەيدى. يىل داۋامىدا ئاخىرلاشتۇرۇلغان ئەنزە 69 پارچە بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 35.3% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم ئەنزە 16 پارچە بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 45.5% كۆپەيدى. ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىپ، پائال تۈردە زالىق پۇللارنى تۆلىتىپ ئېلىش ئارقىلىق، دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئۈچۈن 490.864 يۈەن ئىقتىسادىي زىياننى قايتۇرۇۋېلىندى. بۇ، ئىقتىسادىي زىياننىڭ 71 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 136% كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭ ياخشى

ۋەزىيىتى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندى.

ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكىتىگە ۋە ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغاندىن بېرى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ توغرا فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار رەھبەرلىكنى كۈچەيتكەنلىكى ۋە ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىپ ئاكتىپ ئىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىمىزنىڭ مۇنداق ياخشى بولۇشى، كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئۈچۈن ياخشى خىزمەت مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ يارىتىلىشى، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكىتىگە ۋە ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتكە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرغانلىقىمىزدىن ئايرىلمايدۇ. لېكىن، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز لازىمكى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئامانلىق ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى تېخى تەكشى ئەمەس. بەزى جايلاردا يول توساپ بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئېقىپ يۈرۈپ ئەنزە تۇغدۇرۇش، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەر قېچىپ كېتىش ياكى يېڭىدىن جىنايەت سادىر قىلىش ئەھۋاللىرى يەنىلا ساقلانماقتا، بىز بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز، بەپەرۋالىق قىلىپ بوشىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىشىمىز، نۆۋەتتە جەمئىيەت ئامانلىقىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال ۋە جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكىنى چوقۇم ئەستايىدىل تەھلىل-تەتقىق قىلىپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكىتىگە داۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ خورىكىنىڭ يەنە ئۆسۈپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز لازىم. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى بىر قانچە خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە دىققەت قىلىشىمىز لازىم:

1. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى قانۇن بويىچە ئېغىر، تېز زەربە بېرىش فاڭجېنىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش لازىم. مەملىكەت خاراكتېرلىك «قاتتىق زەربە بېرىش» ئۇرۇش ئوپېراتسىيىسى گەرچە غەلىبىلىك ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش كۈرىشى يەنىلا ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ. بىز قانۇن بويىچە ئېغىر، تېز، قاتتىق زەربە بېرىش فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، يەنىلا مەركەز بەلگىلەپ بەرگەن يەتتە خىل ئوبيېكتنى زەربە بېرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشىمىز لازىم. چوڭ-چوڭ ئوغۇرلۇق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، لۈكچەكلىك ۋە زوراۋانلىق جىنايى ھەرىكىتىگە كۈچ تەشكىللەپ زەربە بېرىشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش لازىم، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى ئۆز ئارا ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىشى، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەن نەق ئەنزىلەردىن بىرى يۈز بەرسە بىردىنلا پاش قىلىپ، ۋاقتىدا ئېنىقلاش ۋە سوتلاشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. زەھەرلەندۈرۈش، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، ئالدامچىلىق قاتارلىق چوڭ ئەنزىلەرنى پاش قىلىش نىسبىتىنى 90 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇشى، چوڭ-چوڭ

ئوغۇرلۇق ئەنزىلىرىنى پاش قىلىش نىسبىتىنى 80 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇشى، تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرى بۇ خىل ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

2. ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتكە داۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتنىڭ ئېغىرلىقلىقى، خەۋپلىكلىكىگە ۋە ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتكە زەربە بېرىشنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى، «بىرىنچىدىن، قەتئىي بولۇش، ئىككىنچىدىن، ئېھتىياتچان بولۇش، چوقۇم توغرا ئىشلەش» فاڭجېنى بويىچە، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى كۈچنى توپلاپ، چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى، پۇختا ۋە توغرا ئىشلىشى، تېز بېجىرىپ، تېز ئاخىرلاشتۇرۇشى لازىم. ئەنزە بېجىرىشتە، پۇقرالار قانۇن ئالدىدا بىردەك باپ - باراۋەر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مەيلى قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرىدىكەن، قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇشى لازىم.

3. ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى پارتىيە سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، جىنايەت بىلەن جىنايەت ئەمەسلىكنىڭ چەك - چېگرىسىنى توغرا پەرقلەندۈرۈپ ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشى لازىم. خىزمەت جەريانىدا بىر تەرەپتىن زەربە بېرىش، بىر تەرەپتىن ئالدىنى ئېلىش، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش تەلىپىنى ئەستايىدىل ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان ئادەملەرگە سىياسەت، قانۇن تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ جىنايىتىنى تونۇپ، قانۇنغا بويسۇنۇپ ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى پائال ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ مۇقىم ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

4. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان «قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشنى قوغداش توغرىسىدىكى قارار»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇنىي قورالنى ئىشلىتىپ، ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ بولغان بارلىق ھەرىكەتكە قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى لازىم.

خەلقنى قوغداش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، جىنايەت سادىر قىلغانلارنى جازالاش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بولسا، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋە-

زىيىنى، بىز جەمئىيەت ئامانلىقىنى تەرتىپكە سېلىشنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكىتىگە ۋە ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

**[جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش . قېلىپلىشىش ، تۈزۈملىشىشكە قاراپ يۈكسەلدى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتى 1986 ـ يىلى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش يۆنىلىشىگە قاراپ يۈكسەلدى، جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىك مۇداپىئە تورى كۈنسايىن مۇكەممەللىشىپ، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم توسۇش، جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى بارغانسېرى جارى قىلدۇرماقتا.

ھازىر ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەت ، ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار)، كەنتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك ئورۇندا پارتكوم (ياچېيكا) رەھبەرلىكىدىكى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، بىخەتەرلىك، قوغداش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ھەم ئامانلىقنى قوغداش ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ھەممىسى ئازغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ھەم يامان ئىش، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلىرى بار كىشىلەرگە تەربىيە بېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى، ھەممىسى ئاساسىي قاتلام ئامانلىق ساقلاش، مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىدا بولغان كونكرېت رەھبەرلىككە ئەھمىيەت بەردى ھەم ئۇنى كۈچەيتتى، ھەممىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق قويۇپ بېرىلگەنلەرگە بولغان تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە ھەم ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەنگەن خادىملارنىڭ قوشۇمچە تەربىيىسىگە دىققەت قىلىشقا، شۇنداقلا ئېقىپ يۈرگەن ئاھالىلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى.

ھازىر ۋىلايەت بويىچە 11 مىڭ 197 كىشى تۆت دەرىجىلىك ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، 48 مىڭ 473 ئورۇن بىلەن بىخەتەرلىك قوغداش توختامى ئىمزالىدى، 53 مىڭ 672 دېھقان ئائىلىسىگە نىسبەتەن بىخەتەرلىكنى قوغداش بويىچە مەسئۇلىيەت ، كۆتۈرۈشنى يولغا قويدى؛ 5007 كىشى تەربىيىلەش ئوبيېكتى قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئازغان ياشلار ، ئۆسمۈرلەر 4896 نەپەر . تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تەربىيە بېرىش، تەسىرلەندۈرۈش، قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتى ئارقىلىق تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ 84 پىرسەنتى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن توختىدى، بۇلارنىڭ 43.1 پىرسەنتى ئەمگەك ماھىرلىرى ھەم قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرالارغا ئايلاندى. كۆپ شەكىل، كۆپ قاتلاملىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقاتى ھەم «تۆت تىن مۇداپىئەلىنىش» بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئالغانلار 4 مىليون 300 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم قارىشى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. بىر يىلدىن بۇيان، 1395 كىشى ئۆز جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ بويۇنغا ئالدى، ئاشكارا قىلىنغان جىنايەت يىپ ئۇچى 1023 كە يەتتى. دىجورنىلىق ھەم ئائىلە، ھويلا ـ ئاراملارغا قاراش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى ھەم يولغا قويۇلدى، ئاممىۋى چارلاش جەريانىدا تۇتۇۋالغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆت-

كۆزگەن ئۆنسۆرلار 400 دىن ئاشتى؛ ۋىلايەت
بويىچە 493 مىسك 284 شەھەر - يېزا
ئاھالىسى بىخەتەرلىك ئەھدىنامىلىرىنى
تۈزدى، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلغان
شەرەپلىك ئائىلىلەرنى باھالاپ چىقىش پا-
ئالىيىتى تۈزۈمگە ئايلاندى. 1986 - يىل
ئاخىرىغا كەلگەندە باھالاپ چىقىلغان قا-
نۇن - تۈزۈمگە رىئايە قىلغان ئائىلىلەر
شەھەر - يېزىلاردىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ
83 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ساقچىلار بىلەن
خەلق بىرلىشىپ مەدەنىيەتلىك ئورۇن
قۇرۇش پائالىيىتى يېڭى ئىلگىرىلەشكە
ئېرىشتى. مەدەنىيەتلىك ئورۇن بو-
لۇپ قۇرۇلغان مەكتەپ 1454 ، مەدەنىيەت-
لىك كوچا، كەنت - گۇرۇپپا 812 گە يەتتى.
ئېقىپ يۈرۈيدىغان 70% ئاھالىگە ۋاقىتلىق
تۇرۇش گۇۋاھنامىسى بېرىلىپ، باشقۇرۇش
دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

ھازىر ۋىلايەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ
تۈزەش خىزمىتى بويىچە يېڭى ۋەزىيەت
بارلىققا كەلدى. ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش-
نى ياخشى يولغا قويغان يېزىلار، يو-
پۇرغا، يەكەن ناھىيىلىرى 1986 - يىلدا
يىگىدىن يۈكسىلىپ ماڭدى، پوسكام ناھ-
يىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش-
نى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەشنىڭ ئاساسىي مەز-
مۇنى قىلدى، ناھىيە بويىچە «مىللەتلەر بىر
ئائىلىدەك يېقىن ئىتتىپاقلىشىش، جەمئىيەت
تىنچلىقىدا يېڭى كەيپىيات بارلىققا كە-
لتۈرۈش» تەك خۇشاللىنارلىق مەنزىرە بار-
لىققا كەلدى. مەكىت ناھىيىسى ئومۇملاشتۇ-
رۇپ تۈزەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مە-
نىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي
پىلانىغا كىرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك ئىدى-
يە ئارقىلىق مەدەنىيەت بازىسىنى ئىگە-
لەش خىزمىتىنى گەۋدىلىك تۇتۇپ، تىنچ
بولماسلىق ئامىللىرىنى زور دەرىجىدە
ئازايتتى. قەشقەر شەھىرى دەرۋازا ئالدى-
دىكى (ئامانلىق ساقلاش، كۆكەرتىش، تازى-
لىق) ئۈچ ئىشنى ھۆددىگە بېرىشتەك
مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا
قويۇپ، مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇشنى زور
دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى.

(جاڭ جەن).

**[قەشقەر ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكى-
مە ھال سوراش ئۆمىكى باھار باي-
رىمى ھارپىسىدا ئەمگەك بىلەن ئۆز-
گەرتىش (ئەمگەك بىلەن تەربىيەلەش)
ئورۇنلىرىدىن ھال سورىدى]** 1987-يىلى
1 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە،
ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ھال
سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ ۋىلايەت بويى-
چە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش (ئەمگەك بى-
لەن تەربىيەلەش) ئورۇنلىرىغا بېرىپ، ئەم-
گەك بىلەن ئۆزگەرتىش (ئەمگەك بى-
لەن تەربىيەلەش) 1 - سېپىدە كۆ-
رەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت كادىر، ساق-
چىلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ھەم مە-
دانلاردا تۇرۇشلۇق قوراللىق ساقچى قىس-
مىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەردىن ھال سو-
راش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى.

ھال سوراش ئۆمىكى ۋىلايەتلىك پارت-
كوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى، ج خ باشقار-
مىسى شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى، ئوتتۇرا
خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە باشقارمى-
سى ھەم قوراللىق ساقچى قىسىم شۆبە ئەت-
رىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن
تەشكىللەندى ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ
مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋىلايەتلىك پارت-
كوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ

شۇجىسى يولداش ئىملۋالدى توختى
ئۈمەكنىڭ باشلىقى بولدى، ۋىلايەتلىك
پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئا-
ۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە جخ باشقارما
پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش لىيۇ-
گېنچىڭ مۇئاۋىن ئۈمەك باشلىقى بولدى.
هال سوراش ئۈمىكى قارمىقىدا ئۈچ شۆبە
ئۈمەك تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا سىياسىي
قانۇنىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدىكى مەس-
ئۇل يولداشلار باشلامچىلىق قىلدى. ئۇلار
پەيلو، قاراقىلچىن، قالىغۇچ ئەمگەك بى-
لەن ئۆزگەرتىش شۆبە ئەترەتلىرىگە ھەم
قەشقەر ئۈسمۈر جىنايەتچىلەرنى ئەمگەك
بىلەن تەربىيىلەش ئورنى، قەشقەر ئەم-
گەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا بېرىپ
هال سورىدى.

ھەر بىر هال سوراش ئۈمىكى ھەر بىر جايغا
بارغانھامان هال سوراش چوڭ يىغىنلىرىنى
ئېچىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي
مەھكىمىنىڭ هال سوراش خەتلىرىنى ئو-
قۇپ ئۆتتى، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا
لەۋھە تەقدىم قىلدى، كىنو قويۇپ بەردى.
سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ پىكىر ئالدى.
هال سوراش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق چۆل-
جەزىرىلەردە ئىشلەۋاتقان، خىزمەت ھەم
تۇرمۇش شارائىتى بىر قەدەر جاپالىق بول-
غان كەڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتكۈچى
(ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىگۈچى) كادىر-
ساقچىلار ھەم قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ
كوماندىر-جەڭچىلىرى چوڭقۇر ئىلھاملاندى.
كۆپچىلىكنىڭ جاسارەت بىلەن خىزمەت قىلىپ،
ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش (ئەمگەك بى-
لەن تەربىيىلەش) ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزى-
يىتىنى يارىتىشتەك سىياسىي قىزغىنلىقى تې-
خىمۇ ئۇرغىدى، كۆپچىلىك مۇنداق دېيىش-
تى: بۇ قېتىمقى باھار بايرىمىدا ۋىلايەت-
لىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە هال سو-
راش ئۈمىكى ئەۋەتىپ بىزنى يوقلىدى.
ئۇ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە بول-
غان سەمىمىي غەمخورلۇقى، بۇ بىزنى قاتتىق
ھاياجانلاندۇردى. بىز پارتىيە ۋە خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە بولغان ئۈمىدىنى ھەر-
گىز يەردە قويماي، مۇندىن كېيىن چوقۇم
«ئۆزگەرتىش بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئىك-
كىنچى» ۋە «تەربىيىلەش، تەسىرلەندۈرۈش،
قۇتقۇزۇۋېلىش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىز-
چىللاشتۇرۇپ، ئۆزگەرتىلىدىغان، تەربىيىلە-
نىدىغان خادىملارنى قانۇن بويىچە، قاتتىق،
ئىلمىي ۋە مەدەنىيەتلىك باشقۇرۇپ ئۆز-
گەرتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى قوش ھۆد-
دىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا
قويۇپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسىي
ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئىرىشىپ
ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش،
ئۆزگەرتىش، تەربىيىلەش مەيدانىنى تۆت-
لەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملارنى
يېتىشتۈرىدىغان ھەم تەربىيىلەيدىغان «ئالا-
ھىدە مەكتەپ» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، گۈل-
لەنگەن، باي، يېڭى قەشقەر قۇرۇپ چىقىش
ئۈچۈن ئۆز تۆھپىمىزنى قوشىمىز.

(ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن
كومىتېتى).

**[ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش جېڭى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى]**

1986 - يىلى پۈتۈن مەملە-
كەت مىقياسىدىكى ئۈچ يىللىق «قاتتىق
زەربە بېرىش» جېڭىنىڭ ئاخىرقى يىلى
بولدى. شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە قانۇن
بويىچە ئېغىر، تېز بىر تەرەپ قىلىش
فاڭجېنى داۋاملىق چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇ-
رۇلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت-

لەرنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ زىچ ماسلىشىشى ئارقىسىدا بارلىق ج خ كادىر-ساقچىلىرى داۋاملىق جەڭ قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈۋاتقان ھەم تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاخشاتقۇچ زەربە بەردى. قولغا ئېلىنغان تۈرلۈك جىنايەتچى ئۇنسۇرلار يىلبويى تەكشۈرۈپ چىقىلغان دېلودىكى جىنايەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە جەھەتتىكى ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى 48 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ۋىلايىتىمىزدە «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشى جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ روشەن ياخشىلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىخەتەرلىك ھېسسىياتىغا ئېرىشىپ، ئىلگىرىكى جەمئىيەت ئامانلىقى نورمالسىز بولۇشتەك ئەھۋاللار ئۆزگەرتىلىپ، تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاندى.

بىز 1986- يىلى «قاتتىق زەربە بېرىش»كۈرىشىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش جەريانىدا. ئۆز رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلدۇق، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ مەخسۇس كۈرەشنى قىستۇرما قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، چوڭ، مۇھىم دېلولارنى پاش قىلىشنى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى قىلدۇق. ئوغۇرلۇققا قارشى تۇرۇشنى مەركەز قىلغان دېلو پاش قىلىش جەڭلىرىنى ئېلىپ بېرىپ تۆت قېتىملىق مەخسۇس كۈرەشتە جەمئىي تۈرلۈك دېلولاردىن 684 نى پاش قىلدۇق، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ دېلودىن 47 سى بار. بۇ ئارقىلىق «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنىڭ جەڭ مېۋىلىرى كېڭەيدى. كۈرەش تاكتىكىسى جەھەتتە جانلىق، ئېپچىل بولۇشتەك تاكتىكا قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا تارقاق قولغا ئېلىش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرلەشتۈرۈپ زەربە بېرىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى ئاممىغا ئىلھام بېرىش، دۈشمەننى تىترىتىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى داۋاملىق مۇقىملاشتۇرۇشتەك ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

(جاڭجەن).

**[ئۆزگەرتىلىدىغان، تەربىيىلىنىدىغان خادىملار ۋە قاماقتىكى جىنايەتچىلەرگە سىياسىي ھۇجۇمنى قانات يايدۇرۇش]** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ج خ نازارىتى، ئەدلىيە نازارىتىنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىدىن 400 دىن ئارتۇق كادىر- ساقچى ئاجرىتىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەر قايسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش، بالا جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنى ۋە قاماقخانىلار، يىغىۋېلىش پونكىتلىرىغا ئەۋەتىلدى، ئۇلار 1985- يىلى 12- ئايدىن باش-

لاپ، تۆت ئايغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدىغان، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىدىغان خادىملار (تۆۋەندە ئۆزگەرتىلىدىغان، تەربىيىلىنىدىغان خادىملار دېيىلىدۇ) ۋە باشقا قاماقتىكى جىنايەتچىلەر ئارىسىدا قالدۇق جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر قېزىش، يېڭى جىنايەتلىرىنى تاپشۇرۇش، ئۆزگىرىش، قانۇنغا بويسۇنۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان كۈچلۈك سىياسىي ھۇجۇمنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، قالدۇق جىنايەتنى چوڭقۇر قېزىش، «قاتتىق زەربە بېرىش» جەڭ ھېيۋىسىنى كېڭەيتىشتەك ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بىرىنچى، ئىقرار قىلىپ تاپشۇرۇش، پاش قىلىش، ئاشكارىلاش پائالىيىتى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ھەر قايسى ئورۇنلار سىياسىي ھۇجۇمدا، ئۆزگەرتىلىدىغان، تەربىيىلىنىدىغان خادىملار ۋە قاماقتىكى باشقا جىنايەتچىلەرگە قارىتا بىر قەدەر سىستېمىلىق قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، پارتىيە سىياسىتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا 400 نەپەر جىنايەتچى تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ يىپ ئۇچىدىن 1724 نى تاپشۇردى ھەم پاش قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ دېلوغا ئائىت يىپ ئۇچى 54، بۇ دېلولارنىڭ يىپ ئۇچلىرى ئىچىدە 60-يىللار، 70-يىللارغا ئائىت يىپ ئۇچلىرى بار، كۆپىنچىسى 80-يىللارغا ئائىت بولۇپ، قېزىش دائىرىسىنىڭ چوڭلۇقى ھەم چوڭقۇرلۇقى يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئۇ بىر قەدەر چوڭقۇر يوشۇرۇنغان جىنايەتچىلەرنى قېزىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

ئىككىنچى، زور بىر تۈركۈم دېلولار پاش قىلىنىپ، بىر قەدەر چوڭقۇر يوشۇرۇنغان جىنايەتچىلەر قانۇن بويىچە تېگىشلىك جازالاندى، سىياسىي ھۇجۇمدا پاش قىلىنغان تۈرلۈك دېلولارنىڭ يىپ ئۇچلىرىغا نىسبەتەن ج خ كادىر-ساقچىلىرى تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۆز ۋاقتىدا تەشكىللەندى، ھازىر پاش قىلىنغان ئامانلىق ساقلاشقا ئائىت دېلو 104 كە يەتتى، كېسىم مۇددىتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن توقۇپ چىقىلغان يالغان دېلودىن 131 ى ئېنىقلاندى؛ پاش قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلوسى 892 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ دېلو 29 بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە بىر يىل ئىچىدە پاش قىلىنغان ئومۇمىي دېلونىڭ سانىغا ئاساسەن تەڭلەشتى.

ئۈچىنچى، سىياسەت كەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. سىياسىي ھۇجۇم جەريانىدا ئىقرار قىلغان، پاش بولغان مەسىلىلەر تەكشۈرۈلۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئاساسىدا ئىككى قېتىم سىياسەتنى كەۋدىلەندۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى. ئاشكارىلاش، پاش قىلىشتا خىزمەت كۆرسەتكەن 110 نەپەر جىنايەتچى ئۈچۈن كېسىم ۋاقتىنىڭ قانۇن بويىچە قىسقارتىلغانلىقى جاكالاندى، كۆپ بولغاندا بەش يىل، ئاز بولغاندا بىر يېرىم يىل قىسقارتىلدى. ئىككى كىشى شەرتلىك ھالدا قويۇپ بېرىلدى، بىرەيلەن مۇددىتىدىن بۇرۇن قويۇپ بېرىلدى، 25 كىشى ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەتنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى جاكالاندى. 108 كىشىنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى قايتا سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان بولدى. يالغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ، ھۆكۈمەتنى ئالداپ، سىياسىي ھۇجۇمغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان تۆت نەپەر تىپىك جىنايەتچىگە كېسىم ۋاقتىنى ئۇزارتىش چارىسى كۆرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن

ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىگۈچى خادىملار تېخىمۇ خاتىرجەم بولۇپ تەربىيىنى قوبۇل قىلدى، تەربىيىلىنىشتىن بالدۇراق ئازاد بولۇشقا تىرىشتى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى جىنايەتچىلەر ئىستىقبالى، چىقىش يولىنى ئېنىق تونۇۋېلىپ، تۆۋە قىلىپ يېڭى ئادەم بولىدىغانلىقىنى، ئۆزگىرىشنى كۈچەيتىپ، بالدۇراق تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق يېڭى كىشىلەردىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

(گۇيىڭمىڭ).

**[ج خ تارماقلىرى تاشقى ئىشلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى]**

مەركەزنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا، 1986- يىلى 5- ئاينىڭ 1- كۈنى قەشقەرنىڭ خونجىراپ ئېغىزى 3- دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ج خ ئورگانلىرى چەتئەللىكلەر ھەم چېگرىدىن كىرىپ-چىققۇچى باشقا كىشىلەرنى باشقۇرۇش جەريانىدا پارتىيىنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە جانلاندۇرۇش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇردى. بىر يىلدىن بۇيان 48 دۆلەت ھەم رايوندىن كەلگەن چەتئەللىكلەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېندىن كەلگەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ئۈچۈن چېگرىدىن كىرىشكە تەزىملاش رەسمىيىتىنى ئۆتىگەنلەر 13 مىڭ 928 كىشىگە يەتتى. بۇ ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى 1985- يىلدىكىدىن 88.7% ئاشتى؛ چېگرىدىن چىقىشقا ئىلتىماس قىلغان 2511 كىشىگە رەسمىيەت ئۆتەپ بېرىلدى. بۇ، 1985- يىلدىكىدىن 94.3% ئاشتى؛ تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگوغا كەلگەن 766 نەپەر چەتئەللىك ئۈچۈن رەسمىيەت ئۆتەپ بېرىلدى. بۇ، 1985- يىلدىكىدىن 168.7% ئاشتى. ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ تاشقى ئىشلارنى باشقۇرۇش تارماقلىرى دۆلەتنىڭ ئىززەت-ئىكرامىنى ساقلاپ، چېگرىدىن كىرگەن چەتئەللىكلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق- مەنپەئىتىنى قوغداپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈردى، ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ھەم دوستلۇقنى كۈچەيتتى. 1986 - يىلى چەتكە چېتىلىدىغان تۈرلۈك دېلولاردىن 144 ى تەكشۈرۈلۈپ، 233 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇ، 1985 - يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3.66 ھەسسە ھەم 4.41 ھەسسە ئاشتى. چەتكە چېتىشلىق دېلو يۈز بەرسە، ئاكتىپ، ئەستايىدىل بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ، قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بىر يىلدىن بۇيان چەتكە چېتىشلىق دېلولارنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىش نىسبىتى 99.3 پىرسەنتكە يەتتى. ئېلىمىزنىڭ ئامانلىق ساقلاش قانۇن - تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغان چەتئەللىكلەرگە نىسبەتەن، بىز قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قانۇن بويىچە، ئاگاھلاندۇرۇش، جەرىمانە قويۇش، تەكشۈرۈشنامە يېزىش، كاپالەت بېرىشكە بۇيرۇق قىلىش قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان چارىلارنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا يەنە ئەستايىدىللىق بىلەن قانۇن بويىچە جۇڭگولۇقلارنىڭ چېگرىدىن كىرگەن چەتئەللىكلەرنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن دېلولىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدۇق.

(ئەن سىشاڭ).

**[ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىدا ئورمانچىلىق ج خ بۆلۈمى قۇرۇلدى]** پارتىيىمىزنىڭ ج خ خىزمەت لۇشيەنى، فاڭجېنى، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئورمانچىلىق رايونلىرىدا بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئې-

لىش، ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى بىخەتەرلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى، 1986 - يىل 9 - ئايدا ئورمانچىلىق ج خ بۆلۈمچىسى قۇردى. ئورمانچىلىق ج خ بۆلۈمچىسى سىستېمىلار بىلەن رايونلارنى بىرلەشتۈرۈش، رايوننى ئاساس قىلىشتەك قوش رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى، كادىرلار - ساقچىلارنىڭ پارتىيە تەشكىلىي تۇرمۇشى، مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە تۇرمۇش پاراۋانلىقى جەھەتلەردە ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى ئاساسلىق بولىدۇ. ج خ كەسپىي خىزمىتىدە ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى ئاساسلىق بولىدۇ.

(چې ۋېنروڭ).

**[ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە ئىلگىرىلەش بولدى]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش ئورگانلىرى ئېغىر ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە داۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى قوغداشتا يېڭى تۆھپە قوشتى.

بىر يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى دېلو بېجىرىدىغان «چەۋەنداز» كۈچلەرنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھوجۇمغا ئۆتۈپ، رەھبەرلەر قوماندانلىق قىلىشنى يولغا قويۇپ، چوڭ، مۇھىم دېلولارنى شەخسەن ئۆزى بېجىرىپ كەلدى. مەسىلەن: يوپۇرغا، يەكەن، يېڭىسار، قاغىلىق، پەيزاۋات، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدىكى باش تەپتىش ۋە مۇئاۋىن باش تەپتىشلەر تۈرلۈك كاشىلا، توسقۇنلۇقلارنى تۈگىتىپ، بىر تۈركۈم چوڭ ۋە مۇھىم دېلولارنى پاش قىلىپ، دېلو بېجىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى كاپالەتلىك قىلىپ، ۋىلايەت بويىچە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە كۆرۈنەرلىك جەڭ نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە تەپتىش تارماقلىرى ئىقتىسادىي دېلودىن جەمئىي 177 نى قاراپ چىقتى، 70 دېلو تۇرغۇزۇلدى، ئۇ 1985 - يىلدىكىدىن 4.5% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم دېلولار 17 بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 13% ئاشتى. يىل ئىچىدە ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولار 69 بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 35.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، مۇھىم دېلولار 16 بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 45.5% ئاشتى. ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش، زاك ماللارنى پائال قايتۇرۇۋېلىش ئارقىلىق دۆلەت ۋە كوللېكتىپقا 490 مىڭ 864 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان قايتۇرۇپ بېرىلدى، ئۇ ئىقتىسادىي زىياننىڭ 71 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ، 1985 - يىلدىكى تۆلىتىۋېلىنغان زىيان 208 مىڭ 249 يۈەندىن 136% ئاشتى. ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە ئالاھىدە زور ئىقتىسادىي دېلولارنى پاش قىلىشتا بۆسۈپ ئۆتۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. بىر يىلدىن بۇيان، 50 مىڭ يۈەندىن 100 مىڭ يۈەنگىچە ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغان ئالاھىدە زور ئىقتىسادىي دېلولار ئارقا - ئارقىدىن تەكشۈرۈپ پاش قىلىنىپ، بىر تەرەپ قىلىندى. مەسىلەن: قاغىلىق ناھىيىلىك پاختا كەندىر شىركىتىدىن خۇاڭ ۋېيمىن، توختى روزى قاتارلىق كىشىلەر شېرىكلىشىپ

200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا
خىيانەت قىلغان. مارالبېشى
ناھىيىسىنىڭ ئالاغىرىيېزىلىق ئامانەت-قەرز
كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرى ئوبۇلقاسىم بىلەن
كەسپىي بۆلۈمدىكى ھوشۇر قۇرباننىڭ بىر
مىليون 180 مىڭ يۈەنلىك ئالاھىدە چوڭ
ئىقتىسادىي دېلوسى ۋىلايەت، ناھىيە دەر-
ھال تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ چوڭقۇر
تەكشۈرۈپ، دەلىل-ئىسپاتلارنى ئىگىلەپ،
توسقۇنلۇقلارنى تۈگەتكەن ئەھۋال ئاستىدا
پاش قىلىندى. بۇ يېڭى چەك نەتىجىلىرى
بىر ئۈچۈم ئەشەددىي ئىقتىسادىي جىنايەت-
چىلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىپ، قەشقەر
ۋىلايىتىدىكى خەلق تەپتىش ئورگانلىرى-
نىڭ ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە
بېرىش كۈرىشىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.
(ۋۇجۇن).

**[قانۇن - ئىنتىزام، تەپتىش خىز-
مىتى]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ
ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى ئىقتى-
سادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت مۇ-
شۇ بىر مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، قانۇن -
ئىنتىزام، تەپتىش خىزمىتىنى پائال قانات
يايدۇردى، ۋىلايەت بويىچە قاراپ چىقىل-
غان قانۇن - ئىنتىزام دېلوسى 108 گە يەت-
تى، بۇنىڭ ئىچىدە دېلو تۇرغۇزۇلغىنى 22
بولۇپ، 1985-يىلدىكىدىن 46.6% ئاشتى؛ شى-
كايەت قىلىنغىنى 14 بولۇپ، 1985 - يىلدى-
كىدىن 27.2% ئاشتى، تۇرغۇزۇلغان دېلولار
ئىچىدە ھوقۇقتىن نامۇۋاپىق پايدىلىنىش
دېلوسى 17، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك
قىلىش دېلوسى 3، باشقىلىرى ئىككى بولۇپ،
قانۇن - تۈزۈم جەھەتتە تەپتىش قىلىشنى قا-
نات يايدۇرۇش ئارقىلىق، پۇقرالارنىڭ قانۇ-
نى ھوقۇق-مەنپەئىتى قوغدالدى، دۆلەتنىڭ
قانۇن - تۈزۈمى چىڭىتىلدى، ۋىلايەت بويى-
چە پارتىيە ئىستىلى ۋە جەمئىيەت ئىستىلى-
نىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

قانۇن - تۈزۈم تەپتىش خىزمىتىنى كۈ-
چەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش
مەھكىمىسى قانۇن - تۈزۈم تەپتىش خىزمى-
تى يىغىنىنى ۋاقتىدا چاقىردى، ھۆججەتلەر-
نى يەتكۈزۈپ ھەم ئۆگىنىپ، تەجرىبىلەرنى
يەكۈنلەپ، يىللىق خىزمەتلەرنى كونكرېت
ئورۇنلاشتۇردى، ھەر دەرىجىلىك تەپتىش
ئورگانلىرىمۇ بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت
بەردى. ھەممىسىدە بىر نەپەر رەھبەر قا-
نۇن - تۈزۈم تەپتىش خىزمىتىگە مەسئۇل
بولدى، قانۇن - تۈزۈم تەپتىش ئورگانلىرى
كۈچەيتىلدى ھەم تولۇقلاندى. ئىلگىرىكى
«دېلولارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈش»
ئىستىلى ئۆزگەرتىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بى-
لەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاساسىي قاتلاملارغا بې-
رىپ دېلو بېجىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، «مۇ-
ناسىۋەت تورى كەڭ، مۇھاپىزەت قاتلىمى
قېلىن، توسقۇنلۇق چوڭ» بولغان قىيىن ئۆت-
كەللەرگە نىسبەتەن پارتكومنىڭ رەھبەر-
لىكىدە، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، ئا-
خىرغىچە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، ھەرگىز
يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇلمىدى. يېڭى-
سار ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى ناھىيىلىك
جخ ئىدارىسىدىكى بىر رەھبەرنىڭ خىزمەت
ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قانۇن- ئىنتىزامغا
خىلاپلىق قىلغان دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر
تەرەپ قىلغان چاغدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىغا-
نىدى، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى دەرھال
بىر قانچە ناھىيىدىن قانۇن-ئىنتىزام تەپ-
تىش كادىرلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، ئاسا-
لىق باشقۇرغۇچى مۇئاۋىن باش تەپتىشنىڭ
باشلامچىلىق قىلىپ، شەخسەن قوماندانلىق
قىلىشى ئارقىسىدا، ناھىيىلىك تەپتىش مەھ-

كىمسىگە ياردەملىشىپ بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، 11 كۈن ئىچىدىلا قىيىن ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇزاقتىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان بۇ دېلونى ئايىغلاشتۇردى. قەشقەر شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى شەھەرلىك نەفىس ھۈنەر-سەنئەت شىركىتىنىڭ جىڭلىسى ئابدىرېھىم ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، 1213.89 گرام ئالتۇننىڭ كەم كۆرۈلۈپ، 52 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان پەيدا قىلغانلىقتىن ئىبارەت بىر دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغاندا، شەھەرلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېلو ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپ، چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭ، دەلىل-ئىسپات ئېلىشنىڭ قىيىن بولۇشى قاتارلىق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، دېلو ئەھۋالىنى ناھايىتى تېز ئېنىقلاپ، بۇ شىركەتنىڭ جىڭلىسى، مۇئاۋىن كارخانا باشلىقى، ئامبارچىسى قاتارلىق ئۈچ نەپەر جىنايەتچىنىڭ جىنايى ئىشلار مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈردى. قانۇن-ئىنتىزام تەپتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق قانۇن-ئىنتىزام قوغدالدى، ئادالەت ياقلاندى، خەلق تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ نوچىلارغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلىش، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىشتەك كۈرەش روھى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

(ۋۇجۇن).

**[ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان، تەربىيىلىنىۋاتقانلار ئىچىدىكى قايتا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلدى]** 1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى قانۇن بويىچە ئېغىر، تېز زەربە بېرىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان، تەربىيىلىنىۋاتقان خادىملار ئىچىدىكى يېڭىباشتىن جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆزگەرتىشنى رەت قىلىشتەك ھەيۋىسىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ غايەت زور كۈچ-قۇدرىتىنى تولۇق نامايەن قىلىپ، ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

بىر يىلدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان، تەربىيىلىنىۋاتقان خادىملارنىڭ يېڭىباشتىن جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلوسىدىن جەمئىي 104 نى قاراپ چىقتى، بۇ 125 كىشىگە چېتىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە شىكايەت قىلىنىش ئارقىلىق ئېغىرلىتىپ، كېسىم ئىجرا قىلىنغان دېلو 88 بولۇپ، 103 كىشىگە چېتىلىدۇ، بۇلاردىن جىنايىتى ھەددىدىن ئېشىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر ئالتە دېلودىكى ئالتە كىشى، ئۇ، ئېغىرلىتىپ كېسىم ئىجرا قىلىنغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 5.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تەپتىش ئورگانلىرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان، تەربىيىلىنىۋاتقان خادىملارنىڭ يېڭىباشتىن جىنايەت ئۆتكۈزۈش دېلولىرىنى قاراپ چىقىش جەريانىدا ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، تېز بېجىرىپ، تېز ئايىغلاشتۇرۇپ، ئېغىرلىتىپ، تېز زەربە بېرىشكە كاپالەتلىك قىلدى، سوت مەھكىمىلىرى تەكشۈرۈپ چىققان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان، تەربىيىلىنىۋاتقانلارنىڭ دېلوسىغا نىسبەتەن قەتئىي يوسۇندا قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش، سوتقا تەپتىش قىلىش فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر جىنايەتچىنىمۇ زادى بوش قو-

يۈۋەتمىدى. مەسىلەن، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلمۇۋاتقان جىنايەتچى لىۋۇشىڭگالىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەزگىلىدە بىر جىنايەتچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە قارىتا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى قاراپ چىقىش ئارقىلىق جىنايەتچى لىۋۇشىڭگالىڭنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەزگىلىدە داۋاملىق ئادەم ئۆلتۈرۈپ، قايتا جىنايەت ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش توغرىسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈم بەك يېنىك بولۇپ قالغان، دەپ ھېسابلاپ، قانۇن بويىچە رەت قىلىش شىكايەتنامىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قاراپ چىقىشى ئارقىلىق بۇ دېلو ئۈستىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، دەرھال ئىجرا قىلىش توغرىسىدا باشقىدىن ھۆكۈم چىقىرىلدى. بۇ دېلو ئۈستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جىنايەتچىلەرنى تىترىتىش رولىنى ئوينىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرىدىغان ھەم ئۆزگەرتىشنى رەت قىلىش ھەرىكەتلىرىدە بولۇۋاتقان ئاز ساندىكى جاھىللار ھوشىنى تاپتى، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى قوغداپ قېلىندى.

(ۋۇجۇن).

**[ئەرز - شىكايەتلەرنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى]** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، خەلقتىن كەلگەن خەت-چەكلەر ھەم ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى ئەستايىدىل كۈتۈۋېلىپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئەرز-شىكايەتلەرنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە جەمئىي ئەرز - شىكايەتلەردىن 3012 سى (قېتىم) قاراپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەت - چەك 2400 دىن ئاشتى، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر 600 ئادەم-قېتىمدىن ئاشتى. بۇ جەھەتتە ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر بىر خەتنى بىر تەرەپ قىلىش، ھەر بىر دېلونىڭ خۇلاسىسى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، 900 دىن ئارتۇق خەت (قېتىم) نى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللىغاندىن باشقا، 70 پىرسەنتىنى تەپتىش ئورگانلىرى بىۋاستە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى بىر نەپەر مۇئاۋىن باش تەپتىشنى ئەرز - شىكايەتلەرنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى ئورگىنى ئەرز - شىكايەت بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس كادىر سەپلىدى، مەھكىمە رەھبەرلىرى نۆۋەت بىلەن دېجۇرنىلىق قىلىپ ئاممىنى كۈتۈۋېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئاممىنىڭ ئەرز - شىكايەت دېلولىرى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق- مەنپەئىتى قوغدالدى. ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى قوبۇل قىلىش، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋېلىش جەريانىدا ئىنچىكە، ئىتتىپاق

بولۇشقا پايدىسىز ئامىللار بايقالسا، ئىجابىي جەھەتتە يېتەكلەش، تەربىيە بېرىش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇپ، مۇرەسسەلەشتۈرۈش خىزمىتى پائال تۈردە ياخشى ئىشلىنىپ زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى ھەم قەبىھ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىلدى. خەت - چەكلەر ھەم ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر ئاشكارىلىغان، پاش قىلىغان جىنايەت ئۆتكۈزۈش يىپ ئۇچلىرىغا نىسبەتەن كۈچ تەشكىللەپ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بىر يىلدىن بۇيان ئىقتىسادىي دېلولارنىڭ يىپ ئۇچلىرىدىن جەمئىي 69ى بايقالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىسپاتلار تەكشۈرۈلۈپ ئەمەلىيلەشكەن 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى چوڭ دېلولار 17 بولۇپ، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشى كۆڭۈلدىكىدەك ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدىغان، تەربىيىلىنىدىغان خادىملارنىڭ ئەرز-شىكايەت قىلىش دېلولىرىمۇ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، ھەقىقەتەن خاتا شىكايەت قىلىنىپ، خاتا ھۆكۈم چىقىرىلغان دېلولارغا نىسبەتەن خاتالىق بولسا چوقۇم تۈزىتىش پرىنسىپى بويىچە، قەتئىي ھالدا قانۇنغا ئاساسەن تۈزىتىلىپ، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش روھى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ئۇلارنىڭ تەربىيە ھەم ئۆزگەرتىشنى ئىختىيارىي ياخشى قوبۇل قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئەرز - شىكايەتلەرنى تەپتىش قىلىش خىزمىتى ئارقىلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇنلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ھەم تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇقلاشتۇرۇلدى.

(ۋۇجۇن).

**[ئادۋوكاتلىق خىزمىتى]** ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورگانلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئادۋوكاتلار قوشۇنى كۈنسايىن زورايدى، ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردە قانۇن مەسلىھەت ئورنى قۇرۇلدى، ۋىلايەتتە ئىقتىسادىي ئادۋوكاتلىق ئورنى قۇرۇلدى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە ئادۋوكاتلار كۆپىيىپ 96 كىشىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئادۋوكات 12 كىشى، مەخسۇس پىراكتىكانت ئادۋوكات 10 كىشى، قوشۇمچە ئادۋوكات 11 كىشى، قوشۇمچە پىراكتىكانت ئادۋوكات 56 كىشى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئادۋوكات تۆت كىشى، ئادۋوكاتلىق خىزمىتى خادىملىرى ئۈچ كىشى، بۇ دەسلەپكى كۆلەمدىكى كۆپ قاتلاملىق ئادۋوكاتلار قوشۇنى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئادۋوكاتلىرىدىن 57 كىشى، خەنزۇ ئادۋوكاتتىن 39 كىشى بار، بۇلار ئىچىدە ئەر ئادۋوكات 85 نەپەر، ئايال ئادۋوكات 11 نەپەر، ئۇلار پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدلىيە قوشۇنىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر يىلدىن بۇيان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئادۋوكاتلىرى قانۇن مەسلىھەت خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئادۋوكاتلار 47 كارخانا، كەسپىي ئورۇن يەككە سودا - سانائەتچى، يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلە تەرىپىدىن، دائىملىق قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇشقا تەكلىپ قىلىندى. قانۇن بويىچە تەكلىپ قىلىنغان ئورۇنغا 400

كە يېقىن ئىقتىسادىي توختامنى تەكشۈرۈپ بەردى ۋە يېزىپ بەردى؛ مۇرەسسەلەشتۈرۈش، كېسىم قىلىش، شىكايەت قىلىش قاتارلىق ئىقتىسادىي قانۇن ئىشلىرىدىن 300 نەچچىنى بېجىردى، بۇنىڭ بىلەن 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياندىن خالىي قىلىنىدى، 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن قەرز پۇل قايتۇرۇۋېلىنىپ، ئىقتىسادىي ۋاكالەتچى بىلەن توختامدىكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى كۈچلۈك تۈردە قوغداپ قېلىندى. تەكلىپ قىلغان تەرەپ ئۈچۈن قانۇن ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈپ بېرىش، قانۇندىن دەرس ئۆتۈش، سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىش، قانۇن جەھەتتىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق قانۇن مەسلىھەتچىلىك ئاكتىپ قانات يايدۇرۇلدى.

بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى ئادۋوكاتلار قانۇن بويىچە شىكايەت قىلىش ۋاكالىتىگە قاتنىشىش، جاۋابكارلارنىڭ ھاۋالە قىلىشى ھەم خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كۆرسىتىشى ئارقىسىدا 207 جىنايى ئىشلار دېلوسى ئۈچۈن ئاقلىغۇچى بولدى، ئاقلاش جەريانىدا ئوبيېكتىپ پاكىتلارنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇننى مىزان قىلىپ، توغرا بولۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاقلاشنى گەۋدىلەندۇرۇپ، «پاكىت، خاراكتېرىنى بېكىتىش، جازا ھۆكۈم قىلىش» ئۆتكۈلىنى قاتتىق ئىگىلەپ ماڭدى. ئادۋوكاتلار يەنە سوتقا چىقىپ ئاقلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەم خەلق ئاممىسىغا قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ھەم سوتسىيالىستىك ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ باردى، ئۆزلىرىنىڭ يەۋقۇلئاددە سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، جىنايەتچىلەرگە جىنايىتىنى تونۇپ قانۇنغا بويسۇنۇش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. جىنايەتچىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ھەم پەرزەنتلىرىگە نەسىھەت قىلىش، خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. بۇنىڭ بىلەن جاۋابكارلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى قوغدىلىپ، قانۇننىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ھەق تەلەپ ۋاكالەتچىلىكى ھەم غەيرىي دەۋا پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. بىر يىلدىن بۇيان ۋىلايىتىمىزنىڭ ئادۋوكاتلىرى ھەق تەلەپ ۋاكالەتچىلىكى ھەم غەيرىي دەۋا دېلوسىدىن جەمئىي 342 نى بېجىردى، قانۇن ئىشلىرىغا ئائىت ھۆججەتتىن 386 نى ۋاكالىتەن يېزىپ بەردى؛ خەلقتىن كەلگەن خەت - چەكتىن 193 نى بىر تەرەپ قىلدى، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى 2929 ئادەم - قېتىم كۈتۈۋالدى. 886 ئادەم - قېتىم قانۇندىن مەسلىھەت بەردى، قانۇن - تۈزۈمنى تەشۋىق قىلىدىغان تام گېزىتى، مەخسۇس سەھىپىدىن 996 سان چىقاردى، دەۋا، تالاش - تارتىشلارنى پەسەيتىش خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۈنۈملۈك تۈردە ياخشى ئىشلەپ، كۆپلىگەن ھەق - تەلەپ، تالاش - تارتىشلارنى سوت سىرتىدا ھەل قىلدى.

ۋىلايىتىمىزنىڭ ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتتە 1986 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 78 نەپەر ئادۋوكات قاتناشقان قەشقەر ۋىلايەتلىك ئادۋوكاتلار چوڭ يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئادۋوكاتلار قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ۋىلايەت بويىچە بەش يىلدىن بۇيانقى ئادۋوكاتلار خىزمىتى يەكۈنلىنىپ، تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم-

نىڭ شۇجىسى يولداش گوگالق، مۇئاۋىن شۇجىلىرى چېن دېمىن، تېلمۇالدى توختى قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ھەر قايسى سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن ئادۋوكاتلار خىزمىتىنىڭ قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشكە كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش جەھەتلەردىكى مۇھىم رولى ھەم غايەت زور نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلىشى ۋىلايەت بويىچە ئادۋوكاتلار خىزمىتىگە نىسبەتەن ناھايىتى ياخشى تۈرتكە بولىدۇ.

(جۇشىنلى).

## [جامائەت گۇۋاھلىقى خىزمىتى]

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەم تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە، جامائەت گۇۋاھلىقى ئورگانلىرى ئىقتىسادىي توختاملارنى جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان تۈرلۈك جامائەت گۇۋاھلىقى كەسپىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىچىدىكى جامائەت گۇۋاھلىقىدىن جەمئىي 3565 نى بېجىردى، ئۇ ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 4.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي توختاملارنى جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش 2764 بولۇپ، گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزگەن ئومۇمىي سانىنىڭ 78 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

بىر يىلدىن بۇيان، جامائەت گۇۋاھلىقى ئورگانلىرىدا خادىملار ئاز، خىزمەت مىقدارى كۆپ، ۋەزىپە ئېغىر بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر جامائەت گۇۋاھلىقى ئالاقىچىلىرى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورناتتى ھەم مۇكەممەللەشتۈردى. ۋىلايەت بويىچە جامائەت گۇۋاھلىقى ئالاقىچىلىرىدىن 130 دىن ئارتۇق كىشى تەكلىپ قىلىندى، ئۇ مەخسۇس جامائەت گۇۋاھلىقى خادىملىرىنىڭ ئالتە ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. جامائەت گۇۋاھلىقى ئالاقىچىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى قانۇنغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك ئەدلىيە باشقارمىسى تەكلىپ قىلىنغان خادىملارغا «جامائەت گۇۋاھلىقى ئالاقىچىلىرىنى تەكلىپ قىلىش گۇۋاھنامىسى»نى بىر تۇتاش تارقىتىپ بەردى. ئۇنىڭدا خىزمەت دائىرىسى بەلگىلەندى، بۇنىڭ بىلەن ئالاقىچىلار جامائەت گۇۋاھلىقى بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، جامائەت گۇۋاھلىقى ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش، جامائەت گۇۋاھلىقى كەسپىنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئويناپ، جامائەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىدىكى بىر مۇھىم تولۇقلىما كۈچ بولۇپ قالدى. مەسىلەن: مەلۇم بىر جامائەت گۇۋاھلىقى ئالاقىچىسى بىر ئاي ئىچىدە جامائەت گۇۋاھلىقى كەسپىدىن 49 نى ئالاقىلاشتى.

ھەر دەرىجىلىك جامائەت گۇۋاھلىقى ئورگانلىرى جامائەت گۇۋاھلىقى كەسپىنى بېجىرىش جەريانىدا يېزىلارغا بېرىپ، قانۇن بىلىملىرىنى يەتكۈزۈپ، سەييارە ھالدا جامائەت بېجىردى ھەمدە جامائەت گۇۋاھلىقىنىڭ چىنلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، قانۇنىيلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، گۇۋاھلىق رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشنى ئاددىيلاشتۇرۇپ،

خەلق ئاممىسىغا قولايلىق تۇغدۇردى. بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قاتلاڭچىلىق مەۋسۇملىرىدا كەڭ جامائەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى پولات تاختا، قەغەز، شىپىگراپىلىرىنى ئېلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، يېزىلار، يەككە ئائىلەر، كەسپىي ئائىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلار ئۈچۈن ھۆددىگەرلىك توختامى ۋە پۇل قەرز بېرىش توختاملىرىنى جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ بەردى. بىر يىلدىن بۇيان جەمئىي 780 نەچچىسىنى بېجىرىپ، توختامدىكى جاۋابكارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كۈچلۈك قوغداپ ھەم ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈردى ھەم ئاممىغا زور دەرىجىدە قولايلىق تۇغدۇرۇپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش كۈچەيتىلىپ، جامائەت گۇۋاھلىقىنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. جايلارنىڭ جامائەت گۇۋاھلىقى ئورگانلىرى يەنە رېئاللىققا قاراش، دوكلات ئاڭلاش، سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىش، جاۋابكارلارنى زىيارەت قىلىش، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ۋاقتىدا يەكۈنلەيدىغان قايتا زىيارەت، تەكشۈرۈش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، جامائەت گۇۋاھلىقى سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

(جۇشىنلى).

## [خەلق مۇرەسسە خىزمىتى]

1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازارلارغا ئەدلىيە پارادەمچىلىرىدىن جەمئىي 170 كىشى سەپلەندى (بۇنىڭ ئىچىدە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلەر 43 نەپەر)، خەلق مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 2584 ى قۇرۇلدى، خەلق مۇرەسسەچىلىرى 1217 كىشىگە يەتتى. ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە پارادەمچىلىرى ۋە مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، مۇرەسسەلەشتۈرۈش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، ئۇلار كەڭ ئاممىنى غەم - ئەندىشە، قىيىنچىلىقلاردىن خالاس قىلىپ، جاپا - مۇشەققەتتىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، يىلبويى يېزىلاردا ئائىلەرنى زىيارەت قىلىپ، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، پارتىيە سىياسىتىنى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، تۈرلۈك تالاش - تارتىشلارنى قىزغىنلىق بىلەن مۇرەسسەلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. بىر يىلدىن بۇيان تۈرلۈك تالاش-تارتىشلاردىن جەمئىي 28 مىڭ 464 ى مۇرەسسەلەشتۈرۈلدى، ئۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ شۇ مەزگىللەردە بىر تەرەپ قىلغان ھەق - تەلەپ دەۋاسى دېلولىرىنىڭ يەتتە ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئەدلىيە پارادەمچىلىرى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلغان تالاش - تارتىشلار 3858 بولۇپ، ئازغان ياش- ئۆسمۈرلەردىن تەربىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋېلىنغىنى 3840 كىشى بولدى، ئالدى ئېلىنغان نورمالسىز ئۆلۈم 196 بولۇپ، چېتىشلىق كىشى 230 نەپەر بولدى. خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى تۇرغۇنلاشقان تالاش - تارتىشلارنى مۇرەسسە قىلىش، بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى ئاشۇرۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ياخشى ئېلىندى، جىنايەتنىڭ ئالدى ئېلىندى ھەم ئازايتىلدى، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇلدى.

(ئابدۇكېرىم قادىر).

**[قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى خىزمىتى]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى خىزمىتى چوڭقۇر راۋاجلاندى. ۋىلايەت بويىچە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆگىنىشىگە قاتناشقان ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئامىسى 594 مىڭغا يەتتى، ئۇ تەربىيىلىنىشكە تېگىشلىك كىشى سانىنىڭ 34.05 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلاردىن ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 87 پىرسەنتىنى، ئادەتتىكى كادىرلاردىن ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 60 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. دېھقان، چارۋىچىلاردىن قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغانلار 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەت بويىچە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقىدىن 327 مىڭ نۇسخا زاكاس قىلىندى، ئۆزلىرى تۈزگەن قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ساۋاتلىرىدىن سوئال - جاۋابلار ۋە تۈرلۈك چۈشەندۈرۈش ماتېرىياللىرى 116 مىڭ 699 غا يەتتى، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىن 1724 ى قۇرۇلدى. يېتەكچىلەر 8833 كە يەتتى، 1785 قارار قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 31 مىڭ تايانچ تەربىيىلەندى، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 1565 سان دوسكا گېزىتى ھەم مەخسۇس سىتون چىقىرىلدى، 5818 پارچە سۈرەت - رەسىم كۆرگەزمە قىلىندى، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش سىنئالغۇ، خرونكا فىلىملىرى 208 مەيدان (قېتىم) قويۇپ بېرىلدى، بۇنى كۆرگۈچىلەر 64 مىڭ 686 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى، قانۇن - تۈزۈمگە ئائىت ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنلىرىدىن 500 مەيدان (قېتىم) قويۇلدى، 834 قېتىم قانۇن - تۈزۈم دەرسى ئۆتۈلدى، تەربىيىلەنگۈچى ئادەمە 93 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

(ئابدۇكېرىم ياقۇپ).

**[ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە «ئۆزگەرتىش بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئىككىنچى» بولۇش فاڭجېنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئۆزگەرتىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، كادىر - ساقچىلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت «ئۈچ ئۆستۈرۈش» كە ئېرىشىپ ئەجىر سىڭدۈرۈلدى. جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنلىنىپ، ھەر قايسى مەيدان (ئورۇن) لاردىكى جىنايەتچىلەردىن 16 پىرسەنتىنىڭ كېسىم ۋاقتى قىسقارتىلدى، 17.9% جىنايەتچى خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلاندى. ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ خوشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

ھەر قايسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ھەر تەرەپلىمە كۈچەيتىپ، قاماقتىكى جىنايەتچىلەرگە قارىتىلغان سىياسىي، مەدەنىيەت، تېخنىكىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىكى تەربىيىنى چىڭ تۇتتى. سىياسىي، ئىدىيىۋى تەربىيىدە «ئۈچ دەرس» (يەنى، قانۇن - تۈزۈم، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، تۈزۈت بولۇش) تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، جىنايەتچىلەرنىڭ 97 پىرسەنتى تەربىيىگە ئىگە قىلىندى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتە ئۆزگىرىشى، جىنايىتىنى تونۇپ قانۇنغا بويسۇنۇشى، ئۆزگەرتىشنى ئاڭلىق تېزلىتىپ، ئەمگەك جەر -

يانىدا روھىي دۇنياسىنى پاكلاشتۇرۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھەر قايسى مەيدان (ئورۇن)لار يەنە جىنايەتچىلەر ئىچىدىكى قانۇن، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ساۋاتسىز بولۇش ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن، ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىشنى ھەم جىنايەتچىلەرنىڭ جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىنكى ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت ئۆگىنىش سىنىپلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قۇردى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ 75 پىرسەنتى مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە قاتناشتى، مىڭدىن ئارتۇق جىنايەتچى ساۋاتسىزلىق «قالپىقى» نى چۆرۈپ تاشلىدى. ئەمەلىي ئېھتىياجغا ۋە جىنايەتچىلەر ئىچىدىكى كەسپىي، تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرى يەنە ئۇرۇق سورتلىرىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، ئۆسۈملۈك ئاسراش، يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش، مېۋىلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش، تامچىلىق، خۇمدانچىلىق قاتارلىق تېخنىكىۋى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتى. ھەر قايسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدان (ئورۇن) لىرى يەنە جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال ئىشلەپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىنى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەيدىغان ئالاھىدە مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىدى. مەيدانلارغا قاراشلىق ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كۇتۇپخانا، قىرائەتخانىلار قۇرۇلۇپ، ۋاسكېتبول، ۋالېبول، شاخمات قاتارلىق مەدەنىيەت سايمانلىرى سېتىۋېلىندى، رەڭلىك تېلېۋىزور قويۇپ بېرىلدى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەر ئىچىدە ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت پائالىيىتى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت بازىسى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىگىلىنىپ، ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى رول ئوينىدى.

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كادىر-ساقچىلار قوشۇنىنىڭ سىياسىي، كەسپىي سۈپىتىنى ئۈستۈرۈش — ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى، ھەر قايسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرى يەنە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەڭ كادىر-ساقچىلار «ئاساسىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» قاتارلىق يەتتە قانۇن ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش نىزامىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن باشقۇرۇش، قاتتىق باشقۇرۇش، مەدەنىيەتلىك باشقۇرۇش قاتارلىق جىنايەتچىلەرنى باشقۇرىدىغان بىر پۈتۈن تۈزۈمنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى، «ساقچىلار قوشۇنىنى قاتتىق باشقۇرۇش» تا چىڭ تۇرۇپ، ئىنتىزام، ئىستىل ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىندى. خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە «قوش ھۆددە» (يەنى ئۆزگەرتىشنى ھۆددىگە ئېلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ھۆددىگە ئېلىش) نى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. 1986 - يىلى جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىش نىسبىتى 1985 - يىلدىكىدىن 25% ئازايدى، تۈرمە ئىچىدە دېلو يۈز بېرىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئازايدى، چوڭ دېلولارنىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ قايتا

جىنايەت سادىر قىلىش خورىكىگە كۈچلۈك زەربە بېرىلىپ، ئۆزگەرتىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەرتىپى مۇقىملاشتۇرۇلدى.

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئىشلەپچىقىرىش يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندى، بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدان (ئورۇن) لىرى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىش، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن باشقۇرۇشقا تايىنىپ، سۇ، قۇرغاقچىلىق، بوران قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنى ئۈزلۈكسىز يېڭىپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، جەمئىي 11 مىليون 340 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 8180 دەن پاختا ئىشلەپچىقىرىلدى. يىل ئاخىرىدا قوتان، ئېغىللاردا بېقىلىۋاتقان چارۋا 216 مىڭ 500 تۇياققا، ئۆي قۇشلىرى 4600 گە يەتتى. ئوتياش، مېۋە-چېۋىدە ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى. ۋىلايەت بويىچە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرى يېزا ئىگىلىك، سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدا ئورۇنلىغان ئومۇمىي قىممەت 7مىليون800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قاماقتىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشىلىنىپلا قالماستىن، دۆلەتكىمۇ ماددىي بايلىق يارىتىپ بېرىلدى.

(ليۇ جىڭچېن).

**[قەشقەر ۋىلايىتىدىكى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى ھەققىدە تەكشۈرۈش]** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى 1979 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە جەمئىي17 مىڭ894 نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ ئايدىڭلاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەسسە قىلىپ نىكاھتىن ئاجراشقىنى14 مىڭ626 بولۇپ، 81.73 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ مۇرەسسە قىلىپ نىكاھتىن ئاجراشمىغىنى 2332 بولۇپ، 13.03 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ھۆكۈم قىلىنغىنى 809 بولۇپ، 4.52 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ نىكاھتىن ئاجراشماسلىققا ھۆكۈم قىلىنغىنى 127 بولۇپ، 0.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1- سوتتا بىر تەرەپ قىلىشقا قوشۇلغىنى17 مىڭ655 بولۇپ 98.66 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ يۇقىرىغا شىكايەت قىلغىنى 239 بولۇپ، 1.34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

17 مىڭ 894 نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى ئىچىدە جاۋابكارلار 35 مىڭ 788 نەپەر، بۇلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار 31 مىڭ 306 نەپەر، 87.48 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ خەنزۇلار 3635 بولۇپ، 10.15 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تاجىكلار 276 نەپەر بولۇپ، 0.77 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ باشقا مىللەتلەر 571 بولۇپ، 1.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

خىزمەت جەھەتتىن قارىغاندا، كادىرلار 2072 نەپەر بولۇپ، 5.79 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىشچىلار 4445 نەپەر بولۇپ، 12.42 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ دېھقانلار 24 مىڭ 356 نەپەر بولۇپ، 68.06 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تۇراقلىق خىزمىتى يوقلار 2839 نەپەر بولۇپ، 7.93 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ باشقىلار 2076 نەپەر بولۇپ، 5.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ياش جەھەتتىن ئالغاندا، 20 ياشتىن تۆۋەنلەر 8393 كىشى بولۇپ، 23.45 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 21 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغانلار 17 مىڭ264 كىشى بولۇپ، 48.24 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 30 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغانلار 6486 كىشى بولۇپ، 18.12 پىرسەن-

تىنى ئىگىلەيدۇ؛ 41 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغانلار 2394 كىشى بولۇپ، 6.69 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 50 ياشتىن ئاشقانلار 1251 كىشى بولۇپ، 3.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتىن ئالغاندا، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرىلار 492 كىشى بولۇپ 1.37 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ (ئوتتۇرا تېخنىكوم) سەۋىيىسىدىكىلەر 3056 كىشى بولۇپ، 8.54 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 6284 كىشى بولۇپ، 17.56 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 10 مىڭ 987 كىشى بولۇپ، 30.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ساۋاتسىزلار 14 مىڭ 969 كىشى بولۇپ، 41.83 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

نىكاھ ئاساسى: مۇھەببەت باغلاپ ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولغۇچىلار 8124 جۈپ بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 45.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئاتا - ئانىسى چات كىرىۋالغانلار 4306 جۈپ بولۇپ، 24.06 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ باشقىلار تونۇشتۇرغانلار 5464 جۈپ بولۇپ، 30.53 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

نىكاھنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى: بىر يىلدىن ئاشمىغانلار 6690 جۈپ بولۇپ، 37.39 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىككى - ئۈچ يىل بولغانلار 6180 جۈپ بولۇپ، 34.54 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تۆت يىلدىن 10 يىلغىچە بولغانلار 3532 جۈپ بولۇپ، 19.74 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 11 يىلدىن ئاشقانلار 1492 جۈپ بولۇپ، 8.34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ئايرىلىپ تۇرۇش ۋاقتى: بىر يىل بولمىغانلار 150 مىڭ 58 جۈپ بولۇپ، 84.15 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ بىر يىلدىن ئاشقانلار 2836 جۈپ بولۇپ، 15.85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

نىكاھتىن ئاجرىشىش سەۋەبلىرى: ئائىلىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىنى قىلىش مەجبۇرىيىتىنى تەڭ ئۈستىگە ئالمىغانلىقتىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلار 4838 بولۇپ، 27.04 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 3- شەخسىينىڭ قول تىققىشى ياكى ئىستېمال مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار 1647 بولۇپ، 9.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ بىر تەرەپ ئىنتىزام جازاسىغا ئۇچرىغاندا، قارشى تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلار 393 بولۇپ، 2.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ھەۋەس، خۇلقى - مىجەزى ماسلاشماي، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار 4464 بولۇپ، 24.95 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسى تۈپەيلىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلار 2061 نەپەر بولۇپ، 11.52 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ نىكاھ سودىسى تۈپەيلىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلار 170 بولۇپ، 0.95 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ نىكاھتىن ئىلگىرى چۈشىنىشمىگەنلىكى، مەجبۇرىي توي قىلغاندىن كېيىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلار 1583 بولۇپ، 8.85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ بىر تەرەپنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ قېلىشى ياكى يېقىن تۇغقانلار نىكاھ توي قىلىشى تۈپەيلىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار 700 بولۇپ، 3.91 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ بۇرۇنقى ئېرى (ياكى خوتۇنى) دىن بولغان بالىلىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىپ، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلار 788 بولۇپ، 4.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ قېيىنانا بىلەن كېلىننىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولماي، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويـ

غانلار 1250 بولۇپ، 6.99 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

دەۋاگەرلەر ئىچىدىكى پەرقى: نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئاياللار 13 مىڭ 168 كىشى بولۇپ، نىكاھتىن ئاجراشقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 73.59 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەرلەر 4726 بولۇپ، 26.41 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

پەرزەنتلىرىنىڭ ئەھۋالى: پەرزەنتى يوقلار 8466 جۈپ بولۇپ، 47.31 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ بىردىن ئۈچكىچە پەرزەنتى بارلار 7756 جۈپ بولۇپ، 43.34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تۆتتىن ئارتۇق پەرزەنتى بارلار 1672 جۈپ بولۇپ، 9.34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

نىكاھتىن ئاجرىشىش قېتىم سانى: بىر قېتىم نىكاھتىن ئاجراشقانلار 18 مىڭ 492 كىشى بولۇپ، 51.67 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىككى قېتىم ئاجراشقانلار 9481 كىشى بولۇپ، 26.49 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئۈچ قېتىم ئاجراشقانلار 4476 بولۇپ، 12.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ تۆت قېتىمدىن ئارتۇق ئاجراشقانلار 3339 كىشى بولۇپ، 9.34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ سەككىز يىلدىن بۇيانقى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ تۆۋەندىكى بىر قانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى. يەتتە يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 59.38% بولۇپ، 11.42 پىرسەنتتىن ئېشىپ بارغان. 1986-يىلى جەمئىي 3040 دانە (6080 كىشى) نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى 2654 تىن 386 سى كۆپەيگەن، 14.54% ئاشقان؛ 1979-يىلدىكى 1472 دىن 1568 كۆپەيگەن، 106.52% ئاشقان.

يەتتە يىل ئىچىدە نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى: 1980-يىلى 1693 بولۇپ، 1979-يىلدىكى 1472 گە قارىغاندا 221 سى ئاشقان، 15.1% كۆپەيگەن؛ 1981-يىلى 2128 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 435 ى ئاشقان، يەنى 25.69% كۆپەيگەن؛ 1982-يىلى 1970 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 159 ى ئازايغان، يەنى 7.47% ئازايغان؛ 1983-يىلى 2295 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 325 ى ئاشقان، يەنى 16.5% كۆپەيگەن، 1984-يىلى 2642 بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 347 سى كۆپەيگەن، يەنى 15.12% ئاشقان؛ 1985-يىلى 2654 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12 سى كۆپەيگەن، يەنى 0.45% ئاشقان؛ 1986-يىلى 3040 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 386 سى كۆپەيگەن، يەنى 14.54 % ئاشقان.

2. ياش ئەر-خوتۇنلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى يۇقىرى. 20 ياشتىن ئاشمىغانلار 8393 كىشى بولۇپ، 23.45 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 21 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغانلار 17 مىڭ 264 كىشى بولۇپ 48.24 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئىككىسىنى قوشقاندا جەمئىي 25 مىڭ 657 كىشى بولۇپ 71.69 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

3. ئۆز ئىگە - ئۆزى خوجا بولۇپ نىكاھلانغۇچىلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىش نىسبىتى يۇقىرى. بۇلار ئىچىدە ئەركىن مۇھەببەت باغلىغانلار 8124 جۈپ بولۇپ، 45.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن توي قىلغانلار 5464 جۈپ بولۇپ، 40.54 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا جەمئىي 13 مىڭ

588 جۈپ بولۇپ، 75.94 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

4. يېڭى توي قىلغان ئەر - خوتۇنلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى. توي قىلغىنىغا بىر يىل بولمىغانلار 6690 جۈپ بولۇپ، 37.39 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىككى - ئۈچ يىل بولغانلار 6180 جۈپ بولۇپ، 34.54 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا جەمئىي 12 مىڭ 870 جۈپ بولۇپ، 71.92 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

5. نىكاھتىن ئاجرىشىشتىكى 10 تەرەپنى تەھلىل قىلغاندا، ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدىكى ھەۋەس، خۇلقى - مىجەز ۋە ئائىلىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار تۈپەيلىدىن ئاجرىشىدىغانلارنىڭ نىسبىتى بىر قەدەر چوڭ. بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا جەمئىي 9302 بولۇپ، 51.88 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇندىن قالسا ئىقتىسادىي مەسىلەلەر تۈپەيلىدىن ئاجرىشىدىغانلار 2061 بولۇپ، 11.52 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ قالغانلىرىدا 3 - شەخسنىڭ قول تىقىشى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، جەمئىي 1647، يەنى 9.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

6. نىكاھتىن كۆپ قېتىم ئاجراشقانلار بىر قەدەر كۆپ. ئۇلار جەمئىي 17 مىڭ 296 كىشى بولۇپ، 48.33 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

7. پەرزەنتى يوقلار ياكى پەرزەنتى ئازلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى يۇقىرى. بۇلار جەمئىي 17 مىڭ 894، بۇلاردىن پەرزەنتى يوقلار 8466 بولۇپ، 47.31 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بىردىن ئۈچكىچە پەرزەنتى بارلار 7756 بولۇپ، 43.34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا جەمئىي 16 مىڭ 222 بولۇپ، 90.66 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

8. نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار. نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان ئاياللار 13 مىڭ 168 نەپەر بولۇپ، 73.59 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(چىن تونگشەن، جاڭ زۇگېيو).

## [بۇلاقسۇ خەلق سوت كوللېگىيىسى ھەق تەلەپ دېلولىرىنى پائال مۇرەسسەلەشتۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلدى]

كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ خەلق سوت كوللېگىيىسى 1980 - يىل 11 - ئايدا تەشكىللەنگەن، ئۇنىڭ قارمىقىدا تۆت يېزا، يەتتە چارۋىچىلىق مەيدانى، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 20 ئورۇن، يېزىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 101 ئورۇن، 15 مىڭ 509 ئائىلە، 68 مىڭ 996 ئاھالە بار. يېرى كەڭ، قاتنىشى قولايسىز بولۇپ، باشقۇرۇش دائىرىسى 3200 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. خەلق سوت كوللېگىيىسىدە جەمئىي 3 كادىر بار. ئۇلار خىزمەتتە «ئاممىغا تايىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، نۇقتىلىق مۇرەسسە قىلىش، ئۆز جايىدا ھەل قىلىش»نى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئالتە يىلدىن بۇيان تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرغان ھەق - تەلەپ دېلولىرى 762 بولۇپ، ھەممىسى مۇرەسسە ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇلۇپ، ئامما رازى بولۇش، جاۋابكارلار تېنىۋالماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۈتۈۋېلىنغان ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى ئامما 1901 ئادەم - قېتىمغا يەتتى، ئاممىدىن كەلگەن 412 پارچە خەت - چەك بىر تەرەپ قىلىندى. 1984 -، 1985 - يىللىرى ئۇلار ئۇدا ئىككى يىل ئىلغار خەلق سوت كوللېگىيىسى بولۇپ باھالاندى.

ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى مۇنداق:

1. پارتكوم رەھبەرلىكىگە تايىنىپ، سوت كوللېگىيىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

بۇلاقسۇ خەلق سوت كوللېگىيىسى خىزمەتتە پارتكومدىن پات - پات يوليورۇق سوراپ،

دوكلات، تەكلىپ بېرىپ، مەسلىھەت ئالدى. پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىنى، تەنقىدىنى، نازارىتىنى، تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. يېزىلىق پارتكوم سوت كوللېگىيەسىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، دائىم سوت كوللېگىيەسىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ھەم ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. سوت كوللېگىيەسىدىكى يولداشلار بىلەن يېقىن سىردىشىپ، سوت كوللېگىيەسىنىڭ خىزمەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. خەلق سوت كوللېگىيەسى خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك تالاش-تارتىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا مۇرەسسەلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، پارتكومنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئېزىز تەۋەككۈل: «سوت كوللېگىيەسىنىڭ خىزمىتى ياخشى ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن ھەق-تەلەپ دېلولىرى ئازايدى، جىنايى ئىشلار دېلولىرىمۇ ئازايدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ياخشىلاندى، دېھقانلار خاتىرجەم ھالدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تەمكىن بىلەن بېيىش يولىغا ماڭىدىغان بولدى» دېدى.

2. نۇقتىلىق مۇرەسسەلەشتۈرۈپ، خەلقنى غەمدىن خالاس قىلىش.

ھەق تەلەپ تالاش-تارتىشلىرى مەڭگەلىغان، ئۇنىڭغا چېتىلغان ئائىلەرنىڭ جان-جان مەنپەئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇلاقسۇ خەلق سوت كوللېگىيەسى ھەق-تەلەپكە ھۆكۈم قىلىش خىزمىتىنىڭ «16 سۆزلۈك» فاڭجېنىغا رىئايە قىلىپ، يېلىبويى يېزىلار، تاغلىق رايونلار، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ، تاغ-دەريالاردىن ئۆتۈپ، كەنتلەرنى ئارىلاپ، ئائىلەرنى زىيارەت قىلىپ، نۇقتىلىق مۇرەسسەلەشتۈرۈش، ئۆز جايىدا دېلو بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، جان-دىلى بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈچۈن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلدى. ئالتە يىلدىن بۇيان ئاممىا ئىچىدىكى نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرى ۋە باشقا ھەق تەلەپ تالاش-تارتىشلىرىنى سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن مۇرەسسەلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بۇزۇلۇشقا ئاز قالغان 42 جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتى يېڭىباشتىن ياخشىلاندى، زىددىيىتى كەسكىنلىشىش ئالدىدا تۇرغان 26 دېلوغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يۇمشىدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: سوت كوللېگىيەسىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن نۇقتىلىق مۇرەسسەلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، سۆڭەك غاجىلاش روھى بولۇش لازىم. لولىلىق قىلىشقا، ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ. جاپا-مۇشەققەتتىن، ئاۋارىگەرچىلىكتىن، يول مېڭىشتىن، ئۇۋال قىلىنىشتىن، ئالدىنىشتىن قورقماسلىق لازىم.

3. قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، شەخسىي يۈز-خاتىرە قىلماسلىق.

«قەيسەر-چىداملىق بولۇش، قىلچە يۈز-خاتىرە قىلماسلىق» خەلق سوتچىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت. بۇلاقسۇ خەلق سوت كوللېگىيەسى سوت خىزمىتىدە مۇنداق ئۈچ ماددىلىق تۈزۈم بەلگىلىدى: ①سوۋغات قوبۇل قىلماسلىق؛ ② جاۋابكارلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يېمەسلىك؛ ③يۈز قارىماسلىق، مۇناسىۋەت تىكلىمەسلىك. سوت كوللېگىيەسىنىڭ باشلىقى تاش سادىق ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ئۆزىگە قاتتىق ئىنتى-

زام بەلگىلەندى. مەلۇم بىر قېتىم بىر دېھقان 20 جىڭ كۆرۈچنى ئېلىپ كوللېكتىپ باشلىقى تاش سادىقنى ئىزدەيدۇ. ئۇ بۇ دېھقاننىڭ ئۆز خوتۇنى بىلەن ئارازلىشىپ قېلىپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ سوۋغاتنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ قەتئىي ھالدا: بىجىرىشكە تېگىشلىك ئىشنى چوقۇم بىجىرىمىز، بىجىرىشكە تېگىشلىك بولمىسا، سوۋغات يوللىسىمۇ بىجىرمەيمىز، دەيدۇ. ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا سوت كوللېكتىپىدىكى يولداشلار قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، خەلق تەرىپىدىن قىلچە يۈز-خاتىرە قىلمايدىغان ياخشى سوتچىلار، دەپ ئاتىلىدۇ.

4. سەييارە دېلو تەكشۈرۈپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىش.

بۇلاقسۇ خەلق سوت كوللېكتىپى سەييارە دېلو تەكشۈرۈشنى يىل بويى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. قەيەردە تالاش - تارتىش يۈز بەرسە شۇ يەردە ھازىر بولدى، مەسىلىنى شۇ يەردە ھەل قىلدى. دېلو بولسا دېلو بىجىردى، تالاش - تارتىش يۈز بەرسە تالاش - تارتىشنى بىر تەرەپ قىلدى. قايسى جايغا بارسا شۇ يەردە مەسىلىنى قالدۇرماي ھەل قىلدى، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ، دېلو بىجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. ئۇلارنىڭ تەسىراتى مۇنداق: ① سەييارە دېلو تەكشۈرگەندە ئاممىغا تايىنىپ، ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى ھەم قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە، ھەقىقەتنى ئېنىق ئايرىپ، سەۋرچانلىق بىلەن جاۋابكارلارنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە، دېلو بىجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە قولايلىق تۇغۇلىدۇ. ئالتە يىلدىن بۇيان ئۇلار تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرغان دېلولارنىڭ ھەممىسى مۇرەسسە ئارقىلىق ئاياغلىشىپ تەكرارلانماسلىق، ئەرز قىلماسلىق ۋەزىيىتىنى ياراتتى. ② دېلو بىجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. ئۇلار ھەر يىلى تەكشۈرۈپ ئاياغلاشتۇرغان دېلولارنىڭ 80 پىرسەنتىنى سەييارە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاياغلاشقان. ③ ئاممىنىڭ دەۋاسى ھەم ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىلىق. ④ زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، ئىناق - ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق.

5. دېلو بىجىرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن - تۈزۈمنى تەشۋىق قىلىش.

بۇلاقسۇ خەلق سوت كوللېكتىپى قانۇن-تۈزۈم تەشۋىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر دېلونى تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم دائىرىگە تەشۋىق قىلىش، تەربىيە بېرىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئۇلار مۇنۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى: ① دېلو بىجىرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. قەيەردە دېلو بىجىرىلسە شۇ يەردە قانۇن - تۈزۈمنى تەشۋىق قىلدى. تاللانغان تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە دېلولارغا بىرلەشتۈرۈپ، بازار كۈنلىرى ياكى بىر قەدەر چوڭراق سورۇنلاردا ئاشكارە تەكشۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن، نىكاھ قانۇنى ۋە مىراسخورلۇق قانۇنى قاتارلىق قانۇن - تۈزۈم تەشۋىق-تەربىيىسىنى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈردى. ③ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشقا بىرلەشتۈرۈپ، رادىئو، ئۈنئالغۇ، تام گېزىتلىرىدىن پايدىلىنىش، لىكسىيە سۆزلەش، سوئال-جاۋاب قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ۋاقىت ھەم ئورۇن بەلگىلەپ، قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتىنى دائىم قانات يايدۇردى. 1986-يىلى 4-ئايدا ھەق - تەلەپ قانۇنىنىڭ 156 ماددىلىق ئومۇمىي پرىنسىپى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سوت كوللېكتىپىنىڭ كادىرلىرى بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپ-

ئىن تەشۋىق قىلىپ، تەشۋىق - تەربىيىنى ئاڭلىغان ئادەمنى 6600 ئادەم- قېتىمدىن ئاشۇرۇۋەتتى.

6. ئۇچاستكىلارغا بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى كىشى بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

بۇلاقسۇ خەلق سوت كوللېگىيىسى سوت كوللېگىيىسىنىڭ سوتلاپ ھۆكۈم قىلىش خىزمىتىنى يېزىلاردىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىگە قاراشلىق تۆت يېزىنى ئىككى ئۇچاستكىغا بۆلدى، سوت كوللېگىيىسىنىڭ كادىرلىرىنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ھەر بىر گۇرۇپپىغا بىر ئۇچاستكىنى ھۆددىگە بېرىپ، ئۇچاستكىغا بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىشتەك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: ① قانۇن بويىچە دېلو بىجىرىشنى چىڭ تۇتتى. ئۇلار دېلو بىجىرىش جەريانىدا رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئادەتتىكى ئاممىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، تونۇيدىغان كىشىلەر بىلەن تونۇمايدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، يۇرتداشلىرى بىلەن يات يۇرتنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ئۆز مىللىتىدىن بولغان كىشىلەر بىلەن ئۆز مىللىتىدىن بولمىغان كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ② مەدەنىيەتلىك كەنت قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. سوت كوللېگىيىسىنىڭ ئۇچاستكىلارنى ھۆددىگە ئالغان كادىرلىرى دېلو بىجىرىش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ باردى. «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ③ مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىنىڭ كەسپلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. ئۇلار مۇرەسسە خادىملىرىنى بىر يەرگە يىغىپ قانۇن دەرسىنى ئۆتۈپ، ئۇلارغا قانۇن قوراللىرىنى ئىگىلەتكۈزدى، ئۆز جايىدا دېلولارنى تەكشۈرگەن چاغدا مۇرەسسە خادىملىرىنى قاتنىشىشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، دائىم مۇرەسسە خادىملىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھەر بىر مەزگىللەردە يۈز بەرگەن دېلو ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئورتاق مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. مۇرەسسەلەشتۈرۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەپ كۆپلىگەن ھەق - تەلەپ، تالاش - تارتىشلارنى ئاساسىي قاتلاملاردا ھەل قىلىپ، سوت كوللېگىيىسىدە شىكايەت قىلىنىدىغان ھەق - تەلەپ دېلولىرىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى. ④ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى چىڭ تۇتتى. خەلق سوت مەھكىمىسىدە قانۇن مەسلىھەت پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ۋە قانۇن جەھەتتىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە مەسئۇل بولدى. كەنتلەر بىرلىك قىلىنىپ، رادىئودىن پايدىلىنىپ ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم خەلق ئاممىسىغا قانۇن بىلىملىرى تەشۋىق قىلىندى. ⑤ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. خەلق سوت كوللېگىيىسى ج خ ۋاكالەتلىك ئورنىغا زىچ ماسلىشىپ، «بەش خىل خادىملار» (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىپ قويۇپ بېرىلگەنلەر، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىشتىن بوشىتىلغانلار، رىجىمغا ئېلىنغانلار، جازاسى كېچىكتۈرۈلگەنلەر، ئازغان ياشلار) نى ياخشى باشقۇردى. «بەش خىل خادىملار» غا قەرەللىك ھالدا ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، قانۇن-تۈزۈم دەرسى ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ كونكرېت قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم-

لىشىپ، ئۇلارنى قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان قىلدى. بىر تەرەپ قىلىش جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ھەق - تەلەپ تالاش - تارتىشلىرىنى ۋاقتىدا چىڭ تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئالتە يىل مابەينىدە ئۇلار تۈرلۈك ھەق - تەلەپ، تالاش-تارتىشلىرىنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق ھەل قىلغانلىقى ئۈچۈن 14 دېلودىكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، 13 قېتىملىق جېدەل - ماجىرانىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلاپ قېلىندى، 11 قېتىملىق قاتىللىق توسۇپ قېلىنىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشتى.

(چېن تۈگۈەن).

## [يوپۇرغا ناھىيىسىدە ھەق تەلەپ دەۋالىرىنى مۇرەسسە قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى]

يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق-تەلەپ دەۋالىرىغا ھۆكۈم قىلىش خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي يوسۇندا قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ھەم مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچلۈك قوغداپ قالدى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدىدى.

1986- يىلى ناھىيە بويىچە ھەق - تەلەپ دەۋا دېلولىرىدىن جەمئىي 254 ى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلو 252 بولۇپ، قاراپ چىقىلغان دېلولارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 99.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاياغلاشتۇرۇلمىغىنى ئىككى دېلو، ئاياغلاشتۇرۇلغان دېلولار ئىچىدە مۇرەسسە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغىنى 239 بولۇپ، قاراپ چىقىلغان دېلولارنىڭ 94.09 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ بىر تەرەپ قىلىنغان نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلوسى 198 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىنىپ قالغىنى 63، بۇ قاراپ چىقىلغان دېلولار ئومۇمىي سانىنىڭ 77.99 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىز ھەق - تەلەپ دەۋاسى دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق:

1. ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

1984- يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، بىز ھەق - تەلەپ دەۋاسى دېلولىرىغا نىسبەتەن ئۇچاستكىلارغا بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدۇق. يەنى: بېجىرىش ئۈچۈن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن دەۋا دېلولىرى يۇقىرىغا ئەرز قىلىنغان خەت-چەكلەر، قانۇن - تۈزۈم تەشۋىق تەربىيىسى، مۇرەسسە تەشكىلاتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئاخىرىغىچە ھۆددىگە بەردۇق. 1986- يىلى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتى، ۋەزىپىسى، تەلىپى، ئۈنۈمىنى بېكىتىش يولغا قويۇلدى. كادىرلارغا نىسبەتەن قەرەللىك تەكشۈرۈش يولغا قويۇلۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى، خىزمەت ئىقتىدارى ۋە خىزمەت نەتىجىسى قاتارلىق ئەھۋاللار ۋاقتىدا ئىگىلەندى. ئىلغارلار مۇكاپاتلىنىپ ھورۇنلار جازالاندى، بۇنىڭ بىلەن دېلو بېجىرىش سۈپىتى ئۆسۈپ بۇرۇنقى قانچە دېلو بېجىرىلسە، ياخشى-يا-

مان بولسا ئوخشاش بولۇۋېرىدىغان ئەھۋاللار تىلغا ئېلىنمىدى.

2. دىلو بېجىرىشكە بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن - تۈزۈم تەشۋىق تەربىيىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

ھەق - تەلەپ دەۋالىرىغا ھۆكۈم قىلىش خىزمىتى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئەگەر ھەق تەلەپ دىلولىرى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمايدىكەن، ئۇ مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ھەتتا جىنايەت پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، ھەق - تەلەپلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغۇچى خادىملار ھەر بىر دىلونى بىر تەرەپ قىلغان چاغدا، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ قانۇن - تۈزۈم تەشۋىق تەربىيىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بىخەتەرلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

3. «ئۈچ كۆپ، بىر ئاز بولۇش» ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

ھەق - تەلەپ دەۋالىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى خادىملار قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نۇرغۇن قىيىن، چىگىش دىلولارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، «ئۈچ كۆپ، بىر ئاز بولۇش»، يەنى: مۇرەسسەلەشتۈرۈلگەن دىلولار كۆپ بولۇش، ئۆز جايىدا ھەل قىلىنغان دىلولار كۆپ بولۇش، نىكاھقا ئائىت دىلولاردىن مۇرەسسەلەشتۈرۈش ئارقىلىق مۇناسىۋىتى ياخشىلانغانلار كۆپ بولۇش، يۇقىرىغا ئەرز قىلىنغان ھەق-تەلەپ دىلولىرى ئاز بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

4. ھەق تەلەپ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى خادىملارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى ھەم كەسپىي سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى.

ھەق - تەلەپكە ھۆكۈم قىلغۇچى خادىملارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسى ھەم كەسپىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش — ھەق - تەلەپ دىلولىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. شۇڭا، بىز ھەق تەلەپ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى خادىملارنىڭ ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، مىراسخورلۇق قانۇنىنى ياخشى ئۆگىنىشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە پارتىيىنىڭ ئالاقىدار فاڭجېن - سىياسەتلىرى، پىسخولوگىيە ئىلمى، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق بىلىملەرنىمۇ ياخشى ئۆگىنىشنى تەكىتلىدۇق، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەتلىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەپ، ئارقىدا قالغانلارغا ھەيدەكچىلىك قىلدۇق، بۇنىڭ بىلەن كونا - يېڭى كادىرلار بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاق قىلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، 1986- يىللىق ھەق - تەلەپ ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىش خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

(مەمەت باۋۇدۇن).

**[قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر شۆبە ئەترىتىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە تارىخى]** قەشقەر قوراللىق ساقچى قىسىم شۆبە ئەترىتى جامائەت ئامانلىقىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان قوراللىق كۈچ بولۇپ، جىنايەتچىلەرنى نازارەت قىلىش، كۆزىتىش ھەم يالاپ ئېلىپ مېڭىش، قاچقان جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتۇش، شەھەرنى قوراللىق چارلاش، چېگرا مۇداپىئە ئامانلىقىنى قوغداش، ئايرودرومدا بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىچكى مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن ۋىلايەتنىڭ قوراللىق ساقچى قىسىملىرى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن سەككىز قېتىم چوڭ دائىرىدە تەرتىپكە سېلىندى، ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جامائەت خەۋپسىزلىك چوڭ ئەترىتى، خەلق ساقچىلىرى چوڭ ئەترىتى، قوراللىق ساقچىلار چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالغانىدى. 1963 - يىلى 1 - ئايدا يەنە جامائەت خەۋپسىزلىك چوڭ ئەترىتى دەپ ئاتالدى. 1966 - يىلى 7 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىك چوڭ ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شۆبە ھەربىي رايون تەركىبىگە قوشۇۋېتىلدى. رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىدە يۇقىرىدىن بىرلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ سىستېما بويىچە رەھبەرلىك قىلىشى ئاساس قىلىندى، يەرلىك ج خ ئورگانلىرىنىڭ رايونلار ئارا رەھبەرلىك قىلىشمۇ ئاساس قىلىنغان بولۇپ، 1961 - يىل 11 - ئايدىن كېيىن ھەربىي سىستېما بىلەن ج خ ئورگانلىرىنىڭ قوش رەھبەرلىكى يولغا قويۇلدى، 1966- يىل 7 - ئايدا شۆبە ھەربىي رايونغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئارمىيە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ باشقۇرىدىغان بولدى.

ھازىرقى قەشقەر قوراللىق ساقچى قىسىم شۆبە ئەترىتى 1982 - يىل 1 - ئايدا ئەسلىدىكى مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان قوراللىق ساقچىلار چېگرا مۇداپىئە تارماق ئەترىتى، ئىچكى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ۋىلايەتلىك قوراللىق خەلق ساقچىلىرى بۆلۈمى (چوڭ ئەترىتى)، ناھىيە (شەھەر)لىك ئوتتۇرا ئەترەت، ئوت ئۆچۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان بۆلۈم، بۆلۈمچە، ئوتتۇرا ئەترەتلەردىن ئىبارەت ئۈچ خىل قىسىمنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىسىدا تەشكىللەنگەن. 1986 - يىل 7 - ئايدا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق ھەر قايسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى قوراللىق ساقچى قىسىملار، شايار قوراللىق ساقچى قىسىم 3 - تارماق ئەترىتى ئارقىلىق قەشقەر شۆبە ئەترىتىنىڭ سىستېمىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

قەشقەر قوراللىق ساقچى قىسىم شۆبە ئەترىتىنىڭ ھازىرقى رەھبىرىي ئەزالىرى:

شۆبە ئەترەت باشلىقى: ماۋىنبىن.

1 - سىياسىي كومىسسارى: لىيۇ ياۋخۇا (ج خ باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ).

سىياسىي كومىسسارى: ۋۇگوچىياڭ.

مۇئاۋىن شۆبە ئەترەت باشلىقلىرى: لولىبىڭ، مەيۇفشاھ، توختى ماموت.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: ۋاڭدېۋىن (جىڭۋىن).

## [ھەربىي مەشىق چىڭ تۇتۇلۇپ، ۋەزىپىنى ئۆتەش ئىلگىرى سۈرۈلدى]

1986 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر شۆبە ئەترىتى قىسىمنىڭ مۇنتىزىملاشقان ھەربىي ھەم ۋەزىپە ئۆتەش كەسپىي مەشقىنى چىڭ تۇتتى، بولۇپمۇ شۆبە ئەترەت كېڭەيتىپ قورۇلغاندىن كېيىن، ۋەزىپە ئۆتەش نىشانلىرىنىڭ تارقاق بولۇش، نۇقتىلىرى كۆپ بولۇش، لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ۋەزىپە ئۆتەشنى مەركەز قىلىپ، قىسىمنىڭ باشقۇرۇش تەربىيىسى، ھەربىي مەشىق ۋە ئۆتەيدىغان ۋەزىپىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى، ئۇسۇلى مۇۋاپىق، تەدبىرلىرى كۈچلۈك بولغانلىقتىن كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى.

يىللىق ھەربىي مەشىق جەريانىدا، تۇر-

لۇك مەشىق دەرس نەتىجىلىرى ئومۇمەن، مەشىق پروگراممىسىدا تەلەپ قىلىنغان ئۆلچەمگە يەتتى، ئوتتۇرىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇنەۋۋەرلەر نىسبىتى 40.6 پىرسەنتكە يەتتى. قىسىم مەشىقنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۈچ قارار ھەربىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت تايانچىلىرىنىڭ تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئاساسىي قاتلاملارغا 126 نەپەر ھەربىي تايانچ، 25 نەپەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تايانچىسى تەربىيىلەپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن قىسىمنىڭ ھەربىي سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ۋەزىپە ئۆتەش كۈچەيتىلدى. بىر يىلدىن بۇيان ئۇلار ئېغىر نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىغاندىن باشقا، يەنە 100 قېتىمغا يېقىن ئۇزۇن ـ قىسقا مۇساپىلىك جىنايەتچىلەرنى يالاپ مېڭىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، مەركەز ھەم ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قەشقەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش مەزگىلىدىكى مۇھاپىزەت خىزمىتىنى بېجىردى، ج خ ئورگانلىرىنىڭ جىنايەتچىلەرنى قولغا ئېلىش، قوغلاپ تۇتۇش ۋە ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، شۇنداقلا شەھەرنى قوراللىق چارلاش ۋەزىپىلىرىنى ئەستايىدىل ئورۇندىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىنايەتچىلەرگە نازارەت قىلىش، ئۇلارنى كۆزىتىش ۋە مۇھاپىزەت قاتارلىق تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنداپ، پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى، تەرتىپىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشتى.

(جاڭ جىنتۇبىن).

**[ يېڭى دەۋردە قوراللىق ساقچى قىسىملارغا قارىتىلغان سىياسىي تەربىيە]** قوراللىق ساقچى قىسىملار قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان، قانۇننى قوغدايدىغان ئالاھىدە قوراللىق كۈچ بولۇپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان، قىسىمنىڭ سىياسىي، كەسپىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1986 ـ يىلى قەشقەر قوراللىق ساقچى قىسىملار شۆبە ئەترىتى «تۆت بولۇش، بىرنى تىكلەش» ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا «ئىلگىرىلىگەنگە نەزەر سېلىش»، مۇنەۋۋەر خالىس قوشۇن بولۇش ۋە خىزمەت كۆرسىتىش، نەمۇنىچىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. لاۋشەن ئالدىنقى سېپىدىكى قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلار ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملاردىكى قەھرىمان ـ نەمۇنىچىلار دوكلات بېرىش ئۆمىكىنىڭ ئىلغار ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى كەڭ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، قىسىمنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ھەم ئىستىل، ئىنتىزامىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. پۈتۈن يىلدا 118 نەپەر كادىر ـ ساقچى شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىردى، 209 نەپەر جەڭچى ئىتتىپاققا كىردى. سەككىز ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 24 نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 31 نەپەر مۇنەۋۋەر خالىس ئەسكەر، 133 نەپەر ۋەزىپە ئۆتەش ماھىرى بارلىققا كەلدى. 24 نەپەر كادىر ـ جەڭچى شەرەپلىك ھالدا خىزمەت كۆرسەتتى. 371 نەپەر كادىر ـ ساقچى قىسىمنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. سەككىز ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت، ئالتە ئىلغار پەي، 24 ئىلغار بەن سايلاپ چىقىلدى. بىر يىلدىن بۇيان يۇقىرىنىڭ ئورۇن-

لاشتۇرۇشقا ئاساسەن، قىسمىدا قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى، پۈتۈن يىلدا ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا ئەترەتلەر، شۆبە ئەترەتلەرگە «قانۇن ساۋاتلىرى»، «قانۇندىن ئاساسىي بىلىملەر»، «قانۇن ساۋاتلىرىدىن مەخسۇس لېكسىيە»، «قانۇن - مىزانلاردىن تاللانمىلار» قاتارلىق 3100 پارچىدىن ئارتۇق دەرسلىك تارقىتىلدى، ئوبرازلاشقان تەربىيە شەكلىدىن پايدىلىنىپ، 41 قېتىم قانۇن بىلىملىرى مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى، قاتناشقان ئادەم سانى 1473 كىشىگە يەتتى؛ سوت كوللېگىيىسىدە ياندىن ئاڭلاشقا قاتناشقۇچىلار 142 كىشى بولدى، ئەدلىيە كادىرلىرىنى قىسىمغا كېلىپ قانۇن بىلىملىرىدىن دەرس سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش 68 ئادەم-قېتىمغا يەتتى، قىسىم قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتى فىلىملىرىنى كۆرۈشكە، سوت مەھكىمىلىرى ئاچقان ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىنىپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمى كۈچەيتىلدى. يىل ئاخىرىدا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى قىسىملاردىن «قانۇن توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىملەر»، «ئاساسىي قانۇن»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «ئامانلىق باشقۇرۇش-جازالاش نىزامى»، «ھەربىيلەرنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىگە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتىنى جازالاش توغرىسىدا ۋاقىتلىق نىزام» جەھەتتە ئىمتىھان ئېلىندى، تارماق ئەترەت بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 99 پىرسەنتكە يەتتى، ئەلاچىلار نىسبىتى 54.9 پىرسەنتكە يەتتى.

قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئارقىلىق، قىسىمدا روشەن ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى، كەڭ كادىر - ساقچىلار ئاڭلىق ھالدا قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلدى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرى 66.7% تۆۋەنلىدى، بۇ ئارقىلىق قىسىمنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(پالۋاشاگىيالۇ).

**[قوراللىق ساقچى قىسىم مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئېلىپ باردى]** 1986 - يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر تارماق ئەترىتى «تۆت بولۇش، بىرنى تىكلەش»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، روشەن نەتىجىگە ئېرىشتى.

غايە، ئىنتىزامنى مۇھىم نۇقتا قىلغان «تۆت بولۇش، بىرنى تىكلەش» پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قانات يايدۇرۇش، «تۆت بولۇش» جەھەتتىكى يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تىكلەشنى قىسىمنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم مەزمۇن قىلىش، ئىلغار ئوتتۇرا ئەترەت، ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇش، ئىلغار شەخسىي، ئىلغار كومپارتىيە ئەزاسى ۋە مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى بولۇشقا تىرىشىش، شۇنداقلا مۇنەۋۋەر خالىس ئەسكەرلەرنى سايلاپ چىقىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. تارماق ئەترەت ئورگىنى قەشقەر شەھىرىدە قانات يايدۇرۇلغان مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، يېزا ئىگىلىك 3 - شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر شەھىرىدىكى خەلق غەربىي يولىدا «ئارمىيە، قۇرۇلۇش بېكىتى»نى، ساقچىلار، خەلق بىرلىكتە بىر كوچا

قورۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. تارماق ئەترەت بويىچە 1986 ـ يىلى جەمئىي 79 مەدەنىيەت نۇقتىسى قۇرۇلدى، خەلقنى سۆيۈش ئەمگە-كىگە قاتناشقۇچىلار 11 مىڭ 646 ئادەم قېتىمغا يەتتى؛ 18 قېتىم خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇ-تۇلدۇرۇشقا قاتناشقان 596 ئادەم-قېتىم ئەسكەرنى كۈچ ئاجرىتىلدى، 5563 تۈپ كۆ-چەت تىكىلدى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تارماق ئەترەتنىڭ ئىتتىپاق خىزمىتى كومىتېتى بىلەن ئورگاننىڭ ئىت-تىپاق ياچېيكىسى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەرىپىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1986-يىلى ئىلغار ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئىلغار ئىتتىپاق ياچېيكىسى قىلىپ باھالاندى. تارماق ئەترەت ئورگىنى قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن 1986-يىللىق مەنىۋى مەدەنىيەتتە ئىلگىرى شەھەر قۇرۇش-تىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتى-نى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، تارماق ئەترەت ئارمىيىدىمۇ، يەرلىكتىمۇ ئىشلىيە-لەيدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەر-بىيىلەشنى بىر مۇھىم مەزمۇن قىلىپ، كۆپ-چىلىكنى كەسىپ ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئاكتىپ يېتەكلىدى. پۈتۈن يىل ئىچىدە 288 نەپەر كادىر-جەڭچى ژۇرنال (سىرت-تىن) ئارقىلىق ئۆگىنىش ھەم كەسپىي تېخ-نىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشكە قاتناشتى، بۇلار ئىچىدە 106 نەپەر كادىر، جەڭچى ئوقۇش پۈت-تۈرۈش (تاماملاش) گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. 34 نەپەر كادىر، جەڭچى، قىسىم ھەم يەرلىكتىكى ئالىي (ئوتتۇرا) تېخنىكوملارغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن قىسىمنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى.

كەڭ كادىر-ساقچىلار ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىلىپ، ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى مەھكەم تۇرغۇزۇلدى، قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر ئايرودرومىنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈ-رۈش پونكىتى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ھەر قايسى قىسىملاردا ئۆز ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، ھەر مىللەت كادىرلىرى، جەڭچىلىرى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەزىپە ئۆتەش مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك خىزمەت-لەرنى ئىلگىرى سۈردى.

(شى زىڭتاۋ).

**[ئورگان ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش]** قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر تارماق ئەترىتى ئورگىنى پۈتۈن ۋىلايەتتىكى قوراللىق ساقچى قىسىم ئوتتۇرا ئەترەتلىرى، شۆبە ئەترەتلىرىگە كەسپىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىش، ماددىي كاپالەتلەن-دۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىكەن.

1986ـ يىلى تارماق ئەترەت ئورگىنى ئارقا سەپ تەمىناتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىدە ۋەزىپە ئۆتەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى مەركەز قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىپ، قىسىم قۇرۇلۇشىدىكى ئەندىشە، قىيىنچىلىق-لارنى تۈگىتىپ، ئۇلار ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى.

بىر يىلدىن بۇيان قىسىمنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش نۇقتىلىرى كۆپ بولۇش، لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇش، يۇقىرى دەرىجىدە تارقاق بو-

لۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، بەش خىزمەت گۇرۇپپىسىنى 34 ئادەم-قېتىم ئەۋەتىپ، 283 كۈن ئىچىدە سەككىز مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەتتە ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ سۇ ئىچىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى، ئىككى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەترىتىگە 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ مۇنچا سېلىپ بەردى؛ بىرچەت يىراق ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەترىتىگە سىمونت ياتقۇزۇلغان ۋاسكېتبول مەيدانى ياساپ بەردى، بىر ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەترىتىگە ئاشخانىنى قايتىدىن سېلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆزى 35 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ئۈچۈن 1400 كۇۋادىرات مېتىر كۆلەمدىكى گازارما ئۆيلىرىنى چوڭ دائىرىدە رېمونت قىلىپ بەردى، ئالتە ئورۇندىكى ئاشخانىنىڭ ئوچاقلىرىغا فار-فۇر خىش ياتقۇزۇپ بەردى ۋە تۆت ئاش كېسىش ماشىنىسى، جەڭچىلەر ئۈچۈن 66 كارىۋات، 16 تاماق ئۈستىلى، 160 ئورۇندۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ تولۇقلاپ بەردى؛ يەتتە قىرائەتخانىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئوتتۇرا ئەترەتلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش شارائىتى بىر قەدەر زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

قىسىمنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش، مەشق ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، ئارقا سەپ تەمىنات تارماقلىرى يۇقىرىدىن ئاساسىي قاتلاملار ئۈچۈن چۈشۈرۈپ بەرگەن راسخوت ھەم ماددىي ئەشيالارنى قىسىپ قالمىدى ياكى باشقا ئىشلەتمىدى. راسخوت، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئارقا سەپ تەمىناتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئاساسىدا، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش كىرىمىنى قىسمەن قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە ئىشلىتىشكە پائال يېتەكلىدى. بىر يىلدىن بۇيان ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام شۆبە ئەترەتلىرى ئۆزىدىن 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، تۈرلۈك گازارما سايمانلىرى، ئاشخانا سايمانلىرىدىن 600 نەچچىنى، رەڭلىك تېلېۋىزور ئاپپاراتىدىن ئىككىنى، كىر ئالغۇدىن ئالتىنى، تۈرلۈك مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش سايمانلىرىدىن 120 نەچچىنى سېتىۋالدى.

(چېن يۇشېڭ).

## [چېگرا مۇداپىئە سېپىدىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى]

1986-يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرى چېگرا بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى مەركەز قىلىپ، ئىچكى جەھەتتە يوشۇرۇنۇپ بىلىش، سىرتقا قېچىشقا قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چېگرا باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزەشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، چېگرا رايوننىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى.

بىر يىلدىن بۇيان، قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى چېگرا مۇداپىئە كادىر-ساقچىلىرى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، چېگرا مۇداپىئە 1-سېپىگە 498 ئادەم-قېتىم بېرىپ، چېگرا رايون ئاممىسى ئۈچۈن 816 قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. ئاممىغا چېگرىدا «تۆت تىلىمىن مۇداپىئەلىنىش» توغرىسىدا 108 قېتىم بىخەتەرلىك، قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ باردى، تەربىيە ئالغان ئامما 46 مىڭ 563 ئادەم-قېتىمغا يەتتى. چېگرا مۇداپىئە 1-سەپلىرىدە بىرلەشمە

مۇداپىئە گۇرۇپپىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغۇلۇپ
چارۋىچىلار ۋەتەننى سۆيۈپ، چېگرىنى قوغداش
توختامنامىسىدىن 5098 نى ئىمزالاشقا،
ئائىلىلەرنىڭ بىخەتەرلىك ئەھدىنامىسىدىن
6734 پارچە تۈزۈپ چىقىشقا سەپەرۋەر قىلىندى.
ئامانلىقنى ھۆددىگە بېرىش توختامىدىن
6781 پارچە ئىمزالاندى ھەمدە چېگرا ئاھالى-
سىنىڭ 68 پىرسەنتى يېزا ئىمزالىدى، يۇقىرىلار
ئەھدىنامىسى تۈزدى. چېگرا بىخەتەرلىك مۇ-
داپىئە تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ،
چېگرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

بىر يىلدىن بۇيان قوراللىق ساقچى
قىسىم خەلق ئاۋىئاتسىيىسى بويىچە بىخەتەر-
لىك تەكشۈرۈش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈردى، مەدەنىيەتلىك ۋەزىپە
ئۆتەش، خېرىدارلارغا مەدەنىيەتلىك مۇئا-
مىلە قىلىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش
پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، يىل-
بويى جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك يولۇچىلارنى
جەمئىي 21 مىڭ 723 ئادەم-قېتىم تەكشۈردى،
قولغا ئېلىۋالغان يۈك، نەرسىلەردىن 253 نى
تەكشۈرۈپ، تۈرلۈك خەتەرلىك ئامىللارنى
ۋاقتىدا بايقاپ ھەم توسۇپ، ئايروپىلاننىڭ
بىخەتەر ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

(ئىبراھىم).

## [112 تال گىراناتنىڭ ئوغرىلىنىش دېلوسىنىڭ پەم بىلەن پاش قىلىنىشى]

1986-يىل 4-ئاينىڭ 17-كۈنى چۈشتىن كېيىن
سائەت 14 تە قاغىلىق ناھىيىلىك جامائەت
خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق
مەلۇم قىسىم مۇداپىئە-ئالاقە باشقارمىسى
مەلۇم قىلغان مۇنداق بىر دېلونى تاپشۇرۇ-
ۋالدى: بۇ قىسىمنىڭ تەلىم-تەربىيە ئۈسكۈ-
نىلىرى ئامبىرىغا ئوغرى كىرىپ، تۆت ساند-
دۇقتىكى جەمئىي 112 تال گىراناتنى ئوغرىلاپ
كەتتى.

ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارى-
سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سېيىت ھوشۇر بۇ خە-
ۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال سەككىز نەپەر
كادىر-ساقچىنى باشلاپ، نەق مەيدانغا يېتىپ
كەلدى، ئۇلار ئەھۋال تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاپ
سۈرەتكە ئېلىپ، ئىز-داغلار، ماددىي ئىسپات-
لارنى قولغا كەلتۈردى. شۇ كۈنى كەچتە
قاغىلىق ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە شۇ
يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە رەھبەرلىرى، شۇن-
داقلا ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى
باشقارمىسىدىكى بۆلۈم باشلىقى شىن جىنتاڭ
قاتارلىق يولداشلارنىڭ مۇزاكىرىلىشىشى
ئارقىسىدا، ۋاقىتلىق چارلاپ پاش قىلىش
قوماندانلىق شتابى قۇرۇش قارار قىلىندى.
ئۇلار جەڭگە قاتناشقۇچى بارلىق كادىر-
ساقچىلار ۋە قىسىمدىكى جەڭچىلەرنى دەرھال
تەشكىللەپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا قىسىم
ھەم قىسىم تۇرۇشلۇق جاي ئەتراپىدىكى
ئالاقىدار ئورۇنلارنى تەكشۈردى. چارلىغۇچى-
لاردىن پامىر، دىڭشىڭچاڭ، كۆمۈر كانىدىكى
ۋاقىتلىق ئىشچى ياڭ شاۋخۇنىڭ ئۆيىگە
كەلگەندە ئارمىيە ئىشلىتىلىدىغان بىر ياغاچ
ساندۇقنى تويۇقسىز بايقىدى، بۇ ئىش دەرھال
ئۇلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئۇنىڭ
ئاچىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كې-
يىن، دىڭشىڭچاڭ ساندۇقنى ئېچىپ، ئىچىدە
لىق گىرانات بارلىقىنى
كۆردى. دىڭشىڭچاڭ بۇ مۇھىم بايقاشنى
دەرھال قوماندانلىق شتابىغا دوكلات قىلدى.
قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا
ئاساسەن، ياڭ شاۋخۇ بىلەن قويۇق ئالاقىسى
بار كىشىلەر چوڭقۇر تەكشۈرۈلدى، تەكشۈ-
رۈش جەريانىدا بۇرغۇنلىغان ئەھۋاللار باي-
قالدى، ئۇلار قوماندانلىق شتابىنىڭ كە-

كىمن قارار قىلىشى ئارقىسىدا بىر تەرەپتىن «ياڭ» بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار كاۋخۇڭلىن، ياڭجېي، پاڭ جيەنگۈن قاتارلىق كىشىلەرنى تېپىپ، ئۇلارغا تەربىيە بېرىپ تىزگىنلەپ تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆمۈركانغا دەرھال يېتىپ كېلىپ ياڭ شاۋخۇنى قولغا چۈشۈردى، زەربىدارلىق بىلەن سوت قىلىش ئارقىلىق جىنايەتچى ياڭ شاۋخۇ ئۆزىنىڭ گىرانات ئوغۇرلاشتا ئاساسلىق پىلانلىغان جىنايى پاكىتلارنى تاپشۇردى. بۇنىڭ بىلەن قالغان تۆت جىنايەتچىنىڭ ئۈچ نەپىرى قولغا ئېلىنىپ تۇتۇپ كېلىندى، قاچقان جىنايەتچى پاڭ جيەنگۈنمۇ ئەتىسى چۈشتىن ئىلگىرى ئارمىيە ۋە ساقچىلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن قورقۇپ، يەتتە تال گىرانات، ئىككى قۇتا نېترو - ئامىن پارتلاتقۇچ دورىسى ۋە ئىككى پىستانى ئېلىپ ئۆزلۈكىدىن مەكىت ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ئارمىيە بىلەن ساقچىلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىزدا تۆت سائەت جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا 112 تال گىراناتنىڭ ئوغۇرلىنىپ كېتىشىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ دېلونى پەم بىلەن پاش قىلىشتەك قاملاشقان جەڭ ئېلىپ بېرىلدى.

(ۋۇچاڭجۇ، كۆيىڭمىڭ).

**[مال - مۈلۈكنى دەپ ۋىجداننى يوقىتىش، قانۇن تورىدىن قۇتۇلالماي جازاغا ئۇچراش]** 1986 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شاخاپ يېزا 16 - كەنتىدىكى ئاھالىلەر زەيكەش چېپىۋاتقاندا، سېسىپ چىرىپ كەتكەن، يۈز - كۆزلىرىنى تونۇغىلى بولمايدىغان نامەلۇم بىر ئەركىشىنىڭ جەسىتىنى تېپىۋالدى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مەلۇم قىلىنغان دېلونى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى كوچمەشەن ئون نەچچە نەپەر چارلىغۇچىنى باشلاپ نەق مەيدانغا دەرھال يېتىپ كەلدى. جەسەتنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق باش قىسمىدىن ئۈچ ئورۇندا تىغسىز نەرسە تەگكەن يارىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى، ئۇلار بۇنىڭ قاتىللىق قىلىپ جەسەتنى كۆمۈش دېلوسى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلدى. جەسەتنىڭ سېسىش دەرىجىسىگە قاراپ، جەسەتنىڭ كۆمۈلگىنىگە تەخمىنەن ئىككى ئايدىن ئاشمىغانلىقىنى قىياس قىلدى. چارلاش گۇرۇپپىسى ئۆزىگە مەلۇم بولغان پارچە - پۇرات يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن، ئۇنى دەرھال 7 - ئايدا شاخاپ يېزىسىدىكى ئاممىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئىزدەرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن تۇغقىنىنى تېپىشقا ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلغان ئىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جىددىي چارلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. شاخاپ يېزىسىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ تونۇۋېلىشىچە، زىيانلانغۇچىنىڭ شاخاپ يېزىسىدىن قادىرياسىن ئىكەنلىكى، ھايات ۋاقتىدا پوسكام ناھىيىلىك كۆمۈركاندا ئىشچى بولغانلىقى، كىشىلەرگە سادىق، ئىشچان كىشى ئىكەنلىكى، باشقىلار بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتىنىڭ يوقلۇقى بايقالدى. چارلاش گۇرۇپپىسى ئىگىلىگەن تۈرلۈك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، جىددىي ئىشلەش ئارقىلىق بۇنىڭ قاتىللىق قىلىپ، جەسەتنى كۆمۈپ ئىزىنى يوقىتىش دېلوسى ئىكەنلىكى ئالتە سائەت يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئېنىقلاندى، قاتىل ئەخمەت توختى ھەم بىللە قاتىللىق قىلغۇچى يۈسۈپ ئىمىن قولغا چۈشتى.

قاتىل ئەخمەت توختى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شاخاپ يېزا 16 - كەنت 3 - گۇرۇپپ-

پەسەندىن بولۇپ، ئىزچىل تۈردە ئەمگەكنى يامان كۆرۈپ، راھەتكە ئىنتىلىپ كەلگەنىدى. 1985 - يىل 12 - ئايدا ئۇ پوسكام ناھىيىلىك كۆمۈر كانىغا ئىشقا بېرىپ، قورساقى ئاچ، سوغۇقتا قېلىپ تامغا يۆلىنىپ تىترەپ ئولتۇرىدۇ. كۆمۈركان ئىشچىسى قادىر ياسىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئەھۋال سوراپ پاراڭلىشىش جەريانىدا، جىنايەتچى ئەخمەتنىڭ ئۆز يۇرتدىشى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا ئاز - تولا تاماق پۇلى بېرىدۇ ھەمدە ئۇنى بىر ئاشخانىدا ئىنەكا ئىشلەشكە تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەخمەت توختى ئۆزىنىڭ بەدخەج تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن قادىر ياسىندىن 2 - 3 كۈندە بىر قېتىم پۇل قەرز ئالىدۇ، قادىر ياسىن ھەر قېتىم ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جىنايەتچى ئەخمەتكە 180 يۈەن نەق پۇل قەرز بېرىدۇ. ئەمگەكنى يامان كۆرۈپ، راھەتكە ئىنتىلىپ ھورۇنلىشىپ كەتكەن ئەخمەت توختى تۇيۇقسىز خوشلاشمايلا كېتىپ قالىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن قادىر ياسىن بىر قانچە قېتىم سۈرۈشتۈرۈپ، جىنايەتچى ئەخمەت تۇرغان جايىنى تاپىدۇ، ئىككى قېتىم بېرىپ قەرزنى سۈيلەيدۇ. 1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۇ 3 - قېتىم جىنايەتچى ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە قەرزنى سۈيلەپ بارغاندا، جىنايەتچى ئەخمەتتە مال - مۈلۈكنى قەستلەپ، قاتىللىق قىلىش قارا نىيىتى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئالدىغا بىر تۇزاق قۇرۇپ: بۈگۈن ئاخشام ئۆيۈمدە قونۇپ قالسىلا، ئەتە 180 يۈەننى راستلاپ، قەرزىمنى بىراقلا تۆلەيمەن دەيدۇ. قادىر ياسىن شۇ كۈنى كەچتە جىنايەتچى ئەخمەتنىڭ ئۆيىدە ئۇخلاپ قالىدۇ. تۈن يېرىملاشقاندا جىنايەتچى ئەخمەت ئۆز كەنتىدىكى «بۇرادىرى» يۈسۈپ ئىسمىنى تېپىپ كېلىپ، ئۆز ئۆيىدە كۆمۈر كانىنىڭ پۇلى بار بىر باي ئىشچىسىنىڭ قونۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەخپىي پىلانلاش ئارقىلىق، جىنايەتچى ئەخمەت پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قاتتىق ئۇخلاپ قالغان قادىرنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن ئۈچ قېتىم قاتتىق ئۇرىدۇ، كاڭدا ياتقان قادىر بىردەمدىلا ئېچىنىشلىق تۈردە ئۆلىدۇ. جىنايەتچى ئەخمەت، يۈسۈپلەر قادىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سارجا شىم - چاپىنى، ئۆتىكى، شاڭخەي ماركىلىق قول سائىتى، 15 يۈەن نەق پۇلى ۋە ۋېلىسىپىتى قاتارلىق نەرسىلەرنى شەخسىي بۆلۈشىۋالىدۇ ھەمدە شۇ كۈنى كەچتە قادىر ياسىننى ھويلىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى جىگدىنىڭ يېنىغا مەخپىي كۆمىدۇ. قاتىللىق قىلىپ 15 كۈن ئۆتكەندە جىنايەتچى ئەخمەت يەنە دادىسى توختىنىياز ۋە يۈسۈپ ئىسمىن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن شېرىكلىشىپ، يېرىم كېچە، ئەل جىمىققان چاغدا قادىر ياسىننىڭ جەسىتىنى ئۆز ئۆيىدىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى زەيكەشكە يۆتكەپ مەخپىي كۆمىدۇ. بىراق خەلق سالغان قانۇن تورىدىن بەربىر قېچىپ قۇتۇلالمىغان قاتىل ئەخمەت توختى ناھايىتى تېزلىكتە قولغا ئېلىنىپ، تۇتۇپ كېلىنىپ، قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى، بىللە قاتىللىق قىلغان جىنايەتچى يۈسۈپ ئىسمىن، توختىنىيازلارغىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا قانۇن بويىچە ئون يىللىق، ئۈچ يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

(جاڭ جەن).

## ]جاپالىق جەڭ قىلىنغان 58 كۈن ۋە تۈن[

1986 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كەچتە قەشقەر سىفەن مەكتىپىنىڭ تەجرىبە-

خانىسىدىكى قۇلۇپلانغان چاۋەندىن قىممەتلىك بىر تۈركۈم ئوقۇتۇش سايمانلىرى ئۈشتۈمتۇت يوقىلىپ كەتتى. دېمەك، پەۋقۇلئاددە زور ئوغۇرلۇق دېلوسى يۈز بەرگەنىدى.

ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى مەلۇم قىلىنغان دېلونى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن چاقماق تېزلىكىدە نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، تەپسىلىي تەكشۈردى. جىنايەت يۈز بەرگەن نەق مەيداندا ئوخشاش بولمىغان بىر نەچچە خىل تاپان ئىزلىرى رەخت بىلەن يېپىپ قويۇلغاندىن باشقا، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىز بايقالمىدى. ئېنىقلاش ئارقىلىق ئۈچ سىنئالغۇ، بىر سىنقويغۇ، بىر تېلېۋىزىيە تەقسىملەش ئەسۋابى، ئىككى دانە قوش لېنتىلىق ئۈنئالغۇ، ئون دانە سىنئالغۇ لېنتىسى بولۇپ، جەمئىي قىممىتى 21 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان نەرسىنىڭ ئوغۇرلانغانلىقى مەلۇم بولدى. ئىگىلىنىشىچە، بۇلار «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بالىلار فوندى جەمئىيىتى»نىڭ سىغەن مەكتەپكە ياردەم قىلغان ئوقۇتۇش سايمانلىرى ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغۇرلىنىشى سىغەن مەكتىپىنى زور ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارادا ۋە دۆلەت ئىچىدىمۇ يامان سىياسىي تەسىر پەيدا قىلاتتى.

ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بۇ چوڭ دېلونى مۇمكىن قەدەر تېز پاش قىلىشقا بەل باغلىدى. رەھبەرلەر شەخسەن قوماندانلىق قىلىپ جەڭگە قاتناشتى، بىرلەشمە مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى، نەق مەيداننى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مۇنچىۋالا كۆپ نەرسىنى بىرلا ئادەمنىڭ ئوغۇرلاپ كېتەلىشىنىڭ زادى مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئىككىدىن ئارتۇق كىشىنىڭ دېلو سادىر قىلىش ئېھتىمالىنىڭ زورلىقى قەيت قىلىندى، يەنە جىنايەتچىلەرنىڭ دېلو سادىر قىلىش نىشانىنىڭ توغرىلىقى، ئىچكى ئەھۋاللارنى بەش قولدەك بىلىدىغانلىقى، ناھايىتى ئاسانلا قولغا كەلتۈرۈپ ئىز قالدۇرمىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن بۇ دېلودىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ئالدىن پۇختا پىلانلىغانلىقى تەھلىل قىلىندى، ئىچكى-تاشقى جەھەتلەردىن تىل بىرىكتۈرۈپ دېلو سادىر قىلىش ئېھتىمالىنىڭ زورلىقى قەيت قىلىندى.

چارلاش گۇرۇپپىسى يۇقىرىدىكى تەھلىللەرگە ئاساسەن، ئالدى بىلەن ئىچكى جەھەتتىن قول سېلىشنى قارار قىلدى، لېكىن سىرتقى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىمۇ بوش قويۇۋەتمەي بىر مەيدان جاپالىق، چوڭقۇر چارلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 53 كېچە-كۈندۈز پىداكارانە جەڭ قىلىش ئارقىسىدا، ئىزدىنىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قانچە نەپەر گۇمانلىق ئوبيېكتلار تەكشۈرۈپ-دەلىللەش ئارقىلىق بىر-بىرلەپ ئىنكار قىلىندى. مەكتەپنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەم مەكتەپ ئەتراپىدا گۇمانلىق ئىزى بار 40 نەچچە نەپەر ياش-ئۆسمۈرمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن تامامەن گۇماندىن خالاس قىلىندى، 100 نەچچە نەپەر ئائىلىنى تەكشۈرۈپ، زىيارەت قىلىش جەريانىدىمۇ ھېچقانداق نەتىجە قولغا كەلمىدى؛ دېلو يۈز بەرگەن كۈنى مەكتەپكە كەلگەن يەتتە ئاپتوموبىل شوپۇرى ھەم 35 نەپەر مېھمانىدىمۇ زىيارەت جەريانىدا ھېچقانداق يىپ ئۇچى بايقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا مەكتەپ ئەتراپىدىكى خالا، ئېرىق-ئۆستەڭ، پار تۇرۇبىلىرى، كۆللۈك، ئۆگزە قاتارلىقلارنى ئاختۇرۇش، تەكشۈرۈش پائالىيىتىدىمۇ ھېچقانداق ئىز تېپىلمىدى. چارلاش خىزمە-

تى بىر مەھەل قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

دەل مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى بۇ دېلونى ئۇزاققىچە پاش قىلالماي، ئىچى تىت-تىت بولۇپ، ئەنسىز ئەھۋالدا تۇرغاندا 12-ئاينىڭ 5-كۈنى بىز مۇنداق بىر مۇھىم مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق: مەلۇم بىر ئۇيغۇر ياش بىر ئېلېكتىر سايمانلىرى دۇكىنىغا بىر سىنئالغۇنى ساتماقچى بولغان، ئەسلىدە 3300 يۈەن ئىكەنلىكىنى، 2500 يۈەنگە سېتىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقان، دۇكان ئىگىسىنىڭ ئۆزىنىڭلا ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى، باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، سودىدا پۈتۈشكەندىن كېيىن بىر قولىدا سىنئالغۇنى تاپشۇرۇپ پۇل ئالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سودا شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، چارلاش گۇرۇپپىسىدىكى كادىر-ساقچىلار مۇشۇ يىپ ئۇچىنى چىڭ تۇتۇپ، خىزمەتنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. چارلىغۇچى گىرىم قىلىپ يولۋاس ئۇۋىسىغا كىرىپ، چېچەنلىك بىلەن خېرىدار قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئىشەنچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئەپچىللىك بىلەن سىنئالغۇنى قولغا كەلتۈرىدۇ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ دەل سىفەن مەكتىپىدە ئوغۇرلانغان سىنئالغۇلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. سىنئالغۇ ساتقۇچىنىڭ ئوغرىلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى تەيىن قىلىندى.

پۈتۈن دېلونى ئايدىڭلاشتۇرۇش، يىپ ئۇچىنى چوڭايتىش ئۈچۈن مال ساتقۇچىنىڭ ھەرىكەت لىنىيىسىدە ھەم پۇل بېرىپ ئالاقىلىشىدىغان جاي قاتارلىق كۆپ ئورۇنلاردا تىزگىنلەش ئۇقتىسى تەسىس قىلىندى ۋە قاتتىق نازارەتكە ئېلىندى، ئۈچ كۈنگە يېقىن جىددىي خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى سىنئالغۇ ساتقۇچىنىڭ قەشقەر شەھەرلىك يېزا-بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىغا قاراشلىق سودا شىركىتىنىڭ دۇكىنىدىكى پىركازچىك ئابدۇۋەلى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

12-ئاينىڭ 8-كۈنى كەچتە ئابدۇۋەلى سىنئالغۇنى قويۇپ كۆرۈۋاتقان چاغدا جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىرلىرى ۋە ساقچىلىرىمىز يېتىپ كېلىدۇ، ئابدۇۋەلى لاسسىدە يەردە ئولتۇرۇپ قېلىپ، ئارقا-ئارقىدىن يالۋۇرۇپ: «مەن ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇراي، مەن راستىنى تاپشۇراي...» دەيدۇ ھەمدە شۇ ئۆيدە سىنئالغۇ كۆرۈۋاتقان يەنە بىر ياشنى كۆرسىتىپ: «ئۇنىڭ ئىسمى ۋاڭ شىنخې، سىفەن مەكتىپىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى بىز ئىككەيلەن بىرگە ئوغۇرلىغان...» دەيدۇ.

كېچىلەپ سوراق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىككى جىنايەتچى بارلىق دېلو سادىر قىلىش جەريانىنى تاپشۇردى. بىز بارلىق زاڭ ماللار ھەم دېلو تۆغدۈرۈش سايمىنى— چوڭ ئامبۇرنى قولغا چۈشۈردۇق. شۇنداق قىلىپ 58 كېچە-كۈندۈز جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق بۇ پەۋقۇلئاددە زور ئوغرىلىق دېلوسى پاش بولدى، ئابدۇۋەلى، ۋاڭ شىنخېيدىن ئىبارەت بۇ ئىككى جىنايەتچى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە سېلىنىپ خەلق ئالدىدا گۇناھكارلارغا ئايلاندى.

(خۇاڭ مىن).

**[يېڭى توپا ئاستىدىكى نەرسىنىڭ تېپىلىشى]** كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسىنىڭ 1-كەنتىدىكى ياسىن ئىمىن ئات سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى بولۇپ، بۇ يىل 4-ئاينىڭ 15-كۈنى سىڭلىسى پاشاخاننىڭ ئۆيىدە كەچلىك

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە قاي-
تىدۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەچكە سىڭلىسى ئاكىسى
بىلەن كۆرۈشمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدى-
راپ - تېنەپ ئاكىسىنى يوقلاشقا بارىدۇ.
ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كارىۋاتتا يوت-
قان- كۆرپىلەرنىڭ قالايمىقان تۇرغانلىقىنى،
ئۈستىدىكى كۆپلىگەن قان داغلىرىنى كۆرۈپ
تەشۋىشلەنگەن ھالدا تەرەپ- تەرەپكە يۈگ-
رەپ ئىزدەيدۇ. ئۇ ئۆيدىن 30 مېتىر يىراق-
لىقتىكى بىر جايدا يېڭىدىن دۆۋىلەنگەن بىر
توپا دۆۋىسىنى بايقايدۇ، ئۇ چاقىرتىپ كەل-
گەن كىشىلەر بۇ توپا دۆۋىسىنى ئاچقاندا
قانغا مىلەنگەن ياسىن ئىمىننىڭ جەسىتى
تېپىلىدۇ.

4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەتىگەن سائەت
ئۈچتە ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدا-
رىسى مەلۇم قىلىنغان دېلونى تاپشۇرۇۋال-
غاندىن كېيىن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ
باشلامچىلىقىدا ئون نەچچە كادىر - ساقچى
نەق مەيدانغا كېلىپ تەكشۈرۈپ ئۆلگۈچىنىڭ
باش قىسمىنىڭ يەتتە يېرىدە قاتتىق نەرسە تەگ-
كەن يارىنىڭ بارلىقىنى، بوغدىيىكىنىڭ مې-
جىپ ئۈزۈۋېتىلگەنلىكىنى بايقايدۇ، ئۇ تۇرال-
غۇ ئۆيىنىڭ سىرتىدا قان دېغى بار بىركەت-
مەننى تاپىدۇ. ئىگىلىنىشىچە، زىيانلانغۇچى-
نىڭ ھايات ۋاقتىدىكى خېلى كۆپ پۇلى يو-
قالغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تەھلىل قىلىش
ئارقىلىق مال - مۈلۈكنى كۆزلەپ قاتىل-
لىق قىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ ناھايىتى زور ئى-
كەنلىكى قەيت قىلىندى.

جىددىي چارلاش جېڭى باشلاندى. چارلى-
غۇچىلار گورۇپپىسى بۆلۈنۈپ ئەتراپتىكى
كەنت- گورۇپپىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ زىيا-
رەت قىلدى. 4- ئاينىڭ 20- كۈنى 1 - كەنت-
تە كەنت ئاھالىلىرى چوڭ يىغىنغا ئېچىلىپ دېلو
ئەھۋالى ئېلان قىلىنغان چاغدا، كەنت كادىر-
لىرى يوقلىما قىلىش ئارقىلىق روزى كېرىمە-
نىڭ يىغىنغا كەلمىگەنلىكىنى بايقىدى. بەزى
ئاممىلار ئۇنىڭ بىر قانچە كۈندىن بۇيان كۆ-
رۈنمەي ۋاتقانلىقىنى ئىنكاس قىلىشتى. ئەتى-
سى كەنت ئاھالىسى بەختىخان 4 - ئاينىڭ
21 - كۈنى كەچتە روزى كېرىمنىڭ ھولۇق-
قان پېتى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىككى دان
ئېلىپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. چارلاش
قوماندانلىق گورۇپپىسى تۇرلۇك ئالامەت-
لەرگە ئاساسەن، ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قى-
لىپ ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن زور گۇ-
مانلىق ئوبيېكت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەن-
لەشتۈرۈپ، ئاممىنى قوزغاپ، كەڭ تور سېلىپ
ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ روزى كېرىمنى ئاختۇ-
رۇپ تېپىپ تۇتۇشنى قارار قىلدى.

ئىزدەپ تۇتۇش گورۇپپىسىدىكى جاما-
ئەت خەۋپسىزلىكى كادىر- ساقچىلىرى ئۇدا
ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىز قوغلاپ چارلىغان،
كۆتۈپ تۇرۇش، كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇرغان
بولسىمۇ، قورساقلىرى ئېچىپ، ھېرىپ-چارچاپ
كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ۋايسى-
مىدى. 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سىم - سىم يام-
غۇر يېغىۋاتقان چاغدا تۆگمەنچى روزى توخ-
تى بىر كىشىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى كونا بوش
ئۆيگە تىمىسقىلاپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى
چالا - پۇلا كۆرۈپ قالدى. ئۇ دەرھال ھوش-
يارلىقنى قوزغاپ، 15 ياشلىق ئوغلىنى تېز
يېزىغا قايتىپ دوكلات قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى
كونا ئۆي ئىچىدىكى شەپىنى پايلاشقا كىرىش-
تى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرى
دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال بۇ كو-
نا ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ روزى كېرىمنى
تۇتتى.

جىددىي سوتلاش خىزمىتى باشلاندى. كۆپ-
لىگەن دەلىل - ئىسپاتلار ئالدىدا روزى كې-
رىم ئاخىرى ئۆزىنىڭ مال - مۈلۈكنى كۆز-

ئەپ كىشىنىڭ جىنىغا زامىن بولۇشتەك جىنايەتنىڭ جەريانىنى تاپشۇردى. ئەسلىدە روزى كېرىم باشقىلاردىن ياسىن ئىمىنىدە خېلى كۆپ پۇلنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئادەم ئۆلتۈرۈش يامان نىيىتى پەيدا بولغان. 4- ئاينىڭ 15 - كۈنى كەچتە ئۇ ياسىن ئىمىنىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىنى كۆرۈپ ئوغۇرلۇقچە ياسىننىڭ ئۆيىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدۇ. شۇ كۈنى كەچتە ياسىن ئىمىن قايتىپ كېلىپ كارىۋىتىغا چىقىپ ئۇخلايدۇ. بۇ چاغدا روزى كېرىم كەتمەن بىلەن ياسىن ئىمىنىنىڭ بېشىغا ئۇدا بىر قانچە قېتىم ئۇرۇپ ئىككى قولى بىلەن كارنىيىنى بوغىدۇ، نەپەس توختىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىن 130 يۈەن پۇلنى ئاختۇرۇپ تاپىدۇ. جىنايەت ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇ زىيانلانغۇچىنىڭ جەسىتىنى ئېرىقنىڭ بويىغا يۆتكەپ كۆمىدۇ. بىراق بۇ جىنايەتچى ساقچىلار ۋە خەلقنىڭ بىر نىيەتتە سالغان تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. دېلو يۈز بېرىپ 10 نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن روزى كېرىم قولغا چۈشۈرۈلۈپ تۈرمىگە تاشلاندى.

(جاڭ جەن).

## [مۇختەر ماموتنىڭ ھاراق ئىچىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشى]

1986 - يىل 4- ئاينىڭ 17- كۈنى چۈشتىن كېيىن قەشقەر شەھىرىدىكى يەككە تىجارەتچى مۇختەر ماموت باشقا ئۈچ كىشى بىلەن بىللە ھاراق ئىچىپ چىقىپ غالىبىيەت كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا زىيانلانغۇچى ئەلجان شېرىپقا ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا: «سەن نېمىشقا خوراز پاچاق (روزى مەمەتنىڭ لەقىمى) بىلەن بىرگە بولدۇڭ» دەيدۇ. روزى مەمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ دەرھال: «بىز بىللە بولساق، ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مۇختەر بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن روزى مەمەتنى يەرگە يىقىتىپ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، خىش پارچىسى بىلەن بېشىغا ئۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئەلجان شېرىپ يېتىپ كېلىپ ئاجرىتىپ قويماقچى بولىدۇ. مۇختەر يېنىدىن خەنجەرنى ئېلىپ ئەلجان شېرىپنىڭ مەيدىسىگە تىقىدۇ. ئاندىن خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ روزى مەمەتكە بىر خەنجەر ئۇرۇپ قېچىپ كېتىدۇ. ئەلجان شېرىپ دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈش يولىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. روزى مەمەتنىڭ سول بىلىكى خەنجەر سانجىلىپ يارىلىنىدۇ، بېشى باشقا نەرسىگە تېگىپ يارىلىنىدۇ. مۇختەر ماموت قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنىدۇ.

ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسى جاۋابكارنىڭ ھاراق ئىچىپ غەۋغا تۇغدۇرۇش، پىچاق تىقىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك جىنايىتى زور، ئاقىۋىتى ئېغىر بولغان دەپ ھېسابلاپ، ئۆز ۋاقتىدا سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدى. ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىپ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە تەستىقلىتىپ، قاتىل مۇختەر ماموتقا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلدى.

(جاۋ شۇ).

# خەلق ئىشلار

## [قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق نامراتلارغا يار - يۆلەكتە بولۇش خىزمىتى توغرىسىدا بايان]

1986 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت - ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى چاقىرغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ھەم ھۆكۈمەتلەر بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللەپ، يىغىن روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈردى. مارالبېشى، پەيزاۋات، خوتەن ناھىيىلىرى ھەم بىر قىسىم يېزا - كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش تەجرىبىلىرى پائال كېڭەيتىلىپ، ئىرادىسىغا، توپ ئاساسىغا يار - يۆلەكتە بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، نامراتلارنى يۆلەش ھۆددىگەرلىك، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، نامرات ئائىلىلەرگە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى يەڭگىللىتىلدى. ئىلغار پەن - تېخنىكا پائال كېڭەيتىلىپ، تەجرىبىلەر ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەندى، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىندى ۋە ئىشلىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ساناۋەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 303 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن % 26.67 ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 500 يۈەندىن ئاشقان ناھىيە بىر (مەكىت ناھىيىسى)، 400 يۈەندىن ئاشقانلىرى ئىككى (مارالبېشى، پوسكام ناھىيىلىرى)، 200 يۈەندىن تۆۋەن ناھىيىلەر سەككىز ئىدى.

1986 - يىل 6 - ئايدا ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ۋىلايەت بويىچە 120 يۈەندىن تۆۋەن بولغان دېھقان ئائىلىسى ۋە 150 يۈەندىن تۆۋەن بولغان چارۋىچى ئائىلىلەر جەمئىي 138 مىڭ 6 ئائىلە بولۇپ، نوپۇسى 558 مىڭ 53 كىشى، ئۇ پۈتۈن ۋىلايەتتىكى دېھقان، چارۋىچىلار ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 29.64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 32 مىڭ ئائىلىگە يار - يۆلەكتە بولۇپ، 18 مىڭ ئائىلىنى نامراتچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانلانغانىدى، يىل ئاخىرىدا ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئەمەلىيەتتە يار - يۆلەككە ئېرىشكىنى 35 مىڭ 500 ئائىلە بولۇپ، 22 مىڭ 453 ئائىلە، 107 مىڭ 252 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانى % 124.73 ئورۇنلانغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەر پۈتۈن ۋىلايەتتىكى نامرات ئا-

ئىلىلەرنىڭ 16.24 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يار-يۆلەكتە بولۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلغان بۇ ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 1986-يىلى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 93 مىليون 540 مىڭ جىڭغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 872 جىڭدىن توغرا كەلدى. ئومۇمىي مەھسۇلات ئالدىنقى يىلدىكىدىن 225 مىڭ 300 جىڭ، يەنى % 31.72 ئاشتى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 210 جىڭ ئاشتى. پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 50 مىڭ جىڭ ئېشىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 47 جىڭدىن توغرا كەلدى، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 28 جىڭ ئارتۇق. مايلىق دانىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 8 مىليون 40 مىڭ جىڭ بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 75 جىڭدىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23 جىڭ ئاشتى؛ چارۋا ماللارنىڭ ئومۇمىي تۇياق سانى 129 مىڭ بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.2 تۇياقتىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.6 تۇياق ئاشتى؛ دەل-دەرەخلەرنىڭ ئومۇمىي تۈپ سانى 4 مىليون 870 مىڭ تۈپ بولۇپ، ئائىلە بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 217 تۈپتىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 170 تۈپ ئاشتى. يار-يۆلەككە ئېرىشكەن بۇ نامرات ئائىلىلەرنىڭ 95 پىرسەنتى يېڭىدىن مېۋىلىك باغ بىنا قىلدى. 1986-يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 46 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ساپ كىرىم 23 مىليون 810 مىڭ يۈەن بولدى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 222 يۈەن بولۇپ، 1985-يىلدىكىدىن 105 يۈەن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 3792 ئائىلىدىكى ھەر بىر ئادەم بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 300 يۈەندىن ئاشتى، 861 ئائىلىدە 500 يۈەندىن ئاشتى، 758 ئائىلىدە تۈرلۈك كەسپىي ئائىلىلەر بارلىققا كەلدى، ئۈچ ئائىلە چوڭ تراكتور سېتىۋالدى، 31 ئائىلە كىچىك تراكتور سېتىۋالدى، بەش ئائىلە دان ئايرىش ماشىنىسى، 10 ئائىلە ياغ تارتىش ماشىنىسى، 17 ئائىلە ئۇن تارتىش ماشىنىسى، بىر ئائىلە موتوتسىكلىت، 21 ئائىلە تېلېۋىزور ئاپپاراتى، 296 ئائىلە ئۈنئالغۇ، 3518 ئائىلە 3659 دانە ۋېلىسىپىت، 3402 ئائىلە 3835 قول سائىتى، 1421 ئائىلە 1553 دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى سېتىۋالدى، 12 مىڭ 724 ئائىلە يېڭىدىن 5658 ئېغىز ئۆي سالدى، 3908 ئائىلە 7559 ئېغىز كونا ئۆيىنى رېمونت قىلدى.

بىر يىلدىن بۇيانقى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە ھاسىل قىلىنغان بىر قانچە تەجرىبە:

1. ھەر دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش رەھبەرلىك بەنزىلىرى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىلدى.

ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست يىغىنىدىن كېيىن ۋىلايەتتە يېزا ئىقتىسادىنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ئۇ پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش ۋە يېزا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇردى. ھەر قايسى ناھىيە، بازار، كەنتلەرمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا نامراتلارنى يۆلەش رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى قۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى، ھەممىسى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست يىغىنىنىڭ تەلىپى

گە ئاساسەن ھەر قايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، جايلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەم كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە قاتلاممۇ-قاتلام پىلان تۈزۈلدى، تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى، ۋەزىپە ئايدىڭلىشىپ، مەسئۇلىيەت ئەمەلىيلەشتى.

ۋىلايەتلىك يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ۋاقتىدا يېزىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلدى ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ۋاقتىدا يىغىن چاقىرىپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى، يېزا خىزمىتى، يېزا ئىگىلىكى، خەلق ئىشلار، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، يېزا-بازار كارخانىسى، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئاشلىق قاتارلىق تارماقلارنى كۆپ قېتىم تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چۆكتۈرۈپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. نامرات رايونلارنىڭ قان ئىشلەش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا پاختا، چارۋا، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك، چۈچۈكبۇيىدىن ئىبارەت بەش چوڭ تاۋار بازىسى قۇرۇش پىلان-تەسەۋۋۇرىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ بازىلار قۇرۇلسا قەشقەرنىڭ يېزىلىرىدا مەھسۇلات قىممىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئەمەلگە ئېشىپ، ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ يۈزلىنىش بارلىققا كېلىدۇ.

2. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقىپ، نامراتلارنى يۆلەشنى ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى كېڭەيتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىز تۈزگەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم 200 يۈەندىن ئاشقان، ئاشلىق 800 جىڭدىن ئاشقان، باغ يېرى بەش مۇغا يەتكەن، چارۋا ئۈچتىن بەش تۇياقىچە بولغان (بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ چارۋا بىر تۇياق بولغان) بولۇش لازىم. 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە 32 مىڭ 300 دىن ئارتۇق كادىر، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزاسى ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، نامراتلارنى يۆلەشكە قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار 48 كىشى، ئىدارە، يېزا دەرىجىلىك كادىر 814 كىشى، ناھىيە، يېزا ئورگانلىرىنىڭ كادىرلىرى 3799 كىشى، يېزا كادىرى 11 مىڭ 69 كىشى، يېزىلارنىڭ پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، خەلق ئەسكەرلىرى 16 مىڭ 570 كىشى بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ۋاقتى، ئۆلچىمى، مەسئۇلىيىتى ئادەم بېشىغىچە ئەمەلىيلەشتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمى تېزلەشتى.

3. تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، بىر تۇتاش تەييارلىق كۆرۈپ ئورۇنلاشتۇردى ۋە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئورنىغا ئىشلەتتى.

1986-يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋىلايىتىمىزگە بەرگەن نامراتلارنى يۆلەش ئايلانما مەبلىغى 19 مىليون 240 مىڭ يۈەن، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۆزى توپلىغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى 7 مىليون 323 مىڭ يۈەن بولدى، بۇ ئىككى خىل مەبلەغ جەمئىي 26

مىليون 563 مىڭ يۈەن بولدى، بۇ مەبلەغنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەتتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە 18 مىليون 610 مىڭ يۈەن 35 مىڭ 544 نامرات ئائىلىنى يۆلەشكە سەرپ قىلىندى. بۇ، بارلىق نامراتلارنى يۆلەش پۇلىنىڭ 70.05 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھەر بىر ئائىلە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 532 يۈەنگە ئىگە بولدى، بۇ پۇل بىلەن نامرات ئائىلىلەرگە 1483.9 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 2179 ئېشەك ھارۋىسى، 23 مىڭ 797 قوي-ئۆچكە، 2338 ئېشەك، 2996 ئۆي، 1374.4 توننا يالتىراق، 7.9 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 131 مىڭ جىڭ ئۇرۇقلۇق، 10 مىليون 649 مىڭ تۈپ كۆچەت سېتىۋېلىندى. بۇ ئارقىلىق نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرى ھەل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ۋىلايەت بويىچە نامراتلارنى يۆلەش پۇلىدىن بىر مىليون 310 مىڭ يۈەن بىر قېتىم ئوبوروت قىلىنىپ بولغان، ئاساسلىقى، چارۋا ماللارنى بوداش، قوغۇنچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىلغان.

يېقىندا بىز ئايرىم يېزا، بازار، كەنت كادىرلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش پۇلىدىن پايدىلىنىپ ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، پۈتۈن ۋىلايەت مىقياسى بويىچە نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈشنى تەشكىللىدۇق، ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ مۇپەتتىشلىك، مالىيە، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق تارماقلىرىنىڭ ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى بىر قېتىم ئۈزۈل-كېسىل تەكشۈرۈشنى، ئومۇمەن بەلگىلىمىگە خىلاپلىقى بولسا تۈزىتىشنى، ئومۇمەن قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلار بولسا ئاخىرىغىچە تەكشۈرۈپ، قانۇن-ئىنتىزام بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق.

4. نامراتلارنى يۆلەش ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىسىگە پائال يار-يۆلەكتە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتىنى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش يولىغا سالدى.

ۋىلايەت بويىچە نامراتلارنى يۆلەش بىرلەشمە گەۋدىسىگە جەمئىي 7 مىليون 953 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. بۇ، نامراتلارنى يۆلەش ئومۇمىي پۇلىنىڭ 29.94 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىدىن 304 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى يېزا-بازار كارخانىسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغىنى 116، يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 188؛ كەسىپ تۈرلىرى بويىچە ئايرىلغان كاسىنا سانائىتى 128، مۇلازىمەت كەسپى 52، باقمىچىلىق كەسپى 120، سودا كەسپى تۆت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، نامراتلارنى يۆلەش بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 831 مىڭ يۈەن، پايدىسى 234 مىڭ يۈەن بولدى، بىرلەشمە گەۋدە قۇرۇش جەريانىدا بىز «مەبلىغى ئاز، كۆلىمى كىچىك، ئۈنۈمى تېز بولۇش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، نېمە قىلالىسا شۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇپ، قايسى تۈردە شارائىت بولسا شۇ تۈر بىلەن شۇغۇللىنىپ، باي بولغانلار نامراتلارنى يېتەكلەش، تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئىشقا ئاشۇر-

دوق، بۇ بىرلەشمە گەۋدىلەرنىڭ بىر قىسمىدا تەجرىبىسىزلىك تۈپەيلىدىن ئېغىش يۈز بەردى. يەنى بىر قىسىم ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ مالىيە تۈزۈمى مۇكەممەل بولمىغانلىقى، بەزى پۇل تارقىتىش ئۇسۇلى مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىر قىسىم باي ئائىلىلەر نامراتلارنى يۆلەش پۇلىنىڭ پايدىسىنى ئىگىلىۋالدى. بىرلەشمە گەۋدىگە قاتناشقان نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئالغان پايدىسى بىر قەدەر ئاز بولدى. بىز بۇ مەسىلىنى سەزگەندىن كېيىن دەرھال تۈزەتتۇق. ئومۇمەن بىرلەشمە گەۋدىلەرنى يۆلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەبلەغلەر بىردەك بىرلەشمە گەۋدىگە قاتناشقان نامرات ئائىلىلەرنىڭ پاي فوندىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ نامرات ئائىلىلەر ئەمگەك قىلىپ تاپقان كىرىمدىن باشقا پاي فوندىسى بويىچىمۇ پايدا تەقسىم قىلىشىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن نامراتلارنى يۆلەش پۇلىدىن كەلگەن پايدىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىرلەشمە گەۋدىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ھاللىق ئائىلىلەر ئېلىپ كېتىدىغان ھادىسىلەر توسۇلۇپ، نامراتلارنى يۆلەش بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلىش جەھەتتىكى رولى ناھايىتى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلدى.

5. ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ سېلىقىسىنى يەڭگىللەتتى.

1986 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 95مىڭ 800 ئائىلىدىن ئېلىنىدىغان 3 مىليون 375 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك بېجى كېمەيتىپ ئېلىندى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى؛ 13مىڭ 214 ئادەم قېتىم سەرپ قىلىنغان بىر مىليون 120 مىڭ يۈەن تىببىي دورا پۇلى كېمەيتىپ ئېلىندى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى؛ نامرات ئائىلىلەردىكى 30مىڭ870 نەپەر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن 484 مىڭ يۈەن ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى؛ 3719 ئائىلە ئۈچۈن 38مىڭ يۈەن سۇ پۇلى كېمەيتىپ ئېلىندى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى؛ 6030 ئائىلىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسپ مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن 32 مىڭ يۈەن بازار بېجى كېمەيتىپ ئېلىندى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى؛ تاختاي باھادا 9 مىليون جىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزا ـ كەنت كوللېكتىپلىرى 27مىڭ340 ئائىلىنىڭ بىر مىليون 285 مىڭ يۈەن قەرز پۇلىنى ئازايتىپ ئالدى ۋە كەچۈرۈم قىلدى. ھەر بىر ئائىلىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كېمەيتىپ ئېلىنغىنى 47 يۈەندىن بولدى. 2548 ئائىلىگە 6828 مو ياخشى يەر ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى. مۇشۇنداق ئېتىبار بېرىش، غەمخورلۇق ئارقىلىق، نامرات ئائىلىلەر پارتىيىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنىڭ لەززىتىنى تېخىمۇ ھېس قىلىشتى، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

6. ئاكتىپ، قىزغىنلىق بىلەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ياردەم بەردى.

مەدەنىيەتتە قالاق، پەن ـ تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇش ۋىلايىتىمىز يېزىلىرىنىڭ نامرات بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ كونا ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مۇمكىنقەدەر تېز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك پەن ـ

تېخنىكا كومىتېتلىرى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تارماقلىرى ھەم كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ يېزىلاردا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى.

بۇلتۇر چارۋىچىلىق تارماقلىرى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن بېقىش تېخنىكىسى توغرىسىدا لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى. نامرات ئائىلىلەردىن 5610 كىشى لېكسىيە ئاڭلاشقا قاتناشتى ھەمدە 800 تۇياقتىن ئارتۇق چوڭ چارۋىنى ھەقسىز ھالدا توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇردى. يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تارماقلىرى ئىلىم - پەن كۆنى دوكلات يىغىنلىرىنى ئاچتى. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىپ، نامرات ئائىلىلەردىن ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنغانلار 28 مىڭ 300 ئادەم - قېتىمدىن ئاشتى، ئۇلارغا يالتىراق يېپىپ كۆچەت تېرىش، ئىككى خىل چېلەك سورتىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ تېرىش، باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش قاتارلىق تېخنىكىلار ئۆگىتىلدى.

يېزىلاردىكى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ياشلار ئىچىدە «ئۈچتە باي قىلىش»، «ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، نادانلىقنى تۈگىتىش بىلەن نامراتلارنى يۆلەش بىرلەشتۈرۈلدى. 1986 - يىلى تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسلىرى 610 قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلدى، تەربىيىلىنىشكە قاتناشقان ياشلار 40 مىڭدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ½ قىسمىدىن كۆپرەكىنى نامرات ئائىلىلەردىكى ياشلار تەشكىل قىلىدۇ.

بىز ۋىلايەت بويىچە «تاڭشەن - 6898» سورتلۇق بۇغداينى، بېيجىڭنىڭ «8 - نومۇرلۇق» سورتلۇق چىلگە كۆممە قوناقنى، ئارمىيە «1 - نومۇرلۇق» كېۋەزنى ۋە يالتىراق يېپىپ كۆچەت ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇردۇق، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ھەم ئومۇمىي مەھسۇلاتى زور ھەجىمدە ئاشتى، 1986 - يىلى پاختىدىلا ۋىلايەت بويىچە دېھقانلار كىرىمىنى 25 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئاشۇردى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13.02 يۈەن ئاشتى.

1986 - يىلى ۋىلايىتىمىز يېزىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلىش جەھەتتە بىر قىسىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش يولىدا تاشلىغان قەدىمىمىز يەنىلا چوڭ بولمىدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ تەلىپىدىن يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە يىراقتا تۇرىدۇ، ۋىلايەت بويىچە 115 مىڭ نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلمىدى، ئۇ پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى دېھقان، چارۋىچىلار ئائىلىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 24.38 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1987 - يىلى بىز روھىمىزنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، قاراشنى يېڭىلاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋىلايەت بويىچە 43 مىڭ 500 ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇ-

تولدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمنى 230 يۈەندىن ئاشۇرۇۋېتىشنى پىلانلىدۇق، ئۆتكەن يىلى قۇرغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر چاغدا، يەنە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىسىدىن 400 نى قۇرۇپ، ئىككى جەھەتتىن يۆلەيدىغان ئوبيېكتىپتىن 5500 ئائىلىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 10 مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى، 750 مىڭ يۈەن پايدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۆتكەن يىللاردىكى نامراتلارنى يۆلەش پۇلىدىن 600 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش قەدىمىنى تېزلىتىمىز.

(لۇگويى، دۇۋى).

## [قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا «بەش كاپالەت» ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى]

1986 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدا جەمئىي 6226 «بەش كاپالەت» ئائىلە بولۇپ، نوپۇسى 9010 نەپەر ئىدى، يېزىلارنىڭ قېرىلار ساناتورىيەسى 84 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1986 ـ يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغىنى 25، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى قېرىلار ساناتورىيەسى ئومۇمىي سانىنىڭ 36.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭغا قوبۇل قىلىنغان «بەش كاپالەت» خادىملار 1277 نەپەر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى قېرىلار ساناتورىيەلىرى قوبۇل قىلغان قېرىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 44.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تارقاق بېقىلىۋاتقان «بەش كاپالەت» ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ روشەن ياخشىلاندى، «بەش كاپالەت» ئائىلىلەرنىڭ بىخەتەرلىك ھېسسىياتى ھەم بەخت ـ سائادەت تۇيغۇسى كۈنسايىن كۈچەيدى. ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 565 مىڭ يۈەن پۇل توپلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ بازار كوللېكتىپلىرى 417 مىڭ يۈەن توپلىدى، بۇ سېلىنغان مەبلەغنىڭ 73.83 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دۆلەت 143 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى، بۇ 25.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن «قېرىلار ساناتورىيەسى قۇرۇشتا خەلقنى ئاساس قىلىش، دۆلەت زۆرۈر بولغان ياردەملەرنى بېرىش» پرىنسىپىنىڭ روھى ھەقىقىي گەۋدىلەندى. ۋىلايەت بويىچە 84 قېرىلار ساناتورىيەسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى، تۇرمۇش شارائىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 27 قېرىلار ساناتورىيەسىگە تېلېۋىزور ئاپپاراتى سەپلەپ بېرىلدى، سەككىز قېرىلار ساناتورىيەسىگە كىر ئالغۇ تولۇقلاپ بېرىلدى، 59 قېرىلار ساناتورىيەسىگە لامپۇچكا ئورنىتىپ بېرىلدى. ساناتورىيە ئەزالىرىنىڭ 90 پىرسەنتى ئۈچۈن سىم كارىۋات ھازىرلاپ بېرىلدى، تۇرمۇش بويۇملىرى تولۇق بولدى. قاغىلىق ناھىيەسىدە يېڭىدىن سېلىنغان بەش قېرىلار ساناتورىيەسىنىڭ ھەممىسى پىششىق خىش بىلەن سېلىندى، ساناتورىيەلەرنىڭ كۆپىنچىسى مېۋىلىك باغ ئىچىگە سېلىندى، ھەر بىر ساناتورىيە ئۈچۈن بەش مودىن سەككىز موغىچە يەر قوشۇمچە كەسىپ ئۈچۈن بېرىلدى، يەكەن ناھىيەسى 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى يەتتە كونا ساناتورىيەنى ئۈزۈل ـ كېسىل يېڭىلاپ بولدى.

«بەش كاپالەت» قېرىلارغا تېخىمۇ ياخشى

خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 250 نەپەر مەخسۇس خادىم سەپلەندى، ئۇلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ساناتورىيىگە ئۈچتىن توغرا كېلىدۇ. ساناتورىيە ئەزالىرىنىڭ يىللىق تۇرمۇش ئۆلچىمى 450 يۈەندىن بولۇپ، ئېيىغا 45 جىڭ ئاق ئۇن، ئىككى جىڭ گۆش، بىر جىڭ ياغ بىلەن تەمىنلىنىدۇ. كۈنلىكى ئۈچ ۋاخ ئىسسىق تاماق بېرىلىدۇ، قويۇق - سۇيۇق تاماقلار تەڭشىلىپ تۇرىدۇ، تاماق تۈرى ھەمىشە ئۆزگەرتىپ تۇرۇلىدۇ، ساناتورىيە ئەزالىرى تاماقنىڭ مېزىلىك، تەملىك بولۇۋاتقانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكاس قىلىشتى.

ساناتورىيە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ھەر قايسى قېرىلار ساناتورىيىلىرى ئۆز ئالدىغا كىچىك باغ ۋە قوشۇمچە كەسىپ يېرى بىنا قىلدى، ئۆي قۇشلىرى ھەم چارۋا - مال باقتى. قوشۇمچە كەسىپ ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى، 1986 - يىلى ھەر قايسى قېرىلار ساناتورىيىلىرىدە جەمئىي 86 مىڭ 500 جىڭ ئاشلىق، 9400 جىڭ ياغلىق دان، 64 مىڭ 800 كىلوگرام كۆكتات، 57 مىڭ 800 كىلوگرام تۈرلۈك مېۋە، قوغۇن - تاۋۇز، 1400 توخۇ - ئۆردەك، 428 تۇياق چوڭ - كىچىك چارۋا ئىشلەپچىقىرىلىپ ھەم بېقىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 109 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

1986 - يىلى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تارقاق «بەش كاپالەت» ئائىلىلىرىنى بېقىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى. ۋىلايەت بويىچە تارقاق بېقىلىۋاتقان جەمئىي 5175 «بەش كاپالەت» ئائىلە يەنى 7738 كىشى ئىچىدە ئىلگەرى بېقىش ئەمەلىيلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن تۇرمۇشتا قىيىلىنىپ قالغانلار 1730 ئائىلە يەنى 1821 كىشى بولغانىدى، ئۇلار تارقاق بېقىلىۋاتقان «بەش كاپالەت» ئائىلىلەر ھەم ئاھالىنىڭ 33.42 پىرسەنتىنى ۋە 23.53 پىرسەنتىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىگىلەيتتى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي بېقىلىش ئۆلچىمى ھەر يىلى 250 يۈەنگە يەتمەيتتى، ئوزۇقلۇقى ھەم يېقىلغۇسى بىر قەدەر قىس، كىيىم - كېچەكلىرى بىر قەدەر يىلىڭ ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تارقاق بېقىلىۋاتقان «بەش كاپالەت» ئائىلىلەرنىڭ يىللىق بېقىش ئۆلچىمى 280 يۈەنگە، ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 450 جىڭغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، تۇرالغۇ جاي ۋە داۋالىنىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ ھەل قىلدى، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپىلىرىنى دۆلەت ياردەم قىلىپ تىكىپ بەردى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە تارقاق «بەش كاپالەت» ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش راسخودى ئۈچۈن جەمئىي 2 مىليون 205 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، بۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە 285 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ، 3 مىليون 892 مىڭ جىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى، بۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە 503 جىڭدىن توغرا كېلىدۇ، ئۆي - ماكانسىز 325 «بەش كاپالەت» ئائىلىسىگە 368 ئېغىز يېڭى ئۆي سېلىپ بېرىلدى. ئۇلارغا 2052 يوتقان - كۆرپە، 3680 پارچە كېگىز، 4085 قۇر پاختىلىق كىيىم، 3588 دانە يىلىڭ كىيىم تارقىتىپ، 3892 «بەش كاپالەت» ئائىلىسىنىڭ يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلىرى تولۇق بولماسلىق قىيىنچىلىقى ھەل قىلىپ بېرىلدى. ۋىلا-

يەت بويىچە 4589 كەنت كادىرى ھەم پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزاسى ئاجىز، كېسەلمەن، ھەرىكەتكە قولايسىز بولغان 3895 «بەش كاپالەت» ئائىلىدىكى قېرىلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۆددىگە ئالدى، ئۇ تارقاق بېقىلىۋاتقان «بەش كاپالەت» ئائىلىلەرنىڭ 75.26 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئادەتتە سۇ ئەكىلىش، ئوتۇن يېرىش، ئوتۇن تارتىش، قوي بېقىش، باققا قاراش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، قىش كۈنلىرى ئۆي-ماكانلىرىنى رېمونت قىلىشقا ياردەملەشتى، ئوتۇن ئەكىلىپ بەردى، قارلىرىنى تازىلىدى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى كەنتلىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر 1985 - يىلدىن باشلاپ «بەش كاپالەت» قېرىلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغانىدى، 1986 - يىلىلا قېرىلار ئۈچۈن 16 مىڭ 500 قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ، «بەش كاپالەت» قېرىلارغا سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

قۇربان ھېيت ھەم باھار بايرىمى يېتىپ كەلگەندە، ناھىيە، يېزا، كەنتلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك كادىرلىرى ھال سوراش بويۇملىرىنى ئېلىپ «بەش كاپالەت» ئائىلىلەردىن ھال سورىدى، «بەش كاپالەتتە تەمىنلەندۇرۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. 1986 - يىلى پەقەت ھال سوراش ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان پۇل 56 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھەر قېتىم قېرىلار ھال سوراش بويۇملىرى يەنى كەمپۈت، قەن - ناۋات، گۆش، پېچىنە - پىرەنىكلەرگە ئېرىشكەن چاغدا پارتىيە ۋە خەلقنىڭ غەمخورلۇقىغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىپ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ياخشىلىقىنى بىردەك ماختاشتى.

(ۋاڭ يىلىڭ).

## [شان - شەرەپنى ساقلاپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش] قەشقەر

ۋىلايەتلىك قېرىلار - ئاجىزلار ساناتورىيىسى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كەسپىي ئورنى بولۇپ، ساناتورىيە قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، شەھەر - بازارلاردىكى ئىگە-چاقىسىز يېتىملار، قېرىلار، مېيىپلار، بالىلاردىن جەمئىي 727 كىشىنى قوبۇل قىلىپ باقتى. ھازىر ساناتورىيىدە 90 كىشى بار، 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ساناتورىيىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان ساناتورىيە ھەيئىتى قۇرۇلدى. (بۇ ھەيئەتكە ساناتورىيە ئەزالىرىمۇ قوبۇل قىلىندى) ئۇلار بېقىمىنى ئاساس قىلىش، تەربىيىلەش ۋە سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ساناتورىيىنى دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئورناتتى ھەم مۇكەممەللەشتۈردى. سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ساناتورىيىنى ئائىلە قىلىش، جان-دىل بىلەن ساناتورىيە ئەزالىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ساناتورىيە ئەزالىرىنى يېقىن كىشىلىرىدىن قىلىپ كەلدى، سېستىرا، كۈتكۈچىلەر ساناتورىيە ئەزالىرىنىڭ كىيىملىرىنى پات - پات ئالماشتۇرۇپ، تۇرۇش، پات - پات يۇيۇندۇرۇش، تىرناقلىرىنى ئېلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى، بەزى سېستىرا، كۈتكۈچىلەر كۈن بويى كېسەل مېيىپلارنىڭ كارىۋىتىدىن يىراق قىلماي، ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىك تەرەتلىرىنى تۆكۈپ، تازىلىقىنى قىلدى. ئاشپەزلەر مىزىلىك، تەمـ

لىك تاماقلارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەردى. ساناتورىيە ئەزالىرىنىڭ ھەدەپتىكى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن گېزىت ئوقۇش، ھۆججەت ئۆگىنىشكە قەرەللىك تەشكىللىگەندىن باشقا، يەنە ھەر كۈنى رادىئو، تېلېۋىزىيە قويۇپ تۇردى. ئۆلۈپ كەتكەن ساناتورىيە ئەزالىرىنى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە، ساناتورىيە رەھبەرلىكى كادىرلارنى ۋە بىر قىسىم ساناتورىيە ئەزالىرىنى باشلاپ بېرىپ شەخسەن دەپنە قىلدى. ساناتورىيە ئەزالىرىنىڭ تۇرالغۇ جاي شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ساناتورىيە ئەزالىرىنىڭ 1500 كۋادرات مېتىرغا يېقىن ياتىقى، ئىشخانا، ئامبار - ئىسكىلاتى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ رېمونت قىلىنىدى ھەم - يېڭىدىن سېلىندى، يوللىرىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، ساناتورىيىنىڭ ئىچى جىمجىت، مۇھىتى گۈزەل، ھاۋاسى ساپ بولدى، قېرىلار ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكتە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈلدى.

1977- يىلدىن 1986- يىلغىچە بۇ ساناتورىيە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىشلىرى سىستېمىسى ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1986- يىلى بۇ ساناتورىيىنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئىشچىلار، خىزمەتچىلەردىن مەمتىلى نۇر، سۇلتان مامۇت قاتارلىق يولداشلار مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى.

بۇتۇن ساناتورىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر شان - شەرەپ ئالدىدا تەكەببۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، داۋاملىق ئىلگىرىلەيدىغانلىقلىرىنى بىردەك بىلدۈرۈشتى.

(ۋاڭ جۇنشىن).

**[ خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكا، يىللىق مەلۇمات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى]** ستاتىستىكا خىزمىتى سىياسەت تۈزۈش، خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى، ئۇ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇڭا خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكا خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم بولماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىز ستاتىستىكا قىلىنغان سانلارنىڭ مۇھىملىقى، ۋاقتىدا بولۇشى ھەم ئىشەنچىلىك بولۇشىنى ئېتىبار بىلەن تۇتۇپ، ھەر تەرەپلىمە تەھلىل قىلىپ، بىرلەشمە تەكشۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ستاتىستىكا، يىللىق مەلۇماتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردۇق. بولۇپمۇ ستاتىستىكا قانۇنى ئېلان قىلىنىپ، يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بىز خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ستاتىستىكا، يىللىق مەلۇمات بويىچە جەملەش ئۆتكۈزۈلىنى قاتتىق، ياخشى ئىگىلەپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۇق، 1986- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەرىپىدىن خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكا خىزمىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندۇق. خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى مۇنداق بولدى:

1. بىز «ستاتىستىكا قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكا خىزمە-

تى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ مەيلى دەيدىغان خاتا ئىدىيىنى تۈگەتتۇق، ئىلگىرىكى «ستاتىستىكا قىلغاندا، ئۈچ ئۈلۈش ستاتىستىكا قىلىش، يەتتە ئۈلۈش مۆلچەرنى قوشۇش»تەك خاتا قىلىقلارنى تۈزەتتۇق، ستاتىستىكا خىزمىتىنى ئىلمىي، توغرا ھالدا ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن توغرا ئىدىيىۋى ئاساس سېلىندى.

2. بىز ستاتىستىكا قىلىنىدىغان سانلارنىڭ توغرا ۋە ئىشەنچلىك بولۇشىغا، تەھلىل، تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز مەيلىچە، قارىغۇلارچە قىياس قىلىش، قالايمىقان مۆلچەرلەشتىن ساقلاندۇق، ئىلگىرى بەزى ناھىيە (شەھەر) لەر يۇقىرىغا ستاتىستىكا سانلىرىنى يوللىغاندا كۆپىنچە ھاللاردا ئانچە توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك بولمايتتى، بىز ستاتىستىكا سانلىرىنىڭ راستلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «ئۈچ جەھەتتىن تەكشۈرۈپ، بىرىكتۈرۈش»تۈزۈمىنى ئورناتتۇق، يەنى تۈرلۈك ستاتىستىكا سانلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك ھەم تارماقلارغا بۆلۈشتە بىردەك بولۇشىنى شەرت قىلدۇق، ستاتىستىكا قىلىنىدىغان يىللىق مەلۇمات سانلىرىنىڭ ئادەتتە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىدىغان تۈرلۈك سانلارغا ماس كەلگەن بولۇشىنى شەرت قىلدۇق، تەكشۈرۈپ، تەستىقلاش تۈزۈمىدە، جەملىگۈچى ئىمزا قويۇش، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكى تەكشۈرۈپ ئىمزا قويۇش، ناھىيىنىڭ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبىرى تەكشۈرۈپ ئىمزا قويغاندىن كېيىن ئاندىن يۇقىرىغا يوللاشنى، بۇ ئارقىلىق سانلارنىڭ توغرا ھەم مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى بەلگىلىدۇق.

3. ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ۋە ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق ئىشلىرى ئورۇنلىرىدىكى ستاتىستىكا خادىملىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتۇق. ستاتىستىكا قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكا خادىملىرىنى ئۈچ قېتىم سىستېمىلىق تەربىيىلەشكە، ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

4. خەلق ئىشلىرى ئوبيېكتلىرىنى ستاتىستىكا قىلىش كارتوچكىسى ئورنىتىلىپ ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكا خىزمىتىنى توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك، ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئاساس سېلىندى، تۈرلۈك خەلق ئىشلىرى ئوبيېكتلىرىنىڭ كۆپىيىپ، كېمىيىپ تۇرۇشتەك ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا كۆچۈرۈلدەسان تۇرغۇزۇپ، خەلق ئىشلىرى خىزمىتى سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ھەم ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇردۇق.

خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكا خىزمىتىمىز پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تەلىپىدىن يەنىلا يىراق بولماقتا، ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى مۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە «ستاتىستىكا قانۇنى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ستاتىستىكا خادىملىرىنىڭ سۈپىتىنى ئەستايىدىل ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ خەلق ئىشلىرى ستاتىستىكا خىزمىتىنى ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلەپ، يېڭى تۆھپە يارىتىشقا بەل باغلىدى.

(ھۆسەيىن ھەسەن).

**[يېڭىسار ناھىيىسىدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلىش خىزمىتى]** 1986 - يىلى يېڭىسار ناھىيىلىك پارتكوم ھەم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىكى كۈچلەرنى ئاكتىپ سەپەرۋەر قىلىپ، بىر قىسىم ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش قەدىمىنى تېزلەتتى.

يېڭىسار ناھىيىسىدە 38 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسى، 160 مىڭ ئاھالە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان ئىقتىسادىي ئاساسى ناچار بولغانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ كەلگەنىدى، ناھىيە بويىچە 50 پىرسەنتكە يېقىن دېھقان ئائىلىسى ئوزۇقلۇق ئاشلىقى قىس، پۇل كەم بولۇشتەك نامرات ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى، ئۇلارنىڭ مۇمكىنقەدەر تېز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ۋىلايەت يېڭىسار ناھىيىسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش بويىچە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن، ناھىيىدە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋە ھاكىم گۇرۇپپا باشلىقى ھەم مۇئاۋىن باشلىقى بولدى، ھەر قايسى يېزىلاردىمۇ مۇناسىپ تەشكىلاتلار قۇرۇلدى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي قىلىش خىزمىتىنى شەخسەن تۇتۇپ، ناھىيە بويىچە يۇقىرى-تۆۋەن نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى، ناھىيىلىك پارتكوم ھەم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 100 نەچچە نەپەر كادىرنى پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا - كەنتلىرىگە بېرىشقا تەشكىللىدى، ئۇلار نامرات يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە نامرات بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى كەڭ-كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ «7 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى يېزا تەرەققىياتى پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ ۋە تۈزۈپ چىقىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا ياردەملەشتى ھەم يېتەكچىلىك قىلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتىنى پائال، مۇقىم ھالدا ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ناھىيە بىر تۈركۈم كادىرلارنى يېزا-كەنتلەرگە بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەش ئاساسىدا، ئىككى مىليون 320 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئايلانما مەبلىغىنى ئاساسەن بوداقچىلىق، مۇلازىمەت، سودا-سېتىق، تېرىقچىلىق، توقۇش، كان ئېچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنى سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىشكە ھەمدە ھەممىنى نامرات ئائىلىلەرنىڭ قولىغا تەككۈزۈپ، نامراتلارنى يۆلەش ئايلانما مەبلىغىنىڭ تېگىشلىك ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەشكىللىدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە 12 يېزىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم ئاشتى، ئەڭ تۆۋەن بولغان قىزىل يېزىسىدا 133.11 يۈەندىن، ئەڭ يۇقىرى بولغان ئۈچار يېزىسىدا 341.88 يۈەندىن توغرا كەلدى، ناھىيە بويىچە ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 220 يۈەنگە يەتتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشىگە توغرا كەلگەن ئاشلىق 848

بېگىغا يەتتى، 2771 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ 1986 - يىلىدىكى پۈتۈن ناھىيىنىڭ نامرات ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 14 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللىرى مۇنداق: (1) ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ تولۇقلاندى. ناھىيىلىك پارتكوم ھەم خەلق ھۆكۈمىتى سۈپىتى بىر قەدەر ناچار، ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش قىيىن بولغان 52 بۆلۈم دەرىجىلىك ھەم 36 كەنت دەرىجىلىك رەھبەرنى تەڭشەپ، ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش كۈچىنى ئاشۇردى؛ (2) يەرلىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. 1986 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى گەرچە تۆۋەن تېمپېراتۇرا، قۇرغاقچىلىق ۋە قۇم - بوران قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىندى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1985 - يىلىدىكىدىن 14%، پاختا 28%، ياغلىق دان 6.7%، چارۋا 9.3% ئاشتى؛ (3) سۇ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى، 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ئۆز ئارا ئېتىبار بېرىش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئەمگەك جۇغلانمىسىنى مەبلەغنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش چارىسى قوللىنىلىپ، سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جەمئىي 21 مىليون 580 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن بىر مىليون 110 مىڭ كۇب مېتىر توپا-تاش قۇرۇلۇشى ئورۇنلاندى، يالتىراق يېپىپ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن ئېرىق ئۆستەڭدىن 20 سى ياسالدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىرغا يېتىدۇ، ئۆلچەملىك ئېرىق - ئۆستەڭگە سۇلدۇرغاندا 739 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ كۆپ خىل توغان، تەشمە، كۆۋرۈك، نو، چۈشۈرگە قاتارلىق سۇ ئىنشائاتلىرىدىن يۈرۈشلەشتۈرۈش ئەسلىھەلىرىدىن جەمئىي 47 سى يېڭىدىن ياسالدى، بۇ ئارقىلىق سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئالتە قۇرغاق يېزىنىڭ سۇغۇرۇش شارائىتى ياخشىلاندى؛ (4) تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئاشلىقنىڭ كۆلىمى مۇۋاپىق تۈردە قىسقارتىلىپ، كېۋەز، قوغۇن، تاۋۇز، ئوتىياش قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئاشۇرۇلدى؛ (5) كادىرلارغا ھۆددىگە بېرىش ۋە باي بولغانلار نامراتلارغا يېتەكچىلىك قىلىشتەك نامراتلارنى يۆلەش چارىسى يولغا قويۇلدى. پۈتۈن ناھىيىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلار ئوچاستىكىلارغا بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىشنى يولغا قويدى، 20 نامرات كەنت ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالاقىدار ئورۇنلار ھەم تارماقلارغا ھۆددە قىلىپ بېرىلىپ، چەكلىك مۇددەت ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم قىلىندىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا باي ئائىلىلەر نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش چارىسى قوللىنىلىپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ساغان يېزىسىدا باي ئائىلىلەر نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم قىلىش يولىغا قويۇلۇپ، بىر يىل ئىچىدە نامراتلىقتىن قۇ-

تۆلىغان ئائىلىلەر 50 دىن ئاشتى؛ (6) خىزمەت ئىستىلى ياخشىلىنىپ، مۇلازىمەت خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر نامرات يېزا-كەنتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پىلانى ھەم تەدبىرلىرىنى تۈزۈشكە ياردەم بەردى، باي بولۇش ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ، مەسىلە ھەل قىلدى. 1986- يىلى نامرات ئائىلىلەردە ئوغۇت، پۇل قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ناھىيە 300 مىڭ جىڭ كۈنجۈرا، 20 توننا فوسفور ئوغۇت ۋە بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئاجرىتىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

(جاۋ شىنلى).

**[ۋىلايەتتە خەلق ئىشلىرى خىزمىتى تەكشۈرۈپ باھالاندى]** 1982-يىل 12-ئايدا ۋىلايەتتە ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى، ھەر قايسى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورۇنلىرىدىكى رەھبەرلەردىن جەمئىي 47 كىشى تەشكىللىنىپ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى زىنەت ئۆمەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى نامراتلارنى يۆلەش، تەپىقە بېرىشنى مەركەز قىلغان خەلق ئىشلىرى خىزمىتى تەكشۈرۈپ باھالاندى. ناھىيە، شەھەر ۋە نۇقتىلىق يېزا - بازار، كەنتلەر، شۇنداقلا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورۇنلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ ئىگىلەش، نامرات ئائىلىلەر، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەر، بەشتە كاپالەت ئائىلىلەر، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان، بوشانغان ھەربىيلەرنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق تولۇق غولغۇلا ھەم مۇزاكىرە قىلىنىپ، 1986 - يىلدىكى تۆرتلۈك ئىلغار ئورۇنلار باھالاپ چىقىلدى، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

خەلق ئىشلىرى خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيىلەر: قەشقەر شەھىرى، يەكەن ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى.

قوش يۆلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيىلەر: يېڭىشەھەر ناھىيىسى، كونىشەھەر ناھىيىسى.

نىكاھ تىزىملاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيىلەر: قەشقەر شەھىرى، يەكەن ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى، يېڭىسار ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسى، تاشقورغان ناھىيىسى.

بەش كاپالەت خىزمىتىدىكى ئىلغار ناھىيىلەر: قاغىلىق ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى.

ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىلغار ئورۇنلار: ۋىلايەتلىك قېرىلار - مېيىپلار ساناتورىيىسى، ۋىلايەتلىك باللار پاراۋانلىق ساناتورىيىسى، قەشقەر شەھەرلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق زاۋۇتى، يەكەن ناھىيىلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق زاۋۇتى.

(ۋاڭ يىلىڭ، لى جوڭجې)

# ئەرزىيەت

**[ئەرزىيەت خىزمىتى]** ئەرزىيەت خىزمىتى — پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىبىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش كۆۋرۈكى، شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت تۈزۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشتىكى بىر مۇھىم ئۇچۇر يولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاممىبىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرقانچە يىلدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. 1984 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ قارار قىلىشى بىلەن ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت باشقارمىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىدە ئىككى ئەرزىيەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىلمۋالدى توختى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى زىننەت ئۆمەر ئەرزىيەت خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان بولدى، 1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ قارار قىلىشى بىلەن ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ باش كاتىپى يولداش شېن ۋېيۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئىمىنجان، ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ خۇافۇدىن ئىبارەت ئىككى يولداش مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، ئەرزىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) دە يېزا دەرىجىلىك ئەرزىيەت (ئىدارە) بۆلۈملىرى ھەم ئەرزىيەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى خىزمەت تەقسىم قىلىنىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مەخسۇس كىشى قويۇلدى، ۋىلايەت بويىچە مەخسۇس ئەرزىيەت كادىرى 56 نەپەر بولۇپ، ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى چوڭ سىستېمىلىرى ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ھەر قايسى چوڭ ئورۇنلار ھەمدە ھەر قايسى ناھىيە، يېزىلاردا مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئەرزىيەت كادىرلىرى تەسىس قىلىندى. ئەرزىيەت خىزمىتى كۈچىنىڭ بىر تورى ۋىلايەت بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 1986 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەم مەمۇرىي مەھكىمە

بىرلىشىپ« ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئەرزىيەت خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. 1986-يىلى 8-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 7-كۈنىگىچە ۋىلايەتتە تۇنجى قېتىم ئەرزىيەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلىپ، مەركەز، ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان ئەرزىيەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ ئىزچىللاشتۇردى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تىلىۋالدى تۇختى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى زىننەت تومەرلەر يىغىنغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە غەمخورلۇقى ئارقىسىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1986-يىلى 1-ئايدىن 10-ئايغىچە ۋىلايەت بويىچە ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەك ھەم ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەردىن جەمئىي 17 مىڭ 579 نى قاراپ چىقىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە دىلو تۇرغۇزۇپ ھەل قىلىنغان تۈرلۈك ئەرزىيەت مەسىلىلىرى 415 بولۇپ 619 مىڭ 880 يۈەن پۇل، 257 ئېغىز ئۆي، 500 دىن ئارتۇق ياغاچ قايتۇرۇپ بېرىلگەن، يەنە ئۆيلۈك يەر، مېۋىلىك باغ، دەل-دەرەخ، ئاشلىق قاتارلىق ئەمەلىي نەرسىلەر مۇبار. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئاساسىي رەھبەرلىرى نۆۋەت بىلەن دېجۇرنىلىك قىلىپ، ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى ئاممىنى شەخسەن كۈتۈۋېلىش ھەم ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى تۈزۈمگە ئايلاندۇردى، 1986-يىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگالىڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق يولداشلار، شۇنداقلا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 29 كىشى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەم مەمۇرىي مەھكىمىدە ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى ئاممىنى كۈتۈۋېلىپ، نۇرغۇن مەسىلىنى ھەل قىلدى. يولداش تىلىۋالدى تۇختى 1981-يىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغاندىن بۇيان ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى ئاممىنى كۈتۈۋېلىش، ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەكلەرگە تەستىق سېلىشنى ئىزچىل تۈردە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، 1985-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كۈتۈۋالغان ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى ئامما 115 ئادەم-قېتىمغا يەتتى، تەستىق سالغان ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەك 88 گە يەتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتېر باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي يولداشلارمۇ شەخسەن تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ ئەرزىيەت مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار 1986-يىلى ھەر دۈشەنبە كۈنى ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچى ئاممىنى كۈتۈۋېلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ ناھىيىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەڭشىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەرزىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلگەنلىكتىن تارىختىن قېپقالغان نۇرغۇن مەسىلىلەر بىر تەرەپ قىلىنىدى. پەقەت قەشقەر شەھىرىدە 229 ئائىلىنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ئاختۇرۇپ ئېلىۋېلىنغان ئەشيالىرى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 92 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى تۆلەپ بېرىلدى. جايلار «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى شەھەر-بازارلاردا تارقاقلاشتۇرۇلغان، يېزىلارغا چۈشۈرۈلگەن ئاممىنىڭ قېپقالغان بىر قىسىم كونكرېت مەسىلىلىرىنىمۇ ئەستايىدىل ئېنىقلىدى. قەشقەر شەھىرىدىلا 636 ئائىلىلىك شەھەر-بازارلىرىدىن تارقاقلاشتۇرۇلۇپ يېزىلارغا چۈشۈرۈلگەن ئاممىغا نىسبەتەن سىياسەت ئە-

# ئىقتىساد

# يول ئېچىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى


ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق

1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، غەلىبىسىرى ئالغا باسقان بىر يىل بولدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى داۋاملىق مۇقىم تەرەققىي قىلغان بىر يىل بولدى، ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشقان، جەمئىيەت ئامانلىقى تېخىمۇ

ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، 2489 ئېغىز ئۆي - مۈلۈك قايتۇرۇپ بېرىلدى. 1985 - يىلى ئاما ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە كېلىپ ئەرز قىلىپ، شەخسىي ئۆي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلغانىدى، ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋىلايەت، شەھەردىكى ئاساسلىق تارماقلاردىن 18 كادىر ئاجرىتىپ خىزمەت گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللەشنى قارار قىلدى، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋىلايەتلىك ئەرزىيەت باشقارمىسى رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇللۇقىدا قەشقەر شەھەرلىك ئۆي - مۈلۈك ئىدارىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەملەشتى، 1960 - يىلى شەخسىي ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشتىن قېپقالغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت خىزمەت قىلىش ئارقىلىق 629 ئائىلىلىك ئاممىنىڭ 40 مىڭ 637 كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان 2459 ئېغىز ئۆيى قايتۇرۇپ بېرىلدى، چېقىۋېتىلگەن ئۆيلەر ئۈچۈن 46 مىڭ 885 يۈەن تۆلەپ بېرىلدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەرزىيەت تارماقلىرى كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىنىڭ ھەققانىي تەلىپىنى قاندۇرۇپ، ئاممىنى قىيىنچىلىق، غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىنىچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

(ۋاڭ خۇافۇ).





قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇنۇر سەمەت يوپۇرغا ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەكشۈرمەكتە.

تۇرغۇن فوتوسى




باشقا جايدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر قەشقەرگە كېلىپ كېۋەزدىكى يەرمگەدەش كېسىلىنى تەكشۈردى.

لى ۋېيدۇڭ فوتوسى




كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۆرىشىدىن قايتىش.

تۇ ئەيشو فوتوسى



غەلىبە بىلەن قايتىش.

تۇ ئەيشو فوتوسى



كالا - قويلار سەمىز.

گو لەنفېڭنىڭ فوتوسى



يېڭىيۇرغا ناھىيىسىنىڭ شەھەر 2 - كەنتىدىكى
دېھقانلار ئاكتىپلىق بىلەن ياڭاقراق يېڭىچە كۆچەت
ئۆستۈرمەكتە.

گو يىنشىڭنىڭ فوتوسى



قەشقەر شەھەرلىك ياڭاقراق زاۋۇتى ئىشلىگەن ياڭاقراقلار دېھقانلار-
نىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

گو يىنشىڭنىڭ فوتوسى



قەشقەر شەھەرلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ئىچكىرى ئۆلكىلەر-
دىن 13 خىل شېكەر قومۇشى كۆچىتىنى كىرگۈزدى. سۈرەتتە:
تېخنىكلار شېكەر قومۇشىنىڭ ئۆسۈشىنى تەكشۈرمەكتە.

شى يىلىڭ فوتوسى



قاغىلىق ناھىيە يېتىملەر يېزىسى ئۆزى مەبلەغ
تەييارلاپ كونسېرۋا زاۋۇتى قۇردى.

شى يىلىڭ فوتوسى



جۇڭگو خەلق داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، جۇڭگو مالىيە ئىلمىي جەمئىيەت
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇاڭ دا (سولدىن 2 ـ كىشى) قاتارلىقلار ۋەتەن
كوشىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋەنجىمىڭنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر شەھەرلىك توقۇل
مائائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى تەكشۈرۈپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى . شى چەڭ فوتوسى



قەشقەر ئاياللىرى تىجارەت قىلماقتا.
جاۋ جۇڭشەن فوتوسى



قەشقەردىكى ئۇيغۇر قىزلار گىلەم توقۇماقتا .
جاۋ جۇڭشەن فوتوسى




يوپۇرغا ناھىيەسىدە يېزا ـ بازار كارخانىلىرى يەرمەنكە قىلغان سوئىشىي يوگدىن ئىشلەنگەن ئاياچە ئۇزۇن چاپان.

گو يىنشەڭ فوتوسى



پەيزاۋات قوغۇنى يەنە ئوخشىدى.

جاۋ جۇنشەن فوتوسى



ساتمىدا.

جاۋ جۇنشەن فوتوسى



قەشقەر شەھەرلىك مىللىي ئىلما توقۇلما ماللار زاۋۇتى توقۇش ماشىنىسى كەلتۈرۈپ بەش خىل مەھسۇلاتنى كۆپەيتتى.

ليۇ شياڭجۇن فوتوسى



1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، ئاپتونوم رايوننىڭ 7 - بەشيىللىق پىلان ئىچىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولغان قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوياش زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاش مۇراسىمىدا لېنتا كەستى.

شى يىڭ فوتوسى



قاغىلىق ناھىيىسىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان قۇم يەشىشىق خىش زاۋۇتى پوسكام نېفىت، تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارنى ھەر يىلى 400 مىڭدىن ئارتۇق سۈپەتلىك قۇم يەشىشىق خىش بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شى يىڭ فوتوسى



«شىمالىي شىنجاڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا، كونا زاۋۇت يېڭى زاۋۇتقا ياردەم بېرىدىكەن». مايتاغ نېفىت تاۋرىش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا زور تۈركۈمدىكى قۇرۇلۇش ئەشيالىرىنى ياردەم قىلدى.

شياۋ يو فوتوسى



← قەشقەر مەركىزىي بېكەتتىن بىر كۆرۈنۈش.

شى يىڭ فوتوسى



بىر ئەۋلاد ئىگىرىش ئىشچىلىرى.

ياڭ يۈۋۇ فوتوسى




ئەمدىلا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن يەرلەشكەن يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى.

گو لەنيىڭ فوتوسى

ئىشچىلار قەشقەر پىۋا زاۋۇتىدىكى 60 تونىلىق پىۋا تۇڭىنى ياپاتلىماقتا.

شى بىلق فوتوسى




كاشى – كاچا ئوبۇلقاسىم ( ئوتتۇرىدىكى ) ھەدە– لىككەقىلىك كاشى – كاچىلار قول ئىشخانىسىدا مۇسا– بىقىسىغا قاتنىشىپ ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان– ئىدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان موتوتسىكلىت رېمونت دۇكىنى ئېچىپ، شاگىرتلىرىغا قىزغىن– لىق بىلەن ئۆگەتتى.

شى بىلق فوتوسى







شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋە نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىرى يوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئۈچۈن ئۇل سېلىپ بەردى.
شياۋ بو فوتوسى



سۈرەتتە شىمالدىي شەن- جاڭدىن يوسكام نېفىت- تەبىئىي گازدىن پايدىلى- نىش شىركىتىگە توشۇلۇ- ۋاتقان كاربون (IV) ئوك- سىدى مۇنارىسى.
گو يەنشىڭ فوتوسى



يوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زا- ۋۇتىنىڭ ئىش ئورنىدىن بىر كۆرۈنۈش.
شياۋبو فوتوسى




كوكيار نېفىتلىكىدىن ماي ئېتىلىپ چىقتى.



ئۇيغۇر خەلقى ئېتىلىپ چىققان نېفىتنى قولىغا ئېلىپ، خۇشاللىققا چۆمدى.



— پوسكام نېفىت-خىمىيە ماشىنىسى زاۋۇتى-نىڭ قۇرۇلۇشىدا زور تۈركۈمدىكى ماددىي ئەشيالار توشۇلدى.




— پوسكام خىمىيە-ماشىنىسى زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنى.
(بۇ بەتتىكى سۈ-رەتلەرنى شىاۋ بۇ تارتقان).



ئازادە قەشقەر كوچىسى.
جاۋ جۈنئەن فوتوسى



باشقىچە ئۆسماۋاتقان قەشقەر مەللىي مۇداسارىيسى.
كو لەنىيىڭ فوتوسى



پوسكام ناھىيىسىنىڭ سۇ، ئېلېكتر
ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى.
كو يەنشىڭ فوتوسى



2400 كۆۋادىرات مېتىر كېلىدىغان قەشقەر
شەھەر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلار بازىرىنىڭ
بىناسى قەدىمىي قەشقەرگە يېڭى ھۆسن قوشتى.
شى دېڭ فوتوسى



قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوستەڭبويى كوچىسىدىن بىر كۆرۈنۈش.
شى شۈسەن فوتوسى



ئېگىزلىكتىكى نۇرداش—سەيدۇللا



↑ قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئاچقان ئىدېيىۋى-سىياسىي خىزمەت مۇھاكىمە يىغىنى.

← ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىغا قىزغىن خىزمەت قىلماقتا.

كۆپ يىللىق قۇتۇس

↓ يەكەن ناھىيىسى دەۋلەتباغ تورلاپ ئاپتوماتىك تېلې-فون ئورناتتى.

(ئىمزاسىز سۈرەتلەرنى ۋۇ جيالياڭ تارتقان)



↓ پوچتا پۇل ئامانەت كەسپى قانات يايدۇرۇلدى.















1. ئالمې پوچتا ماشىنا گۇرۇپپىسىدىكى شوپۇر يولداش توختى.

2. چەت ئەللىك مېھمانلار.

3. ماركا توپلاش كەسپىمۇ ئەۋج ئالدى.


4. خونجىراپ ئېغىزى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن خەلقئارا پوچتا كەسپىمۇ تېز كۆپىيىپ كەتتى.

5. گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ۋۇ جيالياڭ تارتقان).



يېڭىسار بازىرى-
دىن بىر كۆرۈنۈش.
جاۋ چېۋنىڭدىن
فوتوسى ←



↑

باققاللار

جاۋ جۆنىڭدىن فوتوسى

↓



دوپا ـ دوردىك ساتىدىغانلار ـ خوتەن. ↑

ئى خوتەن فوتوسى





كونا كوز قاراشنى بوسۇپ ئۆتۈپ تىجا-
رەت بىلەن شۇغۇللانغان تاجىك ئايال.

يالا يەۋۇ فوتوسى

تىنچ بولغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلانغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش خىزمىتىدە غايەت زور ئىلگىرىلەش بولغان بىر يىل بولدى. پۈتكۈل سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 240 مىليون يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.8% ئېشىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن بىر قاتلاش نىشانىمىز مۇددەتتىن ئىككى يىل بۇرۇن ئىشقا ئاشتى. شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە ئىتتىپاقلىق ۋە گۈللەپ ياشناۋاتقان خۇشاللىنارلىق مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

يېزىلاردىكى ئىككىنچى قەدەملىك ئىسلاھاتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلدى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى مۇستەھكەملەندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. قوش قەۋەتلىك ئىگىلىك ۋە كۆپ لىنىيىلىك بىرلەشمە راۋاجلاندى. ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن دېھقانچىلىق قىلىش يولغا قويۇلۇپ، كۆپ خىل تەدبىرنى ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا يەتتىنچى يىل مول ھوسۇل ئېلىندى. ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 903 مىليون 748 مىڭ 800 يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.97% ئاشتى. ئاشلىقنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 210 مىڭ مو ئازايتىلغان ئەھۋالدا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليارد 945 مىليون جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.1% ئاشتى؛ كېۋەز كۆلىمىنىڭ 40 پىرسەنتى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەھۋالدىمۇ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 278 مىڭ دەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.1% ئاشتى؛ ياغلىق دانىنىڭ كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26 مىڭ 400 مو ئازايتىلغان بولسىمۇ، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 52 مىليون 445 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.7% ئاشتى؛ چارۋىنىڭ يىل ئاخىردىكى سانى 4 مىليون 238 مىڭ 900 تۇياق بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.1% كۆپەيدى. 186 مىڭ مو ئورمان ئەھيا قىلىنىپ، پىلاننىڭ 124 پىرسەنتى ئورۇنلاندى. يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، يېڭىشەھەر ۋە قەشقەر قاتارلىق بەش ناھىيە (شەھەر) ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇردى. يېزىلاردا ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 303 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 50 نەچچە يۈەن كۆپىيىپ، 21.7% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

سانائەت ئىسلاھات داۋامىدا راۋاجلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى كۈچەيدى. ۋىلايەت بويىچە سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 338 مىليون يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.3% ئاشتى. قاتناش، ترانسپورت ئىشلىرىدا يەككە ئاپتوموبىل بويىچە ھېساۋات قىلىشنى ئاساس قىلغان تۈرلۈك ئىسلاھاتلار يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشىلاندى. ئىشلەپچىقىرىشتىكى يوشۇرۇن كۈچلەر تازا قېزىپ چىقىلىپ، يۈك مەنبەسى يېتەرلىك بولماسلىقتەك قىيىنچىلىق تۈگىتىلىپ، يۈك توشۇش مىقدارى 161 مىڭ 400 توننىغا يېتىپ، يىللىق پىلان 120% ئورۇنلاندى. ۋىلايەت بويىچە 15 قاتناش

كارخانىسى 1 مىليون يۈەن پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.13 ھەسسە ئاشۇردى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا 75 مىليون 690 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.9% كۆپەيدى. 1986 - يىلى ئىچىدە كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە يېڭىدىن قۇرۇشقا ئىش باشلىغان قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، پېۋا زاۋۇتى، يېڭىسار سېمونت زاۋۇتى، پوسكام سېمونت زاۋۇتى، يېڭىسار كامپا ئېلېكتر ئىستانسىسى، قاغىلىق زوڭلاڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى، قەشقەر-كانسۇ ترانسپورماتور قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پوسكام سېمونت زاۋۇتى بىلەن يېڭىسار كامپا ئېلېكتر ئىستانسىسى بۇ يىل ئىچىدە پۈتتۈرۈلدى. كونا كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش ئىشلىرىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. ۋىلايەت بويىچە كارخانىلارنىڭ تېخنىكىدا ئۆزگەرتىش تۈرى 26 تۈر بولۇپ، 16 تۈرى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ۋىلايەت بويىچە شەھەر - يېزا بازارلىرىدا سېتىش - سېتىۋېلىش ئىشلىرى راۋاجلىنىپ، مال باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلىق بولدى. يىللىق سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 178 مىڭ توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.4% ئاشتى، سېتىۋېلىنغان پاختا 66 مىڭ توننا بولۇپ، 8.4% ئاشتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 677 مىليون 838 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.5% ئاشتى. سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ كوللېكتىپنىڭ تىجارەت قىلىشىغا ھۆددىگە بېرىلگەن ياكى شەخسىيلەرگە ئىجارىگە بېرىلگەن سودا ئورۇنلىرى 42.7 پىرسەنتنى، يېمەك - ئىچمەك ئورۇنلىرى 96 پىرسەنتنى، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى 81 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. يەككە تىجارەت ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى، ۋىلايەت بويىچە يەككە تىجارەتچى 15 مىڭ 400 ئائىلىگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10% كۆپەيدى؛ يېمەك-ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان يەككە تىجارەتچى 8600 ئائىلىگە يېتىپ، 21% كۆپەيدى؛ مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان يەككە تىجارەتچى 2000 ئائىلىگە يېتىپ، 30% كۆپەيدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 1986 - يىلىدا ۋىلايىتىمىزنىڭ سىرتتىن كىرگۈزۈش ۋە ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش خىزمىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، مەملىكەت بويىچە 25 ئۆلكە، 140 نەچچە ۋىلايەت، ناھىيە بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى، ھەمكارلىشىش تۈرى 70، كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 6 مىليون 42 مىڭ يۈەن، قەرز پۇل 14 مىليون 264 مىڭ 500 يۈەن، تەكلىپ قىلىنغان تېخنىكا خادىم 219 نەپەر، ئۆزگەرتىلگەن ئۈسكۈنە 53، كۆپەيتىلگەن مەھسۇلات تۈرى 190، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 662 مىڭ 500 يۈەن، يارىتىلغان باج-پايدا 4 مىليون 775 مىڭ يۈەن بولدى. خەلقئارالىق ئالاقە جەھەتتە، پاكىستاندىكى ئاغايخان فوندى جەمئىيىتى بىلەن قەشقەر ساياھەت مېھمانخانىسى قۇرۇش كېلىشىمنامىسىغا رەسمىي ئىمزا قويۇلدى. شياڭگاڭ داۋىسى مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى، ئامېرىكا «يېشىل ياقۇت» ئىچىملىك شىركىتى، ياپونىيە جۇشى پاختا شىر-

كىشى، فرانسىيە كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈمىكى قاتارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە دوستلار بىلەن ساياھەت ئىشلىرى، كانچىلىق، پاختا توقۇمىچىلىق، مېۋە – چېۋىسىگە ئىش قوشۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن بەزىلىرىدە مۇددىئانامە ياكى كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلاندى.

شەھەر ۋە يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلاندى. شەھەر – بازارلاردا ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەردىن نۇسخا تاللاپ تەكشۈرۈلگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، 1985 – يىلى شەھەر – بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 612 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6% كۆپەيگەن، ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجەت چىقىمى 526 يۈەن بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.8% كۆپەيگەن، بانكىغا قويۇلغان ئامانەت پۇل قالدۇقى 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37% كۆپەيگەن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئادەم 10 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37.8% كۆپەيگەن. بۇنىڭدىن ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 43.4 پىرسەنتىنى، كوللېكتىپ ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغىنى 24.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

قىسقىسى، بىر يىلدىن بۇيان قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مول نەتىجە قولغا كەلدى. تۈرلۈك ئىشلىرىمىز ئىسلاھات داۋامىدا ئالغا باسماقتا، ئېچىۋېتىش داۋامىدا راۋاجلانماقتا.

1987 – يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇر راۋاجلىنىدىغان بىر يىل بولىدۇ. ۋىلايىتىمىز بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى بىر مىليارد 307 مىليون يۈەنگە، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنى ئىككى مىليارد جىڭغا، پاختىنى بىر مىليون 500 مىڭ دەنگە، ياغلىق داننى 50 مىليون جىڭغا، چارۋىنى 4 مىليون 300 مىڭ تۇياققا، مالىيە كىرىمىنى 57 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر يول ئېچىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش، كىرىمنى كۆپەيتىش، چىقىمنى تېجەش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

1. كۆز قاراشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يېڭىلاش لازىم. شەھەر ۋە يېزىلاردا ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، بىر يېپ – يېڭى تارىخىي مەزگىلگە قەدەم قويدۇق، ئىدىيە ۋە كۆز قارىشىمىزنى يېڭى مەزگىلدىكى يېڭى ۋەزىپىلەرگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كۆز قاراشنى يېڭىلاشنى ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئاكتىپ ھالدا نىشانىنى توغرىلاپ، ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودىنى تەڭ تۇتۇشى، نوقۇل ھالدا يېزا ئىگىلىكىنىلا تۇتىدىغان كىچىك دائىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش كۆز قا-

رىشىنى يەنىمۇ تەكلىشى ھەم يېزا ئىگىلىكنى تۇتۇشى ھەم سانائەت ۋە سودىنى تۇتۇشى، بۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش كۆز قارىشىنى، ئۇچۇر كۆز قارىشىنى، قىممەت كۆز قارىشىنى، بازار كۆز قارىشىنى، ئۈنۈمدارلىق كۆز قارىشىنى، رىقابەتلىشىش كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ تىكلىشى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

2. ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش فاكتورىدا چىڭ تۇرۇپ، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي تېخنىكا ئالاقىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ماس كەلمەيدىغان بارلىق ئۈستەقۇرۇلمىنى ئىسلاھ قىلىشى، ھەمۇرىي ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىشى، ۋىلايەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي تېخنىكا جەھەتتە بىرلىشىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇشى، كارخانا ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىشى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، پائال تۈردە تېخنىكا، ئۇسكۇنە، مەبلەغ، ئىختىساسلىق خادىملارنى كىرگۈزۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم. بۇ يىل يېزا ئىسلاھاتى جەھەتتە يېزا كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، يېزىلارنىڭ يېرىك يېزا ئىگىلىك ۋە تېرىقچىلىق كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش لازىم. تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى مەركەز قىلىپ، يېزا تاۋار ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇش كېرەك. يېزى-

لار ئۈچۈن مەبلەغ، تېخنىكا، ماددىي ئەشيا، ئىختىساسلىق خادىملار، ئۇچۇر، بازار قاتارلىق جەھەتتىكى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. شەھەر ئىسلاھاتى جەھەتتە، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان مەركىزىي ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇش، زاۋۇت باشلىقى (جاڭلى) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ۋە ئىگىلىكنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، پايدىنى كارخانا باشقۇرغۇچى ئۈستىگە ۋە كارخانىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ھەر قايسى ئومۇملاشتۇرغۇچى ۋە كارخانا باشقۇرغۇچى تارماقلار كارخانىلارنى جانلاندۇرۇپ، تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى دەۋر قىلىپ، ئىسلاھاتنى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، كارخانىلارغا ھەر تەرەپتىن تىرىشىپ خىزمەت ئۆتەش لازىم.

3. يول ئېچىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر دادىل ئىزدىنىشى، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىشى، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئۆز جايلىرىنىڭ تەبىئىي ئۈستۈنلۈكىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ماكرولۇق تەسەۋۋۇرلىرىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ياخشى تەڭشەپ، ۋىلايىتىمىزنى پاختا، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، ئۈجمە - پىلىچىلىك، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق بەش چوڭ تاۋار بازىسىغا ھەقىقىي ئايلاندۇرۇپ، يەرلىك سانائەت، يېزا-بازار كارخانىلىرى ۋە سودا ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى بىر يېڭى تەرەققىياتقا ئىگە قىلىشى لازىم.

# ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، پىلان خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەيلى

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ياڭ جەنشى

پارتىيىنىڭ 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار»دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەنىدى: دۆلىتىمىزنىڭ پىلان ئىگىلىكى — ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكى ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى بولۇشى كېرەك. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ يادروسى پىلان تۈزۈلمىسى بولۇپ، قىممەت قانۇنىدىن ئاڭلىق پايدىلىنىدىغان، بىرلىك ۋە جانلىقلىقنى بىرلەشتۈرگەن پىلان تۈزۈلمىسى بولۇشى لازىم. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ۋىلايىتىمىزنىڭ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بىز «قارار» دىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرگە ئاساسەن، پىلان تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلاھ قىلدۇق. بۇ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەر مۇنداق بولدى: ① پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدىغان ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن قىممەت قانۇنىنى قوللىنىپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىر - بىرىگە زىت بولماي، بەلكى بىردەك ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يېتىش؛ ② پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويۇشنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننى ئاساس قىلىشقا باراۋەر ئەمەسلىكىنى، بەلكى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان بىلەن يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلاننىڭ كونكرېت شەكلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش؛ ③ يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان ئاساسەن، ئىقتىسادىي پىشاڭنىڭ رولىغا تايىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننى چوقۇم ئىجرا قىلىش كېرەك. لېكىن، قىممەت قانۇنىدىن چوقۇم پايدىلىنىش لازىم؛ ④ خېلى ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە، خەلق ئىگىلىكى پىلانى پەقەت توم سىزىقلىق ۋە ئېلاستىكىلىق بولىدۇ. بىز پەقەت پىلاننى ئۇنىۋېرسال تەڭشەش ۋە ئىقتىسادىي ۋاستىنى قوللىنىش ئارقىلىق، چوڭ جەھەتتىن ئوبدان باشقۇرالايمىز ۋە كىچىك جەھەتتىن ئېچىۋېتىپ جانلاندۇرالايمىز.

يۇقىرىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، بىز پىلان تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەھەتتە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق:

(1) بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننىڭ دائىرىسىنى زور ھەجىمدە قىسقارتىپ، يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان ۋە بازار ئارقىلىق تەڭشەش دائىرىسىنى كېڭەيتتۇق.

(2) پىلاننىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يىللىق پىلان تۈزۈشتىن ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەت-

لىك پىلان تۈزۈشنى ئاساس قىلىشقا قاراپ تەدرىجى يۆتكىدۇق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى تەتقىقاتىغا يۆتكىدۇق.

(3) ئىلگىرىكىدەك خامچوت ئىچىدە تەكشۈرۈشنىلا تۇتۇشتىن قىممەت قانۇنى ئارقىلىق تەكشۈرۈشكە يۆتكىدۇق.

(4) توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كۆلىمىنى كېڭەيگەچكە، كارخانىلار، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى ئىقتىسادىي باردى-كەلدى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، پىلان خىزمىتىنىڭ پائالىيەت شەكلىمۇ ئىلگىرىكىسى بېكىتىمە شەكىلدىن تەدرىجى ھالدا ئېچىۋېتىشكە قاراپ ئۆزگەرگەچكە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ھەرتەرەپتىكى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتۇق.

(5) پىلان خىزمەت خادىملىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردۇق.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى: پىلان تۈزۈلمىسى بۇنداق ئۆزگەرتىش گەرچە مۇكەممەل بولمىسىمۇ، لېكىن ۋىلايىتىمىزنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ھەقىقەتەن ناھايىتى زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. 1986-يىلى تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىشتىن بۇرۇنقى 1984-يىلدىكىدىن زور ھەجىمدە ئاشتى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 26.99% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21.63% ئاشتى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 43.83% ئاشتى؛ ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 17.17% ئاشتى؛ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 24.56% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 33.58% ئاشتى؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 41.9% ئاشتى.

ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش باش فاڭجېنىنىڭ يەنىمۇ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ پىلان خىزمىتى ئۇسۇلى، خىزمەت ۋاستىسى ۋە پىلان خىزمەت خادىملىرىنىڭ سۈپىتىگە قارىتا تېخىمۇ يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى پىلان خىزمىتىنى قانداق ياخشى ئىشلەش مەسىلىسى بىزنىڭ ئالدىمىزغا تېخىمۇ روشەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز چوقۇم ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، پىلان خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، چوقۇم تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ:

1. ماكرولۇق پىلان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىزچىل ياخشى ئىشلەش لازىم. بۇ — خەلق ئىگىلىكىنىڭ ماس قەدەملىك ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ كاپالىتى، شۇنداقلا پىلان تارماقلىرىنىڭ مۇھىم كەسپى، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ماھىيىتى — زور نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشىنى ساقلاپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت بويىچە يۇقىرى ئۈنۈملۈك ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاخىرقى ھېسابتا كىشىلەرنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرى-

ۋاقتتا ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

ماكرولۇق باشقۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭشەشتە:

بىرىنچى قىلىپ ئېيتقاندا، قەشقەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەپ چىقىش كېرەك. بۇ — ماكرولۇق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشىمىزنىڭ بىرىنچى ئاساسى. ستراتېگىيىلىك رامكا توغرا تاللانمىسا، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى ساغلام تەرەققىي قىلالمايدۇ؛ ئەكسىچە بولسا، ئەگەر ئەمەلىيەتتىن ئايرىلسا، تەدبىر تۇتۇشتا نۇقسان كۆرۈلسە خەلق ئىگىلىكىنىڭ چوڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرى زىيانغا ئۇچرايدۇ. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىز 1990 — يىلىغىچە تۆۋەندىكى ستراتېگىيىلىك رامكىنى مۇۋاپىق دەپ تاللىدى. يەنى: يېزا ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، يەرلىك سانائەت بىلەن يېزا — بازار كارخانىلىرىنى ئىككى قانات قىلىش، سۇ ئېلېكتىر يوللىرىنى شەرت قىلىش، پەن-تېخنىكىغا تايىنىش، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش، دۆلەت ئىچى — سىرتىدىكى بازارلارنى كېڭەيتىپ، تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش.

ئىككىنچى قىلىپ ئېيتقاندا، توغرا بولغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئاساس قىلىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى زور نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش لازىم. مەسىلەن: ئومۇمىي تەمىنات بىلەن ئومۇمىي ئېھتىياجنىڭ مۇناسىۋىتى، جۇغلانما بىلەن ئىستېمالنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى، يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار. قەشقەر ۋىلايىتى — ھەللىمي دارامەت پۈتۈنلەي يۆلەپ كېلىنىدىغان، يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى بەرگەن ياردەم پۇلغا تايىنىپ جان باقىدىغان رايون بولغاچقا، يۇقىرىدىكى نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنى مۇۋاپىق بەلگىلەپ چىقىش تېخىمۇ مۇھىم.

ئۈچىنچى قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش كېرەك. جايلاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولسا، ئاندىن بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلانغىلى ۋە ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش چوقۇم تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىي يوسۇندا دەلىللەش ئاساسىدا بولۇشى، كۆپ لايىھىلىك تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىشى لازىم.

تۆتىنچى قىلىپ ئېيتقاندا، ماكرولۇق كونترول قىلىش ۋاستىسىنى ياخشىلاش كېرەك. ئىلگىرىكىدەك بىۋاسىتە كونترول قىلىشنى ئاساس قىلىشتىن ۋاستىلىق كونترول قىلىشقا ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي پىشاڭنىڭ تەڭشەش رولىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇش لازىم.

بەشىنچى قىلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي مۆلچەر ۋە ئۇچۇرغا ئىنكاس قايتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك.

2. پىلان خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئوتتۇرا، ئۇزاق

مەزگىللىك پىلان ۋە ستراتېگىيىلىك تەتقى-
قاتقا بۇراش لازىم. بۇ — مەركەزنىڭ پىلان
تارماقلىرىغا قويغان تەلىپى، شۇنداقلا پى-
لان تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانىسى، پىلان
تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ۋە بۇيرۇق
خاراكتېرلىك پىلانىنىڭ قىسقارتىلىشىغا
ئەگىشىپ، نۇرغۇن مەھسۇلاتلار ۋە ئىقتىسا-
دىي پائالىيەتلەردە ئوخشاش بولمىغان ئەھ-
ۋاللارغا ئاساسەن، ئايرىم — ئايرىم ھالدا
يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان ۋە بازار تەڭ-
شىلىشى يولغا قويۇلىدۇ. ھالبۇكى، يېتەكچى
خاراكتېرلىك پىلان چوقۇم ئىقتىسادىي پې-
شاڭ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. نۇر-
غۇن مىقداردىكى مۇرەككەپ ئىقتىسادىي
مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى
يىللىق پىلانغىلا تايىنىپ كەتكىلى بولما-
يدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئەھمىيىتىمۇ چوڭ بول-
مايدۇ. ماكرولۇق كونترول قىلىشقا، قىم-
مەت قانۇنى ئارقىلىق توغرا تەڭشەشكە
پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىز چوقۇم يىل-
لىق پىلاننى ئاددىيلاشتۇرۇشىمىز، خىزمەت-
نىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئوتتۇرا، ئۇزاق
مەزگىللىك پىلانغا يۆتكىشىمىز لازىم. ئۆت-
كەن يىلى بىز ۋىلايەتنىڭ «7 — بەشيىل-
لىق پىلان» لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققا-
ندۇق. ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 2000 —
يىلىغىچە بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك يىرىك
پىلانىنى تۈزۈپ چىقىۋاتىمىز. پىلان خىزمە-
تىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يۆتكەلگەندىن كې-
يىن، پىلان تارماقلىرى خىزمەت ئۇسۇلى
جەھەتتە، كۆرسەتكۈچ بۆلىدىغان، مەبلەغ
تەقسىم قىلىدىغان، تۈر بېكىتىدىغان،
ماددىي ئەشيالارنى تەقسىم قىلىدىغان ئۇش-
شاق ئىشلاردىن ئازاد بولۇشى، ئەمەلىيەت-
كە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ — تەتقىق
قىلىپ، رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى

ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان ماكرولۇق تەد-
بىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. پىلان
باشقۇرۇش جەھەتتە، مەھسۇلات ئىگىلىكىنى
باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تاۋار ئىگى-
لىكىنى باشقۇرىدىغان ئەھۋاللاردىن تەدرى-
جى ۋاز كېچىشى، ۋاستىلىق كونترول قىلىشنى
ئاساس قىلىشى، ئىلگىرىكىدەك پەقەت خام-
چوت ئىچىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى تۇتۇشتىن پۈت-
كۈل جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەمىناتى ۋە
ئومۇمىي ئېھتىياجىنى ئۇنىۋېرسال تەڭشەش-
كە قاراپ ئۆزگىرىشى، مالىيە، قەرز مۇئا-
مىلە، تاشقى پېرېۋوت، ماددىي ئەشيالارنى
تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى
ئوبدان ئىشلەش، ئەمەلىي نەرسىلەرنى
تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتىن قىممەت ئارقىلىق تەڭ-
شەشكە قاراپ ئۆزگىرىش، تەرەققىيات
ستراتېگىيىسى، زور ئىقتىسادىي تېخنىكا سى-
ياسىتى، زور نىسبەت مۇناسىۋەتكە قاتارلىق
تەتقىقاتۋە تەدبىرلەرنى زور ئەجىر سىڭ-
دۈرۈپ ئوبدان ئىشلەش كېرەك. قىسقىسى،
ئۇزاق مەزگىللىك خىزمەتنى مۇھاكىمە قى-
لىدىغان، تەڭپۇڭلۇقنى باشقۇرىدىغان خىز-
مەت نۇقتىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

3. قىممەت قانۇنىدىن ئاڭلىق تۈردە
پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي پې-
شاڭنىڭ رولىنى تولۇق جارىي
قىلدۇرۇش لازىم. خەلق ئىگىلىكىنىڭ
پىلانلىق ۋە نىسبەتلىك ھالدا تەرەققىي
قىلىش قانۇنىيىتى بار بولۇپ، قىممەت قا-
نۇنىيىتىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆز رولىنى
يىگانە جارىي قىلدۇرالمايدۇ. ئىقتىسادىي
پېشاڭ دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسىيلەر
ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى
تەڭشەيدىغان قىممەت شەكلى، شۇنداقلا ھەر
تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى بىر-
بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان بەلباغ. ئۇنىڭ

تەڭشەش رولى جەھەتتىكى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. مىللىي دارامەتنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە تەكرار تەقسىم قىلىنىشى، ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەمىنات ۋە ئومۇمىي ئېھتىياج، جۇغلانما بىلەن ئىستېمال قاتارلىق زور نىسبەت مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن مۇھىم تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ.

ئىجتىمائىي تەڭشەش خىزمىتى — چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ بىر خىزمەت بولغاچقا، ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئورۇنلاشقا توغرا كېلىدۇ. پىلان تارماقلىرى، مال باھا، مالىيە، بانكا، باج، تاموژنا، ئەمگەك ئىش ھەققى قاتارلىق ئىقتىسادىي كەسپىي تارماقلارنىڭ خىزمىتىگە زىچ ماسلىشىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي پىشاڭنى ئىشلىتىش ۋە ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىش تەتقىقاتىغا ئاكتىپ قاتنىشىشى كېرەك، كەسپىي تارماقلارنىڭ خىزمىتى ئاساسىدا، ماكرولۇق ئىگىلەش ۋە ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلۇقنى چىقىش قىلىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي پىشاڭلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشىنى تەتقىق قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىگىلىكنى تەڭشەشنىڭ پائال رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇچۇر سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، يۇقىرى — تۆۋەن بىر — بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئۇچۇر تورلىرىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا توپلاپ، بازاردىكى ئۆزگىرىش، ئىقتىسادىي سىياسەت ھەمدە ئىقتىسادىي پىشاڭدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئۈنۈمى ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەپ، تەدبىرلەرنى ئاساس بىلەن تەمىنلەش لازىم.

4. پىلان تارماقلىرىنىڭ ئورگان تەسىس قىلىنىشىنى تەڭشەپ، پىلان قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. پىلان تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، پىلان تارماقلىرى ئورگان تەسىس قىلىش، قوشۇن قۇرۇلۇشى جەھەتتە مۇۋاپىق تەڭشەش ۋە تولۇقلاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەپ بېرىش كېرەك. ئورگان تەڭشەش پرىنسىپى مۇنداق بولىدۇ: كەسپىي خاراكتېرلىك بۆلۈم — ئىشخانىلارنى قىسقارتىپ، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك بۆلۈم — ئىشخانىلارنى كۈچەيتىش؛ ئەمەلىي نەرسىلەرنى باشقۇرىدىغان بۆلۈم — ئىشخانىلارنى قىسقارتىپ، قىممەت، ئۇچۇر، ئىقتىسادىي پىشاڭ باشقۇرىدىغان بۆلۈم — ئىشخانىلارنى كۈچەيتىش ۋە تولۇقلاش؛ ساھەلەر بويىچە مۇناسىۋەت باغلايدىغان بۆلۈم — ئىشخانىلارنى قىسقارتىپ، ۋىلايەتلىك پىلان ماسلاشتۇرۇش بۆلۈم — ئىشخانىلىرىنى كۈچەيتىش ۋە تولۇقلاش؛ ئىقتىسادىي نەزەرىيە، سىياسىي تەتقىقات بۆلۈم — ئىشخانىلىرىنى كېڭەيتىش لازىم.

ئورگانلار تەڭشەلگەندىن كېيىن، پىلان كومىتېتىنىڭ پۈتكۈل خىزمەت ۋەزىپىسى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىشى كېرەك. ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇنداق بولىدۇ: ① ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، زور نىسبەت مۇناسىۋىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، زور ئىقتىسادىي سىياسەت تەدبىرلەر قاتارلىق ماكرولۇق تەدبىر خاراكتېرلىك تەكلىپلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئوتتۇرىغا قويۇش؛ ② ئەمەلىي نەرسىلەر ۋە قىممەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش

# ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىشىنەزەرنى يېڭىلاپ، ئىقتىسادىي خىزمەتتە يەنە بىر يېڭى باسقۇچقا چىقىش

1986 ـ يىلى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى داۋاملىق پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى. ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 228 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 58 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.3% ئاشتى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 170 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11% ئاشتى. بازار سودىسى ئاۋاتلىشىپ، شەھەر، يېزا خەلقىنىڭ كىرىمى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. يېزىلاردىكى ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم 371.65 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 115 يۈەن، يەنى 38% ئاشتى. شەھەردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىمۇ تەدرىجىي ياخشىلاندى. پۇل ئامانەت سوممىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر ھەسسە كۆپەيدى. مالىيە كىرىمى جەھەتتە 7 مىليون 135 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 28% ئاشتى.

يېزىلاردىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر ئوبدان ئىشلىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. ئاشلىقتا مەھسۇلاتنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 55 مىڭ

---

خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئاساسىدا، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك پىلانى ۋە يىللىق پىلانلىرىنى ئوبدان تۈزۈپ چىقىش؛ ③ ئىقتىسادىي پىشاڭدىن ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىپ، پىلان نىشانى بىلەن ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ تەڭشەش؛ ④ پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، پىلاننى ئەمەلگە قويۇش جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش.

پىلان قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھازىر، ۋىلايىتىمىزدىكى پىلان تارماقلىرىنىڭ خادىملار قۇرۇلمىسى ۋە سۈپىتى پىلان تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ناھايىتى ماسلىشالمايۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پىلان كادىرلىرىنىڭ «تۆتلىشىش» قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، بىر تەرەپتىن ھەم ئەمەلىي تەجرىبىسى بولغان ھەم نەزەرىيىنى بىلىدىغان ھەم تېخنىكىنى بىلىدىغان ھەم ئىقتىسادنى بىلىدىغان خادىملارنى ئاجرىتىپ، پىلان كادىرلىرى قوشۇنىنى تولۇقلاپ، ھازىر بار بولغان خادىملارنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش؛ يەنە بىر تەرەپتىن كۆپ خىل يوللار ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق، ھازىر بار بولغان خادىملارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، ئىدىيىۋى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، پىلان تارماقلىرىنى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي مەسلىھەتچىلىك ئورنىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش كېرەك.

مۇ قىسقارتىلىپ، كېۋەز كۆلىمى 50 مىڭ مو كېڭەيتىلدى. 1986 ــ يىلى، بىر قەدەر ئېغىر بولغان تەبىئىي ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدىن ياخشى ھوسۇل ئېلىندى: ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 452 مىليون جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.9% ئاشتى. پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 270 مىڭ 600 دەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17.5% ئاشتى. تاۋار باغدىن 20 مىڭ مو يېڭىدىن ئەھيا قىلىندى، كونا باغلاردىن 1148 مو ئۆزگەرتىلدى، 237 مىڭ تۈپ مېۋىلىك كۆچەت ئۇلاندى. چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 714 مىڭ تۇياق بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.8% كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە ئېتىز ــ ئېرىقلار ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلۇپ يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى. ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئىقتىسادىي ئورمانلىق ۋە تاۋار ئورمانلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قاراپ يۆتكەلمەكتە. يېزا ــ بازار كارخانىلىرى تەڭشەش جەريانىدا داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. مەھسۇلات سۈپىتى ۋە كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئومۇمىي كىرىم 30 مىليون 140 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37% ئاشتى. يەرلىك سانائەت ۋە يېزا ــ بازار كارخانىلىرىنىڭ توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىدا يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. ناھىيە بويىچە ئالتە ئۆلكىدىكى ئون نەچچە ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. بىرلەشمە ھەمكارلىق شىركەتلىرى 15 كە يەتتى، 46 نەپەر ئىختىساسلىق خادىم تەكلىپ قىلىندى. 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن، ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تېخىمۇ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ناھىيە ــ يېزا (بازار) ئىككى دەرىجىلىك تۈزۈمدە، نامراتلارغا يار ــ يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچى تولۇق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ، نامرات دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىلدى. ناھىيە بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلە 2853 بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانىنىڭ 81 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

1986 ــ يىلدىكى خىزمەتلەردە، بىز تۆۋەندىكى تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇق:

(1) يېرىك يېزا ئىگىلىكى ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئۈچ چوڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكنى تۇرغۇزۇشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر قىلدۇق.

يولداش تيەن جىيۈن مەركەزدە چاقىرىلغان يېزا خىزمەت يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى قۇرۇپ چىقىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ــ بىزنىڭ ئاساسلىق دۆلەت سىياسىتىمىز». يولداش سۇڭ خەنلياڭمۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شىنجاڭدا سوتسىيالىستىك يېرىك يېزا ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى چوڭقۇر تۇرغۇزۇش كېرەك.» يەكەن ناھىيىسى يەنىلا تەرەققىي تاپمىغان ھالەتتە تۇرماقتا. ئالدىنقى يىللاردا، پارتىيىنىڭ بىر قاتار توغرا ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىگە تايىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى. يېزا ئىگىلىك يەن-تېخىمۇ تەرەققىياتقا تايىنىلغاچقا،

ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرا مەھسۇلاتلىق سەۋىيىگە كەلدى. لېكىن، «7 - بەش يىللىق پىلان» ۋە 2000 - يىلدىكى تەرەققىي قىلىش نىشانىسى بىزگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكنى تۇرغۇزۇپ چىقىش، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتا سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىشتىن پەيدا بولغان ئىقتىدارغىلا تايانغان بىلەن كۇپايە قىلمايدۇ. بىز دە چوقۇم پۇختا ماددىي ئاساس ۋە يېڭى تېخنىكا تەرەققىياتى بولۇش كېرەك. بىز تاللىغان ستراتېگىيىلىك نىشان — سوتسىيالىستىك يەرلىك يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ: چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە يەرلىك دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكنى تۇرغۇزۇشتا. بۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى: ① ناھىيىمىزنىڭ يەر بايلىقى، سۇ بايلىقى، ئىسسىقلىق بايلىقى، ئەمگەك كۈچى بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ياخشى شارائىتقا ئىگە. ② ناھىيىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى سانائەت ۋە باشقا كەسىپلەرگە سېلىشتۇرغاندا، مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، مەھسۇلات كۆپ چىقىدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى بولىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. 1986 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، يېزا ئىگىلىكىدىكى 100 يۈەنلىك مەبلەغدىن ئېلىنىدىغان ساپ پايدا 339 يۈەن، ئەڭ ياخشى بولغاندا 450 يۈەن، ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 165 يۈەندىن ئاشىدىكەن؛ ھالبۇكى، سانائەتتە 100 يۈەنلىك مەبلەغدىن ئاران 50 يۈەن پايدا چىقىدىكەن. ③ ناھىيىمىز يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلارغا ئىگە بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا باپ كېلىدۇ. ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلغان ھالدا يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى كۆپەيتىپ ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاندىن كېيىن سانائەت تاۋارلىرى ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدۇ. ④ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور.

(2) ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتىكى بۆسۈش ئېغىزىنى ئوبدان تاللاپ، يېزا ئىگىلىكىدە تايىنىلىدىغان سىستېمىلاشتۇرۇلغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش.

يەكەننىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئاممىنىڭ ئارزۇسى. ھالبۇكى، يېزا ئىگىلىكى ئاساس قىلىنغان ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، بىز پاختا ۋە باشقا قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى يەكەننىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلدۇق. پاختا — خەلق ئىگىلىكىدىكى چوڭ تاۋار، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق مەنبە. 1986 - يىلى، ناھىيىمىزنىڭ پاختا مەھسۇلاتى سۈپىتى جەھەتتە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. دەرىجىسى يۇقىرى بولغاچقا، ھەر بىر دىن پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى 19.23 يۈەن ئېشىپ، مۇشۇ بىر تۈردىلا ناھىيە بويىچە پاختا كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12 مىليون يۈەن ئاشتى. 100 مىڭدەك پاختىكارلار ھەر بىر ئائىلىسىنىڭ كىرىمى ئوت-

تۈرا ھېساب بىلەن 124 يۈەندىن ئاشتى. 1986 ـ يىلى بىز بۇرۇنقى خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئاساسىدا يەكەن توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى قۇرۇپ چىقتۇق. ماي خىمىيىۋى سانائەت زاۋۇتى ۋە سۇلياۋ يوپۇق زاۋۇتىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقتۇق. بۇ ئۈچ زاۋۇت پاختا ۋە پاختا مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەش ياكى مەھسۇلات بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ئارقىلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن بىۋاستە مۇلازىمەت قىلىدۇ. بۇنداقتا، ھەم پاختا ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى ھەم كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشتى ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنى دەۋر قىلغان ھالدا، يەرلىك سانائەت ۋە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇش جەھەتتىكى يېڭى يول ئېچىپ بېرىلدى.

(3) ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، بىر تۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىپ، سىستېما قۇرۇلۇش پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، ئىلمىي بولغان ئومۇمىي گەۋدە يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقتۇق.

بىر ناھىيىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتى كۆپ كەسىپ، كۆپ قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەر قايسى ئورۇن ۋە تارماقلارغا چېتىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ـ ئوبوروت ساھەسىدىكى ھالقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆز جايىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىش، ئىلمىي يېتەكچىلىك ئاستىدا، ناھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي گەۋدە پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىردەك تىرى-

شىپ كۆرەش قىلىپ، قارىغۇلۇقنى تۈگىتىپ، ئىلمىي تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش كېرەك.

(4) تېخىمۇ زور دائىرىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىنى تۇرغۇزۇپ، ئىچكى-تاشقى ھەمكارلىقنى ئوبدان يولغا قويدۇق.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ زېمىنى كەڭ، نوپۇسى شالاڭ، تەبىئىي شارائىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئىقتىسادىي سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرقلەر چوڭ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە شارائىتلاردىن قارىغاندا، جەنۇبتىكى تۆت ناھىيىنىڭ ئوخشاشلىقلىرى بار. بۇ تۆت ناھىيە بىر-بىرىگە قوشنا بولۇپ، ئورتاق تەرەققىيات نىشانى ۋە شارائىتلىرى بار. يەكەن دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 29 يېزا- بازار، 400 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بار. ھەر قايسى يېزا ـ بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە رايونلارغا ئايرىلىش ئەھۋالىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بۇنداقتا ئىچكى قىسمىدىمۇ بىرلىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى بار. بىز چوڭراق يەرلىك سانائەت، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇشتا ئورتاق مەبلەغ سېلىش، پايدىنى تەڭ بۆلۈشۈش چارىسىنى قوللاندۇق.

(5) كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تايانچ كارخانىلارنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىنى ھەقىقىي تۈردە قۇرۇپ چىقتۇق.

ناھىيىمىز يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، پاختا مەھسۇلاتلىرىنى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، سۇلياۋ يالتىراق زاۋۇتىنى تايانچ كارخانا قىلدى ھەمدە سېمونت زاۋۇتى، مې-

ۋە - چېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى ۋە ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈردى. «7 - بەشيىللىق پىلان» مەزگىلىدە قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، باغۋەنچىلىك بازىسى، چارۋىچىلىق بازىسى، ئىقتىسادىي ئورمان بازىسى، سۇ مەھسۇلاتلىرى بازىسى، چۈچۈكبۇيا بازىسى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بازا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تايانچ كارخانىلارنى ئوبدان باشقۇردى. بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە دىۋ ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ئاساسلىق خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەشكە قارىتىلىدۇ ھەمدە بۇ ئارقىلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

(6) ئىقتىسادىي تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇشنى كۆڭ تەرتىپكە كىرگۈزۈپ بالدۇر ئورۇنلاشتۇردۇق.

مەركەز مۇنداق كۆرسەتتى: «ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە يېزا ئىگىلىكىدە تېخىمۇ زور بىر تەرەققىيات بولۇشى، يېڭى پەللىگە چىقىشى لازىم». يېڭى پەللىگە قانداق چىقىش كېرەك؟ مەركەز بۇنى ستراتېگىيىلىك نىشان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك ماددىي - تېخنىكا شارائىتلىرىنى ياخشىلاشتىن قول سېلىپ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ زاپاس كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يەكەننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىز مۇنداق تۆت پەسىلنى دەۋر قىلغان ھالدا يېڭى تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ۋە تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ چىقتۇق: ① تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يېڭى ئىدىيە، يېڭى نۇقتىئىنەزەرنى قانداق تۇرغۇزۇش؛ ② يېزا ئىگىلىكىدە كىرىمنى قانداق كۆپەيتىش، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ ئۆزى سالىدىغان مەبلىغىنى كۆپەيتىشنى قانداق ھەل قىلىش، تۇجۇپىلەپ باشقۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش؛ ③ يەكەن يېزىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ستراتېگىيىلىك يىرىك پىلانىنى ۋە يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئاساسىي ئۇللۇق تەتقىقات ۋە ئەمەلىي تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىنى قانداق تۈزۈپ چىقىش؛ ④ تۆۋەن ھوسۇللۇق، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى قانداق تېزلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، بۇنىڭ بىلەن، پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تومۇرىنى چىڭ ئىگىلەپ، يېزا ئىگىلىكىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوبدان تەييارلىق كۆرۈلدى.

(يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىغا ئاساسەن رەتلەندى).

# تىرىشىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى

1986 - يىلى ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى داۋاملىق، مۇقىم، تەكشى راۋاجلاندۇرۇلغان بىر يىل بولدى.

① خەلق ئىگىلىكى داۋاملىق، مۇقىم تەرەققىي قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

1986 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 75 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.78% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 554 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 16.7% ئاشتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليون 906 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 52.4% ئاشتى.

1985 - يىلى يېزا ئىگىلىكىدە زور ھەجىمدە مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئاساسىدا، يەنە 8 - مول ھوسۇل يىلى قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 183 مىليون جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.9% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: بۇغداينىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى جەھەتتە 100 مىليون جىڭلىق چوڭ ئۆتكەل بۆسۈپ تاشلاندى. يېزىلاردا ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن ئاشلىق 2087 جىڭ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 2660 جىڭ بولدى. دۆلەتكە تاپشۇرغان تاۋار ئاشلىق 32 مىليون 970 مىڭ جىڭ بولۇپ، پىلاندىكىدىن 12 مىليون 770 مىڭ جىڭ ئاشتى. پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 102 مىڭ 330 دەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 28% ئاشتى. ياغلىق دان، چارۋىمۇ ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشتى.

1986 - يىلى، سانائەت - قاتناش كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 2 مىليون 475 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26% ئاشتى. تۆرلۈك ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە، ئىشلەپچىقىرىش پىلانى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. 1986 - يىلى، بىز سەككىز ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، يىللىغا 20 مىڭ توننا پىششىق ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر سېمونت زاۋۇتى ۋە ياغ زاۋۇتىدىن بىرنى قۇرۇپ چىقتۇق. يىل بويى يېڭىدىن ئاشۇرۇلغان مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولدى. قىش پەسلىدىكى توك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بىز 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 500 كىلوۋاتلىق دىزېل ماتوردىن 2 نى قوراشتۇردۇق. ئۇندىن باشقا كونا كارخانىلارنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى تۇتتۇق. توققۇز يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ بەشى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يېڭى مەھسۇلاتلاردىن 12 سى كۆپەيتىلدى. 1 مىليون 94 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ئاشۇرۇلدى.

② توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تېخنىكا - ئىختىساسلىق كىشىلەر پائال تۈردە كىرگۈزۈلدى.

1986 - يىلى بىز ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شاڭخەي، شىجياجۇاڭ، نەنجىڭ، چۇڭچىڭ، شىنىياڭ، سەنشى قاتارلىق جايلاردىن ئىق-

ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، 13 ھەمكارلىق تۈرىنى ئىمزالىدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە: ئىككى تۈر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىلغان ئەينەك، پولات مەھسۇلاتلىرى، چۆيۈن تۇرۇبا ۋە پاراۋاي پۈلەكلىرى بازارغا سېلىنىپ خېرىدارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1986-يىلى سىرتقى جايلار بىلەن بىرلىكتە باشقۇرۇلىدىغان ياكى ئۆزى قۇرغان 13 يېزا - بازار كارخانىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇ يىلدىكى مەبلەغ 864 مىڭ يۈەنگە، پايدا 84 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىن 35 نەپەر ئىختىساسلىق خادىم تەكلىپ قىلىنىدى ھەمدە سىرتقى جايلارنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرى كىرگۈزۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

③ يېزا كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە يېڭى بۆسۈش بولدى.

ئالدى بىلەن، تېرىقچىلىق كەسپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قۇرۇلمىسىنى تەڭشىدۇق. ئاشلىقتىن مەھسۇلات ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، كېۋەز كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكى 80 مىڭ مودىن 110 مىڭ موغا كېڭەيتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە: يالتىراق يېپىلغان كېۋەز 50 مىڭ مو بولۇپ، ھەممىسىگە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 1 - نومۇرلۇق كېۋەز» ۋە «چوڭ غوزىلىق كېۋەز» ئۇرۇقى ئالماشتۇرۇلۇپ، پاختىدىن 22 مىڭ 700 دەن مەھسۇلات ئاشۇرۇلدى. دېھقانلارنىڭ كىرىمى 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇلدى. 10 مىڭ 37 مو باغ ئەھيا قىلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشۇرۇلدى. 563 مو بېدە كېڭەيتىپ تېرىلدى. قوغۇن، ئوتياش كۆلىمىمۇ كېڭەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن، تېرىقچىلىق كەسپىي قۇرۇلمىسى تەبىئىي يايلاقلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ۋە چارۋا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى.

ئۇندىن قالسا، يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. دېھقانچىلىقنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ، يېزا - بازار كارخانىلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1986 - يىلى، ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى 1598 گە يەتتى، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار 7852 گە يېتىپ، يېزىلاردىكى ئەمگەك كۈچى ئومۇمىي سانىنىڭ 23 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئومۇمىي كىرىمى 25 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 4 مىليون 957 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 37.2% ۋە 21.3% ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ يېزىلاردىكى ئىككى دەرىجىلىك ئومۇمىي كىرىمدىكى سالمىقى ئالدىنقى يىلدىكى 33.5 پىرسەنتتىن 37.2 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلدى.

④ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىدە نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ناھىيە، يېزا، كەنت ئۈچ دەرىجىلىك ئورۇندا، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، ئۈچ يىللىق يېرىك پىلان تۈزۈپ چىقىلدى. قاتلاممۇ-قاتلام ھۆددىگە بېرىلىپ، ۋەزىپە بېكىتىلىپ، ئورۇنلاپ بولۇش مۇددىتى بەلگىلەندى. ناھىيە بويىچە 1518 نەپەر يېزا - كەنت كادىرلىرى ۋە پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى 31

مىڭ 68 نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. نامرات ئائىلىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا تەشكىللەش بىلەن بىر چاغدا، مەبلەغ، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش، زىرائەتلەرنى تەگشەش، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، سۇ، چارۋا ئىشلىتىش جەھەتلەردىن يار-يۆلەك بولدى. ناھىيە بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان مەبلەغ 449 مىڭ يۈەن بولۇپ، 100 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 140 مىڭ جىڭ كۆنجۈرا بىلەن تەمىنلەندى. يىل ئاخىرىغىچە، جەمئىي 887 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامرات ئائىلە ئومۇمىي سانىنىڭ 36 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەردىكى ھەر نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 298.31 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 151.15 يۈەن ئاشقان، ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 1000 جىڭدىن ئېشىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 637 جىڭ ئاشتى. نامرات ئائىلىلەر ئەمگەك قىلىپ تاپقان پۇلىغا سېتىۋالغان ھەر خىل چوڭ چارۋا 225 تۇياق، كۆچەت 36 مىڭ 700 تۈپ، سالغان يېڭى ئۆي 219 ئېغىز، رېمونت قىلغان ئۆي 510 ئېغىز، سېتىۋالغان تېلېۋىزور، رادىئو، ۋېلىسىپىت، سائەت قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك ئىستېمال بويۇملىرى 277 دانە.

⑤ شەھەر - يېزىلارنىڭ قىياپىتى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى.

«ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش؛ يېرىك پىلاننى ئوبدان تۈزۈش، يولغا قويۇشنى چىڭ تۇتۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمى تېزلىتىلدى. 7.3 كىلومېتىر يول ئاسفالتلاشتۇرۇلدى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە دەل-دەرەخ تىكىلدى ۋە گۈل-گىياھلار تېرىلدى. 45 كورپۇس خىزمەت بىناسى، سودا-تىجارەت بىناسى سېلىندى. 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆيى سېلىندى. 3500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى. مۇھىت ئاسراش ۋە جامائەت ئەسلىھەلىرى خىزمىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

يېزىلاردا، بىز ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرى مەركەز قىلىنغان «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل تۇتتۇق. 1986-يىلى ناھىيە بويىچە 1 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ، 1003 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 672 ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى. 47.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېڭى ئۆستەڭ چېپىلدى. بۇ، ئۆتكەن 20 يىلدا چېپىلغان سىڭمەسلەشتۈرۈش ئۆستەڭلىرىنىڭ يىغىندىسىغا باراۋەر كېلىدۇ. 12.2 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بەشكەن ئۆستىڭى ۋە پوسكام ئۆستىڭىنى بىرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى دەسلەپكى قەدەمدە ئورۇنلاندى. 33 ھەر خىل كۆۋرۈك، توما-تاقاقلار ياسالدى. 20 مىڭ مو سالا ئېتىز تۈزلەندى. پوسكام - مەكىت تاشيولىنىڭ ژىما يېزىسى ئوچاستكىسىدىكى 13.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلۇپ بولدى. 25 مىڭ 924 مو ئورمان بەرپا قىلىنىپ، ئورمان كۆلىمى 180 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە 640 مەھەللە - گۇرۇپپىلىرى ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇپ بولدى. بۇ ناھىيە بويىچە مەھەللە- گۇرۇپپىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 98.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئورمان بەلباغلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4329

# نېفىت سانائىتى ئالغا باسماقتا

قەشقەر ۋىلايىتى مول نېفىت-گاز ئۈچقۇنى ۋە بىپايان نېفىت-گاز قاتلىمى ئىستىقبالىغا ئىگە بولۇپ، مەشھۇر بولغانلىرىدىن قارا تۈز سۇيۇق جىسىملىق نېفىت ۋە نېفىت قۇملىرى، يېڭىيەر-قىزىلسۇيدىكى نېفىت قۇملىرى بار. تارىخىي خاتىرىلەردە مۇشۇ رايونلاردىن نېفىت تېپىلغانلىقى ۋە نېفىتتىن پايدىلىنىلغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار بار.

قەشقەرنىڭ زامانىۋى نېفىت سانائىتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن باشلانغان. 1951-يىلى، جۇڭگو-سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتى تۇنجى قېتىم تارىم ئويمانلىقىغا كىرىپ، سىستېمىلىق نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. 1954-يىلغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە قەشقەردە ئۈچ رەت چوڭ كۆلەمدە قۇرۇلما تېپىلدى ھەمدە قەشقەر-كىراتو-يېڭىيەر قۇرۇلمىلىرىدا بورىۋاي بىلەن تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1958-يىلى، شىنجاڭ نېفىت باش قۇرۇش ئىدارىسى تارىم كان ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، نېفىت-گېئولوگىيە تەكشۈرۈش خىزمىتى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇلۇپ، گېئولوگىيىلىك ئومۇمىي تەكشۈرۈش، تەپسىلىي تەكشۈرۈش ھەمدە ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىش ۋەزىپىلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئورۇنلاندى. ئويمانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، 505-ماگنىت كۈچى گېئولوگىيىلىك بىرلەشمە ئەترىتى تۆگىنى ئاساسىي قاتناش قورالى قىلىپ، تەكلىماكان چۆللىكىگە تۇنجى قېتىم كىرىپ چىقتى. بۇ گۇرۇپپا قاغىلىقتىن يولغا چىقىپ كۆئېنلۇن تېغىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭنىڭ كاداق رايونىغا يېتىپ بېرىپ، 1000 كىلومېتىرلىق بىر ئۆلچەش سىزىقىنى تەييارلاپ چىقتى. 1964-يىلى، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش قوماندانلىق

---

كىلومېتىر بولۇپ، 404 مىڭ مو سالا ئېتىزلارنىڭ ھەممىسى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلۇپ بولدى. ۋىلايەت پوسكام ناھىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان لاياقەتلىك ناھىيە دەپ نام بەردى.

1986-يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان كىرىم 433.63 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 80.82 يۈەن كۆپەيدى. ئوتتۇرىچە كىرىمى 1000 يۈەندىن يۇقىرى بولغان ئائىلە 172. ناھىيە بويىچە 90 پىرسەنتتىن كۆپرەك دېھقان ئائىلىلىرىگە ئېلېكتر لامپۇچكا بېكىتىلدى، رادىئو كانايلىرى بېكىتىلگەن ئائىلە 85 پىرسەنتتىن كۆپرەككە يەتتى. ناھىيە بويىچە ئائىلىلەردىكى تېلېۋىزور 2128 دانە، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ 9687 دانە، ۋېلسىپىت 18 مىڭ دانە، دېھقانلارنىڭ يەككە تىجارەت قىلىدىغان ئاپتوموبىلى 28 دانە، تراكتور 524 دانە. شەھەر-يېزىلاردىكى خەلق ئامانەت سوممىسى 16 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 44.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزىلاردىكى ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئامانەت سوممىسى 116 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ.

(پوسكام ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەت دوكلاتىغا ئاساسەن رەتلەندى).

شىتابى قۇرۇلدى. شۇندىن كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە، قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ كۆپ قېتىم قېدىرىپ تەكشۈرۈش بىرلەشمە جېڭى ئۇيۇشتۇرۇلدى. نېفىت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى كۆئېنلون تېغى ئېتىكىدە جەڭ مەيدانى ئېچىپ، چۆل - جەزىرىلەردە چېدىر - بارگاھلارنى قۇرۇپ، قەھرىتان سوغۇقلارغا، پىژغىرىم ئاپتاپلارغا پەرۋا قىلماي، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەشقەرنىڭ نېفىت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. 1951-يىلىدىن 1986-يىلىغىچە، گېئولوگىيىلىك ئومۇمىي تەكشۈرۈش، تەپسىلىي تەكشۈرۈش، ماگنىت كۈچىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش، ئايروپىلان بىلەن ماگنىتلىق تەكشۈرۈش ۋە يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلەش بىلەن بىرگە، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 15 قۇرۇلما ياكى دۆمبەدە 74 بورىۋاي ئورۇنلاشتۇرۇپ، 195 مىڭ مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قېزىپ كۆردى. بولۇپمۇ، 1977-يىلى 5-ئايدا، كۆكيار نېفىتلىكى تېپىلىپ، قەشقەرنىڭ نېفىت سانائىتى يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى.

## كۆكيار نېفىتلىكىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئېچىلىشى

1975-يىلى يانۋاردا جۇ ئېنلەي زۇڭلى 4-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-سانلىق يىغىنىدا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا دۆلىتىمىزنى يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتلەردىن زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى قايتا ئىزھار قىلدى. نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكى: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ماي ئىشلىتىش «مەسىلىسىنى ئۈچ يىل ئىچىدە چوقۇم ھەل قىلىش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە قېدىرىپ تەكشۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىكى فاڭجېن: «بىر يىلدا تەييارلىق قىلىش، ئىككى يىلدا قانات يايدۇرۇش، ئۈچ يىلدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش» تىن ئىبارەت بولدى. مۇھىم نۇقتا ئويمانلىقنىڭ غەربىي جەنۇب قىيپاش دۆڭلۈكى (يەنى قەشقەر ۋىلايىتى ھەمدە ۋىلايەت ئەتراپىدىكى جايلار)، ئاساسىي ھۇجۇم نىشانىسى قاغىلىق چوڭكۆندە رايونى بولۇپ، كۆئېنلون تېغىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى رەت قۇرۇلمىلىرى نۇقتا قىلىنىپ، يەر تەۋرىتىش ئارقىلىق تەكشۈرۈش ۋە قۇدۇق قېزىپ تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئومۇمىي كەۋدىلىك ئوپېراتسىيە ئېلىپ بېرىلدى. 1977-يىلى 17-ماي كۈنى 4075-بورىۋاي ئەترىتى قازغان كۆكيار بىرىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقتىن يۇقىرى بېسىملىق نېفىت گازى، سۇ ۋە لاي-لاتقىلارنى سۈرەپ 40 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە پارتلاپ چىقتى. پارتلاشنىڭ شىددەتلىكى، كۈچىنىڭ چوڭلۇقى، مىقدارىنىڭ كۆپلىكى شىنجاڭ بويىچە ئاز كۆرۈلگەن. بۇ قۇدۇقتىن گاز پارتلاپ چىققانلىقى — قەشقەرنىڭ نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈشتە زور بۆسۈش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تارىم ئويمانلىقىدىن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق گاز نېفىتلىكىنى تاپقىلى بولىدىغانلىق ئېھتىماللىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، 1978 - يىلى نېفىت مىنىستىرلىكى ۋە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىر تۈركۈم رەھبەرلىرى جە-

نوبىي شىنجاڭ نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش قوماندانلىق شىتابىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىپ، سىچۈەن، شىمالىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىن 4000 كىشىدىن تەركىب تاپقان قېدىرىپ تەكشۈرۈش كەسپىي قوشۇنىنى ئاجرىتىپ ئەپكەلدى. نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ فېزىكىلىق قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى، شىمالىي جۇڭگو نېفىتلىكى، چاڭچۈن شەركىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى 14 مىڭ كىشى غەربىي جەنۇب قىيپاش دۆڭلىكىدا ئەرىسىدىكى 1600 كىلومېتىرلىق لىنىيىدە چوڭ كۆلەملىك بىر مەيدان قېدىرىپ تەكشۈرۈش بىرلەشمە جېڭىنى باشلىۋەتتى. 1978 — يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، بورىۋاي ئەترىتى كۆپىيىپ 24 كە، يەر تەۋرىتىش ئەترىتى 22 گە، ماگنىت كۈچى ئەترىتى ئۈچكە يەتتى. «ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇش، قېدىرىپ تەكشۈرۈشنى كەڭ قانات يايدۇرۇش، ئەلا سۈپەتلىكلەرنىگە هۇجۇم قىلىش، نىسپىي هالدا مەركەزلەشتۈرۈش» ۋە «يەرقەۋەتنى ئېنىقلاپ چىقىش، قۇرۇلمىنى توغرا تەكشۈرۈپ چىقىش، زاپاس مىقدارىنى كۆپرەك ئىزدەش، ماي ئېلىشقا ئالدىرىماسلىق» دېگەن فاڭجېن بويىچە، غەربىي جەنۇبىي قىيپاش دۆڭلۈكىنىڭ غەربىي قىسمىدا، قاغىلىق — قەشقەر چۆكۈندىسى، مارالبېشى دۆمبەسى رايونلىرىدا ئومۇمىي دائىرىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش بىلەن بىر چاغدا، كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، كۆكيار نېفىتلىكىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش قوماندانلىق شىتابى يەر تەۋرىتىپ تەكشۈرۈش، بورىۋاي كولاش، نېفىت ئېلىش سىنىقى ئېلىپ بېرىش ۋە گېئولوگىيىلىك ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كۆكيار گاز — نېفىتلىكىنىڭ ماي تەركىبىي كۆلىمىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقتى. كولانغان يەرقەۋىتى، چۆكۈندە قەۋىتى، نېفىت-گاز بىرىكمىسىنى ئايرىپ چىقتى. ھەر قايسى بىرىكمىلەرنىڭ يەر ئاستى ئاقما جىسىملىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى. كۆكيار گاز — نېفىتلىكى قاتورما شەكىللىك گاز — نېفىتلىك بولۇپ، رايون قۇرۇلمىسى جەھەتتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب چۆكۈندىسى قىيپاش بەلبېغى 2 — رەت قۇرۇلمىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى ئەگرى — بۈگرى، غەربىي تەرىپى ئېگىز، غەرب تەرىپى بىلەن شىمالىي ئېگىزلىك تۇتاشقان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ۋە بىر — بىرىگە ياپسا كەلگەن قىيپاش يانتۇلۇق بولۇپ، يەر قەۋىتى 3 — سىستېما ئىچىدىكى ئاتۇش دەريا چۆكۈندىسى ھېسابلىنىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭ سانائەت — يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، نېفىت مىنىستىرلىكى ۋە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى 1984 — يىلدىن باشلاپ، كۆكيار نېفىتلىكىنى رەسمىي ئېچىشنى قارار قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش قوماندانلىق شىتابى ۋە نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ ئېچىش تەتقىقات يۇرتى ئېچىش لايىھىسىنى ئورتاق تۈزۈپ چىقتى. كونا قۇدۇقلاردىن تولۇق پايدىلىنىش ئاساسىدا، 1985 — ۋە 1986 — يىلى يېڭىدىن توققۇز قۇدۇق قېزىلدى. 30 مىڭ 567 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق كولىنىپ، 142.38 مېتىر ئەۋرىشكە ئېلىندى، 31 قەۋەت ماي قەۋىتى سىناق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇدۇقلار سىستېمىلىق سىناپ كۆرۈلدى. ماي ئاساسىدىن ئەۋرىشـ

كەلاي ئېلىش، يۇقىرى بېسىملىق ماددىلاردىن ئەۋرىشكە ئېلىش، نېيترون ئۆمرى ۋە نېيترونلۇق ئۆلچەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق، ماي قۇدۇقلىرىنىڭ ھالىتى جەھەتتىكى نۇرغۇن ئىلمىي سان - سىفىرلار ۋە سىناپ قېزىش ھۇنەر - تېخنىكىسى ئىگىلەندى. نېفىتلىكنىڭ يەر ئۈستى قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىمۇ پائال قانات يايدۇرۇلدى. تۆت ئۆلچەم پونكىتى، بىر بىرلەشمە پونكىت، نېفىتلىك ئالاقىلىشىش پونكىتى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشى ۋە نېفىتلىك يولى قۇرۇلۇشىغا 1986 - يىلى 4 - پەسىلدە ئارقا - ئارقىدىن ئىش باشلىنىپ، يىل ئاخىرىغىچە 3 مىليون 286 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاندى. 1977 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە، كۆكيار گاز - نېفىتلىكىدە جەمئىي 40 قۇدۇق قېزىلدى، قېزىلىش چوڭقۇرلۇقى 149 مىڭ 462 مېتىر 37 سانتىمېتىرغا، ئېلىنغان نېفىت مىقدارى 1 مىليون 247 مىڭ توننىغا، ئېلىنغان گاز مىقدارى 4 مىليارد 350 مىليون كۇبقا يەتتى.

## پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائەت زاۋۇتى

كۆكيار نېفىتلىكىدىكى گاز - نېفىت مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىش، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا بۇ بايلىقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، شىمالنىڭ نېفىتىدە شىمالنى تەمىنلەپ، جەنۇبقا توشۇش ئەھۋالىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا تىپتىكى نېفىت - خىمىيە سانائەت زاۋۇتىدىن بىرنى قۇرۇش پىلانى پارتىيە ۋە دۆلەت تەرىپىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلدى. 1983 - يىلى 8 - ئايدا، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى يولداش جاۋزىياڭ قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قوماندانلىق شتابىدىكى مەسئۇل يولداشلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: كۆكيار نېفىتلىكىنى رەسمىي ئېچىش، نېفىت - خىمىيىۋى سانائەت زاۋۇتىدىن بىرنى سېلىش كېرەك، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى يولداش كاڭ شىئېن جەنۇبىي شىنجاڭ كۆكيار نېفىتلىكىگە ئالاھىدە كېلىپ، تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مەنبە ئەھۋالىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈردى ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىش ئۈچۈن نېفىتلىكنى ئېچىش ۋە ئۈچ زاۋۇت قۇرۇش توغرىسىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەنگە دوكلات يازدى. 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جاۋزىياڭ زۇڭلىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئۈچ زاۋۇت قۇرۇلۇشى (ماي چەككىلەش زاۋۇتى، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز زاۋۇتى) دۆلەت پىلانىغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى. شۇندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش سۇڭ خەنلياڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان، ئاپتونوم رايون، نېفىت مىنىستىرلىكى، خىمىيىۋى سانائەت مىنىستىرلىكى، نېفىت - خىمىيە باش شىركىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلار قاتناشقان ئۈچ قۇرۇلۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئالدىنقى مەزگىلدىكى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلەر تېزدىن قانات يېيىپ كەتتى. 1984 - يىلى يۇقىرىقى بىرىنچى يىلدا، يولغا قويغىلى بولىدىغان تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. 1984 - يىلى

8 - ئايدا، دۆلەت پىلان كومىتېتى لايىھە ۋەزىپە نامىسىنى تەستىقلاپ چۈشۈردى. 1985 - يىلى دەسلەپكى لايىھىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئىش لايىھەسى ۋە قۇرۇلۇش تەييارلىق خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. 1986 - يىلى، ئۈچ قۇرۇلۇش دۆلەتنىڭ «7 - بەش يىللىق پىلانى» دىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، پوسكام نېفىت - خىمىيەۋى سانائەت زاۋۇتىنىڭ تۇپا قۇرۇلۇشىغا رەسمىي ئىش باشلاندى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە نېفىت-خىمىيەۋى سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى يولداش لى تيەنشياڭ، مەسلىھەتچىسى جياۋلىرىن قاتارلىق رەھبەرلەر پوسكام نېفىت بازىسىغا شەخسەن ئۆزى قەدەم تەشرىپ قىلىپ، داغدۇغىلىق ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

پوسكام نېفىت - خىمىيەۋى سانائەت زاۋۇتى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇش بولۇپ، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى كۆلىمى: يىلىغا 150مىڭ توننا مايچەككىلىيەلەيدىغان چەككىلەش سېخى، 60 مىڭ توننا بىرىكمە ئامىياك، 110 مىڭ توننا ئورېيا ئىشلەپچىقىرالايدىغان خىمىيەۋى ئوغۇت شۆبە زاۋۇتى، 10 مىڭ توننا سۇيۇق گاز ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش سېخى ھەمدە يىلىغا 150 مىڭ توننا ماي يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تۇرۇبا لىنىيىسى، 224 مىليون كۇب مېتىر گاز يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تۇرۇبا لىنىيىسى، 10500 X 3 كىلوۋاتلىق گاز تۇربىنا ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرار جايلىرى قاتارلىق يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئەسلىھەلەردىن تەركىب تاپقان. پىلان بويىچە ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدە پۈتتۈرۈلمەكچى. 1989 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. شۇ چاغدا، ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كەتسە، ھەر يىلى 60 مىڭ توننا بېنزىن، 50 مىڭ توننا سالىياركا، 10 مىڭ توننا كىرسىن، 110 مىڭ توننا ئورېيا، 10 مىڭ توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. پۈتكۈل قۇرۇلۇشقا دۆلەت 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان بولۇپ، دۆلەت ئىقتىسادى كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، دېرى ۋە ئۆسۈمى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىندى. بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت-ئوبلاست خەلقىگە قىلغان غايەت زور غەمخورلۇقىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

پوسكام نېفىت - خىمىيەۋى سانائەت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىسلاھات روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، باسقۇچلارغا بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى مايتاغ ماي چەككىلەش زاۋۇتى، ئۈرۈمچى نېفىت-خىمىيەۋى سانائەت زاۋۇتى، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ماي قۇرۇلۇش شىركىتى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش قوماندانلىق شتابى قاتارلىق تۆت ئورۇن ماي چەككىلەش، خىمىيەۋى ئوغۇت، ئۈزۈن تۇرۇبا لىنىيىسى، ئېلېكتىر ئىستانسىسى ۋە تۇرمۇش رايونى قاتارلىق تۈرلەرنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھۆددىگە ئالدى. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدا قۇرۇلۇش باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇ-

لۇپ، بۇ ئورۇن تەشكىللەش ۋە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئاساسىي كەۋدە قۇرۇلۇشىنى نېفىت - خىمىيەۋى سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ 7 - قۇرۇلۇش شىركىتى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. باشقا قۇرۇلۇشلارنى ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق ماشىنىلىرى شىركىتى، سانائەت 1 - دىۋىزىيىسىنىڭ 3- پولكى، جياڭسۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى، قەشقەر بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئۆز ئۈستىگە ئالدى. «1 - ماي» دا ئىش باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن، ئىش ئورنىدا 5000 كىشىدىن ئارتۇق قۇرۇلۇش قوشۇنى جەم بولۇشتى. قۇرۇلۇشقا قاتناشقان بارلىق خادىملار يولداش كاڭ شىئېننىڭ: كۆكيار نېفىتلىكى، ئۇزۇن تۇرۇبا لىنىيىسى، ماي چەككىلەش زاۋۇتى ۋە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتىدىن ئىبارەت بەش تەرتىپ بويىچە تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىش، مۇددەتكە بۆلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى ئەمەلىي ئۈنۈمگە بالدۇراق ئېرىشتۈرۈش، دېگەن يوليورۇقى بويىچە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، قۇرۇلۇشنى تېز قانات يايدۇرۇۋەتتى. 1986-يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە، زاۋۇت بويىچە 10 تۈرلۈك قۇرۇلۇشقا پۈتۈنلەي ئىش باشلاندى. 398 تۈرلۈك يەككە قۇرۇلۇشتىن 269 تۈرىگە ئىش باشلىنىپ، بۇنىڭدىن 92 تۈرى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ماي چەككىلەش قىسمى توپا قۇرۇلۇشىدىن قوراشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كىردى. سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز سېخىنىڭ ئاساسلىق بىناسى ھەمدە تۇرۇبا تورلىرىنىڭ يەر ئاستى قىسمىدىن 80 پىرسەنتى ئورۇنلىنىپ بولدى. خىمىيەۋى ئوغۇت تارماقلىرىدىكى 30 قۇرۇلۇشتىن 26 سىغا ئىش باشلاندى. يەر ئاستى تۇرۇبا تورلىرى ۋە كۆپ سانلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۇلى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ بولدى. ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇزۇن تۇرۇبا لىنىيىسى، تۇرمۇش رايونى قاتارلىق تۈرلەردىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. پۈتكۈل قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ يىل بويىچە ئورۇنلىنىدىغىنى 87 مىليون يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 94 مىليون 435 مىڭ 600 يۈەن ئورۇنلاندى. بۇ پىلاننىڭ 108.55 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر چاغدا، پوسكام نېفىت - خىمىيەۋى سانائەت زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىمۇ پائال ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون پوسكام نېفىت - خىمىيەۋى سانائەت زاۋۇتىغا ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلدى. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا تايانچلىرىنى يۆتكەپ بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش قوماندانلىق شىتابى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش چارىسى بويىچە، نېفىت - خىمىيەۋى سانائەت زاۋۇتى ئۈچۈن كۆپ ساندىكى كادىر - ئىشچىلارنى سەپلەپ بەردى ھەمدە 500 گە يېقىن خادىمنى سىرتقى جايلاردىكى زاۋۇت ۋە مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ، كەسىپلەر بويىچە ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئىشلەپچىقىرىش تايانچلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

## پوسكام نېفىت بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

نېفىت بازىسى پوسكام ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇراـ

يۇقىرى ئېقىنىدىكى تىنىدۇرما جايىغا جايلاشقان بولۇپ، يەكەن دەرياسىغا يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شەكلى تۈز بولۇپ، يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ئۆستىڭى مۇشۇ جايىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى سۇ مەنبەلىرى ئىنتايىن مول.

1979 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت تېخنىكا ئىشچىلىرى مەكتىپىنىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى ئالدى بىلەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ، قاقاس چۆلدە بىر «چېدىر مەكتەپ» قۇردى. 1980 ـ يىلى، قوماندانلىق شىتاب ئورنى، 2 ـ سەپ ۋە ئارقا سەپ ئورۇنلىرىمۇ قاغىلىقتىن ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈپ كەلدى. قوماندانلىق شىتاب پارتكومى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش، نېفىت بازىسىنى گۈللەندۈرۈشكە چاقىردى. قۇرۇلۇش كۈچلىرى يېتىشمىگەندە، ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزى قول تەۋرىتىپ ئۆي سالدى ۋە يول ياسىدى. چۆل-جەزىرىلەرنى كۆكەرتىش قىيىن بولسىمۇ، كۆپچىلىك تاشلىقتىن بىر ئېرىق چېپىپ، يىراق يەردىن توپا ئەكېلىپ جىرىم سالدى. سەككىز يىللىق جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق، پوسكام نېفىت بازىسى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان كىچىك نېفىت شەھىرىگە ئايلاندى.

1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، نېفىت بازىسىدىكى قوماندانلىق شىتابى قۇرغان ئىمارەتلەر كۆلىمى 477 مىڭ 651 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: تۇرار جاي قۇرۇلۇشى 133 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. تۆت مەكتەپ، 150 كارىۋاتلىق دوختۇرخانا، 500 تونىلىق سىغىمچانلىقتىكى توڭلىتىش ئامبىرى ھەمدە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، كىنو ـ تىياتىرخانا، كلۇب، كۈتۈپخانا، پوچتىخانا، كىتابخانا، ماگىزىن، ئاشلىق پونكىتى، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، غالتەك تېيىلىش مەيدانى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. 714 مىڭ 157 تۈپ ھەر خىل كۆچەت تىكىلدى، 43.3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاسفالىت يول ياسالدى. بولۇپمۇ، يۈزگە يېقىن ھەيۋەتلىك بىنالار نېفىت بازىسى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ زامانىۋى تۈس بېغىشلىدى.

نېفىت بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈردى، جەمئىيەتكە نىسبەتەن كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىنى پەيدا قىلدى. پوسكام، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق ناھىيەلەر بەس ـ بەس بىلەن نېفىت بازىسىغا مەبلەغ سېلىپ، ھەر خىل كارخانا ـ كەسپىي ئورۇنلارنى قۇردى. يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار ئوتتىياش ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، توخۇ فېرمىسى، سۈت فېرمىسى، بېلىقچىلىق مەيدانى، بىناكارلىق ئەترىتى، خىش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنى قۇرۇپ كىرىمىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتەردى. ھەر قېتىم ھېيت ـ بايراملاردا ھەر مىللەت ئاممىسى تەرەپ ـ تەرەپتىن نېفىت بازىسىغا كېلىپ بازار ئويناپ، بۇ جايدا گۈللەنگەن ئاۋات مەنزىرە پەيدا قىلدى.

1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پوسكام نېفىت بازىسى مەمۇرىي رايون جەھەتتە، كۆيباغ بازىرى دەپ بېكىتىلدى ھەمدە بازارلىق ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى. بازار ئىچىگە جەنۇبىي شىنجاڭ قىدىرىپ تەكشۈرۈش شىتاب ئورگىنى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق 13 ئورۇن، يەنى: پوسكام نېفىت-خىمىيىۋى سانا-

# يېزا ئىگىلىك

## دېھقانچىلىق

**دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، روشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈلدى** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز تەڭشەلدى، ئاشلىق كۆلىمى مۇۋاپىق كېمەيتىلدى، كېۋەز كۆلىمى كېڭەيتىلدى، ئىقتىسادىي ئەۋزەللىك جارىي قىلدۇرۇلدى، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتى.

1986 - يىلىنى 1985 - يىلى بىلەن

---

ئەت زاۋۇتى، بورۇۋاي شىركىتى، ترانسپورت شىركىتى، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، گېئولۇك تەتقىقات ئورنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى، نېفىت ئىشچىلار مەكتىپى، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، تۇرمۇش مۇلازىمەت شىركىتى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار جايلاشقان، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ بازىسىدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىمۇ بار بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىسى 25 مىڭ 200 كىشىگە يەتتى.

1986 - يىلى 12 - ئايدا، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ قېدىرىپ تەكشۈرۈش شىتابىنىڭ نامىنى پوسكام نېفىت - تەبىئىي گاز ئېچىش شىركىتى دەپ ئۆزگەرتتى. شىركەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈشتىن پوسكام نېفىت - خىمىيىۋى سانائەت زاۋۇتىنى قۇرۇشقا ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشكە، كۆكيار نېفىتلىكىنى ئېچىشقا قاراپ ئۆزگەردى، ھەر مىللەت نېفىت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى شىركەت پارتكومىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ئاستىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنىنى جارىي قىلدۇرۇپ، نېفىت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تۆھپە قىلماقتا.

(پوسكام نېفىت - تەبىئىي گاز ئېچىش شىركىتى پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسەن رەتلەندى).

سېلىشتۇرغاندا ۋىلايەت بويىچە ئاساسلىق زىرائەتلەر قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى مۇنداق:

ئاشلىق كۆلىمى 4 مىليون 802 مىڭ 100 مو بولۇپ، 214 مىڭ 200 مو كېمەيدى، بىرلىك مەھسۇلاتى 405.2 جىڭ بولۇپ، 49.6 جىڭ ئاشتى. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليارد 946 مىليون جىڭ ئاشتى.

كېۋەز كۆلىمى 1 مىليون 249 مىڭ 400 مو بولۇپ، 156 مىڭ 800 مو ئاشتى. بىرلىك مەھسۇلاتى 102.3 جىڭ بولۇپ، 4 جىڭ ئازايدى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 278 مىڭ دەن بولۇپ، 117 مىڭ 100 دەنگە يەتتى.

مايلىق دان زىرائەتلىرى 148 مىڭ 900 مو بولۇپ، بۇلتۇرقىغا ئوخشاش، بىرلىك مەھسۇلات 352.2 جىڭ بولۇپ، 24.2 جىڭ ئاشتى. ئومۇمىي مەھسۇلات 52 مىليون 445 مىڭ جىڭ بولۇپ، 4 مىليون 213 مىڭ جىڭ ئاشتى.

ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسى بىر قانچە يىل تەڭشەلگەندىن كېيىن، 1986 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇدا يەتتە يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتىدا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۇدا سەككىز يىل مەھسۇلات ئاشتى، 1986 ـ يىلىنى 1979 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى مۇنداق:

ئاشلىق كۆلىمى 1986 ـ يىلى 1979 ـ يىلىدىكىدىن 1 مىليون 282 مىڭ 300 مو كېمەيدى، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 211.2 جىڭ ئاشتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 767 مىليون جىڭ ئاشتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 110 مىليون جىڭدىن ئاشتى، يىللىق ئېشىش نىسبىتى 7.4 پىرسەنتتىن بولدى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 543 جىڭدىن 810.7 جىڭغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداينىڭ كۆلىمى 41 مىڭ 400 مو كېمەيدى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 510 مىليون جىڭ ئاشتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلدا 73 مىليون 266 مىڭ جىڭ ئاشتى، بىرلىك مەھسۇلاتى 189.6 جىڭ ئاشتى.

كېۋەز كۆلىمى 1986 ـ يىلى 1979 ـ يىلىدىكىدىن 387 مىڭ 700 مو ئاشتى، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 65.3 جىڭ ئاشتى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 967 مىڭ دەن، يەنى 2.1 ھەسسە ئاشتى.

ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق بىلەن كېۋەزنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ مۇۋاپىق تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى مۇقىم ھالدا يۈكسەلدى. شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىقتىسادىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بىرىنچىدىن، يېزا ئىقتىسادىي تاۋارلىشىشقا يۈزلەندى، دېھقانلار مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلىق ئورنىغا ئىگە بولدى. يېزىلاردا تاۋار بازارلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى، يېزا ئىقتىسادىي كۆپ قاتلاملىق ئۈنۈۋېرسال ئىگىلىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى، 1000 دىن ئارتۇق ئىقتىسادىي تەركىبكە ئىگە كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئىككىنچىدىن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىياتى باشلامچى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى ۋە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىلىك رولىنى ئويناپ، يېرىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەكشى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، يېزا ئىقتىسادىنى ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش يولىنى بويلاپ ئالغا بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۈچىنچى

دىن، يېزا ئىقتىسادىي ئامرات تېپىتىمىكى ئىگىلىكتىن قورساق توق، ئۇچا ئىسسىق بولۇش تېپىتىمىكى ئىگىلىككە، يېپىق تېپىتىمىكى ئىگىلىكتىن ئوچۇق تېپىتىمىكى ئىگىلىككە قەدەم قويىدى. دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆپەيدى، ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى قورساق، ۋە كىيىم-كېچەك مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى، 1986- يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 925 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1985- يىلدىكىدىن 36.2% ئاشتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 303 يۈەنگە يېتىپ، 1985- يىلدىكىدىن 23% ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 810.7 جىڭغا يەتتى. ئەسلىدە قارا ئاشلىق يېيىشنى ئاساس قىلىدىغان خەلق، ئەمدى ئاق ئاشلىقنى ئاساس قىلىپ يەيدىغان بولدى. ۋىلايەت بويىچە ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مەسىلەن: پەيزاۋات ناھىيىسى قوغۇننى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئېچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودا يوللىرىنى ئېچىپ، ئىككى يىلدا زور بولغان ئىككى قەدەمنى باستى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 1984- يىلدىكى 128 يۈەندىن 314 يۈەنگە يېتىپ، ۋىلايەت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم بويىچە ئارقىدىن 2- ئورۇندا تۇرىدىغان ناھىيىدىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەۋىيىگە يېتىپ، ئامرات قىياپىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتتى. تۆتىنچىدىن، ۋىلايەت بويىچە ئاشلىق، كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن سەۋىيىدىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەۋىيىگە يەتتى. ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىپ، ئاز مىقداردا سىرتقى رايونلارغا يۆتكەپ بەردۇق. ئاشلىق، كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى يېزا ئىگىلىك ئۈچۈن مەبلەغ توپلاپ بەردى، كېڭەيتىلگەن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش، تۇجۇپسلەپ باشقۇرۇش ئۈچۈن ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەردى.

(جۇڭ پىنىيى).

## [ئىسلاھات داۋامىدا تۇرۇۋاتقان يېزا كوپېراتىپ ئىقتىسادىي بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى]

1986- يىلى، يېزا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ۋىلايەت بويىچە تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا ناھىيە-شەھەرلەردە يېزا ئىقتىسادىي مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇلدى. 135 يېزا-بازاردا يېزا دەرىجىلىك يېزا ئىقتىسادىي پونكىتى قۇرۇلۇپ، يېزا-بازار ئومۇمىي سانىنىڭ (159) 84.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك يېزا ئىقتىسادىي مۇلازىمەت پونكىتلىرىدا يېزا ئىقتىساد مۇلازىمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار 568 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: ناھىيە دەرىجىلىك يېزا ئىقتىسادىي پونكىتىدا 61، يېزا دەرىجىلىك پونكىتلىرىدا 507 كىشى بار. بىر يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىقتىسادىي مۇلازىمەت پونكىتلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن بۇرۇنقى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىدى. ئۇلار، ئاساسەن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

① پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت

تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىقتىسادىنى جانلاندۇردى.

② يېزا ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى ۋە دېھقان ئائىلىلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى سېتىش ـ سېتىۋېلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. يېزا ئىقتىسادىي مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى يېزىلارنىڭ 2-قەدەملىك ئىسلاھات داۋامىدا، ئوبوروتقا قاتنىشىپ، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇپ، دېھقانلارغا قارىتا ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش، ۋاكالىتەن سېتىش قاتارلىق ھەقلىق مۇلازىمەتنى ئېلىپ باردى. 1986-يىلى 10-ئايغىچە، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىقتىسادىي پونكىتلىرى ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى ۋە دېھقانلار ئۈچۈن 1370 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 13 مىڭ 507 توننا يالتىراق، 512 توننا ئۇرۇق، 361 توننا چىگىت، 129 توننا كۈنجۈرا، 133 توننا سالياركا سېتىۋېلىپ كەلتۈردى. 310 مىڭ تۇپ خام، 120 توننا قوغۇن، 7.6 توننا بېدە ئۇرۇقى، 150 مىڭ كىلوگرام بوغداي ئۇرۇقىنى ۋاكالىتەن سېتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن، ماددىي ئەشيالار ئوبوروتى كۈچەيتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

③ كوللېكتىپنىڭ مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرۇپ ۋە ئوبدان ئىشلىتىپ، ھۆددىگەرلىك توختامىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. يېزا دەرىجىلىك يېزا ئىقتىسادىي مۇلازىمەت پونكىتلىرى قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەركەزلەشتۈرۈپ ۋاكالىتەن باشقۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ، قاتتىق بولغان مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، قالايمىقانچىلىق ھالەتنى ئۆزگەرتىپ پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ كوللېكتىپ مەبلىغىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈندىن ـ كۈنگە مۇۋاپىقلاشتۇردى. بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە يېزا دەرىجىلىك 95 يېزا ئىقتىسادىي پونكىتلىرى 1196 كەنتنىڭ 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن كوللېكتىپ مەبلىغىنى ۋاكالىتەن ساقلاپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزىلاردىكى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە ماسلىشىپ، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىقتىسادىي پونكىتلىرى كوللېكتىپنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش ۋە دېھقان ئائىلىلىرى ئىچىدىكى چىقىمىنى ئېنىقلاپ، قەرزگە بوغۇلغانلارنىڭ تەكتىنى ئىگىلەش ـ يىغىۋېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1986-يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى قەرزدار بوپقالغان ئائىلە سانى 313 مىڭ 76 بولۇپ، 1985-يىلدىكىدىن 4.85% كۆپىيىپ قالدى؛ چىقىمى ئېنىقلىنىپ، قەرزدار بوپقالغانلارنىڭ قەرز پۇلى 68 مىليون 59 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، 1985-يىلدىكىدىن 19.91% كۆپەيدى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب: شۇ يىللىق ھۆددىگەرلىك توختامى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان قەرز پۇللارنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە شۇ يىللىق ھۆددىگەرلىك توختامىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ـ يېزا ئىقتىسادىي مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى مەلۇم مەزگىلدىكى مۇھىم خىزمىتى بولۇپ قالدى.

④ يېزا ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىش ۋە يېزا ئىگىلىكى مەھسۇلاتلىرى ھەمدە كۆپ خىل ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى ھېسابلىدى. نۇسخا تاللاش چارىسىنى قوللىنىپ، ھېسابقا يېزىلغان ئائىلەرنىڭ يېزا ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلدى. 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە ھېسابقا كىرگۈزۈلگەن ئائىلە سانى 51 مىڭ 708 گە يېتىپ، 1985-يىل-

دىكىدىن 49.59% كۆپەيدى. سېلىشتۇرۇلغان ھېسابلارنى خۇلاسىلاش، تەھلىل قىلىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 1986-يىللىق يېزا ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرا ئىگىلەپ چىقىلدى.

1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ھەمدە كۆپ خىل ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرقىنى ھېسابلاش نۇقتىسىدىن 185 ى بار. ھەر قايسى ناھىيىلەردە تەننەرقنى ھېسابلاش نۇقتىلىرى قۇرۇلۇپ، شۇ جاينىڭ تەننەرق تۈرلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە ئومۇمىي تەننەرقىنىڭ ئۆسۈش - تۆۋەنلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن، بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ بازاردىكى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى كۆزىتىپ چىقىپ، شۇجاينىڭ كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە رول ئوينىدى. 1986- يىلى، تەننەرقنى ھېسابلاش خىزمىتى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرقىنى ھېسابلاش نۇقتىلىرى ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك تەننەرقىنى ھېسابلاش نۇقتىلىرى ئوتتۇرىسىدا، مۇۋاپىق تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ، تەننەرقنى ھېسابلاش ئوبيېكتلىرى كېڭەيتىلىپ، تەننەرقىنى ھېسابلاش خىزمىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

⑤ كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ، يېزا تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتى. نۆۋەتتە، يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش خىزمىتى مەمۇرىي تىپتىن تىجارەت تىپىغا قاراپ ئۆزگەرمەكتە؛ ئەسلىدىكى بوغالتىرىيە ھېساب تۈرى، ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلى ھازىرقى باسقۇچتىكى يېزا بوغالتىرىيە خىزمىتىگە ماسلىشالمايدىغان بوپقالدى؛ كەنت-مەھەللىلەرنىڭ مالىيىسىگە نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىدا ئۆزگىرىش بولدى؛ يېزا ئىقتىسادىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ يۆتكىلىشى كۆپ بولدى. مانا بۇلار يېزا ئىقتىسادىي خادىملىرىدىن كۆز قاراشنى يېڭىلاشنى، خىزمەت ۋەزىپىسىنى پىششىق بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىقتىسادىي پونكىتلىرى 1986-يىلى ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق، 10 مىڭغا يېقىن يېزا ئىقتىسادىي باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ چىقىپ، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىقتىسادىي كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى.

⑥ يېزا ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، يېزا ئىقتىسادىي ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇردى. ۋىلايەتلىك مەركىزىي پونكىت «قەشقەر يېزا ئىقتىسادىي خەۋىرى» دىن پايدىلىنىپ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە كەڭ ئاممىغا پارتىيىنىڭ يېزا سىياسەتلىرىنى ۋە يېزا ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى ھەمدە بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ۋىلايەت ئىچى - سىرتىغا يېزا ئىقتىسادىغا دائىر ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن يول تېپىپ، دېھقانلارغا ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، رەھبەرلىكنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى.

(نىياز ھاشىم).

**[1986- يىللىق يېزا ئىقتىسادىي تەقسىماتى]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە دېھقانلار بوران، مۆلدۈر، قۇرغاقچىلىق، ئۈششۈك قاتارلىق ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەرنى يېڭىپ، دېھقانچىلىقتىن 7 - يىلمۇ ئۇدا مول ھوسۇل ئالدى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليارد 945 مىليون جىڭغا يېتىپ، 1985 -

يىلدىكىدىن 160 مىليون جىڭ ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى 9.1% بولدى؛ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 278 مىڭ دەنگە يېتىپ، 1985- يىلدىكىدىن 10.1% ئاشتى؛ مايلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتى 52 مىليون 445 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 8.7% ئاشتى؛ چارۋىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى 4 مىليون 238 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 207 مىڭ تۇياق كۆپەيدى، كۆپىيىش نىسبىتى 5.1% بولدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دارامەت تەقسىمات ۋەزىيىتىمۇ ياخشى بولدى.

1. كەسىپلەر بويىچە كىرىم.

يېزا كوپېراتىپ ئىقتىسادىنىڭ يىللىق ئومۇمىي تەقسىمات كىرىمى 928 مىليون 615 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 36.72% ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق كىرىمى 748 مىليون 611 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 32.84% ئاشتى؛ ئورمانچىلىق كىرىمى 26 مىليون 656 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 91.4% ئاشتى؛ چارۋىچىلىق كىرىمى 62 مىليون 452 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 52.84% ئاشتى؛ قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى 29 مىليون 32 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىن 3.01% ئاشتى؛ بېلىقچىلىق كىرىمى 192 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىدىن 31.27% ئاشتى؛ سانائەت كىرىمى 17 مىليون 48 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، 1985- يىلدىكىدىن 121.52% ئاشتى؛ قاتناش-ترانسپورت كىرىمى 11 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 83.49% ئاشتى؛ بىناكارلىق كىرىمى 4 مىليون 30 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 121.77% ئاشتى؛ سودا، يېمەك - ئىچمەك كىرىمى 9 مىليون 303 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 210.35% ئاشتى؛ مۇلازىمەت كىرىمى 4 مىليون 632 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 252.53% ئاشتى.

يىللىق ساپ كىرىمى 664 مىليون 682 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 71.58 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

2. چىقىم.

يېزا كوپېراتىپ ئىقتىسادىنىڭ يىللىق ئومۇمىي چىقىمى 263 مىليون 932 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 40.71% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك چىقىم 242 مىليون 355 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 36.2% ئاشتى.

3. دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتى مۇۋاپىق تەڭشەلدى.

قەشقەر نامرات رايون بولۇپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلدى. 1986 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 120 يۈەندىن تۆۋەن بولغان دېھقان ئائىلىسى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 150 يۈەندىن تۆۋەن بولغان چارۋىچىلار ئائىلىسى ئۈچۈن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجىنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈردى. دۆلەت بېجىنىڭ يىللىق ئومۇمىي سوممىسى 12 مىليون 808 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 25.9% كېمەيدى، 1985 يىلى ئومۇمىي كىرىمنىڭ 2.54 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولسا، 1986 - يىلى 1.38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كوللېكتىپقا تاپشۇرغان قىسمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 14 مىليون 588 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 6.1% كېمەيدى، ئومۇمىي كىرىمدىن ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ 1985 - يىلدىكى 2.28 پىرسەنتتىن 1.57

پىرسەنتكە چۈشتى. بۇنىڭ ئىچىدە جامائەت فوندى 9 مىليون 933 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 16.44% كېمەيدى، پاراۋانلىق فوندى 3 مىليون 67 مىڭ 600 يۈەندىن، 1985 ـ يىلدىكىدىن 15.57 پىرسەنتكە چۈشتى. يۇقىرىقى تەقسىملەر ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ قولىدا قالغان كىرىم 637 مىليون 285 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 38.8% ئاشتى، ئومۇمىي كىرىمدىن ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ 1985 ـ يىلدىكىدىن 67.59 پىرسەنتتىن 68.63 پىرسەنتكە يەتتى.

4. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى ئاشتى.

ۋىلايەت بويىچە دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 337.68 يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 36.68% ئاشتى. باھا جەھەتتىكى سېلىشتۇرۇلغىلى بولمايدىغان قىسمىنى چىقىرىۋەتكەندە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 303.14 يۈەنگە يېتىپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 56.16 يۈەن ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى 22.73% بولدى.

1986 ـ يىلى ناھىيە (شەھەر) دىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 500 يۈەندىن يۇقىرى ناھىيىدىن مەكىت ناھىيىسى بار (508.6 يۈەن)، 400 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە بولغان ناھىيىلەردىن پوسكام (483.63 يۈەن)، مارالبېشى (464.63 يۈەن) بار؛ 300 يۈەندىن 400 يۈەنگىچە بولغان ناھىيىلەردىن يەكەن (366.99 يۈەن)، قاغىلىق (365.82 يۈەن)، پەيزاۋات (349.92 يۈەن)، قەشقەر شەھىرى (348.97 يۈەن) قاتارلىقلار بار؛ 200 يۈەندىن 300 يۈەنگىچە بولغان ناھىيىلەردىن يېڭىشەھەر (266.93 يۈەن)، يوپۇرغا (291.24 يۈەن)، كونىشەھەر (226.42 يۈەن)، يېڭىسار (220.14 يۈەن) لەر بار.

(لىن جىڭيۇ).

**[قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىدىكى يەرلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئېغىزلار بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان بولدى]** 1986 ـ يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدە تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا ناھىيە (شەھەر) لەردە، يەر باشقۇرۇش ئىشخانىلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ ئىشخانىلار دېھقانچىلىق تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك يەر باشقۇرۇش ئورگانلىرىدا 29 نەپەر مەخسۇس خادىم، 17 نەپەر قوشۇمچە خادىم بولۇپ، جەمئىي 46 نەپەر خادىم سەپلەندى. ھازىر 119 يېزا (بازار) دا يەر باشقۇرغۇچى خادىم تۇرغۇزۇلدى. بۇ ـ ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي يېزا سانىنىڭ 72 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ 567 كەنتتە بىر نەپەر كەنت كادىرى شۇ كەنتنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. بۇ ـ ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي كەنت سانىنىڭ 25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك يەر باشقۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقانلار 1312 كىشىگە يەتتى، ھازىر، ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى يەرلەرنى ئېغىزلار بويىچە باشقۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى ھەمدە يەر سېتىۋېلىش، ھەق ئېلىش، دېھقانلارغا يەر ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىش، يەر مەنبەئىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش، غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن يەرلەرنى ئېنىقلاش ھەمدە «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نى ئۆگىنىش،

تەشۋىق قىلىش قاتارلىق كەسپىي خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى.

بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە يەر باشقۇرۇش تارماقلىرى بېجىرگەن يەر سېتىۋېلىش سانى 11.360.95 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 2202.74 مو، بوز يەر ۋە ھوسۇل چىقمايدىغان يەر 9158.21 مو كېلىدۇ. بەلگىلىمە بويىچە، بۇ يەرلەردىن يەر باشقۇرۇش ھەققى ئۈچۈن 268 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. تېرىلغۇ يەر ئۆزلەشتۈرۈش فوندى ئۈچۈن 562 مىڭ يۈەن ئېلىندى؛ دېھقانلاردىن 260 مىڭ ئائىلىگە يەر ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ — ۋىلايەت بويىچە دېھقانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 56 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن يەرلەردىن 10 مىڭ 680 مو ئېنىقلىنىپ چىقىلدى. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ئىگىلىۋېلىنغان يەرلەردىن 6534 مو تەكشۈرۈپ چىقىلدى. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىنغان يەرلەر ئېنىقلىنىپ چىقىلغان ئومۇمىي يەر سانىنىڭ 62 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يېڭىشەھەر، پوسكام ناھىيىلىرىدە يەر بايلىقىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ «قانۇنغا رىئايە قىلىش، مۇۋاپىق ئىش كۆرۈش، ئىقتىسادچان بولۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن يەر ئىشلىتىشكە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يەر باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتتى.

(ۋاڭ جىنباڭ).

**[تېخنىكا كېڭەيتىش ئاساس قىلىنغان تەرەققىيات تەتقىقاتى خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى]**

1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن-تەتقىقات ئورنى ئەمەلىي تەتقىقات ۋە تەرەققىيات تەتقىقاتىنى ئاساس قىلىش فاكچىنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېزا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، كەسپىي قۇرۇلما ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بىر يىلدىن بۇيان، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى ۋە قەشقەرنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، ئۇقتىلىق ھالدا «11 - نومۇرلۇق شوخلا»نى كىرگۈزۈپ، تەرەققىيات سىستېمىسىدىكى مەھسۇلاتلار تەتقىقاتىنى قانات يايدۇردى. ئۆز ئورنىدا سىنالغان پەن - تەتقىقات مەبلىغى 20 مىڭ يۈەن بولۇپ، 24 مو يەرگە شوخلا تېرىپ، 72 مىڭ كىلوگرام شوخلا، 280 جىڭ ئۇرۇق ئالدى. ئومۇمىي قىممىتى 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىلى 5863 يۈەن ساپ پايدا ئالدى. ئۇلار تەييارلىغان ئۇرۇق بىلەن، شوخلا كۆلىمىنى 2500 موغا كېڭەيتكىلى بولىدۇ. ئۇلار شوخلا قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ۋىلايىتىمىزدىكى ئىككى شوخلا زاۋۇتىنى قوللاش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، بىز يەنە بۆلىدۇرگەن، ئوتياش، گۈل، يەر مەرىزى قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەتقىقاتى جەھەتتە دەسلەپكى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە، بىز قوغۇن - تاۋۇز تېرىش كەسپىي ئائىلىلىرى ئىچىدە، ئۆزىمىز دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ 300 مو يېرىدىكى كېسەللىك ھاشاراتلارنى يوقىتىپ، 30 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك زىياننى قايتۇرۇۋېلىپ، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن

ئالدىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىپ، 400 يۈەندىن ئارتۇق مۇلازىمەت ھەققى تاپتۇق.
(جاڭ يۈيلىن، لوجىيېشىڭ).

**[1986 - يىللىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە كۆپخىل ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرقىنى ھېسابلاش نەتىجىسى]** 1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرقىنى ھېسابلاش نۇقتىسىدىن 170 ى، كۆپخىل ئىگىلىك مەھسۇلات تەننەرقىنى ھېسابلاش نۇقتىسىدىن 15 ى بولۇپ، جەمئىي 185 نۇقتا قۇرۇلدى. تەننەرقىنى ھېسابلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغان دېھقان ئائىلىلىرى 1638 بولۇپ، بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۈزۈم، ئۆرۈك، ئانار قاتارلىق كۆپخىل ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقى ئومۇميۈزلۈك ھېسابلاپ كۆرۈلدى. كەسپىي بوغالتېرلار ۋە تەننەرقى ھېسابلانغان دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، تەننەرقىنى ھېسابلاش ماتېرىياللىرىنى تىزىملاش، يىغىنچاقلاش، يۇقىرىغا يوللاش خىزمەت ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. ھېسابات نەتىجىسى مۇنداق:

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ تەننەرقىنى ھېسابلاش ئوبيېكتلىرىنىڭ كىرىمى، تەننەرقى، باج - پايدا ئەھۋالى (1- جەدۋەل)؛ كۆپخىل ئىگىلىك تەننەرق ھېسابات ئوبيېكتلىرىنىڭ كىرىمى، تەننەرقى، باج - پايدا ئەھۋالى (2 - جەدۋەل).

(قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى پۈتكەن).

**[ئۇرۇقچىلىق بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۇرۇقچىلىق خىزمىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1979 - يىلى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى بىر مىليون 340 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، يەكەن ناھىيىسىنى «تۆتلەشتۈرۈش، بىرنى تەمىنلەش» بويىچە نۇقتىلىق ناھىيە قىلىپ بېكىتتى. 1985 - يىلى ۋە 1986 - يىلى، مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرىنى ئەلا سۈپەتلىك كېۋەز ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش بازىسى قىلىپ بېكىتىپ، مارالبېشى ناھىيىسىگە تۆت مىليون 710 مىڭ يۈەن، مەكىت ناھىيىسىگە ئۈچ مىليون 866 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ (ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈش مەبلىغىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇ ئىككى ناھىيىگە بىردىن «35 ئىچىدىكى» زامانىۋىلاشقان ئەلا سۈپەتلىك چىگىت ئايرىش زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش مەركىزى ۋە ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش تۈرلىرىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1986 - يىلى، ئاپتونوم رايون قاغىلىق ناھىيىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە كۆممىقوناق ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش بازىسى قىلىشنى بېكىتىپ، ئەمدى 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۇرۇق ئىسكىلاتى ۋە ئىش قوشۇش ئۈسكۈنىلىرىنى تەييارلىدى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 11 ناھىيە (شەھەر) دە سۈپەتلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بار. تېرىلغۇ يېرى 16 مىڭ 235 مو بولۇپ، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش كۆلىمى 8923 مو؛ 1986 - يىلى يېتىشتۈرگەن ئۇرۇقى 4 مىليون 158 مىڭ جىڭ، پاختا زاۋۇتى بەش بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: يو-

1 - جەدۋەل : يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كىرىمى ، تەننەرقى ، باج - پايدا ئەھۋالى جەدۋىلى

| زىرائەت ئىسمى | يىرلىكى كولىمى مەھسۇلاتى (جىڭ) | كىرىمى (يۈەن) | | | تەننەرقى (يۈەن) | | | قوشۇمچە مەھسۇلات تەننەرقى (يۈەن) | دېھقانچىلىق بېجى (يۈەن) | پايدا (يۈەن) | تەننەرقى، پايدا پىرسەنتى | ھەر 100 جىڭلىق مەھسۇلات (يۈەن) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئاساسلىق مەھسۇلات | قوشۇمچە مەھسۇلات | ئادەم كۈچى راسخوتى | ماددى ئەشيا راسخوتى | جەمئىي | | | | | كىرىمى | تەننەرقى | دېھقانچىلىق بېجى | پايدا | تەننەرقى پايدا پىرسەنتى |
| بۇغداي | 487.7 | 107.68 | 96.69 | 10.99 | 43.05 | 38.62 | 81.67 | 10.99 | 2.00 | 24.00 | 29.39 | 19.83 | 14.50 | 0.41 | 4.92 | 33.93 |
| كۆممە قوناق | 614.7 | 83.73 | 76.46 | 6.58 | 29.41 | 23.37 | 52.78 | 6.58 | 1.66 | 29.29 | 55.49 | 12.55 | 7.50 | 0.27 | 4.76 | 63.30 |
| شال | 744.2 | 163.26 | 154.83 | 8.43 | 57.98 | 40.77 | 98.75 | 8.43 | 5.05 | 59.46 | 60.21 | 20.80 | 12.13 | 0.68 | 7.99 | 65.87 |
| قوغۇن | 5813.7 | 451.06 | 443.06 | 7.58 | 53.68 | 30.61 | 84.29 | 7.58 | 0.93 | 365.84 | 434.03 | 7.63 | 1.32 | 0.02 | 6.29 | 476.52 |
| كېۋەز | 118.4 | 221.53 | 213.53 | 7.73 | 61.79 | 43.49 | 105.28 | 7.73 | 2.02 | 114.23 | 108.50 | 180.59 | 82.40 | 1.70 | 96.49 | 117.10 |
| پۇرچاق | 235.3 | 46.18 | 44.30 | 1.88 | 33.10 | 12.12 | 45.22 | 1.88 | / | 0.96 | 2.12 | 18.83 | 18.42 | / | 0.41 | 2.23 |
| سامساق | 1804.3 | 591.30 | 591.30 | / | 112.41 | 161.91 | 274.32 | / | 5.03 | 311.95 | 113.72 | 32.77 | 15.20 | 0.28 | 17.29 | 113.75 |

2 ـ جەدۋەل: (1) كۆپ خىل ئىگىلىك مەھسۇلات كىرىمى، تەننەرقى، باج ـ پايدا ئەھۋالى جەدۋىلى

| مەھسۇلات ئىسمى | مەھسۇلات (جىڭ) | تەننەرقى: ئادەم كۈچى راسخوتى (يۈەن) | تەننەرقى: ماددى ئەشيا راسخوتى (يۈەن) | تەننەرقى: جەمئىي | قوشۇمچە مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | ئاساسىي مەھسۇلات تەننەرقى (يۈەن) | ئاساسىي مەھسۇلات جىڭ تەننەرقى (يۈەن) | سېتىش كىرىمى: سانى (جىڭ) | سېتىش كىرىمى: بىرلىك باھاسى (يۈەن) | سېتىش كىرىمى: سوممىسى | سېتىش تەننەرقى: سېتىلغان مەھسۇلات تەننەرقى (يۈەن) | سېتىش تەننەرقى: سېتىش خىراجىتى (يۈەن) | سېتىش تەننەرقى: جەمئىي | سېتىش بېجى | سېتىش پايدىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈزۈم | 4271 | 96.78 | 128.94 | 225.72 | 2.32 | 223.39 | 0.0523 | 4006.5 | 0.28 | 1028.39 | 214.43 | 10.19 | 224.62 | 4.45 | 799.32 |
| ئۈرۈك | 567.5 | 39.15 | 15.46 | 54.61 | 7.64 | 46.97 | 0.0828 | 542.7 | 0.31 | 167.23 | 44.87 | 3.61 | 48.47 | — | 118.76 |
| ياڭاق | 330.9 | 42.56 | 11.42 | 53.98 | — | 53.98 | 0.1631 | 287.7 | 0.90 | 258.95 | 46.92 | 5.02 | 51.93 | — | 207.02 |
| ئەنجۈر | 1205.6 | 159.74 | 123.10 | 282.84 | — | 282.84 | 0.2346 | 1117.6 | 0.56 | 622.60 | 262.19 | 23.00 | 285.19 | 5.40 | 332.01 |
| ئانار | 477.7 | 25.60 | 16.50 | 42.10 | — | 42.10 | 0.0881 | 477.7 | 0.60 | 285.00 | 42.08 | — | 42.08 | 8.33 | 234.59 |

2 ـ جەدۋەل: (2) مال سەمىرتىش كىرىمى، تەننەرقى، باج ـ پايدا ئەھۋالى جەدۋىلى

| ئىسمى | تۇياق سانى | باققان كۈن سانى | ئاشۇرغان ئېغىرلىقى | تەننەرقى: ئادەم كۈچى راسخوتى | تەننەرقى: ماددى ئەشيا راسخوتى | تەننەرقى: جەمئىي | قوشۇمچە مەھسۇلات قىممىتى | بېقىش تەننەرقى | جىڭ تەننەرقى | سېتىش كىرىمى: ساتقان سانى | سېتىش كىرىمى: ساتقان جىڭى | سېتىش كىرىمى: بىرلىك باھاسى | سېتىش كىرىمى: سوممىسى | سېتىش تەننەرقى: سېتىلغان مەھسۇلات تەننەرقى | سېتىش تەننەرقى: سېتىش راسخوتى | سېتىش تەننەرقى: جەمئىي | سېتىش بېجى | سېتىش پايدىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قوي | 275 | 218 | 4054 | 1762.56 | 539 | 2301.56 | 1228 | 2.51 | 0.2648 | 125 | 10200 | 1.16 | 11875 | 4853.80 | 64.50 | 4918.30 | 217 | 6739.70 |
| كالا | 44 | 584 | 2110 | 1121.28 | 950.37 | 2071.65 | 648 | 3.55 | 0.6747 | 25 | 10081 | 1.48 | 14900 | 6801.5 | 42 | 6843.65 | 148 | 7908.35 |

3 – جەدۋەل: (2) ھەر بىر تۇياق ئىنەكنىڭ سۈت كىرىمى، تەننەرقى، باج – پايدا ئەھۋالى جەدۋىلى

| سېتىمش پايدىسى | سېتىمش بېجىسى | سېتىمش تەننەرقى | سېتىمش كىرىمى | | | ېيقىمش تەننەرقى | سۈت جىڭ تەننەرقى | ئاساسىي مەھسۇلات تەننەرقى | قوشۇمچە مەھسۇلات قىممىتى | تەننەرقى | | | بېقىلغان كۈن | ئومۇمىي سۈت مىقدارى | موزاي/سۈت | موزاي سانى | سۈت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | سومىمىسى | بىرلىكى | سانى | | | | | جەمئىي | ماددى ئەشيا راسخوتى | ئادەم كۈچى راسخوتى | | | | | |
| 134.75 | — | 1007.24 | 1142.00 | 0.25 | 4568 | 6.16 | 0.2205 | 1073.32 | 36.00 | 1109.32 | 763.72 | 345.60 | 180 | 4868 | 200 | 1 | 4668 |

4 – جەدۋەل: (2) ھەر بىر ئائىلىلىك دېھقاننىڭ توقۇغان خام كىرىمى ، تەننەرقى، باج – پايدا ئەھۋالى جەدۋىلى

| سېتىمش پايدىسى | سېتىمش بېجى | سېتىمش تەننەرقى | | | سېتىمش كىرىمى | | | بىرلىك تەننەرقى | ئاساسىي مەھسۇلات ئومۇمىي تەننەرقى | تەننەرقى | | | مەھسۇلات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | سېتىلىش راسخوتى | سېتىلغان مەھسۇلات تەننەرقى | سومىمىسى | يەككە باھاسى | سانى | | | جەمئىي | ماددى ئەشيا راسخوتى | ئادەم كۈچى راسخوتى | |
| 1090.08 | — | 1512.42 | 6.64 | 1505.78 | 2602.50 | 1.50 | 1735 | 0.8679 | 1505.8 | 1505.81 | 881.81 | 624 | 1735 |

يوپۇرغا، يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرىدە بىردىن ماشىنا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. مەكىت ناھىيىسىدە ئىككى ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1986 - يىلى 5 مىليون 920 مىڭ جىڭ چىگىت ئايرىدى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئۈرۈقچىلىق شىركىتى يېڭىدىن قۇرغان كىسلاتا ئارقىلىق چىگىت تېپۋىتىنى ئايرىش سېخى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، 350 مىڭ جىڭ چىگىتكە ئىش قوشۇلدى. قاغىلىق ناھىيىسىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ كۆممە قوناق ئۈرۈقى يېتىشتۈرۈش بازىسى بىرىنچى يىلىلا «بېيجىڭ 8 - نومۇرلۇق چىلگە كۆممە قوناق»، «قارىقاش 21 - 86» قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك ئۈرۈقلاردىن 166 مىڭ 400 جىڭ، يەككە تۇرلۇك كۆممە قوناق ئۈرۈقىدىن 400 مىڭ جىڭ يېتىشتۈردى.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق ھالدا مەبلەغ سېلىپ، يەكەن، قاغىلىق، مارالبېشى، مەكىت، يوپۇرغا قاتارلىق بەش ناھىيىنىڭ ئۈرۈقچىلىق بازىسىنى قۇردى. بۇنىڭ بىلەن، ناھىيىلىك ئۈرۈقچىلىق شىركەتلىرى يېزا - كەنتلەردە قۇرغان ئۈرۈق يېتىشتۈرۈش بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۈرۈقچىلىق ئىشلىرى تەرەققىياتىغا ئاساس سېلىپ بەردى. ۋىلايەت بويىچە، يېڭى ئۈرۈقلارنى كىرگۈزۈپ سىناق قىلىش، ئۈرۈقلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، سۈپەتلىك ئۈرۈقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئۈرۈقلارنى سىناق قىلىش، ئۈرۈقلارنى ئىنچىكىلىلىك بىلەن تاللاش ۋە «تۆتلەشتۈرۈش بىرنى تەمىنلەش» تىن ئىبارەت ئەلا سۈپەتلىك ئۈرۈقلارنى يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىش سىستېمىسى قۇرۇپچىقتى. ۋىلايەت بويىچە 1986 - يىلى تەمىنلىگەن ئۈرۈق سانى 56 مىليون 979 مىڭ 200 جىڭغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: ۋىلايەت، ناھىيىلىك ئۈرۈقچىلىق شىركەتلىرى ساتقان ئۈرۈق 26 مىليون 401 مىڭ جىڭ، ئەلا سۈپەتلىك ئۈرۈقلار 4 مىليون 486 مىڭ 700 موغا كېڭەيتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېڭى سورتقا يەڭگۈشلەنگەن كۆلەم 1 مىليون 401 مىڭ مو، ساپلاشتۇرۇلغان ياشارتىپ يېڭىلانغان كۆلەم 1 مىليون 267 مىڭ 600 مو، ئۈرۈقلارنى ئېتىزدا كارانتىن قىلىش كۆلىمى 688 مىڭ 200 مو، ئۆي ئىچىدە كارانتىن قىلىش سانى 27 مىليون 366 مىڭ جىڭ، تاپقان پايدا 440 مىڭ 700 يۈەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چوڭ غوزىلىق كېۋەز ۋە «بېيجىڭ 8 - نومۇرلۇق چىلگە قوناقى» دىن ئىبارەت ئىككى يېڭى سورت تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. ۋە كېڭەيتىلدى. «ئىنككى چىلگە زىرائەت ئۈرۇقى»نى پەرلەشتۈرۈش كۆلىمى 382 مىڭ 800 موغا، مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئۈنۈمى 27 مىليون 138 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە كېۋەز سورتىنى يېڭىلاش كۆلىمى بىر مىليون 158 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: چوڭ غوزىلىق كېۋەز 584 مىڭ 600 مو، «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 1 - نومۇرلۇق» كېۋەز 568 مىڭ 500 مو، «شىنجاڭ 1- نومۇرلۇق چىلگە كېۋەز» 9900 مو. دەرىجىسى، ئۈزۈلۈكى ۋە مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق ئۈچ جەھەتتىن ھېسابلىغاندا، 43 مىليون 607 مىڭ 200 يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى بەرگەن ئۈرۈقچىلىق خىزمىتى بويىچە ئۈنەۋېرسال 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئەلا سۈپەتلىك ئۈرۈق يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىش يەككە تۈرى بويىچە 36 مو-

كاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات ئىككى؛ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات 11؛ 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات 23؛ ۋىلايەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتتىن ئالتە؛ ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى مەملىكەت بويىچە ئۇرۇقلارنى كاراتتىن قىلىش بويىچە ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشىپ، مەملىكەتلىك ئۇرۇق كاراتتىن قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى.

(فۇ پېيفۇ).

## [باغۋەنچىلىك تاۋار بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى]

1986 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە ئەنئەنىۋى كىچىك تىپتىكى باغلاردا ئارىلاشما ئۆستۈرۈشتىن بازا ئىشلەپچىقىرىشنى كەسپلەشتۈرۈشكە قاراپ ئۆزگەرتىش؛ ئۆزىنى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى ھويلا ـ ئارام ئىشلەپچىقىرىشىدىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىغا قاراپ ئۆزگەرتىش؛ يەرلىك باشقۇرۇشتىن ئىلمىي باشقۇرۇش ۋە تۈجۈپلەپ باشقۇرۇشقا قاراپ ئۆزگەرتىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇقتىلىق تۈردە باغۋەنچىلىك بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تۇتۇلدى ھەمدە يېڭى تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى. يىلبويى 58 مىڭ مو يەرگە باغ ئەھيا قىلىش پىلانلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ياپما باغ بازىسى 25 مىڭ مو. ئەتىياز پەسلىدە يېڭىدىن ئەھيا قىلىنغان باغلاردىكى مېۋىلىك كۆچەتنىڭ تۇتۇش كۆلىمى 98 مىڭ 700 مو بولۇپ، يىل بېشىدىكى پىلانىنىڭ 172 پىرسەنتى ئورۇنلاندى. ياپما باغ بازىسى 32 مىڭ مو بولۇپ، يىل بېشىدىكى پىلانىنىڭ 126.7 پىرسەنتى ئورۇنلاندى. ۋەزىپە ئاشۇرۇپ ئورۇنلىنىپ ۋىلايەت بويىچە باغ كۆلىمى 370 مىڭ موغا يەتتى.

مېۋىلىك ئانا كۆچەتزارلىقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەرنى كۆپەيتىش ۋە كېڭەيتىش، ئەلا سۈپەتلىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش باغلىرىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەلا سۈپەتلىك ئۇلاش ۋە ئەلا سۈپەتلىك قەلەمچىلەر ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ياكى قاندۇرالماسلىق — ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتىگە ۋە سۈپىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. 1986 ـ يىلى بۇ ئاساسلىق بىر خىزمەت چىڭ تۇتۇلدى. ئۈزۈم، ئانار كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە، ئاساسىي كۆچەتزارلىقلارغا ئەھيا قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۆرۈككە ئەلا سورتلار ئۇلاندى. ئانا كۆچەتزارلىقتىن 5009 مو ئۆزگەرتىلدى. سورتى ناچار بولغان ئۆرۈك دەرىخىنى ئۇلاق تۈپى قىلىپ غەينۇلە ئۇلاپ، غەينۇلە ئانا كۆچەتزارلىقى ئەھيا قىلىنىپ، ۋىلايىتىمىزدە غەينۇلە كۆچىتى يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ۋە كۆچەتنى كۆپەيتىش سۈرئىتى تېز بولماسلىق مەسىلىسى ھەل قىلىندى ھەمدە كونا باغلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىلدى.

بازا قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش — يۈكسەلدۈرەلمەسلىكنىڭ ئاچقۇچى — ئالدىنقى ئۈچ يىلدىكى كۆچەت يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشتا. 1986 ـ يىلى كۆچەت يېتىشتۈرۈشنىڭ 2 ـ يىلى بولۇپ، يىل بېشىدا بېكىتىلگەن ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش پىلانى 1000 مو ئىدى. ئەمەلىيەتتە 2827 مو ئورۇنلىنىپ، ساقلاپ قېلىنغان ئومۇمىي كۆچەت سانى 9 مىليون تۈپتىن كۆپرەككە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە

ھازىر بار بولغان ھەر خىل كۆچەت تەخمىنەن 10 مىليون تۈپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆرۈك كۆچىتى بىلەن تەمىنلەش تاۋار بازىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان بولدى. ئۇندىن باشقا، ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەردىن 943 مىڭ 600 تۈپ ئۇلاندى.

باغۋەنچىلىك تاۋار بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، كونا باغلارنى رەتلەش، ئوغۇتلاش، پەرۋىش قىلىش ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى تۈگىتىش خىزمەتلىرى كۈچەيتىلدى. بۇ يىل رەتكە سېلىنغان باغ كۆلىمى 14 مىڭ 500 مو بولۇپ، 1985-يىلىدىكى 3.5 ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى تۈگىتىش، ئوبدان مېۋە بېرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش پونكىتى، ئۈسۈملۈكلەرنى ئاسراش شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، داۋالاشنى ھۆددىگە بېرىش، تېخنىكا جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش ھۆددىگە بېرىلدى. ئومۇمىي كۆلىمى 16 مىڭ 170 موغا يېتىپ، 1985-يىلدىكى داۋالاش كۆلىمىنىڭ 171 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ئوبدان مېۋە بېرىش نىسبىتى 84 پىرسەنتتىن 97 پىرسەنتكىچە بولدى. مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مېۋە مەھسۇلاتى 1985-يىلدىكى 80 مىڭ توننىدىن كۆپىيىپ، 100 مىڭ توننىدىن كۆپرەككە يەتتى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەرەققىيات خىزمىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 1986-يىلى ۋىلايەت جەنۇبىي جۇڭگو يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ پروفېسسورى، تىروپىك بەلباغ مېۋىلىك دەرەخلەر تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى دوكتور خۇالۇچاڭشيەن، ئاپتونوم رايونلۇق باغۋەنچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ياڭ چېڭشىي ۋە خېيبېي ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى چاڭلى مېۋىلىك دەرەخ تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى چېن جىڭشىن قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، قەشقەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە لېكسىيە سۆزلىدى. ئىشلەپچىقىرىش، پەننىي ئىنقىلاپ ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئوبدان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1986-يىلى 10-ئايدىن 12-ئايغىچە ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى قەشقەردە ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى ئۈچۈن بىر قارار ئاز سانلىق مىللەتلەر باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، قەشقەر ۋە باشقا ۋىلايەت-ئوبلاستلار ئۈچۈن 55 تېخنىك كادىر يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى يېتىشتۈرۈش ۋە مېۋىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىگىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

(لى باۋلياڭ، رىشات).

## [يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى تەرەققىي قىلماقتا]

1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.

1. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا ئۈچ دەرىجىلىك تېخنىكا كېڭەيتىش مەركەز (پونكىت) لىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى.

(1) ئاپپارات ۋە خادىملار قۇرۇلمىسى: ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى پونكىتىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر 1985-يىلىدىكى 21 كىشىدىن تەرەققىي قىلىپ 25 كىشىگە يەتتى. ھەر قايسى ناھىيە(شەھەر)لىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر 427 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: تېخنىك كادىرلار 273 بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 64 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى تېخنىك كادىرلار 69 كىشى بولۇپ، تېخنىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر 178 كىشى بولۇپ، تېخنىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 65 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاگرونوم 35 كىشى، ياردەمچى ئاگرونوم 41 كىشى، تېخنىكلار 33 كىشى، ھەر قايسى ناھىيە(شەھەر)لەردە بىر يىلدىن بۇيان، يېزا-بازارلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتلىرىدىن 115 ى قۇرۇلدى. بۇ، يېزا-بازارلار ئومۇمىي سانىنىڭ 75 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ياردەم قىلىپ قۇرغان يېزىلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىك پونكىتلىرى 14 بولۇپ، يېزىلىق پونكىتلار سانىنىڭ 12.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يېزىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ تېخنىك كادىرلىرى 361 كىشى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: ئاگرونوم ئۈچ كىشى، ياردەمچى ئاگرونوم 23 كىشى، تېخنىك 17 كىشى.

(2) خىزمەت شارائىتى ياخشىلاندى: ھەر قايسى ناھىيە(شەھەر)لىك تېخنىكا پونكىتلىرىدا 812 مو تەجرىبە ئېتىزى، 4572 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشخانا 2841 كۋادرات مېتىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ياتىقى 1423.9 كۋادرات مېتىر، باشقا قۇرۇلۇشلار 307.1 كۋادرات مېتىر. يېزا-بازارلىق يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتلىرىدا 492 مو تەجرىبە ئېتىزى، 3644 كۋادرات مېتىر ئىگىلىك قۇرۇلۇشلار بار. قاغىلىق، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيىسىدىن باشقا ناھىيىلەردىكى تېخنىكا پونكىتلىرىدا بىردىن خىزمەت ئاپتوموبىلى بار.

2. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

(1) 1986-يىلى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى جەھەتتە نۇقتىلىق كېڭەيتىش تۈرلىرىدىن 107 سى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ئۈچ؛ ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات 12؛ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات 92؛ مۇكاپات سوممىسى 23 مىڭ 500 يۈەن. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر ۋە مۇكاپات سوممىسى جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. ۋىلايەت بويىچە 119 تۈر يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى نۇقتىلىق كېڭەيتىش تۈرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلىغان ناھىيىلەردىن يەكەن، مارالبېشى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيىلىرى بار.

(2) يالتىراق يېپىنچ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى داۋاملىق كېڭەيتىلدى. 1986-يىلى يالتىراق يېپىنچ تېرىلغان كېۋەز 739 مىڭ 800 مو بولۇپ، ئومۇمىي كېۋەز كۆلىمىنىڭ 60.75 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يالتىراق يېپىنچ تېرىلغان كېۋەزنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 28 مىڭ دەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كېۋەز مەھسۇلاتىنىڭ 73.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. يالتىراق يېپىنچ

تېرىلغان كېۋەزنىڭ بىرلىك پاختا مەھسۇلاتى 130 جىڭغا يەتتى.

(3) ئىككى چىلگە زىرائەت ئۆرۈۋېلىشنى پەرلەشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 1986-يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئىككى پەسىلدە تېرىلغان زىرائەتنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1500 جىڭدىن يۇقىرى بولغان زىرائەت 382 مىڭ 932 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تونىلاپ مەھسۇلات بەرگەن ئېتىز كۆلىمى 45 مىڭ 700 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 597 مىليون 126 مىڭ 500 جىڭغا يەتتى. ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1559.6 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، ۋىلايەت بويىچە بۇغداي، كۆممە قوناق، شال مەھسۇلاتىنىڭ 30.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

(4) ئەلا سورتلار كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلىپ، ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تولۇق جارىي قىلدۇرۇلدى. 1986-يىلى، ۋىلايەت بويىچە، «تاڭشەن-6898» بۇغدىيى تېرىلغان يەر كۆلىمى 1 مىليون 814 مىڭ 200 موغا يەتكۈزۈلدى. بۇ ئومۇمىي بۇغداي كۆلىمىنىڭ 66.14 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. «بېيجىڭ 8-نومۇرلۇق چىلگە كۆممە قوناق» تېرىلغان يەر 285 مىڭ 700 مو؛ «ۋۇدەنىزاۋ چىلگە قوناق»، «قارىقاش 21-86 چىلگە قوناق» قاتارلىق بەش خىل سورت تېرىلغان يەر 355 مىڭ 700 مو؛ كۆممە قوناق شالغۇت ئۇرۇقى كېڭەيتىلگەن يەر 641 مىڭ 400 موغا يەتكۈزۈلۈپ، ئېگىز قوناق كۆلىمىنىڭ 41.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. كېۋەز ئۇرۇقىنى بىر يىلدا بىر يەڭگۈشلەش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، چوڭ غوزىلىق كېۋەزدىن 565 مىڭ 500 مو تېرىلىپ، كېۋەز ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 46.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. «ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 1-نومۇرلۇق كېۋەز» 571 مىڭ موغا كېڭەيتىلىپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 46.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سورت تېخىمۇ ياخشىلاندى. سېتىۋېلىنغان بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك پاختا 1985-يىلدىكىدىن 28% كۆپەيدى. تالاسى 29mm لىق پاختا 46.2% كۆپەيدى.

(5) شال مايسىلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېتىشتۈرۈش، ماشىنا ئارقىلىق مايسا كۆچۈرۈش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىي پونكىتى بىلەن قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلى يېزىسىدا شال مايسىلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېتىشتۈرۈش، ماشىنا ئارقىلىق مايسا كۆچۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. يىلبويى 135 مو يەرگە مايسا كۆچۈرۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلاتى شۇ خىلدىكى يەرگە قارىغاندا 27 پىرسەنتتىن 31 پىرسەنتكىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ خىل يېڭى تېخنىكىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىشكە ئوبدان ئاساس سېلىندى.

(6) مىكرو مىقدارلىق ئوغۇت ۋە ئوغۇتلاش جەھەتتىكى يېڭى تەدبىرلەر پائال تۈردە كېڭەيتىلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەرلىرىدە سىنىك، مانگان ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، 1986-يىلى سىنىك، مانگان ئوغۇت ئىشلىتىش كېڭەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە 69 مىڭ 802 مو يەرگە كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە: كېۋەز 38 مىڭ 162 مو، بۇغداي 19 مىڭ 204 مو، شال 620 مو، باشقا زىرائەتلەر 1113 مو. كېڭەيتىلگەن كۆلەمدىن قارىغاندا، يەكەن ۋە يېڭىسار ناھىيىلىرىدە 10 مىڭ مودىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، رېتسىپ بويىچە ئوغۇت-

لاش كۆلىمى 879 مىڭ 400 موغا يەتكۈزۈلۈپ (تۇپراقنى ئۆلچەپ بېكىتىلگەن رېتىم بويىچە ئوغۇت بېرىلگەن 17 مىڭ 400 مو يەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 14.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: كېۋەز 334 مىڭ 700 مو، بۇغداي 434 مىڭ 900 مو، كۆممىقوناق 96 مىڭ 500 مو، شال 13 مىڭ 100 مو، باشقا زىرائەت 100 مو.

(7) زىيانداش هاشاراتلارنى يوقىتىش ۋە ئوت - چۆپلەرنى خىمىيىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق يوقىتىش تېخنىكىسى پائال تۈردە قانات يايدۇرۇلدى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە خىمىيىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش كۆلىمى 2 مىليون 682 مىڭ 300 مو (قېتىم) بولۇپ، زىيانداش هاشاراتلارنى يوقىتىش ئۈنۈمى 95 پىرسەنتتىن ئاشتى. سېتىلغان يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرى 25.87 تونna، هەر خىل دېھقانچىلىق دورا سايمانلىرى 600 دانە، باغلاردىكى زىيانداش هاشاراتلارنى يوقىتىش ئۈنۈمى 95 پىرسەنتتىن 98.4 پىرسەنتكىچە بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە، 10 مىڭ مو باغدىكى زىيانداش هاشارات يوقىتىلسا 72 مىڭ 900 يۈەنلىك قىممەت ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ئالدىن مەلۇمات بېرىش ماتېرىياللىرىدىن 10 سان تارقىتىلدى. هازىر هەر قايسى ناهىيە (شەھەر) لەردە ئالدىن مەلۇمات بېرىش تورلىرى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ھەمدە خېداجۇاڭ ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسى بىلەن شاللىقلاردىكى ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

(8) يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تىجارەت تۈرى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تىجارەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان ۋىلايەت، ناهىيە، يېزا ئۈچ دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتلىرى 47 گە يېتىپ، قۇرۇلغان پونكىت سانىنىڭ 36.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاساسىي تىجارەت تۈرلىرىدىن دېھقانچىلىق دورىلىرى، دورا سايمانلىرى، يالتىراق، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىقلار بار. 1986 - يىل 10 - ئايدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتلىرىنىڭ تىجارەت ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون 82 مىڭ يۈەن، پايدىسى 123 مىڭ 100 يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە: ۋىلايەتنىڭ تىجارەت سوممىسى 206 مىڭ يۈەن، پايدىسى 14 مىڭ يۈەن، ناهىيىلىك پونكىتلارنىڭ تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 349 مىڭ 400 يۈەن، پايدىسى 71 مىڭ 100 يۈەن؛ يېزىلىق پونكىتلارنىڭ تىجارەت سوممىسى 526 مىڭ 600 يۈەن، پايدىسى 38 مىڭ يۈەن بولدى.

(قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزى).

**[ئوغۇتنى ئەلا بولغان رېتىم بويىچە تەڭشەپ سېلىش]** ئوغۇتنى ئەلا بولغان رېتىم بويىچە تەڭشەپ سېلىش — ئۈنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئوغۇتلاش تېخنىكىسى بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى خىمىيىۋى ئوغۇت سىناق تۈرى ھېسابلىنىدۇ. زىرائەتلەر ئوزۇقلۇق ماددىسىنىڭ مول بولۇش - بولماسلىق كۆرسەتكۈچ سىنىقى ۋە چوڭ كۆلەملىك مول ھوسۇل ئۈلگە كۆرسىتىش تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە خىمىيىۋى ئوغۇتنى تەڭشەپ سېلىش كۆلىمى 879 مىڭ موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: كېۋەز 335 مىڭ مو، بۇغداي 435 مىڭ مو، كۆممە-

قوناق 96 مىڭ مو، شال 13 مىڭ مو بولۇپ، يەرگە قاراپ مەھسۇلات بېكىتىش، مەھسۇلاتقا قاراپ ئازوت ئوغۇتى بېكىتىش، ئازوتقا قاراپ فوسفور بېكىتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ساپ ئازوت بىلەن فوسفور بەش ئوكسىدنىڭ نىسبىتى ئادەتتە 1: 0.5 بولدى. پوسكام، قاغىلىق ناھىيىلىرىدە ئادەتتە 1:0.6 دىن 1:0.7 گىچە بولدى. تەڭشەپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ئادەتلەنگەن ئوغۇتلاش ئۇسۇلىغا قارىغاندا، خىمىيىۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى 10% ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 10 % ئاشۇرغىلى، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى تۆت جىڭدىن كۆپرەك ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ھەر قايسى ناھىيىلەر تەڭشەپ ئوغۇتلاش بىلەن قوماندانلىق ئېتىزى — مول ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئوتتۇرا ھوسۇللۇق ئېتىزلارغا ئايلاندۇرۇش، ئوتتۇرا ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلارغا ئايلاندۇرۇش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈدى، بۇ، شۇ جايدىكى قېلىپلاشقان يۇقىرى ھوسۇللۇق زىرائەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. پوسكام ناھىيىسى 1986-يىلى 68 مىڭ مو مول ھوسۇللۇق بۇغداي ئېتىزلىرىدا تەڭشەپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى 810 جىڭغا يەتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تۇپراق — ئوغۇت پونكىتى ( ۋىلايەت بىلەن بىرلىشىپ ) يېڭىشەھەر ۋە پوسكام ناھىيىلىرىنى تۇپراق — ئوغۇت جەھەتتە ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۆلچەش نۇقتىسى قىلىشنى قارار قىلدى. ئۆلچەش جەريانىدا، تۇپراقنىڭ تېز ئۈنۈم بېرىدىغان مېنېراللىق ماددىلىرىنى مۇلىتىمىزىم ئۆلچەش جەھەتتىكى سان — سىففىرلارغا بىرىكتۈرۈپ، مېنېراللىق ماددىلارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۇپراق ئۆلچەش، تەڭشەپ ئوغۇتلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

( چېن جىڭ ).

**[ يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى كېڭەيتىش ]** 1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۈنۈمى يۇقىرى، زەھىرى تۆۋەن، قالدۇقى تۆۋەن بولغان بىر تۈركۈم يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرى ( مەسىلەن 50 پىرسەنتلىك ئۇزاق ئۈنۈم بېرىدىغان فوسفور، 50 پىرسەنتلىك شىگلىميۇلى، 35 پىرسەنتلىك فۇشالىن، 40 پىرسەنتلىك ئوكسىدلانغان روگور، 15 پىرسەنتلىك فىنشيۇنىڭ، 40 پىرسەنتلىك دۇجىنىلىڭ قاتارلىق دورىلار ) كېڭەيتىلىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش ۋە ئۈنۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن پايدىلىنىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان يەر كۆلىمى ئۈچ مىليون 520 مىڭ موغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە: كېۋەز كۆلىمى بىر مىليون 900 مىڭ مو، باغ 10 مىڭ مو بولۇپ، ئاشلىق، پاختىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۈزدا مول ھوسۇل ئېلىشقا تۈرتكە بولدى.

① يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق دورىسى كۆكفۇنى ئىشلىتىپ، ئالمىدىكى كېپىنەك قۇرۇتلىرى يوقىتىلدى.

ۋىلايەت بويىچە ئۈچ چوڭ يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى كېڭەيتىش ئا-

ساسىدا، 1986- يىلى يەنە 3000 مو باغدا گۈڭفۇنى ئىشلىتىپ كېپىنەك قۇرۇتىنى يوقىتىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى. كۆپ يىللىق ئەۋرىشكە تاللاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كېپىنەك قۇرۇتىنىڭ ئالمىنى يېيىش نىسبىتى ئاران 0.4 پىرسەنتتىن 4.1 پىرسەنتكىچە بولغانلىقى، دائىم ئىشلىتىلىدىغان 1605، دىيەچۇڭ، *DDV* قاتارلىق دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىدىن ياخشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. گۈڭفۇ ئالمىدا بولىدىغان قىزىل ئۆمۈچۈككە نىسبەتەن، كۈچلۈك چەكلەش رولىغا ئىگە بولۇپ، بۇنداق ئالاھىدىلىك مۇشۇ خىلدىكى باشقا دېھقانچىلىق دورىلىرىدا يوق. يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىنىڭ 41- پولك-مەيدان باغ ئورمانچىلىق پونكىتى 1986- يىلى گۈڭفۇنى ئىشلىتىپ، 900 مو يەردىكى باغنى پەرۋىش قىلغان. نەتىجىدە، ئالمىدىكى كېپىنەك قۇرۇتىنىڭ ئالمىنى يېيىش نىسبىتى 4.1 % بولغان. ھالبۇكى، نەشپۈتلاردا قۇرۇت يېيىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن. بۇ، گۈڭفۇنىڭ ئالمىدىكى كېپىنەك قۇرۇتلارغا نىسبەتەن ئۈنۈملۈك داۋالاش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە گۈڭفۇ ئارقىلىق زىيانداش ھاشاراتلار يوقىتىلغان باغنىڭ كىرىمى 864 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

② تاللاش خاراكتېرىدىكى دېھقانچىلىق دورىسى پەيدىنپەي كېڭەيتىلىپ، ھەر خىل زىيانداش قۇرۇتلار يوقىتىلدى.

نۆۋەتتە، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى زىيانداش قۇرۇتلارنى يوقىتىشتا، مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلاردا، كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىدىغان زىيانداش قۇرۇتلارنى يوقىتىش دورىلىرى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. 1986- يىلىدىن باشلاپ، تاللاش خاراكتېرىدىكى پىرىدىكارپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. نەچچە يىللەرگە قارىغاندا، 50 پىرسەنتلىك پىرىدىكارپ پاراشوكىنىڭ كېۋەز قۇرۇتىغا بولغان ئۈنۈمى ناچار بولغاندىن تاشقىرى، باشقا ھەممە قۇرۇتلارغا نىسبەتەن يوقىتىش ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولغان. مەسىلەن: 50 پىرسەنتلىك پىرىدىكارپ ئارقىلىق بۇغدايدىكى نەيچە قۇرۇتلارنى يوقاتقاندا، ھەر بىر مو يەرگە 20 گرامدىن ئىشلىتىلگەن، يوقىتىش ئۈنۈمى 95 پىرسەنتتىن كۆپرەككە يەتكەن؛ ھەر بىر مو يەرگە 25 گرامدىن ئىشلىتىلىپ، ئوتياشلاردىكى قۇرۇتلارنى يوقاتقاندا، ئوخشاش ئۈنۈم قازىنىلغان. پىرىدىكارپنىڭ زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقاتقاندىكى ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى قۇرۇتلارنىڭ كۈشەندىسىگە زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. مەسىلەن: 1986- يىلى 5- ئاينىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرىدە قەشقەر شەھىرى يانبۇلاق دېھقانچىلىق مەيدانىدا دورا ئىشلىتىلىپ 24 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بۇغدايدىكى نەيچە قۇرۇتلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتكەن، ھالبۇكى پىتىنىڭ كۈشەندىسى بولغان قوڭغۇز، ئۆتەكچى قاتارلىق قۇرۇتلاردا، زەھەرلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن.

پىرىدىكارپتا زىيانداش قۇرۇتلارنى يوقاتقاندا، دورا ئاز كېتىدۇ، باھاسى ئەرزان چۈشىدۇ. ھەر بىر مو يەرگە ئاران 5.00 يۈەنلىك دورا كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ دورىنىڭ زەھەرلىك خاراكتېرى كىچىك بولغاچقا، پىتلارنىڭ كۈشەندىلىرىنى قوغداپ قالىدۇ، شۇڭا بۇ دورىنى كەڭ كۆلەمدە (كېمىيىۋى دورىدىن باشقا) كېڭەيتىشكە ئەرزىيدۇ.

③ خېدا بېيىنى ئىشلىتىپ، شاللىقتىكى كۆمەك ئوتلار يوقىتىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتىدە شال مەھسۇلاتى ئىزچىل ھالدا تۆۋەن بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب: كۆمەك ئوت ۋە پېيزەك ئوتىنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن ئىبارەت. پېيزەك ئوتىنى شالدىن ئاسان پەرق ئەتكىلى بولغانلىقتىن، دېھقانلار ئاسان ئوتىيالايدۇ. لېكىن، كۆمەك ئوت شال بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەچكە ۋە ئاسان ئايرىلغىلى بولمىغاچقا، كېيىنكى مەزگىلدە شال بىلەن سۇ، ئوغۇت، كۈن نۇرى، ھاۋا تالىشىش پەيدا بولۇپ، شال مەھسۇلاتى زور ھەجىمدە كېمىيىپ كېتىدۇ. 1986 - يىلى بىز ئامېرىكىنىڭ 96 پىرسەنتلىك خېدا بېيى مايلىق دورىسىنى ئىشلىتىپ، قەشقەر شەھىرى ۋە كونىشەھەر ناھىيىسىدە شاللىقلاردىكى كۆمەك ئوتلارنى يوقىتىش سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، ئوبدان ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. تەجرىبە ئېتىزىدا زەھەرلىك توپا بىلەن دورىلاش چارىسى قوللىنىلدى. زەھەرلىك توپا 200 مىللىلىتىر 96 پىرسەنتلىك خېدا بېيى 15 كىلوگرام قۇرۇق توپىغا ئارىلاشتۇرۇشتىن تەييار قىلىندى. ئۇدۇللۇق تەييارلىنىپ، ئۇدۇللۇق ئىشلىتىلدى، ئۇزۇن قويۇپ قويۇلمىدى ياكى بىر كېچە قالدۇرۇپ قويۇلمىدى. زەھەرلىك توپا بېرىش ۋاقتى، ئەڭ ياخشىسى كۆمەك ئوت ئىككى قۇلاقلىق بولغاندا، شامال چىقمىغان ۋە يامغۇر ياغمىغان ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە بولۇشى كېرەك، ھەر بىر مو يەرگە 15 كىلوگرام زەھەرلىك توپا بېرىلسە بولىدۇ. ئۈنۈمىدىكى تەجرىبىگە قارىغاندا، ئۆلگە كۆرسىتىش ئېتىزىنىڭ ھەر بىر موسىدىن 410.03 كىلوگرام مەھسۇلات چىققان، بۇنى گۇرۇپپا سېلىشتۇرغانىدا 266.5 كىلوگرام بولۇپ، سېلىشتۇرما قىلىنغان ئېتىزدىن 129.74 كىلوگرام شال چىققان، بۇنى گۇرۇپپا سېلىشتۇرغاندا 84.3 كىلوگرام. ئەگەر بازاردىكى كېلىشىم باھا بويىچە ھەر بىر كىلوگرام گۈرۈچنىڭ باھاسىنى 1.10 يۈەندىن ھېسابلىغاندا، تەجرىبە ئېتىزىنىڭ مو مەھسۇلات قىممىتى 295.15 يۈەن بولىدۇ. ھەر بىر موغا كەتكەن 4.00 يۈەن دورا پۇلىنى چىقىرىۋەتكەندە 196.42 يۈەن ساپ كىرىم ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مەبلەغ بىلەن مەھسۇلاتنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى 49 : 1 بولىدۇ. بۇ، خېدا بېيىنى ئىشلىتىپ شاللىقلاردىكى كۆمەك ئوتنى يوقىتىشنىڭ ھەم تېجەشلىك ھەم ئوبدان بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش مەركىزىي پونكىتى).

**[ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەنگەن يېزا - ئىگىلىك ئىلىم - پەن تەربىيىسى خىزمىتى]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئالتە تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە، يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. ۋىلايەت بويىچە «تاشكەن - 6898» بۇغداي يېڭىنىڭ ئۇرۇقلۇق ئۇچۇن 1 مىليون 800 مىڭ مو تېرىلىپ، بۇغداي كۆلىمىنىڭ 66.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. بىرلىك مەھسۇلاتى 363.2 جىڭغا يەتتى. كۆممە قوناق شالغۇت ئۇرۇقىنى كېڭەيتىپ، ئېكىلىپ تېرىلغان كۆممە قوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 399 جىڭغا ئۆستۈرۈلدى؛ ئازوت، فوسفورلۇق ئوغۇتنى تەڭشەپ ئىشلىتىش، ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق

خەمىيىۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈلۈشى 10% ئۆستۈرۈلدى؛ 739 مىڭ 700 مو يەرگە يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىلىپ، ئومۇمىي كېۋەز كۆلىمىنىڭ 60.75 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى؛ پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 105 جىڭغا يەتكۈزۈلدى؛ ۋىلايەت بويىچە بىر قېتىمدىلا يەتكۈشلەنگەن كېۋەز سورتى كۆلىمى 90 پىرسەنتتىن كۆپرەككە يەتتى. 1 مىليون مو يەرگە ئەلا سۈپەتلىك كېۋەز تېرىش بويىچە تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كېۋەزنىڭ سورتى، ئۈزۈنلۈق دەرىجىسى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر دەن پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 1985 - يىلدىكى 155 يۈەندىن 178 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ چىلگە بۇغداي بىلەن شالغۇت قوناقنىڭ ئارىلاشتۇرۇلۇپ تېرىلىش كۆلىمى 1985 - يىلدىكى 60 مىڭ مودىن 382 مىڭ 800 موغا كېڭەيتىلدى. ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1559 جىڭغا يەتتى. بۇ بىر قاتار يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تەدبىرلىرى ۋىلايىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكتىن 7 - يىلى مول ھوسۇل ئېلىشتا روشەن رول ئوينىدى.

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 2 - قېتىملىق تۇپراق تەكشۈرۈش نەتىجىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تۇپراق تەكشۈرۈش بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا مۇشەررەپ بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسى نۇقتىلىق تۈرلىرىنى كېڭەيتىش مۇكاپاتىدىن 107 خىلغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ئۈچ تۈرلۈك، ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات 12 تۈرلۈك، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات 92 تۈرلۈك؛ كەسىپ بويىچە بۆلگەندە، تېرىقچىلىق كەسپىي 50 تۈرلۈك، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش 13 تۈرلۈك، تۇپراق - ئوغۇت 18 تۈرلۈك، باغۋەنچىلىك 11 تۈرلۈك، پىلە - ئۈجمىچىلىك 15 تۈرلۈك. ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسىنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسى نۇقتىلىق تۈرلىرىنى كېڭەيتىش مۇكاپاتىدىن 119 خىلغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات بىر تۈرلۈك، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات 118 تۈرلۈك. كەسىپلەر بويىچە ئايرىلغاندا: تېرىقچىلىق كەسپىي 73 تۈرلۈك، تۇپراق - ئوغۇت 11 تۈرلۈك، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش 10 تۈرلۈك، باغۋەنچىلىك 15 تۈرلۈك، پىلە - ئۈجمىچىلىك 10 تۈرلۈك.

دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىدىن ئۆلكە دەرىجىلىك كۇرسلارغا قاتناشقانلار 26 ئادەم-قېتىم، ۋىلايەت دەرىجىلىك كۇرسلارغا قاتناشقانلار 438 ئادەم- قېتىم، ناھىيە دەرىجىلىك كۇرسلارغا قاتناشقانلار 1036 ئادەم-قېتىم، يېزا دەرىجىلىك كۇرسلارغا قاتناشقانلار 758 ئادەم - قېتىم، ھەر خىل ئەمەلىي تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشكە قاتناشقان دېھقانلار 101 مىڭ 800 ئادەم-قېتىمغا يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدىن 15 كىشى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى بولۇپ باھالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر بىر كىشى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر 14 كىشى.

ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدا ھازىر ئالىي دەرىجىلىك ئاگرونوم، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى قاتارلىق ئالىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كەسپىي تېخنىكا خادىملاردىن ئۈچ نەپەر؛ ئاگرونوم، يېزا ئىقتىسادچى، ئىنژېنېر قاتارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كەسپىي تېخنىكا خادىملاردىن 53 نەپەر؛ ياردەمچى ئاگرونوم، ياردەمچى يېزا ئىقتىسادچى، ياردەمچى ئىنژېنېر، تېخنىك قاتارلىق ئادەتتىكى ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كەسپىي تېخنىكا خادىملاردىن 38 كىشى بار.

قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا مەسئۇل بولغان بولۇپ، ھازىر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن 193 كىشى، ئوقۇغۇچىلاردىن 321 كىشى بار. بۇنىڭ ئىچىدە: ئۇيغۇر تىلى يېزا ئىگىلىك سىنىپىدا 40 كىشى، چارۋا مال دوختۇرلۇق سىنىپىدا 81 كىشى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى سىنىپىدا 40 كىشى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش سىنىپىدا 80 كىشى، خەنزۇ تىلى ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش سىنىپىدا 40 كىشى بار؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تىلى دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك سىنىپىدا 38 كىشى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋاتقانلاردىن ئىككى كىشى بار. مەركىزىي يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى يوپۇرغا، يەكەن، مەكىت، كونىشەھەر، يېڭىسار ناھىيىلىرىدە شۆبە مەكتەپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بىرىنچى قارارلىق ئۇيغۇر تىلى يېزا ئىگىلىك ماتېماتىكا سىنىپلىرىدىن 32 سى قۇرۇلدى، 821 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. ئۇلار 4 ـ سىنىپتە بىردىن باشلاپ بىرىنچى دەرسنى، يەنى خىمىيە ئاساسلىق دەرسلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى.

(چيەن جىلىڭ).

**[ئوچاق ئۆزگەرتىش ـ قۇۋۋەت تېجەش خىزمىتى]** 1983 ـ يىلى، مەملىكەت بويىچە ئوتۇن تېجەش ئوچىقى كېڭەيتىلگەندىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوچاق ئۆزگەرتىش، قۇۋۋەت تېجەش خىزمىتىدە، ئۈچ يىلدا ئۈچ چوڭ قەدەم بېسىلىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. كونىشەھەر، يوپۇرغا، مەكىت ئۈچ ناھىيە دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى. ئوچاق ئۆزگەرتىش نىسبىتى 99 پىرسەنتتىن ئارتۇق بولۇپ، ئىسسىقلىق ئۈنۈمى يۇقىرى، لاياقەتلىك نىسبىتىمۇ 96 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇپ، دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە يەتتى. ۋىلايەت بويىچە ئۆزگەرتىلگەن ئوچاق 380 مىڭ 300 گە يېتىپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 79.22 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 1986 ـ يىلى 118 مىڭ 200 ئائىلىنىڭ ئوچىقى ئۆزگەرتىلىپ، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ئوچاق ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنىڭ 236.33 پىرسەنتى ئورۇنلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، خوچاڭ ۋە كۆمۈر تېجەش مېشىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە، 104 مىڭ 900 ئائىلىنىڭ ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىلدىكى 19 مىڭ ئائىلىنىڭ ئوتۇن تېجەش ئوچىقى رېمونت قىلىندى ۋە ياخشىلاندى. 130 مىڭ ئائىلىنىڭ ئوچىقىغا ئوتۇن تېجەش تونۇرى سېلىندى. يېزا ـ بازار سودا بازارلىرىدا ئۆزگەرتىلگەن ئوچاق 14 مىڭ 91 غا يەتتى.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز

تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى قۇۋۋەت مەنبەسىنىڭ كەمچىل بولۇش ۋە قۇۋۋەت سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ناھايىتى جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. تۆۋەندىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلغان ھالدا، يېزىلاردىكى قۇۋۋەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، مۇھىم نۇقتىنى مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، ئاسان ئىگىلىگىلى بولىدىغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئوتۇن تېجەيدىغان ئوچاقلارنى سېلىشقا قارىتىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىزمەت باشلىنىشى بىلەنلا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. 1986- يىلى، ئوچاق ئۆزگەرتىش - قۇۋۋەت تېجەش خىزمىتىدە، ئاساسەن، تۆۋەندىكى تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇق:

① رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقاتنى ئوبدان ئىشلەش — ئوچاق ئۆزگەرتىش-قۇۋۋەت تېجەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ كاپالىتى. ۋىلايەت بويىچە ئوچاقنى تېزدىن ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1986- يىلى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ئاساسىي قاتلامغا كۆپ قېتىم چوڭقۇرچۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تېپىلغان مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلدى. بىر يىل ئىچىدە، بىر قېتىم چوڭ تىپتىكى كەسپىي يىغىن چاقىرىلدى. ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتۇرۇلغان چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىرگە، ئوچاق ئۆزگەرتىش-قۇۋۋەت تېجەش خىزمىتىنىمۇ تەكشۈرۈپ مېڭىپ، بۇ خىزمەتنىڭ قەدىمىنى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىپ باردى.

② ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، تېخنىكا جەھەتتىكى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش — ئوتۇن تېجەش ئوچىقىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسىي ئۇسۇل. 1986- يىلى ۋىلايەت نەزەرىيە - تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسلىرىدىن 3695 قارار ئېچىپ، تېخنىكا خادىملىرىدىن 24 مىڭ 174 نەپەر كىشىنى تەربىيىلەپ چىقتى. ئۆگىنىش داۋامىدا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئوچاق سېلىش تېخنىكىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئىگىلىۋېلىش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئارقىدا قالغان ناھىيە - يېزىلار ئىلغار ناھىيە - يېزىلارغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىش، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يېتىلدى.

③ ئەلا سۈپەتلىك ئوچاق تىپىنى تاللاپ، ئۆلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىشنى چىڭ تۇتۇش — ئوتۇن تېجەش ئوچىقىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە كېڭەيتىلگەن ئەڭ سۈپەتلىك ئوچاق تىپىدىن كونىشەھەر «1-83» تىپتىكى بىرلەشمە ئوچاق بار. يوپۇرغا ۋە مەكىت ناھىيىلىرى «1-83» تىپتىكى ئوچاق ئاساسىدا، «1-85» تىپتىكى قىشلىق خوچاڭ - تونۇرلۇق ئوچاقنى يېڭىلاپ چىقتى. بۇ ئەلا سۈپەتلىك ئوچاق تىپىنىڭ ئۆلگە كۆرسىتىشى ۋە كېڭەيتىلىشى ئارقىلىق، ئوتۇن تېجەش - ئوچاق ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ قەدىمى تېزلىتىلدى.

(ليۇجۈن).

## [يەر بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى]

1979 - يىلدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش ۋە يەر ئىشلىتىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، سەككىز يىل داۋام قىلىپ غەلىبىلىك

ئاخىرلاشتى. تۇپراق تەكشۈرۈش خىزمىتىدە، ۋىلايەتلىك يەر ئۆلچەش-تەكشۈرۈش، لايىھەلەش ئەترىتى ھەر قايسى ناھىيىلەر بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھازىر، ئالتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ نەتىجىسى ئاپتونوم رايونلۇق تۇپراق تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ۋە تېخنىكا مەسلىھەتچىلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ باھالىشى ئارقىلىق، بىرىنچى دەرىجە بولۇپ باھالاندى. تۆت ناھىيە ئىككىنچى دەرىجە بولۇپ باھالاندى. ۋىلايەتنىڭ تۇپراق تەكشۈرۈش خەرىتە - ھۆججەتلىرىنى خۇلاسىلاش جەريانىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1/20 ۋە 1/50 ئىككى خىل ماسشتابلىق 15 خىل كەسپىي خەرىتە - ھۆججەتلەرنى تەييارلاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق تۇپراق تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ۋە تېخنىكا مەسلىھەتچىلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك بولدى. سۈپەت جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى بولۇپ، ئىلغار خىزمەت ئورنى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1986- يىلى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق تۇپراق تەكشۈرۈش مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا مۇشەررەپ بولدى. ۋىلايەتنىڭ خەرىتە-ھۆججەتلىرىنى خۇلاسىلاش بىلەن بىر چاغدا، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تۇپراق تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن دوكلات»، «تۇپراق خىللىرى توپلىمى»، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تۇپراق تەكشۈرۈش خەرىتە-ھۆججەتلىرى توپلىمى»، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تۇپراق تەكشۈرۈش كەسپىي خەرىتە-ھۆججەتلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىدىن دوكلات»، «تۇپراق تەكشۈرۈش كەسپىي خەرىتىلىرىنىڭ سىزىلىشى»، «يەر كۆلىمىنى ھېسابلاش ۋە خۇلاسىلاش»، «مايىللىق ئېتىز پەردە خەرىتە سىزىش ئۇسۇلى» قاتارلىق يەتتە پارچە مەخسۇس ماقالە يېزىلىپ، بۇلاردىن كېيىنكى كەسپىي - تېخنىكا خىزمىتىدە يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ۋىلايەت ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پوسكام قاتارلىق ئۈچ ناھىيە ھەر خىل يەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە قىلىنغان يەردىن پايدىلىنىش ھالىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ خىزمەت جەريانىدا، ۋىلايەتلىك يەر ئۆلچەش - لايىھىلەش ئەترىتى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ تېخنىكا يېتەكچىلىك ۋە تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ھەمدە، كونىشەھەر ناھىيىسىدە سىناق ئېلىپ باردى، پوسكام ناھىيىسىدە تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى 471 كۇۋادرات كىلومېتىر (تەخمىنەن 710 مىڭ مو) لىق ۋە پوسكام ناھىيىسىدىكى 125 كۇۋادرات كىلومېتىر (170 مىڭ مو) لىق يەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشنىڭ سىرتقى خىزمەتلىرىنى مۇستەقىل ھالدا ئورۇنلاپ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم 1/10000 پروېكسىيەلىك ئۆز خەرىتىدىن پايدىلىنىپ، يەردىن پايدىلىنىش ھالىتىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش خىزمەت تەجرىبىلىرىنى قانات يايدۇردى. ھەمدە «پروېكسىيەلىك ئۆز خەرىتىدىن پايدىلىنىپ يەردىن پايدىلىنىش ھالىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ، «شىنجاڭ ئۆلچەپ سىزىش ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىپ، تەپسىلىي

تەكشۈرۈش خىزمىتىدە يېتەكچىلىك رول ئوينىدى.

(ليۇ تېشىڭ، شۈي شىخۇەن).

**[ھەرە بېقىشتا ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش بىر گەۋدە قىلىنىپ باشقۇرۇلدى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە ھەسەل ھەرىسى بېقىشقا باپ كېلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر مول، ھەسەل يىغىش مەزگىلىدىكى ھاۋا كىلىماتى بىر قەدەر مۇقىم، بېقىشقا بولىدىغان ھەسەل ھەرىسى مىقدارى 10 مىڭ توپتىن ئارتۇق بولۇپ، ھەسەل ھەرىسى بېقىش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور، لېكىن ئالدىنقى يىللاردا ھەسەلنىڭ ئوبوروت يولى راۋان بولماسلىق، ھەسەلدىن پايدىلىنىش - پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە ئاساسىي ئاجىز بولۇش ھەمدە باھا ئامىلى جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەرە بېقىش كەسپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر يەتكەنىدى. ۋىلايەت بويىچە ئاران 4500 توپ ھەسەل ھەرىسى بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. ھەسەلنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 180 توننا، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى ئاران 40 كىلوگرام كېلەتتى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ نوپۇسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر نوپۇسقا ئاران 75 گرامدىن توغرا كېلەتتى.

1986 - يىلى، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى مەملىكەتلىك ھەسەلچىلىك يىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان: ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تېخنىكىنى ياخشىلاپ، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىچكى بازاردىكى سېتىلىشنى كېڭەيتىپ، پائال تۈردە ئېكسپورت قىلىپ، ھەسەل ھەرىسى بېقىش كەسپىنى پىلانلىق تۈردە تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەسەل ھەرىسى بېقىش كەسپىنى بىر قەدەر تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. ۋىلايەتلىك ھەسەل ھەرىسى مەيدانىنى مىسالغا ئالساق، ئۇلار ئىچكى قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ھالقىلىرىدىكى ئىدە-تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەسەل ھەرىسى بېقىشتىكى ئىشلەپچىقىرىش - تەمىنلەش - سېتىشنى بىر گەۋدە قىلىپ، ھەسەل ھەرىسى مۇلازىمەت شىركىتى ۋە ماگىزىنىنى قۇردى. نەتىجىدە، ھەسەل ھەرىسى بېقىش كەسپى ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىن پەيدىنپەي ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت تىپىغا ئۆزگىرىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بىر يىلدىن بۇيان، ئۇلار مۇنداق ئۈچ ئىشنى تۇتتى: بىرى، ھەسەلنىڭ تەبىئىي يېمەكلىك ھەمدە كۆپ خىل ئوزۇقلۇق ماددىلىرى بار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىش قوشۇش ئارقىلىق، ھەسەل گاز سۈيى ئىشلەپچىقاردى. سەھىيە تارماقلىرى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى بەرگەندىن كېيىن، ئۈچ ئاي سىناق تەرىقىسىدە بازارغا سېلىپ، 10 مىڭ شېشە ساتتى. ئىككىنچىسى، بازار ئۇچۇرىنى ئىگىلەپ ئۆز جايىدىكى بازارنى كۆزدە تۇتقاندىن باشقا، ھەسەل مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ساتتى. قەشقەرنىڭ ھەسىلىنىڭ سۈپىتى ئوبدان، سۇ تەركىبى تۆۋەن، بومېرلىق دەرىجىسى 40 گرادۇستىن يۇقىرى بولغاچقا، ئىچكى ئۆلكىلەردە بازىرى ئىتتىك بولدى، ھەسەل ھەرىسى مۇلازىمەت ماگىزىنى يېرىم يىل ئىچىدىلا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بازارغا 44 توننا ھەسەل گاز سۈيى ئاپىرىپ ساتتى. نەتىجىدە شۇ يىل-

دىكى ھەسەل مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئامباردا بېسىلىپ قالغان ھەسەلنىمۇ پاك ـ پاكىزە سېتىپ تۈگەتتى. ئۈچىنچى، قەشقەرنىڭ «يىپەك يولىدىكى تاشقى سودا كۆزنىكى» لىك رولىدىن پايدىلىنىپ، تاشقى سودا تارماقلىرىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، پاكىستانغا تۇنجى قېتىم 500 شىشە ھەسەل ئېكسپورت قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈردى.

(يۈەن رۇنچيۇ).

[مەشھۇر ھاشاراتشۇناس جۇياۋ قەشقەرگە كەلدى] قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر ھاشاراتشۇناسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، «3 ـ سىنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى پروفېسسور جۇياۋ 1986 ـ يىلى 29 ـ ئاۋغۇستتىن 5 ـ سىنتەبىرگىچە قەشقەردە 10 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

پروفېسسور جۇياۋ قەشقەردىكى مەزگىلىدە، «ھاشاراتلار ھەققىدە لېكسىيە» ۋە «ئىلمىي ئەخلاق» دېگەن ماۋزۇلاردا مەخسۇس دوكلات بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىدا بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي يوللىرىنى ۋە بىر ئىلىم ـ پەن خادىمىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىلمىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ دوكلاتنى خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىدىن بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئاڭلىدى.

پروفېسسور جۇياۋ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان مەزگىلدە، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلارنى كارانتىن قىلىش تۈرنى ۋە ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن ـ تەتقىقات ئورنىغا بېرىپ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش كەسپىي خادىملىرى توپلىغان ھەر خىل ھاشارات ئەۋرىشكىلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە بىر بۆلۈكلىرىنى باھالاپ چىقتى. ۋىلايىتىمىزدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش كەسپىي خادىملىرىنىڭ قاتتىق ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە ئۇلارغا كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگەتتى. پروفېسسور جۇياۋ قەشقەردىكى مەزگىلدە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش شۈي شياۋچىڭ ئۇنى يوقلىدى. ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى يولداش دۇبىنچيەن ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ، ئاپئاق خوجا مازىرى، ھېيتگاھ جامەسى ۋە قەشقەر كۆزەردىكى سودا بازىرىنى ساياھەت قىلدى.

(مۇجىخەي).

[خەلق ئەزەلدىن تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلالايدۇ] 1986 ـ يىلى، قاغىلىق ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇدا ئىككى قېتىم چىققان 6 ـ 7 بال بوراننىڭ ھۇجۇمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، كېۋەزدىن زور مول ـ ھوسۇل ئالدى. بۇ ـ ئازادلىقتىن بۇيانقى 37 يىل ئىچىدە، 1985 ـ يىلدىكى مەھسۇلاتتىنلا كېيىن تۇرىدۇ.

1986 ـ يىلى 15 ـ ماي سائەت 21 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ناھىيە بويىچە 6 ـ 7 بال قاتتىق بوران چىقتى. بوراننىڭ ئەڭ زور تېزلىكى 21 سېكۇنت مېتىر بولۇپ، بىر سائەت داۋام قىلدى. 18 ـ ماي سائەت 15 تە يەنە 6 ـ 7 بال قاتتىق بوران چىقتى. بوراننىڭ ئەڭ زور تېزلىكى 20 سېكۇنت مېتىر بولۇپ، بىر كۈن داۋام قىلدى. ئىككى

قېتىملىق بوران تۇپەيلىدىن ناھىيە بويىچە 148 مىڭ مو كېۋەز يېرى ئاپەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان كېۋەز يېرى 38 مىڭ مو بولۇپ، كېۋەز مايسىلىرىنىڭ 50 — 30 پىرسەنتى نابۇت بولۇپ، كەتتى. كېۋەز مايسىلىرى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت بولغان ئېتىزلاردا 71 پىرسەنتتىن 87 پىرسەنتكە يەتتى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئاپەتكە ئۇچرىغان كېۋەز ئېتىزلىرى 72 مىڭ مو بولۇپ، 10% ئەتراپىدىكى مايسىلار نابۇت بولۇپ، كەتتى. 30 پىرسەنتتىن 50 پىرسەنتكىچە مايسىلارنىڭ غولى سۇنۇپ كەتتى. يېنىك دەرىجىدە ئاپەتكە ئۇچرىغان كېۋەز يېرى 40 مىڭ مو بولۇپ، بىر قىسىم مايسىلار نابۇت بولۇپ كەتتى. 10% ئەتراپىدىكى مايسىلارنىڭ ئۇچى سۇنۇپ كەتتى.

ئاپەت يۈز بەرگەن كۈننىڭ ئەتىسى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا دەرھال يېتىپ بېرىپ، تۆۋەندىكى جىددىي تەدبىرلەرنى قوللاندى:

① ئۇدا ئىككى قېتىم جىددىي تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىش، بىر ئاي كۈرەش قىلىپ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشكە چاقىردى.

② ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن 150 كادىر ئاجرىتىپ، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇچاستىكىلارغا بۆلۈپ ھۆددە ئېلىش چارىسىنى قوللىنىپ، ئاممىنى قاتلاممۇ — قاتلام ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۈرۈشىنى قانات يايدۇرۇپ، يېنىك دەرىجىدە مايسا كەلەيدىغان كېۋەز ئېتىزلىرىنى تەكشۈرۈپ دەرھال مايسا تولۇقلاش، بوران ياتقۇزۇۋەتكەن كېۋەز مايسىلىرىنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلەش، قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش؛ ئېغىر دەرىجىدە ئاپەتكە ئۇچرىغان كېۋەز يەرلىرىنى قايتىدىن ھەيدەش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئورغۇن دېھقانلار ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە ئېتىز بېشىدا يېتىپ — قوپۇپ ۋە غىزالىنىپ، كېۋەز مايسىلىرىنى قۇتقازدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 7900 مودىن كۆپرەك يەر قايتىدىن ھەيدەلگەن، 24 مىڭ مودەك يەرنىڭ مايسىلىرى تولۇقلانغان بولۇپ، كېۋەز كۆلىمىنى كېمەيتمەسلىك ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

③ كېۋەز يەرلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالىغا ئاساسەن، تۈرگە ئايرىپ پەرۋىش قىلىش تېخنىكا تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى، توپا يۆلەش، قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش، سۇغۇرۇش ئىشلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىنىپ، كېۋەز مايسىلىرى قايتىدىن ئۆسۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

ئاپەتكە قارشى تۇرۇش خىزمىتى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلەنگەچكە ۋە تەدبىرلەر كۈچلۈك بولغاچقا، ناھىيە بويىچە 144 مىڭ مو كېۋەز يەرلىرىدىكى مايسىلارنىڭ ئۆسۈشى ياخشى بولدى. نەتىجىدە، ئومۇمىي مەھسۇلات 7388.8 توننىغا، بىرلىك مەھسۇلات 50 كىلوگراممىغا يېتىپ، ئاپەتتىن كېيىنمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئاپەتكە قارشى تۇرۇشىنىڭ مول نەتىجىسى نامايەن بولدى.

(چيەن چاۋيالڭ).

## [مەكىت ناھىيىسى پاختا مەھسۇلاتىنى 30 پىرسەنت ئاشۇردى]

1986-يىلى، مەكىت ناھىيىسىدە 137 مىڭ مو كېۋەز تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 131.3 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13.4% ئاشۇرۇلدى. ئومۇمىي مەھسۇلات 180 مىڭ دەنگە يەتكۈزۈلۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30.4% ئاشۇرۇلدى. توختام بويىچە سېتىۋېلىش جەھەتتە، 161 مىڭ دەن ۋەزىپە ئورۇنلاندى. ئەمەلىيەتتە، 29 مىللىمېتر ئۈزۈنلۇقتىكى تالالىق پاختىدىن 134 مىڭ 200 دەن سېتىۋېلىندى.

1986-يىلى بۇ ناھىيىنىڭ پاختىسىنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى، بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى يۇقىرى بولدى. بۇنىڭدا، ئاساسەن تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلدى:

① رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. ناھىيە، يېزىلاردا ئەلا سورتلۇق كېۋەز ئۆستۈرۈش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، مۇكاپات بىلەن جازا ئەمەلدە كۆرسىتىلدى.

② سورتلار يەڭگۈشلەندى. «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 1-نومۇرلۇق» كېۋەز ۋە چوڭ غوزىلىق كېۋەز ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، 30 نەچچە يىلدىن بۇيان تېرىلىپ كەلگەن «پەرغانە 108» كېۋەز شاللىۋېتىلدى.

③ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۈچەيتىلدى. ناھىيە بويىچە ئەلا سورتلۇق كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش مۇھاكىمە يىغىنى، يېزا، كەنت كادىرلىرىنىڭ نەق مەيدان يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارنى ئېچىش، كېۋەز ئۆستۈرۈش نەزەرىيە كۇرسى ئېچىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ئۆگىتىلدى.

④ مول ھوسۇللۇق ئېتىزلار كۆپلەپ بەرپا قىلىندى. ناھىيە بويىچە يۇقىرىسى ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى، تۆۋەندە ئادەتتىكى تېخنىكا كادىرلىرىغىچە، ھەممىسىنىڭ مول ھوسۇللۇق ئېتىزلىرى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بىرلىك مەھسۇلاتى 200 جىڭدىن يۇقىرى بولغان مول ھوسۇللۇق ئېتىزلار 20 مىڭ مودىن ئاشىدۇ.

⑤ ئوغۇت كۆپلەپ سېلىندى. ناھىيە بويىچە كېۋەز يەرلىرىگە سېلىنغان خىمىيىۋى ئوغۇت 2747.7 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 137.1% ئاشۇرۇلدى؛ ئورگانىك ئوغۇت 856.7 تاغار بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 64.6% ئاشۇرۇلدى؛ كۈنجىرا بىر مىليون 340 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.5% ئاشۇرۇلدى.

⑥ زىچلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 1-نومۇرلۇق» كېۋىزىنىڭ تۈپى كىچىك، غولى پاكار، تۈپ مەھسۇلاتى تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن تېرىش زىچلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1-، 2-، 3-دەرىجىلىك يەرلەردىكى زىچلىقى 8000، 9000، 10 مىڭ تۈپكىچە يەتكۈزۈلدى.

⑦ يالتىراق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى پائال يولغا قويۇلۇپ، 1986-يىلدىكى كۆلىمى 70 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى.

(گاۋ يۈگرۈي).

## [يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ 1986-يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئەھۋالى]

1986-يىلى، يېڭىسار ناھىيىسى يېزا ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قۇرۇلمىنى

تەكشەشنى ۋە سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى
مەركەز قىلىنغان ئېتىز ــ ئېرىق ئاساسىي
قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. گەرچە تۆۋەن
تېمپېراتۇرا، قۇرغاقچىلىق، بوران قاتار-
لىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە دۇچ كەلگەن بول-
سىمۇ، لېكىن ئىلمىي بولغان يېزا ئىگىلىك
تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش تېخ-
نىكىسى قوللىنىلغاچقا، يېزا ئىگىلىك ئىش-
لەپچىقىرىشىدىن يەنىلا ئومۇميۈزلۈك مول
ھوسۇل ئېلىندى. ناھىيە بويىچە يېزا ئى-
گىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 49 مىل-
يون 517 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىل-
دىكىدىن 12.3% ئاشتى؛ ئاشلىقنىڭ ئومۇ-
مىي مەھسۇلاتى 121 مىليون جىڭغا يېتىپ،
ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13% ئاشتى. بۇنىڭ
ئىچىدە: بۇغداينىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى
55 مىليون 544 مىڭ جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى
يىلدىكىدىن 19.3% ئاشتى. كۈزلۈك ئاشلىق-
نىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 65 مىليون 456 مىڭ
جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.2%
ئاشتى؛ پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى
51 مىڭ دەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكى-
دىن 30.7% ئاشتى؛ ياغلىق دانىنىڭ ئومۇ-
مىي مەھسۇلاتى 5 مىليون 500 مىڭ جىڭغا
يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئازراق ئاش-
تى. چارۋىنىڭ يىل ئاخىردىكى سانى
246 مىڭ تۇياققا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدى-
كىدىن 9.3% كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە
7 مىليون 475 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى.
13 مىڭ 535 مو ئورمان ئەھيا قىلىندى.
ھەرخىل كۆچەتتىن 3548 مو تىكىلدى. ئور-
مان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 1985 ـ يىل-
دىكى 3.2 پىرسەنتتىن 3.8 پىرسەنتكە ئۆر-
لىدى. ناھىيە بويىچە سەككىز يېزا ئېتىز-
ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى
ئەمەلگە ئاشۇردى. ھەرخىل كەسىپلەرنىڭ
تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، دېھقانلارنىڭ
كىرىمى ئاشتى، تۇرمۇشى ياخشىلاندى.
1986 ـ يىلى، ناھىيە بويىچە ھەر نوپۇسقا
توغرا كېلىدىغان كىرىم 220 يۈەنگە يېتىپ،
ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30% ئاشتى. نوپۇسقا
توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 848 جىڭغا يېتىپ، ئال-
دىنقى يىلدىكىدىن 13% كۆپەيدى. دېھقان-
لارنىڭ تۇرمۇشى «نامراتلىق تىپى»دىن
«ئىسسىنىش-تويۇنۇش تىپى»غا ئۆزگەردى.
1986 ـ يىلى، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يېزا
ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇنداق ئالاھى-
دىلىكلەر بولدى:

① يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا
بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى.
ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە
ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ رەھبەرلىك ئاپپا-
راتلىرى قۇرۇلۇپ، ئىش تەقسىم قىلىنىپ، ئىش
ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مەس-
ئۇلىيەتنى ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش
چارىسى قوللىنىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
پىلان ـ باشقۇرۇلۇق ھالدا راۋاجلاندۇرۇلۇ-
شىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

② دېھقانچىلىق كەسپىي تۈزۈلمىسى مۇ-
ۋاپىق ھالدا تەڭشەلدى. ئاشلىق كۆلىمىنى
مۇقىملاشتۇرۇش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى پا-
ئال تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنىڭ يېتەك-
چىلىكىدە ناھىيە بويىچە ئاشلىق كۆلىمى
150 مىڭ مو ئەتراپىدا مۇقىملاشتۇرۇلدى.
كېۋەز كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكى 48 مىڭ
مودىن 68 مىڭ موغا كېڭەيتىلدى. ھەرقاي-
سى كەسىپلەرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلاشتۇ-
رۇلدى. ئوتياش، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق
ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى مەلۇم
دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. تېرىقچىلىقنىڭ سال-
مىقى 73 پىرسەنتتىن 68.7 پىرسەنتكە چۈشۈ-
رۇلدى؛ ئورمانچىلىقنىڭ سالمىقى 5.1 پىر-

سەلتىتىن 9.7 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلدى؛ چارۋىچىلىقنىڭ سالمىقى ئون پىرسەنتتىن 16.2 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلدى.

③ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى قوللىنىش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. يالتىراق يېپىنچا تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى 52 مىڭ مو بولۇپ، كېۋەز ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 76 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ئالدىنقى يىلدىكىدىن 92.6% ئاشتى. چوڭ غوزىلىق كېۋەز ۋە «بوز يەر تۈزلەشتۈرۈش 1 - نومۇرلۇق كېۋەز» كۆلىمى 68 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى. «ئىككى چىلگە زىرائەتنىڭ ئۇرۇقى»نى پەرلەشتۈرۈش كۆلىمى 30 مىڭ موغا يەتكۈزۈلۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10 مىڭ مو كۆپەيدى. زىيانداش ھاشاراتلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرى ئاكتىپ ھالدا ئىشلىتىلدى. زىيانداش ھاشاراتلار تۈگىتىلگەن ئاشلىق كۆلىمى 19 مىڭ 412.8 مو بولۇپ، ھەر مو يەردىن 42 جىڭدىن مەھسۇلات ئاشۇرۇلدى. ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىش ئۈنۈمى 90 پىرسەنتتىن كۆپرەككە يەتتى. زىيانداش ھاشاراتلار تۈگىتىلگەن باغ كۆلىمى 1520.8 مو بولۇپ، مېۋىلەرگە قۇرت چۈشۈش ۋە تۆكۈلۈپ كېتىش نىسبىتى بەش پىرسەنتتىن تۆۋەن چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆسۈملۈكلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش چىڭ تۇتۇلۇپ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 813 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 110 جىڭ، يەنى 15.6% ئاشتى. پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 75 جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئالتە جىڭ كەملىدى.

④ سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى مەركەز قىلىنغان ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى. شارائىتنى ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا جەمئىي 1 مىليون 586 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىپ سىڭمە سىلەشتۈرۈلگەن غول ئۆستەڭدىن ئىككىسى، سىڭمە سىلەشتۈرۈلگەن تارماق ئۆستەڭدىن 18 ى ياسالدى (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 100.5 كىلومېتىر بولۇپ، ئۆلچەملىك كىلومېتىرغا سۇندۇرغاندا 739.2 بولىدۇ). 1 مىليون 113 مىڭ كۇۋادىرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش مىقدارى ئورۇنلاندى. توما، چۈشۈرگە، شاقىراتما قاتارلىق بېتون قۇرۇلۇشلاردىن 47 سى قۇرۇلدى. بەش ئوتتۇرا - كىچىك تىپتىكى سۇ ئامبارلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئەگىۋس ئۆستەڭنىڭ دامبىسىنى سىڭمە سىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

⑤ سەمەت ئۆرۈكى بازىسى قۇرۇلۇشى نۇقتىلىق ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاتلىنىش، ياپىلار ۋە قورولار بويىچە كۆپ تىكىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، جەمئىي 11 مىڭ 266 مو يەرگە سەمەت ئۆرۈكى كۆچىتى تىكىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە: تۇتاش كەتكەن باغ 7000 مودىن كۆپرەك، ئائىلىلەردە ئەھيا قىلىنغان باغ 3000 مودىن كۆپرەك) 300 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. 415 مىڭ تۈپ كۆچەت ئۇلاندى.

⑥ تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى. 1986 - يىلى، ناھىيە بويىچە ئۆزگەرتىلگەن تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلار 26 مىڭ 161 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: بېدە كۆلىمى 12 مىڭ مو، يېڭىدىن ئەھيا قىلىنغان باغ 3000 مو،

زېيىكەش چېچىپ ئۆزگەرتىلگەن يەر 5000 مودىن كۆپرەك، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلار 45.9% ئازايدى.
(جاۋ شىنلى).

**[يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش خىزمىتى]** 1986 - يىلى، يېڭىسار ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تېخنىكىسىدىن ئالتە تۈر كېڭەيتىلدى، 99 نۇقتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەش تۈر ئىچىدە ئالتىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ۋىلايەتنىڭ نۇقتىلىق تېخنىكىسىدىن سەككىز تۈر كېڭەيتىلىپ، 147 نۇقتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئالتە تۈر ئىچىدە 12 سى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئاشلىق: ناھىيە بويىچە ئاق يەرگە ۋە ئېگىز ئورنىغا تېرىلغان كۆلەم 446 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزى 60 مىڭ مو، ئىككى بالدۇر پىشار زىرائەت ئورۇقى يۈرۈشتۈرۈلگىنى 138 مىڭ 300 مو. ئومۇمىي مەھسۇلات 120 مىليون جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.2% ئاشۇرۇلدى. بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئوتتۇرا ھوسۇللۇق ئېتىزلارغا ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ساغان يېزىسىدا 16 مىڭ مو تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 410 جىڭغا يەتكۈزۈلدى. توپلۇق يېزىسىنى قوشقاندا، بۇ تۈر بويىچە ۋىلايەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىدىن ئىككىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. «تاگشەن — 6898» بۇغدىيىدىن 123 مىڭ 900 مو تېرىلىپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 429 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇغدايدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى. 1986 - يىلى، «ئىككى بالدۇر پىشار زىرائەتنى يۈرۈشلەشتۈرۈش» خىزمىتى جەھەتتە، 9800 مو يەرگە «بېيجىڭ 8 - نومۇرلۇق چېلەكە قوناق» تېرىلىپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 721 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇغداي، كۆممە قوناقتا بىر يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش خىزمىتى بويىچە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى.

پاختا: 1986 - يىلى، ناھىيە بويىچە تېرىلغان 68 مىڭ مو كېۋەز ئىچىدە، 48 مىڭ موغا چوڭ غوزىلىق كېۋەز، 20 مىڭ مو يەرگە «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش 1 - نومۇرلۇق» كېۋەز تېرىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 50 مىڭ دەنگە يەتكۈزۈلدى. 52 مىڭ مو يەرگە يالتىراق يېپىلىپ كېۋەز تېرىلدى. بۇ، ئومۇمىي كېۋەز كۆلىمىنىڭ 76.5% پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىرلىك مەھسۇلاتى 130 جىڭ، ھەر بىر مو يەرنىڭ كىرىمى 227.50 يۈەن بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. سۆگەت يېزىسى ۋە ماگشىن يېزىسىدا ياپسالار بويىچە يۇقىرى مەھسۇلات يارىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر بىر يېزىدا 300 مودىن كېۋەز تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 220.1 جىڭغا ۋە 209 جىڭغا يەتكۈزۈلۈپ ھەر ئىككىلىسىدە ۋىلايەتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئوچار يېزىسىدىكى 15 كەنتنىڭ 1000 مولۇق كېۋىزىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 212.7 جىڭغا يېتىپ، ۋىلايەتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

باغۋەنچىلىك: «سەمەت ئۆرۈك» تاۋار بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى. ھەممە باش-

قاسورت ۋە شىيا ئىمۇلار ئالغا سۈرۈلدى. ئەگەر يېزىمىزدا ئۈلگە كۆرسەتكەن باغلىرىدىن 3068 مو ئەمەليي قىلىنىپ، 39 مىڭ 884 تۈپ كۆچەت تىكىلدى. كۆچەتنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 90.8 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19.6% ئاشۇرۇلدى؛ 128 مىڭ تۈپ كۆچەت ئۆلىنىپ، 110 مىڭ تۈپى تولۇق تۇتتى. كۆچەتنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 85.7 پىرسەنتكە يەتتى. 112 مو يەر مول ھوسۇللۇق ئۈرۈكلۈك قىلىنىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 2870 جىڭغا، ھەر مو يەردىكى ئۈرۈك كىرىمى 223 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 615 جىڭ ئاشۇرۇلۇپ، ئوبدان مېۋە بېرىش نىسبىتى 95 پىرسەنتتىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە ئۆلانغان كۆچەت 425 مىڭ تۈپ، تۇتۇش نىسبىتى 89% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 300 مىڭ تۈپ ئاشۇرۇلدى. يۇقىرىدىكى ئىككى تۈر ۋىلايەتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا نائىل بولدى. ناھىيە بويىچە ئەمەليي قىلىنغان باغ 11 مىڭ مو، تۇتۇش نىسبىتى 88%؛ يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەت 250 مو، ھەر مودا ساقلانغان كۆچەت 3700 تۈپ بولۇپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 600 تۈپ ئېشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يىلە ـ ئۈجمىچىلىك: 1986 ـ يىلى ئەلا سۈپەتلىك بولۇش يولغا قويۇلۇپ، «شەنشى 2 ـ نومۇرلۇق» يىلىدىن 1000 قۇتا بېقىلىپ، غوزا كىرىمى 35 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 38.3% ئاشۇرۇلدى. 650 مىڭ تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىلىپ، 60 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت ئۆلاندى. يىلە غوزىلىرىنى قاقلاپ مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ تەمىنلەش سېتىشنى بىر گەۋدە قىلىنىپ، روشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم قازىنىلغانچقا، ۋىلايەتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش: ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىنىپ زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىنى تۈگىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغان يەر كۆلىمى 50 مىڭ مودىن ئاشتى. دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن «11874» ئىشلىتىلىپ، 2000 مو يەردە بۇغدايلاردىكى قارامۇق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش داۋالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 10 مىڭ 517.22 يۈەن كىرىم ئاشۇرۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى. كۆممە قوناقتىكى قۇرۇتنى يوقىتىش خىزمىتى 19 مىڭ مو يەردە قانات يايدۇرۇلۇپ، قۇرۇت يوقىتىش نىسبىتى 98 پىرسەنتتىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلدى. بىرلىك مەھسۇلاتى 12% ئاشۇرۇلدى. مېۋىلىك دەرەخلەردىكى زىيانداش قۇرۇتلارنى يوقىتىش كۆلىمى 1520 مو بولۇپ، قۇرۇتلار زىيانداشلىقى 5% ئىچىدە كونترول قىلىندى. ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى.

تۈپراق، ئوغۇت: يەرنى بېقىپ، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، ھەم يەر تېرىش ھەم يەر بېقىش يولغا قويۇلدى. 1986 ـ يىلى، ئەسلىدىكى كۆلەمنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، يېشىل ئوغۇت ۋە بېدە كۆلىمىدىن 46 مىڭ 24 مو يەر يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن، ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىگە 1.5 مودىن توغرا كېلىپ، ۋىلايەتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى. خىمىيىۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مىكرو ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى. 1986 ـ يىلى 10 مىڭ 330 مو يەردە مىكرو ئوغۇت ئىشلىتىلىپ، 12.4% مەھسۇلات ئاشۇ-

# ئورمانچىلىق

**[بەش ناھىيە، بىر شەھەر ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇپ بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى]** 1986 - يىلى يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، يېڭىشەھەر ۋە قەشقەردىن ئىبارەت بەش ناھىيە، بىر شەھەر ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇپ بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق كۆكەرتىش كومىتېتى ۋە ئورمانچىلىق نازارىتى تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئېتىز - ئېرىقلارنى كۆكەرتىش خىزمىتىدە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالغانلىقىنى ماختىدى؛ ۋىلايەت 1987 - يىلى ئەتىيازدا چاقىرىلغان ئورمانچىلىق ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا، بۇ بەش ناھىيە، بىر شەھەرگە لەۋھە ۋە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

قەشقەر ۋىلايىتىدە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئاز، دەل - دەرەخ ئاز، ھاۋاسى قۇرغاق، بوران كۆپ، شورلىشىش ئەھۋالى ئېغىر. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش، يېزا ئىگىلىكىدە مۇقىم ۋە يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشقا ياخشى شارائىت يارىتىش ئۈچۈن، 1984-يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ چىقتى. بەش

رۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى.

يېزىلاردىكى قۇۋۋەت مەنبەسى: 1986-يىلى، ناھىيە بويىچە 30 مىڭ 272 ئائىلىنىڭ ئوتۇن تېجەش ئوچىقى سېلىش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. بۇ — دېھقانلار ئائىلىسى ئومۇمىي سانىنىڭ 86.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلگىنى 9082 ئائىلە بولۇپ، لاياقەتلىك ئومۇمىي نىسبىتىنىڭ 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ناھىيە بويىچە 270 مىليون جىڭ ئوتۇن ئىقتىسات قىلىندى. ئىككى نەپەر كەسپىي تېخنىكا كادىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردىكى قۇۋۋەت مەنبەسى خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخسلەر ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يەر باشقۇرۇش: ناھىيە بويىچە يەر باشقۇرۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن توغرا يولغا سېلىندى. 34 مىڭ 500 پارچە «يەر ئىشلىتىش گۇۋاھنامىسى» دېھقانلارغا تارقىتىپ، دېھقانلارنىڭ يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى قانۇنىي جەھەتتىن قوغداشقا مۇيەسسەر بولدى. ناھىيە بويىچە غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا ئىگىلىنىپ كەتكەن يەرلەرنى ئېنىقلاش ۋە ئۆي سالىدىغانلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئورگىنى قۇرۇلۇپ، قانۇن بويىچە يەر باشقۇرۇش خىزمىتى ئۈچۈن ئاساس سېلىنىپ، ۋىلايەتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتى قولغا كەلتۈرۈلدى.

(ۋاڭ خۇيمىن).

ناھىيە، بىر شەھەر ۋىلايەتنىڭ پىلانىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى قوزغاپ جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇپ بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ۋىلايەت تەشكىللىگەن ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى بۇ ناھىيە - شەھەرلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ بەش ناھىيە، بىر شەھەردىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 3 مىليون 536 مىڭ 345 مو، سۇنئىي ئورمان كۆلىمى 1 مىليون 47 مىڭ 776 مو. بۇنىڭ ئىچىدە: ئېتىز - ئېرىق مۇھاپىزەت ئورمانلىقى 379 مىڭ 710 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 10.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. پىلانلانغان سالا ئېتىزلار 21 مىڭ 282 پارچە (3 مىليون 378 مىڭ 745 مو) بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 95.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە: ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلغان سالا ئېتىزلار 20 مىڭ 581 پارچە بولۇپ، پىلانلانغان سالا ئېتىزلارنىڭ 96.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئورمان بەلباغلىرى كۆلىمى سالا ئېتىزلار كۆلىمىنىڭ 16.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئورمان بەلباغلىرىنىڭ ساقلىنىش نىسبىتى 87.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئورمان تورلىرىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدىكى تېرىلغۇ يەر 3 مىليون 349 مىڭ 497 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 99.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى سان - سىفىرلارغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق، بۇ بەش ناھىيە، بىر شەھەر ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇپ بولۇش، ئۆستەڭ يوللارنى بوۋاك-باراقسانلاشتۇرۇپ بولۇش، ئۆينىڭ ئالدى-كەينىنى باغ - ئورمانلاشتۇرۇپ بولۇشتىن ئىبارەت «ئۈچلەشتۈرۈش» تەلىپىگە ئاساسىي جەھەتتىن يېتىپ، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلات ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، دەپ قارالدى. بەش ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ھەمكارلىق ئىگىلىكى جەھەتتىكى ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 1978 - يىلى 48.88 يۈەندىن 98.83 يۈەنگىچە ئۆستى. 1986 - يىلى 220 يۈەندىن 508 يۈەنگىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بەش ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ئەككى يىل ئىچىدە ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇپ بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي تەجرىبىلىرى مۇنداق بولدى:

① ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشقا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ۋىلايەتنىڭ ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش پىلانىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا چوڭقۇر سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى قاتلامۇ - قاتلام تۇرغۇزۇپ، ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تەشكىللىك ۋە رەھبەرلىكى بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلدى.

② ناھىيە (شەھەر)، يېزا، كەنتلەردە ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش مەسئۇلىيەتنامىسى قاتلامۇ - قاتلام ئىمزالىنىپ، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئۆلچىمى بېكىتىلىپ، كونكرېت ۋەزىپىلەر ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

③ كۆچەت يېتىشتۈرۈش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. بەش ناھىيە - بىر شەھەر ناھى-

يە، يېزا - كەنت، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىيلەر بىردەك كۆچەت يېتىشتۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، كۆچەت يېتىشتۈرۈش يېرى 47 مىڭ 232 موغا يېتىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 1.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوبدان شارائىت يارىتىلغان.

④ پارتىيىنىڭ «كىم ئەھيا قىلسا شۇنىڭ بولۇش»، «كىم ھۆددىگە ئالسا يەر بولسا، شۇ ئورمان ئەھيا قىلىشقا مەسئۇل بولۇش» دېگەن سىياسىتى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئورمان ئىگىدارچىلىق گۇۋاھنامىسى ئۆز ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىلىپ، ئاممىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاكتىپچانلىقى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلدى.

⑤ شۇ يەرگە ماس كېلىدىغان دەرەخنى قويۇش، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئورمان ئەھيا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئورمانلارنىڭ تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

⑥ «ئۈچ ئۆلۈش ئەھيا قىلىش، يەتتە ئۆلۈش پەرۋىش قىلىش» دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئورمان ئەھيا قىلىش، بىر تەرەپتىن سۇ قويۇش، ئوتقاندىن كېيىن قارايدىغان مەخسۇس ئادەم بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى.

(ۋاڭ جياروي).

**[قەشقەر ۋىلايىتىدە كوللېكتىپنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى ئائىلىلەرگە سېتىپ بېرىش ۋە باھالاپ ھۆددىگە بېرىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى]** پارتىيىنىڭ ئورمانچىلىق سىياسىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ئورمان ئەھيا قىلىش - ئورمان ئاسراش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «1986 - يىللىق يېزا خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋىلايەت بويىچە مەكىت ناھىيىسىدىن باشقا جايلاردا، كوللېكتىپنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى باھالاپ ئائىلىلەرگە بېرىش ۋە باھالاپ ھۆددىگە بېرىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. ھازىر قەشقەر شەھىرى ۋە يەكەن، قاغىلىق، تاشقورغان ئۈچ ناھىيىدە بۇ خىزمەت پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى. يېڭىسار، پەيزاۋات، يوپۇرغا، مارالبېشى، پوسكام، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر قاتارلىق يەتتە ناھىيىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. ئون ناھىيە - شەھەرنىڭ دەسلەپكى ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە بېرىلگەن كوللېكتىپنىڭ دەل - دەرەخلىرى جەمئىي 53 مىليون 372 مىڭ تۈپكە، باھاغا سۇندۇرۇلغان پۇل 86 مىليون 887 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. چوڭ - كىچىك دەرەخلەرنىڭ بىر تۈپى 1.62 يۈەندىن توغرا كەلگەن.

1. ئاساسىي ئۇسۇللار:

كوللېكتىپنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى باھالاپ ئائىلىلەرگە بېرىش ۋە باھالاپ ھۆددىگە بېرىش — سىياسەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بىر خىزمەت، ھەر قايسى جايلار ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئالدى بىلەن سىناق قىلدى، ئاندىن كېيىن، مۇددەت - تۈركۈمگە بۆلۈپ قانات يايدۇردى. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ھەر قايسى جايلار «دەل - دەرەخلەر يەرگە ئەگىشىش»، «پىلانلاش، ئورمان ئەھيا قىلىش، سۇغۇرۇش، يېڭىلاش، كېسىش، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش»، «باھا بېكىتىشتە دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش باھا-

سىدىن تۆۋەن بولۇش»، «كېيىنىشتە قالغان بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش» پرىنسىپلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك ئورمانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى كەۋدىلەندۈرۈلدى.

ھەر قايسى جايلارنىڭ كوللېكتىپنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى باھالاپ ئائىلىلەرگە بېرىش ۋە باھالاپ ھۆددىگە بېرىشتىكى نىسبەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئۇسۇل قوللىنىلدى:

بىرىنچى خىلى: مۇتلەق كۆپ ساندىكى كوللېكتىپنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى كوللېكتىپقا قالدۇرۇش، باھاغا سۇندۇرۇپ دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىش، ئاشقان قىسمىنى نىسبەت بويىچە بۆلۈشۈش ياكى كەسكەندىن كېيىنكى پايدىنى نىسبەت بويىچە بۆلۈشۈش قاتارلىق ھەق بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش؛ سالا ئېتىزلار، ئورمان بەلباغلىرى ۋە ئاز ساندىكى تارقاق دەل - دەرەخلەرگە قارىتا، «دەل - دەرەخلەر يەرگە ئەگىشىپ مېڭىش» پرىنسىپى بويىچە، باھاغا سۇندۇرۇپ دېھقان ئائىلىلىرىگە سېتىپ بېرىش، ئورمان ھوقۇقى شەخسىيگە تەئەللۇق بولۇش، دەل-دەرەخ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى يىللارغا بۆلۈپ كوللېكتىپقا قايتۇرۇۋېلىش، قايتىدىن تەقسىم قىلماسلىق، ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلغان كوللېكتىپنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى كېسىپ يېگىلىغاندىن كېيىن، ئورمان ئەھيا قىلغان يىللاردا ئىشقا چىققان دېھقانلارنىڭ نومۇرى بويىچە ھېسابلاپ، ساپ پايدىنىڭ بىر قىسمىنى تەقسىم قىلىپ بېرىش.

ئىككىنچى خىلى: كوللېكتىپنىڭ دەل-دەرەخلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى (جۇملىدىن ئىقتىسادىي ئورمانلىقى، ماتېرىيال ئورمانلىقى ۋە پارچە- پۇرات ئورمانلار) باھالاپ، تېرىلغۇيەر، ئەمگەك كۈچىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچە تەڭشەپ ئائىلىلەرگە بېرىش؛ ئاز قىسمىنى (غول ، تارماق ئۆستەڭ ۋە يوللارنىڭ بويىدىكى ئورمان بەلباغلىرى، ياپسا يېقىلغۇ ئورمانلىقى، چوڭ باغلار) باھالاپ ، دېھقان ئائىلىلىرىگە ھۆددىگە بېرىش، ئاشقان قىسمىنى نىسبەت بويىچە بۆلۈشۈش.

ئۈچىنچى خىلى: باھالاپ ئائىلىلەرگە بېرىش ۋە باھالاپ ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل. خىزمەت ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان ناھىيىلەردىن قاغىلىق، يوپۇرغا، يېڭىشەھەر، تاشقورغان ناھىيىلىرى بار.

2. ئىگىلىگەن پرىنسىپلار:

(1) ئومۇمىي تەلەپ:

① كوللېكتىپنىڭ دەل - دەرەخلىرىنى باھالاپ ئائىلىلەرگە بېرىش ۋە باھالاپ ھۆددىگە بېرىش خىزمىتى ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولۇشى، دېھقانلارنىڭ ئورمان ئەھيا قىلىش ئاكتىپچانلىقىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكە ۋە ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى كېرەك.

② سالا ئېتىزلاردىكى ئورمان بەلباغلىرىنى «دەل-دەرەخلەر يەرگە ئەگىشىپ مېڭىش» پرىنسىپى بويىچە باھالاپ چېقىپ ئائىلىلەرگە بېرىش، ئورمان ھوقۇقى ئۆزىدىنىڭ بولۇش، ئۆزى باشقۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىشقا يول قويۇش لازىم. دېھقانلار «بەشنى بىر تۇتاش قىلىش»، يەنى: ئورمان ئەھيا قىلىش يىرىك پىلانىنى بىر تۇتاش تۈزۈش، ئورمان ئەھيا قىلىش ۋاقتى، دەل-دەرەخ تۈرى ۋە ئۆلچىمىنى بىر تۇتاش بېكىتىش، سۇغۇرۇشتا بىر تۇتاش بولۇش، يېگىلاش-كېسىشنى بىر تۇتاش قىلىش، زىياندىش ھا-

شارائىتلارنى يوقىتىشنى بىر تۇتاش قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئورمانلارنىڭ مۇھاپىزەت ئۈنۈمىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، «ئورمان قانۇنى» دىكى: دەل-دەرەخلەرنى كېسىشتە قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىشتىن ئىبارەت تەكشۈرۈپ-تەستىقلاش تۈزۈمىگە ئەمەل قىلىش كېرەك.

③ غول ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ ۋە يول بويلىرىدىكى مۇھاپىزەت ئورمانلىقىغا قارىتا، باھالاپ ھۆددىگە بېرىش چارىسى يولغا قويۇلمىدۇ. باھالاپ ئائىلىلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ.

④ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە كېسىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەييار دەل-دەرەخلەرنى ۋە مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش بازىسىدىكى دەل-دەرەخلەرنى باھالاپ ئائىلىلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ. باھالاپ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلمىدۇ.

⑤ چوڭ كۆلەمدىكى يېقىلغۇ ئورمانلىقى، چوڭ تىپتىكى باغلارنى ۋە ئائىلىلەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇشقا بىئەپ بولغان چاتقال ئورمانلارنى، چۆل-جەزىرىلەردىكى قايتا ئۆستۈرۈپ چىققان ئورمانلارنى كەسپىي گۇرۇپپىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ھۆددىگە بېرىشكە بولىدۇ.

⑥ يېزىلاردىكى يېزا-بازارلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، كوللېكتىپ ۋە مەكتەپ قوروسىنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى ئەسلىدە كوللېكتىپقا تەئەللۇق بولغان دەل-دەرەخلەرنى باھالاپ، شۇ ئورۇنغا ھۆددىگە بېرىشكە، ئاشقان قىممىتىنى نىسبەت بويىچە بۆلۈشۈشكە بولىدۇ. باھالاپ شۇ ئورۇنغا سېتىپ بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

(2) باھالاش ئۇسۇلى:

① دەل-دەرەخلەرنى ئېنىقلاپ باھالاشتا، دەرەخنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى (يەنى: چوڭ-كىچىكلىكى، ئوتۇن چىقىش مىقدارى، مېۋە بېرىش مىقدارى)، سۈپىتى ۋە شۇ يەردىكى شارائىتنى ئاساس قىلىش، دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىدىن تەخمىنەن 10 پىرسەنتتىن 30 پىرسەنتكىچە بىر تۇتاش تۆۋەن بېكىتىش لازىم.

② خىزمەتكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، ناھىيە بىر تۇتاش تۈزۈپ چىققان دەرەخ تۈرى، ئورمان تۈرى باھا جەدۋىلىگە ئاساسەن، خىزمەت گۇرۇپپىسى نەق مەيداندا بىرىنچى باھا بېكىتىشى، ھەمدە دەرەخنىڭ نومۇرى، دىئامېتىرى ۋە باھاسىنى دەرەخنىڭ غولىغا ئېنىق يېزىپ قويۇش كېرەك.

③ ئىلگىرى تۈزۈپ چىقىلغان دەل-دەرەخلەرنى ھۆددىگە بېرىش كېلىشىمىدە ئېنىق بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ۋە ھەقنى ئېنىقلاپ ئەمەلدە كۆرسىتىش لازىم.

④ كېيىن تەكشۈرۈشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، مەھەللە گۇرۇپپىسى، كەنت-يېزا، ناھىيەدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك ئورۇنلاردا، دەل-دەرەخلەرنى باھالاپ چىقىپ ئائىلىلەرگە بېرىش ۋە باھالاپ چىقىپ ھۆددىگە بېرىشتىكى ئارخىپلار قاتلاممۇ-قاتلام تۇرغۇزۇلىشى كېرەك.

⑤ باھالاپ چىقىپ ئائىلىلەرگە بېرىلگەن دەل-دەرەخلەرنىڭ باھا پۇلىنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە تولۇق قايتۇرۇش توغرىسىدىكى پىلانلار تۈزۈپ چىقىلىشى، يېزا-كەنت رەھبەرلىرى ئۆز ۋاقتىدا يىغىۋېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك ئورۇنلاردا دەل-دەرەخلەرنىڭ باھا پۇللىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش جەھەتتىكى تۈزۈم ۋە تەدبىرلەر بولۇش كېرەك.

(لى مىن، ھاكىم).

## [«ئورمان، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش نىزامى»نى يولغا قويۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى]

1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدە دۆلەتنىڭ «ئورمان، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش نىزامى» يولغا قويۇلغان ئۈچىنچى يىل. ۋىلايەت بويىچە ئورمان، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش خادىملىرىدىن ئىككى كىشى، قوشۇمچە كارانتىن خادىملىرىدىن 21 كىشى سەپلەندى. ئورمان، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن مارالبېشى، پوسكام، يېڭىشەھەر، قاغىلىق ناھىيىلىرىنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مۇجەمەت تارقىتىش ھەمدە سىملىق رادىئو، تەشۋىقات ماشىنىسى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ تەشۋىق ئېلىپ بېرىپ، ئورمان، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى. بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە 33 مىڭ 241.5 مو كۆلىمىدىكى كۆچەتخانىدا كارانتىن ئېلىپ بېرىلدى. 514 مىڭ تۈپ دەرەخ، 120 جىڭ ئۇرۇقى كارانتىن ئارقىلىق يۆتكەپ بېرىلدى. 7073.65 يۈەن كارانتىن ھەققى ئېلىندى. كارانتىن قىلىش كۆلىمى ئاپتونوم رايون بويىچە كارانتىن قىلىش ئومۇمىي سانىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ۋىلايەت قاغىلىق ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى، مەكىت ناھىيىلىك كۆچەتخانا ۋە مەكىت ناھىيىلىك «1-ماي» ئورمانچىلىق مەيدانىدا، مەملىكەت بويىچە ئورمان زىيانداش قۇرۇتلىرىنىڭ ئاساسىي كارانتىن ئوبيېكتى — تېرەك سۈزۈك قاناتلىق كېپىنەكنى تېپىپ، كارانتىن رايونى ۋە مۇھاپىزەت رايونلىرىنى قايتىدىن ئايرىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئىلمىي ئاساس ھازىرلاپ بەردى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئورمان، ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەچكە، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولدى.

(شى يۈك).

## [20 يىل جاپالىق كۆرەش قىلىپ، ئېتىز - ئېرىقلارنى غەلىبىلىك ھالدا ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلۇش ۋەزىپىسى غەلىبىلىك ئورۇنلاندى]

يەكەن ناھىيىسى «شىمالىي ئۈچ رايون» ئىماتە ئورمانلىقى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدىكى نۇقتىلىق ناھىيە بولۇپ، 20 نەچچە يىلدىن ئارتۇق جاپالىق كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى 1986 - يىلى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ بولدى. گوۋۇيۈەن «شىمالىي ئۈچ رايون» ئىماتە ئورمانلىقى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «شىمالىي ئۈچ رايون» ئىماتە ئورمانلىقى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بېرىلدى. ھەمدە، گۇۋاھنامە ۋە تەقدىرنامە بېرىلدى.

1964 - يىلى، يەكەن ناھىيىسى ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلىغاندىن بۇيان، ئاممىۋى خاراكتېرلىك چوڭ كۆلەملىك كۆچەت تىكىپ، ئورمان ئەھيا قىلىش ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇپ كەلدى. ناھىيە بويىچە 1 مىليون 300 مىڭ مو تېرىلغۇ يەردىن 1 مىليون 260 مىڭ

مو يەر ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلۇپ، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 96.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ پىلانلانغان سالا ئېتىزلار 7822 پارچە بولۇپ، بۇنىڭدىن 7635 پارچىسى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلۇپ، سالا ئېتىزلار ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 97.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ سالا ئېتىزلاردىكى ئورمان بەلباغ كۆلىمى 144 مىڭ مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 11 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ناھىيە بويىچە يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سۈنئىي ئورمان كۆلىمى 358 مىڭ 600 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمانلىقى 178 مىڭ 400 مو، يېقىلغۇ ئورمانلىقى 138 مىڭ 400 مو، ماتېرىيال ئورمانلىقى 900 مو، ئىقتىسادىي ئورمانلىق 44 مىڭ مو، باشقا ئورمانلار 300 مو. تۆت ئەتراپقا تىكىلگەن كۆچەت 46 مىليون 980 مىڭ تۈپ. دەل - دەرەخنىڭ ئومۇمىي سانى 111 مىليون 400 مىڭ تۈپ بولۇپ، ھەر بىر كىشىگە 247 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ. ياغاچ زاپاس مىقدارى 1 مىليون 490 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ھەر بىر كىشىگە 3.3 كۇب مېتىردىن توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر يىلى 11 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ كېسىپ يېڭىلاندى، 4000 كۇب مېتىر ياغاچ سېتىۋېلىندى. يېقىلغۇ ماتېرىيال مىقدارى 100 مىليون جىڭغا يېتىپ، ھەر بىر ئائىلىگە 1000 جىڭدىن توغرا كەلدى. كۆچەتخانا 20 مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: كەسپىي ھۆددە كۆچەتخانا 64، كۆلىمى 8328 مو، ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 20.7 پىرسەنتكە يەتتى؛ بوستانلىقلارنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 6.5 پىرسەنتكە يەتتى (تۈزلەڭلىك كۆلىمى بويىچە ھېسابلىغاندا)؛ يەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 3.5 پىرسەنتكە يەتتى.

دەل - دەرەخلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېتىز - ئېرىقلار ئىھاتە ئورمانلىقىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى نەتىجىسىدە، بوران - قۇمدىن، قۇرغاقچىلىقتىن مۇداپىئە كۆرۈش، كىچىك كىلىماتنى ئۆزگەرتىپ، تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بوران-قۇمنىڭ ئالدى تەرىپىگە جايلاشقان خاڭدى يېزىسى ئىھاتە ئورمانلىقى بەلبېغى ئەھيا قىلىنىشنى ئەمدىلا باشلىغان 1966 - يىلى 5 - ئاي بىلەن ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان 1978 - يىلى 5 - ئاينى سېلىشتۇرغاندا، گەرچە 10 بالدىن يۇقىرى بورانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىيان كۆپ بولمىدى. ئالدىنقى قېتىمدا زىيانغا ئۇچرىغان كېۋەز 12 مىڭ 440 مو، زىيان 1 مىليون 439 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، كېيىنكى قېتىمدا زىيانغا ئۇچرىغان كېۋەز كۆلىمى 4786 مو، زىيان 47 مىڭ يۈەن بولدى. 1966 - يىلدىكى زىياندىن 1 مىليون 392 مىڭ يۈەن ئاز بولدى. ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە، ھاۋا كىلىماتى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. ھاۋا رايى تارماقلىرىنىڭ ئۆلچەپ كۆرۈشىگە قارىغاندا، يىلبويى سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران 1969 - يىلدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16.8 كۈن چىققان بولسا، 1970 - يىلدىن كېيىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.3 كۈن چىقىپ، 10.5 كۈن ئازايغان. قىراۋسىز مەزگىلى 1969 - يىلدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا 8.8 كۈن ئۇزارغان. يامغۇر مىقدارى

1969 ـ يىلدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا 9.3 مىللىمېتىر كۆپەيگەن. مۇتلەق نەملىك دەرىجىسى 2.5 مىللىبار كۆپەيگەن. نىسپىي نەملىك دەرىجىسى 10 پىرسەنتتىن 25 پىرسەنتكىچە كۆپەيگەن. بۇنىڭ بىلەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئاشلىق مەھسۇلاتى ناھىيە بويىچە مۇقىم ئاشقان. 1976 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە بولغان 11 يىل ئىچىدە، ئاشلىق 203 مىليون جىڭ ئاشقان. 1964 ـ يىلدىن 1986 ـ يىلغىچە بولغان 22 يىل ئىچىدە، ناھىيە بويىچە ئورمانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 223 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مەبلەغ بولغان 50 مىليون 360 مىڭ يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، قالغان ساپ پايدا مەھسۇلات قىممىتى 173 مىليون 140 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەر بىر كىشىگە 384.75 يۈەندىن توغرا كەلگەن.

يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتىكى ئاساسىي تەجرىبىلىرى مۇنداق بولغان:

(1) تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش. ئىنھاتە ئورمانلىق بەلباغلىرىنى ئەھيا قىلىش خىزمىتى داۋامىدا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىنى يىرىك يېزا ئىگىلىكى ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تۈپ تەدبىر قاتارىدا ياخشى تۇتۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات-تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر تەرەپتىكى ئاكتىپ ئامىللارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ناھىيىنى ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە ئىلغار ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى.

(2) سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلققە بايلىق يارىتىش. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، سىياسەتنى تېخىمۇ كەڭ قويۇۋېتىپ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە كوللېكتىپنىڭ بارلىق دەل ـ دەرەخلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ دېھقانلارغا سېتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1986 ـ يىلى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە كوللېكتىپنىڭ 39 مىليون 330 مىڭ تۈپ دەرىخىدىن 25 مىليون 943 مىڭ تۈپ دەرىخىنى باھاغا سۇندۇرۇپ دېھقانلارغا سېتىپ بەردى. باھاغا سۇندۇرۇلغان پۇل 44 مىليون 373 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6 مىليون 891 مىڭ يۈەن ئېلىپ قېلىندى؛ باھاغا سۇندۇرۇلۇپ كوللېكتىپقا قالدۇرۇلغان دەل ـ دەرەخ 13 مىليون 387 مىڭ تۈپ بولۇپ، قىممىتى 26 مىليون 28 مىڭ يۈەن. دېھقانلار ھەقىقىي ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئالغاندىن كېيىن، ئورمان ئەھيا قىلىش، ئورمان يېتىشتۈرۈش، ئورمان باشقۇرۇش، ئورمان ئاسراش ئاكتىپچانلىقىنى يەنىمۇ ھەرىكەتكە كەلتۈردى.

(3) ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ، تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش. كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش ــ «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز بۇرۇن بەزى يېزىلاردا بىر تەرەپتىن پىلانلاپ، بىر تەرەپتىن ئىش باشلاپ، بىر تەرەپتىن قايتىدىن ئىشلىگەنلىكتەك تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، پىلانلاش ئالدىدا بولۇش، ئىش باشلاش كەينىدە بولۇش، لايىھە بېكىتىلگەن ھامان قەت-

مىي ئۆزگەرتمەسلىكنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇردۇق. شۇڭا، پىلان ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيە بويىچە ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

(4) ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش، مۇھىم نۇقتىنى كەۋدىلەندۈرۈش. بىز، پۈتۈن ناھىيىنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا، «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشىدا ئورمان، يول، ئۆستەڭ، ئېتىز، كەنتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش، ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىش، بىردەك ئاتلىنىش لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. نۇقتىلىق ھالدا ئالدى بىلەن ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش، ئورمان، ئۆستەڭ، يوللارنى بىرلا ۋاقىتتا تۇتۇش لازىم دەپ قارىدۇق. چۈنكى، دەل-دەرەخ بولسا ئاندىن قالاقلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتكىلى، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئېتىز-ئېرىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بۇ يېتەكچى ئىدىيە ئېنىق بولغاچقا، ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇشنىڭ قەدىمى تېزلەشتى.

(5) ئورمان تۈرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، باشقىلارغا ئېتىبار بېرىش. ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا، ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش مۇھىم نۇقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باشقا ئورمان تۈرلىرىگىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك. بىز، ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، ئاساسلىق يول، ئۆستەڭلەرنىڭ بويىدىكى ئورمان بەلباغلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەردۇق؛ ئىقتىسادىي ئورمانلارنى ئەھيا قىلىشقا ۋە ھويلا-قورو ئىگىلىكىنى تۇتۇشقا؛ تېز ئۆسەر دول ھوسۇللۇق ماتېرىيال ئورمانلىقى ۋە يېقىلغۇ ئورمانلىقىنى ئەھيا قىلىشقا؛ چۇچۇكبۇيا تېرىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشقا؛ ئۆينىڭ ئالدى-كەينىگە پارچە-پۇرات كۆچەت تىكىشكە ئەھمىيەت بەردۇق. نەتىجىدە، بۇ جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق.

(6) كۆچەت يېتىشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسىنى ئوبدان سېلىش. بىز ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، كۆچەت يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشقا ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بەردۇق. باشقۇرۇش رايونى، كەنت، كەسپىي ئائىلىلەرگە كۆچەتخانا ئۈچۈن ياخشى يەر ئاجرىتىپ بېرىپ، ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ياخشى ماددىي ئاساس سالدۇق.

(7) ۋەزىپىنى ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەسئۇلىيەتنى ھۆددىگە بېرىش، يېزىلاردا ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىز «بەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش»، ئائىلىلەرگىچە ھۆددە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى، يەنى: پىلانلاشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يەر تۈزلەپ كۆچەت تىكىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، سۇغۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، پەرۋىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كېسىش-يىغىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردۇق. بۇ خىل ئۇسۇل كۆچەت يېتىشتۈرۈش، ئورمان ئەھيا قىلىشتا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

(8) نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەش. بىز، يېزا-بازار، باشقۇرۇش رايونى، كەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق يول ۋە ئۆستەڭلەرنىڭ بويلىرىغا كۆ-

چەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىش ۋەزىپىسىگە قارىتا، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرلىشىپ ئىشلەش چارىسىنى قوللاندۇق. شۇنداق قىلىپ، ھەممە كىشى ئەقىل كۆرسىتىپ، ئېتىز-ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدۇق.

(9) مۇۋاپىق يۇرۇشلەشتۈرۈپ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، بىز تار ئورمان بەلبېغى، كىچىك كاتەكچە، چوڭ قۇر ئارىلىقىدىن ئىبارەت پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ كەلدۇق. مۇنداق مۇۋاپىق يۇرۇشلەشتۈرۈش بولغاندا، مۇھاپىزەت ئۈنۈمى ياخشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ.

(10) ئۆلچەمنى ئىگىلەپ، تەلەپنى قاتتىق قويۇش. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئەھيا قىلغان ئورمانلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز يەر تۈزلەشتە پەللەمپەي ئاز بولۇش، پەللىسى كىچىك بولۇش، كاندۇكلىرى تۈز بولۇشنى تەلەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدۇق. كۆچەت تىكىش سۈپىتى جەھەتتە، «ئىككى سىزىق»، «تۆت ئوخشاش بولۇش» تا چىڭ تۇردۇق. كۆچەتنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىردىن كىچىك بولسا ۋەھالى ئوخشاش بولمىسا تىكىشكە رۇخسەت قىلماسلىقنى قاتتىق تەلەپ قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن، كۆچەتلەرنى ئارىلاپ قويۇش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

(11) پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، ئۈچ ئۆتكەلنى ئوبدان ئىگىلەش. بىز، ئەھيا قىلىنىپ بولغان ئورمان بەلباغلىرىغا بولغان پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، «ئۈچ ئۆتكەل» نى، يەنى: سۇغۇرۇش، تۇتتۇرۇش ئۆتكىلى؛ پەرۋىش قىلىش، تۈۋىنى يۇمشىتىش، ئوت-چۆپلەرنى ئوتاش، ئۇلاغلارنىڭ غاجىلىشىدىن ساقلاش، ھارام شاخلىرىنى كېسىۋېتىش ئۆتكىلى؛ كېسىش، يېڭىلاش ئۆتكىلىنى ئوبدان ئىگىلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن، دەل-دەرەخلەرنىڭ ئوبدان ئۆسۈشى كاپالەتلەندۈرۈلدى.

(12) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، قوشۇننى مۇكەممەللەشتۈرۈش. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش — ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاچقۇچى. بىز ناھىيە، يېزا - بازارلاردا بىر نەپەر رەھبىرىي يولداشنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۇتۇشىنى تەلەپ قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئورمانچىلىق تەشكىلاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ چىقتۇق. ناھىيىدە كۆكەرتىش كومىتېتى، يېزا - بازارلاردا كۆكەرتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ناھىيە - يېزىلاردىكى ئورمانچىلىق ئىدارە - پونكىتلىرى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىگە ئوبدان مەسلىھەتچى بولدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئورمانچىلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىقلارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

(ما يىڭۋۇ، جۇفاڭ).

# چارۋىچىلىق

**[چارۋىچىلىق خىزمىتى]** 1986 - يىلى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى بىر قەدەم تاشلاندى. ۋىلايەت بويىچە چارۋىنىڭ قوتاندىكى سانى 4 مىليون 238 مىڭ 900 تۇياققا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 207 مىڭ 200 تۇياق، يەنى 5.1% كۆپەيدى. بۇ - ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى بولغان 1.9 پىرسەنتتىن 2.7 ھەسسىگە باراۋەر. چارۋىنىڭ ئومۇمىي تۇياق سانى جەھەتتە، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. چارۋىنىڭ ئومۇمىي سانى بىلەن ساپ ئاشقان سانى جەھەتتە، شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. چوڭ چارۋا سانى 1 مىليون 16 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5.64% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە: كالىنىڭ تۇياق سانى 590 مىڭ تۇياققا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.12% كۆپەيدى؛ قوينىڭ تۇياق سانى 2 مىليون 708 مىڭ 400 تۇياققا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.62% كۆپەيدى؛ ئۆچكىنىڭ تۇياق سانى 499 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.64% ئازايدى.

1986 - يىلى، كۆپىيىپ قاتارغا قوشۇلغان ياش چارۋا 1 مىليون 106 مىڭ 900 تۇياق، ئومۇمىي كۆپىيىش نىسبىتى 24% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.1% كۆپەيدى. يىل ئىچىدە قوتاندىن چىقىرىلغان چارۋا 957 مىڭ 600 تۇياق، قوتاندىن چىقىش نىسبىتى 23.8% بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 0.7% كۆپەيدى؛ گۆشنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 41 مىليون 435 مىڭ 600 جىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9 مىليون 551 مىڭ 600 جىڭ ئاشتى؛ سۈتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 24 مىليون 409 مىڭ 800 جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3 مىليون 183 مىڭ جىڭ، يەنى 15% ئاشتى؛ تۇخۇمنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 12 مىليون 450 مىڭ 600 جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.94% ئاشتى. گۆش، سۈت، تۇخۇمنىڭ ھەر بىر كىشىگە توغرا كېلىشى (2 مىليون 367 مىڭ 700 نوپۇس بويىچە ھېسابلىغاندا)، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 17.5 جىڭ، 10.3 جىڭ، 5.3 جىڭدىن توغرا كېلىدۇ.

چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىللىق ئومۇمىي قىممىتى 80 مىليون 777 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا)، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10 مىليون 580 مىڭ 900 يۈەن، يەنى 15.07% ئېشىپ، يېزا - ئىگىلىكنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 8.94 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

يەم - خەشەككە ئىش قوشۇش، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش — 1986 - يىللىق چارۋىچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم

نۇقتىسى بولدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە چارۋىچىلىق تارماقلىرى زىچ ماسلىشىپ ماشىنا - سايمان ئىشلەش، سېلوس ياساش تېخنىكىسى جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، سېلىشتۇرۇپ - باھالاش ئارقىلىق، سېلوس ياساشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى. ۋىلايەت بويىچە 54 مىڭ 500 توننا سېلوس ياسىلىپ ئاپتونوم رايون چۈشۈرۈپ بەرگەن ۋەزىپە 170% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ 1986 - يىلىدىكى سېلوس ئومۇمىي سانىنىڭ 41.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىدى. شىنجاڭ بويىچە 10 مىڭ توننىلىق ناھىيىدىن بىرسى، 3000 توننىلىق ناھىيىدىن سەككىزى، 1000 توننىلىق يېزىدىن 15 ى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە: يەكەن ناھىيىسى 10 مىڭ توننا سېلوس ياساپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 10 مىڭ توننىلىق ئىككى ناھىيىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. يوپۇرغا ناھىيىسى دۆلەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان تەقدىرلەش شەرتىگە يەتتى. توققۇز ناھىيە ۋە 11 ئىلغار شەخسىي ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

چارۋىلارنىڭ نەسلى تېخىمۇ ياخشىلىنىپ، ئەمەلىي يېڭى تېخنىكىلار كېڭەيتىلدى. توڭلىتىلغان سىفىرما ئارقىلىق ئۇرۇقلاندۇرۇش ئاساس قىلىنغان كالىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى — 1986 - يىلىدىكى يەنە بىر نۇقتىلىق خىزمەت بولدى. ئاپتونوم رايون قەشقەر ۋىلايىتىگە كالىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 55 مىڭ تۇياق ۋەزىپە چۈشۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە توڭلىتىلغان سىفىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلىدىغىنى 34 مىڭ تۇياق ئىدى. ئەمەلىيەتتە 38 مىڭ تۇياق ئورۇنلىنىپ، 11.77% ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە توڭلىتىلغان سىفىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلغان كالىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 18 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئالدىنقى يىللاردىكىدىن 31.63% ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق يېزىلىق پونكىتلارغا توڭلىتىلغان سىفىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە تېخنىك خادىملار سەپلەپ بېرىلىپ، بۇ خىزمەت قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە توڭلىتىلغان سىفىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 173 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن يەتتىسى كۆپەيتىلدى. ۋىلايەتلىك سۇيۇق ئازوت پونكىتى 30 مىڭ كۇب لىتىر سۇيۇق ئازوت ئىشلەپچىقىرىپ، پىلاندىكى ۋەزىپىنىڭ 93.54 پىرسەنتىنى ئورۇنلىدى. قوينىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ۋەزىپىسى جەھەتتە 500 مىڭ تۇياق ئورۇنلاپ، بۇنىڭ ئىچىدە 5000 تۇياق قوي سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇلدى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە 73 مىڭ تۇياق كالىنىڭ نەسلى ياخشىلىنىپ، كالا ئومۇمىي سانىنىڭ 12.73 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 682 مىڭ تۇياق قوينىڭ نەسلى ياخشىلىنىپ، قوي ئومۇمىي سانىنىڭ 25.17 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

كالىلارنى توڭلىتىلغان سىفىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇپ، نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، يەكەن ناھىيىسى 2022 - سۇيۇق ئازوت پونكىتى قۇرۇپ چىقىشقا تەييارلىق كۆرمەكتە. سۇيۇق ئازوت پونكىتىنىڭ ماشىنىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى ياردەم قىلماقچى، توپا قۇرۇلۇش قىسمىنى يەكەن ناھىيىسى مەبلەغ توپلاپ ئۆزى قىلماقچى بولدى. مۆلچەردە، 1987 - يىلى پۈتۈپ

ئىشلەپچىقىرىشقا كىرگۈزۈلمەكچى. بۇ پونكىت پۈتكەندىن كېيىن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت قاتارلىق تۆت ناھىيىنىڭ سۇيۇق ئازوت توشۇش ئارىلىقى زور دەرىجىدە قىسقىرايدۇ. سۇيۇق ئازوت بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجى قامدىلىپ، توڭلىتىلغان سىفىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش قەدىمى تېزلىتىلىدۇ.

ئوتلاق مەنبەسىنى تەكشۈرۈشنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى. ئۇدا ئالتە يىللىق جاپالىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئوتلاق ئوت - چۆپ بايلىقىنى تەكشۈرۈش بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك نەتىجە دوكلاتى 1986 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى ئەۋەتكەن مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن رەسمى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، تەبىئىي ئوتلاق بايلىقىنى مۇۋاپىق ئېچىش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس يارىتىلدى. ئالتە يىل ئىچىدە، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى 35 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ، 782 نۇسخا جاي، 2364 نۇسخا يەر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوت - چۆپ ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىپ، جەمئىي 52 ئائىلە، 211 تەۋەلىك، 502 خىل ئوت - چۆپنى بېكىتىپ چىقتى. ھەمدە، 90 ئەۋرىشكىنى ئانالىز قىلىشقا ئەۋەتتى. يۇقىرىدىكى تاپشۇرۇلغان نەتىجە دوكلاتىدا ناھىيە دەرىجىلىك تەبىئىي ئوتلاق بايلىقىنىڭ تۈرى خەرىتىسى، دەرىجىسىنى باھالاش خەرىتىسى ۋە ھازىرقى ئىشلىتىش ئەھۋالى خەرىتىسى، ئوتلاق بايلىقى ستاتىستىكا جەدۋىلى ۋە ئوتلاق يەم - خەشەك بايلىقىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى قاتارلىقلار بار.

ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋىلارنى ئاسىراش خىزمىتى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. 1986 - يىلى ئەتىيازدا، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئۇدا قار يېغىپ كەتتى. 2 -، 3 - ئايلاردا، يەردىكى قارنىڭ قېلىنلىقى 70 سانتىمېتىرغا يېتىپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 40℃ قا چۈشۈپ قالدى. ناھىيىنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى قارا چوقۇر رايونىنى قار قاپلاپ كېتىپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى، چارۋىلار قامىلىپ قېلىپ، جىددىي خەۋپكە دۇچ كەلدى، پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش ئارقىلىق، چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى خەتەردىن قۇتقۇزۇۋېلىندى. لېكىن، چارۋىلار ئۇزاققىچە قامىلىپ قالغاچقا، كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي كۇئېنلۇن تاغلىق رايونلىرى ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولغاچقا، ۋىلايەت بويىچە ئورۇق - ئاجىز چارۋىلار 465 مىڭ تۇياققا يېتىپ، يىل بېشىدىكى چارۋىلار سانىنىڭ 11.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئېغىر ئاپەت ئالدىدا، ئاپتونوم رايون ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، 210 مىڭ يۈەن مەبلەغ، ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ چارۋىلارنى قوغداش ئوبوروت مەبلىغى ئۈچۈن 270 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. ناھىيە ئۆزى تەييارلىغان ۋە بانكىدىن قەرز ئالغان پۇل بىلەن 140 مىڭ جىڭدىن كۆپرەك ئوت - چۆپ، 2 مىليون 250 مىڭ جىڭ يەم - خەشەك سېتىۋېلىندى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە كادىر - چارۋىچىلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، ئاپەتنىڭ زىيىنى ئازايتىلدى. ۋىلايەت بويىچە قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە ئۆلگەن تۇلۇم 179 مىڭ تۇياق بولۇپ، يىل بېشىدىكى چارۋا سانىنىڭ 4.5 پىر-

سەلتەنىتنى ئىگىلەپ، يىللاردىن بۇيانقى سەۋىيىگە يېقىنلىشىپ قالدى.

چارۋىچىلىقتىكى مال دوختۇرلۇق، پەن-تېخنىكا قوشۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايدى. سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي سۈپىتى ئۈزلۈكسىز تۈردە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە ھازىر چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، يايلاقچىلىق قاتارلىق ئاپپاراتلاردىن 199 ى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى چارۋىچىلىق باشقارما (ئىدارە) لىرى 13، ۋىلايەتتىكى چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، يايلاقچىلىق پونكىتى 3، ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى 12، يېزا بازارلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتى 160، ناھىيىلىك يايلاقچىلىق پونكىتى 11.

چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، يايلاقچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈرلۈك تېخنىكا خادىملار 768 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: مال دوختۇرلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 632 نەپەر، چارۋىچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 108 نەپەر، يايلاقچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 28 نەپەر، ئۇلار ئارىسىدىكى مەسئۇل مال دوختۇر 20 نەپەر، مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى 17 نەپەر، ياردەمچى مەسئۇل مال دوختۇر 50 نەپەر، ياردەمچى مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى 32 نەپەر، تېخنىكلار 155 نەپەر. ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 121 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر 416 نەپەر، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 238 نەپەر. پارتىيە ئەزاسى 271 نەپەر، ئەتتىپاق ئەزاسى 377 نەپەر.

ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى ئەمە-
تايىدىل قانات يايدۇرۇلدى. چارۋىچىلىق باشقارما پارتگورۇپپىسى 1986 - يىلى 2 - ئايدا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ مىللىي سىياسەتنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا قارار» ۋە «زىيالىيلار سىياسىتىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. مەدەنىيەتلىك ئورۇن يارىتىش پىلانىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە يۇقىرىدىقى قارارنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، پۈتكۈل چارۋىچىلىق سىستېمىسىنىڭ خىزمەت ئىستىلى ۋە روھىي قىياپىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخسىلەر مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە چاقىرىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا، باشقارمىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن دەپ نام بېرىلدى. 1986 - يىلدىكى چارۋىچىلىق خىزمىتىدە، ۋىلايەت بويىچە چارۋىچىلىق سىستېمىسىدا ئالتە نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 13 نەپەر ئىلغار خىزمەتچى، تۆت نەپەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس مەيدانغا كەلدى.

مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىدىن: گوجېڭ (چارۋىچىلىق باشقارما پارتگورۇپپا شۇجىسى، مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى)؛ ئابدۇۋەلى (چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ ياردەمچى مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى)؛ جېڭ بىگرۇڭ (مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى چارۋىچىلىق،

مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى)؛ چېن ۋېنجېڭ (مال دوختۇرلۇق پونكىتى مەمۇرىي گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى)؛ جاڭ تيەندې (چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتى ماشىنا ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى)؛ تەۋەككۇل (چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ شوپۇرى) بار.

ئىلغار خىزمەتچىلەردىن: لىيىي (چارۋىچىلىق باشقارمىسى پىلان ـ مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)؛ لىگو (چارۋىچىلىق باشقارمىسى كەسپىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ياردەمچى مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى)؛ ئابلا ئابدۇكېرىم (چارۋىچىلىق باشقارمىسى ئىلمىي پەن ئوقۇتۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ياردەمچى، مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى)؛ ئابدۇۋەلى (چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ ياردەمچى مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى)؛ نىي مىڭيى (چارۋىچىلىق سودا ـ سانائەت بىرلەشمە كارخانا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى)؛ تەۋەككۇل (چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ شوپۇرى)؛ جاڭ تيەندې (چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتى ماشىنا ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى)؛ زايىر ئەركىن (چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتىنىڭ شوپۇرى)؛ لى جىڭدې (مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ شوپۇرى)؛ ئابلا ئۆمەر (مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ياردەمچى مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى)؛ يالقۇن مەمەت (مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ تېخنىك كادىرى)؛ ئابلىمىت (يايلاقچىلىق پونكىتىنىڭ تېخنىك كادىرى)؛ ۋاڭ زىجۇن (يايلاقچىلىق پونكىتىنىڭ ئىشچىسى) بار.

مەملىكەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخسلەردىن: پېي شىنمىن (چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)؛ خەلچەم (چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ياردەمچى مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى)؛ ئابلىز شېرىپ (مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ مەسئۇل مال دوختۇرى)؛ يىڭ چيۇشيەن (يايلاقچىلىق پونكىتىنىڭ كادىرى) بار.

(پېي شىنمىن، جاڭ تۇڭگۇي).

**[چارۋا ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز ئالغا باسماقتا]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى ئەلا سۈپەتلىك نەسىللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا باسماقتا. 1986 ـ يىلى، نەسلى ياخشىلانغان ھەر خىل چارۋا سانى 366 مىڭ 320 تۇياق بولۇپ، ئومۇمىي چارۋا سانىنىڭ 8.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 37% كۆپەيدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە: نەسلى ياخشىلانغان كالا 66 مىڭ 320 تۇياق بولۇپ ئومۇمىي كالا سانىنىڭ 11.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 38.2% كۆپەيدى؛ نەسلى ياخشىلانغان قوي 300 مىڭ تۇياق (بۇنىڭ ئىچىدە: چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي 190 مىڭ 500 تۇياق، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 80 مىڭ 750 تۇياق، باشقا قوي 28 مىڭ 750 تۇياق) بولۇپ، ئومۇمىي قوي سانىنىڭ 11.92 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى؛ نەسلى ياخشىلانغان ھەر خىل يەرلىك قوي 508 مىڭ 527 تۇياق بولۇپ، ئومۇمىي قوي سانىنىڭ 18.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1. كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى.

1986 ـ يىلى، كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ۋەزىپىسى 59 مىڭ 800 تۇياق ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40.7% ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ۋەزىپە

108.33%، ۋىلايەتنىڭ بېكىتكەن ۋەزىپىسى 103.1 ئورۇنلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە: توڭلىتىلغان سىغىرما بىلەن نەسلى ياخشىلانغان كالا 38 مىڭ 521 تۇياق بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى بولدى. توڭلىتىلغان سىغىرما بىلەن بوغۇز بولۇش نىسبىتى 72 پىرسەنتكە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.6% كۆپەيتىلدى. ۋىلايەت بويىچە 173 ئۇرۇقلاندۇرۇش نۇقتىسى قۇرۇلۇپ، جەمئىي 112 مىڭ 761 تۇياق كالا توڭلىتىلغان سىغىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلۇپ، 70 مىڭ 848 تۇياق كالا بوغاز بولدى. ئوتتۇرا ھېسابتىكى بوغاز بولۇش نىسبىتى 67.2 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلدى. مۆلچەردە 1987 - يىلى ۋىلايەت بويىچە نەسلى ياخشىلانغان كالىلارنىڭ قوتاندىكى سانى 90 مىڭ تۇياققا يېتىشى مۇمكىن.

كالىلارنى توڭلىتىلغان سىغىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك چارۋا ئۆي - قۇشلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتى ئارقىسەپ تەمىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. 1986 - يىلى، 37 مىڭ 813 كۇب لىتىر سۇيۇق ئازوت، 121 مىڭ 720 دانە ئېرىتىش سۈيى بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايوندىن 168 مىڭ 842 تال توڭلىتىلغان سىغىرما يۆتكەپ كېلىنىپ، 21 دانە سىغىرما ساقلاش باكى، 240 تال سىغىرما ئۇكۇلى سېتىۋېلىنىپ تەمىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسىنى 4181 كۇب لىتىر سۇيۇق ئازوت، 10 مىڭ 447 تال توڭلىتىلغان سىغىرما، 5466 دانە ئېرىتىش سۈيى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ كالىلارنى توڭلىتىلغان سىغىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش خىزمىتىگە ياردەم بەردى.

2. قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى.

1986 - يىلى، قويلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىدە، يەرلىك ئەلا نەسىللىك قويلار بىلەن سىرتتىن ئەلا نەسىللىك قويلارنى كىرگۈزۈشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ، يەرلىك ئەلا نەسىللىك قويلارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش سۈرئىتى تېزلىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى ئۇرۇقلاندۇرۇش ۋەزىپىسى 500 مىڭ تۇياق بولۇپ، تۇغۇش يېشىدىكى قويلار ئومۇمىي سانىنىڭ 34 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە: سۈنئىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇرۇقلاندۇرۇش سانى 34 مىڭ 464 تۇياق بولۇپ، نەسلىنى ياخشىلاش ۋەزىپىسىنىڭ 6.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن، بىر قىسىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي كىرگۈزۈلۈپ، قالغان بىر قىسىم يېرىم يۇڭلۇق قويىنىڭ يۇڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، يۇڭ - گۆش بېرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش پىلانلاندى. پۈتۈن شىنجاڭغا داڭقى كەتكەن مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى 55 مىڭ تۇياققا يەتكۈزۈلدى. نەسىل يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلماقتا. ئاممىۋى خاراكتېرلىك نەسىل كىرگۈزۈش، نەسىل ياخشىلاش خىزمىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا.

دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىقى — قەشقەر ۋىلايىتى چارۋىچىلىقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىقتا تارقاق باشقۇرۇش بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار كۆپ بولغاچقا، سۈرئەت ئاستا بولۇپ كەلدى. يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى قوي نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، چوقۇم

قويلارنى توڭلىتىلغان سىغىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش يېڭى تېخنىكىسىنى تېز ئومۇملاشتۇرۇپ، قوينىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش زۆرۈر.

3. ئۆي قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

1986 - يىلى، كاتەكتىكى ئۆي قۇشلىرى سانى 1 مىليون 785 مىڭ 495 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: توخۇ 1 مىليون 777 مىڭ 395، غاز 823، ئەلا نەسىللىك چۈجە 1 مىليون 332 مىڭ 299. ۋىلايەت ئالدىنقى يىلى توخۇم، گۆش توخۇلىرىنىڭ ئەلا نەسىللىرىنى كىرگۈزۈش ئاساسىدا، رومىيان نەسىللىك خورىزى ۋە مېكىيان چۈجىلىرىدىن 1000 دانە، تاۋار نەسىللىك توخۇمدىن 6000 دانە، خوراز - مېكىيان ئەۋلادلىق توخۇمدىن 3600 دانە كىرگۈزدى. يىل ئاخىرىدىكى نەسىللىك توخۇ سانى 3000 بولۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ گۆش توخۇ چۈجىلىرىنى بېقىش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاندى.

4. باشقا چارۋا نەسىللىرىنى كىرگۈزۈش ۋە ياخشىلاش.

① قارا كۆشلۈك چوشقىلار كىرگۈزۈلۈپ كېڭەيتىلدى. 1985 - يىلى، قەشقەرگە 51 تۇياق دۇرۇك قارا كۆشلۈك چوشقىسى تۇنجى قېتىم كىرگۈزۈلۈپ، ئوبدان ئۈنۈم قازىنىلىپ، باشقا جايلارغا نەسىللىك چوشقىدىن 300 تۇياق يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 1986 - يىلى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى 10 تۇياق دانىيە ئاق چوشقىسى ۋە 13 تۇياق رۇكشا چوشقىسى (قارا كۆشلۈك) كىرگۈزۈلدى. يېڭى ئەلا نەسىللىك چوشقىلارنىڭ كىرگۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، ئەلا سۈپەتلىك قارا كۆشلۈك چوشقىلارنى يېتىشتۈرۈش — يېقىنقى مەزگىلدە دەسلەپكى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرىدىغاندەك تۇرىدۇ.

② يەرلىك ئەلا نەسىللىك ئېشەكلەر كۆپەيمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەشقەرنىڭ ئېشەكلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردە بازار تاپقاچقا، ئېشەك بېقىش كەسپىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. 1986- يىلى ئېشەك سانى 374 مىڭ 300 تۇياق بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2% كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئېشەكنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى. يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم يېزا - بازارلىرىدا گۇەنجۇڭ نەسىللىك ئېشەكى قايتىدىن پەيدا بولدى. نەسلى ياخشىلانغان ئېشەكنىڭ سانى بىراقلا 4000 تۇياققا يەتتى. مۆلچەرلىنىشىچە، 1987- يىلى 6000 تۇياققا يەتكۈزۈلۈشى، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئېشەك سانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەش مۇمكىن.

(جاۋ دېيۈي).

**[ئالا ئىنەكنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە ھازىر بېقىلىۋاتقان ئالا ئىنەكلەر ئازادلىقتىن كېيىن گوللاندىيەدىن كىرگۈزۈلگەن ئالا ئىنەكلەرنىڭ پۇشتى بولۇپ، سۈت ئىشلەپچىقىرىشتىكى سۈپەتلىك نەسىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇزاق مۇددەت تاللاپ بېقىش نەتىجىسىدە، ھازىر ھەممە ناھىيە (شەھەر) لەرگە تارقالدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىلىرى، كوللېكتىپ ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يەككە ئائىلىلەرنىڭ بېقىشى ئاساس قىلىنىۋاتىدۇ. 1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە 10 مىڭ 371 تۇياققا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ساپ نەسىلدىن

535 تۇياق، ياخشىلانغان نەسىلدىن 9836 تۇياق بار. يىللىق سۈت مەھسۇلاتى 8 مىليون 381 مىڭ 200 كىلوگرام بولۇپ، بازارنى 5 مىليون 866 مىڭ 900 كىلوگرام سۈت بىلەن تەمىنلىدى. تاۋار نىسبىتى 70 پىرسەنتكە، سۈت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى ۋە قەشقەر شەھەرلىك ئىنەك فېرمىسى قەشقەر شەھرىنى 700 مىڭ كىلوگرام سۈت بىلەن تەمىنلىدى. تاۋار نىسبىتى 94 پىرسەنتكە يېتىپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە سۈت بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سۈت مەھسۇلات قىممىتى 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر قايسى جايلار ئىنەكلەرنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن بېقىشقا ئەھمىيەت بەردى. شارائىتى بار جايلاردا، ئىنەك پادىلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش، سۈت خاتىرىسى قالدۇرۇش، ناچارلىرىنى شاللىۋېتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئالا ئىنەكلەرنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى ۋە قەشقەر شەھەرلىك ئىنەك فېرمىسىدىكى ئىنەكلەرنىڭ كۈنلۈك ئوتتۇرىچە سۈت مىقدارى بۇرۇنقى 13 كىلوگرامدىن 17 كىلوگرامغا كۆپەيدى. مۆلچەرگە قارىغاندا ئەڭ كۆپ بولغاندا ھەر كۈنى 40 كىلوگرام سۈت بېرىشى مۇمكىن.

ئالا ئىنەكلەرنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، سۈت مەھسۇلاتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب: رەھبەرلىك كۈچەيتىلگەن، سىياسەت كەڭ قويۇۋېتىلگەن، ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈلگەن ھالدا، خىلمۇ - خىل ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك تۈزۈملىرى يولغا قويۇلغان؛ سۈتنىڭ باھاسى مۇۋاپىق، بازارلار كەڭ بولغان. شۇڭا، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىنەك بېقىش ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلغان، كالىلارنى توڭلىتىلغان سىڭىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ دېھقان، چارۋىچىلار ئىنەكلەرنى ئۇرۇقلاندۇرالماسلىقتىن غەم قىلمايدىغان بولدى. بەلكى، بۇنداق نەسىللەندۈرۈلگەن موزايلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يەرلىك كالىلاردىن كۆپ ياخشى بولغان. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى روشەن بولغان. بۇ نامراتلىقتىن تېز قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى مۇھىم يول. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، سېلوس بېسىش، ئارىلاشما يەم - خەشەك تەييارلاش خىزمىتى ئوبدان ئىشلىنىپ، ئىنەكلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە سۈت مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ماددىي شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، سېلوس بېسىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ھەر بىر تۇياق سېيىرغا تۆت توننىدىن سېلوس توغرا كەلتۈردى. سۈت مەھسۇلاتى 15 پىرسەنتتىن 20 پىرسەنتكىچە كۆپەيدى. ئىنەكلەرنى توڭلىتىلغان سىڭىرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش نىسبىتى 94 پىرسەنتكە يەتتى.

خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۈنسايىن ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، سۈتكە بولغان ئېھتىياجمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بازارلارنى تېخىمۇ كۆپ سۈت بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ۋىلايەت نەسىللىك چارۋا فېرمىسى ۋە قەشقەر شەھەرلىك ئىنەك فېرمىسىنى قەشقەرنىڭ بۇندىن كېيىن ئىنەكلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بازىسى قىلىشنى، ئالا ئىنەكلەرنى كۆپەيتىشنى تېزلىتىپ، ھەر

قايسى ناھىيىلەرنى ئېنەك بىلەن تەمىنلەپ شەھەر - يېزا خەلقىنىڭ سۈتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى قارار قىلدى.

(چېن دېڭتيەن).

**[قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىلوس ياساش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى]** قەشقەر تېز دېھقانچىلىق كەسپىي ئاساس قىلىنغان ۋىلايەت بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىقى 87 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يەم - خەشەكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھەر يىلى 1 مىليون توننىغا يېقىن كۆممە قوناق شېخى ئاساسىي خام ئەشيا قىلىنغان سىلوس تەييارلىغىلى بولىدۇ. بۇ چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسىي. چارۋىچىلىقنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتتە چاقىرىلغان چارۋىچىلىق يىغىنى سىلوس ئىشلەشنى دېھقانچىلىق رايونلىرى چارۋىچىلىق جەھەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ بىر بۆسۈش ئېغىزى قىلىشنى ۋە 1986 - يىلى 40 مىڭ توننا سىلوس تەييارلاشنى قارار قىلغانىدى.

ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ يۈكسەك تۈردە ئەھمىيەت بېرىشى، تەشۋىقى - تەربىيە خىزمىتى ۋە سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، چارۋىچىلىق - يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشى، سىلوس تېخنىكا يېتەكچىلىك - مۇلازىمەت خىزمىتى ئوبدان ئىشلىگەنلىكى نەتىجىسىدە، ۋىلايەت بويىچە 54 مىڭ 391 توننا سىلوس تەييارلىنىپ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت چۈشۈرگەن ۋەزىپە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 170% ۋە 81.5% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. بۇ - ئاپتونوم رايون بويىچە 1986 - يىللىق سىلوس سانىنىڭ 41.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى قاتاردا تۇرىدۇ.

بىر يىلدىن بويان، ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل ئۆلچەمدىكى سىلوس ئورىلىرىدىن 23 مىڭ 94ى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پىششىق خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق سىلوس ئورىلىرى 1097 دانە. سىلوس تەييارلايدىغان يالتىراق خالتا 2410 دانە، سېتىۋېلىنغان يالتىراق پەردە 60 مىڭ كىلوگرام، سېتىۋېلىنغان ھەر خىل تىپتىكى ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىلىرى 200 دانە. يېڭىسار ناھىيىسىدە چىمدالىق ئورىلار ئەڭ كۆپ، سۈپىتىمۇ ئەڭ ياخشى بولدى. يەكەن ناھىيىسىدە 10 مىڭ 161 توننا سىلوس تەييارلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 10 مىڭ توننىلىق ئىككى ناھىيىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يوپۇرغا، پەيزاۋات، مارالبېشى، مەكىت، قاغىلىق، يېڭىسار، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر قاتارلىق سەككىز ناھىيىمۇ 3000 توننىدىن كۆپرەك سىلوس تەييارلاپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ تەقدىرلىنىشىگە سازاۋەر بولدى ھەممە ھەر بىر ناھىيە بىردىن لەۋھەگە نائىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 11 نەپەر يولداش ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇكاپاتىغا مۇشەررەپ بولدى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە 1987 - يىلى 6 - يانۋار ۋىلايەتتە چاقىرىلغان سىلوس ئىشلەپچىقىرىش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا، يۇقۇرىدىكى توققۇز ناھىيىگە مۇكاپات بەردى.

14 يېزا ۋە ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسىغا «1000 تونىلىق سېلوس مۇكاپاتى» بەردى ھەمدە 10 مىڭ تونىدا سېلوس تەييارلىغان يەكەن ناھىيىسىگە، ۋەزىپىسىنى 200% ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان يوپۇرغا ۋە پەيزاۋات ناھىيىلىرىگە «نەتىجىسى ئەلا» دېگەن لەۋھەنى بەردى. يېڭىسار ناھىيىسىگە «سۈپىتى ئەلا» دېگەن لەۋھەنى بەردى.

(پېيشىنمىن، لىگو).

## [ئوتلاق بايلىقى تەكشۈرۈلدى]

ئوتلاق بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى — يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇشنىڭ تەركىبىي قىسمى، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاساسلىق خىزمەت. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوتلاق، يەم-خەشەك مەنبەسىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق باشقارمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، 1981-يىلدىن باشلاپ كەسپىي كادىرلارنى ئاجرىتىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، تېخنىكا تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش، سىناق قىلىش ئارقىلىق، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ۋىلايەتتىكى 12 ناھىيە، شەھەردىكى تەبىئىي ئوتلاق بايلىقى ۋە يەم-خەشەك بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 1986-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەكشۈرۈش ۋە ماتېرىياللارنى رەتلەش خىزمەت ۋەزىپىسى پۈتۈنلەي ئورۇنلاندى.

ناھىيە دەرىجىلىك ئوتلاق، يەم-خەشەك بايلىقىنى تەكشۈرۈش — تەخ مەيداننى تەكشۈرۈش ۋە ماتېرىياللارنى رەتلەشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. تەخ مەيداننى تەكشۈرۈش جەريانىدا، ئوتلاقلارنىڭ مەنزىرىسى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، تۇپراقنىڭ خاراكتېرى، يەر قىياپىتىنىڭ تۈرى، دېڭىز يۈزى ئېگىزلىكى، جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئادەم، ئۇلاغلارنىڭ سۇ ئىچىش ئەھۋالى ۋە ئىشلىتىلىش ئەھۋالى، ئۆلچەپ چىقىلغان ئوت-چۆپلەرنىڭ ئەھۋالى ھەمدە جانلىقلارنىڭ مەھسۇلاتى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشكىسىنى توپلاش قاتارلىقلار تەپسىلىي خاتىرىلەندى. «شىنجاڭدىكى ئوتلاقلارنى تۈرگە ئايرىش پىرىنسىپلىرى ۋە سىستېمىسى» (لايىھە) بويىچە، ئوت-چۆپلەر تۈرگە ئايرىلىپ چىقىلدى. دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى يەم-خەشەك مەنبەسىگە قارىتا، ئادەتتىكى تەكشۈرۈش بىلەن تىپىك تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ يەم-خەشەك بايلىقى نۇقتىلىق ھالدا تەكشۈرۈلدى. ئاساسەن، ئاشلىق زىرائەتلىرى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى نۇسخا تاللاپ ئۆلچەپ كۆرۈلدى. ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرەخ يېشىغا ئاساسەن دەرىجىگە ئايرىلدى (بەش يىللىق دەرەخ بىر دەرىجە ھېسابلاندى). كېسىلگەندىن كېيىن، يەم-خەشەك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىسمىنىڭ مەھسۇلاتى ئۆلچەپ چىقىلدى. سانائەت، قوشۇمچە يەم-خەشەك مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ چىقىش بىلەن بىرگە ئاساسلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلار ۋە ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە تەھلىل قىلىنىدىغان ئەۋرىشكە ئېلىندى. ئىچكى قىسمىدىكى خىزمەتتە، ئاساسەن، سىرتتا تەكشۈرۈش ئاساسىدا ماتېرىيال ۋە جەدۋەللەر رەتلەپ چىقىلدى. بۇ، تەبىئىي يايلاقلارنى تۈرگە ئايرىش، سىستېمىلاشتۇرۇش، خەرىتە

سېرىش، ھەجىمىنى ھېسابلاپ چىقىش، ئوت-چۆپ مىقدارىنى ھېسابلاپ چىقىش، ئوتلاقلارنى دەرىجىگە ئايرىش، ئوت-چۆپلەرنىڭ ئەۋرىشكىسىنى رەتلەش ھەمدە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىش، ئورۇقى بىلەن غوللىنى سېلىشتۇرۇش، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ يەم-خەشەك مەھسۇلات مىقدارىنى ھېسابلاپ چىقىش، ھەر خىل سان-سىفىرلارنى يىغىنچاقلاپ جەدۋەل-خەرىتىلەرنى سىزىپ چىقىش، تەكشۈرۈش دوكلاتىغا نومۇر سېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يېقىنقى ئالتە يىللىق تەكشۈرۈش خىزمىتىدە، ئوتلاق تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى يولداشلار جاپادىن قورقماي، غەربىي كۆئېنلون تېغى ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىكى داۋانلاردىن ئېشىپ، چۆل-جەزىرىلەرنى ئارىلاپ، 35 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 31 مىليون 757 مىڭ مو تەبىئىي ئوتلاقنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ئىسىم قويغان يەردىن 932 نى، ئۆلچەپ چىققان نۇسخىلاردىن 2645 نى، ئەۋرىشكىدىن 6524 نى يىغىپ چىقتى. ئۆسۈملۈكلەر ئەۋرىشكىسىدىن 1684 - نومۇرلۇق 9884 نۇسخا توپلاپ تەييارلاپ، ئوت-چۆپلەرنىڭ مىنېراللىق ماددىسى ئەۋرىشكىسىدىن 90 نى، دېھقانچىلىق-ئورمانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى يەم-خەشەكلىرىنىڭ تەھلىل ئەۋرىشكىسىدىن 56 نى خاتىرىلەپ چىقتى. ناھىيە دەرىجىلىك 1:100000 ماسشتابلىق ئوتلاق تۈرلىرى خەرىتىسى، ئوتلاقلارنىڭ ھازىرقى ئىشلىتىلىش ئەھۋالى، ئوتلاقلارنىڭ دەرىجىسىنى باھالاش خەرىتىسىدىن 36 نى تەييارلاپ چىقتى. ئوتلاق ۋە ئوت-چۆپ ماتېرىياللىرى رەسىملىرىدىن 800 نەچچە پارچە تەييارلاندى. ناھىيە دەرىجىلىك ئوتلاق يەم-خەشەك بايلىقىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن 11 نى يېزىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىسمى ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ يەم-خەشەك بايلىقىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن 130 مىڭ خەتلىك قىلىپ يېزىپ چىقتى. ئاپتونوم رايون مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش كۆرۈپچىسىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق، ناھىيە دەرىجىلىك نەتىجە ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى لاياقەتلىك بولۇپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزنىڭ تەبىئىي ئوتلاقلىرى ۋە دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى يەم-خەشەك بايلىقىنىڭ تۈرى، تارقىلىشى، سانى، ئىشلىتىلىش ئەھۋالى، چارۋا سىغىمچانلىقى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى، ئاساسلىق ئوت-چۆپلەرنىڭ مىنېراللىق قىممىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ چىقىلىپ، تەبىئىي ئوتلاقلارنى ۋە يەم-خەشەك مەنبەئەسىنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس يارىتىپ بېرىلدى (قوشۇمچە جەدۋەلگە قارالسۇن).

## [1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چارۋىچىلىققا سالغان مەبلىغى]

چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 1986 - يىلى ۋىلايەتنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا سالغان مەبلىغى 3 مىليون 249 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

### قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئوتلاق كۆلىمى

| ئورۇنلار | ئوتلاق ئومۇمىي كۆلىمى | پايدىلىنىشقا بولىدىغان كۆلىمى |
|---|---|---|
| جەمئىي | 31 مىليون 757 مىڭ 100 مو | 29 مىليون 557 مىڭ 900 مو |
| قەشقەر شەھىرى | 2700 مو | 1900 مو |
| كونىشەھەر | 402 مىڭ 100 مو | 383 مىڭ مو |
| يېڭىشەھەر | 1 مىليون 309 مىڭ مو | 1 مىليون 102 مىڭ 300 مو |
| يېڭىسار | 537 مىڭ 100 مو | 399 مىڭ 700 مو |
| يەكەن | 3 مىليون 55 مىڭ 800 مو | 2 مىليون 403 مىڭ 400 مو |
| قاغىلىق | 8 مىليون 710 مىڭ 600 مو | 8 مىليون 420 مىڭ 800 مو |
| مەكىت | 2 مىليون 265 مىڭ 100 مو | 2 مىليون 190 مىڭ 600 مو |
| مارالبېشى | 6 مىليون 100 مىڭ 700 مو | 5 مىليون 852 مىڭ 300 مو |
| يوپۇرغا | 1 مىليون 659 مىڭ 400 مو | 1 مىليون 324 مىڭ 600 مو |
| پەيزاۋات | 1 مىليون 123 مىڭ 700 مو | 1 مىليون 22 مىڭ 700 مو |
| پوسكام | 220 مىڭ 700 مو | 199 مىڭ 300 مو |
| تاشقورغان | 6 مىليون 370 مىڭ 200 مو | 6 مىليون 257 مىڭ 300 مو |

ئەسكەرتىش: ئوتلاق كۆلىمى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى، ھەربىي قىسىملار، ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى ئوتلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تەبىئىي ئوتلاقلارنىڭ دەرىجىگە ئايرىلىشى

بىرلىكى: مو

| دەرىجىسى | كۆلىمى / خىلى | جەمئىي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | ئومۇمىي كۆلىمى | 31.757.000 | 8618900 | 4510000 | 13736000 | 3617300 | 1274600 |
| | پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى | 29.557.800 | 8431200 | 4235000 | 12285600 | 3485000 | 1121000 |
| 1 | ئومۇمىي كۆلىمى | 115600 | | 7000 | 4700 | 19100 | 85000 |
| | پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى | 115600 | | 7000 | 4700 | 19100 | 85000 |
| 2 | ئومۇمىي كۆلىمى | 281900 | | 55300 | 196000 | | 30600 |
| | پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى | 281900 | | 55300 | 196000 | | 30600 |
| 3 | ئومۇمىي كۆلىمى | 2.828300 | | 22200 | 803700 | 1942200 | 60200 |
| | پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى | 2726100 | | 22200 | 775600 | 1868100 | 60200 |
| 4 | ئومۇمىي كۆلىمى | 2753400 | 1100 | 168100 | 2044000 | 28800 | 511500 |
| | پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى | 2688300 | 1100 | 166700 | 1980200 | 28800 | 511500 |
| 5 | ئومۇمىي كۆلىمى | 3971300 | 534100 | 538400 | 2232200 | 622700 | 44000 |
| | پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى | 3743000 | 500100 | 487200 | 2094500 | 617200 | 44000 |
| 6 | ئومۇمىي كۆلىمى | 12750400 | 2993500 | 2159400 | 6524400 | 539600 | 533600 |
| | پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى | 11545400 | 2929900 | 2090800 | 5619000 | 525800 | 380000 |
| 7 | ئومۇمىي كۆلىمى | 6641500 | 3685600 | 1303000 | 1485000 | 167.900 | |
| | پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى | 6127000 | 3623100 | 1151300 | 1184600 | 167900 | |
| 8 | ئومۇمىي كۆلىمى | 2414600 | 1404700 | 256700 | 446100 | 297100 | 10000 |
| | پايدىلىنىشقا بولىدىغىنى | 2330500 | 1377000 | 254300 | 431000 | 258100 | 10000 |

ئىزاھات: ئوت - چۆپ سۈپىتى خىلىغا، ئوت - چۆپ مەھسۇلاتى دەرىجىگە ئايرىلىدۇ.

(تاك خۇا).

(1) چارۋىچىلىق كەسپىي خىراجىتى مەخسۇس تۈردىكى مەبلىغى 291 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە:

① ئوتلاق بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە رايونلاشتۇرۇش راسخوتى 22 مىڭ يۈەن؛

② كالا - قويلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى 137 مىڭ يۈەن؛

③ مال دوختۇرلۇق - يايلاق پونكىتلىرىنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى 110 مىڭ يۈەن؛

④ يېڭى سورتلارنى كىرگۈزۈش قوشۇمچە ياردەم پۇلى 20 مىڭ يۈەن؛

⑤ ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى 2000 يۈەن.

(2) يېزىلاردىكى ئوتلاق ۋە ئۇچار قۇشلارنى مۇھاپىزەت قىلىش مەبلىغى 734 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە:

① ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ چارۋىلارنى قوغداش راسخوتى ۋە ئوبوروت سوممىسى 480 مىڭ يۈەن؛

② مال دوختۇرلۇق جەھەتتىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش راسخوتى 14 مىڭ يۈەن؛

③ ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - چارۋىلارنى ئاسراش ئوت - چۆپ پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بېرىلگەن ياردەم پۇلى 100 مىڭ يۈەن؛

④ چارۋىچىلىق ناۋار بازىسى قۇرۇلۇشىغا بېرىلگەن مەخسۇس تۈردىكى سومما 140 مىڭ يۈەن.

(3) يېزىلاردىكى ھەمكارلىق ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتلىرىغا ياردەم بېرىلگەن مەبلەغ 450 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: كالىلارنى توڭلىتىلغان سپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۈسكۈنە - سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن 84 مىڭ يۈەن؛ ئوت - چۆپ توغراش ماشىنىسى سېتىۋېلىش ئۈچۈن (180 دانە) 159 مىڭ يۈەن؛ توخۇ كاتىكى سېلىش ئۈچۈن (160 كۇۋادرات مېتىر) 40 مىڭ يۈەن؛ يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇش ئۈچۈن 107 مىڭ يۈەن؛ كەسپىي بوداقچىلىق ئائىلىلىرىنى يۆلەشكە ئىشلىتىلىدىغان قەرز پۇل 80 مىڭ يۈەن (120 ئائىلە)؛ زىرائەت غولىنى يەنچىش ماشىنىسى ۋە سېلوس سىناق قىلىش چىقىمى 20 مىڭ يۈەن.

(4) تەرەققىيات مەبلىغى ۋە چېگرا قۇرۇلۇش كەسپىي راسخوتى 680 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاساسەن يېزا - بازارلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرى ۋە ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە ۋە ئوتلاقلارنى ياخشىلاشقا سەرپ قىلىندى.

(5) قىلىنغان ئەمگەكنى ھېسابلىغان پۇل 1 مىليون 94 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، 12 مىڭ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ باشلاش ئۆستىڭى چېپىلدى. 1500 مو بېتام ئېچىلىپ بېدە تېرىلدى، 10 مىڭ مو ئوتلاق ياخشىلاندى، بىر دانە قۇدۇق قېزىلدى، 800 كۇۋادرات مېتىر كالا قوتىنى سېلىندى. 68 تۇياق نەسىللىك كالا كىرگۈزۈلدى، 730 كۇۋادرات مېتىر قوي ئېغىلى سېلىندى، 1027 تۇياق قوي سېتىۋېلىندى.

(لى يى).

**[مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى]** مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى — شۇ جايدىكى دېھقانلار ۋە چارۋىچىلار 70 نەچچە يىلدىن بۇيان سورتىنى ياخشىلاش ئارقىلىق يېتىشتۈرگەن گۆش - ياغ تىپىدىكى يېرىم يېرىك يۇڭلۇق قوي بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قويلارنىڭ ئېسىل سورتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويىنىڭ جۇغى چوڭ بولۇپ، تېز چوڭ بولىدۇ. گۆشى يۇمران، تەملىك، يۇڭى ئىنچىكە، قارا گۆشى كۆپ، غەلىتە پۇرىقى يوق، گۆش بىلەن ياغ تەكشى تارالغان، ۋىلايەت بويىچە بوردىقى قويىدىن 60 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك بولۇپ، مەكىت ناھىيىسىدىلا 36 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەككە يېتىدۇ. مارالبېشى ناھىيىسىدە 20 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەككە يېتىدۇ. باشقا ناھىيىلەردىمۇ ئاز - تولىدىن بار. ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە چارۋىچىلىق تارماقلىرى بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. مەكىت قويى كەڭ تەرەققىيات ئىستىقباللىغا ئىگە.

مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى بىر قەدەر يۇقىرى كۆپىيىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئوتتۇرىچە كۆپىيىش نىسبىتى 150% كېلىدۇ؛ كۆپ ساندىكى چىشى قوي ئىككى يىلدا ئۈچنى قوزىلايدۇ.. بېقىش - پەرۋىش شارائىتى ياخشى بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بىر يىلدا ئىككى قوزا ئالغىلى بولىدۇ. قوش كېزەك تۇغۇش نىسبىتى 30 پىرسەنتتىن 32 پىرسەنتكىچە كېلىدۇ. بۇ قويىنىڭ ئۆستى-قىنى ئېغىر بولۇپ، ئەركەك قوزا دەسلەپتىلا بەش كىلوگرام ئېغىرلىقتا تۇغۇلىدۇ. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا، 6.8 كىلوگرام كېلىدۇ، چىشى پاقلان دەسلەپتە تۇغۇلغاندا 4.1 كىلوگرام كېلىدۇ. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا، 6.4 كىلوگرام كېلىدۇ. ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن (تۆت ئايلىق بولغاندا) ئەركەك قوزىنىڭ ئېغىرلىقى 48 كىلوگرامغا، چىشى پاقلاننىڭ ئېغىرلىقى 45 كىلوگرامغا يېتىدۇ. بىر ياشلىق ئەركەك قوزىنىڭ ئېغىرلىقى 111 كىلوگرامغا، چىشى پاقلاننىڭ ئېغىرلىقى 108 كىلوگرامغا يېتىدۇ. شۇ يىلدىكى قوزىلارنى شۇ يىلى سەمرىتىپ سويۇۋېلىشقا بولىدۇ.

مەكىت چوڭ قۇيرۇقلۇق قويىنى بېقىشتا ئېغىلدا بېقىش ئاساس، يايلاقتا بېقىش قوشۇمچە قىلىنىدۇ. بۇ خىل قوي چىدامچان كېلىدۇ. ئوت - چۆپ كۆپ بولمىغان كەڭ يېزىلار ۋە شەھەر ئەتراپلىرىدا بېقىشقا باپ كېلىدۇ. چوڭ بولۇشى تېز، جۇغى چوڭ بولغاچقا بىر قەدەر يۇقىرى بېقىش ئۆلچىمىنى تەلەپ قىلىدۇ. دېھقانلار باققان قويغا ھەر كۈنى بىر كىلوگرامدىن يۇمشاق يەم كېتىدۇ. ناھىيىلىك يايلاق پونكىتىنىڭ قويلىرىغا ھەر كۈنى بىر كىلوگرام ئارىلاشما يەم (بۇنىڭ ئىچىدە كۆممىقوناق 40%، كېپەك 40%، كۈنجىرە 20%) ۋە ئۈچ كىلوگرامدىن تۆت كىلوگرامغىچە ئوت - چۆپ بېرىلىدۇ.

(گوجېنۇڭ، گاۋيېجۇڭ).

# سۇ ئىشلىرى

## قەشقەرنىڭ سۇ مەنبەسىنى پائال ئېچىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرەيلى

فاڭ گوجۇڭ

قەشقەر — قۇملۇقتىكى بوستانلىق بولۇپ سۇغۇرۇشقا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىنىدۇ. قەشقەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىز چوقۇم قەشقەرنىڭ سۇ مەنبەسىنى تولۇق ئېچىش ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلىشىمىز لازىم. ھازىر قەشقەرنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئېچىش جەريانىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا، ئۆز پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، قەشقەرنىڭ سۇ بايلىق مەنبەسى.

1. سۇ بايلىق مەنبەسىنىڭ سانى.

قەشقەرنىڭ سۈيى ئاساسەن ۋىلايەتنىڭ شىمال، غەرب، جەنۇب تەرەپلىرىدىكى تەڭرى تاغ، پامىر، كۇئېنلۇن تاغلىرىدىكى چوڭ - كىچىك توققۇز دەريادىن كېلىدۇ. 96.3% سۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى بەش دەريادىن كېلىپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. بۇ بەش چوڭ دەريالار: تىزناپ دەرياسى، يەكەن دەرياسى، كۆسەن دەرياسى، گەز دەرياسى، قىزىل دەرياسى. بۇ بەش چوڭ دەريانىڭ ھەر بىرسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 600 مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇق. يەكەن دەرياسى ئەڭ چوڭ دەريا بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1070 كىلومېتىر كېلىدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىر تارماق ئېقىن بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 6 مىليارد 415 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ھەممە دەريالار ۋىلايىتىمىزنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تەكلىماكان چۆللۈگە ئېقىپ بارىدۇ. بو دەريا ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولۇپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، سۇغۇرۇش رايونىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ۋە چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوقۇلۇپ كېتىدۇ.

تەكشۈرۈپ ھېسابلاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قەشقەرنىڭ يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن سانى 10 مىليارد 573 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىقدارى 4 مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىردىن 5 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىرغىچە كېلىدۇ. تەكرار سۇ مىقدارى تەخمىنەن 4 مىليارد 640 مىليون كۇب مېتىردىن 5 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىرغىچە بولۇپ، 96 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەر ئاستى سۈيى (يوشۇرۇن سۇلار ۋە بېسىم كۆتۈرۈلگەن سۇلار) ئاساسەن دەريا يولى،

ئۆستەڭ يولى ھەمدە ئېتىزلارغا قويۇلغان سۇلارنىڭ چوڭقۇر قاتلامدىن سىڭىپ ھاسىل بولغان. شۇڭا يەر ئاستى سۈيىنىڭ قېزىلىش مىقدارى، پەقەت تەكرار ئىشلىتىلىدىغان سۇ مىقدارىغا تەۋە بولىدۇ.

قەشقەرنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى يەر ئۈستى سۈيى ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 10 مىليارد 573 مىليون كۇب مېتىر، دۆلەت سىرتىدىن ئېقىپ كىرىدىغان يەر ئۈستى سۈيى ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 1 مىليارد 274 مىليون كۇب مېتىر ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ قېزىپ چىقىرىشقا بولىدىغان مىقدارى 4 مىليارد 833 مىليون كۇب مېتىر سۇنى قوشقاندا، قەشقەر پايدىلىنالايدىغان سۇ مەنبەسى جەمئىي 16 مىليارد 700 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە: يەكەن دەريا ئېقىنىنىڭ 10 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىر؛ گەز دەريا ئېقىنىنىڭ ئىككى مىليارد 800 مىليون كۇب مېتىر؛ قىزىل دەريا ئېقىنىنىڭ 3 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ.

دەريا سۇلىرى ئېگىز تاغلاردىن شاقىراپ ئېقىپ كەلگەچكە سۇ قۇۋۋىتى بايلىقى مول، دەسلەپكى ھېسابلاپ كۆرۈلۈشىچە 7مىليون 940 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، ئېچىپ پايدىلىنىشقا ئاسانراق بولغىنى تەخمىنەن 1 مىليون 230 مىڭ كىلوۋات، ھازىرغىچە پايدىلانغىنى 51 مىڭ كىلوۋات، بولۇپ، 4.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

سۇ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ 162 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىنىدىكى پۈتكۈل بوستانلىق (ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ يەتتە پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ)، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، شەھەر-يېزا، ئادەم - ئۇلاغلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، ئېكولوگىيىلىك سۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە سۇغۇرۇش كۆلىمى 9 مىليون 230 مىڭ مو بولۇپ، (يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە: دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى 7 مىليون 250 مىڭ مو (ئېگىز ئورنىغا تېرىش كۆلىمىنى ئىچىگە ئالىدۇ)، باغ - ئورمان 1 مىليون 630 مىڭ مو، سۈنئىي ئوتلاق 350 مىڭ مو، ئۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەت بويىچە يەنە 33 مىليون 230 مىڭ مو يەر سۇ ئىنشائاتلىرىنى كۆپ قۇرۇش ئارقىلىق ئېچىلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ھەر قايسى ئېقىنلاردىكى سۇغۇرۇش كۆلىمى ۋە ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەرنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

| ئېقىن ئىسمى | سۇغۇرۇلغان دېھقانچىلىق ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق كۆلىمى | ئېچىلىش ئالدىدىكى بوز يەر |
|---|---|---|
| يەكەن دەريا ئېقىنى | 5 مىليون 750 مىڭ مو | 23 مىليون 670 مىڭ مو |
| گەز - كۈسەن دەريا ئېقىنى | 1 مىليون 900 مىڭ مو | |
| قىزىل دەريا ئېقىنى | 1 مىليون 850 مىڭ مو | 9 مىليون 570 مىڭ مو |

2. قەشقەردىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ سۈپىتى.

ۋىلايىتىمىزدىكى بەش چوڭ دەريانىڭ ھەممىسى ئېرىگەن قار سۈيى ئارقىلىق تولۇقلىنىشنى ئاساس قىلىدۇ، شۇڭا يۇقىرى ئېقىندىكى سۇنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئادەتتە ئىس-

ئۇنىڭ مىقدارى ھەر لىتىردا 0.1 گرامدىن 0.2 گرامغىچە كېلىدۇ. قىزىل دەرياسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 0.4 گرامدىن 0.9 گرامغىچە كېلىدۇ. ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى دەريالارنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئېقىن ئومۇمىي مىقدارى 4 مىليون 910 مىڭ توننا بولۇپ، 1985 ـ يىلدا بېرىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت مىقدارىنىڭ 33 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. سۇنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى جەھەتتە قىزىل دەرياسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى: ① يۇقىرى ئېقىنىدىكى گەچ قاتلىمىدىكى كالتسىي فوسفات ئېرىگەن؛ ② تۆۋەن ئېقىنىدىكى كونا شەھەر، يېڭىشەھەر، قەشقەر شەھىرى، پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى شېكەر كۆلنىڭ نۇرغۇن تۇزلۇق سۈيى دەرياغا كۆپلەپ قۇيۇلۇپ، ئېرىشچان ماددىلارنى ئېرىتىۋەتكەن. بولۇپمۇ قەشقەر شەھەر رايونىدىكى پاسكىنا سۇلار ۋە سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇلار قوشۇلۇپ، سۇنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن؛ ③ شېكەر كۆل تاغلىق رايونى يەر تەۋرەش بەلبېغى بولۇپ، ماتېرىياللارغا قارىغاندا رادىئاكتىپلىق ئېلېمېنتلار بار بولغاچقا سۇنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىكەن.

دۆلەتنىڭ «تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ تازىلىق قائىدىسى» دىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن، ۋىلايىتىمىزدىكى دەريا سۇلىرى بويىچە، قاغىلىقتىكى كۆكيار دەرياسىنىڭ سۈيى، قىزىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى شېكەر كۆل سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىنىڭ قاتتىقلىق دەرىجىسى بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتكەچكە ئىچىشكە بولمىغاندىن تاشقىرى باشقا دەريالارنىڭ سۈيىنى ئىچىشكە باپ كېلىدۇ. بولۇپمۇ يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى ياخشى بولۇپ، ئادەتتە، يۇقىرى ئېقىنىنىڭ سۈيى ياخشى، تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۇنىڭ سۈپىتى ناچارراق.

0.A ئالگېنىنىڭ سۇغۇرۇلىدىغان سۇنىڭ سۈپىتى توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، ۋىلايىتىمىزدىكى دەريالار ئىچىدە قىزىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى سۇنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ناچار بولغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرى بىر قەدەر ياخشى بولغان سۇغۇرۇش سۈيى ھېسابلىنىدۇ. بېلىقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ جەھەتتە، شېكەر كۆلىدىكى سۇنىڭ سۈپىتى ناچارراق بولغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرى كۆپ خىل بېلىقچىلارنى بېقىشقا باپ كېلىدۇ. سانائەتكە كېرەكلىك سۇنىڭ ئۆلچىمىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتە، مەخسۇس بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

3. قەشقەرنىڭ سۇ بايلىق مەنبەسىگە بولغان باھا.

قەشقەردىكى يەر ئۈستى سۈيىنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 10 مىليارد 573 مىليون كۇب مېتر بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە 4ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. 1985ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا ۋىلايەت بويىچە (يېزا ئىگىلىك 3ـ دىۋىزىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، 2 مىليون 540 مىڭ ئاھالە، 7 مىليون 280 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئېقىن مىقدارى 4161 كۇب، ھەر بىر موغا توغرا كېلىدىغان ئېقىن مىقدارى 1452 كۇب. ۋىلايىتىمىزدە ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان سۇ مىقدارى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 0.62 ھەسسىسىگە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 1.55 ھەسسىسىگە؛ ھەر بىر موغا توغرا كېلىدىغان سۇ مىقدارى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 0.82 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ھەر نوپۇسقا ۋە ھەر مو يەرگە

توغرا كېلىدىغان ئېقىن مىقدارىمۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكىدىن ئاز، ھەر بىرىمو يەرگە توغرا كېلىدىغان سۇ مىقدارىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكىدىن ئازتۇردۇ. ۋىلايىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭرى، قۇرغاقچىلىق كۆپ، ياغىن ئاز بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلارنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئېكولوگىيىلىك سۇغۇرۇش قاتارلىقلارغا كېتىدىغان سۇنىمۇ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قەشقەر يەنىلا سۇ مەنبەسى ئۇنچىۋىلا مول بولمىغان بىر رايون ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر تامچە سۇنى جېنىمىزدەك كۆرۈش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك.

4. قەشقەرنىڭ سۇ بايلىق مەنبەسىنى ئېچىپ پايدىلىنىش جەھەتتىكى كەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئالاھىدىلىكلەر:

(1) سۇ بايلىق مەنبەسىنىڭ ئۆزگىرىشى كىچىك بولۇپ، بىر قەدەر مۇقىم ۋە ئىشەنچىلىك. 1956-يىلدىن 1979-يىلغىچە بولغان 24 يىللىق ئەھۋال ھېسابلاپ كۆرۈلگەن ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئەڭ كۆپ بولغان يىللىرى ئەڭ ئاز بولغان يىللارنىڭ 1.62 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلگەن. كونكرېت دەرياتېقىنلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۇنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇش نىسبىتى 1.08 دىن 2.0 گىچە بولغان. دەريالارنىڭ تولۇقلىنىش مەنبەسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ۋە سۇنىڭ كېلىش ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كەز دەرياسى چوڭراق بولۇپ، 2.2 گە يېتىدۇ. ۋىلايىتىمىزدىكى دەريالارنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى كىچىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى: ① تاغ رايونلىرىدىكى ياغمۇرنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى كىچىك؛ ② ئېگىز تاغلاردىكى قار-مۇزلۇق «چوڭ سۇ ئامبىرى»نىڭ تەڭشەش رولى بار؛ ③ يەر ئاستى سۈيى تولۇقلىمىسىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى مۇقىم؛ ④ ئوتتۇرا-تۆۋەن تاغلاردىكى شىددەتلىك ياغمۇردىن پەيدا بولىدىغان مول سۇ بىلەن ئېگىز تاغلاردىكى قار-مۇزلاردىن ئېرىگەن سۇلارنىڭ ۋاقتى بىر-بىرىگە ئوخشىمىغاچقا، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ۋىلايىتىمىزدىكى دەريالارنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى كىچىك، سۇ مىقدارىمۇ بىر قەدەر مۇقىم بولغاچقا، دېھقانچىلىقنى بىر قەدەر ياخشى سۇ شارائىتى بىلەن تەمىنلىگەن.

ۋىلايىتىمىزنىڭ جەنۇبىي-شىمالىدا بىردىن چوڭ دەريا بار. شىمالىي تەرىپىدىكى قىزىل دەرياسىنىڭ ئەتىيازدىكى سۇ ئەھۋالى ئەڭ ياخشى بولۇپ، كەلكۈن بالدۇر كېلىدۇ (5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا)، سۇ مىقدارىمۇ بىر قەدەر كۆپ (يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد كۇب مېتىر). بۇ دەريا ۋىلايىتىمىزدىكى 2-چوڭ دەريا شۇنداقلا ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە سۇ مىقدارىنى تەڭشەپ، باشقا ئېقىنلارنى قۇتقۇزىدىغان بىردىنبىر دەريا ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي تەرىپىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارى ئەڭ كۆپ بولۇپ (6 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر)، سۇنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشى. ۋىلايىتىمىزنىڭ 60% يەرلىرى (بوز يەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بايلىقى مۇشۇ ئېقىنغا جايلاشقان. بۇ جاي ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق، پاختا، چۈچۈكبۇيا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسى. بۇ دەريانىڭ سۈيى كېيىنرەك كېلىدۇ (6-ئاينىڭ كېيىنكى 10 كۈنلىرىدە)، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق بىر قەدەر ئېغىر. لېكىن، بۇ ئېقىننىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى شارائىتى ياخشى. بولۇپمۇ، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇشتىكى سۇ ئامـ

پارلىرى كۆپرەك، دەريا يوللىرىنىڭ ئۆستەڭ سىستېمىلاشتۇرۇلۇش دەرىجىسى يۇقىرى، تۇپراق، ھاۋا كىلىمات شارائىتىمۇ ناھايىتى ياخشى. لېكىن بازىسىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىمۇ تېز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەكەن دەريا ئېقىمىنى ۋىلايىتىمىزنىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇشىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەر ۋە ئەمەلىي كۈچلەر ئەڭ زور بولغان بىر رايون ھېسابلىنىدۇ.

(2) سۇ بايلىقىنىڭ سۇغۇرۇش جەھەتتىكى تەكرار ئىشلىتىلىش ئېھتىمالى بار. قەشقەرنىڭ يەر ئۈستى سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرمەكتە. بەزىلىرى ئادەتتىكى ھالدا بىر قىسىم ئۆزگەرسە، بەزىلىرى كۆپ قىسىم ئۆزگىرىۋاتىدۇ. ۋىلايىتىمىزدىكى بەش چوڭ دەريا تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆستەڭ سىستېمىسى دەريا سۈيىنىڭ كۆپ قىسمىنى سۇغۇرۇش رايونىغا ئېلىپ بارىدۇ. دەريا، ئۆستەڭ ۋە ئېتىز-ئېرىقلاردىكى سۇنىڭ سىڭىش نەتىجىسىدە، سۇغۇرۇش رايونلىرىنىڭ ئوتتۇرا-تۆۋەن ئېقىنىدىكى كونا دەريا يولى ياكى يەلپۈگۈچسىمان بەلباغلىرىدا سۇ قايتىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. بۇنداق سۇنى ئىككىنچى قېتىم ئىشلەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دەريا-ئۆستەڭ ۋە ئېتىز-ئېرىقلاردىكى سىڭىپ كەتكەن سۇلار (قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ساقلانغىلى بولمايدۇ)، سۇغۇرۇش رايونىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئاساسلىق تولۇقلىما مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش، سۇ مەنبەسىنى تەكرار ئىشلىتىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنلىك بولىدۇ. سۇ مەنبەسىنىڭ سۇغۇرۇش جەھەتتىكى تەكرار ئىشلىتىلىشى نۆۋەتتىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدىكى ئوبيېكتىپ بىر قانۇنىيەت بولۇپ، بۇ قانۇنىيەتنى تونۇش ۋە ئىشلىتىش ۋىلايىتىمىزنىڭ سۇغۇرۇش خاراكتېرىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن پايدىلىق.

(3) قەشقەرنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنىڭ يەر ئاستى سۈيىدىن ئېچىپ پايدىلىنىش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى. قەشقەر شەھىرىدىن قاغىلىقىچە بولغان تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپى — ۋىلايىتىمىزدىكى بەش چوڭ دەريانىڭ يەلپۈگۈچسىمان تىندۇرما بەلبېغى بولۇپ، مول بۇلاق سۇلىرى يەردىن كۆپ ئېقىپ چىقىدۇ. بۇ جاي سۇ مەنبەسى رايونى قۇرۇشقا بولىدىغان رايون بولۇپ، ھازىر قۇرۇلۇۋاتقان ۋە پىلانلانغان يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام سۇ مەنبەسى رايونلىرىدىكى قۇدۇقلاردىن چىقىدىغان سۇ مىقدارى 70 تىن 100 سېكۇنت/لىتىرغا يېتىدۇ. ماچاڭ سۇ مەنبەسى رايونىدا 30 ئېغىز قۇدۇق كولانغان بولۇپ، ھەر بىر كۇب سۇنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تەننەرقى 10 فۇڭدىن ئاشمىدى. قەشقەر شەھىرىدىكى 50 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى سۇغۇرۇشتا 100 دىن ئارتۇق قۇدۇق بولۇپ، ھەر يىلى 10 مىليون كۇب مېتىر سۇ تارتىپ چىقىرىلىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەننەرقى 1.50 يۈەن/مو بولۇپ، دەريا سۈيىنىڭ 2.86 يۈەن/مولۇق تەننەرقىدىن تۆۋەن بولغان. بۇنىڭدىن قەشقەردە يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىش شارائىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، سۇ مەنبەسىنى ئېچىش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەر.

قەشقەرنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئېچىش جەھەتتە ئاز بولمىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ، گەۋدىلىك بولغانلىرى مۇنداق:

1. ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق: سۇ مەن-

ىشىنىڭ پەسىل ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى جايلىشىشى تەكشى ئەمەس. ۋىلايەت بويىچە سۇ مىقدارىنىڭ ھەر يىللىق ھەر پەسىلدىكى تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى مۇنداق: ئەتىياز پەسلىدە 12%، ياز پەسلىدە 64%، كۈز پەسلىدە 18%، قىش پەسلىدە 6 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەتىيازدا كېتەرلىك سۇ مىقدارى كۆپ بولۇپ، پۈتۈن يىلبويى كېتەرلىك سۇنىڭ 35 پىرسەنتىنى، يەنى 3 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىرنى ئىگىلەيدۇ. ھالبۇكى، سۇ بەك كەمچىل بولغاچقا، دەريا، بۇلاق، ئامبار سۇلىرىنى قوشقاندا ئاران 2 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر سۇ بولىدۇ، يەنە 1 مىليارد 300 مىليون كۇب مېتىر سۇ كەملەيدۇ. بولۇپمۇ، يەكەن دەريا ئېقىنىدىكى ئەتىيازلىق سۇ ئاران يەتتە پىرسەنتنى تەشكىل قىلغاچقا، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق زىيىنى تېخىمۇ كەۋدىلىك بولۇپ، ھەر يىلى ئەتىيازدا 364 مىليون كۇب مېتىر سۇ كەملەيدۇ. ۋىلايەت بويىچە ھەر يىلى تەخمىنەن 1 مىليون مو بۇغداي قۇرغاقچىلىققا ئۇچرايدۇ. 500 مىڭ مودىن 700 مىڭ موغىچىلىك ئەتىيازلىق زىرائەت ۋاقتىدا تېرىلمايدۇ. نەتىجىدە، كېيىن پىشىدىغان زىرائەتلەر تېرىلىپ، 200 مىليون جىڭدىن كۆپرەك ھوسۇلغا تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاقلارنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىپ، بوستانلىقلارنىڭ كېڭىيىشىگە توسالغۇ بولىدۇ.

2. يازدىكى كەلكۈن: ۋىلايىتىمىزدىكى دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا دەريانى توسۇپ سۇنى تەڭشەپ بېرىدىغان سۇ ئامبارلىرى يوق، سۇ باشلاش مۇئەسسەلىرى ئىنتايىن ئاددىي بولغاچقا، ھەر يىلى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرسەكمۇ، ھەر يىلى ئاپەتكە ئۇچراپ تۇرىمىز. كەلكۈن مۇدبەت ئېتىزلارنى چېقىپ، ئۆيلەرنى ئۆرۈۋېتىدۇ. ئېلىش بېشىنى بۇزۇۋېتىدۇ. قۇرغاقچىلىق بىلەن كەلكۈن ئارىلىشىپ كەلگەنلىكتىن، زىيان چوڭ بولىدۇ. 1968-يىلدىن 1982-يىلغىچە بولغان 15 يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا، كەلكۈن راسخوتى 59 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 مىليون يۈەن، 40 مىليون 470 مىڭ ئىش كۈنى، 120 مىڭ كۇب مېتىر ياغاچ، 6 مىليون 470 مىڭ ئۇلاغ شاخ-شۇمبا، 300 توننا سىم سەرپ قىلىنغان. 140 مىڭ مو يەر زىيانغا ئۇچرىغان. 1985-يىلى ھەر قايسى جايلاردا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئىش كۈنى ۋە ماتېرىياللارنى پۇلغا سۇندۇرغاندا، تەخمىنەن 13 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، دۆلەت بەرگەن ياردەمنىڭ يەتتە ھەسسىسىگە باراۋەر كەلگەن. 15 يىلدىن بۇيان، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەن ئورمان 650 مىڭ موغا يەتكەن (بىر مونى 10 ئۇلاغ بويىچە ھېسابلىغاندا). شاخ-شۇمبا بىلەن ئېتىلگەن ئېتىزلارنى كەلكۈن ئېلىپ قاچقانلىقتىن، نۇرغۇن كەلكۈن سۇ سۇغۇرۇش رايونلىرىغا ئېقىپ كىرىپ، رايون خاراكتېرلىك يەر ئاستى سۇ يۈزى ئۆرلەپ كېتىش، يەرنىڭ زەيلىشىپ كېتىشى ئېغىر بولۇش ئەھۋاللىرىنى پەيدا قىلدى. ھالبۇكى، تۆۋەن ئېقىندىكى تەبىئىي توغراقلىقلار قۇرۇپ كېتىپ، ئېكولوگىيە بۇزۇلۇپ، بوران-قۇم ئاپىتى ئېغىر بولۇپ، بوستانلىقلارغا كۆپ تەھدىت پەيدا قىلدى.

3. زەي-شور: كۆپ يىللاردىن بۇيان، يەر كۆلىمى قارىغۇلارچە كېڭەيتىلگەنلىكى، كەلكۈن زىيادە كۆپ باشلانغانلىقى، باش-

قۇرۇشنىڭ قوپال بولغانلىقى، سۇغۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، زەي قاچۇرۇشقا سەل قارالغانلىقى ئۈچۈن، زەي - شور ئاپىتى ئېغىر بولدى. ھەر يىلى تەخمىنەن 600 مىڭ مو تېرىلغۇ يەردىن (شور ئاپىتىنىڭ كاساپىتىدىن) ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ، 100 مىڭ مو يەردىكى مايسىلار نابۇت بولۇپ كەتكەچكە، بۇزۇپ قايتىدىن تېرىشقا توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە، 250 مىليون جىڭ ئاشلىق، 200 مىڭ دەندىن ئارتۇق پاختا كەم ئېلىنىپ كەلمەكتە.

4. مۇھىت ئاسراش: بۇرۇن بىز سۇ مەنبەسىنى ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھىت ئاسراش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداشقا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈش يېتەرسىز بولغان، بۇنىڭغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىگەن. بۇندىن كېيىن قۇرۇلۇش لايىھەسىنى تۈزىدىغان چاغدا، چوقۇم ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بولغان تەسىرى ۋە پايدا - زىيىنىنى نەزەردە تۇتۇش، ئىمكانقەدەر زىياندىن ساقلىنىپ، سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەڭ زور ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

5. سۇ مەنبەسىنىڭ بۇلغىنىشى: ۋىلايىتىمىزدىكى دەريا سۈيى، ئامبار سۈيى ۋە بۇلاق سۈيىنىڭ سۈپىتىنى ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدىن ھەر خىل سۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇلغانغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، بۇلاق سۈيىنىڭ بۇلغىنىشى بىر قەدەر يېنىك، دەريا سۈيى ۋە ئامبار سۈيىنىڭ بۇلغىنىشى بىر قەدەر ئېغىر بولغان. قىزىل دەرياسى بىلەن شېكەر كۆل سۇ ئامبىرى — بۇلغىنىشنىڭ تىپى. قىزىل دەرياسى قەشقەر شەھىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇلار ۋە دوختۇرخانىلاردىكى پاسكىنا سۇلارنىڭ بۇلغىشىغا ئۇچرىغاچقا، ئارسېن، سىماب، خروم، سىئانىتلىق ماددا قاتارلىق تۆت خىل زەھەرلىك ماددىلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەيدا بولغان. بولۇپمۇ، سىماب بىلەن سىئانىتلىق ماددا ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا، بۇندىن كېيىن سۇنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە سۇ مەنبەسىنى مۇھاپىزەت قىلىش ھەمدە سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە، «مۇھىت قانۇنى»، «مۇھىت ئاسراش نىزامى» بويىچە ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، قەشقەرنىڭ سۇ مەنبەسىنى يېقىن مەزگىلدە ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىكى مۇھىم نۇقتا.

ھازىر بار بولغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش، تۈزلەڭلىكلەردىكى تايانچى قۇرۇلۇشلارنى ياخشى تۇتۇش لازىم. 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى: سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىكى زىيانداشنى تۈگىتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، چوقۇم سۇ تۇپراقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، باشلاش بىلەن چىقىرىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مەسىلىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىش زۆرۈر.

يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى قۇرغاقچىلىق، ياز پەسلىدىكى كەلكۈن ۋە شور - زەي ئېغىر بولۇۋاتقان ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — ھازىر بار بولغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش ۋە ئوبدان پايدىلىنىش، ئۈنۈمىنى تولۇق جارى

قىلدۇرۇشقا قارىتىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تايانچى قۇرۇلۇشلارنى ئوبدان تۇتۇش لازىم. بىزنىڭ تىرىشىش ئومۇمىي نىشانىمىز مۇنداق: 1990 - يىلى ئېچىلىدىغان ساپ سۇ مىقدارى 4 مىليارد 460 مىليون كۇب مېتىر. سۇغۇرۇش كۆلىمىنى ھازىرقى 9 مىليون 130 مىڭ مودىن كېڭەيتىپ، 10 مىليون مودىن 11 مىليون 770 مىڭ موغىچە يەتكۈزۈش؛ سۇ قۇۋۋىتىنى ھازىرقى 50 مىڭ كىلوۋاتتىن كۆپەيتىپ، 80 مىڭ كىلوۋاتقا يەتكۈزۈش؛ يىللىق بېلىق مەھسۇلاتىنى 1500 توننىدىن 2000 توننىغىچە يەتكۈزۈش؛ 1 مىليون 600 مىڭ مودىن 3 مىليون 700 مىڭ موغىچە شورلۇق، زەي يەرلەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ۋىلايەتنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 2 مىليارد جىڭغا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1 مىليارد 656 مىليون يۈەنگە، سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1980 - يىلدىكى ئاساسىي سانىنىڭ بىر يېرىم ھەسسىگە يەتكۈزۈش. بۇنىڭ ئۈچۈن، سۇ ئىنشائاتلىرى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك.

كونكرېت تەدبىرلەر مۇنداق:

(1) قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش: قۇرۇلۇش تەدبىرلىرى بىلەن باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئاساس قىلىش، سۇ مەنبەسىنى ئېچىش بىلەن سۇنى تېجەشنى بىرلەشتۈرۈش، سۇنى تېجەشنى ئاساس قىلىش، سۇغۇرۇشنى باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش، سۇغۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئىلغار تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش، سۇغۇرۇش نورمىسىنى تۈزۈۋېلىش، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن:

① سۇ باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش، سۇ باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، يەرنى تۈزلەش، كاندۇكلاپ سۇغۇرۇش، پات - پات سۇغۇرۇش، نېپىز سۇغۇرۇشنى تۇتۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پۈركۈپ سۇغۇرۇشنى مۇۋاپىق ئۆلچەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ۋىلايەت بويىچە سۇغۇرۇش ساپ نورمىسىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەنە بەش كۇبتىن ئازايتىش لازىم. شۇنداق بولغاندا، پۈتكۈل ئەتىياز پەسلىدە (3- ئايدىن 6- ئايغىچە) 116 مىليون كۇب سۇ ئىقتىساد قىلغىلى بولىدۇ. بۇنى چەكلىمىلىك سۇغا سۇندۇرغاندا، 290 مىليون كۇب بولىدۇ.

② سۇ ئامبارلىرىنى ئوبدان ئىشلىتىش لازىم. قىشتا مۇزلاپ كەتكەن بىكار سۇلارنى ئالدۇراق باشلاش ۋە سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىنى باشلاش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش جەھەتتىكى ئەڭ ياخشى لايىھەنى يەنىمۇ ئىزدىنىش، 23 سۇ ئامبىرىدىكى خەتەرلىكلەرنى تۈگىتىپ دامبىنى مۇستەھكەملەش، دامبىنىڭ ئارقىسىدىكى سۇنى توسۇش (سوغۇچاق، ئاناركۆل، خانكۆل، جىمىرىقلىما، سۇنىڭ ھەمراھ، سورۇن، ساغان، ئېلىشقۇ، مەجىچى، شېكەركۆل، قاتار سۆگەت قاتارلىق سۇ ئامبارلىرى) لازىم. بۇنداق بولغاندا، 210 مىليون كۇب سۇ كۆپەيتكىلى بولىدۇ (ئەتىياز پەسلى 168 مىليون كۇبنى تەشكىل قىلىدۇ).

③ سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئالدى بىلەن، يەلپۈگۈچسىمان بەلباغ ۋە چۆل - جەزىرە بەلباغلىرىدىكى 11 غول تارماق ئۆستەڭلەردە (شوتا، 1- ئېيول، يەكەن دەريا شەرقىي ئۆستەڭ، كورۇۋات، غالىبىيەت، قىزىل دەريا سىڭىنىڭ جەنۇبىي

قىرغىقى، قىزىل دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقى، كەز، ئوپا، يوپۇرغا غول ئۆستەڭ قاتارلىقلار) 400 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سىڭدۈرمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئىشلەش ھەمدە سۇ سىڭىپ كېتىش سەۋەبىدىن زىيان كۆپ كۆرۈلىدىغان غول، تارماق ئۆستەڭلەرنىڭ سىڭدۈرمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم. «7 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1000 كىلومېتىردىن ئىشلەش، ئۆستەڭ سىستېمىلىرىدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتىنى 0.39 دىن 0.42 گە ئۆستۈرۈش لازىم. بۇنداق بولغاندا، 260 مىليون كۇب سۇ تېجەپ قالغىلى بولىدۇ (ئەتىياز پەسلىدىكى سۇ 104 مىليون كۇبنى تەشكىل قىلىدۇ).

④ سۇ چىقىرىپ قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش لازىم. ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدە 300 مىليون كۇب سۇ چىقىرىلسا (ئەتىياز پەسلىدىكى سۇ 210 مىليون كۇب)، ھازىرقىدىن 224 مىليون كۇب كۆپىيىدۇ. بۇ، ئاساسەن يېڭىشەھەر، قاغىلىق، پوسكام، يەكەن، ئارىشو قاتارلىق جايلاردىكى تۆت سۇ مەنبەسى (؟) رايونى ھەمدە قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيە، جايلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، سۇ چىقىرىشقا كېتىدىغان توكنى ئېنېرگىيە تارماقلىرىدىكى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشىنى سورايمىز.

يۇقىرىدىكى تۆت تۈرلۈك تەدبىر قوللىنىلسا، 1 مىليارد 50 مىليون كۇب سۇغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەتىياز پەسلىدىكى سۇ 600 مىليون كۇب بولۇپ، بۇنداقتا ئەتىياز پەسلىدىكى قۇرغاقچىلىق زىددىيىتىنى پەسەيتكىلى بولىدۇ. لېكىن، ھەر يىلى ئالدۇر تۇتۇش، ئومۇمىيۈزلۈك تۇتۇش، تەدبىرلەر كۈچلۈك بولۇش، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇپ مول ھوسۇل ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئاساسىي قاتلاملارغا ۋە ھەممە ئائىلىگە تەمىنلەشتۈرۈش لازىم. ئىلگىرىدىكىدەك دەريادىن سۇ تالىشىش، يۇقىرىدىن سۇ تەلەپ قىلىشنى ئۆزگەرتىپ، سۇغۇرۇش رايونلىرىدىن، يەر ئاستىدىن، باشقۇرۇشتىن سۇ ئېلىش لازىم.

(2) كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش: دەريا يوللىرىنى تازىلاش بىلەن ئېرىقلارنى رېمونت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئېرىقلارنى ياساشنى ئاساس قىلىش لازىم.

ھەر قايسى ئېقىنلارنىڭ يىرىك پىلانىغا ئاساسەن، ۋىلايەت بويىچە 137 سۇ باشلاش ئېرىقلىرىنى 13 كە بىرلەشتۈرۈش (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ كۆۋرۈك سۇ تۇگۈن قۇرۇلۇشى 1984 - يىلى پۈتتۈرۈلگەن ئىدى)، «7 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، شەھەر ئۆستىڭى، ئوتتۇرا ئېقىن تۇگۈنى، شوتا ئۆستەڭ بېشى، كاچۇڭ 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش، موغال ئۆستەڭ بېشى، ئادىل توما بېشى، بۇقانا ئۆستەڭ بېشى، تەلۋىچۇك ئۆستەڭ بېشى قاتارلىق سەككىز ئېرىقنى پۈتتۈرۈش، ھەمدە پاتما تقاش، دۆڭقوتان، ئەگۈس قاتارلىق جايلاردىكى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىلىرىنى نۇقتىلىق تۈردە ئىشلەپ پۈتتۈرۈش، ئېرىقلارنى كونترول قىلىش - ئىشلىتىش ئارقىلىق، ھەر مو يەرنىڭ نورمىسىنى 200 كۇب ئەتراپىدا ئازايتىش. بۇنداق بولغاندا، سۇغۇرۇش رايونلىرىغا 1 مىليارد 400 مىليون كۇب سۇ ئاز كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، سۇغۇرۇش رايونلىرىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، سۇغۇرۇش رايونلىرىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش سېلىقى ئازىيىدۇ ھەمدە تۆۋەن ئىقتىسادىي ئورمان، ئوت-چۆپ-

لەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بوستانلىقلارنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈردى.

(3) شورنى تېزگىنلەش: ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش، ئۇنىۋېرسال تۈزەش، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، سۇغۇرۇش بىلەن زەي قاچۇرۇشنى، بىرلەشتۈرۈش، سۇغۇرۇشنى كونترول قىلىشنى ئاساس قىلىش، ئۆستەڭ سىستېمىلىرىنى سىڭمە سىلەشتۈرۈش، يەر ئاستىدىن سۇ چىقىرىپ سۇغۇرۇش، زەي قاچۇرۇش، دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن ياخشىلاش، 1 مىليون 460 مىڭ مو ئېغىر دەرىجىدىكى شورلۇق يەرلەرنى تېزگىنلەش ۋە دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىش، ھەمدە 1 مىليون 700 مىڭ مو ئوتتۇرا دەرىجىلىك شورلۇق يەرلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشىلاش لازىم.

(4) ئېكولوگىيىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش: ئېكولوگىيىنى ئىنسانلارنىڭ ھايات ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ماسلاشتۇرۇش لازىم. بىزنىڭچە، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق كۆڭۈلدىكىدەك ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئەمەس. مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، كۆڭۈلدىكىدەك ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. پەقەت بىز تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش بىلەن ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى سۈنئىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزگەرتىشنى بىرلەشتۈرۈدىغانلا بولساق، يۇقىرى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئېكولوگىيىنى بىرىنچىدىن مۇھاپىزەت قىلىش، ئىككىنچىدىن ئۈنۈم قازىنىش كېرەك.

**[سۇ ئىشلىرى خىزمىتى]** 1986- يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى سەپىدىكى كەڭ كادىرلار ھەر خىل ئېغىر تەبىئىي ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى يارىتىپ، يېزا ئىگىلىكىدىن ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئالدى.

1. قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ـ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش. 1986- يىلى، ۋىلايىتىمىزدە ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولۇپ، دەريالاردىكى سۇ مىقدارى ئومۇميۈزلۈك ئازىيىپ كەتتى. بۇغدايلارنى كانىيلاش ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1985- يىلى 11- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھەممە ئورۇندا ھەممىسى قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇردى. جايلاردىن ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىققا قىشتا تاقابىل تۇرۇش، قۇرغاقچىلىق بولمىدىكەن پالدۇراق تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ھەر قايسى دەريا باشقارمىلىرى قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش جەھەتتە ئۈچ تۈرلۈك، سۇ تېجەش جەھەتتە يەتتە تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. جايلار قىشلىق سۇغۇرۇش، سۇ ئامبارلىرىغا سۇ قاچىلاش، سۇ سىستېمىلىرىنى تەڭشەش، سىڭمە سىلەشتۈرۈش، يەر ئاستى سۇلىرىنى ئېچىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ، قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنى ئۈنۈملۈك تۈردە پەسەيتتى. 1986- يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي

سۇغۇرۇش كۆلىمى 37 مىليون 810 مىڭ مو
قېتىم بولۇپ، ئالدىنقى يىلى شۇ مەزگىل-
دىكىدىن 3.8% كۆپ سۇغۇرۇلدى. بۇنىڭ
ئىچىدە بۇغداي 7 مىليون 850 مىڭ مو
قېتىم بولۇپ، ئالدىنقى يىلى شۇ مەزگىلدى-
كىدىن 12% كۆپ بولدى. ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن 2.85 مو قېتىم ئارتۇق سۇغۇرۇلدى.
بۇنىڭ بىلەن، ياز - كۈزلۈك ۋە يىللىق
يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشتىكى مەھسۇ-
لات ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

ۋىلايىتىمىزدىكى بەش چوڭ دەريانىڭ سۇ-
يى ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قۇر-
غاقچىلىق بىلەن كەلكۈن ئالمىشىپ سادىر
بولدى. تاشقىن مەزگىلى كىرگەندىن كېيىن،
سۇ ھەدەپ ئۇلغىيىپ، پارتلاش خاراكتېر-
لىك چوڭ كەلكۈن دائىم بولۇپ تۇردى.
شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك
ۋە سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى كەلكۈندىن مۇ-
داپىئە كۆرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەر-
دى. 1986- يىلى ۋىلايەت بويىچە كەلكۈندىن
مۇداپىئە كۆرۈشكە سېلىنغان ئادەم، ئۇلاغ
كۈچى، شاخ - شۇمبا، ياغاچ، سىم قاتارلىق-
لارنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 9 مىليون
170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 124 ئورۇندىكى
261 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەلكۈندىن
مۇداپىئە كۆرۈش دامبىلىرى رېمونت قىلىن-
دى. 1 مىليون 420 مىڭ كۇب مېتىرلىق تو-
پا قۇرۇلۇشى، 420 مىڭ كۇب مېتىرلىق تاش
قۇرۇلۇشى ئورۇنلاندى. كەلكۈندىن مۇداپى-
ئە كۆرۈش خىزمىتى ئالدىن تۇتۇلغاچقا،
ئورگانلار مۇكەممەل، تۈزۈملەر ئەمەلىي-
لەشتۈرۈلگەن، خەۋەرلىشىش راۋان بولغان،
تەدبىرلەر كۈچلۈك بولغاچقا، تاشقىن مەز-
گىلىدىن بىخەتەر ئۆتۈپ كېتىشكە كاپالەت-
لىك قىلىندى.

2. سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى.

1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە سۇغۇرۇش
رايونلىرىدىكى يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش-
لاردىن 1983ى ياسالدى. بۇنىڭ ئىچىدە:
ئوتتۇرا تىپتىكى بېتون تومسا 12، كىچىك
تىپتىكى تومسا 419، شاقىراتما 352، نو437،
بېتون كۆۋرۈك 417، بېتون سۇ ئۆتكۈزگۈچ 5744 مې-
تىر، يېڭىدىن قېزىلغان قۇدۇق 31 ئېغىز، رېمونت
قىلىنغان قۇدۇق 77 ئېغىز، دامبىسى مۇس-
تەھكەملەنگەن كىچىك سۇ ئامبارلىرى 11،
يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن سۇ باشلاش ئۆستەڭلىرى
1427، ئۇزۇنلۇقى 1389.14 كىلومېتىر. يۇرۇش-
لەشتۈرۈلگەن زەيكەش 145، ئۇزۇنلۇقى
371.95 كىلومېتىر. سىڭدۈرمەسلەشتۈرۈش ئۆستى-
ڭى 338، ئۇزۇنلۇقى 942.47 كىلومېتىر بولۇپ،
بۇنىڭ ئىچىدە، سۇلياۋ ياتقۇزۇلغان سىڭ-
دۈرمەسلەشتۈرۈش ئۆستىڭى 530.82 كىلومېتىر،
سۇ ئېقىن كىلومېتىرغا سۇندۇرغاندا 3559 كى-
لومېتىر بولىدۇ. يۇقىرىدىكى قۇرۇلۇشلارغا
سېلىنغان ئەمگەك كۈچى 24 مىليون 441 مىڭ
200 ئىش كۈنى، ئورۇنلانغان تاش تۇپا قۇ-
رۇلۇشى 31 مىليون 475 مىڭ 800 كۇب مېتىر،
بېتون قۇرۇلۇشى 24 مىڭ 84.2 كۇب مېتىر،
شارائىتى ياخشىلانغان سۇغۇرۇش كۆلىمى
1 مىليون 54 مىڭ مو، ئۆزگەرتىلگەن شور-
لۇق يەر كۆلىمى 336 مىڭ مو.

1986- يىلى سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇ-
شىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: بىرى،
ھەر قايسى ناھىيىلەر ئۆز ئۈستىگە ئالغان
نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇل-
دى، قۇرۇلۇش سۈپىتى ئومۇميۈزلۈك تۈردە
يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مەسىلەن: پەيزاۋات
ناھىيىسىدىكى چوڭ كۆۋرۈك كەلكۈن قايتۇ-
رۇش سۇ باشلاش تۈگۈنى، مارالبېشى ناھى-
يىسىدىكى قوش تومسا، يېڭىسار ناھىيىسىدى-
كى كامىپا ئېلېكتر ئىستانسىسى، يەكەن نا-
ھىيىسىدىكى تۇپا يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇ-

شى، قاغىلىق ناھىيىسىدىكى مىڭقات سۇ بۆلگۈچ تومىسى، پوسكام ناھىيىسىدىكى ئىككى ئۆستەڭنى بىرلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ھەمدە يەكەن دەريا قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۆز ئۈستىگە ئالغان سوغۇچاق سۇ ئامبىرىنىڭ تومىسى، پەيلۇ - مەكىتنىڭ سۇ بۆلگۈچ تومىسى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ سۈپىتى ۋە لايىھەسىمىز بويىچە ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى بىر سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىرى، ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتىكى ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى بولدى، بەس-بەس بىلەن مەبلەغ توپلاپ سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياسىدى. مەكىت ناھىيىسى ھەر بىر مو يەردىن 100 يۈەن راسخوت ئېلىپ مەبلەغ توپلاپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىشىغا سەرپ قىلدى. 1986-يىلدىكى ئامما ئۆزى توپلىغان سۇ ئىنشائاتلىرى مەبلىغىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 60 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتتى. بەزى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىنى مەنپەئەتلىنىدىغان رايونلاردىكى دېھقانلار ئۆزى مەبلەغ توپلاپ قىلدى.

3. ئېقىنلارنى پىلانلاپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق خىزمەت قەدىمى تېزلەتىلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە چاقىرىلغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش سۆھبەت يىغىنى قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە چوقۇم سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا تايىنىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، ئېقىنلارنى پىلانلاپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى قاتارلىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنى سۇ ئىنشائاتلىرى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن بىرى قىلىپ تۇتتۇق.

ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سۇ ئىنشائاتلىرى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانى، قەدەم - باسقۇچى، تەدبىرلىرى كۆپ قېتىم مۇھاكىمە قىلىندى. يەكەن دەرياسى ۋە قەشقەر دەرياسىنى پىلانلاپ چىقىش خىزمىتى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇلدى. ھەمدە، شەنشى، خۇنەن ئىككى ئۆلكىدىن ئىختىساسلىق كىشىلەر ۋە تېخنىكلار كىرگۈزۈلدى. ھازىر، گەز دەريا ئېقىنىنى پىلانلاپ چىقىش ۋەزىپىسىنىڭ 70 پىرسەنتى ئورۇنلىنىپ بولدى، يەكەن دەريا ئېقىنىنى پىلانلاپ چىقىش جەھەتتىكى بىرلىك پىلان يېقىندا قىلانماقتا.

قەشقەرنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايىتىمىزنىڭ «7-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى سۇ ئىنشائاتلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دەسلەپكى قەدەمدە مۇنداق بەلگىلەندى: ① ئىچكى ئامىلنى ئاساس قىلىش، يېقىنقى مەزگىلنى ئاساس قىلىش، شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىش، مەۋقەنى سۇغۇرۇشقا، يېزا ئىگىلىكىگە قويۇش، سۇ-تۇپراقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش جەريانىدا، قۇرۇلۇش تەدبىرى بىلەن باشقۇرۇش تەدبىرىنى بىرلەشتۈرۈش، باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش، سۇ مەنبەسىنى ئېچىش بىلەن سۇنى تېجەشنى بىرلەشتۈرۈش، سۇ تېجەشنى ئاساس قىلىش كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش جەريانىدا، دەريا يولىنى تۈزەش بىلەن ئېرىقلارنى رېمونت قىلىشنى ئاساس قىلىش؛ شور تېزلەش داۋامىدا، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش، ئومۇمـ

لاشتۇرۇپ تۈزەش، سۇغۇرۇشنى كونترول قىلىش ۋە زەي قاچۇرۇپ تېزگىنلەش، سۇغۇرۇشنى كونترول قىلىشنى ئاساس قىلىش. ② ئېچىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇشلار جەھەتتە ئېقىنلارنى پىلانلاپ چىقىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئېچىش نىشانىسىنى ئوبدان تاللاش، ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش، بەزى نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئىشلەشنى قولغا كەلتۈرۈش، ئېقىنلارنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش جەھەتتىكى «ئۈچ ئاپەت، بىر كەم بولۇش» مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن شارائىت تەييارلاش.

4. سۇ ـ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى.

1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە چىقىرىلغان ئومۇمىي توك مىقدارى 103 مىليون 300 مىڭ كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.36% ئاشتى. مەركەز ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، ئېلېكتر كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەتقىقاتى ۋە كونكرېت قېدىرىپ تەكشۈرۈش ـ توچكا تاللاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. يېڭىسار ناھىيىسىدىكى كامپا ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە قاغىلىق ناھىيىسىدىكى زۇڭلاڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوڭۇشلۇق، سۈپىتى ياخشى بولدى. بۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى 1988 ـ يىلى سىناق تەرىقىسىدە توك بېرەلەيدۇ. كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، 1986-يىلى 6-ئايدىن 10-ئايغىچە، سۇ ئىشلىرى باشقارمىسى كامپا ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىش ئورنىدا ماتېرىيوللۇق ـ ئېلېكتر ماشىنىلىرى تېخنىكىسى بويىچە كۇرس ئېچىپ، 26 نەپەر سۇ ئېلېكتر باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلىدى.

5. سۇ مەھسۇلاتلىرى خىزمىتى.

1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە تۇتۇلغان بېلىق 800 توننىغا يېتىپ، بازار ئېھتىياجى تەمىنلەندى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى سۇ مەھسۇلاتلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، قەشقەرنىڭ سۇ مەھسۇلاتلىرى بايلىقى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. بۇنىڭ بىلەن، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىندى. ۋىلايەتتىكى ئىككى مەركىزىي بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېز، سۈپىتى ياخشى بولدى. بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش قىلىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەت بويىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە 38 مىليون 675 مىڭ دانە بېلىقچان يېتىشتۈرۈلۈپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

(ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى باشقارمىسى).

**[«بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇش خىزمىتى]** 1986-يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سۇ تېجەش تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش مەركەز قىلىنغان «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇش خىزمىتى، قۇستەڭ سىستېمىلىرىنى سىڭمىلەشتۈرۈش، يەرلەرنى تۈزلەش، يول قۇرۇلۇشى، ئورمان ئەھيا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ھەرقايسى جايلار «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇلۇشى داۋامىدا پائال مەبلەغ توپلاپ، ئاممىغا تايىنىپ، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ ئىش كۆرۈپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. قاغىلىق ناھىيىسى سۇغۇرۇش رايونلىرىدىكى يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى جەھەتتە، لايىھىنى بېكىتىش، سىستېمىلاش-

قۇرۇش، كۆركەم، چىرايلىق بولۇش، پۇختۇش باھاسى ئەرزان بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن، قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى تېز، سۈپىتى ياخشى بولدى. پەيزاۋات ناھىيىسى ئۆستەڭ سىستېمىلىرىنىڭ سىڭىپ كېتىش، يەرنىڭ زەيلىشىپ كېتىشىدەك كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە 149 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سىڭمەسلەشتۈرۈش ئۆستىڭى تەييارلىدى. يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلمىلاردىن 28 نى تەييارلاپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. يەكەن ناھىيىسى 382 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 268 ئۆستەڭنى رېمونت قىلىپ، 23.6 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سىڭمەسلەشتۈرۈش ئۆستىڭىنى، كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائاتلىرى يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلمىلاردىن 1016 نى، 114 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 84 زەيكەشنى، 287 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولنى تەييارلاپ چىقتى. 3 مىليون 440 مىڭ كۇۋادرات مېتىرلىق ئاھالىلەر نۇقتىسىنى يېڭىدىن قۇرۇپ، 5060 ئائىلىلىك دېھقاننى يېڭى ئۆيگە كۆچۈردى. مەكىت، يېڭىسار، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، مارالبېشى، يوپۇرغا، پوسكام ناھىيىلىرىمۇ ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى.

بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە 1 مىليون 50 مىڭ مو يەرنىڭ سۇغۇرۇش شارائىتى ياخشىلاندى. 335 مىڭ مو شورلۇق يەر ئۆزگەرتىلدى. ئۆلچەملىك سۇغۇرۇش رايونلىرى قۇرۇلۇش جەھەتتە، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن يەر كۆلىمى 450 مىڭ موغا يەتتى، 550 پارچە يەر تۈزلەندى (437 مىڭ مو)، 1389 كىلومېتىر كېلىدىغان سۇ باشلاش ئۆستەڭلىرىدىن 1427 سى يېڭىدىن ئېلىندى، 372 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 145 زەيكەش چېپىلدى، 942 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ھەر خىل سىڭمەسلەشتۈرۈش ئۆستىڭى تەييارلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە، سۇلياۋ ياتقۇزۇلغان سىڭمەسلەشتۈرۈش ئۆستىڭى 560، تەبىئىي كىلومېتىر (3560 ئېقىن كىلومېتىرغا باراۋەر)، 1590 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېزا يوللىرى يېڭىدىن ياسالدى، 10 مىڭ 482 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يېزا يوللىرى رېمونت قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە شېغىل ياتقۇزۇلغان يوللار 325 كىلومېتىر كېلىدۇ. 43 مىڭ مو ئورمان بەلبېغى يېڭىدىن ئەمەلگە قىلىندى. 90 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئورمان بەلباغلىرى رېمونت قىلىندى. نەتىجىدە ھەر قايسى جايلارنىڭ يول، ئورمان، ئۆستەڭ، ئېتىز، تۇرار جاي قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوبدان ئاساس سېلىندى.

(لى جۈمىن).

## [سۇغۇرۇشنى باشقۇرۇش ۋە سۇ قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش خىزمىتى]

1986 - يىلى ئەتىيازدا، قەشقەر ۋىلايىتىدە سۇ قىس، قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولدى. يەكەن دەرياسى، تىزناپ دەرياسى، كۆسەن دەرياسى، گەز دەرياسى، قىزىل دەرياسىدىن ئىبارەت بەش چوڭ دەريانىڭ 1986 - يىلدىكى ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 10 مىليارد 315 مىليون كۇب بولۇپ، يىللاردىن بۇيانقى 10 مىليارد 880 مىليون كۇبتىن 5.1%، ئالدىنقى يىلدىكى 10 مىليارد 761 مىليوندىن 4.1% كېمىيىپ كەتتى، تىزناپ دەرياسىنىڭ 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە بولغان سۇ مىقدارى ئالدىنقى يىلى شۇ مەزگىلدىكىدىن 27% ئازىيىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: 5 - ئايدا ئالدىنقى يىلى شۇ مەزگىلدىكىدىن 40%، 5 - ئاينىڭ ئاخىرقى 10 كۈنى ئىچىدە ئالدىنقى يىلى شۇ مەزگىلدىكىدىن

73.8% ئازىيىپ كەتتى. كۇسەن دەرياسىنىڭ سۇ مىقدارى 6 - ئاينىڭ ئاخىرقى 10 كۈنى ئىچىدە 58.5% ئازىيىپ كەتتى. بەش چوڭ دەريانىڭ 5 - ئاينىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى سۇ مىقدارى ئالدىنقى يىلى شۇ مەزگىلدىكىدىن 47% ئازىيىپ كەتتى.

1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە، يېڭىسار، پوسكام، قاغىلىق، يەكەن، كونىشەھەر، مارالبېشى قاتارلىق ئالتە ناھىيە ۋە يېزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئىككى يېزىسى ئىسسىق شامال، قاتتىق يامغۇر، مۆلدۈر، تۆۋەن تېمپېراتۇرا قاتارلىق ئاپەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەت كۆلىمى 493 مىڭ 900 موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: كېۋەز 193 مىڭ مو (بۇزۇپ قايتىدىن تېرىلغىنى 123 مىڭ مو)، بۇغداي 91 مىڭ 500 مو، كۆممە قوناق 61 مىڭ 400 مو، قوغۇن، كۆكتات 148 مىڭ مو. تەبىئىي ئاپەتلەر ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەنلىكتىن، مايسا كۆچۈرۈش - تولۇقلاپ تېرىشقا كېتىدىغان سۇ قىيىنچىلىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

ھەر دەرىجىلىك سۇ تارماقلىرى قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ تەشكىلىي تەدبىرلەر ۋە سۇ تېجەش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. دەريا، بۇلاق، ئامبار سۇلىرىنى بىر تۇتاش تەڭشەش، يەر ئۈستى سۈيى، يەر ئاستى سۈيىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش؛ سۇ تېجىگەنلەرنى مۇكاپاتلاش، سۇ ئىسراپ قىلغانلارنى جازالاش؛ قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا قۇرۇلۇش قىلىش، بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېچىش ئارقىلىق كۆپەيتكەن سۇدىن سۇ ھەققى ئالماسلىق؛ سۇ چىقىرىپ سۇغارغاندا، ھەر بىر مو قېتىمغا 50 يۈەندىن ياردەم بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى يولغا قويدى. دەريا، ئامبار سۇلىرىنى بىر تۇتاش تەڭشەش داۋامىدا، يەكەن دەريا باشقارمىسى كاچۇڭ سۇ باشلاش تۈگۈنىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، شەرق، غەرب قىرغاقلىرىدىن ئايرىم سۇ باشلاش، ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ سۇنى بۆلۈشنى يولغا قويۇپ، سۇ ماڭدۇرۇشتىكى زىياننى ئازايتىپ، ئەتىيازدىكى سۇدىن 7000 كۇب ئىقتىساد قىلدى. قىزىل دەرياسىدا 5 - ئايدىكى كېچىك كەلكۈن مەزگىلىدە 5 مىليون 300 مىڭ كۇب سۇ يۆتكەپ بېرىلىپ، گەز دەرياسى سۇغۇرۇش رايونىغا كۈچلۈك ياردەم بېرىلدى. يەكەن ناھىيىسى ئامبار سۈيىنى ئىلمىي تۈردە تەڭشەپ، سۇ قويۇش ۋاقتىنى مەقسەتلىك ھالدا ئارقىغا سۈرۈپ، يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشقا زاپاس كۈچ تەييارلىدى.

1986 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە دەريا، بۇلاق سۇلىرىدىن ئېلىش بېشىدا ئېلىنغان سۇ مىقدارى 9 مىليارد 640 مىليون كۇب بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: يەرلىكتىكى ھەر قايسى ناھىيە - مەيدانلارنىڭ ئالغان سۇ مىقدارى 8 مىليارد 840 مىليون كۇب مېتىر، ئومۇمىي سۇغۇرۇش كۆلىمى 8 مىليون 579 مىڭ 200 موغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى سۇغۇرۇش كۆلىمى 6 مىليون 431 مىڭ 800 مو؛ باغ - ئورمان كۆلىمى 1 مىليون 524 مىڭ 500 مو؛ ئوتلاق كۆلىمى 626 مىڭ 900 مو. يىلبويى سۇغۇرۇلغان يەر 42 مىليون 243 مىڭ 800 مو قېتىم بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر مو يەر 4.9 قېتىمدىن سۇغۇرۇلدى. ئومۇمىي سۇغۇرۇش نورمىسى 1025 كۇب/مو

بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22 كۇب/مو ئازايدى.

ۋىلايەت بويىچە بۇغداي كۆلىمى 2 مىليون 745 مىڭ مو بولۇپ، جەمئىي 7 مىليون 846 مىڭ 500 مو قېتىم سۇغۇرۇلۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى 7 مىليون 56 مىڭ مو قېتىمدىن 12% ئاشتى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر مويەر 2.85 قېتىم سۇغۇرۇلۇپ، ئالدىنقى يىلدىكى 2.5 قېتىمدىن 0.35 قېتىم ئارتۇق سۇغۇرۇلدى.

يەكەن دەرياسى سۇغۇرۇش تەجرىبە پونكىتى كۈزگى بۇغدايلارنى سۇغۇرۇش تۈزۈمىنى سىناق قىلغىلى ئۈچ يىل بولغان بولۇپ، سىناق نەتىجىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەھلىلىدىن قارىغاندا: كۈزگى بۇغدايلارنى سۇغۇرىدىغان چاغدا، سۇغۇرۇش قېتىم سانى ئاساسلىق ئامىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا سۇغۇرۇشتا نورما بەلگىلەش لازىم. تېرىشتىن بۇرۇنقى سۇغۇرۇش نورمىسى ۋە ئەتىياز پەسلىدىكى دەسلەپكى سۇغۇرۇش ۋاقتى ئىككىنچى ئامىل بولىدۇ، دەپ قارالدى. سىناق جەريانىدىكى 6- نومۇرلۇق بىر تەرەپ قىلىش چارىسى بويىچە ئىش كۆرگەندە ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 551.3 جىڭ بولغان. ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى مۇنداق بولىدۇ: تېرىشتىن بۇرۇنقى سۇغۇرۇش نورمىسى 120 كۇب/مو؛ بۇغداينىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدە بەش قېتىم سۇغۇرۇلىدۇ؛ ھەر قېتىملىق سۇغۇرۇش نورمىسى 40 كۇب/مو بولىدۇ؛ ئەتىياز پەسلىدىكى دەسلەپكى سۇنىڭ قويۇلۇش ۋاقتى 4-ئاينىڭ 5 - كۈنى بولىدۇ. بۇ پونكىت ئۈچ يىلدىن بۇيانقى سۇغۇرۇش تۈزۈمى تەتقىقاتى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال سىناق خۇلاسە دوكلاتى يېزىپ چىقىپ، ئېقىن سۇ باشقۇرۇش خىزمىتىدە كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

1986 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى سۇ ھەققى بىلەن كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىراجىتىدىن جەمئىي 215 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يەنە ئاشلىق، پاختا قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى باھاغا سۇندۇرغان سوممىدىن 585 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بەش سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە سۇ سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشلىرىغا سەرپ قىلىندى. قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، سۇ ئامبىرىنىڭ بىخەتەرلىك ئۆلچىمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

(گاۋ فېڭ).

## [سۇ مەھسۇلاتلىرى خىزمىتى]

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە شىنجاڭ مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى ئەۋەتكەن تېخنىك خادىملارنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق سۇ مەھسۇلاتلىرى خىزمىتىدە ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق بېلىق بېقىش كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 721.5 توننا بېلىق ئېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17.5% ئاشتى. نەتىجىدە ۋىلايىتىمىز شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى قاتارغا ئۆتتى.

سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، سۇ مەھسۇلات تارماقلىرى ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن ۋە تەربىيىلەپ چىققان تېخنىك خادىملار 150 ئادەم قېتىمغا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە 42 كىشى مۇنتىزىم ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا بېرىپ ئوقۇدى)، ئىلگىرى - ئا-

خىر بولۇپ روفىي بېلىقى، ئاق كاراپ بېلىقى، ئوتخور بېلىق قاتارلىق ئەلا سورتلارنى كىرگۈزدى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە كۆلچەكتىكى بېلىق 44 مىليون 162 مىڭ دانە، كۆلچەكتىن چىقىرىلغان بېلىق 17 مىليون 232 مىڭ دانە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ بېلىق 8 مىليون 840 مىڭ دانە، كاراپ بېلىقى، ئوت بېلىقى، قاتارلىق ئەلا سورتلۇق بېلىقلارنىڭ نىسبىتى روشەن ھالدا كۆپەيدى.

ھەر قايسى بېلىق مەيدانلىرى ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈردى. ۋىلايەت بويىچە بېلىق مەيدانلىرىنىڭ پايدىسى 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(روشەنگۈل).

## [ئېقىن پىلانى ۋە تاغ رايونلىرى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمىتى]

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئۈچ چوڭ دەريانى ئېچىش ۋە تىزگىنلەش ئۈچۈن، ۋىلايىتىمىزدىكى سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى 1985 - يىلدىن بۇيان، يەكەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسى ئېقىنىنى پىلانلاپ چىقتى. لېكىن، تاغ رايونلىرىدا بولسا، گەز دەرياسىدىكى بۇلۇڭكۆل سۇ ئامبىرى ۋە يەكەن دەرياسىدىكى ئۆۋەنكى بەلدىر سۇ ئامبىرى بىر قىسىم جەھەتتىن قېدىرىپ تەكشۈرۈلگەن ۋە ئۆلچەپ چىقىلغان بولۇپ، پىلانلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلمىغانىدى. پارتىيىنىڭ ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى باشقارمىسى گەز دەرياسىدا قوڭغۇر سۇ ئېلىكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خۇتەن، شەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى قىدىرىش - لايىھىلەش ئورۇنلىرىدىن مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، سۇ ئىنشائاتلىرى سۇ ئېلىكتىر ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەم بەردى. شەنشى قىدىرىش، لايىھىلەش ئورنى تاغ رايونلىرىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە يەكەن دەرياسىنىڭ تاغلىق رايونى قىسمىنى پىلانلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. يەكەن دەريا باشقارمىسى تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى ئېقىنلارنى پىلانلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا، شەنشى قىدىرىش، لايىھىلەش ئورنى خۇلاسە قىلىپ كىتاب تۈزۈشكە مەسئۇل بولدى؛ خۇتەن قىدىرىش، لايىھىلەش ئورنى گەز دەرياسىنىڭ تاغلىق رايون قىسمىدىكى سۇ قۇۋۋىتى پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشقا مەسئۇل بولدى؛ گەز دەريا باشقارمىسى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى بىلەن بىرگە تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى ئېقىن پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشقا مەسئۇل بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا، خۇتەن قىدىرىش، لايىھىلەش ئورنى خۇلاسىلاپ كىتاب تۈزۈشكە مەسئۇل بولدى. ئىككى دەريانىڭ پىلانى 1986 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارىغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى. ئومۇمىي پىلان خىزمىتى 1987 - يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشماقچى. بۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى پىلان خىزمىتى ئارقىلىق، ئىككى دەريانىڭ ئاساسلىق تاغ رايونلىرىدىكى سۇ ئامبىرى ۋە تاغ رايونلىرىدىكى ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋاللىرى تۆۋەندىكىچە جەدۋەللەشتۈرۈپ چىقىلدى:

## يەكەن دەرياسى بىلەن كەز دەرياسىدىكى تاغلىق رايون سۇ ئامبىرى ۋە ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ئەھۋالى

| دەريالار | سۇ ئامبىرى | | | سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىسمى | سىغىمچانلىقى $m^3$ | دامبا ئېگىزلىكى (مېتىر) | ئىسمى | سۇ بېسىش ئارىلىقى (مېتىر) | ئېقىن مىقدارى | كۈچى (كىلوۋات) | ئاستا سىغىمچانلىقى | يىللىق توك مىقدارى (كىلوۋات) |
| يەكەن دەرياسى | زاڭگۇي | 961 مىليون 200 مىڭ | 95 | تۇۋەنكى بەلدىر | 65 | 47 | 17.900 | 25.500 | 182 مىليون |
| | ئارا تاش | 2 مىليارد 955 مىليون | 245 | ئارا تاش | 180 | 330 | 190 مىڭ | 380 مىڭ | 1 مىليارد 986 مىليون |
| | ئابەلدىر | 970 مىليون | 86 | زاڭگۇي | 77 | 168 | 45.100 | 80 مىڭ | 444 مىليون |
| | | | | قوشراپ | 53 | 168 | 36.800 | 72.000 | 424 مىليون |
| | | | | چوپان | 16 | 168 | 11.300 | 22.500 | 128 مىليون |
| | | | | چىمەندولا | 32 | 168 | 22.800 | 45.000 | 264 مىليون |
| | جەمئىي | 4 مىليارد 886 مىليون 200 مىڭ | | جەمئىي | 423 | | 323.900 | 625.000 | 3 مىليارد 428 مىليون |
| كەز دەرياسى | بۇلۇڭكول | 786 مىليون | | چىغ كاپا | 249 | | 27.700 | 60.000 | 256 مىليون |
| | كەنپتالىك | 160 مىليون | | كىچىك قوڭۇر | 416.8 | 23.73 | 53.790 | 80.100 | 504 مىليون |
| | | | | كەز | 257 | | 32.620 | 45.000 | 323 مىليون |
| | | | | قارا مايان | 143 | | 19.820 | 32.000 | 214 مىليون |
| | | | | توقاي | 314 | | 42.860 | 75.000 | 488 مىليون |
| | | | | بوز يۇلغۇن | 147 | | 19.950 | 31.500 | 218 مىليون 300 مىڭ |
| | | | | يالما | 44 | | 6030 | 12.800 | 78 مىليون 200 مىڭ |
| | | | | تۇمشۇق | 45 | | 6660 | 12.800 | 83 مىليون |
| | جەمئىي | 946 مىليون | | جەمئىي | 1637 | | 209.610 | 349.200 | 2 مىليارد 164 مىليون 500 مىڭ |
| ئومۇمىي جەمئىي | | 5 مىليارد 832 مىليون 200 مىڭ | | | | | 533.510 | 974.200 | 5 مىليارد 592 مىليون 500 مىڭ |

[سۇ ئىنشائاتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلاندى] پەيزاۋات ناھىيىسى قىزىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق، يازدا كەلكۈن، قىشتا سۇ قىس بولغاچقا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يېتىپ كەلگەنىدى. 1986 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ناھىيە دائىرىسىدىكى سۇغۇرۇش، زەيقاچۇرۇش، كەلكۈن چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت سۇ ئىنشائاتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى.

① ئۈنۈمى روشەن بولغان قۇرۇلۇشلار تۇتۇلدى. پايتىما كۆۋرۈك سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى — پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى ياكى ئاجىزلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئاچقۇچلۇق قۇرۇلۇش بولۇپ، ناھىيە مەبلەغ ۋە ئۈچ خىل ماتېرىيال قىس بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بۇ قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتتى. كەلكۈن مەزگىلى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بۇ قۇرۇلۇشنى تاماملاپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈردى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش راسخوتىدىن 400 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىنىپ ھەم ئېتىز - ئېرىقلارنىڭ سۇيىغا كاپالەتلىك قىلىندى ھەم تارشا ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەندى.

② سۇ تېجەش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇشلار تۇتۇلدى. 1986 - يىلى، توسۇش - ئالدىنى ئېلىشتىن قول سېلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 25 بېتون توما، 20 كۆۋرۈك، 25 پولات نو، 50 بېتون سۇگۆچ، 224 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سىڭدۈرمەسلەشتۈرۈش ئۆستىڭى ئەپيارلىنىپ، يوچۇقلار ئېتىپ تاشلاندى. سۇ قېچىپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ 25 مىليون كۇب مېتىر سۇ تېجەپ قېلىندى.

③ زىيانلىق ئىش پايدىلىق ئىشقا ئايلاندۇرۇلۇپ، كەلكۈن باشلاپ ئورمان ئەھيا قىلىش ئارقىلىق، يېپيېڭىچە ئۆسۈملۈكلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981 - يىلدىن باشلاپ، بۇ ناھىيە ئالدىنقى 20 يىللىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، شۇ جايدىكى چۆل - جەزىرىلەردىن پايدىلىنىپ، كەلكۈن باشلاپ ئورمان ئەھيا قىلىپ، 254 مىڭ مويەردە يۇلغۇن، توغراق يېتىشتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە 1986 - يىلى 110 مىڭ مو بولۇپ، كەلكۈننىڭ زىيىنىنى پايدىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، بۇنىڭ بىلەن يەر ئاستى سۇ يۈزى تۆۋەنلىدى، تۇپراق ياخشىلاندى ۋە يېپيېڭىچە ئۆسۈملۈكلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ناھىيىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشتىن ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشقا قاراپ ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ يېقىلغۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

④ سۇ باشقۇرۇش تۈزۈمى چىڭىتىلىپ، نامۇۋاپىق ئۆستەڭلەر بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، سۇ باشقۇرۇش ھوقۇقى سۇ تارماقلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يۇقىرىدىكى تۆت تۈرلۈك تەدبىرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى بىلەن، ناھىيىنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش مۇناسىۋىتى تەدرىجىي ھالدا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(لياڭ جيەنجۈن، تەن شىنۋېن)

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

**[1986 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتى]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىدە ئىشانلىق باشقۇرۇش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ئاساسىي قاتلام مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مۇقىم مەبلەغ ئومۇمىي قىممىتى 136 مىڭ 733 يۈەن، ئومۇمىي ئېنېرگىيىسى 490 مىڭ 375 ئات كۈچى، تراكتور سانى 9108 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە: چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 4209 دانە، 197 مىڭ 690 ئات كۈچى، بۆرۈشلەشتۈرۈش نىسبىتى 1:1.25 بولۇپ، 1985 - يىلىدىكى سەۋىيە ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قېلىندى. كىچىك تىپتىكى تراكتورلار 4899 دانە، 63 مىڭ 258 ئات كۈچى بولۇپ، 1985- يىلىدىكىدىن 663 دانە، 9580 ئات كۈچى كۆپەيدى. بۆرۈشلەشتۈرۈش نىسبىتى 1:1.22 بولدى. سۇلۇق ئېتىز ماشىنىلىرى، ئېتىزلارنى سۇغۇرۇش ماتورلۇق ماشىنىلىرى، ئورۇش سايمانلىرى، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى، ترانسپورت ماشىنىلىرى قاتارلىق 13 تۈر بويىچە جەمئىي 40 مىڭ 12 دانە ماشىنا - سايمان بار. يېزىلاردا ھەر خىل تۈردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلىسى 1985 - يىلدىكى 8201 ئائىلىدىن تەرەققىي قىلىپ، 11 مىڭ 804 ئائىلىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش مۇلازىمىتى بويىچە 1349 ئائىلە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ترانسپورت مۇلازىمىتى بويىچە 698 ئائىلە، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش مۇلازىمىتى بويىچە 1353 ئائىلە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئائىلىسىنىڭ تراكتورلىرى ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنىڭ 69 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ (چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 2078 دانە، 88 مىڭ 55 ئات كۈچى؛ كىچىك تىپتىكى تراكتور 4231 دانە، 54 مىڭ 669 ئات كۈچى). يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللار ۋىلايەت بويىچە بار ئاپتوموبىللارنىڭ 53 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ (441 دانە، 43 مىڭ 69 ئات كۈچى)؛ دىزېل ماتور 3571 دانە، ئۇن تارتىش ماشىنىسى 3695 دانە (85 - يىلى 3339 دانە)؛ ياغ تارتىش ماشىنىسى 1206 دانە (1985- يىلى 1210 دانە)؛ ئورۇلىغان مەھسۇلات مىقدارى 14 مىليون 750 مىڭ ئۆلچەم بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە تراكتور مەشغۇلات مىقدارىنىڭ 67 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىجارىسى بىلەن شۇغۇللىنىشى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر كۈچ بولۇپ قالدى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خىزمىتىدە ئىشلىتىلىق باشقۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش جەريانىدا، ۋىلايەتتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى كىچىك تىپتىكى تراكتورلارنىڭ تېخنىكا ھالىتىنى تۈزلەپ چىقىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ماي ئىقتىساد قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن-تېخنىكا تەرەققىيات ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. كىچىك تىپتىكى تراكتورلارنىڭ كۈچى، ماي سەرپىياتىنى تۈزلەش سايمىنى ۋە چۇۋۇپ قۇراشتۇرۇش سايمىنى ئىشلىتىلىپ، كىچىك تىپتىكى تراكتورلارنىڭ تېخنىكا ھالىتىنى تۈزلەش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن، تراكتورلارنىڭ تېخنىكا ھالىتى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ، ئاز پۇل كېتىدىغان، زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان خىزمەت. بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە كىچىك تىپتىكى تراكتورلاردىن جەمئىي 980 دانە تۈزلەپ تەكشۈرۈپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ۋەزىپە 198% ئورۇنلىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى. بۇنىڭ ئىچىدە: مۇكەممەل سان — سىفىرلارغا ئىگە بولغىنى 890 دانە، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە 890 دانە تراكتورنىڭ قۇۋۋىتى 0.978 كىلوۋات(1.33 ئات كۈچى)، يەنى 15% ئاشتى؛ ھەر بىر دانە تراكتورنىڭ ماي سەرپىياتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 61.07گرام/ئات كۈچى سائەت، يەنى 19.45% تۆۋەنلىدى. تەكشەلگەن 890 دانە كىچىك تىپتىكى تراكتورنىڭ كۈچى 886.25 كىلوۋات(1157.3 ئات كۈچى) ئېشىپ، تۆت چاقلىق كىچىك تراكتوردىن 96 سى يېڭىدىن كۆپەيگەنگە باراۋەر بولدى، بۇنىڭدا 458 مىڭ يۈەن تېجەلىپ قالىدۇ. 890 دانە كىچىك تراكتور بىر سائەت ئىشلىسە، 540.4 كىلوگرام ماي ئىقتىسات قىلغىلى بولىدۇ. ھەر بىر دانە تراكتورنىڭ يىللىق ئەمەلىي خىزمەت مىقدارىنى 700 سائەت بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر يىلدا 378.28 توننا سالياركا ئىقتىساد قىلغىلى بولىدۇ. خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 212 مىڭ يۈەن بولىدۇ. بۇ ئىككى تۈر بويىچە ھېسابلىغاندا، جەمئىي 670 مىڭ يۈەن بولىدۇ. تۈزلەش راسخوتىدىكى 8900 يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، بىر يىللىق بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈم 660 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يېتىدۇ.

بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تىجارەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى تراكتورلارنىڭ تېخنىكا ھالىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىللىق ئومۇمىي خىزمەت مىقدارى مۇقىم ئېشىپ، 31 مىليون 50 مىڭ مو ۋەزىپە ئورۇنلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە: تراكتورلارنىڭ مەشغۇلات مىقدارى 21 مىليون 850 مىڭ مو بولۇپ، 1985-يىلدىكىدىن 20% ئاشتى. ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش جەمئىي 3 مىليون 265 مىڭ 900 مو ئورۇنلىنىپ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 56 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ماشىنا بىلەن تېرىش ۋەزىپىسى 2 مىليون 616 مىڭ مو بولۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئومۇمىي تېرىش كۆلە-

ىسىنىڭ 45 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنغان كۆلەم 72 مىڭ 100 مو، ماشىنا بىلەن يالىڭتىراق يېيىلغان كۆلەم 176 مىڭ 900 مو بولۇپ، 1985-يىلدىكىدىن 15% ئاشتى. ئوت - چۆپلەرگە ئىش قوشۇش مىقدارى 50 مىڭ145 تونىنا بولۇپ، تراكتورلارنىڭ دەپتەردىكى ئات كۈچى مەشغۇلات مىقدارى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ باردى. ھەر مو يەرنىڭ ئوتتۇرىچە ماي سەرپىياتى 0.62 كىلوگرامدا تۇراقلاشتى، تراكتورلارنىڭ ياخشى ھالەتتە تۇرۇش نىسبىتى 80%، ئىشقا چىقىش نىسبىتى 75% بولدى. 1986 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تىجارەت ئۈنۈمى 1985-يىلدىكىدىن زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات ئومۇمىي كىرىمى 47 مىليون 229 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا ئىگىلىك مەشغۇلات كىرىمى 36 مىليون 465 مىڭ يۈەن، ھەر خىل تىجارەت كىرىمى 10 مىليون 303 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تىجارەت ساپ كىرىمى 15 مىليون 935 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1985-يىلدىكىدىن 6 مىليون 412 مىڭ يۈەن كىرىم ئاشۇرۇلدى.

(يەن جيەن، ليۇشاۋچۈەن).

**[ئائىلىلەردە سېلوس تەييارلاش يولغا قويۇلۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كەڭ يېزىلىرىدا ئىلگىرى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ غولىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. زىرائەت غولى مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، چارۋىلارنىڭ يەم - خەشەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1986 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى ئوت - چۆپلەرنى ئىنچىكە توغراپ مال بېقىش ۋە ئائىلىدە سېلوس تەييارلاشنى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئىككى بۆسۈش ئېغىزى قىلدى.

سېلوس خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى سەنشى، بېيجىڭ، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن 56 دانە يېڭى تىپتىكى ئوت توغراش ماشىنىسى ئەكەلدۈرۈپ، يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ بۇ خىل ماشىنىدىن 116 دانە ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەسلىدىكى 87 دانە ئوت توغراش ماشىنىسىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 364 كىشىنى تەربىيىلەپ چىقتى ۋە 217 سېلوس تەييارلاش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلدى. سېلوس تەييارلاش مەزگىلىدە، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى ئۈچ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەردىن ئاجرىتىلغان 237 نەپەر تېخنىك كادىرغا ياردەملىشىپ، يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ماشىنىلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، تەڭشەش، زاپچاس بىلەن تەمىنلەش، ئوت توغراش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋىلايەت بويىچە 1986 - يىلى 50 مىڭ 145 تونىنا سېلوس تەييارلىنىپ، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن ۋەزىپىنىڭ 250 پىرسەنتى، ۋىلايەت چۈشۈرگەن ۋەزىپىنىڭ 167 پىرسەنتى ئورۇنلاندى. 11 ناھىيە (شەھەر) ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى (تاشقورغان ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). بۇ-

نىڭ ئىچىدە: يوپۇرغا ناھىيىسى 6062 توننا، يەنى 303%؛ پەيزاۋات ناھىيىسى 6165 توننا، يەنى 246%؛ مەكىت ناھىيىسى 4268 توننا، يەنى 213%؛ يەكەن ناھىيىسى 10 مىڭ 70 توننا، يەنى 201% ئورۇنلىدى. يەكەن ناھىيىسى ۋەزىپە ئورۇنلاشتا بىردىنبىر 10 مىڭ توننىلىق ناھىيە بولۇپ قالدى. ۋىلايەت بويىچە 13 يېزا مىڭ توننىلىق يېزا بولدى. يەنى: يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ تېرەم، ئاچچىق، يەكشەنبە بازار، سېپيەك، يوپۇرغا قاتارلىق بەش يېزىسى؛ پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ جامباز، قىزىلبويى، شاپتۇل قاتارلىق ئۈچ يېزىسى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ مىشا يېزىسى؛ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يىتىملىقۇم يېزىسى؛ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسى؛ مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسى؛ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ زەممىن يېزىسى قاتارلىقلار.
بۇ يىللىق سېلوس تەييارلاشنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، ۋىلايىتىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يەم-خەشەك بىلەن چارۋىلارنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بەردى.

(سوڭ گاڭ).

**[يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، «ئىككى چىلگە زىرائەتنى پەرلەشتۈرۈش»نىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى]** ئاز ھەيدەش ئۇسۇلى يېڭى تېپىتىكى بىر خىل تېرىقچىلىق ئۇسۇلى. بۇ — يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرغاندىن كېيىنلا ئورۇق سالمىغان بىر خىل تېرىقچىلىق ئۇسۇلى بولۇپ، ھەيدەلگەن يەرنىڭ قەۋىتىنى بۇزۇۋەتمەيدۇ، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئاشۇرۇپ نەملىكىنى ساقلاپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، دېھقانچىلىق ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇشقا، چىلگە قوناق ۋە كۆزگى بۇغداي تېرىشقا باپ كېلىدۇ. يەرنى ئاز ھەيدەش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن چوڭقۇر ھەيدەش ۋەزىپىسىنى بىر قېتىمدىلا ئورۇنلىغىلى، تېرىش بىلەن ئوغۇتلاشنى بىرگە ئېلىپ بېرىپ، قۇۋۋەت مەنبەسى ۋە ئادەم كۈچى سەرپىياتىنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، مەشغۇلات نىسبىتىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

1985 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەتقىقات ئورنى لايىھىلىگەن، سانجى ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان 16 - BZ تىپىدىكى ئاز ھەيدەش - تېرىش ماشىنىسى، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئوچار يېزىسىدا ئۆلگە كۆرسىتىپ، 811 مو يەر ھەيدىدى. ئۆلچىگەن نەتىجىدىن قارىغاندا چىلگە قوناقتىن ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.87% مەھسۇلات ئاشقان. كۆزگى بۇغدايدىن 7.9% مەھسۇلات ئاشقان. دېھقانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن، 1986 - يىلى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى بۇ ماشىنىدىن ئالتىنى ئىشلەپچىقىرىپ، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات قاتارلىق ئالتە ناھىيىگە بەردى. ئەمەلدە يېڭىسار ناھىيىسىگە بەرگەن بىر دانىسىنى قوشۇپ، ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان. قاغىلىق، مەكىت ناھىيىلىرىدە بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يولغا قويۇلمىغاندىن تاشقىرى

قالغان بەش ناھىيىدە 1460 مو چىلگە قوناق، 268 مو كۈزگى بۇغداي تېرىلدى. ئۆلچەپ كۆرۈلگەن نەتىجىدىن قارىغاندا، تېرىش سۈپىتى دېھقانچىلىق تېخنىكا تەلىپىگە يەتكەن، چىلگە قوناق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مودىن 8.79% ئاشقان (پەيزاۋات ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە: يەكەن ناھىيە ئىشقول يېزا، ئىشقول كەنتىدىكى 18 مو چىلگە قوناقتىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مودىن 24% مەھسۇلات ئاشقان. ماشىنا - سايمانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەر بىر مو يەرگە كەتكەن ماي سەرپىياتى ئادەتتىكى تېرىقچىلىق ئۇسۇلىغا قارىغاندا 759 گرام ئازايغان، ئادەتتىكى تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنىڭ 42.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. 1986 - يىلدىكى 1728 مو يەر بويىچە ھېسابلىغاندا 1311.55 كىلوگرام ماي ئاز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئادەتتىكى تېرىقچىلىق ئۇسۇلى تەننەرقىنىڭ 48.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. 1986 - يىلى 2501.62 يۈەن تېجەپ قېلىنغان. مەسىلەن: ھەر بىر ماشىنا بىلەن نورمال ئىشلەتكەندە، ئىككى يىل ئىچىدە تېجەپ قېلىنغان خىراجەتتىن، ئاز ھەيدەش ئۇسۇلى ماشىنىلىرىنىڭ مەبلىغىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ.

ئاز ھەيدەش ئۇسۇلىنى يولغا قويغاندا يازلىق يىغىم، يازلىق تېرىم مەزگىلىدىكى ئەمگەك كۈچى، ماشىنا، ئۇلاغ كۈچى جىددىي بولۇش زىددىيىتىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ، ئۆز ۋاقتىدا تېرىشقا پايدىلىق بولۇپ «ئىككى بالدۇر پىشار زىرائەتنى پەرلەشتۈرۈش» يېڭى تېخنىكىسىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىكى كۈچلۈك بىر تېخنىكا تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ.

(ليۇشاۋچۇەن).

**[يېزا - بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى]** پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەسلىدىكى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇشتىن تۈمەنمىڭ ئائىلىلەر بويىچە تارقاق باشقۇرۇشقا قاراپ ئۆزگىرىپ، نۇقتا كۆپ، ئومۇمىي دائىرە كەڭ بولۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇنداق ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن ئاساسىي قاتلامدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئورگانلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ھەرقايسى جايلار ئەسلىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى ۋە باشقۇرۇش پونكىتى ئاساسىدا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىنى قايتىدىن قۇرۇپ، ئەسلىدىكى ساپ كارخانا ۋەكەسپىي ئورۇندىن كارخانا باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان كەسپىي ئورۇنغا ئۆزگەرتتى؛ نوقۇل ھالدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇشتىن مەمۇرىيەت، قانۇن، بەلگىلىمە، مۇلازىمەتتىن ئىبارەت ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتتى ھەمدە مۇلازىمەتتىن ئىبارەت بۇ ھالقىنى نۇقتىلىق ھالدا گەۋدىلەندۈردى. 1986 - يىلغىچە، ۋىلايەت بويىچە 120 يېزا - بازاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت ئورگانلىرى قۇرۇلدى. بۇ يېزا - بازار ئومۇمىي سانىنىڭ 72.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىدىن 97 سى، يېزا

ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىدىن 23 ى بار.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنى قۇرۇش جەريانىدا، ھەر قايسى يېزا - بازارلار ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش ۋە كەسپىي قۇرۇلۇشنى ئەستايىدىل تۇتۇپ، مالىيە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىنقىلاپ، ھەر خىل بەلگىلىمە تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى؛ ھازىر ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى يېزا - بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى 27 خىل مۇلازىمەت تۈرلىرىنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، زاپچاس - دېتال - ماي بىلەن تەمىنلەش، توك چىقىرىش، توك تەڭشەش، ماشىنا سازلىق، ئىش قوشۇش، قۇيمىچىلىق، ئۇن - ياغ تارتىش قاتارلىقلار بار. ھازىر ۋىلايەت بويىچە تېخنىكىلىق باشقۇرۇش جەھەتتە قېلىپلاشتۇرۇلغان بولۇش، ماي باشقۇرۇش تەمىنلەش جەھەتتە ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن بولۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش جەھەتتە مۇنتىزىملاشتۇرۇلغان بولۇش، تېخنىكا مۇلازىمەت جەھەتتە ئىملاشتۇرۇلغان بولۇش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە تۈزۈملەشتۈرۈلگەن بولۇشتىن ئىبارەت بەش ئۆلچەمگە يەتكەن يېزا - بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىدىن 66 سى بار. بۇ پونكىتلارنىڭ رەھبەرلىكى كۈچلۈك، خىزمىتى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، شۇ يېزا - بازارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن گۇڭشې، دادۈي، شاۋدۈي ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن قېپقالغان يەر ھەيدەش پۇلىدىن بىر پۈتۈن يىغىۋېلىنمىدى. ھالبۇكى، قەرز پۇلنىڭ ۋاقتى توشسا ئۆسۈمى بىلەن دېرىنى قايتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. 1979 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە ۋىلايەت بويىچە دۆلەتكە قايتۇرۇلغان قەرز پۇل 4 مىليون يۈەنگە يېقىن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا نورمال خىزمەتلەرمۇ ئىشلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى يېزا - بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە تېخىمۇ ئېتىبار بەردى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 589 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆلچەم پونكىتىنىڭ كىرىمى 1 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1987 - يىلىدىن باشلاپ پەرقلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تېخىمۇ قوزغاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كىرىمنى ئاشۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىشقا بەلباغلىدى.

(ئۈجۈنرۈي).

**[يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، ياساش كارخانىلىرى ئۇنىۋېرسال تىجارەت تىپىغا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا]** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئون ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش كارخانىلىرى تەكشۈرۈش، ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات نىشانىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىدا ئۈچ تۈرلۈك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. يەنى: ئىلگىرىكىدەك نوقۇل ھالدىكى ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىن ئۇنىۋېرسال تىجارەت تىپىغا قاراپ ئۆزگەردى؛ ئىلگىرىكىدەك زىيان تارتسا قوشۇمچە ياردەم پۇلىغا تايىنىش، مەبلەغدە دۆلەتكە تايىنىشتىن پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش، ئۆزى تىجارەت قىلىشقا قاراپ ئۆزگەردى؛ ئىلگىرىكىدەك نوقۇل ھالدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەش، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە قاراپ ئۆزگەردى. كارخانىلار يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش بىلەن بىر چاغدا، توغرا لىنىيىلىك بىرلەشمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سۈپىتىدە تۇتۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تارماقلار قامال قىلىۋالىدىغان، رايونلار ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈدىغان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. بىر يىلدىن بۇيان، ئۇلار 17 تۈر بويىچە يېڭى مەھسۇلات ياراتتى. مەسىلەن: قاغىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ داتۇڭ شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، يىلىغا 11 توننا يالتىراق ئىشلەپچىقىرىپ، شۇ جايدا يالتىراق قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى تېخنىكا كىرگۈزۈپ، ئەينەك پولات جاھازلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، بازاردىكى ئىنتىلىك مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. پەيزاۋات ناھىيىسى شىگەن شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، يىلىغا 184 مىڭ دانە قەغەز يېشىك ئىشلەپچىقىرىپ، پەيزاۋات قوغۇنىنى يېشىككە قاچىلاپ سىرتقا توشۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. پوسكام ناھىيىسى تېخنىكا كىرگۈزۈپ، ئەينەك پولات ماتېرىياللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەننەرقى تۆۋەن، ئۈنۈمى تېز بولۇش، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش، شۇ يىلى تەننەرقىنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىگە يەتتى. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يېتىپ، قەشقەر ۋىلايىتى ئۈچۈن بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. باشقا ناھىيىلەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرى چۆيۈن تۇرۇبا، بىناكارلىق بوياق ماتېرىيالى، ھەر خىل كاۋچۇك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتلەردە خېلى ئوبدان ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ يېڭى ئاشۇرغان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 37 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش كارخانىلىرىنىڭ يىل بويىچە ئورۇنلىغان مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 786 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلاننىڭ 119.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، 1985 - يىلدىكىدىن 36.7% ئاشتى. ھازىر، ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش - رېمونت قىلىش كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قەشقەرنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېڭى تۆھپە قوشماقتا.

(ۋاڭ گورۇڭ).

## [يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى]

ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ خىزمىتىنى تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دائىملىق كۇرسلىرىنى ئاكتىپ باشقۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1986 - يىلى، ھەر قايسى جايلاردا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 24 قۇرلۇق سىيالكا، مىقدارلىق سىيالكا ۋە كىچىك تىپتىكى سىيالكىلارنى ئىشلىتىش، ئاسراش، تەڭشەش؛ تراكتورلارنىڭ سۇيۇقلۇق بېسىم سىستېمىسىنى ئاسراش، تەڭشەش؛ ئوت توغراش ماشىنىسى، قاقلاپ قۇرۇتۇش ماشىنىسى، يېڭى تراكتور شوپۇرلىرى ھەمدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتلىرىنىڭ بوغالتىرى، ستاتىستىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش جەھەتلەردىن كەسپىي خادىملار كۇرسلىرىنى ئېچىپ، جەمئىي 3972 كىشىنى تەربىيىلەپ چىقتى. تەربىيىلەش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى، تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىقتىسادىي نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئىقتىسادىي ھېسابات كۈچەيتىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇلدى.

(سۇن گاڭ).

## [يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشى]

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشى كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلگەنىدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋەقەسى، ئۆلۈش، يارىدار بولۇش سانى ھەمدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1000 تراكتوردا كۆرۈلىدىغان ئۆلۈش نىسبىتى جەھەتتە شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، خەلقنىڭ ھاياتىي ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايىتىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى تۇتتى:

① يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى بىخەتەر باشقۇرۇش خىزمىتىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلدى. ۋىلايەت، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. باشقۇرۇش خادىملىرىدا بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە كۈچەيتىلدى. باشقۇرۇش كەسپىدىكى ناچار ئىستىللار تەرتىپكە سېلىنىپ، باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە كەسپچانلىقى كۈچەيتىلىپ، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ياخشىلاندى. بىخەتەرلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ كەسپىي قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى 12 قارار كۇرس ئېچىپ، 167 نەپەر باشقۇرغۇچى خادىمنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشى ۋە كەسپىي تېخنىكا سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشى

تەشكىللەش جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈلدى.

② ئىشلىتىش باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسى تۈزۈلدى. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلار ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ شوپۇرلىرى قاتلاممۇ - قاتلام 7499 پارچە بىخەتەرلىك ھۆددە توختامنامىسى ئىمزالاپ، باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە شوپۇرلارنىڭ مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

③ كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئومۇمخەلق بىخەتەرلىك تەربىيىسى، بىخەتەرلىك تەشۋىقاتى خىزمىتىنى كەڭ ۋە پۇختا قانات يايدۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى قانۇن - ساۋاتلار ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1986 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 51 قېتىم تەشۋىقات ماشىنىسى چىقىرىلىپ، ناھىيە - يېزىلاردىكى رادىئو ئۈزېلى ۋە كىنوخانىلاردا 1559 قېتىم بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، 1448 قېتىم ھەر خىل بىخەتەرلىك يىغىنلىرى ئېچىلدى، 20 مىڭ 399 پارچە تەشۋىقات لوزۇنكا - پىلاكاتلىرى يېزىلدى، 74 خىل 6600 پارچە بىخەتەرلىك تەشۋىقات ماتېرىياللىرى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، تۆت قېتىم بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش رەسىملىك كۆرگەزمىسى 103 كۈن كۆرسىتىلدى، ئېكىسكۇرسىيە قىلغانلارسانى 330 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا 716 قېتىم بىخەتەرلىك دەرسى ئۆتۈلدى، دەرس ئاڭلىغانلار سانى 300 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. ئومۇمخەلق بىخەتەرلىك تەشۋىقات تەربىيىسىنى ئۆيدىن ئۆتۈش بىلەن بىر چاغدا، شوپۇرلارغا بولغان بىخەتەرلىك تەربىيىسى چىڭ تۇتۇلدى. ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 88 يېزا - بازاردا بىخەتەرلىك ئۆگىنىش كۇرسى پائالىيىتى 619 قېتىم ئېلىپ بېرىلدى. قاتناشقان ئادەم 58 مىڭ 72 ئادەم - قېتىمغا يەتتى. يەكەن، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدە، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىغا قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. قاتناشقان ئامما 6000 دىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1700 دىن ئارتۇق شوپۇر بار.

④ بىخەتەرلىكنى تەكشۈرۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1986 - يىلى، جەمئىي 144 مىڭ 202 دانە قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە: قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلىرى 20 مىڭ 200 دانە قېتىم بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي سانىنىڭ 14 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىز، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان شوپۇرلارغا قارىتا تەنقىد - تەربىيە ئېلىپ باردۇق. لاياقەتلىك بولمىغان تراكتورلارنى مەجبۇرى ھالدا رېمونت قىلدۇردۇق. قىلمىشى ئالاھىدە ئېغىر بولغانلىرىغا جەرىمانە قويۇپ بىر تەرەپ قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن ۋەقەنىڭ يوشۇرۇن مەرەزلىرى يوقىتىلىپ، ۋەقەلەر ئازايتىلدى.

⑤ 1986 - يىللىق پىراۋا تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە لاياقەتلىك تراكتورلاردىن 8204 دانە تەكشۈرۈلدى. لاياقەتلىك شوپۇرلاردىن 6818 كىشى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن، تراكتورلارنىڭ تېخنىكا ھالىتى ۋە شوپۇرلارنىڭ تېخنىكا ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

⑥ پىراۋىسى يوق تۇرۇپ تراكتور ھەيدەش ئەھۋالىنى تۈگىتىش پائالىيىتى قانات

يايدۇرۇلدى. ھەر قايسى يېزا - بازارلاردا پىراۋىسى يوق تۇرۇپ تراكتور ھەيدىگەن شوپۇرلار ئەستايىدىل ئېنىقلاپ تىزىملاندى ۋە مۇددەت - تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلەندى. ھەممە يېڭى شوپۇرلاردىن 22 مەيدان ئىمتىھان ئېلىنىپ، 1972 كىشىگە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىلىپ، پىراۋىسى يوق تۇرۇپ تراكتور ھەيدەش ئەھۋاللىرى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى.

⑦ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا ۋەقە كۆپ سادىر بولىدىغان پەسىلنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى 1986 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە «100 كۈن ۋەقە سادىر قىلماسلىق» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھەيئىتى «يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تىن 3500 پارچە تارقاتتى. «100 كۈن ۋەقە سادىر قىلماسلىق» پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خۇلاسە چىقىرىپ، ۋەقە سادىر قىلمىغان يەتتە ناھىيىنى مۇكاپاتلىدى. ۋەقە سادىر قىلغان بەش ناھىيىگە جەرىمانە قويدى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋەقەسى ئۇدا ئالتە يىل زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. 1986 - يىلى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋەقەسى 70 قېتىم سادىر بولۇپ، 58 ئادەم ئۆلدى، 12 ئادەم يارىلاندى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 52 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىللاردىكىدىن 4.1%، 3%، 7.7%، 10.3% ئازايدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1000 دانە تراكتورنىڭ ئادەم ئۆلۈش سانى ئالدىنقى يىلدىكى 5.98 ئادەمدىن ئازىيىپ 5.5 ئادەمگە چۈشتى. يىل ئاخىرىدا، يەكەن، يېڭىسار، يېڭىشەھەر، مەكىت ناھىيىلىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

(جاڭ دىلىن).

**[ئىسلاھات داۋامىدا راۋاجلىنىۋاتقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەمىنات خىزمىتى]** 1986 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەمىنلەش تارماقلىرى كەسپىي سىستېما بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۆزىنى يېڭىلاش ئىقتىدارىنى ياخشىلاش ۋە ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە يېڭى بىر قەدەم باستى. يىل بويى كىرگۈزۈلگەن ماشىنىلارنىڭ قىممىتى 12 مىليون 140 مىڭ يۈەن، سېتىش سوممىسى 14 مىليون 690 مىڭ يۈەن، پايدا 191 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا پىلاننىڭ 100.3، 104.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. بارلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئوتتۇرىچە قالدۇق سوممىسى 3 مىليون 390 مىڭ يۈەن، نورمىلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئوتتۇرىچە قالدۇق سوممىسى 5 مىليون 400 مىڭ يۈەن، بارلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت كۈن قېتىم سانى 83/4.3 كۈن. نورمىلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت كۈن سانى 133/2.7 كۈن بولىدۇ.

① ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەمىنلەش تارماقلىرى پىلانلىق باشقۇرۇش ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەمىنلەش جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى كۈچەيتىپ، ئامبار قالدۇقىنى ئازايتىپ، مەبلەغ ئوبوروتىنى كۈچەيتىپ، راسخوتلارنى كېمەيتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتەردى.

② كەسپىي يېتەكچى ئىدىيىسىنى يەنىمۇ توغرىلاپ، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت پائالىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇردى، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەمىنلەش تارماقلىرى بازار ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ئىمكانقەدەر كاپالەتلىك قىلىپ «ئۈچ ھۆددىگەرلىك» مۇلازىمىتىنى كۈچەيتتى.

③ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋە ئاپتوموبىل كالونىدا ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەچكە ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستى، پايدا زور ھەجىمدە ئېشىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىيدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى مەنپەئەتكە ئىگە قىلىپ، 1987-يىللىق ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىكنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى.

④ ھەر تۈرلۈك بەلگىلىمە، تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئورگان ئىسلاھاتى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى.

ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىدە ئەسلى ئالتە بۆلۈم-ئىشخانا، 11 نەپەر ئوتتۇرا قاتلام كادىرلىرى بولۇپ، خىزمەت جەريانىدا ئۆزئاقىچە ئۆز ئارا ماسلىشالماي كەلگەن، 1986-يىلى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئىككى بۆلۈم-ئىشخانىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھازىرقى تۆت بۆلۈم-ئىشخانىنى تەسىس قىلدى، ئوتتۇرا قاتلام كادىرلىرىنى ئالتىگە قىسقارتتى، تەكشۈرۈش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، شىركەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئۆز ئارا ماسلىشالايدىغان بولدى.

⑤ پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە كەسپىي ئەخلاق، قانۇن-تۈزۈم تەربىيىسىنى ھەقىقىي يوسۇندا تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى تېخىمۇ ياخشىلىدى. شىركەت رەھبەرلىرى دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «ئەگەر مەن دىرېكتور بولسام» دېگەن مەزمۇندىكى پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلدى.

⑥ بازارنىڭ ئېچىۋېتىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش بىلەن بىرگە، كۆپ خىل ئىگىلىكنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان بايلىقلارنى ياراتتى.

(جاڭ جىيايۇ).

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

**[يېزا - بازار كارخانىلىرى مۇقىم ھالدا تەرەققىي قىلماقتا]** 1986 - يىلى مەركەزنىڭ «پائال يار - يۆلەك بولۇش، مۇۋاپىق يېتەكلەش، توغرا يېتەكلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى 35 مىڭ 393 كە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13 مىڭ 523 ى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا باشقۇرغان كارخانىلار 1672، كەنت باشقۇرغان كارخانىلار 1328، ئائىلىلەر باشقۇرغان بىرلەشمە كارخانىلار توققۇز، يەككە ئائىلىلەر باشقۇرغان كارخانىلار 32 مىڭ 384. كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار 103 مىڭ 498 بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18 مىڭ 376 كىشى كۆپىيىپ يېزا ئومۇمىي ئەمگەك كۈچى سانىنىڭ 15.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا باشقۇرغان كارخانىدا 36 مىڭ 375 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 34.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ كەنت باشقۇرغان كارخانىدا 25 مىڭ 52 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 24.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ بىرلەشمە ئائىلىلەرنىڭ كارخانىسىدا 131 كىشى، يەككە ئائىلىلەرنىڭ كارخانىسىدا 41 مىڭ 940 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 40.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 180 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 60 مىليون يۈەن، يەنى 33.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ كىرىمى 95 مىليون 398 مىڭ يۈەن، كەنت باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ كىرىمى 29 مىليون 651 مىڭ 800 يۈەن؛ بىرلەشمە ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى بىر مىليون 114 مىڭ يۈەن؛ يەككە ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى 53 مىڭ 854 مىڭ 400 يۈەن؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 150 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 36 مىليون 909 مىڭ 400 يۈەن، يەنى 25.3% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 94 مىليون 84 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 41.7% ئاشتى؛ كەنت باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 23 مىليون 801 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.3% ئاشتى؛ بىرلەشمە ئائىلىلەر باشقۇرغان كاخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.5% ئاشتى؛ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى 40 مىليون 187 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن سەككىز مىليون 329 مىڭ يۈەن، يەنى 50% ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى ئالتە مىليون 405 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 868 مىڭ 300 يۈەن ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرى (كوللېكتىپ) نىڭ مۇقىم مۈلۈك قىممىتى 64 مىليون 940 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن يەتتە مىليون 350 مىڭ يۈەن ئاشتى.

بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىدا تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر بولدى:

① قەدەم بارغانسېرى چوڭ ئېلىندى. يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر دەرىجىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان تونۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتتى، بولۇپمۇ ئائىلىلەر باشقۇرغان، بىرلەشمە ئائىلىلەر باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى. شۇڭا، بۇرۇنقىدەك ھەممە ئىشتا دۆلەتكە تايىنىۋالىدىغان ھادىسىلەر ئۆزگەرتىلدى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆزىمىز توپلىغان مەبلەغ توققۇز مىليون 900 مىڭ يۈەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ يار - يۆلەك بولۇش مەبلىغىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھازىر يېزا - بازار كارخانىلىرى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدىكى سالمىقى تېخىمۇ چوڭىيىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. پوسكام ناھىيە كۆيباغ يېزىسىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى سالمىقى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 61 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

② يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇش خىزمىتى تېخىمۇ پۇختا ئىشلەندى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇشتا ئاساسەن مۇنداق بەش چوڭ ئىش تۇتۇلدى: بىرىنچى، يىل بېشىدا ۋىلايەت ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىش بىلەن بىر چاغدا زور كۆلەملىك يېزا - بازار كارخانىلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تونۇشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرەك قىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر تەرەپلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئىككىنچى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ شەخسەن رىياسەتچىلىكى ئاستىدا مەخسۇس يىغىن چاقىرىلىپ يېزا - بازار كارخانىلىرى خىزمىتى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، ساقلانغان مەسىلىلەر ئەتراپلىق تۈردە تەتقىق قىلىنىپ ۋە ھەل قىلىنىپ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئۈچىنچى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش سۆھبەت يىغىنىدا: يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش — نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ مۇھىم يولى دەپ كۆرسىتىلىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نىشان ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تۆتىنچى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەت مىقياسىدا يېزا - بازار كارخانىلىرىنى چوڭ تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇرۇپ تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بەشىنچى، ناھىيە، يېزا ئىككى دەرىجىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ئاساس قاتلام كادىرلىرىنىڭ تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتەردى.

③ ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستى. 1986 يىلى جايلار يېزا - بازار كارخانىلىرىغا دائىر تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى ئۆزگىرىش ۋە كارخا-

ىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەڭشەشنى چىڭ تۇتۇپ، ۋىلايەت بويىچە يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتمە سانىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. 1986-يىلى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 180 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 110.5% ئاشتى، پايدا 38 مىليون 432 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 129.17% ئېشىپ، ھەر بىر كىشىگە 553.96 يۈەن (كوللېكتىپنىڭ) پايدا يارىتىلدى.

④ سىرتقى ئالاقە ۋە ئىچكى ھەمكارلىقتىن ئىبارەت توغرا لىنىيىنىڭ مۇناسىۋەت يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 1986-يىلى ناھىيە (شەھەر)لەر بېكىنمىچىلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ شەنشى، شەندۇڭ، سىچۇەن، جياڭسۇ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، 268 نەپەر تېخنىك خادىم، 71 يۈرۈش ئۈسكۈنە، 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزۈپ، 14 كارخانىنى بىرلىشىپ باشقۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ناھىيە (شەھەر)لەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتكەن ئادەم سانى 3000 ئادەم-قېتىمغا يەتتى. قەشقەر شەھىرى، قاغىلىق، پوسكام، مارالبېشى، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەر تېخنىكا ھەمكارلىقى ئارقىلىق، قەغەز زاۋۇتى، قەغەز يېشىك زاۋۇتى، مەرمەر تاش زاۋۇتى، قۇم خىش زاۋۇتى، ئىلما توقۇلما زاۋۇتى، خېمىيۋى سانائەت زاۋۇتى، كونسېرۋا زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلارنى قۇرۇپ چىقتى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ گۈلباغ يېزىسى 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، قۇتۇبى ناھىيىسىدىن تېخنىك ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، شۇ يىلى ئىلما توقۇلما زاۋۇتى قۇرۇپ، شۇ يىلى ئىشقا كىرىشتۈردى. ئۇلارنىڭ زاۋۇتتا توقۇلغان پوپايكا، چىگلۇن ئىشتان قاتارلىق مىللىي ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلار خېرىدارلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. توغرا لىنىيىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى ۋە كۆپ خىل شەكىللىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، رىقابەتلىشىش ئىقتىدارى كۈچەيدى.

⑤ تەرەققىيات يولى بارغانسېرى كېڭەيدى. 1986-يىلى، ۋىلايەت بويىچە يېزا-بازار كارخانىلىرى ئىلگىرىكىدەك «تېرىش، يىغىش، ئىش قوشۇش، ئۇن-ياغ تارتىش، چىگىت ئايرىش» تىن ئىبارەت كونا رامكىنى بۇزۇپ تاشلىدى. خېلى زور كۆلەمگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم تايانچ كارخانىلار مەيدانغا كەلدى. بەزى مەھسۇلاتلار ۋىلايىتىمىزدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرىدا يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن: قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ مەرمەر تاش زاۋۇتى، ئۈنۋېرسال توخۇ فېرمىسى، قۇم خىش زاۋۇتى؛ يەكەن ناھىيىسىنىڭ كۆن-خۇرۇم زاۋۇتى، ئىلما-توقۇلما زاۋۇتى؛ يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ شېرىشىم گۈلە زاۋۇتى؛ قەشقەر شەھىرىنىڭ خىش زاۋۇتى، قەغەز زاۋۇتى، چاپما ماشىنا-سايمانلار زاۋۇتى؛ مەكىت ناھىيىسىنىڭ سۈنئىي تالا تاختاي زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلىرى يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ھاياتىي كۈچىنى تولۇق نامايەن قىلىپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان كۈچ بولۇپ قالدى.

⑥ رەھبەرلىك بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى خىزمىتىگە مەخسۇس ئادەمنى مەسئۇل قىلدى. ۋىلايەت بويىچە 139 يېزىنىڭ ھەممىسىدە بىر نەپەر مۇئاۋىن سېكرېتار ياكى بىر نەپەر مۇئاۋىن يېزا باشلىقى يېزا - بازار كارخانىلىرى خىزمىتىنى تۇتۇشقا مەسئۇل بولدى. 80 پىرسەنتتىن كۆپرەك يېزىلاردا يېزا - بازار كارخانىلىرى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ توغرا يولنى بويلاپ ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

⑦ ئىلغار تىپلار ئۈزلۈكسىز تۇردە مەيدانغا كەلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ۋىلايىتىمىزدە 10 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتكەن ناھىيىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. 1984 - يىلى، 10 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتكەن ناھىيىلەردىن يەكەن، پوسكام ئىككى ناھىيە بولۇپ، 1985 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسى قوشۇلدى. 1986 - يىلى، قەشقەر شەھىرى ۋە يەكەن ناھىيىسى بىراقلا 30 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئاشتى؛ پوسكام، مارالبېشى ناھىيىلىرى 20 مىليون يۈەندىن ئاشۇردى؛ يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يېڭىسار، پەيزاۋات، مەكىت ناھىيىلىرى 10 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتتى. 1986 - يىلى ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالانغان ناھىيە (شەھەر) لەر: قەشقەر شەھىرى، يەكەن، پوسكام، مارالبېشى ناھىيىلىرى بولۇپ، يەنە 11 ئىلغار يېزا، 11 ئىلغار كارخانا باھالاپ چىقىلدى. بۇ ئىلغار تىپلار ۋىلايىتىمىز ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۈلگە كۆرسەتتى.

(جاڭ لەن، لو شياگۇيۇن).

**[قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق يەرمەنكىسى]** قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق يەرمەنكىسى ۋە يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى 1987 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يەرمەنكە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات داۋامىدىكى يېڭى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 190 مىليون يۈەنگە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكى 120 مىليون يۈەندىن 58.33% ئاشتى.

يەرمەنكە بەش كۈن داۋام قىلدى. جەمئىي 16 كۆرگەزمە زالى، 11 تىجارەت زالى، تۆت سېتىش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى. يۇڭ توقۇلما بويۇملار، يىپەك، كۆن - خۇرۇم، ياغاچ جاھازىلار، كىيىم - كېچەك، باش كىيىم، ئاياغ كىيىم، يېمەكلىكلەردىن ئىبارەت 16 تۈر بويىچە 410 خىل مەھسۇلات كۆرگەزمىگە قويۇلدى. بۇ مەھسۇلاتلار ئالدىنقى يىلدىكىدىن 90 پىرسەنتتىن كۆپرەك كۆپەيتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى مەھسۇلاتلار 31 خىل بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە، سېتىش سوممىسى 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە، پۈتۈشكەن سوممىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

بۇ قېتىمقى يەرمەنكىنىڭ كۆلىمى چوڭ، مالنىڭ رەڭگى - تۈرى كۆپ بولدى. ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەر ئۆزلىرىنىڭ مە-

يە ئۈستۈنلۈكىگە ئاساسەن، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇردى. كىشىلەرنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغىنى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ كۆرگەزمە زالى بولۇپ، ھەر خىل مەھسۇلاتلار ئۈچ زالغا قويۇلغان. ئۇلار ئۆز ناھىيىسىنىڭ جىگدە مەنبەسى مول بولۇش ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، جىگدە يېغى، جىگدە جەۋھىرى، جىگدە ھارىقى، جىگدە شەربىتى، جىگدە مۇراببباسى قاتارلىق بىر قاتار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار توقۇغان ئۈچ كىشىلىك ئورۇندۇقلارنىڭ شەكلى چىرايلىق بولۇپ، كۆرگەزمە قىلىنغاندىن كېيىن سېتىلىپ تۈگىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان، پەيزاۋات قوغۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە داڭ چىقاردى. بۇ ناھىيىنىڭ مېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان قوغۇن شەربىتى، قوغۇن مۇراببباسى، قوغۇن قېقى قاتارلىق توققۇز خىل مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى. يېڭىسار ناھىيىسى ماگىشىن يېزىسىنىڭ پىچاقچى كەنتى ۋە مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا يېزىسىدىكى پىچاق زاۋۇتى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، تۆۋەن سورتلۇق پىچاق ئىشلەپچىقىرىشتىن ئالىي سورتلۇق پىچاق ئىشلەپچىقىرىشقا تەرەققىي قىلىپ، ھەر بىر پىچاقنى 50 يۈەندىن ساتتى. يەرمەنكىنىڭ بىرىنچى كۈنى، 300 دانە پىچاقنىڭ ھەممىسى سېتىلىپ تۈگىدى. باشقا ناھىيىلەردىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەھسۇلاتلار بار. مەسىلەن: مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك چېكىت يېغى، تالالىق پەنەركىسى؛ قاغىلىق، پوسكامنىڭ توخۇ تۇخۇمى، ماش ئۇنى؛ يەكەننىڭ پىنتوزىسى ۋە ئاياغ كىيىملىرى؛ يېڭىسارنىڭ ھەر خىل كۆلە قاقلىرى؛ يېڭىشەھەرنىڭ شامپان ھارىقى؛ يوپۇرغىنىڭ جىگدە ئۇرۇقى مەلھىزىسى قاتارلىقلار قىزغىن قارشى ئېلىشقا سازاۋەر بولدى. قەشقەر شەھىرىنىڭ كۆرگەزمە زالى بۇ قېتىمقى يەرمەنكىدە ئەڭ چوڭ بىر زال بولۇپ، تاۋارلار كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

(جاڭ لەن).

## [قاغىلىق ناھىيىسىدىكى كۆپ خىل تىپتىكى توخۇ فېرمىسى كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇردى]

قاغىلىق ناھىيە چاسا مەسچىت يېزىسىدىكى يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن كۆپ خىل تىپتىكى توخۇ فېرمىسى 1986 - يىلى ھەم توخۇ ھەم چوشقا بېقىپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەم - خەشەك ۋە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 300 مىڭ يۈەنگە، پايدىنى 40 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

بۇ فېرما ئەسلىدە نەسىللىك توخۇ يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلغان، گۆش توخۇسى ۋە تۇخۇم تەييارلاشنى قوشۇمچە قىلغان بولۇپ، 1986 - يىلى ئۇلار كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرۇپ، كىچىك ئىنكۇباتور بىلەن چۈجە چىقىرىپ، نەسىللىك تۇخۇملاردىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى بىر ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يىلىغا 550 مىڭ دانە چۈجە چىقاردى. بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قوغۇشۇن ئېلېمېنتى بولمىغان تۇخۇم سېرىقى پاراشوكىنى خام ئەشيا قىلىپ، ئاھاك سۈيىدە، چاينىڭ شامىسىدا ۋە پاخالدا تۇخۇم پىشۇرۇپ، جەمئىي 130 مىڭ دانە تۇخۇم تەييارلىدى. ھەمدە، دورا - دەرمان

# سانائەت - قاتناش

## [سانائەت توغرىسىدا بايان]

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئۆز رايونىنىڭ مەنبە ئۈستۈنلۈكلىرى جارى قىلدۇرۇلۇپ، يەرلىك سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 338 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 21.3% ئاشتى، ئاپتونوم رايوندىن چۈشۈرۈلگەن پىلان 12.7% ئاشۇرۇپ ئورۇنلىنىپ، 1980 - يىلدىكىدىن بىر قاتلاش كۆرەش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 297 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27.5% ئاشتى، ئېغىر سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 41 مىليون 420 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.4% ئازىيىپ كەتتى. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 203 مىليون يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 34.4% ئاشتى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 135 مىليون يۈەن ئورۇنلىنىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.1% ئاشتى. يېزا-بازارلار سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 49 مىليون يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 40% ئاشتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن پاختا يىپ 5073 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17% ئاشتى؛ پاختا رەخت 32 مىليون 990 مىڭ مېتىر ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13% ئاشتى؛ بويالغان رەخت 18 مىليون 720 مىڭ مېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7% كۆپ بولدى؛ كۆمۈر 259 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.3% ئازايدى؛ تارقىتىلغان توك 138 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات

---

بىلەن توخۇ گۆشى پىشۇرۇپ بازارغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 20 مىڭ دانە مېكسىيان بېقىپ، 10 مىڭ كىلوگرام تاۋار تۇخۇم تەييارلىدى. توخۇ قىغىدىن پايدىلىنىپ، 130 تۇياق چوشقا باقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەم - خەشەكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى يولغا قويۇپ، يىلىغا 300 مىڭ جىڭ يەم - خەشەك تەييارلىدى. شور كۆپ، سۇ ئاز يەرگە لىيەنسەي تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرغاچقا، كىرىمى كۆپىيىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

(گو شاۋچىڭ).

بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.6% كۆپ بولدى؛ ئىشلەپچىقىرىلغان سېمونت 72 مىڭ توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 33% ئاشتى؛ ھاراق ئىچىملىكلەر 676 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بەش ھەسسە ئاشتى؛ زاۋۇت قەغىزى 437 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.6 ھەسسە ئاشتى؛ سوپۇن 766 توننا ئىشلەپچىقىرىلىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.6% ئاشتى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىلدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى مۇنداق بولدى: (1) ماكرولۇق باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىش تۈزۈمى چىڭىتىلدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىش، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ نەقمەيداندا ئىش بېجىرىش قانات يايدۇرۇلۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مۇقىم قەدەمدە داۋاملىق راۋاجلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. (2) كەسىپ قۇرۇلمىلىرى سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ بېيىشنى كۆزلەش مەقسىتىدە تەڭشىلىپ، سانائەتنىڭ راۋاجلىنىش قەدىمى تېزلىتىلدى، ناھىيە، شەھەرلەر ئۆزىنىڭ باي ئۈستۈنلۈكلىرىگە ئاساسەن نۇقتىلىق ھالدا يېڭىدىن سانائەت، يېمەكلىك، بىنا كارلىق قۇرۇلۇش، قاچىلاش، ئوراش سانائەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، «دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىيلەر تەڭ ئىشلىتىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «قىسقا، تەكشى، تېز» تۈرلەر بىلەن تېزلىكتە تۇتۇش قىلدى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە مۇشۇ يىل ئىچىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان زاۋۇت ۋە تۈر 51 بولغان، ئۇلارغا سې-

لىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 27 مىليون 710 مىڭ يۈەن بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە شۇ يىل پۈتۈن ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىرى 19، يېڭىدىن يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولغان، بۇنىڭ بىلەن ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى كۈچلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن. (3) مەھسۇلات سۈپىتى قاتتىق تۇتۇلۇپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ رىقابەت كۈچى ئاشۇرۇلدى. كارخانىلارنى مەھسۇلات سۈپىتىگە تايىنىپ مەۋجۇت تۇرغۇزۇش، راۋاجلاندۇرۇش، ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، مەھسۇلات سۈپىتى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلدى ھەمدە بۇ كارخانىلارنى سىناشنىڭ مۇھىم بىر كۆرسەتكۈچى قىلىنىپ، مۇكاپات بىلەن چېتىلدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭى مەھسۇلاتلار پەيدا قىلىندى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 100 دىن ئارتۇق يېڭى مەھسۇلات پەيدا قىلىندى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلار سۈپىتىنىڭ تۇراقلىقلىشىش، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش نىسبىتى 88.9 پىرسەنتكە يەتتى، ۋىلايەت بويىچە بەش كارخانا ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئۆلچەمگە لايىق بولغانلىق گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ بازارغا لايىقلىشىش ئىقتىدارى رىقابەتلىشىش كۈچى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. (4) تېخنىكا ئۆزگەرتىش تېزلىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن كۈچلىرى قېزىلىپ، كارخانىلارنىڭ زاپاس كۈچى ئاشۇرۇلدى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 26 تۈردە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭغا 33 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە، شۇ يىلى سېلىنىپ بولغان مەبلەغ 25 مىليون 740 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر 16 بولۇپ، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن مەھ-

سۇلات قىممىتى 8 مىليون يۈەن، يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن باج-پايدا 2 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولدى. (5) توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي كۈچلەر كۈچەيتىلدى. 1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتى مەملىكەت بويىچە 25 ئۆلكە، رايون، شەھەر، ناھىيە بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. 70 تۈرنى ئەمەلىيلەشتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 44 تۈر شۇ يىلى ئىچىدە پۈتتۈرۈلدى، جەمئىي 20 مىليون 530 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 6 مىليون 40 مىڭ يۈەن سىرتتىن كىرگۈزۈلدى. 219 نەپەر تېخنىكا خادىمى سىرتتىن ئەكىلىندى، 111 نەپەر كىشى سىرتقا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. (6) كارخانىلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەر چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلدى. «مۇستەھكەملەش، ھەزىم قىلىش، تولۇقلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش» دېگەن فاڭجېن بويىچە كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى قىلىنىپ، سىرتقى جەھەتتە، يۇقىرىنىڭ كارخانىلارنى جانلاندۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، بەلگىلىمىلىرى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، كارخانىلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى كېڭەيتىلىپ، كارخانىلار ئۈچۈن ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىلدى. ئىچكى جەھەتتە، تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى ياخشىلىنىپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، بەزى كارخانىلاردا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ ئايرىلىشى ئومۇميۈزلۈك تۈردە ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كۆپ سانلىق كارخانىلار ئىگىلىكىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان، پايدا-زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، نىسپىي مۇستەقىل تۇرىدىغان، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىغا ئايلاندۇرۇلدى، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

## [سانائەتنى ئىككىنچى قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش توغرىسىدا بايان]

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائەتنى ئىككىنچى قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى — تەييارلىق باسقۇچى، تەكشۈرۈش باسقۇچى، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى رەتلەش ۋە تەھلىل، تەتقىق قىلىش قاتارلىق باسقۇچلارغا بۆلۈندى. سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ ئوبيېكتلىرى — سانائەت كارخانىلىرى ۋە يەككە كارخانىلار بولدى. بۇنى تۆت يىلدا ئورۇنلاش پىلانلاندى. 1986-يىلى سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ تەكشۈرۈش جەدۋەللىرىنى تولدۇرۇش باسقۇچى بولۇپ، سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق يىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ۋىلايەتنىڭ سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى 1984-يىلى باشلانغان، بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار مۇنداق:

1. سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى تۇرغۇزۇش، بۇ قېتىمقى سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ ۋىلايەتتىكى 500 دىن ئارتۇق سانائەت كارخانىلىرى ۋە شەھەر-يېزىلارغا تارالغان يەككە سانائەت، ھەمكارلىق سانائەتلەر بىلەن بىللە چېتىشلىقى

بولۇشتىن تاشقىرى، يەلەپلان، سىنتا تىستىنكا، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، ئۇسكۇنە، تېخنىكا، ماددىي ئەشيا، ئېنېرگىيە، ئەمگەك، مالىيە قاتارلىق تەرەپلەر بىلەنمۇ چېتىشلىقى بار. ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر، ۋىلايەتتىن تارتىپ ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىگىچە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. يولداش لېۋشىلىن ۋىلايەتلىك سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە كەسپىنى پىششىق بىلىدىغان 11 يولداش ئىشخانىنىڭ خىزمىتىگە يۆتكەپ كېلىندى. ناھىيە، شەھەر، يېزا، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە كارخانا ئورۇنلىرىدا مۇشۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى.

2. سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمەت پىلانى تۈزۈش. سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە تەييارلىق قىلىش، تەكشۈرۈشتىن تارتىپ ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈش، تەھلىل - تەتقىق قىلىشقا قەدەر نەچچە يىل ۋاقىت كېتىدۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرىدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلام كارخانا ئورۇنلىرىدىكىچە ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىدۇ. بۇ، بىر قەدەر چوڭ بولغان سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك، ئەتراپلىق خىزمەت پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە قاتنىشىدىغان قوشۇن تەشكىللىنىپ، باسقۇچ ۋە قەدەملەرگە بۆلۈنگەن ھالدا يولغا قويۇلدى.

3. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش. ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ۋىلايەت تەشكىللىگەن ناھىيە، شەھەرلىك سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى كەسپىي جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان 23 سانائەت كارخانىسىدا سىناق ئېلىپ باردى. نۇقتىدىكى سىناققا 60 تىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. بۇ قېتىمقى سىناقتا ئېرىشىلگەن نەتىجىلەر ۋاقتىدا نەقمەيدان يىغىنى ئېچىش ئارقىلىق كېڭەيتىلدى.

4. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش. مەركەز تۈزگەن تەربىيىلەش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، ئۆزى ئۆگىنىش ۋە كونسۇلتاتسىيە قىلىش، ئۈنئالغۇ ئاڭلاش ۋە سىنئالغۇ كۆرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق 700 دىن ئارتۇق كادىر تەربىيىلەندى، 400 پارچىدىن ئارتۇق ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش، سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش لۇغىتى قاتارلىق ماتېرىياللار، 400 نەچچە ئۈنئالغۇ لېنتىسى، 20 يۈرۈش پروېكسىيە فىلىمى تارقىتىلدى، تۈرلۈك كۇرسلار 20 نەچچە قارار ئېچىلدى.

5. سانائەت كارخانا ئورۇنلىرىنى ئېنىقلاش. بۇ قېتىمقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلىدىغان كارخانا ئورۇنلىرىنى ئېنىقلاشتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ تولدۇرۇشى لازىم بولغان تەكشۈرۈش جەدۋەللىرىنى بېكىتىش، كارخانىلارغا نومۇر بەلگىلەش، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپىتىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. كارخانا ئورۇنلىرىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى.

6. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ھېسابات باشقۇرۇش ئاساسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىش — كارخانا باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا كارخانىلارنىڭ ھېسابات باشقۇرۇش ئاساسىي خىزمەتلىرى، جۈملىدىن، ئۆلچەم سانلىرى، تەكشۈرۈش - كۆزىتىش ئەسۋابلىرى ۋە شۇنىڭدەك كارخانىلارنىڭ ئەسلىدىكى ھۆججەت - ئىسپاتلىرى، ماتېرىياللار ھېساب دەپتىرى، ئاساسلىق ئۈسكۈنىلەر، نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش، ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىقتىدارى قاتارلىقلار تەرتىپكە سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنىڭ توغرا بولۇشىغا ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىندى.

ئىككى يىل تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، 1986 - يىلى تەكشۈرۈش جەدۋەللىرىنىڭ تولدۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى تولدۇرغان مۇستەقىل ھېسابات يۈرگۈزىدىغان 389 سانائەت كارخانىسى « A » جەدۋەلدىن 125 نى، « B » جەدۋەلدىن 128 نى، « C » جەدۋەلدىن 136 نى تولدۇردى. تولدۇرۇلغان سان 4 مىليون 600 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. بۇ ھەر بىر كارخانا ئۈچۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1200 نەچچىدىن توغرا كېلىدۇ. يالغۇز مۇستەقىل ھېسابات يۈرگۈزىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىشتىن تاشقىرى، يەنە مۇستەقىل ھېسابات يۈرگۈزمەيدىغان 165 سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ يوللىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شەھەر-بازار ئاھالىلەر كومىتېتى باشقۇرغان، يېزىلار ( كەنتلەر ) باشقۇرغان 339 سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش جەدۋىلى تەكشۈرۈلدى ھەمدە 3798 يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىك كارخانىسى ۋە شەھەر - يېزا يەككە ئىگىلىك سانائەت كارخانىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. كارخانىلار ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ كۆپىيە جەدۋىلىنى تولدۇرۇش داۋامىدا « ئۈچ تەكشۈرۈش»، يەنى: « ئۆزى تەكشۈرۈش، تەكرار تەكشۈرۈش ، ئۆز ئارا تەكشۈرۈش » ، « ئۈچ سېلىشتۇرۇش» ، يەنى « جەدۋەل بىلەن جەدۋەل ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرى بىلەن باغلىنىشلىق كۆرسەتكۈچلەرنى تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇش ، كارخانىنىڭ ئىچىدىكى ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك بۆلۈم - ئىشخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ پۈتكۈل ماتېرىياللىرىنى كارخانىنىڭ ئىلگىرىكى يۇقىرىغا يوللىغان ماتېرىياللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ ، ئوخشاش چىقمىغان كۆرسەتكۈچلەرنىڭ سەۋەبى ئېنىقلىنىپ تۈزىتىپ چىقىلدى. سالماق ، ئەستا-

يىدىل بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا باشتىن ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇلدى. ناھىيە، شەھەرلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىلىرى، كەسىپلەر بويىچە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار كارخانىلار يۇقىرىغا يوللىغان ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش جەدۋەللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرىنچى قېتىم قاراپ چىقتى، ۋىلايەت ئىككىنچى قېتىم قاراپ چىقتى. بارلىق سانلىق ئاساسلار دۆلەتنىڭ سانلىق ئاساسلار سۈپىتىنى 2% كۆرسەتكۈچ ئىچىدە كونترول قىلىش دېگەن تەلىپىگە يەتتى.

«بىر تەرەپتىن ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، بىر تەرەپتىن نەتىجە ھاسىل قىلىش» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، بىرىنچى تۈركۈمدىكى ماتېرىيال — «شىنجاڭ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسىملىكى» 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىلدى. يەنە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەش ئارقىلىق سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئاددىي جەدۋىلىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئىككىنچى تۈركۈمدە قول بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن كۆپ مەزمۇنلۇق ئاددىي جەدۋەللەرنى يۇقىرىغا يوللاش خىزمىتى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاندى. كۆپ مەزمۇنلۇق ئاددىيلاشتۇرۇلغان بۇ جەدۋەل ۋىلايەتنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، ساپ مەھسۇلات قىممىتى، ئاساسلىق ئىقتىسادىي تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، تۈرلۈك كارخانىلاردىكى ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى، ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرلىك تەننەرقى، خام ماتېرىيال، يېقىلغۇ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى، ئامبار قالدۇقى قاتارلىق 100 نەچچە خىل كۆرسەتكۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، «7- بەشيىللىق» پىلاندا پايدىلىنىش ئۈچۈن ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقىلدى.

ناھىيە، شەھەرلەردە ناھىيە، شەھەرگە تەۋە كارخانىلار ۋە ناھىيە تەۋەسىدىكى بارلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلىنىپ بولدى ھەمدە مۇشۇ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىلىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى باشلاندى. كۆپ ساندىكى سانائەت كارخانا ئورۇنلىرىدا سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، مۇستەقىل تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن ماقالىلەر يېزىلىپ، ئاز بولمىغان تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1 ـ جەدۋەل. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مۇستەقىل ھېسابات يۈرگۈزىدىغان سانائەت كارخانىلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | «A» جەدۋەل | «B» جەدۋەل | «C» جەدۋەل |
|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 389 | 125 | 128 | 136 |
| ۋىلايەتكە قاراشلىق كارخانىلار | 21 | 19 | 2 | 0 |
| قەشقەر شەھىرى | 69 | 16 | 21 | 32 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 18 | 12 | 4 | 2 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 21 | 7 | 10 | 4 |
| يېقىسار ناھىيىسى | 30 | 10 | 9 | 11 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 22 | 7 | 7 | 8 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 26 | 5 | 8 | 13 |
| يەكەن ناھىيىسى | 50 | 10 | 25 | 15 |
| پوسكام ناھىيىسى | 39 | 9 | 5 | 25 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 43 | 14 | 16 | 13 |
| مەكىت ناھىيىسى | 15 | 6 | 9 | 0 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 32 | 8 | 11 | 13 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 3 | 2 | 1 | 0 |

چۈشەندۈرۈش:

(1) سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ «A» جەدۋىلىنى ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئومۇمخەلق بىلەن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرى تولدۇرىدۇ.

(2) سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ «B» جەدۋىلىنى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى (شەھەر ـ بازارلاردىكى كوچىلار، يېزىلارغا تەۋە سانائەت كارخانىلىرىدىن باشقىلار) ئومۇمخەلق بىلەن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار، ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇن بىلەن خۇسۇسىلار، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇن بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرى تولدۇرىدۇ.

(3) سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ «C» جەدۋىلىنى شەھەر ـ بازارلاردىكى كوچا، يېزىلارغا تەۋە سانائەت كارخانىلىرى ۋە زاۋۇتلار باشقۇرغان كوللېكتىپ سانائەت كارخانىلىرى تولدۇرىدۇ.

4- جەدۋەل. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مۇستەقىل ھېسابات يۈرگۈزمەيدىغان سانائەت كارخانىلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى | باشقا كارخانىلار |
|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 165 | 23 | 141 | 1 |
| ۋىلايەتكە قاراشلىق كارخانىلار | 1 | 1 | 0 | 0 |
| قەشقەر شەھىرى | 10 | 6 | 4 | 0 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 16 | 1 | 14 | 1 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 33 | 0 | 33 | 0 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 1 | 1 | 0 | 0 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 3 | 2 | 1 | 0 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 0 | 0 | 0 | 0 |
| يەكەن ناھىيىسى | 45 | 1 | 44 | 0 |
| پوسكام ناھىيىسى | 17 | 5 | 12 | 0 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 10 | 2 | 8 | 0 |
| مەكىت ناھىيىسى | 26 | 2 | 24 | 0 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 3 | 2 | 1 | 0 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 0 | 0 | 0 | 0 |

3- جەدۋەل. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كەنت (ئەترەت) لەر ۋە شەھەر بازارلىق ئاھالىلەر كومىتېتى باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرى

| تۈرلەر | جەمئىي | كەنت (ئەترەت) لەر باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرى | شەھەر بازارلاردىكى ئاھالىلەر كومىتېتى باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرى |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 339 | 335 | 4 |
| قەشقەر شەھىرى | 28 | 27 | 1 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 0 | 0 | 0 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 8 | 8 | 0 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 41 | 41 | 0 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 3 | 3 | 0 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 0 | 0 | 0 |
| يەكەن ناھىيىسى | 114 | 114 | 0 |
| پوسكام ناھىيىسى | 43 | 43 | 0 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 17 | 14 | 3 |
| مەكىت ناھىيىسى | 0 | 0 | 0 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 85 | 85 | 0 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 0 | 0 | 0 |

4 ـ جەدۋەل. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزىلاردىكى ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان ۋە شەھەر، يېزىلاردىكى خۇسۇسىلار ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى

| تۈرلەر | يېزىلاردىكى ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرى | | | يېزىلاردىكى يەككىلەر سانائىتى | | | شەھەر بازارلاردىكى يەككىلەر سانائىتى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە | ئادەم | تىجارەت سوممىسى (مىڭ يۈەن) | ئائىلە | ئادەم | تىجارەت سوممىسى (مىڭ يۈەن) | ئائىلە | ئادەم | تىجارەت سوممىسى (مىڭ يۈەن) |
| جەمئىي | 11 | 35 | 35 | 2099 | 3586 | 6262 | 1688 | 2788 | 14816 |
| قەشقەر شەھىرى | | | | 24 | 32 | 630 | 432 | 538 | 11260 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | | | | 178 | 427 | 138 | 49 | 76 | 84 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | | | | 125 | 180 | 136 | 14 | 30 | 18 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | | | | 139 | 204 | 254 | 83 | 161 | 448 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | | | | 190 | 255 | 143.1 | 0 | 0 | 0 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | | | | 400 | 900 | 912 | 150 | 375 | 522 |
| يەكەن ناھىيىسى | | | | 203 | 371 | 2534 | 433 | 699 | 2030 |
| پوسكام ناھىيىسى | | | | 293 | 375 | 509 | 33 | 54 | 78 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | | | | 195 | 295 | 5 | 343 | 644 | 28 |
| مەكىت ناھىيىسى | | | | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | | | | 351 | 539 | 990 | 139 | 203 | 340 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 11 | 35 | 33 | 1 | 8 | 11 | 2 | 8 | 8 |

[ **كۆمۈر سانائىتى** ] 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۈچ كۆمۈر كان رايونى بولۇپ، بۇلاردىن يەكەن قارا تۈز كان رايونى ۋىلايىتىمىز تەۋەسى ئىچىگە جايلاشقان بىردىنبىر كۆمۈر كان رايونى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ كاننىڭ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپاس مىقدارى 20 مىليون توننا، سەككىز ئورۇندا قېزىش قۇدۇقى بار. ئۈلۈغچات ناھىيىسى تەۋەسىدە قارا چىلغا كان رايونى بار. بۇنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپاس مىقدارى 18 مىليون توننا بولۇپ، ۋىلايەتلىك كۆمۈر كان تەرىپىدىن قېزىلىدۇ. ئاقتو ناھىيىسى تەۋەسىدە بوز تېكە كان رايونى بار، بۇنىڭ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپاس مىقدارى 24 مىليون توننا بولۇپ، يېڭىسار ناھىيىلىك كۆمۈر كان تەرىپىدىن قېزىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ كان رايونىنىڭ ئېنىقلانغان گېئولوگىيىلىك زاپاس مىقدارى 62 مىليون توننا كېلىدۇ.

يىل ئاخىرغىچە، ۋىلايەت بويىچە تۈرلۈك كۆمۈر كانلار 13 كە يەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت باشقۇرۇدىغىنى بىر، ناھىيە (شەھەر) باشقۇرۇدىغىنى سەككىز، يېزا باشقۇرۇدىغىنى ئۈچ، پەيلۇ دېھقانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇدىغىنى بىر، بۇ كانلار ئومۇمەن مۇنداق جايلاشقان: قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۈلۈغچات ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كونا ئۈلۈغچات، كانسۇ تەرەپلەرگە ئۈچ كۆمۈر كان، يەكەن ناھىيىسىنىڭ قارا تۈز كان رايونى تەرەپكە سەككىز كۆمۈر كان، قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتو ناھىيىسىنىڭ قىزىلتاغ تەۋەسىدىكى سېرىق تېكە، ئوردا بۇلۇڭ تەرەپكە ئىككى كۆمۈر كان جايلاشقان. بۇ كۆمۈر كانلار ناھايىتى كىچىك بولۇپ، 60 مىڭدىن 90 مىڭ توننىلىقىچە بولغىنى بىر، 30-50 مىڭ توننىلىقىچە بولغىنى ئالتە، 20-10 مىڭ توننىلىقىچە بولغىنى بىر، 10 مىڭ توننىلىققا يەتمەيدىغىنى بەش.

ئالدىنقى يىلى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچراپ قىسمەن كۆمۈر كانلار ئېغىر ھالدا بۇزۇلۇپ كەتكەن ئەھۋالدا، 1986 - يىلى ۋىلايىتىمىز كۆمۈر سانائىتى يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە زور كۈچ بىلەن بەرگەن ياردىمى ئارقىسىدا، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش سېپىدىكى كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى بىر قەدەم ئوبدان ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كۆمۈر مەھسۇلاتىنى 258 مىڭ 500 توننىغا يەتكۈزدى، لېكىن مەھسۇلات ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.26% ئازلاپ كەتتى. ھەر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 106 كىلوگرامدىن توغرا كېلىپ، شىنجاڭ بويىچە ھەر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان 1060 كىلوگرامدىن 10% تۆۋەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك كۆمۈر كاننىڭ ئىشلەپچىقارغان كۆمۈرى 62 مىڭ 200 توننا يەتتە ناھىيىنىڭ كۆمۈر كانلىرى بىلەن پەيلۇ كۆمۈر كانىنىڭ ئىشلەپچىقارغان كۆمۈرى 137 مىڭ 500 توننا، ئۈچ يېزىنىڭ كۆمۈر كانلىرى ئىشلەپچىقارغان كۆمۈر 58 مىڭ 800 توننا بولدى. ئومۇمىي ئالاھىدىلىك شۇكى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆمۈر كانلارنىڭ مەھسۇلاتى كېمەيدى، يېزا كۆمۈر كانلىرىنىڭ مەھسۇلاتى ئاشتى.

1986 - يىلى ۋىلايىتىمىز كۆمۈر سانائىتى ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك بولغان ئەھ

ۋالدا، ھەر قايسى كۆمۈر كانلاردا ئىسلاھات ھەرىكىتىلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىنىپ، يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، ئۆزگەرتىش قاتتىق تۇتۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە «بەش كىچىك» كانىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىگە 550 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يىلبويى 500 نەچچە مېتىر قۇدۇق يولى پۈتتۈرۈلۈپ، بەزى كۆمۈر كانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر قايسى كۆمۈر كارخانىلار ئىچكى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى ياخشىلاپ، ئاساسىي ماتېرىياللارنى تولۇقلاپ، ئەمگەك نورمىسى تەقسىمات شەكلىنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ، بىخەتەرلىك مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇندىن باشقا بۇرۇنقىدەك يالغۇز ئىشلەپچىقىرىشنىلا تۇتۇشنى بىخەتەرلىك، سۈپەت، ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت، باشقۇرۇشنى بىرلىكتە تۇتۇشقا ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. ۋىلايەتلىك كۆمۈر كان ۋە يېڭىشەھەر ناھىيىلىك كۆمۈر كان 1985 - يىلى يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئەھۋالدا، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر يەر تەۋرەشتىن قورقماي، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى ئۆتكەن يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3.4% ۋە 16.3% ئاشۇردى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

## [ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى]

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سىستېمىسى «خەلقنىڭ ئېلېكتر ئىشلىرىدا خەلقنى كۆزلەش» دېگەن مەقسەتكە ئەمەل قىلىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇردى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 138 مىليون 196 مىڭ كىلوۋات توك تارقىتىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.6% ئېشىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ئېلېكتر تورىدا تارقىتىلغان توك 87 مىليون 10 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، يىللىق پىلانىنىڭ 104 پىرسەنتىگە تەڭ بولدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.8% ئاشتى. بۇ ئومۇمىي تارقىتىلغان توكنىڭ 63 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 5 مىليون 672 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلان 105% ئورۇندىلىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.7% ئاشتى؛ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئادەمگە 6010 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.8% ئاشتى.

بىر يىلدىن بۇيان، ئېلېكتر ئېنېرگىيە كارخانىلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر خىزمەت ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 - سېپىگە بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلدى. 1986 - يىلى 6 - ئايدا، 1 - بالداق ئېلېكتر ئىستانسىدىكى ئۈچ يۈرۈش گېنېراتوردا كەينى - كەينىدىن كاشىلا تۇغۇلغاندا، قەشقەر ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتىدىكى رەھبەرلەر

نەقمەيدانغا بېرىپ قوماندانلىق قىلدى، ئىستانسا قۇرۇلۇش ئېچىدىكى خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە گېنېراتورلارنى جىددىي رېمونت قىلىپ، رېمونت ۋاقتىنى قىسقارتىپ، تېزلىكتە توك تارقىتىشقا كاپالەتلىك قىلدى. قىش كۈنلىرى سۇ تارتىلىپ كەتكەن مەزگىللەردە، توك بىلەن تەمىنلەش بىلەن توككا بولغان ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت گەۋدىلىك بولغان ئەھۋالدا، ئېلېكتر ئېنېرگىيە كارخانىلىرى ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان لايىھە ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن باشقۇرۇشنى بىر تۇتاش قىلىپ، بار ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، توك مىقدارىنى ئاشۇرۇپ توك بىلەن مۇۋاپىق تەمىنلەپ ھەم نۇقتىلارغا كاپالەتلىك قىلدى ھەم ئومۇمغا كېتەرلىك توكقىمۇ ئېتىبار بەردى. 1986-يىلى توك ئىنتايىن جىددىي بولۇپ كەتكەندە، قىزىلسۇ ئوبلاستى، يېڭىشەھەر، ئاقتو ۋە قەشقەر شەھەر رايونىنى توك بىلەن نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، توك ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئېلېكتر ئېنېرگىيە كارخانىلىرى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، توكنى بىخەتەر تارقىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىشنى ياخشى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ ھادىسىلەرنى ئازايتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلدى. «ئىككىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى تېجەش» ھەرىكىتى داۋامىدا، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى. قەشقەر ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى تېجەشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى قوغلىشىپ كۆمۈر سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، 1170 تونـنا كۆمۈر تېجەپ، ھەر كىلوۋات توكنىڭ تەننەرقىنى 9 لىدىن تۆۋەنلىتىپ، پۈتۈن يىلدا 10 مىليون 510 مىڭ كىلوۋات توك تارقىتىپ، كىرىمنى 94 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق كۆپەيتتى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

**[يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتى]** 1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ساھەسىدە بۇرۇنقىدەك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساشنى ئاساس قىلىشتىن بىر كەسىپنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇرۇلۇش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، سانائەت، سودا، ترانسپورت، مۇلازىمەتقا تارلىق جەھەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىنىپ، يېڭى مەھسۇلاتلار ئۈزلۈكسىز يارىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت ساھەلىرى كېڭەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن كارخانىلار قىيىن ئەھۋاللاردىن قۇتۇلۇشقا باشلاپ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى. ۋىلايەت بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 65% ئاشتى.

بىر يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرۇنقىدەك يالغۇز ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىلا بولۇشتىن ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت تىپىدە بولۇشقا قاراپ ئۆزگىرىش ياسىدى. ئۇلار بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەپ ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتەردى. يەكەن، قاغىلىق يېزا

ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرى مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاپ، رېمونت قىلىنىدىغان ماشىنا-سايمانلارنى پائال جەلپ قىلىپ، خېرىدارلارنىڭ تەلىپىنى ئىمكانقەدەر قاندۇرۇپ، مەھسۇلات قىممىتىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14% ۋە 8% ئاشۇردى. پوسكام ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭى ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى ئېچىپ، بېتون ئىشلەش، قىزىل خىش پىشۇرۇش ۋە قەغەز ساندۇق ياساش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىپ، كارخانىنىڭ قىلىدىغان ئىشى يوق بولۇش، زىيان تارتىشقا يۈزلىنىشتەك قىيىن ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى، مەھسۇلات قىممىتى ۋە پايدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 45% ۋە 13% ئاشۇرۇلدى. پوسكام ناھىيىلىك رېمونت قىلىش-ياساش زاۋۇتى سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىشنى پائال ئېلىپ بېرىپ، تيەنجىندىن ئەينەك پولات بويۇملىرى ئىشلەش تېخنىكىسىنى كىرگۈزدى، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ئەينەك پولات بويۇملىرى كۆركەم، ئەرزان بولۇپ، يالغۇز ۋىلايەت تەۋەسىدە سېتىلىپ قالماي، خوتەن ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردىمۇ سېتىلىپ، خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىش ئاقماي قالغان ئەھۋالدا، سېتىش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، مالنى خېرىدارلارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ سېتىپ، پەقەت 1986-يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان 500 سېيالكىنىڭ بىرنىمۇ قالدۇرماي سېتىپ بولۇپلا قالماي، بەلكى 1985-يىلى بېسىلىپ قالغان بىر بۆلۈك سېيالكىلارنىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن سېتىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاكتىپلىق بىلەن ئىش ئىزدەپ مىليون يۈەنگە يېقىن مەھسۇلات قىممىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى تاپتى.

1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بولۇپ، دانلىق زىرائەتلەر سېيالكىسىدىن 500، يالتىراق يېپىش ماشىنىسىدىن 177، ئوتاش ماشىنىسىدىن 114، يېزا ئىگىلىك تىرانسپورت ئاپتوموبىلىدىن 25، كىچىك چاتما كوزوپتىن 108، ئۇنىڭدا ئىشلەتكەن كىچىك يېزا ئىگىلىك سايمىنىدىن 397سى ئىشلەندى.

(خۇاڭ تەنرولۇ).

**[يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى]** 1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ئىسلاھات داۋامىدا تەرەققىي قىلدى. مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتى 287 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23% ئېشىپ، ۋىلايەت بويىچە سانائەت مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاساسلىق يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرىدىن پاختا يىپ 5073 توننىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17% ئاشتى، پاختا رەخت 32 مىليون 990 مىڭ مېترغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13% ئاشتى، بويالغان رەخت 18 مىليون 720 مىڭ مېترغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7% ئاشتى، ئىچىملىكلەر ۋە ھاراق بەش ھەسسە، زاۋۇت قەغىزى 2.6 ھەسسە، سوپۇن 24%، خام يىپەك 80% ئاشتى.

بىر يىل داۋامىدا، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى كارخانىلىرىدا نۇق-

تىملىق ھالدا تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك قۇرۇلۇش تۇتۇلدى:

بىرىنچى، كارخانىلاردا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تۇتۇلدى. كۆپلىگەن كارخانىلاردا ئىسلاھات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىنىپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى قاتلاملار بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققىدىن 12 يۈەننى ئېلىپ قېلىپ، ئۇنى يىللىق نورما بويىچە بېرىلىدىغان مۇكاپات سوممىسى بىلەن باغلاپ، پۈتۈن زاۋۇتنىڭ پائالىيەت سوممىسى قىلدى، سۈپەت مەركەز قىلىنغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورۇنلار بويىچە ئايرىم - ئايرىم يۈرگۈزۈپ، نورمىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن قىسمىغا قاراپ مۇكاپاتلاش، 100 نومۇرلۇق مۇكاپاتلاش تۈزۈمى، پايدىنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغاتتى، رەخت توقۇش سېخىنىڭ كۈنلۈك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رەختى 100 مىڭ مېتىر بولۇشتىن، بىراقلا 123 مىڭ مېتىر بولۇشقا يەتتى، فابرىكا بويىچە 1986 - يىللىق مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.7% ئاشتى، پايدا 1 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئىككىنچى، سۈپەت باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش تۇتۇلدى. كارخانىلاردا سۈپەت تەربىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، سۈپەت باشقۇرۇش تۈزۈملىرى بېكىتىلىپ، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات يارىتىش، داڭلىق مەھسۇلاتلارنى ساقلاپ قېلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە بەش قېتىم مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ تۆلچەملىك مەھسۇلاتلار نىسبىتى 54 پىرسەنتكە يەتتى، يېڭىلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنىڭ تۇراقلىق بولۇش، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش نىسبىتى 90 پىرسەنتكە يەتتى. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت سىنىقىدىن ئۆتۈش نىسبىتى بۇرۇنقى 40 پىرسەنتتىن 65 پىرسەنتكە كۆتۈرۈلدى، ئامبارغا كىرگۈزگەن 1 - سورتلۇق پاختا يىپتا ئىشلەنگەن 1 - دەرىجىلىك مەھسۇلاتلار نىسبىتى 99.43 پىرسەنتكە، 1 - دەرىجىلىك پاختا رەخت نىسبىتى 93.29 پىرسەنتكە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 0.22% ۋە 0.82% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قەشقەر شەھەرلىك رەخت توقۇش زاۋۇتى، ماي - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ لابوراتورىيە ئۆيى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىمىيىلىك تەجرىبە قىلىش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ ۋە كۆپەيتىپ، مەھسۇلاتنى خام ماتېرىيالدىن پىششىق ماتېرىيال بولۇپ چىققىچە بولغان بارلىق جەريانىدا سۈپەت ۋە باھانىڭ كونتروللۇقىدا قويۇپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتەردى. قەشقەر شەھەرلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ «107» ماركىلىق يېلىمى سۈپەت جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. تام سىرى سۈپىتى جەھەتتە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا سېتىلدى.

ئۈچىنچى، كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇلدى. كۆپلىگەن يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى كارخانىلىرى باشقۇرۇش، كۈچەيتىش ۋە ئۆزگەرتىشنى ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بىر قەدەر ئوبدان ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. قەشقەر شەھەرلىك مىللىيچە رومال زاۋۇتى ۋە لاتا ئاياغ زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار بازار رىقابىتى كەسكىنلىشىۋاتقان، خام ماتېرىياللار باھاسى ئۆرلەۋاتقاندەك پايدىسىز ئامىللارغا دۇچ كەلگەن ئەھۋالدا كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمدە بىر قەدەر زور ئېشىشنى بارلىققا كەلتۈردى.

تۆتىنچى، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى بەرپا قىلىش تۇتۇلدى. قەشقەر شەھەرلىك ماي-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى يېڭى مەھسۇلات بەرپا قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، قاتۇرۇلغان مايدىن ئىبارەت بۇ باشلامچى مەھسۇلاتنى قويۇۋەتمەي، تېخىمۇ پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ، مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى زور ھەجىمدە ئۆستۈردى، كارخانىغا زاپاس كۈچ پەيدا قىلدى. 1986-يىلى مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر قاتلاندى، پايدا 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر يېرىم قاتلاندى. قەشقەر شەھەرلىك باسما زاۋۇتى خۇبېي ئۆلكىسىدىكى شاشى شەھەرلىك قەغەز ساندۇق باش زاۋۇتى بىلەن ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق ئورناتتى، بۇ زاۋۇت قەشقەر شەھەرلىك باسما زاۋۇتىنىڭ يىلىغا 800 كۇۋادرات مېتىر ۋالىك ساندۇق قەغىزى ئىشلەپچىقىرىش سېخى قۇرۇشىغا ياردەم بەردى. بۇ سېخ 1986-يىلى 3-ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلاپ 7-ئايدا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، قەشقەر شەھىرى ئۈچۈن بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ زاۋۇتنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 510 مىڭ يۈەن، تاپقان پايدىسى 49 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 81.4% ۋە 53% ئاشتى.

بەشىنچى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، كارخانىنىڭ ئىچكى يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش تۇتۇلدى. ئاز بولمىغان كارخانىلار تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشنىڭ نۇقتىسىنى تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى مەركەز قىلىپ، ئىچكى جەھەتتە بىرلەشتۈرۈشكە تايىنىپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش يولىغا يۈزلەندى. قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يىلىغا 800 ئورچۇق تۈم يۇڭ يىپ ئېشىدىغان، 80 مىڭ دانە يۇڭ ئەدىيال، 200 مىڭ مېتىر سۆكنو ئىشلەپچىقىرىدىغان، ئىقتىدارىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، ۋىلايەتنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى. قەشقەر يىپەك زاۋۇتى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى زورايتىپ، 1986-يىلى 19 تونىنا خام يىپەك ئىشلەپچىقىرىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 78% ئاشۇردى، 13 مىڭ 100 مېتىر يىپەك رەخت ئىشلەپچىقىرىپ، مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 36 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر قاتلىدى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ)

**[ئاشلىق، ياغ سانائىتى]** 1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى ئالتە، ئۇن زاۋۇتى بەش، ئۆسۈملۈك يېغىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى تۆت، يەم-خەشەك زاۋۇتى تۆت، يېمەكلىكلەر زاۋۇتى ئىككى بولۇپ، ئاشلىق، ياغ سانائىتىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچى 1410 نەپەر.

1986-يىلى ئاشلىق، ياغ سانائىتىنىڭ مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتى 47 مىليون 840 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.6% ئاشتى؛ پايدا 3 مىليون 163 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، يىللىق ئىش قوشۇلغان ئومۇمىي ئاشلىق مىقدارى 90 مىڭ 955 توننىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.5% كۆپ بولدى، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يېمەكلىك ياغنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 8737 توننىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 14% كۆپ بولدى، يېمەكلىكلەر سانائىتىدە ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات 954 توننا بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27.2% كۆپ بولدى.

شەھەر-يېزا خەلقىنىڭ ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىكلەرگە بولغان ئېھتىياجىغا لايىقلىشىش ئۈچۈن، ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق، ياغ تارماقلىرى ۋە كارخانىلىرى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىكلەر ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، رەڭدار مەھسۇلات تۈرلىرىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىكلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتەردى، كۆپلىگەن ئاشلىققا ئىش قوشۇش كارخانىلىرى ئادەتتىكى ئۇنلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن سىرت، يەنە ئالاھىدە ئىشلەنگەن ئۇنلارنى كۆپەيتتى. 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە تۇجۇپىلەپ ئىشلەپچىقىرىلغان ئۇن 5965 توننا بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.6% ئاشتى.

1986-يىلى تېخنىكىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتى داۋاملىق تۇتۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ زاپاس كۈچى كۈچەيتىلدى، يىلبويى ئاشلىق، ياغ سانائىتىدە يېڭىدىن قۇرۇش، ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە جەمئىي 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، چوڭ رېمونت ۋە يېڭىدىن قۇرۇش كۆلىمى 4617 كۋادرات مېتىر بولدى. مەكىت ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى بېيجىڭ شەھەرلىك ئاشلىق يەن-تەتقىقات ئورنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى قول سېلىپ مۇنار شەكىللىك ياغ چەككىلەش يېڭى تېخنىكىسى قوللىنىلغان زاۋۇتنى قۇرۇپ چىقىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە تۇجۇپىلەنگەن چىگىت يېغى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىرىنچى ياغ زاۋۇتى بولۇپ قالدى. پەيزاۋات، مارالبېشى ئىككى ناھىيىنىڭ ئۇن زاۋۇتلىرى تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 2000 خالتىغا يەتكۈزۈپ، ئالاھىدە تارتىلغان ئۇنلارنى ئىشلەيدىغان بولدى. سېرىقبۇيا ياغ زاۋۇتى ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كارخانىدا جانلىنىش پەيدا قىلدى. يىللىق پايدىسىنى 53 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. يەكەن ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتىنىڭ چىگىت يېغى، قەشقەر «1-ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئالاھىدە تارتىلغان ئۇنى ئاپتونوم

رايونىنىڭ تەكشۈرۈشىدە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى. بۇلاردىن باشقا ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى زاۋۇتلار كارخانىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىش قوشۇش كەسپىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئىش تېپىپ، ئۆزى سېتىۋېلىش، ئۆزى سېتىشنى يولغا قويۇپ، ئۆز ئالدىغا تىجارەت باشقۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇردى. 1986 - يىلى دۆلەتنىڭ ئاشلىق، ياغقا ئىش قوشۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاندىن تاشقىرى، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن 9413 توننا ئاشلىق، ياغ، يەم - خەشەككە ئىش قوشۇپ بەردى، 1218 توننا ئاشلىق، ياغنى ئۆزى ساتتى.

(شۈي شۇچىڭ، خۇاڭ تەنرۇڭ).

**[بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىمىزنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىدە «دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىيلەر تەڭ ئاتلىنىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى تۈرلەر يارىتىلىپ، كونا كارخانىلارنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش سۈرئىتى تېزلىتىلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى كۈچەيتىلىپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر، ۋىلايەت بويىچە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كارخانىسى 73 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا 13، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا 60، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 6872 بولدى. بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتى 17 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 24% ئاشتى.

سېمونت سانائىتى 30 يىلغا يېقىن قۇرۇلۇشنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق خېلىلا زور كۆلەمگە ئىگە بولۇپ قالدى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سېمونت زاۋۇتىدىن يەتتە ناھىيە (شەھەر) دە يەتتىسى بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ يىللىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 72 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ ئۆتكەن يىلقىدىن 33% ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە سېمونتنىڭ زاۋۇتتىن لاياقەتلىك چىقىرىلىش نىسبىتى 98 پىرسەنتكە يەتتى، ۋىلايەت بويىچە سېمونت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەش كارخانىسى 10 بولۇپ، بۇلارنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقارغان سېمونت ستولبىسى 264 كە يەتتى. ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى تىرىشىپ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىپ، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتىنى ياخشىلاپ، يىللىق سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئەسلى لايىھەدىكى 32 مىڭ توننىلىقتىن 1986 - يىلدىكى 42 مىڭ توننىغا يەتكۈزدى. يېڭىسار ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى كارخانىلارنىڭ ئىچكى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتەردى. 1966 - يىلى مەھسۇلات مىقدارى ۋە پايدىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆتكەن يىلدىكىدىن 12% ۋە 20.5% ئاشۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ۋە كىرىمنى تەڭ ئاشۇرۇش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. يەكەن ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى 1986 - يىلى 5 - ئايدا جياڭسۇ ئۆلكىسى خۇخېي ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلدى. قارشى تەرەپ ئەۋەتكەن 14 نەپەر تېخنىكا باشقۇرغۇچى خادىمنىڭ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى بىلەن 9 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يىل

ئاخىرىغا بارغاندا 1433 توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئۇزاقتىن بۇيان پالەچ ھالەتتە ياتقان بۇ كارخانا قايتا جانلىنىشقا باشلىدى.

ۋىلايەت بويىچە 55 خىش زاۋۇتى بولۇپ، ئايلانما ئوچاقلىق خۇمداندىن 44ى پۈتۈپ، خىشچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، كۆمۈر سەرپىياتى زور دەرىجىدە تېجىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. قىزىل خىشنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 35 مىڭ دانىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22% كۆپەيدى.

ساپالچىلىق سانائىتىدە 1986 - يىلىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بولۇپ، 5985 مېتىر ساپال تۇرۇبا، 172 توننا ئوتقا چىدامىلىق خىش، 62 مىڭ 200 دانە تۇرمۇشقا كېرەكلىك ساپال بويۇملار ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن سەل كۆپەيدى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

**[ناھىيە، يېزا تاشيوللىرى]** 1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشيول ئىشلىرىدا يول ئاسراشقا 9 مىليون 701 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تاشيول قۇرۇلۇشىغا قوشۇمچە ياردەم پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن ئاشلىق، پاختا، رەخت 4 مىليون 920 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كېلىدۇ. مۇشۇ يىل ئىچىدە ناھىيە - يېزىلاردا 50 كىلومېتىر ئاسفالتلىق يول، 219 كىلومېتىر تاش شېغىللىق يول ياسالدى، ئىككى ئورۇندا پولات - بېتون ئىشلىتىپ مەڭگۈلۈك كۆۋرۈك ياسالدى، 177 ئورۇنغا مەڭگۈلۈك سېمونت سۇ ئۆتكۈچ ئورنىتىلدى. مارالبېشى - يەكەن تاشيولىنىڭ دالىدا ئۆلچەش خىزمىتى ئىشلىنىپ بولدى، ھەمدە لايىھەلەش باسقۇچىغا قەدەم قويۇلدى. ۋىلايەت بويىچە يەرلىك تاشيوللارنىڭ ئاسرىلىش نىسبىتى 63.5 پىرسەنتكە يەتتى.

بىر يىلدىن بۇيان، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئىزچىللىشىشى ۋە ئەمەلىيلىشىشى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ كەڭ دېھقانلار بېيىش ئۈچۈن يول ياساشنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى، ھەر دەرىجىلىك تاشيول تارماقلىرى «خەلق باشقۇرۇش، ئومۇم ياردەم قىلىش، خەلق ئەمگەك چىقىرىپ تېجەشلىك بىلەن ئىشلەش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەرلىك تاشيول قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ناھىيە، يېزا تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ناھىيە، يېزىلارغا تەۋە تاشيوللار 1163 كىلومېتىرغا يەتتى. ناھىيە، يېزا تاشيول قۇرۇلۇش داۋامىدا جايلار دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقتىلىرىدىن پايدىلىنىپ زور تۈركۈمدىكى ئەمگەك كۈچى، ماددىي كۈچلەرنى ئاجرىتىپ تاشيول، كۆۋرۈك ياساشقا سەرپ قىلدى. پوسكام ناھىيىسى دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئەمگەك كۈچلىرىنى يىغىپ، 63 كىلومېتىر كېلىدىغان ئالتە پارچە ناھىيە، يېزا تاشيولىنىڭ ئۇلىنى ئېگىزلىتىپ ئاسفالت ياتقۇزۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. 1986 - يىلى مەكىت ناھىيىسى يولنى ياخشى ياساشنى ناھىيە ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتىكى چوڭ ئىش قىلىپ تۇتۇپ، يەتتە يېزىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئىشچىسىنى سەپكە ئاتلاندۇرۇپ، 7000 دىن ئارتۇق ھارۋا، 20 دىن ئارتۇق ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىنى تەشكىللەپ، 48 كىلومېتىر يولنىڭ ئۇلىنى ئېگىزلىتىپ، يۈزىنى كېڭەيتتى. 12 مىڭ كۇب

مېتىر تاش - شېغىل ئىشلىتىپ، 21 ئورۇنغا سېمونت سۇ ئۆتكۈزگۈچ ئورنىتىپ، كېيىنكى ئاسفالىتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاساس ئورناتتى.

تاشيول ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، قاتناش - ترانسپورت ئەھۋالىمۇ ياخشىلاندى، دېھقانلارنىڭ «شەھەرگە كىرىش تەس بولۇش»، «ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇش تەس بولۇش» مەسىلىلىرى پەيدىنپەي ھەل بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، يېزىلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە شەھەر يېزا ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

**[ئاپتوموبىل ترانسپورت كەسپى]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تۈرلۈك ئاپتوموبىللار 9367 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 6519 يۈك ئاپتوموبىلى، 438 يولۇچى ئاپتوموبىلى، 959 پىكاپ بار. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ترانسپورت كارخانىسى 13. يۈك مەنبەسى جىددى، ترانسپورت بازىرىدا رىقابەت كۈچلۈك، ترانسپورت كۈچى ترانسپورت مىقدارىدىن كۆپ بولۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا، ھەر قايسى ترانسپورت كارخانىلىرى يۈك مەنبەلىرىنى جىددىي ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، كونا، كېرەكسىز نەرسىلەردىن پايدىلىنىش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، كىرىمنى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، ترانسپورت ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇردى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە توشۇلغان يۈك 180 مىڭ توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 25.7% كېمىيىپ كەتتى. ئاپتوموبىللارنىڭ يول يۈرۈش مىقدارى 111 مىليون 190 مىڭ توننا - كىلومېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1.2% ئاشتى، پايدا 1 مىليون 58 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 218.67% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتكە قاراشلىق ترانسپورت 1-، 2 - شىركەتلىرىنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5.25% ۋە 4.3% ئېشىپ، پايدىسى 1 مىليون 280 يۈەنگە يېتىپ (1985- يىلى 530 مىڭ يۈەن زىيان تارتقانىدى)، زىيان تارتىشنى پايدا ئېلىشقا ئۆزگەرتتى.

ۋىلايەتتىكى 13 ترانسپورت كارخانىسى ترانسپورت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى پاسسىپ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتنى تۇتقىلىق تۇتتى: بىرىنچىسى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار يۈك مەنبەلىرىنى پائال ئۇيۇشتۇرۇپ، ترانسپورت ۋەزىيىتىنى كۆپەيتىپ، ترانسپورت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىككىنچىسى، كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى ئەستايىدىل تۈزەتتى. ھەر قايسى ترانسپورت كارخانىلىرى، بولۇپمۇ يولۇچى توشۇش كارخانىلىرىنى باشقۇرغۇچى تارماقلار ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچى - خوتەن لىنىيىسىدىكى 22 بېكەت، ئورۇننى تەكشۈرگۈزۈپ پارا يېگەن 76 نەپەر شوپۇرنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلدى. يولۇچىلارغا ئوڭايلىق يارىتىش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قەشقەر مەركىزىي ترانسپورت بېكىتى شەھەر رايونىدا بېلەت سېتىش ۋە كىچىك يۈك - تاقلارنى ساقلاش ئورنىدىن ئۈچنى كۆپەيتتى، يولۇچى توشۇش جەھەتتە ترانسپورتنى مۇۋاپىق تەشكىللەپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ،

ئاممىنىڭ «ئاپتوموبىلغا ئولتۇرمىقى تەس بولۇش»تەك مەسىلىلەرنى تۈگىتىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۈچىنچىسى، يۈك مەنبەلىرىنى پائال ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، مەھسۇلاتنى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ كىرىمنى كۆپەيتتى، ھەر قايسى ترانسپورت ئورۇنلىرى تىجارەت ئىدىيىسىنى توغرىلاپ، ترانسپورت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سىرتقا چىقىپ ۋەزىپە ئورۇنلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يۈك ئىگىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇردى. يۈك توشۇش داۋامىدا، 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق يۈك مەنبەسىنى ئۆزلىرى تاپتى. ۋىلايەتلىك ترانسپورت 2 ـ شىركىتىنىڭ ئۆزى تاپقان يۈكى 97 مىڭ توننا بولۇپ، ئومۇمىي يۈك مىقدارىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كېيىنچە ھەر ناھىيىلىك ئاپتوموبىل كالونىسى بازاردىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن يۈك توشۇش بىلەن شۇغۇللىنىشنى يولۇچى توشۇش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆزگەرتىپ، ھەم ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇردى. يىللىق پايدىنى 87 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20.6% ئاشۇردى. ئۇندىن باشقا ھەر قايسى ترانسپورت كارخانىلىرى كونا، كېرەكسىز نەرسىلەردىن پايدىلىنىشنى كەڭ يولغا قويۇپ، چىقىمنى مىڭبىر ئامال بىلەن تېجەپ قالدى. ۋىلايەتلىك ترانسپورت 1 ـ شىركىتى پۈتۈن بىر يىلدا 25.9 توننا بېنزىن تېجەپ قالدى؛ 8200 خىلدىن ئارتۇق ئاپتوموبىل زاپچاسلىرىنى ياساپ، نەچچە 10 مىڭ يۈەنلىك چىقىمنى ئىقتىساد قىلىپ قالدى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

[تېخنىكا تەرەققىياتى] قەشقەر ۋىلايىتى 1986 ـ يىلى ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى جەھەتتە، نىشانىنى بۇراپ، سىرتقى ئامىلنى ئاساس قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىچكى ئامىلنى ئاساس قىلىشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياساشتا چىڭ تۇردى. تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا كىرگۈزۈش، تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈردى.

ۋىلايەت بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مۇشۇ يىلدا 33 مىليون 660 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇ 6 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان 17 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەبلەغدىن بىرھەسسە ئوشۇق بولۇپ، تارىختا ئەڭ كۆپ مەبلەغ سېلىنغان بىر يىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي مەبلەغ سېلىنغان تۈرلەر ئىچىدە چەكلىمىدىن يۇقىرىدىكىسى ئالتە تۈر بولۇپ ئۇنىڭغا 29 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 5 مىليون 880 مىڭ يۈەننى تەشكىل قىلىدۇ. چەكلىمىدىن تۆۋەندىكى تۈرلەر 20 بولۇپ، ئۇنىڭغا 3 مىليون 830 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 1 مىليون 380 مىڭ يۈەننى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن يېڭىدىن مەھسۇلات قىممىتىنى 27 مىليون يۈەن، باج ـ پايدىسىنى 5 مىليون 50 مىڭ يۈەن كۆپەيتكىلى بولىدۇ. بۇلار ۋىلايەت بويىچە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ «سىرتقى ئامىل»غا

تاپىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن يول مېڭىش قىلىپىنى تۈزگەرتىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىچكى ئامىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، ئىچكى ئامىل بىلەن سىرتقى ئامىلنى تەڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت يېڭى يولنى تاپقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

مۇشۇ بىر يىلدىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىزمىتىدە ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە كارخانىلارنىڭ تۇتۇشى چىڭ، تەدبىرلىرى كۈچلۈك، نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولغاچقا، نۇرغۇن تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېز، ۋاقتى قىسقا بولۇپ، شۇ يىلى مەبلەغ سېلىنىپ شۇ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، شۇ يىلى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. يىل ئاخىرىغىچە جەمئىي 16 تۈر ئورۇنلاندى، بۇنىڭ بىرسى چەكلىمە يۇقىرىسىدىكى تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئورۇنلانغان مەبلەغ 20 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولۇپ پىلاندىكى مەبلەغنىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تۈرلەردىن شۇ يىلى 8 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى، 2 مىليون 30 مىڭ يۈەن باج-پايدا يېڭىدىن كۆپەيدى. قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە كارخانىسى ئەسلىدىكى يۇڭ ئەدىيال زاۋۇتى ئاساسىدا 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىلدى. بۇ كارخانا شاڭخەي پەن-تېخنىكا مەركىزىي توقۇمىچىلىق شىركىتى بىلەن تېخنىكا جەھەتتىن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق سەككىز ئاي ۋاقىت ئىچىدىلا يىلىغا 800 تۈرچۈق توم يۇڭ يىپ ئىشلىتىدىغان، 80 مىڭ پارچە گۈللۈك ئەدىيال، 200 مىڭ مېتىر سارجا، سوكنو توقۇيدىغان، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغان، رايونىمىز ئىچىدىكى ئوتتۇرا تىپلىك كارخانىغا ئايلاندى. بۇ يىل ئاخىرىدىكى ئىككى ئاي ئىچىدىلا 828 پارچە گۈللۈك ئەدىيال، 1690 مېتىر سوكنو ئىشلەپچىقاردى.

1986 - يىلى، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش جەھەتتە يېڭى نەتىجىلەر قازىنىلدى. ۋىلايەت بويىچە 100 دىن ئارتۇق يېڭى مەھسۇلات يارىتىلدى. قەشقەر شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان قويما چۆيۈن، تۇرۇبا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. شەھەرلىك مايلىق خىمىيە سانائەتتى زاۋۇتى تومۇملاشتۇرۇلۇپ پايدىلىنىش ۋە مەھسۇلاتلارنى تېخىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەش، كىرەكسىز دۇغ، كىسلاتا سۈيى، گازلاردىن پايدىلىنىش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ئون نەچچە خىل يېڭى مەھسۇلاتلارنى بەرپا قىلدى. مەكىت ناھىيىلىك ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى بېيجىڭ ئاشلىق، ياغ پەن-تەتقىقات ئورنىنىڭ چىگىت يېغىنى ئىنچىكىلەپ پىچەككىلەشتىكى يېڭى تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ شىنجاڭ بويىچە 1 - دەرىجىلىك چىگىت يېغى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتقا ئايلاندى؛ پوسكام ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى تېخنىكا كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئەينەك كاھىش قاتارلىق بەش خىل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقاردى؛ يەكەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى پولات ئەينەكلىك شىرە يۈزى ئىشلەپچىقىرىپ بۇنىڭدىنمۇ ئۆز جايىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

مەھسۇلات سۈپىتىنى باشقۇرۇش ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلىپ سۈپەت مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، ۋىلايەت بويىچە تەكشۈرگەندە ئاساسلىق مەھسۇلاتلار سۈپە-

تىنىڭ تۇراقلىشىشى، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش نىسبىتى 88.9 پىرسەنتكە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەلىپىدىن 8.9% ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاختا يىپ، پاختا رەخت، سېمونت قاتارلىق سەككىز خىل ئاساسلىق مەھسۇلاتلار سۈپىتىنىڭ تۇراقلىشىشى، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى. كارخانىلاردا ئۆلچەملەشتۈرۈش، دەرىجە بېكىتىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، 1986- يىلى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىن پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، سېمونت زاۋۇتى، «كۆئېنلون» يېمەكلىكلەر زاۋۇتى قاتارلىق بەش كارخانا ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئۆلچەمدە لاياقەتلىك بولغانلىق گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. ئۇندىن باشقا، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) دىكى 21 كارخانىدا ئىشلەپچىقارغان يېڭى مەھسۇلاتلار ئۆلچەم بويىچە تەكشۈرۈلۈپ، ئۆلچەمسىزلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرمەسلىك ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات سۈپىتى لاياقەتسىز بولغان ئايرىم كارخانىلار تەرتىپكە سېلىندى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

**[جۇڭگو - پاكىستان تاشيولى ياسىلىشقا باشلىدى]** دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «7- بەشيىللىق» پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن نۇقتىلىق قۇرۇلۇش — جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى قىسمىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىدا 1986- يىلى 3- ئايدا رەسمىي ئىش باشلاندى.

جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى قىسمى قەشقەر شەھىرىدىن باشلىنىپ خونجېراپ ئېغىزىدا ئاخىرلىشىدۇ، بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 420 كىلومېتىر بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىدە چېگرا ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان مۇھىم خەلقئارالىق تاشيول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 150 مىليون يۈەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك تاشيولى قىلىپ ياسىلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنى ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول قۇرۇلۇش ئەترىتى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق تۆتىنچى تارماق ئەترىتى، ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول قۇرۇلۇش ئۈچىنچى ئەترىتى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، 1988- يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتتۈرۈپ ئىشلىتىشكە ئۆلگۈرتۈپ بېرىش پىلانلاندى. بۇ يولنىڭ كېڭەيتىپ ياسىلىشى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش، دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا رايونلىرى بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

**[پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىندى]**

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاقتىن بۇيان كۈتۈپ كەلگەن پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا 1986- يىلى 5- ئاينىڭ 1- كۈنى داغدۇغىلىق ئۇل بېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن قارار قىلغان مۇھىم بىر تۈر. دۆلەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بۇ قۇرۇلۇش

دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «7-بەش يىللىق» پىلانىدىكى بىرىنچى تۈرلۈك قۇرۇلۇشى بولۇپ قالدى. بۇ قۇرۇلۇشقا 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇ قۇرۇلۇش يىلىغا 150 مىڭ توننا ماي چەككىلەيدىغان بىر سېخ، 60 مىڭ توننا بىرىكمە ئامىياك ۋە 110 مىڭ توننا ئورېيا ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىغان بىر سېخ، 10 مىڭ توننىلىق سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز سېخى ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قوشۇمچە قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن قۇرۇلۇش پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت (ئوبلاست) نى ھەر يىلى 130 مىڭ توننا بېنزىن، سالىيارکا قاتارلىق مايلار، 200 نەچچە مىڭ توننا ئۆلچەملىك خىمىيىۋى ئوغۇت، 10 مىڭ توننا سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز بىلەن تەمىنلىگىلى، ماي، خىمىيىۋى ئوغۇتنى شىمالدىن جەنۇبقا يۆتكەش ھالىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ماي چەككىلەش قۇرۇلۇشىنى ئىككى يىلدا پۈتتۈرۈش، خىمىيىۋى ئوغۇت قۇرۇلۇشىنى ئۈچ يىلدا، پۈتۈن قۇرۇلۇشنى 1989 - يىلى پۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

**[قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوياقچىلىق زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا ئۇل بېسىلدى]**

قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوياقچىلىق زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 1986- يىلى 5- ئاينىڭ 12- كۈنى ئۇل بېسىلدى.

بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 32 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 25 مىڭ 698 كۋادرات مېتىر بولۇپ بۇنى دۆلەت توقۇمىچىلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى لايىھىلەش يۇرتى لايىھىلىدى. بۇ قۇرۇلۇشنى جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. 1988- يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش پىلانلاندى.

بۇ قۇرۇلۇشقا مەملىكەت ئىچىدىكى 80- يىللارنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر-سەنئىتى ۋە تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى قوللىنىلىدى. بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ھازىرقى 24 مىليون مېتىرلىقتىن 34 مىليون مېتىرلىققا يېتىدۇ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون يۈەندىن 59 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ، يىللىق باج پايدا 5 مىليون 950 يۈەن يېڭىدىن كۆپىيىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىغا غايەت زور دەرىجىدە غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

**[قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوياقچىلىق زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى]** قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى توقۇش، بوياش، ئىلما توقۇلمىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە كارخانا. ئۇنىڭ بوياقچىلىق زاۋۇتى 1964- يىلى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1966- يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كى-

رىشتۇرۇلگەن. ئەسلى كۆلىمىدە يىللىق بويايدىغان رەخت 20 مىليون مېتىرلىق قىلىپ لايىھەلەنگەن. بۇ زاۋۇتتا «54»، «107» تىپلىق ئۈسكۈنىلەر كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ، ئاز ساندىكى ماشىنىلار 30- يىللار قېلىپىدىكى ئۈسكۈنىلەر بولۇپ، ھازىرغىچە 20 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، سىستېمىلىق يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلماي، ئۈسكۈنىلەر كونىراپ، سەرپىيات يۇقىرى، ئەمگەك سىجىللىقى ئېغىر، ھۈنەر-تېخنىكىسى ئارقىدا، مەھسۇلاتلار تۈرى ئاز، سۈپىتى ناچار، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازار ئۆزگىرىشىگە لايىقلىشالمىغان. بوياقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى زورايتىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە رەڭدار مەھسۇلاتلارنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىز تەستىقلىشى ئارقىلىق كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا 1986- يىلى 5- ئاينىڭ 12- كۈنى چۈشتىن كېيىن رەسمىي ئىش باشلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئىنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت ۋە ۋىلايەت پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن گوگاڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق، چېن دېمىن قاتارلىق يولداشلار ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى. يولداش ۋاڭ ئىنماۋ يىغىندا لېنتا كەستى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ مۇھىم سۆز قىلدى.

بۇ قۇرۇلۇشقا 32 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 7- بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنى مەركەزدىكى توقۇمىچىلىق مىنىستىرلىكى لايىھەلەش يۇرتى لايىھەلىدى، جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى ئۈستىگە ئالدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ يەر مەيدانى 6.18 گېكتار، قۇرۇلۇش كۆلىمى 25 مىڭ 698 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش ئاساسىي زاۋۇت ئۆيى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قوشۇمچە ئەسلىھەلىرىنى، شۇنىڭدەك ئەسلىدىكى كېرەكسىز سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش مەيدانىنى قايتىدىن لايىھەلەپ ئۆزگەرتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدە كونا ئۈسكۈنىلەرنىڭ بىر قىسمى داۋاملىق ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يېڭىدىن سېتىۋېلىنىدىغان ۋە ئۆزگەرتىپ يېڭىلىنىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار مەھسۇلاتلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. ئاچقۇچلۇق ئۈسكۈنىلەر، مەسىلەن: كەڭ ئەنلىك كۆللۈك رەختلەرگە گۈل باسىدىغان دۆگىلەك تورسىمان گۈل بېسىش ماشىنىسى، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھور ماشىنىسى، فوتو سۈرەتكە قاراپ گۈل ئويۇش ماشىنىسى قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا گوللاندىيە، ياپونىيىلەردىن ئىمپورت قىلىنىپ، 80- يىللارنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىدىكى تار ئەنلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بىلەن كەڭ ئەنلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىدە، يىللىق مەھسۇلاتى 24 مىليون مېتىردىن 34 مىليون مېتىرغا يەتكۈزۈلىدۇ. مەھسۇلات قۇرۇلمىسىدا: (1) بويىلىدىغان ساپ پاختا رەخت 26 مىليون 500 مىڭ مېتىر بولۇپ ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 78 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كەڭ ئەنلىك رەخت (1.1 مې-

تۈردىن 104 مېتىرغىچە بولغانلىرى) 7 مىليون 500 مىڭ مېتىر، تار ئەنلىك رەخت 19 مىليون مېتىر بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەتلەر ياخشى كۆرىدىغان چىمپەرقۇت 1 مىليون مېتىر بولىدۇ. (2) بويالمىدىغان دىلون ـ پاختا ئارىلاشما رەخت 4 مىليون 500 مىڭ مېتىر بولۇپ ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 13 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كەڭ ئەنلىك رەختلەر 2 مىليون 500 مىڭ مېتىر بولىدۇ. (3) بويالمىدىغان تار ئەنلىك سۈنئىي پاختا رەخت 3 مىليون مېتىر بولۇپ ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ توققۇز پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۆزىگە كېتەرلىك رەختنىڭ ھەممىسىنى زاۋۇت ئۆزى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

بۇ قۇرۇلۇشنىڭ لايىھەدىكى تۈرلۈك تەلەپلىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدا پاختا رەخت، دىلون رەخت كەڭ ئەنلىك رەخت، تار ئەنلىك رەختلەر تەل بولۇپ مەھسۇلات رەڭلىرىمۇ بىر قەدەر تولۇق بولىدۇ. بولۇپمۇ كەڭ ئەنلىك زىننەتلەش رەختلىرى جەھەتتە مۇشۇ جايدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلغاندىن سىرت، ئېكسپورت قىلىنىپ تاشقى پېرېۋوت ئاپقىلى بولىدۇ. يىل ئاخىرىغىچە 56 سۈزگۈلۈك كەڭ ئەنلىك رەخت ماشىنىسىدىن 120 سى سېتىۋېلىنىدۇ، يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان بوياش ماشىنىلىرىمۇ كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىدۇ.

(زوشاۋتاڭ، لى يۇفا).

**[قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسى پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى]** قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسى ــ ئەسلىدىكى قەشقەر تاشقى سودا كېلەمچىلىك فابرىكىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق قۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ فابرىكىنى قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي سودا نازارىتى بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان. بۇ زاۋۇتنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش، مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قوراشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە شاڭخەي پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەركىزىنىڭ توقۇمىچىلىق شىركىتى مەسئۇل بولدى. بۇ فابرىكىغا 9 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇ فابرىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تۈم يۇڭ يىپ ئىگىرىش ئورچۇقى 800، توقۇش ماشىنىسى 32، يىللىق ئىشلەپچىقىرىدىغان كۈللۈك يۇڭ ئەدىيال 80 مىڭ، سارجا، سوكنو 200 مىڭ مېتىر قىلىپ لايىھەلەنگەن. بۇ فابرىكا سەككىز ئاي ئېلىپ بېرىلغان ئۆزگەرتىش ئارقىلىق 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ فابرىكىنىڭ پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ساناتىدىكى بىر بوشلۇق تولدۇرۇلدى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

**[قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۈچ يىل گۈللۈك رەخت ئېكسپورت قىلدى]** قەشقەر ـ چېگرا رايوننىڭ غەربىگە، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئىنتايىن يىراقتا جايلاشقان. غەربتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قوشنا بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا قىلىنىدىغان تورۇغات ئېغىزىغا 160 كىلومېتىرلا كېلىدۇ. سوۋېت

ئەنتىسىپا قىلغا ئېكسپورت ماللىرى چىقىرىشتا ئەۋزەل بولغان جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئىگە. قەشقەر ۋىلايىتىدە كىلىمات مۆتىدىل، ھۆل - يېغىن ئاز، كۈنىنىڭ يورۇتۇشى ئۇزاق بولۇپ، كېۋەز ئۆستۈرۈشكە باپ كېلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پاختىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى يىلمۇ - يىل ئېشىپ، 1986 - يىلغا كەلگەندە 1 مىليون 270 مىڭ دەنگە يەتتى. خام ئەشيا ئۈستۈنلۈكى تاۋار ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇلۇپ، توقۇمىچىلىق سانائىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پاختا ئېكسپورتىنى كۆپەيتىپ تاشقى پېرېۋوت يارىتىش — قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشتىكى ئاچقۇچلۇق بىر تەدبىردۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى پائال تۈردە كۆپەيتتى. 1984 - يىلدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇدا ئۈچ يىل پاختا رەخت ئېكسپورت قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، پاكىستانغىمۇ ئاز مىقداردا ئېكسپورت قىلدى. مەھسۇلات سۈپىتى ئىمپورت قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

بۇ فابرىكا پاختا توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىقتىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە كارخانا بولۇپ 26 يىللىق تارىخقا ئىگە، بۇ كارخانىنىڭ تېخنىكا كۈچلىرى بىر قەدەر كۈچلۈك. 1984 - يىلى تۈنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا «3030» لىك نىپىز گۈللۈك رەختتىن 3 مىليون مېتىر ئېكسپورت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندا بېسىمىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. چۈنكى، ئاساسلىقى ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە تەلەپ قويۇلغانىدى. لېكىن، ۋىلايەتنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، زاۋۇت مۇنداق تۆت تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرلى تۈزۈپ چىقتى. بىرىنچى، ماشىنىلارنىڭ ھالىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۇيغۇنلىشىش؛ ئىككىنچى، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، تېخنىكا ئەھۋالى ئەڭ ياخشى ئىشچىلارنى توقۇشقا ئاجرىتىش؛ ئۈچىنچى، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇش؛ تۆتىنچى، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى گۇنەيلىيالىك بىلەن بوياقچىلىققا مەسئۇل مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر چەي جۈچېڭ باشچىلىقىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇش، سېخلارغا بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا سۈپەت جەھەتتە كۆرۈلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىش. بۇ تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئېكسپورت ۋەزىپىسىنىڭ سۈپەت ۋە سان بويىچە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، ئېكسپورتقا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 51.58 پىرسەنتتىن 67.32 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلدى.

1984 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە 6 مىليون 960 مىڭ مېتىر گۈللۈك رەخت ئېكسپورت قىلىنىپ، 3 مىليون 190 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىلدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭدا،

# ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەت راۋاجلاندۇرۇلدى

**[شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا بايان]**

1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا «مۇستەھكەملەش، ھەزىم قىلىش، تولۇقلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش» دېگەن فاڭجېن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ھالقا دەۋر قىلىنغان ھالدا كارخانىلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قىسمىدىن قول سېلىنىپ ئىلگىرىلەش قولغا كەلدى.

1984 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا 3 مىليون 14 مىڭ مېتىر رەخت ئېكسپورت قىلىنىپ، 1 مىليون 380 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىلىپ، ھەممىسى دۆلەتكە تاپشۇرۇلدى. 1985 - يىلى 2 مىليون 443 مىڭ مېتىر رەخت ئېكسپورت قىلىنىپ، 1 مىليون 120 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىلىپ، كارخانىنىڭ ئۆزىگە 280 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قالدۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە جۇڭگو - پاكىستان چېگرا سودىسى ئۈچۈن 54 مىڭ 600 مېتىر «2321» تىپلىك چوڭ گۈللۈك چىت ئىشلەپچىقىرىلدى؛ 1986 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەنە، 1 مىليون 507 مىڭ 400 مېتىر رەخت ئېكسپورت قىلىنىپ 690 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىلىپ، كارخانىنىڭ ئۆزىگە 170 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قالدۇرۇلدى.

(لۇڭشىڭمىڭ).

**[ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائاشى]**

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائەت قاتناش سىستېمىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، تېخنىكا ساپاسىنى يۇقىرى كۆتەردى. پۈتۈن يىلدا ئىككى قارار زاۋۇت باشلىقى (جاڭلى) لىرىنىڭ بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان دۆلەتلىك ئىمتىھان بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ 20 كىشىنى تەربىيەلەپ، ئىمتىھاندىن ئىلگىرىكى تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى. ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 97.7 پىرسەنتكە يەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى كادىرلاردىن 28 نى تاللاپ چىقىپ ئاپتونوم رايون ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، 56 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىنى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى، 320 نەپەر تېخنىك ئىشچى تەربىيەلەپ چىقتى. تەربىيەلەش ئارقىلىق زاۋۇت باشلىق (جاڭلى) لارنىڭ باشقۇرۇش كەسپىي بىلەن سەۋىيىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

كارخانىلارنىڭ تاشقى قىسمىدىكى ئىسلاھاتتا، نۆۋەتتىلىق ھالدا كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى، ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت باش- قۇرۇشتا ئۆز-ئۆزىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆزى سېتىۋېلىش ھوقۇقى، پىلان سىرتىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئۆزى سېتىش ھوقۇقى، كارخانىنىڭ ئۆز مەب- لىغىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى، كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش، جازالاش ھوقۇقى ۋە شۇنىڭدەك كارخانا رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەت- لەردە ئىسلاھات يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھال- دا ئېلىپ بېرىلىپ ۋە تۆۋەنگە ھوقۇق بېرىلىپ، كارخانىلار ھاياتىي كۈچىنىڭ ئېشىشى ئۈچۈن پائال تۈردە پايدىلىق شارائىت ھازىر- لاندى. ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبا- رەت ئىككى دەرىجىلىك ئىقتىساد كومىتېت- لىرى ئىسلاھات داۋامىدا ئىككى بۇرۇلۇش ياسىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بىرىنچى، ۋەزىپە دائىرىسىنى تەڭشەپ، تەسلىمدىكى سانائەت قاتناش ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنىلا باشقۇرى- دىغان تارماق بولۇشتىن رايونلۇق ئىقتىساد ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى نىشان قىلىدىغان ئىقتىسادنى ئومۇملاشتۇرۇپ باشقۇرغۇچى تارماق بولۇشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياساپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوبوروتنى تەڭتۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ ھەرىكەتلىك كۈچىنى تەڭ- شەش، كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. ئىككىنچى، ئىقتىسادنى ئومۇملاشتۇرغۇچى تارماقلارنىڭ فۇنكسىيىسى ئىشلەپچىقىرىش- قا قوماندانلىق قىلىشتىن باشقۇرۇش، خىزمەت ئۆتەشكە قاراپ بۇرۇلۇش ياساپ، باھا، پايدا، سىياسەت قاتارلىق پىشاڭلارنىڭ رولىنى پائال تەدبىق قىلىپ بۇرۇنقىدەك مەمۇرىي بۇيرۇققا تايىنىپ بىۋاستە كونترول قىلىش، بىۋاستە تەڭ- شەشتىن قىممەت قانۇنىيىتى، ئىقتىسادىي پىشاڭنى تەدبىقلاپ ۋاستىلىق كونترول قىلىش، ۋاستىلىق تەڭشەشكە قاراپ مېڭىپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئىگىدار- چىلىق ھوقۇقىنى مۇناسىۋەتلىك سىياسەت- لەر بويىچە كېڭەيتتى. يېڭىسار ناھىيىسى ئىسلاھات داۋامىدا ئىقتىساد كومىتېتىغا بىر بۆلۈك كادىرلار ھوقۇقى ۋە مالىيە ھوقۇقى بەردى، ئىقتىسادىي كومىتېت ستېپەنىدىكى كىشىلەرنىڭ يۆتكىلىش ئىشلىرىنى ئەمگەك-كادىرلار تارماقلىرىدىن ئۆتكۈزۈش ھاجەتسىز بولدى، كارخانىلارنىڭ مەبلەغلىرىنى ئىقتىساد كومىتېتى بىۋاستە تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغان بولۇپ «قېيىنچىلىق- لار» ئازايدى، كارخانىلار ئۈچۈن كۈچلۈك قوللاش بولدى. ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى پىلان سىرتىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئۆزى سېتىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن بۇ يىل 6486 توننا سېمونتنى ئاشۇرۇپ ئىش- لەپچىقىرىپ، پىلان سىرتىدىكى سېمونتنى سېتىشتىن 260 مىڭ يۈەن پايدىغا ئېرىشىپ كارخانىنىڭ ئۆز ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش كۈچىنى ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت- تا، كارخانا ئىچكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە تەق- سىمات، كادىرلار تۈزۈمى قاتارلىق جەھەت- لەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنۇمگە ئېرىشىپ، كارخانىنىڭ ئىچكى ھاياتىي كۈچى- نى ئاشۇردى. ۋىلايەتلىك ترانسپورت ش- شىركىتى تەقسىمات تۈزۈمىنى دادىللىق بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، پايدىسىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئۈنۈملۈك تۈردە قوزغاپ، زىيان تارتىشنى ئۆزگەرتتى،

پۈتۈن يىلدا 90 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. ۋىلايەتلىك سودا سىستېمىسى ئىسلاھات داۋامىدا تۈرلۈك شەكىلدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە شەكلىنى دادىللىق بىلەن يولغا قويۇپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىدىن 278 دە قويۇۋېتىلگەن تىجارەتنى يولغا قويدى، بۇلار كىچىك كارخانىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 60 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە 144 نى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا تۇرۇپ كوللېكتىپ خاراكتېردە تىجارەت قىلىشقا ئۆزگەرتتى، بۇلار قويۇۋېتىلگەن كارخانىلار سانىنىڭ 52.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، 11 كارخانا كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىققا ئۆزگەرتىلدى. بۇ قويۇۋېتىلگەن كارخانىلار سانىنىڭ تۆت پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. 120 كارخانا شەخسىيلەرنىڭ تىجارەت قىلىشىغا ئىجارە بېرىلدى، بۇلار قويۇۋېتىلگەن كارخانىلار سانىنىڭ 43.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى سودا تۈرلىرىنىڭ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ تىجارەت ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولدى. تەمىنلەش - سودا سىستېمىسىنىڭ بىرىنچى قەدەملىك ئىسلاھاتىنى تۈگەتكەندىن كېيىنكى بىر يىللىق ئەمەلىيەتتە، ئەھۋال ياخشى بولدى، ئۇلار يەنىمۇ مۇستەھكەملەش، مۇكەممەللەشتۈرۈش داۋامىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ماددىي ئەشيالار سىستېمىسى پائال تۈردە بۇرۇلۇش ياساپ، ئىچكى قىسمىغا يۈزلىنىش، بېكىنمىلىك قىلىش تىپىدىن سىرتقا يۈزلىنىش ۋە ئېچىۋېتىش تىپىغا قاراپ بۇرۇلۇش ياساپ، سىستېما ۋە دائىرىلەرنىڭ ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشتىكى بۆلۈنمە، قاتال سىستېمىلىرىنى بۆسۈپ تاشلاپ، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشنى ئىقتىسادىي رايونلار بويىچە مۇۋاپىق ئويۇشتۇردى، ماددىي ئەشيالارنى پىلانلىق تەقسىملەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى ئۆلكە بازارلىرىدىن جايىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا يېتىشمەيۋاتقان ماددىي ئەشيالارنى ئەكىلىشنى ئويۇشتۇرۇپ، ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك ياردەم بەردى. 1986 - يىلى سېتىۋېلىنغان ۋە سېتىلغان ماددىي ئەشيالارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.2% ۋە 6.8% ئاشتى، پايدا 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ يىللىق پىلان 28.5% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى. ۋىلايەت بويىچە 34 كارخانىدا زاۋۇت باشلىقى (جىڭلى) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى سىناق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. سىناق قىلىش ئارقىلىق زاۋۇت باشلىق (جىڭلى) لىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى ئېنىق تۇرغۇزۇلۇپ، زاۋۇت باشلىقلىرى ۋەزىپىگە، ھوقۇققا ئىگە قىلىنىپ، كارخانىلاردىكى پارتىيە، مەمۇرىيەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئىسلاھات ئارقىلىق كارخانىلاردا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، كارخانىلار مەمۇرىي تارماقلارنىڭ قارمىقىدىكى نەرسىدىن مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە تىجارەت قىلغۇچىغا قاراپ ئۆزگەردى، بېكىنمە ھالەتتىكى يەككە ئىشلەپچىقىرىش تىپىدا بولۇشتىن، قويۇۋېتىلگەن تىجارەتنىڭ يول ئېچىش تىپىدا بولۇشقا، ئىشلەپچىقىرىشنى مەمۇرىي بۇيرۇققا تايىنىپ تەشكىللەشتىن بۇيرۇق خاراكتېرلىك، يېتەكچىلىك خاراكتېرلىك، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش تەلىپى بويىچە تەش-

كىلىشكە، «ئىككى داش قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش»تىن كارخانىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن تىجارەت نەتىجىلىرىنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە شەخسىيلەرنىڭ تۆھپىسى بىلەن باغلاشقا قاراپ ئۆزگىرىپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت ھالىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى.

(خۇاڭ تەنرۇڭ).

## [ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى]

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتتىكى ئەھۋالى مۇنداق:

(1) 1986 - يىلى مەملىكىتىمىزدىكى 13 ئۆلكە، ۋىلايەت (شەھەر) دىن كەلگەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئۆمەك ۋە 200 نەپەر تارقاق كەلگەن كىشىلەر كۈتۈۋېلىندى. سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 98 تۈرلۈك كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلدى

(2) مەملىكەت بويىچە 25 ئۆلكىدىكى 140 نەچچە ئورۇن بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە ئۇچۇر ئېلىم - بېرىمى ئېلىپ بېرىلدى.

(3) ۋىلايەت بويىچە 70 ھەمكارلىق تۈرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ستاتىستىكىدا قىلىنغان 44 تۈردە، سېلىنغان مەبلەغ 20 مىليون 534 مىڭ 500 يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 6 مىليون 42 مىڭ يۈەن، بانكىدىن بېرىلگەن قەرز پۇل 14 مىليون 264 مىڭ 500 يۈەن، ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 3 مىليون 249 مىڭ يۈەن بولدى. 53 خىل ئۈسكۈنە ئۆزگەرتىلدى، 190 خىل رەڭدار مەھسۇلات كۆپەيتىلدى، 219 نەپەر تېخنىكا خادىمى تەكلىپ قىلىپ كېلىنىدى، 111 نەپەر كىشى سىرتقا ئەۋەتىلدى. ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 29 مىليون 662 مىڭ 500 يۈەن، پايدا - باج 4 مىليون 775 مىڭ يۈەن بولدى، بەش قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ 150 نەپەر كىشى تەربىيىلەندى.

(4) «قەشقەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» يېزىپ چىقىلدى ھەمدە باشقا جايلاردىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قەشقەردە كارخانا قۇرۇش ئۈچۈن ئېتىبار بېرىش چارىلىرى ۋە شەرتلىك، ھەمكارلىق ۋە مۇستەقىل ھالدا مەبلەغ سېلىپ كارخانا قۇرۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىلەر تۈزۈپ چىقىلدى.

(5) «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرلىرى» نىڭ 1 - قىسمى تۈزۈپ چىقىلىپ، باشقا جايلاردىكىلەرنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا جايدىكىلەرگە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەمكارلىق مۇددىئالىرى يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

(6) ماددىي ئەشيا ھەمكارلىقى قانات يايدۇرۇلۇپ ھەمكارلىق مەبلىغى 30 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ھەمكارلىق ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ 8 مىليون 144 مىڭ يۈەن، چىقىرىلغان مەبلەغ 22 مىليون 816 مىڭ يۈەن بولدى.

(7) يېزا - بازار كارخانىلىرىدا سىرتتىن كىرگۈزۈش ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش ئارقىلىق بىر يىل ئىچىدە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تېخنىكا خادىملىرى 268 نەپەر، ئۈسكۈنە 71 يۈرۈش، مەبلەغ 800 نەچچە مىڭ يۈەن، بىرلىشىپ باشقۇرغان كارخانا 150 تۈرلۈك بولدى، ناھىيە،

شەھەرلەر 3000 ئادەم-قېتىم ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش قىلىپ كەلدى، بۇنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. پوسكام ناھىيىسىدىكى يېزا-بازار كارخانىلىرى مەۋقەنى ئۆز جايىنىڭ بايلىق مەنبەلىرىگە قويۇپ، ئىقتىسادىكتىن ئىبارەت بۇ ئۈستۈنلۈكتىن پايدىلىنىپ، چىڭ تۇتۇپ، تېز ئاتلاندى. ئۇلار ئىچكىرىدىن زور تۈركۈملەپ ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ يېزا-بازار كارخانىلار قوشۇنىنى زورايتىپ، يېڭى قانلارنى كۆپەيتىپ، چوڭ تىپتىكى ھاشىئىلاشقان خۇمدان، پولات ئىشىك-دېرىزە زاۋۇتى، چايدان زاۋۇتى، قۇم-شېغىل تەييارلاش زاۋۇتى، يەم-خەشەك زاۋۇتى، توخۇ فېرمىسى، سۈتچىلىك فېرمىسى، يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ئېلېكتىر سايمانلىرى رېمونتخانىسى، ئاشخانا قاتارلىقلارنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان خادىملار نەچچە كىشىدىن بىراقلا 2000 نەچچە يۈز كىشىگە يەتتى. كىرىم ئەسلىدىكى 100 مىڭ يۈەندىن 9 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە كۆپەيدى. 1986-يىلى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان پايدا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 100 نەچچە يۈز مىڭ يۈەن بولدى. ھەممە پايدىدىن پىرسەنت بويىچە ئۆزىگە قالدۇرۇلغان قىسمىدىكى مەبلەغدىن پايدىلىنىپ كىنوخانا، دوختۇرخانا، ئاسفالت يول قاتارلىقلار ياسالدى.

(لى يىڭ).

**[ قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى ]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يۇڭ مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ساناتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باش شىركىتى ۋە شاڭخەي پەن-تېخنىكا ئالماشتۇرۇش مەركىزىنىڭ غەربىي جۇڭگو بىلەن بىرلىشىش توقۇمىچىلىق شىركىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي سودا نازارىتىنىڭ گىلەمچىلىك شىركىتى بولۇپ، ئۈچ تەرەپ شېرىكلىشىپ قەشقەر تاشقى سودا گىلەمچىلىك فابرىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. ھەممە 1985-يىلى 11-ئاينىڭ 4-كۈنى شىنجاڭ-قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇش كېلىشىمنامىسىغا ئىمزا قويۇشتى. كېلىشىمنامىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باش شىركىتىنىڭ مەبلەغ سېلىشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقى، شاڭخەي غەرب بىلەن بىرلىشىش توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىن ھەمكارلىشىپ، تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى، بازار ئۇچۇرى، ھۈنەرسەنئەت، لايىھىلەش، ئۈسكۈنە ئۆزگەرتىش، قۇراشتۇرۇپ سىناش، خادىملارنى تەربىيىلەش، مەھسۇلات تۈرلىرىنى يارىتىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق 1985-يىلى 11-ئاينىڭ 9-كۈنى قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسى رەسمىي قۇرۇلدى. بىر يىللىق قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق 1986-يىلى 11-ئاينىڭ 4-كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا رەسمىي كىرىشتۈرۈلدى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئىقتىدارى تۇم يۇڭ يىپ ئىگىرىدىغان ئۇرچۇق 800، يىللىق ئىشلەپ-

چىقىرىلىدىغان كۆللۈك يۇڭ ئەدىيال 80 مىڭ دانە، سۆكنو 200 مىڭ مېتىر، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 400 مىڭ يۈەن، يارىتىلىدىغان باج-پايدا 3 مىليون 370 مىڭ يۈەن، سېلىنىدىغان ئومۇمىي مەبلەغ 9 مىليون 80 مىڭ يۈەن قىلىپ لايىھىلەندى.

ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىش داۋامىدا، بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر شاڭخەيلىك قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، شارائىت ناچار، ۋاقىت قىسقا، ۋەزىپە ئېغىر بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، بەش ئايغا يالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق يۇڭ يۇيۇش، يۇڭ تاراش، ئىنچىكە يىپ ئايرىش بىرلەشمە ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى كەينى-كەينىدىن ئورۇنلىدى ۋە 76 تۈرلۈك يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى قوراشتۇردى. 1986-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 60 تۈرلۈك ماشىنا ماڭغۇزۇلدى. يۇڭ كىرگەندىن تارتىپ كۆللۈك يۇڭ ئەدىيال، سوكنو توقۇلۇپ چىققىچە بولغان ئاقما لىنىيە شەكىللىنىپ بولدى. يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، ئىشچى-خىزمەتچىسى 500 گە، توقۇش ماشىنىلىرى 32 گە يەتتى. 12-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 828.34 مېتىر كۆللۈك يۇڭ ئەدىيال، 3417.7 مېتىر سۆكنو، 1690.3 مېتىر دېگىز ئارمىيىچە سوكنو، 1214.5 مېتىر سىدام ئەدىيال ئىشلەپچىقىرىلدى. سىناق تەرىقىسىدە سېتىلىش ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

(ۋاڭجۈن).

## [قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق خىزمىتى ئەھۋالى]

قەشقەر شەھىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچى، دەندۈڭ، شاشىلار بىلەن دوست شەھەر بولۇپ شاڭخەي، تيەنجىڭ، تەنتۈڭ، ۋۇشى، ۋۇخەن، لەنجۇ، تېيلىڭ، دالىيەن، چىڭداۋ قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. كارخانا ۋە ئورۇنلارنى باشقا جايلار بىلەن پائال تۈردە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى ئېلىپ بېرىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، ھەرىيلى ئىقتىسادىي تېخنىكا ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ، كارخانىلار ئارىسىدا ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق كۆۋرۈكى قۇردى.

توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش قەشقەر شەھىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش ۋە ئىقتىساس ئىگىلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئالمىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، شەھەر ۋە يېزا-بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. 1986-يىلى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ۋە زىيارەت ئېلىپ بارغان ئىقتىسادىي تېخنىكا ۋەكىللەر ئۆمىكى 18، ئادەم 146 ئادەم-قېتىم بولدى. شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي تېخنىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن ئۈچىنى، 20 ئادەم-قېتىمنى ئەۋەتىپ، قېرىنداش شەھەرلەرنى جاۋابەن زىيارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى قېرىنداش ناھىيىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتتى. ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 27 پارچە كېلىشىمنامە ۋە مۇددىئانامىگە ئىمزا قويدى. بۇ يىل ئىچىدە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تۈرلەرنى تۇرغۇزۇپ، قويما چۆيۈن

تۇرۇبا قاتۇرۇش ماشىنىسى، نۇركەش پولات ئىشىك-دېرىزە «107» لىك، «815» لىك تام سىرى، ئېرىتىلگەن ئاسفالت، ئاليۇمىنغا ماگنىي بىرىكتۈرۈپ ياسالغان كۆركەم بويۇملار، كۆللۈك سېمونت خىش، سۇ سىڭدۈرمەيدىغان يالتىراق، سۇلياۋ ئاياغ كىيىم قاتارلىق سەككىز تۈر يولغا قويۇلۇپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىدى. شەھەر بويىچە ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەر سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرى 206 ئادەم — قېتىم، تەربىيەلەنگەن تېخنىكا ئىشچىلار 190 نەچچە نەپەر بولدى، 13 خىل يېڭى مەھسۇلات پەيدا قىلىندى. مەسىلەن: لۆڭگە بويۇملار، سۇ سىڭدۈرمەيدىغان بىر قىسىم يالتىراق، كۆللۈك سېمونت خىش قاتارلىقلار شەھەر ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 1986 — يىلى يەنە سىرتتىن مەبلەغدىن 1 مىليون 85 مىڭ يۈەن كىرگۈزۈلدى (سۇ سىڭدۈرمەيدىغان يالتىراغ ئۈچۈن 400 مىڭ يۈەن، ئوبوروت ساھەسىدىكى تاۋار مەبلىغى ئۈچۈن 650 مىڭ يۈەن، سۇلياۋ ئاياغ ئۈچۈن 35 مىڭ يۈەن سىرتتىن كىرگۈزۈلدى) ھەممە ئىتالىيىدىن 141 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا خۇرۇمچىلىق ئۈسكۈنىلىرىدىن ئۈرۈپ قۇرۇتۇش ماشىنىسى ۋە ماي پۈركۈپ قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن بىردىن كىرگۈزۈلۈپ باشقا ئۈسكۈنىلەر بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىشقا كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلى 1 مىليون يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يېڭىدىن كۆپەيدى.

شەھەرلىك ماي-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى داۋامىدا تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، سىرتتىن قاتتىق زاپچاسلارنى كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇمشاق زاپچاسلارنىمۇ كىرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ «قاتتىق»، «يۇمشاق»نى تەڭ تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھۈنەر تېخنىكىسىنى ياخشىلاپ تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى روشەن ھالدا ئۆستۈردى، پايدىسى ئۈچ يىلدا ئۈچ قاتلىدى. 17 يىل ئۇدا زىيان تارتىپ تاقىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان كارخانا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كارخانىغا ئايلاندى.

(شىيۋۇ).

## شەھەرلىك ماي-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى

قەشقەر شەھەرلىك ماي-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى شىنجاڭدا بېكىتكەن نۇقتىلىق سوپۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلاردىن بىرى ئىدى. بۇرۇن ئۇزۇن يىللىق قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن بۇ زاۋۇتتا خام ئەشيا يېتىشمەي مەھسۇلات بىر خىللا بولۇپ سوپۇن، گلىتسېرىن، شام قاتارلىق مەھسۇلاتلارلا ئىشلەپچىقىرىلاتتى. كارخانا ئۇدا 17 يىل زىيان تارتىپ زىيان سوممىسى 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، زاۋۇت تاقىلىش، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلىشقا ئاز قالغانىدى. پارتىيە 11 — نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 — ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بۇ زاۋۇت رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سېلىپ ئۇزاقتىن بۇيان زىيان تارتىشنىڭ سەۋەب ۋە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ «مەھسۇلات تۈرى ئارقىلىق تەرەققىياتنى قوغلىشىش سۈپەت ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت ئار-

قىلىق ئىنساۋەت تېپىش» تەك تىجارەت ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، خېرىدارلارغا، بازارغا يۈزلىنىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ، رىقابەت داۋامىدا راۋاجلاندى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئاساسىي تەدبىرلىرى مۇنداق بولدى:

1. تېخنىكا كىرگۈزۈپ مەھسۇلات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

1983- يىلى شەنئەن كۈندىلىك بۇيۇملار زاۋۇتىدىن دېتسىرلەنگەن ماي كىسلاتاسى ئىشلەش ئۈسكۈنىسىنى سېتىۋېلىپ، يېڭى ھۈنەر-سەنئەت لىنىيىسىنى قوللاندى، ھەمدە ھاۋا قاتناش سانائىتى مىنىستىرلىكىدىن پۈتۈن يۈرۈش ئاسفالت تېخنىكا ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىپ ماي دۇغلىرىدىن ئاسفالت ئايرىپ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. دېتسىرلەنگەن ماي كىسلاتاسى ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتى تەرىپىدىن 4- دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

2. شىنجاڭنى ئېچىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

قاتۇرۇلغان ماي بۇ زاۋۇتنىڭ كونا مەھسۇلاتى بولۇپ ئۇ سوپۇن ئىشلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان خام ئەشيا، شۇنداقلا مايلىق ماددىلارنى تېخىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەشتىكى دەسلەپكى مەھسۇلات، بىراق قاتۇرۇلغان مايىنىڭ مىقدارى ئاز، سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ، مۇشۇ زاۋۇتنىڭ سوپۇن ئىشلەش ئېھتىياجىنىلا قامداپ كەلگەنىدى. مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن 1985- يىلىدىن بۇيان، بۇ زاۋۇت ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىپ ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ، قاتۇرۇلغان ماينى ئۈرۈمچى، لەنجۇ قاتارلىق جايلاردا سېتىلىدىغان قىلدى. بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ زاۋۇت خېنەنلىنىڭ جىڭجۇ شەھىرىدىكى «غالىبىيەت» خىمىيە سانائەت زاۋۇتىنىڭ ئىنژېنېرىنى باش ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، قاتۇرۇلغان ماي كىسلاتاسى ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ھۈنەر-سەنئەت لىنىيىسىنى ئۆزلىرى لايىھىلەپ ياساپ چىقتى. زاۋۇت يەنە تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىشچىلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتەردى.

يىللاردىن بۇيان، بۇ زاۋۇت دېتسىرلەنگەن ماي كىسلاتاسى، ئاسفالت قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى پەيدا قىلىپ، مەھسۇلات تۈرىنى ئەسلىدىكى تۆت خىلدىن 17 خىلغا يەتكۈزۈپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتەردى. 1986- يىلى پايدىنى 511 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2.2 ھەسسە ئاشۇردى، ئۈچ يىللىق پايدا ئارقىلىق 17 يىللىق زىياننى تولۇقلىدى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنى 2 مىليون 762 مىڭ 400 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 1980- يىلدىكى ئاساستا ئۈچ قاتلاپ، كونا چىگىش كارخانىدىن ئىلغار كارخانىغا ئۆزگىرىپ ۋىلايەت بويىچە تايانچلىق كارخانىلاردىن بىرى بولۇپ قالدى.

(قەشقەر شەھەرلىك مايلىق خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى).

**[ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش]** ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقىنى تەشكىللىنىك، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ماسلاشتۇرۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ياخشى ئىش-

لىتىش، قەشقەر ئىگىلىكىنى ئىمكانىقەدەر تېز گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، 1984 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى. بۇ مەركەزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋىلايەت بويىچە ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ۋە ئىگىلەپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئارتۇق، كەملىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى مۇۋاپىق ئالمىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، كادىرلار تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قەشقەر ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت.

1. سىرتقى جايلاردىن ئىختىساس ئىگىلىرىنى پائال تۈردە كىرگۈزۈش. ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، 1980 - يىلدىن بۇيان 2000 دىن ئارتۇق كىشى قەشقەردىن كەتتى. ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپلەپ كېتىشى بىلەن پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش سىستېمىسى ۋە بەزى سانائەت كارخانا، ئورۇنلىرىنىڭ نورمال خىزمىتىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتتى. بۇ مەسىلىنى تېزدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنىڭ ئېچىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر قاتارلىق جەھەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماتېرىياللارنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن باستۇرۇپ، كەڭ تەشۋىق قىلدى ھەمدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، باشقا جايلاردىكى زىيالىيلارنى قەشقەرگە كېلىپ ئىشلەشكە جەلپ قىلدى. 1984 - يىلدىن بۇيان ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى رايونىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىن بولۇپ 700 دىن ئارتۇق تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى قوبۇل قىلدى، ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا كەلگەن 1200 دىن ئارتۇق ئالاقىنى بىر تەرەپ قىلدى، 290 پارچە ئالاقىلىشىش ئالاقىسى ئەۋەتتى. ھازىر قەشقەرگە كېلىپ ئىشلىگەنلەر 185 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1986 - يىلى قەشقەرگە كېلىپ خىزمەت قىلغان 10 نەپەر پىلان سىرتىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ بار. سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى كۆپ يىللىق ئوقۇتۇش ستاژىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار بولدى. قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق بىرلەشمە فابرىكىسى 1986 - يىلى شاڭخەيدىن 30 نەچچە نەپەر تېخنىكا خادىمى كىرگۈزگەندىن كېيىن مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تۈرى كۆپەيدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

2. ھازىرقى ئىختىساس ئىگىلىرىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش. ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆمۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى خىزمەتتىكى «بەش داشۆ»نى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئۇلارنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق 60 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى.

# پوچتا تېلېگراف

**[ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسىنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى]**

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پوچتا - تېلېگراف سىستېمىسى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى مەدەنىيەتنى بىرلىكتە تۇتۇش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پوچتا - تېلېگراف خىزمىتىنى «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى يولىغا سېلىپ، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى.

ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدا بىر تۇتاش باھالاش، سېلىشتۇرۇش شەرتلىرى ۋە ئىمتىھان ئېلىش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. باھالاش، سېلىشتۇرۇش شەرتلىرى ئالتە تۈرلۈك مەزمۇن، 42 ماددىلىق ئىمتىھان ئۆلچىمىدىن ئىبارەت بولدى. «يۇمشاق ۋەزىپە» بىلەن «قاتتىق كۆرسەتكۈچ»نى بىرلەشتۈرۈپ مىلىق نومۇرلۇق ئىمتىھان تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ھەر قايسى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىلىرى باھالاش، سېلىشتۇرۇش شەرتلىرىنى قاتلاممۇ - قاتلام، بەن-گورۇپپىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى، نارماق ئىدارە ۋە شەخسلەر باھالاش، سېلىشتۇرۇشنى مۇكاپات بىلەن بىرلەشتۈردى. بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى.

1. 1986 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى پارتگورۇپپىسى پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشتا «تۆتنى بېكىتىش، بىرنى ھۆددە قىلىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى؛ ھەر قايسى ناھىيىلىك ئىدارىلارمۇ

3. زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش. 1984 - يىلىدىن بۇيان ھەر يىلى ئېچىلىدىغان ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنىڭ قەشقەرنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىن نەچچە تۈركۈمى كۈتۈۋېلىندى. ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، ئۇرغۇن كىشىلەرگە قەشقەرنىڭ ئىگىلىكى، تەبىئىي مۇھىت، ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياج قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇقتۇردى.

1986 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان «ئۇچنى قوللاش، ئۇچنى ئالماشتۇرۇش» يىغىنىغا قەشقەر ۋىلايىتى 47 كىشىنى قاتناشتۇردى. يىغىن مەزگىلىدە قەشقەر كۆرگەزمە بۆلۈمىگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلغان، سۆھبەت ئۆتكۈزگەن تۈرلۈك كەسپىي تېخنىكا خادىملار ۋە «بەش داشۆ»نى پۈتتۈرگەنلەر، ئىجتىمائىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر، 2100 ئادەم - قېتىمدىن ئاشتى. ئاخىرىدا، 33 كىشى قەشقەرگە كېلىپ خىزمەت قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ئېھتىياجلار بويىچە يارىدەم بېرىش تۈرىدىن 17 سى دەسلەپكى قەدەمدە كېلىشىپ بېكىتىلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى)

پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى پىلان ۋە كونكرېت يولغا قويۇش پرىنسىپلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشنى «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم سىناق مەزمۇنى قىلدى. ۋىلايەت بويىچە 13 پوچتا - تېلېگراف تارمىقى ئىچىدە، پارتىيە ئىستىلى ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى بولغانلار 64.2 پىرسەنتنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە پوچتا-تېلېگراف ئورنى شۇجايدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشى ئىدارە كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بىر يىلدىن بۇيان، كەسىپ ئۈستىدىكى ناتوغرا ئىستىللار ئاساسىي جەھەتتىن توسۇلدى، ياخشى كىشى، ياخشى ئىشلار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى. ۋىلايەت بويىچە ئالتە پوچتا - تېلېگراف ئورنىغا شۇ جايدىكى پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن ۋە «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى. 1986 - يىلى ئىدارە پارتكومى ۋىلايەت بويىچە پوچتا-تېلېگراف سىستېمىسىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن 33 نەپەر مەدەنىيەتلىك ئىشچى - خىزمەتچى، ئالتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن، 19 مەدەنىيەتلىك بەن - گۇرۇپپا، 13 مەدەنىيەتلىك كۆزنەكنى تەقدىرلىدى.

2. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئىش ئورنىدا مەشق قىلدۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ئىتتىپاق تەشكىلاتى ياش ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «نىشانغا يېتىشكە بەل باغلاش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1986 - يىلى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئورنى 536 ھەمدە 461 قېتىم تېلېفون ئۇلاش داۋامىدا بىر قېتىممۇ خاتالىق سادىر قىلمىدى ھەمدە تېلېفون ئالغۇچىنىڭ سۆزىنى قارشى تەرەپكە ۋاكالىتەن يەتكۈزۈپ بېرىش، تېلېفوندا ئادەم ئىزدەپ بېرىش قاتارلىق ئىشلاردىن 121 قېتىم ئىلىپ بېرىپ، ئابونتلار تەرىپىدىن «مەنىۋى مەدەنىيەت تارقاتقۇچى كۆزنەك» دەپ نام ئالدى. تېلېگراف بۆلۈمىنىڭ ئاپتوماتىك ئاپپاراتلار ئۆيى بىلەن پوچتا مەمۇرىي بۆلۈمىنىڭ يەتكۈزۈش ئورنى ئەمگەك مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپ، كەسىپ ئۆگىنىپ، تېخنىكا سېلىشتۇرۇپ، ئىدىيىدە مۇسابىقىلەشتى، ئاپتوماتىك ئاپپاراتلار ئۆيىنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش داۋامىدىكى ساق بولۇش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى ھەمدە ئۇلار يەكەن ناھىيىسىنىڭ 1000 توچكىلىق ئاپتوماتىك تېلېفون ئورنىتىشىغا ياردەم بەردى، 1986 - يىلى ئاپتوماتىك ئاپپاراتلار ئۆيى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بېرىلگەن «مۇنەۋۋەر ياشلار بەن - گۇرۇپپىسى» دېگەن نامغا ئىگە بولدى. مۇسابىقە داۋامىدا پوچتا يەتكۈزۈش ئورنى ئەلا سۈپەتلىك خىزمەت قىلىپ، ئابونتلار ئۈچۈن 100 قېتىمدىن ئارتۇق ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئابونتلارنىڭ 74 پارچە تەقدىر خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتى،

ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ياشلار بەن - گورۇپپىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. قاغىلىق ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تېلېگرافخانىسى 1986 - يىلى 60مىڭ 414 پارچە تېلېگراف قوبۇل قىلىپ ۋە يوللاپ، ھېچقانداق خاتالىق سادىر قىلماي ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «ئىلغار ياشلار بەن - گورۇپپىسى» دەپ باھالاندى.

3. پوچتا - تېلېگراف ئالاقە سۈپىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە پوچتا - تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرىگە 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون لىنىيىسىگە 339 سىم، باش ئاپپاراتقا 71 لىنىيە قوشۇلۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 85.5% كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە ئۈچ يوللۇق يۈكلىمە دولقۇنلۇق ئاپپاراتتىن 18، 12 يوللۇق يۈكلىمە دولقۇنلۇق ئاپپاراتتىن 13، قەشقەر شەھىرى ئىچىدىكى تېلېفون نومۇرىغا 170 تېلېفون قوشۇپ قوراشتۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە تېلېگراف ئالاقە سۈپىتىدىكى 18 تۈرلۈك سىناق كۆرسەتكۈچىدىن 17سى ئورۇنلىنىپ 1985-يىلدىكىدىن سەككىز تۈر كۆپەيدى؛ پوچتا ئالاقە سۈپىتىدىكى توققۇز تۈرلۈك سىناق كۆرسەتكۈچىدىن سەككىزى ئورۇنلىنىپ، 1985-يىلدىكىدىن ئىككى تۈر كۆپەيدى. پوچتا-تېلېگراف ئالاقە كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 1985 - يىلدىكىدىن 10.3% ئاشتى؛ كەسپىي كىرىم 6مىليون 158مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 10.3% ئاشتى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى).

**[يەكەن ناھىيىسى ئۆزى مەبلەغ توپلاپ ئاپتوماتىك تېلېفون ئورناتتى]** يەكەن ناھىيىسى — «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم بازار، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق ناھىيىسى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بۇ ناھىيىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەر ئىچى تېلېفون ئالاقىسىدا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان قول بىلەن چۆرۈيدىغان تېلېفون ئاپپاراتى ئىشلىتىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇچۇر يەتكۈزۈش قالاق پېتى تۇرۇۋەرگەن ئىدى. بۇ ناھىيە «دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىيلەرنىڭ باشقۇرۇش، ھاۋالە قىلىپ باشقۇرۇش، ۋاكالىتەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنى بويىچە جەمئىيەتتىن مەبلەغ توپلاپ، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇردى. 1985 - يىلى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى بىلەن ئورتاق ھالدا ئاپتوماتىك تېلېفون ئۈسكۈنىلىرىنى ئورناتتى.

بۇ ئىشنى قىلىش داۋامىدا، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە قاتارلىق تارماقلار ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ چىقىرىش، يەر ئېلىش، ئورۇن بېكىتىش قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە زور كۈچ بىلەن قوللاپ، قۇرۇلۇشنى مۇددەتتىن ئۈچ ئاي بۇرۇن 1986 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

پۈتتۈرۈپ ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سەرپ قىلىندى. قۇرۇلۇش تۈرلىرى «قەدەملىك ئىلگىرىلەش سىستېمىسىدىكى ئاپتوماتىك تېلېفون ئالماشتۇرۇش» ئاپپاراتىدىن 1000 نى ئورنىتىش ۋە سىناق قىلىپ تەكشۈرۈش، يەر ئاستىغا ئالتە توچكىلىق، تۆت توچكىلىق، ئىككى توچكىلىق كابېلدىن 1350 مېتىر ياتقۇزۇش، ئىدارىدىن چىقىرىلىدىغان 1000 جۈپ كابېلنى كېسىپ ئۇلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. پۈتكۈل قۇرۇلۇش 1986 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرى باشلاندى، بۇ چاغدا، ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تېلېگراف بۆلۈمى زور تۈركۈملەپ قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ياردەم بېرىپ قۇرۇلۇش سۈپىتىنىڭ كاپالەتلىك قىلدى.

1000 دانە ئاپتوماتىك تېلېفون ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ئالاقە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەل قىلىنىپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى).

**[پوچتا پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى]** ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى 1986 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پوچتا پۇل ئامانىتىنى رەسمىي باشلىدى. تۆت ئايلىق خىزمەتتىن كېيىن يىل ئاخىرىغا كەلگەندە پوچتا ئامانىتىگە قاتناشقان ئائىلە 405 كە، ئامانەت قويغان پۇل ئىككى مىليارد 214 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دۆلەتنىڭ پۇقرالارنىڭ پۇل ئامانىتىگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىنىپ، پوچتا پۇل ئامانەت خىزمىتىدە ئامانەت قويۇش ئىختىيارى بولۇش، ئامانەتنى ئېلىش ئىختىيارى بولۇش، ئامانەتنىڭ ئۆسۈمى بولۇش، ئامانەت قويغۇچى ئۈچۈن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى.

پوچتا پۇل ئامانەت كەسپىدە قەرەللىك ئامانەت قويۇش، پارچە قويۇپ پۈتۈن ئېلىش ۋە قەرەلسىز ئامانەت قويۇش تۈرلىرى يولغا قويۇلدى.

پوچتا پۇل ئامانەت دائىرىسى:

1. ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ قەرز پۇل، كاماندۇرۇپكا ۋە ساياھەت راسخوتلىرىنى چىقىرىپ بېرىش. (printed: پېرېۋوت قىلىپ بېرىش.)

2. ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بەلگىلىك مۇددەتتە ئالدىن بېرىپ ئامانەت قويۇش، ئامانەتنى ئېلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بېرىش.

3. ئارام ئېلىشتا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئامانەت قويۇش ھېساب ئۆتكۈزۈپ ۋاكالىتەن تارقىتىپ بېرىش.

4. ئامانەت قويغۇچىلارغا سىرتتىن پېرېۋوت قىلىنغان پۇللارنى ئامانەت كېنىشكىسىگە بىۋاستە ئولتۇرغۇزۇپ بېرىش.

قەشقەرنىڭ پوچتا پۇل ئامانەت مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى: تىجارەت ۋاقتى ئۇزاق بولۇش، بايرام، ئارام ئېلىش كۈنلىرى ئارام ئالماسلىق، مۇلازىمەتتە ئەتراپلىق بولۇش، پوزىتسىيىدە مۇلايىم بولۇش.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى)

**[خەلقئارا پوچتا - تېلېگراف كەسپى تېز يۈكسەلدى]** خوڭجىراپ ئېغىزى ئۈچىنچى دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن بەزى دۆلەتلەردىن دۆلەت رەھبەرلىرى، دوستلۇق ئۆمەكلىرى ۋە مۇھاجىر قېرىنداشلار ۋە باشقىلار كەينى - كەينىدىن قەشقەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ساياھەت قىلىش، تۇغقان يوقلاش، سودا جەھەتتە سۆھبەتلىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى، قەشقەر خەلقئارا پوچتا - تېلېگراف كەسپىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تېز يۈكسەلدى.

جۇڭگو - پاكىستان پوچتا - تېلېگراف ئالاقىسى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، پوچتا ئالاقىلىرىنى ئالماشتۇرۇدۇق. ئىدارىمىز پاكىستاندىن دۆلىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىلگەن پوچتا يوللانمىلىرى شۇنداقلا سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، مىسىر، ھىندىستان، ئاۋسترالىيە، ئىران، ئىراق، بېنگال، نېپال، ئەرەب، يەمەن جۇمھۇرىيىتى ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق دۆلەتلەردىن پاكىستان ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن خەلقئارا پوچتا يوللانمىلىرىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ خەلقئارا پوچتا يوللانمىلىرىنى كىرگۈزۈش ۋە چىقىرىش كەسپىي مىقدارى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدا چەتكە چىقىرىلغان ۋە چەتتىن كىرگۈزۈلگەن ئومۇمىي خالتا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 352%، پوچتا ئالاقىلىرى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 377%، پوسىلكا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 219% ئاشقان.

خەلقئارالىق پوچتا كەسپىنىڭ تېز يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، خەلقئارالىق تېلېگراف كەسپ مىقدارىمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيدى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1986 - يىلى خەلقئارالىق تېلېگراف ئالدىنقى يىلدىكىدىن 115%، كىرىم 128% ئاشقان؛ خەلقئارالىق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 250%، كىرىم 320% ئاشقان.

خوڭجىراپ ئېغىزى ئۈچىنچى دۆلەتلەرگە ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى مۇلازىمەتنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پوچتا- تېلېگراف خاتالىقلىرىنى زادى سادىر قىلمىدى.

(ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى).

**[پوچتا ماركىسى توپلاش ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى]** قەشقەر ۋىلايىتىدە 1983 - يىلى 11 - ئايدا پوچتا ماركىسى توپلاش جەمئىيىتى، 1984 - يىلى پوچتا ماركىسى توپلاش شىركىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، پوچتا ماركىسى توپلاش ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. ئىلگىرى تىجارەت قىلىنمىغان كەسىپ بىر خىللا بولۇپ، پوچتا ماركىسى ۋە قىسمەن ماركا توپلاش بۇيۇملىرى بىلەنلا چەكلەنگەنتى، ھازىر بولسا ماركا توپلاش بۇيۇملىرى، پوچتا ماركىسى، تۇنجى قېتىملىق ماركىلار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت كۆپ خىللاشتى، ماركا مىقدارىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. 1986 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە ماركا سېتىش ماگىزىنلىرىدا سېتىلغان پوچتا ماركا، ماركا ئالبوم، تۇنجى قېتىملىق ماركا، خاتىرە كونۋېرت، ماركا مۇندەرىجىسى، لوپا ئەينەك، ئۆلچىگۈچ، قىسقۇچ، ماركا توپلاش گېزىت - ژۇرناللىرى

قاتارلىقلاردىن بولغان كىرىم 61 مىليون يۈەن بولدى.

پوچتا ماركىسى توپلاش جەمئىيىتى بىلەن پوچتا ماركىسىنى پائال تەشۋىق قىلىش ۋە كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ مەزمۇنلۇق، قىزىقارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق پوچتا ماركىسى توپلىغۇچىلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى. 1986 - يىلى پوچتا ماركىسى تارقىتىش ئىدارىسى يېڭى ماركا تارقاتقاندا ماركا توپلاش شىركىتى تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىتلەردە تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ، سېتىش ۋاقتىنى ئېلان قىلىپ ماركا توپلاش ھەۋەسكارلىرىنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا ئېرىشتى. پوچتا ماركىسى توپلاشنى تەشۋىق قىلىش - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىش، كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى كۆندۈرۈشتىكى پايدىلىق پائالىيەت، 1986 - يىلى ۋىلايەتتە ماركا توپلاش بىلىملىرى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 230 پارچە ئىمتىھان قەغىزى تارقىتىلىپ 20 كىشى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى، بىر كىشى 1 - دەرىجىلىك، بىر كىشى 2 - دەرىجىلىك، ئىككى كىشى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا باھالاندى. ھازىر ماركا توپلاش جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى 256 گە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 32 كىشى كۆپەيدى. ئالدىن تىزىملاتقانلار 885 كە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 361 كىشى كۆپەيدى. مۆلچەرلىنىشىچە ماركا توپلاشقا قاتناشقانلار 5000 دىن ئارتۇق كىشىگە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1000 دىن ئارتۇق كىشى كۆپىيىدۇ.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى).

**[گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تارقىلىش مىقدارى داۋاملىق كۆپەيدى]** 1986 - يىلى گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىدە داۋاملىق يۈكسىلىش بولدى، بۇ ئاساسەن تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر، ئىنچىكە قانات يايدۇرۇلۇپ بۇرۇنقىدەك چوڭ قائىدىلا سۆزلەپ تىپلارنى تەشۋىق قىلىشقا سەل قاراشتەك ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتكەنلىكتىن بولغان. قەشقەر، پوسكام، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەردىكى پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرى شۇ ناھىيىلەردىكى تەشۋىقات تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ جايلارنى گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە چاقىرىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رادىئو، تېلېۋىزىيە گېزىت قاتارلىق ئاخبارات ئورگانلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ تەشۋىق قىلغان ھەمدە پوچتا - تېلېگراف كەسپىي خادىملىرىنى ئابونتلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇشتەرى قوبۇل قىلىشقا تەشكىللىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىدارە-ئورگانلاردىكى ۋاكالىتەن تارقاتقۇچىلاردىن پايدىلىنىپ مۇشتەرىلەرنى چۈشۈرۈپ قويۇشتەك ئەھۋالنى ئىمكانقەدەر ئازايتقان، يەنە، مۇددەت چەكلىمىسىدىن ئاشقاندىمۇ قوبۇل قىلىپ ۋە پارچە سېتىش كەسپىنى ئىشلەپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. 1985 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى خەت، گېزىتلەرنى تېز يەتكۈزۈش ئاپتوموبىلىنى ماڭغۇزغاندىن كېيىن گېزىت-ژۇرناللارنىڭ يەتكۈزۈلۈش سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلەشتى. بۇمۇ گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

1986 - يىلى گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىدە مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىك بولدى:

① ئۈچ دەرىجىلىك پارتىيە گېزىتى (ژۇرنىلى)، پەن - تېخنىكا گېزىتى (ژۇر-

# كوئېنلۇندا پوچتىكەشلىك قىلغان 28 يىل

ئالىي پوچتا ئاپتوموبىل گۇرۇپپىسى ئۇيغۇر، خەنزۇ، شىبە ۋە مەخپىي ئالاقىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ بارغۇچى خادىملاردىن تەشكىل قىلىنغان جەڭگىۋار كوللېكتىپ بولۇپ، ئۇلار قەشقەردىن شىزاڭدىكى ئالىيغىچە بولغان پوچتا توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇلار تار جىلغا، مۇز داۋانلاردىن ئۆتۈپ، سوغۇققا قارشى كۈرەش قىلىپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ھاۋاسى شالاڭ، مۇز — قار بىلەن قاپلانغان، دېڭىز يۈزىدىن 5000 نەچچە يۈز مېتىر ئېگىز كېلىدىغان كوئېنلۇن تاغلىرىدا پوچتا يوللانمىلىرى توشۇيدۇ. 1958 — يىلى شىنجاڭ — شىزاڭ تاشيولىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىنكى 28 يىلدىن بۇيان، بۇ گۇرۇپپا 4 مىليون 590 مىڭ كىلومېتىر بىخەتەر قاتناپ، 2331 توننا پوچتا ئالاقە، گېزىت — ژۇرناللارنى توشىدى، بىرەر قېتىممۇ قاتناش ھادىسىسى چىقارماي، پوچتا ئالاقە ۋەزىپىسىنى نەتىجىلىك ئورۇنلاپ، شىنجاڭ بىلەن شىزاڭنىڭ ئالاقىسىنىڭ كۈچەيتىلىشى، ئىككى رايون ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

قەشقەر بىلەن ئالىينىڭ يول مۇساپىسى 1440 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يوللار ئوڭغۇل-دوڭغۇل، ئىنتايىن خەتەرلىك، قەھرىتان قىش پەسلىدە ھاۋا شالاڭ بولىدۇ. ئېگىزلىكنى قار — مۇزلار قاپلاپ كېتىدۇ، بەزى ئارىلىقتىكى تاشيوللارغا بىر مېتىردىن قېلىن قار دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق ناچار شارائىتتا ئاپتوموبىل ھەيدەشتە سەل بىخەستەلىك قىلىنسا ئاپتوموبىل ئۆرۈلۈپ ئادەم ھالاك بولىدۇ، پوچتا يوللانمىلىرى توشۇشنىڭ يىلبويى راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «بىر پارچە خەتنى بىر يۈرەك ئورنىدا كۆرۈش»، «بىر پارچە تېلېگرامـ

---

نىلى)، بالىلار ئوقۇشلۇقى قاتارلىقلارنىڭ داۋاملىق يېزىلىش سوممىسى 2 مىليون 933 مىڭ 999 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.39% ئاشتى.

② تارقىتىلىش دائىرىسى كېڭەيدى. ۋىلايەت بويىچە 95 پىرسەنتتىن ئارتۇق يېزا، كەنتلەرنىڭ ھەممىسى گېزىت — ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولدى.

③ شەخسلەر مۇشتەرى بولغان گېزىت — ژۇرناللار نىسبىتى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي تارقىتىش مىقدارىنىڭ 30 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ۋىلايەت بويىچە 960 كەسپىي ئائىلە، يەككە ئائىلە ئۈچ خىلدىن ئارتۇق گېزىت — ژۇرنالغا مۇشتەرى بولدى.

پوچتا — تېلېگراف تارماقلىرى جەمئىيەت كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ، گېزىت — ژۇرنال تارقىتىش كەسپىنى كېڭەيتتى، ۋىلايەت بويىچە جەمئىيەتتىكى گېزىت — ژۇرنال تارقىتىش پونكىتىدىن 2000 ى قۇرۇلۇپ تارقاتقۇچىسى 2550 دىن ئارتۇققا يەتتى. جەمئىيەتتىكى گېزىت — ژۇرنال تارقاتقۇچىلارغا مۇكاپات ھەققى تارقىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى.

(ۋىلايەتلىك پوچتا — تېلېگراف ئىدارىسى).

ممدىمۇ خەلقنى كۆزلەش» تىن ئىبارەت يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قار - مۇزلارنى يېرىپ مېڭىپ، خەتەرلىكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، گېزىت - ژۇرنال، خەت - ئالاقىلارنى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزدى.

بىخەتەر يول يۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار ئاپتوموبىلنى كۆز قارچۇغىدەك ئاسراپ، ئەپلەپ - سەپلەپ ھەيدەش كويىدا بولىدى. قىش پەسلىدە، ئاپتوموبىل يول ئۈستىدە توختاپ قالسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ توڭلىشىغا رازى بولىدۇكى، جۇۋىلارنى سېلىپ رادىئاتورغا ياپتى، ياز پەسلىدە، قاتتىق ئىسسىق چۆللەردە، ئاپتوموبىل توختاپ قالسا، ئۇلار پوچتا ماتېرىياللىرى بىلەن بىرلىكتە بىر دىنەت يوپۇقنى چاقىغا يېپىپ، ئاپتاپتا قىزىپ كېتىشتىن ساقلىدى، سۇ يوق يەرگە كېلىپ قالغاندا، ئۆزلىرى ئۇسسۇز قېلىشقا رازى بولدىكى، ماتورنىڭ سۈيى يوق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. سەپەر ئۈستىدە مۇز تۇتۇپ كەتكەن دەرياغا دۇچ كەلگەندە، ئۇلار ئۆزلىرى ئاۋۋال كېچىككە چۈشۈپ ئەھۋالنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئاندىن كېچىككە ئاپتوموبىلنى سالدى.

بىر قېتىم، گۇرۇپپا باشلىقى جاجەنگو بىلەن ئۇيغۇر شوپۇر رىشىت ئالغا كېتىۋېتىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ كېتىدۇ، يولنىڭ بەزى جايلىرىغا قار يېغىپ، بىر مېتىردىن قېلىن قار يېغىلىپ يول توسۇلۇپ قالىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ئىلھام بېرىپ، گۈرجەك بىلەن قېلىن قار ئارىسىدىن يول ئېچىپ، بىر مېتىر، بىر مېتىردىن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئەسلىدىكى بەش كۈنلۈك يولنى ئۇلار 10 كۈندە باسىدۇ، قېلىن قار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، پوچتا يوللانمىلىرىنى ئالمىغا بىخەتەر يەتكۈزىدۇ. 1986 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، جاجەنگو بىلەن پوچتا مۇھاپىزەتچىسى ۋۇشىنيۇ ئۈستىگە لىقمۇ - لىق پوچتا يوللانمىلىرى بېسىلغان ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ تيەنشۈيخەي ھەربىي پونكىتىغا كەلگەندە، ئاز كۆرۈلىدىغان شىددەتلىك يامغۇرغا دۇچ كېلىدۇ. زور كەلكۈن كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدى - ئارقىسىدىكى يولنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى بۇزۇۋېتىدۇ، يول ئۈزۈلىدۇ، ئاپتوموبىل قامالدا قالىدۇ. ئەتىسى، ئۇلار ئېلىۋالغان نانمۇ تۈگەپ، قىزدۇرۇش چىرىغىدا لازا ۋە سامساق پۇشۇرۇپ يەيدۇ. ئاچلىق ۋە سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىسلاروتنىڭ كەملىكى، ئېگىزلىك تەسىرى تۈپەيلىدىن ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بېشى قېيىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىپ ئىچى سۈرۈپ كېتىدۇ، يۈز - كۆزلىرى ئىششىپ كېتىدۇ، كالپۇكلىرى تال - تال يېرىلىپ قاناپ كېتىدۇ، ھاياتى ئېغىر خەۋپكە ئۇچرىغان چاغدا، ئۇلار يەنىلا پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلاپ، ئاپتوموبىلدىن بىر ماگدام نېرى كەتمەيدۇ. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، يامغۇر سۈلىرى ئازىيىدۇ، توپ - توغرا بەش كېچە - كۈندۈز قامىلىپ قالغان جاجەنگو قاتارلىقلار تىزغىچە كېلىدىغان مۇزدەك سۇغا سەكرەپ كىرىپ، گۈرجەك بىلەن سۇ تېگىدىن لاي - قۇم چىقىرىپ، ئۇنىڭغا تاش تىزىپ چىقىدۇ، ئاپتوموبىلنى ئاخىرى كەلكۈننىڭ قامىلىدىن بوشۇپ ئۆتكۈزۈپ، پوچتا يوللانمىلىرىنى كېچىلەپ ئالمىغا يەتكۈزىدۇ.

28 يىلدىن بۇيان، ئالىي پوچتا ئاپتوموبىل گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار پارتىيىگە تاپشۇرغان پوچتا توشۇش ۋەزىپىسىنى بىخەتەر ئورۇنلاپ، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ئاددىي بولمىغان تۆھ-

# شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ۋە مۇھىت ئاسراش

## 1986 - يىلدىكى ئاساسلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەھۋالى

### 1. قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە سارىيى

قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە سارىيى ئاپتونوم رايونلۇق بۆلۈم ۋە كومىتېتلار تەرىپىدىن تەستىقلانغان قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى 3038 ئورۇندۇقلۇق، قۇرۇلۇش ھەجمى 5049 كۋادرات مېتىر، ئۈستى پولات چىۋىق تورقۇلىلىق قۇرۇلمىدىن ياسىلىدۇ، ئۆلى بېتون قوزۇق ئۈستىگە قويۇلىدۇ. سارايغا ئېلېكتر، سۇ، تازىلىق، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ئىسسىتىش، ھاۋا تەڭشەش قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر تولۇق ئورنىتىلىدۇ، ھەمدە ئېلېكترونلۇق نومۇر، ۋاقىت ھېسابلاش ئۈسكۈنىسى ئۆلچەم بويىچە ئېگىزرەك جايغا ئورنىتىلىدۇ. بۇ ساراي پۈتكۈزۈلگەندىن كېيىن مىللىي تۈسكە ئىگە قەشقەر بويىچە بىرىنچى قاتاردىكى قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنى لايىھەلەشنى شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش - لايى-

پىلەرنى يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. 1977 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئالىي پوچتا ئاپتوموبىل گۇرۇپپىسىغا «كوئېنلۇندا كۆرەش قىلىپ، پوچتا يوللانمىلىرى توشۇشقا كاپالەتلىك قىلغان زەربىدار گۇرۇپپا» دەپ نام بەردى؛ 1979 - يىلى بۇ گۇرۇپپا غەربىي شىمال بويىچە «قىزىل بايراقدار پوچتا ئاپتوموبىل گۇرۇپپىسى» دەپ باھالاندى. 1985 - يىلى 12 - ئايدا ئۇلار يەنە مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن شە-

ھىلەش يۇرتى ئۈستىگە ئالغان. تەكلىپ قىلىش، خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى 3 مىليون 970 مىڭ يۈەنلىك باھا (ئورۇندۇق ۋە ۋاقىت، نومۇر ھېسابلاش ئىتتىمدىن باشقا) بىلەن ئۆتكۈزۈپ چىققان. 1985 - يىلى 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قۇرۇلۇشقا ئىش باشلانغان.

ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە سارىيى پۈتكەندىن كېيىن خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىن كەلگەن ۋاسكېتبول، ۋالېيبول، پەي توپ، تەنگ-تاك توپ ماھارىتى كۆرسىتىدىغان ۋە مۇسابىقە ئېلىپ بارىدىغانلارنى ھەم چوڭ تىپتىكى سېيرىك، يېنىك ئاتلېتىكا، ئۇسسۇل قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدىغانلارنى كۈتۈۋالالايدىغان بولىدۇ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى جايلار ۋە خەلقئارادىكى دوستلار بىلەن بولغان تەنتەربىيە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلىنىدۇ.

رەپلىك نامغا ئېرىشىپ، گۇرۇپپا ۋەكىلى بېيجىڭدە چاقىرىلغان مەملىكەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار كوللېكتىپلار ۋەكىللىرى يىغىنىغا شەرەپ بىلەن قاتناشتى. شان - شەرەپ ۋە نەتىجە ئالدىدا ئۇلار: «كوئېنلۇندا كۆرەش قىلىپ، يەنە يېڭى تۆھپە يارىتىمىز» دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

(ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى).

## 2. قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ داۋالىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى ۋە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى ئومۇملاشقان كېسەللەر ياتاق بىناسى ۋە قىسمەن يۇرۇشلەشكەن قوشۇمچە قۇرۇلۇشلارنى سېلىشنى تەستىقلىدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 16 مىڭ 451.59 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئومۇملاشقان كېسەللەر ياتاق بىناسى ئۈچ سېكسىيىگە بۆلۈنگەن، ئاساسىي بىنا سەككىز قەۋەتلىك پۈتۈن رام قۇرۇلمىلىق بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 8545.45 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇلار 1 - قارارلىق قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، 2 - قارارلىق قۇرۇلۇش ئۈچ قەۋەتلىك ۋە بەش قەۋەتلىك يانداشما بىنا بولۇپ، كۆلىمى 7556.05 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇ بىنا خىش بېتون قۇرۇلمىلىق قىلىپ ياسالغان. ئۇلاردىن باشقا يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىدىن ئوكسىگېن ئىشلەش، سوغۇق ھاۋا ئىشلەش، سۇمۇرۇش ماشىنا ئۆيلىرى بار بولۇپ، بۇ ئۈچ تۈرنىڭ كۆلىمى 350 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇلارمۇ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشقا كىرىدۇ.

1 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئاساسىي بىناسى قەشقەر بويىچە ئەڭ ئېگىز قۇرۇلۇش بولۇپ، بېزىلىش ۋە ئۈسكۈنىلىنىش سەۋىيىسى ئىلغار، يالغۇز ئادەتتىكى ئىسسىتىش، توك، تازىلىق ئۈسكۈنىلىرىلا بار بولۇپ قالماي، يەنە ئاجىز توكلۇق تەپەس ئاۋازنى كۈچەيتىپ يەتكۈزۈش ۋە يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور سىستېمىسى، لىفت، ئوت ئاپىتىدىن خەۋەر بېرىش سىستېمىسى قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر بار.

بۇ قۇرۇلۇشقا 1985 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خېرىدار چاقىرىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى 5 مىليون 770 مىڭ 200 يۈەنلىك باھا بىلەن تاللاندى ھەمدە توختام تۈزۈلدى، بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئېلىپ بېرىلغان جىددىي قۇرۇلۇش ئارقىلىق 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي بىناسى پۈتەي دەپ قالدى.

## 3. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوياقچىلىق زاۋۇتىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى

قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ھازىرقى بوياقچىلىق زاۋۇتىنىڭ ئىقتىدارى ئاجىز بولۇشتەك ھالەتنى ئۆزگەرتىش، مەھسۇلاتلارنىڭ بازاردىكى رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار بوياقچىلىق زاۋۇتىنى كېڭەيتىشنى تەستىقلىدى. بۇ قۇرۇلۇش زاۋۇت ئۆيى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆيلەر، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى بېرىدىغان يەر ئاستى ئۆيى، ئۆي ئىچى ۋە سىرتىدىكى تورۇبىلاردىن تەركىب تاپقان، ئومۇمىي كۆلىمى 23 مىڭ 637 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئاساسىي زاۋۇت ئۆيى ئالدىن كۈچلەندۈرۈلگەن بېتوننى ھەرە چىشى شەكلىدە تىزىش قۇرۇلمىسىدا ياسالغان. بۇنى شائىخەي توقۇمىچىلىق لايىھىلەش يۇرتى لايىھىلىگەن، جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى ئىشلىگەن. 1987 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى پۈتتۈرۈش پىلانلانغان.

## 4. سانائەت ماللىرى سودا مەركىزى

1985 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى قەشقەر

سانائەت ماللىرى سودا مەركىزىنى سېلىشنى تەستىقلىغان. بۇ قۇرۇلۇش پولات چىۋىقلىق بېتوندا ياسالغان بېتون راملىق قۇرۇلمىدىن تۈزۈلگەن، ئاساسىي بىنا ئالتە قەۋەت ئوتتۇرىدىكى ئۆگزە ئۈسكۈنىلىرى ئىككى قەۋەت، بۇنىڭدىن باشقا يەنە يەر ئاستىدا بىر قەۋەت ئۆيى بار بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 9300 كۋادرات مېتىر. بۇ قۇرۇلۇش قەشقەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم جايغا چۈشكەن بولۇپ، بۇ بىنانىڭ سېلىنىشى كۆركەم، بېزىلىش ئۆلچىمىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى ھەم مىللىي تۈسكە ئىگە. بۇنى قەشقەر ۋىلايەتلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش لايىھىلەش يۈرتى لايىھىلىگەن، قەشقەر شەھەرلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش 1 - شىركىتى 4 مىليون 175 مىڭ 400 يۈەنلىك قۇرۇلۇش باھاسى بىلەن ھۆددە ئېلىپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلەشنى ئۈستىگە ئالغان، 1987 - يىلى ئىچىدە پۈتتۈرۈلۈشى مۇمكىن.

**5. مىللىيلارغا ئېھتىياجلىق بويۇملار سودا سارىيى**

مىللىيلارغا ئېھتىياجلىق بويۇملار سودا سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، شەكلى يېڭىچە، ئاساسىي بىنا سىرتىغا ئايلانما پەشتاقلىق مۇنار ياسالغان، مۇنارنىڭ ئۈچى مىللىيچە گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، ھەم مىللىيچە ھەم ئالاھىدە تۈس بېرىدۇ. بۇ بىنا تۆت قەۋەتلىك پولات چىۋىقلىق بېتون راملىق قۇرۇلمىدىن تۈزۈلگەن. سېلىنغان مەبلەغ 960 مىڭ يۈەن بولۇپ، ۋىلايەتلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش-لايىھىلەش يۈرتى تەرىپىدىن لايىھىلەنگەن. جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن، 1986 - يىلى كېيىنكى يېرىمىدا پۈتىدۇ.

**6. قەشقەر بىرلەشمە پىۋە زاۋۇتى**

بىرلەشمە پىۋە زاۋۇتى - ئەسلىدىكى قەشقەر خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان. يىلىغا 5000 توننا پىۋە ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇرۇلۇش. ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 11 مىليون 900 مىڭ يۈەن. ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئارپا ئۈندۈرمىسى ئىشلەش سېخى، پىۋە ئىشلەش سېخى، قاچىلاش سېخى، قوشۇمچە پار قازان ئۆيى، سانائەت سۇ پونكىتى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. قۇرۇلۇش كۆلىمى 9 مىڭ 200 كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك. قۇرۇلۇشنى قەشقەر شەھەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش 3 - شىركىتى ئۈستىگە ئالغان، 1985 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلۇشقا ئىش باشلانغان، 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتۈشى مۇمكىن.

**7. پوسكام سېمونت زاۋۇتى**

بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى يىلىغا 20 مىڭ توننا سىلىكات كىلاتسالىق سېمونت ئىشلەش، بۇ زاۋۇتقا ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 7 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇشنى پوسكام ناھىيىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى ئۈستىگە ئالغان. 1986 - يىلى 4 - ئايدا قۇرۇلۇشقا ئىش باشلانغان، 10 - ئايغا كەلگەندە قۇرۇلۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئاياغلاشتى. بۇ سۈرئىتى بىر قەدەر تېز بولغان قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(ساۋۇشىغىلىڭ)

## [شەھەر يېزا - قۇرۇلۇش ئەھۋالى]

قەشقەر شەھىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىلىك پىلانى 1986 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلاندى. قەشقەر شەھىرى ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنىپ، كۆپ مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا شەھىرى بولۇپ، «يىپەك يولى» دىكى تارىخىي، مەدەنىي داڭلىق شەھەر. 2000 - يىلىغا بارغاندا شە-

ھەر كۆلىمى تەرەققىي قىلىپ، نوپۇس 220 مىڭغا، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 25.19 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. ئومۇمىي كەۋدىلىك پىلانلىدىكى تەلەپتە، شەھەر يېنىك سانائەت توقۇمىچىلىق سانائىتى، ماي - خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە يەرلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ؛ تاشقى سودا ۋە ساياھەت ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ؛ شەھەر مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاساس مۇئەسسەسەلەر ۋە كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش كۈچەيتىلىپ، قەشقەر شەھىرى مىللىي تۈسكە ئىگە، ئىگىلىك راۋاجلانغان، تۇرمۇشقا ئوڭايلىق يارىتىلغان، قىياپىتى پاكىز، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدۇ. ئۇنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە جەلپ قىلىش كۈچى ئاشۇرۇلۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

1986 - يىلى، قەشقەر شەھەرلىك ئۆي - ئولتۇراق جاي تەرەققىيات شىركىتى سالغان مەبلەغ 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن، ئولتۇراق جاي قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 7900 كۋادرات مېتىر، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 4800 كۋادرات مېتىر بولدى. 1984 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 5 مىليون 200 مىڭ يۈەن، قۇرۇلغان ئولتۇراق جاي 23 مىڭ 635 كۋادرات مېتىر، 396 يۈرۈشلۈك بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تاۋار ئولتۇراق جاي 124 يۈرۈش بولدى. قەشقەر شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىق يولدىن 10 نىڭ سۇ يەتكۈزۈش، يوندا چىقىرىش تورۇبىلىرىنى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلۈپ، 7328 مېتىر سۇ يەتكۈزۈش تورۇبىسى، 6375 مېتىر يوندا چىقىرىش تورۇبىسى ياتقۇزۇلدى. تۆت يولغا 20 مىڭ 125 كۋادرات مېتىر ئاسفالت ياتقۇزۇلدى.

دۆڭباغ كۆلىنى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىشىپ قۇرۇشتا خالىسانە ئەمگەككە قاتناشقان ئادەم سانى 9700 گە يەتتى. 250 مېتىر قورام تاشتىن غالىغايتا (كېمە توختايدىغان جاي)، 300 مېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش دامبىسى، 264 مېتىر شادىلىق قورو تام يېڭىدىن ياسالدى. 1236 كۋادرات مېتىر يول توپا ياتقۇزۇلۇپ تۈزلەندى. 5 يەردە گۈللۈك، 6 يەردە نىلۇپەر كۆلى ياسالدى، كۆلىمى 4662 كۋادرات مېتىر بولدى. ئۈچ ئورۇندا ئەگمە كۆۋرۈك، ئۈچ ئورۇندا راۋاق ياسالدى. دۆڭباغ كۆلىنىڭ مۇھىتى گۈزەل تۈسكە كىردى.

قەشقەر شەھىرى بىلەن 11 ناھىيە شەھەردە، بىر يىلدىن بۇيان سانائەت ئىشلەپچىقىرىش، سودا مۇلازىمىتى، مەدەنىيەت-مائارىپ، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش، ئولتۇراق جاي قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار ئىشلەندى. ئومۇمىي خەلق ئاساسىي قۇرۇلۇش، يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش، شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشلار بولۇپ ۋە قۇرۇلۇش، قوراشتۇرۇشقا كەتكەن جەمئىي مەبلەغ 79 مىليون 200 مىڭ يۈەن، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇشقا كەتكەن مەبلىغى 47 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق جايلارنىڭ 13 مىليون 290 مىڭ يۈەنلىك بولدى. ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشىنىڭ سېلىنىش كۆلىمى 559 مىڭ 207 كۋادرات مېتىر بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق جاينىڭ 91 مىڭ 129 كۋادرات مېتىر بولدى.

پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 295 مىڭ 375 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇراق جاينىڭ 51 مىڭ 457 كۇۋادرات مېتىر بولدى.

يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىلىك پىلانى 1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى تەرىپىدىن تەستىقلاندى. تەرەققىيات كۆلىمىدە 2000 - يىلغا بارغاندا ناھىيىنىڭ شەھەر نوپۇسى 100 مىڭ كىشىگە، ئىگىلىگەن يەر 12.62 كۇۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. يەكەن ناھىيىسىنىڭ شەھەر ئىچى ئومۇمىي گەۋدىلىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىگە ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، قۇرۇلۇش ئىدارىسى رەھبەرلىكى بىلەن پىلانلاش تېخنىكا خادىملىرى ئەستايىدىل مەسئۇل بولغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىلغان ئومۇمىي گەۋدىلىك پىلان ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

يېزا قۇرۇلۇشىدا، يېزا ئولتۇراق جاي شەكلىنى لايىھەلەش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، تاللاپ چىقىلىپ مۇكاپاتلانغان 11 لايىھىسىنىڭ رەسمىي ناھىيىلەرگە دېھقانلارنىڭ ئولتۇراق جاي سېلىشتا تاللاپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلدى. قاغىلىق ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى ۋىلايەتنىڭ يېزا قۇرۇلۇش ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى بولغان يېتىملىقۇم يېزىسىنىڭ 17 - كەنتى ۋە جايتېرەك يېزىسىنىڭ 13 - كەنتىدە يېڭى يېزا قۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ بولدى. يېتىملىقۇم يېزىسى ئولتۇراق جاي لايىھىسىدىن پايدىلىنىپ تۇرغۇن دېھقان ئولتۇراق جايلىرىنى ياساپ چىقتى.

(جاڭ گولياڭ)

**[ناھىيە بازارلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى]** ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىدە بىر شەھەر (قەشقەر)، بىر ناھىيە (يەكەن) نىڭ شەھەر قۇرۇلۇش ئومۇمىي گەۋدىلىك پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. مۇشۇ ئومۇمىي گەۋدىلىك پىلان بويىچە قۇرۇلۇش قىلىش يولىدا مېڭىش باشلاندى. بەش ناھىيىنىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىلىك پىلانى تۈزۈلىۋاتىدۇ.

1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ناھىيە بازار (شەھەر) لىرىدىكى تۇرالغۇ ئۆي - جايلار 4 مىليون 791 مىڭ كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 169 مىڭ كۇۋادرات مېتىر كۆپەيدى. ناھىيە بازار (شەھەر) لىرىدىكى مەمۇرىي مۇئەسسەلەردىمۇ مەلۇم تەرەققىياتلار بولدى. 1986 - يىلدىن بۇيان، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سۇ ئىچىش قىيىن بولۇشتەك ئەھۋالىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئالتە ناھىيە (تاشقورغان، قاغىلىق، يوپۇرغا، مارالبېشى، يېڭىسار، يەكەن) نىڭ ئاساسىي سۇ تۇرۇبا يولى ۋە سۇ يەتكۈزۈش ئۈسكۈنىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى.

ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 17 تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتى قۇرۇلدى. 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھەممىسىدە تۇرۇبا سۈيى بار بولدى. سۇ يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى 110.2 كىلومېتىر، ھەر ئايلىق تەمىنلەيدىغان سۇ مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 مىڭ 762 كۇب مېتىر كۈن بولۇپ، 239 مىڭ 200 ئادەم سۇ بىلەن تەمىنلىنىدۇ، بۇلار ناھىيە بازار (شەھەر) لىرى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 77.28 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ (بۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ تۇرۇبا سۈيىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى 85.54%، ناھىيىلەرنىڭ

(58.41%)، ھەر نوپۇسقا ھەركۈنى 49.17 لىتىردىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇ توغرا كېلىدۇ. ھازىر كۆپ قىسىم ناھىيە بازار (شەھەر) لىرىدە تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتلىرىنىڭ تېخنىكىسى قالاق، سۇ يەتكۈزۈش تۇرۇبىلىرى يۈرۈشلەشمىگەن، تەمىنلەۋاتقان سۇ مىقدارى ئاز بولغانلىقتىن ناھىيە بازار (شەھەر) لىرىدىكى قىسمەن ئاھالىلەر يەنىلا كۆل سۈيى ئىچىۋاتىدۇ.

ھازىر قەشقەر شەھىرىدە بۇلغانغان سۇنى تازىلاش زاۋۇتىدىن بىرسى قۇرۇلغان بولۇپ، كۈنىگە 3000 كۇب مېتىر بۇلغانغان سۇنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ. شەھەر بويىچە 21 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇلغانغان سۇ تۇرۇبا يولى بار.

ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ شەھەر (بازار) رايونى ئىچىدىكى يوللىرى 179.6 كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك يوللار 108.8 كىلومېتىر (قەشقەر شەھىرىنىڭ يوللىرى 42 كىلومېتىر، ئالىي، ئىككىنچى دەرىجىلىك يوللار 30 كىلومېتىر) ئەمەلىي بار يول كۆلىمى 2 مىليون 195 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئالىي، ئىككىنچى دەرىجىلىك يوللارنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 174 مىڭ كۋادرات مېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ يول كۆلىمى 540 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئالىي، ئىككىنچى دەرىجىلىك يوللارنىڭ كۆلىمى 350 مىڭ كۋادرات مېتىر)، شەھەر ئىچىدىكى يول چىراغلىرى 824 دانە.

ۋىلايەت بويىچە بەش خەلق باغچىسى (بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىدە ئىككى، يەكەن ناھىيىسىدە بىرسى، قاغىلىق ناھىيىسىدە بىرسى بار بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 102.67 گېكتار كېلىدۇ.

ناھىيە بازار (شەھەر) لەرنىڭ باغۋارانلىشىش، كۆكەرتىلىش كۆلىمى 399.11 گېكتار، ئاممىۋى ئوتلۇق كۆلىمى 355.30 گېكتار، كۆكەرتىلىش نىسبىتى 11.73% (بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ 27.5%) كە يېتىپ، كۆكەرتىلگەن يەر كۆلىمى ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.53 كۋادرات مېتىردىن، قەشقەر شەھىرىدە 4.9 كۋادرات مېتىردىن توغرا كېلىدۇ.

(شۇگومىن).

## [ بىناكارلىقنىڭ تەرەققىياتى ]

1986 - يىلى قەشقەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش كەسپى يېڭى تەرەققىياتقا ئىگە بولدى. تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، پۈتۈن يىللىق بىناكارلىق قۇرۇلۇش كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 138 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، يەرلىكتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ 38 مىليون 255 مىڭ يۈەن، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ 16 مىليون 735 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 83 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولغان (كوللېكتىپ كارخانىلار ئىچىدە يېزا - بازار بىناكارلىق قۇرۇلۇش كەسپىدىكىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 45 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 25 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن). بىناكارلىق قۇرۇلۇش كەسپىدە 378 مىڭ 677 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئۆي سېلىنغان.

1986 - يىلى 3 -، 4 - ئايلاردا ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش باشقارمىسى قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇرۇۋاتقان بىناكارلىق قۇرۇلۇش كەسپىدىكىلەرنىڭ سۈپەت، دەرىجىسىنى قايتا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىپ كېنىشكە تار-

قىتىش خىزمىتىنى ئىشلىمىدى. قايتا تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەر قايسى بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ سۈپەت، دەرىجە جەھەتلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بولغان، كارخانىلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىدا يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلگەن، بەزى تەرەپلىك تېخنىكىلىرى بىلەن قوراللىنىش دەرىجىسى جەھەتتە ھەر كىشىگە 1000 يۈەندىن كۆپرەكتىن توغرا كېلىش سەۋىيىسىگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، بىرىنچى دەرىجىلىك ياغاچ تاشلىق قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىسى بىر، ئىككىنچى دەرىجىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش قوراشتۇرۇش كارخانىسى بىر، ئۈچىنچى دەرىجىلىك بىناكارلىق قوراشتۇرۇش ۋە توك قوراشتۇرۇش كارخانىسى ئۈچ، تۆتىنچى دەرىجىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىسى 20، بەشىنچى دەرىجىلىك كارخانا 35 كە يەتكەن. بۇ كارخانىلارنىڭ قوشۇنىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. بۇ كەسىپتە ئىشلەۋاتقانلار 18 مىڭ 476 كىشىگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ 2931 كىشىگە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ 6406 كىشىگە، شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ 11 مىڭ 193 كىشىگە يەتكەن بولۇپ، بۇلار ۋىلايەت سانائەت قوشۇنىنىڭ مۇھىم كۈچىگە ئايلانغان.

تىجارەت كەسپىدىن قارىغاندا، چوڭ تىپتىكى ياغاچ تاشلىق قۇرۇلۇش، سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش تۈەنى، ماشىنىلاشقان قۇرۇلۇش كەسپىي ئەترىتى، سانائەت ۋە خەلق ئىشلىتىدىغان قۇرۇلۇشلار، شەھەرنىڭ مەمۇرىي قۇرۇلۇشلىرى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە ماشىنىلىرىنى قوراشتۇرۇش ۋە شۇنىڭدەك يول، كۆۋرۈك قاتارلىق كەسىپلىرى بار. بۇلار ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سېپىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغاندىن تاشقىرى، يەنە شىنجاڭنىڭ ئالىي رايونى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ، شەرقىي شىنجاڭ نېفىتلىكى قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىپ، دۆلەتنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى.

(جاڭ جى).

**[شەھەر - بازارلاردىكى ئۆي-مۈلۈكلەر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى]**

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەھەر - بازارلاردىكى ئۆي - مۈلۈكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى 1983 - يىلى باشلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش، سىرتتا تىزدىلاپ تەكشۈرۈش، ماتېرىياللاردىن نۇسخا تاللاپ تەكشۈرۈپ سانىشنى باشتىن كۆچۈرۈپ، ئاخىردا ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا يوللاشقىچە جەمئىي ئىككى يىل بەش ئاي ئېلىپ بېرىلىپ، 1985 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5-كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ۋىلايەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە 543 كىشى قاتناشقان، مالىيىدىن 230 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلمەكچى بولغان (بۇنىڭ ئىچىدە 200 مىڭ يۈەن يەرلىك مالىيىدىن 30 مىڭ يۈەن ئاپتونوم رايوندىن چىقىم قىلىنماقچى بولغان). ئەمەلىيەتتە ناھىيە (شەھەر) لەر 209 مىڭ 600 يۈەن چىقىم قىلغان.

بۇ قېتىمقى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ۋىلايەت بويىچە بىر شەھەر ۋە 11 ناھىيە شەھەر ئىچىدىكى تۇرالغۇ ئۆي – ئىمارەتلەر ۋە بۇلار ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان يەرلەرنىڭ ئەھۋالى ھەر بىر كورپۇس، ھەر بىر ئائىلە بويىچە مېتىرلاش ئارقىلىق تىزىملىتىلىنىپ، ناھىيە، شەھەرلەردىكى شەھەر-بازارلارنىڭ ئۆي – ئىمارەت ئەھۋالى ۋە ئولتۇراقلىشىش دەرىجىسى ئېنىقلاپ چىقىلدى.

1. ئۆي – ئىمارەتلەر ئەھۋالى: ئۆلچەملىك ۋاقىت ئىچىدە ئېنىقلانغان قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) لەردىكى تۇرالغۇ ئۆي-ئىمارەتلەر 7مىليون437مىڭ200 كۋادرات مېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە 11 ناھىيىنىڭ شەھەر ئىچىدىكى تۇرالغۇ ئۆي – ئىمارەتلەر 4 مىليون 86 مىڭ 41 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي – ئىمارەت كۆلىمىنىڭ 65.35 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، قەشقەر شەھىرىدىكى تۇرالغۇ ئۆي – ئىمارەتلەر 2 مىليون577مىڭ159 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي – ئىمارەت كۆلىمىنىڭ 34.65 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ). ئىشلىتىلگەن يەر كۆلىمى 31 مىليون 312مىڭ 959 كۋادرات مېتىر.

1) مۈلۈك ئىگىدارلىق ھوقۇقى جەھەتتىن ئايرىغاندا:

(1) ئۆي مۈلۈك باشقۇرۇش تارماقلىرى تەرىپىدىن بىۋاسىتە باشقۇرۇلىدىغان ئۆي – ئىمارەتلەر 1 مىليون 740 مىڭ 784 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي – ئىمارەت كۆلىمىنىڭ 23.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(2) ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي – ئىمارەتلەر 2 مىليون 891مىڭ629 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي – ئىمارەت كۆلىمىنىڭ 38.88 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(3) كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى ئۆي – ئىمارەتلەر 268 مىڭ 951 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي – ئىمارەت كۆلىمىنىڭ 3.62 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(4) شەخسىيلەرنىڭ ئۆي – ئىمارەتلىرى 2 مىليون 500 مىڭ 296 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي – ئىمارەت كۆلىمىنىڭ 33.62 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(5) باشقا ئۆي – ئىمارەتلەر 35 مىڭ 540 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت كۆلىمىنىڭ 0.48 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

2) قۇرۇلما جەھەتتىن ئايرىغاندا:

(1) ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق ئۆي – ئىمارەتلەر كۆلىمى 158 مىڭ 112 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 15.57 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(2) خىش – ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي – ئىمارەتلەر كۆلىمى 727 مىڭ 260 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 7.78 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(3) كېسەك – ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي – ئىمارەتلەر كۆلىمى 5 مىليون 506 مىڭ 107 كۋادرات مېتىر بولۇپ 74.04 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(4) باشقا قۇرۇلمىلىق ئۆي – ئىمارەتلەر كۆلىمى 45 مىڭ 718 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 0.61 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

3) ئۆي – ئىمارەتلەرنىڭ قەۋەت سانى جەھەتتىن ئايرىغاندا:

(1) قەۋەتسىز ئۆي- ئىمارەتلەر كۆلىمى 6 مىليون 629 مىڭ 212 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 89.14 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(2) 2 – 3 قەۋەتلىك ئۆي – ئىمارەتلەرنىڭ كۆلىمى 696 مىڭ 291 كۋادرات-

مېتىر بولۇپ، 9.36 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(3) 4—6 قەۋەتلىك ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ كۆلىمى 111 مىڭ 696 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، 1.50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

4) پۈتتۈرۈلگەن يىلى جەھەتتىن ئايرىغاندا:

(1) ئازادلىقتىن ئىلگىرى سېلىنغان ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ كۆلىمى 810 مىڭ 680 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، 10.90 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(2) 50-يىللاردا سېلىنغان ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ كۆلىمى 792 مىڭ 62 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، 10.65 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(3) 60-يىللاردا سېلىنغان ئۆي-ئىمارەتلەر كۆلىمى 1 مىليون 194 مىڭ 754 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، 16.06 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(4) 70-يىللاردا سېلىنغان ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ كۆلىمى 2 مىليون 151 مىڭ 124 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، 28.93 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(5) 80-يىللاردا سېلىنغان ئۆي-ئىمارەتلەر كۆلىمى 2 مىليون 488 مىڭ 579 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، 33.46 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

5) ئىشلىتىلىش تەرىپى جەھەتتىن ئايرىغاندا:

(1) ئولتۇراق ئۆيلەر 4 مىليون 670 مىڭ 825 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 62.80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(2) ئىشخانىلار 650 مىڭ 716 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 8.75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(3) زاۋۇت ئۆيلىرى 312 مىڭ 572 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 4.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(4) تىجارەت ئورۇنلىرى 198 مىڭ 426 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 2.67 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(5) دەرسخانىلار 192 مىڭ 828 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 2.59 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(6) پەن-تەتقىقات ئۆي-ئىمارەتلىرى 3321 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 0.04 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(7) لابوراتورىيە ئۆيلىرى 17 مىڭ 998 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 0.25 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(8) داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئۆي-ئىمارەتلىرى 91 مىڭ 121 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 1.22 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(9) كىنو، تىياتىرخانىلار 36 مىڭ 921 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 0.51 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(10) ساراي ۋە مېھمان كۈتۈش ئۆيلىرى 110 مىڭ 546 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 1.49 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(11) مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانىلار 14 مىڭ 323 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 0.19 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(12) مونچىلار 14 مىڭ 872 كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 0.20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(13) زال ۋە مەجلىسخانىلار 53 مىڭ 450 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 0.72 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(14) ئاپتوموبىل ئۆيلىرى 11 مىڭ 210 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 0.15 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(15) ئامبارلار 534 مىڭ 938 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 7.19 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(16) مېھمانخانىلار 73 مىڭ 942 كۋادرات مېتىر بولۇپ ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 0.99 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(17) مەسچىت ۋە ئىبادەتخانىلار 43 مىڭ 523 كۋادرات مېتىر بولۇپ ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 0.58 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(18) ئاشپۇزۇللار 58 مىڭ 886 كۋادرات مېتىر بولۇپ ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 0.79 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(19) باشقىلار 246 مىڭ 780 كۋادرات مېتىر بولۇپ ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 3.32 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

6. ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ سۈپىتى جەھەتتىن ئايرىلغاندا.

(1) ساق تۇرۇۋاتقان ئۆي-ئىمارەت 1 مىليون 844 مىڭ 472 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەتلەر قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 24.80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(2) ئاساسىي جەھەتتىن ساق ئۆي-ئىمارەت 1 مىليون 772 مىڭ 207 كۋادرات مېتىر بولۇپ ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 23.83 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(3) ئادەتتىكىچە بۇزۇلغان ئۆي-ئىمارەتلەر 1 مىليون 776 مىڭ 724 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 23.89 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(4) ئېغىر ھالدا بۇزۇلغان ئۆي-ئىمارەتلەر 1 مىليون 299 مىڭ 536 كۋادرات مېتىر بولۇپ ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 17.47 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(5) خەتەرلىك ئۆي-ئىمارەتلەر 744 مىڭ 261 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 10.01 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

2. ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى

1) ئولتۇراقلىشىش دەرىجىسى: قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ شەھەر بازارلىرى دائىرىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئائىلە 69 مىڭ 266، نوپۇسى 339 مىڭ 518، ئولتۇراق جاي ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەر كۆلىمى 3 مىليون 151 مىڭ 741 كۋادرات مېتىر، ئولتۇراق يەر كۆلىمى 2 مىليون 728 مىڭ 611 كۋادرات مېتىر، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئائىلىنىڭ ئولتۇراق يەر كۆلىمى 39.39 كۋادرات مېتىر، ھەر ئادەم ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەر كۆلىمى 12.06 كۋادرات مېتىر، ھەر ئادەمنىڭ ئولتۇراق يەر كۆلىمى 9.24 كۋادرات مېتىر.

قەشقەر شەھىرىدە ھەر ئادەمنىڭ ئولتۇراق يەر كۆلىمى 7.46 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ناھىيە شەھەر بازارلىرىدىكىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

2) ئۆي يېتىشمەسلىك ئەھۋالى: بۇ قې-

تىمقى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) دە ئۆي يېتىشمەيدىغان ئائىلە 3779 بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانىنىڭ 5.46 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن.

3) ئۆي ئۈسكۈنىلىرى ئەھۋالى: قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) دە سۈيۇقلاندۇرۇلغان گاز يوق، كېرەكسىز سۈنى چىقىرىۋېتىش ئۈسكۈنىلىرى يوق. ۋىلايەت بويىچە ئولتۇراق جايلار ئىچىدە ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر تولۇق، يۈرۈشلەشكەنلىرى 2204 يۈرۈش، قۇرۇلۇش كۆلىمى 119 مىڭ 328 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئولتۇراق جاي كۆلىمىنىڭ 2.55 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىدىكى پۈتۈن يۈرۈشلۈك ئولتۇراق جايلار 2156 يۈرۈش، 116 مىڭ 508 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئومۇمىي ئولتۇراق جاي كۆلىمىنىڭ 2.49 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(1) ئولتۇراق جايلار ئىچىدە ئاشخانا ئۆيى بارلار 3013 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 4.35 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(2) رەسمىي ئاشخانا ئۆيى يوقلار 66مىڭ 253 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 95.65 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(3) ئايرىم خالاسى بارلار 2204 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 3.18 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(4) ئايرىم تۇرۇبا سۈيى جۈمىكى بارلار 2469 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 3.56 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(5) توك چىرىغى بارلار 64 مىڭ 947 ئائىلە بولۇپ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 93 .76 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(6) ئولتۇراق جايدا توك چىرىغى يوقلار 4319 ئائىلە بولۇپ ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 6.24 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

ۋىلايەتنىڭ ئۆي-مۈلۈكنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەكەن، يوپۇرغا ۋە قەشقەردىن ئىبارەت ئۈچ ئىلغار ناھىيە (شەھەر) ۋە 16 ئىلغار شەخس باھالاپ چىقىلدى، مەملىكەتلىك 1 - قېتىملىق شەھەر - بازارلاردىكى ئۆي-مۈلۈكلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىشقا بىر نەپەر ۋەكىل سايلاپ بېرىلدى.

(شۇ گومىن)

**[يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش پىلانى تۈزەلدى ۋە يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى مۇستەھكەملەندى]** قەشقەر شەھىرى يەتتە بال يەر تەۋرەش دائىرىسىدە تۇرىدۇ، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا قارىتا ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش زۆرۈر. يۇقىرىنىڭ ئالاقىدار تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ۋىلايەت ۋە قەشقەر شەھىرى بىرلىكتە 1986- يىلى 6- ئايدا قەشقەر شەھەر رايونىنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش - قۇتقۇزۇش پىلانىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئىسمايىل تېلىۋالدى گۇرۇپپا باشلىقى بولدى ۋە گۇرۇپپىغا كەسپىي خادىملار ئاجرىتىلدى، ئۈچ ئاي جىددىي خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق 9 - ئايدا پىلانىنىڭ

# قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە شەھەر ئىچى رايونىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجە جەدۋىلى

( قوشۇمچە جەدۋەل )

| رەت نومۇرى | نامىملەر (شەھەر) | ئۆي-ئىمارەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىكى سانلىق ئەھۋاللار | | | بۇنىڭ ئىچىدە : | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قۇرۇلۇش كۆلىمى ($m^2$) | تەكشۈرۈش ئىچىدىكىلەر ھېسابلىق نوپۇس سانى | $m^2$/ئادەم | قۇرۇلۇش كۆلىمى ($m^2$) | ئىشلىتىش كۆلىمى $m^2$/ئادەم | ئولتۇراق كۆلىمى $m^2$/ئادەم | ئۆي يېتىشمەيدىغان ئائىلە | تەكشۈرۈلگەن ئائىلىلەر ئىچىدىكى نىسبىتى (%) |
| 1 | قەشقەر شەھەرى | 2577129 | 116861 | 2205 | 1542233 | 7.91 | 7.46 | 1421 | 4.98 |
| 2 | يېڭىشەھەر | 366665 | 10991 | 33.3 | 211466 | 10.21 | 10.21 | / | / |
| 3 | كونىشەھەر | 258545 | 7769 | 33.28 | 138375 | 11.28 | 9.57 | 38 | 2.04 |
| 4 | يېڭىسار | 462415 | 16245 | 28.47 | 316419 | 12.54 | 10.33 | / | / |
| 5 | يوپۇرغا | 178957 | 5706 | 31.36 | 81528 | 10.10 | 8.99 | 78 | 5.39 |
| 6 | پەيزاۋات | 263888 | 9200 | 28.68 | 156134 | 10.72 | 11.69 | 36 | 1.63 |
| 7 | يەكەن | 1236205 | 53319 | 23.19 | 804699 | 11.65 | 10.35 | 873 | 8.51 |
| 8 | پوسكام | 419818 | 13993 | 30.00 | 279341 | 19.96 | 10.32 | 150 | 4.57 |
| 9 | قاغىلىق | 706227 | 33651 | 20.99 | 480022 | 9.33 | 7.74 | 529 | 7.64 |
| 10 | مەكىت | 439314 | 19954 | 20.02 | 289910 | 10.72 | 9.33 | 271 | 6.49 |
| 11 | مارالبېشى | 425647 | 18433 | 23.09 | 280358 | 10.95 | 8.61 | 222 | 5.87 |
| 12 | تاشقورغان | 102399 | 3396 | 30.15 | 41751 | 8.45 | 6.28 | 161 | 23.54 |
| | جەمئىي | 7437200 | 309518 | | 4622236 | | | 3779 | |
| | ئوتتۇرا ھېساب بىلەن | | | 24.02 | | 11.15 | 9.24 | | |

دەسلەپكى ئارگىنالى يېزىپ پۈتتۈرۈلدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش ئىشخانىسى چاقىرغان ئۇقتۇرۇلۇق شەھەرلەرنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتى يىغىنىدا، باھالىنىش ئارقىلىق بۇ پىلانغا ئەستايىدىل تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە تولۇقلاندى. بۇ پىلان توققۇز باب، 22 پاراگراف، تەخمىنەن 19 مىڭ خەتلىك بولۇپ، بۇ پىلاندا قوشۇمچە ماتېرىياللاردىن 14 پارچە ستاتىستىكىلىق جەدۋەل، قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك گېئولوگىيىلىك ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتلاردىن بىر توپلام، 37 پارچە تۈرلۈك دىئاگرامما، خەۋپكە ئۇچرايدىغان ئورۇنلارنى جىددىي قوغداش لايىھىسى، شەھەر رايونىنىڭ يەر تەۋرەشتە ئۇچرايدىغان زىيانلىرى ھەققىدىكى ئالدىن مۆلچەر ۋە 1985 - يىلى كانسۇدا يەر تەۋرىگەندە كېلىپ چىققان زىيانلار توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى قاتارلىق ھۆججەتلەر بار. بۇ پىلان قەشقەر شەھەر رايونىدا يەر تەۋرەشكە قارشى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يېتەكچىلىك خاراكتېرگە ئىگە ھۆججەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر شەھەر رايونىدىكى ئۆيلەرنى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىش خىزمىتى 1983 - يىلى باشلانغان. 1986 - يىلغىچە جەمئىي 12 ئورۇندىكى قۇرۇلۇش مۇستەھكەملەندى. مۇستەھكەملەنگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى جەمئىي 26 مىڭ 667.9 كۋادرات مېتىر بولدى. مەخسۇس پۇل ئاجرىتىش ئارقىلىق مۇستەھكەملەنگەن سۇ ئېلېكتر ئىستانسا دامبىسى بىر بولۇپ، بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 476 مېتىر. 1982 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە قىلىنغان قۇرۇلۇشقا كەتكەن چىقىم 2 مىليون 271 مىڭ 27.9 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتتىن بېرىلگەن مەخسۇس ياردەم 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، دۆلەتتىن يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇشقا بېرىلگەن مەخسۇس پۇل 474 مىڭ 904.32 يۈەن، كارخانا ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ 296 مىڭ 123.67 يۈەن بولدى.

(ساۋ شىنمىڭ)

**[مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش]** 1986 - يىلى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىدە «باشقۇرۇش» تىن باشلاپ تۇتۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەر ئىشلەندى:

1. مۇھىت ئاسراش ھەققىدىكى تەشۋىقات پائال قانات يايدۇرۇلدى. مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ فاڭجېنى — ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش، مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىش، زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش، ئاممىغا تايىنىش، كۆپچىلىكنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئىككى مۇھىتنى ئاسراش، خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش. ئاممىنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1986 - يىلى قەشقەر شەھەر رايونىدا سىنلىق رادىيو، تەشۋىقات ماشىنىسى، تەشۋىقات سەھنىسى قاتارلىق تۈرلۈك تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، «مۇھىت ئاسراش قانۇنى»، «سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنى» تەشۋىق قىلىنىپ، مۇھىت ئاسراش قانۇنىدىن ھەممە

ئائىلىلەر خەۋەردار قىلىندى. 1986 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى دۇنيا مۇھىت ئاسراش كۈنىدە، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قوللىشى قولغا كەلتۈرۈلۈپ مەخسۇس خەۋەر بېرىلدى، ھەمدە مەدەنىيەت سارىيىدىكى تەشۋىقات تېمىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇھىت بۇلغىنىش ئەھۋالى كۆرسىتىلىپ ئاممىغا مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى ئۇقتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2. كارخانىلارنىڭ مۇھىت باشقۇرۇشى چىڭ تۇتۇلۇپ سانائەتنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشى تىزگىنلەندى، قەشقەر ۋىلايىتىدە ھازىر كىشىلەرگە ئېغىر تەھدىت بولۇۋاتقان بۇلغىنىشلار ئاساسەن سانائەتتىن، كارخانىلارنىڭ «ئۈچ كېرەكسىز»نى قويۇۋېتىشىدىن كېلىدىغان بولۇپ، بۇلار ئاتموسفېرا، سۇ، تۇپراق مۇھىتلىرىنى زىيانلىق ماددىلار بىلەن بۇلغاپ، مۇھىت سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 1986 - يىلى سانائەتتىن قويۇۋېتىلگەن كېرەكسىز سۇ 4 مىليون 860 مىڭ توننا بولۇپ، بۇنىڭدىن 740 مىڭ توننىسى بىر تەرەپ قىلىنىشتىن ئۆتتى، لېكىن، دۆلەت بەلگىلىگەن قويۇۋېتىش ئۆلچىمىگە يەتمىدى. ۋىلايەت بويىچە بار بولغان سانائەت پار قازىنى 89، خۇمدان 127 بولۇپ، بۇلاردىن يىلىغا جەمئىي 1 مىليارد 754 مىليون 90 مىڭ كۇب مېتىر، ھۈنەر - سەنئەت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا 247 مىليون 410 مىڭ كۇبمېتىر ئىس پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىسلار ئىچىدە گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدى ($CO_2$) 3193 توننا، كاربون نېترىدلار ($NO$) 505 توننا، كاربون (II) ئوكسىدى ($CO$) 2944 توننا، ئىس، چاڭ 7983 توننا، سانائەتتىن چىقىرىلىدىغان كېرەكسىز قاتتىق ماددىلار 11 توننا، توپا - چاڭلار 4900 توننا كېلىدۇ. «ئۈچ كېرەكسىز»نىڭ قويۇۋېتىلىش ئەھۋالىغا قارىتا قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر مۇنداق بولدى:

1. كونا كارخانىلارنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەش مۇددىتىنى بەلگىلەش. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بۇلغانغان سۈنى بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى جابدۇقلار كۆچمىدىن پايدىلىنىپ ئوكسىدلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان قۇرۇلۇش بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇش 1988 - يىلى پۈتتۈرۈلمەكچى. قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بۇلغانغان سۈنى تىزگىنلەش ئىشىنى 1988 - يىلى دۆلەتنىڭ بولغانغان سۈنى قويۇۋېتىش ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش بەلگىلەنگەن. تاشقى سودا ئۈچەي زاۋۇتى 1986 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پۇل ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن، بۇلغانغان سۈنى زاۋۇتتىن چىقىرىۋېتىشتىن ئىلگىرى تىزگىنلەشنى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايون 12 - دوختۇرخانىسىنىڭ بۇلغانغان سۈنى بىر تەرەپ قىلىش قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

2. «ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەش» ۋە «مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار توغرىسىدا دوكلاتنامە» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش. بۇ يېڭى بۇلغىنىش مەنبەلىرى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى يولغا قويۇشقا بولىدىغان چارە.

«ئۈچنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەش» — يېڭىدىن قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇشتا بۇلغاش ۋە باشقا زىيان يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى ئاساسىي قۇرۇلۇش بىلەن بىرلا

ۋاقىتتا لايىھىلەش، بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەش، بىرلا ۋاقىتتا ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن: قەشقەر سېمونت زاۋۇتى، يېڭىسار سېمونت زاۋۇتى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق ئورۇنلار يېڭى قۇرۇلۇش قىلىش، كېڭەيتىپ قۇرۇشتا «ئۈچىنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەش» تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى ھەمدە بەلگىلىمە بويىچە مۇھىتقا باھا بېرىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىتقا يېتىدىغان تەسىرى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تاپشۇردى.

3. مەركەزلەشتۈرۈپ پار بېرىشنى يولغا قويۇش. شەھەر قۇرۇلۇشى سۈرئىتىنىڭ ئېشىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، قەشقەر شەھەر رايونىدا پار قازانلىرىنىڭ كۆلىمى كۆپەيدى. ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشىنى ئازايتىش، بىرلىشىپ پار بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بىر تۇتاش پىلانلاش ئارقىلىق، نەچچە ئورۇن بىرلىشىپ پار قازان ئۆيى سالدى، ھازىر ئون ئورۇندىكى بىرلىشىپ پار بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى پۈتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇلغىنىش ئازايدى، ھەم ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە يەر تېجەپ قېلىندى.

3. ئۇزاق مۇددەتلىك تىزگىنلەش پىلانىنى ياخشى ئىشلەش. (1) 1986 - يىلى سۇ ئىشلىرى، شەھەر قۇرۇلۇشى، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىدىن بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تىزگىنلەش پىلانى تۈزۈلۈپ 1990 - يىلىدىن ئىلگىرى سۇنىڭ بۇلغىنىش پەيدا قىلىش ئامىللىرىنى چىقىرىپ تاشلاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھازىر «مۇھىت ئاسراشنىڭ 7 - بەشيىللىق پىلانى» تۈزۈلۈپ چىقىلىپ، يەكەن دەرياسى، قىزىل دەرياسى ۋە تۈمەن دەرياسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. شەھەرلىك بۇلغانغان سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى 1986 - يىلى 10 - ئايدا تاماملاندى، بۇنىڭدا كۈنىگە 3000 توننا سانائەت سۈيى بىر تەرەپ قىلىنغىلى بولىدۇ. (2) دۆڭباغ كۆلى باغچىسى، قەشقەر خەلق باغچىسى ئەتراپىدا ئىس - چاڭسىز رايون بەرپا قىلىش. (3) پاكىزلاش تازىلاش زاۋۇتلىرىنى مۇددەت ۋە تۈركۈم بويىچە قۇرۇش. (4) قەشقەر شەھەر رايونىدىكى كوچىلاردا شاۋقۇن ئاۋازلىرىنى تىزگىنلەش، شەھەردىن ئۆتىدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلىرى شاۋقۇن ئاۋازىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشتىكى سەۋەبلىرىدىن بىرى. ھازىر قەشقەردىكى شاۋقۇنلۇق ئاۋازلار 74 دېسىبىلغا يەتتى. مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى، ج. خ تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئاپتوموبىللارنىڭ يۈرۈش لىنىيىسىنى قاتتىق كونترول قىلماقتىدۇ.

4. بۇلغىنىشنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەردىن ھەق ئېلىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، بۇلغىنىشنى تىزگىنلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش. بۇلغىنىش دەرىجىسى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن نەرسىلەرنى قويۇۋەتكەن ئورۇنلاردىن ھەق ئېلىش — ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق مۇھىت ئاسراشنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم بىر تۈرلۈك تەدبىر. قەشقەر شەھەر رايونىدا 1983 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە جەمئىي 950 مىڭ يۈەن بۇلغاش ھەققى يىغىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1986 - يىلى يىغىۋېلىنغىنى 440 مىڭ يۈەن بولۇپ،

1985 - يىلىدىكىدىن 30% كۆپ بولدى. 1985 - يىلىدىن ئىلگىرى يىغىۋېلىنغان بۇلغاش ھەققى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇلۇپ، 310 مىڭ يۈەن پۇل تېزگىنلەشنىڭ قوشۇمچە مەبلىغى قىلىندى. نۆۋەتتە ھەر قايسى ناھىيەلەرمۇ بۇلغاش ھەققى ئېلىشنى باشلىدى. قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق ناھىيەلەر بۇ خىزمەتنى بىر قەدەر ياخشى قانات يايدۇردى. بۇلغاش ھەققى يىغىش ئارقىلىق مۇھىت باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، سۇ، كۆمۈر تېجەلدى، ھۈنەر - سەنئەت ئىسلاھ قىلىندى، بۇلغاش نىسبىتى ئازايتىلدى. مەسىلەن: بۇلغاش ھەققى ئېلىشتىن ئىلگىرى قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ كۈنلۈك چىقىرىدىغان بۇلغانغان سۈيى 3000 توننا بولغان بولسا، ھەق ئالغاندىن كېيىنكى باشقۇرۇش كۈچەيتىلگەنلىكتىن كۈنلۈك چىقىرىۋېتىدىغان بۇلغانغان سۈيى 2500 توننىغا ئازايدى.

5. ساناەتنىڭ بۇلغاش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش. قەشقەر ۋىلايىتىدە بۇلغىنىشنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ناھىيە شەھەرلەردىكى نۇقتىلىق كارخانىلار قاتناشتۇرۇلغان بۇلغىنىشنى تەكشۈرۈش ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى. ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 316 زاۋۇت، كان تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق 106 ئورۇن بار. ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىدە بۇلغىنىشتىكى نۇقتىلىق مەنبەلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تېزگىنلەش ئۈچۈن ياخشى ئاساس يارىتىلدى.

(شۇكۇبېجىن، ليۇرۇيشاڭ).

**[مۇھىت بۇلغىنىشنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش]** قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش پونكىتى 1987 - يىلى تەشكىل قىلىنغاندىن بۇيان، ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. ھازىر مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش خادىمىدىن 30 ى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە 15 كىشى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇپ، 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

بۇ پونكىتتا زامانىۋىلاشقان مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش ئەسۋابىدىن 120 نەچچە تۈرلۈكى بار بولۇپ، ئۇلار بىر قەدەر ئىلغار ئۆلچەش ئارقىلىق ئانالىز قىلىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن.

ۋىلايەتلىك مۇھىتنى نازارەت قىلىش-ئۆلچەش پونكىتىدا سۇ سۈپىتىنى ئانالىز قىلىش ئۆيى، ھاۋانى ئۆلچەش ئۆيى، بىئولوگىيىلىك ۋە تېخنىكىۋى خىزمەتلەر ئۆيى بار بولۇپ، تۆرلۈك نازارەت قىلىش-ئۆلچەش، ئانالىز قىلىش خىزمەتلىرى قانات يايدۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — قەشقەردىكى ئاتموسفېرا، سۇ، جانلىقلار، شاۋقۇن قاتارلىق مۇھىت ئامىللىرىنى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىلىرىدىكى تەلەپلەر بويىچە دائىم نازارەت قىلىش-ئۆلچەش، مۇھىتنىڭ سۈپەت ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىگىلەش ۋە ئۇلارغا باھا بېرىپ تۇرۇش؛ ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مۇھىت توغرىسىدىكى قانۇن-بەلگىلىمىلەر، ئۆلچەملىرىنى ئىجرا قىلىپ، مۇھىت باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن توغرا، ئىشەنچلىك سانلار ۋە ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت. 1982 - يىلى مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش كەسپىي رەسمىي قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، نۇرغۇن ماتېرىياللار توپلىنىپ

# مالىيە، باج، مۇپەتتىش

**[مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىندى]** «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش» پرىنسىپىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش، مەجبۇرىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتنى ئوبدان بىرلىكتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، مالىيە مەبلىغىنى ئىپچىشقا، تۇراقلۇق قۇرۇلۇشلارنى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى: 1986 - يىلدىن باشلاپ 1985 - يىلدىكى كىرىم - چىقىمنى ئاساس قىلىپ «باج تۈرىنى ئايرىش، كىرىم - چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، دەرىجىگە ئايرىپ ھۆددىگە بېرىش» تىن ئىبارەت مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

مالىيە باشقۇرۇشتىكى يېڭى تۈزۈلمىدە ئاپتونوم رايون ۋە ھەر قايسى جايلارنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم دائىرىسى بېكىتىلگەن.

كىرىم جەھەتتە: 1. ۋىلايەتنىڭ مالىيە مۇقىم كىرىمى: ئۇ، سودا - سانائەتتە بىرلىككە كەلگەن باج. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى، شەھەر - يېزىلاردىكى خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى، ماشىنا - كېمىلەرنىڭ نومۇر بېجى، شەھەرلەردىكى ئۆي - جاي، يەر - مۈلۈك بېجى، قان بېجى، چارۋا سودا بېجى، بازار سودا بېجى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتتە ئىش ھەققى تەڭشەلگەندىن كېيىنكى باج، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مۇكاپات بېجى، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ مۇكاپات بېجى، سودا - سانائەت باج كىرىمىدە باج تاپشۇرغۇچىلار باجنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىسا جەرىمانە ئېلىش ۋە جەرىمانە قويۇشتىن قىلىنغان كىرىم، يېزا ئىگىلىك بېجى، موھۇرلىتىش بېجى، ۋىلايەتكە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى، تەڭشەش بېجى، پايدا پىلانىدىكى تولۇقلاپ بېرىلىدىغان زىيان ۋە باشقا كىرىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەردىن پايدىلىنىش بېجى، ئۆي - مۈلۈك بېجى ۋە ماشىنا، كېمىلەرنى ئىشلىتىش بېجىمۇ ۋىلايەتنىڭ مالىيە مۇقىم كىرىم دائىرىسىگە كىرىدۇ.

2. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مالىيە ئورتاق كىرىمى: مەھسۇلات بېجى، ئاشقان قىممەت بېجى، تىجارەت بېجى (بۇ ئۈچ خىل باج مەركەزگە قارايدىغان كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، بايلىق بېجى، شەھەر ئاسراش قۇرۇلۇش بې-

---

قەشقەر شەھىرى مۇھىتىنىڭ سۈپەت ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەندى. يېقىندىن قۇرۇلغان ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلغان قۇرۇلۇشلارنىڭ مۇھىتقا بېرىدىغان تەسىرىگە باھا بېرىلدى. پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، يېڭىسار سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ مۇھىتقا بېرىدىغان تەسىرى باھالاپ چىقىلدى، ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىدىغان سۇ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۇ سۈپىتى ئانالىز قىلىنىپ، سۇ مەنبەئىنى قوغداش ئادەم ۋە چارۋىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئاساسلار تەييارلاندى.

(شۈكۈر بەكرى، ليۇ رۇيشاڭ).

جى، بىناكارلىق بىجى، ئۆز بىجى، شەخسىي تاپاۋەت بىجى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۇكاپات بىجى، تاشقى سودا بىرلەشمە سەرمايە سالغان كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان سودا - سانائەت بىر تۇتاش بىجى ۋە تاپاۋەت بىجى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركەزگە قارايدىغان كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلات بىجى، ئاشقان قىممەت بىجى، تىجارەت بىجىنىڭ 70 پىرسەنتى مەركەزنىڭ مالىيىسىگە، 30 پىرسەنتى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مالىيىسىگە كىرىم قىلىنىدى.

چىقىم جەھەتتە: 1. ۋىلايەت مالىيىسىدىن چىقىم قىلىنىدىغانلار: ۋىلايەتكە قاراشلىق كارخانىلاردىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى، پەن - تېخنىكا راسخوتى، يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان چىقىم، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق كەسپىي راسخودى، سانائەت، قاتناش، سودا تارماقلىرىنىڭ كەسپىي راسخوتى، شەھەر ئاسراش راسخوتى، شەھەر - بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش راسخوتى، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن، سەھىيە كەسپىي راسخوتى، باشقا تارماقلارنىڭ كەسپىي راسخوتى، نەپىقە بېرىش ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قۇتقۇزۇش راسخوتى، مەمۇرىي باشقۇرۇش راسخوتى، ئازسانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش راسخوتى ۋە باشقا چىقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2. ئاپتونوم رايون ئورۇنلاشتۇرغان ئاساسىي قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن قىلىنىدىغان چىقىملار: ناھىيىلەر باشقۇرۇشىدىكى «بەش كىچىك كارخانا»لارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە، ئاددىي بىناكارلىق راسخوتى، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ چارۋىلارنى ئاسراش راسخوتى، تەرەققىيات مەبلىغى، چېگرا رايون قۇرۇلۇشى راسخوتى، پەۋقۇلئاددە تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم راسخوتى ھەمدە ھۆددە بېرىشكە باپ كەلمەيدىغان مەخسۇس چىقىملارنى ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن ئايرىم پۇل بۆلۈپ بەرگەچكە چىقىمىنى ھۆددىگە بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىدى. 3. پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن يىغىۋېلىنغان راسخوتلار، شەھەر سۇ مەنبەئى راسخوتى كىرىمىدىن مۇھىت ئاسراشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياردەم مەبلىغى ۋە شەھەر سۇ بايلىقى قۇرۇلۇش مەبلىغىدە كىرىمگە قاراپ چىقىم بېكىتىلىدۇ، مەخسۇس پۇل مەخسۇس ئىشلىتىلىدۇ. كىرىم - چىقىم ھۆددىگە بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇقىم كىرىمىگە ئاپتونوم رايون بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان كىرىمنى قوشقاندىمۇ چۈشۈرۈپ بېرىلگەن چىقىمغا يەتمەيدۇ. شۇڭا ئاپتونوم رايوننىڭ تولۇقلىما ياردەم بېرىشىنى يولغا قويۇشىنى بېكىتكەن. ئاپتونوم رايون قەشقەر ۋىلايىتىگە تۆت يىل ئىچىدە ھەر يىلى ئالتە پىرسەنتتىن كۆپەيتىپ بېرىشتەك تولۇقلاپ بېرىش سانىنى بېكىتكەنىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان پرىنسىپ بويىچە ئاپتونوم رايون قەشقەرگە بېكىتىپ بەرگەن مالىيە كىرىم ئاساسىي سانى 43 مىليون 436 مىڭ يۈەن، مالىيە چىقىمى ئاساسىي سانى 172 مىليون 302 مىڭ يۈەن، بېكىتىلگەن تولۇقلاپ بېرىلىدىغان پۇل 128 مىليون 866 مىڭ يۈەن. 1986 - يىلى 6% ئېشىپ، 7 مىليون 732 مىڭ يۈەن تولۇقلاپ بېرىلدى، جەمئىي قوشۇپ بېرىلگىنى 136 مىليون 598 مىڭ يۈەن بولدى. (بۇ سانلار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىد-

خان كارخانىلارنىڭ مالىيىسى تۆۋەنلەپ چۈشۈرۈلگەن، مالىيە كىرىم - چىقىمى ئاساسىي سانى تەڭشەلگەندىن كېيىنكى سان) بۇلاردىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت (ئوبلاست) نى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ يېتىشتىش سۆھبەت يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، يەنە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مالىيىسىگە نۇرمىسلىق قوشۇپ بېرىلىدىغان نىسبىتىگە 1% قوشتى، يەنى 1986-يىلى ئاپتونوم رايون قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مالىيىسىگە بېرىلىدىغان ياردەمگە يەنە 1 مىليون 289 مىڭ يۈەن قوشۇپ بەردى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە قارىتا مۇناسىپ ھالدا ئىسلاھ قىلىش ئېلىپ باردى، چارە ۋە گەپ تامامەن بىردەك بولۇشنى قارار قىلدى. بىراق، قەشقەر شەھىرى بېكىتكەن ھۆددىگە ئالىدىغان كىرىم چىقىمدىن كۆپ يۇقىرى بولۇپ، كىرىمدىن چىقىم كۆپ بولۇپ كەتتە ۋىلايەت مالىيىسىدىن كۆتۈرۈشنى، ئارتتۇرۇپ كىرىم قىلىش ئومۇمىي ساندىن نىسبەت ئايرىش، ۋىلايەتكە 40% تاپشۇرۇش، قەشقەر شەھىرىگە 60% قالدۇرۇش دېيىلگەن. باشقا 11 ناھىيىلەرگە بېكىتىپ بېرىلگەن ھۆددىگە ئالىدىغان كىرىم-چىقىمدىن ئاز بولۇپ كىرىمدىن چىقىمنى قاپلاش، ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى ۋىلايەت مالىيىسىدىن تولۇقلاپ بېرىش، پەيدىنپەي كۆپەيتىپ بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى، كۆپەيتىش نىسبىتى 5% بېكىتىلدى.

(گاۋدىڭسەن، لياڭ چۈجېن).

**[كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، مالىيە كىرىم-چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق مالىيە كىرىم-چىقىمىدا قىيىنچىلىقلار ناھايىتى كۆپ بولدى. كىرىم جەھەتتە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا سۈپەت ناچار بولۇش، باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرى يېتەرسىز بولۇش، مەبلەغ قىيىن بولۇش، ئۈسكۈنىلەر كونىراپ كېتىش، تېخنىكىدا ئارقىدا قېلىش، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى بولماسلىق، مەھسۇلات نىسبىتى ئادەتتىكىچە بولۇش، بازىرى كاسات بولۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئۈستىگە خامەشيا ۋە ماتېرىياللارنىڭ باھاسى ئۆستى، مۇقىم مۈلۈكلەرنىڭ ئۇپراش نىسبىتى ئۆستى، ئىش ھەققى ئىسلاھاتى، دەرىجىگە سېلىش، ئىش ھەققىنى كۆپەيتىش قىسمى ۋە پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ تەمىناتىنى ئۆستۈرۈش قىسىملىرى تەننەرققە ھېسابلانغاچقا زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش خىزمىتى قىيىنلاشتى، بۇلار ئىچىدە قاتناش ئېنېرگىيە كارخانىلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئوسال بولدى. چىقىم جەھەتتە: سىياسىي جەھەتتە 1986 - يىلى چىقىمنى كۆپەيتىدىغان يوچۇقلار ئېچىلدى، ئورگان خىزمەتچىلىرىنىڭ كاماندۇرۇپكا ياردەم راسخوتى، يېمەك تاماق ياردەم راسخوتى ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى. مەمۇرىي كەسىپ ئورۇنلار ھۆددىگە ئالغان راسخوتلاردىن ئېشىنچى قىسمىنى ئىشلىتىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى ئۆستۈرۈلدى، يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغان ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى 1600 نەپەردىن ئوشۇقراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تۆت ئايلىق ئىش ھەققى چىقىم قىلىپ بېرىلدى، نەپىقە ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى، بىرلىكسەپ دىنىي ساھە -

دىكى زاتلارنىڭ تۇرمۇش خىراجەت ئۆلچىمى ئۆستۈرۈلدى، ۋاھاكازالار. ھېسابلاپ كۆرگەندە، كۆپەيگەن چىقىم 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بولۇپ، بۇلار كەم بولسا بولمايدىغان خادىملار خىراجىتىدۇر. شۇڭا تىرىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش، زۆرۈر بولغان چىقىملارنىمۇ ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش، مالىيە كىرىم-چىقىمىنى ھەقىقىي تەڭپۇڭ قىلىش، مالىيە خىزمىتىنىڭ 1986-يىلدىكى بىر تۈرلۈك ناھايىتى گەۋدىلىك ۋەزىپىسى بولدى. 4 - ئايدا چاقىرىلغان ۋىلايەتلىك مالىيە يىغىنىدا ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەردىن خامچوت تەقسىماتىدا ئالاھىدە ئېھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولۇش، ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى. كېيىن يەنە بىر قانچە قېتىم يىغىنلار چاقىرىلدى، تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىندى ھەمدە تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەر قوللىنىلدى: (1) باج ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش، باج قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلىپ، باج يىغىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان ئورۇنلار تەقدىرلەندى. باج ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرالغۇ شارائىتى ياخشىلاندى؛ (2) يېزا ئىگىلىك بېجىنى يىغىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئالىملىرى بىرلىمك قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك بېجىنى يىغىۋېلىش ۋەزىپىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ (3) كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىلدى، تاۋار ئوبوروتى تىزلىتىلدى. مالىيە باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، كارخانا كىرىمىنى ئىسكىلاتلاشتۇرۇش ۋاقتىدا ئۆيۈشتۈرۈلدى ھەمدە كىرىم قىلىش، خەزىنىگە قايتۇرۇش ئۆتكىلى قاتتىق ئىگىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ كىرىم ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى؛ (4) مالىيە، باج، مال باھاسىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى، مالىيە ئىنتىزامى چىڭىتىلدى؛ (5) ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى كونترول قىلىش، باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، مەخسۇس تۈردىكى تاۋارلارنى سېتىۋېلىشنى كونترول قىلىش، تەكشۈرۈپ - تەستىقلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى؛ (6) مەمۇرىي راسخوتلاردا بېكىتىلگەن خادىملار، نورما بويىچە باشقۇرۇش ياخشى ئىشلىنىپ، مەمۇرىي خىراجەت زور كۈچ بىلەن قىسقارتىلدى؛ (7) «بىر كىشىلا تەستىقلاش» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلدى، چىقىمنى كۆپەيتىش، كىرىمنى ئازىيىشتەك يوچۇققا ھەرگىزمۇ يول قويۇلمىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن كىرىمنى ئاشۇرۇش، چىقىمنى تېجەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەر ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلغاچقا مالىيە كىرىم- چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشقا ئاشتى ھەمدە ئازراق ئېشىنىلدى.

1986 - يىلى ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 50 مىليون 603 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، يۇقىرى بېكىتكەن خامچوتنىڭ 141.2 پىرسەنتىنى، يەرلىكتىن تەڭشەلگەن خامچوتنىڭ 120.73 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئۆتكەن يىلغا قارىغاندا 8.9% كەمەيدى، سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىللار چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ئەمەلىي كىرىم ئۆتكەن يىلغا قارىغاندا 21.76% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: سودا - سانائەت كىرىمى 46 مىليون 297 يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلغا قارىغاندا 19.22% ئاشۇرۇلۇپ، 7 مىليون 664 مىڭ يۈەن ئاشتى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجىدىن قىلىنغان كىرىم 9 مىليون 116

مىڭ يۈەن (موھۇرلەتتۈش بېجى 213 مىڭ يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.65% كېمەيدى، 2 مىليون 41 مىڭ يۈەن كەم يىغىۋېلىندى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت (ئوبلاست) نى ئامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، باي قىلىش سۆھبەت يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 120 يۈەندىن تۆۋەن بولغانلارنىڭ دېھقانچىلىق بېجى كېچۈرۈم قىلىندى، جەمئىي 2 مىليون 495 مىڭ يۈەن كېچۈرۈم قىلىندى، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا يەر تەۋرەپ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن 180 مىڭ يۈەن كېچۈرۈم قىلىندى، باشقا ئاپەتلەر يۈزىسىدىن 700 مىڭ يۈەن كېمەيتىلدى ۋە كېچۈرۈم قىلىندى؛ كارخانىلار كىرىمى 12 مىليون 725 مىڭ يۈەن ئورۇنلاندى، سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئامىللار چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ئالدىنقى يىلدىكى ئەمەلىي قىلىنغان كىرىم 3 مىليون 246 مىڭ يۈەندىن 65.56% كەملىدى، 2 مىليون 128 مىڭ يۈەن كەم يىغىۋېلىندى؛ مەخسۇس سوممىدىن قىلىنغان كىرىم (پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىۋېتىش راسخوتىدىن يىغىۋېلىنغىنى) 400 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 7 مىليون 515 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 103.77% ئاشتى.

مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 329 مىليون 694 مىڭ يۈەن بولۇپ، يۇقىرى ئورۇنلار تەكشۈرۈپ بېكىتكەن خامچوتنىڭ 102.94 پىرسەنتىگە، يەرلىك تەڭشىگەن خامچوتنىڭ 93.19 پىرسەنتىگە تەڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 41.53% كۆپەيدى. سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغان ئامىللارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.84% كۆپەيدى، ئەمەلىي قوشۇلغان چىقىم 35 مىليون 858 مىڭ يۈەن. بۇنىڭدىن: ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 26 مىليون 770 مىڭ يۈەن، بۇ، ئاپتونوم رايون خامچوتىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن 20 مىليون 104 مىڭ يۈەن، يەرلىك ئۆزلىرى جۇغلىغىنى 6 مىليون 666 مىڭ يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى (ناھىيىلەر باشقۇرغان بەش كىچىك سانائەت ياردىمىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىلگىنى 8 مىليون 789 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 97.02% كۆپەيدى؛ ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىلگىنى 2 مىليون 524 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 271.18% كۆپەيدى؛ ئۈچ تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خىراجىتى ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 914 مىڭ يۈەن، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 144.39% كۆپەيدى؛ يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 21 مىليون 829 مىڭ يۈەن، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 31.07% كۆپەيدى، بۇ كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى ۋە سۇ بىلەن تۇپراقنى ئاسراپ قېلىش ياردىمى ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 13 مىليون 296 مىڭ يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 31.97% كۆپەيدى؛ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق قاتارلىق تارماقلارنىڭ كەسپىي راسخوتى ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 21 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.36% كۆپەيدى؛ سانائەت، قاتناش، سودا تارماقلىرىنىڭ كەسپىي خىراجەت چىقىمى 3 مىليون 25 مىڭ يۈەن، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.42% كۆپەيدى؛ شەھەر رېمونت خىراجىتى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغىنى 4 مىليون 545 مىڭ يۈەن؛ شەھەر-بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇن-

لاشتۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغىنى 2 مىليون 783 مىڭ يۈەن، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن، سەھىيە ئىشلىرى كەسپىي راسخوتى ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 103 مىليون 677 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.76% كۆپەيدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە مائارىپ كەسپىي راسخوتى ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 68 مىليون 980 مىڭ يۈەنىسى بار بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10.85% كۆپەيدى؛ باشقا تارماقلارنىڭ كەسپىي راسخوتى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغىنى 3 مىليون 864 مىڭ يۈەن، نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قۇتقۇزۇش خىراجىتى چىقىمى 8 مىليون 220 مىڭ يۈەن، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 33.8% كېمەيدى، ئەگەر 1985 - يىلىدىكى يەرتەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ئىشلەتكەن 6 مىليون 500 مىڭ يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە 38.99% كۆپەيگەن بولىدۇ؛ مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن چىقىم 52 مىليون 167 مىڭ يۈەن بولۇپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30.65% كۆپەيدى؛ باھا قوشۇمچە ياردەم چىقىمى 51 مىليون 651 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن كۆپەيگەن چىقىم 46 مىليون 964 مىڭ يۈەن؛ باشقا چىقىم 18 مىليون 317 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.19% تۆۋەنلىدى. بۇ تەرەققىيات مەبلىغى ئۈچۈن بېرىلگەن 13 مىليون 948 مىڭ يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالغاندا ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.64% كۆپەيدى؛ مەخسۇس چىقىم (مۇھىت ئاسراش ياردەم راسخوتى) 9000 يۈەن.

مالىيە قوشۇمچە كىرىمى 281 مىليون 672 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون بېكىتكەن قوشۇمچە پۇل 137 مىليون 887 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون مەخسۇس تۈرلەر ئۈچۈن بۆلۈپ بەرگەن 134 مىليون 553 مىڭ يۈەن بار)؛ ئالدىنقى يىلدىكى قالدۇق كىرىم 25 مىليون 442 مىڭ يۈەن.

مالىيە كىرىم - چىقىمىنى ئىجرا قىلىش نەتىجىسى، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 27 مىليون 799 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالماشتۇرۇلغىنى 22 مىليون 996 مىڭ يۈەن؛ ساپ قالدۇق 4 مىليون 803 مىڭ يۈەن (ۋىلايەت دەرىجىلىكىنىڭ 1 مىليون 820 مىڭ يۈەن، ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 2 مىليون 983 مىڭ يۈەن).

(گاۋ دىڭەن، لياڭ چۇجېن).

## [مەبلەغ جۇغلىنىپ، كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە مەدەت بېرىلدى]

1986 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى مالىيە تارماقلىرى ھەقسىز چۈشۈرۈپ بېرىش، ھەقلىق ئىشلىتىش، ئۈپراش خىراجىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزلىكىگە قالدۇرىدىغان پايدىنى كەڭ قويۇۋېتىش، ياردەمنى كۆپەيتىش، پايدا ئارقىلىق قەرزنى قايتۇرۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش مەبلىغى توپلىدى، تولۇقسىز ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، جەمئىي 47 مىليون 207 مىڭ يۈەنگە يەتكەن (ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەردە زاپاس مالىيە كۈچى ۋە ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەر ئالغان قەرز سوممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بولۇپ، شۇ يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ 95.36 پىرسەنتىگە باراۋەر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە ئاجراتقان كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش مەبلىغى، «بەش كىچىك سانائەت» كە بېرىلىدىغان ياردەم راسخوتى، ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ۋە ئۈچ تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خىراجىتى قاتارلىقلار 7 مىل-

يون 921 مىڭ يۈەن؛ ئاپتونوم رايون مالىيىسى، سودا، ئاشلىق قاتارلىق ئاساسلىق باشقۇرىدىغان نازارەت، ئىدارىلار بىۋاستە چۈشۈرۈپ بەرگەن پۇللار، تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، «بەش كىچىك سانائەت» قۇرۇلۇشى ياردەم پۇلى، ئادەتتىكى قۇرۇلۇش خىراجىتى 2 مىليون 356 مىڭ يۈەن؛ مالىيىنىڭ كېپىللىك قىلىشى بىلەن بانكا كارخانىلارنى تەمىن ئەتكەن ھەر خىل پۇللار 16 مىليون 375 مىڭ يۈەن؛ ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىن ئېلىنغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى 6 مىليون 535 مىڭ يۈەن؛ ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش بانكىسى كارخانىلارغا بەرگەن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇلى 3 مىليون 90 مىڭ يۈەن؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن ئىلما توقۇلما، يېنىك سانائەت، خىمىيىۋى سانائەت، توك ئېنېرگىيىسى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ماشىنىسازلىق قاتارلىق ئالتە كەسىپنىڭ ئۇپراش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاشۇرۇپ قوشۇپ بېرىلگەن ئۇپراش جۇغلانمىسى 2 مىليون 327 مىڭ يۈەن؛ پايدىسىنى باجغا ئۆزگەرتىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچلۇق لايىھىسى تەگىشلەنگەندىن كېيىن كارخانىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن پايدا 2 مىليون 209 مىڭ يۈەن؛ ئۈچ ناھىيە بىر شەھەرنىڭ مىللىي سودىسىدا «ئۈچتە ئېتىبار بېرىش» يولغا قويۇلۇپ، مالىيىدىن كېمەيتىلگەن كىرىم 1 مىليون يۈەن؛ ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ تۆتىنچى پەسىلدە كارخانىلارغا پايدا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، باج سوممىسى ۋە قاتناش ئېنېرگىيە فوندىدىن 304 مىڭ يۈەن كېمەيتىدى ۋە كېچىرىم قىلىندى؛ مالىيىدىن بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ زىياندىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا ياردەم بېرىش ۋە باشقا مەدەتلەر ئۈچۈن بېرىلگىنى 5 مىليون 90 مىڭ يۈەن. كارخانىلارنىڭ مەبلەغ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنغانلىقتىن، تېخنىكا ئىسلاھاتى تېزلىتىلدى، بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ تىجارەت تۈرى كېڭەيتىپ قۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى (قوشۇمچە 1 – جەدۋەل ۋە 2 – جەدۋەلگە قاراڭ).

(گاۋ دىڭسەن، لياڭ چۈجېن).

**[مۇنەۋۋەر بوغالتىرلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى]** 1986 – يىلى 4 – ئاينىڭ 25 – كۈنىدىن 26 – كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايىتىدە تۇنجى قېتىملىق مۇنەۋۋەر بوغالتىرلارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى چاقىرىلدى. ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر بوغالتىرلاردىن 152 كىشى باھالاپ چىقىلدى. يىغىنغا 102 نەپەر ۋەكىل ئىشتىراك قىلدى. يىغىندا پارتىيىنىڭ 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 – ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مالىيە بوغالتىرلىق خىزمىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ۋە تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى. بوغالتىرلىق خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشنىڭ يوللىرى ۋە چارىسى مۇزاكىرە قىلىندى. قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ياڭ جەنشى مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدىكى بوغالتىرلارغا چىقىرىلغان مۇراجىئەتنامە ماقۇللاندى. يىغىن 39 نەپەر بوغالتىرنى ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر بوغالتىر قىلىپ باھالاپ چىقتى ھەمدە يەھيا جان مەھەممەت، شىن يۇتاڭ، جۇچيۇلىيەن، ئابدۇرەھىم مەھەممەت، جىن شۇشيەن، لۇجيەن، چىن يىڭلىيەن، ۋاڭ خۇڭجياڭ، ياڭ شۇلىيەن، لى رۇڭ، زۇنۇن يۇنۇس، توختى مەھەممەت نىياز قاتارلىق 12 كىشىنى قەشقەر

قوشۇمچە 1- جەدۋەل: قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

| كىرىم تۈرى | خامچوت سانى | ئاتچوت سانى | ئاتچوت سانىنىڭ خامچوت سانىدىن ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
|---|---|---|---|
| 1. سودا ـ سانائەت باج تۈرى | 41577 | 46297 | 111.35 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مەھسۇلات بېجى | 8634 | 6618 | |
| ئاشقان قىممەت بېجى | 3698 | 4857 | |
| تىجارەت بېجى | 20741 | 21710 | |
| كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى | 3652 | 6953 | |
| شەھەر يېزىلاردىكى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى | 37 | 163 | |
| 2. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق باج تۈرلىرى | 8736 | 9116 | 104.35 |
| 3. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى | 6606 | 7239 | 109.58 |
| 4. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تەڭشىلىدىغان باج تۈرى | 707 | 270 | 38.19 |
| 5. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدا تۈرى | 1480 | 1683 | 113.72 |
| 6. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ پىلاندىكى زىيانغا تولۇقلايدىغىنى | —20324 | —21917 | 107.83 |
| 7. مەخسۇس كىرىم تۈرى | 250 | 400 | 160.00 |
| 8. باشقا كىرىملەر تۈرى | 2552 | 7515 | 294.47 |
| تولۇقلاپ بېرىلگەن كىرىم | 281672 | 281672 | |
| ئالدىنقى يىلدىكىدىن قالغان كىرىم | 25435 | 25435 | |
| جەمئىي | 348691 | 357717 | |

2 ـ جەدۋەل : قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق مالىيە چىقىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى

| چىقىم تۈرى | يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتكەن خامچوت سانى | ئاتچوت سانى | ئاتچوت سانىدىن يۇقىرى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن خامچوت % |
|---|---|---|---|
| 1. ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى | 21738 | 26770 | 123.15 |
| 2. كارخانىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ۋە ئۆزلۈك ئۆزگەرتىش مەبلىغى | 5694 | 8789 | 154.36 |
| 3. ئاددىي قۇرۇلۇش خىراجىتى | 1390 | 2524 | 181.58 |
| 4. ئۈچ تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكا خىراجىتى | 873 | 914 | 104.70 |
| 5. يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىش راسخوتى | 25716 | 21289 | 82.79 |
| 6. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلار، ھاۋا رايى تارماقلىرىنىڭ كەسپىي راسخوتى | 18279 | 21150 | 115.71 |
| 7. سانائەت، قاتناش، سودا قاتارلىق تارماقلارنىڭ كەسپىي خىراجىتى | 2529 | 3025 | 119.61 |
| 8. شەھەر رېمونت خىراجىتى | 2098 | 4545 | 216.63 |
| 9. شەھەر، بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى | 2866 | 2783 | 97.10 |
| 10. مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، سەھىيە ئىشلىرى كەسپىي خىراجىتى | 93522 | 103677 | 110.82 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مەدەنىيەت كەسپىي خىراجىتى | 2894 | 3971 | 137.21 |
| مائارىپ كەسپىي خىراجىتى | 62999 | 68980 | 109.49 |
| سەھىيە كەسپىي خىراجىتى | 18695 | 20056 | 107.28 |
| 11. باشقا تارماقلارنىڭ كەسپىي خىراجىتى | 2591 | 3846 | 149.13 |
| 12. نەپىقە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قۇتقۇزۇش خىراجىتى | 8701 | 8220 | 94.47 |

| چىقىم تۈرى | يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتكەن خامچوت سانى | ئاتچوت سانى | ئاتچوت سانىدىن يۇقىرى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن خامچوت % |
|---|---|---|---|
| 13. مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى | 43000 | 52167 | 121.32 |
| 14. باھا قوشۇمچە ياردەم چىقىمى | 51721 | 51651 | 99.86 |
| 15. باشقا چىقىملار | 24101 | 18317 | 76.00 |
| 16. مەخسۇس چىقىم | 250 | 9 | 3.60 |
| مۇشۇ يىللىق چىقىم جەمئىي | 329694 | | |
| خامچوتتا قوشۇلغان ئوبوروت سوما | | 100 | |
| يەرلىك ھۆكۈمەتلەر سېتىۋالغان خەزىنە چېكى | 124 | 124 | |
| يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | | 27799 | |
| يۆتكەلمە ئىچىدە : مەينەت سۇ چىقىرىۋېتىش راسخوتىدىن قالدۇق | | 418 | |
| كېلەر يىللىق چىقىمغا ئاغدۇرۇلغىنى | | 22578 | |
| ساپ قالدۇق | 7 | 4803 | |
| ئومۇمىي جەمئىي | | 357717 | |

ۋىلايىتىمىزدىكى مۇنەۋۋەر بوغالتىرلارغا ۋاكالىتەن 1986- يىلى 5- ئاينىڭ 2- كۈنىدىن 5- كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان مۇنەۋۋەر بوغالتىرلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىشقا كۆرسىتىلدى.

(گاۋدىڭشەن، لياڭ چۇجېن).

**[باج خىزمىتىدىن بايان]** 1986- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك باج ئىشلار تارماقلىرى ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چۆرىدەپ، كەسپىي يېتەكچى ئىدىيىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا توغرىلاپ، باج كىرىمىنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك باج كىرىم ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلىدى.

1. باج يىغىۋېلىش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، تۆتىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەبلەغ توپلاندى.

1986 - يىلىدىكى باج ئىشلار تارماقلىرى ئۇيۇشتۇرغان كىرىم 61 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلاندىكى 50 مىليون 500 مىڭ يۈەننىڭ 121.76 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 10 مىليون 990 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ كىرىم قىلدى، ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 13.36% ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت كىرىمى 48 مىليون 200 مىڭ يۈەن، پىلاندىكى 40 مىليون 600 مىڭ يۈەننىڭ 118.71 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ كىرىم قىلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 21.40% ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى 7 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولۇپ پىلاندىكى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەننىڭ 119.55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 1 مىليون 270 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ كىرىم قىلىندى، ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 23.21% ئازايدى؛ قۇۋۋەت مەنبەسى، قاتناش نۇقتىلىق قۇرۇلۇش فوندى 5 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلاندىكى 3 مىليون 400 مىڭ يۈەننىڭ 162.38 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 2 مىليون 120 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ يىغىۋېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 24.85% ئاشتى.

1986 - يىللىق باج كىرىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1) «باج تۈرىنى ئايرىش، كىرىم - چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، دەرىجىگە ئايرىپ ھۆددىگە بېرىش» مالىيە تۈزۈلمىسى يۈرگۈزۈلۈپ ھەر قايسى جايلاردىكى مالىيە باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى. باج خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ۋۇجۇتقا كېلىپ، باجنىڭ مۇتلەق سانى ۋە ئۆسۈش ھەجىمىدە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

2) باج يىغىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشى نىسبەتەن تەكشى بولدى. تۈرلۈك كىرىملەر چوڭ باج تۈرلىرىدە ھەر قايسى دائىمىيە، شەھەرلەر ھەر قايسى پەسىللەر ئارا پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىدى.

3) بازار سودىسىدىكى باج ۋە كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجىدا زور مىقداردا ئۆسۈش بولدى. بازار سودىسى بېجى، شەخسىيلەردىن ئېلىنىدىغان باج ھەمدە پارچە - پۇرات باجلاردىن 7 مىليون 760 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 56% ئاشتى، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىدىن 6 مىليون 950 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 1.7 ھەسسە ئاشتى. كوللېكتىپ بىلەن شەخسىينىڭ باج كىرىمىدىكى نىسبىتىدە كۆرۈنەرلىك ئېشىشلار بولدى.

2. كەسپىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش ئىدىيىسى توغرىلىنىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېزلىتىلدى.

1) يەرلىك سانائەتنىڭ راۋاج تېپىشى ئاكتىپ تۈردە تېزلىتىلدى. 1986 - يىلى قەشقەر بوياقچىلىق زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، پىۋا زاۋۇتى قۇرۇلۇشى، يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى قۇرۇلۇشى ۋە باشقا نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونغا يوللاپ تەستىقلىتىش بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا قۇرۇلۇش بېجى، مەھسۇلات بېجى قاتارلىقلار كېچىكتۈرۈلۈپ ۋە كەمەيتىلىپ ئېتىبار بېرىلدى.

2) يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. بىر قانچە يىللاردىن بۇيان دۆلەت يېزا - بازار كارخانىلىرىغا قارىتا

ئىزچىل تۈردە باجنى يەڭگىللىتىش، كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشتەك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ كەلدى. 1986- يىلى 5 مىليون يۈەن باج كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا بىر قاتلاندى.

3) مىللىي ئالاھىدە بويۇملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا مەدەت بېرىلدى. ۋىلايىتىمىز بويىچە 41 خىل مىللىي ئالاھىدە بويۇملارنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەخمىنەن 5 مىليون يۈەن بېجى كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئېتىبار قىلىندى. پۈتۈن يىلدا تەخمىنەن 7 مىليون يۈەن بولۇپ ۋىلايىتىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدە بويۇملىرىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

4) تاۋار ئوبوروتى تېزلىتىلىپ، شەھەر - لەر جانلاندۇرۇلدى. 1986- يىلى 10- ئايدىن باشلاپ ۋىلايىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات- سودا كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن قۇۋۋەت مەنبەسى فوندى بېجى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىندى. تىجارەت نۇقتىلىرى قۇرۇلۇش بېجى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىندى. پايدىسى 3 مىڭ يۈەنگە ۋە 10 مىڭ يۈەنگە توشمايدىغانلاردىن ئايرىم- ئايرىم ھالدا تىجارەت بېجى ۋە تاپاۋەت بېجى كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى. بۇ تەخمىنەن 4 مىليون يۈەن كېلىدۇ.

3. باج تۈزۈمى پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ، شەھەر - يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تېزلىتىلدى.

1) پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچلۇق لايىھەسى تەڭشەلدى. زور كۆپ ساندىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن ئېلىنىدىغان تەڭشەش بېجى كەچۈرۈم قىلىندى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشىراق بولغان كارخانىلارغا قالدۇرۇلىدىغان پايدا سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ راۋاجلىنىشىدا ھاياتىي كۈچ ۋە زاپاس كۈچكە ئىگە قىلىندى.

2) ئاشقان قىممەتتىن باج يىغىۋېلىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى. ئەسلىدىكى ماشىنىسازلىق كەسىپلىرىگە قارىتا يولغا قويۇلغان ئاشقان مەھسۇلات قىممىتىدىن باج ئېلىش ئاساسىدا، ۋىلايىتىمىزدىكى بەش بوياقچىلىق كارخانىسىنىڭ ھەممىسىدە ئاشقان مەھسۇلات قىممىتىدىن باج ئېلىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ باج سېلىقى مۇۋاپىقلاشتۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ كەسىپلىشىش، ھەمكارلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا قولايلىق يارىتىلدى.

3) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرىدىن ئومۇميۈزلۈك ھالدا توپ تارقىتىش ھالقىسى تىجارەت بېجى ئېلىنىدى. بىراق، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاتناش لىنىيەسىنىڭ ئۇزۇن، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى قىيىن بولۇشىنى نەزەرگە ئېلىپ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، نېفىت، ماددىي ئەشيا تاشقى سودا، ئاشلىق، تەمىنات - سودا ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرىدىن باجنى كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش جەھەتتە ئېتىبار بېرىلدى.

4) باج تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى باشقا بىر نەچچە تۈرلۈك تەدبىرلەر: (1) مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلار ۋە كوللېكتىپ كارخانىلاردىن مۇكاپات بېجى ئېلىش يولغا قويۇلدى؛ (2) 1986- يىلى 7- ئايدىن باشلاپ مائارىپ راسخوتىدىن قوشۇمچە باج ئېلىش يولغا قويۇلدى؛ (3) 1986-يىلى 10- ئايدىن باشلاپ ماشىنا، كېمىلەرنى ئىشلىتىش بېجى ئېلىش ئەسلە-

بىگە كەلتۈرۈلدى؛ (4) 1986- يىلى 10- ئايدىن باشلاپ قەشقەر شەھىرىدە ئۆي - مۈلۈك بېجى ئېلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى،

4. باج يىغىش داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، باج يىغىش باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

1) 1986- يىلى 4- ئايدا گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ باج يىغىش باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى» نى ئېلان قىلدى. بۇ باج يىغىش، قانۇن بويىچە باجنى بېكىتىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئېھتىياجلىق مەبلەغكە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «نىزام» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردىكى باج ئىشلار تارماقلىرى ھەر خىل يىغىنلارنى ئېچىپ ئەستايىدىل ئۆگەندى، تەشۋىق قىلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى.

2) يىغىش - باشقۇرۇش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1986- يىلى ۋىلايىتىمىز بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن 771 ى، كوللېكتىپ كارخانىلىرىدىن 1280 ى، خۇسۇسىي سودا سانائەتچىلەردىن 20 مىڭ 122 سى بار ئىدى. «يىغىش - باشقۇرۇش نىزامى» نى ئىجرا قىلىش بىلەن بىر چاغدا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 577 كارخانا، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى 600 دىن كۆپرەك كارخانا ۋە 900 دىن ئارتۇق يەككە تىجارەتچىلەر بىلەن باج تاپشۇرۇش توختامى تۈزۈلدى. مۇقىم باج تاپشۇرىدىغان كارخانىلاردا ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى. باج تاپشۇرۇشنى تىزىملاش، مەلۇم قىلىش ۋە تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، شۇ ئارقىلىق باج مەنبەسى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنىپ باجنى ۋاقتىدا تولۇق ئامبارلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

3) مەخسۇس باشقۇرغۇچى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يولغا قويۇلۇپ، باج يىغىش ۋەزىپىسى بۆلۈمچە، پونكىت ھەمدە مەخسۇس باشقۇرغۇچىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئادەم، ئورۇن (ياكى كەسىپ) ۋەزىپىسىنى بېكىتىش چارىسى قوللىنىلدى. يېزىلاردا بازار كۈنلىرى كادىرلار سەپكە تەڭلا ئاتلىنىش، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇچاستكىغا ئايرىپ ھۆددىگە ئېلىش، سەييارە يىغىش چارىسى يولغا قويۇلدى. ئورۇنلىغان ۋەزىپىسى بىلەن مۇكاپات بىرلەشتۈرۈلدى، ھەمدە قەرەللىك تۈردە سېلىشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىلدى.

4) تارقاق باجنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، يەككە تىجارەتچىلەرگە قارىتا ھېساب دەپتىرى تۇرغۇزۇش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 1986 - يىلىدىكى ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن تالون تارقىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ھەمدە تىجارەت سوممىسى نىسبەتەن چىقراق، شارائىتى ياخشىراق بولغان 1472 نەپەر يەككە سودا - سانائەتچىلەر ئىچىدە ھېساب تۇرغۇزۇش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن تىجارەت ئەھۋالى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنىپ، باج يىغىۋېلىش كاپالەتلەندۈرۈلدى. تۇراقلىق تىجارەتچىلەردىن تىپ ئېلىپ تەكشۈرۈش، دېموكراتىك باھالاش، باج ئىدارىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى يولغا قويۇپ، باج يىغىۋېلىندى، ۋاقىتلىق تىجارەتچىلەرگە نىسبەتەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن تىزىملاشنى ئىلتىماس قىلىش، نۇقتىلىق ھالدا ئارىلاپ تەكشۈرۈش ۋە سەييارە تەكشۈرۈش ھەمدە باج پۇلىنى ۋاكالىتەن

ئۇتتۇش، ۋاكالىتەن ئېلىش چارىسى يۈرگۈزۈلدى، يەككە تىجارەتچىلەر تىلىق بىجى بىلەن تارقاق باج سوممىسى زور مىقداردا ئاشتى.

5) باج كىرىمىنى چوڭ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. باج تەكشۈرۈشنى قەرەللىك (ئايدا ياكى پەسىلدە) ئېلىپ بارغاندىن سىرت، گوۋۇيۈەننىڭ 1986 – يىلى 10 – ئايدىكى «باج كىرىمى، مالىيە، مال باھاسىنى چوڭ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى بويىچە مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى 10 – ئاينىڭ 25 – كۈنى ۋىلايەت، شەھەر ئىككى دەرىجىلىك كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ مەسئۇلى بىلەن مالىيە خادىملىرى قاتناشقان سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى چاقىردى، چوڭ تەكشۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسى ۋە ئىشخانا قۇرۇلدى. كارخانىلارنى ئۆزلىرى تەكشۈرۈش، ئۆز ئارا تەكشۈرۈش ئېلىپ بىرىشقا قوزغاش بىلەن بىر چاغدا، ھەرقايسى جايلار زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى ئاجرىتىپ، كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئارىلاپ تەكشۈردى ۋە نۇقتىلىق تەكشۈردى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن 1117 نى ئۆزلىرى تەكشۈردى ياكى ئۆز ئارا تەكشۈردى، بۇ باج تاپشۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ 71 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. باج ئىشلىرى تارماقلىرى 535 ئورۇننى نۇقتىلىق تەكشۈردى. بۇ باج تاپشۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ 34 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، باج يوشۇرۇش، تولۇق تاپشۇرماسلىق دائىرىسى 30.4%، يوشۇرغان ياكى تاپشۇرمىغان باجدىن 2 مىليون 390 مىڭ يۈەن ئېنىقلاندى. باج يوشۇرۇش ۋە تولۇق تاپشۇرماسلىق نىسبىتى 8.67% بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە زور كۆپ قىسمى خەزىنىلەشتۈرۈلۈپ بولدى. ئۇنىڭدىن باج قەرزدىن 370 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى.

5. تىپلار تۇغۇزۇلۇپ، باج ئىشلىرى سىستېمىسى بويىچە قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى.

ئەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش، ئىلغارلىقنى تالىشىش، تۆھپە قوشۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا ۋىلايىتىمىزدە 1986 – يىلى 9 – ئايدا ئىككىنچى قېتىملىق باج ئىشلىرى سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللىرىدىن 37 كىشى، ئىلغار شەخسلەردىن 65 كىشى قاتناشتى.

1986 – يىلى 12 – ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا باج ئىشلىرى سىستېمىسى بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى. ۋىلايىتىمىزدىن ئالتە ئىلغار كوللېكتىپ، 26 نەپەر ئىلغار شەخسىي قاتناشتى. قەشقەر شەھەرلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياپچان باج پونكىتىنىڭ باشلىقى تۇرغۇن ئىسمايىل، قاغىلىق ناھىيىلىك باج ئىشلار ئىدارىسى باج سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جىن خۇگۇۋېي (ئايال) لار يىغىندا تەجرىبە تونۇشتۇردى: تۇرغۇن ئىسمايىل مەملىكەتلىك مالىيە باج ئىشلىرى سىستېمىسى بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل بولۇپ سايلاندى.

(لىيالىچى).

## 1986 - يىللىق باج كىرىمىنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىش ئەھۋالى

بىرلىكى: مىڭ يۈەن

| تۈرى | كىرىمى | ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا ± % | ئاشقان ياكى كېمەيگەن پۇل ± |
|---|---|---|---|
| جەمئىي | 61490 | 13.36 | 7271 |
| 1. سودا - سانائەت باج كىرىمى | 48198 | 21.40 | 8470 |
| 1) مەھسۇلات بېجى | 8523 | | |
| 2) ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى بېجى | 4207 | | |
| 3) تىجارەت بېجى | 21699 | | |
| 4) سودا - سانائەت بىر تۇتاش باج | 18 | | |
| 5) كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ تاپاۋەت بېجى | 6949 | | |
| 6) يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى | 164 | | |
| 7) خۇسۇسىيلارنىڭ تاپاۋەت بېجى | 4 | | |
| 8) شەھەر ئاسراش قۇرۇلۇشى بېجى | 1795 | | |
| 9) ماشىنا- كېمىلەرنى ئىشلىتىش بېجى | 6 | | |
| 10) ئۆي - مۈلۈك بېجى | 12 | | |
| 11) قان بېجى | 769 | | |
| 12) چارۋىلارنى ئېلىش - سېتىش بېجى | 729 | | |
| 13) بايلىق مەنبەسى بېجى | 17 | | |
| 14) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۇكاپات بېجى | 155 | | |
| 15) كەسىپىي ئورۇنلار مۇكاپات بېجى | 85 | | |
| 16) كوللېكتىپ كارخانىلىرى مۇكاپات بېجى | 14 | | |
| 17) بىناكارلىق بېجى | 2302 | | |
| 18) ماي كۆيدۈرۈش ئالاھىدە بېجى | 645 | | |
| 19) جەرىمانە، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرغان پۇل | 105 | | |
| 2. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى | 7771 | —23.21 | —2295 |
| 3. قۇۋۋەت مەنبەسى ، قاتناش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار فوندى | 5521 | 24.85 | 1096 |

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق باج كىرىم ئەھۋالى

بىرلىكى: مىڭ يۈەن

| | باج كىرىمى جەمئىي | | | | سودا ـ سانائەت بېجى | | | | ئېنېرگىيە، قاتناش فوندى | | | | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن تاپاۋەت بېجى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | پىلاندىكى سان | ئەمەلىي سان | پىلاندىن ئېشىپ كەتكىنى % | ئالدىنقى يىلدىكىدىن % | پىلان | ئەمەلىي كىرىم | پىلاندىن ئېشىپ كەتكىنى % | ئالدىنقى يىلدىكىدىن % | پىلان | ئەمەلىي كىرىم | پىلاندىن ئېشىپ كەتكىنى % | ئالدىنقى يىلدىكىدىن % | پىلان | ئەمەلىي كىرىم | پىلاندىن ئېشىپ كەتكىنى % | ئالدىنقى يىلدىكىدىن % |
| ۋىلايەت بويىچە جەمئىي | 50500 | 61490 | 121.76 | 113.36 | 40600 | 48198 | 118.71 | 121.40 | 3400 | 5521 | 162.38 | 124.85 | 6500 | 7771 | 119.55 | 76.79 |
| قەشقەر شەھىرى | 28000 | 30217 | 107.91 | 102.84 | 21200 | 23135 | 109.12 | 114.41 | 2000 | 2760 | 138.00 | 141.54 | 4800 | 4322 | 90.04 | 59.94 |
| يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 2900 | 3419 | 117.93 | 118.29 | 2550 | 2803 | 109.96 | 118.76 | 150 | 324 | 216.00 | 147.27 | 200 | 292 | 146.00 | 94.19 |
| كونىشەھەر ناھىيىسى | 1470 | 2101 | 142.92 | 138.40 | 1350 | 1732 | 128.29 | 132.21 | 60 | 216 | 360.00 | 216.00 | 60 | 153 | 255.00 | 141.87 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 1180 | 1942 | 164.57 | 133.56 | 950 | 1288 | 135.57 | 137.02 | 80 | 234 | 292.50 | 167.14 | 150 | 420 | 280.00 | 112.30 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 840 | 1162 | 138.33 | 114.37 | 750 | 883 | 117.73 | 111.91 | 40 | 121 | 302.50 | 180.60 | 50 | 158 | 316.00 | 98.75 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 1050 | 1568 | 149.42 | 138.60 | 950 | 1320 | 139.05 | 137.60 | 50 | 99 | 198.00 | 113.79 | 50 | 149 | 298.00 | 175.29 |
| يەكەن ناھىيىسى | 4400 | 6013 | 136.65 | 124.38 | 3450 | 4347 | 126.00 | 135.25 | 400 | 604 | 151.00 | 88.82 | 550 | 1062 | 193.09 | 112.98 |
| پوسكام ناھىيىسى | 2120 | 3027 | 142.78 | 150.00 | 1850 | 2695 | 145.67 | 165.94 | 120 | 136 | 113.33 | 78.16 | 150 | 196 | 130.66 | 89.09 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 5080 | 6162 | 121.29 | 114.11 | 4500 | 5128 | 113.95 | 114.59 | 280 | 499 | 178.21 | 89.91 | 300 | 535 | 178.33 | 144.59 |
| مەكىت ناھىيىسى | 1710 | 2339 | 136.78 | 126.36 | 1550 | 1838 | 118.58 | 119.89 | 100 | 224 | 224.00 | 93.33 | 60 | 277 | 461.66 | 355.13 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 2300 | 3320 | 144.34 | 133.22 | 2050 | 2834 | 138.24 | 138.98 | 120 | 287 | 239.16 | 148.70 | 130 | 199 | 153.07 | 76.54 |
| تاشقورغان ناھىيىسى | 150 | 220 | 146.66 | 86.61 | 150 | 195 | 130.00 | 82.97 | | 17 | | 106.25 | | 8 | | 266.67 |

**[مۇپەتتىشلىك خىزمىتى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇپەتتىشلىك خىزمىتىدە ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن دۆلەتلىك مۇپەتتىش مەھكىمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇپەتتىش ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئاشلىق، پاختا - كەندىر، نېفىت، ما ئارىپ قاتارلىق ئون كەسىپ، 341 ئورۇننىڭ مالىيە پائالىيەتلىرىگە قارىتا مۇپەتتىشلىك ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشقا ماسلىشىپ 24 پارچە ئىقتىسادىي دېلونى تەكشۈردى (بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى خىيانەت قىلىش دېلوسىدىن بەش پارچە بار). ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىنغان پۇل تۈرىدىن جەمئىي 25 مىليون 110 مىڭ يۈەننى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ دۆلەت خەزىنىسىگە 11 مىليون يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى، ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىلىپ، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىپ، مالىيە ئىنتىزامىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھات، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشتا تۆھپە قوشتى. بۇلاردىن سىرت ئۆزلىرى پۇل جۇغلاپ ئېلىپ بارغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىكى مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە مۇپەتتىشلىك ئېلىپ بېرىلىپ دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قىسقارتىش، مۇھىم نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا كاپالەتلىك قىلىش فاڭجېنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى.

مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولۇپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش كېرەك. 1986 - يىلى مۇپەتتىش تارماقلىرى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدە تەسىرى چوڭ بولغان، پاختا - كەندىر، ئاشلىق، نېفىت، تاشيول، يول ئاسراش، قاتناش - ترانسپورت قاتارلىق كەسىپلەرنى تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتتى، مۇپەتتىشلىك خىزمىتىدە كۈتۈپ تۇرماي، سۆرەلمىلىك قىلماي، ئۆز ۋاقتىدا جەڭ قىلىپ، ۋەزىپىلەرنى خېلى ياخشى ئورۇنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا مىكرولۇق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ماكرولۇق تەدبىر بېكىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. مەسىلەن: دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش خىزمىتىدە، سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىش، دېھقانلارنىڭكىنى تۇتۇپ قېلىش مەسىلىلىرى سا قىلىنىۋاتقانلىقى سېزىلگەندىن كېيىن ۋاقتىدا ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە دوكلات يېزىپ، رەھبەرلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. مۇپەتتىش باشقارمىسىنىڭ دوكلاتى ۋاقتىدا تارقىتىلىپ، بۇ خىل مەسىلىلەر تۈزىتىلدى.

(چىن جيادىڭ).

# پۇل مۇئامىلە، خەۋپسىزلەندۈرۈش

**[پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتى ھەققىدە بايان]** 1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا «ئامانەتنى كۆپ قويسا كۆپ قەرز بېرىش»، «ئاز قويسا ئاز قەرز بېرىش» ۋە «پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ يار-يۆلەك بولۇش» سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىپ، ئالاھىدە قەرز تارقىتىش، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئارا قەرز بېرىش، قەرزنى سۈرۈش ئەھۋالىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىش، پۇل ئامانەت قويۇشنى تىرىشىپ كۈچەيتىش، پوچتا-تېلېگراف ئامانىتىنى يولغا قويۇش، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ پىشائلىق رولى قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پۇل مۇئامىلىسىنى ماكرولۇق تىزگىنلەش ئىسلاھات جەريانىدا كۈچەيتىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، مۇقىملىق ئىچىدە كەڭرەك بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشتەك پۇل مۇئامىلە مۇھىتى يارىتىلدى.

1. رەھبەرلىك ئېتىبار بەردى، قاراش يېڭىلاندى، تونۇش ئۆستى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى پۇل مۇئامىلە خىزمىتى ۋە پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 1986-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىن ئالتە نەپەر يولداش ۋىلايىتىمىزدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۆگىنىشكە تاللاپ قاتناشتۇرۇلدى، تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئارقىلىق نەزەر دائىرە كېڭەيدى، ئاز بولمىغان تەجرىبىلەر ئۆگىنىلدى. ئىدىيە ئازاد بولۇپ تونۇش ئۆسۈپ، مونوپول قىلىش قارىشى بۇزۇپ تاشلاندى، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى تۇتۇپلا قالماي، بەلكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن باشقا تارماقلارغا ماسلىشىپ، قاراشنى يېڭىلىدى. پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ پۇل مۇئامىلىگە سەل قاراشتىن ھەم ئىشلەپچىقىرىشقا ئېتىبار بېرىدىغان ھەم پۇل مۇئامىلىگە ئېتىبار بېرىدىغان بولدى. پىلاننى، ئىقتىسادىي كومىتېتنى تۇتۇشى كۆپ، بانكىنى تۇتۇشى ئاز بولۇشتىن، پىلان، ئىقتىسادىي كومىتېت ۋە بانكىنى بىرگە تۇتۇشقا يۈزلەندى؛ يۇقىرىدىن پۇل تەلەپ قىلىشتىن ئۆزلىرى تىرىشىپ جۇغلاشقا يۈزلەندى. ئاشۇ خىل قاراشلارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە يېڭىلىنىشى پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ياخشى ئىدىيىۋى ئاساس سالدى.

2. ئىككى چوڭ پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ياخشى بولدى. ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسى كېڭەيدى. بولۇپمۇ پۇل ئامانىتىدىكى ئېشىنچە سان زور مىقداردا ئۆرلىدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر بانكىدىكى تۈرلۈك ئامانەتنىڭ ساپ كۆپىيىشى 84 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 202 مىليون يۈەن ئاشتى، 31% ئۆرلەپ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئامانىتى 156 يۈەنگە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20 يۈەن ئاشتى. ھەر خىل قەرز سوممىسى 582 مىليون يۈەنگە يې-

تىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.9% ئاشتى، نەقپۇل ئومۇمىي كىرىمى بىر مىليارد 125 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 18.8% ئاشتى، نەقپۇلدىن ئومۇمىي چىقىم بىر مىليارد 299 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 17.7% كۆپەيدى. بىر يىلدا تارقىتىلغان پۇل پەرقى 163 مىليون يۈەن، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 5 مىليون 50 مىڭ يۈەن ئازايدى، 3% ئازايدى.

3. مەبلەغنىڭ تارقىتىلىش قۇرۇلمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9 مىليون 290 مىڭ يۈەن ئېشىپ 35.7% كۆپەيدى؛ سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 10 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 10% كۆپەيدى؛ ئاشلىققا بېرىلگەن قەرز پۇل 11 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 19.6% كۆپەيدى؛ يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن قەرز 15 مىليون 740 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ 81% كۆپەيدى؛ مۇقىم مۈلۈك ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز 31 مىليون 950 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ 1.37 ھەسسە كۆپەيدى. بانكا مەبلىغىنىڭ تارقىلىش يۆنىلىشى پەقەت پۇل ئوبوروتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئوبوروتقىچە، جۇغلانمىدىن ئىستېمال، سەيلە-ساياھەت، پەن-تەتقىقاتقىچە ھەتتاكى ھەر قايسى تارماقلارغىچە چېتىلدى. بىر يىلدىن بۇيان، ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ جەمئىي تارقاتقان ئايلانما مەبلەغ قەرز پۇلى (دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىر مىليارد 160 مىليون يۈەن بولۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ساناەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە شە-

ھەر-يېزىلارنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇشتا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇردى.

4. پۇل مۇئامىلىدە ماكرولۇق باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. بىرىنچىدىن، مۇقىم مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغ قاتتىق كونترول قىلىندى، ئىجرا قىلىش نەتىجىسى دۆلەت پىلانى ئىچىدە كونترول قىلىنىدى. ئىككىنچىدىن، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدىغان مەخسۇس ئورۇنلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمى قاتتىق ئىجرا قىلىندى. 1986-يىلى سېتىۋېلىش مىقدارى ئاشتى، بىراق نەخ پۇلنىڭ سېلىنىشى ئازايدى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب ئائىلىلەر بويىچە باشقۇرۇش، پىلانچانلىقنى كۈچەيتىش، مەبلەغلەرنى مۇۋاپىق يۆتكەش، ئوبوروتنى تېزلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مەبلەغنى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ غەلىبىلىك ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئۈچىنچىدىن، ئامانەت قەرز مەبلىغىنى قاراپ چىقىپ تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. بىر يىلدىن بۇيان تەكشۈرۈش ۋاستىسى ئارقىلىق ئېنىقلىنىپ چىقىلغان ھەر خىل مەسىلىبار دەپ قارالغان مەبلەغ 15 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۇ قاراپ چىقىلغان ئورۇنلار مەبلىغىنىڭ 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. تۆتىنچىدىن، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسىدە ئۈنۈملۈك قەدەملەر تاشلاندى. پوچتا-تېلېگراف ئامانىتى يولغا قويۇلدى، يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىدە كەسپىي خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى قۇرۇلدى؛ كەسپىي بانكىلار ئارا مەبلەغنىڭ توغرا لىنىيىلىك ئوبوروتىدىمۇ تەرەققىيات بولدى. بۇلار تارماقلارنى بۆزۈپ تاشلاش، چەكلىك رىقابەتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ياراتتى.

ى. پايدىدا لەپ بېرىش، پايدا پەرقىدە ياردەم بېرىش، تۆۋەن ئۆسۈملۈك، ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى تارقىتىش ئارقىلىق ۋىلايەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئۈچۈن بىۋاستە كۈچ چىقاردى.

قەشقەر مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا يار-يۆلەك بولىنىدىغان رايونلارنىڭ بىرى. 12 ناھىيە (شەھەر) دىن 3ى نۇقتىلىق ياردەم بېرىلىدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ۋىلايەتلىك پۇل-مۇئامىلە سىستېمىسى پۇل مۇئامىلىسىنىڭ پېشاڭلىق رولىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، قۇدرىتى يار بەرگەن دائىرىدە يەرلىك ئىقتىسادنى پائال تۈردە تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېزلىكتە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش ئۈچۈن كۆپ ئەمەلىي ئىش قىلدى. خەلق بانكىسى بىۋاستە كونترول قىلغان ئىككى تۈردىكى قەرز پۇل 52 تۈر بولۇپ، قەرز پۇلى 3 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم خاراكتېرىدىكى قەرز پۇل تۈرى 26 بولۇپ پۇلى 21 مىليون 140 مىڭ يۈەن. 1986-يىلى 1-ئايدىن باشلاپ بۇنىڭ ئىچىدىكى 24 تۈرگە 20 مىليون 590 مىڭ يۈەن قەرز پۇلى تارقىتىلدى. ئۆسۈمى 20% تۆۋەنلىدى، پۇل ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار 810 مىڭ يۈەننى ئاز تۆلىدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئاشلىق كارخانىلىرىغا تارقاتقان ئاشلىق سېتىۋېلىش قەرز پۇلىدىن كارخانىلار ئاران 3.3 پىرسەنتنى زىممىسىگە ئالدى. قالغان 3.3 پىرسەنتنى خەلق بانكىسى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا تولۇقلاپ بەردى، بۇ 974 مىڭ 800 يۈەن بولىدۇ. دۆلەتنىڭ نامرات رايونلارغا ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن 1984-يىلى يىپ رەخت، كېۋەز ئۈچۈن تارقاتقان ئۆسۈمسىز قەرز 13 مىليون يۈەن بولۇپ ئۇنىڭ ئۆسۈمىنى خەلق بانكىسى زىممىسىگە ئالدى. ئايلىق ئۆسۈمى 6.6% ھېسابلىغاندا خەلق بانكىسىنىڭ 1986-يىلى سودا سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۈچۈن تۆلىگەن ئۆسۈمى 556 مىڭ 600 يۈەن. يېزىلاردىكى ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئالماشتۇرغان ئامانەت پۇلىغا خەلق بانكىسى ئۆسۈمى 1.5% بويىچە 640 مىڭ يۈەننى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا تولۇقلاپ بەردى. يۇقىرىقى بىر قانچە تۈرنى قوشقاندا جەمئىي 2 مىليون 981 مىڭ 400 يۈەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ۋىلايەتتىكى دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ تېزراق بېيىشى ئۈچۈن ئاپتونوم رايون مۇشۇ ئىككى يىلدا «ئىشنى ھېساب ئورنىغا دەسسىتىدىغان» 120 تۈرنى چۈشۈردى، بانكىغا 30 مىليون 177 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. قەشقەر، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، مارالبېشى تۆت ناھىيە (شەھەر) «ئۈچتە ئېتىبار بېرىلىدىغان ناھىيە» ئىچىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، دۆلەت ھەمكارلىقىدىكى سودىدىكى كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ ھەممىسىدە ئېتىبار بېرىش نىسبىتىنى يۈرگۈزدى، يۈزەكى ھېسابلاشلاردىن قارىغاندا، مۇشۇ تۆت ناھىيە (شەھەر) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىدىكى كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى 1986-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆسۈمىدىن 7 مىليون يۈەندىن ئارتۇقراق كەم بېرىلدى.

پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا 1986-يىللىق ۋەزىيەت كىشىنى خۇشال قىلىدۇ. لېكىن قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن قانائەت ھاسىل قىلىشقا بولمايدۇ. يول ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش كېرەك، راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئامىللارنى، پايدىسىز ئامىللارنى چىقىرىپ تاشلاشتىكى تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىپ چىقىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشىراق ئىشلەپ، ۋىلايىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق، مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى تېزلىتىش لازىم.

(ۋۇلېيشىڭ).

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكا ماتېرىيالى

### (1) ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىناۋەتلىك قەرز كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى | قالدۇق سومما | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقان-كېمەيگىنى ±% | تۈرى | قالدۇق سومما | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقان كېمەيگىنى ±% |
|---|---|---|---|---|---|
| كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى | 28057 | +25.9 | كوچىمە مەبلەغ قەرز پۇلى | 49228 | —1.1 |
| يېزىلىق ئىچىدە: سانائەت<br>سودا | 4392<br>9372 | | يېزىلىق ئىچىدە سانائەت سودا | 3526<br>193 | +35.7<br>+16.7 |
| شەھەر - يېزىلاردىكى ئامانەت پۇلى | 30242 | +38.7 | تەمىنات سودا كوپىراتىپ | 24072 | —13.6 |
| مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل | 7432 | +66.4 | يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل | 3501 | +81.6 |
| يۇقىرىقى ئىچىدە: ئىناۋەتلىك قەرزدىن ئاغدۇرۇلغان سان | 13369 | +19.1 | بۇنىڭدىن يۆتكەلگىنى | 2455 | +157.3 |
| باشقا ئامانەت پۇل | 4500 | | ئېچىش خاراكتېرلىك | 2114 | +87.1 |
| جەمئىي مەبلەغ مەنبەسى | 84389 | +31.6 | جەمئىي ئىشلىتىلگەن مەبلەغ | 58273 | +7.9 |

### (2) نەقپۇل كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى | سوممىسى | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقان - كېمەيگىنى ±% | تۈرى | سوممىسى | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقان - كېمەيگىنى ±% |
|---|---|---|---|---|---|
| تاۋار سېتىش كىرىمى | 36910 | +3.1 | ئىش ھەققى چىقىم | 41014 | +21.8 |
| مۇلازىمەت ئىشلىرى كىرىمى | 5831 | +23.4 | دۆلەت ئىش ھەققى | 23245 | +27.5 |
| باج پۇل كىرىم | 1039 | +18.7 | دۆلەت مۇكاپات پۇلى | 1239 | —25.1 |
| يېزىلاردىكى نەقپۇل كىرىم | 11757 | +3 | يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتنى سېتىۋېلىش پۇلى | 26114 | +11.5 |
| يېزا - بازارلاردىكى شەخسىي تىجارەتچىلەر كىرىمى | 3510 | +94.3 | مەمۇرىي باشقۇرۇش راسخوتى | 7688 | +14.1 |
| ئامانەت پۇل كىرىمى | 39797 | +35.9 | يېزىلاردىكى نەقپۇل چىقىم | 11571 | —4.9 |
| ئاشقى پېرېۋوت كىرىم | 6064 | +11.9 | ئامانەت پۇل چىقىمى | 31642 | +26.8 |
| باشقا كىرىم | 7637 | | باشقا چىقىم | 11928 | +12.7 |
| جەمئىي كىرىم | 112545 | +18.8 | جەمئىي چىقىم | 129957 | +17.7 |

**[ پۇل ئوبوروتى ]** 1986 - يىلى «7 - بەشيىللىق» پىلاننىڭ تۇنجى يىلى، خەلق ئىگىلىكى راۋاجلاندى، ۋەزىيەت ياخشى بولدى. ۋىلايەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 240 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.8 % ئاشتى. بۇنىڭدىن يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9.9 % ئاشتى، سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 21.3 % ئاشتى، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 155 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 25.2 % ئاشتى، بۇ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 17.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش پۇلى 7.5 % ئاشتى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىيەتتە 2.1% ئاشتى، شەھەر - يېزىلاردىكى سودىدا ئالماشتۇرۇلغان پۇل 11.1 % ئاشتى، نەق پۇل ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليارد 125 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 18.8 % ئاشتى، نەق پۇل ئومۇمىي چىقىمى 1 مىليارد 299 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 17.8 % ئاشتى، تارقىتىلغان پۇل پەرقى 163 مىليون يۈەن ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 3 % ئازايتىلدى.

1. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بازارلاردىكى پۇلنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى.

خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارماق بانكىسىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بازارلاردىكى خەلق پۇلىنىڭ تارقىلىش مىقدارىنى 276 مىليون يۈەن قىلىپ تەكشۈرۈپ، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 13.6 % ئاشىدۇ دەپ بېكىتكەنىدى. تەكشۈرۈپ ھېسابلاشتىن قارىغاندا، گۇرۇھلار، ئورۇنلارنىڭ كاسسىدىكى قالدۇق نەق پۇلى 42 مىليون يۈەن بولۇپ 20 % ئاشتى؛ دېھقانلارنىڭ قولىدىكى نەق پۇل 131 مىليون يۈەن بولۇپ، 4.8 % ئاشتى؛ شەھەر-بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاھالىلەرنىڭ (شەخسىي سودا-سانائەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قولىدىكى نەق پۇل 74 مىليون يۈەن بولۇپ، 8.8 % ئاشتى؛ باشقا (كۆچۈپ يۈرگەن نوپۇسلار) نىڭ قولىدىكى نەق پۇل 29 مىليون يۈەن بولۇپ، 93.3 % ئاشتى.

2. 1986 - يىلى بازارلاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت بولۇش مىقدارىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى:

1) بىرلىك سانى كۆپەيدى. گۇرۇھلارنىڭ كاسسىدىكى نەق پۇلى كۆپەيدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ داۋاملىق چوڭقۇر راۋاجلىنىشى بىلەن كارخانىلاردا ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ھېسابات بىرلىكى كىچىكلىدى. سودا تارماقلىرىنىڭ نۇقتىلىرى كۆپەيدى، كاسسىدا ساقلىنىدىغان نەق پۇل كۆپەيدى. تەكشۈرۈپ ھېساب قىلىشتىن قارىغاندا، 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇرۇھلارنىڭ كاسسىدا ساقلانغان نەق پۇل پۇل ئوبوروتىنىڭ 15.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورگانلىرى، قىسىملار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كاسسىدىن نەق پۇلى ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 20% ئاشقان. سانائەت قاتناش كارخانىلىرىنىڭ 66.4% ئاشقان، دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ 25% ئاشقان، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سودىسىنىڭ 43% ئاشقان، يېزىلاردىكى ئىناۋەتلىك قەرز كوپې-

راتىپلىرىنىڭ 51.7% ئازايغان، يېزىلاردىكى يېزا - بازار ئورۇنلىرىنىڭ كاسسىدىكى نەق پۇلى 18.8% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە كەنت ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ 20% ئاشقان.

2) يېزىلاردىكى خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرىچە دارامىتى 303 يۈەنگە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 22.6% ئاشتى، ھەر بىر كىشىنىڭ قولىدىكى ئوتتۇرىچە نەق پۇل ئالدىنقى يىلدىكىدىن بەش يۈەن ئاشتى، دېھقانلارنىڭ قولىدىكى نەق پۇلىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى پۇل ئوبوروت مىقدارىنىڭ 47.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يېزا خەلقىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈش مىقدارى چوڭ، مەھسۇلات تۈرى كۆپ بولدى. مەسىلەن: 1985 - يىلى كىر ئالغۇ يېزىلاردا سېتىلمىغانىدى. 1986 - يىلى بولسا ھەر ئونىنىڭ ئادەمگە سەككىزدىن توغرا كەلدى. يېزىلاردا توك ئىشلىتىش ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاھالىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتىر سايمانلىرى، مەھسۇلاتلىرىدا ئېشىش بولدى، دېھقان ئاھالىلارنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئىستېمال مىقدارى ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 15 خىل كۆپەيدى. دېھقانلارنىڭ ئىستېمالىنىڭ كۆپىيىشى شەھەر - بازاردىكى ئاھالىلاردىن تېز بولۇۋاتىدۇ. بۇ پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3) شەھەر - بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاھالىلارنىڭ پۇل كۆپچى كۆپەيدى، ئىستېمال سەۋىيىسى ئۆستى، يىل ئاخىرىدا قولىدا قېپقالىدىغان پۇل مىقدارى زور بولدى. يىل ئاخىرىدىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى تەخمىنەن 459 مىڭ كىشى بولۇپ قولىدىكى نەق پۇلنى ئالدىنقى يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 8.8% ئاشتى. قولىدىكى پۇل مىقدارى پۇل ئوبوروتى مىقدارىنىڭ 26.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، ئوتتۇرىچە ھەر بىر كىشىنىڭ قولىدىكى پۇل مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21 يۈەن ئاشتى. شەھەرلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر پۇل كىرىمىنىڭ ئېشىشى - ئاساسلىقى ئىش ھەققى خاراكتېرلىك كىرىمىنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن بولدى. نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، شەھەر - بازارلاردىكى ئاھالىلارنىڭ ئوتتۇرىچە بىر كىشىنىڭ تۇرمۇش راسخوتى كىرىمى 612 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6% ئاشقان؛ ۋىلايىتىمىزدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 21.3% ئاشتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1611 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 17% ئاشتى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ، ئەمەلىيەتتە 9.1% ئاشتى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ئىش ھەققىنى تولۇقلاپ تارقاتتى. مۇكاپات پۇلى ئالدىنقى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىن 17% ئاشتى؛ يەنە بىرى ئىشقا ئورۇنلاشقانلار كۆپەيدى. پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى، شەھەر - بازارلاردىكى ھەر بىر كىشىنىڭ تۇرمۇش راسخوتى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغىنى ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە قارىغاندا 11.8% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە تويۇنۇش قىسمى 16.2% ئاشتى، كېيىنىش قىسمى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 48.5% ئاشتى، يېقىلغۇ ماتېرىيال 18.4% ئاشتى، ئىشلىتىلىدىغان قىسمىدىن ئازايغىنى

48% بولدى. سودا ئارماقلىرىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى ئاشتى. كونكرېتنى مەھسۇلات تۈرلىرىدىن ئوتتۇرىچە ھەر بىر كىشىنىڭ ئىستېمال مىقدارى، ئاشلىق 31%، ياغ 30%، قوي-كالا گۆشى 24%، پاختا 22.5%، پاختا رەخت 13%، ۋېلسىپىت 3%، توڭلاتقۇ 6%، قەنت-گېزەك 74%، ئۈنئالغۇ 70%، سوپۇن 8% ئاشتى.

4) تاۋار خاراكتېرىدىكى نەق پۇلنىڭ بانكىغا قايتىپ كېلىشى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ۋىلايىتىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كوپىراتىپ سودىلارنىڭ پۈتۈن تاۋار سېتىش پۇلى 369 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىن ئاران 3.1% ئاشتى، تاۋار خاراكتېرلىك قايتۇرۇپ كېلىنگەن نەق پۇلنىڭ ئومۇمىي نەق پۇل كىرىمىدىكى نىسبىتى 1985-يىلدىكى 37.8 پىرسەنتتىن 1986-يىلى 32.7 پىرسەنتكە تۆۋەنلەپ كەتتى، يانى ھەر يۈز يۈەن نەق پۇل چىقىم قىلغاندا، تاۋارلارنى سېتىش ئارقىلىق قايتۇرۇلغىنى ئاران 28.8 يۈەن بولۇپ يەنە 1985-يىلدىكىدىن 3.78 يۈەن تۆۋەنلەپ كەتتى.

5) شەخسىيلەر ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. شەخسىيلەرنىڭ پۇل ئوبوروتى تېز، پايدىسى كۆپ، قولىدا قېپقالغان پۇل مىقدارى زور بولدى. يىل ئاخىرىدا شەخسىي تىجارەت ئائىلىلەر 31 مىڭ 219 غا يېتىپ ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 18.4% ئاشتى؛ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 48 مىڭ 455 نەپەر بولۇپ 22.5% كۆپەيدى؛ مەبلىغى 34 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 44% ئاشتى، تىجارەت سوممىسى 435 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 154% ئېشىپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە تىجارەت پۇلى 13 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. شەخسىي تىجارەتچى ئائىلىلەر ئىچىدىن 100 نى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، پۇل كىرىمى ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 192% ئاشقان، پۇل چىقىمى ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 63.6% ئاشقان، بىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە پۇلى 1500 يۈەنگە، ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە قولىدىكى پۇلى 281 يۈەنگە يەتكەن، ئادەتتىكى سودا-سانائەتچىلەرنىڭ قولىدىكى نەق پۇل 2-3 مىڭ يۈەنگىچە بولدى. بەزىلىرىنىڭ يۈز مىڭ يۈەندىن، ئايرىملىرىنىڭ بولسا 80-90 مىڭ يۈەنگىچە يەتتى.

6) پۇلنىڭ سىرتقى جايلارغا ئېقىشى كۆپەيدى. سىرتقى ئۆلكە، رايونلاردىن، قەشقەرگە كېلىپ قۇرۇلۇش كوتۇرە ئالغۇچىلار، سەييارە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، باشقا ئىشلار بىلەن پۇل تاپقۇچىلار، ئەتىيازدا كېلىپ قىشتا كېتىدىغان يۆتكىلىپ تۇرىدىغان نوپۇسنى 80 مىڭ ئادەم قىلىپ ھېسابلىغاندا ھەر بىر كىشىنىڭ قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل 360 يۈەن، كۆپرەكلىرىنىڭ 3900 يۈەنگە يېتىدۇ، بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى ئېقىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەككە تىجارەتچىلەر تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندا نەق پۇل ئارقىلىق ھېساب-كىتاب قىلىشىدۇ، پۇلنى ئۆزى ئېلىپ يۈرۈپ سىرتلاردا مال سېتىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ سىرتقا ئېقىشى كۆپەيدى، تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا يىلىغا سىرتقا ئاققان پۇل 100 مىليون يۈەندىن ئارتۇقراق بولغان.

7) پۇل ئامانىتى زور ھەجىمدە ئېشىپ باردى. 40 ئائىلىنى تىپ قىلىپ تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ قويغان ئامانىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 16.3% ئاشقان، شەھەر-بازارلاردىكى ئىشچى-

خىزمەتچىلەرنىڭ قويغان ئامانىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29.4% ئاشقان، ئامانەتكە قاتناشقان سومما ئىش ھەققى كىرىمىنىڭ 31 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت قويۇلغان ئومۇمىي پۇل 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىلدىلا 108 مىليون يۈەن ساپ ئېشىپ، 37% ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ بازارلاردا قويۇلغان ئامانەت پۇل 302 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 38.7% ئاشتى؛ دېھقانلار قويغان ئامانەت پۇل قالدۇقى 97 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 32% ئاشتى؛ شەھەر ـ يېزىلاردىكى ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قويغان ئامانەت سوممىسى 158 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20 يۈەن ئاشتى. ئېشىش نىسبىتى 14.6% بولدى.

ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن ئەھۋالنى تەھلىل قىلغاندا، 1986 ـ يىللىق پۇل ئوبوروت مىقدارىنىڭ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13.6% ئېشىشى ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلانغانلىقى، شەھەر ـ يېزا خەلقىنىڭ پۇل كىرىمىنىڭ كۆپەيگەنلىكى، قولدىكى پۇل ھەجمىنىڭ ئاشقانلىقىدىن بولغان. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پۇل ئوبوروت مىقدارى ئاساسىي جەھەتتىن تاۋار ئوبوروتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن. ئاساسىي جەھەتتىن نورمال بولدى. بىراق سودا تارماقلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىشكە، ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە بازارى ئىتتىك تاۋارلار بىلەن بازارنى تەمىنلەشنى تەشكىللىشىگە، تاۋار خاراكتېرلىك پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشنى كۈچەيتىشكە مۇھتاج؛ بانكىلار پۇل ئامانىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش، شەخسىي سودا-سانائەتچىلەرنىڭ پۇل ئامانىتى خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىشلەش، شۇنىڭ بىلەن ئىناۋەتلىك قەرز بىلەن پۇلنى قايتۇرۇپ، نەقپۇلنىڭ بانكىغا قايتۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم.

(ۋۇ لىيشىڭ).

## [تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇلدى]

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1986 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ قەشقەر تارماق بانكىسى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇ دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرىدىغان كەسپىي بانكىسى بولۇپ، تاشقى پېرېۋوتقا ئائىت بارلىق كەسپلەرھەم خەلقئارا پۇل مۇئامىلە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تارماق بانكا قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەر شەھەرلىك سودا-سانائەت بانكىسىنىڭ تورغات تارماق ئىش بېجىرىش ئورنىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يەنە خولجىراپ چەتئەل پۇلىنى تېگىشىپ بېرىش تۇچكىسى قۇردى. ھەر ئىككى ئېغىزدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇشى، ئېمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىقلاردا قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى.

1. چەتئەل پۇلىنى تېگىشىپ بېرىش خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىنىپ، ساياھەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

خولجىراپ ئېغىزى ئۈچىنچى دۆلەتلەرگە

ئېچىۋېتىلگەن 1986 - يىلدىن بۇيان قەشقەرگە سايادەتكە، ئورۇق - تۇغقان يوقلاشقا كېلىدىغانلار چەت ئەللىك سودىگەرلەر، شىياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار، چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. بىر يىلدىن بۇيان تارماق بانكا ۋە ئىككى ئېغىزدىكى ئاپپاراتلار جەمئىي ئونمىڭدىن ئارتۇقراق ئادەم (قېتىم) كۈتۈۋالدى، تېگىشىپ بېرىلگەن ھەر خىل چەت ئەل پۇلى سايادەت پېرېۋوتى 1 مىليون 880 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 3 مىليون815 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2 مىليون 570 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى؛ تاشقى پېرېۋوت ساپ كىرىم 1 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولۇپ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. خىزمەتلەردە ھەم سىياسەت، تۈزۈم بويىچە قاتتىق ئىش بېجىرىدى ھەم خېرىدارلار ئۈچۈن قۇلايلىق يارىتىپ بەردى، بەلگىلىمە بويىچە چېگرىدىن چىقىدىغان سايادەتچىلەرگە زۆرۈر بولغاندا ئېرىدە پۇل قايتۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىردى، قايتۇرۇلغان پېرېۋوت سوممىسى 77 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. چەت ئەل پۇلىدىن تېگىشىپ ئالماشتۇرۇلغان پېرېۋوت 284 مىڭ يۈەن بولۇپ سايادەتچىلەرنىڭ چېگرىدىن چىقىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلىپ سىرتقا بولغان تەسىر كېڭەيتىلىپ، سايادەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تېزلەتتى.

2. مۇھاجىرلارنىڭ پېرېۋوت خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، قايتىپ كەلگەن مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار تۇغقانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىندى.

1986 - يىلى تارماق بانكىنىڭ مۇھاجىرلار پېرېۋوتىدىن قىلغان كىرىمى 37 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 45% ئازايدى، ئازىيىپ كېتىش ھەجىمىنىڭ مۇنداق زور بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب: قەشقەر ئېچىۋېتىلىپ، چېگرىدىن كىرىش - چىقىش باشقۇرۇش بوشىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، پۇل ئورنىغا ماددىي بويۇم كىرىش ئەھۋالى كۆپىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھاجىرلارنىڭ ئاز بولمىغان تۇغقانلىرى تەستىقلىنىپ چەت ئەلگە چىققانلىقتىن چەت ئەل پۇلى كىرىمى ئازىيىپ كەتتى. لېكىن، تارماق بانكا ئوخشاشلا كۆچىنىڭ بىرىچە قايتىپ كەلگەن مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى، مۇھاجىرلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، كەلگەن ھامانلا بېجىرىش، خاتاسىز بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقتىن قايتىپ كەلگەن مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار تۇغقانلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

3. پېرېۋوتلارنى تەستىقلاش، پۇل ئېلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ چېگرىدىن ۋاقتىدا چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1986 - يىلى ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىن ئۆز خىراجىتى بىلەن ھەج قىلىش ئۈچۈن بارىدىغانلارنىڭ رەسمىيىتىنى يەنىلا قەشقەرگە يىغىپ بېجىرىپ بېرىشنى قارار قىلدى. شىنجاڭ بويىچە تۇغقان يوقلاش، ھەج قىلىشقا بارىدىغان كىشى 1000 نەپەر بولۇپ ھەر بىر كىشى 4000 يۈەندىن خەلق پۇلى تاپشۇردى، پاكىستان تەرەپ بىز تەرەپ بانكىنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىش ۋە كېلىشتە ئايروپىلان بېلىتى قاتارلىقلاردىكى تاشقى پېرېۋوت بىلەن تەمىن ئەتتى، بۇ بىر

تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇلنى قەشقەردىلا تاپشۇردى. 6-ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان 20 كۈندە جەمئىي 89 كىشىگە پىرىۋوت تەستىقلاپ بېرىلدى، ھەر بىر كىشىگە ئۆلچەم بويىچە 1750 ئامېرىكا دوللىرىدىن جەمئىي 153 مىڭ 600 ئامېرىكا دوللىرى بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا دوللىرى سایاھەتچىلىك چېكىدىن 149 مىڭ 300 يۈەن ئامېرىكا دوللىرى، ئامېرىكا پۇلىدىن 4300 يۈەن تۆلەندى، خەلق پۇلىدىن 570 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. تۇغقان يوقلاش، ھەج قىلىشقا بارىدىغانلار 901 كىشى بولۇپ، جەمئىي 3 مىليون 604 مىڭ يۈەندىن خەلق پۇلى تاپشۇردى، مۇشۇ ئىككى تۈردىن يىغىۋېلىنغان خەلق پۇلى 4 مىليون 174 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان نەق پۇل 3 مىليون 360 مىڭ يۈەن، ھېسابقا ئالدۇرۇلغىنى 814 مىڭ يۈەن بولدى. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ زىچ ماسلىشىشى بىلەن پۈتكۈل خىزمەت مۇددىتىنى 12 كۈن بۇرۇن تاماملىنىپ، ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا چېگرىدىن چىقىشىغا كاپالەتلەندۈرۈلدى.

4. تاشقى سودىدا ئىناۋەتلىك قەرز بېرىش خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىپ، سىرتقا قارىتىلغان سودىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.

تاشقى سودا ئىناۋەتلىك قەرز بېرىش خىزمىتىدە بۇ بانكا قەشقەر بىرلەشمە يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش خىزمىتىگە نۇقتىلىق مەدەت بەردى، ئوبوروت سەرمايىسىدىن 2 مىليون 850 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ بۇ زاۋۇتنىڭ شۇ يىلى ئۆزگەرتىلىپ، شۇ يىلىلا ئىشقا كىرىشىشىنى تېزلەتتى. خەلقئارالىق ھېسابات قىلىش جەھەتتە، شۇ يىلى سوۋېت ئىتتـ

ئىمپاقىغا 1 مىليون 500 مىڭ مېتىر گۈللۈك پاختا رەخت ئېكسپورت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. شۇ ئىستاردىيە فىرمىلىكىدىن 2 مىليون 95 مىڭ يۈەن مال پۇلىنى ھېسابقا ئولتۇرغۇزدى. جۇڭگو-پاكىستان چېگرا سودىسىدا ھېسابقا ئولتۇرغۇزۇش جەھەتتە، 1986-يىلى ئىككى تەرەپ ئالماشتۇرغان مال قىممىتى 5 مىليون 500 مىڭ پاكىستان رۇپىيىسى بولدى. كېلىشىم ئىمزالاش كېچىككەنلىكتىن مۇشۇ يىلدا پەقەت بىر قېتىملا ئالماشتۇرۇلدى، ئورۇنلانغان ئومۇمىي سوممىسى 42% ئەتراپىدا بولدى.

(چېن رۇدىڭ، ۋۇ لېشىڭ).

## [ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت بانكىسى قەشقەرنىڭ ئېچىلىش تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى]

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت بانكىسى «ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش» فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئامانەتنى ئاشۇرۇش، مۇلازىمەتنى ياخشىلاش، مەبلەغنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇقىم، كەڭرەك بولغان مەبلەغ مۇھىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل 376 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 97 مىليون 870 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 35% ئېشىپ، پىلان بويىچە ئاشۇرۇلغان 42 مىليون 800 مىڭ يۈەننىڭ 2.3 ھەسسىسىنى ئورۇنلىدى؛ تۈرلۈك ئومۇمىي سومما 220 مىليون 93 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 35 مىليون 270 مىڭ يۈەن ئېشىپ، پىلان بويىچە قوشۇلغان

36 مىليون 110 مىڭ يۈەنلىك 9.77 پىرسەنتكە يېتىپ، پىلان ئىچىدە تېزگىنلەندى؛ قايتۇرۇۋېلىنغان نەق پۇل 68 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 43 مىليون 100 مىڭ يۈەن ئارتۇق قايتۇرۇۋېلىنىپ، 40.5% ئاشۇرۇپ، قايتۇرۇۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى. مەبلەغنى ئاكتىپ توپلاش، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ياخشىلاش جەھەتتە ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

1. ئامانەتنى زور كۈچ بىلەن قوبۇل قىلدى. پۈتۈن بانكىدىكىلەر يۇقىرى - تۆۋەن ھەممىسى «ئامانەت بىرىنچى» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، قەرز بېرىشكە ئېتىبار بېرىش، ئامانەتكە سەل قاراش نۇقتىئىنەزەرىنى ئۆزگەرتتى. كارخانىلارنىڭ مەبلەغدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىشقا ياردەملىشىپ، قەرزنى ئېنىقلاپ ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ۋە يولدىكى سەرمايىلارنى ئىگىلىۋېلىشنى ئازايتىپ، مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كېڭەيتتى. ۋىلايەت بويىچە يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ئارقىلىق ئاشۇرۇلغان كىرىم 4 مىليون 40 مىڭ يۈەن، سۆرەپ كېلىۋاتقان قەرز پۇل 8 مىليون يۈەن ئېنىقلاندى، مۇددىتى توشقان قەرز پۇلدىن 17 مىليون 920 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى، ئىشلەپچىقىرىلغان پىششىق بويۇملار مەبلىغى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.49% تۆۋەنلىدى. مۇلازىمەت خىزمىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشىلاپ، قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ئامانەت كەسپىنى يولغا قويدى، شەخسىي تىجارەتچىلەر پۇنكىتىدىن بىرى تەسىس قىلىندى، ئامانەت قوبۇلۇش پونكىتلىرى 15، تارماق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدىن بىرى، خۇسۇسىي تىجارەتچىلەر بۆلۈمىدىن بىرى كۆپەيتىلدى.

ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىش كەسپىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، ۋاكالىتەن بېجىرگۈچى خادىملاردىن 16 سى، ياردەمچى ئامانەت توپلىغۇچىلاردىن 24 ى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى. يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەر ئارقىلىق تۈرلۈك ئامانەت ھەجمى زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە كارخانىلارنىڭ قويغان ئامانەت پۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29 مىليون 540 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 30% ئاشتى، توپ ئامانەت ئالدىنقى يىلدىكىدىن 64 مىليون 340 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 38% ئاشتى.

2. ئوبوروت مەبلەغ قەرز پۇلى مۇۋاپىق تارقىتىلدى. پۈتۈن يىلدا تارقىتىلغان ئوبوروت مەبلەغ قەرز پۇلى 482 مىليون 820 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتكە ۋە سودىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تارقىتىلغان قەرز پۇل ئالدىنقى يىلدىكىدىن 38.3% ۋە 33.3% ئېشىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋارلارنىڭ ئوبوروتىدىكى نورمال مەبلەغ ئېھتىياجىغا ياردەم بېرىلدى. سانائەتكە سېلىنىدىغان قەرز مەبلىغى توقۇمىچىلىق، تېرە، يېمەكلىكلەر ۋە خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشى، قىسقا مۇساپىلىق مەھسۇلاتلار ۋە مەبلىغى ئالاھىدە بويۇملارنى ئىشلەيدىغانلارغا نۇقتىلىق بېرىلدى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا نىسبەتەن «سېتىش بىلەن قەرزنى بېكىتىش» قوللىنىلىپ، بۇ فابرىكىنىڭ «سېتىش بىلەن مەھسۇلاتنى بېكىتىش» تېزلىتىلىپ مەھسۇلات قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق تەڭشەلدى. سودىغا قەرز بېرىشتە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئېقىملىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە توغرا لىنىيىنىڭ ئىقتىسادىي بىرلەشمىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مە-

دەت بېرىلدى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا مەدەت بېرىلدى. قەشقەر 2 - بالداق ئېلېكتىر ئىستانسىسى قاتارلىق كارخانىلارغا بېرىلگەن ۋاقىتلىق قەرز پۇلنىڭمۇ دەۋرىيلىكى بىر ئايدىن ئۈچ ئايغا سوزۇلدى، ھەممە مەبلەغ بىلەن ئالدىن تەمىنلەش كاپالەتلەندۈرۈلدى، ۋىلايەتلىك مېتال بويۇملار، توقۇمىچىلىق، تۈرلۈك ماللار، قەن، تاماكا، ھاراق قاتارلىقلارنى تۈپ تارقىتىدىغان تۆت پونكىتنىڭ ئالغان قەرزى ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 26.33% ئېشىش بىلەن بىر چاغدا، سېتىۋېلىش، سېتىشمۇ ئايرىم - ئايرىم 5.8% ۋە 7.5% ئاشتى. سودا، ئاشلىق سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن 44 تۈردىكى تۈرلۈك توچكا، ئەسلىھەلەرگە 6 مىليون 75 مىڭ يۈەن مەدەت بېرىلدى، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 4 - پەسىلدە قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر، كونا شەھەر، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ۋە زىيالىي ياشلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودىسىنىمۇ ئۆسۈمدە ئەپ بېرىدىغان قەرز تارقىتىشنى يولغا قويدى، جەمئىي قەرز ئۆسۈمى 769 مىڭ 745.77 يۈەن قايتۇرۇپ بېرىلدى. "ھازىر ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) دىكى مىللىي سودا كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئەپ بېرىدىغان قەرز يولغا قويۇلدى، ھەر يىلى بانكىغا تەخمىنەن 4 مىليون يۈەن ئۆسۈمىنى كەم تۆلەيدۇ.

3. كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئىسلاھاتىغا مەدەت بېرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى. پۈتۈن يىلدا تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىدىن 16 مىليون 87 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى، ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئاشتى، كوللېكتىپ سانائەت ئۈسكۈنىلىرىگە تارقىتىلغان قەرز 2 مىليون 445 مىڭ يۈەنگە، قالدۇق سوممىسى 6 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قەرز بېرىش شەرتىدە چىڭ تۇرۇپ، جانلىق تەڭشەش، ئەلالىرىنى تاللاپ تەمىنلەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. تېخنىكا ئۆزگەرتىش پىلانى بولۇش شەرتى ئاستىدا، كارخانىلار ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، تۈرلەرنىڭ بالدۇر ئىش باشلىشى، بالدۇر ئىشقا كىرىشتۈرۈشىگە مەدەت بېرىلدى. مەسىلەن: قەشقەر كۆئېنلۇن يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ كونسېرۋا سېخىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچ تېپىشىغا چۈشمىگەن ئەھۋالدا، ۋاقىتىدا 180 مىڭ يۈەنلىك پارچە كۆرسەتكۈچ تەڭشەلدى. 3 - پەسىلدە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەنلىك تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن، يەنە 1987 - يىلى ئىشلەتمەكچى بولغان 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن قەرزنىمۇ ئالدىن تەمىنلىدۇق. سودا - سانائەت بانكىسى تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى تارقىتىپ مەدەت بەرگەن تۈرلەر جەمئىي 36، بۇنىڭ ئىچىدىن شۇ يىلىلا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئۈنۈمى كۆرۈلگىنى 16 تۈر بولدى.

(لى مىنخۇي).

**[تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، يەرلىك سانائەتكە مەدەت بېرىلدى]** قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائەت ئاساسى نىسبەتەن ئاجىز، ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كونا بولۇپ، داۋاملىق يېڭىلاپ ئۆزگەرتىشكە مۇھتاج، ۋىلايەت بويىچە خامچوت ئىچىدىكى سانائەت قاتـ

ناش كارخانىلىرىدىن 70 ى بار، ئۇلارنىڭ مۇقىم مۈلۈكىنىڭ ئەسلىدىكى قىممىتى 280 مىليون يۈەن ئىدى. 1986 - يىلى ۋىلايەتتىكى ھەرقايسى كارخانىلار 30 مىليون يۈەنلىك تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى رېكورت ياراتتى. بۇنىڭدىن سودا - سانائەت بانكىسى تارقاتقان تېخنىكا ئۆزگەرتىش قاتارلىق مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى 21 مىليون 117 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پۈتكۈل تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 70 پىرسەنتتىن يۇقىرىراقىنى ئىگىلىدى.

1986 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسى تارقاتقان مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەندىكىدەك يۆنىلىشلەرگە سېلىندى:

1. قاتناش، قۇۋۋەت مەنبەسى، ئېلېكتر كۈچى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق ئاساسىي سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلاش.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاۋار ئوبوروتى ئاساسەن تاشيوللاردا ماشىنا ترانسپورتىغا تايىنىدۇ. 1986 - يىلى سودا - سانائەت بانكىسى تاشيول ترانسپورتىنى يېڭىلاشقا نۇقتىلىق مەدەت بەردى.

ۋىلايەتلىك 2 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ مۇقىم مۈلكى 44 مىليون 480 مىڭ يۈەن ئىدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 710 دانە ئاپتوموبىل بىلەن تىجارەت قىلاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىلاشنى جىددىي كۈتۈپ تۇرغان ئاپتوبۇس، ئاپتوموبىللار تەخمىنەن 60 پىرسەنتنى تەشكىل قىلاتتى. سودا - سانائەت بانكىسى مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇلىنىڭ 312.2 پىرسەنتىنى داۋاملىق تارقىتىپ، بۇ كارخانىنىڭ 25 دانە يۈك ماشىنىسى، 37 دانە ئاپتوبۇسنى يېڭىلىشىغا مەدەت بەردى.

مارالبېشى ناھىيىلىك تارماق بانكا ناھىيىلىك ماشىنا ئەترىتىنىڭ تۆت دانە ئاپتوبۇس سېتىۋېلىشىغا مەدەت بېرىپ 200 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. شۇ يىلى يېڭىدىن كۆپەيگەن مەھسۇلات قىممىتى 162 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېڭىدىن ئاشقان پايدا، باج 70 مىڭ يۈەن بولدى.

ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيالار شىركىتى ماشىنا كالونىۋە يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، پەيزاۋات، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ماشىنا ئەترەتلىرىگە ئاپتوموبىلىنى يېڭىلاش قەرز پۇلىدىن 4 مىليون 250 مىڭ يۈەن تارقاتتى.

ناھىيىلەر باشقۇرۇشىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىغا 1986 - يىلى جەمئىي 200 مىڭ يۈەن قەرز پۇلى تارقىتىپ، توك تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلىشىغا مەدەت بەردى.

يېڭىسار ناھىيىسى يېڭىدىن قۇرۇلغان كوللېكتىپ سانائەت بولغان 2 - سېمونت زاۋۇتىغا ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن ئىككى مىليون يۈەن قەرز پۇلى تارقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يېڭىشەھەرنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتى ۋە مارالبېشى شېغىل تاسقاش مەيدانى ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ مەركەزدىن قاچۇرۇش ماشىنىسى، ئۇۋاقلاش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشقا مەدەت بەردى.

2 - يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، ئاشلىق، ياغ، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىغا ئىش قوشۇش سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى نۇقتىلىق قىلىنىپ مەدەت بېرىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتىدە يىلىغا 1 مىليون 200 مىڭ دەن پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئەسلىدىكى كۆلىمى 30 مىڭ ئورچۇقلۇق بو-

لۇپ، يىلىغا 30 مىليون مېتىر پاختا رەخت ئىشلەپچىقىرالايدۇ. ياپما ئەنلىك بويالغان رەختتىن 20 مىليون مېتىر ئىشلىيەلەيدۇ. ئۇسكۈنىلەرنىڭ زور قىسمى 1950-يىللاردىكى ئۈسكۈنىلەردىن ئىدى. مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئېكسپورت ھەجمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلماي بولمايتتى. 1986-يىلى كەڭ ئەنلىك بويالغان رەختكە ئىش قوشۇش لىنىيىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئۈچۈن سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ ئەسلىدىكى مۇقىم مۈلۈككە يېقىنلىشىپلا قالدى. سودا-سانائەت بانكىسى 5 مىليون 500 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بىلەن تەمىن ئەتتى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك كۆنچىلىك يېمەكلىكلەر زاۋۇتى مېۋە كونسېرۋاسى ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ئۈزۈم كونسېرۋاسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە كەڭ سېتىلىپ قارشى ئېلىندى. بۇ زاۋۇت 1986-يىلى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئېلىپ بارغاندا 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى جۇغلىغىنى 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، قالغانلىرىنى سودا-سانائەت بانكىسى قەرز بېرىپ مەدەت بەردى.

قەشقەر شەھەرلىك مايسانائەت زاۋۇتى ۋىلايىتىمىزدىن كۆپ چىقىدىغان چىگىت يېغىدىن پايدىلىنىپ ئىنچىكىلىك بىلەن تۇجۇپلەپ قاتۇرۇلغان ماي ئىشلەپچىقىرىپ غەربىي شىمال رايونىنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇردى. 1986-يىلى ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ يىلىغا قاتۇرۇلغان مايدىن 1500 توننا ئىشلەپچىقىرىشنى 5000 توننا ئىشلەشكە كېڭەيتتى. سودا-سانائەت بانكىسى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 700 مىڭ يۈەن قەرز تارقىتىپ مەدەت بەردى.

قەشقەر يىپەك زاۋۇتىنى تاشقى سودا سىستېمىسى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندى، يىپەك باشقۇرمىسى ئۆسۈملۈك قەرز پۇلىدىن 2 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ زاۋۇتنى 602 دانە يىپەك تارتىش ماشىنىسى بولغان يۈرۈشلەشكەن زاۋۇتقا ئۆزگەرتكەندى. 1986-يىلى سودا-سانائەت بانكىسى يەنە قەرز بېرىپ مەدەت بەردى.

ئاشلىق، ياغ ئىش قوشۇش جەھەتتە سودا-سانائەت بانكىسىمۇ پائال تۈردە مەدەت بەردى. 1986-يىل ئىچىدە 640 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى.

3. كونا كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتىنى بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرۇشقا ئاكتىپ مەدەت بېرىپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى.

1986-يىلى قەشقەر شەھەرلىك باسما زاۋۇتىغا ئالدىن ئېھتىيات بېرىش بىلەن 50 مىڭ يۈەن قەرز بەرگەندى. كارتون قەغەز ئىشلەپچىقىرىپ، يىل ئاخىرىدا يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتىنى 150 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، پايدا، باج 25 مىڭ يۈەن بولدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ياساش كەسپىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن 1986-يىلى جەمئىي 900 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ مەدەت بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق زاۋۇتى چۆيۈن تۇرۇبا ئىشلىدى، پوسكام ناھىيىلىك ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتى مەھسۇلاتىنى پولات ئەينەككە، يېڭىسار ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى يېلىمسىمان بويۇملارنى ئىشلەشكە ئالماشتۇردى.

(مىڭ شىگلى).

## [رايون بويىچە ئىناۋەتلىك قەرز سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كەسپىي ئەۋزەللىك جارى قىلدۇرۇلدى]

ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى 1986-يىلى ئامانەت توپلاشتىكى مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ، مەبلەغلەرنى مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىتىش جەھەتتە كۈچىنى سەرپ قىلدى. 1986-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بانكىنىڭ تۈرلۈك پۇل ئامانەت قالدۇقى 327 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 61 مىليون 650 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 23.2% ئاشتى. تۈرلۈك ئامانەت پۇللار، بولۇپمۇ شەھەر-يېزىلاردا توپلانغان ئامانەت پۇلدا پەيدىنپەي مۇقىم قەدەمدە ئۆرلەشتەك ۋەزىيەت شەكىللەندى. يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بازارلاردا توپلىغان ئامانىتى 20 مىليون 120 مىڭ يۈەن ساپ ئاشتى. ئومۇمىي قالدۇق پۇل 68 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 41.52% ئاشتى. ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپىدىكى دېھقانلارنىڭ ئامانىتى 24 مىليون 170 مىڭ يۈەن ساپ ئاشتى، ئومۇمىي قالدۇق پۇل 98 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 12 مىليون 760 مىڭ يۈەن ئازايدى. ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپلىرىدىكى تۈرلۈك ئامانەت قالدۇق پۇل 133 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 20 مىليون 660 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 18.34% ئاشتى، تۈرلۈك قەرز قالدۇق پۇلى 14 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 2 مىليون 510 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 21.6% ئاشتى.

1986-يىلى يېزا ئىناۋەتلىك قەرز مەبلەغنىڭ تارقىتىلىش نىشانى ۋە مىقدارى جەھەتتە «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ھەرگىزمۇ بوشاشتۇرماسلىق ۋە كۆپ خىل ئىگىلىكنى ئىزچىل راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، رايون ئىناۋەتلىك قەرز سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، رايونلارنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، نۇقتىلىق ھالدا ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش قەرز پۇلى مەبلىغىنىڭ ئېھتىياجىغا مەدەت بېرىلدى.

1. ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن داۋاملىق كەۋدىلىك مەدەت بېرىلدى. ئادەتتىكىچە قەرز پۇللىرى قىسقارتىلىپ، ئاشلىق، پاختىغا نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قەرز پۇل داۋاملىق ئاشتى. پۈتۈن يىلدا بانكا، ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش راسخوتلىرىغا جەمئىي 70 مىليون 150 مىڭ يۈەن قەرز تارقاتتى. بۇنىڭدىن، ئاشلىق، پاختا ئىككى تۈردىكى ئىشلەپچىقىرىش راسخوتى ئۈچۈنلا 52 مىليون 900 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلدى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9 مىليون 490 مىڭ يۈەن ئېشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش راسخوتى قەرزى ئومۇمىي پۇلنىڭ 75.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، 21.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا بېرىلگەن قەرز پۇل 17 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 470 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 9.42% ئاشتى، پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا بېرىلگەن قەرز پۇل 34 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6 مىليون 830 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 24.5% ئاشتى. پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىش جەريانىدا، ئىلغار تېخنىكىلار

ۋە سوپەتلىك سورتلارنى ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مەدەت بېرىلدى. 760 مىڭ مو يالتىراق يېپىپ تېرىلىدىغان كېۋەز ئۈچۈن كېتىدىغان 30 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئېھتىياج قامدىلىپ قالماي، يەنە 4 مىليون 270 مىڭ يۈەن قەرز تارقىتىلىپ، 12 مىليون 960 مىڭ جىڭ سوپەتلىك كېۋەز ئۇرۇقىنى سېتىۋېلىشقا مەدەت بېرىلىپ، پاختا سوپىتى ئۆستۈرۈلدى، ۋىلايىتىمىزدىكى پاختىكارلارنىڭ كىرىمى 25 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئاشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يەرلىك داڭدار مەھسۇلاتلارغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. پەيزاۋات يېزا ئىگىلىك بانكىسى، ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپى قوغۇن ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 460 مىڭ يۈەن، قوغۇن سېتىۋېلىش ئۈچۈن 3 مىليون 850 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ پەيزاۋاتنىڭ قوغۇنچىلىق ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش ۋە سېتىشىغا مەدەت بەردى.

2. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت (ئوبلاست) نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، باي بولۇش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. نامراتلارنى يۆلەش ئوبوروت قەرز پۇلى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەر قايسى ناھىيىلىك تارماق بانكا، يونكىت، كوپېراتىپلار ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ زىچ ماسلىشىشىغا تايىنىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، تۈرلەرنى ياخشى تاللىدى. نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش پۇلى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق كەسپىي ئاساس قىلىنىپ تارقىتىلدى، ۋىلايەت بويىچە 41 مىڭ 886 ئائىلىگە نامراتلارنى يۆلەش ئىشلەپچىقىرىش ئايلانما قەرزىدىن 13 مىليون 40 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. بۇ، ئاپتونوم رايوندىن ۋىلايىتىمىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن 14 مىليون 500 مىڭ يۈەننىڭ 71.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىققا ئىشلىتىلگىنى 9 مىليون 590 يۈەنگە يېتىپ، تارقىتىلغان پۇلنىڭ 73.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلگىنى 2 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 19.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ بىرلىشىپ قىلىدىغان تىجارىتىگە ئىشلىتىلگىنى 370 مىڭ يۈەن بولۇپ، 2.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ باشقا بىرلەشمە گەۋدىلەرگە ئىشلىتىلگىنى 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، 3.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ۋىلايىتىمىزدىكى ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپلىرى 76 مىڭ 942 ئائىلىگە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش قەرز پۇلىدىن 8 مىليون 940 مىڭ يۈەن تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدىن 22 مىڭ 679 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، ۋىلايىتىمىزدىن 693 نەپەر ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپ كادىرلىرى 32 مىڭ 853 نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئېلىپ، مەبلەغ جەھەتتە مەدەت بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلدى؛ ئەمگەك، تېخنىكا جەھەتتە ياردەم بەردى. ھۆددىگە ئېلىنغان نامراتلار ئائىلىسىدىن 1404 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

3. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەركەز قىلىنىپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بېرىلدى. پۈتۈن يىلدا يېزا - بازار كارخانىلىرىغا تارقىتىلغان توپ قەرز پۇل 7 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ (بۇنىڭ ئىچ-

چىدە خەلق بانكىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تارقىتىلغان 2 مىليون 60 مىڭ يۈەن قەرز پۇلمۇ بار)، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3 مىليون 810 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 55% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈسكۈنە ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇل 4 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2 مىليون 560 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 105% ئاشتى. يېڭىدىن كۆپەيتىلىدىغان قەرز پۇلنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، دېتاللاش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تۈرلەرگە ئايرىپ، رەتكە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق نۇقتىلىق ھالدا يېڭىدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدىغان 18 تۈرگە قەرز پۇلى بىلەن مەدەت بېرىلدى. بۇلار ئىچىدىن يەتتىسى شۇ يىلىلا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

4. دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا مەدەت بېرىلىپ، ئوبوروت يوللىرى جانلاندۇرۇلدى. پۈتۈن يىلدا دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن جەمئىي 344 مىليون 570 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، ئۆتكەن يىلىغا قارىغاندا، 99 مىليون 320 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 40% ئاشتى. بۇنىڭدىن، ئاشلىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز 57 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 35 مىليون 440 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 160% ئاشتى. پاختا سېتىۋېلىش ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇل 286 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 63 مىليون 880 مىڭ يۈەن ئېشىپ، 29% ئاشتى. ئاشلىق، پاختا سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە يەرلىك مال، كۈندىلىك لازىمەتلىك سانائەت بويۇملىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىشنى كېڭەيتىشكە پائال مەدەت بېرىلدى. پۈتۈن يىلدا تارقىتىلغان توپ قەرز پۇل 101 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، قەرز قالدۇق پۇل ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2 مىليون 620 مىڭ يۈەن ئېشىپ، 6.6% ئاشتى.

(ۋاڭ يۈكاڭ).

**[شەھەر - بازارلاردا پۇل ئامانىتى زور مىقداردا كۆپەيدى]** 1986-يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا - سانائەت بانكىسى جاۋ زىياڭ زۇڭلىنىڭ مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان «ئامانەتنى كۆپەيتىش، مۇلازىمەتنى ياخشىلاش، مەبلەغنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش» توغرىسىدىكى ئۈچ تۈرلۈك تەلىپىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، پۇل ئامانىتىنى ھەرخىل چارىلار بىلەن ئاشۇردى. 1986-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر توپلانغان پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇق پۇلى 233 مىليون 860 مىڭ يۈەن، پۈتۈن يىللىق ساپ ئاشقان پۇل 64 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولۇپ، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن ئامانەت توپلاش پىلان كۆرسەتكۈچ 38 مىليون 500 مىڭ يۈەننى 67.1% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 28 مىليون 740 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇردى، ئېشىش نىسبىتى 80.7% بولدى. 1986-يىلى توپلانغان ئامانەتنىڭ ئاشقان قىسمى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ يىللىق ئىش ھەققى خاراكتېرلىك چىقىمى 214 مىليون 770 مىڭ يۈەننىڭ 28.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىن 11.6 پىرسەنتتىن كۆپرەك ئاشتى. 1986-يىللىق توپلانغان ئامانەتنىڭ قالدۇق سوممىسى تۈرلۈك ئامانەتلەر ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 62 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، بانكا ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغىنىڭ ھەم ئىشەنچلىك،

ھەم مۇقىم بولغان ئاساسلىق مەنبەسىدۇر.

1986- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدا توپلانغان ئامانەت پۇلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بىر يىل بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى.

1. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئەھمىيەت بەردى. ھەر قايسى بانكىلار پۇل ئامانىتى— بانكىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى دەپ تونۇپ، پۇل ئامانىتى توپلاشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تۇتتى ھەمدە كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىشچى — خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ئېشىش ھەجمى 17% بولدى. شەخسىيلەردىن پۇل ئامانىتىگە قاتناشقانلارنىڭ پۇلىدا كۆرۈنەرلىك ئېشىش بولدى.

2. توپلانغان پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش ھەجمى زور بولدى. 1986- يىلى ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 مىليون 360 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، 1985- يىلىنىڭ ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاشقان 2 مىليون 970 مىڭ يۈەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەر ئايدا 2 مىليون 390 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى، 80.5% ئاشتى. ئېشىش سانى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئايدا 7 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، بۇ مىسلىسىز يۇقىرى سەۋىيەدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە، قەرەللىك توپلانغان پۇل ئامانىتىنىڭ سالمىقى ئوخشاشلا پۈتكۈل پۇل ئامانىتى قالدۇق سانىنىڭ 85.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

3. 1986- يىلى «قەرەللىك، قەرەلسىز پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى». بۇ خىل يېڭى پۇل ئامانىتى تۈرىدە 7- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ يىل ئاخىرىغىچە ئامانەت قويۇلغان پۇل قالدۇق سانى 208 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پۈتكۈل پۇل ئامانىتى قالدۇق سانىنىڭ 8.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

4. كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن پۇل ئامانەت توچكىلىرى كۆپەيتىلدى. ئۆزلىرى قۇرۇش، ئىشخانىلارنى ئىجارىگە بېرىش، بىرلىشىپ باشقۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن پۇل ئامانەت توچكىلىرىدىن 14 ى كۆپەيدى، بۇ، 1985- يىلىدىكى 33 توچكىنىڭ 42 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

5. مۇلازىمەت ۋاستىسى ياخشىلىنىپ، تەكشۈرۈپ ھېسابلاش سۈپىتى ئۆستى. 1986- يىلى ئېلېكتىرون ماشىنىسى بىلەن ئۆسۈمنى ھېسابلاش ماشىنىسى 40 كە كۆپىيىپ 1985- يىلىدىكى 26 دىن 1.5 ھەسسە ئاشتى، تىجارەتتە ئامانەت ئۆسۈمنى ھېسابلاش ماشىنىسى قوللىنىلىپ ئۆسۈم ھېسابلاش ئاسان ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ ھېسابلاش سۈپىتىنىڭ دەل- خاتاسىز بولۇشى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ئۈنۈم ئۆستۈرۈلۈپ، ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ پۇل قويۇش، ئېلىشتا ساقلاپ تۇرۇش ۋاقتى قىسقارتىلدى.

6. 1986 - يىلى 5 - ئايدا، قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلاردا تۇنجى قېتىملىق «ئامانەت ۋە ئىقتىساتچىللىق» مەزمۇن قىلىنغان قارا دوسكا گېزىتى كۆرگەزمىسى ئېلىپ بېرىلدى، تاماشىبىنلار 50 مىڭدىن ئارتۇقراق كىشىگە يەتتى.

7. پۇكەيدىن چىقىپ، ئۆيگە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش يولغا قويۇلدى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1986 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر قايسى كارخانىلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئائىلىلەرنى ئارىلاپ - يۈگۈرۈپ مۇلازىمەت قىلغانلار 400 ئادەم قېتىمغا يەت-

تى، ئامانەت پۇل سانى 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

(دۇۋەن جېنجېلىڭ).

## [قۇرۇلۇش بانكىسى يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى]

1986 - يىلى، ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش بانكىسى «ماكرولۇق تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، مىكرو جەھەتتە جانلاندۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە قەشقەر رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «مەبلەغ» باشقۇرۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تىجارەت مۇلازىمەت قارىشىنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ توپلاش ۋە ئىشلىتىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا مەدەت بېرىش، خېرىدارلار ئۈچۈن غەم - ئەندىشىنى چىقىرىپ تاشلاش جەھەتتە ئاكتىپ ئىزدىنىپ نەتىجىلەرنى كۆرسىتىپ، نۇقۇل ھالدا قۇرۇلۇش ھالقىلىرىنى باشقۇرۇشتىن تۈرلەرنى دېتاللاش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنى ئۇزارتىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، بانكىنىڭ پىشاڭلىق رولىنى جارى قىلدۇردى.

1. مەبلەغلەرنى زور كۈچ بىلەن توپلىدى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئادەتتىكى پۇل ئامانەت قالدۇق سانى 58 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7 مىليون 580 مىڭ يۈەن ئېشىپ، 12.8% ئاشتى؛ پۈتۈن يىلدا ئادەتتىكى پۇل ئامانىتى سەۋىيىسى مۇقىملىق ئىچىدە ئۆرلىدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قالدۇق سانى 53 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 86.2% ئاشتى.

2. قەرز پۇللار مۇۋاپىق تارقىتىلىپ، يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا مەدەت بېرىلدى. پۈتۈن يىلدا پۇل ئامانىتى جۇغلانمىسىدىن پايدىلىنىپ، تارقىتىلغان ھەرخىل قەرز پۇلى 32 مىليون 920 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق سان 20 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاشتى. مۇقىم مۈلۈك مەبلىغى قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، سانائەت، تاشقى سودا، بىناكارلىق قاتارلىق تارماقلارنىڭ يېڭىدىن كارخانا قۇرۇشى، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشىگە مەدەت بېرىلدى. ئوبوروت مەبلەغ قەرز پۇلى بىلەن نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا مەدەت بېرىلىپ، قەشقەرنىڭ تاۋار ئۆيلىرىنى ئېچىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، كەسىپ دائىرىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىغىچە ئۇزارتىپ، كەسپىي بانكىلار ئارا كەسىپنى ئارىلاشتۇرۇش جەھەتتە دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت (ئوبلاست) نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، باي بولۇشنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قەرزى مەسىلىسىدە، نۇقتىلىق ھالدا ئۆز جايىنىڭ بايلىق مەنبەسى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىشقا بولىدىغان، قۇرۇلۇش مۇددىتى قىسقا، سېلىنىدىغان مەبلەغ ئاز، ئۈنۈمى تېز قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، بېيىش تۈرلىرىگە مەدەت بېرىلدى. مەسىلەن: يېڭىسار ناھىيىسى كۆسەن دەرياسى يېمەك - ئىچمەك زاۋۇتىنىڭ شوخلا مۇراببا زاۋۇتى، يەكەن 2 - يېنىك سانائەت قەغەزچىلىك زاۋۇتى، يېڭىسار 2 - ياغ چىقىرىش زاۋۇتى قاتارلىق تۈرلەرگە مەدەت بېرىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

3. سېلىنغان مەبلەغنى نازارەت قىلىش كۈچەيتىلدى. پۈتۈن يىلدا تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇش خامچوتى (ئەقچوتى) نىڭ ئومۇمىي قىممىتى 45 مىليون 126 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كېمەيتىلگەن باھا قىممىتى 2 مىليون 320 مىڭ يۈەن بولدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي پۈتۈش باھاسىنىڭ 5.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ھەر خىل نامۇۋاپىق چىقىملار 62 خىل، 1 مىليون 213 مىڭ 500 يۈەن بىلەن چەكلىنىپ، دۆلەت ئۈچۈن ئۆتكۈلىنى ئىگىلەپ، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى تېجەپ بەردى.

4. ئىقتىسادىي تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ۋىلايەتنىڭ ئېلېكتر كۈچى، تاشقى سودا، سېمونتقا تارلىق كەسىپلەرنى تەكشۈرۈپ، ئەقىلغا مۇۋاپىق تەكلىپلەر بېرىلدى. يولغا قويۇشقا بولىدىغان تۈرلەر مۇھاكىمە ۋە دىتلاشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 14 تۈر بويىچە «دەلىللەش ئېلىپ باردى» بۇ تۈرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز جايىنىڭ مول بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ قۇرۇلىدىغان تۈرلەر بولۇپ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، يېمەك ـ ئىچمەك، خورۇم ئىشلەش، قەغەزچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرگە چېتىلىدۇ. ھەل قىلغۇچ سىنىپاسەتلەرنى تۈزۈش ئاساسلىرى بىلەن تاكتىپ تەمىن ئېتىپ، تىرىشىپ مەبلەغ سېلىش تەدبىرنى ئىلمىي ئاساس ئۈستىگە تۇرغۇزدى.

(چېن تاۋ).

## [خەۋپسىزلەندۈرۈش خىزمىتى]

ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركەتلىرى 1985-يىلدىن بۇيان خىزمەتنى ئىلگىرىلىگەندەك چوڭ خەۋپسىزلەندۈرۈشنىلا تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئارقاق خاراكتېرلىك خەۋپسىزلەندۈرۈش كەسىپلىرىگە يۈزلەندى. ئاساسىي زېمىنى بىلەن شەھەرلەردىكى كەسىپلەرنى تۇتۇشتىن بىرلا ۋاقىتتا يېزىلارنى تۇتۇش كەسپىگە يۈزلەندى. مۇھىم قىلىپ كەسىپلەرنى تۇتۇش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئىچكى ئىگىلىك باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇشقا يۈزلەندى؛ رەھبەرلىك بەنزە قوشۇن قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. شۇ ئارقىلىق خەۋپسىزلەندۈرۈش دائىرىسى شەھەرلەردىن يېزىلارغا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن كوللېكتىپ كارخانىلىرى ۋە شەھەر ـ يېزا ئائىلىلىرى، شەخسىيلەرگىچە كېڭەيدى. كارخانا مەشغۇلاتلىرى، ماتورلۇق ماشىنىلار خەۋپسىزلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىپ بېجىرىشتىن ئۆۋەتتە 22 خىل خەۋپسىزلەندۈرۈش تۈرىگە تەرەققىي قىلدى، ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش تورچىلىرى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى. خەۋپسىزلەندۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولىنى تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر تونۇپ يەتتى، خەۋپسىزلەندۈرۈش خىزمىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

1986 ـ يىلى ۋىلايىتىمىزدە خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتناشقان قالدۇق سومما 128 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلقى 98 مىليون يۈەندىن 30 مىليون يۈەن ئاشتى. بۇنىڭدىن: كارخانىلارنىڭ خەۋپسىزلەندۈرۈلگەن مال ـ مۈلكى 506 مىليون يۈەنگە يېتىپ، خەۋپسىزلەندۈرۈش دائىرىسى 76 پىرسەنتكە يەتتى. تۈرلۈك خەۋپسىزلەندۈرۈش شەكىللىرى بويىچە قىلىنغان خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى 4 مىليون 273 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن يىللىق پىلان 3 مىليون 930 مىڭ يۈەندىن 108.7% ئورۇنلاندى، ئۆتكەن يىلى بىلەن سېلىشتۇر-

غاندا، خەۋپسىزلەندۈرۈش كۆلىمى 743 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ 21.84% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خەۋپسىزلەندۈرۈلگەن مال-مۈلۈك پۇلىدىن قىلىنغان خەۋپسىزلەندۈرۈش 3 مىليون 785 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن پىلان 3 مىليون 800 مىڭ يۈەننىڭ 99.6% تى ئورۇنلاندى. جىسمانىي جەھەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققىدىن قىلىنغان كىرىم 488 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن يىللىق پىلان 130 مىڭ يۈەن، 375.4% ئورۇنلاندى.

بىر يىلدىن بۇيان، خەۋپسىزلەندۈرۈش خىزمىتى تولەپ بېرىشنى تەشكىللەش، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئاپەت ۋەقەلىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش، قۇتقۇزۇش مەبلىغى توپلاش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى. پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل تولەپ بېرىلىدىغان دېلولاردىن 1683 قېتىم سادىر بولدى، يىل ئاخىرىغا قەدەر تولەپ بېرىلگەن دېلو 1532 گە يېتىپ، تولەپ بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 256 مىڭ يۈەنگە، تولەپ بېرىش نىسبىتى 57 پىرسەنتكە يەتتى، جىسمانىي جەھەتتىن خەۋپسىزلەندۈرۈلگەنلەرگە تولەپ بېرىلگەن پۇل 2 مىليون 256 مىڭ يۈەنگە، تولەم نىسبىتى 5.71 پىرسەنتكە يەتتى.

(ياۋ جاۋ شېڭ).

**[يېزىلاردىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ مال - مۈلۈكى خەۋپسىزلەندۈرۈلدى]** ۋىلايەتلىك خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى 1985 - يىلدىن باشلاپ، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن پەيزاۋات، مارالبېشى، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، يېڭىسار قاتارلىق بەش ناھىيىدىكى 950 نامرات ئائىلىنىڭ ئۈچ يىللىق مۇددەت بىلەن ئائىلە مال - مۈلۈكىنى خەۋپسىزلەندۈرۈشنى ھۆددىگە ئالدى. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئاپەتتىن قۇتقۇلدۇرۇش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش سوممىسىدىن 47 مىڭ 400 يۈەن ئاجرىتىپ خەۋپسىزلەندۈرۈش پۇلىنى ۋاكالىتەن تاپشۇردى. خەۋپسىزلەندۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن چاغدا مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شوركۆل سۇ ئامبىرى يار ئېلىپ كېتىپ، دۆلەتباغ چارۋىچىلىق مەيدانىنى سۇ بېسىپ كەتتى. مارالبېشى ناھىيىلىك خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى بىلەن خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار دەرھال نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، زىياننى ئېنىقلاپ، نامراتلارنى خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتناشقان بەش دېھقان ئائىلىسىنىڭ 4300 يۈەن ئىقتىسادىي زىيىنىنى تولەپ بەردى. خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، نامرات ئائىلىلەرنى خەۋپسىزلەندۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرمىگەن ناھىيىلەر ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسىغا نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش پۇلى بىلەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ مال - مۈلۈكىنى خەۋپسىزلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتى؛ خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتناشمىغان دېھقانلار بەس - بەس بىلەن قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى.

1986 - يىلى، ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى باشقارمىسى 67 مىڭ 500 يۈەن ئاجرىتىپ، قەشقەر، كونىشەھەر، يېڭىسار، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، پەيزاۋات، تاشقورغان قاتارلىق يەتتە ناھىيە (شەھەر) دىكى 4500 نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئائىلە مال - مۈلۈ-

# سودا، تەمنات - سودا كوپېراتىپ

**[سودا سىستېمىسى توغرا لىنىيەنىڭ ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يول ئېچىپ تىجارەت قىلدى]** 1986 - يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى سودا سىستېمىلىرى توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىر چوڭ ئىش قىلىپ تۇتۇپ، رايون بىكىنمىچىلىكىنى پا ئال بۇزۇپ، «ئۆچتە تۇراقلىق» بولۇش مودېلىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، ئىزدىنىپ يېڭىچە سودا تىجارەت شەكلى ھەققىدە ئىزدەندى.

1. سودا ئالاقىسى: بىر يىلدىن بۇيان ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر قايسى شىركەتلەر ئۆز رايونى، ئۆز سىستېمىسىنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىش يوللىرىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، رايون، ئۆلكە، سىستېما، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىن ھالقىپ ئۆتكەن

كىسىنى خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتنىشىشقا بەردى. يەكەن، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەردىكى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىمۇ بىر قىسىم ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش پۇلى ئاجرىتىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ خەۋپسىزلىنىشكە قاتنىشىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 9900 نامرات ئائىلە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ خەۋپسىزلەندۈرۈش پۇلىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇشى بىلەن خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتناشتى، بۇ نامرات ئائىلىلەر ئومۇمىي سانى 36 مىڭ 997 ئائىلىنىڭ 26.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. دېھقانلار ئۆزلىرى پۇل تۆلەپ، يېزىلاردىكى ئائىلە مال - مۈلۈكىنى خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتناشقانلارنى قوشقاندا جەمئىي 118 مىڭ 900 ئائىلىگە يەتتى.

خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركەتلىرى بىلەن خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى زىچ ھەمكارلىشىپ، ھەر قايسى ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئاپەتتىن بۇرۇن ئىشلەپ، قۇتقۇزۇش پۇلىدىن بىر بۆلۈك ئاجرىتىپ خەۋپسىزلەندۈرۈش چوغلانمىسى قىلىپ تاپشۇرۇۋەتسە، ئاپەتتىن كېلىپ چىققان زىياننى خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتىگە ئىتتىرىپ قويسىلا، ئاپەتتىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىدىن خالىي بولالايدۇ. خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتناشقان نامرات ئائىلىلەر خەۋپسىزلەندۈرۈش مەزگىلىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تۆلەم ئالغان ياكى ئالمىغان بولسۇن، خەۋپسىزلەندۈرۈش مۇددىتى توشقاندا خەۋپسىزلەندۈرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن چوغلانما پۇلىنىڭ ھەممىسىلا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. داۋاملىق خەۋپسىزلەندۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرسىمۇ بولىدۇ. بۇ «بىر قېتىم پۇل تاپشۇرۇپ، ئۇزۇن مۇددەت خەۋپسىزلىنىش» دەپ ئاتىلىدۇ، مەيلى ئاپەت بولسۇن- بولمىسۇن، ھەممە ئائىلە خاتىرجەم بولىدۇ. ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشتا ئورتاق مەسئۇل بولىدۇ. خەلققە، ئۆزىگە، دۆلەتكە پايدىلىق بولىدۇ.

(ياۋچاۋشىڭ).

يېڭىچە سودا سېتىۋېلىش ــ سېتىش يوللىرىنى زور كۈچ بىلەن ئاچتى، مال كىرگۈزۈش توچكىلىرى پۈتۈن شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى 10 نەچچە ئۆلكە (شەھەر) لەرگە تارقالدى. ئالماشتۇرۇلغان پۇل سانى بىر قانچە 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. ۋىلايەتلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتىنى مىسال قىلساق ئۇلار ئىلگىرى ـ ئاخىر 13 قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر خىل مال تەمىنلەش يىغىنى، كۆرسىتىپ سېتىش يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى 273 زاۋۇت ۋە سودا ئورۇنلىرى بىلەن مال سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىدى. پۈتۈن يىلدا سىرتتىن سېتىۋېلىنىپ كىرگۈزۈلگەن تاۋارلار 108 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 30% ئاشتى. تىجارەت تۈرى 11 مىڭ خىلغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 700 خىلدىن كۆپرەك كۆپەيدى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ كان رايونى سودا شىركىتى بىلەن نېفىت قوماندانلىق شتابى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى «جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش سودا سارىيى» نى بىرلىشىپ باشقۇرۇپ، بىر يىلدا 1 مىليون 490 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىپ، 100 مىڭ يۈەنگە يېقىنراق باج ـ پايدىنى ئىشقا ئاشۇردى. كونىشەھەر ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى بىلەن قەشقەر شەھەرلىك پاختا ـ كەندىر شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلەشمە سودا دۇكىنى ئاچتى، يىللىق مال ساتقان پۇل 310 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 60 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدىنى ئىشقا ئاشۇردى.

ۋىلايەتلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى تۇرپان تۈرلۈك ماللار پونكىتى ئۇيۇشتۇرغان پۈتۈن شىنجاڭدىكى توپ تارقىتىش كارخانىلىرى بىرلەشمە جەمئىيىتىگە قاتناشتى. قاغىلىق، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيىلەردىكى تۈرلۈك ماللار شىركەتلىرى بىرلىشىپ سېتىۋېلىپ، بىرلىشىپ سېتىپ ھەم تاۋاردىكى ئارتۇق ـ كەملەرنى تولۇقلىدى ھەم سودا ئوبوروتى راسخوتىنى تۆۋەنلەتتى.

پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە بىر يىلدىن بۇيان ھەر خىل تۈردىكى بىرلەشمە كۆرسىتىپ سېتىش يەرمەنكىلىرىدىن 30 نەچچە قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. ۋىلايەتتىكى شىركەتلەر بىلەن سودا دۇكانلىرى بىرلىشىپ ئاچقانلىرىمۇ، ناھىيە (شەھەر) لىك شىركەتلەر بىلەن سودا دۇكانلىرى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەنلىرىمۇ بار. كۆپ خىل تاۋارلارنى كۆرسىتىپ ساتقانلىرىمۇ بار، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تاۋارنى كۆرسىتىپ ساتقانلارمۇ بار.

ھەر قايسى كەسپىي شىركەتلەر بىر تۈركۈم تاۋارلارنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا دۇكانلىرى، ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى ۋە باشقا سودا تور ـ تۈگۈنلىرىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىشىغا بېرىپ ھېساباتنى قەرەللىك ئېلىپ باردى. مەسىلەن: ھېيتگاھ سودا دۇكىنىنىڭ ۋاكالىتەن ساتقان تاۋارلىرىلا بىر قانچە يۈز مىڭ يۈەنگە يەتتى. قاغىلىق ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى يەنە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ھەرىكەتچان، جانلىق بولۇشى، ئالاقىلىشىش دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، 62 يەككە تىجارەتچىنىڭ يۈرت ئارىلاپ سېتىشى ئۈچۈن تاۋار ماللار بىلەن تەمىن ئەتتى.

2. سودا ـ سانائەت بىرلىشىش: ھەر دەرىجىلىك سودا تارماقلىرى پائال تۈردە زاۋۇتلاردىن مال كىرگۈزۈپ، يېڭىدىن مال كىرگۈزۈش ھۇناسىۋىتىنى ئورناتتى، مال كىرگۈزۈش سوممىسى 10 نەچچە مىليون يۈەن ـ

ىگە يەتتى. ئۇ كىركۈزۈلگەن مال قىممىتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلدى.

ۋىلايەتلىك پاختا توقۇمىچىلىق، تۆرلۈك مال، قەن، تاماكا، هاراق شىركەتلىرى بىلەن قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، كۆنېلۇن يىپەكچىلىك زاۋۇتى، تىبىئەتچىن بىرلەشمە هاراق زاۋۇتى، سوپۇن زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار كېلىشىم ئىمزالاپ، يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى بىرلىشىپ ساتتى. 1986 - يىلدىكى يەرلىك سانائەت بويۇملىرىنى سېتىۋېلىشتا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. مەسىلەن: سېتىۋېلىنغان ئۆزۈم هارىقى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 52% ئاشتى؛ سېتىۋېلىنغان شامپانىسكى ئۆتكەن يىلدىكىدىن 15 ھەسسە، سېتىۋېلىنغان پاختا رەخت 25 مىليون 820 مېترغا يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 40% ئاشتى؛ سېتىۋېلىنغان سەلەركە 6462 توننا؛ سېتىۋېلىنغان سوپۇن 7442 ساندۇققا يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 63.5% ئاشتى ھەمدە باۋجىشەھىرىگە يۆتكەپ ئاپىرىلىپ، كۆرسىتىپ سېتىلدى. قەشقەر شەھەرلىك سودا تارماقلىرى بىلەن قەشقەر شەھەرلىك مىللىي رومال ئىشلەش زاۋۇتى، كىيىم - كېچەك فابرىكىسى، بالىلار كىيىم - كېچەكلىرى زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى خورۇم ئاياغ زاۋۇتى بىلەن بىرگە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرسىتىپ سېتىش يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈپ، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى ئاچتى.

ۋىلايەتلىك يىپ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى شىركىتى جياڭسۇنىڭ شاجوۋ بوياقچىلىق زاۋۇتىغا 940 مىڭ يۈەن مېتىر پاختا رەختنى بوياشقا هاۋالە قىلدى؛ يەكەن تۆرلۈك مال شىركىتى خوتەن يىپەكچىلىك زاۋۇتىنىڭ 20 توننا بۇرۇقچىنىغا ئىجۇغا يۆتكەپ بېرىپ ئىش قوشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ياقتۇرىدىغان يىپەك تاۋارلارنى ئىشلەپچىقاردى.

قەشقەر شەھەرلىك سانائەت بويۇملىرى دوستلۇق سودا سارىيى 2 - ۋە 3 - قەۋەتلەردە شاشى شەھىرى، دەندۇڭ شەھەرلىرىنىڭ يېنىك سانائەت ماللىرىنى كۆرسىتىپ ساتتى، يىللىق سېتىش مىقدارى 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

3. دېھقانچىلىق بىلەن سودا بىرلىشىش:

ۋىلايەتلىك يىپەكچىلىك شىركىتى توخۇچىلىق مەيدانى بىلەن توختام ئىمزالاپ، يىپەكچىلىك شىركىتى يەم بىلەن تەمىن ئەتتى. توخۇچىلىق فېرمىسى مۇددەت بويىچە 100 توننا تۇخۇم بەردى؛ قەشقەر شەھەرلىك ئوتياش شىركىتى ئوتياش تېرىغۇچى دېھقانلار بىلەن توختام ئىمزالاپ، شىركەت ئوتياشچى دېھقانلارنى تاختاي باھاسىدا ئاشلىق، خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلىدى. ئوتياشچى دېھقانلار ۋاقتىدا ئاسان سۈپەتلىك ئوتياشلارنى تاپشۇردى. شەھەر - يېزىلار ئىش تەقسىماتى بۇزۇپ تاشلىنىپ، يېزا سانائەت بويۇملىرى بازىرىنى ئېچىش 1986 - يىلدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدىكى نۇقتىلىق ئىسلاھاتلارنىڭ بىر تۈرى بولدى. يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزگە تارقالغان تور - تۈگۈنلەر 15 كە يېتىپ، سېتىش سوممىسى 1 مىليون يۈەنگە يەتتى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت- ئوبلاستلار، ئالىي قاتارلىق جايلاردا سېتىش نۇقتىلىرى بار. پەقەت ۋىلايەتلىك تۆرلۈك ماللار شىركىتىنىڭلا 80 بولۇپ، يىللىق سېتىش سوممىسى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەتلىك بەش خىل مېتال شىركىتىنىڭ ئا-

ئىلە ئېلېكتىر تاۋارلىرى شىمالىي شىنجاڭ بازارلىرىغا كىرىپ، پۈتۈن يىلدا 5 مىليون 260 مىڭ يۈەنلىك مال ساتتى. ۋىلايەتلىك ئىلما توقۇلما شىركىتى تۇنجى قېتىم تيەنجىن، شېنياڭ قاتارلىق رايونلاردىكى خېرىدارلارنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ يەرلىكنىڭ ساپ پاختا رەختىنى تەمىنلەش يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇردى، ئۇلارغا كۆرۈپ، تاللاپ سېتىۋېلىش ئارقىلىق 26 مىليون مېتىردىن كۆپرەك توختام تۈزۈلۈپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى شىنجاڭدىن چىقىرىپ، خەلقئارا بازارغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك سىناق ئېلىپ باردى. قاغىلىق ناھىيىلىك تۈرلۈك مال شىركىتى خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسىنىڭ يېزا- بازار كارخانىسى ئىدارىسىغا قاراشلىق تەمىنات-سودا شىركىتى بىلەن مال بىلەن تەمىنلەش توختىمى تۈزۈپ، ئۇلارغا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ بېرىپ (ئۈچ يىلدا قايتۇرۇدىغان، ھەر يېرىم يىلدا ئۆسۈمىنى بېرىدىغان)، ھەر يىلى 500 مىڭ يۈەنلىك مال كىرگۈزدى.

بىر يىلدىن بۇيان، توغرا لىنىيىلىك ئالاقە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يول ئېچىپ تىجارەت قىلىش يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سودا خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت شەكىللەندى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستى، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 208 مىليون 350 مىڭ يۈەنلىك مال كىرگۈزۈلۈپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 45% ئاشتى، جەمئىي 282 مىليون 570 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىلىپ، ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىن 7.07% ئېشىپ، (سودا، كارخانا) 11 مىليون 410 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىپ ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 2.86% ئاشتى.

(شارۇك جىن).

**[خونجىراپ ئېغىزىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى قەشقەرنىڭ بازىرىغا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى]** جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى يېپەك يولىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، 1982 - يىلىدىن باشلاپ خونجىراپ ئېغىزىنى قايتىدىن ئاچقانىدى. 1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يەنە ئۈچىنچى دۆلەتكە ئېچىۋېتىلدى.

خونجىراپ ئېغىزى ئۈچىنچى دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ھەر قايسى ئەللەردىن سەيلە - ساياھەتچىلەر، سودىگەرلەر، دىپلوماتلار ئارقا - ئارقىدىن كەلدى. يوللارنى قار- مۇز توسۇۋالمايدىغان 5 - ئايدىن 11 - ئايغىچە بولغان قىسقىغىنە يېرىم يىل ۋاقىتتا، بەش قىتئەدىكى 45 دۆلەت ۋە رايوندىن خونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق كىرىپ چىققان سەيلە - ساياھەتچىلەر 21 مىڭ 502 نەپەر (قېتىم) غا يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن سەككىز ھەسسە، 1985 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

ئېغىزنىڭ ئېچىۋېتىلىشى، ھەممىدىن ئاۋۋال چېگرا شەھىرى بولغان قەشقەر شەھىرىنىڭ بازىرىغا ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى ساتقان تاۋار مىقدارى 1985 - يىلدىكىدىن 7.51% ئېشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەت ئوبلاستلار ئىچىدە تەرەققىيات سۈرئىتى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ 17.6% ئاشتى. ۋىلايەت بويىچە يەككە سودا- ساناتچىلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 1985 - يىلدىكىدىن 103.5% ئاشتى. كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلىك سودا ئورۇنلىرىنىڭ تاۋارلارنى سېتىش مىقدارىمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيدى.

تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئېغىز ئېچىۋېتىلگەن يېرىم يىل ئىچىدىلا 8 مىليون يۈەنلىك تاۋار ئېكسپورت قىلىندى. بۇ تاۋارلارنى ئاساسەن پاكىستان سودىگەرلىرى پارچە سېتىش دۇكانلىرىدىن پارچە سېتىلىش باھاسى بويىچە سېتىۋالغان. بۇ قەشقەر شەھىرىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدە ساتقان تاۋار مىقدارىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىغا تەڭ كەلدى. 2 مىليون 120 مىڭ يۈەنلىك تاۋار ئىمپورت قىلىندى. بۇ ماللارنى پاكىستان سودىگەرلىرى شۇ جايدىكى يەككە تىجارەتچىلەرگە توپ باھاسى بويىچە سېتىپ بەردى ياكى ئۆزى بىۋاستە ساتتى. بۇ قەشقەر شەھىرىدىكى يەككە تىجارەتچىلەر ئوخشاش مەزگىلدە ساتقان تاۋار سوممىسىنىڭ 27.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئېكسپورت قىلىنغان تاۋار ئىچىدە توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى تۈرىدىكى ماللار تەخمىنەن 50% بولۇپ، بىرىنچى ئورۇندا تۇردى. (3 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا) ئاق شايى، جۇەن ۋېيلىڭ شايى، توغرا يوللۇق ئاق تاۋار، گۈللۈك دۇردۇن قاتارلىقلار ئاساسلىق بولۇپ، جەمئىي 720 مىڭ مېتىر ھەرخىل رەخت ئېكسپورت قىلىندى. كەشتىلەنگەن تاۋار يوتقان تېشى، پاختىدىن ئارىلاش كارىۋات ياپقۇ، كىرلىك، قىزىل يىپ ئەدىيال، تاۋار ياغلىق، گۈل چىقىرىلغان شىرە ياپقۇ، مەشۇلارمۇ مەلۇم سانىنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: پاكىستانلىق بىر سودىگەر پامىر سوداسارىيى ئۆتكۈزگەن كارىۋاتقا كېرەكلىك بۇيۇملار يەرمەنكىسىدە بىر قېتىمدىلا 4900 يۈەنلىك كىرلىك سېتىۋالغان. ئىككىنچى خىللىرى تۆرلۈك ماللار تىپىدىكى بولۇپ، تەخمىنەن 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن قىممىتىدە كېلىدۇ. پەقەت ناسۇسلۇقچا يىداندىن 11 مىڭ 620 يېشىك سېتىۋالغاندىن باشقا يەنە 1140 دانە ناسۇسلۇقچا يىدان سېتىۋالغان، 12 مىڭ دانە ھەرخىل قەلەم، ماي قەلەم سېتىۋالغان. ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى مېتال بۇيۇم تۈرىدىكىلىرى بولۇپ، 1 مىليون يۈەنگە يەتكەن، بۇ تاۋارلار ئىچىدە، ئاساسلىقى كۆلۈچ، پولات سىم ئامبۇرى، تۇرۇبا، سىر چوتكىسى، ئۈچ قىرلىق ئىگەك، پولات ھەرە قاتارلىقلار بار. پاكىستان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، چوشقا چەكلەنگەن دۆلەت بولغاچقا (چوشقا يايلىنى ئىمپورت قىلمايدۇ ۋە بۇنداق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەتمەيدۇ) شۇڭا، پاكىستان سودىگەرلىرى سىر چوتكىسىنى زور مىقداردا سېتىۋالدى. 1986 - يىلى قەشقەر مېتال، قاتناش، توك مەھسۇلاتلىرىنى ئىككىنچى دەرىجىلىك توپ تارقىتىش پونكىتىدا مېتال بۇيۇم تىجارىتىدىكىلەرنىڭ سېتىلىشى 1985-يىلدىكىدىن 22.6% ئاشتى. باشقا تاۋارلارغا قارىغاندا، ئېشىش سۈرئىتى بىر ھەسسىدىن يۇقىرىراق بولدى. سىر چوتكىسى 1985 - يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسە، ھەرىكەتلىنىدىغان كۆلۈچ بىر ھەسسە كۆپ سېتىلدى. مېتال سايمانلىرىدىن باشقا ۋېلسىپىت زاپچاسلىرىمۇ خېلىلا سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. تۆتىنچى، يەرلىك ماللار 500 مىڭ يۈەنلىك سېتىلدى. ھەرخىل چىنە قاچىلار 5 مىڭ يېشىك، بۇنىڭ ئىچىدە تاماق سايمانلىرى 3348 يېشىك، 170 مىڭ يۈەنلىك گۈللۈك لوڭقا، 260 مىڭ يۈەنلىك قەشقەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە ئالاھىدە بۇيۇملار چەت ئەللىك سەيلە-ساياھەتچىلەر تالىشىپ سېتىۋالىدىغان ماللاردىن بولۇپ قالدى. دوپپا، پىچاق، گىلەم، ئەتلەس، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى، ھەرخىل زىبۇ-زىننەت بۇيۇم-

لىرى ھەمدە زېرە قاتارلىقلار خەلقئارا بازارلارغا كىردى.

ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ئىچىدە: پاكىستاندا ئىشلەنگەنلىرىمۇ، ياپونىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كىرگۈزۈپ بېزەك ئېلىپ كەلگەنلىرىمۇ بار. ئاساسلىق مەھسۇلاتلار يىپەك ھەمدە خىمىيەۋى تالادىن توقۇلغان يۇزلۇكلەر بولۇپ، 30 — 40 خىلغا يېتىدۇ. يەنە ھەرخىل باش ياغلىقلىرى، خىمىيەۋى تالادىن توقۇلغان ئۇزۇن پايپاق، كىيىم بويۇملىرى، زىبۇ — زىننەتلەر، تاماكا قاتارلىقلار بار. قەشقەر شەھىرىدىكى يەككە سودا — ساناتچىلەرنىڭ تىجارىتىدە يىپەك رەخت ئاساسىي گەۋدە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان يىپەك رەخت تەخمىنەن يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بەزى يەككە تىجارەتچىلەر پۈتۈنلەي ئىمپورت قىلىنغان مال بىلەن تىجارەت قىلىدۇ، چەت ئەلنىڭ يىپەك رەختلىرى، كالۇۋۇتۇن تارتىلغان، پارقىراپ تۇرىدىغان بىرىكمە خىمىيەۋى تالالىق يىپەك رەخت بولۇپ، ئۇنىڭدىن قويۇق ئەرەب ئىسلام پۇرىقى چىقىپ تۇرغاچقا بۇ يەردىكى ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە باپ كېلىدۇ. بازاردا ھەرخىل — ھەر ياڭزا ماللار بولۇپ، باھاسىمۇ پەرقلىق بولغاچقا قەشقەر بازىرىنى جانلاندۇرۇۋەتتى.

ئېغىزنىڭ ئېچىۋېتىلىشى يالغۇز قەشقەرنىڭ ئىچكى بازىرىنى جانلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى قاتناش، مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ مۇھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى. دەسلەپكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، قەشقەر سەيلە — ساياھەتچىلەر جەمئىيىتى، مېھمانخانا، قاتناش — ترانسپورت، سودا، مۇلازىمەت ئىش-لىرى قاتارلىق تارماقلار تاپقان تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 4 مىليون 100 يۈەنگە، خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 370 مىڭ يۈەنگە، چەت ئەللىكلەرنىڭ قەشقەردە ئېگىشكەن چەت ئەل پېرېۋوتىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 3 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، تاموژنا ئالغان تاموژنا بېجىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 2 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، تاشقى پېرېۋوت ئومۇمىي كىرىمى 10 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

(گۇاڭ يى چۇ).

**[كىچىك تىپتىكى سودا كارخانىلىرىنى قويۇۋېتىپ تىجارەت قىلىنىش ئەھۋالى]** كوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن 1985 - يىلدىن باشلاپ، ۋىلايىتىمىزدە يىللىق پايدىسى 80 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولىدىغان پارچە سېتىش، ئىچىملىك مۇلازىمىتى، يېمەكلىكلەر، سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەت قاتارلىق كىچىك تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار تەبىئىي نۇقتىلارنى بىرلىك قىلىپ، «ئايرىم — ئايرىم ھالدا ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش، ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە بېرىش» شەكلى بىلەن تىجارەت ئېلىپ باردى.

كىچىك تىپتىكى سودا كارخانىلىرىنى قويۇۋېتىش تىجارىتىنىڭ ئاچقۇچى — سىياسەت روھىنى پىششىق ئىگىلەش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تەكشۈرۈپ — تەتقىق قىلىش، «تەكتىنى» ئېنىقلاپ، بىر قانچە يىللاردىن بۇيانقى تىجارەت ئەھۋالى ۋە با-

زار ۋەزىيىتىگە ئاساسەن بىر ئاساسىي سان بەلگىلەپ، خېرىدار چاقىرىش لايىھەسى تۈزۈپ، ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش ياكى تەكلىپ قىلىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ئاپتەرەپ توختامغا ئىمزا قويۇش ھەمدە جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت. ۋىلايەت بويىچە قويۇۋېتىشكە تېگىشلىك كىچىك تىپتىكى سودا كارخانىلىرى 590 بولۇپ، 1986-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قويۇۋېتىلگىنى 318، ئۇ قويۇۋېتىشكە تېگىشلىكلەر سانىنىڭ 61.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىن كوللېكتىپ تىجارەت قىلىشقا ئۆزگەرتىلگىنى 55، ئېچىۋېتىشكە تېگىشلىك سانىنىڭ 17.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدى؛ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، كوللېكتىپ تىجارەت قىلىشقا يۆتكەپ بېرىلگىنى توققۇز بولۇپ، ئېچىۋېتىشكە تېگىشلىك سانىنىڭ 2.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدى؛ ئىجارىگە بېرىپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويغانلىرى 253 بولۇپ، قويۇۋېتىشكە تېگىشلىك سانىنىڭ 79.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدى.

كىچىك تىپتىكى كارخانىلاردا تىجارەتنى قويۇۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكىلىرىدە يېڭىچە جانلىنىش بولدى، تىجارەت ۋاقتى ئۇزاردى. خېرىدارلارغا قولايلىق تۇغدۇرۇلدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستى.

قاغىلىق ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى كىچىك تىپتىكى كارخانىلاردا تىجارەتنى قويۇۋېتىش خىزمىتىنى بالدۇر تۇتتى، پۇختا تۇتتى. تەشۋىقات تەربىيىسى، ئىدىيىۋى خىزمەتنى تولۇق ئىشلەپ، ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمىدىكى يېڭىچە ئىدىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىجارىگە بېرىش، خېرىدار چاقىرىش دائىرىسى كېڭەيدى. ئىجارىگە ئالغۇچىلار ئۆز ئارا تالىشىش ئەھۋالى ئوتتـ

تۇرىغا چىقتى. ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك شىركىتىنىڭ ئاچچىقسۇ، جىياگېۋ ئىشلەش كارخانىسىغا خېرىدار چاقىرغاندا، خېرىدارلىق تالىشىش كۆرسەتكۈچى يىللىق ئاساسىي سانى 25 مىڭ يۈەندىن 30 مىڭ يۈەنگە چىقىپ، ئاخىرىدا 32 مىڭ يۈەن بىلەن ھۆددە بېرىلدى. ئىجارىگە ئالغۇچى ئەنجىكۈي بۇ كارخانىنى ئىجارىگە ئالغاندىن كېيىن، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تىجارەتتە پۇل ئېچىپ ئالغا باستى. ئىجارىگە ئېلىشتىن ئىلگىرى بۇ كارخانىنىڭ يىللىق سېتىش سوممىسى 200 مىڭ يۈەنگە يەتمەيتتى، ئىجارىگە ئالغاندىن كېيىن 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ ئىجارىگە بېرىشتىن ئىلگىرىكى يىللاردا پايدىسى 25 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولاتتى، ئىجارىگە بەرگەندىن كېيىن 35 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىراققا يەتتى؛ ئىجارىگە بېرىشتىن ئىلگىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق پاراۋانلىق پۇلى 68 يۈەن ئەتراپىدا ئىدى. ئىجارىگە بېرىلگەندىن كېيىن 208 يۈەنگە يەتتى. ناھىيىلىك قەن، تاماكا، ھاراق شىركىتىنىڭ خىزمەتچىسى ماخەيجياڭ ناھىيىلىك ساھىپخان سودا دۇكىنىنى ئىجارىگە ئالغاندىن كېيىن ئۈچ ئىشنى تۇتتى: بىرىنچىسى، ئادەم ئىشلىتىشتە ياخشىلارنى تاللاپ ئىشلەتتى؛ ئىككىنچىسى، دۇكاندا يېڭىچە تۈزۈم بېكىتتى؛ ئۈچىنچىسى، ئۇچۇرنى تۇتۇپ، بازارلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، سېتىۋېلىش، سېتىشنى تېزلەتتى. يىللىق پايدىسى 19 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

1985-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ گۆشنىڭ سېتىلىش باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، يوپۇرغا ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك شىركىتى 7-ئاينىڭ باشلىرىدا گۆش سېتىش تور-توچكىلىرىنى

ئىجارىگە بېرىش تىجارەت چارىسىنى ئېلان قىلدى. 25 ياشلىق ئاپال ئىشچى ئاتىكىخان ئۆزىلا ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شىركەت ئۇنىڭ بىلەن توختام تۈزۈپ، ئوبورووت ئۈچۈن 800 يۈەن مەبلەغ بەردى. ئۇ ئىش كۈتۈپ تۇرغان بىر ياشنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ، بىر بازار كۈنىدىلا 580 يۈەنگە سەككىز تۇياق قوي سېتىۋېلىپ، نەقمەيدانىدا سويۇپ ئىككى كۈن ئىچىدىلا سېتىپ بولغان. ئۆزى ھېساب ئاچقان ئىككى ئايدىلا نەق پايدىسى 1368 يۈەنگە يەتكەن؛ ئۇ ئىشلىگەنسېرى چاققانلاشقان. 1986 – يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە دۇكىنىدا ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشتىن ئۈچىنى ياردەمچى قىلىپ ئىشلەتكەن. ئىجارە ھەققى، تىجارەت بېجى، باشقۇرۇش ھەققى ۋە باشقا چىقىملارنى چىقىرىۋەتكەندە، 4500 يۈەن ساپ پايدا ئالغان.

«ئۆزگەرتىش، ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە بېرىش» توختاملىرى يۈزەكىلىكتىن، ئىنچىكىلىشىپ، تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى. بەزى ئورۇنلار 1985–يىلى قويۇۋېتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، تەجرىبىسىزلىك كەمچىلىكى، ئىقتىسادىي توختامقا نۇسخىنى تازا چۈشەنمىگەنلىكى، تىجارەتنى قويۇۋەتكەندە باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئىنچىكە بولمىغاچقا، ھۆددە كۆرسەتكۈچى مۇۋاپىق بولمىغاچقا، پايدىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشچى – خىزمەتچىلەر كۆرىدىغان، شىركەت زىيان تارتىدىغان ھادىسە كۆرۈلدى؛ قىسمەن شىركەتلەر ئاساسىي ساننى يۇقىرى بېكىتىپ قويغاچقا ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا بەرھەم بەردى. كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا، 1986–يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا «ئۆزگەرتىش، ئۆتۈنۈش، ھۆددىگە بېرىش، ئىجارىگە بېرىش» توختامى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. توختامدا ئىككى تەرەپنىڭ جاۋابكارلىقى ۋە ھوقۇقى تولۇقلاندى، توختام ماددىلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شۇ ئارقىلىق تىجارەتنى قويۇۋېتىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى.

ئىقتىسادىي توختامنىڭ ئىمزالىنىشى ئاساسلىق تارماقلارنىڭ ئىشىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يوپۇرغا ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى 1986 – يىلى تىجارىتى قويۇۋېتىلگەن 64 نەپەر ئىشچى- خىزمەتچىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، 30 نەپەر خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى كىرىمىنىڭ ئەسلىدىكى كىرىمىدىن ئاشقانلىقىنى سەزدى. بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق كىرىمى 700 يۈەندىن كۆپرەك ئاشقانلار 14 كىشى، 200 يۈەندىن 700 يۈەنگىچە بولغانلار تۆت كىشى، ئەسلىدىكى ئىش ھەققى كىرىمىدىن كەملەپ كەتكەنلەر 34 كىشى، بۇنىڭ ئىچىدە، 400 يۈەندىن كۆپرەك كەملەپ كەتكەنلەر 18 كىشى، 300 يۈەندىن 400 يۈەنگىچە كەملىگەنلەر بىر كىشى بولغان. شۇڭا، ناھىيىلىك سودا ئورنى تىجارىتى ياخشى بولغان ئورۇن ۋە شەخسىيلەرنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلىدى ۋە كېڭەيتتى ھەمدە تىجارىتى ناچار بولغانلارغا ئادەم ئەۋەتىپ يېتەكچىلىك قىلىپ ياخشىلىدى. مەكىت ناھىيىسىنىڭ يېمەك – ئىچمەك شىركىتىدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ھەمىشە تىجارىتى قويۇۋېتىلگەن كارخانىلارغا بېرىپ ئەھۋاللار بىلەن تونۇشۇپ، تىجارەت قىلىشقا ياردەملىشىپ، شۇڭلاشقا، قويۇۋېتىلگەن يېمەك- ئىچمەك دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسى پايدا ئالدى.

(خۇاڭ بىڭباۋ).

## [تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتى]

ۋىلايىتىمىزدىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى سىستېمىسىنىڭ 1986 - يىللىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتى خىزمىتىدە يەنە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان قولغا كەلگەن نەتىجىلەر داۋاملىق مۇستەھكەملىنىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشتىن خەلق باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش تۈزۈمىدە، «يېزا ئىگىلىكى» ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، ئومۇمىي گەۋدىلىك تەشكىللەش قۇرۇلۇشى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان ئەھۋاللارغا ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىپ، خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش، شەكلىنى ئۆزگەرتىش، تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش، تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشتەك تۆت ئۆزگەرتىشنى ياخشى تۇتتى. كادىرلار، پاي پۇلى، مۇلازىمەت دائىرىسى، تەقسىمات، باھا قاتارلىق بەش جەھەتتە بۆسۈپ ئۆتۈشتە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. نۇقتىلىق ھالدا مۇنۇلار تۇتۇلدى.

① كۆز - قاراش يېڭىلىنىپ، كونىلىققا يېپىشىۋېلىشتەك ھەر خىل ئىدىيىلەر ئۆزگەرتىلىپ، تەمىنات-سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئورنى، رولى ھەم ۋەزىپىسى يېڭىباشتىن ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، مۇلازىمەت جەريانىدا ئىچكى بىرلىشىش كۈچەيتىلىپ، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك ئۈنۈملۈكى جارىي قىلدۇرۇلدى. سودا باشقۇرۇشىدىكى سانائەتلەر راۋاجلاندى. سودا تور - تۈگۈنلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان مۇلازىمەت يولغا قويۇلدى. ② ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى تەڭشەلدى ۋە ئىسلاھ قىلىندى، ئورگان كەسپىي تەپسىلىي ئايرىلدى. ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى تەڭشىلىپ، ئۈچ بۆلۈم، بىر ئىشخانا (كۈندىلىك سانائەت بويۇملىرى تىجارەت بۆلۈمى، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش بۆلۈمى، ئومۇملاشقان مۇلازىمەت قىلىش بۆلۈمى ۋە ئىشخانا) تەسىس قىلىنىپ، مۇدىر رەھبەرلىكىدىكى دىرېكتور مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى، گۇرۇپپىلار بويىچە ھېساب قىلىش، بىر تۇتاش باشقۇرۇش، ئادەمگە قاراپ پايدىنى بېكىتىش، ئۇنۇمنى گەۋدىلەندۈرۈش، بىكارچىلارنى باقماسلىق، داشقازان تامىقى يېمەسلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەمدە دېھقان چارۋىچىلار ئىچىدىكى بىر قىسىم «ماھىر»لار ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. ③ ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ تىجارەت كەسپىي كېڭەيتىلىپ، ھاياتىي كۈچى ۋە ئەمەلىي كۈچى ئاشۇرۇلدى. ناھىيىلەردىكى مەخسۇس كەسپىي شىركەتلەر يېزا - بازارلاردىكى پاختا سېتىۋېلىش پونكىتى ۋە خام مال سېتىۋېلىش پونكىتلىرىدا تەسىس قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. ئومۇمەن، تۆۋەنگە چۈشۈرۈشتە ۋاقىتىنچە قىيىنچىلىقلىرى بار بولسا، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار ناھىيىلىك مەخسۇس كەسپىي شىركەتكە ياردەملىشىپ، سېتىۋېلىشنى تەشكىللەش، مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بەلگىلىمە بويىچە تەشكىللەش، مۇلازىمەت راسخوتى تاپشۇردى. ④ ناھىيىلىك

بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ ئىقتىسادىي كەۋ-
دىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەر قايسى كەسىپتىكى
تارماقلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى
ئىسلاھ قىلمىدى. ناھىيە، شەھەرلىك بىر-
لەشمە كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېت-
ىدا ئادەم، مالىيە، ماددىي ـ ئەشيا، ئىش-
لەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش ھوقۇقى
بار بولدى. ⑤ ئىگىدارچىلىق قىلىش ھو-
قۇقى ۋە تىجارەت قىلىش ھوقۇقىنى ئايرى-
ۋېتىش يۈزگۈزۈلدى. تۈرلۈك مەبلەغ ۋە
مەنقۇلاتلار ناھىيە، شەھەرلىك بىرلەشمە
كوپېراتىپ مۇدىرىيىتىنىڭ ئىگىدارلىق
قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئىشلىتىش
ھوقۇقى ۋە تىجارەت قىلىش ھوقۇقى ھەر
قايسى كەسىپتىكى شىركەتلەرگە بېرىلدى، كار-
خانىلارنىڭ ھازىرقى تۈرلۈك مەبلەغ ۋە
باجدىن ئېشىپ قالغان پايدا قالدۇقىنى
ھەر دەرىجىلىك مۇدىرىيەتلەر (ۋىلايەتتە
ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بار) بىر تۇ-
تاش تەڭشەپ، تەقسىملىدى. ئىشلەتكەن
مەبلەغلەردىن تەدرىجىي ھالدا ئىگىلەپ،
ئىشلىتىش ھەققى يىغىۋېلىش چارىسى يولغا
قويۇلۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەننىڭ ماسلىشىشى
ۋە كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي تىجارەت ئۇ-
نۇمىنى تەكشۈرۈشكە قولايلىق يارىتىپ بې-
رىلدى. ⑥ ناھىيە، شەھەرلىك بىرلەشمە
مۇدىرىيەتلىرى (ۋىلايەتتە ئىش بېجىرىش
باشقارمىسى) بىرلىك قىلىنىپ، پېنسىيىگە
چىققان، دەم ئېلىشقا چىققان خادىملارنىڭ
ئەمگەك سۇغۇرتا راسخوتى بىر تۇتاش ئو-
رۇنلاشتۇرۇلۇپ، تۆۋەنتە بەزى ئاساسىي
قاتلام كوپېراتىپلىرى، ئىش قوشۇش زاۋۇت-
لىرى ۋە مەخسۇس شىركەتلەر زىممىسىگە
ئالغان پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان كا-
درلارنىڭ راسخوتى ئېغىر بولۇشىدەك ئە-
مەلىي قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. ⑦ سودا
باشقۇرغان سانائەتلەر ئىشلەپچىقىرىشقا
يۈزلىنىش، ئىستېمالغا يۈزلىنىش، كىچىك
تىپتىكىنى ئاساس قىلىش، بىرلىشىپ باشقۇ-
رۇشنى ئاساس قىلىش، مەبلەغ توپلاشنى
ئاساس قىلىش، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھ-
سۇلاتلىرىغا ئىش قوشۇشنى ئاساس قىلىش
پرىنسىپىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئاساسىي قاتلام
كوپېراتىپلىرى دېھقان-چارۋىچىلار ئاممىسى
بىلەن مۇناسىۋىتى نىسبەتەن قويۇقراق
بولغان دېھقانچىلىق يەرلىك قوشۇمچە مەھ-
سۇلاتلار، يېمەكلىكلەر، ياساش، سەپلەش،
ئىش قوشۇش، مۇلازىمەت قاتارلىق تۈر-
لەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى.
ناھىيە (شەھەر) لىك بىرلەشمە كو-
پېراتىپلار ۋە مەخسۇس شىركەتلەر
بولسا پاختا، ياغ، خام مال، يەل ـ يېمىش-
لەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىش قوشۇشنى كەۋ-
دىلەندۈرۈپ، ئەسلى بار بولغان تۈرلەرگە
قارىتا مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش، يوشۇ-
رۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئۆزگەرتىش فائجى-
نىنى قوللىنىپ، باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە
ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى، ⑧ ئوبوروت
يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلدى. توغرا لىنىيە-
لىك ئوبوروت مىقدارى راۋاجلاندى. ناھىيە،
شەھەر بىرلىشىپ سېتىۋېلىش، تارقاق سې-
تىش، تارقاق سېتىۋېلىپ، بىرلىشىپ سېتىش
تۈرلىرى تەشكىللىنىپ، پۈتۈن ۋىلايىتىمىز-
نىڭ دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى
يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ چىقىش
يولى ۋە سانائەت ماللىرى مەنبەسى مەسى-
لىسى ھەل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-
قىتتا، يېزا ئىگىلىك بىلەن سودا بىرلەش-
مە تىجارىتى، سانائەت بىلەن سودا بىر-
لەشمە تىجارىتى، سودا بىلەن سودا بىر-
لەشمە تىجارىتى راۋاجلاندى ھەمدە «تۆتتە

ۋاكالەتەن»① مۇلازىمەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتى. ⑨ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن تۇتۇلۇپ، ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىنات – سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئورنى، رولىغا بولغان تونۇشىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىگە ئالغان تارىخىي ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېنىق تونۇپ، «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش» يىراق ئۇلۇغۋار غايە ۋە مۇستەھكەم كوممۇنىستىك ئېتىقاد تىكلەپ، كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىدىغان، ئۆزىنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن «تۆت بولۇش»نىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولدى. ⑩ ئىشچى – خىزمەتچىلەر تەربىيىسى ياخشى تۇتۇلۇپ، ساپاسى ئۆستۈرۈلدى، «سودىنى چۆرىدىگەن ھالدا مائارىپ باشقۇرۇش، مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ، سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش» يېتەكچى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇلدى. مەۋقە تۆۋەنتىكىگە قويۇلۇپ، يىراققا نەزەر تاشلاندى. ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش، قايسى ئىشنى قىلسا شۇ ئىشنى ئۆگىنىش، نېمە كەمچىل بولسا شۇنى تولۇقلاش ئىشقا ئاشتى. تەربىيىلەشتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، شاگىرت يېتەكلەش، ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش، ئۆز ئارا ئۆگىتىش، ئۆگىنىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى.

1986 – يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تەمىنات – سودا كوپېراتىپ سىستېمىسىدىكى ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستى. 1982 – يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ۋىلايەت بويىچە كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 45.2% ئاشتى، تاۋارلارنى ساتقان ئومۇمىي قىممىتى 66.5% ئاشتى، كارخانىلارنىڭ پايدىسى 101% ئاشتى.

(لياۋ دۇجىن).

## [پاختىنىڭ بازىرى چىقتى]

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پاختىسىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، سېتىش بىر مەھەل توختاپ قېلىش ۋەزىيىتى بۇزۇۋېتىلدى. 1986 – يىلى بۇرۇنقى پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سورتى ناچار بولۇش، ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەن، تالالىرى قىسقا، شالغۇتلىشىش كۆپ بولۇشتەك مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ۋىلايەتلىك تەمىنات – سودا كوپېراتىپى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بىرىنچى، ياخشى سورتلار كېڭەيتىلدى. پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى 1 مىليون 400 مىڭ مو كېۋەز يېرىنىڭ 95 پىرسەنتىگە «ئارمىيە 1 – نومۇرلۇق» ۋە چوڭ غوزىلىق كېۋەز يېڭى سورتى ئالماشتۇرۇپ تېرىلدى؛ ئىككىنچى، تېرىش تېخنىكىسى ياخشىلىنىپ، جەمئىي 800 مىڭ مو يەرگە يالتىراق يېپىپ تېرىلدى؛ ئۈچىنچى، «بەشنى ئايرىش»، ئايرىم تېرىش، سېتىش، ئىش قوشۇش يولغا قويۇلۇپ، دەرىجىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ تۆتىنچى، ھەر قايسى سېتىۋېلىش پونكىتلىرى ئۈچۈن 3 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 500 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق مەيداندا ئالتە قىرلىق سېمونت خىش ياتقۇزۇلۇپ

① «تۆتتە ۋاكالەتەن» مۇلازىمەت — ۋاكالەتەن سېتىۋېلىش، ۋاكالەتەن سېتىش، ۋاكالەتەن ئامانەت توپلاش، ۋاكالەتەن يۆتكەشنى كۆرسىتىدۇ.

قۇم، لايلارنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى؛ بەشىنچى، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن 7 مىليون 650 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر كۆپەيتىلىپ، بىر تۈركۈم كونا پاختا چىقىرىش، تايلاش ماشىنىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بەزى زاۋۇت ئەسلىھەلىرى يېڭىدىن سېلىندى؛ ئالتىنچى، ھەر خىل مەشغۇلات بويىچە تەربىيەلەش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى، تەدبىرلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. 1986 - يىلى سېتىۋېلىنغان 56 مىڭ 500 توننا پاختا ئىچىدە 1-، 2- دەرىجىلىك پاختا 76.71 پىرسەنتنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئوتتۇرىچە سورت دەرىجىسى 2.37 دىن 2.02 گە ئۆرلىدى. تالاسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 27.28 مىللىمېتىردىن 28.44 مىللىمېتىرغا ئۆستى. شالغۇتلىشىش نىسبىتى ۋە ئىش قوشۇلغاندىن كېيىنكى غوزەكنىڭ ئۇششاق بولۇش نىسبىتى ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا زور ھەجىمدە تۆۋەنلىدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پاختا سۈپىتى ئۆسكەندىن كېيىن، ئىچكى - تاشقى خېرىدارلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شەرقىي شىمال، شەرقىي جۇڭگو، جەنۇبىي جۇڭگو، غەربىي شىمال قاتارلىق ئۆلكە، رايونلاردىكى يېنىك سانائەت توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى ۋە ياپونىيە، سىنگاپور، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى خېرىدارلار بەس - بەس بىلەن ئالاقە، تېلېگرام ئەۋەتىپ، مال بىلەن تەمىنلەشنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلىشتى. 1986-يىلى سېتىۋېلىنىپ ئىش قوشۇلغان پاختىنىڭ ھەممىسى يۆتكەپ چىقىرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە جەمئىي 15 مىڭ توننا سۈپىتى ياخشى پاختا ئېكسپورت قىلىندى.

(لياۋ دۇجىن).

## [قۇرۇق، ھۆل يەل - يېمىشلەر تىجارەت ئەھۋالى]

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق تۈرلۈك ھۆل ، قۇرۇق يەل - يېمىشلەر تىجارىتىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ ھەم سېتىۋېلىش - سېتىش كەسپىنى كېڭەيتكىلى ھەم بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، شەھەر - يېزا خەلقىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىستېمال ئېھتىياجىنى قامداپ، يېزىلاردىكى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا بىر مەھەل سوۋۇپ قالغان ھۆل ، قۇرۇق يەل - يېمىشلەر تىجارىتى كەسپى يېڭىباشتىن جانلاندى. ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى بىرىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىشتىن قول سېلىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا تارماقلىرى بىلەن بىرگە ھەر قايسى مۇھىم نۇقتىلىق مەھسۇلات رايونلىرىدا قوغۇن - تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ، نۇقتىلىق ھالدا گۈلە، بادام، ياڭاق، ئالما، پەيزاۋات قوغۇنى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇن، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى. ئىككىنچىدىن، ئوبوروت يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلدى. قابىل سېتىپ چىقارغۇچىلار ئەۋەتىلىپ رايونىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلار ئېچىلدى. ئېلان تەشۋىقاتى ياخشى ئىشلىنىپ ھەر قايسى تىجارەت تارماقلىرى ۋە زاۋۇت-

لار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە مۇناسىۋەت كۈچەيتىلىپ، سېتىۋېلىش - سېتىش توختامنامىسى ئىمزالاندى. پەيزاۋات ناھىيىلىك تەمىنات-سودا بىرلەشمە شىركىتىنىڭ يەل-يېمىش شىركىتى 1985 - يىلىدىن باشلاپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بېيجىڭ، شاڭخەي، سۇجۇ، جېڭجۇ، گۇاڭجۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە كۆپ قېتىم پەيزاۋات قوغۇنىنى تېتىپ كۆرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۈچىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك قوغۇن - تاۋۇز تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماقلار سېتىۋېلىش تور - نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ، سېتىۋېلىش شەكلىنى مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلىدى. سېتىۋالغۇچى خادىملار ئاساسلىق قوغۇن - تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلاردا جايىدىلا سېتىۋالدى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1986 - يىلى پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپلىرى سېتىۋالغان ھۆل، قۇرۇق يەل - يېمىشلەرنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 208% ئاشتى. سېتىۋېلىنغان ئاساسىي سورتلاردىن گۈلە، ئۆرۈك مېغىزى، بادام، ياڭاق، چىلان، جىگدە، قاق، شاپتۇل مېغىزى، قۇرۇق ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئالما، نەشپۈت، پەيزاۋات قوغۇنى، تاۋۇز قاتارلىقلار بولۇپ، ئۈرۈمچى، بېيجىڭ، شېنياڭ، شاڭخەي، جېڭجۇ، گۇاڭجۇ، شەئەن قاتارلىق شەھەرلەرگە يۆتكەلگەن قۇرۇق يېمىشلەر 1565 توننا، پەيزاۋات قوغۇنى 2770 توننا بولدى. پەيزاۋات ناھىيىلىك يەل - يېمىش شىركىتى ئىشلىگەن پەيزاۋات قوغۇنى قاتارلىق مەھسۇلاتلار شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا سىناق تەرىقىسىدە سىنىلغاندىن كېيىن، سېتىپ چىقىرىش گۈللىنىشتەك ۋەزىيەت يارىتىلدى.

(لياۋ دۇجىن).

## [ ئاشلىق خىزمىتى ھەققىدە ]

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق خىزمىتى ۋاقىت زىچ بولۇش، ۋەزىپە ئېغىر بولۇشتەك ئەھۋالدا، يېزىلاردا توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدى. پۈتۈن يىلدا ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاشلىق - ياغ كىرىم - چىقىمىدا ئېشىنچا بولدى. ئىسكىلاتتا ساقلىنىۋاتقان قىسمى كۆپەيدى، شەھەر-يېزىلاردىكى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى يەنىمۇ ياخشىلاندى، سىرتقى ئۆلكىلەرگە 20 مىليون جىڭ ئاشلىق يۆتكەپ بېرىلدى. ئاشلىق، ياغ ساتىمىتى، يېمەكلىكلەر، يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى تېز راۋاجلاندى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم داۋاملىق ئۆرلىدى، ئاشلىق خىزمىتىدە باشقۇرۇش تىپىدىن تىجارەت تىپىغا ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

1 . ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش، سېتىش ئەھۋالى .

1986 - يىلى ئاشلىقتا توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش يولغا قويۇلغان 2 - يىل بولغاچقا ۋىلايىتىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش رەسمىيەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈردى. 4 - ئاينىڭ باشلىرىدىن كې ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن 240 مىليون جىڭ ئاشلىقنى توختام بويىچە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ھەر قايسى ئائىلىلەرگىچە تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ

بولدى، بىر قىسىم ناھىيە، يېزىلار ئىلىگىرىكى يەرگە قاراپ ۋەزىپە تەقسىم قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزى مەلۇم قىلىش، كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىش، تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تەڭشەش ئۇسۇلىنى يۈرگۈزۈپ، ئاشلىق سېتىپ بېرىش ئىقتىدارى يوق ئائىلىلەرگىمۇ ۋەزىپە بېرىشتەك ھالەتلەرنى تۈگەتتى. ئاشلىقنى بەلگىلەپ سېتىۋېلىپ، ئىسكىلاتلاشتۇرۇش جەريانىدا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئاشلىق تارماقلىرى توختاملىشىپ، ۋەزىپە بېكىتىپ سېتىۋېلىشنى تەشۋىق قىلدى، زور تۈركۈم خادىملارنى ئاجرىتىپ ئاشلىق سېتىۋېلىش بىرىنچى سەپكە ئەۋەتىپ تولۇقلىدى، خىزمەتلەرگە ھەمكارلاشتى، بۇغداينى ئىسكىلاتلاشتۇرۇش ۋەزىپىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن يېرىم ئاي بۇرۇن تاماملاندى.

يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەدەر ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 120 مىليون 125 مىڭ 200 كىلوگرام ئورۇندىلىنىپ ۋەزىپە % 100.1 ئورۇنلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 97 مىليون 380 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، ۋەزىپە % 102.5 ئورۇنلاندى. كۆرۈچ 732 مىڭ 700 كىلوگرامغا يېتىپ، ۋەزىپە % 97.7 ئورۇنلاندى. كۆممە قوناق 22 مىليون 12 مىڭ 500 كىلوگرامغا يېتىپ، پىلان % 90.8 ئورۇنلاندى. دۆلەت ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشقا ھاۋالە قىلغان 9 مىليون 955 مىڭ 800 كىلوگرام ۋەزىپە ئورۇنلاندى. ۋەزىپىنىڭ 99.6 پىرسەنتى ئورۇنلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇغدايدىن 6 مىليون 23 مىڭ 400 كىلوگرام ئورۇنلاندى، بۇ، ۋەزىپىنىڭ 141.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. كۆممە قوناقتىن 3 مىليون 930 مىڭ 500 كىلوگرام ئورۇنلاندى. بۇ ۋەزىپىنىڭ 74.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. كۆرۈچ 17 مىڭ جىڭ ئورۇنلاندى، بۇ، ۋەزىپىنىڭ 0.34 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. سۇيىيېسىدىن 5 مىليون 480 مىڭ 800 كىلوگرام ئورۇنلاندى. بۇ پىلاننىڭ 109.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان چىگىت 33 مىليون 364 مىڭ 100 كىلوگرام بولۇپ ۋەزىپىنىڭ 109.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ياغلىق داندىن سېتىۋېلىنغىنى 3 مىليون 782 مىڭ كىلوگرام، بۇ، ۋەزىپىنىڭ 100.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

1986 يىللىق ئاشلىقتا ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش، ئامبارلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر: (1) بۇغداينىڭ بازاردىكى باھاسى نىسبەتلىك باھادىن تۆۋەن بولغاچقا، دېھقانلار نىسبەتلىك باھا ئاشلىقنى ئىمكان بار كۆپرەك سېتىش ئۈچۈن توختامنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى كۆپرەك كۆرۈلدى. (2) بۇغدايدىن ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ئورۇنلانغاندىن كېيىنمۇ دېھقانلارنىڭ قولىدىكى ساتماقچى بولغان ئېشىنچە ئاشلىقى خېلىلا كۆپ ئىدى. دۆلەت توختامدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋالالمىدى. بەزى رەۋەندىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۆۋەن باھا بىلەن سېتىۋېلىپ بېسىۋالدى. 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايون نىسبەت باھاسىدىن % 2 تۆۋەن لەيلىتىپ سېتىۋېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، ئاشلىق تارماقلىرى 27 مىليون 800 مىڭ كىلوگرام سېتىۋالدى، بىر قىسىملىرىنى رەۋەندىلەر سېتىپ بېرىپ، ئەشۇ بىر قىسىمى قوشۇلغان باھا پۇلىنى رەۋەندىلەر ئېلىپ كەتتى. (3) كۆرۈچ بازىرىدا باھا ئۈستۈن بولغاچقا، دېھقانلار قو-

لىدىكى كۈرۈچنى كېلىشىم باھا بىلەن ساتتى، دۆلەتنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىشقا چۈشۈرۈلگەن ۋەزىپىسى ئورۇنلانمىدى.

ئاشلىقتىن جەمئىي 138 مىليون 504 مىڭ 500 كىلوگرام سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن سېتىپ بېرىلگىنى 104 مىليون 490 مىڭ 100 كىلوگرام، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن سېتىپ بېرىلگىنى 31 مىليون 447 مىڭ 900 كىلوگرام بولۇپ، ئىش قىلدۇرۇپ بېرىلگەن ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتىكى مەخسۇس تۈرگە ئىشلىتىلگەن 27 مىليون 638 مىڭ 200 كىلوگرام ئاشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن نورمال سېتىپ بېرىلگىنى 3 مىليون 809 مىڭ 700 كىلوگرام.

سۈيۈق يېغىدىن 4 مىليون 94 مىڭ 500 كىلو گرام سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، غەيرىي يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن سېتىپ بېرىلگىنى 4 مىليون 23 مىڭ 400 كىلوگرام، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن سېتىپ بېرىلگىنى 71 مىڭ 100 كىلوگرام، ئاشلىق بىلەن ياغنىڭ سېتىلىشى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشتى. ئاساسىي سەۋەب: شەھەرلەردىكى تەمىنلىنىدىغان ئاھالىلەر كۆپەيدى، 1986- يىلى 23 مىڭ 367 كىشى ساپ كۆپەيدى.

2. ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى.

مەركەزنىڭ ئاشلىق سودىسى تەدرىجىي ھالدا بىر تۇتاش تەقسىملەپ باشقۇرۇش تىپىدىن ئىشلەپچىقىرىش تىپى شەكلىگە ئۆزگەرتىلىشى، ئاشلىق، ياغدا ھەم خام ھەم پىششىق سېتىشتا چەك تۇرۇش، ئاختاي باھاسى بىلەن كېلىشىم باھانى تەڭ يولغا قويۇش، ئاشلىقتا «قوش رېلىسلىق تۈزۈم»نى يولغا قويۇش ھەققىدىكى يوليورۇقنىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋىلايىتىمىزدە 1986- يىلى ئاشلىق، ياغ ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتىدە خۇشاللىنارلىق قەدەم تاشلاندى، پۈتۈن يىللىق تىجارەت مىقدارى 2317 توننا (تاۋار ئاش) قا يېتىپ، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن 2100 توننا ۋەزىپىنىڭ 110.3 پىرسەنتى ئورۇنلاندى، تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 753 مىڭ 400 يۈەنگە، ساپ پايدا 280 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى ئاشلىق دۇكانلىرى (پونكىت) 124 بولۇپ، ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مىقدارى ئومۇمىي تىجارەت مىقدارىنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. مەھسۇلاتلار تۈرى 34 خىل بولۇپ، ۋىلايىتىمىزدە كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاشلىق، ياغ يېمەكلىك تىجارىتى خىزمىتى قالاق ھالەتتە تۇرۇش ۋەزىيىتى ئۆزگەردى.

ۋىلايەتلىك ئاشلىق باشقارمىسى 10-ئايدا پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىكلەر بىلەن تىجارەت قىلىدىغان ئورۇنلارنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق ئۈچ ناھىيە (شەھەر) لىك ئاشلىق ئىدارىلىرىنى ئاشلىق، ياغ، يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى بويىچە ئىلغار ئورۇن قىلىپ باھالىدى.

3. ئاشلىقنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ساقلاشقا قاراپ يۈرۈش قىلىندى.

قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاشلىق سېتىۋېلىش، ساقلاش نۇقتىلىرىدىن 122 ئورۇن بار. بۇنىڭ ئىچىدە، ناھىيە، شەھەر باشقۇرغان ئامبار 13، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرى 89، شۆبە پونكىت 20، ئامبار سىغىمچانلىقى 5مىليون جىڭدىن تۆۋەن ئامبار، پونكىت 95، 5 مىليون جىڭدىن 10 مىليون جىڭ-

ىمچە بولغان ئامبار 17، 10 مىليون جىڭدىن 30 مىليون جىڭغىچە ئاشلىق ساقلاش ئىقتىسى بەش، 30 مىليون جىڭدىن 50 مىليون جىڭغىچە بولغان ئامبار تۆت، 50 مىليون جىڭدىن يۇقىرى بولغان ئامبار بىر ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 666 مىليون 60 مىڭ جىڭ. 1986- يىلى سۈپەتنى تەكشۈرۈپ، ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئېنىقلىغاندا، 154 مىليون 920 مىڭ جىڭلىق ئامبار بىنا قىلىندى، 222 مىليون 20 مىڭ جىڭ سىغىمچانلىققا ئىگە ئامبار چوڭ رېمونت قىلىندى، سۈپىتى دۆكەمەل بولغانلىرىدىن 239 مىليون 120 مىڭ جىڭ ئاش سىغىدىغانلىرىمۇ بار. 1986-يىلى پۈتۈن ۋىلايىتىمىز بويىچە ئامبارغا ئاشلىق، ياغ 300 مىليون جىڭ ئەتراپىدا (كېلىشىم باھادىكى ئاشلىق، ياغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىرىم قىلىندى. 1986- يىلى 9- ئايدا ئامباردىكى ئاشلىق، ياغنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلىدە ساقلىنىۋاتقان سان 430 مىليون جىڭ دېيىلگەن. ئامبار شارائىتى ناچار، سىغىمچانلىقى يېتەرلىك بولمىغاچقا ئاشلىق ساقلاشتا ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدۇق، لېكىن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئاشلىق ساقلاش خىزمىتىگە ئېتىبار بەرگەنلىكى، پەن- تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى، ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن ۋىلايىتىمىزنىڭ ساقلاش خىزمىتىدە نامايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

1) يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تازغۇن ئاشلىق پونكىتى، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئۇچار ئاشلىق پونكىتى، مەكىت ئاشلىق پونكىتى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ بەشكەنت ئاشلىق پونكىتى، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ ئامبار قاتارلىق ئورۇنلار تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا توڭلىتىپ باشقۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

2) قۇرۇت، مىتىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، ۋىلايىتىمىز بويىچە 1592 ئامبار ئىشىكلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 3642 دانە دېرىزە پەردىسى تارتىلدى. 335 دۆۋە، سىغىمچانلىقى 295 مىليون جىڭ بولغان ئامبار تورۇسلىرى سۇۋالدى.

3) ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش بىلەن يوقىتىشنى تەڭ تۇتتۇق، 3- ئايدا تېمپېراتۇرا تۆرلەشتىن بۇرۇن، 8- ئايدا ئاشلىق ئامبارلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بارلىق ئاشلىق پونكىتلىرى ۋە ئامبارلارنىڭ ئەتراپىغا دورا سېپىلدى، چوڭ تىپتىكى ئاشلىق ئامبارلىرى، مەركىزىي ئامبارلاردىكى قاچىلاش بويۇملىرىغا قارىتا دېزىنفېكسىيە قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

4) 1986-يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى 102 مەركىزىي ئامبار ۋە يېزا-بازار ئاشلىق پونكىتلىرىدىن 82 ئورۇن ئايرىم-ئايرىم ناھىيە (شەھەر)، يېزا- بازارلار تەرىپىدىن مەنىۋى مەدەنىيەت ھەمۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، مۇكاپاتلاندى.

5) ۋىلايىتىمىزدىكى 900 مىليون 400 مىڭ جىڭ سىغىمچانلىققا ئىگە ئامبارلارنىڭ ئاستى نەملىكتىن ساقلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1986- يىلى «تۆت بولمىغان» ئامبار بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان ئورۇنلار 108 گە يەتتى. يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، مەكىت، يوپۇرغا قاتارلىق بەش ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى بىلەن لاياقەتلىك بولدى. پەيزاۋات، تاشقورغان ناھىيىلىرىدىن باشقا

10 ناھىيە (شەھەر) «تۆت بولمىغان» بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

4. ئاشلىق، ياغ سانائىتى ئىسلاھات جەريانىدا ئالغا باستى.

قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاشلىق، ياغنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسىدىن 16 سى، ئىشچى خىزمەتچىدىن 1360 نەپەر كىشى بار. 1986- يىلى چىگىت يېغى سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 47 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلان 100.4% ئورۇنلاندى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.5% ئاشتى. ئورۇنلانغان پايدا 3 مىليون 163 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلاننىڭ 102.03 پىرسەنتى ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 15.6% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئارىلىقتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش ئومۇمىي مىقدارى 90 مىڭ 910 توننىغا يېتىپ، پىلاننىڭ 101.01 پىرسەنتى ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.53% ئاشتى. سۈيىيېغى پىششىقلاپ ئىشلەش مىقدارى 8670 توننىغا يېتىپ، ۋەزىپىنىڭ 111.15 پىرسەنتى ئورۇنلاندى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13.25% ئاشتى. يېمەكلىك سانائىتى 954.91 توننا ئورۇنلاندى. بۇ پىلاننىڭ 280.85 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 294.46% ئاشتى. پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يەم-بوغۇز 9009.76 توننا ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1927 توننا ئاشتى، 27.2 % ئېشىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

1) يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى مەھسۇلاتلار ئېچىلدى. 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۇن چىقىرىشتا كونىشەھەر ناھىيىسىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىدە تۆت تىپلىق، بەش تىپلىق ئۇن چىقىرىش ماشىنىلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ھۈنەر قوللىنىلىپ، زور مىقداردا ئۆلچەملىك ئۇن چىقارغاندىن سىرت، يەنە ئالاھىدە ئۇن ئىشلەپ يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشنى خام ئەشيا بىلەن تەمىن ئەتتى. قەشقەر 1- ئاۋغۇست ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئالاھىدە ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات قىلىپ باھالاپ بېرىلدى. ياغنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە 200 تىپلىق ياغ تارتىش، چەككىلەش ھۈنىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، مەكىت ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى بېيجىڭ شەھەرلىك ئاشلىق تەتقىقاتى ئورنىنىڭ تېخنىكا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا مۇنار شەكىللىك ماي چەككىلەشنى يولغا قويدى، چەككىلەنگەن چىگىت يېغىنىڭ سۈپىتى ئۆسۈپ، كارخانىلارنىڭ 1- دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتتى. يەكەن ئاشلىق، ياغقا ئىش قوشۇش زاۋۇتى چەككىلىگەن چىگىت يېغى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولدى. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغ مەھسۇلاتلىرى ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ ئۆلچەم تەلىپىگە يەتتى.

2) ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي خىزمەتلىرى. كارخانىلارنى باشقۇرۇشتا ئالتە تۈرلۈك ئاساسىي خىزمەت بار: ① ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتى. ۋىلايىتىمىزدىكى ئاشلىق، ياغقا ئىش قوشۇش سانائىتىنىڭ ئۇنلىرى، ئۆسۈملۈك يېغى دۆلەتنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلدى، ئۆلچەمگە توشمىغانلىرى زاۋۇتتىن چىقىرىلمىدى. ② نورما بەلگىلەش خىزمىتى. ئاشلىق، ياغ كارخانىلىرىدا 1986- يىلى تۈرلۈك نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش خىزمىتى تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ③ ئۆلچەم خىزمىتى. 1986 - يىلى ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشى-

دىن ئۆتكۈزۈلۈپ، قەشقەر 1 ـ ئاۋغۇست ئۈن زاۋۇتى، يەكەن ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى 3 ـ دەرىجىلىك ئۆلچەملىك ئورۇن بولدى. ④ ئۈچۈر خىزمىتى ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىدا قانات يايدى. ⑤ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى مەركەز قىلىنغان قائىدە ـ تۈزۈملەر كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ئاشلىق، ياغ سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملىرى ئاساسىي جەھەتتىن تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتى. ⑥ ئاساسىي تەربىيە خىزمىتى. مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون ئاچقان مەكتەپلەرگە خادىملارنى ئەۋەتكەندىن تاشقىرى، قەشقەردە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، ئۇستازلار شاگىرت يېتەكلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلدى. ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئۆزلۈكسىز ئۆستى. قەشقەر 1 ـ ئاۋغۇست ئۈن زاۋۇتى، پەيزاۋات ناھىيىلىك ئۈن زاۋۇتى، يېڭىسار ناھىيىلىك ئۈن زاۋۇتىنىڭ قوراشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زىممىسىگە ئالدى، يەكەن ئاشلىق، ياغ زاۋۇتى مارالبېشى ناھىيىلىك ئۈن زاۋۇتىنى قوراشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زىممىسىگە ئېلىپ، كونا زاۋۇتلار يېڭى زاۋۇتلارنى يېتەكلەپ، تېخنىك تايانچلار ئادەتتىكى ئىشچىلارنى يېتەكلەپ ھەم ئۆز جايىدا قوراشتۇرۇش قىيىن بولۇش تۈگىتىلدى ھەم نەق مەيداندا ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەربىيىلەندى.

(شۇشياۋچېڭ، بەي جىڭشۇ، جاڭ زېلى).

**[مال باھا خىزمىتى ھەققىدە بايان]** 1986 ـ يىلى مال باھا تارماقلىرى مەركەزنىڭ «مۇستەھكەملەش، ھەزىم قىلىش، تولۇقلاش، ياخشىلاش» دېگەن تۆت سۆزلۈك فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرىنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا بەزى يېڭى باھا ئىسلاھاتى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چوڭراق تەڭشەلگەن باھا تۈرلىرىدىن: ① ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ سېمونتىنى زاۋۇتتىن چىقىرىش باھاسى تەڭشەلدى. ② ئاپتونوم رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان سۈت پاراشوكىنى سېتىش باھاسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ③ ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان يۇڭ يىپ توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى بىلەن ماشىنا قەغىزىنىڭ باھاسى تەڭشەلدى. ④ ۋېلسىپىت قاتارلىق يەتتە خىل سانائەت ئىستېمال ماللىرىنىڭ باھاسى ۋە 4 ـ تۈركۈمدىكى ئۇششاق تاۋارلارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى. ⑤ ئالتۇن زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش باھاسى تەڭشەلدى. ⑥ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچكى ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسىدە 1987 ـ يىللىق سەپەر ـ ساياھەت پەسلىدە بېلەت باھاسىنى يۇقىرىسىغا تۇراقسىزلاندۇرۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ⑦ بىر قىسىم تېببىي داۋالاش راسخوتى ئېلىش ئۆلچىمى ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە تەڭشەلدى. ⑧ چاچ ياساش، مۇنچا كەسپىنىڭ ھەق ئېلىش ئۆلچىمى تەڭشىلىپ، كەسىپلەرنىڭ كەينىگە يېنىپ كېتىشىنى تۈزگەرتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. 1986 ـ يىلى مال باھاسىنى نازارەت قىلىش بىلەن باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. مال باھاسىنى تەڭشەشتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىنمىدى، ئېغىزلار قالايمىقان ئېچىلمىدى، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ تەرەققىياتى نورمال بولدى، بازارلاردا مال باھاسى ئاساسەن مۇقىم بولدى.

1986 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش راسخوتى ئۆ-

چۈن ئىشلىتىلگەن باھا كۆرسەتكۈچ سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.8% ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئىستېمال بويۇملىرىنىڭ باھاسى 6.8%، مۇلازىمەت تۈرلىرىدىكى باھا 7% ئۆرلىدى. ئىستېمال بويۇملىرى باھاسى كۆرسەتكۈچ سانى ئىچىدە، يېمەكلىكلەر تۈرى 11.2%، كىيىم - كېچەك تۈرىدىكىلىرى 2.4%، كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلات تۈرلىرى 2.8% ئۆرلىدى، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى تۈرىدىكىلەر 0.1% تۆۋەنلىدى. يېقىلغۇ تۈرىدىكىلەر 0.9%، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال تۈرىدىكىلىرى 3.3%، دورا ۋە تېببىي داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەھسۇلات تۈرلىرى 0.2% تۆۋەنلىدى.

دۆلەتنىڭ 1986 - يىلى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتىكى باھا كۆرسەتكۈچى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.6% ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئاشلىق 7.7% تۆۋەنلىدى. ئىقتىسادىي زىرائەت 10.2% ئۆرلىدى (پاختا 15.5% ئۆرلىدى)، ياغاچ ماتېرىياللىرى ئالدىنقى يىلدىكى سەۋىيىسىنى ساقلاپ قالدى. خام مال تۈرىدىكىلەر 67.2% ئۆرلىدى. (گۆش 26% ئۆرلىدى، ئۆي قۇشى تۇخۇملىرى 9.6% تۆۋەنلىدى). قۇرۇق يەل-يېمىشلەر 10.7% ئۆرلىدى، قۇرۇق ھۆل چاي ھەمدە تەمتەڭشىگۈچىلەر 55.4% ئۆرلىدى، دورا ماتېرىياللىرى 28% تۆۋەنلىدى، يەرلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلار 10% ئۆرلىدى.

1986 - يىلى بازار سودىسى باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.8% ئۆرلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئاشلىق 2.8% تۆۋەنلىدى، ئۆسۈملۈك مېيى 7.8% ئۆرلىدى. ئوتياش 22.5% ئۆرلىدى، قۇرۇق ئوتياش 6.9% تۆۋەنلىدى، گۆش، ئۆي قۇشى تۇخۇمى 6.8%، سۇ مەھسۇلاتلىرى 1.6%، ھۆل مېۋە 8.7%، ئوتۇن، ئوت-چۆپ 2.8% ئۆرلىدى.

1986 - يىلى تاختاي باھاسى بىلەن بازار باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى كۆرسەتكۈچى 25.4% بولۇپ، ھەر خىل تاۋارلارنىڭ بازار باھاسى بىلەن تاختاي باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق (بازار باھاسىنىڭ تاختاي باھادىن يۇقىرى بولۇش نىسبىتى) مۇنداق: ئاشلىق 101%، ياغ 81.3%، يېڭى ئوتياش 52.2%، كونا ئوتياش 22.9%، گۆش، ئۆي قۇشلىرى، تۇخۇم 15.2%، سۇ مەھسۇلاتلىرى 46.9%، يېڭى مېۋىلەرنىڭ تاختاي باھاسى بىلەن بازار باھاسى تەڭ بولدى، كونا مېۋىلەرنىڭ 9.1%، كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان بويۇملار 87.6%، ئوتۇن، ئوت - چۆپ 18.5% بولدى.

1986 - يىلى مەركەز ۋە يەرلىك مالىيەدىن قەشقەر ۋىلايىتى ئۈچۈن قوشۇپ بەرگەن باھا ياردەم پۇلى ئومۇمىي سوممىسى 65 مىليون 478 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە: ① ئاشلىق، ياغ باھاسى ئۈچۈن قوشۇپ بېرىلگىنى 28 مىليون 710 مىڭ يۈەن، ئاشلىق، ياغقا سىياسەت خاراكتېرلىك قوشۇپ بېرىلگەن ياردەم پۇلى 22 مىليون 830 مىڭ يۈەن. ② خەلق ئىشلىتىدىغان كۆمۈر ئۈچۈن قوشۇپ بېرىلگىنى 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن. ③ پاختا ئۈچۈن قوشۇپ بېرىلگىنى 303 مىڭ يۈەن. ④ گۆش ئۈچۈن قوشۇپ بېرىلگىنى 11 مىليون 110 مىڭ يۈەن. ⑤ ئوتياش ئۈچۈن قوشۇپ بېرىلگىنى 650 مىڭ يۈەن. ⑥ ئۆي قۇشلىرى تۇخۇمى ئۈچۈن قوشۇپ بېرىلگىنى 20 مىڭ يۈەن. ⑦ سانائەت مەھسۇلات-

لىسى مۇھاپىزەت ياردەم پۇلى 595 مىڭ يۈەن.

(جۇ توجىن).

## [قەشقەر شەھىرىدىكى ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ باھاسىدىكى ئۆزگىرىش]

1. دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى.

يېڭى پاختا بازارغا كىرگەندىن باشلاپ، سېتىۋېلىش باھاسى «تەتۈر يەتتىدە ئۈچ نىسبەت» تىن «تەتۈر ئالتىدە تۆت نىسبەت» كە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، قوشۇلغان باھا ھەممىسى ئوخشاشلا 30% بولۇۋەردى. ئۆلچەملىك مەھسۇلاتنىڭ 3 ـ دەرىجىلىكىنىڭ 27 مىللىمېترلىق ساپ، ئارىلاشما پاختىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ھەربىر دەستىنىڭ 162.34 يۈەندىن 158.19 يۈەنگە تەڭشەلدى، توختاملىشىپ، ۋەزىپە بېكىتىلىپ سېتىۋېلىنغان پاختىدىن باشقىلارغا قوشۇمچە باھا ياردىمى بېرىلمىدى.

يېڭى ئاشلىق بازارغا چىققاندىن كېيىن، كۆرۈپچە يەنىلا «تەتۈر يەتتىدە ئۈچ» نىسبەت بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى يولغا قويۇلدى، قوشۇلغان باھا ھەممىسى 50 پىرسەنتتىن 60 پىرسەنتكە ئالماشتۇرۇلدى. 1986 ـ يىلىدىكى توختاملىشىپ ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ئىچىدە يېگىدىن ئاشقىنى ئارپا، ئاق قوناق، پۇرچاق، ماش، باقلا قاتارلىق بەش خىل ئاشلىق سورتىدا «تەتۈر يەتتىدە ئۈچ» نىسبەت بويىچە سېتىۋېلىش باھاسى يۈرگۈزۈلدى، باھانىڭ قوشۇلۇش ھەممىسى 50% بولدى.

1 ـ دەرىجىلىك قىشلىق بەسەينىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بىر كىلوسىنىڭ 0.08 يۈەندىن 0.09 يۈەنگە، 2 ـ دەرىجىلىكىنىڭ 0.06 يۈەندىن 0.07 يۈەنگە، 3 ـ دەرىجىلىكىنىڭ 0.04 يۈەندىن 0.05 يۈەنگە تەڭشەلدى، شەھەرلىك ئوتياش شىركىتى پەقەت بەسەي، ياڭيۇ، سەۋزە، سۇڭ پىياز قا-

تارلىق تۆت خىل سورتنى باشقۇرۇپ، باشقا تۈرلەرگە نىسبەتەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى يولغا قويدى.

2. سانائەت بويۇملىرىنىڭ باھاسى:

4 ـ تۈركۈمدىكى 547 خىل ئۇششاق تاۋارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى، 1 ـ تۈركۈمدىن 4 ـ تۈركۈمگىچە جەمئىي 1248 خىل قويۇۋېتىلدى.

جەيكوۋ، توققۇز تارا، نىلقىنىڭ سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان 500 گراملىق 1 ـ دەرىجىلىك سۈت پاراشوكىنىڭ ھەر بىر خالتىسىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ئەسلىدىكى 3.10 يۈەندىن 3.54 يۈەنگە تەڭشەلدى، ئالاھىدە دەرىجىلىكىنىڭ تەڭشەلگەندىن كېيىنكى پارچە سېتىلىش باھاسى 3.73 يۈەن بولدى.

تاۋار ـ دۇردۇننىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، بېكىتىلگەن باھاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، رايونلارنىڭ باھا پەرقى بويىچە باھا قويۇشقا ئۆزگەرتىلدى. خاڭجۇنىڭ «70305» لىك يۇمشاق يوتقان تېشىنىڭ ھەر بىرىنىڭ باھاسى 16 يۈەندىن 20 يۈەنگە تەڭشەلدى. شاڭخەينىڭ «96008» يىپلىق يوتقان تېشىنىڭ ھەر بىرىنىڭ باھاسى 10.40 يۈەندىن 13.60 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ شاڭخەينىڭ «5ـ55504» لىك قارا تىۋىتنىڭ ھەر مېترى 5.37 يۈەندىن 10.90 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ شاڭخەينىڭ «84394» شىنىلى تىۋىتىنىڭ ھەر مېترى 8.52 يۈەندىن 15.50 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ نەنجىڭنىڭ گۈللۈك دۇردۇنىنىڭ ھەر مېترى 7.65 يۈەندىن 11.40 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ خاڭجۇنىڭ «B 6048» لىك رەڭلىك نېپىز رەختىنىڭ بىر مېترى 2.85 يۈەندىن 3.51 يۈەنگە تەڭشەلدى.

قەشقەر يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدا ئىشلەنگەن «65002» لىك گۈللۈك يۇڭ ئەدىيالنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى 95.07 يۈەن، توپ تارقىتىش باھاسى 102.68 يۈەن، پارچە سېتى-

لىش باھاسى 115 يۈەن بولدى؛ «03001» لىك سارجىنىڭ ھەر بىر مېتىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى 27.28 يۈەن، توپ تارقىتىش باھاسى 29.46 يۈەن، پارچە سېتىلىش باھاسى 33 يۈەن بولدى؛ «03101» لىك دىراپىنىڭ بىر مېتىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىرىلىش باھاسى 23.15 يۈەن، توپ تارقىتىش باھاسى 25 يۈەن، پارچە سېتىلىش باھاسى 28 يۈەن بولدى، يۇڭ ئەدىيالنىڭ يۇقىرى- تۆۋەنگە 10% تۇراقسىزلاندۇرۇشقا، سوكنونىڭ يۇقىرى- تۆۋەنگە 5% تۇراقسىزلاندۇرۇشقا رۇخسەت قىلىندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچىدە ئىشلەنگەن يۇڭ توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تەڭشەلدى. قەشقەر شەھىرى بازارلىرىدىكى بىر قانچە ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى مۇنداق: غۇلجىدا ئىشلەنگەن B2201 × لىك ساپ يۇڭ سارجىنىڭ قەشقەردە ھەر بىر مېتىرىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 29.60 يۈەندىن 33.40 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ غۇلجىدا ئىشلەنگەن l01004 × لىك ساپ يۇڭ سوكنوسى 31.50 يۈەندىن 36.70 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ شىخەنزىنىڭ l × ساپ يۇڭ سوكنوسى 31 يۈەندىن 35.80 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ ئاقسۇنىڭ l02001 × لىك يەلتۇسوكنوسى 30 يۈەندىن 40.80 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ ئاقسۇنىڭ «190» لىك يۇقىرى دەرىجىلىك توم يۇڭ يىپى (ئالاھىدە) نىڭ بىر كىلوگرامى 42.40 يۈەندىن 54.70 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ ئاقسۇنىڭ «6502» لىك ساپ يۇڭ ئەدىيالىنىڭ ھەر بىرىنىڭ 71.50 يۈەندىن 96.30 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

24K لىك ياكى ئالتۇن تەركىبى 99.99 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغان ئالتۇن زىبۇ- زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ھەر بىر سەرىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 1700 يۈەندىن 2250 يۈەنگە، ھەر مىسقالىنىڭ باھاسى 54.40 يۈەندىن 72 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ كان مەھسۇلاتلىرى، قوشۇمچە مەھسۇلاتلار، ئۈچ خىل بىرلىك ماللارنى يىغىش ھەمدە خەلق ئارىسىدىكى ئالتۇننى سېتىۋېلىش باھاسى ھەر بىر سەرىنىڭ 1000 يۈەنگە، بىر سەر ئالتۇن زىبۇ- زىننەتنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى 1900 يۈەنگە تەڭشەلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور (ئېكسپورت قىلىنغانلىرى مۇشۇنىڭ ئىچىدە)، ۋېلسىپىت، 80 ئىنچىكىلىكتىن يۇقىرى بولغان ساپ پاختا يىپ ۋە ئۇنىڭدىن توقۇلغان ماللار، ئۇزۇن تالالىق چەنۆبى قاتارلىق يەتتە خىل ساناتەت ئىستېمال قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىش قارار قىلىندى.

80 ئىنچىكىلىكتىن يۇقىرى بولغان ساپ پاختا يىپ ۋە ئۇنىڭدىن توقۇلغان ماللار، ئۇزۇن تالالىق رەختلەرنى زاۋۇتنىڭ سېتىش باھاسى بىراقلا قويۇۋېتىلىپ ئىشلەپچىقىرىدىغان، تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلار تەننەرق ۋە بازارلاردىكى ئېھتىياجغا ئاساسەن ئۆزلىرى باھا بېكىتىدىغان، جانلىق ئىگىلەيدىغان قىلىندى.

توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور ۋە ۋېلسىپىت قاتارلىق بەش خىل تاۋارنىڭ ئوبوروت ھالقىلىق باھاسىدا پەرقلىق نىسبەت بويىچە تېزگىنلەش يولغا قويۇلدى.

باھا قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئادەتتىكى ۋېلسىپىتنىڭ باھاسى 30 يۈەن ئۆپ- چۆرىسىدە، ئوتتۇراھال ۋېلسىپىت باھاسى 50 يۈەن، خىل ۋېلسىپىتلەرنىڭ ھەر بىرى-

نىڭ باھاسى 70 يۈەن ئۆپچۆرىدە ئۆستۈرۈلدى.

ئېكسپورت قىلىنىدىغان توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، رادىئولۇق ئۈنئالغۇلارنىڭ پىرپۇوت باھاسى ئۈسكەنلىكى ۋە مال مىقدارىدىكى پەرق باھاسى چوڭايغانلىقتىن دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆستۈرۈلدى. ئېكسپورت قىلىنىدىغان ۋە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن داغلىق رەڭسىز تېلېۋىزور، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، 80 ئىنچىكىلىكتىن يۇقىرى بولغان ساپ پاختىدىن توقۇلغان بويۇملارنىڭ باھاسى داۋاملىق مۇقىم بولدى.

بىر قىسىم ئۆزۈن تالالىق رەختلەر، ئادەتتىكى ماركىلىق كىر ئالغۇ، ئۈنئالغۇ، رەڭسىز تېلېۋىزورلارنىڭ باھاسى تۆۋەنلەشكە يۈزلەنمەكتە.

بىر بۆلۈك ماشىنا قەغىزىنىڭ باھاسى تەڭشەلدى، 2 ـ نومۇرلۇق 70 لىك تۈز تاختىلىق قەغەزنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ھەر توننىسى 2090 يۈەندىن 2300 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. 1 ـ نومۇرلۇق 30 لىك نېپىز پارقىراق قەغەزنىڭ باھاسى 2030 يۈەندىن 2430 يۈەنگە، 1 ـ نومۇرلۇق 30 لىك ئاق ماشىنا قەغىزى 3050 يۈەندىن 3200 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

پاكىستاندىن ئىمپورت قىلىنىدىغان قاپلىق تاماكىنىڭ باھاسى ئىلگىرىكى يىللاردىن 1 ـ 3 ھەسسىگىچە ئۆستى. 1986 ـ يىلى ئىمپورت قىلىنغان پاكىستان قاپلىق تاماكىسىنىڭ ھەر بىر توننىسىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى مۇنداق تىزگىنلەندى. كەيمۇر 15 يۈەن، ۋىللىس 13.50 يۈەن، ئالتۇن تاجى 14.50 يۈەن، كابىنىت 14 يۈەن، ياز پەسلى 12 يۈەن، خان جەمەتى توققۇز يۈەن، كالۋۇتۇنلۇق رەختنىڭ بىر مېتىرىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى تۆت يۈەندىن 15 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. بادامنىڭ بىر كىلوسىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 4.20 يۈەندىن 5.20 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

3. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى:

قەشقەر سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئادەتتىكى 425 ـ نومۇرلۇق سېمونتىنىڭ ھەر توننىسى 120 يۈەندىن 127 يۈەنگە تەڭشەلدى؛ 325 ـ نومۇرلۇقىنىڭ 110 يۈەندىن 116 يۈەنگە تەڭشەلدى، 275 ـ نومۇرلۇقىنىڭ باھاسى ئەسلىدىكى 105 يۈەندىن ئۆزگەرمىدى.

ماددىي ئەشيالار شىركىتى «ۋاكالىتەن رەسمىيەت ئۆتەيدىغان» پولات ماتېرىياللىرىنىڭ بىر توننىسىنىڭ باھاسى 1700 يۈەندىن 1650 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى. پىلان ئىچىدىكى دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان پولات ماتېرىياللىرى ۋە ئىمپورت قىلىنغان پولات ماتېرىياللىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇپ سېتىلىش باھاسى بىر توننىسىنىڭ 1600 يۈەندىن بولدى.

تاشقورغان ناھىيىسىدىن پاكىستان تەرەپنىڭ ماشىنىسى ئىشلىتىدىغان 80 ـ نومۇرلۇق بېنزىنىنىڭ بىر توننىسى 1600 يۈەن، 70 ـ نومۇرلۇق بېنزىنىنىڭ بىر توننىسى 1500 يۈەن، 10 ـ نومۇرلۇق سەلەركىنىڭ بىر توننىسى 1015 يۈەن، 35 ـ نومۇرلۇق سەلەركىنىڭ بىر توننىسى 1115 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى.

ئازوتلۇق خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن سېتىلىش باھاسى ئەسلىدىكى ياللىراق خالتىلىقىنىڭ بىر توننىسى 630 يۈەندىن 577 يۈەنگە، يىپ خالتىلىق، نىلوڭ خالتىلىق چىپىتا ئىچىگە ياللىراق خالتا ئېلىپ قاچى-

لىغانلىرىنىڭ بىر توننىسىنىڭ باھاسى 640 يۈەندىن 587 يۈەنگە چۈشۈرۈلدى.

1987 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ قەشقەردە توك بىلەن تەمىنلەشتە پەسىللىك توك باھاسى يولغا قويۇلدى. 1-، 3-، 11-، 12- ئايلار قىش پەسىللىك توك باھاسى بولۇپ، يېزىلىك سانائەتكە ئىشلىتىدىغانلىرىنىڭ بىر كىلوۋاتىنىڭ 0.10 يۈەندىن 0.16 يۈەنگە، كەنتلىك سانائەت ئۈچۈن ئىشلىتىدىغانلىرىنىڭ 0.11 يۈەندىن 0.17 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، تۇرمۇشتىكى يورۇتۇش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان توك باھاسى ئۆزگەرتىلمىدى. ياز پەسىللىك توك باھاسى بۇرۇنقىدەك يېزىلىك سانائەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنىنىڭ 0.10 يۈەن، كەنتلىك سانائەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنىنىڭ 0.11 يۈەندىن بولۇۋېرىدۇ.

4. غەيرىي تاۋار خاراكتېرلىك ھەق ئېلىش.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، 1987 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بولغان ساياھەت پەسلى مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ بېلەت باھاسى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان بېلەت باھاسى ئوتتۇرا ئۆلچەم باھاسى قىلىنىپ، ترانسپورت باھاسىدا 30% ئەتراپىدا يۇقىرىسىغا تۇراقسىزلاندۇرۇشقا يول قويۇلدى.

ترانسپورت باھاسىنى تۆۋەنگە تۇراقسىزلاندۇرۇشتىكى بىر نەچچە تۈرلۈك كونكرېت بەلگىلىمىلەر مۇنداق: ① ئاپتونوم رايون چېگرىسى ئىچىدە ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى، خۇسۇسىلارنىڭ ئىگىلىكىدىكى ماشىنىلار ۋە سىرتقى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن شىنجاڭغا كىرگەن ماشىنىلار، قىسىملارنىڭ ماشىنىلىرى، ھۆددىگە بەرگەن، ئالغان ئىككى تەرەپنىڭ كېڭىشىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا تۆۋەنگە تۇراقسىزلاندۇرۇپ ھېسابلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

② بۇيرۇق خاراكتېرلىك ترانسپورتتىكى پىلان ئىچىدىكى ماددىي ئەشيالارنى توشۇش باھاسى پرىنسىپ جەھەتتە تۇراقسىزلاندۇرۇلمايدۇ. پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا ھۆددىگە بەرگۈچى ۋە ئالغۇچى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش، مال باھاسىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارغا ئەنگە ئالدۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن كىرا ھەققىنى تۆۋەنگە تۇراقسىزلاندۇرۇشقا بولىدۇ لېكىن تۇراقسىزلاندۇرۇش مىقدارى ئون پىرسەنتتىن چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. ③ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمەن بولۇدىغان ماددىي ئەشيالارنى توشۇش كىراسىنى تۇراقسىزلاندۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىككى تەرەپ كېڭەشكەندىن كېيىن، ئۇنى توشۇش كىراسىنى تۆۋەنگە تۇراقسىزلاندۇرغاندا بەش پىرسەنتتىن چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. ④ بىرلا كىشىنىڭ توشۇشىغا ھاۋالە قىلىنغان ماددىي ئەشيا بولسا، ئۇنىڭ قايتىش سەپىرى قىسمىنى ئىككى تەرەپ كېڭەشكەندىن كېيىن، يەككە ھوسا پەسلىق توشۇش باھاسىنى تۆۋەنگە تۇراقسىزلاندۇرغاندا 15 پىرسەنتتىن چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم.

ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بەدەل تاپشۇرۇش ئۆلچىمىدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەر بىر ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئۈچ يۈەن،

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۈچ يۇەن، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىككى يۇەن، مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ھەر بىر ئوقۇش ماۋسۇمىدا ياتاق پۇلى قوشۇپ ئېلىنىشنى، يەنى شەھەرلەردە بەش يۇەن، ناھىيە بازىرىدا ئۈچ يۇەن ئېلىنىشنى، ئۆيىگىدىن باشقا تاماق ياشقۇرۇش راسخوتى ئۈچۈن (ئوتتۇرا، باشلانغۇچ دەپ ئايرىلمايدۇ) بىر ئوقۇش ماۋسۇمىدا بىر يۇەندىن قوشۇپ ئېلىنىشنى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت (ئوبلاست) نىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بىر نۇپۇسقا توغرا كەلگەن كىرىمى 150 يۇەندىن ئۆۋەن بولغان دېھقان - چارۋىچىلار ئائىلىسىدىن بىردەك ئوقۇش بەدەل پۇلى ئالماي، ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن تولۇقلاپ بېرىشنى قارار قىلدى.

جەمئىيەتكۈچى بىلەن ئېچىلغان مەكتەپ (سىنىپ) نىڭ بەدەل پۇلى ئېلىش ئۆلچىمى مۇنداق بەلگىلەندى: ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بىر سائەتلىك دەرس باھاسى (يۇەن) بويىچە ھېسابلانغاندا، باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سىنىپلىرى 0.07-0.10 يۇەن؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەدەنىيەت سىنىپى ئۈچۈن 0.08 يۇەندىن 0.12 يۇەن؛ تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سىنىپى ئۈچۈن 0.10 - 0.44 يۇەن، باشلانغۇچ دەرىجىسىدىكى تىل سىنىپى ئۈچۈن 0.10-0.14 يۇەن تولۇقسىز تىل سىنىپى ئۈچۈن 0.14 - 0.18 يۇەن؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم ئىجتىمائىي پەنلىرى سىنىپى ئۈچۈن 0.15 - 0.20 يۇەن؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم تەبىئىي پەن سىنىپلىرى ئۈچۈن 0.17 - 0.23 يۇەن، ئالىي تېخنىكوم ئىجتىمائىي پەن سىنىپلىرى ئۈچۈن 0.20 - 0.24 يۇەن، ئالىي تېخنىكوم تەبىئىي پەن سىنىپلىرى ئۈچۈن 0.24 - 0.28 يۇەن؛ كىيىم-كېچەك، تەنتەربىيە، گۈزەل سەنئەت سىنىپى ئۈچۈن 0.10-0.15 يۇەن؛ سائەت، ئېلېكتىر ماشىنىلىرى، ئۆي توك سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش سىنىپى ئۈچۈن 0.15-0.18 يۇەن؛ قۇرۇلۇش بىناكارلىق، فوتوسۈرەتچىلىكى ئۈچۈن 0.13-0.16 يۇەن؛ تېببىي داۋالاش (دورىگەرلىك) تۈرلىرى ئۈچۈن 0.14-0.16 يۇەن؛ مالىيە ئىقتىسادىي تۈرلىرى ئۈچۈن 0.13-0.15 يۇەن؛ ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى تەربىيىسى ئۈچۈن 0.05 يۇەن، مۇزىكا (چالغۇ ئەسۋابلار)، ئۇسسۇل سىنىپى ئۈچۈن 0.18- 0.23 يۇەن؛ ھەر خىل تۈردىكى چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا كەسپىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى بەرگۈچىلەر ۋە ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن ئېچىلغان ھەر خىل دەرس تولۇقلاش سىنىپلىرى ئۈچۈن 0.18 يۇەن؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس بېرىش ھەققى مەسىلىسىدە، ئالىي مەكتەپلەردە قوشۇمچە دەرس بەرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر سائەت دەرسى ئۈچۈن، پروفېسسورلارنىڭ بەش يۇەن، دوتسېنتلارنىڭ 4.5 يۇەن، لېكتورلارنىڭ تۆت يۇەن، ياردەمچى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۈچ يۇەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملاردا قوشۇمچە دەرس ئۆتكەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر سائەت دەرسى ئۈچۈن پروفېسسورلارنىڭ تۆت يۇەن، ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈچ يۇەن؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردە قوشۇمچە دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر سائەتلىك دەرسى ئۈچۈن، پروفېسسورلارنىڭ تۆت يۇەن، دوتسېنتلار 3.5 يۇەن، لېكتورلارنىڭ ئۈچ يۇەن، ياردەمچى ئوقۇتقۇچىنىڭ 2.5 يۇەن؛ ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلەردە قوشۇمچە دەرس بەرگەن ئوقۇتقۇچىلارغا ئۇنۋانى ئايرىلماي، ھەر بىر سائىتى ئۈچۈن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچ يۇەن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىككى يۇەن؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەر 1.5 يۇەن. ھەر خىل

كەسپىي دەرسلەر ئۈچۈن پراكتىكا مەشغۇلاتى بىلەن تەمىن ئېتىلسە بىر سائەت ئۈچۈن 0.05 — 0.07 يۈەن قوشۇپ ئېلىنىدۇ.

مېھمانخانىلارنىڭ ئۆلچەملىك ياتاقلىرىنىڭ ھەر بىرسىنىڭ كۈنلۈك تارقاق كەلگەن چەت ئەللىك مېھمانلاردىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمى 45 يۈەندىن 50 يۈەنگە تەڭشەلدى، گۇرۇپپا ۋە ئۆمەك بولۇپ تەشكىللىنىپ كەلگەن چەت ئەللىك مېھمانلارغا 10% كېمەيتىپ ئېتىبار بېرىلىدۇ. گۇرۇپپا ۋە ئۆمەك بولۇپ تەشكىللىنىپ كەلگەن جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار، چەت ئەللىك ئەدەبىيات، مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى، چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار، دۆلەتتىن تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلارغا 7% تۆۋەنلىتىپ ئېتىبار بېرىلىدۇ. چەت ئەللىكلەر ئىجارىگە ئالىدىغان ماشىنىلاردىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمى تەڭشەلدى. ياپونىيىنىڭ بەش كىشىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ھاۋا تەڭشىگۈچىسى، ستېرولۇق ئۈنئالغۇسى بار «خان تاجى» ماشىنىسى، شاڭخەينىڭ 760A تىپلىق بەش كىشىلىك ھاۋا تەڭشىگۈچى، ئۈنئالغۇسى بار ساناتانىڭ بىر كىلومېتىر ئىجارە ھەققى 0.70 يۈەن، بىر سائەت كۈتسە 8.40 يۈەن. بىر كۈن ئىجارە ئالسا 70 يۈەن، 100 كىلومېتىر ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ بىر كىلومېتىر ئېشىپ كەتسە 0.70 يۈەن قوشۇپ ئېلىنىدۇ. بىر سائەت ئېشىپ كەتسە ئۈچ يۈەن قوشۇپ ئېلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەش كىشىلىك، ھاۋا تەڭشىگۈچىسى، ئۈنئالغۇسى بار ۋولگىسىنىڭ بىر كىلومېتىرلىق ئىجارە ھەققى 0.65 يۈەن، بىر سائەت كۈتسە 7.80 يۈەن، بىر كۈن تولۇق ئىجارە ئالسا 65 يۈەن، 100 كىلومېتىر ئىشلىتىدۇ، بىر كىلومېتىر ئاشۇرۇۋەتسە 0.65 يۈەن قوشۇپ ئېلىنىدۇ، بىر سائەت ئېشىپ كەتسە ئۈچ يۈەن ئېلىنىدۇ؛ بېيجىڭنىڭ 212 تىپلىق بەش كىشىلىك جىپىنىڭ بىر كىلومېتىر ئىجارە ھەققى 0.55 يۈەن، بىر سائەت كۈتسە 6.60 يۈەن، بىر كۈن تولۇق ئىجارىگە ئالسا 55 يۈەن، 100 كىلومېتىر ئىشلىتىدۇ، بىر كىلومېتىر ئېشىپ كەتسە 0.55 يۈەن، بىر سائەت ئېشىپ كەتسە ئۈچ يۈەن قوشۇپ ئېلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى تۆت خىل ماشىنىنىڭ قوزغىلىش ئۇقۇمىدىن ئىجارىگە ئېلىش باھاسى تۆت كىلومېتىر.

ياپونىيىنىڭ «دالا ساياھىتى» ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان 25 كىشىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك، ئۈنئالغۇ، توكلاتقۇسى بار ماشىنىنىڭ بىر كىلومېتىر ئىجارە ھەققى ئىككى يۈەن، بىر سائەت كۈتسە 12 يۈەن، بىر كۈن تولۇق ئىجارە ئالسا 140 يۈەن، 70 كىلومېتىر ئىشلىتىدۇ. بىر كىلومېتىر ئاشۇرۇۋەتسە ئىككى يۈەن، بىر سائەت ئېشىپ كەتسە بەش يۈەن قوشۇپ ئېلىنىدۇ. 12 كىشىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ھاۋا تەڭشىگۈچلۈك، ئۈنئالغۇسى بار فىڭتىيەن ماركىلىقنىڭ بىر كىلومېتىرلىق ئىجارە ھەققى 1.20 يۈەن، بىر سائەت كۈتسە 7.20 يۈەن، بىر كۈن تولۇق ئىجارە ئالسا 84 يۈەن، 70 كىلومېتىر ئىشلىتىدۇ، بىر كىلومېتىر ئاشۇرۇۋەتسە 1.20 يۈەن، بىر سائەت ئېشىپ كەتسە 5 يۈەن قوشۇپ ئېلىنىدۇ. شېنياڭنىڭ 12 كىشىلىك ھاۋا تەڭشىگۈچىسى يوق ساياھەت ماشىنىسىنىڭ بىر كىلومېتىرلىق ئىجارە ھەققى 0.90 يۈەن، بىر سائەت كۈتسە 5.40 يۈەن، بىر كۈنلۈك ئىجارە ھەققى 63 يۈەن، 70 كىلومېتىر ئىشلىتىدۇ، بىر كىلومېتىر ئاشۇرۇۋەتسە 0.90 يۈەن، بىر سائەت ئېشىپ كەتسە بەش يۈەن قوشۇپ ئېلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ماشىنىنىڭ باشلىنىش ئۇقۇمىدىكى ئاساسىي باھاسى 10 كىلومېتىر بولىدۇ. مېھمانخانا، مېھمان كۈتۈش ئورۇنلىرىدا توختىتىلغان ماتورلۇق ماشىنا ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى تەكشۈرۈلدى: ھەر خىل پىكاپلار (ئىككى

يېرىم توننىدىن تۆۋەن ) نىڭ ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان بىر ماشىنىنىڭ كۆلىمى 0.50 يۈەندىن بىر يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ ( ئىككى يېرىم توننىدىن يۇقىرى ) ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان بىر كۆلۈك توختىتىش ھەققى 0.8 يۈەندىن 1.50 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. چاتما كوزۇپلۇق ماشىنىنىڭ بىر كۆلىمى 1.80 يۈەن، قول تراكتورىنىڭ بىر كۆلىمى ئۈچۈن 0.80 يۈەن، چوڭ تىپتىكى تراكتورلاردىن ئېلىنىدىغان ھەق بىلەن يۈك ئاپتوموبىلىدىن ئېلىنىدىغان توختىتىش ھەققى ئوخشاش.

قەشقەر شەھەرلىك ج.خ ئىدارىسىنىڭ ماتورلۇق ماشىنىلارنى توختىتىش مەيدانلىرىدىكى ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بېكىتىلدى: كۈندۈزلىرى توختىتىلغان چوڭ تىپتىكى ماشىنىلارنىڭ بىر سائەتلىكى ئۈچۈن 0.3 يۈەن، پىكاپلارنىڭ 0.2 يۈەن، كېچىلىكى چوڭ تىپتىكى ماشىنىلارنىڭ بىر سائەتلىكى 0.5 يۈەن، پىكاپنىڭ 0.4 يۈەن، غەيرىي ماتورلۇق ماشىنىلارنى تەكشۈرۈش ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى مۇنداق بېكىتىلدى: ھەر يىلى ھەر بىر نومۇر ھەققى، پىراۋا ھەققى، ئات ھارۋىسى 12 يۈەن، ئېشەك ھارۋىسى ئۈچ يۈەن، قول ھارۋىسى ئىككى يۈەن، ۋېلسىپىت شەھەردە 1.50 يۈەن، يېزىلاردا بىر يۈەن.

ۋېلسىپىت ساقلاش ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى بىر قېتىم قويۇلسا ھەيلى كېچىسى، كۈندۈزى بولسۇن بەش پۇڭدىن، ساقلىتىش ۋاقتى يېرىم كۈندىن ئېشىپ كەتسە 40 پۇڭدىن، ساقلاش ۋاقتى 24 سائەتتىن ئېشىپ كەتسە 50 پۇڭدىن ھەق ئېلىش بېكىتىلدى.

قەشقەر شەھەرلىك خەلق باغچىسىنىڭ بېلەت باھاسى چوڭلارنىڭ ئەسلىدىكى بەش پۇڭدىن 10 پۇڭغا ئۆستۈرۈلدى، بىر مېتىر 30 سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولغان بالىلاردىن بەش پۇڭ ئېلىش بېكىتىلدى.

ساتىراچخانا، مۇنچا كەسىپلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كىرىمى بەكلا تۆۋەن بولغاچقا، كەسىپنىڭ تارىيىپ كېتىشىنى شەكىللەندۈردى. ئۈچىنچى كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىدە چاچ ئېلىش ئۆلچىمى مۇنداق بېكىتىلدى: ئەرلەرنىڭ A دەرىجىلىك دۇكانلاردا چاچ ئېلىش باھاسى 0.50 يۈەندىن 0.70 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، B دەرىجىلىك دۇكانلاردا چاچ ئېلىش باھاسى 0.45 يۈەندىن 0.60 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، D دەرىجىلىك دۇكانلاردا چاچ ئېلىش باھاسى 0.40 يۈەندىن 0.50 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى؛ ئاياللارنىڭ بىر قېتىملىق چاچ ئېلىش باھاسى ھەق ئېلىش ئۆلچىمى A دەرىجىلىك دۇكانلاردا 0.85 يۈەندىن بىر يۈەنگە؛ B دەرىجىلىك دۇكانلاردا 0.70 يۈەندىن 0.80 يۈەنگە، D دەرىجىلىك دۇكانلاردا 0.60 يۈەندىن 0.70 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. چاچنى بوياش، بۇدرە قىلىش ھەققى ھازىر خېلىلا ئۆستۈرۈلۈن بولغاچقا بۇ قېتىم ئۆزگەرتىلمىدى. مۇنچا كەسىپىدە بىر كىشى بىر قېتىم يۇرۇق كۆلچەكلىك مۇنچىدا يۇيۇنسا 0.35 يۈەندىن 0.50 يۈەنگە، دۇشتا يۇيۇنسا 0.70 يۈەندىن 0.80 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

ۋىلايەت باشقۇرۇشىدىكى دوختۇرخانىلاردىكى كېسەل كارىۋاتلىرىنىڭ ئۆلچىمى تەڭشەلدى، 1 - خەلق دوختۇرخانىسى، تېببىي مەكتەپ قارمىقىدىكى دوختۇرخانا، ئۆپكە كېسەللەر ساناتورىيىسى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى، قەشقەر شەھىرى يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ تەڭشەلگەندىن

كىيىنكىسى ھەق ئېلىنىش ئۆلچىمى مۇنداق: 6 ـ 2 كارىۋاتلىق ياتاقنىڭ 1.20 يۈەن، يەتتە كىشىلىكتىن يۇقىرىسى 1.10 يۈەن، ئۆپكە كېسەللىرى ساناتورىيىسى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى مۇشۇ ئاساستا يەنە بىر كارىۋاتقا 0.20 يۈەن قوشتى. كادىرلار ساناتورىيىسىنىڭ 1.40 يۈەن، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 12 ـ دوختۇرخانىسىنىڭ 6-2 كىشىلىك ياتاقنىڭ 1.30 يۈەن، يەتتە كىشىلىكتىن يۇقىرى ياتاقنىڭ 1.20 يۈەندىن بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مال باھا ئىدارىسىنىڭ «سۇ ھەققىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» دا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (1983) 63 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە بەلگىلەنگەن سۇ ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى تەكىتلەنگەن.

(1) دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇدىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمى

| تۈرى | سۇ بىلەن تەمىنلەش شارائىتى | سۇ ھەققى ئۆلچىمى كۇب مېتىر/يۈەن | سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى مو/كۇب مېتىر |
|---|---|---|---|
| 1. خىل | سۇ شارائىتى ياخشى، كاپالەتلىنىش نىسبىتى يۇقىرى تۈزلەڭدە تەڭشەيدىغان سۇ ئامبىرى بار | 0.003~0.005 | 400~500 |
| 2. خىل | سۇ بىلەن تەمىنلىنىشتە كاپالىتى بار، سىڭىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈسكۈنىسى بار، ئوتتۇرا ئېقىندا سۇ ئامبىرى بار | 0.002~0.003 | 450~600 |
| 3. خىل | سۇ بىلەن تەمىنلىنىشتە ئاساسەن كاپالىتى بار، سۇ مەنبەسى تۇراقلىق، تۆۋەن ئېقىندا سۇ ئامبىرى بار | 0.001.5~0.002 | 550~700 |
| 4. خىل | سۇ شارائىتى ناچار، سۇ مەنبەسى تۇراقسىز، سۇ ئامبىرى يوق | 0.001~0.001.5 | 700~900 |

(2) سانائەت، شەھەردە تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان سۇدىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمى

| | | | |
|---|---|---|---|
| كان ـ كارخانىلارغا كېتىدىغان سۇ يۈەن/كۇب مېتىر | ئورىغان سۇ | نورمىلىق تەمىنلەيدىغان سۇ | 0.03~0.05 |
| | | نورمىدىن ئاشۇرۇپ تەمىنلىگەن سۇ | 0.06~0.10 |
| | ئايلانغان سۇ | نورمىلىق تەمىنلەيدىغان سۇ | 0.0005~0.001 |
| | | نورمىدىن ئاشۇرۇپ تەمىنلەنگەن سۇ | 0.001~0.002 |
| شەھەر تۇرمۇشى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ يۈەن/كۇب مېتىر | نورما بويىچە تەمىنلەيدىغان سۇ | | 0.05~0.10 |
| | نورمىدىن ئاشۇرۇپ تەمىنلىگەن سۇ | | 0.075~0.15 |

(3) سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ئىشلەتكەن سۇدىن ھەق ئېلىش ئۆلچىمى

| سۇ پەللىسى (مېتر) | سۇ ئامبىرى دامبىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى | | ئۆستەڭ چۈشۈپ سۇ باشلايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى | |
|---|---|---|---|---|
| | سۇ مىقدارى بويىچە (لى/كۇب مېتر) | توك چىقىرىش مىقدارى بويىچە (لى/كىلوۋات) | سۇ مىقدارى بويىچە (لى/كۇب مېتر) | توك چىقىرىش مىقدارى بويىچە (لى/كىلوۋات) |
| <10 | 0.04~0.06 | 2.0~3.0 | 0.02~0.04 | 1.0~2.0 |
| 11~20 | 0.06~0.09 | 2.5~3.5 | 0.04~0.06 | 1.5~2.5 . |
| 21~30 | 0.16~0.22 | 3.0~4.0 | 0.11~0.16 | 2.0~3.0 |
| 31~40 | 0.26~0.34 | 3.5~4.5 | 0.19~0.24 | 2.5~3.5 |
| 41~50 | 0.40~0.50 | 4.0~5.0 | 0.36~0.4 | 3.0~4.0 |
| 50 دىن يۇقىرى | 0.56~0.68 | 4.5~5.5 | 0.43~0.56 | 3.5~4.5 |

## [ مال باھاسى تەكشۈرۈلدى ]

1986 ـ يىللىق مال باھاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە «مۇستەھكەملەش، ھەزىم قىلىش، تولۇقلاش، ياخشىلاش» دېگەن تۆت سۆزلۈك فاڭجېن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ بازارلىرىدىكى مال باھاسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى پارچە سېتىش باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلەش مىقدارىنى 7% ئىچىدە كونترول قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1986 ـ يىلى ۋىلايىتىمىز بويىچە مال باھاسىنى تەكشۈرۈشتە ئۆزلىرى تەكشۈرگەن كۆلەم تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك كارخانىلارنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن، ئارىلاپ تەكشۈرۈلگەن كۆلەم 10 % ئاشقان، جەمئىي 1040 كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي تىجارەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەكشۈرۈلگەن ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان دېلولاردىن 731 پارچىسى بىر تەرەپ قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغان چوڭ دېلو 14 پارچە، مالىيىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك قانۇنسىز كىرىم 1 مىليون 31 مىڭ يۈەن، قوشۇلغان جەرىمانە 81 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدا مالىيىگە ئەمەلىي تاپشۇرۇلغان جەرىمانە ۋە مۇسادىرە قىلىنغان سوممىسى 845 مىڭ 300 يۈەن، بۇ ئالدىنقى يىلدىكى 312 مىڭ يۈەندىن 271 % ئاشقان، قانۇنسىز كىرىمدىن ئىستېمالچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلگىنى 30 مىڭ 500 يۈەن.

ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان چوڭ دېلولارنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكلى:

① پاختا سېتىۋېلىش جەريانىدا سېتىۋال-

مۇچى تارماقلار دەرىجىسىنى، باھاسىنى تۆۋەنلىتىپ پاختىكارلارغا زىيان سالغان؛ ② چىگىتنىڭ سېتىۋېلىش-سېتىش جەريانىدىكى ئوبوروت ھالقىلىرىدىن پايدىلىنىپ باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىۋېلىش، نەتىجىدە بويىچە ئوتتۇرا باھادا تەمىنلەشتەك تۆۋەن باھادا كىرگۈزۈپ، يۇقىرى باھادا چىقىرىش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، قانۇنسىز پايدىغا ئېرىشكەن؛ ③ بەزى تارماقلار مال باھاسىنى ئىسلاھ قىلىش پۇرسىتىدىن، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىي بولۇش زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ باھانى ئۆز مەيلىچە ئۆستۈرگەن ياكى قاتمۇ-قات باھا قويۇش بىلەن شۇغۇللانغان. ④ يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان پىلان بويىچە تەمىنلەيدىغان بېنزىن نىسبەتەن قىس بولغانلىقتىن بەزى ناھىيىلەردىكى نېفىت شىركەتلىرى قاغىلىق نېفىت بازىسى ئىشلەپچىقارغان تۆۋەن نومۇرلۇق بېنزىننى 70-نومۇرلۇق بېنزىنغا ئارىلاشتۇرۇپ، 70-نومۇرلۇق بېنزىن باھاسى بويىچە تەمىنلەپ، قانۇنسىز پايدا ئالغان. ⑤ ئۆز ئالدىغا قائىدە-تەرتىپ تۈزۈپ قالايمىقان ھەق ئېلىپ، ئۆلچەمنى قالايمىقان بېكىتىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇش سىلىقىنى ئاشۇرۇۋەتكەن.

1986-يىلى ۋىلايەتلىك مال باھاسى تارماقلىرى بىلەن ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى زىچ ماسلىشىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئايرودروم رايونى ۋە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى رايونىدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مال باھاسىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش پونكىتىنى قۇرۇپ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بازار مال باھاسىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە قاتنىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، يېڭى يول ئې-چىپ كەلگەن ئىستېمالچىلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

(سۇن ۋېي).

## [ماددىي ئەشيا خىزمىتى ئىسلاھات جەريانىدا ئالغا باستى]

1986-يىلى ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) ئىككى دەرىجىلىك ماددىي ئەشيا تارماقلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تاۋارلىشىۋاتقان، كۆپ كەسىپلىشىۋاتقان، كۆپ يوللۇق، كۆپ باشلىق تىجارەت قىلىنىۋاتقان بازار رىقابىتى كەسكىن بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئىسلاھاتنى چىڭ تۇتۇپ، ماددىي ئەشيا تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ماددىي ئەشيالارنى كىرگۈزۈش، سېتىشنى داۋاملىق، مۇقىم ئاشۇرۇپ باردى. 1986-يىلى ۋىلايەتنىڭ ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش پىلانى 35 مىليون 340 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي ئورۇنلانغىنى 41 مىليون 250 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلان 116.7% ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.3% ئاشتى. پۈتۈن يىللىق ماددىي ئەشيا سېتىش پىلانى 36 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي ئورۇنلانغىنى 40 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلان 111.3% ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.3% ئاشتى. كېرەكسىز ماتېرىياللارنى يىغىش-سېتىۋېلىش پىلانى 1113 توننا، ئەمەلىي ئورۇنلانغىنى 1373 توننا بولۇپ، پىلان 123.4% ئورۇنلاندى. ئاپتونوم رايونغا يۆتكەپ بېرىش پىلانى 913 توننا، ئەمەلىي يۆتكەلگىنى 957 توننا بولۇپ، پىلان 104.8% ئورۇنلاندى. 1986-يىلى ۋىلايەتنىڭ يىل بېشىدىكى ئامباردىكى قالدۇق ماددىي ئەشيا 7 مىليون 810 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى ئە-

مەلىي ئامبار قالدۇقى 8 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولۇپ، 700 مىڭ يۈەن ئاشتى، ۋىلايەتنىڭ پۈتۈن يىللىق پايدا پىلانى 700 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي ئورۇندالغىنى 918 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلان 131% ئورۇندالدى، ھەر بىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان پايدا 3221 يۈەن بولدى. پۈتۈن يىلدا ئالغان پايدا بېجى بىر مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ئايلانما مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش سەۋىيىسى 10.1% بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى 17.7% پىرسەنتكە قارىغاندا 43% تۆۋەنلىدى. 1986-يىلى تۈرلۈك پىلان، ۋەزىپىلەرنى خېلى ياخشى ئورۇنلاشتا، ھەقىقىي رەۋىشتە يولغا قويۇشقا بولىدىغان بەزى تەدبىرلەر قوللىنىلدى: بىرىنچى، ماددىي ئەشيا ئۇچۇرلىرى ۋاقتىدا ئىگىلىنىپ، يۆتكەپ كىرىشكە تېگىشلىك ماددىي ئەشيالار پىلانى دەل ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ئىككىنچى، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش كۈچەيتىلىپ، كۆپ تەرەپلەردىن ماددىي ئەشيا بايلىق مەنبەسى بازىسى قۇرۇلدى. بۇيرۇق خاراكتېرلىك تەقسىم قىلىنغان ماددىي ئەشيالاردىن باشقا، پىلان سىرتىدىكى كۆركەم، باھاسى ئەرزان ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى كىرگۈزۈش پائال تەشكىللىنىپ، سېتىش مىقدارى كېڭەيتىلدى، ماددىي ئەشيا كارخانىلىرىنىڭ بازارلارنى تەمىن ئېتىدىغان ماددىي ئەشيالىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاشۇرۇلدى؛ ئۈچىنچىدىن، خىزمەت ئىستىلى ئۆزگەرتىلىپ، كادىرلار يېزىلار، زاۋۇتلارنى ئارىلىدى، مۇھىم نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيالارنى ئىشىكمۇ-ئىشىك يۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى؛ تۆتىنچى، ئەلا سۈپەتلىك خىزمەت قىلىشتەك كونكرېتنى ھەرىكەت قوللىنىلىپ، خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسى قولغا كەلتۈرۈلدى؛ بەشىنچى، ماددىي ئەشيا كىرگۈزۈش، سېتىش پائالىيىتىدە، بەشتە تېز بولۇش تەدبىرى قوللىنىلدى: ماددىي ئەشيانى ئالاقىلىشىش تېز بولۇش، مال كىرگۈزۈشتە تېز بولۇش، ئامبارلاشتۇرۇشتا تېز بولۇش، باھا قويۇشتا تېز بولۇش، يۆتكەپ، تەمىنلەشتە تېز بولۇش.

ماددىي ئەشيا خىزمىتىدە، 1986-يىلى ئۈچ نۇقتا مۇھىم قىلىپ تۇتۇلدى:

1. مۇھىم نۇقتىلىق يۈرۈشلەشتۈرۈشنى تەمىن ئېتىدىغان ماددىي ئەشيالارغا كاپالەتلىك قىلىندى. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولۇپ، جەمئىي 32 مىليون 850 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. پوسكام سېمونت زاۋۇتى ۋىلايەتنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، جەمئىي 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 25 مىڭ توننا، ئەشۇ ئىككى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك ماددىي ئەشيا تارماقلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشنى ھۆددىگە ئالدى. قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان نەق مەيدانغا ئادەم ئەۋەتىپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى ئوقۇشۇپ ۋە ئىگىلەپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنغا ياخشى مۇلازىمەتچى بولدى. بىر يىلدىن بۇيان، ئىككى قۇرۇلۇش 2445 توننا پولات ماتېريالى، 2157 توننا سېمونت، بىر مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئېلېكتر-

ماشىنا مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يېنىك سانائەت قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، مېتال ماتېرىياللارغا ئارلىق 10 نەچچە خىل مەھسۇلاتلار بار. ئېلېكتىر ماشىنا مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئىشلەيدىغان جايلار كۆپ بولغاچقا، قىسمەن مەھسۇلاتلار 10 نەچچە ئۆلكە ئاتلاپ بېرىپ مال مەنبەسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. راسخوتنى تېجەش ئۈچۈن 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقراق ماددىي ئەشيالار بىۋاستە ئىشلىتىدىغان ئورۇنغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. پوسكام نېفىت زاۋۇتى قۇرۇلۇشىدا شۇ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، شۇ يىلى سىناق قىلىپ ئىشلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

2. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى قويۇۋېتىلدى. شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش تارماقلىرى پىلان بويىچە تەقسىملەپ باشقۇرۇش تىپىدىن تىجارەت خاراكتېرلىك مۇلازىمەت تىپىغا يۆتكەلدى. بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننى داۋاملىق قىسقارتىپ، بازار ئارقىلىق تەڭشەش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، 1986 ـ يىلى ئاكتىپ تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى ئېچىلدى: بىرىنچىدىن، پائال تۈردە كۈچ تەشكىللەپ كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق نۇرغۇن جايلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ماددىي ئەشيا مال مەنبەلىرى بازىرىنى ئىزدەپ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشىغا كېتەرلىك ھەر خىل ماددىي ئەشيالار ۋاقتىدا ئۇيۇشتۇرۇلدى. پۈتۈن يىلدا ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك ماددىي ئەشيا تارماقلىرى ئۇيۇشتۇرغان پىلان سىرتىدىكى ماددىي ئەشيالارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 11 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلان بويىچە سېتىۋېلىنىپ كىرگۈزۈلگەن مال ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 38 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە: پولات ماتېرىياللىرى 2144 توننا، يېنىك سانائەت، خىمىيە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى 2 مىليون 658 مىڭ يۈەن، ئېلېكتىر ماشىنا مەھسۇلاتى 4 مىليون 58 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى مۇلازىمەت كەسپىدە تەڭشەلگەن ماددىي ئەشيا 192 مىڭ يۈەن، كېرەكسىز مېتاللارنى يىغىش كەسپىدىن 238 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇ ماددىي ئەشيالار تۈركۈمگە، مۇددەتكە بۆلۈپ بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇردى. ئىككىنچىدىن، ماددىي ئەشيا تىجارەت تور ـ نۇقتىلىرى كۆپەيتىلىپ، ماددىي ئەشيالارنى سېتىش بازىرى كېڭەيدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاۋارلىشىشى تېزلىتىلدى. بازارلارنىڭ قويۇۋېتىلىشىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك ماددىي ـ ئەشيا تارماقلىرى يېقىندىن بەش ماگىزىننى كۆپەيتتى، تىجارەت دائىرىسى جەھەتتە قىسقا لىنىيىلىك ماددىي ئەشيالار داۋاملىق كۆپەيتىلدى. 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى ماگىزىنلاردا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار 44 نەپەر بولۇپ، 1985 ـ يىلىغا قارىغاندا ئالتە كىشى كۆپەيتىلدى. پۈتۈن يىلدا ماگىزىنلاردا سېتىلغان مال سوممىسى 3 مىليون 960 مىڭ يۈەن، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىن 184.7% ئاشتى، بۇ، ۋىلايەتتە سېتىلغان ئومۇمىي سوممىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، پايدا 279 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىن 13.19% ئېشىپ، ۋىلايەت بويىچە ئەمەلگە ئاشقان پايدىنىڭ

25 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

3. ئىقتىسادىي ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ماددىي ئەشيا تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، كارخانىلار ئۈچۈن ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. 1986-يىلى ماشىنا ئەترىتى، مەكىت، قاغىلىقتىكى يەكەن ماددىي ئەشيا ماگىزىنىدا ئىقتىسادىي ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. مەكىت ناھىيىسىدىكى ماددىي ئەشيا ماگىزىنىنىڭ مال ساتقان پۇلى 1985-يىلدىكىدىن 22.3% ئاشتى، پايدا 51% كۆپەيدى. ماشىنا ئەترىتى 1-پەسىلدە 17 مىڭ يۈەن زىيان تارتقانىدى. 2-پەسىلدىن باشلاپ ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى يولغا قويدى، پۈتۈن ئەترەت بويىچە سېخلار، بەن-گۇرۇپپىلار ئىقتىسادىي ھۆددىگە ئېلىش بىرلىكى قىلىندى، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ شەخسلەرگە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئىش ھەققى تولۇق تۇراقسىزلاندۇرۇلدى، توققۇز ئاي نۇقتىدا سىناق قىلىش ئارقىلىق تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ھۆددىگە بېرىشتىن بۇرۇنقىدىن كۆرۈنەرلىك ئۆرلىدى. يىل ئاخىرىدا پۈتۈن ئەترەت 359 مىڭ توننا-كىلومېتىر ئورۇنلىدى، پىلان 148.7% ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 64% ئاشتى، 680 مىڭ ماشىنا-كىلومېتىر ئورۇنلىدى، پىلان 186% ئورۇنلىنىپ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 27% ئاشتى، پايدا 586 مىڭ 780 يۈەن بولۇپ، پايدا پىلانىنىڭ 288.8 پىرسەنتىنى ئورۇنلاپ ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 66% ئاشۇردى. تۇراقسىز ئىش ھەققى تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ توققۇز ئايدا ئالىدىغان ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 142% ئاشتى. 1986-يىلى يەنە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ئاكتىپ قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەتلىك ئېلېكتر-ماشىنا شىركىتى شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە ۋىلايەت (ئوبلاست) ئېلېكتر-ماشىنا مەھسۇلاتلىرىنى بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش جەمئىيىتىگە قاتنىشىپ، ئېلېكتر-ماشىنا كەسپىدە ئېلېكتر-ماشىنىلارنى بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق 800 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق ئېلېكتر-ماشىنا مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزدى ۋە چىقاردى، ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى 12 زاۋۇت ۋە لەنجۇ، نەنجىڭ، شېنياڭ، خېفېي، ۋېفاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئېلېكتر-ماشىنىلىرى، ماشىنا زاۋۇتلىرى بىلەن كەسپىي ئالاقىلىشىش نۇقتىسى ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئېلېكتر-ماشىنا شىركىتى، پوسكام ماددىي ئەشيا شىركىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ نېفىت بازىسىدا ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇپ، ئالتە تۈرلۈك قۇرۇلۇشقا نۇقتىلىق ھالدا مەدەت بەردى.

(بەي جۈن).

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش - سېتىش، قالدۇق ئەھۋالى

| تۈرى | مىقدار بىرلىكى | يىل بېشىدىكى ئامبار قالدۇقى | كىرگۈزۈلگىنى | | | | سېتىلغىنى | | | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | يۆنىلىش ئىچىدە: ئۆز سېتىۋېلىشى ئىچىدىن سېتىۋېلىنغىنى | ئومۇمىي جەم ئىچىدە / كەسپىنىڭ جەمئىي | ئۆزلىرى ئۆزۈش ئۆزگىنى / يۆنىلىش ئىچىدە: سىستېما ئىچىدىن | كىرگۈزۈش باھاسى | سىستېما ئىچىدە سېتىلغىنى | يېزىلاردا سېتىلغىنى | |
| ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي سومما | 10 مىڭ يۈەن | 781 | 4125.3 | 2865.4 | 1157.5 | 284 | 4063.5 | 844.4 | 244.4 | 851.2 |
| يۆنىلىش ئىچىدە، شىركەت | 〃 | 327.1 | 2213.7 | 1321.4 | 626.9 | 121 | 2994.5 | 807 | 4 | 346.2 |
| ھەر قايسى ناھىيە | 〃 | 454 | 1911.6 | 1544 | 530.6 | 163 | 1869 | 37.4 | 240.4 | 505 |
| ئومۇمىي سومما ئىچىدە: | | | | | | | | | | |
| مېتال ماتېرىياللار | 〃 | 292.3 | 1581.7 | 1342.7 | 291.5 | 52.5 | 1562.1 | 307.3 | 102 | 318.2 |
| يېنىك سانائەت، خىمىيە مەھسۇلاتى | 〃 | 139.3 | 474.2 | 344.7 | 265.8 | 136.3 | 448.5 | 84.4 | 29 | 166.1 |
| قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتى | 〃 | 54.8 | 889.3 | 385.3 | 151.4 | 33.8 | 872.9 | 222.3 | 49.7 | 71.9 |
| ئېلېكتر ئۈسكۈنە 〃 〃 | 〃 | 289.9 | 1137.1 | 792.7 | 405.8 | 61.4 | 1135.2 | 230.4 | 63.7 | 292 |
| ئاساسلىق ماددىي ئەشيالار | | | | | | | | | | |
| پولات ماتېرىيالى | تونا | 2681.9 | 15498 | 13703 | 2144 | 349 | 15338 | 3996 | 762 | 2858.5 |
| ناترىي ئىشقارى | 〃 | 275 | 313 | 264 | 64 | 14 | 495 | 112 | 23 | 90 |
| ساپ ئىشقار | 〃 | 31.4 | 24.8 | 24.8 | — | — | 52 | 5 | 0.7 | 4.2 |
| بالۇن | جۈرۈش | 1337 | 67.7 | 5132 | 2905 | 1320 | 5873 | 1199 | 169 | 2181 |
| سېمونت | 10 مىڭ تونا | | 6.2 | 2.6 | 3.4 | 0.1 | 6.1 | 1.7 | 0.3 | |
| تاختاي ئەينەك | يەشىك | 2916.2 | 11645 | 5807 | 7206 | 1365 | 11788 | 1862 | 876 | 189.9 |
| ماشىنا | 10 مىڭ يۈەن/ دانە | 13/73.6 | 184/504 | 187/477.4 | | | 197/508 | 61/122 | | 20162.9 |

# [پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغاركوللېكتىپ — قەشقەر تاموژنىسى]

قەشقەر تاموژنىسىدا جەمئىي 50 نەپەر ئىش-چى-خىزمەتچى بار، تورغات ۋە خونجىراب ئىككى ئېغىزدىكى تاموژنىمۇ قارايدۇ، 70 پىرسەنتتىن كۆپرەك خادىملار ئەشۇ ئىككى ئېغىزدا ئىشلەيدۇ. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، قەشقەر تاموژنىسى پارتىيە تەشكىلاتى ئاسىمىغا تولۇق تايىنىپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتتى. پۈتۈن تاموژنىدىكى خادىملار ئېگىزلىكتە يىلتىز تارتىپ، قىزغىن خىزمەت قىلدى. 1986-يىلى خونجىراب ئېغىزىنىڭ 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، خونجىراب تاموژنىسى 47 دۆلەتنىڭ 2300 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق مۇھاجىر ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارغا تاموژنا رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى. چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن ۋە چىقىرىلغان مالدىن 40 مىڭ توننىنى نازارەت قىلىپ، مال بېجىدىن 1 مىليون 600 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك، يۈك - تاقا بېجىدىن 1 مىليون 800 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك يىغىۋالدى. چېگرىدىن كىرىپ چىققان ترانسپورت ماشىنىلىرىدىن 4020 ماشىنا قېتىم، خادىملاردىن 3314 پارچىنى نازارەت قىلىپ، بىر تۈركۈم ئالتۇن، تىللا، ئوۋ مىلتىقى، خەلق پۇلى، ئىلۇك رەخت، يىپەك رەخت، ئۈنئالغۇ، شەھۋانە ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ لېنتىلىرى ۋە چەكلەنگەن ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى قاتارلىق ئەتكەس ماللارنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قوغداش ۋە تېزلىتىشتە تۆھپە ياراتتى. 1986 - يىلى قەشقەر تاموژنىسىغا قاراشلىق تورغات ۋە خونجىراپ تاموژنىسىغا دۆلەتلىك تاموژنا باش مەھكىمىسى «مەملىكەت تاموژنىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر تاموژنىسىغا «پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى. قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى.

1. ئىدىيىۋى تەربىيە كۈچەيتىلدى، ئېگىزلىكتىكى تاموژنىدا يىلتىز تارتتى.

قەشقەر تاموژنىسىغا قاراشلىق تورغات تاموژنىسى «بوران چىقسىلا تاش شېغىللار ئۇچۇپ تۇرىدىغان، گىيا ئۈنمەيدىغان، ھاۋاسى شالاڭ، تۆت پەسىلدە پاختىلىق كىيىم ئۈستىدىن چۈشمەيدىغان «ئېگىزلىكتىكى جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىغا جايلاشقان.

خونجىراپ ئېغىزى تاموژنىسى جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىدىكى سوغۇق، ئوكسىگېن يېتىشمەيدىغان، قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان، تاغ تىزمىلىرىنىڭ قار سىزىقىغا جايلاشقان.

بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى يىغىنچاقلىغاندا، بىرىنچىدىن، ئېگىزلىكتە ھاۋا كىلىماتى ناچار، مۇھىتى جاپالىق، بەدەننىڭ سەرپىياتى چوڭ، كۆپلىگەن يولداشلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئېگىزلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولدى؛ ئىككىنچىدىن، ھەر يىلى تاغلىق رايوندا ئىشلەيدىغان ۋاقتى ئۇزۇن، ئەر - ئاياللار بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالالمايدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابات-

لىرىدا كونكرېت مەسىلىلەر كۆپ؛ ئۇچۇلچىدىن، يىلبويى ئېگىزلىكتە ئىشلەۋېرىدۇ، ھېيت - بايرىمى يوق. تۇرمۇش بىر خىللا ئۆتىدۇ. شۇڭا، تامۇژنا خادىملىرىنىڭ چېگرا رايون ئاغزىدا خاتىرجەم ئىشلەش جاپانى شەرەپ دەپ بىلىش، تامۇژنا ئىشلىرىغا ئۆزلىرىنى بېغىشلاشقا تەربىيە بېرىش، ئىلھاملاندۇرۇش — تامۇژنا پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىگە ئايلاندى.

ئىدىيىۋى تەربىيىدە، ئۇلار دەرس ئۆتۈپ چۈشەندۈرۈش، سىردىشىپ ياردەملىشىپ تەربىيىلەش، سۆھبەت يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش، ئۆيلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ ھال سوراش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، تامۇژنا خادىملىرىنىڭ خاتىرجەم خىزمەت قىلىپ، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆتكەلنى مەھكەم ساقلاشقا ئىلھاملاندۇردى.

پارتىيە تەشكىلاتى خاتالىق ئۆتكۈزگەن يولداشلارغا قارىتا يېتەكلەش، قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش جەھەتتە كۈچ چىقاردى. بىر نەپەر خىزمەتچى بىر مەھەل جىنايەت ئۆتكۈزۈش گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدى. پارتىيە تەشكىلاتى ئەزالىرى ئۇنىڭغا تەكرار - تەكرار تەربىيە بېرىپ، ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەردى. ئۇ ئاز بولمىغان مۇھىم، زور ئەتكەسچىلىك دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى. ئەتكەسچىلەرنىڭ تەھدىت سېلىشى، قورقىتىشى ئالدىدىمۇ قورقۇپ قالمىدى. بەلكى تېز، قەتئىيلىك بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلىپ، شەخسىي ھېسسىياتقا بېرىلمىدى، ئۇدا ئىككى يىل ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. شائىخەي تامۇژنا مەخسۇس كەسپىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن يولداش ئەركىن تورغات تامۇژنىسىدا ئىشلەشكە تەقسىم قىلىنغاندا، زىيان تارتتىم دەپ ھېس قىلغان. كېيىن، ئۇ ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدە يىلتىز تارتىپ، تامۇژنا ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلىش ئىرادىسىنى تىكلىدى. 1986 - يىلى 10 - ئايدا تورغات تامۇژنىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1986 - يىلى تامۇژنا بويىچە ئۈچ نەپەر ئوتتۇرا ياش، ياش پارتىيە ئەزالىرى كادىرلار بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈرۈلدى. 22 نەپەر يولداش «ئۆتكە ئىگە بولغان تامۇژنا خادىمى» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

2. مىللىي سىياسەت ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى.

قەشقەر تامۇژنىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك، شىۋە، چاۋشيەن مىللىتى قاتارلىق بەش مىللەت بار. ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. پارتىيە تەشكىلاتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بوشاشتۇرماي تۇتتى. ئاساسلىق ئۇسۇلى مۇنداق:

(1) رەھبەرلەر ئىتتىپاقلىقنى باشلامچىلىق بىلەن سۆزلەپ ئۈلگە كۆرسەتتى. تامۇژنىدىكى تۆت نەپەر رەھبىرىي ئەزالار ئىچىدە ئىككى نەپىرى ئاز سانلىق مىللەتتىن، ئىككى نەپىرى خەنزۇلاردىن. ئۇلار پارتىيىۋىلىكنى، ئىتتىپاقلىقنى باشلامچىلىق بىلەن تەكىتلىدى. ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئورتاق كېڭىشىپ، ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويدى. ئۇلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى تۈزۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تونۇشنى دائىملاشتۇردى،

تۈزۈملەشتۈردى. تاموژنىغا يېڭىدىن بىرەر يولداش كىرسە ئالدى بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى بېرىلدى. ھەر يىلى يىلدا تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ باھالىدى. يىل ئاخىرىدا خۇلاسىلىدى. 1986 - يىلى، ئائىلە تاۋاباتلار ۋە پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخسلەردىن ئىككىنى، كادىرلار ئىچىدىن سەككىزنى باھالاپ چىقتى.

(2) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. 1977 - يىلىدىن بۇيان، ئالتە نەپەر مۇنەۋۋەر ئازسانلىق مىللەت كادىرى بۆلۈم، باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە ئۆستۈرۈلدى. 10 نەپەر ئازسانلىق مىللەت كادىرى تەربىيىلىنىپ پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى، بۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 77.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەككىز نەپەر ئازسانلىق مىللەت ياشلىرى ئالىي مەكتەپ، ئىنستىتۇتلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. تاللاپ ئەۋەتىلگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 73 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىر تاموژنا بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغان كادىرلاردىن 17سى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەتتىن 11 نەپەر بولۇپ، 66.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ 11 كىشى ئىچىدە 10 كىشى چەت ئەل تىلىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ياشلاشقان، كەسپىيلەشكەن، بىلىملەشكەن ئازسانلىق مىللەت تاموژنا كادىرلىرى قوشۇنى شەكىللەندى.

(3) كەسپىي نازارەت قىلىش جەريانىدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى گەۋدىلەندۈرۈلدى. قەشقەر تاموژنىسىنىڭ پوسىلكىلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە مېھمانلارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئوبيېكتىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئازسانلىق مىللەت ئاممىسى ئىدى. نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش خىزمىتى ئەمەلىيەتتە بولسا ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە، ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان مەھسۇلاتلار، مەسىلەن: باش ياغلىق، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، رەخت، مىللىي دورا ماتېرىياللىرى، ئىستېمال قاتارلىق ماددىي بۇيۇملارغا قارىتا يول قويۇش، بېكىتىلگەن دائىرە ئىچىدە ئىمكانقەدەر كەڭرەك ئىشلەندى. پوسۇلكىلارنى تەكشۈرۈش جەھەتتە، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدە بولسا كۈچ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ پوسۇلكىلار زەربىدارلىق بىلەن تەكشۈرۈلۈپ، پوسۇلكا ئىگىلىرىنىڭ ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ، ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى، قەشقەر تاموژنىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقتىن، 1984- ۋە 1986 - يىللىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. 1986 - يىلى 12 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن» دېگەن نام بەردى.

3. تاموژنا ئېغىر كۈچ چىقىرىپ، تۆتكە ئىگە بولغان ئىختىساسلىقلار يېتىشتۈرۈلدى.

تاموژنا — پارتىيىنىڭ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدىغان كۆزئەينەك. ۋەتەننىڭ ئىقتىسادىي دەرۋازىسىنى قوغدايدىغان مۇھىم فۇنكسىيىلىك ئورگان. تاموژنا خادىملىرى ھەر كۈنلۈكى زور بىر تۈركۈم

جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن، زور مىقداردىكى پۇل ۋە ماددىي بويۇملار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇلاردا ئىنقىلاش، تەكشۈرۈش، قويۇۋېتىش، تۇتۇپ قېلىش، جەرىمانە قويۇش، مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلار بار. تاموژنا كەسپىي ئەخلاقىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى تاموژنىنىڭ باشقۇرۇش مۇلازىمىتى بۇرچىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى ۋە تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، قەشقەر تاموژنىسى پارتىيە تەشكىلاتى ئوخشىمىغان دەۋردىكى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ، تاموژنا ئېتىكىنى كۈچەيتىش، «تۈزۈت بولغان» ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى باشتىن-ئاخىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويدى.

(1) ۋەتەن غۇرۇرى، كىشىلىك غۇرۇر تەربىيىسى كۈچەيتىلدى. ھەر بىر خىزمەتچىدىن «تاموژنا خىزمەتلىرىنىڭ مىزانى» ۋە تاموژنا باش مەھكىمىسى بېكىتكەن «ئالتە يول قويماسلىق»قا ئەمەل قىلىپ، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەپ، ۋەتەن ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

(2) نىچىلارغا چېقىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، ناچار قىلمىشلار ۋە ناتوغرا ئىستىللار بىلەن ھەردانىلىق بىلەن كۆرەش قىلدى.

(3) ئىجابىي تەربىيىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقاچان سىگنال بېرىپ، چۈشكۈنلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خونجېراب ئېغىزى 3-دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، تاموژنا خادىملىرى جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك مېھمانلار تاموژنا رەسمىيىتىنى بېجىرىش جەريانىدا، مېھمانلارنىڭ ھەرخىل شەكىللەر بىلەن قىلغان «ئىنئاملىرى»، سوۋغىلىرىدىن يۈز ئەپچە قىلىشنى رەت قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە رەسىم ئاپپاراتى، خەلق پۇلى، رەخت، تاماكا، چامادان، گىلەم قاتارلىقلار بولۇپ، قىممىتى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى يولداش تۇنىياز باج ئېلىۋاتقاندا، ھەجگە چىقىدىغان مەجىتھاجى ئىسىملىك بىر مېھمان 800 يۈەن خەلق پۇلىنى ئوغۇرلۇقچە سۇڭگۇتۇپ تۇرۇپ: باج ئالغانلىرىدا قاراپ قويارلا» دېگەندە، يولداش تۇنىياز ھەققانىي سۆزلەر بىلەن رەت قىلىدۇ.

(4) «غايىلىك، ئىنتىزاملىق بولۇش، مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى تاموژنا خادىمى بولۇش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر بىر تاموژنا خادىمى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئاقىلانە ھالدا مەدەنىيەتلىك سۆزلەش، ئەدەپ-قائىدىلىك ھەرىكەتلىنىش، ئۆتكەلنى ئىگىلەپ، مۇلازىمەتتە گەۋدىلەندۈردى.

كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى تۇتۇش ئارقىلىق، مۇلازىمەتتە قىزغىن بولۇش، ئۆتكەلنى مەدەنىيەتلىك ئىگىلەش بىرخىل خىسلەتكە ئايلاندى. خونجېراب ئېغىزى 3-دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، تاموژنا خادىملىرى مېھمانلار ئۈچۈن 100 قېتىمدىن ئارتۇقراق ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، پەقەت 9-ئايدىلا 32 قېتىم ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان مېھمان روزى مەھەممەت 1985-يىلى 10-ئايدا پاكىستاندىن بىر دانە سىنئالغۇ ئاپپاراتى سېتىۋالغاندا، باشقىلار سەۋەبسىزلا تۇتۇپ قالىدۇ. يېنىدىكى پۇلىنىمۇ ئوغۇرلىتىپ قويىدۇ. ئۇ خونجېراب ئېغىزىغا كەلگەندە بۇ كېلىشمەسلىكنى تاموژ-

ىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش گاۋيۇەنگە ئېيتىپ بەردى. يولداش گاۋيۇەن ھەرخىل چارىلار بىلەن پاكىستان تامۇژنىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، يېرىم يىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاخىرى سىنئالغۇ ئاپپاراتىنى قايتۇرۇپ كەلتۈردى. ئۇنىڭغا سىنئالغۇ ئاپپاراتىنى تاپشۇرۇۋېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىنغاندا ئۇ ھاياجىنىدىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا بىر سىقىم پۇلنى چىقىرىپ يولداش گاۋيۇەنگە ئۇزۇتۇپ رەھمەت ئېيتتى. يولداش گاۋيۇەن «بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز» دەپ رەھمەت بىلەن رەت قىلدى. 1986-يىلى 7-ئايدا پاكىستاندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئىككى نەپەر كانادالىق مېھمان دۆلىتىمىزگە ساياھەتكە كېلىپ چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ماشىنا يوق بولۇپ قېلىپ، ئېغىزدا ئالتە سائەت تۇرۇپ قالدى، ياتاق ۋە تاماق بولمىغان بۇ چاغدا ئىككى مېھمان بەكمۇ ئاچچىقلاندى. بىزنىڭ تامۇژنا خادىملىرىمىز خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاماق، قايناقسۇ تېپىپ بەردى. ئۇلارنى تامۇژنا ئۆيىدە ئارام ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ماشىنا ئالاقىلىشىپ بەردى. بۇ ئىككى مېھمان قاتتىق تەسىرلىنىپ: «بىز چېگرىدىن كىرىپلا بۇنداق كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقۇپ بەك جىلى بولغانىدۇق، سىلەرنىڭ بىزگە مۇنداق كۆيۈنۈشۈڭلار بىزنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى» دېيىشكەن. ئامېرىكىلىق مۇخبىر كېلىستىنا ۋە بورگېتلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئامېرىكىنىڭ «خرىستىيان ئىلمىي رىسالىسى» گېزىتى ۋە شياڭگاڭنىڭ «يىراق شەرق ئىقتىسادىي ئوبزورى» گېزىتىگە يازغان ماقالىسىدا خونجىراب تامۇژنىسىنىڭ ئۆتكەلنى ئىگىلەش مۇلازىمىتى ئەھۋالىغا قىزغىن باھا بەرگەن ۋە ماختىغان. چەت ئەلگە ھەج قىلىشقا چىقىپ قايتىپ كەلگەن مېھمانلار بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تامۇژنىسىنىڭ پارا ئېلىش، ئەتكەسچىلەرنى قويۇۋېتىش، قاقتى-سوقتى قىلىشتەك ئېغىر ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا: «دېيەنلا جۇڭگو تامۇژنىسى ياخشىكەن» دېيىشتى.

4. پارتىيىنىڭ ئىچكى دېموكراتىك تۇرمۇشى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولى جارى قىلدۇرۇلدى.

پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق قەشقەر تامۇژنىسى پارتىيىنىڭ ئىچكى دېموكراتىك تۇرمۇشى تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى، ئاممىغا قەرەللىك ھالدا پارتىيە دەرسى ئۆتتى، مۇھىم زور مەسىلىلەرگە يولۇققاندا كوللېكتىپ مۇھاكىمە قىلىپ قارار قىلدى، قارار ماقۇللىنىشى بىلەنلا قەتئىي ئىجرا قىلدى. دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا پارتىيە ئەزالىرى رەھبەرلەرگە يۈز تۇرانە تۇرۇپ پىكىر بېرىپ، تەنقىدنى قانات يايدۇردى. تورغات تامۇژنىسى پارتىيە ياچېيكىسى ئايدا بىر قېتىم پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى بەش جەھەتتىن باھالاش، يەنى: بىرىنچىدىن، ئىشقا چىقىش ئۇنۇمىنى باھالاش؛ ئىككىنچىدىن خىزمەت پوزىتسىيىسىنى باھالاش؛ ئۈچىنچىدىن، خىزمەت ئۈنۈمىنى باھالاش؛ تۆتىنچىدىن، قانۇن-ئىنتىزاملارغا رىئايە قىلىشنى باھالاش؛ بەشىنچىدىن، ئىدىيە، ئۆز ئارا ياردەم بېرىشنى باھالاش ئېلىپ باردى. سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نە-

مۇنىملىك، باشلامچىلىق رولى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارىي قىلدۇرۇلدى. پارتىيە ئىستىلىنى، تاموژنا ئىستىلىنى توغرىلاش جەريانىدا قەشقەر تاموژنىسى پارتىيە تەشكىلاتى رەھبىرىي ئەزالار ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئەھدىنامە تۇرغۇزدى: (1) رەھبەرلەر باشلامچى بولۇپ، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، ئالاھىدە بولۇۋالمايدۇ، پارا ئالمايدۇ، پارا قوبۇل قىلمايدۇ. ھوقۇقىغا تايىنىپ كۆمۈچىگە چوغ تارتمايدۇ. (2) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى باشلامچىلىق بىلەن كۈچەيتىپ، چىرىتىشنى چەكلەپ، تاموژنا باش مەھكىمىسى بېكىتكەن «ئالتىدە رۇخسەت قىلماسلىق»نى قەتئىي ئىجرا قىلىدۇ. (3) ئاممىنى بىلەن زىچ ئالاقىلىشىپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ. ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلايدۇ. ئۈمۈمەن ئاممىنى ئىشلەش تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنى رەھبىرىي كادىرلار ئالدى بىلەن ئىشلىدى، ئاممىنىڭ رىئايە قىلىشى تەلەپ قىلىنغانلىرىنى رەھبىرىي كادىرلار ئالدى بىلەن رىئايە قىلدى. 1986 - يىلى قەشقەر تاموژنىسىدىكى رەھبەرلەر ۋە پارتىگورۇپپا ئەزالىرى ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ 13 قېتىم ئىككى ئاساسىي قاتلام چېگرا چازىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلدى، ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. نورمال ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، رەھبىرىي كادىرلار ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ ئۈلگە كۆرسەتتى، بەلگىلىمە بويىچە كېيىنىپ ۋاقتىدا ئىشقا چىقىپ، چۈشۈپ، ئاممىغا ئۈلگە بولدى. ياشنىپ قالغان پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى ئابدۇللا 2 - سەپكە چېكىنگەن بولسىمۇ، خونجىراپتا بىرنەم ئاي تۇرۇپ خىزمەتلەرگە ياردەم بېرىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ باشتىن - ئاخىر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك سۆز - ھەرىكەتلىرى ۋە ئەمەلىي ئىشلەش روھى بىلەن ئاممىنى يېتەكلەپ، خىزمەت ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى.

(قەشقەر تاموژنىسى ئىبەرتكەن).

**[خونجىراپ تاموژنىسىنىڭ كەسپىي]** 1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خونجىراپ ئېغىزى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، خونجىراپ تاموژنىسىنىڭ كەسپىي خىزمەت مىقدارى تېز كۆپەيدى. چېگرىدىن كىرىپ - چىققۇچىلار 45 دۆلەت ۋە رايوندىن بولۇپ، كەلگەنلەر جەمئىي 21مىڭ502 ئادەم-قېتىم، ئالدىنقى تۆت يىلدا چېگرىدىن كىرىپ - چىققان خادىملار ئومۇمىي سانىدىن بىر ھەسسە ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سەيلە - ساياھەتچىلەر 56 پىرسەنتىنى، ھەج قىلىشقا بارغان مېھمانلار 26 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1986-يىلى يۈك-تاق بېجىدىن 2 مىليون714مىڭ84 يۈەن ئېلىنىپ، ئالدىنقى تۆت يىلدا ئېلىنغان يۈك - تاق بېجىنىڭ جەمئىيسىدىن 33.6% ئاشتى. ئەتكەسچىلىك دېلوسىدىن 21 پارچە تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلدى، ئەتكەس ماللارنىڭ تەخمىنەن قىممىتىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 45 مىڭ600 يۈەندىن ئارتۇق كېلىدۇ.

مېھمانلار تەركىبىدىن قارىغاندا، قىسقا ۋاقىت سەيلە - ساياھەت قىلىدىغان مېھمانلار چېگرىدىن كىرىپ - چىققۇچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىپ، مۇشۇ ئېغىزدىن كىرىپ - چىقىدىغان ئاساسلىق مېھمانلاردىن بولۇپ قالدى. ئاز بولمىغان ساياھەتچىلەر ئۆمەكلىرى شىنجاڭنىڭ شىلىم

ئېغىزى ئارقىلىق كىرىپ، لاسا، گىرىم، لەنجۇ، دۇنخۇاڭ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەرلى ئايلىنىپ خۇنجېراپ ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتى، بۇ لىنىيە «ئالتۇن سەيلە ساياھەت لىنىيىسى» دەپ ئاتالدى. بۇ يىپەك يولى يېڭىباشتىن ئېچىۋېتىلىپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانلىقىنى، ئىستىقباللىنىڭ ئىنتايىن كەڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خۇنجېراپ ئېغىزىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، خۇنجېراپ تاموژنىسى يېڭى دەۋردىكى تاموژنا خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەسپىي جەھەتتە نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش جەريانىدا تېز بولۇشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەكشۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ نورمال بېرىپ-كېلىشلەرگە قولايلىق ياراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆتكەلنى قاتتىق كونترول قىلىپ، ئەتكەسچىلىك، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، نورمال تاشقى سودا ۋە دوستانە بېرىپ-كېلىشلەرنى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلەندۈردى. 1986-يىلى خۇنجېراپ تاموژنىسى قەشقەر تاموژنىسى تەرىپىدىن «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى، ئېغىزلار بويىچە تاشقى ئىشلار خىزمىتىدە تەقدىرلەش يىغىنىدا ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «ئېغىز تاشقى ئىشلار خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى.

(يۇجېۋلى، ليۇسۇجىلىڭ).

**[تورغات تاموژنىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش]** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تورغات تاموژنىسى دېڭىز يۈزىدىن 3700 مېتىر كېلىدىغان پامىر ئېگىزلىكىدىكى جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىدىكى تورغات تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان، قەشقەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 162 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن سىمخانىدا (كونا ئۇلۇغچات) تاموژنا تەسىس قىلىنغانىدى، ئەينى چاغدا ئۈچ نەپەر خىزمەتچى بولۇپ، كەسپىي خىزمەت مىقدارى چوڭ ئەمەس ئىدى. 1951-يىلى 12-ئايدا، جۇڭگو-سوۋېت سودىسىنى قانات يايدۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن جۇڭگو-سوۋېت ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەسلىھەتلىشىشى ئارقىلىق دۆلەتلىك تاموژنا باش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن تورغاتتا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قەشقەر تاموژنىسىنىڭ تويۇن شۆبە تاموژنىسى قۇرۇلدى.

1951-يىلدىن 1969-يىلغىچە تويۇن شۆبە تاموژنىسىنىڭ ئاساسلىق كەسپىي — سوۋېت ئىتتىپاقى سودىسىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىدى. ئۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن دۆلىتىمىزگە ياغاچ ماتېرىياللى، سېمونت، نېفىت، كىيىم-كېچەك، يېمەكلىك ھەم ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ماللار ئىمپورت قىلىناتتى. دۆلىتىمىزدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا رودا، خام مال، قۇرۇق يەل-يېمىش، زىغىر قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ئېكسپورت قىلىناتتى. ئىككى دۆلەتنىڭ سودىسىنى ئاساسەن «جۇڭگو-سوۋېت بىرلەشمە نېفىت شىركىتى» ۋە «جۇڭگو-سوۋېت بىرلەشمە رەڭلىك مېتال شىركىتى» قىلاتتى.

1969-يىلدىن 1983-يىلغىچە جۇڭگو-سوۋېت سودىسى ئۈزۈلگەندە، تويۇن شۆبە تاموژنىسىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھەپتىدە ئىككى قېتىم دۆلەت چېگرىسىدىن كىرىپ-چىقىدىغان خەلقئارا پوچتا ماشىنىسىنى نازارەت قىلىش بولدى.

1983 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، پارتىيىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى بىلەن ئېغىز قايتىدىن ئېچىۋېتىلىپ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەت سودىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. «مەركەزدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، يەرلىك تىجارەت قىلىۋېرىش» بويىچە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىمپورت قىلىنىپ، پاختا رەخت، يۇڭ ئەدىيال، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلار ئېكسپورت قىلىندى. 1985 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن تويغۇن شۆبە تاموژنىسىنىڭ نامى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تورغات تاموژنىسى» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

تورغات تاموژنىسى قەشقەر تاموژنىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، دۆلەتكە ۋاكالىتەن تورغات ئېغىزىدا چېگرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان ۋە چىقىرىلىدىغان ماللارنى ئەمەلىي نازارەت قىلىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. بۇ تاموژنىدا ھازىر ئۇيغۇر، خەنزۇ، چاۋشيەن قاتارلىق ئۈچ مىللەتتىن تەركىب تاپقان توققۇز نەپەر خىزمەتچى خادىم بولغان، كۆپ مىللەتلىك، ساپاسى ياخشى، كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن، جەڭگىۋار كوللېكتىپتۇر. ئۇلار يىلبويى «بوران چىقسىلا، تاش شېغىللار ئۇچۇپ تۇرىدىغان، گىيا ئۈنمەيدىغان، تۆت پەسىلدە پاختىلىق كىيىم ئۇچىسىدىن چۈشمەيدىغان، ھاۋاسى شالاڭ» قار ـ شىۋىرغانلىق ئېگىزلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىسادىي دەرۋازىسىنى سادىقلىق بىلەن قوغدىماقتا. 1986 ـ يىلى، ئۇلار جەمئىي ئىمپورت ۋە ئېكسپورت قىلىنغان 46 مىڭ 742 توننا مال، چېگرىدىن كىرىپ ـ چىققان 6060 قېتىم ماشىنىنى تەكشۈردى ۋە باشقۇردى، مالدىن 1 مىليون 97 مىڭ 773 يۈەنلىك باج يىغىۋالدى، مەھسۇلات بېجىدىن 859 مىڭ 799 يۈەن يىغىۋالدى. 1986 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، مەملىكەتلىك تاموژنا ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا تاموژنا باش مەھكىمىسى تورغات تاموژنىسىغا «مەملىكەتلىك تاموژنا سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ شەرەپلىك نام بەردى.

(ليۇسۇجىڭ، يۇجېۋلى).

**[سودا ـ سانائەت مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇلدى]** قەشقەر ۋىلايىتىدىكى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى، ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىغا قارىتا ئىقتىسادىي جەھەتتىن نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، قانۇنلۇق تىجارەتنى قوغداپ، قانۇنسىز تىجارەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغدىدى، كارخانىلارنى تىزىملاش، ئېلان سەنئەت، سودا ماركىسى، بازار ئىقتىسادىي، توختام، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى باشقۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1979 ـ يىلى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى قايتىدىن تەشكىللەنگەندىن كېيىن، تەشكىلىي تۈزۈلۈشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، كۆپ قېتىم شىتات كۆپەيتىپ بېرىلدى، 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر پۈتۈن ۋىلايىتىمىزنىڭ سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 693 كىشىگە يەتتى. سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 1986 ـ يىلى قەشقەر ۋەلكومىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باش

قارىمىسى پارتگۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، يەنە تېپىچېك پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۆبىسى بولدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ھەر خىل ئەسلىھەلىرى ياخشىلاندى، 50 پىرسەنتتىن يۇقىرىراق ناھىيە (شەھەر) لىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ خىزمەت بىنالىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ جاي مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) بويىچە 13 سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارما، ئىدارىلىرىغا 12 دانە ماشىنا، 25 دانە موتسىكلىت، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىدىن توققۇزى سەپلەپ بېرىلدى. ۋىلايەتلىك سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسىغا زامانىۋىلاشقان مىكرو تىپلىك ھېسابلاش ماشىنىدىن بىرسى سەپلەپ بېرىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى سودا -سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش كادىرلىرىنى ھەر خىل كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئارقىلىق سىياسىي-ئىدىيىۋى ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. 1986-يىلى ۋىلايىتىمىزدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى 192 نەپەر، ئىتتىپاق ئەزالىرى 156 نەپەر بولۇپ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 27 پىرسەنتى ۋە 22 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 1986 - يىلى ۋىلايىتىمىزدە تۇنجى قېتىم سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، قەشقەر شەھىرى، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق ناھىيىسى قاتارلىق ئىلغار سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە 12 سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى، 70 نەپەر غايىلىك ئىنتىزامچان بولغان، ئىقتىسادىي قانۇننى ئىجرا قىلغان كادىرلار باھالاپ چىقىلدى، غايىلىك بولغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، سىياسەتنى بىلىدىغان، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش قوشۇنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

(جىن جېنيۇ).

**[كارخانىلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇش]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش خىزمىتىدە تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكى تۈزۈمىدىكى كارخانىلارغا كەڭ بولۇش، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى كارخانىلارغا قاتتىق بولۇش، سانائەت كارخانىلىرىغا كەڭ بولۇش، سودا كارخانىلىرىغا قاتتىق بولۇش؛ پارچە ساتىدىغان كارخانىلارغا كەڭ بولۇش، توپ تارقىتىدىغان كارخانىلارغا قاتتىق بولۇش؛ تۇرمۇش ۋاستىلىرى كارخانىلىرىغا كەڭ بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى كارخانىلىرىغا قاتتىق بولۇش؛ يەرلىك كارخانىلارغا كەڭ بولۇش، سىرتقى جايلارنىڭ كارخانىلىرىغا قاتتىق بولۇش» تەك ئۇسۇللار ئۆزگەرتىلىپ، باشقۇرۇش تىپىدىن باشقۇرۇش مۇلازىمەت تىپىغا ئۆزگەردى، كارخانىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە ئارىلىشىشتىن كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ۋاستىلىق يېتەكلەشكە قاراپ ئۆزگەردى. ئىقتىسادىي پىشاڭ، بازار ئۆزگىرىشى ۋە ئىقتىسادىي ئۇچۇرلار ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى تەڭشەلدى، كارخانىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشى تەڭ-

شەلدى. تىزىملاش جەريانىدا، ھوقۇقنى قانۇن ئورنىغا قويۇش، سۆزنى قانۇن ئورنىغا قويۇش، ھېسسىياتنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىشتەك مەسىلىلەر تۈگىتىلىپ، سودا-سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش، باشقۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولدى. 1986-يىلى سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق سودا-سانائەت كارخانىلىرىدىن 2374ى، شۆبە ئورگانلىرىدىن 6535 ى تىزىملاندى. سودا-سانائەت كارخانىلىرى ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 97 سى، شۆبە ئاپپاراتلىرىدىن 234ى كۆپەيدى. ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 4.25 پىرسەنت ۋە 5.7 پىرسەنت كۆپەيدى.

(جىن جېنيۇ).

## [ئىقتىسادىي توختامنى باشقۇرۇش]

1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە «توختامغا ھۆرمەت قىلىش، دېگىنىگە ئەمەل قىلىش» پائالىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇش تورلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

پۈتۈن يىل سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى گۇۋاھچى بولۇپ ئىمزا قويغان ھەر خىل تىپتىكى توختاملار 1366 پارچە، توختام سوممىسى 124 مىليون 750 مىڭ يۈەن، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك توختامىغا گۇۋاھچى بولۇپ ئىمزا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، گۇۋاھچى بولۇپ ئىمزا قويۇلغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددىگە ئېلىش توختامنامە 903 پارچە بولۇپ، پۈتۈن يىلدىكى ھەر خىل ئىمزا قويۇلغان توختاملار ئومۇمىي سانىنىڭ 66 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدى. بۇ يىلدا تالاش-تارتىش قىلىنغان توختام دېلولىرىدىن 47 پارچىسى بىر تەرەپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە كېلىشتۈرۈلگىنى 15 پارچە بولۇپ، بىر تەرەپ قىلىنغانلىرىنىڭ 32 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ھۆكۈم قىلىنغىنى 10 پارچە، 21 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، توختام ئىناۋەتسىز دەپ قارالغىنى 15 پارچە، 32 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلاردىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى يەتتە پارچە، 15 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي توختاملارغا ھۆكۈم چىقىرىش كومىتېتى قاراپ چىققان دېلو تۆت پارچە، يەكۈن چىقىرىلمىغان دېلو ئۈچ پارچە.

ئىقتىسادىي توختامنىڭ قەتئىيلىكىنى قوغداش، ۋەدىنى ئىجرا قىلىش نەتىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» نى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى ھەمدە مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي توختام جەھەتتىكى نۇرغۇن چىگىش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىنىشىغا ياردەم بەردى.

(جىن جېنيۇ).

## [سودا ماركىسى ۋە سودا ئېلانىنى باشقۇرۇش]

1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە جەمئىي ھەر خىل تىپتىكى مەھسۇلاتلاردىن 13 خىلغا ماركا بېرىلدى. ساختا سودا ماركىسىدىن 257 سى، يالغان پۇراقلىق گازىردىن 118 مىڭ قاپ، يالغان سۇمرۇغ ماركىلىق تاماكىدىن 34 تو، يالغان ماركىلىق مودەن تاماكىسىدىن ئۈچ تو ئېنىقلىنىپ، بىر تەرەپ قىلىندى. ھەر خىل يالغان كەمپىت يۆگەيدىغان قەغەزدىن بەش

تولىنا كۆپەيدۈرۈلدى.

سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى يىل بويى ئىستېمالچىلار شىكايىتىدىن 421 پارچە تاپشۇرۇۋالدى. بىر تەرەپ قىلىنغىنى 97% بولۇپ، ئىستېمالچىلار 7255 يۈەنلىك زىياندىن ساقلىنىپ قالدى. بازارلار جەمئىي 35 قېتىم تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈشكە 600 كىشى قاتناشتى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان سودا دۇكانلىرى ۋە شەخسىي تىجارەتچىلەردىن 32 مىڭ يۈەن جەرىمانە ئېلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىلدى. 340 ئورۇنغا تەنقىد، تەربىيە بېرىلدى.

1986-يىلى، ۋىلايىتىمىز بويىچە ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئورۇن 17 گە تەرەققىي قىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئۆتتى كۆپەيدى. ئېلان تىجارىتى سوممىسى 247 مىڭ 279 يۈەنگە يەتتى. گېزىت، رادىئولاردا 500 قېتىم ئېلان چىقىرىلدى. پۈتۈن يىلدا يالغان ئېلان (قالايمىقان چاپلانغان ساختا ئېلانمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) دىن 23 پارچىسى تەكشۈرۈلۈپ، بىر تەرەپ قىلىنىپ ئېلان ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

(جىن جېنيۈ).

**[ ھەر خىل تىپتىكى شىركەتلەرنى ئېنىقلاش ۋە تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ]** گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1986-يىلىنىڭ باشلىرىدا، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر خىل شىركەتلەر، سودا مەركەزلىرى، سودا سارىيى، جەمئىيەتلەرگە قارىتا ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىپ، قانۇنلۇق تىجارەتچىلەر قوغدالدى، قانۇنسىز شىركەتلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپى قوغدالدى.

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋىلايەتتە شىركەتلەرنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئاستىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسى، سودا باشقارمىسى، يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزالىرى بولدى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى يولداش ئىسمايىل تىلىۋالدى گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىمۇ مۇناسىپ ھالدا شىركەتلەرنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانا قۇرۇلدى. ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا ۋىلايەتلىك ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى تەشكىللەپ ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەردە تەكشۈرۈش، ئىگىلەش ئېلىپ بېرىپ ئەمەلىي خىزمەتلەرنى، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتۈرۈپ، ۋىلايەت بويىچە ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ھەر قايسى شىركەتلەر، سودا سارايلىرى، جەمئىيەتلەر «ئېنىقلاش ئىشخانىسى» نىڭ تەلىپى بويىچە، ئىچكى قىسمىدا ئۆزلىرى ئەستايىدىل تەكشۈردى ۋە جەدۋەل تولدۇردى. مۇشۇ ئاساستا، ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىلىرى ھەر قايسى شىركەت-

لەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تىجارەت قىلىش دائىرىسىنى، تىجارەت سورۇنى، مەبلىغى، خادىملىرى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئەمەلىيلەشتۈردى. قايتا تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى ئاسانلىرىنى ئالدىن، قىيىنلىرىنى كېيىن تەكشۈرۈش، مۇددەتكە - تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش بويىچە ئىشلەندى. ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان شىركەت، سودا مەركىزى، سودا سارىيى، جەمگىلىبۇلاردىن 307 سى ساقلاپ قېلىندى، 44 كارخانىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلدى؛ ھەم مەبلىغى، سورۇنى ۋە ئۈسكۈنىسى يوق، ھەم تۇراقلىق كەسپىي خادىمى يوق، ئىش بېجىرىش شەرتلىرىنى ھازىرلىغان شىركەتلەردىن 11 سى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تىجارەتتىن توختىتىلغىنى 19 بولدى.

(ياڭ شۇيشاڭ).

## [شەھەر - يېزىلاردىكى بازارلار]

1986- يىلى ۋىلايىتىمىز بويىچە شەھەر- يېزا سودا بازارلىرى جەمئىي 189 غا يېتىپ، 1979 - يىلىغا قارىغاندا 101 سى كۆپىيىپ، % 114.8 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇنىۋېرسال بازار 175. مەخسۇس بازار 189.14 بازار ئىچىدە شەھەر بازىرى 23، بازارلارنىڭ قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 20 مىليون 70 مىڭ 120 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بوتكىلار كۆلىمى 18 مىڭ 226 كۋادرات مېتىر، لاپاس كۆلىمى 16 مىڭ 45 كۋادرات مېتىر، تۇراقلىق مال سېتىش پۇكەينىڭ ئىگىلىگەن يېرى 13 مىڭ 225 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 1979- يىلىدىن 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بازار قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، 14 مىليون 238 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ئۆزلىرى تەييارلىغان مەبلەغ 5 مىليون 47 مىڭ يۈەن، يەرلىك مالىيەدىن بۆلۈپ بېرىلگىنى 670 مىڭ يۈەن، يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلار ۋە باشقا تارماقلار سالغان مەبلەغ 2 مىليون 409 مىڭ يۈەن. ۋىلايىتىمىز بويىچە بازارغا كېلىدىغان ئادەم سانى 10 مىڭغا يېتىدىغان بازارلاردىن 46 سى بار. ئەڭ چوڭ بازار قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئۇنىۋېرسال بازار بولۇپ، «بازار» كۈنى شەھەرگە كىرگەن ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 100 مىڭدىن ئارتۇقراق كىشىگە يېتىدۇ. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1986 - يىلى بازارلارغا سېلىنغان تاۋار 1490 نەچچە خىلغا يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 290 خىل كۆپىيىپ، % 24.16 ئاشقان. بازار سودىسىدا ئالماشتۇرۇلغان پۇل 293 مىليون 847 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن % 15 ئاشقان. 1979- يىلىنىڭ 4.86 ھەسسىسىگە تەڭ بولغان. بازارلارنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدە بەشتە ياخشى مەدەنىيەتلىك بازار قۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى بازارلار ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى. بازارلار ئىچىدىكى تۇرۇبا سۈيى، كۆللەر، ئامانەت ساقلاش ئورنى، ۋېلىسىپىت ساقلاش ئورنى، تەرەتخاي قاتارلىق ئەسلىھەلەر تەدرىجىي يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، بازارلارنىڭ مەينەت، قالايمىقان، ناچار بولۇشىدەك ھادىسىلەر دەسلەپكى قەدەمدە تەرتىپكە سېلىندى.

(جىن جېنيۇ).

## [ يەككە ئىگىلىككە مەدەت بېرىلدى]

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى-

دىكى يەككە سودا-سانائەتچىلەر 331 مىڭ 219 غا يەتتى. تىجارەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 48 مىڭ 455 نەپەر كىشى، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4872 ئائىلە، 3969 كىشى كۆپەيگەن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئالدىنقى يىلدىكىدىن % 18.94 ۋە % 22.7 ئاشتى، 1979-يىلدىكى يەككە سودا-سانائەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلە ئومۇمىي سانىنىڭ 13.6 ھەسسە، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 20.77 ھەسسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ۋىلايەت بويىچە يەككە سودا-سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئائىلەرنىڭ قولىدىكى سەرمايە 34 مىليون 494 مىڭ 400 يۈەن، تىجارەت سوممىسى 435 مىليون 198 مىڭ 500 يۈەن. تاۋارلارنى پارچە سېتىش سوممىسى 200 مىليون 389 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنىڭ 31.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ۋىلايەت بويىچە يەككە سودا سانائەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلەر ئىچىدە شەھەر، بازارلاردىكى يەككە سودا-سانائەتچىلەر 14 مىڭ 343 ئائىلە، 20 مىڭ 689 كىشى بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەككە سودا-سانائەتچىلەر ئائىلىسىنىڭ، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 45.94 پىرسەنتىنى ۋە 42.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، يېزىلاردىكى يەككە سودا-سانائەتچىلەر 16 مىڭ 876 ئائىلە، 27 مىڭ 766 كىشى بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 50.05 پىرسەنتىنى ۋە 57.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ، كۆپىيىش سۈرئىتىدىن قارىغاندا، تەكشى، تۇراقلىق تەرەققىي قىلىش، كەسىپ قۇرۇلمىسى پەيدىنپەي مۇۋاپىقلىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. يەككە سودا-سانائەتچىلەر ئىچىدە، سانائەت، قول سانائەت، ترانسپورت، بىناكارلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئائىلىلەر كۈنسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ.

يەككە سودا-سانائەت كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ سودا تور-تۈگۈنلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكلىرىنى تولۇقلاپ، شەھەر-يېزا مال ئالماشتۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى، يەككە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى، باج مەنبەسىنى كېڭەيتتى، 1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە يەككە سودا-سانائەتچىلەرنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرغان ئومۇمىي باج سوممىسى 7 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يەككە سودا-سانائەت كەسپى خەلق ئىگىلىكى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىدە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

(جىن جېنيۈ، ياڭ شۇشياڭ).

## [ھايانكەشلىككە زەربە بېرىلدى]

1986-يىلى، ھايانكەشلىك، ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئەتكەس ماللارنى سېتىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى چوڭ دېلو، مۇھىم دېلولارنى تۇتۇشقا دىققەت قىلدى. ھايانكەشلىك دېلوسىدىن 844 پارچىنى تەكشۈرۈپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە: 1000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە بولغان چوڭ دېلو 12 پارچە بولۇپ، 49 مىڭ 557 يۈەن جەرىمانە ئېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. ئىمپورت قىلىنغان كونا كىيىم-كېچەكلەردىن 344 قۇر تەكشۈرۈپ چىقىلدى.

## ...ى – تېخنىكا

### مائارىپ

**[ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە- ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قەشقەر سىـ فەن شۆيۈەننى كۆزدىن كەچۈردى]**

...ئاينىڭ 8-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم- نىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت،

---

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ھايان- كەشلىك چوڭ دېلولىرىنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت- نىڭ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە قىممەتلىك ماللاردۇر. ھايانكەشلىك ھەرىكەت- لىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلار ئاساسلىقى جەمئىيەتتىكى كەسپى يوق كىشىلەر ۋە ئاز سانىدىكى دۆلەت كادىرلىرى، ئىش- چىلار، مەسىلەن: پوسكام ناھىيىلىك قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ مەلۇم بىر ئىشچىسى كەسپسىز كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شىزاڭغا بېرىپ دۆلەت شەخسىيلەرنىڭ ئېلىپ سېتىشىنى چەكلىگەن قوي يۇڭىدىن 2437 كىلوگرام، چەت ئەللىك ئەتكەسچىلەرنىڭ دىراپلىرىدىن 762 مېتىرنى ئەرزان باھا- دا سېتىۋېلىپ، قاغىلىق ناھىيىسىدە قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، ھايانغا سېتىپ، 5569 يۈەن پايدا ئالغان. پوس- كام ناھىيىلىك ئىستېمال شىركىتىنىڭ مەلۇم بىر خىزمەتچىسى بىلەن مەكىت ناھىيە 8 - يېزىلىق بىر دېھقان مەلۇم قىسىم ما- لىيە بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى ئارقىلىق قىسمىدىن 21 توننا پولات ماتېرىيالىنى سېتىۋېلىپ، بەزى قۇرۇلۇش تارماقلىرىغا يۇقىرى باھادا سېتىپ، 8797 يۈەن پايدا ئالغان، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەلۇم بىر زاۋۇتنىڭ سابىق مەسئۇلى ئۈچ ماشىنىنى ھايانغا سېتىپ، 5879 يۈەن قانۇنسىز پاي- دا ئالغان. دېلو سادىر قىلغۇچىلار ئا- ساسلىقى ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن تىل بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ قو- لىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، مۇھىم ئىش- لەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە قىممەت ماددىي بويۇملارنى تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، ھايانغا ساتقان.


ئاشۇ خىلدىكى ھايانكەشلىك چوڭ دېلو- لىرىغا قارىتا، ۋىلايەتلىك سودا - سانا- ئەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسى كۈچ- لۈك تەدبىر قوللىنىپ، قاتتىق زەربە بېرىپ جەرىمانە قويدى ھەمدە قانۇنسىز ئېرىشكەن پايدىسىنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە قىلدى، قىلمىشىنىڭ خاراكتېرى ئېغىرلىرى- نى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

(جىن جېنيۇ).




دۆلەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى، قوشۇمچە جۇڭگو خەلق داشۆسىنىڭ
شياۋجاڭى يۈەن باۋخۇا 1987 - يىلى 7 - ئاي-
نىڭ 28 - كۈنى قەشقەردە خەلق داشۆسىنىڭ
جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاچقان ئاخباراتچىلىق ئالىي
تېخنىكوم سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل
قىلدى.

شى جياڭ فوتوسى



يولداش تۆمۈر داۋامەت قەشقەر سىفەن شۆ-
يۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن
سەمىمىي كۆرۈشتى.

مەھەممەت تۇرسۇن فوتوسى



دەم ئېلىش كۆزلىرى.

ئۇ ئەيشۇ فوتوسى



قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمنىڭ
دەرستىن سىرتقى يېتەكچىسى ئايىرودروم
رايونى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇ-
چىلىرىغا ھېكايە سۆزلەپ بەرمەكتە.
گو يىنشىڭ فوتوسى



تاجىك ئوقۇغۇچىلار.
لى ۋېيدۇڭ فوتوسى



بالىلار ئۇرۇۋالغان ئويۇنلار.
لى ۋېيدۇڭ فوتوسى




قەشقەر ۋىلكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى
جاۋ دېمىن، ۋىلكومىنىڭ ھەيئەت ئەزا-
سى ۋاڭ ۋېيجىن كورگەزمە ئۈچۈن لېنتا
كېسىپ بەردى.

جياڭ شياۋجۈەن فوتوسى


قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا
كومىتېتىنىڭ خىزمەت بىناسى.

گو يىنشىڭ فوتوسى



قەشقەر ۋىلايەتلىك ھاۋا رايى ئىستانسىسىنىڭ خىزمەتچى
خادىملىرى ھاۋا رايىنى ئۆلچەش، خاتىرىلەش خىزمىتىنى
ئەستايىدىل ئىشلىمەكتە.


ليۇ شاگجۈن فوتوسى





يوپۇرغا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ـ
نىڭ ئوقۇتقۇچىسى لى شىجيالاڭ ياش
ئوسمۇرلەرنىڭ يەن ـ ئوخشىمىغا
ياشاليدىغان يېتەكچىلىك قىلماقتا.

گو يەنشىڭ فوتوسى



قەشقەر ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەردىكى كې ـ
ـسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش ئورنى يېڭىدىن كېسەل ـ
ـلىكلەرنى تەكشۈرۈش ، لابوراتورىيەلىك تەكشۈ ـ
رۈش خىزمەت بىناسى سالدى .

لىۋ شياگىيۇن فوتوسى



♦ سۇن ۋۇكۇڭ ♦ نىڭ ئالما تەقدىم قىلىشى.

جياڭ شياۋجيەن فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىللار قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چېن دېيىڭنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنى كۆزدىن كەچۈردى.

سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەتلەر شۆيۈەن رەھبەرلىرىنىڭ مەكتەپ تەرەققىياتى ئەھۋالى توغرىسىدا قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، مۇھىم سۆز قىلدى.

سۇڭ خەنلياڭ مۇنداق دېدى: «قەشقەرنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق، سىلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۇلۇغ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇشۇڭلار، مەكتىپىڭلارنىڭ تەرەققىياتىنى ۋىلايەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھەممىنەپەس، تەقدىرداش بولۇشۇڭلار كېرەك». ئۇ يەنە مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بولدى، نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان بەزى قىيىنچىلىقلارغا قارىتا ئاپتونوم رايوندىن ئىمكانقەدەر ياردەم قىلىپ، ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۆمۈر داۋامەت كۆپچىلىككە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى شەرھلىدى. ئۇ شۆيۈەن مەسئۇللىرىنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن بىرلىكتە «12 — دېكابىر» ۋەقەسىنىڭ مەكتەپكە بولغان تەسىرىنى تۈگىتىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى ماختىدى. كىشىلەرنىڭ بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كېتىشىنى ئويلايدىغانلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى: قىيىنچىلىق ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس، لېكىن يۆتكىلىپ كېتىش داۋاسىنى قىلىش شەرەپلىك ئەمەس. كوممۇنىستلار قەيەر جاپالىق بولسا شۇ يەرگە بېرىپ ئىشلەيدىغۇ؟ بىزنىڭ نىشانىمىز پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئىرادە باغلىمىغان كىشىنى قانداقمۇ كوممۇنىست دېگىلى بولسۇن؟ يەنە قانداقمۇ غايىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكى مۇقەررەر ھالدا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىدۇ!

ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى شۆيۈەننىڭ كۇتۇپخانىسى، خىمىيە فاكولتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسى ۋە مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. خىمىيە فاكولتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا تەجرىبە ئىشلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاراماي نېفىتلىكى ئۈچۈن ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سۇڭ خەنلياڭ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، نېفىت تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپىدىن كەلگەن ئەھمەتجاندىن: «سىلەر قايسى ئورۇندىن؟ مېنى تونۇمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ساۋاقداش ئەھمەتجان ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن: «تونۇيمىز، تونۇيمىز سىز بىزنىڭ پېشقەدەم باشلىقىمىزغۇ!» دېدى. سۇڭ خەنلياڭ: «سىلەر ياخشى ئۆگىنىپ، قاراماي ئۈچۈن شان — شەرەپ كەلتۈرۈڭلار!» دېدى. مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا سۇڭ خەنلياڭ ئاشپەزلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تىنچلىق سورىدى. جانابىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شۆيۈەن مەسئۇللىرىدىن سەۋەبىنى سورىدى. شۆيۈەن مەسئۇللىرى پۇل بولمىغانلىقتىن تاماق شىرەسى سېتىۋالالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىككىنچى كۈنى شۆيۈەن مەسئۇللىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا جانابىل بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس 80 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلىد-

ﻐﺎ ئىلىقىنى ھەم بۇ پۇلنى باشقا ئىشلەتمەسلىكنى ئېيتتى.

(خەن مىڭچاڭ).

## [مائارىپ ھەققىدە بايان] 1986 ـ

يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

1986 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىرى خېلى زور ھەجىمدە كۆپەيدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 322 مىڭ 80 گە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2,95% كۆپەيدى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 80 مىڭ 431 گە يېتىپ 12.23% كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 18 مىڭ 213 كە يېتىپ، 12.86% كۆپەيدى. كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 2989 غا، باشقا ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 2916 گە يېتىپ، 13.15% كۆپەيدى. ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 98.6 پىرسەنتكە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 70.26 پىرسەنتى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 50.24 پىرسەنتى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتى 46.16 پىرسەنتتىن يۇقىرى تۇردى. ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش نىسبىتى 91 پىرسەنتتىن ئاشتى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ داۋامى خېلى زور ھەجىمدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بالىلار مائارىپى ۋە گاس ـ گاچىلارنىڭ مائارىپىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

1986 ـ يىلى يەنە ئىككى ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتچىقىرىش مائارىپ خىزمىتى لاياقەتلىك بولغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەت بويىچە يەتتە ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى. بۇ ناھىيىلەر توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى.

ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى، نۇۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ تارماقلىرى ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىپ، مەكتەپتىكى پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى، پىئونېرلار ئەترىتى ۋە سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، مەكتەپلەر سىياسىي دەرس، سىنىپ يىغىنى، پىئونېرلار ئەترەت يىغىنى، دوكلات يىغىنى، بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە «تۆت

بولۇش» تەربىيىسى ئېلىپ باردى، بولۇپمۇ ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قەھرىمان — نەمۇنىچىلىرىدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى پائالىيىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈردى، ئوقۇغۇچىلار ئاڭلىق ھالدا قانۇن — ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىدىغان بولدى.

1986 — يىلى، ۋىلايەت مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى چىڭ تۇتتى، تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچىلار ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى تونۇۋېلىندى. شۇڭا مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن قول سېلىپ ئىشلەش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، مائارىپ شۆبىسى بىلەن سىفەن مەكتەپلەر ئىمتىھان تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش سىناق خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. ۋىلايەت «ئۈچنى تەكشۈرۈش، باھالاش» گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنچىكە تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ باھالاپ چىقتى. پوسكام، مارالبېشى، يوپۇرغا قاتارلىق ئۈچ ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. قاغىلىق، قەشقەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى ئىلغار مەكتەپ بولۇپ باھالاندى.

1986 — يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، بۇ، مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ تىرىشىپ ئەجرى سىڭدۈرگەنلىكى ھەمدە مەركىزىي كومىتېت، ئاپتونوم رايوننىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلمايدۇ. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلاردىن جىياڭ خۇا، ياڭ جىڭرېن، جاڭ چىڭشيەنلەر قەشقەرگە كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە، مائارىپ خىزمىتى توغرىسىدا قىلىنغان مەخسۇس دوكلاتنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئاپتونوم رايوندىكى رەھبەرلەردىن جانابىل، سادىر سۇلتانلار مەكتەپلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى ۋە ۋىلايىتىمىز مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلدى.

(مەتتىمىن ھەلىمدىن).

## [قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى]

ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بىر قىسىم ئوتتۇرا تېخنىكوملار ۋە مائارىپ شۆبىۋەسىدە 1986-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ قانۇن ساۋاتى ۋە ئىدىيە ئەخلاق دەرسى تەسىس قىلىندى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى — خىزمەتچىلەر ئىچىدە ھازىر ئېلىمىزدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنلار ۋە ئامانلىق باشقۇرۇش نىزامى ئۆگىنىلدى. ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيدى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ — ئوقۇتۇش تەرتىپى مۇقىم ھالدا ياخشىلاندى. ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ ئاساسلىقى مۇنداق بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، تونۇش ئۆستۈرۈلدى. كىشىلەرنىڭ قانۇن — تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا بولغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى كۈچەيدى. قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بى-

لىش، قانۇننى قوللىنىش، قانۇنغا رىئايە
قىلىش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىك-
كىنچى، مەكتەپ كەيپىياتى، ئۆگىنىش ئىس-
تىلى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلاندى، ئوقۇ-
ئوقۇتۇش تەرتىپى ئاساسىي جەھەتتىن نور-
ماللىشىپ، مائارىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى
يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت
يارىتىلدى. بولۇپمۇ ئىچكىرى جايلاردىكى
بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردىكى ئاز ساندى-
كى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەت ئېلىپ بارغان
مەزگىلدە، قەشقەردىكى ھەر دەرىجىلىك
مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەرتىپى
نورمال بولۇپ، ئانچە چوڭ تەسىرگە
ئۇچرىمىدى. ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىخ-
لاس بىلەن دەرس ئوقۇپ، ئىتتىپاق بولۇپ
ئىناق ئۆتتى، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە
قىلدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار كۆپلەپ ياخشى
ئىش قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، قانۇن قو-
رالىدىن پايدىلىنىپ، يامان ئىشلارغا قار-
شى كۈرەش قىلىدىغان بولدى. يەكەن 1 -
ئوتتۇرا مەكتىپى، پوسكام 1-ئوتتۇرا مەك-
تىپى، قاغىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى،
يوپۇرغا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، پەيزا-
ۋات 2- ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىقلار قا-
نۇن - تۈزۈم تەربىيىسى بويىچە ئىلغار ئو-
رۇنغا ئايلاندى. ئۈچىنچى، قانۇن ساۋاتلى-
رىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىدە مەلۇم
تەجرىبە ھاسىل قىلىندى. مەسىلەن: قانۇن-
تۈزۈم تەربىيىسىنى سىياسىي دەرس، قانۇن
ساۋات دەرسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى
«تۆت بولۇش تەربىيىسى»، مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقى تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش،
كۆپ خىل شەكىلدىكى قانۇن - تۈزۈم تەر-
بىيىسى پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش
قاتارلىقلار. بەزى مەكتەپلەر تىپىك ئەن-
زىلەرنى تەھلىل قىلىش، تەقلىد قىلىنغان

ئوچۇق سوت ئېچىش قاتارلىق چارىلارنى قول-
لىنىپ، قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى ھەر
تۈرلۈك پائالىيەتكە سىڭدۈردى.
(شىلىڭ ئەلۋۇ).

**[مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتى
ئۆستۈرۈلدى]** مىللىي مائارىپنىڭ سۈپى-
تىنى ئۆستۈرۈش — مىللىي مائارىپنى را-
ۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق بىر مەسىلە.
ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت ئىككى قېتىم
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، قەش-
قەر، قاغىلىق، پوسكام، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا،
پەيزاۋات قاتارلىق ئالتە ناھىيە (شەھەر)دە
39 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى چوڭ-
قۇر تەكشۈرۈپ، بىرىنچى قول ماتېرىيال-
لاردىن خېلى كۆپ ئىگىلىدى. 1986 - يىلى
11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 28- كۈنىگىچە،
ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى مائارىپ
سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش سۆھبەت يىغىنى ئاچ-
تى. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مائا-
رىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى، قىسمەن
ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇدىر-
لىرى بولۇپ جەمئىي 135 كىشى سۆھبەت يى-
غىنىغا قاتناشتى. قانداق قىلىپ ئوقۇ -
ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرۇش،
مائارىپ ئىشلىرىدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش،
مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش — يىغىن مۇ-
ھاكىمە قىلىدىغان مەركىزىي تېما قىلىن-
دى. ۋەكىللەر مۇھاكىمە ۋە مۇزاكىرە قىلىش
ئارقىلىق، بىردەك شۇنداق قارىدىكى: ما-
ئارىپ سۈپىتىنى، بولۇپمۇ مىللىي مائارىپ
سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش — ئاساسىي مائارىپ-
نىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ھەم مۇشكۈل ۋە-
زىپىسى؛ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى ئو-
مۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش — مائارىپ
سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ

مۇھىم يولى. ئوقۇتقۇچىلار ئىلىم ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇتۇش مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىش — مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەلزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، رەھبەرلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مائارىپ ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش — مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر تەلىم - تەربىيە ئىدىيىسى ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە تۆۋەندىكى 10 ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم: «بىر تەرەپلىمە ھالدا ئەقلىي تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىش» تەك ئەنئەنىۋى تەربىيىلەش ئىدىيىسىنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك، ماس ھالدا تەربىيىلەش ئىدىيىسىگە ئۆزگەرتىش؛ يېپىق تىپتىكى جىمجىت ھالەتتە تەربىيىلەش ئىدىيىسىنى ئوچۇق تىپتىكى ھەرىكەت ھالەتتە تەربىيىلەش ئىدىيىسىگە ئۆزگەرتىش؛ بىر تەرەپلىمە ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتىنىلا قوغلىشىدىغان ئاسارەتتىن ئازاد بولۇپ چىقىپ، بۇنى سوتسىيالىستىك ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش كۆز قارىشى ۋە مائارىپ سۈپىتى كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا ئۆزگەرتىش؛ ئىز باسار تەربىيىلەش تىپىدىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى ئىجادچانلىققا ئىگە بولغان يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش تىپىدىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئۆزگەرتىش؛ ئاز ساندىكى «ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار» غىلا يۈزلىنىشنى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىشكە ئۆزگەرتىپ، كەڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش؛ ھەر قايسى پەن بويىچە ئوقۇتۇش داۋامىدا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭلا ئاكتىپلىقى بولۇشنى، ئوقۇتقۇچى ھەم ئوقۇغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى ئاكتىپلىقنىڭ بولۇشىغا ئۆزگەرتىش؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نوقۇل ھالدا بىلىم ئۆگىتىشىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ مۇلاھىزە قىلىپ پۇختا مەشىق قىلىشىغا، مۇلاھىزە قىلىش بىلەن مەشىق قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئۆزگەرتىش؛ يېپىق شەكىلدىكى دەرسخانىدىلا ئوقۇتۇشنى پائال تۈردە ئىككىنچى دەرسخانا بەرپا قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمىنى كۆپ تەرەپلىمە بېيىتىش ۋە ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە ئۆزگەرتىش؛ ئىمتىھاننى بوش ئېلىشنى ئىمتىھاننى چىڭ ئېلىشقا ئۆزگەرتىپ، مۇستەقىل مۇلاھىزە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئىمتىھاندا كۆز بويامچىلىق قىلىشنى چەكلەش، ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى بىكار قويۇپ قويۇش خاھىشلىرىنى ھازىرقى بار بولغان ئوقۇتۇش سايمانلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئۆزگەرتىش قاتارلىقلارنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

سۆھبەت يىغىنىدا ۋىلايەت بويىچە مەكتەپلەرنىڭ تۆۋەنتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىسلاھاتنىڭ كونكرېت يېرىك پىلانى ۋە مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. يىغىندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە ھەر قايسى مەكتەپنىڭ رەھبەرلىرى بىرىنچى سەپكە ئومۇمىيۈزلۈك چۆكۈپ، مائارىپ سۈپىتىنى تۇتتى. ھەر قايسى نۇقتىلىق ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك ئوقۇ-ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيەتلىرى، ھەر قايسى پەنلەر ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش

ئىسلاھاتىنى داۋاملىق باشلامچىلىق رولىنى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى خەنزۇ تىلى دەرس ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى تەجرىبە قىلىشنى پائال ئېلىپ باردى. ۋىلايەتلىك ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىسلاھات خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئىمتىھان ئىستىلىنى تۈزىتىشنى بۆسۈپ ئۆتۈش نۇقتىسى قىلىپ، قەشقەر شەھەر رايونىدا ھەر قايسى پەنلەرنىڭ ئىمتىھان مەزمۇنىنى ۋە ئىمتىھان ئېلىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ سىناق خىزمىتىنى ئېلىپ باردى.

(شىڭ جىڭگۇاڭ).

**[بىر تۈركۈم خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى دۆلەت شتاتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىققا رەسمىيلەشتۈرۈلدى]** قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 2094 نەپەر خەلق ئوقۇتقۇچىسى، 1029 نەپەر ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىلگەن ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ 1986 - يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى، ئەمگەك - كادىرلار باشقارمىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق 258 نەپەر مۇنەۋۋەر خەلق ئوقۇتقۇچىسى (جۈملىدىن 10 نەپەر ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى) دۆلەت شتاتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىققا رەسمىيلەشتۈرۈلدى. بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ 12.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى بىلەن ئەمگەك - كادىرلار باشقارمىسى رەسمىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك خەلق (ۋاقىتلىق) ئوقۇتقۇچىلىرىدىن مەدەنىيەت ئىمتىھانى ئالدى ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى ئەخلاقىنى، دەرس ئۆتۈش كەسپىي ئىقتىدارىنى سىناپ كۆردى.

خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى رەسمىيلەشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۆلەت شتاتىدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش مەسىلىسى ھەل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مائاش تەمىناتى خېلى زور ھەجىمدە ئۆسۈپ، ئەسلىدىكى ئوتتۇرىچە مائاش 58.6 يۈەندىن ئوتتۇرىچە مائاش 92.7 يۈەنگە كۆتۈرۈلدى.

(جاڭ يۈەنمىڭ).

**[مائارىپنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى]** 1986 - يىلى، مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايون قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە باشقا ئىشلىرى ئۈچۈن مەخسۇس 14 مىليون 490 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بېرىلگىنى 1 مىليون 930 مىڭ يۈەن، باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش ياردەم مەبلىغى 2 مىليون 200 مىڭ يۈەن، تەرەققىيات مەبلىغى 2 مىليون 650 مىڭ يۈەن، خەتەرلىك ئۆيلەرنى يېڭىلاشقا بېرىلگىنى 3 مىليون 50 مىڭ يۈەن، نامرات ناھىيىلەرگە بېرىلگەن ياردەم پۇل بىر مىليون 900 مىڭ يۈەن، يەر تەۋرەشتە بولغان زىيانغا بېرىلگەن ياردەم پۇل 200 مىڭ يۈەن. يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات سوممىسى 60 مىڭ يۈەن، ئوقۇتۇش سايمانلىرى سېتىۋېلىش پۇلى 650 مىڭ يۈەن، كىتاب سېتىۋېلىش پۇلى 390 مىڭ يۈەن، شىرە-ئۇستەل ۋە تەجرىبىخانىغا لازىملىق شىرە، ئىشكاپ سېتىۋېلىشقا بېرىلگەن ياردەم پۇل بىر مىليون 460 مىڭ يۈەن. بۇنىڭدىن باشقا ئامما توپلىغان مەبلەغ 9 مىليون 155 مىڭ

يۇەن. مەكتەپلەرنىڭ ئىزدىشچانلىق — ئىقتىساتچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇپ تاپىلغان كىرىمى بىر مىليون 423 مىڭ يۇەن. يەرلىك مالىيىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگىنى 293 مىڭ يۇەن، بۇ مەبلەغ بىلەن يېڭىدىن سېلىنغان مەكتەپ، ئۆي (سىنىپ) لەرى جەمئىي 43 مىڭ 788 كۋادرات مېتىر، يېڭىلانغان (چېقىپ ياسالغان) سىنىپ، ئىشخانا، تەجرىبىخانا 57 مىڭ 560 كۋادرات مېتىر، سېتىۋېلىنغان ئۆلچەملىك شىرە — ئۈستەل 14 مىڭ 150 يۈرۈش، تەجرىبىخانىلارغا ئېلىنغان ئەسۋاب 1520، شىرە 840. 1986 — يىلى «6 — بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دۆلەت قەشقەر ۋىلايىتىگە مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئەڭ كۆپ ئاجرىتىپ بەرگەن بىر يىل بولدى.

(لى جىڭ).

## [بالىلارنىڭ زېھنى ۋە تەن ساغلاملىقى تەكشۈرۈلدى]

1986 — يىلى، ۋىلايەت قەشقەر شەھىرى بىلەن يەكەن ناھىيىسىدە ئۈچ ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان ئۇيغۇر، خەنزۇ بالىلارنىڭ زېھنى، تەن ساغلاملىقىنى تەكشۈرۈشنى ئويۇشتۇردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە بولدى:

قەشقەر شەھىرىدىكى بالىلار باغچىسىغا كىرگەن ۋە كىرمىگەن ئۈچ ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان ئۇيغۇر، خەنزۇ بالىلارنىڭ زېھنى سىناپ كۆرۈلدى. باغچىدىكى خەنزۇ بالىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سىناق نومۇرى 46.4، باغچىغا كىرمىگەن خەنزۇ بالىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سىناق نومۇرى 35.1، باغچىدىكى ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سىناق نومۇرى 38.6، باغچىغا كىرمىگەن ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئوتتۇرىچە سىناق نومۇرى 30.2. بۇ شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، باغچىدىكى بالىلار سىستېمىلىق ھەم جانلىق، تېتىك تەربىيىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆزىتىش، ئەستە تۇتۇش، پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بىر قەدەر ياخشى يېتىلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ زېھنى كۈچى باغچىغا كىرمىگەن بالىلارنىڭكىدىن ئومۇميۈزلۈك ئۈستۈن تۇرىدۇ. لېكىن سىناش جەريانىدا ئايرىم ئالاھىدە ئەھۋالمۇ سېزىلدى. مەسىلەن: ھەر قايسى ياشتىكى بالىلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بالىلار باغچىسىدىكى ئۈچ ياشلىق خەنزۇ بالىلارنىڭ نومۇرى باغچىغا كىرمىگەن ئۈچ ياشلىق بالىلارنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى ھازىرقى بالىلار ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي قابىلىيىتى ۋە ئوقۇتۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقى، بالىلار باغچىلىرىنىڭ شارائىتى ۋە ئۈسكۈنىلىرى ناچار بولغانلىقى، باغچىغا يېڭىدىن كىرگەن بالىلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىپ كېتەلمىگەنلىكى ۋە بالىلارنى مۇۋاپىق تەربىيىلەپ كېتەلمىگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ بالىلار يالغۇز بالا بولغانلىقتىن، ئاتا — ئانىلارنىڭ ھەممىسى بالىلىرىغا مەدەنىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا خېلى ئەھمىيەت بەرگەن، ھەم بالىلىرى ئۈچۈن بىر قەدەر ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ باغچىغا كىرمىگەن بولسىمۇ زېھنى تەرەققىياتى خېلى ياخشى بولغان.

قەشقەر شەھىرىدىكى باغچىغا كىرگەن ۋە كىرمىگەن ئۇيغۇر، خەنزۇ بالىلارنىڭ زېھنىنى سىناش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، باغچىغا كىرگەن ۋە كىرمىگەن خەنزۇ بالىلار ئىچىدىكى ئۈچ ياشلىقلاردىن باشقا ياشتىكىلەرنىڭ ئالغان نومۇرى ئۇيغۇر بالىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي

سەۋەبى ئۇيغۇرچە دەرسلىكلەر قىس، ئوقۇتۇش مېتودىدا يەنىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋە چوڭلارغا قارىتىلغان ئۇسۇللارنى قوللىنىش ھاھىشى مەۋجۇت. ئوقۇتۇش پوزىتسىيىسى قوپاللاراق بولۇپ، ئىلھاملاندۇرۇپ يېتەكلىشى يېتەرسىز بولغان. تەن ساغلاملىقى جەھەتتە باغچىدىكى ئۈچ ياشلىق خەنزۇ بالىلارنىڭ تۈرلۈك سىناق نومۇرى، باغچىغا كىرمىگەن بالىلارنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئۈچ ياشلىق ئۇيغۇر بالىلاردىن باغچىدىكى بالىلارنىڭ پەقەت بىر تۈرلۈك سىناق نومۇرى باغچىغا كىرمىگەن بالىلارنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. سەۋەب باغچىدىكى ئۈچ ياشلىق خەنزۇ بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى بالىلار يەسلىسىگە بۇرۇن كىرگەن بولۇپ، ھەرىكەت جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىغان. باغچىغا كىرمىگەن خەنزۇ بالىلار ئائىلىلىرىدە ئوبدان تەربىيىلەنگەن، ئەركىن ھەرىكەت قىلغان بولۇپ، تەن ساغلاملىقىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولغان، شۇڭا ھەرخىل ئىقتىدارى تولۇق يېتىلگەن. باغچىدىكى ئۇيغۇر بالىلارنىڭ تەن ساغلاملىقى باغچىغا كىرمىگەن بالىلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇشىدىكى سەۋەب مىللىي بالىلار باغچىلىرى بۇرۇن يېرىم كۈنلۈك تۈزۈمدە بولۇپ، باغچىدىكى كۆپ ساندىكى بالىلار ئەتىگەندە ياخشىراق غىزالانماي ياكى غىزا يېمەيلا، ئازراق نان ئېلىۋېلىپ باغچىغا بېرىپ چۈشتە يېگەن. مۇنداق بولغاچقا بالىلارغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەي، بالىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىنىڭ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكەن.

قەشقەر شەھىرى بىلەن يەكەن ناھىيىسىنى سېلىشتۇرغاندا، باغچىغا كىرگەن ۋە باغچىغا كىرمىگەن ئۈچ ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان ھەر قايسى ياشتىكى بالىلارنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي قۇۋۋىتى جەھەتتە، قەشقەر شەھىرىنىڭ يەكەن ناھىيىسىنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى، تەبىئىي مۇھىتى، بالىلار باغچىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى، ئوقۇتۇش سۈپىتى قاتارلىقلار جەھەتلەردە ناھىيىدىن شەھەرنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ قېتىمقى سىناپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بالىلار مائارىپ ئىشلىرى يەنىلا ناھايىتى ئارقىدا تۇرىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى خىراجەت ئاز، بالىلار باغچا ـ يەسلىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي ھەم كونا، ئوقۇتقۇچىلار كۈچى ئاجىز، شۇنداقلا بالىلارنىڭ باغچىغا كىرىش نىسبىتى تۆۋەنرەك. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئوقتىلىق ھالدا ياردەم بېرىشىدىن باشقا، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. بالىلار مائارىپى ياخشى يولغا قويۇلغاندىلا، ئاندىن 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇشقا ياخشى ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

(ۋاڭ يەنپىڭ).

**[ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ]** 1986 ـ يىلى، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 175 (بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 52، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 116). مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 80مىڭ 431 بولۇپ، 1985 ـ يىلدىكىدىن 765 ى كۆپەيدى، (قوشۇمچە جەدۋەلگە قارالسۇن).

ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز

چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ھازىر 24 مەكتەپتە 57 كەسپىي سىنىپ تەسىس قىلىندى، ئوقۇغۇچىسى 2 مىڭ 608 گە يەتتى. مەكىت ناھىيىسى تۇنجى مۇكەممەل كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇپ، بۇلاردىن كېيىن قانداق قىلىپ كەسپىي مائارىپنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەجرىبە بازىسى بىلەن تەمىن ئەتتى. قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى كەسپىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، كەسپىي سىنىپ قۇرۇلۇشىنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، زاۋۇت، كان، كارخانا ئورۇنلىرىدىكى ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجى بىلەن بىۋاستە ماسلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن، قىسمەن كەسپىي سىنىپلارنىڭ كەسپىي ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشمەسلىك، ئوقۇغۇچىلارنى پراكتىكا قىلدۇرۇش ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەل بولدى. لېكىن مۇنداق ئۈچ ئاساسلىق مەسىلە، يەنى: مەكتەپ قۇرۇشقا كېتىدىغان مەبلەغ، ئۈسكۈنىلەر يېتىشمەسلىك، مەخسۇس كەسپىي ئوقۇتقۇچى بىلەن دەرسلىكلەر يۈرۈشلەشمەسلىك؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى تولۇق ھەل بولماسلىق مەسىلىسى ساقلانماقتا.

(رىن يۈەنشىڭ).

**[قەشقەر 2 - ئوتتۇرا مەكتىپى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلىدى]** 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، قەشقەر 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى ۋە ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدىن كەلگەن 300 دىن ئارتۇق مەكتەپداشلار مەكتەپكە جەم بولۇپ، مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەنتەنە بىلەن تەبرىكلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىدىن گوگاڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق، شۈي شياۋچىڭ، چېن دېمىڭ، ئىلمۋالدى توختى، ۋاڭ ۋېنچى، ئېيسا شاكىر، لى دېخۇاڭ، زىننەت ئۆمەر، ئىسمايىل ئىلمۋالدى قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا قاتنىشىپ تەبرىكلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇپەتتىشى تولڭ رۇشۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى يىڭ لىمىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قەشقەرگە كېلىپ تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ۋىلايەت ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى ئىدارە ۋە كەسپىي ئورۇنلار، قەشقەر شۈبە ھەربىي رايونى، يېزا ئىگىلىك ئۈچىنچى شىسى، ھەر قايسى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، دوختۇرخانا، زاۋۇت، كان-كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ۋەكىلى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى. مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇجېڭتې يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، مۇئاۋىن مۇدىر شې لىندۇڭ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ۋە جايلاردىكى مەكتەپداشلار ئەۋەتكەن تەبرىك تېلېگراممىلارنى ئوقۇدى. مەكتەپ مۇدىرى ۋېي جۇڭ مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ۋاكالىتەن يىغىندا سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە مەكتەپ قۇرۇلغان 30 يىللىق تارىخىي مۇساپىنى ئەسلەپ ئۆتتى. 30 يىلدىن بۇيان، 2-ئوتتۇرا مەكتەپ

## 1986 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالى

| ئورۇن | مەكتەپ سانى: جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: مۇكەممەل ئوتتۇرا | بۇنىڭ ئىچىدە: تولۇق ئوتتۇرا | بۇنىڭ ئىچىدە: تولۇقسىز ئوتتۇرا | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى: جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: تولۇقسىز ئوتتۇرىدا | بۇنىڭ ئىچىدە: تولۇق ئوتتۇرىدا | مەكتەپ سانى ئىچىدە: مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ سانى | مەكتەپ سانى ئىچىدە: خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ سانى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى ئىچىدە: مىللىي ئوقۇغۇچى: تولۇقسىز ئوتتۇرىدا | مىللىي ئوقۇغۇچى: تولۇق ئوتتۇرىدا | خەنزۇ ئوقۇغۇچى: تولۇقسىز ئوتتۇرىدا | خەنزۇ ئوقۇغۇچى: تولۇق ئوتتۇرىدا | قوش تىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىسى ئېلىپ بارغان مەكتەپ سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 175 | 52 | 7 | 116 | 80431 | 62218 | 18213 | 155 | 20 | 53720 | 13783 | 8498 | 4430 | 24 |
| ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 4 | 3 | | 1 | 4347 | 2166 | 2181 | 2 | 2 | 919 | 1181 | 1247 | 1000 | |
| قەشقەر شەھىرى | 14 | 6 | | 8 | 9164 | 6396 | 2768 | 10 | 4 | 5043 | 1814 | 1353 | 954 | 7 |
| يېڭىشەھەر | 14 | 2 | | 12 | 2549 | 5092 | 1457 | 13 | 1 | 4504 | 1072 | 588 | 869 | 5 |
| كونىشەھەر | 22 | 7 | 1 | 14 | 8469 | 6527 | 1942 | 21 | 1 | 6356 | 1806 | 171 | 136 | |
| يېڭىسار | 12 | 2 | | 10 | 4322 | 3696 | 626 | 11 | 1 | 3487 | 507 | 209 | 119 | 1 |
| يوپۇرغا | 10 | 1 | 1 | 8 | 2801 | 2344 | 457 | 9 | 1 | 2201 | 374 | 143 | 83 | |
| پەيزاۋات | 13 | 1 | 1 | 11 | 4890 | 3886 | 1004 | 12 | 1 | 3717 | 907 | 169 | 97 | |
| يەكەن | 24 | 13 | 2 | 9 | 13716 | 10980 | 2736 | 22 | 2 | 10065 | 2396 | 915 | 340 | 4 |
| پوسكام | 11 | 2 | | 9 | 4638 | 3846 | 792 | 10 | 1 | 3323 | 582 | 523 | 210 | 1 |
| قاغىلىق | 22 | 4 | 1 | 17 | 9278 | 8089 | 1189 | 21 | 1 | 7270 | 910 | 819 | 279 | 3 |
| مەكىت | 9 | 4 | | 5 | 4545 | 3463 | 1082 | 8 | 1 | 2686 | 792 | 777 | 290 | 1 |
| مارالبېشى | 13 | 2 | 1 | 10 | 5068 | 3647 | 1401 | 12 | 1 | 3301 | 1147 | 346 | 274 | 2 |
| تاشقورغان | 2 | 2 | | | 611 | 434 | 177 | 1 | 1 | 398 | 148 | 36 | 29 | |
| باشقا تارماقلار باشقۇرغىنى | 5 | 3 | | 2 | 2033 | 1652 | 381 | 3 | 2 | 450 | 147 | 1202 | 234 | |

تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 12 مىڭ 500 كىشىنى يېتىشتۈردى. ئالىي مەكتەپلەرگە جەمئىي 751 نەپەر ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بەردى. بۇندىن كېيىن تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يارىملىق ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چېن دېمىڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن يىغىندا سۆز قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چۆيۈەنلىيالڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق مەكتەپداشلارغا ۋاكالىتەن يىغىندا سۆز قىلدى. ئارقىدىن ھەر قايسى يىللىقلار بويىچە بەلدۇمباق ئويۇنى، سەپ تۈزەپ مېڭىش، ياڭگېر ئۇسسۇلى ۋە كوللېكتىپ گىمناستىكا كۆرسىتىلدى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرى ۋە مەكتەپداشلار، تەبرىكلەشكە كەلگەن ۋەكىللەر مەكتەپنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن سىنئالغۇ فىلىمىنى كۆردى ۋە مۇۋەپپەقىيەت كۆرگەزمىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگالڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق ۋە مەكتەپداشلار كۆرگەزمە ئۈچۈن بېغىشلىما يازدى. گوگالڭ: «قۇرۇلۇشقا يارىملىق ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يەنە يېڭى خىزمەت كۆرسىتىڭلار!» دەپ بېغىشلىما يازدى. ئابدۇغوپۇر سىدىق: «تېخىمۇ كۆپ ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش، قەشقەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇڭلار!» دەپ بېغىشلىما يازدى ۋەكىللەر مەكتەپداشلار بىلەن بىرلىكتە 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاللانغان سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆردى. مەكتەپ ھەر قايسى ئورۇن ۋە مەكتەپداشلارنىڭ يىغىنغا ئەۋەتكەن 100 دىن ئارتۇق تەبرىك خېتى، لەۋھە ۋە لەۋھە تاختىسىنى تاپشۇرۇۋالدى، 100 گە يېقىن ئورۇن ۋە شەخسىلەر تەقدىم قىلغان 100 دىن ئارتۇق ئوقۇتۇش سايمانلىرى ۋە 20 مىڭ يۈەن ئوقۇتۇش ياردەم پۇلىنى تاپشۇرۇۋالدى.

تەبرىكلەش يىغىنىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەكتەپداشلار ۋە قەشقەرگە كەلگەن ھەم قەشقەردە تۇرۇۋاتقان مەكتەپداشلار ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن ئانا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، ئۇستازلىرىغا بولغان سېغىنىشلىق ھېسسىياتىنى ۋە ئانا مەكتىپىگە بولغان ياخشى تىلەك ئارزۇلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

(شي لىندۇڭ).

**[چوڭلار مائارىپى]** 1986 ـ يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ چوڭلار مائارىپى يەنە خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. يېزىلاردا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىيىتىگە باپ كېلىدىغان ھەرخىل تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش ـ ئۆگىنىش پائالىيەتلىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە 16 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان ساۋاتچىقىرىش ئوبيېكتى 691 مىڭ 882 كىشى بولۇپ، بۇنىڭدىن 637 مىڭ 862 كىشى ساۋاتلىق بولدى، ساۋاتچىقىرىش نىسبىتى 92 پىرسەنتكە يەتتى. 12 ناھىيە (شەھەر) دىن يوپۇرغا، يېڭىشەھەر، مەكىت، پوسكام، قاغىلىق، كونىشەھەر، يەكەن قاتارلىق يەتتە ناھىيىنىڭ 163 يېزا (بازىرى) نىڭ ئىككى مائارىپى ئاپتونوم رايوننىڭ باشلانغۇچ مائارىپنى

ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىگە يەتتى ھەممە بۇلارنى ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى كېلىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇلار ئاپتونوم رايونىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شەھەر بازىرىدىكى زاۋۇت، كان - كارخانىلاردا كۆپ خىل شەكىلدىكى مەدەنىيەت، كەسپىي تېخنىكا ئوقۇتۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش مائارىپى يولغا قويۇلدى. ئىش ئورنى ۋەزىپىلىرىنى ئوقۇتۇش ئارقىلىق تەربىيىلەشمۇ پەيدىنپەي ئەۋج ئالدى، بۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، 1986 - يىلى ھەر خىل شەكىل ئارقىلىق تەربىيىلەنگەن ئىشچى - خىزمەتچى 20 مىڭ 17 نەپەر، ئىشلەپچىقىرىشتىن (خىزمەتتىن) ئايرىلىپ ئوقۇغانلار 10 مىڭ 211 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشتىن (خىزمەتتىن) ئايرىلىپ بىر يىلدىن ئارتۇق ئوقۇغانلار 4172 نەپەر، ئالىي مائارىپتا ئوقۇۋاتقانلار 2686 نەپەر، 1986 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر (ئوقۇش ئاخىرلاشتۇرغانلار) 433 نەپەر. ئوتتۇرا مائارىپتا ئوقۇۋاتقانلار 3495 نەپەر؛ 1986 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر (ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرغانلار) 533 نەپەر؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە مەدەنىيەت ئوقۇشىغا قاتناشقانلار 927 نەپەر، 1986 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر (ئوقۇش ئاخىرلاشتۇرغانلار) 533 نەپەر؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە مەدەنىيەت ئوقۇشىغا قاتناشقانلار 927 نەپەر، 1986 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر (ئوقۇش ئاخىرلاشتۇرغانلار) 1206 نەپەر؛ كادىرلار تېخنىكا كەسپىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقانلار 2818 نەپەر، 1986 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر (ئوقۇش ئاخىرلاشتۇرغانلار) 2501 نەپەر.

1986 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقان ئىشچى 6654 نەپەر، 1986 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر (ئوقۇش ئاخىرلاشتۇرغانلار) 4962 نەپەر؛ يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا ئۆگىنىۋاتقانلار 1379 نەپەر، 1986 - يىلى ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرغانلار 1041 نەپەر؛ باشلانغۇچ دەرىجىلىك تېخنىكا ئۆگىنىۋاتقانلار 2864 نەپەر، 1986 - يىلى ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرغانلار 2115 نەپەر؛ ئىش ئورنى ۋەزىپە ئوقۇشى بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلار 1189 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە بەنجاڭ ۋە گۇرۇپپا باشلىقلىرى 10 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ)، 1986 - يىلى ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرغانلار 1096 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە بەنجاڭ ۋە گۇرۇپپا باشلىقلىرى 10.3 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ)؛ باشقا ئوقۇش بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقانلار 1082 نەپەر، 1986 - يىلى ئوقۇشنى ئاخىرلاشتۇرغانلار 613 نەپەر.

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىنى باشقۇرغۇچى كادىر جەمئىي 277 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 219 نەپەر؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىدىكى كەسپىي ئوقۇتقۇچى 39 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 28 نەپەر، ۋىلايەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى 15 بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئەنگە ئېلىنغىنى 12.

(ئىشچى - دېھقانلار مائارىپ كومىتېتى ئىشخانىسىدىن: سۇن شېيې).

**[ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىندى]** 1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن جەمئىي ئىككى قېتىم، ھەر قېتىمدا 15 كەسىپتىن ئىمتىھان ئېلىندى. بۇ، 1985 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن تۇنجى قېتىم ئېلىنغان ئىمتىھاندىن كېيىنكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىمتىھان بولۇپ، بۇنىڭغا قاتناشقان ئادەم سانى كۆپ، لاياقەتلىك نىسبىتى يۇقىرى، ئىمتىھان مەيدانىنىڭ ئىنتىزامى چىڭ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى بولدى ھەم ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولدى[1].

ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىش دۆلەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىلغان ئىمتىھان بولۇپ، ۋىلايەت ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئېلىپ باردى. 1986 - يىلى بىر قېتىملىق ئىمتىھان 7 - ئايدا ئېلىنىپ، جەمئىي 2227 كىشى قاتناشتى (5279 پەن - قېتىم ئېلىنغان)، ئىمتىھاننىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 38.5% بولدى، بۇنىڭدىن ئاز سانلىق مىللەتتىن قاتناشقىنى 1747، لاياقەتلىك نىسبىتى 31%؛ خەنزۇلاردىن قاتناشقىنى 480، لاياقەتلىك نىسبىتى 46% بولدى. ئىككىنچى قېتىملىق ئىمتىھان 1987 - يىل 1 - ئايدا ئېلىنىپ، جەمئىي 1483 كىشى قاتناشتى. 3308 پەن-قېتىم ئېلىنغان ئىمتىھاننىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 49.8% بولدى، بۇنىڭدىن ئاز سانلىق مىللەتتىن قاتناشقىنى 947، لاياقەتلىك نىسبىتى 46.8%؛ خەنزۇلاردىن قاتناشقىنى 536، لاياقەتلىك نىسبىتى 52.8% بولدى. بۇ نۆۋەتتىكى ئىككى قېتىملىق ئىمتىھان ئارقىلىق يەككە پەنلەر بويىچە جەمئىي 2223 لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. ئالتە كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ شەرەپلىك ئەلاچى گۇۋاھنامىسىغا، سەككىز كىشى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا ئېرىشتى. ۋىلايەتلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسىغا ئاپتونوم رايون ئىلغار ئورۇن دەپ نام بەردى. ئىمتىھان نەتىجىسى ئەلا بولغانلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتتىن 63 كىشىگە تەقدىرنامە ۋە مۇكاپات سوممىسى تەقدىم قىلدى.

(خەن يەنجۇ).

**[قەشقەر گاس - گاچىلار مەكتىپى]**

1986 - يىلى، قەشقەر گاس - گاچىلار مەكتىپىدە 1 - يىللىقتىن 8 - يىللىققىچە تولۇق ئوقۇتۇش سىنىپى بولۇپ، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، تاتار قاتارلىق تۆت مىللەتتىن تەركىب تاپقان 110 ئوقۇغۇچى بار. بۇنىڭ ئىچىدە، قەشقەردىن 41، خوتەندىن يەتتە، ئاقسۇدىن 54، قىزىلسۇدىن سەككىز. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدۇ. 50 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار. پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ئومۇمىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانىنىڭ 48 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ئوقۇتقۇچىلىرى كەسپىي ئوقۇتقۇچى ئومۇمىي سانىنىڭ 31 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەكتەپ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق تەربى-

يىلەش فاكۇلتېتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كەلدى. دەرسلىكلەر جەھەتتە تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، سىياسىي ساۋات، گۈزەل سەنئەت، تەنتەربىيە، ھۈنەر - تېخنىكا قاتارلىق دەرس تەسىس قىلىندى. ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئېغىز تىلى ئاساس. قول ئىشارىتى قوشۇمچە قىلىنىدۇ، ئوقۇش مۇددىتى سەككىز يىل، 1986 - يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئومۇمىي ئىمتىھان نەتىجىسى 67 نومۇر بولدى.

1986 - يىلى، مەكتەپ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بارغانلىقتىن، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، مەكتەپ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

1986 - يىلى، مەكتەپ يېڭىدىن بىر كورپۇس ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى سالدۇرۇپ، ياتاق شارائىتىنى ياخشىلىدى. مەكتەپ بويىچە ئىككى نەپەر مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ماتېرىچى، ئىككى نەپەر ۋىلايەتلىك مۇنەۋۋەر ماتېرىچى، ئىككى نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 12 نەپەر ئىلغار خىزمەتچى، ئالتە نەپەر «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى، 21 نەپەر ئەلاچى باھالاندى.

(ۋاڭ شياڭياڭ).

## [قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى]

قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى 1986 - يىلى ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ئاساس قىلىپ، مەكتەپ ئىستىلىنى تۈزىتىشنى پائال ئېلىپ بارغاچقا، «ئىتتىپاق بولۇش، تىرىشچان بولۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، يېڭىلىق يارىتىش» تىن ئىبارەت مەكتەپ ئىستىلى تېخىمۇ جارىي قىلىندى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقات، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت، مالىيە، ئارقا سەپ، تەمىنات قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى زور نەتىجىگە ئېرىشتى. شۆيۈەن بويىچە 834 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار، بۇنىڭدىن مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 393 نەپەر، 1986 - يىلى 740 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭدىن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 576 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 77.83 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 321 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگىنى 213 نەپەر، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگىنى 69 نەپەر، تەييارلىق سىنىپنى پۈتتۈرگىنى 39 نەپەر. 1986 - يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 2455 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 1921 نەپەر، بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ 78.24 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 1742، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى 148 نەپەر، جايلاردىن بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئوقۇتقۇچى 185 نەپەر، مەخسۇس پەنلەر بويىچە بىلىم ئاشۇرغۇچى كادىر 84 نەپەر، تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 198 نەپەر، ئىشتىن سىرتقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 98 نەپەر.

ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، 1986 - يىلى 10 - ئايدىن 12 - ئايغىچە غەربىي گېرمانىيىلىك ئەدەبىيات ماگىستىرى ئەيجىت گۈنتېر ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى جېجىگىنا تېبەكلىپ قىلىنىپ كېلىپ

ئوقۇتقۇچىلار ئېنگلىز تىلى سىنىپىغا دەرس ئۆتۈشكە قويۇلدى.

بىر يىلدىن بۇيان، ئوقۇ - ئوقۇتۇش پەن - تەتقىقات خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئۈچ نەپەر ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتىنىڭ لېكتورى ئابدىكېرىم باقى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نەتىجە كۆرسەتكەن پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ماتېماتىكا فاكولتېتىنىڭ لېكتورى گەن جىڭجېي ۋە فىزىكا فاكولتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەوللاق 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1986 - يىلى شۆيۈەنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان كۇتۇپخانا بىناسى پۈتۈپ رەسمىي ئىشلىتىلدى، كۇتۇپخانىدا 460 مىڭ پارچە كىتاب ساقلاندى.

1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقى بىلەن رەسمىي تەيىنلەنگەن شۆيۈەن رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى تۆۋەندىكىچە بولدى:

پارتكومنىڭ شۇجىسى: خۇاڭ ۋىنچىڭ.

پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ئابدۇراخمان، ياڭ فۇگۈي.

يۈەنجاڭ: چوڭ ھاجى.

مۇئاۋىن يۈەنجاڭلىرى: مەممەت يۈسۈپ، يۈشېچەن.

پارتكوم ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: ماموتھوشۇر.

پارتكوم ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى: چىن يى

(خەن مىڭچاڭ).

## [قەشقەر مائارىپ شۆيۈەنى]

1986 - يىلى قەشقەر مائارىپ شۆيۈەنىدە تىل - ئەدەبىيات كەسپى (مىللىي، خەنزۇ)، ماتېماتىكا كەسپى (مىللىي، خەنزۇ)، سىياسىي مائارىپ كەسپى (مىللىي)، ئېنگلىز تىل كەسپى (خەنزۇ)، تارىخ كەسپى (مىللىي)، فىزىكا كەسپى (مىللىي) قاتارلىق ئالتە كەسىپ، تولۇقسىز ئالىي مەخسۇس كۇرس سىنىپى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن خىزمەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشى ئۈچۈن ئوتتۇرا سىفەن سىنىپى (خەنزۇ)، ئادەتتىكى سىفەن سىنىپى (خەنزۇ)، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئېنگلىز تىلى ئوتتۇرا سىفەن سىنىپى قاتارلىق ئالتە سىنىپ ئېچىلدى. ئالىي مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەن كۇرسانت 102 نەپەر، مەكتەپتىكى ئالىي مەخسۇس كۇرسقا قاتناشقان كۇرسانت 379 نەپەر، ئوتتۇرا سىفەن كۇرسانتى 245 نەپەر. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يېرىم يىللىق مۇددەت بىلەن مائارىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە ماتېماتىكا كەسپى بويىچە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 65 كۇرسانت تەربىيىلەندى.

شۆيۈەنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇقلاندى ۋە كۈچەيتىلدى. يولداش ليۇيۈبو پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا، يولداش كېرىم ئىسمايىل شۆيۈەنىڭ يۈەنجاڭلىقىغا تەيىنلەندى. 11 - ئايدا يولداش ليۇيۈبو شۆيۈەندىن يۆتكەلدى. يولداش لى جۇڭچياۋ پارتكومنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى. شۆيۈەندە تېلېۋىزور كۆرسىتىش ئاپپاراتى، سۈرەتكە چۈشۈش ئاپپاراتى، سىنئالغۇ قاتارلىق زامانىۋىلاشقان ئېلېكترلىك ئوقۇتۇش سايمانلىرىدىن 40 دانە بار ھەمدە سىنئالغۇ لېنتىسى، ئۈنئالغۇ لېنتىسى قاتارلىق قىممىتى 220 مىڭ يۈەنلىك ئوقۇ-

كۆنلەر بار. ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشقان ۋاستىلار بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، سىنىپلارنىڭ ھەممىسىگە يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور ۋە ئاۋاز ساندۇقى ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلدى. شۆيۈەننىڭ يەر مەيدانى كېڭەيتىلىپ 31 موغا يەتتى، بۇنىڭ بىلەن «7 - بەشيىللىق» پىلان مەزگىلىدە شۆيۈەننىڭ ئوقۇتۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، كۆپ پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇشقا قاراپ راۋاجلىنىش ئۈچۈن شەرت - شارائىت ياراتتىلدى. شۆيۈەن مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق يەكۈنلىگەن ئاساستا، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ 21 ماددىلىق تەدبىرىنى ۋە رەھبەرلەرنىڭ دەرسخانىغا كىرىپ دەرس ئاڭلاش تۈزۈمىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. شۆيۈەننىڭ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش، چوڭلارنى تەربىيىلەش خاراكتېرىگە ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئىمتىھان تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، قىسمەن كۇرسانتلارنىڭ ئىمتىھانىدا كۆز بويامچىلىق قىلىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئېلىۋېلىش ئۈچۈنلا ئوقۇش ئىدىيىسىنى تۈزەتتى. شۆيۈەن يېڭى دەۋردىكى چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئۇسۇلىنى ۋە ۋە قانۇنىيىتىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئىزدەندى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى، «تۆت بولۇش» تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ۋە كوممۇنىزملىق غايە تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئاز سانلىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەت ئېلىپ بارغان چاغدا، يارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى خىزمەتچىلەر بايرىقى روشەن ھالدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ئىنىچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى ئاڭلىق ھالدا قوغدىدى.

شۆيۈەن 1986 - يىلى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى. لەنجۇ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تاڭگۇاڭسەي، جانابىل قاتارلىق يولداشلار ھەمدە 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، بىر تەكشۈرۈپ باھالاش ئۆمىكى ۋە قىسىمدىن كەلگەنلەر بولۇپ 1000 دىن ئارتۇق ۋەكىل (ئادەم - قېتىم) شۆيۈەنگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. لەنجۇ ھەربىي رايونى شۆيۈەندە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى ھەمدە شۆيۈەننىڭ ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە شۆيۈەننى ماختىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئېيسا شاكىر، مەمۇرىي مەھكىمىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ھەم شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى مەسئۇل يولداشلار بىرلىشىپ شۆيۈەندە مائارىپ خىزمىتى ئۈستىدە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سادىر قاتارلىقلار شۆ-

يۇقىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى بەزى كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى.

### [شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسى قەشقەر شۆبىسى]

1986- يىلى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسى قەشقەر شۆبىسى ئەسلىدىكى ئاساستا يېڭىدىن تەرەققىي قىلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاپپاراتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن بۇ مەكتەپكە ئۈچ نەپەر مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىر بەلگىلىدى. مەكتەپتە پارتىيە باش ياچېيكىسى قۇرۇش تەستىقلاندى ۋە قۇرۇلدى ھەمدە ئىلمىي بۆلۈم، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ماتېماتىكا، فىزىكا، تىل - ئەدەبىيات قاتارلىق كاپىدىرالار قۇرۇلدى. ھازىر 14 نەپەر مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بار، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغانلار مۇقىم ئەمەس. باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى.

1986- يىلى قەشقەر شۆبە مەكتىپى «كادىرلار باشقۇرۇش كەسپى» گە خىزمەتتىكى خادىملاردىن 22 نەپەر (خەنزۇ) ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندىن باشقا، يەنە ئەمگەك - ئىقتىساد باشقۇرۇش (خەنزۇ)، پۇل - مۇئامىلە (مىللىي)، فىزىكا (مىللىي) قاتارلىق ئۈچ كەسىپكە شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 123 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. جەمئىي قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچى 145 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭدا ئەسلىدىكى پارتىيە ھۆكۈمەت كادىر باشقۇرۇش بويىچە تۆت كەسىپتىكى 414 نەپەر (مىللىي، خەنزۇ) ئوقۇغۇچىنى قوشقاندا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 559 نەپەرگە يەتتى). 1986- ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 336 نەپەر بولۇپ، 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1986- يىلى مەكتەپتە بەش كەسىپ بويىچە 214 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە- ھۆكۈمەت كادىر باشقۇرۇش كەسپىتىكى 74 نەپەر (خەنزۇ)، مالىيە ئىلمىي كەسپىتىكى 37 نەپەر (خەنزۇ)، سودا بوغالتىرلىق كەسپىتىكى 17 نەپەر (خەنزۇ)، ماتېماتىكا كەسپىتىكى 17 نەپەر (مىللىي)، ماشىنىسازلىق كەسپىتىكى 69 نەپەر (مىللىي) بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىلمىي ماقالىلار ئارقىلىق مۇنازىرىلىشىش ۋە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئېلىنغان ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئارقىلىق 208 نەپەر ئوقۇغۇچى لاياقەتلىك بولۇپ، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى ئالدى، بۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 97.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1986- يىلى شۆبە مەكتەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئوقۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە قاراتتى، ھەم ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتتى. چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە «تۆت بولۇش» تەربىيىسى ئارقىلىق، كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ئۆستى، 1983- يىللىق ماشىنىسازلىق كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مۇتەللىپ، 1984- يىللىق پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىر باشقۇرۇش كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى گۈلچىن ۋە مالىيە ئىلمىي كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى دي روجۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەت بويىچە

تېلېۋىزىيە داشۆسىنى پۈتتۈرۈشتەكى مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى ۋە شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە داشۆسىنى پۈتتۈرۈشتەكى مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى دېگەن نامغا ئېرىشتى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە داشۆسى بۇ مەكتەپنىڭ ئىلمىي بۆلۈم باشلىقى چىن روڭلىياڭغا مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچى كادىر دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى بەردى، مەمەتجان ئىبراھىم شىنجاڭ تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ باھالاندى،

(جۇ جىيە نيەڭ).

**[جۇڭگو خەلق داشۆسى جەنۇبىي شىنجاڭ ئاخباراتچىلىق ئالىي تېخنىكوم سىنىپى]** دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، جۇڭگو خەلق داشۆسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئاخباراتچىلىق ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا 1985 - يىلى 5 - ئايدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرا رايونىدا مۇنداق بىر ئالىي تېخنىكوم سىنىپىنىڭ ئېچىلغانلىقى مەملىكىتىمىزنىڭ ئاخباراتچىلىق تارىخىدىكى تۇنجى ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1985 - يىلى خەلق داشۆسى شىنجاڭدا ئاخباراتچىلىق كەسپىي بويىچە ئۈچ ئالىي تېخنىكوم سىنىپى، يەنى شىمالىي شىنجاڭدا ئىككى سىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر سىنىپ ئاچتى. جەنۇبىي شىنجاڭ سىنىپى خەلق داشۆسىنىڭ شىنجاڭ ئاخباراتچىلىق كەسپىي 1985-يىللىق 3 - سىنىپ بولۇپ، ئوقۇتۇش ئورنى قەشقەر گېزىتى ئىدارىسىدا تەسىس قىلىندى،

خەلق داشۆسىنىڭ 1985 - يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىزامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بۇ مەخسۇس كۇرسنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولدى.

بۇ سىنىپقا ئىمتىھاندا ئىملار، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە خىزمەتتىكى ئاخباراتچىلار ۋە بىر قىسىم ئورگان كادىرلىرى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار قوبۇل قىلىندى. خەلق داشۆسى بىر تۇتاش سوئال چىقىرىپ ئادەم ئەۋەتىپ نازارەت قىلدۇرۇپ ئىمتىھان ئالدى، ياخشىلىرىنى تاللاپ 80 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئەنگە ئېلىنغىنى 53 نەپەر بولدى ھازىر ئوقۇۋاتقىنى 50 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە: ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 76 نەپەر بولۇپ، 52 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئورگان كادىرلىرى 15 نەپەر بولۇپ، 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئىشچى ئىككى نەپەر بولۇپ، تۆت پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. زىيالىي ياش تۆت نەپەر بولۇپ، 8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ھەربىي ئۈچ نەپەر بولۇپ، 6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئايال 20 نەپەر بولۇپ، 40 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ خەنزۇ 48 نەپەر بولۇپ، 96 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، خۇيزۇ بىر نەپەر، شىبە بىر نەپەر، رايون بويىچە ئايرىغاندا: قەشقەر ۋىلايىتىدىن 39 نەپەر بولۇپ، 78 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ خوتەن ۋىلايىتىدىن بەش نەپەر بولۇپ، 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن 5 نەپەر بولۇپ، 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئاقسۇدىن بىر نەپەر.

جەنۇبىي شىنجاڭ ئاخباراتچىلىق ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ۋە شىمالىي شىنجاڭ سىنىپلىرىنى خەلق داشۆسىنىڭ سىرتتىن ئوقۇش يۇرتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇخبىرلار جەمئىيىتى مەسئۇل بولۇپ باشقۇردى.

جەنۇبىي شىنجاڭ ئاخباراتچىلىق ئالىي تېخنىكوم سىنىپىدا قەشقەر مۇخبىرلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جىياڭ زۇڭيۇ كۆزدىن كەچۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلغۇچى بولدى؛ ھەمدە سىنىپ باشلىقى، مۇئاۋىن سىنىپ باشلىقى، ۋە بىر نەچچە ھەيئەت تەسىس قىلىنىپ، سىنىپ خىزمىتىنى باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىندى.

بۇ سىنىپ سىرتتىن ئوقۇتۇلىدىغان مەخسۇس كۇرس بولۇپ، ئەسلىدە 12 دەرس ئۆتۈش بەلگىلەنگەن، ئەمەلىيەتتە يىل ئاخىرىغىچە 18 دەرس ئۆتۈلۈپ بولدى (ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق كۇرس بويىچە بىۋاسىتە دەرس ئۆتۈلدى). يەنى جۇڭگو ئاخباراتچىلىق تارىخى، ئاخباراتچىلىق نەزەرىيىسى، ئاخبارات زىيارىتى، ئاخبارات يېزىقچىلىقى، ئاخبارات ئوبزورچىلىقى، گېزىت تەھرىرلەش ئىلمى، پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، فورمال لوگىكا، جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى، جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى، قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلى، جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما، ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما، زامانىمىزدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن تاللانما، چەتئەل ئەدەبىياتى، ئەدەبىيات ئىلمى قاتارلىق 18 خىل دەرس ئۆتۈلدى. ئاساسلىق دەرسلەرنى خەلق داشۆسىنىڭ دوتسېنت، لېكتورلىرى كېلىپ بىۋاسىتە ئۆتتى. مەسىلەن: خەلق داشۆسىنىڭ دوتسېنتى، پەن - تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ جىڭپۇ ۋە خەلق داشۆسى ئېستېتىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ دوتسېنتى يەن خۇەندۇڭلار قەشقەرگە كېلىپ چەتئەل ئەدەبىياتى بىلەن جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات دەرسىنى ئۆتۈپ بەردى. ئىككى يىلدىن بېرى، جەمئىي 21 نەپەر ئوقۇتقۇچى كېلىپ دەرس ئۆتتى ۋە ئىمتىھانغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ھەر يىلى بىۋاسىتە دەرس ئۆتۈش ۋاقتى يېرىم يىل بولۇپ ئارىلاپ بىر ئايدىن ئۆتۈلدى. بىۋاسىتە ئۆتۈلگەن ۋاقتى تەخمىنەن ئومۇمىي ئوقۇش ۋاقتىنىڭ 60 - 50 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، خەلق داشۆسى بەلگىلەپ بەرگەن بىۋاسىتە دەرس ئۆتۈش ۋاقتىنىڭ بىر ھەسسىدىن كۆپرەكىگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ سىنىپنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلغۇچىسى ۋە سىنىپ ھەيئەتلىرى سىنىپ باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، يېقىندىن ماسلاشتى. خەلق داشۆسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇخبىرلار جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، بىۋاسىتە ئۆتۈش، تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋە ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق بىر نەچچە خىل ئوقۇتۇش ھالقىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقۇشتىن خالىغانچە ئايرىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق، بىۋاسىتە دەرس ئۆتكەندە داۋامسىزلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق، تاپشۇرۇقنى قول ئۈچىدا ئىشلەپ قويۇشقا رۇخسەت قىلماسلىق، ئىمتىھاندا كۆز بويامچىلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلماسلىقنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ «تۆتكە رۇخسەت قىلماسلىق» ئارقىلىق، ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. سىنىپ بويىچە ھەممە كۇرسانتلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى ياخشى بولۇپ، توققۇز كىشى مۇنەۋۋەر كۇرسانت بولۇپ باھالاندى.

ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئوقۇش باشلىغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت (ئوبلاست) تىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ غەمخورلۇقى-

غا ۋە قوللىشىغا مۇيەسسەر بولدى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇخبىرلار جەمئىيىتى، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى ۋە «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگەچكە، ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ئاخباراتچىلىق سىنىپى «پامىر ئېگىزلىكى ئىلمىي ژۇرنىلى» چىقاردى. ژۇرنال چىقىرىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، كۇرسانتلارنىڭ قابىلىيىتى ئۆستى. «پامىر ئېگىزلىكى ئىلمىي ژۇرنىلى» جۇڭگو خەلق داشۆسىدىكى ھەر قايسى فاكولتېت ۋە سىرتتىن ئوقۇتۇش يۇرتىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. خەلق داشۆسى ئاخباراتچىلىق فاكولتېتىنىڭ پروفېسسورى گەن شىفېڭ بۇ ئىلمىي ژۇرنال ئۈچۈن ژۇرنال بېشىنىڭ خېتىنى يېزىپ بەردى.

جۇڭگو خەلق داشۆسىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ئاخبارات ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1987 - يىلى 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە، خەلق داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇاڭ دا، خەلق داشۆسى سىرتتىن ئوقۇتۇش يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن يوەنجاڭى جياڭ فىڭ، خەلق داشۆسى ئاخبارات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى خې ژىخۇا، خەلق داشۆسى سىرتتىن ئوقۇش يۇرتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ سىۋ قاتارلىق ئالتە كىشى شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خەن ۋېنخۇي، مۇئاۋىن باش كاتىپى ۋاڭ لىباۋنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىگە تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى. قەشقەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋاتقان دۆلەت ئىقتىسادىي كومېتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، خەلق داشۆسىنىڭ مۇدىرى يۈەن باۋخۇا ۋە مۇئاۋىن مۇدىر خۇاڭ دا قاتارلىقلار خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن كۇرسانتلار بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتى. مۇئاۋىن مۇدىر خۇاڭ دا ساۋاقداشلارغا ئىلھام بولسۇن ئۈچۈن «ئۆگىنىشكە چۆككەنلەرنى ئۆز بىلىمىگىنىڭ تېيىزلىقىنى ھېس قىلىدۇ» دەپ «پامىر ئېگىزلىكى ئىلمىي ژۇرنىلى»غا بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

(جياڭ زۇڭيۇ).

**[مائارىپ پەن تەتقىقاتى]** 1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ پەن تەتقىقات خىزمىتى ئەندىلا باشلانغان بولسىمۇ، مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە خىزمىتى جەھەتتە، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، ۋىلايەت بويىچە خېلى قىممەتكە ئىگە، ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدىغان 70 نەچچە پارچە تېپىك ماتېرىيال تاللىنىپ، پارتىيە، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، پىئونېرلار ئەترىتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەم سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتى بويىچە تۈرگە ئايرىلىپ توپلام قىلىنىپ بېسىپ تارقىتىلدى، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت يىغىنى ئېچىلىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈلدى.

مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈش جەھەتتە، قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسىدىكىلەر 5-، 6- ئايلاردا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ پەن تەتقىقات ئورنىدىكىلەر بىلەن بىللە قاغى-

لىق، پوسكام ناھىيىلىرى ۋە قەشقەر شەھىرىدگە بېرىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمىتىنى باشقۇرۇش، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئىمتىھان ۋە سىناش خىزمىتى ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق مەخسۇس تېما ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خاراكتېرىنى بېكىتىش، نورما بەلگىلەپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى سېزىۋالدى: خېلى ساندىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇپ، سەۋىيىسى ئوقۇش تارىخىدىن بەكمۇ تۆۋەن تۇرىدۇ؛ ئوقۇتۇش مېتودى ئۆلۈك ھەم ئاددى، ھەتتا دەرسلىكتىكى ئۆزى چۈشىنەلمىگەن قىسىملىرىنى خالىغانچە قىسقارتىۋەتكەن، نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار قائىدە، تېئورىما ئۇقۇمىنى چۈشىنەلمەي، فورمىلارنى ئۆلۈك ھالدا يادلىۋالغان؛ دەرسخانىدا مەشىق قىلىش ئاز، ئائىلىدە ئىشلەيدىغان تاپشۇرۇق تېخىمۇ ئاز بېرىلگەن بولۇپ، زۆرۈر بولغان مېڭىنى ئىشقا سېلىش مەشىقى كەم؛ مەمۇرىي باشقۇرۇش بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بەك ناچار؛ ئىمتىھاندا ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆز بويامچىلىق قىلىش خاھىشى ئېغىر، ئۆيغۇرچە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ئىنتايىن قىس بولغان. ئۇلار بىر يۈرۈش تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ، ۋىلايەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت مائارىپ خىزمەت يىغىنىنى بۇ دوكلات بىلەن تەمىن ئەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسى 8 -، 9 - ئايدا پەيزاۋات، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەرگە بېرىپ چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى سېزىۋالدى: بەزى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك بويىچە دەرس ئۆتمىگەن، دەرس تەييارلىغاندا كىتابتىن كۆچۈرۈپلا قويغان، دەرس ئۆتكەندە دەرسنى خاتا ئۆتۈش ئەھۋالى پات - پات كۆرۈلگەن؛ ئىمتىھان ئېلىشتا بەلگىلەنگەن دائىرىدىن چىقىپ كېتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلۈك يادلاپ جاۋاب بېرىشكە قويغان، سوئاللار ھەددىدىن زىيادە ئاز ھەم ئاددىي بولۇپ قالغان، ۋاھاكازا. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسى يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە مەكتەپ مۇدىرى، ئىلمىي مۇدىرلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋىلايەتلىك مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسى مەسئۇل بولۇپ، قەشقەر مائارىپ شۆبىۋەنى، قەشقەر سىفەن، قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئالتە مەكتەپتە ئىمتىھان تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش سىنىقى ئېلىپ بېرىپ، بۇرۇنقىدەك نوقۇل ھالدا يازما ئىمتىھان ئېلىشنى يازما، ئېغىزچە ۋە مەشغۇلاتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىمتىھان بىرلەشتۈرۈلگەن ئىمتىھان شەكلىگە ئۆزگەرتتى، ئىمتىھان تۈزۈمى ۋە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، كۆز بويامچىلىق قىلىشتەك ناچار خاھىشلارنى ھەر تەرەپتىن چەكلىدى.

ئىلمىي جەمئىيەت خىزمىتى جەھەتتە، خەنزۇ تىل، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق ئۈچ پەن بويىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى يېڭىدىن قۇرۇلدى. بىئولوگىيە، تىل - ئەدەبىيات، فىزىكا ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيەتلىرى بويىچە يىللىق يىغىن ئۆت-

كۆزۈلدى ھەمدە يىغىندا 154 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن 27 پارچىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھەر قايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر قەشقەر، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر قاتارلىق ئۈچ ناھىيە (شەھەر) دىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرس ئاڭلاش، سىنئالغۇ دەرسى ئۆتۈش، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈشىنى باھالاش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

(سۇن شېيى).

## [ ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ ]

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى ۋىلايەتلىك ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ پونكىتىدا ھازىر 12 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) ۋە تەجرىبە قىلىش نۇقتىلىرى، مەكتەپلەر بولۇپ 50 ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 70 نەپەر مەخسۇس كەسپىي خادىم ۋە 221 نەپەر قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىم بار. دەسلەپكى قەدەمدە ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ تورى شەكىللەندى.

ۋىلايەت بويىچە 116 ئاپتوماتىك خرونىك فىلىم ئاپپاراتى، 630 كۆلەڭگۈ قايتۇرۇش ئاپپاراتى، 114 دانە 16 مىللىمېتىرلىق كىنو ئاپپاراتى، 618 ئۈنئالغۇ، 31 مىكروھېسابلاش ماشىنىسى، 23 سىنئالغۇ، 46 نازارەت قىلىپ كۆزىتىش ئاپپاراتى ئىككى تېلېۋىزىيە سۈرەت ئاپپاراتى، 149 خىل تېلېۋىزور بار. ئوقۇتۇش ئۈچۈن تېلېۋىزىيە سۈنئىي ھەمراسىدىن يەر يۈزىدە قوبۇل قىلىش ئاپپاراتى ئورنىتىلدى. ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل خرونىك فىلىمى، ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇ لېنتىلىرى، كىنو كوپىيىلىرى بىر قەدەر تولۇق. ۋىلايەتلىك ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ پونكىتى 1986 - يىلى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 57 نەپەر تېخنىكنى تەربىيىلىدى. 6- ئايدا قاغىلىق ناھىيىسىدە ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، قاغىلىق، يېڭىسار، قەشقەر شەھىرى، قەشقەر سىغەن مەكتىپى، قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق بەش ئىلغار ئورۇننى باھالاپ چىقتى. قەشقەر شەھەرلىك 3-، 7- ئوتتۇرا مەكتەپ، يېڭىسار ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق 12 ئورۇننىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن ئوقۇتۇش تۈرى مۇكاپاتلاندى.

1986- يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ ئاپپاراتلىرى جەمئىي 194 مەيدان ئوقۇتۇش سىنئالغۇسى، 4642 مەيدان پەن - تېخنىكا ئوقۇتۇش فىلىمى قويدى. ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ ئاپپاراتلىرى تىل - ئەدەبىيات، سىياسىي قاتارلىق دەرسلەر ئۈچۈن يەتتە يۈرۈش 202 دانە خرونىك فىلىمى ئىشلىدى. ۋىلايەتلىك ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ پونكىتى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ناخشا - مۇزىكا دەرسى ئۈچۈن 480 قۇتا ئۈنئالغۇ لېنتىسى كۆچۈرۈپ ئىشلىدى. ئېلېكتىرلەشتۈرۈلگەن مائارىپ خىزمىتىنى پىلانلىق، سىستېمىلىق قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ 1-، 2- باشلانغۇچ مەكتىپى 1-، 2- ئوتتۇرا مەكتىپى، پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1- باشلانغۇچ مەكتىپى، يېڭىشەھەر نا-

ھېيىسىنىڭ 1- باشلانغۇچ مەكتىپى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ 1- باشلانغۇچ مەكتىپى، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1- باشلانغۇچ مەكتىپى، يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ 1- باشلانغۇچ مەكتىپى، مەكىت ناھىيىسىنىڭ 1- باشلانغۇچ مەكتىپى، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ 1- باشلانغۇچ مەكتىپى، قەشقەر شەھىرىنىڭ 3-، 6- باشلانغۇچ مەكتىپى، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ 1- ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە ماگىتىن ئوتتۇرا مەكتىپى، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ 1- ئوتتۇرا مەكتىپى، پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1- ئوتتۇرا مەكتىپى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ 1- ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، قەشقەر سىفەن مەكتىپى، يەكەن سىفەن مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان ئوقۇتۇش تېلېۋىزىيە قانىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ رەسمىي تارقىتىلدى، مائارىپ شۆيۈەنى ئاساس قىلىنغان مائارىپ تېلېۋىزىيە سۈنئىي ھەمراسىدىن يەر يۈزىدە قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى ھەمدە پوسكام، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تارقىتىش نۇقتىسى قۇرۇلدى. سۈنئىي ھەمرا تېلېۋىزىيە سىفەنى قۇرۇلۇپ، 1740 نەپەر مۇئەللىمى، خەنزۇ كۇرسانت قوبۇل قىلىندى.

(نىجات).

**[ئېغىر دەرىجىدە يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئوپال يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى]** ئېغىر دەرىجىدە يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە يېڭىدىن سېلىنغان ئوقۇتۇش بىناسى 1986- يىلى 11- ئاينىڭ 14- كۈنى پۈتتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغانىدى. 800 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى يېڭى بىناغا كۆچۈپ چىقتى.

بۇ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2070 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىنادا چوڭ - كىچىك 35 ئېغىز سىنىپ، فىزىكا - خىمىيە تەجرىبىخانىسى، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى بار، بۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق باش شىركىتى 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى، بىنانى جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق شىركىتى 2- قۇرۇلۇش ئەترىتى سېلىپ بەردى.

(يۈن چىجۈن).

**[پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى]** پوسكام ناھىيىسى بويىچە 11 ئوتتۇرا مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ بىر)، 48 باشلانغۇچ مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچ)، 138 ئوقۇتۇش نۇقتىسى بار. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى 287 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغىنى 31 نەپەر، ئالىي تېخنىكوم مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغىنى 93 نەپەر بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 43.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇش تارىخى ئۆلچەمگە يەتمەيدىغىنى 163 نەپەر بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 56.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى 727 نەپەر (خەلق باشقۇرغان مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 74 نەپەر)، بۇنىڭ ئىچ-

پىدە ئوقۇش تارىخى ئۆلچىمىگە يەتكىنى 404 نەپەر بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 55.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇش تارىخى ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغىنى 323 نەپەر بولۇپ، 44.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، پوسكام ناھىيىسى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن تەركىب تاپقان بەش كىشىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە باشقۇردى. ھەر قايسى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش پونكىتلىرىنى باشقۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. «7- بەشيىللىق» مائارىپ خىزمەت پىلانى تۈزگەندە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا قاراپ، ئوخشاش بولمىغان تەلەپ ۋە ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پونكىتلارنى ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك بىلىم ئاشۇرۇش پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا ئۇيۇشتۇردى. ھەر قايسى بىلىم ئاشۇرۇش پونكىتلىرىدىكى يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1986- يىلى يازدا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنى مەخسۇس تەشكىللەپ تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، سەۋىيىسى يۇقىرىراق بولغان ئوقۇتقۇچىلاردىن 34 كىشىنى يىغىپ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە دەرس ئۆتۈشكە ئۇيۇشتۇردى ھەمدە تەشكىلىي جەھەتتىن ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتى بىلەن ئۇزاق مۇددەت شۇغۇللىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. پەسىللىك سىناق تۈزۈمى تۇرغۇزدى. ئۆتكەلدىن ئۆتكەن ئوقۇتقۇچىلارنى تېخىمۇ يۇقىرى دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، ئۆتكەلدىن ئۆتەلمىگەنلەرنى يەككە پەن ياكى ئىككى پەن بويىچە يېتەكلىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئىمكانقەدەر تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تېزراق ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قىشلىق تەتىل ۋە يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ پىلانلىق ھالدا 20 كىشىلىك ئەدەبىيات سىنىپى، 28 كىشىلىك مۇزىكا سىنىپى، 30 كىشىلىك خەتتاتلىق سىنىپى، 30 كىشىلىك خەنزۇ تىل سىنىپى ۋە باشقا تۈرلۈك تەربىيىلەش سىنىپلىرىنى تەشكىللەپ، تەربىيىلەش ئېلىپ باردى ھەمدە رادىئو سىفەن ئۆگىنىشىگە قاتناشقان 24 كىشىنىمۇ يېتەكلىدى. 1986- يىلى 8- ئايدىن باشلاپ ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ماتېماتىكا، تىل- ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلى، تارىخ، جۇغراپىيە دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ناھىيىلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىگە نۆۋەت بىلەن يىغىپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ۋە تەجرىبىلەر دەرسلىكى ئوقۇتۇشنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى 25 نەپەر تەجرىبە ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئېلېكترلەشكەن دەرسلىك ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلىدى. ناھىيە بويىچە 1986- يىلى جەمئىي 5850 سائەت بىۋاسىتە كۆرۈپ ئۆگىنىش دەرسى، 4750 سائەت ئۈلگە كۆرسىتىپ تەرجىمە قىلىش دەرسى، 1907 سائەت ئوقۇغۇچىلار تەجرىبە قىلىش دەرسى ئۆتۈلدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە، 7865 سائەت ئۈلگىلىك دەرسى ۋە خىروونىڭ فىلىم دەرسى، 248 سائەت كىنو ئارقىلىق ئوقۇتۇش دەرسى ئۆتۈلۈپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. خىراجەت قىس بولسىمۇ، سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق ئوقۇتۇشقا كېرەكلىك بىر يۈرۈش ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ، خىز-

# پەن - تېخنىكا

**[پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى]** 1986- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەدەر، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيە (شەھەر) لىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرىگە جەمئىي 57 نەپەر مەخسۇس خىزمەتچى خادىم سەپلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 43 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەت، كەسپىي جەمئىيەت، تەتقىقات جەمئىيىتى جەمئىي 31 بولۇپ، بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ 4634 نەپەر ئەزاسى بار. جەمئىيەت ئەزالىرى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 29.9% كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، كۆمۈرچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، ئېنېرگىيە تەتقىقات جەمئىيىتى، پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيەت جەمئىيىتى، جۇڭگوچە داۋالاش تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، ھەسەل ھەرىسى بېقىش جەمئىيىتى، مۇپەتتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 1986-يىلى قۇرۇلدى. 12 - ئايدا ۋىلايەتلىك تېببىي ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، يېڭى مۇدىرىيەتنى سايلاپ چىقتى، بۇ ئىلمىي جەمئىيەت مەخسۇس كەسپىي كادىر سەپلىگەن تۇنجى ئىلمىي جەمئىيەت بولدى. ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى قارمىقىدىكى كەسپىي جەمئىيەت ۋە ئىلمىي جەمئىيەت جەمئىي 96، بۇنىڭ ئىچىدە 1986 - يىلى قۇرۇلغىنى 13. ناھىيە دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى 4842 نەپەر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 25% كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازارلاردا جەمئىي 138 پەن - تېخنىـ

مەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ناھىيە بويىچە ئوقۇش تارىخى ئۆلچەمگە يەتمىگەن 486 نەپەر ئوقۇتقۇچىدىن 121 كىشىنى خىزمەتتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇشقا قاتناشتۇردى. 22 كىشىنى رادىئو سىفەن پەن ئۆگىنىشىگە قاتناشتۇردى. 11 كىشىنى چوڭلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇردى. 200 كىشىنى ژۇرنال ئارقىلىق ئۆگىنىشكە قاتناشتۇردى.

پوسكام ناھىيىسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىنى مائارىپ خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىپ تۇتۇپ، مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە ئوقۇش تارىخى ئۆلچەمگە يەتمىگەنلەر 25% تۆۋەنلىدى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ 33% تۆۋەنلىدى. ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى 29% ئاشتى.

(پوسكام ناھىيىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسى، ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى).

كا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، بۇ يېزا – بازارلار ئومۇمىي سانىنىڭ 86.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 1986 – يىلى قۇرۇلغىنى 22، يېزا – بازار پەن – تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەزا سانى 12 مىڭ 131 نەپەر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13% كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە 1371 كەنتتە پەن – تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا دېھقان تېخنىك، كەسپىي ئائىلە، ھۈنەرۋەن-كاسىپلار، ئۆلگە كۆرسەتكۈچى ئائىلە ۋە زىيالىي ياشلاردىن بولۇپ، 9260 كىشى گۇرۇپپا ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. پوسكام، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق ناھىيەلەر قىسمەن يېزا-بازارلىق پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ۋە تولۇقلاپ بۇ جەمئىيەتلەرگە جەمئىي 190 نەپەر قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان پەن – تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كادىرىنى سەپلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پوسكام ناھىيىسىنىڭ 13 يېزا-بازىرىغا مەخسۇس كەسپىي پەن – تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كادىرى بەلگىلەندى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ 10 يېزا بازارلىق پەن – تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتىگە مەخسۇس كەسپىي كادىر سەپلەندى ۋە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. يىل – ئاخىرىدا پەن – تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالار باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

(جيەن سۇشۇەن).

## [قەشقەردە «ئۇچقۇن پىلانى»دىن دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى]

«ئۇچقۇن پىلانى» دۆلەتنىڭ پەن – تېخنىكىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلەندۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىرى. «ئۇچقۇن پىلانى» قەشقەر ۋىلايىتىدە يولغا قويۇلۇپ پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە پەن – تېخنىكا كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىمۇ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى.

بىر يىلدىن كۆپ ۋاقىتتىن بېرى، ۋىلايەتلىك پەن – تېخنىكا كومىتېتى دۆلەت دەرىجىلىك «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرىدىن ئىككى تۈرنى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرىدىن سەككىز تۈرنى قولغا كەلتۈردى ۋە ئۈستىگە ئالدى، ۋىلايەتتىن «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرىدىن 12 تۈرنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ تۈرلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرىدە جەمئىي 1 مىليون 280 مىڭ يۈەن مەبلەغ قولغا كەلتۈرۈلدى، ۋىلايەت دەرىجىلىك «ئۇچقۇن پىلانى» تۈرىگە 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، كۆپ قىسىم تۈرلەردە ئالدىن كۆزلىگەن ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. دۆلەت دەرىجىلىككە كىرگۈزۈلگەن «چۈچۈكبۇيا بايلىقى مەنبەسىنى مۇھاپىزەت قىلىش، چۈچۈكبۇيا تېرىپ كۆپەيتىش ۋە ئۇنىڭدىن ئومۇملاشتۇرۇپ پايدىلىنىش» تۈرىگە دۆلەتتىن 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ بېرىلدى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش، مۇھاپىزەت قىلىش، ئىش قوشۇش، پايدىلىنىشتىن ئىبارەت بىر قاتار ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش چارىسى تۈزۈپ چىقىلدى. 1986 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سۇل-

ئىي ئۇسۇل بىلەن 270 مىڭ مو چۈچۈكبۇيا بايلىق مەنبەسى مۇھاپىزەت قىلىنىدى. 1227.9 مو چۈچۈكبۇيا سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تېرىلدى. دۆلەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋە دۆلەت ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن «يايلاق، يېيىلغۇ ئورمان ئەھيا قىلىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش» تۈرىنى ئەمەلدە يولغا قويۇش ئۈچۈن، قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ھەقىقىي يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان تەشكىلىي، تېخنىكا تەدبىرلەر تۈزۈپ چىقىلىپ، پىلانلىق ۋە نۇقتىلىق ھالدا ئەھيا قىلىنماقتا. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈرگە كىرگۈزۈلگەن «مىللىي كەشتىچىلىك ھۈنەر تېخنىكىسى ۋە ساز ياساشنى يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش ھۈنەر تېخنىكىسى» تۈرىگە 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، بىر قىسىم ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈرگە كىرگۈزۈلگەن «پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قوغۇن شىرنىسى، قوغۇن مۇراببىاسى ئىشلەش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلىتىش» ۋە «كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شىرىشىم مېۋە ئىشلەش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلىتىش» ئىشىغا ھەم ۋىلايەت دەرىجىلىك تۈرگە كىرگۈزۈلگەن «يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى» تۈرىگە جەمئىي 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇ ئۈچ زاۋۇت شۇ يىلى زاۋۇت قۇرۇش، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش، شۇ يىلى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. پەيزاۋات قوغۇن شىرنىسى، قوغۇن مۇراببىاسى ئىشلەش تۈرىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ۋۇجياچۇ يېمەك - ئىچمەكلىكلەرنى تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ قوغۇن شىرنىسى، قوغۇن مۇراببىاسى ئىشلەش تېخنىكىسى ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يۆتكەپ كېلىنىپ، 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 10 مىڭ بوتۇلكىدىن ئارتۇق قوغۇن شىرنىسى، 2700 شىشىدىن ئارتۇق قوغۇن مۇراببىاسى ئىشلەپچىقىرىلدى. يېڭىسار ناھىيىلىك شىرىشىم مېۋە زاۋۇتى توققۇز تونناغا ئۆلچەملىك گۈلە قېقى ئىشلەپ چىقتى. بۇنىڭدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان 2.5 توننا گۈلە قېقىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ بولدى. نەتىجىدە سەمەت ئۆرۈك گۈلىسى خەلقئارا بازارغا كىرگۈزۈلدى.

(ۋاڭ يىڭچى).

**[پەن- تېخنىكا ئاخباراتىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى]** قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئورنى ھەرساھە، ھەرقايسى كەسىپتىكىلەر ئۈچۈن ئاخباراتتىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە مەلۇم ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

1. پەن- تېخنىكا ئاخباراتى رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى. بۇ ئاخباراتتىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرى ئىختىساسلىق خادىملارغا مۇھتاج بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ بەكمۇ كەمچىل، زىيالىيلارنىڭ تۇراقسىز بولۇۋاتقانلىقىدەك مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاخبارات ئورنى خادىملارنى تەشكىللەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە «ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش لازىم، مەۋقەنى يېزا ئىگىلىكىگە قويۇپ، ئىش قوشۇش

سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم» دېگەن تېمىدا مەخسۇس دوكلات يېزىپ چىقىپ، پەن-تېخنىكا كومىتېتىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى. ئاخبارات ئورنى چۈچۈكبۇيىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، ئۇنى تېرىش، ئۇنىڭغا ئىش قوشۇش ۋە ئۇنىڭ ئىچكى - تاشقى بازارلاردا سېتىلىش مىقدارى قاتارلىق ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئىگەللەپ توپلاپ، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ «7 - بەشيىللىق» پىلان مەزگىلىدە ۋىلايەت بويىچە 2 مىليون مو چۈچۈكبۇيا تېرىش تەدبىرىنى بەلگىلىشىگە ئىلمىي ئاساس يارىتىپ بەردى. چۈچۈكبۇيا مەنبەسىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنى تېرىش دۆلەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئۇچقۇن پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

2. پەن - تېخنىكا ئاخباراتى يەرلىك سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى. (1) نۇقتىلىق بەلگىلەپ خىزمەت ئۆتىدى. ۋىلايەتلىك ئاخبارات ئورنى 15 كارخانا، كەسپىي ئورۇن بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنى 23 پارچە پەن - تېخنىكا ئاخبارات ماتېرىيالى، 113 تۈرلۈك ھەرخىل ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئەتتى. يېڭىشەھەر مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى ئاخبارات ئورنى تەمىنلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا، باشقا ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، «باسۇكولو» سوغۇق ئىچىملىك يېڭى مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. (2) مەخسۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ۋىلايەتلىك ئاخبارات ئورنى جايلارنىڭ بايلىق مەنبەلىرىگە ئاساسەن، مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، دەۋرىلىكى قىسقا، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان تۈرلەرنى تاللاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «ئاپتاپپەرەس تەخسىسىدىن يېلىم ئىشلەش» مۇمكىنلىكىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن دوكلات ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى بىلەن بىرلىكتە «زاراڭزا چېچەكىدىن سېرىق پىگمېنت ئىشلەش» نى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن دوكلات» نى يېزىپ چىقتى ۋە بۇنى ۋىلايەتنىڭ «7 - بەشيىللىق» پىلانىغا كىرگۈزمەكچى بولدى. (3) مۇلازىمەتنى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق قانات يايدۇردى. «قەشقەر پەن - تېخنىكىسى»، «پەن - تېخنىكا ئۇچۇرى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، «قەشقەر پەن - تېخنىكا گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارنى ئەستايىدىل ئىشلەپ 300 دىن ئارتۇق ئاخبارات ۋە ئۇچۇر يەتكۈزدى، بۇنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ۋە يېزا - بازار كارخانا تەربىيىلەش كۇرسلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلدى ۋە پايدىلىنىلدى. 1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋىلايەتلىك ئاخبارات ئورنى، شەھەرلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى پوسكام نېفىتلىكى بىلەن پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، ئالتە تۈردە پۈتۈشۈپ، 78 مىڭ 132 يۈەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە بولدى.

3. پەن - تېخنىكا ئاخباراتى پەن - تېخنىكا خادىملىرى ئۈچۈن ۋە پەن - تېخنىكىدىكى ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى، ۋىلايەتلىك ئاخبارات ئورنى چارۋىچىلىق باشقارمىسىنى قويۇلدۇرۇلغان يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتىكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى؛ ۋىلايەتلىك سۇ مەھسۇلاتلار ئورنىنى ئىللوفې بېلىقىنىڭ يەم - بوغۇزىنى ياساش رېتسېپى ۋە بۇخىل بېلىقنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى تېخنىكا ماتېرىيالى بىلەن تەمىن-

لىدى؛ ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى قوي بولدۇرغىنى ئۆستۈرۈش، ئۇنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش، مېۋە - چېۋىلەرگە ئىش قوشۇشقا ئاتمىت ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. يەنە بۇ ئورۇننىڭ شوخلا قىياسى ئىشلىتىشكە مەلۇم يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى.

5 - ئايدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئورنى شىمالىي جۇڭگو غەربىي - شىمال رايونى دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئاخبارات بىرلەشمە مۇلازىمەت تورىغا قاتناشتى، بۇنىڭ بىلەن بۇ تور تەۋەسىدىكى رايون دەرىجىلىك ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن ماتېرىيال ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئۇچۇر يوللىرىنى ئېچىپ، تاشقى جەھەتتىكى تۇغرا لىنىيىلىك ئالاقىنى كۈچەيتتى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا ئاخبارات ئورنى).

## [پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى ۋە قوللىنىلدى]

1986 - يىلى، «ئىككى چىلىگە زىرائەتنى پەرلەشتۈرۈش»، «سىپلوس» تىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ۋىلايەت بويىچە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىككى چىلىگە زىرائەتنىڭ موبېشى مەھسۇلاتى 1500 جىڭدىن يۇقىرى بولغان كۆلىمى 383 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوبېشى مەھسۇلاتى بىر توننىغا يەتكەن كۆلىمى 45 مىڭ 657 مو، موبېشى مەھسۇلاتى 1500 جىڭغا يەتكەن كۆلىمى ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي بۇغداي، كۆممە قوناق، شال تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 8.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئومۇمىي مەھسۇلاتى 5 مىليون 970 مىڭ جىڭغا، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 1559.6 جىڭغا يەتتى. ئومۇمىي مەھسۇلاتى ۋىلايەت بويىچە بۇغداي، كۆممە قوناق، شال ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ 30.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ نەتىجە ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

ۋىلايەت بويىچە جەمئىي 50 مىڭ توننا سىپلوس ياسالدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەكەن ناھىيىسى 12 مىڭ توننا، يوپۇرغا ناھىيىسى 7500 توننا، پەيزاۋات ناھىيىسى 6200 توننا ئورۇنلىدى. باشقا ناھىيىلەرمۇ ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى.

## ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 3- قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قەشقەر ۋىلايىتىدىن قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكى

| | |
|---|---|
| تىلمۇئالدى ھامىت | خې خۇشياڭ |
| گۇەن شېخىڭ | تۇراپ |
| ليۇ يى | مەمەت بەھرىدىن (ئۆزبېك) |
| جاڭ يوڭئەن | رەيھان قادىر |
| خې يۈمىڭ | لىيۇمىڭبەي |
| نامەتجان بەكرى | ھوشۇر يۈسۈپ |
| ۋاڭ خۇگچى | گو يۈسەي |

| | | |
|---|---|---|
| قەييۇم سادىق | | لى تۇڭۋېن |
| غوپۇر نىياز | | ھەبىبە توختى |
| گاۋ يىڭ | (ئايال) | داڭ مىڭگاۋ |
| جۇمە سەيدىن | (تاجىك) | ئىسمائىل ئىبراھىم |
| يولۋاس | | ئابلىز سۇلايمان |
| ۋاڭ زىكاڭ | | سەي گىڭچىڭ |
| رىن يۈەنشىڭ | | ئابدۇرېھىم |
| جاۋ پىڭ | (ئايال) | ياڭ سەيزىڭ |
| ھەسەنجان | | توختى جۇمە |
| ۋاڭ يۈەنخۇ | (ئايال) | سەمەت ئىسمائىل |
| توختى موللاق | | ئوبۇل قاسىم |

## ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 3 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكى

| | |
|---|---|
| ئىيسا شاكىر | سۇلايمان |
| غوپۇر ئىمىن | |

## ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ھەيئەتلىكىگە قەشقەر ۋىلايىتىدىن سايلانغان ئەزالارنىڭ ئىسىملىكى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىلىۋالدى ھامىت | (قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى) | نامەتجان بەكرى | (قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە پەن-تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى) |
| گۈەن شېخىڭ | (قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ باش ئىنژېنېرى) | رەيھان قادىر | (قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى) |

(جيەن سۇشۇەن).

**[ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ پائالىيەتلىرى]** 1986 - يىلى، ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت شەكلى تۆۋەندىكىچە بولدى:

1. مەخسۇس تېمىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ تارمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەر 15 قېتىم ھەر خىل تېمىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى، 384 پارچە ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىسى توپلاندى، 28 تەكلىپ تۈزۈپ يۇقىرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە قوبۇل قىلىنغان مۇمكىنچىلىككە

# قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە قاراشلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ تىزىملىكى

| ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | تايىنىدىغان ئورنى | مۇدىرىيەت باشلىقى | ئەزا سانى | ئاساسلىق پائالىيىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1958 - يىل 11 - ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە سۇ ئىشلار باشقارمىسى | شۇ شىمىن | 298 | 1. سۇ ئىشلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى<br>2. كۆككۆۋرۈك ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش يىغىنى ئاچتى |
| ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | 1961 - يىل | مەمۇرىي مەھكىمە ئىقتىسادىي كومىتېتى | ليۇيۈەنخۇي | 112 | 1. ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنى ئاچتى ھەم مۇدىرىيەتنى تۈزگەرتىپ سايلىدى<br>2. ھەر خىل تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى |
| مېدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتى | 1978 - يىل 12 - ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى | سولاخەيشىلىك | 405 | ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئاچتى |
| دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1978 - يىل 12 - ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە پەن - تېخنىكا كومىتېتى | ما جۇڭفياۋ | 48 | |
| سەستىرالار ئىلمىي جەمئىيىتى | 1978 - يىل 12 - ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى | چېن لىك | 377 | 1. سەستىرالىق كەسپىي تېخنىكا بويىچە نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىش ئېلىپ باردى<br>2. يۈرەك، مېڭە، ئۆپكىنى ھۇشىغا كەلتۈرۈش قاتارلىق تۆت تېمىدا مەخسۇس لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى |
| ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1979 - يىل 9 - ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە ئورمانچىلىق باشقارمىسى | ۋاڭ جيارۇي | 84 | 1. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئورمانچىلىق ئومۇمىي كەۋدىلىك پىلانى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى<br>2. ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى |
| بىناكارلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1980 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى | ۋىلايەتلىك شەھەر قۇرۇلۇش - مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى | ئىسمايىلجان تۇراپ | 241 | 1. قەشقەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى تەكشۈرۈش، ئۆلچەپ سىزىش، سۈرەتكە ئېلىش، ماتېرىيال رەتلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى<br>2. ئىلمىي مۇھاكىمە يىللىق يىغىنىنى ئۆتكۈزدى |
| ھاۋا رايى ئىلمىي جەمئىيىتى | 1980 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە ھاۋا رايى باشقارمىسى | چېن چىڭشۇ | 84 | 1. يىللىق مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى<br>2. 1985 - يىللىق ھاۋا كىلىمات تەھلىلى ۋە 1986 - يىللىق ھاۋا كىلىماتىنىڭ يۈزلىنىشىدىن ئالدىن بېرىلگەن مەلۇمات ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى |

| ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | تايىنىدىغان ئورنى | مۇدىرىيەت باشلىقى | ئەزا سانى | ئاساسلىق پائالىيىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| چارۋا مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1980-يىل 3-ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە چارۋىچىلىق باشقارمىسى | مەمەت قادىر | 194 | 1. يايلاقچىلىق كەسپىي تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى<br>2. چارۋا ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تېخنىكىسىدىن مەلۇمات بېرىش ئىشىنى ئىشلىدى |
| تۇپراقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1980-يىل 7-ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق باشقارمىسى | لې خۇڭگېڭ | 24 | يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى |
| باغۋەنچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1980-يىل | مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق باشقارمىسى | لى باۋلياڭ | 38 | 1. باغۋەنچىلىك تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى<br>2. يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى |
| ئۈجمە - يىپەكچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1980-يىل 8-ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق باشقارمىسى | خۇاڭ رۈيشى | 20 | |
| ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتى | 1980-يىل 8-ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق باشقارمىسى | ۋاڭ سۇلىن | 39 | 1. ئىلمىي مۇھاكىمە لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى<br>2. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ماتېرىيال توپلىمى (2-قىسىم) نى ئىشلىدى |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى | 1981-يىل 3-ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسى | تۇرسۇن يۇسۇپ | 121 | يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى |
| چوت جەمئىيىتى | 1981-يىل 7-ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە مالىيە باشقارمىسى | شۇ چۈەن | 838 | |
| سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى | 1981-يىل 8-ئاينىڭ 24-كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە سۇ - ئېلېكتىر ئىشلىرى باشقارمىسى | لىن شۈزۇ | 62 | 1. سۇ بايلىقلىرىنى تەكشۈردى ۋە سۇ ئامبارلىرىنىڭ بېلىقچىلىق ئىشلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى<br>2. ئىلمىي مۇھاكىمە دوكلات يىغىنى ئاچتى |
| دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1981-يىل 8-ئاينىڭ 25-كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق باشقارمىسى | ئابلەت قۇربان | | |
| زىرائەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1981-يىل 8-ئاينىڭ 25-كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق باشقارمىسى | ئابلەت قۇربان | 295 | |
| توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | 1982-يىل 3-ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە ئىقتىسادىي كومىتېتى | كۆۋن شېخىڭ | 45 | «ئېھتىماللىقلارنىڭ ماتېماتىكىدا ئىشلىتىلىشى» قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى |

| ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | تايىنىدىغان ئورنى | مۇدىرىيەت باشلىقى | ئەزا سانى | ئاساسلىق پائالىيىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ياش-ئۆسمۈرلەر پەن-تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى | 1982-يىل 8-ئاينىڭ 19-كۈنى | ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى | مەمتىمىن ھەلىمدىن | 110 | 1. ياش-ئۆسمۈرلەر پەن-تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى 2. «مەن قەشقەرنى سۆيىمەن» ناملىق زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى 3. مىكرو پروگراممىلىق ماشىنىلارنى لايىھىلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى |
| يېزا ئىگىلىك ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983-يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق باشقارمىسى | جۇ شياۋزۇ | 37 | |
| ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983-يىل 8-ئاينىڭ 16-كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى | راخمان رەھىم | 23 | كەسپىي ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى |
| كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983-يىل 8-ئاي | مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى | جاڭ زەن | | |
| باج ئىلمىي جەمئىيىتى | 1985-يىل 5-ئاينىڭ 16-كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە باج باشقارمىسى | لياڭ چى | 12 كوللېكتىپ ئەزا بولدى | يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى |
| تەرجىمانلار جەمئىيىتى | 1985-يىل 7-ئاينىڭ 5-كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە مىللىي ئىشلار باشقارمىسى | ئىمىنجان | 145 | |
| كومۇرچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1986-يىل 2-ئاينىڭ 5-كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە ئىقتىسادىي كومىتېتى | تۇدى ھاجى | 25 | ۋىلايەتلىك كومۇر كېنىنىڭ كومۇر قېزىش ئۇسۇلى ۋە كومۇر كېنىنى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى |
| ھەسەل ھەرىسى بېقىش ئىلمىي جەمئىيىتى | 1986-يىل 3-ئاينىڭ 18-كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە دېھقانچىلىق باشقارمىسى | روزى ئىسلام | 19. | |
| ئېنېرگىيە تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى | 1986-يىل 5-ئاينىڭ 16-كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە ئىقتىسادىي كومىتېتى | جاڭ جۇڭيەن | 46 | |
| پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيەت جەمئىيىتى | 1986-يىل 5-ئاينىڭ 23-كۈنى | ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى | ئىسلامۇللا ھامىت | 135 | تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتاي ئاچتى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| مۇپەتتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە مۇپەتتىشلىك باشقارمىسى | چىن جىادىڭ | 134 | ئىلمىي تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى ئىشلىدى |
| جۇڭگىي تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى | مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى | سۇلا خەيشىڭ | 52 | ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇش يىغىنى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى |

ئىككە تۈر 11 بولدى، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 2 . ئاينىڭ 26 - كۈنى تاشقى سودا ئىدارىسى، تەمىنات سودا كوپىراتىپى، 2 - يېنىك سانائەت باشقارمىسى، سودا باشقارمىسى، يېزا - بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى، كۆنچىلىك يېمەكلىك زاۋۇتى، دېھقانچىلىق باشقارمىسى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن 13 كىشى قاتناشقان، باغۋەنچىلىك مېۋە - چېۋە ئىشلەشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. 6 - ۋە 10 - ئايدا ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە كۆز قاراشنى يېڭىلاش تېمىسى ئۈستىدە ئىككى قېتىم نەزەرىيە جەمئىيەتتىن ئىسپاتلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىپ 61 پارچە ئىلمىي ماقالە توپلىدى. بۇلار ئىچىدە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيەتتىكى 21 نەپەر ئىنژېنېرنىڭ ھەممىسى ئىلمىي ماقالە يازدى. مىدىتسىنا ئىلمىي جەمئىيىتى 106 كىشىلىك ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، پەن تەتقىقات ھەققىدە 174 پارچە ئىلمىي ماقالە توپلىدى. مۇپەتتىشلىك ئىلمىي جەمئىيىتى مۇپەتتىشلىك بىلەن ئىسلاھات، مۇپەتتىشلىك بىلەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، 30 پارچە ئىلمىي ماقالە توپلىدى.

2. پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش. ۋىلايەتلىك بىناكارلىق، سۇچىلىق، باغۋەنچىلىك ھاۋارايى، ماشىنىسازلىق-قۇرۇلۇش، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش، چارۋا مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيەتلىرى 208 كىشىنى تەشكىللەپ، 100 دىن ئارتۇق تۈر ئۈستىدە پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى پائالىيىتىگە قاتناشتۇردى. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەردىن قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇ بايلىقى پەن - تېخنىكىسىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت مەركىزى، قەشقەر ۋىلايەتلىك بىناكارلىق تېخنىكىسىدىن مەسلىھەت بېرىش بۆلۈمى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتىر پەن - تېخنىكىسىدىن مەسلىھەت بېرىش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ھەق ئېلىنىدىغان تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى يولغا قويۇلدى. ۋىلايەتلىك ھاۋارايى ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتى ئۆزلىرىنىڭ 120 دىن ئارتۇق ئەزاسىنى تەشكىللەپ مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى. يېڭىسار ناھىيىلىك ھاۋارايى ئىلمىي جەمئىيىتى 21 ئورۇن بىلەن ھەق ئېلىنىدىغان مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى توختامىنى ئىمزالىدى. قاغىلىق ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قاغىلىق ناھىيىسى پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت مەركىزىنى قۇردى. قەشقەر

شەھەرلىك، مارالبېشى ناھىيىلىك، مەكىت ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئۆز ئەزالىرىنى تەشكىللەپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى.

3. مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى كۆتۈرۈپ، ئىلمىي دوكلات بېرىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش. ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەر 157 نەپەر مۇتەخەسسىس، ئالىمنى كۆتۈرۈپ، 30 مەيدان ئىلمىي دوكلات بېرىش يىغىنى ئۇيۇشتۇردى، يىغىنغا 2683 ئادەم - قېتىم قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن كۆتۈرۈلگەن بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يۈەنجاڭى، بېيجىڭ دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى، ئالىي دەرىجىلىك ئاگرونوم يولداش سۇڭ بېڭيى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە يېزا ئىگىلىك 3 - شىسىدىكى 250 دىن ئارتۇق دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىمىغا ئىلمىي دوكلات بەردى. ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن كۆتۈرۈلگەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، 3 - سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ پروفېسسورى جۇياۋ ئەپەندى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 600 دىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا خادىمى ئۈچۈن «پەن - تېخنىكا ئەخلاق قائىدىسى»، «جاپالىق پەن - تېخنىكا يولى» دېگەن تېمىدا ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش كەسپىي ھەققىدە ئىلمىي دوكلات بەردى. ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە جۇڭگو ئېنېرگىيە تەتقىقات جەمئىيىتى چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئېنېرگىيە مۇتەخەسسىسلەر لېكسىيە ئۆمىكىدىكى ۋېي زۇڭچى، ياڭ جۇرۇڭ، مىڭ جاۋلى، جاڭ گۇەنشىڭ قاتارلىق يولداشلارنى كۈتۈۋالدى، بۇلار ئېنېرگىيىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەققىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 14 - كۈنى قەشقەر ۋە قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى 300 دىن ئارتۇق ھەر ساھە كەسپىي تېخنىك كادىرلىرىغا ئېنېرگىيە، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا قاتارلىق ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك مەزمۇندا ئىلمىي دوكلات بەردى.

4. كەسپىي ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ئەزالارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر 27 قارار كەسپىي ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 2387 نەپەر ئەزاسىنى ئۆگىنىشكە قاتناشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى ئۆز ئەزالىرىنى كەسپىي بىلىم ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى؛ ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتى بىر يىل ئىچىدە تۆت قارار كەسپىي ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى؛ سېستىرالار ئىلمىي جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق سېستىرالار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى جاڭ شيۇچى قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، قەشقەردىكى 200 دىن ئارتۇق ئەزاسىغا سېستىرالىق تېخنىكا بىلىمىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ئۇلار ئەمەلىي مەيداندا ئۈلگە كۆرسەتتى.

5. تېخنىكا مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش. ۋىلايەتلىك بىناكارلىق

ئىلمىي جەمئىيىتى 4-، 5- ئايدا دېھقانلار ئۈچۈن ئولتۇراق ئۆي لايىھىلەش مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان 29 لايىھە ئىچىدىن يەتتىسى تاللىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق باھالاشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تەۋسىيە قىلىندى. قالغان لايىھەلەر ئىچىدىن 11 سى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ لايىھەلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ دېھقانلارنىڭ تاللاپ ئىشلىتىشى ئۈچۈن تەمىنلەپ بېرىلدى. بوغالتىرلار ئىلمىي جەمئىيىتى ۋىلايەت دەرىجىلىك 154 نەپەر مۇنەۋۋەر بوغالتىرنى باھالاپ چىقتى. بۇنىڭدىن 42 نەپىرى ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر بوغالتىر خادىمى دېگەن نامغا ئېرىشتى. ھاۋارايى ئىلمىي جەمئىيىتى كەسپىي كادىرلارنى تەشكىللەپ تېخنىكا مۇسابىقە پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى.

6. ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلەر 80 كىشىنى تەشكىللەپ 14 تۈرلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. 6- ئايدىن 8- ئايغىچە ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەردىن 10 نەچچە كىشى قەشقەر دەريا ۋادىسى، يەكەن دەريا ۋادىسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئېلېكتر، كۆمۈر، ئورمانچىلىق سىستېمىسىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئاپتونوم رايوندىن ئۇيۇشتۇرغان ئېنېرگىيە مۇھاكىمە يىغىنىنى ۋە ئوت - چۆپ ئېرىش، كۆچەت تىكىش سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتۇردى ۋە ئالتە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.

(جيەن سۇشۇەن).

**[ تۇنجى قېتىملىق پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى]** ۋىلايەتلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى 1986- يىلى 10- ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە تۇنجى قېتىملىق پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە 43 باشقۇرغۇچى تارماق ۋە ئورۇن، 30 نەچچە كەسپىي ئىلمىي جەمئىيەت ۋە ھەر قايسى كەسپلەر بويىچە كەسپىي تېخنىكا خادىملار قاتناشتى. كۆپ خىل شەكىل قوللىنىلىپ، ھەرخىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، 364 ئادەم - قېتىم پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى يولداش ئېيسا شاكىر پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن «ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، ‹7 - بەشيىللىق› پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل-پاراسىتىمىزنى تەقدىم قىلايلى» دېگەن تېمىدا تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىدى. تەشۋىقات ھەپتىلىكىدە، قەشقەر شەھىرىدىكى چوڭ كوچىلاردا ھەرخىل پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەسىملىك كۆرگەزمىسى ئېچىلدى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ھەم فېئودال خۇراپىيلىقنى تۈگىتىش، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىغا ئائىت 86 پارچە كۆرگەزمە، 1000 دىن ئارتۇق سۈرەت كىشىلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىشىغا قويۇلدى. قەشقەر شەھىرى ئىچىدە جەمئىي ئالتە جايدا پەن - تېخنىكىدىن ئۇنىۋېر-

سال مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت تورىنى تەسىس قىلىنىپ، ئەمەلىي نەرسىلەر كۆرگەزمە قىلىشقا قويۇلۇپ ۋە ئۈنئالغۇ ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئاڭلىتىشقا ماسلاشتۇرۇلۇپ ھەقسىز مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 32 مىڭ 730 سان (پارچە) پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت گېزىت - ژۇرنال پۇلسىز تارقىتىپ بېرىلدى؛ 41 مىڭ 664 كىشىگە پىلانلىق تۇغۇتنىڭ 4000 نەچچە قۇتا دورا - سايمانلىرى پۇلسىز تارقىتىپ بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ياش - ئۆسمۈرلەر يېتەكچىلەر جەمئىيىتى ۋە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى جەمئىيىتى ئۈچ ئاپتوموبىل چىقىرىپ، جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 3-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى، پەن-تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى سەييارە تەشۋىق قىلدى. «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر رادىئو ئىستانسىسى»، «قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» تەھرىر بۆلۈملىرى، شەھەر ئىچىدىكى ئالتە كىنوخانا ۋە ئۈچ كلۇب پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت مەخسۇس ماقالە، پروگرامما، نومۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تەربىيە فىلىمى، سىنئالغۇ فىلىمى، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن جەمئىي 94 مەيدان قويدى، تاماشىبىنلار 52 مىڭ 300 نەچچە ئادەم - قېتىمغا يەتتى (تېلېۋىزىيە تاماشىبىنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا).

سەھىيە باشقارمىسى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا تېببىي سىستېمىدىكى ھەر قايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەردىن ئادەم ئاجرىتىلىپ، تۆت جايدا مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. ھەر بىر مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىسىدا ئىككىدىن باش دوختۇر (بىر خەنزۇ، بىر مىللىي) ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كىشىلەر ئۈچۈن كېسەل كۆرۈش، داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى، ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرى تەشۋىق قىلىندى ۋە جاۋاب بېرىلدى. ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى ئىككى باش دوختۇر — 85 ياشلىق رەھمىتىللا راخمان كېرىم بىلەن 60 ياشلىق دەمەت مۇسا يۈسۈپ ئىككى ھەپتە ئىچىدە 350 دىن ئارتۇق ئاغرىقنى داۋالىدى. تېببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسىنىڭ ئايال كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتتىن مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىسى سەككىز كۈن ئىشلەپ، 5000 دىن ئارتۇق ئادەم - قېتىم قوبۇل قىلدى، 3020 سان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش گېزىتى، 1000 قۇتىدىن ئارتۇق دورا - سايمان تارقاتتى. ئۇلار دەرس ئۆتۈش، سىنئالغۇ، كىنو قويۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ھەر مىللەت ياش ئەر-خوتۇنلار ئۈچۈن ئۈچ قارار سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى، 178 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 38 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. ۋىلايەتلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ساقلىقنى ساقلاش پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت 200 نەچچە پارچە فوتو سۈرەت قويۇلغان كۆرگەزمە ئاچتى. 10 مىڭ ساندىن ئارتۇق ساقلىقنى ساقلاش ۋە سالامەتلىك قاتارلىق پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش گېزىتلىرىنى ھەقسىز تارقاتتى. ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئاس-

راش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، چارۋا مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيەتلىرى يەكشەنبە كۈنى دېھقانلارنىڭ شەھەرگە كىرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر شەھەرى بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان ئۇنىۋېرسال سودا بازىرىدا ئاممىنى پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىدىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن ھەقسىز تەمىن ئەتتى. چارۋا مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتىلا ئائىلىلەردە توخۇ بېقىش، قوي - كالا بوداش، سېلوس ياساش، كالىنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈپ نەسلىنى ياخشىلاش، يېرىك يەم - خەشەكلەرنى ئامىياكلاشتۇرۇپ ئىشلەش، چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىدىكى پارازىت قۇرۇتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش، چارۋا مال ۋە ئۆي قۇشلىرىنى كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىش، كۈز ۋە قىش پەسلىدە چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىدا كۆرۈلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق تۈرلەر ئۈستىدە مەلۇمات بېرىشنى قانات يايدۇردى. ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى يېتەكلەپ نۆۋەت بىلەن مەلۇمات بېرىش گۇرۇپپىسىدا خىزمەت ئۆتىدى، يىتىمنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش تېخنىكا تەدبىرلىرى ۋە جىغان مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەش تېخنىكىسىنى تەشۋىق قىلدى. قەشقەر شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى يېزا - ئىگىلىك ئېغىزىدىكى كەسپىي ئىلمىي جەمئىيەتلەردىن 27 نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمىنى ئاجرىتىپ، ئۇلارنى مەيدانلارغا ئەۋەتىپ ئوتياشلاردىكى كېسەل ۋە زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى يوقىتىش، بەسەينى ساقلاش ئۇسۇللىرى، بېيجىڭ 8-نومۇرلۇق چېلگە كۆممە قوناقنى ئومۇملاشتۇرۇش، سىيالكىنى ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىش قاتارلىق تېخنىكا تەدبىرلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، كەسپىي ئائىلە، مەھەللە گۇرۇپپا باشلىقلىرى بولۇپ 700 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆگىنىشكە قاتناشتۇردى، يىغىلىپ دەرس ئاڭلىغان ئامما بىر نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. ۋىلايەتلىك ۋە شەھەرلىك ياش - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى 12 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 12 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىسى ئۈچۈن 25 مەيدان پەن - تېخنىكا تەربىيە كىنو فىلىمى قويۇپ بەردى، ھەمدە ئۇيغۇر، خەنزۇ باللار باغچىسىدا باللارغا پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرى دەرسى ئۆتۈپ بەردى. ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيەت جەمئىيىتى، مېدىتسىنا، ھاۋارايى، كۆمۈرچىلىك، مۇپەتتىشلىك، تۇپراقچىلىق ئىلمىي جەمئىيەتلىرى گېزىت - ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدىكى مەخسۇس پروگراممىلىرى ئۈچۈن 35 پارچە ماقالە يېزىپ بەردى؛ ۋىلايەتلىك توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى ھەققىدە مەخسۇس ژۇرنال تەھرىرلەپ نەشر قىلىپ، توقۇمىچىلىق پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇردى.

(جيەن سۇشۇەن).

## [يېزىلاردىكى پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى]

1986 - يىلى، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردىكى پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇ-

رۇش تەشكىلاتلىرى ئىنىڭ يېزىلاردا ئېلىپ بارغان پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەت شەكلى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بەش خىل شەكىلدىن ئىبارەت:

1. پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن گېزىت - ژۇرنال چىقىرىپ ۋە تارقىتىپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا تەدبىرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى، پەن - تېخنىكا تەدبىرلىرىنى، ئالماشتۇرۇش ۋە يەتكۈزۈش، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەر «ئاممىۋى پەن - تېخنىكا»، «قەشقەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش»، «قەشقەر ساقلىقنى ساقلاش»، «يېزا - ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈچۈرى»، «قەشقەر ھاۋا رايى»، «مارالبېشى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش» قاتارلىق جەمئىي 18 خىل گېزىت - ژۇرنالدىن جەمئىي 175 سان نەشر قىلىپ 44 مىڭ 720 پارچە تارقاتتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى «ئاممىۋى پەن - تېخنىكا» ۋە «قەشقەر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش» ژۇرنىلىدىن 10 سان نەشر قىلىپ، 16 مىڭ 800 پارچە تارقاتتى. قاغىلىق ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى دېھقانچىلىق مەۋسۇمىغا بىرلەشتۈرۈپ، «پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر»، «يېزا پەن- تېخنىكىسى» قاتارلىق تۆت كىچىك گېزىت ئىشلەپ بېسىپ تارقىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە ۋاقتى - ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلدى. ۋىلايەتلىك ۋە بىر قىسىم ناھىيىلىك پەن- تېخنىكا جەمئىيەتلىرى مەملىكەت بويىچە 300 دىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشكىلاتلىرى بىلەن ماتېرىيال ئالماشتۇرۇش مۇداۋامۇدتى ئورنىتىپ ئاساسىي قاتلام پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن 1000 پارچىدىن ئارتۇق پەن - تېخنىكا ماتېرىيالى يەتكۈزۈپ بەردى.

2. پەن- تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش-تەربىيىلەش كۇرسى ۋە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش. ۋىلايەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەر جەمئىي 890 قارار ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ، 93 مىڭ 219 ئادەم - قېتىم تەربىيەلەندى. بۇ ئالدىنقى يىللاردىكىدىن 20% كۆپەيدى. يەكەن ناھىيىسى جەمئىي 351 قارار پەن - تېخنىكا كۇرسى ئېچىپ 39 مىڭ 541 نەپەر دېھقان تېخنىكا تايانچىسىنى تەربىيەلىدى. بۇ ۋىلايەت بويىچە تەربىيىلەنگەنلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 42 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسى، تومئۆستەڭ يېزىسى، چارباغ يېزىسى ھەر بىر كەنتتە بىردىن پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئېغىزىدىكى ھەر قايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر 246 تېخنىكا تۈرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىدى. مەكىت ناھىيىلىك چارۋا مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى كالىسىنى توڭلىتىلغان سپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈش، چارۋا ماللاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق تېخنىكا كۇرسلىرىدىن 20 قارار ئېچىپ 1256 ئادەم تەربىيىلىدى. مارالبېشى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى پالتىراق يېپىپ كۆۋەز تېرىش ۋە قوغۇن تېرىش بويىچە 25 قارار كۇرس ئېچىپ 13 مىڭ 280 ئادەم تەربىيىلىدى. قەشقەر شەھەرلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى دېھقان

تېخنىكلار كەسپىي ئائىلىلەردىن 65 ئادەمنى ئوتياش ئۆستۈرۈش تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتيېشىنى بالدۇر بازارغا سېلىش يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشتىكى تېخنىكا مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

3. نامراتلارغا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يار - يۆلەك بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش. ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) لىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە يېزا - بازار پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتلىرى دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ھالدا پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. يەكەن ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەشكىللەپ تۇم ئۆستەڭ يېزىسىنىڭ جايتېرەك كەنتىدىكى 52 ئائىلە، 212 دېھقاننى تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئەتتى، نەتىجىدە بۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 1984 - يىلدىكى 216 يۈەندىن 300 يۈەنگە كۆپەيدى. مارالبېشى ناھىيىسى يېڭىئۆستەڭ يېزىلىق پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قارىمىقىدىكى 36 پەن - تېخنىكا كۆرۈپىسى نامرات ئائىلىلەرگە دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ھەقسىز ئۆگەتتى ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئەتتى. قاغىلىق ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىرلىشىپ «قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بىر پەن - تېخنىكا يېزىسى، 20 يېزا - بازار كارخانىسى، 300 كەسپىي ئائىلە ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسىنى بەرپا قىلىش» تىن ئىبارەت نامراتلىقنى تۈگىتىپ بېيىتىش ئۇچۇر پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

4. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، مائارىپ قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ يېزا ياشلىرىنى تەشكىللەپ تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ بېيىش، پەنگە تايىنىپ بېيىش، ئورتاق بېيىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. يەكەن ناھىيىسىدە 11 مىڭ 842 نەپەر ياش 336 قارار ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلغاندىن كېيىن، 234 ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلۇپ، 796 پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسەتكۈچ ئائىلىسى مەيدانغا كەلدى. پەيزاۋات ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ بېيىغان ياشلاردىن 100 نەپىرىنى تەقدىرلىدى.

5. كۆپ خىل ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ پەننىي بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىش. مەكىت، يەكەن، پەيزاۋات، پوسكام، مارالبېشى ناھىيىلىك ۋە قەشقەر شەھەرلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى ۋە يېزا - بازارلىق پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتلىرى جەمئىي 294 قارار ھەر خىل قارا تاختاي گېزىتى، تام گېزىتى ۋە رەسىم چىقاردى؛ يېڭىشەھەر، يوپۇرغا ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى 20 قېتىم تەشۋىقات ماشىنىسىنى چىقىرىپ، پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، بۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگەن ئادەم 50 مىڭ ئادەم - قېتىمدىن ئاشىدۇ. يەكەن ناھىيىسىدىكى يېزا - بازارلىق پەن - تېخنىكا جەمئىيەتلىرى رادىئو ئۈزەللىرىدىن پاي-

دىلىنىپ 56 قېتىم پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگەن ئامما 95 مىڭ 536 ئادەم - قېتىمغا يەتتى.

(جېيەن سۇشۇەن).

**[قىسمەن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا پائالىيىتى]** 1986 - يىلى 3 - ئايدا، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسى بىرلىشىپ قەشقەر ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا ۋىلايەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. سەككىز ناھىيە (شەھەر) دىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپ كۆرگەزمىگە قاتناشتى. جەمئىي 1700 دىن ئارتۇق ئەسەر كۆرگەزمىگە قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە 30 پىرسەنتىنى يېزا - بازارلاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىشلىگەن. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىدە ئۈچ ئەلاچى ئورۇن، بىر كۆرگەزمە مۇكاپاتى، 12 ئىلغار مەكتەپ، 72 مۇكاپاتلانغان ئەسەر، 15 مۇنەۋۋەر يېتەكچى باھالاپ چىقىلدى.

ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسى، شىنجاڭ 2 - گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى، مەمۇرىي مەھكىمە يەر تەۋرەشنى ئۆلچەش ئىشخانىسى، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 8 - ئايغىچە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدە 1986 - يىللىق مەملىكەتلىك ياش ئۆسمۈرلەر گېئولوگىيە ئۆگىنىش يازلىق لاگېرى، شىنجاڭ لاگېرى قەشقەر شۆبە لاگېرىنىڭ پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. ئوقۇغۇچىلار گېئولوگىيە يېتەكچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، مۇزلۇقلارنىڭ، يەر تەۋرەشنىڭ، ئارشاڭلارنىڭ شەكىللىنىش قائىدىسىنى، نۇرغۇن پەننىي بىلىملەرنى چۈشىنىۋالدى ۋە ئۆگىنىۋالدى؛ تاشقورغان ناھىيىلىك تاش ئورنەك كۆرگەزمىخانىسى، خونجىراپ ھاۋا يولى ھاۋا رايى پونكىتى، جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىنى ۋە تارىخىي ئاسارە - ئەتىقە — تاش قورغاننى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 230 دىن ئارتۇق كان، ئۆسۈملۈك ئورنەكلىرىنى توپلىدى. 66 پارچە قىسقا ئىلمىي ماقالە يازدى.

ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسى، يېزا ئىگىلىك 3 - شى مائارىپ باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى بىرلىشىپ 12 - ئايدا ئىككى ناھىيە، بىر شەھەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «قەشقەر ياخشى» ناملىق زېھىن سىناش مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىدا قەشقەر 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، قەشقەر شەھەرلىك 12 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - ترانسپورت شىركىتى پەرزەنتلەر مەكتىپى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى، كونىشەھەر ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، يېزا ئىگىلىك 3 - شى، 3 - ترانسپورت شىركىتى پەرزەنتلەر مەكتىپىدىن بولۇپ 18 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قاتناشتى. 2 - ترانسپورت شىركىتى پەر-

زەنتلەر مەكتىپى كوللېكتىپ بىرىنچىلىككە، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك «1 - ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى كوللېكتىپ ئىككىنچىلىككە، قەشقەر شەھەرلىك 12 - ئوتتۇرا مەكتىپى كوللېكتىپ ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى ھەم بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن شەخسىلەر باھالاپ چىقىلدى.

(جياڭ شياۋجيەن).

## [قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھاۋا كىلىماتى]

1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق بولدى: يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نورمال، ئەتىياز پەسىللىك تېمپېراتۇرا تۆۋەنرەك، ئەتىيازنىڭ باشلىنىشى كېيىنرەك بولدى؛ تۆزلەڭ رايوندا ھۆل - يېغىن ئازراق، ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولدى، تاغ رايونىدا قار كۆپرەك ياغدى؛ يىلبويى كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش سائەت سانى كۆپ قىسىم جايدا ئازراق، كۈز پەسلىدە كۆپرەك بولدى؛ ۋىلايەت بويىچە نورمالسىز ھاۋا كىلىماتىنىڭ كۆرۈلۈشى جىقراق بولدى.

تۆزلەڭ رايوندىكى جايلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.3℃~12.3℃ قىچە بولدى. مارالبېشى، يېڭىسار قاتارلىق جايلارنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى يىللارغا نىسبەتەن 0.3℃~0.6℃ قىچە يۇقىرىراق بولغاندىن باشقا، قالغان جايلارنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىغا يېقىنلاشتى. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ قىش پەسلىدە قاتتىق سوغۇق بولۇپ، ھاۋانىڭ ئىسسىشى كېيىنرەك بولدى. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى سەل تۆۋەنرەك بولۇپ 2.4℃ بولدى. يىلبويى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئادەتتە 37℃ ئەتراپىدا بولدى. مارالبېشىنىڭ 7 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 38.8℃ بولدى. ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئادەتتە نۆلدىن تۆۋەن 12℃ تىن 16℃ قىچە بولۇپ، 1 - ئايدا كۆرۈلدى. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 37.2℃ بولۇپ، 1973 - يىلدىكى نۆلدىن تۆۋەن 39.1℃ تىن كېيىن تۇرىدىغان ئىككىنچى تۆۋەن تېمپېراتۇرىلىق يىل بولدى. جايلارنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 15 مىللىمېتىردىن 50 مىللىمېتىرغىچە بولۇپ، يىللارغا نىسبەتەن 20 پىرسەنتتىن 70 پىرسەنتكىچە تۆۋەنرەك بولدى. تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 73 مىللىمېتىر بولۇپ، يىللارغا نىسبەتەن سەل كۆپرەك بولدى. يىلبويى كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش سائەت سانى 2600 سائەتتىن 3100 سائەتكىچە بولۇپ، يىللارنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىدىن تۆۋەنرەك بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 9 - ئايدىن 10 - ئايغىچە كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش نىسبىتى 75 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولدى.

مۇھىم ھاۋا كىلىمات ۋەقەلىرى:

1. پامىر ئېگىزلىكىدە ئاز ئۇچرايدىغان قاتتىق سوغۇق كۆرۈلدى. 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، تاشقورغان ناھىيىسىدە ئۇدا قاتتىق قار ياغدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ تېمپېراتۇرا جىددىي تۆۋەنلەپ كەتتى. 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا يىللارغا نىسبەتەن 12.5℃ تىن تۆۋەن بولدى. كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئۇدا بىر نەچچە كۈن سېلسىيە نۆلدىن تۆۋەن 30° تىن كۆپرەك تۆۋەن چۈشتى. قىشتا ياغقان قارنىڭ چوڭلاندىما قېلىنلىقى بىر مېتىردىن يۇقىرى بولۇپ، قاتناش توسالدى، ئوتلاقلار قارغا كۆمۈلۈپ

قالدى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن بولدى. قىسمەن جايلاردا چارۋا ماللارنىڭ 50 پىرسەنتى توڭلاپ ئۆلۈپ كەتتى. ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كۈچ تەشكىللەپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى پائال ئىشلەپ، زىياننى ئازايتتى.

2. ئەتىيازلىق تېمپېراتۇرا سەل تۆۋەن، قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولدى. ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا بىر ئاز تۆۋەن بولۇپ، 3-ئايدا 2℃ تۆۋەن بولدى. ئەتىياز مەۋسۇمى 10 كۈن كېچىكىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتتى. 4-ئاينىڭ كېيىنكى 10 كۈنلىرىدە ھاۋا جۇدۇن بولۇپ، جەنۇبتىكى ناھىيىلەرنىڭ يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە نۆل گىرادۇستا چۈشۈپ قالدى ھەمدە يامغۇر ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئەتىيازلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈشىگە ۋە يۇمران مايسىلارنىڭ ئۆسۈشىگە خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى، ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تۆۋەن، قارنىڭ ئېرىشى ئاستا بولۇپ، دەريالارنىڭ سۇ مىقدارى ئازلاپ كەتتى. ۋىلايەت بويىچە بەش چوڭ دەريانىڭ ئېقىن مىقدارى يىللارنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىگە نىسبەتەن 52.2% تۆۋەنلىدى. قۇرغاقچىلىق بولغان 1985-يىلدىكىدىن 48.5% ئازلاپ كەتتى. نەتىجىدە ۋىلايەت بويىچە كۆممە قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمىدىن 170 مىڭ مو كەم تېرىلدى. كۈسەن دەريا سۇغۇرۇش رايونىدا قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋا ماللارنىڭ ئىچىملىك سۈيىمۇ ئىنتايىن قىيىن بولدى. ئالاقىدار تارماقلار سۇ باشلاپ كېلىش ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش تەدبىرىنى قوللانغانلىقتىن، قىيىنچىلىقلار يېڭىلدى.

3. بوران ئاپىتى يۈز بەردى. 5-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە، ۋىلايەت بويىچە ھەممە جايلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئالتە بالدىن سەككىز بالغىچە بولغان قاتتىق بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. مارالبېشى، پەيزاۋات، قاغىلىق ناھىيىلىرىنىڭ قىسمەن جايلىرىدا قاتتىق يامغۇر، مۆلدۈر ياغدى، قارا بوران چىققان ھەم تېمپېراتۇرا كەسكىن تۆۋەنلىگەن كىلىمات پەيدا بولدى، كېۋەز، قوغۇن، كۆكتات قاتارلىق 780 مىڭ مو زىرائەت دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ھالدا ئاپەتكە ئۇچرىدى، 14 مىڭ تۇياق چارۋا مال ئۆلدى، 373 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، سانسىزلىغان دەل-دەرەخ، ستولبىلار ئۆرۈلۈپ كەتتى. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، بۇ قېتىمقى بوران ئاپىتىدە كۆرۈلگەن بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 19 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.

4. باش قىشتا قاتتىق قار ياغدى. 11-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە، ۋىلايەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك قاتتىق قار ياغدى. يىللاردىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئون ھەسسىدىن 22 ھەسسىگىچە كۆپ بولدى. قەشقەر شەھىرىدە ئەڭ كۆپ قار يېغىپ، 25.9 مىللىمېتىرغا، قارنىڭ چوڭلانما قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىرغا يېتىپ، تارىختىكى ئوخشاش مەزگىللەر بويىچە ئەڭ يۇقىرى رېكورت مەيدانغا كەلدى. بۇ قېتىمقى قاتتىق قار تۈپەيلىدىن 1 مىليون 500 مىڭ مو كۈزگى بۇغداي قىشلىق ئوسال قىلىنمىدى. 2480 مو كېۋەز ئېتىزى قارغا كۆمۈلۈپ قالغاچقا كېۋەز يىغىۋېلىنماي قېلىپ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پارنىكلارنىڭ لاپاسلىرى بېسىلىپ بۇ-

زۇلدى، قەشقەر شەھىرىدە جۇۋۇمغا كىرگۈزۈلگەن 5000 تونىنا بەيىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى زىيانغا ئۇچرىدى، ۋىلايەت بويىچە 30 مىڭ ئەمگەك قاتتىق قار ياغقانلىقتىن قۇرۇلۇش ئورنىدىن چېكىندى، بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش ۋاقتىغا يېرىم ئاي تەسىر يەتتى. سۇ ئىشلىرى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، تېلېگراف، قاتناش، بىناكارلىق قاتارلىق ئىشلارمۇ مەلۇم دەرىجىدە دەخلىگە ئۇچرىدى. بۇ قېتىمقى قاتتىق قار بىلەن تۇپراقنىڭ نەملىكى كۆپىيىپ، كۈزگى بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە بۇغداينى قىشتىن ئۆتكۈزۈشكە پايدىلىق بولدى.

(زۇ شۇخۇا، جۇ لياڭچى).

## [ۋىلايەت بويىچە ھاۋارايى سىستېمىسىدا نىشانلىق باشقۇرۇش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى]

1986 ـ يىلى، ۋىلايەتلىك ھاۋا رايى باشقارمىسى ۋىلايەت بويىچە ھاۋا رايى سىستېمىسىدا نىشانلىق باشقۇرۇشنى تۇنجى قېتىم سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ نەتىجىگە ئېرىشتى.

1986 ـ يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھاۋارايى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىلىك نىشانى «ئىسلاھ قىلىشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋە ئۆلچەپ مەلۇمات بېرىش مەركەز قىلىنغان تۈرلۈك كەسپىي خىزمەت سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، ھاۋا رايىنىڭ مۇلازىمەت ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش ئارقىلىق، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن شىنجاڭ ھاۋا رايى سىستېمىسى بويىچە ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت»، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ھاۋا رايى كەسپىدىكى ھەقلىق مۇلازىمەت، پەن تەتقىقات، ۋە تۈرلۈك كەسپىي سۈپەت جەھەتتە ئالتە گەۋدە بويىچە نىشان تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە دەرىجە بويىچە قاتلاملارغا بۆلۈپ ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ «نىشاننى ئورۇنداش توختامنامىسى» ئىمزالاندى.

نىشانلىق باشقۇرۇش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شۇ ئىسپاتلاندىكى، نىشانلىق باشقۇرۇش ـ ھاۋا رايى خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قوزغايدۇ، رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ ئومۇملۇقلىقى ۋە سىستېمىلىقلىقىنى بىر قەدەر ياخشى گەۋدىلەندۈرىدۇ. 1985 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، كۆپ قىسىم كەسپىي خىزمەتنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلاندى. ۋىلايەت بويىچە ئۆلچەپ مەلۇمات بېرىش سۈپىتى 0.2% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ھادىسىلەر 50% ئازايدى. ھاۋارايىنىڭ ھەقلىق مۇلازىمەت كىرىمى 43% كۆپەيدى ھەمدە 10 مىڭ يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلدىن تۇنجى قېتىم بۆسۈپ ئۆتۈلدى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا تەمىن ئېتىلگەن تۈرلۈك ھاۋا رايى مۇلازىمەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەر قايسى كەسىپكە كەلتۈرۈپ بەرگەن بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. نىشانلىق باشقۇرۇشنىڭ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇشى ئىسلاھاتقا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. نەتىجىدە، ھاۋارايى باشقارمىسى باشقۇرۇش جەھەتتە تەجرىبە ھاسىل قىلىش تىپىدىن ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇش تىپىگە قاراپ بۇرۇلۇش يولىدا يېڭى بىر قەدەم تاشلىدى. ھاۋا رايى باشقارمىسى پارتگورۇپپىسى 1987 ـ يىلى نىشانلىق

باشقۇرۇشنى ئومۇمیۈزلۈك يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

(پەن جىمىلىك).

**[ھاۋا رايى مۇلازىمىتى]** 1986 - يىلى، ھاۋا رايى خادىملىرى تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەقلىق مۇلازىمەت، ھەقسىز مۇلازىمەت ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتلىك مۇلازىمەتنى قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، خېرىدارلارنى ھاۋارايىدىن مەلۇمات، ھاۋا رايى ماتېرىياللىرى، يېزا ئىگىلىك ھاۋا رايى ئاخباراتى، كىلىماتقا باھا، پەن - تېخنىكىدىن مەسلىھەت قاتارلىق ھەر خىل كەسپىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى ھەمدە نىشانلىق باشقۇرۇش، تېخنىكا تەدبىرى ۋە ئۈچۈرنى قايتۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق، ھاۋا رايى مۇلازىمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتەردى. ۋىلايەت بويىچە 11 ھاۋا رايى ئىستانسىسى (پونكىتى) ھاۋا رايى مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى، ھەر خىل خېرىدارى 223 بولۇپ، ئۇلارنى 3489 قېتىملىق ھەر خىل مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى، 259 نۇسخا مەخسۇس ياكى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ماتېرىيالى تۈزۈپ چىقىپ، جەمئىي 5963 نۇسخا بېسىپ تارقاتتى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىككە 256 قېتىم دوكلات سۇنۇپ خىزمەت قىلدى، نەق مەيداندا ئەمەلىي خىزمەت ئۆتەش ۋە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشقا جەمئىي 196 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، خېرىدارلار بىلەن جەمئىي 80 نۇسخا ھەقلىق مۇلازىمەت دوگۋارى ئىمزالاشتى. ۋىلايەت بويىچە ھەقلىق مۇلازىمەتنىڭ يىللىق كىرىمى 11 مىڭ 950 يۈەنگە يېتىپ، 1985 - يىلدىكىدىن 40% كۆپەيدى. ھەر قايسى ئىستانسا، پونكىتلار ھەر خىل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، پەن - تېخنىكا ساۋاتى ھەققىدە 90 پارچە تەشۋىقات ماتېرىيالى ۋە ئۈچۈر يازدى، ئېكسكۇرسىيىگە ۋە ئۆگىنىشكە كەلگەنلەر، مەسلىھەت سورىغۇچىلار بولۇپ جەمئىي 3015 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى. ھاۋا رايى خىزمەتچىلىرى مۇلازىمەتتە تەشەببۇسكار بولۇپ، چوڭ ھاۋا رايىدىن ئالدىن بېرىلىدىغان مەلۇماتنىڭ دەل توغرا بولۇش دەرىجىسىگە كاپالەتلىك قىلىشنى چىڭ تۇتتى، نەتىجىدە خېرىدارلار ھاۋا رايىدىن پايدىلىنىپ ئاپەتتىن ساقلانغانلىقى ئۈچۈن، خېرىدارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، 32 پارچە تەقدىرلەش خېتى تاپشۇرۇۋالدى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، قولغا كەلتۈرگەن بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 230 نەچچە مىڭ يۈەنگە، يوشۇرۇن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

(جۇ لياڭچى).

**[گېئولوگىيە خىزمىتىدە قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر]** گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى 2- گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتى 1986 - يىلى ئاساسلىق ئالتە تۈرلۈك خىزمەت ئىشلىدى:

1. ئۇلۇغچات، بۇرۇلتوقاي قۇم ئالتۇن كان نۇقتىسىدىكى ئالتۇن كېنىنىڭ گېئولوگىيىلىك زاپاس مىقدارىنى تۇنجى قېتىم ھېسابلاپ چىقتى.

2. تورغات رايونىدىكى 1 مىليون تونىدىن يۇقىرى كۆمۈر بايلىقىنى تۇنجى قېتىم بېكىتىپ، كۆمۈر بايلىقىنىڭ يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئەتتى.

3. يەكەن قارا تۈز كۆمۈر كېنىدىكى كۆمۈر قاتلىمىنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى يەنىمۇ ئېنىقلاپ چىقىپ، كۆمۈر كانىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، قېدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەنچىلىك ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

4. جەنۇبىي تىيانشاننىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۇۋا رايونىدا خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك كۆپ خىل ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان كان بايلىقلىرى ئالامەتلىرىنىڭ بەلگىسىنى سىزىپ چىقتى. غەربىي كۈئېنلۇن تېغىدا $\frac{1}{2000}$ نىسبەتتە خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بىر قانچە جايدىكى ئالتۇن كېنىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىزىپ چىقىپ، بۇ رايوندا خىزمەتلەرنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇشنى ئاساسلار ۋە ئوبيېكتلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

5. تاشقورغان تەۋەسىدە مىس، مولىبدېن، ئالتۇن ۋە قۇم ئالتۇنلارنىڭ دەسلەپكى يىپ ئۇچىنى بايقىدى.

6. قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىن سەندەل تېشى، قاتلاملىق تاش، قىزىل كونېنلۇن تېشى، گۈللۈك تاش، ئەمەن يوپۇرماقلىق كۆك تاش قاتارلىق بىر قانچە خىل سۈپەتلىك ھەرخىل تېشىنىڭ يېڭى خىللىرىنى تېپىپ چىقىپ، بىناكارلىق تاش ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەبىئىي بايلىق يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئەتتى.

(زو يىكې).

## [ھايۋانات - ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرىنى كارانتىن قىلىش ئەھۋالى]

قەشقەر ھايۋانات - ئۆسۈملۈك كارانتىن قىلىش ئورنىدا ھايۋانات كېسەللىرىنى تەكشۈرۈش بۆلۈمى، ئۆسۈملۈك كېسەللىرىنى كارانتىن قىلىش بۆلۈمى ۋە ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ قارىمىقىدا خونجىراب پونكىتى ۋە تورغات پونكىتى قاتارلىق ئىككى چېگرا ئېغىزى پونكىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت چېگرىسىدىن كىرىدىغان، چىقىدىغان ۋە چېگرىدىن ئۆتىدىغان سودا خاراكتېرلىك ۋە غەيرىي سودا خاراكتېرلىك ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى، ترانسپورت قوراللىرىنى كارانتىن قىلىش، دېزىنفېكسىيە قىلىش، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە زىيان سالىدىغان كېسەل، ھاشارات، ياۋا ئوت — چۆپلەردىن ساقلىنىش ھەم باشقا زىيانلىق جانلىقلارنىڭ چەت ئەللەردىن كىرىشى ۋە دۆلەت چېگرىسىدىن چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. بىر يىلدىن بۇيان، كارانتىن ئورنى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىزمەتنى ئىشلىدى:

1. چېگرىدىن كىرىدىغان ۋە چىقىدىغان يولۇچىلار، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كارانتىن قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

(1) يولۇچىلارنى كارانتىن قىلىش ۋە ئاپتوموبىللارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش خىزمىتىنى تۇتتى. خونجىراب ئېغىزى ئۈچىنچى دۆلەتكە رەسمىي ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، 45 دۆلەت ۋە رايوندىكى يولۇچىلار چېگرىدىن كىرىپ چىقتى، يولۇچىلار سانى ئۆتكەن يىلدىكىدىن كۆپەيگەچكە، كارانتىن قىلىش ۋەزىپىسىمۇ كۆپەيدى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، يولۇچى 19 مىڭ كىشىدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كارانتىن قىلىنغان يولۇچى 14 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق. تورغات ئېغىزىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن يۈك

ئاپتوموبىلى 3800 بولۇپ، چېگرا ئېغىزىدىلا پۈتتۈنلەي دېزىنفېكسىيە قىلىندى.

2. ئېكسپورت، ئىمپورت قىلىنغان ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى كارانتىن قىلدى، يىل داۋامىدا كارانتىن قىلىنغان ھايۋانات يەتتە خىل بولۇپ، جەمئىي 893 تۇياق، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ئات، شاتۇتى، كەپتەر قاتارلىقلار، ھايۋانات مەھسۇلاتلىرىدىن گۆش، ھەسەل، سېرىق ماي قاتارلىقلار بولۇپ، جەمئىي 390 كىلوگرام بولدى. كارانتىن قىلىنغان ئۆسۈملۈكلەر مەھسۇلاتى 60 نەچچە خىل بولۇپ، جەمئىي 3600 نەچچە توننا، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ئاشلىق، پۇرچاق، پاختا، چۈچۈكبۇيا، مېۋە-چېۋە، قۇرۇق يەل-يېمىش قاتارلىقلار. ئاقسۇ ۋىلايىتى پولشاغا ئۈزۈن تالالىق پاختىدىن 2500 توننا ئېكسپورت قىلدى، كارانتىن ئورنىدىكى خادىملار پاختا ئىشلەپچىقىرىلغان جايغا بېرىپ نەق مەيداندا كارانتىن قىلىپ لاياقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى. يېزاۋاتتىن ئېكسپورت قىلىنغان قوغۇننى تەكشۈرۈپ كارانتىن قىلدى.

2. مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغان جايلاردا يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرىنى كارانتىن قىلىش جەھەتتە: كارانتىن ئورنى ئەھۋال ئالدىنقى ئىككى يىلدىكى تەكشۈرۈلگەن ئەھۋال ئاساسىدا، 1986-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۆت ۋىلايەت (ئوبلاست) دا ئامبار پارازىتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە قەشقەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياۋا ئوت-چۆپلەرنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى. تەكشۈرۈشتە 76 خىل قۇرۇت كۆرۈلدى. ئاساسلىقى تەشمە قوڭغۇز، مىتە، ھەرەچىش مىتە، ھىندىستان ماتىلوگى قاتارلىقلار بار. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياۋا ئوت-چۆپلەرنى تەكشۈرۈپ، دەسلەپكى قەدەمدە 235 خىل ياۋايى ئوت-چۆپنى باھالاپ بېكىتىپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەم ۋە چارۋا ماللارغا زىيان سالىدىغىنى 19 خىل، مەسىلەن: سۈكات، مەستەك، روشەنگۈل، تۆگەتاپان، خوخا، تەلۋە ئوت قاتارلىقلار. زەھەرى كۈچلۈك بولغان ياۋا ئوت-چۆپ يەتتە خىل، مەسىلەن: شۈمبۇيا، سېرىق ئوت، قاتارلىقلار. دورىلىق قىممىتىگە ئىگە ياۋا ئوت-چۆپ سەككىز خىل، مەسىلەن: قارلەيلىسى، چۈچۈكبۇيا، لوپكەندىرى، قوچاقۇل (پاپىچا ئىگىلىمەر دېيەم)، چاكاندا، يەرمەدىكى، جىغان قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا ئاقسۇيېزا ئىگىلىك 1-شىسى ۋە خوتەن ۋىلايىتىدىكى كېۋەزدە كۆرۈلىدىغان ساغىرىپ سولۇشۇش كېسىلى، سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلى، يېزاۋات ناھىيىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستىكى قوغۇن ئەت چىمۇدىنى ۋە قەشقەردىكى گۈللەردە كۆرۈلىدىغان كېسەل زىيانداش ھاشاراتلارنى تەكشۈردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆسۈملۈكلەردە كۆرۈلىدىغان كېسەل، ھاشارات، ياۋا ئوت-چۆپلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ قالماستىن، بەلكى ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىشقا ئىلمىي ئاساس يارىتىلدى. ھايۋانات كېسەللىكلىرىنى كارانتىن قىلىش جەھەتتە: كارانتىن قىلىش ئورنى تاشقورغان ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى بىلەن بىرلىكتە ناھىيىلىك سۈت فېرمىسىدىكى كالىلاردا بولىدىغان سىل كېسىلى، قوشۇمچە سىل كېسىلى، فىرپىلازموز كېسىلى، بىروتسىلىيوز كېسىلىنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ھەم ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق، سانائەت، سودا توخا فېرمىسىغا ياردەملىشىپ توخۇلاردا كۆرۈلىدىغان چېچەك، خولېرا كېسەللىك ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ياۋايى ھايۋاناتلاردا

كۆرۈلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللەر بىلەن ئۆي هايۋانلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرىدا كۆرۈلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللەر بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ياۋايى هايۋانات بولسا ئۆي هايۋان ۋە ئۆي قۇشلىرىغا يۇقۇملۇق كېسەللەرنى تارقاتقۇچى هەم يۇقۇملۇق كېسەل مەنبەسىنى ساقلىغۇچى هېسابلىنىدۇ. ياۋايى هايۋاناتتىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، خونجىراپ ئېغىزىدىكى كېمىكلەردە كۆرۈلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالىنى تەكشۈردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان هايۋانلارنى كاراتىن قىلىشقا ئىلمىي ئاساس ياراتتى.

(ساۋ يۇكۇن).

**[ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم باشقۇرۇش خىزمىتى]** ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش-ئۆلچەم باشقۇرۇش ئورنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش-ئۆلچەم باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىدارە ئىچىدە: ئىشخانا، ئۆلچەم باشقۇرۇش بۆلۈمى، ئۆلچەملەشتۈرۈش بۆلۈمى، سۈپەت تەكشۈرۈش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا: ئۆلچەملەشتۈرۈش-ئۆلچەم تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنى، مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئورنى، ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنى، تالالىق مەھسۇلاتلارنى تەكشۈرۈش باش پونكىتى تەسىس قىلىنىدى. ۋىلايەت بويىچە 11 ناھىيە (شەھەر) دە ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

«ئۆلچەم قانۇنى» 1986-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆلچەم باشقۇرۇش خىزمىتى مەمۇرىي باشقۇرۇشتىن قانۇن-تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇش يولىغا سېلىنىدى. ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە-ئىككى خىل يېزىقتا «ئۆلچەم قانۇنىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپى» نى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى. ئىدارە-ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئۆلچەم سايمانلىرىدا يېڭىلىش-تارقىتىش تۈزۈمى، مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ مۇندەرىجىسى، قەرەللىك تەكشۈرۈپ بېكىتىش پىلانى، ئۆلچەم-ئەسۋابلىرىنىڭ ئارخىپى قاتارلىق تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى. بىر يىلدىن بۇيان 7015 ئۆلچەم ئەسۋابىنى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنىڭ توغرا هەم بىر خىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. «ئۆلچەم قانۇنى»غا خىلاپلىق قىلىنغان جەمئىي 82 قېتىملىق ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلدى. 1504 دانە لاياقەتسىز ئۆلچەم ئەسۋابىنى مۇسادىرە قىلىپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ئۆلچەم قانۇنىنىڭ قەتئىيلىكىنى قوغدىدى. ۋىلايەت بويىچە 12 كارخانىنىڭ ئۆلچەم دەرىجىسىنى بېكىتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەم باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمان زاۋۇتى، قەشقەر كوئېنلۇن يېمەكلىكلەر زاۋۇتى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 7439-زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك ئىلما-توقۇلما زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك 1-ئاۋغۇست ئۇن زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك بىرلەشمە يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، يەكەن ئۇن-ياغ زاۋۇتى، بېكىتۈن

3 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ، كاۋچۇك زاۋۇتى، بىڭتۇەن 3 - ترانسپورت شىركىتى رېمونت زاۋۇتى، قەشقەر - تيەنجىن بىرلەشمە هاراق زاۋۇتى قاتارلىق 12 كارخانىغا 3 - دەرىجىلىك ئۆلچەم لاياقەتلىك گۇۋاهنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. ۋىلايەتتىكى 389 سانائەت كارخانىسىنىڭ 450 خىل يەرلىك مەھسۇلاتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈپ تەكتى ئىگىلەندى. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۆلچەملىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىگىلەش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، مەھسۇلات تۈزۈلمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ قوغۇنلىرىنىڭ تاتلىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، جۇڭگو ۋەچەتئەللەردە داڭقى چىقتى، لېكىن ئۇزۇندىن بېرى بۇ قوغۇن ئۆلچەملەشتۈرۈلمىگەچكە بازىرى تەسىرگە ئۇچرىدى. ئىدارىدىن تېخنىكا خادىم پەيزاۋات ناھىيىسىگە بېرىپ قوغۇننىڭ تېخنىكا سانلىق ئاساسلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈپ سىناپ ۋە تېخنىكىلىق باھالاپ، پەيزاۋات قوغۇنىنى دەرىجىگە ئايرىپ، قاچىلاپ توشۇشنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىپ بېرىپ، قوغۇننىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتەردى. ۋىلايەت بويىچە 13 كارخانىنىڭ 24 خىل يېڭى مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىگە گۇۋاهلىق بېرىلدى ۋە تېخنىكىلىق باھالاش ئېلىپ بېرىلدى. 20 خىل لاياقەتلىك مەھسۇلاتقا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش لاياقەتلىك گۇۋاهنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. ۋىلايەت بويىچە 45 پىششىق خىش زاۋۇتىنىڭ 58 گۇرۇپپا خىش نۇسخىسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، بېسىمغا بەرداشلىق بېرىشى ۋە چىداملىق بولۇشى تەجرىبە قىلىنىپ سىپاش-تۈرۈپ باھالىنىپ، تۆت ئەلاچى تۈرۈن باھالاپ چىقىلدى. قەشقەر شەھىرىگە تەۋە نەزەرباغ يېزىسىنىڭ خىش زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان پىششىق خىش 200 نومۇرلۇق ئۆلچەم تەلىپىگە يەتكەن ۋە مەملىكەتنىڭ مەھسۇلات سەۋىيىسىگە يەتكەن بىرىنچى دەرىجىلىك پىششىق خىش بولدى. بۇ ئىدارە يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە باشقا جايلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ كېسىم قىلدى. ۋىلايەتلىك ئېلېكتىر قۇۋۋىتى شىركىتى ئاپتونوم رايونلۇق ماشىنا - ئېلېكتىر شىركىتىدىن 50 كىلوۋاتلىق 4135 تىپلىك بىر دىزېل موتور گېنېراتورىنى سېتىۋېلىپ، ئايروپىلان ئىستانسىدا قۇراشتۇرغان، سۈپىتى ناچار بولغاچقا ئىشلەتكىلى بولمىغان. ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەپ باشقۇرۇش ئىدارىسى تەكشۈرۈپ كېسىم قىلىپ، مالنى ئەسلى ئورنىغا قايتۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇپ بىر تەرەپ قىلغاچقا، 30 مىڭ يۈەن زىياننىڭ ئالدى ئېلىندى.

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەم سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

(شۈجەمىڭ).

## [يەكەن دەريا ۋە قەشقەر دەريا ئېقىنىدىكى يېزا ئىگىلىك بايلىقلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلدى]

1986 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايون تەشكىللىگەن يەكەن دەرياسى ۋە قەشقەر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېزا ئىگىلىك بايلىقلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ

تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى 50 نەچچە كىشى 66 كۈن ئىچىدە ئىككى چوڭ دەريا ئېقىنى بويىغا جايلاشقان 15 ناھىيە (شەھەر) ۋە 14 تۇەن مەيدانىنىڭ يېزا ئىگىلىك بايلىقلىرىنى تەكشۈردى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش شىنجاڭدىكى ئاساسلىق دەريا ئېقىنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈشنىڭ تەركىبىي قىسمى بولدى. تەكشۈرۈشتىن مەقسەت — ئىككى دەريا ئېقىنىدىكى يېزا ئىگىلىك بايلىقلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، بۇندىن كېيىن مۇۋاپىق ھالدا ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش لايىھىسىنى ھەم ماكرولۇق تېزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قەشقەر، قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ پىلانلاش لايىھىسىنى بەلگىلەشنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونغا ئايرىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى فەن جاۋكۈن تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۆتىدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ جۇغراپىيە ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شې فاڭفاڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت زېمىنىنى رەتكە سېلىش - يېزا ئىگىلىكىنى رايونغا ئايرىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى غالىپ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۆتىدى. تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئەترەت ئەزالىرى ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق نازارەت، ئىدارە ۋە پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرى؛ قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، يېزا ئىگىلىك 3-شىدىن بولۇپ 12 نەپەر ئاگرونوم ۋە ئىنژېنېر تەكشۈرۈشكە قاتناشتى.

تەكشۈرۈش ئەترىتى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى شوركۆل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى 50-تۇەن مەيدانىغا كىردى. ئالدى بىلەن توغراق ئورمانلىقى بىلەن قۇملۇقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، يېزا ئىگىلىك 1-شىنىڭ 3-تۇەن مەيدانىنى بويلاپ مېڭىپ يەنە 50-تۇەن مەيدانىغا قايتىپ كېلىپ، يازدا يەكەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ كەلكۈن قوشۇلىدىغان ئېقىنىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئەترىتى يەكەن دەرياسى ئېقىنىغا جايلاشقان 50-تۇەن مەيدانىدىن يولغا چىقىپ، 51-، 52-، 53-، 44-، 49-تۇەن مەيدانلىرى، مارالبېشى ناھىيىسى، 48-تۇەن مەيدانى، مەكىت ناھىيىسى، 43-، 45-تۇەن مەيدانلىرى، قاغىلىق ناھىيىسى، پوسكام ناھىيىسى، يەكەن ناھىيىسى قاتارلىق تۆت ناھىيە، توققۇز تۇەن مەيدانىنى بېسىپ ئۆتتى. 7-ئاينىڭ بېشىدا، يەكەن ناھىيىسىدە بەش كۈن تۇرۇپ باسقۇچ خاراكتېرلىك تەكشۈرۈشتىن كىچىك خۇلاسە چىقاردى.

تەكشۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىككىنچى باسقۇچتا قەشقەر دەريا ئېقىنىنى تەكشۈرۈشتە، ئەسلىدىكى چوڭ ئەترەت بويىچە بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتتى. يولداش فەن جاۋكۈن 20 نەچچە ئادەمنى باشلاپ قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئاقتو، ئۇلۇغچات ناھىيىسى، ئاتۇش شەھىرىگە باردى، قالغان خادىملارنى يولداش شې فاڭفاڭ باشلاپ يېڭىسار، يوپۇرغا ناھىيىسى، 42-تۇەن مەيدان، پەيزاۋات ناھىيىسى، پەيزاۋات باش مەيدانىغا باردى. 7-ئاينىڭ 14-كۈنى، ئىككى ئەترەت ئاتۇشتا ئۇچرىشىپ 7-ئاينىڭ 16-كۈنى قەشقەرگە قايتىپ

كەلدى. قەشقەردە تۇرغان مەزگىلىدە، بىر تۇركۈم ياش قاۋۇل خادىملارنى ئاجرىتىپ تاشقورغان ناھىيىسىگە ئەۋەتىپ، تاغلىق رايونىدا تۆت كۈنلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. قالغان خادىملار كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، قەشقەر شەھىرى ۋە ۋىلايەتتىكى ئاساسلىق زاۋۇتلارنى تەكشۈردى.

تەكشۈرۈش ئەترىتى ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، 11 نەپەر پەن - تېخنىكا رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆز تارماقلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدا قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ «قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ماكرولۇق تەسەۋۋۇرى» دېگەن تېمىدا پىكىر قىلدى. ئۇنىڭ «بەش چوڭ بازا، بەش چوڭ كەسىپ قۇرۇش، بەش چوڭ ئاچقۇچنى تۇتۇش» ھەققىدىكى سۆزى كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

تەكشۈرۈش ئەترىتى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلىدى. يولداش فىڭ جاۋكۈن خۇلاسە يىغىنىدا ئىككى ئايلىق تەكشۈرۈشتىن ئالغان تەسىراتى ئارقىلىق قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا سەككىز ماددىلىق پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئىككى دەريا ئېقىنىنى تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئەترەت ئەزالىرى ئۆز خىزمەت ئورنىغا قايتىپ بېرىپ، ئىشخانىدا ماتېرىيال رەتلەش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. 12 - ئاينىڭ كېيىنكى ئون كۈنلىرىدە، تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئۈرۈمچى دوستلۇق مېھمانخانىسىغا جەم بولۇپ، مەخسۇس تېمىدىكى 23 پارچە دوكلاتنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى.

(لىيۇيې)

**[پەيزاۋات قوغۇنىدىكى ئاق تور كېسەللىكىنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇ يوقىتىلدى]** پەيزاۋات قوغۇنىدىكى ئاساسلىق كېسەل ئاق تور كېسىلى، يوپۇرماق سارغىيىش كېسىلى ۋە ۋىرۇس كېسىلى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاق تور كېسەللىكىنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر. قوغۇندىكى ئاق تور كېسىلى ئاساسلىقى يوپۇرماقلىرىدا بولىدۇ. كېسەل پەيدا بولغاندىن كېيىن يوپۇرماق، يوپۇرماق بېغىشى ۋە پىلەكلىرىدە ئاق تور پەيدا بولۇپ، (كېسەللىك باكتېرىيىسىنىڭ زاد - بۇرۇغ يىپچە تەنچىسى بىلەن تور) فىزىئولوگىيىلىك توسالغۇنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يوپۇرماقلىرى تەدرىجى سارغىيىپ قۇرۇپ كېتىدۇ. ھەتتا پۈتۈن پىلەكلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل كېسەل قوغۇننىڭ سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىپ، مەھسۇلاتىنى كېمەيتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

دېھقانلار كۆپرەك ئوتتۇن ۋە ئوت - چۆپ كۆلى بىلەن ئاق تور كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغان ۋە ئۇنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۈنۈمى ناھايىتى تۆۋەن بولغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پەيزاۋات ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى دېكسون، دوجۇنىڭ، فىڭشيۇنىڭ پاراشوكى قاتارلىق باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى ئىشلىتىپ سىناق قىلىپ سېلىشتۇرۇپ كۆردى. ئەمەلىيەت ئارقىلىق فىڭشيۇنىڭ پاراشوكىنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈنۈمى ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمى باشقا باكتېرىيە ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭكىدىن ياخشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ، نۆۋەتتىكى ئاق تور كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى

ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتىكى ئەڭ ياخشى دېھقانچىلىق دورىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. فېڭشيۈنىڭ پاراشوكى ئۈنۈمى يۇقىرى، زەھەرلىك تەسىرى تۆۋەن، ئىشلىتىشتە بىخەتەر، دېھقانلار ياخشى كۆرۈۋاتقان ئالاھىدىلىككە ئىگە. 1985 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە، پەيزاۋات ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى فېڭشيۈنىڭ پاراشوكىنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىپ كېسەلنى يوقىتىشتا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇلار ئىككى يىل ئاپتونوم رايونى ۋە ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى نۇقتىلىق كېڭەيتىش تۈرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە بولدى:

1. «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇپ يوقىتىش»تىن ئىبارەت ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈش ۋە پەرۋىش قىلىش تەدبىرلىرىنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئەمەلدە يۈرگۈزۈلدى. (1) ئۆستۈرۈش تېخنىكا تەلەپلىرى جەھەتتە: شامال ئۆتەشتۈرۈپ كۈن نۇرى چۈشۈرۈشكە دىققەت قىلىنىپ، سۇ قويۇش قاتتىق تىزگىنلىنىپ، قوغۇن تاختىسىنى سۇ باستۇرۇۋېتىش قەتئىي چەكلىنىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق مۇھىت شارائىتى يارىتىلدى. پەيزاۋاتتا قوغۇننىڭ تۈپ ئارىلىقىنى 0.45 مېتىردىن 0.60 مېتىر، چۆنەكنىڭ كەڭلىكىنى 1.1 مېتىردىن 1.3 مېتىر، چوڭ تاختىنىڭ كەڭلىكىنى 2.5 مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە قىلىپ تېرىسا مۇۋاپىق بولىدۇ. (2) ئوغۇت بىلەن بېقىش، توپا يۆلەش پەرۋىشى كۈچەيتىلىپ، ھەر بىر تۈپ قوغۇن مايسىنىڭ كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش كۈچى ئاشۇرۇلدى.

2. دورا بىلەن ئالدىنى ئېلىش ۋە كېسەلنى يوقىتىش ئېلىپ بېرىلدى. (1) كېسەل پەيدا بولغان مايسىلار ۋاقتىدا سىزىپ ئېلىنىپ، ۋاقتىدا دورا چېچىلىپ، ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشتا بىراقلا ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. (2) ئادەتتە ھەر بىر موغا ئىشلىتىلىدىغان دورا مىقدارى 70 گرامدىن 100 گرامغىچە بولدى. 85 گرامدىن ئىشلەتسە مۇۋاپىق بولىدۇ. (3) پەيزاۋاتتا 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن پىشىدىغان قوغۇنلاردا ئادەتتە ئاق تور كېسىلى بولمايدۇ، شۇڭا بالدۇر پىشىدىغان قوغۇنلارغا ئەھۋالغا قاراپ دورا چاچمىسىمۇ بولىدۇ ياكى بىر قېتىمدىلا دورا چاچسا بولىدۇ. ئوتتۇرا ۋە كېيىن پىشىدىغان قوغۇن ئېتىزلىرىغا ئەھۋالغا قاراپ، بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمغىچە دورا چېچىپ، ئالدىنى ئېلىش ۋە كېسەلنى يوقىتىشنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ. ئىككى قېتىم دورا چېچىشنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقتى 15 كۈندىن 20 كۈنگىچە بولسا بولىدۇ.

(گاۋ يىڭ، ئېلى ئابدۇۋەلى).

**[مېۋە - چېۋە كونسېرۋاسى ئىشلەش كۇرسى ئېچىلدى]** ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن - تېخنىكا ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بۆلۈمى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىرلىشىپ، 1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە مېۋە - چېۋە كونسېرۋاسى ئىشلەش تېخنىكىسىنى ھەقسىز ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى.

قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) قارمىقىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تېخنىك كادىرى، باشقۇرغۇچى خادىم، كەسپىي

ئائىلە، دېھقان، زىيالىي ياش، شەھەر - بازار ئاھالىسى، ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە تاشقى نودا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپ، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى، دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن بولۇپ جەمئىي 133 نەپەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى كۇرسقا قاتناشتى. قورال - ياراق مىنىستىرلىكى شىتەن «204» تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىنژېنېرى چاڭ شيەنچى تەكلىپكە بىنائەن قەشقەرگە كېلىپ دەرس ئۆتۈپ بەردى. ئۇ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مېۋىلەرنىڭ خىللىرى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۇرسانتلارغا مېۋىلەرنى قاچىغا قاچىلاشتىن بۇرۇنقى تۈرلۈك ئىش تەرتىپلىرى، كونسېرۋا قاچىسىنىڭ خىللىرى ۋە ئۇنى يۇيۇپ تازىلاش، دېزىنفېكسىيە قىلىش، شېكەر سۈيىنى تەڭشەپ ياساشنىڭ ئۈچ خىل ئۇسۇلى، كونسېرۋاغا ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ئۆلچىمى، كونسېرۋا ئىشلەپچىقىرىشتا قويۇلغان تازىلىق تەلەپلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى، قەشقەرنىڭ تۇزلۇق سۈيىنى تۇزسىزلاندۇرۇش، يۇمشاقلاشتۇرۇش، تازىلاش، دېزىنفېكسىيە قىلىش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى.

(جيەن سۇشۇەن).

1987 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرى

| پەن - تېخنىكا نەتىجە نامى | مۇكاپات دەرىجىسى | ئورۇنلىغان ئورۇن | مۇكاپاتلانغۇچى | ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى |
|---|---|---|---|---|
| چۆللۈك قۇملۇق كېۋەز سورتىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش | 3 | يەيلۇ دېھقانچىلىق مەيدانى | لىڭ جۇ سەي، ليۇ جۇ جيەن، لى جېچى، لې چېڭخۇا، شو رۇي | 1986 - يىلى كېۋەز كۆلىمى 584 مىڭ مو ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يىللىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 17 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ سورتلۇق پاختىنىڭ تولۇقلىقى ئۇزۇن، پاختا نىسبىتى يۇقىرى، رەڭگى ياخشى بولۇپ، ئېكسپورت قىلىشقا باب كېلىدۇ. بازىرى ئىتتىك، ۋىلايەت بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى |
| قەشقەر 5 - نومۇرلۇق كۈزلۈك بۇغداينى يېتىشتۈرۈش | 4 | يەكەن ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى | ليۇ چاڭلىن | 1986 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلغان كۆلىمى 100 مىڭ مودىن يۇقىرى بولۇپ، تاگەن 6898 - بۇغدايغا نىسبەتەن مەھسۇلاتى 16.2% ئېشىپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى |
| چۈجە چىقىرىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلىنى سىناق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش | 4 | مەكىت ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى | ۋاڭ يۈەنفۇ، كاۋ يىجۇڭ | بۇ ئىسسىقلىقتىن پايدىلىنىپ چۈجە چىقىرىش ئۇسۇلى ئاددىي بولۇپ، ئاممە تەرىپىدىن ئاسان ئىگىلەندى، بۇ ئۇسۇل كەڭ يېزىلارغا باب كېلىدۇ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى |

# ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات - چىلىق، نەشرىياتچىلىق

## ئەدەبىيات - سەنئەت

**[ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى]**

1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ خېلى كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر مەيدانغا كەلدى.

1. ئىجادىيەتكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشتۈرۈلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، يىل بېشىدا سەككىز جەمئىيەت ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇدىرىيەت يىغىنى ياكى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى تۇنجى نۆۋەتلىك «مارت ئېيى رەسىملەر كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزدى ھەم ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ خەتتاتلارنى ئىجادىيەتكە ئۇيۇشتۇردى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت باشقارمىسى، مائارىپ باشقارمىسى، مىللىي ئىشلار باشقارمىسى بىرلىشىپ «1 - ئىيۇن» بالىلار رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. فوتو سۈرەت ئىشلىرى جەمئىيىتى، بېيجىڭ شەھەرلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت باشقارمىسى، مىللىي ئىشلار باشقارمىسى بىرلىشىپ بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت — قەشقەر» ناملىق چوڭ تىپتىكى فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان ئەسەرلەر يانۋارنىڭ باشلىرىدا ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن يەنە كۆرگەزمىگە قويۇلدى. فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن ئاممىۋى سەنئەت سارىيى بىرلىكتە تۆت قېتىم «فوتو سۈرەت پەسىللىك مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزدى ھەمدە باھالاپ مۇكاپاتلاش ئېلىپ باردى. ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا مىللىيلارنىڭ رەڭلىك سۈرەت تارتىش ئۆگىنىش كۇرسى، سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى، لىكسىيە ئۇيۇشتۇردى. مۇزىكانتلار جەمئىيىتى باشقا تارماقلار بىلەن ياردەملىشىپ ئاممىۋى خاراكتېرلىك مۇزىكا مۇسابىقىسى ۋە يېتەكلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. مەسىلەن: «8 - مارت» ئايال-



كۈز مەنزىرىسى.　　　　شې بىڭ فوتوسى

كىچىك كومېدىيە.　　　　كو يەنشەڭ فوتوسى





مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ق
ئويۇن قويدى.　　　　كولەنيەك فوتوسى

ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يۇرۇنقى ناخشىچ
چۇنخۇلۇ ئوي كوركىلى كېلىپ قەشقەر خەلقى ئۇچۇ
ئوقۇپ بەردى.

كو يەنشەڭ فوتو





شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئەدەبىي-
يات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى قەشقەردە ئويۇن
قويىدى .

گۇ ادىيىڭ فوتوسى



قۇلاقىڭغا بىر گەپ قىلاي،


گو ادىيىڭ فوتوسى



جۇڭگو، چەت ئەللىك
شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى-
نى دېكلاماتسىيە
قىلمىش.
گو يىنشىڭ فوتوسى







سەنئەتلىك سۈرەتلەر

تەبىئەت ھۆسنىنى بېزىگەن گۈللەر.

شى يالق، گو ئەليەنق، گو يەنشەك فوتوسى











قەشقەر شەھەرلىك ئىجتىمائىي مەدەنىيەت باشقۇرۇش كومىتېتى قانۇنسىز ئۈن - سىن ئالغۇ بويۇملىرىنى مۇسادىرە قىلدى ۋە ئالاقىدار ئارماقلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا كۆيدۈرۈۋەتتى .

ياڭ يەۋۇ فوتوسى



ـ يەكەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى تورۇز
دولا خارابىسىنىڭ ئىزى.
جالال ئىدرىس فوتوسى



يەكەن شەھىرىنىڭ ئىچىدىكى خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ مازىرى.
جالال ئىدرىس فوتوسى




يەكەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بايدۆۋەت دۆڭى.

جالڭ لەرس فوتوسى

قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى توققۇز ھوجرا.

كو لەنيىڭ فوتوسى



ئالا بايرىمىدىكى نەخشا مۇسابىقىسى، بالىلارنىڭ ئېلېكترونلۇق چالغۇلارنى ئورۇنلاش مۇسابىقىسى قاتارلىقلار. يەنە مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۆسمۈر - بالىلارنىڭ ئىجاد قىلغان ناخشىلىرىنى توپلاشقا قاتنىشىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. بۇ پائالىيەتتە ۋىلايەت بويىچە 109 كىشى قاتناشتۇرۇلدى. قىسمەن ئاپتورلار مۇكاپاتلاندى ھەمدە بەش ناخشا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇسابىقىسىغا تاللاندى. ئۇسۇلچىلار جەمئىيىتى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «ئۇسۇل قامۇسى»نى تۈزدى. كىنوچىلار جەمئىيىتى نۇرغۇن تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىشلەپ، بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. بۇ بىر يىلدا، تىياتىر سەھنىسى خېلى جانلاندى. بىر تۈركۈم يېڭى تىياتىرلار ئىجاد قىلىنىپ سەھنىدە ئوينالدى. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ۋە «يىپەك يولى» تەھرىر بۆلۈملىرى ئاپتورلارنى بىر تۈركۈم خېلى ياخشى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى، بىر تۈركۈم ئىشتىن سىرتقى ئاپتورلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە مەدەنىيەت باشقارمىسى، «يىپەك يولى» تەھرىر بۆلۈمى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قوماندانلىق شىتابى تەشۋىقات باشقارمىسى بىرلىكتە پوسكام نېفىتلىكىدە «يىپەك يولى ھېكايىچىلىقى قەلەمكەشلەر يىغىنى» ئاچتى، نەتىجىدە يىغىنغا قاتناشقان 44 نەپەر ۋەكىلنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تېخمۇ ئۇرغىدى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ بىر نەچچە ئەزاسى ئېلىمىز تارىخىدىن بۇيانقى تۇنجى «تاجىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى»نى پائال تۈردە يېزىپ چىقتى. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئون نەچچە يازغۇچىسى قەشقەردە ئېچىلغان مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى، ئۇلارنىڭ يازغان ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسىدىن سەككىز پارچىسى يىغىندا ئوقۇپ ئۆتۈلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يازغۇچىلار جەمئىي ئۇيغۇرچە 13 پارچە ھېكايە، 30 پارچە شېئىرلار توپلىمى، 10 پارچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلىمى، 11 پارچە رومان، پوۋېست، ئالتە پارچە ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى، 20 پارچە دراما، ئوپېرا ئىجاد قىلدى ۋە نەشر قىلدۇردى.

ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئىجادىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەت ئىجادىيەت تايانچىلىرىنى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئاچقان «بېدەيخې كىتاب ئوقۇش كۇرسى»غا ۋە جۇڭگو فوتوسۈرەتچىلەر جەمئىيىتى ئاچقان ئىككىنچى قارارلىق «خاڭجۇ كىتاب ئوقۇش كۇرسى»غا ئەۋەتتى. بۇ بىر يىلدا، ھەممە جەمئىيەتلەر بىر تۈركۈم يېڭى ئەزا قوبۇل قىلدى. ھازىر ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەزاسى 700 گە يېتىدۇ.

2. ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئارقىلىق ئالاقىلىشىش كۈچەيتىلدى: ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قىسقا خەۋەرلىرى»ئىشلەپ تارقىتىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە جەمئىيەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى. ھەر قايسى ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مە-

دەنىيەت باشقارمىسى، مىللىي ئىشلار باشقارمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن كۇرسى، دوكلات يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

3. مېھمانلار كۈتۈۋېلىنىپ، ئەستايىدىل خىزمەت قىلىندى. قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، كېلىۋاتقان مېھمانلار كۈنسېرى كۆپىيىپ، كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسى ئېغىرلاشتى. بۇ يىل ئىچىدە، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن سەككىز ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتى كۈتۈۋېلىندى. ئۇلار: دۆلىتىمىز تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنغان تۈركىيە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى (ئالتە كىشى)، ئاۋمېن فوتوسۈرەتچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى (10 كىشى)، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق مۇھاجىر يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى (ئۈچ كىشى)، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ياش يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى (17 كىشى)، جۇڭگو فوتو سۈرەت ئوبزورچىلار لېكسىيە ئۆمىكى (ئۈچ كىشى)، جۇڭگو خەلق داشۆسى فوتوسۈرەتچىلەر زىيارەت ئۆمىكى (يەتتە كىشى)، يۈنلەن خەتتاتچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى (بەش كىشى)، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى سەنئەت تەتقىقات ئورنى تام رەسىملىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى (16 كىشى)، جېجياڭ گۈزەل سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسور، ئىستېتىكا نەزەرىيىچىلىرى (ئۈچ كىشى) دىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بېيجىڭ، شاڭخەي، دالىيەن، گۇاڭدۇڭ، جياڭشى، ئەنخۇي، جياڭسۇ، شەندۇڭ، جېجياڭ، خۇبېي، لياۋنىڭ، نەنجىڭ، شىيەن، لەنجۇ قاتارلىق ئون نەچچە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن فوتوسۈرەتچى، رەسسام، مۇزىكانت بولۇپ جەمئىي 100 دىن ئارتۇق كىشى كۈتۈۋېلىندى.

(جۇ گۋاڭخۇا، شۈ دىڭجۇ)

**[ئەدەبىيات]** 1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى بۇرۇنقىغا نىسبەتەن خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. «يىپەك يولى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ۋە «قەشقەر گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قوشۇمچە بەتلىرى، «يەكەن گېزىتى» نىڭ قوشۇمچە بېتى قاتارلىق بەش تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تولۇقسىز ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، ئومۇمىي تاپشۇرۇۋېلىنغان ھەر قايسى تۈرلەردىكى ئەدەبىي ئەسەر 8520 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 5300 پارچە، خەنزۇچىسى 3220 پارچە، ئىشلىتىلگەن ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەر 1570 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىسى 795 پارچە، خەنزۇچىسى 775 پارچە، گېزىت-ژۇرنالدا ئىشلىتىلىش نىسبىتى 18.5%.

ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدە، ھېكايە 245 پارچە (ئۇيغۇرچىسى 126 پارچە، خەنزۇچىسى 119 پارچە)؛ شېئىر 820 پارچە (ئۇيغۇرچىسى 510 پارچە، خەنزۇچىسى 310 پارچە)؛ باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەردىن ئېلان قىلىنغىنى 505 پارچە (ئۇيغۇرچىسى 260 پارچە، خەنزۇچىسى 245 پارچە).

ھېكايە ئىجادىيىتىدە چۆيۈەنلىياڭنىڭ «ئايال» ناملىق پوۋېستى ئاپتونوم رايوننىڭ «چېگرادىكى قورغان» ناملىق ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى؛ ئۇيغۇر ياش يازغۇچىسى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئاھ زېمىن، قارا سېنىڭ ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستى ئاپتونوم رايوننىڭ «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىن-

لىنىدى. كىتابخانىلارنىڭ خىزمىتى ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

«يىپەك يولى» ژۇرنىلى يەرلىك تۈسى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، جۇڭگو خەلقئارا كىتاب - ژۇرنال سودا باش شىركىتى ئارقىلىق ئامېرىكا، ياپونىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، پاكىستان، سىنگاپور قاتارلىق 10 نەچچە دۆلەتكە چىقىرىلدى. بۇ 1986- يىلى ئىچىدە، چەت ئەللەرگە چىقىرىلغان بىردىن بىر ۋىلايەت دەرىجىلىك ئەدەبىي ژۇرنال بولدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، بۇنىڭدا مۇنداق تۆت سەۋەب بار: بىرىنچى، ئىقتىساد گۈللىنىپ، سىياسىي جەھەتتىكى تىنچ - ئىتتىپاق بولۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئىككىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت باشقارمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، تەھرىر بۆلۈملىرى يازغۇچى ۋە ئىشتىن سىرتقى ئاپتورلار بىلەن بولغان زىچ ئالاقىنى كۈچەيتتى، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق كۆپ خىل شەكىللىك ئەدەبىي تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنى ۋە دوكلات يىغىنى ئېچىپ، ئىجادىيەت ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەڭ ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. ئۈچىنچى، ئاپتورلار قوشۇنى كېڭەيدى. ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇيغۇر، تاجىك، خەنزۇلاردىن بولۇپ جەمئىي 200 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 120 نەپەر، تاجىك بەش نەپەر، خەنزۇ 75 نەپەر. بۇنىڭدىن تاشقىرى، جەمئىيەت ئەزالىرىدىن باشقا زور بىر تۈركۈم ئىشتىن سىرتقى ئاپتورلار قوشۇنى بار. تۆتىنچى، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، ئىستېتىكا قىممىتى يۇقىرى بولدى.

بەزى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، بولۇپمۇ ھەر مىللەت ياشلىرى ئۆزلۈكىدىن ئەدەبىي تەشكىلات ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى. مەسىلەن: قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ «جەنۇبلىقلار» ئەدەبىياتچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆز تەشكىلاتىنىڭ نامى بىلەن ئەدەبىي ژۇرنالدىن بىر نەچچە سان نەشر قىلدى؛ مەكىتنىڭ «دولان» ئەدەبىياتچىلار ئۇيۇشمىسى «دولان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى قەرەلسىز نەشر قىلدى؛ 36195 - قىسىمنىڭ «يېڭى بوستان» ئەدەبىياتچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆز نامى بىلەن ئىككى سان «يېڭى بوستان» ژۇرنىلىنى چىقاردى؛ تاشقورغاننىڭ «سۆگەك نەي» ئەدەبىياتچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى بولدى، ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت خىراجىتى ئۈچۈن 200 يۈەن مەبلەغ ئىئانە قىلدى، «سۆگەك نېيى» ژۇرنىلىغا بولغان ئىنكاس ناھايىتى ياخشى بولدى؛ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ «شەبنەم» ئەدەبىياتچىلار ئۇيۇشمىسى «پامىر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى چىقاردى؛ مەكىت ناھىيىسىنىڭ تۇمەنتال يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ يېڭىدىن ئىشلىگەن «توغراق چېچەكلىرى» ژۇرنىلىمۇ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(ۋۇكەي).

**[خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى]** 1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىلىرى مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن،

يېڭى تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. كونىشەھەر، مارالبېشى، مەكىت، قاغىلىق، يەكەن، تاشقورغان قاتارلىق ناھىيىلەر مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى تەشكىللەپ، يېزا-قىشلاقلارغا ئەۋەتىپ، ئامما ياخشى كۆرىدىغان نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى، خەلق چۆچەكلىرى، ماقال-تەمسىللەر قاتارلىق ئېتنوگراپىيىلىك ئەسەرلەرنى قېزىپ رەتلەپ چىقتى. ئابدىراخمان مۆمىن، نۇردۇن ھۇسالار ئايرىم-ئايرىم ھالدا توپلاپ تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرلەر تۈزگەن «ئۇيغۇر يۇمۇرلىرى» توپلىمى، تاجىك ئەدەبىياتچىسى ئاتىكەم زەمىر (ئايال) تۈزگەن «ئۆزبېك داستانلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇ يىل نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىدا 10 نەچچە نەپەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىسىنىڭ 20 نەچچە پارچە ئەسىرى ئېلان قىلىندى.

1986-يىلى ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى 10 نەپەر يېڭى ئەزا قوبۇل قىلدى. ھازىر بۇ جەمئىيەتنىڭ 57 نەپەر ئەزاسى بار. بۇنىڭدىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 15، مەملىكەتلىك تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئۈچ.

بۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى ئىچكى ماتېرىيال «قەشقەر ئاممىۋى سەنئەت خەۋەرلىرى» دىن تۆت سان چىقاردى. بۇ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىپ چىقىشتا پائال رول ئوينىدى.

(لۇجىڭتاۋ، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، غالىپ زۇلال).

## [گۈزەل سەنئەت ۋە خەتتاتلىق]

ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات — سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قارمىقىدىكى گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ۋىلايىتىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن، 1986-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 9-كۈنىگىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ھەر قايسى ناھىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق خىزمەتچىلىرى بولۇپ جەمئىي 45 كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 1986-يىللىق گۈزەل سەنئەت خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق ئىجادىيەت پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيى 1986-يىلى 3-ئايدا تۇنجى قېتىملىق «مارت ئېيى رەسساملار كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزدى. كۆرگەزمىگە جۇڭگوچە رەسىم، ماي بوياق، سۇ بوياق، ئويما رەسىم، چاغانلىق رەسىم قاتارلىق ئىجادىيەت ۋە مەشىق رەسىملىرى بولۇپ 80 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر قويۇلدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئىچىدە ياشانغان پېشقەدەم رەسساملار بار، ھەم جۇشقۇن، روھلۇق ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق رەسساملارمۇ بار، يەنە ئىشتىن سىرتقى گۈزەل سەنئەت ياش ھەۋەسكارلارمۇ بار. رەسساملار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈردى. بۇ ئەسەرلەر قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، قەدىمكى مەدەنىي شەھەر — قەشقەرنىڭ گۈزەل باھارىنى ئەكس ئەتتۈردى.

1986-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنى (قەمەرىيە 3-ئاينىڭ 3-كۈنى) دۆلىتىمىزنىڭ ئۇلۇغ خەتتاتى ۋاڭ شىجىڭنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 1665 يىل بولغان كۈن، ئۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ جياڭسۇ ئۆلكىلىك كومىتېتى، جېجياڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى جېجياڭ شۆبىسى، شاۋشىڭ شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ۋۇشى شەھەرلىك جياڭنەن ھۆسنخەت - رەسىم يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ، ئۇنجى نۆۋەتلىك ھۆسنخەت - رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى. ۋىلايىتىمىزدىكى رەسسام يولداش شۇ دىڭجۇنىڭ «قىزىقارلىق غاز» ناملىق جۇڭگوچە رەسىمى كۆرگەزمىگە تاللاندى.

«1-ئىيۇن» باللار بايرىمى مەزگىلىدە، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت باشقارمىسى، مائارىپ باشقارمىسى، مىللىي ئىشلار باشقارمىسى بىرلىشىپ « «1-ئىيۇن» ئۆسمۈر - باللار ھۆسنخەت - رەسىم كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزدى، ھەر مىللەت ئۆسمۈر - باللارنىڭ ھۆسنخەت - رەسىم ئەسەرلىرىدىن 350 پارچىسى كۆرگەزمىگە قويۇلدى. رەسىم ئەسەرلىرىدىن بەش پارچىسى بىرىنچى دەرىجىلىك، 10 پارچىسى ئىككىنچى دەرىجىلىك، 15 پارچىسى ئۈچىنچى دەرىجىلىك باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى؛ ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن ئۈچ پارچىسى بىرىنچى دەرىجىلىك، بەش پارچىسى ئىككىنچى دەرىجىلىك، 10 پارچىسى ئۈچىنچى دەرىجىلىك باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى ھەمدە مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا تەقدىرنامە ۋە خاتىرە بويۇم تەقدىم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئەسەرلەردىن 250 پارچىسى نادىر ئەسەر بولۇپ باھالىنىپ، 8-ئايدا ئۈرۈمچى ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈر - باللار رەسىم كۆرگەزمىسىگە قويۇلدى.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا مول بولغان سىزما گۈل نۇسخىلىرى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە، مىللىي تۈسكە ئىگە بولغان كۈندىلىك بۇيۇملارنىڭ شەكىللىرى ساقلىنىپ تۇرماقتا. ھۈنەر-سەنئەت لايىھىلىگۈچى خادىملار مىللىي سىزما نۇسخىلەرنى لايىھىلەش جەھەتتە خۇشاللىنارلىق نەتىجىگە ئېرىشتى. 1986-يىل 12-ئايدا شاڭخەيدە ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئېكسپورت قىلىنىدىغان سىزما گۈل نۇسخىلىرىنى باھالاش يىغىنىدا، قەشقەر توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىكى يولداش سۈي جىڭجېڭ لايىھىلىگەن «ئەتلەس» سىزما گۈل نۇسخىسى، يولداش جاڭ ياۋجۇ لايىھىلىگەن «كىرىستال كەشتە» سىزما گۈل نۇسخىسى ئەلا نۇسخا بولۇپ باھالاندى ھەمدە جاڭ ياۋجۇ لايىھىلىگەن «كىرىستال كەشتە»، سۈي جىڭجېڭ لايىھىلىگەن «چوڭ ئانار گۈل» نۇسخىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىلغان گۈل باسما مەھسۇلاتلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گۈل باسما نۇسخىلىرى بويىچە ئەلا مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

1986-يىلى قەشقەر ۋىلايىتى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە خەتتاتلىق سەنئەت ئىجادىيىتىگە ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. 5-ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك ھۆسنخەت، ئويما خەت كۆرگەزمىسىگە 30 نەچچە ئەسەر ئەۋەتىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن توققۇز پارچىسى تاللاندى. شۇ دېڭجې بېخەن گوشياڭ، جاۋچۇەن قاتارلىق

ئۈچ ئاپتورنىڭ خەنزۇچە ھۆسن ــ خەتلىرى تاللىنىپ كۆرگەزمىگە قويۇلدى. ئابدۇكېرىم ئۆمەر، جۇمە ئابدۇللا، مەمتىمىن ياقۇپ، ئابلىمىت ھىدايەت (يەكەن)، ۋايىت نۇر، نامەت ئۆمەر (يېڭىسار) قاتارلىق ئالتە ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرچە ھۆسنخەت خەتلىرى تاللىنىپ كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

12 ــ ئايدا، گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ۋىلايىتىمىزدىكى رەسسام ــ خەتتاتلار ۋە ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرى لاۋشەن ئالدىنقى سېپىدىكى قەھرىمان ــ جەڭچىلەرگە 27 پارچە جۇڭگوچە رەسىم ھۆسنخەت، ئۇيما خەت ئەسەرلىرىنى تەقدىم قىلدى. تەقدىم قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچىدە شۇدېڭجېننىڭ ئىككى پارچە جۇڭگوچە رەسىمى، تۆت پارچە ھۆسنخېتى، ياڭ گۇاڭچۈەننىڭ بەش پارچە ھۆسنخېتى، خۇاڭ زۇۋېينىڭ توققۇز پارچە ھۆسنخېتى، چىن مىڭشىننىڭ ئىككى پارچە ھۆسنخېتى، جاڭ زوفىڭنىڭ بىر پارچە ئۇيما خېتى، فەن دېجۈننىڭ ئىككى پارچە ھۆسنخېتى، جاڭ شۇشياڭنىڭ بىر پارچە جۇڭگوچە رەسىمى ۋە بىر پارچە ھۆسنخېتى بار.

1986 ــ يىلى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەردە بىر قارار جۇڭگوچە رەسىم ۋە مەنزىرە رەسىم سىزىش ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، 50 كىشى قاتناشتۇرۇلدى. ئىككى قارار خەتتاتلىق كۇرسى، يەنى بىر قارار ئۇيغۇرچە، بىر قارار خەنزۇچە خەتتاتلىق كۇرسى ئېچىلدى. بىر قارار سۇ بوياق رەسىم سىزىش كۇرسى، بىر قارار باشلانغۇچ دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى.

گۈزەل سەنئەت ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، گۈزەل سەنئەت ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى، لېكسىيە يىغىنى بولۇپ ئۈچ قېتىم يىغىن ئېچىلدى. بۇ گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

(سۇڭ شې).

**[فوتو سۈرەت]** 1986 ــ يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ فوتو سۈرەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى فوتو سۈرەتچىلەرنىڭ سەنئەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىختىساسلىق فوتو سۈرەت خادىملىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، فوتو سۈرەت سەنئەت ئىجادىيەت سەۋىيىسىنى ئىلگىرىلىتىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

يىل بېشىدا، بېيجىڭ فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مەدەنىيەت باشقارمىسى، مىللىي ئىشلار باشقارمىسى بىرلىكتە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت ــ قەشقەر» ناملىق فوتو سۈرەت سەنئەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، جەمئىي 32 نەپەر ئاپتورنىڭ 115 پارچە فوتو سۈرەت ئەسەرىنى كۆرگەزمىگە قويدى، بۇنىڭدىن رەڭلىك سۈرەت 96 پارچە. بۇ ئەسەرلەردە ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن پارتىيە 11 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ــ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. چېگرا رايوننىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ۋە مىللىي ئۆرپ ــ ئادەتلىرى تەسۋىرلەندى.

ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى 3 ــ ئاينىڭ 4 ــ كۈنىدىن 5 ــ كۈنىگىچە ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدا فوتو ــ سۈرەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ناھىيە-

(شەھەر) لەر ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئەزالىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى فوتو سۈرەت ھەۋەسكارلىرى يىغىنىغا قاتناشتى. ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىكى فوتو سۈرەت گۇرۇپپىسى، گېزىتخانا، گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە «بۈگۈنكى قەشقەر» ناملىق ئاخبارات فوتو سۈرەت مۇسابىقىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ۋە «كونېلۇن رەسىملىك ژۇرنىلى»نى باھالاش ئۇسۇلى ئۈستىدە مۇزاكىرە، سۆھبەت ئېلىپ باردى. سۆھبەت يىغىنىدا ئۈچىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارا فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان نادىر ئەسەرلەرنى خىرونىك فىلىمى ئارقىلىق كۆرۈپ ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھەمدە قەشقەر سىفەن شۆيۈەن ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋاڭ يۈ «يىپەك يولى» فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان ئەسەرلەر ھەققىدە باھالاش پىكىرى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى ئاقسۇ ۋىلايىتىنى قەشقەرگە كېلىپ فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى، ئۇلار كېلىپ كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى.

ۋىلايىتىمىز باۋدى قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ فوتو سۈرەت ئىجادىيەت يىغىنىغا ۋە مەملىكەتلىك فوتو سۈرەت ئىجادىيەت كىتاب ئوقۇش كۇرسىغا ئەۋەتىلدى. ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە فوتو سۈرەت ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى ئىستىتىكا ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

8 - ئاينىڭ بېشىدا، جۇڭگو فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ نەزەرىيە ئوبزورچىسى، فوتو سۈرەتچى خەنزىشەن، ۋاڭ مياۋ، نەن كاڭنىڭ، لىلى فىي قاتارلىق تۆت نەپەر مۇتەخەسسىسنى تەركىب تاپقان شىنجاڭغا بېرىپ دەرس ئۆتۈش ئۆمىكى تەكلىپكە بىنائەن قەشقەرگە كېلىپ دەرس ئۆتتى. ئۇلار ھازىرقى فوتو سۈرەت سەنئىتىنىڭ يېڭى ئۇچۇرى، يېڭى كۆز قارىشى، سۈرەتنى ئىپادىلەشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى، ئىچكى ۋە تاشقى مەشھۇر فوتو سۈرەتچىلەرنىڭ ئۇسلۇبى، ئېقىمى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى، ھەمدە نۆۋەتتە فوتو سۈرەتچىلەر ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى خاھىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى يۈكسەك نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ سىستېمىلىق چۈشەندۈردى، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، مەدەنىيەت باشقارمىسى، قەشقەر گېزىتىدارىسى، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت فوتو سۈرەتچى، ئىختىيارى مۇخبىرلار بولۇپ، 160 تىن ئارتۇق كىشىنى دەرس ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇردى.

1986 - يىلى 8 - ئايدىكى قۇربان ھېيت مەزگىلىدە، ئاۋمىن فوتو سۈرەتچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت باشلىقى شۆلىچىڭ قاتارلىق توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاۋمىن فوتو سۈرەتچىلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ ئۈچ كۈن فوتو سۈرەت ئىجادىيەت پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئۇلار قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىنى ئىشلىدى

ھەمدە ئاۋمېندە «شىنجاڭ مەنزىرىلىرى» ناملىق فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزمەكچى بولىدى.

1986 – يىلىدىن ا، قەشقەر ۋىلايىتى ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ بېيجىڭ، شاڭخەي، لياۋنىڭ، جېجياڭ، جياڭسۇ، شەندۇڭ، ئەنخۇي، جياڭشى، گۇاڭدۇڭ، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن 20 تۈركۈمدىكى 70 تىن ئارتۇق (ئادەم قېتىم) كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى فوتو سۈرەتچىنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئارىسىدا جۇڭگو خەلق داشۆسى 1 – شۆبە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى لى دېلياڭ، شەندۇڭ ئۆلكىلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى چىن زېپىڭ، جۇڭگو فوتو سۈرەت سىرتتىن ئوقۇش شۆبىۋەندىن شياۋجىنجۇ ھەم مەملىكەت ئىچىدە خېلى تەسىرى بار ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق فوتو سۈرەتچىلەر بار.

ۋىلايەت بويىچە ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىجادىيەت پائالىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن ئاممىۋى سەنئەت سارىيى بىرلىشىپ فوتو سۈرەت ئىجادىيىتى «پەسىللىك مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزدى، تۆت قېتىملىق «پەسىللىك مۇسابىقە» دە جەمئىي 29 ئاپتورنىڭ 255 پارچە ئەسىرى كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، تۆت پارچىسى 1 – دەرىجىلىك، 10 پارچىسى 2 – دەرىجىلىك، 10 پارچىسى 3 – دەرىجىلىك باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق تۈنجى نۆۋەتلىك ياخشى ئاخبارات خەۋىرى مۇسابىقىسىدا ۋىلايىتىمىزدىن باۋدىنىڭ تارتقان «ۋاڭ ئىنماۋ قاتارلىق يولداشلار يەر تەۋرەش يۈز بەرگەن ئاپەت رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى» دېگەن تېمىدىكى فوتو سۈرىتى 3 – دەرىجىلىك باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

(باۋدى).

**[ئۇسسۇل]** 1986 – يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتى ۋە ئۇسسۇل ئورۇنلاش خىزمەتلىرىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

يىل بېشىدا، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە سەنئەت سىنىپىدىن 55 ئۇسسۇلچى (بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ)، ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلىمىت توختىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاپتونوم رايونىنىڭ چوڭ تىپتىكى ناخشا – ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ شادلىقى» نى ئىشلەش ۋە كىنو فىلىمىگە ئېلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. يولداش ئابلىمىت توختى رېژىسسورلار گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، «ئاۋات بازار» پەردىسىگە مەسئۇل رېژىسسور بولدى، ئۇنىڭ رېژىسسورلىقىدا «ئۆتەك ئۇسسۇلى»، «زىبۇ – زىننەت ئۇسسۇلى»، «ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ ئۇسسۇلى»، «قىزلارنىڭ رەخت تاللاش ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللار مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاندى. بۇ پەردە ئۇسسۇل تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، بەزىلىرى مۇكاپاتلاندى.

بۇ يىل، ۋىلايەت بويىچە ھەممە ئۇسسۇلچىلار «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئۇسسۇللىرى توپلىمى» نى رەتلەش ۋە يېزىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتتى. ئادەم تەشكىللەپ مەخسۇس تەكشۈرۈش، رەتلەش، تېما تاللاش، يېزىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. بىر يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلىدىغان «قەشقەر

سەنئىتى»، «دولان ئۇسسۇلى» رەتلىنىپ بولدى ھەمدە بۇ، ۋىلايەت بويىچە 30 دىن ئارتۇق تارىخىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى قاتناشقان مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇھاكىمە قىلىنىپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، نەشرىياتنىڭ نەشر قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى. بۇ خىزمەتكە ئاتىكەم زەمىر، خەيرىنسا تۆلەندى، ئەبەيدۇللا مەمەت، رابىيەم تۆمەر، ئابلەت ئابدۇللا قاتارلىق يولداشلار پائال تۆھپە قوشتى.

1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئاتىكەم زەمىر ئىچكى موڭغۇلدىكى كۆكخوتقا بېرىپ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئۇسسۇللىرى تەتقىقات ـ مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى ھەمدە ئىلمىي ماقالىسىنى يىغىندا ئوقۇدى، بۇنىڭغا كۆپچىلىكنىڭ دىققىتى قوزغالدى. ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا 100 نۇسخا تارقىتىلدى ۋە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئۇسسۇللىرى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىر ھەيئەتلىكىگە سايلاندى.

بۇ بىر يىلدا، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بىلەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى ئۇسسۇلچىلار ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، 85 ئۇسسۇل ئىجاد قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئىجاد قىلىپ ئورۇنلىغان «دۇمباق ئۇسسۇلى» دا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، تارىخىي تېما چوڭقۇر قېزىلدى، بۇنىڭدا دىنىي دەۋردىكى ئۇسسۇل شەكىللىرىدىن ئۈلگە ئېلىندى، تاڭ سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ ئەنئەنىسى گەۋدىلەندۈرۈلدى. باشقا ئۇسسۇل ئىجادىيەتلى-

رىدە، ھازىر شەھەر ۋە يېزىلاردا ئېلىنىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

( ئاتىكەم زەمىر ).

[ **مۇزىكا** ] 1986 يىل 2 ـ ئايدا، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «قەشقەر ساداسى» مۇزىكا يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ سەنئەت ئۆمىكىدىن 135 نەپەر ئارتىس يىغىنغا قاتنىشىپ نومۇر ئورۇنلىدى. مۇزىكا يىغىنىدا جەمئىي 109 پارچە يېڭى ئەسەر ئورۇنلاندى، بۇنىڭدىن 34 ئەسەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ۋە ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

5 ـ ئايدا، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن 17 نەپەر ئارتىس قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ساداسى» مۇزىكا يىغىنىغا قاتناشتى. مۇزىكا يىغىنىدا ئۇلارنىڭ ئالتە نومۇرى ئورۇنلاش مۇكاپاتى ۋە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە غۇنچەگۈل ئەكرەم ئۇدا ئۈچىنچى قېتىم 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

8 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن سەككىز نەپەر مۇزىكانت ۋە بىر نەپەر ناخشىچىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو شىنجاڭ مۇزىكىچىلار گۇرۇپپىسى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىدىن ۋەن ۋېنجۇ ۋە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرۇسۇل مەمەتەلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «جۇڭگو مىللىي مۇزىكا ئۆمىكى» دېگەن نام بىلەن تۇنىسقا بېرىپ 22 ـ نۆۋەتلىك جاتەيجى

خەلقئارا سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتى. ئويۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇلۇپ، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

9-ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مەملىكەتلىك ئۆسمۈر - باللار ئۈچۈن ناخشا توپلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. جەمئىي 100 پارچىدىن ئارتۇق ناخشا ۋە ناخشا تېكىستى ئەسەرلىرى توپلاندى. بۇنىڭدىن 20 پارچە ناخشا تېكىستى ۋە ئاھاڭى ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتىغا، تۆت ناخشا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتىغا، ئىككى ناخشا مەملىكەتنىڭ خاتىرىلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

(ليۇچىڭشىڭ).

**[كىنو فىلىم]** 1986-يىلى، ۋىلايەت بويىچە 12 ناھىيە (شەھەر) نىڭ كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش خىزمىتى باشقا مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىنىڭ رىقابىتىگە ئۇچراپ، تاماشىبىنلارنىڭ كىنوغا كىرىش نىسبىتى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى. ۋىلايەت بويىچە كىنو قويۇش ئورۇنلىرى ئازىيىپ 276 گە چۈشۈپ قالدى. بۇ ئەنگە ئېلىنغانلار سانىنىڭ 83 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، 340 ئورۇن ئاق قالدى. ھەر دەرىجىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش تارماقلىرى بۇخىل ئەھۋالغا قارىتا تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كىنو قويغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرىنى ئىشقا سالدى. شەھەر ئىچىدە، تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ كىنو فىلىمىنى ۋە قويۇش قېتىم سانىنى كۆپەيتىپ، تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىپ كىشىلەرنىڭ كىنوغا كىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتەردى؛ يېزىلاردا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى تارقاتقان ئۇقتۇرۇشنىڭ روھى پائال ئىزچىللاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن كىنو تارقىتىش - قويۇش خىزمىتى ياخشىلىنىپ بەزىلىرىدە تارقىتىش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىنىپ، بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 12-ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ۋىلايەت بويىچە 62 مىڭ 981 مەيدان كىنو قويۇلدى، تاماشىبىنلار 457 مىڭ 758 ئادەم قېتىمغا يەتتى، كىنودىن بولغان ئومۇمىي كىرىم 2 مىليون 777 مىڭ 638 يۈەنگە يەتتى؛ فىلىم تارقىتىشتىن بولغان كىرىم 1 مىليون 294 مىڭ 638 يۈەنگە يەتتى، ئاپتونوم رايوندىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن مەيدان-قېتىم كۆرسەتكۈچىنىڭ 108.6 پىرسەنتى، ئادەم-قېتىم كۆرسەتكۈچىنىڭ 94 پىرسەنتى، ئومۇمىي كىرىم كۆرسەتكۈچىنىڭ 129 پىرسەنتى، فىلىم تارقىتىش كىرىم كۆرسەتكۈچىنىڭ 143.8 پىرسەنتى ئورۇنلاندى. تاماشىبىنلارنىڭ ئادەم-قېتىم سانى ئالدىنقى يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 10% تۆۋەنلىگەن (ئادەم-قېتىمى 3 مىليون 700 مىڭ ئازلىغان) دىن باشقا، قالغان تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەردە 1985-يىللىق سەۋىيە ساقلىنىپ قېلىندى.

ۋىلايەتلىك كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 11-ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكە كىنو، سىنئالغۇ فىلىمى ۋە ئەدەبىي سەنئەت سىنئالغۇ فىلىملىرىنى تارقاتتى. ھەر قايسى ناھىيىلىك كىنو شىركىتىمۇ بۇ يېڭى كەسىپنى ئارقا-ئارقىدىن يولغا قويۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىنئالغۇ فىلىمى تارقىتىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى. كىنو سىنئالغۇ فىلىمى سىنئالغۇ بازىرىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇر-

مۇشىنى بېيىتىشتا، قانۇنسىز سىنئالغۇ فىلىملىرىنىڭ تارقىتىلىشىنى چەكلەشتە ۋە سىنئالغۇ بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1986 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق كىنو تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تېخنىكا دەرىجىسىنى باھالاش كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ۋىلايەتتە ئۇنۋان باھالاش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، كىنو مېخانىكلىرىنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش ۋە كىنو قويغۇچى خادىملارنىڭ تېخنىك دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ۋىلايىتىمىزدىكى 53 نەپەر كىنو تېخنىك تايانچىسىغا ۋە يەتتە نەپەر فىلىم تەكشۈرگۈچىگە مېخانىك ئۇنۋانى بېرىلدى. 2-، 3- دەرىجىلىك كىنو قويغۇچى خادىملارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى يىل ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. كىنو قويغۇچىلارنىڭ تېخنىكا دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ باھالاپ بېكىتىش ۋە سىناپ كۆرۈش خىزمىتى، كىنو قويغۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ۋە بۇ قوشۇننى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(يەن باۋخې).

**[تىياتىر]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تىياتىر ئىشلىرى تەرەققىيات داۋامىدا يېڭى يولغا سېلىنىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجە قولغا كەلدى.

تىياتىر ئىجادىيىتى ۋە تىياتىرنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەش خىزمىتى ياخشى تۇتۇلۇپ، تېمىسى يېڭى، سۈپىتى خېلى ياخشى بولغان تىياتىرلار قويۇلدى. ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى دراما ئەترىتىدىن باشقا، بەزى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى خېلى ياخشى تىياتىرلارنى قويدى.

1986 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە «ئارزۇلۇق بالا»، «باي بولۇش»، «لەيلىخاننىڭ كۈلكىسى»، «كېچىكىپ كەلگەن تەلەي»، «سودىگەرنىڭ ئوغلى» قاتارلىق 9 دراما ئىجاد قىلىنىپ قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا يەنە بەزى يېڭى ئەلنەغمە نومۇرلىرىمۇ قويۇلدى. بۇ تىياتىر، ئەلنەغمە نومۇرلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 370 مەيدان قويۇلدى، تاماشىبىنلار 400 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى. 1986 - يىل 12 - ئاينىڭ 6- كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك تۇنجى قېتىملىق دراما باھالاپ مۇكاپاتلاش كۆرىكى ئۆتكۈزدى. باھالاش ئارقىلىق، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان «ئارزۇلۇق بالا» يوپۇرغا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قويغان «لەيلىخاننىڭ كۈلكىسى»، يېڭىسار ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قويغان «سودىگەرنىڭ ئوغلى» قاتارلىق درامىلار مۇكاپاتلاندى. ئابدۇقادىر ھاجى، ئامانگۈل مەمەت، ئابلىز توختى، نۇرنىسا، مەريەمنىسا قاتارلىق ئارتىسلار 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. (ۋىلايەتلىك تىياتىرچىلار جەمئىيىتى تەييارلىق گۇرۇپپىسى).

**[قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى]** 1986 - يىل 11 - ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە قەشقەر مېھمانخانىسىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇش چوڭ يىغىنى ۋە تۇنجى قېتىملىق ئاممىۋى مەدەنىيەت

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

ھەر قايسى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر بولۇپ جەمئىي 40 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە مىللىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى. مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چۈيۈەنلياڭ ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، مەدەنىيەت باشقارمىسى ئاممىۋى مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەمەت ئابدۇللا مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

يىغىندا، ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىدىكى لى كەي، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇتەللىپ سېيىت، مەكىت ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇمىجىت ئاۋۇت، يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ئابدىقادىر داۋۇت، كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئىسمايىل ئىبراھىم، مەكىت ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدىن ئايشەم توختى، قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى قاۋۇل ساۋۇت قاتارلىق 9 كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇدى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر شۇنداق ھېسابلىدىكى، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئاممىۋى مەدەنىيەت نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشتە، ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە، ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى ئازسانلىق مىللەت مەخسۇس كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت، ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى جەھەتتە ئاق قالغان ئورۇن تولدۇرۇلدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى ـ ھەر مىللەت ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىلمىي خاراكتېرلىك ئاممىۋى تەشكىلاتى، بۇ ئىلمىي جەمئىيەت قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە جۇڭگو ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەر مىللەت ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىدە ياخشى بولۇش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە بەس ـ بەستە سايراش» دېگەن فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

يىغىن ئاخىرىدا، ۋەكىللەر 1987 ـ يىلى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئېلىپ بارىدىغان تەتقىقاتى ۋە يازىدىغان ئىلمىي ماقالىسىنىڭ تېمىلىرىنى مەلۇم قىلدى. يىغىن ـ 1987 ـ يىلىنىڭ تۆۋەنكى يېرىم يىلىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلارنى باھالاش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ

# قەدىمكى مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى

**[خانئۆي قەدىمكى شەھەر خارابىسى]** قەشقەرنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تەخمىنەن 30 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، خارابىنىڭ شەرقىي تەرىپى شامالدا يېمىرىلىپ كەتكەن توپىلىق ئېگىزلىك، شىمالىي تەرىپى قۇمالتاغ تىزمىسى، غەربىي تەرىپى بىپايان مۇنبەت يەرلەر، جەنۇبىي تەرىپى قەشقەر ۋىلايەتلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى 4- ئەترىتىنىڭ يېرى، قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە چاقماق دەرياسىنىڭ قەدىمكى ئېقىنى بولۇپ غەربىدىن شەرققە قاراپ كېسىپ ئۆتكەن، كەلكۈن پەسلىدە سۇ ئاقىدۇ. دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن 4-5 كىلومېتىر نېرىسىدىكى دۆڭلىكتە بۇرۇنلا تاشلىنىپ كەتكەن بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى بار بولۇپ مورا بۇددا مۇنارىسى دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى شەھەر سېرىق توپىلىق ئېگىزلىككە سېلىنغان. ھازىر شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئاران 65 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سېپىل ساقلىنىپ قالغان، قالدى ئۈچ تەرەپتىكى سېپىل پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ توپا دۆۋىلىرىنىڭ ئىزىلا قالغان. شەھەر سەل تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، چوڭلۇقى 92 × 97 مېتىر كېلىدۇ. شەرقىي تەرەپتىكى سېپىل خام خىش بىلەن سېلىنغان بولۇپ، تېگى كەڭلىكى ئالتە مېتىردىن 7.5 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، ئۈستى كەڭلىكى 3.8 مېتىر كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئات يۈزى شەكىللىك تەرسە ساقلىنىپ قالغان. شەھەر ئىچىدە روشەن بولغان مەدەنىيەت ئىزلىرى يوق، پەقەت توپا دۆڭ ۋە كوداڭلار قالغان. بىر ئۇزۇنچاق چوڭ ئازگال بولۇپ، 1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋاقتىدا دېھقانلار بىنام ئېچىش ئۈچۈن كولىغان. شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا چېچىلىپ تۇرغان ساپالنىڭ سۇنۇقلىرى ناھايىتى كۆپ، قارا ساپال بىلەن قىزغۇچ ساپال خىلى كۆپ، گۈللۈك ساپال ناھايىتى ئاز، قەدىمكى دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بەش كۆۋادىرا تېپ

---

مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلارنى تەقدىرلەپ مۇكاپاتلاشنى قارار قىلدى.

يىغىندا ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. چۈيۈەنلياڭ، مەمەت ئابدۇللا، ھېنىپە، جاڭلىمىڭ، پەن كېچىڭ، مۇتەللىپ سېيىت، ئابدىقادىر داۋۇت، قاۋۇل ساۋۇر، مۇزۇجىن، جاڭچيۇۋاڭ، جۇمە ئابدۇللا قاتارلىق 11 كىشى مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا سايلاندى. 1 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت يىغىنىدا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئىبىسا شاكىر پەخرىي مۇدىرىيەت باشلىقلىقىغا، چۈيۈەنلياڭ مۇدىرىيەت باشلىقلىقىغا، مەمەت ئابدۇللا مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا سايلاندى.

(ليۇفېڭلەي).

ئۇ كېلىدىغان داۋىردە ساپال سۇنۇقلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى چوڭ قۇملۇق ئىچىدىكى قۇمۇقسار قەدىمكى شەھەر خارابىسىغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسىيىلىك فىللوت قەدىمكى شەھەرنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. 1954 ـ يىلى خوۋاڭ ۋېنبى بۇ جايغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا يېشىل سىرلىق ساپال ئەينەك ۋە فار ـ فۇر سۇنۇقلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. ئوتتۇرىدا تۆشۈكى يوق داچەندىن بىرنى تېپىۋالغان. داچەننىڭ ئىككى يۈزىدە ئەرەبچە يېزىق بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا يەرلىك دېھقانلار بۇ يەردىن بىر دانە تىللا تېپىۋالغان. رىۋايەتتە بۇ تىللا ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەن دەسلەپكى دەۋردە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلگەن پۇلمىش، يەنە دېھقانلار توپا قازغاندا يەر ئاستىدىن كەييۈەن (يىلى) يامبۇسى، جەنجۇڭ (يىلى) يامبۇسى ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن قۇيۇلغان تۆشۈكسىز داچەن چىققان [ۋۇ بولۇننىڭ «شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش» تىن]. 1978 ـ، 1979 ـ، 1980 ـ، 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتى مۇزېيخانىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار ئادەم ئەۋەتىپ كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. تەكشۈرۈش جەريانىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يارماق، پارس كۆمۈچ پۇلى، كەييۈەن يامبۇسى، يۈەنفېڭ (يىلى) يامبۇسى قاتارلىق ھەر خىل قەدىمكى پۇللار ۋە كولرەڭ، قىزىل ساپال قاچىلارنىڭ پارچىسى تېپىلغان، ساپال پارچىلىرى قېلىن ھەم ئېغىر بولۇپ، تازا چىڭ پىشۇرۇلمىغان، سىز نەقىشلىرى ئاددىي.

بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ يىلى توغرىسىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن كېيىنكى خاتىرىلەردە ھەر خىل ئېيتىشلار بولغان. «شىنجاڭ خەرىتىسى مەمۇرىي ئاپپاراتلار تەزكىرىسى» دە، بۇ خارابىنى تاڭ دەۋرىدە قۇرۇلغان «سۇلى» شەھىرى دېيىلگەن. خوۋاڭ ۋېنبى ئەپەندىم بۇ خىل ئېيتىش توغرا ئەمەس، شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا ئېشەچېلىك بولىدۇ دەپ قارىغان. ئۇيغۇرچە كىتابلاردا بۇ شەھەر ھەققىدە ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن، بەزىلەرنىڭ تەرىپلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ جاينىڭ ئىسمى «خانئۆي» بولۇپ «خان سارىيى» قاراخانىيلار خاقانلىقىنىڭ پايتەختى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» گە قارىغاندا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن قاراخانىيلارنىڭ پادىشاھى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا ئۆتكەندىن كېيىن سىياسىي ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ خان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ يېمىرىپ تاشلىغان، يەنە مۇشۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان. يەنە «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى جۇغراپىيە تەزكىرىسى» نىڭ 32 ـ بابىدا: «دامەن شەھىرى ئارقىلىق 40 چاقىرىم ماڭغاندا سۇلى بازىرىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ......... شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدە قەشقەر شەھەر (خەنچىلىك) بار، بۇمۇ سايغا جايلاشقان». ـ دېيىلگەن. بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ۋە ئارىلىقى يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار بىلەن ئوخشايدۇ، يەنى بۇ شەھەر تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان، قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە

ساقلانغان بولۇپ، كېيىن دىنىي ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىنغان. 1957 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «خانتۆي» دېگەن نامى بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى دەپ نام بەردى.

(لى كەي).

**[ئەسكىھسار قەدىمكى شەھەر خارابىسى]** قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسمىدىكى ئەسكىھسار كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، مەنىسى «كونا قەلئە» دېگەنلىك بولىدۇ. خارابىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە تۈمەن دەرياسى بار، غەربىي تەرىپى قەشقەردىن يەكەنگە ماڭىدىغان قەدىمكى يول، شىمالىي تەرىپى قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە ئىككى كىلومېتىر كېلىدۇ، جەنۇبىي تەرىپىدە بىر كىچىك كەنت بار، كەنتنىڭ ئارقا تەرىپى بولسا قىزىل دەريا بىلەن تۈمەن دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان يېرى بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا تىنىپ كېتىپ ساھىلغا ئايلانغان. خارابىنىڭ كۆپ قىسمى زاۋۇت، ئىدارە، بېلىق مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ بولغان، جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق شىركىتى بېتون تاختاي زاۋۇتىنىڭ شەرقىي - شىمال تەرىپىدە 7 — 8 مېتىرغىچە سېپىل قالغان، ئېگىزلىكى 2 — 3 مېتىر. 1957 - يىلى خۇاڭ ۋىنبى قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرگەن چاغدا «شىمال تەرەپتىكى سېپىل بىلەن غەربىي تەرەپتىكى سېپىلدىن ئازراق ساقلىنىپ قالغان، ھەم ئىمارەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى باركەن» («تارىم ئويمانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» دىن). بۇ خارابىلار ھازىر پۈتۈنلەي قالمىدي. فىللوتىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرگىنىدىن قارىغاندا، بۇ شەھەردىكى شىمالىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 270 نەچچە مېتىر، غەربىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 نەچچە مېتىر، سېپىل ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى يەتتە مېتىر. شىمالىي سېپىلنىڭ سېلىنىشى غەربتىن جەنۇبقا 25 گىرادۇس يانتۇ كېلىدۇ. غەربىي سېپىل دەل جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىپ سېلىنغان. شۇڭا شەھەرنىڭ تەكشى يۈزى شوتا شەكلىگە ئوخشايدۇ. شىمالىي سېپىلنىڭ غەربىي تەرىپىدە ئىككى يوچۇق بار. بۇنىڭدىن بىر يوچۇقتا ئېرىق بولۇپ، شەھەر ئىچىگە تۇتاشتۇرۇلغان؛ جەنۇب تەرىپىدىكى بىر يوچۇقتا ئەينى ۋاقىتتىكى كىچىك يول بولۇپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا تۇتاشقان. شەھەرنىڭ سېپىل ئىچىدىكى ئىمارەتلىرى قالمىغان. لېكىن شىمالىي سېپىلنىڭ سىرتىدا سېپىلغا تۇتاش ئالتە بوشلۇق بولۇپ، بوشلۇق بىلەن بوشلۇق ئارىسىدا قېلىن تام سوقۇلغان. غەربىي سېپىلنىڭ سىرتىدىمۇ بوشلۇق بولۇپ، سېپىل بىلەن زىچ تۇتاشقان، ئارىلىقتا بىر قېلىن تام سوقۇلغان. تامنىڭ ئارىلىقلىرىدا بۇرۇن قويۇلغان تۈۋرۈكنىڭ ئىزلىرى قالغان. ئەڭ جەنۇب تەرىپىدە بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ، تۆت تېمى ساق قالغان، ئەمما باشقا تاملاردىن نېپىزرەك.

بۇ شەھەرنىڭ دەۋرى ۋە نامى ھازىرغا قەدەر تېخى ئېنىق ئەمەس. 1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ شەھەرنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلغاندا، شەھەرنىڭ دەۋرىنى «خەن سۇلالىسى دەۋرى» دەپ ئېلان قىلغان، ئەمما نېمىگە ئاساسلانغانلىقى مەلۇم ئەمەس. چىڭ دەۋرىدىكىلەر بۇ شەھەرنى شەرقىي خەن سۇلالىسىدا بەنچياۋ غەربىي دى-

يارنى باشقۇرغان ۋاقىتتا تۇرغان «پەنتىۇ شەھىرى» (盘橐城) دەپ قارىلغان. «پەنتۇ» «باتې» (巴特) بىلەن ئاھاڭداش. ئەگەرچىلىك دەۋرىدىكىلەرنىڭ قارىشى بويىچە بېكىتكەندە، بۇ شەھەر شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى سۇلې پادىشاھسى دۇتى (兜题) تۇرغان ئوردا شەھىرى بولغان بولىدۇ. دۇتى بەنچياۋ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇ شەھەر بەنچياۋنىڭ تۇرغان بازىسى بولغان. شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مىلادى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئەلەم كۆچىگە تايىنىپ قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان، بۇددا دىنىغا قەتئىي ئېتىقاد قىلىدىغان تاغىسى ئوغلىچاقنى ئۆلتۈرۈپ قەشقەردىكى بۇددا دىنى مۇرتلىرىنى بويسۇندۇرغان. كېيىن سۇتۇقنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى خوتەنگە ھۇجۇم قىلغان، خوتەندىكى بۇددا پادىشاھلىقى بۇددا قوشۇنلىرىنى تەشكىللەپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قەشقەرگە يېقىنلىشىپ، ئىسلام قوشۇنلىرى بىلەن ھەرە تارتىش ئۇرۇشى قىلغان. بۇددا قوشۇنىدا نوقتى رەشىت (ئىسلام دىنىنىڭ مۇرىتلىرى شۇنداق ئاتىغان، بۇ ئادەمنىڭ بۇددا دىنى ئىسمى ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن)، چوقتى رەشىت دېگەن ئىككى سەركەردىسى بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ ئىسلام قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. نوقتى رەشىت بىلەن چوقتى رەشىتلار خوتەن بۇددا قوشۇنىنىڭ باشلىقى خال خال ماچىن (شۇ چاغدىكى جاڭگالوخال ـ خالماچىن) نى قوغداپ بۇ شەھەردە ئاخىرغىچە تۇرغان. شۇڭا مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا خۇاڭ ۋېنبى قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرگەندە بۇ شەھەرنىڭ نوقتى رەشىت شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغانلىقى مەلۇم بولغان. بۇ شەھەرنىڭ ئورنى خارابىسى ۋە ھازىرقى زاماندا ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىنغان چاغدا يەر ئاستىدىن چىققان نۇرغۇن سۆڭەكلەر قاتارلىق ئەھۋاللاردىن قارىغاندا بۇ شەھەرنىڭ مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىكى بىر ھەربىي قەلئە ئىكەنلىكىگە، كېيىن دىنىي ئۇرۇش ۋەيران قىلىنغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ يىللىرىدا شۇسۇڭ بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا شەھەردە ئولتۇراقلىق ئادەم بارلىقىنى كۆرگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەستەيىن، فىللوتلار بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرگەن. 1954 ـ يىلى، يولداش ۋۇ بولۇن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرگەندە، «ئېگىزلىكى بىر گەز كېلىدىغان بىر قىسىم ساق قالغان سېپىل» نى كۆرگەن. («مەدەنىي يادىكارلىقلار ھەققىدە پايدىلىنىش ماتېرىيالى» نىڭ 1954 ـ يىل 10 ـ سانىدىن). 1954 ـ يىل 4 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ شەھەرنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلغان.

(لى كەي).

**[تاڭ دەۋرىدىكى يۇتۇ ئايمىقى قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورنى توققۇز ساراي]** تاڭ دەۋرىدىكى يۇتۇ ئايمىقى قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئىزى توققۇز ساراي مارالبېشى ناھىيە شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە 60 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىدا بۇ جاينىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار بۇ قەدىمكى شەھەر ئىچىدىكى بۇد-

خانىسىنىڭ ئىچىدە قەدكۆتۈرۈپ تۇرغان توققۇز ئۆي بارلىقىنى كۆرۈپ، توققۇز ساراي دەپ ئاتىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتۇنچىلار بۇ يەردە تاڭ دەۋرىدىكى كەييۈەن (يىللىرىدىكى) يارماق پۇلنى تېپىۋالغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇلار «تاڭ ۋاڭ چېڭ شەھىرى» (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەھەر) دەپمۇ ئاتىغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ جاي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىزى دەرۋازا تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمى (تۆمشۇق تېغى) دىكى تاغ ئېغىزىنىڭ شىمالىدىكى تاغنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان، ئىچكەركى شەھەر، تاشقارقى شەھەر، چوڭ تاشقارقى شەھەردىن ئىبارەت ئۈچ شەھەر سېپىلىنىڭ قالدۇق ئىزى بار. ئەسلىدە سېپىل توپا ۋە تاش بىلەن ياسالغان. كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ مېتىردىن بەش مېتىرغىچە كېلىدۇ. جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرىپىدە بىردىن ئىككى دەرۋازا بار. شەھەر خارابىسىنىڭ شەرقىي - شىمالىي تەرىپىدە تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا تاڭ ۋاڭ كەنتى بار. تاغ ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي تاغ بىلەن جەنۇبىي تاغدا بۇدخانىنىڭ كونا ئىزلىرى بار. بۇ تاغ ئېغىزى بولسا قەدىمكى يىپەك يولى ئۆتىدىغان بىر مۇھىم ئېغىز ئىدى.

ئېلىمىزدىكى ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ۋە شىنجاڭدىكى بەزى ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ خارابىسىنى تاڭ سۇلالىسىدىكى يۇتۇ ئايمىقى شەھىرى، يەنى سوغدىلارنىڭ جۇسىدې شەھىرى دەپ قارىغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي كىتابىدا «يۇتۇجۇ» (蔚头州)، «يۇتۇجۇ» (郁头州)، ياكى (德造州) دەپمۇ يېزىلغان. «جۇڭگو تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى» دىكى «غەربىي لياۋ، ئۇيغۇر، قاراخانىلار» خەرىتىسىدە بۇ جاينىڭ نامى «بارچۇق» دېيىلگەن. جەنۇبىي سۇڭ، جىن دەۋرىدىكى «غەربىي لياۋ خەرىتىسى» دىمۇ بارچۇق دېيىلگەن. «مارالبېشى ئايمىقى خەرىتىسى» دە بۇ جاينىڭ نامى «قەدىمكى يېڭ جۇ ئايمىقى شەھىرى» (古鹰造户) دېيىلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «بارچۇق ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر. ئۇ يەردە بۇقتۇناسارنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان» دېيىلگەن (ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 608 - بەتتىن). ئافراسىياپنىڭ ياشىغان دەۋرى گەرچە ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ كىتاب يازغان دەۋرى دەل غەربىي دىياردىكى قاراخانىلار دەۋرى بولۇپ، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ دەۋر سۈرگەن ۋاقتى مىلادى 840 — 1212 - يىللىرى، يەنى دۆلىتىمىزدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرىدىن تارتىپ بەش پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئون بەگلىك ۋە شىمالىي سۇڭ، لياۋ ۋە جەنۇبىي سۇڭ، جىن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانىنىڭ سابىق باشلىقى يولداش لى يۈچۈن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دېگەن: «مارالبېشى ناھىيەسىدىكى توققۇز سارايدىكى قەدىمكى ئىزنى سىناق تەرىقىسىدە كولاش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، بۇ يۇقىرىسى شىمالىي ۋېي دەۋرىدىن باشلانغان، تۆۋىنى شىمالىي سۇڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان،

يەنى مىلادى 4 ــ ئەسىردىن 12 ــ ئەسىر-
نىڭ باشلىرىغىچە تەخمىنەن 700 يىل چامىسى
بولغان قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىزى». يۇقىرىقى
تارىخىي ماتېرىيال بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ
يەنىلا بارچۇق شەھىرى ۋە يىڭجۇ ئايىمـ
قى شەھىرى ( 鹰州树 ) نىڭ خارابىسى
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندا بۇ قە-
دىمكى شەھەرلەر توغرىسىدا يېزىلغان مەش-
ھۇر ئەسەرلەر ئاز ئەمەس. «تاڭ سۇلالىسى
يېڭى تارىخى، جۇغراپىيە تەزكىرىسى »،
«شىنجاڭ خەرىتىلەر تەزكىرىسى »،
«مەمۇرىي ئاپپاراتلار تەزكىرىسى»، «جۇڭگو
تارىخىي خەرىتىلەر توپلىمى» ، «جۇڭگو
ئاسارە ــ ئەتىقىلەر لۇغىتى» ، « شىنجاڭ
ھەققىدە خاتىرىلەر» ، « سەپەرلەر ھەققىدە
خاتىرىلەر » ، « غەربىي دىيار خەرىتە
تەزكىرىسى » ، « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تا-
رىخى » ، «غەربىي دىيار ئارخېئولوگىيە-
سى توغرىسىدا»، «شىنجاڭنىڭ بوران-چاپ-
قۇنلۇق 70 يىلى» ، « تارىم ئويمانلىقىنى
ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش توغرىسىدا »،
« شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن چىققان مەدە-
نىي يادىكارلىقلار » ، « شىنجاڭدا ئارخې-
ئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان
30 يىل »، « يىپەك يولىدىكى مەدەنىي يا-
دىكارلىقلارنىڭ ئوغۇرلىنىپ كېتىشى»،«شىن-
جاڭنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆز-
گىرىشى ۋە يەرناملىرى ھەققىدە تەتقىقات»
قاتارلىق كىتابلاردا بۇ قەدىمكى شەھەر
ھەققىدە تەپسىلىي ياكى قىسقا يېزىلغان با-
يانلار بار.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، كاپىتا-
لىستىك دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇن تارىخشۇناس-
لىرى بۇ جايغا كېلىپ ، « ئارخېئولوگىيە-
لىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمىز» دېگەن نام
بىلەن نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى
قازغان ۋە ئوغۇرلاپ كەتكەن؛ گېرمانىيىلىك
لىكوك 1905 ــ يىلى كەلگەن ؛ فرانسىيىلىك
فىللوت ۋە ئەنگلىيىلىك سېتەيىن ئىلگىرى ــ
كېيىن بولۇپ، 1906 ــ يىلى كەلگەن؛ ياپو-
نىيىلىك داگۇگۇاڭرۇي 1903 ــ يىلى كەل-
گەن؛ روسىيىلىك مالوۋ 1915 ــ يىلى كەلگەن؛
شۋېتسىيىلىك سىۋېندىن 1928 ــ يىلىدىن
1930 ــ يىلى ئارىلىقىدا كەلگەن؛ سېتەيىن
يەنە 1913 ــ يىلى ئىككىنچى قېتىم كەلگەن.
ئۇلار كېلىپ نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىي
يادىكارلىقلارنى ئوغۇرلاپ كەتكەن. سېتە-
يىن ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە «مارالبېشى،
تۇرپان قاتارلىق بىر قانچە جايدىكى قە-
دىمكى خارابىلاردىن جەمئىي 128 ساندۇق
مەدەنىي يادىكارلىقنى ئوغۇرلاپ كەتكەن »
( « شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇ-
چە نەشرى 2 ــ قىسمىنىڭ 379 ــ بېتىدىن).
سىۋېندىن كۇچار، مارالبېشى ، تۇرپان،قا-
را شەھەر قاتارلىق جايلاردىن ئوغۇرلاپ
كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە
سانسكرىتچە يېزىقى، كۇچار يېزىقى ۋە ئۇي-
غۇرچە، موڭغۇلچە ، تۈركچە، توبوتچە يې-
زىقتىكى نۇرغۇن ھۆججەتلەر ۋە تامغۇلار بار،
تامغۇلار ئىچىدە مىس، كاھىش ، ۋە ھەقىق
بىلەن ئويۇلغان تامغۇ بار ( «شىنجاڭدى-
كى بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل خەنزۇچە
نەشرى2984 ــ بەتتىن). فىللوت توققۇز سا-
راي قەدىمكى خارابىسىدىن ئوغۇرلاپ كەت-
كەن مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە نۇرغۇن
جاتولو مەدەنىيىتى ( كۇسەن خاندانلىقى
دەۋرىدە گىرېتسىيە مەدەنىيىتى بىلەن شەرق
مەدەنىيىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىشلەنگەن
سەنئەت بويۇمى) ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەللەر
بار. بۇ ھازىرقى دۇنيادا ئىنتايىن ئاز
ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق بويۇم(«يىپەك يو-

لىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئوغۇرلانغانلىقى ھەققىدە» نىڭ خەنزۇچە نەشرى 106 ـ بەتتىن).

1929 ـ يىلى ئېلىمىزدىكى ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبىي بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، يەر ئاستىدىن لاي بىلەن ياسالغان بۇددىنىڭ بېشى، قەدىمكى ھىندى يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن ساقلىنىپ قالغان بىرشايى ۋە يارماق پۇل قاتارلىقلار چىققان («تارىم ئويمانلىقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ھەققىدە» خەنزۇچە نەشرى 5963 ـ بەت).

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بۇ جايغا كۆپ قېتىم كېلىپ قېزىپ تەكشۈردى. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا بۇ يەردىن چىققان 4000 دىن ئارتۇق مەدەنىي يادىكارلىق ساقلانماقتا («شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان 30 يىل» دىن).

يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» داۋامىدا بۇ جاينىڭ توپىسىنى يەرگە ئوغۇت قىلىپ قويغان. بۇ جاينىڭ توپىسى قۇۋۋەتلىك ئوغۇت ھېسابلىنىپ، دېھقانلار بۇ توپىنى «ھاسا توپا» دەپ ئاتىغان. «ھاسا توپا» كولاش جەريانىدا دېھقانلار نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تېپىۋالغان. كېيىن بۇنىڭدىن بىر قىسمى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىپ ساقلاپ قويۇلغان.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مارالبېشى توققۇز سارايدا يەر ئاستىدىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئارقىلىق شىمالىي سۇلالە دەۋرىدە قاتناش مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىچكىرىنىڭ بىر تۇتاش قانۇن تۈزۈمى ۋە نۇسخىسى بويىچە ئۆزى يارماق پۇل قۇيۇپ ئىشلىگەنلىكى ئىسپاتلاندى»، «توققۇز سارايدىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلار تاڭ سۇلالىسىدىكى شىنجاڭنىڭ سىنىپىي مۇناسىۋىتى ۋە ھەربىي ئىشلار ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشنى يېڭى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى؛ ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن دەسلەپكى دەۋرىنى تەتقىق قىلىشنى يېڭى ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى». بۇ ئابزاس سۆز ـ بۇ قەدىمكى شەھەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسى زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(لياڭ زۇۋېن).

**[ھېيتگاھ جامەسى]** قەشقەر شەھىرى ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپىدە سالتەنەت بىلەن قەدكۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك گۈزەل بىر ئىسلامىيەت مەسچىتى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «ھېيتگاھ جامەسى» دەپ ئاتايدۇ.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ دەرۋازىسى شەرققە، قىبلىسى غەربكە قارىتىپ سېلىنغان. «جامە»، «جەم بولۇپ جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە ھەر ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى «جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان» كۈن بولۇپ، دىنغا ئېتىقات قىلغۇچى ئەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىگە يېقىن بولغان مەسچىتكە بېرىپ ئەڭ ئىخلاس بىلەن جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ ۋە تىلاۋەت پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كۈن ئىسلام دىنىنىڭ ئۆرتلىرى جەم بولىدىغان كۈن

بولۇپ، «جۈمە» دەپ ئاتالغان. ھېيتگاھ جامەسى قەدىمكى قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى باشقا مەسچىتلەرنىڭكىدىن چوڭ. شۇڭا ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزى ئوقۇيدىغانلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ يەرگە كېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە تىلاۋەت قىلىدۇ، باشقا مەسچىتلەرگە كۆپ بارمايدۇ، بۇ ئادەت ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر مەسچىتنى «جامە» دەيدىغان بولغان، لېكىن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ رولى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ، چۈنكى قەشقەردىكى، ھەتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچىلار بۇ جامەنى چوڭ ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇن دەپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى دەپ قارايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ، بۇ جامەگە كېلىپ تاۋاپ قىلىشنى ياكى بىرەر قېتىم ناماز ئوقۇشنى ئىسلام دىنىغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۈمە كۈنىدىن باشقا كۈنلەردىمۇ نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بۇ يەردە ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. بەزىلەر ئىلتىجا قىلىدۇ، بەزىلەر قۇرئان ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىدۇ، بەزىلەر جىم ئولتۇرىدۇ، بولۇپمۇ «قۇربان ھېيت» ۋە «روزى ھېيت» تا ھېيت نامىزىغا كېلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، «ھېيت نامىزى» دىن كېيىن، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار جامەنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلىپ قەدىمكى «ساما» ئۇسسۇلى ئوينايدۇ، ساما ئۇسسۇلى ئوينايدىغانلار ئەڭ كۆپ بولغاندا مىڭغا يېتىدۇ، ئاز بولغاندىمۇ بىرنەچچە يۈز كىشىگە يېتىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىغاندا، جامەنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ئۆگزىدە ناغرا – سۇناي چېلىنىدۇ، باشقا ساز چېلىنمايدۇ، ناغرا – سۇناي بىلەن تەڭكەش قىلىنغان ئاھاڭلار ئىنتايىن قىزغىن ھەم ياڭراق بولۇپ، پۈتۈن قەشقەر شەھىرىگە ئاڭلىنىدۇ. ساما ئۇسسۇلىنى ئەرلەر ئوينايدۇ، ئاياللارنىڭ كۆرۈشىگىلا بولىدۇكى، مەيدانغا چۈشۈپ ئوينىشىغا بولمايدۇ. ئۇسسۇل جۇشقۇن، مەردانىلىق بىلەن ئوينىلىدۇ، ھەر ھېيتتا ئاز بولغاندا ئۈچ كۈن ئوينىلىدۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەندىن باشلاپ كەچكىچە ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. بەزىدە پۈتۈن كۈن ساما ئويناپ كەچتە قايتىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئورنى ئەسلىدە شەھەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىق ئىكەن، چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تارىم ئويمانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بەزى موغۇل «ئەمىرلىرى» (كىچىك ۋاڭلار) نىڭ جەسىتى مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان. ھىجرىيىنىڭ 864 – يىلى (مىلادىيە 1460 – يىلى) دىن بۇرۇن ۋە كېيىن، قەشقەرگە مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر «مىرزا» قىرائەت ۋە تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ قەبرىستانلىققا بىر كىچىك مەسچىت ياساتقۇزغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بۇ چاغدىكى ئەمەلدار مۇسۇلمان ۋە بايلار بۇ كىچىك مەسچىتنى داۋاملىق رېمونت قىلغان ۋە كېڭەيتىپ ياسىغان، بۇ كىچىك مەسچىت ئاخىرى كېڭەيتىلىپ چوڭ كۆلەمگە ئىگە مەسچىتكە ئايلانغان. يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە، 700 مودىن ئارتۇق ۋەخپى يەرگە ۋە باشقا مۈلۈككە ئىگە مەسچىتكە ئايلىنىپ، مەسچىتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى بارغانسېرى كۆتۈرۈلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرىدىن كېيىن، مەسچىت كېڭەيتىلىپ مەدرىس سېلىنغان. باشقا جايلاردىكى مەسچىتنىڭ ئىما-

لىرى بۇ مەدرىسكە كېلىپ ئوقۇيدىغان بولغان، بۇ چوڭ مەسچىتكە ئىمام بولغانلارنىڭ ھەممىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي رايونى بويىچە خېلى مەشھۇر بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئالىملىرى ياكى چوڭ ئۆلىمالىرى ئىدى. دىنىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ چوڭ جامە تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىي قىسمى بويىچە ئەڭ داڭلىق مەسچىت بولۇپ قالغان. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىسلام ئەللىرىدىمۇ بۇ مەسچىتنى چوڭ مەسچىتلەرنىڭ بىرى دەپ قارايدۇ. ھازىرقى ئىمارەتلىرى 19 – ئەسىرنىڭ 60 – يىللىرىدا ياسالغان بولۇپ، ئىمارەت قۇرۇلمىلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك دەرىجىسى ۋە مەسچىتكە ناماز ئوقۇغىلى كېلىدىغانلارنىڭ جىقلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن ئالغان ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ جامە ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنى مەسچىتلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 مىڭ 800 كۋادرات مېتىر. ئاساسلىق ئىمارەتلىرى چوڭ دەرۋازا، ئىچكىرىدىكى مەسچىت، تاشقىرىدىكى مەسچىت، خانىقا، ئىككى تەرەپتىكى ھوجرا، مۇستەھەپخانا قاتارلىق بىر نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، چوڭ دەرۋازا ئۈستىدىكى قۇرۇلۇش ھەممە قۇرۇلۇشلار ئىچىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك ئىمارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەرۋازىسى تۆت چاسا بولۇپ، دالانچىسى تەكچە شەكلىدە. دەرۋازىنىڭ ئۈستى گۈمبەز، گۈمبەزنىڭ ئاستى كۆپ بۇلۇڭ شەكىللىك كارىدور، كىشىلەر ئوتتۇرا ئىشىكتىن كىرىپ – چىقماي، كارىدورنىڭ ئىككى يان ئىشىكىدىن كىرىپ چىقىدۇ. جامە دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پەشتىقى خىش بىلەن ياسالغان ئېگىز تام، تامغا تەكچە چىقىرىلغان بولۇپ، زىننەتلەش رولىغا ئىگە. ئىككى ياندىكى تامنىڭ چېتىدە پەشتىقى خىش بىلەن ياسالغان 18 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۈۋرۈك شەكىللىك ئىككى مېھراپ مۇنارى بار. ھەر قېتىملىق ناماز ۋاقتىدا مەزىن مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەزان ئېيتىپ، مۇسۇلمانلارغا ناماز ۋاقتى بولغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. مۇنداق ئەزان ئېيتىش يىل داۋامىدا قىشمۇ – ياز ھەر كۈنى بەش ۋاخ ئېيتىلىدۇ. دەرۋازىغا رەسىم سىزىلغان. رەسىملەر ئارىلىقىغا ھۆسن خەت بىلەن ئەرەبچە ئايەتلەر يېزىلغان، ئىككى ياندىكى تام بىلەن ئەزان ئېيتىش مۇنارىنىڭ خىش چاكلىرى ئاق گەج بىلەن ئېتىلگەن بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى تېخىمۇ روشەنلەشكەن. ئەزان ئېيتىش مۇنارىنىڭ ئۈستىدە يەنە كىچىك مۇنار بولۇپ، ئاجايىپ شەكىللىك خىش بىلەن ياسالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە گەج بىلەن قاپارتما نەقىش ۋە ئۆتمە نەقىش ئىشلەنگەن، بوشلۇق بىلەن تەكشىلىك ئىنتايىن جايىدا ماسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كىشىگە سەنئەت تۇيغۇ بەخش قىلىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى گۈمبەز ئاق رەڭلىك يېرىم شارسىمان ئىمارەت بولۇپ، گۈمبەزنىڭ ئۈستىدىكى گەجنى ئۇيغۇر خەلقى بىر خىل پەۋقۇلئاددە ئۇسۇل بىلەن سۇۋىغان، ئۇ ئىنتايىن مۇستەھكەم، گۈمبەز ئۈستىدە بىر يۇمىلاق تۈۋرۈك شەكلىدىكى مۇنار بولۇپ ئۇنىڭ شەكلى ۋە زىننەتلىنىشى ئەزان ئېيتىش مۇنارى ئۈستىدىكى كىچىك مۇنارلارغا ئوخشايدۇ. بۇ يۇمىلاق تۈۋرۈك شەكلىدىكى ئۈچ كىچىك مۇنار بىر – بىرىگە ئىنتايىن ماس كەلگەن بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئۈستىدە ئىسلام دىنىغا سىمۋول بولغان ھىلال ئاي شەكلى بار. مۇنداق ئاجايىپ لايىھىلىنىش نەتىجىسىدە

جامەنىڭ دەرۋازىسى، ئەزان ئېيتىش مۇنارىسى، گۈمبەزلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان بىر پۈتۈن ئىمارەت گەۋدىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇلار بىر - بىرىنى تېخىمۇ ئېچىپ، ئېگىز - پەسلىكتە بەكمۇ ماسلىشىپ كەلگەن، كۆركەم، يارىشىملىق، مەيۋەتلىك، قۇرۇلۇش قۇرۇلمىلىرى ئۆز ئارا ماسلاشقان. بولۇپ، ئالاھىدە مەنزىرىگە ئىگە مەيدانغا جايلاشقان. كىشىلەر بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ناھايىتى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، قەدىمكى شەھەرنىڭ ھۆسنى - جامالىنى كامالەتكە يەتكۈزگەنلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ.

مەسچىت جامەنىڭ ئەڭ غەربىي تەرىپىگە سېلىنغان بولۇپ، ئىچكىرىكى مەسچىت، تاشقىرىقى مەسچىت ۋە خانىقا دېگەن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. تېگى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن سۇپا بولۇپ، سۇپىنىڭ ئۈستى پۈتۈنلەي ياغاچ بىلەن ياسالغان ئىمارەت بۇ ئىمارەت «凹» شەكلىدە بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا پۈختا جىپسىلاشتۇرۇپ سېلىنغان ئۇزۇنچاق ئىچكىرىكى مەسچىت بار، ئۇزۇنلۇقى 39 مېتىر، كەڭلىكى 13.5 مېتىر، ئالدى شەرق تەرەپكە قارىتىلغان بولۇپ ئۈچ ئىشىكى بار، لېكىن ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى ئىككى ئىشىكلار ئېچىلىدۇ. جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىدىكى ئىككى ئىشىكى بىلەن جەمئىي بەش ئىشىكى بار. غەربىي تەرەپتىكى تامدا بىر مېھراپ بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ناماز قىبلىسى. «قىبلە» دېگەن سۆز نامازنى «مەككە» گە قاراپ ئوقۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قەشقەر مەككىنىڭ شەرقىي، شىمال تەرىپىدىن 45 گىرادۇسقا توغرا كېلىدۇ، ئەمما مېھراپ غەربىدىن سەل شىمال تەرەپتىكى 25 گىرادۇسقا توغرا كېلىدۇ، مەككە قىبلىسىدىن خېلى يىراق. دىنىي ئەھمىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ قەدىمكى ئىسلام دىنچىلارنىڭ سەۋەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مېھراپنىڭ ئىچىدە ياغاچ بىلەن ياسالغان، چىرايلىق نەقىشلەنگەن خۇتبە مۇنبىرى بار، مۇنبەر ئۈچ پەللەمپەيلىك بولۇپ، ئۈستىگە خۇتبە تايىقى قويۇلغان. ھېيت نامىزى ۋە جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان ۋاقىتتا خەتىپ خۇتبە مۇنبىرىدە تۇرۇپ، قولىغا خۇتبە تايىقىنى ئېلىپ خۇتبە ئوقۇيدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتى بويىچە مەسچىتكە مۇنبەردىن باشقا ھېچقانداق نەرسە قويۇلمايدۇ، بۇنىڭدىن ئاللا پەقەت بىر دېگەن مەنە بىلدۈرۈلىدۇ. ئىچكىرىكى مەسچىتكە ئېسىل ھەم كۆركەم گىلەملەر سېلىنغان. ھەر قانداق كىشى ھەر قانداق ۋاقىتتا مەسچىتكە كىرىشتە بىرىدەك ئاياغ كىيىمىنى سېلىۋېتىپ كىرىدۇ.

ئىچكىرىكى مەسچىتنىڭ ئىككى تەرىپى پېشايۋانلىق تاشقىرىقى مەسچىت بولۇپ ئايۋان قوشۇلۇپ ئوڭدىن - سولغا بولغان ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 140 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر كېلىدۇ. پېشايۋاننىڭ يېپىلىشى جەگە بىلەن بىر - بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇلغان تۈز تورۇسلۇق قۇرۇلۇش بولۇپ، جەگىلىرى قاپارتما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، ئارىلىرىدا قەدىمكى رەڭلىك رەسىم نەقىشلەر بار. پۈتۈن تورۇسنى پۈتۈنلەي نەقىشلەنگەن تۈۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئارىلىقلىرىدا بۆلگۈچ تام يوق. تاشقىرىقى مەسچىتكە 158 تۈۋرۈك قويۇلغان. ھەر بىر تۈۋرۈك ئاددىي نەقىشلەنگەن ئورماندەك تىزىلىپ تۇرغان تۈۋرۈكلەر ئىچكىرىكى مەسچىت بىلەن تاشقىرىقى مەسچىتكە ھەيۋەتلىك سالاپەت كىرگۈزىدۇ. جامەنىڭ تۆت ئىشىكى بار، چوڭ دەرۋازىسىدىن باشقا، جەنۇب ۋە شىمالىي تەرىپىدە بىردىن ئىككى يان ئىشىكى بار. غەربىي تەرىپىدىكى قىبلى تامدا بىر كىچىك

ئارقا ئىشىكى بار. جامەنىڭ ھويلىسىدا تېرەك دەرەخلىرى تىكىلگەن، ئىككى تەرىپى ھوجرا، مۇستەھكەم پەشايۋانى ھويلىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان. جامەنىڭ سىرتىدا نۇرغۇن دۇكانلار بولۇپ، جامەنىڭ مۈلۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جامەنىڭ ئىمارەتلىرىگە تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا سېلىنغان باغ - ئورمانلىق بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكى قوبۇل قىلىنغان. ئۇ ھەم ئىسلام دىنىنىڭ جامەسى ھەم جىمجىت، سۈرۈن بولغان كىچىك باغ ھېسابلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار جامەدە ئىمجىمجىتلىق كەيپىياتىنى ساقلاپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشمايدۇ، شۇڭا ئۇ گەرچە شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قايناق بازارغا جايلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن جامەنىڭ ئىچى ھەمىشە سۈرلۈك ۋە جىم - جىت ھالەتتە تۇرىدۇ.

(لى كەي).

**[توققۇز ھوجرا]** توققۇز ھوجرا ئەسلىدە بۇددا ئۆڭكۈرى بولۇپ، يېقىنقى زاماندا خەنزۇلار ئۇنى «سەن شيەن دۇڭ» («ئۈچ پەرىشتە غارى») دەپ ئاتىۋالغان، ئۇيغۇرلار «توققۇز ھوجرا» دەپ ئاتايدۇ، ئىسىملاردا بۇددا ئۆڭكۈرى دېگەن مەنە پۈتۈنلەي يوقالغان. توققۇز ھوجرا قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىن سەل غەربىي تەرىپىگە 18 كىلومېتىر كېلىدىغان چاقماق دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى تاغنىڭ قاپ بېلىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ يېنىدا تاقۇت دېگەن بىر كەنت بار. توققۇز ھوجرا ئۈچ ئۆڭكۈر بولۇپ، تورىسى سوقا شەكلىدىكى گۈمبەز، ھەر بىرسى ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرىقى ئۆيگە بۆلۈنىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈۋرۈك يوق. لېكىن ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئارقا تېمىدا بىر تەكچە بار.

ئۆڭكۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، كەڭلىكى 3.8 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر. ئوتتۇرىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىدە تاش بىلەن ئويۇلغان بۇددىنىڭ تۆۋەن قىسمى ساقلىنىپ قالغان. ئوڭ تەرەپتىكى ئاھاك بىلەن ئاقلانغان تامدا ئەڭ بۇرۇنقى بۇدساتۋانىڭ رەسىمى بار. كېيىنكى دەۋرلەردە ئاقلانغان تامدا رەسىم يوق. لېكىن ساياھەت قىلىپ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يېزىپ قويغان خاتىرىسى بار. بۇلار مانجۇچە ۋە خەنزۇچە يېزىلغان، ئەڭ بۇرۇن يېزىلغىنى بولسا چەنلوڭ دەۋرىدىكى خاتىرە. خاتىرە يازغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى مانجۇ ۋە خەنزۇ ھەربىيلەر ۋە ئەمەلدارلار بولۇپ، يەنە جاچىڭ دەۋرىدىكى مانجۇ ۋە خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئىلتىجا قىلىپ يازغان خاتىرىلىرىمۇ بار. سول تامدا بىر تۆشۈك بولۇپ، سول تەرەپتىكى ئۆڭكۈرگە تۇتىشىدۇ، ئوڭ تامدا بىر تۆشۈك بولۇپ ئوڭ تەرەپتىكى ئۆڭكۈرگە تۇتىشىدۇ. سول تەرەپتىكى ئۆڭكۈرنىڭ تامدىكى سۇۋاقلىرى پۈتۈنلەي سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن. ئوڭ تەرەپتىكى ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرىدا تام رەسىمى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۈچ ئۆڭكۈر ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك ئۆڭكۈر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆڭكۈرنىڭ شەكلى ۋە ياسىلىشى باشقا ئۆڭكۈرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئارقا تام تەرەپتىكى سۇپىسى ساق قالغان، سۇپا ئۈستىدە بۇددىنى قويىدىغان «⊔» شەكىللىك ئۇزۇنچاق ئورا بار. تەكچىنىڭ ئوڭ تېمىدا تىك بۇد ۋە بۇد ساتۋانىڭ سىزىلغان رەسىمى بار، لېكىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن بولۇپ، رەسىمنىڭ ئىزىلا قالغان. سول تامنىڭ سۇۋاقلىرى سويۇلۇپ چۈشكەن بولۇپ، بۇد رەسىمنىڭ ئىزى قالغان. بۇ ئۆڭكۈرنىڭ تاشقىرىقى ئۆيىنىڭ ئوڭ تېمى ئالدى تېمى، ئىشىك بېشى ۋە

تورىسىدا تام رەسىمى بار، ئالدى تام بىلەن ئىشىك بېشىغا تىزىلىپ ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان 70 نەچچە بۇددىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. بۇددالارنىڭ بېشى پۈتۈنلەي كەكە بىلەن چانىۋېتىلگەن. تورىسىغا نىلۇپەرنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا نىلۇپەر چېچىكى، كۆل بەرگىسىگە ئۆرە بۇددىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. كۆل بەرگىلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى بوشلۇققا تىزىلىپ ئولتۇرغان بۇد، بۇددىنىڭ ئاستىدا راھىبلارنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقان ھالەتتىكى رەسىملىرى سىزىلغان. راھىبلار ئۈچىسىغا كاسايا ئارتىۋالغان. ئەكچىنىڭ ئارقا تېمىدا ۋە ئۆڭكۈرنىڭ ئوڭ تېمىدا تەسكەي ئىزى بار. بۇ ئارقىلىق بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەردە بۇد بارلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ھازىر قالمىغان. تام رەسىملىرى رەڭلىك رەسىم بولۇپ، سىزىقلىرى توم، رەڭلىرى ئاددىي، تەسكەيلىرى شارسىمان، ماھارەت ۋە ئۇسلۇبىي جەھەتتە تازا پىشىپ يېتىلمىگەن، تامدا جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ يازغان بېغىشلىمىلىرى بار.

تۇققۇز ھوجرا قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى بىردىن-بىر ساقلىنىپ قالغان بۇددا دىنى ئۆڭكۈرى. ئۆتكەندىكى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، نۇرغۇن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ياپونىيىنىڭ داگۇڭۋاڭرۇي ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئەترىتى گېرمانىيىنىڭ لىكوك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ۋە ئەنگلىيىلىك ستەيىن، فرانسىيىلىك پېللوتلار بۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ھازىر ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى ئۆڭكۈردە 1906- يىلى پېللوت، ۋېيۇس قاتارلىقلارنىڭ تامغا يېزىپ قويغان خاتىرىسى بار. ئوتتۇرىدىكى ئۆڭكۈردە چەت ئەللىك-
لەرنىڭ جاچىلىق يىلى توغرىسىدا تامغا يېزىلغان بېغىشلىمىنى كېسىپ كەتكەن ئىزى بار.
تۇققۇز ھوجرا بۇددا دىنى تام رەسىملىرىنىڭ سىزىلغان ۋاقتى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن پىكىر يوق. بەزىلەر بۇ رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبى باميياڭ بۇددا دىنى ئۆڭكۈرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، تېخنىكا ئۇسلۇبى قوپال ھەم ئاددىي، شۇڭا بۇ مىلادىيە 2-، 3- ئەسىردىكى ئەسەر دەپ ھېسابلىغان. لېكىن يەنە بەزىلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرىدىن كېيىن سىزىلغان رەسىم دەپ قارىغان.

ئەسكەرتىش: تۇققۇز ھوجرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر نەچچە كىچىك ئۆڭكۈر بولۇپ، ئىچىدە رەسىم ۋە بېغىشلىمىلار يوق. ھەممىسى بىر-بىرىگە ئۆتەشكەن. يېقىنقى زامان كىشىلىرىنىڭ كولىغىنىغا ئوخشىمايدۇ. كېيىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەسكەرتىپ قويۇلدى.

(لى كەي).

**[چوڭ تىم]** چوڭ تىم ئۇيغۇرچىدا «چوڭ پوتەي» دېگەن مەنىدە، چۈنكى ئەسلىدە بۇ خارابىدا ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتىر كېلىدىغان بىر پوتەي بولۇپ «چوڭ تىم» دەپ ئاتالغان.

«تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «چوڭ تىم- كۇچاردىن قەشقەرگە بارىدىغان قەدىمكى يول ئۈستىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ھەم «قونالغۇ»، ئورنى، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي ۋە كەلپىن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قۇملۇق ئىچىدە بولۇپ، مارالبېشى ناھىيە شەھىرىگە 80 نەچچە كىلومېتىر، شىمالىي تەرىپى كەلپىن تېغىغا 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي

# ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق

## [يول ئېچىپ ئالغا بېسىۋاتقان «قەشقەر گېزىتى»] «قەشقەر گېزىتى»

1961-يىلى 10-ئايدا ھەپتىدە ئۈچ سان چىقىرىشنى باشلىغاندىن بۇيان، 1986-يىلى ھەپتىدە ئالتە سان چىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن تۇنجى يىلى بولدى، شۇنداقلا قىيىنچىلىق ئەڭ كۆپ، خىزمەت ئەڭ ئالدىراش، نەتىجە ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغان بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىلدا يېڭى خادىملار كۆپرەك، كەسپىي ساپاسى تۆۋەنرەك، تايانچى كۈچلەر يېتىشمىگەن ئەھۋالدا، «قەشقەر گېزىتى» يىلبويىچە جەمئىي 302 سان ئۇيغۇرچە گېزىت چىقىرىپ، تارقىتىش مىقدارىنى 6 مىليون 950 مىڭ 441 نۇسخىغا يەتكۈزدى؛ يىلبويى 306 سان خەنزۇچە گېزىت چىقىرىپ، تارقىتىش مىقدارىنى 3 مىليون 127 مىڭ 916 نۇسخىغا يەتكۈزدى، ھەددەبەت تاپشۇرۇش ۋە نەشىردىن چىقىرىش ۋاقتىنى بۇرۇنقىدىن ئىلگىرى سۈردى.

بۇ بىر يىلدا، «قەشقەر گېزىتى» «ئىسلاھ قىلىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەتنى، ۋىلايىتىمىزنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، ھەر ساھە ھەر كەسىپتىكى ئىلغار شەخسىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشتا ئاكتىپلىق بىلەن

---

تەرىپىدىن يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بوستانلىقتا جايلاشقان شەھەرلەرگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. شەرقىي شىمال تەرىپىدە بىر چىغىر يول بولۇپ ئاۋات ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ. بۇ خارابە قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە بىنا قىلىنغان چاسا شەكىللىك كىچىك شەھەر بولۇپ، شەھەرنىڭ سېپىللىرى قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن، پەقەت شەھەرنىڭ شەرقىي بۇلۇڭىدا تىك تۇرغان بىر پوتەي بولۇپ، چوڭ قۇملۇقتا ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ 10 نەچچە كىلومېتىر دائىرىدىكى ئەھۋالنى بايقىغىلى بولىدۇ. شەھەر ئەتراپى خارابىزارلىق بولۇپ، ساپال بىلەن ياسالغان ھەرخىل تۇرمۇش بويۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، سەنئەت بويۇملىرى، بۇددا دىنىغا ئالاقىدار بولغان قاچىلارنىڭ سۇنۇقلىرى ۋە تاڭ سۇلالىسىدىكى يارماق، كۈچارنىڭ تىيىنلىرى تېپىلىدۇ. قەدىمكى قورغانلار بىر-بىرىگە تۇتىشىپ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن. پوتەينىڭ ئۈلى توپا بىلەن قاڭدالغان، ئۈستى خام خىش بىلەن چاسا شەكىلدە ياساپ چىقىلغان، ئۇنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، شىمالىي «يىپەك يولى» دىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى بولغان.

(لى كەي).

ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى، گېزىت
خىزمىتىدە تۆۋەندىكىچە يول ئېچىپ ئىلگى-
رىلەش خاراكتېرلىك ئىزدىنىشلەر ئېلىپ
بېرىلدى:

1. تەشۋىقاتتا تەشەببۇسكار بولالما-
لىقنى تەشەببۇسكار بولۇشقا ئۆزگەرتىش، پى-
لانسىز تەشۋىقاتنى پىلانلىق تەشۋىقاتقا
ئۆزگەرتىش، ئادەتتىكىچە خەۋەر قىلىشنى
ئاساس قىلىشنى تېمىلىك خەۋەر قىلىشنى ئا-
ساس قىلىشقا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئۈچ-
نى ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەھەت-
تە ئىلگىرىلەش بولدى. مەسىلەن: قەشقەر
ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنى
ئاچقان ۋە يەرلىك سانائەت، يېزا – بازار-
لار كارخانا مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى ئۆت-
كۈزگەندە، گېزىتخانا تەشەببۇسكارلىق بى-
لەن مۇخبىرلارنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىپ،
ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ بۇرۇلۇش ھاسىل قى-
لىش، يەرلىك سانائەت ۋە يېزا – بازارلار
كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇ-
رۇش ئەھۋالى ۋە تەجرىبىلىرىنى تۆت بەت
ئاجرىتىپ ئومۇميۈزلۈك خەۋەر قىلدى، شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە يېڭى مەھسۇلاتلارنى تونۇش-
تۇردى. 1986 – يىلى 5 – ئايدا، قەشقەر
ۋىلايەتلىك پوسكام ناھىيىسىگە مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھى-
يە دەپ نام بېرىش يىغىنى ئاچتى. يى-
غىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن، گېزىت-
خانا مۇخبىرلار گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، تې-
مىلىك خەۋەر يېزىشقا ئۇيۇشتۇردى، يىغىن
ئارىلىقىدا بەش بەت ئاجرىتىپ پوسكام نا-
ھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر
قىسقا ھېكايىلەرنى باستى، ئىككى بېتىگە سۈ-
رەتلىك خەۋەرلەرنى بېسىپ تارقاتتى. يەنە
ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك پارتىيە،
ھۆكۈمەتتىكى رەھبەرلەرنىڭ قىلغان سۆز-
لىرىنى ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى، باش ما-
قالە قاتارلىق ماقالىلەرنى باستى. قىلىن-
غان خەۋەرلەرنىڭ كۆلىمى، داغدۇغىسى،
چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك دەرىجىسى يېقىنقى
بىر نەچچە يىلدىكىدىن ئازتۇپچىرىغانىدى. تەھ-
رىر يەنە يەرلىكتە يېڭىدىن مەيدانغا چىققان
چوڭ ئىشلارنى ئىگىلەپ، پىلانلىق ۋە داۋام-
لىق ھالدا تېمىلىك خەۋەر قىلىشنى ئېلىپ بې-
رىپ، خەۋەرنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتتى، تې-
ما ئىدىيىۋىلىكىنى چوڭقۇرلاشتۇردى،
شەخسىيلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا يەرلىك-
تە مەيدانغا كەلگەن كەۋدىلىك ئىشلارنى
مەركەزلىك، نۇقتىلىق ئۇدا خەۋەر قىلدى.
مۇشتەرىلارنىڭ ئالغان تەسىراتىدىن قارىغان-
دا، يەككە – يېگانە ھالدا بېرىلگەن بىر-
ئىككى پارچە يىغىن خەۋىرى، رەھبەرلەر-
نىڭ سۆزلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ خەۋەر-
لەر چۇڭقۇر ۋە مەزمۇنلۇق بولغان. مەسىلەن:
ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى بېيجىڭ پو-
يىز ئەترىتى دوكلات بېرىش ئۆمىكىنىڭ
قەشقەرگە كېلىپ دوكلات بەرگەنلىكى، پو-
سكام نېفىت-خىمىيە زاۋۇت قۇرۇلۇشىغا ئىش
باشلانغانلىقى، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قەش-
قەر شەھىرىدە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىك-
تە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبى-
لىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچقانلىقى،
ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلىگەنلىكى
ھەمدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى ۋە
3– قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە
ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى توغرىسى-
دىكى خەۋەرلەر كەڭ مۇشتەرىلارنىڭ ياخشى
باھاسىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن ناھايىتى ياخ-
شى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، ئۇ
ناھايىتى زور تەربىيە بېرىش ۋە ئىلھام-
لاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

2. مەخسۇس بەت، مەخسۇس سىتونلار كۆپەيتىلىپ، خەۋەر قىلىش ساھەسى ۋە دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، مۇشتەرىلەرنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلدى. خەنزۇچە گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى «قەشقەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا» ۋە «قەشقەر دېرىزىسى» قاتارلىق سىتونىنى داۋاملىق ياخشى چىقىرىشتىن باشقا، يەنە «قەشقەر مۇنبىرى» ۋە «كوچىلاردىكى پاراڭ» قاتارلىق كىچىك سىتونىنىمۇ ياخشى چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، سىياسىي-ئىدىيىۋى ساھەلەردىكى مۇلاھىزىلەر بېرىلدى. ماقالە سىغىمچانلىقى كۆپەيتىلىپ، بەت شەكلى جانلاندۇرۇلۇپ كەڭ مۇشتەرىلەر جەلپ قىلىندى. 2-بەتتە ئىقتىسادىي ئاخبارات ئاساس قىلىنىپ، «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سېپى»، «تېخنىكا كارىدورى»، «تەربىيە ۋە تۇرمۇش»، «ئۇچۇر»، «مۇشتەرىلەردىن كەلگەن خەت»، «ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇرمۇشى» قاتارلىق مەخسۇس بەت ۋە مەخسۇس سىتون چىقىرىلدى. ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ پىكىر، تەلەپ ۋە سادasını تېخىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، پارتىيە گېزىتىنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش، گېزىتنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى «مۇشتەرىلاردىن كەلگەن خەت» سىتونى كۆپەيتىلىپ ھەپتىدە بىر سان مەخسۇس بەت چىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى، ھەر سانغا سىغدۇرىدىغان ماقالىلەر ئىلگىرىكىدىن ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەك كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن گېزىت ئامما بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مەخسۇس بەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. جەمئىي 13 قەرەلىك مەخسۇس بەت ۋە 70 مەخسۇس سىتون بار. 1986-يىلى جەمئىي 276 مەخسۇس بەت، 883 مەخسۇس سىتون چىقىرىلدى. بۇ مەخسۇس بەت ۋە مەخسۇس سىتونلار كۆركەم ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن ئىشلەندى، مەسىلەن: «يېڭى مۇنەر-سەنئەت ۋە يېڭى تېخنىكا»، «قانۇن مۇنبىرى»، «پەن ۋە تۇرمۇش»، «گۈزەل دىيار»، «مەدەنىي تۇرمۇش» قاتارلىق مەخسۇس سىتونلار مۇشتەرىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقاتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يەنە 10 مەخسۇس بەت ۋە 12 مەخسۇس سىتون ئىشلەندى. ئازسانلىق مىللەت رايونىدا «ئازسانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق، خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق» تىن ئىبارەت ئىككى ئايرىلماسلىق ئىدىيىسى كەۋدىلىك تەشۋىق قىلىندى.

3. گېزىتخانا مۇشتەرىلاردىن كەلگەن خەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ھال-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلار بىلەن ئالاقە باغلاش خىزمىتىنى ياخشىلىدى. خەنزۇ تەھرىر بۆلۈم ئاممىۋى خىزمەت گورۇپپىسى ئامما ئىنكاس قىلغان زور مەسىلىلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ۋە ئاممىدىن كەلگەن خەتلەرنى گېزىتتە ئاشكارە ئېلان قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاپ، مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇيغۇر، خەنزۇ تەھرىر بۆلۈم ئاممىۋى خىزمەت گورۇپپىسى توساق قۇرۇپ يول توسۇش، مەكتەپلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىگىلىۋېلىش، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاش، جامائەت ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلدى. تەنقىد قىلىنغۇچى پاسسىپ ئورۇندىن تە-

شەبىۋسكارلىق ئورۇنغا ئۆتتى، بۇنىڭ بىلەن تەنقىد ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىلىپ گېزىتنىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم ئاممىۋى خىزمەت كۆرۈپپىسىدىكى يولداشلار ئاساسىي قاتلاملارغا ۋە ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار قوشۇنىنى تەرتىپكە سالدى ۋە تولۇقلىدى. بەش ناھىيىدە ئىختىيارىي مۇخبىرلار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، ئاخبارات كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. پاكىت جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەر ۋە باشقىلارنىڭ ماقالىسىنى كۆچۈرۈۋېلىش قىلمىشلىرى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى؛ مۇناسىۋەتلىك تەھرىر خادىملىرىنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈشىمۇ گېزىتتە ئوچۇق ئېلان قىلىندى. نەتىجىدە پارتىيە گېزىتىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە جارى قىلدۇرۇلدى.

4. خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمى گېزىتنى بۇرۇنقىدەك نوقۇل ھالدا ئىچكى قىسىمدىلا باھالايدىغان ئۇسۇلنى ئىسلاھ قىلىپ، تەھرىر بۆلۈمىدىن ئىبارەت كىچىك دائىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، ھەر كۈنى گېزىتنى سىرتقا چاپلاپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پىكىر بېرىپ، نۇقسان تېپىپ، تەكلىپ بېرىشىگە قويدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ گېزىتنى ياخشى چىقىرىشقا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچىيىپ، گېزىتنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

5. ئاخباراتچىلارغا پائال تۈردە كەسپىي جەھەتتىن كۆيۈنۈپ ۋە ئۇلارنى يېتىشتۈرۈپ، بىلىم ئەھلىگە ۋە كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش جەھەتتە خۇشاللىنارلىق بىر قەدەم بېسىلدى. گېزىتخانا بەزى يولداشلارنى جۇڭگو خەلق داشۆسى جەنۇبىي شىنجاڭ ئاخبارات سىنىپى ۋە ئېلېكتىر دىيە داشۆسى، رادىئو سىنەن داشۆسى، چوڭلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتتى، بۇنىڭ بىلەن تەھرىر، مۇخبىرلارنىڭ تەبىئىي پەن ئاساسىي بىلىمى ۋە ئاخبارات كەسپىي بىلىمى، يېزىقچىلىق سەۋىيىسى، ئەمەلىي خىزمەت ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

6. نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تىرىشچانلار مۇكاپاتلىنىپ، ھورۇنلار جازالىنىپ، ھەر بىر كىشىنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى، خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچەيتىلدى. يېڭى تېخنىكا قوللىنىپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، تىرىشچانلىق ۋە ئىقتىساتچىللىق بىلەن زاۋۇت باشقۇرۇلۇپ، كىرىم كۆپەيتىلىپ، چىقىم تېجىلىپ، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ تېجەلدى. خام ماتېرىياللارنىڭ باھاسى ئۆسكەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلگەن، مالىيەنىڭ كەمچىل بولغان ئەھۋالدا، 1986 - يىللىق پايدا كۆرسەتكۈچى 75% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتى بىلەن مەتبەئەچىلەر جەمئىيىتى ئاچقان 1986 - يىللىق شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ گېزىت تەھرىرلەش، گېزىت تىزىش ۋە بېسىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ئۇيغۇرچە «قەشقەر گېزىتى» تەھرىرلەش ۋە تىزىشتا بىرىنچىلىككە ۋە بېسىش سۈپىتى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. شىنجاڭ ئاخباراتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى ئاچقان 1986 - يىللىق ياخشى ئاخبارات خەۋەرلىرىنى باھالاش يىغىنىدا، «قەشقەر گېزىتى» ئوبزورچىسىنىڭ «دېمە شۇ زامانىنى

ئىسسىق - سوغۇق، زوق بىلەن قەدىمكى شەھەرنىڭ قىيابىتىگە باق» دېگەن ماقالىسى ياخشى مۇلاھىزە قاتارىدا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «ئۇلارنى چۈشىنىڭ!»، «دوپپا دۇنياسى» نىڭ سېھرى كۈچى» دېگەن ئىككى ماقالە ئاخبارات خەۋەرلىرى بويىچە 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

(دىلق گۇڭشەن).

## [قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى]

1986 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىسى 155 نەپەر بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19 نەپەر كۆپەيدى، (داشۆنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئون نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە، كادىر 55 نەپەر، ئىشچى 100 نەپەر.

بىر يىلدىن بۇيان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى ئاممىغا يۈزلەندۈرۈش، يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بىر يىل داۋامىدا جەمئىي 7 مىليون 220 مىڭ خەتلىك 58 خىل كىتاب نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر ئاپتورلارنىڭ ئىجاد قىلغان داڭلىق ئەسىرى 37 خىل. نەشر قىلىنغان كىتابلار ئىچىدە، «يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا دائىر ئاساسىي بىلىملەر»، «دېھقانچىلىق دورىلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىش بىلىملىرى ھەققىدە سوئال - جاۋاب»، «ئىشلەپچىقىرىش مەسلىھەتچىسى»، «دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇقنى ئىشلىتىش ۋە ساقلاش ھەققىدە»، «ئەنجۈر» قاتارلىق يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تۈردىكى كىتاب 15 خىل؛ «ئاددىي پەلسەپە ئوقۇشلۇقى»، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ماتارىپ تارىخى»، «بالىلار ماتارىپى ھەققىدە» قاتارلىق سىياسىي ماتارىپ تۈردىكى كىتاب 10 خىل؛ ئەدەبىيات - سەنئەت تۈردىكى كىتاب 12 خىل؛ تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان كىتاب 21 خىل، بۇنىڭ ئىچىدە پەن - تېخنىكا تۈردىكىسى 15 خىل؛ باشقا تۈردىكىسى ئالتە خىل.

يىل داۋامىدا بېسىپ چىقىرىلغان كىتاب 50 خىل بولۇپ، بۇنىڭدىن يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 280 مىڭ يۈەن. 1986 - يىلى سەككىز فورماتلىق تىك بويلۇق بېسىش ماشىنىسى، ئاپتوماتىك ئىككى فورماتلىق بېسىش ماشىنىسى، پاراشوكسىز چىر سىتىش ماشىنىسى، ئاپتوماتىك يىپ تورلاش ماشىنىسى، ئىككى فورماتلىق ئاپتوماتىك تۈز پەللىلىك بېسىش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدى.

1986 - يىلى، دۆلەتتىن نەشرىياتقا زىياننى قاپلاش ئۈچۈن 750 مىڭ يۈەن ياردەم پۇل بېرىلدى. ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاساسىي قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېزلىشىپ 1548 كۋادرات مېتىرلىق بىنا سېلىش قۇرۇلۇشى 10 - ئايدا رەسمىي باشلىنىپ، شۇ يىلى 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ھەمدە نەشرىياتنىڭ ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچىگە تايىنىپ، 1000 كۋادرات مېتىرلىق سېمونت يول ياسالدى.

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986- يىلىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «شەرق شامىلى» ماركىلىق ئاپتوبوستىن بىرنى، «132» تىپلىق ئاپتوموبىلدىن بىرنى، ئىككى توننىلىق پارقازاندىن بىرنى سېتىۋالدى. ھەمدە بالىلار يەسلىسى قۇرۇپ، دۇش قاتارلىق

پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنى ياساپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قولايلىق يارىتىپ بەردى.
(ئوسمانجان، ئابلەي ئابدۇزاھىر).

**[قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۆت جايدا سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى قوبۇل قىلىش ئىستانسىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى]** 1985 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى قوبۇل قىلىش ئىستانسىسى قۇراشتۇرۇلۇپ پۈتكۈزۈلگەندىن كېيىن، پوسكام كۆيباغ سىنئالغۇ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ 1986 - يىلى 5 - ئايدا، مارالبېشى ناھىيىلىك سىنئالغۇ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ 1986 - يىلى 7 - ئايدا، يەكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە تاشقورغان سىنئالغۇ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ 1986 - يىلى 8 - ئايدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى قوبۇل قىلىش ئىستانسىسى قۇرۇپ چىقىلدى. بۇنىڭدىن تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ يەر ئۈستى قوبۇل قىلىش ئىستانسىسى ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات مەبلىغىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن مەخسۇس پۇل بىلەن قۇرۇلدى. بۇ تۆت سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى قوبۇل قىلىش ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ناھىيىلەردىكى تېلېۋىزور تاماشىبىنلىرى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا كۆرەلەيدىغان بولدى، تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىنىڭ ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى.
(ۋاڭ شېچۈك).

**[قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسى خەنزۇچە ئاڭلىتىشنى باشلىدى]**
قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسى 1985 - يىلى 6 - ئايدا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشنى رەسمىي باشلىغاندىن كېيىن، 1986 - يىلى 10 - ئايدا خەنزۇچە ئاڭلىتىشنىمۇ رەسمىي باشلىدى، ھەر كۈنى ئەتىگەن، چۈش ۋە كەچتە بولۇپ ئۈچ قېتىمدا جەمئىي ئالتە سائەت ئاڭلىتىدۇ.

قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئادەم يېتىشمەسلىك، ئۈسكۈنىلەر ئاددىي بولغان ئەھۋالدا، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، رادىئو پروگراممىلىرىنى جانلىق، تېتىك قىلىپ ئىشلىدى، ھەر كۈنى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلەر پروگراممىسىنى ئاڭلاتقاندىن باشقا، يەنە «قەشقەر خەۋەرلىرى»، «ياشلار دوستى»، «پەن - تېخنىكا كۆزنىكى»، «قەدىمكى شەھەرنىڭ يېڭى قىياپىتى»، «قەشقەر مەنزىرىلىرى»، «قانۇن - تۈزۈم باغچىسى»، «سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» قاتارلىق مۇلازىمەت سىتون پروگراممىلىرىنى ۋە مول مەزمۇنلۇق مۇزىكا، ئەلنەغمە، تىياتىر، ئەدەبىيات پروگراممىلىرىنى ئۆزى ئىشلەپ ئاڭلاتتى.

قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خەنزۇچە ئاڭلىتىدىغان چاستوتىسى 648 كىلوگېرس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىشلەپ ئاڭلاتقان خەنزۇچە پروگراممىلىرى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.
(ۋاڭ شېچۈك).

**[يەكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى]** 1986 - يىلى 6- ئايدا، ھەر-

كىزىي رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى(1986) 551 - نومۇرلۇق ھۆججەت چىقىرىپ، شىنجاڭ يەكەن ناھىيىسىدە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇشقا قوشۇلدى. نامى يەكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دەپ بېكىتىلدى. بۇ — قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى قۇرۇلغان ناھىيە دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى.

يەكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى ئۇلاپ تارقىتىش، ھەمدە ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ يەرلىك خەۋەرلەر ۋە بەزى مەخسۇس تېمىلىق پروگراممىلارنى ئىشلەپ تارقىتىشتىن ئىبارەت.

يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يەكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئادەم يېتىشمەسلىك، مەبلەغ كەمچىل بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى تۈگىتىپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى تارقىتىشتىن باشقا، يەنە «يەكەن خەۋەرلىرى» نى ئىشلەپ تارقاتتى، ھەمدە بەزى مەخسۇس پروگراممىلارنى ئىشلىدى.

(ۋاڭ شېچۈڭ).

## [قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى يەرلىك پروگرامما ئىشلىدى]

1986 - يىلى قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى يەرلىك پروگرامما ئىشلەشتە، يەرلىك خەۋەرلەرنى ياخشى ئىشلەشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەرت - شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋالدا، بەزى خەۋەر خاراكتېرلىك مەخسۇس تېمىلىق پروگراممىلارنى ئىشلىدى.

بۇ يىل، قەشقەر خەۋىرىنى 1985 - يىلدىكى قەرەلسىز ۋە ۋاقتى مۇقىم بولمىغان ھالدا ئىشلەشنى قەرەللىك ۋە ۋاقتى مۇقىم بولغان ھالدا ئىشلەشكە، ھەپتىدە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا ئون مىنۇتلۇق قىلىپ ئىشلەپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى تىل بويىچە ھەر ھەپتىنىڭ 2 -، 4 -، 6 - كۈنى تارقاتتى. ئىككى تىل بويىچە ۋاقتىنى قوشقاندا، قەشقەر خەۋىرىنىڭ ھەر ھەپتىلىك تارقىتىلغان ۋاقتى 60 مىنۇت، يىللىق تارقىتىلغان ۋاقتى جەمئىي 3100 مىنۇت، سائەتكە سۇندۇرغاندا 52 سائەت بولدى. قەشقەر خەۋەرلىرىنىڭ ھەر قېتىمدا تارقىتىلغان خەۋىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەتتە تۈرلۈك خەۋەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىزچە ئاڭلىتىلغان خەۋەر ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. يىلدا تارقىتىلغىنى 2184 تۈرلۈك خەۋەر بولۇپ، ھەممىسى رەڭلىك قىلىپ ئىشلەنگەن سىنئالغۇ فىلىمى بولدى.

قەشقەر خەۋەرلىرىدە قەشقەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلىرى جەھەتتىكى خەۋەرلىرى ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر قىلىنغاندىن باشقا، ۋىلايەت تەۋەسىدە يۈز بەرگەن مۇھىم خەۋەرلىك ۋەقەلەر نۇقتىلىق ۋە سىستېمىلىق ھالدا خەۋەر قىلىندى. مەسىلەن: پوسكام نېفىت-خىمىيە سانائەت-زاۋۇت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىش باشلانغانلىقى، پوسكام ناھىيىسىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە دەپ نام بېرىلگەنلىكى، ئاپتونوم رايوننىڭ قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت (ئوبلاست) نى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش خىزمەت يىغىنىنى

ئاچقانلىقى، ۋەن لى مۇئاۋىن زۇڭلىنىڭ قەشقەرنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرگەنلىكى ۋە لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ قەشقەردە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئاچقانلىقى گەۋدىلىك ھالدا خەۋەر قىلىندى.

قەشقەر خەۋەرلىرىنى قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۆزى تارقاتقاندىن باشقا، بەزىلىرىنى تاللاپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. 1986 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ يىل ئاخىرىغىچە ئەۋەتىپ بېرىلگەن قەشقەر خەۋەرلىرىدىن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قوبۇل قىلىپ تارقاتقىنى 22 تۈرلۈك خەۋەر بولدى. مەزكۇر ئىستانسىنىڭ مۇخبىرى مۇرات ئوبۇلقاسىم ئىشلىگەن «جۇڭگو - پاكىستان تاش يولىنى كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى» دېگەن خەۋەرنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلەتكەندىن باشقا، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بۇ خەۋەرنى ئىشلەتتى. بۇ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قەشقەر ئىستانسىسىنىڭ خەۋىرىدىن قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن بىرىنچى خەۋەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى يەرلىك خەۋەرلەرنى ياخشى ئىشلەشكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، ۋىلايەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىلىرىگە ماسلىشىپ، خەۋەر خاراكتېرلىك مەخسۇس تېمىلىق خەۋەرلەرنى ئىشلىدى. بۇلار ئىچىدە: پوسكام ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «زەرەپشان دەرياسىدىنمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت»، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «يېپەك يولىدىكى مەرۋايىتقا يېڭى ھۆسن قوشۇلدى» ۋە «ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلىگەن ئائىلە»، «ئانار كۆل يېزىسىنىڭ ئىجتىمائىي كارخانىلىرى راۋاجلانماقتا»، «رەھبىرىي كادىرنىڭ ئىزى»، «قائىدىسىگە خىلاپ بولغان مەسىلىلەر ھەققىدە»، «جاڭگالدىكى پەۋقۇلئاددە مەكتەپ» قاتارلىقلار بار. بۇلار ئىچىدە «زەرەپشان دەرياسىدىنمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت»، «ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلىگەن ئائىلە» قاتارلىق مەخسۇس خەۋەرلەرنىڭ تەشۋىقات ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ تارقىتىلدى؛ «يېپەك يولىدىكى مەرۋايىتقا يېڭى ھۆسن قوشۇلدى» ناملىق مەخسۇس خەۋەر لەنجۇ ھەربىي رايونى ئاچقان ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ياخشى باھاغا ئېرىشتى ھەمدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى بىلەن بىرلىكتە «ئوخشاش بىر باغچىدا» ناملىق ئۆسمۈر - باللار سەنئەت پروگراممىسىنى ئىشلىدى.

قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى يەنە قەرەللىك ۋە قەرەلسىز پروگراممىلارنى ئالدىن ئېلان قىلىپ، تاماشىبىنلارغا شۇ كۈنلۈك، ئەتىلىك ۋە كېلەر ھەپتىلىك پروگراممىلارنى ئالدىن ئېلان قىلدى. يىل داۋامىدا ئىشلەپ ئالدىن ئېلان قىلغان پروگراممىسى جەمئىي 417 تۈر،

2700 مىنۇتلۇق؛ يەكشەنبە كۈنىدىن باشقا ھەر ھەپتىدە ئالتە قېتىم ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەردى. يىل داۋامىدا جەمئىي 312 مىنۇتلۇق ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بەردى.

(چىلىق شىلىق).

## [قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شىنجاڭ بويىچە مۇكاپاتلانغان رادىئو تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى]

1986 - يىلى، ئاپتونوم رايونى شىنجاڭ بويىچە 5 - نۆۋەتلىك رادىئو پىروگراممىلىرى، 1 - نۆۋەتلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى ۋە ياخشى ئاخبارات خەۋەرلىرىنى باھالاش ئېلىپ باردى. باھالاش ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بەش پارچە رادىئو ئەسىرى، ئىككى پارچە تېلېۋىزىيە ئەسىرى مۇكاپاتلاندى. مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى شىنجاڭ بويىچە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى ئۈچ پارچە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى ئۈچ پارچە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر پارچە.

بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

1 . قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن شىلىق جياڭيەن يازغان مەخسۇس ماقالىسى «چۈمبەلنى ئېلىۋەتكەن ئۇيغۇر ئاياللىرى»؛

2 . يەكەن ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى يازغان ئۇيغۇرچە ئوبزور «ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنايلى»؛

3 . قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن مۇرات ئوبۇلقاسىم ئىشلىگەن خەۋەر «يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەن رايوندىكى قىزچاق نۇرنىگۇل داۋالىنىپ ساقىيىپ قايتىپ كەلدى».

ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:

1 . يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن ۋۇ نەنشياڭ يازغان خەۋەر «12 ياشلىق داۋاز مۇكاپاتقا ئېرىشتى»؛

2 . قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن ھەمەت سايىت قاتارلىقلار يازغان خەۋەر «قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە 20 خىلدىن ئارتۇق كان بايلىقى تېپىلدى»؛

3 . مەكىت ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن مەخەت مەخمۇت تەھرىرلىگەن ئۇيغۇر ئۈسمۈر - بالىلار پروگراممىسى «رادىئو فىلىمىيە تۈن: سوتلانغان تىماق».

ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەر:

قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن جەن ۋەنجۈڭ رېژىسسورلۇق قىلغان، مۇرات ئوبۇلقاسىم سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلىگەن، تېلېۋىزىيە مەخسۇس تېمىلىق فىلىمى «چوڭقۇر مۇھەببەت».

(چىلىق شىلىق).

## [قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئالتە نەپەر دوكتور ئاپتونوم رايوننىڭ «بۇلبۇل لوڭقىسى» مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى]

1986 - يىلى، ئاپتونوم رايونى ئۆتكۈزگەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئاگىلمىتىش بويىچە «بۇلبۇل لوڭقىسى» مۇكاپاتى مۇسابىقىسىدا، قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئالتە نەپەر دوكتور مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپاتلانغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى

ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى ئۈچ نەپەر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى ئىككى نەپەر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى بىر نەپەر.

بۇ قېتىمقى دىكتورلارنى باھالاپ مۇكاپاتلاش خىزمىتى 1986 - يىلى 4 - ئايدىن باشلىنىپ، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاخىرلاشتى. مۇسابىقىگە قاتناشقان دىكتورلار بەلگىلىمە بويىچە ماقالىنى ئوقۇپ ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىپ، ھەمدە ماقالە تەييارلاشتىكى تەسىراتلىرىنى يېزىپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق باھالاش كومىتېتىدىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىغا ئەۋەتتى. ۋىلايىتىمىزدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن دىكتورلار:

1. قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن لياڭ شياۋ (لياڭ يىڭفىڭ، ئايال)؛

2. پەيزاۋات ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئۈزىلىدىن خۇدابەردى (ئۇيغۇر)؛

3. قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ھەلىمە (ئايال).

2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن دىكتورلار:

1. مەكىت ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئۈزىلىدىن مەخەت؛

2. مەكىت ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئۈزىلىدىن راخمانجان

3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن دىكتور:

قاغىلىق ناھىيىلىك رادىئو ئۈزىلىدىن ھېزىم.

(چېڭ شىڭ).

## [ۋىلايەت بويىچە 6 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر رادىئو پروگراممىلىرى سېلىشتۇرۇپ باھالاندى]

ۋىلايەتلىك رادىئو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى رادىئو تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1986 - يىلى 11 - ئايدا، قەشقەر شەھىرىدە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 6 - نۆۋەتلىك نادىر رادىئو پروگراممىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ باردى. ناھىيە، شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى، رادىئو ئۈزەللىرى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تىملىسىدىكى پروگراممىلىرىدىن جەمئىي 128 يۈرۈش، 275 پارچە ماقالىنى تاللاپ ۋىلايەتكە ئەۋەتىپ بەردى. باھالاشقا قاتناشقان يولداشلارنىڭ 74 پارچە ئەسىرى تەكشۈرۈپ ئاڭلاش، باھالاپ بېكىتىشتىن ئۆتۈپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قاغىلىق ناھىيىلىك رادىئو ئۈزىلىنىڭ «ناھىيىمىز تەۋەسىدە 20 نەچچە خىل كان بايلىقى تېپىلدى» (ئۇيغۇرچە) ماۋزۇلۇق خەۋىرى ۋە قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «قەشقەردىكى تۆت چوڭ سودا سارىيىغا قىلىنغان زىيارەت» (خەنزۇچە) خەۋىرى پەۋقۇلئاددە ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. پوسكام ناھىيىلىك رادىئو ئۈزىلىنىڭ «مەھسۇلاتنى يالغان مەلۇم قىلىشتەك ناچار ئىستىلنى تۈزىتىش لازىم» (ئۇيغۇرچە) خەۋىرى ۋە قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى كۆزدە تۇتۇش لازىم» (خەنزۇچە) ئوبزورى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كونىشەھەر ناھىيىلىك رادىئو ئۈزىلىنىڭ «ھەقىقىي نامىغا ئىگە باغۋەن» (ئۇيغۇرچە) خەۋىرى ۋە پوسكام ناھىيىلىك رادىئو ئۈزىلىنىڭ «يەكەن دەرياسىدىكى چوڭقۇر مۇھەببەت» (خەنزۇچە) ماقالىسى مەخسۇس ئاخبارات خەۋەرلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

پەيزاۋات ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلى بىلەن قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئاخبارات بىرلەشمە پىروگراممىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەكىت ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىنىڭ «سىلوس ياساش بىلىملىرى» (ئۇيغۇرچە) ماقالىسى، پەيزاۋات ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىنىڭ «باي بولۇشتىكى ئۈچ چوڭ قەدەم» (خەنزۇچە) ماقالىسى يېزىلارغا قارىتا ئاڭلىتىش بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەكىت ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىنىڭ «سوتلانغان تىماق» (ئۇيغۇرچە) ماقالىسى ۋە كونىشەھەر ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىنىڭ «خەنزۇ چوڭ ئانام مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمنى خاتىرىلىدى» (خەنزۇچە) ماقالىسى ئۆسمۈر باللار پىروگراممىسى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەكىت ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىنىڭ «ئۇن ساتقاندا كەسمە چۆپ قوشۇپ سېتىشتەك قىلمىشنى تۈزىتىش توغرىسىدا» (ئۇيغۇرچە)، «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى يەنىمۇ چۈشىنىش لازىم» (خەنزۇچە) ماقالىسى ئاڭلىغۇچىلار خەت ساندۇقى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى باھالاشتا، رادىئو تەشۋىقات خىزمىتىگە ئىزچىل يوسۇندا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسى (خەنزۇچە) ۋە پەيزاۋات ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلى (ئۇيغۇرچە) رادىئو تەشۋىقاتى بويىچە ئىلغار ئىستانسا (ئۇزەل) بولۇپ باھالىنىپ، لەۋھە تەقدىم قىلىندى.

(ۋاڭ شىجۇڭ).

**[ۋىلايەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك دىكتورلارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ بېرىلدى]** ناھىيە (شەھەر) لەردىكى دىكتورلارنىڭ ئاڭلىتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى 1986 - يىل 7 - ئايدا ۋىلايەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئاڭلىتىش بويىچە «بۇلبۇل لوڭقىسى مۇكاپاتى» مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ناھىيە (شەھەر) لىك رادىئو ئىستانسىلىرى، رادىئو ئۇزەللىرى ۋە قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇر، خەنزۇ دىكتورلىرىدىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كىشى مۇسابىقىغا قاتناشتى. سېلىشتۇرۇپ باھالاش مۇسابىقىغا قاتناشقانلار بىلەن بىرلىكتە ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىدىن ئاڭلاپ نەق مەيداندا نومۇر قويۇش چارىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. ئۈچ كۈنلۈك سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن لياڭ شياۋ خەنزۇچە ئاڭلىتىشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، پەيزاۋات ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىدىن خۇدابەردى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن مىڭ يۈي، يەكەن ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىدىن ليۇ چۈنشا، كونىشەھەر ناھىيىلىك رادىئو ئۇزىلىدىن خۇاڭ لىلىلەر خەنزۇچە ئاڭلىتىشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قەشقەر شەھەرلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن ئىمىپالەم، قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ھەلىمە، مەكىت ناھىيىلىك رادىئو ئىستانسىسىدىن مەخەتلەر ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشتا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىغا قاتنىشىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قىسمەن دىكتورلار ۋىلايەتلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ تونۇشتۇرۇپ بېرىشى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونى ئۆتكۈزگەن ئاڭلىتىش بو-

بىچە «بۇلبۇل لوڭقىسى» مۇكاپاتى مۇسابىقىسىغا قاتناشتى.

(ۋاڭ شىچۈڭ).

[شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ كىتاب تارقىتىش خىزمىتى] 1986-يىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسى قارمىقىدىكى 12 كىتابخانا خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خېلى ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

1986-يىلى، كىتابلارنىڭ باھاسى ئۆسۈپ، نەشىردىن چىقىش ۋاقتى كېچىككەنلىكى، ئىدارە-جەمئىيەتلەرنىڭ كىتاب سېتىۋېلىش راسخوتى قىسقارتىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، كىتابخانىلاردا كىتاب سېتىلىش مىقدارى بىر مەھەل تۆۋەنلەپ، ئامبار قالدۇقى كۆپىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بانكىدىن بېرىلىدىغان قەرز پۇل قىسقارتىلغانلىقتىن، كىتابخانىلارنىڭ مەبلىغى قىس بولۇشتەك قىيىنچىلىقى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. كىتاب بازىرىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە كىتابخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاجىز ھالقىلىرى ئاشكارىلاندى. كىتابخانىلار بۇ خىل پاسسىپ ۋەزىيەتنى تېزدىن ئوڭشاش ئۈچۈن، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئېڭىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى، كارخانا باشقۇرۇش جەھەتتە تاشقى قىسىمدىن ئىچكى قىسىمغا يۈزلىنىپ، مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى پەيدىنپەي يولغا قويدى. كەسپىي خىزمەت جەھەتتە بازارغا ماسلىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئايلاندۇردى، يەنە كىتاب خىللىرى ۋە سانىنى تەڭشەش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمەت قىلىش، سەييارە كىتاب سېتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سېتىلىش مىقدارىنى ئاشۇردى، ئامبار قالدۇقىنى تۆۋەنلەتتى. ئۇقتۇرۇشلۇق تارقىتىش خىزمىتىدە، دەرسلىك كىتاب سېتىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتقاندىن باشقا، يەنە كادىرلار ئۈچۈن نەزەرىيە ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ماتېرىياللار قاتارلىق كىتابلارنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. بۇنىڭ بىلەن كىتابلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى يەنە ئۆرلىدى. 1986-يىلى كىتابلارنىڭ سېتىلىش مىقدارى 1985-يىلىدىكىدىن 10.6% كۆپىيىپ، سېتىلىش سوممىسى 3 مىليون 267 مىڭ يۈەنگە يەتتى، پايدىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 212% ئېشىپ، 93 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، كونىشەھەر، پوسكام شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ 1986-يىللىق سېتىلىش مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 50.2% ۋە 28% كۆپەيدى، ئامبار قالدۇقى 19% ۋە 23% تۆۋەنلىدى.

1986-يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىنىڭ كىتاب سېتىلىش مىقدارى بىلەن پايدىسى گەرچە تەڭ ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن 1986-يىللىق ئامبار قالدۇقى 1985-يىلىدىكىدىن 17.6% كۆپىيىپ، بىر مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئايرىم كىتابخانىلارنىڭ زىيىنىمۇ كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى كىتاب تارقىتىش خىزمىتىگە پايدىسىز بولغان ئامىللار كۆپەيدى. بۇنىڭدىن باشقا كارخانىلارنىڭ سۈپىتى تۆۋەن، ئۆز ئۆزىنى يېڭىلاش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇشتەك مەسىلىلەر ئاشكارىلىنىپ، گەۋدىلىك زىددىيەتلەرگە ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى كىتابخانىلارنىڭ ئالدىدا قويۇلغان ۋەزىپە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالـ

# سەھىيە، تەنتەربىيە

## سەھىيە

**[سەھىيە خىزمىتى توغرىسىدا بايان]**

1986- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى سەھىيە ئاپپاراتلىرى 1985- يىلىدىكى 404 تىن كۆپىيىپ 406 گە يەتتى. ۋىلايەتتىكى كېسەل كارىۋىتى 1985- يىلىدىكى 8128 دىن ئازىيىپ 7769 غا چۈشتى. يېزا- بازار دوختۇرخانىلىرىدا ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشۈش، كېسەل كارىۋىتىنى ئازايتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 397 كارىۋات ئازايدى، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا بىر ئاز كۆپەيدى. تېببىي تېخنىك خادىملار ئۆتكەن يىلدىكى 6687 كىشىدىن كۆپىيىپ 6799 كىشىگە يەتتى، شەھەرلەردە 128 كىشى كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە يېزىلاردا كەنت ساقلىقنى ساقلاش پونكىتىدىن 1848 ى، يېزا دوختۇرلىرىدىن 694 كىشى، ساقلىقنى ساقلاش خادىمىدىن 1649 كىشى، ئاكۇشېرلاردىن 1109 كىشى، يەككە سەييارە دوختۇرلاردىن 185 كىشى بار.

1986- يىلى يىل بېشىدا ئالدى بىلەن ھەر تۈرلۈك سەھىيە خىزمەتلىرى ھەققىدە پەرمان خاراكتېرلىك پىلان ۋە ئىسلاھات تەرەپلەردىكى يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانلار چۈشۈرۈلۈپ، سەھىيە خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. بىر يىلدىن بۇيان، سەھىيە خىزمىتىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قائىدىسىدە ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇرۇپ، ھەر تۈرلۈك تېخنىكا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى تۇرغۇزۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، راسخوتتا ياردەم بېرىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلدى، داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، يەككە دوختۇرلارنىڭ تىجارەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى ۋە ياردەم بېرىلدى، سەييارە داۋالاش خىزمىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى.

بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتلىرىدا خىلمۇخىل ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ئومۇميۈزلۈك تۇرغۇزۇلدى. نۆۋەتتە، ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك

---

دا ھەر خىل ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، شۇنداق قىلىپ كىتابخانىلارنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا تېخىمۇ زور رول ئوينايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

(جاڭ جىڭچۈەن)

داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ھەر خىل تېخنىكا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى ئورنىتىلدى: «ئومۇمىيۈزلۈك باھالاش، نومۇر بېسىپ مۇكاپاتلاش»، «ئارقا سەپ كۆتۈرە تۈزۈمى»، «يۈز نومۇر بويىچە ئىمتىھان ئېلىپ باھالاش» قاتارلىق تۈزۈملەر كۆپ ساندىكى يېزا (بازار) لىق ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ۋىلايەتلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى تارماقلار بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمىتىدىكى ئەلا، ناچارلارنى باھالاپ بېكىتىشتە، سانغا ئاساسلانماي باشقۇرۇشتىن سان بېكىتىپ باشقۇرۇشقا ئۆتۈپ، باشقۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا سۈپەتنى كونترول قىلىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش تەرىپىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. يىل ئاخىرىدا بۇ دوختۇرخانىدا كېسەل تارىخىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 1985-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىنىڭ دەسلەپىدە سۈپەتنى بېكىتىپ كۆرسەتكۈچنى كونترول قىلغان ۋاقىتتىكى 15 پىرسەنتتىن ھازىرقى 82 پىرسەنتكە ئۆرلىدى، ئوتتۇرىچە نومۇرى 89.5كە يەتتى. قەشقەر شەھەرلىك ۋە يەكەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىلار ئۆتكەن يىلقى سىناق قىلىپ باشقۇرۇش ئاساسىدا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچە كېسەللەرنى كۈتۈشنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سىرىقبۇيا بازىرى، قەشقەر شەھىرىنىڭ شامالباغ يېزىسى ۋە باشقا بىر قىسىم ناھىيىلەردىكى يېزا دوختۇرخانىلىرى ئىقتىسادىي كۆتۈرە، ۋەزىپىنى بېكىتىش، خىزمەت كۆرسەتكۈچىنى بېكىتىش قاتارلىقلارنى يولغا قويۇپ، سەھىيە خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئىككىنچى، دوختۇرخانا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۆز لىنىيىسىنىڭ ئالاقە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى.

ۋىلايىتىمىزدىكى بىر قىسىم دوختۇرخانىلار يېڭى يول ئىزدەپ، توغرا لىنىيىلىك ئالاقىنى تەرەققىي قىلدۇردى. قەشقەر شەھەرلىك دوختۇرخانا بىلەن يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە دوختۇرخانىسى بۇ ئىككى دوختۇرخانىنى بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش نىزامى ۋە كېلىشىمى تۈزۈپ، 1986-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ دوختۇرخانىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، دوختۇرخانىغا «دوستلۇق دوختۇرخانىسى» دەپ نام بەردى. دوختۇرخانا بىرلىشىپ باشقۇرۇلغاندىن كېيىن، بۆلۈم، ئىشخانىلار ئەسلىدىكى 11دىن 21 گە كۆپەيتىلدى، كېسەلكارىۋىتى 120 دىن 186گە كۆپەيتىلدى ھەمدە داۋالاش، پەن تەتقىقات تەرەپلەردە باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەر قايتىدىن تۇرغۇزۇلدى ھەمدە 27 تۈرلۈك يېڭى ئوپېراتسىيە ۋە 22 تۈرلۈك يېڭى كەسىپ يولغا قويۇلدى. يىل بويىچە دوختۇرخانىدا ياتقانلار 2000 ئادەم-قېتىمغا، ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرسەتكەنلەر 50 مىڭ ئادەم-قېتىمغا، يىللىق كىرىمى 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ۋىلايەتلىك تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى 1985-يىلدىن بۇيان يېڭىسار، پوسكام ناھىيىلىك دوختۇرخانا، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت دوختۇرخانىسى بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەككە تۈر ۋە كۆپ خىل تۈرلەر بويىچە تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى تۈزدى. بۇ خىل بىرلەشمە داۋالاش گەۋدىلىرى ئاساسىي قاتلاملارنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە ياردەم

قەشقەر ۋىلايەتلىك دورا
تەكشۈرۈش ئورنىدىكى خىزمەتـ
چىلەر چەتئەلنىڭ تەركىبىي ئۈسـ
تىدە لابوراتورىيىلىك ئانالىز
ئېلىپ بارماقتا.

لىيۇ شياگجۇن فوتوسى





قەشقەردىكى [illegible] خادىملار كوچىلاردا ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ كېسەللىرىنى كۆرۈپ [illegible].

كو يېشىلاك فوتوسى

بالىلىق چاغلاردىكى قىزىقىش.


شى يېلك فوتوسى





قەشقەر ۋىلايەتلىك دورا شىركىتىدىكى ئام-
بىرى دورىلارنى پەخەستلىك بىلەن ساقلاشقا ئەھمىيەت
بېرىدۇ. سۈرەتتە ئامبارچى دورىلارنى تەك-
شۈرمەكتە.

شى يېڭ فوتوسى




↑ پوسكام ناھىيەلىك دوختۇرخانىسىدىكى دورا ياساش
بۆلۈمىدىكى خىزمەتچىلەر دورىلارنى تەكشۈر-
مەكتە.
گو يەنشەڭ فوتوسى




چەرماشقان رەڭلىك لېنتا.

شى يېڭ فوتوسى

قەشقەر شەھەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمىدىكى تەكشۈرۈش
خادىملىرى كولبېرۋاڭلىق ئازوتلىق ئۇلاچەمنى تەكشۈرمەكتە. لىۋ شىڭجۈن فوتوسى



قەشقەر ئوغلاق تارتىش كوماندىسى ئاپتو-
نوم رايونلۇق مۇسابىقىدا.
جاۋ جۇئشەن فوتوسى



بېرىپ ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى چىڭىتىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى [illegible]رى سۈردى.

198[illegible] - يىلى، ۋىلايەتتە باش دوختۇرلاردىن يۇقىرى دەرىجىلىك تىببىي خادىملاردىن تەشكىل قىلىنغان تېخنىكا جەھەتتىن تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى مارالبېشى قاتارلىق بەش ناھىيىنىڭ دوختۇرخانىلىرىغا بېرىپ تېخنىكا جەھەتتىن تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى ئۇقۇشۇش ۋە ھەل قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

دوختۇرخانىلاردا كېسەل كارىۋىتى قىس بولۇشتەك بېسىمنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا ئائىلە كېسەل كارىۋىتى تەسىس قىلىندى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە ئائىلىلەردە قويۇلغان كېسەل كارىۋىتى 609، ئائىلىدە كېسەل كۆرسىتىپ داۋالانغانلار 3955 ئادەم - قېتىم بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن 116 كارىۋات كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى ۋە ئۇيغۇر شىپاخانىسىدا قويۇلغان ئائىلە كېسەل كارىۋاتلىرى 459 دانە، بىمارلارنىڭ كارىۋاتلاردا ياتقان كۈن سانى 19 مىڭ 207 كۈن بولۇپ، بۇ، 523 كېسەل كارىۋىتى بار دوختۇرخانىنىڭ خىزمەت مىقدارىغا باراۋەر كېلىدۇ. بۇ كېسەل كارىۋىتى قىس بولۇش سەۋەبى پەيدا قىلغان بالنىتسىدا يېتىش قىيىن بولۇشتەك مەسىلىنى يەڭگىللىتىپ، بىمارلارغا ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى.

سىياسەت يەنىمۇ كەڭ قويۇۋېتىلىپ، جەمئىيەتتىكى تىببىي تېخنىكا خادىملار، دەم ئېلىشقا، پىنسىيىگە چىققان خادىملاردىن قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئىمتىھان ئېلىپ ۋە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، يەككە تىجارەت قىلىشقا مەدەت بېرىلدى. ۋىلايەت بويىچە شەخسىيلەر ئاچقان داۋالاش ئورۇنلىرىدىن 146 سى، يەككە دوختۇرلاردىن 185 كىشى بار. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگوچە داۋالاش، ئۇيغۇر تىبابەت خادىملىرىدىن 82 كىشى بار.

ئۈچىنچى، راسخوتتا قوشۇمچە ياردەم بېرىش ئىسلاھ قىلىنىپ، قىسمەن تەرەپلەردە ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

1986- يىلى يىل بېشىدا تاشقورغان ناھىيىسى ۋە ۋىلايەتلىك تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسىدىن باشقا ۋىلايەت بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى دوختۇرخانىلاردا راسخوتتا نورمىلىق ياردەم بېرىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى بېكىتىپ بېرىلدى. ناھىيىدىن يۇقىرى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش، دورىلارنى كارانتىن قىلىش تارماقلىرىدا خامچوتنى كۆتۈرە بېرىش يولغا قويۇلدى. يېزا- بازار دوختۇرخانىلىرىغا قارىتا ھەر قايسى ناھىيىلەر ئەھۋالغا قاراپ ھەممىسىگە ياكى بىر قىسمىغا قوش 40 پىرسەنتلىك، 20 پىرسەنتلىك ياردەم ياكى 10 پىرسەنتلىك لەيلىمە مائاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. قاغىلىق، پەيزاۋات، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، مارالبېشى، يەكەن قاتارلىق ناھىيىلەر يېزا-بازار دوختۇرخانىلىرىغا قارىتا قوش 40% بويىچە ياردەم بېرىشنى يولغا قويدى. يېڭىسار، قەشقەر قاتارلىق ناھىيە (شەھەر)لەر 10% ياكى 20% بويىچە لەيلىمە مائاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ۋىلايەت بويىچە يېزا دوختۇرلىرى، ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرىنىڭ تۇرمۇش ياردەم راسخوتىدىمۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئەھۋالىغا قاراپ پۈتۈنلەي

تۇراقسىز ئىش ھەققى بېرىش يولغا قويۇلدى. نورمىلىق ياردەم بېرىشنى يولغا قويغان ناھىيىدىن يۇقىرى دوختۇرخانىلار ئىچىدە ۋىلايەتلىك 1 - دوختۇرخانا، يەكەن، مارالبېشى، پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيىلىك دوختۇرخانىلار ۋەزىپىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنلاپ، كەسپىي كىرىمىنى ئاشۇردى. بولۇپمۇ ۋىلايەتلىك 1- دوختۇرخانىنىڭ كېسەل كارىۋاتلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى 110.43 پىرسەنتكە يېتىپ نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ كېسەلكارىۋاتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش كۈنى 1985 - يىلدىكىدىن 26.8 كۈن ئارتۇق بولدى، ئامبۇلاتورىيىنىڭ تېز قۇتقۇزۇش، قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈنۈمى 94.2 پىرسەنتكە يەتتى.

راسخوتنى تولۇقلاپ بېرىشتە ئىسلاھات يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، يېزا - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىنىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. داۋالاش تۈرلىرى كۆپەيتىلىپ، ئائىلە كېسەل كارىۋاتلىرى تەسىس قىلىندى. سەييارە داۋالاش قانات يايدۇرۇلۇپ، دوختۇرلار بىمارلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ كېسەل كۆردى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار دوختۇرخانىلىرىدا كېسەلكارىۋاتلىرىدىن 217 سى ئازايتىلىپ، ئائىلە كېسەل كارىۋاتلىرىدىن 400 ى تەسىس قىلىنىپ، ئائىلىدە يېتىپ داۋالانغانلار 1595 ئادەم - قېتىم بولغان. ئىسلاھات ئارقىلىق بىر قىسىم ناھىيە، يېزىلار داۋالاش شارائىتىنى پائال تۈردە ياخشىلىدى. مەسىلەن: مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سېرىقبۇيا دوختۇرخانىسى ئۆزلىرى 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، بالنىست قۇرۇپ چىقتى. قاغىلىق ناھىيىسى ئىقتىساد قىلغان 20%

راسخوت ئىچىدىن بىر قىسىم مەبلەغ ئاجرىتىپ تۆت يېزا دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىنى رېمونت قىلدى.

1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 59 يېزا، 791 كەنتتە 684 مىڭ 577 كىشى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇلار يېزا - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 35.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

1986 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارغا چۈشۈرۈپ بەرگەن دۆلەت ھېسابىغا داۋالىنىش راسخوتى 797 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار 9331 كىشى، يىل بويىچە ئېشىپ كەتكەن داۋالىنىش راسخوتى 59 مىڭ يۈەن.

ئاپتونوم رايونىمىزدا مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ناھىيىلەرنىڭ سەھىيە كەسپىي راسخوتى 1985 - يىلدىكىدىن ئازايدى. بولۇپمۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش راسخوتى ئېغىر دەرىجىدە كەم بولدى. ۋىلايەت بويىچە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش راسخوتى ئوتتۇرا ھېساب بويىچە سەھىيە ئومۇمىي راسخوتىنىڭ پەقەت 12 - 13 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ. ئايرىم ناھىيىلەردە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش راسخوتى ئاران مائاشقىلا يەتكەچكە، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا راسخوت جەھەتتە قىيىنچىلىققا يولۇقتى. ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا كارىۋاتقا قاراپ نورمىلىق ياردەم بېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ناھىيىلەر ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان ۋەزىپە قىسمىغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىنى بېرىشكە ئامالسىز قالدى.

1986-يىلى 9-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە سەھىيە مىنىستىرلىكى قەشقەردە «مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سىل كېسىلىدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىدە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى» ئاچتى.

مەملىكەتتىكى 29 ئۆلكە (شەھەر، ئاپتونوم رايون) لىك سەھىيە نازارىتى، سىل تەتقىقاتى (مۇداپىئە كۆرۈش) پونكىتىنىڭ رەھبەرلىرى، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، كومىتېت شۇنىڭدەك ئازادلىق ئارمىيىنىڭ باش ئارقا سەپ بۆلۈمىدىن كەلگەن كېسەلدىن مۇداپىئە كۆرۈش مۇتەخەسسىسلىرى، پروفېسسورلار، تېخنىكا خادىملار ۋە ۋەكىللەردىن بولۇپ 170 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۆپكە سىل كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش پونكىتى، يەكەن ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۈي يۆلى، مۇئاۋىن مىنىستىرى خې جيېشېڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ۋە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى. يىغىندا مەملىكەت بويىچە سىل كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالى خۇلاسە قىلىندى، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە باشقا بىر قىسىم ۋىلايەتلەر سىل كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇردى. ۋەكىللەر قەشقەر شەھىرىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسى، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرى قاتارلىق ئۈچ ئورۇندىكى سىل كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمەت نۇقتىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىل كېسەللىكىدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى ھەققىدىكى كۆرگەزمىنى كۆردى. مىنىستىر سۈي يۆلى كۆرگەزمىنىڭ «پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەھىيە خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەر ئاساسىدا، سەھىيە خىزمىتىنىڭ سەۋىيىسىنى مەملىكەت بويىچە يەنىمۇ ئۆستۈرۈش لازىم» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. سەھىيە مىنىستىرلىكى كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دەي كېدېڭ يىغىندا سۆز قىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە سەھىيە مىنىستىرى سۈي يۆلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى، تىببىي مەكتەپ ۋە تىببىي مەكتەپ قارمىقىدىكى دوختۇرخانىنى كۆزدىن كۆچۈردى. ئۇ، ئۇيغۇر تېۋىپلارنىڭ داۋالاش ۋە يەن تەتقىقات جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن مەمنۇن بولدى. ئۇ يەنە خۇشاللانغان ھالدا دوختۇرخانىغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

مۇئاۋىن مىنىستىر خې جيېشېڭ ۋىلايەتلىك 1-دوختۇرخانا، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، يېڭىسار ناھىيىسى قىزىل يېزىسىنىڭ 7-، 8-كەنتلىرى، يەكەن ناھىيىلىك دوختۇرخانا، ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى ۋە ناھىيە بازىرى دوختۇرخانىسىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ۋىلايەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئۇ، ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەل-

لىككلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مۇشۇنداق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كۆپ يۈز بېرىپ تۇرىدىغان جايدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، دەپ قارىدى. ئۇ يەنە يەكەن ناھىيىسىنىڭ سەھىيە خىزمىتىدىنمۇ رازى بولدى. ئۇ، ۋىلايەتلىك 1- دوختۇرخانىغا بېرىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كېسەللەرنى داۋالاپ كەلگەن خەنزۇ تىببىي خادىملارنى يوقلىدى ھەمدە خەنزۇ تىببىي خادىملارنىڭ چېگرا رايوندا خاتىرجەم خىزمەت قىلىپ ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. يەكەن ناھىيىسىنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدىكى ئۇقتىملارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغان چاغدا مۇئاۋىن مىنىستىر خېجيېشىڭ (ئايال) مەخسۇس يېڭىسارغا بېرىپ قىزىل يېزىسىنىڭ 7-، 8- كەنتىدىكى كېسەللىكلە مۇپتىلا بولغان دېھقانلارنى يوقلاپ، مۇئۇلارنى كۆرسەتتى: بۇرايوندا نامراتلىق ۋە كېسەللىكنىڭ كىرەلمىشىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، قۇرغاقچىلىق ۋە سۇنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدا. ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك سۇ مەسىلىسى ۋە ئىچىدىغان سۇنىڭ تازىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىلا ئاندىن نامراتلىق ۋە كېسەللىك مەسىلىسىنى تۈپ ئاساسىدىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ، بۇ تەرەپتىكى مەسىلىلەرنى تېز ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

(چىڭ ئەيدى).

## [ساقلىقنى ساقلاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش]

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈلدى. 1986 يىلى ۋىلايەت بويىچە 17 خىل تېز خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەل يۈز بەرگەن بولۇپ، مەلۇم قىلىنغان كېسەل 24 مىڭ 304 نەپەر. ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش خىزمىتى كۈچەيتىلگەنلىكتىن، ئوتتۇرىچە كېسەل يۈز بېرىش نىسبىتى 1985- يىلىدىكى 100 مىڭدىن 1520 كىشىدىن 100 مىڭدىن 1032.8 كىشىگە چۈشتى. ئۆلۈش نىسبىتى 1985- يىلىدىكى 100 مىڭدىن 2.51 كىشىدىن 100 مىڭدىن 1.23 كىشىگە چۈشتى. بۇنىڭ ئىچىدە پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش پونكىتى تاقابىل تۇرۇۋاتقان قىزىل كېسەللىكى 1985- يىلىدىكىدىن 78.8% تۆۋەنلىدى. كۆكيۆتەل 44.4% تۆۋەنلىدى. كېزىك، قارا كېزىك، يۇقۇملۇق زۇكام، كۆيدۈرگە كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغۇچىلار ئۆتكەن يىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئازايدى.

1986- يىلى 9- ئايدىن بۇيان، كونىشەھەر يېزىسىنىڭ قوۋزان يېزىسىدا تېز خاراكتېرلىك سېرىقلىق جىگەر ياللۇغى تارقىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئالتە يېزىسى، يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئاۋات يېزىسى، قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلەرگە تارالدى، 12- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مەلۇم قىلىنغان كېسەل 3443 كىشى بولۇپ، ئون كىشى ئۆلۈپ كەتتى. 17 ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش ئەترىتى، 131 تىببىي خادىم ئەۋەتىپ جىددىي داۋالاش ئارقىسىدا 1742 كىشى ساقايدى.

يۇقۇملۇق مېڭىنگىت كېسەللىكى قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر، پەيزاۋات، مارالبېشى قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئايرىم جايلىرىدا تارقىلىپ، 20 ئادەم ئۆلدى. ۋىلايەت بويىچە 41 مىڭ 141 نەپەر ئۆسمۈرگە ئۆز ۋاقتىدا يۇقۇملۇق مېڭىنگىت ۋاكسىنىسى ئۇرۇلغاندىن سىرت، قەشقەر شەھىرى 680 نەپەر ئۆسمۈرگە ساغلام باكتېرىيە

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سەھىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى

1986 – يىل

| | ئاپپارات سانى | كارىۋات سانى | خادىملارنىڭ ئومۇمىي سانى: ئومۇمىي جەمئىي | خادىملارنىڭ ئومۇمىي سانى: بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت | تېببىي تېخنىكا خادىملىرى (دەرىجە): ئومۇمىي جەمئىي | تېببىي تېخنىكا خادىملىرى (دەرىجە): بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت | ئالىي دەرىجىلىك باش، كاندىدات باش ۋراچ | ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەسئۇل ۋراچ | تۆۋەن دەرىجىلىك: كىچىك جەمئىي | تۆۋەن دەرىجىلىك: ۋراچ دەرىجىلىك | تۆۋەن دەرىجىلىك: فېلدشىر دەرىجىلىك | تۆۋەن دەرىجىلىك: ئوتتۇرانى پۈتكەتمىگەنلەر | مەمۇرىي خادىم: كىچىك جەمئىي | مەمۇرىي خادىم: بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت | ئىشچىلار: كىچىك جەمئىي | ئىشچىلار: بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت | يەن – تېخنىكا، ئوقۇتۇش خادىملىرى | تېببىي تېخنىكا خادىملىرى: جۇڭگىي ۋراچى | تېببىي تېخنىكا خادىملىرى: جۇڭگىي فېلدشىرى | تېببىي تېخنىكا خادىملىرى: شىبى ۋراچى | تېببىي تېخنىكا خادىملىرى: شىبى فېلدشىرى | تېببىي تېخنىكا خادىملىرى: سېستىرا | تېببىي تېخنىكا خادىملىرى: ياردەمچى سېستىرا | تېببىي تېخنىكا خادىملىرى: كېسەلگە قارىغۇچى | پېزا دوختۇر خادىملىرى: پېزا دوختۇر خادىملىرى | پېزا دوختۇر خادىملىرى: پېزا دوختۇرى، ساقلىقنى ساقلاشقۇچىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي (يەككە دوختۇرلارنى ئىچىگە ئالمايدۇ) | 406 | 7769 | 8740 | 5560 | 6799 | 4395 | 8 | 118 | 6673 | 845 | 3868 | 1960 | 849 | 480 | 1031 | 641 | 61 | 40 | 99 | 685 | 1313 | 133 | 1643 | 736 | 1848 | 2427 |
| سەھىيە تارماقلىرى | 49 | 2576 | 4400 | 2758 | 3214 | 2053 | 6 | 87 | 3121 | 522 | 2082 | 517 | 467 | 217 | 658 | 444 | 61 | 30 | 63 | 407 | 553 | 93 | 944 | 154 | | |
| كوللېكتىپ تارماقلار | 157 | 3598 | 2414 | 2360 | 1975 | 1938 | | 1 | 1974 | 144 | 1046 | 784 | 268 | 257 | 171 | 165 | | 1 | 28 | 118 | 432 | 23 | 395 | 304 | 1848 | 2427 |
| سانائەت ۋە باشقىلار | 200 | 1595 | 1926 | 450 | 1610 | 411 | 2 | 30 | 1578 | 179 | 740 | 659 | 114 | 7 | 202 | 32 | | 9 | 8 | 160 | 328 | 17 | 304 | 278 | | |
| يەككە دوختۇرلار | 146 | | 185 | | 185 | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |

# دوختۇرخانا خىزمىتىدىن مەلۇمات جەدۋىلى

1986 – يىل پۈتۈن يىللىق

| | ئورگان سانى | داۋالىنغان ئادەم قېتىم سانى: جەمئىي | داۋالىنغان ئادەم قېتىم سانى: ئامبۇلاتورىيىدە ۋە جىددىي داۋالىنغان ئادەم قېتىم سانى | بۆلەك ئىچىدە: ئامبۇلاتورىيىدە داۋالانغان ئادەم قېتىم سانى | بۆلەك ئىچىدە: جىددىي داۋالانغان ئادەم قېتىم سانى: جەمئىي | بۆلەك ئىچىدە: جىددىي داۋالانغان ئادەم قېتىم سانى: ئۆلگىنى | كۆزىتىش بۆلۈمى: قوبۇل قىلىنغانلار كىشى سانى | كۆزىتىش بۆلۈمى: بۆلۈمدىن ئۆلگىنى | سالامەتلىكىنى تەكشۈرتكەنلەر سانى | دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالاش ئەھۋالى: دەسلەپتە يار كىشى سانى | دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالاش ئەھۋالى: ئارىلىقتا دوختۇرخانىغا كىرگەنلەر سانى | دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ داۋالاش ئەھۋالى: باشقا بۆلۈملەردىن يۆتكەپ كىرگىلگەنلەر سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| (A) | | (1) | (2) | (3) | (4) | (5) | (6) | (7) | (8) | (9) | (10) | (11) |
| ئومۇمىي جەمئىي | 32 | 1315865 | 1315496 | 1286913 | 28583 | 127 | 5378 | 164 | 39948 | 2423 | 71100 | 403 |
| يەرلىنچى، مەھمىيە ئارىماقلىرى | 17 | 456388 | 956019 | 928838 | 27181 | 118 | 5344 | 163 | 29066 | 1884 | 56775 | 359 |
| 1. ئومۇملاشقان دوختۇرخانا | 14 | 888424 | 888055 | 860874 | 27181 | 118 | 5344 | 163 | 29066 | 1671 | 53988 | 359 |
| ① ناھىيىدىن يۇقىرى دوختۇرخانا | 2 | 301131 | 301062 | 281617 | 19445 | 2 | 4823 | 154 | 3486 | 447 | 11067 | 180 |
| يەرلىنچى دوختۇرخانا | 1 | 164289 | 164220 | 154376 | 9844 | 2 | 3699 | 115 | 2020 | 359 | 8240 | 164 |
| تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى | 1 | 136842 | 136824 | 127241 | 9601 | | 1124 | 39 | 1466 | 88 | 2827 | 16 |
| ② ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك | 12 | 587293 | 586993 | 579257 | 7736 | 116 | 521 | 9 | 25580 | 1224 | 42921 | 179 |
| شەھەرلىك دوختۇرخانا | 1 | 45642 | 45642 | 45642 | | | | | 3984 | 88 | 1826 | 26 |
| يېڭىشەھەر | 1 | 34502 | 34502 | 34502 | | | | | 1043 | 85 | 3105 | |
| كونىشەھەر | 1 | 34628 | 34628 | 34031 | 597 | | | | 1542 | 67 | 3104 | |
| يېڭىسار | 1 | 21542 | 21542 | 21439 | 103 | 9 | | | 1904 | 94 | 2115 | 28 |

# دوختۇرخانا خىزمىتىدىن مەلۇمات جەدۋىلى

1986 ـ يىل پۈتۈن يىللىق

| دوختۇرخانىدىن چىققانلارنىڭ دوختۇرخانىدا ئوتتۇرىچە ياتقان كۈنى | كارىۋاتنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىش نىسبىتى | كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلىش كۈنى | كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىنىش نىسبىتى | ئۆلۈش نىسبىتى | ياخشىلىنىش نىسبىتى | ساقىيىش نىسبىتى | دوختۇرخانىدىن چىققۇچىلار ئىشلەتكەن ئومۇمىي كارىۋات كۈنى | ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي كارىۋات كۈنى | كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلىش كۈنى | ئەمەلىي قويۇلغان ئومۇمىي كارىۋات كۈنى | قەرەل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي كارىۋات سانى | دوختۇرخانىدا ياتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالى | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | | قەرەل ئاخىرىدىكى كىشى سانى | باشقا بۆلۈملەرگە يۆتكەلگەنلەر سانى | دوختۇرخانىدىن چىققانلار سانى | | | | | | جەمئىي |
| | | | | | | | | | | | | | | باشقىلار | دوختۇرخانىدىن چىققانلاردىن كېسەللەر سانى | | | | | |
| | | | | | | | | | | | | | | | ئۆلگىنى | ساقايمىغىنى | ياخشىلانغىنى | ساقايغىنى | جەمئىي | |
| (32) | (31) | (30) | (29) | (28) | (27) | (26) | (25) | (24) | (23) | (22) | (21) | (20) | (19) | (18) | (17) | (16) | (15) | (14) | (13) | (12) |
| 11.4 | 76.9 | 281.1 | 20.7 | 1.5 | 22.9 | 70.5 | 809297 | 958041 | 3415 | 1246786 | 3488 | 2715 | 403 | 7897 | 952 | 3157 | 14449 | 44353 | 62911 | 70808 |
| 11.2 | 87.2 | 314.1 | 23.3 | 1.6 | 23.1 | 70.5 | 630082 | 769398 | 2466 | 885650 | 2476 | 2150 | 359 | 6859 | 781 | 2402 | 11488 | 34978 | 49649 | 56608 |
| 9.9 | 86.1 | 390.6 | 25.4 | 1.6 | 22 | 71.8 | 526741 | 664842 | 2121 | 776020 | 2176 | 1888 | 359 | 6859 | 767 | 2165 | 10342 | 33648 | 46912 | 53771 |
| 16.4 | 107 | 390.7 | 23.5 | 2.1 | 28.4 | 61.8 | 180332 | 183035 | 468.5 | 170987 | 472 | 489 | 180 | 1257 | 208 | 757 | 2770 | 6033 | 9768 | 11025 |
| 16.5 | 110.5 | 403.4 | 24.3 | 1.9 | 27.1 | 63.4 | 136280 | 137171 | 340 | 124100 | 340 | 359 | 164 | 1185 | 137 | 532 | 1913 | 4473 | 7055 | 8240 |
| 15.8 | 97.8 | 356.9 | 21.6 | 2.6 | 31.4 | 57.5 | 44052 | 45864 | 128.5 | 46887 | 132 | 130 | 16 | 72 | 71 | 225 | 857 | 1560 | 2713 | 2785 |
| 8.2 | 79.9 | 292 | 75.9 | 1.5 | 20.3 | 74.4 | 351409 | 481807 | 1658 | 605033 | 1704 | 1399 | 179 | 5602 | 559 | 1398 | 7572 | 27615 | 37144 | 42746 |
| 17 | 72.6 | 213 | 10.9 | 0.9 | 20 | 75.4 | 30163 | 34503 | 162 | 47528 | 163 | 143 | 26 | 10 | 15 | 66 | 352 | 1328 | 1761 | 1771 |
| 11.9 | 76.7 | 280.1 | 22.5 | 1.2 | 10.6 | 84.2 | 36523 | 38097 | 136 | 49640 | 136 | 125 | | 334 | 32 | 111 | 289 | 2299 | 2731 | 3065 |
| 9.86 | 84.05 | 308.4 | 30.9 | 0.98 | 20.3 | 75.8 | 30548 | 30841 | 100 | 36500 | 100 | 72 | | 352 | 27 | 79 | 558 | 2083 | 2747 | 3099 |
| 8.1 | 66.1 | 241.2 | 26.1 | 1.9 | 32.7 | 60.1 | 25251 | 28949 | 120 | 43800 | 120 | 77 | 28 | 395 | 52 | 147 | 896 | 1642 | 2737 | 3132 |

# دوختۇرخانا خىزمىتىدىن مەلۇمات جەدۋىلى

1986 ـ يىل پۈتۈن يىللىق

| (A) | ئورگان سانى | داۋالىغان ئادەم قېتىم سانى: جەمئىي (1) | ئامبۇلاتورىيىدە ۋە جىددىي داۋالىغان ئادەم قېتىم سانى (2) | بۇنىڭ ئىچىدە: ئامبۇلاتورىيىدە داۋالىغان ئادەم قېتىم سانى (3) | جىددىي داۋالىغان ئادەم قېتىم سانى: جەمئىي (4) | جىددىي داۋالىغان ئادەم قېتىم سانى: ئۆلگىنى (5) | كۆزىتىش بۆلۈمى: قوبۇل قىلىنغان كىشى سانى (6) | كۆزىتىش بۆلۈمى: بۇنىڭدىن ئۆلگىنى (7) | سالامەتلىكىنى تەكشۈرتكەنلەر سانى (8) | دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇلغانلارنىڭ ئەھۋالى: دەسلەپتە ياتقۇزۇش سانى (9) | ئارىلىقتا دوختۇرخانىغا كىرگەنلەر سانى (10) | باشقا بۆلۈملەردىن يۆتكەپ كىرگەنلەر سانى (11) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يوپۇرغا | 1 | 39581 | 39581 | 39581 | | | | | 973 | 42 | 3256 | |
| پەيزاۋات | 1 | 37214 | 37214 | 37214 | | | | | 1070 | 76 | 5061 | 44 |
| يەكەن | 1 | 142207 | 142207 | 138403 | 3804 | 87 | 438 | 9 | 6982 | 340 | 7411 | 31 |
| پوسكام | 1 | 42926 | 42926 | 41986 | 940 | 20 | | | 1471 | 77 | 3830 | 7 |
| قاغىلىق | 1 | 80897 | 80897 | 79523 | 1374 | | 83 | | 2147 | 159 | 4636 | 31 |
| مەكىت | 1 | 47594 | 47594 | 47594 | | | | | 1813 | 102 | 3484 | 9 |
| مارالبېشى | 1 | 41772 | 41772 | 41519 | 253 | | | | 1726 | 71 | 3337 | 3 |
| تاشقۇرغان | 1 | 18788 | 18488 | 17823 | 665 | | | | 925 | 23 | 756 | |
| كەسپىي دوختۇرخانا | 3 | 67964 | 67964 | 67964 | | | | | | 213 | 2787 | |
| مىللىي شىپاخانا | 1 | 50073 | 50073 | 50073 | | | | | | 88 | 1331 | |
| يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى | 1 | 13825 | 13825 | 13825 | | | | | | 39 | 903 | |
| تۇبېركۇليوزنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 1 | 4066 | 4066 | 4066 | | | | | | 86 | 553 | |
| ئىككىنچى سانائەت ۋە باشقىلار | 15 | 359477 | 359477 | 358075 | 1402 | 9 | 34 | 1 | 10882 | 539 | 14325 | |
| 1. يېزا، كەنت 3 ـ دەرىجىدىكى جەمئىي | 14 | 240669 | 240669 | 239267 | 1402 | 9 | 34 | 1 | 9984 | 497 | 12764 | 44 |
| 2. نېفىت دوختۇرخانىسى | 1 | 118808 | 118808 | 118808 | | | | | 898 | 42 | 1561 | 44 |

# دوختۇرخانا خىزمىتىدىن مەلۇمات جەدۋىلى

1986 ــ يىل پۈتۈن يىللىق

| جەمئىي | دوختۇرخانىدا ياتقۇچىلارنىڭ ئەھۋالى | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | دوختۇرخانىدىن چىققانلار سانى | | | | | | باشقا بۆلۈملەرگە يۆتكەلگەنلەر سانى | قەرەل ئاخىرىدىكى كىشى سانى | قەرەل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي كارىۋات سانى | ئەمەلىي قويۇلغان ئومۇمىي كارىۋات كۈنى | كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلمىش كۈنى | ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي كارىۋات كۈنى | دوختۇرخانىدىن چىققۇچىلار ئىشلەتكەن ئومۇمىي كارىۋات كۈنى | ساقىيىش نىسبىتى | ياخشىلىنىش نىسبىتى | ئۆلۈش نىسبىتى | كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىنىش نىسبىتى | كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلمىش كۈنى | كارىۋاتنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلمىش نىسبىتى | دوختۇرخانىدىن چىققانلارنىڭ دوختۇرخانىدا ئوتتۇرىچە ياتقان كۈنى |
| | دوختۇرخانىدىن چىققان كېسەللەر سانى | | | | | باشقىلار | | | | | | | | | | | | | | |
| | جەمئىي | ساقايغىنى | ياخشىلانغىنى | ساقايمىغىنى | ئۆلگىنى | | | | | | | | | | | | | | | |
| (12) | (13) | (14) | (15) | (16) | (17) | (18) | (19) | (20) | (21) | (22) | (23) | (24) | (25) | (26) | (27) | (28) | (29) | (30) | (31) | (32) |
| 3222 | 3208 | 2581 | 487 | 91 | 49 | 14 | | 76 | 100 | 36500 | 100 | 25875 | 25951 | 80.4 | 15 | 1.5 | 32.2 | 258.7 | 70.8 | 8 |
| 5005 | 4338 | 3202 | 1002 | 84 | 50 | 667 | 44 | 132 | 120 | 43800 | 120 | 36866 | 33908 | 77.1 | 22.8 | 1.1 | 41.7 | 307 | 84 | 6.7 |
| 7414 | 6050 | 4660 | 933 | 330 | 127 | 1364 | 31 | 337 | 350 | 127750 | 350 | 118122 | 11054 | 77 | 15.4 | 2.1 | 21.2 | 337.5 | 92.5 | 14.9 |
| 3813 | 3381 | 2545 | 752 | 41 | 43 | 432 | 7 | 94 | 120 | 38690 | 106 | 33153 | 31836 | 75.2 | 22.2 | 1.3 | 35.9 | 312.7 | 85.7 | 8.3 |
| 4664 | 3661 | 2861 | 620 | 125 | 55 | 1003 | 31 | 131 | 180 | 65700 | 180 | 50697 | 49811 | 78.2 | 16.9 | 1.5 | 25.9 | 281.7 | 772 | 10.7 |
| 3499 | 2976 | 2122 | 650 | 126 | 78 | 523 | 9 | 87 | 130 | 47450 | 130 | 34983 | 33316 | 71.3 | 21.3 | 2.6 | 26.7 | 269.1 | 73.7 | 9.5 |
| 3303 | 2880 | 1837 | 874 | 144 | 25 | 423 | 3 | 105 | 150 | 54900 | 150 | 41706 | 35016 | 63.8 | 30.4 | 0.87 | 22.02 | 278 | 75.96 | 10.6 |
| 759 | 674 | 455 | 159 | 54 | 6 | 85 | | 20 | 35 | 12775 | 35 | 8015 | 8032 | 67.5 | 23.6 | 0.89 | 21.7 | 229 | 62.7 | 10.5 |
| 2737 | 2737 | 1330 | 1146 | 247 | 14 | | | 263 | 300 | 109630 | 300 | 104556 | 98341 | 48.6 | 41.9 | 0.5 | 9.1 | 348.5 | 95.4 | 35.9 |
| 1346 | 1346 | 890 | 334 | 120 | 2 | | | 73 | 130 | 47580 | 130 | 50466 | 48015 | 66.1 | 24.8 | 0.14 | 10.4 | 388.2 | 106.1 | 35.7 |
| 834 | 834 | 410 | 376 | 43 | 5 | | | 108 | 70 | 25550 | 70 | 20442 | 20076 | 49.2 | 45 | 0.59 | 11.91 | 292 | 80 | 24 |
| 557 | 557 | 30 | 436 | 84 | 7 | | | 82 | 100 | 36500 | 100 | 33648 | 30250 | 5.4 | 78.2 | 1.3 | 5.6 | 336 | 97.2 | 54.3 |
| 14300 | 13262 | 9375 | 2961 | 755 | 171 | 1038 | 44 | 564 | 1012 | 361136 | 989 | 188643 | 179215 | 70.7 | 22.3 | 1.3 | 14.5 | 190.7 | 52.2 | 12.5 |
| 12755 | 12127 | 8466 | 2784 | 735 | 142 | 628 | 44 | 506 | 872 | 310036 | 849 | 170092 | 161703 | 69.8 | 23 | 1.2 | 15 | 195 | 54.9 | 12.7 |
| 1545 | 1135 | 909 | 177 | 20 | 29 | 410 | | 56 | 140 | 51100 | 140 | 18551 | 17512 | 80.1 | 15.6 | 2.6 | 113 | 132.5 | 36.3 | 11.3 |

توشۇغۇچى تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بېرىپ
125 مەنپەنى تەكشۈرۈپ تاپتى. بۇنىڭ باكتېرى-
يە توشۇش نىسبىتى 18.38% چىقتى. شۇنىڭ
بىلەن بىر چاغدا، ئايرىپ چىقىلغان باكتې-
رىيىلەر تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى،ھەممە ساغلام
ئادەملەرنىڭ يۇقۇملۇق ھېپىنىڭتكە تاقابىل تۇ-
رۇش ئىقتىدارىنى گورز بىنتال ئۆلچەپ بېكىتىش
ئېلىپ بېرىلدى. يېزىلاردىكىلەرنىڭ يۇقۇم-
لىنىش نىسبىتى شەھەردىكىلەرنىڭكىدىن
يۇقىرى بولدى، بۇ شەھەرلەردىكى ئۆسمۈر-
لەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىممۇنىتېتلاش
ئېلىپ بېرىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

1986-يىلى باش تەمرەتكىسى، ماخاۋ، تا-
ناسىل كېسەللىكلىرى ئوموميۈزلۈك تەكشۈرۈ-
لۈپ، قايتا تەكشۈرۈشتە بايقالغانلار قايتا
داۋالىتىلدى. ۋىلايەت بويىچە قاغىلىق نا-
ھىيىسىدىن باشقا ناھىيىلەردىكى 241 يېزى-
دا 393 مىڭ 833 كىشى ئىچىدە باش تەمرەت-
كىسى ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، بۇ كېسەلگە
گىرىپتار بولغان 37 مىڭ 269 كىشى تەك-
شۈرۈپ تېپىلدى، ئوتتۇرىچە كېسەلگە گىرىپ-
تار بولۇش نىسبىتى 0.9% بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك كېسەللىك-
لەر تەتقىقات ئورنى بىلەن ھەمكارلىشىپ،
قەشقەر شەھىرىدە 135 كىشى قاتناشقان تا-
ناسىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش -
داۋالاش ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى.
تاناسىل كېسەللىكى بويىچە 1039 كىشى، قان
زەرداپشۇناسلىقى بويىچە 416 كىشى تەكشۈ-
رۈلدى. بۇنىڭدا گىرىپتار بولغۇچىلار 28 كى-
شى، نىسبىتى 2.69% بولۇپ، بۇلار داۋالاندى.

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش راسخوتى يېتىشمەسلىك، بىر قىسىم دو-
رىلار بىلەن تەمىنلىنىش ۋاقتىدا بول-
ماسلىق، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ئوبدان
ئىشلەنمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى-
دىن 1986 - يىلى ۋىلايەت بويىچە بوغما، با-
لىلار پارالىچى، باش تەمرەتكىسى، شامال كې-
سەللىكى، جىگەر ياللۇغى بىلەن يۇقۇملىنىش
نىسبىتى ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆپەيدى ۋە
ئۆرلەپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، بوغما كېسەل-
لىكىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 1985- يى-
لىدىكىدىن 18%، بالىلار پارالىچى 1985- يى-
لىدىكىدىن 138% ئۆرلىدى. باش تەمرەتكى-
سىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە
نىسبىتى 1985 - يىلىدىكى 1.94 پىرسەنتتىن
بىراقلا توققۇز پىرسەنتكە ئۆرلەپ، ئاساسىي
جەھەتتىن 1979 - يىلى دەسلەپكى داۋالاش
ۋاقتىدىكى سەۋىيىگە چۈشتى.

(چىڭ تەيدى).

**[يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويى-
چە قاغىلىق، تاشقورغان ناھىيىلىرىدە يەر-
لىك قالقانسىمان بەز ئىششىقىنى تەكشۈرۈش
قانات يايدۇرۇلغاندىن سىرت، باشقا ناھىيە
(شەھەر) لەر 73 مىڭ 322 كىشىنى ئومۇمىيۈز-
لۈك تەكشۈرۈپ 9875 نەپەر كېسەل كىشىنى
بايقىدى، كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى
13.46 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. ۋىلايەتلىك يۇ-
قۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پون-
كىتى يەنە يەكەن، يېڭىسار، پەيزاۋات ناھى-
يىلىرىدە 2500 كىشى ئىچىدە ئىن-
چىكىلىدىغان مايلىق يود كۆمۈلچىنىڭ ئۈنۈ-
مىنى كۆزىتىپ، ۋىلايەت بويىچە يود قوشۇل-
غان ئاشتۇزنى ئىستېمال قىلىشنى يولغا قو-
يۇشتا قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا
مايلىق يود كۆمۈلچىنى ئىچىش ئارقىلىق
قالقانسىمان بەز ئىششىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش-
قا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، دوختۇرخا-
نىلار قالقانسىمان بەز ئىششىقىغا گىرىپتار

بولغان 19 كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىدى.

يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، پەيزاۋات، قەشقەر شەھىرىدىكى قوشخانىلاردا 2345 تۇياق كالا - قوينىڭ بېغىر قۇرۇتى بىلەن يۇقۇملىنىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، جىگەر، ئۆپكىسىگە بېغىر قۇرۇت چۈشكەن 305 تۇياقچارۋا بايقالدى. كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 13 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

فىتور بىلەن زەھەرلىنىش كېسەللىكى جەھەتتە 343 مىڭ 711 كىشى ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، فىتورلۇق چىش دېغى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 2796 كىشى بايقالدى. كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 6.4 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تاشقورغان ناھىيىسىدە كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى.

بىروتسېللىيوز تايىقچە باكتېرىيە كېسەللىكىگە قارىتا تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ ئۈچ يېزىسى ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، يېڭىدىن كېسەللىككە گىرىپتار بولغان 90 كىشى، كېسىلى قايتا قوزغالغان 33 كىشى بايقالدى.

كالا ئازار كېسىلى جەھەتتە: مۇناسىۋەتلىك ئارگانلار ۋىلايەت بويىچە 22 يېزا، 92 كەنت، 24 مىڭ 223 كىشىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، بۇ كېسەللىككە يېڭىدىن گىرىپتار بولغان 24 كىشى، كېسىلى قايتا قوزغالغان ئۈچ كىشىنى بايقىدى. بۇلارنىڭ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 100 مىڭدىن 11 نى ئىگىلەيدۇ. كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى. شۇڭا، بەش كەنت 581 ئائىلىدە بىرومۇلۇق سىمىئانىت دورىسى ئارقىلىق كۆمۈتا يوقىتىلدى. بۇنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 116 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

چاشقان ۋاباسىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى جەھەتتە: ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى تاشقورغان ناھىيىسىدىكى قاراچۇقۇر، مىڭتېكە، خونجىراپتا مەنبە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 1144 دانە سۇغۇرنىڭ جىگەر، تېلىدىن چاشقان ۋاباسى باكتېرىيىسىنى ئايرىۋالدى، بۇنىڭ ھەممىسى مەنپىي چىقتى.

1987 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يېمەك - ئىچمەك ئورۇنلىرى ۋە بوتكىلىرى (ئائىلىلىرى) 8880، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار 21 مىڭ 475 بولۇپ، 17 مىڭ 455 كىشىنىڭ تەن سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. بۇ 81.3 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. 16 مىڭ 221 كىشىگە سالامەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ، 93 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ، سالامەتلىكى، لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىدىن 4703 ى تارقىتىلدى، بۇ يېمەكلىكلەر ئورۇنلىرى ۋە دۇكانلىرىنىڭ 53 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. ھەر خىل يېمەكلىكلەردىن 1346 نۇسخا تەكشۈرۈلدى (بۇنىڭ ئىچىدە لابوراتور ئېلىپ مىكروب تەكشۈرۈلگىنى 758 نۇسخا، لاياقەتلىك بولغىنى 384 نۇسخا، لاياقەتلىك نىسبىتى 50.6%؛ فىزىكا - خىمىيىلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلگىنى 588 نۇسخا (لاياقەتلىك بولغىنى 375 نۇسخا، لاياقەتلىك نىسبىتى 64%)، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ئاچچىقسۇنىڭ مىكروب لاياقەتلىكى 12.5%، فىزىكا - خىمىيىلىك لاياقەتلىكى 31.6%؛ ھەر خىل ئوتياش كونسېرۋالىرىنىڭ مىكروب لاياقەتلىكى 20%؛ يېمەك - ئىچمەكلىكلەرنىڭ مىكروب لاياقەتلىكى 27.2%؛ مېۋە قاقلىرىنىڭ مىكروب لاياقەتلىكى 44.4%، فىزىكا - خىمىيىلىك لاياقەتلىكى 13%؛ ئۈزۈم ھارىقىنىڭ مىكروبلارنى لابوراتور ئېلىپ تەكشۈرۈشتىكى لاياقەتلىكى 52%، فىزىكا - خىمىيىلىك لا-

ياقەتلىكى 57.9% بولۇپ، يەرلىك يېمەكلىكلەر مەھسۇلاتىنىڭ تازىلىق سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش — قىلچىمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. 85 مىڭ 552 يۈەن قىممىتىدىكى بۇزۇلغان، سۈپىتى ئۆزگەرتىلگەن مەھسۇلاتلار كېرەكسىز قىلىنىپ 7082.50 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرى (ئائىلە) دىن 337 سىنىڭ تىجارىتى توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى. بۇزۇلغان گۆشنى يېيىش سەۋەبىدىن بەش قېتىم، يېمەكلىكلەر بىلەن زەھەرلىنىش (بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر شەھىرىدە تۆت قېتىم، يەكەندە بىر قېتىم) يۈز بېرىپ، 111 كىشى زەھەرلەندى.

ۋىلايەت بويىچە ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 6544 كىشى بولۇپ، 1985 - يىلىدىكىدىن 3264 كىشى ئازايدى. كېسەل يۈز بېرىش نىسبىتى 1985 - يىلىدىكى 0.29 پىرسەنتتىن 1986 - يىلىدىكى 0.28 پىرسەنتكە تۆۋەنلىدى.

ئەمگەك تازىلىقى جەھەتتە، ئاساسەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 181 زاۋۇت، كان - كارخانىدىكى 33 مىڭ 518 نەپەر ئىشچى، چاڭ - توزان بىلەن ئۇچرىشىدىغان 5335 كىشى، زەھەرلىك نەرسىلەرگە ئۇچرىشىدىغان 1547 كىشى، 336 يېزا - بازار كارخانىسىغا قارىتا دائىملىق كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلىپ، زەھەرلىك ۋە زىيانلىق نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان ئىشچىلارنىڭ ساغلاملىق ئەمگەك سۇغۇرتا ئارخىپى ۋە ئەمگەك سالامەتلىك كەسپىي كېسەللىكى ئارخىپى داۋاملىق تۇرغۇزۇلدى. قەشقەر شەھىرىدىكى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق 27 زاۋۇت، كان - كارخانىدا ئاليۇمىن، بېنزول، سىماب مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 357 نەپەر ئىشچىنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلدى. بۇلار 42 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ تېپىلغان بىمارلار 24 كىشى بولۇپ، 6.7 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. ئالتە كارخانىدىكى يەتتە خىل چاڭ - توزان، زەھەرلىك ماددىلار مەشغۇلات مەيدانى ئۆلچەپ بېكىتىلىپ، 110 نۇسخا ئەۋرىشكە تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 66.7%، تەكشۈرۈلگەن چاڭ - توزاننىڭ ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كېتىش نىسبىتى 100% بولدى.

مەكتەپلەرنىڭ گىگىنا خىزمىتى جەھەتتە، 1986 - يىلى ۋەزىپە تەلىپى بويىچە ئالتە ناھىيە (شەھەر) دىكى 16 ئوتتۇرا مەكتەپ، 6900 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى، 19 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتە 16 مىڭ 857 ئوقۇغۇچىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئەمەلىي ئورۇنلاندى. ۋىلايەت بويىچە 14 مىڭ 178 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ مەددە قۇرۇتى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇسبەت چىققىنى 665 نەپەر بولۇپ، يۇقۇملىنىش نىسبىتى 4.69 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. 37 مىڭ 456 نەپەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسەللىك ئەھۋالى ۋە بۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللار تەكشۈرۈلۈپ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنىڭ 1985 - يىلىدىكى 39.95 پىرسەنتتىن ئۆرلەپ 41.7 پىرسەنتكە يەتكەنلىكى سېزىلدى. ئۇندىن باشقا يەنە 204 نەپەر كاس - كاچا ئۆسمۈر ۋە يېتىم بالىلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

(سۇڭ شيەنۋېن).

**[سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش]** سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش — ۋىلايىتىمىزنىڭ سە-

ھىيە خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى. 1986 - يىلى 9 - ئايدا، قەشقەر شەھىرىدە چاقىرىلغان مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش خادىملىرىنى ۋە كەڭ تېببىي خادىملارنى بىر قېتىم ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. نۆۋەتتە، ۋىلايىتىمىز بويىچە تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا، بارلىق يېزىلاردا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش كەسپىي خادىملىرىدىن 137 كىشى سەپلەندى. ناھىيە (شەھەر) لىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتلىرىدا سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمى (بۆلۈمچە) لىرى قۇرۇلدى. ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردا ئۆپكە بۆلۈم ئامبۇلاتورىيىسى تەسىس قىلىندى. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا ئۈچ دەرىجە بويىچە سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تورلىرى تېزلىكتە قۇرۇلدى. سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە تېزرەك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشلەپ، كېيىن يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ۋىلايەت بويىچە سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسىدىن 14 قارار ئېچىلىپ، بۇنىڭغا 436 كىشى قاتناشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر پېشقەدەملەر ئارقىلىق يېڭىلارنى يېتەكلەپ ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا بىر تۈركۈم سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ چىقىپ، بىر تۈركۈم تېخنىكىغا پىششىق بولغان بەلغەم تەكشۈرۈش، رادىئو ئاكتىپ نۇر تايا-چىلىرىنى چېنىقتۇرۇپ چىقتى. ۋىلايەت يەنە شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىر فېلدشېرلار سىنىپىنى سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش فېلدشېرلار سىنىپى قىلىپ ئۆزگەرتىپ بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى نىشانلىق ھالدا ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتلىرىنىڭ سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمچىلىرىگە تەقسىم قىلدى.

كالمېت گېرىن ۋاكسىنىسىنى ئەملەش ئۆسمۈرلەردە تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر. ۋىلايەت بويىچە 153 مىڭ 944 نەپەر ئۆسمۈرگە كالمېت گېرىن ۋاكسىنىسى ئەملەندى، بۇنىڭ ئىچىدە، يەكەن، قاغىلىق، قەشقەر شەھىرىدە پىلان بويىچە 90 مىڭ 944 نەپەر يەتتە ياشتىن تۆۋەن ئۆسمۈرگە ئومۇميۈزلۈك ئەملەندى. يېزىلاردا قەرەللىك تولۇقلاپ ئەملەش يولغا قويۇلدى. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر مەركەزلىك ھالدا 1985 - يىلدىن بۇيان تۇغۇلغان 63 مىڭ بوۋاققا تولۇقلاپ ئەملىدى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق دوختۇرخانىلار ۋە بىر قىسىم ناھىيىلىك دوختۇرخانىلار يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا كالمېت- گېرىن ۋاكسىنىسى ئەملەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ھازىر ۋاكسىنا ئەملەشتە ھادىسە كۆرۈلمىدى.

ۋىلايەت بويىچە 26 يېزىدا 340 مىڭغا يېقىن نوپۇس ئىچىدە يىپ ئۇچى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىپ 45 مىڭ 673 كىشى رېنتگېن بىلەن كۆزىتىلدى، 8106 كىشىنىڭ بەلغىمى تەكشۈرۈلۈپ سۈركەلمە زەكەر كېسەللىككە گىرىپتار بولغان 1586 كىشى تېپىپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە I گۇرۇپپىدىكى كېسەللەر 1287 نەپەر، II گۇرۇپپىدىكى كېسەللەر 299 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ

ھەممىسى دورا بىلەن داۋالىنىلدى. كېسەللەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، باشقۇرۇش، داۋالاش ئىشلىرىدا نامىيە (شەھەر) لىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمچىلىرىنى ۋە يېزىلاردىكى سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كەسپىي كادىرلىرى يېزا دوختۇرلىرى بىلەن ئىقتىسادىي مۇكاپاتلاش — جازالاش توختامى تۈزدى. يېزا دوختۇرلىرى ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت قىلىپ داۋالاپ، قەرەللىك تۈردە كېسەللەرنىڭ تۈپرۈكىنى مازۇكلاپ تەكشۈرۈپ ۋە كۆكرەك رەسىمىنى قايتا تەكشۈرۈپ تۇرغاچقا، ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى بولدى. يېڭىشەھەر، كونىشەھەر قەشقەر شەھىرىدىكى 365 نەپەر بىمارنى قايتا تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، تۆت ئاي ئىچىدىكى بەلغەم باكتېرىيىسىنىڭ مەنپىيلىككە ئۆزگىرىش نىسبىتى 91.2% بولدى. كلىنىكا تەجرىبىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كۆپ قىسىم نامىيە (شەھەر) لەر سۈركەلمە زەكەر كېسەللىرىنى دەسلەپتە داۋالىغاندا (39HT/9HT) نى ئىشلەتكەن. بۇنىڭدا بەلغەم باكتېرىيىسىنىڭ مەنپىيلىككە ئۆزگىرىش نىسبىتى باشقا داۋالاش لايىھەلىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، ئەكس تەسىرى باشقا لايىھەلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدۇ.

ۋىلايەت چۈشۈرۈپ بەرگەن باكتېرىيىلىك مۇسبەتلىكنى يېقىش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنلىغان نامىيەلەر: يېڭىشەھەر 115:209، قاغىلىق 140:146، مەكىت 70:97، يوپۇرغا 50:59، تاشقورغان 10:16.

(سۇلۇشيە نۇرمىن).

**[پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش]** ھەر تۈرلۈك قائىدە — تۈزۈملەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، 263 مىڭ 350 كىشىگە كارتوچكا تۇرغۇزۇلدى، ۋىلايەتنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، مارالبېشى، مەكىت، قاغىلىق، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، قەشقەر شەھىرىنىڭ ماتېرىياللارنى ستاتىستىكا قىلىش، كارتوچكا تۇرغۇزۇش نىسبىتى بىردەك 94 پىرسەنتكە يەتتى، بىر قىسىم نامىيەلەر يەنە ئىممۇنىتېتلاش تەرتىپىگە ئاساسەن ئىممۇنىتېتلاش ئۈنۈمىنى كۆرۈپ بېقىش يولغا قويۇلۇپ 326 كىشىدە شېك دېگەن كىشى كەشپ قىلغان ئىممۇنىتېتلاش قايلىنىشىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى بويىچە كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى سىنىقى ئېلىپ باردى. كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچى 76.7 پىرسەنتكە يەتتى مەنپىي نىسبىتى 15.25% بولدى. ئىممۇنىتېتلانغان كۈچىنىشكە قارشى تەنچىنىڭ مەنپىيلىككە ئۆزگىرىش نىسبىتى بويىچە 517 كىشىدىن قان ئېلىپ تەكشۈرۈلدى، چېچەك ۋاكسىنىسى ئىممۇنىتېتلاشقا تېگىشلىك كىشى 188 مىڭ 181 بولۇپ، 154 مىڭ 508 كىشى ئەمەلىي ئىممۇنىتېتلىنىپ، ئىممۇنىتېتلاش نىسبىتى 82 پىرسەنتكە يەتتى.

بالىلار پالەچلىكى قەنت كۇمىلىچى يېيىشكە تېگىشلىك كىشى 186 مىڭ 436 نەپەر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 180 مىڭ 192 كىشى قەنت كۇمىلىچى يېدى، بۇ 96.7 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. «ميە لبە يپو» دورىسى بىلەن 3- قېتىم ۋاكسىنا ئۇرۇشقا تېگىشلىك كىشى 191 مىڭ 780 نەپەر بولۇپ، ئەمەلىي ۋاكسىنا ئۇرۇلغانلار 164 مىڭ 63 كىشى، بۇ، 85.5 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە 1986- يىلى ۋىلايەت بويىچە توڭلىتىش زەنجىر ئەسلىھەلىرىنى تەقسىملەپ تارقىتىش، قوراشتۇرۇش، كەسپىي خادىملار-

لى تەربىيىلەش قاتارلىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاندى.

(سۇڭ شيېنۇن).

**[دۆلەت چېگرىسىدا كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتى]** ۋىلايەت بويىچە يىل بويى چېگرىدىن كىرگەن ساياھەتچىلەردىن 16 مىڭ 675 ئادەم - قېتىم، خىزمەتچى خادىملاردىن 6839 ئادەم - قېتىم تەكشۈرۈلدى. چەتئەلدىن كىرگۈزۈلگەن 1630 پارچە كونا كىيىم - كېچەك كۆيدۈرۈلدى. ئىككى جەسەت تەكشۈرۈلۈپ چېگرىدىن چىقىرىلدى. ھەر قايسى ئەل ساياھەتچىلىرى ۋە يەرلىك چارۋىچىلاردىن بولۇپ 862 ئادەم - قېتىمدا جىددىي داۋالاندى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللەردىن 143 كىشى داۋالاندى. 178 قېتىم كېچىدە چىقىپ كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇلدى، باشقا دوختۇرخانىلارغا يۆتكەلمىگەن كېسەللەرگە 40 ئادەم - قېتىم ھەمراھ بولۇپ ئاپىرىپ قويۇلدى. خۇنجىراپ ئېغىزىدا يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان كۆزنىشكە تېگىشلىك يەتتە كىشى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. ئۆز جايىدا تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇلغاندىن باشقا ئىككى ئېغىزدا ھېچقانداق يۇقۇملۇق كېسەللەر بايقالمىدى. 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئېغىزنىڭ تازىلىق ھالىتى ۋە چېگرىدىن كىرگەن-چىققان 4514 ماشىنا- قېتىمغا نازارەت قىلىش ۋەزىپىسى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنلاندى.

(سۇڭ شيېنۇن).

**[رادىئوئاكتىپلىقتىن ساقلىنىش]**

1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئاتموسفېرا چۆكۈندىلىرىنى كۆزىتىش ۋەزىپىسى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلانغاندىن سىرت، كەلكۈن مەزگىلى ۋە سۇ سوغالغان مەزگىللەردىكى 98 خىل سۇ ئەۋرىشكىسىدىكى ئۇران، تورىي، رادىي ئېلېمېنتلىرىنى ئۆلچەپ بېكىتىش، تەھلىل قىلىش ئېلىپ بېرىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن چېرنوبىل يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋەقەسىدىن كېيىن، ۋىلايەتتە بۇنىڭغا ئائىت مەڭگۈلىگەن سانلىق مەلۇماتلار توپلىنىپ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭ قىزىلقۇلۇق ئارمىيە 12 - دوختۇرخانىسىنىڭ ئىزوتوپ بۆلۈمىنىڭ رادىئوئاكتىپلىقتىن ساقلىنىش خىزمىتىدە داۋاملىق تۈردە نازارەت قىلىش، ئۆلچەش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، كېيىنىشكە تارقىتىپ بېرىش خىزمەتلىرى ئىشلەندى. گېئولوگىيە تارماقلىرى رودا تاللاشتا ئىشلىتىدىغان رېنتگېن ئاپپاراتىنىڭ رادىئوئاكتىپلىقتىن ساقلىنىش جەھەتتە، ئالدىنى ئېلىش شارائىتىنى تەكشۈرۈش، ئۆلچەش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ۋىلايەت بويىچە رېنتگېن ئاپپاراتىنى ئىشلىتىشتە رادىئوئاكتىپلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەجرىبە توپلاپ بەردى.

(سۇڭ شيېنۇن).

**[داۋالاش ئىشلىرى]** ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دوختۇرخانىلارنىڭ 1986 - يىلى داۋالىغان كېسەللىرى 930 مىڭ كىشى- قېتىم، بالنىستا ياتقان كېسەللەر 560 مىڭ كىشى - قېتىم، يېزا - بازار شىپاخانىلىرى داۋالىغان 1 مىليون 520 مىڭ كىشى - قېتىم، بالنىستا ياتقىنى 130 مىڭ كىشى - قېتىم، ھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلار داۋالاش، پەرۋىش، ئالاھىدە تەكشۈرۈش ۋە يەنە تەت-

قىلىقات جەھەتلەردە بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.ھەممىدە يېڭى داۋالاش تۈرلىرىدىن 78 نى قانات يايدۇردى. ۋىلايەتلىك 1- خەلق دوختۇرخانىسى ئۆزلۈكىدىن بارماقنى ئۇلاش ئوپېراتسىيىسى، مارالبېشى ناھىيىلىك دوختۇرخانىسى يوتا سۆڭىكىنى ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىشلەپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ داۋالاش ئىشلىرىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 1- خەلق دوختۇرخانىسى خلوس سۈيدۈك لىمفا نەيچىسى قورساق تېمى كۆك تومۇرنى يۆتكەپ ئېقىتىش ئوپېراتسىيىسى، تېرە، جىگەرنى تېشىپ ئۆت يولىدا سايە پەيدا قىلىش تېخنىكىسى، ئاشقازان ئاستى نەيچىسىنى كېسىپ ئاشنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، كۆپخىل قۇلاق ناغرا قېرىنچىسى، شەكىل تۈزەش ئوپېراتسىيىسى، قىزىلئۆڭگەچنى ئېلېكتر قۇتۇبى ئۇسۇلى بىلەن تەكشۈرۈش، يۈرەك دالانچە تۈگۈنى خىزمىتىنى ئۆلچەش، قاتتىق تاڭلاي بۆرۈن، بوغۇزدىكى تالالىق قان تومۇر ئۆسمىسىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، قورساق پەردە سىرتىدىن ماتكىنى يېرىپ ئوپېراتسىيە قىلىش، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن كىرىمېتىنى يېلىمەنمان نەيچە بىلەن بۆرۈننىڭ غەلىتە ئۆسۈشىنى تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قاتارلىق يېڭى تۈرلەردىن 33 تۈرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قانات يايدۇردى، تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى كىندىك بېغىشىغا قان ئۇيۇپ قالغان ئاقسىل رېئاكسىيىسىنى ئۆلچەش، TDP توك بىلەن داۋالاش، قۇلاق ئۆگىلىرىنى بېسىپ داۋالاش، ماتكىنىڭ غەلىتە شەكلىنى مەقئەت بىلەن ماتكا يولىنى ئاجرىتىش ئارقىلىق تۈزەش ئوپېراتسىيىسى، قان تەكشۈرۈپ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئانالىز قىلىش، كۆكرەكنى تېشىپ كېسەل ئارقىتىش ئارقىلىق بالىلار ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش قاتارلىق توققۇز يېڭى تۈرنى قانات يايدۇردى.

يەكەن، قاغىلىق، قەشقەر شەھىرى دوختۇرخانىلىرى، ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار B ئۇلترا دولقۇن بىلەن تەكشۈرۈشنى يېڭىدىن قانات يايدۇردى. يەكەن ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئۇلترا ئاۋاز تۇمانلاشتۇرۇش، سۈيدۈك ئاقمىسىنى ياماش ئوپېراتسىيىسى، يىلان زەھىرى بىلەن كىسلاتاغا قارشى كۆز تېگى قىزىل تومۇر توكچىسىنى داۋالاش قاتارلىق تۈرلەرنى قانات يايدۇردى. مەكىت ناھىيىلىك دوختۇرخانا قۇلاق ئۆگىلىرىنى ئۇۋۇلاش ئارقىلىق يىراقنى كۆرەلمەسلىك، ئۇيقۇسىزلىق، ھېمۇگلوبىننى ئۆلچەش قاتارلىق 10 تۈرنى قانات يايدۇردى. شەھەرلىك بىرلەشمە دوختۇرخانا 27 يېڭى كەسپنى قانات يايدۇردى. ئۇنىڭ ئىچىدە Bs-1 تىپلىق ئېلېكتر سۇيۇقلۇق بىلەن دوۋسۇندىكى تاشنى پارچىلاش ئەسۋابى بىلەن بەدەن سىرتىنى تەجرىبە قىلىش مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. كىرىمېتىنى يېلىمى بىلەن يۈز قىسمىغا ئوكۇل قىلىپ ئېگىز ئۆسكەن ئەگرى شەكىللىك بۆرۈننى تۈزەش، بۆرەك جامىغا نەيچە سېلىپ سايەچۈشۈرۈش، يىلىك ھۈجەيرە ئىلمىسى بويىچە تەكشۈرۈش، B تىپتىكى جىگەر كېسەللىكىنى ئېلېكترلىك لەيلەتمە ئارقىلىق ئاقتۇرۇپ ئۆلچەش قاتارلىقلار بار. بۇ، شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى. يەكەن ناھىيىسى كاچۇڭ يېزىلىق شىپاخانا تۇنجى قېتىم كۆزنى توسۇۋالغان ئاق پەردىنى

ئوپېراتسىيە قىلىشىنى قانات يايدۇردى.

بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت ياشانغانلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش، دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىشىنى باشقۇرۇش، يەككە ئىگىلىك كەسىپدىكى تېببىي خادىملارنى تەكشۈرۈش، ئىمتىھان ئېلىش، داۋالاش جەريانىدا چىققان ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ھەر خىل سەھىيە تېخنىكا ئۇنۋان باھالاش، دىپلوم تارقىتىش خىزمەتلىرىنى ئورۇنلىدى، جەمئىي 1625 كىشىگە دىپلوم تارقاتتى. تېخنىكا ئۇنۋانى جەھەتتە قېپقالغان 30 كىشىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. داۋالاش جەريانىدا چىققان ھادىسىدىن قېپقالغان توققۇز ئەنزە، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئۈچ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلدى. باشقا جايلارغا بېرىپ داۋالىنىشقا ئەۋەتىلگەن كېسەللەر 122 كىشى-قېتىم.

1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى سەھىيە ئورگانلىرى مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدە «خۇاڭ چىڭيو ۋەقەسى»نى ئۈلگە قىلىپ، ۋىلايەت بويىچە تېببىي ئەخلاق، تېببىي ئىستىل تەربىيىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، كۆپ ساندىكى داۋالاش، سەھىيە ئورۇنلىرى تېببىي ئەخلاق تەربىيىسى توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەش، دوكلات بېرىش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى. ۋىلايەت يەنە جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى نۇقتىلىق ھالدا تەكشۈردى. ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ ئامبۇلاتورىيە، كېچىلىك كېسەل كۆرۈش، قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۇشتۇمتۇت تەكشۈرۈش، كېچىلىكى بېرىپ ھال سوراش، سۆھبەتلىشىش، قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ھازىر قەشقەر شەھىرى، مارالبېشى، يەكەن، يېڭىشەھەر قاتارلىق ناھىيىلىك دوختۇرخانىلاردا تېز كۆرۈش بۆلۈمى قۇرۇلدى. كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلىك دوختۇرخانىلاردا تېز كۆرۈش دەسلەپكى قېتىمدا كۆرۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە مەسئۇل دوختۇر، مەسئۇل بالنىست دوختۇرلىرىنىڭ قارارلىق ھالدا ئامبۇلاتورىيىگە بېرىپ كېسەل كۆرۈش تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى ھەمدە خادىملارنىڭ سۈپىتى، تېز قۇتقۇزۇش ئەسلىھەلىرى، دورا-دەرمەك، كېسەل كۆرۈش، قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئىشلىرى مۇناسىپ ھالدا تەرتىپكە سېلىندى. ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى يېزا-بازار شىپاخانىلىرىمۇ تېز كۆرۈش خىزمەت تۈزۈمىنى مۇناسىپ ھالدا كۈچەيتتى. تېز قۇتقۇزۇش شەرتلىرى ۋە خىزمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلىدى.

1986-يىلى ۋىلايەت بويىچە ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ جىددىي داۋالىغان كېسەللىرى 26 مىڭ 516 كىشى-قېتىم بولۇپ، تېز قۇتقۇزۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى تەخمىنەن 80 پىرسەنتكە يەتتى. ھەر قايسى سەھىيە داۋالاش ئورۇنلىرى «مەن كېسەللەر ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرەي، كېسەللەرنى ئۆز تۇغقىنىمدەك كۆرەي» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. دوختۇرخانا (پونكىت)لارنىڭ قىياپىتى ياخشىلاندى، داۋالاش، پەرۋىش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. «مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا»، «مەدەنىيەتلىك پونكىت» بەرپا قىلىندى. يەكەن، قاغىلىق دوختۇرخانىلىرى دەسلەپكى مەزگىللىك «پاسكىنىچىلىقنى، قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش» تىن

سۇپەت باشقۇرۇش، ئىشالىمىق باشقۇرۇش تەرەپكە قاراپ راۋاجلاندى. قەشقەر شەھەرلىك دوختۇرخانا، تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى، يەكەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىلارمۇ باش سېستىرا قوللانمىسى تۈزۈپ باش دېجۇرنىلىق تۈزۈمى، ئىمتىھان ئېلىش، تەكشۈرۈش تۈزۈمى، مۇلازىمەت تۈزۈمى، مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈملىرىنى يولغا قويدى. 1 - خەلق دوختۇرخانىسى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە 12 - دوختۇرخانىسى ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، كېسەللىك تۈرلىرى بويىچە بالنىستتا كېسەللەرنى تەكشۈرۈش ۋە كەسپىي تېخنىكا ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ دوختۇرخانا 1986 - يىلى 200 كۈن سەۋەنلىكسىز ئىشلەش مۇسابىقىسىغا 149 سېستىرا قاتنىشىپ، 134 كىشى سەۋەنلىك چىقارمىدى، 18 كىشى 1000 كۈن سەۋەنلىكسىز ئىشلىدى. بۇ دوختۇرخانىنىڭ پەرۋىش خىزمىتىدىكى سەۋەنلىكى ئۆتكەن يىلغا قارىغاندا 35 پىرسەنت تۆۋەنلىدى.

(چىڭ ئەيدى).

## [ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش]

1986 - يىلى ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ۋىلايەتنىڭ يېزىلىرىدا 400 دىن ئارتۇق تۇغۇت پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. كونىشەھەر ناھىيىسى مۇستەقىل پونكىت قۇردى. نۆۋەتتە ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەت ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش كەسپىي خادىملىرى 121 نەپەر بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 24 كىشى كۆپەيدى؛ يېزا دوختۇرخانىلىرىدىكى ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلىغۇچى كادىرلار 187 نەپەر، يېزىلاردىكى ئايال دوختۇرلار ۋە تۇغۇت ئانىلىرى 2447 نەپەر بولۇپ، تۆت دەرىجىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش تورى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەللەشتى.

ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاشتا «ھېسابقا كىرگۈزۈش»نىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ۋە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش توختام تۈزۈمى داۋاملىق قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، ۋىلايەت بويىچە يېڭىدىن تۇغۇلغان 67 مىڭ 409 بوۋاق ئىچىدە يېڭى ئۇسۇل ئارقىلىق تۇغۇلغىنى 60 مىڭ 108 بولۇپ، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش نىسبىتى 89.28 پىرسەنتكە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىگە ئاساسىي جەھەتتىن يېقىنلاشتى، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ قاتما كېسىلى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 0.1‰ بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 0.57‰ تۆۋەنلىدى. ھامىلدار ئاياللارنىڭ چىللە قىزىتمىسى بىلەن ئاغرىش نىسبىتى 0.2‱، ھامىلدار ئاياللارنىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 22.2‱ بولدى.

ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى كونىشەھەر ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى بىلەن بىرلىشىپ، كونىشەھەر ناھىيىسىدە 1984 - يىلدىن 1986 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارنىڭ ئۆلۈم سەۋەبى ھەققىدە ئەسلەش خاراكتېرلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ھامىلدار ئاياللار ئومۇمىي ھامىلدار ئاياللارنىڭ 1.08 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇنىڭ

ئىچىدە 34 نەپەر ئايال قانكۆپ ئېقىپ كېتىش سەۋەبىدىن، تۆت نەپەر ئايال چىللە قىزىتمىسى بىلەن، ئىككى نەپەر ئايال بالىياتقۇنىڭ ئالدىدا ئورۇنلىشىپ قېلىشى بىلەن، ئىككى نەپىرى بالىياتقۇنىڭ يېرىلىپ كېتىشى بىلەن، 13 نەپىرى بالىياتقۇ ئۆسمىسى بىلەن، 29 نەپىرى باشقا كېسەللىكنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. نۆۋەتتە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر ھامىلدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراشنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە.

قەشقەر شەھەرلىك ۋە كونىشەھەر ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتلىرى بالىياتقۇ بويىنى راكىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، 1988 كىشىنى تەكشۈرۈپ بالىياتقۇ بويىنى راكىغا گىرىپتار بولغان 12 كىشىنى بايقىدى، بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ 0.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بالىياتقۇ بويىنىنىڭ باشقا كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغۇچىلار 654 كىشى بولۇپ 32.9 پىرسەنتىنى، جىنسىي يولى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغۇچىلار 47 كىشى بولۇپ، 2.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاشتا يەنىلا بوۋاقلاردىكى «ئىككى كېسەل»نى تەكشۈرۈپ داۋالاش ئاساس قىلىنىپ، ۋىلايەت بويىچە يەتتە ياشتىن تۆۋەن 420 مىڭ 77 نەپەر ئۆسمۈردىن 49 مىڭ 573 نەپىرىنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلۈپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغۇچىلاردىن 3369 نەپىرى ئېنىقلاپ چىقىلدى. بۇ، 6.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە راخىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 285 نەپەر بولۇپ، 0.57 پىرسەنتىنى، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك خاراكتېرلىك قان كەملىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 1044 نەپەر بولۇپ، 2.1 پىرسەنتىنى، ئۈچەي يولى مەددە قۇرۇتى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار 2040 بولۇپ، 4.11 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا داۋالىتىلدى.

1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەت قەشقەر شەھىرى، يەكەن ناھىيىسىدىكى ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتلىرى ۋە ئىككى يېزا، كەنت شىپاخانىلىرى (پونكىتى) ئاپتونوم رايون بويىچە ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاشتا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

(چىڭ ئەيدى).

**[تىببىي مائارىپ ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە تىببىي خادىملار زور دەرىجىدە كەمچىل بولۇشتەك ئەمەلىيەت ئاساسىدا، ھەر دەرىجىلىك داۋالاش، سەھىيە ئورۇنلىرى تىببىي مائارىپ بويىچە «7 - بەش يىللىق» پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنى تېزلەتتى. ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ تۇنجى تۇركۇمدىكى بىلىم ئاشۇرۇش، تەربىيىلەش بازىلىرى بېكىتىلگەندىن كېيىن، پەيزاۋات، مارالبېشى ناھىيىلىرى يەكەننىڭ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ئېچىشتەك تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، ئىپتىدائىي دەرىجىلىك تىببىي خادىملارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياكى مەبلەغ توپلاپ قۇرۇپ چىقتى. بىر يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەر ھەر تۈرلۈك ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى جەمئىي 17 قارار ئاچتى، 467 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. بۇ-

نىڭ ئىچىدە تىببىي باشقۇرغۇچى خادىملاردىن 28 كىشى ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە ئاپتونوم رايون ئاچقان باشقۇرۇشنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببىي تېخنىك خادىملاردىن 190 كىشى ۋىلايەتتىن يۇقىرى ياكى ناھىيە دەرىجىلىك داۋالاش تارماقلىرىدا تەربىيەلەندى؛ يۇقىرى دەرىجىلىك تىببىي تېخنىك خادىملاردىن 87 كىشى ۋىلايەتتىن يۇقىرى ۋە سىرتقى ئۆلكە، رايونلاردىكى داۋالاش تارماقلىرىدا بىلىم ئاشۇردى؛ مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 99 كىشى قايتا تەربىيە ئالدى ياكى قايتا ئۆگەندى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، يېزا - كەنت دوختۇرلىرى، ساقلىقنى ساقلىغۇچىلاردىن 383 كىشى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردا تەربىيەلەنگەن.

1986 يىلى ۋىلايىتىمىزدە جۇڭخۇا جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ قەشقەر شۆبىسى قۇرۇلدى. سېستىرالار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ 20 يىل خىزمەت قىلغان پېشقەدەم سېستىرالارغا خاتىرە بويۇملىرى تارقىتىپ بېرىلدى؛ جۇڭخۇا تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ قەشقەر شۆبە جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، مۇدىرىيەت ئەزالىرى قايتىدىن سايلاپ چىقىلىپ، جەمئىيەت ئەزالىرى كۆپەيتىلىپ، 77 تۈرلۈك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت ئالماشتۇرۇلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى. سەھىيە تەشۋىقات جەھەتتە بەش سان كىچىك گېزىت تۈزۈپ بېسىلىپ 27 مىڭ 700 نۇسخا تارقىتىلدى. سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە مەخسۇس بىر سان «قەشقەر سەھىيەسى» ژۇرنىلى ئىشلىنىپ، مەملىكەت بويىچە سىل كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

قەشقەر تىببىي مەكتىپىدە 1986 - يىلى 245 ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومنى پۈتتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە سېستىرا كەسپىدە 120 نەپەر، دورىگەرلىك كەسپىدە 82 نەپەر، فېلدشېرلار كەسپىدە 43 نەپەر ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 68.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

(چىڭ ئەيدى).

## [دورىلارنى مەمۇرىي باشقۇرۇش]

1986 - يىلى دورىلارنى باشقۇرۇش قانۇنىي داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 51 ئورۇندىن يالغان شىيەنما، سارىن، زەرپە، ئىپار قاتارلىق 100 جىڭدىن ئارتۇق 17 خىل يالغان دورا ئۆسۈملۈكلىرى لىمىن توڭ دورا زاۋۇتىنىڭ ئۆلچەمگە يەتمىگەن 1700 شىشىدىن ئارتۇق گلۇكوزا سۇيۇقلۇقى ۋە ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن 75 خىل 1800 قۇتا (شىشە) دورا، شاللىۋېتىلگەن 47 خىل 92 قۇتا (شىشە) دورا تەكشۈرۈپ تېپىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، قۇرۇت چۈشكەن 18 خىلدىكى تەخمىنەن 1500 جىڭ دورا ئاپتاپقا سېلىندى ۋە قۇرۇتلىرى يوقىتىلدى. ۋىلايەت يەنە مارالبېشى، پوسكام، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، پەيزاۋات بەش ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ دورا ياساش بۆلۈمىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. پوسكام ناھىيىلىك دوختۇر-

خانىسى ئۆتكۈزۈۋېلىش ماقۇللاندى.

ۋىلايەتلىك دورىلارنى كاراتتىن قىلىش ئورنى يالغان، ناچار دورىلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ماسلاشقاندىن سىرت، يەنە ئادەم تەشكىللەپ 225 خىل دورىنى ئارىلاپ تەكشۈردى، 500 خىل دورىنى تەجرىبىخانىدا تەكشۈردى. ۋىلايەتلىك دورا سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش پونكىتى ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈپ 102 دانە سايماننى تەكشۈرۈپ بىراكقا چىقاردى، 37 دانە سايماننى قايتۇرۇپ يىغىۋالدى، 190 دانىدىن ئارتۇق سايماننى رېمونت قىلدى. ئۇلار 16 مىڭ 354 يۈەن ساپ كىرىم قىلىپ، كىرىمنى ئىلگىرىكى يىلدىكىدىن 37% كۆپەيتىپ، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى.

(چىلىق ئەيدى).

## [قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى]

قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئەسلىدە قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قارمىقىدىكى دوختۇرخانا بولۇپ، 1975 - يىلى ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا دوختۇرخانىدا 28 كىشى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر ۋە سېستىرالار 10 كىشى ئىدى. ھازىر بۇ دوختۇرخانىدا 70 كارىۋات بار، بالنىست، ئامبۇلاتورىيە، مەمۇرىيەت، خوجىلىق بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا دورىخانا، لابوراتورىيە، رېنتگېن ئۆيى، يۈرەك ئېلېكترو كاردىئوگراممىسى ئۇلترا دولقۇن ئۆيى ۋە B (LS—300A) تىپىدىكى ئۇلترا ئاۋاز بىلەن دىئاگنوز قويۇپ ھۆكۈم قىلىش ئەسۋابى بار بولۇپ، پايدىلىنىش ئۈنۈمى 70%، 1986- يىلدىكى كارىۋات شتاتى 70 بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 120 كارىۋات ئىشلىتىلىدى، كارىۋاتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى 80%، كارىۋاتنىڭ يىللىق ئايلىنىش نىسبىتى 11.91%؛ دوختۇرخانىدا ياتقان ئوتتۇرىچە كۈن سانى 24 كۈن، بالنىستتا ياتقان كېسەللەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 0.59%، ھەر كۈنى ئوتتۇرىچە دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىققانلار 2.92 كىشى، 1986-يىلدىكى كۈنلۈك ئوتتۇرىچە كۆرۈلگەن كېسەل 38 ئادەم - قېتىم.

دوختۇرخانا بويىچە دوختۇر ۋە سېستىرالارنىڭ نىسبىتى 1:1.08، ئىشچى خىزمەتچىلەر بىلەن كارىۋات سانىنىڭ نىسبىتى 1:093.

1986 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 74 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل ۋىراچ بىر نەپەر، بالنىستتىكى ۋىراچ سەككىز نەپەر، غەربچە داۋالاش ۋىراچى تۆت نەپەر، جۇڭيى ۋىراچ بىر نەپەر، سېستىرا ئىككى نەپەر، ياردەمچى سېستىرا 23 نەپەر، جۇڭيى فارماتسېپى ئىككى نەپەر، غەربچە داۋالاش فارماتسېپى بەش نەپەر، مەسئۇل لابورانت بىر نەپەر، لابورانت ئۈچ نەپەر، رېنتگېن فېلدشېرى ئىككى نەپەر، رېنتگېن تېخنىكى بىر نەپەر، بوغالتىر بىر نەپەر، كاسسىر بىر نەپەر، مەمۇرىي ئىشخانا خادىمى بىر نەپەر، خوجىلىق بۆلۈم باشقۇرغۇچىسى ئۈچ نەپەر، ئىشچى 14 نەپەر، ياردەمچى بوغالتىر بىر نەپەر.

بۇ دوختۇخانادا 1983 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ، «2—654» نى قوللىنىپ ئېغىر جىگەر كېسەللىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇلدۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ،

جىگەر ھۇشسىزلىنىش سەۋەبىدىن كېلىپچىققان ئۆلۈم نىسبىتىنى ئەسلىدىكى 70 پىرسەنتتىن 30 پىرسەنتكە چۈشۈردى.

1986- يىلى يىل بويىچە قىلىنغان كەسىپ كىرىم 497 مىڭ 468 يۈەن 23 پۇڭ، كەسىپ چىقىم 435 مىڭ 959 يۈەن 53 پۇڭ بولدى.

(ئۇۋيالىڭ جىننى).

**[قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى دوختۇرخانىنى ئېچىۋېتىپ باشقۇردى]** قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى يېپىق شەكىلدىكى دوختۇرخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دوختۇرخانا دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، دوختۇرخانىنى ئېچىۋېتىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. 1986 - يىلى يېڭىسار ناھىيىلىك دوختۇرخانا، پوسكام ناھىيىلىك دوختۇرخانا، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قوماندانلىق شىتابى ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى بىلەن توغرا لىنىيىلىك ئالاقە ئورناتتى. ئىختىيار قىلىش ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن يەككە تۈر ياكى كۆپخىل تۈرلەر بويىچە يەتتە تۈرلۈك تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى تېخنىكا تايانچلىرىنى ئەۋەتىپ ھەمكارلاشقان ئورۇنلارنىڭ داۋالاش، كېسەللەرنى كۈتۈش شۇنىڭدەك باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرۇپ، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، كەسىپ جەھەتتە تەربىيىلەشنى يولغا قويدى. ھەر خىل قائىدە-تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ياردەملەشتى، ھەمدە زۆرۈر بولغان داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە دورىلار بىلەن تەمىنلىدى، ھەمكارلاشقان ئورۇنلار يۆتكەپ بەرگەن كېسەللەر ۋە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن خادىملارنى ئالدى بىلەن قوبۇل قىلدى. ئىككى تەرەپ كېلىشىش ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرى تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى ئەۋەتكەن خادىملارنىڭ مائاشىنى ئۈستىگە ئالدى. بىر يىل ئىچىدە 18 كىشى قاتناشتۇرۇلغان بەش تۈركۈم داۋالاش ئەترىتى ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىغا بېرىپ خىزمەت قىلدى. داۋالاش ئەترىتى ھەمكارلاشقۇچى ئورۇنلارنىڭ شۈبھىلىك كېسەللەرگە بىرلىشىپ دىئاگنوز قويۇش، خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش، ياتاق تەكشۈرۈش، داۋالاش خاتىرىسىنى قالدۇرۇش، سېلىشتۇرۇش، سەۋەبلىك كۆرۈلگەن ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش، دىجورنى بولۇش ۋە دىجورنىلىقنى تاپشۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار داۋالاش، كېسەل كۈتۈش خىزمەت تۈزۈملىرى ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش، يوقلىما قىلىش، دورىلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق دوختۇرخانا باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىپ، ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىنىڭ ئىلمىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشقا ھەمكارلاشتى. دەرس سۆزلەش، تېخنىكا مەشغۇلاتىنى ئىشلەپ ئۈلگە كۆرسىتىش، كېسەللىك مىساللىرىنى مۇزاكىرە قىلىش قاتارلىق كۆپخىل شەكىللەر ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامدىكى تىببىي خادىملارنىڭ كەسپىي نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە تېخنىكا ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى، بەش تۈركۈمدىكى داۋالاش ئەترەتلىرى جەمئىي 109 قېتىم لېكسىيە سۆزلىدى، 220 سائەت دەرس ئۆتتى، بۇنىڭغا قاتناشقان خادىملار 6540 ئادەم-قېتىم بولدى. داۋالاش ئەترەتلىرى ھەمكارلاشقۇچى ئورۇنلارنىڭ داۋالاشنىڭ 1- سەپىدىكى خىزمەتلىرىگە قاتنىشىش جەريانىدا ئۆز ۋاقتىدا ياتاقلارنى تەكشۈرۈش ۋە

ئامبۇلاتورىيىگە كېسەل كۆرۈشكە چىقىپ، خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە يېڭى خىزمەت تۈرلىرىنى ئېچىپ، ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىنىڭ داۋالاش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن پائال تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ھەمكارلاشقۇچى ئورۇنلارنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرىنى لابوراتورىيە دورىلىرى، رېنتگېن لېنتىسى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلىدى، بۇنىڭ قىممىتى 500 يۈەندىن ئاشىدۇ.

تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى يۇقىرىقى ئۈچ دوختۇرخانا بىلەن تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىغاندىن سىرت، يەنە پائال تۈردە باشقا دوختۇرخانىلار بىلەن كەسپىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، مەسئۇل ۋىراچ قاتارلىق كەسپىي تايانچلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەملەشتى. 1986 - يىلى 54 ئادەم-قېتىم باشقا دوختۇرخانىلارنىڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللەرگە بېرىلىشىپ دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش، قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشتى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى نېرۋا كېسەللىكلەر تاشقى بۆلۈمى مەسئۇل ۋىراچ ۋە ئوپېراتسىيە بۆلۈمى خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، يەيلۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا بىخەستەلىك تۈپەيلىدىن مىلتىق بىلەن مېڭە سۆڭىكى زەخىملەنگەن بىر نەپەر ئىشچىنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئۆز ۋاقتىدا قاتنىشىپ، بۇ يارىدارنىڭ بېشىنىڭ ئىچىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تازىلاپ ۋە ئېچىپ، كېسەلنىڭ ھاياتىنى قۇتقازدى.

دوختۇرخانىنى ئېچىۋېتىپ باشقۇرۇش ئارقىلىق ھەر قايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋەت زىچلاشتۇرۇلۇپ، ھازىرقى بار بولغان ئاپپارات، خادىملار، تېخنىكلار، كارىۋات، ئۈسكۈنە جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچلەر قېزىپ چىقىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ داۋالىنىشىغا ئوڭايلىق يارىتىلىپ، يۆتكەش زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ دوختۇرخانا يۆتكەپ دىئاگنوز قويۇشتەك ئىشلار ئازايتىلىپ، كېسەللەرنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى يەڭگىللىتىلىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى.

(فەن يۈدى، لى خۇك).

**[قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى يېڭى تېخنىكا تۈرلىرىنى يولغا قويدى]** قەشقەر تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى داۋالاش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چېگرا رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، دوختۇرخانىدىكى بارلىق تىببىي خادىملارنى تەشكىللەپ، يېڭى تېخنىكا تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، داۋالاش، تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، داۋالاش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

بۇ دوختۇرخانا 1986 - يىلى پىلانلىق تۇغۇت بۆلۈمى قۇرۇپ، جىنسىي يولدىن ئاجرىغان ھۈجەيرىلەرنى ئەينەك بىلەن تەكشۈرۈش (مېڭە ئېلېكتر ئېقىمى سىخېمىسى) بۆلۈمى قۇردى. پىلانلىق تۇغۇت بۆلۈمى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، تۇغۇتچەكلەش ئوپېراتسىيىسىنى قانات يايدۇردى. بىر يىل ئىچىدە «سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن بويىدىن ئاجرىتىلغان»لار 2388 نەپەر، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ھالقىسى سېلىنغىنى ۋە ھالقا

ئېلىنىۋېتىلگەننى 1374 كىشى - قېتىم، بۇنىڭ ئىچىدىكى مەشغۇلاتى توغرا بولۇپ، خاتالىق كۆرۈلمىدى. بۇ دوختۇرخانا قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. مېڭە ئېلېكتىر ئېقىمىنى كۆرستىش سىخېمىسى بۆلۈمى يەنە مېڭە قان ئېقىمىنى كۆرستىش سىخېمىسى كەسپىنى قانات يايدۇردى. پۈتۈن يىل ئىچىدە تەكشۈرۈلگەن كېسەللەر 333 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نورمال بولمىغىنى 38 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ، باش ئىچى كېسەللىكى ۋە تۇتقاقلىق كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇشقا ئاساس يارىتىپ بەردى.

بۇ دوختۇرخانا پائال تۈردە شەرت - شارائىت ھازىرلاپ، داۋالاش ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلىدى. 1986 - يىلى بىر دانە $S$-300$AB$ تىپلىق ئولترا سونىد دىئاگنوز ئەسۋابى سېتىۋالغانىدى. ھازىر ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرگىلى ئۈچ ئاي بولدى. ئۇنىڭدا تەكشۈرۈلگەن كېسەللەر 359 نەپەر، مۇھەممەزالار كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى كۈچەيتىپ، كلىنىك دىئاگنوزنىڭ توغرىلىقىنى يۇقىرى كۆتەردى.

بۇ دوختۇرخانا يېڭى تېخنىكىنى كىرگۈزۈش ۋە يېڭىچە داۋالاش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بەردى. يىلبويى قانات يايدۇرۇلغان يېڭى تېخنىكا تۈرلىرى توققۇز، بالىلار بۆلۈمى كۆكرەكنى تېڭىپ كېسەلنى تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان 200 بالىنى داۋالىدى. ساقىيىش نىسبىتى 85 پىرسەنتكە يەتتى. بۇ داق داۋالاش ئۇسۇلى ئاددىي ھەم ئوڭاي بولۇپ، تەننەرقىمۇ ئەرزان، جاپاسى يەڭگىل، قوشۇمچە تەسىرى يوق، بۇخىلدىكى داۋالاش ئۇسۇلىنى كېسەل بولغان بالىلار ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئوڭاي قوبۇل قىلالايدۇ، يېڭىچە يىڭنە بىلەن داۋالاش بۆلۈمى $TDP$ توك بىلەن داۋالاش ۋە قۇلاق ئۇكىلىرىنى بېسىپ داۋالاش ئۇسۇلىنى قانات يايدۇردى، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللەرنى داۋالاش، كۆرۈش ئىقتىدارىنى تۈزەش، سېمىز كىشىلەرنى ئورۇقلىتىش، تاماكا خۇمارىنى تۈگىتىش جەھەتلەردە 300 دىن ئارتۇق كىشىنى داۋالىدى. داۋالاش ئۈنۈمى 98 پىرسەنتكە يەتتى. ئاياللار بۆلۈمى ماتكىنىڭ غەلىتە شەكلىنى تۈزەش جەھەتتە مەقئەتماتكا يولىنى ئاجرىتىش ئوپېراتسىيىسىنى ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. لابوراتورىيە بۆلۈمى ئاقسىل $C$ رېئاكسىيىسىنى ئۆلچەشنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇملىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە قوشۇمچە دىئاگنوز قويۇشقا ئاساس يارىتىپ بەردى. بۇ دوختۇرخانا يەنە كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئانالىز قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېغىر، خەتەرلىك كېسەللەرنى ئۆز ۋاقتىدا مۇناسىۋەتلىك قىزىكا-خېمىيىلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، دىئاگنوز قويۇش، جىددىي قۇتقۇزۇش، داۋالاش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملىكى ۋە توغرىلىقىنى يۇقىرى كۆتەردى.

(پەنيۈدە، لىخۇڭ).

## [تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى ئىقتىسادىي كۆتۈرە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى]

1986 - يىلى تىببىي مەكتەپ دوختۇرخانىسى ئىسلاھات فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان دوختۇرخانىلارنى باشقۇرۇش شەكلىگە ئاساسەن، سەھىيە ئىسلاھاتىدىكى ئىلغار ئورۇنلارنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆز دوختۇرخانىسى

-لىلار بىر قەدەر زىچ جايلاردا ۋاقىتلىق كېسەل كۆرۈش ئورنى قۇرۇپ، ھەم ئاممىنىڭ داۋالىنىشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى، ھەم ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇردى، يىللىق كىرىمىنى كۆتۈرە ئېلىشتىن بۇرۇنقى 6 مىڭ يۈەندىن 15 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى كۆتۈرە ئېلىشتىن بۇرۇنقىدىن، 2.5 ھەسسە ئاشۇردى. ئاپتېكىنىڭ دورا ياساش بۆلۈمى كۆتۈرە بېرىشتىن بۇرۇن بىر مەزگىل دورا ياسىسا بىر مەزگىل ئىشتىن توختاپ قالاتتى. دوختۇرخانىغا ئېھتىياجلىق بولغان سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپ قىسمىنى دورا شىركىتى تەمىنلەپ بېرەتتى. بۇنىڭ تەننەرقى يۇقىرى، پۇل كۆپ كېتىشتىن سىرت، پات - پات كلىنىكىلىق ئېھتىياجنى قاندۇرالمايتتى. كۆتۈرە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دورا ياساش بۆلۈمى خادىملار ۋە ئۇسكۈنىلەر كۆپەيمىگەن ئەھۋال ئاستىدا قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى تېرىشىپ ئۆستۈردى. بىر يىل ئىچىدە چوڭ شىشىلىك سۇيۇقلۇقتىن 38 مىڭ شىشە ئىشلەپچىقىرىپ دوختۇرخانىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن سىرت، يەنە پەيزاۋات، يېڭىسار، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى ۋە ۋىلايەتلىك ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى قاتارلىق قېرىنداش ئورۇنلارغا 10 مىڭ شىشىدىن ئارتۇق يارىدەم بېرىپ، يىللىق ساپ كىرىمىنى 40 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 1986 - يىلى ئېغىز بوشلۇقى بۆلۈمى، ئاپتېكا دورا ياساش بۆلۈمى، سالامەتلىك ئاشخانىسى، قايناقسۇخانا، سەتىراچخانا قاتارلىق بەش كۆتۈرە ئالغۇچى ئورۇن جەمئىي 60 مىڭ يۈەندىن ئار-

-سىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «داش قازاننىڭ ئامىقىنى يېيىش» تەك ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىنى ئالغان بىر قىسىم تېببىي تېخنىكا بۆلۈم، ئىشخانا ۋە ئارقا سەپ خوجىلىق تارماقلىرىدا ئىقتىسادىي كۆتۈرە مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي كۆتۈرە توختامى تۈزۈپ، ھەرقايسى كۆتۈرە ئالغۇچى تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، خىزمەت دائىرىسى ۋە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىپ، «ئاشۇرغان قىسمىغا قاراپ نىسبەت بويىچە ئايرىپ بېرىش، زىياننى تارتسا تولۇقلاپ بەرمەسلىك» نى يولغا قويدى. كۆتۈرە ئالغۇچى تارماقلار توختامغا خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا، ئىگىلىك ھوقۇقىنى مۇۋاپىق ھالدا كېڭەيتتى.

ئىقتىسادىي كۆتۈرە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خادىملار، ئۇسكۈنىلەر، تېخنىكا كۈچى ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، خىزمەت ئۈنۈمى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، يارىتقان پايدا قىممىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. مەسىلەن: دوختۇرخانىنىڭ ئېغىز بوشلۇقى بۆلۈمىدە 7 نەپەر دوختۇر، تېخنىك ئىشچى بولۇپ، كۆتۈرە ئېلىشتىن بۇرۇن خىزمەت مىقدارى ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئوتتۇرىچە ئايلىق ئىقتىسادىي كىرىمى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئايلىق مۇئاشىنىڭ ئاران 50% ئەتراپىدا ئىدى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى ناچار ئىدى. كۆتۈرە بېرىلگەندىن كېيىن، بۆلۈمدىكى بارلىق خادىملار بىردەك ھەمكارلىشىپ، چارە - تەدبىر ئىزدەپ كېسەللەرنى كۆپ كۆرۈپ، پائال تۈردە كەسپىي قاناتنى يايدۇرۇپ، ئىسسىنلاپ، سائەتلەپ ئارتۇق ئىشلىدى. سىرتتىكى ئاھا-

تۇق ساپ پايدا ئالدى. ئاشۇرغان قىممىتىنىڭ 30 پىرسەنتى كۆتۈرە ئالغۇچى تارماقلارغا ئاجرىتىپ بېرىلىپ، كوللېكتىپ ۋە شەخسىيلەر ئوخشاشلا ئىقتىسادىي جەھەتتە پايدىغا ئېرىشتى.

(فەن يۇدې، لى خۇلى).

**[1 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تەرەققىياتى]** قەشقەر ۋىلايەتلىك 1-خەلق دوختۇرخانىسى 52 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ دوختۇرخانا قەشقەر شەھىرىدىكى تۈمەن دەرياسىغا سېلىنغان ياۋاغ كۆۋرۈكىنىڭ بويىدا، ئايرودروم يولىنىڭ جەنۇبىدا، يەر كۆلىمى 68 مىڭ 237 كۋادرات مېتىر. قۇرۇلۇش كۆلىمى 19 مىڭ 573 كۋادرات مېتىر بولۇپ، كېسەلخانا ۋە ئامبۇلاتورىيەسى بار.

بۇ دوختۇرخانا 1934 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلانغان، شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ھەربىي دوختۇرخانا ئىدى. كىشىلەر بۇ دوختۇرخانىنى «كېرەمباغ» دەپ ئاتىشىدۇ (كېرەمباغ—كېرەم بەگ ھاجىنىڭ بېغى دېگەن مەنىدە). دوختۇرخانا قۇرۇلغاندا 21 ئادەم بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇر تۆت نەپەر، 30 كارىۋاتلىق كېسەلخانا ۋە ئامبۇلاتورىيە بار بولۇپ، يەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللەرنى داۋالاشنى ئاساس قىلاتتى. بۇ دوختۇرخانىدا ئاران پىناندوسكوپ قاتارلىق ئادەتتىكى داۋالاش سايمانلىرى بولغان.

بۇ دوختۇرخانىغا 1935- يىلىنىڭ بېشىدا «ھىلال ئەھمەر» دوختۇرخانىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. كېرەمباغ بالنىتسا (كېسەلخانا) قىلىنغان، كارىۋات سانى 50 گە كۆپەيگەن، تەركىبىدە تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى بولغان. ئەسلىدىكى «ھىلال ئەھمەر» دوختۇرخانىسى ئامبۇلاتورىيە قىلىنغان. ئۇ چاغدا «ياۋاغ» دەپ ئاتىلاتتى.

1936 - يىلى دوختۇرخانىنىڭ راسخوتى ئاشۇرۇلغان، كارىۋات سانى 100 گە كۆپەيتىلگەن. ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار بۆلۈمى، بالىلار بۆلۈمى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈملىرى قۇرۇلغان. «كېرەمباغ» دوختۇرخانىسى كىچىك كېلىپ قالغانلىقتىن، كونىشەھەر ناھىيىسى «ياڭدارىن بېغى» دا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمى قۇرۇلغان، بىر دوختۇرخانا ئۈچ ئورۇندا ئىش ئېلىپ بارغان. تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى بىلەن ئاياللار بۆلۈمى ئاران قورساقنىڭ تۆۋەن قىسمى ۋە ئاياللارنىڭ ماتكا كېسەللىكىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىيالايتتى.

1939 - يىلى كېرەمباغ دوختۇرخانىسى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك 3 - دوختۇرخانا» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

1942 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن پۇل ئاجرىتىپ كېرەمباغ ئىچىگە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈم بالنىتسىسى ياسىغان.

1944 - يىلى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈم بالنىتسىسى ياسىلىپ پۈتكەندىن كېيىن، ئىچكى بۆلۈم، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمى كونىشەھەر ناھىيىسىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن.

شىنجاڭ ئازاد بولۇش ئارپىسىدا، دوختۇرخانا راسخوتى ۋە داۋالاش دورىلىرى ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. ئۇ چاغدا بالنىتسىدا ئاران 70 كارىۋات، 76 خىزمەتچى بار ئىدى.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، بۇ دوختۇرخانىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۆت-

كۆزۈۋېلىپ نامىنى «قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى» قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

شىنجاڭنىڭ سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ دوختۇرخانىنىڭ كۆلىمى كېڭىيىپ، ئىختىساسلىق بۆلۈملەر قۇرۇلۇپ، تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتى، داۋالاش ئەسلىھەلىرى ئىلغار بولغان زامانىۋى ئۇنىۋېرسال يەرلىك دوختۇرخانىغا ئايلاندى. داۋالاشنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات ۋەزىپىلىرىنى زىممىسىگە ئالماقتا.

بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئەسلىدىكى كارىۋات شتاتى 370 بولغان بولسىمۇ، يېقىندىن سەككىز قەۋەت بالنىست بىناسى ياساشنى باشلىغانلىقتىن، كونا ئۆيلەر چېقىلىپ كارىۋات سانى 340 قا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە يەنىلا 400 دىن ئارتۇق كارىۋاتقا كېسەل قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ دوختۇرخانىدا مەمۇرىي ئورگان جەھەتتە، پارتىيە، مەمۇرىيەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىقلار بولغاندىن باشقا، يەنە 2 - سەپكە چېكىنگەن پېشقەدەم زىيالىي رەھبەرىي كادىرلاردىن تەركىب تاپقان دوختۇرخانا پەن تەتقىقات كومىتېتى بار. بۇلار دوختۇرخانىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە كەسپىي تېخنىكا جەھەتلەردە مەسلىھەت بېرىپ تۇرىدۇ.

كلىنىك بۆلۈملەردىن: ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى (نۇقتىلىقراق يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسى ۋە ھەزىم قىلىش يولى سىستېمىسىنى داۋالاش، ئىچكى ئەزالارنى تەكشۈرۈش ئەينىكى، ئېلېكترو كاردىئوگرامما ئارقىلىق كۆزىتىش بۆلۈملىرى بار)، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى (ئومۇمىي خىرورگىيە، كۆيۈكنى داۋالاش، باش، مېڭە، سۆيدۈك يوللىرى، شەكىل تۈزەش، كۆكرەك سىرتقى كېسەللىكلەر، سۆڭەك بۆلۈمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئاياللار ۋە تۇغۇت بۆلۈمى، بالىلار بۆلۈمى، بەش ئەزا بۆلۈم، تېز كۆرۈش بۆلۈمى، ناركوز بۆلۈمى، جۇڭيى بۆلۈم، توك ئارقىلىق داۋالاش بۆلۈمى، يىڭنە بىلەن داۋالاش بۆلۈمى، سىل كېسەل بۆلۈمى، ئوپېراتسىيە بۆلۈمى، ئوزۇقلۇق بۆلۈملىرى بار. تېببىي تېخنىكا بۆلۈملىرىدىن: لابوراتورىيە بۆلۈمى، قان ئىسكىلاتى، ئالاھىدە تەكشۈرۈش بۆلۈمى، رېنتگېن بۆلۈمى، پاتولوگىيە بۆلۈمى، دورىگەرلىك بۆلۈمى، تېببىي داۋالاش سايمانلىرىنى باشقۇرۇش-رېمونت قىلىش بۆلۈمى، مەركىزىي دورىخانا، تەمىنلەش بۆلۈملىرى ھەمدە بالنىستقا كېسەل قوبۇل قىلىش بۆلۈملىرى بار. بۇندىن باشقا، 10 مىڭدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانغان قىرائەتخانىسى بار، 40 تۈرلۈك ھەر خىل داۋالاش كەسپىگە ئائىت كىتاب - ژۇرناللار بار.

ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىدا ھازىر 596 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار. بۇلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 54 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلار كۆپرەك، ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ ئۆزىگە لايىق پەن تەتقىقات ئىقتىدارى بار. بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ئورۇنلانغان پەن تەتقىقات تۈرلىرى 178 بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە 1985 - يىلى ئورۇنلانغىنى 35 كە يېتىدۇ.

ھازىر بۇ دوختۇرخانىدا 10 مىڭ يۈەنلىكتىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە داۋالاش سايمانلىرىدىن 44ى بار. مەسىلەن: تېلېۋىزورلۇق رېنتگېن ئاپپاراتى، B تىپلىك، M تىپلىك ئاۋازدىن سىرتقى دولقۇندا

دېئاگنوز قويۇش ئەسۋابى، ئۆپكە ئىقتىدارىنى ئانالىز قىلىش ئەسۋابى، سۈنئىي يۈرەك – ئۆپكە ئاپپاراتى، چىش بۆلۈمىدە چىش كېسەللىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ داۋالاش ئاپپاراتى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئېلېكترو كاردىئوگرامما ياردىمى بىلەن يۈرەكنىڭ يۆنىلىش مىقدارىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن باشقۇرىلىدىغان ئېلېكترو كاردىئوگرامما ئاپپاراتى، تولۇق ئىقتىدارلىق ناركوز ئاپپاراتى، كوبالىت 60 لىق ئاپپارات قاتارلىقلار بار. بۇلار بىر قەدەر ئىلغار زامانىۋى ئاپپاراتلاردۇر.

بۇ دوختۇرخانىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى 1984–يىلى ئاخىرىدا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن. ھازىرقى رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى دېگىدەك دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش تېخنىكا تايانچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن. شەھەر سەھىيە ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، دوختۇرخانىنىڭ ھەممە خىزمەتلىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلاندى. داۋالاش كەسپى دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيمەكتە. كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسى ئۆسمەكتە. مۇلازىمەت سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانماقتا. 1 – خەلق دوختۇرخانىسى ئاپتونوم رايوننىڭ سەھىيە سىستېمىسى ۋە قەشقەر شەھىرى بويىچە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ئورۇن، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

(ياڭ ۋېنمىن)

**[ۋىلايەتلىك 1 – دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش پەن تەتقىقاتى]** ۋىلايەتلىك 1 – دوختۇرخانا 1986 – يىلى باشقۇرۇش ئاپپاراتى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى، كادىرلار تۈزۈمى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئامبۇلاتورىيە ۋە تېز قۇتقۇزۇش خىزمىتى شۇنىڭدەك دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ بالنىستلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دوختۇرخانا باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 12 – دوختۇرخانىسى بىلەن بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلدى. تىببىي ئەخلاق، تىببىي ئىستىل تەربىيىسى ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك تىببىي خادىملارنىڭ ئىدىيىۋى سۈپىتى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈردى. دوختۇرخانىنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەت كۆرسەتكۈچلىرى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. كېسەل كارىۋاتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە خىزمەت كۈنى 403.7 كۈنگە، كېسەل كارىۋاتلىرىنى ئىشلىتىش ئۈنۈمى 110.43 پىرسەنتكە، كېسەل كارىۋاتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىنىش ئۈنۈمى 24.4 قېتىمغا يەتتى. كېسەل كارىۋاتلىرىنىڭ ئايلىنىش ۋە ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق يوشۇرۇن كۈچلەر قېزىلىپ، كارىۋات كۆپەيتىپ، كېسەللەرنىڭ بالنىستتا يېتىشى قىيىن بولۇشتەك جىددىي ھالەت يەڭگىللىتىلدى. مالىيە كىرىم – چىقىمى، خامچوتىنى ئورۇنلاش ئەھۋالىدىمۇ تارىختىكى بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. 1986 – يىلى بۇ دوختۇرخانا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدا، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تارماقلار ۋە ئىشچى–خىزمەتچىلەر خىزمىتىنىڭ ئەلا، ناچارلىقىنى

نى پاھالاپ بېكىتىشكە قاراپ يۆتكەپ، ساندىن پايدىلانماي باشقۇرۇشتىن سانغا ئاساسەن باشقۇرۇشقا قاراپ بۇرۇلۇپ، باشقۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە سۈپەتنى ئومۇميۈزلۈك كونترول قىلىپ ئۆلچەملەشتۈرۈش تەرىپىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. كۆپ قاتلام، كۆپ تەرەپلىمە داۋالاش كەسپىي سۈپىتىنى كونترول قىلىش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەم تىببىي خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتتى ھەم داۋالاش، كېسەللەرنى كۈتۈش سۈپىتىنى ئۆستۈردى. يازغان كېسەل تارىخىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 1985 - يىلنىڭ دەسلەپىدە سۈپەتنى كونترول قىلىش كۆرسەتكۈچى بېكىتىلگەن چاغدىكى 15 پىرسەنتتىن 82 پىرسەنتكىچە ئۆرلەپ، ئوتتۇرىچە نومۇرى 89.5 كە يەتتى. 134 نەپەر سېستىرا 200 كۈن سەۋەنلىكسىز ئىشلىدى. 18 كىشى 100 كۈن سەۋەنلىكسىز ئىشلىدى. پەرۋىش خىزمىتىدىكى سەۋەنلىك 1985ـ يىلدىكىدىن 35% ئازايدى، تېز قۇتقۇزۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى 94.16 پىرسەنتكە يەتتى، ئۆلۈش نىسبىتى 1.91 پىرسەنتكە تۆۋەنلەپ يۇقىرىقى ھەر قايسى تەرەپلەردە تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيىگە يەتتى.

ھەر قايسى تارماقلارغا بولغان بىمم ئېشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، تىببىي خادىملار خىزمەت جىددىي، ئادەم ئاز، ئۈسكۈنە شارائىتى چەكلىك بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يېڭى تەتقىقات خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، 1986 - يىلدا 33 تۈرلۈك تەتقىقات تۈرىنى ئورۇنلىدى. ئاشكارا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، غەيرىي تىپتىكى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، يۈرەك قان تومۇرلىرى ئىچكى كېسەللىك بۆلۈمى، ئادەتتىكى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، قۇلاق، بۇرۇن، كاناي كېسەللىكلەر بۆلۈمى، تامغاق تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار كېسەللىكى ۋە تۇغۇت بۆلۈمى، دورىگەرلىك بۆلۈمى ھەر جەھەتلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈچ تۈر ۋىلايەت بويىچە يېڭى - تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يولداش شۈجيەن قانات يايدۇرغان ئۈزۈلگەن بارماقنى قايتا ئۇلاش تېخنىكىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەش ۋىلايەت (ئوبلاست) تىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

نۆۋەتتە بۇ دوختۇرخانىدىكى ھەر قايسى بۆلۈملەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك تۈرلەردىن ئىچكى بۆلۈمدە ئېلېكتروكاردىئوگرامما بىلەن كۆزىتىش، ئىچكى ئەزالارنى تەكشۈرۈش ئەينىكى، قىزىل ئۆڭگەچنى ئېلېكتر قۇتۇپى ئۇسۇلى ئارقىلىق تەكشۈرۈش، يۈرەك دالانچىسىنىڭ ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سېلىش، دالانچە تۈگۈنى خىزمىتىنى ئۆلچەش، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى — ئۈزۈلگەن بارماقنى قايتا ئۇلاش ئوپېراتسىيىسى، خاۋس سۈيدۈك لىمفا نەيچىسى قورساق تېمى كۆك تومۇرنى يۆتكەپ ئېقىتىش ئوپېراتسىيىسى، سۇدا تۇنجۇقۇپ يۈرەك 23 مىنۇت توختاپ قالغاندىن كېيىن ھوشىغا كەلتۈرۈش، يۈرەك ئىككى قاپقاق چېگرىسىنى ئايرىش ئوپېراتسىيىسى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇردى. كالتەك بىلەن ئۇرۇلۇپ سول بويۇندىن ئوڭ تەرەپكە سانجىلىپ ئۆتكەن، سول كۆكرەك بوشلۇقى ۋە دىئافراگما (كۆكرەك ئوتتۇرا توسۇقى) ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، كاناي-قىزىل ئۆڭگەچ يىرىلىپ كۆكرەك سىرتى ئېغىر زەخىملەنگەن بىر بىمار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇتقۇزۇۋېلىندى. تېرە، جىگەرنى تېشىپ ئۆت كانىلىنى رەسىمگە ئېلىش تېخنىكىسى، تال، بۆرەك، كۆك تومۇرنى ئايرىپ ئېقىتىش ئوپېراتسىيىسى، ئاشقازان ئاستى كانىلىنى يېرىپ تاشنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، ئا-

يالالار بۆلۈمى — ماتكىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، مۇرەككەپ سۈيدۈك ئاقمىسىنى ياماش ئوپېراتسىيىسى، ناركوز بۆلۈمى — تۇرمۇزلاش خاراكتېرلىك تۆۋەن قان بېسىمىنى ناركوز قىلىش، باللار بۆلۈمى — باللار ئۆپكە ياللۇغى، قاپقاق قورۇقىنىڭ ئايلىنىشىنى كۆزىتىش، باللار ئۆپكە ياللۇغىنى جۇڭگىي - شىيىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش، ئۆتكۈر بۆرەك ياللۇغى، بۆرەك سىندرومى (بۆرەك يىغىندى كېسەللىكى)، بەش ئەزا بۆلۈمى — قاتتىق تاڭلاي، بۇرۇن يۇتقۇنچاق تالاسى قان تومۇر ئۆسمىسىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، پۈتۈن كانايىنى كېسىپ ئېلىۋېتىش، ناغرا بوشلۇقى شەكىل تۈزەش ئېغىز بۆلۈمى — يۇقىرى - تۆۋەن ئېڭەك سۆڭىكىنى پۈتۈنلەي كېسىپ ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، تۇغما تاڭلاي يېرىقىنى ياماش، دورىگەرلىك بۆلۈمى — ياسالمىنى ئۈچ دەرىجىلىك فىلتىرلەش، ئالاھىدە تەكشۈرۈش بۆلۈمى — يۈرەك ئېلېكتر يۆنىلىشىنى بىۋاستە سۈرەتلەش، رېنتگېن بۆلۈمى — تەتۈر خاراكتېرلىك ئاشقازان ئاستى نەيچىسىدە سايە پەيدا قىلىش لابوراتورىيە بۆلۈمى — ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى (خىزمىتىنى) ئۆلچەش، كاتېخولامىن ئۆلچەش، 17-كىتون، 17-ھىدروكسىگېن ئىستېروئىدنى ئۆلچەش پاتولوگىيە بۆلۈمى — كۆپ خىل ئىنزىم ئۆلگىسى بىلەن تولۇقلىمىلارنى خىمىيىلىك بوياش، ئۇيغۇرلاردا كۆرۈلگەن يامان سۈپەتلىك ئۆسمىنى ئىممۇنىيولوك تەكشۈرۈش ۋە ئانالىز قىلىش .كارىباشچە ئۆسمىنى پاتولوگىيىلىك دىئاگنوز قويۇش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇردى.

(ياڭ ۋېنسىڭ).

**[ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەخسۇس كەسىپلىك ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلدى]**

قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسى دورا، قۇياش نۇرى ۋە ئوزۇقلۇقتىن ئىبارەت ئۈنۈمىۋېر سال داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاق كېسەللىكىنى داۋالاپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 28 يىلدىن بۇيان پۈتۈن مەملىكەتتىكى 27 ئۆلكە (شەھەر، ئاپتونوم رايون) دىن كەلگەن ئاق كېسەل بىمارلىرىدىن 3180 ئادەم - قېتىمنى قوبۇل قىلدى. داۋالاش ئۈنۈمىنى 1974 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا ساقىيىش نىسبىتى بىر پىرسەنتتىن ئون پىرسەنتتىن كۆپرەككە، روشەن ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى 25.8 پىرسەنتتىن 54 پىرسەنتكە يەتتى. ئومۇمىي ئۈنۈم بېرىش نىسبىتى جەھەتتە، يەنىلا 95 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇش ساقلاپ قېلىنىپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە مەملىكەت ئىچى-سىرتىدىكى ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا مۇيەسسەر بولدى. ئاق كېسەلنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسى كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئۇيغۇر تېبابەت - سەھىيە ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، مەخسۇس كەسىپلىك ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاق كېسەلنى داۋالاش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇقتىلىق تۈردە تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك ئىش تۇتۇلدى: ① كەسپىي قوشۇننى تۇراقلاشتۇرۇپ، كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش - داۋالاش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش. بۇ تېببىي شىپاخانىدا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىزىز كەن-

جى ئاق كېسەل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغىلى 25 يىل بولغان بولۇپ، شىپاخانا بۇكېسەلنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ يەنە ئۇنى تېرە - تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بەش نەپەر ياش، ئوتتۇرا ياشلىق دوختۇرلارنى شاڭخەي ۋە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ تېرە - كېسەللىكلەر بۆلۈمى ساھەسىدە بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، تېرە تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئۆزلىشىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ② ئۇيغۇر دورىگەرلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ دورا تېپىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش. بۇرۇن بۇ شىپاخانىدىكى ئاق كېسەللىكنى داۋالايدىغان دورىلاردىن پەقەت بىر خىل مەلھەم دورىلا بار بولۇپ، يېيىش مىقدارى كۆپ، ئېلىپ يۈرۈشكىمۇ بىئەپ ئىدى. ھازىر ھەسەللىك كۆمۈلاچ سۇيۇق دورا 1-، 2 - نومۇرلۇق ئامپۇل قاتارلىق بىر يۈرۈش دورىلار يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىلدى. ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قاراپ بۇ شىپاخانىغا 300 مىڭ يۈەندەك پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، دورا ئىشلەش بىناسى سالدى ھەمدە 150 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ھەرخىل دورا ياساش ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتىپ، تولۇقلاپ، دورا ئىشلەشنى تەدرىجى تۈردە ماشىنىلاشتۇرۇش، يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ③ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ياخشىلاپ، دورىلارنى پوچتا ئارقىلىق يوللاپ بېرىش كەسپىنى يېچىپ سىرتقى جايلاردىكى بىمارلارغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش. دورا تېپى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن ھەر يىلى سىرتقى جايلارغا پوچتا ئارقىلىق يوللاپ بېرىلگەن دورىلار سانى 100 نەچچە ئادەم - قېتىم، قىممىتى نەچچە ئون مىڭ يۈەنگە يېتىپ ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى غەربچە داۋالاش دوختۇرلىرى ۋە زىيالىي ياشلار بۇ شىپاخانىغا يۆتكىلىپ كەلدى، بۇ شىپاخانا ئۇلارنى كەسپىي بىلىملەرگە پۇشۇرۇش ئۈچۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بولغان كەسپىي تېخنىكا تەربىيەسىنى چىڭ تۇتۇپ، كەۋدىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون مىدىتسىنا تەربىيەسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا سازاۋەر بولدى.

(لۇجىنشىڭ).

**[ئۇيغۇر تىبابىتى كەسپىي تېخنىكا تەربىيەسى]** 1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مىدىتسىنا مائارىپى سېپىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايون سەھىيە سىستېمىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائارىپى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ، سەھىيە نازارىتىنىڭ ماددىي مۇكاپاتىغا ۋە شان - شەرەپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كەسپىي تېخنىكا تەربىيەسىدە ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇشقا تايانىدى. تەربىيەنىڭ نوقتىسى ئۇيغۇر تىبابەت دورىگەرلىكى ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يېقىنقى يىل-

لاردىن بۇيان يۆتكۆلۈپ كىرگەن يېڭى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ياشلار ۋە غەربچە داۋالاش دوختۇرلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇيغۇر تىبابەت دورىگەرلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ماتارىپقا ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىش زۆرۈر دەپ قارىدى.

بۇ شىپاخانىدا 197 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە شىپاخانا رەھبەرلىرى ئۈچ كىشى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇيغۇر تىبابەت مۇدىر ۋىراچ بىر كىشى، مۇئاۋىن ۋىراچ بىر كىشى، باش دوختۇر بەش كىشى، دوختۇر ئۈچ كىشى، باش ئۇيغۇر تىبابەت دورىگەر بىر كىشى، ئۇيغۇر تىبابەت بالنىتسا دوختۇرى توققۇز كىشى، غەربچە داۋالاش دوختۇرى يەتتە كىشى، دوختۇر دورىگەر 74 كىشى (بۇلارنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 52 كىشى) دوختۇر، سېستىرا خادىملار ئىچىدىكى گەۋدىلىك مەسىلە — سۈپەت ناچار بولۇش، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەنمىگەنلەر كۆپ بولۇش، قاتلاملارنىڭ ماسلىقىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ شىپاخانا كۆپرەك مەبلەغ، ئادەم كۈچى ۋە ۋاقىت ئاجرىتىپ، دوختۇر - سېستىرالارنى تەربىيىلەپ، خېلى ئوبدان ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ شىپاخانىدا تېخنىكا كۈچى كۈچلۈك بولغان ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقات ئىشخانىسى بار. تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى خادىملار ئوقۇتقۇچى بولۇپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دەرسلىك قىلىپ تۈزدى. ئۈچ سىنىپ ئېچىپ، 60 دانە جوزا تەييارلاپ، ئۈچ سىنىپقا 120 كىشى قوبۇل قىلىپ، بىرلا ۋاقىتتا دەرس باشلىدى.

كەسپىي تېخنىكا بىلىملىرى تەربىيىسىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، مۇكاپاتلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى: ① ئىمتىھانغا رىئايە قىلىش، دەرسكە سەۋەبسىز قاتناشمىغۇچىلار بولمىسىكەن، يىغىلغان ۋاقتى بويىچە ھېسابلاپ، ئىش ھەققى ۋە ئىش ئورنى قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى تۇتۇپ قېلىش؛ ② ئۆگىنىش داۋامىدا كەسپىيات - ئىقتىدارى ياراتقان، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلارنى مۇكاپاتلاش؛ ③ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى بىردەك تېخنىكا ئارخىپىغا سېلىش، دەرىجە ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىش.

1985 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە شىپاخانا بويىچە ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرلىرى غەربچە داۋالاش، كلىنىكىلىق تەكشۈرۈشنى ئۆگىنىش مەزمۇن قىلىنغان ئۈچ ئايلىق بىر قارار كۇرس ئېچىلدى. 32 كىشى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئۆتتى، ئۇنىدىن باشقا، ئۇيغۇر تىبابىتى ئاساسلىق نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىش مەزمۇن قىلىنغان بىر قارار كۇرس ئېچىلىپ، ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى دىئاگنوز قويۇش ۋە غەربچە - جۇڭگوچە داۋالاش جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر سۆزلەندى. بۇ كۇرس يېرىم يىل داۋام قىلىپ 23 كىشى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا قاتناشتى. ئۇنىدىن باشقا، ئىككى يىل مۇددەت بىلەن ئوردۇ تىلى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى.

1986 - يىلى بۇ شىپاخانىدىكى پېشقەدەم تېۋىپ ئىبراھىم قارى ھاجىم ئۇيغۇر تىبابىتى دىئاگنوز ئىلمىي ئاساسلىرى دېگەن كىتابىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ كىتابنى دەرسلىك قىلغان ھالدا، بىر قارار ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرلىرى كۇرسى ئېچىپ، 18 كىشىنى تەربىيىلىدى. ھەمدە، 40 كىشى قاتناشقان دوختۇرلۇق ساھەسى بويىچە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى، ئۇنىدىن باشقا،

11 كىشىنى سىرتقا بېلىم ئاشۇرۇشقا خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، شىپاخانا بويىچە 203 كىشى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

**[پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى]** 1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىدە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ (1986) 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ (1985) 13 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

1986 - يىلىنىڭ بېشىدا، ۋىلايەت بويىچە 2 - قېتىملىق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش «قوش ئىلغارلار»نى تەقدىرلەش يىغىنىنى چاقىرىلىپ، 28 ئىلغار كوللېكتىپ، 38 ئىلغار شەخسىي تەقدىرلەندى. يەكەن، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرى ۋىلايەت بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش جەھەتتىكى قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇپ باھالاندى ھەمدە مەملىكەت بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى. مەكىت ناھىيە تومەنتال يېزا قىزىلتۇر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمەت كادىرى گېلىۋەي مەملىكەت بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخسىي بولۇپ باھالاندى.

ۋىلايەتلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى، ۋىلايەتلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش جەمئىيىتى بىرلىشىپ «قەشقەر پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش گېزىتى»نى نەشىر قىلدى. بۇ گېزىتتىن ھازىرغىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بولۇپ جەمئىي توققۇز سان، 95 مىڭ دانە بېسىپ تارقىتىلدى. ئىككى خىل يېزىقتىكى تەشۋىقات كىتابلىرىدىن جەمئىي 10 مىڭ پارچە كۆپەيتىپ بېسىلدى.

1986 - يىلى، ۋىلايەت بويىچە ھەر خىل تىپتىكى تەربىيىلەش كۇرسلىرىدىن 32 قارار ئېچىلىپ، كۇرسقا قاتناشقانلار جەمئىي 1736 ئادەم (قېتىم) غا يەتتى.

1986 - يىلى سىنتەبىر ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇسنى كونترول قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرىغا يازغان «ئوچۇق خەت» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئالتە يىللىقى بولۇپ، ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)لەردە داغدۇغىلىق تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، خېلى ئوبدان ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

يىلبويى ۋىلايەت بويىچە پەرزەنت كۆرۈش يېشىدىكى 500 مىڭدىن ئارتۇق ئايالغا، 20 دىن ئارتۇق تۈرلەر بويىچە تەكتىنى ئېنىقلاپ تىزىملاش خىزمىتى ئىشلەندى.

1986 - يىلى 17 - نويابىردا، ب د ت نوپۇس فوندى جەمئىيىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك تۈرلەر بويىچە ئەمەلدارلىرى چۈەن تيەنلياڭزى، لىن گۇيفاڭلار كۈتۈۋېلىندى. ئۇلار قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ كۆردى، ھەمدە ھەمكارلىق تۈرلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1986 - يىلى يىل ئاخىرىغىچە، ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمەتچى خادىملىرى 262 نەپەرگە، يېزا - بازارلاردىكى پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ياردەمچىلىرى 200 نەپەرگە، تەشۋىقات يېتەكچىلىك پونكىتىنىڭ شىتاتى 121 نەپەر -

# تەنتەربىيە

**[تەنتەربىيە خىزمىتىدىن قىسقىچە بايان]** 1986-يىلى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەييارلىق قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ مەملىكەتلىك 3-نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنىغا قاتنىشىدىغان كوماندا ئەزالىرىنى مەركەزلىك ھالدا تەربىيىلەش خىزمىتى پائال تۇردە ئىشلىنىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ تەنتەربىيە جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى جارى قىلدۇرۇلۇپ،

گە، زاۋۇت-كان-كارخانا كەسپىي ئورۇنلاردىكى مەخسۇس، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى كادىرلار 1365 نەپەرگە يەتتى. قەشقەر شەھىرى، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يەكەن، پوسكام ناھىيىلىرىدە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش تەشۋىقات يېتەكچىلىك پونكىتى قۇرۇلدى ھەمدە پونكىت باشلىقى ۋە خىزمەتچى خادىملار سەپلەندى.

ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى (يېزا ئىگىلىك 3-دۆتىز دىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 2 مىليون 534 مىڭ كىشىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 2 مىليون 341 مىڭ نەپەر، يېڭىدىن تۇغۇلغانلار 64 مىڭ 932 نەپەر بولۇپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى 25.86‰، تەبىئىي كۆپەيگەن ئادەم سانى 39 مىڭ 317 نەپەرگە، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 15.66‰ كە يەتتى.

ۋىلايەت بويىچە پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنى يولغا قويغان خەنزۇلار ئاھالىسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 12.41‰ كە، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 10.22‰ كە، پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى 90.69‰ كە، كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى 65.76‰ كە، تۇغۇتقا چەك قويۇش نىسبىتى 71.86‰ كە يەتتى.

تۇغۇتنى چەكلەش جەھەتتىكى ھەر خىل ئوپېراتسىيە قىلدۇرغانلارنىڭ سانى 14 مىڭ 860 كە يەتتى.

كۆپ يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، ۋىلايەت بويىچە پەرزەنت كۆرۈش يېشىدىكى ئاياللارنىڭ تۇغۇش نىسبىتى ئۆزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. 1986-يىلى خەنزۇلار ئىچىدىكى پەرزەنت كۆرۈش يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ئومۇمىي تۇغۇش نىسبىتى 1.34% بولدى. ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ پەرزەنت كۆرۈش نىسبىتى 1985-يىلدىكى 5.38 پىرسەنتتىن 4.39 پىرسەنتكە تۆۋەنلىدى، يەتتە ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇشنى چەكلەش نىسبىتى 35 پىرسەنتتىن كۆپرەككە يەتتى. خەنزۇلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتى ۋە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە دەسلەپكى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

(مىڭ جاۋرۇڭ).

تۈرلەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چەۋەندازلار تەربىيىلىنىپ، كەسپىي كوماندا ئۈچۈن مۇنەۋۋەر سپورتچىلار يېتىشتۈرۈلۈپ بېرىلدى؛ مەشىق خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، مۇسابىقە تۈزۈمى ئىسلاھاتى چىڭ تۇتۇلۇپ، مۇسابىقە مەيدانى ئىستىلى ياخشىلىنىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

بىر يىلدىن بۇيان، ھەر تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى تەڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، تەنتەربىيىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش تەدرىجىي تۈردە چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، رىقابەتلىشىش تېخنىكىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاممىۋى تەنتەربىيە، تەنتەربىيە پەن تەتقىقاتى، تاغقا چىقىش، تەنتەربىيە ساياھەتچىلىك، ئارقاسەپ باشقۇرۇش، مەيدان قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەردە خېلى ئوبدان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەر مىللەت سپورتچىلىرى باتۇرانە ھالدا ئېلىشىپ، جەمئىي 11 دانە ئالتۇن مېدال (بۇنىڭ ئىچىدە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيىنىڭ ئىككى دانە، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ بەلگىلىمىسىدە : تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيىدىن بىرسى يېتىشىپ چىقسا، بىر دانە ئالتۇن مېدال كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ، دېيىلگەن) 15 دانە كۈمۈش مېدال، 19 دانە مىس مېدال ۋە 22 قېتىم تۆتىنچىلىكنى، ئون قېتىم بەشىنچىلىكنى، سەككىز قېتىم ئالتىنچىلىكنى قولغا كەلتۈردى. ئەرلەرنىڭ 4 × 400 مېتىرلىق كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئاياللار ۋاسكېتبول، ئاياللار رۇداۋچە چېلىشىش، خەلقئاراچە چېلىشىش قاتارلىق ئۈچ كوماندا ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى تەرىپىدىن مەنىۋى مەدەنىيەتلىك كوماندا دەپ باھالاندى. شىنجاڭ بويىچە 17 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) دەرىجىلىك كەسكىن رىقابەت داۋامىدا، قەشقەر ۋىلايىتى ئالدىنقى نۆۋەتلىك 6-ئورۇندىن بىراقلا 3-ئورۇنغا ئۆتتى.

مەملىكەتلىك 3- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوغلاق تارتىش كوماندىسى 2-بولدى. چېلىشىش ماھىرلىرى ئىككى دانە كۈمۈش مېدال ئالدى. يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ داۋازلىرى، مەكىت ناھىيىسىنىڭ پاپوزچىلىرى تەنتەربىيە يىغىنىدا ماھارەت كۆرسىتىپ ئوبدان باھاغا ئېرىشتى.

ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىدىكى ئۆسمۈر سپورتچىلار ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك مۇسابىقىلارغا قاتنىشىش داۋامىدا 17 دانە ئالتۇن مېدال، 17 دانە كۈمۈش مېدال، 13 دانە مىس مېدال ئالدى. ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى بەش نەپەر مۇنەۋۋەر سپورتچىنى شىنجاڭغا ۋەكىل قىلىپ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىغا قاتناشتۇردى ۋە ئىككى ئالتۇن مېدال، بىر مىس مېدال ئالدى. ئۇيغۇر ئۆسمۈر سپورتچى ئابدۇللا چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىنىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا شۆبە رايون مۇسابىقە مەيدانىدا 3502 نومۇرلۇق ئومۇمىي نەتىجە بىلەن، 14 ياشلىقلار گۇرۇپپىسىدىكى تۆت تۈرلۈك مۇسابىقىنىڭ 3444 نومۇرلۇق مەملىكەتلىك رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

مەكىت ناھىيىسى مەملىكەتلىك 3-نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنىدا، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تەنتەربىيىدە ئىلغار

ناھىيە دەپ نام بېرىلدى. مارالبېشى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بېرىلدى.

1986-يىلىدىكى مۇسابىقە ئارقىلىق، 17 كىشى دۆلەتنىڭ 2-دەرىجىلىك سپورتچى ئۆلچىمىگە، 38 كىشى 3-دەرىجىلىك سپورتچى ئۆلچىمىگە يەتتى. ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 24 كىشى 2-دەرىجىلىك رېپېر، 34 كىشى 3-دەرىجىلىك رېپېرلىككە تەستىقلاندى. 1986-يىلى، ۋىلايەت بويىچە ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي كوماندىلار ئۈچۈن 16 نەپەر سپورتچى، تەنتەربىيە مەكتىپى ئۈچۈن سەككىز نەپەر كۇرسانت ئەۋەتىپ بېرىلدى. 13 كىشى تەنتەربىيە ئىنىستىتۇتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى، 15 كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەنتەربىيە سىنىپلىرىغا قوبۇل قىلىندى.

ئاممىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. يېزىلاردىكى ئوغلاق تارتىش، ئات بەيگىسى، ئارقان تارتىش، چېلىشىش ئىشلىرى ياخشى كەيپىياتقا ئايلاندى. پاپوز، سارغايدى، داۋاز قاتارلىق خەلق ئىچىدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1986-يىلى تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشقان ئادەم سانى يەتتە مىليون 450 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يېتىپ، ۋىلايەت ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 32 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. شەھەرلەردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كۆپ خىللىشىش، قىزىقىشقا ئايلىنىش تەرەپكە قاراپ راۋاجلاندى. 1986-يىلى، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە «دۆلەتنىڭ تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى»گە يەتكەن ئادەم سانى 51 مىڭ 893كە يەتتى.

1986-يىلى توققۇز چەتئەل تاغقا چىقىش كوماندىسى، 24 تەنتەربىيە ساياھەتچىلىك كوماندىسى بولۇپ، جەمئىي 373 كىشى كۈتۈۋېلىندى. تاپقان تاشقى پېرېۋوت كىرىمى ئىچكى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 500 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

تەنتەربىيە پەن تەتقىقاتى جەھەتتە، ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالىدىن نۇسخا تاللاپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىپ، تەنتەربىيە جەھەتتە ئىختىساسلىقلارنى تاللاش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس تەييارلاندى؛ ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى يولداش خۇاڭ چىپىڭ يازغان «ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە بەدەن ساغلاملىق تەكشۈرۈش دوكلاتى» پەن-تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يولداش خۇاڭ چىڭپىڭ غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە (رايون) بويىچە چاقىرىلغان تەنتەربىيە مېدىتسىناسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

(جاڭ جىنەي).

## [تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى]

مەملىكەتلىك مۇسابىقە: 1986-يىلى، مەملىكەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ياش گۇرۇپپىلىرى بويىچە يېنىك ئاتلېتىكا شۆبە رايون مۇسابىقىسى 16-ئاۋغۇستتىن 20-ئاۋغۇستقىچە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىنىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ، سىچۈەن، شىزاڭدىن ئىبارەت يەتتە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) مۇسابىقىغا قاتناشتى، قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئۇيغۇر سپورتچى ئابدۇللا 13 ياشتىكىلەر گۇرۇپپىسى بويىچە مۇسابىقىغا قاتنىشىپ، 3502 نومۇرلۇق ئومۇمىي نەتىجە بىلەن 3444 نومۇرلۇق مەملىكەتلىك رېكورتىنى بۇزۇپ

تاشلاپ، ئالتۇن مېدال ئالدى. لىيو ۋېنجۈن 14 ياشلىقلار گۇرۇپپىسىدىكى ئوغۇللارنىڭ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا ئالتۇن مېدال ئالدى. ئايگۈل 13 ياشلىقلار گۇرۇپپىسىدىكى قىزلارنىڭ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا 3- بولدى.

مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنى 1986 - يىلى 1 - ئاۋغۇستتىن 17 - ئاۋغۇستقىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوغلاق تارتىش كوماندىسى 2 - بولدى. ئۇيغۇر سپورتچى جۇماخۇن 62 كىلوگراملىقلارنىڭ جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسىدا 2 - بولدى. ئەركىن ياسىن خەلقئاراچە ئەختىيارى چېلىشىش مۇسابىقىسىدا 68 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولدى.

شىنجاڭ بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ مۇسابىقىسى. پۇتبول: 1986 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپىسىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى 10 - ئىيۇلدىن 17 - ئىيۇلغىچە غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، قەشقەر ۋىلايىتى 2 - بولدى.

1986 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى B گۇرۇپپىسىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى 18- ئاۋغۇستتىن 25 - ئاۋغۇستقىچە كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى 1 - بولدى.

1986 - يىلى شىنجاڭ بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «يىڭ لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسى2- ئاۋغۇستتىن 13- ئاۋغۇستقىچە كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋىلايەتكە ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ 1- بولدى.

1986 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى 5- ئىيۇلدىن 18 - ئىيۇلغىچە سانجى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ ۋىلايەتكە ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ4-بولدى.

ۋالېيبول: 1986 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپىسىنىڭ ۋالېيبول مۇسابىقىسى 15 - ئىيۇلدىن 23 - ئىيۇلغىچە ئاقسۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوغۇللار كوماندىسى 1 - بولدى، قىزلار كوماندىسى 3 - بولدى.

ۋاسكېتبول: 1986 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپىسىنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى 4 - ئاۋغۇستتىن 11 - ئاۋغۇستقىچە كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قىزلار كوماندىسى 3 - بولدى. ئوغۇللار كوماندىسى 5 - بولدى.

چېلىشىش: 1986 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپىسىنىڭ جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى 14- ئىيۇندىن 20-ئىيۇنغىچە قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە 1 - بولدى، سەپەر 74 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 - بولدى، نامان 68 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 - بولدى، غالىپ 62 كىلوگراملىقلار بويىچە 1-بولدى، زىيا 58 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولدى، ئۆمەر 54 كىلوگراملىقلار بويىچە 2-بولدى، كېرىم مەمەت 51 كىلوگراملىقلار بويىچە 5 - بولدى. ئېزىز قارى 48 كىلوگراملىقلار

بويىچە 6 ـ بولدى؛ ئالىمجان 46 كىلوگراملىقلار بويىچە 5 ـ بولدى.

1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپىسىنىڭ خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسى 13 ـ ئىيۇلدىن 19 ـ ئىيۇلغىچە ئالتاي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مارالبېشى ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ۋىلايەتكە ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ، خەلقئاراچە قەدىمكى شەكىل بويىچە كوللېكتىپ 2 ـ بولدى. ئابلىمىت 48 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 ـ بولدى، مۇتەللىپ 52 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 ـ بولدى، جاۋيانىڭ 57 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 ـ بولدى، ۋاڭ لياڭبىڭ 48 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىختىيارى چېلىشىشتا 5 ـ بولدى، ئابدۇكېرىم 52 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىختىيارى چېلىشىشتا 3 ـ بولدى، ئۆمەر 57 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىختىيارى چېلىشىشتا 1 ـ بولدى، تاھىر 65 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىختىيارى چېلىشىشتا 2 ـ بولدى.

قاردىغا ئېتىش: 1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپىسىنىڭ قاردىغا ئېتىش مۇسابىقىسى 4 ـ ئىيۇلدىن 10 ـ ئىيۇلغىچە سانجى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىن ھۈسەيىن ئوغۇللار گاز تاپانچا بىلەن 60 تال ئوقنى ئاستا قاردىغا ئېتىشتا 3 ـ ۋە ئۆزى تاللىۋالغان كىچىك كالىبىرلىق تاپانچا بىلەن 60 تال ئوقنى ئاستا قاردىغا ئېتىشتا 5 ـ بولدى.

يېنىك ئاتلېتىكا: 1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلەرنىڭ زال ئىچىدىكى يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى 27 ـ يانۋاردىن 30 ـ يانۋارغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە 5 ـ بولدى. لىۋۋېنبېن ئوغۇللارنىڭ 14 ياشلىقلار ئۇزۇنغا يۈگرەش گۇرۇپپىسى بويىچە 1 ـ بولدى، نەتىجىسى 2717 بولدى. خۇالىجۈەن قىزلارنىڭ 15 ياشلىقلار ئېگىزگە سەكرەش گۇرۇپپىسى بويىچە 1 ـ بولدى، نەتىجىسى 2351 بولدى. ئابدۇللا ئوغۇللارنىڭ 13 ياشلىقلارنىڭ يىراققا تاشلاش گۇرۇپپىسى بويىچە 1 ـ بولدى، نەتىجىسى 3066 بولدى. ئۈجيېنجاڭ 15 ياشلىقلارنىڭ قىسقا يۈگرەش گۇرۇپپىسى بويىچە 3 ـ بولدى، نەتىجىسى 1180 نومۇر بولدى. ۋاڭ ماۋشېڭ ئوغۇللارنىڭ 14 ياشلىقلار يىراققا تاشلاش گۇرۇپپىسى بويىچە 1902 نومۇر ئېلىپ 2 ـ بولدى. ئۈشيەنيىڭ قىزلارنىڭ 13 ياشلىقلار قىسقا يۈگرەش گۇرۇپپىسى بويىچە 2062 نومۇر ئېلىپ 2 ـ بولدى. ئايگۈل قىزلارنىڭ 13 ياشلىقلار ئۇزۇنغا يۈگرەش گۇرۇپپىسى بويىچە 2680 نومۇر ئېلىپ 2 ـ بولدى. جاڭ سەيفېڭ قىزلارنىڭ 13 ياشلىقلار يىراققا سەكرەش گۇرۇپپىسى بويىچە 1670 نومۇر ئېلىپ 2 ـ بولدى. گاۋفېڭ قىزلارنىڭ ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىدىكى بەش تۈر بويىچە 461 نومۇر ئېلىپ 2 ـ بولدى. گوجېي قىزلارنىڭ 13 ياشلىقلار ئېتىش گۇرۇپپىسى بويىچە 1809 نومۇر ئېلىپ 3 ـ بولدى. ساۋگاڭ ئوغۇللارنىڭ 14 ياشلىقلار ئېگىزگە سەكرەش گۇرۇپپىسى بويىچە 1868 نومۇر ئېلىپ 3 ـ بولدى. جاڭسۇجېي قىزلارنىڭ 14 ياشلىقلار يىراققا تاشلاش گۇرۇپپىسى بويىچە 2362 نومۇر ئېلىپ 3 ـ بولدى. جاڭجۈن قىزلارنىڭ 13 ياشلىقلار قىسقا يۈگرەش گۇرۇپپىسى بويىچە 1653 نومۇر ئېلىپ 3 ـ بولدى. ھەسەنجان ئوغۇللارنىڭ 13 ياشلىقلار توسالغۇدىن

ئاتلاپ ئۆتۈش گۇرۇپپىسى بويىچە 1751 نومۇر ئېلىپ 3 ـ بولدى.

1986 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەللەلىڭ تەنتەربىيە تۈرلىرى مەكتىپى ئۆسمۈرلەر B گۇرۇپپىسىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى 12 ـ ئاۋغۇستتىن 15 ـ ئاۋغۇستقىچە قورغاس ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك «1 ـ ئاۋغۇست» ئوتتۇرا مەكتىپى ۋىلايەتكە ۋەكىل بولۇپ مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئوغۇللار كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە 2 ـ بولدى. قىزلار 5 ـ بولدى. لىيۇشىن ئوغۇللارنىڭ 200 مېترغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى بويىچە 1 ـ بولدى. خۇجيەنگو، لىيۇشىن قاتارلىق تۆت كىشى 4×100 مېترلىق كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا 1 ـ بولدى. فاڭ پىڭ قىزلارنىڭ چۆيلۈن توپ مۇسابىقىسىدا 1 ـ بولدى. خۇجيەنگو ئوغۇللارنىڭ يىراققا سەكرەش مۇسابىقىسىدا 2 ـ بولدى. شېيجۈنفېڭ ئوغۇللارنىڭ ئۈچ تۈر بويىچە مۇسابىقىسىدا 2 ـ بولدى. لىيۇشىن ئوغۇللارنىڭ 100 مېترلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا 2 ـ بولدى. ۋاڭ جيەن ئوغۇللارنىڭ 800 مېترلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا 2 ـ بولدى. گۈلزىبىر قىزلارنىڭ يىراققا سەكرەش مۇسابىقىسىدا 2 ـ بولدى. دىڭخۇي ئوغۇللارنىڭ ئۈچ تۈر بويىچە مۇسابىقىسىدا 3 ـ بولدى. خۇجيەنگو ئوغۇللارنىڭ 800 مېترلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا 3 ـ بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى: 1986 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇستتىن 17 ـ ئاۋغۇستقىچە، ئەرلەرنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى شىخەنزە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى 5 ـ بولدى. دولقۇن، جۈرئەت مەدەنىيەتلىك سپورتچى بولۇپ باھالاندى.

1986 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇستتىن 8 ـ ئاۋغۇستقىچە، ئاياللارنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى قۇمۇل شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى 4 ـ بولدى. گۈلباھار، رىسالەت مەدەنىيەتلىك سپورتچى بولۇپ باھالاندى.

1986 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇستتىن 29 ـ ئاۋغۇستقىچە، ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى شىخەنزەدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاياللار كوماندىسى 2 ـ بولدى. ئەرلەر كوماندىسى 4 ـ بولدى. ئاياللار كوماندىسى مەدەنىيەتلىك كوماندا بولۇپ باھالاندى.

1986 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇلدىن 22 ـ ئىيۇلغىچە، ۋالىبول مۇسابىقىسى ئاقسۇ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەرلەر ۋە ئاياللار كوماندىسى 2 ـ بولدى. مۇنىرە، ئالىمجانلار مەدەنىيەتلىك سپورتچى بولۇپ باھالاندى.

1986 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇلدىن 17 ـ ئىيۇلغىچە، تېكتاك ـ توپ مۇسابىقىسى شىخەنزە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەرلەر كوماندىسى كوللېكتىپ 4 ـ بولدى. ئاياللار كوماندىسى ئالدىنقى ئالتە كوماندا قاتارىغا كىرەلمىدى. تۇرسۇنجان، لەن چۈگلار ئەرلەرنىڭ يەككە ئويۇنىشى بويىچە 5 ـ ۋە 6 ـ بولدى.

1986 ـ يىلى 1 ـ مايدىن 5 ـ مايغىچە، ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى تۇرپان شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئەرلەر كوماندىسى 100 كىلومېترلىق مۇسابىقىدە كوللېكتىپ 4 ـ بولدى. ئاياللار كوماندىسى 50 كىلومېترلىق مۇسابىقىدە كوللېكتىپ 5 ـ بولدى. ۋاڭ شىن ئەرلەرنىڭ 40 كىلومېترلىق يەككە مۇسابىقىسىدە 1 ـ بولدى.

جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى 1986 - يىلى 14 - ئىيۇندىن 20 - ئىيۇنغىچە قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە 3 - بولدى. ھېيتاخۇن 48 كىلوگراملىقلار بويىچە 4 - بولدى. ئەخەت ھوشۇر 57 كىلوگراملىقلار بويىچە 5 - بولدى. جۇماخۇن 62 كىلوگراملىقلار بويىچە 1 - بولدى. جېلىل داۋۇت 68 كىلوگراملىقلار بويىچە 2 - بولدى. غولام 82 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 - بولدى. ئابلەت 90 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 - بولدى. ئابدۇجېلىل 100 كىلوگراملىقلار بويىچە 5 - بولدى.

خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسى 1986 - يىلى 13 - ئىيۇلدىن 19 - ئىيۇلغىچە ئالتاي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى ئىختىيارىي شەكىلدىكى چېلىشىش بويىچە كوللېكتىپ 3 - بولدى، قەدىمكى شەكىلدىكى چېلىشىش بويىچە 4 - بولدى. ئەركىن قەدىمكى شەكىلدىكى چېلىشىشتا 52 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 - بولدى. ھەسەن ئېلى 57 كىلوگراملىقلار بويىچە قەدىمكى شەكىلدىكى چېلىشىشتا 3 - بولدى. ئالىم 62 كىلوگراملىقلار بويىچە قەدىمكى شەكىلدىكى چېلىشىشتا 1 - بولدى. نامان 68 كىلوگراملىقلار بويىچە قەدىمكى شەكىلدىكى چېلىشىشتا 4 - بولدى. غولام 82 كىلوگراملىقلار بويىچە قەدىمكى شەكىلدىكى چېلىشىشتا 3 - بولدى. ئابدۇكېرىم 48 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىختىيارىي چېلىشىشتا 3 - بولدى. تاڭ جياڭخې 52 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىختىيارىي چېلىشىشتا 3 - بولدى. راخمان 57 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىختىيارىي چېلىشىشتا 2 - بولدى. چېڭ لىجۇڭ 62 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىختىيارىي چېلىشىشتا 2 - بولدى. ئەركىن 68 كىلوگراملىقلار بويىچە ئىختىيارىي چېلىشىشتا 2 - بولدى. قەشقەر ۋىلايىتى كوماندىسى مەنىۋى مەدەنىيەتلىك كوماندا بولۇپ باھالاندى.

روۋداۋچە چېلىشىش مۇسابىقىسى: 1986 - يىلى 1 - ئىيۇلدىن 4 - ئىيۇلغىچە چۆچەك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە 4 - بولدى (ئاياللار كوماندىسىلا مۇسابىقىغا قاتناشتى). جياڭ جىنلىيەن 48 كىلوگراملىقلار بويىچە ئالتۇن مېدال ئالدى. جۇيۇنفاڭ 48 كىلوگراملىقلار بويىچە 4 - بولدى. رۇشەنگۇل 66 كىلوگراملىقلار بويىچە 3 - بولدى. ژاڭ شيۇلى 72 كىلوگراملىقلار بويىچە 4 - بولدى. مارىيە 56 كىلوگراملىقلار بويىچە 4 - بولدى. ۋاڭ لى 52 كىلوگراملىقلار بويىچە 4 - بولدى. گاۋشىنلەن 56 كىلوگراملىقلار بويىچە 5 - بولدى. رۇشەنگۇل دەرىجىسىزلەر مۇسابىقىسىدا 4 - بولدى. ژاڭ شيۇلى دەرىجىسىزلەر مۇسابىقىسىدا 5 - بولدى. قەشقەر كوماندىسى مەنىۋى مەدەنىيەتلىك كوماندا بولۇپ باھالاندى. جياڭ جىنلىيەن مەنىۋى مەدەنىيەتلىك سپورتچى بولۇپ باھالاندى.

قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى: 1986 - يىلى 4 - ئىيۇلدىن 13 - ئىيۇلغىچە سانجى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە 4 - بولدى. شۆشياۋدۇڭ، ئەي تيەنشەن، ئابدۇراخمانلار ئوغۇللارنىڭ كىچىك كالىبىرلىق مانوپولكا بىلەن 60 پاي ئوق ئېتىش بويىچە كوللېكتىپ 3 - بولدى. شۆشياۋدۇڭ، ئەي تيەنشەن، ئابدۇراخمانلار ئوغۇللارنىڭ 40 × 3 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش بويىچە 3 - بولدى. شۆشياۋدۇڭ ئوغۇللارنىڭ 40 × 3 پاي ئوقنى ئاستا قارىغا ئېتىش بويىچە 4 - بولدى. ئابدۇراخمان ئوغۇللارنىڭ 40 × 3 پاي ئوقنى ئۆرە تۇرۇپ قارىغا ئېتىش بويىچە 5 - بولدى. شۆشياۋدۇڭ ئوغۇللارنىڭ مانوپولكا مىلتىق

3 × 40 پاي ئوقنى ئۆرە تۇرۇپ قارىغا ئېتىشى بويىچە 6 ـ بولدى. ئابدۇراخمان ئوغۇللارنىڭ مادوپولكا مىلتىق 3 × 40 پاي ئوقنى تىزلىنىپ تۇرۇپ قارىغا ئېتىش بويىچە 3 ـ بولدى، شۆشياۋدۇڭ، ئەي تيەنشەن، ئابدۇراخمانلار ئوغۇللارنىڭ گاز مىلتىق بىلەن 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش بويىچە 3 ـ بولدى. ئابدۇراخمان ئوغۇللارنىڭ گاز مىلتىق بىلەن 60 پاي ئوقنى ئاستا قارىغا ئېتىش بويىچە 4 ـ بولدى. قۇربان، تۇرغۇن، يۈسۈپجانلار ئوغۇللارنىڭ گاز مىلتىق بىلەن 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش بويىچە 5 ـ بولدى. قۇربان ئوغۇللارنىڭ گاز تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوقنى ئاستا قارىغا ئېتىش بويىچە 6 ـ بولدى. تۇرغۇن، قۇربان، مۇتەللىپلەر ئوغۇللارنىڭ مادوپولكا تاپانچا بىلەن 3 × 40 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش بويىچە 2 ـ بولدى. نىي شيۇچىن، جۇڭ يۈيچىن، شىڭ چىڭخۇالار قىزلارنىڭ مادوپولكا مىلتىق بىلەن 3 × 20 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش بويىچە 4 ـ بولدى. جۇڭ يۈيچىن، شىڭ چىڭخۇا، نىي شيۇچىنلار ئاياللارنىڭ مادوپولكا مىلتىق بىلەن 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش بويىچە 6 ـ بولدى. نىي شيۇچىن ئاياللارنىڭ گاز مىلتىق بىلەن 40 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش بويىچە 5 ـ بولدى. ۋېي جىنمېي، جاڭ مېي، جىن يەنپىڭلار ئاياللارنىڭ مادوپولكا تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش بويىچە 6 ـ بولدى. ۋېي جىنمېي ئاياللارنىڭ مادوپولكا تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوقنى ئاستا قارىغا ئېتىش بويىچە 2 ـ بولدى. ئەي تيەنشىڭ ئەرلەرنىڭ مادوپولكا مىلتىق بىلەن 60 پاي ئوقنى ئاستا قارىغا ئېتىش بويىچە 2 ـ بولدى.

يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى: 1986 ـ يىلى 25 ـ ئاۋغۇستتىن 29 ـ ئاۋغۇستقىچە شىخەنزە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر بويىچە 5 ـ بولدى. ئەرلەرنىڭ مۇسابىقىسىدا: شۆي مىڭ 400 مېترلىق يۈگۈرۈش ۋە 400 مېترلىق توساقتىن سەكرەپ يۈگۈرۈش بويىچە 1 ـ بولدى. كېرىم 10 مىڭ مېترلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدا 2 ـ بولدى. شېي يۈيكۈن 110 مېترلىق توساقتىن سەكرەپ يۈگۈرۈش بويىچە 2 ـ بولدى. دەي بوچيۇ ئەرلەرنىڭ ئون تۈرلۈك ئومۇمىي ماھارەت بويىچە 1 ـ بولدى. ۋەن جۈن، دەي بوچيۇ، سالام، شۆي مىڭلار 4 × 400 مېترلىق كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش بويىچە 2 ـ بولدى. قادىر 10 تۈرلۈك ئومۇمىي ماھارەت بويىچە 2 ـ بولدى. چيەن يۈگەي دېسكا مۇسابىقىسىدا 3 ـ بولدى. ئەركىن خادىغا تايىنىپ ئېگىزگە سەكرەش مۇسابىقىسى بويىچە 4 ـ بولدى. ۋەن جۈن 400 مېترلىق توساقتىن سەكرەپ ئۆتۈش بويىچە 4 ـ بولدى. شېي يۈيكۈن، قادىر، ئەنۋەر، چېن شياۋلياڭلار 4 × 100 مېترلىق كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى بويىچە 4 ـ بولدى. سالام 1500 مېترغا يۈگۈرۈش بويىچە 4 ـ بولدى. ئەركىن دېسكا ئېتىش بويىچە 6 ـ بولدى. كېرىم 5000 مېترغا يۈگۈرۈش بويىچە 6 ـ بولدى. شېي يۈيكۈن 200 مېترغا يۈگۈرۈش بويىچە 6 ـ بولدى. ئاياللارنىڭ مۇسابىقىسىدا: شيەن خۇيجۈن 100 مېتر، 400 مېترغا يۈگۈرۈش بويىچە 1 ـ بولدى. جاڭ شېخۇڭ، كاڭ خۇيچىن، نۇرۇنسا، شيەن خۇيجۈنلەر 4 × 400 مېترغا كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش بويىچە 2 ـ بولدى. خۇالىجۈەن ئېگىزگە سەكرەش بويىچە 3 ـ بولدى. خۇئەيلى يىراققا سەكرەش بويىچە 3 ـ بولدى. تۇرسۇنگۈل نەيزە ئېتىش بويىچە 3 ـ بولدى.

شاھمات مۇسابىقىسى: 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاپرېلدىن 20 ـ ئاپرېلغىچە قاراماي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىن ھې-

جىت خەلقئارا شاھمات مۇسابىقىسىدا 2 ـ بولدى.

ئىجتىمائىي تەنتەربىيە مۇسابىقىسى: ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلارنىڭ ھاۋزا توپ مۇسابىقىسى 1986 ـ يىلى 5 ـ مايدىن 11 ـ مايغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتى كوماندىسى 6 ـ بولدى. غوپۇر ئاپتونوم رايونغا ۋەكىل بولۇپ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ياشانغانلارنىڭ تىسكەتكە توپ ماھىرلىرىنى تاللاش مۇسابىقىسى 1986 ـ يىلى 4 ـ مارتتىن 9 ـ مارتقىچە كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىن جاڭ خەيىۋى ئاياللارنىڭ 50 ياشتىن يۇقىرى ياشلىقلار گۇرۇپپىسى يەككە ئوينىشى بويىچە 3 ـ بولدى. شى جىنشىڭ ئەرلەرنىڭ 55 ياشتىن يۇقىرى ياشلىقلار گۇرۇپپىسى بويىچە يەككە ئويناشتا 4 ـ بولدى.
(جاڭ جىنسەي).

**[ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەشىقى]** 1986 ـ يىلى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەشىق خىزمىتىدە، تىرېنېرلار ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى كېڭەيتىلدى. ئىشتىن سىرتقى نۇقتىلىق تەنتەربىيە مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى مۇكاپات پۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. كوماندا ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىشتا، مەشىق قىلدۇرۇپ كۆرۈش مەزگىلىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى قوللىنىلدى، مۇسابىقە نەتىجىسى مۇكاپاتى ئەمەلدە كۆرسىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىق جەھەتتىكى ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى.

1986 ـ يىلى، ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە كوماندىسى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلارغا قاتنىشىپ، جەمئىي 13 ئالتۇن مېدال، 14 كۈمۈش مېدال، 11 مىس مېدال ئالدى.

1986 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شىنىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ، سىچۈەن، شىزاڭدىن ئىبارەت يەتتە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) قاتناشقان مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا ياشلار گۇرۇپپىسى شۆبە مۇسابىقە رايونىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئەۋەتكەن بەش نەپەر مۇنەۋۋەر سپورتچى شىنجاڭغا ۋەكىل بولۇپ مۇسابىقىغا قاتناشتى. ئۇيغۇر سپورتچى ئابدۇللا 13 ياشلىقلار بويىچە، ئوغۇللارنىڭ يىراققا تاشلاش گۇرۇپپىسىدا (دېسكا، نەيزە 100، مېتىر، 1500 مېتىرلىق) مۇسابىقىغا قاتنىشىپ، 3502 نومۇرلۇق ئومۇمىي نەتىجە بىلەن 3444 نومۇرلۇق مەملىكەتلىك رېكورتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئالتۇن مېدال ئالدى. ليۇ ۋېنجۈن 14 ياشلىقلار بويىچە ئوغۇللارنىڭ 400 مېتىر، 1500 مېتىرغا يۈگرەش، چۆيۈن توپ، يىراققا سەكرەش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، ئالتۇن مېدال ئالدى. ئايگۈل 13 ياشلىقلار گۇرۇپپىسى بويىچە قىزلارنىڭ 400 مېتىر، 800 مېتىرغا يۈگرەش، يىراققا سەكرەش، چۆيۈن توپ مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، مىس مېدال ئالدى.

مەشىق قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، سپورتچىلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى، تەن ساغلاملىق سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1986 ـ يىلى، ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي كوماندىلارغا 16 نەپەر سپورتچى ئەۋەتىپ بېرىلدى (مارالبېشىدىن ئالتە، قەشقەر شەھىرىدىن ئۈچ، كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئىككى، يېڭىسار ناھىيىسىدىن بىر، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن بىر). ئاپتونوم رايونلۇق سپورتچىلار مەكتىپىگە سەككىز ئوقۇ-

غۇچى ئەۋەتىپ بېرىلدى (ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىدىن ئالتە، يېڭىسار ناھىيىسىدىن بىر، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن بىر).

1986 ـ يىلى، 55 كىشى دۆلەت دەرىجىلىك سپورتچىلار ئۆلچىمىگە (بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار توققۇز نەپەر)، 17 كىشى 2 ـ دەرىجىلىك سپورتچى ئۆلچىمىگە (بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار ئالتە نەپەر)، 38 كىشى، 3 ـ دەرىجىلىك سپورتچى ئۆلچىمىگە (بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار ئۈچ نەپەر) يەتتى. 55 نەپەر سپورتچى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر 30 كىشى بولۇپ، 56.3 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ.

قەشقەر ۋىلايىتىدە ھازىر ئىشتىن سىرتقى ئۇقتىلىق تەنتەربىيە مەكتىپىدىن بىرسى، تەنتەربىيە ئوتتۇرا مەكتىپىدىن بىرسى، ئادەتتىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپىدىن 12 سى بار. مەخسۇس تېرىنېر 86 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر 17، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكىلەر 34، تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر 19، تولۇقسىز ئوتتۇرا سەۋىيىسىدىكىلەر 14، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر ئىككى. سىستېمىلىق مەشىققە قاتناشقان ھەر مىللەت ئۆسمۈر ـ بالىلىرى 1632 نەپەر، ئۇقتىلىق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىدە مەشىققە قاتنىشىۋاتقانلار 155، تەنتەربىيە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە مەشىققە قاتنىشىۋاتقانلار 100، ئادەتتىكى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىدە مەشىققە قاتنىشىۋاتقانلار 1377. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 1015 نەپەر بولۇپ، 73.7 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، ئىشتىن سىرتقى مەشىق خىزمىتىدە ئۇقتىلىق تۈرلەرگە كاپالەتلىك قىلىندى، ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋاپىق بولدى. تۈرگە ئايرىغاندا، يېنىك ئاتلېتىكىنىڭ 422 نەپەر، سۇ ئۈزۈشنىڭ 22 نەپەر، قارىغا ئېتىشنىڭ 90 نەپەر، چېلىشىشنىڭ 117 نەپەر، رۇداۋچە چېلىشىشنىڭ 15 نەپەر، ۋاسكېتبولنىڭ 191 نەپەر، ۋالېيبولنىڭ 286 نەپەر، پۇتبولنىڭ 468 نەپەر، تىك ـ تاك توپىنىڭ 13 نەپەر، غالتەك تېپىشنىڭ 10 نەپەر، ئۇندىن باشقا، 42 ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى بويىچە مەشىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەشىققە 1165 كىشى قاتناشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 993 كىشى ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ 85 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. تۈرگە ئايرىغاندا، يېنىك ئاتلېتىكىنىڭ 262 نەپەر، چېلىشىشنىڭ 100 نەپەر، ۋاسكېتبولنىڭ 120 نەپەر، ۋالېيبولنىڭ 130 نەپەر، پۇتبولنىڭ 553 نەپەر.

1986 ـ يىلى تەربىيىلەش ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 58 كىشى دەرىجىسى بار رېپېرلارنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 35 كىشى ئازسانلىق مىللەت بولۇپ 60 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. 2 ـ دەرىجىلىك رېپېرلارنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكەنلەر 24 كىشى، 3 ـ دەرىجىلىك رېپېرلار ئۆلچىمىگە يەتكەنلەر 34 كىشى بولۇپ، تۈرگە ئايرىغاندا: يېنىك ئاتلېتىكا 10 نەپەر، قارىغا ئېتىشنىڭ بىر نەپەر، چېلىشىشنىڭ تۆت نەپەر، رۇداۋچە چېلىشىشنىڭ بىر نەپەر، ۋاسكېتبولنىڭ 30 نەپەر ۋالېيبولنىڭ 15 نەپەر، پۇتبولنىڭ ئالتە نەپەر، يۇقىرى دەرىجىلىك تەنتەربىيە كومىتېتلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن 1986 ـ يىلى ئۈچ كۇرس ئېچىلىپ 54 تېرىنېر، 87 رېپېر، 248 تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەندى.

(جاڭ جىنسەي).

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىدە ئۇزۇنغا يۈگرەش، رادىئوگىمناستىكىسى، ۋاسكېتبول، ۋالىبول، پۇتبول، تېنىس-تاك توپ، يېنىك ئاتلېتىكا، پەي توپ، تەيجىچۈەن، سۇ ئۈزۈش، ئارقان تارتىشىش، چامباشچىلىق، يەلگۈمپىسى قاتارلىق تۈرلەرنى دائىم قانات يايدۇرۇشتىن تاشقىرى، بېلىق تۇتۇش، بىلىيارت، ماجاڭ، شاھمات، داھەكا، تاققا چىقىش مۇسابىقىلىرىنىمۇ دائىم قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى. تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشقان ئىشچى-خىزمەتچىلەر 95 مىڭ كىشى بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومومىي سانىنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. 1986-يىلى 10-مايدا، ۋىلايىتىمىزنىڭ ياشانغانلار تېنىس توپ كوماندىسى ئاپتونوم رايونلۇق تېنىس توپ مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ 6-بولدى. كوماندىدىكى غوپۇر ئاپتونوم رايونلۇق كوماندىغا تاللىنىپ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار تېنىس-تاك توپ مۇسابىقىسى 1986-يىلى 4-ئاپرېلدىن 10-ئاپرېلغىچە كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەندە، ئاياللارنىڭ 50 ياشتىن يۇقىرىلار گۇرۇپپىسى ئىچىدە ۋىلايىتىمىز ماھىرى جاڭخەيىنىڭ ئاياللارنىڭ يەككە ئويۇنىشى بويىچە 3-بولدى. شېيجېنشىڭ ئەرلەرنىڭ 55 ياشتىن يۇقىرىلار گۇرۇپپىسى ئىچىدە ئەرلەرنىڭ يەككە ئويۇنىشى بويىچە 4-بولدى. 1985-يىلى 31-دېكابىردىن 1986-يىلى 31-ئىيۇلغىچە، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ يەتتە ئاي مۇددەتلىك ئۇزۇنغا يۈگرەش-خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەندە، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلاردىن 560 كىشى قاتناشتى. مۇسابىقىدا

يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئومۇمىي نومۇر بويىچە كوللېكتىپ 1-بولدى. قەشقەر شەھىرى، پەيزاۋات ناھىيىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 2-ۋە 3-بولدى.

يېزا تەنتەربىيىسى: 1986-يىلى، يېزا تەنتەربىيە پائالىيىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. مارالبېشى ناھىيىسى، يېڭىشەھەر ناھىيىسى، قەشقەر شەھىرى، مەكىت ناھىيىسى، كونىشەھەر ناھىيىلىرىدە دېھقانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى تەشكىللىك ۋە رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. قاتناشقان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. 1986-يىلى، بىر تۈر ياكى كۆپ تۈر بويىچە تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشقانلارنىڭ سانى 650 مىڭ كىشىگە يېتىپ، 1985-يىلىدىكىدىن 5% كۆپەيدى، پائالىيەت تۈرلىرىمۇ كۆپەيدى. ئەنئەنىۋى چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئارقان تارتىشىش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغاندىن تاشقىرى، ۋېلسىپىت، ۋاسكېتبول، ۋالىبول خەلقئارا شاھمات، كالاڭچۇر، سۇ ئۈزۈش، يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىق زامانىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ بىر قەدەر ئومۇملاشتى. مەكىت يېزىلىرىدا ۋاسكېتبول كوماندىلىرى بار. مارالبېشى ناھىيىسىدىكى 12 يېزا-بازاردا مەدەنىيەت پونكىتى ۋە مەدەنىيەت-تەنتەربىيە گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. ياشلار ئائىلىسى قۇرغان مەمۇرىي كەنت 184 بولۇپ، 216 مەمۇرىي كەنتنىڭ 85 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ياشلار ئائىلىسىگە بىردىن ئۈچكىچە باشقۇرۇش خادىملىرى سەپلىنىپ، مەيدان ۋە ئۈسكۈنىلەرنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى تۇتۇدىغان ئادەم بولۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

1986 - يىلى ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدا 1256 قېتىم ھەر خىل مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە 67 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) قاتناشتى، بىر مىليوندىن كۆپ ئادەم (قېتىم) تاماشا كۆردى. 1986 - يىلى 10 - يانۋاردىن 15 - يانۋارغىچە، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە مىللىي - دىنىي ئىشلار باشقارمىسى يوپۇرغا ناھىيىسىدە ۋىلايەت بويىچە 2 - نۆۋەتلىك ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە 100 گە يېقىن چەۋەنداز قاتناشتى. يوپۇرغا ناھىيىسى ئومۇمىي نومۇر بويىچە كوللېكتىپ 1 - لىككە، يەڭىزاۋات، مارالبېشى ناھىيىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2 - ۋە 3 - لىككە ئېرىشتى.

مەكتەپ تەنتەربىيىسى: 1986 - يىلى، مەكتەپ تەنتەربىيىسى خىزمىتىدە، ئاساسەن مۇنداق ئۈچ ئىش چىڭ تۇتۇلدى: بىرى، ئىككى دەرس (يەنى، ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم تەنتەربىيە دەرسى ئۆتۈش)، ئىككى گىمناستىكا (يەنى: ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ۋە دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا)، بىر پائالىيەت (يەنى، ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش) تە چىڭ تۇرۇلدى. مەكتەپ، يىللىقلار، سىنىپلاردىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەنتەربىيە كوماندىلىرى قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ھەر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ۋە مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇسابىقە دائىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. يەنە بىرى، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ ئېلان قىلغان «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1985 - يىلى 31 - دېكابىردىن 1986 - يىلى 30 - ئىيۇلغىچە، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆلچەمگە يەتكەن خەۋەرلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. يەتتە ئاي داۋام قىلغان بۇ مۇسابىقىدا، جەمئىي 51 مىڭ 839 كىشى «دۆلەتلىك تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسىدىن 13 مىڭ 663 نەپەر، بالىلار B گۇرۇپپىسىدىن 18 مىڭ 933 نەپەر، بالىلار A گۇرۇپپىسىدىن 9243 نەپەر كىشى بار. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 34 مىڭ 418 كىشى ئۆلچەمگە يەتتى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 17 مىڭ 421 كىشى ئۆلچەمگە يەتتى. ئۆلچەمگە يەتكەنلەر ئىچىدە، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر 32 مىڭ 912، ياخشى دەرىجىلىكلەر 13 مىڭ 808، ئەلا دەرىجىلىكلەر 5110 نەپەر، ئالدىنقى بەشىنچىلىكنى ئالغانلار: قەشقەر شەھىرى بىرىنچىلىككە، مارالبېشى ناھىيىسى ئىككىنچىلىككە، يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئۈچىنچىلىككە، مەكىت ناھىيىسى تۆتىنچىلىككە، پوسكام ناھىيىسى بەشىنچىلىككە ئېرىشتى. ئۈچىنچى، ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرى ئوموملاشتۇرۇلدى. ۋىلايەت 42 مەكتەپتە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىنى تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېنىك ئاتلېتىكا بەش كوماندا، چېلىشىش بىر كوماندا، ۋاسكېتبول ئالتە كوماندا، ۋالىبول ئالتە كوماندا، پۇتبول 25 كوماندا بولدى. 1165 كىشى مەشىققە قاتناشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت 993 كىشى. ئىشتىن سىرتقى تېرىنېرلاردىن 356 كىشى تەكلىپ قىلىنىپ، ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بەش كىشى كەسپىي تەنتەربىيە كوماندىلىرىغا، 502 كىشى ھەر دەرىجىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ بېرىلىپ ئۇلارنىڭ بىلىمى تېخىمۇ ئاشۇرۇلدى.

(جاڭ جىنشەي).

**[تاغقا چىقىش ۋە تەنتەربىيە ساياھەتچىلىكى]** 1986 - يىلى، قەشقەر ۋىلا-

يېتىشىنىڭ تاغقا چىقىش ۋە تەنتەربىيە ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. توققۇز تاغقا چىقىش كوماندىسى كۆتۈرۈلۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئۈچ كوماندا كۆپەيدى؛ تەنتەربىيە ساياھەتچىلىك كوماندىلىرىدىن 24ى كۆتۈرۈلۈپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئالتە كوماندا كۆپەيدى. كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوتنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 193 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

1986 - يىلىدىن بۇيان تاغقا چىقىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن كوماندىلار تۆۋەندىكىچە:

ئامېرىكا $R^2$ (چوغىرچوققىسى) تاغقا چىقىش كوماندىسى. كوماندا ئەزالىرى 19 كىشى، كوماندا باشلىقى ئاسېل سېۋونس، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى خەن ئەيمىن، تەرجىمان گوجىنۇبي 1986 - يىلى 12 - مايدا قەشقەرگە كېلىپ، 4 - ئاۋغۇست قەشقەردىن ئايرىلدى. چوققىغا چىقىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. قەشقەردىكى مەزگىلدە، قەشقەر شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. ھېيتگاھ جامەسى، ئاپئاق خوجا مازىرى ۋە قەشقەر شەھەرلىك نەفىس سەنئەت كارخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى.

ئامېرىكا قوڭۇر تاغقا چىقىش ئاياللار كوماندىسى، كوماندا باشلىقى كاتېرىن مار، كوماندا ئەزالىرى سەككىز كىشى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى مەممەت، تەرجىمان سۇكېرىن. 1986 - يىلى 12 - ئىيۇن قەشقەردىن ئايرىلدى. چوققىغا چىقىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. 1986 - يىلى 25 - ئىيۇل قەشقەردىن ئايرىلدى.

ياپونىيە شەنيۈ جەمئىيىتى «7167» تاغقا چىقىش كوماندىسى («7167» - نامسىز ئېگىزلىك بولۇپ، شىنجاڭ بىلەن شىزاڭنىڭ تۇتىشىدىغان جايىدا. بۇ چوققا - سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن چوققىلاردىن بىرى)، كوماندا باشلىقى ماچاڭ جىيى، كوماندا ئەزالىرى 11 كىشى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى لىي ياۋرۇڭ، تەرجىمان ۋاڭ شىڭ. 1986 - يىلى 8 - ئىيۇل قەشقەرگە كېلىپ، 1986 - يىلى 26 - ئاۋغۇست قەشقەردىن ئايرىلدى. كوماندا ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى چوققىغا چىقالىدى.

ئىتالىيە قوڭۇر دۆۋە چوققىسىغا چىقىش كوماندىسى. كوماندا ئەزالىرى 11 كىشى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى ئارسلان. 1986 - يىلى 15 - ئىيۇلدا قەشقەردىن ئايرىلدى. چوققىغا چىقىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. 1986 - يىلى 7 - ئاۋغۇست قەشقەردىن ئايرىلدى.

ئامېرىكا ئاكونسېن مۇز تاغقا چىقىش كوماندىسى. كوماندا باشلىقى جېك ۋوسگى، كوماندا ئەزالىرى يەتتە نەپەر. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى ياڭ رۇڭلىن، تەرجىمان جاڭ ۋېنچاڭ، جېك ۋوسگى ۋە ئۇنىڭ خانىمى چوققىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. 1986 - يىلى 20 - ئىيۇل قەشقەرگە كېلىپ، 1986 - يىلى 11 - ئاۋغۇست قەشقەردىن ئايرىلدى.

ياپونىيە غەربىي دىيار مۇز تاغقا چىقىش كوماندىسى. كوماندا باشلىقى زۇتېڭ ۋېنمىڭ، كوماندا ئەزالىرى يەتتە كىشى (بەش ئايال)، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى تۇرسۇن، تەرجىمان ۋاڭ خەيخەن. 1986 - يىلى 21 - ئىيۇل قەشقەرگە كېلىپ، يەتتە كىشىنىڭ ھەممىسى چوققىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. 1986 - يىلى 22 - ئاۋغۇست قەشقەردىن ئايرىلدى.

ئىتالىيە مۇز تاغقا چىقىش كوماندىسى. كوماندا باشلىقى ئارتۇر، كوماندا ئەزالىرى 19 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئايال بار). جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى قاسىم قۇربان، تەرجىمان جىن يىڭجېي.

1986 - يىلى 27 - ئىيۇل قەشقەرگە كېلىپ، جەمئىي 14 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئايال بار) چوققىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا چىقتى. 1986 - يىلى 26 - ئاۋغۇست قەشقەردىن ئايرىلدى.

شياڭگاڭ مۇز تاغقا چىقىش كوماندىسى، كوماندا ئەزالىرى يەتتە كىشى، كوماندا باشلىقى زېڭ لو، ئالاقىچىسى گاۋجۈجيەن. 1986 - يىلى 28 - ئىيۇل قەشقەرگە كەلدى، يەتتە كىشىنىڭ ھەممىسى چوققىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا چىقتى. 1986 - يىلى 26 - ئاۋغۇست قەشقەردىن ئايرىلدى.

ئامېرىكا نويا مۇز تاغقا چىقىش كوماندىسى، كوماندا باشلىقى پېيت ئىپرىل، كوماندا ئەزاسى بەش كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئايال بار). جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى فاڭ جىيۇ، تەرجىمان دۇشياۋفېڭ. 1986 - يىلى 15 - ئاۋغۇست قەشقەرگە كەلدى، چوققىغا چىقىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. 1986 - يىلى 10 - سېنتەبىر قەشقەردىن ئايرىلدى.

1986 - يىلى 24 تەنتەربىيە ساياھەتچىلىك ئۆمەكلىرى كۈتۈۋېلىندى:

ئامېرىكا $R^2$ ساياھەتچىلىك ئۆمىكى، ئەزالىرى 19 كىشى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى قوشۇمچە تەرجىمان ۋاڭ خەيخەن. 23 - ماي قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. 14 - ماي شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. ھېيتگاھ جامەسى، ئاپپاق خوجا مازىرى، ئۈچ بۇرھان (كىشىلەر ئۈچمىر دۇانىمۇ دەيدۇ) ۋە شەھەرلىك نەفىس سەنئەت كارخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. 25 - ماي قاغىلىق ئارقىلىق خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى.

ئامېرىكا لىيۇلىباڭ ساياھەتچىلىك شىركىتىنىڭ 6935 - ساياھەتچىلىك ئۆمىكى، ئەزالىرى ئالتە كىشى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى سۇن جيەنجاڭ، تەرجىمان دۇشياۋفېڭ. 26 - ئىيۇن ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە كەلدى. 27 - ئىيۇن شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. ھېيتگاھ جامەسى، ئاپپاق خوجا مازىرى، قەشقەر شەھەرلىك نەفىس سەنئەت كارخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. 28 - ئىيۇن قارا كۆلنى تاماشا قىلدى. 29 - ئىيۇن قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ، تاشقورغان ناھىيىسىدىكى خۇنجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

ئامېرىكا بۇراند ۋىلسېيت بىلەن ساياھەت قىلىش ئۆمىكى، ئەزاسى بىر كىشى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى قوشۇمچە شوپۇر تاڭ مىڭلى، تەرجىمان ياسىن، 31 - ماي قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. 1 - ئىيۇندىن 2 - ئىيۇنغىچە شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. ھېيتگاھ جامەسى، ئاپپاق خوجا مازىرى، شەھەرلىك نەفىس سەنئەت كارخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. 3 - ئىيۇن قاغىلىق - ئالىي ئارقىلىق، شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنى بويلاپ، لاساغا يۈرۈپ كەتتى.

ئامېرىكا لىيۇلىباڭ ساياھەتچىلىك شىركىتىنىڭ 6534 - ساياھەتچىلىك ئۆمىكى، ئەزالىرى 18 كىشى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى سۇن جيەنجاڭ، تەرجىمان دۇشياۋفېڭ. 1 - ئىيۇل خۇنجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرىپ، قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ تاشقورغانغا كېلىپ، مۇز تاغ ئېتىكىدىكى قارا كۆلنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. 2 - ئىيۇل قەشقەرگە كەلدى. 3 - ئىيۇل شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. ھېيتگاھ جامەسى، ئاپپاق خوجا مازىرى، شەھەرلىك نەفىس سەنئەت كارخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. 4 - ئىيۇل قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئامېرىكا لىيۇلىباڭ ساياھەتچىلىك شىركىتى-

نىڭمۇز تاغنى تاماشا قىلىش ساياھەتچىلىك ئۆمىكى، ئۆمەك باشلىقى سۇشەن، ئەزالىرى يەتتە كىشى. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى گاۋ جۈجيەن، تەرجىمان جىن يىڭجېي. 10 – ئىيۇل قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. 11 – ئىيۇل شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. ھېيتگاھ جامەسى، ئاپپاق خوجا مازىرى ۋە شەھەرلىك تەپىس سەنئەت كارخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 12 – ئىيۇل قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ، مۇز تاغ رايونىنى ساياھەت قىلدى. 20 – ئىيۇل قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مىللىي ناخشا – ئۇسسۇللىرىنى كۆردى. 21 – ئىيۇل قەشقەردىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى.

غەربىي گېرمانىيە مۇز تاغنى تاماشا قىلىش ساياھەتچىلىك ئۆمىكى، ئەزالىرى يەتتە كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە توققۇز ئايال بار)، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى چېن لىگۇاڭسۇڭ، تەرجىمان دۇشياۋفېڭ. 21 – ئىيۇل خۇنجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن كىرىپ، تاشقورغان ناھىيىلىك مېھمانخانىدا قوندى. 22 – ئىيۇل قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. 23 – ئىيۇلدىن 24 – ئىيۇلغىچە، شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. ھېيتگاھ جامەسى، ئاپپاق خوجا مازىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 25 – ئىيۇل قارا كۆلنى سەيلە قىلدى، 26 – ئىيۇل مۇز تاغ چوڭ قارارگاھىنى كۆردى. 3 – ئاۋغۇست تاشقورغان ناھىيىسىگە قايتتى. 4 – ئاۋغۇست خۇنجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

شۋېتسارىيە شىنجاڭ – شىزاڭ ئاپتوموبىل ساياھەتچىلىك ئۆمىكى، ئەزالىرى 13 كىشى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى چېن جيېنجۈن. 26 – ئىيۇل شىنجاڭ – شىزاڭ تاشيولىنى بويلاپ، قاغىلىق ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. 27 – ئىيۇل شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. ئاپپاق خوجا مازىرى، ھېيتگاھ جامەسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 28 – ئىيۇل ئايروپىلانغا چۈشۈپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى.

ياپونىيە شىنجاڭ – شىزاڭ ساياھەتچىلىك ئۆمىكى، ئەزالىرى سەككىز كىشى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى باۋ يىن (موڭغۇل). 4 – ئاۋغۇست قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. 5 – ئاۋغۇستتىن 6 – ئاۋغۇستقىچە قەشقەر شەھىرىنى ئېكسكۇرسىيە – سەيلە قىلدى. 7 – ئاۋغۇست شىنجاڭ – شىزاڭ تاشيولىنى بويلاپ، قاغىلىق ئارقىلىق لاساغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. جاڭمۇ ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

ياپونىيە جۇشى جەمئىيىتى ساياھەتچىلىك 1 – ئۆمىكى، ئەزالىرى 14 كىشى، 4 – ئاۋغۇست قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى جاڭ شيۇگۇيېن، تەرجىمان شيە يۈن. 5 – ئاۋغۇستتىن 6 – ئاۋغۇستقىچە شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. 7 – ئاۋغۇست يىپەك يولىنى بويلاپ، قارا كۆلنى سەيلە قىلدى. 8 – ئاۋغۇست خۇنجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

ياپونىيە جۇشى جەمئىيىتىنىڭ ساياھەتچىلىك 2 – ئۆمىكى، ئەزالىرى 20 كىشى، 10 – ئاۋغۇست خۇنجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن كىردى. 11 – ئاۋغۇست قاراكۆلنى سەيلە قىلدى. 12 – ئاۋغۇستتىن 14 – ئاۋغۇستقىچە، قەشقەر شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. 15 – ئاۋغۇست ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئۇچۇپ كەتتى.

شۋېتسارىيە شىنجاڭ – شىزاڭ ساياھەتچىلىك ئۆمىكى، ئەزالىرى 14 كىشى، 9 –

ئاۋغۇست قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى چېن رۇڭچاڭ. 10 - ئاۋغۇست قەشقەر شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە- ساياھەت قىلدى، 11 - ئاۋغۇست شىنجاڭ - شىزاڭ تاشيولىنى بويلاپ، قاغىلىق - ئالىي ئارقىلىق لاساغا يۈرۈپ كەتتى، جاڭمۇ ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

ياپونىيە شەلېۋ جەمئىيىتىنىڭ ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمى ئاپتوموبىل ساياھەتچىلىك ئۆمىكى، ئەزالىرى يەتتە كىشى. 16 - ئاۋغۇست قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى قوشۇمچە تەرجىمان جاڭ يۇنۇۋ. 17 - ئاۋغۇست قەشقەر شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە - ساياھەت قىلدى، 18- ئاۋغۇست يىپەك يولىنى بويلاپ، تاشقورغان ناھىيىسىگە باردى، 19 - ئاۋغۇست خۇنجېراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

ياپونىيە قار لەيلىسى تاغقا چىقىش، ساياھەتچىلىك ئۆمىكى، ئەزالىرى يەتتە كىشى. 28 - ئاۋغۇست قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى جاڭ باۋخۇا، تەرجىمان شيە يۈن، 29 - ئاۋغۇست قەشقەر شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە - ساياھەت قىلدى، 30- ئاۋغۇست يىپەك يولىنى بويلاپ، تاشقورغان ناھىيىسىگە باردى، 31- ئاۋغۇست خۇنجېراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

شۋېتسارىيە مۇز تاغ (خوتەن چېگرىسى ئىچىدە) ساياھەتچىلىك ئۆمىكى ئەزالىرى توققۇز كىشى. 1986 - يىلى 25 - ئاۋغۇست خۇنجېراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن كىردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى چېڭگۇاڭ سۇڭ، تەرجىمان سۇكېرىن، 26 - ئاۋغۇست قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، 27 - ئاۋغۇست خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى، 28 - ئاۋغۇستتىن 29- ئاۋغۇستقىچە خوتەننى ئېكىسكۇرسىيە - ساياھەت قىلدى، 30 - ئاۋغۇست قەشقەرگە قايتىپ كەلدى، 31 - ئاۋغۇست قەشقەرنى ئېكىسكۇرسىيە - ساياھەت قىلدى، 1 - سېنتەبىر تۇرپانغا يۈرۈپ كەتتى.

ئامېرىكا لىيۇلىباڭ ساياھەتچىلىك شىركىتىنىڭ 6906 - ساياھەتچىلىك ئۆمىكى ئەزالىرى 14 كىشى. 1986 - يىلى 8 - سېنتەبىر قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى جېڭ شىلىن، 9 - سېنتەبىر قەشقەر شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە - ساياھەت قىلدى، 10 - سېنتەبىر قارا كۆلنى سەيلە قىلدى، 12 - سېنتەبىر قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كەلدى، 13- سېنتەبىر قاغىلىق ئارقىلىق خوتەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەنگلىيە ئوكىسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىپەك يولى ساياھەتچىلىك ئۆمىكى ئەزالىرى ئۈچ كىشى. 1986 - يىلى 6- سېنتەبىر خۇنجېراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن كىردى، 7 - سېنتەبىر قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى گاۋجۇجيەن، تەرجىمان جىن يىڭجېي، 8- سېنتەبىردىن 12 - سېنتەبىرگىچە قەشقەر شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە سەيلە قىلدى، 13 - سېنتەبىر قەشقەرگە قايتىپ كەلدى، 14- سېنتەبىر قەشقەردىن ئايرىلىپ، تۇرپانغا يۈرۈپ كەتتى.

ئامېرىكا لىيۇلىباڭ ساياھەتچىلىك شىركىتىنىڭ 6929 - ساياھەتچىلىك ئۆمىكى ئەزالىرى ئون كىشى. ئۆمەك باشلىقى سۇشەننىڭ يېتەكچىلىكىدە، 1986 - يىلى 11 - سېنتەبىر قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى چېن جۈ، تەرجىمان سۇكېرىن، 12 - سېنتەبىر قەشقەر شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى، 13 - سېنتەبىر قارا كۆلنى سەيلە قىلدى، 15 - سېنتەبىر تاشقورغان ناھىيىسىگە باردى. 16 - سېنتەبىر

خونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

ياپونىيە جۇڭشى جەمئىيىتىنىڭ ساياھەتچىلىك 3-ئۆمىكى، ئەزالىرى 12 كىشى. 1986-يىلى 18-سىنتەبىر قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى گاۋجۈجيېن، تەرجىمان ۋاڭ شىڭ، 19-سىنتەبىر قارا كۆلنى سەيلە قىلدى، 20-سىنتەبىر تاشقۇرغان ناھىيىسىگە باردى، 21-ئاۋغۇست خونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

ئامېرىكا ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ ئاپتوموبىل ساياھەتچىلىك ئۆمىكى ئەزالىرى 13 كىشى. 1986-يىلى 17-سىنتەبىر كورلا شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان چۆلىنىڭ گىرۋىكىنى بويلاپ، چەرچەن، چارقىلىق، خوتەن، قاغىلىق ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى ۋاڭ خۇربىن، تەرجىمان گوجىنخىڭ، 18-سىنتەبىر قەشقەر شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە-ساياھەت قىلدى، 19-سىنتەبىر تاشقورغان ناھىيىسىگە باردى. 20-سىنتەبىر خونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

ئامېرىكا نيۇئاگور پىنبوج ساياھەتچىلىك ئۆمىكى ئەزالىرى 10 كىشى، 1986-يىلى 18-سىنتەبىر شىنزاڭدىن يولغا چىقىپ، قاغىلىق ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى چېن رۇڭچاڭ، تەرجىمان جياڭ دالىيەن، 19-سىنتەبىردىن 22-سىنتەبىرگىچە قەشقەر شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە-ساياھەت قىلدى. 23-سىنتەبىر ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى.

ئەنگلىيە، جۇڭگو - پاكىستان ئاپتوموبىل ساياھەتچىلىك ئۆمىكى ئەزالىرى بەش كىشى. 1986-يىلى 26-سىنتەبىر پاكىستان ئارقىلىق خونجىراپ ئېغىزىدىن كىردى، 27-سىنتەبىر قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى جاڭ شيۇگۇيىن، تەرجىمان گوجىنخىڭ، 28-سىنتەبىردىن 29-سىنتەبىرگىچە قەشقەر شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە-ساياھەت قىلدى، 30-سىنتەبىر تۇرپانغا يۈرۈپ كەتتى.

شۋېتسارىيە جۇڭگو - پاكىستان چېگرا ساياھەتچىلىك ئۆمىكى ئەزالىرى بەش كىشى. 1986-يىلى 3-ئۆكتەبىر پاكىستان ئارقىلىق خونجىراپ ئېغىزىدىن كىردى، 4-ئۆكتەبىر قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئالاقىچىسى قاسىم قۇربان، تەرجىمان رېن جىنجېي، 5-ئۆكتەبىر قاغىلىققا بېرىپ، 6-ئۆكتەبىر قەشقەرگە قايتىپ كەلدى، 7-ئۆكتەبىر ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شۋېتسارىيە جۇڭگو - پاكىستان ئاپتوموبىل ساياھەتچىلىك ئۆمىكى، ئەزالىرى 16 كىشى. 1986-يىلى 12-ئۆكتەبىر كورلا شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان چۆلىنىڭ گىرۋىكىنى بويلاپ، چەرچەن، چارقىلىق، خوتەن، قاغىلىق ئارقىلىق قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، 13-ئۆكتەبىر تاشقورغانغا باردى، 14-ئۆكتەبىر خونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىپ كەتتى.

(جاڭ جىنسەي).

## [خې جيەنلياڭ قەشقەرگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى]

1986-يىلى 18-ئاۋغۇستتىن 20-ئاۋغۇستقىچە، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ 1-مۇئاۋىن مۇدىرى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ ئىجرائىي ئەزاسى خې جيەنلياڭ، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ سەيجېن، سابىق جۇڭگو ئولىم-

چىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مەملىكەتلىك تەنتەربىيە باش كومىتېتىنىڭ رەئىسى، بېيجىڭ تەنتەربىيە ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى جۇڭ شىتۇڭ قاتارلىق يولداشلار ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جىيادېمىننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كېلىپ، تەنتەربىيە خىزمىتىنى كۆزدىن كۆچۈردى.

قەشقەردىكى مەزگىلدە، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋېنچى ۋە ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى مەمەت سىدىق، گاۋنېڭبىن قاتارلىق يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىنى كۆزدىن كۆچۈردى، قەشقەر تەنتەربىيە سارىيىنىڭ چىرتيوژىنى تەكشۈردى. ھېيتگاھ جامەسى، ئاپئاق خوجا مازىرى، مەھمۇد قەشقىرى مەقبەرىسى ۋە قەشقەر شەھەرلىك نەفىس سەنئەت كارخانىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. 19 - ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش چېن دېمىن بىلەن بىرگە، تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى يولداش مەمەت سىدىقنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

يولداش خې جېنلياڭ دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتى ناھايىتى ئوبدان ئىشلىنىپتۇ. خىزمەتلەردە نەتىجە بار ئىكەن، ئالاھىدىلىكمۇ بار ئىكەن. دوكلاتنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، سىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنلىكىڭلارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تەنتەربىيە خىزمىتى يۇمشاق ۋەزىپە بولۇپ، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلەرلا ئاندىن نەتىجە قازىنالايدۇ». ئۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا تەنتەربىيە خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ھەققىدە تۆۋەندىكى بىر قانچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: ① ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا زامانىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغاندىن باشقا، مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتىنى ئوبدان قانات يايدۇرۇشقىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە ئەجىر سىڭدۇرۇش، بىر ئاز دەسمايە سېلىش، مىللىي يولداشلارنىڭ ھەۋىسى ۋە تەلىپىگە ئېتىبار بېرىش لازىم. ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كۆپرەك قانات يايدۇرۇش كېرەك. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، پۇقرالار ياخشى كۆرىدىغان پائالىيەتلەرنى كۆپرەك قىلىشىمىز لازىم. ② رىقابەت تېخنىكا تەنتەربىيىسى جەھەتتە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، ئومۇملاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولۇش لازىم. ھەممىنى قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالماي، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مەيدان شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش كېرەك. (مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ سەيجېن سۆز قىستۇرۇپ مۇنداق دېدى: مۇئاۋىن زۇڭلى ۋەن لى مۇنداق دەپ يوليورۇق بەردى: «پوتبول ھەرىكىتى مۇھىم تەنتەربىيە تۈرى بولۇپ، ئىقتىساد، سۈپەت، تېخنىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال گەۋدىلىنىشى. شۇڭا، پۇتبول ھەرىكىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇش كېرەك». شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىدا ئالتۇن مەدال كۆپ، ئاسانلا يۈكسەلدۈرگىلى بولىدىغان تۈرلەرنى ـ مەسىلەن: قارىغا ئېتىش، ئوقيا ئېتىش، رۇداۋچە چېلىشىش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىق تۈرلەرنى مۇھىم نۇقتا قى-

لىپ تۇتۇشنى قارار قىلدى. ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى تەنتەربىيە جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پۇتبول كوماندىلىرى ئۇنچىۋالا كۈچلۈك ئەمەس. ③ مەكتەپ تەنتەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. مەملىكەت بويىچە 200 مىليون ياش ــ ئۆسمۈر بار. مانا بۇنى كۈچەيتىش، تەنتەربىيىسىمۇ كۈچەيتىش لازىم. مەكتەپلەرگە ياردەملىشىپ، تەنتەربىيە پائالىيىتىنى ئوبدان يولغا قويۇش، ئۈچىنچى سەپتىكى كوماندا ئەزالىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى مەكتەپكە قارىتىش لازىم. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ــ دۆلەت ئۈچۈن تەنتەربىيە ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاساسىي ماھارەت مەشىقىنى چوقۇم ئوبدان تۇتۇش كېرەك. ④ تەنتەربىيە مەكتىپى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بۇنداق بولغاندا، چەۋەنداز سپورتچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ (ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جىيا دېمىن سۆز قىستۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى بۇ يىل قەشقەر ۋە غۇلجىدا بىردىن تەنتەربىيە مەكتىپى قۇرماقچى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكتەپ قۇرۇش شارائىتى بىر قەدەر پىشىپ يېتىلىشتى).

(جاڭ جىنسەي).

**[مەكىت ناھىيىسىگە مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بېرىلدى]** مەكىت ناھىيىسى پۈتۈن مەملىكەتكە داڭ چىقارغان يېزا تەنتەربىيىسىدە ئىلغار ناھىيە بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە رەھبەرلەر تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ھەممە يېزا مەدەنىيەت پونكىتى، ھەممە كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى قۇردى ھەمدە، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ياكى قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى تەنتەربىيە كادىرلىرى سەپلىدى. ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى 50% دېھقانلار بىر تۈر ياكى بىر قانچە تۈر بويىچە تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشتى. ھەر بىر يېزىدا چېلىشىش، ۋاسكىتبول، ۋالىبول، ئارقان تارتىشىش، ۋېلىسىپىت قاتارلىق ھەرىكەت تۈرلىرى بويىچە كوماندىسى بار، ھېيت ــ بايرام، بازار كۈنلىرىدە ھەر خىل تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، نەچچە مىڭ كىشىنى جەلىپ قىلىدۇ. بۇ ــ ناچار ئۆرپ ــ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوبدان ئۈنۈم بەردى. ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 118 ۋاسكىتبول مەيدانى، چىراغ ئورنىتىلغان ئىككى ۋاسكىتبول مەيدانى، 94 ۋالىبول مەيدانى بار. كەنتلەردە چېلىشىش مەيدانلىرى بار. مەملىكەت بويىچە يېزا تەنتەربىيىسىدە ئىلغار يېزا بولۇپ كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن يانتاق يېزىسى (بۇرۇنقى قىزىلبايراق كوممۇنىسى) دا، ھازىرغىچە 18 نۆۋەت دېھقانلارنىڭ تەنتەربىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇلارنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى بۇ ناھىيىدە ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭ بويىچە يېزا تەنتەربىيە خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى، بۇ ناھىيە ئىلگىرى ــ ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم ۋەكىل ئەۋەتىپ،

مەملىكەتتىكى 3-، 4-، 5- نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىغا قاتنىشىپ، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىشىغا مۇشەررەپ بولدى. 1986- يىلى 8- ئايدا، بۇ ناھىيىنىڭ پاپۇز كوماندىسى شىنجاڭغا ۋەكىل بولۇپ، مەملىكەتلىك 3- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنىغا قاتنىشىپ، يىغىندا ماھارەت كۆرسىتىپ، ئوبدان باھاغا ئېرىشتى.

1986 يىلى 10 - ئاۋغۇست، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئۇرۇمچى خەلق تىياتىرىدا مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى تەنتەربىيىسىدە ئىلغار بولغان ئورۇنلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، بۇ ناھىيىگە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى تەنتەربىيىسىدە ئىلغار ناھىيە دەپ شەرەپلىك نام بەردى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ۋەن لى، جياڭ خۇا، ليۇ لەنتاۋ، ياڭ جىڭرېن، بۇرھان شەھىدى، ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى تەنتەربىيىسىدە ئىلغار بولغان ئورۇنلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارارىنى ئېلان قىلدى. دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى مېڭخۇا يىغىندا سۆز قىلدى.

(جاڭ جىنسەي).

**[ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مارالبېشى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىگە ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى]** مارالبېشى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدىكى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنداق: بۇ ئىككى ناھىيىدىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تەنتەربىيە خىزمىتىنى كۈندىلىك خىزمەت تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۇردە كۈچەيتتى. ناھىيىنىڭ يەرلىك مالىيە چىقىمىدا، تەنتەربىيە كەسپىي راسخوتىنىڭ نوپۇسقا توغرا كېلىشى ئۇچۇن يۇقىرىدىن ئاشتى. تەنتەربىيە ئاپپاراتلىرى مۇكەممەللەشتى، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدا كەسپىي خادىملىقتىن كۆچلۈك، ئىقتىدارلىق ياخشى بولغان بىر رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلدى. يېزا - بازارلاردا مەدەنىيەت مەركەزلىرى، مەمۇرىي كەنتلەردە ياشلار ئاتىلىرى قۇرۇلۇپ، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇشقا بىردىن ئۈچكىچە ئادەم قويۇلدى. ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئومۇملاشتى، تەنتەربىيە چېنىقىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىدىغان كىشىلەر سانى پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن ئاشتى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «دۆلەتنىڭ تەنتەربىيە چېنىقىش ئۆلچىمى» ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئوقۇش يېشىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 70 پىرسەنتى لاياقەتلىك بولدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسى داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ھەر ئايدا پائالىيەت بولۇش، كەسىپلەردە مۇسابىقە بولۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ياشانغانلارنىڭ تەنتەربىيە پائالىيىتى خېلى جانلاندى. ئىشتىن سىرتقى مەشق خىزمىتىدىكى نەتىجىلەر گەۋدىلىك بولدى، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق، كۆپ شەكىللىك چارىلار قوللىنىلىپ، تەنتەربىيە جەھەتتىكى ئىختىساسلىقلار زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈلدى. يىلبويى مەشىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشتىن سىرتقى مەشق

تور – توپچىلىرى شەكىللەندى. ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلاردا گەۋدىلىك نەتىجە ياراتتى. ئاپتونوم رايونىدىكى كەسپىي كوماندىلارغا ئەۋەتىپ بېرىلگەن سپورتچىلار كۆپ بولدى، مۇسابىقە تۈزۈمىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، تەنتەربىيە يىغىنلىرى قارارلىق ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇلدى، بايرام – ھېيتلاردا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش تۈزۈملەشتۈرۈلدى، ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش يىل بويى داۋاملاشتۇرۇلدى. تېخنىكا كېڭەيتىش، تەنتەربىيە تەشۋىقاتى، تەنتەربىيە بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تېخنىكا تايانچىلىرىنى تەربىيەلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەيدان قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولدى. ئۇلار ئىككى مەيدان (تەنتەربىيە مەيدانى، كۆرۈش سۇپىسى بار توك چىراغلىق توپ مەيدانى)، بىر كۆلچەك (سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى ياكى غالتەك تېيىلىش مەيدانى)، بىر ئۆي (مەشىق ئۆيى) نى پۈتتۈردى. مەيدانلارنى باشقۇرۇش ياخشى بولۇپ، ئاساسىي قاتلاملارغا يۈزلىنىپ، ئاممىغا خىزمەت قىلدى. تەنتەربىيىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، دېھقانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى، ياشانغانلار تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇردى ھەمدە ۋاسكېتبول، پۇتبول، چېلىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىق يەككە تۈرلەر بويىچە تەنتەربىيە جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇپ، تەنتەربىيە تايانچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن 1986 - يىلى 30 - ئاۋغۇست ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىخەنزە شەھىرىدە نام بېرىش – مۇكاپات تارقىتىش يىغىنى چاقىردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى قېيۇم باھاۋۇدۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋدېخۇا يولداشلار يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى. ئۇلارغا بىردىن لەۋھە، 10 مىڭ يۈەندىن مۇكاپات سوممىسى ۋە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

(جاڭ جىنشەي).

**[مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى]** مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. ئەنئەنىۋى مىللىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن چېلىشىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، ئارقان تارتىشىش قاتارلىقلار بار. زامانىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن ۋاسكېتبول، ۋالېيبول، پۇتبول، تويناش، يېنىك ئاتلېتىكا، ۋېلسىپىت مىنىش، قارىغا ئېتىش، تەنىس توپ، پەي توپ، شاھمات، دامكا قاتارلىقلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خېلى تەرەققىي قىلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 100 مىڭغا يېقىن كىشى بىر تۈر ياكى بىر قانچە تۈر بويىچە تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشقان بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 57 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيىدە ۋاسكېتبول، ۋالېيبول، پۇتبول، تويناش، چېلىشىش، بېلىق تۇتۇش، قارىغا ئېتىش، غالتەك تېيىلىش، يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىق 10 تەنتەربىيە جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 12 يېزا – بازاردا مەدەنىيەت مەركىزى، 216 كەنتتىن 184 دە ياشلار ئائىلىسى قۇرۇلدى. بۇ، كەنت ئومۇمىي سانىنىڭ 85 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر بىر ياشلار ئائىلىسىگە

بىردىن ئۇچكىچە باشقۇرۇش خادىمى سەپلەپ بېرىلدى. ئاپپاراتلار مۇكەممەل بولغاچقا، شەھەر - يېزا تەنتەربىيە پائالىيىتى ئىنتايىن جانلىنىپ، روشەن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1986- يىلى، بۇ ناھىيىگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە دەپ نام بەردى.

مەكتەپ تەنتەربىيىسى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 13 ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، 4012 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. 101 باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 25 مىڭ 712 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. ئۇلار يىلبويى ئىككى دەرس، ئىككى گىمناستىكا، بىر پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرغاندىن تاشقىرى، 70% مەكتەپلەر ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە ئىككى قېتىم تەنتەربىيە يىغىنى چاقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ناھىيە بويىچە مەكتەپ تەنتەربىيە كوماندىلىرىدىن 425 ى، يىللىقلار كوماندىلىرىدىن 257 سى، سىنىپ كوماندىلىرىدىن 667 سى بار. ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى دائىم مەكتەپلەر ئارا تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. 1986- يىلى 4- ئايدا، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك مەدەنىيەت، مائارىپ بۆلۈمى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدا «ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش» سىناق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 3585 كىشى سىناقتىن ئۆتتى، 1712 كىشى ياخشى ئۆلچەمگە يەتتى، 585 كىشى مۇنەۋۋەر ئۆلچەمگە يەتتى. «دۆلەتنىڭ تەنتەربىيىدە چېنىقىش ئۆلچىمى» گە يەتكەنلەر سانى ناھىيە بويىچە ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش يېشىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىدىكى6771 كىشىنىڭ 85 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى بەلگىلىگەن «ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش» نىسبىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسى: ناھىيە بويىچە 5536 نەپەر ئىشچى -خىزمەتچى بولۇپ، بىر تۈر ياكى بىر قانچە تۈر بويىچە تەنتەربىيە پائالىيىتىگە قاتناشقانلار 4438 نەپەر. بۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ناھىيىگە قاراشلىق ئورگانلار، زاۋۇت، كان- كارخانىلار ئىچىدە، 28 ۋاسكېتبول كوماندىسى، 18 ۋالېبول كاماندىسى 11 پۇتبول كوماندىسى، 14 تەنكىتاك توپ كوماندىسى، 19 ئۇزۇنغا يۈگرەش كوماندىسى 21 شاھمات، دامكا كوماندىسى بولۇپ، يىلبويى پائالىيەت ۋە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ، 1986- يىلى، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى23 قېتىم ئىشچى-خىزمەتچىلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 7640 ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى. « 1 - ئىيۇل » بالىلار بايرىمىدا، بالىلارنىڭ سەپكە تىزىلىشى، ئارقان تارتىشى، ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى، بالىلار گىمناستىكىسى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە 2530 نەپەر ھەر مىللەت ئۆسمۈر - بالىلىرى قاتناشتى. ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردا 26 ۋاسكېتبول مەيدانى، 17 ۋالېبول مەيدانى، 21 تىنك - تاك توپ ئۆيى، 14 پەي توپ مەيدانى بار.

يېزا تەنتەربىيىسى: ناھىيە بويىچە 12 يېزا - بازاردا چېلىشىش كوماندىسى، بەيگە كوماندىسى، ئوغلاق تارتىشىش كوماندىسى، ئارقان تارتىشىش كوماندىسى، پۇتبول كوماندىسى، ۋاسكېتبول كوماندىسى، ۋالېبول كوماندىسى بولۇپ 374 كوماندا بار. ھېيت - بايراملاردا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. 1986 - يىلى 366 قېتىم يېزا دەرىجىلىك

# 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلاردىكى ئەھۋالى

( 1 - جەدۋەل )

| № | مۇسابىقە ئىسمى | گۇرۇپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | دەرىجىسى | مۇكاپات ئالغۇچى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | مەملىكەت بويىچە ئوسمۈرلەرنى ياش قورامىغا ئاساسەن گۇرۇپپىغا بولۇپ ئېلىپ بېرىلغان يېنىك ئاتلېتىكا شوبە مەيدان مۇسابىقىسى | 13 ياشلىقلار بويىچە ئوغۇللارنىڭ يىراققا تاشلاش مۇسابىقىسى | 16 - ئاۋغۇستتىن 20 - ئاۋغۇستقىچە | چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرى | 1 | ئابدۇللا | مەملىكەتلىك رېكورت بۇزۇپ تاشلاندى |
| | | 14 ياشلىقلار بويىچە ئوغۇللارنىڭ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش | | | 1 | لەۋ ۋېنجۈن | |
| | | 13 ياشلىقلار بويىچە قىزلارنىڭ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش | | | 3 | ئايگۈل | |
| 2 | مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنى | ئوغلاق تارتىش | 1 - ئاۋغۇستتىن 17 - ئاۋغۇستقىچە | شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى | 2 | مارالبېشى ئوغلاق تارتىش كوماندىسى | |
| | | 62 كىلوگراملىقلار بويىچە جۇڭگوچە چېلىشىش | | | 2 | جۇماخۇن | |
| | | 68 كىلوگراملىقلار بويىچە خەلقئاراچە ئەركىن چېلىشىش | | | 2 | ئەركىن ياسىن | |
| 3 | ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسى | ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپىسى | 10 - ئىيۇلدىن 17 - ئىيۇلغىچە | غۇلجا شەھىرى | 2 | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | |
| 4 | 〃 〃 | ئۆسمۈرلەر B گۇرۇپپىسى | 18 - ئاۋغۇستتىن 25 - ئاۋغۇستقىچە | كورلا شەھىرى | 1 | 〃 〃 | |
| 5 | ئاپتونوم رايون بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «بىخ لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسى | بالىلار گۇرۇپپىسى | 2 - ئاۋغۇستتىن 13 - ئاۋغۇستقىچە | كورلا شەھىرى | 1 | يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ | |
| 6 | ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيە ئەنئەنىۋى تۈرى پۇتبول مۇسابىقىسى | ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى | 5 - ئىيۇلدىن 18 - ئىيۇلغىچە | سانجى شەھىرى | 4 | قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ | |

| № | مۇسابىقە ئىسمى | گۇرۇپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | دەرىجىسى | مۇكاپات ئالغۇچى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 7 | ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ۋالېيبول مۇسابىقىسى | ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپا ئوغۇللار كوماندىسى | 15 – ئىيۇلدىن 23 – ئىيۇلغىچە | ئاقسۇ شەھىرى | 1 | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | |
| | | ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپا قىزلار كوماندىسى | | | 3 | 〃 〃 | |
| 8 | ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆسمۈرلەر ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى | A گۇرۇپپا قىزلار كوماندىسى | 4 – ئاۋغۇستتىن 11 – ئاۋغۇستقىچە | كورلا شەھىرى | 3 | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | |
| | | A گۇرۇپپا ئوغۇللار كوماندىسى | | | 5 | 〃 〃 | |
| 9 | ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپىسىنىڭ جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى | كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر | 14 – ئىيۇندىن 20 – ئىيۇنغىچە | قەشقەر شەھىرى | 1 | 〃 〃 | |
| | | 74 كىلوگراملىقلار | 〃 〃 | 〃 | 1 | سەپەر | |
| | | 68 كىلوگراملىقلار | 〃 〃 | 〃 | 1 | ئامان | |
| | | 58 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 2 | زىياۋىدىن | |
| | | 54 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 2 | ئۆمەر | |
| | | 51 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 5 | كېرىم مەھەممەت | |
| | | 62 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 1 | غالىپ | |
| | | 48 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 6 | ئەزىز قارى | |
| | | 46 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 5 | ئالىمجان | |
| 10 | 〃 〃 | خەلقئارا قەدىمكى شەكىلدىكى كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر | 13 – ئىيۇلدىن 19 – ئىيۇلغىچە | ئالتاي شەھىرى | 2 | مارالبېشى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | ۋىلايەتكە ۋەكىل بولدى |
| | | 48 كىلوگراملىقلار بويىچە قەدىمكى شەكىلدىكى | 〃 〃 | 〃 | 1 | ئابلىمىت | |
| | | 52 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 1 | مۇتەللىپ | |
| | | 57 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 3 | چاۋشى | |
| | 〃 〃 | 60 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 1 | ۋاڭ شىنچياڭ | |

| № | مۇسابىقە ئىسمى | گۇرۇپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | دەرىجىسى | مۇكاپات ئالغۇچى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | خەلقئارا چېلىشىش مۇسابىقىسى | 48 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 5 | ۋاڭ لياڭبىڭ | |
| | | 52 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 3 | ئابدۇكېرىم | |
| | | 57 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 1 | ئومەر | |
| | | 65 〃 〃 | 〃 〃 | 〃 | 2 | ئاھىر | |
| 11 | ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ A گۇرۇپپىسى قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى | ئەرلەرنىڭ گاز تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش | 4 - ئىيۇلدىن 10 - ئىيۇلغىچە | سانجى | 3 | ھۈسەيىن | |
| | | ئەرلەرنىڭ مالو پولكا بىلەن 60 پاي ئوقنى ياتا قارىغا ئېتىش | | | 5 | ھۈسەيىن | |
| 12 | ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇتۇلمىق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئالقىزال ئىمچىدىكى يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | كوللېكتىپنىڭ ئومۇمىي نومۇرى | 27-يانۋاردىن 30-يانۋارغىچە | ئۈرۈمچى | 5 | ۋىلايەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى | |
| | | 14 ياشلىق ئوغۇللار گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇزۇندا يۈگۈرۈشى | 〃 | 〃 | 1 | ليۇ ۋېنجۈن | 2.711 نومۇر |
| | | 15 ياشلىق قىزلارنىڭ ئېگىزگە سەكرىشى | 〃 | 〃 | 1 | خوا لىجۈن | 〃 2.351 |
| | | 13 ياشلىق ئوغۇللار دىسكا ئېتىش گۇرۇپپىسى | 〃 | 〃 | 1 | ئابدۇللا | 〃 3.066 |
| | | 15 ياشلىق ئوغۇللار قىسقا يۈگۈرۈش | 〃 | 〃 | 2 | ئۇ جېيەنجياڭ | 〃 1.180 |
| | | 14 ياشلىق ئوغۇللارنىڭ دىسكا ئېتىش | 〃 | 〃 | 2 | ۋاڭ ماۋشىڭ | 〃 1.902 |
| | | 13 ياشلىق قىزلار قىسقا يۈگۈرۈش | 〃 | 〃 | 2 | ئۇ شيەنىڭ | 〃 2.062 |
| | | 13 ياشلىق قىزلار ئۇزۇندا يۈگۈرۈش | 〃 | 〃 | 2 | ئايگۈل | 〃 2.680 |
| | | 13 ياشلىق قىزلار يىراققا سەكرەش | 〃 | 〃 | 2 | جاڭ سوفېڭ | 〃 1.670 |

| № | مۇسابىقە ئىسمى | گۇرۇپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | دەرىجىسى | مۇكاپات ئالغۇچى | ئىزاھات |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| | | قىز ئوسمۈرلەر گۇرۇپپىسىدىكى بەش تۈرلۈك ئومۇمىي ماھارەت | 〃 | 〃 | 2 | گاۋ فېڭ | 461 نومۇر |
| | | 13 ياشلىق قىزلار دېسكا ئېتىش | 〃 | 〃 | 3 | كو جېي | 〃 1.809 |
| | | 14 ياشلىق ئوغۇللار ئېگىزلىككە سەكرەش | 〃 | 〃 | 3 | ساۋ كاڭ | 〃 1.868 |
| | | 14 ياشلىق قىزلارنىڭ دېسكا ئېتىش | 〃 | 〃 | 3 | جاڭ سۇجېي | 〃 2.362 |
| | | 13 ياشلىق قىزلار قىسقا يۈگۈرۈش | 〃 | 〃 | 3 | جاڭ جۈن | 〃 1.653 |
| | | 13 ياشلىق ئوغۇللار توساقتىن سەكرەش | 〃 | 〃 | 3 | ھەسەنجان | 〃 1.751 |
| 13 | ئاپتونوم رايون بويىچە ئەنئەنىۋى تۈرلەر ئوسمۈرلەر B گۇرۇپپىسىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | ئەرلەرنىڭ كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر | 12-ئاۋغۇستتىن 15-ئاۋغۇستقىچە | قورغاس | 2 | يېڭىشەھەر 1-ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتەپ | |
| | | ئاياللارنىڭ كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر | 〃 | 〃 | 5 | 〃 〃 | |
| | | ئەرلەرنىڭ 200 مېتىر | 〃 | 〃 | 1 | لىۋ جۈن | 25"5 |
| | | 100 × 4 مېترلىق كۆچۈرۈپ ئۇلاپ يۈگۈرۈش | 〃 | 〃 | 1 | لىۋ شىن قاتارلىق تۆت كىشى | 49" |
| | | ئاياللار جۇيۈن توپ | 〃 | 〃 | 1 | خاڭ يىڭ | 10.60M |
| | | ئەرلەر يىراققا سەكرەش | 〃 | 〃 | 2 | خۇ جيەنگو | 5.45M |
| | | ئەرلەرنىڭ ئۈچ تۈر بويىچە ئومۇمىي ماھارەت | 〃 | 〃 | 2 | شېي جۇنفېڭ | 1.395 |
| | | ئەرلەر 100 مېتىر | 〃 | 〃 | 2 | لىۋ شىن | 12"3 |
| | | ئەرلەر 800 مېتىر | 〃 | 〃 | 2 | ۋاڭ جيەن | 2.18"5 |
| | | ئاياللار يىراققا سەكرەش | 〃 | 〃 | 2 | گۈلزىبەر | 4.53M |
| | | ئەرلەر يىراققا سەكرەش | 〃 | 〃 | 3 | شېي جۇنفېڭ | 5.43M |
| | | ئەرلەرنىڭ ئۈچ تۈر بويىچە ئومۇمىي ماھارەت | 〃 | 〃 | 3 | دېڭ خۇي | 1.348 |
| | | ئەرلەر 800 مېتىر | 〃 | 〃 | 3 | خۇ جيەنگو | 2.21"5 |

| № | مۇسابىقە ئىسمى | گۇرۇپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | دەرىجىسى | مۇكاپات ئالغۇچى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 14 | ئاپتونوم رايون بويىچە 4-نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدىكى ئەرلەر پۇتبول مۇسابىقىسى | چوڭلار گۇرۇپپىسى | 10-ئاۋغۇستتىن 17-ئاۋغۇستقىچە | شىخەنزە | 5 | ۋىلايەتلىك كوماندا | جۈرئەت مەدەنىيەتلىك سپورتچى بولدى |
| 15 | 〃 〃 〃 〃 ئاياللار پۇتبول مۇسابىقىسى | چوڭلار گۇرۇپپىسى | 1-ئاۋغۇستتىن 8-ئاۋغۇستقىچە | قۇمۇل | 4 | ۋىلايەتلىك كوماندا | رىشات مەدەنىيەتلىك سپورتچى بولدى |
| 16 | ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدىكى ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى | ئاياللار كوماندىسى | 19-ئاۋغۇستتىن 20-ئاۋغۇستقىچە | شىخەنزە | 2 | ۋىلايەتلىك كوماندا | قىزلار كوماندىسى مەدەنىيەتلىك كوماندا بولدى |
| | | ئەرلەر كوماندىسى | 〃 | 〃 | 4 | 〃 〃 | |
| 17 | 〃 〃 ۋالېيبول مۇسابىقىسى | ئەرلەر كوماندىسى | 15-ئىيۇلدىن 22-ئىيۇلغىچە | ئاقسۇ | 2 | 〃 〃 | مۇنىرە مەدەنىيەتلىك سپورتچى بولدى |
| | | ئاياللار كوماندىسى | 〃 | 〃 | 2 | 〃 〃 | ئالىمجان مەدەنىيەتلىك سپورتچى بولدى |
| 18 | 〃 〃 تېنىس توپ مۇسابىقىسى | ئەرلەر كوللېكتىپ | 10-ئىيۇلدىن 17-ئىيۇلغىچە | شىخەنزە | 4 | 〃 〃 | |
| | | ئەرلەر يەككە | 〃 | 〃 | 5 | تۇرسۇن | |
| | | ئەرلەر يەككە | 〃 | 〃 | 6 | لەنچيۇلى | |
| 19 | 〃 〃 ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسى | ئەرلەرنىڭ 100 كىلومېترلىق كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | 1-مايدىن 5-مايغىچە | تۇرپان | 4 | ۋىلايەتلىك كوماندا | |
| | | ئاياللارنىڭ 50 كىلومېترلىق كوللېكتىپ مۇسابىقىسى | 〃 | 〃 | 5 | 〃 〃 | |
| | | ئەرلەرنىڭ 40 كىلومېترلىق يەككە مۇسابىقىسى | 〃 | 〃 | 1 | ۋاڭ شىنمىن | 1.6′1″6 |

| № | مۇسابىقە ئىسمى | كۆرۈپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | دەرىجىسى | مۇكاپات ئالغۇچى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 20 | ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدىكى خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسى | قەدىمكى شەكىلدىكى كوللېكتىپ | 13 ـ ئىيۇلدىن 19 ـ ئىيۇلغىچە | ئالتاي | 4 | مارالبېشى كوماندىسى | ۋىلايەتكە ۋەكىل بولدى |
| | | 〃 〃 | 〃 | 〃 | 3 | 〃 〃 | 〃 |
| | | 52 كىلوگراممىلىقلاردىكى قەدىمكى شەكىلدە چېلىشىش | 〃 | 〃 | 3 | ئەركىن | |
| | | 〃 57 〃 | 〃 | 〃 | 3 | ھەسەن ئېلى | |
| | | 〃 62 〃 | 〃 | 〃 | 1 | ئالىم | |
| | | 〃 68 〃 | 〃 | 〃 | 4 | نامان | |
| | | 〃 82 〃 | 〃 | 〃 | 3 | غۇلام | |
| | | 〃 48 〃 | 〃 | 〃 | 3 | ئابلىكىم | |
| | | 〃 52 〃 | 〃 | 〃 | 3 | ئالا جياڭخې | |
| | | 〃 57 〃 | 〃 | 〃 | 2 | راھمان | |
| | | 〃 62 〃 | 〃 | 〃 | 2 | چىلىق لىجۇلا | |
| | | 〃 68 〃 | 〃 | 〃 | 2 | ئەركىن | |
| 21 | 〃 〃 شاھمات مۇسابىقىسى | چوڭلار گۇرۇپپىسى خەلقئارا شاھمات | 11 ـ ئاپرېلدىن 20 ـ ئاپرېلغىچە | قاراماي | 2 | مىجىت | |
| 22 | ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدىكى جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى | كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر | 14 ـ ئىيۇلدىن 20 ـ ئىيۇلغىچە | قەشقەر | 3 | ۋىلايەت كوماندىسى | |
| | | 48 كىلوگراممىلىقلار | | 〃 | 4 | راھمان | |
| | | 〃 52 | | 〃 | 4 | ئەركىن زەيدىن | |

| № | مۇسابىقە ئىسمى | كۆرۈپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | دەرىجىسى | مۇكاپات ئالغۇچى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 57 كىلوگراملىقلار | 〃 | 〃 | 5 | ئەخمەت تۇرسۇن | |
| | ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدىكى جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى | 62 〃 | 〃 | 〃 | 1 | جۇماخۇن | |
| | | 68 〃 | 〃 | 〃 | 3 | جېلىل داۋۇت | |
| | | 82 〃 | 〃 | 〃 | 3 | غۇلام | |
| | | 90 〃 | 〃 | 〃 | 3 | ئابلەت | |
| | | 100 〃 | 〃 | 〃 | 5 | ئابدۇجېلىل | |
| | | كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر | 1 - ئىيۇلدىن 7 - ئىيۇلغىچە | جوچەڭ | 4 | مارالبېشى كوماندىسى | |
| | 〃 〃 | 48 كىلوگراملىقلار | 〃 | 〃 | 1 | جىيالاڭ چىڭلىيەن | |
| | | 48 〃 | 〃 | 〃 | 4 | جۇيۇنفالاڭ | |
| | | 66 〃 | 〃 | 〃 | 3 | رۇشەنگۈل | |
| 23 | 〃 〃 | 72 〃 | 〃 | 〃 | 4 | ژاڭ شيۇلى | |
| | | 56 〃 | 〃 | 〃 | 4 | مارىيە | قەشقەر ۋىلايىتى ئاياللار كوماندىسى ئەۋەتتى |
| | | 52 〃 | 〃 | 〃 | 4 | ۋاڭ لى | |
| | رۇداۋ مۇسابىقىسى | 56 〃 | 〃 | 〃 | 5 | كاۋشىنسىيەن | |
| | | دەرىجىگە ئايرىلمىغانلار كۆرۈپپىسى | 〃 | 〃 | 4 | رۇشەنگۈل | |
| | | 〃 〃 | 〃 | 〃 | 5 | ژاڭ شيۇلى | |

| № | مۇسابىقە ئىسمى | گۇرۇپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | دەرىجىسى | مۇكاپات ئالغۇچى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 24 | ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدىكى قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى | كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر | 4-ئىيۇلدىن 13-ئىيۇلغىچە | مانجى | 4 | ۋىلايەت كوماندىسى | |
| | | ئەرلەرنىڭ مانو پولكا بىلەن 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ نومۇرى | 〃 | 〃 | 3 | ئابدۇراخمان، شۇشياۋدۇڭ، ئەي تېيەنشەن | |
| | | ئەرلەر 40 × 3 مانو پولكا مىلتىق بىلەن قارىغا ئېتىش | 〃 | 〃 | 3 | ئابدۇللا | |
| | | 〃 〃 | 〃 | 〃 | 4 | شۇشياۋدۇڭ | |
| | | ئۆرە تۇرۇپ قارىغا ئېتىش | 〃 | 〃 | 5 | ئابدۇراخمان | |
| | | ئەرلەرنىڭ مانو پولكا مىلتىقنى زوكزىيىپ قارىغا ئېتىش | 〃 | 〃 | 3 | 〃 〃 | |
| | | ئەرلەر كاز مىلتىق بىلەن 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ | 〃 | 〃 | 3 | شۇشياۋدۇڭ، ئەي تېيەنشەن، ئابدىراخمان | |
| | | ئۆرە تۇرۇپ قارىغا ئېتىش | 〃 | 〃 | 4 | ئابدۇراخمان | |
| | | ئەرلەر كاز تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ | 〃 | 〃 | 5 | قۇربان، تۇرغۇن، يۈسۈپجان | |
| | | ئەرلەر كاز تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش | 〃 | 〃 | 6 | قۇربان | |
| | | ئەرلەر مانو پولكا تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ | 〃 | 〃 | 2 | قۇربان، تۇرغۇن، مۇتەللىپ | |
| | | ئاياللار مانو پولكا تاپانچا بىلەن 60 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ | 〃 | 〃 | 6 | نىي شيۇچىن، جۇڭ يۈچىن، شېڭ چىڭخۇا | |
| | | 20 × 3 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ | 〃 | 〃 | 4 | 〃 〃 | |
| | | ئاياللار كاز مىلتىق بىلەن 40 پاي ئوقنى قارىغا ئېتىش | 〃 | 〃 | 5 | نىي شيۇچىن | |

| № | مۇسابىقە ئىسمى | گۇرۇپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | دەرىجىسى | مۇكاپات ئالغۇچى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىنىڭ قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى | ئاياللار مالو پولكا مىلتىقتا قارىغا ئېتىش كوللېكتىپ | 〃 | 〃 | 6 | ۋاڭ جىنچىڭ، جاڭ مىڭ، جېن يەنپىڭ | |
| | | ئاياللار مالو پولكا مىلتىقنى تاپانچىنى قارىغا ئېتىش 40 پاي ئوق | 〃 | 〃 | 2 | ۋاڭ جىنچىڭ | |
| | | ئەرلەر مالو پولكا مىلتىقتا قارىغا ئېتىش 60 پاي ئوق | 〃 | 〃 | 2 | ئەي تيەنشەن | |
| | | ئەرلەر مالو پولكا تاپانچىدا 40 × 2 پاي تۇرە تۇرۇپ قارىغا ئېتىش | 〃 | 〃 | 6 | شو شياۋدۇلا | |
| 25 | ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇر | 25 - ئاۋغۇستتىن 29 - ئاۋغۇستقىچە | شىخەنزە | 5 | ۋىلايەت كوماندىسى | |
| | | ئەرلەر 400 مېتىر | 〃 | 〃 | 1 | شۆھرەت | |
| | | ئەرلەر 400 مېتىر توساقتىن سەكرەش | 〃 | 〃 | 1 | شۆھرەت | |
| | | ئەرلەر 1000 مېتىر | 〃 | 〃 | 2 | كېرىم | |
| | | ئەرلەر 110 مېتىر توساقتىن سەكرەش | 〃 | 〃 | 2 | شېي يۈيكۈن | |
| | | ئەرلەر 10 تۈرلۈك ئومۇمىي ماھارەت | 〃 | 〃 | 1 | دەي يوجېۋ | |

| № | مۇسابىقە ئىسمى | تۈرۈپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | دەرىجىسى | مۇكاپات ئالغۇچى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۇۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | ئەرلەر 400 × 4 مېتىر كۆچ ئۇلاپ يۈگرەش | 〃 | 〃 | 2 | ژەن جۈن، مۇرات، شۈمىلقەدەي يۈچېيۇ | ئاپتونوم رايون رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى |
| | | ئەرلەر 10 تۈرلۈك تو- مۇسي ماھارەت | 〃 | 〃 | 2 | قادىر | |
| | | ئەرلەر دىسكا | 〃 | 〃 | 3 | چېن يۈڭخەي | |
| | | ئەرلەرنىڭ خادا بىلەن ئېگىزگە سەكرەش | 〃 | 〃 | 4 | ئەركىن | |
| | | ئەرلەرنىڭ 100 × 4 مېتىر كۆچ ئۇلاپ يۈگرەش | 〃 | 〃 | 4 | شېي يۈيكۈن، قادىر، چېن شىياۋلىياڭ، ئەنۋەر | |
| | | ئەرلەر 1500 مېتىر | 〃 | 〃 | 4 | سالام | |
| | | ئەرلەر 200 مېتىر | 〃 | 〃 | 6 | شېي يۈيكۈن | |
| | | ئاياللار 100 مېتىر | 〃 | 〃 | 1 | شيەن خۇي | |
| | | ئەرلەر دىسكا | 〃 | 〃 | 6 | ئەركىن | |
| | | ئەرلەر 1500 مېتىر | 〃 | 〃 | 6 | كېرىم | |
| | | ئاياللار 400 مېتىر | 25 - ئاۋغۇستتىن 29 - ئاۋغۇستقىچە | شەنخەيدە | 1 | شيەن خۇيجۈن | |
| | | ئاياللار 400 × 4 مېتىر كۆچ ئۇلاپ يۈگرەش | 〃 | 〃 | 2 | جاڭ شىخۇاڭ، كاڭ خۇيچىن، شيەن خۇيجۈن، نۇردىسا | |
| | | ئاياللار ئېگىزگە سەكرەش | 〃 | 〃 | 3 | خۇاڭجۈەن | |

| № | مۇسابىقە ئىسمى | گۇرۇپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | دەرىجىسى | مۇكاپات ئالغۇچى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدىكى يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | ئاياللار يىراققا سەكرەش | ″ | ″ | 3 | لۇ تەيلى | |
| | | ئاياللار نەيزە ئېتىش | ″ | ″ | 3 | تۇرسۇنگۈل | |
| | | ئەرلەر 400 مېتىر توساقتىن سەكرەش | ″ | ″ | 4 | ۋەن جۈن | |
| 26 | ياشانغانلار قاپقا توپ مۇسابىقىسى | 60 ياشتىن يۇقىرىلار | 5-مايدىن 11-مايغىچە | ئۈرۈمچى | 6 | ۋىلايەتلىك كوماندا | |
| 27 | ياشانغانلارنىڭ تەكتاك توپ تاللاش مۇسابىقىسى | ئاياللار 50 ياشتىن يۇقىرىلاردىكى يەككە ئويناش | 4-مارتتىن 9-مارتقىچە | كورلا | 3 | جاڭ خەيىۋي | |
| | | ئەرلەر 55 ياشتىن يۇقىرىلارنىڭ يەككە ئويناش | ″ | كورلا | 4 | شىي جىنشىڭ | |

## قەشقەر ۋىلايىتىدە 1986 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى

| تەرتىپ | مۇسابىقە ئىسمى | گۇرۇپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | قاتناشقان ئورۇنلار | تەنھەرىكەتچىلەر سانى | ئالدىنقى ئۈچ قاتاردىكىلەر | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | 1- | 2- | 3- |
| 1 | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسى | B گۇرۇپپا | 5-فېۋرالدىن 20-فېۋرالغىچە | قەشقەر شەھىرى | قەشقەر شەھىرى، يەكەن، مەكىت، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، مارالبېشى، پەيزاۋات، قاغىلىق، پوسكام | 150 | قەشقەر شەھىرى | يېڭىشەھەر | مارالبېشى |
| 2 | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «كۆئىپتىلىئۇن لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسى | ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى | 1-ئىيۇلدىن 7-ئىيۇلغىچە | يېڭىشەھەر | قەشقەر شەھىرى، يەكەن، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات، قاغىلىق، پوسكام، يېڭىسار، تاشقورغان | 180 | يېڭىشەھەر | مارالبېشى | كونىشەھەر |
| 3 | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئۆسمۈرلەر، ئوغۇللار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى | B گۇرۇپپىسى | 24-مارتتىن 28-مارتقىچە | قەشقەر شەھىرى | قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار، مەكىت، مارالبېشى | 48 | مارالبېشى | مەكىت | قەشقەر شەھىرى |
| 4 | ″ ″ ″ ″ قىزلارنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى | B گۇرۇپپىسى | 24-مارتتىن 28-مارتقىچە | قەشقەر شەھىرى | مارالبېشى، يېڭىسار، مەكىت، قەشقەر شەھىرى | 48 | قەشقەر شەھىرى | مارالبېشى | يېڭىسار |

| تەرتىپى | مۇسابىقە ئىسمى | گۇرۇپپا ئايرىمىسى | ۋاقتى | ئورنى | قاتناشقان ئورۇنلار | سپورتچىلار سانى | ئالدىنقى ئۈچ قاتاردىكىلەر 1- | 2- | 3- |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 5 | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئۆسمۈرلەرنىڭ خەلقئاراچە چېلىشىش مۇسابىقىسى | A گۇرۇپپا | 1- ئۆكتەبىردىن 5- ئۆكتەبىرگىچە | مارالبېشى | مارالبېشى، پەيزاۋات، يېڭىسار، كونىشەھەر | 72 | كوللېكتىپ ئومۇمىي بويىچە مارالبېشى | كوللېكتىپ ئومۇمىي بويىچە يېڭىسار | كوللېكتىپ ئومۇمىي بويىچە كونىشەھەر |
| 6 | ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئۆسمۈرلەرنىڭ جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى | A گۇرۇپپا | 1- ئۆكتەبىردىن 5- ئۆكتەبىرگىچە | يېڭىسار | يېڭىسار، قاغىلىق، يەكەن، مەكىت، كونىشەھەر | 80 | كوللېكتىپ ئومۇمىي بويىچە كونىشەھەر | كوللېكتىپ ئومۇمىي بويىچە يېڭىسار | كوللېكتىپ ئومۇمىي بويىچە يەكەن |
| 7 | ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | ياش گۇرۇپپىلىرى بويىچە | 1- مايدىن 4- مايغىچە | قەشقەر شەھىرى | مارالبېشى، قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر، يېڭىسار، پەيزاۋات، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، يوپۇرغا، مەكىت | 265 | 〃 قەشقەر شەھىرى | 〃 يېڭىشەھەر | 〃 يوپۇرغا |
| 8 | ۋىلايەت بويىچە 2-نۆۋەتلىك غالتەك تېيىلىش مۇسابىقىسى | ئۆسمۈرلەر A گۇرۇپپىسى | 25- ئىيۇلدىن 27- ئىيۇلغىچە | قەشقەر شەھىرى | قەشقەر شەھىرى، يەكەن، يېڭىشەھەر، قاغىلىق، مارالبېشى، كونىشەھەر، يېڭىسار، ئېيغەت بازىسى | 40 | 〃 قەشقەر شەھىرى | 〃 يەكەن | 〃 كونىشەھەر |
| 9 | ۋىلايەت بويىچە 2- نۆۋەتلىك ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسى | ياش چەكلىمىسى يوق | 11- يانۋاردىن 15- يانۋارغىچە | يوپۇرغا | يوپۇرغا، مارالبېشى، پەيزاۋات، يەكەن، يېڭىسار، يېڭىشەھەر، مەكىت | 104 | يەككە يوپۇرغا<br>ئوغلاق مارالبېشى | يەككە پەيزاۋات<br>ئوغلاق يوپۇرغا | يەككە يېڭىسار<br>ئوغلاق يېڭىسار |
| 10 | ۋىلايەت بويىچە 2- نۆۋەتلىك بېلىق تۇتۇش مۇسابىقىسى | ياش چەكلىمىسى يوق | 16- مايدىن 17- مايغىچە | مەكىت ناھىيە توغراق سۇ ئامبىرى | يېڭىشەھەر، قاغىلىق، مارالبېشى، يەكەن، كونىشەھەر، پوسكام، مەكىت، قەشقەر شەھىرى | 30 | كوللېكتىپ مەكىت<br>ليۇ شياۋجياڭ<br>ئېغىرلىق ليۇ شياۋجياڭ | كوللېكتىپ قاغىلىق<br>كاۋ يۇۋاڭ<br>ئېغىرلىق ماگوۋەن | كوللېكتىپ يەكەن<br>دۇۋاڭ شۇگۇاڭ<br>ئېغىرلىق كاۋ يۇۋاڭ |

# ھەربىي ئىشلار

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايون سىياسىي كومىسسارى لىۋباگجى

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا چوڭ تەرەققىيات بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۈنسېرى ياخشىلاندى. ئەمما تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت

يەككە تۈر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىغا 36 مىڭ 850 ئادەم-قېتىم قاتناشتى. ئوغلاق تارتىشىش كوماندىسى ۋىلايەتلىك مۇسابىقىدە بىرىنچى بولدى. 1986 - يىلى مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە يىغىنىغا شىنجاڭغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ ئىككىنچى بولدى. ناھىيە بويىچە 216 مەمۇرىي كەنتتە چېلىشىش كوماندىسى ۋە ئوغلاق تارتىشىش كوماندىسى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى كەنتلەرگە نۆۋەتلىشىپ بېرىپ، ئۆزلۈكىدىن مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1986 يىلى 506 قېتىم ھەر خىل مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلگەن. مۇسابىقىغا 5600 ئادەم-قېتىم قاتناشقان. سېرىقبۇيا يېزىسىدىكى بىر قانچە ئائىلىلىك دېھقان بىرلىشىپ، ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن، مۇسابىقىغا 53 ئات قاتناشقان، ئوغلاقنى ۋە مۇكاپات بويۇملىرىنى ئۆزلىرى سېتىۋالغان. ئاناركۆل يېزىسىدىن ئايۇپ ھاشىم، مۆمىن ئاخۇنلار بەش يېزىدىكى دېھقانلار قاتناشقان ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن. چاۋاغ يېزىسىدىن تۇراق مەمەت، ئۆمەرجانلار بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن ئىككى يېزا ۋە ئىككى پولك - مەيدان قاتناشقان ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىغا 30 دىن ئارتۇق ئات كەلگەن. مەملىكەت بويىچە چېلىشىشتا 3 - لىكنى ئالغان پېشقەدەم چېلىشىش ھەۋەسكارى غېنى ساماق بىلەن راخمان، ياسىن، ھاتەم قاتارلىقلار ئۆزى پۇل چىقىرىپ، مىللىيچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن. مۇسابىقىغا يۈزگە يېقىن ماھىرلار قاتنىشىپ، يېزا تەنتەربىيە پائالىيىتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن.


( جاڭ جىنسەي ).



قەشقەر شوبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى
دۇەن شىكالا.



قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىم قىچىنىڭكا مەسلىھەت تى-
لەش-مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. سۆ-
رەتتە، قىچىنىڭ ۋاڭ جۇلجىن ئاممىغا ئائىلە ئېلېكتىر سايا-
مانلىرىنى ئاسراش، ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش ئۇسۇللىرىنى
چۈشەندۈرمەكتە.



↑ ئامما ئۈچۈن ۋېلسىپىت رېمونت قىلىپ بېرىپ ھەق ئالمىدى.

باھار كىرگەنلىكتىكى چېگرا مۇداپىئەسىدە مەلۇم قىسىم
جەڭچىلىرى قارار كاھنى كۆكەرتمەكتە. ↓



شوبە ھەربىي رايونىدا قاراشلىق قىسىملار تېببىي خادىملىرى
ئۆيمۇئۆي چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىگە بېرىپ، كۆچمەنلەرنى،
مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ ئاممىنىڭ كېسىلىنى كۆردى.

بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ماۋ چاڭخاۋ تارتقان





ئاتتۇرغان ناھىيەلىك خەلق قوراللىق خىزمەت
بۆلۈمى خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ چېگرا مۇداپى-
ئەسىنى ... ۋە قوراللىق ... كۆزەت-
چىلىككە ماڭماقتا.
ماۋ جاڭخاۋ فوتوسى



پامىر ئېگىزلىكىدە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىم ئائىلە تەۋەلىرى تەشكىللەپ
قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش قىيىنچىلىقىنى شۇ يەردىكى ئورنىدا
ھەل قىلىش ئۈچۈن، قوشۇمچە يېمەكلىك زاۋۇتى قۇردى. ماۋ جاڭخاۋ فوتوسى



چېگرا مۇداپىئەچىلىرى قارار كاھتىن
كىلومېتىر يىراقلىقتىن سۇ توشۇپ كې-
لىپ ئىچىدۇ.
يالڭ يىۋۇ فوتوسى

↓ ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەنتەربىيە پائالى-
يىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، قىسىمنىڭ مەدەنى-
يەت تۇرمۇشى بېيىدى.
ماۋ جاڭخاۋ فوتوسى



↓ شۇبە ھەربىي رايون ئورگىنى 400 دىن ئارتۇق ژۇرنال سېتى-
ۋېلىپ، ھەر مىللەت كىتابخانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى.
ماۋ جاڭخاۋ فوتوسى



قاتارلىق سەۋەبلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر خېلى بىر قىسىم ئاھالىنىڭ ئىسسىنىش، قورساقنى تويغۇزۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولغىنى يوق، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، يېزىلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 120 يۈەندىن تۆۋەن. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 150 يۈەندىن تۆۋەن بولغان كەمبەغەل، نامرات دېھقان - چارۋىچىلار جەمئىي 138 مىڭ ئائىلە بولۇپ، 558 كىشى. بۇ پۈتۈن ۋىلايەتتىكى دېھقان-چارۋىچىلار ئائىلىسىنىڭ 29.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىسسىنىش، قورساق تويغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، چېگرا رايوننىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان بىر تۇرلۇك جىددىي ۋەزىپىدۇر.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئىچكىرى جايلاردىكى نامرات رايونلارنى سېلىشتۇرغاندا ھەم ئورتاقلىق ھەم ئايرىملىق بار. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇپ ۋە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق ئىزدىنىش بولسا خەلق ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇپ، بېيىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ مەسىلىسى.

يۇقىرى تۆۋەن بىلەن ئالاقىلىشىش ھەر تەرەپ بىلەن ئالاقىلاشتۇرۇلغان رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇش.

نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ھەر قايسى تورۇنلار يېزا، سانائەت، سودا ھەرقايسى كەسىپلەرنى « بىر لەشمە ئارمىيە » قىلىپ تەشكىللەش كېرەك. يەرلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇپ ھەر قايسى جەھەتتىكى كۈچلەرنى ماسلاشتۇرۇپ تەشكىللەپ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ ئۈگۈشلۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

خەلق ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇپ بېيىتىش — پۈتكۈل نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇڭا يەرلىكنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا كىرگۈزۈپ ئاگاھلىق بىلەن يەرلىكنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇش لازىم. خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن جەمئىيەتنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشنى بىرلىكتە ماسلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شۆبە ھەربىي رايون، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ۋە يېزىلىق خەلق قوراللىق بۆلۈمى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر نەپەر رەھبەرلىكنى ئايرىم ھالدا ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلارنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا كۆرسىتىش، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش تەلىپىنى چۈشىنىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن پىلان، قەدەم

باسقۇچ ئۆتكۈنچى بولغان ھالدا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش لازىم.

خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلىدە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش مەسئۇلىيىتى تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇپ، نىشانلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. يەرلىكنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش رەھبەرلىك ئورگىنى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ۋەزىپىسى ۋە بېكىتىمدىغان نىشانىغا ئاساسەن خەلق ئەسكەرلىرى ليەنى، پەي، بەن، شەخسىيلەرگىچە قاتلاممۇ قاتلام بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىپ، نىشانلىق ئالاقىلىشىپ، ئوبيېكتىنى بېكىتىش، ۋەزىپىسىنى بېكىتىش، ۋاقتىنى بېكىتىش، ئۈنۈمىنى بېكىتىش كېرەك. خەلق قوراللىق بۆلۈم كادىرلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى كادىرلىرىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى تايانچىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شۆبە ھەربىي رايون ۋە ناھىيە، يېزا (بازار) ئىككى دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى قەرەللىك ياكى قەرەلسىز تەكشۈرۈپ تۈزىتىۋېلىش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. بۇنداق يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئالاقىلىشىدىغان، ھەر تەرەپلىمە ئالاقىلىشىدىغان، خىزمەت مەسئۇلىيىتى ئېنىق، قوماندانلىق قىلىش جانلىق بولغان نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش رەھبەرلىك ئورگىنى بولغاندىلا كەڭ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچلىرىنى تەشكىللەپ جەمئىيەتتىكى كۈچلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

2. ئىلمىيلىك كىرىشتۈرۈلگەن ئۇچۇر تورلىرىنى توغرا ۋە تېز تۇرغۇزۇپ نامراتلىققا يار - يۆلەك بولۇش ئېچىقلىرىنى ئېچىش.

يېپىق شەكىللىك ياكى يېرىم يېپىق شەكىللىك ئىقتىسادتا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ نامرات ئارقىدا قېلىشىنىڭ تۈپ مەنبەسىنىڭ بىرى. بۇ يەرنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خەلق ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئىلمىيلىك كىرىشتۈرۈلگەن ئۇچۇر تورلىرىنى توغرا ۋە تېز تۇرغۇزۇپ، ئۇچۇر ئېچىقلىرىنى ئېچىپ، ئۇچۇرنىڭ نامراتلىققا يار - يۆلەك بولۇپ بېيىتىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تېز ئىلمىيلىك ئۇچۇر تەشكىلىنى قۇرۇش كېرەك. شۆبە ھەربىي رايون نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، بېيىتىش ئۇچۇر مەركىزىنى قۇرۇشى، ئوخشاش بولمىغان قاتلاملارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەر تۈرلۈك ئۇچۇرلارنىڭ ئېقىشىنى ئىگىلەپ ۋە كونترول قىلىپ، ئۈتكۈل ئۇچۇر تورلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ئۇچۇر پونكىتى تۇرغۇزۇش، يېزا (بازارلىق) خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ئۇچۇر گۇرۇپپىلىرىنى تۇرغۇزۇش، خەلق ئەسكەرلىرى ليەن، پەي، بەنلەر ئۇچۇر خادىملىرىنى تۇرغۇزۇشى، كەڭ تۈردە ئۇچۇرلارنى يىغىپ يەتكۈزۈشى، نامراتلارغا يار - يۆلەكتە بولۇش ئوبيېكتلىرى ئۈچۈن ئۇچۇر خىزمىتىنى ياخشىلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئۇچۇر تەش-

كىلاتتىلىرى ئۆچۈرلارنى ئىنكاس قىلغان ۋە يەتكۈزگەن ۋاقىتتا ئۆچۈرلارنىڭ قاراتمىلىقىنى ئالدىن كۆرەلىشى ۋاقىت ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئەمەلىيلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن قالسا توغرا لىنىيىلىك ئۆچۈر ئېچىقلىرىنى ئېچىش كېرەك. شۆبە ھەربىي رايونلىنىڭ ئۆچۈر مەركىزى ۋە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ ئۆچۈر پونكىتلىرى شۇ يەرلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا ئورگانلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، سودا، تاشقى سودا قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن توغرا لىنىيىلىك ئالاقە باغلىشى، بۇ ئورۇنلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۆز ۋاقتىدا تۈرلۈك ئۆچۈرلارنى ئېلىش كېرەك. يېزىلىق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ ئۆچۈر گۇرۇپپىلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى ئۆچۈر خادىملىرىمۇ ئۆز جايىدىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، تۇغقان يوقلاش، دوستلارنى زىيارەت قىلىش، بازارلارغا بېرىش قاتارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۆچۈرلارنى يىغىشى ۋە تارقىتىشى، نامرات ئائىلىلەرگە قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

3. ئۆچۈرلارنى يەتكۈزۈش قوراللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

شۆبە ھەربىي رايونى ئۆچۈر مەركىزى ۋە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈم ئۆچۈر پونكىتلىرى تۈرلۈك ئۆچۈر گېزىتلىرىگە يېزىلىپ ئۆچۈرلارنىڭ مەنبەسىنى كېڭەيتىپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تاللىغاندىن كېيىن ئۆچۈر قىسقا خەۋەرلىرىنى بېسىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلىگە تارقىتىشى كېرەك. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ گېزىت-ژۇرنال ئوقۇش تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلىگە «جۇڭگو خەلق ئەسكەرلىرى» ۋە «غەربىي شىمال خەلق ئەسكەرلىرى» ژۇرناللىرىغا مۇشتىرى بولۇش كېرەك. يېزا (بازار)لىق خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ ئۆچۈر گۇرۇپپىلىرى سىملىق رادىئودىن پايدىلىنىپ، ئۆچۈرلارنى يەتكۈزۈش، خەلق قوراللىق بۆلۈم كادىرلىرى يىغىنى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆچۈرلارنى ئېلان قىلىشى كېرەك. خەلق ئەسكەرلىرى يار-يۆلەكتە بولىدىغان ئوبيېكتلارغا ئۆچۈرلارنى تاللاپ ياخشى ئىشلىتىشكە ياردەم قىلىش كېرەك.

4. زور كۈچ بىلەن تاۋار ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، بېيىش نۇقتىئىنەزەرىنى يېڭىلاش كېرەك.

يېپىق شەكىلدىكى ئۆزىنى قامدايدىغان، يېرىم ئۆزىنى قامدايدىغان تەبىئىي ئىقتىسادنىڭ ئىدىيىسىدە بىر قەدەر قويۇق بولغان كىچىك يېزا ئىقتىسادىي ئىدىيىسى ۋە كونىلىقنى ساقلاشنى شەكىللەندۈرگەن، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇپ بېيىش ئۈچۈن، ئاممىنى يېڭىلاش نۇقتىئىنەزەرىگە يېتەكلەپ تاۋار ئىقتىسادىي ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئەگەر يېڭىلاش نۇقتىئىنەزەرىگە كۈچ سەرپ قىلمىسا نامراتلارغا يار-يۆلەك بولسىمۇ شۇ ھامان باي بولالمايدۇ، ھەم قايتىدىن نامراتلىشىپ كېتىدۇ. چېگرا رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئاممىنى نۇقتىئىنەزەردە بۇرۇلۇش ياساشقا يېتەكلەپ، مىللىي سىياسەتكە ۋە دىنىي سىياسەتكە خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بىلەن ناچار ئۆرپ-ئادەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. خەلق ئەسكەرلىرىنى ھەردە-

كەتلەندۈرۈپ نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشتا نۇقتىلىق ئاممىنى ئۈچ نۇقتىئىنەزەردە بۇرۇلۇش ياساشقا يېتەكلەش كېرەك.

1) كونا قائىدە-يوسۇنلارغا يېپىشىۋېلىش (مۇتەئەسسىپلىك) نۇقتىئىنەزەرىنى ئۆزگەرتىپ، پەننىي ئاساستا بېيىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش. نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاش ئۈچۈن كەڭ خەلق ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىپ، پەنگە تايىنىپ بېيىغان خەلق ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بېيىشىنى سۆزلەش. ئۈلگە قىلىپ نەمۇنىچىلارنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئاممىنى تەربىيىلەپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، قالاق تىرىكچىلىك ئۇسۇللىرىنى تاشلىۋېتىپ، پەننىي ئاساستا بېيىش يېڭى نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش لازىم.

2) ئۇششاق دېھقانچىلىق ئىقتىسادى نۇقتىئىنەزەرىنى ئۆزگەرتىپ، تاۋار ئىقتىسادى ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن نومۇس قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانلارنى ئۆزىنى - ئۆزى تەمىنلەيدىغان، يېرىم ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئىقتىسادىي چۈشەكتىن ئازاد بولۇشقا يېتەكلەپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، زور كۈچ بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

3) «ساقلاش، تايىنىش، ئېلىش» نۇقتىئىنەزەرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. تارىختىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت چېگرا رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا مالىيە، ماددىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قۇتقازدى. بۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى مۇھىم ماددىي شەرت. ئەمما بۇنداق ياردەم بېرىش، قۇتقۇزۇش — بىر قىسىم نامرات ئائىلىلەردە «ساقلاش، تايىنىش، ئېلىش» ئىدىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خەلق ئەسكەرلىرى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇپ، بېيىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش ۋە ئىرادىسىگە يار - يۆلەك بولۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلىدىغان ئائىلىلەرگە بېيىشنىڭ پايدىلىق شەرتلىرىنى ئېنىق تونۇتۇپ، ھورۇن، قورقۇنچاقلىق دۇنيا قارىشىنى يېڭىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ بېيىش ئىرادىسىنى قەتئىي تىكلىشى لازىم.

4) ئەقلىي جەھەتتىن بېيىشقا يار-يۆلەك بولۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنى باي بولۇش ماھارىتىنى ئىگىلەشكە يېتەكلەش لازىم.

مەدەنىيەتنىڭ ئارقىدا قېلىشى، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەم بولۇشى قەشقەر ۋىلايىتىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك بىر مەسىلە. نۆۋەتتە يېزىلاردىكى نوپۇسنىڭ زور بىر تۈركۈمى يەنىلا ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋات بولۇپ، بۇ يېزىلاردىكى نامراتلىقنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى. نۇرغۇنلىغان دېھقانلار باي بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ باي بولالمىدى، ئىشلەشنى ئويلىغان بولسىمۇ تېخنىكىسى بولمىغانلىقتىن ئېتىزغا قاراپ بىكاردىن بىكارغا ئالدىرىدى. خەلق ئەسكەرلىرى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسلىق نۇقتىنى نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە قويۇپ، «تۇخۇم ئەۋەتىش» بىلەن «تۇخۇ بېقىش»نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ نام-

راتلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئوبيېكتلىرىغا نىسبەتەن ئالدى بىلەن ئىلىم-پەن ۋە كەسپىي تېخنىكا جەھەتتە تەربىيەلەشنى ئېلىپ بېرىش، ئۇلارغا باي بولۇش ماھارىتىنى ئىگىلىتىش، ئاندىن كېيىن مۇۋاپىق تۈردە يار-يۆلەك بولۇش پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنى بېرىش لازىم. نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشتا، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتى ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەقسەتلىك ھالدا، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ئېچىقلار بويىچە ئەقلىي جەھەتتىن يار-يۆلەك بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم.

5) ئاممىنى كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەپ بېيىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىش لازىم.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېرى كەڭ، ھاۋا كىلىماتى ئىللىق، قوياشنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، سۇ بايلىق مەنبەسى تولۇق، باشقا ھەر تۈرلۈك بايلىق مەنبەسىمۇ مول. بۇ يەرنىڭ گۈزەل چېگرا مەنزىرىسى بولۇپ سىرلىق ئېگىزلىكلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ سەيلە-ساياھەت قىلىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك رايونى. ئەمما دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا بىر قەدەر ئارقىدا قالغان. بۇ مول بايلىق مەنبەلىرىنى تولۇق ئېچىپ پايدىلىنالمىغان. پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان تاجىك مىللىتىنىڭ چارۋىچىلىرى تا بۈگۈنگە قەدەر چوڭ قاشتېشى بىلەن تام ئېتىپ، ئۆي سېلىپ قاشتېشىنى ئېچىپ باي بولۇش يولىنى بىلمىگەن، شۇڭا «قىممەتلىك تاغدا تۇرۇپ ئۇنىڭ قىممىتىنى تونىمىغان»، «ئالتۇن قاچا كۆتۈرۈپ تاماق تىلەش» تەك نامرات قىياپەت شەكىللەنگەن، نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، شۇ جاينىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىش مۇھىم بىر ھالقا.

خەلق ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، بېيىشتا شۇ جاينىڭ بايلىق مەنبە ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شۇ جاينىڭ بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە باش قاتۇرۇپ، بېيىش يوللىرىنى ئېچىشتا كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. يەر ئاستى بايلىق مەنبەلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، زور كۈچ بىلەن يېزا-بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇش كېرەك. كەڭ تۈردىكى خەلق ئەسكەرلىرى ئارىسىدىكى مەبلىغى بار، تېخنىكىنى بىلىدىغان، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئالدى بىلەن ھەر خىل تۈردىكى مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان يېزا-بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇپ، نامرات ئائىلىلەرنى قاتناشتۇرۇپ شۇ جاينىڭ بايلىق مەنبەسىنى ئېچىپ پايدىلىنىپ، يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان «ئۆلۈك گۆھەر» نى «جانلىق گۆھەر» گە ئايلاندۇرۇپ، بايلىق مەنبەسى ئەۋزەللىكىنى تاۋار ئەۋزەللىكىگە ئۆزگەرتىپ، بىر كارخانىنى قۇرسا بىر تۈركۈم نامرات ئائىلىلەرنى تېزلىك بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدىغان قىلىش لازىم.

ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئەت ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسپىي ئائىلە ۋە ئائىلىۋى سانائەت قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا تېخنىكىسىنى پىششىق بىلىدىغان زور بىر تۈركۈم قول-ھۈنەرۋەنلەر بار بولۇپ، قويۇق مىللىي ئالا-

ھەممىلىككە ئىگە بولغان ئۇيغۇر بادام دوپپىسى، يېڭىسارنىڭ پىچىقى قاتارلىق قول-ھۈنەرۋەنچىلىك سانائەت بۇيۇملىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودىگەرلەرنىڭ چوڭقۇر ئالقىشىغا ئىگە. خەلق ئەسكەرلىرىنى نامراتلارغا يار يۆلەك بولۇشقا تەشكىللەپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھۈنەرنى ئۆگىنىشىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، ئەنئەنىۋى قول سانائەت، قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىر تۈركۈم نامرات ئائىلىلەرنىڭ قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى كەسپىي ئائىلە بولۇشىغا يار-يۆلەك بولۇش لازىم.

نامرات ئائىلىلەرنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش، شۇنداقلا ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق، باغچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرلىكتە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى قۇرۇشقا ياردەم قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تاۋارلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نامرات ئائىلىلەرنى سەيلە-ساياھەت رايونلىرىدا يايمىچىلىق ئوقەتلىرىنى كۆپەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن چەتئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ياخشى كۆرىدىغان مىللىي كىيىملەردىن، گۈللۈك دوپپىلارنى سېتىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈش، يېمەك-ئىچمەك، مۇلازىمەت قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندۇرۇپ، تاۋار بازارلىرىنى كېڭەيتىپ، شۇ جايىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يولىنى كەڭ ئېچىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش لازىم.

خەلق ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش بولسا، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ياخشى شەكلى. بىز پەقەت ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئېنىق تونۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامرات بولۇشتىكى ھەر تۈرلۈك سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاپ، شۇ جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن چارە-تەدبىر قوللىنىپ، نىشان بىلەن دەسمايىسىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرسەك، «قان بېرىش» بىلەن «قان ئىشلەش»نى بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشى بىلەن ئىجتىمائىي نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرسەكلا چوقۇم بىر يۈرۈش خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى مۇكەممەل قىلىپ، نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

**[قەشقەر شۆبە ھەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى]** قوماندان: دۇەن شىكاڭ.

سىياسىي كومىسسار: ليۇ باڭجى.

مۇئاۋىن قوماندان: تۇردى قادىر.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار: چېن سۇڭ شىياڭ.

مۇئاۋىن دىۋىزىيە ۋەزىپىسىدىكى مەخسۇس ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئەت ئەزاسى: سۇن پىياڭ.

قوماندانلىق شتابى:

شتاب باشلىقى: چى مىڭجاڭ.

مۇئاۋىن شتاب باشلىقى: ئېزىز دۆلەت.

سىياسىي بۆلۈم:

مۇدىرى: چېن چۈنيەن.
مۇئاۋىن مۇدىرى: تۇرسۇن قادىر.
ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈم:
بۆلۈم باشلىقى: خۇ خۇاچى.
مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: يۈ يەنگۈي.
ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى.
قەشقەر شەھەرلىك قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: ئابدۇللا مامۇت.
سىياسىي كومىسسارى: شى چۈەنكۇ.
مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى: تەۋەككۇل.
يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: ساقى رەھىم.
سىياسىي كومىسسارى: تيەن جىڭشاۋ.
كونىشەھەر ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: قادىر ئىمىن.
سىياسىي كومىسسارى: جۇجيەنگو.
يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: ئابلىھەت ئابدىرېھىم.
سىياسىي كومىسسارى: چۇۋىن شۇ.
يوپۇرغا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: ھەسەنجان ساقى.
سىياسىي كومىسسارى: ياڭشۇنسەي.
مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى: ئابدۇرۇسۇل.
پەيزاۋات ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: ئەمەت قىيۇم.
سىياسىي كومىسسارى: تۇرغۇن مەمتىمىن.
يەكەن ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: ئىسمائىل خېلىل.
سىياسىي كومىسسارى: جيېجىمزۇڭ.
پوسكام ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: سىدىق تۇنىياز.
سىياسىي كومىسسارى: ۋاڭخى چۇ.
مەكىت ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: سەپەر سەمەر.
سىياسىي كومىسسارى: جاڭ تيەنلۇ.
مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: غوپۇر تالىپ.
سىياسىي كومىسسارى: لۇجىڭ.
قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: تۇردى تۇرسۇن.
سىياسىي كومىسسارى: پى گورىن.
مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: دىلمۇرات.
تاشقۇرغان ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى.
بۆلۈم باشلىقى: بەدەلىك.
سىياسىي كومىسسارى: ليۇچياۋشەن.
مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى: ليۇ پىڭشەن.
(جاڭ يۇڭ چۈەن).

## [پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى]

يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ھەر قايسى تۈەن، يىڭ دەرىجىلىك ۋە 43 پارتىيە ياچېيكىسى 1986- يىلى 1- ئايدىن 7- ئايغىچە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئېلىپ باردى. تۈەن دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا قاتناشقان پارتىيە ئەزاسى

جەمئىي 876 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي پارتىيە ئەزاسى 549 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى تىزىملاندى.

پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقى ئۆستى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىدە يېڭى كەيپىياتلار بارلىققا كەلدى.

بۇ قېتىمقى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى مۇھىم يەتتە ھالقىنى تۇتتى.

1. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتتى. ئالدى بىلەن نۇقتىدا سىناق ئېلىپ بېرىپ، تايانچىلارنى تەربىيىلەپ سىرتتىكى پارتىيە ئەزالىرىنى يىغدى. شۆبە ھەربىي رايونى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ قايسى ئورۇننىڭ تەييارلىقى پۈتكەن بولسا شۇ ئورۇندا ئالدى بىلەن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى باشلىدى.

2. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش سەپەرۋەرلىكىنى چوڭقۇر ياخشى تۇتۇپ، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشەنچىسى كەمچىل بولۇش، كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋاللارغا قارىتا ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش تەجرىبىسى ۋە ئۇسۇلى، ئومۇمىيۈزلۈك ھۆججەت ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن تۆۋەن بولغان ئورۇنلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى، مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى.

3. پارتكوم كۆڭۈل بۆلۈپ، رەھبەرلىك ئۆزى بىۋاسىتە تۇتتى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش باشلانغاندىن كېيىن شۆبە ھەربىي رايونى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تۆت قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. پارتكوم شۇجىسى قوماندان دۋەنشىكالىڭ ئىلگىرى - ئاخىر ئىككى قېتىم ئېگىزلىككە چىقىپ، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى، ئالاقىلىشىش پونكىتىنى تاشقورغان ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى.

پارتكوم مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي كومىسسار ليۇ باگجى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ كونىشەھەر، يەكەن، پوسكام قاتارلىق ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشىغا تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى.

4. ئورگاننىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. شۆبە ھەربىي رايوننىڭ نۇقتىسى كۆپ، يولى ئۇزۇن، ئىنتايىن تارقاق بولۇشتەك ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئورگاندىن 16 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ، بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىر، ئۈچ نەپەر بۆلۈم باشلىقىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تۆت خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ تۆت ئۇچاستكىغا بېرىپ، نۇقتا بىلەن دائىرىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەن دەرىجىلىك پارتكومنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشىغا ھەمكارلاشتى.

5. تەربىيىنى كۈچەيتىپ تونۇشنى ئۆستۈرۈش، زىددىيەتلەرنى ئېچىۋېتىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇردى. بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سې-

لىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇردى.

6. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، خىزمەتتە چىڭ تۇرۇپ ئىككىسىگە تەسىر يەتكۈزمىدى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرغان ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىكى خىزمەتنى تەقسىملەۋېلىپ، بىر تۇتاش ئېتىبار بېرىلىپ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى ھەم ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلىدى.

7. بەش تۈرلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار چىن سۇگشياڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش، تاللاپ سىناق ئېلىش ياكى پارتكوم ئۆزى تەھلىل قىلىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ 20 كۈن ۋاقىت ئىچىدە 1500 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، 14 تۆۋەن دەرىجىلىك پارتكومنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. مۇھىمى پارتكوم بەنزىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى بەنزە ئىنتىزامىنى، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاپ، ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىپ، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش مېۋىلىرىنى قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتتى.

تۆۋەن دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى ئاساسلىق ئۈنۈمى بولسا:

1. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقى كۈچەيدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت چوڭ ياخشى ۋەزىيەت ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئىدىيەدە، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولالىدى.

2. بارلىقنى چېگرا رايونغا تەقدىم قىلىش ئىدىيىسى تۇرغۇزۇلدى. قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونغا قاراشلىق ئورۇنلار ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسى ۋە باشقا جاپالىق جايلارغا ئورۇنلاشقان بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى قىسمىدا چېگرا مۇداپىئە ئورۇنلىرىدا، ئېگىزلىكتە تۇرۇشقا خاتىرجەم بولالمىغان. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا ھەر قايسى ئورۇنلار پارتىيىنىڭ تۈپ مىزانىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «ئۈچتە ئۆزىنى تەقدىم قىلىش» تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى شەخسىي مەنپەئەت بىلەن پارتىيە خەلق مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكلىدى. ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ تەربىيە بېرىشى ئارقىسىدا 93% كادىرلار ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇپ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تۇرۇشلۇق جايدىلا كەسىپ ئالمىشىپ، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

3. پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتا بولغان ئۈنۈمى ئۆستى. ناتوغرا كەيپىياتلار بىلەن كۈرەش قىلىشتا جۈرئەت قىلىش قەيسەرلىكى تۇرغۇزۇلدى. مەسىلەن: مەلۇم چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ ئىككى نەپەر رەھبەرلىكى كەسىپ ئالماشقاندا، بىرسى ئومۇمنىڭ بىر دانە ئۈنئالغۇسىنى ئېلىپ كەتكەن. يەنە بىرسى ئومۇمنىڭ بىر دانە 14 سۈكىلۈق رەڭلىك سىنئالغۇ ۋە بىر دانە ئۈنئالغۇسىنى ئېلىپ كەتكەن. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتا ھەممىسىنى باھاغا سۇندۇرۇپ نەقپۇل تۆلىتىۋېلىندى. ئادەتتە دېيىشكە پېتىنالمىغان مەسىلىلەرنى

ئەستايىدىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلدى.

4. پارتكوم ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. پارتكوم بىر بەندىكىلەر كوللېكتىپ كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە رەھبەرلىك ئورنىدىكىلەر خىزمەت تەقسىم قىلىنىپ بۆلۈپ مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، شەخسىي نوپۇزى بىلەن پارتكوم نوپۇزىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پارتكومنىڭ رەھبەرلىك يادرولۇق رولى ۋە ياچېيكىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇردى.

5. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئورگان خىزمىتى چوڭقۇرلىشىپ، بۇرۇنقىدەك «كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش تەس بولۇش، تەلەتى سەت كۆرۈنۈش، ئىش بېجىرىش تەس بولۇش» تەك ھادىسىلەر تۈزىتىلدى. كوماندىرلار بىلەن جەڭچىلەر مۇناسىۋىتى، پارتىيە بىلەن ئامما مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. كادىرلارنى ھۆرمەتلەش، جەڭچىلەرنى سۆيۈش كەيپىياتى بارلىققا كەلدى. لىيەندۇيلەرنىڭ مۇنتىزىملاشقان قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىپ، تەلىم-تەربىيە، چېگرا مۇداپىئە خىزمىتى، ئارمىيىدە ۋە يەرلىكتە ئىشلەيەلەيدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش خىزمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

(جاڭ خەنجۈن).

## [شىتاتنى ئىخچاملاش خىزمىتى]

مەركىزىي كومىتېت ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئارمىيە قىسىم خادىملىرىدىن 1 مىليوننى قىسقارتىش تەدبىرىگە ئاساسەن، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى 1986 - يىلى شىتاتنى ئىخچاملاش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى باش سىياسىي بۇنىڭ شىتاتنى ئىخچاملاش فاڭجېن - سىياسەت ۋە مۇناسىۋەتلىك يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپلىق پىلان تۈزۈپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەشكىللەش ئارقىلىق، قىسىملارغا چوڭقۇر سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شىتاتنى ئىخچاملاش خىزمىتىنى بەلگىلىگەن ۋاقىت بويىچە ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىدى، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 12 ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ 10 بۆلۈمىنى ئۆزگەرتىپ، يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئورگاندىكى بەزى بۆلۈم ۋە يىڭ، لىيەنلەرنى قايتىدىن قۇرۇش ۋە تارقىتىۋېتىش، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش ئىشلىرىنى ئىشلىدى. ئومۇمىي سانىدىن 36.8% قىسقارتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كادىرلار 54.7% قىسقاردى.

ئىخچاملاشتىن ئىلگىرى قىسىملار ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ جەنلۇبىلىك يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ بۇرۇلۇش تەربىيىسى «ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇنۇپ، شەخسىينىڭ كىرىش، چېكىنىش» تەربىيىسىنى مۇستەھكەم قانات يايدۇردى. خەلق قوراللىق بۆلۈم كادىرلىرىنى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ «خەلق قوراللىق ئىشلىرىغا ئۆزىنى تەقدىم قىلىش»، «ئايلىنىپ يۈرۈپ سۆزلەش» ئۆمىكىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاشقا تەشكىللىدى. تەربىيە ئارقىلىق كادىر - جەڭچىلەر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى بىلەن ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ «تۆتلىمىش» چوڭ ۋەزىيەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىدىغان ئىدىيىنى تىكلەپ، شىتاتنى ئىخچاملاش خىزمىتىنى ئىشەنچلىك مۇستەھكەم ئاساسقا قويدى.

ئىخچاملاش جەريانىدا شۆبە ھەربىي را-

يون پارتكومى ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپ قېتىم مەخسۇس مۇزاكىرە قىلغانلىقتىن يېتەكچى ئىدىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قەدەم باسقۇچى سالماق، تەدبىرى كۈچلۈك بولدى. خەلق قوراللىق بۆلۈملەرنى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قۇرۇشىنى يىل بېشىدا تەييارلىق قىلىپ ئارقا - ئارقىدىن رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى سەپلىدى. غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار دائىرىسى ئىچىدە 69 نەپەر كادىرنى ئالماشتۇرۇپ، بىر قىسىم پىدائىي ئەسكەرلەرلى، خالىسانە ئەسكەرلەرنى ئېلىپ قېلىپ ئۆزگەرتىپ ئىشچى قىلىپ ساقلاپ قالدى. ئۆتكۈزۈپ بېرىشتە ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئۆز ئارا ھەمكارلاشتى. قەشقەر ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە شۇنىڭدەك ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ئاكتىپچانلىق بىلەن ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شەرت-شارائىت يارىتىپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىكى قىيىن بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئارقىغا سۈرمەي، ساقلىتىپ قويماي، تايانماستىن 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، ئۆز ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈپ ئېلىش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇردى.

ئورگان ۋە قىسىملاردىكى بەزى ئورۇنلار تارقىتىلىپ، بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۆۋەنلىگەندىن كېيىن ئادەم، شتات سانىنى شۆبە ھەربىي رايون شتاتىنى ئىخچاملاشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى. قوماندان دۇەنشكالاڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى يېتەكلەپ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ چوڭقۇر سەپەرۋەرلىك قىلدى. ھەر تۈرلۈك راسخوتلارنى ئېنىقلاپ

يىغقاغلارنىڭ مەنقۇلات، قورال قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ماددىي ئەشيالىرىنى بىر-بىرلەپ تىزىملاپ چىقتى. كادىرلارغا نىسبەتەن ئومۇميۈزلۈك سىناش ئېلىپ بېرىپ بىر تۇتاش ئۆلچىدى، كۈچلۈكلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئاجىزلىرىنى قايتۇرۇش، تالانتلىقلارنى ساقلاپ قېلىپ كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، مۇنەۋۋەرلىرىنى تاللاپ سەپلەش، يېڭى شتاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسى ۋە قىسىملارنى قاتتىق باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتقانلىقتىن ئىخچاملاشتا قىسىملارنىڭ ئىدىيىسى قالايمىقان بولمىدى، غەيرىتى تۆۋەنلىمىدى، ئىنتىزامى بوشاشمىدى، ئىستىلى تارقاق بولمىدى، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىخچاملاش خىزمىتى كۆڭۈلدىكىدەك ئاياغلاشتى.

ئىخچاملانغاندىن كېيىن شۆبە ھەربىي رايون قىسىملىرىنىڭ سۈپىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كادىرلار قوشۇنى تېخىمۇ ياشلاشتى. ئالىي مەكتەپلەردە تەربىيىلەنگەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى 75 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولدى. كادىرلار بىلەن جەڭچىلەرنىڭ نىسبىتى مۇۋاپىق بولۇپ، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتا ۋە يېڭى دەۋردىكى قىسىملار قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتى.

(جاڭ يۇڭچۈەن).

## [ ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش ]

1986 - يىلى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتى كۆزگە كۆ-

رۇنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 9 - ئايدالەجۇ ھەربىي رايونى قەشقەر شەھىرىدە ئارمىيە خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ئاچتى. مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈم، تەشۋىقات ئىدارىسى، باش سىياسىي بۆلۈم ئاممىۋى خىزمەت باشقارمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتنىشىپ يېتەكچىلىك قىلدى ۋە قەشقەرنىڭ ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.

ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش پائالىيىتى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئۈنۈمگە ئېرىشتى:

1. ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، «ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. مەسىلەن: ھېيتگاھ سودا سارىيىنى بىرلىكتە قۇرۇشتا ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن «بەشتە ئۆز ئارا» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى، يەنى ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، ئۆز ئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆز ئارا ئەپۇ قىلىشتىن ئىبارەت. ئاممىا ئارىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشتىكى «50 قانداق قىلىش كېرەك» نى مۇزاكىرە قىلدى، ئارمىيە-يەرلىك بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى، ئەدەبىي - سەنئەت كەچلىك يىغىنىنى 200 قېتىمدىن ئارتۇق ئېلىپ بېرىلدى. رادىئو گىمناستىكا، ئارقان تارتىش، ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى 300 مەيداندىن ئارتۇق ئېلىپ بېرىلىپ، دوستلۇق كۈچەيتىلىپ ئاممىۋى تۇرمۇش جانلاندى.

2. شەھەر قىياپىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك كۆركەملەشتى. 1986 - يىلى پۈتۈن شەھەر سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە 23 مىڭ كۈۋادرات مېتىر كونا ئۆيلەر، 20 مىڭ مېتىر كونا تام چېقىلدى، 89 مىڭ كۈۋادرات مېتىر يول تۈزلەندى، 34 مىڭ كۇب مېتىر ئەخلەت، تاش - توپا توشۇپ چىقىلدى. ئاساسلىق كوچىلار 40 مېترغا كېڭەيتىلىپ، ۋېلسىپىت يولى ۋە پىيادىلار يولىدىن 138 مىڭ كۈۋادرات مېتىر ياسىلىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش، سېرىق سۇ چىقىرىش ئىشلەندى. پۈتۈن شەھەر بويىچە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە 230 مىڭ تۈپ ئورمان بىنا قىلىپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىشى 25 پىرسەنتكە يەتتى. قىسىملار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 25 مىڭ ئادەم-قېتىمدىن ئارتۇق ھەربىي كۈچ، 1700 قېتىمدىن ئارتۇق ماشىنا چىقىرىپ، 10 مىڭ كۇب مېتىر ئەخلەت تازىلىدى. شەھەر رايونىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى قەدىمىنى تېزلەتتى.

3. قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇن- تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. بىرلىكتە قۇرۇش جەريانىدا ھەر قايسى ئورۇنلار قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇن قىلىپ تۇتتى، پۈتۈن شەھەردە 200 دىن ئارتۇق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئاساسىي قاتلاملار ئۈچۈن قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش دەرسلىكىدىن 10 مىڭ دانىدىن ئارتۇق بېسىپ، 70 قېتىمدىن ئارتۇق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆگىنىش يەنى ئېچىپ، جەمئىي 3100 دىن

ئارتۇق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتچىلىرىنى تەربىيىلىدى. شەھەر خەلقى قانۇنلىنى ئۆگىنىدىغان، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ئىستىل شەكىللەندى. پۈتۈن شەھەردە «قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشتا شەرەپلىك ئائىلە» 27مىڭ ئائىلە بارلىققا كېلىپ، پۈتۈن شەھەر رايونىدىكى ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 78.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

4. بىرلىكتە قۇرۇش، بىرلىكتە تەربىيىلەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەتنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ بەردى. قەشقەر شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى بىلەن شامالباغ يېزا 4 - كەنت بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك كەنت قۇرۇشتا تېخنىكلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، دېھقانلارنىڭ ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىق قىلىپ باي بولۇش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بۇ كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ يىللىق كىرىمى نوپۇسقا 435 يۈەندىن توغرا كەلدى. مەلۇم قاراۋۇللۇق قىسمى قەشقەر مالىيە-سودا مەكتەپ بىلەن بىرلىكتە قۇرۇشتا، ئىككى خىل ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ كەچلىك كۇرسىنى ئېچىپ، 130 نەپەر كادىر-جەڭچى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. مەكتەپ دەرس ئۆتۈش، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى سۈپىتى، پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىشنى ھۆددىگە ئېلىپ، ھەم قىسىملارنىڭ تەربىيىلەشتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ، ھەم يەرلىككە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىش ئۈچۈن يول ئاچتى.

(جىن جەنشىن).

**[لەنجۇ ھەربىي رايونى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايون پارتكومىغا پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار پارتكوم دەپ نام بەردى]** قەشقەر شۆبە ھەربىي رايون پارتكومىدىكى «بىر بەن ئادەم» ئارمىيىمىزنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىشتەك ئېسىل ئەنەنىسىنى، يادرولۇق رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قىسىملارنى يېتەكلەپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، 1986 - يىلى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن «پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتىكى ئىلغار پارتكوم» قىلىپ تىكلەندى.

1. قەيسەرلىك بىلەن ئاتلىنىش روھى:

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى پارتكومىدىكى «بىر بەن ئادەم» ئىش قىلىدىغان بەنزە بولىمىز، ھەرگىزمۇ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بەنزە بولمايمىز، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

ھەربىر دائىمىي ھەيئەتلەر يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كۈچلۈك ئىنقىلابىي كەسىپچانلىق بىلەن خىزمەتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، باتۇرلۇق بىلەن يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈردى. ھازىرقى بار بولغان سەككىز نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى شۆبە ھەربىي رايوننىڭ ھەربىر ئورۇن ۋە 1200 كىلومېتىر ئارىلىققا جايلاشقان چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسىدىكى بارلىق قاراۋۇللۇق ئورۇنلىرىغا باردى. 1983 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى پۇل ئاجرىتىپ بەردى. ئۇلار ئۈچ يىل چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. قەشقەر شۆبە ھەربىي رايوننىڭ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، پارتكوم شۇجىسى، قوماندان دۆەنشىكاڭ ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى،

مۇئاۋىن قوماندان سۇن پاڭلار ئۆزى بىرىنچى سەپكە بېرىپ يېڭى قۇرۇلۇشنى تۇتتى.

دېڭىز يۈزىدىن 3 — 4 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى چېگرا مۇداپىئەسىدە يىلىغا پەقەت بەش ئايلا ئىش قىلغىلى بولۇپ، مۇنداق ۋەزىيەت ئېغىر، قۇرۇلۇش مۇددىتى زىچ، ئىش ئورۇنلىرى تارقاق، تېخنىكا كۈچلىرى ئاجىز، مۇھىت كىلىماتى يامان بولۇشتەك ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ ئۇلار قېتىقىنىپ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يىللارنى ئايلارغا ئۇلاپ يېڭى قۇرۇلۇش ئىش ئورنىدا يېتەكچىلىك، نازارەتچىلىك قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، ئۇلاردا ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى يۈز بېرىپ تاماق يېيەلمىدى، ياخشى ئۇخلىيالمىدى، بەزى ۋاقىتلاردا كېسەل بولۇپ قالسىمۇ تاغدىن چۈشمەي داۋاملاندى. ئۇلار قەيسەرلىك بىلەن ئاتلانغانلىقتىن ھەر تۈرلۈك لايىھىلەنگەن قۇرۇلۇشلار ئۆلچەمگە يېتىپ، چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى، يۇقىرىدىن دۆلەتنىڭ، سۇن پاڭلارنى 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ خاتىرىگە ئالدى.

دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ خىزمەت تەقسىماتى سىياسىي كومىسسار لىيۇ باڭجى ئاساسلىقى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ، ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ كەچ ئۇخلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋىلايەت، شەھەر رەھبەرلىرىگە ئەقىل كۆرسىتىپ، ھەر قايسى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش نۇقتىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەيەردە قىيىنچىلىق بولسا شۇ يەرگە بېرىپ ياردەم قىلىپ ھەل قىلدى. ھەر قايسى دائىمىي ھەيئەتلەر خىزمەت تەقسىماتى بويىچە بىردىن ئورتاق مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش نۇقتىسىنى تۇتۇپ خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈردى. 1986 - يىلى 9 - ئايدا لەنجۇ ھەربىي رايونى قەشقەردە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش تەجرىبىسى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى چاقىرىپ، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى لەنجۇ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن قىلىپ باھالاندى.

2. مۇستەھكەم بولغان خىزمەت ئىستىلى:

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى دائىمىي ھەيئەتلىرى ھەر يىلى $\frac{1}{3}$ ۋاقىتنى ئاجرىتىپ، قىسىملارغا چۈشۈپ، ئاساسىي قاتلاملارنى تۇتتى، شۆبە ھەربىي رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملار ۋە 12 ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى قەشقەر، قىزىلسۇ ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىكى 1200 كىلومېتىردىن ئارتۇق چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسىنى باستى، سەككىز نەپەر دائىمىي ھەيئەتنىڭ ھەممىسى ھەر قايسى ئورۇنلارغا بېرىپ، سىرتقا چىقمىدىغان قاراۋۇللۇق تاغ ئېغىزلىرىغا كىردى، ھەر بىر ئورۇننىڭ خىزمەت ۋە قۇرۇلۇشلىرىغا ئۇلارنىڭ يۈرەك قېنى سىڭدى.

3. ساپ دىيانەت بىلەن ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەيدىغان پارتىيە ئىستىلى:

شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشنىڭ 10 تۈرلۈك چارە تەدبىرىنى بېكىتىپ «مىزان» بويىچە ئىش قىلىشقا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماي، ئالاھىدە بولۇۋالماي، ئەمەلدارلىق كىبىرىنى كۆرسەتمەي ھەممىلا جايدا ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ھەممە ئىشتا

باشلامچى بولدى. ئۈچ يىللىق چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدا شۆبە ھەربىي رايونى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 8 مىليون يۈەنلىك يىلىق قۇرۇلۇشنى يەرلىككە كۆتۈرە بەردى، بەزى ئىش كۆتۈرە ئالغۇچىلار پارا بەرمەكچى بولسىمۇ، ئەمما بىرمۇ باشلىق پارا ئالمىدى. بىر ئىش كۆتۈرە ئالغۇچى قوماندان دۈەنشىكاڭغا نەرسە ئېلىپ كەلگەن. دۈەن قوماندان: «مۇنداق نەرسەڭنى كۆتەر» دېگەن. ئۈچ ئىش كۆتۈرە ئالغۇچى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، سابىق شۆبە ھەربىي رايون دائىمىي ھەيئىتى، ئارقا سەپ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېنرۇيگە 1500 يۈەن پارا بەرگەن بولسىمۇ ئۇ ئېلىشنى رەت قىلغان.

شۆبە ھەربىي رايوندىكى بىر نەپەر كادىر شەخسىي مۇناسىۋەتنى ئارقىلىق شۆبە ھەربىي رايوننىڭ نامىدا سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن بىر دانە «ھەربىيدىن قايتقان» ماشىنىنى سېتىۋېلىپ، ئۆز ئىشلىتىۋالماقچى بولىدۇ. شۆبە ھەربىي رايون رەھبەرلىكى بۇنى سەزگەندىن كېيىن ماشىنىنى قەشقەر شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.

1985 - يىلىدىن بۇيان شۆبە ھەربىي رايون ئورگىنىنىڭ ئائىلىلىك ئۆيلىرىدىنىڭ كۆپ قىسمى يېڭىشلىق خىششىلىق قۇرۇلما، بىر قەدەر ئاددىي ئۆيلەر ئىدى، شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى كادىرلار ياتاق بىناسى سېلىشنى مۇزاكىرە قىلغان ۋاقىتتا، ئۈچ قەدەم باسقۇچلۇق پىلان تۈزۈپ چىقتى. يەنى: ئالدى بىلەن ئادەتتىكى كادىرلار ياتاق بىناسىنى سېلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشچى، كادىرلار ياتاق بىناسىنى سېلىش، ئەڭ ئاخىرىدا شۆبە ھەربىي رايون رەھبەرلىرىنىڭ ياتاق بىنا-

سىنى سېلىش. يىلىق، تۈەن كادىرلىرى شۆبە ھەربىي رايون رەھبەرلىرىدىن بۇرۇن يېڭى سېلىنغان بىناغا كۆچتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شۆبە ھەربىي رايوننىڭ ھەر يىلى ئېچكىرىگە بېرىپ داۋالىنىپ ساياھەت قىلىدىغان سانى بار، ئەمما ئۇلار ھەمىشە داۋالىنىپ ساياھەت قىلىدىغان سانىنى چېگرا مۇداپىئە بىرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا تەقسىم قىلدى.

4. بىرىنچىلىكنى تالىشىشقا جۈرئەت قىلىدىغان قەيسەر ئىرادە:

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى «بىر بەن ئادەم» تۈرلۈك خىزمەتلەرگە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، قىلچە بىپەرۋالىق قىلمىدى. ھەرقانداق ئىش قىلسا ئۈلگە بولۇپ، ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتى. 1986 - يىلى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش، تۈەن دەرىجىلىكتىن تۆۋەن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، قىسىملارنى قىسقارتىپ، شىتاتىنى تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئورۇنلاش ئۈچۈن شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى قاتتىق تەلەپلىك، يۇقىرى ئۆلچەملىك خىزمەت پىلانى تۈزۈپ، بىر نەچچە تۈرلۈك چوڭ خىزمەتلەرگە قارىتا، تىرىشىپ كۈرەش قىلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئورگاندا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بېكىتىپ، نىشانلىق باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتتى. دائىمىي ھەيئەتلەردىن ئىبارەت بىر بەن ئادەم قىسىملارنى يېتەكلەپ، بىر يىل جاپا - مۇشەققەت چېكىپ خىزمەت قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەل-

ئۆردى. بىر يىل ئىچىدە تەقدىرلىنىپ ئائىلە دانە بايراققا ئىگە بولدى.

(جالاڭخە نىجىاڭ).

## [قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى دۆەنشكالاڭ مەملىكەتلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە تەجرىبىسىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى]

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى دۆەنشكالاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرا رايونىدا 33 يىل كۆرەش قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى قوغداشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، لەنجۇ ھەربىي رايونى «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» قىلىپ تىكلىدى، شۇنىڭدەك 1986 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئالماشتۇرۇش تەجرىبە يىغىنىغا شەرەپ بىلەن قاتنىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن دېڭ شياۋپىڭ، جاۋ زىياڭ، ۋەن لى، يۈيچيۇلى، ياڭ دېجى، جاڭ ئەيپىڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا ئىگە بولدى.

يولداش دۆەنشكالاڭ بۇرۇن ياش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىغا تەقدىم قىلىش ئىرادىسىگە كېلىپ، 16 يېشىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىرىنچى پىيادە قىسىملار مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەنىدى. 1953 - يىلى مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ قىسىملىرىغا تەقسىم قىلىندى. 1970 - يىلى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىغا خىزمەتكە ئالمىشىپ كەلدى. ئۇ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، قار، بوران بىلەن كۆرەش قىلىپ، سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ، پامىر ئېگىزلىكىنى بېسىپ ئۆتۈپ، جۇڭگو - سوۋېت، جۇڭگو - ئافغانىستان، جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىنىڭ 270 كىلومېتىرلىق چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسى ۋە قاراۋۇللۇق ئورۇنلىرىغا بېرىپ، ھەر قايسى سىرتقا چىقىدىغان تاغ ئېغىزلىرى ۋە ھەر قايسى چارلاپ كۆزىتىلىدىغان نۇقتىلارنى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ چىقىپ، چېگرا ئەھۋالىنى بەش قولدەك ئىگىلەپ چىقتى. ھەر مىللەت كوماندىر-جەڭچىلىرى ئۇنى «چېگرا مۇداپىئەدە راۋان»، «جانلىق خەرىتە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى تۇتقانلىقتىن، پۈتۈن شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ھەر تۈرلۈك قۇرۇلۇشلىرى لايىھەلەش ئۆلچىمىگە يەتتى.

يولداش دۆەنشكالاڭ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئادىللىق بىلەن ئىش بېجىردى، ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈپ، يۈزخاتىرە قىلماستىن ناتوغرا كەيپىياتلار بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلدى. پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاشتا بىر پارتىيە كادىرىنىڭ شەرەپلىك ئوبرازىنى تىكلىدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى «يولداش دۆەنشكالاڭنىڭ بارلىقىنى چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش ئىش ئىزلىرى» دېگەن تېمىدا بىر يۈرۈش سىنئالغۇ فىلىمىنى ئىشلەپ شىنجاڭ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا تارقاتتى. ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»، «خەلق

ئارمىيە كېزىتى»، «غەربىي شىمال خەلق ئەسكەرلىرى»، «قەشقەر كېزىتى»ۋە «ئازادلىق ئارمىيە رەسىملىك ژۇرنىلى» قاتارلىق گېزىتلەرگە بېسىلىپ تارقىتىلىپ ھەردەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاڭلاتتى. لەنجۇ - شىنجاڭ ئىككى دەرىجىلىك ھەربىي رايون پارتكومى قارار قىلىپ كەڭ كوماندىر-جەڭچىلەرنى يولداش دۆلەتشىكاگەدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلدى .

(ۋاڭ خاۋيۈەن).

## [ھەربىي تەلىم - تەربىيە]

1986 - يىلى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى قىسىمدىكى كەڭ كادىر- جەڭچىلەرجاپا-مۇشەققەتكە چىداپ قەيسەرلىك بىلەن ئاتلىنىپ، يىللىق ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋەزىپىسىنى كۆرۈنەرلىك ئورۇندىدى.

1. كادىرلارنى تەربىيىلەش. 1986 - يىلى ئاساسىي مەشىق ۋە تاكتىكا نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلىپ، مۇداپىئەدە چىڭ تۇرۇپ ئورۇش قىلىش ۋە دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىپ، نەرسىگە ئىگە بولۇپ ماكىندىغان دەرسكە كۆپرەك ئەتىبار بەردۇق، «ئۈچتە چىڭ تۇرۇش » يەنى: پىلان تۈزۈشتە ، مەزمۇن تۈزۈشتە ، ۋەزىپە ئۆتەشتە چىڭ تۇرۇپ ، تەلىم- تەربىيە ئەھۋالىنىڭ ئەمەلىيلەشتىشىنى قارارلىق تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق، قىسىملارنىسىناشتا ئالدى بىلەن كادىرلار تۈزۈمىنى سىناشنى ئەمەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇردۇق. كادىرلارنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى تىزىملاش كارتوچكىسىنى تۇرغۇزۇشتا چىڭ تۇردۇق. 49 نەپەر كىشىنى سىناش جەريانىدا مۇنەۋۋەر نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر 38 نەپەر بولۇپ، ۋەزىپە ئورۇنداش ئۈنۈمدارلىقى 100% بولدى.

2. قىسىملارنىڭ تەلىم - تەربىيىسى. قىسىملارنىڭ تەلىم - تەربىيىسىدە ئاساسلىقى ئورتاق نىزام بويىچە، بەن، پەيلەردە ئورۇش تاكتىكىسى قاتارلىق 15دەرس بويىچە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. تەلىم - تەربىيە پىلان تۈزۈمى-سىناش، ئۆتكۈزۈۋېلىش، تەلىم-تەربىيە، مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈملىرى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. «بەشنى سېلىشتۇرۇش»، «ئىككىنى باھالاش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. يەنى: ئىدىيىنى سېلىشتۇرۇش، ئىستىلنى سېلىشتۇرۇش، غەيرەتنى سېلىشتۇرۇش، تاكتىكىنى سېلىشتۇرۇش، ئۈنۈمنى سېلىشتۇرۇش، ئىلغار ئورۇنلارنى باھالاش، ئىلغار شەخسلەرنى باھالاشتىن ئىبارەت.

1986 - يىلى قىسىملارغا ئايرىم-ئايرىم بەش ئاساسىي دەرس، ئىككى تاكتىكا دەرسى، بىر تېخنىكا دەرسى، ئىككى نەزەرىيە دەرسى بويىچە تاللاپ ئىمتىھان ئېلىپ سىناش ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە دەرس مۇنەۋۋەر، قالغانلىرى ئەلا بولۇپ باھالاندى، شۇنىڭدەك، ئالدىن ئۆستۈرۈلىدىغان بەنجاڭلارنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى، تەربىيىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار 50 نەپەر بولۇپ، تەربىيىلىنىش ۋاقتى ئۈچ ئاي، تەربىيىلىنىش تۈرلىرى 19 تۈر قىلىپ بېكىتىلدى. يۇتتۇرۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ھەر تۈرلەر بويىچە ئەلالىرى باھالاندى. بۇنىڭ ئىچىدە 42 نەپىرى بەنجاڭلارنىڭ «تۆتنى بىلىش» ئۆلچىمىگە يەتتى.

3 . يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش. يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش ۋاقتى

تۆت ئاي، تەربىيىلەش دەرس تۈرلىرى 25 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي ئىشلار تەلىم - تەربىيە دەرسى 14، سىياسىي تەلىم-تەربىيە دەرسى 11، پۈتتۈرۈش سىنىقى ئارقىلىق ھەربىي ئىشلار تەلىم - تەربىيە دەرسىدىن 10 ى، سىياسىي تەلىم - تەربىيە دەرسىدىن سەككىزى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇنەۋۋەر نەتىجىگە ئېرىشىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. تەلىم - تەربىيە مەزگىلىدە «مەدەنىيەتلىك ئەسكەر يېتىشتۈرۈش» ۋە «مەشقتە ئۈلگىلىك ئەسكەر بولۇشنى تالىشىش» پائالىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. تۆت ئايلىق قاتتىق مەشق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ سىياسىي ئىدىيە، ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسى، ئىنتىزامى، تەن ساپاسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ، بىر نەپەر ئادەتتىكى پۇقرادىن بىر نەپەر لاياقەتلىك ھەربىي يېتىشىپ چىقىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. قىسىملارغا لاياقەتلىك جەڭچىلەرنى ئەۋەتىپ بەردى. مەشق ئاياغلاشقاندىن كېيىن، شۆبە ھەربىي رايونى تەلىم - تەربىيە ئوقۇتۇش مەشقىدە ئىپادىسى ئالاھىدە بولغان 10 نەپەر كادىر-جەڭچىنى 3-دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ خاتىرىلىدى. 52 نەپەر يولداشنى مۇكاپاتلىدى. شۆبە ھەربىي رايون رەھبەرلىرى، يېڭى ئەسكەرلەر قىسىمنىڭ ھەربىي مەشقلىرىنى كۆزدىن كۆچۈردى.

4. ئىككى تۈرلۈك ئىش قىلالايدىغان خادىملارنى تەربىيىلەش. ئارمىيىمىز قوشۇنىدىكى يېتەكچى ئىدىيىنىڭ بۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، تېخنىكا مەشقىنى تەلىم - تەربىيە مەشقىگە كىرگۈزۈپ، ئارمىيە، ھۆكۈمەت، مەدەنىيەت، خەلقنى بىر گەۋدە قىلغان مەشقنى يولغا قويدى. ۋىلايىتىمىزدىكى كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ۋەتەننى قوغداش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش ماھارەتنى ئىگىلەش، يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ۋىلايىتىمىزدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ماشىنا رېمونت قىلىش، رەسىم تارتىش، سەتىراچىلىق، ئاشپەزلىك، ماتورنىڭ قائىدىسى ۋە رېمونت قىلىش قاتارلىق بەش خىل تېخنىكا تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىپ، 140 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى. سىناش ئارقىلىق 104 نەپىرى لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى.

(لى جەنگو).

## [سىياسىي تەربىيە خىزمىتى]

1986 - يىلى شۆبە ھەربىي رايون قىسىملىرى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، شىتاتنى ئىخچاملاش، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش ۋە چېگرا قوشۇنلىرىنىڭ مەشق قىلىش، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن ئېغىر بولغان ئەھۋال ئاستىدا «بارلىقىنى چېگرا رايونغا تەقدىم قىلىش» نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان غايە، ئىنتىزام تەربىيىسى ئېلىپ باردى. كوماندىر-جەڭچىلەر بارلىقىنى چېگرا رايونغا تەقدىم قىلىشقا رازى بولۇش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزدى. پۈتۈن شۆبە ھەربىي رايوندىكى نەچچە يۈزلىگەن قىسىمدىن قايتىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن پېشقەدەم جەڭچىلەر مېڭىش- قېلىشتا پارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ خۇشاللىق بىلەن

چېگرا رايونىغا تۆھپە قوشۇش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

شۆبە ھەربىي رايون يەرلىكتە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن 10 ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ 120 دىن ئارتۇق كادىرلىرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا قېلىپ قالدى.

تەربىيە جەريانىدا تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنى قاراتمىلىقى بولغان ئاساستا ھەل قىلدى:

بىرىنچى، غايە بىلەن رىئاللىقنى بىرلەشتۈردى. ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كادىر - جەڭچىلەرنى بارلىقىنى چېگرا رايونىغا تەقدىم قىلىش، چېگرا قاراۋۇللۇق ئورۇنلىرىدا تۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈردى. ئۈچىنچى، بارلىق ھەرىكەتتە قوماندانغا بويسۇنۇش، ئىنتىزامغا، قانۇنغا رىئايە قىلىش، جاپالىق تىرىشىپ كۆرەش قىلىش، ئېگىزلىكتە خاتىرجەم بولۇش، چېگرا رايونىدا يىلتىز تارتىشتەك شانلىق ئەنئەنىنى كەڭ سۆزلەش، كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قۇرۇش، ئىگىلىك يارىتىش ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى تۇرغۇزۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

تەربىيىلەش ئۇسۇلىدا بەش بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇردى. يەنى: تەربىيە بىلەن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئاساسىي نەزەرىيىنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆز ئۆزىنى تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈش، جەنۇبىي فرونتتىكى قەھرىمان-نەمۇنىچىلاردىن ئۆگىنىش بىلەن، ئۆز ئورنىدىكى ئىلغار ئۈلگىلەردىن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش، قىسىملار تەربىيىسى بىلەن ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، تەربىيىنى ھەر بىر كادىر - جەڭچىلەرنىڭ ئەمەلىي خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈش، تەربىيىدە قىسىملارنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، جەنۇبىي فرونتتىكى قەھرىمان-نەمۇنىچىلارنىڭ دوكلات قىلىش يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ دوكلات قىلىش يىغىنلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاڭلاشقا تەشكىللەپ، قوماندان يولداش دۆلەتكە بىر نىيەت بىلەن چېگرا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىپ، ئاڭلىقلىق بىلەن پارتىيە ئىستىلىنى يېتەكچى قىلغان ئىش ئىزلىرى ۋە يەكەن خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى جەي جۈجۈڭنىڭ جاپا - مۇشەققەت بىلەن قاراۋۇللۇقتا 20 يىلدىن ئارتۇق تۇرغان نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، كوماندىر - جەڭچىلەرنى بۇ ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق ئىلھاملاندۇردى ۋە تەربىيىلىدى. ئاز بولمىغان كادىر-جەڭچىلەر ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەسىرلىنىپ: «بۇنداق ئۈلگىلەر بىزگە يېقىن، ئىنتايىن قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. تەربىيە ئارقىلىق «تۆرتلىك» يېڭى ئادەملەر تۈگىمەيدۇ» دەپ سۆزلىدى. مەسىلەن: چېگرا مۇداپىئە تۈەنى قاراسۇ 5042 - ئالدىنقى سەپ قاراۋۇللۇق بەنزىنىڭ بەنجاڭى خاپۇنىڭ قىسىمدىن قايتىش ۋاقتى ئىككى يىل ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇزۇن مۇددەتكىچە ھاۋا شارائىتى ئىنتايىن ناچار، مۇھىتى جاپالىق بولغان ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلدا ۋەزىپە ئۆتىدى. ئۆيىدىن دادىسى ئانىسى كېسەل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ خەت يازغاندىن كېيىن تەشكىلدىن ئۇنى تۇغقان يوقلاشقا رۇخسەت قىلغانىدى. تۇغقان يوقلاش مەزگىلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاز بولمىغان ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇن

مىنىڭ يۈەنلىك ئائىلە بولغانلىقىنى، كۈنىنىڭ ياخشى كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى كەمچىل، 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا قەرزدار بولۇپ ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى كۆرگەن. قىسمىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەھەل ھەربىي بولۇپ زىيان تارتىپتىمەن، بالدۇراق قىسمدىن قايتتام بوپتىكەن دەپ ئويلىغان. تەربىيە ئارقىلىق ئۇ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەربىيلەرنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ بىر ساۋاقدىشىغا يازغان خېتىدە: «ھەربىينىڭ كەسپى—قۇربان بېرىش دېمەكتۇر. مەن بۇ كەسپنى تاللىۋالدىم. خەلق ئۈچۈن زىيان تارتىش، شەخسىي مەنپەئەتنى قۇربان قىلىشقا تېگىشلىك ئىش» دەپ يازغان. 5- ئايدا ئالدىنقى قاراۋۇللۇق بەندىكى ئادەملەر جىددىي بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئۇ يەنىلا 4 - قېتىم قاراۋۇللۇق ئورنىغا چىقىپ ۋەزىپە ئۆتەشنى تەلەپ قىلدى. كادىر-جەڭچىلەر ئۇنىڭدىن تەسىرلەندى. شۆبە ھەربىي رايونى قەشقەر شەھەر ئازاد جەنۇبىي يولى بىلەن بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك كوچا قۇرۇش پائالىيىتىدە، ئارمىيە، يەرلىكتىن ئىككى تەرەپ بەش نەپەر ئىلغار نەمۇنىچىنى تەشكىللەپ ئايلىنىپ يۈرۈپ سۆزلەش ئېلىپ باردى. بۇنداق تەربىيە ئىدىيە خاراكتېرلىك، تەشكىلچانلىق، قىزىقارلىق بىر گەۋدە بولۇپ، مەزمۇنى ئەمەلىي، ئۇسۇلى جانلىق، شەكلى ھەر خىل بولۇپ، ئىنتايىن چوڭ تەسىر قوزغىدى.

(ماۋ چياڭخاۋ).

**[كادىرلارنىڭ نەزەرىيە تەربىيىسى]**

1986- يىلى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۇمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، كادىرلارنىڭ نەزەرىيە مائارىپىدا «سىياسىي ئىقتىساد بىلىمى» نى ئۆگىنىشنى ئۇقتۇرۇق تۇتتى. ئۇ تۆت قەدەمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بىرىنچى قەدەم، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، دەرسلىكنى بىر تۇتاش ئوقۇش؛ ئىككىنچى قەدەم: 20 كۈن ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ دەرسلىكنى پىششىق ئوقۇپ، سۆھبەت مۇزاكىرە قىلىش، كىتاب ئوقۇپ، خاتىرە قالدۇرۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش؛ ئۈچىنچى قەدەم، بىر ھەپتىلىك ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلىش، قىيىن مەسىلىلەرگە چۈشەندۈرۈپ جاۋاب بېرىش؛ تۆتىنچى قەدەم، ئىمتىھان بېرىشكە تەكرارلاش. 10- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى بىر تۇتاش سوئال چىقىرىپ، ئىمتىھان ئالدى، شۆبە ھەربىي رايوندىن ئىمتىھانغا قاتناشقان 173 نەپەر كادىر لاياقەتلىكتىن يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشتى. كادىرلار سىياسىي-ئىقتىساد بىلىمىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئىگىلەپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بولغان تونۇشى چوڭقۇرلىشىپ، پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقى ئۆستى.

(جاڭ زوزۇ).

**[كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت تەربىيىسى]** 1986- يىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ كادىرلار مەدەنىي مائارىپى ئاساسلىقى تولۇق ئوتتۇرا مائارىپىنىڭ قۇيرۇقىنى يىغىش ۋە خەندا، كەندا ئوقۇشى ۋە ئالىي ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئىمتىھان بېرىش ئىشىنى تۇتۇپ ئومۇم-

لاشتۇردى. تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە يەتمىگەن 20 كادىرغا تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلاپ يىل ئاخىرىدا ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ھەممىسى تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە يېتىپ، كادىرلارنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسى مۇددەتتىن ئىلگىرى ئورۇنلاندى.

كادىرلارنىڭ ئىلىم-پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شۆبە ھەربىي رايونى كادىرلارنى ئېلېكترونىيە داشۆسى، خەنشۇ داشۆسى، ژۇرنال داشۆسىدە ئوقۇشقا، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىدىغان ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە قوللىدى. بىر يىلدىن بۇيان جەمئىي 10 ئادەم شىئەن سىياسىي شۆيۈەنىنىڭ سىياسىي خىزمەت كەسپىنىڭ خەنشۇداجۇەن سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. 20 ئادەم ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشكە ئىمتىھان بەردى. 20 ئادەم ھەر خىل تىپتىكى ژۇرنال داشۆسىدە ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 32 نەپەر كادىر ئىككى يىللىق جاپالىق ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم دىپلومىغا ئىگە بولدى.

(جاڭزوزۇ).

**[بىخەتەرلىك ۋەقەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى]** 1986- يىلى شۆبە ھەربىي رايوندىكى قىسىملار بىخەتەرلىك ۋەقەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىدىيىۋى ئۇسۇلدا باشقۇرۇش، نىشانلىق باشقۇرۇش، مۇھىم نۇقتىلارنى تۇتۇشنى يولغا قويۇپ، قائىدە-تۈزۈملەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ «بىخەتەرلىك ئېيى»، «100 كۈن بىخەتەرلىك ۋەقەلىرى كۆرۈلمەسلىك» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىپ «بالدۇر» بولۇشنى گەۋدىلەندۈردى. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بىر «باشقۇرۇش» قا دىققەت قىلدى. «قاتتىق» بولۇشنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ «ماشىنا» نى چىڭ تۇتتى. تۆلەش، جىرىمانە قويۇش ئېنىق بولۇپ، «ئەستايىدىل» بولۇشنى تەكىتلىدى. بىخەتەرلىك ۋەقەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك مەمۇرىي مەسئۇلىيەت ۋەقەسى بىلەن ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىنى سېلىشتۇرغاندا 30% تۆۋەنلىدى. قىسىمدىكى خادىملاردا ئۆلۈم ۋەقەلىرى سادىر بولمىدى. شۆبە ھەربىي رايونى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن 1986- يىلى بىخەتەر خىزمەت قىلغان ئىلغار ئورۇن دەپ باھالىنىپ، 5000 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاندى.

(لى زېڭۋاڭ).

**[قوشۇمچە كەسپنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تۇرمۇشنى ياخشىلاش]** قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى قارمىقىدىكى ھەر قايسى قىسىملارنىڭ كۆپ قىسمى پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى شالاڭ، قاتتىق سوغاق، قاتناش قولايسىز. تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى قەشقەردىن ئېلىپ چىقىشقا توغرا كەلگەچكە، قىسىمنىڭ تۇرمۇشىغا مەلۇم قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى.

1986- يىلى شۆبە ھەربىي رايون قىسىم-

لىرى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆز يېرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەبىئىي بايلىقمەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كالا بېقىش، قوي بېقىش، چوشقا بېقىش، بوز يەر ئېچىپ يەر تېرىش بىلەن شۇغۇللاندى، گۆش جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلىشى 50 پىرسەنتكە يەتتى. ئوت-ياش بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىشى 60 پىرسەنتكە يەتتى. تاغقا توشۇلىدىغان ماددىي ئەشيالار بۇرۇنقىغا نىسبەتەن زور دەرىجىدە كېمەيدى.

يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسپىنى قانات يايدۇرۇشتا شۆبە ھەربىي رايوندىكى قىسىملار كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تېرىش، پەننىي ئاساستا باشقۇرۇش، ھۆددىگە بېرىش، مەسئۇلىيەتنى شەخسلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

1986-يىل ئاخىرىسى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ كالىسى 250 تۇياق، قوي 410 تۇياق، چوشقا 180 تۇياق، توخۇ 520گە، بېلىق 5000 دانىگە، توشقان 290 غا يەتتى. يىللىق ئىشلەپچىقارغان يائىيۇ 600 مىڭ جىڭ، ئاشلىق 120مىڭ جىڭ، ياغ 5000جىڭ، گۆش 18 مىڭ جىڭ، قوغۇن، يەل-يېمىش 140 مىڭ جىڭغا، تىكىلگەن ئورمان 39 مىڭ تۈپكە، ئۆزى يىققان ئوت-چۆپ 670 مىڭ جىڭغا يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىك تەرەققىيات كىرىمى 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(ياڭ يۈيشەن).

**[خەلق ئەسكەرلىرى ئەسلىھەلىرىنىڭ ئامبار باشقۇرۇشى تۈزۈملەشتۈرۈلدى]** ئارمىيىمىزنى قۇرۇش يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ جەنلۇبىلىك بۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، قىسىملار ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئامبارلارنى بىخەتەر باشقۇرۇش پرىنسىپىغا پايدىلىق بولۇشنى چىقىش قىلىپ، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى قورال ئەسلىھەلىرى ئامبارلىرىنى باشقۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈش، مۇنتىزىملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئامبار باشقۇرۇش پىلانى جەھەتتە مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئامبار ئەتراپلىرىغا 300 مېتىر ئورمان بەلبېغى ئەھيا قىلىپ، بىر دانە گۈللۈك كۆل ياساپ بىر مۇ يەرلىك باغ ئەھيا قىلدى (كۆلىمى 4000 كۋادرات مېتىر). ئامبار قۇرۇلۇشىدا قوراشتۇرۇلما ئۈسكۈنىلەرنى ياخشىلاپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولدى. 1986-يىلى ئۆزى لايىھىلەپ ماتېرىيال - ھۆججەتخانا، ساقچى ئۆيى بولۇپ، 20 كۋادرات مېتىردىن ياسالدى. سېمونت ۋاسكىتبول مەيدانى ۋە ماشىنا ماڭىدىغان يول بولۇپ، جەمئىي 800 كۋادرات مېتىر ياسالدى. گۈللۈك تۆمۈر رېشاتكا تام 60 مېتىر، ئالتە بۇرجەكلىك پىيادىلار يولى 150 كۋادرات مېتىر ياسالدى. بۇ ئارقىلىق ئامبارنىڭ قوراشتۇرۇلما ئۈسكۈنىلىرى ياخشىلىنىپ، رەتلىك، كۆركەم بولدى.

كەسپىي باشقۇرۇش جەھەتتە، ئۆلچەملىك تۈزۈمىنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماددىي ئەشيالار تەرتىپلىك، تىزىلىشى رەتلىك بولۇپ، تاپشۇرۇپ ئېلىش، تارقىتىشقا، تەكشۈرۈشكە قولايلىق بولدى. «ئالتىدە ئېنىق بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى: تۈرلىرى ئېنىق بولۇش، تۈر تەرتىپى ئېنىق بولۇش، سانى ئېنىق بولۇش، سۈپىتى ئېنىق بولۇش، قوراشتۇرۇلمىسى ئېنىق بولۇش، تۈرلۈك رەسمىيەتلىرى ئېنىق بولۇش.

ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش جەھەتتە تۈرلۈك قائىدە-تۈزۈملەر تۇرغۇزۇلۇپ، ماددىي

ئەشيا ستاتىستىكا دەپتىرى، ئامبار تەكشۈرۈش تىزىملاش دەپتىرى، ئامبار كىرىم - چىقىم قىلىش تىزىملاش دەپتىرى، تېمپېراتۇرا نەملىكنى كۆزىتىش تىزىملاش دەپتىرى، ئوق-دورا زاپچاسلىرىنى تىزىملاش كارتوچكىسى تۈرلۈك ماددىي ئەشيالارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىش ھېساباتى، ئامبار خادىملىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى.

ئامبارنى بىخەتەر باشقۇرۇش جەھەتتە: ئامبارنىڭ دېجۇرنىلىك قاراۋۇللۇق تۈزۈمى، كېچىلىرى ئىككى ئادەم بولۇش، ئامباردىن ئادەم ئايرىلماسلىق تۈزۈملىرى تۇرغۇزۇلدى. ھەر بىر كورپۇس ئامبارغا سىگنال بېرىش ئەسۋابى، چاقماق قايتۇرغۇچ بېكىتىلدى ھەمدە ئوت ئۆچۈرۈش مۇداپىئەلىنىش ئۈسكۈنىلىرى ياخشىلاندى. 1986 - يىلى كېچىلىك تەپتىشكە «ھاۋا رايى پونكىتى» ياسالدى. ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، ۋاقتىدا دېرىزە - ئىشىكلەرنى، شامال يوللىرىنى ئېتىپ بىخەتەرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئامبارلاردا ھېچقانداق سەۋەنلىك، ۋەقەلەر كۆرۈلمىدى. 1984 - يىلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى ۋە سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن خەلق ئەسكەرلىرى قورال - زاپچاسلىرىنى ساقلاشتا بەشتە ياخشى ئىلغار ئورۇن قىلىپ باھالاندى. 1986 - يىلى 10 - ئايدا لەنجۇ ھەربىي رايونى چاقىرغان غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە خەلق ئەسكەرلىرى قورال زاپچاسلىرىنى ساقلاشتا ئامبارلارنى باشقۇرۇش نەق مەيدان يىغىنىدا بۇ ئامبار خەلق ئەسكەرلىرى قورال زاپچاسلىرى ئىلغار ئامبىرى قىلىپ باھالىنىپ، بىر دانە لەۋھە بايراق، بىر دانە سىنئالغۇ بىلەن مۇكاپاتلاندى. يىل ئاخىرىدا شۆبە ھەربىي رايون پارتكومى كوللېكتىپىگە 3 - دەرىجىلىك تۆھپە يازدى.

(گوجژچىڭ).

## [ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى]

1986 - يىلى قىش پەسلى شۆبە ھەربىي رايون 301 نەپەر يېڭى ئەسكەر قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 101 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەتلەر 200 نەپەر. يېڭى ئەسكەرلەر ئىچىدە ئىتتىپاق ئەزالىرى 59 نەپەر، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 196 نەپەر، شەھەر - بازارلاردىن قوبۇل قىلىنغان سان قوبۇل قىلىنىش ۋەزىپىسىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئەسكەرلەرنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئىككى يىلغىچە ئەسكەر قايتمايدىغان نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

1986 - يىلى قىش پەسلىدىكى ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك خىزمەتلەر ئىشلەندى:

1. ياخشىلىرىنى قوبۇل قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردۇق. 1986 - يىلى 10 - ئايدا دۆلەت ئىشچى ئىشلىتىشتە رەسمىي ئىشچىلارنى دوگوۋار تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى، قىسىمدىن قايتقان ھەربىيلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى ئۆزگەرمىدى. بۇنداق ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بىر قىسىم ياشلارنىڭ ھەربىيگە قاتنىشىش تەلىپىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قىسقىنا بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئىسىملىكنى تىزىملاتقانلار 1786 نەپەرگە يېتىپ، ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ بەش ھەسسىسىگە يېتىپ، شەھەر-بازارلاردىكى يېشى توغرا كەلگەنلەردىن 40% ياش تىزىمغا ئالدۇردى. خىزمەتتە ئاساسلىقى «ئۈچ ئۆتكەل» تۇتۇلدى. يەنى: سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش، نوپۇس، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆتكىلى، شۇنىڭدەك باك چىقىرىپ ئالدىن قوبۇل قىلىنىدىغان ياشلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىپ،

ئاممىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، شەرتى توشمايدىغانلارنىڭ قىسىمغا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

2. يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ۋە بەدەن تەكشۈرۈش جەھەتتىكى ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلىدى. بىرىنچىدىن، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرىدىغان خادىملارغا مەسئۇل بولۇپ، بەدەن تەكشۈرىدىغان دوختۇرخانا ۋە ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىغا مەسئۇل بولۇپ، مۇكاپاتلاش-جازالاش تۈزۈمى تۈزۈپ، ھەر قايسى ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۆتكەلنى قاتتىق ئىگىلىدى. ئىككىنچىدىن، ئالدىن ئېلىشقا بېكىتكەن ياشلارغا قارىتا قايتىدىن تەكشۈرۈش، ئائىلىلەرگىچە زىيارەت قىلىش، قوشنا ۋە ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلىدىن ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغۇچىنىڭ بەدەن سالامەتلىكى، ئىدىيە ۋە رىئال ئىپادىسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، مۇنەۋۋەر ياشلارنى قىسىملارغا ئەۋەتىشكە كاپالەتلىك قىلىندى.

3. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورتاق باشقۇرۇشنى تۇتتى. 1986 - يىلى قىش پەسلىدىكى ئەسكەر قوبۇل قىلىش ناھىيە (شەھەر)لىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ئەمەدىلا يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئەھۋال ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىپ، ئادەملەر يېڭى، كەسپىتە پىششىق بولمىغان، ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش ئۈچۈن، ۋىلايەت ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) ئىككى دەرىجىلىك ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، خىزمەت خادىملىرىنى تەربىيىلەپ، ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى 4 - پەسىلدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت قىلىپ بېكىتتى. ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتتىكى كونكرېت خىزمەتلەرنى رەھبەرلىك ئۆزى بىۋاسىتە تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەستايىدىللىق بىلەن قىسىمدىن قايتقان ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، بەزى ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە پايدىلىق بولغان، ياشلارنىڭ ئەسكەرلىككە قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان، كادىرلار قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

(لۇ باۋجۇڭ).

**[چېگرا مۇداپىئە سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، مەدەنىيەتلىك ۋەزىپە ئۆتەشتە چىڭ تۇرۇش]** 1986 - يىلى 36922 - قىسىم چېگرا مۇداپىئە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قائىدىلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەننىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ۋە تىنچ بولۇش ئۈچۈن تۆھپە ياراتتى.

ۋەزىپە ئۆتەشتە، ئۇلار چېگرا مۇداپىئە سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، تاشقى ئىشلار ئىنتىزامىغا قاتتىق ئەمەل قىلدى، خونجىراپ تاغ ئېغىزىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەلۇم چېگرا مۇداپىئە پونكىتى ئالدىنقى قاراۋۇللۇق بەلى مەدەنىيەتلىك ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەرگە ئەدەب-ئەخلاقلىق مۇئامىلە قىلىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش نۇقتىسىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئارمىيىمىز-

نىڭ يۈكسەك مەدەنىيەتلىك «دېھىزدىسى»گە ئايلاندۇردى.

خونجىراپ تاغ ئېغىزى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن كېلىۋاتقان ساياھەتچى، ئېكىسكۇرسىيە خادىملىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. بەزىلەر چېگرا باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى چۈشىنىشى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ۋاقىتتا چېگرىدىن ئۆتۈش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. بۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە كوماندىر-جەڭچىلەر ھەممىشە خۇشچىراي، سەۋرچانلىق بىلەن سۆزدە قايىل قىلىپ، ئۇلارنى قايتۇردى. ئۇلار ئەزەلدىن خىزمەتتىكى قولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، چەت ئەللىك مېھمانلاردىن نەرسە-كېرەك ئالمىدى. چەت ئەللىكلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوۋغا تەقدىم قىلسا ئېلىشنى رەت قىلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېسىل خىسلىتىنى ۋە ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى ساقلاپ، كېلىپ-كېتىۋاتقانلارغا بۇ يەردىكى خەلقئارا دوستلۇقنى نامايەندە قىلدى.

(لەنجى).

**[خەلقنىڭ تەبىئىي ئاپەتنى يېڭىشىگە ياردەم بەردى]** 1986 - يىلى 3 - ئايدا تاشقورغان چېگرا مۇداپىئە رايونىدا ئارقا - ئارقىدىن چوڭ قار چۈشۈپ، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ، يوللار توسۇلۇپ مۇجى، مىڭتېكە، تۇگۇرمەسۇ، كۆك تورۇق مۇداپىئە رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق 63 ئائىلىلىك چارۋىچىلار تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىنتايىن چوڭ بورانلىق قارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانىدى. چارۋىچىلارنىڭ ھاياتى، مال- مۈلكى ئېغىر ھالدا تەھدىتكە ئۇچرىغان ھالقىلىق پەيتتە، تاشقورغاندا تۇرۇشلۇق 36922-قىسىم دەرھال گاۋيۈەنفۇ سىياسىي كومىسسار قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، مال-چارۋىنى قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق شۆبە ئەترەت ۋە چېگرا مۇداپىئە شۆبە ئەترەتلىرىدىكى بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەرنى ئاپەت رايونىغا ئاتلىنىشقا تەشكىللەپ، ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، مال - چارۋا قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. ئاپەتكە قارشى تۇرۇشتا، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى 36922 - قىسىمى ئاكتىپچانلىق بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغان چارۋىچىلارنى قۇتقۇزۇشتا كەڭ تۈردە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى. بىرىنچى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق ئادەم ئەۋەتىپ، 3- 2 مېتىر قېلىنلىقتا قاردۆۋىلەشكەن، 40℃ گرادۇسلۇق شارائىت ئاستىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان چارۋىچى ۋە چارۋىچىلارنى بىخەتەر يۆتكىدى. ئىككىنچى، چارۋىچىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، 1900 جىڭ ئۇن، 360 جىڭ گۈرۈچ، 136 جىڭ تۇز، 160 جىڭ چىراغ يېغى، 3700 جىڭ ئوت-چۆپ ۋە ھەرتۈرلۈك ئېسىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئۆز ۋاقتىدا چارۋىچىلارغا ئاپىرىپ بەردى. ئۈچىنچى، داۋالاش كىچىك شۆبە ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ ئاپەت رايونلىرىغا چوڭقۇرچۆكۈپ، ئائىلىمۇ ئائىلىگە بېرىپ، ئاممىنىڭ كېسەللىكىنى داۋالىدى.

(گاۋشەنجۈن).

**[ئارمىيىنىڭ تاشقى ئىشلار پائالىيىتى]** 1986 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14-، 16- كۈنلىرى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى، قەشقەرگە سەيلە - ساياھەتكە كەلگەن ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق قوراللىق خىزمەت ئەمەلدارى لوخى پەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى فرانسىسنى قوبۇل قىلدى. شۆبە ھەربىي رايونىمۇئاۋىن قوماندانى تۇردى قادىر ۋەھۇ-

ناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى زاۋۇتى، مىللىي بالىلار باغچىسى، يېزا-سودا بازارلىرى ۋە ھېيتگاھ جامەسى، ئاپئاق غوجا مازىرى، ئۈچمىراۋان قاتارلىق قەدىمكى جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، شۇنىڭدەك قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ نامىدا قەشقەر مېھمانخانىسىدا لوخې پەنلەرنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى دۆەنشىكالىڭ، مۇئاۋىن قوماندانى تۆردى قادىر قاتارلىق يولداشلارمۇ زىياپەتكە قاتناشتى. زىياپەت ۋاقتىدا ساھىپخان جۇڭگو-ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا چۈشىنىش جەھەتتە سۆھبەتلەشتى. شۇنىڭدەك، ئۆز ئارا سوۋغات تەقدىم قىلدى.

(خۇلۇگېيۈ).

## [جۇڭگو-پاكىستان چېگرىسىدىكى بىرلەشمە تەكشۈرۈش خىزمىتى]

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە «بىرلەشمە تەكشۈرۈش كومىتېتى» نىڭ رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايون قوماندانلىق شىتابى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش-سىزىش ئىدارىسى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 1986-يىلى 6-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 12-كۈنىگىچە پاكىستاندىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىلىق، جۇڭگو-پاكىستان چېگرىسىغا قارىتا تۇنجى قېتىملىق ئەمەلىي بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ قېتىمقى بىرلەشمە تەكشۈرۈش — بىر قېتىملىق سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان تاشقى ئىشلار خىزمىتىدۇر. بىز پاكىستان تەرەپتىكى خادىملار بىلەن ھەمكارلىشىش جەريانىدا ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تاشقى ئىشلار سىياسىتى ۋە چېگرا سىياسىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، تاشقى ئىشلار ئىنتىزامى ۋە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلدۇق. خىزمەتتە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ تەڭ باراۋەر كېڭىشىپ، ھەققانىي، مۇۋاپىق بولۇشنى، ئۆز ئارا كېچىرىش، ئۆز ئارا يول قويۇش پرىنسىپى بويىچە، پاكىستان تەرەپ بىلەن كېڭىشىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلدۇق. پوزىتسىيە جەھەتتە، پاكىستانلىقلارغا قىزغىن، دوستانە، تەڭ باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدۇق. تۇرمۇش جەھەتتە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن غەمخورلۇق قىلىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتۇق. بىر ئىككى قېتىم داۋاندا يېتىپ قېلىپ، دەريادىن ئۆتەلمىگەن پاكىستانلىق قوشۇنىدىن چۈشۈپ قالغان خادىملارنى ئىزدەپ تېپىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىدىن ساقلاپ قالدۇق. پاكىستانلىقلار بىز تەرەپتىن يارىدار بولغان خادىملارنى ئەستايىدىل داۋالاپ تېزلىك بىلەن سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە كېپىللىك قىلدى. بىرىنچى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ پاكىستان تەرەپ زۇجاڭى ئەخمەتخان ئەپەندى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۆھبەتلىشىدىغان خادىملارنى چېگرىدىن ئۇزىتىدىغان ۋاقىتتا بىز تەرەپتىكى خادىملارنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، ئىنتايىن چوڭقۇر ھالدا: «بىزنىڭ ھەمكارلىشىشىمىز ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بولدى. سىزلەردىن ئايرىلغىم كەلمەيۋاتىدۇ» دېگەنىدى. بىر قېتىمقى بىرلەشمە تەكشۈرۈش جۇڭگو-پاكىستان خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى

# بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

## يېزا ئىگىلىك 3 ـ دۆزبېيىسىنىڭ ئەھۋالى

يېزا ئىگىلىك 3 ـ دۆزبېيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي بوستانلىقى، قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە جايلاشقان. دۆزبېيە ئورنى قەشقەر شەھىرىگە قۇرۇلغان.

سۈرۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى يېڭى دوستلۇقنى شەرھىلىدى.

(لەنجى).

**[گۆك پەيباۋنىڭ خىيانەتچىلىك ئەنزىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى]** قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «مالىيە ئىنتىزامىنى چوڭ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، 1986 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سابىق ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ ياردەمچىسى گۆك پەيباۋنىڭ خىيانەتچىلىك قىلغان ئىقتىسادىي چوڭ ئەنزىسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. گۆك پەيباۋ 1981 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1986 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ ياردەمچىسى بولغان مەزگىلىدە، پۇل چىقىم قىلىشتا قاتلاپ ھېسابقا كىرگۈزۈش، پۇل يىققاندا ھېسابقا كىرگۈزمەسلىك، باۋشاۋ قىلىنغان ھۆججەتلەرنى ئۆزگەرتىش، يالغاندىن كامالدىروپكا ھۆججەتلىرىنى تەستىقلىتىپ ئۆتكۈزۈش، شەخسىلەر ئالغان بويۇملارنى ھۆكۈمەت ھېسابىغا ئۆتكۈزۈش، يالغان ھۆججەت يېزىش، رەھبەرلىكنىڭ تەستىقىغا ئوخشىتىپ قول قويۇپ باۋشاۋ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت پۇلىدىن جەمئىي 15 مىڭ 898.68 يۈەنگە خىيانەت قىلغان.

گۆك پەيباۋ ئادەتتە سىياسىي ئۆگىنىش ۋە ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى ئېغىرلاشقان، دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، خىزمەتتىكى ئوڭايلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۇزۇن مۇددەتكىچە دۆلەت پۇلىغا خىيانەت قىلىپ، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىگە تاجاۋۇز قىلغان. قىلمىشى خىيانەت جىنايىتىگە توشقان. شىنجاڭ ھەربىي رايون ھەربىي ئىشلار فايۇەنى ئوچۇق سوت قىلىش ئارقىلىق، قانۇن بويىچە توققۇز يىللىق ھۆكۈم قىلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئىككى يىل مەھرۇم قىلىندى.

(مۇڭ چىڭ لى).

## تەشكىلىي ئاپپاراتى تۆۋەندىكىچە:

**يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيەسى**

- **قوماندانلىق شىتابى**
  - ئىشخانا
  - سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى
  - يېزا ئىگىلىك باشقارمىسى
  - پىلان مالىيە باشقارمىسى
  - ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسى
  - پەن ـ تېخنىكا باشقارمىسى
  - ئەمگەك ئىش ھەققى باشقارمىسى
  - مۇپەتتىش باشقارمىسى
  - سەھىيە باشقارمىسى
  - بىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش خىزمىتى ئىشخانىسى
  - خەلق قوراللىق بۆلۈمى
  - سانائەت ـ قاتناش باشقارمىسى
  - ماددىي ئەشيا باشقارمىسى
  - سودا باشقارمىسى
  - تاشقى سودا شىركىتى (مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك)
  - ئىستراخۋانىيە شىركىتى (يىلك دەرىجىلىك)
- قىزىلسۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى
- **سىياسىي بۆلۈم**
  - تەشكىلات باشقارمىسى
  - تەشۋىقات باشقارمىسى
  - مائارىپ باشقارمىسى
  - ئاممىۋى خىزمەت باشقارمىسى
  - ئىتتىپاق كومىتېتى
  - يەكەن كېزىتى ئىدارىسى (يىلك دەرىجىلىك)
- سەنئەت ئۆمىكى (لىيەن دەرىجىلىك)
- دىۋىزىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېت ئىشخانىسى
- دىۋىزىيە پارتكوم پارتىيە مەكتىپى
- دىۋىزىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى
- دىۋىزىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى
- **سىياسىي قانۇن كومىتېتى**
  - ئىشخانا
  - جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى
  - تەپتىش شۆبە مەھكىمىسى
  - ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى
  - ئەدلىيە باشقارمىسى
  - ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمەت باشقارمىسى
- 41- پولك
- 42- پولك
- 43- پولك
- 44- پولك
- 45- پولك
- 48- پولك
- 49- پولك
- 50- پولك
- 51- پولك
- 52- پولك
- 53- پولك
- پەيزاۋات باش مەيدان
- قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدانى
- شەرق شامىلى دېھقانچىلىق مەيدانى
- يەكەن دېھقانچىلىق مەيدانى
- چىغلىق دېھقانچىلىق مەيدانى
- قاغىلىق 2- چارۋىچىلىق مەيدانى
- تورغات چارۋىچىلىق مەيدانى
- شور كۆل سۇ باشقارمىسى
- ئالغا سۇ ئامبىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى
- 1- رېمونت زاۋۇتى
- 2- رېمونت زاۋۇتى
- قۇرۇلۇش شىركىتى
- قاتناش شىركىتى
- قۇرۇلۇش پولكى
- يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى
- تەكشۈرۈش، ئۆلچەش ئەترىتى
- دوختۇرخانا
- كادىرلار دەم ئېلىش ئورنى
- ئالغا ئوتتۇرا مەكتىپى
- ئالغا باشلانغۇچ مەكتىپى
- مۇئەللىمى ئوتتۇرا مەكتىپى



1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىگە كېلىپ خىزمەت تەكشۈردى. رەسىمدە: بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى، قوشۇمچە 3 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى شياۋ فېڭرۇي رەھبەرلەرگە خىزمەتلەرنى دوكلات قىلماقتا.

چېن پىڭ فوتوسى



خۇشاللىق ناخشىسى.

كو يېنشىڭ فوتوسى




تۆپراقنى ياخشىلاش، تۆپراقنىڭ ئۈرگانىك ماددا تەركىبىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 43 - بولكنىڭ 5 - ليەنى قاشىقا يېڭىنى ھەيدەپ باسۇرماقتا. چېن جېڭيى فوتوسى



ماۋا رايى مېھىيەدىكى تۇرشچان خادىم. گو لەنپىڭ فوتوسى




ئامېرىكىنىڭ ياقىسىز گۆش بېرىدىغان دېرۋۇك جوشقىسى بېرانگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ مەيدانلىرىدا ماكانلاشتى. سۈرەتتە 50 ـ بولكىنىڭ جوشقىچىلىق فېرمىسىدىكى دېرۋۇك جوشقىسى. جاڭ خەنخېيەن فوتوسى




↑ يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ بوزىيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى يازلىق بۇغدىينى ئالدىراش ئۆتكۈزمەكتە. چېن جېڭيى فوتوسى

↓ بىڭتۇەننىڭ 3 ـ ترانسپورت شىركىتىنىڭ كاۋچۇك زاۋۇتى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەتلىك كاۋچۇك زاۋۇتى. سۈرەتتە: ئىشچىلار ھۈنەر تەرتىپى بويىچە ئامالدۇرغۇچ قاسمىسىنى ئىشلىمەكتە. شى بىڭ فوتوسى



43 ـ بولكىنىڭ يېڭى ئورمان توپە يولىدىن بىر كۆرۈنۈش. چېن جېڭيى فوتوسى



**[تەشكىلىي ئاپپاراتىنىڭ تەرەققىياتى]** جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېچىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 1964-يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى پارتكومى يەكەن دەريا ۋادىسىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. 1966-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنى ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى پارتكومى، يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيىسى 4-باشقۇرۇش ئورنى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئاساس قىلىپ، يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىنى رەسمىي قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلدى. شۇ ۋاقىتتىكى دەسلەپكى ئومۇمىي نوپۇس 62 مىڭ 598 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى-خىزمەتچى 41 مىڭ 362 نەپەر، 14 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (پونكىت) ۋە ئالتە سانائەت، قاتناش، قۇرۇلۇش كارخانىسىغا بۆلۈنگەن. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 186 مىڭ مو ئىدى. 1969-يىلى 2-ئايدا ئەسلىدىكى دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتىنىڭ مارالبېشىدىكى باش مەيدانى ۋە سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ شور كۆل سۇ باشقۇرۇش ئورنى ھەمدە مارالبېشى شاقۇ كوممۇنىسى ھەمدە 38 مىڭ نەپەر ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى. شۇ يىلى 8-ئايدا پۈتۈن دىۋىزىيە ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە 13 يېزا ئىگىلىك پولك، بىر قۇرۇلۇش پولك قىلىپ، تەرتىپكە سېلىنىپ قايتا تەشكىللەندى. نوپۇس 106 مىڭ 762 نەپەرگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 58 مىڭ 957 نەپەرگە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 476 مىڭ 600 موغا يەتتى. 1971-يىلى 2-ئايدا سابىق سانائەت 3-دىۋىزىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى. 1975-يىلىدىن 1985-يىلى 10-ئايغىچە پەيزاۋات، شەرق شاملى، قىزىل بايراق، تورغات قاتارلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى. يەرلىك كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى دېھقان، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە كوممۇنىلارنىڭ قوشۇلۇشى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىدە ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى پەيدا قىلدى. بىرىنچى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادنىڭ نىسبىتىنى زورايتتى. ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 53 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1986-يىلى پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 136 مىڭ 10 نەپەرگە، ئىشچى - خىزمەتچى 36 مىڭ 338 نەپەرگە، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 815 مىڭ 900 موغا يەتتى. ھازىر 18 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پولك-مەيدان، 12 سانائەت-قاتناش، سودا، قۇرۇلۇش كارخانىسى بار.

**[يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرى]** دىۋىزىيە باشلىقى، پارتكوم سېكرېتارى: شىياۋفېڭرۇي.

سىياسىي كومىسسار، پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارى: ۋاڭچۇنجاۋ.

1-مۇئاۋىن دىۋىزىيە باشلىقى، پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى: ياڭخېۋېن.

مۇئاۋىن دىۋىزىيە باشلىقلىرى، پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى: قادىر ئەمەت، ياڭ جېنفېڭ.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، قوشۇمچە سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى: تيەن شەنجى.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى، پارت-

كومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمـ
چە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ سېكـ
رېتارى: ۋاڭ خۇيمىن.

قوماندانلىق شتابىنىڭ سەنمۇجاڭى، پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى: جاۋ شەنجاڭ.

سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى: لى جۇنفۇ.

مەسلىھەتچى: لياڭ خۇەنچىڭ، چېن چۈنجى، سۇن شەنلىن.

قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى: سۇن فېيلىن.

سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى: چيەنۋېنلى، ئوسمان روزى.

پولك دەرىجىلىك كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي ئەزالىرى:

41- پولك:

پولكنىڭ باشلىقى: ۋېي خىڭماۋ.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: بېي خوگزې.

مۇئاۋىن پولك باشلىقلىرى: لى فېڭخەي، جاڭ گاڭ، لى پېڭ.

43- پولك:

پولك باشلىقى: كاڭ دۇكۇن.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: ياڭ زۇۋېن.

مۇئاۋىن پولك باشلىقلىرى: جاڭ جىشېڭ، شۈي تېشىن، تۇراق تۇردى.

44- پولك:

پولك باشلىقى: ماسۇگلى.

سىياسىي كومىسسارى: رۇڭ كىيۋەن.

مۇئاۋىن پولك باشلىقلىرى: ئىمىن روزى، سۇن يۈچۈەن.

45- پولك:

پولك باشلىقى: خوجياۋجاڭ.

سىياسىي كومىسسارى: جاڭ خوچېڭ.

مۇئاۋىن پولك باشلىقى: شې جاۋفىڭ.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: سۇن شۆجې.

48- پولك:

پولك باشلىقى: ۋۇچاڭجى.

سىياسىي كومىسسارى: جاڭ دېرۇ.

مۇئاۋىن پولك باشلىقلىرى: فاڭ جىنلىڭ، جاڭ شىلۇڭ.

49- پولك:

پولك باشلىقى: جۇجياشۇن.

سىياسىي كومىسسارى: پېڭ رۇۋېي.

مۇئاۋىن پولك باشلىقلىرى: ۋاڭ جەنجى، مەھەممەت ئابدۇللا.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: ئابلەت.

50- پولك:

پولك باشلىقى: چېن نەيشىن.

سىياسىي كومىسسارى: سەي ۋېنگۇڭ.

مۇئاۋىن پولك باشلىقلىرى: ۋاڭ دىڭۋۇ، مۇسا مەمتىلى.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: يەن شيۇيې.

51- پولك:

پولك باشلىقى: جاڭ ۋەنرۇ.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: راخمان يۈسۈپ.

مۇئاۋىن پولك باشلىقلىرى: ۋاڭ جاگيۇن، ياڭ يى، لى جىنمىڭ، ئابدىرېھىم، مەھەممەت قاسىم.

52- پولك:

پولك باشلىقى: ياڭ جىڭبىڭ.

سىياسىي كومىسسارى: چېن فىڭگەن.

مۇئاۋىن پولك باشلىقلىرى: گوڭ جىنتوڭ، چى ليەنچۈەن.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: ھوشۇر نوروز.

53- پولك:

پولك باشلىقى: خۇي ليەنفا.

سىياسىي كومىسسارى: قادىر بەك.

مۇئاۋىن پولك باشلىقلىرى: جاڭشاڭشەن، ياڭيۇڭشىڭ، يار مەمەت، چيەن دەنشۇ.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى: چېن چىڭنيەن.

پەيزاۋات باش مەيدان:

شۇجىسى: جۇڭ رېنيۇڭ.

مۇئاۋىن مەيدان باشلىقلىرى: قادىر جاپپار، يۈسۈپ رەھىم، زۇنۇن ياسىن، يۇجەنگۇ.

قۇرۇلۇش شىركىتى:

دىرېكتور: جاڭ جۇگيۇ.

شۇجىسى: دىڭ شۇجاڭ.

مۇئاۋىن دىرېكتورلىرى: سۈي جىنمىڭ، ليۇ ۋېيجۇ.

ترانسپورت شىركىتى:

دىرېكتور: تيەن ۋېيدۇڭ.

شۇجىسى: لى دايىڭ.

مۇئاۋىن دىرېكتورلىرى: چىن يۇگيياۋ، چېن لىنفاڭ.

مۇئاۋىن شۇجىسى: شې فېڭشەن.

قۇرۇلۇش پولك:

پولك باشلىقى: لۈي باۋسەي.

سىياسىي كومىسسارى: ياڭ خۇڭلىن.

مۇئاۋىن پولك باشلىقلىرى: ۋاڭ جىخۇي، چېن مىڭشى.

مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىرى: جۇ تۇڭخۇي، جۇ پېييىڭ.

شوركۆل سۇ باشقارمىسى:

باشقارما باشلىقى: شاجۇخۇڭ.

سىياسىي كومىسسارى: ۋاڭ شيەن.

مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى: خاجە نىشىن.

دوختۇرخانا:

دوختۇرخانا باشلىقى: مۇجىرۇڭ.

شۇجىسى: خۇيى.

دوختۇرخانا مۇئاۋىن باشلىقلىرى: سۈن جۇيىڭ، لەن شۇلىن، ۋاڭ جىمىڭ.

## [تەبىئىي ئومۇمىي كۆرۈنۈشى]

يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى شەرقىي پارالىل 74°50′ — 79°36′، شىمالىي كەڭلىك 36°40′ — 40°40′ ئارىلىقىغا جايلاشقان، يەر كۆلىمى 7 مىليون 90 مىڭ 600 مو. بوز يەر رايونى شىمالدىن تەڭرى تېغى، غەربىي جەنۇبىي پامىر ئېگىزلىكى بىلەن، شەرقىي تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 1000 مېتردىن 1300 مېتر ئۆپچۆرىسىدە ئېگىز. ھاۋا كىلىماتى تىپىك ھالدىكى چوڭ قۇرغاقلىق ھاۋا كىلىماتى خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق بايلىقى مول. يىللىق كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇشى 2784 سائەت بولۇپ، 10℃ تىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك يىغىندا ئىسسىقلىق 4400℃ — 4600℃ گرادۇسقىچە بولىدۇ. يىللىق قىراۋسىز مەزگىلى تەخمىنەن 220 كۈن، ھۆل-يېغىن مىقدارى 61.5 مىللىمېتر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2487 مىللىمېتر بولۇپ، شىمالىي مۆتىدىل بەلباغ ۋە ئاسىيا ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىكى كۆپ خىل ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق.

يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسە بوز يەر رايونى ئىچىدە تەبىئىي بايلىق مول بولۇپ، تەبىئىي تۇغراقلىق ۋە يۇلغۇن قاتارلىق سۇغۇرۇلىدىغان ئورمان 442 مىڭ 600 مو كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغىنى 184 مىڭ مو، چۆل باياۋان، يېرىم چۆل باياۋان ئوتلاقلىرى 1 مىليون 442 مىڭ 600 مو، چوڭ كۆلەمدە ئۆسىۋاتقان قويۇق چۇچۇكبۇيا 130 مىڭ مو، لوپنۇر كەندىرى 40 مىڭ مو، يەنە ئىقتىسادىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان جىگدە قاتارلىق ياۋا ئۆسۈملۈك بار، سۇ ھايۋانلىرى ۋە سۇ ئۆسۈملۈكلىرىنى كۆپەيتىشكە پايدىلىق بولغان سۇلۇقتىن 120 مىڭ مو، ئورمانغا مۇۋاپىق يەردىن 80 مىڭ مو، بوز يەر ئېچىشقا

بولىدىغان يەردىن 200 مىڭ مودىن كۆپرەك بار. تۇپرىقى چىملىق تۇپراق، شورلۇق تۇپراق، ساسلىق تۇپراق، چاڭ-توزانلىق تۇپراق قاتارلىق تۆت خىل تىپقا كىرىدۇ.

(شيۇڭ مېڭيالڭ).

## [بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنىڭ جايلىشىشى]

يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسى رايونلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرى بويىچە ئۈچ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ۋە تاغلىق چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئايرىلغان.

شوركۆل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى: مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئېقىندا تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 3 مىليون 524 مىڭ مو، تارىختىن خاتىرىلەر ۋە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كونا ئاسارە-ئەتىقىلەرنى قېزىپ تەكشۈرۈشنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يەر يىپەك يولىدىكى چوڭ پونكىتلارنىڭ بىرى بولۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئەتراپىدا توققۇز ساراي قەدىمكى شەھىرى بار. ھازىر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئىچىدە 44-پولك، 49-پولك، 50-پولك، 51-پولك، 52-پولك» 53-پولك، قۇرۇلۇش پولك، شوركۆل سۇ باشقارمىسى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش باشقارمىسى، 2-رېمونت زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. جەمئىي ئىشلەپچىقىرىش ليەندۈيلىرى 154 (بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ليەندۈي 59)، نوپۇسى 82 مىڭ 963 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 52 مىڭ 774 نەپەر)، تېرىلغۇ يەر 490 مىڭ مو، (بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى يەر 212 مىڭ 800 مو)، مېۋىلىك ئورمان 38 مىڭ 200 مو، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەر 881 مىڭ 600 مو، ياۋايى توغراقلىق ئورمان 127 مىڭ مو، چۆچۈكبۇيىلىق 130 مىڭ مو، لوپنۇر كەندىرلىكى 40 مىڭ مو، چارۋا بېقىشقا بولىدىغان ئورمانلىق، سازلىق 450 مىڭ مو، شوركۆل، يۇڭگەنبا جەنۇبىي سۇ ئامبىرى، شىمالىي سۇ ئامبىرى قاتارلىق ئۈچ سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ يۈزى 245 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، يىللىق سۇ سىغىمچانلىقى 700 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. ياسالغان تاش يول 263 كىلومېتىر بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق يول لىنىيىسىگە تۇتىشىدۇ، قاتناشنىڭ بىر قەدەر قولايلىق بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ بوز يەر رايونلىرىنى كەڭ ئېچىشنى پىلانلاشتىكى مۇھىم نۇقتىسىدۇر. شوركۆل بوز يەر رايونى ئەسلىدىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مارالبېشى باش مەيدانىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان. يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار بۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا ئاساسلىق مەركەزلەشكەن. 1980-يىلىدىن بۇرۇن كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 200 يۈەندىن تۆۋەن ئىدى، 1983-يىلىدىن 1985-يىلىغىچە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە شوركۆل سۇ ئامبىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ سانائەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ھەر يىلى 20% سۈرئەت بىلەن، نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان كىرىم ھەر يىلى 40% ئاشتى، جامائەت جۇغلانمىسى 2 مىليون 591 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. يېڭىدىن قوشۇلغان ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى 119 غا يېتىپ، ئومۇمىي كۈچى 2464 ئات كۈچىگە يەتتى. 1986-يىلى گەرچە ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتكە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن دىۋىزىيە، پولك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاپەتكە قارشى تۇرۇشى كۈچلۈك بولغانلىقتىن

كەڭ ئاممىنىڭ ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى بولدى. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 25 مىليون 674 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ 41.78 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 7.3% ئېشىپ، ئەمگەك كۈچىگە توغرا كېلىدىغان كىرىم 1224.38 يۈەنگە، نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان كىرىم 345.20 يۈەنگە يەتتى (ئالدىنقى يىلدىكىدىن 19.7% كېمەيدى).

شور كۆل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا بۇرۇن ئاساسلىقى كۆممە قوناق، بۇغداي تېرىلاتتى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى يەككە ھالدىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن پاختا، مېۋە- چېۋە، چۈچۈكبۇيا، بۇغداي، گۆش قاتارلىق كۆپ خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ، چارۋىچىلىق ئىشلىرى، باغ ئورمانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 1986- يىلى پۈتۈن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى چارۋىنىڭ ئومۇمىي تۇياق سانى 215 مىڭ 7 گە يېتىپ، پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى ئومۇمىي چارۋىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1980- يىلدىكىدىن 40.7% ئاشتى. گۆشنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 839 تونناغا يېتىپ، پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى ئومۇمىي گۆش مەھسۇلاتىنىڭ 55.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. مېۋە- چېۋە ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 861 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1980- يىلدىكىدىن 300% ساپ ئاشتى.

1986- يىللىق شور كۆل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| ئورۇنلار / تۈرى | 44 - پولك | 49 - پولك | 50 - پولك | 51 - پولك | 52 - پولك | 53- پولك | قۇرۇلۇش پولكى دېھقانچىلىق مەيدانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانائەت يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 5304.300 | 7310.600 | 9827.000 | 18072.400 | 7927.200 | 10123.200 | |
| ئاشلىق (توننا) | 3373 | 3800 | 6370 | 15121 | 5407 | 6637 | |
| پاختا (توننا) | 350 | 580 | 433 | 600 | 310.1 | 523.4 | |
| چارۋا (تۇياق) | 11889 | 20979 | 43560 | 68958 | 33430 | 31004 | 5187 |
| پايدا (يۈەن) | —43.000 | 81.000 | 10.000 | 138.000 | 122.000 | 16.000 | 57.000 |
| ئەمگەك كۈچىگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم (يۈەن) | 1568.98 | 1216.57 | 885.77 | 935.94 | 1086.32 | 1580.89 | 1900.52 |

مەكىت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى: مەكىت ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى ئېقىنىدا تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، يەر كۆلىمى 1411.100 مو، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى مەكىت ناھىيىسىدىكى 43-پولك، 2-يىڭنىڭ يېڭى ئورمان دېگەن يېرىگە يېقىن بولۇپ، ئەينى يىللاردا شىۋېتسىيىلىك ساياھەتچى سىۋېن ھېدىن تەكلىماكان قۇملۇقىنى ساياھەت قىلغان چاغدىكى 1-قونالغۇ جاي. بۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا 43-پولك، 45-پولك، 48-پولك، چىغىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئالغا سۇ ئامبىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى جايلاشقان.

جەمئىي 80 لىيەندۈي بار، ئاھالىسى 23 مىڭ 689 نەپەر، ھازىرقى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 148 مىڭ 600 مو، تەبىئىي توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق كۆلىمى 130 مىڭ 300 مو. مېۋىلىك باغ ئورمان بەلبېغى 196 مىڭ مو، ئاددىي تۇپا يول 247 كىلومېتىر. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئەتراپىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى بولمىغانلىقتىن ھەر يىلى 6-، 8-ئايلاردىكى كەلكۈن مەزگىلىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا قاتناش توختاپ قېلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر پايدىسىز ئامىللارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

1986 - يىلى مەكىت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| ئورۇنلار / تۈرى | 43 - پولك | 45 - پولك | 48 - پولك | چىغىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى |
|---|---|---|---|---|
| ساناتەت يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (يۈەن) | 14287.100 | 11866.300 | 7058.900 | 2353.000 |
| ئاشلىق (توننا) | 5312 | 3971 | 1850 | 615 |
| پاختا (توننا) | 1559.6 | 1270.1 | 797.9 | 300 |
| چارۋا (تۇياق) | 13673 | 7904 | 4379 | 3296 |
| پايدا (يۈەن) | بالانىس | 203.000 | —335.000 | 50.000 |
| ئەمگەك كۈچىگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم (يۈەن) | 1509.80 | 1468.07 | 1163.10 | 1555.98 |

مەكىت بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى 1966 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسى قۇرۇلغاندا، يېڭىدىن ئېچىلغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدۇر. ئاھالىسى خەنزۇلارنى ئاساس قىلىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى ھەر

قايسى پولكلار كۆكتوغۇت تېرىش ۋە سولياۋ يوپۇق ئارقىلىق كېۋەز تېرىش قاتارلىق تۈسۈللارنى ئاكتىپ كېڭەيتىپ، ئۆز ئورنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ كۆتۈرە بېرىش ۋە بەن‐گورۇپپىلارغا كۆتۈرە بېرىشنى يولغا قويۇش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەردىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويغانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نىسبەتەن تېز بولدى.

قەشقەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى: يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، يەكەن، يوپۇرغا، ئاتۇش، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيىلەردىكى 41‐ پولك، پەيزاۋات باش مەيدان، يەكەن دېھقانچىلىق مەيدانى، 42‐ پولك، قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدانى، شەرق شامىلى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 152 مىڭ 100 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 168 مىڭ 400 مو، تەبىئىي توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق 185 مىڭ 200 مو، باغ ئورمان 2 مىليون 810 مىڭ مو، بوز يەر ئېچىشقا بولىدىغان يەر 490 مىڭ مو، بۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدا 93 ئىشلەپچىقىرىش ليەندۈيى بار. يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 19 مىڭ 207 نەپەر. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر شەھىرىدە تۇرۇشلۇق قۇرۇلۇش شىركىتى، قاتناش شىركىتى، دەۋرىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە يەكەن ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ بارغان 1 ‐ رېمونت زاۋۇتىنىمۇ قەشقەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاھالىسى 8332 نەپەر.

1986 ‐ يىللىق قەشقەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

| ئورۇنلار / تۈرى | 41 ‐ پولك | 42‐ پولك | پەيزاۋات باش مەيدان | شەرق شامىلى دېھقانچىلىق مەيدانى | قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدانى | يەكەن دېھقانچىلىق مەيدانى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سانائەت يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات ئومۇمىي قىممىتى (يۈەن) | 6877.100 | 2801.400 | 3569.900 | 329.600 | 739.400 | 93.800 |
| ئاشلىق (توننا) | 2274 | 806 | 2799 | 637 | 357 | 143 |
| پاختا (توننا) | 298.4 | 211.2 | 108.4 | 10.5 | 70 | 4.5 |
| چارۋا (تۇياق) | 8023 | 4849 | 23039 | 1485 | 3028 | |
| پايدا (يۈەن) | 53.000 | —221.00 | —150.000 | —70.000 | —70.000 | —61.000 |
| ئەمگەك كۈچىگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم (يۈەن) | 2399.26 | 750.71 | 627.35 | 627.00 | 335.64 | 686.93 |

تاغلىق رايونلاردىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى: قاغىلىق ناھىيىسىگە جايلاشقان 2 - چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە ئۈلۈغچات ناھىيىسىگە جايلاشقان تورغات 1 - چارۋىچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر مەيدانى 1804.400 مو، ھازىر بار يايلاق 991.500 مو، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1100 مو، 1986 - يىلى ئاخىرىدا چارۋىنىڭ قوتاندا ساقلىنىش سانى 21292 تۇياق، سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 449.200 يۈەن.

(شيۇڭ مىڭيالڭ).

**[ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى]** يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى 1986 - يىلى ئۇقتىلىق قىلىپ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تۇتۇپ، قۇرۇلۇپ بولغان ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئالدىنقى يىلدىكى 11 مىڭ 375 دىن، 10 مىڭ 803 كە كېمەيتىلىپ سۈپەت زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىرىنچىدىن، شەكلى كۆپ، ماسلىشىشچانلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى، يەككە ئائىلىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، قوشۇمچە بىرلەشكەن ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بولۇش، بىرلەشكەن ئائىلىلەر ھۆددىگە ئېلىش، ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش ۋە بەن - گۇرۇپپىلارغا بىرلەشتۈرۈلگەن مەھسۇلاتنى ھېسابلاپ مۇكاپات بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شەكىللەندى. ئىككىنچىدىن، ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ توغرا ئىلگىرىلىشىدە يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. ئىككى يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق، بەزى يەككە ئائىلىلەر باشقۇرغان ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ باشقۇرۇشتىكى جانلىقلىقى زور بولسىمۇ، لېكىن سوغۇرۇش ماشىنىلاشتۇرۇش مەشغۇلاتى، زىرائەتلەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئالماشتۇرۇش، كۆلىمىنىڭ ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش ناھايىتى قىيىنغا چۈشتى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەرنى ئائىلىلەرگە مۇقىملاشتۇرۇپ، يەككە ئائىلىلەر بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ئاساسىدا، سوغۇرۇش، زىرائەتلەرنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش ۋە ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشنى بىر تۇتاش ھەمكارلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، سوغۇرىدىغان، ئالماشتۇرۇپ تېرىيدىغان رايونلارنى بىرلەشتۈرۈپ ھەمكارلاشتۇرىدىغان ئائىلە دېھقانچىلىق بىرلەشمە گەۋدىسى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمگەك ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىلدى. ئۈچىنچىدىن، ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشەلدى، يەر تۈزلۈكسىز كۆپىيىشكە يۈزلەندى، مەركەزلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تۆتىنچىدىن، ئېچىش خاراكتېرىدىكى ئائىلە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدانلىرى راۋاجلىنىش جەريانىدا مۇستەھكەملەندى. 1986 - يىلى پۈتۈن دىۋىزىيىدە ھەر خىل ئېچىش خاراكتېرىدىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى 45 بولغان بولسا، 1986 - يىلى 89 غا تەرەققىي قىلدى.

4969 مو يەر بىنام ئېچىلدى.

(شيۇڭ مىڭيالڭ).

**[1986 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش]** ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 205 مىليون 878

مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 5.1% ئاشتى. مىللىي دارامەت 85 مىليون 669 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 6.1% ئاشتى. سانائەت يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمىگەن باھا) بويىچە 119 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ ئۆتكەن يىلدىكىدىن 1.7% كېمەيدى. پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە پايدا ئالغان كارخانا 15 بولۇپ، پايدا سوممىسى 1 مىليون 420 مىڭ يۈەن، زىيان تارتقان كارخانا 10 بولۇپ، زىيان سوممىسى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن. ئەمەلىي پايدا 320 مىڭ يۈەن بولدى، يېزا ئىگىلىك، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 77 مىليون 555 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ ئۆتكەن يىلدىكىدىن 3.8% تۆۋەنلىدى. تاۋار مىقدارى 79.9% بولدى. ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 60 مىليون 977 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 14.7% ئاشتى. پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 7 مىليون 774 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 9.4% كېمەيدى. يەل - يېمىشنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 6 مىليون 212 مىڭ كىلوگرام بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 5.4% ئاشتى. تۇتقان بېلىق 177 توننا بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 20% ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىلغان گۆش 523.8 توننا بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 5.3% ئاشتى. بەرپا قىلىنغان ئورماننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 37 مىڭ 948 مو بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 78% ئاشتى. چارۋا 305 مىڭ تۇياق بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 0.13% كېمەيدى.

سانائەت: پۈتۈن دىۋىزىيىنىڭ سانائەت كارخانا ئورۇنلىرى 36 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىنىدىغان ئورۇن ئىككى. پولك - مەيداننىڭ قارمىقىدىكى كارخانا 34. ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمىگەن باھا) 4 مىليون 224 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 2.48% ئاشتى.

سانائەت - قاتناش ئىشلىرى: مال توشۇش، ئوبوروت قىلىش مىقدارىنى ئورۇنلاش 54 مىليون 873 مىڭ توننا - كىلومېتىر بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 5.4% كېمەيدى. پاساژىرلارنى توشۇش ئوبوروت مىقدارى 6 مىليون 652 مىڭ ئادەم كىلومېتىر بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 8.1% كېمەيدى. قاتناش - ترانسپورت ئومۇمىي كىرىمى 12 مىليون 223 مىڭ يۈەن بولۇپ، پايدا 1 مىليون 46 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سودا، تاشقى سودا ئىشلىرى: ئىجتىمائىي تاۋارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 76 مىليون 349 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سودا پارچە سېتىلىش سوممىسى 40 مىليون 189 مىڭ يۈەن، يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 711 مىڭ يۈەن، تاشقى سودا ترانسپورت ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليون 170 مىڭ يۈەن، ئاساسلىق ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار: قۇرۇقلۇق پاختىسى 570 توننا، قوغۇن 195 توننا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى 356 توننا، مېۋە - چېۋە 586.7 توننا، قوي تېرىسى 5160 دانە، يەنە زىرە، ئۈچەي، كالا تېرىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىشلىرى: ئورۇنلانغان بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 204 مىڭ كۇۋادرات مېتىر، مەھسۇلات قىممىتى 62 مىليون 896 مىڭ يۈەن، پايدا 1 مىليون 304 مىڭ يۈەن، بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئوتتۇرىچە ئۈنۈمى 5142 يۈەن.

(شيۇلڭمىڭيالڭ).

**[مەدەنىيەت، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش]** **مائارىپ:** ھازىر 179 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 26 مىڭدىن ئارتۇق. 1986-يىلى ئالىي مەكتەپنىڭ ئاساسىي پەن كەسپىگە كىرگەنلەر 71 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى بەش نەپەر)، ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس پەن كەسپىگە كىرگەنلەر 23 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 19 نەپەر)، ئوتتۇرا تېخنىكومغا كىرگەنلەر 62 نەپەر. دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمى ئىككىنچى قېتىملىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە قەشقەر ئوچاستكىسى بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى كۆرەك قىلىش ئېلىپ باردى، ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، «مەكتەپ باشقۇرۇش قائىدىسى» ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقتى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس تەجرىبە خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

**مەدەنىيەت:** پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە قۇرۇلغان «ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» 17، «ياشلار ئائىلىسى» 86، ھەر خىل تىپتىكى كىتابخانا 51، قىرائەتخانا 88، سېتىۋېلىنغان كىتاب 37 مىڭ دانە بولۇپ، ئاممىنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش مەيدانلىرىنىڭ ئاز بولۇش، ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ مەززىسىز بولۇش ئەھۋالى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلدى. دىۋىزىيە بويىچە 23 كىنو ئەترىتى، ئۈچ سىنئالغۇ ئەترىتى بار.

**سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش:** دىۋىزىيە بويىچە ھەر قايسى دوختۇرخانىلارغا كېلىپ كېسەللىكنى كۆرسەتكەنلەر 240 مىڭ ئادەم-قېتىمغا، كېسەل ياتاقلارغا قوبۇل قىلىنىپ داۋالانغانلار 12 مىڭ 500 گە يەتتى، ساقىيىش نىسبىتى 75 پىرسەنتكە، ياخشىلىنىش نىسبىتى 23 پىرسەنتكە يەتتى، ئۆلۈش نىسبىتى 0.12% بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئامبولاتورىيىدە كېسەل داۋالاتقىنى 58 مىڭ ئادەم-قېتىمغا، كېسەلخانىغا قوبۇل قىلىنىپ داۋالانغانلار 740 كە يەتتى.

دىۋىزىيە بويىچە پىلانلىق ئىممۇنىتېت قانات يايدۇرۇلۇپ، 10 پولك-مەيدانىدا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇرۇلدى، يەتتە ياشتىن تۆۋەن بولغان 25 مىڭ نەپەر ئۆسمۈرگە پىلانلىق ئىممۇنىتېت كارتوچكىسى ئورناتتى، 55 مىڭ نەپەر ئادەمنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى، 3500 دىن ئارتۇق باش تەمرەتكىسى ۋە تۇبېركۇليوز كېسىلى بار كىشىنى قايتا تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدىن 98 مىسالنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئاكتىپلىق بىلەن داۋالاش ئېلىپ باردى. ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تارقىلىش نىسبىتى ئۆتكەن يىلدىكىدىن 5.3% تۆۋەنلىدى.

(شيولىڭمېڭيالىڭ).

**[ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىنى كۆزدىن كۆچۈردى]** سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭخەنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى

تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرىي يولداش-
لار پوسكام ناھىيىسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپا-
قلىقىدىكى نەمۇنىچى ناھىيە دېگەن نام
بېرىش چوڭ يىغىنىغا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ-
دىكى ئۈچ ۋىلايەت (ئوبلاست) نىڭ نامرات-
لىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش، سۆھبەت يىغىنىغا
قاتناشقاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش-
قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى چېن شى،
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شۇجىسى گو گاڭ، قەشقەر
ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي
مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق-
لارنىڭ ھەمراھلىقىدا، 5-ئاينىڭ 12-كۈنى
چۈشتىن كېيىن يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە-
سىنىڭ شىتابىغا كېلىپ، يېزا ئىگىلىك
3-دىۋىزىيىسىدىكى باشقارمىدىن يۇقىرى
دەرىجىلىك كادىرلارنى سەمىمىي قوبۇل
قىلدى، ئۇلار يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە-
سىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ دوكلاتىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن «يېزا ئىگىلىك 3-دىۋى-
زىيىسىنىڭ ئۆتكەندىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
پائالىيەتلىرى ناھايىتى ياخشى بولغان،
ھازىر ئۆتكەنكىدىن تېخىمۇ ياخشى بولدى.
ئۈچ يىل ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا
نەمۇنىچى دىۋىزىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش
لازىم» دېدى.

ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋا-
مەت قاتارلىق رەھبەرىي يولداشلار مۇنداق
كۆرسەتتى: بىزنىڭ بۇ قېتىم جەنۇبىي شىن-
جاڭغا كېلىشىمىزدىكى مەركىزىي ۋەزىپە
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە
ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقى-
رىش- قۇرۇلۇش ئارمىيىسى، يېزا ئىگىلىك
3- دىۋىزىيىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھا-
زىرغىچە باشتىن-ئاخىر ھەر مىللەت خەلقى
ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت
قىلىپ كەلدى، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە
يىلدا يەرلىك ئۈچۈن تېخىمۇ زور كۆلەمدە
ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، بۇنى يولداش گو-
گاڭ كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان، بولۇپمۇ قوماندان
چېن شى ئۇنى باشلاپ بېرىپ، ئۈستى يېپىلىپ
تېرىلغان كېۋەزنى كۆرسىتىپ يەرلىكتە
يېڭى تېخنىكىنىڭ كېڭەيتىلىشىنى قوللىغان
بىز شۇنى ئۈمىد قىلىمىزكى: ئىشلەپچىقىرىش-
قۇرۇلۇش ئارمىيىسى ماددىي مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش بىلەن بىرلىكتە،
مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىمۇ تۇتۇش
لازىم، بۇنىڭ يادروسى مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقىنى ياخشى تۇتۇشتۇر. مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئار-
مىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىككى مەز-
مۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، ئىش-
لەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-
لىقى. يەنە بىرى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇ-
لۇش ئارمىيىسى بىلەن يەرلىك، ئىشلەپ-
چىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ ئىشچى-
خىزمەتچىلىرى بىلەن يەرلىكتىكى ئازسان-
لىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقى.
ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى50-
يىللاردا دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلغاندىلا
مۇشۇنداق ئېسىل ئەنئەنىسى بار ئىدى. ئىش-
لەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش ئارمىيىسى-مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئاممىغا، جاپا-مۇشەق-
قەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشقا تايىنىپ،
تەرەققىي قىلغان. يېڭى تارىخىي دەۋردە
ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بىر
نەچچە ئون يىللىق تارىخقا ئىگە ئىشلەپ-
چىقىرىش گۇرۇھى ئارمىيىسى بولۇش
سۈپىتى بىلەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش،
بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش
تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق
تەرەپلەردىن، ئۈزلۈكسىز ھالدا يەرلىك ئۈچۈن

ئۆلگىلىك رول ئوينىغان بىلەن بىرگە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە ئۆلگىلىك رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئاپتونوم رايون، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۈچ يىل ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ۋىلايەت، ئوبلاست بولۇپ قۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيەنىڭمۇ ئۈچ يىل ئىچىدە مۇشۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى بىزگە «7 ـ بەش يىللىق» پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە ياخشى بىر جەمئىيەت شارائىتى لازىم ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭ، قەشقەر ۋە قىزىلسۇدىكى بۇ ياخشى جەمئىيەت شارائىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى بۇ ئىككى ۋىلايەت ئىچىدىكى ئەڭ زور تەشكىلىي بولغان كورۇھ ئارمىيىسى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۈچ يىل ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى دىۋىزىيىگە ئايلىنالىسا بۇنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى بولىدىغانلىقى، ئەگەر شىنجاڭدىكى بارلىق كورۇھ خاراكتېرلىك ئورۇنلار، بارلىق قىسىملار، پولك ـ مەيدانلار، چوڭ تىپتىكى زاۋۇت ـ كانلارنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى بىر تۈرلۈك سىياسىي نىشان قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرالىسا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چوقۇم بىر يېڭى ۋەزىيەت مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىزدىن سەمىمىي ھالدا شۇنى ئۈمىد قىلىدۇكى يېزا ئىگىلىك ئۈچىنچى دىۋىزىيىسى ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە ھەر قايسى پولك ـ مەيدانلار ئۆز ئەتراپىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى ئۆز ئارا قوللىشى، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشى، بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىلىك پولك، دىۋىزىيىگە ئايلىنىشىمىز لازىملىقىنى مۇشۇنداق قىلغاندىلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تىنچ ئىتتىپاق بولۇشىغا تۆھپە قوشقىنى بولىدىغانلىقىمىزنى تەكىتلىدى.

يولداش ۋاڭ ئېنماۋ يېزا ئىگىلىك ئۈچىنچى دىۋىزىيىدىكى رەھبىرى كادىرلارغا سەمىمىي ۋە مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ ئۈچىنچى دىۋىزىيە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىدىكىلەرنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ، قەشقەر ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. يېزا ئىگىلىك ئۈچىنچى دىۋىزىيىدە ھازىرقىدەك مۇشۇنداق نەتىجىنىڭ قولغا كېلىشى، قەشقەر، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمىدى، قېنى سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟ ئەڭ نېگىزى يەرلىككە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت». يولداش تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: «يېزا ئىگىلىك ئۈچىنچى دىۋىزىيىسى ئۈچ يىل ئىچىدە ئاز ساندىكى نامرات، قىيىنچىلىقى بار پولك ـ مەيدانلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە يەرلىكتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، شۇڭلاشقا سىلەرگە قويۇلغان تەلەپ تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، يەرلىك يېزا ئىگىلىك ئۈچىنچى دىۋىزىيىگە تېخىمۇ ياردەم بېرىشلىرىم، ئەلۋەتتە». يولداش سۇڭ خەنلياڭ مۇنداق

دېدى: «ئىلگىرى يەرلىك بىلەن يېزا ئىگىلىك 3- دەۋىر يىغىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى بولىدى. گوگاڭ شۆجى ئابدۇغوپۇر سىدىق ۋالىي يېزا ئىگىلىك 3- دەۋىر يىغىنىنى قوللايدىغانلىقى، دەۋىر يىغىنى باشلىقى شىياۋ فېڭرۋ يېمۇ يەرلىكنى قوللايدىغانلىق توغرىسىدا سۆز قىلدى. بۇ ناھايىتى ياخشى، داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش لازىم». دەۋىر يىغىنى باشلىقى شىياۋ فېڭرۋي ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يولىيورۇقىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىدىغانلىقىنى، دەۋىر يىغىنى پارتكومىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى دەۋىر يىغىنى بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا ياردەم بېرىشتىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

( شوڭمىڭياڭ )

**[ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدا بايان]** يېزا ئىگىلىك 3- دەۋىر يىغىنىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭ جەھەتتىن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ، 1983- يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يىغىنىدىن كېيىن، چوڭ ھۆددىگەرلىك ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، 41% ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا چوڭ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئىككىنچى باسقۇچ، 1984- يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە باشلىنىپ، چوڭ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەرنى مۇقىم 15 يىل ھۆددىگە بېرىپ ئۆزگەرتمەسلىك ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى، ئالدىنقى يېرىم يىلدا 271 ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانىنى سىناق قىلىنىپ، يىل ئاخىرىدا 8531 گە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئەمگەك كۈچى پۈتۈن دەۋىر يىغىنىدىكى يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى ئومۇمىي سانىنىڭ 41.2 پىرسەنتىنى، ھۆددىگە بەرگەن يەر پۈتۈن دەۋىر يىغىنىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 41.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۈچىنچى باسقۇچ، 1985- يىلى ئىسلاھات ئۈچ تەرەپتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. 1) چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىپ قوش قاتلاملىق باشقۇرۇش قەدەممۇ - قەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 2) ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئورگانلىرى قەدەممۇ - قەدەم مەمۇرىي قوماندانلىق قىلىشتىن مۇلازىمەت قىلىش خاراكتېرلىك باشقۇرۇشقا ئۆزگەردى. 3) يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى كۆپ قاتلاملىق دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەش راۋاجلاندۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا پۈتۈن دەۋىر يىغىنىدىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى 11 مىڭ 375 كە يەتتى، ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى پۈتۈن دەۋىر يىغىنىدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 73.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھۆددىگە بېرىش كۆلىمى 480 مىڭ مو بولۇپ، پۈتۈن دەۋىر يىغىنىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 84 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تۆتىنچى باسقۇچ، 1986- يىلى ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، مۇكەممەللەشتۈرۈش نۇقتىلىق تۇتۇلدى. ھەر خىل تىپتىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا قارىتا ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە قايتىدىن تەڭشەش ئېلىپ بېرىلدى.

(1) تەخشەش ئارقىلىق، پۈتۈن دۆۋز-
يىسىدىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن
ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 572 سى قىس-
قارتىلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئائىلە دېھ-
قانچىلىق (ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق،
بېلىقچىلىق) مەيدانلىرىدىكى ئەمگەك كۈچى
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پولك-مەيدان-
لىرىدىكى يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى ئو-
مۇمىي سانىنىڭ 68.4 پىرسەنتىنى ئىگىلە-
دى، ھۆددىگە بېرىش كۆلىمى پۈتۈن دە-
ۋزدىيىسىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ
70 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

(2) ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىر-
لەشتۈرۈپ كۆتۈرە بېرىشنى ئەمەلگە ئاشۇر-
غان ئەمگەك كۈچى 7668 نەپەر بولۇپ، يېزا
ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى ئومۇمىي سانىنىڭ
29.5 پىرسەنتىنى، پۈتۈن دۆۋزدىيىسىدىكى
ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 29 پىرسەنتى-
نى ئىگىلىدى.

كەسىپلەر بويىچە ئايرىلىشى

| تۈرى / سانى / كەسىپلەر | دېھقانچىلىق مەيدان سانى | ئوز ئىچىگە ئالغان دېھقانچىلىق ئائىلە سانى | ئوز ئىچىگە ئالغان ئەمگەك كۈچى سانى | ئەمگەك كۈچى ئومۇمىي سانى (ئىچىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانى) | ھۆددىگە بېرىلگەن يەر كۆلىمى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى | 9919 | 9975 | 16259 | 6351 | 365.800 |
| ئائىلە ئورمانچىلىق مەيدانى | 468 | 472 | 764 | 552 | 74.00 |
| ئائىلە چارۋىچىلىق مەيدانى | 402 | 408 | 718 | 474 | |
| ئائىلە بېلىقچىلىق مەيدانى | 8 | 8 | 12 | 11 | 218 |
| ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى | 6 | 6 | 12 | | |
| جەمئىي | 10.803 | 10.869 | 17.765 | | |

بۇ يىلقى ئىچىدە ئېچىش خاراكتېرىدىكى ئائىلە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق،
بېلىقچىلىق مەيدانلىرى

| كەسىپلەر | سانى | بۇ يىل ئىچىدىكى دېھقانچىلىق ئائىلە | بۇ يىل ئىچىدىكى ئەمگەك كۈچى سانى | ئېچىش كۆلىمى (مو) | ئاجراتقان مەبلەغ يۈەن |
|---|---|---|---|---|---|
| ئېچىش خاراكتېرلىك دېھقانچىلىق مەيدانى | 57 | 67 | 121 | 4.969 | 173.200 |
| 〃 〃 ئورمانچىلىق 〃 〃 | 25 | 28 | 49 | 1.975 | 61.700 |
| 〃 〃 بېلىقچىلىق 〃 〃 | 7 | 7 | 7 | 35 | 17.000 |

مۇددىگە بېرىلگەن تىپلار بويىچە ئايرىلىشى

| باشقۇرۇش شەكلى | ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدان سانى | دېھقانچىلىق مەيدانى ئومۇمىي سانى ئىچىدە ئىگىلىگەن % |
|---|---|---|
| يەككە ئائىلىلەر باشقۇرۇشىدىكى | 10682 | 98.8 |
| بىرلەشكەن ئائىلىلەر باشقۇرۇشىدىكى | 118 | 1.1 |
| ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇشتىكى | 3 | |

(3) بەن-گۇرۇپپىلار بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ مۇكاپاتلاش شەكلى يولغا قويۇلغان بەن-گۇرۇپپىلار 85، ئادەم سانى 542 نەپەر بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچى ئومۇمىي سانىنىڭ ئىككى پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

تەكشەش تولۇقلاش، مۇستەھكەملەش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق پۈتۈن دىۋىزىيىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە يەككە ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساسىي گەۋدىسى شەكىللەندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇش، بەن-گۇرۇپپىلارنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ مۇكاپاتلاش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل قوللىنىلدى.

يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، يەنىلا ناھايىتى تەكشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئىسلاھات غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلدى. بۇ بىر نەچچە يىلدا پۈتۈن دىۋىزىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي مۇقىم قەدەم بىلەن راۋاجلاندى. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە پۈتۈن دىۋىزىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 54 مىليون 430 مىڭ يۈەندىن، 122 مىليون يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ بىردىن كۆپرەك قاتلاندى، نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان كىرىم 200 يۈەندىن 504 يۈەنگە كۆتۈرۈلدى، بۇمۇ بىر قاتلاندى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بانكىدا قويغان پۇلى 1982 - يىلدىكى 15 مىليون يۈەندىن 35 مىليون444 مىڭ يۈەنگە كۆتۈرۈلۈپ بىردىن ئارتۇق قاتلاندى. 1986 - يىلى گەرچە تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 119 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئەمگەك كۈچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان كىرىم 1204 يۈەن، نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن كىرىم 344.37 يۈەن بولدى. ئۈچ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ سانى ئۆتكەن يىلدىكى سەۋىيىگە يېقىنلاشتى. بىزنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى تەسىراتىمىز مۇنداق:

(1) قەتئىي ھالدا ھەل قىلغۇچ تەدبىر بەلگىلەش—ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاچقۇچ.

41- پولك ئائىلىلەرگىچە مەھسۇلاتقا

بىرلەشتۈرۈپ كۆتۈرۈش، بېرىش، يەرنى مۇقىملاشتۇرۇپ 15 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك ئاساسىدا، 1984-يىلى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيالى مەبلىغى قەرز بېرىپ تۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئالدى بىلەن سىناق قىلىپ، ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى ۋە تۇرمۇش خىراجىتىنى ئۆزى ھەل قىلىشنى قەدەممۇ-قەدەم ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلەشكەن ھەممە بىرخىل ئىگىلىك ئايلىنىش تۈزۈلمىسىنى ھاياتىي كۈچقا تولغان كۆپ قاتلاملىق ئىگىلىك قۇرۇلمىسىغا ئۆزگەرتىشتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ھالقا بولدى. بۇ ئىسلاھات ئارقىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن بىر قىسىم ئىستېمال مەبلىغىنى ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىگە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىغا قاتتىق زەربە بەردى، كۆپلىگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەچچە 10 يىل جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ توپلىغان پۇلى قولدىن كېتىپ قايتىپ كەلمەسلىكىدىن قورقتى، قارشىلىشىش كەيپىياتى ناھايىتى زور بولدى. بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەتتا مەيداندىن ئايرىلىپ باشقا تۇرمۇش يولى تېپىش كويىدا بولدى، پولك-مەيدان ۋە جەمئىيەتتە ناھايىتى زور ئەكس تەسىر پەيدا قىلدى. 41-پولك رەھبەرلىك بەنزىسى بۇ تەدبىرنى قايتىدىن ئىسپاتلاپ، تەدبىرنىڭ توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇلار ھەر تەرەپتىن كەلگەن بېسىمغا تاقابىل تۇردى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى توپلىغان پۇللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى قىلىپ، تېخىمۇ ئىنچىكە ھېسابلىغانلىقتىن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى. 1985-يىلى ئىقتىسادىي پايدا 39 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، 1986-يىلى 1985-يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، مۇقىم مۈلۈك پايدىسى 458 مىڭ 200 يۈەنگە كۆپەيدى. 100 يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈكنىڭ پايدا نىسبىتى 19.4 پىرسەنتتىن 21.3 پىرسەنتكە كۆپەيدى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى يىلمۇ-يىل ئاشتى.

(2) توغرا لىنىيىلىك بىرلىكتە تىجارەت قىلىش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش، كۆلەم ۋە تېخنىكا ئۈچ تەرەپتىكى ئۈنۈمنى ئۆز ئورنىنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇش.

ھەر قايسى پولك-مەيدانلارنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىت، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سۈپىتىدىكى پەرقلەرگە ئاساسەن ھەر قايسى پولك-مەيدانلار ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپى بويىچە، مۇۋاپىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شەكلىنى تاللىدى. 1986-يىلى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ھەرخىل تىپتىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى؛ 28% ئىشچى-خىزمەتچىگە ئائىلىلەر بويىچە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 1.4% (542 كىشى) ئىشچى-خىزمەتچىگە يەنىلا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ مۇكاپاتلاش-جازالاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

يەرلى ھۆددىگە بەرگەندىن كېيىن، پەيدا بولغان مەيدانلاشتۇرۇلغان يەردىكى زىرائەت تۈرىنى تاللاش قېيىن بولۇش، سۇغۇرۇش قېيىن بولۇش، ماشىنا بىلەن مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قېيىن بولۇش قاتارلىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 45- پولكتىكى بىر قىسىم لىيەندۇيلەر نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىلىدىغان رايونلارنى ئائىلىدىكى قانچىلىق مەيدانلىرى توپى قىلىپ تەشكىللىدى، ھەر ئائىلىنىڭ ھەر قايسى مەيدانلاشتۇرۇلغان ئېتىزدا ئۆزىنىڭ مۇقىملاشقان 15 يىللىق يېرى بار بولدى. ھەر تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ماليە كۆرسەتكۈچى ئائىلەرگىچە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. تېرىش، سۇغۇرۇش، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش قاتارلىق تەرەپلەردە ھەمكارلىشىش، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش جەھەتتە ھەم بىرلىشىش ھەم ئايرىلىش يولغا قويۇلدى. زىرائەتلەرنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىيدىغان رايوننى بىرلىك قىلىپ، ئاشلىق زىرائىتى ئالىتە ئۈلۈش، پاختا تۆت ئۈلۈش بولۇش نىسبىتى يولغا قويۇلدى، ھەرقايسى ئائىلە ئايرىم يىغىپ ئايرىم كىرىم قىلىپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلدى.

(جاڭشۆچى).

## [مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى دىۋىزىيە قۇرۇش پائالىيىتى]

يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيە پارتكومى ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق يولداشلارنىڭ يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيەسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيەنى ئۈچ يىل ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى دىۋىزىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ يىل ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى دىۋىزىيە قۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزدى. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى پارتكومى ھەرقايسى دىۋىزىيە (ئىدارە) لەرگە بۇ پىلاننى تەستىقلاپ تارقاتتى. دىۋىزىيە پارتكومى 1986- يىلى 7- ئاينىڭ 12- كۈنى تۈزگەن قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا رەسمىي تارقاتتى.

«ئۈچ يىل ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى دىۋىزىيە قۇرۇش پىلانى»دا يەتتە ماددىلىق ئۆلچەم ۋە بەش ماددىلىق تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇنلارنىڭ ئۆلچىمى:

1. رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىستىلى توغرا، ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولغان بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا قويغان بولۇش.

2. ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ھەمدە ئۇنى ئامما ئىگىلىگەن، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسىغا ئايلانغان بولۇش.

3. پارتىيىنىڭ تۈرلۈك مىللىي سىياسىتى ھەقىقىي ئىجرا قىلىنغان، ئەمەلىيلەشكەن بولۇش.

4. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يېڭى كەيپىياتى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالغان بولۇش.

5. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى، «تۆت كۆچلۈك» رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىل-

لەت خەلقى ئۈچۈن زور كۆلەمدە ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن بولۇش.

6. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىگىلىكىنىڭ، مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇش.

7. پولك - مەيدان (شىركەت) لەرگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن بولۇپ قۇرۇلغان بولۇش.

بەش ماددىلىق تەدبىر:

1. پارتكوم كۆڭۈل بۆلگەن، رەھبەرلىك باشلامچى بولغان، ئورگان مۇكەممەللەشكەن، باشقۇرۇش ئەمەلىيلەشكەن بولۇش.

2. مىللەتلەر نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش.

3. پىلان تۈزۈپ، تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش.

4. يەرلىك بىلەن بىرلىشىپ ئىقتىسادىي تىجارەت قىلغان پولك، يېزا بىرلىكتە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇش پائالىيىتىنى ئەستايىدىل چىڭ ياخشى تۇتۇش.

5. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش خىزمىتىنى مۇددەتلىك ھالدا تەكشۈرۈش، خۇلاسىلاش، باھالاپ باشقۇرۇش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش.

«پىلان» دا يەنە ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ پىلان تۈزۈپ چىقىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە تېزدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى دىۋىزىيە قۇرۇپ چىقىش پائالىيىتى قانات يېيىپ كەتتى.

(1) پارتكوم كۆڭۈل بۆلۈپ، رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. دىۋىزىيە پارتكومىدىن ئىككى دائىمىي ھەيئەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنىدى ھەمدە باشقا دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭمۇ بۇ خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈش لازىملىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دائىم تەتقىق قىلدى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. پولك - مەيدانلاردا رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، ئاساسلىق رەھبەرلەر بۇ خىزمەتكە مەسئۇل بولدى. دىۋىزىيە باشلىقى شىياۋفېڭرۇي، سىياسىي كومىسسار ۋاڭ چۈنجاۋ، دائىم يەرلىكتىكى پارتكوم، ھۆكۈمەت بىلەن خىزمەتتە مۇناسىۋەتلەشتى، ئىددىيە ئالماشتۇردى.

(2) ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەت تەشۋىقات تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، 5 - ئايدا دىۋىزىيە پارتكومى قەشقەردە 2000 كىشىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتى سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى چاقىردى. پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش، قوشۇمچە يېتەكلەش دەرسى ئۆتۈش، رادىئو، قارا دوسكا گېزىتى چىقىرىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت تەشۋىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى، دىۋىزىيە ئاممىۋى خىزمەت باشقارمىسى ۋە گۈزەل سەنئەت، رەسساملار جەمئىيىتى بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىپ، كۆپلىگەن ھەر

مىللەت خەلقىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

(3) پارتىيىنىڭ تۈرلۈك مىللىي سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. دىۋىزىيە تەشكىلات باشقارمىسى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن مىللىي كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە تاللاش پىلانى تۈزدى. دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمى يىل ئاخىرىدا 78 كىشىلىك ئاز سانلىق مىللەت ياچېيكا شۇجىسى قاتناشقان ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى ئوقىتىلىق ئۆگەندى.

دىۋىزىيە ئاممىۋى خىزمەت باشقارمىسى پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى دىنغا قارىتىلغان ئاساسىي فاڭجېن ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلدى. پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە ھەر قايسى پولك - مەيدانلار ئومۇمىيۈزلۈك ھەر مىللەت دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. بىر قىسىم تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار دىنىي زاتلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم بەردى. بەزى پولك - مەيدانلاردا يەنە دىنىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى تەسىس قىلىندى.

(4) شور كۆل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلدى ۋە يارلەكتە بولدى، ھەر قايسى پولك - مەيدانلاردا كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئىشخانىلىرى قۇرۇلۇپ، مالىيە، ماددىي ئەشيا جەھەتتە قوللىدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت لىيەندۈيلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش خىزمىتىنى تۇتتى.

(5) يەرلىك بىلەن بىرلىكتە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇش پائالىيىتى ئاكتىپ قانات يادۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى پارتكومىنىڭ يوليورۇقىغا ۋە دىۋىزىيە پارتكومىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، يەرلىك يېزا، ئەترەتلەر بىلەن قوشنا، يېقىن بولغانلىقى پولك - مەيدان، لىيەندۈيلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە قۇرۇش دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، بىرلىكتە قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يادۇردى.

دىۋىزىيە ئورگىنى قەشقەر قورال - ياراغ زاۋۇتى، ... سىياسىي ... ئۆزلەشتۈرۈش... ([illegible])

دىۋىزىيە ئورگىنى قەشقەر قورالىلىق ساقچى ئەترىتى بىلەن ۋە خەلق غەربىي يولىدىكى 44 ئورۇن بىلەن ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش - ساقچى - خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك كوچا قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يادۇردى. 41 - پولك، 42 - پولك بىلەن 20 دىن ئارتۇق يېزا - كەنتلەر بىرلىكتە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇشتىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يادۇردى.

41 - پولك دوختۇرخانىسى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ باغچى يېزىسى دوختۇرخانىسى قېرىنداشلىق دوستلۇق دوختۇرخانا مۇناسىۋىتى ئورناتتى، پولك دوختۇرخانىسى مۇددەتلىك ھالدا يېزا دوختۇرخانىسىغا دوختۇر ئەۋەتىپ، ھەقسىز كېسەل كۆردى، كەمچىل دورىلارنى ياردەم قىلدى. 42 - پولك بىلەن يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى بىر نەچچە يېزا سۇ ئېقىنىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا بولغانلىقتىن، ھەر يىلى قۇرغاقچىلىققا ئۇچراپ كەلگەنىدى. ئىككى تەرەپ ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ، ھالقىلىق پەيتلەردە ئۆز ئارا ياردەملەشتى. پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى 40 دىن ئارتۇق ئورۇن يەرلىكتىكى يېزا، كەنتلەر (ئورۇنلار) بىلەن بىرلىكتە دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 1986 - يىلى يەرلىكنىڭ 44 مىڭ 30 ئادەم - قېتىم كېسىلىنى داۋالىدى، 2 مىليون جىڭدىن

ئارتۇق سۇ پەيتلىك ئۆزۈك ياردەم قىلدى، 14 مىڭ 608 مو يەرنى ھەيدەپ تېرىپ بەردى، 13 مىليون 800 مىڭ كۇب سۇ ياردەم قىلدى، 2856 ماشىنا-سايمان رېمونت قىلىپ بەردى، يەرلىكتىكى ھەر مىللەت خەلقى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى قوللىدى، ھەر قېتىم پولك - مەيدانلاردا دېھقانچىلىق ئالدىراش بولغاندا، تېرىش، باشقۇرۇش، يىغىشقا ياردەم بەردى، تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1986 - يىلى يەرلىكتىكى يېزا - كەنتلەردىكى ئەزالارنىڭ پولك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشقان كۈن سانى 30 مىڭ 320 كۈن بولغان.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە، دىۋىزىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ چۈنجاۋ توققۇز پولك- مەيداندىكى رەھبەرىي يولداشلارنى باشلاپ بېرىپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، ناھىيە، يېزا رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكتە ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش چوڭ پىلانلىرىنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىشىپ، بىرلىكتە قۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى، توققۇز مەيدان بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى يېزا بىرلىكتە قۇرۇش دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، يېزا-كەنتلەرگە ياردەم قىلىش تۈرلىرىنى بېكىتىپ چىقتى.

(ۋۇ جىندۇڭ).

**[پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش خىزمىتى]** 1986 - يىلى دىۋىزىيىگە قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى تۇتتى:

1. پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاش پىلانىنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. دىۋىزىيە پارتكومى ۋە كۆپ ساندىكى ئورۇنلارنىڭ پارتكومى پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاش پىلانىنى تۈزۈشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. يىل ئاخىرىسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە پارتىيە ئىستىلى ئەھۋالىغا قارىتا ئۆزى تەكشۈرۈش ياكى تاللاپ تەكشۈرۈشنى ئېلىپ باردى. دىۋىزىيە پارتكومى ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى چىقىرىپ، يەتتە تۇەن - مەيداننىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تاللاپ تەكشۈرۈشنى ئېلىپ باردى.

2. دىۋىزىيىدىكى پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك پارتىيە-ۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ باردى.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پىلانى، ئورۇنلاشتۇرۇشى، تەكشۈرۈشى بار بولدى. دەرس ئۆتۈش، رادىيو، گېزىت قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن - سىياسەتلىرى ۋە پارتىيە ئىستىلىنى رۇسلاش قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تىپلارغا بىرلەشتۈرۈپ پارتىيە ئەزالىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا، ئاكتىپچانلىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشكە تەشكىللىدى.

3. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ ئىنتىزامى ۋە ئىستىلىنى تەرتىپكە سالدى. كۆپ ساندىكى ئورگانلار ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بېكىتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

4. قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ بولغان بىر تۈركۈم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقتى. 1986 - يىلى دىۋىزىيە بويىچە 69 ئەنزە تۇرغۇزۇلۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «مەدەنىيەت ئىنق-

ئىنقىلابى» دىكى ئەنزە سەككىز پارچە، ئېغىر ھالدىكى بىيۇروكراتلىق جەھەتتىكى ئەنزە بەش پارچە، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز مەنپەئەتىگە چوغ تارتىش ئەنزىسى سەككىز پارچە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىياسىتىگە خىلاپ بولغان ئەنزە بەش پارچە، مالىيە ئىقتىسادىي ئىنتىزامىغا خىلاپ بولغان ئەنزە 16 پارچە، باشقا ئەنزىلەر 19 پارچە بولۇپ، ئاياغلاشقىنى 53 پارچە، 76.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان پارتىيە ئەزاسى 32 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە: باشقارما (تۈەن) دەرىجىلىك كادىر ئىككى نەپەر. بۆلۈم (يىڭ) دەرىجىلىك كادىر تۆت نەپەر. ئادەتتىكى پارتىيىلىك كادىر 20 نەپەر. ئادەتتىكى پارتىيە ئەزاسى ئالتە نەپەر. يەنە بىر تۈركۈم پارتىيىسىز ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەنزىسى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىندى. سېزىلگەن ھەر تۈرلۈك ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

5. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش تەشكىللىرى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا قۇرۇلۇپ تولۇقلاندى. پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى 15 تۈەن مەيدان دەرىجىلىك ئورۇنلار ئىچىدە 13 ئورۇندا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، 510 ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلى ئىنتىزام تەكشۈرگۈچى سايلىدى. دىۋىزىيە بويىچە مەخسۇس ئىنتىزام تەكشۈرگۈچى 31 نەپەر بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمەت تورلىرى شەكىللەندى.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى پارتىيە ئىستىلىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ئاساسىي رەھبەرلىك ئەزالىرى ئاكتىپلىق بىلەن قوش تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزگەچكە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى كۆنايىن تۈزۈملەشتى، مۇنتىزىملاشتى. 50-، 51-، 52-، 53- تۈەن پارتكومى ۋە ئاساسلىق رەھبەرلەر باشتىن-ئاخىر ئۆزى مەسئۇل بولۇپ باشلامچىلىق بىلەن تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزدى. ئىدارە، ئورگانلاردىن تارتىپ ئاساسىي قاتلامغىچە «ئۈچ يىغىن بىر دەرس» قاتارلىق تۈزۈملەردە چىڭ تۇردى.

پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئاكتىپلىق بىلەن نازارەتنى قوبۇل قىلغانلىقتىن پارتكوم ئىچىدىكى دېموكراتىك ھاۋا قويۇق بولدى. 51- تۈەن پارتكوم شۇجىسى ۋە پارتكوم ھەيئەت ئەزاسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا تەنقىد - ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، چوڭ يۈرەكلىك بىلەن خىزمەتتىكى مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەرنى ئاشكارىلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى. 50 - تۈەن پارتكومى، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىشتىن ئىلگىرى، ئورگان پارتكومىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پارتكومغا 73 تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتكوم ھەيئەت ئەزاسى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلدى. دىۋىزىيە پارتكوم شۇجىسى، دىۋىزىيە باشلىقى شيا ۋېيگۇي ياشىنىپ قالغان، تېنى ئاجىز، كېسەلمەن بولسىمۇ پۈتۈن يىل بويىچە 60% ۋاقتىنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈشكە ئىشلىتىپ، ئا-

ما ئارىسىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ ئۆينىڭ ئىستىلى ئاددىي، ساددا كىشىلەرگە يېقىملىق بولۇپ ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشتى.

كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ناتوغرا كەيپىياتلارنى توساش ۋە تۈزىتىشتە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە كادىرلارنىڭ تىجارەت قىلىش شامىلى پۈتۈن دىۋىزىيە دائىرىسى ئىچىدە توسۇۋېلىندى. 43-، 44-تۈمەن قاتارلىق ئورۇنلاردا قىمار، پارە ئېلىش، پارە بېرىش، مېھمان چاقىرىش، سوۋغا قوبۇل قىلىش، توي-تۆكۈن ئىشلىرىدا چوڭ قىلىش قاتارلىق ناتوغرا كەيپىياتلار بولۇپ ئاساسىي جەھەتتىن توسۇۋېلىندى. 43-تۈمەننىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى تەشكىلىي تۈزۈمگە رىئايە قىلىپ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىدىكى سىڭىلىسى ۋە بوغالتىر ئوقۇغۇچىنى تەقسىم قىلغان ۋاقىتتا (بەزىلىرى ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى) قول تىقمىدى. ئىمتىھان بەرگەن نومۇرى بويىچە قوبۇل قىلىنىپ پۈتۈن تۈمەندە ياخشى باھاغا ئېرىشتى. (يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى)

[كادىرلار خىزمىتى] يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتكومى كادىرلارنى ئىشلىتىش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشتە «تۆت لەشتۈرۈش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن سىناپ تەكشۈرۈپ، سىياسىي سۈپىتى ۋە مەدەنىيەت سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، داۋاملىق تەربىيىلەش خىزمىتىنى تۇتتى. 1986-يىلى پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك چوڭلار-ئۆگىنىشكە قاتناشقان كادىرلار 298 نەپەر، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە قاتناشقۇچىلار 15 نەپەر، ھەر تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك تېخنىكا ئۆگىنىش، كەسپىي ئۆگىنىشكە قاتناشقۇچىلار 200 كىشى. 1986-يىل ئاخىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغان كادىرلار پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 49.5 پىرسەنتىنى، ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان كادىرلار 22.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زور تۈركۈمدىكى ياش كادىرلارنى ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەردى. 1986-يىلى ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلار پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 90.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 1985-يىلىدىكى 38.8 ياشتىن 36.7 ياشقا تۆۋەنلىدى.

رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق بىر قىسىم پېشقەدەم كادىرلار بەلگىلىمە بويىچە پېنسىيىگە، خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىقتى. 1986-يىلى پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى 26 تۈمەن دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىدە تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولغانلار 67.3 پىرسەنتكە يېتىپ بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 56.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1986-يىلى ئۆستۈرۈلگەن تۈمەن دەرىجىلىك كادىرلار ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن يۇقىرىلار 62.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1986-يىلى قۇرۇلۇش تۈمەن رەھبەرلىك

بەنزىسى چوڭ تەڭشىلىپ، رەھبەرلىك ئەزالىرى ئىچىدە ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 78 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. كادىرلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 42.5 ياش. پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە ئوتتۇرىچە يېشى ئەڭ تۆۋەن مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان تۇەن دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئايلاندى.

يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى پۈتۈن دىۋىزىيە نوپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. 1986 - يىلى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 17.7 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇەن دەرىجىلىك كادىرلار 31 نەپەر. يىڭ دەرىجىلىك كادىرلار 59 نەپەر. ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 689 نەپەر. 1986 - يىلى ئۆستۈرۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت تۇەن دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى كادىرلار بارلىق ئۆستۈرۈلگەن كادىرلارنىڭ 25 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەسپىي تېخنىكا كادىرلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى. 1986 - يىلى كەسپىي تېخنىكا كادىرلار پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 32.6 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك، قۇرۇلۇش، سەھىيە، مالىيە قاتارلىق كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى ئايرىم ھالدا پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى تېخنىكا كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 17 پىرسەنتنى ، 14.8 پىرسەنتنى، 30.2 پىرسەنتنى ۋە 29 پىرسەنتنى ئىگىلىدى.

(چىڭ رۇڭزۇ).

## [خەلق ئەسكىرى خىزمىتى]

1986 - يىلى، دىۋىزىيە، تۇەن ئىككى دەرىجىلىك خەلق قوراللىق كادىرلىرى «خەلق ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش، تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى دەۋر قىلىپ خەلق ئەسكەرلىرىنى تۇرغۇزۇش» دېگەن يېتەكچى ئىدىيىگە ئەمەل قىلىپ، مەركىزىي خىزمەتنى دەۋر قىلغان ئاساستا پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئەسكىرى خىزمەتلىرىدە يېڭىلىق ياراتتى.

بىر يىلدىن بۇيان، ھەر قايسى تۇەن-مەيدانلاردىكى قوراللىق بۆلۈملەر خەلق ئەسكەرلىرىنى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئەمگەك ئارقىلىق ئالەمنى بېقىش، خەلقنى باي قىلىپ، ئەسكەرلەرنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا ماڭدى. پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى جەمئىي ئائىلە مەيدانىدىن 22 نى ھەرتۈرلۈك ئىقتىسادىي گەۋدە ، مەخسۇس كەسپىي ئائىلىلەردىن 335 نى قۇردى، 6193 نەپەر كىشى تۇەن-مەيدانلارنىڭ باھارپەسلىدىكى كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىشقا قاتنىشىپ، 470 مىڭ 418 تۈپ ئورمان قويدى.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ھەر قايسى تۇەن-مەيداندىكى خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى ياش خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىتتىپاق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ، پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى 80% خەلق ئەسكەر لىيەنى ، 25% خەلق ئەسكىرى پەيلىرىدە «ياش خەلق ئەسكەرلىرى ئۆيى» نى قۇردى.

قىرائەتخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى قۇردى. بەزى «ياش خەلق ئەسكەرلىرى ئۆيى» لىرى يەنە سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ سېتىۋالدى، كەڭ خەلق ئەسكەرلىرى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولغان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەردىن بولۇشنى تالىشىپ، 280 نەپەر كىشى نامراتلارنى يۆلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، يار-يۆلەك بولغان 30 كەمبەغەل ئائىلىنىڭ 23 ى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. لى فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىن 30 ى قۇرۇلۇپ ھەربىي قۇربانلار ئائىلىسى ۋە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن 4208 ياخشى ئىش قىلىپ بەردى.

ھەر دەرىجىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق ئەسكەرلىرى خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش پائالىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. 1986-يىلى دۆلىتىمىزدىكى خەلق ئەسكەرلىرى خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا 472 ئادەم-قېتىم قاتناشتى. خەتەردىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان ماددىي ئەشيا 10 مىلىيون يۈەنگە يېتىدۇ. خەلق ئەسكەرلىرى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىنىڭ قاچقان جىنايەتچىلەرنى قوغلاپ تۇتقان ئادەم 5767 قېتىم بولۇپ، 102 نەپەر قاچقان جىنايەتچىنى تۇتۇپ بەردى. 86 نەپەر خەلق ئەسكىرى مۇناسىۋەتلىك تۈمەن-مەيدان پارتكومىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ھەربىي ئىشلار تەلىم-تەربىيىسىدە ئەستايىدىللىق بىلەن ھەربىيلەر مەشىقىگە قاتنىشىپ، خىزمەتكە قاتنىشالمىغان چاغدىكىنى تولۇقلاپ بېرىدىغان يارىدەم پۇل ۋە باشقا ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھەل قىلدى. مەشىق ئېلىپ بېرىش پروگراممىسىدىكى تۈزۈلگەن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرگە ئاساسەن، بار بولغان قوراللاردىن پايدىلىنىپ، ھەربىي مەشىق ۋەزىپىسىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇنلاپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 94.5 پىرسەنتكە يەتتى. پۈتۈن دۆلەت بويىچە مەشىقتە ئالاھىدە بولغان مۇنەۋۋەر خەلق ئەسكەرلىرىدىن 56 كىشى، ئىلغار بەن، پەيدىن 18 ى، مۇنەۋۋەر جاۋلىيەندىن 52 كىشى باھالاندى.

(سۇ لۇشىڭزۇڭ).

**[ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئىدىيە ۋە سىياسىي خىزمەت تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى]** پۈتۈن دۆلەتتىكى سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى، نەزەرىيە خىزمەت خادىملىرىنى مەركىزىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەشكىللەش، يېڭى دەۋردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە، سىياسىي خىزمەت ئالاھىدىلىكىنى ۋە قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئىزدىنىش، ئىدىيە، سىياسىي خىزمەتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن، 1986-يىلى 7-ئايدا، يېزا ئىگىلىك 3-دۆلەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە، سىياسىي خىزمەت تەتقىقات جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

تەتقىقات جەمئىيىتى يېزا ئىگىلىك مەيدانىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش، مەيدانلار بىلەن يېزىلار بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتى قاتارلىق 20 تەتقىقات تېمىلىرىنى بېكىتتى. دۆلەت دەرىجىلىك تەتقىقات جەمئىيىتىدە جەمئىي 37 لېشى بار. تۆۋەن دەرىجىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى تۆت بولۇپ، 27 لېشى بار. جەمئىي يېزىلغان ئىلمىي ماقالە 35 پارچە بولۇپ، تەكشۈرۈش دوكلاتى 60 پارچە، بۇنىڭ ئىچىدە 27 پارچىسى دۆ-

زىيە سىياسىي بۆلۈمى تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئىككى پارچىسى بىنگتۈەن سىياسىي بۆلۈمىدىن مۇكاپاتلاندى.

يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىچىدە، سىياسىي خىزمەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي ئەزالىرى تۆۋەندىكىچە:

تەتقىقات جەمئىيىتى باشلىقى: چيەنۋېنلى.

مۇئاۋىن باشلىقى: ئوسمان روزى.

باش كاتىپ: ۋاڭ لياڭ.

مۇئاۋىن باش كاتىپ: ياۋۋېنتەن، جاڭ شاۋيۈڭ.

دائىمىي لېشىمىسى 12 نەپەر.

(چېڭ رۇڭزۇ).

**[مىللىي مائارىپ]** يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىدە ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. 1984-يىلىنىڭ بېشىدا دىۋىزىيە پارتكومى «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللەتلەر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا قارار»نى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پارتكومنىڭ كۈندىلىك ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

پۈتۈن دىۋىزىيە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلىرى جەمئىي 74 ئورۇندا بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ ئورۇندا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 10 ئورۇندا، باشلانغۇچ مەكتەپ 61 ئورۇندا بار، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 13مىڭ 949 نەپەر، پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 47.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 934 نەپەر.

دەرسلىك ئۆتۈش ئۇسۇلىدا ئۆتكەلدىن ئۆتكەن ئوقۇتقۇچىلار 564 نەپەر. ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىلار سانىنىڭ 68.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 92.7 پىرسەنتكە، مۇستەھكەملىنىشى 98 پىرسەنتكە، لاياقەتلىك بولغانلىرى 86.3 پىرسەنتكە يېتىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا تەلىم-تەربىيە ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاندى. پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە 1982-يىلدىن تا بۈگۈنگە قەدەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 102 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى قەشقەر سىفەن شۆيۈەن، قەشقەر مائارىپ شۆيۈەن، قەشقەر سىفەن مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ بىلىم ئاشۇردى. پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش تارىخىي ئۆلچىمىگە يەتكەنلەر 35 پىرسەنتكە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئىككى قارار نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى، نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەنگەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 80 دىن ئاشىدۇ.

دىۋىزىيە، تۈەن ئىككى دەرىجىلىك پارتكوم ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئېتىبار بېرىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تۇتقانلىقتىن 1985-يىلدىن باشلاپ پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە ھەر يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتى. 1986-يىلى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىدىكى مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 23 نەپەر. شۇ يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 26 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھەر يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەنلەر ئىم-

ئىشىغان بەرگەنلەرنىڭ 12 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى.

(سەيچىڭخۇاڭ).

## [«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۆۋرۈكى» پۈتتۈپ قاتناش باشلاندى]

ماراللبېشى ناھىيە چارباغ يېزىسىدىكى تۆلەمەت دەريا كۆۋرۈكى 1986-يىلى 9-ئاينىڭ 30-كۈنى پۈتتۈپ ماشىنا قاتنىدى. بۇ كۆۋرۈككە قەشقەر ۋىلايىتى تەرىپىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۆۋرۈكى» دېگەن نام بېرىلدى.

ماشىنا قاتناش مۇراسىمىدا: قەشقەر ۋىلاكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋېنچى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ جېنفېنىڭ كۆۋرۈكنىڭ ماشىنا قاتنىشى ئۈچۈن لېنتا كەستى ھەمدە سۆز قىلدى. ماراللبېشى ناھىيىسى، يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە قۇرۇلۇش پولكى، چارباغ يېزا ۋە ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بۇ قېتىمقى مۇراسىمغا قاتناشتى. يەرلىكتىكى مىڭلىغان ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلار ياڭراق پوجاڭزا ساداسى ئىچىدە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۆۋرۈكى» پۈتتۈپ ماشىنا قاتنىغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

تۆلەمەت دەرياسى چارباغ يېزىسىنى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈۋەتكەنىدى. بۇرۇن دەريادا ئەسلىدە بار بولغان كىچىك ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇشى ئاددىي، كونىراپ كەتكەنلىكتىن كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى، يەرلىك ئاھالە پەقەت سۇ كېچىپ دەريادىن ئۆتەتتى ياكى دەريا بويلاپ سۇدىن ئۆتكەچكە قاتناش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. 1985-يىلىنىڭ بېشىدا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى چېن شىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسى 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ تۆلەمەت دەرياسىدىكى چارباغ كۆۋرۈكىنى ياسىدى. بۇ كۆۋرۈكنى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىنىڭ لايىھىلەش ئەترىتى لايىھىلىدى، قۇرۇلۇش پولكى مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. 1985-يىلى 4-ئايدا ئىش باشلاپ، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 17 مېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى ئالتە مېتىر، كۆۋرۈك گەۋدىسىگە توققۇز تۈۋرۈك قويۇلغان، ماشىنا ئارقىلىق ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چىداملىقى 15 توننا، قوش رەتلىك تۈۋرۈك ئاساسىنىڭ تۈزۈلۈشى I شەكىللىك ۋە ئەگمە تاختاي بىرىكمىسى چىداملىق ۋە كۆركەم ياسالدى. بۇ كۆۋرۈك جەمئىي 345 توننا سېمونت، 74 توننا پولات ماتېرىيالى ئىشلىتىلىپ ياسالغان بىر چوڭ تىپتىكى پولات چىۋىقلىق بېتون كۆۋرۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ياسىلىشى ئىككى قىرغاقتىكى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا زور دەرىجىدە قولايلىق يارىتىپ، ئىككى قىرغاقتىكى مەيداننىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش، يېزا كەنتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مەيدان يېزىلارنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

(لىن لۈيشېڭ).

## [تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئوقۇش]

1984-يىلدىن 1986-يىلغىچە يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسىدىكى ئوتتۇرا، باش-

لانغۇچ مەكتەپلەر تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساتچانلىق بىلەن ئوقۇپ كەلتۈرگەن كىرىمى 430 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1984- يىلى دىۋىزىيە سىياسىي بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى پارتكومى چۈشۈرگەن «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساتچانلىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن، ھەر قايسى ئورۇنلاردىن ئوقۇتۇش، ئادەم تەربىيىلەش، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4-يىللىقىدىن يۇقىرى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر يىللىق تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئوقۇشقا قاتنىشىش ۋاقتى 30 كۈندىن كەم بولماسلىق (ئەمگەك تېخنىكىسى دەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ھەر بىر كىشى ھەر بىر ئوقۇش يىلىدا 101 يۈەن كىرىم قىلىشنى بەلگىلىدى. 45-، 48-، 49-، 50 - پولكلار 1985- يىلىدىن 1986- يىلىغىچە 10 يۈەندىن يۇقىرى ئۆلچەمنى ئورۇنلىدى. 49-پولك ئىككى يىل ئارقىمۇ-ئارقا بەلگىلىمىدىكى ئۆلچەمنى 27% ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 37.45 يۈەندىن كىرىم كەلتۈردى. مەزكۇر پولك 1984 - يىلىدىن 1985- يىلىغىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئوقۇش كىرىمىنى ئىشلىتىپ، 8-، 11-، 3 - لىيەنلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ 1200 كۋادرات مېتىر ياتىقىنى رېمونت قىلدى. يەنە 200 دىن ئارتۇق دەرسخانا شىرەسى، ئورۇندۇق سېتىۋالدى. 48- پولك مەكتىپى 1985- يىل 2800 مېتىر قورۇق تام سېلىپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈردى. 45-پولك مەكتىپى 11 دانە ئېلېكترونلۇق چالغۇ سېتىۋېلىپ، مەكتەپنىڭ 2 - دەرسخانىسى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ياراتتى.

نۆۋەتتە پۈتۈن دىۋىزىيە بويىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىساتچىللىق بىلەن ئوقۇشقا قاتنىشىۋاتقان ئادەم سانى ئومۇمىي قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئادەم سانىنىڭ 92 پىرسەنتىگە يەتتى.

(سەي چىڭخۇڭ).

## [دوستلۇق دوختۇرخانىسى]

بۇ دوختۇرخانا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى بىلەن قەشقەر شەھىرى بىرلىشىپ باشقۇرغان دوختۇرخانا بولۇپ، 1986 - يىلى 1 - ئايدا رەسمىي تىجارەت باشلىغاندىن بۇيان نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. يىللىق قوبۇل قىلغان كېسەل 2000 ئادەم قېتىمغا، كېسەل كۆرۈشنى 50 مىڭ ئادەم قېتىمغا، قۇتقازغان ئېغىر يارىدار 22 گە، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمى 440 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ ئەسلىدە ئاساسىي يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى ۋە قەشقەر شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئىدى. يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە دوختۇرخانىسى ئەسلىدە مارالبېشى ناھىيە ئاقساقمارال رايونىدا بولۇپ، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە شىتابى 1982 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، دىۋىزىيە دوختۇرخانىسى تېگىشلىك ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرالمىدى، كېسەلكارۋاتلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىش نىسبىتى 80 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولدى. 1984- يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىش

قۇرۇلۇش ئارمىيىسى دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە يۆتكىلىشىنى تەستىقلىدى، ھەمدە دوختۇرخانا قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىدى. لېكىن يەر مەسىلىسى ھەل بولماي قۇرۇلۇش سېلىنالمىدى. قەشقەر شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا 1979 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن يەر بۆلۈپ بەرگەن بولسىمۇ پۇل قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن قۇرۇلۇشقا ئىش باشلىيالمىدى، دوختۇرخانىنىڭ تېخنىكا كۈچىنى كۈچەيتىش، ئۈسكۈنىلەرنى تېخىمۇ يېڭىلاش، تولۇقلاش زۆرۈر بولۇپ قالدى. مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى بىلەن قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېچىش، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش، ئېچىۋېتىلگەن شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ پايدىلىق ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ بىرلەشمە دوختۇرخانا قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1985 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى بىرلەشمە دوختۇرخانا قۇرۇشنى تەستىقلىدى ھەمدە دوختۇرخانا قۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى، «دوختۇرخانىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇشتا چوقۇم قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلە تاۋابىئاتلار ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پايدىلىق خىزمەت قىلىش لازىم».

1985 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىككى دوختۇرخانىنىڭ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش كېلىشىمى (لايىھە)گە ئىمزا قويۇلدى. «ئىككى دوختۇرخانىنىڭ بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشنى باشقۇرۇش كومىتېتى» قۇرۇلدى. 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى دوختۇرخانا بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش نىزامنامىسى ۋە كېلىشىمنامىسى رەسمىي ئىمزالاندى، ھەمدە ۋىلايەتلىك جامائەت كۈۋاھلىق باشقارمىسىنىڭ كۈۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ كۈچكە ئىگە قىلىندى.

ئىككى دوختۇرخانا بىرلەشكەندىن كېيىن جەمئىي ئىشچى - خىزمەتچى 373 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنۋانى بار داۋالاش خادىملىرى 253 نەپەر دوختۇر، ۋىراچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 63 نەپەر، دوختۇر دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 190 نەپەر، تىببىي خادىملار ئىچىدە جۇڭگوچە داۋالاش مەسئۇل دوختۇرلىرى، جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرلىرى قاتارلىقلار 21 نەپەر، «غەرب»چە داۋالاش، جۇڭيى دوختۇرلىرى بەش نەپەر بولۇپ، جۇڭيىچە داۋالاش كۈچى كۈچەيدى.

دوستلۇق دوختۇرخانىسى: B ئۇلتىرا ئاۋازلىق تەكشۈرۈش، بۆرەك جامى ئارىلاشما قان تومۇرلىرىنىڭ تەتۈر مېڭىشىنى رەسىمگە ئېلىش تېخنىكىسى، مىكرو ئۈستۈرۈش قاتارلىق 22 تۈرلۈك يېڭى كەسىپنى قانات يايدۇردى. سۈيدۈك خالتىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىش، سۈيدۈك خالتىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسى، يېڭى ئۇسۇلدىكى مەزى بېزىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، سۇنئىي ئۇسۇلدا سۆڭەكنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قاتارلىق بىر قاتار قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان 27 تۈرلۈك ئوپېراتسىيىسىنى نەتىجىلىك ئاياغلاشتۇردى.

دوستلۇق دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرلۇق ئەخلاق ئىستىلى ۋە داۋالاش تېخنىكىسى ھەر

مىللەت كېسەللىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. 1986 - يىلى 9 - ئايدا ئۇيغۇر ياش ئەخمەت ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ بۆرەك تەخسىسى زەخمىلەنگەنلىكتىن سۇيدۇك يولى ئۈزۈلۈپ پارچىلىنىپ جاراھەتلىنىش، قان كۆپ ئېقىپ كېتىش سەۋەبىدىن شوك بولۇپ قالغاچقا يارىدار بولۇپ، بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى. دوختۇرخانا تېزدىن كۈچ تەشكىللەپ ئۇنى جىددىي قۇتقازدى. جۇڭخۇا تىببىي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى سۇيدۇك يولى سىستېمىسى مۇتەخەسسىسى، تاشقى بۆلۈمنىڭ مۇدىرى سەي زۇڭباۋ سابىق يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە دوختۇرخانىسى تاشقى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئوپېراتسىيىدە ئۆزى پىچاق تۇتۇپ، ئەخمەتنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇۋالدى. دوختۇرخانا يەنە دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش كەسپىدىكى ئاق قالغان ئورۇننى تولدۇرۇش ئۈچۈن، تاشقى بۆلۈمگە بىر دانە 1 - 135 تىپلىق سۇيدۇك خالتىسى تېشىنى پارچىلاش ئەسۋابى كىرگۈزدى، تۇنجى قېتىم بىر نەپەر ئوتتۇرا ياشلىق سۇيدۇك خالتىسىغا تاش چۈشكەن كېسەلگە سىناق قىلىپ ئىشلىتىپ نەتىجە قازاندى. بەش ئەزا بۆلۈم ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىم كاۋچۇك مېيى ئارقىلىق ھۆسنىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنى ئىشلەپ، ھازىر بەش نەپەر بۇرۇن ئورنىتىلمىغان كېسەلنىڭ ھۆسنىنى تۈزەش ئوپېراتسىيىسىنى قىلىپ، نەتىجە قازىنىپ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا قەشقەر شەھىرى 1986 - يىلى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن» دېگەن نامنى بەردى.

(چېن پىڭ).

**[قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى]** يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلاردا قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تورلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈپ دەرس ئۆتۈش، ئوچاستىكىلارغا ئايرىپ فۇداۋ قىلىش، قەرەللىك ھالدا ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش، بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، قانۇن ئاساسىي بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇردى.

بىر يىلدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، تەربىيىلەش كۇرسىنى 34 قېتىم ئېچىپ، 919 نەپەر تايانچى تەربىيىلەندى، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش لېكتورلار گۇرۇپپىسى (ئۆمىكى) دىن 56 نى تەشكىللەپ، 692 نەپەر ئادەمگە دەرس ئۆتتى. 8739 نۇسخا قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىيالى بېسىپ تارقاتتى، ھەر خىل تىپتىكى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش كىتابىدىن 38 مىڭ 521 پارچە سېتىۋالدى. پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى ھەر بىر كادىردا، ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئائىلىسىدە قانۇن كىتابلىرى بولۇش تەلەپ قىلىندى.

پۈتۈن دىۋىزىيىنىڭ «قانۇن» ۋە «بىر نىزام»نى ئۆگىنىش ئەھۋالى مۇنداق: 12 نەپەر دىۋىزىيە دەرىجىلىك كادىرلاردىن ئالتە نەپىرى ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىپ بولدى، ئالتە نەپىرى داۋاملىق ئۆگىنىۋاتىدۇ. 177 نەپەر پولك دەرىجىلىك كادىر ئىچىدە ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىپ بولغانلار 118 نەپەر، بۇ 66.7 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. داۋاملىق ئۆگىنىۋاتقانلار 52 نەپەر، بۇ 29.4 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. يىڭ دەرىجىلىك 450 نە-

بەر كادىر ئىچىدە ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىپ بولغانلار 237 نەپەر بولۇپ، 52.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. داۋاملىق ئۆگىنىۋاتقانلار 196 نەپەر بولۇپ 43.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. پۈتۈن دىۋىزىيەدىكى 1197 نەپەر ئورگان كادىرلىرى ئىچىدە ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىپ بولغانلار 711 نەپەر بولۇپ، 59.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. داۋاملىق ئۆگىنىۋاتقانلار 463 نەپەر بولۇپ، 38.7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 3367 نەپەر ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن 963 نەپىرى ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىپ بولدى، بۇ 28.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. داۋاملىق ئۆگىنىۋاتقانلار 1930 نەپەر بولۇپ 57.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 55 مىڭ 225 نەپەر ئىشچى ئىچىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىپ بولغانلار 547 نەپەر، بۇ 0.99 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، داۋاملىق ئۆگىنىۋاتقانلار 35 مىڭ 764 نەپەر بولۇپ، 64.76 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ قانۇن كۆز قارىشى كۈچەيدى. 41 پولك قۇرۇلۇش شىركىتى، 3-قاتناش شىركىتى، قۇرۇلۇش پولكى قاتارلىق سەككىز ئورۇن ئۇزاق مۇددەتلىك قانۇن مەسلىھەتچىلىرىنى تەكلىپ قىلدى، 11 ئورۇندا قانۇنىي خىزمەت قىلىش ئورگىنى قۇرۇلۇپ، قانۇنىي مەسلىھەت بېرىش ئورگىنى، خەلق مۇرەسسە ۋە دۆلەتكۈۋاھلىقى قاتارلىق كەسپىي پائالىيەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى، جەمئىيەت ئامانلىقى ياخشىلاندى، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرى تۆۋەنلىدى. پەيزاۋات باش مەيداندا 1985 - يىلى ئالتە قېتىم ئەنزە يۈز بەرگەنىدى، 1986 - يىلى ئەنزە يۈز بەرمىدى. 52 - پولكنىڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىسى ئۆتكەن يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 49% تۆۋەنلىدى. 53 - پولك قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، «قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، ئائىلىدە ياخشى بولۇش، ئالتىنى قىلماسلىق» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1711 ئائىلىلىك ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى ئىچىدە «قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلغان» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغان ئائىلە 1201 بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىنىڭ 72.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش، تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ راۋاجلاندۇردى.

(چېن رىنزۇ).

**[جىنايەتچىلەرنى تەربىيىلەش]** يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيەدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سېستىمىلىرى «ئۆزگەرتىش بىرىنچى» دېگەن فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، جىنايەتچىلەرگە قارىتا سىياسىي دەرس ئۆتۈشنى ئاساس قىلىپ، مەدەنىيەت، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا دەرسى ئۆتۈشتىن ئىبارەت «ئۈچ دەرس» تەربىيىسى ئېلىپ بارغانلىقتىن جىنايەتچىلەر ئارىسىدا بىر تۈركۈم قانۇنغا بويسۇنۇپ، جىنايىتىنى تونۇيدىغان، كونىلىقىنى تاشلاپ، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان ئۆزگەرگەن ئاكتىپلار مەيدانغا كەلدى. 1986 - يىلى پۈتۈن دىۋىزىيەدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سېستىمىلىرى جەمئىي 16 قارار «يېڭىدىن تەربىيىلەش مەكتىپى» ئاچتى، 1027 نەپەر جىنايەتچىنى ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىشقا قاتناشتۇردى، يەنە ئۈچ تولۇقسىز سىنىپ ئاچتى.

بۇ دىۋىزىيەدىكى ھەر قايسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماق ئەترەتلىرى، بىرىنچىدىن، سىنىپ بولماسلىق، ئىككىنچىدىن، دەرس-

لىك ماتېرىيال بولماسلىق ئەھۋالى ئاستىدىمۇ ئۆز ئورنىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ھەر تۈرلۈك تەربىيىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 50 - پولكنىڭ تۆت ئوتتۇرا ئەترىتى پىششىق خىش بىلەن بىر مۇنتىزىم سىنىپ سالدى، بۇ سىنىپتا 500 نەپەر جىنايەتچى ئوقىدى. 1986 - يىلى ھەر قايسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماق ئەترەتلىرى يەنە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، مىللىي سىياسەت تەربىيىسى ھەمدە كىشىلىك تۇرمۇش ئۇقتىمنەزەرى، ئەخلاق-پەزىلەت قاتارلىق تەرەپلەردە تەربىيە ئېلىپ باردى. جەمئىي 1186 قېتىم دەرس ئۆتتى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر 486 سائەت دەرس ئاڭلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جەمئىيەت زاتلىرى، قاماق مۇددىتى توشقان خادىملار ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرىنى دەرس ئۆتۈشكە، جىنايەتچىلەرگە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ يېشىپ چۈشەندۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى؛ ياردەملىشىپ تەربىيىلەش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى چاقىردى، گېزىت ئوقۇش، تام گېزىتى ۋە مەدەنىي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

ھەر خىل تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ كادىر ساقچىلار ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىپ جىنايەتچىلەرنىڭ قەلبىنى تەسىرلەندۈردى. ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ئامما ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى قاتارلىق تەرەپلەردە بىر تۈركۈم ئاكتىپلار مەيدانغا كەلدى. 1986- يىلى 20% جىنايەتچىنىڭ قاماق مۇددىتى قىسقارتىلدى. جىنايىتىنى تونۇپ قانۇنغا بويسۇنغان، خاتىرجەم ئۆزگىرىۋاتقانلار سانى كۆپىيىپ، تۇرمىدىن قاچىدىغان ھەمدە باشقۇرۇش، ئۆزگەرتىشكە بويسۇنمايدىغان ھەرىكەتلەر ئازايدى. ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1986 - يىلى پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىلىرى 31 مىڭ 422 مو يېڭى يەر ئاچتى. بۇ ئالدىنقى ئىككى يىلنىڭ يىغىندىسىغا يېقىنلىشىدۇ. 3 مىليون 886 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقاردى، بۇ ھەر بىر جىنايەتچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 430 جىڭدىن توغرا كېلىدۇ. 25 مىڭ 900 مۇ يەرگە ئورمان سالدى. بۇ ئىلگىرىكى ئىككى يىلدا سالغان ئومۇمىي ئورمان سانىنىڭ 13 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا 1521.90 يۈەندىن توغرا كېلىدۇ. 51 - پولكنىڭ ئومۇملاشقان زاۋۇتىدىكى 21 نەپەر جىنايەتچىنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 9300 يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پايدا 5000 يۈەن بولدى.

(چېن رېنزۇ).

## 41- پولكتىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى «ئىككىدە ئۆزىنى بېقىش» نى يولغا قويدى

41- پولك يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە يېقىن قوشنا بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىسى 4580 نەپەر. ئىشچى-خىزمەتچى 2313 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى-خىزمەتچى 2971 نەپەر. ھۆددىگە بېرىلگەن يەر 24 مىڭ 463 مو. دېھقانچىلىق ئىشچىلىرى ھۆددىگە ئالغان سالا ئېتىز يەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 34.03 مو. 1986- يىلى پۈتۈن پولكتىكى 418 دېھقانچىلىقنى ھۆددىگە ئالغان ئائىلە ئەسلىدىكى پولك مەيداندىن قەرز ئېلىشقا تايىنىپ تۇرمۇش كۆچۈرۈشتىن، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى ئىشلەپچىقىرىشقا، تۇرمۇش خىراجىتىنى ئۆ-

زېمىنى بېقىشقا ئۆزگەرتىپ، ئۈزىمگە - ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرىدىغان پايدا زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، ھەرىكەتچان تىپتىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇردى. 1986 - يىلى ھەربىر ئەمگەك كۈچى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 927.19 يۈەن پايدا خىراجەت پۇلى تاپشۇردى.

بۇرۇن 41- پولكنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى تاۋار نىسبىتى ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى تۆۋەن، تەننەرقى يۇقىرى بولغانلىقتىن 30 نەچچە يىلدا تارتقان زىيىنى 29 مىليون640 مىڭ يۈەن، يۆتكەپ كېلىپ ئىستېمال قىلغان ئاشلىقى 4 مىليون 500 مىڭ جىڭ ئىدى. 1984- يىلى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن كارخانىلىرى زىيان تارتىشنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن 435 نەپەر دېھقانچىلىق ئىشچىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىغلىق پۇل 565مىڭ يۈەن بولدى. بەزى كىشىلەر باي بولۇشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، پولك مەيدانىدىن ئايرىلىپ كەتتى. بۇ پولك تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدىنىپ، كونا ئۇسۇلدىكى مەيدان باشقۇرۇش شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئائىلىلەر بويىچە باشقۇرۇش، ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇشنى مەركەز قىلىپ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھەرىكەتچان تىپتىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇشقا يۈزلەندى. 1985-، 1986-يىلىدا قوش قاتلام باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشتى. پولك مەيدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇشدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

1985 - يىلى 41- پولكنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 981 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984- يىلدىكىدىن 38.7% ئاشتى. 1986 - يىلى 7 مىليون 598 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ 1980 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا بىر قاتلاندى. تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە ياراتتى. 1985 - يىلى ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 296.7 جىڭغا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن 24.7% يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1986- يىلى 450 جىڭغا كۆتۈرۈلدى، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1985- يىلى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە ياراتتى. 1986-يىلى 1985-يىلدىكىدىن 15.2% ئاشتى. 110 جىڭغا يەتتى. 1985- يىلى ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە توغرا كەلگەن كىرىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1704 يۈەنگە يېتىپ، 1984- يىلغا سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. 1986- يىلى ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە توغرا كەلگەن كىرىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2399.26 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1063.88 يۈەنگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بانكىدا قويغان پۇلى 3 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1482.92 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇقىم مۈلكىگە سالغان مەبلىغى 600 مىڭ يۈەنگە، 1986- يىلى 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى. زاپاس ئىشلىتىدىغان ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى 130، پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى 20 بولۇپ، يىللىق ساپ ئىشلەپچىقىرىش قىممەت يارىتىش 150 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولدى.

ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. 1984- يىل ئاخىرىدا، ئۆزلۈكىدىن پولكتىن ئايرىلغان 53 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ 34 نەپىرى پولكقا قايتىپ كەلدى.

بۇ پولك مەيدانىنىڭ تەجرىبىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يەرلەر ئۇزاق مۇددەت ئائىلىلەرگە مۇقىملاشتۇرۇلدى، پىلان يېتەكچىلىكىدە، مۇستەقىل ھالدىكى ئۆزىگە-ئۆزى خوجا بولۇپ، نورما بەلگىلەپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ، پايدا زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئائىلىلەر ئۆزى باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

2. قىممەت قانۇنىدىن پايدىلىنىپ، ماكرولۇق تىزگىنلەش ئېلىپ باردى. مەسىلەن: پاختا سېتىۋېلىش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، سۈپەتنى ئەلالەرنى ئەلا باھادا سېتىۋېلىشتا چىڭ تۇردى، دەرىجىنى، باھانى قالايمىقان تۆۋەنلەتمىدى. ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش، قوغدىلىدىغان باھادا سېتىۋېلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى.

3. ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنى ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش خىراجىتىنى ئۆزى ھەل قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 1984- يىلى پولك مەيدانلاردا ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىغا 1 مىليون 143 مىڭ 500 يۈەن پۇلنى ھەقسىز قەرز بەردى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت بىلەن ماسلاشتۇرۇلغان ئىگىلىك ھوقۇقى بېرىلمەي، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن، شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشتىن ھوسۇل كەملىدى، قەرز چىقتى. پولك مەيدانىنىڭ مەبلىغى تۆۋەنلەپ، پەقەتلا ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ساقلاپ قالالىدى. 1985 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ باشقۇرۇش ئىگىلىك ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەكتە بولدى، بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى قەرز بېرىشنى يولغا قويدى. 1986- يىلى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ چىقىمىنى بېرىشنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلاندى ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن پايدا، خىراجەت تاپشۇردى. ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئەسلىدىكى نورمىلىق سالماقچى بولغان مەبلىغىنى 300 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى.

4. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، 2-3 كەسىپنى ئاچتى. 1984 - يىلدىن 1986- يىلغىچە ئاشلىق كۆلىمىنى 11 مىڭ 240 مو كېمەيتىپ، مەھسۇلاتىنى 4 مىليون 64 مىڭ 800 جىڭدىن 4 مىليون 505 مىڭ 400 جىڭغا ئاشۇردى. كېۋەز تېرىش كۆلىمىنى 7440 مودىن 5900 موغا تەڭشىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان مېۋە-چېۋىنى يېڭىسا قىلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق سانائەت تۈرلىرىنى ئاچتى. 1986 - يىلى سانائەت، سودا، قوشۇمچە سېتىپ چىقىرىش پايدىسى 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش پايدىسىنىڭ 61 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

5. ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتتى. 1985 - يىلى پۈتۈن پولكتىكى 16 يېزا ئىگىلىك ئورنىنى 10 ئورۇنغا بىرلەشتۈرۈپ، 126 نەپەر غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خادىمىنى قىسقارتتى؛ ئىشلەپچىقىرىش پايدىسى ئىچىدىكى ماشىنا خادىملىرى ياردەم پۇلى 60 مىڭ يۈەن ئىدى. پەقەت يۇقىرىقى ئىككى تۈر ئىچىدىلا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن دېھقانچى-

لىق ئىشچىلىرىنىڭ 239 يۈەن يۈكى قىسقاردى.

(ليۇجۇلىن، خۇاڭ ۋېنگۈي).

**[هويلا-ئارام ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش]** يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيىسى ئائىلە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى قىلدى. 1984-يىلدىن بۇيان، پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى 54 مىڭ 804 مو تېرىلغۇ يەرنى 20 مىڭ 568 دېھقانچىلىق ئائىلىسىگە ئولتۇراق ئۆي ئورنىدا ئۆزىنىڭ ئىشلىتىشىگە، ئائىلە ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بۆلۈپ بەردى. بۇ بىر قىسىم يەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئائىلىگە يېقىن، تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى كۆچۈرۈم قىلىنغان ھەمدە پىلانلىق تۈردە سۇ، ئوغۇت، ئوزۇق بىلەن تەمىنلەيدىغان ياخشى يەرلەردىن ئىبارەت. 1984-يىلى پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى ئائىلە ئىقتىسادىي كىرىم 7 مىليون 545 مىڭ يۈەن، 1985-يىلى 9 مىليون 501 مىڭ 600 يۈەن، 1986-يىلى 11 مىليون 203 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 29.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۈچ يىلدىن بۇيان ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تېز، يوشۇرۇن كۈچى زور بولدى.

ئائىلە ئىگىلىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ ئىقتىسادى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلە كىرىمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىندى.

پۈتۈن دىۋىزىيە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى پارتكومىنىڭ باي بولۇش توغرىسىدىكى تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، هويلا-ئارام ئىگىلىكى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش جەھەتتە خىزمەت قىلىپ هويلا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى يىلمۇ-يىل يۇقىرى كۆتۈردى.

50-پولك 13-لىيەندىكى ئۆمەر ئۇرايىمنىڭ ئائىلىسىدە 12 نوپۇس، تۆت ئەمگەك كۈچى بولۇپ، ئۇ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسىپنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئائىلە ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى، 1985-يىلى يەر تېرىپ 1560 يۈەن، چارۋا بېقىپ 8650 يۈەن كىرىم قىلدى. يىل ئاخىرىدا قوتاندا ساقلانغان چارۋىسى: قوي 400 تۇياق، ئات بەش تۇياق، كالا تۆت تۇياق، ئېشەك ئىككى تۇياق بولدى. ئۇۋچىلىق كىرىمى 400 يۈەن، ياغ تارتىش كىرىمى 700 يۈەن بولۇپ، شۇ يىللىق ئائىلە كىرىمى جەمئىي 11 مىڭ 310 يۈەن، ھۆددە كىرىمى 6232.80 يۈەن، جەمئىي 17 مىڭ 542.80 يۈەنگە يەتتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 1461.90 يۈەن بولۇپ، هويلا ئىگىلىكى كىرىمى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 64.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

هويلا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

51-پولك شىتابى تۇرۇشلۇق ئورۇن ئەسلىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش سودا بازىرى ئىدى. لېكىن سولچىللىق ئىدىيىنىڭ ئاسارىتى تۈپەيلىدىن بىر نەچچە يىل تاقىلىپ قالغانىدى. هويلا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېقىنقى ئۈچ يىل ئىچىدە شور كۆل بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى ئەڭ زور يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىغا ئايلاندى. ھەر قايسى پولك-مەيدانلارنىڭ ھەممىسىدە پولك شىتابى تۇرۇشلۇق جاينى مەركەز قىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرى شەكىللەندى.

بۇنىڭدىن هويلا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ

بازارلارنى گۈللەندۈرىدىغانلىقىنى، بازار-
لار ھويلا ئىگىلىكىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇ-
رىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.
ھويلا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىشلەپ-
چىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئىلگىرى
سۈردى.

ھويلا ئىگىلىكى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئائىلە مەبلىغى، تېخنىكا، ئەمگەك كۈچىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش تۈرىگە ئىگە قىلىپ، كۆپ تەركىب، كۆپ قاتلاملىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلدى. ھويلا ئىگىلىكى جەريانىدا تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغىنى: چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى بولدى. 1985 - يىلى 41- پولكنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا: پۈتۈن پولكنىڭ ھويلا ئىگىلىكى كىرىمى 333 مىڭ 400 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق كىرىمى 229 مىڭ 846 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي ھويلا ئىگىلىكى كىرىمىنىڭ 69 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 49- پولك 1985- يىلى 3385 مو ئورمان سېلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىنام يەرنى دېھقانچىلىق ئائىلىلىرىگە بۆلۈپ بەردى. بۇ، كىشى بېشىغا ئۈچ مودىن توغرا كېلىدۇ، بۇ يەرنىڭ 1000 موسىغا ئورمان ئەھيا قىلىنىپ بولدى.

ھويلا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى پولك-مەيدانلارنىڭ ئىگىلىكىنى جانلاندۇردى. تەبىئىي ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. 1985 - يىلى «قىزىلبايراق» دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغاندا، دېھقانچىلىق ئائىلىلىرى 3030 تۇياق چارۋىسىنى سېتىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىپ ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇۋالدى.

(خۇاڭ ۋېنگۇي).

**[جاۋلىنفېڭنىڭ ئائىلە ئورمانچىلىق مەيدانى]** 1985 - يىلى 8 - ئايدا 44- پولك 6 - لىيەننىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭى جاۋلىنفېڭنىڭ ھەمدە ئىنىسى، 7 - لىيەننىڭ مۇئاۋىن لىيەنجاڭى ياۋۋېشىن ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. تۆت ئائىلىلىك ئۇرۇق - تۇغقان توققۇز نەپەر ئەمگەك كۈچى چۆل-جەزىرىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ ئېچىش خاراكتېرلىك ئائىلە ئورمانچىلىق مەيدانى قۇردى.

ئۇلار دەسلەپتە پىلانلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مالىيە بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى ئورناتتى (باش ھېساب ۋە ئىنچىكە ھېسابقا ئايرىدى) مەيدان باشلىقىنى دېموكراتىك ئاساستا سايلاشنى، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى ئىككى يىل، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلماسلىقنى ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىشنى يولغا قويدى. جاۋلىنفېڭ 1- قېتىملىق مەيدان باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە بوغالتىرلىققا، ياۋۋېشىن ستاتىستىكا، قوشۇمچە كاسىرلىققا، ياۋۋېمىن ئامبارچى، قوشۇمچە يوقلىما قىلغۇچىلىققا كۆرسىتىلىپ سايلاندى. توققۇز نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى ئىچىدىكى ئەر بەش نەپەر، ئايال تۆت نەپەر، تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشى ئىككى نەپەر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە كىشى يەتتە نەپەر، پارتىيە ئەزاسى ئىككى نەپەر، تراكتور شوپۇرى ئىككى نەپەر. بۇ توققۇز نەپەر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 29 ياش. مەيدان: ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىكنى دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنى، ئايال يولداشلار ھەر ھەپتىدە نۆۋەتلىشىپ ئائىلە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش قائىدىلىرىنى ئېنىق بەلگىلىدى.

ئائىلە ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن پولك

ئوتتۇرىسىدا 20 يىللىق ھۆددە كېلىشىمى ئىمزالاندى. كېلىشىمدە 50 مىڭ تۈپ دەرەخ سېلىش پىلانىنى بەش يىلدا ئورۇنلاپ بولۇش، 16- يىلدىن باشلاپ 20- يىلغىچە ھەر يىلى ئىككى مىڭ تۈپ دەرەخ تاپشۇرۇش، پۇلغا سۇندۇرۇلۇشى 40 مىڭ يۈەن بولۇش، ئادەتتە يەر پۇلى تاپشۇرماسلىق، باشقا بارلىق چىقىم - خىراجەت ئۆزىدىن بولۇش بەلگىلەندى. 1985 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ قۇرۇلۇش تەييارلىقى ئىشلىنىشكە باشلانغاندىن بۇيان، ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئىشلىرى گۈللىنىپ جانلىنىق، جۇشقۇن بولدى. ئۆزلىرى 30 مىڭ يۈەن تەييارلىدى، 4000 يۈەن قەرز ئالدى، پۇلىك - مەيداندىن 4000 يۈەن ئۆتنە ئېلىپ، بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، 400 مو يىمنام ئاچتى. بىر كىچىك تۆت چاقلىق يول يۇرۇش قاتناش ماشىنىسى سېتىۋالدى. 260 كۇۋادرات مېتىر ئولتۇراق ئۆي سالدى. 50مو تەبىئىي سۇدىن پايدىلىنىپ كۆل ياساپ 60مىڭ دانە بېلىجان سالدى. 10مىڭ تۈپ جىگدە تىكىپ تۇتۇش نىسبىتىنى 95 پىرسەنتكە يەتكۈزدى. 1986 - يىلى 60 مو بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 460 جىڭغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 27 مىڭ 600 جىڭغا، مەھسۇلات قىممىتىنى 6624 يۈەنگە يەتكۈزدى. 120 مو كېۋەزنىڭ (بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز 50 مو) بىرلىك مەھسۇلاتىنى 100 جىڭغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 12 مىڭ جىڭغا، مەھسۇلات قىممىتىنى 19 مىڭ 200 يۈەنگە يەتكۈزدى. 10 مو قوغۇن تېرىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 2 مىڭ 200 يۈەنگە، 150 توخا بېقىپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 3165 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، جەمئىي 31 مىڭ 189 يۈەن كىرىم قىلدى. بۇنىڭدىن تەننەرقى خىراجىتى ئۈچۈن 15 مىڭ 988.36 يۈەن تۇتۇپ قىلىپ، ساپ كىرىمىنى 15 مىڭ 200.64 يۈەنگە يەتكۈزدى. 1986 - يىلى ئەمگەك كۈچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن كىرىم 1688.96 يۈەن، ھەر بىر ئادەمگە توغرا كەلگەن كىرىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1381.88 يۈەن بولدى.

(جاڭ شۈچى).

**[مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئورمان ئەھيا قىلىش خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى]** 1986 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە مېۋىلىك ئورمان تېخنىكىسىنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى يەتتە كىشى بېيجىڭ، خېبېي، لياۋنىڭ، شەندۇڭ، خېلۇڭجياڭ ۋە خېنەندىكى خۇاڭخې دەرياسى تاشقىن ئېقىنىدىكى رايونلاردىن يەتتە باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش، تەتقىقات ئورنىنى باغ ئورمان تېخنىكىسىنى تەكشۈردى. ھازىر يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن ئالما تىپى ھەمدە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئالما دەرىخىدىن ئۆلاپ ئۆستۈرگەن ئاساسلىق ئىلغار تېخنىكا تەدبىرىنى تۆۋەندىكىچە قىسقىچە قىلىپ بايان قىلىمىز.

تۆۋەندە ئېلىمىزگە يېڭىدىن كىرگۈزۈلگەن ئالما سورتىنى چوڭ جەھەتتىن بەش چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

1. ئەلا سۈپەتلىك سورت «فۇشى» سىستېمىسى: بۇ رەڭلىك «فۇشى» ۋە ئادەتتىكى «فۇشى» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. جەمئىي 40 خىل بولىدۇ. رەڭلىك «فۇشى» يەنە رەڭلىك I خىل (يېرىمىسى قىزىل) ۋە II خىل (يوللۇق قىزىل) دەپ ئىككى سىستېمىغا ئايرىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسى 1976 - يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئادەتتىكى «فۇشى» ۋە «چاڭفۇ I» رەڭلىك سورت I خىل، «چيۇفۇ I»، «يەنفۇ 10»، «چاڭفۇ 13»،

« يۇجېن I »، « چاڭفۇ II »، «چاڭفۇ ـ 2 »، «چاڭفۇ ـ 4 »، «شەنفۇ ـ 2 » قاتارلىق سورتلارنى كىرگۈزدى. ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، «فۇشى» ئالمىسى ئېلىمىزنىڭ ئالما ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماسلىشىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. «فۇشى ئالمىسى» بۇرۇن پىشىدىغان، مول ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، تەملىك، رەڭگى ياخشى، تاشقى كۆرۈنۈشى گۈزەل، يۆتكەشكە چىداملىق، تاۋارلىق نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئالما ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. لېكىن، ئۆستۈرۈشتە ئالا قىلىشقا (مېۋىنىڭ چوڭ-كىچىك، ماياق بولۇشى ۋە چوڭ ـ كىچىك يىللىدىكى پەرقتىن ساقلىنىشقا) ئوغۇت بىلەن تولۇق تەمىنلەشكە (مېۋىنىڭ سۈپىتىگە، داۋاملىق مول-ھوسۇل ئېلىشقا)، يازلىق چاتاش (بۇرۇنراق مېۋە بېرىش، دەرەخنىڭ زەخملىنىشىنى ئازايتىش) قا دىققەت قىلىش كېرەك.

2 . قىلىن تېرىلىدىغان، بالدۇر مېۋە بېرىدىغان، ئەلا سۈپەتلىك قىسقا شاخلىق سورتلار مەسىلەن: «يېڭى قىزىل يۇلتۇز»، «قىزىل گۈل رەڭ»، «قىسقا شاخلىق ئالتۇن تاجى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل سورتلار يېڭى قىزىل يۇلتۇز ۋەكىللىكىدىكى سىرتقى كۆرۈنۈشى گۈزەل، ئۈزگەندىن كېيىنكى مەھسۇلاتى بەك سۈپەتلىك بولسىمۇ لېكىن ساقلاشقا چىدامسىز بولۇپ ئۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىنلا تېزدىن توڭلىتىش ئامبارلىرىغا كىرگۈزۈلۈشى لازىم، بۇنىڭ ئوغۇت، سۇغا بولغان تەلىپى يۇقىرى، شۇڭا ئۇنى «فۇشى» ئالمىسى دەرىخى بىلەن چاتلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

3. «ئالتۇن تاجە» تىپىدىكى ساقلاشقا چىداملىق سورت. مەسىلەن : ۋاڭ لىن، لوئۇۋ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، مېۋىسى چۈچۈكرەك، مەھسۇلات سۈپىتى ياخشى ، ساقلاشقا چىداملىقلىقى «ئالتۇن تاجى» دىن ئېشىپ چۈشىدىغان «چىلڭ شياڭ جاۋ»، «ھىندىستان ئەترىسى» قاتارلىق ئوخشاش تۈردىكى سورتلاردىن ئىبارەت بولۇپ، غەربلىكلەر ياخشى كۆرىدۇ، خەلقئارادا ئىتتىك سېتىلىدۇ. «ۋاڭ لىن» بولسا «فۇشى» دەرىخىگە چاتلاشتۇرۇشقا ناھايىتى ياخشى دەرەخ.

4. تولۇق رەڭلىك، تاشقى كۆرۈنۈشى تۈز، كۆرۈنۈشى گۈزەل، سۈپىتى ياخشى، يېڭى سورت تۈرلىرىدىن مەسىلەن: «جىلڭ چىلڭ»، «چياۋناجىن»، «قىزىل ئاي »، « ئاپتاپ» قاتارلىقلار بار. بۇ خىل سورتلار تولۇق رەڭلىك، تەملىك، مېۋە شەكلى تۈز ، كۆرۈنۈشى گۈزەل بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. «ئاپتاپ» ، «قىزىل ئاي» قاتارلىقلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ 2-قەدەمدە كېڭەيتىدىغان ئەلا سۈپەتلىك سورتلىرى قىلىندى. «جىلڭ چىلڭ» بولسا «فۇشى»غا چاتلاشتۇرۇشتا بىر قەدەر ياخشى دەرەختۇر.

5. تەشتەكتە تېرىلىدىغان سورت تۈرلىرى. مەسىلەن: «دىنىيۇ» بولسا شەھەرنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈشتە ئەلا سۈپەتلىك سورت ھېسابلىنىدۇ.

نۆۋەتتە مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش تەرەپلىرىدىكى ئاساسلىق تېخنىكا تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. قويۇق تېرىش: بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشى ھەر بىر مويەرگە تېرىلىدىغان ئورمان سانى 40 تۈپتىن كەم بولماسلىق، بۇرۇنراق مېۋە ئېلىش، مول مېۋە ئېلىش.

2. ئاستىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ ئۈستىنى

تىزگىنلەش: تۇپراق باشقۇرۇش، سۇ، ئوغۇتنى كۆپ بېرىپ، ئاستىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، قىشلىق پەرۋىش، يازلىق چاتاش، دورىلاپ كونترول قىلىپ ئۈستىنى تىزگىنلەش. بالدۇر مېۋە بېرىشنى چىڭ تۇتۇش، يۇقىرى، مۇقىم، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ئېلىش. بۇ خىل ئۇسۇل «فۇشى» سورتىنى تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى مۇۋاپىق.

3. شەكلىنى تۈزەش، چاتاش: دەرەخ شەكلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئارتۇقچە تەكىتلىمەي بۇرۇنراق مېۋە بېرىش ئىسكىلىتىنى مۇستەھكەملەپ، دەرەخنىڭ تاجىسىنى تېزدىن كېڭەيتىپ، شامال ئۆتكۈزۈپ، ئاپتاپ كۆرسىتىپ، لىيستىلىق مېۋە بولۇش ئۆلچىمى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يازلىق پەرۋىش كېڭەيتىلىپ، دەرەخ گەۋدىسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى ئازايتىپ، بالدۇر مېۋە بولۇش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، دەرەخ تاجىسى ئوتتۇرا، كىچىك قىلىپ تىزگىنلەندى.

4. شالاڭ شاخلاندۇرۇش، شالاڭ مېۋىلەتىشنى قوللىنىپ، مېۋە مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كونا، يېڭى دەرەخنى پەرقلەندۈرۈپ داۋاملىق ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات ئېلىندى.

5. يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرى كىرگۈزۈلۈپ، مېۋىگە چۈشىدىغان قۇرۇت كېسەللىك نىسبىتى تۆۋەنلىدى، ئاۋار نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئىقتىسادىي يىل چەكلىمىسى ئۇزارتىلدى. خىمىيىلىك ھالدا ياۋا ئوتلارنى ئوتاش كېڭەيتىلدى. بۇندىن باشقا، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى مۇنداق، مەسىلەن: تەشكىلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش، باشقۇرۇش، تىجارەت قىلىشنى مۇلتىمىزىملاشتۇرۇش كاپالەتلىك قىلىندى. ئورمانلىقلارغا ماش، ئوت-چۆپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئارىلاپ تېرىشنى يولغا قويۇپ، تېز ئۆسىدىغان، كۆپ مەھسۇلات بېرىدىغان ئورمان بازىسى قۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردىكى تەجرىبىلەرنى ئەينەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

(يېڭى ۋېنلى).

**[«قەشقەر كۆزگىمىسى 5 - نومۇر» كىرگۈزۈلۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى]** بالدۇر پىشىدىغان كۆزگى بۇغداي يېڭى سورتى «قەشقەر كۆزگى 5 - نومۇر» نى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەركەن ناھىيىلىك يەن-تەتقىقات كومىتېتى سەندۇگىنىڭ يوباۋ بۇغدىيىنى ئانا نەسلى، قەشقەر كۆزگىسى 4-نومۇرنى ئاتا نەسلى قىلىپ چاتلاشتۇرۇپ تاللاپ يېتىشتۈرگەن سورتتۇر. مەزكۇر سورت، بالدۇر پىشىش، ھوسۇلى يۇقىرى، غولى مۇستەھكەم، سۈپىتى نىسبەتەن ياخشى، دېنى تۆكۈلمەسلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. 1985 - يىلى كۈزدە يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە ئورۇقچىلىق پونكىتى يەكەن ناھىيىلىك يەن-تېخنىكا كومىتېتىدىن 76 مىڭ 600 جىڭ يۆتكەپ كېلىپ، 43-، 44-، 45-، 48-، 49-، 50-، 51-، 52 -، 53 - پولكلاردىكى توققۇز ئورۇندا سىناق قىلىپ تېرىپ، كۆلىمىنى 2554 موغا يەتكۈزدى. 1986 - يىلى بىرلىك مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 170 جىڭ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 48- پولكتىكى 8 - لىيەننىڭ سەككىز مو يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 870 جىڭ بولدى. 43- پولكنىڭ سىناق قىلىش، ئۆلگە كۆرسىتىپ تەھلىل قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، «قەشقەر كۆزگىسى 5- نومۇر» نى «تاكشەن 6898» غا سېلىشـ

# تاشقى ئىشلار، مۇھا- جىرلار خىزمىتى

**[تاشقى ئىشلار خىزمىتى]** 1986 - يىلى تاشقى ئىشلار خىزمىتىدە نۇقتىلىق ھالدا تۆۋەندىكىلەر ئىشلەندى: جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، خونجىراپ ئېغىزىنىڭ 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەنلىكى قارشى ئېلىندى ۋە كۈتۈۋېلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى.

1. جۇڭگو - پاكىستان چېگرىسى تىنچ، دوستانە چېگرا بولۇپ، ئىككى تەرەپ خەلقى ئىزچىل تۈردە دوست ئۆتۈپ كەلدى. ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا ئايرىش كېلىشىمنامىسىگە ئاساسەن، ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلاتتى. لېكىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 20 يىلدىن بۇيان بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغانىدى. 1986 - يىلى تۇنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو-پاكىستان چېگرىسىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ جۇڭگو تەرەپ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش - سىزىش ئىدارىسى، قەشقەر دەۋرىي مەھكىمە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى، چېگرا مۇداپىئە مەلۇم قىسمى، تاشقورغان ناھىيىلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلاردىن ئادەم ئاجرىتىپ ئۈچ تەكشۈرۈش

---

تۇرغاندا مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشى 7.5 پىرسەنتتىن 24.6% كىچە، ھەر بىر مو يەرنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشى 9.19 يۈەن بولدى. 45- پولك سىناق قىلىپ تېرىغان «قەشقەر كۆزگىسى 5 - نومۇر» 568 مو بولۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 601.7 جىڭ، ھەر بىر مونىڭ مەھسۇلات قىممىتى 101.69 يۈەن، ھەر بىر مونىڭ تەننەرقى 54.36 يۈەن. ھەر بىر مودىن ئېلىنغان پايدا 47.37 يۈەن، قۇرۇلۇش پولكىنىڭ سىناق قىلىپ تېرىغىنى 132 مو، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 106 مىڭ 656 جىڭ، بىرلىك مەھسۇلاتى 808 جىڭ، «تاڭشەن-6898» نىڭ ئەڭ يۇقىرى بىرلىك مەھسۇلاتى 645 جىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەر بىر مويەردىن ئاشقان مەھسۇلاتى 153 جىڭ. 1987 - يىلى يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيىسى بۇ سورتنى تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ 29 مىڭ 318 موغا يەتكۈزدى.


(جوۋجېڭچۈن).

گۇرۇپپىسىغا بۆلۈپ، پاكىستان تەرەپتىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ پۈتۈن لىنىيە بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. 1 - بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ئۇيۇشتۇردى. 2 -، 3 - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇردى. بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسى قەشقەر شەھىرىدە قۇرۇلدى. مۇدىرلىقنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇدىرى ياڭ جەنشى، مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى قەشقەر شۆبە ھەربىي رايوننىڭ سەنمۇجاڭى چې مېڭجاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى چېگرا ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شىن گوگۇاڭ، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇللاجان داۋۇت قاتارلىقلار ئۈستىگە ئېلىپ بىرلەشمە تەكشۈرۈشنى كونكرېت تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

جۇڭگو- پاكىستان چېگرىسى قارا قۇرۇم ۋە پامىر تېغىغا جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى بەك ئېگىز، يوللىرى خەتەرلىك، ھاۋاسى شالاڭ، خىزمەت شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق. بەزى جايلاردا بېرىپ- كېلىشتە دەريا- ئۆستەڭلەردىن 70 نەچچە قېتىم ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. دەريادىن ئۆتۈشتە قوتازغا مىنىشكە توغرا كېلىدىغان بولسىمۇ، بەدەننىڭ يېرىمى يەنىلا مۇزدەك سۇغا چىلىنىپ تۇرىدۇ. كىرىمسىن دەرياسىدىن ئۆتۈشتە، دەريا كەڭ، سۈيى چوڭقۇر، سۈرئىتى تېز بولغاچقا، ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئالدىنقى يىلى ئىچكى جەھەتتىن تەكشۈرگەندە كەلكۈن جىق كەلگەنلىكتىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۆتەلمىگەن. بۇ قېتىم بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى دەريا بويىغا بارغاندا، چەتئەللىك مېھمانلار ۋە بىزنىڭ يولداشلىرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن قەشقەر تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇللاجان داۋۇت قوتازغا مىنىپ دەريادىن ئۆتۈپ يول باشلىدى. دولقۇن ئۇنى 10 نەچچە مېتىر يىراققا سۈرۈپ ئاپىرىۋەتتى، بىر نەچچە قېتىم سۇغا چۆكۈپ كەتتى، ھاياتىنىڭ خەۋپىگە قارىماي ئاخىرى كېچىكنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ جۇڭگو- پاكىستان ئىككى تەرەپ خادىملىرىنىڭ بىخەتەر دەريادىن ئۆتۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.


چېگرىنى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان تاشقى ئىشلار خىزمىتى بولۇپ، پاكىستانلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىش جەريانىدا بىز باشتىن- ئاخىر ئېلىمىزنىڭ تاشقى سىياسىتى ۋە دىپلوماتىيە ئىنتىزامىنى ئىزچىللاشتۇردۇق، پوزىتسىيە جەھەتتە پاكىستانلىقلارغا قىزغىن، دوستانە بولدۇق، باراۋەر مۇئامىلە قىلدۇق، خىزمەت جەھەتتە مەسىلىلەرنى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ مەسلىھەتلىشىش، ئادىل، مۇۋاپىق بولۇش، ئەپۇ قىلىش، يول قويۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن پاكىستان تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلدۇق. تۇرمۇش جەھەتتە قىيىنچىلىقلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەل قىلىشقا ياردەم بەردۇق، ئالاقىلىشىش جەھەتتە، دىپلوماتىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلدۇق، بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلدۇق. پاكىستان تەرەپنىڭ بىر نەچچە گۇرۇپپا باشلىقلىرى بىز تەرەپكە كۆپ قېتىم رەھمەت ئېيتتى.

بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1986- يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خىزمەت باش-




ئوسمۇرلەر لاگېرىنىڭ ئەزالىرى
خونجېراپ ئېغىزىدا چېگرا چارىس
نى قوغداۋاتقان ئازادلىق ئارمىيە
جەڭچى ئاغىلىرىنىڭ جۇڭگو - پا
كىستان ئاشيولىنىڭ دوستلۇقىنى
ئارقىتەدىغان يول ئېگەنلىكى ھەق
قىدىكى چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىماقتا
جياڭ شاۋچېيەن فوتوسى


قار مەنزىرىسى.
گو يەنڭ فوتوسى




← قەشقەر مېھمانخانىسىدىن
بىر كۆرۈنۈش.
جاۋ جۈنخەن فوتوسى




← يېڭىسارىدىكى پىچاق بازىرى.
جاۋ جۈنخەن فوتوسى






قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەن ـ تەربىيە كومىتېتى بىرلىشىپ سالغان ساياھەتچىلەر مېھمانخانىسى. ئاغقاچىقۇچى ئەزىمەتلەر ۋە ساياھەتچىلەرنى ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى.

شىيې بىن فوتوسى




تاشقورغاندىكى قەدىمىي تاش شەھەرنىڭ خارابىسى.

جاۋ جۈنشەن فوتوسى



مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەبرىسى.

جاۋ جۈنشەن فوتوسى



ئاپپاق خوجا مازىرى.

جاۋ جۈنشەن فوتوسى



چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە مور مۇنارىنى ساياھەت قىلماقتا.

جاۋ جۈنشەن فوتوسى

لاپ 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە جەمئىي بەش ئاي ئىشلىدى.

2. قەشقەر شەھىرىدىن قەدىمكى «يىپەك يولى» دىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، تاشقورغان، خۇنجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىدىن ئىبارەت بۇ دوستلۇق يولى سوزۇلۇپ بارىدۇ، چەتئەللىكلەر بۇنى ھەتتا ئالتۇن يول دەپمۇ ئاتىشىدۇ. خۇنجىراپ ئېغىزىنى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى تەرەپلەر كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى: نەچچە مىڭ ئىشچى ئەۋەتىپ جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنى كېڭەيتىپ ياسىدى. ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلار ئېغىزدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنى تولۇقلىدى، كۆپەيتتى ۋە تەڭشىدى. شۇنىڭ بىلەن ئېغىزدىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارى كۈچەيدى، 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ تاشقورغاندىكى پامىر مېھمانخانىسىدا 100 كارىۋاتلىق ساياھەت بىناسى ياسىدى. تەرجىمان، يول باشلىغۇچىلارنى كۆپەيتتى، كۈتكۈچىلەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيىلىدى، بېيجىڭ، شاڭخەي، خاڭجۇ، شىئەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا چەتئەل تىلىنى ۋە كەسپنى ئۆگىنىشكە ئادەم ئەۋەتتى، نەچچە 10 دانە ساياھەت ئاپتوموبىلى ۋە باشقا ئاپتوموبىللارنى سېتىۋالدى، بۇلۇڭكۆل ئاشخانىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى كۆپەيتتى، خادىملىرىنى تولۇقلىدى.

1986 - يىلى خۇنجىراپ ئېغىزىدىن كىرىپ-چىققان بەش قىتئەدىكى 45 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن جۇڭگو ۋە چەتئەللىك مېھمانلار 19 مىڭ 500 دىن ئاشتى. بۇ، 1985 - يىلدىكىنىڭ 2.8 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ، كىرىپ-چىققان ئاپتوموبىل 2608 قېتىم بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپ ئارتۇق، خۇنجىراپ ئېغىزى شۆبە ئامۇژنىسى 1986 - يىلىدىلا قىلغان باج كىرىمى 2 مىليون 660 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلدىكى باج كىرىمىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە باراۋەر. چەتئەللىكلەر قەشقەردە ئالماشتۇرغان تاشقى پېرېۋوت 920 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق. بۇ، 1985 - يىلدىكىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە تەڭ. خەلقئارا ساياھەتچىلەر ئىدارىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى، مېھمانخانىلار، ترانسپورت ئورۇنلىرى، سودا تارماقلىرى قىلغان كىرىم 1 مىليون 140 مىڭ دوللار بولۇپ، تاشقى پېرېۋوت خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 4 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە توغرا كېلىدۇ. خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قىلغان كىرىم 100 مىڭ دوللار بولۇپ، تاشقى پېرېۋوت خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 370 مىڭ يۈەنگە توغرا كېلىدۇ. خۇنجىراپ ئېغىزى پۈتۈن دۇنياغا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش، قەشقەرنىڭ خەلقئارادىكى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

3. 1986 - يىلى ساياھەت قىلىش، زىيارەت قىلىش، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش، تۇغقان يوقلاش، سودىگەرلىك قىلىش، تاغقا چىقىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن چەتئەللىك مېھمان ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار جەمئىي 13 مىڭغا يەتتى. قەشقەرگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ بۇرۇنقىدىن گەۋدىلىك بولدى: ① چەتئەل باش ئەلچىخانىلىرىنىڭ خادىملىرى بەك كۆپ كەلدى؛ ② چەتئەل مۇخبىرلىرى كۆپ بولدى؛ ③ بىرىنچى قېتىم موتسىكلىت، ئات، ھەتتا ۋېلسىپىت مىنىپ ئۇزۇن سەپەر قىلىدىغان چەتئەللىك ساياھەتچىلەر كەلدى؛ ياپونىيىدىن كەلگەن ساياھەت ئۆمەك گۇرۇپپىلىرى قەشقەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەر ئۆمەك گۇرۇپپىلىرىنىڭ 50 پىرسەنتى

دىن كۆپەيگىنى ئېنىقلىنىۋاتىدۇ؛ ⑤ ئايرىم-ئايرىم كەلگەن مېھمانلار، يەنى «سومكا ئېسىۋالغان ساياھەتچىلەر» پۈتۈن ساياھەتچىلەرنىڭ نىسبىتى بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە كۆپەيدى. ⑥ قەشقەرگە سودا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن پاكىستان گراژدانلىرى بۇرۇنقىدىن كۆپەيدى، بەزىلىرى بىر يىلدا بىر قانچە قېتىم كېلىپ كەتتى.

(چېن يۈۋ).

**[ساياھەت ئىشلىرى]** 1986-يىلى قەشقەرنىڭ ساياھەت ئىشلىرى بىر قەدەر تېز تەرەققىي بولغان بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىلدا، جۇڭگو خەلقارا ساياھەت ئىدارىسى قەشقەر شۆبىسى ۋە قەشقەر «جۇڭگو ساياھەتچىلىك ئىدارىسى» نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۈتۈۋېلىش ۋەزىپىسىنى بىر قەدەر ياخشى ئورۇندىدى. 1986-يىلى 40 نەچچە مەملىكەت ۋە رايوندىن 13 مىڭدىن ئارتۇق چەت ئەللىك مېھمان ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار قەشقەردە ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەتتە بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ساياھەت ئۆمەك گۇرۇپپىسى 361 بولۇپ، جەمئىي 3900 ئادەم. چىقىمى ھۆكۈمەت ھېسابىدا ۋە شەخسىي ھېسابىدا تەكلىپ قىلىنغان مېھمان 32 تۈركۈم بولۇپ، جەمئىي 120 ئادەم، تاغقا چىقىپ ساياھەت قىلغۇچىلار 22 تۈركۈم بولۇپ، جەمئىي 270 ئادەم. ئايرىم ھالدا ساياھەت قىلىش، تۇغقان يوقلاش ۋە سودىگەرلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر 9000 دىن ئارتۇق.

تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 1986-يىللىق تاشقى پېرېۋوت خەلق پۇلى كىرىمى 1985-يىلدىكىنىڭ 2.8 ھەسسىگە تەڭ كېلىدۇ؛ چەت ئەللىكلەر قەشقەردە ئالماشتۇرغان تاشقى پېرېۋوت پۇلى 1985-يىلىنىڭ ئۈچ ھەسسىگە تەڭ كېلىدۇ.

خونجىراپ ئېغىزىنىڭ 3-دۆلەتكە رەسمىي ئېچىۋېتىلىشى، قەشقەرنىڭ ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. قەشقەردىن چىقىپ، خونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق پاكىستانغا بارىدىغان ساياھەت يولى تاغ ساياھىتىگە قىزىقىدىغانلار، ئاجايىپ مەنزىرىلەرگە قىزىقىدىغانلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. بۇ ئېغىزدىن ئۆتكەن ساياھەتچىلەرنىڭ بىرمۇنچىسى بۇ ساياھەت يولىنى «ئالتۇندەك ساياھەت يولى ئىكەن» دەپ قارىدى.

1986-يىلى ساياھەت ئىدارىسى ئىمپورت قىلىنغان ساياھەت ماشىنىسىدىن تۆتنى سېتىۋالدى، تەرجىمان، يول باشلىغۇچى ۋە باشقا خىزمەتچى خادىملارنى كۆپەيتتى. كۇرس ئاچتى، بىلىم ئاشۇرۇش ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئۆگىنىش ئۈچۈن سىرتقا ئادەم ئەۋەتتى، كۈتۈۋېلىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتتى ۋە كۈچەيتتى. قەشقەر تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى نەشرىيات تارماقلىرى بىلەن كېڭىشىپ قەشقەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە مەنزىرە سەيلىگاھلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كارتوچكا، خۆەندىلىك فىلىمى قاتارلىقلارنى باشقۇرغاندىن باشقا يەنە ئادەم تەشكىللەپ سىرتقا ئەۋەتىلگەن ئېكسكۇرسىيە نۇقتىلىرىغا ئائىت تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يېزىپ چىقتى.

بىر يىلدىن بۇيان پاكىستان ساياھەت چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ چەت ئەل ساياھەت شىركەتلىرىنىڭ قىسمەن دىرېكتورلىرى قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. شۇنداقلا مەملىكەت ئىچىدىكى قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى كۈتۈۋېلىندى ھەمدە ئۇلارغا قەشقەرنىڭ ساياھەت

ئىشلىرىدىكى ھازىرقى ۋە كەلگۈسى تونۇشتۇرۇلدى. ئۇلار، قەشقەرنىڭ ساياھەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدا يوشۇرۇن كۈچ چوڭ ئىكەن، قەشقەرنىڭ ساياھەت مەنبەلىرى مول ئىكەن، قەشقەر چوقۇم شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى بويىچە ئەڭ مەركىزىي رايون بولالايدۇ دېدى. ئۇلار قەشقەر بىلەن بولغان ئالاقە ۋە باردى-كەلدىنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىلەرنى قەشقەرگە كېلىشكە تەشكىللەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

(ۋاڭ جەنگۇڭ).

**[مۇھاجىرلار خىزمىتى]** 1986- يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇھاجىرلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مۇھاجىرلارنىڭ ئۆي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شۇنداقلا، مۇھاجىرلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى تۈرلۈك قالدۇق مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىش بولدى. قەشقەر ۋىلايىتى مۇھاجىرلارنىڭ ئۆي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى نۇقتىلىق رايون. ۋىلايەت بويىچە ئۆي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مۇھاجىرلار ئائىلىسى 404، ئۆي 4227 ئېغىز، كۆلىمى 100 مىڭ 296 كۇۋادرات مېتىر، يىل ئاخىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگىنى 132 ئائىلە، 1136 ئېغىز، 21 مىڭ 95 كۇۋادرات مېتىر، بۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك كۆلەمنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مۇھاجىرلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم قەشقەرگە كېلىپ ناھىيەلەرگە بېرىپ تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئابىت قەشقەرگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئېلىپ كېلىپ مۇھاجىرلارنىڭ ئۆي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بويىچە نەق مەيداندا ئىش بېجىردى. ۋىلايەت قىسمەن ناھىيە (شەھەرلەر)دىن بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان مۇھاجىرلار خىزمىتى كادىرلىرىنى ئاجرىتىپ، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن بىللە ئىشلەشكە ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر، مۇھاجىرلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ تارىختىن قالدۇق مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلدى. 60- يىللارنىڭ باشلىرىدا قىسقارتىلغان جۇڭگو مۇھاجىرى ۋە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرنىڭ ئالتە نەپەر بىۋاسىتە تۇغقىنىنىڭ ئۈچ نەپىرى سىياسەت بويىچە پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتى ئۆتتىدى، قالغان ئۈچىنىڭ كۆرسەتكۈچى تەستىقلاشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مۇھاجىرلار سىياسىتىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىر، مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئۆي مەسىلىسى، پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ۋە ئوقۇشقا بېرىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. يىل بويىچە ساياھەت قىلىش، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن 23 تۈركۈم، 211 ئادەم كۈتۈۋېلىنغاندىن باشقا، چەت ئەللەردىكى ئابرويلۇقراق قەشقەردىن چىقىپ كەتكەن جۇڭگو مۇھاجىرىدىن 30 نەپەرسى تەكلىپ قىلىندى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى. ئۇلارغا چەت ئەلدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا خىزمەت ئىشلەش، قەشقەرنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش، يۇرتىنىڭ تۆتلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا كۆپرەك ھەسسە قوشۇش توغرىسىدا ئىلھام بېرىلدى.

1986- يىل مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30- يىلى. جاي-

لاردىكى مۇھاجىرلار بىرلەشمىلىرى مەملىكەتلىك مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزدى.

(لى شىڭجاڭ).

**[خونجىراپ ئېغىزىنىڭ ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى]** 1982- يىلى 4- ئاينىڭ 5- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خونجىراپ ئېغىزىنى باشقۇرۇش كومىتېتى» تەسىس قىلىندى. خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، خونجىراپ ئېغىزىدا يەنە تۆۋەندىكى ئاپپاراتلار: خونجىراپ چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى، خونجىراپ تاموژنىسى، خونجىراپ كارانتىن پونكىتى، خونجىراپ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك كارانتىن پونكىتى، خونجىراپ چېگرىسىدىكى سۆھبەتلىشىش، ئۇچرىشىش پونكىتى، خونجىراپ خەلقئارا پوچتا ئالماشتۇرۇش پونكىتى، خونجىراپ پۇل تېگىشىش پونكىتى، خونجىراپ پاساژىر بېكىتى، خونجىراپ ئامانلىق ساقلاش پەيچۇسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 1984 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خونجىراپ ئېغىزىنى باشقۇرۇش كومىتېتى»نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ «قەشقەر ۋىلايەتلىك خونجىراپ ئېغىزىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى»نى تەسىس قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 1985 - يىلى 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خونجىراپ ئېغىزىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خونجىراپ ئېغىزىنى باشقۇرۇش كومىتېتى» دەپ ئاتاشنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئىسمى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنمۇ، خونجىراپ ئېغىزىنى باشقۇرۇش كومىتېتى يەنىلا داھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگان بولۇپ تۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ شىتاتى ۋە ئاپپاراتلىرى، ھوقۇق دائىرىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمىدى.

(دۇڭ جىمىن).

**[خونجىراپ ئېغىزىنىڭ 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر توغرىسىدا بايان]** 1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خونجىراپ ئېغىزى 3- دۆلەت كىشىلىرىگە ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئېغىز باشقۇرۇش ئورنى پارتكومى ۋە باشقۇرۇش كومىتېتى «مەركەزلەشتۈرۈپ رەھبەرلىك قىلىش، ئاكتىپ ھەمكارلىشىش، چەتئەل ئۇچۇن بىردەك بولۇش» پىرىنسىپىغا ۋە «ئۆتكەلنى ئىگىلەش»، «مۇلازىمەت قىلىش» دېگەن تەلەپكە ئاساسەن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەرتىپكە سېلىش، ماسلاشتۇرۇش ۋە كېسىم قىلىشقا قاراتتى، ماكرولۇق يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا تۆۋەندىكىدەك پائالىيەت ۋە تەربىيىنى ئېلىپ باردى. يەنى: دوستلۇققا ئەھمىيەت بېرىش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ۋەدىسىدە تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئەدەبلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئىنتىزاملىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ھەرىكىتى گۈزەل بولۇش، پەزىلىتى گۈزەل بولۇش، ئەقلى - تۇرقى گۈزەل بولۇش، سۆزى گۈزەل بولۇش، پارتىيىنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش پائالىيىتى ۋە تەربىيىسىنى ئېلىپ

باردى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا قانۇن-تۈزۈم كۆز قارىشىنى ۋە جۇڭگولۇق، چەتئەللىك ساياھەتچىلەر ئۈچۈن پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى كۈچەيتتى. خۇنجىراپ ئېغىزىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى.

1. تۈرلۈك كەسىپنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدە نەتىجە ياراتتى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1986 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە بولغان تاغلارنى قار-مۇزلار قاپلاپ كەتكىچە بولغان بىرىم يىل ئىچىدە، پاكىستان، ئەنگلىيە، ياپونىيە، فرانسىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق 45 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن تاغقا چىققۇچىلار، ئاۋاپ قىلغۇچىلار، تۇغقان يوقلىغۇچىلار، سەيلە - ساياھەتچىلەر، مۇخبىرلار ۋە سودىگەرلەر ئوڭۇشلۇق ھالدا ئېغىزدىن ئۆتتى. چېگرىدىن كىرگەن - چىققان سەيلە-ساياھەتچىلەر 19 مىڭ597 ئادەم-قېتىمغا يېتىپ، 1985 - يىلدىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.8 ھەسسە كۆپەيدى. كىرىپ-چىققان ئاپتوموبىل 2608 دانە - قېتىم بولۇپ، 1985 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپ ئاشتى. خەلق پۇلىغا ئالماشتۇرۇلغان چەتئەل پېرېۋوتى 1 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە (330 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ) يەتتى، ئالماشتۇرۇلغان پوچتا ئالاقىلىرى 11 مىڭ 952 پارچە (بۇنىڭ 8636 سى پاكىستاننىڭ، 3316 سى بىزنىڭ) بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرى بىلەن دوستانە بېرىش - كېلىشىنى كۈچەيتىشكە تۆھپە قوشتى.

2. خۇنجىراپ ئېغىزىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى قەشقەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ۋە سەيلە - ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. قەشقەر يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەر، قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا شەرق، غەربىي ئاسىيا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتى بار. خۇنجىراپ ئېغىزى 1986 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 3 - دۆلەتكە ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، 3 - دۆلەت كىشىلىرىنىڭ قەشقەرنى كۆرۈش، سەيلە - ساياھەت قىلىش، سودا قىلىش يولى قىسقاردى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ خۇنجىراپ ئېغىزىدىن قەشقەرگە كېلىپ كۆرۈدىغان، سەيلە-ساياھەت قىلىدىغان، سودا ئىشلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىدىغان، سەرمايە سالىدىغان كوللېكتىپ ۋە شەخسىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، بۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە سەيلە-ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

3. مۇناسىۋەت كۈچەيدى. ئىككى تەرەپنىڭ خۇنجىراپ ئېغىزىدىكى دوستلۇقى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1986 - يىلى ئىككى تەرەپنىڭ ئېغىز باشقۇرغۇچىلىرى 5 - قېتىملىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى. چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى، تاموژنا، سۆھبەتلىشىش، ئۇچرىشىش پونكىتى كەسىپلەر بويىچە ماس ھالدا 10 قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئىككى تەرەپ خادىملىرىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1986 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بىز پاكىستاننىڭ شىمالىي رايونلار تاموژنا باج ئىشلىرى بويىچە ياردەمچى ئەمەلدارى ئابدۇساتتار ئولا باشچىلىقىدىكى 12 كىشىلىك سوست ئېغىزىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنى خۇنجىراپ ئېغىزىدىكى ئېلىمىزنىڭ 37 يىللىق دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدۇق.

(دۇڭ جېمىڭ).

# جەمئىيەت

**[مىللىي خىزمەت توغرىسىدا بايان]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللىي ئىشلار باشقارمىسى چۈشەنچە، ئىستىل جەھەتلەردە تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، مىللەتلەر خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش جەھەتتە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

بىرىنچى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە قەشقەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، قاغىلىق ناھىيىسى، ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق نۇقتىلىق ئورۇنلارنىڭ مىللىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ھەم مىللىي ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئەھۋالى تاللاپ تەكشۈرۈلۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك تارماقلىرىغا تەكشۈرۈش ئەھۋالى دوكلات قىلىندى.

ئىككىنچى، خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، ئۈچ مىللىي يېزىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مىللىي مائارىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي ئۇنۇم قاتارلىق تەرەپلەر تەپسىلىي تەكشۈرۈلۈپ رەھبەرلىككە مەخسۇس تېمىدا دوكلات قىلىندى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۈچىنچى، «جكپ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»نىڭ روھى بويىچە، كۈچ تەشكىللەپ قەشقەر شەھەر رايونىدىكى بىر قىسىم مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەم ئىستىقبالى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاندى ھەم تەكشۈرۈلدى، بىر قىسىم مۇۋاپىق تەكلىپ ھەم قوللاش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يەنە مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ھەمكارلىشىلدى، ئالاقىدار شۆيۈەن-مەكتەپلەرنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىگە ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ تەربىيىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلىشىغا ماسلىشىلدى.


تۆتىنچى، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىغا ھەمكارلىشىپ، قەشقەردە ئۇيغۇر ئىملا قائىدىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى، مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىغا ھەمكارلىشىپ ۋىلايەت بويىچە ئىككى



ئىبادەتخانىدا دىنىي زاتلار ئەقىدە ۋە ئىسلاھىتىنى
جارى قىلغان [illegible] مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
بويىچە [illegible]
[illegible] فوتوسى



بەختلىك ئۆتتۈۋاتقان ئاخىرقى ئۆمۈر.
كۇ لەنيىڭ فوتوسى



مۇزلۇقتىكى قوتاز.
باقى يۈزۈ فوتوسى



بازارغا كېتىۋاتقانلار.
شى شۇسەن فوتوسى



قايتىش.
شىپې يەن فوتوسى



كېلىن بولۇش ئالدىدىكى بەختكە چۆمگەن قىز.
گو ئەنيىڭ فوتوسى




چىرايلىق ياسىنىشقا ئامراق ئاچا - سىڭىللار.
شى شۈسىن فوتوسى



بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان ئۇيغۇر چوكانلار.


شى شۈسىن فوتوسى





يەرلىك ئۇسۇلدا بويالغان گۈللۈك رەخ.
جاۋ جۈنشەن فوتوسى

نويى بولۇۋاتقان تاجىك قىز...كباش كىيىمى ۋە زىبۇ - زىننىتى.
لى ۋېيدۇڭ فوتوسى





قەشقەرلىك ئۆۋرۈك لەققاشچىلىقى.
جاۋ جۈنشەن فوتوسى

قەشقەر شەھەرلىك گۈزەل ھۈنەر - سەنئەت زاۋۇتى-
نىڭ بېشقەدەم كەشتىچىسى ئايىگۈل ( ئوتتۇرىدا )
شاگىرتلىرىغا كەشتىچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگەتمەكتە.
ليۇ شياڭجۇن فوتوسى

خىل يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ھەمدە شەھەر رايونىدىكى ۋىۋىسكا، شۇئار، تاۋار ئېلانلىرىنىڭ يېزىق جەھەتتە مۇنتىزىملىشىش، قېلىپلىشىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، ئۇلاردىن باشقا، يەنە يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيىلىرىنىڭ مىللەتلەر ئارا ئۆز ئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىش ئەھۋالى ئاللاپ تەكشۈرۈلدى.

بەشىنچى، ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئۆگىنىش ئۆمىكى تەشكىللىنىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىر قەدەر چوڭراق زاۋۇت، كان-كارخانىلار، سۇ ئىنشائاتى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى قۇرۇلۇشلىرى، نېفىتلىكتىكى ئۈچ قۇرۇلۇش قاتارلىقلار نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى.

ئالتىنچى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئازسانلىق مىللەتلەرگە بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئىسلاھ قىلىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. مەسىلەن: قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇسۇلمانلار يېمەكلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا مەبلەغ قىس بولغانىدى، بۇ زاۋۇتقا 60مىڭ يۈەن ئۆسۈمى تولۇقلاپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل بېرىلىپ، بۇ زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئۇلار شۇ يىلى 25 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، بۇ زاۋۇتنىڭ سېتىش ئومۇمىي پۇلى 657 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالغان پايدىسى 1985 - يىلىدىكىدىن 25% ساپ ئاشتى، بۇ زاۋۇت قەشقەر شەھىرىدىكى ئىلغار كارخانىلار قاتارىغا قوشۇلدى.

يەتتىنچى، «مىللەتلەر خىزمىتى ئەھۋالىدىن ئىنكاس» قىسقا خەۋەرلىرىنىڭ رولى جارىي قىلدۇرۇلدى، مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئۇچۇر نۇقتىلىق ئىنكاس قىلىندى، ئۇ «يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش» رولىنى ئويناپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

(ۋۇ دۇگياۋ).

## [دىنىي خىزمەت توغرىسىدا بايان]

بىرىنچى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ھەر قايسى يېزا، بازارلارنىڭ دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى، مەسچىت باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرى قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، قانۇن - تۈزۈم بويىچە نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لەر قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 5000 دىن ئارتۇق دىنىي زاتنى تەربىيىلىدى. نۇرغۇن دىنىي زاتلار ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا قانۇننى تەشۋىق قىلىش ھەم ئىجرا قىلىشنىڭ نەمۇنىچىلىرى بولۇشقا تىرىشتى.

ئىككىنچى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا چېقىۋېتىلگەن ناھىيە بازارلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ھەم بۇزۇۋېتىلگەن مال-مۈلۈكلەرنى بەلگىلىمە دائىرىسى بويىچە ئېنىقلاپ قايتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى. يەكەن ناھىيىسىدە 442 ئېغىز ئۆي، 17 دۇكان (كۆلىمى جەمئىي 17 مىڭ 253 كۋادرات مېتىر) قايتۇرۇپ بېرىلدى ھەمدە 81 ئېغىز ئۆي (كۆلىمى 3377 كۋادرات مېتىر) نىڭ ئىجارە پۇلى قايتۇرۇۋېلىنىپ، مەسچىتلەرنىڭ «ئۆزىنى بېقىشى» ئۈچۈن مەلۇم ئاساس ھازىرلاندى.

ئۈچىنچى، دىنىي زاتلارنى ئەمگەك قىلىپ باي بولۇشقا يېتەكلەشتە نەتىجە كۆرۈ-

ئەرلىك بولدى، بولۇپمۇ يېزىلاردىكى تەخمىنەن ئون پىرسەنتتىن 20 پىرسەنتكىچە بولغان دىنىي زات دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن پائال شۇغۇللانغانلىقى، كىچىك كارخانىلارنى قۇرغانلىقى، ترانسپورت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن يېزىلاردىكى ئەمگەك قىلىپ باي بولغان ئائىلىلەرگە ئايلاندى.

تۆتىنچى، دىنىي زاتلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە مەلۇم تۆھپە قوشتى. ئۇلار تۈرلۈك سورۇنلاردا مىللىي سىياسەت، قانۇن بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى، يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەكرار سۆزلىدى. كىشىلەر ئارىسىدىكى بەزى تالاش-تارتىشلار ئۇلارنىڭ قاتنىشىشى ئارقىسىدا مۇۋاپىق ھەل قىلىندى. بىر قىسىم دىنىي زاتلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ھەم مۇكاپاتلاندى.

بەشىنچى، بىر قىسىم دىنىي زاتلار نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىنى قوللاش يۈزىسىدىن باشلامچىلىق بىلەن ئاشلىق، نەق پۇل ھەم ئوتۇن قاتارلىقلارنى ئىئانە قىلدى. يېڭىسار ناھىيىسىدىكى دىنىي زات ئابدۇۋايىت ئىسمائىل 19 ئائىلىلىك دېھقانغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا 10 توننا كۆمۈر، يەتتە قۇر پاختىلىق كىيىم، 240 جىڭ ئاشلىق، 27 ئۇلاغ ئوتۇن، 167 يۈەن نەق پۇل ئايرىپ بەردى.

ئالتىنچى، كونا ئۆرپ-ئادەتلەر ئۆزگەرتىلىپ، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈش تەشەببۇس قىلىندى. قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىدىكى بىر قىسىم مەشھۇر زاتلار جەمئىيەتتە بىر مەھەل يۈز بەرگەن توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىنى چوڭ-چوڭ ئۆتكۈزۈش، ئۆز ئارا بەسلىشىپ، سۆلەتۋازلىق قىلىش، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە «ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا مۇراجىئەت» چىقىرىپ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، دىنىي ئىشلار تارماقلىرى پۇل ئاجرىتىپ، باسمىدا بېسىپ، ناھىيە (شەھەر) لەر، يېزىلارغىچە تارقىتىپ، كەڭ دىنىي زاتلار ھەم مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

يەتتىنچى، بەزى جايلاردا يۈز بەرگەن ياش-ئۆسمۈرلەرنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇشقا قىستاش، ئۆز ئالدىغا مەسچىت سېلىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىش ھادىسىلىرى ئۈنۈملۈك توسۇلدى. كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خاڭدى يېزىلىق پارتكومى بىر دىنىي زاتنىڭ ئۆز ئالدىغا خاڭدى يېزىسىدا شاگىرت قوبۇل قىلىپ دىنىي مەكتەپ ئاچقان مەسىلىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. يېڭىشەھەر ناھىيىسى 82 دىنىي مەكتەپ سورۇنلىرىنى تاقاپ، 1500 نەپەر ياش-ئۆسمۈرنى پەننىي مەكتەپكە ئوقۇشقا قايتۇرۇۋەتتى.

(ئەنۋەر تۇرسۇن).

**[ۋىلايەتلىك دىنىي خىزمەت يىغىنى]** قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە دىنىي ئىشلار باشقارمىسى 1986-يىل 12-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە دىنىي خىزمەت يىغىنى چاقىردى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ھەم مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرى يەتكۈزۈل-

دى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1984 - يىلى 11 - ئايدا چاقىرغان دىنىي خىزمەت يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى يەكۈنلەندى، مۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئەيسا شاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئەنۋەر تۇرسۇن).

**[دىنىي زاتلارنىڭ ئەمگەك قىلىپ باي بولۇشى]** قاغىلىق ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار پارتىيىنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن باي بولۇشىغا يول قويۇش سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، باي بولۇش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇردى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۇلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى. 1986 - يىلى ئەمگەك قىلىپ باي بولغان 112 ئائىلە ئىلغار تىپ بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشقان 31 ئائىلە، يىلىغا 10 مىڭ جىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقارغان 56 ئائىلە، مىڭ جىڭ پاختا ئالغان 33 ئائىلە بار. يىل ئاخىرىدا ئېغىل - قوتانلاردىكى چارۋىسى 100 دىن ئاشقان 11 ئائىلە بار.

(دىلىك شىنىپ).

**[يۇقىرى قاتلام مىللىي، دىنىي زاتلارنىڭ تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئۆمىكى پوسكام ناھىيىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى]** 1986 - يىلى 9 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللىي ئىشلار باشقارمىسى، دىنىي ئىشلار باشقارمىسى بىرلىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مىللىي، دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلىرىنىڭ تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئۆمىكىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە — پوسكام ناھىيىسىگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىدى. ئۆگىنىش ئۆمىكى ئەزالىرى ئىچىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ھەمدە ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى، سىياسىي كېڭەشلىرىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر، مۇئاۋىن رەئىسلىرى بار.

ئۆگىنىش ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى پوسكام ناھىيىسىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، ئىتتىپاقلىقنى قوغداپ، ئورتاق ئىلگىرىلىگەن نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنى ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قۇرغان نەتىجىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇلار يەنە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئىش مەيدانى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بوياقچىلىق سېخىنىڭ ئىش مەيدانى، قەشقەر يىپەك زاۋۇتى، قەشقەر شەھەرلىك سۇلياۋ زاۋۇتى، قەشقەر بىرىنچى بالداق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق زاۋۇت، كارخانىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

(ئەنۋەر تۇرسۇن).

**[601 كىشى ھەج قىلدى]** 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىن 601 كىشى سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت تەشكىللىگىنى 24 كىشى، تۇغقان يوقلاپ بارغىنى 577 كىشى بولدى. ھەجگە بارغۇچىلار سانى ئۆتكەن

يىلدىكىدىن كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى 1940 - يىللاردا ھەجگە بارغان كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي سانىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بۇ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ھەم ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى. ھەر مىللەت دىنىغا ئىشەنگۈچى ئامما بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللاندى.

(ئەنۋەر تۇرسۇن).

## [ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى]

ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەرلەر يىلبويى ئادەتتە ھەر خىل باش كىيىملىرىنى كىيىدۇ، چوڭلار بىلەن ئۇچراشقاندا ياكى ھېيت - بايرام پائالىيەتلىرىگە قاتناشقاندا ۋە نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزگەندە شۇنىڭغا مۇناسىپ باش كىيىملىرىنى كىيىپ، تەنتەنىلىك، ئەدەپلىك قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى شاپاق دوپپا، تۇماق ۋە گۈللۈك دوپپىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى يېشىغا، جىنسىغا ۋە كەسپىگە قاراپ پەرقلىنىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇ يەنە يەرلىك ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەردە باشتىكى دوپپا، تۇماقلىرىغا قاراپ، ئاساسەن ئۇلارنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى، نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. گۈللۈك دوپپىلارنى ئالساق قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئەرلەر كۆپىنچە بادام دوپپا كىيىدۇ. شىمالىي شىنجاڭلىقلار گۈل كەشتىلەنمىگەن قىزىل ياكى قارا دوپپا كىيىدۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن ئۇيغۇر كادىرلار ھەم باشقا ئوتتۇرا ياشلىق ئۇيغۇر ئەرلەر كۆپرەك گۈل كەشتىلەنگەن، سۈپىتى يۇقىرى، كۆركەم چىمەن دوپپىلارنى كىيىدىغان بولدى. ئۇيغۇر قىز - چوكانلار كۆپىنچە گىلەم دوپپا ۋە دۇخاۋا دوپپىلارلى كىيىدىغان بولدى. ئوتتۇرا ياشلىق، ياشانغان ئاياللار سىرتقا چىققاندا كۆپىنچە باھاسى قىممەترەك كەمچەت تۇماق كىيىدۇ. كۆپلىگەن بايراق ئاياللار يەنە ھەشەمەتلىك ماجان دوپپا كىيىدىغان بولدى، بۇنداق دوپپىنىڭ باھاسى نەچچە يۈز كويدىن بىرەر مىڭ يۈەنگىچە بولىدۇ.

قەشقەردە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىدە، قارا قورۇم تاغلىرى ۋە پامىرنىڭ شەرقىي ئېتىكىدە ماكانلاشقان نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەرلەر ياز كۈنلىرىدىمۇ تېرە تۇماق، قولاقچا كىيىدۇ. يېڭىسار ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئاممىسى قارا كۆرپە تۇماق كىيىدۇ، بۇنداق تۇماق كەيگۈچىلەر ھەيۋەتلىك، ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئاممىسى ئاق تۇماق كىيىدۇ. قاغىلىق، گۇما ھەم خوتەن ئەترابلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەرلەر خوتەن تەلپىكى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. خوتەن ئەترابلىرىدا يەنە قارىيە تەلپىكى بار، بۇ كۆئېنلۇن تېغى باغرىدىكى ئاياللار كىيىدىغان بىر خىل ئالاھىدە تۇماق بولۇپ، ئاياللار بۇ تەلپەكنىڭ بېشىدىن چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئىلمەك ياكى يىپ ئارقىلىق ئاق باش ياغلىقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بېكىتىۋالىدۇ. بۇلار بەلكىم ھازىرقى دۇنيادىكى ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان باش كىيىملەر بولسا كېرەك.

(لۇجىڭتاۋ).

## [قوتازغا مىنىپ ئوغلاق تارتىشىش]

ئاتقا مىنىپ ئوغلاق تارتىشىش تاجىكلارنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق پائالىيەت تۈرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ مىللەتتە يەنە قوتازغا مىنىپ ئوغلاق تارتىدىغان ئالاھىدە ھەرىكەتمۇ بار.

# [«1-ماي ئەمگەكچىلەر مېدالى» غا ئېرىشكەنلەر]

[ۋاڭ يۈجېن] ئايال، ئىنژېنېر. 1937-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇڭشەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1960-يىلى 8-ئايدا بېيجىڭ گېئولوگىيە شۆيۈەننى پۈتتۈرۈپ، تەقسىماتتا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن شىنجاڭغا بېرىشنى تەلەپ قىلغان. 1960-يىلى 9-ئايدىن 1964-يىلى 4-ئايغىچە شىنجاڭ گېئولوگىيە-كان ئىشلىرى ئىدارىسى ئاقسۇ گېئولوگىيە ئەترىتىدە ئىشلىگەن، 1964-

قوتازنىڭ پاچاقلىرى قىسقا، كۆپىنچە قارا يۇڭلۇق بولىدۇ، قوڭۇر رەڭلىك، ئالا قوتازلارمۇ بار. قويرۇقىمۇ يۇڭلۇق بولىدۇ، ئۇ سوغۇققا چىداملىق بولۇپ، قار-مۇزلاردا يېتىپ ئۇخلىيالايدۇ. قارىماققا كېلەڭسىز، دۆت كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھاۋاسى شالاڭ ئېگىز تاغ-داۋانلاردا يۈكنى كۆتۈرۈپ ئەركىن-ئازادە ماڭالايدۇ، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «ئېگىزلىك كېمىسى» دەپ ئاتىشىدۇ.

ئوغلاق تارتىش باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ئوغلاق تارتقۇچىلار بىر سىزىق بويلاپ قاتارلىشىپ تۇرۇشىدۇ، بېشى كېسىۋېتىلگەن بىر ئوغلاق مۇسابىقە مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىنىدۇ. ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ، ئوغلاق تارتقۇچىلار قوتازلىرىنى ھەيدەپ ئوغلاققا ئېتىلىدۇ. بۇرۇن يېتىپ كەلگىنى ئوغلاقنى ئېلىپ قاچىدۇ، قاچالماي قالسا قالغان ئوغلاق تارتقۇچىلار ئۇنى ئورىۋېلىپ ئوغلاقنى جېنىنىڭ بېرىچە قولىغا ئېلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. ئوغلاق تارتقۇچىدىن بىرەرسى ئوغلاقنى قورشاۋدىن ئېلىپ چىقىپ، بېكىتىلگەن جايغا تاشلىيالىسا، 1-قېتىملىق ئېلىشىش ئاياغلىشىدۇ. مۇشۇنداق بىر قانچە قېتىم ئېلىشىش ئارقىلىق غەلىبە قىلغۇچى مۇسابىقە كۆرگۈچىلەرنىڭ تەنتەنىسىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئارقىدىنلا قالغان ئوغلاق تارتقۇچىلار ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ، غەلىبە قىلغۇچىنى دەۋرى قىلىپ، ئۇنىڭغا دوستلۇق قوللىرىنى سۇنۇشۇپ تەبرىكلىشىدۇ. ئوغلاق تارتقۇچىلارنىڭ رىياسەتچىسى كۆپىنچە يېشى چوڭراق، يۈز-ئابرويلۇق كىشىلەردىن سايلىنىدۇ. ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسىنىڭ رىياسەتچىسى بىر قىزىل تاۋار بەلباغنى غەلىبە قىلغۇچىنىڭ دولىسىغا ئېسىپ قويىدۇ، يەنە بىر قىزىل تاۋارنى قوتازنىڭ مۈڭگۈزىگە باغلاپ، غەلىبە قىلغۇچىنى مۇكاپاتلايدۇ. شۇنداق قىلىپ غەلىبە قىلغۇچى كىشى ھەممىلا يەردە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدىغان قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ، ئۇ مىنگەن قوتازنىڭ باھاسىمۇ شۇندىن كېيىن زور دەرىجىدە ئۆرلەيدۇ.

يىلى 5 ـ ئايدىن تا ھازىرغىچە شىنجاڭ گېئولوگىيە كان ئىشلىرى ئىدارىسى قەشقەر گېئولوگىيە 2 ـ ئەترىتىدە ئىشلىمەكتە. يولداش ۋاڭ يۈجېن ئۇزاق مۇددەت تەڭرىتاغ، كۇئېنلۇن تېغى ۋە قارا قۇرۇم تېغىدا گېئولوگىيە كان بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، شۆبە ئەترەتنىڭ تېخنىكا مەسئۇلى، باش ئىنژېنېر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شۆبە ئەترەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ئىشلىگەن كان رايونلىرى 40 تىن ئاشىدۇ، ئۇ تۆت كان رايونى دوكلاتى ۋە ئىككى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى يېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان، تۆت ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى پۈتتۈرۈشكە رىياسەتچىلىك قىلغان، «شىنجاڭ گېئولوگىيىسى» ژۇرنىلىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. 1986 ـ يىلى، ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە پۈتتۈرۈلگەن «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسىم رايونىنىڭ 500 مىڭدىن بىر ماسشتابلىق گېئولوگىيە خەرىتىسى، كان بايلىقلىرى خەرىتىسى ۋە ئىزاھات» گېئولوگىيە، كان ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ۋاڭ يۈجېن 26 يىلدىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ گېئولوگىيە، كان ئىشلىرى ئۈچۈن بىر قەدەر زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

ۋاڭ يۈجېن ئايال گېئولوگىيە خادىمى بولۇشىغا قارىماي، ئەر يولداشلارغا ئوخشاش ئۇزاق مۇددەت دالىدا كۆرەش قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن، ھېرىش ـ چارچاشتىن قورقمىدى، خەۋپ ـ خەتەرگە پىسەنت قىلمىدى، باتۇرلۇق بىلەن يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتەردى. تېخنىكا جەھەتتە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ تەتقىق قىلدى، تېخنىكىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇ چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيدى، كەسپچانلىقى يۇقىرى بولدى. يولداشلار بىلەن ئىتتىپاق قىلىشىپ، پاك، ئادىل بولدى. 1979 ـ يىلى مەملىكەتلىك «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1984 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى، 1986 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئىشچىلار باش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى دەپ باھالاندى ھەمدە «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

(زويىكې).

**[ سەيدۇللا ]** 1980 ـ يىلى كۈزدە، تاشقورغان ناھىيىلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى تاجىك مىللىتىدىن بولغان يېزا پوچتالىيونى سەيدۇللانى ۋاچادىن داتۇڭغىچە بولغان پوچتا يولىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. بۇ پوچتا يولى مەملىكەت بويىچە مەشھۇر مۇنەۋۋەر پوچتالىيون ئەكرەم پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن ماڭغان يول ئىدى. بۇ پوچتا يولىنىڭ بېرىپ ـ كېلىش مۇساپىسى جەمئىي 240 كىلومېتىر بولۇپ، يول ئۈستىدە دېڭىز يۈزىدىن 5441 مېتىر كېلىدىغان قەندۈر داۋىنىنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. «تاغ بۈركۈتى ئۇچۇپ ئۆتۈشكە، جەرەن توختاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ» دەپ ئاتالغان بۇ پوچتا يولىنىڭ ئۈستىدە يولنى توسۇپ تۇرىدىغان بىر قانچە ئون مۇز دەريا بولۇپ، كىلىمات ئۆزگىرىشى كۆپ، ھاۋاسى شالاڭ

ئىدى. بەزىدە شىۋىرغانلىق قار يېغىپ، يۈزىگە خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك تۇرۇلاتتى. بەزى خەتەرلىك جايلاردىن قوتازنى يېتىلەپ، بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يول ئىزدەپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. سەيدۇللا ھەر قېتىم سەپەرگە ئاتلانغاندا خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە مەجبۇر بولاتتى.

1981 - يىلى يازدا، كىشلەرنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى ئۈچۈن تارتىپ قويۇلغان بىردىنبىر ئاسما ئاغامچىنى كەلكۈن سۇ بۇزۇپ تاشلايدۇ . يولنىڭ ھەممە يېرى سۇ بىلەن تولغان، دەريا ئىچىدە تاشلار دومىلاپ ئاقاتتى ، سەيدۇللا ئەكرەمنى ئۈلگە قىلىپ، قەتئىيلىك بىلەن كىيىمىنى سېلىپ، پوچتا ئالاقىلىرىنى يامغۇرلۇق چاپان بىلەن ئوراپ، بېشىدا كۆتۈرۈپ دەريادىن ئۆتۈپ، پوچتا ئالاقىلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

1983 - يىلى قىشتا، قەندۇر داۋىنىدا كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆرۈلمىگەن چوڭ قار يېغىپ، تاغ يوللىرى توسۇلۇپ قالىدۇ. پوچتا ئالاقىلىرىنى باسۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، سەيدۇللا تەشەببۇسكارلىق بىلەن داتۇڭ يېزىسىغا يەكەن ناھىيىسىنىڭ كاچوڭ يېزىسىدىن ئايلىنىپ بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بۇنداق بولغاندا بىر قېتىم قاتناش ئۈچۈن 50 كىلومېتىردىن كۆپرەك يولنى پىيادە بېسىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ قىلچە زارلانماستىن تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پوچتا ئالاقىلىرىنى ئۆز جايىغا يەتكۈزۈپ بەردى.

1986 - يىلى يازنىڭ بىركۈنى سەيدۇللا داتۇڭ يېزىسىدىكى بايرەك ئىسىملىك بىر چارۋىچىغا پوسۇلكا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ، بايرەكنىڭ تۇرار جايىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ، ئۆيىنى كۆچۈرۈپ يازلىق ئوتلاققا كەتكەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. بۇ جاي يازلىق ئوتلاقتىن 50 كىلومېتىر كېلەتتى، يول ئۈستىدە يەنە ئىككى مۇز تاغ بار ئىدى. بىر چارۋىچى ئۇنىڭغا: پوسۇلكىنى مۇشۇ يەردە قويۇپ كەت، بايرەك كۈزدە قايتىپ كېلىدۇ، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەر دەيدۇ. سەيدۇللا ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزى ئېلىپ ماڭىدۇ، گەرچە ئۇ پوسۇلكىنى ئاپىرىپ بەرسە، قاراڭغۇ چۈشكىچە داتۇڭ يېزىسىغا يېتىپ بارالمايدىغانلىقى، مۇز تاغدا تۈنەپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن پوچتالىيوننىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئويلايدۇ- دە، قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىگە ۋە ھېرىپ - چارچاپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، يېرىم كۈندىن كۆپرەك يول يۈرۈپ، ئاخىرى پوسۇلكىنى بايرەكنىڭ قولىغا تەگكۈزىدۇ. ئۇ ئۆزى بولسا تاغ ئۆڭكۈرىدە سوغۇققا چىداپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزىدۇ.

ئالتە يىل جەريانىدا، سەيدۇللا قار بىلەن قاپلانغان مۇزلۇق چوققىلاردا 150 نەچچە قېتىم قاتناپ، 50 مىڭ كىلومېتىردىن كۆپرەك يول باستى، 20 مىڭدىن ئارتۇق پوچتا ئالاقىلىرىنى توشۇپ، خاتالىق كۆرۈلمەسلىك، باسۇرۇپ قويماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى.

1986 - يىلى مەملىكەت بويىچە «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا ئېرىشتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ پوچتا - تېلېگراف تارمىقىدىكى بىردىنبىر ۋەكىلى سۈپىتىدە شەرەپلىك ھالدا مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سەمىمىي قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى).

# 〔مەملىكەت بويىچە مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە «خەلق ئوقۇتقۇچىسى» مېدالىغا ئېرىشكۈچىلەر〕

[يۈشۈجېن] ئايال، 1960 - يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر قەشقەر 10 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

يولداش يۈشۈجېن ئۇزاق مۇددەت مائارىپ خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى، كىشىلەرنىڭ مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر مۇنەۋۋەر خەلق ئوقۇتقۇچىسى، شۇنداقلا يول ئېچىش روھىغا ئىگە مەكتەپ رەھبىرى. ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، بالىلارنىڭ پسىخولوگىيە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى باش قاتۇرۇپ تەتقىق قىلدى، دەرسخانا ئوقۇتۇشنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ياخشى تەشكىللىدى، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن دەرسخانا ئوقۇتۇشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى تەربىيىنى بىلىم تەربىيىسىگە سىڭدۈردى. ئۇ جانلىق تېتىك بولغان تەربىيە شەكلىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى يادرو قىلىنغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ باردى. مەكتەپ مىقياسىدا «دۆلەت بايرىقى، مەن سېنى سۆيىمەن»، «قىزىل گالىستۇكنى سۆيىمەن»، «مەكتەپنى سۆيىمەن» دېگەنگە ئوخشاش پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەننى سۆيۈش، مەكتەپنى سۆيۈش، سىنىپنى سۆيۈشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتچانلىقنى يېتىلدۈرۈشكە پائال رىغبەتلەندۈردى. ئۇ يەنە ئەخلاق - پەزىلەت دەرسىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا «شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن ماۋزۇدا لېكسىيە سۆزلىدى، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مېۋە - چېۋە تېتىتىش يېمەكلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيۈش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى.

يولداش يۈشۈجېن ئۇزاقتىن بۇيان پۈتۈن كۈچىنى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىشقا بېغىشلىدى. دەسلەپتە، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا ئادەتلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، دادىللىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئۇ، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى تىپىك دەرس مىساللىرىنى شەخسەن ئۆزى تونۇشتۇردى ۋە ئويۇشتۇردى، باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنىڭ روھى ۋە دەرسلىك لايىھەلەش ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ ئۇسۇلىنى تونۇتۇپ، ھەربىر ئادەم ئىسلاھ قىلىنغان دەرسلىكتىن بىر سائەتلىك دەرس لايىھەلەش ھەمدە ئۇنى ياخشى ئۆتۈش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. ئۇ كۆپچىلىكنى مەخسۇس ماۋزۇدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا، ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىنى قانداق تۇرغۇزۇش توغرىسىدا ئىزدىنىشكە ئويۇشتۇردى. مەكتەپتە ئېغىزچە بايان قىلىش دەرسى، ئوچۇق دەرس، يېزىقچىلىق دەرسى تەسىس قىلىپ، ئو-

# 〔ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائارىپ سېپىدىكى ئىلغار شەخسىلەر〕

**[لى ماۋدىك]** ئەسلىدىكى ئىسمى لى
بېرىن، ئەر، 1928-يىلى تۇغۇلغان، گەنسۇ
ئۆلكىسىنىڭ گەنگۇ ناھىيىسىدىن. كەمبەغەل
دېھقان، كېلىپ چىقىشى ئوقۇغۇچى، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى. ياشلىق
دەۋرىدە نىڭشىيا سىفەن جۇڭنىكى مەكتىپى-
دە خەنزۇ تىلى ئۆگەنگەن. 1949-يىلى 7-
ئايدا ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، گەنگۇ ناھىيە

---

قۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش،
يېزىش ئىقتىدارىنى قەدەم باسقۇچلۇق ھال-
دا مەشىق قىلدۇردى. مەخسۇس ماۋزۇدا
تەتقىق قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپچى-
لىكنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە مەغلۇپ
بولۇشتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ئۇ-
يۇشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى يىللىقلار گۇرۇپپى-
سىدىن تارتىپ پۈتۈن مەكتەپ مىقياسىغىچە
بولغان ئوقۇتۇش ئىسلاھات تورىنى شەكىل-
لەندۈردى.

ئىسلاھات بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ كۆزىتىش، تەپەككۇر، بايان قىلىش،
ئىپادىلەش، ئوقۇش ئىقتىدارىنى تېزلىكتە
يۇقىرى كۆتۈردى. قەشقەر 10-باشلانغۇچ
مەكتەپ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى باشلانغۇچ
مەكتەپلەر تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ئىسلا-
ھاتى بويىچە مەركىزىي مەكتەپ بولۇپ
قالدى.

(شى يى، لىن دوك).

**[ئېلى باقى]** 1957-يىلى قەش-
قەر دارىلمۇئەللىمىنى پۈتتۈرگەن، ھازىر
كونىشەھەر ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ باشلىقى. ئۇ مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى
ئۆزىگە دەستۇر قىلغان: «بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ
بارلىقىنى ئوقۇغۇچىلارغا تەقدىم قىلىشى
بارلىقىنى ۋەتەنگە ۋە خەلققە تەقدىم قىل-
غانلىقىدۇر.» ئۇ مانا مۇشۇنداق ئەقىدە
بىلەن مائارىپ سېپىدە 30 يىلغا يېقىن ۋا-

قىت كۆرەش قىلدى. يەكەن دارىلمۇئەللىمىنى-
دە ئىشلىگەن 18 يىل جەريانىدا ئۇنىڭ
ھەربىر ئېغىز سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئوقۇغۇ-
چىلاردا ۋە ئوقۇتقۇچىلاردا ياخشى تەسىر
قالدۇرغان بولۇپ، «بەشتە ياخشى ئوقۇت-
قۇچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن ھەمدە شە-
رەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيى-
سىگە ئەزا بولغانىدى. 1975-يىلى ئۇ،
كونىشەھەر ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ-
كە يۆتكىلىپ كەلدى. پارتىيە 11-نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يى-
غىنىدىن كېيىن، خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك
نەتىجە يارىتالىغانلىقتىن، بۇ مەكتەپنىڭ مۇ-
دىرلىقىغا ۋە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجى-
لىقىغا تەيىنلەندى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە
مەكتەپ پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى
ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئۈچۈن،
ئەخلاقى ۋە تالانتى جەھەتتە تەڭ يېتىشكەن
زور بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ
بەردى. ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىد-
غان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئېلىش تۈ-
زۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن،
بۇ مەكتەپ ئالىي مەكتەپلەرگە 300 دىن ئار-
تۇق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى
يەتكۈزۈپ بەردى. 1985-يىلىلا 87 ئوقۇ-
غۇچى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى،
مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى جەمئىيەتنىڭ
ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى

(لىن دوك، شى يى).

لىك خەلق ھۆكۈمىتى ماارىپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى بولغان. 9-ئايدا غەربىي شىمال ئىنقىلابىي داشۆسىگە كىرىپ ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا چىقىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2-جۈن شتابىدا مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ھەربىي سەپتە كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، 1956-يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەكتىپى قۇرۇپ، مەكتەپ ئىشلىرى كاتىپى، ئوقۇتقۇچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

30 يىلدىن بۇيان، بۇ مەكتەپتە ئونمىڭلىغان ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى تەربىيىلەندى، بەزىلىرى ئاسپىرانت، مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر بولۇپ قالدى. 1980-يىلدىن بۇيان، بۇ مەكتەپ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايونى تەرىپىدىن، ئۈچ قېتىم ۋىلايەت تەرىپىدىن «ئىشچى-خىزمەتچىلەر ماارىپىدا ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالاندى. مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى بۇ مەكتەپنىڭ ئىش ئىزلىرىنى كۆپ قېتىم خەۋەر قىلدى.

ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە، لى ماۋدىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىجىر سىڭدۈرۈپ، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىغا ئەستايىدىل دەرس ئۆتتى. 50-يىللاردا، نۇرغۇن يىل «ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش» ماارىپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى بېغىشلىدى. ئۇ يەنە مەكتەپتىن چىقىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، كۆپ قېتىم تەكلىپكە بىنائەن قەشقەر 2-ئوتتۇرا مەكتەپ، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن، قەشقەر ماارىپ شۆبىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىگە بېرىپ دەرس ئۆتتى. لى ماۋدىڭ ئېلىمىزدىكى ماارىپ پېشۋالىرىنىڭ «جاھانغا قەيسەر تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش خۇشاللىق دېمەكتۇر» دېگەن ئەقلىيە سۆزىنى ئۆزىگە دەستۇر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قانچە قىيىنچىلىققا يولۇقسىمۇ، باشتىن-ئاخىر خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى. ئۇ ئۆگىنىشتە ئۆزىگە تەلەپنى قاتتىق قويدى. ھەر قانداق ئىشتا ئۆزى باشلامچى بولدى. دەرسلىك يېتىشمىسە، ئۆزى تۈزۈپ بېسىپ چىقتى؛ مەبلەغ يېتىشمىسە، ئۆز يېنىدىن پۇل تۆلەپ دەرسلىك كىتاب ۋە ماتېرىيال سېتىۋالدى؛ ئوقۇغۇچىلار دەرسكە كېلەلمىسە، ئۇ ئۆزى ئۆيىگە بېرىپ دەرس تولۇقلاپ ئۆتتى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى قىسقا بولۇپ قالغاندا، ئوقۇش خىراجىتىنى ئۆزى تۆلەپ قويدى؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆگىنىشتە قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن خالىسانە مەسلىھەتچى بولدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئۇنى سەمىمىيلىك بىلەن «لى ئاغا» دەپ ئاتىدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، چوڭلار ماارىپى كۈندىن-كۈنگە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولدى. لى ماۋدىڭنىڭ ياشلىق باھارى تېخىمۇ ئۇرغۇدى. ئۇ ئوقۇتۇشتىن سىرتقى چاغلاردىن پايدىلىنىپ، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ «ئىشچى-خىزمەتچىلەر ماارىپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر

مائارىپىدىكى مۇئاسىۋەتلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائارىپىدىكى ئون چوڭ مۇئاسىۋەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، زىددىيەتلەرنى تەھلىل قىلدى، قانۇنىيەتلەرنى ئېچىپ بەردى. بۇ ئىلمىي ماقالە ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار مائارىپى ئىدارىسىنىڭ نەزەرىگە ئېرىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا بېسىپ تارقىتىلدى.

لى ماۋدىڭ بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان، چىگرا رايوننىڭ تاغ - دەريالىرىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىدى؛ ھەر مىللەت خەلقىنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ كەلدى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان يولداشلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەممە ئىشتا ھەمنەپەس بولدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەممە ئىشلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان خىزمەت، شۇڭا ئۆزەم باشلامچى بولۇپ، باشتىن-ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرىمەن.» مانا بۇ ئۇنىڭ ئەڭگۈشتەرى بولۇپ كەلدى، ئۇ كۆپ قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋە ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى. 1986-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «ئاپتونوم رايونى بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائارىپىدا ئىلغار ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. لى ماۋدىڭ بۇنىڭدىن ئالغان 200 يۈەن مۇكاپات پۇلىنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگو باللار ۋە ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتىگە ئىئانە قىلىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

(لى ۋېيدوڭ).

**[مەھەممەت مەتربەم]** مەھەممەت مەتربەم 1958-يىلى مائارىپ خىزمىتىگە قاتناشقان، 1960-يىلى يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بۇيان چوڭلار مائارىپى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

يەكەن ناھىيىسىدە 29 يېزا-بازار، تۆت باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق مەيدانى، 486 كەنت، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق 90 نەچچە ئىدارە ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇندىكى 458 مىڭ نوپۇس ئىچىدە ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى. مەھەممەت مەتربەم 28 يىلدىن بۇيان ھېرىش-چارچاشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، تاپا-تەنىلەردىن قورقماي، بىر تەرەپتىن چوڭلار مائارىپىغا ئائىت ھۆججەتلەرنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە پەن-تېخنىكا مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. 1984-يىلى ئۇ ناھىيە بازىرىدىن 110 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قوشراپ يېزىسىغا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بارغاندا، يول ئۈستىدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، ئۇ، تاغ - چوققىلاردىن ئېشىپ، سەككىز سائەت يول مېڭىپ، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئورۇنلايدۇ. ئۇ ئورغۇنلىغان سانلىق مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەسىنىڭ تاۋۇش جەدۋىلى، ھەر بىر ئائىلىنىڭ مەدەنىيەت ئارخىپى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئوبيېكتلىرىنى تىزىملاش جەدۋىلى، ھەر خىل ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى، ساۋات چىقىرىش گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلارنى لايىھىلەپ بېسىپ تارقاتتى. 1983 - يىلى 6 - ئايدا، ئۇ بىر قىسىم كەسپىي كادىرلارنى يېتەكلەپ ئودانلىق يېزىسىدا نۇقتىدا تۇرۇپ، مەس-

# ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى ئابدۇرەشىت ئىمىن

ئابدۇرەشىت ئىمىن يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ئوچار يېزىسىدىكى ئورمانچىلىق كەسپىي ئائىلىسى.

كەنتتىن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا بىر چۆل بولۇپ، ئۇ يەردە تاش كۆپ بولغانلىقتىن، ئوت-چۆپلەر تاشنىڭ ئارىلىرىدىن ئۈنۈپ چىقاتتى. 1982-يىلى كۈزدە 23 ياشلىق ئابدۇرەشىت ئىمىننىڭ كاللىسىدا مۇشۇ جايدا ماكانلىشىش، بۇ چۆلنى كۆكەرتىش ئويى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بۇ ئويى سابىق گۇڭشې پارتكوم مەسئۇلىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئۇزۇن يىل ئۇيقۇدا ياتقان چۆل ئۇيقىدىن ئويغاندى. ئابدۇرەشىت ئىمىن ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللارنىڭ ياردىمى بىلەن چۆلدە بىر ئېغىز ۋاقىتلىق كېسەك ئۆي سالدى. قەھرىتان قىش پەسلى يېتىپ كەلدى، سۆڭەكتىن ئۆتكىدەك شىۋىرغان ۋە كۆزنى ئاچقۇزمايدىغان قۇم-توپا بورىنى ئەتراپنى قاپلىغان كۈنلەردە، ئۇ ئايالى بىلەن بىرلىكتە ئاددىي سايمانلار بىلەن تاشلارنى ئاغدۇرۇپ، يەر تۈزلىدى. باھار كىرىشى بىلەن 43 مو بىنام يەر تەييارلاندى. بۇ يەرلەرگە كۆچەت تىككەندە، كەنتتىكى بەزى كىشىلەر ئاستىرتتىن توسقۇنلۇق قىلدى، ئۇلار كۆچەتلەرنى سۇغۇرۇپ تاشلىدى، سۇتوس-

---

ئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزىلاردا چوڭلار مائارىپى خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى. 1985-يىلى 1-ئايدا، قاتتىق چارچاش تۈپەيلىدىن يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى، كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلىنىشى بىلەنلا، يەنە خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. 1986-يىلى 1-ئايدا ناھىيە يېزا-بازارلاردىكى چوڭلار مائارىپى ئەھۋالىنى 3-قېتىم تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئۇ 54 ئادەمنى باشلاپ چەت-يىراقتا جايلاشقان قوشراپ، كاچۇڭ، ئارسلانباغ قاتارلىق يېزىلارغا بېرىپ، ۋەزىپىنى كۆرۈنەرلىك ئورۇنلىدى. 1982-يىلىدىن باشلاپ، بۇ ناھىيەنىڭ چوڭلار مائارىپى خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1986-يىلى كۈزدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىسبىتى 95.3 پىرسەنتكە يېتىپ، ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن 121 مىڭ 530 كىشى ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەن. ئىلگىرى-ئاخىر 224 تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 7890 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشقان.

ئاپتونوم رايونى ۋە ۋىلايەت 1986-يىلى 1-ئايدا بۇ ناھىيەنىڭ چوڭلار مائارىپى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. 1986-يىلى كۈزدىن كېيىن، يەكەن ناھىيىسى دېھقان-چارۋىچىلارنى تەشكىللەپ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش سىنىپى ۋە پەن-تېخنىكا سىنىپىدىن 1241 نى ئاچتى، ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 32 مىڭغا يېتىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نەتىجىسى كېڭەيتىلدى. مەھەممەت مەترېھىم چوڭلار مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، كۆپ قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر ئىشچى-دېھقان مائارىپى خادىمى»، «مۇنەۋۋەر مائارىپچى» دەپ باھالاندى.

(يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسى).

# [دىنىي زاتلار]

## [ھارۇنخان ھاجى ھاشىم]

1922-يىلى 7-ئايدا تۇغۇلغان، ئاتىسى ھاشىم داموللا بىلىملىك دىنىي كەسىپدار بولۇپ، «خانلىق مەدرىس» تە مۇدەررىس بولغان. قەشقەردىكى «قازى كالانى» بولغان.

ھارۇنخان ھاشىم كىچىكىدىنلا ئۆيدە دىنىي تەلىم ئالغان. كېيىن ھېيتگاھ مەسچىتىدە تۆت يىل ئوقۇپ «قارى» بولغان. 1942-يىلى خانلىق مەدرىسكە قوبۇل قىلىنىپ، دىنىي قائىدە-نىزاملار، قۇرئان تەپسىرلىرى، سەھىھۇل بۇخارى، ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى قاتارلىق دەرسلىكلەرنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. 20 يېشىدىن باشلاپ غوجى گۈزىرى كوچىسى مەسچىتى، تۆشۈك دەرۋازا مەسچىتى، چاپان بازىرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ۋە خاتىپى بولغان. 1947-يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە سەئودى ئەرەبىستانىغا ھەجگە بېرىپ، مەككىدە ئىككى يىل تۇرغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە پاراخ مەسچىتىدە بىر يېرىم يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1948-يىلى، ئاتىسى مەككىدە كېسەللىك

---

بىلىرىنى ئېچىۋەتتى، بىراق ئابدۇرېشىت ئىمىن بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالمىدى. كۆچەتلەرنى سۇغۇرۇپ تاشلىسا، قايتىدىن تىكتى، توسەمنى ئېچىۋەتسە قايتىدىن ياسىدى، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئاخىرى 1500 تۈپ تېرەك، 1500 تۈپ سۆگەت، 1000 تۈپتىن ئارتۇق جىگدە ئوتقۇزدى.

1983-يىلى كۈز، ئۇ بىر ئېغىز ئۆيىنى، ئىككى كالىسىنى، 11 قويىنى سېتىپ، ئامانەت قەرز كوپېراتىپىدىن بېرىلگەن قەرز پۇلىغا قوشۇپ، كۆكشىنىڭ بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتتى. ئۇ بىر قىش جاپالىق جەڭ قىلىپ، 180 مو بىنام ئاچتى. ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا 20 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكتى. ئابدۇرېشىت ئىمىن نەتىجە ئالدىدا بىر ئىزدا توختاپ قالماي، ئۆزىنىڭ «ئورمان ئەھيا قىلىش قۇرۇلۇشى»نى يەنە باشلىۋەتتى: 5000 يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ، بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ۋە بىر تراكتور سېتىۋالدى؛ 200 نەچچە مو يەرنى تۈزلىدى، 36 مىڭ مېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتا چۆنەك ئېلىپ، 5000 تۈپتىن كۆپرەك تېرەك، 6000 تۈپتىن كۆپرەك سۆگەت قويدى.

شۇ يىلى، ئۇنىڭ ئائىلە ساپ كىرىمى 1100 يۈەنگە يەتتى، ئۈچ ئېغىزلىق يېڭى ئۆي سېلىۋالدى، ئۇندىن باشقا يەنە بىر توخۇ فېرمىسى، بىر قوتان سالدى.

ئابدۇرېشىت ئىمىن 1985-يىلى مەملىكەت بويىچە «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دەپ باھالىنىپ، «مەملىكەت بويىچە چېگرا رايوندىكى مۇنەۋۋەر پەرزەنتلەر» دېگەن نامغا ئېرىشتى، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. 1986-يىلى ئۈچ شىمالىي رايون ئىھاتە ئورمانلىقىنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشى بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشتى.

(ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى).

توپەيلىدىن قازا قىلغان. ئۇ، 1949-يىلى 4-ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، تاكى 1956-يىلىغىچە خانلىق مەدرىستە داۋاملىق ئوقۇغان.

1978-يىلىدىن باشلاپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ چاپان بازىرى مەسچىتى ۋە تۆشۈك دەرۋازا مەسچىتىدە ئىمام ۋە خاتىپ بولۇپ، ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىگەن. 1985-يىلىدىن باشلاپ، سالىھ دامولla ھاجى، سۇلايمان دامولla قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىنى ئۆتىگەن. ئۇ تۈرلۈك سورۇنلاردا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى پائال تەشۋىق قىلغان، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى باشلامچىلىق بىلەن چەكلىگەن، كەڭ ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

1978-يىلىدىن باشلاپ، ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا، شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان. 1986-يىلى مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلانغان، ھازىر قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتىمەكتە. بۇ بىر يىلدا، ئۇ جۇڭگو ھەج قىلغۇچىلار ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە ۋە ساياھەتتە بولدى. شۇ يىلى 12-ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە بېرىپ، ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

(ئەنۋەر تۇرسۇن).

## [ ئابدىرېشىت ئەلەم ئاخۇن ]

(1903-1986) يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بارىن يېزىسىدىن. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، بىر قانچە مەكتەپتە ئوقۇپ، 10 نەچچە يىل تەلىم ئالغان. 1923-يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قازىسى بولغان، كېيىن يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ باش بېگى بولغان. 1939-يىلى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ شىڭشىسەي پىلانلىغان «ئۈچ ھوقۇق يىغىنى»غا قاتنىشىشقا چاقىرتىلىپ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1942-يىلى 3-ئايدا تۈرمىدىن چىقىپ، ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1946-يىلى يېڭىشەھەر سەنىيىخۇيىنىڭ خۇيجاڭى بولغان، پان تۈركىست مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرغان. 1947-يىلى ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان سەنىيىخۇي يىغىنىغا قاتناشقاندا، گومىنداڭنىڭ چىرىك سىياسىتىدىن نارازى بولۇپ، ئىلىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئۇنى سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ ئەئلىمى ۋە سۈيدۈڭ قىسىملىرىنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ قىسىم بىلەن بىللە جەڭگە قاتناشقان. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندا، ئۇ ئارمىيە بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن ھەمدە قەشقەردە قېلىپ ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ خاتىپلىقىنى ئۆتىگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى پائال ھىمايە قىلىپ

قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى ئىزدىشىپ تۇرسىمۇ. 1951 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە قەشقەر شەھەرىنىڭ ئەئلەملىكىنى ئۆتىگەن. ئۇ ئېكىسپىلاتسىيە قىلىش ۋە ئېزىشكە قارشى تۇرۇش، مەدەنىيەت، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغانلىقى، خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر - يېزىلاردا ئېلىپ بارغان دېموكراتىك ئىسلاھاتنى ھىمايە قىلغانلىقى ۋە قوللىغانلىقى ئۈچۈن، ئاممىنىڭ ئىچىدىكى ئىناۋىتى ناھايىتى يۇقىرى بولدى.

ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق كومىتېتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېسەللىك سەۋەبىدىن 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

(ئەنۋەر تۇرسۇن).

**[ مۇھەممەت مەۋلىۋى ھاجى ئىمىن ]** ( 1903 — 1986 ) كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ پاختەكلە يېزىسى قاقۇللا كەنتىدىن. ئۇ كىچىكىدىنلا يېزا باشقۇرغان مەكتەپتە ئوقۇغان. 1914 - يىلىدىن باشلاپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قەشقەر شەھىرى ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئوقۇغان. 1929 - يىلى ئاتىسىنىڭ قوللىشى بىلەن كارۋانغا قوشۇلۇپ، شىمال ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ ئۆتىدۇ، ھىندىستانغا بېرىپ دارىلغۇنۇندا ئوقۇغان. ئۇ يەتتە يىل ئىچىدە ئەرەب، ھىندى، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، يەنە ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، فىزىكا، ئاسترونومىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، تېببىي ئىلىم ۋە دىنىي قائىدىلەر قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. 1936 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلغان ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرغان. 1939 - يىلى ئافغانىستانغا بېرىپ، داشۆنىڭ پروفېسسورلۇقىنى ئۆتىگەن، ئوردۇ تىلىدا «پەيغەمبەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھەققىدە» دېگەن كىتابنى يازغان ھەمدە ئۇيغۇر تارىخىنى يېزىشنى باشلىغان.

مۇھەممەت مەۋلىۋى ھاجى ئىمىن چەتئەلدە ئوقۇپ، ئىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىۋاتقان مەزگىلدە خۇراپاتلىققا، كونىچىرىۋاتىپلىققا، قاراڭغۇ زۇلمەتكە، قالاقلىققا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشنى ۋە ئىلغار ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن ئۆز بىلىمىنى خەلققە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتكە، ھېرىش - چارچاشقا قارىماي، 1947 - يىلى تاشقورغان ئارقىلىق ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۇرتىدا مەكتەپ ئېچىپ، دېھقان پەرزەنتلىرىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە يۇرتداشلارغا بىلىمنىڭ پايدىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تىبابەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، دېھقانلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ داۋاملىق يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، بىراق ئىنتايىن سوللۇق دەۋر سۈرگەن مەزگىللەردە

# [ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە قەشقەردە خىزمەت قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرى]

[ چېن چىڭيۈەن ] بۇرۇن ئىشلەتكەن ئىسمى چېن خاۋرەن، 1917 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلغان، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لوياڭ شەھىرىدىن.

چېن چىڭيۈەن ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە لوياڭدىكى بىر خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن مىڭدې ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە ئالىي دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1937 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا لوياڭدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، شۇ يىلى 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ھەمدە يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1938 - يىلى 3 - ئايدا يەنئەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي سىياسىي داشۆسىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى ئۇنى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتكەن. ئۇ 1939 - يىلى 3 - ئايدىن 1942 - يىلى 3 - ئايغىچە ئاقسۇدا ئىشلەپ، گېزىتخانىنىڭ تەھرىرى، باش تەھرىرى، مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1942 - يىلى 4 - ئايدىن 7 - ئايغىچە قەشقەردە ئىشلەپ، گېزىتخانىنىڭ باشلىقى بولغان. 1942 - يىلى 7 - ئايدا شىڭ شىسەي «باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلەش» نامى بىلەن چېن چىڭيۈەننى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتكەن. شۇ يىلى 9 - ئايدا ئۇ سانجياۋدىغا تەزەربەنت قىلىنغان، 1943 - يىلى 2 - ئايدا تۈرمىگە تاشلانغان. 1946 - يىلى 6 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن چېن چىڭيۈەن قاتارلىق كىشىلەر كوللېكتىپ ھالدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، يەنئەنگە قايتۇرۇپ كېتىلگەن. 1947 - يىلى 3 - ئايدىن 1959 - يىلى 10 - ئايغىچە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەرقىي شىمال ھەربىي رايون ئوفىتسېرلار تەلىم - تەربىيە تۈەنى تەشكىلىي،

---

ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى نابۇت قىلىۋېتىلگەن. 1980 - يىلىدىن كېيىن، ئۇ يېڭىباشتىن قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، بىر قانچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 800 بەتلىك «ئۇيغۇر تارىخى» نىڭ ئارگىنالىنى ئالاقىدار تارماقلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

1978 - يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىلىمى مول، يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئالىم. 1986 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى.

(ئەنۋەر تۇرسۇن).

تەلىم - تەربىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شەرقىي شىمال ھەربىي رايون ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى سىياسىي بۆلۈم تەشۋىقات، تەلىم - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھاۋا ئارمىيە سىياسىي بۆلۈم تەشۋىقات بۆلۈمى كادىرلار مائارىپى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ھاۋا ئارمىيە كادىرلار مەكتىپى ئىلمىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئەنخۇي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، ئەنخۇي ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ باشقارما باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن (ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان، كېيىن كېسەللىك تۈپەيلىدىن ئۇزاق مۇددەت دەم ئالغان). 1982 - يىلى ئەنخۇي ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان، ھازىر دەم ئېلىشتا.

چېن جىڭيۈن شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرى، بىر رەھبىرىي يولداش ئۇنىڭغا شىنجاڭغا بارسا كاللىسىدىن ئايرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەسكەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەتئىي ھالدا شىنجاڭغا كېلىۋەرگەن. تۈرمىدە ئۇ لى يۈنگاڭ، گاۋ دېڭباڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە كوللېكتىپ نارازىلىق بىلدۈرۈش خاراكتېرلىك ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى قوزغاپ، بارلىق قولغا ئېلىنغانلارنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ، دۈشمەننىڭ بىر قانچە قېتىملاپ قىلغان سوراقلىرى ئالدىدا مەردانىلىق بىلەن تىز پۈكمەسلىكتەك قەيسەرلىكنى ئىپادىلىگەن. ئۇ كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى، دېگەن. ئۇ، كوممۇنىزمنىڭ جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن. ئۇ قەشقەردە ئىشلىگەن مەزگىلدە، گېزىتتە ماركسىزم - لېنىنىزمنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا قوللانغان فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئاشكارا تەشۋىق قىلغان، ئۇ يەنە ئاممىۋى يىغىلىش ۋە مەكتەپتىكى دەرس ئۆتۈش سورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ۋەزىيەت ۋە ئېقىم مەسىلىلىرىدىن سۆزلەپ ئاممىنى ئىتتىپاق قىلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە ئۈندىگەن. چېن جىڭيۈن قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىغان. ئۇ «شۆيدىياۋگېتو، قەشقەرنى ئەسلەيمەن» دېگەن شېئىرىنى يېزىپ، يىراقتا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان؛ ئۇ يەنە «شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان كۈنلىرىمنى ئەسلەيمەن» سەرلەۋھىلىك ماقالە يازغان.

(ئۇجىشۇ).

**[خۇجيەن]** (1916 — 1968) بۇرۇن ئىشلەتكەن ئىسمى خۇدۇڭ، خۇخې، خۇمىڭجاڭ، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يەخەن ناھىيىسىدىن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل دېھقان.

خۇجيەن 1932 - يىلى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان، 1933 - يىلى 1 - ئايدا قىزىل ئارمىيىگە ئۆزگەرتىلگەن، 1933 - يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، ئۇ قىزىل ئارمىيىدە ئاۋۋال بۇيرۇق يەتكۈزۈپ بەرگۈچى ئەسكەر بولغان، كېيىن مۇئاۋىن پەيجاڭ، مۇئاۋىن جۇڭداۋيۈەن، جۇڭداۋيۈەن، مۇئاۋىن جيداۋيۈەن، چوڭ ئەترەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1936 - يىلى قىزىل ئارمىيىنىڭ

نىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، زىيانكەش-
لىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن. «تۆت كىشى-
لىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن،
ئىنقىلابى قۇربان دەپ ئېتىراپ قىلىنغان.

خۇجيەن تاشقورغان چېگرا قاراۋۇللۇق
چوڭ ئەترىتىدە ئىشلىگەن مەزگىلدە، ئەس-
كەرلەر ۋە خەلق ئىشچىلىرىنى يېتەكلەپ، ئىل-
گىرى - ئاخىر بولۇپ گازارما ۋە قاراۋۇل-
خانا ياسىغان. ئۇ ئارمىيە بىلەن خەلقنى
ئۆز ئارا ماسلىشىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى
قوغداشقا تەشكىللىگەن. ئەنگلىيە جاھانگىر-
لىكىگە قارشى كۈرەش جەريانىدا، ئۇ ئەقىل-
پاراسەت ئىشلىتىپ، مەسلىھەتچىلىك قىلىپ،
ئالاقىدار خادىملار بىلەن بىرلىكتە، ئارمى-
يە - خەلققە قوماندانلىق قىلىپ، ئەنگلىيە،
ھىندىستان سودىگەرلىرىنىڭ قانۇنسىز ھە-
رىكەتلىرىنى بىكار قىلغان، ئەنگلىيە مۇ-
ۋەققەت ئىش بېجىرگۈچىسىنىڭ ئاخبارات ئا-
لاقىلىشىش ئۈسكۈنىسىنى يوقىتىپ، ئەنگلىيە
جاھانگىرلىكىنىڭ تەسىر كۈچلىرىنى تازىلى-
غان. ئۇ «مى خەتلىك بايراقنىڭ چۈشۈرۈ-
لىشى پامىر ئىگىزلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان
جاھانگىرلىككە قارشى بىر قېتىملىق كۈرەش»
دېگەن ماقالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىغا
مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ ھەقىقەتەن كى-
شىلەر قەلبىنى راسا شاتلاندۇرىدىغان كۈن
بولدى. مۇقەددەس مىللىي قارشىلىق كۆر-
سىتىش ئۇرۇشى ئىككى يىل داۋام قىلدى.
مۇشۇ پەيتتە، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگ-
رىسىدىكى ئەڭ يىراق بىر تاغلىق شەھەردە
كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ چېگرا قاراۋۇل-
لۇق ئورنىدىكى ئارمىيە - خەلققە رەھبەر-
لىك قىلىپ، جاپا - مۇشەققەتلىك كۈرەش
ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، ئاخىرى ئەن-
گلىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەشنىڭ دە-
لەپكى غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. قىلىچ-

غەربىي يول قوشۇنى بىلەن بىللە شىنجاڭغا
كەلگەن، 1937 - يىلى ئۈرۈمچىدە يېڭى
ئەسكەرلەر يېڭى توپچى قىسىملار چوڭ ئەت-
رىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان.
1938 - يىلى 5 - ئايدا پۈلۈ (ھازىرقى تاش-
قورغان) غا يۆتكىلىپ، چېگرا قاراۋۇل
چوڭ ئەترىتىدە ئەترەت باشلىقى
بولغان. 1941 - يىلى 1 - ئايدا
يەنە شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي
ئىشلار تەتقىقات كۇرسىدا ئوقۇغان.
1942 - يىلى 9 - ئايدا شىڭ شىسەي تە-
رىپىدىن سانجىياۋدىغا نەزەربەنت قىلىن-
غان، 1943 - يىلى 2 - ئايدا تۈرمىگە تاش-
لانغان. 1946 - يىلى 6 - ئايدا پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇتقۇزۇشى ئار-
قىلىق، كوللېكتىپ ھالدا تۈرمىدىن چىقىپ،
يەنئەنگە قايتۇرۇپ كېتىلىپ، مەركىزىي
پارتىيە مەكتىپىنىڭ 2 - بۆلۈمىدە ئوقۇ-
غان، 1947 - يىلدىن كېيىن داليەن تانكا
مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، موتسىكلىت
مەكتىپىنىڭ سىياسىي كومىسسارى، 4 - دالا
ئارمىيىسى تانكا تەلىم - تەربىيە تۈەنى-
نىڭ سىياسىي كومىسسارى، 4 - دالا ئارمى-
يىسى ئالاھىدە قىسىم بىرونېۋىك تۈەنىنىڭ
تۈەنجاڭى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەر-
بىي-سىياسىي كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇئا-
ۋىن مۇدىرى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتى
بىرونېۋىك قىسىملىرى تانكا مەشقى قى-
لىش 1 - بازىسىنىڭ سىلىڭيۈەنى، تانكا
مەشقى قىلىش 2 - بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، ئۈچىنچى تانكا
مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئىككىنچى تانكا مەك-
تىپىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆ-
تىگەن. 1964- يىلى 6- ئايدا ھەربىي ئىشلار
كومىتېتى بىرونېۋىك قىسىملىرى سىلىڭبۇسى-
نىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى بولغان. «مەدە-

غان ئەسكىلەكلىرى قالمىغان ئەنگلىيىلىكلەر
چېگرىدىن يالاپ چىقىرىۋېتىلدى، تاشقورغان
ئاسمىنىدا لەپىلدەپ تۇرغان ئەنگلىيە باي-
رىقى چۈشۈرۈلدى».
(تۇجىشۇ).

**[چېڭ جيۈكې]** (1909 — 1974) ئەس-
لى ئىسمى چېڭ رىنخۇي، باشقا ئىسمى
چېن جيۈكې، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چېڭۋۇ نا-
ھىيىسىدىن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى ئوتتۇرا
دېھقان.

چېڭ جيۈكې شەندۇڭ جىنەن دارىلمۇ-
ئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چۈەنشيالڭ
ناھىيىسىگە بېرىپ مائارىپ خىزمىتى بىلەن
شۇغۇللانغان. 1937- يىلى 7- ئاينىڭ 7- كۈ-
نى لۇگوچياۋ ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، ئۇ قو-
لىغا قەلەم ئېلىپ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇ-
رۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە ئاتلان-
غان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنئەنگە بېرىپ،
ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، شىمالىي شەنشى گۇڭ-
شۆ مەكتىپى، ياپون باشقۇنچىلىرىغا قارشى
ھەربىي-سىياسىي داشۆسى، مەركىزىي پار-
تىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1938- يىلى 3-
ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە
ئەزا بولغان، 10- ئايدا پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى تەرىپىدىن شىن-
جاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. 1939-
يىلى 2- ئايدىن 1942- يىلى 6- ئايغىچە
ئاقسۇ، ئاقسۇ كونىشەھەر، ئاۋات، كەلپىن يەر-
لىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يەكەن
ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ
ئەزاسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدار-
سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1942-يى-
لى 6- ئايدا شىڭ شىسەي «باشقا ۋەزىپى-
گە تەيىنلەش» نامى بىلەن ئۇنى ئۈرۈمچىگە
يۆتكەپ كەتكەن، شۇ يىلى 9- ئايدا باخۇ-
لياڭدا نەزەربەنت قىلىنغان، 1943- يىلى
4- ئايدا تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇنىڭ ئايا-
لى جۇجيەنمۇ تۈرمىگە بىللە تاشلانغان.
1946- يىلى 6- ئايدا پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق كول-
لېكتىپ ھالدا تۈرمىدىن چىقىپ، يەنئەنگە
قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن شەنشى-گەنسۇ-
نىڭشيا چېگرا رايونى ھۆكۈمىتى ئىشخانى-
سىنىڭ كاتىپى، شىمالىي شەنشى ھەربىي خىز-
مەت ئىدارىسىنىڭ كاتىپى، خېبېي-شەندۇڭ-
خېنەن چېگرا رايونىدىكى توققۇز ۋىلايەتلىك
پارتكومىنىڭ تەشكىلىي ئىشلار كادىرى، پىڭ-
يۈەن ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ
كاتىپى، ئىشخانا مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپى-
لەرنى ئۆتىگەن.

1953-يىلى 2- ئايدا بېيجىڭ ئاۋىئاتسى-
يە شۆيۈەنگە يۆتكىلىپ، 2- بۆلۈم، 3- بۆ-
لۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شۆيۈەن پارتكومى-
نىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە تەپتىش كو-
مىتېتىنىڭ شۇجىسى، سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئا-
ۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتە-
گەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن «شىنجاڭ-
دىكى خائىنلار گۇرۇھى» نىڭ ئەزاسى دەپ
قارىلىپ، رەھىمسىزلەرچە ئازابلاش نەتى-
جىسىدە ئېغىر كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ،
1974- يىلى 10- ئايدا ئۇۋال قىلىنغان يېتى
ئالەمدىن ئۆتكەن، بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئايا-
لى جۇجيەنمۇ قاتتىق قىيىن- قىستاقلارغا ئۇچ-
راپ، ئېرىدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن.
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن
كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1978-يى-
لى 9- ئايدا «شىنجاڭدىكى خائىنلار گۇرۇھى»
يالغان دېلوسىنى ئاقلىدى، شۇ قاتاردا چېڭ

جيۆكې ئەر-خوتۇنىنىڭ ناھەق دېلوسىمۇ ئاقلاندى.

چېڭ جيۆكې مىجەزى تېتىك، كىشىلەرگە ئۇنىڭ يېقىنلىشىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەم ماقالە يازالايتتى، ھەم رەسىم سىزالايتتى، ھەم ساز چالالايتتى، ھەم ناخشا ئوقۇيالايتتى. ئۇ، ئىدارە-مەكتەپلەردە ئەدەبىيات-سەنئەت تەشۋىقات ئەترەتلىرىنى ۋە ناخشا ئۆمىكى ئەترەتلىرىنى پائال تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا تەشۋىق ئېلىپ بارغان، ماركسىزمنى تارقاتقان. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدە، خىزمەتتە ئەستايىدىل بولغان، كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلغان، يەر بېجى يىغىش جەريانىدا كېچە-كۈندۈزگە ئۇلاپ، خەلق ئۈچۈن نىجاتلىق تىلەپ ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنىڭ باج-سېلىقلىرىنى ئازايتقان ۋە كەچۈرۈم قىلغان. ئۇ قىمار ئويناش، نەشە چېكىشنى قەتئىي مەنئى قىلغان. قىمار سايمانلىرى ۋە نەشىنى قولغا چۈشۈرگەن ھامان كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. ئۇ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغاندىن كېيىن، باشتىن-ئاخىر قەتئىي تىز پۈكمىگەن، دۈشمەن ئۇنىڭغا بىر قانچە يۈز قامچا ئۇرغان ۋە كالتەكلىگەن، ئۇنى ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىغان چاغدا، ئۇ قەتئىي ھالدا: سەنلەرگە كاللام لازىم بولسا ئېلىش، مېنى كوممۇنىزم ئېتىقادىدىن ۋاز كەچۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، دەپ جاۋاب بەرگەن.

**[لونەيتاڭ]** (1917 — 1966) ئەسلى ئىسمى لى خۇارۇڭ، بۇرۇن ئىشلەتكەن ئىسمى لى چاۋ، ئەر، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ يىچاڭ شەھىرىدىن. ئائىلە كېلىپ چىقىشى شەھەر كەمبەغىلى، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ نېجياڭدىن. لونەيجاڭ 1936-يىلى خۇبېي ئۆلكىلىك 2-دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان، 1937-يىلى 10-ئايدا يەنئەنگە بېرىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، ئەنۋۇ ياشلار تەربىيەلەش كۇرسى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي-سىياسىي داشۆسى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1938-يىلى 5-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، شۇ يىلى 10-ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى ئۇنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن. ئۇ 1939-يىلى 1-ئايدىن 1942-يىلى 9-ئايغىچە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مارالبېشى، مەكىت يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىراس قوبۇل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتىنىڭ كاتىبات مۇدىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت خىزمەت ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، لايىھەلەش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قۇرۇلۇش ئۆلچەش تەلىم-تەربىيە كۇرسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1942-يىلى 9-ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنىپ، ئىككىنچى يىلى تۈرمىگە تاشلانغان. 1946-يىلى 6-ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشى بىلەن كوللېكتىپ ھالدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، يەنئەنگە قايتىپ كەلگەن. 1946-يىلى 10-ئايدىن 1949-يىلى 5-ئايغىچە شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، سەنشى سۇيىيۈەن بىرلەشمە مۇداپىئە سىلىڭبۇسى، ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى، سۇيدې شۆبە ھەربىي رايونلۇق كادىرلار خىزمەت ئەترىتى شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونى شەرەپلىك ھەربىيلەر ساناتورىيىسى، غەربىي شىمال مالىيە باشقارمىسى، غەربىي شىمال مالىيە

سودا مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلاردا ۋەزىپە ئۆتىگەن.

شىئەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، لونەيتاڭ شىئەن شەھەرلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى غەربىي - شىمال مالىيە كومىتېتىدا ئىشلىگەن. 1950 - يىلى 5 - ئايدىن 1959 - يىلى 7 - ئايغىچە يەنە شىنجاڭغا كېلىپ، پىلان كومىتېتىنىڭ باشكاتىپى، سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1959 - يىلى 8 - ئايدىن 1960 - يىلى 8 - ئايغىچە سىچۈەن ئۆلكىلىك قاتناش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا يۆتكەلگەن، بىراق كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋەزىپە ئۆتىيەلمىگەن. 1960 - يىلى 10 - ئايدا بېيجىڭ سودا شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1966 - يىلى 4 - ئايدا كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

لونەيتاڭ مارالبېشى، مەكىت يەرلىك باج ئىدارىسىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلىدە شىنجاڭدا پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا قاتناشقان، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ماۋزېمىن تۈزۈپ چىققان مالىيە - باج خىزمىتى فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلغان. باجنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئاز سانلىق مىللەت باج خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان.

(تۇ جىشۆ).

**[ۋاڭمو]** (1911 — 1965) بۇرۇن ئىشلەتكەن ئىسمى ۋاڭ موشىڭ، ئەر، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىنياڭ ناھىيە-

سىدىن، داشۆ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە.

1936 - يىلى 8 - ئايدىن 1937 - يىلى 7 - ئايغىچە گومىنداڭ سەنشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ قېزىش - تۇتۇش باشقارمىسىدا بۆلۈم ئەزاسى بولغان، 1938 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ھەمدە يەنئەنگە بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي داشۆسى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1938 - يىلى 10 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى تەرىپىدىن شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئاۋال شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىدا تەھرىر بولغان، كېيىن ۋاڭ باۋجيەن باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىللە قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مۇخبىرلىق قىلغان، 1940 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى قەشقەر شۆبىسىنىڭ باش تەھرىرلىكىگە تەيىنلەنگەن، شۇ يىلى 9 - ئايدا بۇ شۆبە گېزىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى تەييۈننىڭ خىزمىتى يۆتكىلىپ، ۋاڭمو ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، ئىدارە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ۋاكالىتەن ئۆتىگەن. 1942 - يىلى 2 - ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىلىپ، شىنجاڭ گېزىتى باش ئىدارىسى باش تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تەھرىرلىكىگە تەيىنلەنگەن. 1942 - يىلى 9 - ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنغان، 1943 - يىلى تۈرمىگە تاشلانغان. 1946 - يىلى 6 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق باشقا يولداشلار بىلەن بىرلىكتە تۈرمىدىن چىقىپ، يەنئەنگە قايتۇرۇپ كېتىلگەن. ئۇ، ئاۋۋال مەركىزىي پارتى-

يە مەكتىپىدە ئوقۇغان، كېيىن مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1947 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە غەربىي شىمال بيۇروسى ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى، غەربىي شىمال بيۇروسى «ئاممىا گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى، مەسئۇل تەھرىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1949 - يىلى 12 - ئايدىن 1954 - يىلى 11 - ئايغىچە غەربىي شىمال بيۇروسى «ئاممىا گېزىتى» ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، باش تەھرىرى، غەربىي شىمال بيۇروسى تەشۋىقات بۆلۈمى ئاخبارات-نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. كېيىن، يەنە مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاخبارات باشقارمىسى، نەشرىيات باشقارمىسى، تەشۋىقات باشقارمىسىدا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغان. 1965 - يىلى كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

ۋاڭمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىللە يول ئۈستىدىكى جايلاردا مۇخبىرلىك قىلىش جەريانىدا «ئۈرۈمچى - خوتەن يولىدا»، «جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ھەيئەتلىرى يىغىنىدا»، «جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرۈش كومىتېتى قەشقەردە»، «يەكەن - قاغىلىق شەھەر ئاھالىلىرى چوڭ يىغىنى» قاتارلىق خەۋەرلەرنى يېزىپ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان. ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسىدە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، مۇخبىر - تەھرىر خادىملار كەمچىل، تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى ناھايىتى ناچار ئىدى. ئۇ تۇراقلىق توكلۇق ئۈچ لامپىلىق رادىئو قوبۇللىغۇچ ئارقىلىق خەۋەرلەرنى ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئۆزى كۆچۈرۈپ نەشىردىن نورمال چىقىشقا كاپالەتلىك قىلغان. ئۇ گېزىتكە باش ماقالە، ئېقىم مەسىلىلىرىگە ئوبزور ۋە مەخسۇس ماقالە قاتارلىقلارنى يېزىپ، ھەممىشە يېرىم كېچىگىچە خىزمەت قىلغان. 1941 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇ «ئۆتكەن بىر يىلنى ئەسلەش» دېگەن سەرلەۋھىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، بىر يىلدىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قانلىق جەڭ قىلىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بايان قىلغان. جەنۇبىي ئەنخۈي ۋەقەسىدىن كېيىن، ۋاڭمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ «ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىش»، «دوستلارنى ئاغرىتىپ، دۈشمەنلەرنى خۇشال قىلىش» قاتارلىق ماقالىلەرنى يېزىپ گېزىتتە ئېلان قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پەيدا قىلغان ئىچكى ئۇرۇش سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىغان. سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، گېزىتتە مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ گېرمانىيە ئاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغانلىقى ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى داۋاملىق خەۋەر قىلغان. ۋاڭمۇ يەنە قەشقەردىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بويىچە ئارقا سەپتىن ياردەم بېرىش شۆبە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر جۇڭگو سوۋېت مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ گېزىت ۋە نۇتۇق سۆزلەش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش-

قا ياردەم بېرىشكە، سوۋېت خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان. بۇنىڭ ماقالىلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، كىشىلەر ئۇنى «سىياسىي دوكلاتچى» دەپ ماختىغان.

**[جاۋخەيفېڭ]** (1906 — 1976) ئەر، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ ليۇئەن ناھىيىسىدىن.

جاۋ خەيفېڭ 1928 - يىلى قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەترىتىگە قاتناشقان، 1929 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ھەمدە قىزىل ئارمىيىگە ئۆتكەن. قىزىل ئارمىيىدە بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، يىڭجاڭلىقتىن مۇئاۋىن تۇەنجاڭلىققىچە ئۆسكەن، 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. 1937 - يىلى قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربىي يول قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىپ شىنجاڭغا كەلگەن، يېڭى ئەسكەرلەر يىڭى 2 - ئەترەتنىڭ باشلىقى، توپچى ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1938 - يىلى 2 - ئايدا قاغىلىق ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ، 41 - تۇەندە شاۋشياۋ ليەنجاڭ بولۇپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغدىغان. 1938 - يىلى 9 - ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر كارىزون سىلىڭبۇسىنىڭ تۈرمىسىگە تاشلانغان. تۈرمىدا قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن قەتئىي تىز پۈكمىگەن. 1939 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە يالاپ ئاپىرىلغان. كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى پارتىيە ۋەكىلىنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن تۈرمىدىن چىقىپ، يېڭى ئەسكەرلەر يىڭىغا قايتقان. 1940 - يىلى 1 - ئايدا يەنئەنگە يۆتكەپ كېتىلگەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش، ئازادلىق ئۇرۇش جەريانىدا تۇەنجاڭ، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ سىلىڭيۈەنى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، جياڭشۇ ئۆلكىلىك سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. كېيىن راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەنلىكتىن 1976- يىلى 7 - ئايدا ۋاپات بولغان.

جاۋخەيفېڭ زېرەك، باتۇر، ئاتاكىغا ئۆتۈشكە، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بولغان. قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربىي يول قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلىپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتىدىغان چاغدا، ئۇ «دەريادىن ئۆتۈش ئاۋانگارت ليەنى» نىڭ ليەنجاڭى، جۇ چۈنلىن بولسا جىۋداۋيۈەن بولغان. گەنسۇ - ئۆلكىسىدىكى خېشىكارىدورىدا قانلىق جەڭ قىلغاندا جاۋ خەيفېڭ جوچۈنلىن بىلەن بىرلىكتە جاڭيېنىڭ نىيجيا يېزىسى دېگەن يېرىدە قورشاۋنى يېرىپ چىققان.

(تۇجىشۈ)

**[زېڭ يۈلياڭ]** (1913 — 1944) بۇرۇن ئىشلەتكەن ئىسمى زېڭ خەيشەن، ئەر، خېنەن ئۆلكە گۇشى ناھىيىسىنىڭ زۇشى يېزىسى ياڭشۇڭ كەنتىدىن، نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، ئانىسى بالدۇرلا قازا قىلغان. زېڭ يۈلياڭ توققۇز يېشىدىلا كىشىلەرنىڭ پادىسىنى بېقىپ كۈن ئۆتكۈزگەن.

1930 - يىلى 8 - ئايدا قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان، 1932 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان، ئۇ قىزىل ئارمىيىدە بەنجاڭ، پەيجاڭ، ليەنجاڭ، يىڭجاڭ بولغان، 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان. 1937- يىلى قىزىل ئارمىيىنىڭ غەربىي يول قوشۇنى بىللە جەڭ قىلىپ

شىنجاڭغا كەلگەن ۋە يېڭى ئەسكەرلەر يېڭى 4 - چوڭ ئەترەتنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان. 1938 - يىلى 2 - ئايدا قەشقەرگە يۆتكىلىپ ئاتلىق ئەسكەرلەر 48 - تۇەنىنىڭ 2 - لىيەنىدە شاۋ شياۋ لەنجاڭ بولغان. ئۇ پولك لىيەنىدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق كوماندىر - جەڭچىلەر بىلەن يېقىن ئۆتۈپ، بامەسلىھەت ئىش كۆرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلاشقان. بۇ لىيەنىنىڭ ھەربىي ئىنتىزامى چىڭ، جەڭدە باتۇر، چېۋەر بولغانلىقتىن ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. 1938 - يىلى 9 - ئايدا بەدنام چاپلىنىپ قەشقەر گارنىزون سىلىڭبۇسىنىڭ تۈرمىسىگە تاشلانغان، شىڭ شىسەينىڭ مىللىتارىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئۇرۇشى ئالدىدا زىلڭ يۇلياڭ باشتىن - ئاخىر كوممۇنىستلارنىڭ ئىنقىلابىي جاسارىتىنى نامايەن قىلىپ، قەتئىي تىز پۈكمىگەن. 1939 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە يالاپ ئاپىرىلغان، كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى پارتىيە ۋەكىلىنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن تۈرمىدىن چىققان. 1940 - يىلى 1 - ئايدا يەنئەنگە يۆتكەپ كېتىلگەن: يېڭى ئەسكەرلەر يىڭىدىن يەنئەنگە يۆتكەپ كېتىلگەن 360 نەپەر كوماندىر - جەڭچىلەر ئارىسىدا 329 نەپىرى ئاپتوموبىل بىلەن قايتقان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن، بۇ 329 نەپەر كوماندىر - جەڭچى بىر يىڭ قىلىپ تەشكىل قىلىنغان، زىلڭ يۇلياڭ يىڭجاڭ بولغان. 1940 - يىلى 2 - ئاينىڭ بېشىدا ئۇلار يەنئەنگە قايتىپ كەلگەن. كېيىن زىلڭ يۇلياڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ، شەندۇڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي رايونىدىكى بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنىدە تۇەنجاڭ بولغان. 1944 - يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشيەن ناھىيىسىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

(تۇجىشۆ).

**[قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەزالىقىنى ئۆتىگەنلەرنىڭ ئىسىملىكى]** گوكاڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق، زىننەت ئۆمەر.

**[قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىنى ئۆتىگەنلەرنىڭ ئىسىملىكى]** ئىمىن توختى.

**[قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكى]** ئابدۇغوپۇر سىدىق، ئابلىمىت ئۇرايىم، بۇرابىيە مەخسۇت، پاتەم قۇربان، تۇردى سوپى، تۇنىسا تۇرسۇن، جۇاڭ گۇيدى (ئايال)، جۇكۇاڭخۇا (ئايال)، جۇمە روزى، چى گو، جاڭچىڭيۈن، مامۇتوپ قۇربان، خەيرىنىگۇل تۇراق، ھارۇنخان ھاجى، ھۆرۈنسا قاسىم، ئەسمەتۇللا ھاجى، روزى ئىمىن، زۇلال ياقۇپ (تاجىك)، سەيدۇللا يۇسۇپ، سەلەي دامۇللا ھاجى، ئىسمايىل ماھمۇت، ئىبراھىم نىياز، ئىمىنوپ ھامىت، مەمتىلى ئىسمايىل، ئەمەتجان ئەخەت، ئەمەتخان قادىر، ئابدۇۋايىت ساۋۇت، بۇخەلچە ئىمىن، تۇرەك نۇرەك، ھۆرۈنسا نىياز، سۈي شىنچېڭ، ياسىن تۇرغۇن، قەمەرگۈل ئاۋۇت، مامۇت ئىسمايىل، مەمەت سايىم، تۇرسۇنگۈل سېيىت، ھۈسەيىن ئىمىن، توختىخان چاۋار، ياۋ زىجىن، نىياز گايىت، ئوسمان قاسىم، ئابدۇۋېلى قاسىم، ئابلىكىم

# چوڭ ئىشلار

## 1986 - يىلدىكى چوڭ ئىشلار

### 1 - ئاي

4 - كۈنى ۋىلكوم پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش بويىچە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، تۈرلۈك ناتوغرا ئىستىللارنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، پار-

---

سايىت، جاڭ جۈنجيې، چى چېڭدې، خەيرىنسا ئۆمەر، غولام مەمەتخان، ئىبادەت ئىمىن، مەمەت سىدىق، نۇرۇنسا ئايۇپ، ئوسمان ھېيت، مەخمۇت مەھەممەت، بورھان دالىمۇۋ، تۇرنىسا توختى، توختى مەمەت تۇردى، ئابلىمىت مەخمۇت، قەمبەرنىسا مەمەت، سېتىنىسا تۇرۇپ، نۇرمەت ئۆمەر، مېجىت توختى، مەمەت ئەخمەت، ئەمەر ئېلى بارات، فاڭ لەنتىڭ، زىياۋىدىن توختى، ئىسمايىل مەمەت، مېجىت قايىم، مەرەم ئابدۇرۇپ، مەمەت ھاشىم، ئامىنە ھاشىم، ھامىت ياقۇپ، ئىمىن مەمەت، ئابدۇغوپۇر زاكىر، زەيتۈك بەگېك (ئايال، تاجىك) شامىقان شاخۇدا بەردى (تاجىك)، ۋاڭ چېجېن، ئابدۇراخمان ھاجى، ئابلىمىت رېھىم، تۇرسۇنگۈل مۆيدىن، داۋۇت ھەسەن، ھامۇت ئىسمايىل، نۇر روزى، ئىبراھىم مەمەت، ئىمىن جېلىل.

**[قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقى ۋە ئەزالىقىنى ئۆتىگەنلەرنىڭ ئىسىملىكى]**

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى:

خانىمدى لەيدىن (تاجىك)، ئابدۇرېشىت ئەلەم، ئابدۇرېشىت قارى شەمشىدىن.

ئەزالىرى:

ئابدۇراخمان توختىھاجى، خېشۈمىن (ئايال)، توختى موللا تەۋەككۈل، ئابلىمىت زۇنۇن، ئابدۇرېشىت ئەلەم، ئىمىن ھەسەن غازى، ئامىنە موللاق، مامۇت غازى، ۋاڭ يېرېن، خانىمدى لەيدىن (تاجىك)، ئەمەت ھاجى، تۇرسۇن ھۈسەيىن، نەزەر خەلىفە، ئابلىز موللا باش (تاجىك)، ئابباس ئۆمەر، ئابدۇكېرىم سەمەت، ئۆمەر غازى، شەمشېر (تاجىك)، ياقۇپ ھاجى، سەلىمە تالىپ، ئەزىزۋۇ، گۈەنشىڭ، ئابدۇرېشىت قارى شەمشىدىن، ئابدۇراخمان كېرىم، قۇربان ئىمىن، ئابلىمىت ئېلى، ئىبراھىم ئىسمايىل، ئابدۇكېرىم ساۋۇت، ئابلىز مامۇت.

تېيمۇرلىك تەربىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، سىستېمىلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشتەك چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلكومى خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ھەر مىللەت ياشلىرىنى ۋىلايىتىمىزنىڭ «7- بەشيىللىق پىلان» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى.

8 - كۈنى

دۆلەت پوسكام نېفىت- خىمىيە زاۋۇتى نېفىت چەككىلەش زاۋۇتى، گاز سۇيۇقلاندۇرۇش زاۋۇتى قاتارلىق ئۈچ قۇرۇلۇش تۈرى ۋە بۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئېلېكتر زاۋۇتى، كۆكيار گاز ۋە نېفىتلىكنىڭ گاز - نېفىت ئاقتۇرۇش تۇرۇبىسى ئۈچۈن 5 مىليارد يۈەن مەبلەغ سالماقچى بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئەسلىدىكى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى قەشقەر ۋىلايەتلىك چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

9 - كۈنى

ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي-تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشخانىسى سىرتقى جايلارنىڭ قەشقەردە مەبلەغ سېلىپ كارخانا قۇرۇشىغا ئېتىبار بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى. بۇ بەلگىلىمە سودا - سانائەت باشقۇرۇش بويىچە تىزىملاش جەھەتتە ئېتىبار بېرىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى قىسقارتىش، ئاساسىي قۇرۇلۇشتا ئالدى بىلەن ئېتىبار بېرىش، يەر ھەققى ۋە كەسپىي خىراجەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىش، تىجارەت مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بېرىش، باھا ۋە باج سىياسىتى جەھەتتە ئېتىبار بېرىش، ئامانەت قەرزدە ئالدى بىلەن قەرز بېرىش، لوپنۇس تىزىملاشتا ئېتىبار بېرىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

10 - كۈنى

ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى پۇل مەبلەغ توپلاپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. 1985- يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋىلايەت بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىغا ھەر خىل قەرز پۇلدىن جەمئىي 5 مىليون 690 مىڭ يۈەن تارقاتتى. بۇ، 1984 - يىلى تارقاتقان قەرز پۇلنىڭ ئۈچ ھەسسىگە باراۋەر.

11-كۈنى

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تەرتىپكە سېلىش گۇيىخۇاسىغا كىرگۈزۈلگەن 314 كارخانىنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ لاياقەتلىك بولدى.

14 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېدىر باي باشچىلىقىدىكى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى زىننەت ئۆمەر مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ قەشقەر شۆبە ئۆمىكى 13 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن ھال سورىدى.

17 - كۈنى

11- كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە ۋىلكوم مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنى چاقىردى. ۋىلكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ، قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. يىغىن جايلاردىن ئىسلاھات قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ،

قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور، يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

22 - كۈنى

ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى ئاخباراتچىلىق خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، 1986-يىللىق تەشۋىقات، خەۋەرچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ھەر مىللەت ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ «7- بەش يىللىق پىلان»نى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردى.

شىنجاڭ رادىئو تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ قەشقەر شۆبە مەكتىپى تۇنجى قېتىملىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئاچتى، 46 نەپەر ئوقۇغۇچى تىل-يېزىق كەسپى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى.

23 - كۈنى

ۋىلايەتلىك شەھەر يېزا قۇرۇلۇشى مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى ۋە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسى قۇرۇلۇش بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بەش ماددىلىق بەلگىلىمە چىقىرىپ، قۇرۇلۇش بازىرىدىكى تۈرلۈك ناتوغرا ئىستىللارنى چەكلىدى.

لەنجۇ ھەربىي رايونى خەلق قوراللىق خىزمەت بۆلۈمى تەشكىللىگەن ئۆزگەرتىپ قۇرۇش خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر دوكلات ئۆمىكى قەشقەرگە كەلدى، ھەمدە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىدا تۇنجى قېتىم دوكلات بەردى.

26 - كۈنى

ۋىلايەتلىك باج ئىشلار باشقارمىسى قارار چىقىرىپ، يەرتەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسى ۋە مۇش يېزىسىنىڭ بىر قىسىم كەنتلىرىدىكى سودا-سانائەت كارخانىسى، كوللېكتىپ ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەردىن 1985 - يىلى 9 - ئايدىن 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىنىدىغان تۈرلۈك باجلارنى كەچۈرۈم قىلدى.

ۋىلايەتلىك مۇپەتتىش سىستېمىسى 1985-يىلدىن بۇيان، 1090 ئورۇندا مالىيە تۈزۈمى بويىچە چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەسىلە بار پۇلدىن 28 مىليون يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى.

## 2 - ئاي

2 - كۈنى

ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن گوگاڭ، تىلىۋالدى توختى، ياڭ جەنشى، ئىسمايىل تىلىۋالدى، ئەيسا شاكىر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى باھار بايرىمىنىڭ ئالدى-كەينىدە، دوختۇرخانا، كادىرلار سانىتورىيىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا سوۋغا ئېلىپ بېرىپ، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار ۋە ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى.

4 - كۈنى

مەملىكەتلىك يىلنامە تەتقىقات مەركىزى، شاڭخەي لوغەتچىلىك جەمئىيىتى، «لوغەت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى «خەلق گېزىتى»دە مەملىكەت بويىچە 72 خىل يىلنامىنى تاللاپ تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت دەرىجىلىك يىلنامىدىن پەقەت «قەشقەر يىلنامىسى»لا بار.

5 - كۈنى

ۋىلايەت كۆمۈر سانائەتى خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، كۆمۈر مەھسۇلاتىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

6 - كۈنى

ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتى ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سانائەت - قاتناش كارخانىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق سانائەت - قاتناش كارخانىلىرىنى ئۈچ يىل ئىچىدە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

17- كۈنى

ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى بېيجىڭ پويىز ئەترىتىنىڭ توققۇز كىشىلىك دوكلات بېرىش ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ، ھەرمىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ «جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مۇلازىمەت سەۋىيىسى يارىتىش» بويىچە ئىلغار ئىش - ئىزلىرى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

20 - كۈنى

ۋىلايەت پاختىچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، 1986 - يىللىق پاختىچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

22 - كۈنى

قەشقەر شەھىرى شەھەر خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، شەھەرنىڭ 1986 - يىللىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

23 - كۈنى

مەمۇرىي مەھكىمە يولۇچىلارنى توشۇش خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، يولۇچىلارنى توشۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

25 - كۈنى

مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ، ۋىلايەتلىك پىخسەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى تەڭشىدى، مۇئاۋىن ۋالىي ئىسمايىل ئىلمۇالدى ھەيئەت مۇدىرى، خۇاڭ ۋەنجىن، روزى كېرىم، تۇردى ھاجى، جۇز بجۇڭ مۇئاۋىن ھەيئەت مۇدىرى بولدى.

28 - كۈنى

مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ، خونجېراب ئېغىزى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە باشقۇرۇش كومىتېتىنى تەڭشىدى، مۇئاۋىن ۋالىي ياڭ جەنشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، دۆلەتجان باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ھەردەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىدىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ناتوغرا ئىستىللارغا قاتتىق زەربە بېرىش، پارتىيىۋىلىك تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ، ۋىلايەتلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش قوماندانلىق شىتابى قۇردى، ۋالىي ئابدۇغوپۇر سىدىق باش قوماندان، ۋىلكوڭنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شۇشاۋچىڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇپەتتىشى تالىپ داۋۇت، سۇ ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شۇشىمىن مۇئاۋىن باش قوماندان بولدى.

## 3 - ئاي

6 - كۈنى

ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىشىپ «8 - مارت» نى تەبرىكلەش بويىچە ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ۋىلكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭۋېنچى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى زىننەت ئۆمەر ئەلغار ئورۇنلارغا تەقدىرنامە تارقىتىپ بەردى.

7 - كۈنى

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى «كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش - قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئېقىن باشقارمىلىرى ۋە ناھىيەلەردىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سۇ قاچىلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

سودا مىنىستىرلىكى يېڭىشەھەر ناھىيىسى ياپچان بازىرى پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىغا سودا سىستېمىسى بويىچە مەملىكەتلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن لوڭقىسى تەقدىم قىلدى.

11 - كۈنى

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ماتارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلكوم ۋىلايەتلىك ماتارىپ باشقارمىسىنىڭ ماتارىپ خىزمىتى توغرىسىدىكى «50 تۈرلۈك پىكىرى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇلار: «توققۇز يىللىق مەجبۇرىي ماتارىپ توغرىسىدىكى پىكىر» ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، كەسپىي ماتارىپنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» «مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» ۋە «ئوقۇتقۇچى، ماتارىپ، مەمۇرىي كادىرلىرىنى تەربىيىلەش لايىھىسى توغرىسىدىكى پىكىر» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

14 - كۈنى

مارالبېشى ناھىيىسى پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى يۈيگۇڭنىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر قىش كۈرەش قىلىپ، مارالبېشى - يەكەن تاشيولىنىڭ مارالبېشى چېگرىسى ئىچىدىكى 140 كىلومېتىر يولىنىڭ ھۇلىنى ياساپ چىقىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

16 - كۈنى

ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر شەھىرىدە 8000دىن ئارتۇق ياش - ئۆسمۈر كوچىلارغا چىقىپ خالىسانە خىزمەت قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. ئۇلار بىر كۈن ئىچىدىلا ئامما ئۈچۈن 2000 دىن ئارتۇق ۋېلسىپىتنى رېمونت قىلىپ بەردى، 5800 ئادەمنى ھەقسىز داۋالىدى، 200 دانە ئېلېكتر بويۇملىرىنى رېمونت قىلىپ بەردى. 2300 كۋادرات كىلومېتىر يەرنى تازىلىدى، ھەر خىل ئاپتوموبىلدىن 50 نەچچىنى تازىلىدى، قانۇن، سەھىيە بىلىملىرى بويىچە 2000 ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق مەسلىھەت بەردى.

17 - كۈنى

دۆلەت نوپۇسى ۋە كىشىلىك ئىناۋىتىنى قوغداش، خەلقنىڭ تەن - سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قەشقەر تاموژنىسى 3 - قېتىم 1 مىڭ 500 دىن ئارتۇق ئىمپورت قىلىنغان كونا كىيىم - كېچەكنى كۆيدۈردى.

18 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 2 - قېتىملىق مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش، «تۆت بولۇش» تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان خادىملارنى تەربىيىلەشنى تەكىتلىدى. ۋىلايەت 2 - قېتىملىق پىلانلىق تۇغۇت بويىچە «ئىككىدە ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنىنى چاقىردى. 30 ئىلغار ئورۇن ۋە 38 ئىلغار شەخسىي مۇكاپاتلاندى.

22 - كۈنى

ۋىلكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرىدىن تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى توغرىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى، كادىرلارنىڭ مۇنتىزىملاشقان نەزەرىيە ئۆگىنىش تەربىيىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

23 - كۈنى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيىسى ۋە يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، مەملىكەتلىك پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش بويىچە ئىلغار ناھىيە ۋە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

ۋىلايەت «بەشتە ياخشى يېزا» قۇرۇش ۋە قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش بويىچە نەق مەيدان يىغىنىنى چاقىرىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ كونكرېت تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

28- كۈنى

دۆلەت رەئىسى لى شيەننيەن چەتئەلگە زىيارەتكە چىقىپ قايتىشىدا ئايروپىلان بىلەن خونجىراپ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، خونجىراپ ئاۋىئاتسىيە يول كۆرسىتىش پونكىتى ۋە خونجىراپ ئېغىزىدىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەرگە تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارغا ئىلھام بەردى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلگەن: سىلەر جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىنى ئۇزۇندىن بۇيان يىلبويى قوغداپ، چېگرا مۇداپىئەسى جەڭچىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي روھى ۋە يۈكسەك پەزىلىتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردىڭلار. سىلەرنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، بىردەك ئىتتىپاق قىلىشىپ، بىر مەقسەتتە ئۇيۇشۇپ، ۋەتەننىڭ چېگرىسىنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىش ئورنىدا، ۋەتەننىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور نەتىجە قازىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن».

## 4-ئاي

1 - كۈنى

شاڭخەي شەھەرلىك مۇخبىرلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى داڭلىق شەھەر قەشقەرنىڭ مەنزىرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

2 - كۈنى

ۋىلايەت يېزا - بازار كارخانىلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 1986 - يىللىق خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

3 - كۈنى

پوسكام ناھىيىسى قالايمىقان سېلىق چېچىش، قالايمىقان ھەق ئېلىش، مەبلەغنى قالايمىقان تۇپلاشتەك ناتوغرا ئىستىلنى تۈ-

سۈش ئۈچۈن توققۇز تۈرلۈك كونكرېت تەدبىر تۈزۈپ چىقىپ، دېھقانلارنىڭ 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق سېلىقىنى يەڭگىللەتتى، ھەر بىر دېھقاننىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17 يۈەن سېلىقىنى يەڭگىللەتتى.

4 - كۈنى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى چاقىرىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش توغرىسىدىكى ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 3 - نۆۋەتلىك 7 - يىغىنى ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. 1986 - يىللىق پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

6 - كۈنى

ۋىلايىتىمىزنىڭ سودا كوپېراتىپ سىستېمىسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ئاكتىپلىق بىلەن دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسىلەر بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت ئېلىپ باردى. بىرلىشىپ تىجارەت ئېلىپ بارغان تۈر 2000 دىن كۆپرەككە يەتتى.

9 - كۈنى

ۋىلايەت ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، باغۋەنچىلىك بويىچە تاۋار بازىسى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى. ۋىلايەت بويىچە 197 مىڭ مو كونا باغ بولۇپ، 1988 - يىلى 800 مىڭ موغا، 1990 - يىلى 1 مىليون موغا يەتكۈزۈش پىلانلاندى.

11 - كۈنى

مەكىت ناھىيىسى ماشىنا بىلەن يالتىراق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتكەنلىكى ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بارغان باھالاپ سېلىشتۇرۇشىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

13 - كۈنى

دۆلەت ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك ئۆلچەم ئىدارىسى مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۆلچەم ئەسۋابلىرىدىن 51 نى ۋە مەجبۇرىي تەكشۈرۈپ بېكىتىلمەيدىغان ئۆلچەم ئەسۋابلىرىدىن 42 نى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

14 - كۈنى

لەنجۇ ھەربىي رايونى قەشقەر شەھىرىنى غەربىي شىمال رايونىدىكى ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىشىپ مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇش بويىچە توققۇز شەھەرنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتتى.

16 - كۈنى

ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى ئابدۇللا ئىسمايىل يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي بېيجىڭدا 59 يېشىدا ۋاپات بولدى.

19 - كۈنى

ۋىلايەت سەھىيە خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى.

20 - كۈنى

قاغىلىق كان مەھسۇلاتلىرى شىركىتى بىر يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كۇئېنلۈن تېغى رايونىدا 20 نەچچە خىل كان بايلىقى مەنبەسىنى تاپتى.

23 - كۈنى

ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسى بىرلىشىپ ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئۆسمۈر - بالىلارنىڭ ئۆزى ياسىغان ئويۇنچۇقلىرى ۋە ئوقۇتۇش ئەسۋابلىرى كۆرگەزمىسى ئاچتى.

24 - كۈنى

ۋىلكوم قارار چىقىرىپ پارتىيە ئىستىلـ

لىنى توغرىلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ، لى كېيى مۇدىر، ئابدۇرېھىم قۇربان، نىياز گورېن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

25- كۈنى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى مامۇتوپ قۇربان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ خېتىڭلار ئاپتونوم رايونلۇق 6- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۆتىنچى سانلىق يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

26- كۈنى

كونىشەھەر ناھىيەسى يېقىلغۇ تېجەيدىغان ئوچاقنى كېڭەيتىشتە نەتىجىسى ئەلا بولغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەملىكەت بويىچە يېزا ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئېيساشاكىر مەملىكىتىمىزنىڭ تۇنجى بالىلارنى ئەملەش تەشۋىقات كۈنى تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىدى. ۋىلايەت تۇنجى قېتىم مۇنەۋۋەر بوغالتىرلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. 152 نەپەر بوغالتىر تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر بوغالتىرلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىلدىن 13 ى سايلاپ چىقىلدى.

ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «1-ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، «ئىنقىلابىي ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» دېگەن تېمىدا كىتاب ئوقۇش تەسىراتى سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

29- كۈنى

قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشخانىسى بىرلىشىپ ئاچقان جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشقان كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش كۇرسى ئوقۇش باشلىدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، تاڭ گۇاڭسەي ۋە دۆلەت ئېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىرى قەشقەر مېھمانخانىسىدا، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، «مەملىكەتلىك 8- مارت قىزىل بايراقدارى»، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پىئونېرلار تەربىيىچىسى، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن 20 نەپەر نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى.

ۋىلايەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىشىپ «1- ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ۋىلايەت، شەھەرنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىن كەلگەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەر (ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار)، ئىلغار ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوستى قاتارلىقلاردىن بولۇپ 180 نەپەر ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى.

30- كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە-پوسكام ناھىيەسىدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ۋىلايەت بويىچە ھەر دە-

رىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، خەلق ھۆ-
كۈمەتلىرى، كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇ-
نىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى ۋە
ھەر مىللەت كادىر - ئاممىسىنى دەرھال
ھەرىكەتكە كېلىپ، پوسكام ناھىيىسىنى ئۈل-
گە قىلىپ، ۋىلايىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىدا نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ
چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

## 5 - ئاي

1- كۈنى

پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زا-
ۋۇتى داغدۇغىلىق ھالدا قۇرۇلۇش باشلاش
مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك سىياسىي
كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم را-
يونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
ۋاڭ ئېنماۋ، نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئا-
ۋىن مىنىستىرى لى تيەنشياڭ، مەسلىھەت-
چىسى جاۋلىربىن، ئاپتونوم رايوننىڭ پار-
تىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن
سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل،
تاڭ گۇاڭچەي، خۇاڭ باۋجاڭ، خەلچەم
ئىسلام، بەي چىڭمىن، ۋاڭ جېنۋبىن، جىن
يۈنخۇي، چېن شى قاتارلىقلار يىغىنغا قات-
ناشتى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر
ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قەشقەر شەھەرلىك
كومىتېتى ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق
ئورۇنلاردىكى ئىتتىپاق كومىتېتلىرى كەڭ
ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى يېتەكلەپ
ياسىغان قەشقەر شەھىرى «دۆڭباغ ئىستىرا-
ھەت كۆلى باغچىسى ياشلار كۆكەرتىش قۇ-
رۇلۇشى» كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى
مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەن-
دى ۋە مۇكاپاتلاندى.

يىپەك يولىنى قايتا گۈللەندۈرۈش،
مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ پاكىستان ۋە دۇن-
يادىكى باشقا ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرى
بىلەن بولغان دوستانە بېرىش -
كېلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش
ئۈچۈن، جۇڭگو - پاكىستان ھۆكۈمەت-
لىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، خونجىراپ
ئېغىزى 3 - دۆلەتكە رەسمىي ئېچىۋېتىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ
ئېنماۋ، جانابىل، خۇاڭ باۋجاڭ قاتارلىق
يولداشلار، ۋىلكوم شۇجىسى گوگاڭنىڭ ھەم-
راھلىقىدا، يەكەن دەريا كاچۇڭ سۇ تۇگۈنى
قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى.

يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىم
«1 - ماي» نى تەبرىكلەش ئۈچۈن داغدۇ-
غىلىق پاراتتىن ئۆتۈش مۇراسىمى ئۆت-
كۈزدى.

2 - كۈنى

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن،
سەئىد قاسىم شاھ باشلىقىدىكى سەككىز
كىشىلىك پاكىستان دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆ-
مىكى، ئېلىمىزدە دوستانە زىيارەتتە بولۇش
ئۈچۈن ماشىنا بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

قەشقەر ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە پوس-
كام ناھىيىسىدە داغدۇغىلىق ھالدا پوس-
كام ناھىيىسىگە ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە دەپ نام بې-
رىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك سى-
ياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتو-
نوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، نېفىت مىنىستىرلىكى-
نىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لى تيەنشياڭ، مەس-
لىھەتچىسى جياۋلىربىن، ئاپتونوم رايون
پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن
سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل،
تاڭ گۇاڭچەي، خەلچەم ئىسلام، بەي چىڭمىن،

ۋاڭ جېنۋېن، جىن يۈنخۇي قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى ۋە يىغىننى تەبرىكلىدى.

3 - كۈنى

ئاپتونوم رايون قەشقەردە خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت-ئوبلاستىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇللىرىدىن سۇڭ خەنليالڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، بادەي، تاڭگۇاڭسەي، خەلچەم ئىسلام، بەي چىڭمىڭ، ۋاڭ جېنۋېن، لى جيايۈ، ۋاڭ خېڭمىڭ، قېدىر باي، جىن يۈنخۇي، يۈسۈپ مۇھەممىدى، چېن شى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

پاكىستان دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەردىكى قىسقا مۇددەتلىك زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

4 - كۈنى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنليالڭ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلار ۋىلكومنىڭ شۇجىسى گوگالڭ ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ ھەمراھلىقىدا، سوغۇچاق سۇ ئامبىرىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - كۈنى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنليالڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، تاڭگۇاڭسەي قاتارلىقلار ۋىلكوم شۇجىسى گوگالڭنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم دوختۇرخانىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلار يەنە، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى تاڭگۇاڭسەي، سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئولاتايوپ ۋە قەشقەر ۋىلكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋېنچىڭنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەر مالىيە - سودا مەكتىپى بىلەن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ مەلۇم قىسمى بىرلىكتە مەنئىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

8 - كۈنى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى جاڭ جۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن خەلچەم ئىسلام، بەي چىڭمىڭ، ۋاڭ جېنۋېن، لى جيايۈ قاتارلىقلار ۋىلكومنىڭ شۇجىسى گوگالڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ ھەمراھلىقىدا، كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونغا بېرىپ خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئۇقۇشتى.

11 - كۈنى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى دۆلەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتى ۋە

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاشۇرۇلۇشى بىلەن، يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىدە قويلاش نورى پارلىكىنى باھالاش يىغىنى ئاچتى.

ئاپتونوم رايون چاقىرغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش بويىچە سۆھبەت يىغىنى يەتتە كۈن داۋام قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى. يىغىن ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ، ئامراتلىق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. يىغىندا، ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش جەھەتتىكى سىياسەت، تەدبىرلەر ۋە چارىلار مۇزاكىرە قىلىنىپ بەلگىلەندى، ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى نىشان بەلگىلەندى. يىغىن ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ئامراتلىقتىن ئاساسىي جەھەتتىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلدى.

12 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايون «7 ـ بەشيىللىق پىلان» دىكى نۇقتىلىق تۈردە دۆلەتنىڭ قەشقەرگە ياردەم بېرىشتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش — قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوياقچىلىق سېخىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، خەلچەم ئىسلام، بەي چېڭمىڭ، ۋاڭ جېنۋېن، لى جىايۇ، ۋاڭ خېتىڭ، چېن شى، ۋىلكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ، ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق، ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چېن دېمىن، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ياڭ جەنشى، يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى شياۋ فېڭرۇي قاتارلىقلار ئۇل سېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ۋىلايەت ۋە قەشقەر شەھەرلىك سەھىيە سىستېمىسى بىرلىشىپ خەلقئارا سېسترالار بايرىمىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى رەقىپ ئابباس، يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىم دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى يۈەجۈگېن ۋە مىڭغا يېقىن سېسترالار ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى. ۋىلكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋېنچى ۋىلكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىن ئاخىرىدا سېسترالىق خىزمىتىنى 20 نەچچە يىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن 73 نەپەر سېستراغا مۇكاپات بېرىلدى.

14 ـ كۈنى

ۋىلايەت ۋە قەشقەر شەھەر بىرلىشىپ «قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، بىناكارلىق بازىرىنى تەرتىپكە سېلىش» بويىچە سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى چاقىرىپ، بىناكارلىق بازىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر تەرتىپكە سېلىش، ناتوغرا ئىستىللارغا قاتتىق زەربە بېرىشنى قارار قىلدى.

15 ـ كۈنى

قەشقەر ۋىلكوم، قەشقەر شەھەركوم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەربىيە ئېلىش پائالىيىتىگە سەپەرۋەر قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە قەشقەرنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچە ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

16 ـ كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقى بىلەن ۋىلايەتلىك ئېنېرگىيە تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. گوگالاڭ پەخرى لېشىجاڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق مۇئاۋىن پەخرى لېشىجاڭ، جاڭ جىشەن لېشىجاڭ بولدى.

17 ـ كۈنى

لەنجۇ ھەربىي رايونى قەشقەردە غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئارمىيە بىلەن خەلق ئورتاق مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. ۋىلايەت، شەھەر ـ پارتىيە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ئەسلىدىكى سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسى بىرلىشىپ يىغىن ئېچىپ، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئاچىدىغان يىغىنى ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق خىزمىتىنى ئاكتىپ ھالدا ياخشى ئىشلەشنى قارار قىلدى.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى تاجىك يېزا پوچتالىيونى سەيدۇللا شەرەپ بىلەن مەملىكەتلىك «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشتى.

20 ـ كۈنى

خۇچىلى قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان قەشقەر ۋىلايىتى كونا شەھەر ناھىيىسى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ئۇلۇغچات ناھىيىسىدىن 40 نەپەر ئۆسمۈر «1 ـ ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

21 ـ كۈنى

ۋىلكوم قارار چىقىرىپ، ۋىلايەتلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى. چېن دېمىن گۇرۇپپا باشلىقى، ئېيسا شاكىر، رەھمان رەھىم مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

ۋىلكوم قارار چىقىرىپ، ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر خىزمىتى بويىچە ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى. شۆشيا ۋېچىلىك مۇدىر، ۋاڭ ۋېنچى، ئېيسا شاكىر مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. گۈلخان قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى بولدى.

ۋىلكوم قارار چىقىرىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى كومىتېتىنى تەشكىللىدى، چېن دېمىن مۇدىر، ۋاڭ ۋېنچى، ئېيسا شاكىرلار مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

ۋىلكوم قارار چىقىرىپ، ۋىلايەتلىك ئارمىيە ـ خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى، گوگالاڭ گۇرۇپپا باشلىقى، ئابدۇغوپۇر سىدىق، چېن دېمىن، ئولاتا يوپ، ليۇ باگېي، ئابلەت مەھەممەت مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

22 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، جانابىل، ھامۇدىن نىياز، جاڭ سىشۆ، قېيۇم باۋۇدۇن، تاڭ گۇاڭسەي، فىلىڭداجىن، خەلچەم ئىسلام، بەي چىڭمىڭ، چى گو، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، يۈسۈپ مۇھەممەدى، ئىسما يىمىل ياسىنوۋ، فۇۋۇدىن قاتارلىقلار قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن بېيجىڭغا بارىدىغان ئۆسمۈر ـ بالىلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ غەمخورلۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ياخشى ئۆگىنىپ كۈنىيېرى ئالغا ئىلگىرىلەپ كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

23 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، شۆبە ھەربىي رايون بىرلىشىپ خەلق ئەسكىرى ۋە زاپاس ھەربىيلەر خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە قاغىلىق، تاشقورغان ناھىيىلىرىدىن باشقا، 10 ناھىيە (شەھەر) لەردىكى خەلق قوراللىق خىزمەت بۆلۈملىرىنىڭ يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى.

24 - كۈنى

ۋىلايەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مائارىپ باشقارمىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى بىرلىشىپ تۇنجى قېتىملىق ۋىلايەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇتۇش بويىچە موكاپاتلىق مۇسابىقە ئۆتكۈزدى.

مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مارالبېشى - يەكەن تاشيولىنى ياساش قوماندانلىق شتابى تەسىس قىلدى. مۇئاۋىن ۋالىي ئىسمايىل تىلىۋالدى باش قوماندان، مۇپەتتىش لىيۇ سىلىن مۇئاۋىن باش قوماندان بولدى.

25 - كۈنى

ۋىلايەت ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەش نىشانىنى، يەنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

26 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بويىچە جىددىي تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

27 - كۈنى

«1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى ۋىلايەت ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى تۆت يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئورنىدىكى داۋالاش خادىملىرىنى تەشكىللەپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ۋىلايەت، شەھەردىكى بەش بالىلار باغچىسىدىكى 580 دىن ئارتۇق ئۆسمۈرنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈردى، ھەمدە ئۇلارغا 500 يۈەن قىممىتىدىكى مىكروبسىزلاندۇرۇش قۇتىسى، تېڭىشىغۇچ، قان بېسىم ئۆلچىگۈچ قاتارلىق داۋالاش ئەسۋابلىرىنى سوۋغا قىلدى.

29 - كۈنى

ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيىتى جەمئىيىتى قۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيىتى جەمئىيىتىنىڭ 1- نۆۋەتلىك دائىمىي لېيشخۇيىنى سايلاپ چىقتى.

30 - كۈنى

5- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئورۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ ساداسى» مۇزىكا يىغىنىدا، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئەدەبىي سەنئەتچىلەر ئىجاد قىلىپ ئورۇنلىغان نومۇرلار 1 - دەرىجىلىك موكاپاتتىن بىرگە، 2 - دەرىجىلىك موكاپاتتىن بىرگە، 3 - دەرىجىلىك موكاپاتتىن بىرگە، رىغبەتلەندۈرۈش موكاپاتىدىن ئۈچكە ئېرىشتى.

31 - كۈنى

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتىدە «ئۈچچۈن پىلانى» نىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى تۈرلىرى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن

جەمئىي 1 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى.

بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ باشلىقى، بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ لېشىجاڭى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاگرونوم، بۇغداي يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى سۇ لۇ بىڭيى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى ۋە دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىملىرىغا ئىلمىي دوكلات بەردى.

## 6 - ئاي

1 - كۈندىن 3 - كۈنگىچە

خەلقئارا توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغان چوڭ تىپتىكى تەنتەربىيە سارىيى — قەشقەر تەنتەربىيە سارىيى قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5049 كۋادرات مېتىر، مۇسابىقە كۆرگۈچىلەر ئولتۇرىدىغان ئورۇن 3038 بولۇپ، بۇ كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە، ئۇنىۋېرسال تەنتەربىيە سارىيى قىلىپ ياسىلىدۇ.

ئۈرۈمچى-قەشقەر ئارىلىقىدا خەت-چەك، گېزىت ژۇرنال توشۇيدىغان تېز پوچتا ماشىنىسى غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە مەدەنىيەتلىك پوچتا ماشىنىسى بولۇپ باھالاندى. ئامېرىكا ئوكسفورد داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەيسك، سىپۇدىن ۋەلسېيت بىلەن دۇنيانى ئايلىنىش ئۈچۈن ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى 20 نەچچە دۆلەتتىن ئۆتۈپ، 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا خونجىراپ ئېغىزىدىن ئۆتكەندە، چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى خادىملار ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ۋىلكوم بىرلىكسەپ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمەت يىغىنىچاقىرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ۋىلايىتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى بىرلىكسەپ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

«1 - ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەش ئۈچۈن، ۋىلكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شۇشياۋچىڭ «قەشقەر گېزىتى» دە «پۈتكۈل جەمئىيەت ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلەيلى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، كۈنسېرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، دوستلارنى ئىززەتلەشكە، غايىلىك، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

خۇچىلى، تيەنجىيۈن قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى بېيجىڭدا يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى ئوپال يېزىسى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىن بېيجىڭگە بارغان ياش - ئۆسمۈرلەر ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى.

4 - كۈنى

مەمۇرىي مەھكىمە ئەسلىدىكى قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ نامىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يەكەن دەريا ۋە قەشقەر دەريا ئېقىنىنىڭ تەبىئىي بايلىق مەنبەسى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىرلىشىپ ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىل قىلدى.

قەشقەر شەھىرى بىلەن خوبېي ئۆلكىسىنىڭ شاشى شەھىرى بىرلىشىپ قۇرغان قەغەز يې-

شىمال زاۋۇتى، لوڭگا زاۋۇتى ئۇسكۇنىلەرنى قۇراشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئىككى زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ھەر خىل تىپتىكى كۆپتۈرمە قەغەز يېشىلۋە ياستۇق لوڭگىسى، يۈز لوڭگىسى، مۇنچا لوڭگىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ. لايىھەدىكى ئىقتىدارى بويىچە بولغاندا، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 4 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يېتىدۇ.

5 – كۈنى

پوسكام ناھىيىسىگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە دېگەن نام بېرىلگەندىن كېيىن، خوتەن، گۇما، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلار ۋە شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار ئارقا – ئارقىدىن ئېكىسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى تەشكىللەپ پوسكامغا ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە كەلدى.

6 – كۈنى

ۋىلايەتلىك مالىيە سىستېمىسى تۇنجى قېتىملىق «ئىككىدە ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مارالبېشى، يېڭىشەر، پوسكام، يەكەن قاتارلىق تۆت ناھىيىنىڭ مالىيە ئىدارىلىرى ۋە 64 نەپەر ئىلغار شەخسىنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

7 – كۈنى

جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشخانىسى كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئەڭ نامرات بولغان تاشمىلىق يېزىسى قاش بېشى كەنتىگە «ئازادە» ماركىلىق بىر ئاپتوموبىل تەقدىم قىلدى.

8 – كۈنى

بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن سۇڭچىڭلىڭ فوندى جەمئىيىتى تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق پىئانىنو چېلىش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، بېيجىڭغا بارغان ئىككى نەپەر كىچىك ئىسكىرىپكا ماھىرى مۇيەسسەر بىلەن ماھىنۇر ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. ۋىلايەتتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئايرودرومغا چىقىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

10 – كۈنى

چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو – پاكىستان يىراققا سەپەر قىلىش ئۆسمۈرلەر بىرلەشمە ئەترىتىنىڭ 10 نەپەر جۇڭگو ۋەكىلى ماشىنا بىلەن خۇنجىراپ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ پاكىستانغا يۈرۈپ كەتتى.

11 – كۈنى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دورا تىببىي سايمانلارنى باشقۇرۇش قانۇنى»نى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇش، دورا تىببىي سايمانلارنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى دورا، تىببىي سايمانلارنى باشقۇرۇش قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

12 – كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى يەكەندە جەنۇبىي شىنجاڭ ئوچاستكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ماي تېجەش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىنى ئاچتى، بۇ كۇرسقا 33 ناھىيىدىن 50 نەپەر كۇرسانت قاتناشتى.

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھاۋا رايى تارماقلىرى جامائەت مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇلازىمەت دائىرىسىنى پائال كېڭەيتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەر قايسى كەسپىي تارماقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ھەق-

لىق كەسپىي مۇلازىمەتنى قانات يايدۇردى. ئۇلار ھەقلىق كەسپىي مۇلازىمەت توختامىدىن 76 نى تۈزۈپ، دۆلەتكە 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ بەردى.

ۋىلايەت ئۈنجى قېتىم 1983 —، 1985 — يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنىنى چاقىرىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان 184 نەپەر پەن - تېخنىكا خادىمىغا مۇكاپات بۇيۇمى ۋە شەرەپكۇۋاھنامىسى تەقدىم قىلدى.

13 - كۈنى

مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ ۋىلايەتلىك قابىلىيەتلىك خادىملارغا بولغان كەلگۈسى ئېھتىياجىنى مۆلچەرلەش ۋە مائارىپ گۈيخۇاسىنى تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى، ئېيسا شاكىر گۇرۇپپا باشلىقى، مەمتىمىن ھەلىمدىن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

قەشقەر شەھەرلىك 7 - باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئىككى مەكتەپنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى قانات يايدۇرغانلىقىنىڭ بەش يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

14 - كۈنى

ۋىلايەتلىك مەخسۇس سېتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەستىقىسىز سانجى ئىككىنچى يېنىك سانائەت ئىدارىسىدىن سېتىۋېلىپ ئېلىپ كىرگەن 14 مىڭ شېشىدىن ئارتۇق سۈپىتى ئۆزگەرگەن شامپان ھاراقىنى ئېنىقلاپ چىقىپ تۆكىۋەتتى.

15 - كۈنى

جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، قەشقەر شەھىرى نېفىت بازىسىنى بەش تۈرلۈك ئىقتىسادىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىدىغان بولدى: بىرىنچىسى، نېفىت بازىسىنى ئۈچ خىل كىسلاتا (سولفات كىسلاتاسى، نىترات كىسلاتاسى، تۇز كىسلاتاسى) پېۋە، سىر، كىچىك ماشىنا رېمونتى، سوپۇن، خام، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش؛ ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلار يېمەكلىكلىرى بىلەن تەمىنلەش؛ ئۈچىنچىسى، ئىنەك ۋە ئۇنى بېقىش تېخنىكىسى بىلەن تەمىنلەش، قوي بوداش فېرمىسى قۇرۇش؛ تۆتىنچىسى، ئەلاسۈپەتلىك كۆچەت بىلەن تەمىنلەش، سەي-ئوتياش تېخنىكىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىش؛ بەشىنچىسى، كىيىم - كېچەك تىكىپ بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش.

18 - كۈنى

يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن مارالبېشى ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تەنتەربىيىدە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنى چاقىرىپ، ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئەھۋالى ۋە نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، كېيىنكى يېرىم يىللىق خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى.

توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، قەشقەرنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەت شۆجىۋ شەھىرىگە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەت باغلاش ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بىر ئىقتىسادىي ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى.

19 - كۈنى

ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى، مائارىپ باشقارمىسى، مەدەنىيەت باشقارمىسى، ئەدلىيە باشقارمىسى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، شىنخۇا كىتابخانىسى قاتارلىق 10 ئورۇن «جۇڭخۇانى گۈللەندۈرەيلى» دېگەن تېمىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى بويىچە مۇكاپاتلىق بىلىم مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى ئالتە كۈنلۈك ئېلىشىش ئارقىلىق 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى قەشقەردە ئاخىرلاشتى. قەشقەر ۋىلايىتى ئۆسمۈرلەر كاماندىسى ئۆسمۈرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە بىرىنچىلىككە؛ ئالتاي ياشلار كوماندىسى ياشلار گۇرۇپپىسى بويىچە بىرىنچىلىككە؛ تارباغىتاي بىلەن قەشقەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىلىككە؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك چوڭلار گۇرۇپپىسى 62 كىلوگراملىقلار بويىچە بىرىنچىلىككە، 68، 82، 90 كىلوگراملىقلار بويىچە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى.

20 - كۈنى

مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار قەشقەر شەھىرىگە تۆت ئاپتوموبىل تەقدىم قىلدى. سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مەلۇم قىسمى ۋىلايەت ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تەقدىم قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

قەشقەر ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «3 - ماي سۇغا چۈشۈپ كېتىپ، خېيىم - خەتەردە قالغان ئادەمنى قۇتقۇزغان شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. ۋىلايەتلىك يول ئاسراش ئورنى رېمونت ئەترىتىدىن جى كەيۋەن، سۇن شيەنمىن، جوگۇاڭجياڭ، لۇڭ شيەنپىڭ، سۇگۇڭجۇن، جۇ چۈەنلۇ ۋە پەيزاۋات ناھىيىسى مىشا يېزىسى، شاپتۇل يېزىسىدىكى دېھقانلاردىن ھوشۇر ئابدۇكېرىم، ئوبۇل ياسىن، ئابلىز ئابلىكىم، خالىق ياقۇپ، غېنى ئىمىنايەت، قادىر روزى قاتارلىقلارغا تۆھپە يېزىلىپ تەقدىرلەندى.

21 - كۈنى

جۇڭگو - پاكىستان بىرلىشىپ ئىشلىمەكچى بولغان تېلېۋىزىيە تىياتىرى «ئۈممىد يولى» نىڭ بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى قەشقەرگە كەلدى. ئۇلارنى ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلار قىزغىن كۈتۈۋالدى. «ئۈممىد يولى» 1982 - يىلى «جۇڭگو - پاكىستان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى» گە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىرلىشىپ ئىشلەش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن. تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىن يەنە «رىشتە» مۇبار.

مىللىي سودا مىللىي بۇيۇملار بويىچە ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ، ۋىلايەتلىك مىللىي سودا، مىللىي بۇيۇملار بويىچە ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىلدى، سەيدىخان گۇرۇپپا باشلىقى، ئەمەتجان، مەمەت سايىم، تۇداجى، ئابدۇقادىر كېرىم، لى چىڭيۇڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

24 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىش-

لەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن ئومۇمىيۈزلۈك مول - ھوسۇل ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

مەمۇرىي مەھكىمە تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى، مىللىي بويۇم ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش ۋە قايتا ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشى ئۈچۈن 400 مىڭ يۈەن مەخسۇس قەرز پۇل ئاجراتتى.

ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن تىلىۋالدى توختى، ئىمىن توختى، زىننەت تۆمەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋىلايەت بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش ئۈستىدە چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

25 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىشىپ «3 - ماي» دىكى خەتەردىن قۇتقۇزۇشتىكى ئىلغار ياشلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. ۋىلكومنىڭ شۇجىسى گوگالڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ۋىلايەت ۋە قەشقەر شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن ئابدۇغوپۇر سىدىق، تىلىۋالدى توختى، ئىمايىل تىلىۋالدى، ئىمىن توختى، سەيدىخان، ليۇباگجى، جاڭ جېنۋۇ ۋە ۋىلايەت، شەھەرگە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 3000 دىن ئارتۇق كادىر ۋە ئامما قاتناشتى.

ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى «3-ماي» دا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئاممىنى خەتەردىن قۇتقۇزۇشتا تۆھپە ياراتقان جى كەيىۋەنگە «نەمۇنىلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى» ھوشۇر ئابدۇكىرىمگە «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى»، ئوبۇل ياسىن بىلەن خالىق ياقۇپقا «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى» دەپ نام بەردى.

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىدىن گوگالڭ، ئابدۇغوپۇر سىدىق، شۇشياۋچىلڭ، چېن دېمىن، يالڭ جەلشى، ئىمايىل تىلىۋالدى قاتارلىقلار مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىللە ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى، يىپەك زاۋۇتى، يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

20 نەپەر ياش - ئۆسمۈردىن تەركىب تاپقان جۇڭگو - پاكىستان ئۇزۇن سەپەر ئەترىتى قەشقەرگە كەلدى. 400 نەپەر ھەرمىللەت ياش - ئۆسمۈر ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

26 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى سايىتوپ باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق تازىلىق تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەر ۋىلايىتىدە تۆتكۈن تازىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

27 - كۈنى

مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى، مائارىپ باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىشىپ 1986 - يىللىق بالىلار ناخشىسى ئىجادىيەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مارالبېشى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيەلىرى ۋە قەشقەر شەھىرىنى 1986 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ مىللىي سودا بويىچە «ئۆچەتە ئېتىبار بېرىلىدىغان» ناھىيە (شەھەر) قاتارىغا كىرگۈزدى.

28 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم، يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت بازىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىرلەشمە يىغىن ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ۋىلايەت قۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە بىللە كېڭەشتى.

«ئۆلچەم قانۇنى» نى يولغا قويۇشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت، ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە باھا باشقارمىسى بىرلىشىپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ۋىلايەت بويىچە ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) دىن 140 تىن ئارتۇق كەسپىي ئورۇن ۋە كارخانىنى تاللاپ مەھسۇلات سۈپىتى ۋە ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى تەكشۈردى.

30 - كۈنى

قەشقەر ۋە قىزىلسۇدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونلاردىن بېيجىڭغا بارغان ياش - ئۆسمۈرلەر ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەمخورلۇقىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

ۋىلكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلار ۋە ئورۇنلاردىن 1986- يىلى 7- ئايدىن 1987-يىلى 1-ئايغىچە كادىرلارنى ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆگىنىشكە تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى.

## 7 - ئاي

1 - كۈنى

ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار پارتكومى ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىدا ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قەسەم بېرىش يىغىنىنى ئاچتى. 234 نەپەر يېڭى پارتىيە ئەزاسى پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەمياد قىلدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن گوگاڭ، چېن دېمىن، ياڭ جەنشى قاتارلىقلار ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى 1000 دىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى يىغىنغا قاتناشتى.

ج ك پ قەشقەر ۋىلكومى «1985 - يىللىق ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، 53 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە 89 نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىدى.

قەشقەر شەھەركوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئوغۇرلۇققا قارشى تۇرۇش بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى. ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تىلىۋالدى توختى يىغىندا سۆز قىلدى.

2- كۈنى

مەمۇرىي مەھكىمە مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ «جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئۆي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا دوكلات» نى ئەستىقلاپ تارقىتىپ، جايلار ۋە ئورۇنلاردىن يىل ئاخىرىغىچە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئۆي سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاشنى تەلەپ قىلدى.

سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئىشخا-

نىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ ئىشخانا ئىقتىسادىي تەرەققىيات باش شىركىتى بىلەن بىرگە ئىش بېجىرىدۇ.

4 - كۈنى

«مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لىتىپ يۇنۇس ئاپتونوم رايونلۇق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى يېتەكلەپ قەشقەرگە كېلىپ، يېڭىسار، پوسكام ناھىيىلىرىدە تىپىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، ھەمدە قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار، پوسكام ناھىيىلىرىدە مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەردى.

5 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يېڭىسار ناھىيىسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش بويىچە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ، مۇشۇ ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئامما بىلەن بىرلىكتە نامراتلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ چىقتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ لايىھە-تەدبىرلىرىنى تۈزدى. ۋىلكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە نەق مەيداندا بۇ ناھىيىگە يىلدا 1 مىليون يۈەن سۇ قۇرۇلۇش مەبلىغى بېرىشنى قارار قىلدى.

7 - كۈنى

توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن سىچۈەندىكى گۇاڭ يۈەن شەھىرى دوستانە ۋىلايەت - شەھەر بولدى.

8 - كۈنى

جۇڭگو - پاكىستان ياش - ئۆسمۈرلەر ئۇزۇن سەپەر پائالىيىتىگە قاتناشقان 10 نەپەر پاكىستانلىق ياش - ئۆسمۈر شىنجاڭدىكى 15 كۈنلۈك پائالىيىتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، قەشقەردىن مەملىكىتىگە قايتتى. جۇڭگولۇق 10 نەپەر ياش- ئۆسمۈر 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۆز مەكتەپلىرىگە قايتقانىدى.

مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى خونجىراپ ئېغىزى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ياڭ جەنشى خونجىراپ ئېغىزىغا بېرىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىردى. ئۇ نەق مەيداندىلا سۇ توشۇش ماشىنىسى، ئېلېكتر بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىپ، ئېغىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

سىچۈەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سابىق مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى كۈەن شۆسى باشچىلىقىدىكى سىچۈەن ئۆلكىلىك ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق ئۆمىكى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى توققۇز ئورۇن بىلەن 19 ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمنامىسى تۈزدى.

9 - كۈنى

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تاجىك چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە قوزغالدى. تاجىكلارنىڭ سودىگەرچىلىك قىلمايدىغان ئادىتى ئۆزگىرىپ، تاشقورغان ناھىيىسىدە ئۆت بازار مەيدانغا كەلدى.

10 - كۈنى

ۋىلايەتلىك قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاچقان ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار رەھبەرلىرىنىڭ 1 - قارارلىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش

كۇرسى ئوقۇش باشلاندى. ۋىلكوم شۇجىسى كۇگالڭ، مۇئاۋىن شۇجىسى تىلىۋالدى توختى ۋىلكوم ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋىنچى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى، كۇگالڭ سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى. بۇ قېتىمقى كۇرسقا 60 نەپەر ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر قاتناشتى.

دۆلەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى خې كاڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيدىر باي، بىڭتۈەننىڭ سىلىڭيۈەنى چېن شىنىڭ ھەمراھلىقىدا، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

11 - كۈنى

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىن تەركىب تاپقان 16 كىشىلىك شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش، شىنجاڭدىن ھال سوراش ئۆمىكى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كەلدى.

13 - كۈنى

1984 - يىلدىن بۇيان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى لەنجۇ مۇزلۇق تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى، بېيجىڭ ئاتموسفېرا فىزىكا تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى نازارىتى قاتارلىق 10 نەچچە ئورۇننىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە چەتئەل مۇتەخەسسىسلىرى بىرلىشىپ، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يەكەن دەرياسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تېزگىنلەشنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

14 - كۈنى

ۋىلايەت ئوتتۇرا مەكتەپلەر تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 4 - قېتىملىق يىللىق يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ناھىيە (شەھەر) لەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ۋە خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىن 80 دىن ئارتۇق تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى قاتناشتى. مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسى ۋە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

16 - كۈنى

«قەشقەر گېزىتى» نىڭ 1 - بېتىگە شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى يازغان «قەھرىماننىڭ لۆلىياگەن تېغىغا قايتىشى - دەم ئېلىشقا چىققان كادىر پالڭلۇڭ توغرىسىدا» تولۇق تېكستى بېرىلدى. يولداش پالڭ لۇڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىم ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ بۇجاڭى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرىدا پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى بولغان. ئۇ يەرلىكتە ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئامما ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا، پوسكام ناھىيىسىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقانىدى.

17 - كۈنى

ۋىلايەتلىك پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، ۋىلكوم شۇجىسى كۇگالڭ «تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى، يىغىندا 68 ئىلـ

غار كوللېكتىپ، 147 نەپەر ئىلغار شەخسىي تەقدىرلەندى. يەنە ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش ھەققىدە «تەشەببۇسنامە» چىقاردى.

ئېلىمىز ھۆكۈمىتى جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنىڭ مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى 420 كىلومېتىر قىسمىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭغا 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. يولنىڭ ئۆلچىمى دۆلەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك يول ئۆلچىمىگە يەتكۈزىلىدۇ. يول ياساش ئىشچىلىرى ئىش مەيدانىغا يېتىپ بېرىپ ئىش باشلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش سوھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ۋىلكوم مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلدى، بۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 15 كىشىدىن تەركىب تاپتى، شۇشاۋچىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، لۇلىيەنكۈي، لى دېخۇڭ، تالىپ داۋۇت، شىن ۋېيۋېن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، شىن ۋېيۋېن قوشۇمچە ئىشخانا مۇدىرى، لۇپېيتيەن، ئۆمەر ئابدۇللا ئىشخانىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى.

19 - كۈنى

ۋىلكوم مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر ۋىلايىتىنى ئۈچ يىل ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقىدا نەمۇنىچى ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا رەسمىي قارار چىقاردى.

20 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يەرباش قۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى قالايمىقان ئىگىلەشنى چەكلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەرنى قانۇن بويىچە ئوبدان باشقۇرۇش، ئوبدان ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى.

قەشقەر، خوتەن شەھەرلىرى بىرلىشىپ، خوتەندە 2 - يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزدى. قەشقەر شەھەرلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى يەرمەنكىگە كىيىم - كېچەك، خۇرۇم بۇيۇملىرى، ئۇششاق - چۈشەك مېتال بۇيۇملىرى ۋە پولات - ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىن بولۇپ، 60 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى جەمئىي 383 خىل مەھسۇلات سالدى، يەرمەنكە ئېچىلغان كۈنى سېتىلىش سوممىسى 8500 يۈەنگە يەتتى.

24 - كۈنى

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلكوم مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىشىپ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، تونجى قېتىملىق يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە ئىككى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ قەشقەردە ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك ئارمىيە - خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى يېقىندا ئېچىپ بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش پائالىيىتىنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرىنى بەلگىلىدى.

خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىگە ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملار ئىمتىھانىغا قاتنىشىش جەھەتتە

ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش ئۈچۈن، ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىكتە «خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ چوڭلار ئالىي مەكتىپى ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملىرىدا ئىمتىھان بېرىش جەھەتتىكى بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە بەلگىلىمە» چىقاردى.

26 - كۈنى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونىدىن بېيجىڭغا بارغان ياش ئۆسمۈرلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى قەشقەردە دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى. ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە پىئونېرلاردىن بولۇپ 800 دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ئىشخانىسى يەر مەرزىدىن پايدىلىنىش تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ ئىچكىرىدىن 10 نەچچە خىل سورت كىرگۈزدى. ئۇلار مايمۇن باش يەر مەرزىسىنى سۇنئىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

29 - كۈنى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ساقلىقنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەسلىھەتچىسى چېڭ بوكېي ۋە مەركەز پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى يۈسۈن قاتارلىق تۆت كىشى ھەر مىللەت پېشقەدەم كادىرلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

مەملىكەتلىك ياش-ئۆسمۈرلەر كېمولوگىيە يازلىق لاگېرى شىنجاڭ قەشقەر شۆبە لاگېرىدىن 70 نەچچە نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە 10 نەپەر تەربىيىچى تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تاشقورغانغا يۈرۈپ كەتتى.

ۋىلكوم 19 - قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنى ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋىلايەتلىك تېخنىكا ئۇنۋانىنى ئىسلاھ قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. ۋاڭ ۋېنچى گۇرۇپپا باشلىقى، ئىمىن شاكىر، زىننەت ئۆمەر مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئاستىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنيا ئاشلىق پىلان مەھكىمىسىنىڭ ئاشلىق ياردەم تۈرىنى قولغا كەلتۈرۈش تەشكىلىي ئاپپاراتى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. ئابدۇغوپۇر سىدىق باش قوماندان، شۇ شياۋچىڭ، لى دېخۇڭ، قادىر ئەھمەت، گو جېنۇڭ، شۇشېنمىن مۇئاۋىن باش قوماندان، دۇڭ شۆجاڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مەسلىھەتچى بولدى. ئىشخانا چارۋىچىلىق باشقارمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

30 - كۈنى

ۋىلكوم 21 - نۆۋەتلىك ھەيئەتلەر يىغىنى مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) ۋىلكوم مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كومىتېتى تەشكىللىنىدۇ، بۇ كومىتېت 11 ئادەمدىن تەركىب تاپىدۇ. تېلىۋالدى توختى مۇدىر، شىن ۋېيۋېن، لىيۇ ياۋخۇا مۇئاۋىن مۇدىر بولىدۇ. (2) ۋىلايەتلىك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىدۇ، لىيۇ ياۋخۇا گۇرۇپپا باشلىقى، جاۋ دىڭشىن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولىدۇ. (3) يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش كومىتېتى تەشكىللىنىدۇ. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋا-

لىيى ئابدۇغوپۇر سىدىق مۇدىر، چېن دېمىن، ۋاڭ ۋېنچى، ئېيساشاكىرلار مۇئاۋىن مۇدىر بولىدۇ.

31 - كۈنى

ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى باشقارمىسى سۇ ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىپ، نۆۋەتتىكى سۇ ئىشلىرى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، جايلاردىكى سۇ تارماقلىرىدىن سۇ ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىشىنى تەلەپ قىلدى.

جۇڭخۇا مەملىكەتلىك جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمى جەمئىيىتى شىنجاڭ قەشقەر شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت، جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك لىشىخۇيىنى سايلاپ چىقتى. قۇرۇلۇش يىغىنى جۇڭگوچە داۋالاش بويىچە 22 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى.

ۋىلايەت تاشيول قاتناش ترانسپورتىغا بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، تاشيول ترانسپورت تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى.

## 8 - ئاي

1 - كۈنى

مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بېيجىڭ داشۆنىڭ پروفېسسورى، داڭلىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىچىسى شې مېيەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنزارى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن جۇن سەييارە دەرس سۆزلەش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «غەربىي جۇڭگو ئەدەبىياتى» نىڭ باش تەھرىرى چېن بوجۇڭنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كەلدى. مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى بىلەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ زالىدا «يېڭى شېئىر ئېقىمى»، «ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىۋى ئېقىمى» دېگەن تېمىلاردا لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى.

ۋىلكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەشۋىقات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك تەشۋىقات تارماقلىرىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش پائالىيىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

2 - كۈنى

چېگرا رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ بالىلار يەسلى ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى جۇڭگو ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات مەركىزى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ يېزا يەسلى ۋە ساقلىقنى ساقلاش خادىملىرىنىڭ كۇرسىنى ئاچتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاستتىن 52 نەپەر يەسلى ۋە ساقلىقنى ساقلاش خادىمى كۇرسقا قاتناشتى.

مەمۇرىي مەھكىمە مىللىي ئىشلار باشقارمىسى ۋە «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى بىرلىشىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە مىللەتلەرگە ئائىت بىلىملەر بويىچە مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىنىڭ مۇكاپات تارقىتىش يىغىنىنى ئاچتى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئېيە-

سا شاكىر ئۇتتۇپ چىققانلارغا مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىپ بەردى.

4 - كۈنى

شىنجاڭ بويىچە پارتىيە مەكتەپ سىستېمىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ماۋزېدۇڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىدىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ۋىلكوم پارتىيە مەكتىپىدە ئېچىلدى. يىغىن 32 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى.

ياش قازاق يازغۇچى ئەكبەر مەجىت ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ياش يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈش ئۆمىكى 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قەشقەرگە كەلدى.

6 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا ۋىلايەتلىك 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. ھەمدە ۋىلكوم شۇجىسى گوگاڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق، ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چېن دېمىن، ۋىلكوم ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ ۋېنچى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئېيسا شاكىر مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەسىس قىلدى.

مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك سىرتقا قوغۇن يۆتكەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەسىس قىلدى. مۇئاۋىن ۋالىي لى دېخۇاڭ گۇرۇپپا باشلىقى، لياڭ ساڭۇ، خې خۇڭيىڭ، جاڭ دېلياڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

ئۆسمۈرلەر خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۆسمۈرلەر خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گۇ يۈيېن قاتارلىق ئالتە كىشى ۋىلايىتىمىزدىكى ئۆسمۈرلەر خىزمەتچىلىرى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، چېگرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا يەسلى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە بىرلىكتە ئىزدەندى.

مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ، ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك ياغاچ شىركىتىنى ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق سودا - سانائەت تەرەققىيات شىركىتىگە ئۆزگەرتتى.

ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارغا بولغان قوغداشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەمۇرىي مەھكىمە تاشقورغان ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى قوغداش پونكىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ پونكىت كەسپىي ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر ۋىلايەتلىك سۈنئىي تالالارنى تەكشۈرۈش باش پونكىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ پونكىت كەسپىي ئورۇن بولۇپ، ۋىلايەتلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

8 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەت دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۇرسى ئاچتى، بۇ كۇرسقا ئاساسەن ۋىلكومنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى، ھەيئەت ئەزالىرى ۋە تەكشۈرگۈچىلىرى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىي، مۇئاۋىن ۋالىيلىرى، مۇپەتتىشلىرى قاتناشتى. كۇرس باشلانغاندا، ۋىلكوم شۇجىسى گوگاڭ سۆز قىلدى.

ۋىلايەت ئەرزىيەت خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەرزىيەت خىز-

مىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، 1986 - يىللىق ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

11 - كۈنى

قەشقەر كۆئېنلۇن يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ ھاراق زاۋۇتى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، قەشقەر سېمونت زاۋۇتى، قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ «7439» زاۋۇتى قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بەش كارخانا بىرىنچى تۈركۈمدە ئۆلچەم بويىچە دولەتنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ۋە تەقدىرنامىسىغا ئېرىشتى.

12 - كۈنى

ھەر مىللەت خەلقى ئېغىر تەبىئىي ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، يازلىق ئاشلىقتىن زور مول ھوسۇل ئالدى. ئومۇمىي مەھسۇلات 985 مىليون جىڭغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن بىر ھەسسە ئاشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىشىپ، يەكەن دەرياسى ۋە قەشقەر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېزا ئىگىلىك بايلىق مەنبەسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئومۇميۈزلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى.

ج. ك. پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زوڭلىسى ۋەنلى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ليۇلەنتاۋ، مەركىزىي كومىتېت مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى رۇڭگاۋتاڭ، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى خېي يولى قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار قەشقەرگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگىلى كەلدى.

13 - كۈنى

ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسى يىغىن چاقىرىپ، مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ «خۇاڭ چىڭياۋ ۋەقەسى» توغرىسىدا بەرگەن تەستىقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، داۋالاش خىزمىتىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى.

14 - كۈنى

ۋىلايەت، شەھەرلىك ستاتىستىكا تارماقلىرى ئۇزۇن مۇددەت شىنجاڭدا ستاتىستىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 176 نەپەر كەسپىي كادىرغا تۇنجى تۈركۈمدە شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە تەقدىرنامە تەقدىم قىلدى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى - قۇربان ھېيتنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

15 - كۈنى

مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن بىنچۈەن خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى. ئۇ، ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئاممىنىڭ سادىسىنى ئىنكاس قىلىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئىسمى- جىسمىغا لايىق «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

16 - كۈنى

قۇربان ھېيت مەزگىلىدە ۋىلايەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن گوگاڭ،

ئابدۇغوپۇر سىدىق، شۇشاۋچىڭ، چېن دېمىن تىلىۋالدى توختى، ياڭجەنشى قاتارلىقلار شەھەر رايونىدىكى ھەر ساھەدىكى ئۇيغۇر زاتلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قۇربان ھېيتىنى مۇبارەكلىدى.

19 - كۈنى

مەركىزىي كومىتېت مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى جياڭ خۇا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭجىڭرېن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇلىيەنيۈەن قاتارلىق 15 كىشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇشەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى فىلىڭدانىڭ ھەمراھلىقىدا خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

ياپونىيە لىجىڭجاۋچىڭ جەمئىيىتىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى جۇڭگو بۇددا دىنىي جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى راھىب شۇيىلىننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە زىيارەتكە كەلدى.

20 - كۈنى

شائخەي شەھەرلىك شىنجاڭدىن ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ شۆبە سەنئەت ئۆمىكى 12 مىليون شائخەي خەلقىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ، قەشقەرگە كېلىپ، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن شائخەيلىك ياشلار ۋە يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتتىن ھال سوراش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، جايلاردىن مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مۇپەتتىش كادىرلىرى قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، مۇپەتتىش تارماقلىرىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

21 - كۈنى

مەمۇرىي مەھكىمە تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، سانائەتنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە نۆۋەتتىكى بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

24 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يىغىن چاقىرىپ، مۇشۇ يىل ئىچىدە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ۋىلايەت بويىچە ئۈجمە قويۇش، پىلە بېقىش، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، غوزا يىغىش، يىپەك تارتىش، يىپەك رەخ توقۇش ۋە سېتىش قاتارلىق ھالقىلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەت قەشقەر پىلە - يىپەكچىلىك تەرەققىيات مەركىزىي قۇردى.

25 - كۈنى

ياپونىيە، پېشقەدەم ھەربىيلەر جۇڭگو ياپونىيە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ 11 كىشىلىك جۇڭگونى زىيارەت قىلغۇچى ئاياللار ئۆمىكى دوستانە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى B گۇرۇپپىسىنىڭ پۇتبول مۇسابىقىسىدا، قەشقەر كوماندىسى بىرىنچىلىكنى ئالدى.

26 - كۈنى

كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونىدىكىلەر ئىقتىسادچانلىقنى يولغا قويۇپ ناچار ئۆرپ - ئادەتنى ئۆزگەرتىپ 138 جۈپ ئۇيغۇر قىز - يىگىتنىڭ مەسلىھەت چېيىنى ئۆتكۈزمىدى.

27 - كۈنى

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى،

جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات جەمئىيىتى، شىنجاڭ پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسى بىرلىشىپ چاقىرغان مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىنى قايتا ياساش قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى.

ياپونىيە بۇددا دىنىي قائىدە - مۇراسىملىرىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى قەشقەرگە زىيارەتكە كەلدى.

28 - كۈنى

ۋىلايەت يېزا ئىگىلىك خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، ئاشلىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان يېزا - بازار كارخانىلىرى، يەرلىك سانائەت ۋە قوغۇن، مېۋە - چېۋە، يىپەكچىلىك، چارۋىچىلىقنى قانات قىلىش، سۇ ۋە يولنى شەرت قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىن ئىبارەت ۋىلايىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ «7 - بەشيىللىق پىلانى»مەزگىلىدىكى يېتەكچى ئىدىيىسىنى بەلگىلىدى. 1990- يىلى يېزا ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 500 يۈەنگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پاختا، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، پىلىچىلىك، چۈچۈك بۇيا قاتارلىق بەش چوڭ بازا قۇرۇشنى قارار قىلدى.

ۋىلايەت چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش يىغىنى چاقىرىپ، سېلوس ياساش تېخنىكىسىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ چارۋىچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

29 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مارالبېشى ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىملىق چۈچۈك بۇيا ئىشلەپچىقىرىش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، جايلاردىن مارالبېشىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، چۈچۈك بۇيا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات پىلانى ۋە چۈچۈك بۇيا بازىسى قۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، چۈچۈك بۇيا بايلىق مەنبەسىدىن ئىبارەت ئارتۇقچىلىقنى قەشقەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى بىر چوڭ ئىقتىسادىي مەنبەگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ۋىلكوم قارار چىقىرىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇردى. چېن دېمىن گۇرۇپپا باشلىقى، ۋاڭ ۋېنچىي ئېيساشاكىر، خۇاڭ ۋېنچىڭ، مامۇت ھوشۇر مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

30 - كۈنى

دۆلەت كومىسسارى گۇ مۇ باشچىلىقىدىكى توققۇز كىشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇاڭ باۋجاڭنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەرگە خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئېكسكۇرسىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى چېن بەيسۇن، لىن ۋېيجۈننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىسمائىل يىلياسىنوۋ، ئەنۋەرخان بابا ۋە گۇگمىڭ، چىيا چۇچۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كەلدى.

ۋىلكوم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ناھىيە

دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۆگىنىش مەزمۇنى پەلسەپە، قانۇندىن ئومۇمىي ساۋات قاتارلىقلار بولۇپ، ھەپتىدە يېرىم كۈن ئۆگىنىش قىلىندۇ، ئۆزى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىدۇ، مۇۋاپىق ھالدا مەخسۇس تېمىدا شەرھىيلەش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

31 - كۈنى

مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى.

## 9 - ئاي

1 - كۈنى

لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ئارمىيە خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقان ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ ۋەكىلى، باش سىياسىي بۆلۈم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىگەن، ئارمىيىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم ھەربىي كادىرى سابىق پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ناھكومىنىڭ شۇجىسى پاڭ لۇڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى يوقلاش ئۈچۈن پوسكام ناھىيىسىگە بېرىپ، دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى، دەم ئېلىشقا چىققان، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا تەجرىبە تونۇشتۇردى.

2 - كۈنى

مەملىكەتلىك مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇڭ مۇۋېن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى ئابلىز داۋۇتنىڭ ھەمراھلىقىدا، مەدەنىيەت خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

قەشقەر شەھەرلىك يالتىراق زاۋۇتى يېڭى قۇرغان يۇقىرى بېسىملىق ئېتىلىندىن ياسالغان سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش يالتىراق ئىشلەش سېخى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. بۇ سېخنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 500 توننىغا يېتىدۇ.

4 - كۈنى

توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان مەركىزىي كومىتېت ئورگىنى 86 - نۆۋەتلىك لىكتورلار ئۆمىكىنىڭ قەشقەر تارماق ئۆمىكى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.

6 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش لايىھىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، قەشقەرنى بەش يىل ئىچىدە مەدەنىيەتلىك ۋىلايەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، 1990 - يىلىدىن ئىلگىرى 80 پىرسەنتتىن كۆپرەك ناھىيە (شەھەر) ۋە ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مەدەنىيەتلىك ئورۇنغا ئايلىنىشىنى تەلەپ قىلدى.

لەنجۇ ھەربىي رايونى «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە-خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى قەشقەردە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى تاڭ گۇاڭسەي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۇەنى، قوشۇمچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۇەنى ليۇ خەيشاۋ ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، قەشقەر ۋىلكومنىڭ شۇجىسى كوگاڭ ئىلگىرى - ئاخىر

بولۇپ، ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى.

سىچۈەن ئۆلكىلىك ياشانغانلار كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سابىق مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى جاڭ لېشىڭ باشلىقلىقىدىكى سەككىز كىشىدىن تەركىب تاپقان سىچۈەن ئۆلكىلىك ياشانغانلار مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرۇپ قەشقەردىن يۈرۈپ كەتتى.

7 ـ كۈنى

71 كىشىدىن تەركىب تاپقان جاڭ گوشىڭ باشلىقلىقىدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى 2 ـ شۆبە ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى سەيۋىن بىلەن تاھىرنىڭ ھەمراھلىقىدا، تەكشۈرۈش زىيارەت قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

جۇڭگو ئۆسمۈر بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مەسلىھەتچىسى لىن جيامېي باشلىقلىقىدىكى جۇڭگو ئۆسمۈر بالىلار تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋۇ پېيجيۇ، مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور گۇيۇفېن مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىكى يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات مەركىزىنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ يۈجېننىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كەلدى.

8 ـ كۈنى

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى 2 ـ شۆبە ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى فىڭ تيۈن، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇجۇلىڭ ۋە ئۆمەك بىلەن بىللە كەلگەن دوختۇرلار، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى لى دېخۇگىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالاھىدە يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە بېرىپ، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ قەشقەرلىك 92 ياشلىق ئەزاسى مەھتىمىن خەلپىتىنى يوقلىدى.

10 ـ كۈنى

ۋىلايەت ۋە قەشقەر شەھىرى داغدۇغىلىق ھالدا ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى، 4000 گە يېقىن ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى يىغىنغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ ھاشىت ۋە ۋىلايەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمەت قىلىش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشتە ئىلغار كوللېكتىپ بولغان 12 ئورۇن ۋە 11 شەخسىگە لەۋھە، تەقدىرنامە ۋە مۇكاپات بويۇملىرى تارقاتتى، ۋىلايەت، شەھەردىن 133 نەپەر مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمىتى خادىملىرىغا شەرەپنامە ۋە مۇكاپات سوممىسى تارقاتتى.

لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى پېي جىيۇجو، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى تاڭ گۇاڭئەي، سابىق جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئولاتايوپ، شۇنداقلا قەشقەر ۋىلاكومنىڭ شۇجىسى گوكالىڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى تازغۇن يېزىسىغا بېرىپ، 1980 ـ يىلى بىر

قېتىملىق كېلىشىمە سىلىكتە ئۆز ئۇغلىدىن ئايرىلغان قەھرىمان قەھرىمانە يوقلىدى. مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار پېي جيۇجۇ ئۇنىڭغا «سىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلىرىنىڭ ياخشى ئانىسى، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ياخشى نەمۇنىچىسى» دەپ يۇكسەك باھا بەردى. خوشلىشىش ئالدىدا سىياسىي كومىسسار پېي جيۇجۇ لەنجۇ ھەربىي رايونىغا ۋاكالىتەن قەھرىمانغا سوۋغا تەقدىم قىلدى.

11 – كۈنى

دۆلەت ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لۈدۇڭ باشچىلىقىدىكى دۆلەت ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۆمىكى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇاڭ باۋجاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېشۇشەن قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، سانائەت-قاتناش، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، سانائەت – قاتناش ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە قەشقەرگە كەلدى.

لەنجۇ ھەربىي رايونى چاقىرغان ئارمىيە خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاياغلاشتى. يىغىندا ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپتىن 42 سى، ئىلغار شەخسىيدىن 11 سى، مۇنەۋۋەر ئامما خىزمەت كادىرىدىن بەشى تەقدىرلەندى. قەشقەر ھەربىي رايونىغا ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىكى ئىلغار ئورۇن دەپ نام بېرىلدى.

12-كۈنى

ۋىلكوم قارار چىقىرىپ، ۋىلايەتلىك ياردەم بېرىش، تەربىيىلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ گۇرۇپپا 11 كىشىدىن تەركىب تاپتى. ۋىلكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شۇشياۋچىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، ۋاڭ ۋېيچى، ئېيساشاكىر، زىننەت ئۆمەر مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

1986 – يىللىق ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ ئىشخانا ۋىلكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە خەلق ئىشلار باشقارمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى، سەھىيە باشقارمىسى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ئالاقىدار بۆلۈم-ئىشخانىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئاجراتتى.

13 – كۈنى

مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سىلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى قەشقەردە داغدۇغىلىق باشلاندى. سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۈي يۆلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ يىغىندا سۆز قىلدى.

سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى سۈي يۆلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ ھامىت، ۋىلكومنىڭ شۇ-

جىسى گوگالا، مەمۇرىي مەھكىمىلىك ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەر ئۇيغۇر شىپاخانىسى، تىبابەت مەكتەپ دوختۇرخانىسى، قەشقەر تىببىي مەكتەپ قاتارلىق سەھىيە - داۋالاش ئورۇنلىرىنى كۆزدىن كۆچۈردى. مىنىستىر سۈي يۈلى يەنە ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بەردى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلىسىنى تەرتىپكە سېلىش-قۇرۇش بىرلەشمىسىنىڭ باشقۇرۇش يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقانلار قەشقەردىكى قىسمەن ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» قۇرۇشتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى.

15 - كۈنى

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جېڭ تيەنشاڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شارشىبېكنىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەرگە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە كەلدى. جىلىن ئۆلكىسىدىكى چاڭچۈن گېئولوگىيە ئىنستىتۇتى گېئولوگىيىلىك مۇھىت ۋە ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن پروفېسسورى لىن نيەنفېڭ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە پەن- تېخنىكا خادىملىرىغا قەشقەردە ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن جۇڭگو ئېنېرگىيە تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى ۋېي زوڭچېن، ياڭ جېنرولاڭ، مىڭ جاۋلى، جاڭ گوۋەنشىڭ قاتارلىق بەش نەپەر مۇتەخەسسىس تەر-كىب تاپقان چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئېنېرگىيە مۇتەخەسسىسلىرى لېكتورلار ئۆمىكى تەكشۈرۈش، دەرس سۆزلەش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

18 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا، قەشقەر ۋىلايىتى كوللېكتىپى ئومۇمىي نومۇر بويىچە ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. ۋىلايىتىمىز كوماندىسى 11 تۈر بويىچە مۇسابىقىغا قاتناشتى. ۋاڭ شىنمىن ئەرلەرنىڭ 40 كىلومېتىرلىق ۋېلسىپىت مۇسابىقىسىدە يەككە تۈرى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى، جوماخۇن 60 كىلوگراملىقلارنىڭ جۇڭگوچە چېلىشىش تۈرى بويىچە بىرىنچىلىككە، ئالىم 62 كىلوگراملىقلارنىڭ خەلقئارا قەدىمكى چېلىشىش تۈرى بويىچە بىرىنچىلىككە، جاڭ جىنلىيەن ئاياللارنىڭ رۇداۋچە چېلىشىش يەككە تۈرى بويىچە بىرىنچىلىككە، شۈمىن ئەرلەرنىڭ 400 مېتىرلىق يۈگۈرەش ۋە 400 مېتىرلىق توساق ئاتلاپ يۈگۈرەش تۈرى بويىچە بىرىنچىلىككە، گۈاڭخۇيجۈن ئاياللارنىڭ 100 مېتىرلىق ۋە 400 مېتىرلىق يۈگۈرەش تۈرى بويىچە ئىككىنچى قېتىم بىرىنچىلىككە، دېيبەيچيۈ ئەرلەرنىڭ 10 تۈرى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى.

دۆلەتلىك ئورمانچىلىق پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ۋە كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى ئالاقىدار تارماقلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كونىشەھەر ناھىيىسىدە جىگدىنىڭ 21 تۈرى بارلىقى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، تۈرىنىڭ كۆپلىكىدە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىقلىدى.

19 - كۈنى

شاڭخەي قاتناش داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خې يۈشىڭ، داشۆنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ياشۈەن باشچىلىقىدىكى 10

كىشىدىن تەركىب تاپقان قاتناش داشۆ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى ئىقتىسادىي تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى جۇجياشىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە كەلدى. شاڭخەي قاتناش داشۆسى ۋەكىللەر ئۆمىكى يولداش ۋاڭجىنىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قابىلىيەتلىك خادىم تەربىيىلەپ بېرىش، پەن تەتقىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە شىنجاڭغا كەلگەن.

20 - كۈنى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مالىيە-سودا ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك داڭلىق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەت بويىچە ئالاھىدە ئىمركازچىك جاڭبىنگگۈي خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ھەمدە ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگە تەجرىبە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى. ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە شۆبە ھەربىي رايونى بىرلىشىپ ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، 1986- يىللىق قىش پەسىللىك ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋە ئەسكەرلىكتىن قايتقانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

23- كۈنى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت قانۇن كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سابىق باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇاڭيۇكۈن گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سابىق دۆلەت مۇداپىئە پەن-تېخنىكا كومىتېتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ليۇيۇگۇاڭ ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى گۈيىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىدىكى 23 كىشىدىن تەركىب تاپقان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى 12 - دوختۇرخانىسى مەزكۇر دوختۇرخانا قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. ۋاڭ ئېنماۋ، ليۇخەيچىڭ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، تاڭ گۇاڭخەي، جانابىل قاتارلىق ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە مەسئۇللىرى بۇ دوختۇرخانا ئۈچۈن تەبرىك بېغىشلىمىسى يازدى.

ۋىلكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە مىللىي ئىشلار باشقارمىسى، دىنىي ئىشلار باشقارمىسى بىرلىشىپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھە يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىدىن ئۆگىنىش - تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يوسكام نېفىت بازىسى، قەشقەر 1 - سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئاپىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى.

24 - كۈنى

شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى، دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى يەكەندە شىنجاڭ ئەلاسۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى قانداق قىلىپ جارى قىلدۇرۇپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونىدىكى دېھقانلارنى تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ،

باي قىلىش دېگەن تېمىنى دەۋر قىلغان ھالدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

25 - كۈنى

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ سەنئەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋەن رېنجۇ باشلىقلىقىدىكى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرۇسۇل مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىكى 12 كىشىلىك جۇڭگو مىللىي مۇزىكا ئۆمىكى، تۇنىستا ئۆتكۈزۈلگەن 22 - نۆۋەتلىك جاتەيجى خەلقئارا سەنئەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى، شۇنداقلا زىيارەت ئويۇنى قويۇپ، شەرەپ بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. جۇڭگو مىللىي مۇزىكا ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن سەككىز نەپەر سازەندە ۋە بىر نەپەر ناخشىچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت كوللېكتىپىنىڭ تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە زىيارەتكە چىقىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، «3 - سىنتەبىر» جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سان - مارىنو جۇمھۇرىيىتى خەلقئارا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى داڭلىق ھاشاراتشۇناس، غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ پروفېسسورى جۇياۋ، ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ۋىلايەتلىك ئۆسۈملۈك ئاسراش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن قەشقەرگە دەرس سۆزلىگىلى كەلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىدىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچىلىق ماۋدىلىق، ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىگە بېرىلگەن 200 يۈەن مۇكاپات پۇلىنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگو ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات مەركىزىگە تەقدىم قىلدى.

ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تۇنجى قېتىم ئۇچۇر - ئاخبارات يىغىنىنى ئېچىپ، قانداق قىلىپ پەن-تېخنىكا ئاخباراتلىرىدىن قەشقەرنىڭ ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

26 - كۈنى

ۋىلايەتلىك، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىشىپ تېلېفون يىغىنى چاقىرىپ، جايلاردىن كۆزلۈك تېرىلغۇ، پاختا يىغىش، سېتىۋېلىش ۋە چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، سېلوس تەييارلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

جۇڭگو توقۇلما بۇيۇملار ئىمپورت - ئېكسپورت باش شىركىتى بېيجىڭدا مۇنەۋۋەر گۈل - نەقىش لايىھىلىگۈچىلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىن يەتتە نەپەر لايىھىلىگۈچى تەقدىرلەندى. ئۇلار لايىھىلىگەن 13 خىل گۈل - نەقىش نۇسخىسى جۇڭگو توقۇلما بۇيۇملار ئىمپورت - ئېكسپورت باش شىركىتى تۇنجى قېتىم تۈزۈپ چىققان «گۈل - نەقىش نۇسخىلىرىدىن تاللانما»غا كىرگۈزۈلدى.

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 3 - مىللىي ئاپتونوم يېزىسى — تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ كۆكيار قىرغىز ئاپتونوم يېزىسى ئاپتونوم يېزا قۇرۇش يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. ۋىلايەتلىك، مەمۇرىي مەھكىمە ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۇلارنى تەبرىكلىدى، شۇنداقلا ئۇلارغا لەۋھە ۋە سوۋغا تەقدىم قىلدى.

27 - كۈنى

غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە پوچتا - تېلېگراف ئىش-

چى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدا، شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف ئاياللار كوماندىسىغا ۋاكالىتەن مۇسابىقىغا قاتناشقان ۋىلايىتىمىزنىڭ پوچتا - تېلېگراف ئىشچى-خىزمەتچىسى خۇشيۇخۇا بىلەن جۇۋۇلەن مۇنەۋۋەر ۋاسكېتبولچى بولۇپ باھالاندى.

مەمۇرىي مەھكىمە باج ئىشلار باشقارمىسى باج سىستېمىسى بويىچە «قوش ئىلغار»لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ۋە باج ئىشلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنىنى چاقىرىپ، 37 ئىلغار كوللېكتىپ، 66 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. باج ئىشلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بىر يىللىق خىزمىتىدىن خۇلاسە چىقاردى.

يېڭىشەھەر ناھىيىسى خۇنەن ئۆلكىسىدىكى لىلىڭ شەھىرى بىلەن دوست ناھىيە-شەھەر بولدى.

لياۋجيامىن باشلىقلىقىدىكى سىچۈەن ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 15 كىشىلىك ئۆگىنىش، كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مېلى شۈلىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆگىنىش-كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

30 - كۈنى

ۋىلكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ، مۇئاۋىن شۇجىسى چېن دېمىن تاشيول قۇرۇلۇش ۋە گېئولوگىيە كەسپىي خادىملىرىنى يېتەكلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، تاشقورغان ناھىيىسىنىڭ داتۇڭ يېزىسىغا باردى.

جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق شىركىتى داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، شىركەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

## 10-ئاي

3 - كۈنى

ج ك پ قەشقەر ۋىلكومى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، پارتىيە 12-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئۆگەندى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 37 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، مەمۇرىي مەھكىمە ئىقتىسادىي كومىتېتى بىرلىشىپ «توققۇز ئاي كۈرەش قىلىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 37 يىللىقىغا سوۋغا تەقدىم قىلايلى» دېگەن مەزمۇندا «مۇنەۋۋەر ياش بەن-گۇرۇپپا مۇسابىقىسى» سۈرەتلەر كۆرگەزمىسى ئاچتى.

مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ، ۋىلايەتلىك ھەربىيدىن قايتقانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللىدى. مۇئاۋىن ۋالىي زىننەت ئۆمەر گۇرۇپپا باشلىقى، ئېزىز دۆلەت، تۇردى باقى مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

4- كۈنى

بىڭتۇەن 2 مىليون يۈەن ھەقسىز مەبلەغ چىقىرىپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. بۇ قۇرۇلما كۈنىگە 3350 كۇب مېتىر سۇ يەتكۈزۈپ، مارالبېشى ناھىيىسىدىكى 50 مىڭ ئاھالىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

ۋىلكوم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن پارتىيە 12-قۇرۇلتىيى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھاتنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

قەشقەر ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتىپى

داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

6-كۈنى

قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

8-كۈنى

ۋىلكوم ھەر ساھەدىكى ئاتاقلىق زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ، پارتىيە 12- قۇرۇلتىيى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىنى ئۆگىنىش ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

9- كۈنى

130 دىن ئارتۇق ھەربىيدىن قايتقان مۇنەۋۋەر خادىملار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قەشقەردە قەپقېلىپ، قەشقەرنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدىغان بولدى. ئۇلار تاشقورغان، مەكىت، پەيزاۋات، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيەلەرگە بېرىپ ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت قىلىدۇ.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ۋە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ۋىلايەتلىك ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە گۇرۇپپا ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى تەڭشەشنى قارار قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇپەتتىشى لىيۇشىلىن گۇرۇپپا باشلىقى، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ دۇئاۋىن قوماندانى تۆردى قادىر مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

12- كۈنى

سېچۈەن ئۆلكىسىدىكى گۇاڭيۈەن شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇڭكەن باشلىقلىقىدىكى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى سىلىڭ زىيى مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىكى گۇاڭيۈەن شەھەرلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكشۈرۈش، زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

13-كۈنى

مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى. ئۇلار قەشقەرگە پەن-تېخنىكا، مائارىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش، سۈنئىي ھەمرادىن خەۋەر قوبۇل قىلىش، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى 1986-يىللىق ئەسكەر قوبۇل قىلىش بۇيرۇقى ئېلان قىلدى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ۋە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ئەسكەر قوبۇل قىلىش خىزمىتى بويىچە «قوش ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، تۆت ئىلغار ئورۇن، 44 ئىلغار شەخسىينى ئومۇمىي ئوقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى.

14-كۈنى

چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونى قەشقەردە بازاردىكى چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى كارانتىن قىلىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

15-كۈنى

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ئەسلىدىكى قەشقەر قاتناش ئىدارىسىنى قاتناش باشقارمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ناھىيە (شەھەر) لەردە قاتناش ئىدارىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

مەمۇرىي مەھكىمە دىنىي ئىشلار باشقارمىسى بىلەن ۋىلايەتلىك ھەج ئىشلىرى ئىشخانىسى بىرلىشىپ، مەككىگە ھەجگە بارىدىغان ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى ئەرباب-

لارنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتكۈزدى.

16- كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى چېگرا مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شۇگاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى چېگرا ئېغىزى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ خۇلى ۋە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، خۇنجىراپ ئېغىزى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ياڭ جەنشى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ھال سوراش ئۆمىكى خۇنجىراپ ئېغىزىغا ھال سوراش ئۈچۈن باردى.

19- كۈنى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋە قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈملىرى پەن-تېخنىكا جەمئىيەتلىرى، پەن-تېخنىكا كومىتېتلىرى ۋە ھەر قايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى» پائالىيىتى باشلاندى.

21- كۈنى

ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە نۇقتىلىق ناھىيەلەرنىڭ سەھىيە ئىشلىرى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى يەكەندە ئېچىلدى.

ۋىلكوم يىغىن ئېچىپ قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرىي غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلىدى.

22 - كۈنى

ۋىلكوم كەنت دەرىجىلىك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش يىغىنى ئېچىپ، كەنت دەرىجىلىك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات ئالدى ۋە كەنت دەرىجىلىك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى.

ۋىلكوم ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار رەھبەرلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

23 - كۈنى

يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان شاڭخەي شەھەرلىك بانكا سىستېمىسى ھال سوراش ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شاڭخەيدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن 57 نەپەر پۇل - مۇئامىلە خىزمەتچى خادىملىرىدىن قىزغىن ھال سورىدى ھەمدە ئۇلارغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە خاتىرە بويۇملىرى تارقاتتى.

ۋىلكوم مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ، ئارخىپ تۈزۈلمىسىنى تەڭشىدى. ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقارمىسى مەمۇرىي مەھكىمىگە بىۋاستە قاراشلىق باشقارما بولدى. ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، ۋىلايەتلىك ئارخىپ باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغان، ئارخىپ باشقارمىسىدىن ئايرىم بولمىدىغان بولدى. ناھىيە (شەھەر) لىك ئارخىپ بۆلۈملىرى ئارخىپ ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيە (شەھەر) لىك ھۆكۈمەتلەرگە بىۋاستە قاراشلىق ئىدارە بولدى، ناھىيە (شەھەر) لىك ئارخىپخانىلار مۇئاۋىن يېزا دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، ناھىيە (شەھەر) لىك ئارخىپ ئىدارىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغان، ئارخىپ ئىدارىلىرى بىلەن ئايرىلمىدىغان بولدى.

25 - كۈنى

ۋىلايەت ۋە قەشقەر شەھىرى بىرلىشىپ باج، مالىيە، مال باھاسىنى تەكشۈرۈش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ياڭجەنشى يىغىنغا قاتنىشىپ سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاست بويىچە مۇپەتتىشلىك نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى.

27 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ئىستىلىنى تۈزەش بويىچە لىكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ۋىلايەت، شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى ۋە يېڭىشەھەر، كونىشەھەر ناھىيىلىرىدىن بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

28 - كۈنى

ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە باشقا جايلار بىلەن 200 دىن كۆپرەك ھەمكارلىق توختامنامىسى ئىمزالىدى، 4 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغ كىرگۈزدى. ۋىلايەت بويىچە 120 دىن ئارتۇق ھەمكارلىشىش تۈرى ئىش باشلىدى، 70 تۈر تاماملىنىپ پايدا يارىتىشقا باشلىدى.

ئاپتونوم رايون ۋىلايىتىمىزدىن قەشقەر شەھەرلىك يېمەكلىك تازىلىقىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئورنى، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك مېۋە مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيە تيەنجىن بىرلەشمە ھاراق زاۋۇتى، قەشقەر توڭلىتىش زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك چارۋا دوختۇرخانىسى قاتارلىق بەش ئورۇنغا «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» نى ئىمز-

چىل ئىجرا قىلىش بويىچە ئىلغار ئورۇن دەپ نام بەردى.

ۋىلايىتىمىز سودا سىستېمىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە «ئىككىدە ئىلغار» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى.

29 - كۈنى

يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ۋىلكوم تەشكىلات بۆلۈمى ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرى باشقارمىسى يېزا-بازار كارخانىلىرى كادىرلىرىنىڭ 10 كۈنلۈك كۇرسىنى ئاچتى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ۋىلايەتلىك سىمسىز تېلېفون ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئىمايىل تىلىۋالدى مۇدىر، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى ئېزىز دۆلەت، ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ يۈڭجاۋلار مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

30 - كۈنى

ۋىلكومنىڭ 27 - قېتىملىق ئەزالار يىغىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى، مۇئاۋىن ۋالىي ياڭ جەنشى مۇدىر، ھەيئەت، ۋۇجۇن، ئەمەتجان، جاڭ جىشەن، سۈيى مىڭرېن مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەت بولدى.

## 11 - ئاي

4 - كۈنى

جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قەشقەر شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا چوڭ قۇر چۆكۈپ، نەق پۇل، خامچوتنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتتى. ئۇلار 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە

تەكشۈرۈش ئارقىلىق 2 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قۇرۇلۇش مەبلىغىنى كېمەيتتى.

قەشقەر بىرلەشمە يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، بۇ فابرىكىنىڭ لايىھەدىكى ئىقتىدارى 800 ئورچۇق، 32 توقۇش ماشىنىسىدىن ئىبارەت. يىلىغا كۆللۈك ئەدىيالدىن 80 مىڭدانە، سوكنودىن 200 مىڭ مېتىر ئىشلەپچىقىرالايدۇ. بۇ فابرىكىغا جەمئىي 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى.

5 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە يەكەندە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ۋىلايەتنىڭ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى 3 - تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى بېغىشتىن سۇنغان سۆڭەكنى ئۇلاش ئوپېراتسىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ باردى.

6 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قەشقەر ۋىلايەتلىك توقۇمىچىلىق سانائىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. مۇئاۋىن ۋالىي ئىسمايىل تىلىۋالدى گۇرۇپپا باشلىقى، گۆمىن شىخىمىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

8 - كۈنى

ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېتى ئىشلەپچىقىرىش-يۆتكەش يىغىنى ئېچىپ، 4 - پەسىللىك ۋە 1987 - يىل 1 - پەسىللىك سانائەت - قاتناش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

12 - كۈنى

دۆلەتلىك ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خەنيۇخۇ قاتارلىق ئۈچ كىشى ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەھەممەت ئىمىنىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئارخىپ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق نەقچوت تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈش خىزمەت يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى. يىغىندا مالىيە نەقچوت خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، 1986 - يىللىق مالىيە نەقچوت تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

13 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە 1986 - يىلى ھەر قايسى پەسىللىك ۋە 1987 - يىلى ھەر قايسى پەسىللىك يېزا خىزمىتى ئۈستىدە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

14 - كۈنى

يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايوننىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش باش شىركىتى 550 مىڭ يۈەن، جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى 30 مىڭ يۈەن ياردەم قىلىپ سېلىپ بەرگەن كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇشى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلدى.

15 - كۈنى

جۇڭخۇا سېپتىرالار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبە جەمئىيىتى لېكسىيە ئۆمىكى قەشقەر تېببىي مەكتىپىدە سېپتىرالىق ئىلمى بويىچە لېكسىيە سۆزلىدى.

16 - كۈنى

ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى يەكەن ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت يۇرتى (پونكىت) لى-

ۋى خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى.

18 - كۈنى

ۋىلايەت ئۈنئالغۇ لېنتىسى، سىنئالغۇ لېنتىسىنى باشقۇرۇش خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ۋە سىنئالغۇ لېنتىسىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

20 - كۈنى

ۋىلايەتلىك ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى بىر تۈركۈم يالغان مالنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى.

21 - كۈنى

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى، لەنجۇ ھەربىي رايون ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دۋەنشكاڭ مەملىكەتلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى.

25 - كۈنى

«جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە كۆرەش تارىخى» يېزىپ چىقىلىپ، بېسىشقا تاپشۇرۇلدى. بۇ كىتاب خەنزۇچە 210 مىڭ خەت ئەتراپىدا بولىدۇ.

26 - كۈنى

ۋىلايىتىمىزنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك يايلاق بايلىقلىرى مەنبەسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق لاياقەتلىك بولدى، ھەمدە ۋىلايىتىمىز تەكشۈرۈلگەنلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى.

28 - كۈنى

قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى تۇنجى قېتىم مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر» تۈزۈپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى.

29 - كۈنى

ۋىلايەتلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ھەرقايسى پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى چاقىرىپ، ھەر قايسى جەمئىيەتلىرىنىڭ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى خىزمەتلىرىنى خۇلاسە قىلدى، ھەر قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ 1987 - يىللىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

## 12 - ئاي

4 - كۈنى

شەھەر ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەت شەھەرنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى.

قەشقەرنىڭ پاختا جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى، مەھسۇلات ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇش، نامرات قىياپەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ۋىلكوم توقۇمىچىلىق سانائەت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشنى ھەمدە قەشقەر شەھىرى، يەكەن، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىدە بىر تۈركۈم كىچىك تىپتىكى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

10 - كۈنى

1986 - يىلىدىن بۇيان، يېزا كادىرلىرى، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قوش يۆلەشنى تەشكىللەش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، 27مىڭدىن

ئارتۇق نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بۇ پۈتۈن يىللىق «قوش يۆلەش» ئوبيېكتىنىڭ 77 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلە 1985- يىلىدىكىدىن ئىككى ھەسسە ئاشتى.

ۋىلكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، پارتىيە 12- قۇرۇلتىيى 6- ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 3- قۇرۇلتاي 8- ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ۋىلايەتنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى.

12 - كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلار نازارىتى قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، سۇغا چۆكتۈرۈلىدىغان سۇ ناسوسىدا سۇ تارتىش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، يەر ئاستى بايلىقىنى ئېچىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

16 - كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى قانداق قىلىپ داۋاملىق، پۇختا، تەكشى قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

19- كۈنى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسى، شەھەرلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە شەھەرلىك ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلىشىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «چۆجە بۈركۈت لوڭقىسى» مۇكاپاتلىق زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى مەكىت ناھىيىسىدە، يېزا ئاياللار خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، يېزا ئاياللار خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

21- كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە چوڭچۇكبۇيا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇشنى قارار قىلىپ، ۋىلايەت بويىچە قەشقەر شەھىرى بىلەن تاشقورغاندىن باشقا ناھىيىلەردىن «7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە چوڭچۇكبۇيا كۆلىمىنى 2 مىليون موغا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

گوۋۇيۈەن قەشقەر شەھىرىنى مەملىكەت بويىچە 62 قەدىمكى تارىخىي مەدەنىي شەھەرنىڭ بىرى دەپ ئېلان قىلدى.

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ، قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى، ۋىلايەتلىك

قەنت، تاماكا ـ ھاراق شىركىتى، ۋىلايەتلىك سودا ترانسپورت شىركىتى، ۋىلايەتلىك سودا كوپېراتىپى، ۋىلايەتلىك پاختا ـ كەندىر شىركىتى، ۋىلايەتلىك چاي ـ چارۋا شىركىتى، يۇڭ زاۋۇتى، مەمۇرىي مەھكىمە، دېھقانچىلىق باشقارمىسى، شەھەر يېزا قۇرۇلۇش، مۇھىت ئاسراش باشقارمىسى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر شۆبە بانكىسى، قەشقەر تاموژنا، ۋىلايەتلىك كىنو ـ فىلىم تارقىتىش شىركىتى، ۋىلايەتلىك دورا شىركىتى قاتارلىق 16 ئورۇنغا بىرىنچى تۈركۈمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىچە ئورۇن دەپ نام بەردى.

مەملىكەتلىك ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىل، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى دۇەنشىكاڭ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

23 ـ كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كونىشەھەر ناھىيىسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا نۇقتىلىق ناھىيىلەرنىڭ بىرى دەپ قارار چىقاردى، ھەمدە 14 مىليون 255 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، بۇ ناھىيىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تاۋار بازىسى قۇرۇشىغا نۇقتىلىق ياردەم بەردى.

24 ـ كۈنى

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە 10 ـ قېتىملىق ۋالىيلار ئىش بېجىرىش يىغىنى قارار چىقىرىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «قەشقەر ۋىلايەتلىك پېشقەدەملەر مەسلىھەت كومىتېتى» ۋە «ئەمگەك تالاش ـ تارتىشىغا كېسىم قىلىش كومىتېتى» قاتارلىق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلدى. مۇئاۋىن ۋالىيسى زىننەت ئۆمەر بۇ ئىككى كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغان بولدى.

27 ـ كۈنى

ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىشىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى، ۋىلايەتتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

30 ـ كۈنى

كونىشەھەر ناھىيىلىك جىغان ئىچىملىكى زاۋۇتى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپ چىقارغان جىغان مەھسۇلاتلىرى 1987 ـ يىلى دۆلەتلىك ئىقتىسادىي كومىتېت شاڭخەيدە ئۆتكۈزىدىغان يەرمەنكىگە قويۇلماقچى بولدى.

قەشقەر ۋىلكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەت بويىچە بىرىنچى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە ـ پوسكام ناھىيىسىگە 10 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىش، بۇ ناھىيىنىڭ پارتكوم شۇجىسى يۈجيا پىڭ، ھاكىمى سېلىم ماگۇرلانىڭ ئىش ھەققىنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى.

(تاڭ شىجىڭ رەتلىگەن).

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىلىدىكى ئاساسلىق ستاتىستىكا سانلىرى

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىل ئاخىرقى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى

بىرلىكى : ئورۇن

| | شەھەر جىمىق ۋە يېزا - بازار سانى | | | | ئاھالە كومىتېت سانى | | | ئاھالە گۇرۇپپا سانى | | | ئومۇم خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مەيدانلار سانى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | شەھەر بازار باشقارما | يېزىلىق ھۆكۈمەت | بۇنىڭدىن مىللىي يېزا | جەمئىي | شەھەر جەمئىيەتلىرىدىكى | يېزىلاردىكى | جەمئىي | شەھەر بازاردىكى | يېزا كەنتلىرىدىكى | جەمئىي | دېھقانچىلىق مەيدان | ئورمانچىلىق مەيدان | چارۋىچىلىق مەيدان | بېلىقچىلىق مەيدان |
| جەمئىي | 170 | 29 | 141 | 3 | 2422 | 101 | 2321 | 12299 | 784 | 11515 | 60 | 19 | 19 | 14 | 8 |
| | | | | | | | | | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 7 | 4 | 3 | | 76 | 38 | 38 | 534 | 290 | 244 | 3 | 1 | | | 2 |
| كونىشەھەر | 18 | 1 | 17 | | 221 | — | 221 | 1645 | 59 | 1586 | 5 | 1 | 1 | 2 | 1 |
| يېڭىشەھەر | 15 | 3 | 12 | | 234 | 7 | 227 | 1279 | 78 | 1201 | 7 | 1 | 2 | 3 | 1 |
| يېڭىسار | 13 | 1 | 12 | | 163 | 4 | 159 | 892 | 48 | 844 | 5 | 1 | 3 | | 1 |
| يوپۇرغا | 9 | 1 | 8 | | 106 | 8 | 98 | 561 | — | 561 | 5 | 2 | 1 | 2 | |
| پەيزاۋات | 13 | 2 | 11 | | 280 | 5 | 275 | 1505 | 52 | 1453 | 4 | 1 | 2 | | 1 |
| مارالبېشى | 14 | 4 | 10 | | 227 | 5 | 222 | 889 | 59 | 830 | 4 | 1 | 2 | 1 | |
| يەكەن | 29 | 7 | 22 | 1 | 492 | 8 | 484 | 2430 | 52 | 2378 | 8 | 4 | 2 | 1 | 1 |
| پوسكام | 12 | 2 | 10 | 1 | 134 | 4 | 130 | 637 | 19 | 618 | 4 | 2 | 2 | | |
| قاغىلىق | 19 | 2 | 17 | | 316 | 16 | 300 | 1325 | 79 | 1246 | 5 | 2 | 1 | 2 | |
| مەكىت | 9 | 1 | 8 | | 130 | 3 | 127 | 551 | 48 | 513 | 5 | 1 | 3 | | 1 |
| تاشقورغان | 12 | 1 | 11 | 1 | 43 | 3 | 40 | 41 | — | 41 | 2 | | | 2 | |
| بەيلۇ مەيدان | | | | | | | | | | | 1 | 1 | | | |
| قاراقىلچىن مەيدان | | | | | | | | | | | 1 | 1 | | | |
| مۇش چارۋا مەيدان | | | | | | | | | | | 1 | | | 1 | |

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىل ئاخىرقى نوپۇس ئەھۋالى

بىرلىكى : كىشى

| | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئومۇمىي نوپۇس | | | ئومۇم نوپۇس ئىچىدىن | | ئومۇم نوپۇس ئىچىدىن | | ئومۇم نوپۇس ئىچىدىن | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئەر | ئايال | شەھەر بازار نوپۇسى | يېزا قىشلاق نوپۇسى | يېزا ئىگىلىك نوپۇسى | غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى | ئۇيغۇرلار | خەنزۇلار | باشقا مىللەتلەر |
| جەمئىي | 584379 | 2407491 | 1218494 | 1188997 | 373900 | 2033591 | 1948119 | 459372 | 2236101 | 135357 | 36033 |
| قەشقەر شەھىرى | 48217 | 200941 | 101288 | 99653 | 150902 | 50039 | 50039 | 150902 | 149877 | 48981 | 1633 |
| كونىشەھەر | 70539 | 295394 | 151821 | 143573 | 9066 | 286328 | 275569 | 19825 | 292607 | 2069 | 2351 |
| يېڭىشەھەر | 52457 | 213945 | 108267 | 105678 | 23817 | 190128 | 190128 | 23817 | 204331 | 9101 | 513 |
| يېڭىسار | 38387 | 163044 | 82652 | 80392 | 14358 | 148686 | 142757 | 20287 | 160005 | 2418 | 621 |
| يوپۇرغا | 25620 | 99445 | 50290 | 49155 | 10123 | 89322 | 87816 | 11629 | 97274 | 2103 | 68 |
| پەيزاۋات | 57949 | 226687 | 114844 | 111843 | 7035 | 219652 | 209885 | 16802 | 224123 | 2312 | 252 |
| مارالبېشى | 42613 | 182308 | 92101 | 90207 | 20383 | 161925 | 148016 | 34292 | 175841 | 6247 | 220 |
| يەكەن | 113530 | 460485 | 227608 | 232877 | 48133 | 412352 | 396776 | 63709 | 444429 | 12155 | 3901 |
| پوسكام | 31164 | 123132 | 62438 | 60694 | 22650 | 100482 | 93147 | 29985 | 102989 | 16846 | 3297 |
| قاغىلىق | 67103 | 279331 | 142309 | 137022 | 47762 | 221569 | 224297 | 55034 | 258265 | 17456 | 3610 |
| مەكىت | 32091 | 130147 | 65191 | 64956 | 19671 | 110476 | 106005 | 24142 | 120910 | 8893 | 344 |
| تاشقورغان | 3587 | 22671 | 11736 | 10935 | — | 22671 | 16889 | 5782 | 1935 | 693 | 20043 |
| پەيلۇ مەيدانى | 571 | 5981 | 4729 | 1252 | — | 5981 | 3821 | 2160 | 2670 | 3229 | 82 |
| قاراقىلچىن مەيدانى | 346 | 3104 | 2696 | 408 | — | 3104 | 2390 | 714 | 582 | 2246 | 276 |
| مۇش چارۋا مەيدانى | 210 | 876 | 524 | 352 | — | 876 | 584 | 272 | 263 | 608 | 5 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق نوپۇس سانىنى 1985 ـ 1980 ـ يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى : كىشى                يىل        ئاي        كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلغا نىسبەتەن — + | | 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلغا نىسبەتەن — + | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 2407491 | 2361838 | 2194034 | +45653 | 1.93 | +213457 | 9.7 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 200941 | 193522 | 162972 | +7419 | 3.83 | +37969 | 23.3 |
| كونىشەھەر | 295394 | 289050 | 272959 | +6344 | 2,2 | +22435 | 8.2 |
| يېڭىشەھەر | 213945 | 213269 | 207179 | +676 | 0.3 | +6766 | 3.3 |
| يېڭىسار | 163044 | 161495 | 148551 | +1549 | 0.96 | +14493 | 9.8 |
| يوپۇرغا | 99445 | 96495 | 93268 | +2950 | 3.1 | +6177 | 6.6 |
| پەيزاۋات | 226687 | 225279 | 213614 | +1408 | 0.6 | +13073 | 6.1 |
| مارالبېشى | 182308 | 180792 | 167377 | +1516 | 0.8 | +14931 | 8.9 |
| يەكەن | 460485 | 452682 | 440705 | +7803 | 1.7 | +19780 | 4.5 |
| پوسكام | 123132 | 116833 | 106394 | +6299 | 5.4 | +16738 | 15.7 |
| قاغىلىق | 279331 | 273911 | 245023 | +6420 | 2.3 | +34308 | 14.0 |
| مەكىت | 130147 | 127289 | 116584 | +2858 | 2.2 | +13563 | 11.6 |
| تاشقورغان | 22671 | 22032 | 19408 | +639 | 2.9 | +3263 | 16.8 |
| پەيلۇ مەيدان | 5981 | 6036 | | —55 | 0.9 | | |
| قاراقىلچىن مەيدان | 3104 | 3196 | | —92 | 2.9 | | |
| دەۋلەتلىك چارۋا پونكىتى | 876 | 957 | | —81 | 8.5 | | |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق سانائەت يېزا ئىگىلىك ئومۇم مەھسۇلات قىممىتىنى 1980 ـ، 1980 ـ يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى : 10 مىڭ يۈەن يىل ئاي كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلغا نىسبەتەن + — | | 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلغا نىسبەتەن + — | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 124191.5 | 110061.4 | 59017.4 | +14130.1 | 12.8 | +65174.1 | 110.4 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 4764.1 | 3983.2 | 2287.0 | +780.9 | 19.6 | +2477.1 | 108.3 |
| كونىشەھەر | 11189.8 | 10393.2 | 4995.4 | +796.6 | 7.7 | +6194.4 | 124.0 |
| يېڭىشەھەر | 9579.3 | 8826.1 | 4507.7 | +753.2 | 8.5 | +5071.6 | 112.5 |
| يېڭىسار | 6233.2 | 5179.0 | 2979.7 | +1054.2 | 20.4 | +3253.5 | 109.2 |
| يوپۇرغا | 5492.7 | 5389.4 | 2553.0 | +103.3 | 1.9 | +2939.7 | 115.1 |
| پەيزاۋات | 12458.8 | 9996.2 | 4053.1 | +2462.6 | 24.6 | +8405.7 | 207.4 |
| مارالبېشى | 12650.3 | 12005.8 | 4486.5 | +644.5 | 5.4 | +8163.8 | 182.0 |
| يەكەن | 22599.3 | 19569.3 | 12919.1 | +3030.0 | 15.5 | +9680.2 | 74.9 |
| پوسكام | 7438.6 | 6131.6 | 3143.0 | +1307.0 | 21.3 | +4295.6 | 136.7 |
| قاغىلىق | 13691.0 | 12458.4 | 6174.3 | +1232.6 | 9.9 | +7516.7 | 121.7 |
| مەكىت | 10048.5 | 8264.4 | 4220.6 | +1784.1 | 21.6 | +5827.9 | 138.1 |
| تاشقورغان | 392.3 | 422.6 | 425.7 | —30.3 | 7.2 | —33.4 | 7.8 |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار | 7653.6 | 7439.6 | 6268.3 | +214.0 | 2.9 | +1385.3 | 22.1 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە خەلق كىرىمىنى تارماقلار بويىچە كۆرسىتىش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن　　　(هازىر يۈرگۈزۈۋاتقان باها بويىچە ھېسابلاندى)

| | 1986 ـ يىللىق | | | 1985 ـ يىللىق | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ساپ مەھسۇلات قىممىتى | ساپ مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي قىممەتتىن % | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ساپ مەھسۇلات قىممىتى | ساپ مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىي قىممەتتىن % |
| ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 23282231 | 12198182 | 52.39 | 199.630 | 102960 | 51.58 |
| 1. يېزا ئىگىلىك | 12707496 | 8844289 | 69.60 | 106935 | 73164 | 68.41 |
| 2. سانائەت | 5121042 | 1182793 | 23.10 | 42610 | 10263 | 24.10 |
| يېنىك سانائەت | 4166745 | 746068 | 17.91 | 33808 | 5926 | 17.53 |
| ئېغىر سانائەت | 965197 | 436725 | 45.72 | 8802 | 4337 | 49.27 |
| 3. بىناكارلىق | 2163358 | 738532 | 34.14 | 19880 | 6491 | 32.65 |
| 4. ترانسپورت پوچتا | 1057353 | 396403 | 37.49 | 8454 | 2452 | 29.00 |
| 5. سودا، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى | 2232982 | 1036185 | 46.40 | 21751 | 10590 | 48.69 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986- يىللىق ئىجتىمائىي ئومۇم مەھسۇلاتى ۋە خەلق كىرىمىنى تارماقلار بويىچە كۆرسىتىش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن ( 1980 - يىللىق ئۆزگەرمەس باھادا ھېسابلاندى)

| | 1986 - يىللىق | | 1985- يىللىق | | 1986- يىلى 1985 - يىلدىن ئاشقان كېمەيگەن % | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇم مەھسۇلات قىممىتى | ساپ مەھسۇلات قىممىتى | ئومۇم مەھسۇلات قىممىتى | ساپ مەھسۇلات قىممىتى | ئومۇم مەھسۇلات قىممىتى | ساپ مەھسۇلات قىممىتى |
| ئىجتىمائىي ئومۇم مەھسۇلات قىممىتى | 184.077.74 | 100.098.84 | 169.020 | 91.285 | +8.90 | +9.65 |
| 1. يېزا ئىگىلىك | 97.335.16 | 71.030.29 | 88032 | 65037 | +10.57 | +9.22 |
| 2. سانائەت | 42.047.37 | 10.283.20 | 34903 | 8671 | +20.47 | +18.59 |
| يېنىك سانائەت | 34.223.52 | 6.023.66 | 27413 | 4951 | +24.84 | +21.66 |
| ئېغىر سانائەت | 7.823.85 | 4.259.54 | 7490 | 3720 | +4.45 | +14.50 |
| 3. بىناكارلىق | 14.957.25 | 5.622.40 | 19004 | 5740 | +78.71 | —2.05 |
| 4. ترانسپورت پوچتا - تېلېگراف | 10.774.92 | 4.133.45 | 8631 | 2496 | +24.84 | +65.60 |
| 5. سودا، يېمەك - ئىچمەك كەسپى | 18.963.04 | 9029.70 | 18450 | 9341 | +2.78 | —3.33 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986- يىللىق پۈتۈن جەمئىيەت ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى بىلىش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن (شۇ يىللىق ئەمەلىي يۈرگۈزۈۋاتقان باھادا ھېسابلاندى)

| | 1986 - يىللىق | | | 1985 - يىللىق | | | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن ئاشقان + كېمەيگەن — % | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | خەلق كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | ئوتتۇرا ھېسابتا كىشى بېشىغا كەلگەن خەلق كىرىمى (يۈەن) | ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | خەلق كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | ئوتتۇرا ھېسابتا كىشى بېشىغا كەلگەن خەلق كىرىمى (يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئوتتۇرا ھېسابتا كىشى بېشىغا كەلگەن خەلق كىرىمى |
| جەمئىي | 232822.31 | 121.981.82 | 485.09 | 199.630 | 102.960 | 413.8 | 16.65 | 17.23 |
| قەشقەر شەھىرى | 35.410.00 | 12.833.00 | 648.00 | 37.702 | 12.591 | 944 | —6.08 | —31.36 |
| كوناشەھەر | 15.428.64 | 8.667.08 | 296.65 | 14.260 | 8.497 | 296.4 | +8.20 | +0.08 |
| يېڭىشەھەر | 19.430.94 | 9.902.36 | 452.20 | 15.241 | 8.845 | 452.2 | +27.49 | 0 |
| يېڭىسار | 9.575.70 | 4.734.91 | 289.60 | 7.989 | 4.367 | 266.63 | +19.86 | +8.60 |
| يوپۇرغا | 12.705.34 | 7.367.77 | 724.78 | 9.771 | 5.735 | 580.9 | +30.08 | +24.77 |
| پەيزاۋات | 16.604.33 | 10.334.32 | 438.64 | 12.390 | 7.926 | 239.44 | +34.01 | +83.19 |
| مارالبېشى | 33.356.24 | 17.325.32 | 627.72 | 27.087 | 14.506 | 524.61 | +23.14 | +19.65 |
| يەكەن | 30.833.79 | 16.310.00 | 312.70 | 27.999 | 14.343 | 312.7 | +10.12 | 0 |
| پوسكام | 15.140.76 | 19.555.9 | 776.00 | 11.576 | 7.081 | 606.0 | +30.79 | +28.05 |
| قاغىلىق | 23.368.30 | 12.611.40 | 457.00 | 19.232 | 10.316 | 353.0 | +21.51 | +29.46 |
| مەكىت | 20.147.64 | 11.841.26 | 799.54 | 15.462 | 8.125 | 592.39 | +30.48 | +34.97 |
| تاشقورغان | 793.63 | 499.21 | 220.20 | 921 | 628 | 220.2 | —13.83 | 0 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق ناھىيە ( شەھەر ) لەر بويىچە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە مىللىي دارامەت ئۇنىۋېرسال جەدۋىلى

بىرلىكى : 10 مىڭ يۈەن (1980 - يىللىق ئوزگەرمەس باھادا ھېسابلاندى)

| | 1986 - يىللىق | | 1985 - يىللىق | | 1986 - يىلى 1985 - يىلىغا نىسبەتەن + — % | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | خەلق كىرىمى | ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | خەلق كىرىمى | ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | خەلق كىرىمى |
| جەمئىي | 184.077.74 | 98.749.84 | 169.020 | 91.285 | +8.90 | +9.65 |
| | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 30.368.00 | 11.056.00 | 31.336 | 9.516 | —3.09 | +16.18 |
| يېڭىشەھەر | 12.456.19 | 7.166.27 | 11398 | 6355 | +9.28 | +12.77 |
| كونىشەھەر | 14.579.53 | 7.130.78 | 12568 | 7565 | +16.00 | —5.74 |
| يېڭىسار | 7.827.45 | 4.337.16 | 6459 | 4355 | +27.19 | —0.41 |
| يوپۇرغا | 7.208.66 | 3.944.47 | 7101 | 5735 | +1.52 | —31.22 |
| پەيزاۋات | 14.709.81 | 9.313.37 | 11396 | 7371 | +29.08 | +26.35 |
| مارالبېشى | 24.199.39 | 12.610.12 | 22547 | 11709 | +7.33 | +7.70 |
| مەكىت | 16.087.36 | 9.364.33 | 13903 | 7316 | +15.71 | +28.00 |
| يەكەن | 25.906.53 | 13.989.24 | 25703 | 14596 | +0.79 | —4.16 |
| پوسكام | 11.426.80 | 8.225.27 | 9746 | 6014 | +17.25 | +36.77 |
| قاغىلىق | 18.732.90 | 12.611.40 | 16199 | 10316 | +15.64 | +22.25 |
| تاشقورغان | 575.12 | 350.43 | 664 | 437 | —10.70 | —19.80 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن (شۇ يىللىق ئەمەلىي باھا بويىچە ھېسابلاندى)

| | دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى | بۇنىڭدىن: | | | ھازىر نوپۇسقا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| | | بىرىنچى كەسىپ | ئىككىنچى كەسىپ | ئۈچىنچى كەسىپ | |
| جەمئىي | 138.671.63 | 88.147.40 | 22.272.53 | 28.252.70 | 545.30 |
| | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 18.997.00 | 1978.00 | 8274.00 | 8.745.00 | 959.00 |
| يېڭىشەھەر | 11681.88 | 8021.55 | 1292.73 | 1367.60 | 487.70 |
| كونىشەھەر | 9855.50 | 7812.67 | 898.55 | 1144.28 | 337.17 |
| يېڭىسار | 5571.90 | 3530.68 | 965.52 | 1075.70 | 340.76 |
| يوپۇرغا | 7911.57 | 6177.22 | 675.08 | 1059.27 | 788.70 |
| پەيزاۋات | 10550.96 | 8167.66 | 805.74 | 1577.56 | 447.83 |
| مارالبېشى | 17773.31 | 13488.64 | 1963.25 | 2321.42 | 643.96 |
| مەكىت | 12770.22 | 9247.00 | 1407.59 | 2115.63 | 862.27 |
| يەكەن | 18237.42 | 13562.38 | 1774.95 | 2900.09 | 393.98 |
| پوسكام | 12193.98 | 7054.50 | 2918.46 | 2221.02 | 990.32 |
| قاغىلىق | 13152.70 | 8545.00 | 1254.10 | 3353.60 | 476.00 |
| تاشقورغان | 975.19 | 562.10 | 42.56 | 370.53 | 430.00 |

## 1986 ـ يىلدىكى خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئۆلچەم پرسال جەدۋىلى

بىرلىكى ، 10 مىڭ يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى)

| مۇقىم مۈلۈك ئامورتىزاتسىيىسى | باشقىلار | ئۆسۈم | باج | پايدا | پاراۋانلىق فوندى | ئەمگەكچىلەر كىرىمى | قوشۇلغان قىممەت | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 8057.85 | 4.332.92 | 2.611.49 | 5.544.16 | 9.507.29 | 2.685.88 | 105.932.04 | 138.671.63 | جەمئىي |
| | | | | | | | | |
| 3096.00 | 833.00 | 1401.00 | 2250.00 | 1662.00 | 720.00 | 9.035.00 | 18.997.00 | قەشقەر شەھىرى |
| 291.46 | 171.70 | 117.70 | 318.42 | 838.52 | 152.80 | 8818.28 | 10.681.88 | يېڭىشەھەر |
| 473.15 | 88.94 | 81.93 | 484.16 | 531.26 | 116.34 | 8079.72 | 9.855.50 | كونىشەھەر |
| 261.95 | 175.60 | 55.83 | 181.91 | 257.46 | 64.08 | 4575.09 | 5.571.90 | يېڭىسار |
| 295.17 | 66.92 | 58.57 | 154.13 | 1176.09 | 69.37 | 6091.32 | 7.911.57 | يوپۇرغا |
| 364.04 | 567.27 | 64.42 | 234.78 | 287.63 | 89.73 | 8943.09 | 10.550.96 | پەيزاۋات |
| 647.22 | 1007.33 | 195.31 | 328.35 | 934.66 | 593.39 | 14067.05 | 17.773.31 | مارالبېشى |
| 277.76 | 335.86 | 115.60 | 358.43 | 908.56 | 334.43 | 10439.58 | 12.770.22 | مەكىت |
| 615.44 | 215.63 | 161.01 | 622.65 | 617.53 | 232.07 | 15773.09 | 18.237.42 | يەكەن |
| 890.48 | 618.57 | 288.08 | [illegible]11.13 | 1600.35 | 138.68 | 8406.69 | 12193.98 | پوسكام |
| 772.40 | 204.10 | 130.80 | 285.50 | 724.90 | 178.70 | 10856.30 | 13152.70 | قاغىلىق |
| 72.8 | 48.00 | 1.24 | 14.70 | —31.67 | 23.29 | 846.83 | 975.19 | تاشقۇرغان |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى سېلىشتۇرۇش ئەھۋالىنى يىغىش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ مو

| | 1986 - يىللىق | | 1985 - يىللىق | | 1980 - يىللىق | | 1986 - يىلى 1985 - يىلدىن +— | | 1986 - يىلى 1980 - يىلدىن +— | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تېرىلغۇ يەر كۆلىمى | ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغىنى | تېرىلغۇ يەر كۆلىمى | ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغىنى | تېرىلغۇ يەر كۆلىمى | ھەر نوپۇسقا توغرا كېلىدىغىنى | سانى | % | سانى | % |
| جەمئىي | 593.29 | 2.92 | 602.73 | 3.00 | 652.27 | 3.42 | —9.44 | —1.6 | —58.98 | —9.94 |
| | | | | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 4.60 | 0.92 | 4.92 | 1.04 | 5.24 | 1.33 | —0.32 | —6.96 | —0.64 | —13.9 |
| كونىشەھەر | 66.58 | 2.33 | 67.66 | 2.41 | 77.59 | 2.92 | —1.08 | —1.6 | —11.01 | —16.5 |
| يېڭىشەھەر | 55.57 | 2.92 | 56.75 | 2.94 | 63.27 | 3.48 | —1.18 | —2.1 | —7.70 | —13.8 |
| يېڭىسار | 35.17 | 2.37 | 35.83 | 2.42 | 39.52 | 2.89 | —0.66 | —1.9 | —4.35 | —12.4 |
| يوپۇرغا | 26.58 | 2.98 | 27.52 | 3.11 | 30.00 | 3.44 | —0.94 | —3.5 | —3.42 | —12.9 |
| پەيزاۋات | 60.23 | 2.74 | 60.73 | 2.7 | 65.24 | 3.05 | —0.50 | —0.8 | —5.01 | —8.3 |
| مارالبېشى | 57.19 | 3.53 | 57.34 | 3.54 | 59.21 | 3.86 | —0.15 | —0.3 | —2.02 | —3.5 |
| يەكەن | 118.67 | 2.88 | 119.17 | 2.94 | 130.35 | 3.26 | —0.50 | —0.4 | —11.68 | —9.8 |
| پوسكام | 40.24 | 4 | 40.84 | 4.16 | 42.98 | 4.94 | —0.60 | —1.0 | —2.74 | —6.8 |
| قاغىلىق | 76.67 | 3.31 | 77.32 | 3.4 | 78.63 | 3.61 | —0.65 | —0.8 | —1.96 | —2.6 |
| مەكىت | 40.03 | 3.62 | 43.19 | 4.03 | 47.29 | 4.59 | —3.16 | —7.9 | —7.26 | —18.1 |
| تاشقورغان | 5.65 | 2.49 | 5.64 | 2.56 | 6.52 | 3.36 | +0.01 | +0.2 | —0.87 | —15.4 |
| پەيلىز مەيدان | 3.50 | 5.85 | 3.51 | 5.82 | 3.42 | | —0.01 | —0.3 | +0.08 | +2.3 |
| قاراقىلچىن مەيدان | 2.06 | 6.64 | 1.76 | 5.51 | 1.90 | | +0.30 | +17 | +0.16 | +8.4 |
| مۆش چارۋا مەيدان | 0.55 | 6.28 | 0.55 | 5.75 | 0.71 | | | | —0.16 | —29 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىلى ئاق يەرگە ھەم ئىككىز ئورۇنغا تېرىلغان زىرائەتلەر ئومۇمىي كۆلىمىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ مو

| | ئاساسىي ئىككىز ئورنى تېرىلغان زىرائەتلەر كۆلىمى ئومۇمىي جەمئىي | | | | | ئىككىز ئورۇندا قوشۇمچە تېرىلغان زىرائەت كۆلىمى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1985 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1980 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1985 - يىلىدىن — + | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1980 - يىلىدىن — + | 1986 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1985 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1980 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1985 - يىلىدىن — . + | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1980 - يىلىدىن — . + |
| جەمئىي | 725.57 | 723.25 | 752.03 | +2.32 | —26.46 | 199.16 | 186.18 | 133.82 | +12.98 | +65.34 |
| قەشقەر شەھىرى | 7.13 | 7.07 | 10.02 | +0.06 | —2.89 | 2.46 | 2.29 | 1.90 | +0.17 | +0.56 |
| كونا شەھەر | 87.67 | 86.63 | 87.39 | +1.04 | +0.28 | 24.54 | 22.85 | 15.33 | +1.69 | +9.21 |
| يېڭىشەھەر | 62.99 | 60.45 | 68.15 | +2.54 | —5.16 | 15.41 | 16.13 | 9.74 | —0.72 | +5.67 |
| يېڭىسار | 41.54 | 41.65 | 43.22 | —0.11 | —1.68 | 14.83 | 14.74 | 11.28 | +0.09 | +3.55 |
| يوپۇرغا | 28.06 | 27.22 | 30.09 | +0.84 | —2.03 | 6.23 | 6.24 | 5.68 | —0.01 | +0.55 |
| پەيزاۋات | 65.35 | 63.89 | 74.25 | +1.46 | —8.90 | 19.20 | 17.10 | 13.93 | +2.10 | +5.27 |
| مارالبېشى | 64.70 | 65.36 | 64.51 | —0.66 | +0.19 | 12.27 | 9.29 | 4.90 | +2.98 | +7.37 |
| يەكەن | 170.40 | 169.93 | 170.99 | +0.47 | —0.59 | 61.94 | 57.49 | 42.29 | +4.45 | +19.65 |
| پوسكام | 47.17 | 47.08 | 50.50 | +0.09 | —3.33 | 11.13 | 9.72 | 7.65 | +1.41 | +3.48 |
| قاغىلىق | 88.89 | 91.43 | 90.44 | —2.54 | —1.55 | 21.13 | 21.81 | 16.00 | —0.68 | +5.13 |
| مەكىت | 52.45 | 63.64 | 52.33 | —11.19 | +0.12 | 9.51 | 7.94 | 4.20 | +1.57 | +5.31 |
| تاشقورغان | 4.04 | 3.68 | 4.36 | +0.36 | —0.32 | — | — | — | — | — |
| پەيلۇ مەيدان | 3.67 | 3.73 | 4.01 | —0.06 | —0.34 | 0.46 | 0.53 | 0.92 | —0.07 | —0.46 |
| قاراقىلىچىن مەيدان | 1.07 | 1.00 | 1.36 | +0.07 | —0.29 | — | — | — | — | — |
| مۇش چارۋا مەيدان | 0.44 | 0.49 | 0.41 | —0.05 | +0.03 | 0.05 | 0.05 | — | | — |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق تېرىلغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى كۆلىمىنى 1985 - ، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ مو

| | ئاساسىي ئېكىن تۈرى ئاشلىق كۆلىمى | | | | | بۇنىڭدىن: يازلىق ئاشلىق كۆلىمى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1985 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1980 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1985 - يىلدىن +— | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1980 - يىلدىن +— | 1986 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1985 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1980 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1985 - يىلدىن +— | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1980 - يىلدىن +— |
| جەمئىي | 480.21 | 501.63 | 590.38 | —21.42 | —110.17 | 274.56 | 278.82 | 296.98 | —4.26 | —22.42 |
| قەشقەر شەھىرى | 5.38 | 5.57 | 8.20 | —0.19 | —2.82 | 3.14 | 3.30 | 3.50 | —0.16 | —0.36 |
| كونىشەھەر | 62.39 | 62.39 | 69.73 | — | —7.34 | 38.39 | 38.44 | 38.98 | —0.05 | —0.59 |
| يېڭىشەھەر | 42.73 | 44.00 | 56.27 | —1.27 | —13.54 | 29.12 | 29.06 | 32.60 | +0.06 | —3.48 |
| يېڭىسار | 28.82 | 31.50 | 34.77 | —2.68 | —5.95 | 14.99 | 15.36 | 18.90 | —0.37 | —3.91 |
| يوپۇرغا | 16.80 | 17.16 | 23.63 | —0.36 | —6.83 | 10.71 | 11.41 | 13.99 | —0.70 | —3.28 |
| پەيزاۋات | 45.06 | 46.23 | 60.89 | —1.17 | —15.83 | 26.99 | 28.00 | 34.16 | —1.01 | —7.17 |
| مارالبېشى | 42.57 | 45.70 | 50.43 | —3.13 | —7.86 | 26.88 | 26.70 | 27.05 | +0.18 | —0.17 |
| يەكەن | 108.16 | 113.73 | 134.00 | —5.57 | —25.84 | 59.48 | 59.45 | 56.70 | +0.03 | —2.78 |
| پوسكام | 30.64 | 32.76 | 39.64 | —2.12 | —9.00 | 15.50 | 15.44 | 15.80 | +0.06 | —0.30 |
| قاغىلىق | 60.65 | 63.84 | 67.43 | —3.19 | —6.78 | 28.11 | 30.01 | 30.46 | —1.90 | —2.35 |
| مەكىت | 30.03 | 32.01 | 38.47 | —1.98 | —8.44 | 17.57 | 18.22 | 18.60 | —0.65 | —1.03 |
| تاشقورغان | 3.75 | 3.58 | 4.09 | +0.17 | —0.34 | 1.47 | 1.33 | 3.26 | +0.14 | —1.79 |
| بەيلۇ مەيدان | 2.02 | 2.01 | 2.10 | +0.01 | —0.08 | 1.40 | 1.40 | 1.35 | | +0.05 |
| قاراقىلچىن مەيدان | 0.93 | 0.82 | 1.12 | +0.11 | —0.19 | 0.58 | 0.48 | 0.42 | +0.10 | +0.16 |
| مۇش چاراۋا مەيدان | 0.29 | 0.33 | 0.31 | —0.04 | —0.02 | 0.23 | 0.22 | 0.21 | +0.01 | +0.02 |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىلى تېرىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى كۆلىمىنى يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ مو

| | كۆزلۈك ئاشلىق كۆلىمى | | | | | پاختا تېرىلغان يەر كۆلىمى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىلى تېرىغان كۆلىمى | 1985 - يىلى تېرىغان كۆلىمى | 1980 - يىلى تېرىغان كۆلىمى | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىغان كۆلىمى: 1985 - يىلدىن + — | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىغان كۆلىمى: 1980 - يىلدىن + — | 1986 - يىلى تېرىغان كۆلىمى | 1985 - يىلى تېرىغان كۆلىمى | 1980 - يىلى تېرىغان كۆلىمى | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىغان كۆلىمى: 1985 - يىلدىن + — | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىغان كۆلىمى: 1980 - يىلدىن + — |
| جەمئىي | 205.65 | 222.81 | 293.40 | —17.16 | —87.75 | 124.94 | 109.26 | 86.69 | +15.68 | +38.25 |
| | | | | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 2.24 | 2.27 | 4.70 | —0.03 | —2.47 | 0.34 | 0.35 | 0.22 | —0.01 | +0.12 |
| كونىشەھەر | 24.00 | 23.95 | 30.75 | +0.05 | —6.75 | 10.22 | 10.54 | 6.35 | —0.32 | +3.87 |
| يېڭىشەھەر | 13.61 | 14.96 | 23.67 | —1.35 | —10.06 | 11.61 | 9.03 | 6.25 | +2.58 | +5.36 |
| يېڭىسار | 13.83 | 16.14 | 15.87 | —2.31 | —2.04 | 6.76 | 5.36 | 3.28 | +1.40 | +3.48 |
| يوپۇرغا | 6.09 | 5.75 | 9.64 | —0.34 | —3.55 | 6.31 | 5.45 | 4.81 | +0.86 | +1.50 |
| پەيزاۋات | 18.07 | 18.23 | 26.73 | —0.16 | —8.66 | 5.76 | 5.82 | 6.06 | —0.06 | —0.30 |
| مارالبېشى | 15.69 | 19.00 | 23.38 | —3.31 | —7.69 | 16.12 | 15.16 | 9.55 | +0.96 | +6.57 |
| يەكەن | 48.68 | 54.28 | 77.30 | —5.60 | —28.62 | 28.10 | 23.32 | 19.33 | +4.78 | +8.77 |
| پوسكام | 15.14 | 17.32 | 23.84 | —2.18 | —8.70 | 10.67 | 8.58 | 7.75 | +2.09 | +2.92 |
| قاغىلىق | 32.54 | 33.83 | 36.97 | —1.29 | —4.43 | 14.82 | 13.24 | 10.57 | +1.58 | +4.25 |
| مەكىت | 12.46 | 13.79 | 19.87 | —1.33 | —7.41 | 13.70 | 11.92 | 12.00 | +1.78 | +1.70 |
| تاشقورغان | 2.28 | 2.25 | 0.83 | +0.03 | +1.45 | — | — | — | — | — |
| يەيلۇ مەيدان | 0.62 | 0.61 | 0.75 | +0.01 | —0.13 | 0.51 | 0.46 | 0.48 | +0.05 | +0.03 |
| قاراقىلچىن مەيدان | 0.35 | 0.34 | 0.70 | +0.01 | —0.35 | — | 0.02 | 0.03 | —0.02 | —0.03 |
| مۇش چارۋا مەيدان | 0.06 | 0.11 | 0.10 | —0.05 | —0.04 | 0.02 | 0.01 | 0.01 | +0.01 | +0.01 |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىلى تېرىلغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى كۆلىمىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ مو

| | مايلىق دان تېرىلغان كۆلىمى | | | | | باشقا زىرائەتلەر تېرىلغان كۆلىمى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1985 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1980 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1985 - يىلدىن + — | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1980 - يىلدىن + — | 1986 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1985 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1980 - يىلى تېرىلغان كۆلىمى | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1985 - يىلدىن + — | 1986 - يىلى ئارتۇق كەم تېرىلغان كۆلىمى: 1980 - يىلدىن + — |
| جەمئىي | 14.89 | 14.70 | 19.06 | + 0.19 | —4.17 | 105.53 | 97.66 | 55.90 | + 25.87 | + 49.63 |
| قەشقەر شەھىرى | 0.06 | 0.01 | 0.07 | + 0.05 | —0.01 | 1.35 | 1.14 | 1.53 | + 0.21 | —0.18 |
| كونىشەھەر | 2.59 | 2.62 | 2.81 | —0.03 | —0.22 | 12.47 | 11.08 | 8.50 | + 1.39 | + 3.97 |
| يېڭىشەھەر | 1.32 | 1.27 | 1.91 | + 0.05 | —0.59 | 7.33 | 6.15 | 3.72 | + 1.18 | + 3.61 |
| يېڭىسار | 0.98 | 0.79 | 1.05 | + 0.19 | —0.07 | 4.98 | 4.00 | 4.12 | + 0.98 | + 0.86 |
| يوپۇرغا | 0.33 | 0.35 | 0.50 | —0.02 | —0.17 | 4.62 | 4.26 | 1.15 | + 0.36 | + 3.47 |
| پەيزاۋات | 1.45 | 1.43 | 1.41 | + 0.02 | + 0.04 | 13.08 | 10.41 | 5.89 | + 2.67 | + 7.19 |
| مارالبېشى | 0.33 | 0.19 | 0.97 | + 0.14 | —0.64 | 5.68 | 4.31 | 3.56 | + 1.37 | + 2.12 |
| يەكەن | 4.15 | 3.85 | 4.58 | + 0.30 | —0.43 | 29.99 | 29.03 | 13.08 | + 0.96 | + 16.91 |
| پوسكام | 1.32 | 1.48 | 1.97 | —0.16 | —0.65 | 4.54 | 7.28 | 1.14 | —2.74 | + 3.40 |
| قاغىلىق | 2.26 | 2.55 | 3.34 | + 0.01 | —1.08 | 11.16 | 11.80 | 9.10 | —0.64 | + 2.06 |
| مەكىت | 0.02 | 0.07 | 0.13 | —0.05 | —0.11 | 8.70 | 9.64 | 1.73 | —0.94 | + 6.97 |
| تاشقورغان | 0.05 | 0.04 | 0.16 | + 0.01 | —0.11 | 0.24 | 0.06 | 0.11 | + 0.18 | + 0.13 |
| پەيلو مەيدان | 0.02 | 0.02 | 0.06 | | —0.04 | 1.12 | 1.24 | 1.37 | —0.12 | —0.25 |
| قارا قىلچىن مەيدان | — | 0.02 | 0.09 | —0.02 | —0.09 | 0.14 | 0.14 | 0.12 | | + 0.02 |
| مۇش چارۋا مەيدان | 0.01 | 0.01 | 0.06 | | —0.05 | 0.12 | 0.14 | 0.03 | —0.02 | + 0.09 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 1985 ـ، 1980 ـ يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ          يىل          ئاي          كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلىغا نىسبەتەن +— | | 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلىغا نىسبەتەن +— | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 194574.3 | 178377.0 | 124303.9 | +16197.3 | 9.1 | +70270.4 | 56.5 |
| | | | | | | 8 | |
| قەشقەر شەھىرى | 2789.4 | 2696.4 | 1907.8 | +93.0 | 3.4 | +881.6 | 46.2 |
| كونىشەھەر | 20230.0 | 18731.7 | 13288.4 | +1498.3 | 8.0 | +6941.6 | 52.2 |
| يېڭىشەھەر | 14873.3 | 13564.1 | 9773.0 | +1309.2 | 9.7 | +5100.3 | 52.2 |
| يېڭىسار | 12100.0 | 10743.1 | 8554.0 | +1356.9 | 12.6 | +3546.0 | 41.5 |
| يوپۇرغا | 6938.6 | 6496.6 | 4971.0 | +442.0 | 6.8 | +1967.6 | 39.6 |
| پەيزاۋات | 16826.1 | 13215.7 | 10500.9 | +3610.4 | 27.3 | +6325.2 | 60.2 |
| مارالبېشى | 16550.0 | 15263.2 | 8723.5 | +1286.8 | 8.4 | +7826.5 | 89.7 |
| يەكەن | 45200.0 | 42733.4 | 30.543.4 | +2466.6 | 5.8 | +14656.6 | 48.0 |
| پوسكام | 16250.4 | 15655.8 | 8903.9 | +594.6 | 3.8 | +7346.5 | 82.5 |
| قاغىلىق | 28000.0 | 24715.7 | 16808.6 | +3284.3 | 13.3 | +11191.4 | 66.6 |
| مەكىت | 13172.0 | 12900.0 | 8804.1 | +272.0 | 2.1 | +4367.9 | 49.6 |
| تاشقورغان | 555.7 | 686.2 | 684.3 | —130.5 | 19.0 | —128.6 | 18.8 |
| پەيلو مەيدان | 739.6 | 611.1 | 630.9 | +128.5 | 21.0 | +108.7 | 17.2 |
| قاراقىلچىن مەيدان | 232.0 | 270.0 | 150.0 | —38.0 | 14.1 | +82.0 | 54.7 |
| يۈكشۈ چاق | 117.2 | 94.0 | 60.1 | +23.2 | 24.7 | +56.9 | 94.7 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق ئاشلىق مو مەھسۇلاتىنى 1985 ـ ۋە 1980 ـ يىللار دىكى بىلەن سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: جىڭ          يىل     ئاي     كۈن

| ناھىيىلەر نامى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلغا نىسبەتەن +— | | 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلغا نىسبەتەن +— | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 405.2 | 355.6 | 211 | +49.6 | 13.9 | +194.2 | 92.0 |
| قەشقەر شەھىرى | 518.5 | 481.1 | 315.1 | +37.4 | 7.8 | +203.4 | 64.6 |
| كونىشەھەر | 324.3 | 301.8 | 184.9 | +22.5 | 7.5 | +139.4 | 75.4 |
| يېڭىشەھەر | 348.1 | 311.1 | 174.0 | +37.0 | 11.9 | +174.1 | 100.0 |
| يېڭىسار | 419.8 | 351 | 246 | +68.8 | 19.6 | +173.8 | 70.7 |
| يوپۇرغا | 413.0 | 378.6 | 210 | +34.4 | 9.1 | +203 | 96.7 |
| پەيزاۋات | 373.3 | 285.9 | 172 | +87.4 | 30.6 | +201.3 | 117.0 |
| مارالبېشى | 388.8 | 351.5 | 173 | +37.3 | 10.6 | +215.8 | 124.7 |
| يەكەن | 417.9 | 375.7 | 228 | +42.2 | 11.2 | +189.9 | 83.3 |
| پوسكام | 530.4 | 447.9 | 225 | +82.5 | 18.4 | +305.4 | 135.7 |
| قاغىلىق | 461.7 | 387 | 249 | +74.7 | 19.3 | +212.7 | 85.4 |
| مەكىت | 438.6 | 413.2 | 229 | +25.4 | 6.1 | +29.6 | 91.5 |
| تاشقورغان | 148.2 | 191 | 157 | —42.8 | 22.4 | —8.8 | 5.6 |
| پەيلۇ مەيدان | 366.1 | 303 | 306 | +63.1 | 20.8 | +60.1 | 19.6 |
| قاراقىلچىن مەيدان | 249.5 | 285 | 134 | —35.5 | 12.5 | +115.5 | 86.2 |
| جۇڭگۇچالا | 404.1 | 330 | 193.9 | +74.1 | 22.5 | +210.2 | 108.4 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق بۇغداي ئومۇم مەھسۇلاتىنى 1985 -، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ          يىل     ئاي     كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن + — | | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن + — | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 99734.6 | 89608.7 | 50510.7 | +10125.9 | 11.3 | +49223.9 | 97.5 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 1836.0 | 1782.0 | 1036.4 | +54.0 | 3.0 | +799.6 | 77.2 |
| كونىشەھەر | 11883.5 | 10835.2 | 7104.8 | +1048.3 | 9.7 | +4778.7 | 67.3 |
| يېڭىشەھەر | 8850.4 | 7974.9 | 4676.9 | +875.5 | 11.0 | +4173.5 | 89.2 |
| يېڭىسار | 5554.4 | 4654.4 | 3642.5 | +900.0 | 19.3 | +1911.9 | 52.5 |
| يوپۇرغا | 3778.2 | 3628.2 | 2550.2 | +150.0 | 4.1 | +1228.0 | 48.2 |
| پەيزاۋات | 8440.0 | 6853.0 | 4758.8 | +1587.0 | 23.2 | +3681.2 | 77.4 |
| مارالبېشى | 8920.0 | 8234.4 | 3483.4 | +685.6 | 8.3 | +5436.6 | 156.1 |
| يەكەن | 22000.0 | 19540.0 | 10379.2 | +2460.0 | 12.6 | +11620.8 | 112.0 |
| پوسكام | 9099.0 | 8620.8 | 2788.5 | +478.2 | 5.5 | +6310.5 | 226.3 |
| قاغىلىق | 11626.4 | 10176.7 | 5596.0 | +1449.7 | 14.2 | +6030.4 | 107.8 |
| مەكىت | 6846.0 | 6435.9 | 3753.4 | +410.1 | 6.4 | +3092.6 | 82.4 |
| تاشقورغان | 239.7 | 270.1 | 261.3 | —30.4 | 11.3 | —21.6 | 8.3 |
| پەيلۇ مەيدان | 451.0 | 447.3 | 353.7 | +3.7 | 0.8 | +97.3 | 27.5 |
| قارا قىلچىن مەيدان | 140.0 | 102.0 | 87.0 | +38.0 | 37.3 | +53.0 | 60.9 |
| جۇگشۇچالا | 70.0 | 53.8 | 38.6 | +16.2 | 30.1 | +31.4 | 81.3 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986-يىللىق بۇغداي ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 1985، 1980-يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ          يىل          ئاي          كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986-يىللىق | 1985-يىللىق | 1980-يىللىق | 1986-يىلى 1985-يىلغا نىسبەتەن +— | | 1986-يىلى 1980-يىلغا نىسبەتەن +— | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 363.2 | 321.4 | 178 | +41.8 | 13.0 | +185.2 | 104.0 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 584.7 | 540 | 349 | +44.7 | 8.3 | +235.7 | 67.5 |
| كونىشەھەر | 309.5 | 281.9 | 188 | +27.6 | 9.8 | +121.5 | 64.6 |
| يېڭىشەھەر | 303.9 | 275.3 | 158 | +28.6 | 10.4 | +145.4 | 92.3 |
| يېڭىسار | 370.5 | 316 | 207 | +54.5 | 17.2 | +163.5 | 79.0 |
| يوپۇرغا | 352.8 | 318 | 193 | +34.8 | 10.9 | +159.8 | 82.8 |
| پەيزاۋات | 312.7 | 244.7 | 150 | +68.0 | 27.8 | +162.7 | 108.5 |
| مارالبېشى | 331.8 | 328.8 | 127 | +3 | 0.9 | +204.8 | 161.3 |
| يەكەن | 369.9 | 328.7 | 188 | +41.2 | 12.5 | +181.9 | 96.8 |
| پوسكام | 587.0 | 558.3 | 177 | +28.7 | 5.1 | +410 | 231.6 |
| قاغىلىق | 413.6 | 339 | 184 | +74.6 | 22.0 | +229.6 | 124.8 |
| مەكىت | 389.6 | 366.7 | 202 | +22.9 | 6.2 | +187.6 | 92.9 |
| تاشقورغان | 163.1 | 203 | 173 | —39.9 | 19.7 | —9.9 | 5.7 |
| يەيلۇ مەيدان | 322.1 | 319 | 262 | +3.1 | 1.0 | +60.1 | 22.9 |
| قاراقىلچىن مەيدان | 241.4 | 212 | 207.1 | +29.4 | 13.9 | +34.3 | 16.6 |
| جۇگشۇچاڭ | 304.3 | 245 | 183.8 | +59.3 | 24.2 | +120.5 | 65.6 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق قارا ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 1985 ـ، 1980 ـ يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ                    يىل          ئاي          كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلىغا نىسبەتەن — + سانى | % | 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلىغا نىسبەتەن — + سانى | % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 94839.7 | 88760.3 | 73793.2 | +6071.4 | 6.8 | +21046.5 | 28.5 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 953.4 | 914.4 | 871.4 | +39.0 | 4.3 | +82.0 | 9.4 |
| كونىشەھەر | 8346.5 | 7896.5 | 6183.6 | +450.0 | 5.7 | +2162.9 | 35.0 |
| يېڭىشەھەر | 6022.9 | 5589.2 | 5096.1 | +433.7 | 7.8 | +926.8 | 18.2 |
| يېڭىسار | 6545.6 | 6088.7 | 4911.5 | +456.9 | 7.5 | +1634.1 | 33.3 |
| يوپۇرغا | 3160.4 | 2868.4 | 2420.8 | +292.0 | 10.2 | +739.6 | 30.6 |
| پەيزاۋات | 8386.1 | 6362.7 | 5742.1 | +2023.4 | 31.8 | +2644.0 | 46.0 |
| مارالبېشى | 7630.0 | 7028.8 | 5240.1 | +601.2 | 8.6 | +2389.9 | 94.1 |
| يەكەن | 23200.0 | 23193.4 | 20164.2 | +6.6 | 0.03 | +3035.8 | 15.1 |
| پوسكام | 7151.4 | 7035.0 | 6115.4 | +116.4 | 1.7 | +1036.0 | 16.9 |
| قاغىلىق | 16373.6 | 14519.0 | 11212.6 | +1834.6 | 12.6 | +5161.0 | 46.0 |
| مەكىت | 6326.0 | 6464.1 | 5050.7 | —138.1 | 2.1 | +1275.3 | 25.2 |
| تاشقورغان | 316.0 | 416.1 | 423.0 | —100.1 | 24.1 | —107.0 | 25.3 |
| پەيلۇ مەيدان | 288.6 | 163.8 | 277.2 | +124.8 | 76.2 | +11.4 | 4.1 |
| قاراقىلچىن مەيدان | 92.0 | 168.0 | 63.0 | —76.0 | 45.2 | +29.0 | 46.0 |
| جۇڭگۇچالا | 47.2 | 40.2 | 21.5 | +7.0 | 17.4 | +25.7 | 119.5 |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق مايلىق دان ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 1985 ـ، 1980 ـ يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ يىل ئاي كۈن

| 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلغا نىسبەتەن — + | | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلغا نىسبەتەن — + | | 1980 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1986 ـ يىللىق | ئورۇنلار ئىسمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| % | سانى | % | سانى | | | | |
| 101.6 | +2642.5 | 8.7 | +421.3 | 2602.0 | 4823.2 | 5244.5 | ئومۇمىي جەمئىي |
| | | | | | | | |
| 466.1 | +26.1 | 10.8 | +3.1 | 5.6 | 28.6 | 31.7 | قەشقەر شەھىرى |
| 154.4 | +445.1 | 8.2 | +55.8 | 288.3 | 677.6 | 733.4 | كونىشەھەر |
| 154.8 | +572.3 | 1.7 | +16.2 | 369.7 | 925.8 | 942.0 | يېڭىشەھەر |
| 138.7 | +319.6 | 1.2 | +6.7 | 230.4 | 543.3 | 550.0 | يېڭىسار |
| 38.2 | +114.2 | 10.9 | +40.7 | 298.8 | 372.3 | 413.0 | يوپۇرغا |
| 155.2 | +426.1 | 16.1 | +97.1 | 274.6 | 603.6 | 700.7 | پەيزاۋات |
| 248.4 | +313.5 | 0.5 | +2.0 | 126.2 | 437.7 | 439.7 | مارالبېشى |
| 29.8 | +142.4 | 26.8 | +131.0 | 477.3 | 488.7 | 619.7 | يەكەن |
| 21.9 | +34.1 | 3.3 | +6.1 | 156.0 | 184.0 | 190.1 | پوسكام |
| 66.7 | +214.2 | 12.5 | +59.4 | 321.0 | 475.1 | 535.2 | قاغىلىق |
| 112.1 | +43.6 | — | — | 38.9 | 82.5 | 82.5 | مەكىت |
| 76.7 | —6.9 | 61.5 | +0.8 | 9.0 | 1.3 | 2.1 | تاشقورغان |
| 5.3 | —0.1 | 200.0 | +1.2 | 1.9 | 0.6 | 1.8 | پەيلۇ مەيدان |
| 100.0 | —2.3 | 100.0 | —1.2 | 2.3 | 1.2 | — | قارا قىلچىن مەيدان |
| 30.0 | +0.6 | 188.9 | +1.7 | 2.0 | 0.9 | 2.6 | جوڭشۇيجالا |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتىنى 1985 ـ، 1980 ـ يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى : 10 مىڭ جىڭ　　　　يىل　　　ئاي　　　كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلىغا نىسبەتەن + — | | 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلىغا نىسبەتەن + — | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 12781.0 | 11609.8 | 4364.9 | +1171.1 | 10.1 | +8416.1 | 192.8 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 36.5 | 33.2 | 18.5 | +3.3 | 9.9 | +18.0 | 97.3 |
| كونىشەھەر | 894.1 | 880.4 | 234.2 | +13.7 | 1.5 | +659.9 | 281.8 |
| يېڭىشەھەر | 1123.5 | 979.5 | 284.8 | +140.0 | 14.3 | +834.7 | 294.5 |
| يېڭىسار | 510.0 | 393.2 | 138.0 | +116.8 | 29.7 | +372.0 | 269.6 |
| يوپۇرغا | 768.8 | 800.0 | 272.0 | —31.2 | 3.9 | +496.8 | 182.6 |
| پەيزاۋات | 606.7 | 605.1 | 136.2 | +1.6 | 0.3 | +470.5 | 345.4 |
| مارالبېشى | 1754.4 | 1800.0 | 420.0 | —45.6 | 2.5 | +1334.4 | 317.7 |
| يەكەن | 2715.5 | 2302.9 | 1190.6 | +412.6 | 1.8 | +1524.9 | 128.1 |
| پوسكام | 1028.3 | 803.3 | 341.4 | +225.0 | 28.0 | +686.9 | 201.2 |
| قاغىلىق | 1477.8 | 1565.5 | 575.1 | —88.1 | 5.6 | +902.7 | 157.0 |
| مەكىت | 1800.0 | 1380.0 | 716.7 | +420.0 | 30.4 | +1083.3 | 151.2 |
| تاشقورغان | — | — | — | — | — | — | — |
| پەيلۇ مەيدان | 63.9 | 64.5 | 36.0 | —0.6 | 0.9 | +27.9 | 77.5 |
| قاراقىلچىن مەيدان | — | 1.0 | 1.0 | —1.0 | 100.0 | —1.0 | 100 |
| جوگشۈيجاڭ | 1.4 | 1.2 | 0.4 | +0.2 | 166.6 | +1.0 | 250 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق پاختا مو مەھسۇلاتىنى 1985 -، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: جىڭ　　　　يىل　　　　ئاي　　　　كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن —+ | | 1986-يىلى 1985-يىلغا نىسبەتەن —+ | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىيسى | 102.3 | 106.3 | 50 | —4.0 | 3.8 | +52.3 | 104.6 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 107.4 | 95 | 74 | +12.4 | 13.1 | +33.4 | 45.1 |
| كونىشەھەر | 87.5 | 83.6 | 37 | +3.9 | 4.7 | +50.5 | 36.5 |
| يېڭىشەھەر | 96.8 | 109.1 | 46 | —12.3 | 11.2 | +50.8 | 110.4 |
| يېڭىسار | 75.4 | 81 | 42 | —5.6 | 6.9 | +33.4 | 79.5 |
| يوپۇرغا | 121.8 | 146.7 | 52 | —24.9 | 17.0 | +69.8 | 134.2 |
| پەيزاۋات | 105.3 | 103.9 | 22 | +1.4 | 1.3 | +83.3 | 378.6 |
| مارالبېشى | 108.8 | 126 | 44 | —17.2 | 13.7 | +64.8 | 147.3 |
| يەكەن | 96.6 | 98.8 | 62 | —2.2 | 2.2 | +34.6 | 55.8 |
| پوسكام | 96.4 | 93.6 | 44 | +2.8 | 3.0 | +52.4 | 119.0 |
| قاغىلىق | 99.7 | 118 | 54 | —18.3 | 15.5 | +45.7 | 84.6 |
| مەكىت | 131.4 | 119.4 | 60 | +12.0 | 10.0 | +71.4 | 119.0 |
| تاشقورغان | — | — | — | | | | — |
| بەيلۇ مەيدان | 125.3 | 140.3 | 75 | —15.0 | 10.7 | +50.3 | 67.1 |
| قارا قىلچىن مەيدان | — | 50 | 33 | —50 | 100.0 | —33 | 100.0 |
| جۇگشۇچالى | 70 | 120 | 40 | —50 | 41.7 | +30 | 75.0 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات مەھسۇلاتىنى 1985 - ۋە 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ

| | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن +— | | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن +— | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| جەمئىي | 65737.5 | 48105.6 | 14271.1 | +17631.9 | 36.7 | +51466.4 | 360.6 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 475.6 | 427.5 | 180.0 | +48.1 | 11.3 | +295.6 | 164.2 |
| كونىشەھەر | 3671.2 | 3702.7 | 1769.9 | —31.5 | 0.9 | +1901.3 | 107.4 |
| يېڭىشەھەر | 3680.0 | 2922.3 | 1621.4 | +757.7 | 25.9 | +2058.6 | 127.0 |
| يېڭىسار | 1364.0 | 1562.0 | 300.3 | —198.0 | 12.7 | +1063.7 | 354.2 |
| يوپۇرغا | 2178.9 | 1998.5 | 32.7 | +180.4 | 9.0 | +2146.2 | 6563.3 |
| پەيزاۋات | 38900.0 | 25425.0 | 1881.8 | +13475.0 | 53.0 | +37018.2 | 1967.2 |
| مارالبېشى | 4626.7 | 3618.0 | 3000.2 | +1008.7 | 27.9 | +1626.5 | 52.4 |
| يەكەن | 4542.4 | 4324.4 | 1932.8 | +218.0 | 5.0 | +2609.6 | 135.0 |
| پوسكام | 1222.2 | 827.7 | 420.7 | +394.5 | 47.7 | +801.5 | 190.5 |
| قاغىلىق | 2264.6 | 1527.4 | 2006.0 | +737.2 | 48.3 | +258.6 | 12.9 |
| مەكىت | 2234.3 | 1154.2 | 920.5 | +1080.1 | 93.6 | +1313.8 | 142.7 |
| تاشقورغان | — | — | — | | | | |
| بىۋاستە ئورۇنلار | 576.6 | 615.9 | 204.8 | —39.3 | 6.4 | +371.8 | 181.5 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق چارۋا ئومۇم تۇياق سانىنى 1985-، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ تۇياق يىل ئاي كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن — + | | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن — + | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 423.89 | 403.17 | 352.9 | +20.72 | 5.1 | +70.99 | 20.1 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 7.0 | 6.47 | 3.38 | +0.53 | 8.2 | +3.62 | 107.1 |
| كونىشەھەر | 41.42 | 39.58 | 36.65 | +1.84 | 4.6 | +4.77 | 13.0 |
| يېڭىشەھەر | 37.35 | 36.46 | 33.65 | +0.89 | 2.4 | +3.70 | 11.0 |
| يېڭىسار | 24.60 | 22.50 | 18.88 | +2.10 | 9.3 | +5.72 | 30.3 |
| يوپۇرغا | 16.55 | 15.34 | 16.39 | +1.21 | 7.9 | +0.16 | 1.0 |
| پەيزاۋات | 41.18 | 36.00 | 27.44 | +5.18 | 14.4 | +13.74 | 50.1 |
| مارالبېشى | 57.35 | 54.00 | 34.12 | +3.35 | 6.2 | +23.23 | 68.1 |
| يەكەن | 71.42 | 68.78 | 66.71 | +2.64 | 3.8 | +4.71 | 7.1 |
| پوسكام | 19.21 | 18.59 | 18.80 | +0.62 | 3.3 | +0.41 | 2.2 |
| قاغىلىق | 65.64 | 63.55 | 57.50 | +2.09 | 3.3 | +8.14 | 14.2 |
| مەكىت | 28.50 | 27.00 | 24.63 | +1.50 | 5.6 | +3.87 | 15.7 |
| تاشقورغان | 11.78 | 13.10 | 12.39 | −1.32 | 10.1 | −0.61 | 4.9 |
| پەيلۇ مەيدان | 1.26 | 1.20 | 1.32 | −0.06 | 5.0 | −0.06 | 4.5 |
| قارا قىلچىن مەيدان | 0.48 | 0.50 | 0.47 | −0.02 | 4.0 | +0.01 | 2.1 |
| جۇڭگۇچالا | 0.15 | 0.10 | 0.14 | +0.05 | 50.0 | +0.01 | 7.1 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىل ئاخىرقى چارۋا تۇياق سانىنى 1985 -، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

| | چوڭ چارۋا (10 مىڭ تۇياق) | | | | | قوي، ئۆچكە، چوشقا (10 مىڭ تۇياق) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىل ئاخىرقى سانى | 1985 - يىل ئاخىرقى سانى | 1980 - يىل ئاخىرقى سانى | 1986 - يىلى ئاشقان كېمەيگەن سانى | | 1986 - يىل ئاخىرقى سانى | 1985 - يىل ئاخىرقى سانى | 1980 - يىل ئاخىرقى سانى | 1986 - يىلى ئاشقان كېمەيگەن سانى | |
| | | | | 1985 - يىلدىن + — | 1980 - يىلدىن + — | | | | 1985 - يىلدىن + — | 1980 - يىلدىن + — |
| جەمئىي | 101.46 | 96.04 | 81.91 | +5.42 | +19.55 | 322.43 | 307.13 | 270.99 | +15.30 | +51.44 |
| | | | | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 0.51 | 0.93 | 0.89 | —0.42 | —0.38 | 6.49 | 5.54 | 2.49 | +0.95 | +4.00 |
| كونىشەھەر | 10.28 | 9.85 | 9.02 | +0.43 | +1.26 | 31.14 | 29.73 | 27.63 | +1.41 | +3.51 |
| يېڭىشەھەر | 8.65 | 8.25 | 8.12 | +0.40 | +0.53 | 28.70 | 28.21 | 25.53 | +0.41 | +3.17 |
| يېڭىسار | 7.16 | 7.18 | 5.85 | —0.02 | +1.31 | 17.44 | 15.32 | 13.03 | +2.12 | +4.41 |
| يوپۇرغا | 4.66 | 4.33 | 3.81 | +0.33 | +0.85 | 11.89 | 11.01 | 12.58 | +0.88 | —0.69 |
| پەيزاۋات | 9.93 | 8.92 | 8.42 | +0.01 | +1.51 | 31.25 | 27.08 | 19.02 | +4.17 | +12.23 |
| مارالبېشى | 6.94 | 6.61 | 5.25 | +0.33 | +1.69 | 50.41 | 47.39 | 28.87 | +3.02 | +21.54 |
| يەكەن | 22.33 | 20.80 | 17.10 | +1.53 | +5.23 | 49.09 | 47.98 | 49.61 | +1.11 | —0.52 |
| پوسكام | 5.83 | 5.52 | 4.60 | +0.31 | +1.23 | 13.38 | 13.06 | 14.20 | +0.32 | —0.82 |
| قاغىلىق | 16.06 | 14.99 | 11.77 | +1.07 | +4.29 | 49.58 | 48.56 | 45.73 | +1.02 | +3.85 |
| مەكىت | 6.01 | 6.00 | 4.52 | +0.01 | +1.43 | 22.49 | 21.00 | 20.11 | +1.49 | +2.38 |
| تاشقورغان | 2.47 | 2.48 | 2.03 | —0.01 | +0.44 | 9.31 | 10.62 | 10.36 | —1.31 | —1.05 |
| پەيلۇ مەيدان | 0.10 | 0.10 | 0.10 | | | 1.16 | 1.10 | 1.22 | +0.06 | —0.06 |
| قاراقىلچىن مەيدان | 0.04 | 0.04 | 0.04 | 〃 | 〃 | 0.44 | 0.46 | 0.43 | —0.02 | +0.01 |
| ئۆش چاۋامەيدان | 0.04 | 0.04 | 0.04 | 〃 | 〃 | 0.11 | 0.06 | 0.10 | +0.05 | +0.01 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق، پاختا، مايلىق دان، چارۋا سانىنىڭ ھەر بىر نوپۇسقا توغرا كېلىشى

بىرلىكى : جىڭ ، تۇياق

| | ئاشلىقنىڭ توغرا كېلىشى | | | پاختىنىڭ توغرا كېلىشى | | | مايلىق داننىڭ توغرا كېلىشى | | | چارۋىنىڭ توغرا كېلىشى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىلى | 1985 - يىلى | 1980 - يىلى | 1986 - يىلى | 1985 - يىلى | 1980 - يىلى | 1986 - يىلى | 1985 - يىلى | 1980 - يىلى | 1986 - يىلى | 1985 - يىلى | 1980 - يىلى |
| جەمئىي | 808.2 | 755.2 | 566.6 | 53.1 | 49.1 | 19.9 | 21.8 | 20.4 | 11.9 | 1.8 | 1.7 | 1.6 |
| قەشقەر شەھىرى | 138.8 | 139.3 | 117.1 | 1.8 | 1.7 | 1.1 | 1.8 | 1.5 | 0.3 | 0.3 | 0.3 | 0.2 |
| كونىشەھەر | 684.8 | 648 | 486.8 | 30.3 | 30.5 | 8.5 | 24.8 | 23.4 | 10.6 | 1.4 | 1.4 | 1.3 |
| يېڭىشەھەر | 695.2 | 636 | 571.7 | 52.5 | 45.9 | 13.7 | 44 | 43.4 | 17.8 | 1.7 | 1.7 | 1.6 |
| يېڭىسار | 742.1 | 665.2 | 575.6 | 31.3 | 24.3 | 9.3 | 33.7 | 33.6 | 15.5 | 1.5 | 1.4 | 1.3 |
| يوپۇرغا | 697.7 | 673.2 | 533.0 | 77.3 | 82.9 | 29.2 | 41.5 | 38.6 | 32 | 1.7 | 1.6 | 1.8 |
| پەيزاۋات | 742.3 | 586.6 | 491.6 | 26.8 | 26.9 | 6.4 | 30.9 | 26.8 | 12.9 | 1.8 | 1.6 | 1.3 |
| قاغىلىق | 1002.4 | 905.6 | 686.1 | 52.9 | 57.4 | 23.5 | 19.2 | 17.4 | 13.1 | 2.4 | 2.3 | 2.4 |
| پوسكام | 1319.8 | 1340 | 836.8 | 83.5 | 68.8 | 32.1 | 15.4 | 15.7 | 14.7 | 1.6 | 1.6 | 1.8 |
| يەكەن | 981.6 | 944 | 693.1 | 59 | 50.9 | 27 | 13.5 | 10.8 | 10.8 | 1.6 | 1.5 | 1.5 |
| مەكىت | 1012.1 | 1013.4 | 755.1 | 138.3 | 108.4 | 61.5 | 6.3 | 6.5 | 3.3 | 2.2 | 2.1 | 2.1 |
| مارالبېشى | 907.8 | 844.2 | 521.1 | 96.2 | 99.6 | 25.1 | 24.1 | 24.2 | 7.5 | 3.1 | 3.0 | 2.1 |
| تاشقورغان | 245.1 | 311.5 | 352.7 | — | — | — | 0.9 | 0.6 | 4.6 | 5.2 | 5.9 | 6.4 |

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 1986 - يىللىق ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

| ناھىيە شەھەرلەر ئىسمى | بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى (10 مىڭ مو) | | | | | يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي بار كۆچەت كۆلىمى (10 مىڭ مو) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ± سانى — + 1985-يىلدىكىگە قارىغاندا | ± سانى — + 1980-يىلدىكىگە قارىغاندا | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ± سانى — + 1985-يىلدىكىگە قارىغاندا | ± سانى — + 1980-يىلدىكىگە قارىغاندا |
| جەمئىي | 21.34 | 29.14 | 12.87 | —7.80 | + 8.47 | 75.359 | 97024 | 84031 | —21665 | —8672 |
| قەشقەر شەھىرى | 0.02 | 0.02 | 0.01 | | + 0.01 | 1011 | 961 | 917 | + 50 | + 94 |
| كونىشەھەر | 3.42 | 4.88 | 5.27 | —1.46 | —1.85 | 10557 | 19338 | 16331 | —8781 | —5774 |
| يېڭىشەھەر | 2.24 | 4.00 | 1.23 | —1.76 | + 1.01 | 7519 | 9503 | 15524 | —1984 | —8005 |
| يېڭىسار | 1.35 | 2.61 | 0.32 | —1.26 | + 1.03 | 5525 | 9990 | 2044 | —4465 | + 3481 |
| يوپۇرغا | 1.11 | 1.64 | 0.87 | —0.53 | + 1.04 | 2631 | 3498 | 2828 | —867 | —197 |
| پەيزاۋات | 2.22 | 4.50 | 0.94 | —2.28 | + 1.28 | 2750 | 15722 | 6645 | —12972 | —3895 |
| قاغىلىق | 1.83 | 1.66 | 0.40 | + 0.17 | + 1.43 | 5869 | 8781 | 5406 | —2912 | + 463 |
| پوسكام | 1.28 | 2.29 | 0.18 | —1.01 | + 1.10 | 4450 | 3429 | 4624 | + 1021 | —174 |
| يەكەن | 4.39 | 2.74 | 2.57 | + 1.65 | + 1.82 | 20000 | 16348 | 17.696 | + 3652 | + 2304 |
| مەكىت | 2.00 | 3.05 | 0.56 | —1.05 | + 1.44 | 5345 | 3438 | 6164 | + 1907 | —819 |
| مارالبېشى | 1.19 | 1.47 | 0.46 | —0.28 | + 0.73 | 9698 | 5698 | 3635 | + 4000 | + 6063 |
| تاشقورغان | 0.17 | 0.21 | 0.02 | —0.04 | + 0.15 | — | — | — | | |
| بىۋاستە قاراشلىق مەيدانلار | 0.12 | 0.07 | 0.01 | + 0.05 | + 0.11 | 4 | 318 | 217 | —314 | —213 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 – يىللىق ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

| ناھىيە شەھەرلەر نامى | شۇ يىلى پارچە – يۇرت تىككەن دەرەخ سانى (10 مىڭ تۈپ) | | | | | شۇ يىلى كەسكەن ياغاچ (كۇب مېتىر) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 – يىللىق | 1985 – يىللىق | 1980 – يىللىق | ± سانى —، + 1980 | | 1986 – يىللىق | 1985 – يىللىق | 1980 – يىللىق | ± سانى — + 1980 | |
| | | | | 1985 – يىلىغا نىسبەتەن +— | 1980 – يىلىغا نىسبەتەن +— | | | | 1985 – يىلىغا نىسبەتەن +— | 1980 – يىلىغا نىسبەتەن +— |
| جەمئىي | 4041.9 | 4875.3 | 3593.9 | —833.4 | +448 | 68132 | 67130 | 40348.2 | +1002 | +27783.8 |
| قەشقەر شەھىرى | 111.2 | 92.0 | 52.3 | +19.2 | +58.9 | 16206 | 1113 | 346 | +15093 | +15860 |
| كونىشەھەر | 1020.2 | 838.1 | 485.2 | +182.1 | +535 | 7700 | 5086 | 6207 | +2614 | +1493 |
| يېڭىشەھەر | 295.0 | 484.7 | 415.0 | —189.7 | —120 | 4466 | 1987 | 417 | +2479 | +4049 |
| يېڭىسار | 450.0 | 234.0 | 189.3 | +216 | +260.7 | 5000 | 12724 | 1028 | —7724 | +3972 |
| يوپۇرغا | 154.9 | 294.2 | 177.3 | —139.3 | —22.4 | 150 | 4730 | 620 | —4580 | —470 |
| پەيزاۋات | 53.1 | 504.4 | 185.5 | —451.3 | —132.4 | 688 | 1947 | 708 | —1259 | —20 |
| قاغىلىق | 885.3 | 387.4 | 341.2 | +497.9 | +544.1 | 5925 | 4566 | 5760 | +1359 | +165 |
| پوسكام | 408.2 | 541.3 | 230.2 | —133.1 | +178 | 6697 | 4236 | 209.2 | +2461 | +4605 |
| يەكەن | 160.0 | 976.1 | 1267.0 | —816.1 | —1107 | 10.000 | 25748 | 19730 | —15748 | —9730 |
| مەكىت | 177.5 | 220.0 | 140.7 | —42.5 | +36.8 | 2500 | 1100 | 3093 | +1400 | —593 |
| مارالبېشى | 325.5 | 300.2 | 96.0 | +25.3 | +229.5 | 8000 | 3183 | 2000 | +4817 | +6000 |
| تاشقورغان | 1.0 | 1.7 | 3.2 | —0.7 | —2.2 | — | — | 1.0 | — | —1.0 |
| بىۋاستە قاراشلىق مەيدانلار | — | 1.2 | 4.7 | —1.2 | —4.7 | 800 | 710 | 229 | +90 | —571 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق باغ كۆلىمى ۋە مېۋە مەھسۇلاتىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

| | يىل ئاخىرقى باغ كۆلىمى (مو) | | | | | مېۋە ئومۇم مەھسۇلاتى (10 مىڭ جىڭ) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىللىق كۆلىمى | 1985 - يىللىق كۆلىمى | 1980 - يىللىق كۆلىمى | 1986 - يىلى ئاشقان كېمەيگەن كۆلىمى: 1985 - يىلدىن +— | 1986 - يىلى ئاشقان كېمەيگەن كۆلىمى: 1980 - يىلدىن +— | 1986 - يىللىق مەھسۇلاتى | 1985 - يىللىق مەھسۇلاتى | 1980 - يىللىق مەھسۇلاتى | 1986 - يىلى ئاشقان كېمەيگەن مەھسۇلات: 1985 - يىلدىن +— | 1986 - يىلى ئاشقان كېمەيگەن مەھسۇلات: 1980 - يىلدىن +— |
| جەمئىي | 341.295 | 279.146 | 104.400 | +62.149 | +236.895 | 22337.9 | 16818.6 | 6896.0 | +5519.3 | +15441.9 |
| قەشقەر شەھىرى | 3.489 | 2.921 | 1.700 | +568 | +1789 | 490.0 | 463.4 | 156.2 | +26.6 | +333.8 |
| كونىشەھەر | 58.531 | 50.675 | 28.000 | +7856 | +30531 | 3284.8 | 3600.8 | 1879.0 | —316.0 | +1405.8 |
| يېڭىشەھەر | 30.088 | 22.319 | 7.400 | +7769 | +22688 | 1410.6 | 1123.3 | 520.8 | +287.3 | +889.8 |
| يېڭىسار | 44.379 | 32.393 | 2000 | +11986 | +42379 | 1709.9 | 1474.5 | 327.9 | +235.4 | +1382.0 |
| يوپۇرغا | 19.948 | 17.253 | 2.300 | +2695 | +17648 | 478.8 | 313.9 | 154.4 | +164.9 | +324.4 |
| پەيزاۋات | 35.800 | 30.101 | 10.600 | +5699 | +25200 | 5375.6 | 2318.9 | 1162.5 | +3056.7 | +4213.1 |
| مارالبېشى | 16.171 | 15.342 | 4.800 | +829 | +11371 | 3078.9 | 2469.9 | 121.2 | +609.0 | +2957.7 |
| يەكەن | 75.800 | 38.945 | 18.000 | +36855 | +57800 | 2753.4 | 2360.1 | 1010.4 | +393.3 | +1743.0 |
| پوسكام | 13.816 | 10.412 | 4.100 | +3404 | +9716 | 480.8 | 294.8 | 244.1 | +186.0 | +236.7 |
| قاغىلىق | 27.202 | 24.318 | 12.400 | +2884 | +14802 | 1814.8 | 1026.3 | 658.0 | +788.5 | +1156.8 |
| مەكىت | 13.357 | 11.827 | 10.500 | +1530 | +2857 | 1274.8 | 1138.4 | 523.7 | +136.4 | +751.1 |
| تاشقورغان | 384 | 323 | 200 | +61 | +184 | 12.8 | 94.6 | 5.0 | —81.8 | +7.8 |
| يەياۋ مەيدان | 1902 | 1902 | 1977 | | —75 | 135.0 | 110.0 | 120.6 | +25.0 | +14.4 |
| قارا قىلچىن مەيدان | 167 | 167 | 208 | | —41 | 4.4 | 4.3 | 2.5 | +0.1 | +1.9 |
| چارۋا مەيدان | 261 | 2.48 | 198 | +13 | +63 | 33.3 | 25.4 | 9.7 | +7.9 | +23.6 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق گۆش مەھسۇلاتىنى 1985 -، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ　　　　يىل　　　　ئاي　　　　كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986- يىللىق | 1985- يىللىق | 1980- يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن — + | | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن — + | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 4143.5 | 3188.4 | 1683.4 | +955.4 | 29.95 | +2460.1 | 146.14 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 82.7 | 87.6 | 35.2 | —4.9 | 5.6 | +47.5 | 134.9 |
| كونىشەھەر | 376.4 | 325.1 | 203.0 | +51.3 | 15.8 | +173.4 | 85.4 |
| يېڭىشەھەر | 487.0 | 342.5 | 109.4 | +144.5 | 42.2 | +377.6 | 345.2 |
| يېڭىسار | 161.0 | 177.2 | 55.0 | —11.2 | 6.3 | +106.0 | 192.7 |
| يوپۇرغا | 193.3 | 110.6 | 51.8 | +82.7 | 74.8 | +141.5 | 273.2 |
| پەيزاۋات | 276.0 | 190.9 | 86.1 | +85.1 | 44.6 | +189.9 | 220.6 |
| مارالبېشى | 725.2 | 484.4 | 170.1 | +238.8 | 49.3 | +555.1 | 326.3 |
| يەكەن | 498.2 | 464.0 | 487.4 | +34.2 | 7.4 | +10.8 | 2.2 |
| پوسكام | 202.2 | 178.2 | 47.3 | +24 | 13.5 | +154.9 | 327.5 |
| قاغىلىق | 487.7 | 444.9 | 231.6 | +42.8 | 9.6 | +256.1 | 110.6 |
| مەكىت | 492.3 | 220.3 | 74.2 | +272.0 | 123.5 | +418.1 | 563.5 |
| تاشقورغان | 113.6 | 121.4 | 76.7 | —7.8 | 6.4 | +36.9 | 48.1 |
| يەيلۇ مەيدان | 35.8 | 29.6 | 50.6 | +6.2 | 20.9 | —14.8 | —41.3 |
| قاراقىلچىن مەيدان | 5.9 | 2.6 | 3.9 | +3.3 | 126.9 | +2.0 | +51.3 |
| جۇگشۇجالا | 6.5 | 9.1 | 1.3 | —2.6 | 28.6 | +5.2 | 500 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق تۇخۇم مەھسۇلاتىنى 1985 - ، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى : دەن                يىل        ئاي        كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن — + | | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن — + | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 92906 | 86933.6 | | +5972.4 | 6.9 | | |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 7514 | 4250 | | +3264 | 76.8 | | |
| كونىشەھەر | 16910 | 11337 | | +5573 | 49.2 | | |
| يېڭىشەھەر | 4440 | 4111 | | +329 | 8.0 | | |
| يېڭىسار | 7660 | 14500 | | —6840 | 47.2 | | |
| يوپۇرغا | 2224 | 5408 | | —3184 | 58.9 | | |
| پەيزاۋات | 11030 | 9141 | | +1889 | 20.7 | | |
| مارالبېشى | 2988 | 3468 | | —480 | 13.8 | | |
| يەكەن | 19654 | 19427 | | +227 | 1.2 | | |
| پوسكام | 6074 | 2598 | | +3476 | 133.8 | | |
| قاغىلىق | 10694 | 12060 | | —1366 | 11.3 | | |
| مەكىت | 2860 | 306 | | +2554 | 834.6 | | |
| تاشقورغان | 66 | 123.6 | | —57.6 | 46.6 | | |
| پەيلۇ مەيدان | 322 | 122 | | +200 | 163.9 | | |
| قاراقلچىن مەيدان | 40 | — | | +40 | 100 | | |
| جۇڭگۇچالا | 430 | 82 | | +348 | 424.4 | | |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق ھەسەل مەھسۇلاتىنى 1985 -، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى : دەن  يىل  ئاي  كۈن

| 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن + — | | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن + — | | 1980 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1986 - يىللىق | ئورۇنلار ئىسمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| % | سانى | % | سانى | | | | |
| 62.3 | —2822 | 111.2 | +899.2 | 4530 | 808.8 | 1708 | ئومۇمىي جەمئىي |
| | | | | | | | |
| 100 | —27.3 | 100 | —3 | 27.3 | 3 | — | قەشقەر شەھىرى |
| 42.5 | —60.7 | 10.8 | +8 | 142.7 | 74 | 82 | كونىشەھەر |
| 76.4 | —1658 | 256.1 | +368.2 | 2170 | 143.8 | 512 | يېڭىشەھەر |
| 95.0 | —38 | 60.0 | —3 | 40 | 5 | 2 | يېڭىسار |
| 94.2 | —914 | 27.3 | +12 | 970 | 44 | 56 | يوپۇرغا |
| 54.8 | —148 | 17.6 | —26 | 270 | 148 | 122 | پەيزاۋات |
| 147.6 | +310 | 400.0 | +416 | 210 | 104 | 520 | مارالبېشى |
| 58.7 | —88 | 46.6 | —54 | 150 | 116 | 62 | يەكەن |
| 94.1 | —320 | 20.0 | —5 | 340 | 25 | 20 | پوسكام |
| 122.2 | +110 | 117.4 | +108 | 90 | 92 | 200 | قاغىلىق |
| 33.3 | +30 | 200.0 | +80 | 90 | 40 | 120 | مەكىت |
| — | — | — | — | — | — | — | تاشقورغان |
| 60.0 | —18 | 14.3 | —2 | 30 | 14 | 12 | ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق سۈت مەھسۇلاتىنى 1985 -، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

كۈن　　ئاي　　يىل　　　بىرلىكى: 10 مىڭ جىڭ

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن + — | | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن + — | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 2757.5 | 2122.7 | 294.3 | +634.8 | 29.9 | +2463.2 | 837.0 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 166.6 | 148.3 | 48.0 | +18.3 | 12.3 | +118.6 | 247.1 |
| كونىشەھەر | 276.5 | 337.4 | 61.8 | —60.9 | 18.0 | +214.7 | 347.4 |
| يېڭىشەھەر | 177.2 | 136.6 | 6.9 | +40.6 | 29.7 | +170.3 | 2468.1 |
| يېڭىسار | 187.3 | 198.0 | 11.6 | —10.7 | 5.4 | +175.7 | 1514.7 |
| يوپۇرغا | 46.6 | 41.7 | 24.7 | +4.9 | 11.8 | +21.9 | 88.7 |
| پەيزاۋات | 370.8 | 370.5 | 19.9 | +0.3 | 0.1 | +350.9 | 1763.3 |
| مارالبېشى | 275.5 | 246.0 | 0.4 | +29.5 | 12.0 | +275.1 | 68775.0 |
| يەكەن | 285.3 | 171.5 | 43.8 | +113.8 | 66.4 | +241.5 | 551.4 |
| پوسكام | 30.2 | 11.7 | 0.3 | +18.5 | 158.1 | +29.9 | 9966.7 |
| قاغىلىق | 378.5 | 215.9 | 26.1 | +162.6 | 75.3 | +352.4 | 1350.2 |
| مەكىت | 241.6 | 111.8 | 0.6 | +129.8 | 116.1 | +241.0 | 40166.0 |
| تاشقورغان | 232.5 | 55.2 | 11.2 | +177.3 | 321.2 | +221.0 | 1921.7 |
| پەيلۇ مەيدان | 5.2 | 4.9 | 5.0 | +0.3 | 6.1 | +0.2 | 4.0 |
| قاراقىلچىن مەيدان | 0.3 | — | — | +0.3 | 100 | +0.3 | 100 |
| جۇگشۇچاڭ | 83.4 | 73.2 | 34.0 | +10.2 | 13.9 | +49.4 | 245.3 |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق پىلە غوزىسى مەھسۇلاتىنى 1985 ـ، 1980 ـ يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: دەن　　　　يىل　　　　ئاي　　　　كۈن

| 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلغا نىسبەتەن —+ | | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلغا نىسبەتەن —+ | | 1980 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1986 ـ يىللىق | ئورۇنلار ئىسمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| % | سانى | % | سانى | | | | |
| 105.0 | +2194.7 | 1.3 | —57.4 | 2090 | 4342.1 | 4284.7 | ئومۇمىي جەمئىي |
| | | | | | | | |
| 41.0 | —20.5 | 26.4 | —10.6 | 50 | 40.1 | 29.5 | قەشقەر شەھىرى |
| 53.6 | +59.0 | 19.1 | —40.0 | 110 | 209 | 169.0 | كونىشەھەر |
| 211.4 | +613.0 | 3.7 | —35.0 | 290 | 938 | 903.0 | يېڭىشەھەر |
| 416.7 | +250.0 | 8.4 | +24.0 | 60 | 286 | 310.0 | يېڭىسار |
| — | — | — | — | — | — | — | يوپۇرغا |
| 349.0 | +34.9 | 72.7 | +18.9 | 10 | 26 | 44.9 | پەيزاۋات |
| — | — | — | — | — | — | — | مارالبېشى |
| 56.8 | +744.4 | 2.5 | —53.6 | 1310 | 2108 | 2054.4 | يەكەن |
| 392.8 | +157.1 | 23.6 | —60.9 | 40 | 258 | 197.1 | پوسكام |
| 146.5 | +307.6 | 24.1 | +100.6 | 210 | 417 | 517.6 | قاغىلىق |
| 491.0 | +49.1 | 1.5 | —0.9 | 10 | 60 | 59.1 | مەكىت |
| — | — | — | — | — | — | — | تاشقورغان |
| — | — | — | — | — | — | — | پەيلۇ مەيدان |
| — | — | — | — | — | — | — | قاراقىلچىن مەيدان |
| | | | | | | | جۇڭگۇچالا |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق بېلىق مەھسۇلاتىنى 1985، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: توننا     يىل     ئاي     كۈن

| ناھىيىلار نامى | 1986- يىللىق | 1985- يىللىق | 1980- يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن + — | | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن + — | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 724.3 | 418 | 187 | +306.3 | 73.3 | +537.3 | 287.3 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 34.0 | 22 | 20.7 | +12 | 54.5 | +13.3 | 64.3 |
| كونىشەھەر | 22.6 | 13.2 | 27.8 | +9.4 | 71.2 | —5.2 | 18.7 |
| يېڭىشەھەر | 30.0 | 15.5 | 4.5 | +14.5 | 93.5 | +25.5 | 566.7 |
| يېڭىسار | 12.5 | 12.5 | 2.0 | — | — | +10.5 | 525.0 |
| يوپۇرغا | 1.1 | 1.0 | 8.0 | +0.1 | 10.0 | —6.9 | 86.3 |
| پەيزاۋات | 14.1 | 8.3 | 3.0 | +5.8 | 69.9 | +11.1 | 370.0 |
| مارالبېشى | 95.0 | 86.0 | 22.0 | +9.0 | 10.5 | +73.0 | 331.8 |
| يەكەن | 156.0 | 99.0 | 44.0 | +57.0 | 57.6 | +112.0 | 254.5 |
| پوسكام | 15.0 | 4.5 | 21.0 | +10.5 | 233.3 | —6.0 | 28.6 |
| قاغىلىق | 14.5 | 26.0 | 22.0 | —11.5 | 44.2 | —7.5 | 34.3 |
| مەكىت | 101.5 | 116.0 | 10.0 | —14.5 | 12.5 | +91.5 | 915.0 |
| تاشقورغان | — | — | — | — | — | — | — |
| ۋىلايەتكە قاراشلىق ئورۇنلار | 228.0 | 5.0 | 2.0 | +223.0 | 4460.0 | +228 | 11300.0 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 1985-، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن　　　يىل　　　ئاي　　　كۈن

| تۈرلەرنىڭ ئىسمى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن + — | | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن + — | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| 1980 - يىللىق ئۆزگەرمەس باھادا ھېسابلاندى | | | | | | | |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 90374.8 | 82184.7 | 43379.7 | +8190.1 | 9.97 | +46995.1 | 108.3 |
| 1. دېھقانچىلىق | 70387.7 | 64414.7 | 32967.3 | +5973.0 | 9.3 | +37420.4 | 113.5 |
| 2. ئورمانچىلىق | 5108.1 | 5550.4 | 2875.2 | —442.3 | 7.97 | +2232.9 | 77.7 |
| 3. چارۋىچىلىق | 8077.7 | 7019.6 | 4881.2 | +1058.1 | 15.1 | +3196.5 | 65.5 |
| 4. قوشۇمچە كەسىپ | 6694.3 | 5142.1 | 2627.4 | +1552.2 | 30.2 | +4066.9 | 154.8 |
| بۇنىڭدىن: كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن سانائەت | | | | | | | |
| 5. بېلىقچىلىق | 106.9 | 57.8 | 1179.5 | +49.1 | 84.9 | +78.3 | 273.8 |
| شۇ يىللىق ئەمەلىي باھا بويىچە ھېسابلاندى | | | 28.6 | | | | |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 114291.9 | 101445.5 | 43379.7 | +12846.4 | 12.7 | +70912.2 | 163.5 |
| 1. دېھقانچىلىق | 84557.0 | 76418.8 | 32967.3 | +8138.2 | 10.6 | +51589.7 | 156.5 |
| 2. ئورمانچىلىق | 7327.2 | 7724.2 | 2875.2 | —397.0 | 5.5 | +4452.0 | 154.8 |
| 3. چارۋىچىلىق | 13966.7 | 10727.4 | 4881.2 | +3239.3 | 30.2 | +9085.5 | 186.1 |
| 4. قوشۇمچە كەسىپ | 8274.5 | 6504.7 | 2627.4 | +1769.8 | 27.2 | +5647.1 | 214.9 |
| بۇنىڭدىن: كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن سانائەت | | | 1179.5 | | | | |
| 5. بېلىقچىلىق | 166.5 | 70.4 | 28.6 | +96.1 | 136.5 | +137.9 | 482.2 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق يېزا ئىگىلىك ئومۇم مەھسۇلات قىممىتىنى 1985 -، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن　　　يىل　　ئاي　　كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن + — | | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن + — | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 90374.9 | 82184.7 | 43379.7 | +8190.2 | 9.9 | +46995.2 | 108.3 |
| | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 1525.0 | 1247.3 | 673.1 | +277.7 | 22.3 | +851.9 | 126.6 |
| كونىشەھەر | 10081.3 | 9706.3 | 4646.5 | +375.0 | 3.8 | +5434.8 | 117.0 |
| يېڭىشەھەر | 7296.6 | 7057.1 | 3751.8 | +239.5 | 3.4 | +3544.8 | 94.5 |
| يېڭىسار | 4826.0 | 4407.6 | 2628.0 | +418.4 | 9.5 | +2198.0 | 83.6 |
| يوپۇرغا | 4186.4 | 3949.5 | 1989.7 | +236.9 | 6.0 | +2196.7 | 110.4 |
| پەيزاۋات | 11215.3 | 9067.0 | 3729.5 | +2148.3 | 23.7 | +7485.8 | 200.7 |
| مارالبېشى | 9328.3 | 9223.8 | 3768.4 | +104.5 | 1.1 | +5559.9 | 147.5 |
| يەكەن | 17262.6 | 15293.8 | 10444.7 | +1968.8 | 12.9 | +6817.9 | 65.3 |
| پوسكام | 5847.9 | 5103.1 | 2688.0 | +744.8 | 14.6 | +3159.9 | 117.6 |
| قاغىلىق | 10214.7 | 9987.4 | 4966.5 | +227.3 | 2.3 | +5248.2 | 105.7 |
| مەكىت | 7583.0 | 6232.3 | 3286.7 | +1350.7 | 21.7 | +4296.3 | 130.7 |
| تاشقورغان | 378.9 | 405.1 | 404.6 | −26.2 | 6.5 | −25.7 | 6.4 |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار | 628.9 | 504.5 | 402.2 | +124.4 | 24.7 | +226.7 | 56.4 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986-يىللىق ئاساسىي ھېسابات ئورۇنلىرىنىڭ دارامەت تەقسىمات ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

| | پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي كىرىم (10 مىڭ يۈەن) | | | | | پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي خىراجەت | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986-يىللىق | 1985-يىللىق | 1980-يىللىق | ± سانى —+1980: 1985-يىلىغا نىسبەتەن —+ | ± سانى —+1980: 1980-يىلىغا نىسبەتەن —+ | 1986-يىللىق | 1985-يىللىق | 1980-يىللىق | ± سانى —+1980: 1985-يىلىغا نىسبەتەن —+ | ± سانى —+1980: 1980-يىلىغا نىسبەتەن —+ |
| جەمئىي | 92861.6 | 67922.7 | 24435.5 | +24938.9 | +68426.1 | 26393.3 | 18757.6 | 8750.1 | +7635.7 | +17643.2 |
| قەشقەر شەھىرى | 2167.4 | 1196.2 | 420.8 | 971.2 | 1746.6 | 564.0 | 313.1 | 150.6 | 250.9 | 413.4 |
| كونىشەھەر | 9276.5 | 7087.8 | 2237.7 | 2188.7 | 7038.8 | 2736.5 | 2083.1 | 847.4 | 653.4 | 1889.1 |
| يېڭىشەھەر | 7485.2 | 5785.3 | 1696.7 | 1699.9 | 5788.5 | 2239.6 | 1554.6 | 652.1 | 685.0 | 1587.5 |
| يېڭىسار | 4454.3 | 3425.6 | 1356.1 | 1028.7 | 3098.2 | 1193.3 | 884.3 | 532.7 | 309.0 | 660.6 |
| يوپۇرغا | 3791.6 | 3010.2 | 1052.0 | 781.4 | 2739.6 | 1106.0 | 772.7 | 277.7 | 333.3 | 828.3 |
| پەيزاۋات | 10945.9 | 6359.4 | 1371.2 | 4586.5 | 9574.7 | 3423.1 | 1980.3 | 549.3 | 1442.8 | 2873.8 |
| قاغىلىق | 11262.1 | 7903.6 | 3597.0 | 3358.5 | 7665.1 | 3171.8 | 2501.3 | 1306.0 | 670.5 | 1865.8 |
| پوسكام | 6402.6 | 4861.5 | 2101.4 | 1541.1 | 4301.2 | 1982.9 | 1675.2 | 877.8 | 307.7 | 1105.1 |
| يەكەن | 20909.3 | 14271.8 | 6362.1 | 6637.5 | 14547.2 | 5940.2 | 3660.1 | 2190.1 | 2280.1 | 3750.1 |
| مەكىت | 6719.8 | 5437.2 | 2292.4 | 1282.6 | 4427.4 | 1671.7 | 1290.5 | 871.0 | 381.2 | 800.7 |
| مارالبېشى | 9120.8 | 8315.0 | 1734.4 | 805.8 | 7386.4 | 2306.2 | 2012.0 | 547.8 | 294.2 | 1758.4 |
| تاشقورغان | 326.3 | 269.2 | 213.7 | 57.1 | 112.6 | 57.9 | 30.4 | 47.6 | 27.5 | 10.3 |

دارامەت تەقسىماتىغا دائىر جەدۋەللەردىكى سانلار، ئۆزى ئىشلەپ ئۆزى ئىستېمال قىلغان ئاشلىقنى ئۆزى ئىشلەتكەن ئاشلىقنى توختام ئۈزۈپ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھېسابلىغان سان ئاساسىدا ئېلىندى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىلىلىق ئاساسىي ھېسابات ئورۇنلىرى دارامەت تەقسىمات ئەھۋالى

| | دېھقانلار دارامىتى (10 مىڭ يۈەن) | | | | | ھەر بىر نوپۇسقا ئوتتۇرىچە توغرا كەلگەن كىرىم (يۈەن) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 ـ يىلىلىق | 1985 ـ يىلىلىق | 1980 ـ يىلىلىق | ± سانى — + 1980: 1985 ـ يىلىغا نىسبەتەن — + | ± سانى — + 1980: 1980 ـ يىلىغا نىسبەتەن — + | 1986 ـ يىلىلىق | 1985 ـ يىلىلىق | 1980 ـ يىلىلىق | ± سانى — + 1980: 1985 ـ يىلىغا نىسبەتەن — + | ± سانى — + 1980: 1980 ـ يىلىغا نىسبەتەن — + |
| جەمئىي | 63728.5 | 45884.4 | 12816.9 | +17844.1 | +50911.6 | 337.58 | 246.98 | 72.52 | +90.60 | +265.06 |
| | | | | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 1506.2 | 838.8 | 231.8 | 669.4 | 1274.4 | 348.97 | 196.83 | 58.70 | 152.14 | 290.27 |
| كونىشەھەر | 6223.3 | 4630.1 | 1113.3 | 1593.2 | 5110.0 | 226.42 | 172.28 | 43.66 | 54.14 | 182.76 |
| يېڭىشەھەر | 4993.7 | 3955.5 | 890.3 | 1038.2 | 4103.4 | 266.93 | 214.41 | 54.00 | 52.52 | 212.93 |
| يېڭىسار | 3106.8 | 2352.7 | 688.9 | 754.1 | 2417.9 | 220.14 | 168.39 | 53.00 | 51.75 | 167.14 |
| يوپۇرغا | 2527.6 | 2072.9 | 630.5 | 454.7 | 1897.1 | 291.24 | 250.37 | 79.00 | 40.87 | 212.24 |
| پەيزاۋات | 7326.9 | 4146.8 | 669.5 | 3180.1 | 6657.4 | 349.92 | 200.50 | 34.93 | 149.42 | 314.99 |
| قاغىلىق | 7869.5 | 5060.9 | 1919.6 | 2808.6 | 5949.9 | 365.82 | 239.23 | 96.00 | 126.59 | 269.82 |
| پوسكام | 4239.2 | 2881.9 | 955.0 | 1357.3 | 3284.2 | 483.63 | 338.59 | 115.00 | 145.04 | 368.63 |
| يەكەن | 14360.4 | 9858.7 | 3454.9 | 4501.7 | 10905.5 | 366.99 | 255.31 | 92.00 | 111.68 | 274.99 |
| مەكىت | 4789.6 | 3877.6 | 1150.5 | 912.0 | 3639.1 | 508.67 | 416.03 | 127.00 | 92.67 | 381.67 |
| مارالبېشى | 6523.9 | 5978.2 | 967.4 | 545.7 | 5556.5 | 464.63 | 426.33 | 72.48 | 38.30 | 392.15 |
| تاشقورغان | 261.5 | 230.3 | 145.2 | 31.2 | 116.3 | 155.5 | 140.45 | 95.98 | 15.05 | 59.52 |

## قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى 1986 - يىللىق يېزا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى بىلىش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| | يېزا ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | ھەر بىر يېزا قىشلاق نوپۇسىغا توغرا كېلىشى (يۈەن) | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە | | | | | 1986 - يىل 1985 - يىلدىن ئاشقان كېمەيگەن ئومۇم مەھسۇلات قىممىتى +— | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يېزا سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يېزا بىناكارلىق كەسپىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | يېزا تىرانسپورت ئومۇم مەھسۇلات قىممىتى | يېزا سودا، يېمەك - ئىچمەك ئومۇمىي مەھسۇلات كەسپىي قىممىتى | سانى | % |
| جەمئىي | 135.565.52 | 666.63 | 114291.86 | 4025.30 | 4926.54 | 2229.54 | 10092.28 | +23269.76 | 20.7 |
| قەشقەر شەھىرى | 3848.19 | 769.04 | 2527.77 | 620.48 | 343.64 | 133.3 | 223.0 | +680.13 | 21.5 |
| كونىشەھەر | 14920.0 | 521.08 | 11775.31 | 200.36 | 635.38 | 191.45 | 2117.5 | +3850.64 | 34.8 |
| يېڭىشەھەر | 10921.4 | 574.42 | 10595.87 | 139.53 | 38.70 | 71.16 | 76.14 | +832.44 | 8.3 |
| يېڭىسار | 6846.69 | 460.48 | 5419.39 | 285.30 | 637.20 | 80.30 | 424.5 | —18.7 | 0.3 |
| يوپۇرغا | 7491.27 | 838.68 | 6133.45 | 470.00 | 489.1 | 163.52 | 235.2 | +931.25 | 14.2 |
| پەيزاۋات | 14040.39 | 639.21 | 11944.36 | 779.40 | 771.73 | 271.20 | 823.7 | +3431.57 | 32.3 |
| مارالبېشى | 15000.23 | 926.37 | 13682.13 | 299.0 | 365.5 | 299.3 | 354.3 | +228.84 | 1.5 |
| يەكەن | 21459.00 | 520.40 | 19736.16 | 755.81 | 182.64 | 245.95 | 538.44 | +1955.26 | 10.0 |
| پوسكام | 9491.20 | 944.57 | 7291.34 | 585.32 | 1056.95 | 322.26 | 235.33 | +1297.45 | 15.8 |
| قاغىلىق | 14753.73 | 637.12 | 13767.73 | 263.6 | 71.60 | 126.2 | 524.6 | +2263.75 | 18.1 |
| مەكىت | 15283.12 | 1383.39 | 10034.92 | 143.4 | 266.9 | 312.9 | 4525.0 | +7623.33 | 99.5 |
| تاشقورغان | 688.97 | 303.90 | 562.10 | 33.1 | 67.2 | 12.0 | 14.57 | —10.18 | 1.5 |
| بىۋاسىتە ئورۇنلار | 821.33 | 824.55 | 827.33 | | | | | +203.98 | 33.0 |

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 1986 - يىللىق يېزا ئىگىلىك زامانىۋىلىشىش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

| ناھىيە شەھەر ئىسمى | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى (ئات كۈچى) | | | | | چوڭ ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور سانى (دانە) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ± سانى — + 1980 | | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ± سانى — + 1980 | |
| | | | | 1985 - يىلغا نىسبەتەن — + | 1980 - يىلغا نىسبەتەن — + | | | | 1985 - يىلغا نىسبەتەن — + | 1980 - يىلغا نىسبەتەن — + |
| جەمئىي | 504.603 | 522.223 | 382.101 | —17620 | + 122502 | 4203 | 4.429 | 3293 | —226 | + 910 |
| قەشقەر شەھىرى | 13194 | 12.982 | 8.099 | + 212 | + 5095 | 91 | 85 | 57 | + 6 | + 34 |
| كونا شەھەر | 44.121 | 44.805 | 39.748 | —684 | + 4373 | 347 | 374 | 333 | —27 | + 14 |
| يېڭى شەھەر | 43.347 | 46.809 | 45.547 | —3462 | —2200 | 344 | 369 | 317 | —25 | + 27 |
| يېڭىسار | 32349 | 28.901 | 20.152 | + 3448 | + 12197 | 240 | 248 | 188 | —8 | + 52 |
| يوپۇرغا | 28.788 | 24.066 | 21.989 | + 4722 | + 6799 | 161 | 147 | 159 | + 14 | + 2 |
| پەيزاۋات | 32991 | 38.380 | 28.971 | —5389 | + 4020 | 240 | 245 | 237 | —5 | + 3 |
| قاغىلىق | 55.498 | 67.264 | 40.120 | —11766 | + 15378 | 631 | 681 | 390 | —50 | + 241 |
| پوسكام | 44.879 | 42.561 | 27.612 | + 2318 | + 17267 | 456 | 446 | 300 | + 10 | + 156 |
| يەكەن | 89865 | 87.304 | 56.816 | + 2561 | + 33049 | 847 | 934 | 646 | —87 | + 201 |
| مەكىت | 46.876 | 43.846 | 31.462 | + 3030 | + 15414 | 400 | 428 | 297 | —28 | + 103 |
| مارالبېشى | 61.869 | 75.097 | 52239 | —13228 | + 9630 | 368 | 402 | 265 | —34 | + 103 |
| تاشقورغان | 3480 | 1.927 | 2619 | + 1553 | + 861 | 29 | 17 | 34 | + 8 | —5 |
| بىۋاسىتە ئورۇنلار | 7354 | 8.281 | 6727 | —927 | + 627 | 49 | 53 | 50 | —4 | —1 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

| ناھىيە شەھەرلەر ئىسمى | كىچىك تىپتىكى تراكتور سانى (دانە) | | | | | تراكتورغا چېتىلىدىغان سايمانلار (دانە) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ± سانى — + 1980 | | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ± سانى — + 1980 | |
| | | | | 1985 - يىلغا نىسبەتەن — + | 1980 - يىلغا نىسبەتەن — + | | | | 1985 - يىلغا نىسبەتەن — + | 1980 - يىلغا نىسبەتەن — + |
| جەمئىي | 4946 | 4188 | 3293 | + 758 | + 1653 | 6496 | 5753 | 5258 | + 743 | + 1238 |
| | | | | | | | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 240 | 238 | 112 | + 2 | + 128 | 149 | 112 | 102 | + 37 | + 47 |
| كونىشەھەر | 626 | 517 | 312 | + 109 | + 314 | 258 | 262 | 420 | —4 | —162 |
| يېڭىشەھەر | 499 | 513 | 124 | —14 | + 375 | 538 | 444 | 531 | + 94 | + 7 |
| يېڭىسار | 523 | 430 | 129 | + 93 | + 394 | 219 | 160 | 160 | + 59 | |
| يوپۇرغا | 265 | 197 | 115 | + 68 | + 150 | 129 | 140 | 175 | —11 | —46 |
| پەيزاۋات | 254 | 252 | 73 | + 2 | + 181 | 337 | 330 | 251 | + 7 | + 86 |
| قاغىلىق | 314 | 218 | 142 | + 96 | + 172 | 688 | 755 | 458 | —67 | + 230 |
| پوسكام | 376 | 262 | 175 | + 114 | + 201 | 599 | 582 | 354 | + 17 | + 245 |
| يەكەن | 1054 | 844 | 210 | + 210 | + 844 | 2139 | 1355 | 637 | + 784 | + 1502 |
| مەكىت | 360 | 273 | 133 | + 87 | + 277 | 449 | 650 | 545 | —201 | —96 |
| مارالبېشى | 397 | 421 | 102 | —24 | + 295 | 892 | 871 | 510 | + 21 | + 382 |
| تاشقورغان | 3 | 3 | 1 | | + 2 | 25 | 31 | 46 | —6 | —21 |
| بىۋاستە ئورۇنلار | 34 | 20 | 18 | + 14 | + 16 | 74 | 61 | 69 | + 13 | + 5 |

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

| | يېزىلاردىكى يۈك ئاپتوموبىل سانى (دانە) | | | | | يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت سانى (توننا) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ± سانى —+ 1980: 1985 - يىلغا نىسبەتەن +— | ± سانى —+ 1980: 1980 - يىلغا نىسبەتەن +— | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ± سانى —+ 1980: 1985 - يىلغا نىسبەتەن +— | ± سانى —+ 1980: 1980 - يىلغا نىسبەتەن +— |
| جەمئىي | 937 | 901 | 465 | +36 | +472 | 67907.2 | 57493.5 | 33635 | +10413.7 | +34272.2 |
| قەشقەر شەھىرى | 39 | 33 | 14 | 6 | 25 | 732.8 | 739.1 | 421.8 | —6.3 | +311.0 |
| كونىشەھەر | 103 | 91 | 39 | 12 | 64 | 10173 | 6606 | 3211.2 | +3567 | +6961.8 |
| يېڭىشەھەر | 78 | 75 | 24 | 3 | 54 | 4488 | 5014 | 2456 | —526 | +2032 |
| يېڭىسار | 56 | 47 | 25 | 9 | 31 | 2384.5 | 1759 | 1504 | +625.5 | +880.5 |
| يوپۇرغا | 65 | 50 | 26 | 15 | 50 | 3555.2 | 1286 | 2039 | +2269.2 | +1516.2 |
| پەيزاۋات | 60 | 57 | 41 | 3 | 19 | 6370.8 | 7032.3 | 1750 | —661.5 | +4620.8 |
| قاغىلىق | 103 | 120 | 62 | —7 | 41 | 6603.1 | 6942 | 5262 | —338.9 | +1341.1 |
| پوسكام | 90 | 84 | 51 | +6 | 39 | 4461 | 4.414 | 2261 | +47 | +2200 |
| يەكەن | 137 | 121 | 90 | 16 | 47 | 16250.2 | 16996 | 8368 | —745.8 | +7882.2 |
| مەكىت | 75 | 76 | 25 | —1 | 50 | 7445 | 10732 | 2660 | —3287 | +4785 |
| مارالبېشى | 97 | 112 | 39 | —5 | 58 | 4779 | 4678 | 3372 | +101 | +1407 |
| تاشقورغان | 14 | 8 | 3 | +6 | 11 | 17 | 50 | 50 | —33 | |
| بىۋاستە ئورۇنلار | 20 | 27 | 25 | —7 | —5 | 647.6 | 904.1 | 264 | —256.5 | +383.6 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى (1)

بىرلىكى: ئورۇن

| | بارلىق كارخانا سانى | ئېغىر يېنىك سانائەت بويىچە ئايرىلمىسى | | ئىقتىسادىي تۈرلەر بويىچە ئايرىلىشى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | يېنىك سانائەت | ئېغىر سانائەت | ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكى | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى | يۇرتلۇق ئېھىدىن | | دۆلەت ۋە كوللېكتىپ بىرلەشكىنى | باشقا سانائەت |
| | | | | | | شەھەر بازار | يېزا كەنت | | |
| جەمئىي | 595 | 394 | 201 | 137 | 458 | 33 | 273 | | |
| قەشقەر شەھىرى | 86 | 48 | 38 | 21 | 65 | 17 | 15 | | |
| كونىشەھەر | 50 | 37 | 13 | 7 | 43 | | 38 | | |
| يېڭىشەھەر | 35 | 7 | 6 | 13 | 22 | | 14 | | |
| يېڭىسار | 52 | 37 | 15 | 10 | 42 | 2 | 31 | | |
| يوپۇرغا | 19 | 17 | 2 | 6 | 13 | | 9 | | |
| پەيزاۋات | 27 | 21 | 6 | 5 | 22 | 2 | 11 | | |
| قاغىلىق | 57 | 31 | 26 | 15 | 42 | | 21 | | |
| پوسكام | 65 | 36 | 29 | 12 | 53 | | 46 | | |
| يەكەن | 105 | 72 | 33 | 11 | 94 | 10 | 60 | | |
| مەكىت | 40 | 27 | 13 | 8 | 32 | 2 | 15 | | |
| مارالبېشى | 35 | 29 | 6 | 10 | 25 | | 13 | | |
| تاشقورغان | 3 | 1 | 2 | 2 | 1 | | | | |
| بىۋاسىتە ئورۇنلار | 21 | 15 | 6 | 17 | 4 | | | | |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1980 - يىللىق ئومۇمىي سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى (2)

بىرلىكى : ئورۇن

| | كۆمۈرچىلىك | قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە قەغەزسىز ماتېرىيال ياسىمىچىلىق | تۇزچىلىق | ئوزۇقا مۇۋى كەسپى | يېمەك - ئىچمەكلىك سانائىتى | يەم - خەشەك سانائىتى | توقۇمىچىلىق سانائىتى | كىيىم - كېچەك تىكىش كەسپى | خۇرۇمچىلىق، يۇڭچىلىق، تېرىچىلىك سانائىتى | ياغاچچىلىق ۋە تال توقۇمىچىلىق | ئۆي جاھازلىرى سانائىتى | قەغەزچىلىك سانائىتى | باسمىچىلىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 13 | 7 | 1 | 7 | 169 | 5 | 59 | 40 | 16 | 16 | 9 | 1 | 16 |
| قەشقەر شەھىرى | 1 | 3 | | 1 | 11 | 1 | 6 | 6 | 3 | 5 | 3 | | 3 |
| كونىشەھەر | | | | | 19 | | 4 | 5 | | 3 | 1 | 1 | 1 |
| يېڭىشەھەر | 2 | | | | 18 | | 1 | 1 | | | | | 1 |
| يېڭىسار | 1 | | | 1 | 16 | | 1 | 5 | | | | | 2 |
| يوپۇرغا | | | | 1 | 11 | | 2 | 1 | | | | | 1 |
| پەيزاۋات | | | | | 13 | | 1 | 1 | 2 | | 1 | | 1 |
| قاغىلىق | 2 | | | 1 | 9 | 1 | 7 | 2 | 3 | | 1 | | 1 |
| پوسكام | 1 | | | 1 | 16 | 2 | 7 | 1 | | 3 | 1 | | 2 |
| يەكەن | 4 | 1 | | 1 | 27 | 1 | 14 | 8 | 3 | 3 | 2 | | 1 |
| مەكىت | 1 | | | 1 | 9 | | 6 | 4 | 2 | 1 | | | 1 |
| مارالبېشى | | 1 | 1 | | 15 | | 5 | 3 | 2 | | | | 1 |
| تاشقورغان | | | | | | | | 1 | | | | | |
| بىۋاستە ئورۇنلار | 1 | 2 | | | 5 | | 5 | 2 | 1 | 1 | | | 1 |

ئىزاھات : ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىنىدىغان ۋە مۇستەقىل ھېسابات قىلىنمايدىغان بارلىق سانائەت كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ناھىيىلەر بويىچە سانىنى بىلىش جەدۋىلى ( داۋامى 1 )

بىرلىكى : ئورۇن

| | گۈزەل ـ سەنئەت سانائىتى | توك، گاز ئىشلەش ۋە تەمىنلەش | خىمىيە سانائىتى | رېزىنكە سانائىتى | سۇلياۋ سانائىتى | مېتال بۇيۇملىرى سانائىتى | ماشىنىسازلىق سانائىتى | قاتناش ئۈسكۈنىلىرى سانائىتى | باشقا سانائەتلەر | قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە غەيرى مېتال بۇيۇملىرى سانائىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 16 | 59 | 5 | 1 | 2 | 21 | 25 | 10 | 18 | 78 |
| قەشقەر شەھىرى | 4 | | 3 | 1 | 1 | 3 | 5 | 6 | 2 | 18 |
| كونىشەھەر | | 10 | | | | 3 | | | | 4 |
| يېڭىشەھەر | 1 | 3 | | | | 2 | 1 | | | 4 |
| يېڭىسار | 3 | 5 | | | | 1 | 2 | | 8 | 7 |
| يوپۇرغا | | 1 | | | | 1 | 1 | | | |
| پەيزاۋات | | 2 | | | | | 2 | | | 2 |
| قاغىلىق | 2 | 9 | | | | 2 | 2 | 1 | 3 | 10 |
| پوسكام | 1 | 10 | 1 | | | 1 | 6 | 1 | | 10 |
| يەكەن | 4 | 9 | 1 | | | 1 | 2 | 1 | 5 | 15 |
| مەكىت | | 7 | | | | 3 | 1 | | | 4 |
| مارالبېشى | 1 | 1 | | | | 3 | 1 | | | 3 |
| تاشقورغان | | 1 | | | | 1 | 1 | | | |
| بىۋاستە ئورۇنلار | | 1 | | | | | 1 | 1 | 1 | 1 |

ئىزاھات : ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ۋە مۇستەقىل ھېسابات قىلمايدىغان بارلىق سانائەت كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (داۋامى2)

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1980-يىللىق باھا) | ئېغىر يېنىك سانائەت بويىچە | | ئىقتىسادىي تۈرلەر بويىچە ئايرىلىشى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | يېنىك سانائەت | ئېغىر سانائەت | ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى | يېزىلىق ئىچىدىكى | | دۆلەت-كوللېكتىپ بىرلەشمە كارخانا | باشقا سانائەت |
| | | | | | | شەھەر-بازاردىكى | يېزىلاردىكى | | |
| جەمئىي | 33816.46 | 28741.23 | 5075.23 | 13538.01 | 20278.45 | | | | |
| قەشقەر شەھىرى | 3239.12 | 1916.13 | 1322.99 | 1167.81 | 2071.31 | 299.50 | 294.11 | | |
| كونىشەھەر | 1310.89 | 1249.50 | 61.39 | 244.61 | 1066.28 | | 432.00 | | |
| يېڭىشەھەر | 2282.70 | 2059.43 | 223.27 | 700.10 | 1586.00 | | 96.50 | | |
| يېڭىسار | 1407.20 | 1055.80 | 351.40 | 358.80 | 1048.40 | 2.40 | 164.20 | | |
| يوپۇرغا | 1306.25 | 1256.18 | 50.07 | 351.52 | 954.73 | | 77.63 | | |
| پەيزاۋات | 1243.49 | 1172.40 | 71.09 | 254.70 | 988.71 | 9.30 | 20.70 | | |
| قاغىلىق | 3476.25 | 3161.70 | 314.55 | 279.48 | 2176.77 | | 753.76 | | |
| پوسكام | 1590.66 | 1025.99 | 564.67 | 619.16 | 971.50 | | 337.40 | | |
| يەكەن | 5336.73 | 4708.88 | 627.85 | 1328.32 | 4008.41 | 3205.98 | 370.00 | | |
| مەكىت | 2465.45 | 2374.59 | 90.86 | 401.46 | 2063.99 | 2.27 | 24.32 | | |
| مارالبېشى | 3322.00 | 3274.00 | 48.00 | 336.00 | 2986.00 | | 95.00 | | |
| تاشقورغان | 13.41 | 10.10 | 3.31 | 3.31 | 10.10 | | | | |
| بىۋاستە ئورۇنلار | 7024.66 | 5690.11 | 1334.55 | 6503.39 | 521.27 | | | | |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى 1985 - ، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى : 10 مىڭ يۈەن     يىل     ئاي     كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن — + | | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن — + | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 33816.6 | 27876.7 | 15637.7 | +5939.9 | 21.3 | +18178.9 | 116.3 |
| قەشقەر شەھىرى | 3239.1 | 2735.9 | 1613.9 | +503.2 | 18.4 | +1625.2 | 100.7 |
| كونىشەھەر | 1108.5 | 686.9 | 352.9 | +421.6 | 61.4 | +755.6 | 214.1 |
| يېڭىشەھەر | 2282.7 | 1769.0 | 755.9 | +513.7 | 29.0 | +1526.8 | 202.0 |
| يېڭىسار | 1407.2 | 771.4 | 351.7 | +635.8 | 82.4 | +1055.5 | 300.1 |
| يوپۇرغا | 1306.3 | 1439.9 | 563.3 | —133.6 | 9.3 | +743.0 | 131.9 |
| پەيزاۋات | 1243.5 | 929.2 | 323.6 | +314.3 | 33.8 | +919.9 | 284.3 |
| مارالبېشى | 3322.0 | 2782.0 | 718.1 | +540.0 | 19.4 | +2603.9 | 362.6 |
| يەكەن | 5336.7 | 4278.5 | 2474.4 | +1058.2 | 24.7 | +2862.3 | 115.7 |
| پوسكام | 1590.7 | 1028.5 | 455.0 | +562.2 | 54.7 | +1135.7 | 249.6 |
| قاغىلىق | 3476.3 | 2471.0 | 1207.8 | +1005.3 | 40.7 | +2268.5 | 187.8 |
| مەكىت | 2465.5 | 2032.1 | 933.9 | +433.4 | 21.3 | +1531.6 | 164.0 |
| تاشقورغان | 13.4 | 17.5 | 21.1 | —4.1 | 23.4 | —7.7 | 36.5 |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار | 7024.7 | 6935.1 | 5866.1 | +89.6 | 1.3 | +1158.6 | 19.8 |

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، شەھەر بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى

( داۋامى 3 )

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| | 1986 - يىللىق: ئۆزگەرمەس باھادا ھېسابلانغىنى | 1986 - يىللىق: ھازىرقى باھادا ھېسابلانغىنى | 1985 - يىللىق ئۆزگەرمەس باھادا ھېسابلانغىنى | 1980 - يىللىق ئۆزگەرمەس باھادا ھېسابلانغىنى | 1986 - يىلى 1985 - يىلدىكىدىن ئېشىپ كەتكەن + — % | 1986 - يىلى 1980 - يىلدىكىدىن ئېشىپ كەتكەن + — % |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 33816.46 | 46996.47 | 27876.70 | 15637.74 | +21.31 | +116.25 |
| قەشقەر شەھىرى | 3239.12 | 3611.74 | 2735.90 | 1613.87 | +18.39 | +100.71 |
| كونىشەھەر | 1108.54 | 1818.55 | 686.90 | 352.92 | +61.38 | +214.11 |
| يېڭىشەھەر | 2282.70 | 2773.79 | 1167.00 | 755.88 | +95.60 | +201.99 |
| يېڭىسار | 1407.20 | 1719.10 | 771.40 | 351.74 | +82.42 | +300.07 |
| يوپۇرغا | 1306.25 | 1503.69 | 1439.90 | 563.27 | —2.80 | +131.90 |
| پەيزىۋات | 1243.49 | 1498.61 | 929.21 | 323.58 | +33.82 | +284.29 |
| قاغىلىق | 3476.25 | 3816.67 | 2471.00 | 1207.83 | +40.68 | +187.81 |
| پوسكام | 1590.66 | 1995.54 | 1028.47 | 455.02 | +54.66 | +249.58 |
| يەكەن | 5336.73 | 6122.51 | 4278.46 | 2474.44 | +24.73 | +115.67 |
| مەكىت | 2465.45 | 2644.41 | 3032.09 | 933.94 | —18.69 | +163.98 |
| مارالبېشى | 3322.00 | 3960.00 | 2782.00 | 718.14 | +19.41 | +362.58 |
| تاشقورغان | 13.41 | 17.79 | 17.53 | 21.06 | —23.50 | —36.33 |
| بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 7024.66 | 9514.07 | 6933.08 | 5866.05 | +1.32 | +19.75 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق مۇستەقىل ھېساباتلىق كارخانىلىرىنىڭ سانائەت ساپ قىممىتىنىڭ ناھىيە بويىچە ستاتىستىكا جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن (شۇ يىللىق باھادا ھېسابلاندى).

| | 1986 - يىللىق: جەمئىي | 1986 - يىللىق: ئومۇمىخەلق مۈلۈكچىلىكى | 1986 - يىللىق: كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن +—% | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن +—% |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 6980.52 | 4625.42 | 2355.10 | 6253.22 | 4664.22 | +11.63 | +49.66 |
| قەشقەر شەھىرى | 976.71 | 408.63 | 568.08 | 842.47 | 475.4 | +15.93 | +105.45 |
| كونىشەھەر | 147.69 | 65.88 | 81.81 | 181.80 | 116.13 | —18.76 | +27.18 |
| يېڭىشەھەر | 274.47 | 255.14 | 19.33 | 278.60 | 95.40 | —1.48 | +187.70 |
| يېڭىسار | 485.65 | 250.19 | 235.46 | 300.40 | 125.20 | +61.68 | +287.90 |
| يوپۇرغا | 112.68 | 53.08 | 59.60 | 193.60 | 33.40 | —41.80 | +237.36 |
| پەيزاۋات | 132.19 | 62.42 | 69.77 | 109.50 | 57.80 | +25.30 | +128.70 |
| قاغىلىق | 379.82 | 203.71 | 176.11 | 304.50 | 262.30 | +24.74 | +44.80 |
| پوسكام | 747.69 | 234.62 | 513.07 | 479.90 | 190.70 | +55.80 | +292.08 |
| يەكەن | 757.28 | 438.78 | 318.50 | 639.62 | 371.88 | +18.40 | +103.64 |
| مەكىت | 133.54 | 97.85 | 35.69 | 106.2 | 66.91 | +27.63 | +99.58 |
| مارالبېشى | 188.75 | 77.32 | 111.43 | 195.77 | 132.90 | —4.59 | +42.02 |
| تاشقورغان | 5.36 | 2.16 | 3.20 | 9.70 | 15.92 | —44.74 | —66.33 |
| بىۋاستە ئورۇنلار | 2638.69 | 2475.64 | 163.05 | 2611.16 | 2720.28 | +1.05 | —3.00 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېساب قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ساپ مەھسۇلات قۇرۇلمىسى (5)

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن　　　(شۇ يىللىق ئەمەلىي باھادا ھېسابلاندى)

| | كارخانا سانى (ئورۇن) | سانائەت ساپ مەھسۇلات قىممىتى | ئېرىشىشكە تېگىشلىك پايدا ۋە باج | مۇئاش | پاراۋانلىق فوندى (ئىشچى-خىزمەتچىلەر) | ئۆسۈم چىقىمى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 131 | 4625.42 | 2105.09 | 1927.84 | 205.82 | 91.2 | 295.47 |
| قەشقەر شەھىرى | 17 | 408.63 | 150.27 | 174.77 | 21.78 | 25.41 | 36.40 |
| كونىشەھەر | 7 | 65.88 | 22.16 | 28.56 | 2.99 | 3.50 | 8.67 |
| يېڭىشەھەر | 13 | 255.14 | 127.17 | 103.19 | 10.88 | 7.36 | 6.54 |
| يېڭىسار | 10 | 250.19 | 127.38 | 87.66 | 7.28 | —0.05 | 27.92 |
| يوپۇرغا | 6 | 53.08 | 20.81 | 23.13 | 2.98 | 0.12 | 6.04 |
| پەيزاۋات | 5 | 62.42 | 23.30 | 20.77 | 1.75 | 0 | 16.60 |
| قاغىلىق | 13 | 203.71 | 108.89 | 78.37 | 9.17 | 2.77 | 4.51 |
| پوسكام | 9 | 234.62 | 118.69 | 73.73 | 8.98 | 6.63 | 26.59 |
| يەكەن | 10 | 438.78 | 214.78 | 192.57 | 19.37 | —1.12 | 13.18 |
| مەكىت | 6 | 97.85 | 49.46 | 41.77 | 4.89 | —0.08 | 1.81 |
| مارالبېشى | 9 | 77.32 | 24.16 | 40.4 | 2.43 | 4.34 | 5.99 |
| تاشقورغان | 2 | —0.23 | —3 | 2.40 | 0.20 | 0 | 0.17 |
| بىۋاسىتە ئورۇنلار | 14 | 2475.64 | 1120.02 | 1059.14 | 113.02 | 42.42 | 141.04 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلار سانائەت ساپ مەھسۇلات قىممىتى (2)

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن (شۇ يىللىق باھادا ھېسابلاندى)

| | كارخانا سانى (ئورۇن) | سانائەت ساپ مەھسۇلات قىممىتى | ئېرىشكەن تېگىشلىك پايدا ۋە باج | ئىش ھەققى | ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق فوندى | ئومۇمى چىقىمى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 283 | 2355.10 | 712.26 | 1058.30 | 89.09 | 104.48 | 390.97 |
| قەشقەر شەھىرى | 55 | 568.08 | 212.04 | 262.03 | 27.63 | 17.52 | 48.86 |
| كونىشەھەر | 6 | 81.81 | 24.60 | 29.68 | 2.95 | 23.28 | 1.30 |
| يېڭىشەھەر | 4 | 19.33 | 2.82 | 10.74 | 0.73 | 0.04 | 5.00 |
| يېڭىسار | 42 | 235.46 | 75.16 | 98.94 | 5.73 | 12.90 | 42.73 |
| يوپۇرغا | 4 | 59.60 | 12.33 | 28.49 | 2.39 | 13.50 | 2.89 |
| پەيزاۋات | 22 | 69.77 | 28.20 | 33.80 | 5.57 | 1.10 | 1.10 |
| قاغىلىق | 40 | 176.11 | 44.11 | 93.00 | 5.27 | 10.46 | 23.27 |
| پوسكام | 39 | 513.07 | 134.08 | 163.26 | 7.39 | 11.43 | 196.91 |
| يەكەن | 37 | 318.50 | 76.65 | 168.41 | 17.28 | 1.08 | 55.08 |
| مەكىت | 7 | 35.69 | 15.32 | 17.36 | 1.73 | 1.28 | |
| مارالبېشى | 23 | 111.43 | 17.95 | 83.20 | 4.22 | 1.08 | 4.98 |
| تاشقورغان | 1 | 3.20 | 0.90 | 1.70 | 0.10 | | 0.50 |
| بىۋاستە ئورۇنلار | 3 | 163.05 | 68.10 | 67.69 | 8.10 | 10.81 | 8.35 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى (6)

| | ھېسابلاش بىرلىكى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن % — + | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن % — + |
|---|---|---|---|---|---|---|
| خام كۆمۈر | 10 مىڭ توننا | 25.85 | 27.00 | 16.50 | —4.26 | +56.67 |
| پىششىق كۆمۈر | 〃 〃 | 0.33 | 0.67 | 0.53 | —50.75 | —37.74 |
| تارقىتىلغان توك مىقدارى | 10 مىڭ كىلوۋات | 13819.57 | 12388.03 | 6688 | +11.56 | +106.63 |
| سېمونت | 10 مىڭ توننا | 7.22 | 5.43 | 4.84 | +32.97 | +49.17 |
| پاختا يىپ | توننا | 5073.30 | 4327.00 | 4188.28 | +17.25 | +21.13 |
| پاختا رەخ | 10 مىڭ مېتر | 3298.50 | 2916.80 | 2977.00 | +13.09 | +10.80 |
| بويالغان رەخ | 〃 〃 | 1872.00 | 1745.00 | 2005.80 | +7.28 | —6.67 |
| ئىلما توقۇلما ماللارنىڭ يىپىقا سۇندۇرۇلىشى | توننا | 161.17 | 125.00 | 70.26 | +28.94 | +129.39 |
| ئاق ھاراق | 〃 〃 | 320.91 | 471.40 | 352.90 | —31.92 | —9.06 |
| ئۈزۈم ھارىقى | 〃 〃 | 56.00 | 107.30 | 0 | —47.81 | 0 |
| خروم | 10 مىڭ تاختا | 3.05 | 5.30 | 3.10 | —39.00 | —1.61 |
| خروم ئاياغ | 10 مىڭ كىشىلىك | 7.55 | 20.30 | 11.60 | —62.81 | —34.91 |
| كېلەم | 10 مىڭ $m^2$ | 0.37 | 0.63 | 1.80 | —41.27 | —79.44 |
| تۆمۈردىن ياسىغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى | 10 مىڭ دانە | 39.73 | 7.20 | 27.67 | +451.80 | +43.59 |
| قەغەز | توننا | 437 | 121.00 | 78.90 | +261.16 | +453.87 |
| سوپۇن | 〃 〃 | 766.12 | 620.00 | 467.40 | +23.57 | +63.91 |
| ئاق يىپەك | 〃 〃 | 18.92 | 10.5 | 8.24 | +80.19 | +129.61 |

ناھىيە ( شەھەر ) دىكى سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئومۇمىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى

بىرلىكى : 10 مىڭ يۈەن/كىشى

| | ئومۇمىخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت | | | | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كارخانا سانى | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچى ئوتتۇرىچە سانى | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى | كارخانا سانى | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچى ئوتتۇرىچە سانى | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى |
| جەمئىي | 121 | 12777.03 | 15690 | 8143.42 | 283 | 14673.72 | 10624 | 13811.86 |
| قەشقەر شەھىرى | 17 | 408.63 | 1496 | 2731.48 | 55 | 1730.79 | 3068 | 5639.60 |
| كونىشەھەر | 7 | 233.96 | 305 | 7670.82 | 6 | 644.93 | 294 | 21936.39 |
| يېڭىشەھەر | 13 | 700.10 | 884 | 7919.68 | 4 | 58.92 | 111 | 5308.11 |
| يېڭىسار | 10 | 358.80 | 683 | 5253.29 | 42 | 1048.40 | 858 | 12219.11 |
| يوپۇرغا | 6 | 351.52 | 188 | 18697.87 | 4 | 877.10 | 268 | 32727.61 |
| پەيزاۋات | 5 | 254.70 | 213 | 11957.75 | 22 | 788.79 | 339 | 23268.14 |
| قاغىلىق | 13 | 903.08 | 670 | 13478.81 | 40 | 1582.51 | 1319 | 11997.80 |
| پوسكام | 9 | 610.89 | 565 | 10812.21 | 39 | 751.51 | 1214 | 6190.36 |
| يەكەن | 10 | 1307.72 | 1627 | 8037.62 | 37 | 3738.55 | 1733 | 21572.71 |
| مەكىت | 6 | 385.63 | 286 | 13483.57 | 7 | 71.20 | 249 | 2859.44 |
| مارالبېشى | 9 | 323.00 | 427 | 7564.40 | 23 | 2454.00 | 707 | 34710.04 |
| تاشقورغان | 2 | 1.37 | 13 | 1053.85 | 1 | 10.10 | 28 | 3667.14 |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار | 14 | 6302.70 | 8332 | 7564.45 | 3 | 510.72 | 436 | 11713.76 |

## ناھىيە ( شەھەر ) لەرنىڭ 1986 - يىلدىكى ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق مالىيە تەننەرقى جەدۋىلى (8)

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| بارلىق ئاۋار مەھسۇلات تەننەرقى | مەھسۇلات بېلەن ئۆتكۈزۈلگەن قىممىتى | مۇقىم مۈلۈكنىڭ ساپ قىممىتى | يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى | تاپشۇرغان پايدا باج | زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيىنى | پايدا ئالغان كارخانىلارنىڭ پايدىسى | سېتىلغان مەھسۇلات كىرىمى | كارخانا ئورۇن سانى: زىيان تارتقانلىرى | كارخانا ئورۇن سانى: جەمئىي | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 11689.65 | 1845.93 | 19374.63 | 27567.08 | 565.08 | 282.02 | 1047.32 | 13373.73 | 17 | 121 | جەمئىي |
| 868.73 | 173.98 | 1175.23 | 1692.18 | 33.01 | 13.28 | 95.57 | 1204.98 | 2 | 17 | قەشقەر شەھىرى |
| 272.57 | 33.80 | 563.64 | 661.59 | 4.70 | 4.10 | 26.60 | 351.55 | 2 | 7 | كونىشەھەر |
| 490.91 | 96.97 | 910.63 | 1112.76 | 47.71 | | 67.34 | 500.33 | | 13 | يېڭىشەھەر |
| 373.98 | 47.14 | 631.99 | 785.37 | 42.56 | 2.29 | 112.00 | 380.63 | 2 | 10 | يېڭىسار |
| 105.62 | 6.70 | 207.15 | 304.40 | 9.39 | 0.08 | 24.92 | 128.84 | 1 | 6 | يوپۇرغا |
| 78.50 | 16.40 | 431.30 | 491.30 | 2.70 | | 21.70 | 95.30 | | 5 | پەيزاۋات |
| 716.14 | 72.77 | 1102.84 | 1358.42 | 49.34 | 11.24 | 106.01 | 729.34 | 2 | 13 | قاغىلىق |
| 572.25 | 63.74 | 727.12 | 997.35 | 11.35 | | 107.48 | 688.52 | | 9 | پوسكام |
| 1294.44 | 154.42 | 1627.48 | 2356.73 | 96.91 | 0.50 | 177.41 | 1486.08 | 1 | 10 | يەكەن |
| 305.74 | 28.08 | 245.38 | 378.08 | 16.48 | | 42.64 | 182.94 | | 6 | مەكىت |
| 333.52 | 29.64 | 388.93 | 538.45 | 8.53 | 1.60 | 21.35 | 330.96 | 1 | 9 | مارالبېشى |
| 9.69 | 2.35 | 89.71 | 92.74 | 0.11 | 1.93 | 0.53 | 7.69 | 1 | 2 | تاشقورغان |
| 6187.55 | 1119.94 | 11273.24 | 16797.71 | 242.89 | 247.00 | 243.57 | 7286.77 | 5 | 14 | بىۋاستە ئورۇنلار |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسلىق مالىيە تەننەرقى جەدۋىلى (9)

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| | كارخانا ئورۇنلىرى سانى: جەمئىي | بۇنىڭدىن زىيان تارتقانلار | سېتىلغان مەھسۇلات كىرىمى | پايدا تاپقان كارخانىلارنىڭ پايدىسى | زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ زىيىنى | تاپشۇرغان پايدا باج | مۇقىم مۈلۈكنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئەسلى قىممىتى | مۇقىم مۈلۈكنىڭ ساپ قىممىتى | [illegible] | [illegible] |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 283 | 2 | 7110.24 | 565.78 | 2.58 | 49.80 | 5396.15 | 4356.04 | | |
| قەشقەر شەھىرى | 55 | | 1618.58 | 77.83 | | 3.18 | 1106.32 | 883.05 | | |
| كونىشەھەر | 6 | | 107.45 | 24.20 | | 0.21 | 183.59 | 166.71 | | |
| يېڭىشەھەر | 4 | | 34.23 | 0.66 | | 0.03 | 38.80 | 24.30 | | |
| يېڭىسار | 42 | 1 | 1329.02 | 71.59 | 0.40 | | 306.27 | 176.57 | | |
| يوپۇرغا | 4 | | 036.10 | 15.25 | | 10.25 | 142.70 | 124.90 | | |
| پەيزاۋات | 22 | | 193.20 | 48.60 | | 2.20 | 452.40 | 439.85 | | |
| قاغىلىق | 40 | 1 | 325.44 | 43.51 | 1.10 | 0.90 | 550.40 | 498.47 | | |
| پوسكام | 39 | 1 | 586.22 | 118.48 | 1.08 | 25.96 | 1374.60 | 1169.81 | | |
| يەكەن | 37 | | 690.26 | 40.86 | | 3.47 | 611.27 | 446.77 | | |
| مەكىت | 7 | | 69.61 | 2.13 | | 0.60 | 55.00 | 24.26 | | |
| مارالبېشى | 23 | | 233.04 | 48.60 | | 0.13 | 340.23 | 298.89 | | |
| تاشقورغان | 1 | | 10.10 | 0.10 | | 0.10 | 9.30 | 5.90 | | |
| بىۋاستە ئورۇنلار | 3 | | 876.99 | 9.97 | | 2.76 | 218.67 | 96.97 | | |

## دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى ۋە تەمىنلەش سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ تاۋار كىرگۈزۈش سېتىش ساقلاش ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى: ( 10 مىڭ يۈەن )

| | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن +—% | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن +—% |
|---|---|---|---|---|---|
| I دۆلەت ئىچىدە سېتىۋېلىنغانلىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى | 45292 | 40580 | 18957 | +11.61 | +138.9 |
| 1. دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىدىن سېتىۋالغىنى | 33191 | 29812.9 | | +11.33 | |
| 2. سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن سېتىۋالغانلىرى سوممىسى | 12031 | 9973.1 | | +20.63 | |
| II مەملىكەت ئىچىدە سېتىلغانلىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى | 49555 | 47231.1 | 35101 | +4.92 | +41.18 |
| 1. ئاھالىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا پارچە سېتىلغانلىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى | 27654 | 26650.7 | | +3.76 | |
| بۇنىڭدىن: شەھەرلەردە پارچە سېتىلغانلىرى سوممىسى | 10607 | 9081.3 | | +16.8 | |
| ناھىيەلەردە پارچە سېتىلغانلىرى سوممىسى | 10698 | 1124.3 | | —4.85 | |
| ناھىيەدىن تۆۋەن ئورۇندا سېتىلغانلىرى | 6349 | 6326.4 | | +3.57 | |
| 2. دېھقانلارغا پارچە سېتىلغان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى | 8681 | 8512.6 | | +1.98 | |
| ساپ سېتىلغانلىرىنىڭ ئىچىدە | | | | | |
| 1. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودىغا سېتىلغىنى | 2066 | 1653.9 | | +24.92 | |
| 2. خۇسۇسىي سودىغا سېتىلغىنى | 1352 | 1341.1 | | +0.81 | |
| III مەزگىل ئاخىرىدا ئىسكىلاتتا ساقلانغانلار سوممىسى | 41025 | 47489.2 | 26788 | —13.61 | +53.15 |

## ناھىيە شەھەرلەردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى، سودا كوپىراتىپلارنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىشى، ئامبار قالدۇقى ۋە ئىجتىمائىي تاۋارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى

بىرلىكى: ( 10 مىڭ يۈەن )

| | دۆلەت ئىچىدىن سېتىۋالغانلىرىنىڭ ئومۇم سوممىسى | دۆلەت ئىچىدە سېتىلغانلىرىنىڭ ئومۇم سوممىسى | مەزگىل ئاخىرقى قالدۇقى ئومۇم سوممىسى | ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇم سوممىسى |
|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 45292 | 49555 | 41025 | 67784 |
| قەشقەر شەھىرى | 13413 | 18956 | 10992 | 22441 |
| كونىشەھەر | 2554 | 2773 | 2774 | 3930 |
| يېڭىشەھەر | 2845 | 2542 | 2954 | 3593 |
| يېڭىسار | 1641 | 1872 | 2180 | 2557 |
| يوپۇرغا | 1567 | 1439 | 1016 | 3082 |
| پەيزاۋات | 1622 | 1870 | 1940 | 4017 |
| قاغىلىق | 3505 | 4338 | 3687 | 5453 |
| پوسكام | 2519 | 2937 | 2350 | 4333 |
| يەكەن | 7831 | 6548 | 5065 | 9133 |
| مەكىت | 3898 | 2687 | 3982 | 4155 |
| مارالبېشى | 3835 | 3114 | 3922 | 4565 |
| تاشقورغان | 62 | 479 | 163 | 527 |
| بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | | | | |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇم سوممىسىنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| | 1986 - يىلى | 1985 - يىلى | 1980 - يىلى | 1986- يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن ± % | 1986- يىلى 1980- يىلغا نىسبەتەن ± % |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى | 67784 | 63039.4 | 31896 | +7.53 | +125.5 |
| ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى دېھقانلارنىڭ غەيرىي ئاھالىگە ساتقىنى بۇنىڭ سىرتىدا | 56751 | 55938.1 | | +1.45 | |
| 1. تاۋارلارنىڭ رولى بويىچە ئايرىغاندا | | | | | |
| (1) ئاھالىلەر ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارغا پارچە سېتىلغىنى | 47627 | 46943 | 26071 | +1.46 | +82.68 |
| (2) دېھقانلارغا سېتىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش مىقدارى | 9124 | 8995.1 | 5825 | +1.43 | +56.63 |
| 2. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا | | | | | |
| (1) پارچە سېتىش سوممىسى | 46780 | 47607.8 | 28892 | —1.74 | +61.91 |
| (2) يېمەك - ئىچمەكنى پارچە سېتىش سوممىسى | 3752 | 3736.9 | 1529 | +0.4 | +145.4 |
| (3) سانائەتنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى | 4113 | 3298.6 | 879 | +24.69 | +367.9 |
| (4) باشقا ساھەلەرنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى | 2106 | 1294.8 | 596 | +62.65 | +253.3 |
| I دېھقانلارنىڭ بازاردا ساتقىنى | 11033 | 7101.3 | | +55.37 | |
| قوشۇمچە ماتېرىيال | | | | | |
| يېزا - بازار سودا مىقدارى | 2295 | 20658.5 | | —88.91 | |
| شەھەر يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلار بازار سودا مىقدارى | 6903 | 4825.6 | | +43.05 | |

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 1986 – يىللىق ئاساسىي ماددىي ئەشيا ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال قىلىش ئەھۋالىنى يىغىش جەدۋىلى

| | بىرلىكى | 1986 – يىللىق | | | | 1985 – يىللىق | | | | 1980 – يىللىق | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي ئىستېمال | بۆلۈنگەندە: ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى | ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى | يىل ئاخىرقى ئىسكىلات قالدۇقى | جەمئىي ئىستېمال | بۆلۈنگەندە: ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى | قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى | يىل ئاخىرقى ئىسكىلات قالدۇقى | جەمئىي ئىستېمال | بۆلۈنگەندە: ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى | قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى | يىل ئاخىرقى ئىسكىلات قالدۇقى |
| كۆمۈر | توننا | 106869 | 106731 | 138 | 25551 | 104812 | 104724 | 88 | 33963 | 78895 | 78014 | 881 | 5944 |
| پىششىق كۆمۈر | // | 1406 | 1406 | | 4221 | 1689 | 1689 | | 4704 | 722 | 676 | 46 | 261 |
| بېنزىن | // | 14742 | 14615 | 127 | 582 | 14090 | 13942 | 148 | 1677 | 4441 | 3936 | 565 | 2437 |
| مەيلەۋكە | // | 8861 | 8600 | 261 | 625 | 8191 | 8009 | 182 | 584 | 2663 | 2191 | 472 | 495 |
| چويۇن | // | 709 | 707 | 2 | 589 | 557 | 557 | | 545 | 508 | 567 | 1 | 6998 |
| پولات | // | 7111 | 3517 | 3594 | 6469 | 6140 | 3287 | 2853 | 5997 | 3965 | 1857 | 2108 | 6655 |
| مىس | كىلو | 2300 | 2300 | | 10000 | 2700 | 2700 | | 3900 | 8092 | 4492 | 3600 | 8445 |
| ئاليۇمىن | // | 2400 | 2400 | | 6900 | 1200 | 1200 | | 4800 | 2600 | 900 | 1700 | 23640 |
| قوغۇشۇن | // | 17400 | 17400 | | 23900 | 11100 | 11100 | | 12800 | 5812 | 5700 | 112 | 14452 |
| سىنىك | // | 100 | 100 | | 4500 | 100 | 100 | | 2500 | 890 | 790 | 100 | 6097 |
| مىس ماتېرىيالى | // | 6100 | 6100 | | 13000 | 6500 | 6500 | | 18100 | 5244 | 3962 | 1282 | 25995 |
| ئاليۇمىن ماتېرىيالى | // | | | | 3700 | 56400 | 56400 | | 3000 | 5206 | 4965 | 241 | 4866 |
| كۆڭگۈرت كىسلاتاسى | توننا | 130 | 130 | | 167 | 93 | 93 | | 201 | 449 | 449 | | 9.9 |
| كويدۈرگۈچ ئىشقار | // | 367 | 367 | | 197 | 273 | 273 | | 442 | 697 | 297 | 400 | 74 |
| سېمونت | // | 25005 | 5247 | 19758 | 10527 | 26792 | 4743 | 22049 | 7259 | 20686 | 3267 | 17419 | 10391 |
| ياغاچ | $m^3$ | 6441 | 3463 | 2978 | 1392 | 8392 | 3783 | 4609 | 3158 | 11755 | 3443 | 8312 | 8143 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى سانى ئىش ھەققى

بىرلىكى : كىشى

| | يىل ئاخىرقى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچى سانى | | | | | يىللىق ئوتتۇرىچە ئىشچى - خىزمەتچى سانى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ئاشقان كېمەيگەن سانى (±) | | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ئاشقان كېمەيگەن سانى (±) | |
| | | | | 1985 - يىلدىن | 1980 - يىلدىن | | | | 1985 - يىلدىن | 1980 - يىلدىن |
| جەمئىي | 105414 | 101736 | 93493 | + 3678 | + 11921 | 104071 | 100549 | 91051 | + 3522 | + 13020 |
| 1. سانائەت ئورۇنلىرى | 16278 | 15440 | 17463 | + 838 | —1185 | 15842 | 15268 | 17582 | + 574 | —1740 |
| 2. بىناكارلىق | 2113 | 1766 | 2709 | + 347 | —596 | 2277 | 2016 | 2680 | + 261 | - 403 |
| 3. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ۋە ھاۋارايى | 114.90 | 12480 | 11703 | —990 | —213 | 11488 | 2237 | 11530 | —749 | —42 |
| 4. قاتناش پوچتا تېلېگراف | 7665 | 6759 | 2295 | + 906 | + 5370 | 7744 | 6727 | 2296 | + 1017 | + 5448 |
| 5. سودا يېمەك - ئىچمەك سېتىش سىستېمىسى | 10149 | 10303 | 18228 | —154 | —8079 | 10179 | 10237 | 18221 | —58 | —8042 |
| 6. ئۆي، مۈلۈك، ئىجتىمائىي مۇلازىمىتى | 1420 | 1523 | 842 | —103 | + 578 | 1558 | 1466 | 861 | + 92 | + 697 |
| 7. پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى | 548 | 689 | 610 | —141 | —62 | 525 | 676 | 630 | —151 | —105 |
| 8. مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە، پاراۋانلىق | 37163 | 35640 | 26269 | + 1523 | + 10894 | 36257 | 34992 | 24281 | + 1265 | + 11976 |
| 9. ئىدارىلار | 18588 | 17136 | 13374 | + 1452 | + 5214 | 18201 | 16930 | 12970 | + 1271 | + 5231 |

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىسانى ۋە ئىش ھەققى

| | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى | | | | | ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى (يۈەن) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | ± سانى 1985 ـ يىلدىن | ± سانى 1980 ـ يىلدىن | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | ± سانى 1985 ـ يىلدىن | ± سانى 1980 ـ يىلدىن |
| جەمئىي | 16767.55 | 13824.28 | 7767.02 | +2943.27 | 490.0053 | 1611.17 | 1374.88 | 853.04 | +236.29 | +758.13 |
| 1. سانائەت ئورۇنلىرى | 2515.11 | 1887.13 | 1499.53 | +627.98 | +1015.58 | 1587.62 | 1236.00 | 852.88 | +351.62 | +734.74 |
| 2. بىناكارلىق | 330.64 | 266.35 | 284.72 | +64.29 | +45.92 | 1452.09 | 1321.18 | 1062.39 | +130.91 | +389.70 |
| 3. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ۋە ھاۋارايى | 1477.33 | 1299.57 | 778.99 | +177.76 | +698.34 | 1285.98 | 1062.00 | 675.56 | +223.98 | +610.42 |
| 4. قاتناش پوچتا تېلېگراف | 1371.11 | 1010.90 | 220.12 | +360.21 | +7156.99 | 1770.55 | 1502.75 | 958.71 | +267.80 | +811.84 |
| 5. سودا يېمەك ـ ئىچمەك سىستېمىسى | 1537.18 | 1205.03 | 1551.01 | +332.15 | —13.83 | 1510.15 | 1177.13 | 851.22 | +333.02 | +658.93 |
| 6. ئۆي، مۈلۈك، ئىجتىمائىي مۇلازىمىتى | 237.49 | 185.76 | 75.66 | +51.73 | +161.83 | 1524.33 | 1267.12 | 878.75 | +257.21 | +645.58 |
| 7. پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى | 86.52 | 88.67 | 66.65 | +2.15 | +19.87 | 1648.— | 1311.69 | 1057.94 | +336.31 | +590.06 |
| 8. مەدەنىي مائارىپ سەھىيە، پاراۋانلىق | 6112.78 | 5230.13 | 2101.45 | +882.65 | +4011.33 | 3299.31 | 1494.66 | 865.47 | +1804.65 | +243484 |
| 9. ئىدارىلار | 3099.39 | 2650.74 | 1188.89 | +448.65 | +1910.50 | 1702.87 | 1565.71 | 916.65 | +137.16 | +786.22 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق بازاردىن يۇقىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچى سانى ۋە ئىش ھەققى

بىرلىكى : كىشى

| | يىل ئاخىرقى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچى | | | | | يىللىق ئوتتۇرىچە ئىشچى - خىزمەتچى سانى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ئاشقان كېمەيگەن سانى ± 1985 - يىلدىن | ئاشقان كېمەيگەن سانى ± 1980 - يىلدىن | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ئاشقان كېمەيگەن سانى ± 1985 - يىلدىن | ئاشقان كېمەيگەن سانى ± 1980 - يىلدىن |
| جەمئىي | 18220 | 22131 | | —3911 | | 18051 | 21433 | | —3382 | |
| 1. سانائەت ئورۇنلىرى | 6134 | 7705 | | —1571 | | 5789 | 7265 | | —1476 | |
| 2. بىناكارلىق ئورۇنلىرى | 3890 | 5653 | | —1763 | | 4395 | 5899 | | —1504 | |
| 3. يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرى | 53 | 354 | | —301 | | 53 | 352 | | —299 | |
| 4. ترانسپورت پوچتا | 24 | 17 | | +7 | | 24 | 16 | | +8 | |
| 5. سودا سېستىمىسى | 7480 | 7284 | | +196 | | 7164 | 6777 | | +387 | |
| 6. شەھەر جامائەت ئىشلىرى | 48 | 124 | | —76 | | 48 | 154 | | 106 | |
| 7. مەدەنىي مائارىپ سەھىيە ئورۇنلىرى | 29 | 154 | | —125 | | 29 | 154 | | —125 | |
| 8. باشقۇرۇش ئورۇنلىرى | 562 | 840 | | —278 | | 548 | 816 | | —268 | |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق بازاردىن يۇقىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچى سانى ۋە ئىش ھەققى

| | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | | | | | ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى (يۈەن) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ± سانى: 1985 - يىلدىن | ± سانى: 1980 - يىلدىن | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | ± سانى: 1985 - يىلدىن | ± سانى: 1980 - يىلدىن |
| جەمئىي | 2119.11 | 2214.96 | | —95.85 | | 1173.96 | 1033.43 | | +140.53 | |
| 1. سانائەت ئورۇنلىرى | 564.01 | 641.72 | | —77.71 | | 974.43 | 883.30 | | +91.13 | |
| 2. بىناكارلىق ئورۇنلىرى | 521.21 | 628.91 | | —107.70 | | 1185.92 | 1066.13 | | +119.79 | |
| 3. يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرى | 7.42 | 60.12 | | —52.70 | | 1400.— | 1707.95 | | —307.95 | |
| 4. ترانسپورت پوچتا | 3.23 | 1.45 | | +1.78 | | 1345.83 | 906.25 | | +439.58 | |
| 5. سودا سېتىقى | 940.20 | 779.79 | | +160.41 | | 1312.40 | 1150.64 | | +161.76 | |
| 6. شەھەر جامائەت ئىشلىرى | 1.99 | 11.03 | | —9.04 | | 414.58 | 716.23 | | —301.65 | |
| 7. مەدەنىي مائارىپ سەھىيە ئىشلىرى | 1.04 | 11.62 | | —10.58 | | 358.62 | 754.55 | | —395.93 | |
| 8. باشقۇرۇش ئورۇنلىرى | 83.01 | 80.30 | | —0.29 | | 1460.04 | 984.31 | | +475.73 | |

**قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 1986 - يىللىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 1985 - ۋە 1980 - يىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى**

بىرلىكى: كىشى    يىل    ئاي    كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلىغا نىسبەتەن ± | | 1985 - يىلى 1980 - يىلىغا نىسبەتەن ± | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 105414 | 101736 | 93493 | +3678 | +3.62 | +11921 | +12.75 |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار | 26167 | 23869 | 20325 | +2298 | +9.63 | +5842 | +28.74 |
| قەشقەر شەھىرى | 11611 | 12124 | 10176 | —513 | —4.23 | +1435 | +14.10 |
| كونىشەھەر | 7615 | 6720 | 4980 | +895 | +13.32 | +2635 | +52.91 |
| يېڭىشەھەر | 6709 | 6514 | 6219 | +195 | +2.99 | +490 | 7.88 |
| يېڭىسار | 5715 | 5399 | 4887 | +316 | +5.85 | +828 | +16.94 |
| يوپۇرغا | 3608 | 3537 | 3664 | +71 | +2.00 | —56 | —1.55 |
| پەيزاۋات | 5236 | 5231 | 5019 | +5 | +0.10 | +217 | +4.32 |
| مارالبېشى | 6254 | 6131 | 5966 | +123 | +2.00 | +288 | 4.83 |
| يەكەن | 13063 | 12994 | 13132 | +69 | +0.53 | —69 | —0.53 |
| پوسكام | 5010 | 4574 | 4402 | +436 | +9.53 | +608 | +13.81 |
| قاغىلىق | 8148 | 8444 | 8551 | —296 | —3.63 | —403 | —4.95 |
| مەكىت | 4514 | 4439 | 4534 | +75 | +1.69 | —20 | —0.44 |
| تاشقورغان | 1764 | 1760 | 1638 | +4 | +0.23 | +126 | +7.69 |

ئىزاھات: بۇ جەدۋەلدىكى سانلار ئومۇمخەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىنى كۆرسىتىدۇ.

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 – يىللىق ئوتتۇرىچە ئىشچى – خىزمەتچى سانىنى 1985 –، 1980 – يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: كىشى     يىل     ئاي     كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 – يىللىق | 1985 – يىللىق | 1980 – يىللىق | 1986 – يىلى 1985 – يىلغا نىسبەتەن ± | | 1986 – يىلى 1980 – يىلغا نىسبەتەن ± | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 104071 | 100549 | 91051 | +3522 | +3.50 | +13020 | +14.30 |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار | 25754 | 23418 | 20217 | +2336 | +9.98 | +5537 | +27.39 |
| قەشقەر شەھىرى | 11818 | 12240 | 10175 | —422 | —3.45 | +1643 | +16.15 |
| كونىشەھەر | 7215 | 6771 | 4894 | +444 | +6.56 | +2321 | +47.43 |
| يېڭىشەھەر | 6886 | 6397 | 6226 | +489 | +7.64 | +660 | +10.60 |
| يېڭىسار | 5533 | 5394 | 4859 | +139 | +2.58 | +674 | +13.87 |
| يوپۇرغا | 3565 | 3402 | 3623 | +163 | +4.79 | —58 | —1.60 |
| پەيزاۋات | 5205 | 5155 | 4878 | +50 | +9.70 | +327 | +6.70 |
| مارالبېشى | 6194 | 5986 | 5899 | +208 | +3.47 | +295 | +5.00 |
| يەكەن | 12754 | 12885 | 11908 | —131 | —1.02 | +846 | +7.10 |
| پوسكام | 4778 | 4448 | 3742 | +330 | +7.42 | +1036 | +27.69 |
| قاغىلىق | 8186 | 8388 | 8534 | —202 | —2.41 | —348 | —4.08 |
| مەكىت | 4453 | 4299 | 4485 | +154 | +3.58 | —32 | —0.72 |
| تاشقورغان | 1730 | 1764 | 1611 | —34 | —1.93 | +119 | +7.39 |

ئىزاھات: بۇ جەدۋەلدىكى سانلار ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى – خىزمەتچىنى كۆرسىتىدۇ.

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق ئىش ھەققى ئومۇم سوممىسىنى 1985 ، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: كىشى    يىل    ئاي    كۈن

| 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن ± | | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن ± | | 1980 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1986 - يىللىق | ئورۇنلار ئىسمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| % | سانى | % | سانى | | | | |
| +115.88 | +9000.53 | +21.29 | +2943.27 | 7767.02 | 13824.28 | 16767.55 | ئومۇمىي جەمئىي |
| +98.87 | +908.24 | +14.03 | +224.77 | 918.65 | 1602.12 | 1826.89 | قەشقەر شەھىرى |
| +174.42 | +734.36 | +20.37 | +195.56 | 421.03 | 959.83 | 1155.39 | كونىشەھەر |
| +91.37 | +463.71 | +14.18 | +120.59 | 507.50 | 850.62 | 971.21 | يېڭىشەھەر |
| +120.83 | +447.74 | +17.24 | +120.30 | 370.55 | 697.99 | 818.29 | يېڭىسار |
| +103.06 | +290.08 | +27.56 | +123.50 | 281.48 | 448.06 | 571.56 | يوپۇرغا |
| +98.10 | +396.34 | +8.53 | +62.87 | 404.00 | 737.47 | 800.34 | پەيزاۋات |
| +112.32 | +5.957 | +18.45 | +153.00 | 462.60 | 829.17 | 982.17 | مارالبېشى |
| +84.81 | +901.29 | +21.91 | +353.03 | 1062.76 | 1611.02 | 1964.05 | يەكەن |
| +103.14 | +346.64 | —7.75 | —5.33 | 336.08 | 688.05 | 682.72 | پوسكام |
| +86.27 | +525.54 | +10.26 | +105.60 | 609.16 | 1029.10 | 1134.70 | قاغىلىق |
| +101.85 | +371.79 | +19.19 | +118.61 | 365.05 | 618.23 | 736.84 | مەكىت |
| +100.29 | +161.30 | +23.14 | +60.54 | 160.83 | 261.59 | 322.13 | تاشقورغان |
| +157.13 | +2933.99 | +36.72 | +1289.55 | 1867.27 | 3511.71 | 4801.26 | ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار |

ئىزاھات: بۇ جەدۋەلدىكى سانلار ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىش ھەققىنى كۆرسىتىدۇ.

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنى 1985 ـ، 1980 ـ يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: يۈەن   يىل   ئاي   كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1886 ـ يىلى 1985 ـ يىلغا نىسبەتەن ± | | 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلغا نىسبەتەن ± | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 1611.17 | 1374.88 | 853.04 | +236.29 | +17.19 | +758.13 | +88.87 |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار | 1864.28 | 1499.58 | 523.61 | +364.70 | +24.32 | +940.67 | +101.85 |
| قەشقەر شەھىرى | 1545.85 | 1308.92 | 902.85 | +236.93 | +18.10 | +643.00 | +71.22 |
| كونىشەھەر | 1601.35 | 1417.56 | 860.03 | +183.79 | +12.96 | +741.32 | +86.20 |
| يېڭىشەھەر | 1410.41 | 1329.72 | 815.13 | +80.69 | +6.07 | +595.28 | +73.03 |
| يېڭىسار | 1478.93 | 1294.01 | 762.61 | +184.92 | +14.29 | +716.32 | +93.93 |
| يوپۇرغا | 1603.25 | 1317.05 | 776.93 | +286.20 | +21.73 | +826.32 | +106.36 |
| پەيزاۋات | 1537.64 | 1430.59 | 828.21 | +107.05 | +7.48 | +709.43 | +85.66 |
| مارالبېشى | 1585.68 | 1385.18 | 784.20 | +200.50 | +14.48 | +801.48 | +102.20 |
| يەكەن | 1539.95 | 1250.31 | 892.48 | +289.64 | +23.17 | +647.47 | +72.55 |
| پوسكام | 1428.88 | 1546.88 | 898.13 | —118.— | —7.63 | +530.75 | +59.10 |
| قاغىلىق | 1386.15 | 1226.87 | 713.80 | +159.28 | +12.98 | +672.35 | +94.19 |
| مەكىت | 1654.71 | 1438.08 | 813.94 | +216.63 | +15.06 | +840.77 | +173.30 |
| تاشقورغان | 1862.02 | 1482.93 | 998.32 | +379.09 | +25.56 | +863.70 | +86.52 |

ئىزاھات: بۇ جەدۋەلدىكى سانلار ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى كۆرسىتىدۇ.

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىل ئاخىردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنى 1985 ـ ۋە 1980 ـ يىل بىلەن سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: كىشى          يىل          ئاي          كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلغا نىسبەتەن ± | | 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلغا نىسبەتەن ± | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 18220 | 22131 | | —3911 | —17.67 | | |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار | 885 | 1004 | | —119 | —11.85 | | |
| قەشقەر شەھىرى | 3625 | 3762 | | —137 | —3.64 | | |
| كونىشەھەر | 608 | 1138 | | —530 | —46.57 | | |
| يېڭىشەھەر | 1763 | 1888 | | —125 | —6.62 | | |
| يېڭىسار | 594 | 1334 | | —740 | —55.47 | | |
| يوپۇرغا | 655 | 902 | | —247 | —27.38 | | |
| پەيزاۋات | 663 | 971 | | —308 | —31.72 | | |
| مارالبېشى | 1687 | 1970 | | —283 | —14.37 | | |
| يەكەن | 4024 | 3569 | | +455 | +12.75 | | |
| پوسكام | 1021 | 1799 | | —778 | —43.25 | | |
| قاغىلىق | 1407 | 2352 | | —945 | —40.18 | | |
| مەكىت | 1228 | 1328 | | —100 | —7.53 | | |
| تاشقورغان | 60 | 114 | | —54 | —47.37 | | |

ئىزاھات: بۇ جەدۋەل كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانىنى كۆرسىتىدۇ.

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق ئوتتۇرىچە ئىشچى - خىزمەتچى سانىنى 1985 -، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: كىشى — يىل ئاي كۈن

| ئورۇنلار نامى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن ± | | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن ± | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 18051 | 21433 | | —3382 | —15.78 | | |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار | 866 | 983 | | —117 | —11.90 | | |
| قەشقەر شەھىرى | 4104 | 3840 | | +264 | +6.88 | | |
| كونىشەھەر | 603 | 1020 | | —417 | —40.88 | | |
| يېڭىشەھەر | 1716 | 1811 | | —95 | —5.52 | | |
| يېڭىسار | 557 | 1170 | | —613 | —52.39 | | |
| يوپۇرغا | 660 | 847 | | —187 | —22.08 | | |
| پەيزاۋات | 671 | 954 | | —283 | —29.66 | | |
| مارالبېشى | 1682 | 1893 | | —211 | —11.15 | | |
| يەكەن | 3551 | 3621 | | —70 | —1.93 | | |
| پوسكام | 1007 | 1868 | | —861 | —46.09 | | |
| قاغىلىق | 1392 | 2110 | | —718 | —34.03 | | |
| مەكىت | 1183 | 1202 | | —19 | —1.58 | | |
| تاشقورغان | 60 | 114 | | —54 | —47.37 | | |

ئىزاھات: بۇ جەدۋەلدىكى سانلار كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىچە سانىنى كۆرسىتىدۇ.

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق ئىش ھەققى ئومۇم سوممىسىنى 1985 ـ، 1980 ـ يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن　　　　يىل　　ئاي　　كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلغا نىسبەتەن ± | | 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلغا نىسبەتەن ± | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 2119.11 | 2214.96 | | −95.85 | −4.33 | | |
| قەشقەر شەھىرى | 420.48 | 381.69 | | +38.79 | +10.16 | | |
| كونىشەھەر | 71.05 | 172.42 | | −101.37 | −58.79 | | |
| يېڭىشەھەر | 210.42 | 205.51 | | +4.91 | +2.39 | | |
| يېڭىسار | 48.89 | 100.82 | | −51.93 | −51.51 | | |
| يوپۇرغا | 76.92 | 78.19 | | −1.27 | −1.62 | | |
| پەيزاۋات | 92.60 | 100.86 | | −8.26 | −8.19 | | |
| مارالبېشى | 249.82 | 191.38 | | +58.44 | +30.54 | | |
| يەكەن | 391.44 | 342.96 | | +48.48 | +14.14 | | |
| پوسكام | 101.83 | 201.60 | | −99.77 | −49.49 | | |
| قاغىلىق | 141.18 | 179.62 | | −38.44 | −21.40 | | |
| مەكىت | 171.72 | 116.33 | | +55.39 | +47.62 | | |
| تاشقورغان | 11.12 | 16.09 | | −4.97 | −30.89 | | |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار | 148.61 | 127.49 | | +21.12 | +16.57 | | |

ئىزاھات: بۇ جەدۋەلدىكى سانلار كوللېكتىپ ئۇلۇشچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىش ھەققىنى كۆرسىتىدۇ

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنى 1985 -، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: يۈەن　　　　　يىل　　　ئاي　　　كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن ± سانى | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن ± % | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن ± سانى | 1986 - يىلى 1980 - يىلغا نىسبەتەن ± % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 1173.96 | 1033.43 | | +140.53 | +13.60 | | |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلار | 1716.05 | 1296.95 | | +419.10 | +32.31 | | |
| قەشقەر شەھىرى | 1024.56 | 993.98 | | +30.58 | +3.08 | | |
| كوناشەھەر | 1178.28 | 1690.39 | | —512.11 | —30.30 | | |
| يېڭىشەھەر | 1226.22 | 1134.79 | | +91.43 | +8.06 | | |
| يېڭىسار | 877.74 | 861.71 | | +16.03 | +1.86 | | |
| يوپۇرغا | 1165.46 | 923.14 | | +242.32 | +26.25 | | |
| پەيزاۋات | 1380.03 | 1057.23 | | +322.80 | +30.53 | | |
| مارالبېشى | 1485.26 | 1010.99 | | +474.27 | +46.91 | | |
| يەكەن | 1102.34 | 947.14 | | +155.20 | +16.39 | | |
| پوسكام | 1011.22 | 1079.23 | | —68.01 | —6.30 | | |
| قاغىلىق | 1014.22 | 851.28 | | +162.94 | +19.14 | | |
| مەكىت | 1451.56 | 967.80 | | +483.76 | +49.99 | | |
| تاشقورغان | 1853.33 | 1411.40 | | +441.93 | +31.31 | | |

ئىزاھات: بۇ جەدۋەلدىكى سانلار كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنى كۆرسىتىدۇ.

## قەشقەر ۋىلايىتى 1986 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلەغلەرنىڭ تارماقلار بويىچە ئورۇنلىنىشى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| | مەبلەغ پىلانى | جەمئىي | | | | دۆلەت مەبلىغى | | | | ئۆزى چىقارغان مەبلەغ | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1986 - يىلى ± | | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1986 - يىلى ± | | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1986 - يىلى ± | |
| | | | | سانى | % | | | سانى | % | | | سانى | % |
| جەمئىي | 9216 | 7569 | 6836 | +733 | 10.7 | 1995 | 1626 | +369 | 22.7 | 3502 | 4649 | —547 | 13.5 |
| 1. سانائەت | 2942 | 2417 | 853 | +1564 | 183.4 | 215 | 45 | +170 | 377.8 | 631 | 696 | —65 | 9.3 |
| 2. بىناكارلىق | — | — | — | | | — | — | | | — | — | | |
| 3. يېزا ئىگىلىك | 705 | 303 | 233 | +70 | 30.0 | 128 | 266 | —138 | 51.88 | 165 | 153 | +12 | 7.8 |
| 4. قاتناش | 185 | 98 | 139 | —41 | 29.5 | — | 110 | —110 | 100 | 98 | 29 | +69 | 237.9 |
| 5. سودا | 917 | 792 | 307 | +485 | 158.0 | 70 | 93 | —23 | 24.7 | 519 | 660 | —141 | 21.4 |
| 6. پەن تەتقىقات | 77 | 67 | 6 | +61 | 1017.0 | — | — | | | 67 | 44 | +23 | 52.3 |
| 7. مەدەنىي-مائارىپ | 1948 | 1793 | 1559 | +234 | 15.0 | 802 | 578 | +224 | 38.8 | 718 | 1112 | +394 | 35.4 |
| 8. شەھەر قۇرۇلۇش | 898 | 846 | 694 | +152 | 21.9 | 556 | 130- | +426 | 327.7 | 290 | 518 | —228 | 44.0 |
| 9. باشقىلار | 1544 | 1253 | 1133 | +120 | 10.6 | 224 | 404 | +180 | 44.6 | 1014 | 837 | +177 | 21.1 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن سالغان مەبلەغ ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

| | بىرلىكى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1985 ـ يىلىغا نىسبەتەن ± | | 1980 ـ يىلىغا نىسبەتەن ± | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | سانى | % | سانى | % |
| يىل بېشىدىن يىل ئاخىرىغىچە ئورۇنلانغان مەبلەغ جەمئىي | 10 مىليون يۈەن | 11708 | 6367 | 4454 | +5341 | 83.9 | +7254 | 162.9 |
| بۇنىڭدىن: قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى | 〃 〃 | 6145 | 5371 | | +774 | 14.4 | +6145 | 100 |
| ئۈسكۈنىلەر سېتىۋالغىنى | 〃 〃 | 1316 | 850 | | +466 | 54.8 | +1316 | 100 |
| جۈملىدىن: ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش | 〃 〃 | 7318 | 2439 | | +4879 | 200 | +7318 | 100 |
| غەيرى ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش | 〃 〃 | 4390 | 3902 | 863 | +488 | 12.5 | +3527 | 408.7 |
| بۇنىڭدىن: ئائىلە ياتاق | 〃 〃 | 1228 | 967 | 54 | +261 | 26.9 | +1174 | 2174 |
| يىل بېشىدىن يىل ئاخىرىغىچە قوشۇلغان مۇقىم مۈلۈك مەبلىغىنىڭ جەمئىسى | 〃 〃 | 5880 | 4924 | | +956 | 19.4 | +5880 | 100 |
| يىل بېشىدىن تارتىپ ئىش باشلىغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى | 〃 〃 | 456156 | 302537 | | +153619 | 50.8 | 456156 | 100 |
| بۇنىڭدىن: ئائىلە ياتاق | m² 〃 | 78246 | 64061 | | +14185 | 22.1 | 78246 | 100 |
| يىل بېشىدىن يىل ئاخىرىغىچە ئەمەلىي پۈتتۈرگەن ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى | 〃 〃 | 245248 | 166492 | 53498 | +78756 | 47.3 | +191750 | 358.4 |
| بۇنىڭدىن: ئائىلە ياتاق | 〃 〃 | 42914 | 42060 | | +854 | 2 | +42914 | 100 |
| شۇ يىلى ئىش باشلىغان تۈرلەر | تۈر | 214 | 230 | | | | | |
| بۇنىڭدىن: شۇ يىلى يېڭىدىن ئىش باشلىغىنى | 〃 〃 | 127 | 201 | | | | | |
| بۇنىڭدىن: ئومۇمیۈزلۈك پۈتتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرغىنى | 〃 〃 | 82 | | | | | | |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق ئورۇندالغان مەبلەغنى 1985 ـ، 1980 ـ يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن     يىل     ئاي     كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1986- يىل 1985- يىلغا نىسبەتەن ± | | 1986- يىل 1980- يىلغا نىسبەتەن ± | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 7569 | 6367 | 4454.1 | +1202 | 18.9 | +3114.9 | 69.9 |
| ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 2696 | 1781 | 2652.5 | +915 | 51.4 | +43.5 | 1.6 |
| قەشقەر شەھىرى | 1159 | 1157 | 231 | +2 | 0.2 | +928 | 401.7 |
| كونىشەھەر | 156 | 55 | 49.4 | +101 | 183.6 | +106.6 | 215.8 |
| يېڭىشەھەر | 132 | 191 | 103.4 | —59 | 30.9 | +28.6 | 27.7 |
| يېڭىسار | 666 | 509 | 215.5 | +157 | 30.8 | +450.5 | 209 |
| يوپۇرغا | 70 | 97 | 85 | —27 | 27.8 | —15 | 17.6 |
| پەيزاۋات | 411 | 670 | 45 | —259 | 38.7 | +366 | 813.3 |
| مارالبېشى | 416 | 218 | 196.7 | +198 | 90.8 | +219.3 | 111.5 |
| يەكەن | 534 | 565 | 366.2 | —31 | 5.5 | +167.8 | 45.8 |
| پوسكام | 797 | 350 | 134 | +447 | 127.7 | +663 | 494.8 |
| قاغىلىق | 289 | 385 | 138.6 | —96 | 24.9 | +150.4 | 108.5 |
| مەكىت | 162 | 281 | 104.7 | —119 | 42.3 | +57.3 | 54.7 |
| تاشقورغان | 86 | 108 | 131.8 | —22 | 20.4 | —45.8 | 34.7 |

## دۆلەتنىڭ 1986 ـ يىلى قەشقەرگە سالغان مەبلەغنى 1985 ـ ۋە 1980 ـ يىل بىلەن سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن          يىل          ئاي          كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 ـ يىلدىكى | 1985 ـ يىلدىكى | 1980 ـ يىلدىكى | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلغا نىسبەتەن ± | | 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلغا نىسبەتەن ± | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 2001 | 1626 | 2512.2 | +375 | 23.1 | —511.2 | 20.4 |
| بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 649 | 757 | 2048.2 | —108 | 14.3 | —1399.2 | 68.3 |
| قەشقەر شەھىرى | 455 | 164 | 169 | +291 | 177.4 | +286 | 169.2 |
| كونىشەھەر | 68 | 32 | 1.3 | +36 | 112.5 | +55 | 423.1 |
| يېڭىشەھەر | | / | 17.8 | | | —17.8 | 100 |
| يېڭىسار | 56 | 51 | 7.3 | +5 | 9.8 | +48.7 | 667.1 |
| يوپۇرغا | 4 | 8 | 9.0 | —4 | 50 | —5 | 55.6 |
| پەيزاۋات | 317 | 428 | 18.0 | —111 | 25.9 | +299 | 1661.1 |
| مارالبېشى | 86 | 42 | 11.5 | +44 | 104.8 | +74.5 | 647.8 |
| يەكەن | 78 | 55 | 65.7 | +23 | 41.8 | +12.3 | 18.7 |
| پوسكام | 220 | / | 62.0 | +220 | 100 | +158 | 240.5 |
| قاغىلىق | | / | 55.3 | | | —55.3 | 100 |
| مەكىت | 10 | 10 | 14.5 | | | —4.5 | 31 |
| تاشقورغان | 58 | 79 | 21.0 | +21 | 26.6 | +37 | 176.2 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق دۆلەتتىن قەرز ئالغان مەبلەغنى 1985 - ، 1980 - يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن يىل ئاي كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 - يىللىق | 1985 - يىللىق | 1980 - يىللىق | 1986 - يىلى 1985 - يىلغا نىسبەتەن ± | | 1986 - يىلى 1980 يىلغا نىسبەتەن ± | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 1912 | 646 | 1249.5 | +1266 | 196 | +662.5 | 53.02 |
| قەشقەر شەھىرى | 470 | 54 | 22.4 | +416 | 770 | +447.7 | 1998.2 |
| كونىشەھەر | / | / | 34.5 | + | | —34.5 | 1100 |
| يېڭىشەھەر | / | / | 72.5 | | | —72.5 | 100 |
| يېڭىسار | 406 | 152 | 151.4 | +254 | 167 | +254.6 | 16802 |
| يوپۇرغا | 9 | / | 45.5 | +9 | 100 | —36.5 | 80.2 |
| پەيزاۋات | 8 | 122 | 25.0 | —114 | 93.4 | —17 | 68 |
| مارالبېشى | / | 32 | 126.5 | —32 | 160 | —126.5 | 100 |
| يەكەن | 25 | 25 | 300.5 | | | —275.5 | 91.7 |
| پوسكام | 502 | / | 72.0 | +502 | 100 | +430 | 597.2 |
| قاغىلىق | / | 7 | 34.0 | —7 | 100 | —34 | 100 |
| مەكىت | / | / | 79.5 | | | —79.5 | 100 |
| تاشقورغان | / | / | 41.2 | | | —41.2 | 100 |
| بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 492 | 254 | 221.4 | +238 | 83.7 | +270.6 | 122.2 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 ـ يىللىق كارخانىلار ئۆزى چىقارغان مەبلەغنى 1985 ـ، 1980 ـ يىللارغا سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن     يىل     ئاي     كۈن

| ئورۇنلار ئىسمى | 1986 ـ يىللىق | 1985 ـ يىللىق | 1980 ـ يىللىق | 1986 ـ يىلى 1985 ـ يىلغا نىسبەتەن ± | | 1986 ـ يىلى 1980 ـ يىلغا نىسبەتەن ± | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | سانى | % | سانى | % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 3502 | 4049 | 422.3 | —547 | 13.5 | +3079.7 | 729.3 |
| بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار | 1556 | 765 | 111.4 | +791 | 103.4 | +1444.6 | 1296.8 |
| قەشقەر شەھىرى | 149 | 932 | 33.5 | —783 | 84 | +115.5 | 344.8 |
| كونىشەھەر | 88 | 23 | 1.9 | +65 | 282.6 | +86.1 | 4531.6 |
| يېڭىشەھەر | 132 | 191 | 0.1 | —59 | 30.9 | +131.9 | 131900 |
| يېڭىسار | 204 | 306 | 56.8 | —102 | 33.3 | +147.2 | 259.2 |
| يوپۇرغا | 55 | 89 | 30.5 | —34 | 38.2 | +24.5 | 80.3 |
| پەيزاۋات | 53 | / | — | +53 | 100 | +53 | 100 |
| مارالبېشى | 330 | 144 | 58.7 | +186 | 129.2 | +271.3 | 462.2 |
| يەكەن | 431 | 476 | — | —45 | 9.5 | +431 | 100 |
| پوسكام | 75 | 332 | — | —257 | 77.4 | +75 | 100 |
| قاغىلىق | 249 | 371 | 49.3 | —122 | 32.9 | +199.7 | 405.1 |
| مەكىت | 152 | 271 | 10.7 | —119 | 43.9 | +141.3 | 1320.6 |
| تاشقورغان | 28 | 29 | 69.7 | —1 | 3.5 | +41.7 | 59.8 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئەھۋالىنى بىلىش جەدۋىلى

بىرلىكى: كىشى

| | مەكتەپ سانى (ئورۇن) | | | | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار سانى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | يۇنىڭدىن | | | تولۇقسىز ئوتتۇرا | | تولۇق ئوتتۇرا | |
| | | ئومۇملاشقان ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا | جەمئىي | يۇنىڭدىن: مىللىي | جەمئىي | يۇنىڭدىن: مىللىي |
| ئومۇمىي جەمئىي | 175 | 52 | 7 | 116 | 15127 | 12460 | 5572 | 4196 |
| مائارىپ ئورۇنلىرى بىلەن كوللېكتىپ ئورۇنلار باشقۇرغىنى | 170 | 49 | 7 | 114 | 14502 | 12324 | 5284 | 4120 |
| باشقا ئورۇنلار باشقۇرغىنى | 5 | 3 | | 2 | 625 | 136 | 288 | 76 |
| ئومۇمىي جەمئىي ئىچىدىن: | | | | | | | | |
| شەھەر ئىچىدىكى | 18 | 9 | | 9 | 2597 | 1426 | 1452 | 768 |
| ناھىيە بازىرىدىكى | 31 | 15 | 7 | 9 | 3900 | 2476 | 3170 | 2509 |
| يېزىلاردىكى | 126 | 28 | | 98 | 8630 | 8558 | 950 | 919 |
| ئومۇمىي جەمئىي ئىچىدىن: | | | | | | | | |
| باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ سانى | | | | | 836 | 638 | | |
| نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ | 3 | 2 | 1 | | 829 | 485 | 972 | 652 |
| چارۋا رايونىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ | 2 | 1 | | 1 | 121 | 121 | 38 | 38 |
| قىز ئوقۇغۇچىلار | | | | | 7231 | 6044 | 2684 | 2014 |

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئەھۋالىنى بىلىش جەدۋىلى
(ئالدىنقى بەتنىڭ داۋامى)

بىرلىكى: كىشى

| مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار | | | | | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار سانى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تولۇق ئوتتۇرا | | تولۇقسىز ئوتتۇرا | | جەمئىي | تولۇق ئوتتۇرا | | تولۇقسىز ئوتتۇرا | | |
| بۇنىڭدىن: مىللىي | كىچىك جەمئىي | بۇنىڭدىن: مىللىي | كىچىك جەمئىي | | بۇنىڭدىن: مىللىي | جەمئىي | بۇنىڭدىن: مىللىي | جەمئىي | |
| 13783 | 18213 | 53720 | 62218 | 80431 | 5818 | 7600 | 23447 | 26014 | ئومۇمىي جەمئىي |
| 13636 | 17832 | 53270 | 60566 | 78398 | 5755 | 7417 | 23298 | 25576 | مائارىپ ۋە كولىكتىپ ئورۇنلار باشقۇرغان |
| 147 | 381 | 450 | 1652 | 2033 | 163 | 183 | 149 | 438 | باشقا ئورۇنلار باشقۇرغان |
| | | | | | | | | | ئومۇمىي جەمئىي ئىچىدىن: |
| 2680 | 4800 | 4582 | 8273 | 13073 | 1049 | 1963 | 1995 | 3040 | شەھەر ئىچىدىكى |
| 8347 | 10588 | 9260 | 13644 | 24229 | 3371 | 4198 | 3469 | 4835 | ناھىيە بازىرىدىكى |
| 2756 | 2825 | 39878 | 40304 | 43129 | 1398 | 1439 | 17983 | 18139 | يېزىلاردىكى |
| | | | | | | | | | ئومۇمىي جەمئىي ئىچىدىن: |
| | | 3057 | 3585 | 3585 | | | 1433 | 1624 | باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى تولۇقسىز سىنىپ |
| 2382 | 3322 | 818 | 1853 | 5175 | 895 | 1202 | 259 | 584 | نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ |
| 148 | 148 | 437 | 437 | 585 | 60 | 60 | 161 | 161 | چارۋا رايونلىرىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ |
| 6960 | 9238 | 25379 | 29330 | 38568 | 2941 | 3890 | 12328 | 13840 | قىز ئوقۇغۇچىلار |

# قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 1986 - يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئەھۋالى

بىرلىكى: كىشى يىل ئاي كۈن

| | مەكتەپ سانى (ئورۇن) | ئوقۇتۇش سىنىپلىرى سانى (ئورۇن) | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى | | ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانى | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | بۇلاردىن: مىللىي | جەمئىي | بۇلاردىن: مىللىي | جەمئىي | بۇلاردىن: مىللىي |
| ئومۇمىي جەمئىي | 1136 | 1248 | 58943 | 56302 | 37024 | 34452 | 322080 | 308553 |
| مائارىپ ئورۇنلىرى بىلەن كوللېكتىپ بىرلىشىپ باشقۇرغىنى | 1122 | 1238 | 58571 | 56143 | 36529 | 34309 | 319812 | 307773 |
| باشقا ئورۇنلار باشقۇرغىنى | 14 | 10 | 372 | 159 | 495 | 143 | 2268 | 780 |
| ئومۇمىي جەمئىي ئىچىدىن: | | | | | | | | |
| شەھەردىكى | 28 | 26 | 3201 | 2522 | 2775 | 1823 | 15502 | 11188 |
| ناھىيە بازارلىرىدىكى | 47 | 9 | 5128 | 3947 | 3932 | 2832 | 24362 | 18197 |
| يېزا كەنتلەردىكى | 1061 | 1213 | 50614 | 49833 | 30317 | 29797 | 282516 | 279168 |
| ئومۇمىي جەمئىي ئىچىدىن | | | | | | | | |
| قىز ئوقۇغۇچى | 1 | | 27748 | 26372 | 19071 | 17849 | 155504 | 148499 |
| چارۋا رايونىدىكى ياتاقلىق مەكتەپ | 4 | | 343 | 343 | 63 | 63 | 685 | 685 |
| ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ | | | 20062 | 18897 | | | 27694 | 25105 |
| نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ | 6 | 1 | 1189 | 987 | 1132 | 824 | 6060 | 4794 |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سەھىيە جەھەتتىكى ئاساسىي ئەھۋالى (1)

بىرلىكى: ئورۇن، كارىۋات (ئاپپارات سانى)

| | 1986 - يىللىق | | 1985 - يىللىق | | 1980 - يىللىق | | 1986 - يىلى 1985 - يىلىدىن ± % | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئورۇن سانى | كارىۋات سانى | ئورۇن سانى | كارىۋات سانى | ئورۇن سانى | كارىۋات سانى | ئورۇن سانى | كارىۋات سانى |
| جەمئىي | 406 | 7779 | 404 | 8128 | 330 | 8513 | +0.5 | —5.34 |
| 1. دوختۇرخانىلار جەمئىي | 186 | 7328 | 174 | 7496 | 159 | 6965 | +6.9 | —2.24 |
| بۇنىڭدىن: سەھىيە ئورۇنلىرى | 21 | 2578 | 18 | 2353 | 18 | 2484 | +16.67 | +9.56 |
| سانائەت ۋە باشقا ئورۇنلار | 16 | 1152 | 17 | 1148 | 1 | 50 | —5.88 | +0.35 |
| كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى | 149 | 3598 | 139 | 3995 | 142 | 4431 | +7.19 | —9.94 |
| بۇنىڭدىن: شەھەردىكى | 11 | 1174 | 9 | 924 | 19 | 5895 | +22.22 | +27.06 |
| يېزىدىكى | 175 | 6154 | 165 | 6572 | 140 | 1070 | +6.06 | —6.36 |
| 2. ساناتورىيە | 1 | 100 | 1 | 100 | 1 | 50 | 0 | 0 |
| 3. ئامبۇلاتورىيە تېببىي پونكىت | 192 | 143 | 203 | 220 | 150 | 1294 | —5.42 | —35 |
| 4. كېسەللەردىن مۇداپىئە كۆرۈش تەتقىقات پونكىتلىرى | | | 1 | 100 | | | | |
| 5. پاگىيۈەن | 13 | | 13 | | 13 | | 0 | |
| 6. ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى | 8 | 8 | 7 | 12 | 1 | 4 | +14.28 | —33.34 |
| 7. داۋالاش ئۈسكۈنە ۋە دورا تەكشۈرۈش ئورنى | 2 | | 2 | | 2 | | 0 | |
| 8. باشقا سەھىيە كەسپىي ئورۇنلار | 3 | 200 | 2 | 200 | 3 | 200 | +50 | 0 |
| 9. تېببىي تېخنىكوم | 1 | | 1 | | 1 | | 0 | |

## قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سەھىيە جەھەتتىكى ئاساسىي ئەھۋالى (2)

| | 1986 - يىلى | 1985 - يىلى | 1980 - يىلى | 1986 - يىلى 1985 - يىلىغا نىسبەتەن % ± | 1986 - يىلى 1980 - يىلىغا نىسبەتەن % ± |
|---|---|---|---|---|---|
| خادىملار ئومۇم سانى | 8740 | 8687 | 6823 | +0.61 | +28.1 |
| I ئورۇنلار بويىچە ئايرىغاندا: | | | | | |
| سەھىيە ئورۇنلىرىدىكى خادىم | 4400 | 4169 | 2915 | +5.54 | +50.94 |
| سانائەت باشقا ئورۇنلاردىكى خادىم | 1926 | 2046 | 1765 | —5.87 | +9.12 |
| كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلاردىكى خادىم | 2414 | 2472 | 2143 | —2.35 | +12.65 |
| II شەھەر يېزا بويىچە ئايرىغاندا | | | | | |
| شەھەردىكى خادىم | 2777 | 2536 | 1998 | +9.5 | +38.99 |
| يېزىلاردىكى خادىم | 5963 | 6151 | 4825 | —3.06 | +23.58 |
| III سەھىيە تېخنىك خادىملىرى | 6799 | 6687 | 5312 | +1.67 | +27.99 |
| بۇنىڭدىن: شەھەرلەردىكى خادىم | 1942 | 1814 | 1431 | +7.06 | +35.71 |
| يېزىلاردىكى خادىم | 4857 | 4873 | 3881 | —0.33 | +25.15 |
| IV ئومۇم جەمئىيەتتىن: جۇڭيى (ۋىراچ پەلشېر باشقىلار) | 139 | 179 | 98 | —22.35 | +41.84 |
| غەربىي ۋىراچ | 685 | 699 | 618 | —2.02 | +10.84 |
| پەلشېر | 1313 | 1355 | 1118 | —3.1 | +17.44 |
| سېستىرا (ۋىراچ) | 1771 | 1607 | 1177 | +10.2 | +50.47 |
| باشقا تېخنىك خادىملار | 2891 | 2847 | 2301 | +1.55 | +25.64 |
| مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى | 849 | 897 | 625 | —5.35 | +35.84 |
| ھەر خىل ئىشلاردىكى ئىشچىلار | 1031 | 1062 | 850 | —2.82 | +21.29 |

# ناھىيە (شەھەر)گە قاراشلىق يېزا - بازارلارنىڭ ئەھۋالى جەدۋىلى

قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر قايسى يېزا ( مەيدان ) لارنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

| يېزا (مەيدان) ئىسمى | | جەمئىي | يەزەرباغ | شامالباغ | دۆلەتباغ | سۈت فېرمىسى | ئۇرۇقچىلىق مەيدانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئائىلە سانى | | 44049 | 18548 | 12498 | 12277 | 295 | 431 |
| يېزا ئىگىلىكىدە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئومۇمىي سانى (10 مىڭ يۈەن) | 1525 | 672.8 | 393.5 | 398 | 29.4 | 31.4 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (يۈەن) | 346 | 362.7 | 314.8 | 324.2 | 996 | 728.5 |
| ئاشلىق | ئومۇمىي مەھسۇلات (توننا) | 13947 | 6567.5 | 3295.4 | 3835.6 | 102.5 | 145.9 |
| | بىرلىك مەھسۇلات (جىڭ) | 518.4 | 578 | 513 | 441 | 488 | 572 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (جىڭ) | 633 | 708 | 527 | 625 | 695 | 677 |
| پاختا | ئومۇمىي مەھسۇلات (توننا) | 183 | 10.8 | 26.7 | 137.1 | 2.6 | 5.5 |
| | بىرلىك مەھسۇلات (جىڭ) | 108 | 146.8 | 91.5 | 109.2 | 95 | 110 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (جىڭ) | 8.3 | 1.2 | 4.3 | 22 | 17.6 | 25 |
| ياغلىق دان | ئومۇمىي مەھسۇلات (توننا) | 158 | 72.9 | 36.6 | 44.3 | 2 | 2.6 |
| | بىرلىك مەھسۇلات (جىڭ) | 528 | 279 | 244 | 886 | | |
| | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (جىڭ) | 7.2 | 7.9 | 5.9 | 7.2 | 13.6 | 12 |
| چارۋا | تۇياق سانى | 70000 | 26700 | 15200 | 17600 | 400 | 600 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇياق سانى | 1.6 | 1.4 | 1.2 | 1.4 | 1.4 | 1.3 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرى كىرىمى | ئومۇمىي سانى (10 مىڭ يۈەن) | 3585 | 604 | 572.8 | 418.5 | | |
| | ئادەم سانى | | 4554 | 2880 | 1972 | | |
| | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (يۈەن) | | 1326 | 1989 | 2122 | | |

ئىزاھات: يۇقىرىدىكى مەھسۇلات قىممىتى، كىرىم بىردەك 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمىگەن باھا بويىچە ھېسابلاندى

## يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى : ئادەم ، جىڭ ، يۈەن

| يېزا ( بازار ) ئىسمى | | بارىن | ياندامان | كۆلتايلار | ياپچان | تازغۇن | يېڭىئېرىق | تومۇشئېرىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاھالە سانى | | 19533 | 11846 | 10851 | 14641 | 18986 | 13386 | 15735 |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى | ئومۇمىي سانى | 9420600 | 7492900 | 4218000 | 5378100 | 5897600 | 5568200 | 6188000 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى | 482.29 | 632.52 | 388.72 | 367.33 | 310.63 | 415.97 | 393.26 |
| ئاشلىق | ئومۇمىي مەھسۇلات | 13406544 | 14941382 | 10806054 | 13001862 | 12939240 | 13148649 | 12567298 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 344.6 | 413.8 | 350.8 | 391.6 | 295.3 | 327 | 345.2 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى | 660 | 1335 | 996 | 888 | 682 | 982 | 799 |
| پاختا | ئومۇمىي مەھسۇلات | 735521 | 1176787 | 540138 | 1077650 | 738392 | 787772 | 1070352 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 87.6 | 133.7 | 83 | 121.8 | 73 | 72.9 | 100.9 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 36 | 99 | 50 | 73 | 52 | 59 | 68 |
| ياغلىق دان | ئومۇمىي مەھسۇلات | 423500 | 971871 | 654599 | 293828 | 978464 | 794338 | 949506 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 706.6 | 607.5 | 545.8 | 326.6 | 575.2 | 2526.6 | 1583.3 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 21 | 82 | 60 | 20 | 52 | 59 | 60 |
| چارۋا | تۇياق سانى | 26751 | 36250 | 16893 | 25963 | 34696 | 31745 | 28698 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 1.3 | 3 | 1.6 | 1.77 | 1.8 | 2.4 | 1.8 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرى كىرىمى | ئومۇمىي سانى | 2920579 | 1225100 | 342800 | 146800 | 601720 | 763800 | 728320 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 2564.16 | 4693.86 | 1202.80 | 1310.71 | 441.14 | 627.09 | 3099.23 |

## يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى يېزا - بازارلاردىكى 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى: ئادەم، جىڭ، يۈەن

| ئاقارجى | ئەرمۇدۇن | ئارال | يېڭىئاۋات | ھاراپ | يېڭىشەھەر | سوغۇرلۇق | يېسا بۇيان | جەمئىيسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6499 | 9672 | 7459 | 6808 | 12595 | 5519 | 17352 | 17583 | 188415 |
| 2923000 | 3420300 | 2936400 | 1948100 | 2924700 | 1929000 | 6929500 | 7678000 | 74852400 |
| 449.76 | 353.63 | 393.67 | 286.19 | 232.21 | 349.51 | 399.35 | 436.67 | 397.27 |
| 4096652 | 8302418 | 5865227 | 3712676 | 5792340 | 3407650 | 11070054 | 15212747 | 135089000 |
| 327.7 | 359.3 | 335.1 | 269 | 246.4 | 454.4 | 364.1 | 403.5 | 348.9 |
| 630 | 921 | 786 | 545 | 460 | 534 | 638 | 828 | 782 |
| 331260 | 619089 | 624153 | 542000 | 687936 | 97150 | 938012 | 1214380 | 11174602 |
| 103.4 | 92.3 | 102.2 | 108.4 | 91.7 | 138.5 | 81.6 | 112.4 | 96.7 |
| 51 | 69 | 84 | 80 | 55 | 15 | 54 | 66 | 59 |
| 211044 | 768537 | 548500 | 332080 | 586706 | 34000 | 540828 | 1324006 | 9411807 |
| | 854.4 | 686.2 | 474.2 | 391.3 | | 901.6 | 778.8 | 718.6 |
| 32 | 85 | 74 | 49 | 47 | 5 | 31 | 72 | 49 |
| 11314 | 28243 | 16465 | 13299 | 35109 | 5955 | 22023 | 34919 | 368323 |
| 1.74 | 3.1 | 2.2 | 1.95 | 2.8 | 0.9 | 1.2 | 1.9 | 1.9 |
| 849693 | 268980 | 141500 | 75570 | 373027 | 2188345 | 2452000 | 1428340 | 14777010 |
| 695.32 | 1640.12 | 2669.81 | 15114 | 322.97 | 13262.60 | 4032.89 | 2573.58 | 1728.10 |

## كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى يېزا - بازارلىرىنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى : 10 مىڭ يۈەن ، تونننا ، كىلوگرام ، تۇياق

| يېزا - بازار ئىسمى | | يەكشەنبە | مۇش | لەڭگەر | قوغان | ياختىكلە | خاكدى | سەمەن | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئائىلە سانى | | 29696 | 9213 | 12320 | 26322 | 10828 | 7415 | 12165 | 29.5394 |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى | ئومۇمىي سانى | 840 | 279.4 | 478.2 | 829.12 | 404.9 | 248.5 | 495.5 | 9276.4 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 292.78 | 317.5 | 408.26 | 333.78 | 389.7 | 351.78 | 429.6 | 337 |
| ئاشلىق | ئومۇمىي مەھسۇلات | 7510.5 | 3633.8 | 5404.5 | 7593.6 | 6067.6 | 2225.8 | 4035.7 | 101150 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 155.5 | 127.95 | 193 | 164 | 263.8 | 139.1 | 203.8 | 162.15 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 261.78 | 412.9 | 461.4 | 305.6 | 584 | 315.1 | 349.9 | 374 |
| پاختا | ئومۇمىي مەھسۇلات | 159 | 107.1 | 277.8 | 322.2 | 170.8 | 74.2 | 69.6 | 4470.7 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 53 | 30.6 | 44.81 | 52.82 | 89.9 | 61.83 | 63.3 | 43.74 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 5.54 | 12.17 | 23.72 | 12.97 | 16.44 | 10.5 | 6.03 | 16.24 |
| ياغلىق دان | ئومۇمىي مەھسۇلات | 177.4 | 149.4 | 220.3 | 156.7 | 4.6 | 74.2 | 44.1 | 3666.8 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 147.83 | 49.8 | 169.46 | 223.85 | | 121 | 110.25 | 160.12 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 6.18 | 16.98 | 18.81 | 6.31 | 0.44 | 3.43 | 3.82 | 13.32 |
| چارۋا | تۇياق سانى | 42706 | 22317 | 20494 | 26611 | 9891 | 10079 | 16640 | 414239 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 1.49 | 2.54 | 1.92 | 1.07 | 0.90 | 1.43 | 1.44 | 1.5 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرى كىرىمى | ئومۇمىي سانى | 151.5 | 71.2 | 86.6 | 195.5 | 60.5 | 41.5 | 167.5 | 1907.4 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 0.15 | 0.046 | 0.08 | 0.32 | 0.13 | 0.09 | 0.12 | 0.09 |

## كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى يېزا - بازارلىرىنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى: ئۆي، جىڭ، يۈەن، تونىنا، كىلوگرام، تۇياق

| ئاۋات | يېڭىئۆستەڭ | ئاقتاش | ئوغۇزساق | زەمىن | سايباغ | يۇلاقسۇ | ئوپال | تېرەم | تاشمىلىق | ناھىيە | ھەرقايسى مەيدانلار | يىشاكارلىق شىركىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 22145 | 2549.5 | 6944 | 11652 | 15984 | 22143 | 26353 | 23536 | 3259 | 18931 | 9340 | 1657 | |
| 735.1 | 944.7 | 237.4 | 387.1 | 638.9 | 757.1 | 646.2 | 726.8 | 86.7 | 496.3 | | 44.5 | |
| 343.3 | 383.3 | 349.27 | 344.43 | 413.26 | 351.94 | 252.08 | 321.04 | 272.64 | 273.47 | | 280.5 | |
| 8096.6 | 9075.8 | 2552.2 | 4364.5 | 7065.1 | 8186.2 | 8877.6 | 9089.8 | 1092.3 | 5582.4 | | 696 | |
| 165.57 | 148.3 | 130 | 177.42 | 183 | 151.32 | 132.3 | 171.83 | 140.04 | 155.07 | | 224.51 | |
| 378.17 | 368.25 | 375.49 | 388.34 | 457 | 380.54 | 346.31 | 401.5 | 343.5 | 307.6 | | 437.74 | |
| 427.4 | 508.7 | 186.8 | 298.3 | 268.6 | 405.8 | 401.1 | 531.7 | 44 | 197.3 | | 20.3 | |
| 44.06 | 48.45 | 56.6 | 43.87 | 36.8 | 37.57 | 36.46 | 49.23 | 36.7 | 27.79 | | 29 | |
| 19.96 | 20.64 | 27.48 | 26.54 | 17.37 | 18.86 | 15.65 | 23.49 | 13.84 | 1087 | | 12.77 | |
| 281.3 | 650.2 | 145 | 111.4 | 346.5 | 329.9 | 381.1 | 341.3 | 48.3 | 233.9 | | 21.2 | |
| 351.62 | 541.83 | 111.54 | 123.78 | 157.5 | 97 | 97.7 | 200.76 | 48.3 | 97.46 | | 70.67 | |
| 13.14 | 26.38 | 21.33 | 9.91 | 22.41 | 15.34 | 14.87 | 15.08 | 15.19 | 12.89 | | 13.33 | |
| 32467 | 43387 | 15761 | 14717 | 21372 | 33610 | 34,976 | 27711 | 5087 | 29715 | 1585 | 3113 | |
| 1.52 | 1.76 | 2.32 | 1.31 | 1.38 | 1.56 | 1.36 | 1.22 | 1.6 | 1.64 | 0.17 | 1.96 | |
| 95.4 | 217 | | 153.94 | 118.3 | 133.33 | 149.34 | 118.66 | | 59.22 | 8 | | 80 |
| 0.16 | 0.04 | | 0.34 | 0.04 | 0.08 | 0.06 | 0.08 | | 0.12 | 0.1 | | |

## يېڭىسار ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى : ئادەم ، يۈەن ، جىڭ

| يېزا بازار نامى | | يېڭىسار بازىرى | ماگىت | سافىيان | يېڭىيەر | سىمىتلە | چولپان |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاھالە سانى | | 14358 | 16360 | 16034 | 7613 | 7312 | 8637 |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئومۇمىي كىرىم | | 5539900 | 4249700 | 2466100 | 1900500 | 2499800 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | | 338.62 | 26504 | 323.93 | 259.92 | 289.43 |
| ئاشلىق | ئومۇمىي مەھسۇلات | | 12865000 | 12507000 | 6074200 | 5856000 | 6420000 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | | 467.82 | 379 | 443.27 | 585.66 | 334.4 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | | 786.37 | 780 | 797.87 | 801 | 743.3 |
| پاختا | ئومۇمىي مەھسۇلات | | 397000 | 849600 | 396600 | 301800 | 656.800 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | | 94.52 | 78.67 | 82.63 | 61.6 | 74.9 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | | 24.27 | 59.99 | 52.1 | 41.3 | 52.9 |
| ياغلىق دان | ئومۇمىي مەھسۇلات | | 562400 | 809600 | 409600 | 339.600 | 349400 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | | 441.8 | 578.29 | 455 | 485 | 388 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | | 34.38 | 50.49 | 5308 | 46.4 | 40.45 |
| چارۋا | تۇياق سانى | | 22263 | 24937 | 12676 | 12603 | 13332 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | | 1.36 | 1.56 | 1.67 | 1.72 | 1.54 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى | ئومۇمىي كىرىم | 2167000 | 679000 | 287000 | 334000 | 19000 | 228000 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 150.95 | 41.50 | 17.90 | 43.87 | 25.98 | 26.39 |

## يېڭىسار ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى يېزا ـ بازارلارنىڭ 1986 ـ يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى: ئادەم، يۈەن، جىڭ

| لومبا | ئەگۆس | توپلۇق | ئوچار | سوگەت | قىزىل | شەھەر ئەتراپى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 5432 | 6424 | 11740 | 28210 | 16736 | 14504 | 8907 | 162267 |
| 1598600 | 1680600 | 2230300 | 11878900 | 4582400 | 2773400 | 3142300 | 325641755 |
| 294.29 | 261.61 | 189.97 | 421.09 | 273.8 | 191.22 | 352.79 | 200.68 |
| 5104200 | 4771600 | 7515000 | 31189000 | 13181400 | 8557600 | 6620000 | 121000000 |
| 296.7 | 326.8 | 309.3 | 581 | 474.15 | 314.6 | 509.2 | 421.3 |
| 939.6 | 742.8 | 640 | 1106 | 7876 | 590 | 4732 | 742.47 |
| 263200 | 53800 | 304200 | 1000400 | 543000 | 267800 | 206000 | 5041200 |
| 77.4 | 53.8 | 69.1 | 77.6 | 83.5 | 43.9 | 103 | 75.13 |
| 48.5 | 8.37 | 25.9 | 35.5 | 32.4 | 18.46 | 23.1 | 30.93 |
| 300600 | 306800 | 263800 | 1149200 | 535200 | 264400 | 207400 | 5497400 |
| 214.7 | 236 | 877.3 | 1436.5 | 669 | 43.3 | 2074 | 566.74 |
| 55.3 | 48 | 22.4 | 40.7 | 32 | 18.3 | 23.3 | 33.73 |
| 13885 | 9581 | 20901 | 50161 | 29493 | 24429 | 9050 | 246326 |
| 2.6 | 1.49 | 1.78 | 1.78 | 1.76 | 1.68 | 1.01 | 1.5 |
| 196000 | 339000 | 282000 | 2082000 | 610000 | 320000 | 1733000 | 11500000 |
| 36.89 | 52.77 | 24.02 | 73.8 | 36.45 | 22.06 | 194.57 | 70.87 |

يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ 1986- يىللىق ئومۇمىي ئەھۋالى جەدۋىلى

| تۈرلەر \ يېزا ئىسمى | | يوپۇرغا بازىرى | يوپۇرغا يېزىسى | يەكشەنبە بازار | ئەشمە | سەيەك | ئاچچىق | تېرىم | باي ئاۋات | ئاخۇنلۇقۇم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىكىدىكى ئومۇمىي كىرىم (يۈەن) | | 1488874 | 5548328 | 6075170 | 3953236 | 5031946 | 5509067 | 5910970 | 3148113 | 1249749 |
| ئاھالە سانى | | 4995 | 9565 | 12978 | 11526 | 12811 | 14755 | 11646 | 7100 | 2094 |
| كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى (يۈەن) | | 298.1 | 580 | 468.1 | 343 | 392.8 | 373.4 | 508 | 433.4 | 596.8 |
| ئاشلىق | ئومۇمىي مەھسۇلات (10 مىڭ جىڭ) | 304.2 | 835.5 | 898.9 | 729.5 | 1152.8 | 1167.4 | 954.4 | 552.6 | 206.2 |
| | بىرلىك مەھسۇلات (جىڭ) | 411 | 444 | 399.5 | 340 | 427 | 507.6 | 399.3 | 358.8 | 381.9 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى (جىڭ) | 609 | 873.5 | 692.6 | 632.9 | 899.6 | 791.2 | 819.5 | 778 | 984.7 |
| پاختا | ئومۇمىي مەھسۇلات (10 مىڭ جىڭ) | 31.2 | 92.8 | 107.6 | 54.7 | 96.1 | 119.1 | 144.5 | 81.4 | 22.6 |
| | بىرلىك مەھسۇلات (جىڭ) | 148.7 | 134.5 | 137.9 | 53.9 | 115.8 | 122.8 | 147.5 | 125.2 | 102.7 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى (جىڭ) | 62.5 | 97 | 89.9 | 47.5 | 75 | 80.7 | 124.1 | 114.6 | 107.9 |
| ياغلىق دان | ئومۇمىي مەھسۇلات (10 مىڭ جىڭ) | 16 | 49.1 | 58.4 | 49.5 | 59.8 | 82.6 | 54 | 25.6 | 13 |
| | بىرلىك مەھسۇلات (جىڭ) | 1600 | 1227.5 | 1946.7 | 1237.5 | 996.7 | 1180 | 1080 | 1280 | |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى (جىڭ) | 32 | 51 | 45 | 42.9 | 46.7 | 56 | 46.4 | 36 | 62 |
| چارۋا | جەمئىي ئۇياق سانى | 5863 | 17161 | 22675 | 19452 | 20290 | 25275 | 26117 | 18707 | 4518 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 1.17 | 1.79 | 1.75 | 1.69 | 1.58 | 1.7 | 2.24 | 2.6 | 2.2 |
| يېزا-بازار كارخانىلىرى | جەمئىي كىرىم (مىڭ يۈەن) | 1539 | 1521 | 1747 | 677 | 1072 | 850 | 1233 | 897 | 105 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى (يۈەن) | 131.9 | 159 | 134.6 | 58.7 | 83.7 | 57.6 | 105.9 | 126 | 50 |

ئىزاھات: ① يوپۇرغا بازىرىدىكى ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان ۋە چارۋىلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن توغرا كېلىشى يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى بولغان 4995 كىشى بويىچە ھېسابلاندى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى پۈتۈن بازار ئاھالىسى بولغان 11629 كىشى بويىچە ھېسابلاندى.

② 1- تۈر يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى بولۇپ، ئۇ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئەمەس.

③ يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى بويىچە مىڭ يۈەن بىرلىك قىلىندى.

## پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى : يۈەن ، جىڭ ، تۈياق

| يېزا - بازار ئىسمى | | يېڭى مەھەللە | جىسا بازار | قولتوغراق | قىزىلبوي | مەشا | شايتول | قوشئاۋات | قىزىلسۇ | كۆللۈك |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئائىلە سانى | | 18859 | 21427 | 22837 | 28505 | 16871 | 19251 | 29793 | 21090 | 13502 |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى | ئومۇمىي سان | 9643462 | 9916245 | 11848740 | 12881299 | 918468 | 9572997 | 13775533 | 9771887 | 7455266 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 511.34 | 462.79 | 518.84 | 451.89 | 540.48 | 497.27 | 495.65 | 463.34 | 552.16 |
| ئاشلىق | ئومۇمىي مەھسۇلات | 16220433 | 16226540 | 15513413 | 21601586 | 18322850 | 22126609 | 19397489 | 14122690 | 8886851 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 392.3 | 427 | 295 | 595.5 | 409.9 | 477.1 | 347.0 | 341.2 | 344.5 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 896.2 | 787.8 | 704.5 | 781.1 | 1127.9 | 1196.0 | 716.5 | 698.0 | 707.4 |
| پاختا | ئومۇمىي مەھسۇلات | 716200 | 692400 | 564600 | 568600 | 401400 | 557000 | 747000 | 539800 | 262000 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 124.5 | 125.1 | 122.9 | 87.8 | 82.1 | 84.7 | 109.5 | 94.4 | 109.5 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 37.9 | 32.3 | 24.7 | 19.9 | 23.8 | 28.9 | 26.9 | 25.6 | 19.4 |
| ياغلىق دان | ئومۇمىي مەھسۇلات | 717504 | 767234 | 621818 | 808213 | 655.250 | 891681 | 950987 | 572124 | 299.420 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 478.3 | 756.6 | 420.4 | 401.1 | 529.3 | 529.2 | 391.8 | 580.8 | 243.4 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 38 | 38.8 | 27.2 | 28.3 | 38.3 | 46.3 | 34.2 | 31.8 | 22.2 |
| چارۋا | تۈياق سانى | 39176 | 31300 | 50609 | 45931 | 35156 | 36499 | 53025 | 34031 | 25136 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 2 | 1.4 | 2.2 | 1.6 | 2 | 1.9 | 1.9 | 1.6 | 1.8 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرى | كىرىم | 1500000 | 1192000 | 1571300 | 1843000 | 1209200 | 1618000 | 1522000 | 1063000 | 940000 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 79.53 | 55.63 | 68.8 | 64.65 | 71.55 | 84.04 | 54.76 | 50.40 | 69.62 |

پەيزاۋات ئاھمىيەتلىكى ھەر قايسى يېزا ـ بازارلار بىلەن 1986 ـ يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى، يۈەن، جىڭ، تۇياق

| ئۇدەكلىك | قېرىم | بارىن | ئۈزۈمچىلىق مەيدانى | قالغۇچ مەيدانى | ئورمانچىلىق مەيدانى | ياغۇلچىلىق مەيدانى | بېلىقچىلىق مەيدانى | شېكەر كۆل بازىرى | ئەمەتتات سۈت داشمۇركەنتى | ناھىيە بازىرى | ياشقىلار | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 8654 | 10045 | 8293 | 1235 | 1195 | 67 | 15 | 8 | 455 | | 7588 | | 227690 |
| 5128191 | 5003046 | 4279036 | 1064494 | | | | | | | 34911 | | 109458664 |
| 592.58 | 498.00 | 515.98 | 861.93 | | | | | | | 175.4 | | 522 |
| 5134641 | 8332488 | 4258049 | 1833670 | 1650000 | 56000 | 7750 | 5192 | | | | 103853 | 173721174 |
| 320.8 | 530.0 | 717.2 | 678.9 | 183.3 | 451.6 | 387.5 | 324.5 | | | | | 385.7 |
| 624.5 | 890.3 | 648.6 | 1484.8 | | | | | | | | | 831.1 |
| 357600 | 364200 | 88000 | 147800 | 57900 | | | | | | | 2711 | 6067211 |
| 104.4 | 145.7 | 122.1 | 239.9 | 36.2 | 80.3 | 60.8 | | | | 38.6 | | 105.3 |
| 41.3 | 36.3 | 10.6 | 119.6 | 84.4 | | | | | | | | 26.6 |
| 232.650 | 300000 | 146910 | 41000 | | | | | | | | | 7006941 |
| 646.3 | 852.3 | | 205.0 | | | 150 | | | | 81.6 | 2150 | 483.3 |
| 26.8 | 29.8 | 17.7 | 33.2 | | | | | | | | | 30.7 |
| 25030 | 14880 | 9390 | 3020 | 5603 | | | | | | | 3065 | 411851 |
| 2.9 | 1.5 | 1.1 | 2.4 | 4.6 | | | | | | | | 1.8 |
| 745000 | 545000 | 3000000 | | | | | 200000 | 2526000 | | | | 19474500 |
| 86.08 | 54.50 | 361.75 | | | | | 43.95 | | | | | 85.53 |

## يەكەن ناھىيىسىدىكى ھەر قايسى يېزا - بازارلارنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

| يېزا - بازار ئىسمى | ئائىلە سانى | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى (جۇڭلىدىن يېزا-بازار كادىرلىرى كىرىمى بار) | ئاشلىق | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئومۇمىي مەھسۇلات (جىڭ) | مو بېشى مەھسۇلات (جىڭ) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى |
| جەمئىي | 392871 | 20909.26 | 372 | 524422660 | 484.6 | |
| يەكەن بازىرى | 2206 | 109.82 | 625 | 62210 | 424 | |
| تومئۆستەڭ رايونى | | | | | | |
| كۆلباغ | 13981 | 652.91 | 344 | 15973994 | 578.8 | 1142.55 |
| ئاۋال | 12449 | 1019.32 | 600 | 29570674 | 577.4 | 2375.35 |
| چارباغ | 8454 | 860.72 | 597 | 22194508 | 448 | 2625.33 |
| تومئۆستەڭ | 17221 | 1019.01 | 427 | 27217632 | 501 | 1580.49 |
| يېڭئۆستەڭ | 6875 | 405.89 | 366 | 13947900 | 407 | 2028.79 |
| ئىشقول رايونى | | | | | | |
| مىشا | 20113 | 1126.36 | 403 | 30166232 | 590.2 | 1499.84 |
| ئىشقول | 18659 | 987.28 | 366 | 24261992 | 635 | 1300.28 |
| يەكچى | 13619 | 710.95 | 332 | 16443622 | 537.2 | 1207.40 |
| قاغارچى | 23558 | 1427.15 | 440 | 36733884 | 582.4 | 1559.30 |
| ئوداللىق رايونى | | | | | | |
| ئوداللىق | 18858 | 1298.42 | 464 | 36103552 | 574.8 | 1914.50 |
| ئارسلانباغ | 11945 | 772.55 | 390 | 20916526 | 417.6 | 1751.07 |
| چارەك | 17100 | 866.28 | 394 | 23665970 | 532.2 | 1383.97 |
| زەرەپشات | 5300 | 283.25 | 346 | 8037984 | 408 | 1516.60 |
| باقچۇرىق يېزىسى قوشراپ رايونى | 5768 | 281.91 | 342 | 8046952 | 396.4 | 1395.10 |

## يەكەن ناھىيىسىدىكى ھەرقايسى يېزا ـ بازارلارنىڭ 1986 ـ يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

| پاختا | | | ياغلىق دان | | | چارۋا | | يېزا ـ بازار كارخانىلىرى كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي مەھسۇلات (دەن) | مو بېشىغا مەھسۇلات (جىڭ) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى | ئومۇمىي مەھسۇلات (جىڭ) | مو بېشىغا مەھسۇلات (جىڭ) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى | يىل ئاخىرىدىكى سانى | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى | | |
| 26370020 | 102 | | 5921064 | 149.4 | | 710727 | | 3213.69 | |
| 12404 | | | | | | 1560 | | 1122.19 | ئوتياشچىلىق، باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلىدۇ |
| | | | | | | | | | |
| 684254 | 125 | 41.79 | 125834 | 208 | 9.00 | 16472 | 1.18 | 206.7 | |
| 927432 | 96 | 74.5 | 367444 | 143.8 | 29.52 | 19813 | 1.59 | 74.65 | |
| 708138 | 83 | 83.76 | 425416 | 85 | 50.32 | 17511 | 2.07 | 59.95 | |
| 1039136 | 100 | 60.34 | 354376 | 205 | 20.58 | 29334 | 1.70 | 218.15 | |
| 650494 | 98 | 94.62 | 304410 | 115.6 | 44.28 | 14996 | 2.18 | 41.8 | |
| | | | | | | | | | |
| 1250035 | 105 | 62.15 | 322012 | 170 | 16.01 | 32768 | 1.63 | 103.5 | |
| 1180394 | 109 | 63.26 | 19376 | 192 | 1.04 | 27112 | 1.45 | 138.28 | |
| 956174 | 100 | 70.21 | 43618 | 124 | 3.20 | 21489 | 1.58 | 74.27 | |
| 2035444 | 100 | 86.40 | 212958 | 229.2 | 9.04 | 36644 | 1.56 | 72.3 | |
| | | | | | | | | | |
| 1153000 | 95 | 61.14 | 434966 | 161.2 | 23.07 | 41540 | 2.20 | 75.47 | |
| 925924 | 85 | 77.52 | 645574 | 106 | 54.05 | 21369 | 1.79 | 43.3 | |
| 691542 | 85 | 40.44 | 276440 | 153.6 | 16.17 | 42165 | 2.47 | 97.94 | |
| 307216 | 83 | 57.97 | 411866 | 122.4 | 77.71 | 12597 | 2.38 | | |
| 286226 | 80 | 49.62 | 199478 | 152.2 | 34.58 | 13737 | 2.38 | | |

## يەكەن ناھىيىسىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ 1986- يىللىق

## ئەھۋالى جەدۋىلى

| يېزا (بازار) نامى | ئاھالە سانى | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن (يېزا - بازار) ساپ كىرىم (يۈەن) | ئاشلىق: ئومۇمىي مەھسۇلات (جىڭ) | ئاشلىق: مو بېشى مەھسۇلات (جىڭ) | ئاشلىق: كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى | پاختا: ئومۇمىي مەھسۇلات (دان) | پاختا: مو بېشى مەھسۇلات (جىڭ) | پاختا: كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كاچۇڭ | 11747 | 484.76 | 294 | 12886556 | 402 | 1097.01 | 271490 | 75 | 23.11 |
| قوشراپ | 10293 | 230.61 | 172 | 5179796 | 388.6 | 503.24 | | | |
| داسى | 6112 | 175.24 | 222 | 2510778 | 377 | 410.8 | | | |
| ئىلىشقۇ رايونى | | | | | | | | | |
| قوشئېرىق | 11013 | 458.58 | 308 | 11791562 | 442.4 | 1070.69 | 675050 | | 61.30 |
| ئىلىشقۇ | 23234 | 1019.07 | 303 | 22288120 | 452 | 959.29 | 1793584 | 122 | 77.2 |
| خانگدى | 20578 | 852.86 | 303 | 17879020 | 421.2 | 868.84 | 1812054 | 135 | 88.06 |
| دوگئۆستەڭ | 11391 | 445.97 | 262 | 10133132 | 379.6 | 889.57 | 983234 | 135 | 86.32 |
| ئاۋات رايونى | | | | | | | | | |
| ئاۋات | 15618 | 722.12 | 325 | 18256684 | 390 | 1168.95 | 1294430 | 115 | 82.88 |
| ئالمەت | 16353 | 1013.01 | 379 | 20058096 | 378.8 | 1226.57 | 1212388 | 130 | 74.14 |
| ئازاتباغ | 11124 | 711.75 | 435 | 14196264 | 529.6 | 1276.18 | 1177074 | 85 | 105.81 |
| بەشكەنت رايونى | | | | | | | | | |
| بەشكەنت | 25056 | 1168.24 | 346 | 29279974 | 424.8 | 1168.58 | 1927176 | 100 | 76.91 |
| باغ ئاۋات | 10463 | 511.9 | 376 | 12261386 | 422.4 | 1171.88 | 889844 | 100 | 85.05 |
| قاراسۇ | 8722 | 485.02 | 351 | 11113114 | 380.6 | 1274.15 | 461606 | 95 | 52.92 |
| ئىگەرچى | 15281 | 808.51 | 376 | 23244446 | 450.6 | 1521.13 | 1164236 | 95 | 76.19 |

## يەكەن ناھىيەسىدىكى يېزا ـ بازارلاردىكى 1986 ـ يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

| ياغلىق دان | | | چارۋا | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي مەھسۇلات (جىڭ) | يىللىق مەھسۇلات (جىڭ) | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | ئومۇمىي تۇياق سانى | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | يېزا ـ بازار ـ كارخانىلىرىدىن ئىشلىگەن كىرىمى (10 مىڭ يۈەن) | ئىزاھات |
| 169422 | 169.4 | 14.42 | 17068 | 1.45 | 139.12 | ناھىيەلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى كىرىمىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىش سانىنى ستاتىستىكا قىلمىغان، ئۇ يېزا ئىگىلىكىدە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (شى لىجاۋ) |
| 112864 | 195.6 | 10.97 | 13009 | 1.26 | 124.57 | |
| 57620 | 140 | 9.43 | 26925 | 4.41 | 18.32 | |
| | | | | | | |
| 221272 | 347.4 | 20.09 | 18143 | 1.65 | 104.69 | |
| 180594 | 225.8 | 7.77 | 40216 | 1.73 | 104.69 | |
| 166530 | 289 | 8.09 | 38141 | 1.85 | 92.52 | |
| 56186 | | 4.93 | 19720 | 1.73 | 92.52 | |
| | | | | | | |
| 217180 | 138.8 | 13.91 | 24078 | 1.54 | 44.75 | |
| 73018 | 283.2 | 4.47 | 28126 | 1.72 | 46.22 | |
| 66172 | 55 | 5.95 | 23246 | 2.09 | 32.93 | |
| | | | | | | |
| 242430 | 171.6 | 9.68 | 44706 | 1.78 | 63.89 | |
| 120966 | 109.2 | 12.13 | 22889 | 2.19 | 31.26 | |
| 114226 | 103.8 | 13.1 | 18.607 | 2.13 | 22.77 | |
| 273066 | 151.6 | 17.87 | 26766 | 1.75 | 83.3 | |

## پوسكام ناھىيىسىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى: ئادەم، 10 مىڭ يۈەن، 10 مىڭ جىڭ، جىڭ، يۈەن، تۇياق

| ئېكەكسۇ | سەيلى | كۆلباغ | زىپا | پوسكام | يېزا - بازار ئىسمى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 13860 | 10858 | 12159 | 13714 | 10466 | ئاھالە سانى | |
| 860.9 | 803.4 | 978.0 | 1005.1 | 750.1 | ئومۇمىي كىرىم | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى |
| 494.1 | 459.8 | 546.5 | 510.9 | 443.5 | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | |
| 2043.3 | 1809.5 | 2481.5 | 2007.1 | 1791.7 | ئومۇمىي مەھسۇلات | ئاشلىق |
| 558.5 | 507 | 666.3 | 594.5 | 569.1 | بىرلىك مەھسۇلات | |
| 1474.2 | 1666.5 | 2040.9 | 1463.5 | 1711.9 | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | |
| 102.1 | 127.7 | 160.0 | 154.9 | 124.9 | ئومۇمىي مەھسۇلات | پاختا |
| 73.5 | 93.9 | 119.4 | 100.6 | 107.7 | بىرلىك مەھسۇلات | |
| 73.6 | 117.6 | 131.6 | 113 | 119.3 | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | |
| 27.4 | 20.3 | 11.3 | 18 | 24.1 | ئومۇمىي مەھسۇلات | ياغلىق دان |
| 182.7 | 112.8 | 161.4 | 200 | 219.1 | بىرلىك مەھسۇلات | |
| 19.8 | 18.7 | 9.3 | 13.1 | 23 | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | |
| 24632 | 18234 | 225122 | 25785 | 20245 | تۇياق سانى | چارۋا |
| 1.8 | 1.7 | 1.9 | 1.9 | 1.9 | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | |
| 325.04 | 165.9 | 53.12 | 281.31 | 153 | ئومۇمىي كىرىم | يېزا - بازار كارخانىلىرى كىرىمى |
| 234.5 | 152.8 | 43.7 | 202.1 | 146.2 | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | |

## پوسكام ناھىيىسىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى ئادەم، 10 مىڭ يۈەن، 10 مىڭ جىڭ، يۈەن، كۈۋاتى

| ئىزاھات | كۆيباغ | پوسكام | ئايكول | ئاختام | كۆيباغ | بويلۇق | ئەرقچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 10758 | 13629 | 8642 | 5068 | 9473 | 1937 | 7115 |
| | 26.2 | 7.6 | 561.8 | 315.5 | 1639.1 | 88.9 | 481.3 |
| | 187.6 | 343.2 | 467.8 | 518.3 | 584.3 | 307 | 417.8 |
| | 30.1 | 8.8 | 1400.4 | 751.8 | 1797.1 | 226.2 | 1265.0 |
| | 246.7 | 292.4 | 444 | 435.9 | 531.6 | 292.1 | 513.4 |
| | 28 | 6.5 | 1620.5 | 1483.4 | 1897.1 | 1167.8 | 1779.9 |
| | 1.8 | 0.8 | 88 | 53.7 | 112.5 | 12.6 | 55.7 |
| | 180 | 80 | 88.9 | 105.3 | 103.3 | 66.3 | 77.4 |
| | 1.7 | 0.6 | 101.8 | 106 | 118.8 | 65 | 78.3 |
| | 0.1 | — | 23.5 | 21.5 | 18.4 | 5.7 | 12.6 |
| | 10 | — | 156.7 | 113.2 | 122.7 | 114 | 114.5 |
| | | — | 27.2 | 42.4 | 19.4 | 29.4 | 17.7 |
| | 831 | 82 | 17069 | 9684 | 19121 | 4861 | 14651 |
| | | | 2 | 1.9 | 2 | 2.5 | 2.1 |
| | 45.5 | 130.34 | 97.45 | 42.6 | 961.8 | 5.54 | 65.98 |
| | 42.3 | 95.6 | 112.8 | 84.1 | 1015.3 | 28.6 | 92.7 |

ئىزاھات:

① كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم ساپ كىرىمنىڭ تەقسىملىنىش سانى قىلىندى

② پوسكام بازىرى، كۆيباغ بازىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى يېزا نوپۇسى بويىچە ھېسابلاندى

## قاغىلىق ناھىيىسىدىكى يېزا - كەنتلەرنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى: ئادەم، 10 مىڭ يۈەن، توننا، كىلوگرام، تۇياق

| يېزا - بازار ئىسمى | | قاغىلىق بازىرى | چارباغ | ئۇششاقباشى | لوق | بەشئېرىق | تېتىر | تۆگىچى | جامەسجىت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاھالە سانى | | 47762 | 11576 | 13967 | 11083 | 17542 | 9297 | 8964 | 11497 |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئومۇمىي كىرىم | | 622.50 | 600.90 | 530.15 | 819.68 | 553.13 | 585.26 | 426.42 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | | 537.80 | 430.2 | 478.3 | 467.3 | 594.9 | 652.9 | 370.9 |
| ئاشلىق | ئومۇمىي مەھسۇلات | 36.1 | 7878.40 | 7646.9 | 6379.3 | 8419.3 | 5618.2 | 7560.6 | 5171.1 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 120 | 250 | 206 | 161 | 150 | 317 | 268 | 3212 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | | 681 | 547 | 576 | 480 | 604 | 658 | 577 |
| پاختا | ئومۇمىي مەھسۇلات | 5.7 | 561.60 | | 229.4 | 614.9 | 559.7 | 495.7 | 354.6 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 57 | 45 | | 28.5 | 48.8 | 70.8 | 50 | 88.6 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | | 48.5 | | 20.7 | 35.05 | 60.2 | 55.3 | 30.8 |
| ياغلىق دان | ئومۇمىي مەھسۇلات | 0.4 | 102 | 239.6 | 212.9 | 342 | 98.6 | 105.6 | 29.4 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | | 68 | 63 | | 855 | 246 | 176 | 147 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | | 8.8 | 17.2 | 19.2 | 19.5 | 10.6 | 11.8 | 2.6 |
| چارۋا | تۇياق سانى | 1965 | 27150 | 60702 | 37519 | 490 | 19194 | 20480 | 14616 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | | 2.35 | 4.35 | 3.38 | 2.14 | 2.06 | 2.28 | 1.27 |
| يېزا - بازار كارخانا كىرىمى | ئومۇمىي كىرىم | 1176 | 36.7 | 70.1 | 38.0 | 53.6 | 47.5 | 37.1 | 140.6 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 652.2 | 31.7 | 50.2 | 34.3 | 30.5 | 51.1 | 41.4 | 122.3 |

ئىزاھات: ① قاغىلىق بازىرىنىڭ ئاھالىسى 18780 دېيەر ئاھالىسى ھەم 28982 دېيەر ئىدارە، كارخانا ئورۇنلىرى، ئارمىيىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

② قاغىلىق بازىرىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىدا ھەر بىر كىشىگە توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم $\frac{11.766000}{18780}$ (يۈەن / كىشى) بۆلۈنمىسىگە تەڭ.

## قاغىلىق ناھىيىسىدىكى يېزا – كەنتلەرنىڭ 1986 – يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى: ئادەم، 10 مىڭ يۈەن، تونتا، كىلوگرام، تۇياق

| جاڭگىلىسىكى | جايتېرەك | بارىن | قوجىغىرتېرەك | شاغاپ | تېتى | سايباغ | يىتىمقۇم | كۆكيار | شىخشۇ | چاپان | زوڭلاڭ يېزىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 16419 | 15400 | 6684 | 13356 | 11806 | 8363 | 12723 | 19853 | 12729 | 3698 | 9955 | 4639 |
| 973.18 | 783.34 | 422.40 | 701.46 | 674.88 | 470.88 | 607.35 | 1104.47 | 608.86 | 121.87 | 425.5 | 202.81 |
| 592.8 | 508.7 | 631.6 | 525.2 | 571.6 | 563.1 | 477.4 | 556.3 | 478.3 | 329.6 | 427.4 | 437.2 |
| 12408.9 | 12131.1 | 5661 | 10323 | 8886.0 | 5995.0 | 8125.6 | 13858.6 | 4624.6 | 377.2 | 4816.1 | 2900.3 |
| 261 | 264 | 265 | 242 | 201 | 190 | 209 | 303 | 296 | 73 | 267 | 210 |
| 756 | 789 | 847 | 773 | 753 | 717 | 639 | 698 | 363 | 102 | 484 | 625 |
| 644.2 | 540.4 | 371.0 | 558.1 | 558.1 | 419 | 595.1 | 764.6 | | | | 0.4 |
| 52.8 | 44.0 | 57.0 | 53.2 | 45 | 48.1 | 50 | 45.2 | | | | سىناق قىلىنغان |
| 39.9 | 35.09 | 55.5 | 41.8 | 47.3 | 50.1 | 46.8 | 38.5 | | | | |
| 83.4 | 144.9 | 63.1 | 65 | 109.6 | 143.7 | 209.7 | 130.9 | 106.8 | | 216.7 | 88.6 |
| 55 | 96 | 157 | 130 | 64 | 60 | 95 | 87 | 267 | | 94 | 80 |
| 5.1 | 9.4 | 9.4 | 4.9 | 9.3 | 17.2 | 16.5 | 6.6 | 8.3 | | 21.8 | 19.1 |
| 42962 | 31504 | 13487 | 27827 | 24616 | 19907 | 26444 | 32657 | 87907 | 43531 | 46409 | 14322 |
| 2.62 | 2.05 | 2.01 | 2.08 | 2.09 | 2.38 | 2.08 | 1.64 | 6.91 | 11.77 | 4.66 | 3.09 |
| 33 | 76.5 | 37.3 | 17.7 | 24.3 | 62 | 28.3 | 116.3 | 19.4 | | 24.6 | 15.4 |
| 20.1 | 49.7 | 55.8 | 13.3 | 20.6 | 74.1 | 22.2 | 58.6 | 15.2 | | 24.7 | 32.2 |

## مەكىت ناھىيىسىدىكى يېزا ـ بازارلارنىڭ 1986 ـ يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

| يېزا ـ بازار ئىسمى | | | بازار جامە | يېڭىئاۋات | يانتاق |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاھالە سانى | | | 11761 | 8846 | 17247 |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 10 مىڭ يۈەن | ئومۇمىي كىرىم | 610 | 483 | 1567 |
| | يۈەن | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 518.6 | 546 | 909 |
| ئاشلىق | 10 مىڭ كىلوگرام | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | 670.2 | 457.4 | 1368.8 |
| | كىلوگرام | بىرلىك مەھسۇلاتى | 219 | 198 | 245 |
| | كىلوگرام | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 570 | 517 | 794 |
| پاختا | دەن | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | 14370 | 11460 | 37310 |
| | جىڭ | بىرلىك مەھسۇلاتى | 102.6 | 120.6 | 130.5 |
| | جىڭ | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 122 | 130 | 216 |
| ياغلىق دان | 10 مىڭ كىلوگرام | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | 3.8 | 1.05 | 10.05 |
| | جىڭ | بىرلىك مەھسۇلاتى | | | |
| | جىڭ | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 3.2 | 1.1 | 5.8 |
| چارۋا | تۇياق | تۇياق سانى | 18039 | 24732 | 59724 |
| | تۇياق | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 1.53 | 2.8 | 3.46 |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى | 10 مىڭ يۈەن | ئومۇمىي كىرىم | 283.2 | 105.7 | 263.1 |
| | يۈەن | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 241 | 119.5 | 152.5 |

## مەكىت ناھىيەسىدىكى يېزا ـ بازارلارنىڭ 1986 ـ يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

| مەكىت بازىرى | ھاڭگەنتلىق | قۇمقسار | قىزىلئاۋات | قازكول | تومەنتال |
|---|---|---|---|---|---|
| 19671 | 3484 | 7158 | 14762 | 13705 | 20972 |
| 76 | 305 | 492 | 1113 | 1085 | 1772 |
| 469 | 933 | 687 | 754 | 792 | 845 |
| 18 | 203 | 425 | 1108 | 1088.4 | 1327.6 |
| 200 | 197.1 | 198.6 | 251.2 | 220.7 | 212.4 |
| 1111 | 583 | 594 | 751 | 794 | 623 |
| 150 | 7910 | 10860 | 26370 | 25660 | 42390 |
| 75 | 164.8 | 114.3 | 124.4 | 128.3 | 129.2 |
| 93 | 227 | 152 | 178.6 | 187 | 202 |
| | 0.55 | 6.4 | 1.85 | 8.25 | 9.3 |
| | | | | | |
| | 1.5 | 9 | 1.3 | 6 | 4.4 |
| 469 | 7938 | 17892 | 40223 | 37872 | 70915 |
| 2.9 | 2.3 | 2.5 | 2.72 | 2.76 | 3.4 |
| 168.1 | 31.4 | 61.6 | 221.7 | 195.9 | 288.9 |
| 85 | 90 | 86 | 150 | 143 | 137 |

## مارالبېشى ناھىيىسىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

| يېزا - بازار ئىسمى | | ناھىيە بويىچە جەمئىي | چارباغ | دۆلەتباغ | ئاقساركۆل | شامال | ئاقساقمارال |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاھالە سانى | ئومۇمىي ئاھالە | 185412 | 14957 | 15151 | 10388 | 5693 | 15940 |
| | يېزا ئاھالىسى | 147808 | 13839 | 14125 | 9505 | 5336 | 15578 |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى | ئومۇمىي كىرىم (10 مىڭ يۈەن) | 9120.76 | 1178.17 | 818.03 | 459.05 | 247.36 | 1213.03 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 464.63 | 592.26 | 417.74 | 340.93 | 399.33 | 611.15 |
| ئاشلىق | ئومۇمىي مەھسۇلات (10 مىڭ جىڭ) | 16550 | 1972.7 | 1505 | 1019.1 | 615 | 2423.4 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 388 | 372 | 283 | 328 | 490 | 538 |
| | ھەر بىر يېزا ئاھالىسىغا توغرا كەلگەن كىرىم | 1120 | 1425 | 1065 | 1072 | 1152 | 1555 |
| پاختا | ئومۇمىي مەھسۇلات (10 مىڭ جىڭ) | 17.54 | 2.45 | 1.63 | 0.72 | 0.4 | 1.84 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | 108 | 105 | 98 | 66 | 84 | 118 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 11.8 | 17.7 | 11.5 | 7.5 | 7.5 | 11.8 |
| ياغلىق دان | ئومۇمىي مەھسۇلات (10 مىڭ جىڭ) | 439.7 | 23.9 | 25.9 | 16.3 | 6.6 | 55.29 |
| | بىرلىك مەھسۇلات | | | | | | |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 29.7 | 17.2 | 18.3 | 17.2 | 12.3 | 35.4 |
| چارۋا | ئومۇمىي چارۋا سانى (10 مىڭ تۇياق) | 57.35 | 8.16 | 6.45 | 6.38 | 1.8 | 7.74 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 3.8 | 5.8 | 4.5 | 6.7 | 7.3 | 4.9 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرى | ئومۇمىي كىرىم (10 مىڭ يۈەن) | 2401.1 | 119 | 101.9 | 281.1 | 53.9 | 27.7 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كېلىشى | 163 | 85.99 | 72.14 | 295.7 | 101 | 17.78 |

ئىزاھات: يېزا ئىگىلىكىدە ھەر بىر كىشىگە توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم كاتەكچىسىدىكى ھېسابلاش بىرلىكى يۈەن، جىڭدىن ئىبارەت.

## مارالبېشى ناھىيىسىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

| ئالاغىر | سېرىقبۇيا | چوڭقۇرچاق | يېڭىئۆستەڭ | ئاۋات | مارالبېشى | ئاچال |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 17273 | 23967 | 24728 | 16005 | 13355 | 20383 | 1139 |
| 15988 | 18582 | 23321 | 14103 | 13333 | 620 | |
| 938.07 | 1291.84 | 1308.28 | 937.85 | 645.17 | 32.27 | |
| 436 | 466.05 | 430.26 | 484.50 | 414 | 497.73 | |
| 1744.5 | 2180.1 | 2309.8 | 1457.8 | 1122.6 | 42.6 | |
| 389 | 498 | 367 | 400 | 313 | 538 | - |
| 1091 | 1172 | 996 | 1033 | 841 | 680 | |
| 1.89 | 2.45 | 2.98 | 1.56 | 1.33 | 0.05 | |
| 105 | 150 | 135 | 109.3 | 84 | 109 | |
| 11.5 | 13.2 | 12.7 | 10.1 | 9.9 | 8.1 | |
| 47.55 | 62.45 | 91.98 | 68.92 | 36.79 | 2.36 | |
| | | | | | | |
| 29.7 | 33.6 | 39.4 | 48.7 | 27.5 | 38 | |
| 5.65 | 6.7 | 5.46 | 3.5 | 3.3 | 0.28 | |
| 3.5 | 3.6 | 2.3 | 2.4 | 2.5 | 4.6 | |
| 194.5 | 476.2 | 229.3 | 176.2 | 115.7 | 367.2 | 7.9 |
| 121.7 | 256.3 | 98.32 | 124.9 | 86.7 | 5923 | |

## تاشقورغان ناھىيىسىدىكى يېزىلارنىڭ 1986 - يىللىق ئەھۋالى جەدۋىلى

بىرلىكى : جىڭ ، يۈەن ، تۇياق

| يېزا ئىسمى | ئائىلە سانى | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | ئاشلىق | | | ياغلىق دان | | | چارۋا | | يېزا كارخانىلىرى | | ئىزاھات : |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى | ئومۇمىي مەھسۇلات | بىرلىك مەھسۇلات | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى | ئومۇمىي چارۋا | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى | ئومۇمىي كىرىم | كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغىنى | |
| تاغارما | 1845 | 416233 | 198 | 642555 | 129.2 | 348 | 815 | 13 | 0.44 | 12867 | 6.98 | 15000 | 8.13 | تاشقورغان بازىرىدا 744 تۇياق چارۋا بار ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 125600 يۈەن |
| تىزناپ | 1603 | 340770 | 162 | 575110 | 145.2 | 359 | 884 | 12.6 | 0.55 | 10280 | 6.41 | 35704 | 22.27 | |
| تاشقورغان | 3034 | 696689 | 179 | 1050042 | 125.6 | 346 | 5850 | 38.5 | 1.93 | 17921 | 5.91 | 28233 | 9.31 | |
| دەپتەر | 1664 | 326606 | 159 | 336780 | 97.6 | 202 | | | | 17231 | 10.36 | 16940 | 10.18 | |
| ۋاچا | 1994 | 276663 | 103 | 697170 | 153.7 | 350 | 9676 | 56.9 | 4.85 | 11002 | 5.52 | 25100 | 12.59 | |
| بەلدىر | 1000 | 183313 | 139 | 437507 | 193.8 | 438 | 1555 | 31.7 | 1.56 | 5301 | 5.3 | 9400 | 9.40 | |
| مارياڭ | 1284 | 262452 | 180 | 413458 | 214.2 | 322 | | | | 12884 | 10.3 | 14500 | 11.29 | |
| قۇرغۇنشلۇق | 1296 | 192209 | 116 | 383851 | 141 | 296 | | | | 8761 | 6.76 | 61846 | 47.61 | |
| داتوڭ | 1555 | 234979 | 121 | 582153 | 216.7 | 374 | 330 | 47.1 | 0.21 | 9165 | 5.9 | 21720 | 13.97 | |
| بۇرۇسال | 493 | 97984 | 178 | 227256 | 267.4 | 461 | 1480 | | 3 | 2612 | 5.3 | 19873.5 | 40.3 | |
| كوكياو | 639 | 115646 | 124 | 204540 | 139.4 | 320 | 155 | 38.8 | 0.24 | 5312 | 8.25 | 7300 | 11.42 | |
| بازادەش ئورمانچىلىق مەيدانى | 170 | | | | | | | | | 413 | 2.43 | 20970 | 123.35 | |
| مازار ئىشلەپچىقىرىش قورۇغى | 379 | 131209 | 250.56 | 6360 | 148 | 167 | | | | 3284 | 8.67 | 14280 | 35.97 | |

# ئاخىرقى سۆز

1987 - يىللىق «قەسقەر يىلنامىسى» 1985 - ۋە 1986 - يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى» دىن كېيىن نەشر قىلىنغان 3 - كىتاب.

1987 - يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى» 1986 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن ۋە «بىر مەركەز، ئىككى تۈپ نۇقتا» نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان ھالدا، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەردىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى تەرەققىيات، يېڭى تەجرىبە، يېڭى مەسىلىلەرنى بىر قەدەر مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ماتېرىياللىرى تولۇق، ئۇچۇر تولۇق، بىلىم تولۇق بولغان قوللانما كىتاب. بۇ يىلنامىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن بولۇپ، يەرلىك خاراكتېر، ماتېرىيال خاراكتېرى، ئۇنىۋېرساللىقى، تەدبىقلىنىشچانلىقى بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان.

«قەشقەر يىلنامىسى» 1985 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ دىققىتىگە ۋە قىزغىن ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشتى. نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىچكى - تاشقى ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بەردى. جايلارغا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، مىللەت ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە «ئىككى ئايرىلماسلىق» ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە چېگرانى گۈللەندۈرۈش، يول ئېچىپ ئالغا بېسىشتىكى ئەمەلىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، توغرا ئىدىيىلىك مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشكە، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولدى.

1987 - يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى» دا ئالدىنقى ئىككى يىللىق يىلنامىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قېلىندى. ئومۇمىي ئەھۋال قىسمىدا ئۆتكەن يىلى يېزا - بازارلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يىل قايتا بېرىلمىدى، يېزا - بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى قاتارلىق ئەھۋاللار جەدۋەل ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلدى.

1987 - يىلى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان

تەھرىر جەمئىي 16 نەپەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان قىسىم، ماددىلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تەھرىرلەپ چىقتى. ئۇلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتى تۆۋەندىكىچە بولدى: ئالاھىدە ماقالىلەر قىسمىغا ۋۇجۇن، ئومۇمىي ئەھۋال قىسمىغا جيەن سۇشۇەن، سىياسىي قىسمىغا جاڭ دىشەن، سىياسىي قىسمىنىڭ سىياسىي - قانۇن بۆلىكىگە جاڭ جيەن، ئىقتىسادىي قىسمىنىڭ يېزا ئىگىلىك بۆلىكىگە ئەن جىگو، ئىقتىسادىي قىسمىنىڭ سانائەت، قاتناش، بىناكارلىق بۆلىكىگە خۇاڭ تەنرۇڭ، ئىقتىسادىي قىسمىنىڭ مالىيە - سودا بۆلىكىگە شى يۇشەن، پەن - تېخنىكا قىسمى بىلەن ئىجتىمائىي قىسمىغا لى ۋېيدۇڭ، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت قىسمىغا جۇگۇڭخۇا، ئاخبارات، نەشرىيات قىسمىغا جيوۋەنچۈن، مائارىپ قىسمىغا شى لىندۇڭ، سەھىيە، تەنتەربىيە قىسمىغا جاڭ جىنخەي، ھەربىي ئىشلار قىسمىغا جاڭ خىنجىڭ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسمىغا چېن رېنزۇ، شەخسلەر قىسمى ۋە تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار قىسمىغا ۋاڭ چۇتيەن، قوشۇمچە قىسمىغا لى لىنفۇ مەسئۇل بولدى.

«قەشقەر يىلنامىسى» تەھرىر بۆلۈمى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەھرىرلەر دەسلەپكى قەدەمدە تەھرىرلىگەن نۇسخىنىڭ ئاساسىدا، پۈتۈن ماقالىنى يەنە بىر قېتىم تەھرىرلەپ چىقتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە يېزىش كومىتېتى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «قەشقەر يىلنامىسى»نىڭ باش تەھرىرى لياڭ چاڭخۇڭ، ئالاھىدە ماقالىلەر، ئومۇمىي ئەھۋال، سىياسىي، 1986 - يىلدىكى چوڭ ئىشلار قىسمى ۋە ئىقتىسادىي قىسمىنىڭ يېزا ئىگىلىك بۆلىكىنىڭ تەھرىرلەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى ھەمدە پۈتۈن يىلنامىنى كۆرۈپ چىقتى. «قەشقەر يىلنامىسى»نىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى تۇجىشۇ تاشقى ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشى، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي قىسىملارنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. «قەشقەر يىلنامىسى»نىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى جاڭ سۇگېيۇ، مەسئۇل مۇھەررىرى چېن يۇنخۇڭ ھەربىي ئىشلار، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، شەخسلەر، سەھىيە، تەنتەربىيە، مەدەنىيەت، سەنئەت، ئاخباراتچىلىق، نەشرىيات قاتارلىق قىسىملار ۋە ئىقتىسادىي قىسمىنىڭ سانائەت - قاتناش، بىناكارلىق، مالىيە - سودا قاتارلىق بۆلەكلەرنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە يېزىش كومىتېتى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، «قەشقەر يىلنامىسى»نىڭ سابىق باش تەھرىرى لۇ پېيتەن 1986-يىلى باشقا ۋەزىپىگە قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ يىللىق يىلنامىنىڭ رەڭلىك سۈرەتلىك بەتلىرىنىڭ تەھرىرلىكىگە مەسئۇل بولدى.

بۇ يىلنامىنى ئىشلەشتە ماقالىغا يازغۇچى ئۆزى مەسئۇل بولۇش، قاتلامغا بۆلۈپ تەھرىرلەش، مۇھىم ماقالىلەرنى ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرى تەكشۈرۈش، بىر قەدەر

مۇھىم ماقالىلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئېغىزلارنىڭ رەھبەرلىرى تەكشۈرۈش، ئادەتتىكى ماقالىلەرنى ماقالە يازغۇچى تۇرۇشلۇق ئورۇن تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى. يىلنامە تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار نۇقتىلىق قىلىپ سىياسىي تەھرىرىيە، گىرامماتىكا، لوگىكا، ماددىلارنى يېزىش قاتارلىق جەھەتلەرنى ئىگىلىدى، ماقالىنى تاپشۇرۇۋېلىش، تەھرىرلەش، تىزىشتىن ياڭزا كۆرۈشكىچە، ئىش تەقسىماتىنى تەلەپ بويىچە ھەممەيلەن مەسئۇل بولۇشقا تېگىشلىك ئىشقا ئۆزى مەسئۇل بولدى. 1986 - يىللىق «قەشقەر يىلنامىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلەشكە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ج ك پ ۋىلايەتلىك سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش سۇلايمان ھابىل ئۆز خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش بولسىمۇ، ئالدىراشلىق ئىچىدە ۋاقىت چىقىرىپ، پۈتۈن يىلنامىنىڭ تەرجىمىسىنى ئاخىرقى قېتىم ئەستايىدىل تەھرىرلەپ چىقتى ۋە بىر قىسمىنى ئۆزى تەرجىمە قىلىپ چىقتى. ئالاھىدە ماقالىلەر قىسمىنى سۇلايمان ھابىل، ئابدۇغېنىجان، غولام قادىرلار تەرجىمە قىلدى. ئومۇمىي ئەھۋال قىسمىنى ئابلىمىز يۈنۈس تەرجىمە قىلدى. سىياسىي قىسمىنى سۇلايمان ھابىل، غولام قادىر، ئابدۇكېرىم رېشىتلەر تەرجىمە قىلدى. ئىقتىسادىي قىسمىنى زەيدىنجان مامۇت، ئابدۇلئەھەد قادىر، ئابدۇرېشىت ئابدۇللا تەرجىمە قىلدى. ماارىپ، پەن - تېخنىكا قىسمىنى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت، نەشرىياتچىلىق قىسمىنى يۈشۈجى تەرجىمە قىلدى. سەھىيە - تەنتەربىيە قىسمىنى زەيدىنجان مامۇت تەرجىمە قىلدى. ھەربىي ئىشلار ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسمىنى ئابدۇللا تۆمۈر، زايىت تەرجىمە قىلدى. تاشقى ئىشلار سەيلە - ساياھەتچىلىك، مۇھاجىرلار ئىشى قىسمىنى سۇلايمان ھابىل، غولام قادىرلار تەرجىمە قىلدى. جەمئىيەت قىسمىنى ئابدۇكېرىم رېشىت تەرجىمە قىلدى. شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش قىسمىنى ئابلىمىز يۈنۈس تەرجىمە قىلدى. چوڭ ئىشلار قىسمىنى غولام قادىر تەرجىمە قىلدى. مەھەممەتتۇرسۇن ئابدۇكېرىم، ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا، ئايتۇرا سادىر، غولام قادىر قاتارلىق يولداشلار دەسلەپكى تەھرىرلىكنى قىلدى. ھەسەنجان ھېيت، مۇختەر مەھەممەت قاتارلىق يولداشلار دەسلەپكى سېلىشتۇرۇشنى قىلدى. كونا تەرجىمە تەھرىرىمىز يولداش مۇھەممەت ئابدۇللا ئوقۇشقا كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يىللىق يىلنامىنىڭ تەرجىمە ئىشىغا قاتنىشالمىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ يىلنامىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشقان ۋە كۆڭۈل قوللىغان بارلىق يولداشلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

«قەشقەر يىلنامىسى» نى ئىشلەش داۋامىدا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتۇق.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش تەھرىرى يولداش جاڭ يۇجۇن يىلنامىنىڭ بارلىق ماددىلىرىدىكى ماقالىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى، «قەشقەر يىلنامىسى»نىڭ ئوڭۇشلۇق نەشردىن چىقىشى — يىلنامىنى يېزىش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىگە قىزغىنلىقى بار بىر تۈركۈم يولداشلارنىڭ جاپالىق ئەجرىنىڭ نەتىجىسى. ئۇلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

تەھرىر بۆلۈمىمىزدە ئادەم ئاز، سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كەمچىلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي بولۇشىمىز قىيىن. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

«قەشقەر يىلنامىسى» تەھرىر بۆلۈمى

1988 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

## «قەشقەر يىلنامىسى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى:

باش تەھرىرى: لىياڭ چاڭشۈك.

مۇئاۋىن باش تەھرىرلەر: تۇجەنشۆ، جاڭ سۈگىيۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: چېن يۈەنخۇاڭ.

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مەسئۇل مۇھەررىرى: لى ۋېيدۇڭ.

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەھرىرلەر: ۋۇجۇن، جاڭ دىشەن، جيەن سۈشۈەن، جياڭ جيەن، ئەن جىگو، خۇاڭ تەنرۇڭ، شى يۈشېن، شې لىندۇڭ، جۇگۇاڭخۇا، جيۈۋەنچۈن، جاڭ جىنسەي، جياڭ خەنجىڭ، چېن رېنزۇ، ۋاڭ شۆتيەن، لى لىنفۇ.

خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جاڭ ياۋچۇ.

خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ 1- بېتىدىكى خەتنى يازغۇچى: چېن تيۇ.

خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ ئاخىرقى بېتىدىكى خەتنى ئويغۇچى: شۇ دېڭجۇ.

خىزمەتچى خادىملار: لى دىيەنچىن، ۋاڭ سۈفېن، ئابدۇقادىر ئەخەت، چيۇ فېڭ، نيۇ ئەيچىن.

## ئۇيغۇرچە «قەشقەر يىلنامىسى» نىڭ تەرجىمە خادىملىرى:

تەرجىمىسىنى بېكىتكۈچى: سۇلايمان ھابىل.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: سۇلايمان ھابىل، ئابدۇكېرىم رىشىت، ئابلىز يۈنۇس، ئابدۇغېنىجان، جۇجىنزۇ، يۈشۆجى، ئابدۇللا تۆمۈر، ئابلەت قادىر، غولام قادىر، زەيدىنجان مامۇت، تۇرسۇن، ئابدۇرىشىت ئابدۇللا.

مۇقاۋىسىدىكى خەتنى يازغۇچى: ئابدۇكېرىم تۆمەر.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئابلىز تاش.

# قەشقەر يىلنامىسى
## (1987-يىل)
### قەشقەر ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تۈزۈش ھەيئىتى تۈزدى

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنلجۇلاڭ يولى 54-نومۇرلۇق قورو)
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 69.5، قىستۇرما ۋارىقى 22
خەنزۇچە خەت سانى بويىچە 752 مىڭ
1988-يىلى 5-ئاي 1-نەشرى
1988-يىلى 5-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 1—1000

ISBN 7—228—00475—2/Z·16
باھاسى: 20.00 يۈەن